2004

# شىنجاڭ يىلنامىسى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

شىنجاڭ يىلنامە تەھرىراتى


روسسىيە
ئالتاي تېغى
ئىلى
قازاق
ئالتاي ۋىلايىتى
موڭغۇلىيە
تارباغاتاي ۋىلايىتى
ئاپتونوم
جۇڭغار ئويمانلىقى
گۇربانتۇڭگۇت چۆلى
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى
تۇمۇرتام
باركۆل
قارا تۆرۈك
قۇمۇل شەھىرى
قۇمۇل ۋىلايىتى
بوغاز چۆلى
تۇرپان ۋىلايىتى
تەڭرىتاغ
ئۈرۈمچى شەھىرى
خوشۇت
خېجىڭ
كورلا شەھىرى
باغراش
لوپنۇر
لوپنۇر كۆلى
بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى
تارىم
تەكلىماكان
چاقىلىق
چەرچەن
ئالتۇنتاغ
گەنسۇ
ئاياغقۇمكۆل
ئاچچىقكۆل
قۇرۇمتاغ
چىڭخەي
شىزاڭ ئاپتونوم رايونى
شەرتلىك بەلگىلەر
شىنجاڭ ئاساسىي جۇغراپىيە ئۇچۇر مەركىزى ئىشلىدى
خەرىتە تەكشۈرگۈچى: ش ئۇ ئا ر كاتوگرافىيە ئىدارىسى خەرىتە نومۇرى: S(2004)130 ش (ئۇيغۇرچە)

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى خەرىتىسى



# شىنجاڭ يىلنامىسى

# 2004

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

شىنجاڭ يىلنامە تەھرىراتى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

مۇدىر: ئىسمائىل تىلىۋالدى

مۇئاۋىن مۇدىرلار: نۇرلان ئەبىلمەجىن، مەتتىمىن زاكىر، سەرجە، فېڭ داجېن، لى شىنگۇاڭ، ۋاڭ چۇڭجيۇ، سۇي شۇجيې (مەخسۇس)، ۋۇ شىگدۇ (مەخسۇس)، دىلمۇرات مۇسا (مەخسۇس)، ليۇ شىڭ (مەخ-سۇس)

ئەزالار: لى يى، تۇرسۇن ئىبراھىم، ۋاڭ ۋېي، جيۇ چيەن، ما چىن، ليۇ يەنلياڭ، لى شۇجۇن، ھاپىز نىياز، چېن تۇڭۋېي، زۇنۇن قۇتلۇق، مەھەممەت ئېلى، ليۇ چاڭمىڭ، خې فۇلىن، چيـۇ يـۇەنياۋ، لى زېشيەن، لى ۋېيـچىڭ، مياۋ پـۇشېڭ، خـۇاڭ يـۇەنسەي

# «شىنجاڭ يىلنامىسى» (2004) نىڭ مۇھەررىرلىرى

باش مۇھەررىر: ۋۇ شىگدۇ

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: خۇاڭ جيەنئەن

مەسئۇل مۇھەررىرلەر: ليۇ بىڭ، ۋۇ پېييۇن، جاڭ خۇي، يەن جۇتىڭ

# شىنجاڭ يىلنامە تەھرىراتى

تەھرىرات باشلىقى: خۇاڭ جيەنئەن

مۇئاۋىن تەھرىرات باشلىقى: ليۇ بىڭ

مۇھەررىرلەر: ۋۇ پېييۇن، جاڭ خۇي، يەن جۇتىڭ

خىزمەتچى خادىملار: چېن گوگاڭ، ليۇ لېي



ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى ۋېن جياباۋ 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىدىن ھال سورىدى ھەمدە ئاپەت رايونىنى قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. سۈرەتتە: ۋېن جياباۋ دوختۇرخانىغا بېرىپ يەر تەۋرەش ئاپىتىدە يارىلانغان ئاممىنى يوقلىماقتا.

لى ياڭ فوتوسى




ۋېن جياباۋ ئاپەت رايونىدىكى مەكتەپ سىنىپىدا ساۋاقداشلارنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ياخشى ماھارەت ئىگىلەپ، چوڭ بولغاندا يۇرت - ماكانىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا سەمىمىي ئىلھاملاندۇرماقتا.

لى ياڭ فوتوسى



ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جيا چىڭلىن 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: جيا چىڭلىن ماناس ناھىيىسىدىكى ئۈزۈم بازىرىدا شۇ جايدىكى دېھقانلار بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشمەكتە.

لى ياڭ فوتوسى



جيا چىڭلىن قەشقەر شەھىرىنىڭ يېزىلىرىدا پېشقەدەم كادىرلار، پېشقەدەم نەمۇنىچىلار ۋە پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىنى يوقلىدى.

لى ياڭ فوتوسى



ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىـ
تېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، دۆلەت كومىسسارى قوشۇمچە ج خ مىنىستىرلىكـ
ىنىڭ مىنىستىرى جۇ يۇڭكاڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە: جۇ يۇڭكاڭ
ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى ساقچىخانىسىدىكى ئاساسىي قاتلام كادىر -
ساقچىلىرنى يوقلىماقتا.

**سۇڭ جۈن فوتوسى**




ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىـ
تېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى
خې گوچياڭ 2003 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈندىن 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە
شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە: خې گوچياڭ شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئوقەتچىـ
لىك مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق
قىلماقتا.

**سۇڭ جۈن فوتوسى**

ش ئۇ ئا ر 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى 2003 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە، سىياسىي كېڭەش 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 ـ يىغىنى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئىككى يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەشنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپى سايلاپ چىقىلدى. سۈرەتتە: ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن (ئوڭدىن 2 ـ كىشى) بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان مۇدىرى ئابلەت ئابدۇرېشىت (سولدىن 2 ـ كىشى)، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى (ئوڭدىن 1 ـ كىشى)، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي (سولدىن 1 ـ كىشى) لار.



ياڭ شىنسەي، جارقىن ئىمەممەدلەر فوتوسى




2003 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ـ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، يىغىندا مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردىكى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ـ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا مەيدانغا كەلگەن ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى. سۈرەتتە: ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتوم رايون ـ نىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىللىرى ۋە ئىلغار شەخسلەرنى قوبۇل قىلماقتا.

سۇڭ جۈن فوتوسى



ھەممە بىر نىيەتتە «سارس» قا تاقابىل تۇرۇش. سۈرەتتە: شىنجاڭ ئۆپكە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىنىڭ تىببىي خادىملىرى «سارس» ئايرىش رايونىدا «سارس» دەپ گۇمان قىلىنغان بىمارنىڭ كۆكرەك سۈرىتىنى تەكشۈرمەكتە.

دا . جوركتاي فوتوسى




مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ھاۋالە قىلىشى بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر مۇزىكا ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ، 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە «مەدەنىيەتنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» بويىچە ھال سوراش ئويۇنى قويدى، ئارتىسلار شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت ئاممىسىغا 17 مەيدان ئېسىل نومۇر سوۋغا قىلدى. سۈرەتتە: مەركىزىي مىللەتلەر مۇزىكا ئۆمىكى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئويۇن قويماقتا.

لى ياڭ فوتوسى




2003 - يىللىق ئاسىيا مەركىزى ئاۋىئامودېل ئۇچۇرۇش بويىچە ماھارەت كۆرسىتىش ۋە مەملىكەتلىك پاراشوتتىن سەكرەش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

ياۋ شىنشېڭ فوتوسى



2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەر شەھىرى دۆلەت ساياھەت ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتۈپ، جۇڭگونىڭ مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھەرلىرى قاتارىغا كىردى. سۈرەتتە: قەشقەر شەھىرىدىكى خەلق مەيدانى.

جاۋ جۈنئەن فوتوسى



2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قويۇق مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە سودا - سېتىق ئىمارىتى - شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازىرى پۈتتى. چوڭ بازارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى ئازكەم 100 مىڭ كۋادرات مېتىر، بۇ قۇرۇلۇشقا 450 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

لى ياڭ فوتوسى

# كىرىش سۆز

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى



«شىنجاڭ يىلنامىسى» 20 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. 20 يىلدىن بۇيان «شىنجاڭ يىلنامىسى» دا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئۇلۇغۋار مۇساپىسى ئەينەن خاتىرىلەندى؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىدەك تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر كۆرسىتىپ بېرىلدى؛ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا گۈزەل يۇرت - ماكانلارنى قۇرۇپ چىققانلىقى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇستەھكەم رەھبەرلىكىدە ھەمنەپەس بولۇپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئورتاق ئىلگىرىلەش، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىدەك تارىخىي كۆرۈنۈشلەر نامايەن قىلىندى؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى تېزلىتىشكە ئائىت ھەقىقىي تەدبىرلىرى ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلىرى خاتىرىلەندى. 20 يىلدىن بۇيان «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ مۇھەررىرلىرى ۋە بارلىق خىزمەتچىلىرى جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ماددىي مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. مەن «شىنجاڭ يىلنامىسى» نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن «شىنجاڭ يىلنامىسى» تەھرىر بۆلۈمىدىكى خىزمەتچىلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، كۆپ يىللاردىن بۇيان «شىنجاڭ يىلنامىسى» نى تۈزۈش، نەشر قىلىش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ خىزمەت قىلىپ كەلگەن يولداشلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن ۋە ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىدا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 20 يىلى ئېلىمىزنىڭ چوقۇم چىڭ تۇتمىسا بولمايدىغان ھەممە چوڭ - چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك پۇرسەت مەزگىلى، دەپ كۆرسىتىلدى ھەمدە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتەك ئۇلۇغۋار نىشان ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە ئاپتونوم

رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، بىز 2020 - يىلغا بارغاندا GDP نى 2000 - يىلدىكىدىن ئىككى يېرىم قاتلاش، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىنى 9% كە يەتكۈزۈش، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن تەڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتەك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتەك ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەرنىڭ پائال قاتنىشىشى ۋە بوشاشماي تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ. «شىنجاڭ يىلنامىسى» جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلىشىدىكى مۇھىم كۆزنەك، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشتىكى مۇھىم بازا. «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ بارلىق خىزمەتچىلىرى ئاپتونوم رايونىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ گۇۋاھچىسى ۋە پۈتۈكچىسى، شۇنداقلا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئىشتىراكچىلىرى. يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرگە قارىتا، كۆپچىلىك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش جەھەتتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشتەك روھىي ھالەت بىلەن پۇختا ئىشلەپ، «شىنجاڭ يىلنامىسى» نى تەھرىرلەش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى تىرىشىپ يېڭى سەۋىيىگە يەتكۈزۈشى كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىئونلارغا خاس يۈكسەك سەزگۈرلۈك بىلەن دەۋرنىڭ يۆنىلىشىنى توغرا ئىگىلەپ، ئاڭلىق ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتىنى چۆرىدەپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرىنى سادىقلىق بىلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا خاتىرىلىشى كېرەك. ئۆز سىياسىي ساپاسى ۋە كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، بىلىم دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، نادىر ئەسەر يارىتىش ئېڭىنى خىزمەتنىڭ پۈتۈن جەريانى ۋە ھەرقايسى ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ماددىي مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا كۆپلەپ تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

«شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ تېخىمۇ ياخشى چىقىرىلىشىغا تىلەكداشمەن.

2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

# تەھرىر ئىلاۋىسى

1. «شىنجاڭ يىلنامىسى» يەرلىك ئۇنىۋېرسال يىلنامە بولۇپ، 1985 - يىلدىن باشلاپ نەشر قىلىنىپ كەلدى. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسەت، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاساسىي قىياپىتى ۋە ئاساسىي ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق، ئەينەن تونۇشتۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى توغرا ۋە ئىشەنچلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، شۇنداقلا بارلىق ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

2. «2004، شىنجاڭ يىلنامىسى» جەمئىي 39 قىسىمغا ئايرىلدى: (1) ئومۇمىي ئەھۋال، چوڭ ئىشلار؛ (2) شىنجاڭنى ئېچىش؛ (3) پارتىيە؛ (4) ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش؛ (5) جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە؛ (6) ئاممىۋى تەشكىلاتلار؛ (7) تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار؛ (8) ھەربىي ئىشلار؛ (9) يېزا ئىگىلىكى؛ (10) سانائەت؛ (11) ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك؛ (12) قاتناش، ئۇچۇر كەسپى؛ (13) شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى؛ (14) ساياھەتچىلىك؛ (15) سودا؛ (16) ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك؛ (17) مالىيە، باج؛ (18) بانكا، سۇغۇرتا، ئاكسىيە؛ (19) مۇھىت ئاسراش؛ (20) زېمىن بايلىقى؛ (21) يەر تەۋرەش، مېتېئورولوگىيە؛ (22) پەن - تېخنىكا؛ (23) مائارىپ؛ (24) مەدەنىيەت؛ (25) مەتبۇئاتچىلىق، نەشرىياتچىلىق؛ (26) رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە؛ (27) تىببىي داۋالاش، سەھىيە؛ (28) تەنتەربىيە؛ (29) مىللەت، دىن؛ (30) نوپۇس، پىلانلىق تۇغۇت؛ (31) ئاپپارات ۋە كادىرلار ئىشلىرى؛ (32) ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت؛ (33) ئىجتىمائىي تۇرمۇش؛ (34) ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى؛ (35) شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى؛ (36) شەخسلەر؛ (37) يەرلىك نىزاملار؛ (38) ئالاھىدە ماقالىلەر؛ (39) قوشۇمچە.

«2004، شىنجاڭ يىلنامىسى» قىسىملار بىرلىك قىلىنىپ، تارماق ۋە ماقالىلەردىن تەركىب تاپتى، ماقالىلەرنىڭ ماۋزۇسى قارا ھەرپ بىلەن بېرىلدى.

3. «2004، شىنجاڭ يىلنامىسى» - «شىنجاڭ يىلنامىسى» نەشر قىلىنغاندىن بۇيانقى 20 - توم، ئۇنىڭدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2003 - يىل 1 - ئايدىن 12 - ئايغىچە ھەرقايسى ساھە ۋە كەسپلەردە غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىدەك تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى تېزلىتىش، ئىشىكنى سىرتقا يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن يېڭى تەرەققىيات، يېڭى مۇۋەپپەقىيەت، يېڭى تەجرىبىلىرى تەپسىلىي ۋە ئېنىق بايان قىلىندى. «2004، شىنجاڭ يىلنامىسى» دە «قاتناش، ئۇچۇر» دېگەن قىسىم «قاتناش، ئۇچۇر كەسپى» گە، «مەتبۇئاتچىلىق، نەشرىياتچىلىق» دېگەن قىسىم «ئاخبارات، نەشرىياتچىلىق» قا، «سەھىيە، تىببىي دورىگەرلىك» دېگەن قىسىم «تىببىي داۋالاش، سەھىيە» گە ئۆزگەرتىلدى؛ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا دائىر مەزمۇنلار «ئومۇمىي ئەھۋال، چوڭ ئىشلار» قىسمىغا كىرگۈزۈلدى؛ «ئالاھىدە ماقالىلەر» قىسمى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنىپ، مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردا يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش ئاپىتى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئەھۋالى، شىنجاڭدا «سارس» قا تاقابىل تۇرۇش ئەھۋالى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

4. «2004، شىنجاڭ يىلنامىسى» گە كىرگۈزۈلگەن خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا دائىر ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللاردا ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى ۋە جايلاردىكى ستاتىستىكا ئىدارىلىرىنىڭ ستاتىستىكىلىق ئاخباراتى ئاساس قىلىندى.

5. «2004، شىنجاڭ يىلنامىسى» گە كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەردىكى «مىللىي» سۆزى ئادەتتە خەنزۇدىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۇيغۇرچە يىلنامىگە كىرگۈزۈلگەن شەخسلەردىن ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ مىللەت تەركىبى ئىزاھلانمىدى، باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ مىللەت تەركىبى ئىزاھلاپ ئۆتۈلدى. ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ نامى ئادەتتە تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغاندا تولۇق ئاتالدى، باشقا جايلاردا ئادەتلەنگىنى بويىچە قىسقارتىپ ئېلىندى. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ نامى قىسقارتىلىپ بىڭتۈەن دەپ ئېلىندى.

6. «2004، شىنجاڭ يىلنامىسى» گە كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنى ئاپتونوم رايوندىكى تارماقلار، ئورۇنلار، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر كۆرسەتكەن ماقالە يازغۇچىلار (ئۇيۇشتۇرغۇچىلار) مۇناسىۋەتلىك خادىملار ياكى كەسپىي خادىملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ تەييارلىغان. بارلىق ماتېرىيال، سانلىق مەلۇماتلار نوپۇزغا ئىگە بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن.

[illegible]

[illegible]

# مۇندەرىجە

## ئومۇمىي ئەھۋال، چوڭ ئىشلار


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................................ 1
پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ........................ 29
2003 - يىلدىكى چوڭ ئىشلار ........................................ 32


## شىنجاڭنى ئېچىش


ئومۇمىي بايان ........................................ 52
تەرەققىيات رايونى ........................................ 59


## پارتىيە


ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ........................................ 62
تەشكىلات خىزمىتى ........................................ 74
تەشۋىقات خىزمىتى ........................................ 77
بىرلىك سەپ خىزمىتى ........................................ 84
ئەرزىيەت خىزمىتى ........................................ 88
مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى ........................................ 89
سىياسىي - قانۇن خىزمىتى ........................................ 91
باشقا خىزمەتلەر ........................................ 92
ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك ........................................ 99
گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ........................ 104
دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ........................ 105
جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ........................ 106
دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ........................ 107
دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ........................ 108
3 - سېنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ........................ 109

## ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ........ 110
ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ........ 132
جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ...... 150

## جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە

جامائەت خەۋپسىزلىكى ........ 161
تەپتىشلىك ........ 166
سوت ........ 169
ئەدلىيە مەمۇرىيىتى ........ 173

## ئاممىۋى تەشكىلاتلار

ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ........ 179
جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ........ 186
ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ........ 192
ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ........ 200
ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى ........ 215
ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) ........ 223
ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى ........ 226
ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ........ 227
ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى ........ 228
ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ........ 231
ش ئۇ ئا ر ۋەتەنگە قايتقان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىرلەشمىسى ........ 237
ش ئۇ ئا ر تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتى ........ 238
ش ئۇ ئا ر خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى ........ 239

## تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار

تاشقى ئىشلار ........ 240
مۇھاجىرلار ئىشلىرى ........ 245
شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار ........ 247

## ھەربىي ئىشلار

شىنجاڭ ھەربىي رايونى ........ 249
شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ........ 266
قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى ........ 273
قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتى ........ 276
شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى ........ 277
قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى ........ 280
قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى ........ 282
خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى ........ 284

## يېزا ئىگىلىكى

ئومۇمىي بايان ........ 286
تېرىقچىلىق ........ 309
چارۋىچىلىق ........ 313
ئورمانچىلىق ........ 326
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ........ 339
سۇچىلىق ........ 343
يېزا - بازار كارخانىلىرى ........ 355
بېلىقچىلىق ........ 357
نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش ........ 360

## سانائەت

ئومۇمىي بايان ........ 365
نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى ........ 371
شىنجاڭ نېفىتلىكى ........ 372
تارىم نېفىتلىكى ........ 378
تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى ........ 382
غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى، غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى ........ 387

مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى ........................ 391
مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ........................ 392
قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى ........................ 393
ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى ........................ 394
ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ........................ 396
جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتى ........................ 397
كۆمۈر سانائىتى ........................ 397
ئېلېكتر سانائىتى ........................ 402
پولات - تۆمۈر سانائىتى ........................ 404
رەڭلىك مېتال سانائىتى ........................ 406
ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى ........................ 406
بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى ........................ 411
خىمىيە سانائىتى ........................ 414
توقۇمىچىلىق سانائىتى ........................ 416
يېنىك سانائەت ........................ 418
تۇزچىلىق ........................ 424
تىببىي دورا سانائىتى ........................ 425
تاماكىچىلىق سانائىتى ........................ 426

## ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك

ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................ 427

## قاتناش، ئۇچۇر كەسپى

تۆمۈر يول ........................ 438
تاشيول ........................ 444
خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ........................ 447
ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى ........................ 454
پوچتا ........................ 457
تېلېگراف ........................ 459

## شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى

شەھەر قۇرۇلۇشى ........................ 466
كەنت - بازار قۇرۇلۇشى ........................ 469
ئۆي - زېمىن كەسپى ........................ 470
بىناكارلىق ........................ 472

# ساياھەتچىلىك

ئومۇمىي بايان ..................... 479
چېگرىدىن كىرىش ساياھەتچىلىكى ئەھۋالى ..................... 480
ئىچكى ساياھەتچىلىك ئەھۋالى ..................... 481
ساياھەتچىلىكنى باشقۇرۇش ..................... 482
ساياھەتچىلىك رايون (نۇقتا) لىرى ۋە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ..................... 483

# سودا

ئومۇمىي بايان ..................... 489
دۆلەت سودىسى ..................... 491
تىببىي دورا سودىسى ..................... 493
تاماكا سېتىش ..................... 493
تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سودىسى ..................... 494
ئاشلىق ـ ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش ..................... 498
تاشقى ئىقتىساد ـ سودا ..................... 500

# ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك

ماكرولۇق تەڭشەش ۋە تىزگىنلەش ..................... 506
دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ..................... 517
دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئەھۋالى ..................... 518
ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى ..................... 522
ستاتىستىكا ..................... 524
ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ..................... 525
باھا خىزمىتى ..................... 528
سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ..................... 530
سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ..................... 534
پورت خىزمىتى ..................... 545
تاموژنا ..................... 548
چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ـ چىقىرىلغان نەرسىلەرنى كارانتىن قىلىش ..................... 551

## مالىيە، باج

مالىيە .................................................. 557
يەرلىك باج .................................................. 561
دۆلەت بېجى .................................................. 564

## بانكا، سۇغۇرتا، ئاكسىيە

بانكا .................................................. 565
خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى .................. 565
يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى .................. 570
تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى .................. 571
سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى .................. 571
يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى .................. 573
جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى .................. 576
قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى .................. 580
قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى .................. 581
سۇغۇرتا .................................................. 582
جۇڭگو خەلق مال - مۈلۈك سۇغۇرتا پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي
ئەھۋالى .................................................. 583
جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 583
جۇڭخۇا بىرلەشمە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتى (شىنجاڭ رايونى) نىڭ ئومۇمىي
ئەھۋالى .................................................. 584
جۇڭگو تىنچ ئوكيان مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ
ئومۇمىي ئەھۋالى .................................................. 584
جۇڭگو تىنچ ئوكيان ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي
ئەھۋالى .................................................. 584
جۇڭگو ئامانلىق مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ
ئومۇمىي ئەھۋالى .................................................. 584
جۇڭگو ئامانلىق ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي
ئەھۋالى .................................................. 585
يۇڭئەن مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي
ئەھۋالى .................................................. 585

شىنخۇا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومپارتىيە كومىتېتى مۇناسىۋەتلىك قارار ... 585

شىنخۇا ئۇيغۇر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۇرۇمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ... 585
تيەنئەن سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۇرۇمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ......... 585
ئاكسىيە ........ 585

## مۇھىت ئاسراش

مۇھىت باشقۇرۇش ........ 591
تەبىئىي ئېكولوگىيىنى قوغداش ........ 593
مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ۋە پەن - تېخنىكا ........ 596
مۇھىتنى تۈزەش ........ 600

## زېمىن بايلىقى

زېمىن بايلىقى ........ 605
كانچىلىقنى باشقۇرۇش ........ 606
گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ........ 608
كارتوگرافىيە ........ 614

## يەر تەۋرەش، مېتېئورولوگىيە

يەر تەۋرەش ........ 621
مېتېئورولوگىيە ........ 638

## پەن - تېخنىكا

شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ........ 651
پەن - تېخنىكا پىلانى ........ 657
پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتى ........ 675
بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ........ 683
پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش - كېڭەيتىش ........ 687

پەن - تېخنىكا خىزمىتى ........ 688
تەبىئىي پەن تەتقىقاتى ........ 699
ئېكولوگىيە، بايلىق ........ 699
فىزىكا، خىمىيە ........ 703
ئاسترونومىيە ........ 704
دېھقانچىلىق ........ 705
چارۋىچىلىق ........ 713
ئورمانچىلىق ........ 714
ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ........ 716

## مائارىپ

ئومۇمىي بايان ........ 722
ئاساس مائارىپى ........ 730
كەسپىي مائارىپ ۋە چوڭلار مائارىپى ........ 736
ئالىي مائارىپ ........ 740
مىللىي مائارىپ ........ 744

## مەدەنىيەت

ئەدەبىيات - سەنئەت ........ 746
ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ........ 749
مەدەنىيەت بازىرى ........ 752
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيە خىزمىتى ........ 754
تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ........ 763
ئارخىپچىلىق ........ 768

## ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق

ئومۇمىي بايان ........ 771
مەتبۇئاتچىلىق ........ 774
نەشرىياتچىلىق ........ 784

## رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە

رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى.................................... 786
كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئەھۋالى .................................... 792
كىنو فىلىم تارقىتىش، قويۇش ئەھۋالى .................................... 793

## تىببىي داۋالاش، سەھىيە

سەھىيە بايلىقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى.................................... 796
سەھىيە ئىسلاھاتى .................................... 803

## تەنتەربىيە

تەنتەربىيە خىزمىتى.................................... 805
ماھارەت تەنتەربىيىسى.................................... 806
ئاممىۋى تەنتەربىيە .................................... 814
تەنتەربىيە كەسپى.................................... 819

## مىللەت، دىن

مىللەتلەر ئىشلىرى .................................... 821
مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى .................................... 823
دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش.................................... 824

## نوپۇس، پىلانلىق تۇغۇت

نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان .................................... 829
ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى يىغىنى .................................... 832

## ئاپپارات ۋە كادىرلار ئىشلىرى

ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋە شتات باشقۇرۇش ........................................ 836
كادىرلار خىزمىتى ........................................ 838

## ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت

ئەمگەك ئىشلىرى ........................................ 844
ئەمگەك مەمۇرىي تەپتىشلىكى ........................................ 847
ئىجتىمائىي كاپالەت ........................................ 848

## ئىجتىمائىي تۇرمۇش

ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش ئەھۋالى ........................................ 850
پاراۋانلىق ئىشلىرى ........................................ 859
ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش ........................................ 865
قىزىل كرېست جەمئىيىتى خىزمىتى ........................................ 869
ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى ........................................ 871
ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ........................................ 874
ياشانغانلار خىزمىتى ........................................ 876
مەھەللە مۇلازىمىتى ۋە كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى ........................................ 879
نىكاھ، دەپنە ئىشلىرى ........................................ 880

## ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى

ئۈرۈمچى شەھىرى ........................................ 881
تەڭرىتاغ رايونى ........................................ 883
سايىباغ رايونى ........................................ 885
يېڭىشەھەر رايونى ........................................ 887
شىمىگو رايونى ........................................ 889
تۇدۇڭخابا رايونى ........................................ 891

داۋانچىڭ رايونى ........................................ 893
دۇڭشەن رايونى ........................................ 895
ئۈرۈمچى ناھىيىسى ........................................ 897
قاراماي شەھىرى ........................................ 899
مايتاغ رايونى ........................................ 902
قاراماي رايونى ........................................ 904
جەرەنبۇلاق رايونى ........................................ 906
ئورقۇ رايونى ........................................ 908
تۇرپان ۋىلايىتى ........................................ 909
تۇرپان شەھىرى ........................................ 912
پىچان ناھىيىسى ........................................ 915
توقسۇن ناھىيىسى ........................................ 916
قۇمۇل ۋىلايىتى ........................................ 918
قۇمۇل شەھىرى ........................................ 920
باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ........................................ 921
ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ........................................ 923
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ........................................ 924
سانجى شەھىرى ........................................ 927
فۇكاڭ شەھىرى ........................................ 928
مىچۈەن شەھىرى ........................................ 930
قۇتۇبى ناھىيىسى ........................................ 932
ماناس ناھىيىسى ........................................ 934
گۇچۇڭ ناھىيىسى ........................................ 937
جىمسار ناھىيىسى ........................................ 939
مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ........................................ 941
بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ........................................ 943
بورتالا شەھىرى ........................................ 945
جىڭ ناھىيىسى ........................................ 946
تەرەققىياتنى 1 - مۇھىم ئامىل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنى ئاساس قىلىپ، ناھىيىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئىرىشىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش مۇساپىسىنى تېزلىتەيلى ........................................ 948
ئارىشاڭ ناھىيىسى ........................................ 949
بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ........................................ 953
كورلا شەھىرى ........................................ 955
بۈگۈر ناھىيىسى ........................................ 957
لوپنۇر ناھىيىسى ........................................ 958
چاقىلىق ناھىيىسى ........................................ 960
چەرچەن ناھىيىسى ........................................ 961
يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى ........................................ 964
خېجىڭ ناھىيىسى ........................................ 966
خوشۇت ناھىيىسى ........................................ 968

باغراش ناھىيىسى ..... 969
ئاقسۇ ۋىلايىتى ..... 971
ئاقسۇ شەھىرى ..... 973
ئونسۇ ناھىيىسى ..... 976
كۇچا ناھىيىسى ..... 978
شايار ناھىيىسى ..... 980
«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، شايار خەلقى ئۈچۈن بەخت يارىتايلى ..... 982
توقسۇ ناھىيىسى ..... 985
باي ناھىيىسى ..... 986
ئۈچتۇرپان ناھىيىسى ..... 989
ئاۋات ناھىيىسى ..... 991
كەلپىن ناھىيىسى ..... 993
ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ئاتلىنايلى ..... 994
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ..... 998
ئاتۇش شەھىرى ..... 1000
ئاقتۇ ناھىيىسى ..... 1001
ئاقچى ناھىيىسى ..... 1003
ئۇلۇغچات ناھىيىسى ..... 1005
قەشقەر ۋىلايىتى ..... 1006
قەشقەر شەھىرى ..... 1008
قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ..... 1011
قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى ..... 1013
يېڭىسار ناھىيىسى ..... 1015
پوسكام ناھىيىسى ..... 1016
يەكەن ناھىيىسى ..... 1018
قاغىلىق ناھىيىسى ..... 1019
مەكىت ناھىيىسى ..... 1021
يوپۇرغا ناھىيىسى ..... 1022
پەيزىۋات ناھىيىسى ..... 1024
مارالبېشى ناھىيىسى ..... 1025
تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ..... 1028
خوتەن ۋىلايىتى ..... 1030
خوتەن شەھىرى ..... 1032
خوتەن ناھىيىسى ..... 1034
قاراقاش ناھىيىسى ..... 1036
گۇما ناھىيىسى ..... 1037
لوپ ناھىيىسى ..... 1038
چىرا ناھىيىسى ..... 1040
كېرىيە ناھىيىسى ..... 1042
نىيە ناھىيىسى ..... 1044
ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ..... 1046
كۈيتۇڭ شەھىرى ..... 1051

فۇلجا شەھىرى ...... 1052
فۇلجا ناھىيىسى ...... 1054
چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى ...... 1056
قورغاس ناھىيىسى ...... 1058
توققۇزتارا ناھىيىسى ...... 1060
كۈنەس ناھىيىسى ...... 1062
موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ...... 1063
تېكەس ناھىيىسى ...... 1066
نىلقا ناھىيىسى ...... 1068
تارباغاتاي ۋىلايىتى ...... 1069
چۆچەك شەھىرى ...... 1071
شىخۇ شەھىرى ...... 1073
دۆربىلجىن ناھىيىسى ...... 1074
ساۋەن ناھىيىسى ...... 1076
تولى ناھىيىسى ...... 1079
چاغانتوقاي ناھىيىسى ...... 1080
قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى ...... 1083
ئالتاي ۋىلايىتى ...... 1084
ئالتاي شەھىرى ...... 1087
بۇرچىن ناھىيىسى ...... 1089
كۆكتوقاي ناھىيىسى ...... 1091
ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، جەڭگىۋارلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، غەيرەت ئۇستىگە غەيرەت
قوشۇپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرەيلى ...... 1093
بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى ...... 1095
قابا ناھىيىسى ...... 1097
چىڭگىل ناھىيىسى ...... 1099
جېمىنەي ناھىيىسى ...... 1101
شىخەنزە شەھىرى ...... 1102

## شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ مەسئۇللىرى ...... 1105
بىڭتۇەنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 1105
يېزا ئىگىلىك 1 - شى ...... 1112
يېزا ئىگىلىك 2 - شى ...... 1114
يېزا ئىگىلىك 3 - شى ...... 1116
يېزا ئىگىلىك 4 - شى ...... 1118
يېزا ئىگىلىك 5 - شى ...... 1120
يېزا ئىگىلىك 6 - شى ...... 1122
يېزا ئىگىلىك 7 - شى ...... 1124

يېزا ئىگىلىك 8 - شى ........ 1125
يېزا ئىگىلىك 9 - شى ........ 1127
يېزا ئىگىلىك 10 - شى ........ 1129
بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىسى ........ 1130
يېزا ئىگىلىك 12 - شى ........ 1132
يېزا ئىگىلىك 13 - شى ........ 1133
يېزا ئىگىلىك 14 - شى ........ 1134

# شەخسلەر

## ئىلغار شەخسلەر

سۇن لىمىن ........ 1137
لى جىنچاڭ ........ 1137
ۋاڭ گوچۈەن ........ 1138
دۇڭ جاۋۋۇ ........ 1138
رابىگۇل ئىمىن ........ 1138
ياڭ بىڭشېڭ ........ 1139
لو رېنچۈەن ........ 1139
روشەنگۇل مامۇت ........ 1140
ياڭ جيەنلى ........ 1140
دىڭ جيەنخۇا ........ 1141
سۇي دىڭشيەن ........ 1141
بۇخەلىچە روزىمەت ........ 1141
سۇڭ شىشىڭ ........ 1142
ئىسمائىل ساۋۇت ........ 1142
ئامىنە سابىت ........ 1143
ئەركىن يۇسۇپ ........ 1143
ليۇ گوشەن ........ 1143
چى يىڭچېڭ ........ 1144

## ئىنقىلابىي قۇربانلار

ۋاڭ يىچېڭ ........ 1144
قاسىم مەشىر ........ 1145
ياسىن مامۇت ........ 1145
يۇسۇپقادىر ئىدرىس ........ 1145
مەمەتجان ياقۇپ ........ 1145
ئاسىم ئابدۇللا ........ 1145
سائەتقىز توختى ........ 1146
يۇ جيەنمىن ........ 1146

## ۋاپات بولغانلار

يۈەن شىن ........ 1146
خەن جىيى ........ 1146
شېن شيەنخې ........ 1146
ليۇ جىنخۇ ........ 1147

گې مىڭۋاڭ ...... [illegible]
شۆ چۇڭخۇا ...... [illegible]
گۇاڭ كې ...... [illegible]
چېن مىڭچى ...... [illegible]
جاڭ ياڭ ...... 1148
ياڭ خۇپىڭ ...... 1149
فۇ شىباۋ ...... 1149
ۋاڭ زىجېن ...... 1149
جاڭ شۇكەي ...... 1149
لىيۇ خۇڭلياڭ ...... 1149
ما مېيسۇن ...... 1149
لىيۇ پىنجۇڭ ...... 1150
لىيۇ فاشيۇ ...... 1150
سەيدەخمەتوف تۇرسۇن ...... 1151
خۇي فېن ...... 1151
لى يىخۇا ...... 1151
تيەن فېڭ ...... 1151
ۋاڭ يۇچى ...... 1151
ۋاڭ جىشياڭ ...... 1152
شۆ جيەن ...... 1152
جاڭ يۇ ...... 1152
ماۋ مىنشېڭ ...... 1153
تۇراخۇن جامال ...... 1153
جاڭ يۇۋېن ...... 1153
سەي جوڭچيۇڭ ...... 1153
چاڭ پىنيىن ...... 1154
جۇ خۇۋېن ...... 1154
ۋاڭ سەنيۇ ...... 1154
بايىنغولىن ...... 1155
لياڭ سەي ...... 1155
باتۇش دۆلاتوف ...... 1155
گاۋ چىڭفېڭ ...... 1155
دۇڭ ۋاڭشەن ...... 1156
ئابدۇراخمان ھەسەن ...... 1156
ۋۇ شۇشەن ...... 1156
ئىسمائىل توختى ...... 1156
يەن شۇدۇن ...... 1157
رېن باڭكۇن ...... 1157
جىڭ شاڭشېڭ ...... 1157
توختى روزى ...... 1157
كېرەم سەلەي ...... 1158
قۇربان مەمەتنىياز ...... 1158
تۇرسۇن توختى ...... 1158
زەپەن قارمانوف ...... 1158
سابىقان غۇلامقان ...... 1159

يېزا ئىگىلىك 8 ـ ش ......... 1159
يېزا ئىگىلىك 9 ......... 1159
يېزا ئىگىلى ......... 1159
ۋاڭ گېڭشاۋ ......... 1159
سەيپىدىن ئەزىزى ......... 1160
ما مېڭشياڭ ......... 1160
جاڭ جۇڭتاۋ ......... 1161
شېن جىجياڭ ......... 1161
ليۇ پېيچېڭ ......... 1161
لى سىتاڭ ......... 1161
ۋاڭ ياتىڭ ......... 1162

## يەرلىك نىزاملار

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىش نىزامى ......... 1163
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇتچىلىك نىزامى ......... 1170
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى ......... 1175
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى ......... 1182
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى ......... 1186
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى ......... 1190
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇشى تۈرىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش، نازارەت قىلىش نىزامى ......... 1198
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كوللېكتىپ توختام قانۇنى ......... 1201
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇ قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى ......... 1206

## ئالاھىدە ماقالىلەر

ھەممە بىر نىيەتتە «سارس» قا تاقابىل تۇرۇش ......... 1213
مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردىكى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇلدۇرۇش توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ......... 1220

## قوشۇمچە

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2003 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ستاتىستىكا ئاخباراتى ......... 1235

# ئومۇمىي ئەھۋال، چوڭ ئىشلار

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

### تارىخى، مۇھىتى ۋە تەبىئىي بايلىقى

#### ئورنى ۋە كۆلىمى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ياۋروپا ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 73°40′ ـ 96°23′، شىمالىي پاراللېل 34°25′ ـ 49°10′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق كۆلىمى (ئېدىرلىق ۋە ئېگىزلىكلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەخمىنەن 800 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن، تۈزلەڭلىك كۆلىمى (تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەخمىنەن 800 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇ جۇڭگودىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايون.

شىنجاڭنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرى ۋە شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن قوشنا، شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبىغىچە موڭغۇلىيە، روسىيە فېدراتسىيىسى، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى، تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى، ئافغانىستان جۇمھۇرىيىتى، پاكىستان جۇمھۇرىيىتى، ھىندىستان جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. دۆلەت چېگرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5600 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. دېمەك ئۇ جۇڭگودىكى دۆلەت چېگرىسى ئەڭ ئۇزۇن ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايون.

#### تەرەققىيات جەريانى ۋە رايونلارغا ئايرىلىشى

شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان، بۇنىڭ مەنىسى غەربىي قىسىمدىكى چېگرا رايون دېگەنلىك بولىدۇ. خەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىلا غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدا سودا ـ ساياھەت ئالاقىسى بولغان. خەن سۇلالىسىنىڭ خانى ۋۇدى زامانىسىنىڭ جيەنيۈەن 3 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 138 ـ يىلى) جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەن. جاڭ چيەن 13 يىلدىن كېيىن غەربىي يۇرتتىن قايتىپ كەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتتىكى بەگلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان. تەيچۇ 4 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 101 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا يالۋاچ چېرىكچى تۇرغۇزۇپ، كورلا ۋە بۈگۈر رايونلىرىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن. شېنجۆ 2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈرلى (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسى تەۋەسى) دا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايوننى باشقۇرغان. شۇنىڭ بىلەن تەڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلارغا ئەمەلدار تەيىنلەپ ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسى تېررىتورىيىسىگە رەسمىي كىرگەن. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى باشقۇرغان بەگلىكلەر 50 كە يەتكەن.

ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدىن سۈي سۇلالىسىغىچە بولغان سۇلالىلەرنىڭ ھەممىسى غەربىي يۇرتتا مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن. 16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقى بۈگۈنكى تۇرپان رايونىدا قوچۇ ئايمىقىنى تەسىس قىلغان، بۇ شىنجاڭدا ۋىلايەت، ناھىيە تەسىس قىلىشنىڭ باشلىنىشى بولغان. سۈي سۇلالىسى پىشامشان، چالمادان ۋە ئىۋىرغول ئايماقلىرىنى تەسىس قىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى باشقۇرۇش دائىرىسى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن ئېشىپ ئوتتۇرا ئاسىياغىچە يەتكەن ھەمدە جايلاردا ھەرخىل باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى يولغا قويغان. غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىدە

ئۇرغول، قوجۇ ۋە بېشبالىق ئايماقلىرىنى تەسىس قىلغان، بۇ 3 ئايماق قارمىقىدا 12 ناھىيە بولغان، باشقا جايلاردا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ۋە تۇتۇقبەگ مەھكىمىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان.

تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن غەربىي يۇرتتا 3 قېتىم چوڭراق يەرلىك كۈچ يەنى قاراخانىيلار خانلىقى، ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانلىقى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى پەيدا بولغان. بۇ يەرلىك كۈچلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى 5 سۇلالە ۋە سۇڭ، لياۋ سۇلالىلىرىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە قارىغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا ۋاقىتلىق ۋازارەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، سەمەرقەندتە ئامۇ دەريا ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىنغان، بۇ ماۋرائۇننەھىردىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ بۈگۈنكى قورغاس رايونىدا ئالمالىق ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىنغان، بۇ ئىلىدىن بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىغىچە بولغان رايونلارنى باشقۇرغان. بۈگۈنكى جىمساردا بېشبالىق ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىنغان، بۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارنى باشقۇرغان. كېيىن يەنە بېشبالىق ۋاقىتلىق ۋازارىتى قارمىقىدا بېشبالىق، قوجۇ، ئۇدۇندىن ئىبارەت 3 ئايغاقچى مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەمدە خوتەن رايونىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرى ئىدارە قىلىنغان.

شىنجاڭ رايونى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «بېشبالىق» دەپ ئاتالغان، كېيىن «ئىلبالىق» قا ئۆزگەرتىلگەن. چاغاتاي ئەۋلادلىرى غەربىي يۇرتتا دائىم ئىچكى پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىڭ سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلغان. غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي قىسمىنى مىڭ سۇلالىسى بىرتۇتاش باشقۇرۇپ، يۇڭلى 4 - يىلى (1406 - يىلى) قۇمۇل لەشكەرگاھىنى قۇرغان.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چيەنلۇڭنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە غەربىي يۇرت «شىنجاڭ» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ «قايتۇرۇۋېلىنغان قەدىمكى زېمىن» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ئېرتىش دەرياسىنىڭ شەرقى ۋە شىمالى قوبدۇ مەسلىھەتچى ئامبىلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن؛ ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربى ھەمدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارنىڭ ھەممىسى ئىلى جاڭجۈنىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان جايلار گەنسۇ پەرمانبەردارىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. گۇاڭشۇ 10 - يىلى (1884 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسى رەسمىي قۇرۇلدى، ئۈرۈمچى ئۆلكە مەركىزى بولدى. گۇاڭشۇ 32 - يىلى (1906 - يىلى) ئالتاي ۋىلايىتى قوبدۇ مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدىن مەركەزگە بىۋاسىتە قارايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى) بۇ رايون شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئالتاي ۋىلايىتى تەسىس قىلىندى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە پائال يولغا قويۇلدى. 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى ئاپتونوم ئوبلاست 5، ۋىلايەت 7، ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر 2، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر 20 (بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر 4)، ناھىيە 68 (بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم ناھىيە 6)، شەھەرگە قاراشلىق رايون 11.

## مەركىزى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى.

## نوپۇسى ۋە مىللەتلىرى

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئاپتونوم رايون نوپۇسىنىڭ 2003 - يىللىق ئۆزگىرىشىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ 2003 - يىلدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 19 مىليون 339 مىڭ 500 ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 9 مىليون 942 مىڭ 400 بولۇپ، %51.4 نى، ئاياللار 9 مىليون 397 مىڭ 100 بولۇپ، %48.6 نى ئىگىلىگەن؛ شەھەر - بازار نوپۇسى 6 مىليون 651 مىڭ 100 بولۇپ، نوپۇسنىڭ شەھەر - بازار نوپۇسىغا ئايلىنىش نىسبىتى %34.4 بولغان؛ يېزا نوپۇسى 12 مىليون 688 مىڭ 400 بولۇپ، %65.6 نى ئىگىلىگەن.

شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. نۇرغۇن قەدىمكى مىللەتلەر بۇ يەردە كۆپىيىپ، تىرىكچىلىك قىلىپ، بۇ يەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇزاق ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا مىللەتلەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ، تەدرىجىي ھالدا ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى تاماملىغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا بۇ يەردە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، تاجىك، مانجۇ، ئۆزبېك، رۇس، داغۇر، تاتاردىن ئىبارەت 13 مىللەت بار ئىدى. ھازىر ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە 55 مىللەت بار. 2003 - يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 11 مىليون 628 مىڭ 500 بولۇپ، ئاپتونوم رايون نوپۇسىنىڭ %60.13 نى ئىگىلىدى.

13 مىللەت ئىچىدە خەنزۇ 7 مىليون 711 مىڭ بولۇپ، ئاپتونوم رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %39.87 نى، ئۇيغۇر 8 مىليون 823 مىڭ 500 بولۇپ، %45.62نى، قازاق 1 مىليون 352 مىڭ 100 بولۇپ، %6.99نى، خۇيزۇ 866 مىڭ 700 بولۇپ، %4.48 نى، قىرغىز 173 مىڭ 700

بولۇپ، 0.9% نى، موڭغۇل 166 مىڭ 900 بولۇپ، 0.86% نى، شىبە 40 مىڭ 300 بولۇپ، 0.21% نى، رۇس 11 مىڭ 100 بولۇپ، 0.06% نى، تاجىك 40 مىڭ 900 بولۇپ، 0.21% نى، ئۆزبېك 14 مىڭ 500 بولۇپ، 0.08% نى، تاتار 4900 بولۇپ، 0.03% نى، مانجۇ 23 مىڭ 900 بولۇپ، 0.12% نى، داغۇر 6670 بولۇپ، 0.04% نى ئىگىلەيدۇ.

## تىل - يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋالى

شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان 13 مىللەت ئىچىدە خەنزۇ بىلەن خۇيزۇلار خەنزۇ تىلىنى ئورتاق ئىشلەتكەندىن سىرت، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىلى بار، كۆپ ساندىكى مىللەتلەرنىڭ يېزىقى بار. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىشلىتىدىغان تىل ئالتاي تىل سىستېمىسى، خەنزۇ - زاڭزۇ تىل سىستېمىسى ۋە ھىندى- ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا تەۋە. تۆۋەندە ئايرىم بايان قىلىمىز:

ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىكى ئاساسىي مىللەت بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدۇ. ئۇيغۇر تىل - يېزىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىل- يېزىقتىن ئىبارەت. ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈركىي تىللار تۈركۈمىگە تەۋە بولۇپ، يېپىشقاق تىل تىپىغا كىرىدۇ. قەدىمىي تۈرك تىلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەنبەسى. 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرەققىي قىلدى ھەمدە ئۇيغۇرلار ئورتاق قوللىنىدىغان ئۆلچەملىك تىل — ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىلى شەكىللەندى.

خەنزۇلار جۇڭگودىكى ئاساسلىق مىللەت، خەنزۇ تىل - يېزىقى دۆلەت ئورتاق قوللىنىدىغان تىل - يېزىقتىن ئىبارەت. بىراق شىنجاڭدىكى خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە شىنجاڭچە خاسلىققا ئىگە دىئالېكت يەنى شىنجاڭ خەنزۇ دىئالېكتى شەكىللەندى. خەنزۇلار قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزىقىنى قوللىنىدۇ.

قازاقلار قازاق تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ. قازاق تىل- يېزىقى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە مورى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىرىدە ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىل- يېزىقتىن ئىبارەت. قازاق تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈركىي تىللار تۈركۈمى قىپچاق تىل تارمىقىغا تەۋە. 20 - ئەسىرگە كەلگەندە ھازىرقى زامان قازاق تىلى تەدرىجىي شەكىللەندى.

شىنجاڭ خۇيزۇلىرىنىڭ تىلى خەنزۇ تىلى شىمالىي دىئالېكتىنىڭ غەربىي شىمال شۆبىسىگە تەۋە. شىنجاڭ خۇيزۇلىرىنىڭ تىلى بىلەن غەربىي شىمالدىكى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇ تىلى دىئالېكتى مۇئەييەن مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە، شىنجاڭ خەنزۇلىرىنىڭ تىلى بىلەن ئورغۇن ئوخشاشلىقلار مەۋجۇت. شىنجاڭ خۇيزۇلىرىنىڭ تىلى شىمالىي يول خۇيزۇ تىلى ۋە جەنۇبىي يول خۇيزۇ تىلى دەپ ئايرىلىدۇ. خۇيزۇلار قېلىپلاشقان يېزىقنى قوللىنىدۇ.

قىرغىزلار قىرغىز تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ. قىرغىز تىل - يېزىقى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىقتىن ئىبارەت. قىرغىز تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار تۈركۈمى قىپچاق تىل تارمىقىغا تەۋە.

موڭغۇل تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسى موڭغۇل تىل تۈركۈمىگە تەۋە بولۇپ، يېپىشقاق تىل ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدىكى موڭغۇللار قوللىنىدىغان ئويرات دىئالېكتى تورغات شۆبىسى ۋە چاخار شۆبىسىگە ئايرىلىدۇ. مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىدىكى موڭغۇللار ئاساسەن خۇدۇم موڭغۇل يېزىقىنى قوللانغاچقا، جۇڭگو موڭغۇللىرىنىڭ يېزىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى موڭغۇللار خۇدۇم موڭغۇل يېزىقىنى قوللىنىدىغان قىلىندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، 1982 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى موڭغۇللار ئارىسىدا خۇدۇم موڭغۇل يېزىقى ئومۇملاشتۇرۇلدى. موڭغۇل تىل - يېزىقى بايىنغولىن، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىرى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئورتاق قوللىنىلىدۇ.

شىبەلەر شىبە تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ. شىبە تىل- يېزىقى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئورتاق قوللىنىلىدۇ.

تاجىكلار تاجىك تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىدۇ (پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكى زىيالىيلار تاجىك يېزىقىنى قوللىنىدۇ). تاجىك تىلى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئورتاق قوللىنىلىدۇ، ئۇ ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ ئىران تىل تۈركۈمىدىكى شەرقىي ئىران تىل تارمىقىغا تەۋە، پامىر تىل تارمىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاجىك تىلى سەرىقول تاجىك تىلى ۋە ۋاخان تاجىك تىلىغا ئايرىلىدۇ.

شىنجاڭدىكى مانجۇلار مانجۇ تىل - يېزىقىنى قوللانمايدۇ (ناھايىتى ئاز ساندىكى ياشقا چوڭلار ئانچە - مۇنچە مانجۇ تىلىدا سۆزلەيدۇ)، ئۇلار ئاساسەن خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ، بەزىلىرى ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ. ئەمما مانجۇ تىل- يېزىقى شىنجاڭدىكى شىبەلەر ئارىسىدا خېلى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان.

ئۆزبېك تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈركىي تىل تۈركۈمى قارلۇق تىل تارمىقىغا تەۋە، ئۇيغۇر تىلى بىلەن بولغان ئورتاقلىقى 70% تىن ئاشىدۇ. شىنجاڭدىكى ئۆزبېكلەر كۆپىنچە ئۇيغۇر، قازاقلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقاچقا،

كۆپ ساندىكىلىرى ئۇيغۇر تىل - يېزىقى بىلەن قازاق تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ.

شىنجاڭدىكى رۇسلار قوللىنىدىغان تىل ئىجتىمائىي ئالاقە چەمبىرىكى ئىچىدە ۋە ياشانغانلار ئائىلىدە قوللىنىش بىلەن چەكلىنىدۇ. ئۇلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كۆپىنچە خەنزۇ تىل-يېزىقىنى قوللىنىدۇ، بەزىلىرى ئۇيغۇر تىلى بىلەن قازاق تىلىنى قوللىنىدۇ.

شىنجاڭدىكى داغۇرلارنىڭ تىلى بار، يېزىقى يوق. ھازىر چۆچەك شەھىرى ئاشىلى داغۇر يېزىسى داغۇر تىلى قوللىنىلىدىغان دائىرە ھېسابلىنىدۇ. لېكىن كۆپ ساندىكى داغۇرلار خەنزۇ تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ، بەزىلىرى قازاق تىلى ياكى ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىدۇ.

شىنجاڭدىكى تاتارلار ئادەتتە كۆپىنچە تاتار تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ، لېكىن ئۇيغۇر، قازاق تىل - يېزىقلىرىنى قوللىنىدىغانلىرىمۇ بار. گۇچۇڭ ناھىيىسى داچۈەن تاتار يېزىسى مەملىكەت بويىچە تاتارلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون شۇڭلاشقا تاتار تىلى قوللىنىلىدىغان دائىرە ھېسابلىنىدۇ. تاتار تىلى تۈركىي تىل تۈركۈمىگە كىرىدۇ، ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق تۈركىي تىلدىكى مىللەتلەرنىڭ تىلى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ ياكى يېقىن كېلىدۇ.

## جۇغراپىيىلىك مۇھىتى

شىنجاڭ دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق، تۆت ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ، شىنجاڭ تەۋەسىدە قاتمۇقات مۇزلۇق چوققىلار، كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقلار، بىپايان يايلاقلار، يۇلتۇزدەك تارقالغان بوستانلىقلار بار. تەبىئىي بايلىقى مول. 3 تاغ 2 ئويمانلىقنى ئوراپ تۇرىدۇ.

تاغ تىزمىلىرى     شىمالدىكى ئالتاي تاغ تىزمىسى ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى قىسمى جەنۇبىي قاپتالغا كىرىدۇ، ئۇ غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. بۇ تاغ تىزمىسىدا ئاساسەن ئالتاي شەھىرى ۋە چىڭگىل ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئالتاي تېغى، گۇچۇڭ ناھىيىسى بىلەن مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى بەيتىك تېغى ۋە چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئارامتى تېغى بار. ئەڭ ئېگىز چوققا «دوستلۇق چوققىسى» نىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4374 مېتىر كېلىدۇ، ئۇ جۇڭگو، روسىيە، موڭغۇلىيە دۆلەتلىرىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان؛ غەربىي شىمال قىسمى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى تاغلىق يەر بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000 مېتىردىن 3000 مېتىرغىچە كېلىدىغان نۇرغۇن پەس تاغلاردىن تەركىب تاپقان، شىمال تەرىپىدە تارباغاتاي تېغى، شەرق تەرىپىدە ساۋۇر تېغى، جەنۇب تەرىپىدە ئورۇزكاي تېغى، سېمىست تېغى، بارلىق تېغى، مايلى تېغى قاتارلىق تاغلار بار. ئەڭ ئېگىز چوققا ساۋۇر تېغىدىكى مۇزتاغ چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 3806 مېتىر ئېگىز. شىنجاڭنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن تەڭرىتاغ تىزمىسى جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنى ئايرىپ تۇرىدۇ، ئۇ غەربتىن شەرققە سوزۇلغان 3 تاغ تىزمىسىغا ئايرىلىدۇ: شىمالىي تاغ تىزمىسىدا ئالاتاۋ تېغى (ئارىشاڭ ناھىيىسى، بورتالا شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدا)، كۆككىرچىن تېغى (جىڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا، نىلقا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا)، بولخىنۇر تېغى (جىڭ ناھىيىسىدىن شىخۇ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغىچە)، ئىرەنقابىرغا تېغى (كۈيتۇڭ شەھىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىغىچە)، بوغدا تېغى (ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىدە، فۇكاڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا، داخېيەن يېزىسى ئىستانسىسىنىڭ شىمالىدا) قاتارلىقلار بار؛ ئوتتۇرا تاغ تىزمىسىدا ئالاقار تېغى (چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا)، نارات تېغى (كۈنەس ناھىيىسى بىلەن خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا)، ئېرۋىنگېن تېغى (خېجىڭ ناھىيىسى تەۋەسىدە) قاتارلىقلار بار؛ جەنۇبىي تاغ تىزمىسىدا كۆكشال تېغى (تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي تىزمىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، غەرب تەرەپتىكى دۆلەت چېگرىسىدا)، خالىق تېغى (موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى بىلەن باي ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا)، تېرىسكەي تېغى (تېكەس ناھىيىسى بىلەن باي ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا)، كۆكتېكە تېغى (خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن بۈگۈر ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا)، خورۇ تېغى (خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن بۈگۈر ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا) قاتارلىقلار بار. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدىغان چوققىلاردىن تۆمۈر چوققىسى (7435 مېتىر)، خانتەڭرى چوققىسى (6995 مېتىر)، بوغدا چوققىسى (5445 مېتىر) بار. جەنۇب تەرەپتىكى كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى غەربتىن شەرققە سوزۇلغان بولۇپ، جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى پامىر ئېگىزلىكى، شىنجاڭ بىلەن كەشمىر ئوتتۇرىسىدىكى قاراقۇرۇم تاغلىرى ھەمدە ئاساسلىقى شىنجاڭ بىلەن شىزاڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى (شەرقتە چىڭخەي چېگرىسى ئىچىگە سوزۇلغان) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىمالىي تارمىقىدا ئالتۇن تاغ بولۇپ، شەرقىي شىمال تەرەپكە سوزۇلۇپ، چىلىيەنشەن تېغىغا تۇتىشىدۇ، كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسىدا تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7500 مېتىردىن ئاشىدىغان چوققىلاردىن دۇنيا بويىچە 2 - ئېگىز چوققا دەپ ئاتالغان چوگىر چوققىسى (8611 مېتىر)، قوڭغۇر تۆپە چوققىسى (7595 مېتىر)، مۇزتاغ چوققىسى (7546 مېتىر)، قوڭغۇر چوققىسى (7519 مېتىر)

بار.

**ئويمانلىقلىرى** شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، شەرقتىن غەربكە 1700 كىلومېتىردىن كۆپرەك سوزۇلغان تەڭرىتاغ تىزمىسى شىنجاڭنى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسىمغا ئايرىپ تۇرىدۇ. تەڭرىتاغ تىزمىسى بىلەن ئالتاي تېغى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق يەرلەرنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ كۆلىمى 180 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇربانتۇڭغۇت قۇملۇقى ئېلىمىزدىكى 2 - چوڭ قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن تۇرپان ۋىلايىتى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى مەزكۇر ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان. تەڭرىتاغ تىزمىسى بىلەن كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى ئارىسىغا جايلاشقان تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۆلىمى 400 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى (كۆلىمى تەخمىنەن 330 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر) ئېلىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ قۇملۇق، دۇنيا بويىچە 2 - چوڭ كۆچمە قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرى ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ جايلاشقان. تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىدە تۇرپان، قۇمۇل ئويمانلىقلىرى بار.

**مۇزلۇقلىرى** بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قارلىق چوققىلار، سانچاق - سانچاق قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇزلۇق چوققىلار شىنجاڭدا يېتىلگەن مۇزلۇقلارنى ھاسىل قىلغان. ئاپتونوم رايون بويىچە 18 مىڭ 600 دىن ئارتۇق مۇزلۇق بار، بۇلارنىڭ كۆلىمى 24 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى مۇزلۇق كۆلىمىنىڭ %42 نى ئىگىلەيدۇ، مۇزلۇقلارنىڭ سۇ زاپىسى 2 تىرىللىيون 580 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشىدۇ؛ مۇزلۇقلاردىن ئېرىگەن سۇ شىنجاڭدىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارىنىڭ %21 نى ئىگىلەيدۇ (تەخمىنەن 17 مىليارد كۇب مېتىر). بۇ مۇزلۇقلار شىنجاڭنى خېلى مۇقىم سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەچكە، قەدىمدىن تارتىپ «قاتتىق سۇ ئامبىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

**دەريا - ئېقىنلىرى** شىنجاڭ تەۋەسىدە 570 تىن ئارتۇق دەريا - ئېقىن بار (تاغ بۇلاقلىرى بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ يىغىلىش دائىرىسىنىڭ كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان ياكى ئۇزۇنلۇقى 500 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان، يىللىق ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشىدىغان دەريا - ئېقىنلار مۇنۇلار: شىمالىي شىنجاڭدىكى ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇڭغۇر دەرياسى، ئىلى دەرياسى، تېكەس دەرياسى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قاراشەھەر دەرياسى، كۆنچى دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، تارىم دەرياسى، قىزىل دەرياسى، يەكەن دەرياسى، قاراقاش دەرياسى، يورۇڭقاش دەرياسى، چەرچەن دەرياسى.

**كۆللىرى** شىنجاڭدا كۆلىمى بىر كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان 139 تەبىئىي كۆل بار، بۇ كۆللەرنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 5500 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ئاساسلىق كۆللەردىن باغراش كۆلى، ئۇلۇڭغۇر كۆلى، سايرام كۆلى، ئېبىنۇر كۆلى، ئاياغقۇم كۆلى ھەمدە ئايدىڭكۆل بار؛ مەشھۇر لوپنۇر كۆلى قۇرۇپ كەتتى. تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئايدىڭكۆل دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر پەس بولۇپ، ئېلىمىز قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ پەس جاي ھېسابلىنىدۇ. بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى باغراش كۆلىنىڭ سۇ كۆلىمى 1002.4 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئېلىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تاتلىق سۇ كۆلى ھېسابلىنىدۇ.

**ھاۋا كىلىماتى** شىنجاڭنىڭ كىلىماتى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى مۆتىدىل كىلىماتقا تەۋە بولۇپ، قىش پەسلى ئۇزۇن ھەم قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، ياز پەسلى قىسقا ھەم قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ. ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە كىلىمات ئۆزگىرىشى چوڭ بولىدۇ. شىنجاڭدا خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىدىكى موخې ناھىيىسىدىن قالسىلا مەملىكەت بويىچە 2 - سوغۇق قۇتۇپ — كۆكتوقاي بار (-51.5℃)، مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئىسسىق جايمۇ شىنجاڭدىكى تۇرپان (47.7℃). تەڭرىتاغ شىنجاڭنى جەنۇب ۋە شىمال دەپ ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغاچقا، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ تېمپېراتۇرىسىمۇ كۆپ پەرقلىنىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا جەنۇبىي شىنجاڭدا 10℃، شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىدا 5℃ — 7.5℃، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە 2.5℃ — 5℃ بولىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسىدىن 10℃ — 12℃ يۇقىرى بولىدۇ؛ 7 - ئايدا 2℃ — 3℃ يۇقىرى بولىدۇ، تاغلىق رايونلار بىلەن ئويمانلىقلارنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى ئېنىقمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ ئىسسىق ئاي بىلەن ئەڭ سوغۇق ئاينىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا پەرقى 30℃ تىن ئاشىدۇ، جۇڭغار ئويمانلىقىدا 35℃ — 40℃ قا چىقىدۇ. ئەمما تېمپېراتۇرىنىڭ كۈندىلىك سېلىشتۇرما پەرقى 12℃ — 15℃ بولىدۇ، پەرق ئەڭ چوڭ بولغاندا 20℃ — 30℃ بولىدۇ. شىنجاڭ قۇرغاق رايون بولۇپ، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئازراق، تارقىلىشىمۇ تەكشى

## تەبىئىي بايلىقى

**يەر بايلىقى** شىنجاڭنىڭ يەر كۆلىمى 166 مىليون 489 مىڭ 700 گېكتار، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، يەر بايلىقى مول، يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ ۋە كۆپ خىل. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلگەن يەر 63 مىليون 15 مىڭ 300 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 4 مىليون 37 مىڭ 200 گېكتار، باغ 295 مىڭ 700 گېكتار، ئورمان يېرى 6 مىليون 685 مىڭ 800 گېكتار، ئوتلاق 51 مىليون 314 مىڭ 900 گېكتار، باشقا يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلگەن يەر 681 مىڭ 700 گېكتار. قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن يەر 1 مىليون 199 مىڭ 500 گېكتار. بۇنىڭ ئىچىدە ئاھالىلەر ئولتۇراق نۇقتىسى ۋە زاۋۇت، كانلارغا ئىشلىتىلگەن يەر 961 مىڭ 200 گېكتار، قاتناش ترانسپورتقا ئىشلىتىلگەن يەر 57 مىڭ 600 گېكتار، سۇچىلىق مۇئەسسەسەلىرىگە ئىشلىتىلگەن يەر 180 مىڭ 700 گېكتار، ئىشلىتىلمىگەن يەر 102 مىليون 274 مىڭ 800 گېكتار.

**سۇ ۋە ئېنېرگىيە بايلىقى** شىنجاڭنىڭ تاغلىقلىرىدا مۇزلۇقلار يېتىلگەن، دەريا - ئېقىنلار گىرەلىشىپ كەتكەن، تاغ بۇلاقلىرى، كۆللەر ھەممە يەرگە تارقالغان، سۇ بايلىقى تولۇقلۇق، ئېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 80% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 88 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىرغا، ئېچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىقدارى 25 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېچىلىش مىقدارى 5 مىليارد 135 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئېچىشقا بولىدىغان سۇ مىقدارىنىڭ 20% نى ئىگىلىدى؛ سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقىنىڭ نەزەرىيىۋى زاپىسى 33 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان گېنېراتور سىغىمچانلىقى 17 مىليون 960 مىڭ كىلوۋات، يىلىغا تارقىتىلىدىغان توك 84 مىليارد 500 مىليون كىلوۋات سائەت. شىنجاڭنىڭ كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسى مول، قۇياش ئېنېرگىيىسى، يەر ئىسسىقلىقى، شامال ئېنېرگىيىسى قاتارلىق بايا ئى مەنبەلىرى يېتەرلىك بولۇپ، مەملىكەت بويىچە كۈن نۇرى ئەڭ كۆپ چۈشىدىغان ئۆلكە -



بوغدا كۆلىدە تۈنجى قار

جاۋ جۈنئەن فوتوسى

ئەمەس، شىمالىي شىنجاڭدا ھۆل - يېغىن مىقدارى 150 — 200 مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا 100 مىللىمېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ، توقسۇن ناھىيىسىدە ھۆل - يېغىن مىقدارى 10 مىللىمېتىرغا يەتمەيدۇ؛ غەربتىكى ئىلى رايونىدىكى ھۆل - يېغىن مىقدارى شەرقتىكى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ 6 ھەسسىگە توغرا كېلىدۇ؛ تەڭرىتاغ تاغلىق رايونىدا، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق رايوندا ۋە ئالتاي تاغلىق رايونىدا ھۆل - يېغىن مىقدارى تەخمىنەن 500 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، بۇ شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكىدىكى بىلەن تەڭ؛ ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى كۈنەس ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 840 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ، بۇ ئېلىمىزنىڭ خۇەيخې دەرياسى ۋادىسىدىكى بىلەن تەڭ.

شىنجاڭدا قىش پەسلىدە قار كۆپ ياغىدۇ، شىمالىي شىنجاڭدىكى تۈزلەڭلىكلەردە قىش پەسلىدە قارنىڭ قېلىنلىقى ئادەتتە 20 — 30 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ، ئەڭ قېلىن بولغاندا 80 سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، ئەڭ قېلىن بولغاندا 20 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ، تاغلىق رايونلاردا تۈزلەڭلىكلەردىكىدىن تېخىمۇ قېلىن بولىدۇ. قىروسىز مەزگىل جەنۇبىي شىنجاڭدا 180 — 220 كۈنگىچە، شىمالىي شىنجاڭدا 140 — 185 كۈنگىچە بولىدۇ. شىنجاڭدا ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى خېلى كۆپ بولۇپ، دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ قۇرغاقچىلىق، سوغۇق ئېقىم، بوران، ئۆششۈك، قىرو ئۆششۈكى، مۆلدۈر، قارا يامغۇر كەلكۈنى خەلق ئىگىلىكىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ئاپتونوم رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2600 — 3400 سائەتكە يېتىدۇ، قۇياش ئېنېرگىيىسىنىڭ يىللىق رادىئاتسىيە مىقدارى ھەر كۋادرات مېتىرغا 5000 مېگا جوئۇلدىن 6490 مېگا جوئۇلغىچە توغرا كېلىدۇ. ئادەتتىكى رايونلاردا يىغىندى تېمپېراتۇرا 3000℃ — 4000℃ قىچە بولىدۇ، بۇ 10℃ يىغىندى تېمپېراتۇرىغا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 4000℃ تىن يۇقىرى، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ 4500℃ — 5390℃ قىچە، شىمالىي شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغىچە 2500℃ — 3600℃ قىچە بولىدۇ. تاغ ئېغىزلىرىدا شامال كۈچى ئېنېرگىيىسى بايلىقى ئەڭ مول، يىللىق ئوتتۇرىچە ئۈنۈملۈك شامال ئېنېرگىيىسى 10 مىڭ 800 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىر.

**ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك بايلىقى** شىنجاڭدا نەسىللىك كالا، قوي، ئات، تۆگە قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىدىن باشقا 699 خىل ياۋايى ھايۋان بار، بۇنىڭ ئىچىدە بېلىق 85 خىل، قوش ماكانلىق ھايۋانلار 7 خىل، ئۆمىلىگۈچى ھايۋالار 45 خىل، قۇشلار 425 خىل، يىرتقۇچ ھايۋانلار (سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار) 137 خىل. يەنە قانچىشارلىق بۆكەن، ياۋا تۆگە، قۇلان، تۆت پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى، قۇندۇز، يىلپىز، ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، ئاق يەلكىلىك بۈركۈت، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. قۇش خىللىرى دۆلىتىمىزدىكى قۇش خىللىرىنىڭ 35.8% نى، سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار خىللىرى دۆلىتىمىزدىكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار خىللىرىنىڭ 33% نى، ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار خىللىرى دۆلىتىمىزدىكى ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار خىللىرىنىڭ 14.2% نى ئىگىلەيدۇ. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ياۋا ئۆسۈملۈكلەر ئازكەم 4000 خىلغا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە لوپنۇر كەندىرى، كاۋچۇك ئوت، ھىڭ، سوغىگۈل، ئالقات، چۈچۈكبۇيا، قار لەيلىسى قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋە دورىلىق قىممىتى بارلىرى 1000 خىلدىن ئاشىدۇ.

**قېزىلما بايلىقى** مەملىكەت بويىچە نېفىت، كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، ئالىيۇمىن، فوسفور، گۈڭگۇرتتىن ئىبارەت ھالقىلىق قېزىلما بايلىقنىڭ بىرىكىش ئەھۋالىغا دائىر ئانالىز ۋە ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلارنى 5 خىل تىپقا ئايرىش ئۆلچىمىگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ قېزىلما بايلىقلارنىڭ بىرىكىشى خېلى ياخشى، ھەرخىل رۇدا تۈرلىرى مول، ئېنېرگىيە (نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر) كاپالىتىگە ئىگە 1 - خىلدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 4 - ئورۇندا تۇرىدىكەن. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بايقالغان قېزىلما بايلىق 138 خىل بولۇپ، مەملىكەت بويىچە بايقالغان رۇدا تۈرىنىڭ 80.7% نى ئىگىلەيدىكەن. ئاپتونوم رايون بويىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ھەمدە قېزىلما بايلىق زاپىسى جەدۋىلىگە كىرگۈزۈلگەن رۇدا (كەنجى خىلى بۇنىڭ سىرتىدا) 79 خىل بولۇپ، مەملىكەت بويىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ھەمدە قېزىلما بايلىق زاپىسى جەدۋىلىگە كىرگۈزۈلگەن رۇدا خىلىنىڭ 50.64% نى ئىگىلەيدىكەن. كەنجى تۈرى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ھەمدە قېزىلما بايلىق زاپىسى جەدۋىلىگە كىرگۈزۈلگەن رۇدا خىلى 98 خىل بولۇپ، مەملىكەت بويىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ۋە قېزىلما بايلىق زاپىسى جەدۋىلىگە كىرگۈزۈلگەن رۇدا خىلىنىڭ 62.82% نى ئىگىلەيدىكەن. ئاپتونوم رايون بويىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان 949 كان رايونى (نېفىت، تەبىئىي گاز، ئۇران، سۇ، گاز، رۇدا مەھسۇلاتى بۇنىڭ سىرتىدا) ئىچىدە، چوڭ كۆلەمگە ئىگە كان رايونى 101، ئوتتۇراھال كۆلەمگە ئىگە كان رايونى 184. ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىم قېزىلما بايلىق زاپىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىدىن تەبىئىي گاز، بورىي، چىرىمتال، تومۇر كۋارتسى، ساپال توپىسى، خىش - كاھىشقا ئىشلىتىلىدىغان سىلانتىس، بېزەكچىلىككە ئىشلىتىلىدىغان جۇلاتاش، ۋېرمىكۇتىت، ناترىيلىق سېلىترادىن ئىبارەت 9 خىلى؛ 2 - ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىدىن نېفىت، نىكېل، خرۇم، بىنتونىتتىن ئىبارەت 4 خىلى بار؛ كۆمۈر، شور، كالىي تۇزى، تاشپاختا مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى 5 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

**ساياھەت ئورنى بايلىقى** شىنجاڭ مول تەبىئىي ساياھەت ئورنى ۋە گۇمانىتارلىق ساياھەت ئورنى بايلىقىغا ئىگە. ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار، كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقلار، تاغلاردىكى گۈزەل كۆللەر، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەشھۇر ئاسارئەتىقىلەر، رەڭگارەڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت نۇرغۇنلىغان جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلماقتا. شىنجاڭ تەۋەسىدە دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان تۆۋەن جاي — ئايدىڭكۆل، «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ ئاتالغان، دۇنيا بويىچە 2 - چوڭ قۇملۇق تەكلىماكان قۇملۇقى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە

داڭلىق ئىدىقۇت، يارغول، كىروران قاتارلىق قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى، بوغدا كۆلى، بايىنبۇلاقتىكى ئاق قۇ كۆلى، قاناس كۆلى قاتارلىق ئېگىز تاغ كۆللىرى ۋە يەنە ئورغۇنلىغان ئارشاڭ، ھور ئارشاڭ، مۇزلۇق قاتارلىق ئاجايىپ تەبىئىي مەنزىرىلىك جايلار بار.

شىلڭ جيەن

# خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى

2003 - يىلى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئېشىش ۋەزىيىتى ساقلاپ قېلىنىپ، سۈرئەت بىلەن ئۈنۈم، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئېھتىياج ماس تەرەققىي قىلىشتەك ياخشى ۋەزىيەت مەيدانغا كەلدى. ئەۋزەللىككە ئىگە ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك مول ھوسۇل ئېلىندى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ سۈرئىتى ۋە ئۈنۈمى جەھەتتە يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى، مەبلەغ سېلىش سۈرئىتى تېزلەشتى، ئىستېمال بىلەن ئېھتىياج تەڭ گۈللەندى، تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورتى ناھايىتى تېز ئاشتى. خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى جەھەتتىكى پىلان ئومۇمىيۈزلۈك ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

بىرىنچى، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىدا 6 چوڭ يورۇق نۇقتا بارلىققا كەلدى

1) ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى تار يولدىن قۇتۇلۇپ، ئىككى خانىلىق سان بويىچە ئېشىش رايونىغا كىردى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 187 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن %10.8 ئېشىپ، 2.7 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى بولدى، بۇ 1998 - يىلدىن بۇيانقى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ ئېشىشىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ھېسابلىنىدۇ. 1998 — 2002 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى باشتىن - ئاخىر %7.1 — %8.1 ئارىلىقىدا بولۇپ، %8.2 تىن ئاشمىدى. 2003 - يىلى يۇقىرى تەرەققىيات، يۇقىرى سۈرئەت، يۇقىرى كىرىم ئىزىغا چۈشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 41 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.2 ئېشىپ، 1.8 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى بولدى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 79 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.1 ئېشىپ، 1.4 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى بولدى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 66 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.5 ئېشىپ، 1.2 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى بولدى. 1 - كەسىپنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى تۆھپە نىسبىتى %14.7، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش نىسبىتى 1.6 پىرسەنت پوئېنتى؛ 2 - كەسىپنىڭ تۆھپە نىسبىتى %49.7، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش نىسبىتى 5.4 پىرسەنت پوئېنتى؛ 3 - كەسىپنىڭ تۆھپە نىسبىتى %35.6، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش نىسبىتى 3.8 پىرسەنت پوئېنتى بولدى.

2) پاختا ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى جەھەتتە تارىخىي خاراكتېرلىك مول ھوسۇل ئېلىندى، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئىككى خانىلىق سان بويىچە ئاشتى.

(1) يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى مۇقىم ئاشتى، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 68 مىليارد 832 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %6.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 48 مىليارد 276 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.2؛ چارۋىچىلىقنىڭ 16 مىليارد 198 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.7، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليارد 369 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %20.7، بېلىقچىلىقنىڭ 321 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1.7 ئاشتى. جايلار چارۋىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 50 مىليون 265 مىڭ 400 تۇياققا يېتىپ، %5.1، چىقىم قىلىنغان چارۋا 32 مىليون 19 مىڭ 500 تۇياققا يېتىپ، %11.2، ئېلىنغان گۆش 1 مىليون 150 مىڭ توننىغا يېتىپ، %9.1، سۈت 1 مىليون 130 مىڭ توننىغا يېتىپ، %19.1، تۇخۇم 236 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، %4.3 ئاشتى.

(2) ئەۋزەللىككە ئىگە، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن تارىخىي خاراكتېرلىك مول ھوسۇل ئېلىندى. ئېلىنغان ئاشلىق سەل كېمەيدى. ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمىنى قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئازايتىش ۋە كىلىمات قاتارلىق باشقا تەبىئىي ئاپەت ئامىللىرىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى كېمەيدى. ئېلىنغان ئاشلىق 8 مىليون 16 مىڭ 400 توننا (ياڭيۇ تۈرىدىكىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %8.5 كېمەيدى. ئېلىنغان پاختا جەھەتتە يېڭى

ئېشىش بارلىققا كەلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىنغان پاختا 1 مىليون 600 مىڭ توننىغا يېتىپ، 100 مىڭ توننا ئاشتى. مەھسۇلات ئاساسلىقى تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭەيگەنلىكتىن ئاشتى، ئاپتونوم رايون بويىچە كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 37 مىڭ 100 گېكتارغا يېتىپ، 9.9% ئاشتى. ياغلىق دان ھوسۇلى مۇقىم بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە

شىنجاڭ بىلەن غەربىي قىسىمدىكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ 2003 - يىللىق سېلىشتۇرمىسى

| رايون نامى | ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 2002 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) | 1 . كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 2 . كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 3 . كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 1 . كەسىپنىڭ GDP دا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | 1 . كەسىپنىڭ GDP دا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | 1 . كەسىپنىڭ GDP دا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ | 1878 | 10.8 | 413 | 797 | 668 | 22 | 42.4 | 35.6 |
| شەنشى | 2398.6 | 10.9 | 320 | 1133.6 | 945 | 13.3 | 47.3 | 39.4 |
| گەنسۇ | 1301.1 | 10.1 | 240 | 607.6 | 453.4 | 18.5 | 46.7 | 34.9 |
| نىڭشىيا | 384.9 | 12.2 | 55.5 | 191.7 | 137.7 | 14.4 | 49.8 | 35.8 |
| چىڭخەي | 390.2 | 12.1 | 47 | 184.3 | 158.9 | 12 | 47.2 | 40.7 |
| شىزاڭ | 184.6 | | | | | | | |
| ئىچكى موڭغۇل | 2092.9 | 16.3 | 421.9 | 947.9 | 723.1 | 20.2 | 45.3 | 34.6 |
| سىچۈەن | 5456.3 | 11.8 | 1128.6 | 2266.1 | 2061.7 | 20.7 | 41.5 | 37.8 |
| چۇڭچىڭ | 2250.1 | 11.4 | 343.1 | 976 | 931.1 | 15.3 | 43.4 | 41.4 |
| گۈيجۇ | 1344.3 | 10.1 | 294.5 | 571.9 | 477.9 | 21.9 | 42.5 | 35.6 |
| يۈننەن | 2458.8 | 8.6 | 499 | 1067.8 | 892.1 | 20.3 | 43.4 | 36.3 |
| گۇاڭشى | 2733.2 | 10.2 | 628.2 | 1005.9 | 1099.1 | 23 | 36.8 | 40.2 |

ياغلىق دان زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 226 مىڭ 400 گېكتارغا يېتىپ، 5.3% كۆپەيدى، ياغلىق دان ھوسۇلى 501 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، 13% ئاشتى. مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىشى تېز سۈرئەتتە ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە مېۋىلىك باغ كۆلىمى 344 مىڭ 200 گېكتارغا يېتىپ، 17.8% كۆپەيدى، ئېلىنغان مېۋە - چېۋە 2 مىليون 183 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، 10.2% ئاشتى. باشقا ئۆزگىچە كەسىپمۇ تېز تەرەققىي قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كەندىر تۈرىدىكى زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 28 مىڭ 400 گېكتارغا يېتىپ، 17.8% كۆپەيدى؛ شوخلا تېرىلغۇ كۆلىمى 62 مىڭ 400 گېكتارغا يېتىپ، 23.1% ئاشتى.

(3) دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىش ھەجىمى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى

2106.19 يۈەنگە يېتىپ، %13 ئاشتى. 1998 - يىلدىن بۇيان دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى تۇنجى قېتىم ئىككى خانىلىق سان بويىچە ئېشىپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سەۋىيىسىدىن %4 يۇقىرى بولدى، ئېشىش ھەجمى مەملىكەتتىمىزدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرلەر بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى.

3) سانائەتنىڭ تۈۋرۈك كەسپلىك رولى كۆرۈنەرلىك بولدى، ئېشىش دەرىجىسى ۋە ئۈنۈم جەھەتتە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەڭ ياخشى سەۋىيە يارىتىلدى.

(1) سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ سۈرئىتى تېزلەشتى، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنىڭ ئۇلىنىشى ياخشى بولدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت قوشۇلما قىممىتى 57 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %11.2 ئېشىپ، 2.6 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولۇپ، 1998 - يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يېڭى سەۋىيىگە يەتتى. شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى تېزلەتكەن مۇھىم بىر سەۋەب سانائەتنىڭ ئېشىشىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى بولۇپمۇ ئېغىر سانائەتنىڭ ئېشىشىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى بولۇپ، ئۇ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 46 مىليارد 320 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.8 ئېشىپ، 8.5 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 4 مىليارد 875 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.2، ئېغىر سانائەتنىڭ 41 مىليارد 445 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.7 ئاشتى، ئېغىر سانائەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتى يېنىك سانائەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن 8.5 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولدى. ئېغىر سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت قوشۇلما قىممىتىنىڭ %89.5 نى ئىگىلىدى، ئىلگىرى سۈرۈش سۈرئىتى 10.4 پىرسەنت پوئىنتى بولدى؛ يېنىك سانائەت %10.5 نى ئىگىلىدى، ئىلگىرى سۈرۈش سۈرئىتى 0.4 پىرسەنت پوئىنتى بولدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى تېز سۈرئەت بىلەن ئېشىش بىلەن بىللە، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىشىمۇ تېز سۈرئەتتە ئاشتى، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنىڭ ئېشىش ھەجمى جەھەتتىكى پەرق پەقەت بىر پىرسەنت پوئىنتى بولدى. يىللىق مەھسۇلات سېتىش قىممىتى 106 مىليارد 630 مىليون يۈەنگە يەتتى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %98.57 بولدى، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنىڭ ئۇلىنىشى ياخشى بولدى.

(2) ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۇدا ياخشى بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى، كارخانىلارنىڭ پايدىسى زور ھەجىمدە ئاشتى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچى 172.72 بولۇپ، 2002- يىلدىكىدىن 35.6 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ تۆھپە نىسبىتى 3.2 پىرسەنت پوئىنتى، مۈلۈكنىڭ قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، قىممىتىنى ئاشۇرۇش نىسبىتى 9.4 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى، مۈلۈكنىڭ قەرزدارلىق نىسبىتى 4.7 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، تۇراقسىز مۈلۈكنىڭ ئوبوروت نىسبىتى 0.3 قېتىم تېزلەشتى، تەننەرخ خىراجىتىنىڭ پايدا نىسبىتى 5.5 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى، ئومۇمىي خادىملارنىڭ يىللىق ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 8203 يۈەن بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات سېتىش كىرىمى 106 مىليارد 897 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.7 ئاشتى، ئالغان پايدىسى 13 مىليارد 971 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %81.2 ئېشىپ، تارىختا يېڭى يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى. كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش كۆلىمى %39.3 بولۇپ، 0.1 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى.

شىنجاڭ بىلەن غەربىي قىسىمدىكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنىڭ 2003 - يىللىق سېلىشتۇرمىسى

| رايون | ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | 2002 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) | ئاھالىلەر ئىستېمال باھاسىنىڭ كۆرسەتكۈچى | ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى (يۈەن) | شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى (يۈەن) | شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ يىللىق ئىستېمال خاراكتېرلىك چىقىمى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ | 421.2 | 11.1 | 100.4 | 13255 | 7221 | 5619.4 |
| شەنشى | 853.2 | 17.2 | 101.7 | 11461 | 6806.4 | 5666.5 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| گەنسۇ | 474.6 | 9.5 | 101.1 | 12307 | 6657.2 | 5298.9 |
| نىڭشيا | 120.8 | 15.1 | 101.7 | 12981 | 6530.5 | 5330.3 |
| چىڭخەي | 102.7 | 11.5 | 102 | 15356 | 6745.3 | 5400.2 |
| شىزاڭ | 58.3 | 9.2 | 100.9 | 26931 | 8765.5 | 8045.3 |
| ئىچكى موڭغۇل | 726.8 | 21.3 | 102.2 | 11279 | 7012.9 | 5419.1 |
| سىچۈەن | 2091.1 | 13 | 101.7 | 12441 | 7041.9 | 5759.2 |
| چۇڭچىڭ | 835.5 | 9.5 | 100.6 | 12425 | 8093.7 | 7118.1 |
| گۈيجۇ | 458.8 | 10.2 | 101.2 | 11037 | 6569.2 | 4949 |
| يۈننەن | 782.5 | 10 | 101.2 | 12870 | 7643.6 | 6023.6 |
| گۇاڭشى | 857.7 | 12.2 | 101.1 | 11953 | 7785 | 5763.5 |

(3) نۇقتىلىق كەسىپلەرنىڭ تۆھپىسى، تۈۋرۈك كەسىپلەرنىڭ رولى كۆرۈنەرلىك بولدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 36 سانائەت ساھەسى ئىچىدە مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى جەھەتتە تۈرتكىلىك رول ئوينىغىنى 5. نېفىت پىششىقلاش ۋە كوكس ساھەسىنىڭ ئومۇمىي سۈرئەتكە قوشقان تۆھپىسى تەخمىنەن 2.9 پىرسەنت پوئېنتى، قارا مېتال تاۋلاش ۋە بېسىلاش ساھەسىنىڭ تەخمىنەن 1.2 پىرسەنت پوئېنتى، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئېچىش ساھەسىنىڭ تەخمىنەن 1.1 پىرسەنت پوئېنتى، يېمەكلىك ياساش ساھەسىنىڭ تەخمىنەن 1.1 پىرسەنت پوئېنتى، ئېلېكتر ماشىنىلىرى ۋە ئۈسكىنىلىرى ياساش ساھەسىنىڭ تەخمىنەن 0.9 پىرسەنت پوئېنتى بولدى. باشلامچى ساھەلەرنىڭ رولى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولدى، ئۇنىڭ ئېشىش نىسبىتى شىنجاڭ سانائىتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى جەھەتتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

(4) سانائەتنىڭ گۈللىنىش كوئېففىتسېنتى ئۆرلىدى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت سەۋىيىسى ئۆستى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەتنىڭ گۈللىنىش كوئېففىتسېنتى پەسىللەر بويىچە ئۆستى، ئالدىنقى 1 - پەسىلدە 116.8، 2 - پەسىلدە 119.8، 3 - پەسىلدە 123.3 بولدى، 4 - پەسىلدە 126.7 بولۇپ، تارىختا ئەڭ يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى. تەكشۈرۈلگەن 32 ساھە ئىچىدە، 31% ساھەنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت ئەھۋالى ياخشى بولدى، 3 پەسىلنىڭ ھەممىسىدە گۈللىنىش ھالىتىدە تۇردى.

4) تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش سۈرئىتى ئاشتى، ئۇنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى تىرەكلىك رولى كۆنسايىن كۆرۈنەرلىك بولدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندا جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 100 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 23.2% ئېشىپ، 8 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى بولدى.

(1) زايوم تۈرى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئاساسىي مۇئەسسەسە، ئاساسىي كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ ئاشتى، بۇ تىرەك ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىدىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى. 2003 - يىلى دۆلەت ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە ئاساسىي كەسىپنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە قوللاپ، سۇچىلىق، قاتناش، ئېنېرگىيە ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، «ئاسفالت يولنى ناھىيىلەرگە تۇتاشتۇرۇش»، «يېزىلارغا توك يەتكۈزۈش»، «غەربتىن گازنى شەرققە يەتكۈزۈش»، «تارىم دەرياسىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش»، «كۆيتۈن - سايرام» قاتارلىق زور تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ باردى، بۇ شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش سۈرئىتىنىڭ ئېشىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. بىر يىلدا ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 64 مىليارد 721 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 28.5% ئېشىپ، 2.7 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى بولۇپ، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 70.3% نى ئىگىلىدى، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ تۆھپە نىسبىتى 75.9% بولدى، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنى 17.7 پىرسەنت پوئېنتى ئىلگىرى سۈردى.

(2) يەرلىك ئورۇنلارنىڭ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا سالغان مەبلىغى ئاشتى، بۇنىڭ بىلەن كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەدىمى تېزلەشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش زىچ

چۆرىدىلىپ، نۇقتىلىق ساھە، نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ يېتىلىش، ئۆزگەرتىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. زايومىنىڭ ئۇسۇمىنى قوشۇپ بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە «ئىككى يۇقىرى، بىر ئەلا» مەخسۇس تۈر قۇرۇلۇشىنى تەشكىللەپ يولغا قويۇش قولغا كەلتۈرۈلۈپ، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يوللىرى تىرىشىپ كېڭەيتىلىپ، كاخانىلارنىڭ يېتىلىش، ئۆزگەرتىش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى. بىر يىلدا يېتىلىش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 12 مىليارد 715 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %10.2 ئېشىپ، 3.6 پىرسەنت پوئېنتى ئۆستى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 6 مىليارد 642 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %47.4 ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى جەھەتتە تارىختا يېڭى ئۇسۇش بارلىققا كېلىپ، سالمىقى %52.2 ئۆرلەپ، 13.2 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى بولدى؛ مەركەزگە قاراشلىق ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 6 مىليارد 73 مىليون يۈەن بولۇپ، %13.6 كېمەيدى. يېتىلىش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن مەبلەغ %10.4، مەھسۇلات تۈرىنى كۆپەيتىشكە ئىشلىتىلگەن مەبلەغ %61.3، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئاشۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن مەبلەغ %7.5، باشقا تېجەش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 4.5 ھەسسە ئاشتى.

(3) ئۆي - زېمىن قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ ئاشتى، خىزمەت بىناسى ۋە سودا ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئۆي قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىش قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 2000 - ۋە 2001 - يىللىرى ئۇدا تېز ئاشقاندىن كېيىن، 2002 - يىلى تەڭشەش مەزگىلىگە كىردى، بۇنىڭ بىلەن سېلىنغان مەبلەغ ئازايدى، 2003 - يىلى سەل ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆي - زېمىن قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 9 مىليارد 854 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %12.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆيگە سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 334 مىليون يۈەن بولۇپ، %6.3 كېمەيدى؛ خىزمەت بىناسى ۋە سودا ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليارد 722 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %65.2 ئاشتى. ئۈرۈمچى، سانجىدىن باشقا قالغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئۆي - زېمىن قۇرۇلۇشىغا سالغان مەبلىغىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى ئۆي - زېمىن قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى.

(4) ئەل ئارا ئىگىلىككە مەبلەغ سېلىش جانلىنىپ، مەبلەغ سېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم كۈچىگە ئايلاندى. شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» گۇرۇھى، «ماركور» ئوقەتچىلىك گۇرۇھى، «خۇالىڭ» سودا - سانائەت گۇرۇھى، بۇيۇك بوغدا يىمەكلىكلىرى قاتارلىق خۇسۇسىي كارخانىلار ۋە ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى، «تەڭرىتاغ» سېمونتى، «تۈنخې» پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلار شىنجاڭدىكى ئەل ئارا مەبلەغ سېلىشنىڭ يادرو كۈچىگە ئايلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت كارخانىلىرى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي كونترول كارخانىلىرى سالغان مەبلەغ 67 مىليارد 571 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %15.2 ئاشتى، سالمىقى %68.1 بولدى؛ ئەل ئارا سېلىنغان مەبلەغ 30 مىليارد 78 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %45.9 ئاشتى، سالمىقى %30.2 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئورۇنلار بىلەن يەككە ئىگىلىكتىكى ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 12 مىليارد 607 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %31.2 ئاشتى، ئەل ئارا سېلىنغان مەبلەغدە ئىگىلىگەن سالمىقى %42 بولدى؛ پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك (دۆلەت ئىلكىدىكى مۇتلەق پاي كونترول ئىگىلىك بۇنىڭ سىرتىدا) بويىچە سېلىنغان مەبلەغ 15 مىليارد 781 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %70.8 ئاشتى، سالمىقى %52.6 بولدى؛ شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك سودىگەرلەر ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى سالغان مەبلەغ 1 مىليارد 690 مىليون يۈەن بولۇپ، %18.1 كېمەيدى، سالمىقى %1.7 بولدى.

(5) مەبلەغ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، بايلىقنىڭ تەقسىملىنىشىنى يەنىمۇ ياخشىلاش ئىلگىرى سۈرۈلدى. شەھەر - بازارلاردىكى مەبلەغ سېلىش جەھەتتە، 1 - كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليارد 168 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %68.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىققا سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليارد 161 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %27.7؛ ئورمانچىلىققا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 141 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %72.1، چارۋىچىلىققا سېلىنغان مەبلەغ 722 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %77.8 ئاشتى. 2 - كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 35 مىليارد 302 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.1 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت، تەبىئىي گاز ئېچىشقا سېلىنغىنى 17 مىليارد 626 مىليون يۈەن بولۇپ، 2 - كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغنىڭ %49.9 نى ئىگىلەپ، %32.9 ئاشتى؛ كۆمۈر سانائىتىگە سېلىنغىنى 1.8 ھەسسە، پولات - تۆمۈر سانائىتىگە سېلىنغىنى 1.3 ھەسسە، رەڭلىك مېتال سانائىتىگە سېلىنغىنى 2.1 ھەسسە، غەيرىي مېتال تۈرىدىكى مىنېرال مەھسۇلاتلارغا سېلىنغىنى %38.5، خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى ۋە خىمىيە سانائىتى ياسالمىلىرىغا سېلىنغىنى %76.9 ئاشتى. 3 - كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 50 مىليارد 651 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %24.5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش، ترانسپورت، خەۋەرلىشىش كەسپىگە سېلىنغان مەبلەغ

15 مىليارد 490 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %25.1، تۆمۈريول قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 374 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %69.6، تاشيول قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليارد 957 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %23.2، ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتىغا سېلىنغان مەبلەغ 322 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.3، پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىشكە سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليارد 952 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %26.6 ئاشتى. يېزىلارغا مەبلەغ سېلىش جەھەتتە دېھقان ئائىلىلىرى سالغان مەبلەغ 4 مىليارد 808 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.2، غەيرىي دېھقان ئائىلىلىرى سالغان مەبلەغ 3 مىليارد 271 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %29.3 ئاشتى.

(6) نۇقتىلىق تۈرلەر ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلەپ، جەمئىيەت بويىچە مەبلەغ سېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق تۈردىن 39 نى ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈر 29، سېلىنغان مەبلەغ 25 مىليارد 907 مىليون يۈەن؛ يېڭىدىن ئىش باشلىنىدىغان تۈر 10، ئىش باشلانغىنى 8، سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 173 مىليون يۈەن.

5) ئىستېمال بازارلىرىدىكى ئېھتىياج ئاشتى، پارچە سېتىلىش سوممىسى جەھەتتە يەنە يېڭى ئېشىش بارلىققا كەلدى.

(1) ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىشى جەھەتتە 5 يىلدىن بۇيان يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 42 مىليارد 116 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %11.1 ئېشىپ، 2.1 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولۇپ، 1998 - يىلدىن بۇيانقى يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى.

(2) يېمەك - ئىچمەك كەسپىدە «V» شەكىللىك تەتۈر ئايلىنىش بولدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 6 مىليارد 64 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %14.3 ئاشتى. بىر يىلنىڭ ھەرقايسى ئايلىرىدا 1 - ئايدا %23.1، 2 - ئايدا %20.6، 3 - ئايدا %13.5، 4 - ئايدا %13.2، 5 - ئايدا %1.5-، 6 - ئايدا %7.1، 7 - ئايدا %12.1، 8- ئايدا %12.6، 9 - ئايدا %14.6، 10 - ئايدا %16.3، 11 - ئايدا %17.3، 12 - ئايدا %19.8 ئاشتى. «سارس» نىڭ تەسىرىدە يېمەك - ئىچمەك كەسپى 5 - ئايدا 21 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشۈپ قالدى، لېكىن 6 - ئايدىن باشلاپ تېز ئۆرلەپ، كۈچلۈك ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرىدىكى ئېشىش بارلىققا كەلدى، ئېشىش سۈرئىتى كۆرۈنەرلىك بولدى.

(3) تاۋار ئىستېمالىدا 4 چوڭ قىزىق نۇقتا بارلىققا كەلدى. ئاپتوموبىل ئىستېمالى مودىغا ئايلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتوموبىل ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەھسۇلاتلار داۋاملىق قىزغىن سېتىلىپ، زور ھەجىمدە ئاشتى. چەكلىك سوممىدىن يۇقىرى توپ ۋە پارچە سېتىش سودا كارخانىلىرىنىڭ ئاپتوموبىل سېتىش سوممىسى 5 مىليارد 404 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %22.2 ئاشتى. ئاپتوموبىلنىڭ قىزغىن سېتىلىشى نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سېتىلىشى گۈللەندى. 2003- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە چەكلىك سوممىدىن يۇقىرى توپ ۋە پارچە سېتىش سودا كارخانىلىرىنىڭ خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى تۈرىدىكى تاۋارلارنى سېتىش سوممىسى 354 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1.6 ھەسسە ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە يانفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %22.1 كە يېتىپ، 6.3 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى. يېڭى ساھەدىكى ئىستېمال غەزىنىلىشىشكە باشلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاھالىلەر تۇرالغۇ ئۆيى، بېزەش، ئارامبەخشلىك، كۆڭۈل ئېچىش ۋە تەربىيىلەش خاراكتېرىدىكى ئىستېمال چىقىمى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، بەزى تېخنىكا مىقدارى يۇقىرى، ناھايىتى قولايلىق، مەنىۋى مەدەنىيلىك جەھەتتىكى ئېھتىياجنى قاندۇرالايدىغان يېڭى تىپتىكى ئىستېمال بۇيۇملىرى كۈنسايىن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ سېتىلىشى %28.2، مەدەنىيەت ۋە خىزمەت بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىشى %22.4، ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇملىرى ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىشى %35.6، بىناكارلىق ۋە بېزەكچىلىك ماتېرىياللىرىنىڭ سېتىلىشى %47.2 ئاشتى. ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ئىستېمالىدا يەنە بىر قېتىم ئۆرلەش بولدى، ئائىلە ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشىدا خېلى يۇقىرى ئېشىش سۈرئىتى ساقلاپ قېلىندى. توڭ شامالدۇرغۇچ، دىزىنفېكسىيە ئىشكابى، ھاۋا ساپلاشتۇرغۇچ، مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق قاتارلىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ كۆپلەپ سېتىلىشىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە چەكلىك سوممىدىن يۇقىرى توپ ۋە پارچە سېتىش سودا كارخانىلىرىنىڭ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ۋە ئۈن - سىن ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىش مىقدارى %20.9 ئاشتى.

6) تاشقى سودىنىڭ ئېشىش ۋەزىيىتى ياخشى بولدى، ئېشىش ھەجمى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. تاموژنىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 4 مىليارد 772 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %77.3



2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تاشقى ئايلانما يولى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى. بۇ قۇرۇلۇشقا 2 مىليارد يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىندى، يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 31.25 كىلومېتىر.

شىڭ جيەن فوتوسى

ئېشىپ، 25.1 پىرسەنت پونكىتى يۇقىرى بولدى، ئېشىش سۈرئىتى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 40.2 پىرسەنت پونكىتى يۇقىرى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليارد 542 مىليون دوللارغا يېتىپ، %94.3، ئىمپورت سوممىسى 2 مىليارد 230 مىليون دوللارغا يېتىپ، %61.2 ئاشتى. بىر يىلدا ھەرقايسى ئايلاردىكى ئىمپورت - ئېكسپورتنىڭ ئېشىش ھەجمى %70 تىن يۇقىرى ئورۇندا ئايلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 - ئايدا %91.7، 4 - ئايدا %90.3 بولدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئاز سوممىلىق ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليارد 39 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %96.9 ئېشىپ، ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسىنىڭ %63.7 نى ئىگىلىدى؛ ئادەتتىكى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 436 مىليون دوللارغا يېتىپ، %78.6 ئېشىپ، %30.1 نى ئىگىلىدى.

2003 - يىلى شىنجاڭ بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 100 مىليون دوللاردىن ئاشقان دۆلەت 8 گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 3 دۆلەت كۆپەيدى. قازاقىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 2 مىليارد 546 مىليون دوللارغا يېتىپ، %86.5 ئېشىپ، %53.4 نى ئىگىلىدى.

روسىيە بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى %27.4، قىرغىزىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى %50.1، ئەزەربەيجان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى %76.4، ئامېرىكا بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى %54.9، ئىتالىيە بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى %28.2، ياپونىيە بىلەن بولغان ئىمپورت- ئېكسپورت سوممىسى %271.1، پاكىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى %268.2 ئاشتى.

ئەنئەنىۋى ئاساسلىق مەھسۇلاتلار ئىچىدە، كىيىم - كېچەك ۋە كىيىم - كېچەك قوشۇمچە لازىمەتلىكلىرى ئېكسپورت سوممىسى 760 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن 1.9 ھەسسە؛ ئاياغ كىيىم ئېكسپورت سوممىسى 450 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2.1 ھەسسە؛ يىپ، توقۇلما بۇيۇم ۋە باشقا مەھسۇلاتلار ئېكسپورت سوممىسى 140 مىليون دوللارغا يېتىپ، %22.4؛ تاۋلانمىغان مىس ۋە مىس ماتېرىيال ئىمپورت سوممىسى 760 مىليون دوللارغا يېتىپ، %39.4؛ پولات ماتېرىيال ئىمپورت سوممىسى 350 مىليون دوللارغا يېتىپ، %90.5 ئاشتى.

ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورت سوممىسى 344 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 1.1 ھەسسە ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى ئېكسپورت قىممىتىنىڭ %13.5 نى ئىگىلەپ، 2002 - يىلدىكىدىن 3.5 پىرسەنت پونكىتى يۇقىرى بولدى؛ ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى ئىمپورت سوممىسى 310 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1.4 ھەسسە ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى ئىمپورت قىممىتىنىڭ %13.7 نى ئىگىلەپ، 3.2 پىرسەنت پونكىتى يۇقىرى بولدى.

كوللېكتىپ، خۇسۇسىي كارخانا ۋە ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 990 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2.9 ھەسسە ئېشىپ، ئاپتونوم رايون ئېكسپورتىنىڭ %94.3 لىك ئېشىش سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى، سېلىشتۇرما نىسبىتى 2002 - يىلدىكى %19.4 تىن %38.9 كە ئۆرلىدى؛ كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 410 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2.7، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 490 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 4.9 ھەسسە ئېشىپ، شىنجاڭ ئېكسپورتىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشىدىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى.

ئېككىنچى، قاتناش - ترانسپورت مۇقىم ئاشتى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە توشۇلغان يولۇچى 270 مىليونغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %3.7، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 34 مىليارد 200 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %3.4 ئاشتى؛ توشۇلغان يۈك 376 مىليون توننىغا يېتىپ، %7.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى %11.7، تاشيولدا توشۇلغىنى %7

ئاشتى؛ يۈك ئوبوروت مىقدارى 83 مىليارد 704 مىليون توننا- كىلومېتىرغا يېتىپ، 10.2% ئاشتى. پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش كەسپىي مىقدارى 11 مىليارد 448 مىليون يۇەنگە يېتىپ، 20.9% ئاشتى.

### ئۈچىنچى، مالىيە، پۇل مۇئامىلە نورمال ئايلاندى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 12 مىليارد 822 مىليون يۇەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 10.1% ئاشتى. يەرلىك مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 36 مىليارد 847 مىليون يۇەنگە يېتىپ، 2% ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 266 مىليارد 165 مىليون يۇەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 41 مىليارد 579 مىليون يۇەن كۆپىيىپ، 2002 - يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 18 مىليارد 679 مىليون يۇەن كۆپ ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلار ئامانەت قويغان پۇل 76 مىليارد 349 مىليون يۇەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 5 مىليارد 766 مىليون يۇەن، ئورگان ۋە تەشكىلاتلار ئامانەت قويغان پۇل 15 مىليارد 695 مىليون يۇەنگە يېتىپ، 4 مىليارد 712 مىليون يۇەن؛ پۇقرالار ئامانەت قويغان پۇل 137 مىليارد 159 مىليون يۇەنگە يېتىپ، 23 مىليارد 381 مىليون يۇەن ئاشتى. پۇقرالار ئامانەت قويغان پۇل ئىچىدە قەرەلسىز ئامانەت پۇل 49 مىليارد 166 مىليون يۇەنگە يېتىپ، 11 مىليارد 423 مىليون يۇەن، قەرەللىك ئامانەت پۇل 87 مىليارد 993 مىليون يۇەنگە يېتىپ، 11 مىليارد 958 مىليون يۇەن ئاشتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ھەرخىل قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى 209 مىليارد 909 مىليون يۇەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 29 مىليارد 648 مىليون يۇەن ئېشىپ، 2002 - يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 11 مىليارد 306 مىليون يۇەن كۆپ ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل 79 مىليارد 824 مىليون يۇەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 16 مىليارد 798 مىليون يۇەن ئاشتى. ئوتتۇرا، ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى 36 مىليارد 800 مىليون يۇەنگە يېتىپ، 8 مىليارد 469 مىليون يۇەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى 3 مىليارد 333 مىليون يۇەنگە يېتىپ، 506 مىليون يۇەن، شەخسلەر ئالغان ئوتتۇرا، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستېمال قەرز پۇلى 24 مىليارد 970 مىليون يۇەنگە يېتىپ، 6 مىليارد 693 مىليون يۇەن ئاشتى.

### تۆتىنچى، باھا سەۋىيىسى ئازراق ئۆرلىدى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئاھالىلەر ئىستېمال باھاسىنىڭ ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى 0.4% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەردە 0.5%، يېزىدا 0.2% ئاشتى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سەۋىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 0.8 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەن بولدى، مەملىكەت بويىچە ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرلەر ئارا ئارقىدىن سانىغاندا 4 - ئورۇندا تۇردى، ئەڭ يۇقىرى بولغان خۇنەندىن 2 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەن، ئەڭ تۆۋەن بولغان شاڭخەيدىن 0.3 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى بولدى؛ غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ئىچىدە ئارقىدىن سانىغاندا 1 - بولدى.

2003 - يىلى شىنجاڭدا يېمەكلىك باھاسىنىڭ ئۆسۈشى باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئۆرلىشىدىكى ئاساسىي ئامىل بولدى، يەنى يېمەكلىك باھاسى 2.5% ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆكتاتنىڭ 29.1%، ماينىڭ 14.8%، قۇرۇق، ھۆل مېۋىنىڭ 4.8% ئۆرلىدى، بۇ ئۈچ خىل يېمەكلىك يېمەكلىك باھاسىنىڭ ئۆرلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئاشلىقنىڭ باھاسى 3.3%، تۇخۇمنىڭ باھاسى 2.2% چۈشتى.

تەكشۈرۈلگەن 8 چوڭ تۈردىكى تاۋار ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆينىڭ باھاسى 4.2%، يېمەكلىكنىڭ باھاسى 2.5% ئۆرلىدى، باشقا 6 خىل تاۋارنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە چۈشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېببىي داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ۋە شەخسلەر لازىمەتلىكلىرىنىڭ 5.2%، ئائىلە ئۈسكۈنىلىرى، لازىمەتلىكلىرى ۋە رېمونت مۇلازىمىتىنىڭ 1.1%، قاتناش ۋە خەۋەرلىشىشنىڭ 0.9%، كۆڭۈل ئېچىش، تەربىيىلەش، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ۋە مۇلازىمەتنىڭ 0.9%، كىيىم - كېچەكنىڭ 0.8%، تاماكا، ھاراق ۋە لازىمەتلىكلەرنىڭ 0.2% چۈشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھا ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى 2002 - يىلدىكىدىن 0.8% چۈشتى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھا ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى 1.1% ئۆستى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھا سەۋىيىسى 15.1% ئۆستى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر سانائەتنىڭ 21.4%، يېنىك سانائەتنىڭ 2.4% ئۆستى. خام ئەشيا - ماتېرىيال، يېقىلغۇ، ئېنېرگىيىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 14.8% ئۆستى. تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش باھا كۆرسەتكۈچى 3.4% ئۆستى.

### بەشىنچى، كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش كۆرسەتكۈچى زور ھەجىمدە ئۆرلىدى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كارخانىلارنىڭ

گۈللىنىش كۆرسەتكۈچى ۋە كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچ كۆرسەتكۈچى 1 - پەسىلدە ئەڭ يېقى سەۋىيىگە يەتتى، 2 - پەسىلدە «سارس» نىڭ تەسىرىدە ئازراق تۆۋەنلىدى، 3 - پەسىلدە قوشلاپ ئۆرلىدى، 4 - پەسىلدە 3 - پەسىلدىكىدىن سەل تۆۋەنلىدى، كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش كۆرسەتكۈچى 122 بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 3 .10 پىرسەنت پوئىنتىنى، كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچ كۆرسەتكۈچى 3 .124 بولۇپ، 1 .12 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى.

ئالتىنچى، خەلق تۇرمۇشى يەنىمۇ ياخشىلاندى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىيىتى ياخشى بولدى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7220 .61 (سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئامىل چىقىرىۋېتىلدى) گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 6 .9% ، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2106 .19 يۈەنگە يېتىپ، 13% ئاشتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 17 .77 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 18 .62 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 0 .3% ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرخىل يوللار ئارقىلىق 370 مىڭ 900 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشتىن قالدۇرۇلغان ۋە ئىشسىز خادىملاردىن قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 176 مىڭ 500. شەھەر - بازارلاردىكى تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتى 3 .8% بولدى. ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي مائاشى 33 مىليارد 154 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 13 .7% ، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 13 مىڭ 255 يۈەنگە يېتىپ، 14 .2% ئاشتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە ئەمەلىيەتتە 13 .6% ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 1 مىليون 351 مىڭ 300 گە يەتتى؛ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغانلار 220 مىڭ 500 ئائىلىدىكى 578 مىڭ ئادەم. ئاپتونوم رايون بويىچە 487 مىليون يۈەن كاپالەت پۇلى چىقىم قىلىندى.

جىن جيەنشىن

# ئىگىلىكنى رەتكە تۇرغۇزۇپ باھالاش ئەھۋالى

شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ يىللىق مەلۇمات ماتېرىيالىغا ئاساسەن شىنجاڭ ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 2003- يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئىگىلىكىدىن ئالدىنقى 10 نى رەتكە تۇرغۇزۇپ باھالاش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئالدىنقى 10 - لىككىچە بولغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شىخەنزە شەھىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) لەرنىڭ تەرتىپى تۆۋەندىكىچە: قاراماي (50 مىڭ 967 يۈەن)، ئۈرۈمچى (19 مىڭ 899 يۈەن)، بايىنغولىن ئوبلاستى (16 مىڭ 445 يۈەن)، تۇرپان ۋىلايىتى (15 مىڭ 101 يۈەن)، شىخەنزە شەھىرى (13 مىڭ 134 يۈەن)، سانجى ئوبلاستى (10 مىڭ 987 يۈەن)، قۇمۇل ۋىلايىتى (9134 يۈەن)، تارباغاتاي ۋىلايىتى (9126 يۈەن)، بورتالا ئوبلاستى (7997 يۈەن)، ئالتاي ۋىلايىتى (7871 يۈەن).

ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئالدىنقى 10 - لىككىچە بولغان ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرنىڭ تەرتىپى تۆۋەندىكىچە: كورلا شەھىرى (33 مىڭ 82 يۈەن)، فۇكاڭ شەھىرى (16 مىڭ 390 يۈەن)، كۈيتۇڭ شەھىرى (11 مىڭ 634 يۈەن)، سانجى شەھىرى (11 مىڭ 502 يۈەن)، مىچۈەن شەھىرى (11 مىڭ 597 يۈەن)، قۇمۇل شەھىرى (10 مىڭ 274 يۈەن)، ئاقسۇ شەھىرى (9828 يۈەن)، چۆچەك شەھىرى (9810 يۈەن)، شىخو شەھىرى (9321 يۈەن)، بورتالا شەھىرى (8652 يۈەن).

ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئالدىنقى 10 - لىككىچە بولغان ناھىيىلەرنىڭ تەرتىپى تۆۋەندىكىچە: پىچان ناھىيىسى (27 مىڭ 614 يۈەن)، ماناس ناھىيىسى (13 مىڭ 739 يۈەن)، چاقىلىق ناھىيىسى (12 مىڭ 167 يۈەن)، قۇتۇبى ناھىيىسى (10 مىڭ 908 يۈەن)، ساۋەن ناھىيىسى (10 مىڭ 364 يۈەن)، كۆكتوقاي ناھىيىسى (10 مىڭ 309 يۈەن)، لوپنۇر ناھىيىسى (10 مىڭ 183 يۈەن)، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى (10 مىڭ 131 يۈەن)، ئاراتۇرۇك

ناھىيىسى (9373 يۈەن)، جىڭ ناھىيىسى (8909 يۈەن).

ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ تەرتىپىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىدە يەنىلا شىمالنىڭ يۇقىرى، جەنۇبنىڭ تۆۋەن بولۇشتەك ۋەزىيەت مەۋجۇت، ئالدىنقى 10 - لىككىچە بولغانلار ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاران بايىنغولىن ئوبلاستىلا بار. ئاپتونوم رايون ئىگىلىكىدە يەنىلا روشەن پەرق ۋە ئىنتايىن تەڭپۇڭسىزلىق مەۋجۇت، 1- ئورۇندا تۇرغان قاراماي شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئاخىرىدا تۇرغان خوتەن ۋىلايىتىنىڭكىدىن 24 ھەسسە يۇقىرى.

ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيە دەرىجىلىك 16 شەھەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئاپتونوم رايون ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 17.3% نى ئىگىلەپ، 2002 - يىلدىكىدىن 10.5 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولغان، ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولغان 8 ناھىيە دەرىجىلىك شەھەردىن بىرى ئازايغان. شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭكىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولغان، ئالدىنقى 10 - لىككىچە بولغانلار ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەر 80% نى ئىگىلەيدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىك ئىگىلىكنىڭ تەرتىپ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ناھىيە دەرىجىلىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى كۆرۈنەرلىك تېز بولدى، لېكىن ئومۇمىي مىقدار كۆلىمى كىچىكرەك بولدى، تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقى زور بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى رايونلار شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئارقىدا قالدى. ئاپتونوم رايوندىكى 67 ناھىيە (ئۈرۈمچى ناھىيىسى بۇنىڭ سىرتىدا) نىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئاپتونوم رايون ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 21.3% نى ئىگىلىدى، لېكىن ئۈرۈمچى، قاراماي ۋە شىخەنزە شەھەرلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئاپتونوم رايون ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 3.1% نى ئىگىلىدى. ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان پىچان ناھىيىسىنىڭ 27 مىڭ 614 يۈەن، ئەڭ تۆۋەن بولغان گۇما ناھىيىسىنىڭ 1713 يۈەن بولدى، ئالدىنقى 10 - لەر قاتارىدا تۇرغانلاردىن جەنۇبىي شىنجاڭدا بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى 2 ناھىيىلا بار، لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتا ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان كۇچا ناھىيىسى (5463 يۈەن) بولۇپ، ئۇ ئاران 29 - ئورۇندا تۇردى. ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، يۇقىرى قوشۇلما قىممەتلىك تۈۋرۈك كەسىپلەر كەمچىل، كەسىپ قۇرۇلمىسى بىرلا خىل بولۇش، 2-، 3 - كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئېغىر دەرىجىدە ئارقىدا قېلىش جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب.

گۈلنار

# مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى

## پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئېيى

2003 - يىل 3 - ئاي شىنجاڭ بويىچە 2 - قېتىملىق پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئېيى. جايلار «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇش پروگراممىسى» نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەشكە بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش ۋە يېتىلدۈرۈش، «ئىشەنچ» تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت كادىر ۋە ئاممىسىنى ئەخلاق ئەمەلىيىتى پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا پائال يېتەكلىدى. جايلار ۋە ئورۇنلار دوكلات يىغىنى، قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسى، لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى، ئۆگىنىش كۈنى قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، «پروگرامما» نى ئۆگىنىشنى ۋە تەربىيىلەشنى تۇتتى. تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى پائال سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشۋىقات بازىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ياخشى بولغان جامائەت پىكرى كەيپىياتى شەكىللەندۈردى. جايلار جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى قاتنىشىشقا پائال سەپەرۋەر قىلىپ، ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىدىغان ۋە پايدىلىق بولغان ئەخلاق ئەمەلىيىتى پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى. جايلار «ئىشەنچ» قۇرۇلۇشىنى پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ گەۋدىلىك ئورنىغا قويۇپ، ئۇنى مەدەنىي

شەھەر، مەدەنىي كەنت - بازار، مەدەنىي ساھە، مەدەنىي ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ مەزمۇنىغا كىرگۈزدى. چوڭ ساھە ۋە سىستېمىلار «ئىشەنچ» قۇرۇلۇشى جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، خىزمەت مىخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساھەلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئاشكارا مۇلازىمەت قىلىش ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئېلىپ باردى. شەھەر-يېزىلاردىكى ھەر مىللەت كادىر ۋە ئاممىنىڭ ئىشەنچ كۆزقارىشى، «ئىشەنچ» ئېڭى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، نەتىجىدە ئىناۋەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، سەمىمىي، راستچىل بولىدىغان ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات تەدرىجىي شەكىللەندى. جايلار مىللىي روھنى جارى قىلدۇرۇش ۋە يېتىلدۈرۈشنى ئاساسىي مىلودىيە قىلىپ، لېي فېڭ روھىنى جارى قىلدۇردى. مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردا 6.8 بال قاتتىق يەر تەۋرىگەندىن كېيىن، جايلار ئارقا - ئارقىدىن پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىپ، ئاپەت رايوندىكى خەلقنىڭ يۇرت - ماكانىنى قايتا قۇرۇشىغا ياردەم بەردى. جايلار ۋە ساھەلەر يېڭى تىپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ ۋە كېڭەيتىپ، مىللىي روھنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلىدى، بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى. مەسىلەن: قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تىجارەت بۆلۈمى ئوتتۇرىغا چىقارغان «پارتىيىگە خىزمەت قىلىش پونكىتى»، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئوتتۇرىغا چىقارغان «ئەپچىل، تىنچ پويىز كۈتۈش زالى» قاتارلىق بىرتۈركۈم ئىلغار تىپلار ئاپتونوم رايوندىكى كادىر ۋە ئاممىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسىگە ئايلاندى.

رېن جيەندۇڭ

## ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي پويىز

2003 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى يولۇچى توشۇش شىركىتى خەنكۇ پويىز ئەترىتىنىڭ T194/193، 192/191 - قېتىملىق يولۇچىلار پويىزىغا ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي پويىز دەپ نام بەردى.

رېن جيەندۇڭ

## غەربنى ئېچىش بويىچە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى غەربنى ئېچىش بويىچە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشىنى مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى ھەممە جايلاردىن بىرتۇتاش تەلەپكە ئاساسەن، مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا «غەربنى ئېچىش بويىچە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى» غا ئالاقىدار ئەھۋال ۋە تەلەپلەرنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇقتۇرۇش بىلەن بىللە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا «غەربنى ئېچىش بويىچە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى» نى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئۇزارتىلىدىغانلىقىنى، «ئۇلۇغۋار غايىلىكلەر سىنىپى» ئېچىشقا دائىر ئەھۋاللارنى تەشۋىق قىلىشنى ۋە ئۇقتۇرۇشنى، ئىمتىھاندىن ئاۋۋال تاللاشنى داۋاملىق يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى تەقسىم قىلىنغان نورمىغا ئاساسەن، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىلىرى تېزىدىن ئالاقىدار خادىملارنى ئىمتىھاندىن ئىلگىرىكى تاللاشقا تەشكىللىدى، قاتتىق قېلىپلاشقان مەشغۇلات ئارقىلىق، قاتلاممۇ قاتلام تاللاندى ۋە ئۆتكەل قاتلاممۇ قاتلام ئىگىلەندى. ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق، «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن مەبلەغ ياردەم بېرىلىدىغان 125 ئوقۇغۇچى بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 93 (ئۇيغۇر 67، قازاق 13، قىرغىز 5، خۇيزۇ 3، موڭغۇل 2، دۇڭشياڭ بىر، شىبە بىر، تاجىك بىر)، خەنزۇ ئوقۇغۇچى 32؛ شەھەر - بازارلاردىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچى ئائىلىسىنىڭ ياكى كەسپى يوق، ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئائىلىنىڭ پەرزەنتى 59، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتى 66، ئانىسى ياكى ئانىسى، ياكى ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئائىلىنىڭ پەرزەنتى 41.

2003 - يىلدىن باشلاپ «ئۇلۇغۋار غايىلىكلەر سىنىپى» دا ئوقۇيدىغانلار ئىمتىھاندىن ئاۋۋال تاللانغاندىن باشقا، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ھوقۇقى سىنىپ ئاچقان ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە چۈشۈرۈپ بېرىلدى، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۆز ئالدىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپى 50 ئوقۇغۇچى (ئوغۇل 30، قىز 20) قوبۇل قىلدى، 2 ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى ئىمتىھان بېرىپ كىردى. ئەڭ يۇقىرى نومۇر 750 بولدى، كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى 650 ئەتراپىدا بولدى. شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپمۇ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى.

ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇيدىغان 2 «ئۇلۇغۋار قابىلىيەتلەر سىنىپى» دىكى 100 ئوقۇغۇچىنىڭ %90 تىن كۆپرەكى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات ناھىيىنىڭ يېزىلىرىدىن كەلگەن. 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى 2003 - يىللىق غەربنى ئېچىش بويىچە ئوقۇتقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشىدا مەبلەغ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش ياردەم پۇلى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، 2003 - يىللىق شىنجاڭ تەۋەسىدىكى 86 نەپەر مەبلەغ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋە شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى، ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئاچقان «ئۇلۇغۋار قابىلىيەتلەر سىنىپى» دىكى ئوقۇغۇچىلارغا مەبلەغ ياردەم بېرىش كىنىشكىسى ۋە ئوقۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

رىن جيەندۇڭ

## 22 ئورۇننىڭ مەدەنىي ئورۇن دېگەن نامى ئېلىپ تاشلاندى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتى 22 ئورۇننىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن دېگەن نامىنى بىكار قىلدى. بۇ ئورۇنلار مۇنۇلار: شىنجاڭ 3- ستانوك زاۋۇتى، شىنجاڭ تىرىلمە تالا زاۋۇتى، شىنجاڭ تاشقى سودا ترانسپورت شىركىتى، بىڭتۇەن 4 - ترانسپورت زاۋۇتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى 7009 - زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پىكاپ رېمونت زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەم- بوغۇز شىركىتى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەرلىك باج ئىدارىسى داۋانچىڭ رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى لۈيۈەنگەي سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى، شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، بىڭتۇەن سانائەت 1 - شىسى 5 - بىناكارلىق شىركىتى، بىڭتۇەن سانائەت 1 - شىسى 6 - بىناكارلىق شىركىتى، قۇمۇل شەھەرلىك پىۋا زاۋۇتى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى، ئالتاي «تەييۈن» گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئالتاي تاغلىق ئورمانچىلىق ئىدارىسى قابا ئورمانچىلىق مەيدانى، تۇرپان داخېيەن پاختا - چىگە پونكىتى، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك شۆبىسى، شىخو ئاپتوموبىل باشقۇرۇش پونكىتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار) ئىشخانىسى.

رىن جيەندۇڭ

## 29 ئورۇننىڭ مەدەنىي ئورۇن دېگەن نامى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جايلاردىكى بەزى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇنلار تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، قوشۇۋېتىش، كۆچۈش، ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەسلىدىكى ئورۇن مەۋجۇت بولماي قالدى. شۇ جايدىكى مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىي ئورۇن قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش چارىسى» نىڭ 30 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتى بىر تۈركۈم ئورۇنلارنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن دېگەن شەرەپ نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىي ئورۇن دېگەن ۋىۋېسكىسىنى قايتۇرۇۋېلىشنى قارار قىلدى. بۇ ئورۇنلار مۇنۇلار: ئۈرۈمچى شەھەرلىك قىزىلتاغ مېھمانسارىيى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك قىزىلتاغ سودا سارىيى، ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى خېيجياشەن ئاھالىلەر كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى شەرقىي «دوستلۇق يولى» 2- ئاھالىلەر كومىتېتى، شىنجاڭ مالىيە مەكتىپى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ئۈرۈمچى ۋاڭجياگۇ نېفىت ئۈسكۈنە - ماتېرىياللىرى باش ئامبىرى، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتى پولات ئاۋلاش زاۋۇتى، شىنجاڭ تەنتەربىيە مېھمانسارىيى، شىنجاڭ «ئۇچقۇن» ماشىنا - ئۈسكۈنە زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد تەرەققىيات باش شىركىتىنىڭ يەر ئاستى كوچىسى سودا سارىيى، ئۈرۈمچى شەھىرى يۇمىلاق تاغ نېفىت ساقلاش شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ تەڭرىتاغ رايونلۇق شۆبىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ سايباغ رايونلۇق شۆبىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ شىمىگو رايونلۇق شۆبىسى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك نېفىت - گاز ساقلاش - توشۇش شۆبە شىركىتىنىڭ ئورگىنى، ئۈرۈمچى شەھىرى دۇڭشەن قاماقخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى چارلاش ساقچىلىرى 7 - چوڭ ئەترىتى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلبايراق يولى تارمىقى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى بېيمېن تارمىقى، شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتى، شىخەنزە تىببىي ئىنىستىتۇتى، شىخەنزە مال سېتىۋېلىش - تەمىنلەش پونكىتى، شىخەنزە «شياڭيالىڭ» سودا سارىيى، شىخەنزە يېمەك- ئىچمەك شىركىتى، شىخەنزە ئۇزۇن يوللۇق سىملىق يەتكۈزۈش شۆبە ئىدارىسى، ساۋەن ناھىيىلىك مېتال بۇيۇملار- خىمىيە سانائىتى بۇيۇملىرى شىركىتى، گۇما ناھىيىلىك سودا- سانائەت بانكىسى.

رىن جيەندۇڭ

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2003 - يىلدىكى مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاپتونوم ئوبلاست 5 | ۋىلايەت 7 | ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر 2 | ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر 20 |
| ناھىيە 62 | ئاپتونوم ناھىيە 6 | شەھەرگە قاراشلىق رايون 11 | رايونلۇق مەھكىمە 11 |
| يېزا 628 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي يېزا 43) | بازار 229 | مەھەللە ئىش باشقارمىسى 137 | |

| | | |
|---|---|---|
| ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، رايون ناملىرى | | قاراشلىق رايون، بازار، يېزا، مەھەللە ئىش باشقارمىسى، رايونلۇق مەھكىمە |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | «تەڭرىتاغ» رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: قارلىغاچلىق، «غالىبىيەت» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى، جەنۇبىي «ئازادلىق» كوچىسى، «تىنچلىق» كوچىسى، شىمالىي «ئازادلىق» كوچىسى، دۆڭمەن، شىمالىي «شىنخۇا» كوچىسى، جەنۇبىي «شىنخۇا» كوچىسى، ياشلار كوچىسى، «بەخت» كوچىسى، شور بۇلاق، «بەنئەن» كوچىسى؛ يېزا: داۋان |
| | سايباغ رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «چاڭجياڭ» كوچىسى، خوتەنگەي، «ياڭزىجياڭ» كوچىسى، جەنۇبىي «دوستلۇق» كوچىسى، «1 - ئاۋغۇست» كوچىسى، لۈيەنگەي، شىمەن، يامالىق تېغى، شىمالىي «دوستلۇق» كوچىسى، خۇڭمياۋزى |
| | يېڭىشەھەر رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «بېيجىڭ» كوچىسى، ئەرگۈڭ، سەنگۇڭ، يېڭى نېفىت كەنتى، «مېھمان كۈتۈش» كوچىسى، شەرقىي «قەشقەر» كوچىسى، «تيەنجىن» كوچىسى، «يەنجۇەن» كوچىسى، «خاڭجۇ» كوچىسى، «نەنۋېي» كوچىسى، شەرقىي «بېيجىڭ» كوچىسى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، يۇقىرى يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى؛ يېزىلار: ئەرگۈڭ، دۇۋوپۇ |
| | شىمكۇ رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شىمكۇ، ليۇداۋان، ۋېيخۇلياڭ، «يېڭى خەلق» كوچىسى، باداۋان، يەكەنكۆل جەنۇبىي كوچىسى، يېكەنكۆل شىمالىي كوچىسى؛ يېزا: چىداۋان |
| | تۇدۇڭخابا رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: تۇدۇڭخابا، غەربىي پويىز ئىستانسىسى، «ئۈرۈمچى - سانجى» كوچىسى، ۋاڭجياگۇ، «غەربىي شىمالىي ۋوگزال» كوچىسى |
| | داۋانچىڭ رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: ئىۋرغول، شىلخو، ئۇلانباي، يۇئېرگۇ؛ بازار: داۋانچىڭ؛ يېزىلار: دۇڭگۇ، شىگۇ، ئاقسۇ |
| | دۇڭشەن رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: كازىۋەن، دىباڭ، نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى؛ يېزا: لۇساۋگو |
| | ئۈرۈمچى ناھىيىسى | بازار: يۇڭفىڭ، شۇيشىگو؛ يېزىلار: چىڭگېداخو، سىشىخو، ليۇشىخو، سارداۋان، يۇڭخېڭ، گەنگو، شياۋچۇزى، بەنفاڭگو، تولى |
| قاراماي شەھىرى | مايتاغ رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شىمالىي كەنت، «جىنشەن» كوچىسى، «شىنىڭ» كوچىسى |
| | قاراماي رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «تەڭرىتاغ» كوچىسى، «غالىبىيەت» كوچىسى، «55» يېڭى بازىرى، «جىنلۇڭ» بازىرى، «كوئېنلۇن» كوچىسى، «سامايولى» كوچىسى؛ يېزا: شۆگەي |
| | جەرەنبۇلاق رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «جۇڭشىڭ» كوچىسى، «سەنپىڭ» كوچىسى |
| | ئورقۇ رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: ئاقبۇلاق؛ يېزا: ئورقۇ |
| تۇرپان ۋىلايىتى | تۇرپان شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «كونا شەھەر» كوچىسى، «ئىدىقۇت» كوچىسى؛ بازار: چىچان، داخېيەن؛ يېزىلار: يار، ئاستانە، قاراغوجا، ئايدىڭكۆل، چاتقال، سىڭگىم، ئۈزۈمچىلىك |
| | پىچان ناھىيىسى | بازار: پىچان، لۇكچۈن، پىچان پويىز ئىستانسىسى، چىقتىم، لەمجىن؛ يېزىلار: پىچان، دالانكارىز، دىغار، تۈيۇق، دۆڭبازار خۇيزۇ يېزىسى |
| | توقسۇن ناھىيىسى | بازار: توقسۇن، كۈمۈش، كۆجەي؛ يېزىلار: شاھ يېزىسى، غولبويى، ئىلانلىق، بوستان |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | قۇمۇل شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شەرقىي ئۆستەڭ رايونى، غەربىي ئۆستەڭ رايونى، يېڭىشەھەر رايونى، يېڭى نېفىت شەھىرى، لىيۇەن؛ بازار: يامانسۇ، يەتتە قۇدۇق، ئارايۇلتۇز، ئاستانە؛ يېزىلار: تاشۆلىسىق، تەڭرىتاغ، قوشقۇدۇق، بۇلۇڭتوغراق، پالۋانتۇر، شەھەر ئىچى، رامەتباغ، بوغاز، قارادۆۋە، غەربىي تاغ، ئاقتاش، ليۇشۇگو، دەۋەلدۆرۈك قازاق يېزىسى، ئۇلاتاي قازاق يېزىسى |
| | باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: باركۆل، بورچۇنچى، كۈيسۇ، داخې؛ يېزىلار: سارچۇقا، كۆلياقا، شيالوبا، شىرىنزا، خوايۇەن، سەنتاڭخۇ، چوڭ قۇلۇنچەرى، باچاڭزى |
| | ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | بازار: ئاراتۈرۈك، نوم؛ يېزىلار: ئاداق، باي، تۈركۆل، توخۇلۇ، نېرىنكىر قازاق يېزىسى |

| ۋىلايەت / ئوبلاست | شەھەر / ناھىيە | مەزمۇن |
| --- | --- | --- |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | سانجى شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: كوناشەھەر، جەنۇبىي «يەنئەن» كوچىسى، شىمالىي «يەنئەن» كوچىسى، شەھەر ئەتراپى رايونى؛ بازار: ليۇخۇائىگو، يۈشۈگۈ، سەنگۇڭ، ليۇگۇڭ، ئەرليۇگۇڭ، داشىخۇ؛ يېزىلار: دەنبا، يىنخۇ، مياۋئېرگو، ئاشلى قازاق يېزىسى |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | فۇكاڭ شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «يېڭى فۇكاڭ» كوچىسى، «بوغدا» كوچىسى، شەرقىي «جۇڭغار» كوچىسى؛ بازار: گەنخېزا، جيۇيۈنگەي، زىنىجۇەنزە، بازار؛ يېزىلار: شىمگۇ، سەنگۇڭخې قازاق يېزىسى، ئاقتول قازاق يېزىسى |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | مىچۈەن شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «دوستلۇق» كوچىسى، غەربىي «گۇمۇدى» كوچىسى، شەرقىي «گۇمۇدى» كوچىسى؛ بازار: گۇمۇدى، تيېجاڭگو، چاگەنزە، سەندوبا، ياڭماۋگۇڭ؛ يېزىلار: تېرەكلىك قازاق يېزىسى |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | قۇتۇبى ناھىيىسى | بازار: قۇتۇبى، دافېڭ، چۆرىكۆل، ئەرشىلىدەن، يۈەنخۇسۈن، ۋۇگۇڭتەي؛ يېزىلار: تاشپەلەمپەي قازاق يېزىسى، قاراتۇپە قازاق يېزىسى |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | ماناس ناھىيىسى | بازار: ماناس، لوتۇبى، باۋجيادەن، لياڭجۇخۇ، ليۇخۇدى، بەيۇۋچا، لەنجوۋەن؛ يېزىلار: گۇاڭدۇڭدى، چىندىخوزا قازاق يېزىسى، تاسىرقاي قازاق يېزىسى، خەنكازىتەن قازاق يېزىسى |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | گۇچۇڭ ناھىيىسى | بازار: گۇچۇڭ، لاۋچىتەي، بەنجيېگۇ، جيېكى، دۇڭگۇەن، شىدى؛ يېزىلار: بىليۇخې، شىبيېۋەن، كارىز، گۇچۇڭ، چىخۇ، سەنگىجاڭزا، ۋۇماچاڭ قازاق يېزىسى، چورىن قازاق يېزىسى، داچۈەن تاتار يېزىسى |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | جىمسار ناھىيىسى | بازار: جىمسار، سەنتەي، چۈەنزىگەي، بېيتىڭ؛ يېزىلار: ئەرگۇڭ، لاۋتەي، چىڭياڭخۇ، شىندى، دايۇ |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: مورى، شىجىر، دۇڭجېڭ؛ يېزىلار: ئىنگىنبۇلاق، جاۋبىسەن، شىنخۇ، چۆرىن، بەيياڭخې، چوقپارتاش، بوستان، دانەنگۇ ئۆزبېك يېزىسى |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | بورتالا شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: چىندېل، گۇلۇمتۇ، كىرگىنزو، سەنتەي؛ بازار: شويىگېەن، دالتۇ، گوتبۇلاق؛ يېزىلار: چىندېل، بېلىن خارمۇدۇن |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | جىڭ ناھىيىسى | بازار: جىڭ، داخيېزە؛ يېزىلار: ماندابۇلاق، تولى، تودوگ |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | ئارشاڭ ناھىيىسى | بازار: بۆگدۆر، خاربوخ؛ يېزىلار: ئاڭگىلىڭ، چاغانتۇڭگې، تاشۆ، زالمۆت |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | كورلا شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: سايباغ، قورۇلۇش، «تەڭرىتاغ»، يېڭىشەھەر، ئىنتىپاق؛ بازار: تاشدەن، شاڭخۇ؛ يېزىلار: يېڭىشەھەر، تېكچى، چارباغ، پۇخۇي، ئاۋات، توۋۇرچى، قوشئېرىق، قارا يۇلغۇن، لەڭگەر |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | بۈگۈر ناھىيىسى | بازار: بۈگۈر، جەنۇبىي بۈگۈر، چۇمپاق، يېڭىسار؛ يېزىلار: قاراباغ، ئاقبۇلاق، چېدىر، سوغۇ، تارلاق، تېرەك بازار، ئەشمە |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | لوپنۇر ناھىيىسى | بازار: لوپنۇر، شىنغا؛ يېزىلار: تارىم، شىڭپىڭ، «ئىتتىپاق»، دۆڭقوتان، قارچۇغا، ئاقسۇپى، گۈلباغ |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | چاقىلىق ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: چىمەن؛ بازار: چاقىلىق، يىتىمبۇلاق، لوپنۇر كۆلى؛ يېزىلار: تىكەنلىك، ئۇتام، ۋاششەرى، تۆمۈرلۈك، چىمەنتاغ |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | چەرچەن ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: ئاچچان؛ بازار: چەرچەن؛ يېزىلار: ئارال، چوڭكۆل، توغراقلىق، باغئېرىق، يېڭىئۆستەڭ، ئاق تىكەندۆڭ، قوشساتما، تاتىراڭ، ئاچچان، قورامىلىق، ئويىيايلاق |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: قاراشەھەر، شىكشىن، يۇڭنىڭ، دەنزىل؛ يېزىلار: بېيداچۇ، ۋۇخاۋچۇ، بورقاي، چاغانچېكە |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | خېجىڭ ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: بايىنبۇلاق؛ بازار: خېجىڭ، بالغونتاي، بارۇن خارمۇدۇن، خارمۇدۇن؛ يېزىلار: نەمىنمودۇن، شەلمىربوخ، كىرغۇت، ئالغۇ، ئۆلجېتئۆل، بايانغول، بايانئول، كۆنگۈسىنغول |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | خوشۇت ناھىيىسى | بازار: تېۋلغا؛ يېزىلار: چۇقۇ، تاغارچى، سۇغاتۇ، نەرىنكىر، شىنتاران، ئۇششاق تال خۇيزۇ يېزىسى |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | باغراش ناھىيىسى | بازار: باغراش، بۇمبۇت؛ يېزىلار: تابانچۆكۆن، ئۇلانجېكسېن، چاغاننۇر، چېكسىننۇر، باغراش |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | ئاقسۇ شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: لەڭگەر، يېڭىبازار، قىزىلكۆۋرۈك، يېڭىشەھەر، جەنۇبىي شەھەر؛ بازار: قاراتال، ئايكۆل؛ يېزىلار: ئىگەرچى، بەشتوگمەن، توپلۇق، قۇمباش |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | ئونسۇ ناھىيىسى | بازار: ئونسۇ، تۆمشۇق، جام، ئارال، قىزىل؛ يېزىلار: توخولا، چاغراق، ئىشلەمچى، گۈلئاۋات، بوزدۆڭ قىرغىز يېزىسى |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | كۇچا ناھىيىسى | بازار: كۇچا، ئۇچا، ئالاقاغا، چىمەن، دۆڭقوتان، ياقا، ئۆزۈن، ئىشخىلا، ياقىلا؛ يېزىلار: ئۈچئۆستەڭ، بىھىشباغ، خانىقاتام، ئاقئۆستەڭ، ئاغى، تارىم |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | شايار ناھىيىسى | بازار: شايار، تويبولدى، قىزىلبايراق، يېڭىمەھەللە؛ يېزىلار: گۈلباغ، قايلۇر، نۇرباغ، تارىم |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | توقسۇ ناھىيىسى | بازار: توقسۇ، يۇلتۇزباغ؛ يېزىلار: ئىچئېرىق، پەيشەنبە بازار، تاشئېرىق، ئامتوغراق، ئۆگەن، ئۇچقات |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | باي ناھىيىسى | بازار: باي، تېرەك، چارچى، سايرام؛ يېزىلار: قىيىر، قىزىل، توقسۇن، ياتۇر، كانچى، بۇلۇڭ، مىجىغ، ئونباش، چولۇق كۆۋرۈك، قاراباغ |

| | | |
|---|---|---|
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | ئۈچتۇرپان ناھىيىسى | بازار: ئۈچتۇرپان؛ يېزىلار: ئاقتوقاي، ياركۆۋرۈك، ئاچاتاغ، ئاقيار، ئىمامىلىرىم، يېڭىئاۋات، ئوتبېشى، يامانسۇ قىرغىز يېزىسى |
| | ئاۋات ناھىيىسى | بازار: ئاۋات، ئورۇچۆل، بەشئېرىق؛ يېزىلار: ئايباغ، تامتوغراق، يېڭىئېرىق، دولان، ياغتوغراق |
| | كەلپىن ناھىيىسى | بازار: كەلپىن؛ يېزىلار: گەزلىك، يۇرچى، ئاچال، چىلان |
| قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | ئاتۇش شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «بەخت» كوچىسى، «نۇر» كوچىسى؛ يېزىلار: سۇنتاغ، ئازاق، ئاغۇ، ئۈستۈن ئاتۇش، كاتتايلاق، تۇگۇرمىتى، قاراجول |
| | ئاقتۇ ناھىيىسى | بازار: ئاقتۇ، ئويتاغ؛ يېزىلار: ئۆجمە، پىلال، بارىن، قاراكېچىك، جامالتېرەك، مۇجى، بۇلۇڭكۆل، قىزىلتۇ، چارلۇڭ، كومراپ، تار تاجىك يېزىسى |
| | ئاقچى ناھىيىسى | بازار: ئاقچى؛ يېزىلار: قۇلانساراق، ساپارباي، سۇمتاش، قاراچى، قارابۇلاق |
| | ئۇلۇغچات ناھىيە-سى | بازار: ئۇلۇغچات، كانسۇ؛ يېزىلار: ئۇلۇغچات، ئوقسالۇر، جىغىن، بورىتوقاي، قىزىلئۆي، توبون، تېرەك، بايقۇرۇت، بوستانتېرەك |
| قەشقەر ۋىلايىتى | قەشقەر شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: چاسا، يارباغ، ئۆستەڭبويى، قۇمدەرۋازا؛ يېزىلار: نەزەرباغ، شامالباغ، دۆلەتباغ، قوغان |
| | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | بازار: توققۇزاق؛ يېزىلار: ئوپال، تاشمىلىق، تېرىم، بۇلاقسۇ، ساياباغ، زەمىن، ئوغۇساق، پاختەكلى، سەمەن، خانئەرىق، لەڭگەر، مۇش، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، ئاققاش |
| | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | بازار: يېڭىشەھەر، خانئېرىق، ياپچان؛ يېزىلار: بارىن، ياندۇرما، يامانيار، باغچى، تازغۇن، يېڭىئېرىق، تاغارچى، ئەرمۇدۇن، قومۇشئېرىق، ئارال، ھاراپ، يېڭىئاۋات |
| | يېڭىسار ناھىيىسى | بازار: يېڭىسار؛ يېزىلار: بازار، چولپان، ماڭشىن، ئۇچار، سۆگەت، توپلۇق، قىزىل، ئەگىس، لومپا، ساغان، يېڭىيەر، سىيىتلە، ئىگىزيەر |
| | پوسكام ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: كۆيباغ؛ بازار: پوسكام، كۆيباغ؛ يېزىلار: پوسكام، يىما، گۈلباغ، سەيلى، ئىككىسۇ، تۇغچى، كۆيباغ، ئاقتام، ئايكۆل، بۇيلىق تاجىك يېزىسى |
| | يەكەن ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: تومئۆستەڭ، ئىشقول، ئودانلىق، قوشراپ، ئاۋات، ئىلىشقۇ، بەشكەنت؛ بازار: يەكەن، چارەك، ئىلىشقۇ، خانئەرىق، ئاۋات، بەشكەنت، ئىگەرچى؛ يېزىلار: گۈلباغ، ئارال، چارباغ، يېڭىئۆستەڭ، تومئۆستەڭ، ئودانلىق، ئارسلانباغ، ياقا ئېرىق، ئىشقول، مىشا، پەكىچى، تاغارچى، قوشئېرىق، دۆڭباغ، ئالامەت، ئازادباغ، باغئاۋات، قاراسۇ، قوشراپ، كاچۇڭ، دامىي، زەرەپشات تاجىك يېزىسى |
| | قاغىلىق ناھىيىسى | بازار: قاغىلىق، چارباغ، ئۈششارباش؛ يېزىلار: لوق، بەشئېرىق، تىتىر، چاسا مەسچىت، تۆگىچى، جاڭگىلىئەسكى، جايتېرەك، بارىن، غوجا ئېرىق، شاخاپ، يىلقىچى، چىپان، ساياباغ، يېتىملىقۇم، زوڭلاڭ، كۆكيار، شىخوشۇ |
| | مەكىت ناھىيىسى | بازار: مەكىت؛ يېزىلار: بازارجەمى، شىيەتدۆڭ، ياتتاق، تومەنتال، غازكۆل، قىزىلئاۋات، قۇمقۇسار، ماڭغىتلىق، قۇرما |
| | يوپۇرغا ناھىيىسى | بازار: يوپۇرغا، ئەشمە؛ يېزىلار: يوپۇرغا، سىيەك، يەكشەنبە بازار، ئاچچىق، تېرىم، بايئاۋات، ئاخۇنلۇقۇم |
| | پەيزاۋات ناھىيىسى | بازار: بارىن، شىكەركۆل؛ يېزىلار: تېرىم، يېڭىمەھەللە، جامباز، غولتوغراق، قىزىلبويى، مىشا، شاپتۇل، قوشئاۋات، قىزىلسۇ، گۈللۈك، ئۆردەكلىك |
| | مارالبېشى ناھىيىسى | بازار: مارالبېشى، سېرىقبۇيا، ئاۋات، ئاچال؛ يېزىلار: چاھارباغ، دۆلەتباغ، ئاناركۆل، شامال، ئاقساقمارال، ئالاغىر، چوڭقۇرچاق، يېڭىئۆستەڭ |
| | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: تاشقورغان، تاجىكئاۋات؛ يېزىلار: تاشقورغان، تاغارما، تىزناپ، دەفتەر، ماريالڭ، ۋەچە، بەلدىر، قوغۇشلۇق، بورۇمسال، داتۇڭ، كۆكيار قىرغىز يېزىسى |
| خوتەن ۋىلايىتى | خوتەن شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: ناۋۇي، نورباغ، گۈلباغ، گۈجانباغ؛ بازار: لاسكۈي؛ يېزىلار: ئىلچى، شورباغ، گۈجانباغ |
| | خوتەن ناھىيىسى | بازار: باغچى؛ يېزىلار: لايقا، بوزاق، تۇسالا، خانئېرىق، يېڭىئاۋات، يېڭىئېرىق، لاڭرۇ، سېغىز كۆل، ئىسلامئاۋات، تەۋەككۇل، قاشتېشى |
| | قاراقاش ناھىيىسى | بازار: قاراقاش؛ يېزىلار: توخۇلا، زاۋا، ئاقساراي، جاھانباغ، ساياباغ، ئۇرچى، ماڭلاي، پۇرچاقچى، قويچى، كۆيا، ياۋا، قاراساي، تۇۋەت، يېڭىيەر، كاۋاك |
| | گۇما ناھىيىسى | بازار: گۇما، دۇۋا؛ يېزىلار: قوشتاغ، كۆكتېرەك، سانجۇ، مۇجى، موكۇيلا، زاڭگۇي، پىشنا، چودا، پىيالما، بەشلەڭگەر، كىلياڭ، ناۋئابات تاجىك يېزىسى، كەڭقىر قىرغىز يېزىسى |
| | لوپ ناھىيىسى | بازار: لوپ، يۇرۇڭقاش؛ يېزىلار: جىيا، بۇيا، ناۋا، سامپۇل، چارباغ، ھاڭگىيا، دول، بەشتوغراق |
| | چىرا ناھىيىسى | بازار: چىرا؛ يېزىلار: چىرا، گۈلاخما، دامىكۇ، چاقا، ئۇلۇغساي، نۇرى، بوستان |
| | كېرىيە ناھىيىسى | بازار: مۇغالا، شەنبە بازار؛ يېزىلار: جاي، كۆكيار، ئارال، ئارىش، لەڭگەر، سىيەك، توغراغاز، قارقى، شىۋۇل، ئويتوغراق، ئاچچان، يېڭىباغ، دەريا بويى |
| | نىيە ناھىيىسى | بازار: نىيە؛ يېزىلار: نىيە، روقىيا، سالغۇزەك، يېيىق، ئەندىر |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | كۈيتۇڭ شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شەرقىي «ئۈرۈمچى» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى، «بېيجىڭ» كوچىسى، غەربىي «ئۈرۈمچى» كوچىسى تاسكۈيتۇڭ، پويىز ئىستانسىسى؛ يېزا: كەيكەنچى |
| | | غۇلجا شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: سايبۈيى، چوڭ كۆۋرۈك، دۆڭمەھەللە، ھەرەمباغ، دۆلەتباغ، قازانچى، «ئازادلىق» كوچىسى، «ئىلى دەرياسى» كوچىسى؛ بازار: بايانداي؛ يېزىلار: خەنبىڭ، تاشكۆۋرۈك، قارادۆڭ، كېپەكيۈزى، تۇغراق، يېڭىيەر |
| | | غۇلجا ناھىيىسى | بازار: جىلىلىيۈزى، دۆڭمازار؛ يېزىلار: دادامتۇ، پەنجىم، تۇرپانيۈزى، خۇدىيارىيۈزى، ۋۇڭگۇڭ، سادىقيۈزى، چۈلۈقاي، ئۇنيار، مازار، قاش، سامىيۈزى، ئۇيغۇر ئۆچئون، بايتوقاي، يېڭىتام، ئارالئۆستەڭ، قاراياغاچ، ئەۋلىيا، ئۆچئون خۇيزۇ يېزىسى |
| | | چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: چاپچال، ئايشىنسىرى؛ يېزىلار: سۈنجاچېنسىرۇ، ناداچېنسىرۇ، جاقۇچېنسىرۇ، كان يېزىسى، قوغۇنچى، قاينۇق، جاغىستاي، چوڭ بۇغرا، دۈيچېنسىرۇ، چوقۇر، ئاشلىقبۇلاق خۇيزۇ يېزىسى |
| | | قورغاس ناھىيىسى | بازار: سۇيدۇڭ، چىڭسىخوزا، لوسىگۇڭ، كۆرە، سارىبۇلاق؛ يېزىلار: لەڭگەر، ساندۇخوزا، داشىگۇر، ئىچكىئاشەن شىبە يېزىسى، سەنگۇڭ خۇيزۇ يېزىسى |
| | | توققۇزتارا ناھىيىسى | بازار: توققۇزتارا؛ يېزىلار: مۇخۇر، جىرغىلاڭ، ئاغارسىن، دۆڭمەھەللە، تاشتۆپە، ئىتكىچرىق، ئاقتۆبەك |
| | | كۈنەس ناھىيىسى | بازار: كۈنەس، ئارالتۆپە، تالدى، نارات، شورىبۇلاق؛ يېزىلار: كەڭسۇ، قارابۇرا، ئالمالى، تۇرگىن |
| | | موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | بازار: موڭغۇلكۈرە؛ يېزىلار: خۇنۇقاي، ئاقدالا، ئۆزۈنبۇلاق، قاشايار، سارقوبۇ، قاراسۇ، چاغان ئۇسۇ موڭغۇل يېزىسى، شوتا قىرغىز يېزىسى، خوسۇمتوخارسۇن موڭغۇل يېزىسى |
| | | تېكەس ناھىيىسى | بازار: تېكەس؛ يېزىلار: كۆكسۇ، چىلۇزەك، چولاقتېرەك، قارادالا، قاراتوقاي، خوجىرتى موڭغۇل يېزىسى، كۆكتېرەك قىرغىز يېزىسى |
| | | نىلقا ناھىيىسى | بازار: نىلقا؛ يېزىلار: سوپتاي، قاراسۇ، ياقا ئۇلاستاي، نىلقا ئۆزەن، ئۇلاستاي، كېلەڭ، قاراتۆپە، قوجۇرتاي، مىس، كۆكخوتخور موڭغۇل يېزىسى |
| | تارباغاتاي ۋىلايىتى | چۆچەك شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: تىنچلىق، دۇبىك، يېڭىشەھەر؛ بازار: ئەرگۈڭ؛ يېزىلار: ئېمىل، قاراقاباق، چاشا، ئابدىرا، ئاشلى داغۇر يېزىسى |
| | | شىخۇ شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: يېڭىشەھەر رايونى، جەنۇبىي باغ، شىجىڭ، قىزىلكۆۋرۈك، كۈيتۇڭ دەرياسى؛ بازار: خاتۇبۇغ، بەيياڭگو، خۇاڭگۇڭ، چىپەيزە، گۇرتى، گەنخوزا، بەيجۈەن، شىخۇ، چىڭشۇر، شىداگۇ؛ يېزىلار: باشسىخۇ، جۇجيەنلۇ، جاخوزا، تۈتەي، تاشكۆۋرۈك، جىرگىلتى موڭغۇل يېزىسى، تابىلغات موڭغۇل يېزىسى |
| | | دۆربىلجىن ناھىيىسى | بازار: دۆربىلجىن؛ يېزىلار: شەھەر ئەتراپى، شاڭخۇ، ئۈچ قاراسۇ، قارا ئېمىل، جىلئاغاش، مارالسۇ، گۇرتى، كۆرە، ئېمىلغولىن موڭغۇل يېزىسى، خوجىرتى موڭغۇل يېزىسى |
| | | ساۋەن ناھىيىسى | بازار: ساندۇخوزا، يەنسىخەي، ئۇلانئۇس، سىداۋخوزا، دۆڭۋەن، شىگوبى، كوناساۋەن، ليۇماۋۋەن، قورغاس؛ يېزىلار: داچۈەن، بورتۇڭگى، شاڭخۇدى |
| | | تولى ناھىيىسى | بازار: تولى، تېمىرتام، ئوت؛ يېزىلار: دولاتى، ئاقبىلدىر، كوب، ئۆرشۇلت |
| | | چاغانتوقاي ناھىيىسى | بازار: قارابۇرا؛ يېزىلار: قارابۇرا، جاڭاجەر، جىيەك، ئالتۇن ئېمىل، جىڭس |
| | | قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: قوبۇقسار، قوشتولغاي؛ يېزىلار: شازغەت، تېبكىن ئۇسان، چاغانكۆل، بايىن ئوبا، مۆتىگې |
| | ئالتاي ۋىلايىتى | ئالتاي شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «ئالتۇنتاغ» كوچىسى، «ئازادلىق» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى؛ بازار: بېيتۈن، ئاۋيتان، خۇڭدۈڭ؛ يېزىلار: شېمىرشىك، ئالاقاق، قاراشىلىك، سارخولسۇن، بالباغاي، شېرىكشى، راستەي، قانداغايتى موڭغۇل يېزىسى |
| | | بۇرچىن ناھىيىسى | بازار: بۇرچىن؛ يېزىلار: ئويماق، دۆۋلەيتى، قۇستىق، چوڭقۇر، ئېگىزتۆپە، قۇمقاناس موڭغۇل يېزىسى |
| | | كۆكتوقاي ناھىيىسى | بازار: قۇئېرتىش، كۆكتوقاي، چاكۇرتۇ؛ يېزىلار: تۇرغۇن، قاراتۇڭگې، كۇرتى، قارابۇلغىن، دۈرى، تېمىكى |
| | | بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | بازار: بۇرۇلتوقاي؛ يېزىلار: جېتىئارال، كۆكئاغاش، شىخانجىيە، قارامغاي، ئاردا |
| | | قابا ناھىيىسى | بازار: ئاقچى؛ يېزىلار: سارتام، جايىلما، سارىبۇلاق، تېرەكتى، كۆلباي، چىپار |
| | | چىڭگىل ناھىيىسى | بازار: چىڭگىل، تايكېشكېن؛ يېزىلار: چاغانغول، سارتوقاي، ئارال، ئاغاشئوبا، ئارالتۆپە |
| | | جېمىنەي ناھىيىسى | بازار: توپتېرەك، جېمىنەي؛ يېزىلار: توپتېرەك، توست، شالشقاي، قارجاۋ، بەستېرەك |
| | | شىخەنزە شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: يېڭىشەھەر، شياڭياڭ، قىزىلتاغ، كونا بازار، شەرقىي شەھەر؛ بازار: بېيچۈەن؛ يېزا: شىخەنزە |
| | | ئارال شەھىرى | يېزا: توقاي |
| | | تۇمشۇق شەھىرى | |
| | | ۋۇجياچۈ شەھىرى | |

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2003 - يىلدىكى نوپۇسىنىڭ تارقىلىشى ۋە مىللىي تەركىبى

| رايون نامى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى | 19339500 | 8823476 | 7711014 | 1352125 | 866653 | 173960 | 40323 | 11052 | 40933 | 14567 | 4899 | 23869 | 6754 | 103255 | |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 1815296 | 241008 | 1327454 | 52409 | 160673 | 1439 | 7436 | 4137 | 2996 | 205 | 1651 | 868 | 8750 | 443 | 5827 |
| قاراماي شەھىرى | 261118 | 39558 | 196706 | 11214 | 6395 | 134 | 2103 | 802 | 568 | 27 | 233 | 83 | 1010 | 107 | 2178 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 571711 | 399819 | 133059 | 241 | 37201 | 1 | 148 | 28 | 67 | | 11 | 1 | 332 | 4 | 799 |
| تۇرپان شەھىرى | 254900 | 180474 | 54211 | 27 | 19341 | 1 | 82 | 26 | 48 | | 8 | | 162 | 4 | 516 |
| توقسۇن ناھىيىسى | 209043 | 136594 | 61603 | 36 | 10352 | | 56 | 2 | 19 | | 3 | 1 | 142 | | 235 |
| پىچان ناھىيىسى | 107768 | 82751 | 17245 | 178 | 7508 | | 10 | | | | | | 28 | | 48 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 524929 | 95932 | 367673 | 40564 | 15466 | 16 | 2261 | 158 | 97 | 4 | 6 | 30 | 1668 | 10 | 1044 |
| قۇمۇل شەھىرى | 403617 | 86730 | 288325 | 10339 | 14457 | 16 | 892 | 152 | 82 | 4 | 5 | 2 | 1629 | 9 | 975 |
| باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 20268 | 8993 | 6662 | 3862 | 713 | | 9 | | | | 1 | | 5 | | 23 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | 101044 | 209 | 72686 | 26363 | 296 | | 1360 | 6 | 15 | | | 28 | 34 | 1 | 46 |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | 1543303 | 62658 | 1153285 | 126979 | 177860 | 173 | 6863 | 577 | 742 | 7 | 2496 | 915 | 3449 | 67 | 7232 |
| سانجى شەھىرى | 383588 | 110802 | 98832 | 17780 | 50103 | 90 | 1377 | 328 | 284 | 5 | 147 | 85 | 1294 | 23 | 2160 |
| فۇكاڭ شەھىرى | 157266 | 9255 | 114630 | 12829 | 18549 | 13 | 375 | 68 | 101 | | 32 | 39 | 193 | 7 | 1175 |
| مىچۈەن ناھىيىسى | 182848 | 4788 | 116198 | 3610 | 56284 | 30 | 631 | 46 | 81 | 2 | 6 | 5 | 269 | 20 | 878 |
| قۇتۇبى ناھىيىسى | 205560 | 5508 | 159917 | 23257 | 14884 | 2 | 279 | 33 | 91 | | | 17 | 175 | 3 | 1394 |
| ماناس ناھىيىسى | 167012 | 5542 | 136581 | 16986 | 6864 | 25 | 111 | 21 | 101 | | 19 | 9 | 179 | 14 | 560 |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى | 228983 | 15692 | 174685 | 22052 | 12017 | 4 | 1680 | 60 | 60 | | 591 | 491 | 1145 | | 506 |
| جىمسار ناھىيىسى | 132577 | 6543 | 93843 | 10168 | 18390 | 8 | 2393 | 15 | 15 | | 476 | 186 | 142 | | 398 |
| مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 85469 | 4250 | 58599 | 20297 | 769 | 1 | 17 | 6 | 9 | | 1225 | 83 | 52 | | 161 |

| رايون نامى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| **بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى** | 439607 | 54877 | 298003 | 41555 | 14793 | 144 | 26743 | 366 | 159 | 5 | 146 | 15 | 344 | 24 | 2433 |
| بورتالا شەھىرى | 237703 | 36291 | 163081 | 17322 | 7690 | 91 | 11670 | 261 | 131 | 5 | 84 | 10 | 255 | 9 | 803 |
| جىڭ ناھىيىسى | 128833 | 15418 | 90598 | 11892 | 4906 | 21 | 4702 | 52 | 25 | | 29 | 3 | 56 | | 1131 |
| ئارىشاڭ ناھىيىسى | 73071 | 3168 | 44324 | 12341 | 2197 | 32 | 10371 | 53 | 3 | | 33 | 2 | 33 | 15 | 499 |
| **بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى** | 1126467 | 364658 | 650626 | 1124 | 56885 | 340 | 46467 | 171 | 247 | 3 | 97 | 1 | 988 | 12 | 4848 |
| كورلا شەھىرى | 407621 | 106487 | 285427 | 57 | 8699 | 216 | 3967 | 150 | 206 | 3 | 62 | 1 | 704 | 6 | 1636 |
| بۈگۈر ناھىيىسى | 94816 | 80044 | 14316 | 7 | 320 | | 33 | 7 | 5 | | 4 | | 19 | | 61 |
| لوپنۇر ناھىيىسى | 109431 | 29134 | 79415 | 21 | 545 | | 29 | | 3 | | 11 | | 18 | 6 | 249 |
| چاقىلىق ناھىيىسى | 30612 | 11521 | 18063 | 1 | 688 | 1 | 16 | | | | | | 2 | | 320 |
| چەرچەن ناھىيىسى | 56627 | 41691 | 14723 | 5 | 159 | | 11 | 2 | | | | | 4 | | 32 |
| يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 124724 | 36265 | 56408 | 25 | 28206 | 36 | 3132 | | 1 | | 15 | | 68 | | 568 |
| خېجىڭ ناھىيىسى | 177547 | 41883 | 97342 | 964 | 6515 | 76 | 29539 | 11 | 21 | | 5 | | 118 | | 1073 |
| خوشۇت ناھىيىسى | 68374 | 9190 | 47193 | 29 | 5924 | | 5493 | 1 | 11 | | | | 39 | | 494 |
| باغراش ناھىيىسى | 56715 | 8443 | 37739 | 15 | 5829 | 11 | 4247 | | | | | | 16 | | 415 |
| **ئاقسۇ ۋىلايىتى** | 2193375 | 1592816 | 571692 | 252 | 13149 | 9572 | 747 | 89 | 127 | 38 | 136 | 8 | 466 | 1 | 4282 |
| ئاقسۇ شەھىرى | 572694 | 223009 | 340114 | 143 | 5171 | 246 | 553 | 60 | 77 | 17 | 48 | 7 | 330 | 1 | 12918 |
| ئونسۇ ناھىيىسى | 220574 | 163398 | 52051 | 2 | 835 | 3809 | 33 | 1 | 2 | | | | 10 | | 433 |
| كۇچا ناھىيىسى | 405894 | 356443 | 46755 | 39 | 2221 | 135 | 50 | 14 | 21 | 3 | 29 | | 67 | | 117 |
| شايار ناھىيىسى | 207160 | 173140 | 32504 | 44 | 1157 | 11 | 39 | 4 | 15 | 18 | 9 | | 20 | | 199 |
| توقسۇ ناھىيىسى | 142822 | 133440 | 9041 | 6 | 262 | 3 | 5 | 1 | 7 | | | | 9 | | 48 |

| رايون نامى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| باي ناھىيىسى | 204773 | 176415 | 26434 | 6 | 850 | 966 | 12 | 4 | | | | | 18 | | 68 |
| ئۈچتۇرپان ناھىيىسى | 187184 | 169351 | 11862 | | 1482 | 4340 | 4 | 1 | 1 | | 38 | 1 | 7 | | 97 |
| ئاۋات ناھىيىسى | 211737 | 158552 | 51512 | 12 | 1164 | 25 | 51 | 4 | 4 | | 12 | | 5 | | 396 |
| كەلپىن ناھىيىسى | 40537 | 39068 | 1419 | | 7 | 37 | | | | | | | | | 6 |
| قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | 458449 | 290362 | 29099 | 86 | 545 | 133886 | 22 | 12 | 11 | 4033 | 123 | 20 | 64 | | 186 |
| ئاتۇش شەھرى | 204932 | 163303 | 17332 | 47 | 188 | 23790 | 19 | 5 | 11 | 25 | 22 | 2 | 55 | | 133 |
| ئاقتۇ ناھىيىسى | 172031 | 117849 | 4696 | 7 | 240 | 45153 | | | | 4008 | 52 | 18 | | | 8 |
| ئاقچى ناھىيىسى | 35410 | 1123 | 2413 | 22 | 76 | 31752 | 1 | 1 | | | | | | | 12 |
| ئۇلۇغچات ناھىيىسى | 46076 | 8087 | 4648 | 10 | 41 | 33191 | 2 | 6 | | | 49 | | 9 | | 33 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 3501198 | 3134052 | 313321 | 150 | 7379 | 5811 | 293 | 64 | 106 | 34576 | 3445 | 151 | 438 | 4 | 1408 |
| قەشقەر شەھرى | 351874 | 272342 | 75932 | 38 | 1304 | 233 | 93 | 35 | 59 | 182 | 1002 | 19 | 209 | 4 | 422 |
| قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 365783 | 357733 | 7259 | 20 | 83 | 617 | 5 | | | | 15 | | | 7 | 42 |
| قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 292672 | 273567 | 18241 | | 189 | 536 | 29 | 1 | 2 | | 6 | | 13 | | 88 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 229166 | 223604 | 4868 | 3 | 38 | 586 | | | 5 | 31 | 10 | 1 | 17 | | 3 |
| پوسكام ناھىيىسى | 175723 | 13979 | 34269 | 5 | 2913 | 100 | 34 | 4 | 14 | 3154 | 25 | | 31 | | 195 |
| يەكەن ناھىيىسى | 620791 | 588497 | 26137 | 30 | 917 | 920 | 37 | 20 | 4 | 2455 | 1550 | 130 | 56 | | 38 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 373492 | 345034 | 23962 | 25 | 761 | 1045 | 12 | | 14 | 1747 | 768 | | 22 | | 102 |
| مەكىت ناھىيىسى | 206425 | 162451 | 43401 | | 18 | | 1 | | 15 | | 19 | | | 139 | |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 135876 | 128170 | 7619 | | 31 | | 31 | | 12 | | | | 1 | | 43 |
| پەيزاۋات ناھىيىسى | 327845 | 322511 | 5356 | 7 | 11 | 3 | 8 | | | | 2 | | 24 | | 23 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 388247 | 323053 | 63989 | 9 | 732 | 19 | 45 | 1 | 7 | 2 | 52 | 1 | 39 | | 298 |
| تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | 33204 | 2111 | 2288 | 13 | 19 | 1752 | | 3 | 27003 | | | | | 15 | |

| رايون نامى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| **خوتەن ۋىلايىتى** | 1743813 | 1685838 | 54362 | 89 | 1342 | 988 | 47 | 6 | 8 | 868 | 55 | 11 | 65 | 1 | 249 |
| خوتەن شەھىرى | 184498 | 151308 | 32154 | 39 | 748 | 18 | 27 | 4 | 8 | 5 | 30 | 3 | 37 | 1 | 116 |
| خوتەن ناھىيىسى | 276295 | 274771 | 1286 | | 233 | | | | | | | | 3 | | 2 |
| قاراقاش ناھىيىسى | 429160 | 423761 | 5299 | | 65 | | 3 | 2 | | | | | 8 | | 22 |
| گۇما ناھىيىسى | 220919 | 216000 | 3063 | | 85 | 863 | 4 | | | 863 | 4 | | | | 37 |
| لوپ ناھىيىسى | 241821 | 238283 | 3454 | 28 | 37 | | 2 | | | | | | 5 | | 12 |
| چىرا ناھىيىسى | 135353 | 133108 | 2186 | | 39 | | 1 | | | | 7 | | 1 | | 11 |
| كېرىيە ناھىيىسى | 221483 | 217984 | 3303 | 22 | 116 | 2 | 4 | | | | 1 | | 11 | | 40 |
| نىيە ناھىيىسى | 34284 | 30623 | 3581 | | 19 | 25 | 6 | | | | 13 | 8 | | | 9 |
| **ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى** | 4083342 | 647834 | 1844621 | 1042290 | 339230 | 16979 | 69021 | 32777 | 5425 | 187 | 5813 | 2678 | 4775 | 5904 | 65808 |
| **ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە - شەھەر** | 2517274 | 595169 | 1023866 | 505270 | 251950 | 14822 | 29631 | 30766 | 1447 | 164 | 5171 | 947 | 3705 | 423 | 53943 |
| كۈيتۇڭ شەھىرى | 295521 | 1274 | 279900 | 5465 | 6047 | 29 | 973 | 277 | 97 | 4 | 22 | 8 | 422 | 38 | 965 |
| غۇلجا شەھىرى | 373097 | 169102 | 142913 | 17840 | 29605 | 514 | 1130 | 4013 | 702 | 63 | 3259 | 386 | 1573 | 51 | 1965 |
| غۇلجا ناھىيىسى | 405051 | 197893 | 75575 | 42779 | 60715 | 303 | 237 | 199 | 34 | 41 | 467 | 38 | 650 | 5 | 26115 |
| چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | 164832 | 42130 | 60007 | 33495 | 6638 | 248 | 359 | 20145 | 110 | | 61 | 6 | 83 | 10 | 1540 |
| قورغاس ناھىيىسى | 357657 | 71908 | 164791 | 28118 | 72071 | 360 | 595 | 3180 | 238 | 27 | 175 | 91 | 358 | 285 | 15460 |
| توققۇزتارا ناھىيىسى | 160366 | 36908 | 50811 | 47461 | 19045 | 408 | 548 | 1486 | 97 | | 218 | 113 | 273 | 7 | 2991 |
| كۈنەس ناھىيىسى | 296793 | 27938 | 117632 | 129329 | 18693 | 362 | 153 | 461 | 87 | 5 | 407 | 77 | 165 | | 1484 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | 155997 | 15147 | 47606 | 72459 | 4348 | 3436 | 11946 | 87 | 35 | 19 | 222 | 209 | 19 | | 464 |
| تېكەس ناھىيىسى | 15113 | 15873 | 40129 | 61646 | 20429 | 8484 | 5837 | 279 | 1 | | 183 | 19 | 91 | 6 | 2136 |
| نىلقا ناھىيىسى | 152847 | 16996 | 44502 | 66678 | 14359 | 678 | 7853 | 639 | 46 | 5 | 157 | | 71 | 21 | 842 |

| رايون نامى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 953440 | 42291 | 554257 | 234227 | 66280 | 2057 | 33522 | 1919 | 3536 | 22 | 366 | 520 | 699 | 5469 | 8275 |
| چۆچەك شەھىرى | 156922 | 5090 | 100452 | 23394 | 10813 | 1687 | 1673 | 1468 | 2450 | 21 | 162 | 276 | 241 | 5335 | 3860 |
| شىخۇ شەھىرى | 206708 | 18524 | 130240 | 21877 | 26798 | 10 | 8203 | 158 | 150 | | 34 | 22 | 92 | 26 | 574 |
| دۆربىلجىن ناھىيىسى | 197369 | 7562 | 108691 | 66524 | 5852 | 276 | 5727 | 85 | 593 | | 119 | 57 | 106 | 49 | 1728 |
| ساۋەن ناھىيىسى | 201845 | 8561 | 139293 | 33630 | 18520 | 14 | 428 | 25 | 111 | 1 | 20 | 40 | 149 | 13 | 1040 |
| تولى ناھىيىسى | 88340 | 1155 | 25479 | 59647 | 1054 | 26 | 635 | 71 | 11 | | 12 | 67 | 59 | 6 | 118 |
| چاغانتوقاي ناھىيىسى | 52735 | 193 | 33165 | 15368 | 2801 | 6 | 105 | 65 | 183 | | | 11 | 20 | 22 | 796 |
| قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | 49521 | 1206 | 16937 | 13787 | 442 | 38 | 16751 | 47 | 38 | | 19 | 47 | 32 | 18 | 159 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 612628 | 10374 | 266498 | 302793 | 21000 | 100 | 5868 | 92 | 442 | 1 | 276 | 1211 | 371 | 12 | 3590 |
| ئالتاي شەھىرى | 222805 | 4978 | 137045 | 69591 | 6576 | 34 | 2571 | 47 | 212 | 1 | 187 | 381 | 200 | 2 | 980 |
| بۇرچىن ناھىيىسى | 65217 | 1193 | 20945 | 36224 | 3827 | 6 | 1615 | 7 | 135 | | 3 | 368 | 38 | 1 | 855 |
| كۆكتوقاي ناھىيىسى | 82855 | 2068 | 20327 | 57940 | 1710 | 2 | 275 | 17 | 46 | | 28 | 100 | 61 | 8 | 273 |
| بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | 70456 | 812 | 39392 | 27186 | 2315 | 1 | 229 | 11 | 34 | | 1 | 43 | 29 | 1 | 402 |
| قابا ناھىيىسى | 79050 | 400 | 25697 | 46920 | 4812 | 5 | 374 | 5 | | | 11 | 69 | 4 | | 753 |
| چىڭگىل ناھىيىسى | 55096 | 597 | 9282 | 42853 | 1052 | 6 | 788 | 4 | 11 | | 32 | 230 | 11 | | 230 |
| جېمىنەي ناھىيىسى | 37149 | 326 | 13810 | 22079 | 708 | 46 | 16 | 1 | 4 | | 14 | 20 | 28 | | 97 |
| شىخەنزە شەھىرى | 622671 | 6830 | 590043 | 3415 | 15380 | 208 | 819 | 189 | 239 | 19 | 13 | 3 | 959 | 18 | 4536 |

ئىزاھ: ئاپتونوم رايونغا دائىر ئومۇمىي سانلىق مەلۇمات 2003 - يىلدىكى نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەكشۈرۈشكە دائىر سانلىق مەلۇماتقا ئاساسەن، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە دائىر سانلىق مەلۇمات ج خ ئورۇنلىرىنىڭ 2003 - يىلدىكى يىللىق مەلۇماتىغا ئاساسەن ھېسابلاندى.

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

# پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى

## ۋېن جىاباۋ شىنجاڭنىڭ يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايوننى تەكشۈردى ۋە ئۇ يەردىكى ئاممىدىن ھال سورىدى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى ۋېن جىاباۋ 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ مارالبېشى - پەيزاۋاتتىن ئىبارەت يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونغا كېلىپ ئاپەتكە ئۇچرىغان ھەرمىللەت ئاممىدىن ھال سورىدى، ئاپەت رايونىنى قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ چوڭقۇر غەمخورلۇقى ۋە سەمىمىي سالىمىنى يەتكۈزدى، ئاپەت رايونىدىكى كادىر ۋە ئاممىنى ھەممە بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يۇرت - ماكانىنى قايتا قۇرۇپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى. مارالبېشى ناھىيىسى. چۇڭقۇرچاق يېزىسى تۇگمەنبېشى كەنتىدە زۇڭلى ۋېن جىاباۋ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى داۋۇت ھاشىمنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: مەن سىزنىڭ ئىش ئىزلىرىڭىزنى ئاڭلىدىم، يەر تەۋرەش كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرالمايدۇ، كادىر ۋە ئاممىنىڭ قەددىنى پۈكەلمەيدۇ، پارتىيىنىڭ مۇستەھكەم رەھبەرلىكى، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە قوللىشى بولسىلا، ئاپەت رايونىدىكى خەلق چوقۇم قاتمۇقات قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ! ۋېن جىاباۋ بىر چېدىر سىنىپقا كىرىپ دوسكا ئالدىدا تۇرۇپ ساۋاقداشلارنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ياخشى ماھارەت يېتىلدۈرۈپ، چوڭ بولغاندا يۇرت-ماكانىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا سەمىمىي ئىلھاملاندۇردى. ۋېن جىاباۋ يەنە دوختۇرخانىغا بېرىپ يەر تەۋرەشتە زەخىملىنىپ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان ئاممىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى. ۋېن جىاباۋ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە كۈچلۈك رەھبەرلىك قىلغانلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىدە ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا يېڭى بىر سەھىپە يېزىپ چىققانلىقىنى يۈكسەك دەرىجىدە ماختىدى. ۋېن جىاباۋ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئاپەت رايونىدا نۆۋەتتە ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، يۇرت - ماكانىنى قايتا قۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق خىزمىتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۇتۇپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

ۋاڭ لياڭجۇن

## جىا چىڭلىن شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جىا چىڭلىن 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە قەشقەر، ئالتاي، تۇرپان، سانجى، شىخەنزە، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ 16 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى ئەسىر، يېڭى باسقۇچتىكى بىرلىك سەپ خىزمىتى ۋە مىللەت، دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، غەربنى كەڭ ئېچىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش توغرىسىدا تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ باردى. جىا چىڭلىن يېزا، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى، كارخانىلارنىڭ سېخلىرى ۋە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ھەر مىللەت كادىر ۋە ئاممىسى بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشتى ھەمدە مىللەت، دىن ساھەسىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۈرۈشتۈردى، ئىسلاھات، تەرەققىيات پىلانىنى ئورتاق مۇھاكىمە قىلدى. جىا چىڭلىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى يېڭى ئەسىر، يېڭى باسقۇچتا پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت

ئۆلۈغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ ئاچقۇچى. شۇڭا مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش يېڭى دولقۇنىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. جىيا چىڭلىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مۇقىملىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە تىنچىتىشنىڭ چوڭ قائىدىسى، ئىسلاھات، تەرەققىياتنىڭ زور ئالدىنقى شەرتى. شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداش ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك، ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور، بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنىي ئىناقلىق، ئىجتىمائىي مۇقىملىقتىن ئىبارەت ياخشى ۋەزىيەتنى قوغداشتىن ئىبارەت. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يەندۇڭ قاتارلىقلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قاتناشتى.

ۋاڭ لياڭجۇن

## جۇ يۇڭكاڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەكىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، دۆلەت كومىسسارى جۇ يۇڭكاڭ 2003 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى، شىنجاڭدا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى، جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدىكى قەھرىمان ـ نەمۇنىچىلەر، جامائەت خەۋپسىزلىكى ساھەسىكىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە كۈرەشنىڭ 1 ـ سېپىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرى ۋە قوراللىق قىسىمنىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىنى يوقلىدى، بىرقىسىم ۋىلايەت (شەھەر)، ناھىيە (شەھەر، رايون) لىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى. جۇ يۇڭكاڭ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ۋە سىياسىي ـ قانۇن، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. جۇ يۇڭكاڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: سىياسىي ـ قانۇن، جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدە پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇمىيلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەپ، مۇقىملىقنى قوغداپ، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە ھەمكارلىشىپ، پائال ئىلگىرىلەپ، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، خىزمەت پىكىر يولىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، كومپارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنىنى مۇستەھكەملەش، دۆلەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تىنچ بولۇشى، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك.

ۋاڭ لياڭجۇن

## خې گوچياڭ شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى خې گوچياڭ 2003ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. خې گوچياڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۈرۈمچى، قەشقەر، سانجى، شىخەنزە، تۇرپان قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى، ئىلغار رەھبەرلەر، ئىلغار كادىرلار، ئىلغار پارتىيە ئەزالىرى، ئىلغار نەمۇنىچىلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى. خې گوچياڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىختىساسلىقلار مەسىلىسى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە تەشكىلات تارماقلىرى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى ئىختىساسلىقلار خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى

ۋەزىيەتتىكى ئىختىساسلىقلار خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى ۋە ياخشىلىشى لازىم. خۇ گۇچياڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار خىزمىتىنىڭ ئالاھىدە مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، تەرەققىيات نۇقتىسىدا، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ئىجتىمائىي ئومۇمىيلىق يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ يېڭى ۋەزىيەتتىكى شىنجاڭنىڭ ئىختىساسلىقلار خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك. ھازىر بار ئىختىساسلىقلارنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش بىلەن ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش بىلەن خەنزۇ كادىرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى، يەرلىك ئورۇنلاردىكى كادىرلارنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش بىلەن بىڭتۈەننىڭ كادىرلىرىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئىختىساسلىقلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش بىلەن ئىختىساسلىقلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن كادىر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يەرلىك ئورۇنلاردىكى، بىڭتۈەندىكى كادىرلارنى پىلانلىق تاللاپ دۆلەت ئورگىنى، ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا خىزمەتكە ئەۋەتىش بىلەن بىللە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى نۇقتىلىق ھالدا شىنجاڭدا خىزمەت قىلىشقا ئالماشتۇرۇپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ كادىرلىرىنى، بىڭتۈەننىڭ كادىرلىرىنى ئالماشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم.

ۋاڭ لياڭجۈن

## ئىسمائىل ئەھمەد شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئونسۇ، باي، كۇچا، توقسۇ ناھىيىلىرى ۋە ئاقسۇ شەھىرى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چۆچەك شەھىرى، دۆربىلجىن ناھىيىسى، قاراماي شەھىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە قاراماي شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە يېزا، كارخانا، ئورگان، مەكتەپ، مەھەللە ۋە چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرىغا بېرىپ ھەرمىللەت ئاممىنى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىمنىڭ ئوفىتسېر ئەسكەرلىرىنى يوقلىدى، ئاساسىي قاتلامدىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئىسمائىل ئەھمەت مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ يېڭى دولقۇنىنىڭ مۇھىملىقىنى، تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، ئومۇم ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەلىپىنى تۈرلۈك كونكرېت خىزمەتلەردە گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پائال ئىزدىنىپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەت 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ناھىيە، شەھەر، رايونلارغا، زاۋۇت، كان-كارخانىلارغا، مەكتەپلەرگە، دوختۇرخانىلارغا، دېھقانلارنىڭ ئائىلىلىرىگە، قاقاس تاغ ۋە قاقاس ساھىلنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى ئىش ئورنىغا باردى، شۇ يەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى، يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايوننى قايتا قۇرۇش خىزمىتى، دىن خىزمىتى، «ئۈچ خىل كۈچ» كە زەربە بېرىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، ئىقتىسادنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى كۆز قارچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، بايراقنى روشەن، مەيداننى مۇستەھكەم قىلىپ، «ئۈچ خىل كۈچ» لەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرۇپ، «ئۈچ خىل كۈچ» لەرگە ھەرخىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ قاتتىق زەربە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغدىشىمىز كېرەك.

ۋاڭ لياڭجۈن

# 2003 ـ يىلدىكى چوڭ ئىشلار

## 1 ـ ئاي

### 1 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ بويىچە 2003 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ھايۋاناتلارنى كارانتىن قىلىش ئەھۋالىنى تاختىدا كۆرسىتىش تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ خاتىرجەم گۆش يېيىشى، خاتىرجەم سۈت ئىچىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

### 2 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون پۇقراۋى كارخانىلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. 20 پۇقراۋى كارخانىنىڭ ۋەكىلى يىغىنغا قاتناشتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا دادىل مەدەت ۋە ياردەم بېرىپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىش كېرەك.

△ شىنجاڭ ئۈششاق تاۋارلار سودا شەھەرچىسى تىجارەت باشلىدى. بۇ شەھەرچە ئۈرۈمچى جەنۇبىي سودا چەمبىرىكىگە جايلاشقان.

### 3 ـ كۈنى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «جۇڭگو خەۋەرلىرى» پروگراممىسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، مۇخبىرلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى قاتارلىق جەھەتلەردە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

### 6 ـ كۈندىن 13 ـ كۈنىگىچە

△ جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 ـ قېتىملىق يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ئەسقەت كەرىمباي ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە، لى دۇڭخۇي، غوپۇر ئابدۇللا، ئابدۇقادىر نەسىردىن، جاڭ گۈيتاڭ، ياۋ يوڭفېڭ، جياڭ شەن، ھارۇنخان ھاجى، ئابدۇرېھىم ھاجىئىمىن، سەرجە، جۇ جېنجوڭ، جاڭ يۇجوڭ، خۇاڭ چاڭيۈەن، شارىپخان قاتارلىقلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

### 7 ـ كۈندىن 25 ـ كۈنىگىچە

△ مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئەۋەتكەن مەركىزىي مىللەتلەر مۇزىكا ئۆمىكى شىنجاڭدا «مەدەنىيەتنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» بويىچە مال سوراش ئويۇنى قويدى. مەركىزىي مىللەتلەر مۇزىكا ئۆمىكىدىكى ئارتىسلار ھەر مىللەت ئاممىسىغا 17 مەيدان ئېسىل ئويۇن قويۇپ بەردى.

### 8 ـ كۈندىن 16 ـ كۈنىگىچە

△ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى. ئابلەت ئابدۇرېشىت ش ئۇ ئا ر 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، ئابدۇرېھىم ھامىت، ۋاڭ خۇەيىۋ، خەلچەم ئىسلام، دەلىلقان مامىقان، مەمتىمىن زاكىر، خوجىخان ھاكىموف، ما جيەنگو، سوڭ رۇگو، ھەسەنبەك تۇردى، دۇ چىنرۇيلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. ئىسمائىل تىلىۋالدى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىگە، ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقى، شيۇڭ خۇيىن، جاڭ جو، ليۇ يى، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ئامان ھاجى، كۇرەش مەخسۇتلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

### 8 ـ كۈنى

△ دۆلەت نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش مەركىزى (شىنجاڭ) ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى مەملىكەت بويىچە سۈپەت تەكشۈرۈش سىستېمىسىدىكى بىردىنبىر دۆلەت دەرىجىلىك نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش مەركىزىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ھەمدە ئۇنىڭ شىنجاڭغا ماكانلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

### 13 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئاپتونوم رايون بويىچە دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ

مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە، گۇرۇھسىز زاتلارنى تەكلىپ قىلىپ، مەلۇمات بېرىش، كېڭەشىش يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت ۋە ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىرى، ش ئۇ ئا ر تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىشقا دائىر، كادىرلار ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش لايىھەسىنى مەلۇم قىلدى ۋە ئۇلاردىن پىكىر ئالدى.

### 15 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) لەرنىڭ شۇجىلىرى، ۋالىيلار ۋە ئوبلاست (شەھەر) باشلىقلىرى يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى خۇ جىنتاۋنىڭ شىبەيپودا ئۆگىنىش، تەكشۈرۈشتە بولغان چاغدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئۆگىنىلدى.

△ شىنجاڭنىڭ 3000 يىللىق قەدىمىي، ئۇزاق تارىخىي مەدەنىيىتىنى نامايەن قىلىش باش تېما قىلىنغان «تەڭرىتاغ . قەدىمىي يول . شەرق غەرب شاملى - شىنجاڭ يىپەك يولى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئالاھىدە كۆرگەزمىسى» بېيجىڭدا ئېچىلدى. 145 دانە مەدەنىيەت يادىكارلىقى كۆرگەزمىگە قويۇلدى. كۆرگەزمە 3 ئاي داۋاملاشتى.

### 16 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ 44 - سانلىق يىغىندا بېكىتىلىپ كۆرسىتىلگەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىدىن 8نى ۋەزىپىگە قويۇش ئىشى ئاۋازغا قويۇلدى. بۇ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئومۇمىي يىغىندا ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى ۋەزىپىگە قويۇشنى تۇنجى قېتىم ئاۋازغا قويۇش ھېسابلىنىدۇ.

### 17 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتىنى نۇقتىلىق قوللاپ، 2003 - يىلدا 350 مىڭ كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك دەپ تەكىتلىدى.

### 18 - كۈنى

△ شىنجاڭ بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىرلەشكەن «تيەنيۈەن» سۈتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى. بۇ شىركەت شىخەنزە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا مۇددەتكە بۆلۈپ قۇرۇلغان، بۇ شىركەتتە كۈنىگە 500 توننا سۈت پاسالمىسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قوراشتۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن «جيالى» ماركىسى تېخىمۇ تونۇلدى.

### 19 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە

△ ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇ دۇڭفۇ يىغىندا تەشۋىقات - ئىدىيىۋى خىزمەتكە «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئارقىلىق بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تەشۋىقات - ئىدىيىۋى خىزمىتىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

### 21 — 22 - كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىنلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە خۇ جىنتاۋنىڭ «ئىككى بولۇشۇن» ھەققىدىكى بايانى ھەمدە مەركەزنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىسراپچىلىقنى توسۇش توغرىسىدىكى ھۆججەتلىرى ۋە ماقالىلەردىن تاللانمىلار مەركەزلىك ئۆگىنىلدى. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت، ئىدىيە، تۇرمۇش ئىشلى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ، چوڭقۇر تەھلىل يۈرگۈزدى.

### 24 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى جۇ يوڭكاڭ قەشقەر ۋىلايىتى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

### 26 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بەش يولغا بۆلىنىپ مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى، ئۇلارنىڭ باھار بايرىمىنى تەبرىكلىدى، ئۇلارنىڭ تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىنى، كېيىنكى ئۆمرىنىڭ خاتىرجەم ئۆتۈشىنى تىلىدى.

### 29 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون باھار بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، ش ئۇ ئا ر

پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

**30 - كۈنى**

△ ئاپتونوم رايون باھار بايرىمىلىق، قۇربان ھېيتلىق پەتلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

## 2 - ئاي

**1 - كۈنى**

△ چاغاننىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى بايرام كۈنىدە ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان كادىر ۋە ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى يوقلىدى، ئۇلاردىن مەسىمىي ھال سورىدى.

**4 - كۈنى**

△ دۆلەت سۇ تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى تېخنىكا تەتقىقات مەركىزى شىخەنزە تيەنيې (گۇرۇھى) شىركىتىدە قۇرۇلدى. بۇ بېيجىڭ، شىئەنلەردىن كېيىنكى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى قۇرغان دۆلەت دەرىجىلىك 3 - سۇ تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى تېخنىكا تەتقىقات مەركىزىدۇر.

**8 - كۈنى**

△ ئاپتونوم رايون 10 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىنى ئاچتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى. يىغىندا ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**9 — 10 - كۈنلىرى**

△ ئاپتونوم رايون تەشكىلات خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خۇ جيايەن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جۇ يەن يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

**18 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە**

△ ئاپتونوم رايون يېزا خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. ۋاڭ لېچۇەن يىغىندا مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئىلگىرى سۈرۈپ، چوڭ باشلامچى كارخانىلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىدە، كەسىپلەشكەن ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، كوللېكتىپنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

**19 - كۈنى**

△ شىنجاڭ قاپلىق قۇرۇت كېسەللىكى ئاساسىي مېدىتسىنا ئىلمى تەجرىبىخانىسى، شىنجاڭ قان كېسەللىكلىرى تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ مېدىتسىنا سايىلاندۇرۇش تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ كلىنىكىدا ناركوز قىلىش تەتقىقات ئورنى شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىدا بىرلا ۋاقىتتا قۇرۇلدى.

△ ئاپتونوم رايون كارخانىلار بىلەن ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتى بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. يىغىندا قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارغا يەنە بىر قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش قارار قىلىندى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

**22 - كۈنى**

△ ئاپتونوم رايون يىغىن ئېچىپ مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ مۇنەۋۋەر تەدبىر بەلگىلەش تەتقىقاتى ۋە مەسلىھەت بېرىش نەتىجىسى بويىچە 15 تۈرنى مۇكاپاتلىدى.

**23 - كۈنى**

△ «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي شىركىتىنىڭ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا 300 مىڭ توننىلىق سېمونت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى قۇرۇشقا ئۇل سېلىش مۇراسىمى ئاتۇش شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قۇرۇلۇشقا 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى.

**24 - كۈنى**

△ بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 10 دىن 3 مىنۇت ئۆتكەندە مارالبېشى، پەيزاۋاتتا 6.8 بال كۈچلۈك يەر تەۋرىدى. يەر تەۋرەشتە 268 ئادەم ئۆلدى، 4852 ئادەم يارىدار بولدى، 19 مىڭ 899 ئائىلىنىڭ ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 22 مىڭ 101 ئائىلىنىڭ ئۆيلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ۋەيران بولدى. ئاپەت رايونىنىڭ سۇ، توك بىلەن تەمىنلەش، كۆۋرۈك، يول، سۇچىلىق ئىشلىرى، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئاممىۋى ئۇل مۇئەسسەسىلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. يەر تەۋرەشتە 1 مىليارد 371 مىليون يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

**25 - كۈنى**

△ بېيجىڭدا يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان ج ك پ مەركىزىي

كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ۋە گوۋۇيۈەن خىزمەت گۇرۇپپىسى كېچىلەپ مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونغا بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقتىن سەمىمىي ھال سورىدى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خادىملىرىنى يوقلىدى.

## 28 - كۈنى

△ شىنجاڭ ھەربىي رايونى لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلغارلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى دوكلات قىلىش يىغىنى ئاچتى.

# 3 - ئاي

## 1 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم خىزمەتتىكى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار يىغىنى ئاچتى، يىغىندا پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى ئەھۋالى ۋە ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئەھۋالى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلدى.

## 7 - كۈنى

△ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى بىر قىسىم مەركىزىي ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ بىرلەشمە زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: شىنجاڭنىڭ مەملىكەت بىلەن تەڭ قەدەمدە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل دېدى.

## 8 - كۈنى

△ شىنجاڭ «تۈنخې» پاي چەكلىك شىركىتى 74 مىليون 700 نەچچە مىڭ يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىپ، قىرغىزىستاندا قۇرىدىغان ياۋا ئالما شىرنىسى تۈرىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ تۈر پۈتكەندىن كېيىن، يىلىغا 30 نەچچە مىڭ توننا ياۋا ئالمىنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ، يىلىغا 3000 - 4000 توننا ياۋا ئالما شىرنىسى ئىشلەپچىقىرىدۇ، يىللىق سېتىش كىرىمى 20 نەچچە مىليون دوللارغا يېتىدۇ. بۇ مەھسۇلات ئاساسلىقى ئامېرىكا، كانادا، ياپونىيە ۋە ياۋروپادىكى دۆلەتلەرگە سېتىلىدۇ.

## 9 - كۈنى

△ شىنجاڭ بىلەن جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەن - تېخنىكا، مائارىپ جەھەتتىكى ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇش ھەققىدىكى كېلىشىمگە ئىمزا قويۇش مۇراسىمى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

## 10 - كۈنى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋۇ باڭگو مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىغا قاتناشقان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتناشتى.

## 11 - كۈنى

△ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقىرى تېخنىكا تەتقىقات تەرەققىيات پىلانى پروگراممىسى(2003 — 2010 - يىلغىچە)» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى.

## 13 - كۈنى

△ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلەت ئابدۇرېشىت مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى.

## 18 - كۈنى

△ شىنجاڭ نېفىت شۆبە شىركىتىدىن ۋاڭ يىلىن، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ئورنىدىن لى ئېرۋېن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىن سۇڭ يۈدۇڭ، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىدىن ۋېن خاۋ قاتارلىقلار تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ غەربنى ئېچىش بويىچە گەۋدىلىك تۆھپە قوشۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## 19 - كۈنى

△ گوۋۇيۈەن ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا ئۈرۈمچى ئېكسپورت تاۋارلىرىنى پىششىقلاش رايونى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. بۇ رايوندىكى كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ %70 ى ئېكسپورت قىلىنىدۇ ۋە پىششىقلاش رايونىغا كىرگۈزۈلىدۇ، ئۇ دۆلەت ۋە شىنجاڭنىڭ ئالاقىدار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. پىششىقلاش رايونىنىڭ كۆلىمى 3 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، 1 - قارارلىق ئېچىشتا بىر كۋادرات كىلومېتىر كۆلەم ئېچىلدى.

## 20 - كۈنى

△ شىخەنزە دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيە (قەغەزچىلىك) سانائەت باغچىسى تۈرىنىڭ قۇرۇلۇشى

باشلاندى. بۇ تۈردە شەھەردىكى يۇندىدىن پايدىلىنىپ، 66 مىڭ 700 گېكتار كۆلەمدىكى چىملىقنى سۇغىرىش پىلانلاندى، 2003 - يىلى 20 مىڭ گېكتار يەرگە چىم تىكىلمەكچى.

## 24 - كۈنى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسىنىڭ بىرلەشمە يىغىنىدا مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: ئالاقىدار رايون ۋە تارماقلار رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، «ئىككى بولسۇن» نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن چەكلىك مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپەت رايوننى قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

△ دېھقانچىلىق نازارىتى تۈزۈپ چىققان «شىنجاڭنىڭ ئەۋزەللىككە ئىگە، ئۆزگىچە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى رايونلار بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش ئومۇمىي پىلان(2003 — 2007)»ى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كېۋەز، ياغلىق ئاپتاپپەرەس، كورلا نەشپۈتى، ئۈزۈم، قوغۇن، ئۆرۈك، پىششىقلىنىدىغان پەمىدۇر، ئانار، زاراڭزا، پىۋا ئارپىسىدىن ئىبارەت 10 خىل مەھسۇلات يەرلىك ئورۇنلار ئۈقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئەۋزەللىككە ئىگە، ئۆزگىچە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى قىلىپ بېكىتىلدى.

## 26 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 4 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنىنى ئېچىپ، مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايوننى قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

## 28 - كۈنى

△ جۇڭگو «خۇادىيەن» گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى. بۇ شىركەت جۇڭگو «خۇادىيەن» گۇرۇھى شىركىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىشلەپچىقىرىشىنى باشقۇرۇش، تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ماركىتىڭى مۇلازىمىتىنى ماسلاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدۇ.

△ جۇڭگو شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك يولۇچى ترانسپورت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ بىر ئاپتوبۇسى 26 - كۈنى كېچىدە قىرغىزىستاننىڭ پايتەختى بىشكەكتىن قەشقەرگە قايتىش يولىدا قىرغىزىستان تەۋەسىدە كۆيدۈرۈۋېتىلدى، 21 يولۇچىنىڭ ھەممىسى قازا قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو پۇقراسى 19.

## 28 - كۈندىن 30 - كۈنىگىچە

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى ۋېن جياباۋ شىنجاڭدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى، ئۇلارغا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ سەممىي غەمخورلۇقىنى يەتكۈزدى، ئاپەت رايوننى قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى.

## 30 — 31 - كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 4 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

# 4 - ئاي

## 1 - كۈندىن 3 - كۈنىگىچە

△ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئاپتونوم رايونلۇق 10- قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. قۇرۇلتايدا يېڭى بىر نۆۋەتلىك ش ئۇ ئا ر رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى، ئەركىنجان تۇراخۇن كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا سايلاندى.

## 2 - كۈنى

△ «ئاق خالاتلىق پەرىشتە» ۋۇ دېڭيۈننى ئۈرۈمچى ھەربىي تىببىي ئىنستىتۇتى پروفېسسورلۇققا تەكلىپ قىلدى.

## 5 - كۈنى

△ ئۆزگەرتىپ ياسالغان چەرچەن ئاۋىئاتسىيە ئېرودرومىدا ئاۋىئاتسىيە قاتنىشى ئەسلىگە كەلدى.

## 6 - كۈندىن 10 - كۈنىگىچە

△ شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى شىئەندە ئېچىلغان 7 - نۆۋەتلىك جۇڭگو شەرق، غەرب ھەمكارلىقى ۋە مەبلەغ سېلىش، سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتى. «شىئەن يەرمەنكىسى» دە شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىچكى، تاشقى بىرلەشمە كېلىشىمدىن 160 نەچچىنى ئىمزالىدى، ئومۇمىي سوممىسى 5 مىليارد 842 مىليون يۈەن.

## 10 - كۈنى

△ دۆلەتنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىدىكى پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە چوڭ سۈتچىلىك مەخسۇس تۈرى تەتقىقات تېمىسىنىڭ بىرى — «غەربىي شىمال بويىچە سۈتچىلىكنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا تۈپى ۋە كەسپلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تەتقىقات تېمىسىغا ئۈرۈمچىدە تۈتۈش قىلىندى.

## 11 - كۈنى

△ مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىدا يىلىغا

600 مىڭ توننا دېستىللېنگەن مايغا ھىدروگېن قوشۇپ پارچىلاش قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ قۇرۇلۇشقا 430 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، بۇ قۇرۇلۇشنى 2004 - يىل 8- ئايدا پۈتتۈرۈش مۆلچەرلەندى.

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، يىغىندا كۆزىتىشنى كۈچەيتىپ، كېسەللىكنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە توسۇش تەلەپ قىلىندى.

## 12 - كۈنى

△ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىمىنىڭ ئوفىتسېر، ئەسكەرلىرى ۋە 20 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىسى شىمىكۇ رايونىدىكى قارلەيلىسى تېغىدا ئورمان بەرپا قىلىش بىرلەشمە جېڭىنى قانات يايدۇرۇپ، ئەتىياز پەسىللىك كۆچەت تىكىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى.

△ دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىنىڭ ئاتۇش شەھىرىدىن قەشقەر شەھىرىگىچە بولغان 1 - دەرىجىلىك تاشيول بۆلىكىنى ياساش قۇرۇلۇشى باشلاندى، بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 29 كىلومېتىر، بۇ يول قوش يۆنىلىش بويىچە 4 ئاپتوموبىل قاتنايدىغان 1 - دەرىجىلىك تاشيول ئۆلچىمى بويىچە ياسىلىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشقا 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، 2004- يىل 8 - ئايدا پۈتۈپ قاتناش باشلىنىش مۆلچەرلەندى.

## 15 - كۈنى

△ شىنجاڭ بويىچە 5 - نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. 267 ئەسەر مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 24.

△ سەھىيە نازارىتى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭدا «سارس» نىڭ يوقلۇقى ھەققىدىكى مەلۇماتنى رەسمىي ئېلان قىلدى.

## 17 - كۈنى

△ سەھىيە نازارىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇملۇق «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش لايىھىسى» نى ئېلان قىلدى ھەمدە «سارس» نىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە داۋالايدىغان نۇقتىلىق دوختۇرخانىلارنى بېكىتتى.

△ شىنخۇا ئاگېنتلىقى بېيجىڭ 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىكى تېلېگراممىسىدا: يېقىندا نەشىردىن چىققان 2002 - يىللىق جۇڭگودىكى يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، مەملىكىتىمىز بويىچە رايونلار ئارا يېڭىلىق يارىتىشتا «شەرق كۈچلۈك، غەرب ئاجىز» بولۇش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن، شىنجاڭ 5 - گۇرۇھ قاتارىدا تۇرغان. مەلۇماتتا جايلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ 5 گۇرۇھقا بۆلۈندى. 1 - گۇرۇھ: بېيجىڭ، شاڭخەي؛ 2 - گۇرۇھ: گۇاڭدۇڭ، جياڭسۇ؛ 3 - گۇرۇھ: شەندۇڭ، جېجياڭ، تيەنجىن، لياۋنىڭ؛ 4 - گۇرۇھ: فۇجيەن، شەنشى، خۇبېي، سەنشى، خېيلۇڭجياڭ، خۇنەن، خېنەن، چۇڭچىڭ، سىچۇەن، جىلىن، خېبېي، ئەنخۇي، گەنسۇ؛ 5. گۇرۇھ: گۇاڭشى، شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، چىڭخەي، جياڭشى، گۇيجۇ، نىڭشيا، يۈننەن، خەينەن، شىزاڭ.

## 19 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى تېلېۋىزىيە، تېلېفون يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىندا مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى چوقۇم ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تەن ساغلاملىقى ۋە ھاياتىي بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات تەرەققىيات، مۇقىملىقىدىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقنى قوغداش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئۈنۈملۈك، ياخشى ئىشلەش كېرەك.

△ شىنجاڭ «جۇڭتەي» خىمىيە پاي چەكلىك شىركىتى 60 مىڭ تونىنلىق پولىۋىنىل خلورىدلىق دىۋىرقاي ئىشلەش تۈرى، 60 مىڭ تونىنلىق ئىئون پەردىلىك ئويغۇچى ناترىي ياساشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش تۈرىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ تۈرگە 230 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ.

## 21 - كۈنى

△ سەھىيە نازارىتى كىرگۈزۈش خاراكتېرلىك گۇمانىي «سارس» تىن بىرنى بايقىغانلىقىنى ئېلان قىلدى، بۇ شىنجاڭ بويىچە «سارس» دەپ ئېتىراپ قىلىنغان تۇنجى گۇمانىي كېسەلدۇر.

## 22 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ش ئۇ ئا ر «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى، ئىسمائىل تىلىۋالدى بۇ گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى بولدى.

## 25 - كۈنى

△ 6 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياشلىرى «4 - ماي» مېدالىنى باھالاش ئاياغلاشتى، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ياشلار بىرلەشمىسى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن 12 ياشنى تەقدىرلىدى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى،

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەرنى ۋە ئىلغار ياشلار ۋەكىللىرىنى سەممىي قوبۇل قىلدى.

△ تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ كارخانا تەرەققىياتى بويىچە چوققا مۇنبىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ يىغىندا ئالدى بىلەن ئاساسىي تېما ھەققىدە دوكلات بەردى.

## 26 - كۈنى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن جاڭ شيۇمىڭ، نۇر بەكرى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

△ ئاپتونوم رايون رەھبىرىي كادىرلار يىغىنى ئاچتى. يىغىندا كىرىش - چىقىش ئېغىزلىرىنى قاتتىق ئىگىلەپ، «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش بويىچە ئىستېھكامغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش تەلەپ قىلىندى.

## 29 - كۈنى

△ شىنجاڭ سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىك يەن - تېخنىكا باغچا رايونىنى باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇش مۇراسىمى سانجى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى يەرلىك دۆلەت دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك يەن - تېخنىكا باغچا رايونىدۇر.

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «يەتتە يىلدا 8 مىليون نامرات ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش» نامراتلارنى يۆلەشتە ئىستېھكامغا ھۇجۇم قىلىش بويىچە 112 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 176 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

# 5 - ئاي

## 1 - كۈنى

△ 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدا سودا - سانائەتنى باشقۇرۇش بويىچە يېڭى ھەق ئېلىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. ھەق ئېلىش ئۇسۇلى جەھەتتە ئىلگىرىكى ھەق نىسبىتى بويىچە ھەق ئېلىش نورمىلىق ھەق ئېلىش بىلەن ھەق نىسبىتى بويىچە ھەق ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتىلدى، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى بۇرۇنقىدىن 30% تۆۋەنلىدى.

△ جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ ياۋايى ھايۋانات باغچىسى - شىنجاڭ بورتۇ ياۋايى ھايۋانات باغچىسى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇ باغچا خوشۇت ناھىيىسىنىڭ بورتۇ چارۋىچىلىق فېرمىسىغا جايلاشقان بولۇپ، 8667 گېكتار يەرنى ئىگىلىگەن، بۇ قۇرۇلۇشقا 360 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى.

## 6 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايون مىقياسىدا بىر قېتىم «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قانۇنى»نى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

## 7 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى قارار چىقىرىپ، مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردىكى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغان 62 ئىلغار كوللېكتىپ، 113 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن «يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ھەممە بىر نىيەتتە ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

△ بۈرچىن ناھىيىسىدە شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قەدىمىي رەڭلىك تاش جەسەت ساندۇقى بايقالدى، ئۇ ئىنتايىن مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

## 8 - كۈنى

تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياشلار يەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 20 ياشنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تەقدىرلىدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇلارغا گۇۋاھنامە ۋە مۇكاپات تارقىتىپ بەردى، ھەر بىر ئادەمگە 10 مىڭ يۈەن مۇكاپات بېرىلدى.

## 14 - كۈنى

△ پۇقراۋى كارخانا 250 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان، زامانىۋى دوختۇرخانا ئۆلچىمىدە سېلىنغان شىنجاڭدىكى تۇنجى يۈرەك، مېڭە قان - تومۇر كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى تىجارەت باشلىدى. بۇ دوختۇرخانا ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسپلەر تەرەققىيات رايونىغا جايلاشقان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 36 مىڭ كۋادرات مېتىر، شتاتتىكى كارىۋات 400.

△ ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىي شەھەر ئەتراپى رايونىدا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش دوختۇرخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى پۈتتى. بۇ قۇرۇلۇشقا 26 مىليون 860 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 120 كارىۋات تەسىس قىلىندى، جىددىي پەيتتە كارىۋاتنى 228 گە كۆپەيتكىلى بولىدۇ.

#### 15 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ «تيەنسەي» پەن ـ تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى نامىنى شىنجاڭ جۇڭگو رەڭلىك پاختا پاي چەكلىك شىركىتىگە ئۆزگەرتتى. بۇ شىنجاڭدىكى پەرلىك سانائەت كارخانىلىرى ئىچىدىكى تۇنجى «دۆلەت» نامى بار كارخانا. مەزكۇر شىركەت 2002 ـ يىلى رەڭلىك پاختا كۆلىمىنى 16 مىڭ 700 گېكتارغا يەتكۈزدى، ساپ پاختا ھوسۇلى مىقدارى 18 مىڭ 150 نەچچە توننىغا يەتتى، مەھسۇلات مىقدارى دۇنيا بويىچە %16نى، دۆلەت ئىچىدە %95نى ئىگىلىدى.

#### 16 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ھەققىدە تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچتى، يىغىندا جايلار ۋە تارماقلاردىن بىر قولدا «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشنى، يەنە بىر قولدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى.

#### 18 ـ كۈنى

△ سانجى ئىنستىتۇتى قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. سانجى ئىنستىتۇتىنىڭ تەكتى 1959 ـ يىلى قۇرۇلغان سانجى پېداگوگىكا مەكتىپى ئىدى، 1981 ـ يىلى سانجى ئوبلاستلىق ماارىپ ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلىشىپ مەكتەپ باشقۇردى، 1985 ـ يىلى ئۇنىڭ دەرىجىسى سانجى پېداگوگىكا تېخنىكومىغا ئۆستۈرۈلدى، 2001 ـ يىلى ماارىپ مىنىستىرلىكى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن سانجى ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى، بۇ سانجى ئوبلاستىدىكى بىردىنبىر تولۇق كۇرس ئالىي مەكتەپتىن ئىبارەت.

#### 20 ـ كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ـ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بويىچە ئىلغار ئىش ـ ئىزلارنى دوكلات قىلىش تۇنجى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ـ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بويىچە ئىلغار ئىش ـ ئىزلارنى دوكلات قىلىش ئۆمىكى يەنە ھەربىي قىسىم، بىڭتۇەن، ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ دوكلات بەردى، ئارقىدىنلا ئۇلار ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە بېرىپ سەييارە دوكلات بەردى.

#### 20 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە

△ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا بېرىپ ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش خىزمىتى ۋە مىللەت، دىن خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

#### 22 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يۇمشاق دېتال ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى.

#### 23 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گۇرۇھى شىركىتى بورىي تاۋلاش زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ زاۋۇت كۆكتوقاي ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قاراتۇڭكى مىس ـ نىكېل كېنى رايونىغا جايلاشقان، بۇ تۈرگە 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى، بۇ قۇرۇلۇش 2004 ـ يىل 5 ـ ئايدا پۈتىدۇ. بۇ زاۋۇت دۇنيا بويىچە 5 ـ بورىي تاۋلاش زاۋۇتى بولۇپ قالىدۇ.

#### 27 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىپ شىنجاڭ بويىچە يېزىلاردا باج ئىسلاھاتىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلدى.

△ سانجىدا بىر ئوقۇغۇچىغا گۇمانىي «سارس» دەپ دىئاگنوز قويۇلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا «سارس» دەپ گۇمان قىلىنغان 5 كىشى بايقالغانىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 كىشى گۇماندىن ساقىت قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا ئېنىق دىئاگنوز قويۇلغان «سارس» كۆرۈلمىدى.

#### 28 ـ كۈنى

△ دېلكىس گۇرۇھى شىنجاڭ يولۇچى ترانسپورت شىركىتى بىلەن زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئاساسىدا قۇرغان يېڭى تىپتىكى كارخانا ـ دېلكىس شىنجاڭ يولۇچى ترانسپورت گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى.

#### 29 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى خې گوچياڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. خې گوچياڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە تەشكىلات تارماقلىرى پارتىيە ئىختىساسلىقلارنى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىختىساسلىقلار خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

## 6 - ئاي

### 1 - كۈنى

△ لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ شونابۇلاقتىن پارچەساقالغىچە بولغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى. شونابۇلاقتىن پارچەساقالغىچە بولغان بۆلەكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5. 150 كىلومېتىر، يەر شەكلى شىمالى ئېگىز جەنۇبى پەس بولۇپ، داڭلىق شامال رايونى. بۇ قېتىمقى ئۆزگەرتىشنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: شامالنىڭ زىيىنى ئەڭ ئېغىر بولغان بۆلەكتە 3 مېتىر ئېگىزلىكتە شامال توسۇش تېمى ياساش، چوڭ رادىئۇلۇق ئەگرى لىنىيە تاللاش، پويىزنىڭ شامالغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە يۈرۈش سۈرئىتىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

### 5 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون چوڭ كارخانا ۋە چوڭ گۇرۇھلارنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىش ئۈچۈن 30 كۈچلۈك، نۇقتىلىق سانائەت كارخانىسى (گۇرۇھى) غا مەدەت بېرىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى ھەمدە 30 كۈچلۈك، نۇقتىلىق سانائەت كارخانىسى (گۇرۇھى) غا ۋىۋىسكا بەردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 30 كۈچلۈك كارخانىنىڭ تەرەققىيات نىشانى مۇنداق: 2005 - يىلغىچە سېتىش كىرىمىنى 8 مىليارد يۈەندىن ئاشۇرغان كارخانىنى 4 كە، 3 مىلياردتىن 8 مىلياردقىچە بولغىنىنى 10 غا، 1مىلياردتىن 3 مىلياردقىچە بولغىنىنى 16 گە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت.

△ ئاپتونوم رايون بويىچە «ئۈچ 30 كارخانا» غا مەدەت بېرىش بويىچە نۇقتىلىق سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. «ئۈچ 30 كارخانا» 30 كۈچلۈك، چوڭ كارخانا (گۇرۇھ)، 30 يۇقىراۋى كارخانا ۋە 30 يېتىلىۋاتقان كارخانىنى كۆرسىتىدۇ.

### 5 - كۈنى

△ نىلقا ناھىيىسى بىلەن توققۇزتارا ناھىيىسىدە ئومۇميۈزلۈك قارايامغۇر يېغىپ كەلكۈن كەلدى، 26 ئادەم قازا قىلدى، 3 ئادەم ئېغىر يارىلاندى.

### 6 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون يېزىلاردىكى باج ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، 6 - ئايدىن باشلاپ يېزىلاردا باج ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

### 7 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر كەلكۈندىن مۇداپىيە كۆرۈش - قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش باش قوماندانلىق شتابى جىددىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جايلاردىن تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، كەلكۈن مەزگىلىدە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى.

### 9 - كۈنى

△ شىنجاڭ «گۇەنتۇڭ گوڭبېر» پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 40 مىليون (A پاي) پېيى شاڭخەي ئاكسىيە بازىرىدا رەسمىي بازارغا سېلىندى. بۇ شىركەت ئاساسلىقى كورلا نەشپۈتى، تارىم بۇغىسى ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى تىجارەت قىلىدۇ.

### 10 - كۈندىن 14 - كۈنىگىچە

△ ئاپتونوم رايونلۇق جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش خىزمىتى يىغىنى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئېچىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى خۇلاسە سۆزى قىلدى. يىغىندا جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا ئىقتىسادىدا تارىخىي خاراكتېرلىك زور ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

### 13 - كۈندىن 16 - كۈنىگىچە

△ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى خۇسۇسىي كارخانىلار كۆرگەزمىسى ۋە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

### 15 - كۈنى

△ 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭدا ئاشلىق سېتىۋېلىش قوغدىما باھاسى بىكار قىلىنىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش باھاسى ۋە ئاشلىق سېتىش باھاسى قويۇۋېتىلدى.

△ شىنجاڭ «دېلوڭ» چارۋىچىلىق مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتى بىلەن كانادا «ئەيدې» زامانىۋى كالىچىلىق تەرەققىيات گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى بىرلىشىپ قۇرغان شىنجاڭ «دېلوڭ ئەيدې» بىئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى.

### 16 - كۈنى

△ قاتناش نازارىتى دۆلەت تەرەققىيات بانكىسى بىلەن شىنجاڭدىكى ناھىيىلەر ئارا تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرىگە 6 مىليارد 600 مىليون يۈەن قەرز ئېلىش توختامى تۈزدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ناھىيىلەر ئارا تاشيول قۇرۇلۇشى

ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى.

△ ۋاڭ لېچۈەن ش ئۇ ئا ر پارتكوم مەركىزىي گورۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىش يىغىنىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مەركەزنىڭ «ئۈچتە ۋەكىللىك» نىڭ روھىغا ئاساسەن «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشتا يېڭى يۇقىرى دولقۇن قوزغىشى كېرەك.

## 18 — 19 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق پورت «چوڭ ئۆتكەل» پورت خىزمىتى يىغىنى ئالاتاۋ پورتىدا ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىندا يۇقىرى ئۆنۈم ۋە چەبدەسلىك بىلەن «چوڭ ئۆتكەل» ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك دەپ تەكىتلىدى.

## 18 - كۈنى

△ ئازادلىق ئارمىيە 18 - دوختۇرخانىسىنىڭ سېستراسى جياڭ يۈنيەن 39 - نۆۋەتلىك فىرولىس نەندىگېر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ جۇڭگو بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن 10 سېستىرانىڭ بىرى.

## 20 - كۈنى

شىنجاڭدىكى «سارس» دەپ گۇمان قىلىنغان 5 كىشى گۇماندىن ساقىت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا بايقالغان 5 گۇمانىي «سارس» پۈتۈنلەي گۇماندىن ساقىت قىلىندى.

## 23 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى قارار چىقىرىپ، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى قەشقەر ۋىلايەتلىك تارماق ئەترىتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتىگە «ئېگىزلىكتە خەلق ئۈچۈن ئىگىلىك ياراتقان نەمۇنە ئوتتۇرا ئەترەت» دەپ نام بەردى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى مەزكۇر ئەترەت يەنە قوراللىق ساقچى قىسىم پارتكومى تەرىپىدىن «جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلغان نەمۇنە ئوتتۇرا ئەترەت» دېگەن نامغا ئېرىشكەنىدى.

## 24 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە

△ ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايدا يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى، رىزۋان ئەبەي ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

## 25 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى، سانجى، فۇكاڭ، مىچۈەن، شىخەنزە، تۇرپان، ۋۇجياچۈ شەھەرلىرىنىڭ ۋەكىللىرى كېلىشىمنامىغا ئىمزا قويۇپ، ئۈرۈمچى شەھەر ئىقتىساد چەمبىرىكى ھەمكارلىق كومىتېتى قۇردى، بۇ 7 شەھەر بىرلىكتە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي قاپتىلىدىكى ئىقتىساد چەمبىرىكىنى بەرپا قىلىدۇ.

## 26 - كۈنى

△ قويۇق مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە سودا ئىمارىتى — شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازىرى پۈتتى. خەلقئارا چوڭ بازارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى ئاز كەم 100 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ؛ بۇ تۈركىيەدىكى چوڭ بازارنىڭ كۆلىمىدىن 9000 كۋادرات مېتىر ئارتۇق بولۇپ، دۇنيا بويىچە 1 - چوڭ بازار ھېسابلىنىدۇ. بۇ بازارنى شىنجاڭ «خۇڭجىڭ» گورۇھى، شياڭگاڭ «لەندې» مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتى بىرلىكتە 450 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرۇپ چىققان. چوڭ بازاردا ئېگىزلىكى 80 مېتىر كېلىدىغان كۆزىتىش مۇنارى، 3000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان كۆڭۈل ئېچىش مەيدانى، ئاز كەم 1000 ئادەم غىزالىنالايدىغان تىياتىرخانا شەكلىدىكى چوڭ ئويۇن قويۇش زىياپەت زالى، 55 مال سېتىۋېلىش لىفتى ۋە 3000 بايما ئورنى بار.

## 27 - كۈنى

△ 2002 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. گو جىچىن، ۋاڭ يىلىن ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى 500 مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاندى. باشقا 99 تۈر 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى.

## 30 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىدىكى 50 ئىلغار پارتىيە تەشكىلاتى ۋە 100 مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسىنى تەقدىرلىدى.

# 7 - ئاي

## 2 - كۈنى

△ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ئەي بولغان بەدەن ھۈجەيرىسىدىن ھاسىل قىلىنغان قوشكېزەك كېلون موزاي شىنجاڭ «ئالتۇن كالا» بىئولوگىيىلىك پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 1 - كالا فېرمىسىدا دۇنياغا كەلدى. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدا تۇنجى ئەي بولغان بەدەن ھۈجەيرىسىدىن ھاسىل قىلىنغان كېلون موزايدۇر.

## 3 — 4 - كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيى

ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

### 6 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ياپونىيىلىك دوست شياۋداۋ كاڭيۇ ئەپەندىگە «ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنى قوللاش تۆھپە مۇكاپاتى» بەردى. چەت ئەللىك دوستلارغا مۇنداق مۇكاپاتنى بېرىش شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئىش.

### 8 - كۈنى

△ 700 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىنغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1216 كىلومېتىر كېلىدىغان شىنجاڭ يېزا تاشيول قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى.

### 9 - كۈنى

△ دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى ئېلان قىلغان ساندا كۆرسىتىلىشىچە، 2002 - يىلى مەملىكەت بويىچە چوڭ سانائەت كارخانىسى 1588 بولۇپ، بۇنىڭ 22 سى شىنجاڭدا ئىكەن، 100 كۈچلۈك كارخانا قاتارىغا كىرگىنى 3 ئىكەن. بۇ 3 كارخانا مۇنۇلار: جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى، بۇ 46- ئورۇندا؛ جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى، بۇ 87 - ئورۇندا؛ جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى، بۇ 96 - ئورۇندا تۇرغان.

### 12 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى يېڭى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈش بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى كادىرلار ۋە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىنى قوراللاندۇرۇش ۋە ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتە يېڭى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

### 15 — 16 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايون «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ھەققىدە نەزەرىيە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

### 18 - كۈنى

△ كورلا ئايرودرومىنى يۆتكەش قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىندى. يېڭى ئايرودروم كورلا شەھىرىگە 17 كىلومېتىر كېلىدىغان لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ شىنخا بازىرىدا.

### 18 - كۈندىن 20 - كۈنىگىچە

△ ش ئۇ ئا ر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 9 - قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. قۇرۇلتايدا يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك بەنزىسى سايلاپ چىقىلدى، مەھەممەتجان ئەمەت ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

### 19 - كۈنى

△ تارىم قۇملۇق تاشيولىنى پۈتۈن مۇساپە بويىچە كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى. ئىھاتە ئورمىنىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 436 كىلومېتىر، كەڭلىكى 72 مېتىردىن 78 مېتىرغىچە، ئورمان بەلۋېغىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 3128 گېكتار، تىكىلىدىغان ئومۇمىي كۆچەت 18 مىليون تۈپتىن ئارتۇق. بۇ قۇرۇلۇش ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ، قۇرۇلۇش مۇددىتى 3 يىل، بۇنىڭغا 220 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالىدىغان مەبلەغ 120 مىليون يۈەن.

### 22 - كۈندىن 24 - كۈنىگىچە

△ شىنجاڭنىڭ 2003 - يىللىق پاختىچىلىق مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: پاختا ئۆلچىمىنىڭ سىستېما قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، سۈپەت بىلەن ئىناۋەتكە كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىقىنى ئەلالاشتۇرۇش ۋە كۈچلۈكلەر قاتارىغا كىرگۈزۈش كېرەك.

### 24 - كۈنى

△ شىنجاڭ «يېشىل قارىغاي» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى خىمىيە سانائەت پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 60 مىليون A پېيى شاڭخەي ئاكسىيە بازىرىدا بازارغا سېلىندى. بۇ شىنجاڭ بويىچە پېيى بازارغا سېلىنغان 25 - شىركەت.

### 24 - كۈندىن 29 - كۈنىگىچە

△ ش ئۇ ئا ر «1 - ئاۋغۇست» ھال سوراش ئۆمىكى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەردىن ھال سورىدى.

### 27 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت ھۆججەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى لېڭ رۇڭشياڭ يىغىنغا قاتناشقان

1700 دىن ئارتۇق كىشىگە تۇنجى مەيدان دوكلات بەردى. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى يەنە شىنجاڭدا 3 مەيدان كونسۇلتاتسىيە دوكلاتى بەرمەكچى.

### 29 - كۈنى

△ شىنجاڭ بويىچە شەھەرلەشتۈرۈش تەرەققىيات مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ يىغىندا شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۈرۈمچى ئىقتىساد چەمبىرىكىنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

△ ئۈرۈمچى رايونىدا تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ 8.8℃ چۈشۈپ قالدى، بۇ تېمپېراتۇرا خاتىرىلەنگەندىن بۇيانقى 7 - ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا.

### 30 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى، ئاپتونوم رايون رەئىسىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى ئېچىلىپ، مەملىكەتلىك «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ گېزىت - ژۇرناللارنى قالايمىقان تارقىتىش ۋە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ سېلىق سېلىش مەسىلىسىنى تەرتىپكە سېلىش - تۈزەش ئىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 8 - ئاي

### 1 - كۈندىن 6 - كۈنگىچە

△ ئاپتونوم رايون شىمالىي شىنجاڭدا ئىقتىسادىي خىزمەت بويىچە نەق مەيداندا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «مەھسۇلاتنى مۇۋاپىق دەرىجىدە كۆلەملەشتۈرۈش، كەسىپلەشتۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش، سانائەتلىشىشنى تېزلىتىش، شەھەرلەشتۈرۈش ۋە بازارلاشتۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش» تىن ئىبارەت ئومۇمىي پىكىر يولى ۋە تەلەپكە ئاساسەن، تەرەققىيات بوشلۇقىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، تەرەققىيات قاتلىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرۈپ، شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت كۆرەش نىشانىنى ئالدى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

### 1 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر قۇتقۇزۇش - باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى.

△ شىنجاڭ «مەيچۈر» يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى مەملىكەت بويىچە ئىشەنچلىك ئاي توقاچ ئالتۇن مېداللىق كارخانا بولۇپ باھالاندى.

### 3 - كۈنى

△ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى بىلەن دۆلەت ئېلېكتر ئېنېرگىيە غەربىي شىمال شىركىتى 750 كىلوۋولتلۇق رېئاكتوردىن 4 نى ياساش توختامى ئىمزالىدى، بۇنىڭ بىلەن بۇ كارخانا مەملىكەت بويىچە تۇنجى 750 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق رېئاكتور ياسىيالايدىغان كارخانا بولۇپ قالدى.

### 4 - كۈندىن 7 - كۈنگىچە

△ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى چېڭ سىۋېي شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

### 7 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەرگە بېرىپ لېكسىيە سۆزلىدى.

### 8 - كۈنى

△ غەربىي جەنۇبىي تارىم نېفىتلىكىنىڭ كېشىبىن 102 قۇدۇقىدىن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت گاز ئېقىمى چىقتى.

### 8 - كۈندىن 11 - كۈنگىچە

△ 6 - نۆۋەتلىك جۇڭگونىڭ غەرب قىسمىدىكى (شىنجاڭ خۇالىڭ) خەلقئارا بىناكارلىق بېزەكچىلىك يەرمەنكىسى يەنى 2003 - يىللىق يېشىل بېزەكچىلىك ماتېرىياللىرى بايرىمى ئۈرۈمچى «خۇالىڭ» گۈرۈھى سودا بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى. يەرمەنكىدە 100 نەچچە تۈرلۈك ئىقتىساد تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە سودا توختامى ئىمزالاندى، پۈتۈشۈش سوممىسى 4 مىليارد 250 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل بىلەن پۈتۈشۈلگەن سومما 650 مىليون يۈەن.

### 9 - كۈنى

△ شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى

1 - دوختۇرخانىنىڭ سۆڭەك كېسەللىكلىرى مەخسۇس دوختۇرخانىسى ۋە ش ئۇ ئا ر سۆڭەك كېسەللىكلىرى تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى.

### 10 - كۈنى

△ مەملىكەتلىك پارتىيە گېزىتى مۇخبىرلىرىنىڭ تارىمنى ئايلىنىپ زىيارەت قىلىش پائالىيىتى باشلاندى، زىيارەت ئۆمىكىگە مەملىكەت بويىچە 28 ئاخبارات ۋاستىسىدىن 60 مۇخبىر قاتناشتى، بۇ پائالىيەتنىڭ مۇددىتى 15 كۈن.

### 11 - كۈنى

△ مەملىكەتلىك «سارس» قا تاقابىل تۇرۇش بويىچە قەھرىمان - نەمۇنىچىلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن سەييارە دوكلات بېرىش ئۆمىكىنىڭ 2 - شۆبە ئۆمىكى ئۈرۈمچىدە تۇنجى مەيدان دوكلات بەردى.

### 15 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە

△ ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى داغدۇغىلىق باشلاندى. مۇسابىقىدە 5 ئادەم دۆلەتلىك تەنھەرىكەت ماھىرى سەۋىيىسىگە، 65 ئادەم 1 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى سەۋىيىسىگە يەتتى، 119 ئادەم، 37 كوماندا 225 قېتىمدا 102 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

### 16 - كۈنى

△ شىنجاڭ چىكاڭ دوكتور خالمۇرات ئۇيغۇر تىبابىتى چەكلىك شى. قۇرۇلدى.

### 18 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە

△ 2003 - يىللىق خەلقئارا ئۇيغۇر تىبابىتى ئىلمىي يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

### 22 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە

△ تۇرپان ساياھەت مەدەنىيىتى تەشۋىقاتى ۋە تۇرپان ئۈزۈم بايرىمى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

### 26 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە

△ 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى سانجى يەرمەنكىسى سانجى شەھرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

### 28 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون بويىچە ھەقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپى خىزمىتى باشلاندى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايون 2003 - يىلى كۈزدىن باشلاپ مەركەز مالىيىسىدىن يىلىغا 140 مىليون يۈەن دەرسلىك خىراجىتى بېرىشنى، ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن 50 مىليون يۈەن ئوقۇش پۇلى ھەل قىلىپ بېرىشنى، بۇ پۇللارنى 56 ناھىيىدىكى 2 مىليون 50 مىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى تاماملىغىچە ئىشلىتىشنى قارار قىلدى.

△ شىنجاڭ داڭلىق ماركا ئىستراتېگىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتى 2003 - يىللىق شىنجاڭدىكى داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتلارنى ئېلان قىلدى. 23 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 34 مەھسۇلات داڭلىق مەھسۇلات بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن شىنجاڭدىكى 56 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 69 مەھسۇلات شەرەپ بىلەن داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى.

△ شىنجاڭ جۇڭگو «رەڭلىك پاختا» پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ «رەڭلىك پاختا» ماركىلىق رەڭلىك پاختا يىپى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ «تەڭرىتاغ» ماركىلىق يۇڭ پوپايكىسى جۇڭگونىڭ داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتى دەپ بېكىتىلدى.

### 29 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيىسى ئېيى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى، يىغىندا 5 - قېتىملىق پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 9 - ئاي

### 1 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە

△ 12 - نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا ئىمپورت - ئېكسپورتىنىڭ پۈتۈشۈش سوممىسى 1 مىليارد 674 مىليون دوللارغا يېتىپ، ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن %29.9 ئاشتى؛ تاشقى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 42 بولۇپ، پايدىلىنىلىدىغان چەت ئەل مەبلىغى 481 مىليون دوللار؛ ئىچكى سودا توختامىدىن 1085 ى ئىمزالاندى، بۇنىڭ پۈتۈشۈش سوممىسى 51 مىليارد 251 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %64.4 ئاشتى؛ ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىشكە دائىر ھەمكارلىق تۈرىدىن 825 ى ئىمزالاندى، پۈتۈشۈش سوممىسى 42 مىليارد 609 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %80.3 ئاشتى.

### 1 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە

△ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەت شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

### 1 - كۈنى

△ تۇرپان ۋىلايىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى، تۇرپان قۇرۇق ئۈزۈمىنىڭ ئەسلى

چىققان جايى ۋە مەھسۇلاتىنى قوغداشنى مەلۇم قىلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ شىنجاڭدا تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش.

## 2 - كۈنى

△ 2003 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە 300 مىڭ تونىنا ئۆرۈك ئېلىندى، شۇنىڭ بىلەن قەشقەر ۋىلايىتى دۇنيا بويىچە ئاساسلىق ئۆرۈك چىقىدىغان جاي قاتارىغا كىردى.

## 4 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جيا چىڭلىن شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. جيا چىڭلىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر مىللەت ۋە ھەر ساھە خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل پاراستى ۋە كۈچىنى ھەقىقىي ئۇيۇشتۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك.

## 4 - كۈنى

△ ئەتىگەن سائەت 4 تىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە تارىم قۇملۇق تاشيولىنىڭ 406 كىلومېتىرلىق جايىدا پەۋقۇلئاددە زور قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 5 ئادەم ئۆلدى، 9 ئادەم ئېغىر، 22 ئادەم يېنىك يارىلاندى.

△ شىنجاڭ شىخۇ پىۋىسى شىركىتى بىلەن سىچۈەن «لەنجيەن» گورۇھى، سىنگاپور ۋاڭ جەمەتى مەبلەغ سېلىش گورۇھى كېلىشىم ئىمزالىدى، ئۈچ تەرەپ مەبلەغ چىقىرىپ جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى شىنجاڭ شىخۇ پىۋىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى قۇردى. يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇ شىركەت 3 يىلدا 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، شىخۇ پىۋىسىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتىنى ھازىرقى 200 مىڭ تونىدىن 500 مىڭ تونىغا، يىللىق سېتىش كىرىمىنى 1 مىليارد يۈەنگە، پايدا ۋە باجنى 300 مىليون يۈەنگە يەتكۈزىدۇ، مەھسۇلاتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 30% كە يېتىدۇ.

## 4 - كۈنى

△ جەمئىي 370 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش مۆلچەرلەنگەن شىنجاڭ «شىنكۇن» كامىر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ يىلىغا 1 مىليون دانە گۈللۈك كامىر ئىشلەپچىقىرىش تۈرىدە سودىگەر چاقىرىش - خېرىدار بولۇش جەريانىدا ساختىلىق كۆرۈلگەنلىكتىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

## 11 - كۈنى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن شىنجاڭغا كەلگەن بېيجىڭدا تۇرۇۋاتقان چەت ئەللىك مۇخبىرلار ئۆمىكىنىڭ بىرلەشمە زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: شىنجاڭدا سىياسەت راۋان، كىشىلەر ئىناق، جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان دېدى.

## 12 - كۈنى

△ جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ كورلىدىن غەربىدىن قەشقەرگىچە بولغان بۆلىكىنى تۇتاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، ئورۇمچى تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ تىجارەت قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى غەربىي بۆلىكىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 969.58 كىلومېتىر كېلىدۇ، 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋاقىتلىق قاتناش يولىغا قويۇلغانىدى.

## 13 - كۈنى

△ مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا شىنجاڭ ماھىرلىرى جەمئىي 3 ئالتۇن مېدال، 8 كۈمۈش مېدال، 5 مىس مېدال ئالدى.

△ بېيتىك تېغى چارۋىچىلىق فېرمىسىدا 150 كىلوۋاتلىق قۇياش ئېنېرگىيىسىلىك فوتوۋولتلۇق ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتۈپ توك تارقىتىشقا باشلىدى. ئېلېكتر ئىستانسىسى ئوخشاش قۇرۇلۇش ئورنىدا جەمئىي 46 كۋادرات ماتېرىيال قوردى، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، ئۇ جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ قۇياش ئېنېرگىيىلىك فوتوۋولتلۇق ئېلېكتر ئىستانسىسى.

## 16 - كۈنى

شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. پىلاندا مۇنداق دەپ بېكىتىلدى: 2005 - يىلغىچە ساياھەتچىلىكنى شىنجاڭنىڭ 3- كەسپىدىكى يېتەكچى كەسىپكە ئايلاندۇرۇش، 2010 - يىلىغا بارغاندا ساياھەتچىلىكنى دەسلەپكى قەدەمدە شىنجاڭنىڭ تۈۋرۈك كەسپىگە ئايلاندۇرۇش، 2020 - يىلىغا بارغاندا ساياھەتچىلىكنى شىنجاڭنىڭ تۈۋرۈك كەسپىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

△ سائەت 11دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە قاناس مەنزىرە رايونىنىڭ ئىشىك بىلىتى ئېلىش پونكىتىغا 3000 مېتىر كېلىدىغان يەردە پەۋقۇلئاددە زور ساياھەت قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 6 ئادەم قازا قىلدى، 5 ئادەم ئېغىر، 18 ئادەم يېنىك يارىلاندى.

## 16 — 17 - كۈنلىرى

△ تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ مەدەنىيەت كەسپى مۇھاكىمە

يىغىنى ۋە يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

**20 - كۈنى**

△ بۇ كۈن مەملىكەت بويىچە تۇنجى پۇقرالار ئەخلاقى تەشۋىقات كۈنى بولۇپ، ئاپتونوم رايون ئۈرۈمچىدە چوڭ تىپتىكى تەشۋىقات پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇر بەكرى مۇھىم سۆز قىلدى.

**24 - كۈنى**

△ ئاپتونوم رايون نازارەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار قانۇنچىلىق لېكسىيىسى ئۆتكۈزدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ «خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مەمۇرىي ئىشلارنى چوقۇم قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش كېرەك» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدى.

△ شىنجاڭنىڭ مېيىپ تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەتلىك 6- نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 12 ئالتۇن مېدال، 11 كۈمۈش مېدال، 11 مىس مېدال ئالدى.

**25 - كۈنى**

△ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى شياڭگاڭ ئاخبارات ئۆمىكىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭ بىلەن شياڭگاڭنىڭ كەڭ ھەمكارلىق بوشلۇقى بار، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق شياڭگاڭ سودا - سانائەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنى چىن كۆڭلىدىن ئۈمىد قىلىدۇ.

**26 - كۈنى**

△ ئاپتونوم رايون چېن تيەنچيۇ، ماۋ زېمىن، دۇ جوڭيۈەن، لىن جىلۇ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قۇربان بولغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىدە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

**27 - كۈنى**

△ جۇڭگو شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار بازىرى قۇرۇلدى.

△ مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ج خ چېگرا مۇداپىئە قىسمىنىڭ «ئون چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلى» نى تەقدىرلەش يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى جەنۇبىي شىنجاڭ قوماندانلىق شتابىدىن مۇئاۋىن بەنجاڭ فەن شىنخېمۇ تەقدىرلەندى.

**27 — 28 - كۈنلىرى**

△ ئاپتونوم رايون قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. ۋاڭ لېچۈەن، ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

**29 - كۈنى**

△ ئاپتونوم رايون «يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ پاشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا قاتنىشىشنى يولغا قويۇش چارىسى» نى ئوتتۇرىغا قويدى، قاراردا 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ پاشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا قاتنىشىشى قارار قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى 226، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 159 مىڭ 300، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىم 49 مىڭ 500.

△ ش ئۇ ئا ر قانۇنسىز بۇلغىما قويۇپ بەرگەن كارخانىلارنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، قانۇنسىز بۇلغىما قويۇپ بېرىشكە دائىر 10 چوڭ تىپىك دېلونى ھەمدە قانۇنسىز بۇلغىما قويۇپ بەرگەن 35 كارخانىنى ئاشكارىلىدى.

## 10 - ئاي

**1 - كۈنى**

△ تاڭ سەھەردە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا تۈمەنلىگەن ھەر مىللەت كادىر، ئامما بىلەن بىللە دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

△ ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى دۆلەت يولى 315 - لىنىيىسى يەنى چەرچەن - چاقىلىق تاشيولىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ تاشيولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 295 كىلومېتىر، بۇنىڭغا 555 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش مۆلچەرلەندى، بۇ قۇرۇلۇش 2005 - يىل 11 - ئايدا پۈتكۈزۈلمەكچى.

**1 - كۈندىن 6 - كۈنىگىچە**

△ 2003 - يىللىق «ئاسيانىڭ جۇغراپىيىلىك مەركىزى» ئاۋئاموبىل ئۇچقۇرۇش بويىچە ماھارەت كۆرسىتىش بايرىمى ۋە مەملىكەتلىك پاراشوتتىن سەكرەش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. 13 ئۆلكىدىن كەلگەن 63 تەنھەرىكەتچى 17 تۈر بويىچە مۇسابىقىگە قاتناشتى.

**2 - كۈنى**

△ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى كۆيۈۋاتقان شىنجاڭ

لېۋخۇاڭگۇ كۆمۈرلۈكىدىكى ئوت يوقىتىلدى. لېۋخۇاڭگۇ كۆمۈرلۈكىدە يىلىغا 1 مىليون 760 مىڭ توننا كۆمۈر كۆيۈپ كېتەتتى. شىنجاڭدا 88 يەردىكى كۆمۈرلۈك ئىچىدە 42 كۆمۈرلۈك كۆيۈپ تۇرىدۇ، ھازىر 24 يەردىكى كۆمۈرلۈك كۆيۈۋاتىدۇ، ھەر يىلى كۆيۈۋاتقان كۆمۈر تەخمىنەن 10 مىليون تونىغا يېتىدۇ.

## 10 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق يېتىلىۋاتقان كارخانىلارنى ئۆزگەرتىش يولى، تەرەققىياتنى تېزلىتىش سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. شىنجاڭ لوپنۇر كۆلى كالىي تۇزى يەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق 32 كارخانا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆزگەرتىش يولىنى ئىزدىگەن يېتىلىۋاتقان كارخانا قىلىپ بېكىتىلدى.

## 13 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرالاۋاتقان كارخانىلارنى ئۆزگەرتىش يولى، تەرەققىياتنى تېزلىتىش سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. شىنجاڭ «تەيچاڭ» ئوقەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق 33 يۇقىرالاۋاتقان كارخانا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆزگەرتىش يولىنى ئىزدىگەن يۇقىرالاۋاتقان كارخانا قىلىپ بېكىتىلدى.

## 15 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە

△ ئاپتونوم رايونلۇق سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش بويىچە نەق مەيداندا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

## 16 - كۈنى

△ گۇۋۇيۈەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى.

## 18 — 19 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايون پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار يىغىنى ئاچتى، يىغىندا پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

## 19 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى ناھىيىسى سارچوقا توك بىلەن تەمىنلەش بىرلەشمە تىجارەت كۆمۈر كېنىنىڭ شەرقىي قۇدۇقىدا سۇ چىقىپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 7 كان ئىشچىسى قازا قىلدى.

△ خوتەن ئايرودرومىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى، ئاۋىئاتسىيە قاتنىشى نورمال ئەسلىگە كەلدى.

△ جۇڭگو بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى.

## 22 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ گېزىت - ژۇرناللارنى قالايمىقان تارقىتىش ۋە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ تارقىتىشنى يەنىمۇ تۈزەپ، ئاساسىي قاتلام ۋە دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشكە دائىر يولغا قويۇش لايىھىسى»نى تارقىتىپ، بۇ خىزمەتنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

## 25 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى شەھىرى تاشقى ئايلانما يولىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى. بۇ قۇرۇلۇش 2000 - يىل 4 - ئايدا باشلانغانىدى، ئۇنىڭغا 2 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 31.25 كىلومېتىر.

△ شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ كىتاب توپ تارقىتىش، سېتىش بازىرى — شىنجاڭ كىتاب توپ سېتىش بازىرى تىجارەت باشلىدى. بۇ بازارنىڭ تىجارەت كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىر، تىجارەت قىلىنىدىغان كىتاب، ژۇرنال 100 مىڭ خىلدىن ئاشىدۇ.

## 27 - كۈنى

△ شىنجاڭ گۇاڭخۇي گۇرۇھى 2003 - يىللىق جۇڭگو كارخانا مەدەنىيىتى بويىچە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇ غەربىي قىسىم رايونى بويىچە مۇشۇنداق شەرەپكە ئېرىشكەن بىردىنبىر كارخانىدۇر.

△ جۇڭگو مىللىي مەدەنىيەت ۋە خەلق مەدەنىيىتىنى قوغداش قۇرۇلۇشى ئۆزگەرتىش سىناق قىلىنىدىغان تۇنجى تۈركۈمدىكى 10 تۈر بېكىتىلىپ چىقتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى مۇشۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلدى.

## 28 - كۈنى

△ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 941 كىلومېتىر كېلىدىغان غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدىكى تۇرۇبا يولىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى.

△ شىنجاڭ گېئولوگىيە قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى بىلەن ئەنگلىيە «لىكو» كانچىلىق قىدىرىپ تەكشۈرۈش چەكلىك شىركىتى توختام ئىمزالىدى، ئىككى تەرەپ بىرلىكتە تەڭرىتاغنىڭ شەرقىدىكى ئالتۇن مىس كېنىنى خەتەرلىك تەكشۈردى.

### 29 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى دەي جۇ مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك 10 ياخشى ئەيىبلىگۈچى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

### 31 - كۈنى

△ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ ئاندالۇزىت كان ياتىقى بايقالدى، ئۇنىڭ كەلگۈسى بايلىق مىقدارى 213 مىليون توننا. ئاندالۇزىت مەملىكىتىمىز ۋە چەت ئەلدە ئالىي دەرىجىلىك ئوتقا چىداملىق خىش ياساشتا كەڭ قوللىنىلىدۇ، ئالىي دەرىجىلىك ئوتقا چىداملىق فارفور ياساش ۋە يېنىك كىرىمنىيلىق ئالىيۇمىن قېتىشمىسى تاۋلاشتا كەڭ بازار ئىستىقبالىغا ئىگە. ئىنچىكە تاللانغان ئاندالۇزىت رۇدىسى مەملىكىتىمىزدە كەمچىل مەھسۇلات بولماقتا.

△ دۆلەت يولى 217 - لىنىيىسىنىڭ قارامايدىن مايتاغقىچە بولغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى. بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 148.5 كىلومېتىر، بۇ قۇرۇلۇشقا جەمئىي 463 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

## 11 - ئاي

### 1 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ھەققىدە جىددىي يىغىن ئېچىپ، زور يوشۇرۇن ئاپەت ساقلانغان، قائىدىگە ۋە قانۇنغا خىلاپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان كارخانىلارنى دەرھال تاقاشنى تەلەپ قىلدى.

### 2 - كۈنى

△ 7 - نۆۋەتلىك «يەر شارى مۇكاپاتى»نى تارقىتىش مۇراسىمى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، 39 ئادەم مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شىنجاڭدىن لى ۋېيدۇڭ، دەي جياڭنەنلەر مۇشۇ مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «يەر شارى مۇكاپاتى» مەملىكىتىمىز بويىچە مۇھىت ئاسراش ساھەسىدىكى ئەڭ ئالىي مۇكاپاتتۇر.

### 5 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭ قۇلماقچىلىق پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش لىدىرى ئەكرەم ئەيسايوفنىڭ چەتكە چىقىپ كېتىش ۋەقەسىگە ئالاقىدار ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.

△ 2003 - يىللىق دۇنيا مىيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسىدا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن شىنجاڭلىق مۇنەۋۋەر مېيىپ تەنھەرىكەتچى ۋاڭ يەنخۇڭ شەرەپ قۇچۇپ قايتىپ كەلدى. ۋاڭ يەنخۇڭ ئاياللارنىڭ ئۆرە تۇرۇپ قارىغا ئېتىش گۇرۇپپىسى بويىچە 1-بولدى ھەمدە 339 ھالقا ۋە 293 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن 30 مېتىرلىق، 70 مېتىرلىق دۇنيا رېكورتىنى بۇزدى.

### 6 - كۈنى

△ شىنجاڭدىكى 13 كارخانا شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق سانائەت يەرمەنكىسىدە تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا چىقتى.

### 7 - كۈنى

△ شىنجاڭنىڭ ئاخبارات خىزمەتچىلىرى جەمئىيەتتى پاك-دىيانەتلىك بولۇش ئەھدىنامىسى تۈزۈپ، ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنىڭ كەسىپ روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەسىپ ئەخلاقىنى ۋە قوشۇنىنىڭ ئوبرازىنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلدى.

### 9 - كۈنى

△ دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ناھىيىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئومۇميۈزلۈك تەرەققىيات كۆرسەتكۈچىنى مۆلچەرىي باھالىشىغا دائىر ئەڭ يېڭى نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە كورلا شەھىرى بىلەن شىخەنزە شەھىرى 2002 - يىللىق جۇڭگودىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان 100 ناھىيە (شەھەر، رايون) قاتارىغا كىرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە كورلا شەھىرى مەملىكەت بويىچە 87 - ئورۇندا تۇرۇپ، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە ئىچىدە 1 - بولغان؛ شىخەنزە شەھىرى مەملىكەت بويىچە 93 - ئورۇندا تۇرغان.

△ مەملىكەت بويىچە 2073 ناھىيە (شەھەر، رايون) ئىچىدە غەربىي شىمال رايونىدىن پەقەت 3 ناھىيە شەرەپ تاختىسىدىن ئورۇن ئالدى، پۈتۈن غەربىي رايون بويىچىمۇ پەقەت 9 ناھىيە 100 كۈچلۈكلەر قاتارىغا كىردى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىن 2 ناھىيە، گەنسۇدىن بىر ناھىيە، ئىچكى موڭغۇلدىن 3 ناھىيە، سىچۈەندىن 3 ناھىيە بار.

### 11 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە

△ تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا يەرمەنكىسى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، شىنجاڭ سودا ئۆمىكى پۈتۈشكەن سودا توختام سوممىسى 447 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

### 12 - كۈنى

△ خۇاشيا بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى قۇرۇلدى.

△ 94 - نۆۋەتلىك كۈز پەسىللىك گۇاڭجۇ يەرمەنكىسىدە شىنجاڭ سودا ئۆمىكى پۈتۈشكەن سومما 138 مىليون دوللار (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) غا يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىنى ياراتتى.

### 14 - كۈنى

△ مەملىكىتىمىز بويىچە شىنجاڭ ج خ خەلق ساقچىلىرى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان» تېرروزچى تەشكىلاتىنىڭ كۆرىشى تەسۋىرلەنگەن تۇنجى رومان — «دۆلەتنىڭ شان - شەرىپى» نى تۇنجى قېتىم تارقىتىش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

### 16 - كۈنى

△ بېيجىڭ «جوڭشېن» مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى 1 مىليارد 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكىنى بىرلىكتۈرۈش ھەققىدىكى كېلىشىمنامىگە ئىمزا قويۇش مۇراسىمى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلدى. بۇنىڭدىن مەقسەت قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا تايىنىپ، جوڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، قىرغىزىستاننىڭ داڭلىق مەنزىرە رايونى بولغان ئىسسىقكۆلدىن ئىبارەت خەلقئارا ساياھەتچىلىكنىڭ ئالتۇن لىنىيىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت.

△ شىنجاڭ خەلقئارا ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان مىليون توننىلىق كۆمۈرنى كوكسلاشتۇرۇش تۈرىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىغا باي ناھىيىسىدە ئۇل سېلىندى. قۇرۇلۇش 3 قارارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئاخىرىدا 1 مىليون 500 مىڭ توننىلىق كوكس ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەندۈرۈلىدۇ، بۇ مەھسۇلاتنىڭ %80ى ياۋروپا، ياپونىيە، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئېكسپورت قىلىنىدۇ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 500 مىليون يۈەن ئەتراپىغا يېتىدۇ.

### 20 - كۈنى

△ جوڭگو دۆلەت ئېلېكترى قاراشەھەر دەرياسى ۋادىسى سۇ ئېلېكترى تەرەققىيات مەسئۇلىيەت شىركىتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى 20 - كۈنى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا قۇرۇلدى. بۇ 15 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىپ شىنجاڭدا ئەڭ زور يېشىل ئېنېرگىيە بازىسى قۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باشلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

### 21 - كۈنى

△ تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى مۇنۇلارنى ئېلان قىلدى: ھازىر بۇرغىلىنىۋاتقان ئىلەك رايونىدا 100 مىليون توننىلىق زاپاس كۆلىمىگە ئىگە بىر نېفىتلىك دەسلەپكى قەدەمدە ئىسپاتلاندى، بۇ يەردىكى نېفىتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسىنىڭ 79 مىليون 427 مىڭ توننا، تەبىئىي گازنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسىنىڭ 100 مىليارد 160 مىليون كۇب مېتىر ئىكەنلىكى مۆلچەرلەندى.

### 24 - كۈنى

△ جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، سادىق كوممۇنىزم جەڭچىسى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى باشلامچى رەھبىرى، كۆزگە كۆرۈنگەن ئىجتىمائىي، سىياسىي پائالىيەتچى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلى، ج ك پ 10-، 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، مەملىكەتلىك 1 -، 2 -، 3 -، 4 -، 5 -، 6 -، 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جوڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى كېسەل سەۋەبىدىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سائەت 6 دىن 5 مىنۇت ئۆتكەندە بېيجىڭدا 88 يېشىدا ۋاپات بولدى.

### 27 - كۈنى

△ يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ جەستى ئۈرۈمچى قەھرىمانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.

### 29 - كۈنى

△ ئۈرۈمچىدە 1000 پىدائىي قاتناشقان ئۈزۈنغا يۈگۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئەيدىس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشقا دائىر بىلىملەر تەشۋىق قىلىندى. شىنجاڭدا 1995 - يىلى تۇنجى ئەيدىس كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى بايقالغاندىن بۇيان مەلۇم قىلىنغان ئەيدىس كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى 7893 كە يەتتى.

### 30 - كۈنى

△ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى شىركىتى شىنياڭ ترانسفورماتور چەكلىك شىركىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سېتىۋالدى ھەمدە ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى شىركىتى پاينى كونترول قىلىدىغان ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى شىنياڭ ترانسفورماتور گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى تەشكىل قىلىندى. بۇ پاينى ئالاھىدە ترانسفوماتور ئېلېكتر سانائىتى شىركىتىنىڭ ترانسفورماتور مەھسۇلاتىنىڭ ئىچكى بازارلاردىكى ئۈلۈشى %6تىن %15كە ئۆستى، يىلىغا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ترانسفورماتور 30 مىليون كىلوۋولت ئامپېردىن 60 مىليون كىلوۋولت ئامپېرغا يەتتى، دېمەك بۇ شىركەت دۇنيا بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئەڭ چوڭ ترانسفورماتور ياساش كارخانىسى بولۇپ قالدى.

## 12 - ئاي

### 1 - كۈنى

△ بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 9 دىن 38 مىنۇت ئۆتكەندە

جۇڭگو بىلەن قازاقىستان چېگرىلىنىدىغان جايدا 6.1 بال يەر تەۋرىدى. تەۋرەش مەركىزى شىمالىي پاراللېل 43°06′، شەرقىي مېرىدىئان 80°06′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. يەر تەۋرەشنىڭ ئىلى رايونىغا بولغان تەسىرى كۈچلۈك بولدى. يەر تەۋرەشتە موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 4 - شى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا 11 ئادەم قازا قىلدى، 40 نەچچە ئادەم يارىلاندى.

يەر تەۋرىگەندىن كېيىن گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى ۋېن جىاباۋ، مۇئاۋىن زۇڭلى خۇي لياڭيۈ دەرھال يوليورۇق بېرىپ، ئالاقىدار تارماقلاردىن يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم يىغىن ئېچىپ، خەلق ئىشچىلىرىنىڭ ئىش ھەققىنى ئارقىغا سۈرەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلدى.

## 3 - كۈنى

△ شىنجاڭ شەھەر قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 6 مىليون يۈەنلىك A پېيى شاڭخەي ئاكسىيە بازىرىدا بازارغا سېلىندى. بۇ شىنجاڭدىكى پېيى بازارغا سېلىنغان 26 - شىركەت. شىنجاڭدىن پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ سانى مەملىكىتىمىزدىكى 5 ئاپتونوم رايون ئىچىدە 1 - ئورۇندا، غەربىي رايوندىكى 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر ئىچىدە 4 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

## 4 — 5 - كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى موڭغۇلكۈرەدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونغا بېرىپ، ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىدىن ھال سورىدى.

## 5 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇش پۇلىنى ۋە خەلق ئىشچىلىرىنىڭ ئىش ھەققىنى ئارقىغا سۈرگەنلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھەققىدە مەخسۇس يىغىن ئاچتى، يىغىندا جايلار ۋە ئورۇنلاردىن 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن ئىلگىرى خەلق ئىشچىلىرىنىڭ ئارقىغا سۈرەپ كېلىۋاتقان ئىش ھەققىنى قولىغا تەككۈزۈشنى تەلەپ قىلدى.

## 6 - كۈنى

△ شىنجاڭ «خۇالىڭ» گۇرۇھى بىلەن قىرغىزىستان دوردى گۇرۇھى ھەمكارلىشىپ قۇرغان دوردى سودا شەھەرچىسى قىرغىزىستاننىڭ پايتەختى بىشكەكتە تىجارەت باشلىدى. بۇ «خۇالىڭ» گۇرۇھىنىڭ ئالمۇتادىن كېيىن چەت ئەلدە قۇرغان 2 - چوڭ سودا شەھەرچىسى ھېسابلىنىدۇ.

## 7 - كۈنى

△ «زامانىۋى مال ئوبوروتى، مەدەنىي ئازادە تۇرالغۇ» ئىگىلىك باشقۇرۇش ئېڭى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتلىرى ئاساس قىلىنغان، ئۇچۇر ئوبوروتى، ماددىي ئەشيا ئوبوروتى، مەبلەغ ئوبوروتى بىر گەۋدە قىلىنغان زامانىۋى سودا سۇپىسى — گۇاڭخۇي ئازادە تۇرالغۇ ماددىي ئەشيالار ئوبوروت باغچىسىدا سىناق تەرىقىسىدە تىجارەت باشلاندى.

گۇاڭخۇي ئازادە تۇرالغۇ ماددىي ئەشيا ئوبوروت باغچىسى قۇرۇش تۈرىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى 2002 - يىل 8 - ئايدا باشلانغانىدى، نۆۋەتتە ئۇنىڭغا 2 مىليارد 600 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، جەمئىي 4653 سودا ئورنى بۇ باغچە رايونىغا ماكانلاشتى، بۇ رايون جەمئىيەتنى ئاز كەم 30 مىڭ ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەيدۇ، يىلىغا يۇقىرىغا 300 مىليون يۈەندىن ئارتۇق باج تاپشۇرىدۇ.

## 10 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 6 - (ئومۇمىي) كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى؛ ئىسمائىل تىلىۋالدى 2003 - يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى خۇلاسىلىدى، 2004 - يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى؛ جاڭ شيۇمىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىق خىزمىتى توغرىسىدا مەلۇمات بەردى.

## 13 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى، ۋاڭ لېچۈەن ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەردى.

## 14 - كۈنى

△ شىنجاڭ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار جەمئىيىتى يىغىن ئېچىپ، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق 2002 - يىللىق مەملىكەت بويىچە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان «ئىككىدە ئەلا» 6 كارخانا ۋە 7 ئىلغار ئېكسپورت كارخانىسىنى تەقدىرلىدى.

## 15 - كۈنى

△ ج خ مىنىستىرلىكى بېيجىڭدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، تۇنجى تۈركۈمدە رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ 4 تېررورلۇق تەشكىلاتىنى ۋە 11 تېررورچى ئۇنسۇرنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى.

△ قەشقەر شەھىرى دۆلەت ساياھەت ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتۈپ، جۇڭگونىڭ مۇنەۋۋەر

ساياھەت شەھىرى قاتارىغا كىردى.

## 16 - كۈنى

△ شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، شىنجاڭنىڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خادىملىرى قۇتۇبى ناھىيىسىدە چوڭ تىپتىكى بىر پۈتۈن كۆمۈرلۈكنى بايقىدى، ئۇنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپاس مىقدارى 1 مىليارد توننىغا يېتىدۇ.

شىنجاڭنىڭ كۆمۈر بايلىقىنىڭ زاپاس مىقدارى مەملىكەت بويىچە 40%نى ئىگىلەيدۇ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپاس مىقدارى تەخمىنەن 95 مىليارد توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

## 17 - كۈنى

△ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە، قازاقچە خەۋەرلەر تور - بېكىتى ئىشقا كىرىشتى.

## 18 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى تۇنجى نۆۋەتلىك يىپەك يولى قار - مۇز ئۆرپ - ئادەت بايرىمى باشلاندى.

## 19 - كۈنى

△ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ باسمىچىلىق نۇقتىسى قەشقەرگە ماكانلاشتى، بۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ھەر مىللەت ئاممىسى «شىنجاڭ گېزىتى» نى شۇ كۈنى كۆرەلەيدىغان بولدى.

## 21 - كۈنى

△ 1 مىليارد 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ بورانلىق رايوندا سۈرئەت تېزلىتىش بويىچە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى، بۇنىڭ بىلەن لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىدىكى نەچچە 10 يىلدىن بۇيانقى 100 چاقىرىملىق شامال رايونى ۋە 30 چاقىرىملىق شامال ئېغىزىدىكى «بوران ئالۋاستى» بويسۇندۇرۇلدى.

△ 2001 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە شىنجاڭدا قىيىنچىلىقى ئېغىر 440 مىڭ ئائىلىنىڭ كىيىم يۇتۇن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 1994 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە شىنجاڭدا جەمئىي 1 مىليون 760 مىڭ قىيىنچىلىقى بار ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

## 22 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون شىنجاڭ دېخۇي ئوقەتچىلىك كارخانىسى قاتارلىق 30 يۇقىراۋى كارخانىغا 2002 - يىللىق يۇقىراۋى كارخانىلار ئارىسىدىكى 30 كۈچلۈك كارخانا دەپ نام بەردى.

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى قارار چىقىرىپ، جېڭ يىجيەن قاتارلىق 81 كىشىگە ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى يەن - تېخىمۇ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار شەخس دەپ نام بەردى.

## 29 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش يېڭى يىللىق چاي زىياپىتى ئۆتكۈزدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى.

△ شىنجاڭدىكى 10 ياخشى ج خ خەلق ساقچىسىنى باھالاش خىزمىتى ئاخىرلاشتى.

## 30 - كۈنى

△ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەزەرىيىۋى ئىقتىسادشۇناسلىق، جۇڭگو تىل - ئەدەبىياتى پوستدوكتور ئىلمىي يەن تەتقىقات كۆچمە پونكىتى قۇرۇلدى. بۇنىڭغا 2001- يىلى قۇرۇلغان ماتېماتىكا پەنلىرى بويىچە پوستدوكتورلار كۆچمە پونكىتىنى قوشقاندا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 3 پوستدوكتورلار يەن تەتقىقات كۆچمە پونكىتى بار.

△ فۇكاڭ شەھەرلىك سىجىل تەرەققىيات تەجرىبە رايونى قۇرۇلدى، بۇ شىنجاڭدىكى تۇنجى سىجىل تەرەققىيات تەجرىبە رايونىدۇر.

# شىنجاڭنى ئېچىش

## ئومۇمىي بايان

### شىنجاڭدا غەربنى كەڭ ئېچىش ئىشىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدا دۆلەتنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسى پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئېلېكتر، سۇچىلىق، قاتناش، خەۋەرلىشىش، شەھەر مەمۇرىي قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى، قىسمەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىت دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلاندى، ئەۋزەل، ئۆزگىچە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى تېزلىتىلدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشتە دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى داۋاملىق ئۆستى، خەلق ئىگىلىكىدە ياخشى تەرەققىيات ھالىتى بارلىققا كەلدى، ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدى. ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 187 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002-يىلدىكىدىن %10.8 ئاشتى.

1. ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى ۋە چوڭ - چوڭ تۈرلەرنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، بىر تۈركۈم يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەندى.

2003 - يىلى شىنجاڭدا پۈتۈن جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 100 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %23.2 ئاشتى. چوڭ-چوڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرى، ناھىيە ۋە يېزا تاشيوللىرىنى ئۆزگەرتىش، ناھىيە بازارلىرىنىڭ ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇلارنى ئۆزگەرتىش، ناھىيە بازارلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە سۇ چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى، شەھەرلەرنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبا تورلىرىنى ئۆزگەرتىش، مۇلازىمەتچىلىك قۇرۇلۇشى قاتارلىق زايوم مەبلىغى سېلىنغان ساھەلەرگە دۆلەت مۇشۇ يىلى تۆر مەبلىغى سۈپىتىدە 8 مىليارد 270 مىليون يۈەن ياردەم بەردى، بۇ 2002 - يىلدىكىدىن 860 مىليون يۈەن ئاشتى، زايوم تۆر مەبلىغىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 80 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى، قاتناش، ئېنېرگىيە، شەھەر ئاساسىي مۇئەسسەسىلىرى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش قاتارلىق بىر تۈركۈم قۇرۇلۇش تۈرلىرى پۈتتى، ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولدى. 29 نۇقتىلىق قۇرۇلۇشقا جەمئىي 25 مىليارد 907 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى تاشقى ئايلانما يولى قۇرۇلۇشى، خوڭگىيەنچى 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى ۋوگزالىنى ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى، قۇمۇل 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 3 - قارارلىق كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ شىنجاڭ ئەلا سۈپەتلىك پاختا بازىسى قۇرۇلۇشى، تارىم يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىش - سۇ چىقىرىۋېتىش ۋە مۇھىت ئاسراش 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، تارىم دەرياسىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش قۇرۇلۇشى، لوپنۇر كۆلى كالىيلىق ئوغۇت بازىسى قۇرۇلۇشى قاتارلىق داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈرلەردە يەككە تۈر بويىچە ياكى قىسمەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ سانجى لىيۇخۇاگۇ كان رايونى 3 - نومۇرلۇق قۇدۇقنى ئېچىش قۇرۇلۇشى، سانجى تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، ناھىيە تاشيوللىرى قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار يېڭىدىن ئېلىپ بېرىلدى. مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ئارقىلىق يېڭىدىن ئاشۇرۇلغان ئىقتىدار ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە: سۇ ئامبارلىرىنىڭ سىغىمى 1 مىليارد 117 مىليون كۇب مېتىر، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ 6100 كىلومېتىر، تېجەشلىك سۇغىرىش كۆلىمى 77 مىڭ گېكتار، تاشيول 1660 كىلومېتىر، 4D دەرىجىلىك ئايرودروم بىر، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان نېفىت زاپىسى 152 مىليون توننا، خام نېفىت ئېلىش ئىقتىدارى 3 مىليون 670 مىڭ توننا، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان تەبىئىي گاز زاپىسى 100 مىليارد كۇب مېتىر، تەبىئىي گاز ئېلىش ئىقتىدارى 3 مىليارد كۇب مېتىر، گېنېراتور گۇرۇپپىسى 570 مىڭ كىلوۋات، شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 650 مىڭ كۇب مېتىر، كۈندىلىك ئەخلەت بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 1635 توننا، كۈندىلىك يۇندا بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 300 مىڭ كۇب مېتىر، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش كۆلىمى 13 مىليون 400 مىڭ كۋادرات مېتىر.



ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر 2003- يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى (شىنجاڭ بۆلىكى)نىڭ تورۇبا ياتقۇزۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ۋاڭ ۋېيجۇن فوتوسى

2. ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات يولىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش ۋە بەرپا قىلىش ئىشى داۋاملىق كۈچەيتىلدى.

شىنجاڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بەرپا قىلىش ۋە ئاسراشنى باشتىن - ئاخىر غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ تۈپ نۇقتىسى ۋە كىرىشىش نۇقتىسى قىلىپ كەلدى. دۆلەتنىڭ ياردىمىدە تارىم دەريا ۋادىسىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشى تېزلىتىلدى، 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 431 كىلومېتىر ئۆستەڭ سۇ سىڭمەس قىلىندى. 370 كىلومېتىر توغان ياسالدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشىنىڭ سالمىقى زورايتىلدى، شەھەردە سۇ بىلەن تەمىنلەش، سۇ چىقىرىۋېتىش، يۇندا ۋە ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش قاتارلىق مۇھىت ئاسراش ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى كۈچەيتىلدى، شەھەردىكى يۇندىنى مەركەزلىك بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتى %45.5كە يەتتى، تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى زىيانسىزلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتى %17.1كە يەتتى. پاكىز ئېنېرگىيە ئىشلىتىشنى ئومۇملاشتۇرۇش، پار قازانلىرىنى چېقىش ۋە بىرلەشتۈرۈش، سانائەت بۇلغىمىلىرىنى ۋە ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى چىقىرىدىغان گازلارنى تىزگىنلەش ئارقىلىق ھاۋا سۈپىتى 2 - دەرىجە بولغان ۋە 2 - دەرىجىدىن ياخشى بولغان كۈن سانى 282 كۈنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %18.08 كۆپەيدى. تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش، تېرىلغۇدىن چارۋىچىلىققا قايتۇرۇش، ئېكولوگىيە بويىچە ئۈلگە ناھىيىلەرنى بەرپا قىلىش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولدى، بىر يىلدا تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلغان كۆلەم 184 مىڭ گېكتار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمان بەرپا قىلىنغان يەر 91 مىڭ گېكتار، ئورمان بەرپا قىلىنغان قاقاس يەر ۋە قاقاس تاغ 93 مىڭ گېكتار. تېرىلغۇدىن چارۋىچىلىققا قايتۇرۇش قۇرۇلۇشى 427 مىڭ گېكتار ئورۇنلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋا بېقىشنى مەنئى قىلىنغان كۆلەم 267 مىڭ گېكتار، ئارام ئالدۇرۇلغان كۆلەم 120 مىڭ گېكتار، نۆۋەتلەشتۈرۈپ چارۋا بېقىشقا ئايرىلغان كۆلەم 40 مىڭ گېكتار، بۇنىڭ بىلەن يەرلەرنىڭ قۇملىشىپ، چۆللىشىپ كېتىش ئەھۋالى قىسمەن تىزگىنلەندى.

2. ئىقتىسادىي قۇرۇلما تەڭشىلىپ ۋە سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، ئۆزگىچە ئىقتىساد ۋە ئەۋزەل كەسىپلەر تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

شىنجاڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە سەرخىللاشتۇرۇشنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي تومۇرى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى، ئۆزگىچە سانائەتنى، ساياھەتچىلىك، مۇلازىمەتچىلىكنى ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. 2003 - يىلى 1 - كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 41 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %8.2؛ 2 - كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 79 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.3؛ 3 - كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 66 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.3 ئاشتى؛ ئۈچ كەسىپنىڭ قۇرۇلمىسى 35.5:42.5:22كە تەڭشەلدى.

2003 - يىلى يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ رايونلار بويىچە جايلىشىشىنى تەڭشەشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، پاختا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ئورمانچىلىق - باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى ئاشتى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىش، بازارلىشىش، تەشكىللەش دەرىجىسى يەنىمۇ ئۆستى. ئېلىنغان ئاشلىق 8 مىليون 20 مىڭ توننىغا، پاختا 1 مىليون 600 مىڭ توننىغا، كۆكتات 7 مىليون 610 مىڭ توننىغا، قىزىلچا 3 مىليون 820 مىڭ توننىغا، مېۋە 2 مىليون 180 مىڭ توننىغا يەتتى، ئورمان،

باغ كۆلىمى يېڭىدىن 132 مىڭ گېكتار كۆپەيدى. چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى تېزلەشتى، ئېلىنغان گۆش 1 مىليون 150 مىڭ توننىغا يېتىپ، %9.1، سۈت 1 مىليون 130 مىڭ توننىغا يېتىپ، %19.1 ئاشتى. چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پۈتكۈل يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە ئىگىلىگەن سالمىقى %24.5كە يېتىپ، 1 ـ كەسىپنىڭ ئېشىشىغا ۋە دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنىڭ كۆپىيىشىگە تۈرتكە بولدى.

سانائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمى تېزلىتىلىپ، 30 نۇقتىلىق كارخانىنى يۆلەش سالمىقى زورايتىلىپ، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنىڭ كەسىپ ئۈستۈنلۈككە، ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت قوشۇلما قىممىتى 57 مىليارد 100 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %11.2 ئاشتى. نېفىت خىمىيە سانائىتى پۈختا قەدەم بىلەن ئاشتى، تارىم، جۇڭغار، تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقلىرى ۋە باشقا ئويمانلىقلاردىكى نېفىت ـ گازنى تەكشۈرۈش، ئېچىش ئىشى كۈچەيتىلدى، بىر يىلدا نېفىت 21 مىليون 410 مىڭ توننىغا، تەبىئىي گاز 5 مىليارد 30 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى. تايانچ ئەمەلىي كۈچى بىر قەدەر كۈچلۈك كارخانا گۇرۇھلىرى ۋە پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر ئۆزگىچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، ئىچىملىك، هاراق ـ شاراپ، مېۋە ـ كۆكتات كونسېرۋاسى، سۇ يېغى، پەمىدۇر قىيامى قاتارلىق ئۆزگىچە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە كارخانا توپى بولۇپ شەكىللەندى. رايون خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە رەڭلىك مېتال، قىممەت باھالىق مېتال، كەم ئۇچرايدىغان مېتال، كالىيلىق تۇز قاتارلىق ئۆزگىچە قېزىلما بايلىقلارنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش، ئۆزلەشتۈرۈش ئىشى كۈچەيتىلدى، ئاشلى مىس كېنى ۋە لوپنۇر كۆلى كالىيلىق تۇز كېنىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش، ئېچىش نۇقتىلىق ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئىقتىسادىي ئۈنۈم زور ھەجىمدە ئۆستى، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرسەتكۈچى 175كە يېتىپ، 37.8 پىرسەنت پويىنتى ئۆستى؛ مۇئەييەن كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ياراتقان پايدىسى 14 مىليارد يۈەنگە يەتتى.

مۇلازىمەت كەسپى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى، سىياسەت جەھەتتىن يول كۆرسىتىش ئىشى كۈچەيتىلىپ، ساياھەتچىلىك، يېزا ئىگىلىك مۇلازىمەت سىستېمىسى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازارلىرى قۇرۇلۇشىغا پائال مەدەت بېرىلدى، ئەنئەنىۋى مۇلازىمەت كەسپى پۈختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدى، زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپى تېز سۈرئەتتە ئاشتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەت ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ساياھەت مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، ساياھەتچىلىك يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. 2003 ـ يىلى شىنجاڭ چېگرىدىن كىرگەن چەت ئەللىك 170 مىڭ 500 ساياھەتچى (قېتىم)، مەملىكەت ئىچىدىن كەلگەن 10 مىليون 115 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، خەلقئارا ساياھەتچىلىكتىن 48 مىليون 580 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى، ئىچكى ساياھەتچىلىكتىن 8 مىليارد 869 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى.

4. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيتىلدى، مەبلەغ سېلىش مۇھىتى ياخشىلاندى.

«ئىشىكنى ھەممە تەرەپتىن ئېچىۋېتىش، سىرتتىن كىرگۈزۈپ ئىچكىرى بىلەن بىرلىشىش، شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش» فاڭجېنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈكى جارى قىلدۇرۇلۇپ، مەبلەغ سېلىش مۇھىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى، سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىش ساھەلىرى ۋە بازارغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىندى، تاشقى سودا پائال كېڭەيتىلدى. 2003 ـ يىلى تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 4 مىليارد 772 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %77.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورتنىڭ 2 مىليارد 542 مىليون دوللارغا يېتىپ، %94.3 ئاشتى. سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمىتىدە يېڭى بۆسۈش بولدى. ئىچكى ـ تاشقى چوڭ ـ چوڭ شىركەت، كارخانىلار شىنجاڭغا ماكانلىشىشقا باشلىدى، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 20 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، 173 مىليون دوللار تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىلدى.

شىنجاڭ ئىشنى ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاش، تەستىقلاش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇش، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتىن باشلاپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان 1259 تەستىقلاش تۈرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلاپ چىقىپ، 145 مەمۇرىي تەستىقلاش

تۈرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، تەستىقلاشنى باشقۇرۇش تۈرىدىن 70نى، ھەق ئېلىش (باھا بەلگىلەش) تۈرىدىن 24 خىل، 52 تۈرنى تۆۋەنگە چۈشۈردى.

5. شىنجاڭنى «پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل يولغا قويۇلۇپ، ئىختىساسلىقلار بايلىقىنى ئېچىش ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى.

پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ قەدىمى تېزلىتىلدى. تىزىمغا ئېلىنغان زور پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى 232 گە يەتتى. بىئولوگىيە تېخنىكىسى، ئۇچۇر تېخنىكىسى، يېڭى ئېنېرگىيە، يېڭى ماتېرىيال، زامانىۋى ئۇيغۇر تىبابىتى دورىگەرلىكى ۋە زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىگە ئوخشاش يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش تۈرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئوڭۇشلۇق بولدى، ئىلغار ئەمەلىي تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش، پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش تېزلىتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇش رولى كۈچەيتىلدى. ھەر خىل شەكىلدىكى كەسپىي مائارىپ، چوڭلار مائارىپى ۋە يىراق مۇساپىلىك مائارىپ ئالغا سۈرۈلدى، ئالىي مائارىپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى كۈچەيتىلدى. ، 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق ۋە مەخسۇس كۇرسلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 147 مىڭ 600گە يەتتى. دۆلەتنىڭ ياردىمىدە، مەملىكەت بويىچە نامرات رايونلار مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولدى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى، مىللىي مەكتەپلەر بىلەن خەنزۇ مەكتەپلەرنى قوشۇۋېتىش قۇرۇلۇشى قەدەممۇ قەدەم يولغا قويۇلدى، شىنجاڭدىكى ھەر خىل مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى. نامرات ئائىلىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشقا كىرىش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دۆلەت 2003 - يىلى كۈزدىن باشلاپ ھەر يىلى 140 مىليون يۈەن، شىنجاڭ ھەر يىلى 50 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ناھىيىلەر ۋە باشقا چېگرا ناھىيىلەر ۋە نامرات ناھىيىلەر بولۇپ جەمئىي 56 ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ھەممە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ۋە شەھەرلەردىكى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى دەرسلىك بىلەن ھەقسىز تەمىنلەيدىغان ھەم ئوقۇش پۇلى ئالمايدىغان بولدى يەنى شۇ دائىرىدە ھەقسىز مائارىپنى يولغا قويىدىغان بولدى.

ئىختىساسلىقلار ئىستراتېگىيىسى پائال تۈردە ئىزچىل يولغا قويۇلدى، ئىختىساسلىقلار قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى، كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئالغا سۈرۈلدى، ئىختىساسلىقلار بازىرى سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولغان ياخشى شارائىت زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈلدى، تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن ئىختىساسلىقلار جەلپ قىلىندى.

6. ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى ۋە ئۆستۈرۈلدى. سەھىيە، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، رادىئو قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، كېسەللىكلەرنى تىزگىنلەش مەركىزى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى (ئاپتونوم رايونلۇق) تېز قۇرۇلۇۋاتىدۇ، ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىيەت سارىيى، كۇتۇپخانىلارنىڭ 2 - تۈركۈمدىكى تۈرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى ئاشتى، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 2106 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 244 يۈەن ئاشتى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىرىم 7220 يۈەنگە يېتىپ، 466 يۈەن ئاشتى. ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسى، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي سۇغۇرتىلارنىڭ قاپلاش دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيدى، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 1 مىليون 760 مىڭغا يەتتى. ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، تۆۋەن كىرىملىك ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسى مۇۋاپىق ھەل قىلىندى، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار 578 مىڭ شەھەر ئاھالىسىغا ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى تارقىتىلدى. روناق تاپقۇزۇش تېمىدىكى نامراتلارنى يۆلەش ئۇسۇلى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇشنىڭ 3 يىللىق پىلانىدا باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە ھاسىل قىلىنىپ، ئاخىرقى تۈركۈمدىكى 190 مىڭ ئادەمنىڭ كىيىم پۇتۇن - قورساق توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

غەربنى ئېچىش ئىشخانىسى

شىنجاڭ بىلەن غەربىي قىسمىدىكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ 2003 - يىلدىكى مالىيە كىرىم - چىقىمىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

| رايونلار | يەرلىك مالىيە كىرىمى (يۈز مىليون يۈەن) | يەرلىك مالىيە چىقىمى (يۈز مىليون يۈەن) |
|---|---|---|
| شىنجاڭ | 128.2 | 368.5 |
| شەنشى | 177.3 | 418.2 |
| گەنسۇ | 87.7 | 300 |
| نىڭشيا | 30 | 105.8 |
| چىڭخەي | 24 | 122 |
| شىزاڭ | 8.1 | 145.9 |
| ئىچكى موڭغۇل | 138.7 | 447.3 |
| سىچۈەن | 336.6 | 732.3 |
| چۇڭچىڭ | 161.6 | 341.6 |
| گۇيجۇ | 124.6 | 332.4 |
| يۈننەن | 229 | 587.3 |
| گۇاڭشى | 203.7 | 443.7 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

## نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ تاماملىنىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئايلىنىشى ياخشى بولدى، بىر يىلدا سېلىنغان مەبلەغ 28 مىليارد 79 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن %17.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى ئىش باشلانغان تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 172 مىليون يۈەن.

تولۇق ئىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلانغان 6 تۈردە ئىشقا كىرىشتۈرۈش نىشانى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن ئايرودرومىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قاتناش ئەسلىگە كەلدى، ئۈرۈمچى تاشقى ئايلانما يولى قۇرۇلۇشى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇرۇلدى، خوڭيەنچى 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى 12 - ئايدا سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ ئىقتىدارىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى، ئۈرۈمچى ژوگزالىنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ئاساسەن پۈتتى، قۇمۇل 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 3 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدا قۇراشتۇرۇش ئىشى ئاساسەن تاماملىنىپ، سىستېمىدىكى يەككە گېنېراتورلار سىناق تەرىقىسىدە ھەرىكەتلەندۈرۈلدى.

يەككە تۈر بويىچە قىسمەن ئىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلانغان 8 تۈردىن شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنى تۇتاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا كۆچا ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇش سۈرئىتى تەڭشەلگەچكە ئەسلىدە بېكىتىلگەن شۇ يىل ئىچىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانى ئورۇندالمىغاندىن باشقا قالغان 7 تۈرلۈك

قۇرۇلۇشى بەككە تۈر ۋە قىسمەن تۈرلەر بويىچە ئىشقا كىرىشتۈرۈش ۋەزىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە تارىم يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىش - سۇ چىقىرىۋېتىش ۋە مۇھىت ئاسراش بويىچە 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشتا 42 مىڭ گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 261 كىلومېتىر ئۆستەڭ سىڭدۈرمەسلەشتۈرۈلدى؛ شىنجاڭ سۇپەتلىك پاختا بازىسى قۇرۇلۇشىدا يېڭىدىن 10 مىڭ گېكتار ئۇرۇقلۇق ئېتىزى بەرپا قىلىندى، 26 تاۋار ئۇرۇق بازىسى قۇرۇش نىشانى ئورۇنلاندى؛ تارىم دەرياسىنىڭ يېقىنقى مەزگىللىك ھەر تەرەپلىمە تۈزەش قۇرۇلۇشىدا 431 كىلومېتىر ئۆستەڭ سىڭدۈرمەسلەشتۈرۈلدى، 370 كىلومېتىر توغان سېلىندى؛ 4 چوڭ نېفىتلىك بىر يىلدا 14 مىليارد 700 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، نېفىت ئېلىش ئىقتىدارىنى 4 مىليون 8000 توننا ئاشۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي شىمال نېفىت شۆبە شىركىتى (غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى) نېفىت - گاز تەكشۈرۈش، ئېچىشقا 3 مىليارد 164 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يىللىق پىلانىنى %186.14 ئورۇندىدى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى 1 مىليارد 584 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يىللىق پىلانىنى %145.3 ئورۇندىدى، شىنجاڭ نېفىت تەكشۈرۈش - ئېچىش شىركىتى 6 مىليارد 556 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يىللىق پىلانىنى %129.3 ئورۇندىدى.

داۋاملاشتۇرۇلىدىغان باشقا 15 تۈر ئىچىدە، كۇچا ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئۈسكۈنە تەمىنلەش ۋاقتى كېچىكتۈرۈلگەچكە، تۈر قانۇنىي ۋەكىلى قۇرۇلۇش سورۇنىنى ئاستىلاتتى، شىنجاڭ تېجەشلىك سۇغىرىش قۇرۇلۇشىغا «سارس» تۈپەيلىدىن ۋاقتىدا خېرىدار چاقىرىشقا بولماي، يىللىق مەبلەغ سېلىش پىلانى ئورۇندالماي قالدى، قالغان 13 تۈردە يىللىق قۇرۇلۇش پىلانى ئاساسەن ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە لوپنۇر كۆلى كالىيلىق ئوغۇت بازىسى تەجرىبە زاۋۇتى بىلەن تۇزلۇقنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. قاپچىغاي سۇچىلىق قۇرۇلۇشى تۈگۈنىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىغا 454 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، چوڭ توسمىنىڭ سىغىز توپىلىق ئۆزەك تېمى 915 مېتىرلىق ئېگىزلىككىچە قويۇپ چىقىلدى؛ جىرىنتاي 1 - دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا 530 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يىللىق پىلان %117.85 ئورۇندالدى، چوڭ توسما 1365 مېتىر ئېگىزلىككىچە قويۇپ چىقىلدى، تۇرپان ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئاساسىي ئىستانسا ئۆيىنىڭ ئاساسى نۆل مېتىرغىچە قويۇپ چىقىلدى، تۇرخۇنى 18.2 مېتىرغىچە قويۇپ چىقىلدى؛ شىنجاڭ «نۇر قۇرۇلۇشى»غا 34 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 25 ۋاتلىق، 50 ۋاتلىق قۇياش ئېنېرگىيىلىك توك چىقىرىش سىستېمىسىدىن 8110 يۈرۈش ياسالدى؛ دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىنىڭ توقسۇندىن خوشۇتقىچە بولغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 438 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يىللىق پىلان %145.87 ئورۇندالدى؛ كۈيتۇڭدىن سايرام كۆلىگىچە بولغان ئالىي تاشيول قۇرۇلۇشىغا 568 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يىللىق پىلان %81.2 ئورۇندالدى؛ دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىنىڭ خوشۇتتىن كورلىغىچە بولغان بۆلىكىنى يۇقىرى سۈرئەتلىك قىلىپ ياساش قۇرۇلۇشىغا 756 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يىللىق پىلان %94.5 ئورۇندالدى؛ ئاشلى مىس كېنى رۇدا تاللاش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي قۇدۇقى 380 مېتىرلىق ئېگىزلىككىچە قويۇلدى، قوشۇمچە قۇدۇقى 499 مېتىرلىق ئېگىزلىككىچە قويۇلدى. 196 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ كۇچا ئوقۇر بۇلاق كان رايونى 2 - نومۇرلۇق قۇدۇقلۇقنىڭ ئاساسىي قۇدۇقى 425 مېتىرغىچە قويۇلدى، شامال قۇدۇقى 970 مېتىر كولاندى، بۇنىڭغا 92 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشى (شىنجاڭ بۆلىكى)غا 2 مىليارد 260 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 599 كىلومېتىر تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى، گازلىق قۇرۇلۇشىمۇ 8 - ئايدا باشلاندى؛ شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزىگە 215 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش ۋە ئىچى - تېشىنى بېزەش ئىشىنىڭ %80ى تاماملاندى، 2004 - يىلى پۈتتۈرۈپ ئىشلىتىش پىلانلاندى.

يېڭىدىن ئىش باشلانغان 10 تۈر ئىچىدە، سانجى ليۇخۇاڭگۇ كان رايونى 3 - نومۇرلۇق قۇدۇقلۇقنى ئېچىش قۇرۇلۇشى، سانجى تېرمو ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، ناھىيە بازارلىرى ئېلېكتىر تورى بەرپا قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، قاراماي، كورلا ئايرودروملىرىنى كۆچۈرۈش قۇرۇلۇشلىرى، ناھىيە تاشيوللىرى قۇرۇلۇشى، گۇاڭخۇي سۇيۇقلاندۇرۇلغان تەبىئىي گاز (LNG) قۇرۇلۇشى، ئاقسۇ خۇاجياڭ خىمىيىۋى ئوغۇت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ يىلىغا 300 مىڭ توننا بىرىكمە ئامىياك، 520 مىڭ توننا ئورېيا ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق 9 تۈردە پىلان بويىچە ئىش باشلىنىپ، بىر يىلدا 2 مىليارد 172 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. جىڭ - غۇلجا تۆمۈريول تۈرىنىڭ تەكلىپنامىسى دۆلەت تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاندى، بۇ تۈردە 2004 - يىلى ئىش باشلىنىدۇ.

تەييارلىقتىكى 12 نۇقتىلىق تۈرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمىتىدە مۇھىم ئىلگىرىلەش بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە شابەندى

سۇچىلىق تۈگۈنىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتى سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتتى، «تۆتىنى راۋانلاشتۇرۇش، بىرنى تەكشىلەش» كە ئوخشاش ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەندى، 2004 - يىلى ئىش باشلاش پىلانلاندى. قاپچىغاي سۇچىلىق تۈگىنى 2 - قارارلىق قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ تەكلىپنامىسى سۇچىلىق مىنىس-

شىنجاڭ بىلەن غەربىي رايوندىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ 2003 - يىلدىكى ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

| رايونلار | ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى (يۈز مىليون دوللار) | ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى (يۈز مىليون دوللار) | چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ (تۈمەن دوللار) |
|---|---|---|---|
| شىنجاڭ | 47.7 | 25.42 | 4005 |
| شەنشى | 27.8 | 17.35 | 33190 |
| گەنسۇ | 13.3 | 8.78 | 2342 |
| نىڭشيا | 6.5 | 5.12 | 1743 |
| چىڭخەي | 3.4 | 2.74 | 2522 |
| شىزاڭ | 1.6 | 1.22 | |
| ئىچكى موڭغۇل | 28.3 | 11.56 | 8854 |
| سىچۈەن | 56.4 | 32.13 | 41231 |
| چۇڭچىڭ | 25.9 | 15.85 | 26083 |
| گۈيجۇ | 9.8 | 5.88 | 4521 |
| يۈننەن | 26.7 | 16.77 | 8384 |
| گۇاڭشى | 31.9 | 19.7 | 41856 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

تىرلىكى ئومۇمىي پىلان باش مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، سۇچىلىق مىنىستىرلىكىگە يوللاندى؛ قاناس ئايرودرومى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىزمىتىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىلگىرىلىدى، 2004-يىلى ئىش باشلاش پىلانلاندى.

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق تۈرلەر ئارقىلىق يېڭىدىن ئاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئاساسەن مۇنۇلار: ئۆزگەرتىلگەن تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز 42 مىڭ گېكتار، سۇ سىڭەس ئۆستەڭ 692 كىلومېتىر، كېۋەز تاۋار ئورۇقلۇق بازىسى 26، گېنېراتور گورۇپپىسى 535 مىڭ كىلوۋات، 4D دەرىجىلىك ئايرودروم 2، نېفىت ئېلىش ئىقتىدارى 4 مىليون 8000 توننا، شەھەرلەردىكى تېز سۈرئەتلىك يول 30.16 كىلومېتىر، تۆمۈريول پويىز كۆتۈش ئۆيى 27 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر.

يالڭ يىبو، لى ئەنچۈەن

## غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى (شىنجاڭ بۆلىكى)نىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدە تۇرۇبا ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى 2003 -

يىل 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يۈزلىنى، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 941 كىلومېتىر كېلىدۇ.

شىن جيەن

# تەرەققىيات رايونى

## ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

2003 - يىل — بۇ تەرەققىيات رايونى 2 - قارارلىق ئېچىشنى يولغا قويغان تۇنجى يىل، تەرەققىيات رايونى تاشقى مەبلەغ كىرگۈزۈشنى، سانائەت تۈرلىرىنى، ئېكسپورت ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتىشنى ئاساس قىلىش ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرتىپنى راسا تۈزەپ، تەرەققىيات رايونىنىڭ مۇھىتىنى ياخشىلاپ، تەرەققىيات رايونىنىڭ يېڭى ئوبرازىنى يارىتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلدى. بىر يىلدا ئورۇندالغان ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 490 مىليون يۈەنگە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 111 مىليون يۈەنگە، مالىيە كىرىمى 469 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، باج 463 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە، ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى ئومۇمىي سوممىسى 147 مىليون 60 مىڭ دوللارغا، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 695 مىليون يۈەنگە يەتتى. تەرەققىيات رايونىدا بىر يىلدا يېڭىدىن 245 تۈر تەستىقلاندى، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 2 مىليارد 20 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان تۈر 6 (ئىشقا كىرىشتۈرۈلگىنى بىر)، سېلىنغان مەبلەغ 43 مىليون 917 مىڭ دوللار. ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى دوكتور ئاشتى پەن تەتقىقات خىزمىتى پونكىتى قۇرۇلدى.

ئايشەم

## ئۈرۈمچى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى

2003 - يىلى بۇ رايون يۇقىرى - يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشنى باشلامچى قىلىپ، ئىسلاھاتنى ۋە يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سۈرۈپ، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش سالمىقىنى زورايتتى. بىر يىلدا تېخنىكا، سانائەت، سودا ئومۇمىي كىرىمى 11 مىليارد 110 مىليون يۈەنگە، سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 683 مىليون يۈەنگە، ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 199 مىليون 670 مىڭ دوللارغا، باج ئومۇمىي سوممىسى 610 مىليون يۈەنگە، مالىيە كىرىمى 284 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى، بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 747 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى.

2003 - يىلى تەرەققىيات رايونىدا يېڭىدىن 282 كارخانا كۆپەيدى، رويخەتكە ئالدۇرۇلغان مەبلەغ يېڭىدىن 1 مىليارد 410 مىليون يۈەن كۆپەيدى، قانۇنىي ئىگە كارخانا جەمئىي 1036گە يەتتى، مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 32گە، 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 5كە يەتتى. بىر يىلدا 18 تېخنىكا ھەمكارلىق توختامى ئىمزالاندى، ئومۇمىي پۇتۇشۇش سوممىسى 586 مىليون يۈەن بولدى، 269 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

ئايشەم

## شىخەنزە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

بۇ تەرەققىيات رايونى 2003 - يىلى ياخشى باشلىنىشتىن چوڭ تەرەققىياتقا قاراپ بۇرۇلۇش ياساشنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇردى. يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى 1 مىليارد 108 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسىنى 102 مىليون دوللارغا يەتكۈزۈپ، 2002 - يىلدىكىدىن %6. 69 ئاشۇردى. تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنى 1 مىليارد 134 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، %3. 33 ئاشۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي مۇئەسسەسە مەبلىغى 100 مىليون يۈەنگە يېقىنلىشىپ، 2002 - يىلدىكىنىڭ 66. 4 ھەسسىسىگە تەڭ كەلدى. بىر يىلدا سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش سوممىسى 1 مىليارد 324 مىليون يۈەنگە يېتىپ %32 ئاشتى. شۇ يىلى روييخەتكە ئېلىنغان كارخانا 146 گە، روييخەتكە ئېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 110 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سۇڭ مېيلىڭ

## كۇيتۇڭ ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

2003 - يىلى بۇ تەرەققىيات رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ئايلىنىشىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈشتە يېڭى سەكرەش ھاسىل قىلدى. ئۆتنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 308 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %2. 26 ئېشىپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ GDP سىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 2002 - يىلدىكى %1. 17تىن %6. 19 كە ئۆرلىدى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 561 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2. 32، باج كىرىمى 46 مىليون 960 مىڭ

يۈەنگە يېتىپ، %35، تۇراقلىق مۈلۈك مەبلىغى 275 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %83 ئاشتى. بىر يىلدا 41 تۈرنى تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇش تەستىقلاندى. ئۇنىڭغا 1 مىليارد 581 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت تۈرى 29، ئىش باشلانغىنى 24 بولۇپ، جەمئىي 611 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى. بىر يىلدا يېڭىدىن رويخەتكە ئېلىنغان كارخانا 55كە، رويخەتكە ئېلىنغان مەبلەغ 225 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ليۇ دۇڭگو

## غۇلجا چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى

2003 ـ يىلى بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا تەرەققىيات تېز بولۇشتەك ياخشى ھالەت داۋاملىق ساقلاندى، ئىقتىسادىي ھەرىكەتنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، سودىگەر چاقىرىش ـ مەبلەغ كىرگۈزۈشتە كۆزلەنگەن نىشان ئەمەلگە ئاشتى، يۈمشاق، قاتتىق مۇھىت قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېزلەشتى، تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر زور ھەجىمدە ئاشتى. ئۇنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 132 مىليون 797 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %8.45 ئاشتى؛ سانائەتنىڭ سېتىش مەھسۇلات قىممىتى 129 مىليون 25 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %47 ئاشتى. ئىچكى سودىنىڭ سېتىش مەھسۇلات قىممىتى 430 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.102؛ ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 56 مىليون 20 مىڭ 700 دوللارغا يېتىپ، %3.259؛ مالىيە كىرىمى 24 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.44؛ تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 325 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %4.91؛ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 69 مىليون 496 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، %04.182 ئاشتى؛ مەبلەغ كىرگۈزۈلگەن تۈر 15كە، توختام سوممىسى 414 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت تۈرى 10، ئىش باشلانغان تۈر 9.

پەن شۆرۈي

## چۆچەك چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى

2003 ـ يىلى بۇ رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 273 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 ـ كەسىپنىڭ 186 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.4، 3 ـ كەسىپنىڭ 87 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.3 ئاشتى. بىر يىلدا ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 513 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. چېگرا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 9 مىليون 56 مىڭ 500 دوللارغا يەتتى.

ھەمكارلىق رايوننىڭ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 20 مىڭدىن ئاشتى. تۈرلۈك كارخانا 49غا، كەسىپكار 4850كە يەتتى.

جاۋ زېخەن

## سانجى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى

2003 ـ يىلى بۇ تەرەققىيات رايونىدىكى ھەر خىل كارخانا 253كە يەتتى، سانائەت تۈرىدىكى كارخانىلار يېمەكلىك، خىمىيە سانائىتى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش ۋە ماشىنىسازلىق ـ ئېلېكترون قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ، ئۇنىڭ رايون ئىچىدىكى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 973 مىليون يۈەنگە، ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 289 مىليون يۈەنگە يەتتى، تەرەققىيات رايونى 6 قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ 31 قۇرۇلۇش تۈرىنى قۇرۇپ چىقىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى، تەستىقلانغان پىلاندىكى مەبلەغ 100 مىليون 783 مىڭ يۈەن بولدى، ئەمەلىيەتتە ئورۇندالغان تۈرلۈك قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆلىمى 61 مىڭ 59.407 كۋادرات مېتىرغا، ئەمەلىيەتتە سېلىنغان مەبلەغ 44 مىليون 33 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەستىقلانغان تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى 24 بولۇپ، ئەمەلىيەتتە پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 45 مىڭ 59.163 كۋادرات مېتىرغا، ئەمەلىيەتتە سېلىنغان مەبلەغ 34 مىليون 3800 يۈەنگە يەتتى. 2003 ـ يىلى تەرەققىيات رايونى تۆر توختامىدىن 4نى ئىمزالىدى، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش سوممىسى 253 مىليون يۈەن بولدى.

دۇ خۈييەن

## سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا باغچىسى

2003 ـ يىلى بۇ پەن ـ تېخنىكا باغچىسى يېڭى تېخنىكىدىن 9نى، يېڭى سورتتىن 37نى، يېڭى ئۈسكۈنىدىن 19 يۈرۈشنى كىرگۈزدى، يېڭى تېخنىكىدىن 12نى، يېڭى سورتتىن 38نى ئومۇملاشتۇردى، يېڭى تۈردىن 12نى كىرگۈزدى، مەبلەغ سېلىنغان تۈرلەر ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە: غەربىي يۇرت ئوقەتچىلىك گۇرۇھى 19 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغان «دۆلەتلىك قوغۇن ـ تاۋۇز قۇرۇلۇشى تەتقىقاتى» تۈرى، 22 مىليون 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغان «‹غەربىي يۇرت› يۈرۈشلۈك سۈپەتلىك قوغۇن ـ تاۋۇز سورتلىرىنى كەسپلەشتۈرۈش» تۈرى، 4 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغان «ئۇرۇقسىز تاۋۇز سورتىنى يېتىشتۈرۈش ۋە يۇقىرى ئۈنۈمدە ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە

كۆرسىتىش» تۈرى، 8 مىليون 570 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغان «سۈپەتلىك قوغۇن - تاۋۇزنى كەسپلەشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى تەتقىقاتى» تۈرى، جياخۇاڭ ئوقەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغان «گىنەكلەرنى يۇقىرى ئۈنۈمدە كۆپەيتىپ يېتىلدۈرۈش» تۈرى، خۇاشاڭ دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى 27 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغان «نەسىللىك كالا يېتىشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش فېرمىسى» تۈرى قاتارلىقلار. 12 مىڭ 400 ھەر خىل كەسپىي ئىختىساسلىق خادىم ۋە دېھقان (قېتىم) تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلىم - پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە 26 مۇتەخەسسىس (قېتىم) لېكسىيە سۆزلەشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇنىڭغا 1576 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، رەھبەرلەرگە 29 قېتىم لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇنىڭغا 1315 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، دېھقانلارغا 29 قېتىم لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇنىڭغا 3156 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

دۇ خۇيبەن

## چىڭخىزا ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

2003 - يىلى بۇ تەرەققىيات رايونى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 480 مىليون يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنى 179 مىليون يۈەنگە، سانائەت سېتىش كىرىمىنى 28 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە، باج كىرىمىنى 12 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى.

تەرەققىيات رايونى يىل ئاخىرىغا قەدەر 430 سودىگەر (قېتىم)نى كۆتۈرۈۋالدى، 54 تۈر ئۈستىدە كېڭەشىپ، 27 توختام ئىمزالىدى، 170 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى. بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت تۈرى 16، مەبلەغ سوممىسى 129 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپ تۈرى 11، مەبلەغ سوممىسى 41 مىليون 320 مىڭ يۈەن.

2003 - يىلى تەرەققىيات رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى جۇغراپىيىلىك ئورنى ئەۋزەل بولغان دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىنىڭ جەنۇبىنى، دۆلەت يولى «218» لىنىيىسىنىڭ ئىككى تەرىپىنى سانائەت باغچىسى قىلىپ پىلانلاپ، 1 - قارارلىق پىلانلاشنى تاماملىدى، ئىگىلىگەن يېرى 486.7 گېكتار، بۇ رايونغا پىششىقلاش كارخانىسىدىن 5ى ماكانلاشتى.

يەن شۆمېي

## كورلا ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

2003 - يىلى بۇ تەرەققىيات رايونى رايون ئىچى يولىدىن 39.4 كىلومېتىر، سۇ بىلەن تەمىنلەش تورۇبا لىنىيىسىدىن 23.8 كىلومېتىر، يۇندا چىقىرىۋېتىش تورۇبا لىنىيىسىدىن 21.2 كىلومېتىر، توك سىم يولىدىن 30.8 كىلومېتىر، يېقىلغۇ گاز تورۇبا لىنىيىسىدىن 14.4 كىلومېتىر، تېلېۋىزىيە سىم يولىدىن 12 كىلومېتىر، تېلېگراف تورۇبا لىنىيىسىدىن 36.7 كىلومېتىر تاماملىدى، «يەتتىنى راۋانلاشتۇرۇش، يەرنى تەكشەش» ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىدىن 37.6 كۋادرات كىلومېتىرنى ئاساسەن تاماملىدى. 22 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 271.9 گېكتار يەردە ئېكولوگىيىلىك ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلدى ۋە يول ياقىسىنى كۆكەرتتى.

تەرەققىيات رايونىدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن 25 كارخانا 2003 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 181 مىليون 188 مىڭ 600 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 2002 - يىلدىكىدىن 167.87% ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنى 144 مىليون 580 مىڭ 600 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 228.2% ؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتىنى 57 مىليون 832 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 228.3% ؛ 3 - كەسىپنىڭ كىرىمىنى 36 مىليون 606 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 55.1% ؛ مالىيە كىرىمىنى 19 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 137.5% ئاشۇردى.

سۇڭ ۋېيمىن

## پىچان نېفىت خىمىيە سانائەت باغچىسى

بۇ رايوننى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك سانائەت باغچىسى قىلىپ تەستىقلىدى. بۇ باغچىنىڭ پىلانلانغان كۆلىمى 50 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 10 كۋادرات كىلومېتىرى قۇرۇلۇپ بولدى. سانائەت باغچىسىدا مېتانول، پارائېستولىد، ئېرىتكۈچى ماي قاتارلىق نۇقتىلىق نېفىت خىمىيە تۈرىنى باشلامچى قىلغان بىر تۈركۈم نېفىت خىمىيە كارخانىلىرى بار، يەنە نېفىتلىك ئۈچۈن ماددىي ئەشيا پىششىقلاپ بېرىدىغان ۋە ماددىي ئەشيا سودىسى، باشقا سودا كەسپى، بىناكارلىق كەسپى، ترانسپورت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 1400 نەچچە كارخانا بار، شۇنداق قىلىپ سانائەت باغچىسىدا نېفىت، تەبىئىي گاز كەسىپ سىستېمىسى، ئىككىلەمچى مەھسۇلات يارىتىش كەسىپ سىستېمىسى، يۇقىرى تەرەپتە ماددىي ئەشيا ياساش، ئوبوروت قىلىش - توپلاش تارقىتىش، يېمەكلىك، كۆكتۇل ئېچىش كەسىپ سىستېمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ كەسىپ سىستېمىسى شەكىللەندى. پىچان نېفىت خىمىيە سانائەت باغچىسى باشقۇرۇش كومىتېتى بىلەن پىچان ۋوگزالى بازارلىق ھۆكۈمىتى ئىككى ۋۇجۇدىكا ئاستى، بىر يۈرۈش ئادەم ئىشلىدى.

جياڭ يۈمېي

# پارتىيە

## ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

### ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى، باش كاتىپ، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى

شۇجىسى: ۋاڭ لېچۈەن (ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شۇجىلىقنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان).

مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئەسقەت كەرىمباي (قازاق)، خۇ جيايەن (ئايال)، ۋاڭ جىنشياڭ، جاڭ شيۇمىڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، نۇر بەكرى (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى: يۇ لىنشياڭ، چېن دېمىن، ۋۇ دۇنفۇ، جاڭ چىڭلى، جۇ يۈەن، ياڭ گاڭ، ئەركىن ئىمىر باقى، فۇ چياڭ.

باش كاتىپ: فۇ چياڭ (قوشۇمچە).

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: لى يى، جىن شېڭخۇي، روزى ئىسمائىل، لى بىن (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جىڭ خەييەن (ئايال، 6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ساۋ مېيشەن، جاڭ مىڭلى.

بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى: لى يى (قوشۇمچە)

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ساۋ مېيشەن (قوشۇمچە)، سىدىق مەتنىيىت، خې شىنلىيەن (ئايال)، ياڭ ۋېنيۇ (ئايال).

### ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 12- كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە پارتىيە 16- قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەركىزىي كومىتېت ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يىراقتا نەزەر تاشلاپ، مەۋقەنى ھازىرغا قويۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 2004 - يىللىق ئىقتىسادىي خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى، ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىنى ۋە ئاچقۇچلۇق تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ۋە ھەر مىللەت كادىر، ئاممىنى شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى، ئۇ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەردىن پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەركىزىي كومىتېت ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەپ، ئومۇمىيۈزلۈك، ماسلاشقان سىجىل تەرەققىيات كۆز قارىشىنى پۇختا ئورنىتىپ ۋە ئەستايىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات جەريانىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، 2004 - يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتنى جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايون خەلق ئىگىلىكىنىڭ سىجىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. سۆز 7 قىسىمغا ئايرىلدى: بىرىنچى، تەرەققىيات بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپە دېگەن كۆز قاراشنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش؛ ئىككىنچى يېزا ئىگىلىكىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى تىرىشىپ ئاشۇرۇش؛ ئۈچىنچى، مەۋقەنى شىنجاڭنىڭ رايون ئەھۋالىغا قويۇپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ،

ساناائەتلەشتۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ تۆتىنچى، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، شەھەر-بازارلاشتۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، 3 - كەسىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ بەشىنچى، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى كۈچەيتىپ، پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش؛ ئالتىنچى، غەربكە ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، بىرىكمە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش؛ يەتتىنچى، ياخشى ئىختىساسلىقلار مۇھىتىنى پائال بەرپا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن كۈچلۈك مەدەت بېرىش. ۋاڭ لېچۈەن ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ھۆكۈمەت ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلاردىن خەلقنى كۆزلەش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، پاك - دىيانەتلىك بولۇش تەلىپى بويىچە، بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش ۋە مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشنى، ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەپ، پۇختا خىزمەت قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ ئۇلارغا بەخت يارىتىشنى تەلەپ قىلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى 2003 - يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەت ئەھۋالىنى خۇلاسىلىدى، 2004 - يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاڭ شيۈمىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىق خىزمەت ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەردى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئەزالىرى، كاندىدات ئەزالىرى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۇەن رەھبەرلىرى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ بۆلۈم، كومىتېتلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى 2 - دەرىجىلىك ئىدارىلەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرنىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە ئالاقىدار مەسئۇل خادىملار، ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانا ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل خادىملار، بىڭتۇەننىڭ شىلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، بىڭتۇەن ئورگىنىدىكى تارماقلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۈكچېڭ

## ش ئۇ ئا ر 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن دائىمىي كومىتېتنىڭ 2 يىلدىن بۇيانقى خىزمىتى توغرىسىدا تۆۋەندىكى 9 جەھەتتىن دوكلات بەردى: «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى داۋاملىق تېزلىتىش؛ ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئىچكى - تاشقى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مەركەز قىلىنغان تۈرلۈك ئىسلاھاتنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش؛ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوغداش؛ سوتسىيالىستىك سىياسىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىش؛ ھەممە بىر نىيەتكە كېلىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە «سارس»نىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش كۈرىشىدە زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئالغا سۈرۈشنى مۇھىم كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش؛ ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئۇ، خەلقنى كۆزدە تۇتۇش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، پاك - دىيانەتلىك بولۇش تەلىپىگە ئاساسەن، ئىقتىسادىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش ۋە مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى، خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ

ئويۇشۇپ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىنتىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەكىتلىدى.

ۋاڭ يۈچېڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 — 19 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتنى يەنىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا سۆز قىلىپ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە پارتىيىلىك كادىرلاردىن پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان نۇقسانلارنى توغرا تېپىپ چىقىپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، تۈرلۈك ئىسلاھاتنى نۇقتىلىق، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۇەن رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، بىڭتۇەننىڭ شىلىرىدىكى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار، مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۈچېڭ

## ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسىي - قانۇن خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداشتا دۇچ كېلىدىغان ۋەزىيەت تەھلىل ۋە مۇزاكىرە قىلىندى، سىياسىي - قانۇن خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا سۆز قىلىپ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن مېڭىسىنى سەگەك تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەشنى، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، سىياسىي - قانۇن قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە غەربنى كەڭ ئېچىشنى كۈچلۈك قانۇن كاپالىتى ۋە ياخشى قانۇن مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىشنى تەلەپ قىلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئامانلىق ساقلاش مۇھىتىنى ياخشىلاش، قانۇنچىلىق مۇھىتىنى قوغداش، قانۇن مۇلازىمىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاڭ شيۇمىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي - قانۇن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ بۆلۈم، كومىتېتلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە سىياسىي - قانۇن تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ كارخانىلار، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۈچېڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى خۇ جىنتاۋنىڭ مەركىزىي كومىتېتنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ

روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدە ‹ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش› مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش بويىچە يېڭى دولقۇن قوزغاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نىڭ تەلىپى بويىچە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوندا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە يېڭى دولقۇن قوزغاشنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، كادىرلار ۋە ئاممىنى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش ۋە بىڭتۈەن رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش مەخسۇس كۇرسىغا قاتناشقان قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ بۆلۈم، كومىتېتلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى، ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى، ئاپتونوم رايوندىكى 2 - دەرىجىلىك ئىدارە پارتكوم (پارتگورۇپپىسى) نىڭ ئەزالىرى ۋە بىڭتۈەن ئورگىنىدىكى تارماقلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۈچېڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى ۋە ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى نىشان قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، 2 ئوبلاستنىڭ يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا ئىقتىسادىنىڭ يەنە بىر يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقانلار كىرىمىنى يېقىنقى يىللاردا خېلى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت. يىغىن ئېكىسكۇرسىيە قىلىش، تەكشۈرۈش بىلەن يىغىندا سۆزگە چىقىپ تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش شەكلىنى قوللىنىپ، يىغىن ۋەكىللىرىنى بايىنغولىن ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 -، 2 - شىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى ئىلغار تىپلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دائىر مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇردى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا سۆز قىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، 2 ئوبلاستنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشنىڭ زور تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلاردىن تەرەققىياتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى، نىشان ۋەزىپىسىنى ۋە بۇ جەھەتتىكى زور تەدبىرلەرنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، 3 يىلدا دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى، 5 يىلدىن 10 يىلغىچە چوڭ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا ئىقتىسادىنىڭ تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: قۇرۇلمىنى تەڭشەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئەۋزەل كەسىپلەرنى كەڭ يولغا قويۇپ ۋە جانلاندۇرۇپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ بىر نەچچە تۈرلۈك ئاچقۇچلۇق تېخنىكا تەدبىرلىرىنى كەڭ دائىرىدە كېڭەيتىشنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇش لازىم؛ ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، بىرىكىشنى كۈچەيتىپ، ئەۋزەل بايلىققا تايىنىپ 2 -، 3 - كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم؛ تۈرلۈك چارە - ئامماللار ئارقىلىق

دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش لازىم؛ تەدبىر قوللىنىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاڭ شيۇمىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، بىڭتۇەن رەھبەرلىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرنىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسمەن ئورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، بىڭتۇەننىڭ شىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۈشياڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق شىمالىي شىنجاڭ ئىقتىسادىي خىزمىتى بويىچە نەق مەيداندا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش تەجرىبىسىنى ۋە ئۇسۇلىنى يەكۈنلەپ، ئالماشتۇرۇپ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئەۋزەللىكىنى قانداق قىلىپ تولۇق جارى قىلدۇرۇش، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى، سانائەتلىشىش ۋە شەھەر-بازارلىشىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئىقتىسادنىڭ سىجىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق غەلىبىلىك ئالغا ئىلگىرىلىتىشتىن ئىبارەت. يىغىن ئېكسكۇرسىيە قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە يىغىندا سۆزگە چىقىپ تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يىغىن ۋەكىللىرىنى ئالتاي، تارباغاتاي ئىلى، تۇرپان، ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى تىپىك ئورۇنلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا، تەجرىبە تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلاشقا ئويۇشتۇردى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن يىغىندا سۆز قىلىپ، شىمالىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئەسلىدىكى ئاساستا، پايدىلىق پەيتنى قولدىن بەرمەي، ۋەزىيەتنىڭ يۈزلىنىشىگە قاراپ ئىلگىرىلەپ، يېڭى نەزەر، يېڭى نىشان، يېڭى تەلەپ بويىچە يېڭى تەرەققىيات تەرەككۇرى ئۈستىدە پىلان تۈزۈپ، يېڭى تەرەققىيات تەدبىرلىرىنى بېكىتىپ، تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىيات دەۋرىگە تىرىشىپ قەدەم قويۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ جانلىق ھاياتىي كۈچىنى ۋە ئالدىنقى ئورۇندىكى ئەۋزەللىكىنى ساقلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى كۈچلۈك يېتەكلەشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىگە ئاساسەن، قۇرۇلمىنى تەڭشەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان يەر كۆلىمىنى كۆلەملەشتۈرۈپ، كەسپلەشتۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئەۋزەل بايلىقنى ئىقتىسادىي بايلىققا ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نۇقتىلىق ئالغا سۈرۈپ، سانائەتلىشىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش؛ شەھەر - بازارلاشتۇرۇش مۇساپىسىنى تېزلىتىپ، 3 - كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش؛ غەربنى ئېچىش پۇرسىتىنى تۇتۇپ، ئۇل مۇئەسسەسە ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى سالمىقىنى ئاشۇرۇش؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بوشلۇقىنى كېڭەيتىش؛ ئىختىساسلىقلار ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش، ئالغا سۈرۈشتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرنىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، شىمالىي شىنجاڭدىكى ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، بىڭتۇەننىڭ شىلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى

يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۈچىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 — 28 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا تەجرىبىلەرنى تولۇق ئالماشتۇرۇش ۋە ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئېنىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش جەريانىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىكىر يولىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ساھەسىنى كېڭەيتىپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى ياخشى قىلىپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدە داۋاملىق يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىن روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئائىت تۈرلۈك سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئومۇمييۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش ۋە بىڭتۇەننىڭ رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ كارخانىلار، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۈچىڭ

## قارارلار

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم چىقارغان قارارلار (بىر قىسمى):

2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى «ئاپتونوم رايوندا خەلق ھاۋا مۇداپىئە خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار»نى چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايوندا ‹7 يىلدا 8 مىليون نامرات ئاھالىنى يۆلەش بويىچە ئىستېھكامغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى›نى ئىجرا قىلىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «2001 — 2002 - يىللىق ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى نىشان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بويىچە ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايون بويىچە مەھەللە قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە شەھەر (رايون) لەرگە نام بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايون بويىچە ‹شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش› خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

ۋاڭ لياڭجۈن

## پىكىرلەر

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بېسىپ تارقاتقان پىكىرلەر (بىر قىسمى):

2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «‹ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېڭى دەۋردىكى تەنتەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكىر›نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى.

3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «2003 - يىلى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى.

4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ‹پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرىي كادىرلىرىنى تاللاپ ۋەزىپىگە قويۇش نىزامى›نى ئىجرا قىلىشقا ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى.

5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «‹ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېزا سەھىيە خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار›نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ

تارقاتتى.

6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «يېزىلاردا باج ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر» نى بېسىپ تارقاتتى.

7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش، مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە يېڭى دولقۇن قوزغاشنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» نى بېسىپ تارقاتتى.

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» نى بېسىپ تارقاتتى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بېسىپ تارقاتقان پىكىرلەر (بىر قىسمى):

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ئاساسىي قۇرۇلۇشتا يەرلىك دېھقان ئىشچىلارنى ئىشلىتىشكە ئائىت مەسىلىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا پىكىر» نى بېسىپ تارقاتتى.

ۋاڭ لياڭجۇن

## ئۇقتۇرۇشلار

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى تارقاتقان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى):

2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «‹پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ پەن - تېخنىكا بويىچە ئالاھىدە خادىم ئەۋەتىش تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا پىكىر› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يۇقىرى تېخنىكا تەتقىقات - تەرەققىيات پىلانى پروگراممىسى (2003 - يىلدىن 2010 - يىلغىچە)› نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.

3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «‹ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت كارخانىلىرى، كوللېكتىپ كارخانىلار ۋە پاي كونترول كارخانىلىرىدا زاۋۇت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش تۈزۈمىنى چوڭقۇر يولغا قويۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى› نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.

4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «‹ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئەدلىيە نازارىتىنىڭ يېڭى دەۋردە خەلق مۇرەسسە خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا يولغا قويۇش پىكرى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.

4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2003 - يىلى نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت بويىچە نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تەكشۈرۈش لايىھىسى› نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.

4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «‹ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ 21 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى›نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش غەملەشكە قاتنىشىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش چارىسى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كارخانىلاردىن پېنسىيىگە چىققانلارنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش مۇلازىمەت خىزمىتىنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى› نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ئىش ئورنىدىن قالغانلار، ئىشسىزلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئائىت سىياسەت تولۇقلىمىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «‹ش ئۇ ئا ر پارتكوم يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ كەنت دەرىجىلىك كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتىش توغرىسىدىكى پىكىر› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «‹ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ گېزىت - ژۇرناللارنى قالايمىقان تارقىتىش ۋە خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ تارقىتىشنى يەنىمۇ تۈزەپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش توغرىسىدا يولغا قويۇش لايىھىسى› نى

تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى
تارقاتتى.

11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە 15 - نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكا قىشى پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر» نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.

11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.

12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلار، ئىشسىزلارغا ئاز سومملىق كېپىللىك قەرزى بېرىشكە ئائىت مەسىلە توغرىسىدا تولۇقلىما ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.



ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: ۋاڭ لېچۇەن قاتارلىقلار گېزىت بېسىش بۆلۈمىدە خىزمەت تەكشۈرمەكتە.

فەن خاۋ فوتوسى

ۋاڭ لياڭجۇن

## ش ئۇ ئا ر پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيەتلىرى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن ئىمىر باقى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ باش كاتىپى فۇ چياڭ قاتارلىقلار 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىغا كېلىپ خىزمەت تەكشۈردى. ۋاڭ لېچۇەن ئېلېكترلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئاساس قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىشنى تەكىتلىدى.

ۋاڭ لېچۇەن 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە گېزىتىنى سىياسىيونلار باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، جامائەت پىكرى يۆنىلىشىنىڭ توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ، ياش ئىختىساسلىقلارنى دادىل ئىشلىتىپ، ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، پارتىيە گېزىتىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىش لازىم. ئىسمائىل تىلىۋالدى ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن ۋۇ دۇنفۇ، فۇ چياڭلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سانجى، ئۈرۈمچىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە يېڭىلىق يارىتىش پىكىر يولى بولۇشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

ۋاڭ لېچۇەن 1 - ئاينىڭ 23 — 24 - كۈنلىرى قۇمۇل ۋىلايىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئۆز ئەۋزەللىكىمىزگە تايىنىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەۋزەل كەسىپنى كەڭ يولغا قويۇش، كۈچەيتىش، ئەۋزەل بايلىقنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش



ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى (ئوتتۇردا) 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 25- كۈنى لىيۇداۋان كۆمۈر كېنىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا قۇدۇق ئاستىغا چۈشۈپ كۆمۈر قېزىشنىڭ 1 - سېپىدىكى ھەر مىللەت كۆمۈر كان ئىشچىلىرىنى يوقلىدى.

سۇڭ جۈن فوتوسى

ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىپ، سانائەتلەشتۈرۈش تەرەققىيات يولىدا مېڭىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىش لازىم. ئۇ كۆزدىن كەچۈرۈش مەزگىلىدە يەنە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى ۋە دېھقان، چارۋىچىلارنى يوقلىدى، يېزىلاردىكى پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى، پېشقەدەم كادىرلار ۋە پېشقەدەم ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىدىن ھال سورىدى. فو چياڭ ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جۇ يۈەن 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتىگە كېلىپ پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى، پېشقەدەم ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىدىن ھال سورىدى. ئۇ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىغا، پېشقەدەم ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىغا، بولۇپمۇ قىيىنچىلىقى بار پارتىيە ئەزالىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى، كۆيۈنۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئەسقەت كەرىمباي، خۇ جايەن، ۋاڭ جىنشياڭلار 1 - ئاينىڭ 26- كۈنى 5 يولغا بۆلۈنۈپ مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئەسقەت كەرىمباي، ۋاڭ جىنشياڭ، چېن دېمىن، جاڭ شيۇمىڭ، نۇربەكرى، ئەركىن ئىمىر باقى، فو چياڭلار 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئاز سانلىق مىللەت پېشقەدەم كادىرلاردىن ۋە ۋاپات بولغان پېشقەدەم كادىرلارنىڭ قىسمەن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى.

ۋاڭ جىنشياڭ 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مارالبېشى، پەيزاۋاتتىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونغا بېرىپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئۇيۇشتۇردى.

ۋاڭ لېچۈەن 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 27- كۈنىگىچە بېيجىڭدىن مارالبېشى، پەيزاۋاتتىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئېلىپ بېرىلغان رايونغا كېلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقتىن ھال سورىدى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشقان خادىملارنى يوقلىدى. ۋاڭ لېچۈەن يەنە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىدىن مەلۇمات بېرىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، كېيىنكى باسقۇچتىكى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئاپەت رايونىنى قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئىسمائىل تىلىۋالدى، ۋاڭ جىنشياڭ ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى يۈ لىنشياڭلار يىغىنغا قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جيايەن 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مارالبېشىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونغا بېرىپ ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ 1 - سېپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان ئازادلىق ئارمىيىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلىرى، ج خ خەلق ساقچىلىرى، خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس قىسمى ۋە دوختۇر، سېستىرالاردىن ھال سورىدى.

ۋاڭ لېچۈەن 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قىزىلسۇ ئوبلاستىدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا

مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: قىيىنچىلىق ئۈستىدىن تېزدىن غەلىبە قىلىپ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇشىمىز كېرەك. نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى چىڭ تۇتۇپ، كۆپ بوللار ئارقىلىق مەبلەغ غەملەپ، ئىقتىسادنى ھەقىقىي تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش لازىم. ئىسمائىل تىلىۋالدى، جاڭ شيۇمىڭلار كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى.

ئەسقەت كەرىمباي 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئاپتوموبىل زاۋۇتى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئىسلاھات، قايتا تەشكىللەش، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش، تەرەققىياتنى ئورتاق پىلانلاش قاتارلىق ئالاقىدار ئەھۋاللار توغرىسىدىكى مەلۇماتنى ئاڭلىدى.

ۋاڭ لېچۈەن 4 - ئاينىڭ 9 - كۈندىن 11 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ يەكەن، پوسكام، قاغىلىق ناھىيىلىرىگە بېرىپ مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىكىنى، باغۋەنچىلىكتىكى ئۈلگە مىكرو رايونلارنى، پوسكام ناھىيىسىدىكى 1000 مو (66.7 گېكتار) لۈۋ چىلان بازىسىنى ۋە قاغىلىق ناھىيىسىدىكى 10 مىڭ مو (666.7 گېكتار) لۈۋ ياڭاق، ئانار، ئۆرۈك بازىسىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جايلار ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش جەريانىدا، ئۆز يېرىنىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، ئۆزگىچىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك.

ۋاڭ لېچۈەن 4 - ئاينىڭ 11 - كۈندىن 15 - كۈنىگىچە، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما، چىرا، كېرىيە، لوپ، قاراقاش، خوتەن ناھىيىلىرىدە ۋە خوتەن شەھىرىدە يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، كوللېكتىپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە، ھەجىم تەرەققىياتى بىلەن ئىچكى قىسىمدا يوشۇرۇن كۈچنى قېزىشنى بىرلەشتۈرۈش يولىغا مېڭىش كېرەك. لېكىن يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى تەرەققىيات جەريانىدا، خوتەن ئىچكى قىسىمدا يوشۇرۇن كۈچنى قېزىشنى ئاساس قىلىش كېرەك. كوللېكتىپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئۇنىڭ ئاممىنى بېيىتىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش، چەكلىك يەر بىلەن سۇ بايلىقىنى ئاممىنىڭ بېيىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا ئىشلىتىش كېرەك.

ئەسقەت كەرىمباي 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سودىگەر چاقىرىش بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىگە كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ئەسقەر كەرىمباي 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچى ئاشلىق، ياغ سودا بازىرى، شىنجاڭ «ئالتۇن غەربىي يۇرت» يەن - تېخنىكا يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات پاي چەكلىك شىركىتىدە، ئاشلىق پىششىقلاش، زاپاس ساقلاش ۋە تەمىنلەش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش جەريانىدا ئۇنى 2 - قېتىم بۇلغىنىشقا ئۇچراتماسلىقا كاپالەتلىك قىلىش، پۇقرالارنىڭ يېشىل، بىخەتەر، خاتىرجەم، بۇلغانمىغان، سۈپەتتە مۇقىم ئۇن يېيىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇر بەكرى 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ۋاڭ لېچۈەن 5 - ئاينىڭ 10 - كۈندىن 13 - كۈنىگىچە بايىنغولىن ئوبلاستىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ باغراش، يەنجى، خېجىڭ، لوپنۇر ناھىيىلىرىگە، كورلا شەھىرىگە ۋە بۈگۈر ناھىيىسىگە بېرىپ، ئەۋزەل بايلىقنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، ئەۋزەل كەسىپنىڭ شەكىللىنىشى ۋە زورىيىشى، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش، ئېكولوگىيىنى ياخشىلاش، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ۋە «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنى كۆلەملەشتۈرۈش ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىشىنى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ بىلىم ئەھلىگە، كەسىپ ئەھلىگە ئايلىنىش مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەۋزەل كەسىپنى كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇش ۋە كۈچەيتىش كېرەك.

ۋاڭ لېچۈەن 5 - ئاينىڭ 13 - كۈندىن 20 - كۈنىگىچە، ئاقسۇ ۋىلايىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ كۇچا، توقسۇ، باي، ئونسۇ، كەلپىن، ئاۋات، ئۈچتۇرپان ناھىيىلىرىگە ۋە ئاقسۇ شەھىرىگە بېرىپ، يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئەۋزەل بايلىققا تايىنىپ زامانىۋى سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى، دۆلەتنىڭ زاپاس ئاشلىقنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى، ساياھەتچىلىك، مەدەنىيەت ۋە باشقا ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش كېرەك، شۇ يەرنىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ باشلىنىش نۇقتىسى، ئۇنۇمى يۇقىرى زامانىۋى سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەۋزەل بايلىقنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى تېزلىتىش لازىم.

خۇ جىيابەن 5 - ئاينىڭ 13 — 14 - كۈنلىرى، قۇمۇلدا «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى تەكشۈردى. ئارا يۇلتۇز «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە ئىشلەۋاتقان 70 كىشىدىن ھال سورىدى.

فۇ چياڭ 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش، ئايرىپ كۆزىتىش ۋەزىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان شىنجاڭ مائارىپ سارىيىنىڭ «سارس» بىلەن يۇقۇملانغان دەپ گۇمان قىلىنغانلارنى ئېلىپ قېلىپ تەكشۈرۈش پونكىتى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى سايىباغ رايونى دۆلەت مەمۇرلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ «سارس» بىلەن يۇقۇملانغان دەپ گۇمان قىلىنغانلارنى ئېلىپ قېلىپ تەكشۈرۈش پونكىتىغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ھەمدە ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋە ش ئۇ ئا ر «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىغا ۋاكالىتەن بۇ پونكىتتا كۆرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇۋاتقان خادىملاردىن ۋە تېببىي خادىملاردىن سەمىمىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

نۇر بەكرى 5 - ئاينىڭ 13 — 14 - كۈنلىرى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ۋە مەدەنىيەت نازارىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئاخبارات ۋە نەشرىياتچىلىقىدا توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، سەر خىل ئەسەر يارىتىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئومۇمىيلىق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش جەريانىدا گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش لازىم.

نۇر بەكرى 5 - ئاينىڭ 16- كۈنى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: تەنتەربىيە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە ئىنسانلار ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ماسلاشتۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.

جۇ يۈەن 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئۈرۈمچى لاۋمەنچىڭ كادىرلار ساناتورىيىسىگە كېلىپ «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

نۇر بەكرى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمىتى توغرىسىدا 5 تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەسقەت كەرىمباي 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ شىنجاڭ «ئائىلە شاتلىقى» ماددىي ئەشيا ئوبوروت قىلىش، يەتكۈزۈپ بېرىش زەنجىرسىمان تاللا بازىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ۋاڭ لېچۈەن 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە سانجى ئوبلاستىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مورى، گۇچۇڭ، جىمسار، فۇكاڭ، مىچۈەن، سانجى قاتارلىق 6 ناھىيە، شەھەرگە بېرىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سانائەتلىشىش مۇساپىسى، ئەۋزەل بايلىقنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش، باشلامچى كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئۈلگىلىك يېزا ئىگىلىك ۋە ئېكولوگىيىلىك تىزگىنلەش، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي قاپتىلىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغدىكى ۋىلايەت ئوبلاست، شەھەرلەر كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىنچىكە پىلانلاپ، مۇۋاپىق تەدبىر تۈزۈپ، ئىسلاھات ۋە تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

ۋاڭ لېچۈەن 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تارىم نېفىتلىكىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش، ئۆزلەشتۈرۈش، يەرلىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا مەدەت بېرىش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، ئەۋزەل بايلىققا تايىنىپ ئەۋزەل كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەۋزەل كەسىپكە تايىنىپ شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم دەپ كۆرسەتتى.

ۋاڭ لېچۈەن 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ خۇالىڭ بازىرىنى ۋە شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازارنى كۆزدىن كەچۈردى. خۇ جىيابەن ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ياڭ گاڭ

ۋە فۇ چياڭلار كۆزدىن كەچۈرۈشتە بىللە بولدى.

ۋاڭ لېچۈەن 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ياڭ گاڭ، فۇ چياڭ ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، شىنجاڭ «جىنفىڭ» يەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «چېكاڭ» خالمۇرات دوكتور ئۇيغۇر دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «جىرى» بىخەتەر ئەينەك چەكلىك شىركىتى، «گۇاڭخۇي» ئازادە تۇرالغۇ ماددىي ئەشيا ئوبوروت باغچىسى، شىنجاڭ «ئالتۇن كالا» بىئولوگىيە (گۇرۇھى) پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنمۇ» زامانىۋى يېزا ئىگىلىك باغچىسى، شىنخۇا بىرلەشمە مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى شىركىتى قاتارلىق 11 كارخانا ۋە «خۇڭگۇاڭ» تېغىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى، شۈيشىگۇ فاڭجياجۇاڭ كەنتىدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇ جاي قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئاپتونوم رايوننىڭ تېز تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جەمئىيەتتىكى ھەر تەرەپتىكى كۈچلەرنى تۈرلۈك ساھەلەرنى ئېچىش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، يۇقىرى يەن - تېخنىكىلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

ۋاڭ لېچۈەن 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مايتاغدا نېفىت خىمىيە سانائىتى چوڭ تۈرىگە تەييارلىق كۆرۈش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دۆلەتنىڭ مايتاغدا نېفىت خىمىيە سانائىتى چوڭ تۈرى قۇرۇشتەك تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئىلمىي پىلانلاپ، كۈچنى ماسلاشتۇرۇپ، قۇرۇلۇشنى بۇرۇنراق باشلاش ئۈچۈن ئالدىنقى تەييارلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. فۇ چياڭ ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى كۆزدىن كەچۈرۈشتە بىللە بولدى.

ۋاڭ جىنشياڭ 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ قۇلماق پاي چەكلىك شىركىتى قارىمىقىدىكى 3 پاي كونترول كارخانىسىغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: كارخانا باشقۇرۇش قاتلىمى ۋە ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ كىشىلەرنى كۆڭلىدىن ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇش، تۈرلۈك چارە - ئاماللار ئارقىلىق نورمال تىجارەت تەرتىپىنى ساقلاپ، ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ سىجىل، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلىشىدەك ياخشى ۋەزىيەتنى قوغدىشى لازىم.

ۋاڭ لېچۈەن 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭ قۇلماق پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ پاي كونترول كارخانىسى — ئۈرۈمچى «شېنىنبى» بىئولوگىيىلىك ياساملار چەكلىك شىركىتىگە كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يوقلىدى ھەمدە شىركەتنىڭ ئوتتۇرا قاتلامدىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كارخانا ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرى كۈچلۈك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى تۇرغۇزۇشى كېرەك. ئالاقىدار تارماق ۋە ئورۇنلار قۇلماق شىركىتىنى كۈچلۈك قوللىشى، كارخانىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى، دۆلەت، كارخانا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە مەبلەغ سالغۇچىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىشى كېرەك. ئىسمائىل تىلىۋالدى، ۋاڭ جىنشياڭ، فۇ چياڭلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى.

ۋاڭ لېچۈەن 11 - ئاينىڭ 20 — 21 - كۈنلىرى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىر باقى، فۇ چياڭلار بىلەن بىللە، ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج ئىدارىسى، دۆلەت باج ئىدارىسىغا بېرىپ باج كادىرلىرىنى يوقلىدى، دوكلات ئاڭلىدى ھەمدە ئوتتۇرا قاتلامدىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار بىلەن سۆھبەتلەشتى. ۋاڭ لېچۈەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: باجنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، باجنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، باج باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، يوچۇقلارنى ئېتىپ، باج كىرىمىنىڭ سۈپىتىگە ۋە ئېشىش سۈرئىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايون مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ سىجىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم تۆھپە قوشۇش لازىم.

ئەسقەت كەرىمباي 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىلى رايونىغا بېرىپ قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلاردىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى، شەھەردىكى نامرات ئائىلىلەرنى ۋە پىلىچى كۆمۈر كېنىنىڭ باشقا جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى يوقلىدى.

ۋاڭ لېچۈەن 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قەشقەردە «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بېسىش نۇقتىسىنىڭ پۈتۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

ۋاڭ لېچۈەن 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «ماركور» مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە گۇرۇھ باش شتابى بىناسىنىڭ پۈتۈش مۇراسىمىغا قاتناشقاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ماركور» گۇرۇھى 10 يىل تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلىدىغان، ئۆزىنى كۈچەيتىدىغان مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى، ئۇ، تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي كۈچى بار كارخانىلارنىڭ ئۆز تەرەققىياتىنى شىنجاڭنىڭ ئەۋزەل بايلىقىنى ئىقتىسادىي

ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلدى.

ۋاڭ لېچۈەن 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئەسقەت كەرىمباي، ۋاڭ جىنشياڭ، فۇ چياڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ۋاڭ لېچۈەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭدا نېفىت خىمىيە كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش روشەن ئەۋزەللىككە ۋە كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە. ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ ئىككىلەمچى مەھسۇلاتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زاۋۇتنى جۇڭگو ھەتتا دۇنيا دەرىجىلىك خىمىيە سانائىتى خام ئەشيا بازىسىغا ئايلاندۇرۇشى لازىم.

تاڭ جىڭخۇڭ

# تەشكىلات خىزمىتى

## ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 9 — 10- كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە تەشكىلات خىزمىتىگە دائىر تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى، نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك تەشكىلات خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا سۆز قىلىپ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ئۇنىڭ تەشكىلات تارماقلىرىدىن پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئارقىلىق پارتىيە قۇرۇلۇشىغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشنى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە، پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىدا، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشنى، يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنى قۇرۇشنى، يېڭى ئەسىرنىڭ يېڭى باسقۇچىدا ئاپتونوم رايوننىڭ تەشكىلات خىزمىتى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىشنى تەلەپ قىلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جيايەن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كادىرلارنى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، رەھبەرلىك كوللېكتىپى قۇرۇلۇشى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىختىساسلىقلارنى يېڭىدىن كۈچەيتىش ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش لازىم.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جۇ يۈەن تەشكىلات خىزمىتىنى ئەتراپلىق ئورۇنداشقا دائىر تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ بۆلۈم، كومىتېتلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرى ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە سىياسىي - قانۇن تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ كارخانىلار، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۈچىڭ

## پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك يەرلىك كومىتېتى 111گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىر، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوم 2، ۋىلايەتلىك پارتكوم 7، ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم 5، ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوم 17، ناھىيىلىك پارتكوم 62، ئاپتونوم ناھىيىلىك پارتكوم 6، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردىكى رايونلۇق پارتكوم 11، پارتگۇرۇپپا 1635، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۆلكە دەرىجىلىك ئورگان 82، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ئورگان 557، ناھىيە (شەھەر، رايون) دەرىجىلىك ئورگان 903، 2 - دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئورگان 93. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى 65 مىڭ 768، بۇنىڭ ئىچىدە پارتكوم 3569، پارتىيە باش ياچېيكىسى 3522، پارتىيە ياچېيكىسى 58 مىڭ 587. خىزمەت كومىتېتى 244، بۇنىڭ ئىچىدە، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئەۋەتكەن خىزمەت كومىتېتى 3، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم ئەۋەتكەن خىزمەت كومىتېتى 25، ناھىيىلىك (شەھەرلىك،

رايونلۇق) پارتكوم ئەۋەتكەن خىزمەت كومىتېتى 201، باشقا خىزمەت كومىتېتى 15.

تەن چىلڭ

## پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭ بويىچە پارتىيە ئەزاسى 1 مىليون 100 مىڭ 718 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، رەسمىي پارتىيە ئەزاسى 1 مىليون 59 مىڭ 850، كاندىدات پارتىيە ئەزاسى 40 مىڭ 868، ئايال پارتىيە ئەزاسى 252 مىڭ 512؛ ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزاسى 427 مىڭ 27؛ 35 ياشتىن تۆۋەن پارتىيە ئەزاسى 276 مىڭ 717؛ 36 ياشتىن يۇقىرى پارتىيە ئەزاسى 824 مىڭ بىر؛ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پارتىيە ئەزاسى 246 مىڭ 400؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە پارتىيە ئەزاسى 662 مىڭ 590، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئوقۇش تارىخىغا ئىگە پارتىيە ئەزاسى 438 مىڭ 128.

تەن چىلڭ

## كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە ھەر خىل كادىر 647 مىڭ 490 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئايال كادىر 293 مىڭ 583 بولۇپ، ئومۇمىي كادىرنىڭ %34.45ىنى؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىر 322 مىڭ 921 بولۇپ، %49.87نى؛ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگىنىدىكى كادىر 154 مىڭ 137 بولۇپ، %23.81نى؛ دۆلەت كارخانا، كەسپىي ئورۇنلىرىدىكى كادىر 493 مىڭ 353 بولۇپ، %76.19نى ئىگىلىدى. ئالىي تېخنىكوم ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە كادىر 385 مىڭ 459 بولۇپ، ئومۇمىي كادىرنىڭ %59.53ىنى؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئوقۇش تارىخىغا ئىگە كادىر 262 مىڭ 31 بولۇپ، %40.47نى؛ 45 ياش ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن كادىر 552 مىڭ 854 بولۇپ، %85.38نى ئىگىلىدى.

پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگىنىدىكى كادىرلار ئارىسىدا، ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر (رەھبەرلىك ۋەزىپىسى يوقلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 1131، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر (رەھبەرلىك ۋەزىپىسى يوقلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 10 مىڭ 989، يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر (رەھبەرلىك ۋەزىپىسى يوقلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 49 مىڭ 538.

دۆلەت كارخانا، كەسپىي ئورۇنلىرىدىكى كادىرلار ئارىسىدا كەسپىي تېخنىكا خادىمى 443 مىڭ 357گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئالىي ئۇنۋانى بارلار 22 مىڭ 568، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 113 مىڭ 725، باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 256 مىڭ 164.

شى لىمىي

## «تەشكىلات خىزمىتى كادىرلىرىنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش» مەركەزلىك ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتى

مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، 2003 - يىل 7 - ئايدىن 12 - ئايغىچە شىنجاڭدىكى تەشكىلات سىستېمىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىپ تۈزۈم تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت 4 باسقۇچ بويىچە، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ئورگىنى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك تەشكىلات كادىرلار تارماقلىرى، نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ تەشكىلات، كادىرلار باشقارمىلىرى، ناھىيىلىك، شەھەرلىك تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرىدىن ئىبارەت 4 قاتلامغا ئايرىلىپ، «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ يېڭى يۇقىرى دولقۇنى قوزغالدى. ئادىللىق، توغرىلىق ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «تەشكىلات خىزمىتى كادىرلىرىنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش» بويىچە مەركەزلىك ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئۆگىنىش - تەربىيىلەش پائالىيىتى جەريانىدا، ھەر دەرىجىلىك تەشكىلات تارماقلىرى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇردى. خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ دائىرىدە پىكىر ئالدى؛ «ئۆزى پاك بولۇش، باشقىلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىش، ئىچكى قىسمىدا قاتتىق بولۇش، تاشقى جەھەتتە باراۋەر بولۇش» تەلىپىگە سېلىشتۇرۇپ، ئادىل، توغرا بولۇشتا چىڭ تۇرۇشتا ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىپ، تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرىنى نىشانلىق تۈزۈپ چىقتى؛ پىرىنسىپقا كۆزلەشتە چىڭ تۇرۇپ، قائىدە - تۈزۈم تۇرغۇزۇش تەدبىرلىرىنى گەۋدىلەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن، كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر يېڭى دەۋردە ئادىل، توغرا بولۇشتا چىڭ تۇرۇشتا چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولدى، تەشكىلات تارماقلىرىنىڭ ئىستىلىنى ياخشىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

لو يەنلىن

## كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى

2003 - يىلى شىنجاڭدا كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋىلايەت،

ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشتا ئومۇمىي يىغىندا ئاۋازغا قويۇپ قارار قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. نۆۋەت ئالمىشىشنى تەكشۈرۈش ۋە رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى تەڭشەشنى تەكشۈرۈش داۋامىدا، تەكشۈرۈشنى ئالدىن ئۇقتۇرۇش قىلىش، پەرقلىق تەكشۈرۈش، دېموكراتىك كۆرسىتىش، دېموكراتىك باھالاش قاتارلىق ئۇسۇللارنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى، قىسمەن نازارەت، ئىدارە ئورۇنلاردىكى ئوتتۇرا قاتلام ئىش ئورنىدا رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىش يولغا قويۇلدى. شۇنىڭدەك، كادىرلارنى تاللاپ ۋەزىپىگە قويۇش خىزمىتىنى نازارەت قىلىش كۈچەيتىلدى، «پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلارنى تاللاپ ۋەزىپىگە قويۇش خىزمىتى قوللانمىسى»نى يېزىپ چىقىش ئۇيۇشتۇرۇلدى، «كادىرلارنى تاللاپ ۋەزىپىگە قويۇش نىزامى»نىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى تەكشۈرۈش سالمىقى كۈچەيتىلدى. 2 تۈركۈم بويىچە 4 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 11 ناھىيە، شەھەر ۋە 15 نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇننىڭ «كادىرلارنى تاللاپ ۋەزىپىگە قويۇش نىزامى» نى ئىجرا قىلىشى ئەھۋالى ئارىلاپ تەكشۈرۈلۈپ ساقلانغان مەسىلە تۈزىتىلدى. ئاپتونوم رايوندا كادىرلارنى نازارەت قىلىش خىزمىتى بويىچە باش قوشۇش يىغىنى تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى (مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى)، كادىرلار نازارىتى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى، ئەرزىيەت ئىدارىسى تەكلىپ قىلىنىپ كادىرلارنى نازارەت قىلىش خىزمىتى بويىچە باش قوشۇش يىغىنىنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنى ئېچىلدى. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدىكى ئىقتىسادىي جاۋابكارلىقىنى مۇپەتتىش قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ رەھبىرىي كادىرلارنى پاش قىلىشنى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەندى.

لو يەنلىن

## پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى، جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش نىشان قىلىنىپ، مەھەللە، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىلدى. 19 شەھەردىكى 29 مەھەللىدە «ئالتە ياخشى» مەھەللە پارتىيە (خىزمەت) كومىتېتى، مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش نەتىجىسى مۇستەھكەملەندى ۋە كېڭەيتىلدى. يېزىلاردا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش - تەربىيىلەش پائالىيىتىنى تەرتىپكە سېلىپ ياخشىلاش تەدبىرى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، دېھقانلارنى ئۇزۇن مۇددەت نەپكە ئىگە قىلىش، كادىرلارنى تەربىيىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۈنۈملۈك مېخانىزم بەرپا قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىلدى. يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىدا «ئۈچ دەرىجىلىك بىرلەشمە ئۈنۈم يارىتىش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى داۋاملىق تەرتىپكە سېلىندى. «4211» خىزمەت مېخانىزمى بويىچە 3 تۈرلۈك مۇئەسسەسەنى ئۇيۇشتۇرۇپ يولغا قويۇش ئىشى ياخشى ئىشلەندى. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى پارتىيە قۇرۇلۇش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش، قايتا تەشكىللەش ۋە قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، كارخانا پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ سىياسىي يادرولۇق رولى پائال جارى قىلدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىغان، تاقالغان، ۋەيران بولغان دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پارتىيە خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، قىيىنچىلىقى ئېغىر قىسمەن كارخانىلارغا داۋاملىق خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلىپ خىزمەتلەرگە ياردەم بېرىلدى.

لو يەنلىن

## كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتى

2003 - يىلى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ ئاساسىي بازىلىق رولى پائال جارى قىلدۇرۇلدى. 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدە 10 قارار رەھبىرىي كادىرلارنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە مەخسۇس مۇھاكىمە كۇرسى ئېچىلدى، ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەشكىلات، تەشۋىقات، سىياسىي - قانۇن سىستېمىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلىرى بولۇپ 1695 ئادەم 6 كۈندىن 8 كۈنگىچە ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمىگە قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى يەنە

بىر قارار ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا يېڭىدىن كىرگەن ۋە سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىدىكى ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلاردىن 50 نەچچە كىشى كۆچەيتىش بويىچە تەربىيىلەندى. پارتىيىلىك مۇتەخەسسىلەرنى نەزەرىيە جەھەتتە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردىن يۆتكەپ تەربىيىلەش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەندى. 703 رەھبىرىي كادىر يۆتكەپ تەربىيىلەندى. ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى ئاساسىي گەۋدە سىنىپتىن 22نى ئېچىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىردىن 1055نى يۆتكەپ تەربىيىلىدى. تەشكىلات بۆلۈمى كادىر تەربىيىلەش مەركىزى ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى باشلىقلىرىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى باشقا جايدا ۋەزىپە ئۆتەشكە ئەۋەتىش خىزمىتى ياخشى تۇتۇلدى. ئىدىيىۋى - سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش باشقا جايدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلارنى تەربىيىلەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ تۇتۇلدى. 5 - تۈركۈمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 500 كادىرنىڭ باشقا جايدا ۋەزىپە ئۆتۈشىنى قوبۇل قىلىدىغان 69 نۇقتىنىڭ ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، باشقۇرۇش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەندى. تەربىيىلەش يوللىرى ئىزچىل كېڭەيتىلىپ، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە شاڭخەي شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ شىنجاڭلىق كادىرلارنى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى قوللىشى پائال قولغا كەلتۈرۈلدى.

لو يەنلىن

## شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلار خىزمىتى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلار خۇ گوچياڭنىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى، تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى، ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈرۈلدى، پىكىر يوللىرى كېڭەيتىلدى. شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلار ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پارتكوم شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئېلىش سىناق نۇقتىسى قىلىنغان قۇمۇل شەھىرى، قورغاس ناھىيىسى بىر - بىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە، ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. سىناق نۇقتىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تەجرىبە توپلاندى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلارنى كۈندىلىك باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان قىسمەن كادىرلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىندى. شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلارنىڭ كۆۋرۈكلۈك، ۋاسىتىلىك رولى ۋە يەتكۈزۈش، ياردەم قىلىش، يېتەكلەش رولى نۇقتىلىق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ يەرلىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ئەقىل-پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىلدى. بىر يىلدىن بۇيان، شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلارنىڭ يول باشلاپ كۆۋرۈك سېلىشى، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكە شەھەرلىك ئىقتىسادىي، تېخنىكا، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق جەھەتلەردە ھەمكارلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى ئارقىلىق مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. تۈرلۈك ھەمكارلىق كېلىشىمىدىن 292 سى ئىمزالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەلىيلىشىپ مەبلەغ سېلىنغان تۈر 165، سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليارد 213 مىليون يۈەنگە يەتتى. كادىر ئەۋەتكەن مەركەز، دۆلەتنىڭ مىنىستىرلىك كومىتېتلىرى ۋە ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭغا ھەقسىز بەرگەن مەبلىغى، ماددىي ئەشياسى 271 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئىچكى ئۆلكىلەردە شىنجاڭلىق كادىردىن 3336نى تەربىيىلەپ بېرىش پىلانلانغانىدى، 1611 كادىر تەربىيىلەندى. شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلار شىنجاڭدا 716 قارار تۈرلۈك كۇرس ئېچىپ، 43 مىڭ 570 ئادەم (قېتىم)نى تەربىيىلىدى.

لو يەنلىن

# تەشۋىقات خىزمىتى

## ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 — 20 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، مەملىكەتلىك تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى، مەملىكەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى مۇدىرلىرى، تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى مۇدىرلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش، 2002- يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەش، دۆچ

كەلگەن ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش، 2003 - يىللىق تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇ دۇنفۇ يىغىندا سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 2003 - يىللىق تەشۋىقات ئىدىيىۋى خىزمەتتە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ھەممىگە قوماندان قىلىپ، پارتىيە 16- قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ بويىچە تەشۋىقات - ئىدىيىۋى خىزمەتنى ئىرىشىپ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، ئومۇمييۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى كۈچلۈك ئىدىيىۋى كاپالەت، مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئەقلىي مەدەت بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك. «سەككىزدە يېڭى» نىشانىنى يەنى نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىدە يېڭى دولقۇن قوزغاش، جامائەت پىكرى ئارقىلىق يېتەكلەش خىزمىتىدە يېڭى سەۋىيە يارىتىش، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتتە يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش، ئەدەبىيات - سەنئەت، نەشرىيات خىزمىتىدە يېڭى يۈرۈق نۇقتا بەرپا قىلىش، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا يېڭى قىياپەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش، تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىدە يېڭى تەدبىرلەرنى قوللىنىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا يېڭى يۈكسىلىش ھاسىل قىلىش كېرەك.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىن ئاخىرىدا سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەشۋىقات خىزمىتىدە مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مىللىي روھنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، تىپلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چىڭ چۆرىدەپ، شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى تەسىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، پارتىيە، خەلق ئالدىدا يۈكسەك جاۋابكار بولۇش پوزىتسىيىسى ئارقىلىق، قەتئىي، ئەستايىدىل بولۇپ، ئىرىشىپ ئىشلەپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى قىلچە بوشاشماستىن ياخشى ئىشلەپ، تەشۋىقات - ئىدىيىۋى خىزمەتنى سۈپەت ۋە سەۋىيە جەھەتتە چوڭ بىر بالداققا كۆتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى، مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىلىرىنىڭ، تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى، ناھىيە دەرىجىلىك، شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت سىستېمىسى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

شىاڭ جيەن

## تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ تەشۋىقات - ئىدىيە سېپىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئارقىلىق تەشۋىقات ئىدىيە خىزمىتىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىنىپ 16 - قۇرۇلتاينىڭ روھى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىنىپ ئۆگىنىلىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ «2003 - يىللىق تەشۋىقات ئىدىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى» دىكى تەلەپكە ئاساسەن تۈرلۈك خىزمەتلەر پۇختا ئىلگىرى سۈرۈلۈپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

1. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ يېڭى يۇقىرى دولقۇنى قوزغالدى.

مەركەزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسلىق مۇنۇ 8 تۈرلۈك خىزمەت قانات يايدۇرۇلدى: بىرىنچى، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدە ‹ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش› مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە يېڭى يۇقىرى دولقۇن قوزغاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە يېڭى يۇقىرى دولقۇن قوزغاش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ئاپتونوم رايوندا ‹ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش› مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە يېڭى دولقۇن قوزغاشنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» نى تارقاتتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى «تەشۋىقات خىزمىتى لايىھىسى» نى تارقاتتى. ئىككىنچى، «‹ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش› مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش تېزىسى» نى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇرۇلدى. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، ئەڭ تېز سۈرئەتتە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش تېزىسى ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلدى؛ مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى

تۈزگەن «كادىر، ئاممىا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان 25 نەزەرىيىۋى مەسىلە» ۋە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى نەشر قىلدۇرغان «ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ھەققىدە»، «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ھەققىدە»، «جاڭ زېمىننىڭ <ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش> مۇھىم ئىدىيىسى ھەققىدە» ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا تارقىتىلدى. ئۈچىنچى، ئاپتونوم رايون «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى بويىچە نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ۋە نەزەرىيە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. بۇنىڭ بىلەن، بىر تۈركۈم نەزەرىيە نەتىجىسى شەكىللەندى، «راست ئۆگىنىش، راست چۈشىنىش، راست ئىشىنىش، راست ئىشلىتىش» تەك ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىندى. تۆتىنچى، 7-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن 8-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ش ئۇ ئا ر پارتكوم داۋاملىق 10 قارار رەھبىرىي كادىرلار مەخسۇس مۇھاكىمە كۇرسى ئاچتى، تەربىيىلەش ئوبيېكتى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى شۇجىلىرى، تەشكىلات بۆلۈم باشلىقلىرى، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى، نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە مائارىپ سىستېمىسىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى، سىياسىي-قانۇن سىستېمىسىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى بولۇپ 1695 كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بەشىنچى، ئاپتونوم رايون «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ئۆمىكى ئۇيۇشتۇردى، گۇرۇپپا ئەزالىرى 5 گۇرۇپپىغا ئايرىلىپ، 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 83 ناھىيە (شەھەر) دە خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا تەشۋىقات ئېلىپ باردى. 192 مەيدان دوكلات يىغىنى ئاچتى، دوكلاتنى ئاڭلىغۇچىلار 100 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەككە يەتتى. ئالتىنچى، ئاپتونوم رايون «<ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش> مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش تېزىسى» بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇردى. بۇنىڭ بىلەن، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ قاپلاش دائىرىسى كېڭەيدى. يەتتىنچى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى يېتەكچى قىلىنىپ «شىنجاڭ پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ئومۇمىي پىلانى — 2003-يىللىق تەتقىقات تېما قىبىلنامىسى» تۈزۈلدى، شىنجاڭنىڭ «ئۈچ مەدەنىيلىك» قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تىرىشىپ مۇلازىمەت قىلىش مەقسىتىدە، بىر تۈركۈم «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، شىنجاڭدا زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش تېمىسىنى مەلۇم قىلىش ئىشى ئۇيۇشتۇرۇلدى. سەككىزىنچى، ئاپتونوم رايون «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» بويىچە ئاساسىي قاتلامنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى ئۇيۇشتۇردى، ئۆمەك ئەزالىرى جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭ يېزىلىرى، كارخانا، مەھەللە، مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئومۇم ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئېگىز ئوبرازىنى زىيارەت ۋە خەۋەر قىلدى. بۇ خىزمەتلەر ئارقىلىق، ئاپتونوم رايوننىڭ جاي-جايلىرىدا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ يېڭى يۇقىرى دولقۇنىنى پۇختا قوزغاش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

2. يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش-ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش روھى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇلدى.

2003-يىل 2-ئاينىڭ 24-كۈنى، مارالبېشى، پەيزاۋات ناھىيىلىرىدە كۈچلۈك يەر تەۋرەپ، ئېغىر دەرىجىدە ئۆلۈم-يېتىم ھادىسىسى يۈز بەردى ۋە مال-مۈلۈك زىيانغا ئۇچرىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ سەمىمىي غەمخورلۇق قىلىشى ۋە مەملىكەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىر، ئاممىا بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش-ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ زور غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. «ھەممە بىر نىيەتتە بولىدىغان، خىيىم-خەتەر، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ھەممە تەرەپ ياردەم قىلىدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ تۆھپە قوشۇدىغان، غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان» يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزىدىغان روھنى يېتىلدۈردى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئارمىيە-خەلق ئىتتىپاقلىقىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ياراتتى. يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش-ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش روھى جۇڭخۇا مىللەتلىرى روھىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى، كادىرلار ئاممىسىغا ۋە ياشلار-ئۆسمۈرلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى ئەڭ جانلىق دەرسلىك، شۇنداقلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئەڭ رېئال، ئەڭ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە دەرسلىك. ئاپتونوم رايون داغدۇغىلىق ھالدا، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش-ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى خۇلاسىلەش، تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى ھەمدە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش-ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش روھىنى 21-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيىنىڭ ئاساسىي تېمىسى قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات

بۆلۈمى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇپ، «بىر گۇرۇپپا تەپسىلىي خەۋەر، بىر گۇرۇپپا ئوبزور، بىر پارچە ئەدەبىي ئاخبارات، بىر قېتىم مەركىزىي ئاخبارات ۋاستىلىرى زىيارەت قىلىش، بىر ناخشا، بىر قىسىم تېلېۋىزىيە تىياتىرى، بىر قىسىم رادىئو دراممىسى، بىر دوكلات بېرىش ئۆمىكى، بىر تەربىيە بازىسى، بىر كىتاب»نى رامكا قىلىپ ھەر جەھەتتىكى ماتېرىياللارنى چوڭقۇر قېزىپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش- ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىدە مەيدانغا كەلگەن تەسىرلىك ئىش - ئىزلارنى ئەتراپلىق، ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈردى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە- خەلق ئىتتىپاقلىقى ۋە سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى گەۋدىلىك ئىپادىلەپ، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ كەڭ زېمىندا، «كومپارتىيە ياخشى، سوتسىيالىزم ياخشى، ۋەتەن چوڭ ئائىلىسى ياخشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشى، ئازادلىق ئارمىيە ياخشى» دېگەن ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭراتتى.

3. «سارىس»قا تاقابىل تۇرۇشتىكى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىر نەچچە قېتىم تەشۋىقات سىستېمىسى مەسئۇللىرى يىغىنى ئېچىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «سارىس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئۆگەندى. ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن «سارىس»نىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دائىر تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»نى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ۋە 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش يۈكسەكلىكىدە، پارتىيە، خەلق ئالدىدا قاتتىق جاۋابكار بولۇش يۈكسەكلىكىدە، ئىقتىساد، جەمئىيەتنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇش ۋە ياخشى ئىشلەشنى، «سارىس»نىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دائىر تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى بىر تۈرلۈك ئىنتايىن مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قاتارىدا چىڭ، ياخشى تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. ئاخبارات ئورۇنلىرى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «سارىس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشتا قوللانغان بىر قاتار چوڭ - چوڭ تەدبىرلىرىنى، ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىلگىرىلەش ۋە ئۈنۈمىنى، ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ساۋاتلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ۋەھىمىنى تۈگىتىپ، كىشىلەر كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدى. كېسەللىك ئەھۋالىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا خەۋەر قىلدى ھەمدە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ئاڭلىق ماسلىشىپ، مۇتەخەسسىسلەرنى كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئاممىنىڭ ئۆزىنى قوغداش، ئۆزى ئالدىنى ئېلىش ۋە غەم - ئەندىشىسىنى ئۆزى تۈگىتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى يەنە مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى بېسىپ تارقاتقان «يېزىلاردا» «سارىس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش بويىچە پەننىي ساۋاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاسما خەرىتىسى»، «قانۇن بويىچە «سارىس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشقا ئائىت ئاساسىي ساۋاتلار»نى تارقاتتى ھەمدە بۇ خەرىتىنى ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا 30 مىڭ پارچە تارقاتتى. «سارىس»قا تاقابىل تۇرۇش تەشۋىقات داغدۇغا پەيدا قىلىش بىلەن بىللە يەنە مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش توغرىسىدىكى چوڭ - چوڭ تەدبىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى، ھەر ساھە، ھەر كەسىپنىڭ نورمال ھەرىكىتىنى ۋە دۆلەتنىڭ «سارىس»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ساھەلەرگە زور كۈچ بىلەن مەدەت بەرگەنلىكىنى تولۇق خەۋەر قىلىپ، كادىر، ئاممىنى ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، «سارىس»نىڭ ئالدىنى ئېلىپ، قىيىنچىلىقتىن قورقماي، زور قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلىپ، «سارىس»نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە يېتەكلىدى.

4. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىر تۈركۈم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، تەپسىلىي تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ش ئۇ ئا ر تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى بەلگىلىگەن 15 تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش مۇھىم نۇقتىسىغا ئاساسەن، 46 تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تېمىسىنى بېكىتىپ، ھەر بىر تېمىغا مەسئۇل ئادەمنى ئەمەلىيلەشتۈردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 33 تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، ئاز كەم 100 ئادەم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشتى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىلىرى ئاساسىي قاتلامغا ۋە ئامما ئارىسىغا بېرىپ، ئايرىم زىيارەت قىلىش، نەق مەيداندا تەكشۈرۈش، سۆھبەت ئۆيۈشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، خەلق رايىنى سىناش، سوئال - جاۋابلىق تەكشۈرۈش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، كادىر، ئاممىغا

بىۋاسىتە يۈزلەندى، تۇپلانغان ئەھۋال ھەم كەڭ دائىرىلىككە، ھەم ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا 46 پارچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى يېزىلدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى تەشۋىقات ـ ئىدىيە سېپىدىكى ئاساسلىق تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى، تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتىدە دۇچ كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە ئىلمىي تەھلىل قىلىندى، بۇ يېڭى ۋەزىيەتتە چېگرىدىكى مىللىي رايونلارنىڭ تەشۋىقات ئىدىيە خىزمىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتىنى تېپىش ئىگىلەش خىزمەتتە كۈچەيتىشكە تېگىشلىك ئاجىز ھالقىلارنى توغرا تېپىپ چىقىش، خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ يېڭى يولى ۋە تەدبىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇشتا ئىجابىي رول ئوينىدى.

5. پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللارنى قالايمىقان تارقىتىش ۋە خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ تارقىتىشنى تىزگىنلەش خىزمىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. مەركەز پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللارنى قالايمىقان تارقىتىشنى تىزگىنلەش خىزمەت يىغىنى ئاچقاندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى يىغىن روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئۆگەندى ھەمدە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەشۋىقات، ئاخبارات ـ نەشرىيات قاتارلىق تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ئالاقىلىشىش يىغىنى ئېچىپ، يولغا قويۇش لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. مەركەزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندا پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللارنى قالايمىقان تارقىتىشنى ۋە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ تارقىتىشنى تىزگىنلەش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تىزگىنلەش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. ئاپتونوم رايون مەخسۇس ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئالاقىلىشىش يىغىنى ئېچىپ، ئالاقىدار ئەھۋال توغرىسىدىكى مەلۇماتنى ئاڭلىدى، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى، يېزا، بازار، كەنت دەرىجىلىك تەشكىلات، يېزىلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ ئۇقتىلىق پارتىيە گېزىت ـ ژۇرناللىرىغا ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن مۇشتەرى بولۇش دائىرىسىنى بەلگىلىدى، كەنت دەرىجىلىكلەرنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇشتىكى نورمىلىق ئۆلچىمىنى بېكىتتى. ئاساسىي قاتلام ۋە دېھقانلارنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىش ئۈچۈن، «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى پارتىيە گېزىتى، ژۇرناللىرىدىن بىتى ئازراق، باھاسى تۆۋەنرەك، قاراتمىلىقى ۋە ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى كۈچلۈكرەك بولغان يېزىلارغا دائىر بەتلەرنى نەشر قىلىپ، ئاساسىي قاتلام ۋە يېزىلار ئۈچۈن ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، مەركەزنىڭ تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ياخشى قوغداش شۇنىڭ بىلەن بىللە پارتىيە گېزىت ـ ژۇرناللىرىنىڭ نورمال تارقىتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، مۇقىم بولۇش ئاساسىدا ئۆستۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

6. ئەدەبىيات ـ سەنئەت، نەشرىيات خىزمىتىدە يېڭى ئۇنۇم ھاسىل قىلىندى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن «بەش بىر قۇرۇلۇشى» بويىچە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىدى، ئىجادىيەتتە «بەش بىر قۇرۇلۇشى»غا ئاساسلىق رەھبەر مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مەسئۇلىيەت ئېنىق بولۇش، مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشنى ئېنىق ئايرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىجادىيەت ئىشلەپچىقىرىشنى رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى بەرپا قىلدى. 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن 2 يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان «تەڭرىتاغ» ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتىنى باھالاش خىزمىتىنى تاماملىدى. «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈپ سەر خىل ئەسەر يارىتىش»تىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي ھالقىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىدىيىۋىلىكى، بەدىئىيلىكى بىرلىككە كەلگەن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. «قۇربان تۇلۇمنىڭ بېيجىڭغا سەپىرى»، «خۇابياۋ مۇكاپاتى»نىڭ مۇنەۋۋەر ھېكايە فىلىم بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «ئاغىندىكى تاش غارنىڭ سىرى»، «ئۆيگە قايتىدىغان يول قانچىلىك ئۇزۇن» 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو تېلېۋىزىيە ئالتۇن بۈركۈت مۇكاپاتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەر بويىچە ھېكايە، رومان مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رادىئو خەۋرى دراممىسى «خارابىلىكتىكى تۇي مۇراسىمى» ۋە تېلېۋىزىيە كىنو ئەسىرى كوئېنلۇنغا مۇجەسسەملەنگەن مۇھەببەت»، ناخشا «بىز قېرىنداشلارمىز» قاتارلىق ئەسەرلەر دەۋر روھى قىياپىتىنى ئىپادىلىدى. ئۇيۇشتۇرۇلغان «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش»، مۇزىكانتلار خىسلىتى، ياش ناخشىچىلار تېلېۋىزىيە كاتتا مۇكاپات مۇسابىقىسى، «1 ـ ماي»نى تەبرىكلەش تېلېۋىزىيە ئەدەبىيات. سەنئەت كېچىلىكى، ۋاڭ لوبىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلەش، شىنجاڭ بويىچە 100 كۈنلۈك مەدەنىيەت مەيدانى قاتارلىق پائالىيەتلەردە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

7. مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى.

«يۇقىرىلار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش تېزىسى» چوڭقۇر تەشۋىق قىلىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە يېڭى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بىرىنچى، «پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرىلار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» تۈزۈپ تارقىتىلىپ، 2 - قېتىملىق يۇقىرىلار ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئېيى پائالىيىتى ۋە 1 - قېتىملىق يۇقىرىلار ئەخلاق قۇرۇلۇشى تەشۋىقات كۈنى پائالىيىتى ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇرۇلدى ۋە قانات يايدۇرۇلدى. ئىككىنچى، «ئىشەنچلىك شىنجاڭ» پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. «ئىشەنچلىك» ماركا پۈتۈن كۈچ بىلەن يارىتىلدى. «ئىشەنچلىك شىنجاڭ» بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش پائالىيىتىگە، مەدەنىي شەھەر، مەدەنىي كەنت بازىرى، مەدەنىي كەسىپ، مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا كىرگۈزۈلۈپ، «تېزىس» نىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئۈچىنچى، «مىللىي روھنى جارى قىلدۇرۇش ۋە يېتىلدۈرۈش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان ئىدىيىۋى تەربىيە پائالىيىتى بارلىق بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ جەريانىغا سىڭدۈرۈلۈپ، بەرپا قىلىش خىزمىتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە ئىپادىلەندى. بۇنىڭ بىلەن، بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ جەريانىغا، ئەخلاق-پەزىلەتنى تاۋلاش، جىسمانىي، روھىي جەھەتتە شادلىنىش جەريانىغا، مەدەنىي تەربىيىلىنىشنى يۈكسەلدۈرۈش جەريانىغا ئايلاندى. تۆتىنچى، ساھەنى كېڭەيتىش، مەزمۇننى تولۇقلاش، ئۇسۇلنى ياخشىلاش، سەۋىيىنى ئۆستۈرۈش پىكىر يولىغا ئاساسەن، مەدەنىي شەھەر، مەدەنىي كەنت بازىرى، مەدەنىي كەسىپ ۋە مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش خىزمىتىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا 18 كەسىپكە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىي كەسىپ دەپ، بىر تۈركۈم ئورۇنغا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن دەپ نام بېرىلدى. «پەن - مائارىپ، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە، قانۇن، سەھىيەنى مەھەللىلەرگە كىرگۈزۈش، پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇشنىڭ ئومۇمىي پىلانى» تۈزۈپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق يېزا مەدەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى نەق مەيدان يىغىنى ئېچىش ئىشى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، يېزا مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ما يەنجۇ

## تاشقى تەشۋىقات خىزمىتى

1. تاشقى ئىقتىساد تەشۋىقاتى.

1) «كۆسەن لوڭقىسى» ئارقىلىق شىنجاڭغا نەزەر — چوڭ تېپتىكى تېلېۋىزىيە فىلىمى باشقا جايدا زىيارەت قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ پائالىيەتنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى ۋە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ چەت ئەل مەركىزى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇردى. قايتا - قايتا ئىسپاتلاش ئارقىلىق، 30 مەخسۇس تېمىنى سۈرەتكە ئېلىش بەلگىلەندى. بۇ تېمىلارنىڭ مەزمۇنى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، گۈزەل تاغ - دەريالىرى، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، رايون مەدەنىيىتى قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، 23 ئۆلكە دەرىجىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىدىن 30 سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ 10 كۈن زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىندى. سۈرەتكە ئېلىپ ئىشلەنگەن مەخسۇس پروگراممىلارنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە ئۆلكىلىك، شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى كۆرسەتتى. قىسمەن مۇنەۋۋەر پروگراممىلار مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىنىڭ 4 - يورۇش پروگراممىسىدا كۆرسىتىلىپ، ناھايىتى ياخشى تەشۋىقات ئۈنۈمى ھاسىل قىلىندى. 2003 - يىلدىكى ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدىكى تاشقى تەشۋىقات خىزمىتى. ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى مەزگىلىدە ش ئۇ ئا ر تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى ئاز كەم 500 جۇڭگولۇق، چەت ئەللىك مۇخبىرنى يەرمەنكىگە قاتنىشىپ خەۋەر قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدىكى چوڭ تېپتىكى جۇڭگولۇق، چەت ئەللىك مۇخبىرلار ئۆمىكىدىكى 18 ئادەم ئالاھىدە تەكلىپ قىلىندى، ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ زىيارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېچىلىش مۇراسىمىدا كۆرسىتىلىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى كۆڭۈل قويۇپ ئۇيۇشتۇرۇلدى. يېپىلىش مۇراسىمىدا ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرى كۆرسىتىلدى. جۇڭگولۇق، چەت ئەللىك مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئېچىلدى. 3) كۆپ تۈركۈمدىكى جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مۇخبىرلار ئۆمىكى كۈتۈۋېلىنىپ، شىنجاڭ تەشۋىق قىلىندى ۋە تونۇشتۇرۇلدى. قازاقىستان مېتاللورگىيە سانائىتى پەن - تېخنىكا سودا ۋەكىللەر ئۆمىكى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى چەت ئەل مەركىزى، «خەلق گېزىتى» (چەت ئەل بېتى)، «جۇڭگو گېزىتى» قاتارلىق 10 نەچچە ئاخبارات ئورنىنىڭ مۇخبىرلار ئۆمىكى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنىپ ۋە كۈتۈۋېلىنىپ، تەشۋىقات خىزمىتى پائال ياخشى ئىشلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگو شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ ئامېرىكا «مۇھاجىرلار گېزىتى»، فرانسىيىنىڭ «ياۋروپا ۋاقىت گېزىتى»، «شىنجاڭغا نەزەر» نىڭ مەخسۇس سەھىپىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشقا داۋاملىق مەدەت بېرىلدى.

2. تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمچانلىقى

تىرىشىپ ئۈستۈرۈلدى. 1) تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كۈچەيتىلدى. 2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ تاشقى تەشۋىقات ئاساسىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش قانات يايدۇرۇلدى، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ «شىنجاڭنىڭ 2003 — 2005 - يىلغىچە بولغان تاشقى تەشۋىقات ئىشلىرى تەرەققىيات پىلانى» تۈزۈلدى. 2) تاشقى تەشۋىقات ئاپپاراتى تەڭشىلىپ تولۇقلاندى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تاشقى تەشۋىقات رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ تاشقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى رەھبەرلىك ئاپپاراتى ۋە ئەزا ئورۇنلار تەڭشىلىپ تولۇقلاندى. 3) تاشقى تەشۋىقاتتا «سەر خىل ئەسەر» قۇرۇلۇشى ۋە «چىراغ ئاستى يورۇق» قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، تاشقى تەشۋىقات ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرۇش يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تاشقى تەشۋىقات ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرۇش سەۋىيىسى ئۈستۈرۈلدى. 2003 - يىلى، ش ئۇ ئا ر تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى «يىپەك يولىدىكى چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ ئىزلىرى (رەسىملىك قوللانما)»، «2003 — شىنجاڭ»، «شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ قىبلىنامىسى» «شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىش قىبلىنامىسى» (رۇسچە) قاتارلىق شىنجاڭ ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشتۇرۇلغان تاشقى تەشۋىقات كىتابلىرى، رەسىملىك قوللانمىلارنى نەشر قىلدۇرۇش خىزمىتىنى يولغا قويدى. «شىنجاڭ مەنزىرىسى» (قارت) نى بېسىپ چىقتى. نۇقتىلىق چېگرا پورتلىرىنىڭ تاشقى تەشۋىقات مۇئەسسەسىلىرىنى تولۇقلاپ، ياخشىلاپ، تۈرلىرى تولۇق تاشقى تەشۋىقات بويۇملىرى بىلەن تەمىنلىدى. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلغان تاشقى تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى كۆرگەزمە قىلىش نۇقتىسى 179غا يەتتى. 4) يېتىشتۈرۈش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، تاشقى تەشۋىقات كادىرلىرىنىڭ ساپاسى ئۈستۈرۈلدى. 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى 8 - قارار يەر شارى ئاخباراتى بويىچە ئالىي دەرىجىلىك مۇھاكىمە كۇرسى ئېچىشنى ئۈستىگە ئېلىپ، دۆلىتىمىزدىكى ئاتاقلىق ئالىي مەكتەپ ۋە شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەلقئارا ئاخباراتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، تاشقى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك نازارەت، ئىدارە ۋە ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىكى 100 دىن ئارتۇق كۇرسانتقا تاشقى تەشۋىقات تاكتىكىسى ۋە تېخنىكىسىنى، ھازىرقى زامان ئاخبارات بىلىملىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، كۇرسانتلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بىر قارار 40 كىشى قاتناشقان تور تەشۋىقات بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى.

3. تاشقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۈچەيتىلدى. 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇ دۇنفۇ ئۇمەك باشلىقلىقىدىكى شىنجاڭ تاشقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتىدىكى 23 كىشى مەركىزىي كومىتېت تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسىنىڭ قوللىشى بىلەن فرانسىيە، گوللاندىيە، بېلگىيەدىكى 6 شەھەرگە بېرىپ، 8 مەيدان شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇلى ئاساس قىلىنغان مەدەنىيەت، تاشقى تەشۋىقات پائالىيىتى ئېلىپ باردى. ئويۇن قويۇلغان مەزگىلدە يەنە شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، گۈزەل تاغ - دەريالىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمە قىلىندى. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بېيجىڭدا يەنە 3 مەيدان دوكلات ئويۇنى قويۇلدى. 2003 - يىلى، جايلارمۇ تاشقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇردى. ئىلى ئوبلاستى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى. تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ۋە مەخسۇس پروگراممىلارنى قازاقچىغا تەرجىمە قىلىپ، جۇڭگونىڭ قازاقىستاندىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن قازاقىستان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئاڭلىتىشىغا ئەۋەتىپ بەردى؛ تۇرپان ۋىلايىتى 13 - نۆۋەتلىك ئۈزۈم بايرىمىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈپ، «جەلپكار» شىنجاڭ — تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى پىشتى» دېگەن ئاساسىي تېمىنى بەلگىلەپ، خېلى ياخشى تەشۋىقات ئۈنۈمىگە ئېرىشتى. سانجى ئوبلاستى تۇنجى نۆۋەتلىك تەڭرىتاغ بوغدا كۆلى مۇز - قار ساياھەت بايرىمى ۋە بېشبالىق يىمەك - ئىچمەك مەدەنىيەت بايرىمىدىن پائال پايدىلىنىپ، تاشقى تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ئەربابلارنىڭ شىنجاڭ، سانجىغا بولغان دىققىتىنى جەلپ قىلدى.

4. تور تەشۋىقات خىزمىتى. 1) شىنجاڭ بويىچە تور ئاخبارات، تەشۋىقاتنى باشقۇرۇش خىزمىتى تەدرىجىي قېلىپلاشتۇرۇلدى. شىنجاڭ ئىنتېرنېت تورىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى، تور بېكەتلىرىنىڭ مەزمۇنىنى باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. ھازىر شىنجاڭ ئىنتېرنېت تورىدا نومۇر بۇراپ تورغا چىقىدىغان ئابونېنت 448 مىڭغا يەتتى. www بېكىتى - نۇقتىسى 514كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، خەنزۇچە تور بېكىتى 364، ئۇيغۇرچە تور بېكىتى 150؛ IP ئادرېس بايلىق ئومۇمىي سانى 805كە يەتتى. بۇ تور بېكەتلىرى ئىچىدە، تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى تەستىقلىغان ئاخبارات خەۋەرلىرىنى چىقىرىش سالاھىيىتىگە ئىگە تەڭرىتاغ تورى، يېڭى يىپەك يولى قىزىق لىنىيە تور بېكىتى بار.

مەركەزنىڭ ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ تور بېكىتىدە شىنخۇا تورى شىنجاڭ قانىلى، جۇڭگو شىنخۇا ئاگېنتلىقى شىنجاڭ ئاخبارات تورى بار. 2) تەڭرىتاغ تورى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ تاشقى تەشۋىقاتىدىكى مۇھىم بولغا ۋە يېڭى ۋاستىغا ئايلاندۇرۇلدى. تەڭرىتاغ تورىنى داۋاملىق ئۆزگەرتىش، يېڭىلىق يارىتىش ئۆزگىچىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش، مەزمۇنىنى تولۇقلاش ئارقىلىق، ئاخبارات مىقدارى كۆپەيتىلدى، مەخسۇس پروگراممىلار كۈچەيتىلدى. تور ھەۋەسكارلىرىغا يېقىنلىشىدىغان، ئۇلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان قانال ۋە سەھىپىلەر يولغا قويۇلدى، تورنىڭ رولى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. مەھەللىلەردە «تورداشلارنىڭ ئاخبارات ئوبزورلىرى»، «تورداشلارنىڭ پاراڭلىرى»دا «يۇقىرىلار سۆز قالدۇرۇش بېتى» قاتارلىق بىر - بىرىگە تۈرتكە بولىدىغان سەھىپە ۋە قانالLar كۆپەيتىلىپ، ئاجىز توپ تورغا قاتنىشىش سەھنىسى بىلەن تەمىن ئېتىلدى، تور ھەۋەسكارلىرىنىڭ قاتنىشىش ئېڭى كۈچەيتىلدى؛ پوچتا ساندۇقى، تەقلىدىي ئاساسىي ئاپپارات، قىسقا ئۇچۇر يېڭىدىن كۆپەيتىلدى. «تەڭرىتاغ تورى ئەھۋال ئىنكاس قىلىش قىسقا خەۋەرلىرى» نەشر قىلىنىپ، تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى يۇقىرىغا يەتكۈزۈش تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ ئاخبارات ۋاستىلىرىنى بىرىكتۈرۈش ۋە ئۆزى خەۋەر توپلاش كۈچەيتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاخبارات (خەۋەر) ئۇچۇرلىرى مەنبەئى مۇقىم يولغا ئىگە بولدى. تەڭرىتاغ تورىنىڭ 3 خىل يېزىقتىكى بېتىدىكى 300 نەچچە خەۋەر كۈنىگە يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، تورلۇق ئۇچۇر 1000 دىن ئاشىدۇ، بەت ئاچقۇچىلار 500 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشىدۇ. پۈتۈنلەي يېڭى خەنزۇچە، رۇسچە بەتلەردە خېلى كۈچلۈك دەۋر كەيپىياتى ۋە ئاخبارات تور بېكىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، تور ھەۋەسكارلىرىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتى.

5. ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە بولغان تاشقى تەشۋىقات خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. ش ئۇ ئا ر تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسىغا ماسلىشىپ ماتېرىيال توپلاپ ۋە رەتلەپ، «شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى» دېگەن ئاق تاشلىق كىتابنى نەشر قىلدۇردى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىنىڭ «قىزىق نۇقتا ھەققىدە سۆھبەت» پروگراممىسىغا شىنجاڭدا مەخسۇس پروگرامما ئىشلەشكە ياردەملەشتى. تەڭرىتاغ توردا «ئەتراپنىڭ مۇھىتى ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى»، «جۇڭگو ئېلان چىقىرىپ يەر شارىدا ‹شەرقىي تۈركىستان› چىلارنى تۇتماقچى» قاتارلىق مەخسۇس پروگرامما تەسىس قىلىندى. «شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى» دېگەن ئاق تاشلىق كىتاب قاتارلىقلارنىڭ مەزمۇنىمۇ مەخسۇس پروگراممىغا كىرگۈزۈلدى. توردا جامائەت پىكرى كۆرۈشى پائال قانات يايدۇرۇلدى، رەددىيە ماقالىلىرى ۋاقتىدا ئېلان قىلىندى. ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە قارىتىلغان ئاخبارات، تەشۋىقات، خەۋەر قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، بىخەتەر، تىنچ بولغان ئەتراپ جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىلدى.

ۋۇ نۇڭ

# بىرلىك سەپ خىزمىتى

## ش ئۇ ئا ر بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 26- كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىرى، ئىشخانا مۇدىرلىرى، بىڭتۈەن پارتكومى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى، ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەر، چوڭ كارخانىلار ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ 90 نەچچە كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، مەملىكەتلىك بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش، ئۆگىنىش، 2002- يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلاش، ئاپتونوم رايوننىڭ 2003- يىللىق بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

لىيۇ كەي

## پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ھۆكۈمەت بىر قېتىم پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار بىلەن كېڭەشىش يىغىنى، 2 قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى دېموكراتىك كېڭەشىش يىغىنى ئېچىپ، دېموكراتىك پارتىيە، گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى مەسئۇللىرىنى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز ۋەكىللەرنى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت ۋە ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش، كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىدىن خەۋەرلەندۈردى ھەمدە ئۇلاردىن پىكىر ئالدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ

لېھۇن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇجيايەن ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش، كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خوجىخان ھاكىموۋ، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى جۇ جېنجۇڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى شۈي جيەن قاتارلىقلار سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 82 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كونلۇن مېھمانخانىسىدا ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى، پارتىيە - گۇرۇھسىز ۋەكىللەردىن بولۇپ ئاز كەم 100 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جيايەن سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايوندىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلىرىنىڭ «ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتى» (لايىھە) توغرىسىدىكى پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. يىغىنغا قاتناشقان خادىملار «ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتى» (لايىھە) دىكى ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش، يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار مەسىلىسى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى، مەدەنىي مىراسلارنى قوغداش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، تىببىي داۋالاش، سەھىيە مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ يىغىنغا قاتناشتى.

جاۋ يۈلەن

## ئاپتونوم رايونلۇق ھەج - تاۋاپ خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 — 18 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى، مىللەت، دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ۋە ج خ تاشقى ئىشلار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مۇشۇ خىزمەتكە مەسئۇل رەھبەرلىرى، ج خ نازارىتى، خەۋپسىزلىك نازارىتى، تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار) ئىشخانىسى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئۈرۈمچى تاموژنىسى، شىنجاڭ ئېمپورت - ئېكسپورت تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى مەملىكەتلىك ھەج - تاۋاپ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى شىنجاڭ ھەج - تاۋاپ خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئەسلەپ ۋە يەكۈنلەپ، شىنجاڭنىڭ ھەج - تاۋاپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، دىن خىزمىتى ۋە ھەج - تاۋاپ خىزمىتى بويىچە رەھبەرلىك قىلىش، ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، پارچە - پۇرات ھەج - تاۋاپ قىلىشنى چەكلەپ، قانۇنسىز تەشكىللىنىپ پارچە - پۇرات ھەج - تاۋاپ قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشتىن ئىبارەت. 11 - ئايدا ئاپتونوم رايون «ھەج - تاۋاپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر»نى تۈزۈپ چىقتى.

ئابلىز توختى

## ئاپتونوم رايونلۇق خىرىستىئان دىنى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىنىي ئىشلار ئىدارىسى) بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچىدە خىرىستىئان دىنى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. خەۋپسىزلىك نازارىتى، ج خ نازارىتى ۋە ئۈرۈمچى، ئىلى، بايىنغولىن، ئاقسۇ، سانجى، شىخەنزە قاتارلىق ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈملىرىنىڭ، دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى سۆھبەت يىغىنغا قاتناشتى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق دىن خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، شىنجاڭنىڭ خىرىستىئان دىنى جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋە چەت ئەل دىنىي كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىش مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش؛ خىرىستىئان دىنىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش؛ ش ئۇ ئا ر خىرىستىئان دىنى

«ئۈچ ئۈز» ۋەتەنپەرۋەرلىك دىنى تەشكىلات قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشتىن ئىبارەت.

ئابلىز توختى

## دېموكراتىك پارتىيە، گۇرۇھ تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئەزاسى 3977گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 143ى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى 718گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 2 سى؛ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ئەزاسى 1269غا يېتىپ، 27سى؛ دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 398گە يېتىپ، 19ى؛ دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 637گە يېتىپ، 56سى؛ دېھقان - ئىشچى دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى 355كە يېتىپ، 13ى؛ «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 600گە يېتىپ، 26سى كۆپەيدى. شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانى بارلار 1630 بولۇپ، %41نى؛ ئوتتۇرا ئۇنۋانى بارلىرى 1622 بولۇپ، %40.8نى؛ ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر 3055 بولۇپ، %76.8نى ئىگىلىدى؛ ئوتتۇرىچە يېشى 55.3 ياش.

پاڭ جىجياڭ

## پارتىيە سىرتىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنى ئەمەلىي ۋەزىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە سىرتىدىكى كادىرلارنى ئەمەلىي ۋەزىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. ئوبلاست (شەھەر) لىق، ناھىيە (شەھەر، رايون) لۇق ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇشىدا پارتىيە سىرتىدىكى 2 كادىر مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىقىغا، بىر نەپىرى ئوبلاست باشلىقى ياردەمچىلىكىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، پارتىيە سىرتىدىكى 34 كادىر مۇئاۋىن ھاكىم (مۇئاۋىن شەھەر، رايون باشلىقى) لىققا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

تاڭ چاۋ

## دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھ مەسئۇللىرىنىڭ «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش كۇرسى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئورۇمچىدە دېموكراتىك پارتىيە، گۇرۇھ مەسئۇللىرىنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش كۇرسى ئاچتى. شىنجاڭ گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى، دېموكراتىيە ئىتتىپاقى، دېموكراتىك پارتىيە قۇرۇش، دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دېھقان ئىشچىلار پارتىيىسى، «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزالىرى ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەسئۇللىرى بولۇپ 50 كىشى كۇرسقا قاتناشتى.

جاۋ يۈلەن

## جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىيات مەسىلىسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ تەستىقى بىلەن ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە پارتىيە سىرتىدىكى زاتلاردىن 30 كىشىنى ئويۇشتۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىغا ئايرىپ، 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 20- كۈنىدىن باشلاپ، 18 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنى ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىياتى مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

جەنۇبىي شىنجاڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر، قىزىلسۇ، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنى، ئاپتونوم رايوننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. بۇ 3 ۋىلايەتلىك، 2 ئوبلاستلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئاساسىي مائارىپ، كەسپىي مائارىپ قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى. شەھەر (ناھىيە)، يېزا (بازار) دىكى 42 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم، كەسپىي مەكتەپ ۋە ئوقۇتۇش نۇقتىسىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى. مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن سۆھبەتلەشتى. «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى ۋە كەسپىي مائارىپ مەسىلىسى توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى»نى يېزىپ چىقتى.

شىمالىي شىنجاڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى ئىلى، بورتالا، تارباغاتاي، ئالتاي، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا بېرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق خىزمىتى

يىغىنى ۋە شىمالىي شىنجاڭ ئىقتىسادىي خىزمەت دەق مەيدانىدا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىقتىن زامانىۋى چارۋىچىلىققا يۈزلىنىشنى تېزلىتىش ۋە چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. 3 ۋىلايەتلىك، 2 ئوبلاستلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ھالىتى، ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق خىزمىتى يىغىنىدىكى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىقتىن زامانىۋى چارۋىچىلىققا يۈزلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا دائىر تەدبىر ۋە چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنى تېزلىتىش جەريانىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى. 15 ناھىيە (شەھەر)، 64 چارۋىچىلىق نۇقتىسىنى كۆزدىن كەچۈردى، 15 قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. شىمالىي شىنجاڭ رايونى چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، «شىمالىي شىنجاڭ رايونىنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى» يېزىپ چىقتى.

جاۋ يۈلەن

## بىرلىك سەپ ئىككى تارماق قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش ئەھۋالى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى 11 قارار تۈرلۈك كۇرس ئېچىپ، 1680 كىشىنى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە دىنىي زاتلار كۇرسى 7 قارار، 1400 كىشى؛ ئىسلام دىنى ئوتتۇرا، ياش تايانچىلار كۇرسى بىر قارار، 40 كىشى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىك سەپ خىزمىتىگە مەسئۇل يېزا - بازارلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرى كۇرسى 2 قارار، 200 كىشى؛ مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى تەربىيىلەش مەركىزى سۈجۇ شۆبىسىدە ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى كۇرسىدىن بىر قارار ئېچىپ، 30 كىشىنى تەربىيىلىدى؛ پارتىيە سىرتىدىكى مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك 2 كادىر شياڭگاڭغا بېرىپ تەربىيىلىنىشكە، پارتىيە سىرتىدىكى باشقارما دەرىجىلىك بىر كادىر مەركىزىي سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتىغا بېرىپ تەربىيىلىنىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

تاڭ چاۋ

## ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئەھۋالى

2003 - يىل 3 - ۋە 10 - ئايلاردا شىنجاڭدىن 7 ئاز سانلىق مىللەت كادىرى مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان، شياڭگاڭ «پېيخۇا» مائارىپ فوندى ئاچقان 16 -، 17 - قارارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوبلاست باشلىقلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مۇھاكىمە كۇرسىغا قاتناشتى.

5 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئالاقىدار تارماقلارغا پارەملىشىپ، 40 ئاز سانلىق مىللەت كادىرى مەركىزىي دۆلەت ئورگانلىرى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونلىرىدا ۋەزىپىلىك چېنىقىشقا كۆرسىتىلدى ۋە ئەۋەتىلدى.

ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك 37 كادىر 8 - ئاينىڭ 29 - كۈندىن 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى سۈجۇ شۆبىسىدە شىنجاڭ ئۈچۈن ئاچقان ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ 9 - قارارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش كۇرسىغا قاتناشتى.

ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان 2 رېستوران باش دىرېكتورى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈندىن 26 - كۈنىگىچە مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى بىلەن شياڭگاڭ «پېيخۇا» فوندى گۇاڭجۇ جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاچقان 5 - قارارلىق ئاز سانلىق مىللەت رېستوران باش دىرېكتورلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كۇرسىغا قاتناشتى.

11 - ئاينىڭ 30 - كۈندىن 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە 2 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت كادىر مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى گېرمانىيىدە ئاچقان 2 - قارارلىق مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئالىي دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلار تەتقىقات، بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىغا قاتناشتى.

ئەنۋەرجان مەھەممەت

## ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش ئەھۋالى

دىنىي ساھەدىكى ۋەكىللەرنىڭ ئىز باسارى كەم بولۇش مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 2003 - يىلى شىنجاڭ دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش جەھەتتە يەنە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم 2003 - يىلدىن باشلاپ ئوتتۇرا ياش، ياش دىنىي زاتلار تايانچلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىشنى قارار قىلدى، بۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان، ئۈچ قاتلامغا ئايرىپ تەربىيىلەش، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمەت مېخانىزمى شەكىللىنىپ، تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش خىزمىتى تەدرىجىي تۈزۈملىشىش، قېلىپلىشىش ئىزىغا چۈشتى. بىرىنچى،

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار تالىپلارنى يېتەكلەشكە ئۈيۈشتۇرۇلۇپ، ئاساسىي قاتلامدىكى دىنىي زاتلار ئىز باسارلىرى مەسىلىسى ھەل قىلىندى؛ ئىككىنچى، ھازىر بار مۇددەرىسلەرنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە دىنىي بىلىمى ئۆستۈرۈلدى؛ ئۈچىنچى، ئالىي مەكتەپ ۋە كۇرسلاردا تەربىيىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق، بىر تۈركۈم ئوتتۇرا ياش، ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار تايانچىلىرى ئوقتىلىق يېتىشتۈرۈلۈپ، دىنىي ساھەدىكى ۋەكىللەرنىڭ ئىز باسار مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 579 ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات 1699 تالىپنى يېتىشتۈردى. 2003 - يىلى، ئاپتونوم رايون شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىدا 7 قارار ئىسلام دىنى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار كۇرسىنى ئاچتى. 6 مىللەتتىن بولغان 1400 دىنىي زات تەربىيىلەشكە قاتناشتى. بىر قارار ئوتتۇرا ياش، ياش دىنىي زاتلار تايانچىلىرى كۇرسى ئاچتى، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 3 مىللەتتىن بولغان ئوتتۇرا ياش، ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار تەربىيىلىنىشكە قاتناشتى. جايلار ئاپتونوم رايوننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بىر يىلدا 75 قارار كۇرس ئېچىپ، 6112 ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتنى تەربىيىلىدى.

غالىپ ساۋۇت

# ئەرزىيەت خىزمىتى

## ئەرزىيەت خىزمىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئەرزىيەت ئىدارىسى قۇرۇلۇپ ئىش بېجىرىشكە باشلىدى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيىدىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئەرزىيەت تارماقلىرى قوبۇل قىلغان ئەرز دېلوسى 112 مىڭ 246 قېتىمغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %1 .9، ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچى 304 مىڭ 564كە يېتىپ، %4 .6 ئاشتى. ئەرزدە ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەر نىسبىي ھالدا مەركەزلەشكەن، بۇلار كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمە ئۆزگەرتىشكە، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتكە، قانۇن ۋە ئۆيلەرنى چېقىش، كۆچۈرۈش، ئورۇنلاشتۇرۇشقا، يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار مەسىلىسىگە ۋە ئامىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردىن ئىبارەت.

مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئەرزىيەت ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئامما تەكرار ئەرز قىلغان مەسىلىلەرنى مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئامما تەكرار ئەرز قىلغان 2158 دېلو (قېتىم) نى، ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن 21 مىڭ 230 ئادەمنى رەتكە تۇرغۇزۇپ ئېنىقلىدى. بۇلاردىن 1896 دېلو (قېتىم) نى، 17 مىڭ 910 ئادەمنىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلدى ۋە ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر دەرىجىلىك تارماقلار ئامما كوللېكتىپ ئەرز قىلىشتىن، دەرىجە ئاتلاپ ئەرز قىلىشتىن ۋە بېكىدىن ئەرز قىلىدىغانلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىدىغان، ئۈزۈنغىچە ئۈنۈم بېرىدىغان مېخانىزمنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورناتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى.

بەزى جايلار ۋە تارماقلارنىڭ ئەرز دېلولىرىنى بېجىرىشتە ئىشنى قولنىڭ ئۇچىدىلا قىلىدىغان، مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ بىر - بىرىگە ئىتتىرىپ قويۇپ تالاش - تارتىش قىلىدىغان، شۇ سەۋەبتىن ئامما تەكرار ئەرز قىلىدىغان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەرزىيەت ئىدارىسى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئەرزىيەت ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى بويىچە ۋاقىتلىق يولغا قويۇش چارىسى» نى تۈزۈپ تارقىتىپ، ئەرزىيەت تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەرزلەرنى بېجىرىش جەھەتتە، تېز كۆرۈش، تېز بېجىرىش، بېجىرىشنى ئاخىرلاشتۇرۇش ۋاقىت چېكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش، بېجىرىشكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋە ئىز قوغلاپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىدە چىڭ تۇرۇلدى. ئەرز قىلغۇچىنى كۈتۈۋېلىش جەھەتتە، ئامما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى سىياسەت، قانۇن دائىرىسى ئىچىدە ھەل قىلىشقا بولىدىغانلا بولسا، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ۋاقتىدا ھەل قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىندى. بىر مەھەل ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىرى بولسا، ئاممىغا چۈشەنچە بېرىلدى ھەمدە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ شەرت - شارائىت يارىتىپ تېزدىن ھەل قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىندى. ئامما يولسىز ئەرز قىلىپ تۇرۇۋالغان بولسا، ئىدىيە جەھەتتە يېتەكلەش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، ئەرز قىلغۇچىغا مەسلىك توغرىسىدا نەسىھەت قىلىندى.

ش ئۇ ئا ر ئەرزىيەت ئىدارىسى ئەرز ئۇچۇر خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، چوڭ - چوڭ ئىجتىمائىي ھالەتنى ۋە مۇھىم جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، توپلاپ، كۆندىلىك ئەرزىيەت پائالىيىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ تۇردى، قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنى مەخسۇس يۇقىرىغا مەلۇم قىلدى. ئۇشتۇمتۇت كۆرۈلگەن، نازۇك مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ياكى ئالدىن مەلۇم قىلدى ھەمدە «ئاپتونوم رايون ئەرزىيەت ئۇچۇر خىزمىتىنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» نى تارقاتتى. جايلار، تارماقلار «چارە» دىكى تەلەپكە ئاساسەن، مەخسۇس، قوشۇمچە ئىشلەيدىغان ئەرزىيەت ئۇچۇر خادىملىرىنى سەپلىدى، توغرا، تېز لىنىيىلىك

ئەرزىيەت ئۇچۇر تورىنى بەرپا قىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. 2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئەرزىيەت ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە دۆلەت ئەرزىيەت ئىدارىسىغا «شىنجاڭ ئەرزىيەت ئىشلىرى»، «ئەرزىيەت ئەھۋالى»، «ئەرزىيەتكە دائىر ئۈزۈندىلەر» قاتارلىق 211 پارچە ماتېرىيالنى مەلۇم قىلدى. بۇنىڭ 72 پارچىسىنى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى تەستىقلىدى ۋە دۆلەت ئەرزىيەت ئىدارىسى ئىشلەتتى. بۇ ماتېرىياللار پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايىدىن خەۋەردار بولۇش، ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىش جەھەتتە ئىجابىي رول ئوينىدى.

ۋاڭ لىشيا

# مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى

## مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى

2003 - يىلى، ش ئۇ ئا ر دۆلەت مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش بويىچە تەشۋىقات - تەربىيە، مەخپىيەتلىككە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى تەربىيىلەش، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى، مەمۇرىيەتنى قانۇن بويىچە يولغا قويۇش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ مۇھىم تارماق (ئورۇن)لىرىنى بەلگىلەش، ئېلېكترونلۇق مەمۇرىي ئىشلار قۇرۇلۇشى ۋە قوللىنىش جەريانىدىكى بىخەتەرلىك، مەخپىيەتلىكنى باشقۇرۇش، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنى كېڭەيتىش، قوللىنىش ۋە يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى.

1. ش ئۇ ئا ر دۆلەت مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 25 — 26 - كۈنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارە باشلىقلىرى، ئىشخانا مۇدىرلىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا، مەركىزىي مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى 6 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ روھى ۋە مەملىكەتلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارە باشلىقلىرى، ئىشخانا مۇدىرلىرى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، 2002 - يىللىق مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى خۇلاسىلەندى، تەجرىبە ئالماشتۇرۇلدى، 2003 - يىللىق مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەندى. بىرىنچى، رەھبىرىي كادىرلار، مەخپىيەتلىككە مۇناسىۋەتلىك خادىملارغا قارىتا مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتى ئىشلەش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇلدى. مەركىزىي گۇرۇپپىدا ئۆگىنىش، پارتىيە مەكتىپىدە تەربىيىلىنىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا رەھبەرلىك قىلىش جەھەتتە مەسئۇلىيەت ئېڭى كۈچەيتىلدى. بۇنىڭ بىلەن رەھبىرىي كادىرلار مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئالىدىغان بولدى. تۈرلۈك كۇرسلارنى ئېچىش ئارقىلىق، مەخپىيەتلىككە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا بولغان تونۇشى ۋە دۆلەت مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئاڭلىقلىقى كۈچەيتىلدى، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان، مەخپىيەتلىككە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇش مېخانىزمى تەدرىجىي ئورنىتىلدى. ئىككىنچى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ساۋاتلىرى بويىچە 100 سوئاللىق مۇسابىقە ۋە ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 9 - ئايدا «مەخپىيەتلىكنى ساقلاش قانۇنى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 15 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، ئاپتونوم رايون بويىچە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ساۋاتلىرى بويىچە 100 سوئاللىق مۇسابىقە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمتىھان سوئالىدىن 150 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى، 148 مىڭ 153 پارچە جاۋاب قەغىزى يىغىۋېلىندى. ئورۇنلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. رادىئو تەشۋىقاتى، تېلېۋىزىيە نۇتقى، گېزىت - ژۇرنال مەخسۇس بېتى، تاختاي گېزىتى، باھالاپ سېلىشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەن ئىككى ئاممىۋى مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا ئائىت قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيە پائالىيىتى پائال ئۇيۇشتۇرۇلۇپ قانات يايدۇرۇلدى. ئۈچىنچى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تۈزۈم قۇرۇلۇشى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

2003 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئەن سۇيىڭ كادىرلار مىنىستىرلىكى، دۆلەت مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى سېستىمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى؛ ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى، سانجى ئوبلاستلىق مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى قاتارلىق 8 ئورۇن ۋە سۇڭ شىڭلى، جاڭ چى قاتارلىق 12 كىشى مەركىزىي مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى ئىشخانىسى، دۆلەت مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتىدىكى ئىلغار

كوللېكتىپ، ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى؛ 103 ئورۇن ۋە 140 كىشى ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى.

3. مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا ئائىت قانۇن، قائىدە - نىزام قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسى داۋاملىق ئۆستۈرۈلدى. دۆلەت مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسىنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلايدىغان مۇھىم تارماق، ئورۇننى بەلگىلەش تەلىپىگە ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، بەلگىلەش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى. يىل ئاخىرىغىچە، 165 ئورۇندىكى 443 مۇھىم تارماق، 870 مۇھىم ئورۇننى بېكىتتى.

ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى مەركىزىي مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مەخپىيەتلىككە مۇناسىۋەتلىك بولغان كومپيۇتېردا خەلقئارا ئىنتېرنېت تورىنى ئىشلىتىش مەسىلىسىنى ئەترابلىق تەكشۈردى. 23 ئورۇندىكى 350 نەچچە كومپيۇتېرنى ئارىلاپ تەكشۈردى. تەكشۈرۈشتە مەخپىيەتلىككە مۇناسىۋەتلىك بولغان كومپيۇتېر ئىنتېرنېت تورى ۋە مەخپىيەتلىك ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان يوشۇرۇن ئاپەت ساقلانغان كومپيۇتېردىن 40 نەچچىنى بايقىدى. مەسىلە ساقلانغانلىرىنى تەكشۈرىدىغان ئورۇنغا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلدى ھەمدە دەرھال تۈزىتىش تەدبىرى قوللىنىشنى تەلەپ قىلدى.

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى «ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت بىر تۇتاش ئىمتىھان ئالىدىغان مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، دۆلەت بىر تۇتاش ئىمتىھان ئالىدىغان مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى باشقۇرۇش تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇردى. ش ئۇ ئا ر دۆلەت بىر تۇتاش ئىمتىھان ئالىدىغان مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى باشقۇرۇش خىزمىتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، تەكشۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت دەرىجىلىك تۈرلۈك ئىمتىھاننىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يېيىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

2003 - يىلى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇش دېلوسىدىن 6 سى يۈز بەردى ۋە ھەممىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. بارلىق دېلولارنى بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىندى، ئالاقىدار ئورۇنلاردىن مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل خادىملارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش تەلەپ قىلىندى.

بىر يىلدا مەخپىيەتلىك دەرىجىسى باھالىنىدىغان، تەكشۈرۈلىدىغان ماتېرىيالدىن 7 پارچە قوبۇل قىلىندى، 1 مىليون 250 مىڭ خەت تەكشۈرۈلدى. دۆلەت مەخپىيەتلىكنى توشۇغۇچى تەنچىنى نۇقتا بەلگىلەپ قايتا ياسىغان 56 ئورۇن ۋە مەخپىيەتلىككە مۇناسىۋەتلىك سىستېما سالاھىيىتى توپلانغان 12 كارخانا يىللىق تەكشۈرۈلدى.

4. تېخنىكا تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئىلمىي باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاشتا تېخنىكىلىق مۇداپىئە كۆرۈش ۋە تەكشۈرۈش ئىقتىدارى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تېزلىتىلىپ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تېخنىكىلىق ۋاسىتىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيىسى تىرىشىپ ئۆستۈرۈلدى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاشتا تېخنىكىلىق مۇداپىئە كۆرۈش ۋە تەكشۈرۈش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى. مەخپىيەتلىككە مۇناسىۋەتلىك بولغان كومپيۇتېر ئۇچۇر سىستېمىسىدىكى سالاھىيىتى توپلانغان ئورۇننىڭ كۈندىلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى باشقۇرۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. مەخپىيەتلىككە مۇناسىۋەتلىك سالاھىيىتى بار كارخانىنى باشقۇرۇش يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى كارخانىلارنىڭ ئەنگە ئالدۇرۇش تۈزۈمى قاتتىق ئىجرا قىلىندى. مەخپىيەتلىككە مۇناسىۋەتلىك سالاھىيىتى بار كارخانىلارنى مەلۇم قىلىش، تەكشۈرۈش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. مەمۇرىي ئىشلار ئىچكى تورىدىكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇلدى، مەمۇرىي ئىشلار سىرتىدىكى تور ۋە جامائەت ئۇچۇر تورىدىكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن قاتتىق ساقلىنىلىپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگان ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ئېلېكترونلۇق مەمۇرىي ئىشلار ئىچكى تورىدا قەتئىي مەخپىيەتلىككە مۇناسىۋەتلىك تور قۇرۇلۇشى پرىنسىپى بويىچە ئىش قىلىش بەلگىلەندى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمەت تارماقلىرىنىڭ توردا ئۇچۇر تەكشۈرۈشنى، مەخپىيەتلىككە مۇناسىۋەتلىك كومپيۇتېر تورىدا ئەھۋال تەكشۈرۈشنى، ئىش بېجىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىسىدە تەكشۈرۈشنى، رەھبەرلىك خىزمەت قىلىدىغان مۇھىتنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىندى. كومپيۇتېر ئۇچۇر سىستېمىسىدىكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى قېلىپلاشتۇرۇش تەكشۈرۈلدى.

ئې چيەن

# سىياسىي - قانۇن خىزمىتى

## سىياسىي - قانۇن خىزمىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي - قانۇن تارماقلىرى مەركىزىي كومىتېت ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك تۈزلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي - قانۇن ئورگانلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى قانۇن بويىچە كۈچلۈك ئىدارە قىلىش كاپالىتى بىلەن تەمىنلەپ، مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت ياراتتى.

1. بۆلگۈنچىلىككە، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، جەمئىيەتنىڭ سىجىل مۇقىملىقى قوغدالدى. ئاپتونوم رايوندىكى سىياسىي - قانۇن تارماقلىرى «تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىش، باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىش، ئالدىنئالا دۈشمەننى ئىسكەنجىگە ئېلىش» فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە يۇقىرى بېسىم قىلىشنى باشتىن ئاخىرغىچە ساقلاپ كەلدى. ج خ، دۆلەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى قوغلاپ تۇتۇش، قېزىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، 2003 - يىلى مىللىي بۆلگۈنچى ۋە زوراۋان تېررورلۇق گۇرۇھ تەشكىلاتىدىن 22نى يوقىتىپ، جىنايەت گۇماندارىدىن 324نى تۇتتى. بولۇپمۇ دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە، زوراۋانلىق، تېررورلۇق گۇرۇھىدىن 4نى تارمار قىلىپ، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى پەيدا قىلىش سۇيىقەستىنى غەلىبىلىك بىتچىت قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى ئۈچۈن بىر تۈركۈم زور يوشۇرۇن ئاپەتنى يوقاتتى. ئامېرىكا - ئىراق ئۇرۇشىدىن بۇيان، خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى يېڭى ئۆزگىرىشنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىگە ئېلىپ كەلگەن ئېغىر تەسىرى دەل ۋاقتىدا تەھلىل قىلىندى ۋە توغرا ئىگىلەندى، ئاخبارات ئۇچۇرلىرى ۋە رازۋېدكا قىلىش، تىزگىنلەش كۈچەيتىلدى، تېررورلۇققا قارشى كەسپىي قوشۇن قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. جەمئىيەت دائىرىسىدە تىزگىنلەش ۋە چېگرادا مۇداپىئە كۆرۈش، تىزگىنلەش كۈچەيتىلدى. نۇقتىلىق رايون، مۇھىم سورۇن ۋە مۇھىم ئورۇنلارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش، مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. «فالۇن گۇمپىسى» ۋە باشقا بىدئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىمۇ يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مەملىكەتلىك «ئىككى يىغىن»، دۆلەت بايرىمى، پارتىيە 11. نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە باشقا مۇھىم تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە ۋە «سارس»تىن مۇداپىئە كۆرۈش مەزگىلىدىكى بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىندى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئومۇمىيلىقىنىڭ دائىم مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

2. قاتتىق زەربە بېرىش، تەرتىپكە سېلىپ تۈزەش كۈرىشىنىڭ نەتىجىسى مۇستەھكەملىنىپ، ئامانلىق ساقلاش ئومۇمىيلىقىنىڭ مۇقىملىقى ساقلاپ قېلىندى. 2 يىللىق «قاتتىق زەربە بېرىش»، تەرتىپكە سېلىپ تۈزەش كۈرىشى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايوننىڭ ئامانلىق ساقلاش ئەھۋالىدا يېڭى، روشەن ئۆزگىرىش بولدى. 2003 - يىلى ج خ ئورگانلىرى 35 مىڭ 240 جىنايەت گۇماندارىنى قولغا چۈشۈردى، سوت مەھكىمىلىرى 10 مىڭ 855 جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسىگە قانۇن بويىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسىدىن يۇقىرى ھۆكۈم ئېلان قىلدى. جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ يۈز بېرىشى ئۇدا 3 يىل تۆۋەنلىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى يەنىمۇ كۈچەيدى. قالايمىقانچىلىقنى نۇقتىلىق تۈزەش خىزمىتىدە يېڭى ئۆزگىرىش بولدى. تۈزلۈك ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي - قانۇن تارماقلىرى ئومۇمىيلىقنى مۇھىم بىلىپ، «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشقا پائال ماسلىشىپ، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش تورىدىن پايدىلىنىپ، كېسەلنى تىزگىنلەشكە ياردەملەشتى. «سارس»تىن پايدىلىنىپ قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىش سادىر قىلغانلارغا ۋاقتىدا زەربە بەردى.

3. ئىقتىسادىي جىنايى قىلمىشلار قاتتىق جازالاندى، بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇن تەرتىپى قوغدالدى. بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشقا پائال قاتنىشىپ، ئەتكەسچىلىككە، يالغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىپ سېتىش، قانۇنسىز ھالدا تاشقى پېرېۋوت سودىسى قىلىش، ئالدامچىلىق قىلىش، باج ئوغرىلاش، باج تاپشۇرماسلىق، دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنى يۇتۇۋېلىش قاتارلىق جىنايى ھەرىكەتلەرگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىلدى. ۋەزىپە ئۆتەۋېتىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ۋەزىپە ئۆتەۋېتىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش دېلولىرى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمەت سالمىقى ئاشۇرۇلدى. قانۇننى ئىجرا قىلىۋېتىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغان، ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئاشكارا بولمايدىغان مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىش، بولۇپمۇ دەۋانى نازارەت

قىلىش كۈچەيتىلدى، ھەق - تەلەپ، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى قاتارلىق دېلولار ۋە چەت ئەلگە چېتىلىدىغان دېلولار مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، ھەق - تەلەپ مەمۇرىي دېلولارنى تەھقىقلەش، سوراق قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. قانۇن مۇلازىمىتى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى، ساھەسى يەنىمۇ كېڭەيتىلدى.

4. مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلۇپ، يېڭى دەۋردە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىزدىنىلدى. يېزىلاردا مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش بىلەن بىللە شەھەر - بازار، شەھەر - يېزا بىرلەشتۈرۈلگەن مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. «ئۈچ خىل كۈچ» ۋە ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنىڭ ئايرىم جايلاردىكى ھەرىكىتىنىڭ غالجىرلىشىشىدەك ۋەزىيەت ئۆزگەرتىلدى. دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قانۇن بويىچە زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىلدى. «ئۈچتە بىللە بولۇش»، «خەلق رايىنى قولغا كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى» قاتارلىق تەدبىرلەر داۋاملىق يولغا قويۇلدى. يېزىلاردا نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ۋە ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. جايلار ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنىڭ يېڭى چارىسى، يېڭى يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى يارىتىپ، ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇش ۋە ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلامدا ئەمەلىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

5. سىياسىي - قانۇن خىزمىتىنى ئىسلاھ قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، خەلق ئۈچۈن قانۇن ئىجرا قىلىش مۇلازىمەت سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. سىياسىي - قانۇن تارماقلىرى «خەلق ئۈچۈن قانۇن ئىجرا قىلىش، تەرەققىيات ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى گەۋدە، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئادىللىق ۋە ھەققانىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى نىشان، قانۇننىڭ ئادىل ئىجرا قىلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ۋە ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ئېنىقلاپ، سىياسىي - قانۇن خىزمىتى ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىشنى پائال، سالماق ئېلىپ بېرىپ، خەلققە قولايلىق يارىتىپ بېرىدىغان ۋە خەلققە پايدىلىق بولغان بىر تۈركۈم تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. سىياسەت ۋە قانۇن، قائىدە نىزاملارنى توغرا تەدبىقلاپ، كۆپلىگەن ھەق - تەلەپ، ئىقتىسادىي، مەمۇرىي ماجىرالارنى ھەل قىلدى. 2003 - يىلى سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىدا تۈرلۈك دېلودىن 266 مىڭ 801 نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدىن 242 مىڭ 565نى تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇردى. ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى % 92.90كە يەتتى. پائال ئالدىنى ئېلىش، دەل ۋاقتىدا ھەل قىلىش ئارقىلىق، بىر تۈركۈم كوللېكتىپ خاراكتېرلىك ۋەقە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىندى. قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان تارماقلار خاتا دېلولارنى سۈرۈشتە قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈردى، قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنىڭ ئاشكارا بولۇش سالمىقىنى ئاشۇردى، قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي - قانۇن سىستېمىسى ۋە جايلارنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىلىرى ئەرزىيەت خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، «قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك ئەرزىيەت خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ۋە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر» تۈزۈپ چىقىلىپ، قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك ئەرزىيەت خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، يۇقىرىغا ئەرز قىلىدىغان، قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىشى ئازايتىلدى.

6. ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ يېڭى يۇقىرى دولقۇنى قوزغىلىپ سىياسىي قانۇن قوشۇنى قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سىياسىي قانۇن سىستېمىسىدا ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش مۇھىم ئىدىيىسى، 16-قۇرۇلتاي، پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىنىپ، ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ يۇقىرى يېڭى دولقۇنى قوزغىلىپ سىياسىي قانۇن خىزمىتىگە ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش مۇھىم ئىدىيىسى ئارقىلىق بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش جەھەتتىكى ئاڭلىقلىق ۋە قەتئىيلىك يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. «قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىپ ئوبراز تىكلەش ۋە ئىلغارلىقنى تالىشىش، ئەلالىقنى يارىتىش پائالىيىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلۇپ سىياسىي قانۇن قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بىر يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايون بويىچە 123 كوللېكتىپ ۋە 143 شەخس مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

ماۋ خېڭ، ۋاڭ بىيتىڭ

## باشقا خىزمەتلەر

### ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق خىزمەت كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. كارخانىلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى

كۆچەيتىلدى. 2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر كارخانىلار خىزمەت كومىتېتى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئۇيۇشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى مۇكەممەل بولماسلىق، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تارقىلىشى مۇۋاپىق بولماسلىق ۋە ئىسمىنا - گۇرۇپپىلاردا پارتىيە ئەزالىرى يوق بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى ئاساسىي جەھەتتىن قېلىپلاشتۇرۇش ئىزىغا سالدى.

ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار پارتىيە تەشكىلاتى بىلەن ئاخبارات ۋاسىتىلىرى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى مەركەزلىك تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئىسلاھات، تەرەققىياتنى تېزلىتىش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتىكى تەجرىبىلىرى ۋە ئۈنۈملىرى سىستېمىلىق تەشۋىق قىلىندى ۋە تونۇشتۇرۇلدى، خىزمەت تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى، ئىلغار تىپلار تەقدىرلەندى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن بىللە 2 - خىل كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىرى خادىم ۋە زاپاس كادىردىن 21نى، 3 - خىل كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن 6نى تەكشۈردى. 2-، 3 - خىل كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن 24نى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇردى؛ ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە قويۇش خىزمەت تەرتىپىنى تۈزۈپ چىقتى، 2 -، 3 - خىل كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىرىگە دائىر ئۇچۇر ئامبىرىنى تەڭشىدى ۋە تۈزەتتى.

2. تەربىيەلەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ئورگاندىكى كادىرلار يېپىق ئۆگىنىشكە ۋە مۇھاكىمىگە ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش مۇھاكىمە كۇرسى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ 211 رەھبىرى ۋە سىياسىي خىزمەت كادىرى تەربىيەلەندى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىرى كۇرسى ۋە پارتىيە ئىشلىرى، سىياسىي خىزمەت خادىملىرى كۇرسى ئېچىلىپ، 47 كارخانا رەھبىرى ۋە سىياسىي خىزمەت خادىمى پارتىيە قۇرۇلۇشى، ئىگىلىك باشقۇرۇش، قانۇن، تاشقى ئىقتىساد - سودا ۋە دۇنيا سودا تەشكىلاتى پرىنسىپى قاتارلىقلارغا دائىر بىلىم جەھەتتە تەربىيەلەندى.

3. پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى. پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيىسى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، كارخانىدىكى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭى ۋە پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنىغا بويسۇنۇش ئاڭلىقلىقى ئۆستۈرۈلدى. ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرى زور كۈچ بىلەن بېجىرىلىپ، ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئۇنسۇرلار قاتتىق جازالاندى. 2003 - يىلى ئاممىدىن كەلگەن ئەرز، پاش قىلىش دېلولىرىدىن 97سى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ 18ى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈلدى. 8ى دېلو قىلىپ تۇرغۇزۇلدى، كارخانا رەھبەرلىرىدىن 7سى بىر تەرەپ قىلىندى.

4. تەكشۈرۈش خىزمىتى. 2003 - يىلى 4 كارخانىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق 29 كارخانا مەخسۇس تەكشۈرۈلۈپ، كارخانىنىڭ ئاكتىپ - پاسسىپ ئەھۋالى، دۆلەت كاپىتالىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى جەھەتتىكى ھەقىقىي ئەھۋال ئىگىلەندى. مەركىزىي كارخانا تەپتىش كومىتېتىنىڭ مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەلۇم كارخانىسىنى تەكشۈرۈشنى تاماملىشىغا ياردەم بېرىلدى.

5. كارخانا ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتى. 2003 - يىلى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم مەسىلە كۆپ، زىددىيەت مەركەزلەشكەن، خىزمىتىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى چوڭ 16 كارخانىغا مۇقىملىقنى قوغداش ۋە قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. كارخانا خىزمەت كومىتېتى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئومۇمىي خىزمەت لايىھىسىنى تۈزۈشنى ئۈستىگە ئېلىپ، نۇقتىلىق قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ماسلاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلارنى تېپىشقا، كوللېكتىپ ھالدا يۇقىرىغا ئەرز قىلىش ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا، قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىش قاتارلىق خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا ياردەم بېرىپ، مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقنى قوغدىدى.

6. شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھىنى ئىسلاھ قىلىش، قايتا تەشكىللەش خىزمىتى.

2003 - يىلى كارخانا خىزمىتى كومىتېتى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھىدا ئىشلەپچىقىرىش ئومۇميۈزلۈك توختاپ قېلىشتەك جىددىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماق ۋە ئورۇنلارنى ماسلاشتۇرۇپ، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھىنى ئىسلاھ قىلىش، قايتا تەشكىللەش ئىشىنى تاماملىدى. بۇنىڭ بىلەن يېڭى «جىنفاڭ» توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى قۇرۇلۇپ ئىش باشلىدى. تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك

باشقۇرۇش پائالىيىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشى ئەسلىگە كەلدى.


كارخانا خىزمىتى كومىتېتى

## ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمىتى كومىتېتى مەركىزىي كومىتېت ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئاساسىي قاتلامدا تەربىيىلەش، ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىش، ھەر خىل شەكىلدىكى دوكلات يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى، مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش يېڭى يۇقىرى دولقۇننى دەسلەپكى قەدەمدە قوزغىدى. 16- قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقە پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. پائالىيەتكە 2900 ئورۇندىكى 80 مىڭ پارتىيىلىك كادىر قاتناشتى. 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش بويىچە 3 قارار نەزەرىيە تايانچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 164 كىشىنى تەربىيىلىدى. يەنە نازارەت، ئىدارە رەھبەرلىرىنى ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى مەسىلىسى توغرىسىدا 3 مەيدان مەخسۇس دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، ھەيدەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتتى، بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردىكى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئىدىيە، سىياسىي ساپاسىنى ۋە كەسپىي ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى.

ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى باسقۇچلاردىكى مۇھىم تەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ، ئورگاندىكى پارتىيىلىك كادىرلارنى جېن پېيمىڭدىن ئۆگىنىش تەربىيە پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇردى، «دۆلەت مەمۇرلىرى ۋاقىتلىق نىزامى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى، تاختاي گېزىتى كۆرگەزمىسى ۋە مۇنەۋۋەر مەمۇرلارنىڭ ئىلغار ئىش - پائالىيىتىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى ئاچتى. ماۋ زېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن نۇتۇق سۆزلەش، دېكلاماتسىيە يىغىنى، پېشقەدەم كادىرلار سۆھبەت يىغىنى، ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى ئىلغارلارنىڭ ئىش - پائالىيىتىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى ۋە «يۇقىرىلار ئەخلاقى تەشۋىقات كۈنى» دە تەشۋىق قىلىش، مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم تېمىدىكى تەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، «ئومۇمىي ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، ئۆزى ئۈلگە بولۇش» تىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشنى كەڭ تەشۋىق قىلدى. بۇلار ئورگاندىكى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇش ئېڭىنى تۇرغۇزۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمىتى كومىتېتى ئورگان پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىلىرى ۋە پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان ئاكتىپلارنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتتى، پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇش لايىھىسى بويىچە مۇسابىقە پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، يېڭى ۋەزىيەتتە ئورگان ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئاكتىپ ئىزدەندى. 2003 - يىلى خىزمەت كومىتېتى 4 ئاساسىي قاتلام پارتكومى قۇرۇشنى تەستىقلىدى، 6 ئورۇننىڭ ئۆۋەت ئالماشتۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدى، 91 نەپەر ئورگان پارتكومى ئەزاسىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى، ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى. 13 ئورۇندىكى ئورگان پارتكومىنىڭ مەخسۇس مۇئاۋىن شۇجىسىنى تەكشۈردى ھەمدە پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىگە تونۇشتۇردى. «1 - ئىيۇل» ھارپىسىدا، 2001 — 2002 - يىللىق ئىلغارلىقنى بەرپا قىلىپ، ئەلالىقنى قولغا كەلتۈرۈش پائالىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن 30 ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنى ۋە 50 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسىنى، 20 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خادىمىنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى. «ئومۇمىي ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش» تەلىپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش يادرو، مەمۇرىي ئىشلاردا ئاشكارا بولۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئورگان ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى ئەتراپلىق ئىلگىرى سۈردى. ئاساسىي قاتلام ۋە ئامما ئىنكاس قىلغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى بىر - بىرلەپ تەرتىپكە سېلىپ تۈزەتتى، مەمۇرىي ئىشلاردا ئاشكارا بولۇش، ئىش بېجىرىش ۋاقىت چەكلىمىسى توغرىسىدا ۋەدە بېرىش، باشتىلا بېجىرىشكە مەسئۇل بولۇش قاتارلىق تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈردى. مەمۇرىي ئىشلاردا پاك - دىيانەتلىك بولۇش، پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام ۋە ئىبرەت تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ باردى. ئورگانلارنىڭ «جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، خەلق ئۈچۈن تىرىشچان، پاك بولۇش» بويىچە نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتى ۋە مەخسۇس دوكلات يىغىنى ئاچتى. ئورگان پارتىيە تەشكىلىنىڭ نازارەت قىلىش فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇش،



ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ 5 - نۆۋەتلىك ئاممىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 2003- يىل 6- ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۈرۈمچى سۇ ئۈستى باغچىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدىلار باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە باشلامچىلىق بىلەن يۈگۈردى.

ۋاڭ گۇڭ فوتوسى

ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش توغرىسىدىكى تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردى، ئادەم، مال - مۈلۈك ۋە مۇھىم ئىش ئورنى، ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى نازارەت قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. تارماق ۋە كەسىپتىكى ناتوغرا ئىستىلنى تۈزىتىشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى.

ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار خىزمىتى كومىتېتى «كەسىپ ئەخلاقى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى يادرو قىلىپ، خەلقنىڭ چاكىرى بولۇش، مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش» پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى. ئورگانلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، سان چەكلىمىسى، ئاشكارا تەكشۈرۈپ يوشۇرۇن زىيارەت قىلىش، جەمئىيەتكە ئېلان قىلىش، ئەمەلىيلەشتۈرمىگەننى شاللىۋېتىش قاتارلىق ھالەت باشقۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلدى. ئورۇنلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلاردىن 97نى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن، 20نى ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق مەدەنىي ئورگان، 13نى كەسىپتىكى مەدەنىي ئورۇن قىلىپ باھالاپ چىقتى.

ئورگان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى «ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش»، ھال سوراش، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرىنى شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق رايونلارغا بېرىپ ئۆگىنىش ۋە تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى. ئورگانلاردىكى ئىلغار نەمۇنىچىلارنى ۋە مۇنەۋۋەر كادىرلارنى ئىچكى ئۆلكىلەردە داۋالىنىش، دەم ئېلىشقا ئۇيۇشتۇردى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ ساھەسىنى ئۈنۈملۈك كېڭەيتتى. ئورگانلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چۆرىدەپ، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيىتىنى ئىدىيىۋى تەربىيە بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تىكتاك توپ، بولىڭ توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. بولۇپمۇ «سارس»قا تاقابىل تۇرۇش مەزگىلىدە، باشلامچى بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى، «سارس» ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئاساسىي تېما قىلىنغان 5 - نۆۋەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. ۋاڭ لېچۈەن، ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتى «بىر يۈەن پۇل» ئىئانە قىلىپ قىيىنچىلىقى بارلارنى قۇتقۇزۇش، ئوقۇشسىز قالغان بالىلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، ياشلار مەدەنىي ئورنى بەرپا قىلىش خىزمىتىنى نۇقتىلىق كۈچەيتتى. ئىتتىپاق كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ۋە «يېڭى ئەسىردە كىتاب ئوقۇش پىلانى» دوكلات يىغىنى ئاچتى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسىگە سىياسەت جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەش، داۋالاش، ياردەم بېرىش، يولەش ۋە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شەھەر- يېزىلار ئۆز ئارا ھەرىكەتلىنىپ يەن- تېخنىكا ئۇرۇقى چېچىش ھەرىكىتى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى.

خىزمەت كومىتېتى ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق 80 ئورگاننىڭ ئورگان پارتىيە خىزمىتى يىغىنى روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، «پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى تاللاپ ۋەزىپىگە قويۇش خىزمىتى نىزامى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تۈزۈلمە

ۋە مېخانىزىم جەھەتتە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ش ئۇ ئا ر پارتكومىغا تەكلىپ بەردى. خىزمەت كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى ئورگانلاردىكى باشقارما دەرىجىلىك كادىرلارنى ۋە ئوتتۇرا، ياش كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەشنى نۇقتىلىق تۇتۇپ، بىر يىلدا تۆرلۈك ئۆگىنىش، تەربىيىلەش كۇرسىدىن 30 قارار ئېچىپ، 2300 دىن ئارتۇق پارتىيىلىك كادىرنى تەربىيىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىش ئارقىلىق، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە ئائىت مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەر باھالىنىپ بېسىپ تارقىتىلدى. «ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى» ژۇرنىلى ۋە ئورگاندىكى پارتىيە ئەزالىرى ئېلېكترلەشكەن تەربىيە فىلىمى تارقىتىلدى. ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئىشلىرى كادىرلىرى تەربىيىلىنىشكە، تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىدا ساقلانغان ئەمەلىي مەسىلە ماسلاشتۇرۇلۇپ ھەل قىلىنىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ئىشلىرى كادىرلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ماكرولۇق پىلانلاش ۋە كەسپىي يېتەكچىلىك يەنىمۇ كۈچەيتىلدى.

يالڭ چىبىڭ

## پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە دەم ئېلىشقا چىققان كادىر 14 مىڭ 130 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قىزىل ئارمىيىنىڭ پېشقەدەم جەڭچىسى 80. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە ئىنقىلابقا قاتنىشىپ دەم ئېلىشقا چىققان كادىر 2366، ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرىدە ئىنقىلابقا قاتنىشىپ دەم ئېلىشقا چىققان كادىر 11 مىڭ 684.

1. پېشقەدەم كادىرلارغا بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت كۈچەيتىلدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەشكىلات، پېشقەدەم كادىرلار خىزمەت تارماقلىرى پېشقەدەم كادىرلارنىڭ سىياسىي تەمىناتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ، پېشقەدەم كادىرلارنى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئۇيۇشتۇردى، پېشقەدەم كادىرلارغا بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتتى. جايلار، ئورۇنلار دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلۇشىنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىگە كىرگۈزۈپ، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ تۈرلۈك تەشكىلىي پائالىيەتلەرگە نورمال قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. جايلار، تارماقلار پېشقەدەم كادىرلار پائالىيەت مەركىزى (ئۆيلىرى) قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى، پېشقەدەم كادىرلارنىڭ بىر تۈركۈم پائالىيەت، ئۆگىنىش سورۇنلىرىنى يېڭىدىن قۇردى ياكى كېڭەيتىپ قۇردى. ئاز كەم 100 مىڭ پېشقەدەم كادىر ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى ئۆگىنىش ۋە تەربىيىلىنىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

2. «ئۈچ مېخانىزىم» بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەر دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ دەم ئېلىش خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلىش مېخانىزمى، تىببىي دورا خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلىش مېخانىزمى ۋە مالىيە قوللاش مېخانىزمىنى ئومۇميۈزلۈك ئورناتتى. بۇ، ئاپتونوم رايوندىكى دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارغا دەم ئېلىش خىراجىتىنى دەل ۋاقتىدا تولۇق تارقىتىشقا ۋە دورا خىراجىتىنى قانچىلىك ئىشلەتسە، شۇنچىلىك ئاتچوت قىلىشقا بەلگىلىمە بويىچە كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. جايلار، تارماقلار دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ نىسى قالغان «ئىككى خىراجەت»نى ئېنىقلاش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەردى. ئىلگىرىكى خىزمەت ئاساسىدا، ئاپتونوم رايون مالىيىسى يەنىلا مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قىيىنچىلىقى بار، ۋەيران بولغان، تاقالغان، ئۆتكۈزۈۋېتىلگەن ۋە تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن دۆلەت كارخانىلىرىدىكى دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ نىسى قالغان تىببىي دورا خىراجىتى مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئاپتونوم رايون يەنە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، جايلار، ئورۇنلارنىڭ پېشقەدەم كادىرلار «ئۈچ مېخانىزمى» ئورنىتىش خىزمىتىنى تەكشۈردى. بىر يىلدا ئورگان، كەسپىي ئورۇندىكى دەم ئېلىشقا چىققان 9755 كادىرنىڭ دەم ئېلىش خىراجىتىنى كۆپەيتىش ئەستىقلاندى، يەنە 764 پېشقەدەم كادىر ئىچكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا دەم ئېلىپ داۋالىنىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى.

3. ئەرزىيەت، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئۇچۇر ئالمىشى قۇرۇش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پېشقەدەم كادىرلار خىزمەت تارماقلىرى پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ھەر بىر ئىشقا جاۋاب قايتۇرۇش، ھەر بىر خەت - چەكنى بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. بەزى چىگىش مەسىلىلەرنى تولۇق ھەل قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پېشقەدەم كادىرلار خىزمەت

تارماقلىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كەڭ قانات يايدۇردى. 80 پارچەدىن كۆپرەك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىلمىي ماقالىسى يېزىلدى. 800 دىن كۆپرەك ئۈچۈر يەتكۈزۈلدى. ئۇچۇر ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا داۋاملىق ئەھمىيەت بېرىلدى ۋە ئۇ كۈچەيتىلدى.

جاڭ لۇ، ياڭ جۇڭ

## ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىي ئىنستىتۇت) نىڭ خىزمەت ئەھۋالى

2003 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىي ئىنستىتۇت) مەكتەپ (ئىنستىتۇت) نىڭ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلۇشىدا «ئۈچنى ماسلاشتۇرۇش»نى، يەنى مەكتەپ (ئىنستىتۇت) قۇرۇلۇشى بىلەن ئورنى، رولىنى ماسلاشتۇرۇش، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە بىلەن ماسلاشتۇرۇش، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومنىڭ تەلىپى بىلەن ماسلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

1. ئوقۇتۇش خىزمىتى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى تولۇقلاندى، دەرس سىستېمىسى سەرخىللاشتۇرۇلدى، ئوقۇتۇشنىڭ قاراتمىلىقى كۈچەيتىلدى. مۇھاكىمە شەكلىدىكى ئوقۇتۇش ۋە زامانىۋى ئوقۇتۇش ۋاستىسى پائال يولغا قويۇلۇپ، ئوقۇتۇشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمچانلىقى ئۆستۈرۈلدى، كۇرسانتلارغا پارتىيىۋىلىك تەربىيىسى بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، پارتىيىۋىلىكنى چېنىقتۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، كۇرسانتلارنىڭ سىياسىي ساپاسى ئۆستۈرۈلدى؛ پەن قۇرۇلۇشى لايىھىسى ۋە ئومۇمىي پىلانى پائال تۈزۈلدى، ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. 2003 ـ يىلى يازلىق تەتىلدە ئېچىلغان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش مەخسۇس كۇرسىغا قاتناشقانلارنىڭ سانى ئاز كەم 2000 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى.

2. پەن تەتقىقات خىزمىتىدە زور رېئال مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. پەن تەتقىقات تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، رىغبەتلەندۈرۈش، چەكلەش مېخانىزمى بەرپا قىلىش ئۇنۇۋان باھالاش، تەكلىپ قىلىش، يىللىق تەكشۈرۈش، مۇكاپاتلاش، جازالاش، تەقسىم قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ئالاقىدار خادىملارنىڭ پەن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش ئاكتىپلىقى تولۇق ئىشقا سېلىندى.

3. ئوقۇش تارىخى ماتېرىيالدا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، سالماق تەرەققىي قىلىشنى مەكتەپ باشقۇرۇشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە تۈپ پىكىر يولى قىلىشتا چىڭ تۇرۇلدى، ئوقۇتۇش بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىلىپ، ئاسپىرانتلار ماتېرىيالى ۋە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك تەربىيىلەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

4. ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش خىزمىتىنىڭ سالمىقى داۋاملىق ئاشۇرۇلدى. قىسمەن ئوقۇتقۇچىلار مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى، ئىچكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى پارتىيە مەكتىپى، ئالىي مەكتەپلەردە تۈرلۈك تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلدى، مەبلەغ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆمەك تەشكىللىنىپ، ياۋروپادا قىسقا مۇددەتلىك زىيارەتتە بولۇش، ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى؛ ئوقۇتقۇچىلار كۆپ ۋاستىلىك، زامانىۋى ئوقۇتۇش ماھارىتى، ۋاستىسى بويىچە مەركەزلىك تەربىيىلەندى. ئوقۇتقۇچىلار مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا ۋەزىپىلىك چېنىقىشقا ئەۋەتىلدى.

5. كادىرلار تۈزۈمى، تەقسىمات تۈزۈمى، باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈپ، ۋەزىپىگە قويۇش خىزمىتىنىڭ دېموكراتىك ۋە ئاشكارا بولۇش دەرىجىسى يەنىمۇ كېڭەيتىلدى. دېموكراتىك ئۇسۇلدا كۆرسىتىش، خەلق رايى بويىچە باھالاش، دېموكراتىك باھالاش، ۋەزىپىگە قويۇشتىن ئىلگىرى جامائەتكە ئاشكارا ئېلان قىلىش قاتارلىق تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇلدى. خادىملارنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى كۈچەيتىلدى.

6. يېڭى ۋەزىيەتتە تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ كەسپىگە يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنىڭ يېڭى يولى ۋە يېڭى چارىسى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىلدى. چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىش ئاساسىدا، «ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ كەسپىگە يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتى ھەققىدە (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)» تۈزۈلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى

## پارتىيە تارىخى خىزمىتى

1. پارتىيە تارىخى، دۆلەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، پارتىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. 2003 ـ يىل 4 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە تارىخى تارماقلىرى مەسئۇللىرى يىغىنى ئېچىپ، مەملىكەتلىك پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى مۇدىرلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، پارتىيە تارىخى خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ۋە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى ۋە ئالماشتۇردى. 2003 ـ يىللىق خىزمەت

ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇقتىلىق تېما تەتقىقاتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش، نەشر قىلدۇرۇش خىزمىتى ئۇقتىلىق ياخشى تۇتۇلدى. پارتىيە تارىخى، دۆلەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا يېڭى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. «زامانىمىزدىكى شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى، مۇتەخەسسىسلەر تەكشۈرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن نەشر قىلىندى. ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پىلاندىكى ئۇقتىلىق تېما تاللاش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى. «تەڭرىتاغ تۆھپىكارى — يولداش ۋاڭ ئېنماۋنى خاتىرىلەش ماقالىلەر توپلىمى» 2 يىلدىن كۆپرەك يېزىش، تۈزىتىش ئارقىلىق، يولداش ۋاڭ ئېنماۋ ۋاپات بولغانلىقىنىڭ 2 يىللىقى ھارپىسىدا نەشر قىلىندى. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا ماسلىشىش ئۈچۈن، پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن ھەمكارلىشىپ يېزىپ چىققان سىياسىي تەشۋىقات ماقالىلەر توپلىمى «شانلىق بايراق — ‹ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش›نىڭ ئەمەلىيەتچىلىرى» دېگەن كىتاب خېلى ياخشى ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلدى. ۋۇ جيەنچۈننىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىش - پائالىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «تۇغرا كەيپىيات - مەڭگۈلۈكتۇر — يولداش ۋۇ جيەنچۈننى خاتىرىلەش ماقالىلەر توپلىمى»نىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى تۈزۈش خىزمىتى تاماملاندى. «جۇمھۇرىيەتتىكى ئەل (شىنجاڭ قىسمى)»نىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالى تۈزۈلۈپ بولدى. «جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى تارىخىغا دائىر چوڭ ئىشلار» (3 - قىسمى)نىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالى ئاساسىي جەھەتتىن تۈزۈلۈپ بولدى.

2. پارتىيە تارىخى توغرىسىدىكى تەشۋىقات - تەربىيىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى.

2003 - يىلى پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، چېن تيەنچيۇ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار قۇربان بولغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. 9 - ئاينىڭ 26- كۈنى خەلق سارىيىدا ئاپتونوم رايون چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، دۇ چۇڭيۈەن، لىن جىلۇ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار قۇربان بولغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە بىڭتۇەننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قاتارلىق ئالاقىدار خادىملار بولۇپ 80 نەچچە كىشى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەننىڭ يازما سۆزى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۈرۈمچى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا قەبرە سۈپۈرۈش تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن قاتارلىقلار مۇراسىمغا قاتناشتى. ئىسمائىل تىلىۋالدى تەزىيە سۆزى قىلدى. 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سارىيىدا چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، دۇ چۇڭيۈەن، لىن جىلۇ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار قۇربان بولغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ھۆسنخەت، گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى. ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نۇرغۇن رەھبەرلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋردىكى ئىنقىلابىي قۇربانلارغا ئاتاپ يازغان بېغىشلىمىلىرى، ئەينى يىللاردا شىنجاڭدا كۈرەش قىلغان ئەجداتلارنىڭ بېغىشلىمىلىرى ۋە شىنجاڭدىكى خەتتات، رەسساملارنىڭ بۇ قىممەتلىك كۆرگەزمىنىڭ ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ ئىجاد قىلغان 100 دىن ئارتۇق ئەسىرى كۆرگەزمە قىلىندى.

2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ماۋ زېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەش ھارپىسىدا، پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىرلىكتە، ئاپتونوم رايون بويىچە ماۋ زېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. مۇھاكىمە يىغىنى 102 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى، بۇنىڭ 64 پارچىسى تاللاندى، 19 مۇتەخەسسىس، ئالىم چوڭ يىغىندا ئىلىم ئالماشتۇردى.

2003 - يىلى پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى سەيپىدىن ئەزىزىنى خاتىرىلەش ماقالىسى — «تەڭرىتاغ ئوغۇل- قىزلىرى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سىزنى سېغىنىدۇ» دېگەن ماقالىنى ۋە «پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى سۆزلىرى» (ئىچكى ماتېرىيال)نى يېزىپ چىقىشنى ئۈستىگە ئالدى، بۇلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىشتە خېلى ياخشى رول ئوينىدى. بۇنىڭدىن سىرت يەنە «شىنجاڭ پارتىيە تارىخى»، «پارتىيە تارىخى ماتېرىيالى ۋە تەتقىقات»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، «پارتىيە تارىخى كۆرگەزمىسى»، «جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرى»، «شەخسلەر» قاتارلىق گېزىت- ژۇرناللاردا، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ ۋە ۋاڭ ئېنماۋ، بۇرھان، تاۋ سىيۇ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلارنى خاتىرىلەيدىغان نۇرغۇن ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىللە خەلق مەيدانىدا، «پارلاق بايراق ئاستىدا — پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 82 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز»، «ئەسىردىكى ئۇلۇغ ئەرباب — يولداش ماۋ زېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز» ناملىق چوڭ

تېخنىكىي سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى. بىر يىلدا «شىنجاڭ پارتىيە تارىخى» ژۇرنىلى 5 سان تەھرىرلەندى، خەت سانى 430 مىڭ. «شىنجاڭ پارتىيە تارىخى خىزمىتى خەۋەرلىرى» دىن 12 سان تارقىتىلدى، خەت سانى 40 مىڭ.

3. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تارىخى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش كۈچەيتىلدى. 2003 - يىل 7 -، 9 -، 10 - ئايلاردا 3 قېتىم بايىنغولىن، ئىلى ئوبلاستلىرى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتىگە خادىم ئەۋەتىلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى، ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتكوم رەھبەرلىرى ۋە پارتىيە تارىخى خىزمىتى خادىملىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى، ھاكىمىيەت يۇرگۈزۈشكە ياردەم بېرىدىغان، ئادەم تەربىيىلەيدىغان خىزمەتنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشنىڭ پىكىر يولى ۋە يېڭى ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە تارىخى تارماقلىرىنىڭ ھاكىمىيەت يۇرگۈزۈشكە ياردەم بېرىدىغان، ئادەم تەربىيىلەيدىغان خىزمەت ئەھۋالىنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش ئۈچۈن، پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ھاكىمىيەت يۇرگۈزۈشكە ياردەم بېرىدىغان، ئادەم تەربىيىلەيدىغان ماتېرىياللارنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشنى قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ۋە يېزىق ئارقىلىق تەكتىنى ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە تارىخى تارماقلىرىنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان قانات يايدۇرغان ھاكىمىيەت يۇرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، ئادەم تەربىيىلەش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى بىر قەدەر ئەتراپلىق ئىگىلەندى. 2003 - يىلى پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى «شىنجاڭنىڭ يەرلىك پارتىيە تارىخى مەجمۇئەسىنى يېزىش خىزمىتى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارە» نى تۈزۈپ، ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ پارتىيە تارىخىنى يېزىش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىزىغا سالدى.

جاڭ نىڭ

## «زامانىمىزدىكى شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتاب نەشردىن چىقتى

بۇ كىتاب ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە يېزىلىپ، 2003 - يىلى زامانىمىزدىكى جۇڭگو نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. «زامانىمىزدىكى شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋە چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشتىكى تارىخىي ئۇلۇغ تۆھپىسى بايان قىلىنغان. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغان، ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى بولغا قويغان 50 يىللىق بوران - چاپقۇنلۇق تارىخىي مۇساپىسى خاتىرىلەنگەن. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيان يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شۇنداقلا تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلار يەكۈنلەنگەن. بۇ كىتاب ئاز كەم 280 مىڭ خەتلىك بولۇپ، تارىخىي ماتېرىياللار تولۇق، مەزمۇنى مول، بايان قىلىنغان ئىشلار ئوبيېكتىپ، ئوبزورلىرى مۇۋاپىق. زور ۋەقە ۋە مۇھىم ئەربابلارنىڭ بايان قىلىنىشى ئوبيېكتىپ، ئادىل بولۇپ، بۇنىڭدا ھاكىمىيەت يۇرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، تارىخنى ساقلاش، ئادەم تەربىيىلەش مەقسەت قىلىنغان.

ۋاڭ چۈنيا

# ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك

## ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى، باش كاتىپ، بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى

شۇجى: خۇ جيايەن (ئايال).

مۇئاۋىن شۇجىلار: گو چىڭتەي، ئابدۇراخمان پولات، گو فېڭلەن (ئايال)، دولقۇن ئابدۇرسۇن (قازاق).

باش كاتىپ: ياۋ شۇەنجيەن.

بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى: ما شاۋشىن (خۇيزۇ).

## چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى

1. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇشى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى. 2003 - يىلى شىنجاڭدا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىشقا، خېرىدار بولۇشقا ئارىلىشىشقا ۋە قول تىقىشقا، تىجارەت خاراكتېرىدىكى يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىشقا، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى ۋە تىجارىتى قاتارلىق بازار ئىگىلىكى پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆزى دوست - يارەنلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ پايدا ئېلىشىغا يول قويماسلىق توغرىسىدىكى بەلگىلىمە ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خوتۇنى، پەرزەنتلىرى ۋە يېنىدىكى خادىملارغا بولغان تەربىيە ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خوتۇنى، پەرزەنتلىرىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئائىت بەلگىلىمە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. جايلار، تارماقلار يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خوتۇنى،

پەرزەنتلىرىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالىنى ۋاقتىدا تىزىملىدى. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپچىلىق قىلمىشلىرىنى چەكلەش توغرىسىدىكى تۈرلۈك بەلگىلىمىلىرى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، شەكىلۋازلىق بيۇروكراتلىق چەكلەندى ۋە ئۇنىڭغا خاتىمە بېرىلدى. مارالبېشى، پەيزاۋاتتا يەر تەۋرىگەندىن كېيىن، جايلار، تارماقلار ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچكە يول قويماسلىق» تەلىپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردى. بۇنى 2002 - يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1805 پىكاپ ئاز سېتىۋېلىندى، بۇ تۈردە 336 مىليون يۈەن تېجەپ قېلىندى؛ چەت ئەلگە چىقىدىغان ئۆمەك، گۇرۇپپىدىن 85 تۈركۈم 269 ئادەم (قېتىم) قىسقارتىلىپ، 785 ئادەم (قېتىم) ئازايتىلدى. بۇ تۈردە 8 مىليون 100 مىڭ يۈەن تېجەپ قېلىندى؛ 130 خىزمەت بىناسى، تەربىيىلەش مەركىزى سېلىش توختىتىلىپ، 145 مىليون يۈەن مەبلەغ تېجەپ قېلىندى. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سوۋغات پۇل ۋە قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە قوبۇل قىلىشىغا يول قويماسلىق توغرىسىدىكى بەلگىلىمە داۋاملىق قاتتىق ئىجرا قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيىلىك كادىرلار قوبۇل قىلىپ ئاكتىپ ھالدا يۇقىرىغا تاپشۇرغان سوۋغات پۇل ۋە سوۋغات بۇيۇملىرىنىڭ قىممىتى 3 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەسىس قىلغان «539» پاكلىق ھېساباتىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان پۇل 703 مىڭ 600 يۈەن. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى رەھبىرىي خادىملارنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى.

2. ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرى بىر تەرەپ قىلىندى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى ئامما پاش قىلغان دېلودىن 17 مىڭ 126 پارچە (قېتىم) نى تاپشۇرۇۋېلىپ، 2485نى دېلو قىلىپ تۇرغۇزدى، بۇنىڭدىن 2457نى ئاخىرلاشتۇردى، 2671 ئادەمگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە چارە كۆردى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر 8، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 138، بۇ ئارقىلىق 114 مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 2077 ئادەمگە پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە چارە كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر 9، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 124، يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 408، ئادەتتىكى كادىر 614، باشقا خادىم 922. 625 ئادەمگە ئاگاھلاندۇرۇش، 692 ئادەمگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى، 112 ئادەمنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى، 316 ئادەم پارتىيە ئىچىدە سىناشقا قالدۇرۇلدى، 327 ئادەم پارتىيىدىن قوغلاندى. 981 ئادەمگە مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر 6، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 63، يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 272، ئادەتتىكى كادىر 596، باشقا خادىم 44؛ 262 ئادەمگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى، 163 ئادەمگە سەۋەنلىك بېرىلدى، 171 ئادەمگە ئېغىر سەۋەنلىك بېرىلدى، 97 ئادەمنىڭ دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلدى، 167 ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى، 26 ئادەم خىزمەتتىن ھەيدىلىپ قالدۇرۇپ ئىشلىتىلدى، 95 ئادەم خىزمەتتىن ھەيدەلدى، 90 ئادەم ئەدلىيە ئورگانلىرىغا يوللاپ بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۆزى 7 دېلونى بىجىردى ۋە دېلو قىلىپ تۇرغۇزدى. 11 دېلونى ئاخىرلاشتۇردى، 11 ئادەمگە چارە كۆردى.

3. تارماق ۋە كەسىپتىكى ناتوغرا ئىستىل تۈزىتىلدى. ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىسى گەۋدىلىك ھەل قىلىندى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ 860 مىليون يۈەنلىك يۈكى يېنىكلىتىلدى. مائارىپتا قالايمىقان ھەق ئېلىش ئەستايىدىل تىزگىنلەندى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە، مەكتەپ ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش ۋە ئېلىنغان ھەقنى جامائەتكە ئېلان قىلىش تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەق ئېلىش ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. كۆپ ئېلىنغان 7 مىليون 897 مىڭ يۈەن ئوقۇغۇچىلارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى. تىببىي دورا سېتىۋېلىش، سېتىشتىكى ناتوغرا ئىستىللار تۈزىتىلدى، تىببىي دورىلارنى مەركەزلىك ھالدا خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىش ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى، سېتىۋېلىنغان تىببىي دورا سوممىسى 576 مىليون يۈەن بولۇپ، ئاغرىقلارغا 107 مىليون يۈەنلىك پايدا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. تاشيولدىكى «ئۈچ قالايمىقان»نى ئوڭشاش نەتىجىسى داۋاملىق مۇستەھكەملەندى، تاشيولدا قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئايرىم تارماق ۋە جايلارنىڭ قالايمىقان جازا قويۇش، قالايمىقان تەكشۈرۈش، قالايمىقان ھەق ئېلىش مەسىلىسى تۈزىتىلدى. مەركەزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ گېزىت - ژۇرناللارنى قالايمىقان تارقىتىش ۋە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ قالايمىقان تارقىتىشنى تىزگىنلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 33 خىل گېزىت، قەرەللىك ژۇرنال ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، كەنت دەرىجىلىك-

ەرنىڭ كېيىنت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇش «چەكلىك دورما تۈزۈمى» يولغا قويۇلۇپ، يېزا ۋە ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارنىڭ يۈكى يېنىكلىتىلدى. كەسىپ ئىستىلى بويىچە ئۆلگە كۆزنەك بەرپا قىلىش پائالىيىتى پائال قانات يايدۇرۇلۇپ، كەسىپ ئىستىلى قۇرۇلۇشىدا بىر تۈركۈم ئىلغار تىپلار مەيدانغا كەلدى. ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئىستىلىنى باھالاش ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، باھالانغان ئورۇن 1587گە يېتىپ، ئورگان ئىستىلىنىڭ ياخشىلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

4. چىرىكلىكنىڭ ئالدى باشتىلا ئېلىندى ۋە تىزگىنلەندى. ئاپتونوم رايون تەكشۈرۈپ تەستىقلايدىغان تۈردىن 160نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، تۆۋەنگە چۈشۈردى. مەمۇرىيەت تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن داۋاملىق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. تارماقلار خام چوت قىلىش، باج ئېلىنمايدىغانلىرىنى باشقۇرۇش ۋە بوغالتىر مەركەزلەشتۈرۈپ ھېسابات قىلىپ دۆلەت خەزىنىسىدىن مەركەزلىك ھالدا ئېلىش، چىقىم قىلىش ئۆتكۈنچى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇش تىجارەت خاراكتېرىدىكى يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىشتا خېرىدار چاقىرىش، كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش، مۈلۈك ھوقۇقى سودىسى ۋە ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش قاتارلىق 4 تۈرلۈك تۈزۈم تەدرىجىي يولغا قويۇلدى. نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، بىناكارلىق بازارلىرىنىڭ خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇش ھەرىكىتى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى. يەر شەكىللىك بازار قۇرۇلۇشى خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى. تىجارەت خاراكتېرىدىكى يەرلەرنى خېرىدار چاقىرىپ، كىم ئارتۇق قىلىپ، ئېلان چىقىرىپ سېتىش كىرىمى 798 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يەر سېتىش كىرىمىنىڭ %46.5نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھۆكۈمەتنىڭ سېتىۋالغىنى 2 مىليارد 200 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ، 200 مىليون يۈەن مەبلەغ تېجەپ قېلىندى. ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش، زاۋۇت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش، كەنت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش خىزمىتى يەنىمۇ چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلدى.

5. پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىي ئىنتىزامغا بويسۇنۇش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشنى داۋاملىق 1-ئورۇندا قويۇپ كەلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سىياسىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان دېلودىن 78ى تۇرغۇزۇلۇپ بىر تەرەپ قىلىندى، 88 ئادەمگە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئىنتىزامى بويىچە چارە كۆرۈلدى. ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىش تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. پاك - دىيانەتلىك بولۇش ھەققىدە سۆھبەتلىشىش، ۋەزىپە ئۆتەش ھەققىدە سۆھبەتلىشىش، سەمىمىي ئىرىشچان بولۇش ھەققىدە سۆھبەتلىشىش قانات يايدۇرۇلدى. 247 نەپەر ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر يىللىق خىزمەتكە بىرلەشتۈرۈپ ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالى، پاك - دىيانەتلىك بولۇش ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەردى. كۆزىتىش تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون 2 كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنى ئالتاي ۋىلايىتى ۋە بايىنغولىن ئوبلاستىغا كۆزىتىشكە ئەۋەتتى.

خې شىنپىڭ

## ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 4 - ئومۇمىي يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 — 28- كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزاسىدىن 35 كىشى يىغىنغا قاتناشتى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايوندىكى تارماقلار ۋە دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم شۇجىلىرى يىغىنغا قاتناشتى. ئومۇمىي يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جيايەننىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بەرگەن «16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرايلى» دېگەن تېمىدىكى خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى. يىغىندا خۇ جىنتاۋنىڭ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ۋە مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى، 2002 - يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، 2003 - يىللىق پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق

قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش ۋە بىڭتۇەننىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى.

خې شىنپىڭ

## پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى

2003 - يىلى شىنجاڭ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەتراپلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مۇشۇ يىللىق خىزمەتكە سىڭدۈرۈلىدىغان ئاساسىي لىنىيە قىلىپ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون 11 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى، گۇرۇپپا ئەزالىرى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 9 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 15 نازارەت، ئىدارە ۋە قىسمەن ئالىي مەكتەپ، چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى ھەمدە تەكشۈرۈشكە دائىر ئەھۋاللارنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى. نەتىجىدە جايلار، تارماقلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بولغان تونۇشى يەنىمۇ ئۆستى، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسىنى پارچىلاش، تۈزۈم قۇرۇلۇشى قاتارلىق ھالقىلارنى قېلىپلاشتۇردى، مەسئۇلىيەتنى قاتتىق سۈرۈشتە قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 106 پارتىيىلىك كادىرنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىندى، 106 ئادەمگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرۈلدى ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 16.

خې شىنپىڭ

## پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى بويىچە تەشۋىقات تەربىيە خىزمىتى

2003 - يىل 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ رەپىقىلىرىنىڭ ئۆگىنىش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشقا ئائىت بەلگىلىمىلەرنى ئۆگەندى. يېڭى يىل، چاغان، قۇربان ھېيت ھارپىسىدا، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى «ئاپتونوم رايوندىكى رەھبىرىي كادىرلارغا ئوچۇق خەت» تارقىتىپ، ئىنتىزامغا مۇناسىۋەتلىك تەلەپلەرنى تەكىتلىدى. جايلار پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى بويىچە تەشۋىقات تەربىيە پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار مۇددەت، تۈركۈمگە ئايرىلىپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى مەخسۇس ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە «جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش» بويىچە نۇتۇق سۆزلەش، دوكلات بېرىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، بىر تۈركۈم ئىلغار تىپلار ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى. 9 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە «ئومۇم ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، ئۆزى ئۈلگە بولۇش» ئاساسىي تېما قىلىنغان 5 - قېتىملىق پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيە ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 311 مىڭدىن ئارتۇق پارتىيىلىك كادىردىن پاك - دىيانەتلىك بولۇش بىلىملىرىدىن ئىمتىھان ئېلىندى، بۇنىڭ بىلەن پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش ئېڭى ئۆستى. ئاپتونوم رايون ۋە جايلار، تارماقلار ئاخبارات - تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇردى. «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق 4 ئاخبارات ۋاسىتىسى پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىغا دائىر مەزمۇندىكى 468 پارچە ماقالىنى گېزىتكە باستى ۋە ئاڭلاتتى، «جۇڭگو ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك گېزىتى» 114 پارچە ماقالىنى ئىشلەتتى. دېمەك ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى كۈچلۈك تەشۋىق قىلىندى.

خې شىنپىڭ

## قانۇن ئىجراسىنى تەپتىش قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى مەبلەغ سېلىش يۇمشاق دېتال مۇھىتىنى ياخشىلاشنى چۆرىدەپ، مەمۇرىي ئۈنۈمنى تەپتىش قىلىشنى قانات يايدۇردى. 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە، 53 ناھىيە (شەھەر) دە، مەمۇرىي ئۈنۈم بويىچە ئەرز قىلىش مەركىزى قۇرۇلۇپ، ئەرزلەر ۋاقتىدا قوبۇل قىلىندى. نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە مەبلەغ ئىشلىتىش ئەھۋالىنى ۋە قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدا مەخسۇس تۈر بويىچە قانۇننى ئىجرا قىلىشنى تەپتىش قىلىش كۈچەيتىلدى. ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە مەركىزى قۇرۇلۇشى، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى ئۈنىۋېرسال تىزگىنلەش، كۈيتۇڭ - سايرام يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى سەييارە تەكشۈرۈش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق

قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىكى پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ، خىزمەت تەرتىپى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى، تۈزۈم مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، نازارەت كۈچەيتىلدى. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى. «19 - مارت» پەۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتى، «7 - ئاپرېل» ئېغىر ئۆلۈم - يېتىم ھادىسى، «20- ئاپرېل» پويىز ئاغدۇرۇلۇپ كېتىش ھادىسىسى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يوندا يولىدا ھىدروگېن سولفىدتىن زەھەرلىنىش ھادىسىسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، ئالاقىدار مەسئۇل خادىملارنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىندى. مارالبېشى، پەيزاۋاتتا يەر تەۋرىگەندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا بېرىلگەن پۇل، ماددىي نەرسىلەرنى باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۇل، ماددىي نەرسىلەرنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ھەقىقىي ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. «سارس» قا دۇچ كەلگەندە، ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى. ئالاقىدار تارماقلارغا ياردەملىشىپ، «سارس» نىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورىلارنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك ماددىي ئەشيالارنىڭ باھاسىنى تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن پايدىلىنىپ پايدا ئالغان قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بەردى. بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 171 ئورۇن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەنقىد قىلىندى. 352 ئادەمگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرۈلدى ياكى ئىقتىسادىي جازا بېرىلدى. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى زايوم مەبلىغى، ئىجتىمائىي كاپالەت مەبلىغى، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ئەھۋالى بويىچە قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى تەپتىش قىلىش، كادىرلارنى ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئۇنۋان باھالاش، ئىمتىھان ئېلىش قاتارلىق ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

خې شىنپىڭ

## مۇھىم ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشلار

ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر - دىنى ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى ئابدۇللا ھەمدۇللانىڭ خىيانەت قىلىش، پارا ئېلىش، سوۋغات پۇل قوبۇل قىلىش دېلوسى، ئۈرۈمچى يۇقىرى يېڭى تېخنىكا كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى شۈي شىخۋانىڭ پارا ئېلىش، دۆلەت مۈلكىنى شەخسەن بۆلىشىۋېلىش، سوۋغات پۇل قوبۇل قىلىش دېلوسى، ش ئۇ ئا ر پورت باشقۇرۇش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ سابىق مۇدىرى سوخالىت زەيىندىننىڭ خىيانەت قىلىش، دۆلەت مالىيە كىرىمىنى يوشۇرۇش، ئۆزىگە قالدۇرۇپ قويۇش، بۇزۇپ - چېچىپ ئىسراپ قىلىش دېلوسى، ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ رېنلىنىڭ ھۆكۈمەت پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىش، دۆلەت مالىيە كىرىمىنى يوشۇرۇش، ئۆزىگە قالدۇرۇش، بۇزۇپ - چېچىپ ئىسراپ قىلىش دېلوسى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە شەھەرلىك تەرەققىيات پىلان كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يۇ جىياۋنىڭ خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ پارا ئېلىش، پايدا ئېلىش خاراكتېرىدىكى تىجارەت پائالىيىتىگە قاتنىشىش، سوۋغات پۇل قوبۇل قىلىش دېلوسى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

خې شىنپىڭ

## بەلگىلىمە، ئۇقتۇرۇشلار

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى چىقارغان بەلگىلىمە، ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى):

3- ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى «ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىساد قىلىشنى قاتتىق يولغا قويۇش، ئاپەتتىن كېيىن قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.

4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى «ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ 2003 - يىلى پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش

ئۆچۈن ئىش تەقسىمات پىكرى»نى تۈزۈپ تارقاتتى.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى «ئاپتونوم رايوندىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە يېڭى يۇقىرى دولقۇن قوزغاش، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى»نى تۈزۈپ تارقاتتى.

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى «ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە نازارەت، ئىدارە، ئورۇنلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت (مەمۇرىيەت)نىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىش تۈزۈمى توغرىسىدا پىكىر»نى تۈزۈپ تارقاتتى.

خې شىنپىڭ

# گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

## جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى

مۇدىر كومىتېت ئەزاسى: ليۇ جيەن

مۇئاۋىن مۇدىر كومىتېت ئەزالىرى: خۇ شىمىي (ئايال)، ياڭ جيالىن، ۋاڭ زېيچىن

## گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىدىن ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئاساسىدا، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللىنىشى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تەشۋىقات خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش تەلەپ قىلىندى.

بىر يىلدا كومىتېتنىڭ خىزمەت يىغىنى 8 قېتىم ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق قارارلىرى مۇنداق بولدى: گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش خىزمىتى بويىچە مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مەخسۇس كومىتېت تەركىبىدىكى ئەزالارنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش. گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2- قېتىملىق دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى ئېچىش، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنىنى ئېچىش.

ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش ئاچقان كېڭەشمە يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى ۋە ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنىغا كۆپ قېتىم قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنىدا «سىجىل تەرەققىيات ھازىرقى زاماندىكى ئىنسانلارنىڭ بىردىنبىر تاللىشى» دېگەن تېمىدا چوڭ يىغىندا قىلىنغان سۆز كەڭ دائىرىدە ياخشى باھاغا ئېرىشتى. ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ئەزالىرى ئوتتۇرىغا قويغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلاردا يەر ھۆددىگەرلىك قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسىنىڭ لايىھىسىنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىش كېرەك» دېگەن تەكلىپ 839 تەكلىپ لايىھىسىدىن تاللىنىپ مەخسۇس كومىتېتنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان 7 قارالما لايىھىسىنىڭ بىرى قىلىندى. 2003 - يىلى گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە شەخسلەر ھەر دەرىجىلىك «ئىككى يىغىن»دا تەكلىپ لايىھىسى، قارالما لايىھىدىن 100نى ئوتتۇرىغا قويدى. گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ 12 ئەزاسى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 59 ئەزاسى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولدى. 19 ئەزاسى ھەر دەرىجىلىك ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تەپتىش، تەكشۈرگۈچى، مائارىپ مۇپەتتىشى ۋە ئىستىل باھالىغۇچى بولدى.

تەشكىلىي قۇرۇلۇشى 2003 - يىلى يېڭىدىن 12 ئەزا قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى

ئوقۇش ئارىسىدا ئىگىلەر 11، ئالىي ئۇنۋانى بار ئەزا بىر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بار ئەزا 3، ئوتتۇرىچە يېشى 36.4 ياش، يىل ئاخىرىغىچە ئەزا 718 گە، شەھەر دەرىجىلىك كومىتېت 5 كە، ئاساسىي قاتلام ياچېيكا 27 گە، گۇرۇپپا 5 كە يەتتى.

لى جېيې

# دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

## جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى

مۇدىر كومىتېت ئەزاسى: جۇ جېنجۇڭ.

مۇئاۋىن مۇدىر كومىتېت ئەزالىرى: ۋاڭ جېڭرۇڭ (ئايال)، دۇڭ يۇڭماۋ، چېن چى، جاڭ لىبىن، جىن ماۋچياڭ.

## دېموكراتىك ئىتتىپاقى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

هاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، هاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇهاكىمە قىلىش 2003 - يىلى دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق هۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش ئاچقان سۆھبەت يىغىنى ۋە ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنىغا كۆپ قېتىم قاتنىشىپ، كۆپ پارتىيە هەمكارلىشىش، هۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات ۋە سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى. ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ ۋە تەكلىپ لايىھىسى 80 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ بەرگەن تەكلىپ لايىھىسى 12، شەخس بەرگەن تەكلىپ لايىھىسى 68، چوڭ يىغىندا سۆزگە چىقىپ بېرىلگەن تەكلىپ 4.

8 - ئاينىڭ باشلىرىدا مۇتەخەسسىسلەر شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشنى ۋە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. «شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى توغرىسىدا تەكلىپ»، «شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەسىلىسى توغرىسىدا» ناملىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان، شىنجاڭدىكى پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، ئالىملاردىن تەركىب تاپقان جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاساس مائارىپى ۋە كەسپىي مائارىپ مەسىلىسى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى.

ئۆز قۇرۇلۇشى 2003 - يىلى جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى 9 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ئىشىنى تەشكىللىدى. 7 - ئايدا رايونلۇق كومىتېت يېڭى ئەزالار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، پروفېسسور لى شياگرۇي، جۇاڭ خۇڭجۇلارنى، پەخرى مۇئاۋىن كومىتېت مۇدىرى بې يۈنشېڭنى يېڭى ئەزالارغا پارتىيىنىڭ بىرلىك سەپ تارىخىنى، جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ۋە شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. 10 - ئايدا دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ تەشكىلات خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ 21 يىلدىن بۇيانقى تەشكىلىي تەرەققىيات ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇش خىزمىتى خۇلاسىلەندى، ئىختىساسلىقلارنى ئاللاش، يېتىشتۈرۈش، تونۇشتۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا كونكرېت پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، تەرەققىيات پىلانى تۈزۈلدى. 9 - ئايدا ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىچۈەن ئۆلكىسى لېشەن شەھىرىدە ئاچقان ئىتتىپاق ئىجتىمائىي مۇلازىمەت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىلدى. 10 - ئايدا چېڭدۇدا ئېچىلغان ئىتتىپاق غەربىي قىسمىدىكى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر) لەرنىڭ 4 - قېتىملىق ئىتتىپاق ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشتى.

2003 - يىل 4- ئايدا ئورگان كادىرلىرى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە شىنجاڭ سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتى ئاچقان دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ئورگان كادىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كۇرسىغا قاتناشتى.

2003 - يىلى دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى بويىچە جەمئىيەت ئامانلىقنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتىكى نەمۇنە ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

تەشكىلىي قۇرۇلۇشى 2003- يىلى يېڭىدىن 38 ئەزا قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ ساھەسىدىكى ئەزا 17

(ئالىي مائارىپتىن 3، ئادەتتىكى مائارىپتىن 8)، بۇ يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىتتىپاق ئەزاسىنىڭ 44.6%نى ئىگىلەيدۇ. ھۆكۈمەت ئورگىنىدىكىسى بىر نەپەر، تىببىي دورا، سەھىيە ساھەسىدىكىسى 2 نەپەر بولۇپ، 5.2%نى ئىگىلەيدۇ. يېڭى ئەزالارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 38 ياش. يىل ئاخىرىغىچە دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ئەزاسى 1269غا يەتتى.

ساۋ شياۋيەن

# جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

## جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى

مۇدىر كومىتېت ئەزاسى: شې شېڭرۇي.

مۇئاۋىن مۇدىر كومىتېت ئەزالىرى: دۇڭ شىنگۇاڭ، خەن چياڭ.

## دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى 2003 - يىلى دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى بارلىق ئەزالارنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش تېزىسى»نى ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇردى. ئەزالار ئارىسىدا «ئۈچنى كۈچەيتىش»، «تۆتنى قىزغىن سۆيۈش» تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى رايونلۇق كومىتېت «1 - ئىيۇل»نى كۈتۈۋېلىش، «تېزىس»نى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى رايونلۇق كومىتېت ئۈرۈمچى شەھىرىدە خۇ جىنتاۋنىڭ سۆزىنى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە رايونلۇق كومىتېت شىخەنزە شەھىرىدە بىر قارار يېڭى ئەزالار ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. 10 - ئايدا ئەزالارنى ج ك پ 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى.

ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش 2003 - يىل 8 - ئايدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى چېڭ سىۋېي شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. چېڭ سىۋېي ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئەزالارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى، شىنجاڭ دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، سەممىي ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنىدا، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى 7 تەكلىپ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇلار: «ئۈرۈمچى شەھەر ساياھەتچىلىكىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۈرۈمچىنىڭ ھالقىسمان ساياھەت چەمبىرىكى بەرپا قىلىش توغرىسىدا»، «بوغدا چوققىسى دۆلەت مۇزلۇق باغچىسى، بەش ئوبلاست، شەھەرگە تۇتىشىدىغان ئالتۇن ساياھەت لىنىيىسى بەرپا قىلىشنى مەلۇم قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھە»، «شىنجاڭدىكى شور ئاپېتىنى تىزگىنلەشكە جىددىي قاراش توغرىسىدا»، «شىنجاڭدىكى پولات - تۆمۈر كارخانىلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇش، تەكرار قۇرۇلۇشى ئېغىر بولۇش ھادىسىلىرىگە يۇكسەك دەرىجىدە دىققەت - ئېتىبارنى قوزغاش توغرىسىدا»، «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ماھارەت ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش، مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا»، «بۇلغانمايدىغان قاتناش ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىشكە ئىلھام بېرىش توغرىسىدا» دىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «بوغدا چوققىسى دۆلەت مۇزلۇق باغچىسى، بەش ئوبلاست، شەھەرگە تۇتىشىدىغان ئالتۇن ساياھەت لىنىيىسى بەرپا قىلىشنى مەلۇم قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھە» ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ يۇكسەك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. شۈجى ۋاڭ لېچۈەن بۇ تەكلىپ لايىھەسىگە 4 قېتىم تەستىق سالدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بۇ قۇرۇلۇشنى مۇھىم قۇرۇلۇش قاتارىغا كىرگۈزدى، ھەمدە دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل رەئىس ۋاڭ جىنشياڭ ھۆكۈمەت خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 700 مىليون يۈەن مەبلەغ تەييارلاپ، بۇ قۇرۇلۇشنى قىلىش ئۈچۈن مەبلەغ سالىدىغان بولدى.

2003 - يىلى شىنجاڭ دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدە بولمىغان ئىگىلىك خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لۇ مىڭ

سۆھبەت يىغىنىدا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. ئۇ تەكىتلەپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدە بولمىغان ئىگىلىكىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا فەربىي قىسمىنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدە بولمىغان ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. 5 — 6 - ئايلاردا بىر نەچچە قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت ئىدارىسىنى زىيارەت قىلىپ، كۆپلىگەن ماتېرىيالغا ئېرىشتى. شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدە بولمىغان ئىگىلىكىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، قىيىنچىلىق ۋە مەسىلە، تەدبىرلىرىنى بايان قىلدى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى يازدى.

تەشكىلىي قۇرۇلۇشى     2003 - يىلى يېڭىدىن 20 ئەزا قوبۇل قىلىندى، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 37 ياش، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 18، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 14. يىل ئاخىرىغىچە جەمئىيەت ئەزاسى 398گە يەتتى.

2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 — 5 - كۈنلىرى دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى تەشكىلات خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ ئىلگىرىكى تەشكىلات خىزمىتىدىكى نەتىجىلەرنى ۋە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى، تەشكىلات قۇرۇلۇش خىزمىتىدە ساقلانغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى.

ساۋ شىيايەن

# دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

## دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى

مۇدىر كومىتېت ئەزاسى: نيۇ رۇجى.

مۇئاۋىن مۇدىر كومىتېت ئەزالىرى: شى جيەنشىن، تۇڭ جاۋلىڭ (ئايال)، يۇ جېنتيەن.

## دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى     2003 - يىلى دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنى تەربىيىلەش يىلى قىلىپ بېكىتتى. دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە، بارلىق ئورگان كادىرلىرىنى تەشكىللەپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن شىنجاڭ سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتى بىرلىكتە ئاچقان شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ئورگان كادىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشى كۇرسىغا قاتناشتۇردى. 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە، ئۈرۈمچىدە دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە يېڭى ئەزالار كۇرسى ئاچتى، 150 دىن ئارتۇق ئاساسىي قاتلام ياچېيكىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە يېڭى ئەزالار ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش     رايونلۇق كومىتېت «چارۋىچىلىققا ئائىت 120 مەسىلە» توغرىسىدا تەكلىپ لايىھىسى سۇندى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا، چارۋىچىلىق نازارىتى پائال ماسلىشىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، چارۋىچىلىق سىستېمىسىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە چارۋىلاردىكى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئالدىن سىگنال بېرىش لايىھىسىنى سۇنۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، 2 ئوبلاستتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاساس مائارىپى ۋە قوش تىللىق ئوقۇتۇش خىزمىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، 3 ۋىلايەت، 2 ئوبلاستتىكى 10 ناھىيە، شەھەردىكى 20 نەچچە مەكتەپنىڭ 100 نەچچە سىنىپىغا بېرىپ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنىدا سۆزلىنىدىغان «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونلارنىڭ ئاساس مائارىپى، قوش تىللىق ئوقۇتۇش خىزمىتىدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىرنەچچە مەسىلە» توغرىسىدىكى سۆزنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنى جەنۇبىي شىنجاڭ مائارىپى جەھەتتىكى سىياسەتنى بەلگىلەشتە پايدىلىنىدىغان تەدبىر بىلەن تەمىن ئەتتى.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاتموسفېراسىنىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش خىزمىتى ئەھۋالىدىن خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنىغا، ئاپتونوم رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاساس مائارىپى تەرەققىيات ئەھۋالىدىن خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنىغا، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدە بولمىغان ئىقتىساد بىلەن ئىقتىسادنى

تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالىدىن خەۋەرلەندۇرۇش يىغىنىغا، ئاپتونوم رايون بويىچە نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت ئەھۋالىدىن خەۋەرلەندۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى. سىياسىي كېڭەش ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتىگە پائال قاتناشتى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا، شىنجاڭ شامال كۈچى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا، ليۇخۇاڭگو كۆمۈرلۈكىدىكى ئوت ئۆچۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش قاتارلىقلارغا قاتناشتى.

2003 - يىل 10 — 11 - ئايلاردا دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلىرى جاڭ ياڭ، ۋاڭ چيەن، ئادىل قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيىتىنى قوغداشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭ تۇرپان، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ئۇيغۇر، موڭغۇل قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى زىيارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى.

تەشكىلىي قۇرۇلۇشى 2003 - يىلى 287 كادىر تەربىيىلىدى، يېڭىدىن 67 ئەزا قوبۇل قىلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئەزاسى 637 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ئەزا 342، ئالىي ئۇنۋانى بارلار 188، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 352، ئوتتۇرىچە يېشى 1.50 ياش.

ليۇ جياۋېن

# دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

## جۇڭگو دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى

مۇدىر كومىتېت ئەزاسى: سۇ شۈۋ (مانجۇ).

مۇئاۋىن مۇدىر كومىتېت ئەزالىرى: ليۇ يەن، تېڭ يۇفېن (ئايال).

## دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

**ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى** 2003 - يىلى دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى پارتىيە ئەزالىرىنى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ۋە باش شۇجى خۇ جىنتاۋنىڭ مۇھىم سۆزىنى، «تېزىس» نىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. ئەزالار ئارىسىدا «ئۈچنى كۈچەيتىش»، «تۆتنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئاچقان دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلارنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىدىن يۇقىرى رەھبەرلىرى قاتناشقان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى بويىچە نەزەرىيە ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتى. دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتلىرى ۋە رايونلۇق كومىتېتقا قاراشلىق ياچېيكىلار ئۆزى ئۆگىنىش، كونسۇلتاتسىيە دوكلاتى ئاڭلاش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ پارتىيە ئەزالىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. 11 - ئايدا مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە دېھقان- ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئاچقان دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، مۇھاكىمە قىلىش كۇرسىغا قاتناشتى.

**ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش** 2003 - يىلى دېھقان ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش ئاچقان يىغىنلاردا قارالما لايىھە، تەكلىپ لايىھەدىن 44 نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى «شىنجاڭدىكى ئىككى چوڭ قۇملۇق ئەتراپىدىكى رايونلاردا قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇمنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشىنى تېز يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسى» مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىدا 30 نەچچە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك كومىتېت ئەزالىرىنىڭ بىرلىشىپ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان، شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، ئالىملاردىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە، جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئەھۋالى ۋە چارۋىچىلىق خىزمىتى ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

**تەشكىلىي قۇرۇلۇشى** 2003 - يىلى پارتىيىگە يېڭىدىن 14 ئەزا قوبۇل قىلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە كاندىدات ئالىي ئۇنۋانى بارلىرى 4، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلىرى 9. ئورگان كادىرلىرى بىر، ئوتتۇرىچە يېشى 41 ياش. يىل ئاخىرىغىچە رايونلۇق كومىتېتنىڭ شەھەرلىك كومىتېتى 3 كە، بىۋاسىتە قاراشلىق ياچېيكا گۇرۇپپا 12 گە، پارتىيە ئەزاسى 355 كە، ئالىي ئۇنۋانى بارلار 142 گە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 171 گە يەتتى.

**ئىجتىمائىي مۇلازىمەت** 2003 - يىلى شىنجاڭ

رايونلۇق كومىتېتى دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىدىن غەربىي قىسمىدىكى ئوقۇش ياردەم فوندىدىن 10 مىڭ يۈەننى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى 12 باشلانغۇچ مەكتەپكە ئىئانە قىلىپ، قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇشسىز قالغان 83 ئوقۇغۇچىنىڭ بىر يىللىق ئوقۇش خىراجىتىنى ھەل قىلىپ بەردى. ھەمدە ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونغا 4000 يۈەندىن كۆپرەك ئىئانە قىلدى. 15 - نۆۋەتلىك «خەلقئارا ئىلىم - پەن ۋە تىنچلىق ھەپتىلىك» پائالىيىتىدە، شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى بىر قىسىم تىببىي مۇتەخەسسىسلەرنى موري ناھىيىسىگە بېرىپ يۇقىرىلارنى داۋالاشقا ۋە تىببىي ساۋاتلارنى سۆزلەش، مەسلىھەت بېرىش، خالىس كېسەل كۆرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئۇيۇشتۇردى.

خې جۈاڭ

# «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

## «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى

مۇدىر كومىتېت ئەزاسى: ليۇ داۋخۇ.

مۇئاۋىن مۇدىر كومىتېت ئەزالىرى: ۋاڭ دىجى، شيۈڭ خېيگاڭ، گاۋ شىخىڭ.

## «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش 2003 - يىلى «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە سىياسىي كېڭەش ئاچقان كېڭەشمە يىغىنىغا، سۆھبەت يىغىنىغا ۋە ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنىغا كۆپ قېتىم قاتنىشىپ، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە سىياسىي كېڭەش خىزمىتى توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى. ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى قاراپ چىقىشقا قاتناشتى ھەمدە پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى.

جەمئىيەت رەھبەرلىرى ۋە 3 مۇتەخەسسىس، ئالىم ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان، شىنجاڭدىكى پارتىيە گۇرۇھلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، ئالىمدىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئەھۋالى ۋە چارۋىچىلىق خىزمىتى ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

12 - ئايدا ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 6 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىغا قاتناشتى؛ «تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ ساناەتلىشىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا» تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قاتناشتى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى باشلامچىلىق قىلىپ ئېلىپ بارغان «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، بىكىتۈەن ئاساس مائارىپىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرگە قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنىدا، «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبىرى چوڭ يىغىندا سۆزگە چىقىپ بىر تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كوللېكتىپ 4 تەكلىپ لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىغىنغا قاتناشقان كومىتېت ئەزالىرى شەخسەن 13 تەكلىپ لايىھىسى سۇندى.

ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش، ئىدىيىۋى تونۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم يولى قىلدى. ئەزالار ئارىسىدا «ئۈچنى كۈچەيتىش، تۆتنى قىزغىن سۆيۈش» تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئاچقان شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلاردا ئورگان ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش كۇرسىغا ۋە شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش كۇرسىغا قاتناشتى. 6 - ئايدا «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى ئىلىم - پەن ۋە دېموكراتىيە سۆھبەت يىغىنى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 82 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. يېڭى ئەزالار كۇرسى ئېچىپ، يېڭى ئەزالارغا جەمئىيەت نىزامنامىسى، جەمئىيەت تارىخىنى ئېلان قىلدى.

تەشكىلىي قۇرۇلۇشى 2003 - يىلى جەمئىيەتكە يېڭىدىن 27 ئەزا قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئالىي ئۇنۋانى بارلىرى 24، ئايال جەمئىيەت ئەزاسى 11، ئوتتۇرىچە يېشى 38 ياش. ساپ كۆپىيىش نىسبىتى %5.4كە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە، جەمئىيەت ئەزاسى 584كە يەتتى.

ساۋ شياۋيەن

# ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش

## ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

### ش ئۇ ئار 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ ئىسملىكى

مۇدىر: ئابلەت ئابدۇرېشىت (1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى، 5 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)

مۇئاۋىن مۇدىر: ئابدۇرېھىم ھامىت (5 ـ ئايدا مۇۋەققەت مۇدىر بولدى)، ۋاڭ خۇەيىۋ، خەلچەم ئىسلام، دەلىلقان ماسقان (قازاق)، مۇھەممەت ئىمىن زاكىر، خوجىخان ھاكىموف، ما جيەنگو (خۇيزۇ)، سۇڭ رۇگۇ، ئاسانبېك تۇردى (قىرغىز)، دۇ چىنرۇي (ئايال)

باش كاتىپ: مۇھەممەت رەجەپ؛ مۇئاۋىن باش كاتىپلار: تيەن جىخەي، چېڭ پىڭ (11 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋاڭ جىجۈن (11 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى: تيەن جىخەي (قوشۇمچە، 11 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چېڭ پىڭ (قوشۇمچە، 11 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ياڭ ماۋچۈەن (11 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شيې يۈنىي (3 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ خۇەيلىن، ليۇ يانىڭ (11 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئەركىن رىشىت (11ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋېي گاڭ (11 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

### ش ئۇ ئا ر 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 8ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»، تەرەققىيات پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خەن شۆچى بەرگەن «ئاپتونوم رايوننىڭ 2002 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجراسى ۋە 2003 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى (لايىھە) توغرىسىدا دوكلات»، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى لى شۆجۈن بەرگەن «ئاپتونوم رايوننىڭ 2002 ـ يىللىق مالىيە ئومۇمىي خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە 2003 ـ يىللىق مالىيە ئومۇمىي خام چوتىنىڭ لايىھىسى توغرىسىدا دوكلات»، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇرېھىم ھامىت بەرگەن «ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت روزى بەرگەن «خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»، ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مۇھەممەت يۈسۈپ بەرگەن «خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى» ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى ھەمدە مۇناسىپ قارارلار ماقۇللاندى. يىغىندا «ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن چىقىرىش نىزامى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى.

2003 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى يىغىندا ئابلەت ئابدۇرېشىت ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، ئابدۇرېھىم ھامىت، ۋاڭ خۇەيىۋ، خەلچەم ئىسلام، دەلىلقان ماسقان، مۇھەممەت ئىمىن زاكىر، خوجىخان ھاكىموف، ما جيەنگو، سۇڭ رۇگۇ، ئاسانبېك تۇردى، دۇ چىنرۇي ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، مۇھەممەت رەجەپ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا سايلاندى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 42 ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى؛ ئىسمائىل تىلىۋالدى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىگە، ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىر باقى، شۇڭ خۇيىيىن، جاڭ جۇ، ليۇ يى، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ئامان ھاجى، كۇرەش مەخسۇت ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى؛ مۇھەممەت روزى ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، مۇھەممەت يۈسۈپ ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلاندى؛ ئاپتونوم رايوندىن مەملىكەتلىك 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 60 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى.

جۇ جەنخۇ

### قوشۇمچە

**ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى**

ئابدۇراخمان رەقىمباي (قازاق)، ئابدۇراخمان كېرىم، ئابلەت ماموت، ئابلەت مەھەممەتجان، ئابلىز ھوشۇر، ئەركىنجان تۇراخۇن، بالدىڭ (موڭغۇل)، پاتەم بارات، تۇلەن مۇقاش (قازاق)، تۇرسۇن توختى، جاڭ پىڭچۈەن، جاڭ دېنيۈن، جاڭ لياڭ، جاڭ مىڭجۇ، چېن چى، چېن زېيۇ، قۇسايىن ۋالىت (قازاق)، روزى ئىسمائىل، رىزۋان ئەبەي، رىشات ئىنايىتۇللا، سۇلايمان ئۆمەر (قىرغىز)، سۇلتان ماموت مۇھەممەت يۇسۇپ، شى رۇنشاڭ (خۇيزۇ)، قاسىم توختى، گو چىنتەي، گۈەن جىڭ (ئايال، مانجۇ)، گۈلزەپەر ماموت، گۈلگىنە نىياز (ئۆزبېك)، ليۇ جيەنشىڭ، ليۇ يۈجۇ (ئايال)، مۇرات ئەزىز يارى، مىجىت ئابدۇروسۇل، مىرزاي دوست مۇھەممەت (تاجىك)، مى ئېنخۇا (خۇيزۇ)، ۋاڭ تۇڭ، ۋاڭ فۇخېڭ، ۋاڭ ۋېي، ۋۇ جىڭشۇ (شىبە)، ياڭ جالىن، ياڭ مىڭەي، يۈ شيۇدۇڭ، يۈەن زېمىڭ.

## يېقىندىن سايلانغان خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، باش كاتىپىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

**ئابلەت ئابدۇرېشىت** 1942 - يىلى 3 - ئايدا تۇغۇلغان، غۇلجىدىن، 1960 - يىلى 7 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن، 1965 - يىلى 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى ئېلېكتر قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتىنىڭ ئېلېكتر كەسپىدە ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ئالىي ئىنژېنېر.



1960 - يىلى 9 - ئايدىن 1965 - يىلى 9 - ئايغىچە شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى ئېلېكتر قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتىنىڭ ئېلېكتر كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1965 - يىلى 9 - ئايدىن 1983 - يىلى 8 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر بىناكارلىق تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئورنىنىڭ تېخنىكى، ئىنژېنېرى، مۇئاۋىن باشلىقى بولغان؛ 1983 - يىلى 8 - ئايدىن 1991 - يىلى 1 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىدا پارتگۇرۇپپىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتگۇرۇپپىنىڭ شۇجىسى بولغان؛ 1991 - يىلى 1 - ئايدىن 1993 - يىلى 12 - ئايغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان؛ 1993 - يىلى 12 - ئايدىن 1994 - يىلى 3 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇۋەققەت رەئىسى بولغان؛ 1994 - يىلى 3 - ئايدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى بولغان. 15 -، 16 - نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان.

**ئابدۇرېھىم ھامىد** 1942 - يىلى 11 - ئايدا تۇغۇلغان، قەشقەر كونا شەھەردىن، 1965 - يىلى 5 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن، 1964 - يىلى 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى ماشىنىسازلىق فاكۇلتېتىنىڭ ماشىنىسازلىق ياساش كەسپىدە ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە.



1959 - يىلى 8 - ئايدىن 1964 - يىلى 8 - ئايغىچە شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى ماشىنىسازلىق فاكۇلتېتىنىڭ ماشىنىسازلىق ياساش كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1964 - يىلى 8 - ئايدىن 1965 - يىلى 6 - ئايغىچە غۇلجا ناھىيە تۇرپانيۈزى گۇڭشېسىدا سوتسىيالىستىك تەربىيىگە قاتناشقان. 1965 - يىلى 6 - ئايدىن 1966 - يىلى 5 - ئايغىچە غۇلجا ناھىيە تۇرپانيۈزى گۇڭشېسى يۈز دادۈي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان؛ 1966 - يىلى 5 - ئايدىن 1971 - يىلى 1 - ئايغىچە غۇلجا ناھىيە تۇرپانيۈزى گۇڭشېسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان؛ 1971 - يىلى 1 - ئايدىن 1973 - يىلى 1 - ئايغىچە غۇلجا ناھىيە تيانشان گۇڭشېسى ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان؛ 1973 - يىلى 1 - ئايدىن 1975 - يىلى 1 - ئايغىچە غۇلجا ناھىيە ئارا ئۆستەڭ گۇڭشېسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان؛ 1975 - يىلى 1 - ئايدىن 1977 - يىلى 1 - ئايغىچە غۇلجا ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ

مۇئاۋىن شۇجىسى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان؛ 1977 - يىل 1 - ئايدىن 1979 - يىل 1- ئايغىچە نىلقا ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان؛ 1979 - يىل 1 - ئايدىن 1981 - يىل 1 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى تەشكىلات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان؛ 1981 - يىل 1 - ئايدىن 1983 - يىل 4- ئايغىچە ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان؛ 1983 - يىل 4 - ئايدىن 1993 - يىل 3 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان؛ 1993 - يىل 3 - ئايدىن 2001 - يىل 1 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان؛ 2001 - يىل 1 - ئايدىن 2001 - يىل 10 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 2001 - يىل 10 - ئايدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان.

**ۋاڭ خۇەيىۋ** 1941 - يىل 6 - ئايدا تۇغۇلغان، شەنشى سۈيدېدىن، 1974 - يىل 10 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن، 1965 - يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي تەربىيە فاكۇلتېتىنىڭ سىياسىي تەربىيە كەسپىدە ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، پروفېسسور.



1960 - يىل 9 - ئايدىن 1965 - يىل 9 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي تەربىيە فاكۇلتېتىنىڭ سىياسىي تەربىيە كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1965 - يىل 9 - ئايدىن 1975 - يىل 11 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي تەربىيە فاكۇلتېتى پارتىيە تارىخى ئوقۇتۇش - تەتقىقات بۆلۈمىدە ئوقۇتقۇچى بولغان؛ 1975 - يىل 11 - ئايدىن 1977- يىل 12 - ئايغىچە مىچۈەن ناھىيىسىدە يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بەرگەن؛ 1977 - يىل 12 - ئايدىن 1984 - يىل 5- ئايغىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئېنىقلاش - تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ خىزمەتچىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي تەربىيە فاكۇلتېتى پارتىيە تارىخى ئوقۇتۇش - تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان؛ 1984 - يىل 5 - ئايدىن 1986 - يىل 6 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكوم - تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان؛ 1986 - يىل 6 - ئايدىن 1988- يىل 11 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان؛ 1988 - يىل 11 - ئايدىن 1993- يىل 3 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان؛ 1993 - يىل 3 - ئايدىن 1996 - يىل 4 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ باش كاتىپى، مالىيە - ئىقتىساد ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1996 - يىل 4 - ئايدىن 2001 - يىل 1- ئايغىچە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان؛ 2001 - يىل 1 - ئايدىن 2002 - يىل 5 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان؛ 2002 - يىل 5 - ئايدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان (2002 - يىل 10 - ئايدىن 2002 - يىل 12 - ئايغىچە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دۆلەت مۇداپىئە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 24- قارارلىق دۆلەت مۇداپىئە مۇھاكىمە كۇرسىدا ئوقۇغان).

**خەلچەم ئىسلام** 1945 - يىل 12 - ئايدا تۇغۇلغان، قەشقەر يېڭىشەھەردىن، 1982 - يىل 1 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن، 1967- يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ئاگرونومىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئاگرونومىيە كەسپىدە ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە.



1962 - يىل 9 - ئايدىن 1967 - يىل 9 - ئايغىچە شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ئاگرونومىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئاگرونومىيە كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1967 - يىل 9 - ئايدىن 1968 - يىل 9 - ئايغىچە مەكتەپتە تەقسىمات كۈتكەن؛ 1968 - يىل 9 - ئايدىن 1970 - يىل 9 - ئايغىچە توقسۇ ناھىيە ئىچىبېرىق گۇڭشېسىدا قايتا تەربىيە ئالغان؛ 1970 - يىل 9 - ئايدىن 1973 - يىل 5 - ئايغىچە توقسۇ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتىدا

كادىر بولغان؛ 1973 - يىل 5 - ئايدىن 1981 - يىل 10 - ئايغىچە توقسۇ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتىدا تېخنىك، مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى بولغان؛ 1981 - يىل 10 - ئايدىن 1983 - يىل 6 - ئايغىچە توقسۇ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان؛ 1983 - يىل 6 - ئايدىن 1985 - يىل 11 - ئايغىچە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان؛ 1985 - يىل 11 - ئايدىن 1988 - يىل 10 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان؛ 1988 - يىل 10 - ئايدىن 1998 - يىل 1 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، رەئىسى بولغان؛ 1998 - يىل 1 - ئايدىن 1998 - يىل 4 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، رەئىسى بولغان؛ 1998 - يىل 4 - ئايدىن 1998 - يىل 10 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان؛ 1998 - يىل 10 - ئايدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان.

**دەلىلقان مامىقان** قازاق، 1945 - يىل 10 - ئايدا تۇغۇلغان، ئالتايدىن، 1973 - يىل 6 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن، 1970 - يىل 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، بېيجىڭ خىمىيە سانائىتى ئىنستىتۇتى خىمىيە سانائىتى فاكۇلتېتىنىڭ ئانئورگانىك خىمىيە سانائىتى كەسپىدە ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە.



1965 - يىل 9 - ئايدىن 1970 - يىل 8 - ئايغىچە بېيجىڭ خىمىيە سانائىتى ئىنستىتۇتى خىمىيە سانائىتى فاكۇلتېتىنىڭ ئانئورگانىك خىمىيە سانائىتى كەسپىدە ئوقۇغان.

1970 - يىل 8 - ئايدىن 1973 - يىل 12 - ئايغىچە بىڭتۇەن خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى بىرىكتۈرۈش سېخىنىڭ تېخنىكى بولغان؛ 1973 - يىل 12 - ئايدىن 1975 - يىل 8 - ئايغىچە ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ كادىرى بولغان؛ 1975 - يىل 8 - ئايدىن 1977 - يىل 8 - ئايغىچە ئالتاي ۋىلايەتلىك سانائەت - قاتناش ئىدارىسىنىڭ كادىرى بولغان؛ 1977 - يىل 8 - ئايدىن 1983 - يىل 12 - ئايغىچە ئالتاي ۋىلايەتلىك كادىرلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان؛ 1983 - يىل 12 - ئايدىن 1988 - يىل 11 - ئايغىچە ئىلى ئوبلاستلىق پىلان كومىتېتىدا پارتگۇرۇپپىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر بولغان؛ 1988 - يىل 11 - ئايدىن 1990 - يىل 9 - ئايغىچە ئىلى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، قوشۇمچە ئىشخانا مۇدىرى بولغان؛ 1990 - يىل 9 - ئايدىن 1991 - يىل 1 - ئايغىچە تاشقى ئىقتىساد - سودا نازارىتىدە پارتگۇرۇپپىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر بولغان؛ 1991 - يىل 1 - ئايدىن 1994 - يىل 5 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىقتىساد - سودا كومىتېتىدا پارتگۇرۇپپىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر بولغان؛ 1994 - يىل 5 - ئايدىن 1996 - يىل 4 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر خىمىيە سانائىتى ئىدارىسى (نازارىتى) دە پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى (نازىر) بولغان؛ 1996 - يىل 4 - ئايدىن باشلاپ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

**مەتىمىن زاكىر** 1943 - يىل 9 - ئايدا تۇغۇلغان، كۇچادىن، 1966 - يىل 1 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن، 1961 - يىل 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا - فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ رادىئو ئېلېكترون كەسپىدە ئوقۇغان، ئالىي ئىقتىسادچى.



1959 - يىل 9 - ئايدىن 1961 - يىل 8 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا - فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ رادىئو ئېلېكترون كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1961 - يىل 8 - ئايدىن 1974 - يىل 11 - ئايغىچە كۇچا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى سىياسىي قوغداش بۆلۈمچىسىدە كادىر، مۇئاۋىن بۆلۈمچە باشلىقى، بۆلۈمچە باشلىقى بولغان؛ 1974 - يىل 11 - ئايدىن 1984 - يىل 4 - ئايغىچە كۇچا ناھىيىلىك ئىتتىپاق

كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇئاۋىن ھاكىم بولغان (1975- يىل 3 - ئايدىن 1976 - يىل 9 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇغان)؛ 1984 - يىل 4 - ئايدىن 1986 - يىل 10 - ئايغىچە كۇچا ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ھاكىم بولغان؛ 1986 - يىل 10 - ئايدىن 1992 - يىل 5 - ئايغىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان (1988 - يىل 9 - ئايدىن 1989 - يىل 2 - ئايغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان)؛ 1992 - يىل 5 - ئايدىن 1994 - يىل 4 - ئايغىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ۋالىي بولغان؛ 1994 - يىل 4 - ئايدىن 1998 - يىل 1 - ئايغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇۋەققەت شەھەر باشلىقى، شەھەر باشلىقى بولغان؛ 1998 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

**خوجىخان ھاكىموۋ** 1936 - يىل 10 - ئايدا تۇغۇلغان، غۇلجىدىن، پارتىيە - گۇرۇھسىز، 1960 - يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، غەربىي شىمال سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى ماشىنىسازلىق فاكۇلتېتىنىڭ ماشىنىسازلىق ياساش كەسپىدە ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، پروفېسسور.



1955 - يىل 9 - ئايدىن 1960 - يىل 9 - ئايغىچە غەربىي شىمال سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى ماشىنىسازلىق فاكۇلتېتىنىڭ ماشىنىسازلىق ياساش كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1960 - يىل 9 - ئايدىن 1962 - يىل 7 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماشىنىسازلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان؛ 1962 - يىل 7 - ئايدىن 1981 - يىل 2 - ئايغىچە شىنجاڭ سانائەت ئىنىستىتۇتى ماشىنىسازلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى، لېكتور، ئوقۇتۇش - تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان؛ 1981 - يىل 2 - ئايدىن 1991 - يىل 2 - ئايغىچە شىنجاڭ سانائەت ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان؛ 1991- يىل 2 - ئايدىن 1993 - يىل 1 - ئايغىچە شىنجاڭ سانائەت ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغان؛ 1993 - يىل 1 - ئايدىن 1998 - يىل 6 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ سانائەت ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغان؛ 1998 - يىل 6 - ئايدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان.

**ما جيەنگو** خۇيزۇ، 1943 - يىل 8 - ئايدا تۇغۇلغان، يەنجىدىن، 1966 - يىل 7 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن، 1961 - يىل 6 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدە ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغان.



1961 - يىل 6 - ئايدىن 1965 - يىل 8 - ئايغىچە كورلا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى، تراكتور پونكىتىدا مۇھاپىزەتچى، خەت - چەك تارقاتقۇچى، ستاتىستىكچى بولغان. 1965 - يىل 8 - ئايدىن 1972 - يىل 3 - ئايغىچە بايىنغولىن ئوبلاستلىق نەسىللىك چارۋا فېرمىسىدا ستاتىستىكچى، يېتەكچى بولغان. 1972 - يىل 3 - ئايدىن 1974 - يىل 4 - ئايغىچە باغراش ناھىيىلىك سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، تەشكىلات گۇرۇپپىسى، ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدە كادىر بولغان. 1974- يىل 4 - ئايدىن 1977 - يىل 11 - ئايغىچە باغراش ناھىيە يۈجىن گۇڭشې پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. 1977- يىل 11 - ئايدىن 1981 - يىل 10 - ئايغىچە باغراش ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت مەدەنىيەت - مائارىپ- سەھىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان؛ 1981 - يىل 10 - ئايدىن 1985 - يىل 5 - ئايغىچە باغراش ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان؛ 1985 - يىل 5 - ئايدىن 1988 - يىل 5 - ئايغىچە بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان (1984 - يىل 3 - ئايدىن 1986 - يىل 7 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىنىڭ سىياسىي نەزەرىيە كەسپىدە ئوقۇغان). 1988 - يىل 5 - ئايدىن 1992 - يىل 10 - ئايغىچە بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى بولغان؛ 1992 - يىل 10 - ئايدىن 1993- يىل 4 - ئايغىچە سانجى ئوبلاستلىق پارتكوم دائىمىي

كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى، مۇۋەققەت ئوبلاست باشلىقى بولغان؛ 1993 - يىل 4 - ئايدىن 1998 - يىل 1 - ئايغىچە سانجى ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئوبلاست باشلىقى بولغان؛ 1998 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان.

**سۇڭ رۇگو** 1943 - يىل 10 - ئايدا تۇغۇلغان. جېجياڭ لىنخەيدىن، 1982 - يىل 3 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن، 1964 - يىل 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئىنستىتۇتىنىڭ سانائەت ئىقتىسادى كەسپىدە ئوقۇغان، ئىشلەپ تۇرۇپ ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، ئىنژېنېر



1960 - يىل 1 - ئايدىن 1964 - يىل 8 - ئايغىچە ۋۇخەن ئاشلىق سانائەت مەكتىپىنىڭ ئاشلىق پىششىقلاش كەسپىدە ئوقۇغان. 1964 - يىل 8 - ئايدىن 1966 - يىل 7 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتى ئاساسىي قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ كادىرى بولغان؛ 1966 - يىل 7 - ئايدىن 1969 - يىل 7 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان؛ 1969 - يىل 7 - ئايدىن 1981 - يىل 3 - ئايغىچە ئاشلىق نازارىتى سانائەت باشقارمىسىنىڭ كادىرى بولغان؛ 1981 - يىل 3 - ئايدىن 1984 - يىل 10 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سانائەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان؛ 1984 - يىل 10 - ئايدىن 1986 - يىل 6 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سانائەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان؛ 1986 - يىل 6 - ئايدىن 1991 - يىل 2 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولغان (1984 - يىل 9 - ئايدىن 1987 - يىل 7 - ئايغىچە جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئىنستىتۇتىنىڭ سانائەت ئىقتىسادى كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1988 - يىل 8 - ئايدىن 1989 - يىل 8 - ئايغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان)؛ 1991 - يىل 2 - ئايدىن 1993 - يىل 1 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر بولغان؛ 1993 - يىل 1 - ئايدىن 1995 - يىل 12 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر بولغان؛ 1995 - يىل 12 - ئايدىن 1996 - يىل 10 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر بولغان؛ 1996 - يىل 10 - ئايدىن 2000 - يىل 7 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا خىزمەت كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر بولغان؛ 2000 - يىل 7 - ئايدىن 2001 - يىل 2 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى (دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ئىشخانىسى) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر بولغان؛ 2001 - يىل 2 - ئايدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى (دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ئىشخانىسى) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر بولغان.

**ئاسانبەك تۇردى** قىرغىز، 1945 - يىل 10 - ئايدا تۇغۇلغان، ئۇلۇغچاتتىن، 1974 - يىل 8 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن، 1964 - يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پېداگوگىكا مەكتىپى پېداگوگىكا كەسپىدە ئوقۇغان، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە.



1962 - يىل 9 - ئايدىن 1964 - يىل 9 - ئايغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ پېداگوگىكا كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1964 - يىل 9 - ئايدىن 1971 - يىل 4 - ئايغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىدە ئىشلىگەن؛ 1971 - يىل 4 - ئايدىن 1980 - يىل 10 - ئايغىچە ئۇلۇغچات ناھىيىسى ئوقسالۇر يېزىسىنىڭ باشلىقى بولغان؛ 1980 - يىل 10 - ئايدىن 1987 - يىل 7 - ئايغىچە ئۇلۇغچات ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى بولغان (1982 - يىل 9 - ئايدىن 1983 - يىل 7 - ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى كادىرلارنى تەربىيىلەش بۆلۈمىدە ئوقۇغان)؛ 1987 - يىل 7 - ئايدىن 1990 - يىل 12 - ئايغىچە ئۇلۇغچات ناھىيىلىك پارتكوم

دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ھاكىم بولغان؛ 1990 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1992 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان؛ 1992 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1993 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى، مۇۋەققەت ئوبلاست باشلىقى بولغان؛ 1993 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 1998ـ يىل 2 ـ ئايغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئوبلاست باشلىقى بولغان؛ 1998ـ يىل 2 ـ ئايدىن 2001 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان؛ 2001 ـ يىل 1 ـ ئايدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان.

**دۇ چېنرۇي** ئايال، 1942 ـ يىل 9 ـ ئايدا تۇغۇلغان، سەنشى دېڭشياڭدىن، پارتىيە ـ گورۇھسىز، 1966ـ يىل 9 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىدە ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، ئالىي ئىنژېنېر.



1960 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1962 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ يېزا ئىگىلىك فىزىكىسى كەسپىدە ئوقۇغان. 1962 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1966 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1966 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1975 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە بورتالا ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتىدا تېخنىك، سېخ مۇدىرى بولغان؛ 1975 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1985 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە بورتالا ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىدا كادىر بولغان؛ 1985 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1986 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە ئىلى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان؛ 1986 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1992 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىدا ئىنژېنېر، ئالىي ئىنژېنېر بولغان؛ 1992 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1993 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى بولغان؛ 1993 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1999ـ يىل 9 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان؛ 1999 ـ يىل 9 ـ ئايدىن باشلاپ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان.

**مەھەممەت رەجەپ** 1947 ـ يىل 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان، تۇرپاندىن. 1976ـ يىل 5 ـ ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. 1967 ـ يىل 9 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە.

1965 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1967 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان؛ 1967 ـ يىل 9ـ ئايدىن 1968 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە مەكتەپتە تەقسىماتنى كۈتۈپ تۇرغان؛ 1968 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1971 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە تۇرپان ناھىيىسى قىزىلبايراق گۇڭشېسىدا قايتا تەربىيە ئالغان؛ 1971 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 1978 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە تۇرپان ناھىيىسى سىڭگىم گۇڭشېسىدا كاتىپ، تەرجىمان بولغان؛ 1978 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1984 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە تۇرپان ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدا كادىر، مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى بولغان؛ 1984 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 1984 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە تۇرپان شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ناھىيىلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان؛ 1984 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1985 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە تۇرپان ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان؛ 1985 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1988 ـ يىل 11ـ ئايغىچە تۇرپان ۋىلايەتلىك دۆلەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان؛ 1988 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 1989 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ (خىزمەتكە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان) مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان؛ 1989 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1993 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان؛ 1993 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1993 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان؛ 1993 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 2000 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي

قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى بولغان؛ 2000 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 2001 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن باش كاتىپ بولغان؛ 2001 ـ يىل 1 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، باش كاتىپ بولغان.

## ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭىدىن سايلانغان رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

**ئىسمائىل تىلىۋالدى** 1944 ـ يىل 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان، قەشقەر كوناشەھەردىن، 1973 ـ يىل 5 ـ ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن، 1967 ـ يىل 9 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنىڭ ماتېماتىكا كەسپىدە ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە.



1962 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1967 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنىڭ ماتېماتىكا كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1967 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1968 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە مەكتەپتە تەقسىمات كۈتكەن؛ 1968 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1969 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى زەمىن گۇڭشېسىدا قايتا تەربىيە ئالغان؛ 1969 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1973 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تراكتور پونكىتى، تاشمىلىق گۇڭشېسىدا تەرجىمان بولغان؛ 1973 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1976 ـ يىل 11 ـ ئايغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدە ئىشلىگەن؛ 1976 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 1980 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدە ئىشلىگەن؛ 1980 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 1983 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك كادىرلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى بولغان (1982 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1982 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان)؛ 1983 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1990 ـ يىل 11 ـ ئايغىچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان (1987 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1988 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ مەملىكەتلىك ياش، ئوتتۇرا ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇغان)؛ 1990 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 1993 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ۋالىيسى بولغان؛ 1993 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 1995 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، باش كاتىپ، بەنگۇڭتىڭ پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولغان؛ 1995 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1998 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە بىڭتۇەن پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار بولغان (1995 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1996 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ مەملىكەتلىك ياش، ئوتتۇرا ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇغان)؛ 1998 ـ يىل 2 ـ ئايدىن 2000 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان؛ 2000 ـ يىل 12 ـ ئايدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان؛ پارتىيە 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى.

**ۋاڭ جىنشياڭ** 1947 ـ يىل 4 ـ ئايدا تۇغۇلغان، جياڭسۇ يېشىڭدىن، 1980 ـ يىل 4 ـ ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن، 1969 ـ يىل 9 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى ماشىنىسازلىق فاكۇلتېتىنىڭ سۇيۇقلۇق بېسىمى كەسپىدە ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە.



1964 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1969 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى ماشىنىسازلىق فاكۇلتېتىنىڭ سۇيۇقلۇق بېسىمى كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1969 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1970 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە مەكتەپتە تەقسىمات كۈتكەن؛ 1970 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1983 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە 4 ـ ماشىنىسازلىق مىنىستىرلىكى 879 ـ زاۋۇتىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى، ئىشخانىسى، تىجارەت بۆلۈمىدە ئىشلىگەن (1981 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1983 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە ئېلېكتر پەن ـ تېخنىكىسى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان)؛ 1983 ـ يىل 8 ـ

ئايدىن 1985 - يىل 6 - ئايغىچە ماشىنىسازلىق مىنىستىرلىكى 879 - زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان؛ 1985 - يىل 6 - ئايدىن 1987 - يىل 8 - ئايغىچە سىچۇەن ئۆلكىسى گۇاڭيۇەن شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان؛ 1987 - يىل 8 - ئايدىن 1992 - يىل 12 - ئايغىچە سىچۇەن ئۆلكىسى گۇاڭيۇەن شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولغان؛ 1992 - يىل 12 - ئايدىن 1993 - يىل 1 - ئايغىچە سىچۇەن ئۆلكىسى گۇاڭيۇەن شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولغان؛ 1993 - يىل 1 - ئايدىن 1995 - يىل 2 - ئايغىچە سىچۇەن ئۆلكىسى گۇاڭيۇەن شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى بولغان (1992 - يىل 9 - ئايدىن 1993 - يىل 7 - ئايغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ياش، ئوتتۇرا ياش كادىرلار كۇرسىدا ئوقۇغان)؛ 1995 - يىل 2 - ئايدىن 1996 - يىل 2 - ئايغىچە سىچۇەن ئۆلكىلىك پىلان كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر بولغان؛ 1996 - يىل 2 - ئايدىن 1997 - يىل 2 - ئايغىچە سىچۇەن ئۆلكىلىك پىلان كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر بولغان؛ 1997 - يىل 2 - ئايدىن 2001 - يىل 9 - ئايغىچە سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان؛ 2001 - يىل 9 - ئايدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

**ئەركىن ئىمىرباقى** 1953 - يىل 9 - ئايدا تۇغۇلغان، يېڭىساردىن. 1980 - يىل 6 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن، 1971 - يىل 3 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، غەربىي شىمال يېنىك سانائەت ئىنستىتۇتى يېنىك سانائەت 2 - فاكۇلتېتىنىڭ فىلىكات تۇرلىرى كەسپىدە ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپنىڭ ئادەتتىكى سىنىپى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە.



1971 - يىل 3 - ئايدىن 1972 - يىل 9 - ئايغىچە ئۈرۈمچى ناھىيىسى شەرق شاملى گۇڭشېسىدا زىيالىي ياش بولغان؛ 1972 - يىل 9 - ئايدىن 1974 - يىل 4 - ئايغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك فارفور زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى بولغان. 1974 - يىل 9 - ئايدىن 1977 - يىل 10 - ئايغىچە غەربىي شىمال يېنىك سانائەت ئىنستىتۇتى يېنىك سانائەت 2- فاكۇلتېتىنىڭ فىلىكات تۇرلىرى كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1977 - يىل 10 - ئايدىن 1983 - يىل 2 - ئايغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك فارفور زاۋۇتىنىڭ تېخنىكى، سېخ مۇدىرى، مۇئاۋىن باشلىقى، مۇۋەققەت باشلىقى بولغان؛ 1983 - يىل 2 - ئايدىن 1986 - يىل 11 - ئايغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك سانائەت ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولغان؛ 1986 - يىل 11 - ئايدىن 1992 - يىل 9 - ئايغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىقتىساد كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر بولغان (1989 - يىل 5 - ئايدىن 1992 - يىل 2 - ئايغىچە جۇڭگو - سوۋېت تاشكەنت خەلقئارا تېرموس چەكلىك شىركىتىنىڭ جۇڭگو تەرەپ دىرېكتورى، ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان). 1992 - يىل 9 - ئايدىن 1994 - يىل 11 - ئايغىچە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى ياردەمچىسى بولغان؛ 1994 - يىل 11 - ئايدىن 1997 - يىل 7 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد- سودا كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر بولغان؛ 1997 - يىل 7 - ئايدىن 1999 - يىل 9 - ئايغىچە ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى نازارىتى (دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ئىشخانىسى) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر (مۇدىر) بولغان؛ 1999 - يىل 9 - ئايدىن 2001 - يىل 1 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، باش كاتىپ، بەنگۇڭتىڭ پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولغان؛ 2001 - يىل 10 - ئايدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

**شيۇڭ خۇيىن** 1945 - يىل 9 - ئايدا تۇغۇلغان، خۇبېي خۇاڭپىدىن، 1979 - يىل 3 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن، 1969 - يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي مائارىپ فاكۇلتېتىنىڭ سىياسىي نەزەرىيە كەسپىدە ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە.



1965 - يىل 9 - ئايدىن 1969 - يىل 9 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي مائارىپ فاكۇلتېتىنىڭ

سىياسىي نەزەربىيە كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1969 - يىل 9 - ئايدىن 1972 - يىل 3 - ئايغىچە ئازادلىق ئارمىيە 9901 - قىسىمىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا قايتا تەربىيە ئالغان؛ 1972 - يىل 3- ئايدىن 1984 - يىل 1 - ئايغىچە مىجۇەن ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان؛ 1984 - يىل 1 - ئايدىن 1988 - يىل 4 - ئايغىچە مىجۇەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان؛ 1988 - يىل 4 - ئايدىن 1988 - يىل 12 - ئايغىچە مىجۇەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى بولغان؛ 1988 - يىل 12 - ئايدىن 1992 - يىل 10 - ئايغىچە مىجۇەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغان؛ 1992 - يىل 10 - ئايدىن 1993- يىل 5 - ئايغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى بولغان؛ 1993 - يىل 5 - ئايدىن 1993 - يىل 9 - ئايغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان؛ 1993 - يىل 9 - ئايدىن 1998 - يىل 1 - ئايغىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغان؛ 1998 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

**جاڭ جۇ** 1954 - يىل 9 - ئايدا تۇغۇلغان، خېبېي شىڭتاڭدىن، 1985 - يىل 8 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن، 1971 - يىل 10 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، ئىنژېنېر.



1971 - يىل 10 - ئايدىن 1975 - يىل 11 - ئايغىچە قاغىلىق تاشيول ئاسراش باش ئۆچاستىكىسىنىڭ ئىشچىسى بولغان؛ 1975 - يىل 11 - ئايدىن 1978 - يىل 4 - ئايغىچە قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى بولغان؛ 1978 - يىل 4 - ئايدىن 1982 - يىل 3 - ئايغىچە شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1982 - يىل 3 - ئايدىن 1984 - يىل 8 - ئايغىچە چارۋىچىلىق نازارىتى فېرما باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ كادىرى بولغان؛ 1984 - يىل 8 - ئايدىن 1987 - يىل 3 - ئايغىچە قۇتۇبى نەسىللىك كالا فېرمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان؛ 1987 - يىل 3- ئايدىن 1990 - يىل 11 - ئايغىچە قۇتۇبى نەسىللىك كالا فېرمىسىنىڭ باشلىقى بولغان (1989- يىل 10 - ئايدىن 1990- يىل 7 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىنىڭ ياش، ئوتتۇرا ياش كادىرلار كۇرسىدا ئوقۇغان) ؛ 1990 - يىل 11 - ئايدىن 1991- يىل 12 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر چارۋىچىلىق - سودا - سانائەت باش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بولغان؛ 1991- يىل 12 - ئايدىن 1993 - يىل 7 - ئايغىچە بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان؛ 1993 - يىل 7 - ئايدىن 1995 - يىل 7 - ئايغىچە بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى بولغان؛ 1995 - يىل 6 - ئايدىن 1998 - يىل 1 - ئايغىچە بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغان (1996- يىل 9 - ئايدىن 1997 - يىل 7 - ئايغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ياش، ئوتتۇرا ياش كادىرلار كۇرسىدا ئوقۇغان) ؛ 1998 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان (1997 - يىل 7 - ئايدىن 1999- يىل 7 - ئايغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ئاسپىرانتلار ئىنستىتۇتىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇغان) .

**ليۇ يى** 1953 - يىل 3 - ئايدا تۇغۇلغان، خېنەن فەنشيەندىن، 1980 - يىل 7 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن، 1969 - يىل 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، ئالىي ئىقتىسادچى.



1969 - يىل 8 - ئايدىن 1970 - يىل 8 - ئايغىچە خېنەن ئۆلكىسى شيۇۋۇ ناھىيىسى گېجۇاڭ گوڭشېسىدا زىيالىي ياش بولغان؛ 1970 - يىل 8 - ئايدىن 1979 - يىل 6 - ئايغىچە خېنەن ئۆلكىسى شىنشياڭ شەھەرلىك ئاممىباپ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى، ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، سېخ دىسپېتچېرى بولغان؛ 1979 - يىل 6 - ئايدىن 1983- يىل 9 - ئايغىچە مېتاللۇرگىيە مىنىستىرلىكى بېيجىڭ مېتاللۇرگىيە ئۈسكۈنىلىرى تەتقىقات ئورنى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى، مۇئاۋىن باشلىقى بولغان؛ 1983 - يىل 9 - ئايدىن 1985 - يىل 8 - ئايغىچە جۇڭگو خەلق

ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان؛ 1985 - يىل 8 - ئايدىن 1986 - يىل 7 - ئايغىچە مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى بېيجىڭ مېتاللورگىيە ئۇسكۇنىلىرى تەتقىقات ئورنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ بۆلۈم دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرگۈچىسى بولغان؛ 1986 - يىل 7 - ئايدىن 1987 - يىل 9 - ئايغىچە مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى بېيجىڭ مېتاللورگىيە ئۇسكۇنىلىرى تەتقىقات ئورنى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان؛ 1987 - يىل 9 - ئايدىن 1989 - يىل 12 - ئايغىچە مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى بېيجىڭ مېتاللورگىيە ئۇسكۇنىلىرى تەتقىقات ئورنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قوشۇمچە تەشكىلات - تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان؛ 1989 - يىل 12 - ئايدىن 1991 - يىل 5 - ئايغىچە مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى بېيجىڭ مېتاللورگىيە ئۇسكۇنىلىرى تەتقىقات يۇرتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان؛ 1991 - يىل 5 - ئايدىن 1993 - يىل 4 - ئايغىچە مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى بېيجىڭ مېتاللورگىيە ئۇسكۇنىلىرى تەتقىقات يۇرتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان (خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلغان)؛ 1993 - يىل 4 - ئايدىن 1996 - يىل 10 - ئايغىچە مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى بېيجىڭ مېتاللورگىيە ئۇسكۇنىلىرى تەتقىقات يۇرتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان (نازىر دەرىجىلىك)، 1994 - يىل 8 - ئايدىن 1996 - يىل 10 - ئايغىچە شەندۇڭ ئۆلكىسى دېجۇ ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، دېجۇ شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋەزىپىسىدە چېنىققان؛ 1993 - يىل 8 - ئايدىن 1995 - يىل 12 - ئايغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ رەھبىرىي كادىرلارنى سىرتتىن ئوقۇتۇش كۇرسىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1996 - يىل 10 - ئايدىن 1997 - يىل 5 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، رەئىس ياردەمچىسى بولغان؛ 1997 - يىل 5 - ئايدىن 2001 - يىل 1 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، رەئىس ياردەمچىسى، تاشقى سودا - ئىقتىساد ھەمكارلىق نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، نازىر، جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى بولغان؛ 2000 - يىل 1 - ئايدىن 7 - ئايغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، تاشقى سودا - ئىقتىساد ھەمكارلىق نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، نازىر، جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى بولغان؛ 2001 - يىل 7 - ئايدىن باشلاپ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

**نۇرلان ئەبىلمەجىن** قازاق، 1962 - يىل 12 - ئايدا تۇغۇلغان، قورغاستىن. 1985 - يىل 5 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن، 1985 - يىل 7 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي كەسپىدە ئوقۇغان، ئىشلەپ تۇرۇپ ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخىغا ئېرىشكەن.



1981 - يىل 9 - ئايدىن 1985 - يىل 7 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ قانۇن كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1985 - يىل 7 - ئايدىن 1987 - يىل 3 - ئايغىچە توقفۇزتارا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى، سوت كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان؛ 1987 - يىل 3 - ئايدىن 1992 - يىل 1 - ئايغىچە توقفۇزتارا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان (1990 - يىل 8 - ئايدىن 1991 - يىل 7 - ئايغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ سىياسىي نەزەرىيە كۇرسىدا ئوقۇغان)؛ 1992 - يىل 1 - ئايدىن 1993 - يىل 5 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىلى ئوبلاستلىق شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى، سوت كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان؛ 1993 - يىل 5 - ئايدىن 2001 - يىل 7 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىلى ئوبلاستلىق شۆبىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەھكىمە باشلىقى بولغان (1995 - يىل 5 - ئايدىن 1995 - يىلى 12 - ئايغىچە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بەنگۇڭتىڭىدا مۇدىر ياردەمچىسى ۋەزىپىسى بىلەن چېنىققان؛ 1998 - يىل 9 - ئايدىن 2000 - يىل 10 - ئايغىچە بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي كەسپىدە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان)؛ 2001 - يىل 7 - ئايدىن 2002 - يىل 2 - ئايغىچە ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سوت كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى بولغان؛ 2002 - يىل 2 - ئايدىن 2002 - يىل 3 - ئايغىچە ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇۋەققەت ئوبلاست باشلىقى بولغان؛ 2002 - يىل 3 - ئايدىن باشلاپ ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئوبلاست باشلىقى بولغان.

**ئامان ھاجى** 1950 - يىلى 12 - ئايدا تۇغۇلغان، ئاتۇشتىن، 1983- يىلى 6 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن، 1969 - يىلى 2 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلېكترون - ماشىنىسازلىق كەسپىدە ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپنىڭ ئادەتتىكى سىنىپى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، ئالىي ئىنژېنېر.



1969 - يىلى 2 - ئايدىن 1972 - يىلى 11 - ئايغىچە خېجىڭ ناھىيىسى ئۇلاستاي دېھقانچىلىق مەيدانىدا زىيالىي ياش بولغان؛ 1972 - يىلى 11 - ئايدىن 1973 - يىلى 9 - ئايغىچە شىنجاڭ يولۇچىلار ترانسپورت شىركىتى 4 - ئەترىتىنىڭ ئىشچىسى بولغان؛ 1973 - يىلى 9 - ئايدىن 1976 - يىلى 12- ئايغىچە شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېلېكترون - ماشىنىسازلىق كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1976 - يىلى 12 - ئايدىن 1979 - يىلى 9 - ئايغىچە قاتناش نازارىتى تەشۋىقات باشقارمىسىنىڭ كادىرى بولغان؛ 1979 - يىلى 9 - ئايدىن 1982 - يىلى 8 - ئايغىچە شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات ئورنىنىڭ تېخنىكى بولغان (1980 - يىلى 9 - ئايدىن 1982- يىلى 8 - ئايغىچە شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرغان)؛ 1982 - يىلى 8 - ئايدىن 1984 - يىلى 10 - ئايغىچە شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات ئورنىنىڭ ياردەمچى ئىنژېنېرى بولغان؛ 1984 - يىلى 10 - ئايدىن 1992 - يىلى 2- ئايغىچە قاتناش نازارىتى پىلان باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان؛ 1992 - يىلى 2 - ئايدىن 1992 - يىلى 8- ئايغىچە قاتناش نازارىتى پىلان باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان؛ 1992 - يىلى 8 - ئايدىن 1995 - يىلى 3 - ئايغىچە شىنجاڭ ئالىي تاشيول تۈر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە قاتناش نازارىتى پىلان باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان؛ 1995 - يىلى 3 - ئايدىن 1996 - يىلى 10- ئايغىچە ش ئۇ ئا ر يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى بولغان؛ 1996 - يىلى 10 - ئايدىن 1999 - يىلى 9 - ئايغىچە قاتناش نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر، قوشۇمچە ش ئۇ ئا ر ئالىي تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى بولغان؛ 1999 - يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ قاتناش نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر، قوشۇمچە ش ئۇ ئا ر ئالىي تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان.

**كۆرەش مەخسۇت** 1960 - يىلى 3 - ئايدا تۇغۇلغان، گۇمىدىن، 1984 - يىلى 1 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن، 1977 - يىلى 1 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئېرىشكەن.



1977 - يىلى 1 - ئايدىن 1977 - يىلى 9 - ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۆلچەش - سىزىش چوڭ ئەترىتى سىياسىي يېتەكچىلىك ئەترىتىنىڭ كۇرسانتى بولغان؛ 1977- يىلى 9 - ئايدىن 1979 - يىلى 2 - ئايغىچە ئازادلىق ئارمىيە جېڭجۇ ئۆلچەش - سىزىش ئىنستىتۇتىنىڭ ئاۋىئاتسىيە ئۆلچەش فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان؛ 1979 - يىلى 2 - ئايدىن 1980- يىلى 9 - ئايغىچە ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى 2 - ئۆلچەش- سىزىش چوڭ ئەترىتى چېرتيوژ سىزىش ئەترىتىنىڭ ئۆلچىگۈچىسى، سىزغۇچىسى بولغان؛ 1980 - يىلى 9 - ئايدىن 1982 - يىلى 2 - ئايغىچە گۇاڭجۇ ھەربىي رايونى ئۆلچەش- سىزىش چوڭ ئەترىتى ئاۋىئاتسىيە ئۆلچەش ئىچكى مەشغۇلات ئەترىتىنىڭ تېخنىكى بولغان؛ 1982 - يىلى 2 - ئايدىن 1986- يىلى 7 - ئايغىچە ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى 2 - ئۆلچەش- سىزىش چوڭ ئەترىتى چېرتيوژ سىزىش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى بولغان؛ 1986 - يىلى 7 - ئايدىن 1988 - يىلى 5 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى ئوقۇتۇش باشقارمىسى، ئىشتىن سىرتقى مائارىپ باشقارمىسىنىڭ كادىرى بولغان؛ 1988 - يىلى 5 - ئايدىن 1992 - يىلى 12 - ئايغىچە مەمۇرىي تەپتىش نازارىتىنىڭ كادىرى بولغان؛ 1992 - يىلى 12 - ئايدىن 1993 - يىلى 2 - ئايغىچە مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى 3 - باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان؛ 1993- يىلى 2 - ئايدىن 1995 - يىلى 11 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىش 2 - ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان؛ 1995 - يىلى 11 - ئايدىن 1996 - يىلى 1 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر

ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئىنتىزام تەكشۈرۈش-مەمۇرىي تەپتىش 2 - ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان (باشقارما دەرىجىلىك)؛ 1996 - يىل 1 - ئايدىن 1998 - يىل 10 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان؛ 1998 - يىل 10 - ئايدىن 2000 - يىل 4 - ئايغىچە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان (1996 - يىل 8 - ئايدىن 1998 - يىل 12-ئايغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ رەھبەرىي كادىرلارنى سىرتتىن ئوقۇتۇش تولۇق كۇرس سىنىپىدا ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىنى ئوقۇغان)؛ 2000 - يىل 4 - ئايدىن باشلاپ قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ۋالىي بولغان.

## ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمە-سىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان باشلىقى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

**مەھەممەت روزى** 1944 - يىل 7 - ئايدا تۇغۇلغان، قاراقاشتىن، 1971 - يىل 9 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن، 1962 - يىل 5 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، شىنجاڭ سىياسىي - قانۇن كادىرلار مەكتىپىنىڭ ج خ سىنىپىدا ئوقۇغان، ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، پروفېسسور.



1959 - يىل 9 - ئايدىن 1962 - يىل 5 - ئايغىچە شىنجاڭ سىياسىي - قانۇن كادىرلار مەكتىپىنىڭ ج خ سىنىپىدا ئوقۇغان؛ 1962 - يىل 5 - ئايدىن 1976 - يىل 12 - ئايغىچە غۇلجا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ساقچىسى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولغان؛ 1976 - يىل 12 - ئايدىن 1986 - يىل 6 - ئايغىچە شىنجاڭ سىياسىي - قانۇن كادىرلار مەكتىپى ج خ كافېدراسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى بولغان؛ 1986 - يىل 6 - ئايدىن 1991 - يىل 12-ئايغىچە شىنجاڭ سىياسىي - قانۇن باشقۇرۇش كادىرلىرى ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر بولغان؛ 1991 - يىل 12 - ئايدىن 1998 - يىل 3 - ئايغىچە شىنجاڭ سىياسىي - قانۇن باشقۇرۇش كادىرلىرى ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇدىرى، پروفېسسور بولغان؛ 1998 - يىل 3 - ئايدىن 1998 - يىل 5 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان؛ 1998 - يىل 5 - ئايدىن 1999-يىل 1 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى، مۇۋەققەت مەھكىمە باشلىقى بولغان؛ 1999 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەھكىمە باشلىقى بولغان.

**مۇھەممەت يۇسۇپ** 1947 - يىل 3 - ئايدا تۇغۇلغان، قەشقەر كوناشەھەردىن، 1974 - يىل 10 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن، 1969- يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، غەربىي شىمالىي سىياسىي - قانۇن ئىنستىتۇتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ قانۇن كەسپىدە ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. 2 - دەرىجىلىك باش پروكرور.



1965 - يىل 9 - ئايدىن 1969 - يىل 9 - ئايغىچە غەربىي شىمال سىياسىي - قانۇن ئىنستىتۇتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ قانۇن كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1969 - يىل 9 - ئايدىن 1972-يىل 3 - ئايغىچە ئازادلىق ئارمىيە 7971 - قىسىمدا قايتا تەربىيە ئالغان؛ 1972 - يىل 3 - ئايدىن 1975 - يىل 8-ئايغىچە قەشقەر شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ تەييارلىق سوراقچىسى بولغان؛ 1975 - يىل 8 - ئايدىن 1984 - يىل 1 - ئايغىچە شىنجاڭ سىياسىي - قانۇن باشقۇرۇش كادىرلىرى ئىنستىتۇتى قانۇن كافېدراسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان؛ 1984 - يىل 1 - ئايدىن 1986 - يىل 6 - ئايغىچە ئەدلىيە نازارىتى تەشۋىقات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان؛ 1986 - يىل 6 - ئايدىن 1993 - يىل 4 - ئايغىچە ئەدلىيە نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىرى بولغان؛

1993 - يىل 4 - ئايدىن 1996 - يىل 5 - ئايغىچە ئەدلىيە نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىرى بولغان؛ 1996 - يىل 5 - ئايدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، باش تەپتىش بولغان.

## ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنلىرى

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 2003- يىلى 7 قېتىم يىغىن ئاچتى.

1 - قېتىملىق يىغىن 1 - ئاينىڭ 18 — 19- كۈنلىرى ئېچىلدى. يىغىنغا مۇدىر ئابلەت ئابدۇرېشىت رىياسەتچىلىك قىلدى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى 51 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن باشلىنىشتىن بۇرۇن ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى كىشىلەرنى قوبۇل قىلدى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى قارار»ى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبىدىكى 26 تارماقنىڭ مەسئۇلى ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. يىغىن باشلىنىشتىن بۇرۇن، ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۇنجى قانۇنچىلىق لېكسىيىسىنى ئۇيۇشتۇردى.

2 - قېتىملىق يىغىن 3 - ئاينىڭ 25 - كۈندىن 28- كۈنگىچە ئېچىلدى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى 47 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ خوجىلىق باشقۇرۇش نىزامى»، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر پىلانلاشنى باشقۇرۇش نىزامى (تۈزىتىلمىسى)»، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ۋەزىپە دائىرىسىدىكى جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش نىزامى» ۋە «‹ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەردە سۇ تېجەپ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش نىزامى›غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار» قاراپ چىقىپ تەستىقلاندى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كومىتېتى تەسىس قىلىش ۋە ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىغا مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ئەزا قويۇش توغرىسىدىكى قارار قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى ماقۇللاندى. يىغىن ئاخىرىدا ئابدۇرېھىم ھامىد مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش، ش ئۇ ئا ر پارتكوم خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

3 - قېتىملىق يىغىن 5 - ئاينىڭ 27 - كۈندىن 31- كۈنگىچە ئېچىلدى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى 47 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا «ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ‹ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر قىياپىتى ۋە مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى›غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ ش ئۇ ئا ر 10- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن سورىغان ئىستېپاسىنى قوبۇل قىلغانلىق توغرىسىدىكى قارار، ئابدۇرېھىم ھامىدنى ش ئۇ ئا ر 10- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت مۇدىرلىقىغا كۆرسىتىش توغرىسىدىكى قارار ۋە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەنلىك توغرىسىدىكى دوكلاتى، «ئاپتونوم رايوننىڭ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش نىزامى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەنلىك توغرىسىدىكى دوكلاتى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆلچەش - ئىزىش قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەنلىك توغرىسىدىكى دوكلاتى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەنلىك توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سايلام ئىشخانىسىنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ 2002 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە بولغان نۆۋەت ئالماشتۇرۇش، سايلام ئېلىپ بېرىش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ «قېزىلما مەھسۇلاتلار بايلىقى قانۇنى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ قېزىلما مەھسۇلاتلار بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 2 - يىغىنى ساياھەت خىزمىتى ئۈستىدە بەرگەن پىكىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلات قاراپ چىقىلدى. يىغىندا يەنە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەيزاۋات، مارالبېشى ناھىيىلىرىنىڭ يەر تەۋرەشتىن كېيىن يۇرت- ماكانىنى قايتا قۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى.

4 - قېتىملىق يىغىن 7- ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى 46 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەزاسى روزى ئىسمائىلنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ سۇتچىلىك نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» دىن ئىبارەت 3 نىزام لايىھەسىنى قاراپ چىققانلىق نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ لياڭنىڭ يۇقىرىدىكى 3 نىزام لايىھەسىگە تۈزىتىش كىرگۈزگەنلىك توغرىسىدىكى ئىزاھاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شۇ گوخۇانىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە بەرگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ گوۋۇيۈەننىڭ ‹بۇلغىما قويۇپ بېرىش ھەققى ئېلىش ۋاقىتلىق چارىسى› نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى كونكرېت بەلگىلىمىسى» نى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپى قاراپ چىقىلدى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلىتىش يۈزىسىدىن ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ساياھەت، مەنزىرىلىك رايونلارنى باشقۇرۇش نىزامى» توغرىسىدىكى تەكلىپى قاراپ چىقىلدى. ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات - پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خۇ دېيىڭنىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2003- يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەنجىننىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ «ياشانغانلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش نىزامى» نى يولغا قويۇش توغرىسىدا بەرگەن پىكىرىگە قارىتا تۈزىتىش خىزمىتىنى ئىشلەش ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مالىيە - ئىقتىساد خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى چېن زېيۇنىڭ «خام چوت قانۇنى» ۋە «‹خام چوت قانۇنى› نى يولغا قويۇش نىزامى» نى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يۈەن زىمىڭنىڭ «ئۇرۇق قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر - دىن- تاشقى ئىشلار — جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇراخمان راخمانباينىڭ مىللىي يېزا خىزمىتى ئەھۋالىدىن بەرگەن تەكشۈرۈش دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋېي شەنفېڭنىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ 2002 - يىللىق تەڭرىتاغ لوڭقىسى مۇھىت ئاسراش ئەسىر سەپىرى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ سۇتچىلىك نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى»

توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى؛ يىغىندا يەنە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گوۋۇيۈەننىڭ يولغا قويۇپ بېرىش ھەققى ئېلىش ۋاقىتلىق چارىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى كونكرېت بەلگىلىمىسى»نى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ساياھەت، مەنزىرىلىك رايونلارنى باشقۇرۇش نىزامى» تەستىقلاندى. يىغىندا يەنە ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا ئالاقىدار ئىشلار ماقۇللاندى. يىغىن ئاياغلاشقاندا ئابدۇرېھىم ھامىت سۆز قىلدى. يىغىن باشلىنىشتىن بۇرۇن ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 4 ـ قېتىملىق قانۇنچىلىق لېكسىيىسىنى ئۇيۇشتۇردى.

5 ـ قېتىملىق يىغىن 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 26ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى 45 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ 2002ـ يىللىق شۆ دەرىجىلىك مالىيە نەق چوتىنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارار، ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 ـ يىللىق شۆ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىنى تەڭشەش لايىھىسىنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارار ۋە «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يوللىرىنى يورۇتۇش مۇئەسسەسىلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇ قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى (تۈزىتىلگەن لايىھە)» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش نىزامى (لايىھە)» دەسلەپكى قەدەمدە قاراپ چىقىلدى. يىغىندا مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى لى شۆجۈننىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 2002 ـ يىللىق مالىيە ئومۇمىي نەق چوتى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 ـ يىللىق شۆ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىنى تەڭشەش تەكلىپى ھەققىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مالىيە ئىقتىساد خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى چېن زېيۇنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 2002 ـ يىللىق شۆ دەرىجىلىك مالىيە نەق چوتى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ شۆ دەرىجىلىك خام چوتىنى تەڭشەشنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى، ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتىنىڭ نازىرى جۇ دېگيۇننىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 2002 ـ يىللىق شۆ دەرىجىلىك خام چوتنىڭ ئىجراسى ۋە باشقا مالىيە كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مالىيە ئىقتىساد خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاۋ جىنشېڭنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 ـ يىللىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىكى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يېزا ئىقتىسادى خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يۈەن زېمىڭنىڭ «سۇ قانۇنى»نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرگەندىكى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇھىت ۋە بايلىق ئاسراش خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلەت مامۇتنىڭ 2003 ـ يىللىق «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇھىت ئاسراش ئەسىر سەپىرى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتولدى ۋە قاراپ چىقىلدى.

6 ـ قېتىملىق يىغىن 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 21ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى 48 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ تۇڭنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرىنى ئىقتىسادىي تەپتىش ـ نازارەت قىلىش نىزامى (لايىھە)»نى قاراپ چىققانلىق نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ لياڭنىڭ نىزام (لايىھەنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)غا تۈزىتىش كىرگۈزگەنلىك ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئىزاھاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى روزى ئىسمائىلنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇ قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى (تۈزىتىلمە لايىھە)»نى قاراپ چىققانلىق نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى، چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى باتۇرنىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە بەرگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش نىزامى (لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىچكى ئىشلار ئەدلىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى سۇلتان مامۇت، مەھەممەت يۇسۇپنىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە بەرگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كوللېكتىپ توختام نىزامى (لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھاتى ۋە ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نېيىم ياسىننىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە بەرگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ساياھەتچىلىكنى باشقۇرۇش نىزامى

(تۈزىتىلمە لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دۇ چىنرۇينىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە بەرگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دورا بويۇملىرىنى باشقۇرۇش قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەنلىك توغرىسىدىكى دوكلاتى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ليۇ يىنىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋاكالىتەن بەرگەن ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ «‹مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى› نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىننىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن بەرگەن ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» نى يولغا قويۇش توغرىسىدا بەرگەن تەكلىپلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش نىزامى» نى تەكشۈرگەندە ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى لى شۆجۈننىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە بەرگەن ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ «خام چوت قانۇنى» ۋە «‹خام چوت قانۇنى› نى يولغا قويۇش نىزامى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 ـ يىللىق ئۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەنلىك ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى» دا ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ «ئورمان قانۇنى» نى تەكشۈرگەندە ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش قانۇنى» نىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندە ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى قاراپ چىقىلدى؛ يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى مەھەممەت رەجەپ بەرگەن ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىندا ۋەكىللەر بەرگەن تەكلىپ، پىكىرلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ش ئۇ ئا ر 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىندا ۋەكىللەر بەرگەن تەكلىپلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى قاراپ چىقىلدى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىنى ئېچىش توغرىسىدىكى قارارى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئىقتىسادىي تەپتىش ـ نازارەت قىلىش نىزامى»، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ش ئۇ ئا ر 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنىدىكى 162 ـ نومۇرلۇق ۋەكىللەر تەكلىپىنى بىر تەرەپ قىلىش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ش ئۇ ئا ر 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنىدىكى ۋەكىللەر تەكلىپىنى بىر تەرەپ قىلىش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى ماقۇللاندى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش نىزامى (لايىھە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەتچىلىكنى باشقۇرۇش نىزامى (تۈزىتىلمە لايىھە)» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ كوللېكتىپ توختام نىزامى (لايىھە)» دەسلەپكى قەدەمدە قاراپ چىقىلىپ، يىغىندىن كېيىن قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپ، پىكىرلەرگە ئاساسەن تېخىمۇ تۈزىتىش كىرگۈزۈشى قارار قىلىندى.

7 ـ قېتىملىق يىغىن 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى 44

كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ ئىڭنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇ قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى (تۈزىتىلگەن لايىھەنىڭ ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسى)» نى قاراپ چىققانلىق نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ۋە تۈزەتكەنلىكى ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئىزاھاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ لياڭنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كوللېكتىپ توختام نىزامى (لايىھەنىڭ ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسى)» نى قاراپ چىققانلىق نەتىجىسى ۋە تۈزەتكەنلىك ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئىزاھاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ خۇەيىيۇنىڭ ئايرىم سايلىنىدىغان ۋە تولۇقلاپ سايلىنىدىغان ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى قاراپ چىقىلدى؛ يىغىندا ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ ئېچىلىش ۋاقتى توغرىسىدىكى قارار، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇ قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كوللېكتىپ توختام نىزامى» ۋە 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئايرىم سايلىنىدىغان ۋە تولۇقلاپ سايلىنىدىغان ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكى بەلگىلەندى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا ئالاقىدار ئىشلار ماقۇللاندى. ش ئۇ ئا ر 10- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2- يىغىنىنىڭ قارالمىسى (لايىھە)، تەكلىپ تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە پىلان - خام چوت تەكشۈرۈش كومىتېتى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى قارار (لايىھە) قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، ئۇنى ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى تەييارلىق يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش بەلگىلەندى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى (لايىھە) قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، ئۇنى تېخىمۇ تۈزەتكەندىن كېيىن ۋە مۇدىرلار يىغىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىغاندىن كېيىن ش ئۇ ئا ر 10- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش بەلگىلەندى؛ ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى ۋە باش كاتىپىنىڭ ئىسىملىكى (لايىھە)، تەكلىپ تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى (لايىھە) ۋە پىلان - خام چوت تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، ئۇنى ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى تەييارلىق يىغىنىنىڭ سايلىمىغا قويۇش بەلگىلەندى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكى تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى مۇھەممەت ياسىن، كادىرلار ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى نىجات ماخمۇت، تاشقى سودا - ئىقتىساد ھەمكارلىق نازارىتىنىڭ نازىرى چيەن يۇڭ، سۇچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاڭ شىجاڭ، ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرى قاسىم ماموتلار ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بەردى ۋە خىزمىتىنى باھالاتقۇزدى.

جۇ جەنخۇ

## قانۇن چىقىرىش خىزمىتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى يەرلىك قانۇن - بەلگىلىمىدىن 6 نى بېكىتتى، 3 كە تۈزىتىش كىرگۈزدى. 7 سىنى ئەستىقلىدى، بىرىنى بىكار قىلدى.

بېكىتكەن يەرلىك قانۇن - بەلگىلىمىلەر: «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن چىقىرىش نىزامى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ سۈتچىلىك نىزامى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»، ئاپتونوم رايوننىڭ «‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئىقتىسادىي تەپتىش، نازارەت قىلىش قانۇنى›نى يولغا قويۇش نىزامى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ كوللېكتىپ توختام نىزامى».

تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن يەرلىك قانۇن - بەلگىلىمىلەر: «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇ قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى».

ئەستىقلانغان يەرلىك قانۇن - بەلگىلىمە: «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ۋەزىپە دائىرىسىدىكى جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش

نىزامى»، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەردە سۇ ئىچەپ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش نىزامى»، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ خوجىلىق باشقۇرۇش نىزامى»، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر پىلانلاشنى باشقۇرۇش نىزامى»، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر قىياپىتى ۋە مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى»، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ساياھەت، مەنزىرىلىك رايونلارنى باشقۇرۇش نىزامى»، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يوللىرىنى يورۇتۇش مۇئەسسەسىلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى».

بىكار قىلىنغىنى: «ئاپتونوم رايوننىڭ گوۋۋيۈەنىنىڭ ‹بۇلغىما قويۇپ بېرىش ھەققى ئېلىش ۋاقىتلىق چارىسى› نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى كونكرېت بەلگىلىمە».

جۇ جەنخۇ

## نازارەت قىلىش خىزمىتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، كۆزدىن كەچۈرۈش، خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش، ۋەزىپىسىدىن مەلۇمات بەرگۈزۈش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، نازارەت قىلىش خىزمىتى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مەلۇم ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. 2003 - يىلى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 22 قانۇن بەلگىلىمىسىنىڭ ئىجراسى تەكشۈرۈلدى، ھۆكۈمەتنىڭ 8 خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، 6 قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى، ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى 5 نازىر ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بەردى ۋە خىزمىتىنى باھالاتقۇزدى.

دائىمىي كومىتېت خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى، مالىيە خام چوتىنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى. مالىيىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، دائىمىي كومىتېت «خام چوت قانۇنى» ۋە «‹خام چوت قانۇنى› نى يولغا قويۇش نىزامى» نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، سېزىلگەن مەسىلىلەرگە قارىتا، ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلاردىن تەرتىپكە سېلىش - تۈزىتىش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ خام چوت باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. دائىمىي كومىتېت ئاپتونوم رايوندىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالىغا يېقىندىن ئەھمىيەت بەردى، بىر قىسىم ئەزالارنى مەخسۇس كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى، ئاز ساندىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مەبلىغى ۋاقتىدا ئورنىغا كەلمەسلىك، قىسمەن نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ يۈرۈشىشى ئاستا بولۇشتەك مەسىلىلەرگە قارىتا، ھۆكۈمەتنىڭ ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

2003 - يىلى يۈز بەرگەن «سارس» قا قارىتا، دائىمىي كومىتېت «يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش قانۇنى» نى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل ۋە قىرغىز يېزىقىدا تۈزەپ بېسىپ تېزدىن ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگىچە تارقىتىپ، ئاپتونوم رايون مىقياسىدا «يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش قانۇنى» نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش مەزگىلىدە يۈز بەرگەن قىسمەن دورىلارنىڭ باھاسىنى قالايمىقان ئۆستۈرۈۋېلىش مەسىلىسىگە قارىتا، دائىمىي كومىتېتتىكىلەر دورىلارنىڭ باھاسىنى مەخسۇس تەكشۈردى. دائىمىي كومىتېت يەنە ھۆكۈمەتنىڭ «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى مەخسۇس ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە قاراپ چىقتى. خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەر دورا ئىشلىتىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن دائىمىي كومىتېت «دورا بۇيۇملىرىنى باشقۇرۇش قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، سېزىلگەن مەسىلىلەرگە قارىتا ھۆكۈمەتنىڭ ئەستايىدىل تۈزىتىشنى تەلەپ قىلدى.

جۇ جەنخۇ

## ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش خىزمىتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە كادىر باشقۇرۇش بىلەن كادىرلارنى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش بىردەك بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش چارىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئەستايىدىل ئىش كۆرۈپ، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. بىر يىلدا دۆلەت ئورگىنىدىكى خىزمەتچىدىن 349 نى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى.

جۇ جەنخۇ

## ۋەكىللەر خىزمىتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن شەرت يارىتىپ بېرىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ ئىشلىدى. ... تىرىشىپ مۇلازىمەت قىلدى. يېڭى ۋەكىللەرنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى، رولى ۋە خىزمەت ئالاھىدىلىكىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن،

دائىمىي كومىتېت ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىگە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش قوللانمىسى تارقىتىپ بەردى. دائىمىي كومىتېت دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر خىزمەت كومىتېتلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ۋەكىللەرنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ۋاقتىدا ئاڭلىدى ۋە ئىنكاس قىلدى. ۋەكىللەرنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتۇرۇش، ۋەكىللەرنى ئاپتونوم رايوننىڭ ۋەزىيىتى ۋە مۇھىم خىزمەتلىرىدىن خەۋەرلەندۈرۈش، ۋەكىللەرنى سوت مەھكىمىسى ئاچقان سوتلارغا سىرتتىن قاتناشتۇرۇش ۋە كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش قاتارلىقلارغا تەشكىللەش شەكىللىرى ئارقىلىق ۋەكىللەرنىڭ ئەھۋاللاردىن، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن خەۋەر تېپىشى ۋە رولىنى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن تىرىشىپ شارائىت يارىتىپ بەردى.

دائىمىي كومىتېت ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە ۋە تەكلىپلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە بېجىرىشكە تاپشۇرۇش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىدى، 2003 - يىل 8 - ئايدا دائىمىي كومىتېت قىسمەن ۋەكىللەر ۋە ئەزالارنى ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭى، دېھقانچىلىق نازارىتى قاتارلىق 10 نازارەت، ئىدارىنىڭ ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەكلىپلىرىنى بېجىرىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى تەكلىپ بېجىرىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. ھەر قايسى تەرەپنىڭ پائال تىرىشىشى ئارقىسىدا ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنى مەزگىلىدە ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەۋسىيە ۋە تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسى بېجىرىلىپ بولدى.

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىغا بولغان تەربىيىلەش خىزمىتىنى كۈچەيتتى، 3 قارار خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ 280 دىن كۆپرەك ئادەمنى تەربىيىلىدى. خىزمەت جەھەتتە، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىغا پائال يېتەكچىلىك قىلدى ۋە مەدەت بەردى. ھەمدە ئۇلار بىلەن بولغان ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىلىك ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇردى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۈرلۈك چارە - ئاماللارنى قىلىپ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدىكى قىيىنچىلىقى ۋە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەملەشتى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن پۇل ھەل قىلىپ 34 ناھىيە - شەھەرنىڭ قاتناش قوراللىرىنى ھەل قىلىپ بەردى ۋە ئىشخانا شارائىتىنى ياخشىلاپ بەردى.

جۇ جەنخۇ

## تەۋسىيىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1- يىغىنىدا 489 تەۋسىيە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىغىن ھەيئەت رىياسەتچىلىكى تەۋسىيە تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسەن بۇنىڭ ئىچىدە 7سىنى تەۋسىيە قىلىپ تۇرغۇزۇشنى قارار قىلدى. يىغىندىن كېيىن ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بۇنىڭ 6سىنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھاكىمە قىلىشى ھەمدە بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى تەييارلىشىغا تاپشۇردى، بىرىنى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مائارىپ - ئىلىم - پەن - سەھىيە كومىتېتىنىڭ مۇھاكىمە قىلىشى ھەمدە بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى تەييارلىشىغا تاپشۇردى.

ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. جاۋ مېيلىڭ قاتارلىق 10 ۋەكىلنىڭ «ھۆددىگە بېرىلگەن يەرلەرنى مۇۋاپىق ئوبوروت قىلىش چارىسى»نى چىقىرىش توغرىسىدىكى تەۋسىيىسى ۋە ما جايلىڭ قاتارلىق 11 ۋەكىلنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلاردا يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىش چارىسى»نى ئىمكانقەدەر تېز بېكىتىش توغرىسىدىكى تەۋسىيىسى.

2. ۋاڭ گودۇڭ قاتارلىق 12 ۋەكىلنىڭ يۇقىراۋى ئېگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا مەدەت ۋە ئىلھام بېرىش سىياسىتىنى ئىمكانقەدەر تېز بېكىتىش توغرىسىدىكى تەۋسىيىسى، مۇراتجان ئەخمەت قاتارلىق 12 ۋەكىلنىڭ يەككە تىجارەتچى ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان قانۇن - بەلگىلىمىلەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەۋسىيىسى ۋە باۋ شياۋيىڭ قاتارلىق 10 ۋەكىلنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى تەۋسىيىسى.

3. ۋاڭ يىلىن قاتارلىق 11 ۋەكىلنىڭ يەرلىكنىڭ قانۇن چىقىرىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، نېفىت - تەبىئىي گازنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش، ئېچىشقا دائىر قانۇن، بەلگىلىمىلەرنىڭ ئىجراسىنى قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەۋسىيىسى.

4. ۋۇ ۋېنشۇ قاتارلىق 10 ۋەكىلنىڭ «مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى»نى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپىنى

بېكىتىش توغرىسىدىكى تەۋسىيىسى.

ئەسقەر توختى

## ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1- يىغىنى مەزگىلىدە، ھەر مىللەتتىن بولغان ۋەكىللەر تەنقىد، تەكلىپ، پىكىر بولۇپ 875 تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت - قاتناش، مالىيە - سودا، ئاساسىي قۇرۇلۇش، پىلانغا دائىر تەكلىپ 356 ؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا دائىر تەكلىپ 171؛ پەن - مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىقلارغا دائىر تەكلىپ 187؛ ئەمگەك، كادىرلار ئىشلىرى، مائاش، پاراۋانلىققا دائىر تەكلىپ 55؛ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە سىياسىي قانۇنغا دائىر تەكلىپ 50؛ ئۇنىۋېرسال تەكلىپ ۋە باشقا تەرەپلەرگە چېتىلىدىغان تەكلىپ 56. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر - كادىرلار خىزمىتى كومىتېتى يىغىنى يېپىلغاندىن كېيىن تەكلىپلەرنى مەزمۇنىغا ئاساسەن ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇپ بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇلغىنى 840؛ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار خىزمەت ئاپپاراتلىرى، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، خەلق تەشكىلاتلىرى، بىڭتۇەننىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇلغىنى 35. يىل ئاخىرىغىچە ھەممە تەكلىپ بېجىرىلىپ بولدى. ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەردىن قوبۇل قىلىنغىنى، مەسىلىلەر ھەل قىلىنغىنى ۋە ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىنغىنى 204، ھەل قىلىنىۋاتقىنى ياكى پىلانغا كىرگۈزۈلۈپ تەدرىجىي ھەل قىلىنىۋاتقىنى 352. شارائىتنىڭ چەكلىمىسى ياكى دۆلەتنىڭ سىياسەت بەلگىلىمىلىرى سەۋەبىدىن كېيىن ھەل قىلىشقا قالدۇرۇلغىنى 253 ، پايدىلىنىشقا قالدۇرۇلغىنى ياكى ئىزاھات بېرىلگىنى 66.

ئەسقەر توختى

## ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بەرگۈزۈش ۋە خىزمىتىنى باھالاش خىزمىتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سەھىيە نازارىتى، كادىرلار ئىشلىرى نازارىتى، تاشقى سودا - ئىقتىساد ھەمكارلىق نازارىتى، سۇچىلىق نازارىتى ۋە ئەدلىيە نازارىتىدىن ئىبارەت 5 نازارەتنىڭ نازىرىنى ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بەرگۈزدى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى باھالىدى. بۇ مۇشۇ نۆۋەتلىك كومىتېت تۇنجى قېتىم قانات يايدۇرغان پائالىيەت. ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش مەزمۇنى: «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئەھۋالى؛ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، يەرلىك بەلگىلىمە - نىزام، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار، بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىش ۋە ئۇلارنى ئىجرا قىلىش، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ئەھۋالى؛ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى؛ پاك - دىيانەتلىك بولۇش ئەھۋالى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپ - تەۋسىيىلىرىنى بېجىرىش ئەھۋالى؛ 2004 - يىللىق خىزمەت پىلانى قاتارلىقلار. 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بەرگۈزۈش ۋە خىزمىتىنى باھالاش ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا 5 نازىر توغرىلىق جەمئىيەتتىكىلەردىن پىكىر ئالدى ھەمدە پاش قىلىش تېلېفونىنى ئېلان قىلدى. 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى 5 نازىر قانۇن بىلىملىرى ئىمتىھانىغا قاتناشتى. دائىمىي كومىتېت قىسمەن ئەزا ۋە ۋەكىللەرنى 5 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قىلىپ تەشكىللەپ، 5 نازىر تۇرۇشلۇق ئورگان ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئورۇنلارغا بېرىپ، سەپەرۋەرلىك يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، خەلقنىڭ رايىنى سىناش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق كەڭ دائىرىدە ئاممىنىڭ پىكىرىنى ئېلىپ، نازىرلارنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تەپسىلىي 1 - قول ماتېرىيالغا ئىگە بولدى. ش ئۇ ئا ر 10- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 7 - يىغىنىدا 5 نازىر ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ئۇلارنىڭ ئۆز خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىگە ئەستايىدىل باھا بەردى، ھەم نەتىجىلىرىنى ھەققانىي ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا مۇئەييەنلەشتۈردى، ھەم ساقلىنىۋاتقان مەسىلە ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى ئوبيېكتىپ، ئادىل ھالدا كۆرسىتىپ بەردى. خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشىلاش توغرىسىدا تەكلىپ - پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىن ئاياغلاشقان چاغدا، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت مۇدىرى ئابدۇرېھىم ھامىد خىزمىتى باھالانغان 5 نازىردىن دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ قاراپ چىقىش پىكرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپتىكىلەرنىڭ پىكرىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىپ تۈزىتىشنى ھەمدە دائىمىي كومىتېتنىڭ 8 - قېتىملىق يىغىنىدا تەرتىپكە

سېلىش - تۈزىتىش ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

يەن شىنپىڭ

## تەڭرىتاغ مۇھىت ئاسراش ئەسىر سەپىرى ئەھۋالى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر تەڭرىتاغ مۇھىت ئاسراش ئەسىر سەپىرى تەشكىللىي كومىتېتى «بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش، گۈزەل شەھەر - بازارلارنى بەرپا قىلىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان تەڭرىتاغ مۇھىت ئاسراش ئەسىر سەپىرى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خەلچەم ئىسلام بىلەن خوجىخان ھاكىموۋ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى ۋە ئاپتونوم رايون، مەركەز ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچى، ئىلى، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست شۇنىڭدەك ئۇلارغا قاراشلىق 4 شەھەر، 9 ناھىيە ۋە شىخەنزە شەھىرىگە بېرىپ ئۇلارنىڭ «شەھەر پىلانلاش قانۇنى»، «مۇھىت ئاسراش قانۇنى»، «سۇ قانۇنى»، «سۇنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش قانۇنى»، «ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش قانۇنى»، «قاتتىق تاشلاندۇقلارنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش قانۇنى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹شەھەر پىلانلاش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ داڭلىق تارىخىي، مەدەنىي شەھەر، كوچا، قۇرۇلۇشلارنى قوغداش نىزامى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملارنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە زىيارەت قىلىپ خەۋەر قىلدى. تەكشۈرۈشتە سىزىلغان مەسىلىلەرگە قارىتا، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئالاقىدار ئوبلاستلىق، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك ھۆكۈمەت (مەمۇرىي مەھكىمە) لەرگە يازما شەكىلدە تەرتىپكە سېلىش - تۈزىتىش تەكلىپلىرىنى بەردى ھەمدە ئالاقىدار ئوبلاستلىق، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى (خىزمەت كومىتېتى) دىن ئۇلارنىڭ بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىپ بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بىرگە بارغان مۇخبىرلار ھەر خىل ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق 80 نەچچە ماقالە ئېلان قىلدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا 7 تۈرلۈك تەكلىپ بەردى.

جۇ جەنخۇ

## «خام چوت قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دەلىلقان ماسقان ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ ئالتاي، قاراماي، ئۈرۈمچى، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر ۋە خوتەندىن ئىبارەت 7 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر شۇنىڭدەك ئۇلارغا قاراشلىق 17 ناھىيە (شەھەر، رايون) غا بېرىپ ئۇلارنىڭ «خام چوت قانۇنى» ۋە «خام چوت قانۇنى›نى يولغا قويۇش نىزامى»نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا 6 تۈرلۈك تەكلىپ بەردى.

جۇ جەنخۇ

## «مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

2003 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ خۈيىيۇ، دۇ چىنرۇي قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ ئىلى، قىزىلسۇ، بورتالا، سانجى، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا بېرىپ ئۇلارنىڭ «مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى»نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا 5 تۈرلۈك تەكلىپ بەردى.

جۇ جەنخۇ

## «ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما جەنگو گۇرۇپپا باشلىقلىقىدىكى، سۇڭ رۇڭچۇ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىقىدىكى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايوننىڭ «ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»نى يولغا قويۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ «ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» ۋە «چارە»نى ئىزچىللاشتۇرغانلىق ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، 2 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئۈرۈمچى، بايىنغولىن، قاراماي، ئاقسۇ، تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ بىردىن 2گىچە ناھىيە، شەھەر (رايون) لىرى شۇنىڭدەك شىخەنزە شەھىرىنىڭ ئىجرا قىلىش

ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا 5 تۈرلۈك تەكلىپ بەردى.

جۇ جەنخۇ

## «سۇ قانۇنى»نىڭ ئىجراسى تەكشۈرۈلدى

2003 ـ يىل 6 ـ، 7 ـ ئايلاردا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئىلى، ئالتاي، قاراماي، بايىنغولىن، ئاقسۇ، سانجى قاتارلىق ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەرلەرگە بېرىپ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇ قانۇنى» ۋە ئۇنىڭغا يانداشما قائىدە ـ نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر نەق مەيدانغا بېرىپ قاپچىغاي سۇ قۇرۇلۇشى، 635 سۇ قۇرۇلۇشى، تارىم دەرياسى ئېقىنىنىڭ يېقىنقى مەزگىللىك ئۈنۈمىي بىر سال تۈزۈلۈش ئەھۋالى قاتارلىق نۇقتىلىق سۇ قۇرۇلۇشى تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى، نۇقتىلىق سۇ ئامبارلىرىنىڭ خەتەرلىكلىكىنى تۈگىتىپ پۇختىلاش ۋە ئېتىز ـ ئېرىق سۇغىرىش قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا 4 تۈرلۈك تەكلىپ بەردى.

بىلىقتۇ

## «ئورمان قانۇنى»نىڭ ئىجراسى تەكشۈرۈلدى

2003 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە ۋە 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۇرپان، سانجى، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا بېرىپ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمان قانۇنى» ۋە ئۇنىڭغا يانداشما قائىدە ـ نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى ھەمدە باشقا ئوبلاستلىق (شەھەرلىك) خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىغا ھاۋالە قىلىپ مۇناسىپ تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شۇ يەردىكى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى قاتناشتۇرۇپ 11 ناھىيە، شەھەرنىڭ 25 يېزا ـ بازىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئورمان باشقۇرۇش تارماقلىرى، ئورمان تەكشۈرۈش تارماقلىرى، ئورمان پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، ئورمان تىجارىتى بازىرى ۋە سورتلۇق ئورمان يېتىشتۈرۈش بازىسىغا بېرىپ نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا 8 تۈرلۈك تەكلىپ بەردى.

بىلىقتۇ

## «ئاپتونوم رايوننىڭ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش نىزامى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

2003 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دەلىلقان مامىقان، ئاسانبېك تۇردى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ تۇرپان، قۇمۇل، بايىنغولىن، ئاقسۇ، سانجى، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە بېرىپ «ئاپتونوم رايوننىڭ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش نىزامى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا 3 تۈرلۈك تەكلىپ بەردى.

# ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى

## ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى خادىملار

رەئىس: ئىسمائىل تىلىۋالدى

مۇئاۋىن رەئىسلەر: ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقى، شيۇڭ خۇيىن، جاڭ جۇ، ليۇ يى، نۇرلان ئەبىلمەجىن (قازاق)، ئامان ھاجى، كۈرەش مەخسۇت

باش كاتىپ: ئايۇپ تىيىپ

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: ياڭ جاۋجى، لى دېخۇڭ، لى شىلى، جاۋ جەنگوي، ئارىپ (قازاق)، يۈسۈپ قاسىم، لىپ يىلياڭ، تۇرسۇن ئىبراھىم، جاڭ رىنجيې (3 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ شاۋنىڭ، لى فۇيۇەن (1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ما چىن (12 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، يۈ جىنگۇي (12 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى: ياڭ جاۋجى (قوشۇمچە)

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ئابلىز ھوشۇر، ما چىن (12 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، يۈ جىنگۇي (12 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى چۈنياڭ (12 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، يۈ خۇەن (12 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى). ۋاڭ خۇڭشىن.

تەرەققىيات ـ پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ليۇ يەنلياڭ (1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ يۈگىمىڭ

(1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) .

مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى: ساتتار ساۋۇت.

پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ نازىرى: گۇ جيايۇ.

مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھاپىز نىياز (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) .

مىللەتلەر تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇھەممەت ئېلى.

جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى: ليۇ ياۋخۇا (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) .

دۆلەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى: لى جېڭ (1- ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) .

مەمۇرىي تەپتىش نازارىتىنىڭ نازىرى: ئابدۇراخمان پولات.

خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى: جاپپار ھەبىبۇللا.

ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: قاسىم مامۇت.

مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: لى شۆجۈن.

كادىرلار نازارىتىنىڭ نازىرى: نىجات مەخمۇت.

ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ نازىرى: غەيرەت ھەسەن.

زېمىن - بايلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: قانىبات سابىكەي (قازاق، 1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) .

قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى: لى جيەنشىن.

قاتناش نازارىتىنىڭ نازىرى: مۇتەللىپ قاسىم (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) .

سۇچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: ۋاڭ شىجاڭ.

دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: ئەزىز قېيۇم (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) .

چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: قۇبايدۇللا قاسىمىن (قازاق) .

تاشقى سودا - ئىقتىساد ھەمكارلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: چيەن يۇڭ.

مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى: زۇنۇن قۇتلۇق.

سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: مەمتىمىن ياسىن.

پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھەسەن ئايۇپ.

ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتىنىڭ نازىرى: جۇ دېڭيۇن.

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنلىرى

2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى 1 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىننى ئېچىپ ش ئۇ ئا ر 6 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 4- ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ۋە ش ئۇ ئا ر 10- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مۇھاكىمە قىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى سۆز قىلدى.

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى 2 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ ئىقتىسادنىڭ 1 - پەسىلدىكى ئايلىنىش ئەھۋالىنى خۇلاسىلەپ ۋە تەھلىل قىلىپ، 2 - پەسىللىك ئىقتىسادىي تەرەققىيات خىزمىتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ باشقا ئاساسلىق خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. يىغىندا ئىسمائىل تىلىۋالدى سۆز قىلدى.

7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى 3 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ ئىقتىسادنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى ئايلىنىش ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى. ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇردى. يىغىندا ئىسمائىل تىلىۋالدى سۆز قىلدى.

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى 4 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىنقى 3 پەسىلدىكى خىزمەتلىرىنى خۇلاسىلىدى، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، كېلەر ياسقۇچلۇق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. يىغىندا ئىسمائىل تىلىۋالدى سۆز قىلدى.

ۋاڭ شىلىڭ

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنلىرى

2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 1 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تۈزۈمى› نى يولغا قويۇش چارىسى» ، «ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت كارخانىلىرىدا نازارەت مۇدىرىيىتى تەسىس قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى» ، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹شەھەرلەردە ئۆي چېقىش - كۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش تۈزۈمى› نى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ داۋاملىق تەربىيىسى توغرىسىدىكى بەلگىمىسى» قاتارلىقلار مۇھاكىمە قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 2 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان «ئاپتونوم رايوننىڭ سۈتچىلىك تۈزۈمى (لايىھە) » ، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسىنىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسى

(لايىھە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى، نى يولغا قويۇش چارىسىنىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسى (لايىھە)» ۋە ھۆكۈمەت ئېلان قىلماقچى بولغان «ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمگەك توختامىنى باشقۇرۇش چارىسى (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)» مۇھاكىمە قىلىندى. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت تەھلىل قىلىنىپ ئىقتىسادىي خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىندا يەنە ئاسىم ئابدۇللانى ئىنقىلابىي قۇربان قىلىشقا ئائىت ئىشلار مۇزاكىرە قىلىندى.

7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 3 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىنى باھالاپ باشقۇرۇش نىزامى، نى يولغا قويۇشقا ئالاقىدار بىر قانچە بەلگىلىمە»، «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەرلەردە يوندا چىقىرىۋېتىشنى باشقۇرۇش چارىسى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش نىزامى، نى يولغا قويۇش چارىسى» مۇھاكىمە قىلىندى.

گاۋ شىنلىڭ

## رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنلىرى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 21 قېتىم رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئاچتى.

1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 1 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك بەنزە ئەزالىرى بەنگۇڭتىڭنىڭ خىزمەتچىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى، ئىسمائىل تىلىۋالدى سۆز قىلدى.

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 2 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى، نۇرلۇك خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 3 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 4 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونلارنىڭ يۇرت - ماكانىنى قايتا قۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىن مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ئۈمەك قاتناشتۇرۇش مەسىلىسى ۋە ۋاڭ يېچاڭ قاتارلىق 5 كىشىنى ئىنقىلابىي قۇربان قىلىشقا ئائىت ئىشلار مۇھاكىمە قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 5 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا زۇڭلى ۋېن جياباۋ قەشقەردىكى يەر تەۋرەش رايونىدا قىلغان مۇھىم سۆزى يەتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ «‹ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېزا سەھىيە خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى، نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»ى ۋە سۈيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى پىلانى، باھاسىغا ئائىت مەسىلىلەر، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەبىئىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كەسپىي خىراجىتى مەسىلىسى ۋە «19 - مارت» پەۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك جاۋابكارلارنى بىرتەرەپ قىلىش پىكرى مۇھاكىمە قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 6 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا «ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئاپپارات شتاتىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»، «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ‹گوۋۇيۈەننىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى قارارى، نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى»، «كەسپىي مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر»، «يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش چارىسى» مۇھاكىمە قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 7 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا 1 - پەسىلدە ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى تەھلىل قىلىنىپ، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ شياۋداۋ كاڭيۇ ئەپەندىگە «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى قوللىغانلىق تۆھپە مۇكاپاتى» بېرىشكە ئائىت ئىشلار مۇھاكىمە قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 8 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ

رىياسەتچىلىكىدە 9 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا مەملىكەتلىك بازار ئىقتىسادىي تەرتىپىنى تۈزەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش يىغىنىنىڭ روھى ۋە شىنجاڭنىڭ ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 10 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ‹گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى›نى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى» ۋە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتىنى بېكىتىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى. 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 11 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا مائارىپ نازارىتىنىڭ 2003 - يىللىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ۋە ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 12 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى سانجى يەرمەنكىسى، ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى ۋە 2003 - يىللىق خەلقئارا ئۇيغۇر تىبابەت دورىلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 13 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا سەھىيە نازارىتىنىڭ مەملىكەتلىك سەھىيە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ مەملىكەتلىك ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدىكى دوكلاتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مەملىكەتلىك «شەھەرلەردىكى تۇرمۇشتا قارىغۇچىسى يوق سەرگەردان تىلەمچىلەرنى قۇتقۇزۇش - باشقۇرۇش چارىسى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، سائەتقىز توختى، يۇ جيەنمىنگە ئىنقىلابىي قۇربان دەپ نام بېرىشكە ئالاقىدار ئىشلار مۇھاكىمە قىلىندى.

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 14 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، «بۇ يىللىق پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكىر» مۇھاكىمە قىلىندى.

9- ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 15 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا «ئاپتونوم رايوننىڭ «سارس»نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش جىددىي تەدبىرلىرى لايىھىسى»، ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازارلىرىدا تىببىي داۋالاش كېرەكسىز بۇيۇملىرىنى ۋە خەتەرلىك بۇيۇملارنى بىر تەرەپ قىلىش ھەم دوختۇرخانىلارنىڭ يۇندىسىنى بىر تەرەپ قىلىش مۇئەسسەسىلىرى تور پىلانى، ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى، خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىلەرنى ۋە مەدەنىيەت- تارىخ يۇرتىنىڭ ئەزالىرىنى تاللاش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 16- قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. «ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» ۋە جۇڭگو بىلەن قازاقىستاننىڭ دۆلەت چېگرىسى بېكىتىلگەندىن كېيىن ئېلىمىزگە تەۋە بولغان يەرلەرنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش، ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپلىك مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نامىدا شىنجاڭ ياشلار پەن- تېخنىكا مۇكاپاتى تەسىس قىلىشقا قوشۇلدى.

10- ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 17 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسىنىڭ ش ئۇ ئا ر 10- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىدىكى ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ - تەۋسىيىلىرىنى بېجىرىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 18 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات (دەسلەپكى نۇسخىسى)» مۇزاكىرە قىلىندى، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 19 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا سەھىيە نازارىتىنىڭ «مەملىكەتلىك يېزىلاردا يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى يىغىنى»نىڭ روھى ۋە ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ «مەملىكەتلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات خىزمىتى يىغىنى»نىڭ روھى ۋە ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

12 - ئاينىڭ 16- كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 20 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» مۇزاكىرە قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 21 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا «ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجراسى ۋە 2004 - يىللىق پىلان لايىھىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 - يىللىق مالىيە خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە 2004 - يىللىق مالىيە خام چوت لايىھىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى» مۇزاكىرە قىلىندى.

گاۋ شىنلىڭ

## ھۆكۈمەت پەرمانلىرى

2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى 108 - نومۇرلۇق ھۆكۈمەت پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەش بەلگىلىمىسى»نى ئېلان قىلدى.

3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى 109 - نومۇرلۇق ھۆكۈمەت پەرمانىنى ئېلان قىلىپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ‹شەھەر ئۆيلىرىنى چېقىش - كۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش نىزامى›نى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى»نى ئېلان قىلدى.

3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى 110 - نومۇرلۇق ھۆكۈمەت پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ‹شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى نىزامى›نى يولغا قويۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى.

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى 111 - نومۇرلۇق ھۆكۈمەت پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ «ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمگەك توختامىنى باشقۇرۇش چارىسى›غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى»نى ئېلان قىلدى.

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى 112 - نومۇرلۇق ھۆكۈمەت پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەردە يۇندا چىقىرىۋېتىشنى باشقۇرۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى.

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى 113 - نومۇرلۇق ھۆكۈمەت پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ‹يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكى بويىچە باھالاش- باشقۇرۇش نىزامى›نى يولغا قويۇشقا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمە»نى ئېلان قىلدى.

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى 114 - نومۇرلۇق ھۆكۈمەت پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش نىزامى›نى يولغا قويۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى.

ۋۇ لىجيې

## قارار، بەلگىلىمىلەر

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2003 - يىلى چىقارغان قارار، بەلگىلىمىلەر (بىر قىسمى)

1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «2002 - يىلى ‹مۇھىت ئاسراش نىشانى مەسئۇلىيەتنامىسى›نى يولغا قويۇشتا نەتىجىسى گەۋدىلىك ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنى تەقدىرلەش ۋە مۇكاپاتلاش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «شەھەر - يېزىلارنى پىلانلاش خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «2002 - يىللىق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىشانلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئورۇنلارنى تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «3 - تۈركۈمدە بىكار قىلىنغان مەمۇرىي تەستىقلاش ئىشلىرى توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «2002 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈر ۋە خادىملارنى مۇكاپاتلاش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت تازىلىقى سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە مۇھىت ئاسراشتىكى ئىلغار كارخانىلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «شياۋداۋكاڭيۇ ئەپەندىگە ئاز

سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى قوللىغانلىق تۆھپە مۇكاپاتى بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «دۆبېيەنجېڭشياڭ قاتارلىق 10 مۇنەۋۋەر چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسكە جۇڭگو تەڭرىتاغ مۇكاپاتى بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «ئاپتونوم رايون بويىچە يەر باشقۇرۇشقا دائىر قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشتىكى نەمۇنە ناھىيە (شەھەر) لەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى 2003 - يىلى چىقارغان بىر قىسىم قارار، بەلگىلىمىلەر (بىر قىسمى):

10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپلىك مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش توغرىسىدىكى قارار» چىقىرىلدى.

10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «ئاپتونوم رايون بويىچە چەت ئەللىك مەدەنىيەت - مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

ۋۇ لىجيې

## ئۇقتۇرۇشلار

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2003 - يىلى چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى):

1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «كەسىپ سالاھىيىتى گۇۋاھنامىسى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تىجارەت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2003 - يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ئۇقتۇرۇش چىقىرىلدى.

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى «‹سارس› نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش مەزگىلىدە ئايرىم كەسىپلەردىن ئېلىنىدىغان مەمۇرىي، كەسپىي خىراجەتنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئەسىدىكى نۇقتىلىق شەھەرلەرنىڭ سىگنال خەۋەرلىشىش مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى (سىناق نۇسخا)› نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى «‹گوۋۇيۈەننىڭ سارسىنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەرلەردىكى تۇرمۇشتا قارىغۇچىسى يوق سەرگەردان تىلەمچىلەرنى قۇتقۇزۇش - باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش پىكرىنى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سارسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش جىددىي تەدبىرلىرى لايىھىسى› نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەبىئىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى يولغا قويۇش چارىسى› نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «گوۋۇيۈەننىڭ [2003] 23 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنى› نى يولغا قويۇشقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇلازىمەتچىلىك تەرەققىياتى پىلانىنى (2003 - يىلدىن 2005 - يىلغىچە) بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «ئارال شەھىرىنى (ناھىيە دەرىجىلىك) تەسىس قىلىشقا دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «تۇمشۇق شەھىرى (ناھىيە دەرىجىلىك) نى تەسىس قىلىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «ۋۇجياچۈ شەھىرىنى (ناھىيە دەرىجىلىك) تەسىس قىلىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى 2003 - يىلى چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى):

1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىنىڭ يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «5 - تۈركۈمدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورۇنلىرىنى ئېلان قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر بازىرى تەرتىپىنى تېخىمۇ تۈزەش - تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»

چىقىرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى «ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىدىن قالايمىقان ھەق ئېلىشنى تۈزەش ۋە يول بېكەتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇبېركۇليوزنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش پىلانى (2003 ـ يىلدىن 2010 ـ يىلغىچە) نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يوللاردا يولۇچىلار ۋە يۈكنى چەكتىن ئاشۇرۇپ توشۇشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى› نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ـ ئوت مۇداپىئە خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 4 ـكۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىناكارلىق كارخانىلىرىدىكى ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى كېيىنگە سۈرەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشقا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمىسى› نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «ھەر يىلى 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ ھەپتىسىنى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش تەشۋىقاتى ھەپتىلىكى قىلىپ بېكىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەر ـ بازارلارنىڭ يېرىنى ئىشلىتىشتە ئېلىنىدىغان باجنىڭ دائىرىسى ۋە ئۆلچىمىنى تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى «قىسمەن تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش ھەققى تۈرىنى بىكار قىلىش ۋە تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش ھەققى مۆلدەرىجىسى ۋە ئۆلچىمىنى ئېلان قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

8ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «ئۆتكۈر چاشقان دورىسى ياساشنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونىنىڭ ئېتەكسىچىلىككە زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ۋە بىرلەشمە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش لايىھىسىنى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا باج ئىسلاھاتىغا يانداشما ھۆججەتلىرىنى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى «‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش قانۇنى› نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە دائىر بىرقانچە پىكرىنى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى «دۆلەت زېمىنىنىڭ پايدىلىنىش ھوقۇقىنى خېرىدار چاقىرىپ كىم ئارتۇق قىلىپ ۋۇجۇدقا ئېشىپ سېتىش خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ گوۋۇيۈەننىڭ بۇلغىما قويۇپ بېرىش ھەققى ئېلىش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ـ باشقۇرۇش نىزامىنى يولغا قويۇش پىكرىنى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ئاممىۋى تازىلىق ۋەقەلىرىنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرلىرىنى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

ۋۇ لىجيې

## تەستىقلاپ تارقىتىلغان دوكلاتلار

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى 2003 ـ يىلى تەستىقلاپ تارقاتقان دوكلاتلار (بىر قىسمى):

1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى «ش ئۇ ئا ر تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىنىڭ تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى سىستېمىسى يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش خىزمىتىگە قاتنىشىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى «ش ئۇ ئا ر تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىنىڭ ‹ئۈچ كوپىراتىپ، زەنجىرسىمان تىجارەت، مۇستەقىل كارخانا قۇرۇش› خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش پىكرى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى

1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ شىنجاڭ ئوت ئۆچۈرۈش، ئوت مۇداپىئە خىزمىتىنىڭ 10 ـ بەش يىللىق پىلان پروگراممىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتى بىلەن مالىيە نازارىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇ قۇرۇلۇشى فوندىنى توپلاش، ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش ۋاقىتلىق چارىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش مەخسۇس دوكلاتى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ

2003- يىللىق غەربنى ئېچىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتى قاتارلىق تارماقلارنىڭ قىيىنچىلىقى بار دۆلەت كارخانىلىرى ۋە تاقالغان، ۋەيران بولغان كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا دائىر بىر نەچچە پىكىر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھايۋانلار ئىممۇنىتېت بەلگىسى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «مائارىپ نازارىتىنىڭ پېداگوگىكا قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «مائارىپ مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئۈچ مىنىستىرلىك، كومىتېتنىڭ كەسىپ، كارخانىلارنىڭ كەسپىي مائارىپ ۋە تەربىيىسىدىكى رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ دېھقانلارنىڭ شەھەرگە كىرىپ ئىش قىلىشى، ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى. 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەرلىك تەزكىرە، يىلنامە تۈزۈشنى باشقۇرۇش چارىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ ‹ماليە مىنىستىرلىكى بىلەن پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۆلەت كارخانىلىرى پاي ھوقۇقىنى رىغبەتلەندۈرۈشنى سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش پىكرى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش›نى تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 - يىلى كەلگۈن مەزگىلىدىكى گېئولوگىيىلىك ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «ماليە نازارىتى، كادىرلار نازارىتى شتات ئىشخانىسى، سودا - سانائەت بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسىنىڭ ‹ماليىدىن بىر تۇتاش تارقىتىلىدىغان مائاشقا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تولۇقلىما بەلگىلىمىسى›نى تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى ‹دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، ماليە مىنىستىرلىكى، خەلق بانكىسىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ قەرز ھوقۇقىنى پاي ھوقۇقىغا ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش›نى تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ ‹ئاپتونوم رايوننىڭ 2003- يىللىق تىنچ داغدام يول بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى›، ۋە ‹2003- يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەممە شەھەرنىڭ يول قاتناش باشقۇرۇشىدا راۋان قۇرۇلۇش بەرپا قىلىش ئومۇمىي لايىھىسى›، توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ ‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت بويىچە ئەلا مۇلازىمەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ بەش يىللىق پىلانى›، توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «سەھىيە نازارىتى قاتارلىق 10 تارماقنىڭ شەھەر - بازارلارنىڭ مەھەللە سەھىيە مۇلازىمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە دائىر پىكىرنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «ماليە نازارىتى ۋە سەھىيە نازارىتىنىڭ ‹ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلار ۋە شەھەر - بازارلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئاممىدىن سارىسقا گىرىپتار بولغانلارنى قۇتقۇزۇش چارىسى›، توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «دۆلەت كەلگۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەمۇرىي باش ئەمەلدارلىرىنىڭ كەلگۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش - قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى مەسئۇلىيىتى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «ماليە نازارىتىنىڭ قىسمەن ھۆكۈمەت فوندىغا قارىتا سارىسنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن سىياسىي جەھەتتىن كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىشنى يولغا قويۇش پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسىنىڭ 2003 - يىللىق خەۋەردار چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ

كۆمۈر كانلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «مائارىپ نازارىتى قاتارلىق 5 تارماق بىرلىشىپ بېكىتكەن ‹ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر - بازارلاردىكى ئوقۇتقۇچىلار نامرات جايلاردىكى يېزا مەكتەپلىرىگە بېرىپ ئوقۇتۇشقا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ئىشخانىسى، مائارىپ نازارىتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ ‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ئاپپارات شتاتىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى، توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە مەخسۇس تەرتىپكە سېلىش - تۈزەش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ سارسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان زىددىيەت ۋە ماجىرالارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «مائارىپ نازارىتى، مالىيە نازارىتىنىڭ نامرات جايلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنى 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرسلىكلىرى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەش ۋە پارچە - پۇرات ھەقلەرنى ئالماسلىقنى يولغا قويۇش پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك ئىلىم - پەن ۋە تېخنىكا تەرەققىياتى پىلانى خىزمىتى لايىھىسى، ۋە ‹دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك ئىلىم - پەن ۋە تېخنىكا تەرەققىياتى پىلانى ئىستراتېگىيىلىك تەتقىقات خىزمىتى لايىھىسى، توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى مۇھىم ئىقتىساد - سودا كۆرگەزمە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ۋە شىنجاڭدا نۇقتىلىق كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ دائىملىق ئوقۇشقا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى ۋە شەھەرلەردە ئىش قىلىۋاتقان ۋە ئىشقا ئورۇنلاشقان دېھقانلار پەرزەنتلىرىگە قارىتىلغان مەجبۇرىيەت مائارىپى خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ ھەر خىل تەرەققىيات رايونلىرىنى ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىپ قۇرۇلۇش قىلىنىدىغان يەرلەرنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ يېزا باج ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر كۆمۈر سانائىتى باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ كۆمۈر سانائىتىدە قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى بىكار قىلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ شەھەرلەرنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى قاتتىق كونترول قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 23- كۈنى «كادىرلار نازارىتى، مالىيە نازارىتىنىڭ 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايوندىكى ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش ئۆلچىمىنى تەڭشەش ۋە پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان خادىملارنىڭ دەم ئېلىش، پېنسىيە پۇلىنى كۆپەيتىشكە ئائىت 3 يولغا قويۇش لايىھىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «شىنجاڭ تاماكا ئىدارىسىنىڭ قانۇن بويىچە مەخسۇس موخۇركا سېتىشقا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

ۋۇ لىجيې

## تەستىق جاۋابلار

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى چۈشۈرگەن تەستىقىي جاۋابلار (بىر قىسمى):

6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «سارسىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن بىر قىسىم كەسىپلەرنىڭ باج سىياسىتىنى تەڭشەش توغرىسىدا تەستىقىي جاۋاب» چۈشۈرۈلدى.

6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىنىڭ ئۈرۈمچىدىن كۈيتۇڭغىچە بولغان بۆلىكىدە پونكىت قۇرۇپ ئۆتكەن ماشىنىلاردىن پۇل ئېلىش توغرىسىدا تەستىقىي جاۋاب» چۈشۈرۈلدى.

9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەق ئېلىنىدىغان تاشيول قۇرۇلۇشى پىلانى توغرىسىدا تەستىقىي جاۋاب» چۈشۈرۈلدى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «تەبىئىي ئوتلاقلاردا چارۋىچىلىقتىن ئوتلاقنى قايتۇرۇش قورۇلۇشىنى يولغا قويۇش لايىھىسىگە قوشۇلۇش توغرىسىدا تەستىقىي جاۋاب» چۈشۈرۈلدى.

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «دۆلەت يولى 217 لىنىيىسىنىڭ قارامايدىن مايتاغقىچە بولغان بۆلىكىدە پونكىت قۇرۇپ، ئۆتكەن ماشىنىلاردىن ھەق ئېلىش توغرىسىدا تەستىقىي جاۋاب» چۈشۈرۈلدى.

12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «دۆلەت يولى 314 لىنىيىسىنىڭ چوڭتاغ يېزىسىدىن كۈچاغىچە بولغان بۆلىكىدە پونكىت قۇرۇپ ئۆتكەن ماشىنىلاردىن ھەق ئېلىش توغرىسىدا تەستىقىي جاۋاب» چۈشۈرۈلدى.

ۋۇ لىجيې

## رەھبەرلەرنىڭ خىزمەت تەكشۈرۈش كۆزدىن كەچۈرۈش، نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش ئەھۋالى

2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 - يىغىنىغا قاتنىشىدىغان دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار، دىن ۋە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك ساھەسىدىكى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى يوقلىدى.

1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ھەمدە كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يوقلىدى.

1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى بىلەن مۇئاۋىن رەئىس ليۇ يى «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» ئىدارىسىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جۇ جۇڭگو ئاشلىق زاپىسى شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىگە قاراشلىق ئامبارلارغا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ شىمالىي ۋوگزالدىكى دۆلەت ئاشلىق زاپىسى ئامبىرىغا بېرىپ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

ليۇ يى ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ قىسمەن ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ مەكتەپلەرنىڭ چاغاندىن ئىلگىرىكى بىخەتەرلىك، قوغداش خىزمىتىنى تەكشۈردى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۈرەش مەخسۇت ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى، «شىنخۇا» كىتابخانىسى، خەلق تىياتىرخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ ئۇلارنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش، ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىك خىزمىتىنى تەكشۈردى.

1 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ئىسمائىل تىلىۋالدى قەشقەر ۋىلايىتى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدە تېرورلۇققا قارشى كۈرەش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

1 - ئاينىڭ 27 — 28 - كۈنلىرى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچى شەھىرىگە قاراشلىق قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ھەمدە قىيىنچىلىقى ئېغىر ئاھالىلەردىن ھال سورىدى.

1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ۋاڭ جىنشياڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن قاتارلىق رەھبەرلەر شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىن ھال سورىدى.

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى، جاڭ جۇ، كۈرەش مەخسۇت قاتارلىق رەھبەرلەر باھار بايرىمى مەزگىلىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان ھەر مىللەت كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يوقلىدى.

2 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە ئىسمائىل تىلىۋالدى بايىنغولىن ئوبلاستىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىيلەردىن ھال سورىدى.

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقى، جاڭ جۇ، نۇرلان ئەبىلمەجىن، كۈرەش مەخسۇت قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى 5 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئاپتونوم رايوندا دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم رەھبەرلەر، كادىرلاردىن ھال سورىدى.

2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ۋاڭ جىنشياڭ ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ۋە نەق مەيداندا ئىش بېجىردى.

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، ئىسمائىل تىلىۋالدى، ۋاڭ جىنشياڭ قاتارلىقلار پات ئارىدا مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىغا قاتنىشىدىغان شىنجاڭ ۋەكىللىرىنى يوقلىدى.

3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى نۇرلان ئەبىلمەجىن قاتارلىق رەھبەرلەر ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى، SOS باللار كەنتىگە بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ۋاڭ جىنشياڭ، ليۇ يى قاتارلىقلار بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايوندىكى مەكتەپلەر پەن - تېخنىكا، مائارىپ جەھەتتە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش - ئىمزا قويۇش رەسمىيىتىگە قاتناشتى.

3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كۆرەش مەخسۇت مەدەنىيەت نازارىتى ۋە ئۇنىڭغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە ئىسمائىل تىلىۋالدى قەشقەرگە بېرىپ يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان جايلارنىڭ يۇرت - ماكانىنى قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىيۇڭ خۇيىسەن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى سۈپىتى بويىچە بىخەتەر تەكشۈرۈش مەركىزىنىڭ ۋۇۋسكا ئېچىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كۆرەش مەخسۇس خەلق باشقۇرۇشىدىكى دوختۇرخانا شىنجاڭ يۇرەك - مېڭە - قان تومۇر كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كۆرەش مەخسۇت ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نۇقتىلىق «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش رايونىنى تەكشۈردى.

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى جەنۇبىي ۋوگزالى، مەركىزىي دوختۇرخانا ۋە خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىغا بېرىپ «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىيۇڭ خۇيىسەن 2003 - يىللىق دۆلەت يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش، كەسپلەشتۈرۈش بويىچە باشلامچى تۈرلەردە ئىش باشلاش، ئىمزا قويۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جاڭ جۇ ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ سودا بازىرى، شىنجاڭ ئالتۇن غەربىي دىيار يەن - تېخنىكا يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتى چەكلىك پاي شىركىتىگە بېرىپ ئاشلىق پىششىقلاش، زاپاس ساقلاش ۋە تەمىنلەش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى، كۆرەش مەخسۇت قاتارلىقلار ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى دوختۇرخانىلارغا بېرىپ «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش 1 - سېپىدە ئىشلەۋاتقان دوختۇرلارنى يوقلىدى، «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى قاتارلىق كارخانىلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ كارخانىلاردىن ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشنى تەڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى.

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كۆرەش مەخسۇت ئاپتونوم رايوننىڭ «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئەترىتى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزگەن قەسەم بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى ۋە يىغىندا سۆز قىلدى.

5 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئىسمائىل تىلىۋالدى قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ، بايىنغولىن ئوبلاستلىرىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، نۇرلان ئەبلەمجىن ھەمراھ بولدى.

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ سانجى ئوبلاستىدا ئىقتىسادىي خىزمەتنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كۆرەش مەخسۇت ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەخسۇس «سارس» نىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە ئۇنى داۋالايدىغان 3 دوختۇرخانىغا بېرىپ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش تېخنىكا تەييارلىقى ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە 1 - سەپتىكى تىببىي خادىملارنى يوقلىدى.

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شىيۇڭ خۇيىسەن ۋاڭ لېچۈەنگە ھەمراھ بولۇپ ئاقسۇنىڭ «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ۋاڭ جىنشياڭ ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىدا مۇقىم مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش بويۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلدى.

5 - ئاينىڭ 24 — 25 - كۈنلىرى ئىسمائىل تىلىۋالدى سانجى ئوبلاستىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، شىيۇڭ خۇيىسەن ھەمراھ بولدى.

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ۋاڭ جىنشياڭ رەھبەرلىك مىتال گۇرۇھىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى، كۆرەش مەخسۇت قاتارلىقلار سۇ ئۈستى باغچىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ 5 - نۆۋەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ۋاڭ جىنشياڭ قاتارلىقلار شىخۇ پېۋسى چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى قاتارلىق نۇقتىلىق كارخانىلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كۆرەش مەخسۇت قىزىلتاغ تەنتەربىيە مەيدانى، شىمگو رايونى تەنتەربىيە مەيدانى قاتارلىق

جايلارغا بېرىپ ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مەيدان - سارايلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئۈرۈمچى غەربىي شەھەر ئەتراپى دوختۇرخانىسىنىڭ پۈتۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ئىسمائىل تىلىۋالدى، شىيۇڭ خۇيپىن، جاڭ جۇ قاتارلىقلار ئاقسۇ شەھىرىدە جەنۇبىي شىنجاڭ بېزا ئىقتىسادى خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە يىغىن ۋەكىللىرىنى باشلاپ ئاقسۇ ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستى قاتارلىق جايلارنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى.

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى نۇرلان ئابىلمەجىن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ خۇسۇسىي كارخانىلار مەھسۇلاتلار كۆرگەزمىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئىسمائىل تىلىۋالدى، جاڭ جۇ قاتارلىقلار ئالاتاۋ پورتىدا ئاپتونوم رايون بويىچە چاقىرىلغان پورت خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندىن كېيىن ئىسمائىل تىلىۋالدى بورتالا، ئىلى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە نىلقىدا كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئاممىنى يوقلىدى.

6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ۋاڭ جىنشياڭ قاتارلىقلار ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يول ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈردى.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ سانجى ليۇخۇاڭگۇ ئوت رايونى كۆمۈرلۈكى ئوت ئۆچۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ۋە شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ۋاڭ جىنشياڭ، كۈرەش مەخسۇت قاتارلىقلار ئاپتونوم رايونلۇق 10- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى.

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ ش ئۇ ئا ر ئۆلچەش- سىزىش ئىدارىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئىسمائىل تىلىۋالدى ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى ۋە قاراماي شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى نۇرلان ئابىلمەجىن ش ئۇ ئا ر ئارخىپخانا باش - ئۆسمۈرلەر ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسىنىڭ ۋىۋىسكا ئېسىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى، نۇرلان ئابىلمەجىن ئاپتونوم رايون ئاچقان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياش، ئوتتۇرا ياش ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدە ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش - ئىزچىللاشتۇرۇش مەخسۇس مۇھاكىمە سىنىپىدىكىلەرگە كونسۇلتاتسىيە دوكلاتى بەردى.

7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، ۋاڭ جىنشياڭ قاتارلىق رەھبەرلەر كورلا ئايرودرومىنى كۆچۈرۈپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇل سېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئىسمائىل تىلىۋالدى بېيجىڭدا 2003 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا تەييارلىق كۆردى ۋە ئۇنى ئاچتى.

7 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە نۇرلان ئابىلمەجىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەمەتكە ھەمراھ بولۇپ ئاقسۇ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى ۋە قاراماي شەھىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ، ليۇ يى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۈرۈمچى ليۇداۋان كۆمۈر كانىدا قۇدۇق ئاستىغا چۈشۈپ كۆمۈر قېزىۋاتقان ئىشچىلارنى يوقلىدى ھەمدە بىخەتەرلىك، مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىنى تەكشۈردى.

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ليۇ يى، نۇرلان ئابىلمەجىن، كۈرەش مەخسۇت قاتارلىقلار جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭغا بېرىپ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىمدىكى كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

7 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئىسمائىل تىلىۋالدى بېيجىڭدا مەملىكەتلىك «سارس»نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى خۇلاسىلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ ئاپتونوم رايون ئاچقان 2003 - يىللىق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولغان ھالدا كەسىپ تاللاپ كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە سۆز

قىلدى.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ۋاڭ جىنشياڭ، جاڭ جۇ قاتارلىق رەھبەرلەر خوۋالىڭ گۇرۇھى سودا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 6 - نۆۋەتلىك جۇڭگو غەربىي قىسىم خەلقئارا بىناكارلىق بېزەكچىلىك كۆرگەزمىسى ۋە 2003 - يىللىق يېشىل بېزەكچىلىك بايرىمىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە لېنتا كەستى.

8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدە ئاپتونوم رايوندىكى رەھبىرىي كادىرلار «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش مەخسۇس مۇھاكىمە سىنىپىدىكىلەرنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىختىساسلىقلار بازىرىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە كادىرلار نازارىتىنىڭ مۇلازىمەت مەركىزى، ئىمتىھان مەركىزى، كادىرلار ئۇچۇر مەركىزى قاتارلىق تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، ئىسمائىل تىلىۋالدى، جاڭ جۇ، نۇرلان ئابىلمەجىن، كۈرەش مەخسۇت قاتارلىق رەھبەرلەر قىزىلتاغ تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى نۇرلان ئابىلمەجىن كوچادا ئۆتكۈزۈلگەن لياۋنىڭ خىمىيىۋى ئوغۇت گۇرۇھى 1 مىليارد 16 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان چوڭ يىرىك خىمىيىۋى ئوغۇت تۈرىنىڭ ئۇل سېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى سانجىدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى كېڭىشىش يىغىنىدا ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى. ليۇ يى ئېچىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

8 - ئاينىڭ 28- كۈنى ليۇ يى چەت - ياقا نامرات جايلارغا ھەقسىز ئوقۇشلۇق ئەۋەتىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ۋاڭ جىنشياڭ قاتناش نازارىتىگە بېرىپ شىنجاڭنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى تەرەققىياتى ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى، نۇرلان ئابىلمەجىن ئۈرۈمچى SOS بالىلار كەنتىگە بېرىپ بالىلاردىن ھال سورىدى ھەمدە ئۇلارغا ماددىي بۇيۇم تەقدىم قىلدى.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى سانجىغا بېرىپ ئاپتونوم رايون بويىچە چاقىرىلغان مائارىپ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى نۇرلان ئابىلمەجىن ئاپتونوم رايوندىكى 200 دىن ئارتۇق پۇقراۋى كارخانىلاردا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلار ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىش ئورنى تېپىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش، ئىش ئورنى تېپىپ بېرىش» پائالىيىتىگە قاتناشتى.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى نۇرلان ئابىلمەجىننىڭ ھەمراھلىقىدا ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسىگە كېلىپ مەملىكەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان شىنجاڭ ماھىرلىرىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە ئىسمائىل تىلىۋالدى نۇرلان ئابىلمەجىننىڭ ھەمراھلىقىدا بايىنغولىن ئوبلاستى، خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىگە بېرىپ يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

10 - ئاينىڭ 2 — 3 - كۈنلىرى ۋاڭ لېچۈەن شيۇلىڭ خۇيىيىنىڭ ھەمراھلىقىدا شىمالىي شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق سۇ قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدىكى 1 مىليون 100 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە قۇرۇلۇشىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ئىسمائىل تىلىۋالدى شىخەنزىدە ئۆتكۈزۈلگەن سودىگەر ۋە - مەبلەغ جەلپ قىلىش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى، ۋاڭ جىنشياڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە تەرجىمە مەركىزى بىناسىنىڭ پۈتۈش مۇراسىمىدا لېنتا كەستى ھەمدە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسى، تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى ش ئۇ ئا ر قۇتقۇزۇش - باشقۇرۇش پونكىتى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيا زاپىسى مەركىزى، خەلق ئىشلىرى ياشانغانلار ساناتورىيىسىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، نەق مەيداندا ئىش بېجىردى.

10 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە ئىسمائىل تىلىۋالدى خېنەن، شەندۇڭ ئۆلكىلىرىگە بېرىپ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەجرىبىلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى ئۈرۈمچى ناھىيىسى سارچوقا تولۇق تەمىنلەش بىرلەشمە كۆمۈركانىغا بېرىپ سۇ ئۆتۈپ كېتىش ۋەقەسىنى تەكشۈردى، نەق مەيداندا ئىش بېجىردى.

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ شىنجاڭ قولماق چەكلىك ھاي شىركىتىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن 5 - نۆۋەتلىك خەلقئارا ساناقەت كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى ھەمدە شىنجاڭدىن كۆرگەزمىگە قاتناشقان كارخانىلارنىڭ ۋەكىللىرىنى يوقلىدى.

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىۋاڭ خۇيىمىن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو خەلقئارا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىگە قاتناشتى ھەمدە شىنجاڭ كۆرگەزمە پوكىيىنىڭ ئالدىدا مېھمانلارغا شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇردى.

11 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئىسمائىل تىلىۋالدى كۆرەش مەخسۇتنىڭ ھەمراھلىقىدا قۇمۇلغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى 2003- يىللىق ئىسلام دىنىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى. چۈشتىن كېيىن ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - قارارلىق ئوتتۇرا مەكتەپ شۇجىلىرى (مۇدىرلىرى)نى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىدىغان كۇرسانتلارنى يوقلىدى ھەمدە سۆز قىلدى.

12 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە ئىسمائىل تىلىۋالدى موڭغۇلكۈرەدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان جايلارغا بېرىپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى.

12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئونىنچى نۆۋەتلىك يىپەك يولى قار - مۇز ئۆرپ ئادىتى بايرىمىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

12 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئىسمائىل تىلىۋالدى تۇرپان ۋىلايىتىدە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

زېڭ جيې

## ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسى 24 قانۇن - نىزامنى چىقاردى. 1. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلغان يەرلىك قانۇن - نىزام لايىھىسى 8، بىكار قىلىش توغرىسىدا بېرىلگەن تەكلىپ لايىھىسى بىر. بۇلار: 1) «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى (تۈزىتىلمىسى)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئىقتىسادىي تەپتىش، نازارەت قىلىش نىزامى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ئېنېرگىيە تېجەش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹سۇ قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى (تۈزىتىلمىسى)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ سۈتچىلىكنى باشقۇرۇش نىزامى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەتچىلىكنى باشقۇرۇش نىزامى (تۈزىتىلمىسى)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش نىزامى»، «‹بۇلغىما قويۇپ بېرىش ھەققى ئېلىش ۋاقىتلىق چارىسى›نى بىكار قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ لايىھە». 2) ئېلان قىلىندىغان ۋە تۈزىتىلىپ بولغان بەلگىلىمىلەر 14، بىكار قىلىنغان تەكلىپ لايىھە بىر. بۇنىڭ ئىچىدە «ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي تېخنىكا خادىملارنى داۋاملىق تەربىيىلەش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹شەھەر ئۆيلىرىنى چېقىش - كۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش نىزامى›نى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى نىزامى›نى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمگەك توختامىنى باشقۇرۇش چارىسى (تۈزىتىلمە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەردە يوندا چىقىرىۋېتىشنى باشقۇرۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇش يەرلىرىنى يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكى بويىچە باھالاش - باشقۇرۇش چارىسى (تۈزىتىلمە)» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش نىزامى›نى يولغا قويۇش چارىسى» قاتارلىق 7 بەلگىلىمە ھۆكۈمەتنىڭ قاراپ چىقىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتتى ھەمدە ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى.

2. گوۋۇيۈەن ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 46 قانۇن بەلگىلىمىسىنىڭ پىكىر ئېلىش نۇسخىسىغا جاۋاب قايتۇردى. ئالاقىدار تارماقلار ئەۋەتكەن 11 ھۆججەتنى بېجىردى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنىڭ 6 تەكلىپى، سىياسىي كېڭەش ئەزاسىنىڭ 5 تەكلىپىنى بېجىردى. باشقا ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشتىن 15نى بېجىردى.

3. قانۇنچىلىق مەسلىھەتى تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى. ئىلگىرى تەكلىپ قىلىنغان 20

جىنىيۇ، خۇاڭ جۈگجى قاتارلىق مەسلىھەتچىلەر جىمسار ناھىيىسىگە بېرىپ يېزا باج ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە «ھەم دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ھەقىقىي يەڭگىللىتىش، ھەم ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشىنى ساقلاش» دېگەن تېمىدىكى تەتقىقات دوكلاتىنى يېزىپ چىقتى. 2) ئاكتىپلىق بىلەن تەكلىپ بەردى. مەسلىھەتچىلەر ئۆز كەسىپ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن جەمئىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايىنى ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزىي خىزمىتى ۋە ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ ئىجابىي تەكلىپ - پىكىرلەرنى بەردى. مەسلىھەتچى خۇاڭ جۈگجى، گۇڭ جىنىيۇلار «يېشىل يېمەكلىك كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز دېھقانلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ يېزا ئىگىلىكىنى يېڭى بىر بالداققا كۆتۈرۈش»، «غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش تەبىئىي گاز تورۇبا ترانسپورت شىركىتىنى شىنجاڭدا تىزىمغا ئالدۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇش» تەكلىپىنى بەردى. خۇاڭ جۈگجى «خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يېزىلىرىدا تۇرمۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان توك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش» تەكلىپىنى بەردى. مەسلىھەتچى لى فاجۇڭ ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان شىمالىي شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش تەتقىقاتىغا قاتناشتى. 3) ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتى. 2003 - يىل 1 - ئايدا 6 مەسلىھەتچى ۋە تەتقىقاتچى سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 - يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتى. مەسلىھەتچى گۇڭ جىنىيۇ بىلەن لى فاجۇڭ شەھەر - بازار داۋالىنىش ئىسلاھاتى، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا يىغىندا سۆزگە چىقتى. 4) پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. 5) «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»نىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتناشتى. مەسلىھەتچىلەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ - پىكىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى قوبۇل قىلىندى.

3. مەدەنىيەت - تارىخ تەتقىقاتىنى قانات يايدۇردى.

ئۇيغۇرچە بىر سان «شىنجاڭ تارىخ - ماتېرىياللىرى»نى تارقاتتى.

4. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىنىڭ 10 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكىرىنى ۋاكالىتەن تەييارلىدى.

5. مەملىكەتلىك مەسلىھەتچىلەر خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەندى ۋە ئىزچىللاشتۇردى.

گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، شاڭخەي شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، چېڭدۇ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى ۋە شېنياڭ شەھەرلىك مەدەنىيەت - تارىخ تەتقىقات يۇرتىدىن شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلگەن خادىملارنى كۈتۈۋالدى.

لى شەنشەن

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاخباراتى

«شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى» 2003 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاخباراتى» غا ئۆزگەرتىلدى، بىر يىلدا ئۇيغۇرچىسى ۋە خەنزۇچىسى 24 سان چىقىرىلدى. ش ئۇ ئا ر 10- نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەت ئاخباراتىنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش جەھەتتىكى مۇھىم رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ ھۆكۈمەت ئاخباراتىغا سەمىمىي ئۈمىد باغلىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى 2003- يىل 1 - ئايدا بۇ ژۇرنالغا «ھۆكۈمەت ئاخباراتىنى ياخشى چىقىرىپ، سىياسەتنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ «جان - دىل بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئوبدان خىزمەت قىلايلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. 2003 - يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاخباراتى» ستون تەسىس قىلىش ۋە مەزمۇن تاللاش جەھەتتە ھۆكۈمەت خىزمىتىنى زىچ چۆرىدەپ، ژۇرنالغا باستى. قانۇن- بەلگىلىمە، مەمۇرىي قائىدە - نىزام، گوۋۇيۈەن ۋە گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى ھۆججىتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە بەنگۇڭتىڭ ھۆججىتى، بىڭتۈەن ھۆججىتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تاپشۇرۇۋالغان ۋە تارقاتقان ھۆججەتلەر مۇندەرىجىسىنى مەركەزلىك ژۇرنالغا باستى ھەمدە رەھبەرلىك سۆزى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئىشلار خاتىرىسى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى ۋە ستاتىستىكا سانلىق مەلۇماتلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار قوشۇلدى، بېرىلىدىغان ھۆججەتلەرنىڭ ۋاقىت خاراكتېرىگە، نومۇرىغا ۋە ئومۇمىيۈزلۈك يېتەكچىلىك قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلدى.

فېڭ لى

## مەمۇرىي رايونلارنىڭ ئۆزگىرىشى

1. گوۋۇيۈەننىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك ئارال، تۇمشۇق ۋە ۋۇجياچۇ شەھەرلىرىنى تەسىس قىلىشقا قوشۇلۇش توغرىسىدىكى تەستىقىي جاۋابىغا

ئاساسەن ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى 2003- يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «ئارال شەھىرى (ناھىيە دەرىجىلىك) نى تەسىس قىلىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»، «تۇمشۇق شەھىرى (ناھىيە دەرىجىلىك) نى تەسىس قىلىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ۋە «ۋۇجياچۇ شەھىرى (ناھىيە دەرىجىلىك) نى تەسىس قىلىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى، ئارال، تۇمشۇق ۋە ۋۇجياچۇ شەھەرلىرى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قارايدۇ، باشقۇرۇش شەكلى شىخەنزە شەھىرىنىڭ باشقۇرۇش شەكلى بويىچە بولىدۇ. ئارال شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئارالدا، تۇمشۇق شەھەرلىك ھۆكۈمەت چىغان چۆلى (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 - شى 52 - تۇەن مەيدانى) دە، ۋۇجياچۇ شەھەرلىك ھۆكۈمەت ۋۇجياچۇدە تەسىس قىلىنىدۇ.

2. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن خەلق ئىشلىرى نازارىتى 3 يېزىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، 2 يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنى كۆچۈرۈشنى تەستىقلىدى.

4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۈرۈمچى داۋانچىڭ رايونى سايپوپا يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئەتراپى يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۇنىڭ مەمۇرىي رايونى قۇمۇل شەھىرى رايونىغا قوشۇۋېتىلدى.

12 - ئاينىڭ 17- كۈنى بۇگۇر ناھىيىسى دادولان يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۇنىڭ مەمۇرىي رايونى بۇگۇر بازىرىغا قوشۇۋېتىلدى.

2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى فۇكاڭ شەھىرى ئاققۇل قازاق يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بەيياڭخې كەنتىدىن دۇڭگۇەن كەنتىگە يۆتكەلدى.

7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بورچۇنچى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئېرخوگەن ئاھالە كومىتېتىدىن جىنئېرچۈەن ئاھالە كومىتېتىغا يۆتكەلدى.

يى بىڭ

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سىرتقى جايلاردىكى ئىش باشقارمىلىرى

بېيجىڭ ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: لى شىلىي

ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خەيدىيەن رايونى سەنلىخې يولى 7 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 100044

تېلېفون: 68332266 (010) (باش ئاپپارات)

فاكس: 68353040 (010)

شاڭخەي ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: جاڭ يىڭ

ئادرېسى: شاڭخەي شەھىرى چۇڭياڭ يولى 775 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 200437

تېلېفون: 65532387 (021)

فاكس: 65541474 (021)

تېلېگراف: 85705

تيەنجىن ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: جاڭ دېپىڭ

ئادرېسى: تيەنجىن شەھىرى نەنجىڭ يولى 305 - نومۇرلۇق جىڭلىيەن بىناسى 13 - قەۋەت

پوچتا نومۇرى: 300052

تېلېفون: 27313707، 27313703 (022)

فاكس: 27313890 (022)

شىئەن ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: ليۇ لىرۇي

شىئەن شەھىرى شاڭدې يولى قىزىل كرېست جەمئىيىتى كوچىسى 3 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 710004

تېلېفون: 87681616، 876816600 (029)

فاكس: 87681616

شېنجېن ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: لى خوجۇ

ئادرېسى: شېنجېن شەھىرى ۋېنجىندۇ چۇنفېڭ يولى ليەنچېڭ بىناسىنىڭ 7 - قەۋىتى

پوچتا نومۇرى: 518002

تېلېفون: 5104186 (0755)

فاكس: 5104186 (0755)

شەندۇڭ ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: لۇ شيەنچى

ئادرېسى: جىنەن شەھىرى لىشيا رايونى شەرقىي مەدەنىيەت يولى 27 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 250014

تېلېفون: 8928578 (0531)

فاكس: 8928516 (0531)

گۇاڭجۇ ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: ياڭ جوجۇن

ئادرېسى: گۇاڭجۇ شەھىرى شىمالىي تيەنخې يولى 7 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 510620

تېلېفون: 38817788، 38817154 (020)

# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

## سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى

رەئىس: ئەسقەت كەرىمباي (قازاق)

مۇئاۋىن رەئىسلەر: لى دوڭخۇي، غوپۇر ئابدۇللا، ئابدۇقادىر نەسىردىن، جاڭ گۇيتىڭ (خۇيزۇ)، ياڭ يۇڭفېڭ، جياڭ شەن، ھارۇنخان ھاجى، ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن، سەرجە (موڭغۇل)، جۇ جېنجۇڭ، جاڭ يۇجۇڭ، خۇاڭ چاڭيۈەن، شارىپقان (قازاق)

باش كاتىپ: جۇرئەت مۇھەممەتئىمىن

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: ۋاڭ جياگۇي (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، يۇڭ چېشىن (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، دەي دېچىن (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، روزى مامۇت، جۇماقان ئورىنقباي (قازاق، 12- ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ زوزۇ (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، تۆكەن سۇلايمان (قازاق، 12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ جياگۇي (قوشۇمچە، 12- ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، يۇڭ چېشىن (قوشۇمچە، 12- ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)

بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ زوزۇ (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، دىلمۇرات مۇسا (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ساڭ شياۋيۇڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، لېتىپ ھەسەن (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرى

ئەسقەت كەرىمباي (قازاق)، ئابلەت ئابدۇرېشىت، شۇي جاۋ، جۇ جېنجۇڭ، شيې شىگرۇي، سۇ شۇۋ (مانجۇ)، ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن، تاڭ ۋەنلى، تۇرسۇن يۇنۇس، بى لياڭدى، خەن شۆچى، لى دېخۇڭ، چېن دېمىن، لىن تيەنشى، ئادالەت ئەخمەتجان، خۇ جىبىن (خۇيزۇ)، ۋاخاپ سۇلايمان (قازاق)، ئەيسا قارى روزى (قىرغىز)، ئەدىبە ئىسھاكىۋا (ئاپال، تاتار)، رونيوف نىكولاي ئىۋانوۋىچ (رۇس)، نىياز پىدا (ئۆزبېك)، قۇربان ئەرشىدىن، قېيۇم باھاۋۇدۇن، روزى ھوشۇر، پاشا ئىشان، جاۋ ئىندېلى (ئاپال، شىبە)، مۇنى تاپىلدى (تاجىك)، ما شۇشىن (خۇيزۇ)، مۇھەممەت سەلەي، ئابدۇلېتىپ ئابدۇرېھىم داموللا، شالۋان (موڭغۇل)، جۇ جيەنفەن، جاڭ يۇجۇڭ، جاڭ گوۋېن

ۋېن جىجۇن

## سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنى

2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى جانابىلىنىڭ دائىمىي كومىتېت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتى ۋە تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ ئەزالار ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1- يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتى. ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات ۋە پىلان، مالىيە دوكلاتى، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى خىزمىتى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە مۇزاكىرە قىلدى، سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈردى؛ ئەسقەت كەرىمباي رەئىسلىككە سايلاندى، لى دوڭخۇي، غوپۇر ئابدۇللا، ئابدۇقادىر نەسىردىن، جاڭ گۇيتىڭ، ياڭ يۇڭفېڭ، جياڭ شەن، ھارۇنخان ھاجى، ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن، سەرجە، جۇ جېنجۇڭ، جاڭ يۇجۇڭ، خۇاڭ چاڭيۈەن، شارىپقان مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى، جۇرئەت مۇھەممەت ئىمىن باش كاتىپلىققا سايلاندى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە بىكتۈەن رەھبەرلىرىدىن ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىقلار يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ۋە يېپىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ۋاڭ لېچۈەن ۋە يېڭىدىن سايلانغان ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى.

ۋېن جىجۇن

## ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ يېڭىدىن سايلانغان رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە باش كاتىپىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى


**ئەسقەت كەرىمباي** قازاق، 1947 - يىل 11 -

ئايدا تۇغۇلغان، شىنجاڭ غۇلجا ناھىيىسىدىن، 1970 - يىل 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1975 - يىل 11 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ كاندىدات ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى.



غۇلجا ناھىيىلىك 1 - فېرما، ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى؛ ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى، ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئوبلاست باشلىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ كاندىدات ئەزاسى بولغان.

**لى دۇڭخۇي** 1941 - يىل 1 - ئايدا تۇغۇلغان، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ يەنتەي دېگەن يېرىدىن، 1966 - يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1973 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.



قەشقەر شەھەرلىك ئورۇقچىلىق مەيدانىدا تېخنىك بولغان؛ قەشقەر شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى، كاتىپى، ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشخانىسىنىڭ كاتىپى، مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى كادىرلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

**غوپۇر ئابدۇللا** 1941 - يىل 9 - ئايدا تۇغۇلغان، لوپنۇر ناھىيىسىدىن، 1969 - يىل 10 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1974 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئاسپىرانتى، ئىنژېنېر، سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.



خوتەن ۋىلايەتلىك دۇۋا سېمونت زاۋۇتىنىڭ تېخنىكى، دۇۋا سېمونت زاۋۇتى ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، خوتەن ۋىلايەتلىك سانائەت - قاتناش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دۇۋا سېمونت زاۋۇتىنىڭ باشلىقى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

**ئابدۇقادىر نەسىردىن** 1944 - يىل 12 - ئايدا تۇغۇلغان، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن، 1967 - يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1973 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو



كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئاسپىرانتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى. پەيزاۋات ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، ئىدارە باشلىقى؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى بولغان.

**جاڭ گۇيتىڭ** خۇيزۇ، 1940 ـ يىل 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان. خېنەن ئۆلكىسىنىڭ مىياڭ ناھىيىسىدىن، 1965ـ يىل 8 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1973 ـ يىل 10ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئاسپىرانتى، سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 8ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.



ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 25 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 27 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىرى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، رەئىسى، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىسى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكوم مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى؛ ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپلەر خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىرى؛ ش ئۇ ئا ر مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مائارىپ نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىرى بولغان.

**ياۋ يۇڭفېڭ** 1944 ـ يىل 6 ـ ئايدا تۇغۇلغان، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ رېنچيۇ ناھىيىسىدىن، 1966 ـ يىل 9ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1981 ـ يىل 5 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان، ئالىي مەكتەپ



مەلۇماتىغا ئىگە، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى.

كېرىيە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق بۆلۈمى، ناھىيىلىك شېكەر زاۋۇتى، ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى، ناھىيىلىك ئورۇقچىلىق مەيدانى داجەيدىن ئۆگىنىش خىزمەت گورۇپپىسى، ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىنىڭ كادىرى، ناھىيىلىك شېكەر زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى؛ كېرىيە ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى؛ قاراقاش ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان.

**جياڭ شەن** ئايال، 1946ـ يىل 12 ـ ئايدا تۇغۇلغان، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خاۋجۇ شەھىرىدىن، 1968ـ يىل 11 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1980 ـ يىل 3ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە؛ ئالىي مەسئۇل سىياسىي خادىم. شىنجاڭ بىڭتۇەن پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى.



بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 ـ شىسى «ئىتتىپاق» دېھقانچىلىق مەيدانى تەجرىبە پونكىتىنىڭ تېخنىكى، بىڭتۇەن

يېزا ئىگىلىك 4 - شى 72 - تۇەن - مەيدان باغ - ئورمان لىيەنىنىڭ تېخنىكى، ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ تېخنىكى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇدىرى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 4 - شى 72 - تۇەن - مەيدان پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، پارتكومىنىڭ شۇجىسى، سىياسىي كومىسسارى؛ بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 4 - شى پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى؛ بىڭتۇەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ بىڭتۇەن پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان.

**ھارۇنخان ھاجى** 1923 - يىل 6 - ئايدا تۇغۇلغان، قەشقەر شەھىرىدىن، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى.



قەشقەر شەھەر جامەسىنىڭ ئىمامى؛ قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىمامى؛ سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 -، 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتلىرىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

**ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن** 1943 - يىل 8- ئايدا تۇغۇلغان، قەشقەر شەھىرىدىن، 1962 - يىل 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، ئالىي بوغالتىر. 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى، ش ئۇ ئا ر مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى بولغان.



جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ بوغالتىرلار باشقارمىسىدا ئىش بېجىرگۈچى، بۆلۈم خادىمى، ئۇنىۋېرسال گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى بوغالتىرلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو خەلق بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن باش بوغالتىرى، باش بوغالتىرى؛ ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى؛ مەملىكەتلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى؛ مەملىكەتلىك 8 - نۆۋەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى؛ ش ئۇ ئا ر 5 -، 6 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭىشىنىڭ ئەزاسى؛ ش ئۇ ئا ر 7 - نۆۋەتلىك سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1-، 2 - نۆۋەتلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

**سەرجە** موڭغۇل، 1942 - يىل 11 - ئايدا تۇغۇلغان، خوشۇت ناھىيىسىدىن، 1959 - يىل 11 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1960 - يىل 7 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.



شىنجاڭ خوشۇت ناھىيە «قىزىلبايراق» گۆڭشېسى تاغارچى چوڭ ئەترىتىنىڭ كاسسىرى، «قىزىلبايراق» گۆڭشېسى ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ بوغالتىرى؛ خوشۇت ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىنىڭ ستاتىستىكا خادىمى؛ خوشۇت ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىنىڭ سېخ مۇدىرى، زاۋۇت ئىنقىلابىي

كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، خوشۇت ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، خوشۇت ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى؛ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى؛ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى؛ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئوبلاست باشلىقى بولغان.

**جۇ جېنجۇڭ** 1937 ـ يىل 5 ـ ئايدا تۇغۇلغان، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ نەنتۇڭ شەھىرىدىن. 1962 ـ يىل 8 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1984 ـ يىل 9 ـ ئايدا جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقىغا ئەزا بولغان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، تەتقىقاتچى، 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى.



شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ كادىرى، تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى؛ جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى؛ ش ئۇ ئا ر 7 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان.

**جاڭ يۇجۇڭ** 1941 ـ يىل 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ يۇڭجيا ناھىيىسىدىن. 1960 ـ يىل 1 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. 1960 ـ يىل 8 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان، ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى.



ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى؛ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى، كاتىبات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى؛ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى؛ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ ئەزاسى، ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ باش كاتىپى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ باش كاتىپى بولغان.

**خۇاڭ چاڭيۈەن** 1950 ـ يىل 9 ـ ئايدا تۇغۇلغان، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ رېنشۇ ناھىيىسىدىن. 1970 ـ يىل 11 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1971 ـ يىل 8 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئاسپىرانتى. سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى.



ئازادلىق ئارمىيە ۋۇخەن ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيە قوماندانلىق شتابى «407» خەت ساندۇقىنىڭ جەڭچىسى، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى؛ تۇرپان شەھىرى بەشيۈلتۈز گۇڭشې پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ كادىرى، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، ئەزاسى، ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ باش كاتىپى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى؛ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى،

قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايون رەئىسىنىڭ ياردەمچىسى بولغان.

**شارىپقان** قازاق، 1943 - يىل 4 - ئايدا تۇغۇلغان. مورى ناھىيىسىدىن، 1960 - يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1970 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان. ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. زېمىن بايلىقى نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىرى.

شىنجاڭ مورى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كادىرى؛ مورى ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى، مورى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ كادىرى؛ مورى ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى؛



ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى؛ مورى ناھىيە چوقبارتاش گۇڭشې پارتكومىنىڭ شۇجىسى؛ مورى ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى؛ سانجى ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى؛ ش ئۇ ئا ر يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى بولغان.

**جۇرئەت مەمتىمىن** 1953 - يىل 3 - ئايدا تۇغۇلغان، لوپ ناھىيىسىدىن. 1975 - يىل 2 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1971 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئاسپىرانتى، سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى.

مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى كادىرلارنى تەربىيىلەش بۆلۈمىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، قاراقاش ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇۋەققەت ھاكىم، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 1 - مۇئاۋىن شۇجىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن شۇجى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن باش كاتىپ بولغان.

ۋېن جىجۇن

## سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرى

ئابدۇراخمان پولات، ئابدۇرېشىت زۇنۇن، ئابدۇكېرىم ھاشىم، ئابلىمىت، ئابدۇقادىر، ئابلىمىت داموللا، ئادىل جۇمە تۇردى (قىرغىز)، ئامانتۇر مۇسا (قىرغىز)، ئەبەيدۇللا مۇھەممەتنىياز ھاجى، باتئوچىر (موڭغۇل)، بەي گاڭ، بولىيا ئالېكساندىر (رۇس)، بۇھەجەر ئابلا، بى نەيلىڭ (ئايال)، پامىر ئەزارە (تاجىك)، پەرھات ئابدۇرېھىم، توختى ئايۇپ، تۇرسۇنئاي ئىبراھىم، تۇرسۇنجان لېتىپ، تونا (ئايال، موڭغۇل)، تيەن گوجو، جاڭ جېڭشى، جاڭ گوچۈەن، جاۋ باۋجۇن، جاۋ جەنگوي، جۇمە داۋۇت، جۇمە ئۇمىد، (قىرغىز)، چېڭ بىن، چىن چۈەنمىن، خالىدە سافىنى (ئايال، تاتار)، خەن يۇڭيى، خۇ جىبىڭ (خۇيزۇ)، دوستان قۇرمانباي (قازاق)، دۇ لىشەن، دۈەن تۇڭخۇا، رەھمىتۇللا ھىدايەت، زۇڭ جيەن، زۇنۇن قۇتلۇق، سابىر ئايىتجان (قازاق)، سەدەپقان سەكاتاي (ئايال، قازاق)، سۇ دېگوي، سۇ شېۋۇ (مانجۇ)، سۇن گواڭشىن، شالۋەن (موڭغۇل)، شۈي جاۋ، شۈي يۆيىڭ (ئايال)، شېرىپجان غوپۇر داموللا، شيې شېڭرۇي، شيۇڭ خېيگاڭ، فاڭ يىڭجېڭ (ئايال)، فەن ۋېيدۇڭ، فو باۋتەي (داغۇر)، فېڭ جىمىڭ، فېڭ دۇڭمىڭ، قاجىئەكبەر قوڭىر (قازاق)، قۇرمانبېك ماسىمبېك (قازاق)، كاماشىيا سابىر (قازاق)، كۇڭ چىڭپىڭ، كۇڭ چىڭيىڭ (شىبە)، گاۋ جىخۇڭ، گاۋ گويىڭ (ئايال)، لى جىمىن (ئايال)، لى جيەنجۇڭ، ليۇ شىكې، ما ئەنتەي (خۇيزۇ)، ما چاڭفا (خۇيزۇ)، ما گۇيشيەن (خۇيزۇ)، ما يەنخۇا (ئايال، خۇيزۇ)، مەردانە خانبابا (ئايال، ئۆزبېك)، مۇھەممەت ئابدۇللا، مۇھەممەت روزى، مۇھەممەت ھەسەن، مەمتىمىن روزى، نۇرجان بورلەن (قازاق)، نيۇ رۇجى، ھۆرىگۈل مامۇت، ھۆرىيەت مىجىت، ۋاڭ شياۋمىن، ئېلى زاھىد، ياڭ مىندې (ئايال)، يەن سۇنشىڭ، يۈ داۋخۇ، يىن پىڭ.

ۋېن جىجۇن

## سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش ئەھۋالى

سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ

ئەزاسى 470، بۇنىڭ ئىچىدە دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋە باشقا پارتىيىسىز زاتلار 274 نەپەر، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزاسى 196، ئاز سانلىق مىللەت 246، خەنزۇ 224، ئايال 95 بولۇپ ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن 13 ى كۆپەيدى؛ ئەزالارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 49.54 بولۇپ ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن 2.72 ياش تۆۋەنلىدى؛ ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىدىن يۇقىرىلار %82.34 بولۇپ ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن 7.34 پىرسەنت پوئېنتى ئاشتى؛ ئالىي ئۇنۋانى بارلار %38.94كە يېتىپ، ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن 2.69 پىرسەنت پوئېنتى ئاشتى. 29 ساھەدىكى ئەزالارنىڭ سان نىسبىتى 8 - نۆۋەتلىكىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولدى. ئالدىنقى نۆۋەتلىكتىكى ئەزادىن 138ى 9 - نۆۋەتلىكىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كۆلىمى ئالدىنقى نۆۋەتلىكىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ يەنىلا 97 دائىمىي كومىتېت ئەزاسىدىن تەركىب تاپتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋە باشقا پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار 57، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزاسى 40؛ خەنزۇ 41، ئاز سانلىق مىللەت 56، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىدىن يۇقىرىلار 80 بولۇپ، %82.47نى؛ ئالىي ئۇنۋانى بارلار 43 بولۇپ %44.33نى ئىگىلىدى؛ ئايال 17 بولۇپ %17.52نى ئىگىلەپ ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن بىرى كۆپەيدى. سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا 29 ساھەنىڭ ھەممىسىدىن ئەزا سايلاندى.

تاڭ چاۋ

## سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنلىرى

1 - يىغىنى 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 14- كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭىشىنىڭ 2003 - يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا ئائىت قارارلار كېڭىشىپ ماقۇللاندى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭىشىنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە سۆز قىلدى.

2 - يىغىنى 2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 - يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە ئەۋەتكەن 6 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى مۇزاكىرە قىلىندى، «سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مەخسۇس كومىتېت تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى قارارى»، «سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ش ئۇ ئا ر كومىتېتلىرى ۋە ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» ۋە «ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭىشىنىڭ ئەزالار بىلەن بولغان ئالاقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» ماقۇللاندى، كادىرلار ئىشلىرى كېڭىشىپ ماقۇللاندى. ئەسقەت كەرىمباي يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە سۆز قىلدى.

3 - يىغىنى 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 23- كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى 2 - يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى؛ ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھىسى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. ئەسقەت كەرىمباي «‹ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش› مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتەيلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى.

4 - يىغىنى 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 15- كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى ‹دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنىدىن بۇيانقى تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، ئەسقەت كەرىمباينىڭ دائىمىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بېرىشىگە، مۇئاۋىن رەئىس ياۋ يۈڭفېڭنىڭ تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىشىگە قوشۇلدى؛ سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - يىغىنىنى چاقىرىش توغرىسىدىكى قارار، قارالما (لايىھە) كۈنتەرتىپ سىرتتىن قاتنىشىش دائىرىسى، گۇرۇپپىلارغا ئايرىش ئۇسۇلى ۋە يىغىن چاقىرغۇچىلىرىنىڭ ئىسملىكى قاتارلىقلار قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى؛ 2004 - يىللىق ئاساسلىق ۋەزىپىلەر مۇزاكىرە قىلىندى، 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتقا ئەزالارنى كۆپەيتىپ تولۇقلاش ئىشلىرى كېڭىشىپ بېكىتىلدى؛ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى؛ مۇھەممەت

ئىمىن روزىنىڭ ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسلىق، دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسلىق سالاھىيىتىنى ۋە تەكلىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا قارار ماقۇللاندى.

ۋېن جىجۈن

## تەكلىپ بېجىرىش خىزمىتى

سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 - يىغىنىدىن بۇيان تاپشۇرۇۋېلىنغان تەكلىپ 840، تەكلىپ كومىتېتى تەكشۈرۈپ تۇرغۇزغىنى 817. تۇرغۇزۇلمىغانلىرى ئەزالار خەت - چەكلىرى سۈپىتىدە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ پايدىلىنىشىغا ئەۋەتىپ بېرىلدى ھەمدە ئالاقە ئەۋەتىپ تەكلىپ بەرگۈچى خەۋەرلەندۈرۈلدى. تەكلىپ 75 بېجىرگۈچى ئورۇننىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇلدى، 2003- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بېجىرىپ جاۋاب قايتۇرۇلغان تەكلىپ 807، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا چېتىلىدىغىنى 385، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيىگە چېتىلىدىغىنى 224، سىياسەت، قانۇن - بەلگىلىمە، ئىجتىمائىي كاپالەت، بىرلىك سەپ قاتارلىقلارغا چېتىلىدىغىنى 208. ئەزالار تەكلىپلەرنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالىدىن رازى ۋە ئاساسىي جەھەتتىن رازى بولدى.

ۋېن جىجۈن

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش رەئىسلەر بىرلەشمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى بىلەن ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي «ھۆكۈمەت قانداق قىلىپ شارائىت يارىتىپ سىياسىي كېڭەشنىڭ خىزمىتىنى قوللاش»، «سىياسىي كېڭەش قانداق قىلىپ ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن چارە - تەدبىر كۆرسىتىش» دېگەن تېمىدا توختالدى. ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، دائىمىي مۇئاۋىن رەئىس ۋاڭ جىنشياڭ، مۇئاۋىن رەئىس كۇرەش مەخسۇت، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى دۇڭخۇي، ئابدۇقادىر نەسىردىن، ش ئۇ ئا ر ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، ئورگان خوجىلىق ئىدارىسى ۋە ھۆكۈمەت قانۇنچىلىق ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋېن جىجۈن

## ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى ئۆگىنىش - سۆھبەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي يىغىندا سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى دۇڭخۇي يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى خۇ جىنتاۋنىڭ ج ك پ 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى يېپىلغاندا قىلغان سۆزىنى يەتكۈزدى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى 3 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. يىغىندا يەنە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە دائىر بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى ۋېن جياباۋنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە دائىر بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى (مۇزاكىرە نۇسخىسى)» توغرىسىدا بەرگەن ئىزاھاتى ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەننىڭ ئاپتونوم رايون چاقىرغان پارتىيىلىك كادىرلار يىغىنىدا قىلغان سۆزى يەتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن جاڭ گۇيتىڭ، ياۋ يۇڭفېڭ، جياڭ شەن، جۇ جېنجۇڭ، جاڭ يۇچۇڭ ۋە شارىپقانلار يىغىنغا قاتناشتى.

ۋېن جىجۈن

## ئاپتونوم رايونلۇق ئاساسىي قاتلام سىياسىي كېڭەش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 23 — 24 - كۈنلىرى كورلا شەھىرىدە ئېچىلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە قىسمەن ناھىيە (شەھەر، رايون) دىن كەلگەن سىياسىي كېڭەش ۋەكىللىرى تەجرىبە ئالماشتۇردى ھەمدە يېڭى دەۋردە سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرى، يېڭى تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي يىغىندا سۆز قىلدى. لى دۇڭخۇي يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە ۋاڭ لېچۈەننىڭ

ئاپتونوم رايون پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش يۈزىسىدىن ئاچقان پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار يىغىنىدا قىلغان سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئابدۇقادىر نەسىردىن سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى 3- قېتىملىق يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن جاڭ گۈيتىڭ، ياۋ يۈفېڭ، جياڭ شەن، سەرجە، جۇ جېنجۇڭ، شارىپقانلار يىغىنغا قاتناشتى.

ۋېن جىجۇن

## دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتى توغرىسىدىكى تەكلىپ

2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مائارىپ - مەدەنىيەت - سەھىيە - تەنتەربىيە كومىتېتى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە 8 تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ۋېن جىجۇن

## ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا قانۇنچىلىق مۇھىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى تەكلىپ

2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ قاراماي شەھىرى، تارباغاتاي ۋىلايىتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەرگە بېرىپ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا قانۇنچىلىق مۇھىتىنى ياخشىلاش كېرەك، دېگەن تېمىدا تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلدى ھەمدە 5 تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جاڭ شۇ

## خوتەن ۋىلايىتىنىڭ «قوش تىل»لىق مائارىپىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ 2003- يىل 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە خوتەن ۋىلايىتى ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم ناھىيە، شەھەرلىرىگە بېرىپ «قوش تىل»لىق مائارىپ خىزمىتى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە 8 تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جاڭ شۇ

## دىنغا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەكلىپ

2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر - دىن - ئىجتىمائىي قانۇنچىلىق كومىتېتى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستىغا بېرىپ ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان رەھبىرىي كادىرلار مەسچىتلەر بىلەن ئالاقە باغلاش ۋە دىنىي زاتلار بىلەن سۆھبەتلىشىش تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ تالىپلارنى يېتىشتۈرۈش ئەھۋالىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە 3 تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ما چېنگۈي

## شىنجاڭدىكى چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى

2003 - يىل 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جياڭ شەن بىر قىسىم سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچى، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردا شىنجاڭدىكى چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دوكلاتتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا بەزى تەدبىر ۋە تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شۈڭ لىمىڭ

## شىنجاڭدىكى پورتلارنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسى تەكشۈرۈلدى

2003 - يىل 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جياڭ شەن شياڭگاڭلىق - ئاۋمېنلىق - تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىلىشىش كومىتېتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنى باشلاپ ئالاتاۋ پورتى، قورغاس، دولاتا پورتى ۋە ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرو پورتىدا مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شۈڭ لىمىڭ

## شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش، پاختا بازىرىنى ئېچىش توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد - پەن - تېخنىكا

كومىتېتى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسىدىكى قىسمەن ئەزالار 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە سانجى، ماناس، شىخەنزە ۋە ساۋەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ شىنجاڭنىڭ پاختا بازىرى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە 3 تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ناۋا

## شىنجاڭنىڭ شامال ئېلېكتىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا پىكىر - تەكلىپ

2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شارىپقان بىر قىسىم ئەزالارنى باشلاپ شامال ئېلېكتىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسىنى چۆرىدەپ شىنجاڭ شامال ئېلېكتىر شىركىتى، شىنجاڭ شامال ئېنېرگىيىسى شىركىتى ۋە شىنجاڭ جىنفېڭ پەن - تېخنىكا چەكلىك پاي شىركىتىنى تەكشۈردى ھەمدە كارخانىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى، تېخنىكا خادىملىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى، پىلان كومىتېتى، ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، سۇچىلىق نازارىتى، دۆلەت بېجى ئىدارىسى، يەرلىك باج ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى تەكلىپ قىلىپ «قانداق قىلىپ شامال ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ شامال ئېلېكتىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك» دېگەن مەزمۇندا مەخسۇس سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى ھەمدە 3 تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يۈ جىنئەن

## تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىساد بەلۋېغىنىڭ سانائەتلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ - لايىھە

سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى دۇڭخۇي ئىقتىساد - پەن - تېخنىكا كومىتېتىدىكى ئەزالار، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلاردىكى زاتلار ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ خادىملىرىنى باشلاپ 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىساد بەلۋېغىغا بېرىپ سانائەتلىشىش مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى رەئىسلەر يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىپ ماقۇللىشى بىلەن «سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 8 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىساد بەلۋېغىنىڭ سانائەتلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ - لايىھىسى»نى تۈزۈپ چىقتى.

ياڭ شۈنشۈەن

## سۈتچىلىك ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات پىكىر يولى توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد - پەن - تېخنىكا كومىتېتى 2003 - يىل 5 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئەزالارنى تەشكىللەپ شىنجاڭنىڭ سۈتچىلىك تەرەققىياتى مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە 5 تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ياڭ شۈنشۈەن

## باغۋەنچىلىك ۋە گۈلچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد - پەن - تېخنىكا كومىتېتى 2003 - يىل 5 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئەزالارنى تەشكىللەپ باغۋەنچىلىك ۋە گۈلچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە 8 تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ياڭ شۈنشۈەن

## ئاشلىق، ياغ بازىرىنى ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد - پەن - تېخنىكا كومىتېتى 2003 - يىل 6 - ئايدىن 10- ئايغىچە ئەزالارنى تەشكىللەپ ئاشلىق، ياغ ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش ۋە بازارغا سېلىش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە 8 تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ياڭ شۈنشۈەن

## مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يې لىيەنسۇڭ قاتارلىق 4 كىشى 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 -كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە تۇرپان، ئىلى قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش جەمئىيەت ۋە قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ جياچېن، شياۋ جيەنجاڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 18 كىشى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە «ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى قانۇنچىلىق مۇھىتى يارىتىش» ۋە «ئەدلىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى» دېگەن ئىككى

تېمىنى چۆرىدەپ ئاپتونوم رايونىمىزدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ۋېن جىجۈن

## قىسمەن ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى

گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پەن خۇڭچۈەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 6 كىشى 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئىلى، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

ئەنخۇي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خېلىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 11 كىشى 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە تۇرپان، سانجى، بايىنغولىن، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

ئەنخۇي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لىيۇ گۇڭفۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 9 كىشى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە تۇرپان، قەشقەر، سانجى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە چۇڭچىڭ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى بىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 7 كىشى ئىلى، قەشقەر، تۇرپان، شىخەنزە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

فۇجيەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سالىڭ جېنخۇا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 14 كىشى 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئىلى، قەشقەر، بايىنغولىن، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

سىچۈەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۈن توڭچۈەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 11 كىشى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە ئالتاي، ئىلى، بايىنغولىن، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

جىياڭشى ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يىن گوگۇاڭ، يۇڭ جۇڭچىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 14 كىشى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە قەشقەر، ئىلى، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

خۇنەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ تىڭمىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 7 كىشى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە ئىلى، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇ تيەنخۇڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 16 كىشى ئىلى، قەشقەر، تۇرپان، شىخەنزە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

خېبېي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ يەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 8 كىشى 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئىلى، سانجى، تۇرپان، بايىنغولىن، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

جىلىن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ جىياجى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ئىلى، تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

10 - ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى مو شۇگۇاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 3 كىشى تۇرپان، قەشقەر، ئىلى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چى جيەنفۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 9 كىشى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە تۇرپان، سانجى، ئىلى، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

ۋېن جىجۈن

## تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئۆگىنىش كومىتېتى شىنجاڭنىڭ تارىخىي ماتېرىياللار ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ۋە ساقلاپ، تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى، ئەزالارنى 3 قېتىم تەشكىللەپ بايىنغولىن، بورتالا ۋە ئالتاي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ئاساسىي قاتلامدىكى سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئىلى، سانجى ۋە بورتالا ئوبلاستى بىلەن ھەمكارلىشىپ شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەخسۇس تارىخىي ماتېرىيالى «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» (قازاق تارىخى ماتېرىياللىرى)، «بورتالا تارىخ ماتېرىياللىرى» (موڭغۇل تارىخى ماتېرىياللىرى)، «سانجى ئوبلاستى تارىخ ماتېرىياللىرى» (خۇيزۇ تارىخى ماتېرىياللىرى)نى نەشر قىلدى. ئەزالارنى 3 سان (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە) «ئۆگىنىشتە پايدىلىنىش ماتېرىيالى» بىلەن تەمىنلىدى.

ۋېن جىجۈن

# جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە

## جامائەت خەۋپسىزلىكى

### جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ «بەش ماددىلىق مەنئى قىلىش بۇيرۇقى»نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش

جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى 2003 - يىل 1- ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، «بەشنى مەنئى قىلىش بۇيرۇقى»نى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە يولغا قويۇشنى باشلىدى. ج خ نازارىتى پارتكومى 1 - ئاينىڭ 23- كۈنى يىغىن ئېچىپ، «بەشنى مەنئى قىلىش بۇيرۇقى»نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلاردىن ئۆزى تەكشۈرۈش، ئۆزى تۈزىتىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، سېزىلگەن مەسىلىلەرنى دەرھال تۈزىتىشنى تەلەپ قىلدى. جايلاردىكى ج خ ئورگانلىرى «بەشنى مەنئى قىلىش بۇيرۇقى»نى ھەربىر ساقچىغىچە يەتكۈزۈپ، كەڭ ئاممىنى نازارەتچىلىككە قاتنىشىشقا قوزغىدى. يىغىندا نازارەت پارتكومىنىڭ 6 ئەزاسىنى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ھۆددىگە ئېلىش - سەييارە تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە 15 باشقارما دەرىجىلىك رەھبەر باشچىلىقىدا خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە شىخەنزە شەھىرىگە ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ھەيدەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتىش قارار قىلىندى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ج خ ئورگانلىرى ساقچىلارنىڭ «بەشنى مەنئى قىلىش بۇيرۇقى»غا خىلاپلىق قىلغانلىقىغا دائىر 43 دېلودىكى 44 ئادەمنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 3 ئادەم خىزمەتتىن ھەيدەلدى، 21 ئادەم خىزمەتتىن بوشىتىلدى، 17 ئادەمگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرۈلدى، 3 ئادەم بىر تەرەپ قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا 36 ئادەمنىڭ رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلدى.

خۇ بو

### يول قاتنىشىنى باشقۇرۇش

بىرىنچى، قاتناش قائىدىسىگە ئېغىر خىلاپ بولغان تۈرلۈك قىلمىشلارغا قارىتىلغان يۇقىرى بېسىم ھالىتى باشتىن - ئاياغ ساقلاپ قېلىنىپ، يول قاتناش تەرتىپى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. 2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ قاتناش ساقچى تارماقلىرى 4 قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە قاتناش تەرتىپىنى مەركەزلىك تۈزەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، شەھەر رايونى، شەھەر بىلەن يېزىلار ئۇتاشقان جايلار، چوڭراق سودا بازارلىرى قاتارلىق قاتناش قالايمىقان، ئاسان توسۇلۇپ قالىدىغان نۇقتىلار، قاتناش ھادىسىسى كۆپ يۈز بېرىدىغان نۇقتىلار ۋە دۆلەت - ئۆلكە يوللىرى، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدىكى چەكتىن ئاشۇرۇپ ھەيدەش، نورمىدىن ئاشۇرۇپ يۈك بېسىش، ھاراق ئىچىپ ماشىنا ھەيدەش، چارچاپ ماشىنا ھەيدەش، زورلۇق بىلەن يانداش ۋە ئۆتۈشۈش، قائىدىگە خىلاپ ماشىنا توختىتىش، شۇنىڭدەك ناھىيە، يېزا يوللىرىدا براك قىلىنغان ماشىنا، نومۇر تاختىسى يوق، كىنىشكىسىز ماشىنىلارنىڭ مېڭىشى، موتسىكلىت، يېزا ئىگىلىك ترانسپورت ماشىنىلىرى، تراكتورلارغا قائىدىگە خىلاپ ئادەم سېلىش قاتارلىق زور، پەۋقۇلئاددە زور ھادىسىلەرنى ئاسان كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قاتناش قائىدىسىگە ئېغىر خىلاپ تۈرلۈك قىلمىشلارنى نۇقتىلىق تۈزىدى.

ئىككىنچى، «ئامان - ئېسەن يول» ۋە «راۋانلىق قۇرۇلۇشى» بەرپا قىلىش داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، بەرپا قىلىش سەۋىيىسى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى. «ئامان - ئېسەن يول» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ دائىرىسى يەنىمۇ كېڭىيىپ، «216»، «217» ۋە «218» دۆلەت يولى يېڭىدىن قوشۇلدى، ئومۇمىي مۇساپىسى 3080 كىلومېتىرغا يەتتى، يول بويىدا 22 يول چارلاش خەلق ساقچىلىرى ئوتتۇرا ئەترىتى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ دەسلەپكى باھالىشى ۋە ج خ مىنىستىرلىكى، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ قايتا باھالىشى ئارقىلىق، «راۋانلىق قۇرۇلۇشى» شىخەنزە شەھىرىنىڭ 2- دەرىجىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىگە يەتكەنلىكى بېكىتىلدى، ئۈرۈمچى، قاراماي، كورلا شەھەرلىرىنىڭ 3 - دەرىجىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىگە يەتكەنلىكى بېكىتىلدى، ئاپتونوم رايون سانجى شەھىرىنىڭ 3 - دەرىجىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىگە، تۇرپان، قۇمۇل، غۇلجا، ئاقسۇ شەھەرلىرىنىڭ 4 -

دەرىجىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىگە يەتكەنلىكىنى بېكىتتى.

ئۈچىنچى، قاتناش ساقچىلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلۇپ، قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ قاتناش ساقچىلىرى تارماقلىرى ئىدىيىۋى - سىياسىي قۇرۇلۇش، تەشكىلىي قۇرۇلۇش، رەھبەرلىك بەنزى قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، «16 - قۇرۇلتاي» روھى ئاساسىي تېما قىلىنغان ئۆگىنىش تەربىيىسىنى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇردى، قانۇن ئىجرا قىلىش يېتەكچى ئىدىيىسىنى توغرىلاش تەربىيىسى ۋە «چوڭ مۇزاكىرە قىلىش» پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىپ، «بەشنى مەنئى قىلىش بۇيرۇقى»نى قاتتىق ئىجرا قىلدى، 3 دەرىجىلىك تەربىيىلەش خىزمىتى تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، تەربىيىلەش - يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتتى، قاتناش ساقچى تارماق ئەترەتلىرىنىڭ يىللىق ئۇنىۋېرسال باھالاش خىزمىتىنى ۋە قاتناش ساقچى چوڭ ئەترەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئەللاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قاتناش ساقچىلىرى سىستېمىسىدا 79 كوللېكتىپ 337 خەلق ساقچىسى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 9 كوللېكتىپ ۋە 31 شەخسكە تۆھپە يېزىلدى.

ۋۇ يەنلەن

## قاتناش ھادىسىلىرى

2003 - يىلى، شىنجاڭدا جەمئىي 10 مىڭ 269 قېتىم قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 2645 ئادەم ئۆلدى، 10 مىڭ 44 ئادەم يارىلاندى، 34 مىليون 720 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. ھادىسە سانى %1.72، ئۆلگەن ئادەم سانى %2.3، يارىلانغان ئادەم سانى %19.9 كۆپەيدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان %14.8 تۆۋەنلىدى، قاتناش ھادىسىدە 10 مىڭ ماشىنىدىكى ئۆلۈش نىسبىتى ئون مىڭدا 2.2 پوئىنت تۆۋەنلىدى، بىر قېتىمدا ئۈچتىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن پەۋقۇلئاددە زور ھادىسە ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15 قېتىم ئازىيىپ، %20 تۆۋەنلىدى، 55 ئادەم ئاز ئۆلۈپ، %23.19 تۆۋەنلىدى، بىر قېتىمدا 10دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن ئادەتتىن تاشقىرى پەۋقۇلئاددە زور قاتناش ھادىسىسى يۈز بەرمىدى.

ۋۇ يەنلەن

## بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى تۈزەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش

بىرىنچى، يالغان، ساختا، ناچار تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ج خ ئورگانلىرى ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، يالغان، ساختا ناچار تاۋارلارنى ياساپ سېتىشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايەت دېلوسىدىن 17نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇ دېلولارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليون 875 مىڭ 700 يۈەن. سارىڭقا تاقابىل تۇرۇش مەزگىلىدە ج خ ئورگانلىرى سەھىيە تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە يالغان، ساختا، ناچار دورا، داۋالاش ئەسۋابلىرى ۋە يېمەكلىك قاتارلىقلارنى ياساپ ساتقان قانۇنغا خىلاپ - قىلمىشلارغا زەربە بېرىشنى تۈزەش خىزمىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، داۋالاش مۇلازىمىتى بازارلىرىنىڭ تەرتىپىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. داۋالاش ئورنىدىن 2728نى تەكشۈرۈپ، قانۇن - بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان 664 كىشىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، قائىدىگە خىلاپ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان قىلمىشتىن 438 قېتىمنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، داۋالاش ئاپپاراتىدىن 33 ئورۇننىڭ ئىجازەتنامىسىنى بىكار قىلدى، 278 قېتىملىق قانۇنسىز دوختۇرلۇق قىلمىشنى چەكلىدى، مەمۇرىي جازا كۈرۈلگەن سومما 380 مىڭ يۈەن بولدى، ئەدلىيە ئورگانلىرىغا بىر دېلو ئۆتكۈزۈپ بەردى، جەمئىي 50 توننىدىن ئاشىدىغان «ئۈچ يوق» يېمەكلىكتىن نەچچە يۈز خىلنى قولغا چۈشۈردى، بۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ۋە ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپتونوم رايوندىكى ج خ ئورگانلىرى ئورمانچىلىق تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان قانۇنغا خىلاپ جىنايەت دېلوسىدىن 58نى تەكشۈرۈپ بېجىرىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان جىنايەت گۇماندارىدىن 165 ئادەمنى قولغا چۈشۈردى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، يالغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ياساش - سېتىش قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 108 دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، قىممىتى 1 مىليون 277 مىڭ يۈەنلىك يالغان ساختا، ناچار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈردى، ئاپتونوم رايوندىكى ئىقتىساد - سودا، سودا - سانائەت، سۈپەت نازارەتچىلىكى، قۇرۇلۇش قاتارلىق تارماقلارغا ماسلىشىپ، كىچىك پولات زاۋۇتىدىن 32نى ئېنىقلاپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، پولات ماتېرىياللىرى سېتىش بازىرىدىن 15نى تەكشۈرۈپ، 200 توننىدىن كۆپرەك ناچار پولات ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئىگىلىكى تەرتىپىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى.



2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە 10 نادىر ج خ خەلق ساقچىسىنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا ۋاڭ لېجۈەن، ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر مۇكاپاتلانغانلارغا مېدال ۋە گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى.

لى پېيفېڭ فوتوسى

ئىككىنچى، يالغان تالون ياساش - سېتىش ۋە بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرى باج ئوغرىلاش قاتارلىق باجغا چېتىشلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايەتلەرگە زەربە بېرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. كېيىنكى يېرىم يىلدا ئاپتونوم رايون مىقياسىدا يالغان تالون ياساش - سېتىش ۋە بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرى باج ئوغرىلاش قاتارلىق باجغا چېتىشلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايەتلەرگە زەربە بېرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ ھەرىكەتتە، يالغان تالون ياساش - سېتىش ۋە بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرى باج ئوغرىلاش قاتارلىق باجغا چېتىشلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە مەركەزلىك زەربە بېرىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، ساختا قوشۇلما قىممەت بېجى تالونى كېسىش ۋە تامۇژنىنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجىنى ۋاكالىتەن تۇتۇپ قېلىش ئىسپاتىنى يالغاندىن ياساش قاتارلىق تۇتۇپ قېلىنغان پۇلنى ئالداپ ئېلىۋېلىش، ئېكسپورتتىن قايتۇرغان باجنى ئالداپ ئېلىۋېشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايەتلەرگە زەربە بېرىش سالمىقى داۋاملىق زورايتىلدى. مەخسۇس تۈزەش جەريانىدا، ئاپتونوم رايوندىكى ج خ ئورگانلىرى باجغا چېتىشلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايەت دېلوسىدىن 45نى قوبۇل قىلدى، دېلوغا چېتىشلىق سومما 100 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ، ئوغرىلىغان، قايتۇرغان، ئالداپ ئېلىۋالغان باج پۇل سوممىسى ھەددىدىن كۆپ بولغان بىر تۈركۈم كارخانىلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، يالغان تالۇنلارنى ئېلىپ - سېتىش ھەرىكەتلىرى غالجىرلاشقان بىر تۈركۈم سورۇنلارنى تۈزىدى. مەركەزلىك تۈزەش ئارقىلىق ئاپتونوم رايوندىكى باجغا چېتىشلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايەتلەر تۇسۇلدى. باج يىغىش تەرتىپى يەنىمۇ ياخشىلاندى.

ئۈچىنچى، جامائەت سورۇنلىرىنىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكىنى مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ج خ ئوت مۇداپىئە تارماقلىرى باش بولۇپ، ھەر خىل ساقچى تۈرلىرى زىچ ماسلىشىپ، ئادەم زىچ سورۇنلارنىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى بويىچە تارقاقلاشتۇرۇش يوللىرى ۋە بىخەتەر چىقىش ئېغىزلىرىنى مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاۋام توپلىشىدىغان سورۇنلاردىكى ئوت ئاپىتى يوشۇرۇن ئامىللىرىنى ئۆزگەرتىش سالمىقىنى ھەقىقىي زورايتىپ، ئۇزۇندىن بۇيان تۈزەلمەي كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم كونا، قىيىن مەسىلىلەر ۋە زور ئوت ئاپىتى يوشۇرۇن ئامىللىرىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئۆزگەرتىپ تۈپتىن تۈزەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىك مۇھىتىنى ئەلالاشتۇردى. مەخسۇس تۈزەشتە ئاپتونوم رايون بويىچە مەخسۇس تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىن 72سى قۇرۇلدى، سەپەرۋەرلىك، ئالاقىلىشىش يىغىنىدىن 125 قېتىم ئېچىلىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى 16 قېتىم سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلدى، 480 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىنىپ، 6842 ئورۇن (قېتىم) تەكشۈرۈلۈپ، 6197 ئورۇندا ئوت ئاپىتى يوشۇرۇن ئامىللىرى بارلىقى بايقالدى، بۇنىڭدىن 3987 ئورۇندىكى يوشۇرۇن ئاپەت تۈگىتىلدى، جىددىي ئېھتىياج چىرىغى، تارقاقلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىش بەلگىسى، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئىشىكىدىن 859ى كۆپەيتىلدى، ج خ ئوت مۇداپىئە تارماقلىرى چەكلىك مۇددەتتە ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇش ئۇقتۇرۇشىدىن 978نى، قايتا تەكشۈرۈش پىكىرنامىسىدىن 471نى، زور ئوت ئاپىتى يوشۇرۇن ئامىللىرىنى چەكلىك مۇددەتتە تۈزىتىش ئۇقتۇرۇشىدىن 4نى تارقاتتى، 29 ئورۇننى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ۋە ئىشلىتىشنى توختۇتۇشقا بۇيرىدى، 78 مىڭ 300 يۈەن جەرىمانە قويىدى.

تۆتىنچى، ساياھەت بازارلىرىنى مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى مەسئۇل تارماقلارغا پائال ماسلىشىپ، ساياھەت بازارلىرىنى مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇردى، ساياھەتنى باھانە قىلىپ، ئەمەلىيەتتە ھەج قىلىش

ئۈچۈن ئالداپ پاسپورت ئېلىش قىلمىشلىرىغا ئۇقتىلىق ھالدا قاتتىق زەربە بېرىپ، ياخشى ساياھەت مۇھىتىنى يارىتىشقا تىرىشتى. ساياھەت بازارلىرىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا پۇقرالارنىڭ چېگرىدىن كىرىپ - چىقىشىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئۇقتىلىق كۈچەيتىپ، «ئالاھىدە ئادەملەر تۈپى» بىلەن چېگرىدىن چىقىدىغانلارغا قارىتا، دۆلەت قوغداش تارماقلىرىنىڭ سىياسىي تەكشۈرۈشىدىن جەزمەن ئۆتكەن بولۇش، ئاندىن بېجىرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، «ئۈچ خىل كۈچ»، «فالۇن گۇڭپىسى» ئۇنسۇرلىرىنىڭ يوشۇرۇن كىرىش، يوشۇرۇن چىقىش يوللىرىنى ئەتتى.

بەشىنچى، قانۇنسىز نەشرىياتچىلىققا زەربە بېرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى ئاخبارات - نەشرىيات، مەدەنىيەت، سودا - سانائەت قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن پائال بىرلىشىپ، پاھىشىۋازلىقنى چەكلەش، قىمارنى چەكلەش ۋە قانۇنسىز نەشرىياتچىلىققا زەربە بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان لازېر نۇر پلاستىنكىدىن 80 مىڭ 102نى، شەھۋانىي مەزمۇندىكى لازېر نۇر پلاستىنكىدىن 7563نى، قانۇنسىز نەشر بۇيۇمىدىن 19 مىڭ 96 نۇسخىنى يىغىۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە سىياسىيغا چېتىشلىق كىتاب 560 نۇسخا، مىللىي تىلدىكى قانۇنسىز پلاستىنكا 13 مىڭ قاپ، ئۈن لېنتىسىدىن 1680 قاپنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىنىڭ يامراپ كېتىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك تورىدى.

خۇ بو

## يالغان پۇل جىنايىتىگە زەربە بېرىش جېڭىنى قانات يايدۇرۇش

شىنجاڭدىكى ج خ ئورگانلىرى 2003 - يىل 9 - ئايدىن 11 - ئايغىچە گوۋۇيۈەننىڭ بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى تۈزەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، يالغان پۇل جىنايىتىگە زەربە بېرىش جېڭى بويىچە مەخسۇس ھەرىكەتنى قانات يايدۇردى. بۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايوندىكى ج خ ئورگانلىرى يالغان پۇل دېلوسىدىن 14نى پاش قىلىپ، يالغان خەلق پۇلىدىن 54 مىڭ يۈەننى قولغا چۈشۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە يالغان پۇل سېتىش، سېتىۋېلىش، توشۇش دېلوسى 2، يالغان پۇل ئېلىپ يۈرۈش، ئىشلىتىش دېلوسى 12. جىنايەت گۇماندارىدىن 20 ئادەمنى قولغا چۈشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە جىنايى ئىشلار بويىچە تۇتۇپ تۇرۇلغىنى 9، قولغا ئېلىنغىنى 5، كېپىللىككە بېرىلىپ سوراقنى كۈتۈپ تۇرغىنى 3، باشقا جازا بېرىلگىنى 3.

خۇ بو

## ئامانلىقنى ساقلاش مۇلازىمىتى بازارلىرىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش

2003 - يىلى ج خ نازارىتى شىنجاڭ بويىچە قانۇنسىز ئامانلىقنى ساقلاش تەشكىلاتلىرىنى ئېنىقلاش، ئامانلىقنى ساقلاش مۇلازىمىتى بازارلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى ئاساسىي ۋەزىپە قىلغان مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئېنىقلاش - تۈزەش ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇنسىز ئامانلىقنى ساقلاش تەشكىلاتىدىن 1597نى ئېنىقلاپ چىقىپ، قانۇنسىز ئامانلىق ساقلىغۇچىدىن 8451نى چېكىندۇردى.

«2000 تىپلىك» ئامانلىق ساقلاش كىيىمى ۋە بەلگىسىنى قانۇنسىز ئىشلەپچىقارغان، ساتقان 5 ئورۇننى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 191 ئامانلىق ساقلاش كىيىمى، 433 ئامانلىق ساقلاش بەلگىسىنى يىغىۋالدى.

خۇ بو

## ج خ نازارىتى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۆگىنىش يىغىنى ئاچتى

2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ج خ نازارىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۆگىنىش يىغىنى ئاچتى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيە (شەھەر) لىك ج خ ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، شەھەرلىك ج خ شۆبە ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ۋە سىياسىي كومىسسارلىرى بولۇپ 260 ئادەم يىغىنغا قاتناشتى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىنغا كېلىپ مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىندا يىغىن ئارقىلىق تەربىيىلەش شەكلى قوللىنىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەت تەھلىل قىلىندى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئۆگىنىش ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمىتى ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشى جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، ئاخىرىدا «ئومۇم ئۈچۈن ساقچى بولۇش، قانۇننى خەلق ئۈچۈن ئىجرا قىلىش» ئىدىيىسىدىن ئىبارەت تۈپ مەقسەت تۇرغۇزۇلدى ھەمدە كېيىنكى قەدەمدە ئاپتونوم رايوندىكى ج خ

سىستېمىسىدا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش دەرىجىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، قانۇننى ئىجرا قىلىش كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىش، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق خىزمەتلەر كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

خۇ بو

## شىنجاڭدىكى ئون نادىر ج خ خەلق ساقچىسىنى باھالاش پائالىيىتى

2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە ج خ نازارىتى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» ئىدارىسى، شىنجاڭ «تيەندى» گۇرۇھى بىرلىشىپ باشقۇرغان شىنجاڭدىكى ئون نادىر ج خ خەلق ساقچىسىنى باھالاش پائالىيىتىدە 747 مىڭ 81 بېلەت تاپشۇرۇۋېلىندى. باھالاپ چىقىلغان ئون نادىر ج خ خەلق ساقچىلىرى: قۇمۇل شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى لى جيالىڭ، قاغىلىق ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەسقەر تۇردى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى چارلاش ساقچىلىرى تارماق ئەترىتى ئايال چارلاش ساقچىلىرى ئەترىتىنىڭ باشلىقى ساۋ يەنلۇن، كۇنەس ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى قاتناش ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇقىيات، ئالتاي شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ئازادلىق يولى ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقى شۈي خۇڭبىن، شىخەنزە شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى «بى زىۋۇ» يولى ساقچىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شۈ فېڭ، مىچۈەن شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چاۋ خېچاڭ، غۇلجا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شۆھرەت مەخسۇت، خېجىڭ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى پويىز ئىستانسىسى ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقى لى جىنجۇ، ساۋەن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ چاڭيەن.

12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭدىكى ئون نادىر ج خ خەلق ساقچىلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىلىشىدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي قاتارلىق رەھبەرلەر شىنجاڭدىكى ئون نادىر ج خ خەلق ساقچىسىغا مېدال ۋە گۇۋاھنامە بەردى.

خۇ بو

## جاۋ شىنمىن «جۇڭگونى تەسىرلەندۈرگەن» — 2002 - يىللىق ئون چوڭ شەخسنىڭ بىرى بولۇپ سايلاندى

2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى باشقۇرغان «جۇڭگونى تەسىرلەندۈرگەن» — 2002 - يىللىق ئون چوڭ شەخسنى باھالاش پائالىيىتى باشلاندى، ئامىنىڭ توردا بېلەت تاشلىشى ۋە 38 داڭلىق باھالىغۇچىنىڭ سېلىشتۇرۇپ باھالىشى قاتارلىق جاۋشىنمىن 180 مىڭ بېلەت بىلەن يۇقىرى ئاۋازغا ئېرىشىپ، باشقا ساھەدىكى 9 نەپەر مەشھۇر ۋەكىل بىلەن «جۇڭگونى تەسىرلەندۈرگەن» — 2002 - يىللىق ئون چوڭ شەخس بولۇپ سايلاندى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى شىمىن ساقچىخانىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى جاۋ شىنمىن 2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شەھەر مەركىزىدىكى ئاۋات سودا رايونىدا بەدىنىگە پارتلاتقۇچ تېڭىپ، قولىغا قويۇۋەتسىلا پارتلايدىغان ئېلېكتر كاپسۇللۇق ۋىكلىيۇچاتىل ئېلىپ، ئەتراپتىكى تۈرلۈك ماللار سودا بىناسىغا كىرىپ پارتلاتماقچى بولغان بىر جىنايەتچىنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا، جىنايەتچى بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت ھەپىلىشىپ، ئاممىنى يۆتكەش ئۈچۈن قىممەتلىك ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرگەن، ئاخىرىدا جىنايەتچى پارتلاتقۇچنى پارتلاتقاندا، جاۋ شىنمىن مەرتلەرچە قۇربان بولغان، مەيداندىكى ئاممىدىن بىرسىمۇ يارىلانمىغان.

خۇ بو

## ج خ ئورگانلىرىنىڭ چوڭ مۇھاكىمە پائالىيىتى

2003 - يىلى، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى «16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشتا ج خ ئورگانلىرى نېمە قىلىشى كېرەك» دېگەن تېمىدىكى چوڭ مۇھاكىمە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. پائالىيەت ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى.

بىرىنچى باسقۇچ، 3 - ئايدىن 6 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە «بەشنى مەنئى قىلىش بۇرۇقى»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش بۆسۈش ئېغىزى، سۇن جىگاڭ ۋەقەسى، شىشەندىكى خەلق ئىشچىلىرىنى قانۇنسىز قاماش ۋەقەسى كىرىش نۇقتىسى قىلىنىپ، ساقچى سىستېمىسىدىكىلەر پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ج خ خىزمىتى ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشى ئەسلەپ خۇلاسىلاندى، ئىدىيىۋى كۆز

قاراش، قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمىتى ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەر سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈلدى، «بەشنى مەنئى قىلىش بۇيرۇقى»، ئىچكى ئۇستابلارنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش چىڭ تۇتۇلۇپ، ئىچكى باشقۇرۇش يەنىمۇ كۈچەيتىلدى.

ئىككىنچى باسقۇچ، 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 8 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش پروگراممىسىنى، مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ۋە ج خ مىنىستىرلىكى پارتكومىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ (كېڭەيتىلگەن) ئۆگىنىش يىغىنى شۇنىڭدەك ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ 27 - قېتىملىق يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ج خ ئورگانلىرىنىڭ «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش مۇھىم نۇقتا قىلىندى، ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى نەزەرىيە ئۆگىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ ج خ خىزمىتىدىكى يېتەكچى ئورنىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزدى، كەڭ خەلق ساقچىلىرىنىڭ ئۈچ چوڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت (كومپارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىنى قوغداش، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش) كە، «بەش ئالغ» (ئومۇمىيەت ئېڭى، سىياسىي ئاڭ، بالا - قازا ئېڭى، ئاممىۋى ئاڭ، قانۇنچىلىق ئېڭى) غا ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشىدىكى «تۆت جۈملە سۆز» (ئادەمدە روھ بولۇش، ماددىي جەھەتتە رەتلىك بولۇش، سۆزدە مۇلايىم بولۇش، ئىش بېجىرىشتە ئادىل بولۇش) گە بولغان چۈشىنىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىدىيىنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پىكىر يوللىرىنى ئېچىپ، «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغىدى.

ئۈچىنچى باسقۇچ، 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 12 - ئايغىچە ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى ج خ مىنىستىرلىكى تۈزگەن خەلققە قولايلىق ۋە پايدىلىق 30 تۈرلۈك تەدبىر ۋە «ج خ ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي دېلولارنى بېجىرىش تەرتىپى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى ۋە يولغا قويۇلغانلىقىنى بەلگە قىلىپ، «ئومۇم ئۈچۈن ساقچى بولۇش، خەلق ئۈچۈن قانۇن ئىجرا قىلىش»تىن ئىبارەت يادرونى يېقىندىن چۆرىدەپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئۆز ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، نىشانلىق تەدبىر قوللىنىپ ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى يەنى ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولمايدىغان، ھېسسىياتىغا ئازار بېرىدىغان، مەنپەئىتىگە چېقىلىدىغان، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلمايدىغان، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلمايدىغان ھەتتا قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تۇرۇقلۇق قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغان مەسىلىلەرنى مەركەزلىك ھەل قىلدى، ج خ خىزمىتىنى ياخشىلاشنىڭ ئۇزۇن ئۈنۈملۈك يېڭى تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

خۇبو

## ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتى

ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش، ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك باھالاش ئۈچۈن ج خ نازارىتى 3 تەكشۈرۈپ باھالاش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ج خ ئىدارىلىرى 2003 - يىللىق بىرىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك ساقچىخانىلىققا يوللىغان 125 ساقچىخانىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈپ، بىرىنچى دەرىجىلىك ساقچىخانىدىن 15نى، ئىككىنچى دەرىجىلىك ساقچىخانىدىن 87نى باھالاپ بېكىتتى.

بىرىنچى دەرىجىلىك ساقچىخانىلار: ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى تۇڭگۇڭ ساقچىخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى نەنزىگو ساقچىخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى شىنمىن يولى ساقچىخانىسى، باركۆل ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى بازارلىق ساقچىخانىسى، شىخەنزە شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى بى زىۋۇ يولى ساقچىخانىسى، سىچۇەن شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى داۋشياڭ يولى ساقچىخانىسى، سانجى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى شەھەر ئەتراپى ساقچىخانىسى، ماناس ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى لوتۇبى ساقچىخانىسى، چۆچەك شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى يېڭى شەھەر ساقچىخانىسى، ئاقتۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئۈژمە يېزىلىق ساقچىخانىسى، كورلا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى تەگىرتاغ يولى ساقچىخانىسى، خېجىڭ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى بالغۇنتاي بازىرى ساقچىخانىسى، خېجىڭ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى پويىز ئىستانسىسى ساقچىخانىسى، كورلا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى قۇرۇلۇش يولى ساقچىخانىسى، ئونسۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئىشلەمچى ساقچىخانىسى.

خۇ بو

# تەپتىشلىك

## ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسى مەسئۇللىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش تەپتىش: مۇھەممەت يۈسۈپ.

مۇئاۋىن باش تەھرىرلەر: لى گۇيماۋ، دۇڭ جيەن، ئابدۇراخمان مۇھەممەت، لى رۇڭ (ئايال)، ئىسلامبەك ئابدۇلقان (قازاق)، نيې جيەنخۇا.

## تەكشۈرۈپ قولغا ئېلىش

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تەھقىقلەشنى نازارەت قىلىش تارماقلىرى تەھقىقلەش ئورگانلىرى تەكشۈرۈپ قولغا ئېلىشنى تەستىقلاشقا سۇنغان 17 مىڭ 987 ئادەمگە چېتىشلىق 12 مىڭ 213 دېلونى قوبۇل قىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 11 مىڭ 129 دېلودىكى 16 مىڭ 179 ئادەمنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلىدى، 858 دېلودىكى 1454 ئادەمنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلىمىدى.

جاڭ يى

## تەكشۈرۈپ ئەيىبلەش

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئەيىبلەش تارماقلىرى تەكشۈرۈپ ئەيىبلەشكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن 22 مىڭ 565 ئادەمگە چېتىشلىق 14 مىڭ 824 دېلونى قوبۇل قىلىپ، سوت مەھكىمىسىگە 11 مىڭ 512 دېلودىكى 17 مىڭ 40 ئادەمنى ئەيىبلىدى، 547 دېلودىكى 838 ئادەمنى ئەيىبلىمىدى.

جاڭ يى

## خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق تەپتىشلىكى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش تارماقلىرى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق دېلو يىپ ئۇچىدىن 1416نى قوبۇل قىلىپ، 1095نى دەسلەپكى قەدەمدە تەھقىقلىدى، 609 ئادەمگە چېتىشلىق 537 دېلونى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى، ۋەقەنى ئاساس قىلىپ 23 دېلو تۇرغۇزدى. دېلو تۇرغۇزۇپ تەھقىقلىگەن دېلولار ئىچىدە خىيانەت قىلغان، پارا ئالغان پۇل 50 مىڭ يۈەندىن كۆپ، يۆتكەپ ئىشلىتىۋالغان ھۆكۈمەت پۇلى 100 مىڭ يۈەندىن كۆپ چوڭ دېلو 176، چېتىلغان ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىر 50 ئادەم (بۇنىڭ ئىچىدە نازارەت دەرىجىلىك كادىر 2، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك كادىر 48). 484 ئادەمگە چېتىشلىق 434 دېلونى تەھقىقلەپ ئاخىرلاشتۇردى، 390 ئادەمگە چېتىشلىق 354 دېلونى ئەيىبلەشكە ئۆتكۈزۈپ بەردى، 72 ئادەمگە چېتىشلىق 61 دېلونى ئەيىبلىمەسلىككە ئۆتكۈزۈپ بەردى. 22 ئادەمگە چېتىشلىق 19 دېلونى ئەمەلدىن قالدۇردى. دېلو بېجىرىش ئارقىلىق 32 مىليون 630 مىڭ 900 يۈەن ئىقتىسادىي زىيان قايتۇرۇۋېلىندى.

جاڭ يى

## مەسئۇلىيەتسىزلىك، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش تەپتىشلىكى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك تەپتىشلىكى تارماقلىرى مەسئۇلىيەتسىزلىك، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش دېلولىرى يىپ ئۇچىدىن 342نى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ 308نى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈردى. ۋەقەنى ئاساس قىلىپ 22 دېلو تۇرغۇزدى؛ 131 ئادەمگە چېتىشلىق 107 دېلونى دېلو تۇرغۇزۇپ تەھقىقلەشنى قارار قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋەقەنى ئاساس قىلىپ بېكىتىلگەن 9 جىنايەت گۇماندارىغا چېتىشلىق 7 دېلو، خىزمەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلانغان 28 ئادەمگە چېتىشلىق 24 دېلو، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان 42 ئادەمگە چېتىشلىق 37 دېلو، نەپسانىيەتچىلىك - كۆز بويامچىلىق قىلغان 21 ئادەمگە چېتىشلىق 19 دېلو، پۇقرالىق ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلغان 31 ئادەمگە چېتىشلىق 20 دېلو بار. ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 12 رەھبىرىي كادىرنىڭ دېلوسى تەكشۈرۈپ بېجىرىلدى. 80 ئادەمگە چېتىشلىق 64 دېلو تەھقىقلەپ ئاخىرلاشتۇرۇلدى، 59 ئادەمگە چېتىشلىق 47 دېلو ئەيىبلەشكە يوللاپ بېرىلدى، 12 ئادەمگە چېتىشلىق 9 دېلو ئەيىبلىمەسلىككە يوللاپ بېرىلدى، 9 ئادەمگە چېتىشلىق 8 دېلو ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. دېلو بېجىرىش ئارقىلىق 469 مىڭ 500 يۈەن ئىقتىسادىي زىيان قايتۇرۇۋېلىندى.

جاڭ يى

## تۈرمە - سولاقخانا تەپتىشلىكى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تۈرمە - سولاقخانا تەپتىشلىكى تارماقلىرى قانۇنغا خىلاپ قاماپ قويۇش، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ ئىجرا قىلىشقا تاپشۇرماسلىق، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ سولاقخانىدا جازا ئۆتەشكە قالدۇرۇشقا ئوخشاش ئەھۋاللارغا چېتىشلىق 13 ئادەمنى بايقاپ، 8 ئادەم (قېتىم) ئۈستىدە يازما تۈزىتىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 7 ئادەم (قېتىم) نىڭكىنى تۈزەتتى. بىر يىلدا تۈنجى قېتىم قاماش مۇددىتىدىن ئېشىپ كەتكەن ئادەم 623. (بۇنىڭ ئىچىدە تۇتۇپ تۇرۇش مۇددىتىدىن ئېشىپ كەتكەن ئادەم 109، تەھقىقلەش مۇددىتىدىن ئېشىپ كەتكەن ئادەم 81. تەكشۈرۈپ ئەيىبلەش مۇددىتىدىن ئېشىپ كەتكەن ئادەم 42، سوتلاش مۇددىتىدىن ئېشىپ كەتكەن ئادەم 391)، ئالدىنقى قاراردا تۈزىتىلمىگەن ئادەم 157. تەپتىش ئورگانلىرى ئالاقىدار تارماقلارغا يازما تۈزىتىش پىكرى بەرگىنى 683 ئادەم (قېتىم)، تۈزىتىلگىنى 728 ئادەم.

جاڭ يى

## ھەق ـ تەلەپ، مەمۇرىي ئىشلار تەپتىشلىكى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ھەق ـ تەلەپ، مەمۇرىي تەپتىش تارماقلىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈم ـ كېسىملىرىگە قايىل بولمىغان ھەق ـ تەلەپ، ئىقتىسادىي، مەمۇرىي ئەرز دېلوسىدىن 1713نى قوبۇل قىلدى، 655نى دېلو قىلىپ تۇرغۇزدى، خەلق سوت مەھكىمىسىگە 155 دېلو توغرىسىدا نارازىلىق ئەرزى بەردى، تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلو ئىچىدىكى 24 دېلونىڭ ھۆكۈمىنى ئۆزگەرتتى، 6 دېلونىڭ ئەسلى ھۆكۈمىنى ساقلاپ قالدى، 4 دېلونى مۇرەسسە قىلدى.

جاڭ يى

## ئەرز ـ شىكايەت ۋە جىنايى ئىشلار تۆلەم دېلولىرى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئەرز ـ شىكايەت تارماقلىرى تۈرلۈك ئەرز ـ شىكايەت دېلوسىدىن 3048نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىكايەت 1190، ئەرز 1858. 2945 دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. جىنايى ئىشلار ئەرز دېلوسىدىن 196نى قوبۇل قىلىپ، 144نى بېجىرىپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېلو تۇرغۇزۇپ قايتا تەكشۈرۈلگىنى 66. قايتا تەكشۈرۈشتە نەتىجىسى چىققان دېلو 45، بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلىدىكى قارار ئۆزگەرتىلگىنى 7، ئەسلىدىكى قارار ساقلاپ قېلىنغىنى 34، ئېتىراز بىلدۈرۈش پىكرى بېرىلگىنى 2، ئېتىراز بىلدۈرۈلمىگىنى 2. جىنايى ئىشلار تۆلەم ئەرزى دېلوسىدىن 49نى قوبۇل قىلدى، ئېتىراپ قىلىنىدىغىنى 20 دېلو، بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىراپ قىلىنغىنى 8، ئېتىراپ قىلىنمايدىغىنى 10. باش تەپتىش كۆتۈۋالغان ھال ئېيتىپ كەلگەنلەر 776، قوبۇل قىلغان دېلو 718، بېجىرىشكە تەستىقلىغان دېلو 651، بېجىرىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلو 346.

جاڭ يى

## ۋەزىپە دائىرىسىدىكى جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ۋەزىپە دائىرىسىدىكى جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالاقىدار تارماقلىرى 272 يەككە دېلونىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن ئىش كۆرۈپ، ئالدىنى ئېلىش تەپتىش تەكلىپىدىن 480نى ئوتتۇرىغا قويدى، قانۇنغا خىلاپ ئىشتىن 129نى تۈزەتتى، 169 تۈزۈمدىكى ئىشقا دائىر قائىدە ـ تۈزۈم تۇرغۇزۇشقا ياردەم بەردى، 146 قېتىم دېلو تەھلىل قىلىش يىغىنى ئاچتى، قانۇنچىلىق بويىچە 60 قېتىم ئىبرەت تەربىيىسى ئېلىپ باردى. سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 10 مىليارد يۈەندىن ئاشقان نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلاردا ئالدىنى ئېلىش بويىچە مەخسۇس ئىش كۆردى، بۇنىڭ ئىچىدە 10 مىليون يۈەندىن تۆۋەن قۇرۇلۇش 101 تۈر، 10 مىليون يۈەندىن 50 مىليون يۈەنگىچە بولغان قۇرۇلۇش 31 تۈر، 50 مىليون يۈەندىن 100 مىليون يۈەنگىچە بولغان قۇرۇلۇش 11 تۈر، 100 مىليون يۈەندىن يۇقىرى قۇرۇلۇش 24 تۈر. 141 قۇرۇلۇشنىڭ خەۋەردار چاقىرىش ھەرىكىتىنى نازارەت قىلدى ھەمدە 39 نۇسخا تەپتىش تەكلىپى بەردى.

جاڭ يى

## قانۇن ـ سىياسەت تەتقىقاتى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇن ـ سىياسەت تەتقىقاتى تارماقلىرى «ئۆگىنىش، ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، مەخسۇس تېمىدىكى تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش ماقالىسىدىن 1600 پارچىنى تاماملىدى، تۈرلۈك گېزىت ـ ژۇرناللار 900 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىنى ئىشلەتتى، ئىككى پارچە ماقالە 4. نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەپتىش نەزەرىيىسى تەتقىقات يىغىنىدا 2 ـ دەرىجىلىك ۋە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئىككى پارچىسى تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قانۇن ـ سىياسەت تەتقىقاتى خادىملىرى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن چىقىرىش مۇزاكىرىسىگە تۆت قېتىم قاتناشتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ «ئاساسىي قانۇن»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش مۇھەبەت يىغىنىغا 2 قېتىم قاتناشتى، ئادۋوكاتلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ئائىت مۇھاكىمىگە 3 قېتىم قاتناشتى، ئەدلىيە نازارىتى ۋە شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتى ئاچقان «ئادۋوكاتلار قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش قاتارلىق ئالاقىدار مەسىلىلەرنىڭ مۇھاكىمىسىگە 5 قېتىم قاتناشتى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن چىقىرىش توغرىسىدىكى ئىزاھاتى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەدلىيىلىك ئىزاھاتى ۋە 17 تەستىق جاۋابى تارقىتىلدى. «شىنجاڭ تەپتىشلىكى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلى بىر يىلدا 4 سان چىقىرىلدى.

جاڭ يى

## ئىلغارلارنى تەقدىرلەش

2003 ـ يىل 10 ـ ئايدا، ش ئۇ ئا ر تەپتىش مەھكىمىسىدىكى دەي تۇڭ مۇنەۋۋەر ئەيىبلىگۈچىلەرنى باھالاش

پائالىيىتىدە، مەملىكەت بويىچە ئون نادىر ئەيىبلىگۈچىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. ئوسمان بارات قاتارلىق 4 نەپەر تەپتىش ئەمەلدارى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئەيىبلىگۈچى بولۇپ باھالاندى.

جاڭ يى

## جيا چۇنۋاڭ سەپەر ئۈستىدە ئۈرۈمچىدە توختىدى

2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 — 2 - كۈنلىرى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى جيا چۇنۋاڭ زىيارەتكە چىقىش سەپىرىدە ئۈرۈمچىدە توختاپ، ئۈرۈمچى رايونىدىكى بارلىق تەپتىش كادىر - ساقچىلىرىنى يوقلىدى ھەمدە شىنجاڭ تەپتىش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

جاڭ يى

## جاۋ دېخجۇ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى جاۋ دېخجۇ قاتارلىقلار شىنجاڭ تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قاماش مۇددىتى ئېشىپ كەتكەنلەرنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

جاڭ يى

# سوت

## ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى مەسئۇللىرىنىڭ ئىسىملىكى

مەھكىمە باشلىقى: مۇھەممەت رۇزى.

مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى: جاۋ شياڭۋا، چېن جياڭ (ئايال)، سۇن شۆچى (رۇس، 10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، لۇ چىغا، خەن دېچىڭ (موڭغۇل)، شاۋكەت ئىدرىس.

## سوت ئورگانلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدا سوت مەھكىمىسى 151 گە يەتتى (ھەربىي سوت مەھكىمىسى بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە بىر يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، 2 يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ شۆبىسى (ئىلى - قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبە سوت مەھكىمىسى ۋە بىڭتۇەن شۆبە سوت مەھكىمىسى)، 24 ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى (بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى 13، بىڭتۇەن ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى 10، تۆمۈر يول ترانسپورتى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى بىر)، 124 ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسى (بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسى 96، بىڭتۇەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسى 25، تۆمۈر يول ترانسپورتى ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسى 3) بار. خەلق كوللېگىيىسى 183 كە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك خەلق سوت كوللېگىيىسى 153، بىڭتۇەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق سوت كوللېگىيىسى 30).

ۋېي چۇنشيا

## جىنايى ئىشلار سوتى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوتتا قارىلىدىغان جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 16 مىڭ 6نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدىن 15 مىڭ 498 دېلونى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى %96.83 بولدى، ئاخىرلاشتۇرغان دېلولار ئىچىدە، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن 655 ئادەمگە چېتىشلىق جىنايەت دېلوسى 183؛ پارتىلىتىش، قورال - ياراق، ئوق - دورا ۋە پارتىلىتىش بۇيۇملىرىنى قانۇنسىز ياساش ۋە ئېلىپ - سېتىش، قاتناش ھادىسىسى پەيدا قىلىش قاتارلىق جامائەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن 1309 ئادەمگە چېتىشلىق جىنايەت دېلوسى 1178؛ توختام ئالدامچىلىقى، تالون - ھۆججەت ئالدامچىلىقى، يالغان پۇل سېتىش قاتارلىق سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان 337 ئادەمگە چېتىشلىق جىنايەت دېلوسى 212؛ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش، زەخىملەندۈرۈش قاتارلىق پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقىغا، دېموكراتىيە ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان 7009 ئادەمگە چېتىشلىق جىنايەت دېلوسى 5391؛ بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق قاتارلىق مال - مۈلۈككە دەخلى - تەرۇز قىلغان 11 مىڭ 779 ئادەمگە چېتىشلىق جىنايەت دېلوسى 7271؛ زەھەر سېتىش، زەھەر ياساش، ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىش قاتارلىق جەمئىيەت باشقۇرۇش تەرتىپىگە زىيان يەتكۈزگەن 1383 ئادەمگە چېتىشلىق جىنايەت دېلوسى 880؛ دۆلەت مۇداپىئەسىگە زىيان يەتكۈزگەن 29 ئادەمگە چېتىشلىق جىنايەت دېلوسى 13؛ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلغان 402 ئادەمگە چېتىشلىق جىنايەت دېلوسى 348؛ خىزمەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىشقا ئوخشاش مەسئۇلىيەتسىزلىك جىنايىتى ئۆتكۈزگەن 23 ئادەمگە چېتىشلىق جىنايەت دېلوسى 21؛ باشقا جىنايەت ئۆتكۈزگەن بىر ئادەمگە چېتىشلىق دېلو بىر.

ۋېي چۇنشيا

ئەمەلدىن قالدۇرۇلغىنى، ئۆزگەرتىلگىنى 128، دەۋاگەر ئەرزىنى قايتۇرۇۋالغىنى 120، ئەرز رەت قىلىنغىنى 39، باشقىلار 121. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى يەنە دۆلەت تۆلەم دېلوسىدىن 89نى قوبۇل قىلىپ، 78نى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى، ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 87.64% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆلەم بېرىش قارار قىلىنغىنى 20 دېلو، قارار قىلىنغان تۆلەم سوممىسى 2 مىليون 706 مىڭ يۈەن، تۆلەم بەرمەسلىك قارار قىلىنغىنى 28 دېلو، باشقا دېلو 30.

ۋېي چۆنشيا

## ھال ئېيتىش، ئەرز سۇنۇش ۋە سوت نازارەتچىلىكى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئاممىدىن كەلگەن 12 مىڭ 97 پارچە خەت (قېتىم) نى بىر تەرەپ قىلدى، ھال ئېيتىپ كەلگەن 68 مىڭ 736 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھال ئېيتىپ كەلگەنلەر 29 مىڭ 241، ئەرز قىلىپ، قايتا سوتلاشنى ئىلتىماس قىلىپ كەلگەنلەر 1779، ئىجرا ئىشى بىلەن كەلگەنلەر 12 مىڭ 935، قىلغان ئەرزى ئەرز دائىرىسىگە كىرمەيدىغانلار 3771، باشقىلار 21 مىڭ 10 ئادەم. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى سوت - نازارەتچىلىكىگە دائىر 5048 دېلونى قوبۇل قىلىپ، 4465 دېلونى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى، ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 88.45% بولدى.

ۋېي چۆنشيا

## ئىجرا قىلىش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ئىجرا قىلىش ئىلتىماس قىلىنغان دېلودىن 82 مىڭ 398نى قوبۇل قىلدى، ئىجرا قىلىش ئىلتىماس قىلىنغان نىشاندىكى سومما 10 مىليارد 481 مىليون يۈەن. 67 مىڭ 633 دېلو ئىجرا قىلىنىپ ئاخىرلاشتۇرۇلدى، ئىجرا قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 82.08% بولدى، ئىجرا قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان نىشاندىكى سومما 4 مىليارد 827 مىليون يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىجرا قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان ھەق - تەلەپ دېلوسى 60 مىڭ 398، جىنايى ئىشلار دېلوسى 2055، مەمۇرىي ئىشلار دېلوسى 548، باشقا دېلو 4632.

ۋېي چۆنشيا




2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭنىڭ ئايال سوتچىلىرى تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئايال سوتچىلارنىڭ قانۇن بىلىملىرىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى ھەمدە ئومۇمىي ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە 3 - بولدى.

جاڭ ۋېيكي فوتوسى

## ھەق - تەلەپ سوتى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوتتا قارىلىدىغان ھەق - تەلەپ دېلوسىدىن 140 مىڭ 463نى قوبۇل قىلىپ، 133 مىڭ 72نى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى، ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 94.74% بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھ، ئائىلە، مىراس ماجىراسىغا ئائىت 44 مىڭ 965 دېلونى قوبۇل قىلىپ، 43 مىڭ 822نى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى؛ توختام ماجىراسىغا ئائىت 67 مىڭ 920 دېلونى قوبۇل قىلىپ، 63 مىڭ 680نى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى؛ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىغا ئائىت 114 دېلونى قوبۇل قىلىپ، 101نى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى؛ ھوقۇق تەۋەلىكى، ھوقۇققا دەخلى قىلىش ماجىرالىرى ۋە باشقا ھەق-تەلەپ دېلوسىدىن 27 مىڭ 464نى قوبۇل قىلىپ، 25 مىڭ 469نى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى.

ۋېي چۆنشيا

## مەمۇرىي سوت

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوتتا قارىلىدىغان مەمۇرىي ئىشلار دېلوسىدىن 839نى قوبۇل قىلىپ (بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان دېلو 711)، 766نى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى، ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 91.3% بولدى. سوتلاپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلولار ئىچىدە، مەمۇرىي ئورگاننىڭ قارارى ساقلاپ قېلىنغىنى 358؛ مەمۇرىي ئورگاننىڭ قارارى

## باشقا دېلولار

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى جازا كېمەيتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش دېلوسىدىن 21 مىڭ 715نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جازا كېمەيتىش دېلوسى 18 مىڭ 75، شەرتلىك قويۇپ بېرىش دېلوسى 3640. ئالاھىدە تەرتىپ تەدبىقلىنىدىغان دېلودىن 4540نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېلان چىقىرىپ ھەيدەكچىلىك قىلىش تەرتىپى تەدبىقلىنىدىغان دېلودىن 328نى، تۆلەش بۇيرۇقى چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلىش دېلوسىدىن 3408نى، ۋەيران بولۇش دېلوسىدىن 301نى، ئەدلىيە ھەمكارلىقى، كېسىم كۈچىنى ئېتىراپ قىلىش قاتارلىق دېلولاردىن 450نى، ھەرىكەت ئىقتىدارىنى، سايلىغۇچىلار سالاھىيىتىنى، يوقاپ كەتكەنلىكىنى جاكارلاشنى، ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېلان قىلىش قاتارلىقلارنى بېكىتىش دېلوسىدىن 53نى قوبۇل قىلدى.

ۋېي چۈنشيا

## سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىدىكى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن ئىلغارلار

2003 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 10 ـ شى بېيتۈن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىدىكى ئۈلگىلىك سوت مەھكىمىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى مەملىكەت بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ تۈزەش كۆرەشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەتتىمىن ئىبراھىم، فۇكاڭ شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ يۈنلۇڭ، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 10 ـ شى بېيتۈن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ساۋ جۈڭخۇالار مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىدىكى ئۈلگىلىك سودىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوتى 1 ـ كوللېگىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەنۋەر ئىسمائىل مەملىكەت بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ تۈزەش كۆرەشىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۆسمۈرلەر دېلولىرى سوت كوللېگىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاياللارنىڭ مەدەنىي ئۈلگە كۆرسىتىش ئورنى بولۇپ باھالاندى؛ ئۈرۈمچى بېگى شەھەر رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى قاتارلىق 10 سوت مەھكىمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر سوت مەھكىمىسى بولۇپ باھالاندى ھەمدە كوللېكتىپ 2 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يېزىلدى؛ خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسىگە كوللېكتىپ 2 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يېزىلدى. قاراماي شەھىرى قاراماي رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى شۈ يىڭ (ئايال) ئاپتونوم رايون بويىچە ئاياللارنىڭ تۆھپە قوشۇش ئۈلگىسى بولۇپ باھالاندى؛ قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى مۇھەممەت ياقۇپقا شەخسىي 1 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يېزىلدى؛ ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋۇ ۋېيدۇڭ قاتارلىق 20 كىشى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر سودىيە دەپ باھالاندى ھەمدە ئۇلارغا شەخسىي 2 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يېزىلدى؛ خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى سوت نازارەتچىلىكى كوللېگىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇللا مەتتىمىن قاتارلىق 3 ئادەمگە شەخسىي 2 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يېزىلدى.

ۋېي چۈنشيا

## تىپىك دېلولاردىن مىساللار

ماجيۈنىڭ خەتەرلىك ماددا تاشلاش دېلوسى ماجيۈ، ئەر، خەنزۇ، 1971 ـ يىل11 ـ ئايدا تۇغۇلغان، ساۋەن ناھىيە شاڭخۇدى يېزا شيېشۈيچۈ كەنتىدە دېھقان. ئۇ ئائىلىسىدىكى ئىناقسىزلىقنىڭ سەۋەبىنى شۇ كەنتتىكى ۋاڭ ×× (ماجيۈنىڭ باجىسى) ئەر ـ خوتۇندىن كۆرگەن. ئۇ ئائىلىدىكى زىددىيەت شۇلارنىڭ قۇتراتقۇلۇقىدىن كېلىپ چىققان دەپ قاراپ، ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەلگەن. ئۇ 2002 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كەچتە ۋاڭ ×× نىڭ دادىسىنىڭ قورۇسىدىكى تاۋۇز بېسىلغان كىچىك تۆت چاقلىق تراكتورنى كۆرۈپ، ئىشپىرىس بىلەن ۋاڭ ××نىڭ تاۋۇزلىرىغا چاشقان دورىسى ئۇرۇۋەتكەن، 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ۋاڭ ×× تاۋۇزنى شياڭخۇدى يېزىسىنىڭ چەنچۈەنخۇ مەنزىرىلىك ساياھەت رايونىغا ئېلىپ بېرىپ ساتقان، نەتىجىدە 19 ئادەم يېگەندىن كېيىن زەھەرلەنگەن بۇنىڭ ئىچىدە زىيانلانغۇچى جېي ×× ئېغىر زەھەرلەنگەنلىكتىن دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىش يولىدا ئۆلگەن؛ 12 ئادەم زەھەرلىنىش تۈپەيلىدىن دوختۇرخانىدا يېتىپ بىر قانچە كۈن داۋالانغاندىن كېيىن دوختۇرخانىدىن چىققان. قانۇن دوختۇرى باھالاش ئارقىلىق: زىيانلانغۇچى جېي ×× ھايات ۋاقتىدا تەركىبىدە چاشقان دورىسى بولغان تاۋۇزنى يەپ جىددىي زەھەرلىنىپ ئۆلگەن دەپ بېكىتكەن. يەنە جاۋابكار ما جيۈنىڭ ئىشتىن ئاۋۋال ۋاڭ ××نىڭ تراكتوردىكى تاۋۇزنى

مەنزىرىلىك ساياھەت رايونىغا ئېلىپ بېرىپ ساتىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى قاراپ چىقىش ئارقىلىق جاۋابكار ما جىيۇ باشقىلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھاياتى ۋە سالامەتلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، قەستەن زەھەر سېلىپ، 19 ئادەمنىڭ زەھەرلىنىشى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈشىدەك ئېغىر ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، قىلمىشى ئالاھىدە قەبىھ بولۇپ، جىنايى ئىشلار قانۇنى 115-ماددىسىنىڭ 1 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، خەتەرلىك ماددا تاشلاش جىنايىتىنى شەكىللەندۈرگەن، دەپ قاراپ، قانۇن بويىچە ما جىيۇنىڭ خەتەرلىك ماددا تاشلاش جىنايىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشنى؛ ما جىيۇنىڭ قوشۇمچە ھەق - تەلەپ دەۋاسىدىكى دەۋاگەر خۇ × × (ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلى) غا 39 . 7159 يۈەن ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەيدىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلغان. ما جىيۇ ھۆكۈمگە قايىل بولماي نارازىلىق ئەرز بەرگەن. ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى قاراپ چىقىش ئارقىلىق: ئەسلى ھۆكۈمدىكى پاكىتلار ئېنىق، خاراكتېرىنىڭ بېكىتىلىشى جايىدا، قانۇننىڭ تەدبىقلىنىشى توغرا، جازا ئۆلچەش مۇۋاپىق، سوت تەرتىپى قانۇنلۇق دەپ قاراپ، قانۇن بويىچە ئەرز رەت قىلىنىپ، ئەسلى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنىدۇ، دەپ كېسىم قىلدى.

شىنجاڭ ئىلى ئالاھىدە ھارىقى ئوقەتچىلىك ھەسسىدارلىق شىركىتى بىلەن لى چياڭ ھېسابلاش ماشىنىسى تور رايون نامى ماجىراسى دېلوسى 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئەركىن كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى لى چياڭ ئىنتېرنېت تور نامى ۋە كود نامى بېرىش تەشكىلاتى ICANNغا «ئىلى • com » رايون نامىنى رويخەتكە ئالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغان. ھەمدە ICANN ھوقۇق بەرگەن خەلقئارا رايون نامىنى رويخەتكە ئېلىش سودىگىرى — بېيجىڭ «شىنخەي» پەن - تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى ئارقىلىق خەلقئارا يۇقىرى دەرىجىلىك رايون نامى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا ئەنگە ئالدۇرۇپ، خەلقئارا رايون نامىنى رويخەتكە ئالدۇرۇش گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشكەن. لى چياڭ «ئىلى. com»نى رويخەتكە ئالدۇرغاندىن كېيىن، بۇ نامنى قوللىنىدىغان تور پونكىتى قۇرمىغان. 2002 - يىل 5 - ئايدا ئۇ بۇ نامنى 88 مىڭ يۈەنلىك باھانى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ كىم ئارتۇق قىلىپ ساتماقچى بولغان ھەمدە ئالاقىدار گېزىتلەردە كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ھەققىدە ئاشكارا ئېلان بەرگەن. بۇنىڭغا قارىتا، شىنجاڭ ئىلى ئالاھىدە ھارىقى ئوقەتچىلىك ھەسسىدارلىق شىركىتى (تۆۋەندە ئىلى ئالاھىدە ھارىقى شىركىتى دەپ ئاتالدى) سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ، لى چياڭنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشىنى توختىتىش، «ئىلى . com» دېگەن رايون نامىنى رويخەتتىن ئۆچۈرۈش، ئىلى ئالاھىدە ھارىقى شىركىتىنى «ئىلى • com » دېگەن رايون نامىدىن بەھرىمەن قىلىش توغرىسىدا ھۆكۈم قىلىپ بېرىشنى، ھەمدە لى چياڭنىڭ كەچۈرۈم سوراپ، تەسىرنى تۈگىتىشنى تەلەپ قىلغان. بىرىنچى سوت قىلغۇچى سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە، 1979 - يىلى ئىلى ئالاھىدە ھارىقى شىركىتىنىڭ ئاساسى بولغان ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى 72 - تۈەن - مەيدانىنىڭ ھاراق زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «ئىلى» ماركىلىق داچۇ ھاراق بىلەن ئالاھىدە ھاراقتا ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن «داڭلىق ماركا» دېگەن نام بېرىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، 1979 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئىلى ئالاھىدە ھارىقى شىركىتى 20دىن ئارتۇق تۈردىكى تاۋارنى «ئىلى» ماركىسى بىلەن رويخەتكە ئالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغان. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئىلى ئالاھىدە ھارىقى شىركىتى ناھايىتى جىق مەبلەغ سېلىپ، مەملىكەتتىكى نۇرغۇن تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق كۆپلەپ تەشۋىق قىلىپ، «ئىلى» ماركىسىنى جاي - جايلارغا ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە تونۇتقان. 2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى دۆلەت سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش باش ئىدارىسىنىڭ تاۋار ماركا ئىدارىسى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، «ئىلى» ماركىسىنى جۇڭگودىكى مەشھۇر تاۋار ماركىسى دەپ ئېتىراپ قىلغان.

بىرىنچى سوت قىلغۇچى سوت مەھكىمىسى مۇنداق دەپ قارىدى: ئىلى ئالاھىدە ھارىقى شىركىتى بىلەن لى چياڭ ئىككىسىلا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىچىدە رويخەتكە ئالدۇرۇلغان كارخانا، ياكى جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى پۇقرا، ھەر ئىككى تەرەپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ زېمىنىدا تۇرىدۇ، شۇڭا بۇ دېلو چەتكە چېتىشلىق رايون نامى ماجىراسى دېلوسى ئەمەس. 1 - سوت قىلغۇچى سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇ دېلونى قوبۇل قىلىش ھەم باشقۇرۇش ھوقۇقى بار. لى چياڭنىڭ «ئىلى» تاۋار ماركىسىدىن ھېچقانداق ئالدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى يوق، «ئىلى. com» رايون نامىنى رويخەتكە ئالدۇرۇپ ئىشلىتىدىغان يوللۇق ئاساسى يوق، يەنە كېلىپ ئۇ بۇ نامنى رويخەتكە ئالدۇرغاندىن كېيىن، ماشىنىغا بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتمىگەن ھەم ماشىنىلارنى بىرلەشتۈرۈش ئادرېسى سۈپىتىدە ئىشلىتىش تەييارلىقىدىمۇ بولمىغان، بەلكى بۇ رايون نامىنى بىر يىل بېسىپ ياتقاندىن كېيىن، كىم ئارتۇق

قىلىپ سېتىش يولى بىلەن سېتىپ ناتوغرا مەنپەئەتكە ئېرىشمەكچى بولغان. لى چياڭنىڭ توردا ئىلى ئالاھىدە مارىقى شىركىتىنىڭ داڭلىق ئاۋار ماركىسى بىلەن ئوخشاش بولغان رايون نامىنى رويخەتكە ئالدۇرۇش قىلمىشى ئادىل رىقابەتلىشىش، سەمىمىي، ئىشەنچلىك بولۇش ئاساسىي پرىنسىپىغا خىلاپ، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى ئىلى ئالاھىدە مارىقى شىركىتىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەن، ناتوغرا رىقابەت شەكىللەندۈرگەن. سوت مەھكىمىسى بۇنىڭغا قارىتا مۇنداق ھۆكۈم چىقارغان: 1. لى چياڭ بۇ ھۆكۈم كۈچكە ئىگە بولغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە، رويخەتكە ئالدۇرغان «ئىلى. com» رايون نامىنى بىكار قىلسۇن. 2. ئىلى ئالاھىدە مارىقى شىركىتىنىڭ باشقا دەۋا - تەلەپلىرى رەت قىلىنسۇن. لى چياڭ ھۆكۈمگە قايىل بولماي نارازىلىق ئەرز بەرگەن، ئەمما ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى قاراپ چىقىش مەزگىلىدە، يەنە ئەرزنى قايتۇرۇۋالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 2 - سوت قىلغۇچى سوت مەھكىمىسى: نارازىلىق ئەرز بەرگۈچى لى چياڭنىڭ نارازىلىق ئەرزنى قايتۇرۇۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ، ئىككى تەرەپ ئەسلىدىكى سوت ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلسۇن دەپ كېسىم چىقارغان.

ۋېي جۇنشيا

## سۇ زىبلىن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى سۇ زىبلىن 2003 - يىل 8 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلغان شەرقىي ۋە غەربىي قىسىم رايونىدىكى سوت مەھكىمىسى سىستېمىسى كادىرلىرىنىڭ ساھە بويىچە ۋەزىپە بىلەن چېنىقىش خىزمىتىنى خۇلاسىلەش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە قەشقەرگە بېرىپ ئىككى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىدىكى ھەر مىللەت سوتچىلەرنى يوقلاپ، ئۇلاردىن ھال سورىدى.

11 - ئايدا سۇ زىبلىن شىنجاڭغا كېلىپ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتى ئۈستىدە پىكىر ئالدى ۋە ئۇلارنىڭ تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. ئارىلىقتا تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ئىككى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى، نۆۋەتتىكى ھالدا ئۆزىنىڭ ئالاقىلىشىش نۇقتىسى بولغان تۇرپان شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ۋېي جۇنشيا

# ئەدلىيە مەمۇرىيىتى

## ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ناھىيىدىن يۇقىرى ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرى (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 114، بۇنىڭ ئىچىدە ئەدلىيە نازارىتى 1، ش ئۇ ئا ر تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسى 1، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى 1، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئەدلىيە ئىدارىسى 14، ناھىيە (شەھەر، رايون)لىك ئەدلىيە ئىدارىسى 96، ئەدلىيە نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇن 1 (شىنجاڭ ئەدلىيە مەكتىپى)، شىنجاڭدا قانۇن مۇلازىمىتى خادىمىدىن 4852 سى بار.

ما شياڭكۈن

## قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە تۈزەش خىزمىتى

2003 - يىلى مەملىكەتلىك يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنىنىڭ شىنجاڭ شۆبە مەيدانى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. سودا- سانائەت، باج، سۇپەت نازارەتچىلىكى قاتارلىق تارماقلار ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچى رايونىدىكى يەككە سودا - سانائەتچى، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇننى ئىشلىتىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ، «ئاپتونوم رايوندىكى سودا - سانائەتچىلەر، يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇننى ئىشلىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر» (مۇزاكىرە نۇسخىسى) تۈزۈپ چىقىلدى. مەملىكەتلىك باج قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنىنىڭ شىنجاڭ شۆبە مەيدان يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

«ئاساسىي قانۇن»نى تەشۋىق قىلىش سالمىقى زورايتىلدى. «ئاساسىي قانۇنغا ئائىت بىلىملەر قوللانمىسى» تۈزۈلدى ۋە تەرجىمە قىلىندى. 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قانۇنچىلىق تېما قىلىنغان كىنو - تېلېۋىزىيە نومۇر (تىياتىر) لىرىنى «ئالتۇن شەمشەر مۇكاپاتى»غا كۆرسىتىش، يۇقىرىغا يوللاش خىزمىتى ئىشلىنىپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «يۇقىرا ۋە قانۇن»، «قانغا بويالغان مۇھەببەت» قاتارلىق 4 سەھنىسى، 3 مەخسۇس فىلىمى ۋە بىر كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى باھالىنىپ، ئەدلىيە مىنىستىرلىكىگە يوللاندى. قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلاردا



2003 - يىلى 9 - ئاي جۇڭگونىڭ تۇنجى پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى تەشۋىقات ئېيى. سۈرەتتە: 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەدلىيە نازارىتىدىكى ئورگان كادىرلىرى كوچىلارغا چىقىپ قانۇن بىلىملىرىدىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى پائالىيىتىنى يولغا قويىدى.
سۈرەتنى ئەدلىيە نازارىتى تەمىنلىگەن.

ساقلىنىۋاتقان قانۇن بويىچە ئىش بېجىرمەسلىك، قانۇننى بىلىپ تۇرۇپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرى كۆزدە تۇتۇلۇپ، «خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارنى يوشۇرۇن زىيارەت قىلىش خاتىرىسى» دىن 2000 پلاستىنكا ئىشلەپ تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇنچىلىق ئاخبارات - تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قانۇنچىلىق ئاخبارات خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر» مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى؛ «ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ساھەلەرنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇنلارنىڭ خىزمەت ئۆلچىمى» نىڭ پىكىر ئېلىش نۇسخىسى ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى ھەمدە سانجى ئوبلاستىنىڭ قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇنلارنى بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرى تەشۋىق قىلىنىدى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلدى؛ ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە 9 — 10 - ئايلاردا ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار ۋە ئالاقىدار ئورۇنلاردا «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش قانۇنى» بىلىملىرىدىن لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى؛ نازارەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرىي كادىرلارغا قانۇنچىلىق لېكسىيىسى سۆزلەندى. 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى 2003 - يىللىق كادىرلار قانۇن بىلىملىرى ۋە دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش بويىچە بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 300 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت كادىر ئىمتىھانغا قاتناشتى.

«شىنجاڭغا سىرتتىن كەلگەن ئىشلەمچىلەرنىڭ قانۇن بىلىملىرى ئوقۇشلۇقى»، «4 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن سوئال - جاۋاب»، «ئاساسىي قانۇن بىلىملىرى ئوقۇشلۇقى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە) قاتارلىق كىتابلار نەشر قىلىپ تارقىتىلدى؛ باج ئىدارىسى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كارتوگرافىيە ئىدارىسى، دېھقانچىلىق نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە ھۆججەت تارقىتىپ، ساھەلەرنىڭ قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى ئالغا سۈرۈلدى.

ما شياڭكۈن

## خەلق مۇرەسسە خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) خەلق مۇرەسسە ھەيئىتى 16 مىڭ 396، بۇنىڭ ئىچىدە كەنت ئاھالىلىرى مۇرەسسە ھەيئىتى 10 مىڭ 339، شەھەر ئاھالىلىرى مۇرەسسە ھەيئىتى 1544، زاۋۇت - كارخانا مۇرەسسە ھەيئىتى 2046، بىرلەشمە مۇرەسسە ھەيئىتى 299، سودا بازارلىرى مۇرەسسە ھەيئىتى 52، كۆچمە نوپۇسلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندىكى مۇرەسسە ھەيئىتى 74، باشقا مۇرەسسە ھەيئىتى 2042، مۇرەسسەچى 72 مىڭ 803. بۇنىڭدىن باشقا، 834 كارخانا مۇرەسسە باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلىپ، 3975 ئادەم سەپلىدى؛ 302 كارخانا 706 مەخسۇس مۇرەسسە كادىرى سەپلىدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى تۈرلۈك مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى خەلق ئىچىدىكى تۈرلۈك ماجىرادىن 79 مىڭ 299نى مۇرەسسە قىلدى. مۇرەسسە قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغىنى 72 مىڭ 974 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %92كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، نىكاھ ماجىراسى 23 مىڭ 489، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %92؛ ۋارىسلىق قىلىش ماجىراسى 3617، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %97، بېقىش (يۆلەش، نەپىقە بېرىش) ماجىراسى 2845، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %89، نىكاھ - ئائىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ماجىرا 6511، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %90؛ خولۇم - قوشنىلار ماجىراسى 12 مىڭ 754، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %93، ئۆي ئورنى ماجىراسى 4733، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %90؛ قەرز ماجىراسى 6164، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش

نىسبىتى 91%؛ ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ماجىراسى 7894، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 92%؛ تۆلەم ماجىراسى 3689، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 90%؛ باشقا ماجىرالار 7603، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 92%. بىرلەشمە مۇرەسسە ھەيئىتى 1614نى مۇرەسسە قىلدى، مۇۋەپپەقىيەتلىك نىسبىتى 94%كە يەتتى. مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق خەلق ئىچىدىكى 349 دېلودىكى 465 ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى؛ خەلق ئىچىدىكى ماجىرادا 1839 ئادەمگە چېتىشلىق 887 دېلونىڭ جىنايى ئىشلار دېلوسىغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى؛ 429 قېتىملىق ئاممىۋى سوقۇشۇش توسۇپ قېلىندى؛ 661 ماجىرادا 22 مىڭ 317 ئادەمنىڭ يۇقىرىغا كوللېكتىپ ئەرز قىلىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. خەلق ئىچىدىكى ماجىرالارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تۈزەش خىزمىتى جەريانىدا، ناھىيە، شەھەر، رايونلار 674 قېتىم رەتكە تۇرغۇزۇپ تۈزەشنى قانات يايدۇردى، 799 ماجىرانى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزىدى، جىنايەت يىپ ئۇچىدىن 207نى پاش قىلدى، 867 دېلونى ئالاقىدار تارماقلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. 2003 - يىلى 5638 مۇرەسسە ھەيئىتى تەرتىپكە سېلىندى، مۇرەسسە خادىمىدىن 51 مىڭ 275 ى تەربىيىلەندى. بىر يىلدا ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرى تەرىپىدىن 548 ئىلغار كوللېكتىپ، 810 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

ما شاڭكۈن

## ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى 826گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازارلاردىكى قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى 669، مەھەللەردىكى قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى 92، باشقا قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى 65؛ ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمەتچىسى 2312 بولۇپ، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 72%نى ئىگىلەيدۇ، 31 ئادەم ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشتى، 1338 ئادەم ھەرخىل كۇرستىكى ئۆگىنىشلەرگە قاتناشتى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى ئورۇنلىرى 3365 ئورۇنغا قانۇن مەسلىھەتچىسى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، قانۇن مەسلىھەتچىسى بولغان كەنت (ئاھالە) كومىتېتى 2085، تۈرلۈك كارخانا 670، باشقا تەشكىلات 610. بىر يىلدا 10 مىڭ 148 قېتىملىق دەۋاغا، 3821 قېتىملىق دەۋاغا ياتمايدىغان ئىشقا ۋاكالەتچىلىك قىلىندى، 13 مىڭ 403 ماجىرا مۇرەسسە قىلىندى، 5728 ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ياردەملىشىپ بېجىرىلدى، 21 مىڭ 291 ئىسپات بېجىرىلدى، 37 مىڭ 779 نۇسخا قانۇن ئىشلىرى ھۆججىتى ۋەكالىتەن يېزىپ بېرىلدى، 69 مىڭ 806 ئادەم (قېتىم) نىڭ قانۇن جەھەتتە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىلدى، قانۇن جەھەتتىن ياردەم بېرىش ئىشىدىن 3240ى بېجىرىلدى، ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمىتىگە 6713 ئادەم (قېتىم) قاتنىشىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ، پۇقرالارنى 75 مىليون 770 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالدى، 6 مىليون 252 مىڭ 800 يۈەن كەسپىي ھەق يىغىلدى، 2003 - يىلى ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى ئورنىدىن 2سى، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان خادىمدىن 16سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 2003 - يىلى 7 ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى، 79 ئىلغار كوللېكتىپ، 130 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

ماشاڭكۈن

## ئەدلىيە جەھەتتە باھالاپ بېكىتىش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشقا يۈزلەنگەن ئەدلىيە جەھەتتىن باھالاپ بېكىتىش ئاپپاراتى 12، ئەدلىيە جەھەتتىن باھالاپ بېكىتىش خادىمى 225.

2003 - يىلى يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن ئەدلىيە جەھەتتىن باھالاپ بېكىتىدىغان ئاپپارات ۋە ئەدلىيە جەھەتتىن باھالاپ بېكىتىش خادىملىرى ئېلان قىلىندى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشقا يۈزلەنگەن ئەدلىيە جەھەتتىن باھالاپ بېكىتىش ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»، «جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشقا يۈزلەنگەن ئەدلىيە جەھەتتىن باھالاپ بېكىتىش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئالاقىدار قائىدە - تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» تۆۋەنگە تارقىتىلدى. مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ئەدلىيە جەھەتتىن باھالاپ بېكىتىش خادىملىرىنىڭ كەسپىي كىنىشكىسى (2004 - يىل 1 - يانۋاردىن باشلاپ ئىشلىتىلىدىغان) نى ئىشلىتىشنىڭ تەييارلىق خىزمىتى تاماملاندى.

ماشاڭكۈن

## ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭدا (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) قۇرۇلغان ئەدلىيە ئورنى 950گە يېتىپ، يېزا - بازار تۈزۈلمىسى ئومۇمىي سانى (982) نىڭ 97%نى ئىگىلىدى، ئەدلىيە ياردەمچىسى 1624گە يەتتى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەدلىيە ئورۇنلىرى 34 مىڭ 542

مەيدان (قېتىم) قانۇننى تەشۋىق قىلدى، 61 مىليون 640 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيە ئالدى؛ خەلق ئىچىدىكى تۈرلۈك ماجىرادىن 21 مىڭ 345نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 16 مىڭ 215نى مۇرەسسە قىلدى، 4024نى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا قارار چىقاردى، 517 ماجىرانىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىغا قايىل بولماي ئەرز قىلدى؛ مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ 6052 ماجىرانى مۇرەسسە قىلىشىغا ھەمكارلاشتى؛ ئاممىنىڭ 903 قېتىم يۇقىرىغا ئەرز قىلىشىنى توسۇپ قالدى، 294 قېتىم ئاممىۋى سوقۇشۇشنىڭ ئالدىنى ئالدى، 2477 يېزا - بازار - مەھەللىنى قانۇن بويىچە تۈزىدى؛ 2243 قېتىم قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشتى، ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەتلەرگە 2231 ئەدلىيە تەكلىپى بەردى؛ بۇنىڭدىن 1647سى قوبۇل قىلىندى؛ ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەتلىرىنىڭ 1117 پارچە قېلىپلاشقان ھۆججەت تۈزۈشىگە ھەمكارلاشتى؛ مەخسۇس تۈزەش، قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىگە 3643 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى؛ 142 كوللېكتىپ، 202 شەخس تەقدىرلەندى.

ماشاڭكۈن

## قانۇن مۇلازىمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدا تۈرلۈك قانۇن ئىشلىرىدىن 120 مىڭى بېجىرىلدى، تۈرلۈك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن 210 مىڭدىن كۆپرەك بېجىرىلدى، چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردىكى ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى خىزمىتىنى ئىنقىلاپ تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى ئورۇنلىرى دېھقانلارغا، يېزىلارغا، يېزا ئىگىلىكىگە خىزمەت قىلىشقا پائال يېتەكلىنىپ، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتتىكى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ماشاڭكۈن

## ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە (بىڭتۇەنىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى 125كە، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى 401گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى 2، 2-دەرىجىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى 13، 3 - دەرىجىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى 42، 4 - دەرىجىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى 120، ياردەمچى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى 224. بىر يىلدا تۈرلۈك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن 210 مىڭ 627سى بېجىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەق - تەلەپ تۈرىدىكى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى 44 مىڭ 384، ئىقتىساد تۈرىدىكى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى 125 مىڭ 944، چەت ئەللەرگە ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى 40 مىڭ 299. بىر يىلدا ھال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىدىن 46 مىڭ 672 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، 1054 پارچە خەت بىر تەرەپ قىلىندى، باشقا جايلاردىكى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورۇنلىرى ھاۋالە قىلغان ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن 49ى بېجىرىلدى؛ ئالاقىدار ئورۇنلارغا 105 ئەدلىيە (قانۇن) تەكلىپى بېرىلدى، بۇنىڭدىن 59ى قوبۇل قىلىندى. بىر يىلدا ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېجىرىش ئارقىلىق قانۇنسىز ئىقتىسادىي ھەرىكەتتىن 305ى پاش قىلىندى ۋە توسۇپ قېلىندى، بۇنىڭغا چېتىلىدىغان سومما 12 مىليارد 287 مىليون يۈەن. 2003-يىلى ئىمتىھان ئارقىلىق 77 ئادەم كەسپىي ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىملىقىغا تەستىقلاندى. 2003 - يىللىق ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورۇنلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىملىرىنى رويخەتكە ئېلىش خىزمىتى قاتتىق تەلەپ بىلەن ئىشلەندى. 2003-يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىملىرى جەمئىيىتى تەيۋەن بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىلەر فوندى جەمئىيىتىگە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خېتىنىڭ 118 پارچە قوشۇمچە نۇسخىسىنى ئەۋەتتى. فوندى جەمئىيىتى ئەۋەتكەن ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خېتىنىڭ 90 پارچە قوشۇمچە نۇسخىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

فېڭ جيەنجياڭ

## ئادۋوكاتلىق خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى (بىڭتۇەنىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئادۋوكاتلىق ئورنى 241، بۇنىڭ ئىچىدە شېرىكلەشكەن ئادۋوكاتلىق ئورنى 140، ھەمكارلاشقان ئادۋوكاتلىق ئورنى 6، دۆلەت مەبلەغ سالغان ئادۋوكاتلىق ئورنى 95. ئادۋوكات 2006گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئادۋوكات 1899، قوشۇمچە ئادۋوكات 107.

2003 - يىلى يېڭىدىن تەستىقلانغان كەسپىي ئادۋوكات 219، يېڭىدىن تەستىقلانغان ئادۋوكاتلىق ئورنى 2، دۆلەت مەبلەغ سالغان 14 ئادۋوكاتلىق ئورنى شېرىكلەشكەن ئادۋوكاتلىق ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى، دۆلەتنىڭ غەربىي رايونلارنى يۈلەش سىياسىتىگە بىنائەن ئالاھىدە بېجىرىلگەن كەسپىي ئادۋوكات 56، شەرتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقى ئېنىقلاپ چىقىلغان قوشۇمچە ئادۋوكات 33. رويخەتكە ئېلىنمىغان ئادۋوكات 32. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئادۋوكاتلار 2628 ئورۇنغا قانۇن مەسلىھەتچىسى بولدى، 6586 جىنايى ئىشلار دەۋا دېلوسىغا ۋاكالەتچى بولدى، 28 مىڭ 694 ھەق - تەلەپ دەۋاسىغا، 12 مىڭ 162 ئىقتىسادىي دەۋا دېلوسىغا، 710 مەمۇرىي دەۋا دېلوسىغا، دەۋاغا ياتمايدىغان 10 مىڭ 156 قانۇن ئىشىغا، چەت ئەللەرگە

ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق 34 دېلوغا ۋاكالەتچى بولدى. 1817 دېلولۇق قانۇن ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى. 2003 - يىلى ئەدلىيە مەمۇرىي سىستېمىسى ئىچكى قىسمىدا 39 ئادەمنى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى جامائەت ئادۋوكاتلىقىغا تەستىقلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئادىمى 20دىن ئاشىدىغان ئادۋوكاتلىق ئورنى 20گە، كەسپىي ئىش تەقسىماتى ۋە كەسپىي تەرەققىيات يۆنىلىشى ئېنىق بولغان ئادۋوكاتلىق ئورنى 20گە يەتتى؛ نورمۇن ئادۋوكاتلىق ئورنى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئادۋوكاتلىق ئورۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. 2003 - يىلى ئادۋوكاتلارنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىدىن 20 نەچچىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 3 ئادۋوكاتقا كەسپىتىن توختىتىش چارىسى كۆرۈلدى، 2 ئادۋوكاتنىڭ كەسپىي كىنىشكىسى بىكار قىلىندى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 17 ئادۋوكات ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلاندى. 8 - ئايدا ئەدلىيە نازارىتى بىۋاسىتە باشقۇرۇۋاتقان 28 ئادۋوكاتلار ئورنى پۈتۈن تۈزۈلمىسى بىلەن شىركەت ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

ما شاڭكۇن

## تۈرمە خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدا تۈرمە ئىچىدە پىلانلىنىۋاتقان سۇيىقەست دېلوسىدىن 21ى پاش قىلىندى، جىنايەتچىلەرنى ئىقرار قىلىشقا قوزغاش ئارقىلىق 71 جىنايەت يىپ ئۇچى پاش قىلىندى، ج خ ئورگانلىرىغا ھەمكارلىشىپ چوڭ، پەۋقۇلئاددە چوڭ دېلودىن 13ى پاش قىلىندى، جىنايەتچىلەرنىڭ قېچىش نىسبىتى ‰0.14كە تۆۋەنلىدى؛ 23 تۈرمە - قاماقخانا ئىچىدە 15 تۈرمە - قاماقخانا «ئۆچتىن خالىي» (قېچىشتىن خالىي، بىنورمال ئۆلۈشتىن خالىي، چوڭ دېلولاردىن خالىي) بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىش ھۇجۇم ئوبيېكتى 395 بولۇپ، ئۆزگىرىش نىسبىتى %58.9 بولدى، 52 جىنايەتچى زور خىزمەت كۆرسەتتى، 6589 جىنايەتچى جازا كېمەيتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 52 جىنايەتچى شەرتلىك قويۇپ بېرىلدى. تۈرمىلەرنىڭ ئىقتىسادى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى، يىللىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 590 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %15.7 ئاشتى.

ما شاڭكۇن

## ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش سىستېمىسى «ئۈچتىن خالىي» (قېچىشتىن، بىنورمال ئۆلۈشتىن، چوڭ دېلودىن، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ھادىسىسىدىن خالىي) بولۇش بويىچە باشقۇرۇش نىشانىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارنى تەربىيىلەپ تۈزەش نىسبىتى %90كە، «فالۇن گوڭ»چىلىرى بىدئەت تەشكىلاتىدىكى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارنى تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىش نىسبىتى %87كە يەتتى. 2003 - يىلى 49 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شىخۇ، ئاقسۇ، قۇمۇل، تۇرپان ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىنىڭ ئەسلىھەلىرى يېڭىدىن قۇرۇلدى ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇلدى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 54 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 126 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ما شاڭكۇن

## قانۇن ياردىمى

2003 - يىلى شىنجاڭدا ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر، رايون) دىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك قانۇن ياردىمى ئاپپاراتىدىن 77سى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ھەممىسىدە قانۇن ياردىمى ئاپپاراتى قۇرۇلدى، 96 ناھىيە، شەھەر، رايوندا 61 قانۇن ياردىمى ئاپپاراتى قۇرۇلدى. بىر يىلدا 8000دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) گە قانۇن ياردىمى بويىچە مەسلىھەت بېرىلدى، قانۇن ياردىمى بويىچە 2971 دېلو بېجىرىلدى، بۇنىڭدىن 3342 ئادەم مەنپەئەتكە ئېرىشتى.

ما شاڭكۇن

## دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانى

2003 - يىلى دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانىغا شىنجاڭدىن شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان 4750 ئادەم تىزىملاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي يېزىقتا ئىمتىھان بېرىدىغانلار 1298، ئەر 2863، ئايال 1887؛ سوت ئورگانلىرىدىن 1207، تەپتىش ئورگانلىرىدىن 526، ج خ ئورگانلىرىدىن 141، ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرىدىن 208، باشقا دۆلەت ئورگانلىرىدىن 466، ئادۋوكاتلىق كەسپىدىن 109، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى كەسپىدىن 22، باشقا قانۇن مۇلازىمىتى كەسپىدىن 380، باشقا ساھەلەردىن 1691. ئەمەلىيەتتە ئىمتىھانغا قاتناشقانلار 4188. 137 ئادەمنىڭ نەتىجىسى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى بېكىتكەن نومۇر چېكى (240) دىن ئاشتى.

ما شاڭكۇن

# ئاممىۋى تەشكىلاتلار

## ئاپتونوم رايوندىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار مەسئۇللىرىنىڭ ئىسمىلىكى

ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

رەئىس: مەمەتجان ئەمەت.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: لى جىمىڭ (ئايال) ، ئۆمەر بەكرى (7 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى) ، جەي چاڭلى (1 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى) ، ياڭ شېڭپىڭ (1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) ، ۋاڭ لىپىڭ، خۇاڭ ياجۈن، جىلان ئابدۇللا (7ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) ، قۇرمانباي قېدىرموللا (قازاق، 7 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) ، ۋاڭ چۈنخۇي (قوشۇمچە) ، شۇ گوخۇا (قوشۇمچە) ، جاڭ لىرۇڭ (قوشۇمچە) .

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

شۇجى: ئەركىنجان تۇراخۇن.

مۇئاۋىن شۇجىلار: جاڭ ۋېنچۈەن، تالغات ئۇسۇن (قازاق، 4 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى) ، جاڭ خۇاجۇڭ، ئىلھام ئوسمان (4 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) ، سۇي شيا (4 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) ، تۇرسۇنجان ئېلى (4 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) ، كاڭ جىمىڭ (4 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) ، قارقىن قابدۇكېرىم (قازاق، 4 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) .

ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى

رەئىس: رىزۋان ئەبەي.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: جىڭ خەييەن (6 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى) ، تيەن ۋېن (6 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) ، ساتىپقان ساقتاي (قازاق) ، تۇ فېڭيىڭ، گۈلشات ئابدۇقادىر.

شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى

رەئىس: ۋاڭ خۇەييۇ.

مەخسۇس ۋەزىپىلىك مۇئاۋىن رەئىسلەر: جاۋ باۋجۈن، جۈرئەت قادىر، جاقىيا ئىسكەندەر (قازاق) ، ۋېي شېڭگۇي.

قوشۇمچە ۋەزىپىلىك مۇئاۋىن رەئىسلەر: ساتتار ساۋۇت، جۇ جۈنلىن، گۇ جيايۇ، ۋاڭ يىلىن، تاشپولات تېيىپ، خالمۇرات غوپۇر، لى شۇشەن، چېن تۇڭ.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى

رەئىس: ۋۇ دۇنفۇ

مۇئاۋىن رەئىسلەر: ياڭ نەيچۇ، نۇربېك (قازاق، 3 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى) ، گې جىشىن، بەختىيار

قوشۇمچە ۋەزىپىلىك مۇئاۋىن رەئىسلەر: توختى روزى ، ۋۇ فۇخۇەن، جاقىپ مىرزاقان (قازاق) ، پەن رېنيۈەن.

شىنجاڭ سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى)

بىرلەشمە باشلىقى: ئابدۇرېھىم ھاجى ئىسمىن

مۇئاۋىن بىرلەشمە باشلىقلىرى: ما چاڭفا (خۇيزۇ) ، چېن جيەنخۇا، ئەركىن مۇسا، جاڭ پىڭچۈەن، بى نەيلىڭ (ئايال) ، ۋۇ تۇڭجياڭ، ئەسقەربېك دۆمىش (قازاق) ، سۈن گۇاڭشىن، تاڭ ۋەنلى، فېڭ دۇڭمىڭ، ياڭ مىندې (ئايال) ، مى گېنخۇا (خۇيزۇ) ، يۈ جىرۇڭ، مايۇڭچۈەن، ئەكرەم ئەيسايوف، لى جيەنخۇڭ، جاۋ شياۋلىن.

شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

رەئىس: ھېيتەم ھۇسەيىن

مۇئاۋىن رەئىسلەر: ليۇ بىڭ، شامىس قۇمار (قازاق) ، لو يىڭفۇ، جۇ تاۋ، پاتىخە مالىك (قازاق) ، مەمتىمىن ھوشۇر، تۇيغۇن ئەخمىدى، ئادىل جۇمەتۇردى (قىرغىز) ، جاۋ يەنلياڭ، دەنبى (موڭغۇل) .

شىنجاڭ مېيىپلار بىرلەشمىسى

كېڭەش باشلىقى: ليۇ لىنتاڭ

## پەن فاكۇلتېتى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

2003 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى فەن فاڭپىڭ باشچىلىقىدىكى 5 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. فەن فاڭپىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كۈنەس تۈرمىسى، ئىلى ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى تەربىيىلەش ئورنى ۋە غۇلجا ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورۇنلىرىغا بېرىپ، تۈرمە سىستېمىسى بىلەن قوراللىق ساقچى قاراۋۇللۇق قىسمىنىڭ «ئۈچنى بىرلىكتە قىلىش» (بىرلىكتە قوزغىلىش، بىرلىكتە باشقۇرۇش، بىرلىكتە بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش) پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ما شاڭكۈن

مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقلىرى: چېڭ جۇزى، خۇ جىبىن (خۇيزۇ)، پەرھات.

شىنجاڭ ياشلار بىرلەشمىسى

رەئىس: ئەنۋەر ئابدۇشۈكۈر

شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى

رەئىس: قۇربانجان ئالىم

شىنجاڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى

رەئىس: ليالڭ رىمىڭ

شىنجاڭ تەيۋەنلىك قېرىنداشلار دوستلۇق ئۇيۇشمىسى

ئۇيۇشما باشلىقى: جاڭ گوچۈەن

خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى

ئۇيۇشما باشلىقى: شى جىڭيۈ.

# ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى 23 مىڭ 489 غا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزاسى 2 مىليون 205 مىڭ 500 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلار تەشكىللىگەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 8769، ئۇلار يېڭىدىن قوبۇل قىلغان ئەزا 233 مىڭ 600. ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئورنىتىلغان ئورۇن 8194، زاۋۇت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى ئورنىتىلغان ئورۇن 8542، باراۋەرلىك ئاساسىدا كېڭىشىپ كوللېكتىپ توختام تۈزگەن ئورۇن 7905، مائاشنى كوللېكتىپ كېڭىشىپ بېكىتىش تۈزۈمى ئورنىتىلغان ئورۇن 5503، كارخانىچە باشقۇرۇلىدىغان كەسپىي ئورۇن 253، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مۇدىرىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلغان شىركەت تۈزۈمىدىكى كارخانا 647، مۇدىرىيەتكە كىرگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىلى 499. ئىشچى - خىزمەتچىلەر نازارەتچىلىك ھەيئىتى تۈزۈمى ئورنىتىلغان شىركەت تۈزۈمىدىكى كارخانا 706، نازارەتچىلىك ھەيئىتىگە كىرگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىلى 664. ئاپتونوم رايون بويىچە 1500 كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارا ئىقتىساد - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر تۈرلۈك مۇسابىقە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ 26 مىڭ 319 مۇۋاپىق تەكلىپ بەردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىش ئورنىدىن ئايرىلغان، ئىشسىز قالغان 18 مىڭ 617 كىشى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كەسپىي بويىچە تەربىيىلەندى، ئۇلاردىن 13 مىڭ 213 ى ئىشقا تونۇشتۇرۇلدى، ئىش ئورنىدىن قالغان 13 مىڭ 888 ئىشچى- خىزمەتچىنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىلدى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرى ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ ئىشسىز قالغان 2146 كىشى بىلەن جۈپ بولدى.

سۇ فېڭ

## ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 9 - قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 — 20 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، تاتار، شىبە، مانجۇ، رۇس قاتارلىق 12 مىللەتتىن بولغان 501 ۋەكىل قاتناشتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەشنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىنغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خۇ جيايەن ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى؛ مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجىچۈسىنىڭ شۇجىسى جۇ يۇچىڭ يىغىندا سۆز قىلدى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتىن دوكلات بەردى. يىغىندا يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومىتېتى ۋە خىراجەت تەكشۈرۈش كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى.

سۇ فېڭ

## «مەملىكەتلىك ‹1 - ماي› ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشكەن ئورۇنلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 9 ئورۇن (سېخ، ئىسمېنا-گۇرۇپپا) «مەملىكەتلىك ‹1 - ماي› ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى قۇمۇل شۆبە ئىدارىسى

بۇ شۆبە ئىدارە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان غەربنى كەڭ ئېچىشتەك تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۈرۈمچى تۆمۈريول

ئىدارىسى كىشىلەرنىڭ جاپالىق ئىگىلىك تىكلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، «سىياسىي جەھەتتە مۇقىم، تۇرمۇشتا خاتىرجەم، ئىشلەپچىقىرىشتا بىخەتەر» مۇھىت بەرپا قىلىپ، ترانسپورتنىڭ بىخەتەر، راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئىدارىنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ ئاساسى قىلىپ، كارخانا ئىچكى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، 2 - قېتىملىق ئىگىلىك تىكلەشكە ئاتلىنىپ، شىنجاڭغا توشۇلىدىغان ۋە شىنجاڭدىن توشۇلىدىغان ئەشيالارنىڭ نورمال توشۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. «مۈلۈك ھوقۇقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ھوقۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش، ئىلمىي باشقۇرۇش» تىن ئىبارەت زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بەرپا قىلىشنى ئۇزۇن مەزگىللىك نىشان قىلىپ، تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى بېكىتىپ، تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، تىجارەت ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، 1999 - يىلى بىر كۈچەپلا ئۇدا بىرنەچچە يىللىق زىيان تارتىش قالپىقىنى چۆرۈۋەتتى. 2002 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى چۈشۈرگەن مۈلۈك باشقۇرۇش نىشانىنى ئومۇمىيۈزلۈك نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. ترانسپورت بىلەن شۇغۇللانمايدىغان كارخانىلارنىڭ تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە بازارغا كىرىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شۆبە ئىدارىنىڭ نوقۇل ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىن ئىقتىسادىي ئۈنۈم تىپىغا ئۆتۈشىنى تېزلەتتى. ترانسپورت كۆرسەتكۈچلىرى يىلمۇ يىل ئاشتى، 2002 - يىلى 6 مىليون 49 مىڭ توننا يۈك ماڭدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پائال تۆھپە قوشتى. شۆبە ئىدارە يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن بىرگە تۆمۈر يول بويىدا «مىڭ چاقىرىملىق يېشىل كارىدور» بەرپا قىلىش، فۇشنىڭ يولىنى ئۆزگەرتىش-كېڭەيتىش، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى قاتارلىق شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەرلىشىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى، شەھەر قىياپىتىنى ياخشىلىدى. بۇ شۆبە ئىدارە 2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ «شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش تەقدىرنامىسى» گە، 2002 - يىلى «مەملىكەتلىك ‹ئەنكاڭ لوڭقىسى، مۇسابىقىسىدە مۇنەۋۋەر غالىب كارخانا» دېگەن نامغا ئېرىشكەنىدى، 2003 - يىلى «مەملىكەتلىك ‹1 - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشتى.

شىنجاڭ بېيشىن يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى چەكلىك پاي شىركىتى    بۇ شىركەت 1995 - يىلى قۇرۇلغان، 2002 - يىلى ئومۇمىي مۈلكى 260 مىليون يۈەنگە، ساپ مۈلكى 102 مىليون يۈەنگە يەتتى، چوڭ - چوڭ تاشيول قۇرۇلۇشىغا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدە ئىلغار 441 دانە (يۈرۈش) ئۈسكۈنىسى بار، غەربىي شىمال رايونى بويىچە يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى كارخانىلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ، مەملىكەت بويىچە تاشيول قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ھۆددە ئېلىشتا 1 - دەرىجىلىك سالاھىيەتكە ئىگە چوڭ تاشيول قۇرۇلۇشى كارخانىسى ھېسابلىنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ شىركەت غەربنى كەڭ ئېچىشتەك تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، «مەۋقەنى شىنجاڭغا قارىتىش، غەربىي شىمالغا كېڭەيتىش، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يۈرۈش قىلىش، پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلىنىش» تىن ئىبارەت تىجارەت ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ، ئۈرۈمچى - تۇرپان - داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولى، ئۈرۈمچى - كۈيتۇن تېز سۈرئەتلىك تاشيولى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنى غەربكە ئۇزارتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرىغا قاتناشتى. 2002 - يىلى ۋەزىپىدىكى قۇرۇلۇش سوممىسى 740 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 369 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاساسىي تىجارەت كەسپىدە 34 مىليون 500 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى. شىركەت شىركەتنى ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىش بىلەن بىرگە، جان دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشتىن ئىبارەت تۈپ يېتەكچى ئىدىيىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردى، ئىچكى ھەرىكەت مېخانىزمى جەھەتتىكى ئىسلاھاتنى پائال يولغا قويۇپ، مۇۋاپىق ئادەم ئىشلىتىش، مۇۋاپىق ئىش تەقسىم قىلىش، مۇۋاپىق مائاش بېرىش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، خادىملارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ۋە ئەمگەك قىزغىنلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغىدى، نەتىجىدە بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە نەمۇنە شەخسلەر مەيدانغا كېلىپ، شىركەتنىڭ تۈرلۈك نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. شىركەت سۈپەت باشقۇرۇشنى ئىنچىكە ئەڭ مۇھىم ئىش قاتارىدا تۇتۇپ، «ئۆرنەك ئىش ئورنى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كارخانىنىڭ تىجارەت باشقۇرۇش جەھەتتىكى مۇھىم خىزمەت دائىرىسىگە كىرگۈزدى. 1999 - يىلى بۇ شىركەت شىنجاڭدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرى ئارىسىدا ئالدى بىلەن ISO9002 سۈپەت سىستېمىسى گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى. 2003 - يىلى «مەملىكەتلىك ‹1 - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشتى.

جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى

بۇ شۆبە بانكا قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ شۇنداقلا باش بانكا پارتكومىنىڭ ۋە خەلق بانكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە جان دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە

دۆلەتنىڭ ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردى، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، مەبلەغنى زور كۈچ بىلەن توپلىدى ۋە يۈرۈشلەشتۈردى، مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى مەبلىغى ئومۇمىي سوممىسى 60 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 37 مىليارد 500 مىليون يۈەن؛ خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلىنىڭ ئاكتىپ - پاسسىپ ئومۇمىي سوممىسى 61 مىليارد يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 56 مىليارد يۈەن. شۆبە بانكا ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا، يېقىنقى 3 يىلدىن بۇيان 55 مىليارد 600 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى پائال قوللىدى. يېقىنقى 3 يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايوننىڭ 300 گە يېقىن ئاساسىي قۇرۇلۇش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى تۈرلىرىگە جەمئىي 6 مىليارد 100 مىليون يۈەن قەرز بەردى. ئاپتونوم رايوننىڭ تاشيول، تۆمۈريول، ئاۋىئاتسىيە، تېلېگراف، ئېنېرگىيە شۇنداقلا ئاممىۋى مۇئەسسەسە قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى؛ ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقان ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى پائال قوللاپ، تېرىقچىلىق، سېتىۋېلىش، پىششىقلاش ۋە پاختا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلارغا 1 مىليارد 200 مىليون يۈەن قەرز بېرىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش ئىشىنى قوللاشتا مۇھىم رول ئوينىدى؛ ئالقات، زاراڭزا، شوخلا مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدىغان قىزىل كەسىپنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، شىنجاڭدىكى قىزىل كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. پائال تۈردە كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتتى، ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈم ئۆزگەرتىشى داۋامىدا، ئۇلارغا تۈرلۈك ئېتىبار سىياسەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقاردى ۋە بۇ سىياسەتلەرنى جانلىق ئىشلەتتى، بۇ ئارقىلىق دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ يۈكىنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېنىكلىتىپ، ئۇلارنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ۋە تەرەققىياتقا ئىگە قىلدى. شۆبە بانكىنىڭ تىجارەت ئۈنۈمى مۇقىم ئۆرلىدى، تۈرلۈك ئامانەت پۇل مۇقىم كۆپەيدى، مۈلۈك سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، كىرىدىت قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتى، خەلقئارا كەسىپ، ۋاستىچىلىك كەسپى ۋە يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەر مۇقىم راۋاجلاندى، نەتىجىدە شۆبە بانكىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەھەتتىكى مۇلازىمەت ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. بۇ شۆبە بانكا 2003 - يىلى «مەملىكەتلىك 1 - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشتى.

### شىنجاڭ نېفىت قۇرۇلۇشى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى

بۇ شىركەت 1956 - يىلى قۇرۇلغان، ھازىر 2103 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار. بۇ شىركەت يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئېچىلغان تۇنجى چوڭ نېفىتلىك — قاراماي نېفىتلىكىنىڭ يەر يۈزى قۇرۇلۇشىنى ئىشلەشكە قاتناشقان ھەم تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان 10 نەچچە نېفىتلىكنىڭ يەر يۈزى قۇرۇلۇشىنى ھۆددە ئېلىپ ئىشلىدى. بولۇپمۇ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى، يېزا ئىگىلىكى، بازار بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىشتىن ئىبارەت 4 ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىجىل، تېز تەرەققىيات مەزگىلىگە كىردى. ئۈرۈمچى - تۇرپان - داخۇاڭخېن ئالىي تاشيولى، ئۈرۈمچى - كۈيتۇن تېز سۈرئەتلىك تاشيولى، دۆلەت يولى «217»، «218»، «312» لىنىيىلىرى قاتارلىق نۇقتىلىق تاشيول قۇرۇلۇشلىرىنى، قاراماي غەربىي شەھەر ئەتراپى سۇ ئامبىرى، سەنپىڭ سۇ ئامبىرى، تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى قۇتقۇزۇش قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى ئىشلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان غەربنى كەڭ ئېچىشتىكى سىمۋوللۇق قۇرۇلۇش — غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ سەنشى - شەنشى بۆلىكىگە تۇرۇبا ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى بىلەن قازاقىستاندىكى زانانۇر نېفىتلىكىدە نېفىت - گاز بىرتەرەپ قىلىش پونكىتى قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى. ھازىر كارخانىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى كۆرۈنەرلىك كۈچىيىپ، دۆلەت ئىچىدىكى داڭلىق قۇرۇلۇش كارخانىلىرىدىن بولۇپ قالدى. شىركەت يىلىغا 500 مىڭ توننىدىن ئارتۇق خام نېفىتنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە پونكىتتىن 10 نى، 1 مىليون 50 مىڭ توننىدىن ئارتۇق خام نېفىت بىرتەرەپ قىلىش پونكىتىدىن 3 نى، دۆلەت بويىچە 2 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تاشيولدىن 1000 نەچچە كىلومېتىر ياسىدى؛ 10 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق NE200 دەرىجىلىكتىن يۇقىرى نېفىت تۇرۇبىسىنى پاياتلاپ ئۆلىدى؛ 500 نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 110 كىلوۋولتتىن يۇقىرى ئۆزگىرىشچان توك سىمى تارتتى؛ چوڭ - كىچىك 15 سۇ ئامبىرىنى ياساپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. 2003 - يىلى «مەملىكەتلىك

1 - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى بۇ دوختۇرخانا 1934 - يىلى قۇرۇلغان، ئۇ داۋالاش، ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات، ئالدىنى ئېلىش، ساقلىق ساقلاش بىر گەۋدە قىلىنغان 3 - «ئا» دەرىجىلىك دوختۇرخانا بولۇپ، سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ خەلقئارا جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزى بىلەن ئاسىيا جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزى نۇقتا قىلىپ بەلگىلىگەن دوختۇرخانا. بۇ دوختۇرخانىنىڭ تېخنىكا كۈچى زور، 1300 دىن ئارتۇق كارىۋىتى بار. ئامبولاتورىيەدە كېسەل كۆرسەتكەنلەر يىلىغا 60 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن، كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالانغانلار 26 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشىدۇ، يىلىغا ئاز كەم 20 مىڭ ئوپېراتسىيە ئىشلىنىدۇ. دوختۇرخانا دۆلەتنىڭ پەن تەتقىقات تۈرى، 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك پەن تەتقىقات تۈرىدىن يۈزگە يېقىن تۈرنى ئۈستىگە ئالغان، كۆپ قېتىم خەلقئارا، مەملىكەت، سەھىيە مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن شىخەنزە تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كلىنىكىلىق داۋالاش جەھەتتىكى ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، نۇقتىلىق پەنلەر ۋە ئەۋزەل كەسىپلەر جەھەتتە ماگىستىر يېتەكچىلىرى خىزمەت پونكىتى بار. بۇ دوختۇرخانا شىنجاڭدىكى مۇھىم داۋالاش ئاپپاراتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىدىكى ئەۋزەللىكلەرنى تىرىشىپ جارى قىلدۇرۇپ، «ئۈچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھەر يىلى جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭلارغا سەييارە داۋالاش ئەترىتى ئەۋەتىپ، نۇقتىلىق بەلگىلەپ نامراتلارنى يۆلىدى. نامرات رايونلار بىلەن ئاپەت رايونلىرىغا پائال تۈردە پۇل ئىئانە قىلدى، 2002 - يىلىلا ئىئانە قىلغان پۇل 1 مىليون 572 مىڭ 296 يۈەنگە يەتتى. شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيەلەردىكى 31 دوختۇرخانا بىلەن تېخنىكىلىق تەربىيىلەش ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى، ئاساسىي قاتلام داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ قاتتىق دېتال مۇئەسسەسەلىرىنى مۇستەھكەملىشىگە ياردەم بەردى، 2002 - يىلىلا 4 مىليون 150 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى چوڭ داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىئانە قىلدى. ئاپتونوم رايوندا يۈز بەرگەن كۆپ قېتىملىق تۇيۇقسىز ھادىسىلەردە جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، كېسەل - يارىدارلارنى قۇتقۇزدى، ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، كۆپ قېتىم ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. دوختۇرخانا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى «نامراتلارنى يۆلەش كېسەلخانىسى» قۇردى. شىنجاڭنىڭ داۋالاش - سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. 2003 - يىلى «مەملىكەتلىك 1 - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشتى.

ش ئۇ ئا ر تاشيول ئىدارىسى خوتەن تاشيول باش ئۇچاستىكىسىنىڭ ئەندىر داۋىنى بۇ داۋان خوتەن ۋىلايىتىدىكى نىيە ناھىيىسىنىڭ شەرقىگە 128 كىلومېتىر كېلىدىغان چۆللۈكنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، يىل بويى قۇم-بوران چىقىپ تۇرىدۇ. يول ئاسراشقا كېرەكلىك قۇم ۋە داۋاندىكىلەرنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرى 100 كىلومېتىر نېرىدىكى ناھىيە بازىرىدىن يۆتكەپ كېلىنىدۇ، مانا بۇلاردىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ نەقەدەر جاپالىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بىراق داۋاندىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپىنى قەدىرلەپ، ئەستايىدىل، قېتىرقىنىپ ئىشلەپ، خالىس تۆھپە قوشۇپ، يول ئاسراش سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈردى، يول ئاسراش كۆرسەتكۈچلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنداپ، ئۇچاستكا قارىمىقىدىكى يولنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. بولۇپمۇ ئۇلار داۋان باشلىقى سالامەتنىڭ رەھبەرلىكىدە تاشيول كەسپىي روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ناچار تەبىئىي شارائىتتا كۆرەش قىلىش داۋامىدا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 3.47 گېكتارغا يېقىن بوزيەر ئېچىپ، 24 مىڭ 850 تۈپ كۆچەت تىكتى، 0.67 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلدى، 1.67 گېكتار يەرگە كۆكتات تېرىدى، كۆلىمى 785 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۈزۈم بارىڭى، 65 كۋادرات مېتىر باغ بەرپا قىلدى، داۋاننى «تۈت باغ، بىر باراڭ» بار باغچىسىمان داۋان قىلىپ، مۇھىت قىياپىتىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە 3 - كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سالدى. ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا قوي، توخۇ، كەپتەر، توشقان بېقىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىپ، داۋاندىكىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ياخشىلىدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە ئىنتىلىشچانلىقىنى كۈچەيتتى، 2 ئىشچى - خىزمەتچى قاتناش نازارىتى تەرىپىدىن ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى. ھازىر داۋان قورۇسىدا دەل - دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ، گۈللەر ئېچىلىپ، قۇشلار سايرىشىپ تۇرىدۇ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى چاغلاردا سەيلە قىلىدىغان جاي، ئۆتكەن - كەچكەنلەر قونىدىغان ياتاق بار بولدى، «ئادەم ياخشى بولۇش، يول ياخشى بولۇش، داۋان ياخشى بولۇش» نىشانى ئەمەلگە ئاشتى. بۇ داۋان 2003 - يىلى «مەملىكەتلىك 1- ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشتى.

تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ئېچىش بۆلۈمىنىڭ ئوتتۇرا تارىم مەشغۇلات رايونى  بۇ مەشغۇلات رايونى تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، 1997 - يىلى 6 - ئايدا قۇرۇلغان، ئاساسلىقى ئوتتۇرا تارىم 4 -، ئوتتۇرا تارىم 16- نېفىتلىكلىرىدىن نېفىت ئېلىش، ئوتتۇرا تارىمنىڭ ئەتراپىدىكى رايون بۆلەكلىرىدىن سىناق تەرىقىسىدە نېفىت ئېلىش، نېفىت، گازنى بىرتەرەپ قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل. 7 يىلدىن بۇيان ئوتتۇرا تارىم نېفىتلىكى 12 مىليون توننىدىن ئارتۇق خام نېفىت ئىشلەپچىقىرىپ، سېتىش كىرىمىنى 10 مىليارد يۈەندىن ئاشۇردى. يەككە قۇدۇقلاردىن كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 60 توننا نېفىت ئالدى، بۇ مەملىكەت بويىچە قۇرۇقلۇقتىكى نېفىتلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ 15 ھەسسىگە تەڭ؛ بىر يىلدا كىشى بېشىغا 11 مىڭ توننىدىن نېفىت ئالدى، بۇ مەملىكەت بويىچە قۇرۇقلۇقتىكى نېفىتلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ 10 نەچچە ھەسسىگە تەڭ. ئوتتۇرا تارىم نېفىتلىكىنىڭ يادروسى ئوتتۇرا تارىم بىرلەشمە پونكىتىدىن ئىبارەت. بۇ پونكىتتا نېفىت، گاز، سۇ، ئېلېكتر بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن، ئاپتوماتلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، پونكىت ئىچىدە ئازراق ئادەم ئىشلەش، پونكىت سىرتىدا ئادەم ئىشلىمەسلىك، ئىشلەپچىقىرىش سانلىق مەلۇماتلىرىنى يىراقتىن تىزگىنلەپ توپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولۇپ، 20- ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىكى دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكەن. 2002 - يىلى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن مەلۇماتقا قارىغاندا، ئوتتۇرا تارىم 4 - نېفىتلىكى نېفىت ئىشلەپچىقىرىشتا 10 مىليون توننىلىق ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، مەملىكەت بويىچە جەمئىي ئىشلەپچىقارغان نېفىتى 10 مىليون توننىدىن ئاشقان 3 - قۇملۇق نېفىتلىكى بولۇپ قالدى. ئوتتۇرا تارىم مەشغۇلات رايونى زامانىۋى ئىلمىي باشقۇرۇش ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «بەشنى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرۇش» سىستېمىسىنى يولغا قويدى. نېفىتلىك ئېچىش - ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا قېلىپلاشتۇرۇپ، پىلاننى ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلدى، خىزمەتنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، خىزمەت ئۈنۈمى بىلەن خىزمەت سۈپىتىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئۆستۈردى. «بىخەتەر بولسام تۆھپە قوشالايمەن، مۇھىت ئاسرىسام مەدەنىيەتلىك بولىمەن، ساغلام بولسام بەختلىك بولىمەن» دېگەن HSE مەدەنىيەت ئوقۇمىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، «تۆھپە قوشۇش، جان تىكىپ ئىشلەش، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، يېڭىلىق يارىتىش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئوتتۇرا تارىم روھىنى شەكىللەندۈردى. كارخانا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ كۈچلۈك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىدا ياخشى روھىي ھالەت ۋە ئەڭ ياخشى خىزمەت كەيپىياتىنى ساقلاپ كەلدى. بۇ مەشغۇلات رايونى 2003 - يىلى «مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

شىنجاڭ جۇڭخې چەكلىك پاي شىركىتى ئالىيۇمىن شىركىتىنىڭ 2 - سېخ ئېلېكترولىزلاش 2 - ئۇچاستكىسى

بۇ ئۇچاستكىدا ھازىر 39 خادىم بار. بۇ ئۇچاستكا ئامىننىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشقا، خادىملارنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خادىملارنىڭ مۇۋاپىق تەكلىپ - پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، خام ئالىيۇمىن ئېلېكترولىزلاش كۆرسەتكۈچلىرى جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇشقا ئاساس سالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئالىيۇمىن كەسپىدىكى ئۆزى قاقلاپ قۇرۇتۇش ئوقۇرى ئىشلەشتە بۇ ئۇچاستكا خام ئالىيۇمىننى ئېلېكترولىزلاشنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تېخنىكا، ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرى جەھەتتە ئاپتونوم رايوننىڭ 1- دەرىجىلىك كارخانا ئۆلچىمىگە، دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك كارخانا ئۆلچىمىگە يەتتى. يېڭىلىق ۋە ئۈنۈم يارىتىشتا چىڭ تۇردى، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى، بۇ گۇرۇپپا خادىملار ئارىسىدا ئىقتىساد، تېخنىكا جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، «تۆتتە تۆۋەن، بىردە يۇقىرى بولۇش» يېڭى ھۈنىرىنى كىرگۈزۈپ، تېخنىكا شارائىتىنى ئەڭ ياخشى گۇرۇپپىلاش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ لايىھە شىركەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش، كونىنى ئوڭشاپ، تاشلاندۇقلىرىدىن پايدىلىنىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، 2002 - يىلىلا 710 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى تېجەپ قالدى. «ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىخەتەرلىكنى ساقلاش، ئۈنۈم يارىتىش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يۈز كۈنلۈك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۇچاستكا ئىسمېنا - گۇرۇپپا قۇرۇلۇشىنى تايانچ قىلىپ تۇرۇپ، پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇردى، ئوبرازلاشقان قۇرۇلۇش بەرپا قىلىپ، خادىملارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈردى. شەپقەت يەتكۈزۈش، ئۆز ئارا ياردەم بېرىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، خادىملارنىڭ روھى، جىسمانىي ساغلاملىقىغا، تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى بەرپا قىلدى. 2003-

يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە 1870 يۈەن، ئۆچاستىكىدىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار، ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە 1254 يۈەن ئىئانە قىلدى، خادىملار ئارىسىدا قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئىناقلاشتۇردى. بۇ ئۆچاستىكا 2003 - يىلى «مەملىكەتلىك ،1 - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشتى.

شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى 6 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتىنىڭ ماشىنا رېمونت سېخى بۇ سېخ 1999 - يىلى قۇمۇل ئالتۇن كېنىنىڭ ياساش - رېمونت قىلىش زاۋۇتىنى ھۆددە ۋە ئىجارە ئېلىپ، 6 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى بويىچە باتۇرلۇق بىلەن بازارغا كىرىپ باشقا كارخانىلارنى ھۆددە - ئىجارە ئېلىشتا ئۈلگە ياراتتى. 2001- يىل 12 - ئايدا قۇمۇل ئالتۇن كېنىنىڭ ياساش - رېمونت قىلىش زاۋۇتىنى سېتىۋېلىپ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا ئالغا قاراپ پۇختا بىر قەدەم تاشلىدى. 2000 - يىلى بۇ سېخ كۆل تۇزى بايلىقىنى ئېچىش تورىگە مەبلەغ سېلىپ، پەكلىك پاي شىركىتى بولۇپ قۇرۇلدى. نۆۋەتتە بۇ تۇردىمۇ اھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىنماقتا. 2001 - يىلى ئومۇمىي كىرىمى 2 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، باج - پايدىسى 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ 2002 - يىلى ئومۇمىي كىرىمى 2 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى، چىقىمنى تېجەپ 240 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. بۇ سېخ ياخشى سۈپەت، تېز مۇلازىمەت بىلەن بازار ئىگىلەش ئۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، تەرەققىيات داۋامىدا چوڭ قەدەم تاشلىدى. نۆۋەتتە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن، چۆل - جەزىرىلەردىكى كانلارغىچە بۇ سېخنىڭ مەھسۇلاتىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ سېخ يولغا قويۇلىدىغان مۇكەممەل پىلان تۈزۈپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىقتىساد، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى، ئەمگەك مۇسابىقىسى پائالىيەتلىرىدە مول نەتىجىلەرگە، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتتە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. سېختىكى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر «مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش، قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش» پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىلغار كوللېكتىپنىڭ نەمۇنىچىلىكىنى تولۇق نامايەن قىلدى. 2003 - يىلى «مەملىكەتلىك ،1 - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشتى.

سۇ فېڭ

## «مەملىكەتلىك ،1 - ماي، ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشلەنلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 14 كىشى «مەملىكەتلىك ،1 - ماي، ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى (مۇشۇ يىلنامىنىڭ «شەخسلەر» قىسمىغا قاراڭ).

«شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشكەن ئورۇنلار

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 9 ئورۇن، 10 ئىسمىنا- گورۇپپا «شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشتى.

ئىلغار كوللېكتىپلار

شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى تەكشۈرۈش - ئېچىش تەتقىقات يۇرتى، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز چەكلىك پاي شىركىتىنىڭ قاراماي نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شى 21 - تۇەن - مەيدانى، شىخەنزە شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى، جۇڭگو نېفىتى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ،1 - ئاۋغۇست، پولات - تۆمۈر چەكلىك پاي شىركىتى، شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنسەي» پەن - تېخنىكا چەكلىك پاي شىركىتى.

ئىلغار ئىسمىنا - گورۇپپىلار

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى تۇرپان ۋوگزالى يۈتكەش- توشۇش سېخىنىڭ 2 - ئىسمىنا 1 - گورۇپپىسى، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى خەۋەرلىشىش - يول باشلاش باشقارمىسىنىڭ يەكەن يول باشلاش پونكىتى، شىنجاڭ كانچىلىق گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى لۇداۋان كۆمۈر كېنىنىڭ ماشىنا - ئېلېكتر بۆلۈمى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى «1 - ئىيۇل» 1 - پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى 1- ئىگىرىش مەيدانى ئالدىنقى ئىگىرىش سېخىنىڭ «ب» ئىسمىنا ئۈرنەك گورۇپپىسى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنىستىتۇتى كىنو - تېلېۋىزىيە - تىياتىر ئىنىستىتۇتىنىڭ تارقىتىش سەنئىتى كافېدراسى، بورتالا ئوبلاستلىق يولۇچى توشۇش مۇلازىمەت باش بېكىتى، تاشقورغان تاشيول باش ئۆچاستىكىسىنىڭ قۇنجىراپ يول ئاسراش پونكىتى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى تەتقىقات يۇرتىنىڭ دومىلىتىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش تەتقىقات ئىشخانىسى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گۇرۇھى شىركىتى ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار شىركىتىنىڭ ئالىيۇمىن تاۋلاش سېخى، شىنجاڭ 4 - ترانسپورت گۇرۇھى شىركىتىنىڭ «شەرق شاملى» ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى.

سۇ فېڭ

## «شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش مېدالى» غا ئېرىشكەنلەر

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 29 كىشى «شىنجاڭنى

ئېچىش ـ گۈللەندۈرۈش مېدالى» غا ئېرىشتى، ئۇلار مۇنۇلار: سۇ لى، جاڭ ياڭ، سۇڭ شياڭسەي، ليۇ چىڭجۇن، باتۇرجان جاپپار، ئايىمگۈل (ئاپال، قازاق)، خالى مەمەت، خۇاڭ گورۇڭ، شۇ شياڭرۇڭ، شۇ فۇگۇي، شېن جىنشياڭ، جياڭ جاڭخەي، زۇلپىيە تۇرسۇن، گۇ يۇڭشۇ، ياڭ ۋېيبىن، ياڭ زىنبىڭ، فىڭ جۇڭيىن، لى گاڭ، رەيھان راخمان، گۈلزەپەر مامۇت، ياڭ جىنشەن، ئادالەت پەتتار، ما لۇڭفاڭ، لى شىنمىڭ (ئاپال)، ۋاڭ جاۋمىڭ، جاڭ خۇاچياڭ، گو جيەنجۇن، راخمان تۇرا، جاڭ سىشىن.

سۇ فېڭ

## مېھرى ـ شەپقەت يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى مېھرى ـ شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيەتلىرىنى داۋاملىق قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 35 كەسىپ، نازارەت، ئىدارە، شىركەت. گورۇھلاردىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى 19 مىليون 13 مىڭ يۈەن مېھرى ـ شەپقەت يەتكۈزۈش مەبلىغى (بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى توپلىغىنى 6 مىليون 810 مىڭ يۈەن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى توپلىغىنى 7 مىليون 475 مىڭ يۈەن، باشقا تەرەپلەردىن توپلانغىنى 4 مىليون 728 مىڭ يۈەن) توپلاپ، قىيىنچىلىقى بار 1453 كارخانا، 42 مىڭ 645 ئىشچى ـ خىزمەتچى ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىسى ئائىلىسىدىن ھال سورىدى.

سۇ فېڭ

## ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى دېموكراتىك باشقۇرۇش

2003 ـ يىلى شىنجاڭدا دېموكراتىك باشقۇرۇش ئاساسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى بىلەن زاۋۇت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى داۋاملىق مۇستەھكەملەنگەن ئاساستا يەنىمۇ ياخشىلاندى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئورناتقان دۆلەت، كوللېكتىپ كارخانىسى 2382 گە، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانا 1578 گە، كەسپىي ئورۇن 2836 گە، ئورگان 1398 گە، زاۋۇت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى ئورناتقان دۆلەت، كوللېكتىپ كارخانىسى 2322 گە، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانا 1269 غا، كەسپىي ئورۇن 3011 گە، ئورگان 1940 قا يەتتى.

سۇ فېڭ

## ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى 46 قارار تۈرلۈك كۇرس ئېچىپ، 3623 ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرىنى تەربىيىلىدى. يەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە كەسىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەھبەرلىرىدىن 18 نى، ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ، 2 ـ خىلدىكى كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەھبەرلىرىدىن 7 نى تاللاپ، جۇڭگو ئەمگەك مۇناسىۋەتلىرى ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى.

سۇ فېڭ

## قىيىنچىلىقى بار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ياردەم بېرىش مەركىزى قۇرۇلدى

2003 ـ يىلى جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك، بورتالا ئوبلاستلىق، سانجى ئوبلاستلىق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىدا قىيىنچىلىقى بار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ياردەم بېرىش مەركىزى قۇرۇلۇپ يوپۇقى ئېچىلدى. بۇ مەركەز قىيىنچىلىقى بار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان، ئىشسىز قالغانلارغا مەبلەغ جەھەتتىن دەل ۋاقتىدا ياردەم بېرىش بىلەن بىرگە، يەنە سىياسەت جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىش، قانۇن جەھەتتىن ياردەم بېرىش، كەسىپكە تونۇشتۇرۇش، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش، ئىش ئورنىدىن قېلىپ ئىشسىز قالغانلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى زىچ بىرلەشتۈرىدۇ. مەركەزنىڭ ياردەم بېرىش ئۇسۇلى بىلەن تۈزۈمىنى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىدۇ ۋە ئۇ ھەقتە ۋەدە بېرىدۇ، جەمئىيەتنىڭ نازارەتچىلىكىنى ۋە ياردەم ـ مەدەتلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سۇ فېڭ

## لى يۈەنچاۋ شىنجاڭغا كېلىپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن ھال سورىدى

مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى لى يۈەنچاۋ 2003 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 11 — 15. كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، شىخەنزە شەھەرلىرى ۋە سانجى ئوبلاستىدىكى قىيىنچىلىقى بار 6 كارخانىغا بېرىپ، مېھرى ـ شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى ھەم قىيىنچىلىقى ئېغىر 16 ئىشچى ـ خىزمەتچى ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىسى ئائىلىسىنى يوقلىدى.

سۇ فېڭ

## جۇ يۇچىڭ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى

مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى جۇ يۇچىڭ 2003 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 18 — 22 ـ كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 9 ـ قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ يىغىننى تەبرىكلىدى ھەم ئىلى ئوبلاستىغا بېرىپ تەكشۈرۈشتە بولدى.

سۇ فېڭ

# جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

## ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالى

شىنجاڭ بويىچە 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى 14 ياشتىن 35 ياشقىچە بولغان ياش 3 مىليون 832 مىڭ 718، ئىتتىپاق ئەزاسى 1 مىليون 65 مىڭ 343 (بۇنىڭ ئىچىدە قىزلار 476 مىڭ 899 بولۇپ، 44.76% نى، ئاز سانلىق مىللەتلەر 589 مىڭ 190 بولۇپ، 55.31% نى ئىگىلەيدۇ). ئىتتىپاققا 144 مىڭ 371 ئەزا قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قىزلار 72 مىڭ 336 بولۇپ، 50.1% نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 2718 ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتى، 2993 ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى، 41 مىڭ 543 ئىتتىپاق ياچېيكىسى، 195 ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق خىزمىتى كومىتېتى بار. مەخسۇس ئىتتىپاق كادىرى 3298 (ئايال 994 بولۇپ، 30.14% نى، ئازسانلىق مىللەت 1965 بولۇپ، 59.58% نى، پارتىيە ئەزاسى 2121 بولۇپ، 64.31% نى، ئالىي مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 1942 بولۇپ، 58.88% نى ئىگىلەيدۇ). 39 مىڭ 198 مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى پارتىيىگە قوبۇل قىلىش ئوبيېكتىلىقىغا تونۇشتۇرۇلدى، ئۇلاردىن 14 مىڭ 653 ى پارتىيىگە كىردى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى

## كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 — 3 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئېچىلىش مۇراسىمىغا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، بىڭتۈەن رەھبەرلىرى قاتناشتى، ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى جاۋ يۇڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. يىغىندا «كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدا قارار» ماقۇللاندى؛ ۋاڭ يۇۋېي قاتارلىق 55 كىشى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، مۇرات ئامانتۇر قاتارلىق 12 كىشى كاندىدات ئەزالىقىغا، ئەكبەر تۇرغۇن قاتارلىق 15 كىشى دائىمىي ئەزالىقىغا، ئەركىنجان تۇراخۇن 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا، جاڭ ۋېنجۈەن، جاڭ خۇاجۇڭ، ئىلھام ئوسمان، سۈي شيا، تۇرسۇنجان ئەلى، كاڭ جىمىن، قارقىن قابدۇكېرىملەر مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، مۇھەببەتقىز ئالىم قاتارلىق 34 كىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەملىكەتلىك 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى

## قوشۇمچە

شىنجاڭدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەملىكەتلىك 15 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋەكىللەر

ئەركىنجان تۇراخۇن، جاڭ ۋېنچۈەن، ئىلھام ئوسمان، ئەكبەر تۇرغۇن، دۇ يۇڭ، قۇلان سەيپىخان (ئايال، قازاق)، جاڭ فۇيۇ، جاۋچىن (ئايال)، ساۋ جىۋېن، چيەن خاۋليالڭ، رىشت راخمان، ئەنۋەر راخمان، ئاينۇر مەخسۇت، قەلبىنۇر ھۇسەن (ئايال، قىرغىز)، ئەكبەر ئابدۇقادىر، قۇرباتقۇلى كاماس (تاجىك)، ليۇ يۇەنبىڭ، مياۋ شۈيەن (ئايال)، يۇ جيې (ئايال)، جاۋ جيەندۇڭ، جاڭ جىڭ (تۇجيا مىللىتى)، نيۇ جېڭيى، جۇ ياۋجى، پەرھات ھۆرمەت، شى جىن (ئايال)، ئەن پىڭ (خۇيزۇ)، جۇ يۇگۇ، گۈلجان ھاجى (ئايال، تاتار)، يۇڭ جيەنخۇڭ (ئايال، شىبە)، چې خۇڭنى (ئايال، رۇس)، باگىر (موڭغۇل)، ئابدۇرېشت ئاسجان، لى دۇڭمېي (ئايال)، مۇھەببەتقىز ئالىم (ئايال، ئۆزبېك).

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئاساسىي تېما قىلىنغان تەربىيە پائالىيىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە مىللىي مەكتەپ ۋە خەنزۇ مەكتەپ بولۇپ يۈز مەكتەپتە «جۈپ بولۇش»، «قولمۇ قول تۇتۇشۇش» پائالىيىتى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا «ئۆزئارا زىيارەت قىلىش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا ئىلگىرىلەش» ئاساسىي تېما قىلىنغان ئىتتىپاق كۈنى، ئەترەت كۈنى پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى ھەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېڭى بازىلار تاپانچ قىلىنىپ، يېڭى ئۇسۇللار قوللىنىلىپ، «قىزىل 5 - ئاي مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مۇنبىرى» بويىچە توردا ئىتتىپاق كۈنى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى

## شەھەر - بازاردىكى ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش - ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش قۇرۇلۇشى

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ياردىمى. شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بويىچە ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى بۇ يىغىننى 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر ياش كارخانىچىلار بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئاچتى، يىغىندا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار يېزا، ئاساسىي قاتلاملارغا، بىڭتۈەننىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېپىگە، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلارغا ۋە ئۆزى ئىگىلىك تىكلەيدىغان كەڭ زېمىنغا بېرىشقا ئىلھاملاندۇرۇلدى. يىغىنغا 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن ئادەم ئىشلىتىدىغان 204 ئورۇن قاتنىشىپ، 6209 ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى، ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى 102 ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن 9000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قاتناشتى، 18 مىڭ 231 ئوقۇغۇچى (قېتىم) بىلەن سۆھبەتلىشىلدى، 3616 ئوقۇغۇچى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن بىلەن مۇددىئانامە تۈزدى.

ئائىلە مۇلازىمىتىدە يېڭى ماركا تىكلەش 2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى شىنجاڭ ياشلىرى لەن لىڭ دەۋر ئائىلە مۇلازىمەت چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇپ، ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتىنى ئەمەلىي گەۋدىلەشتۈرۈش، كەسىپلەشتۈرۈش، بازارلاشتۇرۇشتا يېڭى قەدەم تاشلىدى. بۇ شىركەت مەھەللە ئائىلە مۇلازىمىتىدىكى تازىلاش ئىشلىرىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش تىپىدىكى ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقى، ئۆيلەرگە نەرسە - كېرەك يەتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق يېڭىچە مۇلازىمەت ساھەسىنى پائال ئېچىپ، مەھەللە مۇلازىمىتىنىڭ سەۋىيىسىنى، دەرىجىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئائىلە مۇلازىمىتى جەھەتتە داڭلىق ماركا ياراتتى. ئەنئەنىۋى كەسپىي يول ئاساسىدا باشلامچىلىق بىلەن تور بېكىتى قۇرۇپ، ئائىلە مۇلازىمىتىنىڭ ئۇچۇرلىشىش، تورلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

## ياشلار ئىش ئورنى ماھىرلىرى مۇسابىقە پائالىيىتى

2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 — 22 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەن ش ئۇ ئا ر كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسى كومىتېتى بىرلىكتە «بىرلەشمە خەۋەرلىشىش لوڭقىسى» ناملىق ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك ياش ئىشچىلار ماھارەت مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى. مۇسابىقە ئاپتوموبىل ھەيدەش ۋە كومپيۇتېردا خەت بېسىشتىن ئىبارەت 2 تۈر بويىچە ئېلىپ بېرىلدى، 40 مىڭدىن ئارتۇق ماھىر 1 -، 2 - مۇسابىقىلەرگە قاتناشتى، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 32 نازارەت، ئىدارە، كارخانا، بىڭتۈەن كوماندىلىرىدىن 250 ماھىر قاتناشتى. شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھىدىن دۇڭ يەنجېن، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىدىن ۋاڭ جيەنجياڭلار شەخسلەر بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، قاتناش نازارىتى ئاپتوموبىل ھەيدەش تۈرى بىلەن كومپيۇتېر تۈرىدە كوللېكتىپ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندىن 2 كىشى مەملىكەت دەرىجىلىك ياشلار ئىش ئورنى ماھىرى، 60 كىشى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ياشلار ئىش ئورنى ماھىرى بولۇپ باھالاندى، 53 ئورۇنغا «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ياشلار بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگە ئىش ئورنى» دەپ نام بېرىلدى. ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە شىركىتىدىن ياش ئىشچى جەن جياڭخۇڭ «دۆلەت دەرىجىلىك ئون نادىر ياشلار ئىش ئورنى ماھىرى»نىڭ بىرى دەپ نام ئالدى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى

## يېزا ياشلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش - قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش قۇرۇلۇشى

يېزا ياشلىرى ئارا بېيىش ئەلىۋۇئەلاسى ۋە بېيىش ماھىرلىرىنى باھالاش پائالىيىتى 2003 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ش ئۇ ئا ر پارتكوم يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى ۋە دېھقانچىلىق نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە پەن - تېخنىكا ئۆگىنىش، پەن - تېخنىكىدىن پايدىلىنىش ئاساسىي تېما قىلىنغان يېزا ياشلىرىنىڭ بېيىش ئەلىۋۇئەلاسى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىدە تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاتلاممۇ قاتلام باھالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، باغ - ئورمان، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش - سېتىشتىن ئىبارەت 4 چوڭ كەسىپ بويىچە 37 تۈردە 61 بېيىش ئەلىۋۇئەلاسى بىلەن 104 بېيىش ماھىرى باھالاپ چىقىلدى.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ شەھەر - يېزىلارنىڭ ئۆزئارا تۈرتكە بولۇشى بويىچە پەن - تېخنىكا ئۇرۇقى چېچىش ھەرىكىتى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى بىلەن ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشنى تېزلىتىش، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، 2003 -

يىل 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا بۇ ھەرىكەتنى باشلىدى. ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى شارائىتى بىرقەدەر ياخشى شەھەرلەردىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنى نامرات كەنتلەردىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى بىلەن جۈپ بولۇپ، تۇر، پەن - تېخنىكا، ئۇچۇر، ئادەم بايلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر - بىرىگە تۇرتكە بولۇشقا ئۇيۇشتۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەردىكى 1055 ئىتتىپاق تەشكىلاتى 1056 كەنت دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتى بىلەن بىر - بىرىگە تۇرتكە بولۇش بويىچە جۈپ بولۇپ، ئۇلارنى 1 مىليون 355 مىڭ يۈەن قىممىتىدە مەبلەغ ۋە ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلىدى، 38 ئۆزگىچە تۇر بويىچە يۆلىدى، 10 مىڭ 571 كىتاب، 31 كومپيۇتېر، 9 پرىنتېر سوۋغا قىلدى، يېزىلاردىكى 3000 ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى (قېتىم) نى شەھەرگە يۆتكىدى.

يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش خىزمىتى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 2003 - يىل 7 — 10 - ئايغىچە يېزىلاردىكى ئون مىڭلىغان ئېشىنچا ئەمگەك كۈچىنى يۆتكەپ ئۇلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى، ۋىلايەت، ئوبلاستلارنى پاختا تېرىش، بىناكارلىق، سوچىلىققا ئائىت 168 مىڭ ئەمگەك ئىش ئورنى ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلىدى، ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى 9800 دىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى بىۋاستە يۆتكىدى.

يېزا ئىگىلىك ئەمەلىي تېخنىكىسىغا دائىر يورۇقلۇق پىلاستىنكا ئىشلەندى 2003 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتىدا ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، «ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ پەن - تېخنىكا ئۇرۇقى چېچىشى» ناملىق يورۇقلۇق پىلاستىنكىنى ئىشلەپ، يېزا ياشلىرىنى ھەقسىز تەمىنلىدى ھەم ئۇلارنى پەن - تېخنىكا ئۆگىنىش، پەن - تېخنىكىدىن پايدىلىنىش، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بېيىپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشكە يېتەكلىدى. بىر يىلدا قوغۇن تېرىش، ئۆرۈك كۆچىتى، ئۈزۈم تىكىش - پەرۋىش قىلىش، سىير بېقىش تېخنىكىلىرىغا دائىر ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش پىلاستىنكىسىدىن 10 نى ئىشلىدى، 30 مىڭدىن ئارتۇق پەن - تېخنىكا پىلاستىنكىسى باستى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى

## ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ غەربىي رايونغا پىدائىي مۇلازىمەت قىلىش پىلانى يولغا قويۇلدى

ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى مائارىپ، كادىرلار، مالىيە مىنىستىرلىكلىرى بىلەن بىرلىكتە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ غەربىي رايونغا پىدائىي مۇلازىمەت قىلىش پىلانىنى يولغا قويدى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى مەملىكەتلىك تۈر ئىشخانىسىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭدىن شۇ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن 100 نى تاللاپ، ئىچكىرىدىكى شۇ يىلى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 501 نى قوبۇل قىلىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ غەربىي رايونغا پىدائىي مۇلازىمەت قىلىش پىلانىغا قاتناشتۇردى. شىنجاڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ غەربىي رايونغا پىدائىي مۇلازىمەت قىلىش پىلانى تۈرى ئىشخانىسى 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 25 — 28 - كۈنىگىچە پىدائىيلارنى تەربىيىلىدى. 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ غەربىي رايونغا پىدائىي مۇلازىمەت قىلىش پىلانى بويىچە شىنجاڭ مۇلازىمەت ئەترىتىنىڭ ئاتلىنىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى پىدائىيلار بىلەن كۆرۈشتى ھەم خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن 601 پىدائىي 12 ناھىيە، 6 شىدا بىر يىلدىن 2 يىلغىچە بولغان پىدائىي مۇلازىمەتنى باشلىۋەتتى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى

## ياش پىدائىيلار ھەرىكىتى

2003 - يىلى لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىلى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈش، لېي فېڭدىن ئۆگىنىشتىكى ئىلغار تىپلارنى تەشۋىق قىلىشقا تەشكىللەش، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونلارغا پۇل، نەرسە - كېرەك ئىئانە قىلىش، دوختۇر ئەۋەتىش، دورا بۇيۇملىرى يەتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پىدائىيلار روھىنى نامايان قىلدى. قەشقەردىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونلار بىلەن ئىلىدىكى كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونلارغا 67 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى، 57 مىڭ يۈەن ئالاھىدە ئىتتىپاق بەدىلى ئاجرىتىپ بەردى، 240 تونна ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بۇيۇمى يەتكۈزۈپ بەردى، بۇلارنىڭ قىممىتى 8 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. 7 - ئايدا ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ 23 ئەزاسىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونلارغا ئەۋەتتى، ئۇلار «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلدى ۋە «ئۈچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ئۇلار ئاپەت رايونىدىكى ئاممىغا 2 مەيدان ئويۇن قويۇپ بەردى، 1000 ئادەم (قېتىم) نىڭ كېسىلىنى خالىسانە كۆردى ۋە

ئۇلارغا يەن - تېخنىكىدىن مەسلىھەت بەردى، قىممىتى 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق يەن - تېخنىكا كىتابى ۋە دورا سوۋغا قىلدى. 1 -، 12 - ئايلاردا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتى، مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ئورنى قاتارلىق ئورۇنلارنى تەشكىللەپ، «ھەقىقىي مېھرى - مۇھەببەت ئارقىلىق تۇمەنلىگەن ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىش»، مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، قىيىنچىلىقى ئېغىر 500 ئائىلىدىن ھال سورىدى، ئۇلارغا قىممىتى 90 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق تۇرمۇش بۇيۇمى ۋە دورا ئىئانە قىلدى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى

## «ئۈمىد» قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە «ئۈمىد» قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 300 مىڭ يۈەن پۇل تەييارلىنىپ، ئاپەت رايونىدىكى ئوقۇشسىز قالغان 1361 ئوقۇغۇچىنىڭ قايتا مەكتەپ قوينىغا كىرىشىگە ياردەم قىلىندى، 48 «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە بىر توركۇم «ئۈمىد» تور مەكتىپى كۆپ ۋاستىلىك سىنىپى سېلىندى، قىيىنچىلىقى ئېغىر 180 ئوقۇغۇچى «ئۈمىد» قۇرۇلۇشىنىڭ تۈرلۈك ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ئوقۇشسىز قالغان 424 بالا داۋاملىق «ئۈمىد» قۇرۇلۇشىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى

## مەدەنىي ياشلار ئورنى بەرپا قىلىش پائالىيىتى

ش ئۇ ئا ر مەدەنىي ياشلار ئورنى تەشكىللىي كومىتېتى مەدەنىي ياشلار ئورنىنى نازارەت قىلىش سالمىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 2003 - يىل 4 - ئايدا مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپلىرىنى قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 609 مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپىنى جەمئىيەتكە ئېلان قىلدى ھەم شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە «ئۈلگە بولۇشمۇ بىر مودا» دېگەن تېمىدا مەخسۇس پروگرامما ئۇيۇشتۇرۇپ، مەدەنىي ياشلار ئورنىنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى. 33 كوللېكتىپقا «مەملىكەت دەرىجىلىك مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى»، 82 كوللېكتىپقا «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى» دەپ نام بېرىلدى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى

## قوشۇمچە

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «مەملىكەتلىك مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن ئورۇنلار ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى شۈيشىگو ساقچىخانىسى، قاراماي شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى قاتناش ساقچى ئارماق ئەترىتىنىڭ شەھەر رايونى چولاق ئەترىتى، بورتالا ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش چولاق ئەترىتى، ئالتاي ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش چولاق ئەترىتى، ئىلى ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئارماق ئەترىتى، بەگتۇمەن يېزا ئىگىلىك 9 - شى قاماقخانىسى، شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى قۇمۇل ئارماق ئەترىتىنىڭ باي چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى، شىخەنزە شەھەرلىك شەھەر قىياپىتى - مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىنىڭ ئەخلەت توشۇش ئەترىتى، شىخەنزە «تيەنجۈ» گۈرۈھىنىڭ تور تىجارەت ئورنى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى پىچان ئىش ئۈچاستىكىسىنىڭ ئوتتۇرا رېمونت ئەترىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ ياڭزىجياڭ يولى تارمىقى، ئۈرۈمچى «تېلى» تېلېگراف شىركىتى تېلېفون مەركىزىنىڭ نومۇر سۈرۈشتۈرۈش ئىستانسىسى، شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتى ئىلى شۆبىسىنىڭ قورغاس تىجارەت بۆلۈمى، شىنجاڭ «دوستلۇق» گۇرۇھى چەكلىك پاي شىركىتى تەڭرىتاغ تۈرلۈك ماللار بىناسىنىڭ 1 - قەۋەت سۇ مەھسۇلاتلىرى گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى بىناسى، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز چەكلىك پاي شىركىتىنىڭ شىنجاڭدىكى سېتىش شۆبە شىركىتىگە قاراشلىق «قىزىل تاغ» يولى ماي قاچىلاش پونكىتى، شىنجاڭ «ئارمان» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى، قۇمۇل شەھەرلىك دۆلەت باج ئىدارىسىنىڭ ساقا مەركىزىي باج پونكىتى، شىخەنزە يەرلىك باج ئېلىش - باج باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باج مۇلازىمەت زالى، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ «بەخت» يولى باج پونكىتى، ئالتاي چېگرىدىن كىرىش - چىقىشنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ماشىنا ياساش باش شىركىتىنىڭ سايمان سېخى، شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى نېفىت ئېلىش 3 - زاۋۇتى گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مەھسۇلات يارىتىش ئىشخانىسى، تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى تەكشۈرۈش - ئېچىش تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەكشۈرۈش ئورنى، مايتاغ نېفىت خىمىيە شىركىتى تەتقىقات يۇرتىنىڭ بىرىكمە سىمولا ئورنى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابىنىڭ قۇدۇق ئاستىدىن بېسىم بېرىپ قاتلام يېرىش 1 - ئەترىتى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ئۈچۈر - تېخنىكا مەركىزىنىڭ

بازار بۆلۈمى، شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر چەكلىك پاي شىركىتى توك ئوچاق بىلەن پولات تاۋلاش زاۋۇتىنىڭ ئېلېكترىك مەشغۇلات رايونى، شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە فىلىم ـ تېلېۋىزىيە مەركىزى، ئالاتاۋ پورتى تاموژنا تەكشۈرۈش 2 ـ بۆلۈمى، تورغات تاموژنىسى، بىگتۇەن ئورگان يەسلىسى، شىنجاڭ «تيەنفۇ» تېرمو ئېلېكتر چەكلىك پاي شىركىتى تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ خىمىيە شۆبە مەيدانى.

## ئانا دەريانى قوغداش ھەرىكىتى

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 2003 ـ يىل 9 ـ ئايدا 21 ياش كادىرنى گەنسۇ، سىچۈەن، چۇڭچىڭ، خۇبېي قاتارلىق جايلارغا ئانا دەريانى قوغداش ھەرىكىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتتى. «يىدا» گۇرۇھى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىكتە يېپەك يولىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى قوغداش ئەھدى پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بەرپا قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى، ئۇلارنى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشنى كىچىكىدىن باشلاشقا يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ئېڭىنى كۈچەيتتى، ئۇلاردا «ئادەم بىلەن تەبىئەت ماس ھالەتتە بىللە مەۋجۇت» دېگەن ئۇقۇمنى يېتىلدۈردى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى

## پىئونېرلار خىزمىتى

2003 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى «ئۆسمۈر باللارغا بولغان ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ھېس قىلدۇرۇش تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» تارقىتىپ، ئەخلاق جەھەتتە ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. ھەر دەرىجىلىك پىئونېرلار ئەترىتى تەشكىلاتلىرى ھېس قىلدۇرۇش تەربىيىسى جەھەتتىكى پىكىر يولىغا ئاساسەن، «ساغلام ئۆسمۈرلەر بىلەن مېيىپ ئۆسمۈرلەر قول تۇتۇشايلى»، «ھەر مىللەت ئۆسمۈرلىرى قول تۇتۇشايلى»، «شەھەر ـ يېزا ئۆسمۈرلىرى قول تۇتۇشايلى»، «شەھەر ـ يېزا پىئونېرلار تەشكىلاتلىرى قول تۇتۇشايلى» دېگەن تېمىلاردا كۆپ خىل ھېس قىلدۇرۇش تەربىيىسى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

2003 ـ يىل 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى ئۇرۇمچى «بىر قەلب» كىتابخانىسى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئۆسمۈر باللار ئېنگلىز تىلى مۇسابىقىسىنى ئۇيۇشتۇردى، 1 ـ، 2 ـ قېتىملىق مۇسابىقىلەر ئارقىلىق 259 ماھىر ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتناشتى.

2003 ـ يىللىق يازلىق تەتىل مەزگىلىدە، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەن ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى «شىنجاڭنى سۆيىمەن» دېگەن تېمىدا «يىدا (مېھىر-شەپقەت، قول تۇتۇشۇپ مۇھىت ئاسراش مەدەنىيەت سەپىرى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، پائالىيەتتە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 2 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىن 50 دېھقان پەرزەنتى ئۈرۈمچىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەكلىپ قىلىندى، ئۇلار ئۈرۈمچىدىكى پىئونېرلار بىلەن «قول تۇتۇشقان دوستەكلەر» دىن بولۇشتى.

2003 ـ يىل 9 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭنى سۆيىمەن — مېھىر-شەپقەت ـ قول تۇتۇشۇش، جەنۇبىي شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت، مۇھىت ئاسراش سەپىرى پائالىيىتى» ناملىق پىلاستىنكىنى ئىشلىدى. 2003 ـ يىل 10ـ ئايدا گوزەلنۇر (بورتالا ئوبلاستلىق 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ 6 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى) «مەملىكەت بويىچە ئون نادىر پىئونېر» دېگەن نامغا، 5 ئوقۇغۇچى «مەملىكەتلىك يۇلتۇز مەشئەلى مېدالى» غا ئېرىشتى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى

## ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتى

2003 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ش ئۇ ئا ر زەھەر چەكلەش ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە «زەھەردىن يىراقلىشىپ، كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلەيلى» دېگەن مەزمۇندا زەھەر چەكلەش تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى؛ ش ئۇ ئا ر زەھەر چەكلەش ئىشخانىسى، مائارىپ نازارىتى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق زەھەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيىسى ئۈلگە مەكتىپى، مەھەللە ياشلىرى قانۇن مەكتىپىدىن 6 نى قۇردى. شۇ يىلى دۆلەت دەرىجىلىك ياشلار-ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش مۇنەۋۋەر ئورنىدىن 18 ى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش مۇنەۋۋەر ئورنىدىن 108 ى، دۆلەت دەرىجىلىك ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر مەدەنىي مەھەللىسىدىن 2 سى، مەملىكەت بويىچە ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتىكى نۇقتىلىق ئالاقىلىشىش مەھەللىسىدىن بىرى بەرپا قىلىندى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى

## ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى

ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ «ئۈچ دەرىجە بىرلىشىپ بەرپا قىلىش» پائالىيىتى 2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى «ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 — 2007- يىلغىچە يېزا ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىدا ،ئۈچ دەرىجە بىرلىشىپ بەرپا قىلىش، پائالىيىتىنى يولغا قويۇش پىكرى» نى بېسىپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەردىن بىر تۈركۈم كەنت دەرىجىلىك «4 - ماي» قىزىل بايراقدار ئىتتىپاق ياچېيكىسى، يېزا - بازار دەرىجىلىك «4 - ماي» قىزىل بايراقدار ئىتتىپاق كومىتېتى، ئىتتىپاق قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە، شەھەر بەرپا قىلىشتىكى نۇقتىلىق ئورۇنلارنى بېكىتىش، ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش، ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك جانلاندۇرۇش، ئىتتىپاق تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتا ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت «بەش دەرىجە بىرلىكتە ئىش كۆرۈش» ، «ئۈچ دەرىجە بىرلىشىپ بەرپا قىلىش» تەك خىزمەت ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش تەلەپ قىلىندى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ناھىيە (شەھەر) دىن 11 ى، «4- ماي» قىزىل بايراقدار ئىتتىپاق كومىتېتىدىن 11 ى، «4- ماي» قىزىل بايراقدار ئىتتىپاق ياچېيكىسىدىن 9 ى تەقدىرلەندى.

كۆپ خىل يول بىلەن كادىر تەربىيىلەش، چېنىقتۇرۇش ۋە يەتكۈزۈش 2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق مەكتىپى، مەركىزىي ئىتتىپاق مەكتىپى قاتارلىق جايلاردا 4 قارار ئىتتىپاق كادىرلىرى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 400 دىن ئارتۇق ئىتتىپاق كادىرى (قېتىم) نى تەربىيىلىدى؛ 362 ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كادىرىنى مەركىزىي ئىتتىپاق مەكتىپىگە تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتتى؛ 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى مەركىزىي ئىتتىپاق مەكتىپىنىڭ غەربىي رايون ئىتتىپاق كادىرلىرى كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا غەربىي رايوندىكى 160 ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كادىرى قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى بىر يىلدا 13 مۇنەۋۋەر ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كادىرىنى تاللاپ، شەندۇڭدا ۋە ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئورگىنىدا ۋەزىپە بىلەن چېنىقتۇردى، ئىتتىپاق كومىتېتى ئورگىنىدىن 2 ياش كادىرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نۇقتىسى قىلىنغان ئورۇنغا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتتى، ئورگان كادىرىدىن 6 نى ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا كۆرسەتتى.

ئىتتىپاق ئەھۋالىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش 2003 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە ئىتتىپاق ئەھۋالىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ مەزمۇنى ئىتتىپاقنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ. يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى 6 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 39 ناھىيە (شەھەر)، 109 يېزا - بازارغا بېرىپ، كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئۇلار 6 پارچە دوكلات تەييارلاپ، ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق خىزمىتىدە يەكۈنلەنگەن تەجرىبە، ساقلانغان مەسىلىلەرنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ تور مائارىپى بازىسى قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭ ياشلار تورى قۇرۇلۇشى داۋاملىق چىڭ تۇتۇلۇپ، تور بېكەتلىرىنىڭ مەزمۇنى مولLاشتۇرۇلدى ۋە مۇلازىمەت تۈرلىرى كېڭەيتىلدى. يېڭىدىن شىنجاڭ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، شىنجاڭ ياش دېھقانلار تورى، شىنجاڭ ياش ئىشچىلار تورى قاتارلىق خىزمەت تور بېكەتلىرى قۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى جەھەتتىكى تەمىنلەش - ئېھتىياج ئۇچۇرلىرى، ياش ئىشچىلارنىڭ خىزمەت ئېھتىياجى توغرىسىدىكى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق مۇلازىمەت تۈرلىرى ئېچىلىپ، ياشلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋاستىسى موللاشتۇرۇلدى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى

## ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتى مۇلازىمەت فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈش، مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئەزالارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. جەمئىيەتكە 46 ئەزا قوبۇل قىلدى. ئىقتىساد - سودا جەھەتتىكى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتتى، 7 ئەزانى تاللاپ، جوڭگو ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتى 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - قېتىملىق كېڭەش يىغىنىغا ۋە ئىقتىساد - سودا جەھەتتىكى

ئېكسكۇرسىيە، پەرمەنكىلەرگە ئەۋەتتى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى

# ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى

## ئاياللار خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

تەشكىلىي قۇرۇلۇشى 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كەنت (ئاھالە) ئاياللار قۇرۇلتىيى 10 مىڭ 898، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئاياللار كومىتېتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىدىكى ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر كومىتېتى 3477؛ مەھەللە ۋە يېڭى ئىقتىسادىي تەشكىلاتلاردىكى ئاياللار تەشكىلاتلىرى شۇنداقلا ئاياللار كەسپىي جەمئىيىتى، ئايال زىيالىيلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى، ئاياللار نەزەرىيە تەتقىقات جەمئىيىتى 1050. قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەردە ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، ئىلى، سانجى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىرى بىلەن خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدىكى ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى تەڭشەلدى ۋە تولۇقلاندى.

ئىدىيىۋى تەربىيە 2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ماركسىزملىق ئاياللار قارىشى ۋە دۆلەتنىڭ ئەر - ئاياللار بارەۋەرلىكىدىن ئىبارەت تۈپ سىياسىتى جەھەتتىكى تەشۋىقات، تەربىيىنى قانات يايدۇردى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاياللار نەزەرىيىسى تەتقىقات مەركىزى «ئاياللارنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە تەرەققىياتى» دېگەن تېمىدا نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىس، ئالىملار يېڭى ئەسىردىكى ئاياللار تەرەققىياتى مەسىلىسى ئۈستىدە ئورتاق مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى ئاساسىي سىنىپلاردا ماركسىزملىق ئاياللار قارىشى دەرسىنى تەسىس قىلدى. 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى 8 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ 5 - يىغىنى ئېچىلىپ، 8 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، 2003 - يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 3 - ئايدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە «8 - مارت» ئاياللار بايرىمىنى تەبرىكلەپ، «پارلاق يېڭى ئەسىر» ناملىق تېلېۋىزىيە سەنئەت كېچىلىكى ئۇيۇشتۇردى. «8 - مارت» خەلقئارا ئەمگەكچى ئاياللار بايرىمىنىڭ 93 يىللىقىنى تەبرىكلەش ۋە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا ئۈرۈمچى رايونىدىكى ھەر مىللەت - ھەر ساھە ئاياللىرىدىن 600 نەچچە ۋەكىل قاتناشتى. 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە ماسلىشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسىدا ئومۇمخەلق كىتاب ئوقۇش ئېيى پائالىيىتى ۋە 21 - نۆۋەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى مەملىكەت بويىچە ئاياللار بىرلەشمىسى كادىرلىرىنىڭ ئىش ئورنىدا كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىدە ئەلا ياخشى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە 13 ۋىلايەت، 12 نازارەت، ئىدارىدىكى 80 نەچچە ئىلغار ئايالنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرىنى ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە 3 خىل تىلدا ئۇدا خەۋەر قىلدى. 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئورگاندىكى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قاراماي شەھىرى بىلەن ئالتاي، تورپان ۋىلايەتلىرىگە شەھەر-يېزا ئاياللار خىزمىتى ۋە ئاياللار تەرەققىياتى ئەھۋالىنى ئۆگىنىش ۋە كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتتى؛ ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئاياللار بىرلەشمىسى، مائارىپ، سەھىيە، نەزەرىيە ئىلمى ساھەسىدىكىلەر، قىسىم، قۇراللىق ساقچى، كارخانا ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ھەر مىللەت - ھەر ساھە ئاياللار ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە يېڭى دولقۇن قوزغاش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. 12 - ئايدا ماۋ زېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەپ، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇردى.

مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتى 2003 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى پروگراممىسىنى تەشۋىق قىلىش ۋە يولغا قويۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ، شەھەرلەردە ئۆگىنىش تىپىدىكى ئائىلىلەرنى بەرپا قىلىشنى چۆرىدەپ، «بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر «بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى 3 - قېتىملىق خىزمەت يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ يېقىنقى 2 يىلدىن بۇيانقى «بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ ئەھۋالى خۇلاسىلەندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى بەرپا قىلىش خىزمىتى ئۈستىدە پىكىر - تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، گۇرۇپپىنىڭ ئەزا ۋە ئالاقىلاشقۇچىلىرىنىڭ تىزىملىكى تەڭشەلدى. يېزىلاردا «گۈزەل ئەخلاق دېھقان ئائىلىلىرىدە» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش چۆرىدىلىپ، ئون يۇلتۇزلۇق مەدەنىي ئائىلىلەرنى باھالاش پائالىيىتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى، «يېشىل ئائىلە»

بەرپا قىلىش يۈرۈشلۈك پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 8 - ئايدا كۈنەس ناھىيە ئارالتۆپە بازىرىنىڭ سافائۆتكەل كەنتى بىلەن ئۈچكەپتەر كەنتى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «گۈزەل ئەخلاق دېھقان ئائىلىلىرىدە» پائالىيىتىدىكى ئۈلگە نۇقتا بولۇپ باھالاندى ھەمدە يېزىق ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئۇدا 5 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن، ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

ژۇرنال تەشۋىقاتى 2003 - يىلى «ھەمراھ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان 5 ماقالە مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى گېزىت - ژۇرناللىرى ياخشى ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ژۇرنالنىڭ بىر سەھىپىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ليۇ ۋەنجۈن

## ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 24 — 26 - كۈنگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى جاۋ شاۋخۇا قاتارلىقلار ئېچىلىش مۇراسىمغا قاتناشتى. قۇرۇلتايغا ئاپتونوم رايوندىكى 13 مىللەت ئاياللىرىدىن 543 ۋەكىل ۋە ئۈرۈمچىدىكى ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەردە ئىشلەيدىغان 2000 دىن ئارتۇق ئايال قاتناشتى. ۋاڭ لېچۈەن ش ئۇ ئا ر پارتكومغا ۋاكالىتەن «ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاياللىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. جاۋ شاۋخۇا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە ۋاكالىتەن قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى رىزۋان ئەبەي ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى 8 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىغا ۋاكالىتەن «16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاياللىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى.

قۇرۇلتايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ 9 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، 80 كىشى 9 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. 9 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنىدا رىزۋان ئەبەي ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە، تيەن ۋېن، ساتىپقان ساقىتاي، تۇ فېڭيىڭ، گۈلشات ئابدۇقادىرلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئامىنە ھوشۇر قاتارلىق 21 كىشى دائىمىي ئەزالىققا سايلاندى.

ليۇ ۋەنجۈن

## شەھەر - يېزىلاردىكى ئاياللار خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى يېزا - قىشلاق ئاياللىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا ياردەم بېرىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، «ئاياللارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بېيىتىش قۇرۇلۇشى»نى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاياللارنىڭ پەن - تېخنىكا جەھەتتە تەربىيىلىنىش، مۇلازىمەت قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ئۇلارنى يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە قاتنىشىشقا يېتەكلىدى. دۆلەت ئىچى-سىرتىدىن بېرىلگەن 2 مىليون 396 مىڭ يۈەن تۈر مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈپ، قەشقەر كوناشەھەر، كۇچا، قورغاس ناھىيىلىرى ۋە ئالتاي شەھىرىدە «زېمىنغا مۇھەببەت . ئانا سۆز»، ئاز سومملىق ئايلانما مەبلەغ، «8 - مارت» يېشىل بازا قاتارلىق تۈرلەرنى يولغا قويۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سالمىقىنى زورايتتى. يېزا ئاياللىرىنى سىرتقا چىقىپ پاختا تېرىشكە ئوخشاش ئەمگەكلەرگە تەشكىللىدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 65 مىڭ ئايال (قېتىم) سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ، 3 مىليون 697 مىڭ يۈەن نەپ ئالدى. پەن - تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش، پەن - تېخنىكىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى، ئاياللارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كەسپىي تېخنىكا ھەمكارلىق جەمئىيىتى ۋە كەسپىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىن 385 نى قۇرۇپ، يېزا ئاياللىرىنىڭ تەشكىللىنىش دەرىجىسى ۋە پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بېيىشتىكى ئومۇمىي رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. شەھەر - بازارلاردا ئاياللارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلدى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان، ئىشسىز قالغان ئاياللارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىش جەھەتتە «ئۈچ ئون مىڭ» نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھۆججىتىنى تۈزدى. 10 - ئاينىڭ 16 — 23 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق

قىلىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ، ئىلى، ئۈرۈمچى، سانجى، تۇرپانلاردا ئاياللارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە دائىر ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، شىنجاڭنىڭ ئاياللارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ئۇ ھەقتە تەكلىپ - پىكىرلەرنى بەردى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئايال ئىشچىلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ۋە ئاياللارنىڭ مەھەللىلەرگە كىرىش خىزمىتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 107 مەھەللىدە ئاياللار خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى؛ «ئاياللار مەھەللە مۇلازىمىتى قۇرۇلۇشى» چوڭقۇر يولغا قويۇلۇپ، مەھەللە ۋە ئائىلە مۇلازىمەت كەسىپلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسى قۇرغان ۋە ئاياللار بىرلەشمىسى يۆلەنچۈك قىلغان مەھەللە ئىقتىسادىي گەۋدىسى ۋە ئائىلە مۇلازىمەت شىركىتى 93 كە يەتتى، بۇ ئورۇنلار ئاياللارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشى ۋە ئىش ئورنىدىن قالغان ئايال ئىشچىلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئۇچۇر، تەربىيىلەش، مەبلەغ ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى.

ليۇ ۋېنجۈن

## ئايال كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 308 مىڭ 600 ئايال كادىر بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 46.52% نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىكى ئايال ۋەكىل 140 بولۇپ، ئالدىنقى نۆۋەتلىكىدىن 17 سى كۆپەيدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىدىكى ئايال ئەزا 95 بولۇپ، ئالدىنقى نۆۋەتلىكىدىن 13 ى كۆپەيدى. ئۆلكە - مىنىستىرلىك دەرىجىلىك ئايال كادىر 4؛ نازارەت - ئىدارە دەرىجىلىك ئايال كادىر 112 بولۇپ، شۇ دەرىجىلىك كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 8.3% نى؛ ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك ئايال كادىر 2248 بولۇپ، شۇ دەرىجىلىك كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 14.5% نى ئىگىلىدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى ئايال كادىر 20، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى ئايال كادىر 181. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت - ئوبلاست، ناھىيە - شەھەر، يېزا - كەنتتىن ئىبارەت 4 دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئايال كادىر سەپلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئايال پارتىيە ئەزاسى 225 مىڭ بولۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 21.6% نى ئىگىلىدى.

ليۇ ۋېنجۈن

## ئاياللار - بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش خىزمىتى

**ھوقۇق - مەنپەئەتنى قوغداشتا مەنبەدىن ئارىلىشىش**

2003 - يىل 2 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار - بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ئىشلىرىنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسىغا ئەزا ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى، ئالاقىلاشقۇچىلىرى يىغىنى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار - بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش پىدائىيلىرى قوشۇنى بەرپا قىلىش ئىشى مۇھاكىمە قىلىندى. 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بۇ ئەترەت قۇرۇلدى. تۇنجى پىدائىيلار ئاساسلىقى ج خ، تەپتىش، سوت، ئەدلىيە، خەلق ئىشلىرى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت، پىلانلىق تۇغۇت، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇشتىن ئىبارەت 8 ئورۇندىكى 247 خىزمەتچىدىن تەشكىللەندى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قانۇننى تەشۋىق قىلىش، قانۇن جەھەتتىن مۇلازىمەت قىلىش ۋە ياردەم بېرىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىلەن قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 6 ۋىلايەت، 10 ناھىيە (شەھەر رايونى) دە «ئاياللار قانۇنى» نىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش، ئىجرا قىلىنىش ۋە يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، ئاياللارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ئائىلە زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇش قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەر جەھەتتە تۈزىتىش پىكرى بەردى شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئائىلە زوراۋانلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - ئۇنى مەنئىي قىلىشقا دائىر قانۇن تۇرغۇزۇش تەكلىپىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۈرۈمچى رايونىدا ئائىلە زوراۋانلىقىنى ئەرز قىلىش پونكىتلىرى قۇرۇلدى.

**قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات - تەربىيىسى**

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى «زەھەرنى ئۆيۈمگە يولاتمايمەن» ۋە «قانۇننى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش، مەھەللىلەرگە، تۇرمىلەرگە كىرگۈزۈش» پائالىيەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇردى. ئەيدىس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئائىلە زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇش تەشۋىقات كۈنىدىن پايدىلىنىپ، شەكلى ھەرخىل بولغان قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. 1 - ئاينىڭ 6 — 11 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى سەھىيە نازارىتىنىڭ نازارەتچىلىك پونكىتى، ئۈرۈمچى ئاياللارنى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى، شىنجاڭ ئاياللار تۇرمىسىگە

مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، «نىكاھ قانۇنى» بويىچە مەخسۇس لېكسىيە ئۇيۇشتۇردى. 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئاخبارات مەركىزى بىلەن بىرلىكتە «ئائىلە زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇش» ناملىق مەخسۇس فىلىم ئىشلىدى، «غەربىي رايون ساقچىلىرىغا نەزەر» پروگراممىسى گۇرۇپپىسى بىلەن بىرلىكتە نارىسىدە قىز، ئۆسمۈر قىزلارغا زوراۋانلىق بىلەن جىنسىي تاجاۋۇز قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا تېلېۋىزىيە مۇنبىرى ئۇيۇشتۇردى. 9 - ئاينىڭ 27- كۈنى قىسمەن ئايال ئادۋۇكاتلارنى تەشكىللەپ، شىنجاڭ ئاياللار تۈرمىسىدە جازا ئاستىدىكى 500 جىنايەتچىگە قانۇندىن ساۋات بەردى، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان گۇمانىي مەسىلىلەرگە جاۋاب بەردى. 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللا ر بىرلەشمىسى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ 2 ناھىيە، بىر شەھەر، 6 يېزا - بازىرىدا، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تيانشان، يېڭىشەھەر، سايباغ قاتارلىق 6 رايوندا ۋە بورتالا ئوبلاستىدا ھەرمىللەت ئاممىسىغا 14 مەيدان قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇردى، 3100 دىن ئارتۇق ئادەم لېكسىيە ئاڭلىدى. 11- ئاينىڭ 2 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى خەلقئارا ئاياللارغا بولغان زوراۋانلىقنى تۈگىتىش كۈنىنى ۋە 12 - ئاينىڭ 4 - كۈندىكى مەملىكەتلىك قانۇنچىلىق تەشۋىقات كۈنىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئائىلە زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇش بويىچە قانۇن - تۈزۈم لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇردى.

2003 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئاياللارغا قانۇندىن 1216 قېتىم ياردەم بەردى، ئەرزىيەت ۋە ئائىلە - نىكاھ ماجىراسىدىن 2245 نى بىرتەرەپ قىلدى ۋە ھەل قىلدى. 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر زەھەر چەكلەش كومىتېتى لوپنۇر ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايونلۇق زەھەر چەكلەش خىزمىتى بويىچە نەق مەيداندا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش- تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى «ئاپتونوم رايون بويىچە زەھەر چەكلەش خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لىيۇ ۋېنجۈن

## باللار - ئۆسمۈرلەر خىزمىتى

**كىچىك پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى پىلانى** 2003 - يىل 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق كىچىك پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى پىلانىنى مەكتەپكە، ئائىلىگە، مەھەللىگە، ئاممىۋى سورۇنلارغا ئېلىپ كىرىش بويىچە تېلېفون يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا كىچىك پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى پىلانى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا 7 ئورۇن ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ رايون، ناھىيە، يېزا، بازار، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلاردىن 150 كە يېقىن رەھبەر قاتناشتى. يىغىندىن كېيىن ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى، مائارىپ نازارىتى، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار كىچىك پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى پىلانى ئۈچۈن 140 مىڭ يۈەن پائالىيەت خىراجىتى ھەل قىلىپ بەردى. 5- ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە «1 - ئىيۇن» باللار بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن «لاياقەتلىك كىچىك پۇقرا بولىمەن» ناملىق تېلېۋىزىيە سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا كىچىك پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى پىلانى پائالىيىتى بويىچە 25 ئۈلگە بازا قۇرۇلۇپ، بۇ پائالىيەتنىڭ چوڭقۇر راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

**ئائىلە تەربىيىسى خىزمىتى** 2003 - يىل 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئائىلە تەربىيىسى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 6 - نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنى ئېچىلىپ، 2003 - يىللىق خىزمەت ئۈستىدە تەكلىپ - پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ باللار تەرەققىيات مەركىزى خەلقئارا باللار ئېنگلىز تىلى، رەسىم سىزىش، سىدام سىزما، ھۆسنخەت، مۇزىكا، ئۇسسۇل، چامباشچىلىق، ئېلېكترونلۇق رويال، رويال، گارمون، كوتو قاتارلىق 15 كەسىپ ئاچتى، سىنىپ 55 كە يەتتى، 2500 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت بالا (قېتىم)نى تەربىيىلىدى. 6 قېتىم خەلقئارالىق ۋە مەملىكەتلىك ھۆسنخەت مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى، 137 بالا (قېتىم) مۇكاپاتقا ئېرىشتى، باللارنى 2 قېتىم كانتا ئويۇن قويۇش پائالىيىتىگە قاتناشتۇردى. 3- ئايدا شىنجاڭ باللار تەربىيىسى - تەرەققىيات مەركىزى پسىخىك ساغلاملىقتىن مەسلىھەت بېرىش مەركىزى قۇرۇپ، مەسلىھەت بېرىشنى قانات يايدۇردى، بىر يىلدا 60 نەچچە بالا ۋە ئائىلە باشلىقى (قېتىم)نى كۈتۈۋالدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 42 - باشلانغۇچ مەكتەپتىكى 110 نەچچە بالىنىڭ ئۆگىنىشكە ماسلىشىشچانلىقىنى سىناق قىلدى. 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ باللار تەرەققىيات مەركىزىنىڭ تور بېكىتى (تور ئادرېسى: HTTP://WWW. Xjchild. org. cn) رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇ تور بېكەتتە تەرەققىيات مەركىزىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش، تەربىيىلەش، خەلقئارا تور ھەمكارلىقى، پسىخىك ساغلاملىقتىن مەسلىھەت بېرىش، مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش بويىچە ئىئانە - ياردەم قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلار بار. 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ش ئۇ ئا ر ئائىلە تەربىيىسى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇتەخەسسىلىرىنى تەشكىللەپ، بورتالا، سانجى، تۇرپانلاردىكى يەسلى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە

ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئائىلە تەربىيىسى، ساغلاملىق تەربىيىسى، يەسلى باللىرىدا ھەرىكەت ئادىتى يېتىلدۈرۈش قاتارلىق مەزمۇنلاردا سەييارە لېكسىيە سۆزلەشكە ئەۋەتتى، بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە 1660 تىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئائىلە باشلىقى قاتناشتى. 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى شىنجاڭ رەسىم ئاكادېمىيىسى بىلەن بىرلىكتە بالىلارنىڭ گۈزەل - سەنئەت دەرىجىسىنى سىنىدى، 600 دىن كۆپرەك بالا سىناققا قاتناشتى.

غۇنچىلار پىلانى 2003 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو بالىلار فوندى جەمئىيىتى غۇنچە قىزلار تۈرى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى رېن جىجيەن بىلەن ھاۋا ئارمىيە سىياسىي بۆلۈم ئاممىۋى خىزمەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى يۈەنچۈنلەر مارالبېشى، پەيزاۋات ناھىيىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بۇ 2 ناھىيىدە كۆك ئاسمان غۇنچىلار مەكتىپىدىن 4 نى قۇرۇشنى قارار قىلدى ھەم بۇ توغرىلىق ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن كېلىشىم تۈزدى. 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە جۇڭگو بالىلار. ئۆسمۈرلەر فوندى جەمئىيىتى غۇنچە قىزلار تۈرى ئىشخانىسىدىن ئۈچەيلەن سانجى، تۇرپان، ئىلى، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، غۇنچە قىزلار سىنىپى ۋە غۇنچىلار «ئۈمىد» مەكتىپىگە دائىر تۈرلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، «ئەنگاڭ پىلانى» نىڭ غەربىي رايوندىكى يولغا قويۇلۇش لىنىيىسىنى نەق مەيداندا كۆزدىن كەچۈردى ھەم قىيىنچىلىقى ئېغىر قىز بالىلارغا 20 مىڭ يۈەنلىك ئوقۇش بۇيۇمى ئىئانە قىلدى. 8 - ئايدا مېيلىنكەي شىركىتىنىڭ جۇڭگو رايونىدىكى باش لىدىرى مەييۇپ شىركەتكە ۋاكالىتەن ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ سارداۋان يېزىسىدىكى ئاسىيا كىندىكى باشلانغۇچ مەكتىپىگە غۇنچىلار پىلانى مەبلىغىدىن 20 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، 50 نامرات بالىنىڭ ئوقۇش، كىتاب پۇلىنى ھەل قىلدى. جۇڭگو رويخەتتىكى بوغالتىرلار جەمئىيىتى ئىئانە قىلغان 60 مىڭ يۈەن پۇل بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىدە بىر غۇنچە قىزلار سىنىپى ئېچىلدى، بۇ خىراجەت 3 يىل ئىشلىتىلىدۇ. 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئورگىنىدىكى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلىپ، بىر غۇنچە قىزلار سىنىپى ئاچتى. 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى قوراللىق ساقچى قىسىم غۇنچە قىزلار ئوقۇش مۇكاپات پۇلىدىن 6000 يۈەن كىرگۈزۈپ، ئۈچتۇرپان، مورى ناھىيىلىرىدىكى 10 ئەلا غۇنچە قىزنىڭ ھەربىرىگە 600 يۈەندىن ياردەم قىلدى؛ ھاۋا ئارمىيە ئەلا غۇنچە قىزلار ئوقۇش مۇكاپات پۇلىدىن 100 مىڭ يۈەن كىرگۈزۈپ، 30 نەپەر غۇنچە قىزنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يەنە 3 يىل ئوقۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئۈرۈمچى شەھىرى داۋانچىڭ رايونى دۇڭگو يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى، سانجى شەھىرى ليۇخۇاڭگۇ مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى، ئاشلى يېزا نۇرجا كەنت باشلانغۇچ مەكتىپى، گۇچۇڭ ناھىيە قوراللىق ساقچى قىسىم غۇنچە قىزلار سىنىپى، بىگتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - شى ياشلار ئىتتىپاقى دېھقانچىلىق مەيدانى پەرزەنتلەر مەكتىپى غۇنچە قىزلار سىنىپى ۋە مورى ناھىيە دۇڭچېڭ بازىرى قوراللىق ساقچى قىسىم غۇنچىلار باشلانغۇچ مەكتىپى قاتارلىق تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ باھالىدى.

ليۇ ۋېنجۈن

## ھەمكارلىق تۈرلىرى خىزمىتى

**ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيىسى تۈرى**

2003 - يىل 3 — 12 - ئايغىچە شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى ئەنگلىيە بالىلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ماتارىپ ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيىسى 2 - قارارلىق (2003 — 2004 - يىللىق) تۈرىنى يولغا قويدى، تۈر سوممىسى خەلق پۇلى ھېسابىدا 580 مىڭ يۈەن بولدى، تەربىيىلەش، كۆزدىن كەچۈرۈش، سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈش، IEC ماتېرىيالى تەييارلاش، VCD پىلاستىنكىسى، تېلېۋىزىيە پروگراممىسى ئىشلەش، بايلىق مەركىزى قۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلىپ، شىنجاڭدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەيدىس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئېڭى ۋە ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تۈر سىناق قىلىنىدىغان 5 مەكتەپتە 5 قارار تۈر ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈش كۇرسى ئېچىلىپ، 120 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى؛ ئەيدىس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ھەمراھ تەربىيىچىلەر كۇرسىدىن 5 قارار ئېچىلىپ، 150 چە ئوقۇغۇچى ھەمراھ تەربىيىچى تەربىيىلەندى؛ بىر قارار تۈر خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 30 تۈر خىزمەتچىسى تەربىيىلەندى؛ بىر قارار ئاخبارات ۋاستىلىرى خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 30 نەپەر ئاخبارات خىزمەتچىسى تەربىيىلەندى. يەنە ئاقسۇ ۋىلايىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تۈر خىزمەتچىسىدىن 11 ى يۈننەن ئۆلكىسىگە بېرىپ، ئەيدىس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - غەمخورلۇق قىلىش تۈرىگە دائىر ئەھۋاللارنى كۆزدىن كەچۈردى. 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى كېپەي (جۇڭگو) چەكلىك شىركىتى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىدىكى ئائىلىلەردە ئەيدىس

كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيىسى تۈرىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. بۇ تۈرگە 60 مىڭ دوللار مەبلەغ سېلىندى، تۈر مۇددىتى 2 يىل بولىدۇ. بۇ تۈرنىڭ مەقسىتى شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونىدا ئەيدىس كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش، بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، تۈر رايونىدىكى ئاياللارنىڭ ئەيدىس كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دائىر ئۇچۇر، ماھارەت ۋە مۇلازىمەت ھوقۇقىغا ئېرىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئەيدىس كېسەللىكىنىڭ شۇ يەردىكى ئاياللار ئارىسىدا يۇقۇملىنىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشتىن ئىبارەت. بۇ تۈر ئاساسەن ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى 8 ناھىيە، بىر شەھەر بىلەن بۇگۇر ناھىيىسىدە ئىجرا قىلىنىدۇ.

ئاياللار - بالىلارنى روناق تاپقۇزۇش تۈرى 2003 - يىلى بۇرۇلتوقاي، گۇما ناھىيىلىرىدە ب د ت بالىلار فوندى جەمئىيىتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاياللارنى روناق تاپقۇزۇش ئايلانما مەبلىغى تۈرى داۋاملىق ئىجرا قىلىندى ھەم تۈرگە ئالاقىدار تەكشۈرۈش، باھالاش خىزمىتى ئىشلەندى. 2 - ئايدا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بىلەن ئالتاي شەھىرىنىڭ «زېمىنغا مۇھەببەت . ئانا سۇ» تۈرى يوللىنىپ، 800 مىڭ يۈەن تەستىقلىتىلدى، ئاپتونوم رايون 1 مىليون 193 مىڭ يۈەن يۈرۈشلەشتۈرۈش مەبلىغى ئاجراتتى. 4 - ئايدا مەملىكەتلىك ئاياللار تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتىگە مېيلىنكەي ئاياللار ئىگىلىك تىكلەش فوندى تۈرى مەبلىغىدىن 100 مىڭ يۈەن ئىلتىماس قىلىنىپ تەستىقلىتىلدى. مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ خەلقئارا بۆلۈمىدىن 200 مىڭ يۈەن ئاز سوممىلىق ئايلانما مەبلەغ تۈرى قولغا كەلتۈرۈلۈپ، كۇچا ناھىيىسىدە نامرات يېزا ئاياللىرىنىڭ باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش تۈرى يولغا قويۇلدى. مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە باينغولىن ئوبلاستىنىڭ «8 - مارت» يېشىل نەشپۈتلۈك بازىسى تۈرى بىلەن قورغاس ناھىيىسىنىڭ «8 - مارت» ئىقتىسادىي ئورمان بازىسى تۈرى ئىلتىماس قىلىنىپ، جەمئىي 300 مىڭ يۈەن تەستىقلىتىلدى.

لىيۇ ۋەنجۈن

## مەملىكەت بويىچە شەھەر - بازار ئاياللىرىنىڭ تۆھپە يارىتىش پائالىيىتىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر

2003 - يىل 2 - ئايدا مەملىكەتلىك شەھەر - بازار ئاياللىرىنىڭ تۆھپە يارىتىش پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قاراماي شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 2 - شى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئايال ئىشچى-خىزمەتچىلەر كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، سانجى شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، كورلا پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن ئىبارەت 5 ئورۇنغا «مەملىكەت بويىچە شەھەر - بازار ئاياللىرىنىڭ تۆھپە يارىتىش خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ»؛ ئىلى ئوبلاستلىق مېھمانخانا، ساۋەن ناھىيىلىك تەجرىبە بالىلار باغچىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئاياللار كومىتېتى، جىڭ ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئاياللار كومىتېتى، مايتاغ نېفىت خىمىيە شىركىتى تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى كۆل چىقىرىش سېخىنىڭ جاۋ لىجۈ ئىسمىدا - گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ «تيەنفۇ» تېرمو ئېلېكتر چەكلىك پاي شىركىتى تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىسسىتىش شىركىتىنىڭ ئىسسىتىش ھەققى يىغىش ئىشخانىسى، ماناس ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يوللاردا يولۇچى - يۈك توشۇش مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ جەنۇبىي شەھەر ئەتراپى يولۇچى - يۈك توشۇش بېكىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەھەللە سوغۇرتا فوندى مەركىزى ئۇنىۋېرسال تۆلەش بۆلۈمى، پىچان ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ پىلان - بوغالتىرلىق - ھەق يىغىش بۆلۈمى، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك مېھمانخانا، سودا - سانائەت بانكىسى لوپنۇر ناھىيىلىك تارمىقىنىڭ تىجارەت بۆلۈمى، خېجىڭ ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ باج مۇلازىمەت زالى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتەپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ كۆز كېسەللىكلەر بۆلۈمى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 5 - شى دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر 1 - بۆلۈمى، خوتەن «شاتو» يىپەك شىركىتىنىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى، ئىلى ئالاھىدە ھارىقى پاي شىركىتى 2-ھاراق زاۋۇتىنىڭ ئوراش - قاچىلاش 1 - ئەترىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۆسمۈرلەر سوت كوللېگىيىسى، دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ دېھقانچىلىق مۇلازىمەت شىركىتى، سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى تىجارەت بۆلۈمىنىڭ ھېسابات مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگۇ قاماقخانىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ يۇقىرى قان بېسىمى بۆلۈمى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك تارمىقىنىڭ غالىبىيەت يولى شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى، شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى قاراماي شۆبىسىنىڭ مەركىزىي تېلېگراف تىجارەت ئەترىتىدىن ئىبارەت 26 ئورۇنغا «مەملىكەت بويىچە

ئاياللارنىڭ مەدەنىيلىكتە ئۈلگە ئىش ئورنى»؛ غۇلجا ناھىيىلىك ئاياللار مەھەللىۋى ئائىلە مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ دىرېكتورى جاڭ يەن، قوبۇقسار ناھىيىسىدىكى «ئەتكەن چاي شاھى» چايخانىسىنىڭ دىرېكتورى زاۋۇل، ئالتاي شەھەرلىك «جىنشەن» ئىقتىساد - سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى پېڭ رۇيشيا، سانجى شەھەرلىك ئاياللار «جۇڭشىن» ئائىلە مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ دىرېكتورى سۇ مىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەتلەس ساياھەت خاتىرە بۇيۇملىرى شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ۋۇ گۈيلىڭ، شىنجاڭ «يېتىيەنياڭ» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ساياھەت خاتىرە بۇيۇملىرى شۆبىسىنىڭ دىرېكتورى دەن شيۇمېي، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «روشى» پۇت ساغلاملىقى مەركىزىنىڭ دىرېكتورى خې شىنپىڭ، توقسۇن ناھىيە تولۇنتاي پىچىنە - پىرەنىڭ دۇكىنىنىڭ دىرېكتورى گۈلبىرەخان، قۇمۇل شەھىرىدىكى يەككە تاكسى شوپۇرى گاۋ خۇڭشيا، خېجىڭ ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار ئائىلە مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ دىرېكتورى ياڭ سەيىڭ، كۇچا ناھىيە ساغلاملىق مەھەللە باللار باغچىسىنىڭ باشلىقى ئامىنەگۈل تۇردى، قەشقەر شەھىرىدىكى قەلبداشلار مىللىي تېز تاماقخانىسىنىڭ دىرېكتورى ئامىنە ياسىن، خوتەن شەھەرلىك يېڭى قاشتېشى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى گۈلنىياز، شىخەنزە «يالۇڭ» ياغ زاۋۇتىنىڭ باشلىقى يې يۇخۇڭدىن ئىبارەت 14 ئايالغا «مەملىكەت بويىچە شەھەر - بازار ئاياللىرىنىڭ تۆھپە يارىتىش پائالىيىتىدىكى ئۈلگە» دەپ نام بەردى. شيې يۇخۇڭغا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى «مەملىكەتلىك ‹8 - مارت› قىزىل بايراقدارى» دەپ نام بەردى.

ليۇ ژەنجۇن

## ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - قىشلاق ئاياللىرىنىڭ «ئۈچنى ئۆگىنىش، ئۈچتە بەسلىشىش»، شەھەر - بازار ئاياللىرىنىڭ تۆھپە يارىتىش پائالىيىتىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر

2003 - يىل 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا - قىشلاق ئاياللىرىنىڭ «ئۈچنى ئۆگىنىش، ئۈچتە بەسلىشىش»، شەھەر- بازار ئاياللىرىنىڭ تۆھپە يارىتىش پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك «ئۈچنى ئۆگىنىش، ئۈچتە بەسلىشىش» مۇسابىقىسى پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق 20 ئورۇنغا «ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا- قىشلاق ئاياللىرىنىڭ ‹ئۈچنى ئۆگىنىش، ئۈچتە بەسلىشىش›، پائالىيىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ»؛ سانجى ئوبلاستلىق «8 - مارت» ئاياللار يەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى، يەنجى ناھىيىسىدىكى يار تۈمەن مولۇق (667 گېكتار) يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق ئۈزۈم بازىسى قاتارلىق 20 بازىغا «ئاپتونوم رايون بويىچە ‹8 - مارت› سۇپەتلىك يېشىللىق قۇرۇلۇشى»؛ پىچان ناھىيە لەمجىن بازىرىدىن پاتەمخان راخمان، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 - شى 90 - تۇەن - مەيدان ئورمانچىلىق پونكىتىدىن جۇ رۇيجىن قاتارلىق 30 كىشىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە ‹8 - مارت› يېشىللىق قۇرۇلۇشى مېدالىغا ئېرىشكەنلەر»؛ غۇلجا ناھىيە باياندىي بازىرىدىن پاتىمە، چۆچەك شەھەر ئەرگۈڭ بازىرىدىن ما سۇليەن قاتارلىق 100 كىشىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا- قىشلاق ئاياللىرىنىڭ ‹ئۈچنى ئۆگىنىش، ئۈچتە بەسلىشىش›، پائالىيىتىدە ئىلغار ئايال ماھىر»، كۆكتوقاي ناھىيە دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن گۈلنار، جىڭ ناھىيە ئاقچى دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ليۇ شىنلىيەن قاتارلىق 30 كىشىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - قىشلاق ئاياللىرىنىڭ ‹ئۈچنى ئۆگىنىش، ئۈچتە بەسلىشىش›، پائالىيىتىدە ئىلغار يەن - تېخنىكا مۇلازىمەتچىسى»؛ شىخەنزە شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاياللار كومىتېتى قاتارلىق 20 ئورۇنغا «ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازار ئاياللىرىنىڭ تۆھپە يارىتىش پائالىيىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ»؛ ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ باج مۇلازىمەت زالى قاتارلىق 80 ئورۇنغا «ئاپتونوم رايون بويىچە ئاياللارنىڭ مەدەنىيلىكتە ئۈلگە ئىش ئورنى»؛ ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى ئورگان پارتكومىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى جاۋ پىڭ قاتارلىق 100 كىشىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازار ئاياللىرىنىڭ تۆھپە يارىتىش پائالىيىتىدىكى ئۈلگە» دەپ نام بەردى.

ليۇ ژەنجۇن

## كادىرلار مىنىستىرلىكى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسىنىڭ ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخس نامىغا ئېرىشكەنلەر

2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كادىرلار مىنىستىرلىكى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ساۋەن ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، بىڭتۇەن 12 - شى ئاياللار بىرلەشمىسىدىن ئىبارەت 4 ئورۇنغا «مەملىكەت بويىچە ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ»؛ خوتەن شەھىرى شورباغ يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى خەيرىنىساخان بىلەن مورى

ناھىيە جاۋبەشەن يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى شيا لۇچىڭگە «مەملىكەت بويىچە ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن نام بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەملىكەت بويىچە ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپلارغا «مەملىكەتلىك 8 - مارت، قىزىل بايراقدار كوللېكتىپ» دېگەن ۋە مەملىكەت بويىچە ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسىدىكى ئىلغار شەخسلەرگە «مەملىكەتلىك 8 - مارت، قىزىل بايراقدارى» دېگەن نام بېرىلدى.

ليۇ ۋەنجۈن

## مەملىكەت بويىچە ئاياللار - بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخس بولغانلار

2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مەركەزدىكى ئورۇنلاردىن مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق 14 ئورۇن بىرلىكتە مەملىكەت بويىچە ئاياللار - بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخس بولغانلارنى تەقدىرلىدى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى شى چيۇخۇڭ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ كادىرى گۈلسۈم يۈسۈپ، ئىلقا ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى مەجۇدەم ئىنايەتلەر تەقدىرلەنگەنلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

ليۇ ۋەنجۈن

## خۇاڭ چىڭيى شىنجاڭغا كەلدى

2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجىچۇنىڭ 1 - شۇجىسى خۇاڭ چىڭيى شىنجاڭغا كېلىپ، «ئەنكاڭ پىلانىنى غەربىي رايوندا يولغا قويۇش» پائالىيىتىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كاتتا پاراۋانلىق پائالىيىتىگە قاتناشتى ھەم شىنجاڭنىڭ ئاياللار خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى خۇاڭ چىڭيى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق مەيدانىدا «ئەنكاڭ پىلانىنى غەربىي رايوندا يولغا قويۇش» پائالىيىتىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كاتتا پاراۋانلىق پائالىيىتىنىڭ ئىئانە مۇراسىمىغا قاتناشتى.

ليۇ ۋەنجۈن

## «ئەنكاڭ پىلانىنى غەربىي رايوندا — شىنجاڭدا يولغا قويۇش بويىچە كاتتا پاراۋانلىق پائالىيىتى

2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 — 8 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى، سەھىيە مىنىستىرلىكى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھاۋا ئارمىيە قىسمى، جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمى، جۇڭگو خەلق تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان، جۇڭگو بالىلار - ئۆسمۈرلەر فوندى جەمئىيىتى ئۈستىگە ئالغان 3 - نۆۋەتلىك «ئەنكاڭ پىلانىنى غەربىي رايوندا — شىنجاڭدا يولغا قويۇش» بويىچە كاتتا پاراۋانلىق پائالىيىتى شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلدى.

بۇ پائالىيەت ئاساسلىقى مۇنداق 3 تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى: بىرىنچى، جۇڭگو ھاۋا ئارمىيىسى «غۇنچىلار پىلانى» غا 4 - قېتىم ئىئانە قىلىش؛ ئىككىنچى، جۇڭگو بالىلار - ئۆسمۈرلەر فوندى جەمئىيىتى شىنجاڭغا 100 ئەنكاڭ سىنىپى سېلىپ بېرىش؛ ئۈچىنچى، «پارچە پۇل ساخاۋىتى» — ئەنلى مىليونلىغان شەپقەتچىلەر قول تۇتۇشۇش پاراۋانلىق



2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «ئەنكاڭ پىلانىنى غەربىي رايوندا يولغا قويۇش» خىزمەت ئۆمىكى خوتەن ناھىيىسىنىڭ تۇساللا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئەنكاڭ سىنىپى سېلىشقا ئىئانە بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

سۈرەتنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى تەمىنلىگەن.

پائالىيىتى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە شىنجاڭغا 4 مىليون 300 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ ۋە ئەشيا ئىئانە قىلىندى.

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بۇ پائالىيەتنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەت، جۇڭگو ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى لى مېيفۇ، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجىچۇسىنىڭ 1 - شۇجىسى خۇاڭ چىڭيى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، دائىمىي مۇئاۋىن رەئىس ۋاڭ جىنشياڭ، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، جۇڭگو بالىلار - ئۆسمۈرلەر فوندى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مو ۋېنشيۇ، لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيە مۇئاۋىن قوماندانى جۇ شىنخۇا، ئەنلى (جۇڭگو) كۈندىلىك بۇيۇملار چەكلىك شىركىتىنىڭ باش لىدىرى خۇاڭ دېيىنلار قاتناشتى.

«ئەنكاڭ پىلانىنى غەربىي رايوندا يولغا قويۇش» خىزمەت ئۆمىكى 9 - ئاينىڭ 4 -، 5 - كۈنلىرى خوتەن ناھىيىسىنىڭ تۇسالا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئەنكاڭ سىنىپى سېلىشقا ئىئانە بېرىش مۇراسىمى، مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرى شىتۇپ غۇنچىلار باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ پۈتۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى.

ليۇ ۋەنجۈن

# ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى

## ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا پائالىيىتى

1. ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 2003 - يىل 10 - ئايدىن 11 - ئايغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ 23 - نۆۋەتلىك ياشلار- ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىلىم - پەننى سۆيۈش ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىلاتچىلىق قىلدى، پائالىيەتنىڭ ئاساسىي تېمىسى ھەر يىلقى ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش، پەن - تېخنىكا بىلەن بىرلىكتە ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت بولدى. شىخەنزە شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى مەكتەپلەردە كومپيۇتېردا سۈرەت لايىھىلەش، كومپيۇتېردا ھەرىكەتلىك سۈرەت لايىھىلەش، پەن - تېخنىكا بويىچە ئىزاھلىق ماقالىلەرنى توپلاش، «قۇملۇقنى چۈشىنىش» بويىچە كىچىك يازما گېزىت مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى؛ دۆربىلجىن ناھىيىلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپ «كېلەچەكتىكى مەن»، «كېلەچەكتىكى يەر شارى» نى مەزمۇن قىلغان ئىلمىي فانتازىيىلىك سۈرەتلەر مۇسابىقىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى؛ بورتالا شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ «ئىلىم - پەن زېھنىدا ئەركىن قانات قاقايلى» دېگەن تېمىدا ئىلمىي فانتازىيىلىك سۈرەت كۆرگەزمىسى ئاچتى؛ تۇرپان ۋىلايىتى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا بويىچە يېڭىلىق يارىتىش روھى ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ياشلىرى ۋە ئۆسمۈرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى ئاساسىي تېما قىلغان پەن - تېخنىكا بويىچە يېڭىلىق يارىتىشقا دائىر مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. ستاتىستىكا مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە پائالىيەتكە قاتناشقان ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر 400 مىڭ ئادەم (قېتىم) بولغان، پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 150 مىڭ نۇسخا ماتېرىيال تارقىتىلغان، 180 مەيدان كۇرس، لېكسىيە ئۆتكۈزۈلگەن، 40 مىڭ ئادەم تەربىيىلەنگەن.

2. شائخەيدىكى فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا 8 - ئاينىڭ 3- كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن 20 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئۇچۇرشۇناسلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە شىنجاڭدىن بىرەيلەن 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، بىرەيلەن 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئىككەيلەن مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن كۇچا ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ مەملىكەتلىك NOIP2002 8 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئۇچۇرشۇناسلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە مۇسابىقىگە قاتناشقۇچى مۇنەۋۋەر مەكتەپ دېگەن نامغا ئېرىشتى.

NOIP2003 مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئۇچۇرشۇناسلىق (كومپيۇتېر) ئولىمپىك شۆبە رايون بىرلەشمە مۇسابىقىسى شىنجاڭ مۇسابىقە رايونىدىكى دەسلەپكى مۇسابىقە 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى باشلاندى، ئۈرۈمچى، قاراماي، تارباغاتاي، بايىنغولىن قاتارلىق 6 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە بىڭتۇەندىن بولۇپ 1355 ياش ۋە ئۆسمۈر پائالىيەتكە قاتناشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدىن 162 ماھىر 2 - قېتىملىق مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلدى، بۇ مۇسابىقە 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلدى. ئاخىرىدا ئۆستۈرۈش گۇرۇپپىسى بويىچە 8 كىشى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 10 كىشى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 22 كىشى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 9 كىشى مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئومۇملاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى بويىچە 11 كىشى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 21 كىشى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 15 كىشى 3- دەرىجىلىك

مۇكاپاتقا، 6 كىشى مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شىخەنزە شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، شىخو شەھەرلىك پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى، قاراماي شەھەرلىك ماگارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئورنى، يېڭىتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شۆبىسىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 6-ئوتتۇرا مەكتەپ مۇسابىقىدە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

3. 2003 - يىلى «كومپيۇتېر ماشىنا ئادەم ئىشخانىسى ۋە كەشپ قىلىش - يېڭىلىق يارىتىش ئىشخانىسى»نىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، «كومپيۇتېر ماشىنا ئادەمنى تەربىيىلەش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەر ۋە پەن - تېخنىكا يېتەكچىلىرى بولۇپ 100دىن ئوشۇق ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، 1000 دىن ئوشۇق ياش ۋە ئۆسمۈر «ئىشخانا»دا ئەمەلىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى.

جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ياشلار - ئۆسمۈرلەر خىزمىتى بۆلۈمى، جۇڭگو بالىلار مەركىزى، خېبەن ئۆلكىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن 3-نۆۋەتلىك جۇڭگو ياشلار - ئۆسمۈرلەر كومپيۇتېر ماشىنا ئادەم مۇسابىقىسى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 2-كۈنىگىچە خېبەن ئۆلكىسىنىڭ جېڭجۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ماھىرلىرى كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، باشلانغۇچ مەكتەپ گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئوتتۇرا مەكتەپ گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ گۇرۇپپىسى بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپ گۇرۇپپىسى يېڭىلىق يارىتىش تۈرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا يېتەكچىلىرى پائالىيىتى

جۇڭگو ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا يېتەكچىلىرى جەمئىيىتى 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 19-كۈنىگىچە بېيجىڭدا مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزدى. قۇرۇلتايدا بورتالا شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ليۇ نەنبېي قاتارلىق 12 مۇنەۋۋەر ياشلار-ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا يېتەكچىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىدىكى گۇلى قاتارلىق 6 مۇنەۋۋەر ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرغۇچى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 11 - ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق 4 ئورۇن مۇكاپاتلاندى. ش ئۇ ئا ر ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا يېتەكچىلىرى جەمئىيىتى بۇ قۇرۇلتايدا ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى.

11 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا يېتەكچىلىرىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنى توپلاش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا تەشكىلاتچىلىق قىلىندى. بۇ پائالىيەت داۋامىدا 170 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، ئاپتونوم رايوندا دەسلەپكى قەدەمدە باھالانغاندىن كېيىن 130 ى مەملىكەت بويىچە تاللاشقا قاتناشتۇرۇلدى. شىنجاڭدىن 3 ماقالە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 19 ماقالە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 11 ماقالە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ش ئۇ ئا ر ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا يېتەكچىلىرى جەمئىيىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر كەشپىيات جەمئىيىتى 2002 - يىل 9 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرىگە ۋە ياشلار-ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا يېتەكچىلىرى جەمئىيەتلىرىگە «3-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مائارىپ خادىملىرىنىڭ كەشپىياتلىرىنى ۋە پەن - تېخنىكا ياسالمىلىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ باھالاش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسەرلەرنى يىغىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، يېرىم يىل داۋام قىلغان يىغىش خىزمىتى ئارقىلىق 2003 - يىل 3 - ئايدا 42 خىل كەشپىياتنى ۋە پەن - تېخنىكا ياسالمىسىنى مەملىكەت بويىچە تاللاش پائالىيىتىگە قاتناشتۇردى، ئۇنىڭدىن 21ى 1 -، 2 - ۋە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## ئىلمىي مۇنبەر پائالىيىتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 3 قېتىملىق ياش ئالىملارنىڭ كەسپىي مۇنبەر پائالىيىتىنى يەنى شىنجاڭ نۇقتىلىق تەجرىبىخانا قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىيات مۇنبىرىنى، ئەمەلىي ئۇچۇر تېخنىكىسى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش 2003 - يىللىق مۇنبىرىنى، دوختۇرخانا قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇش مۇنبىرىنى نۇقتىلىق قوللىدى. 3 قېتىملىق مۇنبەر پائالىيىتىدە ياش مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە قىممىتى بار، نىشانلىق تەكلىپلەرنى بېرىپ دىققەت - ئېتىبارغا ئېرىشتى. مۇنبەر پائالىيىتى يەنە بىر تۈركۈم كارخانىلارنى قاتنىشىشقا جەلپ قىلىپ، ئالىملار بىلەن كارخانىچىلارنىڭ قوشۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 16 ياش ئالىمنى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا پەن - تېخنىكا بويىچە تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، ياش ئالىملارنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ئالاقىدار ئورۇنلار، كارخانىلار بىلەن 26 خىل ھەمكارلىق تۈرىنى ئىمزالىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەن - تېخنىكا

تەتقىقات تۈرلىرى ئۈچۈن 10 مىليون يۈەندىن ئوشۇقراق خىراجەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياشلار پەن-تېخنىكا مۇكاپاتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مۇھاكىمە قىلىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نامىدا شىنجاڭ ياشلار پەن - تېخنىكا مۇكاپاتى تەسىس قىلىپ، يىلىغا بىر قېتىم باھالاپ چىقىش، ھەر قېتىملىق باھالاشتا مۇكاپاتلىنىدىغانلار 20 دىن ئاشماسلىق، ھەر بىر كىشىگە بىر قېتىملىقتىن 10 مىڭ يۈەن مۇكاپات بېرىشنى ماقۇل كۆرگەنىدى. ش ئۇ ئا ر پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياشلار پەن- تېخنىكا مۇكاپاتى بويىچە باھالاپ تاللاش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 69 نامزات مەلۇم قىلىندى، ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىسلەر باھالاش كومىتېتىنىڭ باھالىشى، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى، «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىش ئارقىلىق تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياشلار پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 20 خادىم تاللاپ چىقىلدى. 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياشلار پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىنى تارقىتىش يىغىنى ئېچىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشتى ۋە 20 مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىگە گۇۋاھنامە بىلەن مۇكاپات سوممىسىنى تارقىتىپ بەردى.

20 مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچى تۆۋەندىكىچە: ۋاڭ نا (ئايال، دوكتور، تەتقىقاتچى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى)، ۋاڭ لۇڭپىڭ (دوكتور، ئالىي ئىنژېنېر، دۆلەت 305 تۈر ئىشخانىسى مۇدىرىنىڭ ياردەمچىسى، خەلقئارا ھەمكارلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)، كۇڭ چېڭپىڭ (باكلاۋر، تەتقىقاتچى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئاكادېمىيىسى ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، لۇ شۈۋېن (باكلاۋر، ئورمانچىلىق تەتقىقاتچىسى، ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق تېخنىكىسى باش پونكىتىنىڭ باشلىقى)، ليۇ كاڭ (ئاسپىرانت، كاندىدات تەتقىقاتچى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق ئاكادېمىيىسى ئورمان بەرپا قىلىپ قۇمنى تىزگىنلەش تەتقىقات ئورنى ئىھاتە ئورمان ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، ليۇ فۇ (ماگىستىر، ئالىي ئىنژېنېر، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى نېفىت ئېلىش ھۈنەر - سەنئەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى)، ليۇ مىڭگاۋ (دوكتور، ئالىي ئىنژېنېر، شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى قېزىش - ئېچىش تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، تۇرسۇن ئۆمەر (باكلاۋر، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا - خىمىيە تېخنىكىسى تەتقىقات ئورنىنىڭ ياردەمچى تەتقىقاتچىسى)، لى زۇڭجيې (ماگىستىر، غەربىي قىسىم نېفىت ئىدارىسىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى)، تاڭ باۋپىڭ (دوكتور، كاندىدات مۇدىر ۋراچ، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا يۈرەك كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، ھاجى ئەكبەر ئەيسا (دوكتور، تەتقىقاتچى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا - خىمىيە تېخنىكىسى تەتقىقات ئورنى ئەمەلىي خىمىيە تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى)، چېن تۇڭ (دوكتور، پروفېسسور، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، چېن جۇاڭفۇ (دوكتور، پروفېسسور، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، جىن چاڭنىڭ (ماگىستىر، شىنجاڭ قاتناش ئىلمىي تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى)، جاڭ شىن (ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتلىق، ئالىي ئىنژېنېر، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى)، جاڭ فۇچۈەن (باكلاۋر، ئالىي مال دوختۇرى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۆپكە تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، گاۋ شاۋلى (ئايال، دوكتور، پروفېسسور، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دورىگەرلىك ئىنستىتۇتى دورا كافېدراسىنىڭ مۇدىرى)، رەنا قاسىم (دوكتور، پروفېسسور، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى پەن تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، زېڭ فەنجيې (باكلاۋر، ئازادلىق ئارمىيە 69081 قىسمىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى)، پەن ياۋلىڭ (ئايال، دوكتور، پروفېسسور، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بايلىق ۋە مۇھىت ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى).

ۋاڭ چاڭفۇ

## ئەلئارا ئالماشتۇرۇش

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 6 ئۆمەك - گۇرۇپپا، 59 ئادەم (قېتىم) نى ياۋروپا، كورىيە ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ۋە ئالماشتۇرۇشقا تەشكىللىدى، 8 تۈركۈمدە زىيارەتكە كەلگەن 48 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى. 12 ئىلمىي جەمئىيەت ئۆمەك تەشكىللەپ ئىچكى ئۆلكىلەردە ۋە چېگرا سىرتىدا تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىش ئېلىپ باردى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە سەھىيە نازارىتى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تىببىي داۋالاش سىستېمىسىدىكى ئىلمىي جەمئىيەتلەرنى ۋە ش ئۇ ئا ر كېسەللىكلەرنى كونترول قىلىش مەركىزى، شىنجاڭ سەھىيە نازارەت قىلىش ئورنى، سەھىيە نازارىتى كېسەللىكلەرنى كونترول قىلىش - باشقۇرۇش ئورنى قاتارلىق تارماقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش تىبابىتى ساھەسىدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاقلاردىن بولغان نوپۇزلۇق، مۇتەخەسسىلەرنى جىددىي تەشكىللەپ، «سارس» ۋىرۇسىنىڭ تارقىلىش يوللىرى، جەمئىيەتتىكى ئوخشاش بولمىغان سورۇن، ئوخشاش بولمىغان ئادەم توپىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلار توغرىسىدا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرى بويىچە رادىئو، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدا سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزدى ۋە مەخسۇس لېكسىيەلەرنى ئوقۇدى. ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ كونكرېت ماسلاشتۇرۇشى ئارقىسىدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەنزۇ تىلى قانىلىنىڭ «شىنجاڭ خەۋەرلىرى»، «كۈندىلىك سۆھبەت» پروگراممىسىدا، ئۇيغۇر تىلى قانىلىنىڭ «ئالتۇن كۆزنەك»، «كۆڭۈلدىكى سۆز» پروگراممىسىدا، قازاق تىلى قانىلىنىڭ «پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كۆزنىكى» سەھىپىسىدە ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خەنزۇ تىلى «چۈشلۈك خەۋەرلەر» پروگراممىسى ۋە قازاق تىلىدىكى «دېھقان - چارۋىچىلار زېمىنى» قاتارلىق پروگراممىلاردا زىيارەت ئېلىپ بېرىلىپ ۋە لېنتىغا ئېلىنىپ، 15 سان بېرىلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى سىستېمىسى پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكىدە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ماتېرىيالىدىن 1 مىليون 600 مىڭ نۇسخا بېسىپ تارقاتتى، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ئاسما رەسىمدىن 31 مىڭ نۇسخا، كۆرگەزمە، دوسكا گېزىتىدىن 121 مىڭ سان، تەشۋىقات پلاستىنكىسىدىن 1550 قاپ، ئۈنئالغۇ لېنتىسىدىن 1500 قاپ، رادىئو تەشۋىقات ماتېرىيالىدىن 4000 نەچچە يۈز نۇسخا ئىشلەپ تەييارلىدى، 1000 دىن ئوشۇقراق لوزۇنكا ۋە پلاكاتلارنى ئاستى، مەھەللىلەرگە، يېزا - بازارلاردىكى كەنت - گۇرۇپپىلارغا، كوچا - كويلاردىكى مەيدانلارغا، سودا بازارلىرىغا، كارخانا، مەكتەپلەرگە بېرىپ لېكسىيە ئوقۇش، مەسلىھەت بېرىش، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تاختىلىرىنى سەييارە كۆرگەزمە قىلىش، دوسكا گېزىتلىرىدە كۆرگەزمە قىلىپ باھالاش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى 400 مەيدان (قېتىم) دىن كۆپرەك ئۆتكۈزدى، بۇنىڭدىن مەنپەئەتلەنگەن ئامما 200 مىڭدىن ئاشتى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## «پەننى ئومۇملاشتۇرۇش قانۇنى» نى خاتىرىلەش پائالىيىتى

ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئاپتونوم رايون بويىچە «پەننى ئومۇملاشتۇرۇش قانۇنى» نى تەشۋىق قىلىش - خاتىرىلەش پائالىيىتى، «پەننى ئومۇملاشتۇرۇش قانۇنى» ساۋاتلىرىغا دائىر سوئاللارغا جاۋاب بېرىش پائالىيىتى ۋە «ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيلىككە ھۆرمەت قىلىپ، تۇرمۇشتىكى ناچار ئادەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاش» ئاساسىي تېما قىلىنغان تەشۋىقات پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى.

6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلامچىلىقى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ كونكرېت مەسئۇللۇقىدا، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئەدلىيە نازارىتى، پەن - تېخنىكا نازارىتى، مائارىپ نازارىتى، مالىيە نازارىتى، ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قاتارلىق 22 نازارەت، ئىدارىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن «پەننى ئومۇملاشتۇرۇش قانۇنى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە «پەننى ئومۇملاشتۇرۇش قانۇنى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى تەبرىكلەش ۋە «29 - ئىيۇن» مەملىكەت بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتى كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن مەيداندا چوڭ كۆلەمدە تەشۋىقات پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەر، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كەسپىي ئورۇنلىرى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىگە قاراشلىق قىسمەن ئىلمىي جەمئىيەتلەر بولۇپ 47 ئورۇندىن 200 دىن ئوشۇق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەتچىسى «ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيلىككە ھۆرمەت قىلىپ، تۇرمۇشتىكى ناچار ئادەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە تەشۋىقات - مەسلىھەتچىلىك پائالىيىتىگە قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئاپتونوم رايون

بويىچە ئاممىنى جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن «پەننى ئومۇملاشتۇرۇش قانۇنى» بىلىملىرىگە دائىر سوئاللارغا تالىشىپ جاۋاب بېرىش پائالىيىتىگە ۋە «مەن ھەممىدىن بەك ئۆچ كۆرىدىغان تۇرمۇشتىكى ناچار ئادەت» دېگەن تېمىدىكى ئامما باھا بېرىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن مەملىكەتلىك «پەننى ئومۇملاشتۇرۇش قانۇنى» بىلىملىرىگە دائىر سوئاللارغا تالىشىپ جاۋاب بېرىش پائالىيىتىنى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جايلاردىكى پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرىمۇ «پەننى ئومۇملاشتۇرۇش قانۇنى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئاچتى، «29 - ئىيۇن» مەملىكەت بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتى كۈنىدە تەشۋىقات - مەسلىھەتچىلىك پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى ھەمدە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پىدائىيلىرىنى مەھەللە، يېزا - بازار، مەكتەپ، بازىلارغا بېرىپ كۆپ خىل شەكىلدە پەن - تېخنىكىنى تارقىتىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى. پائالىيەت داۋامىدا، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 200 مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقاتتى، 2000 پارچىدىن ئارتۇق كۆرگەزمە تاختىسى ئىشلىدى. 100 مىڭدىن ئوشۇق ئامما پائالىيەتكە قاتناشتى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدا 14 - نۆۋەتلىك قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 30 مىڭ 713 قارار ھەر خىل ئەمەلىي تېخنىكا كۇرسى ئېچىلىپ، 3 مىليون 299 مىڭ دېھقان، چارۋىچى (قېتىم) تەربىيىلەندى. پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 1 مىليون 327 مىڭ نۇسخا ماتېرىيال بېسىپ تارقىتىلدى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 16 مىڭ مەيدان (قېتىم) فىلىم قويۇپ بېرىلدى. كۇرستا تەربىيىلەش ئارقىلىق يېڭىدىن 3500 دېھقان تېخنىك باھالاپ چىقىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى 12 - ئاينىڭ 25 — 26 - كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلدى. مۇھاكىمە يىغىنىدا 14 يىل داۋاملاشتۇرۇلغان قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، بۇنىڭدىن كېيىن قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا يېتەكچى خاراكتېرلىك پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مۇتەخەسسىسلەر تەكشۈرۈپ باھالاش ھەيئىتى 37 ئىلمىي ماقالىنى تەكشۈرۈپ باھالاپ چىقتى، 3 كىشىنىڭ ماقالىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 6 كىشىنىڭ ماقالىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 10 كىشىنىڭ ماقالىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئاپتورلارغا مۇكاپات تارقىتىپ بېرىلدى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## مەھەللىلەردە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى قاتارلىق 9 ئورۇن بىرلىكتە ھۆججەت چىقىرىپ، ئاپتونوم رايون مىقياسىدا پەن- مائارىپ، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە، قانۇن، ساقلىقنى ساقلاشتىن ئىبارەت «تۆت ئىشنى مەھەللىلەرگە يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى قوزغىدى. پائالىيەتنىڭ ئاساسىي تېمىسى «ئىلمىي تۇرمۇشقا ئەھمىيەت بېرەيلى، مەدەنىي مەھەللە قۇرايلى» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، جايلاردىن ھەر شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى، 1 - ماي ۋە 1 - ئۆكتەبىر مۇناسىۋىتى بىلەن قويۇپ بېرىلىدىغان دەم ئېلىش كۈنلىرى، پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكى، «29 - ئىيۇن» پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتى كۈنى ۋە خەلقئارالىق خاتىرىلەش كۈنلىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ھەر قايسى جەھەتلەردىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، مەھەللىلەردە پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر لېكسىيە سۆزلەش، دوكلات بېرىش، كۇرس ئېچىش، مەسلىھەتچىلىك قىلىش، پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر ئاسما سۈرەتلىك سەييارە كۆرگەزمە، بىلىملەر بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈشكە ئوخشاش كۆپ خىل پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، مەھەللىلەردە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كەيپىياتىنى يېتىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. پەن - مائارىپنى مەھەللىلەرگە يەتكۈزۈش پائالىيىتى داۋامىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى سىستېمىسى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش يۈزىسىدىن دوكلات بېرىش، مەخسۇس لېكسىيە سۆزلەش، كۇرس ئېچىش، مۇسابىقە ئۆتكۈزۈش، مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمىتى قىلىش، كونسېرت ۋە فىلىم قويۇپ بېرىش، سەييارە كۆرگەزمە قىلىش ۋە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ دەرستىن سىرتقى پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بولۇپ 8440 مەيدان پائالىيەت ئۆتكۈزدى، بۇلاردىن مەنپەئەت ئالغان ئامما 1 مىليون 470 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر ئاسما سۈرەتتىن 97 مىڭ 365 يۈرۈش چاپلاندى، 1725 سان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تاختىسى، تەشۋىقات سەھىپىسى

ئىشلەندى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش يۈزىســـــدىن جامائەتكە پايدىلىق 2493 ئىلان ئىشلەندى، ئاخبارات ۋاستىلىرى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نومۇرلىرىنى 15 مىلىق 377 قېتىم بەردى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## ئۈچىنـــــى يېزىــلارغا يــۈزلــەندۈرۈش پائالىيىتى

ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 ‐ يىللىق مەدەنىيەت، پەن‐تېخنىكا، سەھىيەدىن ئىبارەت ئۈچىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتى داۋامىدا، شىنجاڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەت ئەترىتى ش ئۇ ئا ر پەن ‐ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن، 1 ‐ ئاينىـــڭ 21 ‐ كۈنىـــدىن باشلاپ كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئالاقاغا بازىرىغا، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تامتوغراق يېزىسى، شايار ناھىيىسىنىڭ شايار بازىرى، باي ناھىيىسىنىڭ سايرام بازىرى، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ بەشتوگمەن يېزىسى، گۇنخۇ ناھىيىسىنىڭ توخۇلا يېزىسى، ئاۋات ناھىيىسىنىـــڭ مول ھوسۇل 3 ‐ مەيدانى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ داۋانچىڭ رايونى داۋانچىڭ بازىرىغا بېرىپ پەن ‐ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر كىتاب، ماتېرىياللارنى تارقىتىپ بېرىش (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە بولۇپ 30 مىڭ نۇسخا) ، كەڭ ئېكرانلىق ئاسما سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈش (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە بولۇپ 300 دىن كۆپرەك) ، ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە) قويۇپ بېرىشكە ئوخشاش پەن ‐ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە تەشۋىقات ‐ مۇلازىمەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. 15 كۈندە 3000 كىلومېتىردىن ئوشۇقراق يول بېسىپ، پەن‐تېخنىكىنـــى ئومۇملاشتۇرۇش توغرىســـدىكـــى تەشۋىقات ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى.

شىنجاڭ پەن ‐ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىـزمەت ئەترىتى 11 ‐ ئاينىڭ 25 ‐ كۈنىدىن 12 ‐ ئاينىڭ 4 ‐ كۈنىگە قەدەر بورتالا شەھىرى، بىڭتۈەننىڭ 5 ‐ شى 89 ‐ تۈەن ‐ مەيدانىغا ۋە قوتۇبى ناھىيىسىنىڭ دافېڭ بازىرى، سانجى شەھىرىنىڭ دەنبا يېزىسى، مىچۈەن شەھىرىنىڭ ياڭماۋگوڭ بازىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى داۋانچىڭ رايونىنىڭ شىگۇ يېزىسى ۋە ساۋەن ناھىيىسىنىڭ شىگوبى بازىرىغا بېرىپ، پەن ‐ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر كىتاب، ماتېرىياللارنـى تارقىتىپ بېرىش (خەنزۇچە، موڭغۇلچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە بولۇپ 20 مىڭ نۇسخا) ، ئاسما سۈرەت كۆرگەزمىســـى ئۆتكۈزۈش (خەنزۇچە، موڭغۇلچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە بولۇپ 300 دىن كۆپرەك) ، VCD پلاستىنكىلىــرى ۋە ئۈنئالغۇ لېنتىلىـــرىنـــى قويۇپ بېرىش (خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا) ، پەن ‐ تېخنىكا كۆرگەزمە بۇيۇملىـــرى (10 بۇرۇش) نى كۆرستىشكە ئوخشاش پەن ‐ تېخنىكىنـــى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ‐ مۇلازىمەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

يېزىلارنىڭ ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ پەن ‐ تېخنىكىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتـــــى قانات يايدۇرۇلدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە پەن ‐ تېخنىكا جەمئىيىتى سىستېمىسى پەن ‐ تېخنىكىنـــى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتىنى 2207 قېتىم ئېلىـــپ بارغان، بۇنىڭغا 6390 (قېتىم) پەن ‐ تېخنىكا خادىمى قاتناشقان، 1 مىليون 400 مىڭ نۇسخىدىن كۆپرەك كىتاب، ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىلگەن، بۇ پائالىيەت 70 ناھىيە، شەھەرنىڭ 438 يېزا، بازىرىدا ئېلىپ بېرىلىپ، 1 مىليون 100 مىڭ كىشى (قېتىم) مەنپەئەت ئالغان.

ۋاڭ چاڭفۇ

## پەن ‐ تېخنىكىنـــــى ئومۇملاشتۇرۇش ئاپتوموبىلى

شىنجاڭ پەن ‐ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىـزمەت ئەترىتى، ئىلمىي جەمئىيەتلەر بۆلۈمى ۋە شىنجاڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تىببىي ئىلىم، جەمئىيىتىدىن بولۇپ 10 كىشى 2003 ‐ يىل 7 ‐ ئاينىڭ 14 ‐ كۈنىدىن 24 ‐ كۈنىگىچە پەن ‐ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاپتوموبىلى بىلەن 3000 كىلومېتىـــردىن ئوشۇقراق يول بېســـپ، بۇرۇلتوقاي، جېمىنەي ناھىيىلىـــرى، ئالتاي شەھـــرى ۋە قوبۇقسار ناھىيىسىدە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە تىببىي ساۋات لېكسىيىسى ئۆتكۈزۈش، تىببىي داۋالاش بويىـــچە مەسلىھەتچىلىك قىلىش، دىئاگنوز قويۇش ۋە سۈرەتلىـــك تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا ئوخشاش پائالىـيەتلەرنـــى قانات يايدۇردى. پەن ‐ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاپتوموبىلىدىن پايدىلىنىپ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە تىببىي ساۋات ۋە پەن ‐ تېخنىكا فىلىملىرىنى قويۇپ بەردى، پەن ‐ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر سۈرەتلىـــك كۆرگەزمە ئاچتى، ئاكوستو ئوپتىـــك ‐ ئېلېكترو ماگىـــنت پەن ‐ تېخنىكىسى كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنى كۆرسەتتى، «پەننـــى ئومۇملاشتۇرۇش قانۇنى» ۋە ئېكولوگىيىنى قوغداش بويىچە پەن ‐ تېخنىكىنـــــى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىـــر ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى قويۇپ بەردى، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تىببىي ساۋاتلىرى ۋە پەن ‐ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر كىتاب ‐ ماتېرىياللاردىن 20 مىـڭ نۇسخىـــدىن كۆپرەك تارقاتتى.

شىنجاڭ پەن ‐ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىـزمەت ئەترىتى پەن ‐ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاپتوموبىلىدىن پايدىلىنىپ بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك 2 ‐ ئوتتۇرا مەكتەپكە،



پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاپتوموبىلى 2003 - يىل 1 - ئايدا شايار بازىرىدا ھەر مىللەت ئاممىسىغا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر كىتاب - ماتېرىياللارنى تارقاتماقتا.
سۈرەتنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تەمىنلىگەن.

جىمنەي ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپكە، كۈيتۇڭ شەھىرىدىكى بىر مەكتەپكە، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 3 مەكتەپكە، سانجى شەھىرىدىكى 5 مەكتەپكە، قۇتۇبى ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونى بېيجىڭ يولى ئولتۇراق رايونىغا بېرىپ، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر كىتاب، ماتېرىياللارنى تارقىتىش، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر ئاسما سۈرەتلەرنى كۆرگەزمە قىلىش، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر VCD پلاستىنكىسى ۋە ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى قويۇپ بېرىش، پەن - تېخنىكىغا دائىر كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنى كۆرسىتىش قاتارلىق تەشۋىقات، مۇلازىمەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. مۇلازىمەت ئوبيېكتى 20 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش سەييارە كۆرگەزمە پائالىيىتى

2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى — شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى سانجى يەرمەنكىسى داۋامىدا، شىنجاڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەت ئەترىتى، پەن - تېخنىكا سارىيى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ بىئولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن سانجى ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە مائارىپ ئىدارىسى سانجى شەھىرىدە بىرلىكتە چوڭ تىپتىكى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر سۈرەت (700 پارچىدىن كۆپرەك) كۆرگەزمىسى ئېچىش، ئاكوستو ئوپتىك - ئېلېكترو ماگنىت پەن - تېخنىكىسى كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنى (25 يۈرۈش) كۆرسىتىش ۋە پەن - تېخنىكىغا دائىر فىلىملەرنى (18 قىسىم) قويۇش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى، 13 مىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋە 3000 شەھەر ئاھالىسى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر كۆرگەزمىنى كۆردى، ئاكوستو ئوپتىك - ئېلېكترو ماگنىت پەن - تېخنىكىسى كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنى قولى بىلەن تۇتۇپ مەشغۇلات قىلىپ باقتى، پەن - تېخنىكىغا دائىر فىلىملەرنى كۆردى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىنى تارقىتىش ھەرىكىتى

ش ئۇ ئا ر ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا مەركىزى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئىلمىي جەمئىيەتلەر بۆلۈمى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىرلىكتە 2003 - يىل 6 - ئايدا «چوڭلار بىلەن كىچىكلەر قول تۇتۇشۇش» — ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى مەكتەپلەرگە ئېلىپ كىرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. پائالىيەتنىڭ ئاساسىي تېمىسى: ئىلىم - پەننى ئۆگىنىش، بىلىش، ئىلىم - پەن ئۈستىدە ئىزدىنىش بولدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 20 ئىلمىي جەمئىيەت بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 20 مەكتەپ نىسبىي مۇقىم ئالاقە ئورناتتى، ئىلمىي جەمئىيەتلەردىكى پەن - تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن پەن - تېخنىكا خادىملىرى مەكتەپلەرگە بېرىپ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش يۈزىسىدىن دوكلاتلارنى بەردى، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ۋە مەكتەپ سىرتىدىكى مائارىپ ئورگانلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ھەر مىللەت ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پەن تەتقىقات يۇرتلىرى ۋە ئورۇنلىرىغا، پەن - تېخنىكا، مائارىپ بازىلىرىغا بېرىپ ئىلمىي تەجرىبە، ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە ئىلمىي ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. ئالىملار بىلەن ياشلار،

ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىلىم پەن ئۈستىدە بىرلىكتە سۆزلىشىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، مائارىپنى يېتەكلەش، ئاسترونومىيە، ئىجادىيەت بىلەن مەدەنىيلىك، بىئولوگىيە، ئاۋىئا مودېل، سالامەتلىكنى ئاسراش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش دوكلاتىدىن 50 مەيدان ئۆتكۈزۈلگەن، ئاڭلىغۇچىلار 15 مىڭغا يەتكەن؛ ئالىملار بىلەن ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئىلىم - پەن ئۈستىدە 10 مەيدان سۆھبەت ئۆتكۈزگەن، سۆھبەتكە 300 ياش - ئۆسمۈر قاتناشقان.

مەملىكەت بويىچە «29 - ئىيۇن» پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتى كۈنى پائالىيىتىگە ماسلىشىش يۈزىسىدىن، ش ئۇ ئا ر ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا مەركىزى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن پەن-تېخنىكا نازارىتى بىرلىكتە تەشكىللىگەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ «29 - ئىيۇن» پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتى كۈنى پائالىيىتىگە قاتناشتى. ھەر مىللەت ئاممىسى ۋە ياشلار-ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر بىلىملەرنى تەشۋىق قىلىش ۋە ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان پسىخولوگىيىلىك مەسلىھەتچىلىك پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، «بىلىش، كۆڭۈل بۆلۈش، ئالدىنى ئېلىش — ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەيدىس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ساۋاتى» دېگەن تېمىدا پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر يۈرۈشلۈك كۆرگەزمىلەرنى ئۆتكۈزدى، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 5 خىل 5000 نۇسخىدىن كۆپرەك تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقاتتى ھەمدە كومپيۇتېر ماشىنا ئادەمنىڭ مەشغۇلاتىنى كۆرسىتىش ۋە ئەقىل سىناش مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا مەركىزى ش ئۇ ئا ر ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش ئورنىدا «ئەيدىس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا سىزمۇ، مەنمۇ تەڭ قاتنىشايلى» دېگەن تېمىدا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى. تەخمىنەن 600 ئۆسمۈر جىنايەتچى بۇ پائالىيەتكە قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا مەركىزى ش ئۇ ئا ر ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش ئورنىغا پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 100 يۈرۈشتىن كۆپرەك كىتاب ۋە ئاسما سۈرەت تەقدىم قىلدى.

ش ئۇ ئا ر ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا مەركىزى ئۈرۈمچىدە خوتەن، ئاقسۇ، تۇرپان، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن 350 ھەر مىللەت ياش-ئۆسمۈر قاتناشقان پەن - تېخنىكا يازلىق لاگېرى پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى. پائالىيەت داۋامىدا ئۇلار پەن - تېخنىكا سورۇنلىرىنى، پەن - تېخنىكا ئالاھىدىلىككە ئىگە مەكتەپلەرنى ۋە ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا مائارىپ بازىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقە پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

مەملىكەتلىك 18 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسى 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە لەنجۇدا ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭدىن مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا 35 تۈر تەۋسىيە قىلىندى. بىر تۈر مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا تۈرى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 4 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ 3 تۈر مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا ئەمەلىيىتى پائالىيىتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 4 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ مۇنەۋۋەر ئۆسمۈرلەر - باللار ئىلمىي فانتازىيە سۈرەتلىرى بويىچە 3 سۈرەت 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 8 سۈرەت 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ بىر تۈر يېڭى مايسا رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

10 - ئايدا شيامېن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 14 - نۆۋەتلىك كەشپىيات كۆرگەزمىسىدە چەرچەن ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى كەشىپ قىلغان «ياخشىلانغاندىن كېيىنكى قىڭراق دەستىسى» ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى ھەمدە گۇاڭخۇا ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا كەشپىياتى مۇكاپاتىغا ۋە 2000 يۈەن مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ توقسۇن ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى كەشىپ قىلغان «ئۇزىرايدىغان - قىسقىرايدىغان نان سويۇش ئىلمىكى» مىس مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، مائارىپ نازارىتى، پەن - تېخنىكا نازارىتى، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن ئاپتونوم رايونلۇق 18 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسى 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ ئاساسىي تېمىسى: تەسەۋۋۇر قانىتىنى كېرىپ، يېڭىلىق يارىتىدىغان ئەسىرگە قاراپ ئۇچايلى، دېگەندىن ئىبارەت بولدى. مۇسابىقە مۇسابىقە تۈرلىرى، پەن - تېخنىكا ئەمەلىيىتى پائالىيىتى، ئۆسمۈرلەر - باللار ئىلمىي فانتازىيە سۈرەتلىرىنى كۆرسىتىش، ماھارەتنى سىناش، ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئىلىم - پەن مۇنبىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. مۇسابىقە تۈرلىرى بولسا كەشپىيات -

ئىجادىيەت، تېخنىكا يېڭىلاش، يېڭى سورت، ئىلمىي ماقالە، ئۆچۈر تېخنىكىسىنى قوللىنىش مۇۋەپپەقىيەتلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق 13 پەنگە چېتىلىدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە مالەن رايونىدىن كەلگەن ياشلار- ئۆسمۈرلەر بۇ پائالىيەتكە قاتناشتى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا تەۋسىيە قىلغان تۈر 741 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا بويىچە مۇسابىقىلىشىش تۈرى 355، مۇنەۋۋەر ئىلمىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى 46 تۈر، مۇنەۋۋەر ئۆسمۈرلەر - بالىلار ئىلمىي فانتازىيە سۈرىتى 340.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشى ئارقىلىق مۇنەۋۋەر تۈر بويىچە 21 تۈر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 30 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 51 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا ئەمەلىيەتى پائالىيىتى بويىچە 4 تۈر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 5 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 8 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ مۇنەۋۋەر ئۆسمۈرلەر - بالىلار ئىلمىي فانتازىيە سۈرەتلىرى بويىچە 20 تۈر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 40 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 62 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 22 تۈر مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، تۇرپان ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ئىلى ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك «1 - ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپى، بايىنغولىن ئوبلاستى كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قارىمىقىدىكى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، بورتالا شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپلەر مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مۇسابىقە داۋامىدا يەنە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ماتېرىيالى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ۋە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ماتېرىيالى بويىچە مەخسۇس دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## قىسمەن ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق پائالىيەتلىرى

شىنجاڭ ئاتوم ئېنېرگىيىسى يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى

2003 - يىلى ئەزالاردىن 50 نەچچە ئادەم (قېتىم) نى چەت ئەللەرگە چىقىپ تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋە دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇردى. ئەزالار ھەر خىل كەسپىي ژۇرناللاردا 20 نەچچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى، يادرولۇق ژۇرنالدا 5 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ئىلمىي جەمئىيەت 2 قارار پەن - تېخنىكا كۇرسى ئېچىپ، ئاساسىي قاتلامدىن كەلگەن دېھقانچىلىق تېخنىكا خادىملىرى ۋە دېھقان بولۇپ 200 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. ئۈيغۇرچە، خەنزۇچە پەن - تېخنىكا ماتېرىيالىدىن 2000 نۇسخىدىن كۆپرەكنى تارقاتتى.

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - لايىھىلەش جەمئىيىتى 2003 - يىلى بۇ جەمئىيەتنىڭ كوللېكتىپ ئەزاسى 240قا، رويخەتكە ئېلىنغان شەخسى ئەزا 274كە، جەمئىيەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك ئاپپارات تەشكىلى 9غا يەتتى. جەمئىيەتكە 4 قېتىم ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار جەمئىيەت دەپ نام بېرىلدى.

جەمئىيەت 2003 - يىلى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش كارخانىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، گۇۋاھنامە ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 100 تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئورنى كارخانا تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى تاماملىدى ياكى تۈزۈلمىنى قىسمەن ئۆزگەرتتى، ئۆزگەرتىش دائىرىسى %70 بولدى.

11 كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسىنى تەكلىپ قىلىپ، كومپيۇتېر تېخنىكىسى بويىچە 4 مۇلازىمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، بۇ گۇرۇپپا 8000 كىلومېتىردىن ئوشۇق يول بېسىپ، 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 102 تەكشۈرۈش- لايىھىلەش ئورنىغا بېرىپ ھەقسىز مۇلازىمەت قىلدى، پەن - تېخنىكا بويىچە لېكسىيە ئوقۇدى، ماتېرىيال تارقىتىپ بەردى. 8 قارار قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش تۈرىنى ھۆددىگە ئالغۇچىلار كۇرسى ئېچىپ، 569 كىشىنى تەربىيىلىدى.

«شىنجاڭ تەكشۈرۈش - لايىھىلەش» قوش ئايلىق ژۇرنىلىدىن 6 سان، «شىنجاڭ تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئۇچۇرى» دىن 21 سان، «ئىسلاھات تېز خەۋىرى» دىن 8 سان نەشر قىلدى.

شىنجاڭ ياشانغانلار ساقلىقىنى ساقلاش جەمئىيىتى بۇ جەمئىيەت 2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە 1 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 2 - قېتىملىق يىغىنى ۋە ئىلمىي تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى ئاچتى، يىغىنغا 50 دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى، 16 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىنىپ، ئۇنىڭدىن 14 ى چوڭ يىغىندا ئالماشتۇرۇلدى. يىغىندا 11 ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار كوللېكتىپ ئەزا ئورۇن ۋە ئىلغار پائالىيەت پونكىتى، 63 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى، 10 دائىمىي كېڭەش ئەزاسى، كېڭەش ئەزاسى تولۇقلاپ سايلاندى. ئەزا 1100 دىن 1600گە،

پائالىيەت پونكىتى 40 نەچچىدىن 80 نەچچىگە، كوللېكتىپ ئەزا 7 دىن 10غا يەتتى.

2003 - يىلى 64 مەيدان (قېتىم) لېكسىيە ئوقۇلدى، رادىئو ئىستانسىسىدا 46 قېتىم بىۋاسىتە ئاڭلىتىلدى. ئاڭلىغۇچىلار 6000 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاشقا دائىر لېكسىيە 18 قېتىم). 60 قېتىم ھەر خىل مەدەنىيەت. تەنتەربىيە مۇسابىقە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. «ئالتۇن (كۈمۈش) توي» مۇراسىم پائالىيىتى، «تومۇر لوڭقىسى» پاڭگىر ئۇسسۇلى ئويناش مۇسابىقىسى، چىنچىياڭ مۇقامى، خېنەن تىياتىرى مۇقامىنى ئېيتىش مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى.

شىنجاڭ ئالدىنى ئېلىش تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتى بۇ جەمئىيەت پائال ئەزا قوبۇل قىلىپ، ئەزاسىنى 2000 ئۆپچۆرىسىگە يەتكۈزدى، كوللېكتىپ ئەزا ئورۇن 37گە يەتتى. جەمئىيەت 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا 2003 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق ئالدىنى ئېلىش تىببىي ئىلمىي يىللىق يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا 123 ئىلمىي ماقالە قوبۇل قىلىندى. مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك «دورىغا تايىنىپ قېلىش ئىلمىي يىغىنى» نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە ئۈستىگە ئېلىپ ئۆتكۈزدى. مەملىكەتلىك سەھىيە نازارەتچىلىك خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى، غۇلجا شەھىرىدە شىنجاڭ ئالدىنى ئېلىش تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 2 - قېتىملىق خىزمەت يىغىنىنى ئاچتى.

مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاتاغلىق مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى شىنجاڭغا ئىلىم ئالماشتۇرۇشقا ۋە لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى. سەھىيە نازارىتىنىڭ سەھىيە نازارەتچىلىكى ئورنى بىلەن بىرلىشىپ «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە چوڭ تىپتىكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە تەشۋىقات ماتېرىيالىدىن 4000 نۇسخىدىن كۆپرەك تارقاتتى. جۇڭخۇا ئالدىنى ئېلىش تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر شەخسلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە، ئاپتونوم رايوندىن «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە 10 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 30 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

«شىنجاڭ ئالدىنى ئېلىش تىبابىتى» پەسىللىك ژۇرنىلى 4 سان نەشر قىلىندى، بۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن ماقالە 300 بولۇپ، 560 مىڭ خەتلىك.

شىنجاڭ ئۇلترا ئاۋاز تىببىي قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتى بۇ جەمئىيەت 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ 4 - نۆۋەتلىك ئۇلترا ئاۋاز تىبابىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئاچتى، ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى، بۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن ئىلمىي ماقالە 72، بۇنىڭ ئىچىدە 5 ي مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە بولۇپ باھالاندى.

ئالاقىدار شىركەتلەر بىلەن بىرلىشىپ مەملىكەت ئىچىدىكى ئاتاقلىق مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى 4 قېتىم لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى، 8 مۇتەخەسسىس مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدى.

2003 - يىلى بىر قېتىم ئەزالار قۇرۇلتىيى، بىر قېتىم كېڭەش ئەزالىرى يىغىنى، 3 قېتىم دائىمىي كېڭەش ئەزالىرى يىغىنى ئاچتى.

شىنجاڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتى 2003 - يىلى يۇقىرىنىڭ تەستىقى بىلەن، شىنجاڭ جۇڭگو سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتى مىڭ قان تومۇر كېسەللىكلىرى بويىچە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەخسۇس كومىتېتى قۇرۇلدى، ئۇ لەنجۇ ھەربىي رايونى ئورۇمچى باش دوختۇرخانىسىنى يۆلەنچۈك قىلدى. 5 - ئايدا شىنجاڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تور بېتى قۇرۇلدى. ئىچكى ئۆلكە، شياڭگاڭلاردىن سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تىببىي ئىلمى بويىچە يۇقىرى سەۋىيىلىك مۇتەخەسسىسلەر شىنجاڭغا كېلىپ لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىندى، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تىببىي ئىلىم كۇرسىدا لېكسىيە ئۆتكۈزۈلدى.

شىنجاڭ مىللىي تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى بۇ جەمئىيەت 2003 - يىللىق خەلقئارا ئۇيغۇر تىبابەت - دورىگەرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. جەمئىيەت ئەزالىرىنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئېنگلىزچە ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىش ۋە نەشر قىلىشقا تەشكىللىدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇيغۇر تىبابىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىشنى مەخسۇس تېما قىلغان كۇرس ئېچىپ، دەرس ئۆتۈشكە مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللىدى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك شۆبە جەمئىيىتى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام يىغىنى ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

«ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى - دورىگەرلىكى» ژۇرنىلى پەسىللىك ژۇرنالدىن قوش ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەرتىلدى، 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا ژۇرنىلى، 2002 — 2003 - يىللىق شىنجاڭ بويىچە 1 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا ژۇرنىلى بولۇپ باھالاندى.

شىنجاڭ ئېكولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى بۇ جەمئىيەت

«شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش ۋە ياۋايى ھايۋانات - ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراشقا دائىر بىلىملەر بويىچە پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ 20 مىڭ نۇسخا تارقاتتى. 20 مىڭ ھەر مىللەت ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى قاتناشتۇرۇپ مۇسابىقە ئۇيۇشتۇردى. 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 80 دىن ئارتۇق پەن - تېخنىكا خادىمى قاتناشتى. «شىنجاڭ ئېكولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇچۇر تورى» قۇرۇلدى.

شىنجاڭ يەر ئىلمىي جەمئىيىتى بۇ جەمئىيەت 2003-يىل 8 - ئايدا جۇڭگو يەر ئىلمىي جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 3 - قېتىملىق يىغىنىنى ۋە 2003 - يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئالدى، يىغىنغا ئازكەم 200 ۋەكىل قاتناشتى.

جەمئىيەت ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) لىك زېمىن بايلىق تارماقلىرى رەھبەرلىرى ئالىي ئىلمىي مۇھاكىمە كۇرسى ئاچتى، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارالىق ئالماشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

«21 - ئەسىردىكى جۇڭگو زېمىنى ئىلمى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات» دېگەن تېمىدىكى ماقالىلەر توپلىمىنىڭ 1 - قىسمىنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى.

شىنجاڭ ئېلېكترون ئىلمىي جەمئىيىتى 2003 - يىلى بۇ جەمئىيەت كارخانىلارنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى ھەم يېتەكچىلىك قىلدى، ھەر كەسىپتىكى كارخانىلارنىڭ CAD/CAMنى يولغا قويۇشىغا ئاكتىپ تۆرتكە بولدى. مەسىلەن، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى شىركىتىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ترانسفورماتورى قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئۈستىدە كەشىپ قىلىش تەكلىپىنى بەردى ۋە ئۇلارنىڭ بازاردىكى ئورنىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ئۇچۇرچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ كومپيۇتېر ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ توپلاشتۇرۇلغان ئىقتىدارىغا گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى تەلىپىگە ماسلىشىپ، 10 كارخانىنىڭ تۆت دىرېكتورلىرىنى ئىقتىدارغا گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتىگە قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى، ئاخىرىدا كەسىپلەر بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ، دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئەنگە ئېلىشىغا يوللىدى، شىنجاڭدىن 10 كارخانىنىڭ 63 تۆت دىرېكتورى خىزمەت سالاھىيىتى تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى.

ساھەگە مەسئۇل ئورۇنغا ماسلىشىپ، شىنجاڭ ئۇچۇر ساناىتى چەكلىك شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ساھە «ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر تور پونكىتى» نى ئېچىپ، ئالاقىدار ئۇچۇر ۋە سىياسەتلەرنى ئېلان قىلدى.

بىر يىلدا «شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون» ژۇرنىلىدىن 4 سان نەشر قىلدى، «شىنجاڭ ئېلېكترون ئىلمىي جەمئىيىتى ئەھۋالىدىن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» تىن 6 سان تارقاتتى.

شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى بۇ جەمئىيەت 2003 - يىل 3 - ئايدا «شىنجاڭ گېئولوگىيىسى» تەھرىر بۆلۈمى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان ئىدارىسى ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەن بىرلىشىپ ياشلارنىڭ 2 - نۆۋەتلىك گېئولوگىيە پەن - تېخنىكىسى بويىچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلىرىنى باھالاش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 2 ماقالىنى، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 4 ماقالىنى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 7 ماقالىنى، مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا 5 ماقالىنى باھالىدى. بۇ ماقالىلەرنىڭ ھەممىسى ياشلارنىڭ 2-نۆۋەتلىك گېئولوگىيە بويىچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلىرى توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ تەۋسىيە قىلىشى ئارقىلىق، جۇڭگو نېفىت خىمىيە ساناىتى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسىدىكى لى زۇڭجيې تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياشلىرى پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جەمئىيەت 4 - ئايدا «يەر شارى كۈنى» پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتىنى يولغا قويۇپ، «يەر شارى كۈنى» دېگەن بەلگە چۈشۈرۈلگەن تەشۋىقات بۇيۇمىنى تارقاتتى، مۇتەخەسسىسلەرنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 6 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1000 دىن ئوشۇق ئوقۇغۇچىسىغا «شىنجاڭدىكى گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇلارنى ئىدارە قىلىش» دېگەن تېمىدا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر دوكلات بېرىشكە ئۇيۇشتۇردى. مۇتەخەسسىسلەرنى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 6 قېتىم دوكلات بېرىشكە ئۇيۇشتۇردى، دوكلاتنى ئازكەم 2000 ئوقۇغۇچى ئاڭلىدى. 7-ئايدا 33 ياش - ئۆسمۈرنى 23 - نۆۋەتلىك ياشلار- ئۆسمۈرلەر گېئولوگىيە ئىلمى يازلىق لاگېرىغا قاتناشتۇردى.

11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا ئىلىم ئالماشتۇرۇلدى، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ ئاپتورلىرىغا گۇۋاھنامە ۋە مۇكاپات پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. «شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى

تەبرىكلەشكە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»نى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى.

«شىنجاڭ گېئولوگىيىسى» گېئولوگىيە ئىدارىسى بىلەن ئىلمىي جەمئىيەت بىرلىشىپ چىقىرىدىغان ژورنال بولۇپ، 4 سان نەشر قىلىندى.

شىنجاڭ ئاپتوماتلاشتۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتى بۇ جەمئىيەت 2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە كارخانىلارنىڭ ئاپتوماتلاشتۇرۇش سىستېمىسىغا دائىر ئالاقىدار تۈرلەر ئۈستىدە مەسلىھەتچىلىك قىلدى، مەسلىھەتچىلىك قىلىنغان تۈر 15. كارخانىلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە سانائەتنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش بويىچە 3 قارار كۇرس ئاچتى، كۇرسقا 200 دىن ئوشۇق كىشى قاتناشتى.

شىنجاڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى بۇ جەمئىيەت 2003 - يىلى 203 ئەزاسىغا يېڭىۋاشتىن جۇڭگو سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقى گۇۋاھنامىسىنى، 70 يېڭى، كونا كېڭەش ئەزاسىغا تەكلىپنامە تارقىتىپ بەردى.

3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئالماشتۇرۇش مۇھاكىمە قىلىش يىغىنىنى ئاچتى، يىغىنغا 80 دىن ئوشۇق كىشى قاتناشتى، سۇ مەھسۇلاتلىرى پەن - تېخنىكىسىغا دائىر 32 ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلدى.

جەمئىيەتنىڭ 2 ئەزاسى جۇڭگو سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان ئۆمەك تەركىبىدە جەنۇبىي ئافرىقىغا بېرىپ دۇنيا بېلىقچىلىق يىغىنىغا قاتناشتى.

شىنجاڭ ياۋايى ھايۋانلارنى ئاسراش جەمئىيىتى بۇ جەمئىيەت 30 ئورۇننى كوللېكتىپ ئەزالىققا، 660 كىشىنى يېڭى ئەزالىققا قوبۇل قىلدى.

ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان «قۇشلارنى سۆيۈش ھەپتىلىكى» ۋە «ياۋايى ھايۋانلارنى ئاسراش تەشۋىقات ئېيى» پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. 2003 - يىلى قوي يىلىغا بېغىشلانغان ئاسما كالىنداردىن 100 مىڭنى باستۇردى.

2003 - يىلى جۇڭگو ياۋايى ھايۋانلارنى ئاسراش جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىكتە «قۇشلارنى سۆيۈش ھەپتىلىكى» ۋە تۇنجى نۆۋەتلىك ياۋايى ھايۋانلار ئەۋرىشكىسى، فوتو سۈرەت، رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى.

شىنجاڭ ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى يېڭىدىن 207 ئەزا قوبۇل قىلىپ، 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئەزاسىنى 1787گە يەتكۈزدى.

تۇپراق - ئوغۇتچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق 7 ئىلمىي جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە 2003 - يىللىق شىنجاڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش ۋە بەرپا قىلىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، «شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئاسراش ۋە بەرپا قىلىشقا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»نى نەشر قىلدۇردى.

10 - ئايدا ياپونىيىنىڭ يېتىڭجۇڭ شىركىتىدىكى دوكتور TODA ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى شىنجاڭنىڭ «PS—7» سۇنى جانلاندۇرۇش، ساقلاش خۇرۇچى تۈرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا تەكلىپ قىلدى، مۇتەخەسسىسلەر سۇغىرىشتا سۇ تېجەشكە دائىر يېڭى تەكلىپلەرنى بەردى. 4 ئىتالىيىلىك ئورمان - مېۋە مۇتەخەسسىسىنى ۋە جۇڭگو ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ياڭاق، بادام تەجرىبە بازىلىرىنى تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى تېخنىكا ھەمكارلىقى توغرىسىدىكى مۇددىئاسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جۇڭگو ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى جياڭ زېخۇي «جۇڭگودا ئورمانچىلىقنى ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى، دوكلاتنى 600 دىن ئارتۇق ئادەم ئاڭلىدى.

جەمئىيەت ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئەمەلىي تېخنىكا بويىچە 30 نەچچە قارار كۇرس ئېچىپ، 3600 دىن كۆپرەك تېخنىكا خادىمىنى تەربىيىلىدى.

«شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكىسى» ژۇرنىلىنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نەشر قىلىپ 5000 نۇسخا تارقاتتى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا ھاۋالە قىلىپ «شىنجاڭدا ئىقتىسادىي ئورمان يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى قوللانمىسى»نى نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتتى.

شىنجاڭ فىزىئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى 2003 - يىلى بۇ جەمئىيەتتىن 30 ئادەم (قېتىم) دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، 27 ئىلمىي ماقالىنى ئالماشتۇردى. جەمئىيەت 9 مەيدان ئىلمىي دوكلات ئۆتكۈزدى، بۇنىڭغا 1000 دىن ئوشۇق كىشى قاتناشتى. 15 ئادەم (قېتىم) خەلقئارا پەن - تېخنىكا ئالماشتۇردى. پەن - تېخنىكا توغرىسىدا 17 مەيدان دوكلات ئۆتكۈزدى، ئاڭلىغۇچىلار 1200 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. پەن- تېخنىكا توغرىسىدا پەن - تېخنىكىدىن 130 نەچچە قېتىم ھەقسىز مەسلىھەتچىلىك قىلدى.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى 2003 -

يىل 3 ـ ئاينىڭ 22 — 23 ـ كۈنلىرى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، شىنجاڭ ئوتلاق ئىلمىي جەمئىيىتى، چارۋىچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، باغۋەنچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، زىرائەت ئىلمىي جەمئىيىتى، يېزا ئىقتىسادى ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق كۆپ ئىلىم تۈرلىرى، كۆپ ئىلمىي جەمئىيەتلەر بىرلىشىپ يېزا ئىگىلىكىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا 120 نەچچە ۋەكىل قاتناشتى، 88 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇلدى، بىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى.

يۇمشاق تۇرۇبا ئارقىلىق ئۆز بېسىمى بىلەن سۇغىرىش تېخنىكىسى مۇھاكىمە يىغىنى ۋە يېزا ئىگىلىك تېخنىكا تەرەققىياتى مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، تېخنىكىغا دائىر ماتېرىياللاردىن 2 توپلام 23 مىڭ نۇسخا باستۇردى.

ئىلمىي جەمئىيەت تەشكىللىنىڭ تەۋسىيە قىلىشى ئارقىلىق بىر ئورۇن مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا، 3 كىشى مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئىلغار خىزمەتچى دېگەن نامغا ئېرىشتى، بىر كىشى تۇنجى قېتىملىق شىنجاڭ ياشلار پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى خەۋەرلىرى» ژۇرنىلى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى تور بېتىگە كىردى.

شىنجاڭ ئاسترونومىيە ئىلمىي جەمئىيىتى 2003 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى شىنجاڭ ئاسترونومىيە ئىلمىي جەمئىيىتى 2 ـ نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 4 ـ قېتىملىق دائىمىي كېڭەش يىغىنى ئاچتى، ئاسترونومىيە بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرغۇچى پىدائىيدىن 25 نى قوبۇل قىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگە قەدەر 2 قارار ئاز سانلىق مىللەت ئاسترونومىيە قىشلىق لاگېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 8 قارار ئاسترونومىيە قىشلىق لاگېرىنى تەشكىللىدى. يازلىق تەتىلدە، نەنسەندىكى كۆزىتىش بازىسىدا 5 قارار ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئاسترونومىيە يازلىق لاگېرىنى ئۆتكۈزدى، ئاسترونومىيە بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدا 10 مەيدان دوكلات ئۇيۇشتۇردى. 3 ـ ئاينىڭ 14ـ كۈنى نەنسەندىكى كۆزىتىش پونكىتىدا بىر قارار ئاسترونومىيە بويىچە پەن ـ تېخنىكا يېتەكچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى.

5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى 11 ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاسترونومىيە گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ مىركۇرىينى كۈن چىقىش ئالدىدا كۆزىتىش ۋە كۈننىڭ پېرىم تۇتۇلۇشىنى كۆزىتىش، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاسترونومىيە گۇرۇپپىسى كۈننىڭ پېرىم تۇتۇلغانلىقىنى خېلى ئوبدان سۈرەتكە ئېلىۋالدى. 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نەنسەندىكى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش مائارىپ بازىسىدا ئاسترونومىيە خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى ئېچىلدى، كېڭەش باشلىقى جاڭ جىن رادىئو ئاسترونومىيىسى بىلەن رادىئو تېلېسكوپ ھەققىدە ئاممىباب دوكلات بەردى. مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى گاۋ جيەنگۇاڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردا 3 مەيدان بۈگۈنكى ئاسمان جىسىملىرى فىزىكىسى بويىچە ئالىي پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش دوكلاتى بەردى، ئۇنىڭغا 1000 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جۇڭگونىڭ «ئاسترونومىيە كۈنى» مۇناسىۋىتى بىلەن ئاسترونومىيىلىك ھادىسىلەرنى كۆزىتىش رەسەتخانىسى شەھەرگە قاراشلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە بىر كۈن ئېچىۋېتىلدى.

بۇ جەمئىيەت جۇڭگو ئاسترونومىيىسىنىڭ 9 ـ نۆۋەتلىك 1 ـ قېتىملىق تەشكىلىي خىزمەت يىغىنىنى ئېچىشنى ئۈستىگە ئالدى.

شىنجاڭ يادرو ئىلمىي جەمئىيىتى بۇ جەمئىيەت 2003ـ يىل 3 ـ ئايدا ۋە 11 ـ ئايدا كېڭەش يىغىنى ئېچىپ، ئاساسەن جەمئىيەتنىڭ 4 ـ قۇرۇلتىيى ۋە نۆۋەت ئالماشتۇرۇشقا دائىر ھەر خىل تەييارلىق خىزمەتلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. 40 نەچچە ئادەمنى يېڭىدىن ئەزالىققا قوبۇل قىلدى.

ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە 3 قېتىم دوكلات يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 90 كىشى قاتناشتى. مەملىكەت ئىچىدە ئېچىلغان 2 تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا ۋە كۇرسقا قاتناشتى، مېكسىكا، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە 2 يادرو يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسى زىيارەتكە بېرىپ ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈشكە قاتناشتى، 2 رادىئاكتىپ فىزىكىسى مۇتەخەسسىسى گوللاندىيىنىڭ RADECS خەلقئارا يىغىنىغا قاتناشتى.

يېزىلارغا يۈزلىنىپ، پەن ـ تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى ۋە تەربىيىلەش ـ لېكسىيە ئوقۇش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى، بۇنىڭدىن مەنپەئەتدار بولغان يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىمى 200 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، ھەر خىل پەن ـ تېخنىكىغا دائىر ماتېرىيالدىن 2000 نۇسخىدىن كۆپرەك تارقاتتى.

2003 ـ يىللىق جۇڭگو يادرو ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2ـ نۆۋەتلىك يادرو ئېنېرگىيىسى بىلىملىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مۇسابىقە پائالىيىتىدە، ئىلمىي جەمئىيەت 200 ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىلەن 600 ئالىي مەكتەپ

ئوقۇغۇچىسىنى مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇردى.

شىنجاڭ فىزىكا ئىلمىي جەمئىيىتى   بۇ جەمئىيەت 2003 - يىل 4 - ئايدا مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەمەلىي فىزىكا مۇسابىقىسىنىڭ شىنجاڭ رايونى مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە 14 مىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى قاتناشتى. 9 — 10 - ئايدا جۇڭگو 17 - نۆۋەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ فىزىكا مۇسابىقىسىنىڭ شىنجاڭ رايونى مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى، 4400 ئوقۇغۇچى تەييارلىق مۇسابىقىگە قاتناشتى، تاللاش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون بويىچە 120 ئەلاچى نەزەرىيە تەكرار مۇسابىقىسىگە ۋە تەجرىبە مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. مۇسابىقە رايونىدا 29 ئوقۇغۇچى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 76 ئوقۇغۇچى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 280 ئوقۇغۇچى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 10 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئومۇمىي ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە بىر ئوقۇغۇچى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

8 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە 2003 - يىللىق مەملىكەتلىك يادرو رېئاكسىيە يىغىنى ئېچىشنى ئۈستىگە ئالدى، يىغىنغا 80 ۋەكىل قاتناشتى، 61 ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى.

شىنجاڭ ماتېماتىكا ئىلمىي جەمئىيىتى   بۇ جەمئىيەت جۇڭگو ماتېماتىكا ئولىمپىك كومىتېتى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگونىڭ غەربىي رايونلىرى ماتېماتىكا ئولىمپىك مۇسابىقىسى پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى. 2003 - يىللىق مەملىكەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا بىرلەشمە مۇسابىقىسى شىنجاڭ مۇسابىقە رايونىنىڭ ئىمتىھانىنى ۋە ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈپ باھالاش خىزمىتىنى ئۇيۇشتۇردى.

شىنجاڭ ماتېماتىكا ۋە سىستېما ئىلمى ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلىكتە 2003 - يىللىق 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك گۇرۇپپىلاش ماتېماتىكىسى ۋە سۈرەت - گۇرۇپپا نەزەرىيىسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تەييارلىق كۆردى.

شىنجاڭ خىمىيە ئىلمىي جەمئىيىتى   2003 - يىل 1 - ئايدا شىنجاڭدىن 5 مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى خىمىيە بويىچە مەملىكەتلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتناشتى، بىر ئوقۇغۇچى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 4 ئوقۇغۇچى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جۇڭگو 18 - نۆۋەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى خىمىيە مۇسابىقىسى شىنجاڭ مۇسابىقە رايونىنىڭ مۇسابىقە خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى، 2700 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى مۇسابىقىگە قاتناشتى، تاللاش ئارقىلىق 172 ئوقۇغۇچى شىنجاڭ مۇسابىقە رايونى بويىچە 1 -، 2 - ۋە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئىلمىي جەمئىيەتتىن 72 ئادەم (قېتىم) مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي يىغىنلارغا قاتناشتى، 45 ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى. 15 قېتىم ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا 1520 كىشى قاتناشتى، 90 دىن ئارتۇق تور بويىچە ھەقسىز پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى قىلىندى ۋە مەسلىھەت بېرىلدى.

شىنجاڭ ئوراش - قاچىلاش تېخنىكا جەمئىيىتى   2003 - يىلى ھەرخىل كوللېكتىپ ئەزا 103 كە يەتتى.

شىنجاڭدىكى ئوراش - قاچىلاش كارخانىلىرى تەكشۈرۈپ ستاتىستىكا قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئوراش - قاچىلاش كارخانىسى 357 گە، ئىشچى - خىزمەتچىسى تەخمىنەن 20 مىڭغا، تۇراقلىق مۈلكى 600 مىليون يۈەنگە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 400 مىليون يۈەنگە، پايدا-باج ئازكەم 100 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتى   2003 - يىلى 430 مىڭ خەتلىك شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات خىزمىتىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەمەلىي ئاساس ماتېرىيالى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان «شىنجاڭ پەن-تېخنىكا ئاخبارات ئىشلىرىنىڭ 40 يىللىقى» ناملىق كىتاب نەشر قىلدى.

جەمئىيەت ئەزالىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىلمىي ماقالە باھالاش خىزمىتىنى ئىشلەپ، 60 نەچچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىنى باھالاپ چىقتى. بۇنىڭدىن 6ى 1 - دەرىجىلىك، 15ى 2 - دەرىجىلىك، 31ى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شىنجاڭ زېمىن - ئىقتىساد تەتقىقات جەمئىيىتى   شىنجاڭنىڭ زېمىن بايلىق مۇھىتىنى تېلېتېخنىكىلىق ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش تورىنى تەتقىق قىلىش - قۇرۇش جەريانىدا، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەركىب تاپقان تېخنىكا مەسلىھەتچىلىك گۇرۇپپىسى زېمىن بايلىق مۇھىتىنى تەكشۈردى، تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنى، ئېبىنۇر كۆلى ۋادىسى قاتارلىق جايلارنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن بىۋاسىتە خىزمەت قىلدى. تۈرلەر دۆلەت دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتۈپ، خەلقئارالىق ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

شىنجاڭ پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭنىڭ رايون ئىقتىسادى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئورۇنلىرى بىلەن بىڭتۇەننىڭ يۇغۇرۇلما تەرەققىياتى ئۈستىدە تەتقىقات»نى يېزىشقا تەشكىلاتچىلىق قىلدى.

شىنجاڭ چوتچىلىق جەمئىيىتى   2003 - يىلى چوت

بىلەن ھېسابلاش ۋە كۆچۈلدە ھېسابلاش ئۆگىنىشىگە يېڭىدىن 4416 بالا ۋە ئۆسمۈر قاتنىشىپ، قاتناشقانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 40 مىڭدىن ئاشتى.

بىر يىلدا چوت بىلەن ھېسابلاش بويىچە دەرىجە بېكىتىشكە 8718 كىشى قاتناشتى، 4806 كىشى لاياقەتلىك بولۇپ، 4728 كىشىگە گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلدى؛ چوت بىلەن ھېسابلاش ۋە كۆچۈلدە ھېسابلاش بويىچە دەرىجە بېكىتىشكە 341 كىشى قاتناشتى، 225 كىشىگە گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلدى. بىر يىلدا 6000 دىن ئارتۇق چوت بىلەن ھېسابلاش تېخنىكا گۇۋاھنامىسى يېڭىدىن تارقىتىلدى ۋە ئالماشتۇرۇپ بېرىلدى.

جەمئىيەت غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ 8 - نۆۋەتلىك چوت بىلەن ھېسابلاش ۋە كۆچۈلدە ھېسابلاش مۇھاكىمە يىغىنىنى ئېچىشنى ئۈستىگە ئالدى. غەربىي قىسىمدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلىك چوت بىلەن ھېسابلاش جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمەت سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ، غەربىي قىسىمدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلىك چوتچىلىق جەمئىيەتلىرى يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ھەمكارلىق مېخانىزمى بەرپا قىلىندى.

شىنجاڭ تۇپراق - ئوغۇتچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى 2003 - يىلى شەخسىي ئەزا 582 گە، كوللېكتىپ ئەزا 38 گە يەتتى.

2003 - يىلى ئوغۇت تېزىملاش - باشقۇرۇش چارىسى بويىچە 54 قارار كۇرس ئېچىپ، 56 مىڭ 453 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى؛ تۇپراقنى ئۆلچەپ نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاش تېخنىكىسىنى قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئوغۇتلاش ئۈچۈر سىستېمىسىنى قوللىنىشنى تەۋسىيە قىلىش بويىچە 31 قارار كۇرس ئېچىپ، 10 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) تەربىيىلىدى.

شىنجاڭ تۇپراق - ئوغۇتچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تور بېكىتى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئېچىلدى.

8 - ئاينىڭ 16 — 17 - كۈنلىرى 8 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 6 - قېتىملىق دائىمىي كېڭەش كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلدى. 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېڭەش باشلىقى، باش كاتىپ بىرلەشمە يىغىنى ئېچىلدى.

شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى 2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 7 - قۇرۇلتىيى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. كەسپىي كومىتېتلار ئىلمىي دوكلات بەردى، يىغىن مېتېئورولوگىيە جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىنى نەشر قىلدى.

«بىزنىڭ كەلگۈسى كىلىماتىمىز» دېگەن ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ «23 - مارت» دۇنيا مېتېئورولوگىيە كۈنىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا 60 نەچچە كىشى قاتناشتى. جەمئىيەت جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىلمىي تەتقىقات يۇرتىدىن دوكتور لىيۇ زۇڭجيەن بىلەن ماگىستىر لىيۇ يىڭنى شىنجاڭغا كېلىپ ئىلمىي دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلدى.

«شىنجاڭ مېتېئورولوگىيىسى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچىسى 5 سان، ئۇيغۇرچىسى 4 سان نەشر قىلىندى، 2003 - يىلى «شىنجاڭ مېتېئورولوگىيىسى» ژۇرنىلى جۇڭگودىكى ئىلمىي ژۇرناللار ئىچىدە مۇنەۋۋەر ژۇرنال دېگەن نامغا ۋە ئاپتونوم رايون ئىچىدە پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شىنجاڭ ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش جەمئىيىتى، يەر تەۋرەش ئىلمىي جەمئىيىتى 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 17- كۈنى 2003 - يىللىق تەبىئىي ئاپەت يۈزلىنىشى ئۈستىدە كېڭىشىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندىن كېيىن ئىلمىي جەمئىيەت «شىنجاڭنىڭ 2003 - يىللىق ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش توغرىسىدىكى ئاق تاشلىق كىتابى» نى بېسىپ تارقاتتى ۋە ئۇنى پارتكوم ھەم ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا يوللىدى.

شىنجاڭ يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە بىر قانچە قېتىم ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئاچتى، روسىيە يۇقىرى تېمپېراتۇرا تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى قاتارلىق كىشىلەرنى شىنجاڭغا كېلىپ ئىلىم ئالماشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسىنىڭ مۇتەخەسسىلىرىنى 2003 - يىلى مارالبېشى ۋە پەيزاۋاتتىكى 6.8 بال يەر تەۋرەش تەرتىپى ۋە يەر تەۋرەش كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانلار توغرىسىدا مەلۇمات ئالماشتۇرۇشقا ئويۇشتۇردى. يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يەر تەۋرەشنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش بىلىملىرى توغرىسىدا 20 مىڭ نۇسخىدىن كۆپرەك تەشۋىقات ماتېرىيالى تۈزۈپ بېسىپ تارقاتتى، 4 سان خىزمەت قىسقا خەۋىرى بېسىپ تارقاتتى.

شىنجاڭ سۇ كۈچى بىلەن توك ھاسىل قىلىش قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتى ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى ھەمدە جىرىنتاي قۇرۇلۇشى، 500 سۇ ئامبىرىدىكى سۇ بىلەن تەمىنلىنىدىغان رايونلار قۇرۇلۇشى ۋە قۇملۇقتىكى ئۇستى ئوچۇق ئېرىق - ئۆستەڭلەر قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا ماسلىشىپ پەن - تېخنىكا بويىچە مەسلىھەتچىلىك- مۇلازىمەت ئىشىنى قىلدى.

2003 - يىلى «شىنجاڭ سۇ - ئېلېكتر ئىشلىرى» ژۇرنىلى 3 سان چىقىرىلدى، 40 نەچچە ئىلمىي ماقالە بېسىلدى.

شىنجاڭ ئاممىۋى بىناكارلىق ئىلمىي جەمئىيىتى 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى 7 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 1 - قېتىملىق دائىمىي كېڭەش يىغىنىنى ئاچتى. 1252 شەخسنى ئەزا ئۆزلۈكى قايتىدىن تىزىملاتتى، جەمئىيەت ئۇلارغا ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئەزالىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

ئىلمىم ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، مەملىكىتىمىزدىكى ئاتاقلىق مۇتەخەسسىسلەرنى شىنجاڭغا كېلىپ بىناكارلىقتىكى قىزىق ئىش تۈرلىرىنى ھېسابلاش قاتارلىق كەسپىي تېخنىكا ئۈستىدە لېكسىيە ئوقۇشقا تەكلىپ قىلدى. «شىنجاڭنىڭ ئاممىۋى بىناكارلىقى» ژۇرنىلىدىن 4 سان چىقاردى، قوشۇمچە 2 سان ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى چىقاردى.

شىنجاڭ ھايۋانات ئىلمىي جەمئىيىتى 2003 - يىل 1- ئايدا شىنجاڭ ھايۋانات ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ 9 - قۇرۇلتىيىنى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئاچتى، 30 ئىلمىي تەتقىقات يۈرتى ۋە ئورنىنىڭ ھەمدە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ 88 ۋەكىلى قاتناشتى. «شىنجاڭ ھايۋانات ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن 9 - قۇرۇلتايىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ئىلمىي ماقالىلەردىن قىسقارتىلمىلار» دېگەن توپلامنى نەشر قىلدى، ئالاقىدار پەنلەر بويىچە 10 دىن ئوشۇق مۇتەخەسسىس مەخسۇس تېمىدا دوكلات بەردى، 28 ۋەكىل مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئىلمىي جەمئىيەت يۈلەنچۈك ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە جۇڭگونىڭ بىئولوگىيىلىك بايلىقلىرى خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنىنى ئاچتى، قازاقىستاندا ھايۋانات تەتقىقاتى، ئىلىم ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى قانات يايدۇردى. ياپونىيە بىلەن بىرلىكتە تارىم تايغان بۆكەننى قوغداش ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى قانات يايدۇردى. ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيىنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىنى شىنجاڭغا كېلىپ ھايۋانات ئىلمى ئۈستىدە لېكسىيە ئوقۇشقا ۋە تەربىيىلەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا تەكلىپ قىلىپ، ھايۋانات ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

«شىنجاڭ ھايۋانات ئىلمىي جەمئىيىتى خەۋىرى» دىن 14 سان تۈزۈپ نەشر قىلدى، «شىنجاڭنىڭ بىئولوگىيىلىك بايلىقلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش» دېگەن بىر مەخسۇس ئەسەرنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى.

شىنجاڭ مىكرو بىئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى بۇ جەمئىيەت 3000 ئەزا قوبۇل قىلدى.

2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 2003 - يىللىق جۇڭگو تېخنىكا بازىرى جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنى ۋە «ئالتۇن كۆۋرۈك مۇكاپاتى» نى تارقىتىش يىغىنىدا، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ كېڭەش باشلىقى شىنجاڭ ۋېيشىدا بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى چەكلىك پاي شىركىتى «ئالتۇن كۆۋرۈك مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن ئىلغار كوللېكتىپ بولدى؛ كېڭەش باشلىقى ئورنى بوللىغان «قۇرۇلۇش زەمبۇرۇغىنى مۇقىملاشتۇرۇش ھۆججەيرىسىدىن L– مېتىئونىن ئىشلەپچىقىرىش» تۈرى «ئالتۇن كۆۋرۈك مۇكاپاتى» بويىچە مۇنەۋۋەر تۈر قىلىپ باھالاندى.

جەمئىيەت 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ۋېيشىدا شىركىتى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ مىكرو بىئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئاچتى، يىغىنغا 118 كىشى قاتناشتى. قۇرۇلتايدا شىنجاڭ مىكرو بىئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى، شىنجاڭ مىكرو بىئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى ۋە ئۇ ماقۇللاندى، قۇرۇلتايدا 60 نەچچە ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى.

شىنجاڭ ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى 2003 - يىل 1 - ئايدا 5 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 2 - قېتىملىق يىغىنىنى ئاچتى. 9 - ئايدا 5 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 4 - قېتىملىق كېڭەيتىلگەن دائىمىي كېڭەش يىغىنىنى ئاچتى. ئىلمىي جەمئىيەت ئەزالىرىنى تىزىملاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىختىساسلىقلار ئامبىرى قۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىق، ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتتى. 11 - ئايدا شېنجېندا ئېچىلغان جۇڭگو ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2003 - يىللىق يىغىنىدا، بۇ ئىلمىي جەمئىيەت 2003 - يىلدىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي جەمئىيەت بولۇپ باھالاندى، يوللانغان 3 ئىلمىي ماقالە جۇڭگو ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

«شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون» ژۇرنىلىدا 20 نەچچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى.

شيې شۈيەن

# ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى

## ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچىدە

ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەر، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئالىي مەكتەپ ۋەكىللىرى، ئىلمىي جەمئىيەت ۋەكىللىرى بولۇپ 400 نەچچە كىشى يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى باھالاش خىزمىتى 2001 - يىل 12 - ئايدا باشلانغان، باھالىنىدىغان نەتىجىلەرنىڭ ۋاقىت دائىرىسى 1997 - يىل 1- ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگە قەدەر بولۇپ، ئاخىرىدا مۇنەۋۋەر نەتىجىدىن 267 سى باھالاپ چىقىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىكى 24، 2 - دەرىجىلىكى 51، 3 - دەرىجىلىكى 98، ياشلار نادىر ئەسەر مۇكاپاتى 18، مۇنەۋۋەر مۇكاپات 76). بۇ قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن نەتىجىلەرنىڭ 3 روشەن ئالاھىدىلىكى بار، ئۇنىڭ بىرى، رېئال مەسىلىلەر تەتقىق قىلىنغان ئەمەلىي نەتىجىلەر كۆپرەك بولۇپ، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن نەتىجىلەرنىڭ 65%نى ئىگىلىدى؛ ئىككىنچىسى، نەتىجىلەرنىڭ سۈپىتى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرىراق بولدى؛ ئۈچىنچىسى، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن نەتىجىلەرنىڭ تۈرى تولۇق، قاپلاش دائىرىسى كەڭ بولدى.

فالڭ ۋېنجيې

## شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك تەرەققىيات مۇنبىرى

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەشەببۇس قىلغان، ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى قاتارلىق 12 ئورۇن بىرلىشىپ باشقۇرغان بۇ مۇنبەر 2003 - يىل 4- ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالاقىدار پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە كەسپىي خادىملار، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى يۇقىرى قاتلام مۇتەخەسسىس - ئالىملار، شۇنىڭدەك ھەر خىل كارخانىلارنىڭ يۇقىرى قاتلام باشقۇرۇش خادىملىرى قاتارلىقلار بولۇپ ئازكەم 500 ۋەكىل مۇنبەرگە قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ بىرىنچى بولۇپ ئاساسىي گەۋدە دوكلاتى بەردى. بۇ قېتىمقى مۇنبەر پائالىيىتىنىڭ مەقسىتى 16 - قۇرۇلتاي روھىنى يېتەكچى قىلىپ، قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش، ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلارنى ئالماشتۇرۇش، ئۇچۇر تارقىتىشقا يول كۆرسىتىش، كارخانىلارنىڭ ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئىلغار تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش تەرەققىيات پىكىر يوللىرى ئۈستىدە ئورتاق ئىزدىنىشتىن ئىبارەت بولدى.

مۇنبەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى تۈزۈلمىدە، باشقۇرۇشتا، ماركېتىڭدا يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ بىر قېتىملىق «ھۆكۈمەت، ئىشلەپچىقارغۇچىلار، ئالىملار»دىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ بىر گەۋدە بولغان يۇقىرى قاتلاملىق، يۇقىرى دەرىجىلىك كاتتا مۇنبەر پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇنبەرگە قاتناشقان ۋەكىللەر نۇرغۇن ياخشى تەدبىر، تەكلىپ، پىكىر يوللىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، مۇنبەرنىڭ نەتىجىلىرى شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ يۇقىرى پەسىللىك تۇنجى تەرەققىيات مۇنبىرىگە بېغىشلانغان «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن مۇنبىرى» ناملىق ژۇرنالنىڭ ئالاھىدە سانىغا بېسىلدى.

فالڭ ۋېنجيې

## «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش»نى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىننى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى بىرلىشىپ 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 40 نەچچە كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىنى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاساسىي تېما قىلىنىپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى.

فالڭ ۋېنجيې

## ئاپتونوم رايوندىكى ئاخبارات، نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيە بويىچە ‹ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش، مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ يېڭى يۇقىرى دولقۇنىنى قوزغاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى

بۇ سۆھبەت يىغىنىنى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» ئىدارىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىرلىشىپ 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئاچتى. سۆھبەت يىغىنغا ئاپتونوم رايوننىڭ نەزەرىيە، تەشۋىقات ۋە ئىجتىمائىي پەن، پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى رەھبەرلەر ۋە مۇتەخەسسىس، ئالىملار بولۇپ 30 نەچچە كىشى قاتناشتى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى مۇنداق دەپ ھېسابلىدى:

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئېچىپ بەردى. ئۇ ماركسىزمنىڭ جۇڭگولاشتۇرۇلغانلىقىنىڭ يېڭى نەتىجىسى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان «ئۆگىنىش، ئوقۇتۇش» پۈتۈن پارتىيىنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ يېڭى يۇقىرى دولقۇنىنى قوزغاشتا يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت، پارتىيىنىڭ ئەڭ يېڭى نەزەرىيىۋى نەتىجىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرىدىغان، خەلقنى تەربىيىلەيدىغان، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىنى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان زور ئىستراتېگىيىلىك تەدبىر.

فالك ۋېنجيې

## مەملىكەتلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى

مۇھاكىمە يىغىنىنى شىنجاڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە باۋخېلىك گۇرۇھى بىرلىكتە 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئاچتى. يىغىنغا مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن 60 نەچچە مۇتەخەسسىس، ئالىم قاتناشتى. يىغىندا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەتنى قوغداش، قۇتقۇزۇش، ئېچىش، پايدىلىنىش، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت بىلەن پۈتۈن يەر شارىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىل بولۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەزمۇنلار بويىچە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ - پەن- مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ۋاكالەتخانىسىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋالىيسى دوكتور دۇ شياۋفەن، جۇڭگو ئېتنوگرافىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى پروفېسسور ۋۇ بىڭئەن بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ليۇ تيېلياڭ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پروفېسسور لاڭ يىڭ قاتارلىق 16 مۇتەخەسسىس، ئالىم يىغىندا مەخسۇس تېمىدا دوكلات بەردى.

فالك ۋېنجيې

## «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھوقۇقنى چەكلەش، نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن شىنجاڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايوننىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك سىستېمىسىدىن كەلگەن ئەمەلىي خىزمەتچىلەر ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار بولۇپ 60 نەچچە ئادەم قاتناشتى.

يىغىن ئىشتىراكچىلىرى يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسىنى چۆرىدەپ، ھوقۇق نازارەتچىلىكىنى يولغا قويۇش مېخانىزمى، پارتىيىلىك كادىرلارغا قارىتىلغان نازارەتنى قانداق كۈچەيتىش، ئاممىنىڭ دېموكراتىك نازارەتچىلىكىنى، ئاخبارات - جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنى، نۇقتىلىق ئورۇنلارغا قارىتىلغان باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىكنى، دۆلەت كارخانىلىرىنى باشقۇرغۇچىلارغا قارىتىلغان نازارەتچىلىكنى قانداق كۈچەيتىش ۋە تەدبىر كۆرۈش تەرتىپىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلدى ۋە چوڭقۇر قاراش ھەم تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

فالك ۋېنجيې

## مەملىكەت بويىچە ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىلىرى ھەمكارلىق يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى

بۇ يىغىن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. مەملىكەت بويىچە 28 ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ ۋە بىر قىسىم ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ 150 دىن ئارتۇق ۋەكىلى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن ئالماشتۇرۇشقا يوللانغان 30 پارچە ماتېرىيال تاپشۇرۇۋالدى، يىغىندا 24 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر) نىڭ ۋەكىلى سۆزگە چىقتى.

يىغىندا ئىجتىمائىي پەن - نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى ئەڭ يېڭى تەسىراتلىرى مەركەزلىك ئالماشتۇرۇلدى، جايلاردىكى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش ۋە خىزمەتلەردە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش جەھەتتىكى ئۇسۇللىرى ۋە تەجرىبىلىرى تونۇشتۇرۇلدى. يېڭى ۋەزىيەتتە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشكە دائىر يېڭى پىكىر يوللىرى ئۈستىدە ئورتاق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى.

فالك ۋېنجيې

## مىللەتشۇناسلىق ئىلمىي يىللىق يىغىنى

بۇ يىغىن شىنجاڭ مىللەتشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ بىرلىشىپ باشقۇرۇشىدا 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئالاقىدار 16 ئورۇن، تارماق، ئالىي مەكتەپ ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەن تەتقىقات ئورنىدىكى 60 تىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس، ئالىم ۋە ئەمەلىي خىزمەتچى يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى: نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىش ۋە ئىزدىنىش بولدى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ هازىرقى ئەھۋالى، تەرەققىيات پۇرسىتى، خىرىس، قارشى تەدبىر، تەدبىر، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ جارى قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك رولى، مىللەتلەر تەتقىقاتى، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تېمىسى ۋە يۆنىلىشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، نۇقتىئىنەزەر ۋە تاقابىل تۇرۇش تەكلىپلىرىنى بەردى.

فاڭ ۋېنجيې

## غەربنى ئېچىش ۋە زامانىۋى ئوبوروتتا يېڭىلىق يارىتىش مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى

مۇھاكىمە يىغىنى جۇڭگو سودا - ئىقتىساد ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشى، شىنجاڭ سودا - ئىقتىساد - ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن ئۈرۈمچى سودا - ئىقتىساد ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئۈستىگە ئېلىشى بىلەن، 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 14 — 15 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك سودا - ئىقتىساد ئىلمىي جەمئىيەتلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، ئالاقىدار كارخانىلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ ئاپتورلىرى بولۇپ 50 نەچچە كىشى قاتناشتى. جۇڭگو سودا - ئىقتىساد ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ جىنچېن، شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى قاتناشتى. مۇھاكىمە يىغىنى 45 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى.

يىغىن ئىشتىراكچىلىرى جۇڭگونىڭ غەربنى ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىكى يېڭى ۋەزىيەت ۋە غەربىي رايوندىكى سودا تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە هازىرقى ھالىتىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدا تۇرۇپ تەھلىل قىلىپ، غەربىي قىسمىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، غەربىي قىسمىنىڭ سودا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سودىنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

فاڭ ۋېنجيې

## ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش ۋە باشقۇرۇش توغرىسىدىكى لېكسىيە

شىنجاڭ MBA كارخانىچىلار جەمئىيىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئىلمىي جەمئىيەتلەر بۆلۈمى بىرلىكتە باشقۇرغان بۇ لېكسىيە 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگونىڭ مەشھۇر ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش مۇتەخەسسىسى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى جاڭ شياۋخاۋ ئەڭ يېڭىچە ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش ئىدىيىسى بىلەن ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشنىڭ زامانىۋى ئەندىزىسى، نەزەرىيىۋى ئاساسى، كەسپىي بىلىمى ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارى ئۈستىدە سىستېمىلىق لېكسىيە ئوقۇدى. ئاپتونوم رايوندىكى 30 كارخانىدىن كەلگەن 200 دىن ئوشۇق كىشى لېكسىيىنى ئاڭلىدى.

فاڭ ۋېنجيې

## شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇنشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 5 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يۇقىرى قاتلاملىق ئىلمىي مۇھاكىمە مۇنبىرى ئۆتكۈزۈلدى

بۇ مۇنبەر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنشۇناسلىق ئىنستىتۇتى بىلەن ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ بىرلىشىپ باشقۇرۇشىدا 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەر، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرى ھەم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ 400 دىن ئارتۇق كىشى مۇنبەرگە قاتناشتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پروفېسسور دې چۈەنيىڭ ئىنستىتۇتنىڭ 5 يىلدىن بۇيانقى ئىلمىي تارىخىنى تونۇشتۇردى. يىغىندا ئىنستىتۇت قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتە گەۋدىلىك تۆھپە ياراتقان ئوقۇغۇچىلار تەقدىرلەندى. يىغىندا 10 نەچچە مۇتەخەسسىس، ئالىم غەربىي قىسىمدا ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش سوتسىيولوگىيىسى، غەربنى ئېچىش ۋە قانۇننىڭ تەرەققىيات نەزەرىيىسى، غەربنى ئېچىش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تۈزەش نەزەرىيىسى، جۇڭگو

شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەتقىق قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ ئىلمىي پىكىرلەرنى بايان قىلدى.

فالڭ ۋېنجيې

## ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇش مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى، شىنجاڭ پەلسەپە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىستىن 50 نەچچىسى يىغىنغا قاتناشتى، 19 ۋەكىل يىغىندا سۆزگە چىقتى.

يىغىندا پارتىيىنىڭ 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى قانداق ئىزچىللاشتۇرۇپ، پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيىسىدە يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، قانداق قىلىپ پەلسەپەنىڭ ئۆز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنى جەمئىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر چۆرىدىلىپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى.

فالڭ ۋېنجيې

## ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 2003 - يىللىق ئىلمىي يىللىق يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، هۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، ئىلمىي تەشكىلاتلار قاتارلىق ئورۇنلار ۋە تارماقلاردىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار بولۇپ 200 دىن ئوشۇق كىشى قاتناشتى. يىغىن 72 ئىلمىي ماقالە ۋە ئالماشتۇرۇش ماتېرىيالى تاپشۇرۇۋالدى.

مۇتەخەسسىسلەر يىغىندا ئۆزى تەتقىق قىلىۋاتقان پەنلەر بويىچە تەتقىقاتنىڭ يېڭى ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇردى، ئەڭ يېڭى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇردى، ئىلىم تۈرلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئىلىم تۈرلىرى باشلامچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرى توغرىسىدىكى پىكىرلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزدى.

فالڭ ۋېنجيې

## ئاپتونوم رايونىمىز ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 110 - يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 12 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. بۇ يىغىن ش ئۇ ئا ر پارتكوم بېكىتكەن ماۋ زېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەش توغرىسىدىكى ئاساسلىق يۈرۈشلۈك پائالىيەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ش ئۇ ئا ر پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئۆتكۈزدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، هۆكۈمەت رەھبەرلىك تارماقلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرى، جايلاردىكى پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 120 نەچچە كىشى قاتناشتى. يىغىندا 120 ئىلمىي ماقالە قوبۇل قىلىنغاندى، ئۇنىڭدىن 64 ى تاللاندى.

يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي تۆھپىلىرى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى، تارىخىي ئورنى، يېتەكچى ئەھمىيىتى توغرىسىدا، خۇسۇسەن ماۋ زېدۇڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى بايانلىرى توغرىسىدا ئىلمىي پىكىر ئالماشتۇردى.

فالڭ ۋېنجيې

شىنجاڭدىكى قىسمەن ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيىتى، تەتقىقات جەمئىيىتى، جەمئىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق ئىلمىي پائالىيەتلىرى

| ئىلمىي پائالىيەت نامى | ۋاقتى (ئاي) | ئورنى | باشقۇرغان ئورۇن | ئاساسىي مەزمۇنى |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئائىلە تەربىيىسى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنى | 1 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئائىلە تەربىيە-سى تەتقىقات جەمئىيە-تى، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى | 2002 - يىللىق خىزمەت خۇلاسىسى ۋە 2003 - يىللىق خىزمەت پىلانى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئاشلىق كەسپىي جەمئىيىتى 1 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 2 - يىغىنى | 1 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئاشلىق كەسپىي جەمئىيىتى، ئاشلىق ئىقتىسادى ئىلمىي جەمئىيىتى | 2002 - يىللىق خىزمەت خۇلاسىسى ۋە 2003 - يىللىق خىزمەت پىلانى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى |
| تۇنجى نۆۋەتلىك ستاتىستىكا ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى مۇكاپاتىنى باھالاش | 2 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ستاتىستىكا ئىلمىي جەمئىيىتى | بۇ قېتىمقى مۇكاپاتنى باھالاش دائىرىسى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ستاتىستىكا سىستېمىسى ۋە ستاتىستىكا ئىلمى جەھەتتىكى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى (ئىلمىي ماقالە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى، ستاتىستىكا يۇمشاق دېتاللىرى، ئەسەر قاتارلىقلار)، ۋاقتى: 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگە قەدەر |
| شىنجاڭ سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك كېڭەشى ۋە مەخسۇس تېمىدىكى نەزەرىيە تەتقىقات مۇھاكىمە يىغىنى | 2 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ سودا سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتى | 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە مالىيە دوكلاتى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى ۋە ماقۇللاندى، يېڭى بىر نۆۋەتلىك كېڭەش ۋە ئىلمىي جەمئىيەت رەھبەرلىكى سايلاپ چىقىلدى. مۇھاكىمە يىغىنىدا قانداق قىلىپ سودا - سانائەت مەمۇرىيى قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقىنى ۋە بازار نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |
| شىنجاڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى جەمئىيىتى 4 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 2 - يىغىنى | 3 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى تەتقىقات جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى | پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىل ئىجرا قىلىش، مەملىكەتلىك پارتىيە قۇرۇلۇشى تەتقىقات جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشى 3 - يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى؛ تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 2002 - يىللىق خىزمەت خۇلاسىسى ۋە 2003 - يىللىق خىزمەت پىلانى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى |
| شىنجاڭ شېئىرىيەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ يىغىنى | 3 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ شېئىرىيەت ئىلمىي جەمئىيىتى | 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە مالىيە دوكلاتى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ ماقۇللاندى. يېڭى بىر نۆۋەتلىك كېڭەش ۋە ئىلمىي جەمئىيەت رەھبەرلىكى سايلاپ چىقىلدى، 2003 - يىللىق ئاساسلىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى |
| ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى | 3 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى | بىرلەشمىنىڭ 2002 - يىللىق خىزمەت خۇلاسىسى ۋە 2003 - يىللىق خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى دائىمىي ھەيئەتلىرى تەكشەلدى ۋە تولۇقلاپ سايلاندى، 3 - نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى 2 - قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنى ئېچىشقا دائىر مۇناسىۋەتلىك ئىشلار قارار قىلىندى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلەر مەكتەپ ژۇرنىلى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كېڭەش يىغىنى | 4 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئالىي مەكتەپ-لەر مەكتەپ ژۇرنىلى ئىلمىي جەمئىيىتى | جۇڭگو ئالىي مەكتەپلەر مەكتەپ ژۇرنىلى جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 2002 - يىللىق خىزمەت خۇلاسىسى ۋە 2003 - يىللىق خىزمەت پىلانى مۇزاكىرە قىلىندى |
| 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىپ، تەمىنات - سودا كوپېراتىپ ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش مۇھاكىمە يىغىنى | 4 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ تەمىنات سودا كوپېراتىپ ئىگىلىكى ئىلمىي جەمئىيىتى | 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىپ، تەمىنات-سودا كوپېراتىپىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قانداق قىلىپ تەشكىلىي جەھەتتىن تورتكە بولۇش بىلەن بازار ھەرىكىتىنى بىرلەشتۈرۈش، قانداق قىلىپ تەمىنات - سودا كوپېراتىپى كارخانىلىرىنى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بويىچە ھەرىكەتلەندۈرۈش، ئىچمۇ-ئىچ كوپېراتىپ باشقۇرۇشنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى |
| شىنجاڭ كروران ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى | 5 | كورلا شەھىرى | شىنجاڭ كروران ئىل-مىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 1-نۆۋەتلىك كېڭىشى، دائىمىي كېڭىشى ۋە رەھبىرىي خادىملىرى سايلاپ چىقىلدى |
| شىنجاڭ شەھەر پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى | 7 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ شەھەر پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى، سودا سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى | 4 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ماقۇللاندى، 1 - نۆۋەتلىك كېڭەش، دائىمىي كېڭەش ۋە ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىرى سايلاپ چىقىلدى. |
| شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2003 - يىللىق ئىلمىي يىللىق يىغىنى | 7 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى | «11 - سېنتەبىر» دىن كېيىنكى خەلقئارا ۋەزىيەت بىلەن ئامېرىكىنىڭ يېڭى ئىستراتېگىيىسى شىنجاڭنىڭ تاشقى تەشۋىقات، تاشقى ھەمكارلىق جەھەتتىكى يېڭى ۋەزىيىتى، ئەتراپتىكى رايونلاردىكى داۋالغۇشنىڭ چولڭ ۋەزىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. يىغىن نەتىجىسى ئىچكى پايدىلىنىش ماتېرىيالى شەكلىدە پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرىنىڭ ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ پايدىلىنىشىغا يوللاپ بېرىلدى |
| شىنجاڭ ماشىنىسازلىق-ئېلېكترون سانائىتى كارخانىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | قاراماي | شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى جەمئىيىتى | شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون كارخانىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، مەسىلىلەر، تەجرىبىلەر ۋە كارخانىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشنىڭ يوللىرى ۋە تەدبىرلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. يىغىنغا 120 ۋەكىل قاتناشتى، 42 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى. |
| شىنجاڭ ئىچكى كونترول-لاش، باھالاش، ئىقتىسا-دىي تەپتىشلىك مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئىچكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتى | ئىچكى كونتروللاش تۈزۈمىدىكى باھالاش، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك مەسىلىلىرىنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى، يىغىنغا 125 كىشى قاتناشتى، 65 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| جۇڭگو بىلەن ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋەت تارىخى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى | جۇڭگو بىلەن ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋەت تارىخى ۋە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەر مۇناسىۋىتىدىكى ئورنى مۇھاكىمە قىلىندى، 120 ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، ئالىم يىغىنغا قاتناشتى، 75 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى. |
| «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئادىللىق ۋە ئادالەتنى قوغداش مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ماناس | شىنجاڭ تەپتىش ئەمەلدارلىرى جەمئىيىتى، سانجى ئوبلاستلىق تەپتىش مەھكىمىسى | «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ، تەپتىش ئورگانلىرىدا ئادىللىقنى، ئادالەتنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ يولى، شەكلى، ئۆلچىمى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. يىغىنغا 46 كىشى قاتناشتى، 37 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى |
| جۇڭگو - ياپونىيە پۇل ئالماشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ پۇل ئىلمىي جەمئىيىتى | ياپونىيىلىك دوستلاردىن جىتيەن، جاۋرېن، پېڭ يېيۇڭ ھازىر جۇڭگو پۇلىنىڭ ياپونىيىدە تەتقىق قىلىنىۋاتقان ئەھۋالىنى ۋە شىنجاڭ پۇلىنىڭ ياپونىيىدە تەتقىق قىلىنىۋاتقان ۋە ئەتىۋارلاپ ساقلىنىۋاتقان ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ھەمدە شىنجاڭدىكى كەسىپداشلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە شىنجاڭ پۇل كۆرگەزمىخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى |
| ئاپتونوم رايونلۇق داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرە نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى | 9 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى، شىنجاڭ تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى | داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى، تەلىپى ۋە مەۋجۇت مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى، 1 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشتىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، بەزى ئىلمىي قىممىتى بار نەزەرىيە ۋە نۇقتىنەزەرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. |
| شىنجاڭ ئارخىپ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 4 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى ۋە 9 - قېتىملىق ئارخىپ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 10 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئارخىپ ئىلمىي جەمئىيىتى | قۇرۇلتايدا 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ ماقۇللاندى، يېڭى بىر نۆۋەتلىك كېڭەش سايلاندى. مۇھاكىمە يىغىنى ئارخىپ خىزمىتىدىكى پۇرسەت، خىرىس، يېڭىلىق يارىتىش، ئارخىپ ئۇچۇرىنى شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى |
| 2003 - يىللىق كروران ئىلمىي مۇنبىرى | 10 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ كروران ئىلمىي جەمئىيىتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىدارىسى | لوپنۇرلۇقلارنىڭ فىلولوگىيە، تارىخ ۋە تەبىئىي مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشلىرى، كروران تارىخى، ئىرق، دىن، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە ئېچىش - پايدىلىنىش كرورانشۇناسلىقنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |
| 2003 - يىللىق شىنجاڭ ئىشچىلار ئويۇشمىسى مۇنبىرى | 10 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى | يىغىن ئەمگەك تېخنىكىسىنىڭ تەقسىماتىغا قاتنىشىش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 2003 ـ يىللىق بوغالتىرلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 11 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ بوغالتىرلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىچكى كونتروللاش، مالىيە خىزمىتىدە ھۆكۈمەتنىڭ سېتىۋېلىشى، بىر تۇتاش تارقىتىش بويىچە بوغالتىرلىق قوشۇنى قۇرۇلۇشى، بوغالتىرلىق كەسپىي ئەخلاقى، بوغالتىرلىقتىكى سەممىيلىك ۋە بوغالتىرلىق خادىملىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى، 59 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى. |
| شىنجاڭ شىبە تىلى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 7 ـ قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى | 11 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ شىبە تىلى ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى، مالىيە دوكلاتى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. 7 ـ نۆۋەتلىك كېڭەش ۋە يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ رەھبىرىي خادىملىرى سايلاندى. |
| شىنجاڭ خەنزۇ تىلى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى | 12 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ خەنزۇ تىلى ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ مالىيە ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى كافىدراسى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ ماقۇللاندى، 1 ـ نۆۋەتلىك كېڭەش، دائىمىي كېڭەش ۋە ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ ئەزالىرى سايلاندى |
| شىنجاڭ ئىلمىي سوتسىيالىزم ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2003 ـ يىللىق يىللىق يىغىنى | 12 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئىلمىي سوتسىيالىزم ئىلمىي جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى | پارتىيىنىڭ 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىش تەسىراتى ئالماشتۇرۇلدى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 2003ـ يىللىق خىزمەتلىرى يەكۈنلەندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 2004 ـ يىللىق خىزمەت پىلانى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى. |

فاڭ ۋېنجيې

# ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى)

## سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ خىزمەت ئەھۋالى

2003 ـ يىلغا قەدەر ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (رايون) لەردە سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 106 تەشكىلىنى (بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىكى 14، ناھىيە دەرىجىلىكى 92)، 118 يېزا، بازارلىق شۆبىسىنى، 54 كەسپىي سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە قۇرۇپ چىقتى، ئەزاسى 19 مىڭ 835 كە يەتتى.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت گۇرۇپپىسى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگە قەدەر يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ ئاچچىق يېزىسىغا بېرىپ، 210 دىن ئارتۇق نامرات ئائىلىنى زىيارەت قىلىپ 20 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ھال سوراش بۇيۇمىنى يەتكۈزۈپ بەردى، يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش، «شىنجاڭ يوپۇرغا ئېشىكى» ۋە كىچىك قۇيرۇقلۇق قوي بېقىش، قوغۇنچىلىق، قۇملۇق ساياھەتچىلىكىنى ئېچىش، سولفات كىسلاتالىق كۆمۈرچەك ماددىسىدىن بىئولوگىيىلىك بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق تۈرلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

ش ئۇ ئا ر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، شىنجاڭ سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش» سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «تەرەققىياتنى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش» توغرىسىدىكى 10 چوڭ ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ پارتگۇرۇپپىسى 2 ـ ئاينىڭ 25ـ كۈنى 2003 — 2005ـ يىلى ئورگاندىكى باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك ۋە باشقارما باشلىقى دەرىجىلىكتىن تۆۋەن 30 نەچچە كادىرنى مۇددەتكە ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ كارخانىلارغا ياكى ناھىيە، شەھەرلەرگە ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى، شۇ يىلى 8 كىشى ئەۋەتىلدى.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ رەھبەرلىرىدىن 7 كىشى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگە قەدەر پۇقراۋى كارخانىلار ئىئانە قىلغان 1 مىليون 218 مىڭ 900 يۈەن پۇل ۋە قىممىتى 255 مىڭ يۈەنلىك ئىئانە قىلىنغان ئەشيالارنى ئېلىپ مارالبېشى ۋە پەيزاۋاتنىڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونلىرىغا بېرىپ ئاپەتكە ئۇچرىغان رايون خەلقىدىن ھال سورىدى. ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) مارالبېشى ناھىيىسىگە 350 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى، ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ يىداچۇيىنىڭ باشلانغۇچ مەكتىپىنى قۇرۇپ بەردى؛ پەيزاۋات ناھىيىسىگە 400 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى، ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ ماركور شەرەپ باشلانغۇچ مەكتىپىنى قۇرۇپ بەردى؛ يوپۇرغا ناھىيىسىگە 470 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى، ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ شەرەپ باشلانغۇچ مەكتىپىنى قۇرۇپ بەردى.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ رەھبەرلىرى 3 ـ ئاينىڭ 15ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگە قەدەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، 2 ئوبلاستقا ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا بېرىپ، 6 جەھەتتىكى مەسىلە ئۈستىدە تەكلىپ بەردى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى دۈڭخۇي، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ يۇجۇڭ قاتارلىق رەھبەرلەر 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ ئورگىنىغا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشقا كەلدى، ئەسقەت كەرىمباي خىزمەتلەردىن بېرىلگەن مەلۇماتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن ئۇستۇنلۇكىنى جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتلىرىنى ئىجادكارلىق بىلەن قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) باشقۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات يۇقىرى پەللىسى مۇنبىرىنى ئۆتكۈزدى.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئەزا كارخانىلارنىڭ باج قانۇنى ساۋاتلىرى لېكسىيىسىنى ئۆتكۈزدى، 88 ئەزا كارخانىدىن 105 كىشى ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئىجرائىي ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنى ئېچىپ «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ۋە 9ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ 2 ـ قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەندى ۋە ئىزچىللاشتۇردى.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسى 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگە قەدەر ئىلى، بورتالا، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق 4 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە 11 ناھىيە، شەھەرگە بېرىپ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ۋە سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئالاقە بۆلۈمىنىڭ كادىرلار كۇرسى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 28ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، بېيجىڭ، جياڭسۇ، شاڭخەي قاتارلىق ئۆلكىلىك، شەھەرلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئالاقە بۆلۈمىنىڭ 36 كادىرى كۇرسقا قاتناشتى. ئۇلار كۇرستا ئاساسەن جۇڭگونىڭ تاشقى

سودىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشى؛ جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلىرىنىڭ تۈپلىشىپ تەرەققىي قىلىشى ۋە شىنجاڭنىڭ چېگرا سودىسى ئۈستىدە ئۆگىنىش قىلدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ يۇقىراۋى كارخانىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە ئۇلارنى تەكشۈردى.

مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى رېن ۋېنيەن مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئىقتىساد - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى باشلاپ 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگە قەدەر شىنجاڭنىڭ يۇقىراۋى كارخانىلىرىنى تەكشۈردى.

ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگە قەدەر ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىمنى شائخەيگە زاۋۇت باشلىقى، دىرېكتور قاتارلىق ئىختىساسلىق خادىملارنى باشقۇرۇش كۇرسىغا ئەۋەتتى، ئۇلار شائخەي باۋگاڭ گۇرۇھىدا، خۇڭچياۋ تەرەققىيات رايونىدا، پۇدۇڭدىكى ۋەيگاۋچياۋ باجدىن خالىي رايونىدا تەكشۈرۈشتە بولدى.

10 - ئاينىڭ 17 — 18 - كۈنلىرى قاراماي شەھىرىدە سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ 1 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈپ، 1- نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى.

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 45 بىۋاسىتە ئەزا كارخانا، كەسپىي سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ۋە ئورگان كادىرلىرىدىن بولۇپ 80 نەپچە كىشىنى 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى، يۇقىراۋى كارخانىلاردىن ئەزالارنى «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» نى ئۆگىنىشكە تەشكىللەشنى تەلەپ قىلدى.

ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ رەھبەرلىرى 11 - ئاينىڭ 7- كۈنى تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىدە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ۋە ۋىلايەتلىك سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى.

ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شائخەي، جېجياڭ، شەندۇڭدىن ئىبارەت 3 ئۆلكىلىك، شەھەرلىك سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن دوست سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى بولۇشقا كېلىشتى.

11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ گۇاڭدۇڭ سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، ئېلىنغان مانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، گۇاڭدۇڭلۇق خادىملاردىن شىنجاڭدا مەبلەغ سالغان كارخانا 300 دىن ئاشقان، ئومۇمىي مەبلەغ 6 مىليارد يۈەنگە يەتكەن.

ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 12 - ئاينىڭ 25 — 26 - كۈنلىرى 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2 - قېتىملىق (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنى ئېچىپ، 2003 - يىللىق خىزمەتلەرنى يەكۈنلەپ، 2004 - يىللىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. «ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ 2004 - يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى» نى ۋە «ش ئۇ ئا ر سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ بەش يىللىق خىزمەت پىلانى» نى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ماقۇللىدى.

دىلى تيېمېي

## مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش، ئىش ئورنى تېپىپ بېرىش پائالىيىتى

2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭدىكى 100 يۇقىراۋى كارخانىنىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشسىزلارغا، ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش، ئىش ئورنى تېپىپ بېرىش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى. ئۈرۈمچى رايونىدىكى 204 يۇقىراۋى كارخانا بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە 800 خىل خىزمەت تۈرى، ئازكەم 3000 ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەپ، 2808 خادىمنى تەكلىپ قىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىشى ئارقىلىق 3871 كىشى مۇددەتما خاراكتېرلىك كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

دىلى تيېمېي

## شەرەپلىك ئىشلار بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامراتلارنى يۆلەش پائالىيىتى

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن ئاپتونوم رايوندىكى 11 يۇقىراۋى كارخانىنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگە قەدەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، 2 ئوبلاستتا 2 - قېتىملىق شەرەپلىك ئىشلار تۈرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش، كېڭىشىش

پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە 3 ۋىلايەت، 2 ئوبلاست بىلەن 31 تۈر ئۈستىدە ھەمكارلىشىش مۇددىئاسى بويىچە كېلىشىلدى، 1 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان بولدى. ئاساسلىق تۈرلەر مۇنداق: خۇاڭچاۋ گۇرۇھى قەشقەر ۋىلايىتى، توقسۇ ناھىيىسى بىلەن 300 مىڭ كالا بېقىش بازىسى قۇرۇش مۇددىئانامە كېلىشىمى ئىمزالىدى، بۇنىڭغا 550 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان بولدى؛ كورلا نەشپۈت پاي شىركىتى بىلەن 300 مىڭ كۆش ئېشىكى بېقىش ھەمكارلىق تۈرى ۋە «خۇاڭچاۋ - 1» ئوت - چۆپنى جەنۇبىي شىنجاڭدا تېرىش تۈرىنى ئىمزالىدى. ئارمان شىركىتى خوتەندە 1333 گېكتار ياڭاق بازىسى قۇرۇش تۈرىنى ئىمزالىدى. شىنجاڭ خۇڭجىڭ گۇرۇھى ئاقسۇ، كورلا، خوتەن شەھەرلىرى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىدا مەبلەغ سېلىپ يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانسارايي قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن، ئۈسكۈنىلىرى تەل بولغان گولف توپ مەيدانى قۇرىدىغان بولدى. شىنجاڭ بەيشاڭ گۇرۇھى كورلا، ئاقسۇ ۋە قەشقەر شەھەرلىرى بىلەن مىتال، قاتناش، ئېلېكتر، خىمىيە بۇيۇملىرى بويىچە زەنجىرسىمان سەپلەش - يوللاش مەركىزى قۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى ھەمدە قەشقەردىكى «7439» زاۋۇتنى سېتىۋالدى؛ خوتەن ناھىيىسى بىلەن چوڭ يوپۇرماقلىق سۆسۈن چېچەكلىك بېدىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. ئۈرۈمچى دۇجۇ جۇڭيى دوختۇرخانىسى بايىنغولىن ئوبلاستى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىدە جۇڭيى دوختۇرخانىسى قۇرماقچى، خوتەن ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ۋە بايىنغولىن ئوبلاستلىرىنىڭ مىللىي دورىگەرلىكىنى ئېچىش تۈرىگە قاتناشماقچى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى دورا سېتىش تورلىرىدا مىللىي دورىلارنى پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيتمەكچى بولدى.

دېڭ تيېمېي

# ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى

## مۇنەۋۋەر ياش تىپلارنى تاللاش

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 2003 - يىل 5 - ئايدا 6 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياشلىرىنىڭ «4 - ماي» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ «4 - ماي» مېدالىغا ئېرىشكەن 12 ياشنى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 81 مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسىنى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 80 مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق كادىرىنى باھالاپ چىقتى. 2003 - يىل 11 - ئايدا 5 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق- تەرەققىيات بويىچە باھالاپ تەقدىرلەش پائالىيىتىنى يولغا قويۇپ، 53 ئىلغار كوللېكتىپ، 81 ئىلغار شەخسنى باھالاپ چىقتى. 3 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ مەشھۇر (مۇنەۋۋەر) ياش قوغدىغۇچىنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، 10 مەشھۇر ياش قوغدىغۇچىنى، 20 مۇنەۋۋەر ياش قوغدىغۇچىنى تەقدىرلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى مۇنەۋۋەر ياشلارنى مەملىكەت خاراكتېرلىك ھەر خىل تەقدىرلەش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا پائال تەۋسىيە قىلدى. مۇھەممەت ساۋۇر جۇڭگو ياشلىرى «4 - ماي» مېدالىغا ئېرىشتى، جۇ جۇنپىڭ 14 - نۆۋەتلىك جۇڭگودىكى 10 مەشھۇر ياشنىڭ بىرى بولۇپ سايلاندى، موللاجى سىدىق 8 - نۆۋەتلىك جۇڭگودىكى مەشھۇر ياش دېھقان نامزاتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، چيەن جىننەي جۇڭگونىڭ يۇقىراۋۇ كارخانىلىرىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى.

## ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ياشلارنىڭ پەن - تېخنىكا بويىچە يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكىتى

پەن - تېخنىكا بويىچە يېڭىلىق يارىتىش مۇنبىرى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «خىرىس لوڭقىسى» بويىچە پەن - تېخنىكا مۇسابىقىسى، يېڭىلىق ياراتقۇچى ياش ماھىرلارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىختىساسلىق ياشلارنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. 2003 - يىلى شىنجاڭدىن 7 ياش پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى جۇڭگو ياش پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى، 46 كىشى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېڭىلىق يارىتىش ماھىرى بولۇپ باھالاندى، 4 كىشى 6 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ياشلىرىنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 3 كوللېكتىپ ئاپتونوم رايون بويىچە ياشلارنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىلغار كوللېكتىپى بولۇپ، 4 ئورۇن ياشلارنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىكى ئۈلگە بازا ۋە ياشلارنىڭ پەن- تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تەلىم - تەربىيە بازىسى بولۇپ باھالاندى. 8 - نۆۋەتلىك «خىرىس لوڭقىسى» مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دەرستىن سىرتقى ئىلمىي پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرى مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ ئۆلكە دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئۇيۇشتۇرغۇچى مۇكاپاتىغا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومىنىڭ 14 ئەسىرى 1 -، 2 - ۋە 3 - دەرىجىلىك

مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى

## ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولدى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى 23 ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتنى بېيجىڭ، تيەنجىن قاتارلىق جايلاردا ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولۇشقا ئۇيۇشتۇردى، ئۇلار شۇ يەرلەردىكى ياشلار بىرلەشمىلىرىنىڭ ئەزالىرى، دىنىي ساھەدىكى زاتلار بىلەن كەڭ تۈردە پىكىر ئالماشتۇرۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، تونۇشىنى ئۆستۈردى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى

## ياشلارنىڭ تاشقى ئىشلار خىزمىتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى كۆپ خىل شەكىل، كۆپ خىل يوللار بىلەن شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن رايونلىرىنىڭ ۋە ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ياشلار تەشكىلاتلىرى ۋە ياشلار - ئۆسمۈرلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى راۋاجلاندۇردى، شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ۋە غەربتىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ ياشلىرى ۋە ئۆسمۈرلىرى بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇشنى پۇختا ئىلگىرى سۈردى، 26 ئادەم (قېتىم) نى شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن رايونىغا ۋە ياپونىيە، مالايسىيا، ۋيېتنام قاتارلىق ئەللەرگە ئۆگىنىش - ئالماشتۇرۇشقا، تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشقا ۋە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى

# ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى

## ستۇدېنتلارنىڭ ساپاسىنى يېتىلدۈرۈش پىلانى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى شىنجاڭ ياشلىرى تورىغا تايىنىپ «ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتى»، «كومسومول ۋە ستۇدېنتلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يېتىشتۈرۈش»، «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەدەنىي ستۇدېنتلاردىن بولايلى»، «ستۇدېنتلارنىڭ دەرستىن سىرتقى ئىلمىي پەن - تېخنىكا پائالىيىتى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭغا نەزەر» قاتارلىقلار ئاساسىي

تېما قىلىنغان ئالىي مەكتەپ - ياشلار ئىتتىپاقى مۇنبىرىنى ئۆتكۈزدى. مەيداندا ۋە مەيدان سىرتىدا ئۆز ئارا رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت يېڭى شەكىلدە مۇزاكىرىنى قانات يايدۇردى، 500 دىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) مەيدان مۇنبىرىگە، 6000 دىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) توردىكى مۇنبەرگە قاتنىشىپ ياخشى ئۈگىنىش ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى

## ستۇدېنتلارنىڭ ئەھۋالى تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلىندى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ستۇدېنتلارنىڭ ھازىرقى ئۇنىۋېرسال ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق 11 ئالىي مەكتەپنىڭ 2000 دىن ئوشۇقراق مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىسى ئىچىدە سوئال - جاۋابلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. سوئال - جاۋابلىق تەكشۈرۈشنىڭ مەزمۇنى سىياسىي - ئىدىيە، ئىجتىمائىي قىزىق نۇقتىلار، مەكتەپ تەربىيىسى، مىللەت - دىن، ئۇنىۋېرسىتېت تۇرمۇشى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بىرى، 2400 نۇسخا تەكشۈرۈش سوئالى تارقىتىلدى. يەنە بىرى، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، زىيارەت قىلىش، تېلېفوندا تەكشۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار سوئال - جاۋابلىق تەكشۈرۈشنىڭ تولۇقلىما شەكلى قىلىندى، 1000 دىن ئوشۇق ھەر مىللەت ستۇدېنتى بىۋاسىتە زىيارەت قىلىندى ۋە ئۇلاردىن ئەھۋال ئىگىلەندى. تەكشۈرۈپ ئىگىلەنگەن ئەھۋاللار شىنجاڭ ستۇدېنتلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ ئەھۋالىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى

## ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى دوكلات يىغىنى

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ش ئۇ ئا ر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 22-كۈنىگە قەدەر ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى ئالىي مەكتەپلەر بىلەن بىرلىشىپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى توغرىسىدا سەييارە دوكلات يىغىنلىرىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ۋە 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن بۇيان ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك

تىكلىگەن 7 مۇنەۋۋەر ۋەكىلدىن تەركىب تاپقان ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنىڭ ئالىي مەكتەپ تەشۋىقات لېكسىيە ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مالىيە ئىنستىتۇتى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى، سانجى ئىنستىتۇتى قاتارلىق 7 مەكتەپتە لېكسىيە ئۆيۈشتۇرۇپ مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا تەربىيىلىدى ۋە شۇنىڭغا يېتەكلىدى ھەمدە چوڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ياش ئىگىلىك تىكلەش تىپلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ياخشى يول كۆرسىتىش ھالىتىنى شەكىللەندۈردى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى يەنە «ئىدىيىنى ئۆزگەرتىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرايلى — ئاپتونوم رايوندا 2003-يىلى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى دوكلات يىغىنلىرىنىڭ ھۆججەت - ماتېرىياللىرى توپلىمى» دېگەن كىتابنى باستۇردى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى

## قۇياش نۇرى ھەرىكىتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ «مېھىر - شەپقەت، ياردەم، ئۈمىد» ئاساسىي تېما قىلىنغان «قۇياش نۇرى ھەرىكىتى» تېلېۋىزىيە پروگراممىسىنى يولغا قويۇپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا قىزغىن كۆڭۈل بۆلىدىغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنى قىيىنچىلىقتا قالغان ياش ئىشچىلار، قىيىنچىلىقى ئېغىر ئوقۇغۇچىلار، مېيىپ خادىملارغا نەق پۇل، ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىش، مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى. تېلېۋىزىيە نومۇرلىرى كۆرسىتىلگەندىن كېيىن جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغاپ، 6120 يۈەن ئىئانە توپلاندى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 28 ياش ئىشچىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىش ئورنى ئۇقتۇرۇلدى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى

# ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى

## مېيىپلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى «كۆرۈش سېزىمى بىرىنچى — جۇڭگو ھەرىكىتى» شىنجاڭ نۇر قۇرۇلۇشى 2 - قارارلىق تۈرىنى يولغا قويدى. ش ئۇ ئا ر تور ئىشخانىسى كۆزگە چۈشكەن ئاقنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەنگە 7 توركۆم داۋالاش ئەترىتى ئەۋەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 2 توركۆمنى ئاپتونوم رايون تەشكىللەپ ئەۋەتتى، بۇ داۋالاش ئەترەتلىرى خوتەن، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىگە بېرىپ، كۆزىگە ئاق چۈشكەنلەرنىڭ كۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلدى؛ ئىلى، بايىنغولىن، سانجى ئوبلاستلىرى، تۇرپان ۋىلايىتى، شىخەنزە شەھىرى ئۆزلىرى كۆزىگە ئاق چۈشكەنلەرنىڭ كۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا 5 توركۆم داۋالاش ئەترىتى ئەۋەتتى. بىر يىلدا كۆزىگە چۈشكەن ئاقنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆزىنى روشەنلەشتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىدىن 8300نى قىلىنىپ ۋەزىپە 103% ئورۇندالدى. قىلىنغان ئوپېراتسىيىدە ئەمەلىيەتتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى 94.6%كە، مېيىپلىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى 90.1%كە، سۈنئىي كرىستال كىرگۈزۈش نىسبىتى 75%كە، نامرات بىمارلارغا قىلىنغان ياردەم 55%كە يەتتى. كۆرۈش ئىقتىدارى ئاجىزلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پونكىتىدىن بىرى قۇرۇلۇپ، كۆرۈش ئىقتىدارى ئاجىز بىمارنىڭ ئائىلە باشلىقىدىن 106 سى تەربىيىلەندى، كۆرۈش ئىقتىدارى ئاجىز 200 كىشىگە كۆرۈش ئاپپاراتى سەپلەپ بېرىلدى ھەمدە ئۇلار كۆرۈش ئىقتىدارى بويىچە مەشىق قىلدۇرۇلۇپ، ۋەزىپە 111% ئورۇندالدى.

2003 - يىللىق مېيىپلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى 2 شەھەر، 7 ناھىيىنى مېيىپلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە مەشىق قىلدۇرۇش ۋە مۇلازىمەت بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قىلىپ بەلگىلىدى. بىر يىل ئىچىدە پۈت-قولى مېيىپ 446 كىشى سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە مەشىق قىلدۇرۇلۇپ، ۋەزىپە 297% ئورۇندالدى؛ ئەقلىي قابىلىيىتى ئاجىز بالىلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە 126 بالا مەشىق قىلدۇرۇلۇپ، ۋەزىپە 105% ئورۇندالدى؛ مېڭە پالەچلىكى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بالىلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە 95 بالا مەشىق قىلدۇرۇلۇپ، ۋەزىپە 316% ئورۇندالدى. 2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر مېيىپلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇلازىمەتچىلىك يېتەكچىلىك مەركىزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قۇرۇلغان 10 ئاساسىي قاتلام گاس بالىلارنىڭ تىل مەشىقى بۆلۈمىدە مەشىق قىلدۇرۇلۇۋاتقان 120 دىن ئارتۇق گاس بالىنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ئاڭلاش

ئىقتىدارىنى ئۆلچەپ تەكشۈردى. گاس بالىلارنى تىل مەشىقى قىلدۇرىدىغان ئوقۇتقۇچىلاردىن ۋە ئاساسىي قاتلام مەھەللىلەردىكى سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پېتەكچىسىدىن 36 نى، ئاساسىي قاتلامدىكى گاس بالىلارنى تىل مەشىقى قىلدۇرىدىغان ئوقۇتقۇچىدىن 5 نى تەربىيىلىدى. 3. قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇلاقنى ئاسراش كۈنى ۋاقتىدا تەشۋىقات ماتېرىيالىدىن 8000 نۇسخا تارقىتىلدى، نامرات گاس بالىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ياردەم ھېسابىدا 70 ئاڭلاتقۇچ تارقىتىلدى، نامرات گاس بالىلاردىن 80 بالىغا ياردەم بېرىش ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، گاس بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىدىن 105 ى تەربىيىلەندى، مۇلازىمەت يۈزىسىدىن 200 ئادەم (قېتىم) مەسلىھەتچىلىك قىلىندى، ئائىلىدە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە 300 گاس بالا مەشىق قىلدۇرۇلدى، 3 ياشتىن تۆۋەن 10 گاس بالا بالدۇر سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەشىقىنى قوبۇل قىلدى، 50 گاس بالىنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى تەكشۈرۈلدى، 30 ئاڭلاتقۇچ تەكشۈرۈپ سەپلەپ بېرىلدى، 50 قۇلاق پەردىسى ياسالدى.

ۋاڭ گوساڭ

## مېيىپلارنى تەربىيىلەش

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 807 ھەر خىل مېيىپ كىشى تەربىيىلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازارلاردا 2514 مېيىپ تەربىيىلەندى، 1508 مېيىپ كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 242 ئەما ئۆزلۈكىدىن ئۇگىنىش بويىچە تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ساقلىق ساقلاش بويىچە تەربىيىلەنگىنى 150، تىببىي داۋالاش بويىچە تەربىيىلەنگىنى 92، ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمالار ساقلىق ساقلاش - ئۇۋۇلاش ئورنىدىن 31ى، ئەمالار تىببىي داۋالاش - ئۇۋۇلاش ئورنىدىن 12سى (دوختۇرخانىلاردىكى ئەمالار ئۇۋۇلاش بۆلۈملىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بار.

ۋاڭ گوساڭ

## مېيىپلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندا 2279 مېيىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نىسبەت بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مېيىپ 896، مەركەزلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مېيىپ 318، يەككە ئوقەت قىلغىنى 1065. ئاپتونوم رايون بويىچە 66 مىليون 180 مىڭ يۈەن مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالەت پۇلى يىغىۋېلىندى.

ۋاڭ گوساڭ

## مېيىپلارنى كەسىپ جەھەتتىن تەربىيىلەش

2003 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مېيىپلار كەسپىي تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 86 بولۇپ، قوش گۇۋاھنامىگە ئېرىشىش نىسبىتى 100% بولدى؛ 105 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكومغا 20 نەپەر، تېخنىكومغا 65 نەپەر قوبۇل قىلىندى، ئەقلى پېتىشتۈرۈلىدىغان ئوقۇغۇچىدىن 20سى قوبۇل قىلىندى. ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ياخشىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر يىلدا 7 قارار قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىلىپ 260 كۇرسانت تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 كىشى ئۇۋۇلاش بويىچە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي ماھارەت سالاھىيىتىگە، 41 كىشى ئۇۋۇلاش، سىيرىش بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي ماھارەت سالاھىيىتىگە، 137 كىشى باشلانغۇچ دەرىجىلىك كەسپىي ماھارەت سالاھىيىتىگە، 80 كىشى يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى بويىچە كۇرس تاماملاش گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. 2003 - يىلى مەكتەپ بويىچە 2 قېتىم ئوقۇتۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى ئېچىلدى، مائارىپ نازارىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى ئۇيۇشتۇرغان تۆنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئالاھىدە مائارىپ مەكتەپلىرى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ گۈزەل سەنئەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلغان 51 ئەسەرنىڭ 22 سى مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا ئەۋەتىلدى. ش ئۇ ئا ر مېيىپلار كەسپىي تېخنىكوم مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى جاڭ يىڭ مائارىپ مىنىستىرلىكى ۋە جۇڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسىدىن بېرىلگەن «جياڭ مىن ئالاھىدە مائارىپ باغۋەنى مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

ۋاڭ گوساڭ

## ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتاي ئۆتكەن 5 يىل ئىچىدىكى خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىدى ۋە ئەسلىدى، 5 يىل ئىچىدە مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى 5 يىللىق ئاساسىي ۋەزىپىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇردى؛ 1 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كېڭىشىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى سايلاپ چىقتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى بولدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى 4 - نۆۋەتلىك ھەيئەت رىياسەتچىلىك رەئىسلىكىگە سايلاندى.

ۋاڭ گوساڭ

## نامرات مېيىپلارنى يۆلەش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى نامرات مېيىپلارنى يۆلەشتە ئاز مىقدارلىق كرېدىت ئارقىلىق بىۋاستە ئائىلىلەرگىچە يۆلەش بىلەن «شىركەتكە دېھقان ئائىلىلىرىنى قوشۇپ بېرىش» ئۇنۇمىنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇسۇل قوللىنىلىپ، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، نامراتلارنى يۆلەش بويىچە 25 مىليون 980 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ساۋەن، يەنجى ناھىيىلىرى، شىخو شەھىرى يېزىلاردىكى مېيىپلار ئۈچۈن ئەمەلىي تېخنىكا كۇرسى ئېچىپ، 950 مېيىپنى تەربىيىلىدى. مالىيە جەھەتتىن نامراتلارنى يۆلەش خىراجىتى قولغا كەلتۈرۈلۈپ، خېجىڭ ناھىيىسىدىكى 100 ئائىلىلىك مېيىپنىڭ توك مەسىلىسى ھەل قىلىندى. مېيىپلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. باج پۇلىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش جەھەتتىكى ئېتىبار بېرىشتىن بەھرىمەن بولىدىغان نامرات مېيىپ 64 مىڭ 770 بولۇپ، 5 مىليون 570 مىڭ يۈەن باج پۇلى كېمەيتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى. بىر يىلدا 13 مىڭ 834 نامرات مېيىپ يۆلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە 8235 كىشىنىڭ كىيىنىش - تويۇنۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى. ئەلڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تۈزۈمى شەھەر، بازارلاردىكى شەرتكە توشىدىغان مېيىپلارغىمۇ قوللىنىلىپ 17 مىڭ 688 مېيىپنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى، 6535 مېيىپ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتناشتى.

ۋاڭ گوساڭ

## مېيىپلارنى يۆلەش - ئوقۇشقا ياردەم بېرىش

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدىكى «مېيىپلارنى يۆلەش - ئوقۇشقا ياردەم بېرىش» مەبلىغىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بەردى، «مېيىپلارنى يۆلەش، ئوقۇشقا ياردەم بېرىش» قوللانمىسىنى تولدۇردى، تۈرلەر سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇردى. بىر يىلدا 202 نامرات مېيىپ ئوقۇغۇچىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى قوبۇل قىلىشىغا پۇل ياردەم قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەما بالا 101، گاس بالا 60، ئاقساق - چولاق بالا 41. ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ جايلاردىن مېيىپ بالىلارنى ئاپتونوم رايوننىڭ نامرات رايونلار ۋە چېگرىغا جايلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدىكى مېيىپ ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ھەقسىز بولغا قويۇش توغرىسىدىكى خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزۈپ، مېيىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى قوبۇل قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 2003- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقان مېيىپ ئوقۇغۇچى 91 بولۇپ، قوبۇل قىلىش نومۇر چېكىگە يەتكىنى 64، ئەمەلىيەتتە قوبۇل قىلىنغىنى 48. بېيجىڭ بىرلەشمە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، شىنجاڭدىن گاس بالىلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كەسپىگە بىر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

ۋاڭ گوساڭ

## مېيىپلارغا كېرەكلىك بۇيۇم بىلەن تەمىنلەش مۇلازىمىتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى 10 مىڭ 987 دانە مېيىپلار بۇيۇمى بىلەن تەمىنلەپ، ۋەزىپىنى %156 ئورۇندىدى، تەمىن ئەتكەن تۈر 99 غا يەتتى. يېڭىدىن بۇيۇم تەمىنلەش، مۇلازىمەت قىلىش پونكىتىدىن 4ى قۇرۇلدى. ھازىرغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە تەمىنلەش، مۇلازىمەت قىلىش پونكىتىدىن 29 ى قۇرۇلدى. بىر يىلدا بۇيۇم بىلەن تەمىنلەش، مۇلازىمەت قىلىش ئاپپاراتلىرىغا 24 مىڭ 400 يۈەن ياردەم پۇل بېرىلدى. يەنە 51 مىڭ 500 يۈەن سىياسەت خاراكتېرلىك ياردەم پۇل بېرىلدى، 76 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىندى، ش ئۇ ئا ر تەمىنلەش پونكىتى ئۆز مەبلىغىدىن 9700 يۈەن ياردەم پۇلى بەردى. بۇنىڭدىن 1511 مېيىپ بەھرىمەن بولدى. بىر يىلدا 281 سۇنئىي پۇت - قول سېلىنىپ، ۋەزىپە %122 ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇملاشتۇرۇش تىپىدىكى سۇنئىي پاچاق 169، قول ۋە پوتا 112.

ۋاڭ گوساڭ

## «مېيىپلارغا مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش-ياردەم بېرىش» بويىچە ئىئانە قىلىش خىزمىتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ پاراۋانلىق فوند جەمئىيىتى «مېيىپلارغا ياردەم بېرىش كۈنى» پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 10 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ 60 ناھىيىسىدىكى مېيىپلارغا 11 مىڭ 204 چاقلىق ئورۇندۇق تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەيبېي شەھىرى ساۋجوڭجى فوند جەمئىيىتى ئىئانە قىلغان 2 مىليون 428 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 5567 چاقلىق ئورۇندۇق بار. جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى «ئەماللارغا ياردەم بېرىش فوندى» قۇرۇش ئۈچۈن 700 مىڭ يۈەن چىقاردى. شياڭگاڭلىق لۇڭ فېڭشياڭ خانىم مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردىكى يەر تەۋرىگەن رايونلاردىكى مېيىپلارغا 2 قېتىم 800 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. پاراۋانلىق فوند جەمئىيىتىدىكى ھەر ساھەدىكىلەر ئىئانە قىلغان 240 مىڭ قۇردىن كۆپرەك كىيىم - كېچەك تاپشۇرۇۋالدى،

سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يېتەكچىلىك مەركىزىگە ۋە يۆيۈم بىلەن تەمىنلەش پونكىتىغا 220 مىڭ يۈەن قىممىتىدە بىر يولكىراۋاي ۋە بىر پىكاپ، 118 مىڭ يۈەنلىك ئومۇمىي خەلق سافلاملىق ئۈسكۈنىسى ئىئانە قىلدى. 80 مىڭ مېيىپنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قۇتقۇزدى.

ۋاڭ گوساڭ

## 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مېيىپلار كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

2003 - يىل 8 - ئايدا 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مېيىپلار كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسىگە شىنجاڭدىن 36 مېيىپ قاتناشتۇرۇلدى، ئۇلاردىن بىرى 1 -، بىرى 2 -، ئىككىسى 3 -، ئىككىسى 4 - ۋە تۆتى 5 - بولدى، كوللېكتىپ بويىچە ئومۇمىي نومۇردا 4 - بولۇشتەك ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خەن لىڭخا مەملىكەتلىك تېخنىكا ماھىرى دېگەن نام بېرىلدى. 11 - ئايدا خەن لىڭ دۆلەتكە ۋەكىل بولۇپ ھىندىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا مېيىپلار كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ كەشتىچىلىك بويىچە 4 - بولۇشتەك ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.

ۋاڭ گوساڭ

# ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

## ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، «ئىككىگە خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشىدە ۋە «ئىككى ھەممە» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، «ئالاقىلىشىش، ماسلاشتۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» فۇنكسىيىسىنى ياخشى ئادا قىلىپ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە يېڭى يورۇق نۇقتىلارنى بەرپا قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتچىلىقىدا يېڭى نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە ياراتتى.

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ھېكايىچىلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ شىنجاڭ ھېكايىچىلىق ئىجادىيىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. 4 - ئايدا جۇڭگو سىركىچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ سىركىچىلار ئۇسكى داۋازلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئادىل ھوشۇر جۇڭگو ئەلئارا ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى «جۇڭگو ئەلئارا مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشى»نىڭ ئوبراز ئەلچىسى بولدى ھەمدە بۇ پائالىيەت ئارقىلىق مەبلەغ توپلاپ قۇرۇلۇشنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شىنجاڭلىق يازغۇچى دۆلەت لىبۇنىڭ «ئاق پۇرچاق» دېگەن رومانى ئۈستىدىكى مۇھاكىمە يىغىنى خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىدا ئېچىلدى، لېي دا، لى جىڭزې، مېڭ فەنخۇا قاتارلىق نۇرغۇن ئاتاقلىق ئوبزورچىلار ۋە ئالىملار يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. 6 - ئايدا شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۆز رايونىمىزدىكى ياش يازغۇچىلارغا قارىتىلغان «سېرىق ئەتىرگۈل يازغۇچىلار مەجمۇئەسى» بويىچە 12 توم نەشر قىلدۇردى. 6 - ئايدا «چولپانلار دەۋرى» تەھرىراتى «تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش» دېگەن نامدا سەنئەت نەزەرىيىسى ماقالىلەر توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى. 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئاپتونوم رايوندىكى مۇزىكانتلارنى بورتالا ئوبلاستىغا بېرىپ خەلق مۇزىكا - قوشاقلىرىنى توپلاشقا ئۇيۇشتۇردى. 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە، شىنجاڭنىڭ خەنزۇچە ھېكايىچىلىق ئىجادىيىتى بويىچە «نەنسەندە ياز» مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، جۇڭگونىڭ مەشھۇر ئەدەبىيات - سەنئەت ئوبزورچىسى، «خەلق ئەدەبىياتى»نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى لى جىڭزې جۇڭگو ھېكايىچىلىق ئىجادىيىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، بولۇپمۇ غەربىي قىسىم ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى بوغۇپ تۇرغان ھازىرقى ئەھۋال ۋە تەرەققىيات، يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي بايلىقى، يازغۇچى ۋە بازار دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر توغرىسىدا يىغىنغا قاتناشقان شىنجاڭلىق يازغۇچىلار بىلەن چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى گۇاڭدۇڭ - شىنجاڭ قومۇل سەنئەتكارلىرىنىڭ «تەڭرىتاغقا سەپەر ناملىق» دوستلۇق پائالىيىتىنىڭ پەردىسى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، دائىمىي مۇئاۋىن رەئىس چېن جۇڭچيۇ يول باشلىغان گۇاڭدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 40 ئاتاقلىق

سەنئەتكارى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى ھەمدە ئالتاي ۋىلايىتى، قاراماي شەھىرى، تۇرپان ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىرىگە بېرىپ خەلق مۇزىكا - قوشاقلىرىنى توپلىدى. 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى باشقۇرغان شىنجاڭنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك كەسپىي ئۇسسۇلچىلىق مۇسابىقىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. 12 - ئايدا جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەت ئۈن - سىن نەشرىياتى ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى تۈزگەن، شىنجاڭنىڭ 80 ئېسىل ئۇسسۇل ئەسىرىدىن تۈزۈلگەن 3 يۈرۈش، 6 تەخسە VCD پلاستىنكىسىنى ئىشلەپ نەشر قىلدى. شىنجاڭ كىنوچىلار جەمئىيىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلەش مەركىزى ئۆزى مەبلەغ توپلاپ سۈرەتكە ئالغان «ئادەم دېگەندە ياخشى بىر نام بولۇش كېرەك» ناملىق تېلېۋىزىيە كىنو فىلىمى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 6 - قانىلى تەرىپىدىن سېتىۋېلىندى، ئۇ 2004 - يىلى قويۇلدۇ. شىنجاڭ كىنوچىلار جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسى بىرلىكتە «پۇقرالار مۇزىكىسى» ناملىق تېلېۋىزىيە سەھىپىسىنى ئاچتى. شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى جۇڭگوچە رەسىم، ماي بوياق رەسىم، سۇ بوياق رەسىم سەنئەت كومىتېتىنى قۇردى. «شىنجاڭ ماي بوياق رەسىملەر توپلىمى»، «شىنجاڭ جۇڭگوچە رەسىملەر توپلىمى»نى نەشر قىلدى. 8- ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگە قەدەر ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ رويال ئىلمىي جەمئىيىتى، دۇخوۋۋي مۇزىكا ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن ئۈرۈمچى (شياڭگاڭ) باس مۇزىكىچىلىق چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان ئاسىيا 2 - نۆۋەتلىك TOYAMA لوڭقىسى ياشلار - ئۆسمۈرلەر مۇزىكا مۇسابىقىسىنىڭ شىنجاڭ مۇسابىقە رايونىدا بولىدىغان مۇسابىقە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. 8 - ئاينىڭ 15 — 16 - كۈنلىرى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «شىنجاڭ قىرغىز ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئاقچى ناھىيىسىدە قىرغىز شائىرى، دراماتورگ جۇزقۇن مەمبەت ئەسەرلىرى مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «ئەدەبىي تەرجىملەر» تەھرىر بۆلۈمى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئوتتۇرا، ياش ئەدەبىي تەرجىمانلار كۇرسى ئاچتى. 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خەتتاتلار تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئۆمىكى تەركىبىدىكى 9 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ خەتتاتلىق تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى. 9- ئاينىڭ 11 - كۈنى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئۇيۇشتۇرغان ئىلغار خىزمەتچىلەردىن تەركىب تاپقان خەلق ناخشا - قوشاقلىرىنى ئۆگىنىش - توپلاش ئۆمىكى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا خەلق ناخشا - قوشاقلىرىنى توپلاشقا ماڭدى. 9 - ئاينىڭ 22- كۈنى ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇل بولۇپ باشقۇرۇشىدا، شىنجاڭدىن پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلەنگەن ژۇرنال «چولپانلار دەۋرى» تەھرىر بۆلۈمى بېيجىڭدا 2003 - يىللىق ئىستىراتېگىيىلىك تەرەققىيات مۇھاكىمە يىغىنىنى ئاچتى. «چولپانلار دەۋرى» يەنە پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئەڭ چوڭ خەنزۇچە ژۇرنال تورى — «ئەجدىھا مەنبەسى خەلقئارا ئاتاقلىق ژۇرناللار تورى» بىلەن ھەمكارلىشىپ تور ئېلېكترون نۇسخىسىنى ئىشلەشكە باشلىدى. 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئاقچى ناھىيىسىدە ماناس داستانى بويىچە غەزەلخان ئۇستاز يۈسۈپ ماماي تەۋەللۇتىنىڭ 85 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى نامىنى ئاتاپ تەكلىپ قىلغان 14 ماي بوياق رەسسامىنىڭ ئەسەرلىرى قاتناشتۇرۇلغان شىنجاڭنىڭ كۈچلۈك ياش ماي بوياق رەسساملىرىنىڭ ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمە زالىدا كۆرگەزمە قىلىندى. شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى بىلەن تۇنخې گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن «تۇنخې لوڭقىسى» شىنجاڭ 13 - نۆۋەتلىك فوتو سۈرەت سەنئەت كۆرگەزمىسى 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئېچىلدى، 57 كىشىنىڭ 53 (يۈرۈش) ئەسىرى ئالتۇن، كۈمۈش، مىس مېدال مۇكاپاتىغا، 114 ئاپتورنىڭ 169 (يۈرۈش) ئەسىرى مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ش ئۇ ئار ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتكارلار جەمئىيىتى ئۈستىگە ئېلىپ ئۆتكۈزگەن ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەتتاتلىق، گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسى شىنجاڭ مىللەتلەر كوچىسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە ئالاقىدار سەنئەتكارلار جەمئىيەتلىرى بىر يىلدا 34 قېتىم سەنئەت كۆرگەزمىسى، 13 مەيدان كونسېرت ئۆتكۈزدى، بۇ پائالىيەتلەر ئاپتونوم رايوننىڭ ئەڭ يېڭى سەنئەت ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نامايەن قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتتى. ئالاقىدار سەنئەتكارلار جەمئىيەتلىرى بىر يىلدا مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر قاتارلىق

سەنئەت تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 10 تۈرلۈك چوڭ تىپتىكى سەنئەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە قاتناشقانلار 4000 دىن ئاشتى. ئۇلار كەسپىي سەنئەتكارلار بىلەن ئىشتىن سىرتقى سەنئەتكارلارغا تەڭ ئېتىبار بېرىش، ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۆستۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا ئىلھام بېرىشنى نامايەن قىلىش بىلەن بىرگىلىق يارىتىش، ياش ۋە ئۆسمۈرلەر بىلەن بالىلارنىڭ ساپا تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىشتەك ئالاھىدىلىكلەرنى گەۋدىلەندۈردى.

ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن سەنئەتكارلار جەمئىيەتلىرى ھەم بەزى ژۇرناللارنىڭ تەھرىر بۆلۈملىرى 2003 - يىلى 14 قېتىم ھەر خىل لېكسىيە ۋە كۇرس ئۇيۇشتۇردى، يىگىرمە 9 تەربىيىلەش مەركىزى قۇردى. 23 قېتىم سەنئەت مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇ يىغىنلاردا يازغۇچىلار ۋە ئەسەرلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى، يىغىن مەزمۇنى يەنە خەتتاتلىق، فوتو سۈرەت، مۇزىكا، ئۇسسۇل، كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى، ژۇرناللارنىڭ ئورنى ۋە تەرەققىياتى، ئەل ئارا ئەدەبىيات مىراسلىرى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە نەزەرىيە بايان قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل سەنئەت تېمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 2003 - يىلى شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى ئىجاد قىلغان فىلىم، تىياتىر، مۇزىكا، ئۇسسۇل، گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت، سىرك بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردىن 45ى مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان «بەش بىر قۇرۇلۇشى مۇكاپاتى»، جۇڭگو ئەلنەغمىلىرى بويىچە «خۇڭمېي مۇكاپاتى»، جۇڭگو تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى بويىچە «تاش تۆۋرۈك مۇكاپاتى»، جۇڭگو تېلېۋىزىيە فىلىملىرى بويىچە «ئالتۇن بۈركۈت مۇكاپاتى»، جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاش ۋاقتىدا مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، ئەڭ ياخشى فوتو سۈرەت مۇكاپاتىغا، ئەڭ ياخشى ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان چوڭ سەنئەت مۇسابىقىلىرىدە 5 ئالتۇن مېدال، 3 كۈمۈش مېدال، 4 مىس مېدال، بىر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپات، 15 مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جياڭ لىن

## ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى تەبرىكلەندى

ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 2003-يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 1953-يىل 10 - ئايدا قۇرۇلغانىدى. 50 يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايوننىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى ئاجايىپ مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتتى، ھەر مىللەت كەسپىي ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى قوشۇنى 25 مىڭ كىشىدىن ئاشتى. ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى 11غا يەتتى، خىزمەت ئورنىدا ئىشلەۋاتقان كەسپىي خىزمەتچى 200 دىن ئاشتى؛ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك جەمئىيەتلەرگە قاتناشقان يازغۇچى، سەنئەتكارلار ۋە ئەل ئارا ئەدەبىيات - سەنئەتچى ئازكەم 10 مىڭغا يەتتى؛ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرى ۋە ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك كەسپىي ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ ھەممىسى ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كوللېكتىپ ئەزاسى بولدى؛ چوڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرنىلى 3 تىن كۆپىيىپ 11غا يەتتى ۋە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە بولۇپ 5 خىل تىل يېزىقتا نەشر قىلىپ تارقىتىلماقتا. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى ئىجاد قىلغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى «بەش بىر قۇرۇلۇشى مۇكاپاتى»، «پەرۋاز مۇكاپاتى»، «تاش تۆۋرۈك مۇكاپاتى»، «نېلۇفەر مۇكاپاتى»، «لۇشۈن ئەدەبىيات مۇكاپاتى» قاتارلىق دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتلارنى باھالاشتا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، زور بىر تۈركۈم ئىستېداتلىق يازغۇچى، سەنئەتكارلار يېتىشىپ چىقتى.

شۇ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى شىنجاڭ مىللەتلەر كوچىسىدا «تۇنجى لوڭقىسى» بويىچە شىنجاڭنىڭ 13 - نۆۋەتلىك فوتو سۈرەت سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىنى ئاچتى.

15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ «1 - ئاۋغۇست» كۇلۇبىدا شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن كونسېرت ئۆتكۈزدى.

16 - كۈنى ھۆسەنجان جامى، مۇساجان روزى، غىياسىدىن بارات، داۋۇت ئاۋۇت، خارىس ئاشىروفلارنىڭ

سەنئەت ھاياتى ئۈستىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى.

جياڭ لىن

## «شوغىلا» ژۇرنىلى چىقىرىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى

قازاقچە ئەدەبىي ژۇرنال «شوغىلا» چىقىرىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى 2003 - يىل 10 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. 1953 - يىل 10 - ئايدا «شوغىلا» ژۇرنىلى چىقىرىلىپ 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 480 سان نەشر قىلىندى. بۇ ژۇرنال مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بىردەك تارقىتىلىدۇ. ئوقۇرمەنلىرى 30 دۆلەت ۋە رايونغا تارقالغان. شېئىر، ھېكايە، نەسىر، ئوبزورلار ئېلان قىلىنىشتىن باشقا يەنە «ياشلار يېزىقچىلىق باغچىسى»، «بالىلار ئەدەبىياتى» قاتارلىق سەھىپىلىرى بولۇپ، يايلاق مەدەنىيىتى ئالاھىدىلىكىگە ۋە قازاق تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە.

جياڭ لىن

## جۇ تاۋنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرى مۇھاكىمە يىغىنى ۋە دېكلاماتسىيە يىغىنى

شىنجاڭلىق مەشھۇر يازغۇچى جۇ تاۋنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرى مۇھاكىمە يىغىنى 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 22-كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. مەشھۇر ئالىم، نەسرىي ئەسەر يازغۇچى يۈ چيۇيۈ، شەنشى ئۆلكىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى گاۋ جيەنچۈن، «خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى خەن زورۇڭ، نەنجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، مەشھۇر ئالىم چېن چۈەنشى قاتارلىق مەملىكىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى 20 نەچچە ئاتاقلىق زات جۇ تاۋ ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيەت ۋارىسلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە پىكىر بايان قىلدى.

جۇ تاۋ زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق شائىر، نەسرىي ئەسەر يازغۇچى، ئۇنىڭ شېئىرلار توپلىمى، نەسىرلەر توپلىمى بولۇپ 40 كىتابى نەشردىن چىققان. 2 -، 3 -، 7 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا، مەملىكەتلىك شېئىرلار توپلىمى، نەسىرلەر توپلىمى مۇكاپاتىغا، لۇشۈن ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ۋە يەنە كۆپ خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، لەنجۇ ھەربىي رايونى ئىجادىيەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قوشۇمچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىجادىيەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، 1 - دەرىجىلىك يازغۇچى.

بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى، لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي بۆلۈمى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي بۆلۈمى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىرلىكتە ئۆتكۈزدى.

22 - كۈنى كەچتە «يىراقتىكى دىئالوگ — جۇ تاۋ ئەسەرلىرى دېكلاماتسىيە يىغىنى» ئۈرۈمچىدىكى «1 - ئاۋغۇست» تىياتىرخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ دىكتور سەنئەتكارى فاڭ مىڭ، يا كۈن، ياۋ كې قاتارلىقلار جۇ تاۋنىڭ «باتۇر»، «قىبرىلىقتا جاۋاب»، «ئىپتىدائىي توغراقلىق» قاتارلىق ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى.

جياڭ لىن

## ليۇ شياۋۋۇ ئىجادىيىتىنىڭ 70 يىللىقى مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى پېشقەدەملەر، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشلار بولۇپ ھەر مىللەتتىن بولغان ئۈچ ئەۋلاد ئەدىب ۋە سەنئەتكارلىرى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

ليۇ شياۋۋۇ (1913 — ) يازغۇچى، بېيجىڭلىق، ج ك پ ئەزاسى، ئىلگىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي مەمۇرىي ئۇنىۋېرسىتېت 2 - شۆبە مەكتەپ ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆمىكى ئەدەبىيات - سەنئەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، «دۈشمەنگە قارشى كۈرەش» تىياتىر ئۆمىكىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، «ئاتاكا» تىياتىر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6 - كورپۇس ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ۋە مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1938 - يىل 4 - ئايدا «مۇداپىئە ئۇرۇشى ئەدەبىيات سەنئىتى» دە ئۇنىڭ 2 ھېكايىسى ئېلان قىلىنغان، ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىگە قەدەم قويغان. «تۇن» ناملىق بىر پەردىلىك دراما، «مول ھوسۇل»، «بىزنىڭ يېزىلىرىمىز»، «ئىككى يىل ئىچىدە»، «لى دېيەنبىڭ» قاتارلىق كۆپ پەردىلىك دراممىلارنى ئىجاد قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەھنە، چاخار، خېبېيلاردا قويۇلغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ج ك پ شىنجاڭ شۆبە بيۇرو تەشۋىقات بۆلۈمى ئەدەبىيات - سەنئەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات

بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى بولغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: ئوپېرا «ئۈگەن دەرياسى»، كىنو سىنارىيىسى «يىراقتىكى ئۇچقۇنلار»، تارىخىي دراما «مەلىكە جىيې يۇ»، نەسرلەر توپلىمى «قاراماي خاتىرىلىرى»، «تەڭرىتاغ باغرىدىن باشلاپ»، «ماي ئەجدىھاسىنىڭ قاسىرقى ۋە پەنجىسى»؛ ھېكايە، نەسر، دراممىلىرى بىر قىلىپ ئىشلەنگەن «ئۈزۈلتاش» ناملىق ئەسەرلىرى بار. تارىخىي دراما «مەلىكە جىيې يۇ» مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇنەۋۋەر دراما بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 5 چوڭ دراما، 4 نەسر - ھېكايىلەر توپلىمى، 1000 پارچىدىن كۆپرەك شېئىردىن تۈزۈلگەن بىر شېئىرلار توپلىمى ئىجاد قىلغان، خەت سانى 1 مىليون 500 مىڭدىن ئاشىدۇ.

يىغىنغا قاتناشقانلار: ليۇ شياۋۋۇ قاتارلىق ئەجداتلارنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئەنئەنىلىرىگە ئەستايىدىل ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئالىجاناپ ئەدەبىي ئىستىلىنى، ئەدەبىي ئەخلاقىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز، دېيىشتى.

جياڭ لىن

## دۇڭ لىبو ئەسەرلىرى مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. مۇھاكىمە يىغىنىنى ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەزەرىيە تەتقىقات ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، «شەھەر ئىستېمالچىلىرى سەھەر گېزىتى» بىرلىشىپ ئۆتكۈزدى.

دۇڭ لىبو شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ رۇڭچىڭ شەھىرىدىن. بىڭتۇەندە چوڭ بولغان، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشچى، ئوقۇتقۇچى، تەھرىر، مۇخبىر بولغان، ھازىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇ شىنجاڭدىكى ئاتاقلىق ھېكايە - رومان يازغۇچى. ئەسەرلىرىنىڭ تولىسى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يېرى — بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى تۇرمۇشىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان، 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ياراتقان. 21 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا 5 رومان ۋە كۆپلىگەن پوۋېستلارنى يازدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئاق پۇرچاق» رومانى مەملىكەت بويىچە ھېكايە - رومان يازغۇچىلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى ۋە «زامانىمىز» ئەدەبىيات مۇساپىقىسىنىڭ 2003 - يىللىق باش بېكەت مۇساپىقىسىدە «‹زامانىمىز›»دىكى ئەڭ ياخشى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

مۇھاكىمە يىغىنغا قاتناشقان كىشىلەر دۇڭ لىبونىڭ ئەسەرلىرىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى جەڭچىلەرنىڭ مۇھەببىتى بايان قىلىنىپلا قالماي، ئىنسان تەبىئىتى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلىپ، ئادالەت، قەدىر - قىممەت، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇقتا بولغان ئىنتىلىش ئىپادىلەنگەن، دەپ قاراشتى.

جياڭ لىن

## بېيسەنباي دۆنەنباي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 200 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بۇرچىن ناھىيىسىدە ئېچىلدى. مۇھاكىمە يىغىنىنى ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى باشقۇردى، ش ئۇ ئا ر مۇزىكانتلار جەمئىيىتى بىلەن بۇرچىن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۈستىگە ئالدى. ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى 300 دىن ئارتۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچى مۇھاكىمە يىغىنغا قاتناشتى. بېيسەنباي دۆنەنباي يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدىكى داڭدار كىشى، مەشھۇر ئەلنەغمىچى، چالغۇچى، ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار زات.

يىغىن ئىشتىراكچىلىرى بېيسەنباي دۆنەنباينىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش يولىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا يۇقىرى باھا بېرىپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت مۇزىكا ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن ئاكتىپ تۆھپىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. يىغىندىن كېيىن بېيسەنباي دۆنەنباي ئەسەرلىرى مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى.

شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى

## شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى روسسىيىدە تەكشۈرۈشتە بولدى

شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ 24 كىشىدىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكى 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە روسسىيىدە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش - تەكشۈرۈشتە بولدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى چايكوۋسكى مۇزىكا ئىنستىتۇتى، تېلېچياكوۋ رەسىملەر دەھلىزى، موسكۋا قىزىل مەيدانىدىكى كرېمىل سارىيى، قىشلىق ساراي، يازلىق ساراي، لېنىنگراد مۇداپىئە ئۇرۇشى خاتىرە سارىيى، لېنىن مەقبەرىسى قاتارلىقلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە ئۇ يەرلەردە تەكشۈرۈشتە بولدى ھەمدە روسسىيە مۇزىكانتلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى

## ئاپتونوم رايون بويىچە 2003 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئاساسلىق گۈزەل ـ سەنئەت، خەتتاتلىق، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىلىرى

| ۋاقتى | كۆرگەزمە نامى | كۆرگەزمە ئورنى | باشقۇرغان ئورۇن |
|---|---|---|---|
| 3 ـ ئاي | شىنجاڭ باھارى گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى | شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى كۆرگەزمە زالى |
| 3 ـ ئاي | تۇرپان ۋىلايىتى تۇنجى نۆۋەتلىك «8 ـ مارت»نى تەبرىكلەش، گۈزەل ھويلا ـ ئارام قورۇش، ئاياللارنىڭ سالاپىتىنى نامايەن قىلىش بويىچە ئاياللارنىڭ خەتتاتلىق ـ رەسىم كۆرگەزمىسى | تۇرپان ۋىلايىتى | تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك خەتتاتلار جەمئىيىتى، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى |
| 5 ـ ئاي | تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ھاشارات سەنئەت كۆرگەزمىسى باللار فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى مۇسابىقىسى | ئۈرۈمچى باغ ـ ئورمان ئىدارىسى، شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساياھەت ئىدارىسى، شىنجاڭ تەنتەربىيە باش جەمئىيىتى | ئۈرۈمچى ئۆسۈملۈكلەر باغچىسى |
| 7 ـ ئاي | 8 ـ نۆۋەتلىك تەقلىد قىلىپ يېزىش، تەقلىد قىلىپ تامغا ئويۇش كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى |
| 8 ـ ئاي | خۇاڭ جۈن خەتتاتلىق، ئويمىكەشلىك كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتى كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتى |
| 8 ـ ئاي | فۇتيەن، قەن شيۇڭ (ياپون) ئەسەرلىرى تەكلىپ كۆرگەزمىسى | ئۈرۈمچى، قاراماي | شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى |
| 9 ـ ئاي | چېن تەنچيۇ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قۇربان بولغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن خەتتاتلىق گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسى | ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا سارىيى | چېن تەنچيۇ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قۇربان بولغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەشكە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا سارىيى |
| 10 ـ ئاي | شىنجاڭ كۆچلۈك ياش ماي بوياق رەسساملىرىنىڭ ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتى كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى |
| 11 ـ ئاي | ئارقا ھويلىدىكى دىئالوگ — گېرمانىيە، جۇڭگو بېيجىڭ، شاڭخەي، شىنجاڭ زامانىمىزدىكى سەنئەتكارلارنىڭ ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى | سانجى ئىنستىتۇتى | سانجى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، بېيجىڭ ماكان رەسىم دەھلىزى |
| 12 ـ ئاي | «تۇنخې لوڭقىسى» شىنجاڭ 13 ـ نۆۋەتلىك فوتو سۈرەت بەدىئىي كۆرگەزمىسى ئەسەرلىرى | شىنجاڭ مىللەتلەر كوچىسى | شىنجاڭ فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى |
| 12 ـ ئاي | شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت، خەتتاتلىق ئەسەرلىرى تەكلىپ كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ مىللەتلەر كوچىسى | شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى |
| 12 ـ ئاي | ئەسىرلىك ئۇلۇغ زات ماۋ زېدۇڭ — ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ تىپتىكى سۈرەتلەر كۆرگەزمىسى | ئۈرۈمچى خەلق مەيدانى | ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، مائارىپ نازارىتى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 12 - ئاي | ماۋ زېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت، خەتتاتلىق ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ مىللەتلەر كوچىسى | شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى |

## ئەلنەغمە بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك «خۇشخۇي مۇكاپاتى» ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئېيتىش مۇسابىقىسىنىڭ شىنجاڭ رايونى «شىنجاڭ پىۋىسى» لوڭقىسى تاللاش مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 — 28 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە جىڭجۈي تىياتىرى، چۈيزى تىياتىرى، چىنچياڭ مۇقامى ۋە خېنەن تىياتىرىدىن ئىبارەت 4 تۈر قاتناشتى، مۇسابىقىگە قاتناشقان 20 نەچچە كىشى جىددىي ئېلىشىش ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەھەرلىك جىڭجۈي تىياتىرى ئۆمىكىدىكى ۋۇ جياڭ، بەن يىڭلار ئورۇندىغان جىڭجۈي تىياتىرىنىڭ «فېڭخۇەن چاڭگىسى» بۆلىكى كەسپىي گۇرۇپپا بويىچە 1 - لىككە ئېرىشتى؛ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى تاللاپ ئەۋەتكەن شياڭ لى ئورۇندىغان چىنچياڭ مۇقامى «خۇڭخۇ قىزىل قوغدىغۇچىلار ئەترىتى» دىن تاللانما «جاھاندىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسەم» ئىشتىن سىرتقى گۇرۇپپا بويىچە 1 - لىككە ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى تاللاش مۇسابىقىسى جۇڭگو تىياتىرچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ «كىچىك مېيخۇا» يېشى بۆلىكىدىن يۇقىرى بولغان ھەر ساھەنىڭ بوشلۇقىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان تېخىمۇ كەڭ ئومۇملاشتۇرۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە تىياتىر سەنئىتى مۇسابىقىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جياڭ لىن

## جۇ ۋېيجى شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى جۇ ۋېيجى 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 — 19 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى ۋە ئىلىدا تەكشۈرۈشتە بولدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى جۇ ۋېيجى بىلەن كۆرۈشتى ۋە شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە سەمىمىي سۆھبەتلەشتى.

ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

جياڭ لىن

## شىنجاڭ خەتتاتلار ۋەكىللەر ئۆمىكى سىنگاپوردا زىيارەتتە بولدى

شىنجاڭ خەتتاتلار ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 5 كىشى سىنگاپور خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 2003-يىل 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە سىنگاپوردا زىيارەتتە بولدى ھەمدە «سىنگاپور - جۇڭگو شىنجاڭ خەتتاتلىق ئالماشتۇرۇش كۆرگەزمىسى» ئاچتى. ۋەكىللەر ئۆمىكى زىيارەت داۋامىدا يەنە تەكلىپكە بىنائەن سىنگاپورنىڭ 12 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەتتاتلىق مۇسابىقىسىنىڭ باھالاش ھەيئىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالدى، سىنگاپور دۆلەت سەنئەت كېڭەشى، نەنياڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى، دۆلەت سەنئەت مۇزېيى قاتارلىقلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، سىنگاپورنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەر بىلەن كەڭ ئۇچراشتى.

شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى

# ش ئۇ ئا ر ۋەتەنگە قايتقان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىرلەشمىسى

## ش ئۇ ئا ر مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك (كېڭەيتىلگەن) ئومۇمىي يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 4- كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەشنىڭ مەسئۇل رەھبەرلىرى، تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسىنىڭ رەھبەرلىرى، ش ئۇ ئا ر مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى، كومىتېت ئەزالىرى ۋە مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ كادىرلىرى بولۇپ 100 دىن كۆپرەك كىشى يىغىنغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي

قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا مەركىزىي كومىتېت شۆجىچۈسىنىڭ مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ يېڭى دەۋردىكى خىزمەتلىرى توغرىسىدىكى مۇھىم يولىيورۇقلىرى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى، ش ئۇ ئا ر مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ 2 يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرى يەكۈنلەندى. يىغىندا جايلاردىن ئاپتونوم رايوننىڭ 5 - نۆۋەتلىك ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قۇرۇلتىيىنى ۋە مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قۇرۇلتىيىنى كۈتۈۋېلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش تەلەپ قىلىندى.

مىقات

## گو لىنگۈڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى

جۇڭگو مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى گو لىنگۈڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە كورلا شەھىرىدە ئېچىلغان مۇھاجىرلار خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشتى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. گو لىنگۈڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يەنە شىنجاڭنىڭ مۇھاجىرلار ئىشلىرى، سودا، ساياھەتچىلىك خىزمىتى ۋە مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى تەكشۈردى؛ ئاۋستراليە قىتئەسى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسىنىڭ قەشقەرنىڭ يەر تەۋرىگەن رايونىدىكى «مۇھاجىرلار قەلبى» ناملىق 2 باشلانغۇچ مەكتەپكە ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئەسۋابلىرىنى ئېئانە قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

مىقات

## مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى خىزمەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 22- كۈنىگىچە كورلا شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى دەۋردىكى مۇھاجىرلار خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ش ئۇ ئا ر مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 5 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنىڭ جايلاردىكى ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى، ئاساسىي قاتلامدىكى مۇھاجىرلار بىرلەشمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى، مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىرمەزگىللىك مەركىزىي خىزمەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

مىقات

## ئاۋستراليە قىتئەسى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسىنىڭ قەلب ئىزھار قىلىشى

ئاۋستراليە قىتئەسى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى چەت ئەلدىكى مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تەشكىلاتى. 2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ مارالبېشى، پەيزاۋات ناھىيىلىرىدە قاتتىق يەر تەۋرىگەندىن كېيىن بۇ ئۇيۇشما دەرھال چەت ئەلدىكى مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمىزدىن خەلق پۇلى ھېسابىدا 400 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە توپلاپ، جۇڭگو مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى ئىقتىساد - مەدەنىيەت فوند جەمئىيىتى ئارقىلىق 2 ناھىيىگە 2 «مۇھاجىرلار قەلبى» باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇپ بېرىشنى ئۈستىگە ئالدى.

مىقات

# ش ئۇ ئا ر تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتى

## شىنجاڭ تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتى ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا رايونىغا قارىتىلغان تاشقى دوستلۇق خىزمىتىنى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلەپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 4 دۆلەت، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇقلار تەشكىلاتلىرى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى، تەسىرگە ئىگە بىر تۈركۈم جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگولۇقلار ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقە ئورناتتى.

2 - ئايدا زىيارەتكە كەلگەن تاجىكىستانلىق دوست سودىگەر رەخمىتۇللا ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى كۈتۈۋالدى.

3 - ئايدا تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتى تۈركىيىدىكى جۇڭگولۇقنىڭ يۆشتى سابىر ئەپەندىنىڭ مارالبېشىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونغا تەقدىم قىلغان ئىئانىسىنى قوبۇل قىلدى؛ ئامېرىكا «جۇڭگو تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى»نىڭ مارالبېشىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونغا ئىئانە قىلىپ دېڭ يىزى ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپىنى قۇرۇپ بېرىشكە ياردەملەشتى.

4 - ئايدا شياڭگاڭ خۇش خەۋەر ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ

مارالبېشىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونغا بېرىپ ئىشانە بېرىپ ياردەم قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ھەمراھ بولدى.

7 ـ ئايدا شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلگەن شياڭگاڭ يۇ جېيەنۇاڭ باشلىق ئۇيۇشمىسى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدى.

8 ـ ئايدا شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلگەن قىرغىزىستان جۇڭگولۇقلار يۇشتى جەمئىيىتىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدى.

10 ـ ئايدا قىرغىزىستان جۇڭگولۇقلار يۇشتى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى شى زوشەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى كۈتۈۋالدى.

ليۇ كەي

# ش ئۇ ئا ر خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى

## شىنجاڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

شىنجاڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورگىنى 2003 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ ماۋ زېدۇڭ قاتارلىق پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ «يولداش لېي فېڭدىن ئۆگىنەيلى» دېگەن چا قىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلىدى.

شىنجاڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى ئورگىنىنىڭ خادىملىرى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن شىنجاڭ سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن 16- قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىپ، دېموكراتىك پارتىيە، گۇرۇھلار ۋە خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى ئورگىنىنىڭ ئىدىيە ـ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كۇرسىغا قاتناشتى ھەمدە ئۆگىنىش تەسىراتلىرىنى يېزىپ چىقتى.

7 ـ ئايدا شىنجاڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئورگان خادىملىرى ھەم ئۇيۇشما ئەزالىرى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش پروگراممىسى»نى شۇنىڭدەك خۇ جىنتاۋنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىدا قىلغان سۆزىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئالاقە باغلاش گۇرۇپپىلىرى ھەر خىل شەكىلدىكى ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

شىنجاڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى دۆلەت بايرىمى تەبرىكلەش، ئاۋۇز چاغىنىنى ئۆتكۈزۈش يۈزىسىدىن 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، سۆھبەت يىغىنىغا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كېڭەش ئەزالىرى، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان ھەر مىللەت ساۋاقداشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولۇپ 80 دىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى.

خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى (باش ئۇيۇشما) نىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك ئەزالار ۋەكىللىرى يىغىنى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگە قەدەر بېيجىڭدا ئېچىلدى، شىنجاڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىدىن پەن چاۋ، سى بەيشاڭ، چېن شېجۇنلەر ۋەكىل بولۇپ يىغىنغا قاتناشتى.

شىنجاڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سى بەيشاڭ قاتارلىق 4 كىشى 2003 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 11- كۈنىگىچە بايىنغولىن ئوبلاستى، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرى ۋە سانجى ئوبلاستى، كۈيتۇڭ، شىخەنزە شەھەرلىرىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، شىنجاڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كېڭەش ئەزالىرىنى، جايلاردىكى ئالاقە باغلاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىنى، ئېغىر كېسەللىك سەۋەبىدىن دوختۇرخانىلاردا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان ساۋاقداشلارنى ۋە بىر قىسىم مەرھۇم ساۋاقداشلارنىڭ يەسىرلىرىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

شىنجاڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى 2003 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان تەيۋەنلىك ساۋاقداش شى شاۋدەننى كۈتۈۋالدى، شى شاۋدەن خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 16 ـ قارارىنى پۈتتۈرگەن.

8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى شىنجاڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى سانجى يەرمەنكىسىگە قاتناشقىلى كەلگەن، 20 ـ قارار خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان تەيۋەنلىك ساۋاقداش ياڭ شىخاۋ ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسىنى كۈتۈۋالدى.

شىنجاڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تەيۋەندىن زىيارەتكە كەلگەن ساۋاقداش سو جىيىڭ ۋە قىزى سو چېڭمېينى كۈتۈۋالدى. سو جىيىڭ تەيۋەن فېڭشەن ھەربىي مەكتىپىنى (خۇاڭپۇنىڭ 29- قارارىنى) پۈتتۈرگەن.

سۇن گاڭ

# تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار

## تاشقى ئىشلار

### ياپونىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ياپونىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ئەلچىسى گاۋ چياۋباڭفۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى 2003 - يىل 2-ئاينىڭ 16 — 17 - كۈنلىرى شىنجاڭغا كېلىپ ياپونىيە ھۆكۈمىتى بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ ئاپەتتىن كېيىن مەكتەپلەرنى قايتىدىن قۇرۇش، قورغاس ناھىيىسىنىڭ ساربۇلاق بازىرى مەركىزىي مەكتىپىنى قۇرۇش تۈرىگە ياردەم بېرىش توغرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىمزا قويۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

### كاسترو شىنجاڭدا توختاپ ئۆتتى

كۇبا دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى قوشۇمچە مىنىستىرلار ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسى كاسترو ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 150 كىشى 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ۋېيتنامغا زىيارەتكە بېرىش سەپىرىدە ئۈرۈمچىدە قىسقا ۋاقىت توختاپ ئۆتتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

### قازاقىستان قوستاناي ئوبلاستىنىڭ باشلىقى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

قازاقىستان قوستاناي ئوبلاستىنىڭ باشلىقى شۇغايوپ ئۆمۈرزاق باشچىلىقىدىكى ئىقتىساد - سودا ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 15 كىشى 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 — 28 - كۈنلىرى جۇڭگو شىنجاڭنى زىيارەت قىلىپ ئالاقىدار تارماقتىكىلەر بىلەن ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. 27 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

### مالايسىيا ساياھەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

دۆلەت ساياھەت ئىدارىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مالايسىيانىڭ ساياھەت مىنىستىرى

نادوسىل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 6 كىشى 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. 10 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جۇ نادوسىل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

### ئاۋستىرالىيە فېدېراتسىيىسى پارلامېنت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئاۋستىرالىيە لىبېرالىستلار پارتىيىسى فېدېراتسىيە ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزاسى، ئاسترالىيە - جۇڭگو دوستلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ رەئىسى جۇدى موررون خانىم باشچىلىقىدىكى ئاۋستىرالىيە فېدېراتسىيىسى پارلامېنت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 7 كىشى 2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دۇ چىنرۇي، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۇرەش مەخسۇت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن ئايرىم كۆرۈشتى. زىيارەت مەزگىلىدە ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر جۇڭگو - ئاۋستىرالىيە -



كۇبا دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى قوشۇمچە مىنىستىرلار ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسى كاسترو ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ۋېيتنامدىكى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ دۆلىتىگە قايتىش سەپىرىدە 2003 - يىل 2-ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچىدە توختاپ ئۆتتى.

سۈرەتنى تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار) ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.

شىنجاڭ ئەيدىس كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بولۇش تۈرى گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى ھەمدە شىنجاڭ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى ئەيدىس كېسەللىكى ھەققىدە مەسلىھەت بېرىش ۋە تەكشۈرۈش مەركىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## ئاۋستىرالىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئاۋستىرالىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئەلچىخانىنىڭ ئەلچىسى مورت خانىم 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى، ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن شىنجاڭغا خەلق پۇلى ھېسابىدا 454 مىڭ يۈەنلىك «سارس» قا تاقابىل تۇرۇش، داۋالىنىش ماددىي بۇيۇملىرى تەقدىم قىلدى. زىيارەت مەزگىلىدە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۈرەش مەخسۇت مورت خانىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە تەقدىم قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## ئىسرائىلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى، مەسلىھەتچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئىسرائىلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ئەلچىسى، مەسلىھەتچىسى ئومرەن 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. 18 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شيۈڭ خۈيىن ئومرەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## ئافغانىستان ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئافغانىستان زۇڭتۇڭىنىڭ شەرقىي شىمالدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى قوشۇمچە 6 - ھەربىي رايوننىڭ قوماندانى مۇھەممەت داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 8 كىشى 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى. ئىككى تەرەپ ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە پىكىر ئالماشتۇردى.

گۈلنار سۇلايمان

## نىگېرنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىسىنىڭ شۇجىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

نىگېرنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىسىنىڭ «مەملىكەتلىك ئىجتىمائىي تەرەققىيات ھەرىكىتى ناسارا» نىڭ باش شۇجىسى جابى ماھامادۇ سالىسو ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## قىرغىزىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

قىرغىزىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئەبدۇۋدايېف ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى بىلەن كۆرۈشتى. ئىككى تەرەپ شىنجاڭ بىلەن قىرغىزىستاننىڭ ئۆز



ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى نىگېرنىڭ مەملىكەتلىك ئىجتىمائىي تەرەققىيات ھەرىكىتى ناسارا ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

سۈرەتنى تاشقى ئىشلار مۇھاجىرلار ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.

ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدىكى ھەمكارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## ياپونىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ياپونىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئانەنۇيىماۋ ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى بولۇپ 3 كىشى 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۈرۈمچى، كورلا، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارنى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەرنى زىيارەت قىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

خەلقئارا ئالماشتۇرۇش باشقارمىسى

## تۈركمەنىستان دۆلەت نېفىت تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

تۈركمەنىستان دۆلەت نېفىت تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جىغبالوف قۇربان مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 8 كىشى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كېرىمباي، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جۇ 8 - ئاينىڭ 1- كۈنى مۇئاۋىن مىنىستىر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## ئەزەربەيجاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئەزەربەيجاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ياشار ئېلىيوف ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 5 كىشى 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنار سۇلايمان

## ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ ئالىي ياردەمچىلەر ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئامېرىكا ئامېرىكا ئاسىيا فوند جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى روبېرت ۋاللاتىي باشچىلىقىدىكى ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ ئالىي ياردەمچىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 19 كىشى 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 21 — 22 - كۈنلىرى شىنجاڭ ئۈرۈمچى، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەتتىمىن زاكىر 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## موڭغۇلىيە بايان ئۆلگىي ئۆلكىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

موڭغۇلىيە بۈيۈك خۇلارنىڭ ئەزاسى ساڭدالغان باشچىلىقىدىكى بايان ئۆلگىي ئۆلكىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 7 كىشى 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۈرۈمچى، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جۇ 26 - كۈنى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## ئاۋستىرالىيە فېدېراتسىيىسى دۆلەت مەجلىسى ئەزاسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئاۋستىرالىيە فېدېراتسىيىسى لور سايلام رايونى دۆلەت مەجلىسى ئەزاسى جون مورفى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 12 كىشى 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى جون مورفى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## ئىسرائىلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئىسرائىلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ھايمىندا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 27- كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى ھەمدە 2003 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى 8- ئاينىڭ 27- كۈنى باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلەر تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئاپتونوم رايوننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جۇڭگونىڭ ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 10 كىشى 2003-

يىل 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولۇپ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ھەمدە 2003 ـ يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## لائوسنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

لائوسنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سومساۋات لېڭساۋا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 7 كىشى 2003 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## فىلىپپىننىڭ باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

فىلىپپىننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋېي خىشى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى 2003 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى ھەمدە 2003 ـ يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## بەھرەين پادىشاھلىقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

بەھرەين پادىشاھلىقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى كەرىم شاكىر 2003 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۈرۈمچى، ئالتاي قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى ھەمدە ئالتاي شەھىرى خۇڭدۈن يېزىسى «باھار غۇنچىلىرى» باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى. 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خۇ جيايەن باش ئەلچى بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## پاكىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

پاكىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى

بازمۇھەممەت خان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 2 كىشى 2003 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 4 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى ھەمدە 2003 ـ يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسى سېكرېتارىياتىنىڭ سېكرېتارى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو چەت ئەللەر بىلەن ئالاقىلىشىش بۆلۈمىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سېكرېتارىياتىنىڭ سېكرېتارى، مىللىي ھەرىكەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى سۇڭ شىڭ خانىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 9 كىشى 2003 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيىسى خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جىن تەيجۇڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 5 كىشى 2003 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن ئايرىم كۆرۈشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭلىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى ۋېن جىياباۋنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭلىسى نىكولاي تانايېف ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 35 كىشى 2003 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## زامبىيە ئېلېكتر مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

زامبىيە دۆلەتلىك ئېلېكتر مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ناكىس مانگىما ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 12

كىشى 2003 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن ئىمىر باقى 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى مىنىستىر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خەن كوي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 3 كىشى 2003 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## كورىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

كورىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جىن شاجۇڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى 2003 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، تۇرپان، قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ 10ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## ئۆزبېكىستان سودا ـ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئۆزبېكىستان سودا ـ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى سابىروف باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت ئىقتىساد ـ سودا ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 9 كىشى 2003 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن ئىمىرباقى 10 ـ ئاينىڭ 22ـ كۈنى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جۇ 10 ـ ئاينىڭ 22ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## ئەنگلىيىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرىنىڭ ئالاھىدە مەسلىھەتچىسى مىخائىل ۋىلىيامىس باشچىلىقىدىكى ئەنگلىيە كىشىلىك ھوقۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 7 كىشى 2003 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 11 — 12 ـ كۈنلىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۈرەش مەھسۇت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن زۇڭلىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى جاڭ فۇسېننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، قوشۇمچە ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ئوسمانوف قۇرمانبېك ئىرگىبىرشىبۇيچ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 6 كىشى 2003 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 5ـ كۈنىدىن 7ـ كۈنىگىچە شىنجاڭدا دوستانە زىيارەتتە بولدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى جۇڭجياڭ چيۇ يەنخەن ئۇلار بىلەن ئايرىم كۆرۈشتى. زىيارەت مەزگىلىدە ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر يەنە ئەدلىيە نازارىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ خىزمەت فۇنكسىيىسى، كەسپىي خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

ماشاڭكۈن، گۈلنۇر

## ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) چىقىش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ 3409 ئۆمەك ـ گۇرۇپپا، 14 مىڭ 938 ئادەمنىڭ ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) چىقىش رەسمىيىتىنى بېجىردى، 6650 چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) چىقىش كىنىشكىسىنى تارقاتتى.

1026 ئۆمەك، گۇرۇپپىدىكى 3557 ئادەمنىڭ چەت ئەلگە چىقىش ۋىزىسىنى بېجىردى. بۇنىڭ ئىچىدە قازاقىستانغا چىقىش ئۈچۈن ۋىزا بېجىرگىنى 417 ئۆمەك، گۇرۇپپا، 1359 ئادەم؛ شياڭگاڭ، ئاۋمېنغا چىقىش ئۈچۈن ئىلاۋە قىلىش كىنىشكىسىنى بېجىرگىنى 896 ئادەم.

2003 ـ يىلى تارقىتىلغان پاسپورت، يول خېتىنىڭ مىقدارى تۆۋەنلەشكە قاراپ يۈزلەندى، پاسپورت، يول خېتىنىڭ مىقدارى 2002 ـ يىلدىكىدىن %15، ۋىزىنىڭ مىقدارى %14.8 تۆۋەنلىدى.

كونسۇل باشقارمىسى

## 5 ـ نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ مۇكاپاتى» باھالاندى

2003 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىق

لىشى بىلەن ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 5 - نۆۋەتلىك «جۇڭگو تەڭرىتاغ مۇكاپاتى»نى باھالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. باھالاپ چىقىلغان 8 دۆلەتتىن كەلگەن 10 مۇتەخەسسىسكە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «تەڭرىتاغ مۇكاپاتى»نى بەردى. ئۇلار لىن جون (ئاۋستralىيە)، روللىن (ئامېرىكا)، دۈبيەنجىڭشاۋ (ياپونىيە)، مورا ساندرا (فىلىپپىن)، ئالىكساڭغال كوۋامىۋا (ئۇكرائىنا)، پارورىياسەيۇبى (ھىندىستان)، دوففىن (ئىتالىيە)، مىسايناۋېچ (ئۆزبېك)، شاڭتيەنشيەنىي (ياپونىيە)، شاڭيۇەنيۇخىياڭ (ياپونىيە). ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى دۆلەتنىڭ «دوستلۇق مۇكاپاتى»غا يوللاشقا كۆرسىتىلدى.

گۇ مېي

## شىنجاڭ تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ 6 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 — 22. كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، ئالىي مەكتەپلەر، كارخانىلار ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك تاشقى ئىشلار ئىشخانىلىرى كۆرسەتكەن دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزالىرىدىن بولۇپ 90 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى، مەملىكەتلىك تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى 20 نەچچە ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق دوستلۇق جەمئىيىتى تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

مۇدىرىيەت يىغىنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئەسقەت كەرىمباي، خۇ جيايەن ۋە ۋاڭ جىنشياڭلارنى مۇدىرىيەتنىڭ پەخرىي باشلىقلىقىغا، نىشان ئىبراھىمنى باشلىقلىققا كۆرسەتتى.

يىغىندا نىشان ئىبراھىم بەرگەن خىزمەت دوكلاتى ۋە يېڭىدىن تۈزۈلگەن دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى.

جاڭ خۇڭۋېي




2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 8 چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسكە «جۇڭگو تەڭرىتاغ مۇكاپاتى» بەردى. سۈرەتتە: ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن مۇتەخەسسىسلەرگە مۇكاپات تارقاتماقتا.
سۈرەتنى تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.

## تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى لى جاۋشىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى لى جاۋشىڭ تاجىكىستاندىن بېيجىڭغا قايتىش سەپىرىدە 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچىدە توختىدى ھەمدە 2003' ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

# مۇھاجىرلار ئىشلىرى

## ھىندونېزىيىدىكى جۇڭگولۇق سودىگەر ۋۇگوفۇ شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ھىندونېزىيىدىكى جۇڭگولۇق سودىگەر ۋۇگوفۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاڭ شۇمىڭ 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارغا زىياپەت بەردى. شىنجاڭدا تۇرغان مەزگىلدە ئۇلار ئۈرۈمچى، شىخەنزە شەھەرلىرىگە

بېرىپ ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ۋە چوڭ كارخانىلارنى كۆزدىن كەچۈردى.

شى يۈ

## لىن بوگۇي پۇل ئىئانە قىلىپ ئوقۇشقا ياردەم بەردى

ياپونىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگولۇق مۇھاجىر لىن بوگۇي 2003 - يىل 5 - ئايدا ئۈلۈغچات ناھىيىسى جىغىن يېزىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتىپىگە مەكتەپ سېلىش ئۈچۈن 250 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى تەقدىم قىلدى.

شى يۈ

## تايلاندتىكى جۇڭگولۇقلار شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

تايلاندتىكى جۇڭگولۇق كارخانىچى، تايلاند «خۇڭدا» كارخانا گۇرۇھى، يەر شارى مېۋە، كۆكتات، يېمەكلىك (تايلاند) چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى راۋ پېيجوڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 5 كىشى 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا سودا تەكشۈرۈشى ئېلىپ باردى ۋە كېڭەشمە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شيۇڭ خۇيىېن 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كەچتە مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارغا زىياپەت بەردى. شىنجاڭدىكى مەزگىلىدە راۋپېيجوڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىڭتۇەننىڭ نەشپۈت، ئۈزۈم ھارىقى، قوغۇن ئىشلەپچىقىرىشى، پىششىقلاپ ئىشلىشى، ساقلىشى قاتارلىق جەريانلىرىنى نەق مەيداندا كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە ئۇزاق مۇددەت ئۆز ئارا ياردەم بېرىش ئاساسىدا ھەمكارلىشىش كېلىشىمى ۋە 2 تۈرلۈك مەھسۇلاتنى ھەر يىلى سىناق تەرىقىسىدە 10 مىڭ توننا سېتىش كېلىشىمىنى ھاسىل قىلدى.

شاڭ يۈيىڭ

## چيۇ ۋېي يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونلارغا پۇل ئىئانە قىلدى

ئامېرىكىدىكى دۇنيا جۇڭخۇا مىللەتلىرى فوند جەمئىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى — ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق چيۇۋېي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 3 كىشى 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە قەشقەردىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان جايلارغا بېرىپ 400 نەپەر ئاپەتكە ئۇچرىغۇچى ئۈچۈن 82 مىڭ 800 يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى.

ئەلى

## ئارگېنتىنادىكى جۇڭگولۇقلار شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئارگېنتىنا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق، ئارگېنتىنا گوشلىق ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى لىن گوشىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نوم شىمالىي تاغ ئالتۇن كانىدا تەكشۈرۈشتە بولدى ھەمدە ئاراتۈرۈك ناھىيىسى بىلەن نوم كانىنىڭ ئېچىلىش تەرەققىياتى ھەمكارلىقى كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇپ 200 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سالماقچى بولدى. تەكشۈرۈش مەزگىلىدە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۈرەش مەخسۇت ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

شاڭ يۈيىڭ

## شىنجاڭدىن چىقىپ چەت ئەلدە تۇرۇپ قالغان جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار، جۇڭگولۇقلار جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، پاكىستان، تاجىكىستاندىكى شىنجاڭدىن چىقىپ تۇرۇپ قالغان جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار ۋە جۇڭگولۇقلار بولۇپ 13 كىشى 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى. شىنجاڭدا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرلان ئابىلمەجىن شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئۇلار بىلەن سەمىمىي كۆرۈشتى ھەمدە ئۇلارغا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تونۇشتۇردى. ئۇلاردىن شىنجاڭنىڭ ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن دوستانە ھەمكارلىق ۋە ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۆۋرۈك ۋە تۈگۈن بولۇشنى ئۈمىد قىلدى. ئۇلار شىنجاڭدا زىيارەتنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن بېيجىڭ، شاڭخەي ۋە جياڭسۇنىڭ سۇجۇ دېگەن يېرىنى زىيارەت قىلىشقا كەتتى.

شى يۈ

## مەملىكەتلىك مۇھاجىرلار خىزمىتى كادىرلىرى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى

34 - نومۇرلۇق مەملىكەتلىك مۇھاجىرلار خىزمىتى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. كۇرسنى گوۋۇيۈەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسى. مۇھاجىرلار ئىشلىرى كادىرلىرى مەكتىپى ئۇيۇشتۇردى. ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسى ھەمكارلاشتى، شەرقىي قىسىمدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار (شەھەرلەر) دىكى مۇھاجىرلار ئىشخانىلىرى، شىنجاڭنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلىرىدىكى تاشقى ئىشلار ئىشخانىلىرى، مۇھاجىرلار ئىشخانىلىرىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ 75 كىشى

كۆرسەتما قانتاشتى. گوۋزوڭيۈەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ ياڭ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن ئىسمىرباقى، گوۋزوڭيۈەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسى مۇھاجىرلار ئىشلىرى كادىرلىرى مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ يىن قاتارلىق رەھبەرلەر ئىچىملىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

ۋۇ ۋېيجيې

## لوڭ فېڭشياڭ ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا پۇل ئىئانە قىلدى

ئاۋستىرالىيىلىك جۇڭگولۇق، خەلق ئىچىدىكى خەير - ساخاۋەتچى لوڭ فېڭشياڭ خانىم 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى ھەمدە شياڭگاڭلىق قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلارغا ۋاكالىتەن قەشقەردىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان جايلارغا 349 مىڭ يۈەن شياڭگاڭ پۇلى، 59 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى، 12 مىڭ قۇر كىيىم - كېچەك، 100 دانە چاقلىق ئورۇندۇق ۋە قىسمەن دورا بۇيۇملارنى ئىئانە قىلدى.

لوڭ فېڭشياڭ خانىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە يەنە شىنجاڭنى زىيارەت قىلىپ قەشقەر شەھىرى ۋە يەنجى ناھىيىسىدىكى گاس - گاچىلار مەكتىپىگە 30 مىڭ يۈەندىن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى. يۇگۇر ناھىيىسىدىكى مېيىپلارغا 30 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى، 150 خالتا ئۇن ۋە 100 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى كىيىم - كېچەك، ئەدىيال ۋە دورا بۇيۇملىرىنى ئىئانە قىلدى. يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى 2 كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە 50 مىڭ يۈەندىن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى، ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسىگە 100 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى.

ۋاڭ مىن

# شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار

## شياڭگاڭ ئالاھىدە رايونى ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

شياڭگاڭ ئالاھىدە رايونى ھۆكۈمىتى كەسىپلەر مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى گۆەن شىنىڭ خانىم باشچىلىقىدىكى شياڭگاڭ ئالاھىدە رايونى ھۆكۈمىتى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 30 كىشى 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، كۈيتۇڭ ۋە مايتاغ قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ۋازارىتىنىڭ ۋازىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ۋازارىتىنىڭ ۋازىرى سۇي شىئەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلنۇر سۇلايمان

## تەيۋەن خەير - ساخاۋەت فوند جەمئىيىتى مەكتەپلەرگە پۇل ئىئانە قىلدى

تەيۋەن خەير - ساخاۋەت فوند جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى شيې جىڭدا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە تۇرپان، شىخو شەھەرلىرى، جىڭ ناھىيىسى ۋە بورتالا شەھىرىگە بېرىپ فوند جەمئىيىتى پۇل ئىئانە قىلىپ سالغان 5 خەيرى - ساخاۋەت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ پۈتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن لېنتا كېسىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. مەزكۇر فوند جەمئىيىتى 5 مەكتەپنىڭ ھەر بىرىگە 150 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى.

ئەلى

## شياڭگاڭ يىدا گۇرۇھى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلدى

شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شياڭگاڭ يىدا گۇرۇھىنىڭ رەئىسى ياڭ مىندې 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە خوتەن ۋىلايىتىدىكى 400 باشلانغۇچ مەكتەپكە 1 مىليون 370 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 145 مىڭ پارچە كىتابنى تەقدىم قىلدى. شياڭگاڭ يىدا گۇرۇھى «يىدا كىتابلىرى تورى»نى قۇرۇپ، ئىلى ئوبلاستى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى 265 ئۇيغۇر - خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپكە 700 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 70 مىڭ دانە كىتابنى ئىئانە قىلدى. بۇلاردىن باشقا، يىدا گۇرۇھى يولغا قويۇۋاتقان جەنۇبىي شىنجاڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىدا 2 باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملاندى،

6 باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. يىدا گۇرۇھىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 120 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلىپ ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئوقۇشتىن توختاپ قالغان 400 نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

دىڭ تيېمېي

## شياڭگاڭدىكى مۇھاجىر سودىگەر جەن جاۋلىن شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

شياڭگاڭدىكى ئاتاقلىق مۇھاجىر سودىگەر جەن جاۋلىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 13 كىشى 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۇرەش مەخسۇت 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كەچتە شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارغا زىياپەت بەردى. 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قۇمۇلغا بېرىپ ئۆزلىرى 1 مىليون يۈەن خەلق پۇلى ياردەم قىلغان قۇمۇل ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا كۆز كېسەللىكلىرى مەركىزى ۋە 370 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ياردەم قىلغان ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى جەن جاۋلىن باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈردى.

شاڭ يۆيىڭ

## شياڭگاڭ «جىنتەي» گۇرۇھىنىڭ پەخرىي مۇدىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

شياڭگاڭ «جىنتەي» گۇرۇھىنىڭ پەخرىي مۇدىرى، خەير - ساخاۋەت فوند جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى لى جىيۈەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى، قەشقەرگە بېرىپ «جىنتەي» گۇرۇھى پۇل ئىئانە قىلىپ سالدۇرغان يېڭىشەھەر جىنتەي باشلانغۇچ مەكتىپىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۇرەش مەخسۇت 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

شى يۆ

## تەيۋەنگە چىقىشلىق ئىشلار

2003 - يىل شىنجاڭغا ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت، زىيارەت قىلىش، ئىقتىساد - سودا تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىش، تۇرلۇك ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن تەيۋەنلىك قېرىنداش 7865 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. تەكلىپكە بىنائەن ئاپتونوم رايونىمىزدىن مۇناسىۋەتلىك زاتلار تەيۋەنگە بېرىپ ئۆتكۈزگەن ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى 26گە، بارغانلار 92 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. تەيۋەندىن مۇناسىۋەتلىك زاتلار شىنجاڭغا كېلىپ ئۆتكۈزگەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى 12گە، كەلگەنلەر 318 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ئالاقىدار ئورۇنلارغا 4 تۈر بويىچە پۇل ئىئانە قىلدى، ئىئانە قىلىنغان پۇل 1 مىليون 200 نەچچە مىڭ يۈەنگە يەتتى.

زىيارەتكە كەلگەن تەيۋەن يۇقىرى قاتلام زاتلىرى: تەيۋەن «يېڭىدا» گۇرۇھىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇدىرى ۋېن شىرېن باشچىلىقىدىكى 2003 - يىللىق غەربىي قىسىم پەرمەنكىسى تەيۋەن ئۆمىكىدىكى 25 كىشى. تەيۋەن دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش پارتىيىسىنىڭ سابىق رەئىسى شۈ شىنلياڭ، گومىنداڭنىڭ «قانۇن چىقىرىش ھەيئىتى» جۇفېڭيىڭ، جاڭ رىنۋېي، شى چىدا، تەيۋەننىڭ ئاتاقلىق ئالىمى شى زىيى، تەيۋەن خەلققە يېقىنلىشىش پارتىيىسىنىڭ «قانۇن چىقىرىش ھەيئىتى» شېن جىخۇي قاتارلىقلار. تەيۋەن يىراق شەرق گۇرۇھى، دۇڭگۇەن تەيۋەنلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى، تەيۋەن «ۋاڭۋاڭ» گۇرۇھىنىڭ ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرى شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى ۋە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

2003 - يىلى شىنجاڭدا يېڭىدىن كۆپەيگەن تەيۋەنلىكلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانا 11 بولدى. سېلىنما 40 مىليون 543 مىڭ 500 دوللار بولۇپ تىزىملاتقان مەبلىغى 29 مىليون 966 مىڭ 600 دوللارغا يەتتى. تەيۋەنلىك سودىگەرلەرنىڭ 20 نەچچە ئەرزى قوبۇل قىلىندى. كېلىشتۈرۈش ۋە كۆپ تەرەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىسىدا ئەرزدە ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇۋاپىق ھەل قىلىندى.

تەيۋەن سەنلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىدىكى 6 كىشى 9 - ئايدا شىنجاڭغا كېلىپ 15 كۈن ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى. ئۇلار ئۈرۈمچى، تۇرپان، قەشقەر ۋە قىزىلسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرگە دائىر كۆرۈنۈشلەرنى سۈرەتكە ئالدى. مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئاڭلىتىش بۆلۈمى، دېڭىز بوغۇزى ئاۋازى رادىئو ئىستانسىسى «100 تەيۋەنلىك سودىگەر چوڭ قۇرۇقلۇقتا» ناملىق مەخسۇس پروگرامما ئىشلەش ئۈچۈن شىنجاڭدىكى تەيۋەنلىك سودىگەرلەرنى زىيارەت قىلدى.

2003 - يىل ش ئۇ ئا ر تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسى تەيۋەنگە دائىر ئىشلار توغرىسىدا 7 قېتىم تەشۋىق - تەربىيە لېكسىيىسى ئورۇنلاشتۇردى، 2000 دىن كۆپرەك ئادەم لېكسىيە ئاڭلىدى، بۇ ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقى تەيۋەننىڭ ئىچكى «سايلام» ۋەزىيىتى ۋە مەركەزنىڭ تەيۋەنگە قاراتقان فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئاساسىي قاتلامدىكى ئورۇنلارغا 800 دىن ئارتۇق تەيۋەنگە قارىتىلغان تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلدى، تەيۋەنگە بېرىپ ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش يوللىرى ئارقىلىق شىنجاڭ

# ھەربىي ئىشلار

## شىنجاڭ ھەربىي رايونى

### شىنجاڭ ھەربىي رايونى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى: ۋاڭ لېچۈەن (قوشۇمچە).

قوماندان: چيۇ يەنخەن (جۇڭجياڭ).

سىياسىي كومىسسار: يۈ لىنشياڭ (جۇڭجياڭ).

مۇئاۋىن قوماندانلار: قۇربان ئەرشىدىن (شاۋجياڭ)، جاڭ تۇڭجىن (شاۋجياڭ، 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاۋ ۋېنلۇڭ (شاۋجياڭ، 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى شىڭگۇاڭ (شاۋجياڭ)، ليۇ يۇڭ (شاۋجياڭ، 6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، لى شىلىڭ (شاۋجياڭ، 6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: يۈ بىڭلىي (شاۋجياڭ، 12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئىبراھىم سۇلايمان (شاۋجياڭ، 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ خۇەنشىن (شاۋجياڭ، 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ليۇ جۇكۇي (شاۋجياڭ، 6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مەمەت ھەسەن (شاۋجياڭ، 6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋاڭ جيەنمىن (شاۋجياڭ، 12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

شتاب باشلىقى: جاڭ شىمىڭ (شاۋجياڭ).

سىياسىي بۆلۈم مۇدىرلىرى: ليۇ جۇكۇي (شاۋجياڭ، 6-ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ جيەنمىن (شاۋجياڭ، 6-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ 12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جۇ يىمىن (شاۋجياڭ، 12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)

بىرلەشمە لازىمات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى: جاڭ ۋېنسۇڭ (داشياۋ).

قورال - جابدۇق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى: ياڭ فۇشياڭ (شاۋجياڭ).

### ھەربىي تەلىم - تەربىيە

2003 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرىدىن تولۇق تەلىم - تەربىيە ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلارنىڭ تەلىم - تەربىيىگە قاتنىشىش نىسبىتى %85تىن ئاشتى. ھەر دەرىجىلىك باشلىق ئورگانلار 390 سائەت، شۆبە قىسىم، ئوفىتسېرلىرى 315 سائەت، تولۇق تەلىم - تەربىيە لېيەندۇيلىرى 994 سائەت (95 سائەتلىك كېچىلىك تەلىم - تەربىيىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەلىم - تەربىيىگە قاتناشتى. 6 -

---

تونۇشتۇرۇلغان لازىرنۇر دېسكىسى، سودىگەر چاقىرىش تۈرلىرى، ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى قاتارلىقلار بولۇپ 200 دىن كۆپرەك ماتېرىيال تەيۋەندىكى مۇناسىۋەتلىك زاتلارغا ھەدىيە قىلىندى.

شىنجاڭ تەيۋەنلىكلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ش ئۇ ئا ر تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ ماسلاشتۇرۇشى ۋە يېتەكلىشى ئارقىسىدا خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، تەيۋەنلىك سودىگەرلەر ھۆكۈمەت تارماقلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىش جەھەتتە رولىنى جارى قىلدۇردى، تەيۋەنلىك سودىگەرلەرنىڭ مەبلەغ سېلىش جەھەتتىكى ئىشلىرىغا 30 قېتىمدىن كۆپرەك مەسلىھەت بەردى.

ۋۇ چۈەنفۇ

### تەيۋەنلىك قېرىنداشلار دوستلۇق بىرلەشمىسى خىزمىتى

شىنجاڭ تەيۋەنلىك قېرىنداشلار دوستلۇق بىرلەشمىسى-نىڭ مۇدىرى سۇڭ ياڭنىڭ 2003 - يىل 1 - ئايدا تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ تەيۋەن ئۆلكىسىنىڭ مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللىرىنى كېڭىشىپ سايلاش يىغىنىغا قاتناشتى.

مەملىكەتلىك تەيۋەنلىك قېرىنداشلار دوستلۇق بىرلەشمىسى سېچۈەننىڭ چېڭدۇ شەھىرىدە 3 - ئايدا غەربىي قىسىمدىكى 11 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ياش، ئوتتۇرا ياش تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنى تەربىيىلەش كۇرسىنى ئاچتى. شىنجاڭدىن چېن خۇيمېي، ۋۇ شىنلۇڭ، سۇڭ ياڭنىڭ كۇرسقا قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر تەيۋەنلىك قېرىنداشلار دوستلۇق بىرلەشمىسىنىڭ مەخسۇس مۇئاۋىن باش كاتىپى خې شياۋپىڭ 5 - ئايدا مەملىكەتلىك تەيۋەنلىك قېرىنداشلار دوستلۇق بىرلەشمىسىنىڭ شاڭخەيدە ئاچقان خىزمەت يىغىنىغا قاتناشتى.

خې شاۋپىڭ

ئاينىڭ ئوتتۇرىسى ۋە 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا 2 قېتىم هەربىي رايون قىسىملىرىنىڭ تەلىم - تەربىيە ۋەزىيىتىنى ئانالىز قىلىش يىغىنى ئۆيۈشتۇرۇلدى. 1 - ئايدا هەربىي رايون يىراق مۇساپىلىك تورلاشقان كۆرۈش سىستېمىسىغا تايىنىپ، تۆەندىن يۇقىرى باشلىق ئورگاندىكىلەرنى يىغىپ هەربىي تەلىم - تەربىيە يېڭى ئۇستابىنى ئۆگىنىش بويىچە كونسۇلتاتسىيە ئۆيۈشتۇردى. 9 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ هەربىي رايونى، چېگرا مۇداپىئە شۆبە هەربىي رايونلىرى، تۆەنلەرنىڭ تەلىم - تەربىيىگە مەسئۇل رەهبەرلىرى، مەشىق باشقارما، بۆلۈم (بۆلۈمچە) لىرىنىڭ باشلىقلىرى هەمدە هەربىي رايون ئورگىنىدىكى كەسپىي باشقارمىلارنىڭ رەهبەرلىرىدىن بولۇپ 74 كىشىنى تەشكىللەپ، بورتالا شۆبە هەربىي رايونىدا چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ هەربىي تەلىم - تەربىيىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. «چېگرا مۇداپىئە تۆەنلىرىدە هەربىي تەلىم - تەربىيىنى يولغا قويۇش چارىسى» ۋە «چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ هەربىي تەلىم - تەربىيىگە كاپالەتلىك قىلىش ئەسلىهەلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئۆلچىمى» نى مۇهاكىمە قىلىپ تۈزدى. مەلۇم قىسىمغا يېتەكچىلىك قىلىپ باش شتاب تاپشۇرغان «هەربىي تەلىم - تەربىيىگە يېتەكچىلىك قىلىش چارىسى» نىڭ يەككە ئەسكەرلەرگە ئائىت قىسمىنى سىناق مەشىقى ئارقىلىق دەلىللەش ۋە هەربىي رايون تاپشۇرغان «هەربىي تەلىم - تەربىيە نىزامى» نى نۇقتىدا سىناق قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. كوماندىرلىققا ئۆستۈرۈلىدىغان كەنجى ئوفىتسېرلار ۋەزىپىدىكى كوماندىر كەنجى ئوفىتسېرلارنى ئۆيۈشتۇرۇپ 50 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ كوماندىر كەنجى ئوفىتسېردىن 3408 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. هەربىي رايوندىكى ئالاقىدار شى، لۈي، تۇەن دەرىجىلىك قوماندانلىق شتابلىرىنىڭ شتاب باشلىقلىرى، مەشىق بۆلۈم (بۆلۈمچە) لىرىنىڭ باشلىقلىرى، شتاب ئوفىتسېرلىرىدىن 352 كىشىنى تەشكىللەپ قوماندانلىق شتاب كەسپىي بىلىم مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردى. هەربىي رايون هاۋا مۇداپىئە قىسىملىرى لەنجۇ هەربىي رايونى ئۆيۈشتۇرغان پلانىرچىلارنى يىغىپ تەربىيىلەشكە قاتنىشىپ، ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن سىناش مۇسابىقىسىدە پلانىرچىلار گۇرۇپپىسى بويىچە 1 -، 2-، 3 - بولۇشتەك ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى. 8 — 9 - ئايلاردا قىسىملار 30 — 40 كۈنگىچە دالا تەلىم - تەربىيىسى ئۆيۈشتۇردى. هەربىي رايون توپچى قىسىملار، هاۋا مۇداپىئە (شۆبە) قىسىملىرىنى تەشكىللەپ يىللىق راست ئوق تاكتىكا مانېۋىرى ئۆتكۈزدى. ئالاقىدار قىسىملارنى 30 چاقىرىملىق گازارما رايونىغا ئېلىپ بېرىپ، ئېگىز، سوغۇق رايوندا 28 نۇقتىلىق قىيىن تەلىم - تەربىيە تېمىسىنى مۇهاكىمە ۋە مەشىق قىلدۇردى. باشلىق ئورگان بىلەن قىسىمدىن قىسىملارنىڭ باشلىق ئورگانلىرىنى تەشكىللەپ «تېررورلۇققا قارشى هەربىي كۈرەش نەزەرىيىسى مۇهاكىمە هەرىكىتى» نى قانات يايدۇردى. بىر يىلدا قىسىملارغا 50 مىڭ دانە مەشىق سايمىنى، 20 مىڭدىن ئارتۇق دەرسلىك ماتېرىيال تەقسىملەپ بەردى، ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق خىراجەتنى، 100 نەچچە توننا مەشىق ئوقى ۋە پارتلىتىش سايمىنىنى قىسىملارغا چۈشۈرۈپ بەردى. هەربىي رايون 4 بىرلەشمە تەكشۈرۈش - سىناش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ شى، لۈي، چېگرا مۇداپىئە شۆبە هەربىي رايونلىرى، بىرلەشمە لاۋازىمات شۆبە بۆلۈملىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق تۇەن (دۈي) لەرنىڭ يىللىق هەربىي تەلىم - تەربىيىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەهۋالىنى تەكشۈرۈپ سىنىدى.

ۋاڭ گۇاڭمىڭ

## ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭ هەربىي رايونى ئارمىيىنىڭ «ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى پروگراممىسى» نى ئۆگىنىش ۋە تەربىيىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ قىسىملارنىڭ «ئارمىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى پروگراممىسى» نى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشى ئۈستىدە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا لۈي، تۇەنلەرنىڭ مەسئۇل ئوفىتسېرلىرى ۋە قىسمەن شى دەرىجىلىك رەهبەردىن 178 كىشىنى يىغىپ تەربىيىلىدى. «ئارمىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى پروگراممىسى» نى ۋە ئالاقىدار ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى بېسىپ تارقاتتى. رەهبەرلەر ۋە ئورگان كادىرلىرىنى شى، لۈيدىن يۇقىرى ئورۇنلارغا بېرىپ قىسىملارنىڭ ئۆگىنىشىگە هەيدەكچىلىك قىلىشقا تەشكىللىدى، تۇەن دەرىجىلىك بىر ئورۇننى سىناق نۇقتىسى قىلىپ تۇتتى. هەر قايسى ئورۇنلار «ئارمىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى پروگراممىسى» بويىچە تەربىيىلەشنى تۇتتى، تۇەندىن يۇقىرى كادىرلار، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، ئەسكەرلەردىن ئىبارەت 3 قاتلام بويىچە ئۆگىنىش تەربىيىسىنى يولغا قويدى. لۈي، تۇەن دەرىجىلىك ئورۇنلارنى ئاساس قىلىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى، نۇقتىلىق ياردەم بېرىلگەن 521 ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسى، 168 ئورۇن ئىلغارلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. شى، تۇەن دەرىجىلىك قىسمەن ئورۇنلارنىڭ «تۆت ئېگىز» (ئېگىزلىك تەربىيە، ئېگىزلىك تۈزۈم، ئېگىزلىك قوشۇن، ئېگىزلىك مۇئەسسەسە) قۇرۇلۇشى تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ كېڭەيتتى، ئاساسىي قاتلامدىكى ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرىنى دوكلات قىلىش يىغىنى ئاچتى. «ئىككىدە بەسلىشىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدا ئىلغار بولغان 24 لۈي، تۇەن دەرىجىلىك

ئورۇننى، 74 ئۆلكىلىك لىيەندۈيىنى ۋە ھەربىي رايون ئورگىنىدىكى 14 ئىلغار بۆلۈم، باشقارما (ئورۇن) نى تەقدىرلىدى. ئورگان كادىرلىرىنى چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىدىكى لىيەندۈيلەرگە بېرىپ نۆۋەتتە تۇرۇشقا، مۇۋەققەت ۋەزىپە ئۆتەشكە تەشكىللىدى. 11 مىليون يۈەن مەبلەغ جۇغلاپ، ئاساسىي قاتلامغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى، ئاساسىي قاتلامنىڭ بولۇپمۇ چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىدىكى لىيەندۈيلەرنىڭ سۇ، توك، مۇنچا، پار، ئۆي قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى نۆۋەتلىك ھەل قىلدى.

چېڭ بىڭ

## ئالاقە خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى زور ئالاقە كاپالەت ۋەزىپىسىنى 76 قېتىم ئورۇندىدى، تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنىغا 35 قېتىم كاپالەتلىك قىلدى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر قوراللىق كۈچلىرىنىڭ تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىرىنىڭ ئالاقىسىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى. 5 — 7 - ئايغىچە ھەربىي رايون «69016» قىسىم قاتارلىق 12 ئورۇننى ئارمىيىنىڭ سىمسىز راتسىيە تەلىم - تەربىيە تورىدا پراكتىكا قىلىشقا تەشكىللىدى، باش شتاب ئۇيۇشتۇرغان سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا 13 سىمسىز راتسىيە قىزىلبايراقدار راتسىيە، 31 كىشى مۇنەۋۋەر رادىست بولۇپ باھالاندى. «69220» ۋە «69006» قىسىملارنىڭ ئالاقە شۆبە قىسىملىرىنىڭ 2 مەشىق تېمىسى ھەققىدىكى مۇھاكىمىنى تاماملىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. نەزەرىيىدە يېڭىلىق يارىتىش جۈملىسىگە كىرىدىغان «جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ھەربىي ئۆزگىرىش ۋە ئالاقە قىسىملىرىنىڭ قۇرۇلۇشى»، «يېڭى دەۋردىكى دۆلەت مۇداپىئە ئالاقىسى زاپاس كۈچلىرى قۇرۇلۇشى»، «ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تەتقىقاتى» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى تاماملىدى. ئارمىيە دەرىجىلىك مەتبۇئاتلاردا ئالاقە ئىلمىگە ئائىت 27 پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى ئېلان قىلدى، 5 پارچە ئىلمىي ماقالە ئارمىيە بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ھەربىي رايون ئالاقە باشقارمىسى باش شتاب تەرىپىدىن ئۇدا 19 يىل ھەربىي ئالاقە ئىلمىي تەتقىقاتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ھەربىي رايون بىر يىلدا 2500 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئوپتىك كابېل لىنىيىسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلدى. ھەربىي رايون شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى بىلەن ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە ئالاقە ھەمكارلىقى ئورنىتىش ھەققىدە 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى رەسمىي كېلىشىم ئىمزالىدى. ھەربىي رايون چېگرا مۇداپىئە تۈەنلىرىنىڭ ھەممىسى يەتكۈزۈشنى ئوپتىك كابېللاشتۇرۇش، ئالماشتۇرۇشنى پروگراممىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. ھەربىي رايون ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش مەركىزى ئاپتوماتلاشتۇرۇش سىستېمىسىغا ئۇنىۋېرسال سىم تارتىش خىزمىتىنى تاماملىدى. ئېلېكتروندۇق قارشىلىق كۆرسىتىش (شۆبە) قىسمى لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ «ئۆچلەشتۈرۈش» قۇرۇلۇشىدا ئۆلچەمگە يەتكەن ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. سەددىچىن تورى شىنجاڭ پونكىتى ۋە 4 - ئالاقە باش پونكىتى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتى قاتارلىق 5 سەددىچىن تورى كەڭ بەلۋاغ رايونى ئېچىلدى. بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتى بىلەن بىۋاستە ئالاقە لىنىيىسى بەرپا قىلىپ ھەربىي تېلېفون بىلەن CDMA كۆچمە تېلېفونى ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاستە ئالاقىنى ئىشقا ئاشۇردى.

سۈن چىجاۋ، لى فېڭيۈن

## قىسىملارنى باشقۇرۇش

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 4 چوڭ بۆلۈمى 2003 - يىل 2 - ئايدا شتاتتىن ئېشىپ كەتكەن 112 كەنجى ئوفىتسېرنى ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملارغا تولۇقلاش ئارقىلىق كەنجى ئوفىتسېر شتاتىنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئەسكەر يۆتكەشنى چىڭىتتى، ئەسكەر يۆتكەش 2002 - يىلدىكىدىن %52 ئازايدى. تۈزۈلمىسى، شتاتى تەڭشەلگەن ئورۇنلارنىڭ ئەسكەر يۆتكەش خىزمىتىنى تاماملاپ، 319 ئەسكەرنى يۆتكىدى. «كەنجى ئوفىتسېرلارنى تەربىيىلەش پىلانى»نى تۈزۈپ، كەنجى ئوفىتسېرلىققا ئالدىن تاللانغانلارنى تەربىيىلەش، داۋاملىق تەربىيىلەش ۋە خىزمەتتە تەربىيىلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار كەنجى ئوفىتسېرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى پىلان بويىچە تۇتتى. ئارمىيىدىكى ماس ساھەلەرنىڭ مەكتەپلىرى ۋە 2 دەرىجىلىك ھەربىي رايوننىڭ تەلىم - تەربىيە ئاپپاراتى تېخنىكا ئۆگەنگۈچى ئەسكەرلەرنى قوبۇل قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. مەكتەپكە ئېلىنىدىغان كەنجى ئوفىتسېرلارنى مەدەنىيەت دەرسلىرى بويىچە بىر تۇتاش ئىمتىھانغا تەشكىللەش خىزمىتىنى تاماملىدى، 213 كىشى ئارمىيىدىكى كەنجى ئوفىتسېر تەربىيىلەيدىغان ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىندى. ھەربىي رايون «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىخەتەرلىك خىزمىتى نىزامى» ھەققىدە مەخسۇس كونسۇلتاتسىيە ئۇيۇشتۇردى. لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۇيۇشتۇرغان «نىزام» بىلىملىرى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى پائالىيىتىگە قاتناشتى، پائالىيەتتە 3 ئورۇن تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، 12 كىشى 1 - دەرىجىلىك، 19 كىشى 2 - دەرىجىلىك، 31 كىشى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ھەربىي رايون 48 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئارتۇق تەكشۈرگۈچى، تەرتىپ ساقلىغۇچى ئەسكەر چىقىرىپ يالغان ھەربىيدىن 13نى، يالغان ھەربىي ئاپتوموبىلدىن 10نى، يالغان گۇۋاھنامىدىن 8نى، يالغان ھەربىي كىيىمدىن 6 يۈرۈشنى،

يالغان، ۋاقتى ئۆتكەن ھەربىي ئاپتوموبىل نومۇر تاختىسىدىن 18نى، تېرۋوگا ئەسۋابىدىن 11نى قولغا چۈشۈردى. ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى ئەسكەرلەرنىڭ سانى 2002 - يىلدىكىدىن 3.8% ئاشتى، ئىنتىزامغا، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش ئەھۋالى 11% ئازايدى. يېڭى ئەسكەرلەرنى تولۇقلاش، كونا ئەسكەرلەرنى قايتۇرۇش ۋە كەنجى ئوفىتسېرلارنى تاللاش خىزمىتىنى تاماملىدى.

لۇ دېچېڭ، جاۋ لۇڭگاڭ، چېن يادۇڭ

## ھەربىي ئەسلىھەلەرنى ئاسراش

2003 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى شىنجاڭ تەۋەسىدىكى بارلىق ھەربىي ئىشلار بويىچە چەكلەنگەن رايون، ھەربىي باشقۇرۇش رايونى، مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرى، ھەربىي سىم يوللىرىنى ھەمدە ھەربىي ئىشلار بويىچە چەكلەنگەن رايونلارنىڭ سىرتىدىكى بىخەتەرلىكنى قوغداش - تىزگىنلەش دائىرىسىنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى تاماملىدى. ئاپتونوم رايون ۋە ئالاقىدار يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنى ماسلاشتۇرۇپ، ھەربىي ئەسلىھەلەرنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مەخپىيەتلىكىنى قوغداشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان، زىيان سالىدىغان 8 مەسىلىنى ھەل قىلدى، يېڭىدىن قۇرۇلغان ھەربىي ئىشلار بويىچە چەكلەنگەن رايون، ھەربىي باشقۇرۇش رايونلىرىنى ھەمدە ھەربىي ئىشلار بويىچە چەكلەنگەن رايونلارنىڭ ئەتراپىدىكى بىخەتەرلىك - تىزگىنلەش دائىرىسىنى بېكىتىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنى تاماملىدى.

چياۋ كۈن، سۈن مىڭجۈڭ

## شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ قوراللىق كۈچلىرى تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزدى

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 2003 - يىل 8- ئاينىڭ 11 — 12 - كۈنلىرى ئىلىدا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر قوراللىق كۈچلىرىنىڭ تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىرىنىڭ 2 - باسقۇچلۇق مانېۋىرىنى ئۆتكۈزدى. مانېۋىردا «تېررورلۇققا، بۆلگۈنچىلىككە ئېكستىرمىزمغا قارشى تۇرۇش شاڭخەي ئەھدىنامىسى» ئاساس قىلىنىپ، نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، «ئۈچ خىل كۈچ» زەربە بېرىش ئوبيېكتى قىلىنىپ، «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر قوراللىق كۈچلىرىنىڭ تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىرى» تېما قىلىنىپ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى ھاسىل قىلغان ئورتاق تونۇش ۋە ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ 3 قېتىملىق سۆھبەت خاتىرىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئەزا دۆلەت ئارمىيىلىرىنىڭ تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە ھەربىي ھەرىكەتتىكى بىرلەشمە قوماندانلىق، ماسلىشىپ ئىش كۆرۈش، كۈچلەرنى ئىشقا سېلىش، تاكتىكىنى تەدبىقلاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ماھارىتى گەۋدىلىك كۆرەك قىلىندى. مانېۋىر 2 باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. 1 - باسقۇچ قازاقىستان ئاساس قىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىپ، بىرلەشمە قوماندانلىق شتاب قۇرۇش، بۇلانغان ئايروپىلاننى توسۇش، تۇتقۇن قىلىنغانلارنى قۇتقۇزۇش، چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتكەن تېررورچىلارنى قورشاپ يوقىتىش قاتارلىق مەزمۇنلار بويىچە مانېۋىر قىلىندى. 2 - باسقۇچ شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاساس قىلىنىپ ئېلىپ بېرىلدى، ئاساسلىقى زال ئىچى تېمىسى بويىچە «ئۆز ئارا ئەھۋال مەلۇم قىلىش، قەتئىي نىيەتكە كېلىش، ھەرىكەتنى ماسلاشتۇرۇش» ۋە ئىككى ھەقىقىي ئەسكەر تېمىسى بويىچە «شەھەر - بازارلاردا تازىلاش ئېلىپ بېرىش، تۇتقۇن قىلىنغانلارنى قۇتقۇزۇش ۋە بازىغا ھۇجۇم قىلىش، بىرلىكتە قورشاپ يوقىتىش» مەزمۇنىدا مانېۋىر ئېلىپ بېرىلدى. قازاقىستان، قىرغىزىستان، روسىيە، تاجىكىستانلار ئەۋەتكەن ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكى، ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى، بىرلەشمە قوماندانلىق شتابىنىڭ كوماندىر شتاب



2003 - يىل 8 - ئايدا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە مانېۋىرى ئۆتكۈزۈلۈپ دۈشمەن ئەھۋالى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىندى.

سۈرەتنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەمىنلىگەن.

ئوفىتسېرلىرى ۋە مۇخبىرلار، ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ۋە ئالاھىدە ئۇرۇش شۆبە قىسىملىرى قاتناشتى ۋە مانېۋىرنى كۆردى، ئاخىرلىشىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت كومىسسارى قوشۇمچە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ساۋ گاڭچۇەن شاڭجياڭ ۋە قىرغىزىستاننىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى توپىيېف شاڭجياڭ، تاجىكىستاننىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى خەيرۇللايېف شاڭجياڭ، قازاقىستاننىڭ مۇئاۋىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بوسېبروف شاۋجياڭ، روسىيە فېدېراتسىيىسى ۋولگا دەرياسى قىرغىقى — ئورال ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى بارانوف شاڭجياڭلار 2 - باسقۇچتىكى مانېۋىرنى كۆردى ھەمدە ئاخىرلىشىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

چياۋ كۈن، شاۋ شياڭ، جۇ جىنجى

## قورال - جابدۇق خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قورال - جابدۇق خىزمىتىدە «69220» قىسمىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ھازىرقى قورال - جابدۇقلارنى شتاتلاشتۇرۇش، سىستېمىلاشتۇرۇش، ئۇرۇش ئىقتىدارى، كاپالەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق تۇتتى. قورال - ياراغ بويىچە 5 كەسىپتىكى 72 ئۆگەنچى ئەسكەرنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. قىسىملاردىن 361 ئادەمنى تاللاپ باش قورال - جابدۇق بۆلۈمىگە، باشقا ھەربىي رايونلارغا تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتتى. شىدىن يۇقىرى 31 ئورۇندىكى بۆلۈم (باشقارما) باشلىقى، ئامبار مۇدىرىدىن 74 كىشىنى خەلق ئەسكەرلىرى، زاپاس قىسىملارنىڭ قورال - جابدۇق ئۆگىنىش بويىچە يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتۇردى. بىر يىلدا زەمبىرەك، ئوپتىك ئەسۋابلار، رادار ئۈسكۈنىسى قاتارلىق قورال - جابدۇقلارنى چوڭ رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. «چېگرا مۇداپىئە، دېڭىز مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ قورال - ياراغ ۋە رادار ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش - باشقۇرۇش چارىسى»نى ۋە 6 خىل قورال، 4 خىل رادار ئۈسكۈنىسىنى قىسىملاردا رېمونت قىلىش قوللانمىسىنى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. «7324» زاۋۇتىنىڭ ج خ نازارىتى تاپشۇرغان 11 خىل 5097 دانە سۇ يۇقماس قورالنى تېخنىكىلىق ئاسراش ۋە پېچەتلەپ بىر تەرەپ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە 5 ئارقا سەپ ئامبىرىنىڭ 1230 توننا براك ئوق - دورىنى يۇقىرىغا تاپشۇرۇش - يۆتكەش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىغا تەشكىللاتچىلىق قىلدى. ئاشقان، براك قىلىنغان 819 توننا ئوق - دورىنى يۇقىرىغا تاپشۇردى. براك قىلىنغان ئوق - دورىنى كۆيدۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش پونكىتىنىڭ تورمۇش مۇئەسسەسەلىرىنى رېمونت قىلىپ ئۆزگەرتىش، پارتلىتىش - كۆيدۈرۈش مەيدانىنى يېڭىلاش، كۆيدۈرۈش پېچى مەشغۇلات رايونىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ۋە تېخنىكىلىق ئوق - دورىلارنى بىر تەرەپ قىلىش - كۆيدۈرۈش ئورنى ئۆيلىرىنىڭ چېرتيوژىنى لايىھىلەش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى، براك قىلىنغان 5000 پاي زەمبىرەك ئوقىنى كۆيدۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

سۈي مەنيىڭ، جاۋ جىخۇڭ

## قورال - جابدۇق كاپالىتى خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قورال - جابدۇق تارماقلىرى ئىلگىرى - كېيىن 200 نەچچە ئادەم (قېتىم) ئاجرىتىپ، ئۇلارنى قىسىملارغا نۇقتىدا تۇرۇپ ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى. قورال - ياراغ، رادار تاكتىكا زاپاس سايمانلىرىنى تولۇقلاپ بەردى، ئوق - دورا، ئۇرۇش ئوق - دورىسى، قورال - سايمانلار زاپىسىنى تەڭشەشنى تەدرىجىي ئەمەلىيلەشتۈردى. ھەربىي رايون چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا قورال - ياراغ رادارلارنى رېمونت قىلىش، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرى سەپلەپ بەردى، 14 ئورۇننىڭ رېمونتخانىسى ۋە ئاپتوموبىل ماتېرىياللىرى ئامبىرىنى يېڭىدىن سېلىپ بەردى ياكى ئۆزگەرتىپ بەردى. ئېگىزلىك، سوغۇق تاغلىق رايونلاردىكى لەخمە ئۇرۇشنىڭ كاپالەت كۈچى، كاپالەت ئۇسۇلى ۋە كاپالەت قورال - جابدۇقلىرى تەتقىقاتىنى دەلىللەش تەجرىبىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى تاماملىدى. مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردىكى «24 - فېۋرال» يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، «2003 — بىرلەشمە» مانېۋىرى، ئارمىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەربىي تەلىم - تەربىيە مۇھاكىمە پائالىيىتى ۋە موڭغۇلكۈرەدىكى «1 - دېكابىر» يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قورال - جابدۇق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. «قورال - جابدۇقلارنى تۈزەشكە يېتەكچىلىك قىلىش قوللانمىسى»نى تۈزدى ۋە ئۇنى دەلىللەش يۈزىسىدىن نۇقتىدا سىناق ئېلىپ باردى. برونېۋىك قورال - جابدۇق تېخنىكىسى تايانچلىرى، زەمبىرەك، دىزېل ئاپتوموبىلى تېخنىكا تايانچلىرىنى تەربىيىلەشنى ماسلاشتۇردى. خىمىيىۋى قورااللاردىن مۇداپىئە كۆرۈش خەتەرلىك بۇيۇملىرىنى ۋە براك قىلىنغان ئوق - دورىلارنى كۆيدۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا تەشكىللاتچىلىق قىلىپ، 45 خىل، 439 توننا كېرەكسىز، كونا پارتلىتىش سايمىنى، 6 خىل، 20.2 توننا خىمىيىۋى قورااللاردىن مۇداپىئە كۆرۈشتە خورايدىغان سەپلىمە سايمانلارنى كۆيدۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. 10 ئورۇننىڭ 13 خىل 15 مىڭ 268 پاي 108.02 توننا براك قىلىنغان

ئوق ـ دورا ۋە ئۇنىڭ دېتاللىرىنى كۆيدۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. ھەربىي رايون بىرلىك ئوق ـ دورىلارنى كۆيدۈرۈش پونكىتىنىڭ تۈرمۈش ئەسلىھەلىرىنى رېمونت قىلىش ـ ئۆزگەرتىش ۋە ئوق ـ دورا رېمونت قىلىش ـ كۆيدۈرۈش ئورنىنىڭ ئۆيلىرىگە ئورۇن تاللاش، قۇرۇلۇش لايىھىسىنى دەلىللەش، چېرتيوژىنى لايىھىلەش ئىشىنى تاماملىدى. ھەربىي رايون خەلق ئەسكەرلىرى قورال ـ جابدۇقلىرى، زاپاس قىسىملارنىڭ تەلىم ـ تەربىيە قورال ـ جابدۇقلىرىنىڭ سانى ۋە سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشىنى ئۆيۈشتۇردى. 3930 تۈرلۈك 207 مىڭ 281 دانە بىرونېۋىك رېمونت سايمىنى، 714 دانە رېمونت ئۈسكۈنىسى بىلەن تەمىنلىدى. ئوبوروتقا سالىدىغان ئۆلچەملىك زاپاس سايمانلارنى تەييارلىدى. قىسىملارغا قۇرۇلۇش قورال ـ جابدۇقلىرىنى رېمونت قىلىش سايمىنى، خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرۈش قورال ـ جابدۇقلىرىنى رېمونت قىلىش سايمىنى يەتكۈزۈپ بەردى، كەسپىي كادىر ۋە رېمونتچىلارنى تەربىيىلەپ بەردى.

ۋېي مەنخۇ، ياڭ يۈڭشياۋ

## چېگرا مۇداپىئە ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى 389 كىلومېتىر ئاپتوموبىللىق چارلاش يولى ياسىدى، 179.5 كىلومېتىر چېگرىغا تىكەنلىك سىم تارتتى، 25 كىلومېتىرلىق پىيادە چارلاش يولى ياسىدى، چېگرىغا 188 دانە چېگرا باشقۇرۇش قوشۇمچە بەلگىسى ۋە 3 يۈرۈش چېگرا باشقۇرۇش نازارەت ئەسلىھەسى ئورناتتى. بارلىق قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن بۇرۇن تاماملاندى. لەنجۇ ھەربىي رايونى چېگرا مۇداپىئە كومىتېتى بۇ قۇرۇلۇشلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، 11 قۇرۇلۇش ئورنى قىلغان قۇرۇلۇشنىڭ ھەممىسى ئەلا باھالاندى، تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە يەتتى ياكى ئېشىپ كەتتى. ھەر قايسى مۇداپىئە رايونلىرى 2003 ـ يىللىق ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى باشلىدى ھەمدە يىللىق ۋەزىپە مىقدارىنىڭ %50 تىن كۆپرەكىنى ئورۇنداپ بولدى.

ۋاڭ چېبو

## ھەربىي تەپتىشلىك خىزمىتى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى 6 قېتىمدا 7 كىشىنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلىدى، 4 قېتىمدا 4 كىشىنى قولغا ئېلىشنى قارار قىلدى، 10 قېتىمدا 12 كىشىنى تەكشۈرۈپ ئەيىبلىدى. ھەربىي رايون بويىچە خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق دېلولىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىياننى قايتۇرۇۋالدى. قىسىملاردا 39 مەيدان (قېتىم) قانۇنچىلىق تەربىيىسى دەرسى ئۆتتى، دېلو يۈز بەرگەن ئورۇنلارغا 10 نەچچە تەپتىشلىك تەكلىپى بەردى، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ قانۇنغا چېتىشلىق 100 نەچچە قېتىملىق سوئالىغا جاۋاب بەردى، «ھوقۇقنى قەدىرلەش — ۋەزىپىدىن پايدىلىنىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قوللانمىسى» نى قىسىملاردىكى لىيەندىن يۇقىرى كادىرلار ۋە پۇل، مال تۇتىدىغان كەنجى ئوفىتسېرلارنىڭ ئۆگىنىشىگە تارقىتىپ بەردى. 8 ئادەم (قېتىم) نى ئارمىيە بويىچە مۇنەۋۋەر ئەيىبلىگۈچىلەرنى باھالاپ سېلىشتۇرۇشقا، دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانىغا ۋە سىرتقا چىقىپ تەربىيىلىنىشكە قاتناشتۇردى. ھەربىي رايون يازغان «يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردا كۆرۈلگەن خىزمىتىدىن پايدىلىنىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش دېلولىرىنى تەكشۈرۈش ۋە مۇلاھىزە قىلىش»، «ئەيىبلەش دېلولىرىدا سوت ئېچىشتىن ئاۋۋال دەلىل ـ ئىسپاتلارنى كۆرسىتىش ھەققىدە مۇلاھىزە»، «ئىراق ئۇرۇشىنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى سىياسىي قانۇن خىزمىتىگە بولغان ئىلھامى» قاتارلىق مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى ئازادلىق ئارمىيە ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونى كۆچۈرۈپ تارقاتتى.

لى شياۋتىڭ

## ھەربىي سوت مەھكىمىسى خىزمىتى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى 6 ئادەمگە چېتىلىدىغان، 1 ـ سوتتا قارىلىدىغان 6 جىنايى ئىشلار دېلوسىنى تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇردى، ھەق ـ تەلەپ دېلوسىدىن 2نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، جازا يېنىكلىتىلىدىغان دېلودىن 8نى بېجىردى. 800 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇردى. 130 نەچچە مىڭ خەتلىك قانۇنچىلىق تەربىيىسى لېكسىيىسىدىن 11نى تۈزدى، قانۇن ئىنتىزام تەربىيىسىگە ئائىت كۆپ ۋاستىلىك دەرسلىك دېتالىدىن 1620 قاپنى قىسىملارغا تارقىتىپ بەردى، 7 لېكسىيە سۆزلەش گۇرۇپپىسى قۇردى، بۇ گۇرۇپپىلار 17 مىڭ كىلومېتىر يول يۈرۈپ، شى، تۇەن دەرىجىلىك ئورۇنلارغا بېرىپ قانۇنچىلىق تەربىيىسىگە ئائىت 62 مەيدان لېكسىيە سۆزلىدى، بۇنىڭدىن 36 مىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەر تەربىيە ئالدى. 26 مىڭ يۈەن مەبلەغ ھازىرلاپ «ئاچكۆزلۈك جىنايىتى» دېگەن ماتېرىيالنى تۈزۈپ لىيەنتىنغا ئالغاندىن كېيىن ھەربىي رايوندىكى لىيەندىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا تارقىتىپ بەردى. ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن قانۇن ـ بەلگىلىمە بىلىملىرىگە ئائىت 180 مىڭ خەتلىك سوئال ـ جاۋاب تۈزۈپ چىقتى. قىزىق لىنىيىلىك تېلېفوندىن 4نى ئېچىپ، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ قانۇنغا ئائىت 1300

دىن ئارتۇق سوئالىغا جاۋاب بەردى. ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن بىرلىكتە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ «ھوقۇقنى قوغداش » خىزمىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. پەرلىكتىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئۆز ۋەدىن بۇيان ھەل بولمىغان ھەربىيلەرگە چېتىشلىق 24 دېلونى بىر تەرەپ قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. ھەر دەرىجىلىك «ھوقۇقنى قوغداش» تەشكىلاتلىرى ھەربىيلەر ۋە ھەربىيلەر ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن 41 ئادەم (قېتىم) نىڭ قانۇنغا چېتىشلىق مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ھەربىيلەر ۋە ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ 3 مىليون 210 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيىنىنى تۆلىتىۋالدى. ئارمىيە بىلەن يەرلىك «ھوقۇقنى قوغداش» تىكى ئىلغار ئورۇندىن 28نى، ئىلغار شەخستىن 25نى بىرلىكتە باھالاپ چىقتى.

پېڭ بو

## پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش تەربىيىسىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈش سەپەرۋەرلىك چولڭ يىغىنى ئاچتى، ھەربىي رايون پېشقەدەم كادىرلار سىستېمىسىدىكى خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىۋاتقان 1500 دىن ئارتۇق كادىرنى جۇڭگو ياشانغانلار كومىتېتى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، «جۇڭگو ياشانغانلار گېزىتى» تەھرىراتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان پارتىيە 16- قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىگە ئائىت بىلىملەر بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسىگە ھەمدە لەنجۇ ھەربىي رايونى يولغا قويغان ماقالە قوبۇل قىلىش - باھالاش پائالىيىتىگە قاتناشتۇردى. مۇسابىقىدە ئۈرۈمچى 2 -، 5 - كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرى ئىلغار كوللېكتىپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ 17 كادىرلار دەم ئېلىش ئورنىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ئۈرۈمچى 5 -، 7 -، 8 -، شىشەن 1 - كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرى، جىنەن، يەنتەي دەم ئېلىش ئورۇنلىرىدىكى پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە نۇقتىلىق ياردەم بەردى. كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرى قۇرۇلۇشى بويىچە سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىلىرى قۇرۇلۇشى ۋە ئومۇمىي قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى باھالىدى. 3 - ئايدا 7 كۈن ۋاقىت چىقىرىپ، پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە كادىرلار قوشۇنىدا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، «بەشتە نەمۇنىچى» بولۇش تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى، «پەسىلدە بىر قېتىم» پارتىيە دەرسى ئۆتۈش تەربىيىسى ۋە «ئايدا بىر دەرس» يۈرۈشلۈك تەربىيىسىنى داۋاملىق ئېلىپ باردى. 10 كادىرلار دەم ئېلىش ئورنىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەڭشىدى. ئارمىيىنى قاتتىق تۈزەش ۋە تەرتىپكە سېلىشنى كۈچەيتتى، بەلگىلىمە، تۈزۈملەر ئەمەلىيلەشمەسلىك، ئادەم ۋە ئاپتوموبىللار باشقۇرۇشسىز، تىزگىنسىز قېلىشقا ئوخشاش مەسىلىلەرنى زور كۈچ بىلەن تۈزەتتى. ھەربىي رايون كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى 10 مىليون 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ پېشقەدەم كادىرلارغا ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بەردى، يەنتەي كادىرلار دەم ئېلىش ئورنىنى باش ئارقا سەپ - تەمىنات بۆلۈمى ھويلا - ئارام ۋە گازارما باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن دەپ تەقدىرلىدى، شىشەن كادىرلار 3 - دەم ئېلىش ئورنىنىڭ يېسىر خوتۇنلارنىڭ مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەنلىك تەجرىبىسىنى لەنجۇ ھەربىي رايونى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۈرۈمچى «شەرق شامىلى» يولى، «قىزىلتاغ» يولىغا جايلاشقان كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرىدىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 306 كادىرنىڭ تەمىنلەش مۇناسىۋىتىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. 5 - تۈركۈمدە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 21 كادىرنى تارقاقلاشتۇرۇپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ۋە بىرلەشمە لاۋازىمات بۆلۈمىگە قاراشلىق 13 ئائىلىلىك دەم ئېلىشقا چىققان كادىر ۋە يېسىر خوتۇنىنى كادىرلار 7 - دەم ئېلىش ئورنىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتىنى تاماملىدى. 5 - تۈركۈمدە پېنسىيىگە چىققان 107 كادىرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىدى. «1 - ئاۋغۇست» بايرىمى، باھار بايرىمى قاتارلىق چولڭ بايراملاردا ھال سوراش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرى ۋە پېشقەدەم كادىرلار تۇرمۇشتا يولۇققان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىر قېتىمدىلا 3 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ، كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرىغا 30 نەچچە پىكاپ ئېلىپ بەردى، 6 ئاپتوموبىل تولۇقلاپ بەردى، 100 توننىدىن ئارتۇق ماي ياردەم قىلدى، 6 مىليون يۈەندىن ئارتۇق خىراجەتنى ياردەم سۈپىتىدە تولۇقلاپ بەردى ھەمدە يىللىق ھال سوراش خىراجىتىنى 500 مىڭ يۈەندىن 1 مىليون يۈەنگە ئۆستۈردى. ھەربىي رايون ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بىرلىكتە 600 نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغ تەييارلاپ، شەرقىي «قىزىلتاغ» يولىدىكى مەبلەغ توپلاپ قۇرۇلغان مەھەللىدە مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان، ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرغان پېنسىيىگە چىققان كادىرلارغا 3 قەۋەتلىك كۆپ ئىقتىدارلىق بىر پائالىيەت ئۆيى سېلىپ بەردى.

ياڭ تۇڭۋېي

## ئەسكەر ئېلىش خىزمىتى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ هەربىي رايونىنىڭ ئەسكەر ئېلىش خىزمىتى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى باشلىنىپ 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاخىرلاشتى. ئەسكەر بولۇش يېشىدىكى ياشلاردىن 22 مىڭ 729 كىشى ئەسكەرلىككە تىزىملاتتى، 281 سالامەتلىك تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇلدى، 4678 تىببىي خادىم ئاجرىتىلدى. ئېلىنغان ئەسكەرلەر ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر %21نى، ئايال ئەسكەرلەر %5.5نى ئىگىلىدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق 9 ئالىي مەكتەپتە سىتۇدېنتلارنى ئەسكەرلىككە ئېلىش خىزمىتى نۇقتىدا سىناق قىلىندى. ئالتاي ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستى ۋە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 ـ شىسىدا ئەسكەر ئېلىش خىزمىتى ئىسلاھاتى نۇقتىدا سىناق قىلىندى.

ما شاۋجۇن

## خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ هەربىي رايونى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، هەربىي تەلىم ـ تەربىيىسى، قورال ـ جابدۇق باشقۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتتى. خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ـ جىددىي ئەهۋالغا تاقابىل تۇرۇش شۆبە ئەترىتى قۇردى. زاپاس قىسىملار يىللىق تەلىم ـ تەربىيە ۋەزىپىسىنىڭ %115نى، خەلق ئەسكەرلىرى جىددىي ئەهۋالغا تاقابىل تۇرۇش شۆبە ئەترىتى يىللىق تەلىم ـ تەربىيە ۋەزىپىسىنىڭ %122.9نى، تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى يىللىق تەلىم ـ تەربىيە ۋەزىپىسىنىڭ %126نى تاماملىدى، هەربىي رايون بىر ئاي ۋاقىت چىقىرىپ، خەلق ئەسكەرلىرى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ـ جىددىي ئەهۋالغا تاقابىل تۇرۇش شۆبە ئەترىتىنىڭ كۈچەيتىش تەلىم ـ تەربىيىسىنى ئېلىپ باردى، لەنجۇ هەربىي رايونى دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايون، شىنجاڭ هەربىي رايونىنىڭ زاپاس خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى يىغىنىدا بىڭتۇەن هەربىي بۆلۈمى، ئۈرۈمچى گارنىزونى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ خەلق ئەسكەرلىرىتېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەلىم ـ تەربىيىسى تۈرلىرى بويىچە ماهارەت كۆرسەتتى. هەربىي رايون 4 ـ ئاينىڭ 19 — 20 ـ كۈنلىرى خەلق ئەسكەرلىرى قورال ـ جابدۇقلىرىنى، زاپاس قىسىملارنىڭ تەلىم ـ تەربىيە قورال ـ جابدۇقلىرىنى باشقۇرىدىغان شتاب ئوفىتسېرلىرى ۋە ياردەمچىلىرىنى يىغىپ تەربىيىلىدى. 4 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قورال ـ جابدۇقلىرىنى، زاپاس قىسىملارنىڭ تەلىم ـ تەربىيە قورال ـ جابدۇقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، قورال ـ جابدۇق باشقۇرۇشتا هادىسە كۆرۈلمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇردى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم خەلق قوراللىق كومىتېتى ۋە ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك كومىتېتى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى 7 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە زاپاس خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنى تەكشۈش ـ ئىسلاھ قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لايىھىسىنى، لەنجۇ هەربىي رايونى دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش هەققىدىكى پىكىر، ئاساسىي قاتلام قوراللىق خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى هەققىدىكى پىكىر، شەهەر خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس خادىملىرىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرى ۋە شىنجاڭ خەلق قوراللىق كۈچلىرى مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىشى هەققىدىكى پىكىر قاتارلىق ئالاقىدار مەسىلىلەرنى مۇهاكىمە قىلىپ بېكىتتى.

رىن فېڭلي

## زاپاس قىسىملار قۇرۇلۇشى

لەنجۇ هەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى زۇ گېڭرېن ئورگان بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ 2003 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ هەربىي رايونى زاپاس قىسىملىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، زاپاس قىسىملار ئالاقە تۇەنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا نۇقتىدا تۇرۇپ نۇقتىلىق ياردەم بەردى. هەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى يۇ لىنشياڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ 5 ـ ئاينىڭ 20 — 29 ـ كۈنىگىچە زاپاس قىسىم مەلۇم پىيادە ئەسكەرلەر شىسىغا بېرىپ ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى. هەربىي رايون 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى زاپاس قىسىملار بىلەن خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتىنىڭ ئەسكەرلەرنى كىرگۈزۈپ گۇرۇپپىلاش مەسىلىسىنى هەل قىلىش يۈزىسىدىن سۆهبەت يىغىنى ئاچتى. يىلى، لىيەنلەرنىڭ مەسئۇل ئوفىتسېرلىرى پىيادە ئەسكەرلەر مەلۇم قىسىمنىڭ دالا مەشىقىگە ۋە يىلى، لىيەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئەمەلىي تاكتىكا مانېۋىرىغا قاتناشتى. شىنجاڭ هەربىي رايونى زاپاس خەلق ئەسكىرىدىن 10 مىڭغا يېقىن ئادەم (قېتىم)نى شتات بويىچە ئاجرىتىپ يەرلىكتىكى ج خ، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، تېررورلۇق هەرىكەتلىرى ۋە بىدئەت تەشكىلاتلارغا زەربە بېرىشىگە ماسلاشتى. 7 ـ ئايدا بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 ـ شىسىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى جىددىي ئەهۋالغا تاقابىل تۇرۇش شۆبە ئەترىتى ج خ تارماقلىرىغا ماسلىشىپ 82 ـ تۇەن ـ مەيداندا «ئەمەلىي ئىلاھ» ناملىق بىدئەت تەشكىلاتنى بىتچىت قىلىپ،

ئۇنىڭ مۇھىم ئەزاسىدىن 4نى، جىنايەت گۇماندارىدىن 5نى تۇتتى، بىدئەتچىلىك تەرغىب قىلىنغان ئۈن - سىن بۇيۇمى، كىتاب، تەشۋىقات بۇيۇمىدىن 191نى قولغا چۈشۈردى.

رىن فېڭلى

## زاپاس خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى يىغىنى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىرلىكتە 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 — 27 - كۈنلىرى زاپاس خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا ئاپتونوم رايون، ھەربىي رايون، بىڭتۇەن، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالاقىدار بۆلۈم (كومىتېت)، نازارەت (ئىدارە) لەرنىڭ رەھبەرلىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەر، شۆبە ھەربىي رايونلار ۋە ھەربىي رايون ئورگىنىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولۇپ 160 نەچچە كىشى قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونىنىڭ زاپاس خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنى تەڭشەش - ئىسلاھ قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەققىدىكى كونكرېت پىكىر، تەدبىرلىرى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتىلدى، «ئۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈش، ئىشلىتىش ئۈچۈن قۇرۇش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى ئۆزگەرتمەسلىك ئاساسىدا «5 خىل كۈچ» قۇرۇلۇشىنىڭ ئەندىزىسى بەلگىلەندى، «زاپاس خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنى تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكىر»، «خەلق قوراللىق بۆلۈم مەخسۇس كادىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدىكى پىكىر» تۈزۈپ چىقىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، باش شتاب سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىنىڭ باشلىقى فەن شاۋگۇاڭ، لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى زۇ گېگرېن، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى چيۇ يەنخەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

رىن فېڭلى

## تېررورلۇققا قارشى كۈرەش تەييارلىقى

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 26- كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە باشلىق ئورگان ۋە قىسىملارنى تەشكىللەپ «تەڭرىتاغ — 0.3» ناملىق تېررورلۇققا قارشى ھەربىي كۈرەش بويىچە نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، بىر تۈركۈم نەتىجىگە ئېرىشتى. 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن بۇرۇن تېررورلۇققا جىددىي تاقابىل تۇرۇش (شۆبە) قىسمىنى تەشكىللەش خىزمىتىنى تاماملىدى. 4 - پەسىلدە شىنجاڭ ھەربىي رايونى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش بويىچە «كۆچمە مۇداپىئەلىنىش» (پادىرو قوراللىرىدىن، بىئولوگىيىلىك قوراللاردىن، خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش) كەسپىي كۈچلىرىنى تەشكىللەش - تەڭشەش لايىھەسىنى بېكىتتى. 12 - ئاينىڭ 22 — 23 - كۈنلىرى تەشكىللەپ تەڭشەلگەندىن كېيىنكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇپ خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش شۆبە قىسمى ۋە «كۆچمە مۇداپىئەلىنىش» داۋالاش - قۇتقۇزۇش شۆبە قىسمىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. ھەربىي رايونىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرلۇك شۆبە قىسىملىرى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش بويىچە نىشانلىق تەلىم - تەربىيە ۋە پاراشوت بىلەن سەكرەش، ئايروپىلاننى قوندۇرۇش مەشىقى ھەمدە تېررورلۇققا قارشى ئۇنىۋېرسال مانېۋىرىنى تاماملىدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە ئىلى، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ شۆبە ھەربىي رايونلىرى قاتارلىق نۇقتىلىق ئورۇنلار يەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ھەمدە قوراللىق ساقچى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، دۆلەت بىخەتەرلىكى قاتارلىق تارماقلارنى ماسلاشتۇرۇپ ئارمىيە بىلەن يەرلىك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتا بىرلىكتە قوماندانلىق قىلىش، بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش ۋە ماسلىشىپ ئىش كۆرۈش ئۇسۇلىنى مۇھاكىمە قىلىپ چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردىكى مۇھىم نىشانلار تېررورلۇق ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى.

يې خېجۈن، گو ۋېي

## ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 2003 - يىل 5 — 10 - ئايغىچە يىراق مۇساپىلىك ئوقۇتۇش، يىغىپ ئۆگىنىشكە سېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، شى، تۇەن كادىرلىرىنىڭ پارتىيە 16- قۇرۇلتىيى دوكلاتى ۋە جياڭ زېمىننىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىدىيىسى قاتارلىق مەزمۇنلار ئاساس قىلىنغان نەزەرىيە كىتاب ئوقۇش كۇرسىنى 2 قارار ئاچتى. تۇەندىن يۇقىرى 539 كادىر تەربىيىلەشكە قاتناشتى، ھەر دەرىجىلىك ئورگان كادىرلىرىدىن 2700 دىن ئارتۇق كىشى دەرسنى تولۇق ئاڭلىدى. 6 - ئايدىن باشلاپ ھەربىي رايون قىسىملىرى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈش پائالىيىتىنى يولغا قويدى. ھەربىي رايون قىسىملارنىڭ تەربىيىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى 4 قېتىم ئارىلاپ تەكشۈردى ياكى تەكشۈردى، «‹ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش، مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش

ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش تەربىيىسىنى يەنىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىش ھەققىدە پىكىر» تارقاتتى، «غايە يەلكىنىنى تىكلەش»نى ئاساسلىق دەرسلىك ماتېرىيالى قىلىپ، ئەسكەرلەر ئارىسىدا «ئايدا بىر دەرس» تەربىيىسىنى كەڭ قانات يايدۇردى. «فۇنكسىيە تەربىيىسى مەخسۇس دەرسى»، «ئايدا بىر دەرس تەربىيىسى دەرسلىكى» ۋە «‹ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش، مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش تەربىيىسى دەرسلىكى»نى ھەرقايسى ئورۇنلارغا تارقىتىپ بەردى، شى (لۈي)، تۈەن دەرىجىلىك 18 ئورۇننىڭ تەربىيىنى قانات يايدۇرۇش تەجرىبىسىنى كېڭەيتتى، ئاساسىي قاتلامدىكى 74 مۇنەۋۋەر سىياسىي ئوقۇتقۇچىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى.

جياڭ يۇخۇا، بى بىن

## ئارقا سەپ تەمىناتىنى باشقۇرۇش

2003 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى شىدىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ يىللىق خام چوتىنى تەكشۈرۈپ 7 مىليون يۈەندىن كۆپرەك نامۇۋاپىق چىقىمنى ئازايتتى، شتاتلىق تۈەندىن يۇقىرى ئورۇنلاردىن %95نىڭ كىرىم - چىقىمى تەڭپۇڭلاشتى. ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ بانكا ھېسابى ئېنىقلىنىپ، 6 ھېساب بىكار قىلىندى. ھەربىي رايون مەلۇم ئاپتوموبىل تۈەندە دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلدى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى، بۇ تۈەننىڭ يەر، مۇقىم مۈلۈك، زاپاس ئەشيا، پۇل مەبلەغ، خىراجەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلاپ ۋە سېلىشتۇرۇپ، دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇشنىڭ قىسىملارنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىر قەدەر ماس كېلىدىغان چارىسى ۋە تۈزۈم، تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. 10 ئىقتىسادىي تەپتىشلىك گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، تۈەندىن يۇقىرى ئورۇنلار ۋە 1123 ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇش تۈرىنى تەپتىش قىلدى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلار يۇقىرىغا يوللىغان 71 مىليون 570 مىڭ يۈەن نامۇۋاپىق خىراجەتنى تەكشۈرۈپ كېمەيتتى، مالىيە، تەپتىش ۋە قۇرۇلۇش ئورنى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى بىرلىشىپ تەكشۈرۈش بەلگىلىمىسىنى تۈرغۇزدى، ھۆددىگە بېرىلگەن 290 تۈرلۈك قۇرۇلۇشنىڭ نەق چوتىنى تەكشۈرۈپ 21 مىليون 680 مىڭ يۈەن قۇرۇلۇش خىراجىتىنى كېمەيتتى، كېمەيتىلىش نىسبىتى %20.23كە يەتتى. ھەربىي رايوننىڭ شتاتلىق لۈي، تۈەنلىرىگە 20 نەچچە خىل، 1000 دانىدىن ئارتۇق چوڭ ئاشخانا سايمىنى، 3000 دانىدىن ئارتۇق تەمىنات سايمىنى ئاجرىتىپ بەردى. كۆكتاتلارنى يېڭى پېتى ساقلاش ئامبىرىدىن 4نى سالدى. ماي ئىسكىلات - پونكىتلىرىنىڭ بىخەتەرلىك قائىدە - تۈزۈملىرىنى ئۆگىنىش ئېبى پائالىيىتىنى ۋە ماي بىلەن تەمىنلەشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئىشىنى قانات يايدۇرۇپ، 4 ماي قاچىلاش پونكىتىنى تاقىدى، ئارقا سەپ ماي ئىسكىلاتى 16 -، قىسىم ماي ئىسكىلات - پونكىتلىرى 13 - بىخەتەرلىك بېلىنى ئىشقا ئاشۇردى. دورا ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەشتە مەركەزلەشتۈرۈپ خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ھەربىي ئاپتوموبىللارنىڭ يۈرۈش تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇردى. چېگرا مۇداپىئە گازارمىلىرىنىڭ مۇئەسسەسە - ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇش بىلەن رېمونت قىلىش، مۇئەسسەسەلەرنى ئىشلىتىش بىلەن ئاسراش ھالقىلىرى ئايرىلىپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، 4 دەرىجىلىك رېمونت پونكىتى قۇردى، چېگرا مۇداپىئە لىيەندۈيلىرىنىڭ گازارما مۇئەسسەسە - ئەسلىھەلىرىنى ئاسراش فوندى تەسىس قىلدى، ئۇچۇر تورىنى چېگرا مۇداپىئە گازارما مۇئەسسەسەلىرىنى باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزدى، تار دائىرىلىك توردىن پايدىلىنىپ، چېگرا مۇداپىئە گازارما مۇئەسسەسەلىرىنى ئىشلىتىش ۋە ئاسراش ئەھۋالىنى ماكرو جەھەتتىن ئىگىلەپ تۇردى ۋە كونترول قىلدى. ھەربىيلەر سۇغۇرتىسىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، مەلۇم شىدا ھەربىيلەر سۇغۇرتىسىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلدى، ھەربىيلەر سۇغۇرتىسىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلاپ كېڭەيتتى.

يۈچاۋ

## بىرلەشمە لاۋازىمات مۇلازىمىتى كاپالىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بىرلەشمە لاۋازىمات بۆلۈمى كاپالەت مۇناسىۋىتىنى تەڭشىدى، شىنجاڭ ھەربىي رايون قىسىملىرىنىڭ يىللىق خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىش نىسبىتى %100كە يەتتى، تەمىنات ئۈزۈلۈپ قېلىش، نېسى قېلىش، ئۆتنۈلۈپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى. ھەربىي رايون قىسىملارنى 4 مىليون 400 نەچچە مىڭ قۇر يوتقان - كۆرپە بىلەن تەمىنلىدى، يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونغا 5500 قۇر كىيىم - كېچەك ئىئانە قىلدى، 28 مىليون 145 مىڭ 500 كىلوگرام ھەربىي ئاشلىق بېلىتى بىلەن تەمىنلىدى، ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا 20 مىڭ توننىغا يېقىن ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە يېمەكلىك يەتكۈزۈپ بەردى، قىسىملارنى 10 مىليون 983 مىڭ 900 يۈەن قىممىتىدىكى 58 مىڭ 700 توننا ھەر خىل ماي، 1856 توننا پولات ماتېرىيال، 15 مىڭ 400 توننا سېمونت، 62 مىڭ كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ، 840 مىڭ يۈەن خىراجەتنى تېجەپ قالدى. كۆمۈرنى خېرىدار چاقىرىپ مەركەزلەشتۈرۈپ سېتىۋېلىشنى ئۆتتى. بىر يىلدا 8 چوڭ تۈردىكى ماددىي ئەشيادىن 60 نەچچە خىلنى سېتىۋالدى،

ئۈلارنىڭ ئىچىدە، خام ئەشيا، ماتېرىيال، ماشىنا ـ ئېلېكترون ئۈسكۈنىسى ۋە ئىشخانا بۇيۇمى بار بولۇپ، قىممىتى 60 مىليون 292 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن 8 مىليون 229 مىڭ 500 يۈەن خىراجەت تېجەپ قېلىندى، ئوتتۇرىچە تېجىلىش نىسبىتى 12.01% بولدى. ھەربىي رايون ئۆزى مەبلەغ توپلاپ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ھەر خىل چوڭ پائالىيەتلىرى، ئاساسىي قاتلام قىسىملىرىغا 735 مىڭ 700 يۈەن قىممىتىدىكى دورا بۇيۇمى ۋە ئۈسكۈنىسى ھەل قىلىپ بەردى. بىر يىلدا قىسىملارغا 360 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى دورا ۋە داۋالاش سايمىنى يەتكۈزۈپ بەردى. 350 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ۋاقتى ئۆتكەن دورا ۋە داۋالاش سايمىنىنى بىر تەرەپ قىلدى ۋە كۆيدۈردى. ئېگىزلىكتىكى قىسىملارغا 18 مىڭ 800 توننا ھەر خىل ئەشيا يەتكۈزۈپ بەردى. 11 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كادىرلار ئۆيى، دوختۇرخانا، ئارقا سەپ ئىسكىلاتىنى تۈزەش قاتارلىق گازارما قۇرۇلۇشىدىن 10 مىڭ 236 كۋادرات مېتىرنى پۈتتۈردى. 5 مىليون 990 مىڭ يۈەن چوڭ رېمونت خىراجىتى ئاجرىتىپ، 26 ئورۇننىڭ 37 تۈرلۈك گازارما رېمونت قىلىش، سۇ، ئېلېكتر، پار ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلاش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. 25 مىليون 130 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، قىسمەن چېگرا مۇداپىئە شۆبە رايونلىرى، تۈەنلەرگە بىۋاستە قاراشلىق شۆبە قىسىملار ھەمدە 4 چېگرا مۇداپىئە يېڭى، 25 چېگرا مۇداپىئە لىيەنىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى يېڭىلىدى، كونا ئۆيلىرىنى تۈزىدى، سۇ، توك، پار قاتارلىق ئەسلىھەلىرىنى يېڭىلىدى. ئۈرۈمچى شەھىرى سۇ مۇنارى تېغىدىكى 730 يۈرۈش ئەرزان، قۇلايلىق ئۆي قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. بوز يەر ئاچقۇچى قىسىملارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان 19 ئورۇندىن 17 سىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قىسمىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى، قىسمەن ئورۇنلار يېڭى گازارمىلارغا ئورۇنلاشتى.

يۈ چاۋ

## ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنى ماسلاشتۇرۇپ، «2003 — 2005 ـ يىلغىچە ھەربىي رايوننىڭ ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى ۋە پىكرى»نى تۈزۈپ چىقتى، چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردە تۇرۇشلۇق 45 ئورۇننىڭ يېمەك ـ ئىچمەك كاپالىتى، گازارما كاپالىتى، ئومۇمنىڭ ئىشىدا ئاپتوموبىل ئىشلىتىش، داۋالىنىش كاپالىتى، يوتقان ـ كۆرپە تەييارلاش، ماي كاپالىتى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى باشقۇرۇش قاتارلىق 7 جەھەتتىكى ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى ئايدىڭلاشتۇردى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى شى، لۈيدىن يۇقىرى 12 ئورۇندا ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىش مەركىزى قۇردى، تۈەندىن يۇقىرى 15 ئورۇندا يېمەك ـ ئىچمەك كاپالىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنى يولغا قويدى، 11 ئورۇندا گازارما كاپالىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، 7 ئورۇننى يەرلىك شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ پار بىلەن تەمىنلەش تورىغا كىرگۈزدى. 11 ئورۇندا ماي بىلەن پۇللاشتۇرۇپ تەمىنلەشنى يولغا قويدى، 4023 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئارىسىدا داۋالىنىش كاپالىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇردى، ئارمىيىنىڭ داۋالاش ئاپپاراتلىرىدىن يىراقتا جايلاشقان 134 ئورۇندا ئامبولاتورىيىدە كېسەل كۆرسىتىش بويىچە ئىجتىمائىيلاشقان كاپالەتنى يولغا قويدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئۈرۈمچى قاتارلىق چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردە تۇرۇشلۇق 82 ئورنىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، سودا مۇلازىمىتى، سۇ، توك، گاز، پار بىلەن تەمىنلەش، گازارما كاپالىتى، ئومۇمنىڭ ئىشىغا ئاپتوموبىل ئىشلىتىش ۋە كىچىك ئاپتوبۇسى بېكىتى قۇرۇش كاپالىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش قاتارلىق 9 تۈرنىڭ پىلانىنى ستاتىستىكىلاپ يۇقىرىغا يوللىدى.

يۈ چاۋ

## ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ئارقا ـ سەپ تەمىنات كاپالىتى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى 11 مىليون 70 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجرىتىپ چېگرا مۇداپىئە ئاساسىي قاتلام ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىنىڭ سۇ، ياتاق، داۋالىنىش، توك، پار، مۇنچا قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلدى. ئېگىزلىكتىكى قىسىملار چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا 600 توننا گۆش، كۆكتات، مېۋە، سېرىق پۇرچاق، شېكەر، خاسىڭ مېغىزى، ئېگىزلىكتە ئىشلىتىلىدىغان 2059 يۈرۈش (دانە) ئالاھىدە ئاشخانا سايمىنى ۋە سەپلىمىسى، 41 مىڭ 700 دانە ئاشلىق خالتىسى يەتكۈزۈپ بەردى، 3253 ئادەم توشۇدى، بۇنىڭغا جەمئىي 5100 نەچچە ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجراتتى، يۈرگەن ئومۇمىي مۇساپە 30 مىليون كىلومېتىرغا يېتىدۇ. چېگرا مۇداپىئە 1 ـ سىيىدىكى لىيەندۈيلەرگە 69 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 15 خىل يېڭى، ئالاھىدە دورا ھەل قىلىپ بەردى. كۆكتاتلارنى يېڭى پېتى ساقلايدىغان 4 ئامبار ياساپ بەردى. چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ گازارما قۇرۇلۇشى پىلانى ئۈچۈن 25 مىليون 130 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجرىتىپ، چېگرا مۇداپىئە لىيەندۈيلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى يېڭىلىدى، كونا ئۆيلىرىنى تۈزەشتۈردى، سۇ، توك، پار ئەسلىھەلىرىنى يېڭىلىدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 7 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ تەييارلاپ ئاساسىي قاتلام قىسىملىرىنىڭ گازارما ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىپ 3035 كۋادرات مېتىر گازارمىنى يېڭىلىدى ۋە يېڭىدىن سالدى. گازارما رېمونت قىلىش، ئۈنىۋېرسال تۈزەش تۈرىدىن 16 نى تاماملىدى، 96 سۇ، توك، پار ئەسلىھەسىنى ئۆزگەرتتى. باش ئارقا سەپ ـ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ بىناكارلىق تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك مۇنچا ئۈسكۈنىسىدىن 20نى تەتقىق قىلىپ ياسىدى ۋە چېگرا مۇداپىئە لىيەندۈيلىرىگە تارقىتىپ بېرىپ چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىلىرى (پەسىللىك قاراۋۇلخانىلار) نىڭ يازلىق يۇيۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

جاڭ خۇڭيىڭ

## ئېگىزلىكتىكى قوشۇمچە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇشى

شىنجاڭ ھەربىي رايونى قاراقۇرۇم ئېگىزلىكىدىكى چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىنى ئۆزى تېرىغان يېڭى كۆكتاتلارنى يېيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن يەرنى چوڭقۇر كولاپ تۇپرىقىنى قاقلاش، ئورگانىك ئوغۇت بېرىش ۋە توپا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق تۇپراقنى ياخشىلىدى، چەت ئەلدىن ئېگىزلىككە ماس كېلىدىغان سوغۇققا چىداملىق، ئەلا سۈپەتلىك كۆكتات سورتلىرىنى كىرگۈزدى، كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشتىكى مايسا ئۆستۈرۈش، تېرىش ۋە پەرۋىش قىلىش قاتارلىق ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلار بويىچە نەق مەيداندا يېتەكچىلىك قىلىشقا مول تەجرىبىلىك ئاگرونوملارنى تەكلىپ قىلدى. 2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كۆلىمى 67 .14 گېكتار كېلىدىغان ئارمىيە بويىچە تۇنجى دېڭىز يۈزىدىن ئالاھىدە ئېگىز قوشۇمچە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قاراقۇرۇم ئېگىزلىكى رايونىدا بارلىققا كەلدى، 2003 ـ يىل 6 ـ ئايدا 5 توننا كۆكتات ئېلىندى. ھەربىي رايون 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىپ، بەزى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىدا كۆكتاتنى يېڭى پېتى ساقلاش ئامبىرى قۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ، كۆكتاتنى يېڭى پېتى ساقلاش ئامبىرى (ئورىسى) دىن 6نى قۇردى.

جاڭ خۇڭيىڭ

## ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت خىزمىتى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى 600 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجرىتىپ، تۆۋەن دەرىجىلىك 3 ئورۇن، يىڭ دەرىجىلىك بىر ئورۇن ۋە 49 لىيەندۈيگە ئائىلىۋى كىنوخانا بېرىكمە ئىشكابى، تىك ـ تاك توپ شىرەسى، جاڭ ۋە دۇمباق ساندۇقى ھەمدە قىسمەن چېنىقىش ـ كۆڭۈل ئېچىش سايمىنى سەپلەپ بەردى. ئارمىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى يىغىنىدا ھەربىي رايون ئاساسىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەجرىبىلىرى تونۇشتۇرۇلدى، بىر تۈەن ۋە بىر چېگرا مۇداپىئە لىيەنى ئارمىيە بويىچە ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ تەقدىرلەندى. 7 ـ ئايدا ھەربىي رايون 2003 ـ يىللىق شتاتلىق لۇي، تۈەنلەرنىڭ ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، باش سىياسىي بۆلۈم تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن ئارمىيە بويىچە ئەرلەر ۋاسكېتبول ھەۋەرلىشىش مۇسابىقىسىدە غەلىبە قىلغان ئورۇن بولۇپ تەقدىرلەندى. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ھەربىي رايوندىكى ھەر قايسى ئىشتىن سىرتقى ئويۇن قويۇش ئەترەتلىرى ئارمىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكى ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونى بويىچە 14 ـ قېتىملىق ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتى، 61 نومۇر، 47 ئارتىست مۇكاپاتلاندى. ھەربىي رايون 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. بىر يىلدا 4 پوۋېست، بىر ئوچېرك، 70 نەچچە پارچە نەسىر، 289 پارچە فوتو سۈرەت ئەسىرى، 50 نەچچە پارچە گۈزەل سەنئەت ئەسىرى ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 48 ئەسەر خەلقئارا، مەملىكەت ۋە ئارمىيە بويىچە مۇكاپاتلاندى. باش سىياسىي بۆلۈم، تەشۋىقات بۆلۈمى، لەنجۇ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق 7 ئورۇن 9 ـ ئاينىڭ 22ـ كۈنى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇپ، جۇتاۋ ئەسەرلىرى مۇھاكىمە يىغىنى ۋە يىراقتىن سۆزلىشىش ـ جۇتاۋ ئەسەرلىرى دېكلاماتسىيە يىغىنى ئۆتكۈزدى، بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە 100 دىن ئارتۇق يازغۇچى، ئوبزورچى، سەنئەتكار قاتناشتى، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن 100 دىن ئارتۇق ئاخبارات ۋاستىسى بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى خەۋەر قىلدى.

خەن شۈەنجۇ، خەي جېڭ

## ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» قاتارلىق مەركەز دەرىجىلىك ئاخبارات ۋاستىسىدا 2944 پارچە ئەسەر ئېلان قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ بەتنىڭ باش تەرىپىگە بېرىلگىنى 93 پارچە. «خەلق ئارمىيىسى گېزىتى» ۋە بەرلىكتىكى ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاخبارات ۋاستىسىدا 2790 پارچە ئەسەر ئېلان قىلدى. شى دەرىجىلىك 3 ئورۇننىڭ نۇقتىلىق خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرغانلىقى يولىنى نۇقتىلىق تەشۋىق قىلدى؛ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر ئۆتكۈزگەن تېررورلۇققا

قارشى بىرلەشمە ئەربىي مانېۋىرى، ھەربىي رايون قىسىملىرىنىڭ مارالبېشى، پەيزاۋات ۋە موڭغۇلكۈرەلەردە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا دائىر گەۋدىلىك ئىشلارنى تەشۋىق قىلدى. بېيجىڭغا بېرىپ سارىسقا تاقابىل تۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان 34 دوختۇر، سېستىرانىڭ پائالىيىتىنى ئىز قوغلاپ خەۋەر قىلدى، ئارمىيە ۋە بەرلىكتىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىدا 6 مەخسۇس سەھىپە ئاچىرىتىپ 10 سائەتكە يېقىن مەخسۇس خەۋەر ئاڭلاتتى ۋە 80 نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. مەركەزدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىدا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىش، بىرلىكتە بەرپا قىلىش پائالىيىتى ۋە ياڭ مىڭچۈن، ليۇ چاڭفېڭ، شۇ خۇاڭۋېن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تىپىك ئىش - ئىزلىرىنى تونۇشتۇردى. «چېگرىدا بار شۇنداق بىر ناخشام» ناملىق 10 قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى ۋە «مۇزتاغ ئېتىكىدە» ناملىق 7 قىسىملىق مەخسۇس فىلىم ئىشلىدى ھەمدە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىدا كۆرسەتتى.

بى بىن، ۋېي چۈن

## خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش

2003 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرى 21 مىڭ كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئوخشاش زور خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىشقا 25 قېتىم قاتناشتى. بولۇپمۇ «24 - فېۋرال» مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردا 6.8 بال قاتتىق يەر تەۋرىگەن، «2 - سېنتەبىر» ئاقتۇدا يەر تەۋرىگەن، «1 - دېكابىر» موڭغۇلكۈرەدە 6 بال يەر تەۋرىگەن، «21 - سېنتەبىر» شىزاڭنىڭ شىمالىدىكى ئادىمزاتسىز رايوندا جۇڭگو مۇخبىرلىرى تەكشۈرۈش ئەترىتى قېيىنچىلىققا يولۇققان زور ئاپەتلەر يۈز بەرگەندىن كېيىن، ھەربىي رايون 2404 ئوفىتسېر - ئەسكەر، 5551 خەلق ئەسكىرى، 300 دىن ئارتۇق ئاپتوموبىل، 2 تىك ئۇچار ئايروپىلان ئاجرىتىپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشتۇردى. ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا 13 مىڭ 14 چېدىر تىكتى، 23 مىڭ 470 ئېغىز ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆيىنى ئادالىدى، 197 مىڭ 400 يۈەن نەق پۇل (پۇل چېكى)، 400 نەچچە دانە (يوتقان) قىممەتلىك بۇيۇم، 355.55 توننا ئاشلىق، 700 نەچچە يوتقان - كۆرپە، يۆرۈش پارتا - ئورۇندۇق، 40 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ۋە 70 نەچچە مىڭ دانە باشقا بۇيۇمنى تاپتى. 2153.35 توننا ماددىي ئەشيا توشۇدى، 17 مىڭ نەچچە دانە چېدىر، 15 مىڭ نەچچە دانە چىراغ، 7000 توننىدىن ئارتۇق كۆمۈر يەتكۈزۈپ بەردى. ئاپەتكە ئۇچرىغان 23 باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 207 مىڭ كۋادرات مېتىر يېرىنى تۈزلەپ بەردى. 36 چوڭ ئوپېراتسىيە ئىشلىدى، 100 دىن ئارتۇق ئېغىر ياردارنى، 1600 دىن ئارتۇق كېسەل، ياردارنى قۇتقۇزدى ۋە داۋالىدى. 6200



2003 - يىل 2 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مەلۇم پىيادە ئەسكەرلەر شىسى مارالبېشى، پەيزاۋاتنىڭ يەر تەۋرىگەن رايونلىرىدا ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى قۇتقۇزدى.

چېن شۆخەي فوتوسى

نەچچە ئادەم (قېتىم)نىڭ كېسىلىنى سەييارە تەكشۈرۈپ داۋالىدى. 2 كىلومېتىر سۇ ئامبىرى توسمىسىنى پۇختىلاپ، 420 نەچچە يەردىكى چوڭ - كىچىك تۆشۈكنى ئەتتى.

جۇ يۇجۈن، گو ۋېي

## خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس قىسىملىرىنىڭ خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئەھۋالى

2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردا 6.8 بال قاتتىق يەر تەۋرىدى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس قىسىملىرىدىكى ئوفىتسېر- ئەسكەردىن 14 مىڭ 976 ئادەم (بۇنىڭ ئىچىدە خەلق قوراللىق بۆلۈم كادىرى ۋە مەخسۇس كادىرى 447)نى تەشكىللەپ، ھەر خىل قۇرۇلۇش ماشىنا - ئاپتوموبىلدىن 200 نەچچىنى ئاجرىتىپ، ئاپەت رايونىغا ئەۋەتىپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە قاتناشتۇردى. ئاپەتكە ئۇچرىغانلاردىن 822 ئائىلىنى كۆچۈردى، 4840 نەچچە ئېغىز خەتەرلىك ئۆيىنى ئادالىدى، 320 نەچچە چېدىر تىكتى، 290 نەچچە تەۋرىنىشكە چىدامىلىق لاپاس ياسىدى، 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنى قۇتقۇزدى، 100 نەچچە ياردارنى يۆتكىدى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدە 6 بال يەر تەۋرىدى. ئىلى شۆبە ھەربىي رايونى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 4 - شىسىنىڭ خەلق قوراللىق بۆلۈمى زاپاس خەلق ئەسكەرلىرىدىن 2593 ئادەم (قېتىم)نى، 150 ئاپتوموبىلنى تەشكىللەپ ئاپەت رايونىغا ئەۋەتىپ، خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە قاتناشتۇردى. ئۇلار ئاپەتكە يولۇققان، يارىلانغان ئىشچى - خىزمەتچى، ئاممىدىن 54 كىشىنى

قۇتقۇزدى، 329 چېدىر تىكتى، 477 مەش ئورناتتى، 609 ئائىلىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن 1842 ئېغىز ئۆيىنى ئادالىدى، 32 مىڭ 705 يۈەن نەق پۇلنى كولاپ تاپتى، 670 نەچچە مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي ئەشيانى قۇتقۇزدى، 1300 توننا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشياسىنى توشۇدى، 173 ئىسسىق قوتان ياسىدى.

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كەچتە نىلقا ناھىيىسىنىڭ كىبلەك يېزىسى، نىلقا بازىرىدا تۇيۇقسىز قارا يامغۇر يېغىپ چوڭ كەلكۈنگە ئايلاندى، 540 كەنت ئاھالىسى ئاپەتكە ئۇچرىدى، 19 ئادەم ئۆلدى، 1390 نەچچە ئېغىز ئۆي خەتەرلىك ئۆيگە ئايلاندى، 420 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 1600 گېكتار ئېتىز ۋەيران بولدى، 1560 تۇياق چارۋا، 18 مىڭ 131 ئۆي قۇشى ئۆلدى، «315» - ئۆلكە تاشيولىنىڭ 6 كىلومېتىر قىسمىنىڭ يۈزى ۋەيران بولدى. نىلقا ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خەلق قوراللىق بۆلۈمى خەلق ئەسكەرلىرى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش شۆبە ئەترىتىدىن 122 ئادەم (قېتىم)، 18 چوڭ - كىچىك ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىپ ئۇدا 21 سائەت ئېلىشىش ئارقىلىق 500 نەچچە ئائىلىدىكى 2000 دىن ئارتۇق ئاممىنى يۆتكىدى، قاپسىلىپ قالغان 437 ئاممىنى قۇتقۇزدى، 1300 نەچچە ھەر خىل ئەشيانى قۇتقۇزۇۋالدى، كەلكۈندىن ۋە ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان ئۆيلەردىن 23 ئادەمنى قۇتقۇزۇپ چىقتى.

رېن فېڭلى

## ئاممىۋى خىزمەت

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 2003 - يىلى ھەربىي قىسىم ۋە زاپاس خەلق ئەسكەرلىرىدىن 940 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم)، 23



**2003 - يىل 1 - ماي بايرىمى مەزگىلىدە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم قىسمىنىڭ ئامبۇلاتورىيىسىدىكى دوختۇر - سېستىرالار شۇ جايدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈردى.**
**چېن شۆخەي فوتوسى**

مىڭ ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىپ «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش»، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىششىقا ئورۇنلاشتۇرۇش، قايتا ئىششىقا ئورۇنلاشتۇرۇش باغچىسى قۇرۇلۇشى قاتارلىق 29 تۈرلۈك نۇقتىلىق قۇرۇلۇشقا ياردەم بەردى، يەرلىك ئورۇنلارغا 7000 ئىش ئورنى ھەل قىلىپ بەردى، ئاز كەم 10 مىليون يۈەن مەبلەغ تېجەپ قالدى.

قىسىملارنى تەشكىللەپ تەكلىماكان قۇملۇقىنى بويلاپ قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش - كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى، يامالىق ئېغىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق چوڭ كۆكەرتىش قۇرۇلۇشلىرىغا قاتناشتى، 2 مىليون 640 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكتى، كۆكەرتكەن كۆلەم 6506.67 گېكتارغا يەتتى.

9 مىليون يۈەندىن كۆپرەك پۇل ئىئانە قىلىپ، 2380 نەچچە ئائىلىدىكى 38 مىڭ نامرات ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى. 10 «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپىگە ياردەم بېرىپ 2800 دىن ئارتۇق ئوقۇشتىن قالغان ئوقۇغۇچىنى مەكتەپكە قايتىپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونلارغا 5 مىليون يۈەندىن كۆپرەك پۇل ئىئانە قىلىپ 8 خەلقنى سۆيۈش «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇپ بەردى.

ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە بەرپا قىلىش، ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەھەر (ناھىيە) لەرنى بەرپا قىلىش ۋە ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. مەملىكەتلىك ئىككىنى ھىمايە قىلىش ئىشخانىسىغا كۆرسەتكەن 12 ناھىيە (شەھەر) گە نام بېرىلدى ۋە تەقدىرلەندى. ھەربىي رايوننىڭ 1286 ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە بەرپا قىلىش نۇقتىسىنىڭ %90ىنى ناھىيىدىن يۇقىرى ئورۇنلار مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن دەپ باھالىدى.

چۇەن بىڭ

## تۆمۈريول قوغداش بويىچە بىرلەشمە مۇداپىئە خىزمىتى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى

ئاپتونوم رايون 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شىنجاڭدا تۆمۈريول قوغداش بىرلەشمە مۇداپىئەسى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەش، تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، بىڭتۇەن رەھبەرلىرى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، خەلق ئەسكەرلىرى تۆمۈريول قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەر، شۆبە ھەربىي رايونلارنىڭ رەھبەرلىرى، بىڭتۇەننىڭ شى (ئىدارە) لىرى، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى خەلق قوراللىق

بۆلۈملىرىنىڭ رەھبەرلىرى، تۆمۈريول قوغداش ئىشخانىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ھەممە تۆمۈريول قوغداش خىزمىتىدىكى ئىلغار گورۇن، ئىلغار شەخسلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 300 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىندا 10 يىلدىن بۇيانقى تۆمۈريول قوغداش بىرلەشمە مۇداپىئە خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرى خۇلاسىلەندى، تۆمۈريول قوغداش بىرلەشمە مۇداپىئە خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، تۆمۈريول قوغداش خىزمىتىدىكى 20 ئىلغار گورۇن ۋە 100 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ قوماندانى چيۇ يەنخەن قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشتى، ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى.

رېن فېڭلې

## ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى كۆكەرتىش خىزمىتى بويىچە تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرىنىڭ يەرلىكنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە قاتنىشىش ۋە ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇردى، «ئۈچ قاقاس» نى ئۆزگەرتىپ ئورمان بەرپا قىلىشقا 684 مىڭ يۈەن، كۆكەرتىشكە 540 مىڭ يۈەن يىللىق خىراجەت ئاجرىتىپ بەردى، ۋەزىپىنى 230 گېكتار قىلىپ بەلگىلىدى. «يېشىل گازارما رايونى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى يولغا قويدى، تۆەندىن يۇقىرى %90 ئورۇن مەملىكەت بويىچە باغۋارانلىق گازارما، ئارمىيە بويىچە گۈلزارلىق گازارما ۋە كۆكەرتىشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرىنىڭ كۆكەرتكەن گازارما كۆلىمى 3066.7 گېكتارغا يەتتى، 80 نەچچە خىل گۈل - گىياھ، كۆچەت ئۆستۈردى. گازارما ئەتراپىغا 5 مىليون 130 نەچچە مىڭ تۈپ كۆچەت تىكتى، شىدىن يۇقىرى 3 ئورۇننىڭ گازارمىسى ئارمىيە بويىچە 2003 - يىللىق «يېشىل گازارما» ئورۇن دەپ تەقدىرلەندى.

جاڭ خۇڭيىڭ

## ئارمىيىنىڭ يىراق مۇساپىلىك مېدىتسىنا ئۇچۇر تورى سىستېمىسى قۇرۇلدى

لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى 2000 ~ 2003 - يىلغىچە 6 مىليون 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ ئارمىيە داۋالىنىش ئىسلاھاتى كارتوچكىسى بىلەن دوختۇرغا كۆرۈنۈش يۇمشاق دېتال قوللاش سىستېمىسىنى قۇراشتۇردى ۋە ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئارمىيىنىڭ يىراق مۇساپىلىك مېدىتسىنا ئۇچۇر تورى سىستېمىسى پۈتۈپ ئىچىملغاندىن كېيىن، مۇشۇ سىستېما ئارقىلىق 4 قېتىم يىراقتىن دىئاگنوز قويۇلدى، 20 نەچچە قېتىم يىراقتىن لېكسىيە سۆزلەندى، يىراقتىن دەرس ئاڭلاش 40 قېتىمدىن ئاشتى. ئامبۇلاتورىيە دوختۇرلىرى خىزمەت پونكىتىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى نۇقتىدا سىناق قىلىندى، دوختۇرخانىنىڭ تور سىستېمىسى ۋە سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، كادىرلار كېسەل رايونى دوختۇرلار خىزمەت پونكىتى دېتالىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، سۇپەت باشقۇرۇش بۆلۈمى، كېسەللىك ئارخىپىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش بۆلۈمىگە كېسەللىك ئارخىپىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش پروگراممىسى ئورنىتىلىپ، كېسەللىك ئارخىپىنىڭ سۈپىتىنى ھەر ۋاقىت توردا كۆزىتىپ تورۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ھەربىي رايون ئاپتونوم رايون، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە بىڭتۇەننىڭ ئىجتىمائىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئاپپاراتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى يۇمشاق دېتال پروگراممىسىنى يېڭىلىدى.

ياڭ زىڭبىڭ

## ئېگىزلىكتە ئىشلىتىلىدىغان يېڭى تىپلىق ھەربىي قۇرۇلۇش ماشىنىسىنىڭ ماسلىشىشچانلىقى سىناق قىلىندى

2003 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى نۇقتىلىق يۆنىلىشتىكى قۇرۇلۇش جابدۇقلىرىنىڭ ئېگىز، سوغۇق جايلاردا ئورۇش قىلىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئېگىزلىكتە ئىشلىتىلىدىغان يېڭى تىپلىق قۇرۇلۇش ماشىنىسىنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى سىناق قىلدى. باش قورال-جابدۇق بۆلۈمى ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونى خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن بىرلىكتە قونجىراپ، قاراچى جىلغىسى ۋە 30 چاقىرىملىق گازارما رايونىدا تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئارقىلىق يولغا قويۇش لايىھىسىنى بېكىتتى. دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىر ئېگىز جايدا 15 خىل تىپتىكى 31 دانە چوڭ تىپلىق قۇرۇلۇش ماشىنىسىنى سىناق قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى.

ياڭ خۇڭلى

## ئىلمىي تەتقىقات ۋە تېخنىكا يېڭىلاش

2003 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قورال - جابدۇق تېخنىكىسىنى يېڭىلاش خىزمىتىدە زور بۆسۈش ھاسىل قىلدى. 28 تۈر ئارمىيىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 2 تۈر ئارمىيىنىڭ 2 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا كۆرسىتىپ

بوللاندى. باش شتاب 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ هەربىي رايونى تەتقىق قىلىپ ياسىغان GY6730X تىپلىق چېگرا چارلاش ئاپتوموبىلىنى ئاز مىقداردا تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقاردى ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ چېگرا مۇداپىئە 1 ـ سېپىدىكى قىسىملارغا سەپلەپ بەردى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش ئورنى تەتقىق قىلىپ ياسىغان چېگرا، دېڭىز مۇداپىئەسىدە ئىشلىتىلىدىغان قىسقا دولقۇنلۇق تېلېگراف ئاپپاراتىنى كۆپ كەسىپ بويىچە ئۇلاش ئېغىزىنى ئالماشتۇرۇش ئەسۋابى، ھەربىي رايون خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرۈش تېخنىكىسى چوڭ ئەترىتى تەتقىق قىلىپ ياسىغان تەقلىدىي ئېگىزلىكتە مەشىق قىلىش ئەسۋابى لەنجۇ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن كېڭەيتىپ سىناق قىلىنىدىغان ۋە ئومۇملاشتۇرۇلىدىغان مەھسۇلات قىلىپ بېكىتىلدى.

دۇ سۇڭيۇڭ، دىڭ شېڭخۇا

## خىزمەت كۆرسەتكەن ئورۇن ۋە شەخسلەر

2003 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى مائارىپ، تەلىم-تەربىيە، خىزمەت قاتارلىق تۈرلۈك ۋەزىپىلەردە نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان ئورۇن ۋە شەخسلەرگە تۆھپە يازدى. بۇنىڭ ئىچىدە مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش لېيەنى، «69234» قىسمىنىڭ 76 ـ شۆبە قىسمى، «69240» قىسمىنىڭ 13 ـ شۆبە قىسمى، «69245» قىسمىنىڭ 53 ـ شۆبە قىسمى، «69348» قىسمىنىڭ 57 ـ شۆبە قىسمىغا كوللېكتىپ 1 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى. «69225» قىسمىنىڭ 52 ـ شۆبە قىسمى، «69220» قىسمىنىڭ 51 ـ شۆبە قىسمى، «69243» قىسمىنىڭ 58 ـ شۆبە قىسمى، «69250» قىسمىنىڭ 71 ـ شۆبە قىسمى، «69006» قىسمىنىڭ 66 ـ شۆبە قىسمى، «69223» قىسمىنىڭ 84 ـ شۆبە قىسمى، «69231» قىسمىنىڭ 72 ـ شۆبە قىسمى، «69230» قىسمىنىڭ 43ـ شۆبە قىسمى، «69340» قىسمىنىڭ 73 ـ شۆبە قىسمى، «69009» قىسمىنىڭ 64 ـ شۆبە قىسمى، «69028» قىسمىنىڭ 2 ـ شۆبە قىسمى، «69349» قىسمىنىڭ 64 ـ شۆبە قىسمىغا كوللېكتىپ 2 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى. ئالىي شۆبە ھەربىي رايونىدىكى لېيەنجاڭ ليۇ چاڭفېڭ، ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسىنىڭ ۋراچى ۋاڭ چېنشى، «69246» قىسمىدىكى لېيەن دەرىجىلىك مۇدىر ما لېيغا 1 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى. «69230» قىسمىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى شىن خۇڭبو، مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يۇچىڭ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قورال ـ جابدۇق بۆلۈمى قورال ـ ياراغ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۇ تاۋ، ھەربىي رايون قوماندانلىق شتاب مەخپىي رېمونتخانىسىنىڭ ئىنژېنېرى دۇڭ سۇمىڭ، ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانا سېستىرالار بۆلۈمىنىڭ ياردەمچىسى ۋاڭ ئەي، «69028» قىسمىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى فېڭ شاۋجۇڭ، «69008» قىسمىدىن جۇ يىڭجيې، «69009» قىسمىدىن لى فۇچياڭ، ھەربىي رايون قوماندانلىق شتابىنىڭ تەشۋىقات خادىمى جيا چىلۇڭ، ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمى تەشۋىقات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن تۇەن دەرىجىلىك خادىمى لى شياڭ، ھەربىي رايون بىرلەشمە لاۋازىمات بۆلۈمى ئاپتوماتلاشتۇرۇش خىزمىتى پونكىتىنىڭ ياردەمچى ئىنژېنېرى داڭ چېڭخۇا، ھەربىي رايون قورال ـ جابدۇق بۆلۈم قۇرۇلۇش ئەسكەرلىرى براڭ قىلىنغان تىزگىنلەپ پارتلىتىش سايمانلىرىنى كۆيدۈرۈپ يوقىتىش پونكىتىنىڭ باشلىقى خەن بومىڭلارغا 2 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى.

يى ئافېڭ

## يېڭىدىن ئۆلچەنگەن دۆلەت چېگرىسى بويىچە ئىگىلىك ھوقۇق ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقى يۈرگۈزۈلدى

دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى، باش شتابنىڭ «جۇڭگو ـ قازاقىستان چېگرىسىدا يېڭىدىن ئۆلچەنگەن دۆلەت چېگرىسى بويىچە ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقى يۈرگۈزۈش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو ـ قازاقىستان دۆلەت چېگرىسىنى ئۆلچەش كېلىشىمى» نىڭ روھىغا ئاساسەن شىنجاڭ ھەربىي رايون ئورگىنى 2003ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ جۇڭگو ـ قازاقىستان چېگرىسىنى ئۆلچەش ئىشخانىسىنىڭ چاغانگوبى، تارباغاتاينىڭ غەربى، ئالاتاۋ ئېغىزى قاتارلىق ئىلگىرىكى تالاش ـ تارتىشتىكى رايونلاردا دۆلەت چېگرىسىنى يېڭىدىن ئۆلچەشكە ئادەم قاتناشتۇردى. 10ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى لى شىنگۇاڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ ئىلى شۆبە ھەربىي رايونىغا بېرىپ، يېڭى دۆلەت چېگرىسى بويىچە ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ۋە چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ نۇقتا بەلگىلەپ ئورۇنلىشىش مەسىلىسى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگو ـ قازاقىستان يۆنىلىشىدىكى چېگرا ئۇچرىشىش ـ سۆھبەتلىشىش پونكىتىدا قازاقىستان تەرەپنىڭ چېگرا مۇداپىئە ۋەكىللىك ئاپپاراتى تەكلىپ قىلىنىپ، ئىككى تەرەپنىڭ يېڭى دۆلەت چېگرىسى بويىچە ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقى يۈرگۈزۈش ئىشى ھەققىدە 15 قېتىم ئۇچرىشىلدى ۋە سۆھبەتلىشىلدى؛ جۇڭگو ـ قازاقىستان

يۆنىلىشىدىكى چېگرا مۇداپىئە شۆبە ھەربىي رايونى، چېگرا مۇداپىئە تۇەنلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئادەم باشلاپ، مۇداپىئە رايونىدىكى پېگى دۆلەت چېگرىسىدا تۈنجى قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق يۈرگۈزۈشنى باشلىغانلىقىغا سىمۋول بولىدىغان چېگرا مۇداپىئە چارلىشى ئېلىپ باردى. قورغاس دەرياسى مەنبەسى ۋە ئاقتاپا دەرياسى مەنبەسى ئەتراپىدىكى تالاش - تارتىشتا قالغان رايونلاردا يول يوقلۇقى تاغنى قېلىن قار قاپلىۋالغانلىقى سەۋەبىدىن كىرىش مۇمكىن بولمىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغان تالاش - تارتىشتىكى رايونلاردا دوستانە، تىنچ ئۆتكۈزۈۋېلىش، بۆلەكلەرگە ئايرىپ، تېز باشقۇرۇش، تىزگىنلەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ۋاڭ جىيالىڭ

## جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىنى ئۆلچەش خىزمىتى

جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرا ئۆلچەش بىرلەشمە ھەيئىتىنىڭ 5 - قېتىملىق مۇتەخەسسىسلەر يىغىنى 2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 — 25 - كۈنىگىچە قىرغىزىستان پايتەختى بىشكەك شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىنىڭ قىسمەن ئۆلگە خەرىتىسىنىڭ باسما نۇسخىسى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى. جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرا ئۆلچەش بىرلەشمە ھەيئىتىنىڭ 1 - گۇرۇپپىسى 6 - ئاينىڭ 23 — 28 - كۈنىگىچە قىرغىزىستان چېگرىسىدىن ئىلگىرى تالاش - تارتىشتا قالغان ئۆزۈنتۆش دەرياسى مەنبەسى رايونىغا كىرىپ، بۇ رايوننىڭ دالىدا قوزۇق قېقىش خىزمىتىنى نەق مەيداندا ئالدىنئالا قەدەملەپ ئۆلچەپ ھەر خىل تەييارلىقلارنى ئالدىن ئىشلىدى. جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرا ئۆلچەش بىرلەشمە ھەيئىتىنىڭ 1 - گۇرۇپپىسى ئۆزۈنتۆش دەرياسىنىڭ مەنبە رايونىغا كىرىپ 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە قوزۇق قېقىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىپ، 9 چېگرا بەلگىسى ئورناتتى، 20 قوزۇق قاقتى. بۇنىڭ بىلەن 2001 - يىلى باشلانغان جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىنى دالىدا ئۆلچەش مەشغۇلاتى ۋەزىپىسى تولۇق ئورۇندىلىپ 105 چېگرا بەلگىسى ئورنىتىلدى، 121 قوزۇق قېقىلدى. 8 - ئاينىڭ 15 — 29 - كۈنىگىچە جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرا ئۆلچەش بىرلەشمە ھەيئىتىنىڭ 7 - قېتىملىق يىغىنى بىشكەكتە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىنىڭ 5 پارچە ئۆلگە خەرىتىسىنىڭ باسما نۇسخىسى (ئوتتۇرا بۆلەك قىسمى) ھەمدە «جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىنى ئۆلچەش ھەققىدىكى كېلىشىم»نىڭ دۆلەت چېگرىسىنىڭ يۆنىلىشى ۋە چېگرا بەلگىسىنىڭ ئورنى بايان قىلىنغان قىسمى تەكشۈرۈلدى ۋە ئىمزا قويۇلدى، جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىنىڭ 10 ئۆلگە خەرىتىسىنىڭ باسما نۇسخىسى ئالماشتۇرۇلدى. جۇڭگو - قىرغىزىستان ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ 9 - ئاينىڭ 5 — 12 - كۈنىگىچە چېگرا ئۆلچەشنىڭ دالا خىزمىتىنى ئۇقتىلىق ھالدا ئارىلاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، 17 چېگرا بەلگىسى، 20 قوزۇق تەكشۈرۈلدى. 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە جۇڭگو- قىرغىزىستان چېگرا ئۆلچەش بىرلەشمە ھەيئىتىنىڭ 6 - قېتىملىق مۇتەخەسسىسلەر يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىنىڭ ئۆلگە خەرىتىسىنىڭ باسما نۇسخىسى داۋاملىق تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى ھەمدە مۇناسىپ ھالدا «جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىنى ئۆلچەش كېلىشىمى» يېزىپ چىقىلدى. 12 - ئايدا جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرا ئۆلچەش بىرلەشمە ھەيئىتىنىڭ 8 - قېتىملىق يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى.

جىن لىبى

## تاشقى ئىشلار ئالاقىسى

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى چېڭ بىڭ جۇڭگو تەرەپ ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ 8 ئەزاسى بىلەن بىرگە قازاقىستانغا بېرىپ، 2003 - يىل 4- ئاينىڭ 14 — 18 - كۈنىگىچە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت قوراللىق كۈچلىرىنىڭ بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىرىنىڭ 1 - قېتىملىق مۇتەخەسسىسلەر سۆھبىتىگە قاتناشتى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى چېڭ بىڭ جۇڭگو تەرەپ ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ 9 ئەزاسى بىلەن بىرگە 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى چيۇ يەنخەن لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى لى چيەنيۈەن باشچىلىقىدىكى 5 كىشىلىك كۆرەك ئۆمىكى تەركىبىدە قازاقىستانغا بېرىپ 8 - ئاينىڭ 5 — 8- كۈنىگىچە «بىرلەشمە — 2003» مانېۋىرىنىڭ 1 - باسقۇچلۇق مانېۋىرىغا قاتناشتى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى يۈ لىنشياڭ باش سىياسىي بۆلۈم دوستلۇق ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەركىبىدە 9 - ئاينىڭ 2 — 15 - كۈنىگىچە بېلورۇسىيە، ۋېنگرىيەلەردە زىيارەتتە بولدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ شتاب باشلىقى جاڭ شىمىڭ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ چېگرا مۇداپىئە ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ 11 - ئاينىڭ 17 — 21 - كۈنىگىچە

قازاقىستاندا زىيارەتتە بولدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە قازاقىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى خەلقئارا ھەربىي ھەمكارلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىشىنجارىيېۋ شاڭشياۋ باشچىلىقىدىكى 8 كىشىلىك ئوفىتسېرلار ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدى.

«بىرلەشمە — 2003» ھەربىي مانېۋىرىنىڭ 3 - قېتىملىق مۇتەخەسسىسلەر يىغىنى 7 - ئاينىڭ 10 — 12 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭ ئىلىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا قازاقىستان شەرق ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى گۈئاتوف شاۋجياڭ باشچىلىقىدىكى 2 كىشى، قىرغىزىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن باش شتاب باشلىقى مولدىشېۋ شاڭشياۋ باشچىلىقىدىكى 3 كىشى، روسىيە فېدېراتسىيىسى باش شتاب ئورۇش قىلىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىلياسوف شاڭشياۋ قاتارلىق كىشىلەر قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەر شەكلىنى بىرلىكتە ئۆلچەش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى.

قازاقىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى بوسىبىروف شاۋجياڭ قازاقىستان تەرەپنىڭ ئالاقىدار خادىملىرىدىن 26 كىشىنى، قىرغىزىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى توپويېۋ شاڭجياڭ قىرغىزىستان تەرەپنىڭ ئالاقىدار خادىملىرىدىن 49 كىشىنى، روسىيە فېدېراتسىيىسى ۋولگا بويلىرى ئۇرال ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى بارانوف شاڭجياڭ روسىيە تەرەپنىڭ ئالاقىدار خادىملىرىدىن 16 كىشىنى، تاجىكىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى خەيرۇللايېۋ شاڭجياڭ تاجىكىستان تەرەپنىڭ ئالاقىدار خادىملىرىدىن 9 كىشىنى باشلاپ جۇڭگوغا كېلىپ 8 - ئاينىڭ 9 — 13 - كۈنىگىچە «بىرلەشمە — 2003» مانېۋىرىغا قاتناشتى.




**2003 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم چېگرا مۇداپىئە تۇەنىنىڭ ئالاتاۋ چېگرا مۇداپىئە لېنىيىسى يېڭى بېكىتىلگەن جۇڭگو - قازاقىستان چېگرىسىدا ئىگىلىك ھوقۇقى يۈرگۈزۈش بويىچە تۇنجى تەكشۈرۈش - چارلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.**

**سۈرەتنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەمىنلىگەن.**

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى چېڭ بىڭ باش ئارقا سەپ - تەمىنات بۆلۈمى تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى ئۇنىۋېرسال ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ شىيىن بىلەن بىرلىكتە 9 - ئاينىڭ 5 — 7 - كۈنىگىچە ئالاتاۋ ئېغىزىدا قازاقىستان ئارمىيىسىگە ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايون قوماندانلىق شتابى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى يۈبىڭ قاتارلىق 5 كىشى باش شتاب تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ ئوقۇتۇرۇشىغا ئاساسەن، جۇڭگو دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە ۋاكالىتەن تاجىكىستانغا بېرىپ 9 - ئاينىڭ 27 — 29 - كۈنىگىچە ھەربىي ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى ۋاڭ بېيخۇي جۇڭگو دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە ۋاكالىتەن 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تورغات ئېغىزىغا بېرىپ قىرغىزىستانغا ھەربىي ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى.

ساۋ يۇگۇاڭ

## بوز يەر ئاچقۇچى قىسىملار قورۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى دۆلەت ۋە ئارمىيە قورۇلۇشىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىغا تور قىلىپ كىرگۈزۈلگەن «بوزيەر ئاچقۇچى قىسىملارنىڭ قورۇلۇشى ۋە تەرەققىيات مەسىلىسى ھەققىدىكى تەتقىقات» تېمىسىنى تاماملاپ، 19 ئورۇندىكى ئۇل مۇئەسسەسە قورۇلۇشىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ 17 سىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قورۇلۇشى تاماملاندى، قىسمەن ئورۇنلار يېڭى گازارمىلارغا كۆچۈپ كىردى. گازارمىنىڭ قورۇلۇش كۆلىمى 44 مىڭ 564 كۋادرات مېتىر، قورۇلۇش مەبلىغى 70 مىليون 950 مىڭ يۈەن بولۇپ، 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن باشلاپ خەۋەردار چاقىرىش- خەۋەردار چىقىش خىزمىتى تاماملىنىپ، 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئومۇميۈزلۈك قورۇلۇش باشلاندى، 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاساسىي گەۋدە قورۇلۇشى تولۇق پۈتتى. 2004 - يىل 6 - ئايدا ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇش پىلانلاندى.

جۇ شۇشىڭ

# شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى

## قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى

### قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش ئەترەت باشلىقى: مېي شىگرۇن (شاۋجياڭ، 11 -

ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، پەن چاڭجيې (داشياۋ، 11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

1 - سىياسىي كومىسسارى: جاڭ شيۇمىڭ (قوشۇمچە، 9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ليۇ ياۋخۇا (قوشۇمچە، 9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كومىسسار: شۈ تيەنيۇ (شاۋجياڭ).

مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقلىرى: ئىبزىز ھېبىت (داشياۋ)، سۈي شياڭرۇڭ (داشياۋ، 1 - ئايدا ئومۇمىنىڭ ئىشى بىلەن قۇربان بولدى)، لى ياڭ (داشياۋ، 10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چى باۋۋېن (داشياۋ)، سۈي شولى (داشياۋ)، ئەنۋار ھوسەن (داشياۋ، 10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: گو جيافا (داشياۋ)، تاڭ ۋەنشۈن (داشياۋ)، جۇ جيەنپىڭ (داشياۋ).

## ئۆرۈش تەييارلىقى - ۋەزىپە ئىجرا قىلىش

2003 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى ئۇرۇش تەييارلىقى - ۋەزىپە ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ يېڭى يۈزلىنىشىگە بېقىندىن دىققەت قىلىپ تەسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەپ، نىشانلارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مەركىزىي ۋەزىپىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى باش ئەترەت 12



2003 - يىل 8 - ئايدا قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ قىسمەن ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىرىغا قاتناشتى.

سۈرەتنى قوراللىق ساقچى قىسىم باش ئەترىتى تەمىنلىگەن.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملار ۋە زاپاس (شۆبە) قىسىملارنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقىنى تەكشۈردى ۋە ئۇلارنى مەشىق قىلدۇردى. 5 -، 7-، 9 -، 11 - ئايلاردا شىدىن يۇقىرى رەھبەرلەر بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى بىر - بىرلەپ تەكشۈردى ۋە يېتەكلىدى. «24 - فېۋرال» مارالبېشى، پەيزاۋات ئەتىكى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا 650 نەپەر ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن 872 ئېغىز ئۆينى ئادالىدى، 100 دىن ئارتۇق چېدىر تىكتى، 140 نەپەر تونىنا ماددىي ئەشيا توشۇدى. «29 - ئاپرېل» ش ئۇ ئا ر پاختا. چېگە ئىسكىلاتىدا ئوت ئۆچۈرۈش ۋە سارىس مەزگىلىدىكى خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، تەسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، جىنايەت گۇماندارلىرىنىڭ قېچىشىنى توسۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىدى.

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ «بىرلەشمە — 2003» تېررورلۇققا قارشى مانېۋىرى ۋە ئارمىيىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەلىم - تەربىيە دەرسى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مانېۋىرىغا قاتنىشىپ، ئازادلىق ئارمىيە باش شتابى، قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. مەركەز رەھبەرلىرى ۋە چەت ئەل دۆلەت باشلىقلىرى شىنجاڭغا كەلگەندىكى زور قوغداش ۋەزىپىلىرى ۋە ئېتىش، يالاش، يالاپ توشۇش، چارلاش قاتارلىق ۋاقىتلىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىدى، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش خىزمىتىدە ئۇدا 6 يىل ھادىسە سادىر قىلمىدى.

لۇ جىچياڭ

## باشقۇرۇش خىزمىتى

2003 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى مېي شىڭرۇن، سىياسىي كومىسسارى شۈ تيەنيۇلار ھەر دەرىجىلىك مەسئۇل ھەربىي، مەمۇرىي ئوفىتسېرلار بىلەن شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ «بەش نۇقتىلىق مەسىلە»سىنى چوڭقۇر ھەل قىلىش خىزمىتى بويىچە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىدى. باش ئەترەت «مەڭگۈ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى بولۇش» ئاساسىي تېما قىلىنغان تەربىيە پائالىيىتى ۋە «ئەسكەرلەرگە ھەقىقىي كۆيۈنۈش، مەدەنىي يېتەكلەش، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش» پائالىيىتى ئېلىپ باردى. باش ئەترەتنىڭ بەلگىلىمىسىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ قورال - ئوقلارنى بىخەتەر باشقۇرۇش ۋە ئاپتوموبىللارنى بىخەتەر باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتتى. كۇرس ئېچىپ قىسىملاردىكى ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقلىرى ۋە قورال-ياراغ باشقۇرغۇچىلارنى تەربىيىلىدى، 32 لاياقەتسىز قورال-ياراغ باشقۇرغۇچىنى ئالماشتۇردى. شوپۇرلارنى 20 كۈن مەخسۇس توزەپ تەرتىپكە سېلىپ، 26 لاياقەتسىز شوپۇرنىڭ پراۋىسىنى بىكار قىلدى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا باش ئەترەت «بىخەتەرلىك خىزمىتى قوللانمىسى»نى تۈزۈپ تارقاتتى. 3 - پەسىلدە ئاسان ھادىسە كۆرۈلىدىغان ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، 100 كۈنلۈك بىخەتەرلىك مۇسابىقىسى پائالىيىتىنى يولغا

قويدى. 10 - ئايدا باش ئەترەت 3 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ باشقۇرۇش تەربىيىسى يىغىنى ئېچىپ، باش شتاب باشقۇرۇش تەربىيىسى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، قىسىم باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلدى، باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. بىر يىلدا 3 قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ بىخەتەرلىك خىزمىتىنى تەكشۈردى. گارنىزون تەرتىپ ساقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان 45 كىشىنى، 40 نەچچە ئاپتوموبىل (قېتىم) نى تەكشۈردى، بىر ساختا قوراللىق ساقچىنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلدى. كەنجى ئوفىتسېرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، 4500 دىن ئارتۇق كەنجى ئوفىتسېرنى تەربىيىلىدى.

ۋاڭ لىگۇي

## ھەربىي تەلىم - تەربىيە

2003 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى تېزىس بويىچە تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى چىڭ تۇتتى، ۋەزىپىنى باشلامچى قىلىپ قىسىملارنىڭ تەلىم - تەربىيىنى تەشكىللەش، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ۋە قوماندانلىق قىلىش، تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى قىسىملار ۋەزىپە ئىجرا قىلىش بىلەن تەلىم - تەربىيىنى ئالماشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىشنى داۋاملىق تۇتتى. زاپاس قىسىملار تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەلىم - تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، قىسىمنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى. 2 — 9 - ئايغىچە ئايروپىلان بۇلاشقا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرا ئەترەتلىرىنى يىغىپ تەربىيىلىدى، بۇ ئوتتۇرا ئەترەتلەر باش شتابنىڭ سىنىقىدا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى. ئالاھىدە تۇرۇش قىلغۇچى «ئىككى پەي» مەشىق قىلدۇرۇش-مۇسابىقىلەشتۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، يەنە ئالاھىدە خادىملار قورال - جابدۇقى بويىچە يىغىپ تەربىيىلەش، 3 بۆرجەكلىك قاناتلىق رازۋېدكا ئايروپىلانلىرىنىڭ ئۇچقۇچىلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەش، قۇرۇلۇش قىسىم جەڭچىلىرى (پارتلاتقۇچىلىرى) نى يىغىپ تەربىيىلەش، يامىشىش تايانچىلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، قىسىملارغا ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ بەردى. 1 - ئايدا دۆلەت مۇداپىئە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 3 مۇتەخەسسىسنى باش ئەترەتكە كېلىپ مەخسۇس نەزەرىيە لېكسىيىسى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئايروپىلان بۇلاشقا قارشى تۇرۇش، قوغدىلىدىغان مۇھىم نىشانلاردا تويۇقسىز ھۇجۇمغا قارشى تۇرۇش، مەھەللىلەردە «نۇقتىنى ئاقتۇرۇش» تۇرۇشى، ئايروپىلان بۇلاشقا قارشى تۇرۇش قاتارلىق 4 تۈر بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مانېۋىر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

لۇ جىنچۈەن

## ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى ئاساسىي قاتلامدىكى ئۆستۈرۈلىدىغان ۋە يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن مەسئۇل ئوفىتسېرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى، ئىككى دەرىجىلىك پارتكوم ئورگان كادىرلىرىنى «پروگرامما» بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. باش ئەترەتكە قاراشلىق تارماق ئەترەتلەرنىڭ ھەممىسى چوڭ (ئوتتۇرا) ئەترەتلەردىكى مەسئۇل ئوفىتسېرلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىدى. باش ئەترەت 2 - تارماق ئەترەتتە قوشۇننى دېموكراتىك يول بىلەن قۇرۇش بويىچە «تۆتنى ئاشكارىلاش» (پارتىيە، ھۆكۈمەت، ساقچى، مالىيە ئىشىنى ئاشكارىلاش) نى نۇقتىدا سىناق قىلدى ھەمدە ئاپتونوم رايوندىكى قىسىملار ئارىسىدا كېڭەيتتى. باش ئەترەت شىدىن يۇقىرى رەھبەرلەر باشلامچى بولغان 4 بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، بۇ خىزمەت گۇرۇپپىلىرى تارماق ئەترەت دەرىجىلىك بارلىق ئورۇنلار، ئاساسىي قاتلامدىكى ئوتتۇرا ئەترەتلەردە نۇقتىدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى، 4 ئورۇندىكى ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى ياخشى تۇتمىغان 6 ئورگان كادىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلدى.

باش ئەترەت ھەر پەسىلدە پارتكوم خىزمىتىدىن يوليورۇق تارقىتىپ، باش شتاب پارتكومى، باشلىقلارنىڭ «ئىككىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش» ۋە «بىخەتەر، مۇقىم بولۇش — كاپالەت قۇرۇلۇشى» دېگەن تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈردى، «بەش نۇقتىلىق مەسىلە» نى راسا تۈزەتتى، تەكشۈرۈش ۋە ئايرىم كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، رەتكە تۇرغۇزۇش سالمىقىنى ئاشۇردى. 100 كۈنلۈك بىخەتەرلىك مۇسابىقىسى پائالىيىتىنى يولغا قويدى. 12 قېتىمدا ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان 18 كادىرنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلدى. كەنجى ئوفىتسېرلارنى ئادىل تاللىدى، باش ئەترەتنىڭ كونا ئەسكەرلەرنى قىسمىدىن چېكىندۈرۈپ يۇرتىغا قايتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى تەشكىللەش تەجرىبىسىنى باش شتاب كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ئاساسىي قاتلامنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاش، كادىرلارنىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپە دەرىجىسىنى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش تەجرىبىسىنى باش سىياسىي بۆلۈم ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى.

باش ئەترەت قۇرۇلغاندىن بۇيان يىلبويى ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ھادىسىسى تۇغۇلماسلىق، مەمۇرىي مەسئۇلىيەت

تۆھپىلەردىن ئادەم ئۆلۈش ھادىسىسى تۇغۇلماسلىق، دېلو سادىر بولماسلىق تۈنجى قېتىم ئىشقا ئاشتى.

ياڭ يۈڭخۇڭ

## سىياسىي تەربىيە

قورال-لىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى 2003 - يىل 2 - ئايدا 3 - ئارماق ئەترەتتە 16 - قۇرۇلتاي روھى تەربىيىسىنى ئۆگىتىش سىناق قىلىش ۋە تەربىيە تەييارلىقى يىغىنى ئېچىپ، لازېر نۇر پىلاستىنكىسى، 80 نەچچە مىڭ خەتلىك 7 دەرسلىك لېكسىيىسى تۈزۈپ تارقاتتى. 7 قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۇلارنى يېڭى ئەسكەرلەر مەشىق ئۆگىتىلىرىغا ۋە جەنۇبىي، شىمالىي، شەرقىي شىنجاڭلاردىكى قىسىملارغا بېرىپ سەييارە قانۇنچىلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى. 3 - ئايدا 2 دەرىجىلىك پارتكوم ئورگىنىدا مەركەزلىك ھالدا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»، «بەشتە نەمۇنىچى بولۇش» تەربىيىسى پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. ئار دائىرىلىك تور ئارقىلىق 2 قارار شى، تۇەن دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، باش ئەترەتتىكى شى، تۇەن دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ %99نى نۆۋەت بىلەن بىر قېتىم تەربىيىلىدى. 9 - ئايدا ھەر قايسى ئارماق ئەترەت سىياسىي باشقارمىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى، تەشۋىقات بۆلۈمچىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، قوغداش بۆلۈمچىلىرىنىڭ باشلىقلىرى قاتناشقان دائىملىق ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى ۋە ئايرىم كىشىلەرگە قارىتىلغان خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، يىغىن ئارقىلىق 60 نەچچە ئايرىم كىشىنىڭ ئىدىيىسىدە ئۆزگىرىش بولدى.

بيەن باۋمىن

## مەدەنىيەت - تەشۋىقات خىزمىتى

2003 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى 3 - ئارماق ئەترەتتە ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىشنى تۇتتى. باش ئەترەت سەنئەت ئۆمىكى قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى ئۇيۇشتۇرغان ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتى ھەمدە كۆپ قېتىم ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئويۇن قويۇپ قىسىملاردىن ھال سورىدى. «ئارمىيىنىڭ 2001 — 2005 - يىلغىچە خىزمەتتىكى پەن - مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى ھەققىدىكى پىكىر»نى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردى. 1410 جەڭچى سىرتتىن ئوقۇشقا قاتناشتى، ئەسكەرلەرنىڭ «قىسىمغا كىرگەن ھامان ئوقۇش، قىسىمدىن قايتقاندا ئوقۇش پۈتتۈرۈش» ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلاندى، باش ئەترەت ئۆگىنىش جەھەتتىكى بىر تۈركۈم تىپىك شەخسلەرنى تەقدىرلىدى.

ۋاڭ كېخۇڭ

## ئاخبارات خىزمىتى

2003 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم باش ئەترىتى ئاخبارات ئاپانچىلىرىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، «نادىر ئەسەر يارىتىش» ئېڭىنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. مەركەز دەرىجىلىك ئاخبارات ۋاستىلىرىدا 483 پارچە، ئۆلكە دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا 900 نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر» پروگراممىسىدا كۆرسىتىلگىنى 13 پارچە، «خەلق قوراللىق ساقچىلىرى گېزىتى»نىڭ باش بېتىگە بېرىلگىنى 12 پارچە. باش ئەترەتنىڭ «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى»نىڭ باش بېتى ۋە باشقا بەتلىرىدە ئېلان قىلغان ماقالىلىرىنىڭ سانى جەھەتتە قوراللىق ساقچى قىسىم بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى. شۇڭا قوراللىق قىسىم باش شتابى تەرىپىدىن ئاخبارات خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن دەپ تەقدىرلەندى. «يىراق جايدا» ناملىق تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمىدىن 19 قىسىم ئىشلەندى. قوراللىق ساقچى قىسىم تارىخ - مەدەنىيەت يۈرتى، قانۇن - ئىنتىزام تەربىيىسى، قىسىم ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش قاتارلىق مەزمۇنلار بويىچە 60 نەچچە قىسىم ئىچكى فىلىم ئىشلەندى. ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئارماق ئەترەت قوراللىق ساقچى قىسىم بويىچە ئاخبارات «زەيتۇن لوڭقىسى»غا ئېرىشتى.

بيەن باۋمىن

## كادىرلار خىزمىتى

2003 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى «تۇەن دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشتىكى ساپا ئىمتىھانى تەكرارلاش تىزىسى»نى تارقىتىپ ئومۇميۈزلۈك سىناش، ساپا ئىمتىھانى ئېلىش، ئەلالىرىنى تاللاپ سەپلەشتىن ئىبارەت «ئەلالارنى تاللاشنىڭ ئۈچ باسقۇچلۇق چارىسى» قاتارلىق تۈزۈملەرنى سىستېمىلىق قېلىپلاشتۇرۇپ ھەققانىي، ئاشكارا، ئادىل بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كادىر ئۆستۈرۈشنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسىنى ئاشۇردى، ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ مەمنۇن بولۇش نىسبىتى %99كە يەتتى. بىر يىلدا 174 كۇرسانت قوبۇل قىلىندى، 21 ئەسكەر كاپالەت بىلەن ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى، يەرلىكتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 53ى قوبۇل قىلىندى، يىلىڭ، تۇەن دەرىجىلىك 43 كادىر تيەنجىن كوماندىرلار ئىنىستىتۇتىغا بېرىپ ئوتتۇرا دەرىجىلىك تەربىيىلىنىشكە قاتنىشىشقا تاللاندى. ليەن دەرىجىلىك 28 مۇنەۋۋەر كادىر مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى، ئوقۇش پۈتتۈرگەن نەچچە 100 كۇرسانت ۋە نەچچە ئون ئاساسىي قاتلام كادىرى شتاتى خېلىلا كەمچىل ئارماق ئەترەتلەرگە بېرىپ

ۋەزىپە ئۆتەشكە تەكشەلدى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى «يەشلەشتۈرۈش» خېلى ياخشى ئەمەلىيلەشتى. كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرىنى ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە سىناش -



2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى 3 - تارماق ئەترىتىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى يامالىق تېغىدا كۆچەت تىكتى.
سۈرەتنى قوراللىق ساقچى قىسىم باش ئەترىتى تەمىنلىگەن.

باھالاش تۈزۈمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلدى. كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش نىسبىتى %100كە، قىسىمدىن ئايرىلىپ تېزىمغا ئالدۇرۇش نىسبىتى %100كە يەتتى. باش ئەترەت كادىرلار باشقارمىسى قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى تەرىپىدىن ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن، كادىر ۋاڭ شىنگاڭ گوۋۇيۈەن ھەربىيلەر كەسىپ ئالماشتۇرۇش ئىشخانىسى تەرىپىدىن ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ قىسىم بىلەن بىللە يۈرىدىغان ھەربىي ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى ئۈچۈن پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. قىسىم بىلەن يۈرىدىغان 63 ئائىلە تاۋابىئات قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىر يىلدا كادىرلارنىڭ خىزمەتسىز جۆرىلىرىگە 3 مىليون 600 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ياردەم پۇلى تارقىتىلدى، جۆرىسىدىن ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان كادىرلارغا 90 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىلدى.

چېن ۋېنكې

## ئارقا سەپ تەمىنات قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى «24 - فېۋرال» يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش، بىراك قىلىنغان ئوق - دورىلارنى بىر تەرەپ قىلىش، باش شتابنىڭ تېررورلۇققا قارشى ھەربىي مانېۋىرىنى كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق جىددىي كاپالەت ۋەزىپىلىرىنى 10 نەچچە قېتىم ئورۇندىدى. 3 مىليون 800 نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ قىسمەن ئورۇنلارغا رېمونتخانا، ماي ئىسكىلاتى، ماي قاچىلاش پونكىتى قۇرۇپ بەردى، 1 مىليون 800 نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئاساسىي قاتلام سەھىيە ئەترەت (ئورۇن) لىرىنىڭ داۋالاش شارائىتىنى ياخشىلىدى. 65 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىللىقلىق قۇرۇلۇشى بويىچە 124 يۈرۈش ياتاق ئۆي سالدى، 754 يۈرۈش ياتاق ئۆينى تۈزەشتۈردى ۋە ئۆزگەرتتى، چەت، يىراق، جاپالىق رايونلاردىكى 27 ئوتتۇرا ئەترەتكە 54 يۈرۈش ياتاق ئۆي سېلىپ بەردى، 23 يۈرۈش ياتاق ئۆينى تۈزەشتۈردى ۋە ئۆزگەرتتى؛ «دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش - ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى» دا 8 تارماق ئەترەتنىڭ 15 مىڭ 693 كۋادرات مېتىرلىق كونا خىزمەت بىناسىنى رېمونت قىلىپ ئۆزگەرتتى؛ «قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش قۇرۇلۇشى» دا تەربىيىچىلەر ئەترىتىدىن 3نى، كۆلۈبتىن 3نى قۇردى. تۇرمىدە تۇرۇشلۇق قىسىملارغا سۇ تازىلاش ماشىنىسىدىن 19نى، سۇ تازىلاش ماشىنىسىنىڭ سۈزگۈچىدىن 100 يۈرۈش ئورنىتىپ بېرىپ كۆل سۈيىنى ئىچىش تارىخىغا خاتىمە بەردى.

باش ئەترەت بىر يىلدا قىسىملارغا 510 مىليون يۈەن كاپالەت خىراجىتى، 48 مىليون 690 مىڭ يۈەن قۇرۇلۇش خىراجىتى ئاجرىتىپ بەردى، تەمىنات كاپالىتى نىسبىتىنى %100كە يەتكۈزدى. باش ئەترەت يەنە قىسىملارغا 4 مىليوندىن ئارتۇق يوتقان - كۆرپە تارقىتىپ بەردى، 2000 قۇردىن ئارتۇق كىيىمنى ئالماشتۇردى، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە باب كېلىش نىسبىتىنى %98تىن ئاشۇردى؛ قىسىملارغا بىر قىسىم قورال ۋە ئوق - دورىنى بىخەتەر تەڭشەپ تارقىتىپ بەردى؛ بىر يىلدا 21 مىڭ قېتىمدىن ئارتۇق ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ 37 مىڭ ئادەم (قېتىم) نى، 80 مىڭ توننىدىن ئارتۇق ئەشيا ۋە قورال-جابدۇقنى بىخەتەر توشۇدى، «كارۋان مۇلازىمەت ئەترىتى» 17 مىڭ كىلومېتىر يول بېسىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسىملارغا 137 خىل 194 مىڭ دانە ماددىي ئەشيا يەتكۈزۈپ بەردى. مەملىكەتلىك «ئەنگىلىك پىلانى بويىچە غەربكە سەپەر — شىنجاڭغا سەپەر» پائالىيىتىنىڭ ترانسپورت كاپالىتى ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. باش ئەترەت ۋەزىپە ئىجرا قىلىدىغان 167 ئوتتۇرا ئەترەتكە مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق سەپلەپ بەردى، ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىدىغان 184 نۇقتىسىغا داتلاشماس پولاتتىن ياسالغان، تاماقنى ئىسسىق ساقلايدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق تاماق قاچىسى سەپلەپ بەردى؛ ئاساسىي قاتلام قىسىملىرىغا 1600 دانە گازارما سايمىنى، 260 يۈرۈش چېنىقىش سايمىنى ياساپ بەردى. خىراجەت، ماددىي ئەشيا،

كازارما قۇرۇلۇشىغا دائىر 10 نەچچە تۈرلۈك بەلگىلىمىنى تۈزدى، «قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىغا ئائىت قائىدە - تۈزۈملەر توپلىمى»نى تۈزۈپ باستۇرۇپ قىسىملارغا تارقىتىپ بەردى. ئۆي تۈزۈمى، ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىش، خىراجەت باشقۇرۇش، داۋالاش كاپالىتى، ئارقا سەپ - تەمىنات كاپالىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت 5 تۈرلۈك ئىسلاھاتنى يولغا قويدى، ئارقا سەپ - تەمىنات قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، 18 قارار ھەر خىل كۇرس ئېچىپ، ئارقا سەپ - تەمىنات كادىرى ۋە كەسپىي ئەسكەردىن 1150 كىشىنى تەربىيىلىدى.

لىۇ يوڭجۈن

## رەھبەرلەر قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە ھال سورىدى

شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان ج ك پ سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، قوشۇمچە قورالLIق ساقچى قىسىم باش شتابىنىڭ 1 - سىياسىي كومىسسارى جۇ يوڭكاڭ 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى ئورگىنىدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى يوقلىدى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

ج ك پ سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى باش ئەترەت پارتكومى 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 8 - قېتىملىق كېڭەيتىلگەن يىغىنىغا كەلدى. 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن ئاپتونوم رايوننىڭ باھار بايرىمىلىق ھال سوراش ئۆمىكىنى باشلاپ باش ئەترەتكە كېلىپ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى يوقلىدى ھەمدە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزاسى، باش شتاب باشلىقى لياڭ گۇاڭلېي شاڭجياڭ 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى باش ئەترەتنىڭ نەنلىڭدىكى تەلىم - تەربىيە بازىسىدا باش ئەترەت قاتناشقان ئارمىيىنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش تەلىم - تەربىيىسى مۇھاكىمە پائالىيىتىنى ۋە نۇقتىلىق مۇداپىئەلىنىش دەرسى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مانېۋىرنى كۆردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە باش ئەترەت رەھبەرلىرىنى قوبۇل قىلدى.

ياڭ يۇڭخۇڭ

## شەرەپلىك نام بېرىش ئەھۋالى

قوراللىق ساقچى قىسىم قوماندانى ۋۇ شۇاڭجەن، 1 - سىياسىي كومىسسارى جۇ يوڭكاڭ، سىياسىي كومىسسارى شۇ يۇڭچىڭلار 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى قەشقەر ۋىلايەتلىك تارماق ئەترىتىنىڭ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتىگە «جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلغان نەمۇنىچى ئوتتۇرا ئەترەت» دەپ شەرەپلىك نام بەردى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئار خەلق ھۆكۈمىتى 6 - ئاينىڭ 23- كۈنى قارار چىقىرىپ، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى قەشقەر ۋىلايەتلىك تارماق ئەترىتىنىڭ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتىگە «چېگرىلىنىدە خەلق ئۈچۈن ئىگىلىك تىكلەشتىكى نەمۇنىچى ئوتتۇرا ئەترەت» دەپ شەرەپلىك نام بەردى. 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى باش ئەترەت نام بېرىش يىغىنى ئاچتى.

ۋۇ گۇاڭبىن

## خىزمەت كۆرسىتىش - نەمۇنىچى بولۇش ئەھۋالى

قوراللىق ساقچى قىسىم قوماندانى ۋۇ شۇاڭجەن، 1 - سىياسىي كومىسسارى جۇ يوڭكاڭ، سىياسىي كومىسسارى شۇ يۇڭچىڭلار 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى 3 قېتىم بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، قوراللىق ساقچى قىسىم ئۇرۇمچى ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ يۈەنگە 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى، باش ئەترەت ئارقا سەپ - تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چۇ ۋېيسۇڭغا 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغان باش ئەترەت جەنۇبىي شىنجاڭ قوماندانلىق ئورنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما تېڭغا 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ شىنجاڭ باش ئەترىتى 2 - تارماق ئەترىتىنى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ دەپ تەقدىرلىدى ھەمدە ئۇنىڭغا كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى، شىنجاڭ باش ئەترىتى ئىلى ئوبلاستلىق تارماق ئەترىتى غۇلجا ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى لياڭ يۈەندىڭنى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئۈلگىسى دەپ تەقدىرلىدى ھەمدە ئۇنىڭغا 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى. قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى مېي شىگرۇڭ، 1 - سىياسىي كومىسسارى جاڭ شيۈمىڭ، سىياسىي كومىسسارى شۇ تيەنيۇلار 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى 3 قېتىم بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردا يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە قاتنىشىش جەريانىدا ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان 4- تارماق ئەترەتنىڭ 2 - ئوتتۇرا ئەترىتى، 6 - تارماق ئەترەتنىڭ 1 - ئوتتۇرا ئەترىتىگە كوللېكتىپ 2- دەرىجىلىك تۆھپە يازدى، جەنۇبىي شىنجاڭ دوختۇرخانىسىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك

تۆھپە يازدى، 4 ـ تارماق ئەترەت 1 ـ ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى بەي مىڭە 2 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى، 4 ـ تارماق ئەترەتنىڭ باشلىقى لى جيەنخۇا قاتارلىق 6 كىشىگە 3 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى، جەنۇبىي شىنجاڭ قوماندانلىق شتابى ھەربىي باشقارمىسىنىڭ باشلىقى موجولىن قاتارلىق 3 كىشىنى مۇكاپاتلىدى، كەسپىي قۇرۇلۇشتا گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقان ئارقا سەپ ـ تەمىنات بازىسى ئۇنىۋېرسال ئامبىرىغا كوللېكتىپ 3 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى، ئۇنىۋېرسال ئامبارنىڭ مۇدىرى لى چىڭگوغا 3 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ تەساددىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىدە ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان خوتەن ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەتنىڭ كېرىيە ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق تارماق ئەترەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق چوڭ ئەترەتنىڭ 1 ـ ئوتتۇرا ئەترىتى ھەمدە ئاخبارات خىزمىتىدە ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق ئەترەتنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىگە 3 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى، خوتەن ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەت كېرىيە ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بەي يۇنفېڭغا 2 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى، ئوتتۇرا ئەترەت سىياسىي يېتەكچىسى جياڭ جىشىنغا 3 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ «بىرلەشمە — 2003» ناملىق تېررورلۇققا قارشى مانېۋىر ۋە ئارمىيىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەلىم ـ تەربىيىسى مۇھاكىمە پائالىيىتىگە قاتنىشىش جەريانىدا ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان 3 ـ تارماق ئەترەتنىڭ 3 ـ ئوتتۇرا ئەترىتى، 5 ـ تارماق ئەترەتنىڭ 6 ـ ئوتتۇرا ئەترىتى، 7 ـ تارماق ئەترەتنىڭ ماددىي ئەشيا لازىمەت ئوتتۇرا ئەترىتىگە 3 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى، 5 ـ تارماق ئەترەتنىڭ 8 ـ ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى بەنجاڭ ۋۇ گەيىڭگە 1 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى، 3 ـ تارماق ئەترەت 1 ـ چوڭ ئەترەتنىڭ ئايروپىلان بۇلاشقا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى بەنجاڭ جاڭ چېڭجى قاتارلىق 6 كىشىگە 2 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى، 3 ـ تارماق ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شاۋ يۈەنخۇڭ قاتارلىق 14 كىشىگە 3 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى، باش ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئېزىز ھېبىت قاتارلىق 8 كىشىنى مۇكاپاتلىدى. قورالللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى پەن چاڭجيې، 1 ـ سىياسىي كومىسسارى ليۇ ياۋخۇا، سىياسىي كومىسسارى شۈ تيەنيۇلار 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، 2 ـ تارماق ئەترەت، قەشقەر ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەت، تۇرپان ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەت، 8 ـ تارماق ئەترەت، تىك ئۇچار ئايروپىلان چوڭ ئەترىتى، ئىلى ئوبلاستلىق تارماق ئەترەت، ئارقا سەپ ـ تەمىنات بازىسى، قاراماي شەھەرلىك تارماق ئەترەت قاتارلىق تارماق ئەترەت دەرىجىلىك 8 ئورۇننى ۋە ئۇلارنىڭ پارتكومىنى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن، ئىلغار پارتكوم دەپ تەقدىرلىدى؛ تەلىم ـ تەربىيە، ساقچى جابدۇقلىرى، بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار خىزمىتى، تەشكىلات، تەشۋىقات، ئۇرۇش ۋەزىيىتى، مالىيە، ھەربىي تەمىناتتىن ئىبارەت 8 باشقارمىنى ئىلغار ئورگان باشقارمىسى دەپ تەقدىرلىدى؛ 2 ـ تارماق ئەترەتنىڭ 6 ـ ئوتتۇرا ئەترىتى، 8 ـ تارماق ئەترەتنىڭ 8 ـ ئوتتۇرا ئەترىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەتنىڭ مارالبېشى ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتى، ئىلى ئوبلاستلىق تارماق ئەترەتنىڭ 2 ـ ئوتتۇرا ئەترىتى، 5 ـ تارماق ئەترەتنىڭ 4 ـ ئوتتۇرا ئەترىتى، 6 ـ تارماق ئەترەتنىڭ ئالاھىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى ئوتتۇرا ئەترىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق ئەترەتنىڭ 4 ـ ئوتتۇرا ئەترىتى، ئارقا سەپ ـ تەمىنات بازىسىنىڭ ترانسپورت 2 ـ ئوتتۇرا ئەترىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەتنىڭ 7 ـ ئوتتۇرا ئەترىتىنى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگىلىك ئوتتۇرا ئەترەت دەپ تەقدىرلىدى ھەمدە ئۇلارغا 3 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى، ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ مەسئۇل ئوفىتسېرلىرىغا 3 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ 1 ـ تارماق ئەترەتنىڭ 4 ـ ئوتتۇرا ئەترىتى قاتارلىق 84 ئوتتۇرا ئەترەتنى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئوتتۇرا ئەترەت (ئورۇن) دەپ تەقدىرلىدى؛ ئىلغار تارماق ئەترەتلەر ئىچىدىكى 7 جۈپ مەسئۇل ئوفىتسېرنى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى «بىر جۈپ ياخشى ئوفىتسېر» دەپ تەقدىرلىدى؛ 1 ـ تارماق ئەترەت 5 ـ ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى ۋاڭ جيەنجۈن قاتارلىق 20 ئوتتۇرا ئەترەت مەسئۇل ئوفىتسېرنى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئۈلگىسى دەپ تەقدىرلىدى ھەمدە ئۇلارغا 3 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ تىك ئۇچار ئايروپىلان چوڭ ئەترىتى ئايروپىلان ئىشلىرى ئوتتۇرا ئەترىتىگە 3 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ يىللىق خىزمەتلەردە ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان 1 ـ تارماق ئەترەت كەنجى ئوفىتسېرى لو ليۇيىن، 2 ـ تارماق ئەترەت كەنجى ئوفىتسېرى جۇ جۇڭخۇا ھەمدە تاساددىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىدە ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەتنىڭ كۇچا ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى بەنجاڭ سۇن ۋېيگە 2 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ يىللىق خىزمەتلەردە ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان 2 ـ تارماق ئەترەت سىياسىي كومىسسارى مالىك، تەشكىلات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بيەن باۋمىن ھەمدە يەككە خىزمەتتە ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان 2 ـ تارماق ئەترەت قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن يىڭ دەرىجىلىك شتاب ئوفىتسېرى شاۋيەن قاتارلىق 67 يىڭ، تۈەن دەرىجىلىك كادىرغا 3 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى، باش ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، قوشۇمچە ئىلى ئوبلاستلىق تارماق ئەترەتنىڭ باشلىقى مىڭ دېڭەي قاتارلىق شى، تۈەن دەرىجىلىك 7 كادىرنى

مۇكاپاتلىدى.

ۋۇ گۇاڭبىاڭ

## خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى 2003 - يىلى خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا 193 قېتىم قاتناشتى، 4350 ئەسكىرىي كۈچ، 470 ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ 890 توننا ھەر خىل ئەشيا توشۇدى، خەتەرگە يولۇققان ئاممىدىن 2750 كىشىنى قۇتقۇزدى. ئاپەت رايونىغا 390 مىڭ يۈەن پۇل، 4 توننا ئۇن، 400 كىلوگرام سۇ يېغى، 300 پار ئاياغ، 300 پاختا يوتقان، 300 پاختا كۆرپە ئىئانە قىلدى، خەتەردىن قۇتقۇزغۇچى قىسىملار ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش نەق مەيدانىدا ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا 20 نەچچە مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى دورا، يېمەكلىك ئىئانە قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى باش ئەترەت 4 - تارماق ئەترىتىنىڭ 2 - ئوتتۇرا ئەترىتى، 6 - تارماق ئەترەتنىڭ 1 - ئوتتۇرا ئەترىتىنى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ، 4 - تارماق ئەترەتنىڭ باشلىقى لى جيەنخۇا، 1 - ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ باشلىقى بەي مى، 6 - تارماق ئەترەت كەنجى ئوفىتسېرى لو شىڭشاڭ قاتارلىق 3 كىشىنى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى ئىلغار شەخس دەپ تەقدىرلىدى.

لەي گۈيچىڭ

## ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش

2003 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا پائال ياردەم بەردى، ئۇلار ئۈرۈمچى قار لەيلىسى تېغىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى، يامالىق تېغىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى، ئاقسۇ كۆكيار 3 - قارارلىق كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى، تارباغاتايدىكى شامال ئۆتەڭ ئېھاتە ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق 40 يەرلىك قۇرۇلۇش تۈرىگە قاتناشتى، 110 نەچچە مىڭ ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلدى، 4000 دىن ئارتۇق ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجراتتى، 500 نەچچە مىڭ تۈپ كۆچەت تىكتى. قىسىملارنى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلارنىڭ مۇھىتىنى تۈزەش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا دائىر 100 دىن ئارتۇق ئىشقا ياردەم بېرىشكە تەشكىللىدى. باش ئەترەت نامراتلارنى يۆلەش-قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى، 120 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ ساھە بويىچە يۆلەيدىغان نامرات ئۇرۇن چاغانتوقاي ناھىيىسى ئالتۇنئىمىل يېزىسىغا ئىچىملىك سۇ قۇرۇلۇشى ياساپ بەردى. باش ئەترەت ئورگىنى ۋە ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى كادىرلار 4000 قۇردىن ئارتۇق كىيىم، 8010 يۈەن قىممىتىدىكى ئۇن-ياغ، 6990 يۈەنلىك كىتاب قاتارلىق ھال سوراش بۇيۇمىنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈپ بەردى. ئالتۇنئىمىل يېزىسىدىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقتا قالغان 90 ئائىلىدىن ھال سورىدى ھەمدە ھەر بىر ئائىلىگە 120 يۈەنلىك ھال سوراش بۇيۇمى سېتىۋالدى. باش ئەترەتتىكى شىدىن يۇقىرى 23 رەھبەرنىڭ ھەر بىرى ساھە بويىچە ياردەم بېرىش يېزىسىدىن بىردىن نامرات مىللىي ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم بەردى. سىياسىي بۆلۈم ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ بەنفاڭگو يېزىسىدىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر 10 مىللىي ئوقۇغۇچىغا داۋاملىق ياردەم بەردى. 4 -، 5 -، 6 -، 8 - تارماق ئەترەتلەر، شىخەنزە تارماق ئەترىتى ۋە تارباغاتاي، ئالتاي، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەتلەر نامرات كەنت، نامرات ئائىلىلەر بىلەن «بىرى بىرگە ياردەم بېرىش»، «بىرى بىرگە يۆلەك بولۇش» مەزمۇنىدىكى نامراتلارنى يۆلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى ئاز سانلىق مىللەت قېرىلاردىن، يېتىم - يېسىرلاردىن، «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە»لەردىن ۋە نامرات ئائىلىلەردىن ھال سوراشقا ئۇيۇشتۇردى.

ئەسقەر

# قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى

## قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

مۇدىر: لى چاڭيۇڭ (داشياۋ).

1 - سىياسىي كومىسسار: ياڭ سى (قوشۇمچە).

سىياسىي كومىسسار: جاۋ فۇدۇڭ (داشياۋ).

مۇئاۋىن مۇدىرلار: ياڭ جېڭچېڭ (داشياۋ)، جاڭ شىنرۇي (داشياۋ)، لى شېڭلى (داشياۋ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: ۋاڭ گۇاڭبىن (داشياۋ)، خاۋ ۋېنشياڭ (داشياۋ)، ۋاڭ جيەنشىن (داشياۋ).

## ئۇرۇش تەييارلىقى - ۋەزىپە ئىجرا قىلىش

2003 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى تەساددىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈچ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، تەساددىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى. «مۇنتىزىم ۋەزىپە ئىجرا

قىلىشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمى»نى ۋە «ۋەزىپە ئىجرا قىلىش دەرىجىسىنى باھالاپ بېكىتىش چارىسى»نى يولغا قويۇپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى ئايدا دوكلات قىلىش ۋە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. مەشغۇلات رايونىدا يالاش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشنىڭ خەتىرى كۆپ بولۇشتەك ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ئوخشىمىغان يەر شەكىللىرىدىكى يالاش سەپ شەكلى ۋە ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدەندى، مەشغۇلات رايونىدا قاراۋۇللۇق ئورۇنلىرىنى تاللاش ۋە قاراۋۇللارنىڭ تەسادىپىي ۋەقەلەرنى ھەمكارلىشىپ بىر تەرەپ قىلىش لايىھىسى بويىچە مەشىق ئېلىپ باردى، كادىرلار مەشغۇلات رايونىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا باشلامچىلىق قىلىش يېڭى ئەسكەرلەرنى قاراۋۇللۇققا چىقىشتىن ئاۋۋال تەربىيىلەش، ۋەزىپە ئۈستىدە سىناپ مەشىق قىلدۇرۇش، كونا ئەسكەرلەر قاراۋۇللۇق ئورنىدا يېڭى ئەسكەرلەرنى يېتەكلەش قاتارلىق تۈزۈملەرنى يولغا قويۇپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ روھلۇق بولۇشىغا، مەشغۇلات رايونىنىڭ بىخەتەر بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. بىر يىلدا 1350 ئادەم (قېتىم) ئەسكىرىي كۆچ ئاجرىتىپ قوغداش، ئېتىش، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قاتارلىق ۋاقىتلىق ۋەزىپىنى 25 قېتىم ئىجرا قىلدى، ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا يىلبويى ھادىسە كۆرۈلمىدى.

كالىڭ يۈگىەن

## هەربىي تەلىم - تەربىيە

2003 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى «هەربىي تەلىم - تەربىيە ۋە سىناق تېزىسىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى»نى تۈزدى، قارىغا ئېتىش، بەن - گۇرۇپپا تاكتىكىسى ۋە ئەترەتكە ئايرىپ قوماندانلىق قىلىشتىن ئىبارەت «ئۈچ چوڭ بۆسۈش»نى يىللىق تەلىم- تەربىيە نىشانى قىلىپ بېكىتتى. «ۋەزىپە بىلەن تەلىم- تەربىيىنى نۆۋەتلەشتۈرۈش»، «ۋەزىپە بىلەن تەلىم - تەربىيىنى يۇغۇرۇش» ۋە «تەقلىدىي قارشىلىق»تىن ئىبارەت 3 خىل تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىنى ئومۇملاشتۇردى، مەشغۇلات رايونىدا قېچىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە قېچىشنى توسۇشتا قورال ئىشلىتىدىغان ئەھۋال كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە بىرلەشتۈرۈپ، «تۇنجى ئوقنى نىشانغا تەگكۈزۈش»نى قارىغا ئېتىش مەشىقىدە مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلدى، قىسىملارنىڭ قارىغا ئېتىش نەتىجىسى ئومۇمىي باھالاشتا ئەلا دەرىجىگە يەتتى. مەشغۇلات رايونىدا ئەترەتكە ئەگىشىپ يالاش ۋەزىپىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قاچقانلارنى قوغلاش كۆرىشىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، بەن - گۇرۇپپىلارنىڭ تاكتىكا تەلىم- تەربىيىسىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈردى. قىسىملارنى ئەترەتكە ئايرىپ قوماندانلىق قىلىش مەشىقى ئېھتىسى سىستېمىلىق مۇھاكىمە قىلىپ، «ئەترەتكە ئايرىپ قوماندانلىق قىلىش مەشىقىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۇسۇلى»نى تۈزۈپ چىقتى، ئەترەتكە ئايرىپ قوماندانلىق قىلىشنى سىناق تەرىقىسىدە مەشىق قىلىشنى تەشكىللەپ، ئەترەتكە ئايرىپ قوماندانلىق قىلىش مەشىقىنىڭ سۈپىتىنى ئومۇمیۈزلۈك ئۆستۈردى.

كالىڭ يۈگىەن

## ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى

2003 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى مالىيە باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. خام چوت ئورۇنلىرى كىرىم - چىقىمىنى ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈپ ئىشلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى، قوماندانلىق شتاب ئورگىنىنىڭ كەسپىي خىراجىتى 2002 - يىلدىكىدىن %8، قىسىملارنىڭ يېغىن خىراجىتى %4.5، كۈتۈۋېلىش خىراجىتى %2.1 ئازايدى، ھەر دەرىجىلىك قالدۇرۇلغان زاپاس خىراجەت خام چوت كىرىمىنىڭ %25ىنى ئىگىلىدى. قوماندانلىق شتابى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارەتچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتتى، يىللىق خام چوت نەق چوت، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى، ئاساسىي قۇرۇلۇشلارنىڭ پۈتۈش نەق چوتى قاتارلىق تۈرلەرنى تەپتىش قىلىشنىڭ قاپلاش نىسبىتىنى %100كە يەتكۈزدى. ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش كىرىمىنى 4 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى، ئاشخانىلارنىڭ %89ىدە تاللا تاماق تۈزۈمىنى يولغا قويدى. تارقىتىلغان يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ دەل كېلىش نىسبىتىنى %99.8كە يەتكۈزدى. 25 مىليون 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ 7666 كۋادرات مېتىرلىق گازارما سالدى، 15 مىڭ 342 كۋادرات مېتىرلىق گازارمىنى رېمونت قىلدى. سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قىسىملاردا 24 سائەت ئىچىدە كېسەل كۆرۈلۈش نىسبىتىنى ‰1تىن، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشنى ‰1.6تىن تۆۋەن دائىرىدە تىزگىنلىدى. ترانسپورت بىخەتەرلىكى بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، ئاپتوموبىللارنىڭ ساق تۇرۇش نىسبىتىنى %96كە يەتكۈزدى، شوپۇرلارنىڭ %80ىنى ئۆز ئالدىغا ۋەزىپە ئىجرا قىلالايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزدى. ئاپتوموبىللار بىر يىلدا 16 مىڭ 200 توننا ماددىي ئەشيا توشۇدى، 180 مىڭ كىلومېتىر مۇساپىنى بىخەتەر باستى. قوماندانلىق شتاب «ھەممىباب قورال - ياراغ، ساقچى ئەسۋابلىرى بىلەن تېخنىكىلىق ۋەزىپە ئىجرا قىلىش بەلگىلىمىسى»، «قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى بىخەتەر باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» ۋە «قورال - ياراغ ئامبىرىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»نى ئەمەلىيلەشتۈردى، قورال -

جابدۇقلارنىڭ ساق تۇرۇش نىسبىتىنى بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە يەتكۈزدى.

كاڭ يۇڭشەن

## «24 ـ فېۋرال» يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش

2003 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شىنجاڭ پەيزاۋات ناھىيىسىدە 6.8 بال قاتتىق يەر تەۋرىدى. يەر تەۋرىگەندىن كېيىن قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى 4 قېتىمدا 550 كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچ، 32 ئاپتوموبىل ئاجراتتى. ئۇلار ئاپەت رايونىغا بېرىپ، ئۇدا 14 كۈن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتنىشىپ، 800 دىن ئارتۇق يارىدار-كېسەلنى داۋالىدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان 3000 نەچچە ئائىلىلىك كىشىنى قۇتقۇزدى، 2000 نەچچە ئېغىر خەتەرلىك ئۆينى چاقتى، 2200 دانە چېدىر تىكتى، 3280 گەمە ياسىدى، 200 توننىدىن ئارتۇق ئاشلىق، چىگىت، خىمىيىۋى ئوغۇت قاتارلىق ئەشيالارنى قۇتقۇزدى ۋە بىخەتەر جايغا يۆتكىدى، ئائىلە ئېلېكتر سايمىنى، ئائىلە جابدۇقى، يوتقان-كۆرپە، كىيىم - كېچەك قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇمىدىن 37 مىڭنى قۇتقۇزۇۋالدى، 70 نەچچە توننا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئەشياسىنى توشۇدى. بارلىق ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ئاپەت رايونىغا 254 مىڭ يۈەن پۇل، 3000 نەچچە يۈز قۇر كىيىم ئىئانە قىلدى.

كاڭ يۇڭشەن

## ياڭ خۇچياڭ جۇڭگودىكى 10 نادىر ياش قوغدىغۇچىنىڭ بىرى دېگەن نامغا ئېرىشتى

2003 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابىغا قاراشلىق 7 ـ تارماق ئەترەتنىڭ 4 ـ ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى بەنجاڭ ياڭ خۇچياڭ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى ئىشخانىسى قاتارلىق مەركەزدىكى 12 دۆلەت ئورگىنى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى تەرىپىدىن بىرلىكتە 4 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگودىكى 10 نادىر ياش قوغدىغۇچىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

ياڭ خۇچياڭ، ئەر، خەنزۇ، شەندۇڭنىڭ فېيشيەن ناھىيىسىدىن، 1978 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇغۇلغان، 1997 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھەربىي سەپكە كىرگەن، 2000 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، ئۇ 2002 ـ يىلى 8 ـ ئايدا زوراۋان، تېررورچىلار گۇرۇھىنىڭ 3 تايانچ ئەزاسىنى قورشاپ تۇتۇش جېڭىگە قاتنىشىش جەريانىدا، پىششىق تاكتىكىلىق ھەرىكىتى ۋە پايدىلىق يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، تېررورچىلار ئىگىلىۋالغان ئۆينىڭ كەينى دېرىزىسىگە تېز يېقىنلىشىپ، ئۆيگە ياش ئاققۇزۇش بومبىسى تاشلاپ، تېررورچىلارنى قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىغان. 2002 ـ يىلى ياڭ خۇچياڭ بىڭتۈەن تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى بولۇپ باھالاندى، قوراللىق ساقچى قىسىم پارتكومى ئۇنىڭغا 1 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى. 2003 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۇ بىڭتۈەن تەرىپىدىن بىڭتۈەن بويىچە 10 نادىر ياش قوغدىغۇچىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

كاڭ يۇڭشەن

## لىۋ چاۋجى جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر ياش قوغدىغۇچى دېگەن نامغا ئېرىشتى

2003 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى 3 ـ تارماق ئەترىتى سەھىيە ئەترىتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى لىۋ چاۋجى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي تەرەپلىمە تۈزەش ئىشخانىسى قاتارلىق مەركەزدىكى 12 دۆلەت ئورگىنى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى تەرىپىدىن 4 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر ياش قوغدىغۇچى بولۇپ باھالاندى.

لىۋ چاۋجى ئەر، خەنزۇ، خېنەننىڭ شاڭچەي ناھىيىسىدىن، 1966 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان، 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ھەربىي سەپكە كىرگەن، 1986 ـ يىلى 9 ـ ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. 2001 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى 3 ـ تارماق ئەترىتى سەھىيە ئەترىتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى بولغان، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، شاڭۋېي ئۇنۋانى ئالغان. ئۇ 2003 ـ يىلى شىنجاڭ مارالبېشى ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن «24 ـ فېۋرال» يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇشتا داۋالاش ئەترىتىنى باشلاپ، كۆپ قېتىملىق قالدۇق يەر تەۋرەشنىڭ خەتىرىگە قارىماي، 100 دىن ئارتۇق ئېغىر يارىدارنى قۇتقۇزدى ھەمدە يەرلىكتىكى داۋالاش تارماقلىرىغا پائال ماسلىشىپ 700 نەچچە ئېغىر يارىدارنى قۇتقۇزدى. قوراللىق ساقچى قىسىم پارتكومى 2003 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۇنىڭغا 2 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى.

كاڭ يۇڭشەن

## 3 ـ تارماق ئەترەتنىڭ 19 ـ ئوتتۇرا ئەترىتى كوللېكتىپ 1 ـ دەرىجىلىك تۆھپە ياراتتى

قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابىنىڭ قوماندانى ۋۇ شۇاڭجەن، 1 ـ سىياسىي كومىسسارى جۇ يۈڭكاڭ، سىياسىي كومىسسارى شۇ يۈڭچىڭلار 2003 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئومۇمىي بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردا يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا

گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقان قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى 3 - تارماق ئەترىتىنىڭ 19 - ئوتتۇرا ئەترىتىگە كوللېكتىپ 1 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى.

كاڭ يۈگۈەن

## قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتى

### قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى، باش ئەترەتنىڭ 1 - سىياسىي كومىسسارى شيۇاڭ خۇيىىن (قوشۇمچە).

پارتكومىنىڭ 2 - شۇجىسى: لى شياڭلىن (قوشۇمچە).

باش ئەترەت باشلىقى: گو شىڭخۇي (داشياۋ).

سىياسىي كومىسسارى: شۇ شۇشۇ (داشياۋ).

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى: ۋاڭ لىۋېي (داشياۋ)، خۇاڭ تۇگېن (داشياۋ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى: چېن شېڭبىڭ (داشياۋ).

### هەربىي خىزمەت

2003 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتىنىڭ باشلىق ئورگىنى 32 كۈن، شۆبە ئەترەت ساقچى ئوفىتسېرلىرى 25 كۈن، شۆبە ئەترەتلەر 79 كۈن، كوماندىرلىقتا ئۆستۈرۈلىدىغان كەنجى ئوفىتسېرلار 48 كۈن تەلىم - تەربىيە ۋەزىپىسىنى تاماملىدى، قىسىملارنىڭ تەلىم-تەربىيىگە قاتنىشىش نىسبىتى %90تىن ئاشتى. 6 - ئايدا باش ئەترەتنىڭ يېتەكلەش - بەلگىلەش تارماق ئەترىتى باشلىق ئورگاننىڭ ئەسكەر باشلاپ ئوت ئۆچۈرۈش ئۇرۇشى قىلىش مانېۋىرىنى ئېلىپ باردى. باش ئەترەت ش ئۇ ئا ر ئوت مۇداپىئەسى قوماندانلىق شتابىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، نۇقتىلىق ئورمان رايونلىرىغا كىرىپ ئورمان ئىشلىرى بويىچە ۋەزىپە ئىجرا قىلدى. تاغ تازىلاش، چارلاپ ئاسراش، تەكشۈرۈش، تەشۋىق قىلىش، قانۇنسىز ئوۋ ئوۋلاشقا، قالايمىقان دەرەخ كېسىشكە زەربە بېرىش ھەمدە ياۋايى هايۋانلارنى قوغداش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، 7 قېتىم تاغ تازىلىدى، 2100 كىلومېتىر ئارىلىقنى چارلاپ ئاسرىدى، قالايمىقان ئوۋ ئوۋلىغان 45 كىشىنى توسىدى، قالايمىقان دەرەخ كېسىش دېلوسىدىن بىرنى پاش قىلدى. بىر يىلدا 2044 ئادەم (قېتىم) ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ، ئورمانلىقتا يۈز بەرگەن 4 قېتىملىق ئوت ئاپىتىنى يوقاتتى، ئوتنى شۇ كۈنى ئۆچۈرۈش نىسبىتىنى %25كە، مۇستەقىل ئوت ئۆچۈرۈش نىسبىتىنى %100كە يەتكۈزدى، ئالتاي كۆكسۇ نەملىكنى قوغداش رايونىدا يۈز بەرگەن «27 - ئاپرېل» قومۇش بازىسى ئوت ئاپىتى، تېكەس ناھىيىسىدىكى «13 - ماي» ئورمان ئوت ئاپىتى، قاناس كۆلىدىكى شىپاڭنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى رايوندا يۈز بەرگەن «7 - ئۆكتەبىر» ئورمان ئوت ئاپىتى ۋە شىخو شەھىرى بەنجيا ئېلىش بېشى ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدا يۈز بەرگەن «20-ئۆكتەبىر» ئورمان ئوت ئاپىتىنى يوقاتتى. باش ئەترەت بويىچە تەلىم - تەربىيە مەيدانلىرىنى بىر تۇتاش قېلىپلاشتۇرۇپ، ئاپتوماتىك قارىغا ئېتىش مەيدانى، تاكتىكا مەشىقى مەيدانى، 100 مېتىرلىق توساق مەيدانى، قورال - سايمان مەشىقى مەيدانى، سترويى مەشىقى مەيدانى قاتارلىق ئۇنىۋېرسال تەلىم-تەربىيە مەيدانلىرىنى قۇردى.

ليۇ پېڭشۇن

### ئىدىيىۋى - سىياسىي قۇرۇلۇش

2003 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتى 66 تەربىيە كۈنىنى تاماملىدى. تۆەندىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش - كىتاب ئوقۇش كۇرسى ئاچتى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى مەدھىيىلەيدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. «‹تېزىس›نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ‹ئىككىدە بەسلىشىش› پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى باھالاش لايىھىسى»، «‹30 ماددا›نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەققىدىكى پىكىر»، «ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا ئەترەتلىرىدە ‹ئىككىدە بەسلىشىش› پائالىيىتىنى تەشكىللەش چارىسى» قاتارلىق 3 ھۆججەت ۋە 2 باھالاش قائىدىسىنى بېسىپ تارقاتتى. باش ئەترەت رەھبەرلىرى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ نۇقتىدا تۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە ئۇلارغا يار - يۆلەك بولدى. بىر تۇتاش پىلانلاش، تەربىيىلەش، ئارخىپ تۇرغۇزۇش، خۇلاسىلەپ باھالاش ۋە نۇقتىدا تۇرۇپ دوكلات قىلىش قاتارلىق تۈزۈملەرنى يولغا قويدى. بىر يىلدا باش ئەترەتنىڭ تارماقتىن يۇقىرى رەھبەرلىرى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ 60 كۈندىن ئارتۇق نۇقتىدا تۇردى. «ئىككىدە بەسلىشىش» پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. 2 چوڭ ئەترەت، 4 ئوتتۇرا ئەترەت ئىلغار چوڭ (ئوتتۇرا) ئەترەت بولۇپ باھالاندى.

ليۇ پېڭشۇن

### قىسىملارنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتى قوراللىق ساقچى قىسىملارنى مۇنتىزىملاشتۇرۇپ

باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىدىكى تەلەپكە ئاساسەن بايىنغولىن لوپلاستىلىق تارماق ئەترەتتە بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىش ۋە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ،ۋىيچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. ئورگان باشقۇرۇشتا كادىرلار ئەسكەرلىك تۇرمۇشى، ئورگانلار قىسىم تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرۈش تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇردى، ئادەم، ئاپتوموبىل باشقۇرۇش تۈزۈمىنى چىڭىتتى. ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، قىسىملارنىڭ ئىچكى جەھەتتە ئىتتىپاق، تاشقى جەھەتتە ئىناق بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. رەھبەرلەر ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ بىخەتەرلىك خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ باھالىدى، دەرىجىمۇ دەرىجە بىخەتەرلىك مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى، «بىر يىلدا 365 كۈننى، بىر كۈندە 24 سائەتنى ياخشى تۇتۇش، ھەر كۈنى ئىشنى نۆلدىن باشلاش» دېگەن خىزمەت تەپەككۇرىغا ئاساسەن، قىسىملارنىڭ بىخەتەرلىك - مۇقىملىق خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ياخشى تۇتتى. ھەر دۈشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇستاب، نىزام ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇردى، «100 كۈنلۈك بىخەتەرلىك مۇسابىقىسى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. بارلىق قىسىملاردا بىر ھەپتىلىك بىخەتەرلىك باشقۇرۇش تەربىيىسى پائالىيىتىنى يولغا قويدى. ساقچىلارنى قاتتىق باشقۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش، تۈزەش پائالىيىتىنى مەركەزلىك يولغا قويۇپ، چوڭ - چوڭ ۋەزىپىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداشقا، قىسىملاردا ھېچقانداق ھادىسە، دېلو سادىر بولماسلىققا كاپالەتلىك قىلدى.

لىيۇ پېڭشۇن

## ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى

2003 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتى گازارما قۇرۇلۇشى ۋە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، گازارما قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى ۋە سۈرئىتىنى چىڭ تۇتتى. يېڭى گازارما 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تولۇق پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى، باش ئەترەت ئورگىنى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى يېڭى خىزمەت بىناسىغا كۆچۈپ كىردى. خىزمەت، تېلېفون، تەربىيىلەش، كۈتۈۋېلىش كەسپىي خىراجەتلىرىنى نورمىلىق باشقۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈردى، ئىش ھەققىنى بانكا ۋاكالىتەن تارقىتىش كەسپىنى يولغا قويدى. باش ئەترەت 5 - ئايدا تۆۋەنگە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ مالىيە خىزمىتىنى مەخسۇس تۈزەدى. ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئايرىم تاماق ۋە تاللا تاماق تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، ئارقا سەپ تەمىناتى بويىچە ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل كەسپىي تەربىيىلەش، يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئاچتى. ئەسكەر توشۇش ئاپتوموبىللىرى ۋە قوماندانلىق ئاپتوموبىللىرىنىڭ تېخنىكىسىنى يېڭىلىدى ۋە ئۆزگەرتتى. قىسىملارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ئۇل مۇئەسسەسەلىرى، گازارما سايمانلىرى، ماددىي ئەشيالىرى قاتارلىقلارنى باشقۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈردى ۋە قېلىپلاشتۇردى.

لىيۇ پېڭشۇن

## شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى

### شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش ئەترەت باشلىقى: جاۋ شىجۇڭ (داشياۋ).

سىياسىي كومىسسار: سۈي ياجۇ (داشياۋ).

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى: لى فېڭخەي (داشياۋ)، لىيۇ شۈيېن (داشياۋ)، ساۋ شۇيچېڭ (داشياۋ)، جېڭ جىڭيۈەن (داشياۋ)، مەخمۇت (داشياۋ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار: ما شياۋئەن (داشياۋ).

### چېگرا باشقۇرۇش

2003 - يىلى شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى مىللىي بۆلگۈنچىلەر، زوراۋان تېررورچىلار، چېكىدىن ئاشقان دىنىي كۈچلەرنىڭ چېگرىدىن ئوغرىلىقچە كىرىش - چىقىش، ئوغرىلىقچە قورال يۆتكەش قىلمىشىغا ۋە ئۇشتۇمتۇت قوراللىق ھۇجۇم قىلمىشىغا زەربە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش لايىھىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش، ياخشى سۈپەتلىك تۈرتكە بولۇش ئاساسىدىكى ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش، ئاممىۋى تۈزەش تورىنى شەكىللەندۈرۈپ، نازۇك مەزگىللەردە چېگرىنىڭ نۇقتىلىق بۆلەك، نۇقتىلىق ئورۇنلىرىغا ۋە نۇقتىلىق ئادەملەرگە قارىتىلغان باشقۇرۇش - تىزگىنلەشنى نىشانلىق ھالدا كۈچەيتىپ، چېگرىنى باشقۇرۇش، تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى. چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتىش خىزمىتىنى يولغا قويدى. چېگرا رايونلاردىكى قانۇنسىز جىنايى ھەرىكەتلەرگە ھەمدە چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈشكە زەربە بېرىش ۋە «ئۇۋىسىنى بىت - چىت قىلىش، نەق جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش، ئالدىنى ئېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش»تىن ئىبارەت 2 تۈرلۈك مەخسۇس ھەرىكەتنى چوڭقۇر

قانات پايدۇردى. بىر يىلدا 25 مىڭ 73 ئادەم (قېتىم) ئاجرىتىپ، چېگرىنى 4868 قېتىم چارلىدى، 377 قېتىم تاغ تازىلىدى، 498 قېتىم پىستىرما قۇردى، 653 قېتىم چازا قۇردى، چېگرىغا يېقىنلاشقان كىنىشكىسىز كىشىدىن 3518نى ئېنىقلىدى، چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈشكە ئۇرۇنغان 209 كىشىنى توسۇۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە گۇمانىي مىللىي بۆلگۈنچى 7. چېگرىدىن قانۇنسىز ئۆتكەنلەر سانى 2002 - يىلدىكىدىن 12 قېتىم 7 كىشى ئازايدى، پۇقرالار ئىچىدىكى 122 تال ھەر خىل قورال، 4334 پاي ئوق، 550 كىلوگرام پارتلاتقۇچ دورا، 11 مىڭ 234 دانە كاپسۇل، 7186 مېتىر پىلىتىنى يىغىۋالدى. مەخپىي دىنىي ئوقۇتۇش نۇقتىسىدىن 17نى بىكار قىلدى، يوشۇرۇن تالىپتىن 188 گە زەربە بەردى. زەھەرگە چېتىشلىق دېلودىن 22نى پاش قىلدى، 43 كىلوگرام نەشە، 9 كىلوگرام ئەپيۇننى قولغا چۈشۈردى. جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 875نى پاش قىلدى، پاش قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلوسى 2002 - يىلدىكىدىن 149 ى كۆپەيدى؛ ئامانلىق ساقلاش دېلوسىدىن 2638نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇنداق ئامانلىق ساقلاش دېلوسى 2002 - يىلدىكىدىن 660ى كۆپەيدى؛ مىللىي بۆلگۈنچىلىك گۇماندارىدىن 30نى، قاچقۇن جىنايەتچىدىن 19نى تۇتتى، بۇنىڭ ئىچىدە توردا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلىپ تۇتۇلغىنى 7.

دۇڭ جىنچۈەن

## چېگرا مۇداپىئەسى بويىچە تەكشۈرۈش

2003 - يىلى شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى قىرغىزىستان، موڭغۇلىيە ۋە قازاقىستانلارنىڭ چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش ئورگانلىرى بىلەن نۇقتىلىق ھالدا «ئۈچ خىل ئۇنسۇر»غا بىرلىكتە زەربە بېرىش، ئۇچۇر مەلۇم قىلىشنى كۈچەيتىش، قورال - ياراغ، ئوق - دورا قاتارلىق چەكلەنگەن بۇيۇملارنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىرى ۋە قىرغىزىستاننىڭ چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈشىگە ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. رايون بويىچە 9 چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتىنى ئاپتونوم رايون «چوڭ ئۆتكەل»دىكى ئىلغار ئورۇن دەپ تەقدىرلىدى. باش ئەترەت بىر يىلدا چېگرىدىن كىرگەن - چىققانلاردىن 416 مىڭ 516 ئادەم (قېتىم)نى، 81 مىڭ 527 قاتناش - ترانسپورت قورالىنى تەكشۈردى. ھەر خىل كونتروللاش ئوبيېكتىدىن 44 ئادەم (قېتىم)نى تۇتتى، بۇنىڭ ئىچىدە «ئۈچ خىل ئۇنسۇر» 22 ئادەم (قېتىم)؛ كونتروللاش ئوبيېكتى بولمىغان «ئۈچ خىل ئۇنسۇر» دىن 21نى تۇتتى، 118 ئادەمگە چېتىشلىق ئوغرىلىقچە ئۆتۈش دېلوسىدىن 44نى پاش قىلدى، 8 «باشلامچى»غا قانۇن بويىچە زەربە بەردى؛ قانۇن - بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغان باشقا كىشىلەردىن 547 ئادەم (قېتىم)نى تۇتتى. باش ئەترەت 3 قېتىم يۇقىرى قاتلامدىكىلەر سۆھبىتى ئۆتكۈزدى، ھەر قايسى چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتلىرى ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنىڭ چېگرا تەكشۈرۈش (كۆچمەنلەر) ئاپپاراتلىرى بىلەن 4 قېتىم سۆھبەتلەشتى، 148 قېتىم ئۇچراشتى.

دۇڭ جىنچۈەن

## ھەربىي تەلىم - تەربىيە

2003 - يىلى شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى قىسىملارنىڭ ئاساس تەلىم - تەربىيىسى، تاكتىكا - تېخنىكا تەلىم - تەربىيىسى ۋە باشلىق ئورگان تەلىم - تەربىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتتى، باسقۇچقا ئايرىلغان يىللىق ھەربىي كەسپىي تەلىم - تەربىيە خىزمەت پىلانىنى تۈزدى، تارماق ئەترەتلەر، چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتلىرى، چوڭ ئەترەتلەر، چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىلىرى، زاپاس ئوتتۇرا ئەترەتلەر ۋە ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە ۋاقتى، تەلىم - تەربىيىگە قاتنىشىدىغان ئەسكىرىي كۈچى، تەلىم - تەربىيە مەزمۇنى ۋە سۈپەت كۆرسەتكۈچ نەتىجىسىنى باھالاش ئۆلچىمى ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمە چىقاردى. تەقلىدىي تەلىم - تەربىيىدە تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش لايىھىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى. نەزەرىيە سۆزلەش بىلەن نەق مەيدان مەشغۇلاتىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسىملاردا تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا قارشى جەڭنى ئويۇشتۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلىپ، تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا تەشكىلاتچىلىق قىلىش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. زاپاس ئوتتۇرا ئەترەتلەر چېگرا رايونلاردا يۈز بەرگەن تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تۇيۇقسىز قوراللىق ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش تەلىم- تەربىيىسىنى كۈچەيتتى. 9 - ئايدا رايون بويىچە چېگرا مۇداپىئە قىسىم زاپاس ئوتتۇرا ئەترەتلىرىنىڭ ھەربىي كەسىپ بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. ئوقۇتۇش مېتودى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان تەربىيىلەش كۇرسلىرى كۆپ خىل شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىپ، 480 نەچچە ھەربىي تايانچ تەربىيىلەندى. يېڭى ئەسكەرلەر تەلىم - تەربىيىسى ۋەزىپىسى تاماملاندى. ئاپشاركىلارنى باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ۋە مەشىق قىلدۇرۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئاپشاركىچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، ئاپشاركىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى باشقۇرۇش سىستېمىسى ئېچىلدى، بۇ سىستېما ج خ مىنىستىرلىكى چېگرا مۇداپىئە باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن

ئومۇملاشتۇرۇلدى. ج خ مىنىستىرلىكى چېگرا مۇداپىئە باشقۇرۇش ئىدارىسى چۈشۈرگەن «چېگرا مۇداپىئە تاكتىكا دەرسلىكى» نىڭ قىسمەن مەزمۇنىنى يېزىش ۋەزىپىسى تاماملاندى. مەخپىي تېلېفون ئىست، سالىستتار، شوپۇر، ئاشپەزلەرنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى.

دۆلەت جېنجۈەن

## قىسىم قۇرۇلۇشى

شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى 2003 - يىلى دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى، 16. قۇرۇلتاي دەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش كۇرسى ۋە پارتكوم شۇجىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، قىسمەن تارماق ئەترەتلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەڭشىدى ۋە تولۇقلىدى، 2 -، 3 - خىلدىكى بەنزىلەرنى يۆلەش - ياردەم بېرىش خىزمىتىنى كۈچەيتتى، «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، «بەشتە نەمۇنىچى» بولۇش بويىچە ئۆگىنىش- تەربىيىلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 47 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، 41 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، 20 مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىسى ۋە 225 مۇنەۋۋەر كادىر، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى 9 ئۈلگىلىك ئورۇن، تارماق ئەترەت دەرىجىلىك 9 ئىلغار ئورۇن ۋە 8 ئىلغار پارتكوم، 32 ئىلغار باشقارما (بۆلۈم)، چوڭ ئەترەت دەرىجىلىك 13 ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى. قورغاس پورتى چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى، قونجىراپ چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ نازارەت قىلىش - قوغداش ئوتتۇرا ئەترىتىگە ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى، ج خ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ياشلار مەدەنىي كوللېكتىپى دەپ نام بېرىلدى، باي چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى ج خ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ج خ سىستېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر ئاساسىي قاتلام ئورۇن، 1 - دەرىجىلىك چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى بولۇپ باھالاندى، 2 كىشى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى بولۇپ باھالاندى، جەنۇبىي شىنجاڭ قوماندانلىق شتابى زاپاس ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى مۇئاۋىن بەنجاڭ پەن شېگدې تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ج خ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى بويىچە ئون مۇنەۋۋەر چېگرا مۇداپىئە قوغدىغۇچىسى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى، بىر كىشى شىنجاڭدىكى ئون مۇنەۋۋەر ياش قوغدىغۇچى بولۇپ باھالاندى. باش ئەترەت مەخپىي ئىشلار باشقارمىسى ج خ مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

دۆلەت جېنجۈەن

## سىياسىي تەربىيە

2003 - يىلى شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى، 16 - قۇرۇلتاينىڭ ۋە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئارمىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى پروگراممىسى» نى چوڭقۇر ئۆگەندى، ئاپتونوم رايون بويىچە سىياسىي - ئىدىيۋى خىزمەت سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، «ئاپتونوم رايون بويىچە قىسىملارنىڭ ئىدىيۋى - سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى، «تۆۋەندىن يۇقىرى پارتكوم مەركىزىي ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىشىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» چىقاردى، «پارتىيىنى خاتىرجەم قىلىش، خەلقنى رازى قىلىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان تەربىيە، تور تەربىيىسى، «تۆت تەربىيە»، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «بەشتە نەمۇنىچى بولۇش» بويىچە ئۆگىنىش تەربىيىسى پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئىلغار ئورۇن (شەخس) لارنىڭ تىپىك ئىش - پائالىيەتلىرىدىن سەييارە دوكلات بېرىش يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، سىياسىي - ئىدىيۋى تەربىيىنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. «ئەسكەرلەرگە ھەقىقىي كۆيۈنۈش، ئەسكەرلەرنى مەدەنىي يېتەكلەش، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش» ئاساسىي تېما قىلىنغان كادىرلارنى ھۆرمەتلەپ ئەسكەرلەرنى سۆيۈش تەربىيىسىنى پائال قانات يايدۇردى، «كادىرلارنى ھۆرمەتلەپ، ئەسكەرلەرنى سۆيۈش تەربىيىسى ماتېرىيالى» نى رەتلەپ تۈزۈپ چىقتى، «يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش روھىنى جارى قىلدۇرۇش» ئاساسىي تېما قىلىنغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى تەربىيىسىنى ۋە ھەربىي ئەخلاق مىزانى تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار «ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر» نى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردى ۋە ئورۇنلاشتۇردى، مەركىزىي نەزەرىيە ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىش تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. باش ئەترەت 8 - ئايدا باش ئەترەت پارتكومى مەركىزىي نەزەرىيە ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىنىڭ (كېڭەيتىلگەن) ئۆگىنىش يىغىنىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايوندىكى قىسىملارنىڭ «ئۈچ يىغىن» نىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «قانۇننى خەلق ئۈچۈن ئىجرا قىلىش»

تەربىيىسى بويىچە تۈزەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. 16 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئۆگىنىش كۇرسى ۋە پارتكوم شۇجىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، تۇەندىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىدى. چېگرا مۇداپىئە كەسپى، نەزەرىيە ساپاسى ۋە ئۇنىۋېرسال ساپا بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىدىن 4 قارار ئېچىپ، تۇەندىن يۇقىرى 115 كادىرنى ۋە يىڭدىن تۆۋەن 275 كادىرنى تەربىيىلىدى.

دۆلڭ جىنچۈەن

## ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى «ئۈچكە كاپالەتلىك قىلىش» پرىنسىپى (مەركەزگە، مۇھىم نۇقتىغا، جەڭدىي ئېھتىياجغا كاپالەتلىك قىلىش) دا چىڭ تۇردى، خىراجەت خام چوتى تۈزۈش، ئىجرا قىلىشنى چىڭىتتى، خىراجەت ئىشلىتىش ئۆلچىمىدە چىڭ تۇردى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى تەپتىش قىلىش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتتى، تەمىناتنى مۇۋاپىق ئەمەلىيلەشتۈردى، ئارقا سەپ تەمىناتىنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

بىر يىلدا 29 ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى، 12 تولۇقلىما تۈر چۈشۈرۈلدى، بۇلارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 14 مىڭ 355 كۋادرات مېتىرغا، سېلىنغان مەبلەغ 20 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 360 مىڭ دانە تۈرلۈك يوتقان - كۆرپە ۋە باشقا ئەشيا تەييارلىنىپ، 300 مىڭى تارقىتىلدى، بىر تۈردىكى 6000 دانە ئەشيا يېڭىدىن كۆپەيتىلدى، 58 ئورۇننىڭ يورۇتۇش توكى، پار، سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. بىۋاسىتە قاراشلىق 5 ئورۇندا تار دائىرىلىك تور ۋە 31 چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتى، 40 چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىدا كەڭ دائىرىلىك تور قۇرۇلۇشى تاماملاندى. جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارغا 20 يۈرۈش قۇياش ئېنېرگىيىسى ئۇسكۇنىسى ئورنىتىپ بېرىلدى. قىسىملار 69 دانە ھەر خىل ئاپتوموبىل بىلەن قوراللاندۇرۇلدى. سارستىن ساقلىنىش ئۈچۈن 80 يۈرۈش مۇداپىئە كىيىمى، ئايرىش كىيىمى ۋە مۇداپىئە كۆز ئەينىكى سېتىۋېلىندى.

دۆلڭ جىنچۈەن

## ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئۇدا 5 يىل ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەھەر بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى 600 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر - ئەسكەر قار لەيلىسى تېغىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىپ مەجبۇرىيەت كۈچىنى ئىككى. مارالبېشى، پەيزاۋات ناھىيىلىرىدە يەر تەۋرەشكە قارشى تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. باش ئەترەتنىڭ خەتەردىن قۇتقۇزۇش زەربىدارلار ئەترىتى 668 چېدىر تىكتى، 21 تونىنا ئاشلىقنى كولىۋالدى، 460 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 1200 دىن ئارتۇق ئائىلە ئېلېكتر سايمىنىنى توشۇدى، 160 يارىدارنى، 69 چارۋا مالنى، 500 نەچچە مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى مال - مۈلۈكنى قۇتقۇزۇۋالدى. ئاپەت رايونىدىكى 1200 كۋادرات مېتىر يەرنى دېزىنفېكسىيىلىدى، 520 نەچچە كۇب مېتىر توپا - تاش توشۇدى، 1 مىليون 180 مىڭ يۈەن پۇل، 100 نەچچە مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي ئەشيا ئىئانە قىلدى. 1000 دىن ئارتۇق ئاممىنى ئورۇنلاشتۇردى. 85 تونىنا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئەشياسى توشۇدى، نامراتلارنى نۇقتىلىق بەلگىلەپ يۆلەش خىزمىتىنى داۋاملىق ئەمەلىيلەشتۈردى، باش ئەترەت ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 7 يىلدا 80 مىليون نامراتنى يۆلەش جەڭگى قىلىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

دۆلڭ جىنچۈەن

# قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى

## قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش ئەترەت باشلىقى: ليەن يۈ (داشياۋ).
سىياسىي كومىسسار: مى شيەنلىن (داشياۋ).
مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار: ئوسمان سىدىق (داشياۋ).

## ئوت ئاپىتى ھادىسىلىرى

2003 - يىلى شىنجاڭدا 3455 قېتىم ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 50 ئادەم ئۆلدى، 88 ئادەم يارىلاندى، 20 مىليون 319 مىڭ يۈەنلىك مال - مۈلۈك بىۋاسىتە زىيانغا ئۇچرىدى، بۇنى 2002 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئوت ئاپىتىنىڭ قېتىم سانى %9.9، ئۆلگەنلەر سانى %13.6 ئاشتى، يارىلانغانلار سانى %16.9، بىۋاسىتە مال - مۈلۈك زىيىنى %43.5 ئازايدى.

ئوت ئاپىتى يۈز بېرىشتىكى سەۋەبلەردىن قارىغاندا، ئوت ئىشلىتىشتىكى بىخەستىلىكتىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى 1453 قېتىم، ئېلېكتر سايمىنىدىن كېلىپ چىققىنى 645 قېتىم، تاماكا چېكىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققىنى 307

قىتىم، ئوت ئويناش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققىنى 305 قېتىم، باشقا سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققىنى 249 قېتىم، ئوت



2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مايتاغ نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتىدە ماي يوپىزى ئاغدۇرۇلۇپ كېتىپ ئوت ئاپىتى يۈز بەردى. ئوت مۇداپىئە ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى نەق مەيدانغا تېز يېتىپ بېرىپ ئوتنى ئۆچۈرۈۋالدى.

جاڭ شىخەي فوتوسى

قويۇشتىن كېلىپ چىققىنى 177 قېتىم، بەلگىلىمىگە خىلاپ مەشغۇلات قىلىشتىن كېلىپ چىققىنى 163 قېتىم، سەۋەبى نامەلۇم ئوت ئاپىتى 127 قېتىم، ئۆزلۈكىدىن ئوت ئېلىپ كېتىشتىن كېلىپ چىققىنى 27 قېتىم، چاقماق چۈشۈشتىن كېلىپ چىققىنى 2 قېتىم.

جاڭ خاۋ، ۋاڭ جىچېڭ

## ئوت ئۆچۈرۈش ۋە خېيىمخەتەردىن قۇتقۇزۇش

2003 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى 4412 قېتىم ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت ئۆچۈرۈشكە 3990 قېتىم، خەتەردىن قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشكە 115 قېتىم، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشقا 237 قېتىم چىقتى، چوڭ پائالىيەتلەردە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا 49 قېتىم چىقتى، يالغان مەلۇماتقا ئاساسەن چىققىنى 21 قېتىم بولدى، بۇلارغا 8216 ئاپتوموبىل (قېتىم)، 49 مىڭ 110 ئادەم (قېتىم) ئاجرىتىپ، 206 ئادەمنى، 679 مىليون 255 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى مال - مۈلۈكنى قۇتقۇزدى.

جاڭ خاۋ، ۋاڭ جىچېڭ

## ئادەم زىچ سورۇنلاردىكى تارقاقلاشتۇرۇش يولى، بىخەتەر ئېغىزلارنى مەخسۇس تۈزەش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئادەم زىچ سورۇنلاردىكى تارقاقلاشتۇرۇش يولى، بىخەتەر ئېغىزلارنى مەخسۇس تۈزەش مەزگىلىدە 185 قېتىم سەپەرۋەرلىك يىغىنى، بىرلەشمە يىغىن ئېچىلدى، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى 26 قېتىم سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلدى، 31 قارار تۈرلۈك كۇرس ئۇيۇشتۇرۇلۇپ 3800 دىن ئارتۇق ئادەم تەربىيىلەندى. رادىئو - تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇرناللاردا 430 خەۋەر بېرىلدى، 17 سان مەخسۇس فىلىم ئىشلەندى، تەشۋىقات ۋەرىقى قاتارلىق تەشۋىقات ماتېرىياللىرىدىن 75 مىڭ نۇسخىدىن كۆپرەك تارقىتىلدى، جايلار ئاممىنىڭ 150 نەچچە قېتىملىق پاش قىلىش مەلۇماتىنى قوبۇل قىلدى. 56 ناھىيە (شەھەر، رايون) لىك خەلق ھۆكۈمىتى رادىئو - تېلېۋىزىيە، گېزىت، تور قاتارلىق ۋاسىتىلەردە مەخسۇس تۈزەش ئېلانى بەردى. مەخسۇس تۈزەش مەزگىلىدە، 72 مەخسۇس تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 1181 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى، 7365 تەكشۈرۈش خادىمى (قېتىم) تەشكىللىنىپ، 10 مىڭ 273 ئورۇن تەكشۈرۈلۈپ، يوشۇرۇن ئوت ئاپىتى ئامىلىدىن 9256 سى بايقالدى، بۇنىڭ 8715 ى بىر تەرەپ قىلىندى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئوت مۇداپىئە تارماقلىرى «چەكلىك مۇددەتتە تۈزەشكە بۇيرۇش ئۇقتۇرۇشنامىسى» دىن 2530 نى، «قايتا تەكشۈرۈش پىكىرنامىسى» دىن 2257 نى، «زور ئوت ئاپىتى يوشۇرۇن ئامىللىرىنى چەكلىك مۇددەتتە تۈزىتىشكە بۇيرۇش ئۇقتۇرۇشنامىسى» دىن 15 نى، «مەمۇرىي جازا قارارنامىسى» دىن 87 نى تارقاتتى، 139 مىڭ 400 يۈەن جەرىمانە قويدى، 88 ئورۇننى ئىشلەپچىقىرىشتىن، تىجارەتتىن توختاتتى، سودا - سانائەت تارماقلىرى 50 تىجارەت كىنىشكىسىنى بىكار قىلدى، 33 كىنىشكىنىڭ ئىشلىتىش خاراكتېرىنى ئۆزگەرتتى. مەخسۇس تۈزەش داۋامىدا بايقالغان يوشۇرۇن ئوت ئاپىتى ئامىلىنىڭ %94.2 ى تولۇق تۈزىتىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە يوشۇرۇن ئوت ئاپىتى ئامىللىرىنى تۈزىتىشكە ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 17 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

جاڭ خاۋ، جاڭ شىخەي

## ئىلغارلارنى تەقدىرلەش

2003 - يىلى ج خ مىنىستىرلىكى مارالبېشىدىكى «24 - فېۋرال» يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوت مۇداپىئە تارماق ئەترىتىنىڭ مارالبېشى ناھىيىلىك ئوت مۇداپىئە چوڭ ئەترىتىگە كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوت مۇداپىئە تارماق ئەترىتىگە كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى. مارالبېشى ناھىيىلىك ئوت مۇداپىئە چوڭ ئەترىتى ۋە تيەن چېڭ، گەن روڭگۈي، لى جياڭلار ئاپتونوم رايون بويىچە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. «20 -

ئاپرېل» كۆيتۈندا ماي پويىزى ئاغدۇرۇلۇپ ئوت ئاپتى يۈز بەرگەندە، ئوتتىن، خەتەردىن قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش كۆرىشىگە قاتناشقان كۆيتۈن شەھەرلىك ئوت مۇداپىئە چولك ئەترىتى شەرەپ بىلەن كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك تۆھپە ياراتتى، ۋا جيەنجيالڭ قاتارلىق 3 كىشى شەرەپ بىلەن 2 - دەرىجىلىك تۆھپە ياراتتى؛ ج خ نازارىتى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئوت مۇداپىئە تارماق ئەترىتىنىڭ جەڭچىسى فۇ جىنخۇاغا 1 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى دەپ نام بەردى.

جالڭ خاۋ، جالڭ شىخەي

## ئەسكەرلەرنى ئىش ئورنىدا مەشىق قىلدۇرۇش خىزمىتى

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجالڭ باش ئەترىتى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ شۇشىگو يېزىسىدىكى تەلىم - تەربىيە بازىسىدا 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 — 3 - كۈنىگىچە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش بويىچە ئىش ئورنى مەشىق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايوندىكى 27 ج خ ئوت مۇداپىئە كوماندىسى، 5 كارخانا مەخسۇس ئوت مۇداپىئە كوماندىسىدىن 320 تەنھەرىكەتچى 11 مۇسابىقە تۈرى بويىچە مۇسابىقىگە چۈشتى. سانجى ئوبلاستلىق ئوت مۇداپىئە تارماق ئەترىتى 1 - كوماندىسى ج خ سىستېمىسى بويىچە كوللېكتىپ 1 -، شىنجالڭ نېفىتلىك شىركىتى ئوت مۇداپىئە كوماندىسى كارخانىلار سىستېمىسى بويىچە كوللېكتىپ 1 - بولدى. ئۈرۈمچى ئوت مۇداپىئە تارماق ئەترىتىدىن مۇختار، سانجى ئوبلاستلىق ئوت مۇداپىئە تارماق ئەترىتىدىن يۈەن شىڭۋېي قاتارلىق 8 كىشى شەخسلەر تۈرى بويىچە 1 - بولدى.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ج خ كوماندىرلىرى ئۈچۈن 6 مۇسابىقە تۈرى تەسىس قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا تەلىم- تەربىيە تۈرى 3 بولۇپ، ئۇلار: 6 مېتىرلىق مۇسابىقە مۇنارىغا شوتا بىلەن چىقىش، مۇسابىقە مۇنارىغا ئىلمەكلىك شوتا بىلەن چىقىش، 100 مېتىر ئارىلىقتىكى ئوت مۇداپىئە توسقىدىن ئاتلاش؛ يەنە 3 ئەمەلىي تۈر بار، بۇلار: كۆرەشچى بەدىنىڭ 15 مېتىرلىق مېتال شوتا بىلەن سۇ تاسمىسى ياتقۇزۇش گىمناستىكىسى، بىنالاردا ئوت ئۆچۈرۈپ ئادەم قۇتقۇزۇش گىمناستىكىسى، چېقىپ كۆچ ئۇلاپ ئوت ئۆچۈرۈش گىمناستىكىسىدىن ئىبارەت. كارخانا مەخسۇس ئوت مۇداپىئە كوماندىسى ئۈچۈن 5 مۇسابىقە تۈرى تەسىس قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا تۈرى 3 بولۇپ، ئۇلار: 6 مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇسابىقە مۇنارىغا شوتا بىلەن يامىشىپ چىقىش، ئىلمەكلىك شوتا بىلەن مۇسابىقە مۇنارىغا چىقىش، 100 مېتىر ئارىلىقتىكى ئوت مۇداپىئە توسقىدىن ئاتلاشتىن ئىبارەت؛ ئەمەلىي تۈر 2 بولۇپ، ئۇلار: ئېغىر تىپلىق سۇ ناسوسلۇق ئاپتوموبىلنى قوش لىنىيە بويىچە ھەرىكەتلەندۈرۈپ سۇ زەمبىرىكىنى توغرىلاش گىمناستىكىسى، چېقىپ كۆچ ئۇلاپ ئوت ئۆچۈرۈش گىمناستىكىسىدىن ئىبارەت.

جالڭ خاۋ، جالڭ شىخەي

# قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى

## قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسمىلىكى

باش ئەترەت باشلىقى: خو خەنشېڭ (داشياۋ).

سىياسىي كومىسسار: شۈ ماۋ (داشياۋ، 12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى: چېن يۈڭفۇ (داشياۋ)، ليۇلىشەن (داشياۋ)، خې جۇنسەي (داشياۋ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: ۋاڭ شىمىڭ (داشياۋ)، يۈەن جەنۋېن (داشياۋ)، ۋېي جيەنخۇا (داشياۋ).

### قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى

قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى (شىنجالڭ كوئېنلۇن يول - كوچا قۇرۇلۇشى شىركىتى) ئاساسلىقى تاشيول ۋە كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى، شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى، ئايرودروم ئۇچۇش - قونۇش يولى سۇچىلىق قۇرۇلۇشى، پارتلىتىش ۋە چېقىش قاتارلىق قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرىنى ھەمدە شىنجالڭ - شىزاڭ تاشيولىنىڭ شىزاڭ بۆلىكىنى ئاسراش ۋە باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. باش ئەترەت قارمىقىدىكى 4 تارماق ئەترەت 8 ئۆلكە - رايونغا تارقىلىپ، 34 قۇرۇلۇش تۈرىنى ياساش ۋە ئاسراش تۈرىنى ئۈستىگە ئالدى. 2003 - يىلى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشكەن تۈر 9، پۈتكەن مۇساپە 202 كىلومېتىر، پۈتكەن قۇرۇلۇشنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 834 مىليون 660 مىڭ يۈەن بولدى. مۇشۇ يىلدا ئورۇندالغان توپا- تاش قۇرۇلۇشى 10 مىليون كۇب مېتىر، ئىمارەت قۇرۇلۇشى 410 مىڭ كۇب مېتىر، سۇڭگۈچ 475، ئۆزۈنلۈقى 7658 مېتىر، كۆۋرۈك 61، ئۆزۈنلۈقى 1883 مېتىر، دەرىجىلىك ئاسفالت يول يۈزى 5 مىليون 250 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئورۇندالغان قۇرۇلۇش مەھسۇلات

قىسمىتى 1 مىليارد 50 مىليون يۈەن. 2003 - يىلى باش ئەترەت 17 قۇرۇلۇش تۈرىگە خېرىدار بولدى، خېرىدار بولۇش باھاسى 1 مىليارد 110 مىليون يۈەنگە يەتتى.

چېن جيەنۇېي، سۈن چيەنبىن

## ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى تېزىس بويىچە ئەترەت قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قىسىمنىڭ ئاساسىنى پۇختىلىدى، «1 - سەپ قوماندانلىق شتابى» قۇرۇلۇشىدا خىزمەت كۆرۈپىسى ئەۋەتىپ ئاساسىي قاتلامدا نۇقتىدا تۇرۇش ئارخىپى تۇرغۇزدى. باش ۋە تارماق ئەترەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئورگانلار ئوتتۇرا ئەترەتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش بويىچە جۈپ تۈزۈپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى. «1 - سەپ ئۇرۇش ئىستىھكامى» نىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا، «بەنزىننى كۆچەيتىش، ساپانى ئۆستۈرۈش، رولنى جارى قىلدۇرۇش» نى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئوتتۇرا ئەترەت پارتىيە ياچېيكىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، ھەر تەرەپلىمە باھالاپ، بىر بىرلەپ يۈلەپ، پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. «1 - سەپتە ئەسكەر يېتەكلىگۈچى» لەرنىڭ ئىقتىدارى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. «ئاساسىي قاتلامدا خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن 10 ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنى ياخشىلىدى، ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى.

جيا چۈن، تيەن چىشىڭ

## ئارقا سەپ تەمىناتى كاپالىتى

2003 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى ئارقا سەپ تەمىناتىغا ئائىت قائىدە - تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈردى، «مالىيە باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»، «قورال - جابدۇق باشقۇرۇش چارىسى» قاتارلىق 7 بەلگىلىمە خاراكتېرلىك ھۆججەتنى تۈزۈپ تارقاتتى، ئارقا سەپ تەمىناتى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە بىرلەشتۈرۈپ «ئارقا سەپ تەمىنات قۇرۇلۇشىنىڭ 3 يىللىق پىلانى» نى تۈزدى.

قىسىملارنىڭ خېرىدار بولۇشى ۋە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن 77 نۇسخا كاپالەت خېتى، 187 نۇسخا كىرىدىت ئىسپاتى بېجىرىپ بېرىلدى. باش ئەترەت ئورگىنى ئۈرۈمچى شەھىرى تەرىپىدىن باغچىسىمان ئورۇن ۋە كۆكەرتىشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى؛ ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر ئارخىپىنى قېلىپلاشتۇردى. قورال - جابدۇق، ماددىي ئەشيا ئۈچۈن ئامبىرى قۇردى؛ قوماندانلىق شتابىغا ماسلىشىپ باش ئەترەتكە قاراشلىق 15 ئاساسىي قاتلام ئورۇننىڭ قورال - جابدۇق، ماددىي ئەشيا ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى ئۈچۈن 13 مىليون 220 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ماشىنا - ئۈسكۈنە سېتىۋالدى. ئاشكارا خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىشنى يولغا قويۇپ، ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان 4688 توننا ماينى سېتىۋېلىشنى ئالاقىلىشىپ بېجىرىپ، خىراجەتنى تېجەپ قالدى؛ جۇڭگو قاتناش ئىقتىسادىي تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلۇش كەسپىي ھەيئىتىنىڭ 2003 - يىللىق يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، 29 تەتقىقاتلىق تۈرىنى تاماملاپ، 690 مىليون يۈەن مال - مۈلۈكنى تەكشۈرۈپ قىلدى. ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلارنىڭ ئاغرىق - سىلاقتىن ۋە يۇقۇمدىن ساقلىنىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدى؛ پىلانلىق تۇغۇتتىكى «بەش نىسبەت» بەلگىلىمىدىكى ئۆلچەمگە يەتتى؛ بىراق قىلىنغان ئوق - دورىلارنى توشۇش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى.

لىيۇ خەيبىن، دىڭ جيەنشىن

## ئۇرۇش تەييارلىقى - ۋەزىپە ئىجرا قىلىش

2003 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى «مەسئۇل ئوفىتسېر ئاساسلىق تۇتۇش، ئىش تەقسىم قىلىۋالغانلار ئۆز ئىشىغا مەسئۇل بولۇش، ئورگان بويىچە ھەمكارلىشىش» دېگەن تەلەپكە بىنائەن ئۇرۇش تەييارلىقى تەربىيىسىنى، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. باش ئەترەت بىر يىلدا 24 قېتىم ھەر خىل قوغداش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 5 - تارماق ئەترەت سەنشيا مەخسۇس تاشيولىنى 5 قېتىم 1 - دەرىجىلىك، 6 قېتىم 2 - دەرىجىلىك، 9 قېتىم ئادەتتىكىچە قوغدىدى؛ باشقا ئورۇنلار 4 قېتىم قوغداش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى، باش ئەترەتكە قاراشلىق قىسىملار قورال - جابدۇق، رايون ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا پائال ئاتلاندى. بىر يىلدا شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولىدا خەتەردىن قۇتقۇزۇش- قاتناشقا كاپالەتلىك قىلىشقا 4 قېتىم قاتنىشىپ، خەتەرگە يولۇققان 236 ئاممىنى، قاپسىلىپ قالغان 113 ئاپتوموبىلنى قۇتقۇزۇپ، قاتناش مىنىستىرلىكى،

قۇرالىق ساقچى قىسىم باش شتابىنىڭ كۆپ قېتىم ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

جىياڭ جىنشۈي، ۋاڭ ۋۇ

# خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون خەلق ھاۋا مۇداپىئەسىدىكى 4 نۇقتىلىق شەھەردە خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئاپپاراتىنى مۇستەقىل تەسىس قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە سىمسىز كودلۇق خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئالاقە تورى بەرپا قىلدى، خەلق ھاۋا مۇداپىئە تىرۋوگا سىگنالىنىڭ قاپلاش دائىرىسى %65كە يەتتى. تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان يېڭىدىن ياسىلىدىغان ۋە چالا ئىشلىنىدىغان خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 209 مىڭ كۋادرات مېتىر بولدى، تىنچ مەزگىلدىمۇ، ئۇرۇش مەزگىلىدىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدىغان قۇرۇلۇشلارنىڭ پايدىلىنىش نىسبىتى 12 پىرسەنت پوئېنتى ئۆستى. مالىيەنى نازارەت قىلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىگە ئائىت سىياسەت خاراكتېرلىك ھۆججەت ئېلان قىلىندى. قانۇنچىلىق، قوماندانلىق ئالاقىسى، قۇرۇلۇش قىلىش ۋە باشقۇرۇش، مالىيىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش قاتارلىقلار بويىچە ھەر خىل تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى دۆلەت ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى ئورگىنى تەرىپىدىن «ئىجازەتلىك ھەربىيلەشتۈرۈش» قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

لۇ جيې

## قۇرۇلۇش قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشىدىن 200 نەچچىنى، يېڭىدىن ياسىلىدىغان، چالا ئىشلىنىدىغان قۇرۇلۇش كۆلىمىدىن 209 مىڭ كۋادرات مېترنى تەستىقلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 41 مىڭ كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇشى ئاخىرلاشقان خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 168 مىڭ كۋادرات مېتىر.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 1 مىليون كۋادرات مېتىردىن ئېشىپ كەتتى. 3960 كۋادرات مېتىرلىق خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى پۇختىلاندى ۋە ئۆزگەرتىلدى، 64 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ئاسرالدى ۋە باشقۇرۇلدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تىنچ مەزگىلدىمۇ، ئۇرۇش مەزگىلىدىمۇ ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 409 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، بۇ خىل قۇرۇلۇشنىڭ ھازىر بار قۇرۇلۇش كۆلىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %39كە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 12 پىرسەنت پوئېنتى ئاشتى. تىنچ مەزگىلدىمۇ، ئۇرۇش مەزگىلىدىمۇ ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلۇشلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تىجارەت سوممىسى) 150 مىليون يۈەنگە، تاپشۇرغان بېجى 10 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، يىللىق ساپ پايدىسى 9 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئادەم 15 مىڭ 555 كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى نازارەت قىلغۇچى ئىنژېنېرلاردىن مەملىكەتلىك 1 - قارارلىق سالاھىيەت ئىمتىھانى ئېلىنىدى. 190 نەچچە نازارەتچى ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنى نازارەت قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى؛ 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايوندىكى ئا، ب دەرىجىلىك لايىھىلەش ئورۇنلىرىدىن 83 كىشى قاتناشقان خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى لايىھەچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، قاتتىق سىناش ئارقىلىق نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغانلارغا خەلق ھاۋا مۇداپىئە كەسپىي خادىملىرىنىڭ قايتا تەربىيىلىنىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

لۇ جيې

## قوماندانلىق ئالاقە - تىرۋوگا قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ھاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش لايىھىسىنى تۈزۈتىش پىلانىغا ئاساسەن، شىخەنزە، ئاقسۇ شەھەرلىرى ھاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش لايىھىسىنى تۈزۈتىش خىزمىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە تاماملىدى. غۇلجا، كورلا، قەشقەر شەھەرلىرى لايىھىنى تۈزۈتىش خىزمىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى رايون (ناھىيە) دەرىجىلىك ھاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش لايىھىسىنى تۈزۈتىشكە كىرىشىپ، شەھەر، رايون، مەھەللىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى بويىچە سىترېتولۇق ھاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىنى تەدرىجىي بەرپا

قىلدى. خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى ئالاقە قوماندانلىق قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان مەبلەغ سالمىقى داۋاملىق ئاشۇرۇلدى، 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ تەييارلىنىپ، قىسقا دولقۇنلۇق كودلۇق ماسلىشىشچان سىمسىز راتسىيەدىن 7 يۈرۈش سېتىۋېلىنىپ، دۆلىتىمىزدىكى نۇقتىلىق شەھەرلەردە قىسقا دولقۇنلۇق كودلۇق سىمسىز ئالاقە تورى قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

جەددىي ئەھۋالدىكى قوماندانلىق ئورۇنلىرىنىڭ ئاپتوماتلاشتۇرۇش سىستېمىسى ۋە قوماندانلىق مەركىزىي شتاب ئوفىتسېرلىرى مەشغۇلات ئۆيىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. كورلا شەھەرلىك ھاۋا مۇداپىئە قوماندانلىق ئورنىنىڭ توپا - تاش قۇرۇلۇشى پۈتتى ھەمدە ئۈسكۈنىلەر سېتىۋېلىندى ۋە ئورنىتىلدى. تىرېۋوگا تورىنى بەرپا قىلىش، ئاسراش، باشقۇرۇش ۋە نورمال ئىشلىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە نۇقتىلىق شەھەرلىرىدە تىرېۋوگا - ئالاقە مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»نى تۈزۈپ تارقاتتى. بىر يىلدا 900 نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئېلېكترلىك تىرېۋوگا ئاپپاراتىدىن 26سى، ئۆزگىرىشچان توك ۋە تۇراقلىق توك ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكترلىك تىرېۋوگا ئەسۋابىدىن 63ى، تىرېۋوگا كونترول سىستېمىسىدىن 2 يۈرۈش 48 دانە سېتىۋېلىندى ۋە ئورنىتىلدى، كورلا، غۇلجا شەھەرلىرىدە ھاۋا مۇداپىئە تىرېۋوگاسىنى يىراقتىن كونترول قىلىپ ياڭرىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. خەلق ھاۋا مۇداپىئەسىدىكى نۇقتىلىق شەھەرلەردە تىرېۋوگانى سىناش تۈزۈمى بەرپا قىلىندى، تىرېۋوگا ئاۋازىنىڭ قاپلاش نىسبىتى 2002 - يىلدىكى %40تىن %65كە ئۆستى.

لۇ جيې

## خەلق ھاۋا مۇداپىئە تەشۋىقات - تەربىيىسى

ئاپتونوم رايون 2003 - يىل 10- ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. تەشۋىقات ئېيىدا جايلار خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى تەشۋىقات فىلىمى — «تىنچلىق قالقىنى بەرپا قىلىش»نى قايتا - قايتا كۆرسەتتى ھەمدە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ئارقىلىق خەلق ھاۋا مۇداپىئەسىگە ئائىت جامائەت پاراۋانلىق ئېلانلىرىنى قىستۇرۇپ كۆرسەتتى. شىنجاڭ ئىقتىساد رادىئو ئىستانسىسى خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى بويىچە مەخسۇس زىيارەت پروگراممىسى ئىشلىدى. ئۈرۈمچى، غۇلجا شەھەرلىرى ئاۋات رەستىلەرگە ئېلان تاختىسى ئورنىتىپ خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى سىياسىتى ۋە قۇرۇلۇش نەتىجىلىرىنى تەشۋىق قىلدى. ماتارىپ نازارىتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى، بىڭتۇەن ماتارىپ كومىتېتى بىرلىكتە «ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى تەربىيىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى بىلىملىرى تەربىيىسىنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ يىللىق ئوقۇتۇش پىلانىغا كىرگۈزۈشنى ئايدىڭلاشتۇردى. شىخەنزە شەھىرىدىكى 4 ئوتتۇرا مەكتەپ جۇڭگو خەلق ھاۋا مۇداپىئە تەربىيىسى بازىسى قىلىپ بېكىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە بىر يىلدا 129 مەكتەپ، 841 سىنىپ خەلق ھاۋا مۇداپىئە بىلىملىرى تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى، تەربىيە ئالغانلار 46 مىڭ 682 گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %55 ئاشتى.

لۇ جيې

# يېزا ئىگىلىكى

## ئومۇمىي بايان

### يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2003 - يىلى يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى خېلى تېز بولدى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمى بىرقەدەر تېز ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك قوشۇلما قىممىتى 41 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 8.2% ئاشتى. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2106.19 يۈەنگە يېتىپ، 13% كۆپىيىپ، ئېشىش ھەجىمى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ 2003 - يىلدىكى ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى:

بىرىنچى، يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى يەنىمۇ تەڭشىلىپ سەرخىللاشتى. تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ ئاشلىق، ئىقتىسادىي زىرائەت، ئوت - چۆپتىن ئىبارەت ئۈچ مەنبەلىك قۇرۇلمىغا ئۆزگىرىشى تېزلەتىلدى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم تەرەققىي قىلدى، پاختىچىلىقنىڭ ئەۋزەللىكى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇلدى، پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 600 مىڭ توننىغا يەتتى، شوخلا، زاراڭزا، قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات، ئالقات، زىرە قاتارلىق ئالاھىدە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ كۆلىمى داۋاملىق كېڭەيدى. ئوت - چۆپ، يەم-خەشەك تېرىلغۇ كۆلىمى 667 مىڭ گېكتارغا يەتتى. زامانىۋى چارۋىچىلىق تېز تەرەققىي قىلىپ، دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىشىدىكى ئاساسلىق ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندى. ئۆزگىچە ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىدا ئۇدا يۈكسىلىش ۋەزىيىتى ساقلاپ قېلىندى. بىر يىلدا 97 مىڭ گېكتار يەرگە كۆچەت تىكىلىپ، مېۋىلىك دەرەخ ئومۇمىي كۆلىمى 501 مىڭ گېكتارغا يەتتى. يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش جەھەتتە بىرقەدەر زور بۆسۈش بولۇپ، دېھقانلار كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى يولى ئېچىلدى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە سىرتقا چىقىپ ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللانغان دېھقان 542 مىڭ 500 گە يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن 195 مىڭ 800 ئادەم كۆپەيدى، ئەمگەك مۇلازىمىتىدىن قىلىنغان كىرىم 930 مىليون يۈەنگە يەتتى، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك مۇلازىمىتى كىرىمى 38 يۈەن كۆپەيدى.

ئىككىنچى، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشتا يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ۋە ئۆزگىچە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان بىر تۈركۈم باشلامچى كارخانىلار ئۈزلۈكسىز زورايدى، بۇ قۇرۇلمىنىڭ تەڭشىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى 87 نۇقتىلىق باشلامچى كارخانا، دۆلەت دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى 11 نۇقتىلىق باشلامچى كارخانا بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي مال - مۈلكى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 66. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ زاكاز كۆلىمى تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 50% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، بىر قىسىم ناھىيە، شەھەرلەردە 70% تىن ئېشىپ كەتتى. دېھقانلارنىڭ كەسپىي ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى ئازكەم 700 گە يېتىپ، زور بىر تۈركۈم مەخسۇس سېتىۋېلىش، يۆتكەپ سېتىش قاتارلىق ۋاستىچى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقان ۋاستىچىلار مەيدانغا كەلدى.

ئۈچىنچى، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنىڭ كېڭەيتىپ قوللىنىلىشى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى ۋە كىرىمىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. سۇ تېجەپ سۇغىرىش، مۇھاپىزەتلىك يەردە ئۆستۈرۈش، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق قېلىپلاشتۇرۇپ ئۆستۈرۈش قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىقچىلىقىدىكى يېڭى تېخنىكىلار، توڭلىتىلغان ئىسپېرما ئارقىلىق نەسللەندۈرۈش، سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ۋە تۆرەلمە كۆچۈرۈش قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان چارۋىنىڭ سۈپەتلىك نەسلىنى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى ۋە باقمىچىلىق تېخنىكىسى، سۈپەتلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈش ۋە پاكارلاشتۇرۇپ زىچ ئۆستۈرۈشنى ئاساس قىلغان ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلىشى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىنى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەركىبىنى يۇقىرى كۆتۈردى. بىئولوگىيىلىك ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش، يېزا

ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى قاتارلىق تېخنىكىلار ۋە پەرۋىش تەدبىرلىرىنىڭ كېڭەيتىلىپ قوللىنىلىشى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى ۋە كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا ئۈنۈملۈك رول ئوينىدى.

تۆتىنچى، يېزا ئىگىلىك ئۇل مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئاساس قىلغان يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش سېلىنمىسى 5 مىليارد يۈەنگە يەتتى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سۇچىلىق، سۇ ئېلېكترى، ئادەم، چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۇ قۇرۇلۇشى، سۇغىرىش رايونىنى ئۆزگەرتىش، سۇ ئامبىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىپ، مۇستەھكەملەش، كىچىك ۋادىلارنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈنۈمى گەۋدىلىك بولدى. ئورمانچىلىقتىكى 5 چوڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش مۇقىم ئىلگىرى سۈرۈلدى. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئورۇقچىلىقى، ئۆسۈملۈك ئاسراش، تۇپراقنى مۇنبەتلەشتۈرۈش، يېزا ئېنېرگىيىسى ۋە مۇھىتتىن ئىبارەت 4 چوڭ قۇرۇلۇشتا ھەممە سۈپەتلىك پاختا بازىسى، تۇپراقنى ياخشىلاش تۈرى قاتارلىق ئۇل قۇرۇلۇشلارغا سېلىنما سېلىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئوتلاقتا چارۋا بېقىشنى توختىتىپ ئوت - چۆپ تېرىش قۇرۇلۇشى 20 ناھىيىدە باشلاندى.

بەشىنچى، پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، يېزا ئىسلاھاتى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. يېزا يەر ھۆددىگەرلىك سىياسىتى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتى ۋە مۇكەممەللەشتى. يېزا باج ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ يېلىقى 40% يېنىكلىدى. كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىلدى. ئاشلىق ئوبوروتى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، يېزا ئامانەت-قەرز كوپېراتىپى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، نوپۇس تەۋەلىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قاتارلىقلار ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ھاياتىي كۈچ قوشۇلدى.

شۇ تاۋ

## ئاپتونوم رايونلۇق يېزا خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 6-نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلاش ۋە ئالماشتۇرۇش، 2003 - يىللىق ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمايىل تىلىۋالدى يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ يېزا ئىگىلىككە مەسئۇل پارتىيە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، پارتكوم يېزا خىزمىتى ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى، بىر قىسىم ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتكوملارنىڭ يېزا ئىگىلىككە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىلىرى (مۇئاۋىن ھاكىم، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى)، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىدىكى ئورۇنلار ھەم يېزا ئىگىلىككە چېتىلىدىغان تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: شىنجاڭ يېزىلىرىدا ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانى مۇنداق: 2020 - يىلغا بارغاندا يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 4% تىن يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشىنى ساقلاپ، 5% كە يەتكۈزۈشكە تىرىشىش، دېھقانلارنىڭ ساپ كىرىمىنى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىگە يېقىنلاشتۇرۇش ياكى يەتكۈزۈش، نامرات ئائىلىلەرنى ھاللىق تۇرمۇشقا يەتكۈزۈش، يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىگە يېقىنلاشتۇرۇش ياكى يەتكۈزۈش. يېزىلاردا ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا مۇنۇ 5 ھالقىنى چىڭ ئىگىلەش لازىم: بازارنى يۈزلىنىش قىلغان يېزا ئىسلاھاتىدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇش؛ يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ياخشىلاشتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇش؛ يېزا ئىگىلىكنىڭ رىقابەت كۈچىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشتە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇش؛ شەھەر - يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇش؛ دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، جارى قىلدۇرۇش ۋە قوغداشتا باشتىن- ئاخىر چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. يىغىندا 2003 - يىلى تۆۋەندىكى 9 تۈرلۈك خىزمەتنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش تەكىتلەندى: بىرىنچى، دېھقانلار كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى چۆرىدەپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش. ئىككىنچى، يېزا ئىگىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش. ئۈچىنچى، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشىنى تېزلىتىش. تۆتىنچى، يېزا ئىگىلىك سۈپەت ئۆلچىمى سىستېمىسى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، پرىيوم قىلىش سىستېمىسى ۋە بازار ئۇچۇرى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش. بەشىنچى، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك پەن -

تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش. ئالتىنچى، يېزا ئىگىلىك ئۆل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش. يەتتىنچى، يېزا پۇل مۇئامىلىسى، يېزا بېجى، ئاشلىق، پاختا ئوبوروت تۈزۈلمىسى ۋە كوللېكتىپ ئىقتىسادىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتىپ، كوللېكتىپنىڭ مۇلازىمەت فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان يېزا ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش. سەككىزىنچى، كەنتلەر ۋە دېھقان ئائىلىلىرىنى چۆرىدەپ شىنجاڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەپ روناق تاپقۇزۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىش. توققۇزىنچى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش.

جىن چاڭخۇ

## يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىشى توغرىسىدا تەھلىل

بىرىنچى، يېزا ئىقتىسادىدىكى ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى.

1) يېزا ئىقتىسادىي كىرىمى. دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا (تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە (يەرلىك ئورۇنلار، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) يېزا ئىقتىسادىي كىرىمى 49 مىليارد 390 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %11.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ كىرىمى 32 مىليارد 40 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14 (دېھقانچىلىق كىرىمى 21 مىليارد 550 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11؛ ئورمانچىلىقنىڭ 950 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.5؛ چارۋىچىلىقنىڭ 9 مىليارد 430 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %21.8 ئاشتى؛ بېلىقچىلىقنىڭ 110 مىليون يۈەن بولۇپ، %2 ئازايدى)؛ 2 - كەسىپنىڭ كىرىمى 8 مىليارد 150 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.7؛ 3 - كەسىپنىڭ كىرىمى 9 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.2 ئاشتى. يېزا ئىقتىسادىي كىرىمىدە 1 - كەسىپنىڭ كىرىمى يەنىلا ئاساسلىق يېتەكچى ئورۇندا تۇردى، ئومۇمىي كىرىمدە 1 - كەسىپنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى %64.9، 2 - كەسىپنىڭ %16.5، 3- كەسىپنىڭ %18.6 بولدى.

2) يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي خىراجىتى ۋە ساپ كىرىمى. 2003 - يىلى شىنجاڭ يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي خىراجىتى 26 مىليارد 750 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن %11.9 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى 22 مىليارد 340 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.1، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ساپ كىرىمى 22 مىليارد 640 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.6 ئاشتى. سېلىنما ھاسىلات نىسبىتى 1:0.9 بولدى.

3) دېھقانلارنىڭ سىرتقا چىقىپ ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن قىلغان كىرىمى. 2003 - يىلى شىنجاڭ دېھقانلىرىدىن سىرتقا چىقىپ ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ كىرىمى 930 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %65.3 ئاشتى.

4) دېھقانلارنىڭ ئىگىلىك تاپاۋىتى ھەم ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى. 2003 - يىلى شىنجاڭ دېھقانلىرى ئىگىلىك تاپاۋىتى 21 مىليارد 720 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %14.7 ئاشتى.

ئىككىنچى، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئېقىش ئامىللىرى توغرىسىدا تەھلىل.

1) تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، پاختىنى ئاساس قىلغان ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ ئۆرلىشى شىنجاڭ يېزا ئىقتىسادىنىڭ زور ھەجىمدە ئېقىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بولۇپ قالدى. 2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىدا ئومۇمىي جەھەتتىن «تۆت ئېشىش، ئۈچ كېمىيىش» كۆرۈلدى، يەنى كېۋەز، ياغلىق دان، يەم - خەشەك زىرائىتى، ئۆزگىچە زىرائەتلەرنىڭ كۆلىمى ئاشتى، ئاشلىق زىرائىتى، قىزىلچا، قوغۇن - تاۋۇز قاتارلىقلارنىڭ كۆلىمى كېمەيتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 2002 - يىلدىكىدىن 144 مىڭ 500 گېكتار كېمەيدى، ھوسۇلى 427 مىڭ توننا ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆممىقوناقتىن باشقا بۇغداي، شال قاتارلىقلارنىڭ كۆلىمى، ھوسۇلى، كىرىمى تەڭ قەدەمدە تۆۋەنلىدى، كېۋەز كۆلىمى، پاختا ھوسۇلى، كىرىمى ئاشتى. كېۋەز كۆلىمى 71 مىڭ 300 گېكتار كۆپەيدى. پاختا ھوسۇلى 840 مىڭ توننا بولۇپ، كىرىمى 2 مىليارد 360 مىليون يۈەن ئاشتى.

2) چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى تېزلىشىپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندى. شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق كىرىمى 9 مىليارد 430 مىليون يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ %19.1 نى ئىگىلەپ، 2002 - يىلدىكىدىن 1.7 پىرسەنت پوئېنتى ئاشتى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 2002 - يىلدىكىدىن 1 مىليون 60 مىڭ تۇياق كۆپەيدى، تاۋار نىسبىتى %48.3 بولدى.

3) يېزىلاردىكى 2 -، 3 - كەسىپ مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلدى. 2003 - يىلى شىنجاڭدىكى يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ئاساس قىلغان يېزا 2 -، 3 - كەسىپلىرى ياخشى ئىقتىسادىي ئايلىنىش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردىكى 2 - كەسىپ

## 2003 - يىللىق شىنجاڭ يېزا ئىقتىسادىي دارامەت تەقسىماتىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ستاتىستىكىلىق يىغىندىسى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| ئورۇن | بىرىنچى، ئومۇمىي كىرىم | بۇنىڭ ئىچىدە: مەھسۇلات سېتىش كىرىمى | 1) دېھقانچىلىق كىرىمى | 2) ئورمانچىلىق كىرىمى | 3) چارۋىچىلىق كىرىمى | 4) بېلىقچىلىق كىرىمى | 5) 2 - كەسىپ كىرىمى | 6) 3 - كەسىپ كىرىمى | ئىككىنچى، ئومۇمىي خىراجەت | ئۈچىنچى، ساپ كىرىم | تۆتىنچى، دېھقانلارنىڭ سىرتقا چىقىپ ئەمگەك قىلىش كىرىمى | بەشىنچى، تەقسىم قىلىنىدىغان ساپ كىرىم ئومۇمىي سوممىسى | بۇنىڭ ئىچىدە: 1) دۆلەت بېجى | 2) يېزا - كەنتلەرنىڭ كوللېكتىپ ئاپاۋتى | 3) دېھقانلارنىڭ تىجارەت ئاپاۋتى | ئالتىنچى، دېھقانلارنىڭ تىجارەت ئاپاۋتى ئومۇمىي سوممىسى | ئوتتۇرىچە ئوخرا كەلگىنى (يۈەن) | جەملەنگەن نوپۇس (تۈمەن ئادەم) | سىرتقا چىققان ئەمگەك كۈچى (تۈمەن ئادەم) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي | 4938634 | 2991330 | 2155467 | 94949 | 942606 | 11054 | 814593 | 919969 | 2674704 | 2263930 | 93432 | 2358519 | 80301 | 53201 | 2150583 | 2171795 | 2311 | 939.85 | 57.97 |
| شىمالىي شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | 3211340 | 1915682 | 1074797 | 14739 | 607238 | 8922 | 726404 | 779241 | 1942826 | 1268514 | 58487 | 1328158 | 62508 | 23307 | 1182608 | 1195996 | 3236 | 369.61 | 26.11 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 399557 | 166112 | 28016 | 112 | 19570 | 1728 | 138933 | 211198 | 327512 | 72045 | 4894 | 76968 | 13822 | 2787 | 48619 | 51736 | 4132 | 12.52 | 0.67 |
| قاراماي شەھىرى | 3211 | 2626 | 1186 | | 196 | | 1388 | 442 | 1582 | 1629 | 30 | 1659 | 125 | 14 | 868 | 882 | 4356 | 0.20 | 0.01 |
| شىخەنزە شەھىرى | 20437 | 10640 | 10872 | 31 | 484 | 4 | 420 | 8627 | 10892 | 545 | 261 | 9806 | 581 | 47 | 9178 | 9230 | 4928 | 1.87 | 0.06 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 240131 | 171879 | 131318 | 1454 | 36419 | 55 | 34789 | 36096 | 117928 | 122203 | 4103 | 126406 | 3458 | 1820 | 120632 | 121255 | 3119 | 38.88 | 4.48 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 111498 | 57586 | 37644 | 147 | 21737 | 71 | 21477 | 30422 | 68359 | 43139 | 3440 | 46579 | 2176 | 511 | 41998 | 43501 | 2445 | 17.79 | 2.67 |
| سانجى ئوبلاستى | 1075624 | 710100 | 308900 | 4865 | 233372 | 4337 | 310919 | 213231 | 738460 | 337164 | 16802 | 353967 | 21099 | 7074 | 296887 | 299679 | 4256 | 70.41 | 7.33 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | 647332 | 343378 | 215576 | 6380 | 143121 | 1808 | 123011 | 157436 | 315108 | 332224 | 16256 | 349430 | 8823 | 4561 | 324953 | 327737 | 2473 | 132.52 | 6.37 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 411808 | 279076 | 218128 | 843 | 73346 | 672 | 51813 | 67006 | 209221 | 202587 | 8005 | 210669 | 8174 | 5274 | 194967 | 196638 | 4007 | 49.07 | 1.99 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 144528 | 67569 | 40963 | 578 | 56984 | 131 | 11948 | 33925 | 60475 | 84053 | 2670 | 86723 | 1409 | 397 | 84475 | 84887 | 2909 | 29.18 | 1.94 |
| بورتالا ئوبلاستى | 157214 | 106717 | 82195 | 329 | 22009 | 116 | 31706 | 20859 | 93289 | 63925 | 2026 | 65951 | 2842 | 822 | 60031 | 60451 | 3523 | 17.16 | 0.59 |
| جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | 1727294 | 1075647 | 1080670 | 80210 | 335365 | 2132 | 88189 | 140728 | 731878 | 995416 | 34946 | 1030362 | 17792 | 29893 | 967975 | 975799 | 1711 | 570.23 | 31.85 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 286582 | 194104 | 167361 | 4681 | 50199 | 535 | 32725 | 31081 | 148675 | 137907 | 4646 | 142552 | 3936 | 2865 | 130830 | 132148 | 3518 | 37.56 | 1.62 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 558656 | 379151 | 392614 | 15837 | 99557 | 1425 | 14482 | 34741 | 243145 | 315511 | 6068 | 321579 | 5264 | 5363 | 302069 | 303620 | 2508 | 121.04 | 5.30 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 62750 | 23354 | 30963 | 1737 | 20795 | 5 | 2776 | 6474 | 195760 | 43190 | 2033 | 45223 | 595 | 650 | 43448 | 43710 | 1322 | 33.08 | 2 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 585447 | 361154 | 352003 | 44925 | 123300 | 36 | 20570 | 44613 | 223765 | 361682 | 12197 | 373879 | 5988 | 14862 | 353029 | 354464 | 1482 | 239.16 | 13.24 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 233859 | 117884 | 137729 | 13030 | 41514 | 131 | 17636 | 23819 | 96733 | 137126 | 10002 | 147128 | 2010 | 6154 | 138599 | 141857 | 1018 | 139.40 | 9.70 |

دېھقانچىلىق نازارىتى يېزا ئىقتىسادى ئىدارىسى

كىرىمى 2002 - يىلدىكىدىن 4.7% ئاشتى، 3 - كەسىپ كىرىمى 8.2% ئاشتى.

4) ئەمگەك مۇلازىمىتى ئارقىلىق كىرىم قىلىش دېھقانلار كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى يورۇق نۇقتىسىغا ئايلاندى. بىر يىلدا سىرتقا چىقىپ ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللانغان دېھقان 542 مىڭ 500 گە، كىرىمى 930 مىليون يۈەنگە يەتتى، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك مۇلازىمىتى كىرىمى 99 يۈەن بولۇپ، 38 يۈەن كۆپەيدى.

5) يېزا باج ئىسلاھاتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلەتتى. 2003 - يىلى شىنجاڭدا يېزا باج ئىسلاھاتى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغان تۇنجى يىل. ئاپتونوم رايوندا باج ئىسلاھاتىدىن كېيىن دېھقانلار ئۈستىگە ئالغان يېزا ئىگىلىكىدىكى 3 باجنىڭ قوشۇلمىسى ۋە بىر ئىشنى بىر مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق توپلانغان مەبلەغ 290 مىليون يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلى دېھقانلار ئۈستىگە ئالغان ئۈچ قالدۇرۇق، بەش بىر تۇتاشقا قارىغاندا 220 مىليون يۈەن ئازىيىپ، كېمىيىش ھەجمى 44% بولدى.

### ئۈچىنچى، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈستىدە تەھلىل

2003 - يىلى شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2311 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 269 يۈەن كۆپەيدى. شىمالىي شىنجاڭدا دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3236 يۈەنگە يېتىپ، 316 يۈەن؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا 1711 يۈەنگە يېتىپ، 231 يۈەن ئاشتى، جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرى بىلەن شىمالىي شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى ئارىسىدىكى پەرق بارغانسېرى روشەنلەشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 85 ناھىيە، شەھەر ئىچىدە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 5000 يۈەندىن ئاشقان ناھىيە 3 كە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئاشقان ناھىيە 47 گە يەتتى. ماناس ناھىيىسىدە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 6186 يۈەن بولۇپ، 1 - ئورۇندا تۇردى، ئەڭ تۆۋەن بولغىنى چىرا ناھىيىسى بولۇپ 905 يۈەن بولدى.

دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ 2003 - يىلدىكى ئېشىشىنى كەسىپ بويىچە تۆۋەندىكىدەك ئايرىشقا بولىدۇ:

1) تېرىقچىلىقتا ئوتتۇرىچە كىرىمنىڭ ئېشىشى 122 يۈەن بولۇپ، ئاشقان كىرىمنىڭ 45.3% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە پاختىچىلىقتىن ئاشقان كىرىم 150 يۈەن، باشقا تېرىقچىلىقتىن كېمەيگەن كىرىم 28 يۈەن.

2) ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىقتىن ئوتتۇرىچە ئاشقان كىرىم 15 يۈەن بولۇپ، ئاشقان كىرىمنىڭ 5.6% نى ئىگىلىدى.

3) چارۋىچىلىقتا دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئاشقان كىرىمى 75 يۈەن بولۇپ، ئاشقان كىرىمنىڭ 27.9% نى ئىگىلىدى.

4) 2 -، 3 - كەسىپلەردە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئاشقان كىرىمى 19 يۈەن بولۇپ، ئاشقان كىرىمنىڭ 7.1% نى ئىگىلىدى.

5) دېھقانلارنىڭ سىرتقا چىقىپ ئەمگەك مۇلازىمىتىدىن قىلغان كىرىمى 38 يۈەن بولۇپ، ئاشقان كىرىمنىڭ 14.1% نى ئىگىلىدى.

دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىدە ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى مۇنداق بولدى: تېرىقچىلىقتا ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 1069 يۈەن بولۇپ، 46.3% نى؛ ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق كىرىمى 58 يۈەن بولۇپ، 2.5% نى؛ چارۋىچىلىق كىرىمى 505 يۈەن بولۇپ، 21.8% نى؛ 2 -، 3 - كەسىپ كىرىمى 580 يۈەن بولۇپ، 25.1% نى؛ دېھقانلارنىڭ سىرتقا چىقىپ ئەمگەك مۇلازىمىتىدىن قىلغان كىرىمى 99 يۈەن بولۇپ، 4.3% نى ئىگىلىدى.

غالىپ مەشرەپ، لۇ بىن

## يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ 48 كارخانىنى 2 - تۈركۈمدىكى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى نۇقتىلىق باشلامچى كارخانا قىلىپ بېكىتتى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشكە 11 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەخسۇس تۈر مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇپ، باشلامچى كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش، يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە خام ئەشيا بازىسى قۇرۇلۇشى قاتارلىق 44 يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش قۇرۇلۇش تۈرىگە ياردەم بەردى. پۇل - مۇئامىلە تارماقلىرى قەرز بېرىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان باشلامچى كارخانىلارنى ئالدى بىلەن قوللىدى. ئاپتونوم رايون دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى 35 باشلامچى كارخانىنى بېيجىڭدا ئېچىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىگە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇردى. يەرمەنكىدە شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ توختام سودا سوممىسى 450 مىليون يۈەنگە، مۇددىئا سودا سوممىسى 80 مىليون يۈەنگە، نەق مال سېتىش سوممىسى 1 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ئوبوروت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش كارخانىلىرى ئىچىدە ئومۇمىي مال - مۈلكى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 66، 50 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان

كارخانا 108، 40 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 120؛ ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى ئۇقتىلىق باشلامچى كارخانا 87، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى دۆلەتنىڭ ئۇقتىلىق باشلامچى كارخانىسى 10. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى 731، مەخسۇس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش قاتارلىق ۋاستىچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەر تۈركۈم دېھقان ۋاستىچىلار قوشۇنى بارلىققا كەلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئارقىلىق يېتەكلەنگەن تېرىلغۇ كۆلىمى 775 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى، يېتەكلەنگەن دېھقان ئائىلىسى 1 مىليون 500 مىڭ بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان ئائىلىسىنىڭ %50 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 800 يۈەن كۆپەيدى.

مەخمۇت ئابدۇللا

## شىنجاڭ بويىچە 2 - تۈركۈمدىكى يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى ئۇقتىلىق باشلامچى كارخانىلار

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىنىڭ تەكشۈرۈپ ماقۇللىشى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق شىنجاڭ بويىچە 48 كارخانا يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى ئۇقتىلىق باشلامچى كارخانا دەپ ئېتىراپ قىلىندى. ئۇلار: شىنجاڭ شىخۇ پىۋا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى. شىنجاڭ «مەرۋايىت» گۈل - گىياھ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئالتۇن غەربىي يۇرت پەن - تېخنىكا - يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ تەڭرىتاغ يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى «لىڭخۇا» تېبتىقۇ چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «لۇجيا» قۇلماق چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «ئالتۇن كالا» بىئولوگىيە پاي چەكلىك شىركىتى، قاراماي «لۇچىڭ» يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «يۇڭشىڭ» قۇرۇلۇش تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ جۇڭغار ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى، بۇرچىن ناھىيىسى «خۇيچاڭ» پۇرچاقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئالتاي «مېيلى» قەغەز بوتقىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، بورتالا ئوبلاستلىق پاختا توقۇمىچىلىق گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «سەنتەي» ھاراقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، سانجى ئوبلاستى ئاشلىق - ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش گۇرۇھى مىچۈەن چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «تۇڭخۇي» بازار چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «يېشىل تۇغ» كارخانا (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «ئاسىيا كىندىكى» (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى، مىچۈەن شەھەرلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى تەمىنات - سودا ھەمكارلىق باش شىركىتى، سانجى شەھىرى «چاڭدىڭ» سانائەت - سودا چەكلىك شىركىتى، «دېلۇڭ» چارۋىچىلىق مەبلەغ سېلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ ئاسىيا - ياۋروپا داچېڭ مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «شىنشى» سۈپەتلىك ئۇرۇق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، سانجى شەھىرى «چاڭرۇن» كۆكتات - تۇزچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، سانجى شەھىرى «جياخۇڭ» ئوقەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ پىۋا گۇرۇھى گۇچۇڭ «جىمەي» چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «خۇاشى» ئۇرۇقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، سانجى شەھىرى «خۇاشىڭ» دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، تۇرپان شەھىرى كېچىك باغۋەنچىلىك مەيدانى، تۇرپان ۋىلايىتى «ئالتۇن كىروران» ئۈزۈم - مېۋىچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، تۇرپان شەھىرى «شېڭدا» سودا چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ قۇمۇل «چاڭلىيەن» ئۈچەي چەكلىك شىركىتى، قۇمۇل شەھىرى «فېڭشىڭ» يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى ئۇنىۋېرسال توپ سېتىش بازىرى، شىنجاڭ «توپۇ» يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ بۇگۇر «خۇالوڭ» دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ خۇشۇت «دىڭدىڭ» يېمەكلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «چىڭخې» ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، خېجىڭ «لەنمېڭ» ھاراقچىلىق چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تەيچاڭ» ئوقەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ دۆلەت دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئەسلى ئۇرۇق مەيدانى، شىنجاڭ قاراشەھەر سەنيو ئوقەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، كورلا «رۇيكالو» تەبىئىي جانلىقلار تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ قاراشەھەر «شياڭدۇ» ھاراقچىلىق چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «لۇتەي» مول ھوسۇل پاختىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك «1 - ئاۋغۇست» ئاشلىق - ياغ سانائەت سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، يەرلىك دۆلەت ئىلكىدىكى پوسكام باغۋەنچىلىك مەيدانى، شىنجاڭ پوسكام دېھقانچىلىق مەيدانى، خوتەن پىيالما ئانار - ھاراقچىلىق چەكلىك شىركىتى.

مەخمۇت ئابدۇللا

شىنجاڭ بىلەن غەربىي قىسىمدىكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئەھۋالىنىڭ 2003 - يىلدىكى سېلىشتۇرمىسى

| رايون | دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى (يۈەن) | دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى (يۈەن) | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 2002 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) | ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | ئېلىنغان پاختا (تۈمەن توننا) | ئېلىنغان ياغلىق دان (تۈمەن توننا) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ | 2106.19 | 1465.3 | 688.3 | 6.3 | 801.6 | 160 | 50.1 |
| شەنشى | 1675.7 | 1455.4 | 535 | 6.4 | 968.4 | 5.3 | 41.3 |
| گەنسۇ | 1673.1 | 1336.9 | 400.8 | 5.9 | 789.3 | 8.7 | 46 |
| نىڭشيا | 2043.3 | 1637.1 | 103.4 | 6 | 270.2 | | 13.2 |
| چىڭخەي | 1794.1 | 1563.2 | 76.9 | 3 | 86.8 | | 26.2 |
| شىزاڭ | 1691 | 1030.1 | 58.6 | 5 | 96.6 | | 4.9 |
| ئىچكى موڭغۇل | 2267.7 | 1770.6 | 666.4 | 6.2 | 1360.7 | 0.5 | 102.3 |
| سىچۈەن | 2229.9 | 1747 | 1784.5 | 6.2 | 3054.1 | 2.5 | 217.1 |
| چۇڭچىڭ | 2214.6 | 1583.3 | 488.6 | 6.7 | 1087.1 | | 38.3 |
| گۇيجۇ | 1564.7 | 1185.2 | 466.7 | 5.4 | 1104.3 | 0.1 | 72.3 |
| يۈننەن | 1697.1 | 1405.7 | 799.3 | 6.6 | 1471 | | 29.7 |
| گۇاڭشى | 2094.5 | 1751.2 | 1030.9 | 4.3 | 1465.1 | 0.1 | 55.7 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

## يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ دېھقانلىرىدىن سىرتقا چىقىپ ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللانغانلار 542 مىڭ 500 گە، ئەمگەك مۇلازىمىتىدىن قىلىنغان كىرىم 930 مىليون يۈەنگە يەتتى، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك مۇلازىمەت كىرىمى 99 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 38 يۈەن كۆپەيدى.

2003 - يىلى جايلار دۆلەت غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويغان پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش ساھەسىنى ئىرىشىپ كېڭەيتتى. بىرىنچى، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتناشتى. 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئىشلىتىلگەن دېھقان ئىشلەمچى 258 مىڭغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون ئىچىدە ئىشلىتىلگەن دېھقان ئىشلەمچى 173 مىڭ بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %4 . 97 كۆپەيدى. ئىككىنچى، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭ ئارىسىدا بېكىتۈەن بىلەن يەرلىك ئوتتۇرىسىدا كۆلەملىك، پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا «كۆزلۈك ھوسۇل يىغىۋېلىشتا يۆتكەش» يەنىمۇ مۇقىملاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە پاختا يىغىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەشكىللەنگەن دېھقان ئەمگەك كۈچى 173 مىڭ 800 گە يەتتى. ئۈچىنچى، مەۋقەنى ئۆز جايىنىڭ بايلىق مەنبەسىگە قويۇپ، ئەمگەك كۈچىنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان كەسىپلەر (مەسىلەن: چارۋىچىلىق، زەمبۇرۇغ - ئوت - چۆپ كەسپى، ئورمانچىلىق-باغۋەنچىلىك) نى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنى ئۆز جايىدا يۆتكىلىشكە يېتەكلىدى. تۆتىنچى، رايون ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ساياھەتچىلىك ئارقىلىق كىرىم قىلدى.

ھىممەت نىياز

## يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى

بىرىنچى، يېزا ئىگىلىكىدە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە قانۇن ئىجراسى بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتى ياخشى

ئىشلەندى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرى يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «يېزا ئىگىلىك قانۇنى» ۋە «يېزا يەر ھۆددىگەرلىك قانۇنى» نى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. بىر قىسىم يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىدىكى كادىرلارنى «دېھقانلار گېزىتى» ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان «يېزا ئىگىلىك قانۇنى»، «يېزا يەر ھۆددىگەرلىك قانۇنى» ۋە «ئوتلاق قانۇنى» غا دائىر زېھىن سىناش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇردى. 3 - ئاينىڭ 1 - ھەپتىسىنى «يېزا يەر ھۆددىگەرلىك قانۇنى» نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ھەپتىلىكى قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىدا 4 - بەش يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەھۋالى جەھەتتە ئۆزى ئۆزىنى تەكشۈرۈش ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. قەشقەر، ئۈرۈمچى شەھەرلىرىدە يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش بويىچە 3 قارار كۇرس ئېچىلىپ، 240 ئادەم تەربىيىلەندى.

ئىككىنچى، يېزا ئىگىلىكىدىكى ئۇنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش يەنىمۇ كېڭەيتىلدى. تۇرپان، قۇمۇل شەھەرلىرى، بارىكۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرى، سانجى، فۇكاڭ شەھەرلىرى، قورغاس، غۇلجا ناھىيىلىرى، ئالتاي شەھىرى، كۆكتوقاي ناھىيىسى، بورتالا شەھىرى، جىڭ، ئارشاڭ ناھىيىلىرى، كورلا شەھىرى، يەنجى ناھىيىسى، ئاقسۇ شەھىرى، ئونسۇ، كۇچا، پوسكام، قاغىلىق، مەكىت ناھىيىسىدىن ئىبارەت 21 ناھىيە (شەھەر) ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - تۈركۈمدىكى يېزا ئىگىلىك مەمۇرىيىتىدە ئۇنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىش نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ناھىيە (شەھەر) قىلىپ بېكىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك مەمۇرىيىتىدە ئۇنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىش نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ناھىيە (شەھەر) 22 گە، ۋىلايەت (ئوبلاست) 4 كە، مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىش نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ئورۇن 2 گە يەتتى.

ۋەن جىڭمىن

## دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدا يېزا باج ئىسلاھاتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دېھقان - چارۋىچىلار يۇقىرىغا تاپشۇرغان دۆلەت بېجى 538 مىليون 398 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا 57.29 يۈەندىن توغرا كەلدى. يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان ئۈچ خىل يېزا ئىگىلىك بېجىنىڭ قوشۇلمىسى ۋە توپلانغان مەبلەغ 185 مىليون 461 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 باج قوشۇلمىسى 102 مىليون 23 مىڭ يۈەن، يېزا مەجبۇرىيەت ئەمگىكى 28 مىليون 310 مىڭ كۈن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 8 مىليون 190 مىڭ كۈن ئازايدى، ھەر بىر ئەمگەك كۈچىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.5 كۈندىن توغرا كەلدى؛ جۇغلانما ئەمگەك 53 مىليون 260 مىڭ كۈن بولۇپ، 8 مىليون 560 مىڭ كۈن ئازايدى، ھەر بىر ئەمگەك كۈچىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14.2 كۈندىن توغرا كەلدى. «ئىككى ئەمگەك» نىڭ يىغىندىسى بىر ئەمگەك كۈچىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 21.7 كۈندىن توغرا كېلىپ، 5.5 كۈن ئازايدى. ئەمگەك ئورنىغا پۇل چىقارغان ئىش كۈنى 4 مىليون 10 مىڭ كۈنگە، ئەمگەك ئورنىغا چىقىرىلغان پۇل 34 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان - چارۋىچىلار ئۈستىگە ئالغان ئىجتىمائىي سېلىق سوممىسى 38 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12 مىليون 380 مىڭ يۈەن ئاشتى، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.1 يۈەندىن توغرا كەلدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب يېزىلاردىكى يېڭى تىپتىكى ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى بولدى، نەتىجىدە 14 مىليون 920 مىڭ يۈەن ھەق ئارتۇق يىغىلدى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سېلىقى 860 مىليون يۈەن ئازىيىپ، ئوتتۇرىچە 92 يۈەن يېنىكلىدى. 2003 - يىل كۆپ يىللاردىن بۇيان سېلىق ئەڭ كۆپ يېنىكلىتىلگەن بىر يىل بولدى. 1) يېزا باج ئىسلاھاتى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ باج سېلىقى 587 مىليون 850 مىڭ يۈەن يېنىكلىتىلدى. 2) يېزا ئىگىلىكىگە چېتىلىدىغان ھەق ئېلىشنى ئېنىقلاش ۋە يېزىلاردىكى «ئۈچ قالايمىقان» مەسىلىسىنى مەخسۇس تۈزەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 45 چوڭ تۈردىكى 400 نەچچە تۈرلۈك يېزا ئىگىلىكىگە چېتىلىدىغان مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش تۈرى ئېنىقلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە يولغا قويۇلغان «سۇنى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش» كۆلىمى 1 مىليون 709 مىڭ 100 گېكتار بولۇپ، ئومۇمىي سۇغىرىلغان ئېتىز كۆلىمىنىڭ 80% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭدىن 8 مىليون 560 مىڭ ئادەم نەپ ئالدى، بۇ ئارقىلىق دېھقانلار سېلىقى 115 مىليون يۈەن يېنىكلىدى. يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش تاماملانغان رايونلاردىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىدىغان توك خىراجىتى كۆرۈنەرلىك ئازايدى. ئاقسۇ ۋىلايىتى ئالدى بىلەن ئوخشاش توردىكى توك باھاسىنىڭ ئوخشاش بولۇشىنى يولغا قويدى، يورۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ بىر تۇتاش باھاسى بىر كىلوۋات سائەتنىڭ 0.55 يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى. 3) ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئوتتۇرا،

باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى 2 مىليون 50 مىڭ ئوقۇغۇچىنىڭ كىتاب - دەپتەر پۇلى ۋە ئوقۇش پۇلى 2003 - يىلى كۈزلۈك ئوقۇش مەۋسۇمىدىن باشلاپ كەچۈرۈم قىلىندى. مۇشۇ بىر تۈردىلا دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سېلىقى 140 مىليون يۈەن يېنىكلىدى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانلار سېلىقىنى يېنىكلىتىش ئەھۋالى 6 قېتىم تەكشۈرۈلدى.

لىي جۈن

## يېزا ھۆددىگەرلىك توختامىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېزا يەر ھۆددىگەرلىك قانۇنى» 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ بېشىدا شىنجاڭدا «يېزا يەر ھۆددىگەرلىك قانۇنى» تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئائىلە ھۆددىگەرلىكى يولغا قويۇلغان يەر كۆلىمى 1 مىليون 816 مىڭ گېكتارغا، ئائىلە ھۆددىگەرلىكىنى يولغا قويغان دېھقان ئائىلىسى 1 مىليون 990 مىڭغا، تارقىتىلغان يېزا يەر ھۆددىگەرلىك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى 1 مىليون 870 مىڭ پارچىگە يەتتى. كەنت (ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى) ئىگىدارچىلىقىدا بولغان يەر 995 مىڭ گېكتارغا، گۇرۇپپا (ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى) ئىگىدارچىلىقىدا بولغان يەر 384 مىڭ گېكتارغا يەتتى. دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ھۆددىگە ئالغان يەرلەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقى ئوبوروت قىلىنغان يەر 74 مىڭ 400 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆددە ئېلىنغان يەر باشقىلارغا ھۆددىگە بېرىلگەن كۆلەم 37 مىڭ 800 گېكتار، ئۆتنە بېرىلگەن كۆلەم 7200 گېكتار، ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇلغان كۆلەم 11 مىڭ 600 گېكتار، ئىجارىگە بېرىلگەن كۆلەم 15 مىڭ 800 گېكتار، پاي قىلىپ قوشۇلغان كۆلەم 250 گېكتار، باشقا شەكىلدە ئوبوروت قىلىنغان كۆلەم 1600 گېكتار، زاپاس يەر كۆلىمى 137 مىڭ 600 گېكتار.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمزالانغان يېزا ئىگىلىك ھۆددىگەرلىك توختامى 1 مىليون 990 مىڭ پارچىگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %3.8 ئاشتى؛ دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ھۆددىگە ئالغان يەرلەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئوبوروت قىلىش توختامى 42 مىڭ 700 پارچىگە يەتتى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ھۆددىگەرلىك توختىمى ماجىراسى 2194 قېتىم يۈز بېرىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %47.1 ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە كېسىم قىلىنغان توختام ماجىراسى 575 قېتىم بولۇپ، %40.6 كۆپەيدى؛ مۇرەسسە قىلىنغان توختام ماجىراسى 1619 قېتىم بولۇپ، %61 ئازايدى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ھۆددىگەرلىك توختامىنى باشقۇرۇش - كېسىم قىلىش ئاپپاراتى 529 بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 443 ى ئازايدى.

ئەركىن ھۈسەن

## دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى 1155 كە، ئەزاسى 43 مىڭ 190 گە يەتتى. تەشكىلاتلارنىڭ كەسىپلەر بويىچە تارقىلىش ئەھۋالى مۇنداق: تېرىقچىلىقتىكىسى 533، باقمىچىلىقتىكىسى 390، پىششىقلاش، توشۇش كەسپى ھەم باشقا كەسىپلەردىكىسى 232؛ ئەزالار تۈرۈشلۈق رايونلار بويىچە قارىغاندا يېزا تەۋەسىدىكى دېھقانلار كەسپىي تەشكىلاتى 1124، يېزا، ناھىيە ھالقىغان دېھقانلار كەسپىي تەشكىلاتى 31؛ مۇلازىمەت شەكلىدىن قارىغاندا بۇ كەسپىي ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرىكى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى پۈتكۈل جەرياندا مۇلازىمەت قىلىدۇ.

جاڭ شيا

## كەنت دەرىجىلىك مالىيەنى ئاشكارىلاش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كەنت دەرىجىلىك مالىيىنى ئاشكارىلاشنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى خىزمىتى داۋاملىق كۈچەيتىلدى. ئاشكارىلاش مەزمۇنى يېزا سىياسىتى، يەر ھۆددىگەرلىكى، ئۆيلۈك يەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، پىلانلىق تۇغۇت، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى، مالىيە چىقىمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت مالىيە ھېساباتىنى يېزا ۋاكالىتەن باشقۇرۇشنى يولغا قويغان يېزا - بازار %66 نى ئىگىلىدى. مۇتلەق كۆپ قىسىم مەمۇرىي كەنتلەردە مالىيىنى ئاشكارىلاش، دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۈزۈلمىسى قېلىپلاشقان ۋە بىرقەدەر قېلىپلاشقانلىرى %90 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

ئىسرائىل ئابباس

## ساختا يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىغا زەربە بېرىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ساختا يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىغا زەربە بېرىشتە قانۇن - نىزاملارغا خىلاپ بولغان

تۆۋەندىكىدەك 9 خىل قىلمىشقا نۇقتىلىق زەربە بېرىلدى. بىرىنچى، كىنىشكىسىز، گۇۋاھنامىسىز تىجارەت قىلغان، تىجارەت دائىرىسىدىن ھالقىپ تىجارەت قىلغانلار؛ ئىككىنچى، ۋاقتى ئۆتكەن، ئۈنۈمىنى يوقاتقان، سۈپىتى ئۆزگەرگەن ۋە ئاۋار بەلگىسى تولۇق بولمىغان لاياقەتسىز ۋە دۆلەت ئىشلىتىشنى مەنئى قىلغان يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقارغان، ساتقانلار؛ ئۈچىنچى، تىزىملاتقان گۇۋاھنامىسى (ياكى كېڭەيتىش ئىجازەتنامىسى) ئەستىق ھۆججەت نومۇرى، سورتلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى، تىجارەت ئىجازەتنامىسى، مەھسۇلات سۈپىتى لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى بولمىغان يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقارغانلار، ساتقانلار؛ تۆتىنچى، باشقا نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ساختىلىق قىلغان، ناچار مالنى ياخشى مال ئورنىغا دەسسەتكەن ساختا، ناچار يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقارغان، ساتقانلار؛ بەشىنچى، باشقىلارنىڭ تاۋار ماركىسى، نامى، ئوراسى، زىننەتلىشى، زاۋۇت نامى، زاۋۇت ئادرېسى قاتارلىقلارنى ئوغرىلىقچە ئىشلەتكەن، تورلۇك يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقارغان، ساتقانلار؛ ئالتىنچى، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئىجازاتنامىسى، ئەستىق ھۆججەت نومۇرى ياكى مەھسۇلاتنىڭ تىزىملاش گۇۋاھنامىسى، لاياقەت گۇۋاھنامىسىنى ساختا ياسىغان، ئۆزگەرتىپ ياسىغان ياكى ساتقان، سېتىۋالغانلار؛ يەتتىنچى، مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقارغان، تىجارەت قىلغان ئورۇننىڭ نامى، ئادرېسى، ئۈنۈملۈك ۋاقتى ۋە ئالاقىدار سۈپەت بەلگىلىرىنى ساختا ياسىغان ۋە ئۆزگەرتكەنلەر؛ سەككىزىنچى، تورلۇك ئېلان ياكى ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنىڭ سۈپىتى، مۇلازىمىتى، ئۈنۈمى، ئىشلىتىلىش دائىرىسى قاتارلىقلارنى ساختا ئېلان قىلغان ۋە تەشۋىق قىلغانلار؛ توققۇزىنچى، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشقا ئۆلچەم مىقدارى جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلار.

بىر يىلدا ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىدا 3458 قانۇن ئىجراچىسى (قېتىم) ئەۋەتىلىپ، 1324 ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئورنى (قېتىم) تەكشۈرۈلدى. 452 بازار (قېتىم) تەرتىپكە سېلىندى، 314 دېلو تۈرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، 62 مىليون 269 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ساختا، ناچار يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشياسى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلدى. قىممىتى 50 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان چوڭ دېلو، مۇھىم دېلودىن 18 ى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىنىپ، 9 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى.

چېن شياۋ

## يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا پائالىيىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدا «يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا يىلى پائالىيىتى» پائال قانات يايدۇرۇلدى. بىرىنچى، پاختا ئىشلەپچىقىرىش چوڭقۇرلىشىپ ئۈستۈنلۈككە ئىگە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان پەن-تېخنىكا ھەرىكىتى يولغا قويۇلدى. ئىككىنچى، مەملىكەت بويىچە دېھقانلار پەن - تېخنىكا بىلىملىرى مۇسابىقىسى شىنجاڭ رايونىنىڭ مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش خىزمىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، شىنجاڭ كوماندىسى غەربىي شىمال مۇسابىقە رايونىنىڭ تەييارلىق مۇسابىقىسىدا 2 - بولدى. ئۈچىنچى، شىنجاڭ دېھقانلار پەن - تېخنىكا كىتابخانىسى قۇرۇلۇشىنى ئىلتىماس قىلىپ يوللاش خىزمىتى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 52 كەنتتە دېھقانلار كىتابخانىسى قۇرۇش خىزمىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. تۆتىنچى، شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. بەشىنچى، ئېكولوگىيىلىك ھويلا - ئارام بەرپا قىلىپ دېھقانلارنى بېيىتىش پىلانى ۋە زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ھەرىكەت پىلانى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. يېزا ئاھالىلىرى ئىشلىتىدىغان پاتقاق گازى كۆلچىكىدىن 1179 نى ياسالدى، زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدىن 50 ى، زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىدىن 67 سى يېڭىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ بېكىتىلدى.

چيۇ جيەنمىن

## شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتلار

2003 - يىلى شىنجاڭ داڭلىق ماركىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ بېكىتىش كومىتېتى باھالاش ئارقىلىق چاقىلىق ناھىيىسى «سەنخەي» قوغۇن - باغۋەنچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ «سەنخەي» ماركىلىق قوغۇنى قاتارلىق 10 خىل مەھسۇلات شىنجاڭ بويىچە 2003 - يىللىق داڭلىق ماركىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى بولۇپ باھالاندى. 2000 -، 2001 - يىلى ئېتىراپ قىلىنىپ بېكىتىلىپ، مۇددىتى توشقان ئەسلىدىكى شىنجاڭ بويىچە داڭلىق ماركىلىق 10 خىل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى قايتا باھالاش ئارقىلىق داۋاملىق شىنجاڭ بويىچە 2003 - يىللىق داڭلىق ماركىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ بېكىتىلدى.

چيۇ جيەنمىن

شىنجاڭنىڭ 2003 - يىللىق داڭلىق ماركىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى

| ئورۇن نامى | تاۋار ماركىسى نامى | مەھسۇلات نامى |
|---|---|---|
| چاقىلىق ناھىيىلىك «سەنخەي» قوغۇن - باغۋەنچىلىك چەكلىك شىركىتى | سەنخەي | قوغۇن |
| چاقىلىق ناھىيىلىك «كىروران» چىلانچىلىق تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى | كىروران | چىلان |
| شىنجاڭ ئاقسۇ تارىم پاختىچىلىق (گۇرۇھى) ئۇنسۇ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | تەڭرىتاغ كۈمۈش پاختىسى | پاختا (ئىنچىكە تالالىق پاختا) |
| قابا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى | ئاشەن | سۈت گۈلى چىپار پۇرچاق |
| شىنجاڭ بەيفۇ بېيتىڭ يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى | پەنپەي | قەلەي قۇتىلىق شوخلا قىيامى، شوخلا توغرالمىسى، پۈتۈن شوخلا |
| چاپچال تيەنجيا ئاشلىق - ياغ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | تيەنجيا | ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك بۇغداي ئۇنى، ئالاھىدە 2 - دەرىجىلىك بۇغداي ئۇنى |
| جىمسار ناھىيىلىك جۇاڭزى ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى | كەيتو | ئېسىل زاراڭزا مېيى |
| قۇمۇل شەھىرى «قەدىمي يول» هاراقچىلىق چەكلىك شىركىتى | قەدىمى يول | ئۈززۈم هارىقى |
| بۇگۇر ناھىيىسى شىڭباۋ مېۋە مەھسۇلاتلىرى سانائەت - سودا چەكلىك شىركىتى | خۇشاللىق | ئۆرۈك خورمىسى |
| شىنجاڭ قۇمۇل «چاڭليەن» ئۇچەي مەھسۇلاتلىرى چەكلىك شىركىتى | چاڭخې | تۇزلانغان ئۇچەي |
| شىنجاڭ «خۇاشى» ئۇرۇقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | خۇاشى | قوغۇن، تاۋۇز ئۇرۇقى |
| شىنجاڭ «لۇتەي» مول هوسۇل پاختىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | فېڭخەي | ئۇزۇن تالالىق پاختا |
| شىنجاڭ «شېننىبې» بىئولوگىيىلىك ياسالمىلار چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | شېننىبې | شېننىبې ماركىلىق يۇرۇشلەشكەن مەھسۇلاتلار |
| تۇرپان «بەيلياڭيې» هاراقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | شىجۇچۈەن | بەيلياڭيې، ئاق قوناق ئالاھىدە هارىقى |
| شىنجاڭ گۇچۇڭ ناھىيىلىك يېڭى ئەسىر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | شۇەيچى | ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك بۇغداي ئۇنى |
| شىنجاڭ «كاڭۇبې» ئاشلىق - ياغ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | كاڭۇبىيۈەن | تەڭشەلگەن زاراڭزا يېغى |
| شىنجاڭ «تايۈەن» زاراڭزا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | تايۈەن | يۈرۈشلەشكەن زاراڭزا يېغى، ئاپتاپپەرەس يېغى، قىچا يېغى |
| شىنجاڭ «بوستان» زاراڭزا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى | يەنلېينياۋ ' | زاراڭزا ساغلاملىق سالات يېغى، تەڭشەلگەن زاراڭزا ساغلاملىق يېغى، ئاپتاپپەرەس سالات يېغى |
| شىنجاڭ فۇبې سەنباۋلى قۇلماق چەكلىك شىركىتى | «زايى» (SA−1) | قۇلماق دانچىسى |
| شىنجاڭ «لۇيجىن» قۇلماق ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتى | شىنرۇي | قۇلماق دانچىسى |

چيۇ جيەنمىن

## قىزىل كەسپ

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان سانائەت شوغلىسى، هاراق ئۈززۈمى قاتارلىق قىزىل كەسپلەردە ئۇدا ئېششىش بولدى.

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە سانائەت شوغلىسى تېرىلغۇ كۆلىمى 50 مىڭ گېكتارغا يەتتى، هوسۇلى 3 مىليون توننىغا

يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %20؛ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن شوخلا ياسالمىلىرى 500 مىڭ توننىغا يېتىپ، %2.8 ئاشتى، مەملىكەت بويىچە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن شوخلا ياسالمىسىنىڭ %90 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەش ھالىتى داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى، ھاراق ئۈزۈمى كۆلىمى 12 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %8، ئېلىنغان ھاراق ئۈزۈمى 90 مىڭ توننىغا يېتىپ، %14، ئىشلەنگەن ئۈزۈم ھارىقى 63 مىڭ توننىغا يېتىپ، %14.5 ئاشتى، «شىنتيەن» ھاراقچىلىقى، «شياڭدۇ» ھاراقچىلىقى قاتارلىق باشلامچى كارخانىلار ھاراق ئۈزۈمى ئىشلەش كەسپىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى، ئىلى دەرياسى ۋادىسى، قاراشەھەر ئويمانلىقىدىن ئىبارەت 3 چوڭ ھاراق ئۈزۈمى كەسىپ رايونى شەكىللەندى. ئالقات تېرىلغۇ كۆلىمى 11 مىڭ 600 گېكتارغا يەتتى، ھوسۇلى 20 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، 7300 توننا ئاشتى.

2003 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە سانائەت شوخلىسى ياسالمىسىنىڭ ئېكسپورت مىقدارى 348 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %8.4، ئېكسپورتتىن يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت 175 مىليون 760 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %9.01 ئاشتى، بىرىكتۈرۈش ۋە مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ شوخلا ياسالمىسى ئىشلەش كارخانىلىرىدىن شىنجاڭ «تۈنخې» ، «شىنجۇڭجى» ۋە شىنجاڭ «تيەنيې» دىن ئىبارەت شوخلا پىششىقلايدىغان 3 چوڭ باشلامچى كارخانا بارلىققا كەلدى، شىنجاڭ بويىچە سانائەت شوخلىسىنى زىيانسىز ئىشلەپچىقىرىشنى كەسىپلەشتۈرۈش قاتارلىق تۈر مەبلىغىدىن تولۇق پايدىلىنىلىپ، سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش، كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۈنۈمى يوقىتىش، تۇپراقنى نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاش، سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن ئۆز يېتىلىق تېمىتىپ سۇغىرىش قاتارلىق ئىلغار، ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكىلار كېڭەيتىلىپ، پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان سانائەت شوخلىسىنىڭ بىرلىك مەھسۇلات سەۋىيىسى ۋە سۈپەت ئۆلچىمى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى تۆۋەنلىتىلىپ، ئۈنۈمى ئاشۇرۇلدى.

دىڭ كاڭچۇ

## شىنجاڭنىڭ يېشىل يېمەكلىك تەرەققىيات ئەھۋالى

2003 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە يېشىل يېمەكلىك كارخانىسى 63 كە، يېشىل يېمەكلىك بەلگىسى ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلگەن مەھسۇلات 87 گە يەتتى، يېشىل يېمەكلىكلەرنى ئۆلچەشتىكى نۇقتىلىق ئورۇن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېشىل يېمەكلىك مەھسۇلاتلىرىنى يىللىق نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈپ ئۆلچىدى، تەكشۈرۈپ ئۆلچەشتە لاياقەتلىك نىسبىتى %97 بولدى.

2003 ـ يىلى شىنجاڭ يېشىل يېمەكلىك تەرەققىيات مەركىزى 21 كارخانىنىڭ 32 مەھسۇلاتىنى يېشىل يېمەكلىك مەھسۇلاتىغا يوللاش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 6 كارخانىنىڭ 12 مەھسۇلاتى داۋاملاشتۇرۇپ يوللانغان مەھسۇلات. جۇڭگو يېشىل يېمەكلىك مەركىزىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، 13 كارخانىنىڭ 14 مەھسۇلاتى يېشىل يېمەكلىك بەلگىسىگە ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر مەھسۇلات AA دەرىجىلىك يېشىل يېمەكلىك بەلگىسىگە ئېرىشتى.

ئابلىكىم

2003 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە يېشىل يېمەكلىك بەلگىسىگە ئېرىشكەن كارخانىلار ۋە مەھسۇلاتلار

| كارخانا نامى | مەھسۇلات نامى | تاۋار ماركىسى |
|---|---|---|
| شىنجاڭ ئارمان ئوقەتچىلىك كەسپىي چەكلىك شىركىتى | نوقۇت تالقىنى | ئارمان |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەنەنچۈي تەجرىبە دېھقانچىلىق مەيدانى | قومۇش | سۈبېي تيەنيۈەن |
| شىنجاڭ ئالتاي سۈتچىلىكى قاناس سۈت مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى | تولۇق مايلىق سۈت پاراشوكى | قاناس |
| شىنجاڭ ئىلى سىفاڭ ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى | ئاق شېكەر | سىفاڭ |
| «تۈنخې» مەبلەغ سېلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | ئاق شېكەر | تۈنخې |
| «تۈنخې» مەبلەغ سېلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | ئاق شېكەر | تۈنخې |
| شىنجاڭ فۇبېي سەنباۋلې قۇلماق چەكلىك شىركىتى | قۇلماق دانىچىسى | جيايى |
| شىنجاڭ يەكەن ناھىيىلىك زەرەپشان گۆرۈچچىلىك چەكلىك شىركىتى | گۆرۈچ | زەرەپشان |

| | | |
|---|---|---|
| شىنجاڭ بۇگۇر ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات شىركىتى | ئاق كىشمىش | جەنۇبىي بۇگۇر |
| شىنجاڭ ئىلى خۇاڭ يۈەنسۇڭ ئۈزۈمزارلىقى | قىزىل شار ئۈزۈم | يۈەنسۇڭ |
| شىخو پىۋا گۈرۈمى چەكلىك شىركىتى | پىۋا | شىخو |
| شىنجاڭ تەيكۇن گۈرۈمى چەكلىك شىركىتى | تەڭرىتاغ يەرلىك توخۇسى | تەيكۇن |
| شىنجاڭ «لىچۇن» شوخلا ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتى | شوخلا قىيامى | لىچۇن |
| شىنجاڭ «تيەنرۇن» سايرام كۆلى بېلىقچىلىق شىركىتى | ئاق سالمون بېلىقى | سايرام كۆلى |

ئابلىكىم

## جۇڭلۇي خۇاشيا ئورگانىك يېمەكلىكلەرنى ئېتىراپ قىلىپ بېكىتىش مەركىزىنىڭ شىنجاڭ شۆبە مەركىزى قۇرۇلدى

جۇڭگو يېشىل يېمەكلىك تەرەققىيات مەركىزى قۇرغان جۇڭلۇي خۇاشيا ئورگانىك يېمەكلىكلەرنى ئېتىراپ قىلىپ بېكىتىش مەركىزى (قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى COFCC) دۆلەت ئېتىراپ قىلىپ بېكىتىشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تەسىس قىلىنغان دۆلەت ئىچىدىكى ئورگانىك يېمەكلىكلەرنى ئېتىراپ قىلىپ بېكىتىدىغان تۇنجى ئاپپارات. 2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېشىل يېمەكلىك تەرەققىيات مەركىزى تەربىيىلەش ۋە سىناشقا ئادەم ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى، ئۇلار ئورگانىك يېمەكلىكلەرنى ئېتىراپ قىلىپ بېكىتىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى، جۇڭگو يېشىل يېمەكلىك تەرەققىيات مەركىزىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق شىنجاڭدا جۇڭلۇي خۇاشيا ئورگانىك يېمەكلىكلەرنى ئېتىراپ قىلىپ بېكىتىش مەركىزىنىڭ ش ئۇ ئا ر شۆبىسى قۇرۇلدى، بۇ مەركەز ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك سىستېمىسىدىكى ئورگانىك يېمەكلىكلەرنى كەشىپ قىلىش، ئېتىراپ قىلىش - بېكىتىش، باشقۇرۇش، تەشۋىق قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ، بۇ مەركەز شىنجاڭ سايرام كۆلى «سالمون بېلىقى» غا قارىتا ئورگانىك يېمەكلىكنى ئېتىراپ قىلىپ بېكىتىشنى ئېلىپ باردى، 10 - ئايدا بۇ مەھسۇلات تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ، ئورگانىك يېمەكلىك بەلگىسى ئىشلىتىش تەستىقلاندى، بۇ ئارقىلىق شىنجاڭدا ئورگانىك يېمەكلىكنى ئېتىراپ قىلىپ بېكىتكىلى بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى.

ئابلىكىم

## زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالى

بىرىنچى، زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى. 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازا ناھىيىلىرى (ئۈرۈمچى ناھىيىسى ۋە تۇرپان شەھىرى) قۇرۇلۇشىنى مۇستەھكەملەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق 2 - تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازا ناھىيىلىرى (ئاقسۇ شەھىرى ۋە قەشقەر شەھىرى) قۇرۇلۇشى تەشكىللەپ يولغا قويۇلدى، ئاقسۇ قەشقەر شەھەرلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك مۇھىت سۈپىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرلىرىنى تۈزۈپ يوللاش خىزمىتى ئورۇندالدى. 2003 - يىل 1 - ئايدىن 2004 - يىل 3 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدىن 69 ى بېكىتىلدى (بېكىتىلگەن بازا 179 غا يەتتى)، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى، تۇرپان، ئالتاي، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت دەرىجىلىك بازا 4، ئاقسۇ، قەشقەر شەھەرلىرى، ئونسۇ، توقسۇن، كۈچۈك ناھىيىلىرى قاتارلىق ناھىيە دەرىجىلىك بازا 20، ئاپتونوم رايون بويىچە زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى كۆلىمى 314 مىڭ 400 گېكتار (بېكىتىلگەن بازىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 614 مىڭ 400 گېكتار) غا يەتتى.

ئىككىنچى، زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، ئېتىراپ قىلىپ بېكىتىش ۋە باشقۇرۇش. شىنجاڭدا نۇقتىلىق ئۆستۈرۈلىدىغان 15 خىل كۆكتات، قوغۇن- تاۋۇز، مېۋىنى زىيانسىز مەھسۇلات قىلىپ ئۆستۈرۈشتىكى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا قائىدىسى ياكى ئۆلچىمى مۇزاكىرە قىلىنىپ تۈزۈپ چىقىلدى ھەمدە زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىدا ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىلدى، 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون

بويىچە ئېتىراپ قىلىنىپ بېكىتىلگەن زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى 92 گە، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 159 مىڭ 800 گېكتار (ئېتىراپ قىلىنىپ بېكىتىلگەن مەھسۇلات 234، ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 361 مىڭ 800 گېكتار) غا يەتتى. ئېتىراپ قىلىپ بېكىتىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى بەلگىسىگە ئېرىشكەن زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازارغا كىرگەندىكى باھاسى ئادەتتىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىدىن 20% — 40% يۇقىرى بولدى.

ئۈچىنچى، مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش بەلگىسى بولغان زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى كۆرسىتىش، بېكىتىش خىزمىتى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە تۇرپان، ئاقسۇ شەھەرلىرى، گوڭسۇ ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردىكى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېتىراپ قىلىنىپ بېكىتىلگەن زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى يوللاش ۋە كۆرسىتىش ئىشى تەشكىللەندى، 15 مەھسۇلات دۆلەت دەرىجىلىك زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ بېكىتىش لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشىپ، مەملىكەت بويىچە زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىر تۇتاش بەلگىسىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

تۆتىنچى، زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنى قۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش. ئۈرۈمچى، تۇرپان، ئاقسۇ، قەشقەر، بايىنغولىن، سانجى، ئىلى، خوتەن، قۇمۇل، تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار تۇرۇشلۇق شەھەرلەردىكى ئاساسلىق زىرائەتلەردە زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى يولغا قويۇش تەشكىللەندى. يىل ئاخىرىغىچە زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدىن 40 ى قۇرۇلدى، كۆلىمى 66 مىڭ 700 گېكتاردىن ئاشتى. «يېڭىچە تۇرىدىكى كۆكتاتلار»، «يوپۇرمىقى ئىستېمال قىلىنىدىغان كۆكتاتلار»، «يىلتىزىسمان غول تۇرىدىكىلەر»، «يېمەكلىك زەمبۇرۇغ تۇرىدىكىلەر» نى زىيانسىز ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا قائىدىسى بويىچە پەن - تېخنىكا، تەربىيىلەش فىلىملىرى ۋە 15 زىيانسىز كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا قائىدىسى، ئۈلچەم دەسلەپكى قەدەمدە ئورۇندالدى.

بەشىنچى، زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى (بازىلىرى) نى قېلىپلاشتۇرۇپ ئېتىراپ قىلىپ بېكىتىشنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش. 2003 - يىلى «ئاپتونوم رايوننىڭ زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئومۇمىي ئۆقتۇرۇش قىلىش تۈزۈمى» تۈزۈپ چىقىلدى. ش ئۇ ئا ر زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىلغان جايدا ئېتىراپ قىلىپ بېكىتىش كومىتېتى قايتىدىن قۇرۇلدى، زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى (بازىلىرى) دىن نۇسخا ئېلىش، پرىيوم قىلىش، ئۆلچەش، باھالاش - تەكشۈرۈش، ئېتىراپ قىلىپ بېكىتىشنى باشقۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ تۈرلۈك قائىدە تۈزۈملىرى ئورنىتىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

ياقۇپجان تۇرسۇن

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئېتىراپ قىلىنغان، گۇۋاھنامە بېرىلگەن زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مۇندەرىجىسى

| زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى ئىلتىماس قىلغان ئورۇن | ئېتىراپ قىلىنغان، گۇۋاھنامە بېرىلگەن مەھسۇلات | ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى (گېكتار) | زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى ئىلتىماس قىلغان ئورۇن | ئېتىراپ قىلىنغان، گۇۋاھنامە بېرىلگەن مەھسۇلات | ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى (گېكتار) |
|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەنەنچۈي بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | بۆلجۈرگەن | 166.7 | توقسۇ ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى | ئۈزۈم | 666.7 |
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەنەنچۈي بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | سەي كاۋىسى | 40 | كۇچا ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى | «خۇەنجياڭ» ماركىلىق ئۇن | 18666.7 |
| توقسۇن ناھىيىسى ئىلانلىق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | كىشمىش ئۈزۈم | 393.3 | توقسۇ ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى | قەغەز ياڭاق | 3333.3 |
| توقسۇن ناھىيىسى شاھ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | كوزا | 766.7 | توقسۇ ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى | ئۆرۈك | 2200 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| تۇقسۇن ناھىيىسى غۇلبويى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | خاسەڭ | 3266.7 | ئونسۇ ناھىيىلىك شالچىلىق مەيدانى | نەشپۈت | 120 |
| تۇقسۇن ناھىيىسى بوستان يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | چىلان | 133.3 | ئونسۇ ناھىيىلىك شالچىلىق مەيدانى | ئۈزۈم | 21.3 |
| ئۆچتۇرپان ناھىيىلىك ئۆرۈق باشقۇرۇش پونكىتى | نوقۇت | 666.7 | باي ناھىيىسى ياتۇر يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | ئۆرۈك | 1666.7 |
| ئۆچتۇرپان ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | بۇغداي | 1200 | باي ناھىيىلىك دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق ئىدارىسى | سامساق | 666.7 |
| باي ناھىيىسى مىجىق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | مۇچ | 200 | باي ناھىيىسى باي بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | تەرخەمەك | 113.3 |
| كەلپىن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق چارۋىچىلىق ئىدارىسى | ئۆرۈك | 3000 | باي ناھىيىسى چوڭ كۆرۈك يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | ياڭيۇ | 333.3 |
| كەلپىن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسى | چامغۇر | 3000 | باي ناھىيىسى سايرام بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | سەۋزە | 200 |
| پوسكام ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى | بۆلجۈرگەن | 20 | جىمسار ناھىيىلىك «كېلۇ» يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتى | ئۈزۈم | 133.3 |
| پەيزاۋات ناھىيىلىك پەيزاۋات ئۆرۈك ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش جەمئىيىتى | پەيزاۋات ئۆرۈكى | 8733.3 | جىمسار ناھىيىلىك «كېلۇ» يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتى | ئۆرۈك | 666.7 |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى كوناگۇچۇڭ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | ھەلڭ موگۇسى | 15666.7 | ماناس ناھىيىسى چىڭشۈيخې يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | ياڭيۇ | 1000 |
| ماناس ناھىيىسى لەنجۇۋەن بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | ياڭيۇ | 146.7 | مىچۈەن شەھەرلىك ياشلار - ئېيشىل دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى جەمئىيىتى | مۇچ | 66.7 |
| ماناس ناھىيىسى چىڭشۈيخې بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | ھەلڭ موگۇسى | 1000 | قۇتۇبى ناھىيىسى ۋۇگوڭتەي بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | تاۋۇز | 7666.7 |
| جىمسار ناھىيىسى جىمسار بازىرى دۇڭجياۋەن كەنت كومىتېتى | قوغۇن | 33.3 | قۇتۇبى ناھىيىسى ۋۇگوڭتەي بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | تاتلىق ياڭيۇ | 7666.7 |
| جىمسار ناھىيىسى جىمسار بازىرى دۇڭجياۋەن كەنت كومىتېتى | تاۋۇز | 333.3 | بۇگۇر ناھىيىلىك شىڭباۋ مېۋە مەھسۇلاتلىرى سانائەت - سودا چەكلىك شىركىتى | ئۆرۈك خورمىسى | 6666.7 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ جىرۇيشياڭ مەبلەغ سېلىش شىركىتى دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى | ئۈزۈم | 200 | خوشئۆت ناھىيىلىك «كاڭنوڭ» مېۋە - كۆكتات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | مۆچ | 180 |
| خوشئۆت ناھىيىلىك «كاڭنوڭ» مېۋە - كۆكتات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | چىپار پۇرچاق | 180 | خوشئۆت ناھىيىلىك «كاڭنوڭ» مېۋە - كۆكتات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | پېدىگەن | 180 |
| خوشئۆت ناھىيىلىك «كاڭنوڭ» مېۋە - كۆكتات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | تەرخەمەك | 180 | خوشئۆت ناھىيىلىك «كاڭنوڭ» مېۋە - كۆكتات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | سەي كاۋىسى | 180 |
| بۇگۇر ناھىيىلىك «خۇالوڭ» دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى | ئۆرۈك قىيامى | 7333.3 | نىيە ناھىيىسى نىيە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | شوخلا | 1000 |
| چىرا ناھىيە چىرا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | ياڭاق | 3053.3 | نىيە ناھىيىسى نىيە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | مۆچ | 1000 |
| خوتەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى | ئۈزۈم | 1073.3 | نىيە ناھىيىسى ئەندىر يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | قوغۇن | 3000 |
| خوتەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى | ياڭاق | 18280 | كېرىيە ناھىيىسى مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىكى پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | شوخلا | 466.7 |
| خوتەن شەھىرى ئاقچال باشقۇرۇش رايونى كومىتېتى | چىلان | 1533.3 | كېرىيە ناھىيىسى مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىكى پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | پېدىگەن | 266.7 |
| خوتەن شەھىرى ئاقچال باشقۇرۇش رايونى كومىتېتى | قوغۇن | 400 | كېرىيە ناھىيىسى مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىكى پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | تەرخەمەك | 333.3 |
| خوتەن شەھىرى گۇجاڭباغ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | تەرخەمەك | 373.3 | كېرىيە ناھىيىسى مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىكى پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | مۆچ | 333.3 |
| خوتەن شەھىرى گۇجاڭباغ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | مۆچ | 373.3 | كېرىيە ناھىيىسى مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىكى پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | سەي كاۋىسى | 200 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| نىيە ناھىيىسى نىيە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | تەرخەمەك | 1000 | كېرىيە ناھىيىسى مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىكى پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | قوغۇن | 200 |
| نىيە ناھىيىسى نىيە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | سەي كاۋىسى | 1000 | كېرىيە ناھىيىسى مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىكى پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | تاۋۇز | 200 |
| نىيە ناھىيىسى نىيە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | پېدىگەن | 1000 | تارباغاتاي ۋىلايەتلىك فېڭخۇەن يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | ئاچچىق كاۋا | 333.3 |
| لوپ ناھىيىسى يورۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | قىزىلگۈل | 240 | ساۋەن ناھىيىسى ئۇلانئۇس بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | كۈدە | 106.7 |
| لوپ ناھىيىسى چارباغ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | ئۆرۈك | 840 | ساۋەن ناھىيىسى قورغاس بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | ئالقات | 1000 |
| شىنجاڭ تېنچ ئوكيان يېزا ئىگىلىك بايلىقلىرىنى ئېچىش چەكلىك شىركىتىنىڭ لوپ شۆبىسى | شاپتۇل قىيامى | 26.7 | ساۋەن ناھىيىسى قورغاس بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | قۇلماق | 33.3 |
| لوپ ناھىيىسى چارباغ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | ياڭاق | 3000 | ساۋەن ناھىيىسى يەنسىخەي بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | مۇچ | 1333.3 |
| لوپ ناھىيىسى بەشتوغراق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | چىلان | 640 | ساۋەن ناھىيىسى يەنسىخەي بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | غول پىياز | 666.7 |
| قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | كىشمىش ئۈزۈم | 1000 | غۇلجا ناھىيىلىك كۆكتاق قورۇلۇشى ئىشخانىسى | ئۈزۈم | 200 |
| قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | قۇمۇل چىلىنى | 1000 | غۇلجا ناھىيىلىك كۆكتاق قورۇلۇشى ئىشخانىسى | پىياز | 66.7 |
| بورتالا ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى | پېدىگەن | 200 | توققۇزتارا ناھىيىلىك كۆك - تاق قورۇلۇشى ئىشخانىسى | ياڭيۇ | 666.7 |
| بورتالا ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى | تەرخەمەك | 200 | قورغاس ناھىيىسى چىڭسىخوزا بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | سەي كاۋىسى | 66.7 |
| بورتالا ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى | شوخلا | 200 | جىڭ ناھىيىسى تولى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى | ئالقات | 333.3 |
| بورتالا ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى | خام كۆكتات | 200 | بورتالا ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى | سەي كاۋىسى | 200 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئاقچى ناھىيىلىك سامساقچىلىق جەمئىيىتى | سامساق | 666.7 | قورغاس ناھىيىسى چىڭسىخوزا بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | تەرخەمەك | 66.7 |
| قورغاس ناھىيىسى چىڭسىخوزا بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | شوخلا | 66.7 | قورغاس ناھىيىسى كۈرە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى | سەۋزە | 800 |
| قورغاس ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئوت - چۆپ تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى | يالپۇز | 666.7 | ئۈزۈمچى شەھەرلىك كانچىلىق گۈرۈھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى — ئىلى جىنچۈەن ئۈزۈمزارلىقى | ئۈزۈم | 26.7 |

ياقۇپجان تۇرسۇن

## دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى

1. كېۋەزنى يۇقىرى زىچلىقتا ئۆستۈرۈپ مو (0.07 گېكتار) بېشى ساپ پاختا ھوسۇلىنى 150 كىلوگرامغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت يۇقىرى ھوسۇل ئۈلگىلىكە ھۆججەت قىلىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يەرلىك ئورۇنلاردا ئەمەلىي تېرىلغان كېۋەز كۆلىمى 570 مىڭ 700 گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى زىچلىقتا ئۆستۈرۈلگەن كېۋەز كۆلىمى %1.77 نى ئىگىلىدى. يەرلىك ئورۇنلاردا مو (0.07 گېكتار) بېشى ساپ پاختا ھوسۇلى 200 كىلوگرامدىن ئاشقان كۆلەم 1400 گېكتار، مو (0.07 گېكتار) بېشى ساپ پاختا ھوسۇلى 180 — 200 كىلوگرامغا يەتكەن كۆلەم 7200 گېكتار، مو (0.07 گېكتار) بېشى ساپ پاختا ھوسۇلى 150 - 180 كىلوگرامغا يەتكەن كۆلەم 77 مىڭ 600 گېكتار، مو (0.07 گېكتار) بېشى ساپ پاختا ھوسۇلى 120 — 150 كىلوگرامغا يەتكەن كۆلەم 217 مىڭ 800 گېكتار. يۇقىرى زىچلىقتا ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى كېۋەزدىن كەڭ كۆلەمدە يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنى ئىلگىرى سۈردى.

2. ئۆز ھېسسىلىق كىچىك تۆشۈكلۈك سۇلياۋ تورۇبا ئارقىلىق تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسى ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىلدى. بۇ 2001 - يىلى بېكىتىلگەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى 148 - تۈەن - مەيداندا سىناق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان، شىنجاڭدا كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىشكە ماس كېلىدىغان، ئىنقىلابىي خاراكتېرگە ئىگە تېجەپ سۇغىرىش يېڭى تېخنىكىسىدىن ئىبارەت. 2003 - يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى 10 - بەش يىللىق پىلاندىكى سۈپەتلىك پاختا بازىلىرىنىڭ كېۋەزنى سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈش ئۈنۈملۈك تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلىرىدىكى 8 ناھىيە (شەھەر) دە ئۈلگە كۆرسىتىشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئۈلگە كۆرسىتىش كۆلىمى 360 گېكتاردىن ئاشتى. مەھسۇلاتنى ئۆلچەپ ھېسابلاشقا ئاساسلانغاندا، ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلىرىدا مو (0.07 گېكتار) بېشى ساپ پاختا ھوسۇلى 150 كىلوگرامغا يەتكەن كۆلەم 330 گېكتاردىن ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە مو بېشى ساپ پاختا ھوسۇلى 200 كىلوگرامغا يەتكەن نۇقتا 2 بولۇپ، كۆلىمى 6.7 گېكتار؛ مو (0.07 گېكتار) بېشى ساپ پاختا ھوسۇلى 180 كىلوگرامغا يەتكەن نۇقتا 4 بولۇپ، كۆلىمى 120 گېكتار؛ مو بېشى ساپ پاختا ھوسۇلى 30 كىلوگرام ئەتراپىدا ئاشقان.

3. كۆپ قېتىم ھوسۇل ئېلىش تۈزۈمىدىكى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا قوللىنىلغان ئەندىزە ئاساسلىقى: بۇغداي ئارىسىغا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سۈپەتلىك كۆممىقوناقنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش — پۇرچاق تۇرىدىكىلەر (مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سۈپەتلىك كۆممىقوناق، سىلوس كۆممىقوناق، سېرىق پۇرچاق، سۈپەتلىك ئوت - چۆپ، بېدە، يەم - خەشەك قىلىنىدىغان قىچا قاتارلىقلار). شىمالىي شىنجاڭدا قوللىنىلغان ئەندىزە ئاساسلىقى: ئارپا، قىچىلارنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، ئېڭىزغا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سۈپەتلىك كۆممىقوناق تېرىپ سىلوس قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوت - چۆپ تېرىشقا بىرلەشتۈرۈپ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا سىلوسلاش ۋە شاخ - شۇمبىنى سېرىق پېتى ساقلاش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى. 2003 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا بىر يىلدا 3 قېتىم ھوسۇل ئېلىش بويىچە يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى 67 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق يەرگە كېڭەيتىلدى، شىمالىي شىنجاڭدا بىر پەسىللىك سىلوس كۆممىقوناقنى ئېڭىزغا تېرىش 6700 گېكتار يەرگە كېڭەيتىلدى.

4. باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم

رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا تارماقلىرى قىزىل شار ئۈزۈمنى سۇپەتلىك، ئۈنۈمپەرسال، يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش، ھۆل ئىستېمال قىلىنىدىغان ئۈزۈم ۋە نەشپۈتكە خالتا كىيدۈرۈش تېخنىكىسى، تورپان ئۈزۈمىنىڭ دېنى تۆكۈلۈش مەسىلىسى، قوغۇننى ئۈنۈمپەرسال ئۆستۈرۈش، كورلا نەشپۈتىنى پاكار، زىچ ئۆستۈرۈش، بالدۇر يېتىلدۈرۈش ئۈنۈمپەرسال تېخنىكىسى ۋە ئۈزۈمنى ھۆل پېتى ساقلاش، توشۇش ۋە ئىنچىكىلەپ پىششىقلاپ ئىشلەش مەسىلىسى قاتارلىقلارنى ئۇقتىلىق چۆرىدەپ باغۋەنچىلىك پەن- تېخنىكىسى ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى.

5. 10 - بەش يىللىق پىلاندىكى سۈپەتلىك پاختا بازىسى قۇرۇلۇشى تۈرىنىڭ كېۋەزنى سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈش ئۈنۈمپەرسال تېخنىكىسى بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش رايونلىرى قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئۈنۈمى ياخشى بولدى. ئۆلگە كۆرسىتىش رايونىدا يۇقىرى زىچلىقتا يۇقىرى ھوسۇللۇق قېلىپلاشتۇرۇپ ئۆستۈرۈش ئۈنۈمپەرسال تېخنىكىسى، سۇ تېجەپ سۇغىرىش يېڭى تېخنىكىسى، ئىلمىي ئوغۇتلاش تېخنىكىسى، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئۈنۈمپەرسال ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تېخنىكىسى، سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق يېڭى سورتلارنى كېڭەيتىش قاتارلىق سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش ئۈنۈمپەرسال تېخنىكىلىرى بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك ئۆلگە كۆرسىتىلدى. 2003 - يىلى ئۆلگە كۆرسىتىش رايونلىرىدا 6660 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. ئۆلگە كۆرسىتىش رايونىدا كەڭ كۆلەمدە مو (0.07 گېكتار) بېشى ساپ پاختا ھوسۇلىنى 150 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، كىچىك كۆلەمدە ساپ پاختا ھوسۇلى 180 — 200 كىلوگرامغىچە يەتتى.

6. سانائەت شوخلىسىنى سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق زىيانسىز ئۆستۈرۈپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈنۈمپەرسال تېخنىكىسى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلدى. 2003- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت شوخلىسى تېرىلغان كۆلەم 49 مىڭ 800 گېكتارغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن ئازكەم بىر ھەسسە ئاشتى. ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرلۈك تېخنىكا كېڭەيتىلدى: 1) سانائەت شوخلىسى مايسىسىنى يېتىشتۈرۈپ كۆچۈرۈپ تىكىش تېخنىكىسى ۋە تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسى. 2003- يىلى مايسا يېتىشتۈرۈش كېڭەيتىلگەن كۆلەم 660 گېكتاردىن ئارتۇق، كۆچۈرۈپ تىكىش كۆلىمى 2666.7 گېكتار بولۇپ، خام ماتېرىيالنى ماشىنىغا كىرگۈزۈپ شوخلا ياسالمىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاقتى ئالدىغا سۈرۈلۈپ، شوخلىنىڭ مەركەزلىك بازارغا كىرىش زىددىيىتى پەسەيتىلدى. 6666.67 گېكتار يەردە تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسى قوللىنىلدى ۋە كېڭەيتىلدى، ئوتتۇرىچە مو (0.07 گېكتار) بېشى ھوسۇلى 8 توننا ئەتراپىدا بولۇپ، ئادەتتىكى ئۇسۇلدا سۇغارغانغا قارىغاندا مو بېشى ھوسۇلى 2 توننا ئەتراپىدا ئاشتى. 2) يۇقىرى ھوسۇل ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش كەڭ دائىرىدە قانات يايدۇرۇلدى. يۇقىرى ھوسۇل ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش كۆلىمى 6666.67 گېكتار بولۇپ، بىر قىسىم يۇقىرى ھوسۇللۇق تىپلار بارلىققا كەلدى. بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 6- شى 102 - تۈەن - مەيدانى 2- لىيەندە تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسى قوللىنىلغان 80 مو (5.33 گېكتار) ئۆلگە كۆرسىتىش ئېتىزىنىڭ ئوتتۇرىچە مو (0.07 گېكتار) بېشى ھوسۇلى 19.04 تونىغا يېتىپ، 2003 - يىللىق رېكورتنى ياراتتى. 3) 2003 - يىلى «1 - 98» يېڭى سورتىنى كېڭەيتىش بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىلدى. 2003 - يىلى كېڭەيتىلگەن كۆلەم 6666.67 گېكتار بولۇپ، ئوتتۇرىچە مو (0.07 گېكتار) بېشى ھوسۇلى 6 توننا ئەتراپىدا بولدى. بۇ سورتنىڭ قىزىل پىگمېنت تەركىبى يۇقىرى، بىسلىشقا چىداملىق، يۆتكەش ئاسان بولۇش، سېتىۋېلىش يۇقىرى پەللە مەزگىلىدىن باشقا چاغلاردىمۇ ساقلىغىلى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بار.

گې جۈن

## ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك دېھقانچىلىق ئىشلىرى بويىچە پەن - تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى 110 مۇلازىمەت تېلېفونى يولغا قويۇلدى

2003 - يىلى شىنجاڭدا دېھقانچىلىق ئىشلىرى بويىچە 110 مۇتەخەسسىسلەر قىزىق لىنىيىسىنى يولغا قويغان ئورۇنلار: قۇمۇل، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى، بايىنغولىن ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار، ناھىيە، شەھەرلەردىن سانجى، فۇكاڭ، شىخو شەھەرلىرى، قورغاس، توقسۇن، پىچان ناھىيىلىرى، كورلا شەھىرى، بۆگۈر، لوپنۇر، كۇچا ناھىيىلىرى، ئاقسۇ شەھىرىدىن ئىبارەت 11 ناھىيە، شەھەر.

گې جۈن

## يېڭى سورتلارنى باھالاپ بېكىتىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدا 6 خىل زىرائەتنىڭ 37 يېڭى سورتى باھالاپ بېكىتىش (ئېتىراپ قىلىش) تىن ئۆتتى. ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن باھالاپ بېكىتىلگەن (ئېتىراپ قىلىنغان) سورتلارغا قايتا نام بېرىلدى.

كېۋەز: «شىنجاڭ رەڭلىك كېۋىزى — 5» (زۇڭ 1 — 204)، «شىنخەي — 22» (14 — 1 — 85A»، «شىنخەي — 23 (2430)»، «شىنلۇزاۋ — 17» (شىن $B_1$)، «شىنلۇزاۋ — 18» (8 — 69118)، «شىنلۇزاۋ — 19» (شى $K_6$)، «شىنلۇجۇڭ 19» (ND9804)، «جۇڭ 287»، «شىنلۇجۇڭ — 20» (60 — 98)، «شىنلۇجۇڭ — 21»

(206145 — S)؛ بوغداي: «شىنجاڭ يازغىسى — 14» (16 — 98)، «شىنجاڭ يازغىسى — 15» (9811)، «شىنجاڭ يازغىسى — 16» (9710)، «شىنجاڭ كۈزگىسى — 26» (شورغا چىدامىلىق 101)؛ شال: جىۇتيەن — 39»، «شىنجاڭ شېلى — 10 (چوڭ دانلىق سۈسۈن بىپىشقاق گۈرۈچ)؛ كاپتاپپەرەس: «شىنجاڭ كاپتاپپەرىسى — 9» (ARO — a1)، «شىنيىن HX55» (HX55)، «شىنجاڭ كاپتاپپەرىسى — 10» (BKZ9806)، «شىنجاڭ يېمەكلىك كاپتاپپەرىسى — 4 (كاڭدې 206)، «شىنيىن ـ 765C»، «يۈنشىكۇي — 02»؛ قىچا: «شىنجاڭ قىچىسى — 16» (SWH97SN056)؛ كۆممىقوناق: «شىنجاڭ كۆممىقونىقى — 15» (شىزاۋ 02)، «شىنيىن KX9384» (KX9384)، «شىنجاڭ كۆممىقونىقى — 16» (2181)، «شىنجاڭ كۆممىقونىقى — 17» (شىنشىزاۋ — 3)، «يۈنيۈي — 1»، «شىنجاڭ كۆممىقونىقى — 18» (15 — 35)، «شىنيىن KX1566» (KX1566)، «شىنيىن KX1568» (KX1568)، «جاڭيۇي 1233»، «شىنجاڭ يەم ـ خەشەك كۆممىقونىقى — 1» (كاڭدى 1551)، «شىنجاڭ يەم ـ خەشەك كۆممىقونىقى — 2» (يەم ـ خەشەك 2001)، «شىنجاڭ يەم-خەشەك كۆممىقونىقى — 3» (شىنچىڭ 01)، «شىنجاڭ يەم-خەشەك كۆممىقونىقى — 4» (شىنچىڭ — 1)، «شىنجاڭ يەم ـ خەشەك كۆممىقونىقى — 5» (شىنشىدۇ — 1).

چا چۈنخۇڭ

## دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ سۈپەتلىك سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش، كېڭەيتىش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە يەرلىك ئورۇنلاردا تۈرلۈك زىرائەت ئۇرۇقلىرى ئىشلىتىلگەن كۆلەم 1 مىليون 927 مىڭ 300 گېكتار، ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئەلا سورتلىرىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %93.5 بولدى.

بىرىنچى، ئەلا سورتلارنى كېڭەيتىش ئەھۋالى

ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى 955 مىڭ 600 گېكتار بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 78 مىڭ 200 گېكتار ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي كۆلىمى 468 مىڭ 200 گېكتار بولۇپ، 55 مىڭ گېكتار ئازايدى. نۇقتىلىق كېڭەيتىلگەن بۇغداي سورتى 14 بولۇپ، بۇغداي ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %73 نى ئىگىلىدى، ئاساسلىق سورتلىرى «شىنجاڭ كۈزگىسى — 20»، «شىنجاڭ كۈزگىسى — 17»، «شىنجاڭ كۈزگىسى — 18»، «لۇمەي — 23» ۋە «شىنجاڭ يازغىسى — 6»، «شىنجاڭ يازغىسى — 8»، «شىنجاڭ يازغىسى — 11» قاتارلىقلار بولۇپ، ئەلا سورت نىسبىتى %42 بولدى. شالغۇت كۆممىقوناق كۆلىمى 371 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، 15 مىڭ 700 گېكتار ئازايدى، ئەلا سورت نىسبىتى %93 بولدى؛ شال كۆلىمى 47 مىڭ 400 گېكتار بولۇپ، 1906.67 گېكتار ئاشتى؛ ئارپا كۆلىمى 10 مىڭ 800 گېكتار؛ قارا ئاشلىق (ئاساسلىق پۇرچاق تۈرىدىكىلەر) كۆلىمى 57 مىڭ 200 گېكتار بولدى.

ئىقتىسادىي زىرائەت ئەلا سورتلىرى كېڭەيتىلگەن كۆلەم 615 مىڭ 800 گېكتارغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 98 مىڭ 80 گېكتار ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كېۋەز كۆلىمى 547 مىڭ 600 گېكتارغا يېتىپ، 103 مىڭ گېكتار ئاشتى، ئەلا سورت نىسبىتى %92 بولدى؛ قىزىلچا كۆلىمى 35 مىڭ 700 گېكتار بولۇپ، 12 مىڭ 700 گېكتار كېمەيدى.

ياغلىق دان زىرائىتى ئەلا سورتلىرى كېڭەيتىلگەن كۆلەم 122 مىڭ 800 گېكتار بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 22 مىڭ 600 گېكتار ئازايدى.

قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات تۈرىدىكى زىرائەت ئەلا سورتلىرى كېڭەيتىلگەن كۆلەم 2002 ـ يىلدىكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلىشىپ، 128 مىڭ گېكتار بولدى.

باشقا زىرائەت ئەلا سورتلىرى كېڭەيتىلگەن كۆلەم 104 مىڭ 800 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق سورت قاشقا بېدىدىن ئىبارەت.

2003 ـ يىلى شىنجاڭدا ئەلا سورتلارنىڭ كېڭەيتىلىشىدە ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا «ئىككى ئازىيىش، بىر ئېشىش، بىر تەڭلىشىش» يۈزلىنىشى كۆرۈلدى، يەنى ئاشلىق زىرائىتى بىلەن ياغلىق دان زىرائىتى ئازايدى، ئىقتىسادىي زىرائەت كۆپەيدى، قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات زىرائەتلىرى تەڭلەشتى.

ئىككىنچى، سۈپەتلىك ئۇرۇق كۆپەيتىش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇرۇق ئېتىزى كۆلىمى 135 مىڭ 700 گېكتارغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 15 مىڭ 700 گېكتار ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەر دەرىجىلىك ئۇرۇقچىلىق شىركەتلىرى (پونكىتلىرى) نىڭ ئۇرۇق ئېتىزى كۆلىمى 76 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، 20 مىڭ 500 گېكتار ئازايدى؛ يېزا، كەنتلەرنىڭ ئۇرۇق ئېتىزى كۆلىمى 58 مىڭ 800 گېكتارغا يېتىپ، 36 مىڭ 900 گېكتار كۆپەيدى.

2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان تۈرلۈك زىرائەت ئۇرۇقى 344 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2002ـ يىلدىكىدىن 59 مىڭ 300 توننا ئاشتى.

ئاساسلىق زىرائەتلەرنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقىنى ئىشلەپچىقىرىش ھەم سورت ئەھۋالى: 2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بۇغداي ئۇرۇقى تەييارلاش ئېتىزى كۆلىمى 18 مىڭ 800 گېكتار، ئىشلەپچىقىرىلغان ئۇرۇق 95 مىڭ 716 توننا، بۇنىڭ ئىچىدە كۈزگى بۇغداي ئۇرۇقى 71 مىڭ 787 توننا، ئاساسلىق سورتلىرى: «شىنجاڭ كۈزگىسى — 20»، «شىنجاڭ كۈزگىسى — 18»، «شىنجاڭ كۈزگىسى — 17»، «خېندەن 5316» قاتارلىقلار؛ يازغى بۇغداي ئۇرۇقى

23 مىڭ 929 توننا. ئاساسلىق سورتلىرى: «شىنجاڭ يازغىسى — 6»، «شىنجاڭ يازغىسى — 8»، «شىنجاڭ يازغىسى — 11» قاتارلىقلار. شالغۇت كۆممىقوناق ئۇرۇقى تەييارلاش كۆلىمى 18 مىڭ 800 گېكتار. ئىشلەپچىقىرىلغان ئۇرۇق 95 مىڭ 510 توننا. ئاساسلىق سورتلىرى: SC704، «دۇڭدەن — 7»، «دېڭخەي — 1»، «خۇدەن — 4»، «شىنجاڭ كۆممىقونىقى — 9» قاتارلىقلار. ئۇرۇقلۇق چىگىت ئېتىزى كۆلىمى 92 مىڭ 300 گېكتار، ئىشلەپچىقىرىلغان ئۇرۇق 136 مىڭ 657 توننا. ئاساسلىق سورتلىرى: «جۇڭمىيەن — 35»، «يۈيمىيەن — 15»، «شىنخەي — 14»، «شىنلۇزاۋ — 12، 13» قاتارلىقلار، ياغلىق دان، قىزىلچا قاتارلىق باشقا زىرائەت ئۇرۇقى 16 مىڭ 104 توننا.

چا چۇنخۇڭ

## سۇپەتلىك پاختا بازىلىرىدىكى سورتلارنى سەرخىللاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى

10 ـ بەش يىللىق پىلاندىكى سۇپەتلىك پاختا بازىلىرى قۇرۇلۇش تۈرى شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى بولۇپ، 2001 ـ يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان. 2003 ـ يىلى سۇپەتلىك پاختا بازىسى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يەنىلا سورتلارنى سەرخىللاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلى ئۇرۇق، تاۋار ئۇرۇق بازىسى — سورتلارنى سەرخىللاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشى قىلىندى. 2003 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات ـ پىلان كومىتېتى ھەرقايسى تۈر رايونلىرىغا 56 مىليون 440 مىڭ يۈەن مەبلەغ چۈشۈردى، 5 رايون خاراكتېرلىك ئەسلى ئۇرۇق بازىسى ۋە 21 تاۋار ئۇرۇق بازىسى قۇرۇلدى، ھەر بىر بازىغا 3 مىليون يۈەن ئەتراپىدا مەبلەغ سېلىندى، بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئۇرۇق پىششىقلاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، رەڭلىك پولات تاختىلىق ئامبار ۋە زاۋۇت ئۆيلىرى قۇرۇلدى ھەمدە بىر قىسىم پرىبوم ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىندى، بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش، كۆپەيتىش، كېڭەيتىش بىر گەۋدە قىلىنغان سىستېما شەكىللەندى، نۆۋەتتە بۇ تۈرنىڭ قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى ھەم ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

چا چۇنخۇڭ

قىسقا ماتېرىيال

## شىنجاڭنىڭ زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بەلگىسى

زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى دېگەندە ئىشلەپچىقىرىلغان جاينىڭ مۇھىتى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانى، مەھسۇلات سۈپىتى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار ئۆلچەم ۋە قېلىپلاشتۇرۇش تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان، ئېتىراپ قىلىپ بېكىتىشتە لاياقەتلىك بولۇپ ئېتىراپ قىلىپ بېكىتىش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن ھەمدە زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى بەلگىسىنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنغان، پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن ياكى دەسلەپكى قەدەمدە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىك قىلىنىدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

شىنجاڭنىڭ زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى بەلگىسى 20 سانتىمېتىرلىق (يۇكەيگە قويۇلىدۇ)، 8 سانتىمېتىرلىق (يەشىككە ئىشلىتىلىدۇ)، 5 سانتىمېتىرلىق (كىچىك يەشىككە ئىشلىتىلىدۇ) 2 سانتىمېتىرلىق (يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ) دىن ئىبارەت 4 خىل قىلىپ ئىشلەنگەن.

بەلگىدىكى رەسىمنىڭ مەزمۇنى:

1. بەلگىدىكى ئىچكى ھالقا ۋە تاشقى ھالقىدىكى يېشىل ئۈسۈملۈك بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇشتىكى يېشىل توساقنى ئىپادىلەيدۇ؛ ئىچكى ۋە تاشقى ئىككى ھالقا مۇھىتنى ئاسراشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

2. ئىچكى ھالقىدىكى مايسا بارلىق زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا سىموۋۇل قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ مايسىنىڭ ئىككى يوپۇرمىقى بۈركۈتنىڭ ئىككى قانىتىغا ئوخشىتىلغان بولۇپ، زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كەسپىنىڭ گۈللىنىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

3. يۇقىرى ھالقىدىكى ئېنگلىزچە pollutionfree دېگەن سۆز زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى ئىپادىلەيدۇ. XJ خەنزۇچە پىنيىن ھەرپى بولۇپ شىنجاڭنى بىلدۈرىدۇ، ھەمدە ساختىلىقتىن ساقلىنىش خۇسۇسىيىتى رولىغا ئىگە.

ياقۇپجان تۇرسۇن

## 6 كارخانا مەملىكەت بويىچە ئۈلگىلىك كارخانا بولۇپ باھالاندى

يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە جۇڭگو ئۇرۇقچىلىق جەمئىيىتى 50 ئۇرۇقچىلىق كارخانىسىنى 2003 - يىللىق مەملىكەت بويىچە ئۇرۇقچىلىقتىكى 50 كۈچلۈك كارخانا دەپ باھالىدى. شىنجاڭدىكى غەربىي يۇرت ئۇرۇقچىلىقى، «تيەنخې» ئۇرۇقچىلىقى، «كاڭدى» ئۇرۇقچىلىقى، «جىنبو» ئۇرۇقچىلىقى، «خۇاشى» ئۇرۇقچىلىقى، ۋە «تيەنسەي» پەن - تېخنىكىسى قاتارلىق كارخانىلار بۇ نامغا ئېرىشتى.

چا چۈنخۇاڭ

## دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈملۈك كارانتىنى

بىرىنچى، يېزا ئىگىلىك ئۆسۈملۈكلىرى زىيانلىق جانلىقلىرىنىڭ يۇقۇم ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، 2003 - يىل مەملىكەت بويىچە 3 يىل داۋاملاشقان يېزا ئىگىلىك ئۆسۈملۈكلىرى زىيانلىق جانلىقلىرىنىڭ يۇقۇم ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلى، شىنجاڭ بويىچە 1390 يېزا - بازار (بىڭتۇەننىڭ تۈەن - مەيدانلىرى)، 2410 مەمۇرىي كەنت (بىڭتۇەننىڭ لىيەندۈيلىرى) ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈلگەن يېزا- بازار (تۈەن - مەيدان) ئاپتونوم رايوندىكى يېزا - بازار (تۈەن- مەيدان) نىڭ %81 ىنى، تەكشۈرۈلگەن مەمۇرىي كەنت %27 ىنى ئىگىلىدى. 67 خىل زىرائەت ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كېۋەز، بۇغداي، شال، پۇرچاق، بېدە قاتارلىق ئاشلىق زىرائىتى ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت 26 خىل، نەشپۈت، ئالما، ئۈزۈم، كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە 34 خىل، گۈل - گىياھ 7 خىل، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن كۆلەم 2 مىليون 672 مىڭ 700 گېكتار (قېتىم) غا يەتتى. ئاپتونوم رايوندا تارقىلىپ يۈرگەن زىيانلىق جانلىقلاردىن 198 خىلى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن تارقىلىپ كىرگىنى 14 خىل، پەيدا بولغانلىقى ئىسپاتلانغىنى 10 خىل، تەكشۈرۈشتە قولغا كەلتۈرۈلگەن كېسەللىك ئەھۋالىغا دائىر مەلۇمات 60 مىڭ دانە بولۇپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى زىيانلىق جانلىقلار كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاندى.

ئىككىنچى، يېزا ئىگىلىك ئۆسۈملۈكلىرىنى يۆتكەپ تۇشۇشتا كارانتىن قىلىش. 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 25 مىڭ 103 تۈركۈم (قېتىم) يۆتكەپ توشۇلىدىغان ئۆسۈملۈك كارانتىن قىلىندى، شىنجاڭدىن يۆتكەپ چىقىرىلغان تۈرلۈك ئۇرۇق، كۆچەت ھەم كارانتىن قىلىشقا تېگىشلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى 374 مىڭ 500 توننىغا، 50 نەچچە مىڭ تۈپكە يەتتى.

ئۈچىنچى، يېزا ئىگىلىك ئۆسۈملۈكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىلغان جايىدا كارانتىن قىلىش. 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئەسلى ئىشلەپچىقىرىلغان جايىدا ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش مەنبەسىدىن چىڭ تۇتۇلدى، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىلغان جايىدا كارانتىن قىلىش يولغا قويۇلغان كۆلەم 91 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى، دۆلەتنىڭ كارانتىن قىلىش تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان سۈپەتلىك ئۇرۇقتىن 294 مىڭ 100 توننا، كېسەللىك ۋە ھاشاراتتىن خالىي كۆچەتتىن 17 مىليون 100 مىڭ تۈپ تەمىنلەندى.

ما دېچباڭ

## دېھقانچىلىق دورىلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق دورىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئۆتكۈر زەھەرلىك چاشقان يوقىتىش دورىسى، يۇقىرى زەھەرلىك دېھقانچىلىق دورىسى، دېھقانچىلىق دورىلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە بەلگىسى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىكى دېھقانچىلىق دورىسى قالدۇقىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش سالمىقىنى تۇتۇش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، قانۇن - تۈزۈم سىستېمىسى، تەكشۈرۈش سىستېمىسى ۋە باشقۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

2003 - يىلى ئۆتكۈر زەھەرلىك چاشقان يوقىتىش دورىسى، يۇقىرى زەھەرلىك دېھقانچىلىق دورىسىنى مەخسۇس تىزگىنلەش پائالىيىتى ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرى بازارلىرىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى، بەلگىسىنى مەخسۇس تۈزەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 400 نەچچە خىل، 8000 توننىدىن ئارتۇق دېھقانچىلىق دورىسى تەكشۈرۈلدى، دېھقانچىلىق دورىلىرىغا ئائىت دېلودىن 134 دېلو تۇرغۇزۇلۇپ بىرتەرەپ قىلىندى، 2.76 توننا دېھقانچىلىق دورىسى مۇسادىرە قىلىندى، ۋاقتى ئۆتكەن 4.59 توننا دېھقانچىلىق دورىسى تەكشۈرۈپ بېكىتىلەندى، جەرىمانە سوممىسى 162 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. 142 دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ بەلگىسى ئايرىلاپ تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە لاياقەتلىك بەلگە 79.، ئېغىر لاياقەتسىز بەلگە 59.، دېھقانچىلىق دورىسى تىزىملىتىش ساختا گۇۋاھنامىسى بارلىرى ياكى گۇۋاھنامىسى يوقلىرى 4.

بىر يىلدا «دېھقانچىلىق دورىسى تىجارىتى ئىجازەتنامە»

سىدىن 38 ى تارقىتىلدى، دېھقانچىلىق دورىسىغا دائىر 49 ئېلان تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، 2 تۈرلۈك دېھقانچىلىق دورىسى ماتېرىيالى تىزىملاندى ھەم تەجرىبە قىلىنىپ دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈلدى، 61 تۈر بويىچە دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئېتىزدىكى دورا ئۈنۈمى سىناق قىلىنىپ، مەملىكەت بويىچە يېڭى دېھقانچىلىق دورىلىرىنى تىزىملاش ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلەندى. شىنجاڭدىكى ئاساسلىق كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ قالدۇق ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەش ئۈچۈن، 3000 نۇسخا كۆكتاتتىكى دېھقانچىلىق دورىسى قالدۇقىنى تېز ئۆلچەش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى.

سۈي جيەنجۇڭ

## دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىكى كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ يۈز بېرىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش

2003 - يىلى شىنجاڭدا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىكى ئاساسلىق كېسەللىك، ھاشارات، ئوت - چۆپ زىيانداشلىقىنىڭ يۈز بېرىشى ئوتتۇرا ھالدىن سەل ئېغىر بولدى، ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدە كېسەللىك، ھاشارات، ئوت- چۆپ زىيانداشلىقى كۆرۈلگەن كۆلەم 3 مىليون 782 مىڭ 400 گېكتار (قېتىم) غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائەتلىرىدە كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقى كۆرۈلگەن كۆلەم 527 مىڭ 800 گېكتار (قېتىم)، كېۋەزدە 838 مىڭ 700 گېكتار (قېتىم)، مېۋىلىك دەرەخلەردە 180 مىڭ گېكتار (قېتىم)، كۆكتاتلاردا 129 مىڭ 300 گېكتار (قېتىم)؛ ئېتىزلاردا چېكەتكە زىيانداشلىقى يۈز بەرگەن كۆلەم 993 مىڭ 300 گېكتار (قېتىم)، ئېتىزلاردا ئوت - چۆپ زىيانداشلىقى يۈز بەرگەن كۆلەم 1 مىليون 113 مىڭ 300 گېكتار (قېتىم) بولدى. كېۋەزدە كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلار ئوتتۇراھالدىن سەل ئېغىر كۆرۈلدى، كېۋەز غوزا قۇرتى كۆرۈلگەن كۆلەم 328 مىڭ گېكتار (قېتىم) كېۋەز كۆك پىتى كۆرۈلگەن كۆلەم 127 مىڭ 500 گېكتار (قېتىم)، ئاساسلىقى سانجى ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئاساسلىق كېۋەز ئۆستۈرۈلىدىغان ناھىيىلەردە مەركەزلىك كۆرۈلدى، كېۋەز يوپۇرماق كانىسى كۆرۈلگەن كۆلەم 55 مىڭ 700 گېكتار (قېتىم)، كېۋەز سولىشىپ قۇرۇش كېسىلى كۆرۈلگەن كۆلەم 140 مىڭ گېكتار (قېتىم) كېۋەزنىڭ مايسا مەزگىلىدىكى كېسەللىك زىيانداشلىقى كۆرۈلگەن كۆلەم 69 مىڭ 700 گېكتار (قېتىم) بولدى. بۇغداي يوللۇق دات كېسىلى ئېغىر كۆرۈلدى، كۆرۈلگەن كۆلەم 226 مىڭ گېكتار (قېتىم) بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسلىق بۇغداي تېرىلغۇ رايونلىرىدا كەڭ دائىرىدە تارقالدى، ئېتىزلاردىكى چېكەتكە زىيانداشلىقى ئاساسلىقى تارباغاتاي ۋىلايىتى، بورتالا ئوبلاستى، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانچىلىق ئېتىزلاردا ھەم دېھقانچىلىق رايونلىرى بىلەن چارۋىچىلىق رايونلىرى گىرەلەشكەن جايلاردا مەركەزلىك كۆرۈلدى.

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كېسەللىك، ھاشارات، ئوت - چۆپ زىيانداشلىقىنىڭ ئالدى ئېلىنغان، يوقىتىلغان كۆلەم 3 مىليون 2700 گېكتار (قېتىم) بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتىنىڭ 346 مىڭ 700 گېكتار (قېتىم)، كېۋەزنىڭ 710 مىڭ 700 گېكتار (قېتىم)، ئېتىزلاردىكى چېكەتكە يوقىتىلغان كۆلەم 912 مىڭ گېكتار (قېتىم)، خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ئوت - چۆپ يوقىتىلغان كۆلەم 1 مىليون 33 مىڭ 300 گېكتار (قېتىم). ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىشقا سېلىنغان سېلىنما ئازكەم 40 مىليون يۈەنگە، بۇ ئارقىلىق ئالدى ئېلىنغان زىيان تەخمىنەن 1 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يەتتى.

مەختۇمگۈل

## يېزا ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزىلاردا ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان پاتقاق گازى كۆلچىكى 1207 ئائىلىگە يەتتى، شامال كۈچى گېنېراتورىدىن 776 سى، قۇياش ئېنېرگىيىلىك سۇ ئىسسىتقۇچتىن 22 مىڭ كۋادرات مېتىر ئورنىتىلدى، قۇياش ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق ئىسسىتىلىدىغان 1000 كۋادرات مېتىرلىق ئۆي ياسالدى، ئوتۇن كۆمۈر تېجەيدىغان ئوچاق 8700 ئائىلىگە كېڭەيتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردا ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان پاتقاق گازى كۆلچىكى 48 مىڭ ئائىلىگە كېڭەيتىلدى، كىچىك تىپتىكى شامال گېنېراتورىدىن 3633 ى، قۇياش ئېنېرگىيىلىك سۇ ئىسسىتقۇچتىن 297 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر ئورنىتىلدى، قۇياش ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق ئىسسىتىلىدىغان 96 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ئۆي ياسالدى، ئوتۇن - كۆمۈر تېجەيدىغان ئوچاق 1 مىليون 450 مىڭ ئائىلىگە كېڭەيتىلدى، بۇ ئارقىلىق ھەر يىلى 2 مىليون 200 مىڭ توننا ئۆلچەملىك كۆمۈر تېجەپ قېلىندى. يېزا ئېنېرگىيىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىدىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ يىللىق كىرىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 360 يۈەن ئاشتى.

جاڭ فۇنيەن

## يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق

مەيدانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 978 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %9.4 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 622 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.2؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 198 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.2؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 157 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %4.4 ئاشتى؛ 1 -، 2 -، 3 - كەسىپلەر نىسبىتى 63.6 : 20.3 : 16.1 بولدى. يارىتىلغان پايدا 32 مىليون يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا 4871 يۈەنلىك ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى توغرا كەلدى، ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 3360 يۈەنگە يېتىپ، 550 يۈەن كۆپەيدى.

2003 - يىلى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 69 مىڭ 605 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى 22 مىڭ 331 گېكتار، كېۋەز 32 مىڭ 609 گېكتار، قىزىلچا 2128 گېكتار، ياغلىق دان 3190 گېكتار، قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات 2337 گېكتار، كەندىر تۈرىدىكىلەر 381 گېكتار، دورىلىق ئۆسۈملۈك تۈرىدىكىلەر 393 گېكتار، باشقا زىرائەتلەرنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 6236 گېكتار، 161 مىڭ 946 تونىنا ئاشلىق، 51 مىڭ 359 تونىنا پاختا، 5871 تونىنا ياغلىق دان، 82 مىڭ 992 تونىنا قىزىلچا، 81 مىڭ 847 تونىنا قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات، 1298 تونىنا كەندىر ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 71 مىڭ 400 تۇياق چوڭ چارۋا، 39 مىڭ 800 تۇياق چوشقا، 518 مىڭ 400 تۇياق قوي، 1 مىليون 972 مىڭ دانە ئۆي قۇشى قالدى، 11 مىڭ 564 تونىنا گۆش، 14 مىڭ 202 تونىنا سۈت، 1029 تونىنا يۇڭ، 13 مىڭ 177 تونىنا تۇخۇم، 1148 تونىنا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. باغ - ئورمان كۆلىمى 14 مىڭ 523 گېكتارغا، ئېلىنغان مېۋە 87 مىڭ 85 تونىناغا يەتتى. ئورمان يېرى كۆلىمى 42 مىڭ 67 گېكتار، شۇ يىلى 3249 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 5 مىليون 100 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 232 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى.

2003 - يىلى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 455 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %22.7 ئاشتى. 123 مىڭ 710 تونىنا كۆمۈر، 11 مىڭ 579 تونىنا بۇغداي ئۇنى، 8225 تونىنا سۇ يېغى، 8683 تونىنا شوخلا قىيامى، 25 مىڭ 612 كۇب مېتىر پەنەركە، 144 مىليون 200 مىڭ دانە خىش، 18 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى. يىل ئاخىرىدىكى بىناكارلىق ئورنى 19 بولۇپ، بىر يىلدا 190 مىڭ كۋادرات مېتىر ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشى قىلىندى.

2003 - يىلى تۇراقلىق مۈلۈككە 118 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 90 مىليون 670 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 27 مىليون 590 مىڭ يۈەن.

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى يەر تەۋرەش، كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق، كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقى، ئۈششۈك ۋە مۆلدۈر قاتارلىق ئاپەتلەرگە ئۇچرىدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان كۆلەم 3379 گېكتارغا، ھوسۇل ئېلىنمىغان كۆلەم 871 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ كۆلىمى 868 گېكتار بولۇپ، ھوسۇلى 980 تونىنا؛ پاختا 899 گېكتار بولۇپ، ھوسۇلى 1069 تونىنا؛ ياغلىق دان 266 گېكتار بولۇپ، ھوسۇلى 155 تونىنا؛ قىزىلچا 50 گېكتار بولۇپ، ھوسۇلى 1300 تونىنا كېمەيدى. 1780 تۇياق چارۋا ئۆلدى، 120 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 10 مىڭ 231 كىشى ئاپەتكە ئۇچرىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 49 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر: بىرىنچى، سىياسەت، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەسىرلەر تۈپەيلىدىن، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىسلاھات سۈرئىتى ئاستا بولدى، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى يولغا قويۇش قىيىن بولدى. ئىككىنچى، بازارغا ماسلىشىش ئىقتىدارى كۈچلۈك ئەمەس، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى نوقۇل، سۈپەت ۋە دەرىجىسى بىردەك ئەمەس. ئۈچىنچى، دۆلەت ئوتتۇرىغا قويغان سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى چوڭ، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ سېلىقى يەنىلا ناھايىتى ئېغىر. تۆتىنچى، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى راۋان ئەمەس، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا قارىتىلغان سېلىنما بارغانسېرى ئازايماقتا.

مەخەت

# تېرىقچىلىق

## ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 330 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 163 مىڭ 100 گېكتار ئازايدى، ئومۇمىي ھوسۇلى 8 مىليون 160 مىڭ تونىنا (143 مىڭ 600 تونىنا ياڭيۇ تۈرىدىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، 598 مىڭ 700 تونىنا ئازايدى؛ ئوتتۇرىچە گېكتار بېشى بىرلىك ھوسۇلى 6131.2 كىلوگرامغا يېتىپ، 268.45 كىلوگرام ئاشتى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش باھاسى ئومۇميۈزلۈك قويۇۋېتىلىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى

بازار ئاشلىق باھاسى بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى، سانجى، ئىلى، تارباغاتاي، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق 6 ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلاردا 774 مىڭ توننا بۇغداي سېتىۋېلىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى، سېتىۋېلىش باھاسىغا بازار باھاسى ئاساسىدا ھەر كىلوگرامىغا 0.1 يۈەن قوشۇلدى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشدا بازارغا ماسلىشىپ تەڭشەپ سەرخىللاشتۇرۇش، ئاساسىي ھۇجۇمنى سورت، بىرلىك ھوسۇلغا قارىتىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، بۇغداي، شالنىڭ سورت سۈپىتى ۋە بىرلىك ھوسۇلى ئۈنۈملۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. يەم - خەشەك كۆممىقوناقنى، پۇرچاق ھەم سۈپەتلىك ئۆزگىچە قارا ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى پائال كېڭەيتىلدى، ئاشلىقنى زاكاز بويىچە ئىشلەپچىقىرىش يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى.

رەپقەت ئابلەت

2001 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە شىنجاڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ھوسۇلى

| كۆرسەتكۈچ نامى | 2001 - يىلى | 2002 - يىلى | 2003 - يىلى | 2002 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى، كېمەيگىنى (%) |
|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 808 | 875.87 | 802.20 | -9.18 |
| 1. دانلىق زىرائەت | 767.53 | 850.48 | 774.62 | -9.79 |
| 1) شال | 56.79 | 60.62 | 50.73 | -19.49 |
| 2) بۇغداي | 374.14 | 386.44 | 335.67 | -15.12 |
| 3) كۆممىقوناق | 318.41 | 379.05 | 366.25 | -3.49 |
| 4) چۈجگۈن قوناق | 0.21 | 0.31 | 0.21 | -48.95 |
| 5) ئاققوناق | 5.51 | 9.35 | 5.48 | 70.58 |
| 6) ئارپا | 11.86 | 13.78 | 14.06 | 1.99 |
| 7) باشقىلار | 12.47 | 0.93 | 16.38 | 94.32 |
| 2. پۇرچاق تۈرىدىكىلەر | 28.47 | 26.39 | 27.62 | 4.45 |
| بۇنىڭ ئىچىدە باقلا | 21.91 | 18.59 | 19.28 | 3.58 |
| 3. تاتلىق ياڭيۇ تۈرىدىكىلەر | 12 | 62.41 | 14.36 | -334.61 |

رەپقەت ئابلەت

## پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 37 مىڭ 100 گېكتارغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 93 مىڭ 100 گېكتار ئاشتى، ھوسۇلى 1 مىليون 600 مىڭ تونىغا يېتىپ، 6.67% ئاشتى، كېۋەزنى يۇقىرى زىچلىقتا ئۆستۈرۈپ مو (0.07 گېكتار) بېشى ساپ پاختا ھوسۇلىنى 120 كىلوگرام ۋە 150 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش بويىچە ئۈنۈمىرسال ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلدى، كەڭ سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى چىڭ تۇتۇلدى، سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن تېمىتىپ سۇغىرىش، تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ ئوغۇتلاش، كېسەللىك - ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئۈنۈمىرسال ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش قاتارلىق ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش چىڭ تۇتۇلدى. 2002 — 2003 - يىللىق پاختا يىلىدا ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىنغان ساپ پاختا 1 مىليون 661 مىڭ 600 تونىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەمىنات - سودا سىستېمىسى پاختا - چىگە كارخانىلىرى سېتىۋالغان پاختا 691 مىڭ توننا، بىڭتۈەن تەمىنات - سودا كوپېراتىپى پاختا - چىگە كارخانىلىرى سېتىۋالغان پاختا 600 مىڭ توننا، باشقا تىجارەت يوللىرى ئارقىلىق سېتىۋېلىنغان پاختا تەخمىنەن 370 مىڭ توننا.

رەپقەت ئابلەت

## قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 67 مىڭ 300 گېكتار يەرگە قىزىلچا تېرىلدى، ھوسۇلى 3 مىليون 816 مىڭ 500 توننا بولۇپ، 18.1% ئازايدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 3 گۇرۇھنىڭ 14 شېكەر ئىشلەش كارخانىسى 2003 — 2004 - يىللىق شېكەر ئىشلەش پەسلىدە 370 مىڭ توننا شېكەر ئىشلەپچىقاردى. 2002 — 2003 - يىللىق شېكەر ئىشلەش پەسلىدە سېتىۋېلىنغان قىزىلچا خام ماتېرىيالى 4 مىليون 300 مىڭ توننا بولۇپ، 522 مىڭ 400 توننا شېكەر ئىشلەپچىقىرىلدى.

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىشدا زاكاز بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە

ئاشۇرۇلدى، تېرىلغۇ كۆلىمى زاكاز بويىچە تەڭشىلىپ، باھا بازار ئارقىلىق بېكىتىلدى. ئاساسلىق تېرىلىدىغان سورتلاردىن «ياخشىلانغان شىنجاڭ قىزىلچىسى — 6»، «KWS5075»، «KWS9103»، «شىنجاڭ قىزىلچىسى — 8»، «شىنجاڭ قىزىلچىسى — 10»، «خۇادېن — 1»، «سۇگېن — 8301»، «تيەندەن — 3» قاتارلىقلار بار.

قىزىلچىنى شېكەر تەركىبى ۋە ھوسۇلى يۇقىرى، سۈپەتلىك قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى پائال كېڭەيتىلىپ، كارخانىلارنىڭ خام ماتېرىيالغا بولغان ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىندى. 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە قىزىلچا سېتىۋېلىش باھاسى جەھەتتە 2002 - يىللىق سېتىۋېلىش ئۆلچىمى ساقلاپ قېلىنىپ، ھەر توننا قىزىلچىنىڭ باھاسى 210 يۈەن بولدى، لېكىن قەنت تەركىبى %15 قىلىپ تەڭشەلدى، جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ %10 ئۆرلىتىشى ياكى چۈشۈرۈشكە رۇخسەت قىلىندى، ھەر تونىسىنىڭ ئەمەلىي سېتىۋېلىنىش باھاسى ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 20 يۈەن يۇقىرى بولدى.

رەپقەت ئابلەت

## ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى 226 مىڭ 400 گېكتارغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 11 مىڭ 300 گېكتار، ھوسۇلى 501 مىڭ 200 تونىغا يېتىپ، %12.95 ئاشتى. ياغلىق دان زىرائەتلىرى ئىچىدە قىچا تېرىلغۇ كۆلىمى 74 مىڭ 500 گېكتار، ھوسۇلى 154 مىڭ 300 توننا؛ ئاپتاپپەرەس تېرىلغۇ كۆلىمى 101 مىڭ گېكتار، ھوسۇلى 358 مىڭ توننا. بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، «ئىككى تۆۋەن» قىچا ھەم يۇقىرى ھوسۇللۇق مايلىق ئاپتاپپەرەس زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلدى. جايلارنىڭ ئەمەلىي شارائىتىغا قاراپ زاراڭزا، زىغىر، خاسىڭ، كۈنجۈت قاتارلىق ئۆزگىچە ياغلىق دان زىرائەتلىرى زور كۈچ بىلەن مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

رەپقەت ئابلەت

## كەندىر تۈرىدىكى زىرائەتلەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

شىنجاڭنىڭ كەندىر تۈرىدىكى زىرائەتلەر بايلىق مەنبەسى مول بولۇپ، زىغىردىن باشقا يەنە لوپنۇر ياۋا كەندىرى، ھەم ياغ ھەم تالا ئېلىنىدىغان زىغىر، ئابدىمىلىك ھەم ئاز مىقداردىكى دورىلىق كەندىر قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە زىغىر پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى شىمالىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ زىغىر تېرىلغۇ كۆلىمىنى يىلمۇيىل كېڭەيتىشكە تۈرتكە بولدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىرقەدەر ياخشى بولۇپ، سوغۇق رايونلاردىكى دېھقانلار كىرىمىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندى. زىغىر تېرىلغۇسىدا ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار ئاساس قىلىنىپ، سانجى ئوبلاستىنىڭ شەرقىدىكى بىر قىسىم ناھىيە، شەھەرلەرگە كېڭەيدى. 2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ زىغىر تېرىلغۇ كۆلىمى 28 مىڭ 400 گېكتارغا، ھوسۇلى 133 مىڭ 100 تونىغا، ھەر گېكتارنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 4683 كىلوگرامغا يەتتى. ئاساسلىق كېڭەيتىلگەن سورتلاردىن «فەننى»، «ۋەيكىڭ» قاتارلىقلار بار، ھەر گېكتارنىڭ ياغلىق دان ھوسۇلى 900 كىلوگرامدىن 1000 كىلوگرامغىچە، ھەر كىلوگرام زىغىرنىڭ غولىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 1.2 يۈەندىن 1.3 يۈەنگىچە، زىغىر ئۇرۇقىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ھەر كىلوگرامىنىڭ 2.5 يۈەن، ھەر گېكتار زىغىرنىڭ ساپ كىرىمى 2000 يۈەن ئەتراپىدا بولدى.

رەپقەت ئابلەت

## قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە قوغۇن - تاۋۇز، مېۋىلىك دەرەخ ئومۇمىي كۆلىمى 407 مىڭ 200 گېكتارغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 32 مىڭ 600 گېكتار ئاشتى؛ ھوسۇلى 4 مىليون 83 مىڭ تونىغا يېتىپ، 13.3 مىڭ توننا ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك دەرەخ 344 مىڭ 200 گېكتارغا يېتىپ، 52 مىڭ 100 گېكتار، ھوسۇلى 2 مىليون 183 مىڭ 400 تونىغا يېتىپ، 201 مىڭ 400 توننا ئاشتى. مېۋىلىك دەرەخلەر ئىچىدە ئۈزۈم 91 مىڭ 700 گېكتار، ھوسۇلى 1 مىليون 66 مىڭ 300 توننا؛ نەشپۈت 47 مىڭ 700 گېكتار، ھوسۇلى 249 مىڭ 500 توننا؛ ئالما 27 مىڭ 800 گېكتار، ھوسۇلى 263 مىڭ 400 توننا؛ شاپتۇل 8900 گېكتار، ھوسۇلى 31 مىڭ 900 توننا؛ قوغۇن - تاۋۇز كۆلىمى 63 مىڭ گېكتار (بۇنىڭ ئىچىدە قوغۇن كۆلىمى 32 مىڭ 800 گېكتار)، ھوسۇلى 1 مىليون 899 مىڭ 600 توننا (بۇنىڭ ئىچىدە قوغۇن 776 مىڭ 100 توننا) بولۇپ، 334 مىڭ 400 توننا ئازايدى.

تۈرلۈك قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە ھەم ئۆزگىچە مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا مال باھاسى مۇقىملىق ئىچىدە ئۆرلىدى، ئومۇمىي ۋەزىيىتى 2002 - يىلدىكىدىن ياخشى بولدى.

2003 - يىلى قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى:

بىرىنچى، 7 چوڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە ئىشلەپچىقىرىش رايونى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. 1) قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىنى ئاساس قىلغان ئۆرۈك ئىشلەپچىقىرىش رايونى بولۇپ، ئۆرۈك مۇراببasى، ئۆرۈك خورمىسى، ئۆرۈك شىرنىسى، ئۆرۈك قېقى قاتارلىق

بىر تۈركۈم مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلدى؛ 2) بايىنغولىن ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىنى ئاساس قىلغان نەشپۈت ئىشلەپچىقىرىش رايونى؛ 3) خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىنى ئاساس قىلغان ياڭاق ئىشلەپچىقىرىش رايونى؛ 4) خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىنى ئاساس قىلغان ئانار ئىشلەپچىقىرىش رايونى؛ 5) تۇرپان، قۇمۇل، قەشقەر ۋىلايەتلىرىنى ئاساس قىلغان تاۋۇز قوغۇن ئىشلەپچىقىرىش رايونى؛ 6) تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىنى ئاساس قىلغان قۇرۇق ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش رايونى؛ 7) سانجى ئوبلاستىنى ئاساس قىلغان يۇقىرى دەرىجىلىك هاراق ئىشلىنىدىغان ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش رايونى.

ئىككىنچى، زىيانسىز ۋە يېشىل باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى يېڭى يۈرۈش نۇقتىسىغا ئايلاندى. 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە (يەرلىكتە) زىيانسىز باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆلىمى 252 مىڭ گېكتارغا يەتتى، 154 مەھسۇلات زىيانسىز مەھسۇلات گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى، ئۇلار ئاساسلىقى ئۆرۈك، قوغۇن، چىلان، قۇرۇق ئۈزۈم، نەشپۈت، ياۋا قارا ئۆرۈك، ئانار قاتارلىق مەھسۇلاتلاردىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋىلەرنى زاكاز بويىچە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە باغۋەنچىلىك زىرائەتلىرىنىڭ زاكاز كۆلىمى 186 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى. زاكاز قىلىشتا ئۆرۈك، ئانار، هاراق ئۈزۈمى ئاساس قىلىندى.

تۆتىنچى، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىپ تاشقى پېرېۋوت يارىتىشنىڭ ئېشىش يۈزلىنىشى كۆرۈنەرلىك بولدى. 2003 - يىل 1 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 29 مىڭ توننا نەشپۈت، ئۈزۈم ئېكسپورت قىلىنىپ، بىۋاسىتە يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت سوممىسى 7 مىليون 773 مىڭ دوللارغا يەتتى. ئالمىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 2002 - يىلدىكىدىن 159.59%، يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت سوممىسى 196.2% ئاشتى، نەشپۈتنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 2002 - يىلدىكىدىن 187%، يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت سوممىسى 172% ئاشتى، هۆل ئۈزۈمنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 20 هەسسە، يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت سوممىسى 17.5 هەسسە ئاشتى؛ قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 2002 - يىلدىكىدىن 9.86%، يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت سوممىسى 4.11% ئاشتى؛ ئاللاقاتتىن يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت سوممىسى 5.2% ئاشتى.

خالزات

## كۆك - تاق قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمى 163 مىڭ 800 گېكتار بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 0.24% ئازايدى، هوسۇلى 7 مىليون 610 مىڭ توننىغا يېتىپ، 12.74% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پارنىك، چوڭ لاپاس كۆلىمى 12 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىپ، 32.26% ئاشتى، ئىشلەپچىقىرىلغان يېڭى، يازلىق كۆكتاتلار ئازكەم 74 مىڭ توننىغا يېتىپ، 5.7% ئاشتى. ئېلىنغان گۆش 1 مىليون 150 مىڭ توننىغا يېتىپ، 9.1%؛ تۇخۇم 236 مىڭ توننىغا يېتىپ، 4.2%، سۈت 1 مىليون 130 مىڭ توننىغا يېتىپ، 19.1%؛ سۇ مەھسۇلاتى 67 مىڭ توننىغا يېتىپ، 4.9% ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە كۆكتات 393.5 كىلوگرامغا، گۆش 59.46 كىلوگرامغا، تۇخۇم 12.2 كىلوگرامغا، سۈت 58.43 كىلوگرامغا، سۇ مەھسۇلاتى 3.46 كىلوگرامغا يەتتى.

2003 - يىلى شىنجاڭدا «كۆك - تاق» قۇرۇلۇشى مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش ئومۇمىي جەھەتتىن يېتەرلىك بولدى. «سارس» نىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئەتىيازدا يېڭى كۆكتاتلارنىڭ باھاسى ئىنچىكە يۇقىرى بولدى، ياز پەسلىدىن باشلاپ باھاسى چۈشتى، لېكىن پۈتۈن يىلدىكى كۆكتات باھاسى 2002 - يىلدىكىدىن 31.2% يۇقىرى بولدى؛ گۆش، ئۆي قۇشلىرى ۋە ئۇلاردىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى 1.9%، تۇخۇمنىڭ باھاسى 2.2%، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى 7% چۈشتى.

ياڭ گۇەنيۇڭ

## كۆك تاماكا ئىشلەپچىقىرىشى

2003 - يىلى شىنجاڭدا تاماكا تېرىلغۇ كۆلىمى زور ھەجىمدە قىسقارتىلدى، 349 گېكتار يەرگە تاماكا تېرىلىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 900 گېكتار ئازايدى، 485 توننا كۆك تاماكا سېتىۋېلىندى، 1775 توننا پۇراقلىق تاماكا سېتىلدى (ئېكسپورت قىلىنغىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). كۆك تاماكا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 3 يىللىق تەڭشەش نىشانى ئۈزۈپ چىقىلىپ، «بازارنى يېتەكچى، سۈپەتلىك پۇراقلىق تاماكىنى نىشان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى مەركەز قىلىش» تىن ئىبارەت كۆك تاماكىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە خىزمەت پىكىر يولى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، «تاماكىچى دېھقانلار قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تەقسىمات مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش، ئىشلەپچىقىرىش سېلىنمىسىنى كۆپەيتىش، تېرىقچىلىق ئەندىزىسىنى ئىسلاھ قىلىش، پەن - تېخنىكا تەركىبىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش» قاتارلىق بىر يۈرۈش يېڭى تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، شىنجاڭنىڭ پۇراقلىق تاماكىسى بويىچە ماركا يارىتىش ئىستراتېگىيىسىگە كۈچ سەرپ قىلىنىپ، كۆك تاماكا ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە راۋانلاشتۇرۇلدى، ئىش بىلەن ئۈنۈمنى چىقىش يولغا قويۇلۇپ، كۆك تاماكا ئىشلەپچىقىرىشى تەدرىجىي ياخشى تەرەققىيات ئىزىغا سېلىنىدى.

جاڭ شۇۋېن

# چارۋىچىلىق

## چارۋىچىلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە قولدا قالغان چارۋا 50 مىليون 265 مىڭ 400 تۇياققا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 5.12%؛ بىر يىلدا قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 32 مىليون 19 مىڭ 900 تۇياققا يېتىپ، 11.24%؛ ئېلىنغان گۆش 1 مىليون 150 مىڭ توننىغا يېتىپ، 9.07%؛ سۈت 1 مىليون 130 مىڭ توننىغا يېتىپ، 19.11%؛ يۇڭ 78 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، 5.37%؛ ئۆچكە تىۋىتى 1142.81 توننىغا يېتىپ، 10.57%، تۇخۇم 236 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، 4.34% ئاشتى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كۆپەيگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى ئىچىدە، چارۋىچىلىقنىڭ 103 يۈەن كۆپىيىپ، 42.91% نى، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليارد 198 مىليون 225 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 23.53% نى ئىگىلىدى.

ۋاڭ لىجيەن

## چارۋىچىلىقنى كەسپلەشتۈرۈش خىزمىتى

1. ئۈستۈنلۈككە ئىگە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتى ئۆندا زور ھەجىمدە ئاشتى. 2003 - يىلى شىنجاڭدا سۈت 1 مىليون 130 مىڭ توننىغا يېتىپ، تۇنجى قېتىم 1 مىليونلۇق ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى، گۆش، يۇڭ، ئۆچكە تىۋىتى، تۇخۇم ئومۇمىيۈزلۈك ئاشتى.

2. پادا، چارۋا نەسلى قۇرۇلمىسى يەنىمۇ ياخشىلاندى. 2003 - يىلى قولدا قالغان چوڭ چارۋا سەل كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە كالا 4 مىليون 530 مىڭ 600 گە يېتىپ، 2002-يىلدىكىدىن 9.4%، نەسىللىك سىيىر ۋە نەسلى ياخشىلانغان سىيىر 1 مىليون 724 مىڭ 300 گە يېتىپ، 20.11%؛ قوي 41 مىليون 43 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 5.02%؛ ئىنچىكە يۇڭلۇق ۋە نەسلى ياخشىلانغان قوي 12 مىليون 102 مىڭ 400 تۇياققا يېتىپ، 3.17% ئاشتى.

3. ئۈستۈنلۈككە ئىگە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى رايونلىرىنىڭ جايلىشىشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. 2003 - يىلى سۈتچىلىك، سۈپەتلىك كالا - قوي گۆشى ۋە سۈپەتلىك ئىنچىكە يۇڭدىن ئىبارەت «ئۈچ چوڭ» كەسىپ بەلۋېغى قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىلدى. سۈپەتلىك چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسى قىلىنغان سانجى ئوبلاستى، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدە بىر يىلدا ئېلىنغان سۈت 661 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، شىنجاڭ بويىچە ئېلىنغان سۈتنىڭ 58.52% نى، ئېلىنغان گۆش 526 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، 45.81% نى ئىگىلىدى. 2 ئوبلاست، بىر ۋىلايەتتە قولدا قالغان چارۋا 17 مىليون 546 مىڭ 400 تۇياققا يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە قولدا قالغان چارۋىنىڭ 34.91% نى ئىگىلىدى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ رايونلىرىدا كەسىپ قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، سۈتچىلىك ھالقىش شەكلىدە تەرەققىي قىلدى، سۈپەتلىك كالا - قوي گۆشى ئىشلەپچىقىرىش بەلۋېغى رايونلىرى شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە سۈپەتلىك گۆش چارۋىلىرىنى تاپانچ قىلىپ، باشباي قويى، ئالتاي قويى، تۇزكۆل قويىنى ئۆلچەملىك بېقىش ئارقىلىق، گۆش قويى ماركىسىنى روشەنتكە ئالدۇرۇپ، كىچىك خالتىلىق ئېسىل قوي گۆشى مەھسۇلاتىنى ئىشلەپچىقاردى. بۇ مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ۋە ئۆلچىمى خەلقئارا بازارغا كىرىش شەرتىگە توشتى. ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي كەسپى بەلۋېغى رايونلىرى «ساپالى» ماركىسىغا تايىنىپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى قاتارلىق جايلاردا ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينى ئىلمىي بېقىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى قوي يۇڭىنى كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىش بازىرىدا يۇقىرى شۆھرەت قازاندى.

4. باشلامچى كارخانىلار چارۋىچىلىقنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش داۋامىدا يادرولۇق رول ئوينىدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى نۇقتىلىق باشلامچى كارخانىدىن 97 سى بار بولدى، چارۋىچىلىقنى ئاساسىي كەسىپ قىلغان 22 كارخانا چارۋىچىلىقنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش داۋامىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

5. سىرتقا يۈزلەنگەن چارۋىچىلىق تەرەققىياتىدا مۇھىم بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. 2003 - يىلى قۇمۇل «چاڭخې» سودا - سانائەت گۇرۇھى شىركىتى سازلىق قويى ئۆچمىيى ۋە تېرە پىششىقلاپ ئىشلەشنى باشلامچى، تۈرلەپ كۆچۈرۈش، نەسىل ياخشىلاش، ئوت - چۆپ تېرىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش، چارۋا مەھسۇلاتلىرى سودىسى قىلىش، كالا - قوي بورداش ۋە سويۇش، كالا - قوي گۆشى ۋە تېرە ئېكسپورت قىلىشنى بىر گەۋدە قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى يولغا قويۇپ، ئۈزلۈكسىز خەلقئارا بازار ئېچىپ، يىللىق ئېكسپورت سوممىسىنى 21 مىليون دوللارغا يەتكۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقنى سىرتقا يۈزلەندۈرۈشنىڭ تىپىك ۋەكىلىگە ئايلاندى. ش ئۇ ئا ر ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يۇڭى جەمئىيىتى «ساپالى» ماركىسى ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يۇڭىنى خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە ئىشلەپچىقىرىپ

ۋە تەكشۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ سۈپەتلىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يۇڭىنى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يۇڭى ئېكسپورت قىلمايدىغان ھالىتىنى ئۆزگەرتتى.

فېڭ دۇڭخې

## ئوتلاق قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 134 مىڭ گېكتار يەرگە ئوت - چۆپ تېرىلدى. 200 مىڭ گېكتار ئوتلاق قاشالىنىپ ياخشىلاندى، 5300 گېكتار يەرگە ئايروپىلان بىلەن ئوت - چۆپ تېرىلدى، ئازكەم 267 مىڭ گېكتار يەردىكى ئوتلاقتا چارۋا بېقىش چەكلەندى، ھەرخىل ئوت - چۆپ ئۇرۇقىدىن 3500 توننا ئىشلەپچىقىرىلدى. 5000 ئائىلىلىك چارۋىچى مۇكەممەل ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى.

جى خۇڭلياڭ

## ئوتلاق ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى 2 - قارارلىق تەبىئىي ئوتلاقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە بەرپا قىلىش ۋەزىپىسى پىلان بويىچە ئورۇندىلىپ، 23 مىڭ 133 گېكتار يەم - بوغۇز تېرىش بازىسى قۇرۇلدى، 29 مىڭ 67 گېكتار ئوتلاق قاشالىنىپ ياخشىلاندى. 1329 گېكتار ئاساسىي ئوتلاق بەرپا قىلىندى. مەركەز سالغان 53 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ تولۇق يولغا قويۇلغان ناھىيىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتى، يەرلىك يۈرۈشلەشتۈرگەن 5 مىليون 36 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ ۋە 6 مىليون 650 مىڭ يۈەن باشقا مەبلەغمۇ ئەمەلىيلەشتى. 3- قاراردا 4 تۈر بويىچە 4167 گېكتار ئوتلاق بەرپا قىلىندى، 12 مىڭ 533 گېكتار ئوتلاق قاشالىنىپ ياخشىلاندى. مەركەز سالغان 30 مىليون 860 مىڭ يۈەن مەبلەغ تولۇق يولغا قويۇلغان ناھىيىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتى. ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلار يۈرۈشلەشتۈرگەن 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ ۋە 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن باشقا مەبلەغمۇ ئەمەلىيلەشتى.

10 ئورۇندىكى ئوتلاق قاشالاش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى. 100 مىليون يۈەن مۇكاپات ئەمەلىيلەشتى، ئەمەلىيەتتە 72 مىليون 610 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قاشالاش ماتېرىيالى سېتىۋېلىش ئۈچۈن چىقىم قىلىنغىنى 56 مىليون 210 مىڭ يۈەن، ئۇسكۈنە سېتىۋېلىش ئۈچۈن چىقىم قىلىنغىنى 3 مىليون يۈەن، قاشالاش ھەققى ئۈچۈن چىقىم قىلىنغىنى 8 مىليون 530 مىڭ يۈەن، تۈر لايىھىلەش ھەققى قاتارلىقلار ئۈچۈن چىقىم قىلىنغىنى 4 مىليون 870 مىڭ يۈەن. قاشالانغان كۆلەم 213 مىڭ 870 گېكتارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە چارۋا بېقىش چەكلەنگەن كۆلەم 134 مىڭ 470 گېكتار، نۆۋەتلەشتۈرۈپ چارۋا بېقىلىدىغان كۆلەم 79 مىڭ 400 گېكتار. نازارەت قىلىش ئۈسكۈنىسىدىن 135 ى سېتىۋېلىندى.

جى خۇڭلياڭ

## ئوتلاق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە ئوت مۇداپىئەسى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئوتلاقتىكى ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى يىغىش كىنىشكىسىدىن 42 سى بېجىرىلدى، 5200 توننا چاكاندا، 7170 توننا چۈچۈكبۇيا يىغىش تەستىقلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتلاق نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئوتلاق قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 1048 نى بىر تەرەپ قىلىپ، 66 مىڭ 200 گېكتار ئوتلاقنى قوغداپ قېلىپ، 24 مىليون يۈەن ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالدى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتلاقتا 18 قېتىم ئوت ئاپىتى يۈز بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت ئاپىتى تروۋگاسى 13 قېتىم، ئادەتتىكى ئوت ئاپىتى 4 قېتىم، ئېغىر ئوت ئاپىتى بىر قېتىم، 3786 گېكتار ئوتلاق ئاپەتكە ئۇچرىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليون 141 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جى خۇڭلياڭ

## ئوت - چۆپ ئۇرۇقى بازىسى قۇرۇلۇشى

2000 -، 2001 -، 2002 - يىللىرى دۆلەت شىنجاڭغا ئورۇنلاشتۇرغان ئوت - چۆپ ئۇرۇقى بازىسى قۇرۇلۇشى ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

1. 2000 - يىل

1) شىنجاڭ شالغۇت بېدىسى قاتارلىق ئوت - چۆپلەرنى كۆپەيتىش بازىسى قۇرۇلۇشى تۈرى. بۇ تۈرگە 10 مىليون يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتى، 8 مىليون 886 مىڭ 700 يۈەن چىقىم قىلىندى. يېڭىدىن 18 مىڭ 128 مېتىر سۇ سىڭمەس سۇغىرىش ئۆستىڭى، 14 مىڭ 100 مېتىر سۇغىرىش ئېرىقى ياسالدى، بىر توما، 86 تاقاق، 23 كۆۋرۈك سۇڭگۈچ ياسالدى، ئۇلاستاي دەرياسىنىڭ كەلكۈن ئاققۇزۇش توسمىسىنىڭ 31 يېرىگە تاش بىلەن ئېقىن توسۇش توسمىسى ياسالدى. تومىنىڭ كەينى تەرىپىگە بىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى ياسالدى. 24 مىڭ 434 مېتىر زەيكەش چېپىلدى، 3405 مېتىر زەيكەش لايىدالدى، بۇ زەيكەشلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 27 مىڭ 839 مېتىر. 780 كۋادرات مېتىرلىق ئامبار، 1500 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇتۇش مەيدانى، 292 كۋادرات مېتىرلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆيى، 322 مېتىر قورۇق تام سېلىندى. 14 مىڭ مېتىر قاشا ياسالدى، 271 گېكتار يەر تۈزلەندى.

2) شىنجاڭ ياغاچسىمان ياۋا سۆيۈرگە قاتارلىق ئوت - چۆپ يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇلۇشى تۈرى. بۇ تۈر ئۈچۈن 17 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتى، 13 مىليون 877 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. 10 قۇدۇق قېزىلدى. 25 مىڭ 604 مېتىر تۆرۈبا ياتقۇزۇلدى، 10 يومپا ئۆيى سېلىندى. 16.5 كىلوۋولتلۇق توك سىمى تارتىلدى، 1.1 كىلومېتىر توك تەقسىملەش سىمى تارتىلدى، 7 كىلومېتىر قاشا ياسالدى، 1182 كۋادرات مېتىر ئوت - چۆپ ئۇرۇقى پىششىقلاش ئۆيى، 1200 كۋادرات مېتىر ئۇرۇق ئامبىرى سېلىندى، 2000 كۋادرات مېتىر قۇرۇتۇش مەيدانى ياسالدى، 100 كۋادرات مېتىر قوشۇمچە ئۆي سېلىندى.

3) شىنجاڭ تەسكەن قاتارلىق قۇرغاقچىلىققا چىداملىق ئوت - چۆپ ئۇرۇقى بازىسى قۇرۇلۇشى تۈرى. بۇ تۈرنىڭ مەخسۇس ھېساباتىدىن 11 مىليون 650 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، 2749 كۋادرات مېتىر تۇپا - تاش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئوت - چۆپ ئۇرۇقى ئامبىرى 496 كۋادرات مېتىر، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئامبىرى 267 كۋادرات مېتىر، توڭلىتىش ئامبىرى، سۈپەت تەكشۈرۈش ئۆيى، ئۇرۇق ئۆزلەشتۈرۈش ئۆيىدىن 476 كۋادرات مېتىر، قوشۇمچە ئۆي 260 كۋادرات مېتىر، رېمونت قىلىنغان كونا ئۆي 1250 كۋادرات مېتىر. 558 كۋادرات مېتىر قورۇق تام سېلىندى، 3800 كۋادرات مېتىر قۇرۇتۇش مەيدانى، 7000 كۋادرات مېتىر كۆكلەمزارلىق ياسالدى. 3 قۇدۇق ئۆيى سېلىندى، 12 كۆلچەك ياسالدى. 2 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 3 ماشىنىلاشقان كونا قۇدۇق رېمونت قىلىندى. 13.8 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى، 11 مىڭ 500 مېتىر تاشيول ۋە ماشىنا مەشغۇلاتى يولى ياسالدى، 7.3 كىلومېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبىسى، 1.92 كىلومېتىر پۈركۈپ سۇغىرىش تۇرۇبىسى ئورنىتىلدى.

2. 2001 - يىل

1) قۇرغاقچىلىققا چىداملىق باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئوت - چۆپ ئۇرۇقى بازىسى قۇرۇلۇشى تۈرى. بۇ تۈرگە 12 مىليون يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتى، ئەمەلىيەتتە 11 مىليون 920 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. بۇ تۈر تولۇق پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. شىركەتلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئەھۋالى ياخشى بولۇۋاتىدۇ، 2003 - يىلى 400 تونىنا ھەرخىل ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىلدى.

2) خوتەن چوڭ يوپۇرماقلىق بېدىسى ئۇرۇقى بازىسى قۇرۇلۇشى تۈرى. بۇ تۈر يولغا قويۇلغان نۇقتىلارغا 4 مىليون 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتى، 3 مىليون 60 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. 2001 - يىلى بۇ تۈر بويىچە 6.67 گېكتار تونجى ئەسلى ئۇرۇق ئېتىزى قاشالىنىپ، 19 مىڭ 732 تۈپ ئەسلى ئۇرۇق يېتىشتۈرۈلدى. 3.33 گېكتار يەردىكى ئۇرۇق ئەي بولدى، 200 كۋادرات مېتىر ئۇرۇق ئامبىرى ۋە قوشۇمچە ئۆي سېلىندى، 1300 كۋادرات مېتىر قۇرۇتۇش مەيدانى ياسالدى. ئوت - چۆپ ئۇرۇقى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىشخانىلار ئۆزگەرتىلدى ۋە رېمونت قىلىندى. ئەسلى ئۇرۇق تېرىشقا ئاجرىتىلغان 3.33 گېكتار يەر تۈزلەندى ۋە ئورمان بەلۋېغى يۇرۇشلەشتۈرۈلدى. ئۇرۇق كۆپەيتىش بازىسى قىلىپ ئاجرىتىلغان 526.67 گېكتار يەر تۈزلەندى، 433.33 گېكتار يەرگە ئۇرۇق تېرىلدى، يېڭىدىن 2 كىلومېتىر خول ئۆستەڭ، 6.6 كىلومېتىر تارماق ئۆستەڭ، 4 كىلومېتىر ئوق ئېرىق چېپىلدى. 32 تاقاق ياسالدى، 9 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى.

3. 2002 - يىل

خوتەن چوڭ يوپۇرماقلىق بېدىسى ئۇرۇقى بازىسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تۈرى. بۇ تۈر يولغا قويۇلغان نۇقتىلارغا 8 مىليون يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتى، 3 مىليون 139 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. 2002 - يىلى داۋاملاشتۇرۇلۇۋاتقان تۈر بويىچە 33.3 گېكتار يەرگە ئەسلى ئۇرۇق تېرىلدى، ئۇرۇق كۆپەيتىش بازىسى قىلىپ ئاجرىتىلغان 600 گېكتار يەر ئىچىدە 333.33 گېكتار يەر تۈزلەندى.

4. 2003 - يىل

دۆلەت شىنجاڭغا ئوت - چۆپ ئۇرۇقى بازىسىدىن 3 نى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار سانجى ئوبلاستىدىكى سۇدان ئاق قونىقى، قىلتىرىقسىز بۇغداي ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈپ كۆپەيتىش بازىسى، شىنجاڭ 1 -، 2 - نومۇرلۇق ئوت - چۆپ ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈپ كۆپەيتىش بازىسى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى قىزىل پۈرچاق ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈپ كۆپەيتىش بازىسىدىن ئىبارەت. بۇ تۈرلەرنىڭ كۆلىمى 1666.67 گېكتار بولۇپ، جەمئىي 135 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزنىڭ مەخسۇس تۈر مەبلىغى 108 مىليون 100 مىڭ يۈەن، يەرلىك يۇرۇشلەشتۈرگەن مەبلەغ 27 مىليون 300 مىڭ يۈەن، بۇ قۇرۇلۇش 2003 — 2004 - يىللىرى پۈتىدۇ.

جى خۇڭلياڭ

## ئوت - چۆپ ئۇرۇقى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئوت - چۆپ ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىدىن 33 ى، ئوت - چۆپ ئۇرۇقى تىجارەت كىنىشكىسىدىن 130 ى بېجىرىلدى. شىنجاڭ ئوت - چۆپ ئۇرۇقى سۈپىتىنى تەكشۈرۈش مەركىزى 660 خىل تۈرلۈك ئوت - چۆپ ۋە چىم ئۇرۇقىنى ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈردى، ۋەكىللىك مىقدارى 1000 توننىدىن ئاشىدۇ. مەركەز 5 يىللىق قەرەلى توشقان ئىجازەتنامىلارنى قايتا تەكشۈردى. لاياقەتسىز ئوت - چۆپ ئۇرۇقى تىجارىتى بىلەن

شۇغۇللانغان 9 ئورۇننى تەكشۈرۈپ بېرىتەرەپ قىلدى. «يۇرچاق ئائىلىسىگە كىرىدىغان ئاساسلىق ئوت-چۆپ ئۇرۇقلىرىنى يېتىشتۈرۈش سۈپەت دەرىجىسى» GB6141—85 ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقتى. ھازىر ئۇنىڭ تەستىقلاشقا يوللىنىدىغان ئورگىنالى پۈتتى.

جى خۇگىلياڭ

## تەبىئىي ئوتلاق بايلىقى

شىنجاڭدىكى ئوتلاقلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ سۈپىتى خېلى ياخشى. 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك سۈپەتلىك ئوتلاق %36 نى، 3 ـ دەرىجىلىك ئوتتۇراھال ئوتلاق %30 نى، 4 ـ، 5 ـ دەرىجىلىك ناچار ئوتلاق %34 نى ئىگىلەيدۇ. ئوتلاق بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەردىن 108 ئائىلە، 687 ئۇرۇقداش، 3270 خىلى بار. چارۋا ماللار يېسە بولىدىغان تەبىئىي ياۋا ئوت ـ چۆپلەردىن 2930 خىلى بار. بۇنىڭ ئىچىدە، بىرقەدەر كەڭ تارقالغان، يەم ـ خەشەك قىلىش قىممىتى يۇقىرى بولغان سۈپەتلىك ئوت ـ چۆپ تۈرى 382 خىلغا يېتىدۇ، ئوتلاقتىكى دورىلىق قىممىتى بار ياۋا ئۆسۈملۈك 2014 خىلغا يېتىدۇ، دورىغا ئىشلىتىلىدىغان تۈر 125 خىلغا يېتىدۇ. ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، توشقان زەدىكى، پەربۇن، سوغىگۈل قاتارلىقلار.

### شىنجاڭدىكى تەبىئىي ئوتلاق بايلىقى

| شىنجاڭدىكى تەبىئىي ئوتلاق | ئومۇمىي كۆلىمى (تومەن گېكتار) | پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلەم (تومەن گېكتار) |
|---|---|---|
| جەمئىي | 5725.88 | 4800.68 |
| بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق رايون ئوتلىقى | 3324.52 | 2901.16 |
| تۈزلەڭلىك ئوتلىقى | 2401.36 | 1899.52 |
| بۇنىڭ ئىچىدە يېرىم چۆل ئوتلاق | 2686.79 | 2047.10 |
| ئوتلۇق يەر | 1660.42 | 1517.92 |
| چىملىق ئوتلاق | 1352.01 | 26.22 |
| سازلىق ئوتلاق | 1211.22 | 24.44 |

## ئوتلاقتا چارۋا باقماي ئوت ـ چۆپ تېرىش قۇرۇلۇشى

2003 ـ يىلى دۆلەت 1 ـ قارارلىق ئوتلاقتا چارۋا باقماي ئوت ـ چۆپ تېرىش قۇرۇلۇش تۈرىنى يولغا قويدى، بۇ تۈرنى شىنجاڭدىكى جىمسار، ئارشاڭ، قورغاس، كۈنەس، موڭغۇلكۈرە، چاپچال، توققۇزتارا، تېكەس، قابا، بۇرچىن، جېمىنەي، بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي، چىڭگىل، مورى، گۇچۇڭ، تولى، دۆربىلجىن، چاغانتوقاي، قوبۇقساردىن ئىبارەت 20 ناھىيىگە ئورۇنلاشتۇردى. قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى چارۋا بېقىشنى مەنئى قىلىش، ئوتلاقنى ئارام ئالدۇرۇش ۋە رايونغا ئايرىپ نۆۋەت بىلەن چارۋا بېقىشنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت بولدى. تۈر يولغا قويۇلغان كۆلەم 1 مىليون 373 مىڭ گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋا بېقىش مەنئى قىلىنغان كۆلەم 573 مىڭ گېكتار، قاشالىنىپ ياخشىلىنىدىغان كۆلەم 560 مىڭ گېكتار، رايونغا ئايرىپ نۆۋەت بىلەن چارۋا بېقىلىدىغان كۆلەم 240 مىڭ گېكتار. بۇنىڭغا 316 مىليون 810 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، مەركەز سالىدىغان مەبلەغ 225 مىليون 100 مىڭ يۈەن، يەرلىك يۈرۈشتۈرىدىغان مەبلەغ 91 مىليون 710 مىڭ يۈەن. 2003 ـ يىلى خېرىدار چاقىرىش ئارقىلىق، تور قاشا سېتىۋېلىش خىزمىتى تاماملاندى، سېتىۋېلىش سوممىسى 117 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇ سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ %37 ىنى ئىگىلەيدۇ.

جى خۇگىلياڭ

## ئوتلاقتا ھاشارات، چاشقان ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىشى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى 2 مىليون 110 مىڭ 900 گېكتار ئوتلاقتا ھاشارات ئاپىتى يۈز بەردى، ئېغىر ئاپەت يۈز بەرگەن كۆلەم 936 مىڭ 900 گېكتارغا يەتتى. ئاپەت يۈز بەرگەن ئوتلاق ئىچىدە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 1

مىليون 890 مىڭ 200 گېكتار، ئېغىر ئاپەت يۈز بەرگەن كۆلەم 817 مىڭ گېكتار (بۇنىڭ ئىچىدە ئاسىيا كۆچمەن چېكەتكىسى ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 57 مىڭ 200 گېكتار، ئېغىر ئاپەت يۈز بەرگەن كۆلەم 26 مىڭ 500 گېكتار)؛ باشقا ھاشارات ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 220 مىڭ 700 گېكتار، ئېغىر ئاپەت يۈز بەرگەن كۆلەم 119 مىڭ 900 گېكتار.

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ئوتلاقلاردا چاشقان ئاپىتى ئېغىر بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە چاشقان ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 5 مىليون گېكتارغا، چۆل چاشقىنى، توشقان قۇيرۇق سېرىق چاشقان ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 3 مىليون 333 مىڭ 300 گېكتارغا، ئېغىر ئاپەت يۈز بەرگەن كۆلەم 1 مىليون 492 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە توشقان قۇيرۇق سېرىق چاشقان ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم ئازكەم 2 مىليون گېكتار. سانجى ئوبلاستىدىكى قوربان تۇڭغۇت قۇملۇقىنىڭ شەرقىي، غەربىي چېتىدە چۆل چاشقىنى ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 1 مىليون 666 مىڭ 700 گېكتارغا، ئېغىر ئاپەت يۈز بەرگەن كۆلەم 666 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى.

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ھاشارات ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىپىسى 672 مىڭ 200 گېكتار ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە چېكەتكە ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىنغان - تىزگىنلەنگەن كۆلەم 619 مىڭ 500 گېكتار (ئاسىيا كۆچمەن چېكەتكىسى ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىنغان-تىزگىنلەنگەن 8900 گېكتار كۆلەممۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ماشىنا ۋە ئادەم ئارقىلىق چېكەتكە ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىنغان - تىزگىنلەنگەن كۆلەم 178 مىڭ 400 گېكتار، ئوتلاققا 331 مىڭ 700 توخۇ قويۇپ بېرىلىپ، 120 مىڭ 700 گېكتار يەردىكى چېكەتكە، 77 مىڭ 500 ئۆردەك قويۇپ بېرىلىپ، 53 مىڭ گېكتار يەردىكى چېكەتكە، ئادەم كۈچى ئارقىلىق 2 مىليون 560 مىڭ 500 قىزىل قارىغۇجا جەلپ قىلىنىپ، 260 مىڭ 700 گېكتار يەردىكى چېكەتكە، مېتاررىزىئوم باكتېرىيىسى ئارقىلىق 6700 گېكتار يەردىكى چېكەتكىنىڭ، 52 مىڭ 700 گېكتار يەردىكى ئوتلاق ھاشارىتىنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە تىزگىنلەندى (43 مىڭ 300 گېكتار يەردىكى يايلاق پەرۋانىسى، 7400 گېكتار يەردىكى مالا كوزوما يوپۇرماق تۆكلۈك پەرۋانىسى، 2000 گېكتار يەردىكى يىپېشقاق قۇرتنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە تىزگىنلەندى). ش ئۇ ئا ر چېكەتكە يوقىتىش ئىشخانىسى 148 تونىنا (4 مىليون 500 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى)

دېھقانچىلىق دورىسى يۆتكەپ كەلدى، چوڭ تىپتىكى ئۆزى يۈرەر، سىغىمچانلىقى تۆۋەن، ئېلېكترستاتىك تۇمانلىتىش ئاپتوموبىلىدىن 5 نى ئىشقا سالدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 250 مىڭ كۈن ئەمگەك كۈچى سەرپ قىلىندى.

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئەتىياز پەسلىدە 877 مىڭ 700 گېكتار يەردىكى چاشقان يوقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 204 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئايروپىلان بىلەن دورا چېچىلىپ يوقىتىلدى، 339 مىڭ 700 گېكتار يەردە ماشىنا مەشغۇلاتى ئارقىلىق يوقىتىلدى، 333 مىڭ 300 گېكتار يەردە چاشقانسىز ئۈلگە رايون قۇرۇلدى.

شيۇڭ لىڭ

## شاخ - شۈمبا بىلەن چارۋا بېقىشتىكى دۆلەت دەرىجىلىك ئۈلگە ناھىيە (شەھەر) تورى قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى چارۋىچىلىق نازارىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشخانىسى بىرلىكتە بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 1999 - يىلدىن بۇيان شىنجاڭدىكى غۇلجا، چاپچال ناھىيىلىرى، بورتالا، شىخو، تۇرپان، كورلا شەھەرلىرى، يەنجى، كۇچا ناھىيىلىرى، ئاقسۇ شەھىرى، ئاۋات، ئۇچتۇرپان، يوپۇرغا، مەكىت ناھىيىسىدىن ئىبارەت شاخ - شۈمبا بىلەن چارۋا بېقىشتىكى دۆلەت دەرىجىلىك 13 ئۈلگە ناھىيە (شەھەر) دە تورنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى ۋە مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە 1999 - يىلى ۋە 2000 - يىلى بۇ تورنى يولغا قويغان چاپچال ناھىيىسى، بورتالا، كورلا شەھەرلىرى، كۇچا



2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى كىلون موزاي شىنجاڭ ئالتۇن كالا گۇرۇھى كىلون كالا بازىسىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇغۇلدى، 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە 12 كىلون موزاي ئەي بولدى. سۈرەتتە: كىلون موزاي ۋە ئۇلارنىڭ ئانىلىرى.

سۈرەتنى ئالتۇن كالا شىركىتى تەمىنلىگەن.

ناھىيىسى، ئاقسۇ شەھىرى ۋە ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

2003 - يىلى شاخ - شۇمبا بىلەن چارۋا بېقىشتىكى 13 ئۈلگە ناھىيە (شەھەر) دە قولدا قالغان چارۋا 6 مىليون 926 مىڭ 100 تۇياققا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %4.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە قولدا قالغان كالا 772 مىڭ 800 گە يېتىپ، %15.5؛ قوي 5 مىليون 497 مىڭ 500 تۇياققا يېتىپ، %3.5 ئاشتى. بىر يىلدا قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 4 مىليون 340 مىڭ 300 تۇياققا يېتىپ، %10.75 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە قولدىن چىقىرىلغان كالا 374 مىڭ 600 گە يېتىپ، %9.5؛ قوي 3 مىليون 561 مىڭ 100 تۇياققا يېتىپ، %10.3 ئاشتى. ئېلىنغان گۆش 198 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، %12.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كالا گۆشى 61 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %15.4؛ قوي گۆشى 87 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، %11 ئاشتى. ئېلىنغان گۆش ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىنغان گۆشنىڭ %19 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كالا گۆشى %22.6 نى، قوي گۆشى %18.9 نى ئىگىلىدى. شاخ - شۇمبىلاردىن ئىشلەنگەن يەم - خەشەك 1 مىليون 452 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، %13.75 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە %26.3 نى ئىگىلىدى.

شيۇڭ بىن

## كالىغا ئىنچىكە نەيچە بىلەن توڭلىتىلغان ئىسپېرما كىرگۈزۈپ، ئىنەكلەرنىڭ بوغاز بولۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى

بۇ تۈر 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى بىلەن پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ۋە باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈرنى 2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى يېتىشتۈرۈش - نەسلىنى ياخشىلاش باش پونكىتى ئۈستىگە ئېلىپ يولغا قويغان، ئىجرا قىلىش مۇددىتى 3 يىل قىلىپ بېكىتىلگەنىدى. بۇ تۈرنى ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار، ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، خوتەن ۋىلايىتى كونكرېت يولغا قويغان.

تۈر گۇرۇپپىسى ۋە 5 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ 3 يىل تەجرىبە قىلىشى ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى ئارقىلىق، ئىككى قەدەمگە بۆلۈپ سۇيۇقلاندۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ توڭلىتىلغان سپېرمىنىڭ ھاياتىي كۈچى 6 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، %36 كە يەتكۈزۈلدى. ئۈنۈملۈك سپېرما سانى 231 مىڭ دانە تۆۋەنلىدى. غەيرىي تۆرەلمە نىسبىتى %4.8 چۈشتى، توڭلىتىلغان سپېرمىنىڭ ھايات تۇرۇش ۋاقتى ئۇزاردى، ئەسلىگە كېلىش نىسبىتى %17 — %23 كىچە بولدى، 666 مىڭ تۇياق چارۋا ئورۇقلاندۇرۇلۇپ، 266 مىڭ تۇياق چارۋا ئارتۇق ئورۇقلاندۇرۇلدى؛ ئوتتۇرىچە بوغاز بولۇش نىسبىتى %73.8 كە يەتتى (ئەڭ يۇقىرى بولغان گۇرۇپپىلارنىڭ %90 تىن ئاشتى)؛ ئىنچىكە سۇلياۋ نەيچە بىلەن توڭلىتىلغان سپېرما كىرگۈزۈش تېخنىكىسىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %80 تىن ئاشتى. 3 يىلدىن بېرى 5 ۋىلايەت، ئوبلاست 63 قارار يەرلىك كالىنىڭ نەسلىنى توڭلىتىلغان سپېرما ئارقىلىق ياخشىلاش كۇرسى ۋە ئىنچىكە نەيچە بىلەن توڭلىتىلغان سپېرما كىرگۈزۈش تېخنىكا كۇرسى ئېچىپ، 8256 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى، بۇ ئارقىلىق 160 مىليون يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلدى.

تاڭ مىڭ

## نەسىل بايلىقىنى قوغداش ئەھۋالى

2003 - يىلى چارۋىچىلىق نازارىتى «10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شىنجاڭدىكى چارۋا، ئۆي قۇشلىرى نەسىل بايلىقىنى قوغداش ئومۇمىي پىلانى» ۋە ئۇنىڭ كاتولوگىنى تۈزۈپ چىقتى. نۇقتىلىق بايلىق قاتارىدا قوغدىلىدىغان چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى نەسلى 23 خىل: ئۇلار قازاق قويى، باشباي قويى، بايىنبۇلاق قويى، شىنجاڭ كۆرپە قويى، قىرغىز قويى، دولان قويى، تاشقورغان قويى، خوتەن قويى، چىرا قارا قويى، شىنجاڭ ئۆچكىسى، قازاق كالىسى، موڭغۇل كالىسى، ئاق باش ئالتاي كالىسى، شىنجاڭ قوتىزى، قازاق ئېتى، قاراشەھەر ئېتى، بارىكۆل ئېتى، ئىلى ئېتى، شىنجاڭ غازى (ئىلى غازى)، تۇرپان توخۇسى، شىنجاڭ بۆغىسى، شىنجاڭ قوش لوكىلىق تۆگىسى، باي توخۇسى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭ غازى ۋە تۇرپان خورىزىنىڭ نەسىل بايلىقى ھەرىكەتچان تەكشۈرۈلدى.

جېڭ جياڭپىڭ

## نەسىل ياخشىلاشتىكى ئۈلگە ناھىيە قۇرۇلۇشى

شىنجاڭدىكى ئۆي چارۋىلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايون چارۋىچىلىقىنىڭ زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىنى ھەقىقىي ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون 2003 - يىلى 5 مىليون يۈەن نەسىل ياخشىلاش مەخسۇس مەبلىغى ئورۇنلاشتۇردى، بۇ قۇرۇلۇش

قورغاس، تېكەس ناھىيىلىرى، شىخو، ئالتاي شەھەرلىرى، قابا، ماناس، يەكەن، باركۆل، يەنجى ناھىيىلىرى ۋە فۇكاڭ شەھىرىدىن ئىبارەت نەسىل ياخشىلاشتىكى 10 ئۈلگە ناھىيە (شەھەر) دە، شۆنىگدەلە قۇمۇل ۋىلايىتى ئوكداۋېي چوشقا فېرمىسى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك نەسىللىك چوشقا فېرمىسى، جىمسار ناھىيىلىك نەسىللىك چوشقا فېرمىسىدا يولغا قويۇلدى. نەسىل ياخشىلاشتىكى ئۈلگە ناھىيە قۇرۇلۇشىغا ئاجرىتىلغان مەبلەغ ئاساسلىقى يېزا، بازارلاردىكى چارۋىچىلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتى ۋە نەسىللەندۈرۈش پونكىتى قۇرۇلۇشىغا، ئۇي چارۋىلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشقا كېرەكلىك ئاپتوموبىل، ماشىنا - ئۈسكۈنە سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلدى. نەسىللىك چوشقا فېرمىسى قۇرۇلۇشىغا ئاجرىتىلغان مەبلەغ ئاساسلىقى نەسىللىك چوشقا كىرگۈزۈشكە قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى.

ۋېي شىنپۇ

## نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە نەسىللىك چارۋا ئىمپورت قىلىدىغان 10 تۈركۈم رەسمىيەت تەكشۈرۈلدى. بۇلار ئاساسەن خروستال كالىسى، شۋېيتسارىيە قوڭۇر كالىسى ۋە ساخفولك قويى ئىمپورت قىلىش رەسمىيىتىدىن ئىبارەت. شىنجاڭغا نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى كىرگۈزۈلىدىغان ۋە شىنجاڭدىن چىقىرىلىدىغان 62 تۈركۈم رەسمىيەت تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە نەسىللىك قويدىن بىر تۈركۈمدە 1200 تۇياق، نەسىللىك كالىدىن 2 تۈركۈمدە 52 سى، نەسىللىك چوشقىدىن 3 تۈركۈمدە 77 سى، ئاتلىق - ئانىلىق نەسىللىك گۆش توخۇسى چۈجىسىدىن 37 تۈركۈمدە 198 مىڭ 400 يۈرۈش، نەسىللىك گۆش توخۇسى تۇخۇمىدىن 2 تۈركۈمدە 250 مىڭ دانە، ئاتلىق - ئانىلىق تۇخۇم تۇغىدىغان نەسىللىك توخۇ چۈجىسىدىن 15 تۈركۈمدە 70 مىڭ 600 يۈرۈش، ياۋا غازدىن بىر تۈركۈمدە 18 دانە، نەسىللىك غازدىن بىر تۈركۈمدە 1200 دانە كىرگۈزۈلدى.

2003 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق نەسىللىك چاۋا فېرمىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى تەجرىبە مەيدانى، ئۈرۈمچى نەسىللىك كالا فېرمىسى، شىنجاڭ «تەيكۇن» گۇرۇھى شىركىتىدىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىجازەتنامىسىنىڭ مۇددىتى توشقان 4 ئورۇننىڭ ئىجازەتنامىسى تەكشۈرۈلدى ۋە يېڭىلاندى. ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر شىنجاڭ «تيەنكاڭ» چارۋىچىلىق بىئوتېخنىكىسى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ تۆرەلمە بىئوقۇرۇلۇشى بازىسى، شىنجاڭ سانجى داخېڭ ئۆي قۇشلىرى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ئاسىيا - ياۋروپا داخېڭ مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى «تيەنكاڭ» چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى «جۇنخۇ» شۆبە شىركىتى، تۇرپان نەسىللىك توخۇ فېرمىسىدىن ئىبارەت 5 ئورۇن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا قوبۇلشتۇرۇلدى ھەمدە ئۇلارغا نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش ئىجازەتنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

جېڭ جياڭپىڭ

## يەرلىك كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 1 مىليون 506 مىڭ يەرلىك كالا نەسىللەندۈرۈلدى، بۇ كۆپەيتىشكە بولىدىغان ئومۇمىي سىيىرنىڭ %75.1 نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 809 مىڭ كالا سۈنئىي ئۇسۇلدا توڭلىتىلغان سپېرما ئارقىلىق نەسىللەندۈرۈلۈپ، 2002 - يىلدىكىدىن %20 ئاشتى؛ 55 مىڭ 400 تۇياق كالا نورمال تېمپېراتۇرىدا نەسىللەندۈرۈلدى. 7900 يەرلىك كالىغا تۆرەلمە كۆچۈرۈلۈپ، %29.4 ئاشتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە نەسلى ياخشىلانغان كالا نىسبىتى %54 كە يەتتى.

2003 - يىلى شىنجاڭ چارۋا، ئۆي قۇشلىرى يېتىشتۈرۈش، نەسىل ياخشىلاش باش پونكىتى توڭلىتىلغان لاياقەتلىك سپېرمىدىن 1 مىليون 365 مىڭ دوزا تەييارلىدى، بۇ 2002- يىلدىكىدىن 119 مىڭ دوزا كۆپ بولۇپ، يەرلىك كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

ۋېي شىنپۇ

## قوي ۋە ئۆچكىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 15 مىليون 200 مىڭ تۇياق قوي نەسىللەندۈرۈلدى. بۇ كۆپەيتىشكە بولىدىغان قويىنىڭ %80.9 نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 2 مىليون 506 مىڭ تۇياق قوي سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۇرۇقلاندۇرۇلدى. 2 مىليون 400 مىڭ تۇياق تىۋىت ئۆچكىسىنىڭ نەسلى ياخشىلاندى، بۇ كۆپەيتىشكە بولىدىغان ئۆچكىنىڭ %66 نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 365 مىڭ تۇياق ئۆچكە سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۇرۇقلاندۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە %62 قوي، %48 ئۆچكىنىڭ نەسلى ياخشىلاندى.

ۋېي شىنپۇ

## قىشلىق تۈل ئېلىش ئەھۋالى

2003 - يىل 2 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە 8 مىليون 536 مىڭ 900 تۇياق قىشلىق تۈل ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 8 مىليون 363 مىڭ تۇياق تۈل ئەي بولدى. قوزا باسقۇچىدا ئەي بولۇش نىسبىتى 97.96% كە يېتىپ، 2002-يىلدىكىدىن 214 مىڭ 500 تۇياق كۆپ ئەي بولدى.

بې شىنپۇ

## چارۋىچىلىقنى ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدا «شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى»، «شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ نەسلىنى يېكىتىش تۈرى، بەلگىسى، ئاتالغۇسى» دىن ئىبارەت دۆلەت ئۆلچىمىنى تۈزۈش خىزمىتى ئىشلەندى، بۇ تۈرلەر يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى. «شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ئۆلچىمى سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى»، «نەسىللىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنى باھالاپ بېكىتىش»، «ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يۇڭىنى دەرىجىگە ئايرىپ رەتلەش قائىدىسى»، «يۇڭنى يۇيۇپ تازىلاش، قاقلاپ قۇرۇتۇش ئۇسۇلى»، «سۈت پاراشوكى ئۆلچىمى»، «سۈت سېتىۋېلىش ئۆلچىمى»، «ئوغۇز سۈتى سېتىۋېلىش ئۆلچىمى» قاتارلىق 16 يەرلىك ئۆلچەم تۈزۈپ چىقىلدى. ۋىلايەت دەرىجىلىك 6 يەرلىك ئۆلچەم تۈزۈپ چىقىلدى.

2003 - يىلى يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىدىغان 68 كارخانىنىڭ ئۆلچىمى تەكشۈرۈلدى، 151 كارخانىنىڭ ئۆلچىمى ئەنگە ئېلىندى.

2003 - يىلى «نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»، «ئوتلاق قانۇنىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى»، «يەم - خەشەك ۋە يەم - خەشەك خۇرۇچىنى باشقۇرۇش چارىسى»، «سۈتچىلىكنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە «ھايۋانات كارانتىن قىلىشنى يولغا قويۇش چارىسى» قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك سۈپەت بىخەتەرلىكىگە دائىر قائىدە - نىزاملار تۈزۈپ چىقىلدى، 50 پارچە مەمۇرىي تەستىق، 2 پارچە يەرلىك نىزام، 8 پارچە يەرلىك قائىدە، 10 مىڭ 65 پارچە سىياسەت خاراكتېرلىك يەرلىك ھۆججەت ئېنىقلاپ بىكار قىلىنىپ، چارۋىچىلىقنى ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتى ۋە زىيانسىزلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

تالڭ مىڭ

## چارۋىچىلىقتا قىشتىن ئۆتۈشكە تەييارلىق كۆرۈش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك تەييارلاش ۋە قوتان قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئاشۇرۇپ، قىشلاقتا كىرىدىغان چارۋىلارنىڭ سانىنى ئىلمىي بېكىتىپ، قىشتىن ئۆتىدىغان چارۋىلار تۇرىدىغان ئوتلاقنى مۇۋاپىق تەقسىملەپ، چارۋىچىلار ۋە چارۋىلارنىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 16 مىليون 159 مىڭ تونىنا ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك يىغىۋېلىنىپ (تاغ باغرىدىكى ئوت - چۆپ، زىرائەت شاخ - شۇمبىسى، بېدە قاتارلىقلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 2002 - يىلدىكىدىن 4.62% ئاشتى، ھەر بىر چارۋىغا 328.10 كىلوگىرامدىن ئوت - چۆپ توغرا كەلدى. 1 مىليون 713 مىڭ 900 تونىنا بوغۇز تەييارلىنىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 5.99% ئېشىپ، ھەر بىر چارۋىغا 34.8 كىلوگىرامدىن توغرا كەلدى. يېڭىدىن 39 مىڭ 406 قوتان سېلىندى، بۇ 2002 - يىلدىكىدىن 7.4% كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسسىق سۇلياۋ قوتان 27 مىڭ 478 بولۇپ، 8.1% كۆپەيدى. 69 مىڭ قوتان رېمونت قىلىنىپ، 2002- يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 40 مىڭدىن ئارتۇق ھەرخىل ئوت - چۆپ ئورۇش، توشۇش، توغراش ماشىنىسى ۋە باشقا ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر سېتىۋېلىندى.

ۋېي شىنپۇ

## قوي يۇڭى، تىۋىت ۋە چارۋا ئوبوروتى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئېلىنغان يۇڭ 78 مىڭ 419 تونىنىغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 5.37% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنچىكە قوي يۇڭى 28 مىڭ 287 تونىنا بولۇپ، 1.89% ئازايدى؛ تىۋىت 1142.81 تونىنىغا يېتىپ، 10.57% ئاشتى.

2003 - يىلى ئىنچىكە قوي يۇڭىنىڭ بازىرى جانلاندى، سېتىۋېلىنغان قوي يۇڭى زور ھەجىمدە ئاشتى. ئىنچىكە قوي يۇڭىنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ باھاسى 15 — 18 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 2 — 3 يۈەن ئۆرلىدى. شىنجاڭ سۈپەتلىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يۇڭى ئىشلەپچىقىرىش جەمئىيىتى «ساپالى» ماركىلىق يۇڭدىن 548 تونىنا سېتىۋېلىپ، نەنجىڭ بازىرىدا كىم ئارتۇق قىلىپ ساتتى، ھەر كىلوگىرامىنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 51.11 يۈەنگە چىقىپ، 15 يىلدىن بۇيان قوي يۇڭى بازىرىدىكى ئەڭ يۇقىرى باھا يارىتىلىپ، ئاۋستىرالىيە قوي يۇڭى باھاسى بىلەن تەڭلەشتى. تىۋىتنىڭ باھاسى زور ھەجىمدە چۈشۈپ، ھەر كىلوگىرامى 180 — 220 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، 40 يۈەن تۆۋەنلەپ كەتتى.

2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىلغان ھەرخىل چارۋا 32 مىليون 19 مىڭ 900 تۇياققا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 11.24% ، ئېلىنغان گۆش 1 مىليون 150 مىڭ توننىغا يېتىپ، 9.07% ئاشقان. بىر يىلدا چارۋا ۋە گۆش بازىرى ئاۋات، سېتىلىش راۋان، تەمىنلەش يېتەرلىك بولدى. ئاپتونوم رايوندىكى «دېلۇڭ»، «مەيجۇر»، «ۋېيۋېي» گۇرۇھلىرى، «ۋۇخۇا» چارۋىچىلىقى قاتارلىق سۈت پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان باشلامچى كارخانىلارنىڭ سۈتنى ئالىشىپ سېتىۋېلىشى، ئاپتونوم رايون سۈتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. سۈتنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ سېتىلىش باھاسى 1.5 — 2.2 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، 2002ـ يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى ھەمدە سەل ـ پەل ئۆرلىدى.

تيەن فېڭ

## شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يۇڭىنى كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىش باھاسى ئۆرلىدى

2003 ـ يىلى نەنجىڭدا كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىشقا قاتناشتۇرۇلغان قوي يۇڭى ئاساسلىقى باي، ئونسۇ، ئارشاڭ ناھىيىلىرى ۋە بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 4 ـ، 5ـ شىلىرىدىن كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆپ قىسمى نەسىللىك قوي فېرمىسى، نەسىللىك چارۋا فېرمىسى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن ـ مەيدانلىرىدىن كەلتۈرۈلدى. خېلى بىر قىسمى يېپىنچا يېپىلغان قويلاردىن ئېلىندى. يۇڭنىڭ پاكىزلىق نىسبىتى 58.97% كە، ئەڭ يۇقىرىسىنىڭ 68.57% كە يەتتى؛ ئۇزۇنلۇقى 7.5 سانتىمېتىردىن ئاشىدىغان يۇڭ 65% نى ئىگىلىدى، يۇڭ تالاسىنىڭ ئىنچىكىلىك دەرىجىسى ئاساسەن 21 مىكرومېتىر ئىچىدە بولدى. 2003 ـ يىلى كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىشقا قاتناشتۇرۇلغان قوي يۇڭىنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ ئوتتۇرىچە پۈتۈنلۈش باھاسى 51.11 يۈەن بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 9.55 يۈەن يۇقىرى بولۇپ، 23% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كۈنەس نەسىللىك قوي فېرمىسىنىڭ قويلىرىدىن ئېلىنغان يۇڭنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ پۈتۈنلۈش باھاسى 56.8 يۈەن، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 4 ـ شىسى 77 ـ تۈەن ـ مەيدانىنىڭ قويلىرىدىن ئېلىنغان يۇڭنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ پۈتۈنلۈش باھاسى 37.02 يۈەن بولدى. باي ناھىيىلىك نەسىللىك قوي فېرمىسىنىڭ قويلىرىدىن ئېلىنغان بىر تۈركۈم سۈپەتلىك ئىنچىكە قوي يۇڭى گېرمانىيىگە ئېكسپورت قىلىندى. بۇ دۆلىتىمىزدىن چىققان قوي يۇڭىنىڭ تۇنجى قېتىم ئېكسپورت قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 2003 ـ يىلى شىنجاڭدىن كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىشقا قاتناشتۇرۇلغان يۇڭنىڭ باھاسىنىڭ ياخشى بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، يۇڭنىڭ ئومۇمىي سۈپىتى 2002 ـ يىلدىكىدىن زور دەرىجىدە يۇقىرى بولدى. كۆپ قىسىم چارۋىچىلىق فېرمىلىرى يۇڭ ئىشلەپچىقىرىشقا بولغان ئىلمىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، نەسلىنى ياخشىلاش، ئىلمىي بېقىش ۋە قويغا يېپىنچا يېپىش قاتارلىق ئىلغار تېخنىكىلارنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتتى، بۇنىڭ بىلەن يۇڭنىڭ ئىنچىكىلىك دەرىجىسى، ئۇزۇنلۇقى، پاكىزلىق نىسبىتى 2002 ـ يىلدىكىدىن خېلى يۇقىرى بولدى.

گۈلزار

## چوشقا بېقىش ۋە سېتىش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدا قولدا قالغان چوشقا 2 مىليون 277 مىڭ 100 گە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 3.94% ، قولدىن چىقىرىلغان چوشقا 3 مىليون 77 مىڭ 400 گە يېتىپ، 18.8% ، ئېلىنغان چوشقا گۆشى 224 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، 13.73% ئاشتى. 2003 ـ يىلى بازاردا چوشقىنىڭ باھاسى بىرقەدەر زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. بىر يىلدا چوشقىنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ بازاردىكى ئوتتۇرىچە باھاسى 5.7 يۈەن بولۇپ، 11% ، چوشقا كۈچۈكىنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 8 يۈەن بولۇپ، 33.33% تۆۋەنلىدى. چوشقا گۆشىنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ باھاسى 9.11 يۈەن بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن تۆۋەن بولدى. بىر يىللىق بازار ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 1 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە چوشقىنىڭ بازاردىكى سېتىلىش ئەھۋالى ياخشى بولمىدى، باھاسى 2002 ـ يىلدىكىدىن تۆۋەن بولدى، لېكىن 10 ـ ئايدىن كېيىن چوشقا باھاسى ئۆرلەشكە باشلاپ، ھەر كىلوگىرامىنىڭ باھاسى 6.8 يۈەنگە چىقتى، چوشقا گۆشىنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 11 يۈەن بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى. چوشقىنىڭ بازار باھاسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئالدىنقى 3 پەسىلدە ئاپتونوم رايون بويىچە بېقىلغان چوشقىنىڭ سانى كۆپ بولۇپ، تەمىنلەش ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدە، 4 ـ پەسىلدە يەم ـ خەشەكنىڭ باھاسى ئۆرلىگەچكە، چوشقىنىڭ باھاسىمۇ ئۆرلىدى.

جېڭ جياڭپىڭ

## ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش ۋە سېتىش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە قولدا قالغان ئۆي قۇشى 55 مىليون 540 مىڭغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 10.01% ، قولدىن چىقىرىلغان ئۆي قۇشى 74 مىليون 705 مىڭغا يېتىپ، 37.44% ، ئېلىنغان ئۆي قۇشى گۆشى 111 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، 17.58% ، تۇخۇم 236 مىڭ 200

تونىنغا يېتىپ، %4.33 ئاشتى. بىر يىلدا ئۆي قۇشى مەھسۇلاتلىرى مەنبەسى تولۇق بولدى، لېكىن بازار باھاسى بىرقەدەر زور دەرىجىدە داۋالغۇپ تۇردى. توخو تۇخۇمىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى باھاسى سەل تۆۋەن بولۇپ، پەرلىك تۇخۇمنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ توپ سېتىلىش باھاسى 3 يۈەندىن تۆۋەن بولدى، پارچە سېتىلىش باھاسى 3.8 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %15.6 تۆۋەنلىدى. 7 - ئايدىن كېيىن تۇخۇمنىڭ بازار باھاسى ئۆرلەشكە باشلىدى، 11 - ئايغا كەلگەندە، توپ سېتىش باھاسى 5.5 يۈەنگە، پارچە سېتىلىش باھاسى 6 يۈەنگە چىقتى. گۆش توخوسىنىڭ بازار باھاسىمۇ خېلى داۋالغۇپ تۇردى. بىر يىلدا گۆش توخوسى چۈجىسىنىڭ ھەربىرىنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.8 يۈەن بولدى. 7 — 9 - ئايلاردا ھەر بىرىنىڭ باھاسى 2 يۈەن بولدى، قالغان ئايلاردا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.5 يۈەن بولدى. گۆش توخوسىنىڭ باھاسى 2002- يىلدىكىدىن %28 تۆۋەنلەپ كەتتى. بىر يىلدا توخونىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.5 يۈەن (ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 7.5 يۈەن، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 4 يۈەن) بولۇپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى. بازار باھاسىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، مەملىكەت بويىچە «سارس» نىڭ تارقىلىشى ۋە يەم - بوغۇز باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت بولدى.

جېڭ جياڭپىڭ

## ھايۋانلاردا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن 148 مىليون 339 مىڭ 800 تۇياق چارۋا ۋە ئۆي قۇشى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە تەكشۈرۈلدى. 18 مىليون 337 مىڭ 900 ھايۋانات كارانتىن قىلىندى. 30 مىليون 755 مىڭ 300 ھايۋاندىكى قۇرت يوقىتىلدى. 29 مىليون 177 مىڭ 400 ھايۋان دورا بىلەن يۇيۇلدى. 16 خىل ھەرخىل ۋاكسىنا، دىئاگنوز قويۇش سۇيۇقلۇقىدىن 50 مىليون 926 مىڭ 800 مىللىلىتىر يەنى 239 توننا ئىشلىتىلدى.

ئاتتا بولىدىغان يۇقۇملۇق قان ئازلىق كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش. كارانتىن قىلىش، كېسەل چارۋىلارنى شاللىۋېتىشتەك ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىپ، ئات ئائىلىسىدىكى ھايۋاندىن 632 مىڭ 44 ى كارانتىن قىلىندى، 39 ھايۋان مۇسبەت چىقتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

برۇتسېللىيوز كېسىلىنى كارانتىن قىلىش. ئاپتونوم رايون بويىچە 3 مىليون 251 مىڭ 800 چارۋا ئىممۇنىتېتلاندى، 191 مىڭ 994 چارۋا كارانتىن قىلىندى، 934 ى مۇسبەت چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە، كارانتىن قىلىنغان قوي 88 مىڭ 952 تۇياق، مۇسبەت چىققىنى 206 تۇياق، كارانتىن قىلىنغان كالا 101 مىڭ 367، مۇسبەت چىققىنى 727. كارانتىن قىلىنغان چوشقا 1675، بۇنىڭ ھەممىسى مەنپىي چىقتى. 5 ۋىلايەت، ئوبلاستىكى 21 ناھىيە (شەھەر) دە ئىممۇنىتېت ئۈنۈمىنى باھالاش ۋە باكتېرىيە تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلىنىپ، 4385 پارچە كېسەللىك ماتېرىيالى توپلاندى، يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق گۇمانلىق باكتېرىيەدىن 25 ى ئايرىۋېلىندى، باكتېرىيە چىقىش نىسبىتى %0.57 بولدى.

ماڭقا كېسىلىنى كارانتىن قىلىپ تازىلاش. ئاپتونوم رايون بويىچە 5500 ئات كارانتىن قىلىندى، بۇلاردا مۇسبەتلىك كۆرۈلمىدى.

كالىدا بولىدىغان سىل كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش. ئاپتونوم رايون بويىچە 95 مىڭ 658 تۇياق كالا كارانتىن قىلىندى، بۇنىڭ 375 ى مۇسبەت، 183 ى گۇمانلىق چىقتى.

سايىقات

## ھايۋانلاردا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى نازارەت قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 84 ناھىيە (شەھەر)، 841 يېزا (بازار)، 8101 كەنت، 116 مەيدان - فېرمىدا ھايۋانلارغا ئىممۇنىتېتلاش بەلگىسى ئېسىش يولغا قويۇلدى. ئىممۇنىتېتلاشقا تېگىشلىك ھايۋان (قوي، كالا، چوشقا) 40 مىليون 977 مىڭ 500 بولۇپ، 38 مىليون 670 مىڭ 500 ىنىڭ قۇلىقىغا بەلگە ئېسىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كالىغا بەلگە ئېسىش نىسبىتى %91.7 كە، قويغا بەلگە ئېسىش نىسبىتى %94.9 كە، چوشقىغا بەلگە ئېسىش نىسبىتى %82 كە يەتتى.

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ھايۋانلارنى كارانتىن قىلىش ئىسپاتىدىن 24 مىڭ 611 ى، ھايۋانلاردا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش لاياقەتنامىسىدىن 9780 ى، ھايۋانلارنى ئىممۇنىتېتلاش ئىسپاتىدىن 17 مىڭ 900 ى، ھەرخىل بەلگە، كىتابچىدىن 4290 ى تارقىتىلدى. چېگرادىكى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى، يۇڭ زاۋۇتى ۋە مال مەيدانىنىڭ ھايۋانلاردا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش شارائىتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، 10 كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى، بىر يۇڭ زاۋۇتى، بىر مال مەيدانى

تەكشۈرۈلدى. «هايۋانلاردا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر-نىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دائىر مۇجەببەر تويلىمى» دىن 1000 پارچە (ئۇيغۇرچە) تارقىتىلدى.

سايقات

## هايۋانات دورىسىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 1789 تۈركۈم (قېتىم) هايۋانات دورىسى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈلدى، 1586 تۈركۈم (قېتىم) پرىيوم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش پىلانىدىكى 776 تۈركۈم (قېتىم)، ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ نازارەت قىلىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈش پىلانىدىكى 810 تۈركۈم (قېتىم)، ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %83 كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە هايۋانات دورىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلارنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن 633 قانۇن ئىجرا قىلغۇچى (قېتىم) چىقىرىلىپ، 276 هايۋانات دورىسى بازىرى ئېنىقلىنىپ تەرتىپكە سېلىندى، ئەرز دېلوسىدىن 16 سى قوبۇل قىلىندى، يالغان دورا ياساش ئۇۋىسىدىن 4 ى بىتچىت قىلىندى، بۇ ئارقىلىق 1 مىليون 560 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئورنى تولدۇرۇۋېلىندى، بىر يىلدا هايۋانات دورىسى دېلوسىدىن 133 ى دېلو قىلىپ تۇرغۇزۇلۇپ، تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ 132 سى ئاخىرلاشتۇرۇلدى. 815 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى يالغان، ناچار 1600 يەشىك هايۋانات دورىسى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلدى. دېلوغا چېتىشلىق خادىم 188 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. O تىپلىق ئاقسىل كېسەللىكى، A تىپلىق تىرىك ۋاكسىنا ۋە ئۆچكە چېچىكى تىرىك ۋاكسىنىسىنىڭ 10 تۈرى بويىچە 117 تۈركۈم (قېتىم)، ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى.

2003 - يىلى قوي مۇسكۇلى توقۇلمىلىرىدىكى سولفا دورىسى قالدۇقى، خلورامفېنىكول قالدۇقى ۋە چوشقا جىگىرىدىكى β — روھلاندۇرغۇچى دورا قالدۇقى 154 تۈركۈم (قېتىم) ئۆلچەندى ۋە تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قوي مۇسكۇلى توقۇلمىسىدىكى سولفا دورىسىنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىشى 4 تۈركۈم (قېتىم)، چوشقا جىگىرىدىكى β — روھلاندۇرغۇچى دورىنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىشى 5 تۈركۈم (قېتىم).

بىر يىلدا ئاپتونوم رايوندىكى هايۋان دورىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان 22 كارخانىنىڭ 670 خىل دورىسىنىڭ بەلگىسى، چۈشەندۈرۈشى تەكشۈرۈلدى، تۈزىتىلدى ۋە ئېلان قىلىندى.

ليۇ ئەيرۇڭ

## يەم - خەشەك سانائىتى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭدىكى تۈرلۈك يەم - خەشەك كارخانىسى 324 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەم-خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى 166 (سائەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 524 توننا)، يەككە هالدا يانچىش تىپىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى 158. يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى مەھسۇلات تۈرى بويىچە تۆۋەندىكىدەك ئايرىلدى (تەكرار ھېسابلانغانلىرىمۇ بار): بىرىكمە يەم - خەشەك كارخانىسى 119، قويۇلدۇرۇلغان يەم-خەشەك ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى 40 (قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىدۇ)، خۇرۇچ قوشۇلغان ئارىلاشما يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى 25، يەم - خەشەك خۇرۇچى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى 19 (بۇنىڭ ئىچىدە بىر كارخانا 2 كىنىشكا ئالغان). كارخانىلارنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان تىپى بويىچە تۆۋەندىكىدەك ئايرىلدى: دۆلەت كارخانىسى 31، كوللېكتىپ كارخانا 47، خۇسۇسىي كارخانا 106، پاي ھەمكارلىقىدىكى كارخانا 22، جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانا 3، باشقا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 115.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان يەم - خەشەك 1 مىليون 207 مىڭ 300 تونىنغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما يەم-خەشەك 1 مىليون 79 مىڭ 400 تونىنغا يېتىپ، 2002-يىلدىكىدىن %19.3؛ قويۇقلاندۇرۇلغان يەم - خەشەك 118 مىڭ 800 تونىنغا يېتىپ، %32.25؛ خۇرۇچ قوشۇلغان ئارىلاشما يەم - خەشەك 9100 تونىنغا يېتىپ، %25.2 ئاشتى. تۈرلۈك يەم - خەشەكلەر ئىچىدە تاۋار يەم - خەشەك %35.59 نى ئىگىلىدى. ئارىلاشما يەم - خەشەك ئىچىدە، چوشقا يەم - خەشىكى %9.14 نى، تۇخۇم قۇشلىرى دېنى %52.21 نى، گۆش قۇشلىرى دېنى %4.33 نى، بېلىق يېمى %44.10 نى، كۆشىگۈچى هايۋانلار بوغۇزى %84.12 نى، باشقا يەملەر %81.7 نى ئىگىلىدى. قويۇلدۇرۇلغان يەم - خەشەك ئىچىدە، چوشقا يەم - خەشىكى %17.45 نى، تۇخۇم قۇشلىرى دېنى %53.32 نى، گۆش قۇشلىرى دېنى %99.18 نى، بېلىق يېمى %4.0 نى، كۆشىگۈچى هايۋانلار بوغۇزى %01.2 نى، باشقا يەملەر %9.0 نى ئىگىلىدى. خۇرۇچ قوشۇلغان ئارىلاشما يەم - خەشەك ئىچىدە، چوشقا يەم - خەشىكى %76.27 نى، تۇخۇم قۇشلىرى دېنى %98.24 نى، گۆش قۇشلىرى دېنى %75.16 نى، بېلىق يېمى %81.7 نى كۆشىگۈچى هايۋانلار بوغۇزى %2.16 نى، باشقا يەملەر %5.6 نى ئىگىلىدى. خۇرۇچ ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى 32 مىڭ توننا كالتسىي

كاربونات، بىر توننا مىكرو سېلوس تىرىك تاياقچە باكتېرىيىسى، 1 . 8 توننا ۋىتامىن C، 45 . 25 توننا كالتسىي بىفوسفات، 13 مىڭ توننا سۆڭەك، گۆش - سۆڭەك پاراشوكى ئىشلەپچىقاردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 537 مىڭ 3 توننا ھەرخىل تېرىپ ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پۇرچاق تېرىپى 45 مىڭ 238 توننا، چىگىت تېرىپى 413 مىڭ 570 توننا، قىچا تېرىپى 31 مىڭ 990 توننا، باشقا تېرىپلار 46 مىڭ 205 توننا.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەم - خەشەك ساناپئىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 212 مىليون يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 5659 غا يەتتى.

ليۇ جۈنجيەن

## يەم - خەشەك كەسپىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يەم - خەشەك خۇرۇچى ۋە خۇرۇچ قوشۇلغان ئارىلاش يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىدىغان 5 كارخانا ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئالدى، ئەستىقى ھۆججەتتىن 16 سى بېجىرىلدى ۋە قوشۇلدى. ئارىلاشما يەم - خەشەك، قويۇلدۇرۇلغان يەم- خەشەك، خىل تولۇقلىما يەم- خەشەك ۋە يەككە كۆپ مىقدارلىق يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىدىغان 51 كارخانىنىڭ كارخانا قۇرۇش شارائىتى تەكشۈرۈلۈپ لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالدى، يەم - خەشەك مەھسۇلاتلىرىنى تىزىملاش نومۇرىدىن 431 ى تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى يەم - خەشەك كەسپىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى 84 كارخانىنىڭ يەم - خەشەك مەھسۇلات بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش رەسمىيىتىنى بېجىردى ۋە يېڭىدىن بېجىردى. مۇتەخەسسىسلەرنى يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىدىغان 68 كارخانىنىڭ مەھسۇلات ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى، 151 يەم - خەشەك مەھسۇلاتى ئۆلچىمى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون يەم - خەشەك لابوراتىيى، يەم - خەشەك زاۋۇتى مەركىزىي كونترول قىلىش ئۆيى مەشغۇلاتچىسى، يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىسى رېمونتچىلىرىنى كەسپىي ماھارەت جەھەتتىن سىناش بويىچە كۇرس ئۇيۇشتۇردى، كۇرسقا 94 ئادەم (قېتىم) قاتنىشىپ، 80. كىشى دەرىجە سالاھىيەتنامىسىغا ئېرىشتى.

ليۇ جۈنجيەن

## يەم - خەشەكلەرنى مەمۇرىي تەپتىش قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى شىنجاڭدا يەم - خەشەكلەرنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى 120 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئەمەلىيەتتە 224 قېتىم ئۈسكى ئېلىپ تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 193 ى لاياقەتلىك، 31 ى لاياقەتسىز بولدى.

بىر يىلدا تۈرلۈك يەم - خەشەك مەھسۇلاتى 667 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە باجنى كەچۈرۈم قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلگىنى 201 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولغىنى 174 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتسىز بولغىنى 27 تۈركۈم (قېتىم). 286 تۈركۈم (قېتىم) ھاۋالە بويىچە تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولغىنى 91 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتسىز بولغىنى 37 تۈركۈم (قېتىم)، قالغانلىرىنىڭ تەركىبى يەككە تۈر بويىچە تەكشۈرۈلدى، 99 تۈركۈم (قېتىم) قەرەللىك تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈشتە ھەممىسى لاياقەتلىك بولدى، كەسىپ بويىچە 67 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولغىنى 63 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتسىز بولغىنى 4 تۈركۈم (قېتىم)؛ يوللاش ئارقىلىق 12 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاشما تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولغىنى 8 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتسىز بولغىنى 4 تۈركۈم (قېتىم)؛ 2 تۈركۈم (قېتىم) توختام بويىچە تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولغىنى بىر تۈركۈم (قېتىم)، مىقدارى ئۆلچەپ بېكىتىلگىنى بىر تۈركۈم (قېتىم).

ۋاڭ ۋېيگو

## يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسى 134 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك نامرات چارۋىچىلىق فېرمىسى 15. چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 367 مىڭ 500، كەسىپكار 157 مىڭ 500، يىل ئاخىرىدىكى ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 112 مىڭ 400، دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچى 14 مىڭ.

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدىكى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا قاتناشقان كارخانا 45 بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئومۇمىي كارخانىنىڭ %58 . 33 ىنى ئىگىلىدى. ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 11 مىڭ 500 بولۇپ، كارخانا ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچىسىنىڭ %19 . 10 ىنى ئىگىلىدى.

2003 - يىلى يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۈۋەندىمۇ شۇنداق) 1 مىليارد 117 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %5 . 18 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 868 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %86 . 27، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 124

مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17.6، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 125 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.3 ئاشتى. بىر يىلدا 190 مىڭ 300 توننا ئاشلىق ئېلىنىپ، %29.8 تۆۋەنلىدى، ئېلىنغان ياغلىق دان 31 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، %31.25 ئاشتى، ئېلىنغان پاختا 15 مىڭ توننا بولۇپ، %50.66، شېكەر ماتېرىيالى 84 مىڭ 300 توننا بولۇپ، %38.7 تۆۋەنلىدى. ئېلىنغان گۆش 55 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، سۈت 85 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، %4.3، يۇڭ 5334 توننىغا يېتىپ، %0.7، تۇخۇم 205 توننىغا يېتىپ، %28.93 ئاشتى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 4 مىليون 304 مىڭ 600 تۇياققا يېتىپ، %4.5 كۆپەيدى.

2003 ـ يىلى يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 190 مىليون يۈەن بولۇپ، 2002ـ يىلدىكىدىن %32.1 تۆۋەنلىدى، بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.11 ئاشتى. 3 ـ كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 131 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى.

2003 ـ يىلى يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرى تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلەغ 222 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %218.4 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 28 مىليون 780 مىڭ يۈەن بولۇپ، %56.6 ئازايدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئىشلىرىغا سېلىنغىنى 164 مىليون 770 مىڭ يۈەن بولۇپ، سېلىنغان مەبلەغنىڭ %74 نى، سانائەت، بىناكارلىققا سېلىنغىنى 25 مىليون 970 مىڭ يۈەن بولۇپ، %11.7 نى ئىگىلىدى. سودا، ترانسپورت، پوچتا ـ تېلېگرافقا سېلىنغىنى 2 مىليون 770 مىڭ يۈەن. يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن تۇراقلىق مۈلۈككە 203 مىليون 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: 1800 گېكتار ئوتلاق ياخشىلانغان، 150 چوڭ تراكتور، 8 يۈك ئاپتوموبىلى، 151 يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى سېتىۋېلىندى. 80 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ئۆي قۇشلىرى كاتىكى، 200 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ھەرخىل ئامبار، 17 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرلىق مەدەنىيەت، سەھىيە ئۆيى سېلىندى. 860 كىلومېتىر توك سىمى، 850 كىلومېتىر تېلېفون سىمى تارتىلدى، 166 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆيى سېلىندى.

ليۇ يەن

## چارۋىچىلىق تاشقى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ياپونىيە، ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە دۇنيا بانكىسى، باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، سودا تەشكىلاتلىرىدىن كەلگەن 19 ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 80 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى.

تۆۋەندىكى 5 تۈر بويىچە چارۋىچىلىق تاشقى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرى قانات يايدۇرۇلدى:

1. ياپونىيە يېشىل مەبلەغ شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىلىپ ئېلىپ بېرىلغان «ئاسىيا رايونىدا قۇملىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىنى دەلىللەش توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش تۈرى»، 2003 ـ يىل بۇ تۈر يولغا قويۇلغان 3ـ يىل. 2003 ـ يىلى ياپونىيە تەرەپ خام چوتنى %15 ئازايتتى. خىزمەت پىلانىغا ئاساسەن، ياپونىيە تەرەپ 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىپ، 46 ئائىلىلىك چارۋىچىنى ئولتۇراقلاشتۇردى، 25.3 كىلومېتىر ئۆستەڭ چاپتى، 36 تاقاق، 3 كۆۋرۈك، 2.52 كىلومېتىر يول ياسىدى، 306.67 گېكتار ئېتىز ـ ئېرىق ئاچتى، 27.6 گېكتار ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلدى، دېھقان، چارۋىچى ۋە يەرلىك تېخنىكلاردىن 155 كىشىنى تەربىيىلىدى، بىر يىلدا ياپونىيىدىن 14 مۇتەخەسسىس (قېتىم) كېلىپ ئەمەلىي دەلىللەش ئېلىپ باردى، ئاساسلىقى تۇپراق، مېتېئورولوگىيە، گىدرولوگىيە، يېتىشتۈرۈش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە ئەنئەنىۋى كۆچمە چارۋىچىلىقتىن ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلىققا ئۆتۈش ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ تۈر ئالتاي شەھىرى ئالاقاق يېزىسى ۋە قابا ناھىيىسى قىردالا رايونىدا يولغا قويۇلغان بولۇپ، مۇددىتى 5 يىل، 2006 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئاخىرلىشىدۇ.

2. دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇل تۈرى — شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرى. 2003 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى دۇنيا بانكىسى مۇدىرىيىتى دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇل تۈرى — شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرىنى تەستىقلىدى. بۇ تۈرگە 48 مىليون 430 مىڭ دوللار مەبلەغ سېلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى 28 مىليون دوللار، يەر شارى مۇھىت فوندىنىڭ ئىئانە پۇلى [GEF] 5 مىليون 250 مىڭ دوللار، دۆلەت ئىچىدە يۈرۈشتۈرۈلىدىغىنى 15 مىليون 180 مىڭ دوللار، دۆلەت ئىچىدە يۈرۈشتۈرۈلىدىغان مەبلەغ سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %31.4 نى ئىگىلەيدۇ. دۆلەت ئىچىدە يۈرۈشتۈرۈلىدىغان مەبلەغنى مەركەز، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) لەر ئورتاق غەملەيدۇ، بۇ مەبلەغ تۈرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا قاراپ 6 يىلدا توپلىنىدۇ، دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇل مۇددىتى 20 يىل (5 يىل كەڭچىلىك قىلىش مۇددىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ دېھقان، چارۋىچىلارغا بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى 10

يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. بۇ تۈردە تۆراقسىز قەرز پۇل ئۆسۈمى ئاللانغان بولۇپ، قەرز پۇل ئۆسۈمى يېرىم يىلدا بىر قېتىم بېكىتىلىدۇ. بۇ تۈر كۈنەس ناھىيىسىدىن ئىبارەت 24 ناھىيە (شەھەر) دە ۋە كۈنەس نەسىللىك قوي فېرمىسى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق نەسىللىك قوي فېرمىسى، تارباغاتاي نەسىللىك قوي فېرمىسىدىن ئىبارەت 3 نەسىللىك قوي فېرمىسىدا يولغا قويۇلىدۇ. بۇ تۈر ئوتلاق ياخشىلاش ۋە بەرپا قىلىش، چارۋىچىلىق، بازار ماركىتىنىڭ سىستېمىسى بەرپا قىلىش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، تەربىيىلەش، پەن تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىش، تۈر باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشتىن ئىبارەت 5 چوڭ جەھەتتىكى 5 بالا تۈر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ تۈردە ئاساسلىقى يەم-خەشەك ئىشلەپچىقىرىشنى كۆپەيتىپ، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ۋە گۆش قويىنى (يەككە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش) نۇقتىلىق كۆپەيتىش ئارقىلىق، تۈر يولغا قويۇلغان رايوندىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش مەخسەت قىلىنغان.

3. GEF يەر شارى مۇھىت فوندى پۇل ئىئانە قىلىش تۈرى. ئۇ دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلغا تايىنىدىغان شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرىدۇر. بۇ تۈرگە 5 مىليون 250 مىڭ دوللار مەبلەغ سېلىنىدۇ، ئۇنىڭ ھەممىسى ئىئانە قىلىنىدۇ، بۇ تۈر 6 يىل ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ تۈردە قۇملاشقان ئوتلاقلارنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش ئارقىلىق، تەبىئىي ئوتلاقلارنىڭ قۇملىشىپ كېتىشى، چېكىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ ھەمدە ئوتلاقتىكى جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقى قوغداپ قېلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن 10 ناھىيە GEF نىڭ نامزاتى قىلىپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 5 ناھىيە سىناق نۇقتىسى قىلىندى.

4. دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى — قار ئاپىتى بولغاندا جىددىي ياردەم بېرىش تۈرى. بۇ تۈر 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ باشلانغان بولۇپ، 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرى تاماملاندى. بۇ تۈرگە 60 مىليون 396 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى 40 مىليون 465 مىڭ 900 يۈەن، دۆلەت ئىچىدە يۈرۈشلەشتۈرۈلگىنى 19 مىليون 931 مىڭ يۈەن. بۇ تۈر يولغا قويۇلغان مەزگىلدە، ئومۇمىي كۆلىمى 246 مىڭ 276.5 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 2711 قوتان رېمونت قىلىندى. ئومۇمىي كۆلىمى 187 مىڭ 324 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 1660 قوتان يېڭىدىن سېلىندى، ئومۇمىي كۆلىمى 26 مىڭ 246 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 354 چارۋىچىلار ئۆيى سېلىندى. يېڭىدىن 3812.87 گېكتار ئوتلاق بەرپا قىلىندى، 7262.53 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى، 1589 سىلوس ئورىسى ياسالدى، ئوت - چۆپ يېغىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىسىدىن 376 سى سېتىۋېلىندى، 9501 دېھقان، چارۋىچى (قېتىم) تەربىيىلەندى. 8520 دېھقان، چارۋىچى بۇ تۈردىن نەپ ئالدى. 2003 - يىل 1 - ئايدا بۇ تۈر باھالاشتىن ئۆتتى.

5. ب د ت ئاشلىق، دېھقانچىلىق تەشكىلاتى تېخنىكا ھەمكارلىق پىلان مەھكىمىسىنىڭ (FAO) شىنجاڭنىڭ ئوت-چۆپ ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ھەقسىز ياردەم بېرىش تۈرى. بۇ تۈر 2000 - يىل 4 - ئايدا يولغا قويۇلدى، FAO بۇ تۈرنى يولغا قويۇش مەزگىلى (2000 - يىل 4 - ئايدىن 2002 - يىل 12 - ئايغىچە) دە 297 مىڭ دوللار مەبلەغ سالدى، دەسلەپكى مەزگىلدە 66.67 گېكتار يېدە ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلدى، 2 يىلدىن كېيىن 200 گېكتارغا يەتكۈزۈلدى. 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 30 -، 31-كۈنلىرى، FAO ئەمەلدار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتىپ، بۇ تۈرنى باھالىدى، بۇ تۈر باھالاشتىن ئۆتتى.

ئابلەت

# ئورمانچىلىق

## ئورمانچىلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2003 - يىل شىنجاڭ ئورمانچىلىقى ھالقىش شەكلىدە تەرەققىي قىلغان ھالقىلىق بىر يىل. بىر يىلدىن بۇيان شىنجاڭدىكى ئورمانچىلىق سىستېمىسى ئاپتونوم رايون ئورمانچىلىق تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي پىكىر يولىنى چۆرىدەپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئورمانچىلىقنىڭ ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىش، بەرپا قىلىنغان ئورمانلارنىڭ سۈپىتىنى باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش، 5 چوڭ ئورمان قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭقۇرلۇقتا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش، 5 چوڭ تارىخىي بۇرۇلۇشنى تېز ئىشقا ئاشۇرۇش، ئورمان بايلىقىنى قوغداش، باشقۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئورمانچىلىقنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلدى. «سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش داۋامىدا، ئورمانچىلىقنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشتا ئورمانچىلىقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، غەربنى كەڭ ئېچىشتا ئورمانچىلىقنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش» تىن ئىبارەت بۇ يېڭى

ئورۇن بەلگىلەنگەندىن كېيىن، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئورمانچىلىق ئىشلىرىغا بولغان دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. 2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىق تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى مۇنداق بولدى:

1. ئورمان بەرپا قىلىش، كۆكەرتىش ئىشلىرىدا يېڭى يۈكسىلىش ھاسىل قىلىندى. 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 306 مىڭ 900 گېكتار (يېڭىتۇغۇن يۇڭلىڭ سىرتىدا) يەرگە ئورمان بەرپا قىلىندى. پىلاننىڭ 118.94% ى ئورۇندىلىپ، 2002- يىلدىكىدىن 69 مىڭ 200 گېكتار ئاشتى. 346 مىڭ 700 گېكتار تۇزلەڭلىكتىكى تەبىئىي ئورمان قورشالدى، تۇزلەڭلىكتىكى 66 مىڭ 700 گېكتار تەبىئىي ئورمان كەلكۈن سۈيى بىلەن سۇغىرىلدى، 26 مىڭ 700 گېكتار يەردىكى ئوتتۇراھال ئورمان ۋە كۆچەت ئاسرالدى. 8800 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 5300 گېكتار يەردە يېڭىدىن كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 122 مىليون تۈپ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى، مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش بازىسىدىن 507 سى بەرپا قىلىندى، 44 مىڭ 900 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 2657.83 كىلومېتىر ئۆزۈنلۇقتىكى تۆمۈريول، تاشيول، دەريا ۋە ئۆستەڭ بويلىرى كۆكەرتىلدى. شىنجاڭدىكى شەھەر - بازارلارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 28.10% كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر تەسىس قىلىنغان 19 شەھەرنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 31.84%، ئاممىۋى كۆكلەمزارلىق كىشى بېشىغا 6.74 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى. ئورمانچىلىق كۆلىمىنىڭ زور ھەجىمدە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، بىرمۇنچە جايلاردا مەركەزلىك تۇتاش كەتكەن، كۆلىمى خېلى چوڭ، ئورمانلىق شەكىللەندى، بۇ شۇ جاينىڭ ئېكولوگىيىسىنى ياخشىلاشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

2. ئورمانچىلىقتىكى 5 چوڭ قۇرۇلۇش چوڭقۇرلۇقتا قاراپ ئىلگىرىلىدى. 184 مىڭ 700 گېكتار تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنىپ، پىلان 115.4% ئورۇندالدى، تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، شۇ جاينىڭ ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش مۇساپىسى تېزلىتىلىپ، يېزا كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئۈنۈملۈك ئاشۇرۇلدى. مۆلچەرىي ھېساباتقا قارىغاندا دېھقانلارنىڭ كىرىمى تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش ئارقىلىق 40 يۈەن كۆپەيگەن. ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنىنىڭ 4 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدا 178 مىڭ 700 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىنىپ، پىلان 123.6% ئورۇندالدى، قۇرۇلۇش سۈپىتى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداش قۇرۇلۇشىدا «ئورماننى قاتتىق باشقۇرۇش، يولنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلىتىش، سۈپەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» تەلىپى بويىچە، قۇرۇلۇش ۋە مەبلەغنى باشقۇرۇش بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇلۇپ ئورمان باشقۇرۇش - مۇھاپىزەت قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 45 قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن، تاغلىق رايوندىكى 1 مىليون 978 مىڭ گېكتار تەبىئىي ئورمانلىق 95 ئورمان رايونى، 6225 ئورمان ئەترىتى، 60 نەچچە مىڭ گۇرۇپپىغا ئايرىلىپ، باشقۇرۇش - مۇھاپىزەت قىلىش مەسئۇلىيىتى پۈتۈنلەي تاغ، بۆلەك ۋە مۇھاپىزەتچىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ياۋايى ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش ۋە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى يەنىمۇ ئاشۇرۇلۇپ، 3 رايوننىڭ دەرىجىسىنى دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا كۆتۈرۈش يۇقىرىغا يوللاندى. ئورمانچىلىق سىستېمىسى باشقۇرىدىغان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى 20 گە يەتتى، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنىڭ كۆلىمى ئاپتونوم رايون يەر كۆلىمىنىڭ 5.7% ىنى ئىگىلىدى. تېز ئۆسىدىغان، ماتېرىيال ئورمىنى ئاساس قىلىنغان ئورمانچىلىق كەسىپ بازىسى قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلدى. ئىلى، بايىنغولىن ئوبلاستى، ئاقسۇ، قاراماي قاتارلىق جايلاردا تېز ئۆسىدىغان، مول ھوسۇللۇق ماتېرىيال ئورمىنى قۇرۇلۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالى ياخشى بولدى.

3. ئورمانچىلىققا سېلىنغان مەبلەغ ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. 2003 - يىلى دۆلەت، ئاپتونوم رايون تۈرلۈك ئورمانچىلىق ئىشلىرىغا 820 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەلەر ئورمان بەرپا قىلىش ۋە كۆكەرتىشكە 1 مىليارد 534 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشقا يېتەكلەندى. ئورماننىڭ ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمىگە قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلدى، 41 نۇقتىدا سىناق قىلىش ئورنىدا مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى.

4. ئورمان بايلىقىنى قوغداش، باشقۇرۇش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. ئورمان مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئورماننى قانۇن بويىچە قوغداش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، نورما بويىچە كېسىش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئورمان ھوقۇقىنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ياغاچ ماتېرىياللىرى ئوبوروت بازىرىنى ئىنقىلاپ ۋە تەرتىپكە سېلىپ، ئورمان ھوقۇقىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئورمانلىق، ئورمان ئىگىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى

قوغدىدى. ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش ـ ئوت مۇداپىئەسى خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. بىر يىلدا 25 قېتىم ئورمان ئوت تىرەۋگاسى يۈز بەردى، بۇ 2002 ـ يىلدىكىدىن 13 قېتىم ئاز، زور ئورمان ئوت ئاپىتى يۈز بەرمىدى. ئورماندا بولىدىغان كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات ۋە چاشقان ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، كارانتىن قىلىش خىزمىتىدە دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش نىشان، ۋەزىپىسى ئورۇندالدى، تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەر دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ تەلىپىگە يەتتى. ئورمان كۆزىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، يېڭىدىن دۆلەت دەرىجىلىك مەركىزىي كۆزىتىپ مەلۇمات بېرىش پونكىتىدىن 16 سى قۇرۇلدى. شىنجاڭ ئورمانلىرىدا بولىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلار ئاپىتىدىن ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىندى. ئورمان ج خ ئورۇنلىرى شىنجاڭ بويىچە «تىبەت بۆكىنىنى قوغداش بويىچە 2 ـ نومۇرلۇق ھەرىكەت»، «باھار گۈلدۈرمامىسى ھەرىكىتى»، «يېشىل شەمشەر ھەرىكىتى» قاتارلىق مەخسۇس قاتتىق زەربە بېرىش، تۈزەش ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئورمان بايلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئورمانچىلىق رايونىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى.

5. ئورمانچىلىقنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش سەۋىيىسى ئومۇمyüزلۈك ئۆستۈرۈلۈپ، ئورمانچىلىقنى كەسىپلەشتۈرۈشنىڭ تەرەققىيات قەدىمى تېزلىتىلدى. 2003-يىلى يېڭىدىن پەن تەتقىقات، كېڭەيتىش، ئەقلىي ئىقتىدار كىرگۈزۈش تۈرىدىن 24ى يولغا قويۇلدى، 5 مىليون 580 مىڭ يۈەن پەن تەتقىقات مەبلىغى نەقلەشتى. ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات تۈرىدىن 6 سى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى ۋە باھالاپ بېكىتىلدى، 2 پەن تەتقىقات نەتىجىسى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ئەقلىي ئىقتىدار كىرگۈزۈشكە دائىر 3 تۈر ۋە «پىستەنىڭ سورتلۇق ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرۈش بازىسى»غا ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئەقلىي ئىقتىدار كىرگۈزۈشتىكى مۇنەۋۋەر ئۈلگە بازا دېگەن نام بېرىلدى. باغ ـ ئورمان كەسپىدە تېز تەرەققىي قىلىشتەك ياخشى ۋەزىيەت ساقلاپ قېلىندى. 2003 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 96 مىڭ 700 گېكتار يەرگە مېۋە كۆچىتى تىكىلىپ، ئۇدا 3 يىل 66 مىڭ 700 گېكتاردىن ئارتۇق يەرگە مېۋىلىك كۆچەت تىكىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات سۈرئىتى ساقلاپ قېلىندى، بىر يىلدا 1 مىليون 609 مىڭ توننا مېۋە ئېلىنىپ، مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 996 مىليون يۈەنگە يەتتى. دېھقان، باغ ـ ئورمان كەسپى تەدرىجىي شىنجاڭ يېزا ئىقتىسادىنىڭ تۈۋرۈك كەسپىگە ئايلاندى. ئورمان باغچىسى قۇرۇلۇشى ۋە ئورمان ساياھەتچىلىكى مۇقىم تەرەققىي قىلدى، يېڭىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورمان باغچىسىدىن 3 ى قۇرۇلدى، 4 ئورمان باغچىسىنىڭ دەرىجىسى دۆلەت دەرىجىلىك ئورمان باغچىسىغا كۆتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايوندا تۈرلۈك ئورمان باغچىسى 49 غا، كۆلىمى 756 مىڭ گېكتارغا يەتتى. ئورمان باغچىلىرى يىلدا 700 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 15 مىليون يۈەنگە يەتتى. ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش، بېقىش، كۆپەيتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، ئاپتونوم رايون بويىچە كۆندۈرۈلگەن بۇغا 40 مىڭدىن ئاشتى. مەھسۇلات پىششىقلاپ ئىشلەش ئىنچىكىلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلدى. ياغاچ ماتېرىيال تىجارىتى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ساغلام، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلدى، مەھسۇلات قىممىتى 404 مىليون يۈەنگە يەتتى، تىجارەت ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن 3804 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىسى 45، كوللېكتىپ كارخانا 16، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا 77، خۇسۇسىي كارخانا 3666، ئۇلارنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغى 750 مىليون يۈەن، ھەر يىلدا بۇ كارخانىلار 1 مىليون 166 مىڭ كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيالنى پىششىقلاپ ئىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئورمانچىلىق زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، ئۇلار بەزى جايلاردا شۇ جاينىڭ ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسلىق كۈچلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئورمانچىلىق كارخانىسى 50 نەچچىگە، كەسپكارى 1800 دىن كۆپرەككە، ئۇلار بەرپا قىلغان ئورمان كۆلىمى 12 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى، ئۇلار سالغان مەبلەغ كۆپ، بەرپا قىلغان ئورماننىڭ سۈپىتى ياخشى، باشقۇرۇش سەۋىيىسى يۇقىرى. بۇ تارىختىكى ئەڭ ياخشى مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. ئىلى ئوبلاستىدىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئورمانچىلىق كارخانىلىرى 283 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 25 مىڭ گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلدى.

لىبې خۇا

## ئورمان كۆچىتى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە تەمىنلەنگەن ئومۇمىي كۆچەت 601 مىليون تۈپكە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان كۆچىتى 83 مىليون تۈپ، ئىھاتە ئورمىنى كۆچىتى 518 مىليون تۈپ. ئۆلكە، رايون ئاتلاپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاشقىمۇ باب كېلىدىغان ۋە بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ قۇمنى تىزگىنلەيدىغان كۆكەرتىش

كۆچەتلىرىدىن 80 مىليون تۈپ يۆتكەپ كېلىنىپ، شىنجاڭ بويىچە 300 مىڭ گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىش ۋەزىپىسى ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى كۆچەت باشقۇرۇش تارماقلىرى تۈنجى بولۇپ «بىر بەلگە، ئىككى ئىجازەتنامە» تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، «ئىككى ئىجازەتنامە» دىن 2199 يۈرۈش تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى 1247 يۈرۈش، ئۇرۇق تىجارىتى ئىجازەتنامىسى 952 يۈرۈش. 1 مىليون 800 مىڭ كۆچەت بەلگىسى، 75 مىڭ نۇسخا كۆچەت تەكشۈرۈش كىنىشكىسى تارقىتىلدى. دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ شىمالىي تەكشۈرۈش مەركىزىگە ماسلىشىپ ئاپتونوم رايوندىكى ئورمان كۆچەتلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى ۋە تەكشۈرۈلدى. %60 تىن ئارتۇق ناھىيە، شەھەر ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈلگەن كۆچەت مىقدارى ئاپتونوم رايون بويىچە كۆچەتخانىدىن چىقىرىلغان كۆچەتنىڭ %80 ىنى ئىگىلىدى، كۆچەتنىڭ سۈپەتنى يىلتىزى، غولى، كۆچەت ئېگىزلىكى بويىچە ئۆلچىگەندە، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %59 بولدى، كۆچەت غولى، كۆچەت ئېگىزلىكىدىن ئىبارەت 2 كۆرسەتكۈچ بويىچە ئۆلچىگەندە ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %85 تىن ئاشتى.

لىبي خۋا

## ئورمان بەرپا قىلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 306 مىڭ 900 گېكتار (بىكتۈەن بۇنىڭ سىرتىدا) يەردە ئورمان بەرپا قىلىنىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 69 مىڭ 200 گېكتار كۆپەيدى. تۇزلەڭلىكتىكى 346 مىڭ 700 گېكتار تەبىئىي ئورمان قورشالدى، تۇزلەڭلىكتىكى 66 مىڭ 700 گېكتار تەبىئىي ئورمان كەلكۈن سۈيى بىلەن سۇغىرىلدى، 26 مىڭ 700 گېكتار ئوتتۇراھال ۋە نوتا ئورمان پەرۋىش قىلىندى. بەرپا قىلىنغان ئورماننىڭ زور ھەجىمدە كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، نۇرغۇن جايلاردا مەركەزلىك تۇتاش ئورمان، كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولغان يېڭى ئورمان بارلىققا كەلدى، بۇ شۇ جاينىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشىلاشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

2003 - يىلى دۆلەت شىنجاڭغا ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنىنىڭ 4 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 144 مىڭ 700 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىش ۋەزىپىسىنى چۈشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە بەرپا قىلىنىدىغىنى 85 مىڭ گېكتار، ئايروپىلان ئارقىلىق ئۇرۇق چېچىلىپ بەرپا قىلىنىدىغىنى 13 مىڭ گېكتار، قۇم قورشىلىپ ئورمان ۋە ئوت - چۆپ بەرپا قىلىنىدىغان يەر 46 مىڭ 700 گېكتار. يىل ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە 178 مىڭ 900 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنىنىڭ 4 - قارارلىق قۇرۇلۇشى بويىچە بەرپا قىلىنغان ئورمان 122 مىڭ 200 گېكتار، قۇم قورشىلىپ بەرپا قىلىنغان ئورمان 46 مىڭ 700 گېكتار، ئايروپىلان ئارقىلىق ئۇرۇق چېچىپ بەرپا قىلىنغان ئورمان 10 مىڭ گېكتار.

ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى غەربىي شىمال لايىھىلەش مەھكىمىسىگە ماسلىشىپ شايار قاتارلىق 18 ناھىيە، شەھەرنىڭ ئورمان بەرپا قىلىش ئەمەلىي نەتىجىسىنى تەكشۈردى. دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى بەرپا قىلىنغان ئورمانلارنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا ماسلىشىپ، شايار، چاپچال قاتارلىق 18 ناھىيە، شەھەرنى ۋە بەرپا قىلىنغان ئورماننىڭ سۈپىتىنى تەكشۈردى ۋە ئارىلاپ تەكشۈردى. تەكشۈرۈلگەن چاپچال قاتارلىق 4 ناھىيە، شەھەرنىڭ ئورمان بەرپا قىلىشتىكى ئەمەلىي نەتىجىسى ۋە مەشغۇلات سۈپىتىگە دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى يۇقىرى باھا بەردى.

لىبي خۋا

## لاياقەتلىك ئاساسىي قاتلام ئورمانچىلىق پونكىتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ئورمانچىلىققا مەسئۇل تارماقلار «ئۆلچەملەشكەن يېزا، بازار ئورمانچىلىق پونكىتلىرى بويىچە لاياقەتلىك ناھىيە بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە بۇرۇلتوقاي، بۇرچىن، قابا، قۇتۇبى، مىچۈەن، مورى، كېرىيە، خوتەن، قارىقاش، پىچان ناھىيىسىدىن ئىبارەت 10 ناھىيە دەسلەپكى قەدەمدە ئۆلچەمگە يەتتى. ماناس ناھىيىلىك يېزا ئورمانچىلىق پونكىتى ئورمانچىلىق پونكىتى قۇرۇلۇشىنى ئۆلچەملەشتۈرۈشتىكى ئۈلگە ناھىيە سۈپىتىدە دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

لىبي خۋا

## باغ - ئورمان قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېڭىدىن 96 مىڭ 700 گېكتار لاياقەتلىك ئىقتىسادىي ئورمان كۆپەيتىلدى، ئىقتىسادىي ئورمان كۆلىمى 502 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە داڭلىق، سۈپەتلىك، ئۆزگىچە يېڭى سورت كۆلىمى 287 مىڭ 200 گېكتار. شۇ يىلى 23 مىڭ 600 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق مېۋىلىك باغ كۆلىمى ياخشىلاندى، مېۋىگە كىرگەن كۆلەم 194 مىڭ گېكتارغا، ھوسۇلى 1 مىليون 603 مىڭ توننىغا، پىششىقلانغان مېۋە 632 مىڭ توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 970 مىليون يۈەنگە،

يېزىلاردا ئوتتۇرىچە باغ - ئورمان كىرىمى 248 يۈەنگە، ئىقتىسادىي ئورمانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش - سېتىلىش نىسبىتى 76.7% كە يەتتى.

2003 - يىلى يۇقىرى ھوسۇللۇق ئىقتىسادىي ئورمان رايونلىرى يېڭى ئىقتىسادىي ئورمان بازىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش بىلەن بىرگە، پائال تۈردە مەبلەغ كىرگۈزۈپ، ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان باشلامچى كارخانىلارنى قۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئورمان كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈردى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە مەبلەغ كىرگۈزۈش ئارقىلىق قۇرۇلغان ئىقتىسادىي ئورمان كەسپى بويىچە پىششىقلاپ ئىشلەش، ساقلاش، يېڭى پېتى ساقلاش، سېتىش، كۆچەت يېتىشتۈرۈش كارخانىلىرى 118 گە يەتتى، بۇ كارخانىلار بىر يىلدا ھەرخىل ئىقتىسادىي ئورمان مېۋىسىدىن 635 مىڭ توننا پىششىقلاپ ئىشلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، سېتىش بىر گەۋدە قىلىنغان كەسىپ زەنجىرى ۋە كەسىپلەشكەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەندىزىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

لىبې خۇا

## ئورمان بايلىقىنى قوغداش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى

1. دەل - دەرەخلەرنى كېسىش، ئورمانچىلىق ۋە ئورمان ھوقۇقىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش. 2003 - يىلى دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى شىنجاڭغا 322 مىڭ كۇب مېتىر تاۋار دەل - دەرەخ ئۆستۈرۈش پىلانىنى چۈشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە تۈزلەڭلىكتە بەرپا قىلىنىدىغان ئورمان 242 مىڭ كۇب مېتىر، مۇھاپىزەت رايونىدىكى تەبىئىي ئورمان 80 مىڭ كۇب مېتىر. تاغلىق رايونلاردا ئورمان كېسىشتە، كېسىلىدىغان دەرەخلەرگە نومۇر قويۇش تۈزۈمى، كېسىش رايونى يۆتكەپ تاپشۇرۇش تۈزۈمى، سىستېما بويىچە باشقۇرىدىغان ئورۇن نازارەت قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئورمان بايلىقىنى باشقۇرۇشتا دەل - دەرەخلەرنى كېسىش، ياغاچ ماتېرىياللىرى ئوبوروتى ۋە ئورمانلىقنى ئىگىلىۋېلىش جەھەتتە زىددىيەت كەسكىن بولۇش ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلۇپ، دەل - دەرەخلەرنى كېسىشنى باشقۇرۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ، ئورمان مەمۇرىيىتى دېلوسىدىن 40 نەچچىسى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى ۋە بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىندى، 100 مىڭ پارچە ئورمان ھوقۇقى كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلدى. ئورمانلىقنى ئىشلىتىش رەسمىيىتىدىن 9 ى بېجىرىلدى، ئۇنىڭ كۆلىمى 95.4 گېكتار بولۇپ، ئۇنىڭدىن 355 مىڭ 300 يۈەن ئورمان يېپىنچىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققى قىلىندى.

2. دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق جامائەت پاراۋانلىقى ئېكولوگىيىلىك ئورمىنىنى باشقۇرۇش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش. 2003 - يىلى شىنجاڭ دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق جامائەت پاراۋانلىقى ئېكولوگىيىلىك ئورمىنىنى باشقۇرۇش، مۇھاپىزەت قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن، 100 نەچچە ئورۇنغا باشقۇرۇش - مۇھاپىزەت قىلىش پونكىتى قۇردى، 30 نەچچە ئورۇندا كۆزىتىش مۇنارى ياسىدى، 300 نەچچە بەلگە تاختىسى، 400 نەچچە تەشۋىقات تاختىسى ئورناتتى. كەلكۈن باشلاش ئۆستىڭى چېپىپ، كەلكۈن توسۇش توسمىسى ياساپ، چۆللۈكتىكى 266 مىڭ 700 گېكتار ئىككىلەمچى ئورماننى كەلكۈن سۈيى بىلەن سۇغىرىپ، ئەسلىدە ئادەم باشقۇرمايدىغان دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق جامائەت پاراۋانلىقى ئېكولوگىيىلىك ئورمىنىنى دەسلەپكى قەدەمدە قوغدىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

3. ياغاچ ماتېرىياللىرى ئوبوروتىنى باشقۇرۇش ۋە تەرتىپكە سېلىش. 2003 - يىلى شىنجاڭ ئورمان مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى جايلاردىكى ئورمان مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنى تەشكىللەپ، ياغاچ ماتېرىياللىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئورۇنلارنى يېڭىۋاشتىن تىزىملاپ چىقتى ۋە شارائىتىنى تەكشۈردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ياغاچ ماتېرىياللىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئورۇندىن 3804 ى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرى 45، كوللېكتىپ كارخانا 16، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا (چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) 77، خۇسۇسىي كارخانا 3666. روېخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغى 752 مىليون 760 مىڭ يۈەن. ئۇلار يىلدا 1 مىليون 615 مىڭ كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال سەرپ قىلىپ، 1 مىليون 166 مىڭ كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال پىششىقلاپ ئىشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغان ياغاچ ماتېرىيال 400 نەچچە مىڭ كۇب مېتىر. يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 403 مىليون 770 مىڭ يۈەن، باج 24 مىليون 430 مىڭ يۈەن.

لىبې خۇا

## ئورمانچىلىق ئېكولوگىيىسى (زېمىننى كۆكەرتىش) قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 122 مىليون تۈپ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى، بۇنىڭغا 7 مىليون 407 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش نىسبىتى 77% بولدى. يېڭىدىن 507 مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش بازىسى كۆپەيتىلدى، 44 مىڭ 900 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىنىپ كۆكەرتىلدى،

291 مىڭ 400 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، دېھقان ئاپتونوم رايونىنىڭ ئورمان بەرپا قىلىش تارىخىدا يېڭى بىر ئېشىش بارلىققا كەلدى. يېشىل كارىدور قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلىپ، بىر يىلدا 380.83 كىلومېتىر تاشيول (دۆلەت، ئۆلكە تاشيولى) بويى كۆكەرتىلدى، ئۇنىڭ كۆلىمى 780 گېكتار كېلىدۇ. تۆمۈريول لىنىيىسىدە 41 كىلومېتىر بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش - قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئورمىنى بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ كۆلىمى 102 گېكتار كېلىدۇ. سۇچىلىق تارماقلىرى 24 مىليون گېكتار كېلىدىغان كۆل ۋە سۇ ئامبىرى ئەتراپىنى كۆكەرتتى، دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى 580.12 كىلومېتىر يەرنى كۆكەرتتى، ئۇنىڭ كۆلىمى 8 مىليون 700 مىڭ گېكتار، قول ۋە تارماق ئۆستەڭ بويلىرىدىن 1655.88 كىلومېتىر يەرنى كۆكەرتتى، ئۇنىڭ كۆلىمى 26 مىليون گېكتار.

لىبې خۇا

## تەبىئىي ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ تەبىئىي ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش قۇرۇلۇشى دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى (غەربىي شىمال ئورمانچىلىق پىلان مەھكىمىسى) نىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، شىنجاڭ مەملىكەتتىكى تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغان 19 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) ئىچىدە 3 - ئورۇندا تۇردى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە 3 دەرىجىلىك ئورمان باشقۇرۇش مۇھاپىزەت قىلىش تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى، قۇرۇلۇش يولغا قويۇلغان رايونلاردىكى 2 مىليون 93 مىڭ 900 گېكتار ئورمان بايلىقى ئارام ئالدۇرۇلدى، ئورمان زاپىسى ۋە كۆلىمى تەڭ ئاشتى، ئورمانلىقتىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋە ياۋايى ھايۋاناتلار ئۈنۈملۈك قوغدالدى. بىر قىسىم رايونلاردىكى ئورمانلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ئەسلىگە كېلىپ، ئېكولوگىيىلىك شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، دەل - دەرەخلەرنى ئوغرىلىقچە كېسىشتەك ئورماننى ۋەيران قىلىش دېلوسى ئازايدى.

تەبىئىي ئورماننى مۇھاپىزەت قىلىش قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بىرىنچىدىن، ئورمان بايلىقى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. باراقسانلىق دەرىجىسى 0.4 تىن يۇقىرى بولغان ئورمان كۆلىمى 1997 - يىلدىكى 1 مىليون 73 مىڭ 700 گېكتاردىن 2002 - يىلى 1 مىليون 176 مىڭ 800 گېكتارغا يەتتى، ئورمان زاپىسى 1997 - يىلدىكى 196 مىليون كۇب مېتىردىن 2002 - يىلى 213 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى، تەبىئىي ئورماننى مۇھاپىزەت قىلىش قۇرۇلۇشى رايونىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 1997 - يىلدىكى 25.33% تىن 2002 - يىلى 27.24% كە يەتتى. ئىككىنچىدىن، ئورمان كۆلىمىنىڭ، بولۇپمۇ تەبىئىي ئورمان كۆلىمىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ياغاچ غوللۇق ئورمان، چاتقال ۋە ئوت - چۆپ قۇرۇلمىسى يېڭىلىنىپ، ياخشىلىنىپ، تۈرلىرى مولىلىشىپ، جانلىقلار كۆپىيىپ، ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋاناتلار ئۈچۈن ياخشى ياشاش شارائىتى يارىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى كېڭەيدى، سانى كۆپەيدى. ئۈچىنچىدىن، تاغلىق رايوندىكى سۇ ۋە تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئازايتىلىپ، ھاۋا كىلىماتى، يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېقىشى تەڭشىلىپ سۇ مەنبەسى تولۇقلاندى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى قۇرۇپ قالغىنىغا 40 نەچچە يىل بولغان ماناس كۆلىدە يېقىنقى 2 يىلدىن بۇيان سۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

لىبې خۇا

## تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ، ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى دۆلەت شىنجاڭغا 160 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش ۋەزىپىسى چۈشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ بەرپا قىلىنغان ئورمان 80 مىڭ گېكتار، ئورمانغا باب چۆللۈكتە بەرپا قىلىنغان ئورمان 80 مىڭ گېكتار. 2003 - يىل 12 - ئايغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە 184 مىڭ 700 گېكتار (2002 - يىلى قېپقالغان 13 مىڭ 300 گېكتار ئورمانمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلغان يەر 91 مىڭ 400 گېكتار (ئېكولوگىيە ئورمىنى 82 مىڭ 700 گېكتار، ئىقتىسادىي ئورمان 8700 گېكتار)، ئورمانغا باب چۆللۈكتە بەرپا قىلىنغان ئورمان 93 مىڭ 300 گېكتار (ئېكولوگىيە ئورمىنى 89 مىڭ 300 گېكتار، ئىقتىسادىي ئورمان 4000 گېكتار). بۇ قۇرۇلۇشقا 76 ناھىيە، شەھەر، رايون، 645 يېزا، 3315 كەنت، 106 مىڭ 486 ئائىلە چېتىلىدۇ، يېرىنى بوشىتىپ بەرگەن دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 40 يۈەن ئاشتى. 2003 - يىلى 2002 - يىللىق تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش ئۈچۈن تولۇقلاپ بېرىلىدىغان 64 مىڭ 600 توننا ئاشلىق نەقلەشتۈرۈلدى، كۆچەت ۋە ئورمان بەرپا قىلىشقا تولۇقلاپ بېرىش ئۈچۈن 120 مىليون يۈەن ئاجرىتىلدى.

2003 - يىل 7 - ئايدىن 10 - ئايغىچە، ئاپتونوم رايون

2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى تەكشۈرۈپ ئۈتكۈزۈۋې-لىنمىغان تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش يولغا قويۇلغان ناھىيىنى، سىناق نۇقتىسى قىلىنغان 39 ناھىيىنىڭ ۋە 2003- يىلى مۇشۇ قۇرۇلۇشنى يولغا قويغان 24 ناھىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۈتكۈزۈۋالدى. تەكشۈرۈشتە ئاپتونوم رايون بويىچە 140 مىڭ 200 گېكتار كۆلەم لاياقەتلىك بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان لاياقەتلىك كۆلەم 71 مىڭ 500 گېكتار (ئېكولوگىيە ئورمىنى 67 مىڭ 400 گېكتار، ئىقتىسادىي ئورمان 3800 گېكتار، ئوت - چۆپ تېرىلغان يەر 200 گېكتار)، دېمەك پىلاننىڭ 89% ى ئورۇندال-دى. ئورمانغا باب چۆللۈكتە بەرپا قىلىنغان لاياقەتلىك ئورمان 68 مىڭ 700 گېكتار (ئېكولوگىيە ئورمىنى 65 مىڭ 800 گېكتار، ئىقتىسادىي ئورمان 2900 گېكتار)، دېمەك پىلاننىڭ 86% ى ئورۇندالدى.

2003 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ مەسئۇل رەھبەرلىرى بىلەن قۇرۇلۇش نىشانى مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى، قۇرۇلۇش يولغا قويۇلغان ناھىيىلەر يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئاساسلىق رەھبەر مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلاردىكى تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ بەرگەن دېھقانلار بىلەن قاتلاممۇ قاتلام مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى ۋە ساقلىنىپ قېلىش نىسبىتىنى ئۆستۈردى.

## ئورماننىڭ ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمىگە قاراپ قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئورماننىڭ ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمىگە قاراپ قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ۋەزىپىسى 1 مىليون گېكتار، قوشۇمچە ياردەم بېرىش مەبلىغى 75 مىليون يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ 52 مىليون 500 مىڭ يۈەنى ئەمەلىيلەشتى. بۇ قۇرۇلۇش نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان 41 ئورۇنغا چېتىلىدۇ. ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەخسۇس مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش بىخەتەرلىكى ۋە ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمگە قاراپ بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

لىبي خۋا



2003 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تارىم قۇملۇق تاشيولىنى پۈتۈن مۇساپە بويىچە كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى. ئىھاتە ئورمىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 436 كىلومېتىر، كەڭلىكى 72 ـ 78 كىلومېتىر، ئورمان بەلۋېغىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 3128 گېكتار، تىكىلىدىغان كۆچەت 18 مىليون تۈپتىن ئارتۇق. قۇرۇلۇش 2 باسقۇچقا بۆلۈپ يولغا قويۇلىدۇ، قۇرۇلۇش مۇددىتى 3 يىل. سۈرەتتە: تارىم قۇملۇق تاشيولى بويىدا پۈتكەن كۆكەرتىش بەلۋېغى.

باۋ شىنشىڭ فوتوسى

## ئورمان جامائەت خەۋپسىزلىكى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئورمان جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرى «شىنجاڭدا تەبىئەت بۆكىنىنى قوغداش بويىچە 2 ـ نومۇرلۇق ھەرىكەت»، «باھار گۈلدۈرمامىسى ھەرىكىتى»، «يېشىل شەمشەر ھەرىكىتى» قاتارلىق مەخسۇس قاتتىق زەربە بېرىش - تۈزەش ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇردى، ئورمان ۋە ياۋايى ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرگە دائىر تۈرلۈك دېلودىن 1978 نى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمان ياۋايى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈككە دائىر جىنايى ئىشلار دېلوسى 44، ئورمان مەمۇرىيىتىگە دائىر دېلو 1934، 2620.42 كۇب مېتىر ياغاچ، 7407 تۇياق ياۋايى ھايۋان يىغىۋېلىندى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان جىنايەت گۇماندارىدىن 2767 سى قولغا چۈشۈرۈلدى، دۆلەت ئۈچۈن 1 مىليون 413 مىڭ 200 يۈەن ئىقتىسادىي زىيان قايتۇرۇپ كېلىندى.

لىبي خۋا

## تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ ئورمانچىلىق ئىدارىسى 3 تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ دەرىجىسىنى دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا كۆتۈرۈش توغرىسىدا يۇقىرىغا مەلۇمات يوللىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېبنۇر كۆلى نەملىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايوندىكى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى 27 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى 7. ئاپتونوم رايوندىكى ئورمانچىلىق سىستېمىسى باشقۇرىدىغان تەبىئىي مۇھاپىزەت

رايونى 20، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكى 5، ئۆلكە دەرىجىلىكى 14، ناھىيە دەرىجىلىكى بىر. تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ئاپتونوم رايون ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %13.2 نى، ئورمانچىلىق سىستېمىسى باشقۇرىدىغان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ كۆلىمى %5.7 نى ئىگىلەيدۇ.

لىبې خۇا

## ھايۋانلارنى قوغداش ئەھۋالى

شىنجاڭدا تارقالغان ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ تۈرى ئازكەم 700 خىل بولۇپ، مەملىكەت بويىچە تەخمىنەن %11 نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ئومۇرتقىلىق ھايۋان تۈرى 644 خىل بولۇپ، مەملىكەت بويىچە %24 نى ئىگىلەيدۇ. ياۋايى ھايۋان تۈرىدىكىسى 168 خىل بولۇپ، تۇياقلىقلار، چىشلىق ۋە گۆشخور ھايۋانلار ئەڭ كۆپ. چىشلىق ھايۋانلار مەملىكەت بويىچە تەخمىنەن %40 نى ئىگىلەيدۇ. قۇش 428 خىل، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ قۇشى 31 خىل، لەيلەك ئاياغلىق قۇش ۋە تۇغدىدىغان قۇش 21 خىل، توخو، پاختەك ۋە كەپتەر 25 خىل، يىرتقۇچ قۇش 48 خىل، سايرايدىغان قۇش 241 خىل، يەر باغىرلىغۇچىلار 41 خىل، قۇش ماكانلىقلار 7 خىل، يەرلىك بېلىق 53 خىل. شىنجاڭدا ئومۇرتقىسىز ھايۋانلارنىڭ تۈرى 15 مىڭ خىلدىن ئاشىدۇ، ھاشارات تۈرىدىكىسى ئەڭ كۆپ بولۇپ، بايقالغانلىرى 7000 — 8000 خىلدىن ئاشىدۇ، قالغان تۈرىدىكىسى 1200 خىلغا يېتىدۇ. دۇنيا بويىچە نەسلى قۇرۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ھايۋانلاردىن: موڭغۇل ياۋا ئېتى، شىنجاڭ ياۋا ئېشىكى، تىبەت بۆكىنى، يىلپىز، قوڭۇر ئېيىق، ئاق يەلكە بۈركۈت، تىبەت قىرغاۋۇلى، قارا قاشقا تۇرنا، ئاق تۇرنا قاتارلىقلار بار. پەقەت شىنجاڭدىلا بار بولغان ھايۋانلاردىن: تۆت پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى، شىنجاڭ سالاماندىراسى، تارىم توشقىنى، شىنجاڭ خاپان باش بېلىقى قاتارلىقلار بار.

شىنجاڭدا دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋاندىن 116 خىل بار بولۇپ، مەملىكەت بويىچە شۇ خىلدىكى ھايۋانلارنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلار قاتارىغا كىرىدىغىنى 28 خىل (ياۋايى ھايۋان تۈرىدىكىسى 14 خىل، قۇش تۈرىدىكىسى 12 خىل، يەر باغىرلىغۇچىلار ۋە بېلىق تۈرىدىكىسى 2 خىل). 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلار قاتارىغا كىرىدىغىنى 87 خىل (ياۋايى ھايۋان تۈرىدىكىسى 18 خىل، قۇش تۈرىدىكىسى 68 خىل، ھاشارات بىر خىل).

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭدا خەلقئارالىق ۋە مەملىكەت دائىرىسىدىكى ياۋايى ھايۋان ئوۋلاش مەيدانىدىن 15 ى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەلقئارالىق ئوۋ مەيدانى 11، ئىچكى ئوۋ مەيدانى 4. دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئەستىقلاش ئارقىلىق تىجارەت باشلىغىنى 4. خەلقئارالىق 11 ئوۋ مەيدانىدا دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ رۇخسىتى ئېلىنغاندىن كېيىن سىناق تەرىقىسىدە خەلقئارالىق ئوۋ ئوۋلاش ئېلىپ بېرىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى ۋە ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

لىبې خۇا

## ئورمان ئوت مۇداپىئەسى

2003 - يىلى شىنجاڭدا 9 قېتىم ئورمان ئوت ئاپىتى، 16 قېتىم ئورمان ئوت تروۋۇگاسى يۈز بەردى. ئاپەتكە ئۇچرىغان ئورمان كۆلىمى 27. 129 گېكتار بولۇپ، ئورمان ئوت ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 0.78 قېتىم (ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 100 مىڭ گېكتاردا) بولدى، 78. 2 گېكتار ئورمان زاپىسى، 7549 تۈپ نوتا ئورمان زىيانغا ئۇچرىدى، ئورماننىڭ ئوت ئاپىتىگە ئۇچراش نىسبىتى ‰0.0405 بولدى. 2002 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئوت تروۋۇگاسى ۋە ئوت ئاپىتى 13 قېتىم، زىيانغا ئۇچرىغان ئورمان كۆلىمى 93. 1126 گېكتار، زىيانغا ئۇچرىغان ئورمان زاپىسى 3. 9 كۇب مېتىر، زىيانغا ئۇچرىغان نوتا ئورمان 4 مىليون 804 مىڭ 500 تۈپ ئازايدى.

2003 - يىل 6 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى قارىمىقىدىكى غەربىي شىمال ئورمان ئوت ئاپىتىنى كۆزىتىش شۆبە مەركىزىدە VSAT (سۈنئىي ھەمراھتىن سۈرەت قوبۇل قىلىش) كىچىك پونكىتى سىستېمىسى قۇرۇلۇپ، كۈنىگە سۈنئىي ھەمراھدىن 15 چە سۈرەت قوبۇل قىلدى. بۇ مەركەز غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئورماندا ئوت ئاپىتىنى كۈندىلىك كۆزىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، ھەر كۈنى ئوت مۇداپىئە ئۇچۇر تورىدا ئەسلىدىكى كۆزىتىش سۈرئىتىدىن 2 نى ۋە ئوت ئاپىتىنى كۆزىتىش نەتىجىسىنى ئېلان قىلىپ تۇردى.

لىبې خۇا

## ئورماندا بولىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئورمان كارانتىن قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئورماندا بولىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشارات ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 631 مىڭ گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كېسەللىك، ھاشارات ۋە چاشقان ئاپىتى يۈز بەرگەن تۈزلەڭلىكتە بەرپا قىلىنغان

ئورمان كۆلىمى 187 مىڭ 600 گېكتار، ئورماننىڭ كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىگە ئۇچراش نىسبىتى 2.35‰، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نىسبىتى 91.45%، كۆزىتىشنىڭ قاپلاش نىسبىتى 86.61%، كۆچەتنى چىققان يېرىدە كارانتىن قىلىش نىسبىتى 9.67% بولدى، تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەر دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى چۈشۈرگەن نىشانلىق باشقۇرۇش ئۆلچىمىگە يەتتى.

شىنجاڭدا دۆلەت دەرىجىلىك مەركىزىي كۆزىتىش - مەلۇمات بېرىش نۇقتىسىدىن 33 ى قۇرۇلدى، شىنجاڭ ئورمانلىرىدا كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلار ئاپىتىدىن ئالدىن سىگنال بېرىش تور سىستېمىسى شەكىللەندى. 2003- يىلى شىنجاڭدىكى ئورمان ئوت مۇداپىئە تارماقلىرى دۆلەت دەرىجىلىك ئورمانلىقلاردا چاشقان ئاپىتىنى تىزگىنلەش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى، قەدەمچە قۇرتنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش قۇرۇلۇش تۈرى، ئالتاي تېغىدىكى تەبىئىي ئورمانلاردا بولىدىغان بال قارىغاي قاپلىق پەرۋانىسى ۋە قارىغاي پەرۋانىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قاتارلىق نۇقتىلىق تىزگىنلەش قۇرۇلۇش تۈرلىرى تەشكىللەپ يولغا قويۇلدى. دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، تىرەكتە بولىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتنى تىزگىنلەش، ئىلى ياۋا ئالما دەرىخىدە بولىدىغان ئالتۇن قوڭغۇزنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاساس تەتقىقاتى ۋە ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش خىزمىتى شۇنىڭدەك جەنۇبىي شىنجاڭدىكى توغراقلاردا بولىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى باشلاندى. 2003 - يىلى كۆچەت يېتىشتۈرۈش تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە دەل - دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش «بىر بەلگە، ئىككى ئىجازەتنامە» تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. شىنجاڭ ئورمانلىرىدا بولىدىغان ئاساسلىق كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشارات، چاشقان ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئومۇمىي پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى، قۇتۇبى، ماناس، قوبۇقسار، غۇلجا ناھىيىلىرى شۇ يىلى چاشقان ئاپىتى تىزگىنلىنىدىغان نۇقتىلىق ناھىيە، جىڭ ناھىيىسى گەنجاخۇ ئاق سۆكسۆك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ۋە فۇكاڭ شەھىرى، جىمسار ناھىيىسى، تارباغاتاي ۋىلايىتى شامال ئۆتەڭ ئېكولوگىيىلىك ئورمان قۇرۇلۇشى رايونى چاشقان ئاپىتىنى تۈگىتىشتىكى نۇقتىلىق رايون قىلىندى، بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۆلىمى 21 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى. خوتەن ۋىلايىتىدە بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ تېخنىكىلىق تەلىپى قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، قەدەمچە قۇرۇتنى يوقىتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ، خوتەن ۋىلايىتىگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى كۆرۈنەرلىك ئازايتىلدى، قۇرۇتنىڭ زىيانلىقى روشەن تۆۋەنلىدى، غۇلجا شەھىرىدە يۈز بەرگەن سېرىق دانلىق ئۈزۈم يۇرۇتلۇق قوڭغۇز ئاپىتىگە نىسبەتەن، قورشاپ يوقىتىش تېخنىكا تەلىپى بويىچە، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاپەت يۈز بەرگەن 1500 گېكتار دائىرىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى كېسىپ كۆيدۈرۈلدى.

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 5900 گېكتار يەردىكى كۆچەت كارانتىن قىلىندى، سىرتتىن 224 مىليون 620 مىڭ 100 تۈپ كارانتىن قىلىنغان كۆچەت يۆتكەپ كېلىندى، 279 مىليون 514 مىڭ 500 تۈپ كۆچەت قايتا كارانتىن قىلىندى، سىرتتىن كارانتىن قىلىنغان 287.79 توننا ئۇرۇق، 42 مىڭ 553.92 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال، 4816.3 توننا مېۋە، 56 مىڭ 600 تال گۈل، 2044.3 توننا دورا ماتېرىيالى يۆتكەپ كېلىندى ۋە كارانتىن قىلىندى.

لىبى خۇا

## جۇڭگو - كورېيە ھەمكارلىشىپ شىنجاڭ تۇرپاندا قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئورمىنى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى

بۇ تۈر 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىمزالاندى، كورېيە ھۆكۈمىتى ھەقسىز 1 مىليون دوللار چىقىرىپ، جۇڭگو تەرەپ 801 مىڭ 700 دوللارنى يۈرۈشتۈرۈپ، ئىككى تەرەپ ھەمكارلىشىپ شىنجاڭ تۇرپان شەھىرىدە 1200 گېكتار يەردە بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش - قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئورمىنى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى تۈرىنى يولغا قويدى. 2003- يىلى بۇ تۈر يولغا قويۇلىدىغان رايونلاردا ئورمان بەرپا قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق سۇ ئامبارلىرى مۇستەھكەملەندى، يېڭىدىن 2 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 17.5 كىلومېتىر يول ياسالدى، 7.5 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، 100 كۋادرات مېتىرلىق بىر ئورمان مۇھاپىزەت پونكىتى قۇرۇلدى. 400 گېكتار يەردە قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئورمىنى بەرپا قىلىندى، 4 مىليون تۈپتىن ئارتۇق سۆكسۆك، جىگدە تىكىلدى. كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 85% كە يەتتى، شۇ يىلى كۆچەتلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى بىر مېتىرغا، ئەڭ ئېگىزى 2 مېتىرغا يەتتى. دەل - دەرەخلەر ياخشى ئۆستى. قىشتا يەر سۇغىرىلغاندىن كېيىن، ئورمان بەرپا قىلىنغان يەرلەرنىڭ تۇپرىقى ۋە سۇ تەركىبى ياخشىلىنىپ، قۇملۇقتىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەبىئىي ئەسلىگە كېلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، شۇ يىلى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 30% كە يەتتى. بۇ تۈر يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى

كۆنسېرى ياخشى بولدى، ئىلگىرى قۇم بېسىپ كېتىپ تاشلىنىپ قالغان نەچچە يۈز گېكتار يەر تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى، ئېبىنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى ئەسلىدە بوغدايلا تېرىشقا بولىدىغان رايونلارنىڭ سۇ - تۇپراق شارائىتى ياخشىلانغاچقا، ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىمۇ تېرىشقا بولىدىغان بولدى.

لىبى خۇا

## گۈلچىلىك ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدا 1043 گېكتار يەرگە گۈل تېرىلدى، سېتىلىش سوممىسى 33 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق گۈل تۈرلىرىدىن: مودەنگۈل، چوڭ گۈللۈك پاكار پىچان گۈل، كاككۇك گۈلى، توشقان گۈل، شاھزادەگۈل، ئېۋفوربىيە چاتقىلى، رەڭلىك تاقاگۈل، كۆركۆم گۈلى قاتارلىقلار بار. شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئەتىرگۈلى تۇنجى بولۇپ روسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەتكە سېتىلدى. يېڭىدىن كىرگۈزۈلگەن، سانائەت، يېمەكلىك ۋە دورىلىق قىممىتىگە ئىگە ئەتىرگۈل، كىنگو گۈلى، سەبدە گۈل، قار لەيلىسى، زاراڭزا قاتارلىق گۈل - گىياھلارنى ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كۆركۆم گۈلى، ئۈستىقۇددۇس قاتارلىق يېڭى سورتلار كۆپلەپ ئۈزلۈكسىز يېتىلىپ چىقتى. 2003- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە گۈل - گىياھ بازىرىدىن 162 سى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى، سانجى، كۈيتۇڭ، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردىكى گۈل - گىياھ بازارلىرىدا ئاپتوماتىك تېمپېراتۇرا تەڭشەش ئۈسكۈنىسى بار بولۇپ، كۆلىمى چوڭ، ئۈسكۈنىلىرى يۈرۈشلەشكەن. چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردىكى توپ سېتىش بازارلىرى ۋە جايلاردىكى كۆلىمى كىچىكرەك بازارلار ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭ رايونىدا گۈل - گىياھ ئوبوروتى تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

لىبى خۇا

## ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش، بېقىش ۋە كۆپەيتىش

شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىق رايونلىرىدىكى مول ياۋا ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك بايلىقى ئالاھىدە باقمىچىلىقى تەرەققىياتىنى مىسلىسىز ئەۋزەل شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇغا قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى بېقىش تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ كېڭەيدى، 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە ئورمانچىلىق سىستېمىسىدا بېقىلىۋاتقان بۇغا 1646 غا يەتتى. بۇغىدىن ئىبارەت بايلىق ئۈستۈنلۈكى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇلۇپ، ھەر يىلدا 60 مىليون يۈەن كىرىم قىلىنىپ، 10 مىليون يۈەن پايدا يارىتىلدى.

لىبى خۇا

## ئورمان باغچىسى قۇرۇلۇشى ۋە ئورمان ساياھەتچىلىكى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى 4 ئورمان باغچىسىنىڭ دەرىجىسى دۆلەت دەرىجىلىك ئورمان باغچىسىغا كۆتۈرۈلدى (گۈچۈڭ نەنشەن دۆلەت دەرىجىلىك ئورمان باغچىسى، تاڭبۇرا دۆلەت دەرىجىلىك ئورمان باغچىسى، كېسالڭ ئۆڭكۈرى دۆلەت دەرىجىلىك ئورمان باغچىسى، ئالتۇن توغراق دۆلەت دەرىجىلىك ئورمان باغچىسى). 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك ئورمان باغچىسىدىن 49 ى قۇرۇلدى، بۇنىڭ 10 ى دۆلەت دەرىجىلىك، 26 سى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك، 13 ى ناھىيە دەرىجىلىك. ئورمان باغچىسىنىڭ كۆلىمى 838 مىڭ 600 گېكتار، ئورمان باغچىسىنى باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ۋە مۇلازىمەتچىلەردىن 750 ى بار. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئورمان باغچىلىرى 700 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 15 مىليون يۈەنگە، پايدا 3 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

لىبى خۇا

شىنجاڭدىكى دۆلەت دەرىجىلىك ئورمان باغچىلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

| باغچا نامى | مەسئۇل ئورۇن | باغچا كۆلىمى (گېكتار) | قۇرۇلغان ۋاقتى (يىل، ئاي) |
|---|---|---|---|
| جاۋبەسەن دۆلەت ئورمان باغچىسى | ئۈرۈمچى بەنفاڭگۇ ئورمانچىلىق مەيدانى | 82394.33 | 1993.5 |
| بوغدا كۆلى دۆلەت ئورمان باغچىسى | فۇكاڭ تەجرىبە ئورمان مەيدانى | 44627 | 1994.12 |
| نارات دۆلەت ئورمان باغچىسى | غەربىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسى كۈنەس ئورمانچىلىق مەيدانى | 6025 | 2001.11 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاققابا دۆلەت ئورمان ساياھەت باغچىسى | ئالتاي تېغى ئورمانچىلىق ئىدارىسى قابا ئورمانچىلىق مەيدانى | 48376 | 1999.5 |
| جادىگىيۇ دۆلەت ئورمان ساياھەت باغچىسى | ئالتاي تېغى ئورمانچىلىق ئىدارىسى بۆرچىن ئورمانچىلىق مەيدانى | 38985 | 2000.8 |
| شىنجاڭ كۈنەس دۆلەت ئورمان باغچىسى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى كۈنەس ئورمانچىلىق مەيدانى | 73104 | 2001.11 |
| گۈچۈڭ نەنسەن دۆلەت ئورمان باغچىسى | گۈچۈڭ ئورمانچىلىق مەيدانى | 29306 | 1993.2 |
| تاخبورا دۆلەت ئورمان باغچىسى | غەربىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسى نىلقا ئورمانچىلىق مەيدانى، نىلقا ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى | 34237 | 1999.10 |
| كېساڭ ئۆڭكۈرى دۆلەت ئورمان باغچىسى | غەربىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسى تېكەس ئورمانچىلىق مەيدانى | 16400 | 2001.1 |
| ئالتۇن توغراق دۆلەت ئورمان باغچىسى | پوسكام ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى | 2000 | 2003.5 |

## تارىم قۇملۇق تاشيولى يېشىل كارىدورى قۇرۇلۇشى باشلاندى

2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تارىم قۇملۇق تاشيولىنى پۈتۈن لىنىيە بويىچە كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى. 2 يىلدا دۇنيا بويىچە كۆچمە قۇمنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئەڭ ئۇزۇن يېشىل كارىدور ھاسىل بولىدۇ. تارىم قۇملۇق تاشيولى ئىھاتە ئورمىنى ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشى شىمالدا تارىم قۇملۇق تاشيولىنىڭ 118.9 كىلومېتىرلىق جايىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا تارىم قۇملۇق تاشيولىنىڭ 561.4 كىلومېتىرلىق جايىدا ئاخىرلىشىدۇ، ئورمان بەرپا قىلىشقا باب كېلىدىغان يەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 436 كىلومېتىر، كەڭلىكى 72 — 78 مېتىر بولۇپ، ئورمان بەلۋېغى كۆلىمى 3128 گېكتار.

لىي خۇا

## قاناس دۆلەت دەرىجىلىك گېئولوگىيىلىك باغچىغا ئايلاندى

2003 - يىل 12 - ئايدا شىنجاڭدىكى قاناس زېمىن - بايلىق مىنىستىرلىكى تەشكىللىگەن گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى دۆلەت دەرىجىلىك گېئولوگىيىلىك باغچىغا ئايلاندى.

لىي خۇا

## تارىم دەرياسى ئېكولوگىيىسىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئاھالە كۆچۈرۈش قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى تەخمىنەن 110 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، تارىم دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئاھالە كۆچۈرۈش قۇرۇلۇشى بۈگۈر، لوپنۇر ناھىيىسىدە باشلاندى، 1 - تۈركۈمدە 100 دىن ئارتۇق ئائىلە توغراقلىق رايونىدىن كۆچۈپ چىقتى. تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىم رايونىدا 98 مىڭ گېكتار تەبىئىي توغراقلىق ۋە چاتقاللىق بار بولۇپ، ئۇ شۇ جايدىكى يېشىللىق ئېكولوگىيىسىنىڭ بىخەتەرلىك توسىقى، شۇڭا، ئائىلىلەرنى ئېكولوگىيىلىك نۇقتىسىدىن كۆچۈرگەندە، سۇ بايلىقىنى تېجەپ توغراقنى قوغداپ قالغىلى بولىدۇ.

لىي خۇا

## ئىككى چوڭ ئورمانچىلىق كارخانىسى كەسپىي ئورۇن قاتارىدا باشقۇرۇلىدىغان بولدى

2003 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ 2 ئورمانچىلىق كارخانىسى — غەربىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسى، ئالتاي تېغى ئورمانچىلىق ئىدارىسى كەسپىي ئورۇن قاتارىدا خام چوت بويىچە باشقۇرۇلىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن كۆپ يىلدىن بېرى بۇ 2 ئىدارىنىڭ تەبىئىي ئورمان بايلىقىنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى نورمال ئېلىپ بېرىشقا توسالغۇ بولغان بىرمۇنچە مەسىلىلەر ھەل بولدى.

لىي خۇا

## ئورمانچىلىق خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دۆلەت تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر

مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىش مىدالىغا ئېرىشكەنلەر

ئەخمەت نۇر (ئاقسۇ شەھىرىدىن، دېھقان)، سۈي پېيپېي

(شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى)، جاڭ جىنيۇ (قابا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سابىق شۇجىسى)، جاڭ جېنتيەن (قارغاش ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، لى شۆخېن (قورغاس ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)، سۇن چېڭجياڭ (ئىلى ئوبلاستلىق ئورمانچىلىق ئىدارىسىدا باشقارما باشلىقى)، لياڭ مېڭكەي (تارباغاتاي ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، شېن جۇڭگاڭ (كورلا شەھەرلىك باغۋەنچىلىك باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)، ليۇ خۇڭجى (ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى كۆكەرتىش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، لى دۇڭمېي (فۇكاڭ شەھىرى چېڭگۈەن بازىرىدىن، دېھقان)، يۇ لېي (قاراماي شەھىرى شەرقىي شىنجاڭ نېفىت قوماندانلىق شتابى كۆكەرتىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى).

مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىشتىكى نەمۇنە ئورۇنلار ئاقسۇ ۋىلايىتى كۆكيار ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى، قوراللىق ساقچى قىسىم «8660» قىسىمى، بورتالا تاشيول باش ئۇچاستكىسى، قەشقەر تۈرمىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتى، ئالتاي شۆبە ھەربىي رايونى، تارىم نېفىتلىكى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى چېگرا مۇداپىئە مەلۇم تۈەنى.

مەملىكەت بويىچە ئورمانچىلىققا ئائىت ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلار ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى رېۋىزىيە ئىشخانىسى. ئىلغار شەخسلەر يەن شياۋشۇ (ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى)، جۇ پىڭ (ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇتۇبى ئورمانچىلىق مەيدانى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى).

مەملىكەت بويىچە تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداش قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇنلار ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئالتاي تېغى ئورمانچىلىق ئىدارىسى، بەنفاڭگۇ ئورمانچىلىق مەيدانى، ساۋەن ئورمانچىلىق مەيدانى؛ ئىلغار شەخسلەر: چېن جۇنرۇڭ (تيەنباۋ مەركىزىي نيەنباۋ قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، جۇ جېنشۇ (ئالتاي تېغى ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، لى جىڭبىن (بەنفاڭگۇ ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى)، گو جيەنگو (ساۋەن ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى).

مەملىكەت بويىچە ئورمانچىلىقتا قاتتىق زەربە بېرىش - تۈزەش كۆرىشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپلار ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئورمانچىلىق ج خ ئىدارىسى، بەنفاڭگۇ ئورمانچىلىق رايونى ساقچىخانىسى، بورتالا ئوبلاستى ئورمانچىلىق ج خ ئىدارىسى، شىخەنزە شەھىرى ئورمانچىلىق ج خ ئىدارىسى؛

ئىلغار شەخسلەر خەن شېڭچېن (ئۈرۈمچى شەھىرى ئورمانچىلىق ق خ ئىدارىسىدىن)، ياڭ چىلىن (بەنفاڭگۇ ئورمانچىلىق مەيدانى ساقچىخانىسىدىن)، ئىمام (بورتالا ئوبلاستلىق ئورمانچىلىق ج خ ئىدارىسىدىن)، جاڭ لىن (شىخەنزە ئورمانچىلىق ج خ ئىدارىسىدىن).

مەملىكەت بويىچە دەل - دەرەخ، كۆچەت جەھەتتە مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە سۈپەت نازارەت قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇنلار بايىنغولىن ئوبلاستلىق دەل- دەرەخ، كۆچەت باشقۇرۇش پونكىتى، ئىلى ئوبلاستلىق دەل - دەرەخ، كۆچەت باشقۇرۇش پونكىتى؛

ئىلغار شەخسلەر دۇڭ لى (ش ئۇ ئا ر دەل - دەرەخ، كۆچەت باشقۇرۇش باش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، گو چېڭجۇن (ئالتاي ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، ليۇ ۋېنگو (ئىلى ئوبلاستلىق دەل- دەرەخ، كۆچەت باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى).

مەملىكەت بويىچە ئورمان ئوت مۇداپىئە خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلار ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى؛

ئىلغار شەخسلەر تاڭ يۆۋۇ (ش ئۇ ئا ر ئورمان قوغداش، ئوت مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى ئىشخانىسىدا بۆلۈم باشلىقى)، مىرانبېك قابىلا (ئالتاي تېغى ئورمانچىلىق ئىدارىسى بۇرچىن ئورمانچىلىق مەيدانى پارتكومىنىڭ شۇجىسى)، رېھىم مامۇت (شايار ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانى جەنۇبىي تارىم ئورمان قوغداش پونكىتىنىڭ باشلىقى).

مەملىكەت بويىچە ئورمان ئوت مۇداپىئە خىزمىتىدە (20 يىلدىن ئاشقانلار) خاتىرە مېدالىغا ئېرىشكەنلەر جۇ بىن (ش ئۇ ئا ر ئورمان قوغداش ئىشخانىسىدىن)، تاڭ يۆۋۇ (ش ئۇ ئا ر ئورمان قوغداش ئىشخانىسىدىن)، پېڭ جىجۇڭ (گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئورمان قوغداش ئىشخانىسىدىن)، جىڭ سى (سانجى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ئورمانچىلىق ساقچىخانىسىدىن)، پاڭ شۆچۇ (سانجى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ئورمانچىلىق ساقچىخانىسىدىن)، ياڭ گويۇ (سانجى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ئورمانچىلىق ساقچىخانىسىدىن)، لى جاۋجياڭ (مىچۈەن شەھەرلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن)، دۇڭ شىڭفېڭ (مىچۈەن شەھەرلىك ئورمانچىلىق

ساقچىخانىسىدىن)، ما يەنجۈن (مىيچۈەن شەھەرلىك ئورمانچىلىق ساقچىخانىسىدىن)، ۋاڭ شيۇخۇا (ماناس ناھىيىلىك ئورمان قوغداش ئىشخانىسىدىن)، سۇلۇڭ يۈۋۇ (ماناس ناھىيىلىك ئورمان قوغداش ئىشخانىسىدىن)، جاڭ ۋېنپىڭ (كۇنەس ناھىيىلىك ئورمان قوغداش ئىشخانىسىدىن)، تۇرسۇن قادىر (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمان قوغداش ئىشخانىسىدىن)، ۋۇ يەنشىن (ئالتاي ۋىلايەتلىك ئورمان قوغداش ئىشخانىسىدىن)، ئىدمان (بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئورمان قوغداش ئىشخانىسىدىن)، ھۇسەن (خېجىڭ ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن).

مەملىكەت بويىچە كادىرلار مىنىستىرلىكى، دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن ئورمانچىلىق سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپلار   ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى، قۇتۇبى ئورمانچىلىق مەيدانى؛

ئىلغار خىزمەتچىلەر   لى ۋېنخۇا (بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن)، ھەبىبۇل سادىق (تۇرپان شەھەرلىك ئايدىڭ كۆل بېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن)، لى گۇيخۇا (ماناس تۇزلەڭلىك ئورمانچىلىق مەيدانىدىن)، شۇ گو (شىخۇ ئورمانچىلىق مەيدانىدىن).

لېي خۇا

---

قىسقا ماتېرىيال

## سىلىتسىيلاشقان ياغاچ

سىلىتسىيلاشقان ياغاچ «قەدىمىي تاشقاتما. دەرەخ»، «تاش دەرەخ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ 137 — 195 مىليون يىل ئىلگىرىكى يۇرا دەۋرىدە قېپقالغان، قايتا ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسە بولۇپ، يۈز مىليون يىل ئىلگىرىكى يەر قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ھاياتلىقنىڭ داۋاملىشىشىنىڭ ئىسپاتىدۇر. ئۇنىڭ بەھىر ئېلىش، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى. سىلىتسىيلاشقان ياغاچنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز، دۇنيا بويىچە پەقەت ئېلىمىز بىلەن ئامېرىكىدىلا بار. ئېلىمىزدە ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ گۇچۇڭ، جىمسار، مورى ناھىيىلىرىگە مەركەزلەشكەن، بۇنىڭ ئىچىدە گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى سىلىتسىيلاشقان ياغاچنىڭ سانى ئەڭ كۆپ، دائىرىسى ئەڭ كەڭ، سۈپىتى ئەڭ ياخشى.

سىلىتسىيلاشقان ياغاچ دېگىنىمىز قەدىمكى زاماندا دېڭىز قولتۇقى ياكى كۆل ئەتراپىدىكى بۈكباراقسان ئورمانلار يەر پوستى تۆۋەنلىگەنلىكتىن، لاي - لاتقىلار ئاستىدا قېلىپ، ھاۋا ئۆتتۈشمەي، يۇقىرى يەر قاتلىمىنىڭ ئېغىر بېسىمى ئاستىدا، تەركىبىدە سىلىتسىي ئوكسىد (ياكى كالتسىي، تۆمۈر تەركىبلىك شىلىمشىمان ياۋا سۇيۇقلۇقى) كۆپ بولغان يەر ئاستى سۈيى ۋە سىلىتسىي كىسلاتاسى ئېرىتمىسىدا ئۇزۇن مۇددەت چىلىنىپ تۇرۇپ، مۇرەككەپ يەر شارى خىمىيە رېئاكسىيىسى يۈز بېرىپ، دەرەخ تەركىبىدىكى كاربون ماددىلىرىنىڭ ئورنىنى سىلىتسىي ئوكسىد (ياكى كالتسىي، تۆمۈر ماددىلىرى) ئىگىلىگەن، ئەسلىدىكى ئورگانىك ماددىلارنىڭ ئورنىنى سىلىتسىي ئوكسىد ياكى كالتسىي، تۆمۈر ماددىلار ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۆسۈملۈك ھۈجەيرىلىرىنىڭ پۈتۈن تەركىبى مىنېرال ماددىلارغا ئايلىنىپ كەتكەن. سىلىتسىيلاشقان (كالتسىيلاشقان، تۆمۈرلەشكەن) دىن كېيىنكى دەرەخ سىلىتسىيلاشقان دەرەخ ياكى كالتسىيلاشقان، تۆمۈرلەشكەن دەرەخ دەپ ئاتالغان. ھالبۇكى ئۇنىڭ سىرتقى شەكلىدە قىلچە ئۆزگىرىش بولمىغان، لېكىن ئىنتايىن قاتتىق، ئېغىر بولۇپ، ھەقىقىي تاش دەرەخ (سىلىتسىيلاشقان ياغاچ) كە ئايلانغان، كېيىن يەر يۈزى كۆتۈرۈلۈپ، سۇ قاتارلىق تاشقى كۈچنىڭ چىرىتىش، سۈركۈلۈشى بىلەن، يەر ئاستىدا قالغان سىلىتسىيلاشقان ياغاچ ئېچىلىپ، ھازىرقى سىلىتسىيلاشقان ياغاچقا ئايلانغان.

سىلىتسىيلاشقان ياغاچنى قوغداش ئۈچۈن، 1996 - يىلى دۆلەت نۇرغۇن مەبلەغ ئاجرىتىپ، شىنجاڭنىڭ گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى تاش دەرەخ جىلغىسىدا مەملىكەت بويىچە بىردىن بىر سىلىتسىيلاشقان ياغاچ باغچىسى قۇردى. سىلىتسىيلاشقان ياغاچ باغچىسىدا 1000 دىن ئارتۇق سىلىتسىيلاشقان ياغاچ بار بولۇپ، دەرەخ پوستىدىكى تالالارنى، دەرەخنىڭ يىل ھالقىسىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ، ئۇنى تۇتسىڭىز مۇزدەك سوغۇق تۇيۇلىدۇ ۋە ئىنتايىن قاتتىق. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈپ ياغاچنىڭ ئېگىزلىكى 26 مېتىر، دىئامېتىرى 2.25 مېتىر كېلىدۇ. 5 ئادەمنىڭ قۇلىچى ئاران يېتىدۇ، بۇ ياغاچ تاش دەرەخ (سىلىتسىيلاشقان ياغاچ) پادىشاھى دەپ ئاتالغان.

لېي خۇا

# دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش

## دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە (بىڭتۇەن بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 7 مىليون 528 مىڭ 900 كىلوۋاتقا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %4.89 ئاشتى. تراكتور 337 مىڭغا يېتىپ، %7.26 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 56 مىڭ 753 بولۇپ، %12.86، تراكتورغا سۆرەتتۈرۈلىدىغان چوڭ، ئوتتۇرا دېھقانچىلىق سايمىنى 124 مىڭ 500 بولۇپ، %5.96 كۆپەيدى، يۈرۈشلەشتۈرۈلۈش نىسبىتى 1:2.19 بولدى. قۇۋۋىتى 73.55 كىلوۋاتتىن يۇقىرى تراكتور 833 كە يەتتى. كىچىك تراكتور 280 مىڭ 200 بولۇپ، %6.18، سۆرەتتۈرۈلىدىغان كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى 390 مىڭ 400 بولۇپ، %6.67 كۆپەيدى، يۈرۈشلەشتۈرۈلۈش نىسبىتى 1 : 1.39 بولدى. تېرىقچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 891 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يېتىپ، %1.08 ئاشتى؛ زەي چىقىرىش، سۇغىرىش ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 632 مىڭ 900 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ ماشىنىلىشىش تەرەققىيات قەدىمى تېزلەشتى. 2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 73 مىڭ 300 كىلوۋاتقا يېتىپ، %20.76 ئاشتى، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى 61 مىڭ 700گە يەتتى؛ ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى مەشغۇلات ماشىنىسى 3463 كە يېتىپ، 2398ى كۆپىيىپ، 2.25 ھەسسە ئاشتى؛ ئورمانچىلىق ماشىنىلىرى 871 گە يېتىپ، 583ى كۆپىيىپ، 2.02 ھەسسە ئاشتى.

2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 مىليون 155 مىڭ 400 گېكتار يەر ماشىنا بىلەن ئاغدۇرۇلدى، ماشىنا بىلەن ئاغدۇرۇش سەۋىيىسى %94.66 كە يېتىپ، 1.7 پىرسەنت پوئېنتى ئاشتى؛ 2 مىليون 65 مىڭ گېكتار يەر ماشىنا بىلەن تېرىلدى، ماشىنا بىلەن تېرىش سەۋىيىسى %80.75 بولۇپ، 2.25 پىرسەنت پوئېنتى كېمەيدى؛ 691 مىڭ 900 گېكتار يەرنىڭ ھوسۇلى ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىندى، ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىش سەۋىيىسى %28 كە يېتىپ، 2 پىرسەنت پوئېنتى ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا بىلەن ئورۇلغان بۇغداي كۆلىمى 332 مىڭ 100 گېكتار، رايون ھالقىپ ماشىنا بىلەن ئورۇۋېلىنغان بۇغداي كۆلىمى 119 مىڭ 700 گېكتار، شال 9600 گېكتار، كۆممىقوناق 2700 گېكتار. ماشىنا بىلەن سۈلياۋ يوپۇق يېپىلغان كۆلەم 790 مىڭ گېكتار بولۇپ، %13.04 كۆپەيدى؛ ماشىنا بىلەن كۆلتىۋاتسىيە قىلىنغان كۆلەم 826 مىڭ 900 گېكتار، ماشىنا بىلەن دېڭى ئايرىلغان ئاشلىق 7 مىليون 252 مىڭ 300 توننا. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ترانسپورت مىقدارى 1 مىليارد 238 مىليون 428 مىڭ 100 توننا ـ كىلومېتىرغا يېتىپ، ھەممىسى زور مىقداردا كۆپەيدى؛ 401 مىڭ 900 قويىنىڭ يۇڭى ماشىنا بىلەن قىرقىلدى، بۇ 2002 ـ يىلدىكىدىن 45 مىڭ 900ى ئاز؛ 1 مىليون 246 مىڭ 400 گېكتار يەر ماشىنا بىلەن چوڭقۇر ئوغۇتلاندى؛ توجۇپىلەپ ياكى يېرىم توجۇپىلەپ تېرىلغان كۆلەم 1 مىليون 106 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىپ، %8.89 كۆپەيدى؛ 696 مىڭ 600 گېكتار ئېتىز ماشىنا بىلەن سۇ تېجەپ سۇغىرىلدى؛ 30 مىڭ 100 گېكتار يەر ئاغدۇرۇلماي تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاغدۇرماي تېرىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلگەن كۆلەم 3600 گېكتار؛ 296 مىڭ 900 گېكتار ئېتىزدىكى شاخ ـ شۇمبا ماشىنا بىلەن ئېتىزغا ياتقۇزۇلدى؛ 7 مىليون 655 مىڭ 100 توننا شاخ ـ شۇمبا ماشىنا بىلەن سىلوسلاندى؛ 8 مىليون 970 مىڭ 700 توننا دېھقانچىلىق-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتى ماشىنا بىلەن پىششىقلاندى؛ 102 مىڭ 100 گېكتار يەرگە ماشىنا بىلەن ئوت ـ چۆپ تېرىلدى؛ 303 مىڭ 400 گېكتار يەردىكى ئوت ـ چۆپ ماشىنا بىلەن ئورۇۋېلىندى؛ 77 مىڭ 100 گېكتار يەردىكى سىلوسلىنىدىغان شاخ ـ شۇمبا ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىغا 361 مىڭ 200 توننا دىزېلىن سەرپ قىلىندى.

2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تۈراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 6 مىليارد 687 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %7.61؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئەسلى قىممىتى 6 مىليارد 41 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.7؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 5 مىليارد 63 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.79 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات كىرىمى 4 مىليارد 600 مىليون يۈەن، رېمونت كىرىمى 133 مىليون يۈەن، باشقا كىرىم 330 مىليون يۈەن. ئومۇمىي پايدىسى 1 مىليارد 736 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.53 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بار ئائىلىلەرنىڭ پايدىسى 1 مىليارد 489 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.51 ئاشتى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تەربىيىلەنگەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىمى 370 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 32.19% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە باشقۇرغۇچى 8258 ئادەم (قېتىم)، تېخنىكا خادىمى 20 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم)، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش خادىمى 1823 ئادەم (قېتىم)، مەشغۇلات خادىمى 338 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم). يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ماھارىتى بويىچە 1742 ئادەم (قېتىم) باھالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە رېمونتچى 728 ئادەم (قېتىم)، ماركېتىڭ خادىمى 642 ئادەم (قېتىم)، شوپۇر 370 ئادەم (قېتىم).

خۇاڭ جىبىڭ، ئايقىن

## يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە (بىڭتۇەن بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى 878 گە، خىزمەتچى خادىم 7377 (پەن - تېخنىكا خادىمى 4876) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتى بىر، ۋىلايەت - شەھەر دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتى 13، ناھىيە دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتى 92، يېزا - بازار دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتى 772 (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت ئاپپاراتى 709). يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش جەھەتتىكى مائارىپ - تەربىيىلەش ئاپپاراتى 83، ئىشچى - خىزمەتچى 743 (ئوقۇتقۇچى 543)، ئاپپاراتلار ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكومى بىر، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى 82. يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن تەتقىقات ئاپپاراتى بىر، خادىمى 27 (پەن - تېخنىكا خادىمى 25)، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋىلايەت - شەھەر دەرىجىلىك. ئۆلكە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى تەجرىبە قىلىش - بېكىتىش ئاپپاراتى بىر، خادىمى 39. يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتى 90، خادىمى 899 (پەن - تېخنىكا خادىمى 619)، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىكى بىر، ۋىلايەت - شەھەر دەرىجىلىكى 12، ناھىيە دەرىجىلىكى 77. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتى 96، خادىمى 1381 (پەن - تېخنىكا خادىمى 849)، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىك نازارەت قىلىش ئاپپاراتى بىر، ۋىلايەت - شەھەر دەرىجىلىك نازارەت قىلىش ئاپپاراتى 13، ناھىيە دەرىجىلىك نازارەت قىلىش ئاپپاراتى 82. يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىش تەشكىلاتى 345 مىڭ 700 (پاي تۈزۈمىدىكىسى 18)، خادىمى 384 مىڭ 400 (پەن - تېخنىكا خادىمى 1699)، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى (ناھىيە دەرىجىلىكىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) مۇلازىمەت تەشكىلاتى 19، يېزا - بازار دەرىجىلىك مۇلازىمەت تەشكىلاتى 191، كەنت دەرىجىلىك مۇلازىمەت تەشكىلاتى 2241، يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى بار ئائىلە 342 مىڭ 700، ئادەم 375 مىڭ 100. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتى ۋە رېمونت نۇقتىسى 2660، ئادىمى 4371، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك رېمونت نۇقتىسى 11، 2 - دەرىجىلىك رېمونت نۇقتىسى 87، 3 - دەرىجىلىك رېمونت نۇقتىسى 1818، كەسپىي رېمونت نۇقتىسى 576. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوبوروت كارخانىسى 312 (پاي تۈزۈمىدىكىسى 5)، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ماي بىلەن تەمىنلەش پونكىتى (نۇقتىسى) 301، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسى 943، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىستېمىسىدىكى باشقا كارخانا تەشكىلاتى 299. يېزا - كەنتلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىمى 396 مىڭ 700 (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 294 مىڭ 100)، بۇنىڭ ئىچىدە تراكتور شوپۇرى 251 مىڭ 600، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ترانسپورت ئاپتوموبىلى شوپۇرى 27 مىڭ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونتچىسى 5374.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارىتى جەھەتتىكى مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرى جەمئىيىتى 83 كە، خادىمى 2840 قا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىكى بىر، ناھىيە دەرىجىلىكى 11، يېزا - بازار دەرىجىلىكى 60، كەنت دەرىجىلىكى 11.

خۇاڭ جىبىڭ

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە تىزىملىنىپ، ئەنگە ئېلىنغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى 371 مىڭ 644، ئۇلاردىن تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكى 313 مىڭ 730، تەكشۈرۈلگىنى 296 مىڭ 990؛ ئەنگە ئېلىنغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شوپۇرى ۋە مەشغۇلات خادىمى 271 مىڭ 647، ئۇلاردىن تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكى 243 مىڭ 288، تەكشۈرۈلگىنى 230 مىڭ 365.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېتىز ۋە يوللاردا 1 مىليون 550 مىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، 180 مىڭ ئادەم (قېتىم) نىڭ قائىدىگە خىلاپلىق

قىلىش ئەھۋالى تۈزىتىلدى. 143 قېتىم يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 80 ئادەم ئۆلدى، 55 ئادەم ئېغىر يارىلاندى، 229 مىڭ 200 يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. 2002 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا ھەر 1000 ماشىنا بويىچە ھادىسە كۆرۈلۈش نىسبىتى %11.6، ئادەم ئۆلۈش نىسبىتى %18.5، ئادەم ئېغىر يارىلىنىش نىسبىتى %6.3، ئىقتىسادىي زىيان كۆرۈلۈش نىسبىتى %28.7 تۆۋەنلىدى. بىر تۆۋەتتە 3 تىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈشتەك پەۋقۇلئاددە زور يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى ھادىسىسى بىرەر قېتىممۇ كۆرۈلمىدى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى جەھەتتە بىخەتەر كەنت» بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، مۇشۇنداق كەنتتىن 245ى بەرپا قىلىندى.

سۇن يەن

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاپ بېكىتىش ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتىنى قەرەللىك نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش، ھاۋالە ئارقىلىق تەكشۈرۈش تۈرىدىن 266 سى تاماملاندى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن بۇرۇن ئاپتونوم رايون بويىچە سۇلياۋ يوپۇق يېيىش سېيالكىسى بىرتۇتاش تەكشۈرۈلدى، 48 كارخانا تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈلۈش نىسبىتى %95 تىن يۇقىرى بولدى. 10 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان پىرىتسېپ ۋە ئوت - چۆپ توغراش - يانچىش ماشىنىسى بىرتۇتاش تەكشۈرۈلدى. چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور، يېزا ئىگىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان پىرىتسېپ، سېيالكا، ئوت- چۆپ توغراش - يانچىش ماشىنىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلارغا دائىر كېڭەيتىش ئىجازەتنامىسى تەكشۈرۈلۈپ، مۇشۇ جەھەتتە 28 تۈر تاماملاندى.

سۇلياۋ يوپۇق يېيىش سېيالكىسىنىڭ سۈپىتى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈلگەندىن سىرت، يېڭىدىن كۆپەيگەن تراكتور ۋە يېزا ئىگىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىللارنىڭ سۈپىتىمۇ ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈلدى.

باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتىنى كېڭەيتىش ئىجازەتنامىسى ئالغان كارخانا ۋە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى تەستىقلىنىپ ئەنگە ئېلىنىپ، ئۇلارغا ئېتىراپ قىلىنىپ ئەنگە ئېلىنغانلىق گۇۋاھنامىسى بېرىلدى، ئەنگە ئالدۇرۇشقا ئىلتىماس قىلىنغان مەھسۇلاتتىن 84ى قوبۇل قىلىنىپ بىرتەرەپ قىلىندى. «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش» ژۇرنىلىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش ئىجازەتنامىسى ئالغان كارخانىلارنىڭ تىزىملىكى 2 تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئېلان قىلىندى.

ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش تېخنىكىسى كومىتېتى قۇرۇلدى. دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ساھەلەر بويىچە ئۆلچەملەشتۈرۈش تۈرىدىن «پاختا يىغىش ماشىنىسىنىڭ مەشغۇلات سۈپىتى»، «قالدۇق سۇلياۋ يوپۇقنى يىغىۋېلىش ماشىنىسىنىڭ سۈپىتىنى باھالاش» دېگەن 2 تۈر، ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك ئۆلچەم تۈرىدىن «تراكتور زەنجىرتاپان چۆلۈكى»، «تراكتور زەنجىرتاپىنى» دېگەن 2 تۈر تاماملاندى.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئەرز قىلىش - نازارەت قىلىش پونكىتى شۇ يىلى دېھقانلارنىڭ 63 ئەرزىنى، 120 مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ، دېھقانلارنى 896 مىڭ يۈەنلىك زىياندىن ساقلاپ قالدى. دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى چوڭ - چوڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كارخانىلىرىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەرز ئىشلىرىنى ئالاقىلىشىش پونكىتى قۇرۇلدى. چەت ئەللەرنىڭ يۇقىرى قۇۋۋەتلىك تراكتورلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلدى.

ۋاڭ ژېي

## يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئەھۋالى

چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە چارۋىچىلىق ماشىنىسى 61 مىڭ 707 گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 7219ى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت - چۆپ ئورۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا 8172 بولۇپ، 1205ى كۆپەيدى. ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى ئىچىدە ئوت توغراش ماشىنىسى 7890، سىلوس يىغىش ماشىنىسى 169، ئوت - چۆپ تايلاش ماشىنىسى 93.

2003 - يىلى 733 مىڭ 300 گېكتار يەرگە سىلوسلىنىدىغان كۆممىقوناق، ماش - پۇرچاق، بېدە تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا بىلەن تېرىلغان كۆلەم %80 تىن ئاشىدۇ. ئاز كەم 17 مىليون توننا ئوت - چۆپ، يەم-خەشەك تەييارلاندى، بۇ 2002 - يىلدىكىدىن 3 مىليون توننا كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆك سىلوس، سېرىق سىلوس 8 مىليون 530 مىڭ توننا بولۇپ، 2 مىليون 420 مىڭ توننا كۆپەيدى. 259 مىڭ 900 گېكتار يەردىكى ئوت - چۆپ ماشىنا بىلەن ئورۇۋېلىندى.

ئېتىز - ئېرىقلارنى ماشىنىلاشتۇرۇپ سۇ تېجەپ سۇغىرىش يېڭى تېخنىكىسى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تۈرى بولغان «سانجى شەھىرىنىڭ كېۋەزنى سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسى بىلەن يۈرۈشلەشكەن ماشىنىلاشتۇرۇش

تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى»دە كۆزلەنگەن ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. 2003 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە سانجى شەھىرىدە ئاز كەم 667 گېكتار يەردە سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن نورمال بىسىم بىلەن ئاز - ئازدىن سۇغىرىش ۋە يۇرۇشلەشكەن ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىپ ھەم ئىشلىتىلىپ، دېھقانلار ئۈچۈن 564 مىڭ يۈەن تەننەرخ تېجەپ قېلىندى، 2 مىليون 580 مىڭ يۈەنلىك ئۈنۈم ئاشۇرۇلدى. 2 مىليون كۇب مېتىر سۇ تېجىلىپ، تېجىلىش نىسبىتى %50 كە يەتتى؛ ھەر گېكتار يەردىن 285 كىلوگرام ھوسۇل كۆپ چىقتى، ھوسۇلنىڭ كۆپ چىقىش نىسبىتى %19.4 ئاشتى؛ %20 ئوغۇت، %37.5 دېھقانچىلىق دورىسى تېجەلدى. دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى 2 - تۈركۈم قۇرغاق يەردە سۇ تېجەش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى قۇرۇلۇشى تۈرى بولغان «سانجى شەھىرىنىڭ قىيام شوخلىسىنى سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن تېمىتىپ سۇغىرىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى قۇرۇلۇشى تۈرى»دە ئىش باشلاندى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك سىستېمىلاردا سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن تېمىتىپ سۇغىرىلغان كۆلەم ئاز كەم 3000 گېكتارغا، سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن نورمال بىسىم بىلەن ئاز-ئازدىن تېمىتىپ سۇغىرىلغان كۆلەم 4533 گېكتارغا يەتتى.

قوغداش خاراكتېرلىك تېرىقچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى ئۈستىگە ئالغان بۇ تۈر جەھەتتە يېڭىسار، مورى، ئۈچتۇرپان ناھىيىلىرى بىلەن ئالتاي، چۆچەك شەھەرلىرىدە 133 مىڭ 300 گېكتار يەردە سىلىشتۇرما تەجرىبە ئىشلەندى، بۇلاردىن يېڭىسار ناھىيىسى دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ قوغداش خاراكتېرلىك تېرىقچىلىق مەشغۇلات تەجرىبىسىدە ئۈلگە تۈرى يارىتقان ناھىيە قاتارىغا كىردى. 2003 - يىلى يېڭىسار ناھىيىسى قوغداش خاراكتېرلىك تېرىقچىلىق ماشىنا - سايمىنىدىن 63 دانە (يۈرۈش) كىرگۈزۈپ، ئېگىز ئورنىغا تېرىلىدىغان 1067 گېكتار كۆممىقوناقنى ئاغدۇرماي تېرىدى، بۇنى ئادەتتىكى مەشغۇلات بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر مو (0.07 گېكتار) يەردىن ئېلىنغان ھوسۇل 13 كىلوگرام ئېشىپ، 85.9 يۈەن تەننەرخ تېجەپ قېلىندى، تۈر رايوندا 1 مىليون 607 مىڭ يۈەن ئۈنۈم ئاشۇرۇلدى. ئالتاي شەھىرى بىلەن مورى ناھىيىسى يەرنى چوڭقۇر يۇمشىتىش ماشىنىسى، ئوتلاقنىڭ توپىسىنى يۇمشىتىپ تولۇقلاپ تېرىش سېيالكىسى ۋە يەرنى بىرلىشىپ رەتلەپ تېرىش سېيالكىسىنى كىرگۈزۈپ، يەرنى چوڭقۇر يۇمشىتىش، ئوتلاقنىڭ توپىسىنى يۇمشىتىپ تولۇقلاپ تېرىش ۋە يەرنى بىرلىشىپ رەتلەپ تېرىش تېخنىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوغداش خاراكتېرلىك تېرىقچىلىق تېخنىكىسىغا دائىر تەجرىبىلەرنى داۋاملىق ئىشلەپ، 1947 گېكتار ئوتلاقنىڭ توپىسىنى يۇمشىتىپ تولۇقلاپ تېرىدى، 333 گېكتار يەرنى بىرلىشىپ رەتلەپ تولۇقلاپ تېرىدى.

قىيام شوخلىسى تېرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى 2003 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستى بىلەن ماناس ناھىيىسىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش تارماقلىرى چوڭنەك تارتىپ ئوغۇتلاش - سۇلياۋ يوپۇق يېپىش ماشىنىسىدىن 89 نى، مايسا كۆچۈرۈش ماشىنىسىدىن بىرنى ياساپ ياكى ئۆزگەرتىپ ياساپ، يېڭى ماشىنا - سايماندىن 129 نى كىرگۈزۈپ، سۇلياۋ يوپۇق يېپىش بىلەن ماشىنىدا مايسا تىكىشنى تەڭلا ئىشلەشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بىر يىلدا 8133 گېكتار يەردە قىيام شوخلىسىنى ماشىنىدا تېرىشنى كېڭەيتىپ، توختامدىكى ۋەزىپىنى %122 ئورۇندىدى، بۇنىڭ ئىچىدە باغراش ناھىيىسى 33.33 گېكتار يەرگە تەخسىدە مايسا يېتىشتۈرۈپ كۆچۈرۈپ تىكتى. قىيام شوخلىسىنىڭ ئوتتۇرىچە مو (0.07 گېكتار) بېشى مەھسۇلاتى 6.53 توننا (باغراش ناھىيىسىنىڭ 6.86 توننا، ماناس ناھىيىسىنىڭ 6.2 توننا) غا يەتتى، شوخلا مەھسۇلاتى 796 مىڭ 700 تونىنغا يېتىپ، 3 مىليون 965 مىڭ يۈەن تەننەرخ تېجەپ قېلىندى.

ئۆزگىچە دېھقانچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى 2003 - يىلى ئۈرۈمچى، جىمسار، نىلقا، بارىكۆل ناھىيىلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى ياڭيۇ تېرىش سېيالكىسى بىلەن ياڭيۇ كولاش ماشىنا - سايمىنىدىن 24 نى كىرگۈزۈپ، 160 گېكتار يەرگە سېيالكا بىلەن ياڭيۇ تېرىدى، 70 گېكتار يەردىكى ياڭيۇنى ماشىنا بىلەن كولىدى. سېيالكا بىلەن تېرىش جەھەتتە تەننەرخنى ئازايتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش قىممىتى 592 مىڭ 800 يۈەنگە، ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىش جەھەتتىكى تەننەرخنى ئازايتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش قىممىتى 137 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى، بۇ 2 تۈرنى قوشقاندا 730 مىڭ 400 يۈەن بولدى. بۇ تېخنىكىنى قوللىنىش بىلەن ياڭيۇنى ئۆزۈندىن بۇيان ئادەم كۈچى بىلەن تېرىش - كولاش مەسىلىسى ئۆزگەرتىلدى.

جالىڭ يۈتېڭ

## يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش جەھەتتىكى پەن - تېخنىكا خىزمىتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا دائىر پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 10 نى ئۈستىگە ئېلىپ يولغا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش تۈرى 6 (يېڭىدىن تۈتۈش

قىلىنغىنى 3، داۋاملاشتۇرۇلىدىغىنى 3)، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش تۈرى بىر، دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «پەن - تېخنىكىدا ھالقىش پىلانى» تۈرى بىر، «948» تۈرى بىر، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىدا ئۈلگە مەيدان قۇرۇش تۈرى بىر.

ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى تۈرلەرنى يولغا قويۇش داۋامىدا چوڭقۇر ئوفۇتلاش، تۇخۇمپىلەپ ئاز مىقداردا تېرىش، كېۋەزنى زىچ تېرىش، سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن تېمىتىپ سۇغىرىش قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىلغار، ئەمەلىيەتچان، ماشىنىلاشقان يۈرۈشلۈك تېخنىكىلارنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا «ئۈچ چوڭ ھەرىكەت پىلانى» (چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ھەرىكەت پىلانى، سۇ تېجەش، مۇھەممەت ئاسراشنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ھەرىكەت پىلانى، ئۆزگىچە دېھقانچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ھەرىكەت پىلانى)نى تەشكىللەپ يولغا قويۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

2003 - يىلى مىليون مو (66 مىڭ 700 گېكتار) كېۋەزدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى، مىليون مو (66 مىڭ 700 گېكتار) ئاشلىقتىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى، ئوتلاقنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى، ئۈنۈمبېرسال سۇ تېجەشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىدىن ئىبارەت يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرىگە دائىر 4 تۈر ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى پەن- تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى تەشكىللىگەن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. «ئۈنۈمبېرسال سۇ تېجەشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى» تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۆھپە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «مىليون مو (66 مىڭ 700 مو گېكتار) كېۋەزدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى» بىلەن «يەرنى بىرلىشىپ تۇخۇمپىلەپ رەتلەشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى»نى كېڭەيتىش تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتە مۇنەۋۋەر تۈر بولۇپ باھالاندى.

يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى يىلى پائالىيىتى بىلەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە تەربىيىلەش پائالىيىتىدە دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىگە «مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك پەن- تېخنىكىسى يىلى پائالىيىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بەردى، ئىلھام سابىر، يىمىت روزى، ما جۈنگۈي، جۇاڭ يۈنىڭ، چېن جۇڭشىندىن ئىبارەت 5 كىشى مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى يىلى پائالىيىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

بى خۇيىڭ

## پەن - تېخنىكىدا ھالقىش پىلانى تۈرى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «يېزا ئىگىلىك پەن- تېخنىكىسىدا ھالقىش پىلانى» جەھەتتىكى مەخسۇس مەبلەغ تۈرى بولغان «ئاپتوماتىك قوش تىغ سۈپىلىق ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسىنى ئارىلىقتا سىناش» تۈرىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ تۈر شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات يۇرتى ئىشلەپچىقارغان قوش تىغ سۈپىلىق ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى (سىلوس ئورۇش سۈپىتىگە چېتىلىدىغان 9ZQS — 3000 تىپلىق، بېدە ئورۇش سۈپىتىگە چېتىلىدىغان 9GSZ — 4500 تىپلىق) دا ئارىلىقتا سىناش ئارقىلىق ماشىنىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئىشەنچلىك دەرىجىسى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاندى، لايىھىسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق تۈركۈملەپ يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلغار، ئىشلەپچىقىرىشقا باب كېلىدىغان ماشىنا - ئۈسكۈنە بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، شىنجاڭ شۇنداقلا مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدا كېڭەيتىپ ئىشلىتىلسە، چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى جەھەتتىكى كۆلەملەشكەن، ساغلام باقمىچىلىقنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

بۇ تۈرنى 2 يىل ئىجرا قىلىش داۋامىدا 15 — 20 گىچە ماشىنا - سايمان ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش پىلانلاندى.

بى خۇيىڭ

# سۇچىلىق

## سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا «ئۈچ دەريا، بىر رايون، بىر بەلۋاغ» مۇھىم نۇقتا قىلىنغان سۇچىلىق قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. بىر يىلدا 6 مىليارد 600 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ئومۇمىي پىلانى بىلەن يولغا قويۇش لايىھىسى تۈزۈلدى؛ شىمالىي شىنجاڭدىكى بىر تۈركۈم نۇقتىلىق دەريا - ئېقىنلارنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتى تاماملاندى ھەم سۇچىلىق مىنىستىرلىكىگە يوللاندى؛ «شىنجاڭنىڭ سۇ - تۇپراقنى

ساقلاش ئېكولوگىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئومۇمىي پىلانى»، «ئېبىنۇر كۆلىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى قوغداش قۇرۇلۇشى تۈرىگە دائىر تەۋسىيەنامە» قاتارلىقلار تۈزۈلدى. بىر تۈركۈم نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە دائىر تەۋسىيەنامە، دەسلەپكى لايىھە قاتارلىقلار سۇچىلىق مىنىستىرلىكى، خۇاڭخې سۇچىلىق كومىتېتى قاتارلىق تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى.

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى قىسمەن ۋىلايەت، ناھىيىلەردە كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بىرقەدەر ئېغىر بولدى، كەلكۈن ئاپىتىنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش ئۈچۈن، بىر يىلدا 69 مىليون يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. يەكەن، ئىلى، ئاقسۇ دەريالىرىنىڭ قىسمەن بۆلەكلىرىدە جىددىي ئەھۋالدا ئىشلىتىلىدىغان 4 يەككە تۈرلۈك قۇرۇلۇش ياسالدى. قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش مەزگىلىدە، سۇچىلىق تارماقلىرى قۇرغاقچىلىقنى پەسەيتىپ، 1 مىليارد 200 مىليون يۈەن ئەتراپىدىكى ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدىنى ئالدى.

2003 - يىلى تارىم دەرياسىنى يېقىنقى مەزگىللىك ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. تارىم دەرياسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى يېشىل كارىدورغا 5 - قېتىم جىددىي پەيتتە سۇ قويۇپ بېرىشنى تەشكىللىدى، شۇنىڭ بىلەن تېتىما كۆلىدە 200 كۋادرات كىلومېتىر ئەتراپىدا سۇ يۈزى شەكىللىنىپ، يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيانقى تارىخىي رېكورد يارىتىلدى. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى يېشىل كارىدورغا 5 قېتىم سۇ قويۇپ بېرىش ئارقىلىق 18 مىڭ گېكتار دائىرىدە تەبىئىي يېپىنچا ئۈسۈملۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئېكولوگىيە جەھەتتە دەسلەپكى ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى، يىل ئاخىرىغىچە بۇ قۇرۇلۇشلارغا 3 مىليارد 335 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سۇ تېجەش مەركەز قىلىنغان سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىغا بىر يىلدا 1 مىليارد 400 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ (دۆلەت سالغىنى، ۋىلايەت، ناھىيە ۋە ئامما تەييارلىغىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) سېلىنىپ، 4000 كىلومېتىردىن ئارتۇق سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 2 مىليون 400 مىڭ گېكتار دائىرىدە يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەش يولغا قويۇلۇپ، 900 مىليون كۇب مېتىر سۇ تېجەپ قېلىندى.

2003 - يىلى سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 270 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %20.4 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىتتىپاقى - ئىبرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 66 مىليون 980 مىڭ يۈەن، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، توسما ياساشقا سېلىنغىنى 37 مىليون 260 مىڭ يۈەن، سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 3 مىليارد 852 مىليون يۈەن. سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە مەركەز سالغىنى 2 مىليارد 793 مىليون يۈەن، يەرلىك سالغىنى 1 مىليارد 59 مىليون يۈەن. سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغدىن سۇ ئامبىرى ۋە سۇ توگۈنى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگىنى 533 مىليون يۈەن، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگىنى 293 مىليون يۈەن، سۇغىرىش قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگىنى 351 مىليون يۈەن، سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگىنى 1 مىليارد 395 مىليون يۈەن، سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگىنى 16 مىليون يۈەن، سۇ - تۇپراقنى ساقلاپ قېلىش، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگىنى 1 مىليارد 232 مىليون يۈەن، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگىنى 4 مىليون يۈەن، ئالدىنقى قارارلىق تۈرلەرگە ئىشلىتىلگىنى 27 مىليون يۈەن.

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشىدا يېزىلىرى ئېلېكترلەشكەن ناھىيە قۇرۇش ۋە يېقىنلىغۇ كۆيدۈرۈشنىڭ ئورنىغا سۇ بىلەن توك چىقىرىدىغان كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشتا ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى بەرپا قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلېكترلەشكەن ناھىيىلەردە ئوتتۇرىچە ئىشلىتىلگەن توك 356 كىلوۋات سائەتكە يەتتى، ئۆيلەرگە توك ئۇلىنىش نىسبىتى %93 تىن ئاشتى.

لىۋ ۋېنغېن، دۆلەت خەيىەن

## سۇ مەمۇرىيىتى خىزمىتى

1. سۇچىلىققا دائىر قانۇن تۈرغۇزۇش ئىشلىرى. 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 7 - يىغىنىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹سۇ قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» ماقۇللاندى، ئۇ 2004 - يىل 3- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلىدۇ. سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ 13 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ۋە شىنجاڭنىڭ سۇ مەمۇرىيىتى جەھەتتىكى قانۇن ئىجرا قىلىش ئىشلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، «ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ مەمۇرىيىتى جەھەتتىكى قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيىتىگە دائىر ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» بىلەن «ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ مەمۇرىيىتى جەھەتتە قانۇن ئىجرا قىلىشتا كۆرۈلگەن خاتالىق مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» تۈزۈپ تارقىتىلدى. 6 — 8 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «سۇ قانۇنى»

ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا ماسلىشىلىپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاست، 15 ناھىيە، شەھەردە ۋە تارىم دەرياسى قاتارلىق 7 دەريا - ئېقىندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى.

2. سۇ مەمۇرىيىتى جەھەتتىكى قانۇن ئىجرا قىلىش ئىشلىرى. 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 10 ناھىيە، شەھەر ۋە ۋادا ئاپپاراتى ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ مەمۇرىيىتى مەمۇرىي تەپتىشلىكىنى قېلىپلاشتۇرۇش قورۇلۇشى بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى، ئۇلاردىن بورتالا ئوبلاستى بىلەن قۇمۇل ۋىلايىتى ئالدى بىلەن سۇ مەمۇرىيىتى تەپتىشلىك قوشۇنىنى قېلىپلاشتۇرۇش قورۇلۇشىنىڭ ھەممىسىدە ئۆلچەمگە يېتىپ ئاخىرقى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى ۋە دەريا- ئېقىن جەھەتتىكى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

با شىن

## سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش

1. 2003 - يىلى «قەشقەر دەرياسى ۋادىسىنىڭ سۇ بايلىقىنى قوغداش ئومۇمىي پىلانى»، «يەكەن دەرياسى ۋادىسىنىڭ سۇ بايلىقىنى قوغداش ئومۇمىي پىلانى»، «تارىم دەرياسى (قۇرۇق دەريا) ۋادىسىنىڭ سۇ بايلىقىنى قوغداش ئومۇمىي پىلانى»، «قاراشەھەر — كۆنچى دەريالىرى ۋادىسىنىڭ سۇ بايلىقىن قوغداش ئومۇمىي پىلانى»، «ئاقسۇ دەرياسى ۋادىسىنىڭ سۇ بايلىقىنى قوغداش ئومۇمىي پىلانى» سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى؛ «ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ سۇ بايلىقىنى قوغداش ئومۇمىي پىلانى» پرىنسىپ جەھەتتىن سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى؛ ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىش، پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى، 9 ناھىيە، شەھەرنىڭ ئومۇمىي پىلانى دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. «شىنجاڭ سۇ بايلىقى ئاخباراتى»، «شىنجاڭ سۇ بايلىقى قىسقا خەۋەرلىرى»، «شىنجاڭ سۇ بايلىقى يىللىق مەلۇماتى»، «يەر ئاستى سۈيى ھەققىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» (3 سان) نى تۈزۈش تەشكىللەندى ھەم تۈزۈشكە قاتنىشىلدى. كۇچۇڭ ناھىيىسىدە يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ ئۇدا تۆۋەنلەش، مۇھىتى ناچارلىشىش ۋەزىيىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك بولۇش مەسىلىلىرىگە قارىتا «كۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ سۇ بايلىقىدىن سىجىل پايدىلىنىش تەتقىقاتى» نى تۈزۈش قانات يايدۇرۇلدى.

2. 2003 - يىلى «ئاۋات ناھىيىسىنىڭ يېڭىئېرىق سۇ مەنبەسىدىكى سۇ بايلىقىنى دەلىللەش دوكلاتى»، «كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئۆگەن دەريا سۇغىرىش رايونى سۇ مەنبەسىدىكى سۇ بايلىقىنى دەلىللەش دوكلاتى»، «شايار ناھىيىسىنىڭ تىك قۇدۇق ئارقىلىق زەي چىقىرىۋېتىش - سۇغىرىش قۇرۇلۇشى سۇ مەنبەسىنىڭ سۇ بايلىقىنى دەلىللەش دوكلاتى» تەكشۈرۈلدى.

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەممە ناھىيە، شەھەرلەردىكى بازار - يېزىلىردا بىر تۇتاش سۇ ئېلىش ئىجازەتنامىسى تارقىتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن 1245 سۇ ئېلىش ئىجازەتنامىسى تارقىتىلدى، ئىجازەتنامە 27 مىڭ 581 گە يەتتى، 32 مىليارد 38 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئېلىش تەستىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ بىلەن توك چىقىرىشقا تەستىقلانغىنى 9 مىليارد 304 مىليون كۇب مېتىر. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك سۇ مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى يىغقان سۇ بايلىقى ھەققى 21 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن 3 مىليون 100 مىڭ يۈەن ئاشتى؛ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلار يىغقان ۋە جايلار يۇقىرىغا تاپشۇرغان سۇ بايلىقى ھەققى 3 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليون 670 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

2002 - يىل سۇ ئېلىش ئىجازەتنامىسىنى يىللىق تەكشۈرۈش يىلى بولۇپ، 25 مىڭ 890 ئىجازەتنامە يىللىق تەكشۈرۈلدى، بۇ شۇ يىلى بار بولغان ئىجازەتنامىنىڭ 96.7% نى ئىگىلەيدۇ.

3. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قۇدۇق قېزىش مەشغۇلاتى جەھەتتىكى A دەرىجىلىك سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىدىن 24 ى، B دەرىجىلىك سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىدىن 131 ى يېڭىۋاشتىن تەكشۈرۈپ تارقىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە قۇدۇق قېزىش ئورنى ئەسلىدىكى 400 نەچچىدىن 155 كە چۈشۈپ، قۇدۇق قېزىش بازىرى قېلىپلاشتۇرۇلدى.

4. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق دەريا، كۆل، سۇ ئامبارلىرىنىڭ سۇ سۈپىتىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەر پەسىلدە ئۇلار توغرىسىدا «سۇ سۈپىتى ئەھۋالىغا دائىر ئانالىز» ناملىق قىسقا خەۋەرلەر كېزىتى ئىشلەندى. 200 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسى بار 9 نۇقتىلىق شەھەرنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەشتىكى سۇ مەنبەسىنىڭ سۇ بايلىقى سۈپىتى ئەھۋالىغا دائىر ئايلىق مەلۇمات تۈزۈپ تارقىتىش ئىشى داۋاملىق تەشكىللەندى. «شىنجاڭدىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى زىيادە ئېچىلغان رايونلارنى ئايرىش - بېكىتىش خىزمىتىنىڭ تېخنىكىلىق قائىدىسى» نى تۈزۈش تاماملاندى. شىنجاڭدىكى يەر ئاستى سۈيى زىيادە ئېچىلغان رايونلارنى بېكىتىش ۋە بۇ رايونلارنى تىزگىنلەش ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتى باشلاندى.

5. 2003 - يىلى «ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ ئىشلىتىش نورمىسى» نى تۈزۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى، قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە بايىنغولىن ئوبلاستى 50 نەچچە

كارخانىنى تەشكىللەپ، سۇ تەڭپۇڭلۇقىنى سىنىدى، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى 49 كارخانىنىڭ سىنىقى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. قۇمۇل ۋىلايىتىدە سۇ تېجەش تېپىدىكى ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى باشلاندى. 2002 ـ يىلدىكى پىلان بويىچە سۇ ئىشلىتىش، سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش ئىشى تەكشۈرۈلدى، 2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 31 مىليارد 330 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئىشلىتىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 30 مىليارد 530 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئىشلىتىلدى.

با شىن

## سۇ ئىشلىرىنى پىلانلاش

**ئۇنىۋېرسال ئومۇمىي پىلان** 2003 ـ يىلى «ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال پىلانلاش دوكلاتى» بىلەن «ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال پىلانلاش دوكلاتى» ۋە ئۇلار ھەققىدىكى مەخسۇس تېمىدىكى تەتقىقات دوكلاتى تاماملاندى. «ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال پىلانلاش دوكلاتى» سۇچىلىق مىنىستىرلىكى سۇ ئىشلىرىنى پىلانلاش باش ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. «ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال پىلانلاش دوكلاتى» سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاندى.

2003 ـ يىلى دۆلەت تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتى بىلەن سۇچىلىق مىنىستىرلىكى ئورۇنلاشتۇرغان «مەملىكەت بويىچە سۇ بايلىقىنى ئۇنىۋېرسال پىلانلاش» خىزمىتىنىڭ 1 ـ باسقۇچىدىكى سۇ بايلىقىنى تەكشۈرۈپ باھالاش ۋە سۇ بايلىقىنى ئېچىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى ھازىرقى ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ باھالاش خىزمىتى تاماملاندى ھەم سۇچىلىق مىنىستىرلىكىگە يوللاندى.

1) **كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ئىشلىرىنى پىلانلاش** دەريا ـ ئېقىنلاردا كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ئومۇمىي پىلانى. 2003 ـ يىلى قاراشەھەر، بورتالا، قىزىل دەريالىرى، خوتەن دەرياسىنىڭ 2 تارماق ئېقىنى، چاقىلىق، بوغۇز، چاقماق دەريالىرىدا كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىشنى پىلانلاش قاتارلىق تۈرلەرنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى.

2) شەھەرلەرنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئومۇمىي پىلانى. 2003 ـ يىلى ئۈرۈمچى، سانجى، قۇمۇل، ئالتاي شەھەرلىرى ۋە بۇرچىن ناھىيىسى قاتارلىق 17 نۇقتىلىق شەھەر ۋە ناھىيە بازارلىرىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئومۇمىي پىلانىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى.

3) نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى پىلانلاش. 2003 ـ يىلى ئېبىنۇر كۆلى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى پىلانلاش خىزمىتى تاماملاندى.

لى خۇڭبىن

## ئاساسىي قۇرۇلۇش

**ئۈلۈغتاتا سۇ تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇشى** بۇ قۇرۇلۇش خوتەن دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى بولغان قاراقاش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا جايلاشقان تىزگىنلەش خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇش بولۇپ، سۇغىرىش، توك چىقىرىش، ئېكولوگىيىنى ياخشىلاش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قاتارلىق ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمگە ئىگە چوڭ سۇ تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇشى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى. 2003 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خۇاڭخې دەرياسى سۇچىلىق كومىتېتى سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن قۇرۇلۇش پۈتكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى.

سۇ ئامبىرىنىڭ لايىھەدىكى سىغىمى 347 مىليون كۇب مېتىر، ئېلېكتر ئىستانسىسى گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ سىغىمچانلىقى 60 مىڭ كىلوۋات كېلىدۇ، 16 مىڭ 500 كىلوۋات ئېنېرگىيە چىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئوتتۇرىچە توك چىقىرىش مىقدارى 197 مىليون كىلوۋات سائەت بولدى، بۇ ئامبار بىلەن سۇغىرىش كۆلىمىنى 46 مىڭ گېكتار كېڭەيتكىلى، 75 مىڭ گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. 2003ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە سۇ ئامبىرىغا 500 مىليون كۇب مېتىردىن كۆپرەك سۇ قاچىلاندى، 200 مىليون كىلوۋات سائەت توك چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تۆۋەن ئېقىندىكى قاراقاش، پەيزاۋات سىرغىم ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك توك چىقىرىش مىقدارى يىلىغا 45 مىليون كىلوۋات سائەت كۆپەيتىلدى؛ سۇ ئامبىرىدا سۇنى تەڭشەش ئارقىلىق خوتەن دەرياسىدىن تارىم دەرياسىغا يىلىغا 1 مىليارد 57 مىليون كۇب مېتىر سۇ يەتكۈزگىلى، خوتەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى يېشىل كارىدورنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداپ قالغىلى، يەنە يەسىللىك كەلكۈن پەللىسىنىڭ ئېقىم مىقدارىنى سېكۇنتىغا 500 كۇب مېتىرغا چۈشۈرگىلى، قاراقاش دەرياسىغا 50 يىلدا بىر كېلىدىغان كەلكۈن پەللىسىنىڭ ئېقىم مىقدارىنى سېكۇنتىغا 890 كۇب مېتىرغا چۈشۈرۈپ، تۆۋەن ئېقىندىكى دەريا قىنىغا بىخەتەر چۈشۈرگىلى بولىدۇ.

**تارىم دەرياسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش تۈرى** 2002 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن «تارىم دەرياسى ۋادىسىنى يېقىنقى مەزگىللىك ئۇنىۋېرسال تۈزەش ئومۇمىي پىلان دوكلاتى»نى تەستىقلاپ، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى تۈزەش سالمىقىنى ئاشۇرۇشنى كۈچەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 2003 ـ يىل 6 ـ ئايدا سۇچىلىق نازارىتى بىلەن شەنشى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش-لايىھەلەش يۇرتى تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنى قۇرۇلۇشى بولغان شىيابەندى سۇ تۈگۈنىنىڭ «تۆتىنى راۋانلاشتۇرۇش، بىرنى تەكشىلەش» قۇرۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى لايىھىسى

تەكشۈرۈشى ئۆتۈشتۈردى، قۇرۇلۇشقا 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى خەۋەردار چاقىرىلدى، 8 - ئايدا ئىش باشلاندى.

**پېچان ناھىيىسىدىكى كەرچى سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى**

كەرچى سۇ ئامبىرى پېچان ناھىيىسىدىكى كەرچى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا جايلاشقان. ئامبارنىڭ لايىھەدىكى سىغىمى 11 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدۇ، تۇگۈن قۇرۇلۇشى ئاساسلىقى دەريا توسمىسى، سۇ چىقىرىش قوشۇمچە ئېقىن باشلاش تونىلى، پەسىلسىز كەلكۈن چۈشۈرگىسىدىن تەركىب تاپقان. ئەڭ چوڭ توسمىنىڭ ئېگىزلىكى 51.3 مېتىر كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش سۇغىرىش، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى كېرەكلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش، تۆمۈر يول ۋە نېفىت سانائىتىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش، ئېكولوگىيىنى قوغداش قاتارلىق ئۈنۈمنى بىر گەۋدە قىلىنغان ئوتتۇراھال سۇ تۇگۈنلۈك قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن 2000 گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلىغىلى، كۈنىگە 15 مىڭ كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ. 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە بۇ قۇرۇلۇش تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، قۇرۇلۇش سۈپىتى ئەلا بولدى.

**جىمسار ناھىيىسىدىكى شەرقىي دالوڭكۇ سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى** بۇ سۇ ئامبىرى جىمسار ناھىيىسىدىكى شەرقىي دالوڭكۇ دەرياسىنىڭ تاغ ئالدىدىكى ئېدىرلىقتىن چىقىش ئېغىزىغا جايلاشقان. لايىھەدىكى سىغىمى 11 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر. بۇ قۇرۇلۇش ئاساسلىقى توسما، سۇ قويۇپ بېرىش قوشۇمچە كەلكۈن قويۇۋېتىش تونىلى، كەلكۈن چۈشۈرگىسىدىن تەركىب تاپقان. ئەڭ چوڭ توسمىنىڭ ئېگىزلىكى 31.5 مېتىر كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش ئاساسلىقى سۇغىرىشنى ئاساس قىلىدۇ، قوشۇمچە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈنۈمىگە ئىگە. سۇ ئامبىرى پۈتكەندىن كېيىن يېقىنقى مەزگىلدە 10 مىڭ 300 گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلىغىلى، سۇغىرىش كۆلىمىنى 2000 گېكتار كېڭەيتكىلى ھەمدە ناھىيە بازىرىنى 50 يىلدا بىر قېتىم كۆرۈلىدىغان كەلكۈن ئاپىتىنىڭ زىيىنىدىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 — 23 - كۈنىگىچە سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ باشلاشتىن ئاۋۋالقى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

**ئالتاي شەھىرىدىكى چىبىلىڭ سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى** بۇ سۇ ئامبىرى ئالتاي شەھىرىدىكى ئالاقاق دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئارغاتى، ئاخساتى تارماق ئېقىنلىرى قوشۇلىدىغان يەرگە جايلاشقان. سىغىمى 26 مىليون كۇب مېتىر. ئاساسلىق ئىنشائاتلاردىن تاش بىلەن قوپۇرۇلغان كۈچلۈك توسما (ئېگىزلىكى 34 مېتىر)، تاشقىن دامبىسى، كەلكۈن ئارقىلىق قۇم ئاققۇزۇلىدىغان تۆشۈك دامبا، سۇغىرىشقا سۇ قويۇپ بېرىلىدىغان تۆشۈك دامبا بار. بۇ قۇرۇلۇشتا سۇغىرىش ئاساس، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىش، سەيلە - ساياھەت قاتارلىق ئۈنۈمۋەرسال ئۈنۈم قوشۇمچە قىلىنغان. چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 3300 گېكتار بوز يەر ئېچىش پىلانلاندى، بۇ ئارقىلىق ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاپ، تۆۋەن ئېقىندىكى 13 مىڭ 300 گېكتار ئوتلاقنى كەلكۈننىڭ زىيىنىدىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. 2003 - يىل 8 - ئايدا سۇ ساقلاشتىن بۇرۇنقى قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

**ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۈيى قۇرۇلۇشى**

شىنجاڭدا 11 مىليون 960 مىڭ يېزا ئاھالىسى بىلەن 43 مىليون 590 مىڭ چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۈيى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئادەم ۋە چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۈيى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا 150 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغىنى 76 مىليون 100 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەر يۈرۈشلەشتۈرگىنى ۋە ئۆزلىرى تەييارلىغىنى 74 مىليون يۈەن. 197 سۇ زاۋۇتى ياسالدى، 159 قۇدۇق كولاندى، 729 كىلومېتىر سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى، بۇ ئارقىلىق 410 مىڭ 800 ئادەمنىڭ ئىچىملىك سۇ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى.

لى خۇڭيىن، لى فۇشېڭ

## چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش تۈرلىرى

دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان تارىم ئويمانلىقىدىكى يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىش- زەي چىقىرىۋېتىش ۋە مۇھىت ئاسراش 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى تۈرى بۇ قۇرۇلۇشقا 2 مىليارد 361 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى 150 مىليون دوللار. بۇ تۈر رايونى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، 2 ئوبلاستنىڭ 22 ناھىيە - شەھىرىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 892 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ تۈر 1998 - يىل 8 - ئايدىن باشلاپ يولغا قويۇلغانىدى، 2003- يىل 10 - ئايدا پىلاندىكى تەلەپ بويىچە 740 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 850 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى، يەنە سۇ ئامبىرى، سۇ مەنبەسى ياسالدى، ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى ۋە ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى، 75 مىڭ 300 گېكتار بوز يەر ئېچىلدى، 105 مىڭ 300 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق يەر ئۆزگەرتىلدى. 5 يىلدىن بېرى ئەمەلىيەتتە 2 مىليارد 162 مىليون 200 مىڭ يۈەن

مەبلەغ سېلىنىدى، بۇ ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %92 ىنى ئىگىلەيدۇ. قالغان ۋەزىپىلەر 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 30- كۈنىدىن بۇرۇن تاماملىنىدۇ.

ياپونىيە خەلقئارا ھەمكارلىق بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان سۇ تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى بۇ تۈر 2001 — 2006 - يىلغىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇ تۈر رايونى تارباغاتاي، بورتالا، سانجى، قۇمۇل، ئۈرۈمچى، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەردىن ئىبارەت 9 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 33 ناھىيە (شەھەر)گە جايلاشقان. قۇرۇلۇشتا ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش، ئېتىز ئارىلىرىغا تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى قىلىش ئاساس قىلىنىدۇ. 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە بۇ تۈردە ھۆددە ئېلىنغان 11 بۆلەك بويىچە خېرىدار چاقىرىش خىزمىتى ئاياغلاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى 7 بۆلەك، يۈركۈپ سۇغىرىش، تېمىتىپ سۇغىرىش، تۇرۇبا ئارقىلىق تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى 4 بۆلەك. بۇ تۈرگە 210 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 60 مىليون يۈەن ئەتراپىدا مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۈرنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىراجىتى 30 مىليون يۈەن، قۇرۇلۇش خىراجىتى 30 مىليون يۈەن.

كۆك شياڭۋېي

## كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش

**كەلكۈن ۋە ئاپەت ئەھۋالى** 2003 - يىلى قىشتا قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا يېغىندى قار ماتېرىيال خاتىرىلەنگەن 13 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ قېلىن توپلانغان يىل بولدى. 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 24- كۈنى پەيزاۋات، مارالبېشى ناھىيىلىرىدە 6.8 بال يەر تەۋرەپ، قىسمەن سۇ ئىنشائاتلىرىنى زىيانغا ئۇچراتتى. ئەتىيازدا ئىلى، بورتالا، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، بايىنغولىن، قىزىلسۇ، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا قار ئېرىش ۋە قارا يامغۇر سەۋەبىدىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە كەلكۈن ئاپىتى بولدى. كۈنەس، توققۇزتارا، قورغاس ناھىيىلىرىدە ئۇدا بىرنەچچە قېتىم تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى، 7 قېتىملىقى خېلى ئېغىر بولۇپ، كۆپ ئادەم ئۆلدى ۋە يوقاپ كەتتى. 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى نىلقا، توققۇزتارا ناھىيىلىرىدە كەڭ دائىرىلىك قارا يامغۇر يېغىپ قىيان كەلگەنلىكتىن 26 ئادەم ئۆلدى. كەلكۈن مەزگىلى كىرگەندىن كېيىن، قورغاس دەرياسىغا 100 يىلدا بىر كېلىدىغان قارا يامغۇرلۇق قىيان كەلدى، قاش دەرياسىغا تارىختا 3 - ئورۇندا تۇرىدىغان زور قىيان كەلدى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، سانجى، قەشقەر، بورتالا، قۇمۇل، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارمۇ كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى، بىر يىلدا 321 مىڭ 900 ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، 56 ئادەم ئۆلدى، 343 مىليون يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇچىلىق مۇئەسسەسەلىرى زىيىنى 104 مىليون يۈەن. ئىلى، قەشقەر، قىزىلسۇ، بورتالا، سانجى، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار بىرقەدەر ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى.

**قۇرغاقچىلىق ئەھۋالى ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى** 2003- يىلى ئەتىيازدا جەنۇبىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭدىكى قىسمەن كىچىك دەريا بىلەن سۇغىرىلىدىغان رايونلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە قۇرغاقچىلىق كۆرۈلدى. يازدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلىشى ئاستا بولغانلىقتىن، كۆپىنچە دەريا - ئېقىنلارغا كەلگەن سۇنىڭ مىقدارى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن %20 — %40 ئەتراپىدا ئازراق بولدى؛ شىمالىي شىنجاڭدىكى قىسمەن ناھىيە، شەھەرلەردە ھۆل - يېغىن ئازلاپ كەتتى؛ قەشقەر، خوتەن، بايىنغولىن، سانجى، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ قىسمەن ناھىيە، شەھەرلىرىدە قۇرغاقچىلىق كۆرۈلدى. بىر يىلدا 22 مىڭ 100 گېكتار يەردىكى دېھقانچىلىق زىرائىتى قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە، 188 مىڭ 800 گېكتار يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى تۈپەيلى 138 مىڭ توننا ئاشلىق، 420 مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىرائەت زىيان بولدى، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدە كۆرۈلگەن ئىقتىسادىي زىيان 575 مىليون يۈەنگە يەتتى.

**كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش** 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كەلكۈن ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى نۇقتىلىق كۈچەيتىلىپ، ئاپەت خاراكتېرلىك دەريا - ئېقىنلارنى تىزگىنلەش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە قىيان ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش جەھەتتە ئومۇمىي پىلان تۈزۈش خىزمىتى بىلەن كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىدىغان مەزمۇت قۇرۇلۇش قىلىش ئىشى باشلاندى. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش جەھەتتە 4 نۇقتىلىق جىددىي قۇرۇلۇش ئىشلىنىپ، 5 شەھەردىكى 500 مىڭ نوپۇس، 130 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر ۋە دۆلەتنىڭ بىر تۈركۈم نۇقتىلىق ئۇل مۇئەسسەسەلىرى ئاپەت خەتىرىدىن ساقلاپ قېلىنىدى. بىر يىلدا قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئارقىلىق 310 مىڭ توننا ئاشلىق زىياندىن ساقلاپ قېلىنىدى، ئىقتىسادىي زىرائەتتىن كۆرۈلىدىغان 760 مىليون يۈەنلىك زىيان ئازايتىلدى، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۈنۈمى 1 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يەتتى. 11 - ئايدا شىنجاڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش - قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش قوماندانلىق سىستېمىسىنىڭ ش ئۇ ئا ر ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزى بىلەن

قەشقەر دەرياسى شۆبە مەركىزىدە سۈنئىي ھەمراھتا ئاۋۇش ئارقىلىق ئالاقىلىشىش سىستېمىسى پۈتۈپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىلدى.

ئاۋ جىڭگاڭ

## دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سۇچىلىق قۇرۇلۇشى

2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە شىنجاڭ بويىچە ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 42 مىليون 794 مىڭ كۈن ئەمگەك، 1 مىليارد 431 مىليون 470 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 791 مىليون 427 مىڭ 400 يۈەن، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلار تەييارلىغان مەبلەغ 216 مىليون 402 مىڭ يۈەن، ئامما تەييارلىغان مەبلەغ 423 مىليون 641 مىڭ 400 يۈەن. 4056.45 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، سۇغىرىش رايونلىرىدا 20 مىڭ 604 يۈرۈشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى؛ ئېتىزلاردا 240 مىڭ گېكتار يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى كۆپەيتىلدى؛ 525 ماشىنىلاشقان قۇدۇق، 6444 يۈرۈشلەشكەن ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 5695 ماشىنىلاشقان قۇدۇق رېمونت قىلىندى ۋە ئۆزگەرتىلدى؛ 35 مىڭ 600 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ، زەيكەش رېمونت قىلىندى؛ 1163.15 كىلومېتىر دامبا رېمونت قىلىنىپ مۇستەھكەملەندى؛ يېزا - بازارلاردا 369 سۇ تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇلۇپ، 970 مىڭ 900 ئادەم، 2 مىليون 229 مىڭ 100 چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۈيى ھەل قىلىندى؛ 29 مىڭ گېكتار يەردە يەم - خەشەك بازىسى بەرپا قىلىندى؛ سۇغىرىش كۆلىمى 27 مىڭ گېكتار كۆپەيتىلدى، 155 مىڭ گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى؛ ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق 101 مىڭ گېكتار يەر ئۆزگەرتىلدى.

2003 - يىلى شىنجاڭدىن سۇ تېجەپ سۇغىرىشتا ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرىدىن 7سى، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرىدىن 5ى مەركەزدە تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلۇپ، دۆلەتنىڭ 17 مىليون يۈەن ھەقسىز مەبلىغى قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ تۈرلەر يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

2003 - يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تارىم دەرياسى ۋادىسىنى ئۈنىۋېرسال تۈزەش تۈرىدىن 14ى يولغا قويۇلدى، بۇ تۈرلەرگە 2 مىليارد 451 مىليون 730 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 170 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈلۈپ تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى قىلىندى.

2003 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنى ئۈنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاچقۇچ قۇرۇلۇش بولغان قاراشەھەر دەرياسىنىڭ 1 - سۇ تەقسىملەش تۈگۈنىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى قول ئۆستەڭنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى تۈرى پۈتتى، بۇ تۈرگە 7 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. جەنۇبىي قىرغاقتىكى 1.69 كىلومېتىر باش قول ئۆستەڭنى، 10.66 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 1 - تارماق قول ئۆستەڭنى ۋە 14.85 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 2 - تارماق قول ئۆستەڭنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى پۈتتى.

پېڭ جۈن

## سۇ - تۇپراقنى ساقلاش قۇرۇلۇشى

1. زايوم تۈرىدىكى ئېقىن ۋادىلىرىدا سۇ - تۇپراقنى ساقلاپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈلگە قۇرۇلۇشى. 2003 - يىل 1 - ئايدا مۇتەخەسسىسلەر تەشكىللىنىپ، شىنجاڭ (يەرلىك) نىڭ مەركەز خام چوتى ئىچىدىكى مەخسۇس تۈر مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان سۇ - تۇپراقنى ساقلاش تۈرى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. بىر يىلدا سۇ - تۇپراق ئېقىپ كەتكەن 125 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەم تۈزىلىپ، سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

2003 - يىل 7 — 9 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 2002 - يىلى مەركەز خام چوتى ئىچىدىكى مەخسۇس تۈر مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان سۇ - تۇپراقنى ساقلاش تۈرلىرى نەق مەيداندا تەكشۈرۈلدى ۋە بۇ تۈرلەرگە يېتەكچىلىك قىلىندى، تۈرلەرگە چۈشۈرۈلگەن يىللىق قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ۋە مەبلەغ بىرمۇبىر ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. بۇ تۈرلەر بويىچە ناھىيە، شەھەرلەردە سۇ - تۇپراق ئېقىپ كەتكەن 180 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەم تىزگىنلەندى.

2. سۇ - تۇپراقنى ساقلاشقا دائىر يۈرۈشلەشكەن قائىدە-قانۇنلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى. 2003 - يىلى «شىنجاڭنىڭ سۇچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشى تۈرلىرىدىن سۇ - تۇپراقنى ساقلاش لايىھەسىنى باشقۇرۇش چارىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سۇچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشى تۈرلىرى ئىچىدىكى سۇ - تۇپراقنى ساقلاش خىزمىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 125 چوڭ سۇغىرىش رايونىدىكى سۇ تېجەشنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى، ياپونىيىنىڭ ھەمكارلىق فوندىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان سۇ تېجەشنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سۇچىلىق قۇرۇلۇشى، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى ئۈنىۋېرسال تۈزەش تۈرى ۋە سۇ ئامبارلىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىپ مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۇ - تۇپراقنى ساقلاش لايىھەسى مۇتەخەسسىسلەر تەشكىللىنىپ تەكشۈرۈلدى. تەستىقلانغان

لايىھەلەرگە 60 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ، 106 كۇبادرات كىلومېتىرلىق مەسئۇلىيەت دائىرىسىدە سۇ - تۇپراق ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى.

3. دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن سۇ - تۇپراقنى ساقلاش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە ئۇ ھەقتىكى قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى. 2003 - يىلى غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى بىلەن كۈيتۇڭ — سايرام ئالىي تاشيولى قۇرۇلۇشىنىڭ توپا ئېلىش مەيدانى، داشقال تۆكۈش مەيدانى ۋە قۇرۇلۇش يوللىرىدا سۇ - تۇپراقنى ساقلاش جەھەتتىكى قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى تەكشۈرۈلدى. قانۇن ئىجرا قىلىش تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، يۇقىرىقى قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەرقايسى توختام بۆلەكلىرىدە سۇ - تۇپراقنى ساقلاش لايىھەسىنىڭ دەسلەپكى لايىھەسى بىلەن يەر شەكلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لايىھەسى تۈزۈپ چىقىلدى. 10 - ئايدا سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ سۇ - تۇپراقنى ساقلاشنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش مەركىزى بىلەن ھەمكارلىشىپ، «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ تۇرۇبا ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى (شىنجاڭ بۆلىكى) دە سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش لايىھەسى» تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ لايىھەنىڭ تەلىپى بويىچە، دۆلەت سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش نۇقتىسىدىن 3ى، ۋاقىتلىق تەكشۈرۈپ ئۆلچەش نۇقتىسىدىن 12 سى قۇرۇلدى. دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىكى سۇ - تۇپراقنى ساقلاش مۇئەسسەسىلىرى تۆلەم ھەققىنى يىغىش قانات يايدۇرۇلدى. غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى (شىنجاڭ بۆلىكى)، كۈيتۇڭ — سايرام ئالىي تاشيولى قۇرۇلۇشىدا سۇ - تۇپراقنى ساقلاش مۇئەسسەسىلىرى بويىچە 8 مىليون يۈەندىن كۆپرەك تۆلەم ھەققى يىغىلىپ، ھەممىسى ئاپتونوم رايون مالىيىسىگە تاپشۇرۇلۇپ مەخسۇس تۈرلەر ھېساباتىغا كىرگۈزۈلدى.

2003 - يىلى شىنجاڭ سۇ - تۇپراقنى ساقلاش بويىچە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش باش تور پونكىتى سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن سۇ - تۇپراقنى ساقلاش بويىچە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەشتە «ئا» دەرىجىلىك سالاھىيەتنى ئالدى.

2003 - يىلى شىنجاڭ فېڭچىڭ سۇ ئامبىرى بىلەن غەربىي غول ئۆستەڭنىڭ سۇ - تۇپراقنى ساقلاش مۇئەسسەسىلىرى سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

يى يۈنپىڭ

شىنجاڭ بويىچە يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشىدىغان دەريا - ئېقىنلار

| ۋادا نامى | دەريا نامى |
| --- | --- |
| ئېرتىش دەرياسى | قۇئېرتىش دەرياسى |
| | قارائېرتىش دەرياسى |
| | بۇلغۇن دەرياسى |
| | قابا دەرياسى |
| ئۇلۇنگۇر دەرياسى | ئۇلۇنگۇر دەرياسى |
| ئىلى دەرياسى | قاش دەرياسى |
| | كۈنەس دەرياسى |
| | تېكەس دەرياسى |
| ماناس دەرياسى | ماناس دەرياسى |
| قاراشەھەر دەرياسى | قاراشەھەر دەرياسى |
| ئۆگەن دەرياسى | مۇزارت دەرياسى |
| ئاقسۇ دەرياسى | قۇمئېرىق دەرياسى |
| | توشقان دەرياسى |
| قەشقەر دەرياسى | قىزىل دەرياسى |
| | گەز دەرياسى |
| يەكەن دەرياسى | يەكەن دەرياسى |
| خوتەن دەرياسى | قاراقاش دەرياسى |
| | يۇرۇڭقاش دەرياسى |
| تارىم دەرياسى | تارىم دەرياسى |

## شەھەر - يېزىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرى ئارقىلىق 36 مىليارد 204 مىليون كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىگە تەمىنلەنگىنى 35 مىليارد 426 مىليون كۇب مېتىر، سانائەتكە تەمىنلەنگىنى 309 مىليون كۇب مېتىر، شەھەر - بازار ئىستېمالىغا تەمىنلەنگىنى 469 مىليون كۇب مېتىر؛ قۇرۇلۇش تۈرلىرى بويىچە ئايرىغاندا، سۇ ساقلاش قۇرۇلۇشلىرى تەمىنلىگىنى 8 مىليارد 553 مىليون كۇب مېتىر، سۇ باشلاش قۇرۇلۇشلىرى تەمىنلىگىنى 23 مىليارد 690 مىليون كۇب مېتىر، ماشىنىلاشقان قۇدۇقلار تەمىنلىگىنى 3 مىليارد 55 مىليون كۇب مېتىر، توك ئارقىلىق سۇ چىقىرىش پونكىتلىرى ۋە سۇ پومپىلىرى تەمىنلىگىنى 172 مىليون كۇب مېتىر، باشقا

سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرى تەمىنلىگىنى 734 مىليون كۇب مېتىر. 2000 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە سۇغىرىش رايونلىرىدا سۇنى ئائىلىلەرگىچە تەمىنلەش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بۇنداق كۆلەم 1 مىليون 720 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 2000 ـ يىلدىكى سۇغىرىش كۆلىمىنىڭ 80% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭدا 1 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىر سۇ تېجىلىپ، ھەر گېكتار يەرگە 570 كۇب مېتىردىن توغرا كەلدى، سۇ ھەققى ھەر گېكتار يەردىن 67.5 يۈەن ئازايدى.

2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك سۇ ھەققى 1 مىليارد 431 مىليون 834 مىڭ 900 يۈەن (يەرلىكنىڭ 769 مىليون 674 مىڭ 900 يۈەن) ئىدى، ئەمەلىي يىغىۋېلىنغىنى 1 مىليارد 226 مىليون 900 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 21 مىليون 684 مىڭ 100 يۈەن ئارتۇق يىغىۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ يىغىۋالغىنى 635 مىليون 110 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 74 مىليون 144 مىڭ 100 يۈەن ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ ھەققىدىن قۇرۇلۇشلارنى رېمونت قىلىشقا 224 مىليون 306 مىڭ 300 يۈەن قايتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ سۇ ھەققىدىن قايتۇرۇلغىنى 144 مىليون 710 مىڭ 700 يۈەن.

جاڭ رۇڭ

## يەرلىك سۇ ئېلېكتر ئىشلىرى

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭنىڭ يەرلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىدا گېنېراتورلارنىڭ سىغىمچانلىقى 583 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يەتتى، بىر يىلدا 1 مىليارد 840 مىليون كىلوۋات سائەت توك چىقىرىلدى.

سۇچىلىق نازارىتى 2003 ـ يىل 9 — 12 ـ ئايغىچە ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەر بىلەن بىرلىشىپ، تۈر، لايىھە تۈزگۈزۈلمىگەن، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنمىغان، باشقۇرۇلمىغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات ـ پىلان كومىتېتى خوتەن ئۇلۇغئاتا سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2004 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يېڭى باھا ھۆججىتىنى يولغا قويۇپ، تورلاشتۇرۇلغان توكنىڭ ھەر كىلوۋات سائىتىنىڭ باھاسىنى ئەسلىدىكى 0.09 يۈەندىن 0.15 يۈەنگە ئۆستۈرۈشنى تەستىقلىدى.

10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يېزىلىرى ئېلېكترلەشتۈرۈلىدىغان ناھىيىلەر قۇرۇلۇشىدا ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلەش بولدى، بىر يىلدا 216 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يېزىلىرى ئېلېكترلەشتۈرۈلىدىغان ناھىيىلەردە گېنېراتورلارنىڭ سىغىمچانلىقى 234 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئېلېكترنىڭ 181 مىڭ 200 كىلوۋات. 9 ـ ئايدا سۇچىلىق مىنىستىرلىكى بېگسار ناھىيىسىنى 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يېزىلىرى ئېلېكترلەشتۈرۈلىدىغان ناھىيە قىلىپ تولۇقلاشنى تەستىقلىدى. بىر يىلدا بۆرچىن قاتارلىق 12 ناھىيىدە كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى يېقىلغۇ ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش تۈرى جەھەتتىكى يولغا قويۇش لايىھىسى ئىشلىنىپ بولدى.

خۇ يەن

## شامال ئارقىلىق توك چىقىرىش

**زايوم بىلەن كېڭەيتىپ قۇرۇلغان شامال كۈچى ئارقىلىق توك چىقىرىش مەيدانى تۈرى** 2003 ـ يىلى شىنجاڭ شامال ئېنېرگىيىسى شىركىتى زايوم بىلەن كېڭەيتىپ قۇرۇلىدىغان تۈرلەردىن 110 كىلوۋولتلۇق بېسىم ئۆزگەرتىش پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، سىمىنى ئۇلىدى ھەم 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئېلېكتر تورىغا كىرگۈزدى. پۈتكەن تۈرلەر ئىچىدە 19 دانە شامال گېنېراتورى (8ى 600 كىلوۋاتلىق، 11ى 660 كىلوۋاتلىق) نى مۇنارغا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بار، ئۇلاردىن 8ى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تورغا ئۇلاشتۇرۇلۇپ توك چىقىرىلدى. يەنە 750 كىلوۋاتلىق 2 گېنېراتور ۋە ئۇنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 16 گېنېراتور مۇنارى ئۇلى ۋە مەيداندىكى يۈرۈشلەشكەن توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ داۋامى پۈتكۈزۈلدى.

**مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن شامال گېنېراتورىنى سېتىش ۋە قۇراشتۇرۇش** 2003 ـ يىلى شىنجاڭ جىنفېڭ شىركىتى مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن شامال گېنېراتورىدىن 55نى (53ى 600 كىلوۋاتلىق، 2سى 750 كىلوۋاتلىق) سېتىش توختامى تۈزدى، ئۇنىڭ 20سى خېبېي چېڭدې شەھىرىنىڭ، 17سى ئىچكى موڭغۇل چىفېڭ شەھىرىنىڭ، 18ى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ. 33 گېنېراتور (31ى 600 كىلوۋاتلىق، 2سى 750 كىلوۋاتلىق) نى قۇراشتۇردى، ئۇنىڭ 17سى ئىچكى موڭغۇلنىڭ، 10ى شىنجاڭنىڭ (2سى 750 كىلۋاتلىق)، 6سى دالىيەننىڭ.

**جۇڭگو ـ گېرمانىيە فوتوۋولت ئېلېكتر ئىستانسىسى تۈرى** شىنجاڭ شامال ئېنېرگىيىسى شىركىتى جۇڭگو ـ گېرمانىيە فوتوۋولت ئېلېكتر ئىستانسىسى تۈرىنى ئىجرا قىلغۇچى ئورۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن 2003 ـ يىل 6 ـ ئايدا فوتوۋولت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 ـ قارارلىق يېزا ـ قىشلاقلاردا تۆۋەن بېسىملىق ئېلېكتر تورىنى يولغا قويۇش

بويىچە خېرىدار چاقىرىش، توختام تۈزۈش ئىشلىرىنى تاماملىدى، 6 - ئايدا گېرمانىيە تەرەپنىڭ مەسلىھەت بېرىش مۇتەخەسسىسلىرىگە ماسلىشىپ، 1 - قارارىدىكى قىسمەن ئىستانسا نۇقتىلىرىنىڭ يېزا - قىشلاقلاردا بەرپا قىلىنىدىغان تۈۋەن بېسىملىق ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە فوتوۋولت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2 - قارارلىق ئىستانسا نۇقتىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، باھالاش، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى تۈگەتتى، بېيجىڭدىكى ئالاقىدار تارماقلارغا ھەمكارلىشىپ، 2- قارااردا تاللىنىدىغان ئىستانسا نۇقتىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، گېرمانىيە تەرەپكە بۇ جەھەتتىكى تىزىملىكنى ۋە تېخنىكا ماتېرىياللىرىنىڭ تەپسىلاتىنى تاپشۇردى. 11 - ئايدا گېرمانىيە تەرەپ بىلەن توختام تۈزدى.

جاڭ شۈجۈن

شىنجاڭدىكى كۆلىمى 5 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان كۆللەر

| كۆل نامى | تەۋە ناھىيە | كۆلىمى (كۋادرات كىلومېتىر) | دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى (مېتىر) | مىنېراللىشىش دەرىجىسىنىڭ تۈرى |
|---|---|---|---|---|
| باغراش كۆلى | باغراش ناھىيىسى | 972 | 1048 | سەل شورلۇق |
| بۇرۇلتوقاي كۆلى | بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | 736 | 478 | شورلۇق |
| ئاياغقۇمكۆل | چاقىلىق ناھىيىسى | 570 | 3867 | شورلۇق |
| ئېبىنۇر كۆلى | جىڭ ناھىيىسى | 522 | 189 | تۇزلۇق |
| سايرام كۆلى | بورتالا شەھىرى | 454 | 2073 | شورلۇق |
| ئاچچىقكۆل | چاقىلىق ناھىيىسى | 345 | 4250 | شورلۇق |
| جىڭيۈ كۆلى | چاقىلىق ناھىيىسى | 267 | 4708 | شورلۇق |
| جىلىكۆل | بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | 160 | 480 | تۇزسىز |
| ئاقسايچىن كۆلى | خوتەن ناھىيىسى | 158 | 4963 | شورلۇق |
| ئەشمە كۆلى | ئاقسۇ شەھىرى | 150 | 1100 | شورلۇق |
| بارىكۆل | بارىكۆل ناھىيىسى | 88 | 1582 | تۇزلۇق |
| سارىجىلغا كۆلى | خوتەن ناھىيىسى | 43 | 5200 | تۇزلۇق |
| قاناس كۆلى | بۇرچىن ناھىيىسى | 45 | 1370 | تاتلىق |
| ئەيرىك كۆلى | قاراماي شەھىرى | 43 | 279 | تۇزلۇق |
| سايئوپو كۆلى | ئۈرۈمچى ناھىيىسى | 29 | 1092 | شورلۇق |
| ئايدىڭكۆل | تۇرپان شەھىرى | 23 | — 154 | تۇزلۇق |
| قۇمكۆل | چاقىلىق ناھىيىسى | 22 | | |
| بۇلاقلىق كۆلى | چاقىلىق ناھىيىسى | 21 | 4850 | |
| كىچىك قۇمكۆل | چاقىلىق ناھىيىسى | 19 | 4107 | |
| بايىزكۆل | كۇچا ناھىيىسى | 18 | 950 | |
| چاڭخۇڭخۇ كۆلى | چەرچەن ناھىيىسى | 17 | 4912 | |
| نامسىز كۆل | لوپنۇر ناھىيىسى | 17 | | |
| ئۇلۇغكۆل | كېرىيە ناھىيىسى | 15 | | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| تۈزكۆل | ئۈرۈمچى ناھىيىسى | 15 | 1072 | تۇزلۇق |
| ئىشەكپاتتى كۆلى | چاقىلىق ناھىيىسى | 15 | 3889 | |
| ئاچچىقكۆل | كېرىيە ناھىيىسى | 12 | | تۇزلۇق |
| ئەشمە كۆلى | ئاۋات ناھىيىسى | 11 | 1045 | |
| كىرىمكېتەي كۆلى | لوپنۇر ناھىيىسى | 11 | | |
| تاشكۆل | چەرچەن ناھىيىسى | 11 | 4244 | |
| بەنداۋخۇ كۆلى | چەرچەن ناھىيىسى | 11 | 4935 | |
| سىيىتكۆل | لوپنۇر ناھىيىسى | 10 | | |
| يېڭىكۆل | چاقىلىق ناھىيىسى | 10 | | شورلۇق |
| لىتىڭگە كۆلى | خوتەن ناھىيىسى | 9.3 | | |
| ئاقكۆل | بۇرچىن ناھىيىسى | 9.1 | 1954 | شورلۇق |
| ئېلىش سۇ ئامبىرى | يەكەن ناھىيىسى | 8.8 | 1021.8 | |
| سولۇقسۇ كۆلى | گۇما ناھىيىسى | 8.7 | | |
| كىچىك ئېرىق كۆلى | قاراماي شەھىرى | 8.7 | | |
| سايئېرىق كۆلى | ئاقسۇ شەھىرى | 8.2 | 807 | |
| تاغارچى سۇ ئامبىرى | يەكەن ناھىيىسى | 7.5 | 1200 | |
| چوڭ كۆلباش | ئاقتۇ ناھىيىسى | 7.2 | 3200 | |
| نامسىز كۆل | چاقىلىق ناھىيىسى | 6.4 | | |
| شوركۆل | ئاتۇش شەھىرى | 6.1 | 1570 | |
| سېرۋى سۇ ئامبىرى | يەكەن ناھىيىسى | 6 | 1197 | |
| كۆكتوقاي كۆلى | كۆكتوقاي ناھىيىسى | 6 | | تۇزسىز |
| ئاگۇسەن كۆلى | لوپنۇر ناھىيىسى | 5.3 | | |
| تۈزكۆل | بۇرچىن ناھىيىسى | 5.1 | | |

**ئىزاھ: شىنجاڭدا كۆلىمى بىر كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان كۆلدىن 138ى، 5 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان كۆلدىن 46سى بار.**

## سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭنىڭ يەرلىك سىستېمىسى بويىچە ياسالغان سۇ ئامبىرى 393كە، ئامبار سىغىمى 4 مىليارد 984 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ سۇ ئامبىرى 9، سىغىمى 2 مىليارد 50 مىليون كۇب مېتىر؛ ئوتتۇراھال سۇ ئامبىر 80، سىغىمى 2 مىليارد 298 مىليون كۇب مېتىر؛ كىچىك سۇ ئامبىرى 304، سىغىمى 636 مىليون كۇب مېتىر. ياسىلىپ بولغان سۇ ئامبارلىرى ئىچىدە خەتەرلىك سۇ ئامبىرى 201 بولۇپ، %54نى ئىگىلەيدۇ. 1999 — 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 42 چوڭ، ئوتتۇراھال، كىچىك سۇ ئامبىرىنىڭ خەتىرى تۈگىتىلىپ مۇستەھكەملەندى، بۇنىڭغا 887 مىليون 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە زايوم مەبلىغى 577 مىليون 160 مىڭ يۈەن، يەرلىكنىڭ يۇرۇشلەشتۈرمە مەبلىغى 309 مىليون 900 مىڭ يۈەن، ھازىرغىچە 523 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ بولدى. بۇ قۇرۇلۇشلار پۈتكەندىن كېيىن، ئەمىنلىنىدىغان سۇ 444 مىليون كۇب مېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 45 مىڭ 400 گېكتار كۆپىيىدۇ، 202 مىڭ 200 گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىش كۆلىمى ياخشىلىنىدۇ.

2003 - يىلى ئەتىيازدا يەرلىك سىستېمىنىڭ سۇ

ئامبارلىرىغا 2 مىليارد 541 مىليون كۇب مېتىر سۇ قاچىلاندى، بۇ 2002 ـ يىلدىكىدىن 242 مىليون كۇب مېتىر ئاز.

جاڭ رۇڭ

## سۇغىرىش رايونلىرىنى سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش

2003 ـ يىلى «شىنجاڭنىڭ ئوتتۇراھال سۇغىرىش رايونلىرىنى يۈرۈشلەشكەن، سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش ئومۇمىي پىلانى» تۈزۈپ چىقىلدى، 73 ئوتتۇراھال سۇغىرىش رايونىنىڭ ئومۇمىي پىلانى سۇچىلىق مىنىستىرلىكىگە يوللاندى، ئۇلارنى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇراھال سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈش قولغا كەلتۈرۈلدۇ. 1998 — 2003 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە يەرلىك سىستېمىدىن 27 چوڭ سۇغىرىش رايونىنىڭ 86 تۈرى دۆلەتنىڭ چوڭ سۇغىرىش رايونلىرىدىكى داۋاملاشتۇرۇلىدىغان يۈرۈشلەشتۈرۈش تۈرلىرىگە مەبلەغ سېلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، 701 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە زايوم مەبلىغى 446 مىليون يۈەن، يەرلىكنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈش مەبلىغى 255 مىليون يۈەن، ھازىرغىچە 480 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ بولدى.

جاڭ رۇڭ

## سۇغىرىشنى باشقۇرۇش

2003 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئەمەلىي سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 4 مىليون 700 مىڭ 300 گېكتار (ئېتىز ـ ئېرىق، باغ، سۇغىرىلىدىغان ئوتلاقلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 13 مىڭ گېكتار كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 3 مىليون 13 مىڭ 500 گېكتار. ئېتىزغا تېرىلغان زىرائەت كۆلىمى 369 مىڭ 100 گېكتار بولۇپ، 27 مىڭ گېكتار كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 323 مىڭ 500 گېكتار. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىقتا 43 مىليارد 306 مىليون كۇب مېتىر سۇ باشلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ باشلىغىنى 31 مىليارد 873 مىليون كۇب مېتىر. ئاپتونوم رايون بويىچە 19 مىليون 68 مىڭ 100 گېكتار (قېتىم) يەر سۇغىرىلدى، بۇ 2002 ـ يىلدىكىدىن 65 مىڭ گېكتار (قېتىم) ئاز، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 13 مىليون 512 مىڭ 600 گېكتار (قېتىم). ئەتىيازدا سۇغىرىلغان يەر 5 مىليون 909 مىڭ 300 گېكتار (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 4 مىليون 303 مىڭ 400 گېكتار (قېتىم). ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر گېكتار يەرگە 10 مىڭ 635 كۇب مېتىر سۇ ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 10 مىڭ 575 كۇب مېتىر. ھەر گېكتار (قېتىم) زىرائەتنى ئومۇمىيۈزلۈك سۇغىرىشقا كەتكەن سۇ (ئومۇمىي سۇغىرىش نورمىسى) 2265 كۇب مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 2355 كۇب مېتىر. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئوتتۇرىچە 4.68 قېتىم سۇغىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 4.48 قېتىم.

جاڭ رۇڭ

## سۇ تېجەپ سۇغىرىش

2003 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 1 مىليون 407 مىڭ 800 گېكتار يەرنىڭ نەملىكى سۇلىياۋ يوپۇق يېپىپ ساقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 870 مىڭ 600 گېكتار. 689 مىڭ 400 گېكتار يەر سۇلىياۋ يوپۇق ئۈستىدىن سۇغىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 565 مىڭ 400 گېكتار. ئاپتونوم رايون بويىچە سۇلىياۋ يوپۇق يېپىپ نەملىكى ساقلانغان كۆلەم شۇ يىلى ئەمەلىي سۇغىرىلغان 2 مىليون 946 مىڭ 200 گېكتار كۆلەمنىڭ %47.78نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليون 564 مىڭ 600 گېكتار يەر چۈنەكلەپ سۇغىرىلدى، 1 مىليون 578 مىڭ 100 گېكتار يەر تاختىلاپ سۇغىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلچەملىك تاختىلاپ سۇغىرىلغان يەر 703 مىڭ 700 گېكتار. ئاپتونوم رايون بويىچە ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىش كوئېففىتسىيېنتى 0.52 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 0.49.

جاڭ رۇڭ

## پەن ـ تېخنىكا تۈرلىرىنى باشقۇرۇش

2003 ـ يىلى شىنجاڭ سۇچىلىق سىستېمىسى بويىچە پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق سۇچىلىقنى گۈللەندۈرۈش تۈرىدىن 75ى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قاراپ چىقىشىدىن ئۆتتى، ئۇلاردىن 38ى ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 ـ يىللىق پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق سۇچىلىقنى گۈللەندۈرۈش تۈرى پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. 2003ـ يىلى سۇچىلىق نازارىتى سۇچىلىق پەن-تېخنىكىسى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىش ۋە تېخنىكا كېڭەيتىش خىزمىتىنى باشلاشقا 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ 620 مىڭ يۈەن پەن ـ تېخنىكا خىراجىتىنى قولغا كەلتۈردى ھەم سۇچىلىق پەن ـ تېخنىكىسى تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا دائىر تۈرلەرنى يوللاش خىزمىتىنى پىلان بويىچە تاماملىدى. 2003ـ يىلى ئۇلۇغئاتا سۇ ئامبىرىنى قۇرۇش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئىشلىگەن «ئالىي بېتون يۈزلۈك شېغىل تاش توسما ياساشتىكى ھالقىلىق تېخنىكا تەتقىقاتى» دۆلەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «ئېرتىش دەرياسىنىڭ جۇڭگو بۆلىكىدىكى بېلىق بايلىقى تەتقىقاتى ۋە ئۇنى ئېچىش تەجرىبىسى» تۈرى بىلەن

«چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئارتېزىيان قۇدۇقى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تۈرىدىن ئىبارەت 2 تۈرلۈك پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

مۇختار خوجا

## مەملىكەت بويىچە ئىلغار شەخس، ئىلغار كوللېكتىپلار

2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سۇچىلىق مىنىستىرلىكى 2002 - يىلى مەملىكەت بويىچە يېزىلاردىكى ئىچىملىك سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتىكى ئىلغار شەخس ۋە ئىلغار كوللېكتىپلارنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى. شىنجاڭدىن پاتىخان (بورتالا ئوبلاستلىق سۇچىلىق ئىدارىسىدىن)، ۋاڭ يەنيۇڭ (قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك سۇچىلىق ئىدارىسىدىن)، مىجىت غوپۇر (غۇلجا ناھىيىلىك سۇچىلىق ئىدارىسىدىن)، ئابلىز ھەسەن (توقسۇن ناھىيىلىك سۇچىلىق ئىدارىسىدىن)، يىڭ خۇي (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىدىن)، يەن خېجياڭ (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 4 - شىسىدىن)، ۋاڭ لىپىڭ (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 - شىسىدىن) لار ۋە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك سۇچىلىق ئىدارىسىنىڭ يېزىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى، غۇلجا ناھىيىلىك سۇچىلىق ئىدارىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى تىزىملىكتىن ئورۇن ئالدى.

ليۇ ۋېنفېن

## ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسى

2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، 2002 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن 30 ناھىيە (شەھەر) نى تەقدىرلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 6 بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار: فۇكاڭ شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى، شىخو شەھىرى، بورتالا شەھىرى، قاغىلىق ناھىيىسى، يەنجى ناھىيىسى؛ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 12 بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار: تۇرپان شەھىرى، ئاراتۈرۈك، گۇچۇڭ ، كۈنەس، ساۋەن، قابا، ئارىشاڭ، قاراقاش ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىرى، ئاتۇش شەھىرى، ئونسۇ، خوشۇت ناھىيىلىرى؛ 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 12 بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار: سانجى شەھىرى، تېكەس، دۆربىلجىن ناھىيىلىرى، ئالتاي شەھىرى، جىڭ، توقسۇن ناھىيىلىرى، قۇمۇل شەھىرى، لوپ، يەكەن، ئاقچى، باي ناھىيىلىرى، كورلا شەھىرى.

ليۇ ۋېنفېن

## چيەن جېڭيىڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى

جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، غەربىي شىمال سۇ بايلىقى تۈرى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى چيەن جېڭيىڭ باشچىلىقىدىكى 11 كىشى 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە تارىم دەرياسىنى ئوڭشۇۋېرسال تۈزەش تۈرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ۋە تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىغا دائىر ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ليۇ ۋېنفېن

# يېزا - بازار كارخانىلىرى

## يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 42 مىليارد 764 مىليون يۈەن (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 14.36% ؛ قوشۇلما قىممىتى 10 مىليارد 248 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.25% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 535 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.63%، ساپ پايدىسى 2 مىليارد 647 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 17.28%، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 1 مىليارد 378 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.76% ئاشتى، كەسپكار 880 مىڭ 900 گە يېتىپ، 14 مىڭ 200 ى كۆپەيدى. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىدىن كەلگەن قىسمى 508 يۈەنگە يېتىپ، 24.13% نى ئىگىلەپ، 2002 - يىلدىكىدىن 59 يۈەن كۆپىيىپ، دېھقانلار ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن قىسمىنىڭ 24.38% نى ئىگىلىدى.

جاڭ جيەنشو

## تۈر قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى ياكى دېھقانلار مەبلەغ سېلىشنى ئاساس قىلىش مەبلەغ سېلىش ئاساسىي گەۋدىسىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يوللىرىنى خىلمۇ

خەللاشتۇرۇش، كاپىتال قۇرۇلمىسىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشقا قاراپ يۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن يېزا - بازار كارخانىلىرى ھەم يېزا ئىقتىسادىي كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولدى ھەم شەھەر ئىگىلىكى مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بىر يىلدا ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىدىن 762 سى تاماملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان تۈر 568، ئۆزگەرتىلگەن تۈر 72، كېڭەيتىلگەن تۈر 146، باشقا تۈرلەر 6. بۇ تۈرلەرگە 3 مىليارد 905 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرى توپلىغان مەبلەغ 2 مىليارد 33 مىليون يۈەن بولۇپ، %52.06 نى، كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 1 مىليارد 89 مىليون يۈەن بولۇپ، %27.89 نى، قەرز پۇل 616 مىليون يۈەن بولۇپ، %15.78 نى، باشقا مەبلەغ 167 مىليون يۈەن بولۇپ، %4.27 نى ئىگىلىدى.

جياڭ جيەنشو

## سانائەت باغچا رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا - بازار سانائەت رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۇنجى تۈركۈمدە 2 مىليون يۈەن ئاجرىتىلدى، بۇ مەبلەغ ئۈزگىچە، يېڭى، يۈكسەلگۈچى دەرىجىدە بىرلەشكەن كەسىپ، تەسىر كۈچى ۋە يېتەكلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك 6 سانائەت باغچا رايونىغا بېرىلدى. يىل ئاخىرىغىچە قۇرۇلۇۋاتقان ۋە پۈتكەن ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يېزا - بازار كارخانىلىرى سانائەت باغچا رايونى 43 كە، باغچا رايونىغا كىرگەن كارخانا 7967 گە، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 565 مىليون يۈەنگە، باغچا رايونىدىكى كارخانىلارنىڭ كەسپكارى 71 مىڭ 500 گە يەتتى، شەھەر ئەتراپىدىكى جايلار خام ئەشيا - ماتېرىيال بازىسى، سانائەت باغچا رايونى ۋە كىچىك شەھەر - بازارلار يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئاساسلىق رايونغا ئايلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنىڭ سەر خىل ۋە مەركەزلىك بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

جياڭ جيەنشو

شىنجاڭدىكى 10 كۈچلۈك يېزا - بازار كارخانىسىنىڭ 2003 - يىلدىكى مەھسۇلات قىممىتى ۋە پايدا - بېجى

| كارخانا نامى | مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | پايدا ۋە باج سوممىسى (100 مىليون يۈەن) |
|---|---|---|
| شىنجاڭ يەتتە يۇلتۇز بىناكارلىق - قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 9.42 | 0.54 |
| شىنجاڭ جيۇجۇ بىناكارلىق گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى | 8.14 | 0.87 |
| شىنجاڭ بايىنغولىن ئوبلاستلىق تەيچاڭ سانائەت باش شىركىتى | 5.59 | 0.44 |
| شىنجاڭ كورلا بەخت يۇلتۇزى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى | 3.13 | 0.31 |
| شىنجاڭ تەڭرىتاغ پاختا توقۇمىچىلىق گۇرۇھى | 3.05 | 0.15 |
| شىنجاڭ شىنفېڭ پاي چەكلىك شىركىتى | 2.06 | 0.27 |
| شىنجاڭ تۇنخې پولىئېستېر ياپىراقچىسى زاۋۇتى | 1.87 | 0.21 |
| شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 1.14 | 0.08 |
| خېجىڭ ناھىيىلىك شىنشىڭ بىناكارلىق شىركىتى | 1.54 | 0.09 |
| شىنجاڭ سەنۋاڭ يەم - خەشەك چەكلىك شىركىتى | 1.27 | 0.07 |

## يېزا - بازارلاردىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش سانائىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش سانائىتى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، يېزا - بازار كارخانىلىرى كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلدى. يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە كۆلەمدىن يۇقىرى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلايدىغان يېزا - بازار كارخانىسى 155 كە يەتتى، بۇ كارخانىلار ئاساسەن سانجى، ئىلى، تارباغاتاي،

بورتالا، باينغولىن، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە مەركەزلەشتى. بىر يىلدا يارىتىلغان قوشۇمچە قىممەت 986 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %40.91 ئاشتى، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى 87 نۇقتىلىق باشلامچى كارخانا ئىچىدە يېزا - بازار كارخانىسىدىن 29 ى بار.

جياڭ جيەنشو

## كۆلەمدىن يۇقىرى يېزا - بازار كارخانىلىرى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كۆلەمدىن يۇقىرى يېزا-بازار كارخانىسى 336 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تىجارەت كىرىمى 5 مىليون يۈەندىن 10 مىليون يۈەنگىچە بولغىنى 162، 10 مىليون يۈەندىن 50 مىليون يۈەنگىچە بولغىنى 167، 50 مىليون يۈەندىن 100 مىليون يۈەنگىچە بولغىنى 23، 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغىنى 14. كۆلەمدىن يۇقىرى كارخانىلارنىڭ يىللىق قوشۇمچە قىممىتى 3 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرى قوشۇمچە قىممىتىنىڭ %25.30 نى ئىگىلەپ، 2002 - يىلدىكىدىن %40 ئېشىپ، تىرەكلىك ۋە تۈرتكىلىك رولىنى كۈچەيتتى.

جاڭ جيەنشو

## يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىسلاھاتى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى مۈلۈك هوقۇقى تۈزۈمى يادرو قىلىنغان ئىسلاھاتنى پائال، مۇقىم ئىلگىرى سۈردى. ئاپتونوم رايوندىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن 474 نى، پاي چەكلىك شىركىتىدىن 46 نى قۇردى، %80 تىن ئارتۇق يېزا-كەنتتىكى كوللېكتىپ كارخانا مۈلۈك هوقۇقى ئاساسىي گەۋدىسىنى پاي تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇردى، كۆلەمدىن يۇقىرى كارخانىلار زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى رامكىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلدى. ئىسلاھات ئارقىلىق يېزا - بازار كارخانىلىرى كوللېكتىپ ئىقتىساد ئاساس قىلىنغان كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك تەڭ مەۋجۇت بولغان ئارىلاشما مۈلۈكچىلىك ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولىمىغان ئىگىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان تەرەققىيات ئەندىزىسىگە قاراپ يۈرۈلۈشنى ئىشقا ئاشۇردى.

جياڭ جيەنشو

## يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىل 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا ش ئۇ ئا ر يېزا-بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى ئۈمەك تەشكىللەپ مەنشىي ئۆلكىسىنىڭ تەيۈەن شەھىرىدە ئېچىلغان 2003 - يىللىق مەملىكەتلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى شەرق - غەرب هەمكارلىقى ئىختىساس سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇردى، يەرمەنكىدە 9 تۈرلۈك كېلىشىم ئىمزالاندى، كېلىشىم بويىچە سېلىنىدىغان مەبلەغ 300 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە كىرگۈزۈلىدىغان مەبلەغ 150 مىليون يۈەن. 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى (يۇقىراۋى كارخانىلار) تەشكىللىگەن ئۈمەك شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەكلىپ قىلىندى، 15 هەمكارلىق تۈرى بويىچە دەسلەپكى قەدەمدە كېلىشىم هاسىل قىلىندى، كېلىشىم بويىچە سېلىنىدىغان مەبلەغ 3 مىليارد 692 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ساناەت باغچا رايونى تۈرى 2، سېلىنىدىغان مەبلەغ 2 مىليارد 500 مىليون يۈەن. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈمەك تەشكىللىنىپ فۇجيەن ئۆلكىسىگە بېرىپ ئىز قوغلاپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ساناەت رايونى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى. بىر يىلدا 1 مىليارد 89 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كىرگۈزۈلگەن چەت ئەل مەبلىغى 198 مىليون يۈەن بولۇپ، كىرگۈزۈلگەن ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %17.18 نى ئىگىلىدى.

جياڭ جيەنشو

## قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش، يۈكنى يېنىكلىتىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرى سىستېمىسىدا قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش، يۈكنى يېنىكلىتىش خىزمىتىدە ئارقىغا قاراپ بېقىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، شىنجاڭ بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ يۈكىنى نازارەت قىلىش بويىچە ئالاقە باغلاش نۇقتىسىدىن 16 سى قۇرۇلۇپ 60 نازارەتچى تەكلىپ قىلىندى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىدىن ئېلىنىدىغان 76 تۈرلۈك نامۇۋاپىق هەق ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۇنىڭ سوممىسى 59 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ، بەلگىلىمىگە ۋە ئىنتىزامغا خىلاپ هالدا كارخانىلارنىڭ يۈكىنى كۆپەيتىۋېتىش دېلوسىدىن 68 ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، ئۇنىڭغا چېتىلىدىغان سومما 9 مىليون 660 مىڭ يۈەن.

جياڭ جيەنشو

# بېلىقچىلىق

## بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە سۇ مەھسۇلات

مىقدارى 66 مىڭ 756 توننىغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %4.8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك سىستېمىنىڭ 50 مىڭ 148 توننىغا يېتىپ، %5.8؛ بىڭتۇەننىڭ 16 مىڭ 608 توننىغا يېتىپ، %1.9 ئاشتى.

سۇ مەھسۇلاتى ئىچىدە باقمىچىلىقنىڭ 55 مىڭ 771 توننىغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %3.5؛ تەبىئىي كۆل-دەريالاردىن تۇتۇلغىنى 10 مىڭ 985 توننىغا يېتىپ، %10 ئېشىپ، باقمىچىلىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭ %84ىنى ئىگىلىدى.

يەرلىك سىستېمىنىڭ باقمىچىلىق مەھسۇلات مىقدارى 41 مىڭ 486 توننىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بېلىق كۆلچەكلىرىدە بېقىلغىنى 33 مىڭ 659 توننىغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %8.1؛ كۆللەردە بېقىلغىنى 512 توننىغا يېتىپ، %36.7 ئاشتى؛ سۇ ئامبىرىدا بېقىلغىنى 4131 تونىنا بولۇپ، %9.3؛ ئازگال ـ كۆلچەكلەردە (دەريا جىلغىلىرىدا بېقىلغىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بېقىلغىنى 2872 تونىنا بولۇپ، %17.5؛ باشقا ئۆستەڭلەردە بېقىلغىنى 312 تونىنا بولۇپ، %36.7 ئازايدى.

يەرلىك سىستېمىنىڭ سۇ مەھسۇلاتى باقمىچىلىق كۆلىمى 38 مىڭ 554 گېكتار بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %0.5 ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە بېلىق كۆلچىكى 6584 گېكتارغا يېتىپ، %3.8؛ كۆل 4809 گېكتارغا يېتىپ، %4.4؛ سۇ ئامبىرى 20 مىڭ 197 گېكتارغا يېتىپ، %5.4 ئاشتى؛ دەريا ـ جىلغىسى (ئازگال ـ كۆلچەك) 6926 گېكتار بولۇپ، %24؛ باشقا باقمىچىلىق كۆلىمى 38 گېكتار بولۇپ، %69.3 ئازايدى. ھەر گېكتار باقمىچىلىق سۇ كۆلىمىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 1.07 توننىغا يەتتى.

2003 ـ يىلى 623 مىليون دانە بېلىق بالىسى يېتىشتۈرۈلۈپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 123 مىليون دانە كۆپەيدى.

يەرلىك سىستېمىدا سۇ مەھسۇلاتىنى پىششىقلاش كارخانىسىدىن 5ى بار، ئۇلار توڭلىتىلغان سۇ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاشنى ئاساس قىلىدۇ، ھەم ئاز مىقداردىكى قۇرۇتۇلغان مەھسۇلات ۋە كونسېرۋانىمۇ پىششىقلايدۇ.

يەرلىك سىستېمىدىكى بېلىقچىلىق كەسپىي ئائىلىسى 3184 كە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 3 ئائىلە كۆپەيدى. بېلىقچىلىق نوپۇسى 14 مىڭ 991 گە يېتىپ، 567 كىشى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەنئەنىۋى بېلىقچى 3824 (بېلىقچىلىقتىن قىلىنغان كىرىمنى ئاساس قىلىدۇ). بېلىقچىلىق ئەمگەك كۈچى 11 مىڭ 773كە يېتىپ، 616 كىشى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئەمگەك كۈچى 6410 غا يېتىپ، 639 كىشى كۆپەيدى، قوشۇمچە ئەمگەك كۈچى 5363 بولۇپ، 23 كىشى ئازايدى. بېلىقچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3387 يۈەنگە يېتىپ، 160 يۈەن كۆپەيدى. بېلىقچىلىق ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 390 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 100 مىليون يۈەن ئاشتى (ھازىرقى باھا بويىچە، بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا). بېلىقچىلىقتا ئايەت يۈز بېرىپ 7 مىليون 835 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئاپەت ئاساسلىقى كېسەللىك زىيانداشلىقى، قۇرغاقچىلىق، بۇلغىنىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەيدا بولدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە سۇيەتلىك سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى 10 مىڭ 705 توننىغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 1247 تونىنا كۆپىيىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ %16ىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە راك، قىسقۇچ پاقىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 148 توننىغا يەتتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە كىشى بېشىغا 3.7 كىلوگرامدىن سۇ مەھسۇلاتى توغرا كەلدى.

يەرلىك سىستېمىدا ئومۇمىي سۇ مەھسۇلات مىقدارى 4000 توننىدىن ئاشقان ۋىلايەت، ئوبلاست 6: سانجى ئوبلاستىنىڭ 12 مىڭ 100 تونىنا، ئىلى ئوبلاستىنىڭ 8480 تونىنا، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ 6803 تونىنا، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 5008 تونىنا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 4694 تونىنا، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 4067 تونىنا. مەھسۇلات مىقدارى 2000 توننىدىن ئاشقان ناھىيە، شەھەر 8: سانجى شەھىرىنىڭ 7139 تونىنا، باغراش ناھىيىسىنىڭ 4900 تونىنا، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ 4527 تونىنا، بۆرتالا (بورۇلتوقاي) ناھىيىسىنىڭ 3421 تونىنا، غۇلجا شەھىرىنىڭ 2485 تونىنا، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ 2470 تونىنا، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ 2300 تونىنا، باي ناھىيىسىنىڭ 2150 تونىنا.

ياڭ شياۋلېي

## يەرلىك بېلىقچىلىقنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

1. سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇقىم ئاشتى. 2003-يىلى يەرلىك سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى 2002 ـ يىلدىكىدىن %5.5 ئاشتى، ئاساسلىقى كۆلچەكتە بېقىلغىنىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى خېلى زور دەرىجىدە ئاشتى. سانجى ئوبلاستىنىڭ كۆلچەكتە بېقىلغىنىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 792 تونىنا، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ 396 تونىنا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 476 تونىنا ئاشتى. سۇ ئامبىرى، ئازگال-كۆلچەكلەردە (دەريا جىلغىلىرىدا) بېقىلغىنىنىڭ مىقدارى ئازىيىپ كەتتى، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب سۇ ئامبىرىنىڭ

خەتىرىنى ئۆگىتىپ مۇستەھكەملەش داۋامىدا سۇ ئامبىرىدا بېلىقچىلىق توختىتىلغاندىن باشقا، يەنە مەبلەغنىڭ قىسلىقىدىن ئۇرغۇن سۇ ئامبىرى، ئازگال ـ كۆلچەكلەرگە بېلىنجان قويۇپ بېرىشكە ئامال بولمىغانلىقتىن بولدى، نەتىجىدە ئامبار، كۆلچەكلەر قاقجىراپ كەتتى.

ئۆلتۈلغان بېلىق 2002 ـ يىلدىكىدىن 331 توننا ئاشتى، ئاساسلىقى قاراماي شەھىرىنىڭ 142 توننا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 545 توننا، باغراش ناھىيىسىنىڭ 242 توننا ئاشتى.

باقمىچىلىق مەھسۇلات مىقدارى خېلى زور ھەجىمدە ئاشقان قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 314 توننا، باغراش ناھىيىسىنىڭ 893 توننا ئاشتى.

2. مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، باقمىچىلىق سورتىنىڭ قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى. 2003 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى قۇرۇلمىسىدا كارپ بېلىقى، لاققا بېلىق، خاپان باش بېلىق قاتارلىق ئۆۋەن سۈپەتلىك بېلىق نىسبىتى 84% نى ئىگىلىدى، باھاسى سەل تۆۋەنلىدى. بېلىق سورتىنىڭ بىرلا خىل بولۇشى بېلىقچىلىق كەسپىنى تۆۋەن باھا ھالىتىدە توختىتىپ قويىدۇ. ئىلى ئوبلاستلىق سۇ مەھسۇلاتلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن قىسقۇچپاقا، كالىفورنىيە ئوكۇن بېلىقى، سازلىق تاپان بېلىق قاتارلىق يېڭى سورتلارنى كىرگۈزۈپ، داڭلىق، ئۆزگىچە، سۈپەتلىك سۇ مەھسۇلاتلىرى سورتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇردى. قەشقەر ۋىلايىتى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن قىسقۇچپاقا، سېرىق كۆمجا بېلىق، تىلاپىيە بېلىقى، يېشىل قۇيرۇقلۇق راك، كالىفورنىيە ئوكۇن بېلىقى قاتارلىقلارنى كىرگۈزۈپ بېقىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى ھەمدە بۇ سورتلارنى كېڭەيتتى، بولۇپمۇ قىسقۇچپاقىنى 2002 ـ يىلدىكى 7. 14 توننىدىن 2003 ـ يىلى 34 تونىنغا كۆپەيتتى. ئۈرۈمچى شەھىرى ئوكۇن بېلىق، قارا بېلىق، روسىيە ئاتسېپىنىسىر بېلىقى قاتارلىق 11 خىل سورتنى كىرگۈزدى، بولۇپمۇ «خۇئېيەن» سۇ مەھسۇلاتلىرى شىركىتى ئوكۇن بېلىقىنى بېقىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئالاھىدە سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىق يېڭى ساھەسىنى ئاچتى. ئالتاي ۋىلايىتى يېڭى سورت كىرگۈزۈش ئىشىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇشۇ ۋىلايەتتە بار بولغان ئۆزگىچە فوكسىن بېلىقى، لۇتسىئوپېركا بېلىقى، ئالائىت بېلىق بايلىقىنى قوغداش ۋە ئۇنى ئېچىش ـ پايدىلىنىشنى شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق تۈرلەر قاتارىغا كىرگۈزدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىق سىستېمىسىدا، داڭلىق، سۈپەتلىك سورت باقمىچىلىقىدا كۆچلۈك كۆپىيىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى.

3. يەن ـ تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىلىپ، كېڭەيتىش رولى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. 2003 ـ يىلى سۇ مەھسۇلاتلىرى ساھەسى بويىچە بېزا ئىگىلىكىنى يەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى چۈشۈرگەن 4 تۈر ئورۇنلاندى، بۇ 4 تۈر: ئالائىت بېلىق باقمىچىلىقىنى كېڭەيتىش، سېرىق كۆمجا بېلىق بىلەن تاغ تروۋت بېلىقىنى سىناق قىلىپ بېقىش، ئوكۇن بېلىقىنى يۇقىرى زىچلىقتا بېقىش، قۇمۇل شەھىرىدە داڭلىق، ئۆزگىچە، سۈپەتلىك سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت. قۇمۇل شەھىرى داڭلىق، ئۆزگىچە، سۈپەتلىك سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقىدا كالىفورنىيە بېلىقى ۋە ئوتى بېلىقىنى كۆپەيتىش تېخنىكىسىنى ئىگىلەپ، غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى، كۆپەيتىلگەن بېلىقچانلارنىڭ كۆپىنچىسىنى شىنجاڭنىڭ خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىگە ۋە گەنسۇ قاتارلىق جايلارغا ساتتى.

2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ مەھسۇلاتلىرىنى ستاتىستىكىلىغاندا، شىنجاڭدا باقمىچىلىق كۆلىمى شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئەمما تورلۇق بېلىق يەرلىرى بازارغا سېلىنغان تىرىك بېلىق تۈرىنىڭ 10 خىلدىن ئاشمايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى، بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، باقمىچىلىق تۈرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى جەزمەن تەڭشەش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بېلىقچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش باقمىچىلىق تېخنىكىسىنى تەشۋىق قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش، كېڭەيتىش ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك.

يالڭ شياۋلىي

## تەبىئىي بېلىقچىلىق بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش ۋە مۇۋاپىق راۋاجلاندۇرۇش ئەھۋالى

2003 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سايرام كۆلىگە 7 مىليون دانە قاڭشارلىق كورېگون بېلىقى قويۇپ بېرىلدى ھەمدە خېيلوڭجياڭ 800 مىڭ دانە بېلىجان بىلەن تەمىنلەندى. 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 19 توننا قاڭشارلىق كورېگون بېلىقى، بىر توننا ئويمان كۆزلۈك كورېگون بېلىقى تۇتۇلدى، بازاردا ھەر كىلوگرامى 40 يۈەندىن سېتىلدى. سايرام كۆلىنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك ئەھۋالىغا ۋە قاڭشارلىق كورېگون بېلىقى، ئويمان كۆز كورېگون بېلىقىنى سۈنئىي ئۇسۇلدا قويۇپ بېرىپ تەبىئىي ئۇسۇلدا بېقىش سۈپىتىگە ئاساسەن، بۇ 2 خىل كورېگون بېلىقى 2003 ـ يىل 10 ـ ئايدا جۇڭگو يېشىل يېمەكلىكلىرى «خۇاشيا» ئورگانىنىڭ يېمەكلىكلەرنى دەلىللەش مەركىزىنىڭ ئورگانىك يېمەكلىكلەرنى دەلىللىشىدىن ئۆتۈپ، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بولۇپ دۆلەتنىڭ نوپۇزلۇق ئاپپاراتى دەلىللىگەن مەھسۇلات

بولۇپ قالدى. ئۈلۈڭگۈر كۆلىدىكى سۇدا ياشايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش مەركىزى تۈرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، كۆل رايونىدىكى بېلىقچىلىق ئاساسىي مۇئەسسەسىلىرىنىڭ ئاددىيلىقىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىللە قوغداش مەركىزىنى يەرلىك بېلىق تۈرىنى كۆپەيتىش بازىسىغا ئايلاندۇردى، سۇنئىي ئۇسۇلدا كۆپەيتىپ قويۇپ بېرىش ئارقىلىق بېلىقچىلىق تەرەققىياتى كۈچەيتىلىپ، يېشىل يېمەكلىك ئورنىدا بازارغا يۈزلەندۈرۈلدى. باغراش كۆلىدە بېلىق كۆپەيتىش مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن باغراش كۆلىنى بېلىق بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجى قاندۇرۇلۇپ، بۇرۇنقىدەك باشقا جايلاردىن بېلىق سېتىۋېلىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى ھەمدە بېلىق تۈرلىرى تۈپىنىڭ قۇرۇلمىسى ئىلمىي تەڭشىلىپ، بايلىق مۇھىتى قوغدالدى. باغراش كۆلىنىڭ بېلىقچىلىق مەنبەسىگە مۇقىم كاپالەتلىك قىلىنىپ، ماس تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

يالڭ شياۋلېي

### سۇ مەھسۇلاتلىرى بازىرى ۋە كەسپلەر تەرەققىيات ئەھۋالى

شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىلغان سۇ مەھسۇلاتلىرى ئاساسلىقى شىنجاڭ رايونىدا سېتىلىدۇ، ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە 300 توننا ئەتراپىدىكى سۇ مەھسۇلاتى نىڭشيا، گەنسۇ قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا سېتىلىدۇ. ھەر يىلى يۆتكەپ كېلىنىدىغان سۇ مەھسۇلاتى تەخمىنەن 40 مىڭ تونناغا يېتىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە 2 توننىسى ئاساسلىقى تاتلىق سۇ راكى، قىسقۇچپاقا، ئوكۇن بېلىق، يىلانبېلىق قاتارلىق يېڭى سۇ مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەت. كۈز ۋە قىش پەسىللىرى يۆتكەپ كېلىنىدىغان 20 مىڭ توننا سۇ مەھسۇلاتى ئاساسلىقى توڭلىتىلغان دېڭىز مەھسۇلاتىدىن ئىبارەت. 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى چوڭراق سۇ مەھسۇلاتى پىششىقلاش كارخانىسى بولغان «لەنشياڭ» سۇ مەھسۇلاتلىرى شىركىتى مۈلۈك ھوقۇقىنى پۇقراۋى كارخانىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكتىن تۇنجى يىللىق مەشغۇلاتتا ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاشنى ماسلاشتۇرۇش راۋان بولمىدى، نەتىجىدە نۇرغۇن سازلىق ئەركەك بېلىقنى يېڭى پېتى ساقلاش مەزگىلىدە ئېكسپورت مەھسۇلاتى قىلىپ ئىشلەنمىدى، ئۇ پەقەت مەملىكەت ئىچىدىلا سېتىلدى، بۇنىڭ بىلەن مەھسۇلات قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. 2003 - يىلى يەنىلا توڭلىتىلغان سۇ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ئاساس قىلىنىپ، سازلىق ئەركەك بېلىقتىن 750 توننا توڭلىتىلدى، 260 توننا قورۇتۇلغان بېلىق مەھسۇلاتى ۋە كونسېرۋا ئىشلەپچىقىرىلدى، 5 مىليون 760 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆلچىمى ئېكسپورت قىلىش تەلىپىگە يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاساسلىقى مەملىكىتىمىز ئىچىدىلا سېتىلدى. يەنە بىر چوڭراق كارخانا - بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك سۇ مەھسۇلاتلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن ئىبارەت، بۇ كارخانا سۇ مەھسۇلاتلىرىنى توڭلىتىپ پىششىقلاشنى ئاساس قىلىدۇ، 2003 - يىلى 1000 توننا توڭلىتىلغان سۇ مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقاردى، بۇلار ئاساسلىقى كارپ بېلىقى، ئالاچىپار ئىتبېلىقى، شەرقىي ياۋروپا ياپىلاق بېلىقى ۋە سازلىق بېلىقىدىن ئىبارەت، قىسقىسى، شىنجاڭنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ئىشى بىرقەدەر ئارقىدا قالغان، كەسپلىشىش سۈرئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا، باشلامچى كارخانىلار كەمچىل، ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش ئايرىۋېتىلگەن، كەسىپ زەنجىرى شەكىللەنمىگەن، بازار رىقابەت كۈچى كەمچىل، شۇڭا سۇ مەھسۇلاتلىرى بازىرىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەرەققىياتى چەكلىمىگە ئۇچرىماقتا.

يالڭ شياۋلېي

## نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش

### نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنىڭ باسقۇچ خاراكتېرلىك نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى

شىنجاڭنىڭ يېڭى باسقۇچتىكى نامراتلارنى يۆلەپ، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى ئالدىنقى 3 يىل (2001 - يىلدىن 2003- يىلغىچە) ۋە كېيىنكى 7 يىل (2004 - يىلدىن 2010 - يىلغىچە) دىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنۈپ تەشكىللىنىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. 2003 - يىلغا كەلگەندە نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى، ئالدىنقى باسقۇچلۇق (3 يىللىق) نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشتى.

1. كىيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇش پىلانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشتى. 3 يىلدا قىيىنچىلىقى ئېغىر 436 مىڭ ئاھالىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ، پىلاننىڭ 98.9%ى ئورۇندالدى؛ كىرىمى تۆۋەن 697 مىڭ نامرات ئاھالىنىڭ نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن كىرىمى تۆۋەن نامرات ئاھالە 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 3 مىليون 290 مىڭدىن 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 2 مىليون 590 مىڭغا

ئازايدى، نىسپىي نامراتلىشىش نىسبىتى %36 تىن %27 كە چۈشتى.

2. ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلاندى. نامرات يېزا، كەنتتىكى 910 مىڭ كىشىنىڭ ۋە 2 مىليون 510 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق كەنتلەردە توك يەتكۈزۈلۈش نىسبىتى %90 كە، يول ياسىلىش نىسبىتى %85 كە، تېلېفوننىڭ ئۇلىنىش نىسبىتى %57 كە، رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ يەتكۈزۈلۈش نىسبىتى %83 كە يەتتى.

3. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش كۆرۈنەرلىك تېزلىتىلدى. 30 نۇقتىلىق ناھىيىدە ئوتتۇرىچە ئاشلىق مىقدارى 500 كىلوگرامدىن يۇقىرى بولۇش ھالىتى ساقلاپ قېلىندى؛ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ نىسبىتى 2000 - يىلدىكى 27 : 3 : 70 دىن 2003 - يىلى 30 : 4 : 66 غا تەڭشەلدى؛ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2003 - يىلى 2002 - يىلدىكىدىن %10.4 ئاشتى، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن 1.4 پىرسەنت يۇقىرى.

4. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى ئومۇميۈزلۈك ئاشتى. 2003 - يىلى 30 نۇقتىلىق ناھىيىدە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1342 يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلدىكىدىن 362 يۈەن كۆپىيىپ، يىلىغا %11 تىن ئاشتى، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن 1.8 پىرسەنت يۇقىرى.

نيۇ لىنكالىڭ

## 2003 - يىللىق نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى

2003 - يىلى شىنجاڭدا نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

1. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 186 مىڭ نامرات ئائىلىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ، يىللىق خىزمەت پىلانىنىڭ %97.2 ى ئورۇندالدى؛ كىرىمى تۆۋەن 262 مىڭ نامرات ئائىلە كىرىمى تۆۋەن نامراتلىق سىزىقىدىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىدە كىيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن كىيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇشنى مۇستەھكەملەشتەك تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

2. 2003 - يىلى نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق 30 ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 550 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %8.9 ئاشتى. ئېلىنغان ئاشلىق %3.6 تۆۋەنلىدى، پاختا %16 ئاشتى، ياغلىق دان %31.4 تۆۋەنلىدى، يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا %3.3 كۆپەيدى.

3. 2003 - يىلى نامرات رايونلاردا 5400 گېكتار ئاساسلىق دېھقانچىلىق ئېتىزى كۆپەيتىلدى، 30 مىڭ 200 گېكتار ئوتلاق كۆپەيتىلدى ۋە ياخشىلاندى، 1486 كىلومېتىر غول، ئارماق، ئوق ئېرىق سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈلدى، 3597 كۆۋرۈك، سۇ ئۆتكۈزگۈچ، تاقاق ياسالدى، 1351 كىلومېتىر يېزا - كەنت تاشيولى ئۇتاشتۇرۇلدى، 17 مىڭ 900 يۈرۈش تۇرالغۇ ئۆيى ئۆزگەرتىلدى، 47 مىڭ 600 ئائىلىگە تۇرۇبا سۈيى كىرگۈزۈلدى، 4403 ئائىلىگە توك ئۇلاندى. نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىدىكى 30 نۇقتىلىق ناھىيىنىڭ 194 كەنتىدە سۇ ئىچىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، 34 كەنتكە تاشيول ئۇتاشتۇرۇلدى، 22 كەنتكە توك ئۇلاندى، 56 كەنتكە تېلېفون ئۇتاشتۇرۇلدى، 44 كەنتكە رادىئو - تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈلدى، 18 كەنتتە شىپاخانا، 12 كەنتتە پەن - تېخنىكا مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلدى.

نيۇ لىنكالىڭ

## نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى تورىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون نامراتلارنى يۆلەشكە 1 مىليارد 249 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز مالىيىسىدىن ئاجرىتىلىدىغان مەبلەغ 298 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 68 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاشتى؛ ئىش تېپىپ بېرىش يولى ئارقىلىق ياردەم بېرىش مەبلىغى 311 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 32 مىليون يۈەن ئاشتى؛ نامراتلارنى يۆلەش ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇلى 520 مىليون يۈەنگە؛ ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مەبلەغ 120 مىليون يۈەنگە يەتتى. نامراتلارنى يۆلەشكە مەبلەغ سېلىش جەھەتتە، 3 تۈرلۈك نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ %80 نى نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق ناھىيىلەرگە، %20 نى غەيرىي نۇقتىلىق ناھىيىلەرنىڭ نامرات يېزا، كەنتلىرىگە ئىشلىتىش تەلىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىنىپ، مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنىپ ئىشلىتىلدى. نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى تەقسىملەش جەھەتتە، جايلاردىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ سانى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى،

ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇش شارائىتى (رايونلار بويىچە تۈرگە ئايرىلىدۇ)، نۇقتىلىق كەنتلەر سانىنىڭ 1 : 1 : 2 : 6 نىسبىتى بويىچە، ناھىيىلەر بىرلىك قىلىنىپ مەبلەغ كۆلىمى بېكىتىلدى. تۈر باشقۇرۇشتا، تۈر پىلانىغا ئەگىشىپ مېڭىش، نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش مەبلەغقە ئەگىشىپ مېڭىش، مەبلەغ تۈرگە ئەگىشىپ مېڭىش قاتتىق يولغا قويۇلۇپ، ئاممىنىڭ نازارەتچىلىكى قوبۇل قىلىنىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

نىۋ لىنكاڭ

## نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى كەنت ۋە ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش

شىنجاڭدا نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى كەنت ۋە ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش باشتىن - ئاخىر مۇھىم ھالقا سۈپىتىدە تۇتۇلدى، «بەشنى كەنت، ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش» تەدبىرى (نامراتلارنى يۆلەش ئومۇمىي پىلانىنى كەنتلەرگىچە يەتكۈزۈش، كىيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇشنى تولۇق ھەل قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش؛ تۈر مەبلىغىنى كەنتلەرگىچە يەتكۈزۈش؛ ئۈنۈمنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش؛ سىياسەت، تەدبىرلەرنى كەنتلەرگىچە يەتكۈزۈش، يۈكنى يەڭگىللىتىشنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش؛ نۇقتا بەلگىلەپ نامراتلارنى يۆلەشنى كەنتلەرگىچە يەتكۈزۈش، كادىرلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەشكە ياردەملىشىشىنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى كەنتلەرگىچە يەتكۈزۈش، تەربىيىلەش ۋە مۇلازىمەتنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش) ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن نامرات دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەنپەئەتى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. 2003 - يىلى مالىيىدىن ئاجرىتىلغان نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش مەبلىغىدىن كەنت، ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش تۈرىگە ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 227 مىليون يۈەنگە، ئىش تېپىپ بېرىش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىدىن كەنت، ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈشكە ئىشلىتىلگەن تۈر مەبلىغى 105 مىليون يۈەنگە، نامراتلارنى يۆلەش ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇلىدىن كەنت، ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش تۈرىگە ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 311 مىليون يۈەنگە يەتتى. نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش تۈرى 3434 نۇقتىلىق كەنتنى قاپلىدى، قىيىنچىلىقى ئېغىر 43 مىڭ 700 ئائىلىدىكى 191 مىڭ 700 ئادەمگە ئۈنۈملۈك يار - يۆلەك بولۇندى، بۇ خىزمەت كىرىمى تۆۋەن 86 مىڭ 800 نامرات ئائىلىدىكى 374 مىڭ 400 ئادەمنى قاپلىدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نامرات ئائىلىلەردىن ئېلىنىدىغان 31 مىليون 983 مىڭ 500 يۈەنلىك ئۈچ خىل يېزا ئىگىلىك بېجى كەچۈرۈم قىلىندى، 4788 توننا ئاشلىقلىق ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى بىكار قىلىندى، نامرات ئائىلىلەردىكى بالىلارنىڭ 57 مىليون 794 مىڭ يۈەنلىك ئوقۇش خىراجىتى كەچۈرۈم قىلىندى، نامرات ئائىلىلەرنىڭ 900 مىڭ مەجبۇرىيەت ئەمگەك كۈنى ۋە 4 مىليون 634 مىڭ يۈەنلىك كوللېكتىپ قالدۇرۇقى كەچۈرۈم قىلىندى.

نىۋ لىنكاڭ

## نامراتلارنى نۇقتا بەلگىلەپ يۆلەش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدا نامراتلارنى نۇقتا بەلگىلەپ يۆلەش ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، ھاياتىي كۈچى ئاشۇرۇلۇپ، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرۈلدى. بىرىنچىدىن، نامراتلارنى نۇقتا بەلگىلەپ يۆلەيدىغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 150 ئورۇندىكى نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ۋە باشقارما دەرىجىلىك 1129 كادىر نامرات يېزا، كەنتلەرگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، 99 كادىر دائىم نامرات يېزا، كەنتلەردە تۇرۇپ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. بىر يىلدا نامراتلارنى نۇقتا بەلگىلەپ يۆلەيدىغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلار 35 مىليون 588 مىڭ 700 يۈەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى، 16 مىليون 612 مىڭ 500 يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي ئەشيانى ئىئانە قىلدى، 15 مىليون 186 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش تۈرى مەبلىغى كىرگۈزدى، 9 مەكتەپ ئۆيى سېلىپ بەردى، 2080 نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇشىغا پۇل ياردەم قىلدى، يېزا، كەنت كادىرى ۋە دېھقان، چارۋىچىدىن 9223 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. ئىككىنچىدىن، نامراتلارنى نۇقتا بەلگىلەپ يۆلەيدىغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلار «نامراتلارنى يۆلەپ ئىللىقلىق يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، نامرات دېھقان، چارۋىچىلارغا 4 مىليون 782 مىڭ 700 يۈەن پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى. ئۈچىنچىدىن، جايلارنىڭ نامراتلارنى نۇقتا بەلگىلەپ يۆلەش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىك، تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى. ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى نامراتلارنى نۇقتا بەلگىلەپ يۆلەيدىغان 2390 ئورۇن 2232 نامرات كەنتنى يۆلىدى. بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق يۆلىنىدىغان كەنتنىڭ 61.89% نى ئىگىلەيدۇ. ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك 3827 رەھبەر يېزا، كەنتلەرگە بېرىپ نامراتلارنى يۆلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 61 مىڭ كادىر نامرات كەنت، ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ بىر كادىر بىر ئائىلىگە ياردەم بېرىشتەك جۈپ بولۇپ ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى قانات

پايدۇردى. 20 مىليون 920 مىڭ يۈەن پۇل ۋە ماددىي ئەشيا ئىئانە قىلىندى. تۆتىنچىدىن، مەركەزدىكى ئورۇنلارنىڭ نامراتلارنى نۇقتىلىق بەلگىلەپ يۆلەش خىزمىتى تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلدى. دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى باش ئىدارىسى، جۇڭگو يۈرۈشلۈك مۇئەسسەسەلەرنى ئېكسپورت قىلىش (گورۇھى) باش شىركىتى، جۇڭگو ئۆي - زېمىن تەرەققىيات گورۇھى شىركىتى، جۇڭگو تاشقى سودا ترانسپورت (گورۇھى) باش شىركىتى، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گورۇھى شىركىتى نامراتلارنى يۆلەش رەھبەرلىك گورۇپپىسى قۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش پىلانى ۋە تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە 5 ئورۇن نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئەمەلىي خىزمەت باسقۇچىغا كىردى. جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گورۇھ شىركىتى ئەۋەتكەن باشقارما دەرىجىلىك 12 كادىر شىمالىي شىنجاڭدىكى 6 نۇقتىلىق ناھىيىگە بېرىپ ۋەزىپە بىلەن چېنىقتى. 2003 - يىلى مەركەزدىكى نامراتلارنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار 8 مىليون 528 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ئاجراتتى، 585 مىڭ 400 يۈەن پۇل ۋە ماددىي ئەشيا ئىئانە قىلدى.

نيۇ لىنكاڭ

## نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش تۈرى بويىچە تەربىيىلەش ئەھۋالى

2003 - يىلى دۆلەت شىنجاڭ مالىيىسىنىڭ نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەشكە مەدەت بېرىش تۈرىگە 17 مىليون يۈەن ئاجراتتى، شىنجاڭ يەنە 10 مىليون يۈەننى پەن- تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە 30 ئۆلگە تۈرگە ئىشلىتىشكە ئورۇنلاشتۇردى، بۇ پۇللار نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىدىكى 19 نۇقتىلىق ناھىيىگە ئىشلىتىلدى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق تەربىيىلەشنى كۈچەيتىشنى نامراتلارنى يۆلەپ، روناق تاپقۇزۇشتىكى بىر تۈرلۈك ئاساس خىزمىتى سۈپىتىدە تۇتۇپ، 8 مىليون 890 مىڭ يۈەن تەربىيىلەش خىراجىتى ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون ئورۇنلاشتۇرغىنى 790 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت (ئوبلاست) لەر ئورۇنلاشتۇرغىنى 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن، ناھىيە (شەھەر) لەر ئورۇنلاشتۇرغىنى 6 مىليون 700 مىڭ يۈەن، نامرات رايونلاردىكى كادىر، دېھقان، چارۋىچىلارنى كەڭ كۆلەمدە تەربىيىلەش قانات يايدۇرۇلدى. بىر يىلدا تۈرلۈك تەربىيىلەش كۇرسىدىن 6042 قارار ئېچىلىپ، 1 مىليون 140 مىڭ 349 كادىر ۋە دېھقان، چارۋىچى (قېتىم) تەربىيىلەندى، ئۈچتىن بىر قىسىم نامرات ئائىلىدىكى ئەمگەك كۈچى تەربىيىلەندى. بىر يىلدا ئەمگەك كۈچى قىلىپ چىقىرىلغان خادىملارنى كەسپىي ماھارەت جەھەتتىن تەربىيىلەشكە 1 مىليون 601 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك تەربىيىلەش خىراجىتىنىڭ %7. 23 نى ئىگىلىدى، 86 مىڭ 760 ئەمگەك كۈچى (قېتىم) تەربىيىلەندى.

نيۇ لىنكاڭ

دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق ناھىيە، شەھەرلەردىكى دېھقانلارنىڭ 2000 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە بولغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىگە دائىر مەلۇمات

بىرلىكى: يۈەن/ ئادەم

| ناھىيە، شەھەر نامى | 2000 - يىل | 2001 - يىل | 2002 - يىل | 2003 - يىل | ناھىيە، شەھەر نامى | 2000 - يىل | 2001 - يىل | 2002 - يىل | 2003 - يىل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قوبۇقسار ناھىيىسى | 1750 | 2036 | 2395 | 2927 | تاشقورغان ناھىيىسى | 577 | 641 | 850 | 929 |
| چاغانتوقاي ناھىيىسى | 1295 | 1602 | 1939 | 2266 | ئاقتۇ ناھىيىسى | 811 | 905 | 1005 | 1155 |
| تولى ناھىيىسى | 1250 | 1385 | 1596 | 1858 | نىلقا ناھىيىسى | 1686 | 1766 | 1841 | 2002 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 901 | 1024 | 1250 | 1441 | گۇما ناھىيىسى | 713 | 791 | 898 | 1009 |
| چىڭگىل ناھىيىسى | 1944 | 2097 | 2248 | 2480 | ئۈچتۇرپان ناھىيىسى | 1191 | 1167 | 1293 | 1473 |
| چاپچال ناھىيىسى | 1640 | 1804 | 1972 | 2168 | لوپ ناھىيىسى | 841 | 848 | 950 | 1086 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جىمىنەي ناھىيە-سى | 1670 | 1826 | 1978 | 2186 | قاراقاش ناھىيىسى | 666 | 744 | 805 | 906 |
| چىرا ناھىيىسى | 947 | 1048 | 1248 | 1440 | خوتەن ناھىيىسى | 870 | 901 | 981 | 1087 |
| بارىكۆل ناھىيىسى | 1498 | 1530 | 1735 | 1968 | كېرىيە ناھىيىسى | 748 | 778 | 839 | 959 |
| ئاراتۇرۇك ناھىيە-سى | 1562 | 1355 | 1666 | 2032 | كەلپىن ناھىيىسى | 1380 | 1155 | 1320 | 1572 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 938 | 1013 | 1215 | 1403 | ئاقچى ناھىيىسى | 860 | 888 | 942 | 1047 |
| نىيە ناھىيىسى | 966 | 1099 | 1202 | 1412 | ئۇلۇغچات ناھىيە-سى | 1115 | 1018 | 1100 | 1212 |
| يەكەن ناھىيىسى | 1123 | 1213 | 1357 | 1549 | چىرا ناھىيىسى | 896 | 715 | 775 | 905 |
| پەيزاۋات ناھىيە-سى | 908 | 1005 | 1161 | 1330 | دۆلەت بويىچە 27 نۇقتىلىق ناھىيە | 973 | 1034 | 1166 | 1326 |
| قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 927 | 986 | 1148 | 1332 | 30نۇقتىلىق ناھىيە | 980 | 1043 | 1178 | 1342 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 730 | 792 | 944 | 1094 | ئاپتونوم رايون | 1618. 08 | 1710. 44 | 1863 | 2105 |
| ئاتۇش شەھىرى | 1179 | 1260 | 1363 | 1538 | | | | | |

ئىزاھ: ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ 3 يىللىق ئوتتۇرىچە كۆپەيگەن سوممىسى كۆپتىن ئازغا قاراپ تىزىلدى.

نيۇ لىنكاڭ

# سانائەت

## ئومۇمىي بايان

### سانائەت توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

2003 - يىلى شىنجاڭدا كارخانا ئىسلاھاتى ۋە تېخنىكا تەرەققىياتى خىزمىتىنىڭ سالمىقى يەنىمۇ زورايتىلىپ، تۈۋرۈك كەسىپلەر گەۋدىلىك ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، ئۈچ 30 نۇقتىلىق كارخانا (يەنى 30 كۆچلۈك كارخانا، 30 «يېتىلىش تېپىدىكى» كارخانا، 30 نۇقتىلىق پۇقراۋى كارخانا) چىڭ تۇتۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت ئىقتىسادىنىڭ قۇرۇلمىسى يەنىمۇ ياخشىلىنىپ، ئىقتىسادىي ھەرىكەتنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى ئالدىنقى يىللاردىكىدىن كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

1. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېشىش كۈچى كۈچلۈك بولدى. 2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 57 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %11.2 ئېشىپ، 2.6 پىرسەنت پونكىتى ئۆستى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 8 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.1 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت قوشۇلما قىممىتىنىڭ %15.4نى ئىگىلىدى؛ ئېغىر سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 48 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12 ئېشىپ، %84.6نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش - سېتىلىش نىسبىتى %98.6 بولدى. 12 ئاساسلىق ساھە ئىچىدە توققۇز چىلىق ساھەسىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىر قەدەر يۇقىرى ئېشىش سۈرئىتى بارلىققا كەلدى. نېفىت، تەبىئىي گاز، پولات - تۆمۈر سانائىتى پۇختا قەدەم بىلەن ئاشتى، پەمىدۇر ياسالمىسى، سۈت ياسالمىسى قاتارلىق ئۆزگىچە مەھسۇلاتلار تېز سۈرئەتتە ئاشتى، سېمونت، كۆيدۈرگۈچى ئىشقار، ساپ شۈلتا، ئورېيە، فابرىكا قەغىزى، سۇلياۋ ياسالمىسى قاتارلىقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىمۇ، سېتىلىشىمۇ ياخشى بولدى. قاراماي شەھىرى، قۇمۇل ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، قەشقەر، ئالتاي ۋىلايەتلىرى ۋە بىڭتۇەندە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى.

2. ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بىر يىلدا سانائەتتىن ئېلىنغان پايدا 13 مىليارد 971 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %69.8 ئاشتى. كۆلەمدىن يۇقىرى بولغان سانائەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىندېكسى 172.72گە يېتىپ، 35.6 پىرسەنت پونكىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 12 ساھە ئىچىدە 10 ساھە پايدا ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت ساھەسىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم سەۋىيىسى زور ھەجىمدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، خىمىيە سانائىتى، مېتاللورگىيە، رەڭلىك مېتال، كۆمۈر قاتارلىق ساھەلەردىكى پايدىنىڭ ئېشىش ھەجىمى %50تىن يۇقىرى بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 9 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە بىڭتۇەن ساپ پايدا ئالدى.

3. تېخنىكا يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش قەدىمى يەنىمۇ تېزلەشتى. 2003 - يىلى پۈتكۈل جەمئىيەت بويىچە تېخنىكا يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 12 مىليارد 743 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %10.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، %50 ئېشىپ، پۈتكۈل جەمئىيەت بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %40تىن ئېشىپ كەتتى. ئەلئارا مەبلەغ سېلىش تېز سۈرئەتتە ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %36 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن 16 پىرسەنت پونكىتى يۇقىرى بولدى.

دىڭ شۈچى

### سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

1. مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئەلالىرىغا، كۈچلۈكلىرىگە مەدەت بېرىلدى. 2003 - يىلى نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ تۈۋرۈكلۈك رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوندا نېفىت خىمىيە سانائىتى تەرەققىياتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، نېفىت خىمىيە سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن مەشھۇر

مۇتەخەسسىسلەر ۋە كەسپىي مەسلىھەتچىلىك ئاپپاراتلىرى تەكلىپ قىلىنىپ، شىنجاڭ نېفىت خىمىيە سانائىتى تەرەققىياتىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئومۇمىي پىلانى تۈزۈلۈپ، بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تۈرلەر بېكىتىلىپ، نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ زور تەرەققىياتى ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىلدى.

2. نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ مال - مۈلكىنى قايتا تەشكىللەش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە كارخانىلارغا مەركەزلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتىنىڭ پاختا توقۇمىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئاپتوموبىل زاۋۇتىنى سېتىۋېلىشىغا؛ شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ شىنجاڭ «جۇڭخې» پېيىنى كونترول قىلىشىغا، «تەڭرىتاغ» قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى گۇرۇھى شىركىتىنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى پاي ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشىگە؛ ئۈرۈمچى كۆمۈرچىلىك گۇرۇھىنىڭ دۆلەت مال - مۈلكى بىلەن تىجارەت قىلىشقا ھوقۇق بېرىشىگە مەدەت بېرىلدى. شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گۇرۇھى، شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتى، شىنجاڭ كانچىلىق گۇرۇھى قاتارلىق نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ پاي ھوقۇقىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىشى، تېخىمۇ ئۆزگەرتىشكە ئىشتىراك قىلىشىغا ئىلھام بېرىلدى. «دېلكس» گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭ يولۇچى ترانسپورت شىركىتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشىغا، شىنجاڭ «بەيچىڭ» مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى شىركىتىنىڭ شىنجاڭ كۆندىلىك ئەينەك بۇيۇملىرى زاۋۇتىنى سېتىۋېلىشىغا، شىنجاڭ تۈرلۈك ماللار سودا گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭ ئاشلىق-ياغ ترانسپورت شىركىتىنى سېتىۋېلىشىغا مەدەت بېرىلدى.

3. نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، كارخانا قۇرۇلمىسىنىڭ تەكشى ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە مەدەت بېرىلدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلىدىغان ئۈچ 30 كارخانا بېكىتىلدى («قوشۇمچە» گە قارالسۇن) ھەمدە نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە مەدەت بېرىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئۈچ 30 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە مەدەت بېرىشنىڭ سىياسەت، تەدبىرلىرى تۈزۈلۈپ، ماسلاشتۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ۋە قوللاش سالمىقى يەنىمۇ زورايتىلدى.

دىلى شۈچى

## قوشۇمچە

**2003 - يىلى ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق مەدەت بەرگەن 30 كۈچلۈك سانائەت كارخانىسى (گۇرۇھى)**

جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتىنىڭ شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبىسى، جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتىنىڭ مايتاغ نېفىت خىمىيە شۆبىسى، جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە شۆبىسى، شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) شىركىتى، جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتىنىڭ تارىم نېفىتلىكى شۆبىسى، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى، شىنجاڭ «1- ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتى، جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتىنىڭ قاراماي نېفىت خىمىيە شۆبىسى، جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتىنىڭ تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبىسى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى، شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتى، شىنجاڭ «تۇڭخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو نېفىت خىمىيە پاي شىركىتىنىڭ نېفىت خىمىيە غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى، ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى، «شىنتيەن» خەلقئارا ئىقتىساد - سودا گۇرۇھى شىركىتى، شىنجاڭ دورىگەرلىك گۇرۇھى، تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى، شىنجاڭ «تيەنيې» گۇرۇھى شىركىتى، «تەڭرىتاغ» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى گۇرۇھى شىركىتى، شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى گۇرۇھى شىركىتى، «ماركور» گۇرۇھى شىركىتى، خەلقئارا ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى گۇرۇھى شىركىتى، «تيەنلى» يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى، قۇلماق پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «شىنشىن» ئوقەتچىلىك گۇرۇھى شىركىتى، ئىلى ئالاھىدە ھارىقى ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى، ئىلى «سىفاڭ» شېكەرچىلىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، قۇمۇل كۆمۈرچىلىك گۇرۇھى شىركىتى، «گېنېرال» گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭ پاپىرۇس زاۋۇتى، شىخۇ پىۋا گۇرۇھى شىركىتى.

**2003 - يىلى ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق مەدەت بەرگەن يېتىلىش ئىچىدىكى 30 كارخانا**

لوپنۇر كۆلى كالىي تۇزى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، يېڭى ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «يىدا» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى، «مەيچۇر» گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، «جىنفېڭ» پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو رەڭلىك پاختا پاي چەكلىك شىركىتى، «شىنجيې» پاي چەكلىك شىركىتى، بىرلىككە كەلگەن كارخانىلار يېمەكلىك

چەكلىك شىركىتى، ئىلى «تيەنيې» ئوقەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، كورلا «داخۇا» ئوقەتچىلىك تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، «شىيبلى» توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى، قاراماي «كاڭجىيا» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى، «شاتو» پاي چەكلىك شىركىتى، «جۇڭتەي» خىمىيە پاي چەكلىك شىركىتى، «شىنيىڭيۇ» مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، قاراماي «بودا» سانائەت - سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، «شەرق شامىلى» شىنجاڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتى، «يۈڭچاڭ» بىرىكمە ماتېرىياللار پاي چەكلىك شىركىتى، «تۇنخې» سانائەت - سودا چەكلىك شىركىتى، «زۇڭخېڭ» پاي چەكلىك شىركىتى، «خۇاشىدەن» دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتى، «تيەنلۇڭ» كانچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى، «تيەنكاڭ» بىئو تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى، «چىڭكاڭ دوكتور خالمۇرات» ئۇيغۇر دورىگەرلىكى چەكلىك شىركىتى، «جۇڭجى» ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، «خۇشپۇراق» ئۆسۈملۈك تېخنىكا تەرەققىياتى پاي چەكلىك شىركىتى، «دېلۇڭ» چارۋىچىلىققا مەبلەغ سېلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، كورلا نەشپۈتى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «جۇڭخې» پاي چەكلىك شىركىتى، «كېفاڭ» پاختىچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق مەدەت بەرگەن يۇقىراۋى كارخانا («ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك تارمىقى» غا قارالسۇن).

## كارخانا ئىسلاھاتى ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ يەرلىك دۆلەت چوڭ، ئوتتۇرا سانائەت كارخانىلىرىنىڭ شىركەت تۈزۈمى ئىسلاھاتى دەسلەپكى قەدەمدە ئورۇندالدى. چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ئاساسلىقلىرى بىلەن پارەمچىلىرى ئايرىۋېتىلدى، پارەمچىلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتى پۇختا ئالغا سۈرۈلدى. شىنجاڭ لىتسىلىق تۇز زاۋۇتى، ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم كارخانىلارنىڭ ئاساسلىقلىرى بىلەن پارەمچىلىرىنى ئايرىۋېتىش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلىشى بىر قەدەر تېز بولدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئايرىۋېتىلىپ تارقاقلاشتۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچى 14 مىڭغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 8200. كارخانىلارنىڭ «جەمئىيەت باشقۇرۇش» فۇنكسىيىسىنى ئايرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش تېزلىتىلدى، كارخانىلاردىكى مەكتەپ، دوختۇرخانىلارنى ئايرىش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئۆتكۈزۈپ بېرىش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن 35 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 12سى ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، تارقىتىلدى ۋە قوشۇۋېتىلدى؛ ئايرىۋېتىش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن 14 كارخانا دوختۇرخانىسى، شىپاخانىسىنىڭ 6سى ئايرىۋېتىلىپ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلدى.

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، كىچىك دۆلەت كارخانىلىرىدا تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، ئاپتونوم رايون «ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكرى»نى تۈزۈپ چىقتى. ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئىناۋەتلىك كېپىللىك سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى، 11 ۋىلايەت، ئوبلاستتا ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئىناۋەتلىك كېپىللىك ئاپپاراتى قۇرۇلدى، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئىناۋەتلىك كېپىللىك ئاپپاراتىدىن 27سى بارلىققا كەلدى، بىر يىلدا تەخمىنەن 550 مىليون يۈەنگە كېپىللىك قىلىندى.

دېڭ شۆچى

### 2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى

| مەھسۇلات نامى | 2002 | 2003 |
|---|---|---|
| كۆمۈر (توننا) | 30986743 | 34828620 |
| تەبىئىي خام نېفىت (توننا) | 20361899 | 21413933 |
| تەبىئىي گاز (تۈمەن كۇب مېتىر) | 485237 | 502942 |
| تۆمۈر رۇدىسى (توننا) | 2248601 | 2690758 |
| ئېسىل مىس كېنىدىكى مىس تەركىبى مىقدارى (توننا) | 6295 | 7530 |

| | | |
|---|---|---|
| سولفاتلىق تۆمۈر رۇدىسى (سولفات %35لىك) (توننا) | 98239 | 53137 |
| خام تۇز (توننا) | 507471 | 527087 |
| ھاسىل قىلىنغان توك (تۈمەن كىلوۋات سائەت) | 2122431 | 2346221 |
| ئوت ئېلىبكترى | 1757322 | 1962827 |
| سۇ ئېلىبكترى | 346739 | 361980 |
| ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش مىقدارى (10 مىليارد كىلوجوئۇل) | 7791 | 9240 |
| گۈرۈچ (توننا) | 127873 | 153316 |
| بۇغداي ئۇنى (تۈمەن توننا) | 233 | 292 |
| سۇ يېغى (توننا) | 552383 | 603859 |
| ماشىنا شېكىرى (توننا) | 518425 | 454256 |
| ئارىلاشما يەم ـ خەشەك (توننا) | 929061 | 1180284 |
| كەمپۈت (توننا) | 2794 | 3536 |
| سۈت ياسالمىلىرى (توننا) | 12473 | 14846 |
| كونسېرۋا (توننا) | 414878 | 474825 |
| تېتىتقۇ (توننا) | 6725 | 6693 |
| ئىچىملىك ـ ھاراق (1000 لىتىر) | | 317260 |
| ئاق ھاراق | | 56449 |
| پىۋا | | 229497 |
| ئۈزۈم ھارىقى | | 30290 |
| يۇمشاق ئىچىملىك (توننا) | 112385 | 147405 |
| تۇڭلىتىلغان ئىچىملىك (توننا) | 12369 | 10952 |
| پاپىروس (تۈمەن دانە) | | 625000 |
| يىپ (توننا) | 316095 | 292713 |
| رەخت (تۈمەن مېتىر) | 20679 | 15239 |
| پاختا رەخت | 20667 | 15239 |
| بوياق رەخت (تۈمەن مېتىر) | 732 | 460 |
| تىۋىت يىپ (يۇڭ يىپ) (توننا) | 811 | 744 |
| يۇڭ توقۇلما (تۈمەن مېتىر) | 265 | 206 |
| يىپەك (توننا) | 201 | 110 |
| يىپەك توقۇلما (تۈمەن مېتىر) | 205 | 193 |
| كىيىم ـ كېچەك (تۈمەن قۇر) | 1241 | 1168 |
| خۇرۇم ئاياغ (تۈمەن پار) | 45 | 44 |

| | | |
|---|---|---|
| خۇرۇم كىيىم - كېچەك (دانە) | 31840 | 37125 |
| سۇنئىي تاختاي (كۇب مېتىر) | 93175 | 136458 |
| پەدەركە | 32868 | 44534 |
| پىرسلانغان تاختاي | 21653 | 48268 |
| قىرىندى تاختاي | 38448 | 38211 |
| ئۆي سايمانلىرى (دانە) | 2439310 | 2966417 |
| ياغاچ ئۆي جاھازلىرى | 2151815 | 2422745 |
| مېتال ئۆي جاھازلىرى | 1200 | 440498 |
| فابرىكا قەغىزى ۋە ماترىيتسا (توننا) | 226950 | 233365 |
| فابرىكا قەغىزى | 122944 | 132 .950 |
| ماشىنىدا ئىشلەنگەن قەغەز تاختاي | 104006 | 100415 |
| پىششىقلاپ ئىشلەنگەن نېفىت (توننا) | 10586796 | 11339137 |
| بېنزىن (توننا) | 1983104 | 2208756 |
| ئېرىتكۈچى ماي (توننا) | 153322 | 192997 |
| كىرسىن (توننا) | 195335 | 195600 |
| دىزېلىن (توننا) | 4318279 | 4474525 |
| سىلىقلاش مېيى (توننا) | 483817 | 494488 |
| يېقىلغۇ ماي (توننا) | 387772 | 274849 |
| نېفىت ئاسفالتى (توننا) | 855225 | 1009077 |
| سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى (توننا) | 423834 | 475658 |
| كوكس (توننا) | 1063398 | 1286538 |
| كۆمۈر گازى (تۈمەن كۇب مېتىر) | 245094 | 267494 |
| سولفات كىسلاتاسى (%100 لىك) (توننا) | 70407 | 85322 |
| تۇز كىسلاتاسى (تەركىبى %30دىن يۇقىرى) (توننا) | 76297 | 87467 |
| ناترىي گىدروكسىدى (كۆيدۈرگۈچى ئىشقار) (%100 لىك) (توننا) | 93362 | 114110 |
| ناترىي كاربونات (ساپ شۇلتا) (توننا) | 85263 | 95919 |
| گۈڭگۇرتلۇك شۇلتا (توننا) | 130078 | 147682 |
| سىنتېتىك ئاممىياك (توننا) | 956732 | 1082601 |
| يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئازوت، فوسفور، كالىي خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ جەمئىيسى (ساپ ھېسابىدا) (توننا) | 766291 | 854530 |
| ئازوت ئوغۇتى (N تەركىبى %100 لىك) | 748602 | 845828 |
| ئورېيە | 732202 | 827841 |
| فوسفورلۇق ئوغۇت ($P_2O_5$تەركىبى %100لىك) | 13151 | 1599 |

| | | |
|---|---|---|
| ئېتىلېن (توننا) | 157409 | 235921 |
| سىر (توننا) | 9748 | 13417 |
| سۈلياۋ سىمولا ۋە ئورتاق پولىمېرلىنىدىغان ماددا (توننا) | 338966 | 533534 |
| كىر سوپۇن (توننا) | 339 | 87 |
| سىنتېتىك يۇيۇش رېئاكتىپى (توننا) | 19811 | 26915 |
| سەرەڭگە (بولاق) | 255728 | 209877 |
| خىمىيۋى خام ئەشيالىق دورىلار (توننا) | 590 | 300 |
| تەييار جۇڭيىچە دورا (توننا) | 2936 | 4380 |
| بالون تاشقى كامېرى (دانە) | 753852 | 696026 |
| رېزىنكە ئاياغ (تۈمەن پار) | 97 | 16 |
| سۈلياۋ ياسالمىلىرى (توننا) | 230729 | 314891 |
| سۈلياۋ يوپۇق | 89489 | 99729 |
| يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۈلياۋ يوپۇق | 68270 | 78125 |
| سۈلياۋ تېپىدىكى ماتېرىياللار (تاختاي ماتېرىياللارنى ئىچىگە ئالىدۇ) | 5166 | 31914 |
| سېمونت (تۈمەن توننا) | 1030 | 1129 |
| خىش (ئۆلچەملىك خىش ھېسابىدا) (تۈمەن دانە) | 812390 | 877997 |
| كاھىش (تۈمەن پارچە) | 492 | 8322 |
| مەرمەر تاش تاختا (كۋادرات مېتىر) | 34185 | 117306 |
| گرانت تاش تاختا (كۋادرات مېتىر) | 1489088 | 2449083 |
| تۈز تاختا ئەينەك (ساندۇق) | 916210 | 675987 |
| كۆندىلىك ئەينەك ياسالمىلىرى (توننا) | 87642 | 63074 |
| كۆندىلىك فارفور (تۈمەن دانە) | 452 | 392 |
| ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىياللار ياسالمىلىرى | 36711 | 52510 |
| چويۇن (توننا) | 1227836 | 1448577 |
| ئىشلەنمىگەن پولات (توننا) | 1754534 | 2041153 |
| ئادەتتىكى تۆۋەن قېتىشمىلىق پولات (توننا) | 719812 | |
| قېتىشما پولات (توننا) | 25007 | |
| پولات ماتېرىيال (توننا) | 1730741 | 2031049 |
| چوڭ تىپتىكى شەكىللىك پولات | | 2559 |
| ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى شەكىللىك پولات | | 75761 |
| پولات چىۋىق | | 9919521 |
| يۆگەلمە چىۋىق (سىم) | 530952 | 807151 |

| | | |
|---|---|---|
| تۆمۈر قېتىشمىسى (توننا) | 21545 | 27521 |
| مىس (توننا) | 8115 | 2894 |
| نىكېل (توننا) | 1981 | 2050 |
| ئالىيۇمىن (توننا) | 39060 | 50171 |
| ئالىيۇمىن ماتېرىيال (توننا) | 12185 | 18392 |
| چويۇن تۇرۇبا (توننا) | 2916 | |
| قول مۇئەدەر سايمىنى (تۈمەن دانە) | 10 | 13 |
| سانائەت پار قازىنى (پار تارقىتىش مىقدارى توننا) | 894 | 555 |
| مېتال قىرىش ئىستانوكى (دانە) | | 5 |
| ناسوس (دانە) | 5047 | 4330 |
| شامالدۇرغۇچ (دانە) | 2335 | 2663 |
| ئوق قازان (تۈمەن يۈرۈش) | 100 | 121 |
| كىچىك تراكتور (دانە) | 4019 | |
| ئورۇش - يىغىش ماشىنىسى (دانە) | 4339 | 3625 |
| ئاپتوموبىل (دانە) | 3875 | 1615 |
| ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل (دانە) | 1980 | 1280 |
| توك چىقىرىش ئۈسكۈنىسى (كىلوۋات) | 22800 | 28100 |
| ئۆزگىرىشچان ئېلېكترو دۋىگاتېل (كىلوۋات) | 46000 | 31300 |
| ترانسفورماتور (1000 ۋولت - ئامپېر) | 11968321 | 11738706 |
| ئېلېكتر كابېل (1000 مېتىر) | 24608 | 36660 |
| خەۋەرلىشىش كابېلى (1000 مېتىر) | 6657 | 5666 |
| پولات ئۆزەكلىك ئالىيۇمىن يىلىملىق سىم (توننا) | 23647 | 22213 |
| ئاككۇمۇلياتور (1000 ۋولت - ئامپېر سائەت) | 97034 | 204903 |
| قۇرۇق باتارېيە (1 - نومۇرلۇق باتارېيە ھېسابىدا) (تۈمەن دانە) | 3873 | 3646 |
| نۇر مەنبەسى (لامپۇچكا) (تۈمەن دانە) | 920 | 496 |

# نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى

## ئومۇمىي بايان

نېفىت سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى نېفىتلىكلەر 21 مىليون 209

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

مىڭ 600 توننا نېفىت (نېفىتلىكلەر جەملىگەن سان، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 4 مىليارد 992 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقاردى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ئىشلەپچىقارغان نېفىت 10 مىليون 601 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز 2 مىليارد 210 مىليون كۇب مېتىر؛ تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى ئىشلەپچىقارغان نېفىت 5 مىليون 250 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز 1 مىليارد 100 مىليون كۇب مېتىر؛ تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى

ئىشلەپچىقارغان نېفىت 2 مىليون 350 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز 1 مىليارد 230 مىليون كۇب مېتىر؛ غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى (ئىدارىسى) ئىشلەپچىقارغان نېفىت 3 مىليون 8600 توننا، تەبىئىي گاز 452 مىليون كۇب مېتىر.

شىيۇ

## شىنجاڭ نېفىتلىكى

### نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغ ئالدى بەلۋېغىنىڭ يېڭى دائىرىسى، يېڭى قاتلام سىستېمىسىدىكى قورغاس تۈزۈلمىسىدە ئېلىپ بارغان دەسلەپكى تەكشۈرۈشتە زور بۆسۈشلەرگە ئېرىشتى، قورغاس 10 - قۇدۇقنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈشتە يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز ئېقىمى تېپىلدى، بۇنىڭدىن كۈنىگە 44.5 كۇب مېتىر خام نېفىت، 30 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئالغىلى بولىدۇ، يېڭىدىن كۆپەيگەن كونترول قىلىشقا ھەم ئالدىن مۆلچەرلەشكە بولىدىغان نېفىت - گاز ئېكۋىۋالېنتى 218 مىليون توننىغا يەتتى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئويمانلىق 1 - قۇدۇقنىڭ غەربىي ئويۇلمىسىنىڭ شەرقىي ئايلانما بەلۋېغىنى دەسلەپكى تەكشۈرۈشتە يېڭى بايقاشقا ئېرىشىلدى؛ موسۇۋەن 8 - ۋە موسۇۋەن 11 - قۇدۇقلىرىنى نۇقتىلىق تەكشۈرگەندە ساناەتتە ئىشلىتىلىدىغان يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز ئېقىمى ئېتىلىپ چىقتى، شىمالىي موسۇۋەندىن موسۇۋەنگىچە بولغان ئارىلىقتا ئېنىقلانغان نېفىت زاپىسى 50 مىليون توننىغا يېتىدۇ؛ داباسۇڭ كۆتۈرۈلمىسىدىكى داباسۇڭ 1 - قۇدۇقى، غەربىي شىمالىي گىرۋەكنىڭ ئۈشا ئۈزۈلمىسىدىكى يازلىق 72 - قۇدۇق، ئويمانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ فۇكاڭ ئۈزۈلمىسىدىكى چارۋىچىلىق 7 - قۇدۇقنى بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش جەريانىدا ياخشى نېفىت، گاز نامايەندىسى كۆرۈلدى. نېفىت ئۆۋىسىنى باھالاش ۋە ئالدىن تەكشۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى زىچ ئۇلاشتۇرۇش ئارقىلىق تەكشۈرۈش - ئېچىش تەننەرخى تۆۋەنلىتىلدى، قۇرۇلۇش مۇددىتى قىسقارتىلدى، تەكشۈرۈش - ئېچىشنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى، يېڭى نېفىت رايونى ۋە كونا نېفىت رايونىنى دۇملىما چارلاشتا مۇھىم ئىلگىرىلەش بولدى. يېڭى رايوندا نېفىتنىڭ باھالاپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 26 مىليون 960 مىڭ توننىغا، قازغىلى بولىدىغان زاپىسى 7 مىليون 818 مىڭ توننىغا؛ كونا نېفىت رايونى نېفىتنىڭ دۇملىما چارلاشتا ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 21 مىليون 650 مىڭ توننىغا، قازغىلى بولىدىغان زاپىسى 5 مىليون 168 مىڭ توننىغا يەتتى؛ قېزىش تەس بولغان زاپاسنى باھالاشتا يۆتكەشكە بولىدىغان قېزىش تەس زاپاسنىڭ 6 مىليون 980 مىڭ توننا ئىككەنلىكى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، شۇ يىلى 4 مىليون 740 مىڭ تونناسى يۆتكەپ ئىشلىتىلدى.

جۇ ۋېيا

### نېفىت - گاز ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىت 10 مىليون 601 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 498 مىڭ توننا ئاشتى، نېفىتنىڭ زاپاس بىلەن ئېلىش نىسبىتى 9.6 بولدى؛ ئىشلەپچىقىرىلغان تەبىئىي گاز 2 مىليارد 210 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، 190 مىليون كۇب مېتىر ئاشتى، يېڭىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 840 مىڭ 100 توننىغا، تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 445 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى. سۇ بېرىش، گاز بېرىشنى ئەلالاشتۇرۇش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان نېفىت مىقدارى 111 مىڭ توننا كۆپىيىپ، چىقىدىغان سۇ مىقدارى 184 مىڭ كۇب مېتىر ئازايدى، پۈتۈن نېفىتلىكنىڭ سۇ تەركىبى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشتى، قويۇق نېفىتتا نېفىت بىلەن گازنىڭ نىسبىتى 0.2دىن يۇقىرى بولدى. كونا قۇدۇقلاردا مەھسۇلات ئاشۇرۇشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرى 4963 قۇدۇق - قېتىم ئورۇندىلىپ، بىر يىلدا كۆپەيگەن نېفىت مىقدارى 953 مىڭ توننىغا يەتتى.

2003 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى — «ئويمانلىق 5 - گازلىقى»نى ئېچىش لايىھىسى 4 - ئايدا جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، كۆلىمى كۈنىگە 1 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر قىلىپ بېكىتىلدى، 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قۇرۇلۇش پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، كۈنىگە ئىشلەپچىقىرىلغان تەبىئىي گاز 1 مىليون 367 مىڭ كۇب مېتىر، يېنىك ھىدروكاربون 290 نەچچە توننا بولدى، بىر يىلدا سىرتقا 143 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز يۆتكەلدى. قويۇق نېفىتنى قىزىتىپ ئېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان گاز مىقدارى 2002 - يىلدىكىدىن 200 مىليون كۇب مېتىر كۆپەيدى، كۆيدۈرۈلىدىغان مازۇت 132 مىڭ توننا ئازايدى. يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان 8 - رايون ئورخۇ 600 مىڭ كۇب مېتىرلىق تەبىئىي گاز بىر تەرەپ قىلىش پونكىتى، ئۆزگەرتىلىدىغان قاراماي 75 - قۇدۇق تەبىئىي گاز بىر تەرەپ قىلىش پونكىتى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ئۆز ۋاقتىدا ئىشلەپچىقىرىشقا

كىرىشتۈرۈلۈپ، قىش پەسلىدە قويۇق نېفىت ئېلىشتا خام نېفىت كۆيدۈرۈش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، 6 -، 7 - ئايلاردىن باشلاپ مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى بىلەن ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەندى، كۈندىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن سىرتقا 700 مىڭ كۇب مېتىر گاز يۆتكەلدى. سىرتقا يۆتكەلگەن تەبىئىي گاز 87 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىدە يېڭىدىن 1431 قۇدۇق قېزىلدى، قېزىلغان قۇدۇقلارنىڭ مېتىراژى 1 مىليون 750 مىڭ مېتىرغا يەتتى، 1 مىليون 841 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، 445 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بارلىققا كەلتۈرۈلدى، يېڭى قۇدۇقلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نېفىت بېرىش سەۋىيىسى 5730 توننا بولدى. يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان ياكى چوقۇم قۇرۇلىدىغان نېفىت بىر تەرەپ قىلىش پونكىتىدىن 2 سى، تەبىئىي گاز بىر تەرەپ قىلىش پونكىتىدىن 2سى، قويۇق نېفىتنى قىزىتىپ ئېلىشنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش پونكىتىدىن 7سى، ئۆلچەم پونكىتىدىن 83ى تاماملاندى؛ تۈرلۈك تۇرۇبا لىنىيىسىدىن 580.25 كىلومېتىر، خەۋەرلىشىش نۇر كابېلىدىن 93.11 كىلومېتىر ياتقۇزۇلدى؛ يېڭىدىن بىر ترانسفورماتور پونكىتى قۇرۇلدى، ستولبا جازىلىق ترانسفورماتوردىن 475ى قوراشتۇرۇلدى، ئېلېكتر سىمىدىن 365.39 كىلومېتىر تارتىلدى، نېفىتلىك تاشيولدىن 58.46 كىلومېتىر ياسالدى. بىر يىلدا 1 مىليون 799 مىڭ 400 مېتىر قۇدۇق بۇرغىلاندى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە 1410 قۇدۇق بۇرغىلاندى، بىر يىلدا 1395 يېڭى قۇدۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، يېڭى قۇدۇقلارنىڭ مەھسۇلاتى 1 مىليون 76 مىڭ تونىنغا، يىل ئاخىرىدىكى سەۋىيىسى 4511 تونىنغا يەتتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر بارلىققا كەلگەن نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 10 مىليون 875 مىڭ 900 توننا، بۇنىڭ ئىچىدە سۇيۇق نېفىت 7 مىليون 290 مىڭ توننا، قويۇق نېفىت 3 مىليون 585 مىڭ 900 توننا؛ تەبىئىي گاز قاتلىمىنىڭ گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليارد 389 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى.

جۇ ژېيىيا

## ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىدە ئومۇمىي پىلان ۋە مەبلەغ سېلىش پىلانىنى باشقۇرۇش ۋە تور باشقۇرۇش سىستېمىسى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، كارخانا تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات كۈچەيتىلىپ، شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىنىڭ 2003 - يىلدىن 2007 - يىلغىچە بولغان كارخانا تەرەققىيات پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى، ئۇقتىلىق ھالدا نېفىت، گازنى توپلاپ يەتكۈزۈش، سۇ بېرىش، توك بىلەن تەمىنلەش، تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەخسۇس تېمىلىق تەتقىقات قانات يايدۇرۇلدى، ئۇنۇمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، دۆلەتنىڭ يولغا قويۇش تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن، «كونا نېفىتلىكلەرنى تەڭشەش، ئۆزگەرتىش ئومۇمىي پىلانى» تۈزۈپ چىقىلدى. مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسى ۋە مەبلەغ سېلىش كۆلىمى ئەللاشتۇرۇلۇپ، ئۇقتىلىق تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى، بىر يىلدا تەكشۈرۈش، ئېچىشقا بىۋاسىتە سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 602 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 970 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالدىن تەكشۈرۈشكە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 275 مىليون يۈەن، نېفىت ئۈۋىسىنى باھالاشقا سېلىنغان مەبلەغ 620 مىليون يۈەن بولدى. ئېچىشقا سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليارد 250 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 706 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بىر يىلدا 339 مىليون 690 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، «ئۈچ چوڭ ئۈنۈم قۇرۇلۇشى» ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «نېفىت ئورنىغا گاز ئىشلىتىش» قۇرۇلۇشىغا 289 مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ قۇرۇلۇش پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، نەتىجىدە كۆيدۈرۈلىدىغان قويۇق نېفىت 130 مىڭ توننا ئازايتىلىپ، ئېچىش خىراجىتى 40 مىليون يۈەندىن كۆپرەك تېجەپ قېلىندى، تەبىئىي گازنىڭ سىرتقا سېتىلىش مىقدارى 220 مىليون كۇب مېتىر كۆپىيىپ، 100 مىليون يۈەن كۆپ كىرىم قىلىندى؛ 9 - رايوندىكى يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان «يۇندىنى پاكىز سۇغا ئايلاندۇرۇش» قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇنىڭغا 16 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ ئارقىلىق كۈنىگە بىر تەرەپ قىلىپ قايتا پايدىلىنىلىدىغان يۇندا مىقدارى 10 مىڭ توننا كۆپىيىپ، مۇھىت قوغداپ قېلىندى، بۇنىڭدا يەنە يىلىغا سۇ پۇلىدىن 18 مىليون يۈەن، يېقىلغۇ پۇلىدىن 10 مىليون يۈەن تېجەپ قالغىلى بولىدۇ؛ سەيىنەندىكى تەبىئىي گاز ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ «توك ئورنىغا گاز ئىشلىتىش» قۇرۇلۇشىغا 34 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ «ئۈچنى راۋانلاشتۇرۇش، بىرنى تەكشىلەش» خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، بىر قىسىم ئۈسكۈنىلەرگە خېرىدار چاقىرىلىپ، مال زاكاز قىلىندى.

2003 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىنىڭ ئەمەلىي كاپىتال چىقىمى 6 مىليارد 575 مىليون يۈەن، ئاساسىي تىجارەت كەسپىدىن قىلغان كىرىمى 14 مىليارد 837

مىلىيون يۈەن، تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرگەن پايدىسى 1 مىليارد 757 مىلىيون يۈەن بولدى. بىر يىلدا تەكشۈرۈش تەننەرخى 0.94 دوللار/تونا ئېكۋىۋالېنت بولۇپ، خام چوتتىكى كۆرسەتكۈچتىن 0.07 دوللار/تونا ئېكۋىۋالېنت تۆۋەن بولدى؛ بىر يىلدا نېفىت، گازنىڭ بىرلىك مەشغۇلات تەننەرخى 4.06 دوللار/تونا بولدى؛ نېفىت، گازنىڭ بىرلىك زاپاس بايقاش تەننەرخى 1.55 دوللار/تونا بولۇپ، تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن كۆرسەتكۈچتىن 0.19 دوللار/تونا تۆۋەن بولدى؛ نېفىت، گازنىڭ بىرلىك ئېچىش تەننەرخى 2.81 دوللار/تونا بولۇپ، تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن كۆرسەتكۈچتىن 0.41 دوللار/تونا تۆۋەن بولدى.

جۇ ۋېيىا

## بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش نەتىجىسىنى تەكشۈرۈشتە قوللىنىدىغان 7 كۆرسەتكۈچنى، يەنى «خادىملاردا زور ئۆلۈش ـ يارىلىنىش ھادىسىسى بولماسلىق، پەۋقۇلئاددە ئوت ئاپىتى، پارتلاش ھادىسىسى بولماسلىق، قۇدۇق فونتانلاش تىزگىنسىز قېلىش ۋە قۇدۇق فونتانلاپ ئوت كېتىش ھادىسىسى بولماسلىق، پار قازان بېسىم قاچىسى پارتلاپ كېتىش ھادىسىسى بولماسلىق، بىر قېتىملىق ۋەقەدە ئىقتىسادىي زىيان 300 مىڭ يۈەنگە يېتىدىغان ھادىسە بولماسلىق، بىر قېتىمدا ئېقىپ كېتىدىغان نېفىت 10 تونىنغا يېتىپ مۆھىتنى بۇلغايدىغان ھادىسە بولماسلىق»نى ئىشقا ئاشۇردى، «ئىشلەپچىقىرىشتا زور ئۆلۈم ھادىسىسى سادىر قىلماسلىق» نىشانىنى ئۇدا 3 يىل ئەمەلگە ئاشۇردى.

2003 ـ يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىدە نېفىتلىكتە قوزۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلارنى بىخەتەرلىك بويىچە تەكشۈرۈش ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى، نېفىتلىكنىڭ بىناكارلىق بازىرىغا كىرىپ قۇرۇلۇش قىلىشىنى ئىلتىماس قىلغۇچى ئورۇنلارنىڭ بىخەتەرلىك جاۋابكارلىقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈلۈپ، بىخەتەرلىك تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلار تازىلىۋېتىلدى. بىر يىلدا تۈرلۈك قۇرۇلۇش قىلغۇچى قوشۇنلارنىڭ 528 بىخەتەرلىك ئىجازەتنامىسى بېجىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇدۇق بۇرغىلاش، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتىنىڭ 189، قاتناش ـ ترانسپورتنىڭ 58، باشقا نېفىتلىك مەشغۇلاتى سالاھىيىتىگە ئىگىلەرنىڭ 281. 2002 ـ يىلى يولغا قويۇلغان 23 بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش توختامى يېڭىۋاشتىن تۈزىتىلدى، يېڭىدىن ئېلېكتر رېمونتچىلىقى، گاز بىلەن تەمىنلەش جەھەتتىكى 2 پارچە توختام كۆپەيتىلدى. بىر يىلدا تېخنىكا مۇلازىمەتتى ئورۇنلىرى، ھۆددىگەر سودىگەرلەر بىلەن 1037 پارچە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش توختامى ئىمزالاندى. بىخەتەرلىك توختامىنىڭ ئالاقىدار ماددىلىرىغا خىلاپلىق قىلغان 12 مەشغۇلات قوشۇنىغا ئىشتىن توختىتىپ تەرتىپكە سېلىش، ئىقتىسادىي جازا بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلدى. بىخەتەرلىك، سۈپەت، ئۆلچەم، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق جەھەتلەردىكى 22 قائىدە ـ تۈزۈم ئېنىقلاندى، «قۇدۇق بۇرغىلاشتا قۇدۇق كونترول قىلىشنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى»، «قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتىدا قۇدۇق كونترول قىلىشنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى» تۈزۈپ چىقىلدى، «قاتناش بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، شىركەتكە قاراشلىق ئورۇنلار ئالاقىدار قائىدە ـ تۈزۈمدىن 188نى تۈزىتىش كىرگۈزدى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈردى. نېفىتلىك بازىرىغا كىرگۈزۈلىدىغان مەھسۇلاتلار قاتتىق تەكشۈرۈلدى، قۇدۇق بۇرغىلاشقا ياردەم بەرگۈچى دورا قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى ۋە بېسىملىق تۇرۇبا قاتارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش سالمىقى كۈچەيتىلدى، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى بىلەن ئۆچۈر ئالاقىسى ساقلاپ قېلىندى، ساختا، يالغان، ناچار مەھسۇلاتلارنىڭ ۋە قۇرۇلۇش قىلىشقا كاپالەتلىك قىلالمايدىغان قوشۇنلارنىڭ نېفىتلىك بازىرىغا كىرىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. ئىشلەپچىقىرىش مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئوت ئۆچۈرۈش سىستېمىسىغا 40 مىلىيون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى، 5 مىلىيون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، بىخەتەرلىكنى ئۆلچەش سايمىنى ۋە ئۈسكۈنىسى سېتىۋېلىندى ۋە يېڭىلاندى. بىر يىلدا 819 دانە ئالاھىدە ئۈسكۈنە، 255 دانە نېفىتلىكتە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان قاچا، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 170 مىڭ 400 مېتىر كېلىدىغان 149 تال بېسىملىق تۇرۇبا تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈپ تېپىلغان ئېغىر نۇقسانلار تۈزىتىلىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى يوشۇرۇن ئاپەت تۈگىتىلدى. 2003 ـ يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى ئاپتونوم رايون بويىچە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى.

جۇ ۋېيىا

## پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىنىڭ پەن تەتقىقات تۈرى 48 تۈر، 221 تېما، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈش پەن ـ تېخنىكىسى تۈرى 11، ئېچىش پەن ـ تېخنىكىسى تۈرى 11، تەكشۈرۈپ ئېچىش قۇرۇلۇشى پەن ـ تېخنىكىسى تۈرى 13، ئۇچۇر پەن ـ تېخنىكىسى تۈرى 8، باشقا پەن ـ تېخنىكا تۈرى 5 بولۇپ، بۇلارغا سېلىنغان پەن تەتقىقاتى ئومۇمىي

خىراجىتى 145 مىليون يۈەن. دۆلەت ھاي شىركىتى دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا ۋە ئۆچۈر تۈرلىرى پىلانىدىكى ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىشى %100 بولدى، نېفىتلىك شۆبە شىركىتى دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا ۋە ئۇچۇر تۈرلىرى پىلانىدىكى ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىش نىسبىتى %95تىن، پەن- تېخنىكا ۋە ئۇچۇر تۈرلىرىنىڭ سەر خىللىق نىسبىتى %60تىن، پەن - تېخنىكا ۋە ئۇچۇر تۈرلىرىگە دائىر مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قوللىنىلىش نىسبىتى %90تىن يۇقىرى بولدى. شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى قاتارلىق 7 ئورۇن بىرلىكتە ئورۇندىغان «تۆۋەن سىڭىشلىك نېفىتلىكنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك قېزىشنىڭ يۈرۈشلەشكەن تېخنىكىسى» دۆلەتنىڭ 2003 - يىللىق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ نېفىتلىك شىركىتىنىڭ 13 تۈردىكى مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە «قورام تاشلىق نېفىت ئۆۋىسىنى سۇ تەركىبى يۇقىرى مەزگىلدە ئېچىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش تەتقىقاتى» تۈرى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «شىمالىي موسوۋەن نېفىت - گازلىقىدىكى شىمالىي موسوۋەن 2 - قۇدۇق رايونىنىڭ مەنگۈلۈك دەرياسى ھەلۋېغىدىكى نېفىت ئۆۋىسىنى گاز بىلەن ئىتتىرىش تېخنىكىسىنى يارىتىش»، «نېفىت - گاز تەكشۈرۈش - ئېلىش ئۇچۇرى سىستېمىسى» دىن ئىبارەت 2 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ يۇرا سىستېمىسىدىكى نېفىت گاز ئۆۋىسىنىڭ شەكىللىنىش شەرتى ۋە ئۇنى تەكشۈرۈش ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات» قاتارلىق 10 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ۋاڭ يىلىن ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 2003 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى نېفىت - گاز تەكشۈرۈش جەھەتتە «جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى نېفىت - گاز تەركىبلىك سىستېما ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلاردا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش، قوللىنىش ئىشىنى نۇقتىلىق قانات يايدۇرۇپ، يەككە تۈردىكى پىششىپ يېتىلگەن تېخنىكىلارنىڭ توپلىنىشى ۋە يۈرۈشلىشىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. نېفىت، گازلىقنى ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىشتا تەكشۈرۈش بىلەن ئېچىشنى بىرلەشتۈرۈش، تەكشۈرۈش بىلەن ئېچىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، ئېچىش تەتقىقاتىغا ئالدى بىلەن تۇتۇش قىلىش خىزمەت ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، يېڭى رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. ئېچىلغان نېفىتلىكنى ئىز قوغلاپ تەتقىق قىلىشتا، نېفىت كۆپەيتىشنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك، يارامىلىق يېڭى تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى، زاپاس ساقلاش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، كونا نېفىتلىكنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ۋە زاپاس مەھسۇلاتنى كۆپەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، نېفىتلىك - گازلىقنى ئېچىشتا پۈتۈن گەۋدە بويىچە يۈتكەپ ئىشلىتىش دەرىجىسى ۋە ئېچىش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. نېفىت، گاز ئېچىش جەھەتتە «شىنجاڭ نېفىت شىركىتىنىڭ دۆملىما تەكشۈرۈش - ئېچىش تېخنىكىسى» قاتارلىق ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلاردا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئىشى نۇقتىلىق قانات يايدۇرۇلۇپ، پەن تەتقىقات ئارقىلىق نېفىت مەھسۇلاتى 300 مىڭ توننا كۆپەيتىلدى.

جۇ ۋېييا

## يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردىكى يەر تەۋرەشتە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا 400 مىڭ يۈەن، نامراتلارنى يۆلەش قۇرۇلۇشىغا 450 مىڭ يۈەن پۇل، ئەتراپىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ يوللىرىغا 490 توننا ئاسفالت، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىشىگە 16.6 توننا كونا پولات تۇرۇبا، 10 توننا دىزېلىن، 2 دانە پار قازىنى ياردەم بەردى، يەنە نېفىتلىكتىكى «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپىگە كۆمۈر، كومپيۇتېر، ئوقۇش بۇيۇملىرى قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى ياردەم قىلدى.

جۇ ۋېييا

## شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گۇرۇھى شىركىتىگە قاراشلىق يەرلىك ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت شىركىتى بولۇپ، ئاساسلىقى نېفىت، تەبىئىي گاز قۇدۇقلىرىنى بۇرغىلاش، قۇدۇق خاتىرىلەش، قۇدۇق ئۆلچەش، نېفىت سىناش، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتى، بۇرغىلاش - قېزىش قۇرۇلۇش تېخنىكىسى مۇلازىمىتى ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇشى، ماشىنىسازلىق، تاشيول ترانسپورتى، توك چىقىرىش، توك بىلەن تەمىنلەش، سۇ چىقىرىۋېتىش، سۇ بىلەن تەمىنلەش، خەۋەرلىشىش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئىدارە شتابى قاراماي شەھىرىگە تەسىس قىلىنغان. نېفىت قۇرۇلۇشى تېخنىكا قوشۇنىدىن 309ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە بۇرغىلاش ئەترىتى 83، قۇدۇق خاتىرىلەش ئەترىتى 47، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلات ئەترىتى 100، نېفىت سىناش ئەترىتى 22، قۇدۇق ئۆلچەش ئەترىتى 57. پۈتۈن ئىدارە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 55 مىڭ 586، تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 19 مىڭ 569، بۇنىڭ

ئىچىدە ئالىي ئۈنۈملۈك بارلار 1203.

شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ 2003 - يىل ئاخىرىدىكى مۇلۇك سوممىسى 13 مىليارد 953 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقلىق مۇلۇكنىڭ ئەسلى قىممىتى 10 مىليارد 344 مىليون يۈەن، ساپ قىممىتى 6 مىليارد 788 مىليون يۈەن، ساپ سوممىسى 6 مىليارد 160 مىليون يۈەن. بار بولغان ئاساسلىق كەسپىي تېخنىكا جابدۇقلىرى 5000 دانە (يۈرۈش) دىن ئارتۇق، بۇنىڭ ئىچىدە بۇرغا 90 دانە (يۈرۈش)، قۇدۇق ئۆلچەش ئۈسكۈنىسى 58 دانە (يۈرۈش)، ئۈنۈۋېرسال قۇدۇق خاتىرىلەش ئۈسكۈنىسى 35 دانە (يۈرۈش)، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتى ئۈسكۈنىسى 171 دانە (يۈرۈش)، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماشىنا - سايمانلىرى 407 دانە (يۈرۈش)؛ ئۆزى قۇرغان ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ گېنېراتور سىغىمچانلىقى 171 مېگاۋات؛ پروگراممىلىق خەۋەرلىشىش كوممۇتاتورىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 110 مىڭ توچكا؛ 3 سۇ ئامبىرى بولۇپ، سۇ سىغىمچانلىقى 113 مىليون 100 مىڭ كۇب مېتىر.

شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ 2003 - يىلدىكى كىرىمى 8 مىليارد 594 مىليون يۈەنگە، كارخانا قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 120 مىليون يۈەنگە، ھەربىر ئادەمنىڭ بىر يىللىق قوشۇلما قىممەتتىكى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 56 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى، بىر يىلدا بۇرغىلانغان قۇدۇق مېتىراژى 2 مىليون 26 مىڭ مېتىرغا يەتتى، 132 قاتلام نېفىت سىنالدى، 8650 قېتىم قۇدۇق ئۆلچەندى، 1722 گېئولوگىيىلىك قۇدۇق خاتىرىلەندى، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتىدا 3408 ئۆلچەملىك قۇدۇق - قېتىم چوڭ رېمونت، 45 مىڭ 692 ئۆلچەملىك قۇدۇق - قېتىم كىچىك رېمونت قىلىندى. شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ تۆۋەن ئۈنۈملۈك نېفىت - گاز بايلىقى ئاچتى، بىر يىلدا ئىدارە بويىچە 360 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يېڭىدىن 138 مىڭ توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بارلىققا كەلتۈرۈلدى، 267 مىڭ 400 توننا نېفىت ھەمكارلىشىپ ئىشلەپچىقىرىلدى.

چېن پېڭ

## پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى 90 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈردى، 42 تۈر جۇڭگو نېفىت گۇرۇھ شىركىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 40 تۈردە يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلات يارىتىلدى، 20 تۈردە پاتېنت ئىلتىماس قىلىندى، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ قوللىنىلىش نىسبىتى %95 كە يەتتى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ تۆھپە قوشۇش نىسبىتى %50 كە، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ مەھسۇلاتقا ئايلىنىش نىسبىتى %75 كە يەتتى. جەنۇبىي قىسمىدىكى مۇرەككەپ گېئولوگىيىلىك قۇدۇق بۇرغىلاشتا مۇھىم بۆسۈش ھاسىل قىلىندى، بۇرغىلاش ھۆددە ئېلىنغان شەرقىي قولتۇق 1 - قۇدۇقنىڭ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ رايون بويىچە ئەڭ ياخشى رېكورت يارىتىلدى؛ قۇدۇق ئۆلچەشتە مۇرەككەپ تۈزۈلمىدە قۇدۇق ئۆلچەشنى ئىزاھلاش ۋە سەۋىيىلىك قۇدۇق، كىچىك كۆزلۈك قۇدۇق قاتارلىق ئالاھىدە قۇدۇقلارنى ئۆلچەش ئىقتىدارى ھازىرلاندى، ئىزاھلاشنىڭ ئۇيغۇن كېلىش نىسبىتى %86 كە يېتىپ، ساھە ئۆلچىمىدىن 11 پىرسەنت پوئېنتى ئېشىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى؛ غەربىنىڭ گازنى شەرققە يەتكۈزۈشنىڭ تۇرۇبا قۇرۇلۇشىدا قوللىنىلغان ئۇزاققا ئاقتۇزۇش تۇرۇبىسىنى پۈتۈنلەي ئاپتوماتىك كەپشەرلەش ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسى دۆلەت ئىچىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

قۇرۇلۇش تېخنىكىسى مۇلازىمىتىدىكى قورال - سايمان، تېخنىكا سەۋىيىسى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بىر يىلدا 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ZJ70DB چاستوتىسى ئېلېكترونلۇق ئۆزگەرتىلىدىغان بورۇۋاي، 2000 تېپلىق بېسىم ئارقىلىق قاتلام يېرىش ماشىنا گۇرۇپپىسى، ZJ40DBT چاستوتىسى ئېلېكترونلۇق ئۆزگەرتىلىدىغان بورۇۋاي، ھاۋا تومانلىتىپ قۇدۇق بۇرغىلاش ئۈسكۈنىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىلغار ئاچقۇچلۇق ئۈسكۈنىلەر سېتىلىپ، بىر تۈركۈم سەرپىياتى يۇقىرى، ھۈنەر - سەنئىتى قالاق، يوشۇرۇن خەۋپى بار قۇرۇلمىلار براكقا چىقىرىلىپ، ئاساسلىق قۇرۇلمىلارنىڭ يېڭىلىنىش كوئېففىتسېنتى بىر ئاز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. قۇدۇق سۈپىتىنى مۇستەھكەملەشنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 2002 - يىلدىكى %98.9 تىن %99.2 كە، قۇدۇق ئۆلچەشنىڭ ئەلالىشىش نىسبىتى %98.6 تىن %99.1 كە، قۇدۇق تەكشۈرۈشنى ئىزاھلاشنىڭ ئۇيغۇن كېلىش نىسبىتى %87.7 تىن %91.8 كە كۆتۈرۈلدى.

چېن پېڭ

## ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى

1. 2003 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىدا مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش، مەبلەغنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، 26 مىليون 500 مىڭ يۈەن مالىيە خىراجىتى تېجەپ قېلىندى. مۇئامىلىدىكى قەرز پۇلنى ئېنىقلاش سالمىقى زورايتىلىپ، نېفىت ئىدارىسىنىڭ ھەقدارلىق، قەرزدارلىق ئەھۋالى

ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ھازىر بار مۇلۇك ئۈزۈل - كېسىل ئېنىقلىنىپ، مۇلۇك باشقۇرۇش چارىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، مۇلۇك سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈش، مۇلۇك ساقلاش پەنىمۇ ئەلالىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

2. مەبلەغ باشقۇرۇش، خېرىدار چاقىرىش - خېرىدار بولۇشنى باشقۇرۇش قاتارلىقلارغا دائىر قائىدە - تۈزۈملەر مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، مەبلەغ سېلىشنى باشقۇرۇش تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلدى. تۈرلەرنى قارار قىلىشتا ئىقتىساد، تېخنىكا جەھەتتىن قاتتىق دەلىللەش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، گۇرۇھ شىركىتى، نېفىت ئىدارىسىنىڭ مەمۇرىيەت يىغىنى، باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كەسپىي تەكشۈرۈش يىغىنىدىن ئىبارەت «ئىككى قاتلام، ئۈچ دەرىجىلىك» قارار چىقىرىش تۈزۈمى بەرپا قىلىندى؛ سېلىنغان مەبلەغقە جاۋاب قايتۇرۇش تۈزۈمى قاتتىق يولغا قويۇلۇپ، تۈر باشقۇرۇش جاۋابكارلىقى پەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، مەبلەغ سېلىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

3. باغلىنىشلىق سودىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بىلەن قەرەلى 3 يىللىق بولغان باغلىنىشلىق سودىنىڭ تۈرگە ئايرىلغان كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، يېڭى ئىستراتېگىيىلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى.

4. قانۇن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تورى قۇرۇلۇپ، قانۇنىي ئېھتىيات سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. بىر يىلدا بىر قەدەر چوڭ ئەرز - شىكايەت دېلوسىدىن 7سى بىر تەرەپ قىلىندى، دېلو نىشانىغا چېتىلىدىغان پۇل 80 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. ئىدارىگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ چەتكە چېتىشلىق ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسىدىن 10 نەچچىسى بىر تەرەپ قىلىندى. 2003 - يىلى باشقۇرۇش ئىدارىسى دۆلەت سودا - ساناەت مەمۇرىي باشقۇرۇش باش ئىدارىسى ۋە سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «توختامغا رىئايە قىلغان، ئىناۋەتنى ساقلىغان كارخانا» ۋە «جۇڭگودىكى ئىناۋەت سىستېمىسى بويىچە بەلگىلەنگەن 500 ئىناۋەتلىك ئۈلگە ئورۇن» نىڭ بىرى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

5. سۈپەت باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. 19 ئورۇن سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى، قۇدۇق بۇرغىلاشتا قۇدۇق گەۋدىسىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100كە يەتتى. قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدىكى كەينى - كەينىدىن كەپشەرلەنگەن 1205 ئاچال ئېغىزىنىڭ بىر قېتىمدىلا لېنتىغا ئېلىنىشىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100كە يېتىپ، قۇرۇلۇش سۈپىتى بويىچە يېڭى رېكورت يارىتىلدى؛ قۇرۇلۇشقا قاتناشقان ياقا قېتىشما پارچىلايدىغان گازلىقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ سۈپەتلىك قۇرۇلۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

چېن پېڭ

## بازار ئېچىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ نېفىتلىك رايونى ئىچىدە بازار ئىگىلەش نىسبىتى مۇقىم ئۆرلىدى، سىرتقى بازار كىرىمى مۇقىم ئاشتى.

نېفىتلىك رايونى ئىچىدىكى بازارلار بىرلىكتە تېخنىكا ئۈتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە سىستېما بويىچە مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىگە ماسلىشىپ جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي شىمال قىسمى قاتارلىق نۇقتىلىق رايون بۆلەكلىرىدىكى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ۋە كونا رايونلارنىڭ مەھسۇلاتىنى مۇقىملاش، يېڭى رايونلاردا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بەرپا قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. قۇدۇق بۇرغىلاش، قۇدۇق ئۆلچەش، قۇدۇق خاتىرىلەشنىڭ ئىچكى بازارلاردا ئىگىلىگەن نىسبىتى مۇقىم ھالدا %90تىن يۇقىرى بولدى. قۇدۇق ئورنى سىناش، تۆشۈك ئېچىش، بېسىم ئارقىلىق قاتلام يېرىش، نېفىت سىناشتا %100لىك نىسبەت داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى. بىر يىلدا باغلىنىشلىق سودىدىن 5 مىليارد 436 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى.

دۆلەت ئىچى بازارلىرىدا تەكرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى بازارلار نۇقتا قىلىنىپ، تارىم، تارىم دەرياسى، چىڭخەي، چاڭچىڭ قاتارلىق نېفىتلىك بازارلىرى پۇختا قەدەم بىلەن ئېچىلدى، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش، جۇڭخۇۋ لىنيىسى قاتارلىق تۇرۇبا يولى قۇرۇلۇشىغا قاتنىشلدى، بىر يىلدا سىرتقى بازارلارنىڭ دۆلەت ئىچى قىسمىدا 545 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكرىتاغنىڭ جەنۇبىدا قىلىنغان كىرىم 305 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %29.2 ئاشتى.

چەت ئەل بازارلىرىدا قۇدۇق بۇرغىلاش ۋە قۇرۇلۇش قىلىش، لايىھىلەش باشلامچى قىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق، جەنۇبىي ئامېرىكا، ئافرىقا قاتارلىق 4 رايوندىكى 9 دۆلەتتە تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلدى. چەت ئەل بازارلىرىدا قىلىنغان كىرىم 336 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %112 ئاشتى.

2003 - يىلى سىرتقى بازارلاردا قىلىنغان كىرىم 881 مىليون يۈەن بولۇپ، ئاساسىي تىجارەت كەسپىدە قىلىنغان كىرىمنىڭ %10.3 نى ئىگىلىدى.

چېن پېڭ

## بىخەتەرلىك، مۇھىت ئاسراش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى ئاخىرىغىچە شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىدا 12 ئورۇن HSE باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ ۋە كەسپىي بىخەتەرلىك، ساغلاملىق سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتۈپ، 5 ئورۇن مۇھىت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتۈپ، مۇكەممەل بولغان بىخەتەرلىك باشقۇرۇش تورى بەرپا قىلىندى. قۇدۇق بۇرغىلاشتا «يەككە قۇدۇق بويىچە نازارەت قىلىش»، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتىدا «سەييارە نازارەت قىلىش»، قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا «تۈرلەر بويىچە نازارەت قىلىش»، ترانسپورتتا «ھەرىكەتلىك نازارەت قىلىش»، ئېلېكتر ئىستانسىلىرىدا «بىخەتەر ھەرىكەت ئانالىزىنى نازارەت قىلىش»تىن ئىبارەت 5 خىل نازارەت ئەندىزىسىنى يولغا قويۇش ئۈستىدە ئىزدىنىلدى.

2003 ـ يىلى نېفىت ئىدارىسى قۇدۇق بۇرغىلاش، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتى، نېفىت سىناش، نېفىتلىك قۇرۇلۇشى قاتارلىق 14 قۇرۇلۇش مەشغۇلاتى قوشۇنى ئىچىدە «يېشىل» مەشغۇلاتنى نۇقتىدا سىناق قىلدى. كەڭ ۋە چوڭقۇر بولغان پاكىز ئىشلەپچىقىرىش ۋە يېشىل مەشغۇلات قىلىش تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى، كونكرېت يولغا قويۇش جەريانىدا، يېشىل مۇھىت ئاسراش ئۇقۇمى ۋە تۈرلۈك مۇھىت ئاسراش تەدبىرلىرى «ئىككى كىتاب، بىر جەدۋەل»گە سىڭدۈرۈلدى، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەربىر قۇرۇلۇش، ھەربىر مەشغۇلات ۋە ھەربىر قۇرۇلۇش ھالقىسىغا ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

بۇرغىلاش شىركىتى ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، مۇھىت ئاسراش تىپىدىكى سىغىز بۇتقىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ، يەر قاتلىمى ۋە يەر يۈزىدە كېلىپ چىقىدىغان بۇلغىنىش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلدى. «قۇدۇق بۇرغىلاشتا جىنىس ئۆۋۈقىنى بىر تەرەپ قىلىشنى سەرخىللاشتۇرۇش، سىغىز بۇتقىلىق كېرەكسىز سۇيۇقلۇقنى يىغىۋېلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى باشقۇرۇش لايىھىسى» يولغا قويۇلۇپ، كېرەكسىز سۇيۇقلۇقنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %60تىن %80كە ئۆستۈرۈلدى.

2003 ـ يىلى نېفىت ئىدارىسى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، مەخسۇس تۈرلەر بويىچە تۈزەش، بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈشنى 10 قېتىم ئېلىپ بېرىپ يوشۇرۇن ھادىسىنى ئۆز ۋاقتىدا تۈگەتتى.

2003 ـ يىلى نېفىت ئىدارىسى زور، ئالاھىدە ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى ئۈنۈملۈك ھالدا تىزگىنلىدى، ئادەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ھادىسىسى 2002 ـ يىلدىكىدىن %17 ئازايدى، مىڭ ماشىنا بويىچە ئۆلۈش نىسبىتى ‰4.6 بولۇپ، %50 تۆۋەنلىدى. نېفىت ئىدارىسىگە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 2003 ـ يىللىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا ئىلغار ئورۇن، گورۇھ شىركىتى تەرىپىدىن گورۇھ شىركىتى بويىچە 2003 ـ يىللىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، مۇھىت ئاسراشتىكى ئىلغار كارخانا دەپ نام بېرىلدى.

چېن يىڭ

# تارىم نېفىتلىكى

## تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت ئەھۋالى

2003 ـ يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى بويىچە ئېنىقلىنىپ تىزگىنلەنگەن نېفىت زاپىسى 145 مىليون توننىغا، تەبىئىي گاز 25 مىليارد 749 مىليون كۇب مېتىرغا، 3 ـ دەرىجىلىك زاپاس ئېكۋىۋالېنتى 317 مىليون توننىغا يەتتى. بىر يىلدا ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىت 5 مىليون 250 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 230 مىڭ توننا ئاشتى، 4 مىليون 980 مىڭ توننا نېفىت سېتىلدى، 1 مىليارد 100 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىلدى، 320 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەندى، 420 مىڭ توننا ئورېيە ئىشلەپچىقىرىلدى. سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم 8 مىليارد 945 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %34، ئېلىنغان پايدا 3 مىليارد 508 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %94.9، تاپشۇرۇلغان باج 1 مىليارد 136 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %60 ئاشتى، نېفىت، گازنىڭ بىرلىك مەشغۇلات تەننەرخى 2.65 دوللار/تۇڭ بولدى.

لى پېيىۇ

## نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىدە 14 قۇدۇقتا يېڭىدىن سانائەتكە كېرەكلىك نېفىت، گاز ئېقىمى تېپىلدى، قۇدۇق بۇرغىلاشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %43.75 بولدى. ئوچتۇرپان پارامېتىر 1 ـ قۇدۇقنىڭ بور سىستېمىسىنى ئۆلچەشتە يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز ئېقىمى تېپىلدى، 6 مىللىمېتىرلىق شتۇتسېر بىلەن مەھسۇلات ئىزدىگەندە، كۈنلۈك مەھسۇلاتى 173.3 كۇب مېتىر نېفىت، 196 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز بولدى، 100 مىليون توننا دەرىجىلىك نېفىت، گاز ئۆۋىسى بايقىلىپ، ئوچتۇرپان ئويۇلمىسىدىكى نېفىت، گازنى تەكشۈرۈشتە زور بۆسۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شەرقىي مانجار 1 ـ قۇدۇقنى چوڭقۇرلىتىپ بۇرغىلىغاندا، سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان گاز

ئېقىمى تېپىلىپ، مانجار ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ چۆرىسىدىن سىلور سىستېمىسىغا دائىر زور بۆسۈش بولغانلىقىدىن دېرەك بەردى. خادادۆڭ نېفىتلىكىنى دۇملىما تەكشۈرۈشتە مۇھىم ئىلگىرىلەش بولدى، نېفىتنىڭ يېڭىدىن ئېنىقلانغان زاپىسى 28 مىليون 900 مىڭ توننا بولۇپ، جەمئىي ئېنىقلانغان زاپاس 77 مىليون 590 مىڭ تونناغا يەتتى. جەنۇبىي بۆكۈر ئوردوۋلىك سىستېمىسىغا تەۋە يوشۇرۇن تاغنى تەكشۈرۈپ بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئېچىشتا مۇھىم ئىلگىرىلەش قولغا كەلدى، قەدىمىي بۆكۈر 15 - قۇدۇق رايونى ۋە جەنۇبىي ساڭتامنىڭ شەرقىي رايون بۆلىكىنى تەكشۈرۈش، قەدىمىي بۆكۈر 40 - ۋە قەدىمىي بۆكۈر 2 - قۇدۇق رايونىنى تىزگىنلەشتە يېڭىدىن كۆپەيگەن نېفىت، گاز زاپىسىنىڭ ئېكۋىۋالېنتى 87 مىليون 280 مىڭ توننا بولدى. ئوتتۇرا تارىم سىلور سىستېمىسىنى ئالدىن ئۆلچەشتە يېڭىدىن كۆپەيگەن نېفىت زاپىسى 63 مىليون 810 مىڭ توننا بولۇپ، بۇ جاي يېقىنقى مەزگىلدە نېفىت تەكشۈرۈشتىكى مۇھىم دائىرە بولۇپ قالدى. كۆكيار قېتىشما پارچىلاش گازلىقى ئاستىدىكى 3 - دەۋرنى باھالاپ تەكشۈرۈشتە مۇھىم ئىلگىرىلەش بولدى، ئېنىقلىنىپ تىزگىنلەنگەن نېفىت، گاز ئېكۋىۋالېنتى ئاز كەم 20 مىليون تونناغا يەتتى. جەنۇبىي بۆكۈرنىڭ شەرقىي يانتۇلۇقىدىكى جەنۇبىي بۆكۈر 62- قۇدۇقنىڭ تاش كۆمۈر دەۋرىدە، شەرقىي تارىم رايونىنىڭ شەرقىي يىگجىسۇ 2 - قۇدۇقنىڭ كېمبىرىي سىستېمىسىدا ياخشى نامايەندە كۆرۈلۈپ، تەكشۈرۈشنىڭ يېڭى دائىرىسى ئېچىلدى.

لى پېيىۋ

## نېفىتلىك ئېچىش ئەھۋالى

2003 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىدە يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشلىتىشكە بولىدىغان نېفىتنىڭ ئېلىشقا بولىدىغان زاپىسى 5 مىليون 700 مىڭ تونناغا يەتتى، نېفىتلىكنىڭ تەبىئىي تەدرىجىي كېمىيىش نىسبىتى 11.01%، ئۇنۇۋېرسال تەدرىجىي كېمىيىش نىسبىتى 6.04%، ئۇنۇۋېرسال سۇ تەركىبلىك نىسبىتى 53% بولۇپ، نېفىتلىك ئېچىشنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسى ئىزچىل ئاشۇرۇلدى. ئوتتۇرا تارىم 4 -، جەنۇبىي بۆكۈر، شەرقىي ئۆستەڭ قاتارلىق كونا نېفىتلىكلەردە نېفىت ئۆۋىسىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەش ئاساس، مەھسۇلاتنىڭ سۇيۇقلۇق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئاساسىي لىنىيە قىلىنىپ، ئۇنۇۋېرسال تۈزەش ئېلىپ بېرىلىپ، سۇ تەركىبىنىڭ تېز ئۆرلەپ كېتىش ۋەزىيىتى كونترول قىلىنىپ، مەھسۇلاتنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. بىر يىلدا 86 قۇدۇق قېتىم نېفىت ئاشۇرۇش تەدبىرى قوللىنىلدى، تەدبىرنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇش نىسبىتى 86% بولۇپ، 254 مىڭ 400 توننا نېفىت كۆپەيدى. يېڭى رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، خادا دۆڭنىڭ مەھسۇلات ئىقتىدارى كۆلىمى 800 مىڭ توننىدىن 1 مىليون 300 مىڭ تونناغا كۆپەيتىلدى، شۇ يىلى 1 مىليون 140 مىڭ توننا نېفىت ئېلىندى؛ قەدىمىي بۆكۈرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۆلىمى 250 مىڭ توننىدىن 350 مىڭ تونناغا كۆپەيتىلدى، شۇ يىلى 290 مىڭ توننا نېفىت ئېلىندى.

لى پېيىۋ

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى

2003 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى 33 تېمىنى يولغا قويۇپ، 8 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، 4 تۈردە گورۇھ شىركىتىنىڭ تېخنىكا يېڭىلاش مۇكاپاتىغا، 2 تۈردە دۆلەتنىڭ يېڭى تېخنىكىنى ئىشلىتىش پاتېنتىغا ئېرىشتى. گېئولوگىيىلىك ئۇنۇۋېرسال تەتقىقات جەھەتتە مانجار ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ چۆرىسىدىكى شەرقىي ئۆستەڭ قۇمتاشلىقى، ئۇچتۇرپان ئويمانلىقى، ئوتتۇرا تارىم سىلور سىستېمىسى، قەدىمىي بۆكۈر يوشۇرۇن تېغىنىڭ كارست سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىشتا يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. تەكشۈرۈش - ئېچىشنىڭ يۈرۈشلەشمە تېخنىكىسى جەھەتتە ئۈستۈن قاتلامنى ئىنچىكە تەكشۈرۈش كۈچەيتىلىپ، قوزغىتىش ئۇسۇلى ۋە كۆزىتىش سىستېمىسى سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، ئىزاھلاشنىڭ ئىنچىكىلىكى ئۆستۈرۈلدى، ئۇچتۇرپان، غەربىي جەنۇبىي تارىم، ئوتتۇرا تارىم، چۆل قاتارلىق رايونلاردا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى، يەر تەۋرىتىش ماتېرىيالىنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى؛ قىڭغىرلىقتىن ساقلىنىپ پارچىلاش تېخنىكىسى، يۇقىرى بېسىم ئارقىلىق كۆز پەرقلەندۈرۈشنى ئۆلچەش - سىناش تېخنىكىسى، ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر كىچىك كۆزلۈك قۇدۇقتىن كېرىن ئېلىش تېخنىكىسى قاتارلىقلارنىڭ قوللىنىلىش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر گورىزونتال قۇدۇقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆلچەش - سىناش تېخنىكىسى دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. 10 - بەش يىللىق پىلاندىكى دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نۇقتىلىق تېمىسى — «تارىم ئويمانلىقىدىكى ئوتتۇرا، چوڭ گازلىقنى تەكشۈرۈش - ئېچىشنىڭ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى ھەمدە A دەرىجىلىك باھاغا ئېرىشتى، تەبىئىي گازنى يۇقىرى تېمپېراتۇرا، يۇقىرى بېسىملىق ئىسسىقلىقتا تەقلىدىي سىناش قۇرۇلمىسى، يۇقىرى سۈرئەتتە قاتلام قوزغىتىش قاتارلىقلاردا مۇھىم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى؛ رەقەملىك نېفىتلىك قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولۇپ، رامكا سىستېمىسىنى لايىھەلەش ۋە

ئۇنى يولغا قويۇش لايىھىسى تاماملاندى.

لى پېيىۋ

## كارخانا باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى «ئىلمىي باشقۇرۇش يىلى» پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى، باشقۇرۇش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق ياراتتى. پىلانلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مالىيىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ھېسابلاپ بارلىق خادىملار بويىچە تەننەرخ سەرپىياتىنى تىزگىنلىدى، قانۇن ـ تۈزۈملەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئۈچۈر ئارقىلىق باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. تەكشۈرۈش ـ ئېچىشنىڭ 1 ـ سېپىدىكى ئورۇنلار ئىستراتېگىيىلىك بىرلىشىش ۋە يۇغۇرۇلما باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، «ئا»، «ب» تەرەپلەرنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. 13 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەردىكى 133 قۇدۇق بۇرغىلاش سۇيۇقلۇقى ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، سودىگەرلىرى نەق مەيداندا تەكشۈرۈلۈپ، 55ى شاللىۋېتىلدى. ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ھەققىدە 22 تۈزۈم تۈزىتىلدى ۋە يېڭىدىن تۇرغۇزۇلدى.

لى پېيىۋ

## بىخەتەرلىك ۋە مۇھىت ئاسراش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىدە زور ھادىسە كۆرۈلمەي، ئۇدا 5 يىل بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. مۇھىم ئاسراش سېلىنمىسى ۋە مۇھىت بۇلغاشنى تىزگىنلەش سالمىقى زورايتىلىپ، مۇھىتنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغاش ھادىسىسى تۈگىتىلدى. «يۇقىرى خلور تەركىبلىك كېرەكسىز سانائەت سۈيىنى COD ئۆلچەپ بېكىتىش ئۇسۇلى ئۈستىدىكى تەتقىقات» دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى ھەمدە دۆلەت ئۆلچىمى قىلىندى. ياقا، خادا دۆڭلەردىكى 4 ئېچىش قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك مۇھىت ئاسرىشىدىكى 100 ياخشى قۇرۇلۇش بولۇپ باھالاندى. قۇملۇق تاشيولىدىكى ئىھاتە ئورمانلىقىدىن ئىبارەت ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشتا ئومۇمىيۈزلۈك ئىش باشلاندى. ئىشلەپچىقىرىش سورۇنلىرىدىكى زەھەرلىك، زىيانلىق ئېلېمېنتلارنى پەرقلەندۈرۈش ۋە باھالاپ بېكىتىش مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش نىسبىتى %92.8كە يەتكۈزۈلدى؛ ساغلاملىق جەھەتتىن بەدەن تەكشۈرۈش دائىرىسى كېڭەيتىلدى، بەدەن تەكشۈرۈش نىسبىتى %98.6كە يېتىپ، كەسپىي كېسەللىك ۋە كەسپىي كېسەللىك ھادىسىسى تۈگىتىلدى.

لى پېيىۋ

## نېفىتلىك بىلەن يەرلىكنىڭ ئورتاق قۇرۇش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا پائال ياردەم بېرىپ، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشىنى قانات يايدۇردى. 550 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان خوتەن دەرياسى گازلىقىنىڭ گاز بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىش باشلاندى. بۇ قۇرۇلۇش كەلگۈسىدە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋە پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى كەمچىل بولۇش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ، شۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. 30 نەچچە مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كورلا شەھىرىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا سېلىنغان قۇرۇلۇش پۈتەي دەپ قالدى. 218 مىليون 610 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تارىم قۇملۇق تاشيولى ئىھاتە ئورمانلىقىدىن ئىبارەت ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتى تېزلىتىلدى. بۇ قۇرۇلۇش شىمالدا قۇملۇق تاشيولىنىڭ شورتاڭ ئۆچاستكىسىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا دۆلەت يولى «315» لىنىيىسىگە بارىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 436 كىلومېتىر، كەڭلىكى 72 — 78 مېتىر. بۇ قۇرۇلۇش ئۈچۈن سۇ يۆركۈش قۇدۇقىدىن 114نى بۇرغىلاشقا، گېنېراتور، ناسوس ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەشنىڭ باش قىسىم سىستېمىسىنىڭ ھەر قايسىدىن 114 يۈرۈش ئورنىتىشقا، ئاز كەم 20 مىليون تۈپ ھەر خىل كۆچەت تىكىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ قۇرۇلۇش پىلان بويىچە 2005 ـ يىلى پۈتىدۇ.

2003 ـ يىلى شۆبە شىركەت 7 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ چىقىرىپ يەرلىكنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە، نامراتلارنى يۆلەش ـ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ۋە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشقا ئىشلەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاقسۇنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشىغا بېرىلگەن ياردەم 2 مىليون يۈەن، مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى بولغان رايونلارغا قىلىنغان ئىئانە 2 مىليون يۈەندىن كۆپ، بۈگۈر، نىلقا، لوپ، قاراقاش ناھىيىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا بېرىلگەن ياردەم 2 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن كۆپ، كورلا شەھىرى تېكىچى يېزىسى تۆۋەن چارچى كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە «بىرى ـ بىرىگە ياردەم بېرىش»تىن ئىبارەت ئوقۇش ياردەم پۇلى پائالىيىتى يولغا قويۇلۇپ، قىيىنچىلىقى بار 40 ئوقۇغۇچىنىڭ 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى تاماملىشىغا ياردەم بېرىلدى.

لى پېيىۋ

# تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئەھۋالى

2003 - يىلىغا كەلگەندە، تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 2120 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كادىر 1019، ئىشچى 1101، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى ئائىلە تاۋابىئات ئىشچى 834. ئورگاندىكى باشقارما، ئىشخانا 10، ئاساسىي قاتلام ئورۇن 16. تىجارەت كىرىمى 1 مىليارد 617 مىليون يۈەن، تىجارەت پايدىسى 46 مىليون 20 مىڭ يۈەن بولدى.

خاۋ گۇيپىڭ

## كارخانا باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى كەسپلەرنىڭ ئورنىنى بەلگىلەش لايىھەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىچكى جەھەتتە كەسپلەرنى بىرلەشتۈرۈش ۋە قايتا تەشكىللەشنى پائال يولغا قويدى، قۇرۇلۇش تېخنىكىسى مۇلازىمىتى كەسپىنى كۈچەيتىش، ماددىي ئەشيا، ئۆي خوجىلىقى مۇلازىمىتى كەسپىنى سەرخىللاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مۇلازىمىتى كەسپىنى مەخسۇسلاشتۇرۇش ئارقىلىق كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇردى؛ باغلىنىشلىق بازار سودىسىنى مۇستەھكەملەش، نېفىتلىككە مۇلازىمەت قىلىش بازىرىنى كېڭەيتىش، سىرتقى نېفىت بازارلىرىنى ئېچىش، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بازارلارنى قېلىپلاشتۇرۇش ئارقىلىق، بازارلارنى ئېچىش سالمىقىنى زورايتىپ، كارخانىنىڭ تەرەققىيات ماكانىنى كېڭەيتتى؛ يېڭى تۈرلەرنى ئېچىش، تۈر دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە قۇرۇلمىلارنى يېڭىلاش، شۇنىڭدەك تۈر ۋە كاپىتال باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى يېتىلدۈردى؛ ئىستراتېگىيىلىك باشقۇرۇش، تەدبىر باشقۇرۇش، مالىيە باشقۇرۇش، سۈپەت باشقۇرۇش ۋە بىخەتەرلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، كارخانا باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى؛ ئادەم كۈچى بايلىقىنى تەقسىملەشنى سەرخىللاشتۇرۇش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش مېخانىزمىنى ساغلاملاشتۇرۇش، ئىختىساسلىقلار بۇلىقىنى ئېچىش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ ئېچىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كارخانىنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلدى.

مالىيە باشقۇرۇش جەھەتتە، تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى مالىيە - بوغالتىرلىق خادىملىرى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك خادىملىرىنى كارخانا بوغالتىرلىق كەسپى بويىچە تەربىيىلىدى؛ مالىيىنى تەكشۈرۈش ۋە كىرىم چىقىم ئىقتىسادىي تەپتىشلىكىنى كۈچەيتىپ، تىجارەت ئەھۋالىنى ئوبيېكتىپ ئىنكاس قىلىشتا چىڭ تۇردى؛ نورما ئۆلچىمىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، مۇۋاپىق باھا سىستېمىسىنى تۈزۈپ چىقتى؛ تەننەرخ كونترول قىلىش ۋە مەبلەغ باشقۇرۇش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. سۈپەت باشقۇرۇش جەھەتتە، سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسى ساغلاملاشتۇرۇلدى، سۈپەت قوللانمىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ماقۇللاندى؛ سۈپەت ۋە ئۆلچەمنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ۋە كونترول قىلىش ئۈسكۈنىسى سەپلەندى، جەريان سۈپىتىنى باشقۇرۇش، تىزگىنلەش كۈچەيتىلدى؛ سۈپەت كۆزۋاھلىقى ئاكتىپ يولغا قويۇلۇپ، ISO9000 سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىغا كۆزۋاھلىق بېرىش خىزمىتى تاماملىنىپ، مەھسۇلات سۈپىتى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بىخەتەرلىك باشقۇرۇش جەھەتتە، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى؛ كەسپىي ساغلاملىق، بىخەتەرلىك، مۇھىت باشقۇرۇش سىستېمىسىغا كۆزۋاھلىق بېرىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى، HSE باشقۇرۇش سىستېمىسى پائال يولغا قويۇلۇپ، بىخەتەر تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىش كۈچەيتىلىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، زور ھادىسە سادىر بولماسلىق ئىشقا ئاشۇرۇلدى، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەھەتتە، 34 ئاساسىي قاتلام ئەترەت، پونكىت ئۆلچەمگە يېتىش بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

خاۋ گۇيپىڭ

## بازار ئېچىش ئەھۋالى

2003 - يىلى تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى بازار ئېچىش سالمىقىنى زورايتتى. (1) باغلىنىشلىق سودا بازىرى مۇستەھكەملەندى. ئىتتىپاقلىشىش، بىرلىكتە راۋاجلىنىش پرىنسىپى بويىچە، باغلىنىشلىق سودا توختامى ئادا قىلىنىپ، سۈپەت ئۆلچىمى قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش سالمىقى زورايتىلدى. باغلىنىشلىق سودا مۇلازىمىتى سۈپىتى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، نېفىتلىكتىكى تەكشۈرۈش - ئېچىشنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى. (2) نېفىتلىكتىكى مۇلازىمەت تۈرلىرى كۆپەيتىلدى. ئادەم كۈچى، تېخنىكا، مەبلەغ سېلىنمىسى زورايتىلىپ، كالون بېشى، ئارماتورا ۋە كىرىش ئېغىزى بېسىمىنى سىناش بويىچە يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەت قاتارلىق نېفىتلىك مۇلازىمەت تۈرلىرى كۆپەيتىلدى؛ غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش تىجارەت ئورنى بىلەن مۇلازىمەت

كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، قارا 2 - گازلىقىنىڭ يەر ئۈستى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس يول قۇرۇلۇشىنىڭ 1-، 2 - توختام بۆلىكىدىكى 9 .4 كىلومېتىر، ياندىش لىنىيە يول قۇرۇلۇشىنىڭ 4 - توختام بۆلىكىدىكى 31 كىلومېتىر يول قۇرۇلۇشى ئۆتۈنۈپ ئۈزۈشتۈرۈلدى. (3) نېفىتلىك سىرتىدىكى بازارلار كېڭەيتىلدى. ئاساسلىقى جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى بازىرى، جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى غەربىي شىمال يېڭى رايوننى ئېچىش قوماندانلىق شتابى بازىرى كېڭەيتىلدى ۋە چاڭچىڭ نېفىتلىكى، غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قاتارلىق بازارلارغا كىرىشىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئالدىنقى تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەندى. بۇرغىلاش سايمانلىرىنى ئىجارىگە بېرىش مۇلازىمىتى، سېغىز بۇتقا تېخنىكىسى مۇلازىمىتى، ماددىي ئەشيا ۋاكالەتچىلىكى مۇلازىمىتى، ئۆي خوجىلىقى باشقۇرۇش مۇلازىمىتى، تۇرمۇش مۇلازىمىتىنىڭ جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى بازىرىدىكى ئۆلۈشى يىلدىن يىلغا كېڭىيىپ قوماندانلىق شتابى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ %3 .12نى ئىگىلىدى. (4) كارخانىنىڭ ئىچكى بازارلىرى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، قوماندانلىق شتاب بازىرىغا كىرىدىغان سىرتقى قوشۇنلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى، خەۋەردار چاقىرىش، خەۋەردار بولۇش تەرتىپى چىڭىتىلدى. بىر يىلدا تۈرلۈك قۇرۇلۇش قىلىش، لايىھىلەش قوشۇنىدىن 125ى تەكشۈرۈلۈپ، 73 قوشۇنغا بازارغا كىرىش ئىجازەتنامىسى بېرىلدى، 52 قوشۇننىڭ بازارغا كىرىش سالاھىيىتى بىكار قىلىندى.

خاۋ گۈيپىڭ

# تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى

## تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 271 مىليون 980 مىڭ توننا نېفىت، 38 مىليارد 121 مىليون كۇب مېتىر گاز زاپىسى ئېنىقلىدى. گېئولوگىيىلىك نېفىت زاپىسىدىن 193 مىليون 670 مىڭ توننىنى يۆتكەپ ئىشلەتتى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ پىچان، ۋېنمى، چيۇلىڭ، خۇڭلىيەن، شىمالىي ئۈزۈمچىلىك قاتارلىق 16 نېفىتلىك، گازلىقنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ پۈتتۈردى، نېفىتلىكتە ھازىر بىرلەشمە پونكىتتىن 6سى، گاز بىر تەرەپ قىلىش قۇرۇلمىسىدىن 7 يۈرۈش، نېفىتلىك سۇ قۇدۇقىدىن 1660ى بارلىققا كەلدى؛ بىر يىلدا 27 مىليون 680 مىڭ 500 توننا خام نېفىت، 6 مىليارد 980 مىليون كۇب مېتىر گاز ئىشلەپچىقىرىلدى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ، يۇ يۇخۇا

## نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2003 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى ئىككى ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىشنى 01 .2306 كىلومېتىر، ئۈچ ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىشنى 403 كۋادرات كىلومېتىر ئورۇندىدى، تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىن 46نى بۇرغىلىدى، ئۇلارنىڭ مېترازى 137 مىڭ 477 مېتىر. 22 قورشالمىنى ئالدىن تەكشۈردى ۋە باھالىدى، 4 قورشالمىدىكى 4 قۇدۇقتا سانائەتكە كېرەكلىك نېفىت، گاز ئېقىمىغا ئېرىشتى، قۇدۇق تەكشۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %1 .21، قورشالمىنى ئالدىن تەكشۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %2 .22 بولدى. بىر يىلدا نېفىتنىڭ يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 13 مىليون 630 مىڭ توننا؛ تەبىئىي گازنىڭ يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 7 مىليارد 884 مىليون كۇب مېتىر. بىرىنچىدىن، شىمالىي سىڭگىم مول نېفىت ئويۇلمىسىنىڭ يانتۇ بەلۋېغىدىكى يوشۇرۇن نېفىت، گاز ئۆۋىسىنى تەكشۈرۈشتە، نېفىت، گاز تەكشۈرۈشنىڭ يېڭى ساھەسى ئېچىلدى. ئىككىنچىدىن، شىمالىي سىڭگىم ئويۇلمىسىنىڭ جەنۇبىي يانتۇلۇقىدىكى تۇمشۇقسىمان تۆپىلىككە جايلاشقان 3 نېفىت - گاز ئۆۋىسىغا باھا بېرىش ۋە ئۇنى بىلىشتە شەرت - شارائىت شەكىللىنىپ، 3 ئىستراتېگىيىلىك تەكشۈرۈش قۇدۇقى ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ «شىمالىي يالقۇنتاغ — 1»، «سۇ بېشى قۇملۇقى — 1» قۇدۇقلىرىدا نېفىت، گاز قاتلىمى بايقالدى، «ئۈزۈمچىلىك قۇملۇقى — 2» قۇدۇقىدىن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سانائەت نېفىتى گاز ئېقىمى تېپىلدى، يالقۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە 30 مىليون توننا دەرىجىلىك مول نېفىت، گاز يىغىلىش رايونى شەكىللىنىشتىن ئۈمىد بار. خۇڭتەي رايونىنىڭ ئوتتۇرا، شىمالىي يۇرا دەۋرىدىكى تۇتاشما جىنىس قاتلىمىغا جايلاشقان گاز ئۆۋىسىغا ئومۇمىي جەھەتتىن باھا بېرىلىپ، جىنىس قاتلىمىدىكى نېفىت، گاز ئۆۋىسىنى تەكشۈرۈش تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن، خۇڭتەي يانتۇلۇقىنى بويلاپ پەسكە سىيرىلىپ گاز ئىزدەلدى، جىنىس قاتلىمىدىكى نېفىت ئۆۋىسىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەش ۋە گاز ئۆۋىسىنى ئالدىن مۆلچەرلەش ئارقىلىق، تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىن 4ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، «خۇڭتەي — 204»، «ھۇررەك — 8» قۇدۇقلىرىدىن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق گاز ئېقىمى تېپىلدى، خۇڭتەي رايونىدا تەبىئىي گازنىڭ 3 - دەرىجىلىك زاپىسى 21 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدىكەن. ئۈچىنچىدىن، تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ

2-، 3- قەۋەت سىستېمىسى ئالدىن تەكشۈرۈلدى ۋە بوسۇش ھاسىل قىلىندى، ئاساسلىقى قۇم — لەمجىن قەدىمىي كۆتۈرۈلمىسى ئوپېراتسىيە قىلىنىپ، غەربىي يۈرمىن — 1، غەربىي يۈرمىن — 2، غەربىي يۈرمىن — 101 قۇدۇقلىرىنىڭ ھەممىسىدىن قويۇق نېفىت ئېلىندى، شۇنىڭ بىلەن يېڭىدىن كۆپەيگەن ئالدىن مۆلچەرلەنگەن نېفىت تەركىبلىك كۆلەم 12.8 كۋادرات كىلومېتىر، يېڭىدىن كۆپەيگەن قويۇق نېفىت زاپىسى 36 مىليون 420 مىڭ توننا بولدى، لۇكچۈندىكى قويۇق نېفىت مول بەلۋاغنىڭ كۆلىمى يەنىمۇ كېڭەيدى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ، يۇ يۇخۇا

## نېفىتلىك، گازلىقلارنى ئېچىش ئەھۋالى

2003 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىدە 2 مىليون 350 مىڭ توننا خام نېفىت، 1 مىليارد 230 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىندى.

150 تەكشۈرۈش قۇدۇقى بۇرغىلاندى، 57 قۇدۇق ئۆزگەرتىشكە تاپشۇرۇلدى، 8 رايون بۆلىكى تەكشۈرۈلۈپ، مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، تەكشۈرۈلگەن رايون بۆلىكىدە ئاساسىي جەھەتتىن 5 نۇقتىلىق ئۇسۇل كۆلىمى بويىچە سۇ بېرىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى، يېڭىدىن كۆپەيگەن قېزىشقا بولىدىغان زاپاس 1 مىليون 950 مىڭ توننا بولدى، تەكشۈرۈلگەن قۇدۇقلارنىڭ ھەر بىرىدە يېڭىدىن كۆپەيگەن قېزىشقا بولىدىغان ئوتتۇرىچە زاپاس 15 مىڭ 500 توننا، تەكشۈرۈلگەن رايون بۆلىكىنىڭ مەھسۇلات بەرپا قىلىش ئىقتىدارى 250 مىڭ توننا بولدى.

264 قۇدۇقتا سۇنى كۆپەيتىپ بېرىش تەدبىرى يولغا قويۇلدى، كۆپەيتىپ بېرىلگەن سۇ 473 مىڭ كۇب مېتىر بولدى؛ 92 قۇدۇق - قېتىمدا سۇ بېرىش - نېفىت ئېلىش مۇناسىۋىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش تەدبىرى يولغا قويۇلدى، 254 قۇدۇق - قېتىمدا قۇدۇقلار گۇرۇپپىلاشتۇرۇلۇپ سۇ بېرىش سەپلەندى، كۈنىگە 6100 كۇب مېتىر سۇ كۆچەيتىپ بېرىلدى، كۈنىگە 3800 كۇب مېتىر سۇ تىزگىنلەپ بېرىلدى؛ نېفىت قۇدۇقلىرى بويىچە 480 قۇدۇق - قېتىم تەدبىر كۆرۈلۈپ، مەھسۇلات 237 مىڭ توننا كۆپەيتىلدى، 604 قۇدۇق - قېتىمدا قۇدۇق ئاستىدا پارامېتىر تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، ئىش ئەھۋالى پارامېتىرى سەرخىللاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن مەھسۇلات 11 مىڭ توننا كۆپەيتىلدى. ئۈنۈمۈرسال تۈزەش ئارقىلىق بىر يىلدا پىچان نېفىتلىكىدە ئۈنۈمۈرسال تەدرىجىي كېمىيىشى %10.1، سۇ تەركىبىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتى %1.7، ۋېنمى نېفىتلىكىدە ئۈنۈمۈرسال تەدرىجىي كېمىيىشى %18.3، سۇ تەركىبىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتى %1.9، چيۇلىڭ نېفىتلىكىدە ئۈنۈمۈرسال تەدرىجىي كېمىيىشى %28.7، سۇ تەركىبىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتى %5.5، تۇرپان نېفىتلىكىدە ئۈنۈمۈرسال تەدرىجىي كېمىيىش %3.3، سۇ تەركىبىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتى %5.5 ئىچىدە تىزگىنلەندى، پىچان نېفىتلىكىدىكى ئاساسىي رايون بۆلىكىنىڭ قاتلام بېسىمى 0.66 مېگا پاسكال، ۋېنمى نېفىتلىكىدىكىسىنىڭ 0.56 مېگا پاسكالغا ئېسىلگە كەلدى.

ياھالاش قۇدۇقىدىن 28ى بۇرغىلاندى، 21 قۇدۇقتا سودىغا كىرەكلىك نېفىت، گاز ئېقىمى تېپىلىپ، ۋېنجىساڭ، يەمشى نېفىتلىكىنىڭ زاپاس كۆلىمى كېڭەيتىلدى، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان يېڭىدىن كۆپەيگەن زاپاس 13 مىليون 630 مىڭ توننا بولدى، ئالدى بىلەن يەمشى، شەرقىي ۋېنجىساڭ 5 - بۆلىكى ۋە جەنۇبىي ۋېنجىساڭ 3 - رايون بۆلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى باسقۇچىغا كىردى، بۇلارنىڭ بەرپا قىلىنىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 100 مىڭ توننا بولۇپ، يىلىغا 51 مىڭ توننا خام نېفىت ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

شەرقىي چيۇلىڭ، «غەربىي ۋېنجىساڭ — 10»، «ۋېنجىساڭ - 8» رايون بۆلىكىدە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى تاماملاندى، 3 مىليارد 840 مىليون كۇب مېتىر گېئولوگىيىلىك زاپاس يۈتكەپ ئىشلىتىلدى، يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 280 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، نېفىتلىكنىڭ يىللىق سانائەت گازى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليارد 450 مىليون تونىغا يەتتى. تەبىئىي گازنىڭ يەر ئۈستى قۇرۇلۇشىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قەدىمى تېزلىتىلدى، «غەربىي ۋېنجىساڭ - 10» گاز توپلاش پونكىتى، ئىلاھ بۇلاقتىكى 200 مىڭ كۇب مېتىر گاز بىر تەرەپ قىلىش قۇرۇلمىسى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ، يۇ يۇخۇا

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2003 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتىنى ۋە ئاچقۇچلۇق تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى كۈچەيتىپ، تېخنىكا ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئىلغار، يارامىلىق يېڭى ھۈنەر - سەنئەت، يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىپ، نېفىتلىكنى تەكشۈرۈش، ئېچىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يېتەكچى تېخنىكىسىدا مۇھىم ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى، قىسمەن تېخنىكىدا مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى سەۋىيىگە يەتتى.

تەكشۈرۈشنىڭ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسى نۇقتىلىق ساھەلەردە ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. 3 چوڭ تەكشۈرۈش ساھەسىدە يەر تەۋرىتىش تېخنىكىسى بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم

قىلىشتا بۆسۈش بولدى. تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ 2 -، 3 - قەۋەت سىستېمىسى، مىنخې ئويمانلىقىدا تۈزۈلمىنى چۈشەندۈرۈشنى قانائەتلەندۈرەلەيدىغان يەر تەۋرىتىش ماتېرىيالى قولغا كەلتۈرۈلدى؛ شىمالىي سىڭگىم 2 - ئويۇلمىسى، تياۋخۇ ئويۇلمىسىدا تۇنجى قېتىم كەڭ ئازىمۇتلۇق 3 ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىش تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك يەر تەۋرىتىش ماتېرىيالى قولغا كەلتۈرۈلدى. تېگىدىن تۆشۈك تېشىپ سۇ سىڭدۈرۈپ نېفىت، گاز قاتلىمىنى قوغداش، پەرقلەندۈرۈش ۋە بېسىم ئارقىلىق قاتلام يېرىشنى ئۆزگەرتىش تېخنىكىسى، كىچىك كۆزلۈك قۇدۇقلارنى ياخشى ۋە تېز بۇرغىلاش تېخنىكىسى، تېگىدىن تۆشۈك تېشىپ سۇ سىڭدۈرۈپ زاپاس قاتلامنى ئۆلچەش قاتارلىق تەجرىبىلەردە ئىلگىرىلەش بولدى؛ پۈتۈن جەريانغا سۈيۇقلاندۇرۇلغان ئازوت بېرىپ چوڭ تېپتىكى بېسىم ئارقىلىق يېرىق يېرىش تېخنىكىسى مەملىكەت ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

نېفىتلىك ئېچىش تېخنىكىسى جەھەتتە تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تېخنىكا سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. كىچىك كۆزلۈك گورىزونتال قۇدۇق، مۇقىم يۆنىلىشلىك قۇدۇقلارنى كۆزنەك ئېچىپ ياندىن بۇرغىلاش تېخنىكىسى قانات يايدۇرۇلدى، ياندىن بۇرغىلانغان گورىزونتال قۇدۇقلارنىڭ يەككە قۇدۇق مەھسۇلاتى تىك قۇدۇقلارنىڭ 2.5 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. ئىككى دەرىجە ئىككى بۆلەكلىك ۋە ئىككى دەرىجە ئۈچ بۆلەكلىك قاتلام بويىچە سۇ بېرىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىپ، 3000 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قۇدۇقتا قاتلام بويىچە مىقدارلاشتۇرۇپ سۇ بېرىش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ماشىنا تىرىكىنى ناسوس ئارقىلىق ئەلالاشتۇرۇش، نېفىت ئېلىنىدىغان قۇدۇقتا گازدىن مۇداپىئەلىنىش، پلاستىك تىرەكلەرگە سۇ بېرىشتە پارافىننىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىش كۆرسىتىش خەرىتىسىنى يىراقتىن تارقىتىش تېخنىكىسى يۈرۈشلەشتۈرۈلدى، نېفىتلىكلەرگە ئوتتۇرىچە چېتىلىدىغان ناسوس 2173 مېتىرغا، ئوتتۇرىچە ناسوس ئۈنۈمى 40%كە، ناسوسلارنىڭ تەكشۈرۈلۈش مۇددىتى 413 كۈنگە يەتتى، ناسوس ئارقىلىق ماي ئېلىش دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. شىمالىي ئۈزۈمچىلىك نېفىتلىكىدە گاز بېرىپ نېفىت ئېلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى جۇڭگونىڭ گاز بېرىپ ئارىلاشما فازىلىق نېفىت ھەيدەش كان مەيدانى ئەمەلىيىتى ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى، ۋېنجىسالىڭ 5 - رايون بۆلىكىدە تەبىئىي گاز بېرىپ ئارىلاشما فازىسىز نېفىت ھەيدەش ئارقىلىق نېفىت ئېلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئالدىن سىناق قىلىندى.

نېفىتلىكنىڭ يەر يۈزى سىستېمىسىدا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى ئاپتوماتىك نازارەت قىلىش، تىزگىنلەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، نېفىت، گازنى توپلاپ ماڭدۇرۇشنىڭ ھىملىق نىسبىتى، تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىلىش نىسبىتى، خام نېفىتنىڭ خوراش نىسبىتى، پاسكىنا سۇنى قايتا بېرىش نىسبىتى قاتارلىق 7 تۈردە ئاساسلىق تېخنىكا كۆرسەتكۈچى دۆلەت ئىچىدىكى ساھەلەر بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ، پۇ يۇخۇا

## كارخانا باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى ئىچكى ئىسلاھات مۇساپىسىنى تېزلىتىپ، باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىشنى سىجىل يولغا قويۇپ، تۇرپان - قۇمۇل باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشتا، مۇنداق 5 جەھەتتىن يېڭى ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلدى:

1. ئىش ئورنىدا خىزمەتكە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىللار خىراجىتىگە قوشۇمچە ياردەم بېرىش ئىسلاھاتى تاماملاندى. بۇ ئىسلاھاتتىن كېيىن، مەخسۇس شوپۇردىن 114ى ئازايتىلدى، خىزمەتكە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل خىراجىتى 2002 - يىلدىكىدىن 10 مىليون 60 مىڭ يۈەن ئازايدى.

2. كەڭ دائىرىلەشكە ئەمگەك تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىلدى. نېفىتلىك شۆبە شىركىتىدىكى بارلىق ئورۇنلار ئەمگەك تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى كەڭ دائىرىلەشتۈرۈپ ئۆزگەرتىشنى تاماملاپ، «نېفىتلىك شۆبە شىركىتى — نېفىت ئېلىش زاۋۇتى — ئاساسىي قاتلام ئىسمېنا - گۇرۇپپا» تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئوتتۇرىدىكى باشقۇرۇش قاتلىمىنى ئازايتىش، ئۇچۇر يوللىرىنى قىسقارتىش، ئادەم ئىشى ۋە باشقۇرۇش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىگە يەتتى.

3. مالىيە ئىشلىرىدا بىر تۇتاش ھېسابات قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئارقىسىدا مالىيە باشقۇرۇش خىراجىتى ئازايتىلدى، بۇنىڭ بىلەن بوغالتىرىيىلىك ھېساباتى تېخىمۇ قېلىپلاشتى، يىغىن ئۇچۇرى ئىنكاسى تېخىمۇ تېز، توغرا بولدى، خام چوت باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، مالىيە ھەرىكىتىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

4. ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئالغا ئىلگىرىلىدى. تور ئۇل مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشى، سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلۇشى ۋە توپلاشتۇرۇش، قوللىنىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. تەكشۈرۈش، كىرىپ ئېلىش بويىچە گېئولوگىيىلىك خەرىتە سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، يەر تەۋرىتىش سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، قۇدۇق

ئۆلچەش سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلۇشىدا ئىلگىرىلەش بولدى؛ تەرەققىيات سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدا ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش ئۇچۇرلىرىنى يىغىش سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملاندى، «سىفىرلىق نېفىتلىك»تە ئىشلىتىلىدىغان سىستېما قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە پىچان نېفىت ئېلىش زاۋۇتىدا سىناق تەرىقىسىدە ھەرىكەتلەندۈرۈلدى؛ كادىر باشقۇرۇش سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلۇشى پۈتتى ھەمدە ھەرىكەتكە كىرىشتۈرۈلدى؛ يېڭىدىن قۇدۇق مەيدانىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى يىغىش ۋە ئۇزۇن مۇساپىلىك يەتكۈزۈش سىستېمىسى، ساقلاش، توشۇش، سېتىش، ئىشلەپچىقىرىش، سەپلەش سىستېمىسى قۇرۇلدى؛ بارلىق نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ سانائەتنى تېلېۋىزوردا نازارەت قىلىش سىستېمىسى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلدى.

5. بازار باشقۇرۇش ئۈزلۈكسىز قېلىپلاشتۇرۇلدى. بىر تۇتاش باشقۇرۇش، سىستېمىلار بويىچە تەكشۈرۈش، دەرىجىگە ئايرىپ مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت توختام باشقۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇلدى، بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سالمىقى زورايتىلدى، خېرىدار چاقىرىش - خېرىدار بولۇش دائىرىسى كېڭەيتىلدى، بىر يىلدا 35 قېتىم خېرىدار چاقىرىش ئۇيۇشتۇرۇلدى، 30 نەچچە مىليون يۈەن خېرىدار چاقىرىش مەبلىغى تېجەپ قېلىندى. ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىش ۋە سودا ئىشلىرىنى ئېلېكترونلۇق باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، خېرىدار چاقىرىش - خېرىدار بولۇش، سۈپەتنى، باھانى سېلىشتۇرۇش ۋە بازاردا باھا سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق 14 مىليون 560 مىڭ يۈەن سېتىۋېلىش خىراجىتى تېجەپ قېلىندى، توردا سېتىۋېلىش 212 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ، يىللىق پىلان 133% ئورۇندالدى. بىر يىلدا 357 تۈر ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئېلىپ بېرىلىپ، ئىقتىسادىي تەپتىشلىكتە كېمەيگەن سومما 27 مىليون 640 مىڭ يۈەن بولدى.

زەي خوڭگو، جۇ شياۋلۇڭ، پۇ يۇخۇا

## تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «قوماندانلىق شتابى» دېيىلىدۇ) ئىگە بولغان مال - مۈلۈك سوممىسى 6 مىليارد يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 4 مىليارد 880 مىليون يۈەن، ساپ قىممىتى 2 مىليارد 900 مىليون يۈەن. 2003 - يىلدىكى كىرىم 2 مىليارد 900 مىليون يۈەن.

2003 - يىلى قوماندانلىق شتابى 230 قۇدۇق بۇرغىلاشنى باشلاپ، 220نى بۇرغىلاپ بولدى، بۇلارنىڭ مېتراژى 671 مىڭ 818 مېتىر؛ 94 قەۋەت نېفىت سىنىدى، قۇدۇق ئاستىدا 1834 قۇدۇق - قېتىم مەشغۇلات قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەر ئۈستىدە بېسىم ئارقىلىق قاتلام يېرىلغىنى، كىسلاتالاشتۇرۇلغىنى 462 قۇدۇق - قېتىم؛ خاتىرىلەنگەن قۇدۇق 393 قۇدۇق - قېتىم؛ قوماندانلىق شتابىدا نېفىتلىك قۇرۇلۇشى، بىنا، يوللارنىڭ قۇرۇلۇشىغا كەتكەن خىزمەت مىقدارىنىڭ قىممىتى 356 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ تەمىنلەنگەن توك 355 مىليون 730 مىڭ كىلوۋات سائەت؛ تەمىنلەنگەن سۇ 21 مىليون 280 مىڭ كۇب مېتىر، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشتە تەمىنلەنگەن ماددىي ئەشيا مىقدارى 1 مىليارد 290 مىليون 840 مىڭ يۈەن بولدى؛ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 108 مىليون 450 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 116 مىليون 340 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى؛ ماشىنىسازلىق ۋە رېمونتچىلىقتا ئورۇندالغان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 197 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە، سېتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 198 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ 8177 توننا بىرىكمە ئاڭغىدرىد ئىشلەپچىقىرىلىپ، 7085 تونىنىسى سېتىلدى.

خەن جيەنفېڭ، چېن لەيجۈن

## بازار ئېچىش ئەھۋالى

2003 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئىستراتېگىيىسىنى چۆرىدەپ، نېفىت مەھسۇلاتىنى ئۆستۈرۈش ھەل قىلغۇچ جېڭىگە ماسلىشىپ، ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلاتلىرىنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىي گەۋدە ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، سۈپەتلىك، قىممەتتىن تاشقىرى مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئالدى بىلەن ئىچكى بازار قوشۇنىغا ۋە قۇرۇلما ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى. سىرتقى بازاردا قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى ئاساس قىلىپ، شەرقىي قىسمىدىكى بازارلاردا مەشغۇلات قىلىدىغان ئېنېرگىيىنى مۇۋاپىق ئازايتىپ، غەربىي قىسمىدىكى بازارلارنى ئېچىش سالمىقىنى زورايتتى، قۇدۇق بۇرغىلاش، قۇدۇق ئاستىدا مەشغۇلات قىلىش قوشۇنىدىن 6نى كۆپەيتىپ، ئومۇمىي سانىنى 30غا يەتكۈزدى. غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش، يەرلىك ئۆل مۇئەسسەسە ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئىجتىمائىي بازارلارنى كېڭەيتتى. ماددىي ئەشيا تەمىناتىنى يەرلىك ماددىي ئەشيا ماركېتىنىڭ بازىرىغا كىرىشكە يول ئېچىپ، ئامبار زاپىسىنىڭ مۇلازىمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. ترانسپورت شىركىتى قۇدۇق بۇرغىلىغۇچىلارنى يۆتكەپ

ئورۇنلاشتۇرۇش، خام نېفىتنى يۆتكەپ توشۇش ۋە يولۇچىلار قاتنىشىغا ماسلىشىپ، غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈشكە ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، شىمالىي جۇڭگودىكى قۇدۇق بۇرغىلىغۇچىلارنى يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىپ، سىرتقى بازارنى كېڭەيتتى. ماشىنىسازلىق زاۋۇتى بازار ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى تەڭشەپ، ئىچكى بازارلاردىكى خىزمەت مىقدارىنى %31كە ئۆستۈردى. سۇ، توك بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسى، تېخنىكا مۇلازىمىتى شىركىتى، قۇمۇل ئۆي خوجىلىقى شىركىتى سىرتقى بازارلاردا بۆسۈش ھاسىل قىلدى. سۇ، توك بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسى «غالىبىيەت» نېفىتلىكىنىڭ دەريا ئاغزىدىكى 110 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتى قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى. تېخنىكا مۇلازىمىتى شىركىتى قاراماي قىزىتىپ تازىلاش بازىرىغا كىردى، قۇمۇل ئۆي خوجىلىقى شىركىتى ئۈرۈمچىنىڭ ئاز كەم 100 مىڭ كۋادرات مېتىر ئۆي خوجىلىقى باشقۇرۇش تۈرىنى ھۆددىگە ئېلىپ، گۈل - گىياھ، گۆش يېمەكلىكى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىجتىمائىي بازارلارغا كىرگۈزدى.

2003 - يىلى يېڭىدىن ئەزەربەيجان ۋە ھىندونېزىيە بازارلىرىغا كىردى، شۇنداق قىلىپ چەت ئەللەردىكى بازار 7 دۆلەتكە كېڭەيدى؛ مۇلازىمەت قوشۇنىدىن 7سى كۆپەيتىلىپ، 24كە يەتكۈزۈلدى.

خەن جيەنفېڭ، چېن لېجۈن

## تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئەھۋالى

2003 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى تېخنىكىدا ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يېڭى تېخنىكا قوللىنىش بويىچە 41 تۈرنى يولغا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك يېڭىلىق يارىتىش تۈرى 2، گۇرۇھ شىركىتى دەرىجىلىك نۇقتىلىق ھالدا ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىش تېمىسى 3 بولۇپ، تۈرلەرنىڭ ئورۇندىلىش نىسبىتى %95.7كە يەتتى، 5 تۈر ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك نەتىجىگە ئېرىشتى، 5 تۈرگە دۆلەت ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنت ھوقۇقى بەردى، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ قوللىنىلىش نىسبىتى %90كە يېتىپ، پەن - تېخنىكىدا 150 مىليون يۈەنلىك ئۈنۈم يارىتىلدى. مۇرەككەپ قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسى، PDC بۇرغا بېشى بىلەن ياخشى ھەم تېز بۇرغىلاش تېخنىكىسى، يېڭى تىپتىكى قۇدۇق بۇرغىلاش سۇيۇقلۇقى سىستېمىسى ۋە قۇدۇق مۇستەھكەملەش، قۇدۇق مۇكەممەللەشتۈرۈش تېخنىكىسى قاتارلىق ئالاھىدە تېخنىكىلار بەرپا قىلىندى، ماشىنىلارنىڭ ئوتتۇرىچە قۇدۇق بۇرغىلاش سۈرئىتى %10 — %40 ئۆسۈپ، قۇدۇق بۇرغىلاش دەۋرىيلىكى %20 قىسقاردى. قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتى شىركىتى كىچىك كۆزلۈك قۇدۇق بىلەن كۆزنەك ئېچىپ ياندىن بۇرغىلاشتا يەنە يېڭى سەۋىيە ياراتتى، چوڭ تىپتىكى گاز ئارىلاشتۇرۇپ بېسىم ئارقىلىق قاتلام يېرىش تېخنىكىسىدا مەملىكەت بويىچە 5 تۈرلۈك يېڭى رېكورت ياراتتى، يۇقىرى قۇم نىسبىتىدە بېسىم ئارقىلىق قاتلام يېرىش تېخنىكىسى ئارقىلىق پىچان نېفىتلىكىدە قاتلام يېرىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ھېسابتا كۈنىگە 6.7 توننا نېفىت كۆپەيدى، بىر تۈركۈم كاپالەتلىك قۇدۇقلارغا بېسىم بېرىلگەندىن كېيىن نېفىت ئېتىلىپ چىقىدىغان بولدى. ژانانور ماركىلىق ھىدرو سولغىدنىڭ ئالدىنى ئېلىپ گاز بىلەن كۆتۈرۈش قورالىنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە گاز بىلەن كۆتۈرۈپ نېفىت ئېلىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى تۈزەش تاماملاندى ھەمدە 10 قۇدۇقتا گاز بىلەن ئۇدا كۆتۈرۈش سىناق قىلىندى. قىسقا يېرىم دىئامېتىرلىق گورىزونتال قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسى جەنۇبىي پىچان 1C قۇدۇقى نەق مەيدانىدا سىناق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. نېفىت ئۇنىۋېرسىتېتى، ۋۇخەن خىمىيە سانائىتى ئاكادېمىيىسى، CGG شىركىتى بىلەن بىرلىكتە 3 ھەمكارلىق تەرەققىيات تېخنىكىسى بىرلەشمىسى قۇرۇلۇپ، ئەمەلىي تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىن مۇستەقىل بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە ئۆزگىچە تېخنىكىنى تەتقىق قىلىپ يارىتىشقا قاراپ بۇرۇلۇش ياساش پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

خەن جيەنفېڭ، چېن لېجۈن

## بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2003 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابىدا ئادەم ئۆلۈش - يارىلىنىش ھادىسىسى 2002 - يىلدىكىدىن ئازايدى. بىخەتەرلىك بىلىملىرى مۇسابىقىسى، بىخەتەرلىك تەربىيىسى بويىچە سەييارە كۆرگەزمە، ساغلاملىق، بىخەتەرلىك مۇھىتىنى ئاسراش، باشقۇرۇش سىستېمىسى بويىچە تەربىيىلەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، بارلىق خادىملارنىڭ بىخەتەرلىك ئېڭى كۈچەيتىلدى، كۈندىلىك نەق مەيداننى نازارەت قىلىش ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈش كۈچەيتىلىپ، زور قاتناش ۋەقەسى تۈگىتىلدى. قۇدۇق كونتروللىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، قۇدۇق بۇرغىلاش، قۇدۇق كونترول قىلىش سېخىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش خىزمىتى ۋە قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتى جەريانىدىكى قۇدۇق كونترول قىلىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بىلەن بىرلىكتە قۇدۇق كونتروللى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىش تەدبىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

خەن جيەنفېڭ، چېن لېجۈن

# غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى، غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى

## ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى، غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى 3 مىليون 8600 توننا نېفىت، 452 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىپ، 4 مىليارد 295 مىليون يۈەن كىرىم قىلدى، پايدا - باج سوممىسى 1 مىليارد 493 مىليون يۈەنگە، پايدا سوممىسى 1 مىليارد 238 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي شىمال شۆبە شىركىتىنىڭ كىرىمى 2 مىليارد 975 مىليون يۈەن، پايدىسى 1 مىليارد 198 مىليون يۈەن، پايدا- باج سوممىسى 1 مىليارد 283 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئوتتۇرىچە 530 مىڭ يۈەن پايدا - باج يارىتىلدى، ئومۇمىي مۈلكى 7 مىليارد 159 مىليون يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 969 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت كىرىمى 1 مىليارد 320 مىليون يۈەن، پايدا سوممىسى 39 مىليون 750 مىڭ يۈەن، پايدا - باج سوممىسى 210 مىليون يۈەن بولدى، ئوتتۇرىچە 448 مىڭ 900 يۈەن پايدا- باج يارىتىلدى، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 323 مىليون يۈەنگە يەتتى.

چېن لەنپىڭ، ۋاڭ ئەيمىن

## نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2003 - يىلى غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى «ئاساسىي ھۇجۇمنى تارىم دەرياسى نېفىت رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا قارىتىپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ ساھەلىك ستراتېگىيىلىك باھالاش - تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش؛ تارىم دەرياسى نېفىت رايونىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئېچىش، تارىم دەرياسى نېفىت رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئىزدىنىش، يېڭى ئېچىش رايون بۆلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش» تىن ئىبارەت ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، تەكشۈرۈش رىتىمىنى تېزلىتىپ، بىر يىلدا تەكشۈرۈش قۇدۇقى، باھالاش قۇدۇقىدىن 23نى، ياندىن بۇرغىلاش قۇدۇقىدىن 2نى ئورۇنلاشتۇردى. قۇدۇق بۇرغىلاش مېتراژى 162 مىڭ 700 مېتىر بولدى (ئۆتكۈزۈۋېلىنغان 20 مىڭ 200 مېتراژ شۇنىڭ ئىچىدە) تارىم دەرياسى رايونىدىكى 21 قۇدۇقتا 35 گېئولوگىيىلىك قاتلامدا تەكشۈرۈش - سىناش ئېلىپ بېرىلىپ، 10 قۇدۇقتىن سانائەت نېفىتى، گاز ئېقىمى ئېلىندى. 3 ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىپ 807 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدىن ئەۋرىشكە يىغىش خىزمىتى تاماملاندى.

نېفىت، گاز تەكشۈرۈشتە بىر چوڭ بۆسۈش ۋە 3 مۇھىم ئىلگىرىلەش بولدى. بىر چوڭ بۆسۈش شۇكى، تارىم دەرياسى رايونىنىڭ تاش كۆمۈر سىستېمىسىنىڭ تۇز ئاستى ئوردوۋىك سىستېمىسىدىكى زاپاس قاتلىمىنىڭ يېتىلىش ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرۈش يۈزىسىدىن تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ ئوردوۋىك سىستېمىسىدىكى نېفىت ئۇۋىسىنىڭ كۆلىمى كېڭەيتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنى پۈتۈن گەۋدە بويىچە تەكشۈرۈشكە ئېتىبار بېرىلىپ، تۇز ئۈستى تۆۋەن ھەجىملىك ئانتىكلىنال قۇرشالما ۋە تۇز ئاستى دېۋون سىستېمىسىدىكى ئۈچسىزلانغان قۇم جىنسىنىڭ نېفىت، گاز تەركىبلىك خاراكتېرى تەكشۈرۈلدى، غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ تارىم يېزا 7 - نومۇرلۇق تۇززۇلمىسىنىڭ شەرقىي قانىتىدا قۇملۇق 106 - قۇدۇقنى تەكشۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇردى، قۇدۇقنىڭ لايىھەدىكى چوڭقۇرلۇقى 6230 مېتىر بولۇپ، ئوردوۋىك سىستېمىسىدىكى 241 مېتىرغا كىرگەندە بۇرغىلاش تاماملاندى، 8 قېتىم كىرىپ ئېلىندى. بۇرغىلاش 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى باشلىنىپ، 2003 - يىل 10- ئايدا تاماملاندى. يۇقىرىقى ئوردوۋىكنىڭ ساڭتامغا تۇتاشقان گورۇپپىسىدا ياخشى نېفىت، گاز نامايەندىسى كۆرۈلۈپ، دەرىجىسى پارقىراق — نېفىت چىلانمىسى نامايەندە قىلىندى، نېفىت دېغى - نېفىت چىلانمىسىنىڭ نامايەندە قاتلىمى قېلىنلىقىنىڭ 3.97 مېتىر ئىكەنلىكى بايقالدى، نورمالسىز قاتلام قېلىنلىقىنىڭ 11 مېتىر ئىكەنلىكى ئۆلچەندى، 5 فورماتلىق بۇرغىلاش ئوردوۋىك سىستېمىسىنىڭ 5909.55 مېتىر چوڭقۇرلۇقىغا بارغاندا قۇدۇق بۆلىكىدە قۇدۇق بۇرغىلاش سۇيۇقلۇقى ئېقىپ كېتىش يۈز بېرىپ، 100 كۇب مېتىردىن كۆپ سۇيۇقلۇق ئېقىپ كەتتى. 5863.68 مېتىردىن 5911.5 مېتىرغىچە بولغان قۇدۇق بۆلىكىدە (ئوردوۋىك سىستېمىسىنىڭ لاڭايتاغ گورۇپپىسى — بىر ئېغىزلىق ئۆي گورۇپپىسى) DST بويىچە ئۆلچەش - سىناش ئېلىپ بېرىلدى، 6 مىللىمېتىرلىق شتۇتسېر بىلەن ئۆلچەپ سىنالغاندىن كېيىن، سۇندۇرۇپ ھېسابلانغان كۈنلۈك نېفىت مەھسۇلاتى 270 توننا، زىچلىق دەرىجىسى 0.86 گىرام/كۇب سانتىمېتىر، كۈنلۈك تەبىئىي گاز مەھسۇلاتى 22 مىڭ 600 كۇب مېتىر بولۇپ چىقتى. شايار 106 - قۇدۇقىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىنىپ، يېڭى تەكشۈرۈش ساھەسى ئېچىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارىم دەرياسى نېفىتلىكى ئاساسىي گەۋدىسىدە ئېغىر نېفىت ئاساس قىلىنغان نېفىت ئۇۋىسىنىڭ سىرتىدا نورمال قارا نېفىت ئۇۋىسى بايقالدى، تۇز ئاستىدىكى

تەكشۈرۈشكە بولىدىغان كۆلىمى 1500 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، زاپىسىنىڭ 500 مىليون توننىدىن ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى. 3 مۇھىم ئىلگىرىلەش شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىرىنچىدىن، بور سىستېمىسىنى بۇرغىلىغاندا، نېفىت، گاز نامايەندىسى ئۇچراپ، تىكلىك جەھەتتە يېڭى تەكشۈرۈش قاتلام سىستېمىسى كۆپەيدى. ئىككىنچىدىن، 3 بىرىكمە سىستېمىسى قاتارلىق تۆۋەن ھەجىملىك قورشالمىدا نېفىت، گاز تەكشۈرۈشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى بىر قەدەر كۆپ ئىكەنلىكى بايقالدى. ئۈچىنچىدىن، تارىم دەرياسى رايونىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىكى قەدىمكى ھاياتلىق گۈرۇپپىسىنىڭ ئۆۋاق جىنسلىرىدا نېفىت، گاز قاتلىمى بايقىلىپ، غەيرىي ئانتىكلىنال قورشالمىدىكى گاز ئۆۋىسىنى تەكشۈرۈش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى.

چېن لەنبىڭ، ۋاڭ ئەيمېي

## نېفىتلىك، گازلىقلارنى ئېچىش ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى ئىگە بولغان كان تەكشۈرۈش رايونى 9 بولۇپ، كۆلىمى 12 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر، بۇلار ئاساسلىقى كۇچا ئولتۇرۇشمىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمى، شايار قۇرۇقلۇقىنىڭ ياقىلا، ئاقكۆل كۆتۈرۈلمىسىگە جايلاشقان. بۇ شۆبە شىركەتتە ئېنىقلانغان نېفىت، گازلىق (ئۆۋا) 14 بولۇپ، ئېنىقلانغان نېفىتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 321 مىليون توننا، ئېرىگەن گازنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 27 مىليارد 730 مىليون كۇب مېتىر، تەبىئىي گازنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 35 مىليارد كۇب مېتىر، قېتىشما پارچىلاش مېيىنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 10 مىليون 216 مىڭ توننا؛ يۆتكەپ ئىشلىتىلىدىغان نېفىتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 184 مىليون توننا، يۆتكەپ ئىشلىتىلىدىغان ئېرىگەن گازنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 13 مىليارد 861 مىليون كۇب مېتىر، يۆتكەپ ئىشلىتىلىدىغان تەبىئىي گازنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 1 مىليارد 381 مىليون كۇب مېتىر، يۆتكەپ ئىشلىتىلىدىغان قېتىشما پارچىلاش مېيىنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 460 مىڭ توننا؛ قېزىشقا بولىدىغان زاپاس 25 مىليون 418 مىڭ توننا بولۇپ، قېزىلىش نىسبىتى %8 .13 بولدى.

2003 - يىلى غەربىي شىمال شۆبە شىركىتىدە ئۆزلەشتۈرۈلۈشكە باشلىغان نېفىت، گازلىق (ئۆۋا) 9 (بۇنىڭ ئىچىدە مەھسۇلات بېرىش باسقۇچىدا تۇرغىنى 3؛ تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ 2 - رايونى، 7 - رايونىدىكى ئوردوۋىك سىستېمىسى نېفىت ئۆۋىسى، تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ 9- رايونىدىكى ترىئاس سىستېمىسى نېفىت ئۆۋىسى؛ مۇقىم مەھسۇلات باسقۇچىدا تۇرغىنى 2؛ تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ 1 -، 6 - رايونىدىكى نېفىت ئۆۋىلىرى؛ تەدرىجىي كېمىيىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان سىناپ قېزىلغان نېفىت، گازلىق 4؛ غەربىي دەريا نېفىت ئۆۋىسى، تارىم دەريا 2 - رايونى ترىئاس سىستېمىسى نېفىت ئۆۋىسى، تارىم دەريا 3 -، 4 - رايونىدىكى ئوردوۋىك سىستېمىسى نېفىت ئۆۋىسى)؛ سىناپ قېزىش رايونىدىكى نېفىت، گازلىق (ئۆۋا) 2 (ياقىلا قېتىشقان گازلىقى، چۆلئاۋات قېتىشقان گازلىقى)؛ ياھالاش رايونىدىكى نېفىت، گازلىق (ئۆۋا) بىر (تارىم دەرياسى 8 - رايونىدىكى ئوردوۋىك سىستېمىسى نېفىت ئۆۋىسى)؛ ۋاقىتلىق تاقالغان، ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلىدىغان نېفىت، گازلىق (ئۆۋا) 2 (ياسىندى گازلىقى، باشتوغراق نېفىت - گازلىقى). يېڭىدىن بۇرغىلاپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن قۇدۇق 71 (ياندىن بۇرغىلانغان 12 قۇدۇقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇلارنىڭ مېتىراژى 305 مىڭ 600 مېتىر. بۇرغىلاپ بولۇنغىنى 66، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگىنى 43، يېڭىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 156 مىڭ 800 توننا.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە نېفىتلىك بويىچە ئېلىنغان نېفىت 12 مىليون 982 مىڭ توننا، قېزىشقا بولىدىغان ئېشىنچا نېفىت زاپىسى 12 مىليون 436 مىڭ توننا. بۇنىڭ ئىچىدە 2003 - يىلى ئېلىنغان نېفىت 3 مىليون 8600 توننا، يۆتكەپ ئىشلىتىلىدىغان نېفىتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 48 مىليون 130 مىڭ توننا، ھېسابتىن ئۆچۈرۈلىدىغان، يۆتكەپ ئىشلىتىش تەس بولغان زاپاس 1 مىليون 130 مىڭ توننا. تەرەققىيات رايونىدىكى گېئولوگىيىلىك زاپاسنىڭ قېزىلىش دەرىجىسى %47 .3، يۆتكەپ ئىشلىتىلىدىغان زاپاسنىڭ قېزىلىش دەرىجىسى %54 .6، قېزىشقا بولىدىغان زاپاسنىڭ قېزىلىش دەرىجىسى %3 .47؛ تەرەققىيات رايونىدىكى يۆتكەپ ئىشلىتىلىدىغان گېئولوگىيىلىك زاپاسنىڭ قېزىلىش سۈرئىتى %55 .1، قېزىشقا بولىدىغان زاپاسنىڭ قېزىلىش سۈرئىتى %2 .11، قېزىشقا بولىدىغان ئېشىنچا زاپاسنىڭ قېزىلىش سۈرئىتى %3 .21 بولدى.

چېن لەنبىڭ

## تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدىكى مىليون توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى

2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ مىليون توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى، تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ 2 - نومۇرلۇق بىرلەشمە پونكىتى ۋە قويۇق، ئېغىر نېفىتنى سىرتقا ئاققۇزۇش سىستېما قۇرۇلۇشىنى كۇچا ناھىيە ياقىلا ماشىنىغا قاچىلاش

ئاخىرقى پونكىتىدا بىر قېتىملىق يۆتكەشكە ئۆتكۈزۈش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ مىليون توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى غەربىي شىمال شۆبە شىركىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى بولۇپ، 1 - قارارىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 1 مىليون 500 مىڭ توننا. تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ يەر ئۈستى قۇرۇلۇشى تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ 2 - نومۇرلۇق بىرلەشمە پونكىتى، ھېسابلاپ ئالماشتۇرۇش پونكىتى، تارىم دەرياسى 6 - رايونىدىكى 47 نېفىت قۇدۇقى (42سى تىك قۇدۇق، 5ى گورىزونتال قۇدۇق) دىكى نېفىت، گازلارنى توپلاپ ئاققۇزۇش، خام نېفىتنى بىر تەرەپ قىلىش، يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئېلېكتر قۇۋۋىتى، خەۋەرلىشىش، يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى، تۇپا قۇرۇلۇشى، ئىسسىقلىق قۇرۇلۇشى، پار يەتكۈزۈش، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپتوماتىك تىزگىنلەش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇنىڭغا 270 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى؛ ئېغىر، قويۇق نېفىتنى سىرتقا ئاققۇزۇش قۇرۇلۇشى تارىم نېفىتلىكىگە جايلاشقان 2 - نومۇرلۇق بىرلەشمە پونكىتنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان ماي ئاققۇزۇش باش پونكىتى، ئوتتۇرا پونكىت، تۇتاش تۇرۇبا يولى، ھەتتا كۇچا تارىم خىمىيە زاۋۇتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، پىلاندىكى يىللىق نېفىت ئاققۇزۇش كۆلىمى 3 مىليون توننا (بۇنىڭ ئىچىدە يىلىغا 800 مىڭ توننا نېفىت ياقىلا ماشىنىغا قاچىلاش ئاخىرقى پونكىتىدىن تۆمۈر يولغا يۆتكىلىپ سىرتقا توشۇلىدۇ؛ يىلىغا 2 مىليون 200 مىڭ توننىسى تۇرۇبا ئارقىلىق كۇچا تارىم خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىغا يەتكۈزۈلۈپ پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ، بۇ قۇرۇلۇش ھازىر قۇرۇلۇۋاتىدۇ)، بۇنىڭغا 340 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى.

ۋاڭ ئەيمىن

## تارىم دەرياسى نېفىتلىكى

2003 - يىلى تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدە يېڭىدىن 77 مىليون 910 مىڭ توننا نېفىت زاپىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. يىللىق نېفىت مەھسۇلاتى 2 مىليون 880 مىڭ توننا. 2003- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تارىم نېفىتلىكىدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان رايون بۆلەكلىرىنىڭ بىرىكىش كۆلىمى 422.8 كۋادرات كىلومېتىر، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان نېفىتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 312 مىليون توننا، گاز زاپىسى 30 مىليارد 388 مىليون كۇب مېتىر؛ كونترول قىلىنغان كاپالەتلىك نېفىت زاپىسى 193 مىليون توننا، تەبىئىي گاز زاپىسى 54 مىليارد 888 مىليون كۇب مېتىر؛ ئالدىن تەكشۈرۈلگەن كاپالەتلىك نېفىت زاپىسى 169 مىليون توننا. ئىشلەپچىقىرىدىغان قۇدۇق 1290، ئېلىنغان نېفىت 10 مىليون 440 مىڭ توننا.

چېن لەنفاڭ

## پەن - تېخنىكا خىزمىتى

2003 - يىلى جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 30نى تۇرغۇزدى، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتىنىڭ تۈرى 8، «شىنشىڭ» شىركىتىنىڭ تۈرى 8، غەربىي شىمال شۆبە شىركىتىنىڭ تۈرى 14. مەلۇم قىلىنغان قېزىلما بايلىقلارنى قوغداش تۈرى بىر، قېزىلما بايلىقلار تولۇقلىما خىراجىتى تۈرى بىر. 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە 1 - قارارلىق ۋەزىپىسى ۋە 2 - قارارلىق دۇمىلىما تۈرىنى تۇرغۇزۇش تاماملاندى. 9 - ئايدا پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى بىلەن جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى بىرلىكتە 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى دۆلەتنىڭ پەن- تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى مەخسۇس تېمىسى (1 - قارارلىق)نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى ئۇيۇشتۇردى، غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «شىمالىي تارىمدىكى كاربونات جىنىسلىق چوڭ نېفىتلىكنى تەكشۈرۈش - ئېچىشنىڭ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تېمىسى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە 3 مەخسۇس تېما A دەرىجىلىك ئەلا يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى.

ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ تېخنىكا بايلىقى بىرىكتۈرۈلۈش ئارقىلىق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە پەۋقۇلئاددە چوڭقۇرلۇقتىكى كاربونات جىنىسلىق نېفىت ئۇۋىسىنى تەكشۈرۈش، ئۆزلەشتۈرۈش ۋە 3 چوڭ تېخنىكا سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلدى، بۇ 3 چوڭ تەكشۈرۈش، 4 چوڭ ئۆزلەشتۈرۈش، 4 چوڭ قۇرۇلۇش قاتارلىق 11 تۈرلۈك يادرولۇق تېخنىكا ۋە مەخسۇس تېخنىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3 چوڭ تەكشۈرۈش تېخنىكىسى: 3 ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىش ماتېرىيالىنى بىر تۇتاش بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسى، زاپاسلىق قاتلامنى پەرقلەندۈرۈش تېخنىكىسى، ئالدىن ئۆلچەش تېخنىكىسىدىن ئىبارەت.

4 چوڭ ئۆزلەشتۈرۈش تېخنىكىسى: نېفىت ئۇۋىسىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەش تېخنىكىسى، زاپاسلىق قاتلامدا ئەندىزە تۇرغۇزۇش تېخنىكىسى، زاپاسلىق قاتلامنى ئۆزگەرتىش تېخنىكىسى، ئۈچ ياقلىما ۋاستىلىك سىناق قۇدۇقلىرىنى ئىزاھلاش تېخنىكىسىدىن ئىبارەت.

4 چوڭ قۇرۇلۇش تېخنىكىسى: تەڭپۇڭسىز قۇدۇق



2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدىكى مىليون توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن ئىمىر باقى بىلەن ۋە جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى پاي شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش لىدىرى ۋۇ شۆلىڭ تەقدىرلەش يىغىنىغا ۋە لىنتا كېسىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

شى يۇشىڭ فوتوسى

بۇرغىلاش تېخنىكىسى، ئوتتۇرا، قىسقا، يىرىمدىن كۆپ دىئامېتىرلىق قۇدۇق تېگىنى بۇرغىلاش تېخنىكىسى، قۇدۇق گەۋدىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئاددىيلاشتۇرۇش تېخنىكىسى، مەلھەملەشكەن تۇز قاتلىمىدا قۇدۇق بۇرغىلاش ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسىدىن ئىبارەت.

2003 - يىلى غەربىي شىمال شۆبە شىركىتىنىڭ پەن - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشى ئارقىلىق يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپاس 36 مىليون 998 مىڭ تونىنغا، قېزىشقا بولىدىغان زاپاس 4 مىليون 810 مىڭ تونىنغا، نېفىت مەھسۇلاتى 740 مىڭ 800 تونىنغا يەتتى، تەننەرخ 12 مىليون يۈەن تۆۋەنلىدى، يېڭىدىن كۆپەيگەن مەھسۇلات قىممىتى 519 مىليون يۈەنگە، پايدا 111 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ۋاڭ ئەيمىن

## ساقلىنىپ قالغان كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى «نېفىت، تەبىئىي گاز خىمىيە سانائىتىنى ئاساسىي كەسىپ، نېفىتلىككە مۇلازىمەت قىلىشنى تۈۋرۈك قىلىپ، نېفىت، گازغا باغلىنىشلىق بولغان كۆپ مەنبەلىك كەسىپلەرنى مۇۋاپىق تەرەققىي قىلدۇرۇش» تىن ئىبارەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، بار يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، ئىچكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەتنى چىڭ تۇتۇپ، ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى.

2003 - يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى يىلىغا 100 مىڭ تونىنا ۋە 50 مىڭ تونىنا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئىش باشلاش دەۋرىنى ئىلگىرىكى 10 كۈندىن 30 كۈنگە ئۇزارتتى، مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش- سېتىلىش نىسبىتىنى %98 ئەتراپىدا ساقلىدى. بىر يىلدا 640 مىڭ تونىنا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلىدى، 295 مىڭ تونىنا ئاسفالت، 170 مىڭ تونىنا دىزېلىن، 170 مىڭ تونىنا باشقا يېقىلغۇ ماي ئىشلەپچىقاردى؛ 188 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گازنى بىر تەرەپ قىلدى، 17 مىڭ 500 تونىنا سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئىشلەپچىقاردى. سېتىشتىن قىلغان كىرىمى 998 مىليون يۈەنگە، پايدا - باج سوممىسى 82 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قۇدۇق ئەترىتىنىڭ 132 قۇدۇقنى كۆچۈرۈش، 567 مىڭ مېتىر قاپلىما تۇرۇبىنى يۆتكەش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى، باغلىنىشلىق سودا كىرىمى 59 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋاڭ ئەيمىن

## تارىم دەرياسى نېفىتلىكى بوگۇر بازىسىنىڭ ئەھۋالى

بۇ بازا 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى، بۇ — غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى، غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى بويىچە ئەڭ چوڭ ئالدىنقى سەپ خىزمەت، تۇرمۇش بازىسى. بۇ بازىنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 746 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، بىر كورپۇس بىرلەشمە ئىشخانا بىناسى (كۆلىمى 7920 كۋادرات مېتىر)، 4 كورپۇس ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتاق بىناسى (كۆلىمى 11 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر)، بىر كورپۇس ئۆي خوجىلىقى بىناسى (كۆلىمى 1227 كۋادرات مېتىر)، بىر كورپۇس ئاشخانا (كۆلىمى 950 كۋادرات مېتىر)، 24 ئېغىز كىچىك ماشىنا ئۆيى (كۆلىمى 688 كۋادرات مېتىر)، بىر كورپۇس ئۇنىۋېرسال تەجرىبە بىناسى (كۆلىمى 2890 كۋادرات مېتىر)، بىر ئېنېرگىيە پونكىتى (كۆلىمى 1220 كۋادرات مېتىر)، بىر ئېچىش - يېپىش ئورنى (كۆلىمى 212 كۋادرات مېتىر) سېلىندى، 3 ساندۇقسىمان ترانسفورماتور ئورنىتىلدى، 7.2 كىلومېتىر 10 كىلوۋولتلۇق مەخسۇس ئېلېكتىر سىمى تارتىلدى، 5517 مېتىر يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، 4090 مېتىر ئۇنىۋېرسال تۇرۇبا خەندىكى، 3344 مېتىر يوندا چىقىرىۋېتىش تۇرۇبا يولى ياسالدى، ئومۇمىي قۇرۇلۇش

كۆلىمى 27 مىڭ كۋادرات مېتىر، بۇنىڭغا 104 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

چېن لەنفاڭ

# مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى

## مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2003 - يىلىغا قەدەر مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ مۈلۈك سوممىسى 12 مىليارد يۈەنگە يەتتى، خىزمەتچىسى 5800دىن ئاشتى. يىلىغا بىر قېتىمدا 6 مىليون توننا خام نېفىتنى بىرلەمچى پىششىقلاش ئىقتىدارىنى ۋە يىلىغا 250 مىڭ توننا ئېتىلېن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى هازىرلىدى. سىستېمىلىرى مۇكەممەل يۈرۈشلەشتۈرۈلدى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 135 مىڭ كىلوۋاتقا، پار بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى سائىتىگە 1400 توننىغا، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى سېكۇنتىغا 3.3 كۇب مېتىرغا يەتتى. 2003 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىگەن خام نېفىتى 4 مىليون توننىدىن ئارتۇق بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %12 ئېشىپ كەتتى؛ دىزېلىن پىلاندىكىدىن %4.6، بېنزول %22.6، پارافىن %64 ئاشتى. دىزېلىن بىلەن بېنزىننىڭ نىسبىتى 2.21، ئۆزگەرمەس ئۇنىۋېرسال تاۋارنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %94.18، يېنىك مايىنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %79.36 بولدى. ئىشلەپچىقىرىلغان ئېتىلېن 236 مىڭ توننىغا يېتىپ، لايىھەدىكى ئىقتىدارىدىن %7 ئېشىپ كەتتى. بىر يىلدا هاسىل قىلىنغان توك 850 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ %31، ئىشلەپچىقىرىلغان بېنزىن 6 مىليون 240 مىڭ توننىغا يېتىپ %26 ئاشتى. بىر يىلدا شىركەتنىڭ سېتىش كىرىمى 10 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە، تىجارەت پايدىسى 570 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت چەككىلەش (ئايرىش) پايدىسى 360 مىليون يۈەن، خىمىيە سانائىتىنىڭ پايدىسى 210 مىليون يۈەن بولدى.

لى چۇەنۋېن

## نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئەھۋالى

2003 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ يىلىغا 600 مىڭ توننا چەككىلەنمە مايىنى هىدروگېن قوشۇپ پارچىلاش قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ - تاش قۇرۇلۇشى تولۇق تاماملاندى، 6 قىزىتىش پېچىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پۈتتى، 130 نەچچە ھەرىكەتچان ۋە قوزغالماس ئۈسكۈنە، 70 نەچچە كىلومېتىر تېخنولوگىيىلىك تۇرۇبا لىنىيىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭغا 350 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 4 - نومۇرلۇق پار تۇربىنىلىق گېنېراتور تۈرىدە ئۈسكۈنە ۋە ماتېرىياللارنى زاكاز قىلىش تاماملاندى، بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش خىزمىتى باشلاندى. قۇرغاق گازدىن گۈڭگۈرت ئاجرىتىش - سولفىد يىغىۋېلىش قۇرۇلمىسىدىن لاياقەتلىك مەھسۇلات چىقتى. DPG بۆلەكلىرىنىڭ قايتىلانما سىستېمىسىنى ئاجرىتىپ ئۆزگەرتىش قاتارلىق قىسقا مۇددەتتە تېز پۈتتۈرۈلىدىغان 10 قۇرۇلۇش تۈرىدە شۇ يىلى ئىش باشلىنىپ، شۇ يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، شۇ يىلى 22 مىليون يۈەن ئۈنۈم يارىتىلدى. ئېتىلېن زاۋۇتىنى كىچىك رېمونت قىلىش تاماملىنىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇشتا قېپقالغان مەسىلىلەر ھەل قىلىنىپ، بىخەتەرلىك بىلەن ئۈنۈم جەھەتتىكى بوغما ھالەت تۈگىتىلىپ، قۇرۇلمىلار ھەرىكىتىنىڭ ئىشەنچلىك بولۇش، جانلىق بولۇش دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، تىجارەت تەننەرخى تۆۋەنلىتىلدى.

لى چۇەنۋېن

## كارخانا باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىشنى پائال يولغا قويۇپ، كەسپىي نەتىجە توختامىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچىنى ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن شىركەتنى قاپلىغان نەتىجە ۋە ئۈنۈمنى تەكشۈرۈپ باھالاش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. مالىيىنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئېلېكترونلۇق سودا قانات يايدۇرۇلۇپ، توردا سېتىۋېلىش سالمىقى زورايتىلدى، بىر يىلدا توردا 55 مىليون يۈەنلىك سودا قىلىنىپ، سېتىۋېلىش تەننەرخى تۆۋەنلىتىلدى. 4000 تۈردىن ئارتۇق تۈرلۈك مەسىلىلەر تېپىپ چىقىلىپ تۈزىتىلدى، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىندى، نېفىتنىڭ نەق پۇل ھېسابىدىكى پىششىقلاپ ئىشلىتىش بىرلىك تەننەرخى 2002 - يىلدىكىدىن ھەر توننىسىغا 7.5 يۈەن، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ نەق پۇل ھېسابىدا پىششىقلاپ ئىشلىنىش تەننەرخى ھەر توننىسىغا 188.6 يۈەن تۆۋەنلىتىلدى. بىر يىلدا شىركەت ئورگىنىدا كونترول قىلىشقا بولىدىغان خىراجەت %10 تۆۋەنلىدى.

2003 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى ISO9001، ISO14001 ۋە HSE (ساغلاملىق، بىخەتەرلىك، مۇھىت) ئۆلچىمى بويىچە گۇۋاھلىقتىن تولۇق ئۆتتى.

لى چۇەنۋېن

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2003 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى ئۈستىگە ئالغان دۆلەتنىڭ ئۈچ «863» ئېچىش تۈرىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. پاي شىركىتى دەرىجىلىك 13 پەن تەتقىقات تۈرى ئومۇميۈزلۈك تاماملىنىپ، 9 تۈردە پاتېنت ئىلتىماس قىلىندى. نېفىت چەككىلەشتە دائىملىق 3 - لىنىيەدىن پايدىلىنىش، ئېتىلېن خام ئەشياسىدىن ئارسىن ئاجرىتىش قاتارلىق شىركەت دەرىجىلىك 12 تۈرلۈك ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى تاماملاندى. كاتالىزلاپ ئېلىنغان بېنزىندىن ھىدروگېن قوشۇپ گۈڭگۈرت ئاجرىتىش، ئولىفىننى تۆۋەنلىتىش ھۈنەر - سەنئىتى ۋە تېخنىكىسىنى قوللىنىش جەھەتتىكى تەتقىقات خىزمىتى تاماملاندى، پروپاننى ئالدىن پارچىلاش تېخنىكىسى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 3 قېتىم چەككىلەپ چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا يېڭى ماتېرىيال سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى، كوكسلاشتۇرۇشنىڭ يۈرۈشلەشكەن قىزىتىش پېچىدا ئىقتىدارنى كېڭەيتىش - ئۆزگەرتىش ئىشى تاماملاندى. ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. «ئىشلەپچىقىرىشنى توپلاشتۇرۇش سىستېمىسى»نىڭ قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشى تاماملاندى، ئېلېكترونلۇق سودا - ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش سىستېمىسى، خام نېفىت باھالاشنىڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى تۈرى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

لى چۈەنۋېن

# مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى

## مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2003 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتى 60 مىليون يۈەن ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەن ئاساستا، تۈرلۈك كەسپىي كىرىمى 271 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ئومۇمىي گەۋدە جەھەتتە پايدا - زىياننى تەڭلەشتۈردى، ئىش ھەققى ئۆسۈش ئامىلى كەلتۈرۈپ چىقارغان 9 مىليون 520 مىڭ يۈەننى ھەزىم قىلدى؛ ئاساسىي تىجارەت كىرىمى 237 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ پاسسىپ 360 مىليون يۈەن بولدى، ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى 36% بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 3 پىرسەنت پويىنتى تۆۋەنلىدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە مال - مۈلۈك قىممىتى 1 مىليارد 20 مىليون يۈەنگە يەتتى. تىجارەت خاراكتېرلىك 8 ئورۇننىڭ ھەممىسى پۈتۈن يىللىق پايدا كۆرسەتكۈچىنى ئورۇندىدى، خىراجەت ۋە ئورۇنلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش خىراجىتىنىڭ سوممىسى 2002 - يىلدىكىدىن 4 مىليون 470 مىڭ يۈەن تۆۋەنلىدى؛ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن 4 ئورۇن سىياسەت ئامىلى ۋە ماتېرىيال باھاسى ئۆرلەش ئامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كەتتى، ئەمما ئومۇمىي گەۋدە جەھەتتە پايدا ئالدى؛ باش زاۋۇتقا پاي قوشقان كارخانا «تيەنلى» يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ پايدىسى كۆپەيدى، مۈلۈك قىممىتى پاينى بازارغا سېلىشتىن ئىلگىرىكى 293 مىليون يۈەندىن 1 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئېشىش نىسبىتى 50%تىن ئېشىپ كەتتى.

2003 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى 28 مىليون 460 مىڭ كۇب مېتىر سۇ، 780 مىليون كىلوۋات سائەت توك بىلەن بىخەتەر تەمىنلىدى، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۆلچىمىنىڭ تەڭپۇڭلىشىش نىسبىتى 97.8%، توك بىلەن تەمىنلەش ئۆلچىمىنىڭ تەڭپۇڭلىشىش نىسبىتى 97.5%كە يەتتى.

لى پىڭ

## قۇرۇلۇش قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ئىشتىراك قىلغان ۋە ئۈستىگە ئالغان مايتاغنىڭ نېفىت خىمىيە سانائىتى جەھەتتىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى. ئېتىلېن زاۋۇتىنى كىچىك رېمونت قىلىش ئۆز قەرەلىدە تاماملاندى، 600 مىڭ توننا چەككىلەنمە مايىنى ھىدروگېن قوشۇپ كىرېكىنلەش تۈرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى. ئىسسىقلىق بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ تەمىنلەش پار قازىنىنىڭ 2 - قارارلىق كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ تۆتىنچى سۇ مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ۋە كۆپلەپ سۇ تارتىش سىنىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى؛ 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى باش زاۋۇتنىڭ تۇنجى نېفىت خىمىيە تۈرى بولغان، ئاز كەم 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، يىلىغا 30 مىڭ توننا مېتانول ئىشلەش تۈرىدە ئىش باشلاندى؛ كىسلاتا سۈزۈلدۈرۈش تۈرىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولدى، پىلان بويىچە 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى لاياقەتلىك مەھسۇلات چىقىدۇ. «تيەنلى» ئوقەتچىلىك شىركىتىنىڭ يىلىغا 120 مىڭ توننا كاربونات ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، 41 مىڭ 359 توننا قىزدۇرۇش كوكسى ئېكسپورت قىلىندى؛ «تيەنلى» يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا شىركىتىنىڭ يىلىغا 10 مىڭ توننا چالا - تۈزلىنىسىز تارقاتقۇچ ئاگېنت ئىشلەش تۈرىدە

ماشىنا 1 - قېتىم ھەرىكەتلەندۈرۈلگەندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلىپ، لاياقەتلىك مەھسۇلات چىقىرىلدى.

لى يىلاڭ

## كارخانا باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىدا ئاساسىي باشقۇرۇش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى، باشقۇرۇش تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلدى، قائىدە - تۈزۈملەر مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 6 ئورۇننىڭ كىرىم ئەھۋالى ۋە كىرىم-چىقىمنى ئىككى لىنىيىلىك ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى. خام چوت تەكشۈرۈش - باشقۇرۇش ۋە ھەرىكەتلىك باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، مەبلەغ سېلىش پىلانى، تەكشۈرۈش، ئاسراش خىراجىتى، كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى خىراجىتى، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات فوندىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى تەپسىلىي ستاتىستىكا قىلىندى، قۇرۇلۇۋاتقان بارلىق تۈرلەرنىڭ لايىھىسى تەكشۈرۈلدى. مۈلۈك تىجارىتى مەركىزى قۇرۇلۇپ، مۈلۈك باشقۇرۇش تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، باش زاۋۇتنىڭ مال - مۈلكى جانلاندۇرۇلدى. تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن ئورۇنلار بىلەن رەھبەرلىك نەتىجىسى مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاندى ھەمدە يوقىرىغا خەۋپ - خەتەر رەنە سومىسى تاپشۇرۇلدى. 100 كۈنگىچە بىخەتەر بولۇش، ھادىسە كۆرۈلمەسلىك ۋە بىخەتەرلىك ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا چوڭ ھادىسە كۆرۈلۈشنىڭ ئالدى ئېلىندى. بىر يىلدا 5 قېتىم ھادىسە كۆرۈلۈپ، 2002 - يىلدىكىدىن %54.5 ئازايدى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى مۇقىم بولدى.

لى يىلاڭ

# قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى

## قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئەھۋالى

2003 - يىلى قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى 2 مىليون 504 مىڭ 600 توننا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە قويۇق نېفىت 1 مىليون 175 مىڭ توننا بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %69.5 ئاشتى؛ ئاساسىي تىجارەت كەسپىدىن 4 مىليارد 684 مىليون يۈەن كىرىم قىلدى؛ بىر توننا نېفىتنىڭ نەق پۇل ھېسابىدا پىششىقلاپ ئىشلىنىش بىرلىك خىراجىتى 181.61 يۈەن، مەزگىل سەرپىياتلىق نەق پۇل ھېسابىدا پىششىقلاپ ئىشلىنىش بىرلىك خىراجىتى 247.66 يۈەن بولدى؛ بىر توننا نېفىتنى چەككىلەشتىكى ئېنېرگىيە فاكتورىنىڭ سەرپىياتى 10.9122 كىلوگرام ئۆلچەملىك نېفىت فاكتورى بولدى، پاي شىركىتىنىڭ چەككىلەش كارخانىلىرى ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىنى ئىگىلىدى؛ تاۋار مىقدارى 2 مىليون 337 مىڭ 600 تونىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بېنزىن، دىزېلىن، كۆمۈر گازى 1 مىليون 587 مىڭ 900 توننا، سىلىقلاش مېيى ۋە ئاساس مايى 331 مىڭ 600 توننا؛ ئاسفالت 430 مىڭ 200 توننا، تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى بىر يىلدا 166 مىليون كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلدى، 719 مىڭ توننا پار بىلەن تەمىنلىدى.

ۋاڭ جىنپىڭ

## تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئەھۋالى

2003 - يىلى قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى 38 پەن - تېخنىكا تۈرىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو نېفىت - گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ نۇقتىلىق نېفىت چەككىلەش جەھەتتىكى پەن تەتقىقاتى تۈرى 19، شىركەت دەرىجىلىك پەن- تېخنىكا تۈرى 19. بىر يىلدا 11 تۈردە پاتېنت ئىلتىماس قىلىندى. تەييار مەھسۇلات SBS نىڭ خاراكتېرىنى ئاسفالتقا ئۆزگەرتىش تەتقىقاتى، مىكرو ئورگانىزمنى سۇ ئارقىلىق ھەيدەپ نېفىت ئېلىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى قوللىنىش تەتقىقاتى، KIO2831 رەڭلىك مەتبە مېيىنى ئېرىتكۈچى مايىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەش، K—24B ئاپتوموبىلنىڭ تەۋرىنىشنى پەسەيتكۈچى مايىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەش، NS—1 خوراشنى ئاستىلاتقۇچى نېيتراللاشتۇرۇش دورىسىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەش، يول ئاسفالتى خالتىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساشتىن ئىبارەت 6 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى بويىچە سېلىشتۇرۇپ باھالاشقا مەلۇم قىلىندى.

2003 - يىلى قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى بويىچە باھالاپ سېلىشتۇرۇش ئېلىپ باردى، ئالاھىدە مۇكاپات بېرىلمىگەن تۈردىن بىرى، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپات بېرىلمىگەن تۈردىن 12سى، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات بېرىلمىگەن تۈردىن 16سى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات بېرىلمىگەن تۈردىن 11ى، رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتى بېرىلمىگەن تۈردىن 15ى باھالاپ چىقىلدى.

ۋاڭ جىنپىڭ

## ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى

2003 - يىل 9 - ئايدا قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ قويۇق نېفىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ

پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى تۇرى جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتىنىڭ تۇر تۇرغۇزۇش جەھەتتىكى تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتتى، 12- ئايدا دەسلەپكى لايىھىسى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. پىلان بويىچە 2004 - يىل 9 - ئايدا پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشتا ئاساسلىقى 3 يۈرۈش ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ يانداشما جامائەت قۇرۇلۇشى، ساقلاش - توشۇش مۇئەسسەلىرى قۇرۇلىدۇ. بۇ، يىلىغا 1 مىليون 500 مىڭ توننىلىق كېچىكتۈرۈپ كوكسلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسى، يىلىغا 900 مىڭ توننىلىق بېنزىن، دىزېلىنى ھىدروگېن قوشۇپ ئىنچىكىلەپ ئىشلەش قۇرۇلمىسى ۋە 12000Nm³/h ھىدروگېن ئىشلەش قۇرۇلمىسى قۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۇر پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلسە شىركەتنىڭ يىللىق نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى 3 مىليون 500 مىڭ توننىدىن 5 مىليون تونناغا ئۆسىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قويۇق نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى 3 مىليون تونناغا يېتىدۇ.

ۋاڭ جىنپىڭ

## بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ چەككىلەش - ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاساسي گەۋدە قۇرۇلمىسى ئۇدا 13 يىل بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، زور ئۆلۈم - يېتىم ھادىسىسى بولماسلىقنى ئىشقا ئاشۇردى، قاتناش جەھەتتە ئۇدا 5 يىل بىخەتەر قاتناش، زور قاتناش ھادىسىسى بولماسلىق ئىشقا ئاشۇرۇلدى، شىركەت 4904 كۈن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىپ، ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ش ئۇ ئا ر بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش نازارەتچىلىكى ئىدارىسى بىرلىكتە تارقاتقان 2003 - يىللىق «بىخەتەرلىك - ساغلاملىق لوڭقىسى» بويىچە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مۇسابىقىسىدىكى غالىب ئورۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ۋاڭ جىنپىڭ

# ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى

## ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز باش شىركىتى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ نېفىت ۋە خام ئەشيا نېفىتى پىششىقلاپ ئىشلەش مىقدارى 3 مىليون 800 مىڭ توننىدىن، سېتىشتىن قىلغان كىرىمى 8 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ، تارىختا يېڭى يۇقىرى سەۋىيە ياراتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ مال - مۈلۈك سوممىسى 6 مىليارد 472 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقسىز مۈلكىنىڭ قىممىتى 2 مىليارد 395 مىليون 870 مىڭ يۈەن، ئۇزاق مۇددەتلىك سېلىنغان مەبلەغ 158 مىليون 90 مىڭ يۈەن، تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 8 مىليارد 184 مىليون يۈەن، ساپ قىممىتى 3 مىليارد 845 مىليون يۈەن، كارخانا قەرزى 2 مىليارد 80 مىليون 510 مىڭ يۈەن، ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى %32.14، ئىگىدارلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى 4 مىليارد 391 مىليون 580 مىڭ يۈەن. شىركەتنىڭ ھازىر بار بولغان خادىمى 4544، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 911. نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ لايىھەدىكى يىللىق نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى 5 مىليون توننا، خىمىيەۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ ئورېيە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 100 مىڭ توننا، خىمىيەۋى تالا زاۋۇتىنىڭ ھازىر 4 يۈرۈش ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى بار، تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ گېنېراتور سىغىمچانلىقى 100 مىڭ كىلوۋات سائەت، پار چىقىرىش ئىقتىدارى 850 توننا/سائەت. شىركەت 9 چوڭ تۈر بويىچە 56 خىل نېفىت خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى، خىمىيەۋى تالا مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرالايدۇ.

سۇن جېڭ

## ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۈنۈم كۆرسەتكۈچى ئەھۋالى

2003 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى 3 مىليون 550 مىڭ 500 توننا نېفىت، 411 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز كىرگۈزۈپ، 3 مىليون 803 مىڭ توننا نېفىت ۋە خام ئەشيا نېفىتى پىششىقلاپ ئىشلىدى. 2 مىليون 740 مىڭ 900 توننا يېنىك ماي ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100كە يەتتى. 55 مىڭ 900 توننا P - دىمېتىل بېنزول ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100 بولدى. 1 مىليون 131 مىڭ 200 توننا ئورېيە ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - خىمىيەۋى ئوغۇت زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغىنى 544 مىڭ 600 توننا بولۇپ، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100، 2 - خىمىيەۋى ئوغۇت زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغىنى 586 مىڭ 600 توننا بولۇپ، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100 بولدى. 75 مىڭ 700 توننا چەككىلەنگەن P - فتالىن كىسلاتاسى ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100

بولدى. 52 مىڭ 800 توننا پولى ئېستېر ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100 بولدى. 5619 توننا ئۇزۇن تالالىق تىرېلىن ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100 بولدى. 20 مىڭ 700 توننا قىسقا تالالىق تىرېلىن ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100 بولدى. 797 مىليون كىلوۋات سائەت توك چىقاردى، 8 مىليون 923 مىڭ توننا پار بىلەن تەمىنلىدى.

«شىنفېڭ» پاي شىركىتى يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر - سەنئەت قوللىنىش ئارقىلىق پولى پروپىلېن قۇرۇلمىسى مەھسۇلاتىنى 34 مىڭ 800 توننىغا يەتكۈزدى.

ھەر يىلدا سېتىلغان بېنزىن - دىزېلىن مىقدارى 2 مىليون 312 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 2000 توننا ئاشتى. 1 مىليون 60 مىڭ توننا ئورپىيە، 90 مىڭ 800 توننا خىمىيىلىك تالا مەھسۇلاتى سېتىلدى.

2003 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 201 مىليون يۈەنگە يەتتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە). باج سوممىسى 788 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئېچكى قىسمىدا تەكشۈرۈلگەن پايدا 338 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 84 مىليون 840 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

سۇن جېڭ

## سۇپەت، ساغلاملىق، بىخەتەرلىك، مۇھىت باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى 64 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوت ئۆچۈرۈش سۇيى سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ سۇيۇقلۇق ئورنى تىرىۋوگا سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، 2 - خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى كونترول ئىشخانىسىدىكى پارتلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق يوشۇرۇن ئاپەت ئامىلى بار 9 تۈرنى تۈزەش خىزمىتىنى تاماملىدى. سۇ زاۋۇتىنى پاكلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن يۈندىنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، مۇھىت ئاسراش مۇئەسسەسەلىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلدى، يۈندا چىقىرىۋېتىشنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى، ئۇنى يىغىپ پايدىلىنىش نىسبىتى بىر ئاز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرىنىڭ ھۈنەر - سەنئىتىنى پائال سەرخىللاشتۇرۇش، تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇرۇش، كېرەكسىز گاز، كېرەكسىز تىرېپلارنى تىزگىنلەش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

2003 - يىلى شىركەت داڭلىق ماركا يارىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، سۇپەت باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭ سۇپەت باشقۇرۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «بوغدا» ماركىلىق يېنىك دىزېلىن 2003 - يىللىق شىنجاڭ داڭلىق مەھسۇلاتى نامىغا ئېرىشتى؛ «بوغدا» ماركىلىق ئورپىيە 2003 - يىللىق جۇڭگو بازارلىرىدىكى خىمىيە سانائىتى ساھەسى بويىچە رىقابەت كۈچى ئەڭ كۈچلۈك 10 چوڭ داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلات نامىغا ئېرىشتى. يەن تەتقىقات ئورنى دۆلەت تەجرىبىخانىسى ئېتىراپ قىلىدىغان قايتا تەكشۈرۈش ۋە نۇسخا ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى تاماملىدى. ھېسابلاپ كونترول قىلىش مەركىزى شىنجاڭدا بىرىنچى بولۇپ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۆلچەمنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئاپپاراتىنى تەكشۈرۈپ گۇۋاھلىق بېرىشنى تاماملىدى.

سۇن جېڭ

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 221 مىليون 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. بىرىنچى خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىدا نېفىت ئورنىغا ئىشلىتىش ئاروماتىك كاربون گىدرىد ئىزومېر ئېلېمېنتىنى يېڭى تىپتىكى كاتالىزاتورغا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق خام ئەشيا، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، بايلىق مەنبەسىدىن تولۇق پايدىلىنىلدى؛ كېچىكتۈرۈپ كوكسلاشتۇرۇش ئارقىلىق مىقدارنى كۆپەيتىش، خىمىيىۋى ئوغۇتنى پۇراقسىزلاندۇرۇش قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئىشلارنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۆتۈرۈش مىقدارى ئۆستۈرۈلدى، قۇرۇلمىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش مۇكەممەللەشتۈرۈلدى؛ 1 - خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ كاربونسىزلاندۇرۇش قۇرۇلمىسىدىكى گىدرو سۇلفىد بىلەن قويۇلۇپ كەتكەن كېرەكسىز گازنى كاربون (Ⅳ) ئوكسىدى بىلەن يىغىۋېلىش، 1 - خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ ھۈنەر - سەنئىتىدىكى سوغۇقتىن قاتقان سۇيۇقلۇقنى يىغىۋېلىش قاتارلىق تۈرلەرنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ماددىي سەرپىيات، ئېنېرگىيە سەرپىياتى تۆۋەنلىتىلىپ، مۇھىت ياخشىلاندى؛ شىركەت ئېلېكتر تورىدىكى 35 كىلوۋولتلۇق ئاسراش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، ئېلېكتر تورى ھەرىكىتىنىڭ بىخەتەرلىكى، ئىشەنچلىكلىكى ئاشۇرۇلدى.

سۇن جېڭ

# ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى

## ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىدىكى 2 - دەرىجىلىك ئورۇن 20، بىۋاستە قاراشلىق ئورۇن 3، ئىشچى - خىزمەتچى 7998. مال - مۈلۈك قىممىتى 1 مىليارد 395 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 1 مىليارد 511 مىليون يۈەن، ساپ قىممىتى 1 مىليارد 5 مىليون يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆي، بىنا، يەر %64.06نى ئىگىلەيدۇ. ئىگىدارلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى 878 مىليون يۈەن، ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى %36.85.

2003 - يىلى باش زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان تۈرلۈك ئۆلچەمدىكى خالتا 31 مىليون 798 مىڭ 200 دانە، ئىشلەپچىقارغان يېڭى تىپتىكى سۇ 29 مىليون 965 مىڭ 500 توننا، ئۆلاپ تەمىنلىگەن توك 184 مىليون 843 مىڭ 800 كىلوۋات سائەت، تەمىنلىگەن ئىسسىقلىق 206 مىڭ 100 مىگاۋات، ئىشلەپچىقارغان لاياقەتلىك فورمالدېگىد 5418.88 توننا، مېلامىن 8097 توننا.

بىر يىلدا قۇرۇلۇش ئىشىغا 91 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 5 يۈرۈش قۇرۇلما قۇرۇلۇش باشلاش، ماشىنىلارنى سىناش، داۋاملاشتۇرۇپ قۇرۇش ۋە ئالدىنقى تەييارلىق باسقۇچىغا كىردى. نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش قۇرۇلمىسىدا جەنۇبىي ماي ئامبىرى ۋە 7 -، 5 - نومۇرلۇق ماي قاچىلاش پونكىتلىرىنى قۇرۇش تاماملاندى؛ سىمولا قۇرۇلمىسى 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تاپشۇرۇلۇپ، سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچىغا كىردى؛ يىلىغا 300 مىڭ توننا يۇقىرى قويۇقلۇقتىكى بىرىكمە ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش تۈرى قۇرۇلۇشىنىڭ نەق مەيداندىكى 3نى راۋانلاشتۇرۇش، بىرنى تەكشىلەش قۇرۇلۇشى ۋە تۆمۈريول مەخسۇس لىنىيىسىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشى پىلان بويىچە تاماملاندى.

ليۇ ۋېنشېڭ

## سۈپەت باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ 8 ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئورنى ISO9001 سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسى ۋە كەسپىي بىخەتەرلىك، ساغلاملىقنى باشقۇرۇش سىستېمىسى، ISO14001 مۇھىت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ بىرلەشمە گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى، زاۋۇتتا «ئۈچ نىشاننى بىرگەۋدىلەشتۈرۈش» ئەندىزىسى ئاساسىدىكى بىخەتەرلىك، مۇھىت ئاسراش، ساغلاملىقنى باشقۇرۇش سىستېمىسى بەرپا قىلىندى.

2003 - يىلى باش زاۋۇتتا رويخەتكە ئېلىنغان سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى 69 بولۇپ، 4 گۇرۇپپا ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى. توقۇلغان خالتا مەھسۇلاتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 2002 - يىلدىكى %97.1تىن %98كە كۆتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئىچكى سۈپىتى ش ئۇ ئا ر سۈپەت نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ كۆپ قېتىملىق خالىغان چاغدىكى ئارىلاپ تەكشۈرۈشىدە دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتتى ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

ليۇ ۋېنشېڭ

## پەن - تېخنىكا باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ ئاساسلىق پەن - تېخنىكا ئېچىش تۈرى مۇنداق 3 چوڭ سىستېمىدىن ئىبارەت بولدى: مېلامىن ئىشلەپچىقىرىش باشلامچى قىلىنىپ، مېلامىن - فورمالدېگىد - سىمولالىق تەقلىدىي پىلاستىك پاراشوك، مېلامىن - فورمالدېگىدلىق سۇلياۋ كۆپۈك چىقىرىش ماتېرىيالى، يېڭى تىپتىكى مېلامىنلىق يېنىشقا قارشى دورا (MBFR) يارىتىلدى، مېلامىن - فورمالدېگىد - سىمولالىق تەقلىدىي پىلاستىك پاراشوك تۈرى سانائەتلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچىغا كىردى؛ باش زاۋۇت بىرىكمە ئوغۇتنى ئاساس قىلىپ ۋە ئۆز جايدىكى يەرلىك ئوغۇت ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ، يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يەرلىك ئوغۇت تەتقىقات ئورنىنىڭ شىنجاڭدىكى يەرلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ، يۇقىرى، مۇقىم ھوسۇل ئالغىلى بولىدىغان يېڭى تىپتىكى ئوغۇتنى نىشانلىق ئىشلەپچىقاردى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 300 مىڭ توننا يۇقىرى قويۇقلۇقتىكى بىرىكمە ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش تۈرىدە 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قۇرۇلۇش باشلاندى؛ بېنزول، پروپىلېن ئاساسىي خام ئەشيا قىلىنغان پولى گىدروكسىللىق بېنزول مەھسۇلاتىنى تەتقىق قىلىپ يارىتىش جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گۇرۇھ شىركىتىنىڭ كىچىك دائىرىدە سىناپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. 2003 - يىلى باش زاۋۇت ئورۇنلاشتۇرغان پەن - تېخنىكا بويىچە ئېچىش تۈرى 13 بولۇپ، بۇنىڭغا 5 مىليون 530 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

ليۇ ۋېنشېڭ

# جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتى

## جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتىنىڭ 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 6790، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار 1526، تۈرلۈك ئاپتوموبىلى 1703. شىركەت ئورگىنىدا 13 بۆلۈم، باشقارما، ئىشخانا تەسىس قىلىنغان. بۇلار ئاساسەن شىنجاڭدىكى 3 چوڭ نېفىتلىك، 4 چوڭ نېفىت چەككىلەش زاۋۇتى ۋە نېفىت سېتىش شىركىتىگە مۇلازىمەت قىلىدۇ. شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسى ئاساسلىقى شىنجاڭدىكى ئۈرۈمچى، سانجى، قاراماي، مايتاغ، كۇچا، كورلا، پىچان نېفىتلىكى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، شىئەن، چوڭچىڭ، ۋۇخەن، گۇاڭجۇ قاتارلىق شەھەرلەردە ماددىي ئەشيا ئوبوروت تور - نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلغان.

ترانسپورت شىركىتىنىڭ 2003 - يىللىق ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداش ئەھۋالى مۇنداق:

يۈك ئوبوروت مىقدارى 452 مىليون 110 مىڭ توننا - كىلومېتىر؛ سېتىش كىرىمى 755 مىليون 120 مىڭ يۈەن؛ بىخەتەر قاتنىغان ئارىلىق مۇساپە 14 مىليون 567 مىڭ 800 ئاپتوموبىل - كىلومېتىر؛ ھەر 100 كىلومېتىرغا سەرپ قىلىنغان يېقىلغۇ 34.23 كىلوگرام، ھەر بىر بالوننىڭ ئىشلەش مۇساپىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 79 مىڭ 16 كىلومېتىر؛ ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئوتتۇرىچە 120 مىڭ توننا - كىلومېتىر؛ ئاپتوموبىللارنىڭ بېجىرىملىق نىسبىتى %97.91، ئىشلەش ئۈنۈمى %43.78 بولدى.

لىيۇ شۆ

# كۆمۈر سانائىتى

## كۆمۈر سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

**كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش** 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان كۆمۈر 32 مىليون 893 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %6.15 ئاشتى؛ سېتىلغان كۆمۈر 32 مىليون 1700 توننا بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، نۇقتىلىق دۆلەت كۆمۈر كانلىرى ئىشلەپچىقارغان كۆمۈر 8 مىليون 932 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، %20.89؛ ساتقان كۆمۈر 8 مىليون 595 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %33.55 ئاشتى.

**زىياننى تۈگىتىپ، پايدىنى ئاشۇرۇش** شىنجاڭ ئۈرۈمچى كانچىلىق (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قۇمۇل كۆمۈرچىلىك (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ كوكس كۆمۈرى (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن ئىبارەت 3 نۇقتىلىق كۆمۈركان تولۇقلىما ئالغاندىن كېيىن 24 مىليون 670 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 794 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %11.4 ئاشتى (ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلاندى). نۇقتىلىق دۆلەت كۆمۈر كانلىرىنىڭ مۇشۇ يىلدىكى كەسپكارى 24 مىڭ 325 بولۇپ، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئىش ئۈنۈمدارلىقى كۈنىگە 3.64 توننىغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %12.02 ئاشتى.

**كارخانا ئىسلاھاتى** 2003 - يىل 2 - ئايدا سابىق كۆمۈر سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ ئۈرۈمچى لايىھىلەش - تەتقىقات يۇرتىنىڭ تۈزۈلمىسى شىنجاڭ كۆمۈر لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، يۇقىراۋى كارخانا قىلىندى؛ شىركەتتە پايچىكلار ھەيئىتى، مۇدىرىيەت ھەيئىتى، نازارەتچىلەر ھەيئىتى ۋە دىرېكتورلار قاتلىمى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى، 2003 - يىلى لايىھىلەش كىرىمى 11 مىليون 200 مىڭ يۈەن، پايدىسى 670 مىڭ يۈەن بولدى.

**ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرى** نۇقتىلىق دۆلەت كۆمۈر كان كارخانىلىرىدا قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزىدىن 3ى قۇرۇلدى، 214 ئىشچى - خىزمەتچى تارقاقلاشتۇرۇلدى ۋە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلدى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنىڭ ھەممىسى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى ۋە ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى سوممىسىنى ئالدى. پۈتۈن سىستېمىدىكى كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىدە ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش غەملەش يولغا قويۇلدى، بۇنىڭغا 40 مىڭ 902 ئادەم قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ياشانغاندا كۈتۈنۈش سوممىسى ئالىدىغان دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىم 14 مىڭ 752 گە يەتتى، كۈتۈنۈش سوممىسىنىڭ جەمئىيەتتىن تارقىتىلىش نىسبىتى %100كە يەتتى.

كۆمۈر كانلىرىنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش 2003 ـ يىلى نۇقتىلىق دۆلەت كۆمۈر كانلىرىدا كۆمۈر ئېلىشنىڭ ماشىنىلىشىش دەرىجىسى %18. 84 بولۇپ، 2002ـ يىلدىكىدىن 1.42 پىرسەنت پونكىتى ئۆرلەپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىۋېرسال ئېلىشنىڭ %18. 84، ئۇنىۋېرسال قېزىشنىڭ %16. 44.

قۇرۇلمىنى تەڭشەش «ئاپتونوم رايوننىڭ 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە كۆمۈر كان سانائىتى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئومۇمىي پىلانى» ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. 2003 ـ يىلى تۈر تۇرغۇزۇش تەستىقلانغان كۆمۈر كېنى 90، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 19 مىليون 20 مىڭ توننا، يۈرۈشلەشتۈرۈشكە ۋەدە بەرگەن تاقىلىپ قالغان قۇدۇق 119، ئۇلارنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 4 مىليون 670 مىڭ توننا. «چوڭلىرىنى قۇرۇش، كىچىكلىرىنى تاقاش» خىزمىتىدە ئىلگىرىلەش بولدى. كورلا «جىنچۈەن» كۆمۈر كېنى پۈتۈپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، كۇچادىكى ئوقۇر بۇلاق كۆمۈر كېنى يېقىن كەلگۈسىدە پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ، قۇمۇل بوغاز كۆمۈرلۈكى 1 ـ رايوننىڭ گېئولوگىيىلىك تەپسىلىي تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملىنىپ، تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىمەكتە.

جىن يۈڭشياڭ

## كۆمۈر كانلارنىڭ بىخەتەرلىك ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر خىل كۆمۈركانلاردا 108 قېتىم ئۆلۈش ـ يارىلىنىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 41 قېتىم ئازايدى، قازا قىلغان ئادەم 138 بولۇپ، 59 ئادەم ئازايدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك كۆمۈركانلاردا مىليون توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆلگەنلەرنىڭ نىسبىتى 29. 4 بولۇپ، %20 ئازايدى. 10 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن پەۋقۇلئاددە زور ۋەقە يۈز بەرمىدى. بۇنىڭ ئىچىدە نۇقتىلىق دۆلەت كۆمۈر كانلىرىدا 5 قېتىم ئۆلۈش ـ يارىلىنىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن بىر قېتىم كۆپەيدى، قازا قىلغان ئادەم 6 بولۇپ، 2 ئادەم كۆپەيدى، مىليون توننا بويىچە ئۆلۈش نىسبىتى 0.46 بولدى؛ دۆلەت يەرلىك كۆمۈركانلىرىدا 23 قېتىم ئۆلۈش ـ يارىلىنىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 6 قېتىم كۆپەيدى، قازا قىلغانلار 27 بولۇپ، 2 ئادەم ئازايدى، مىليون توننا بويىچە ئۆلۈش نىسبىتى 3.79 بولدى؛ يېزا ـ بازار كوللېكتىپ كۆمۈر كانلىرىدا 80 قېتىم ئۆلۈش ـ يارىلىنىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 34 قېتىم ئازايدى، قازا قىلغانلار 105 ئادەم بولۇپ، 42 ئادەم ئازايدى، مىليون توننا بويىچە ئۆلۈش نىسبىتى 6.6 بولدى.

جىن يۈڭشياڭ

## بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا كۆمۈركانلارنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى.

1. كۆمۈر كانلاردا بىخەتەرلىكنى چوڭ تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى كۆمۈركان باشقۇرۇشقا مەسئۇل رەھبەر قوشۇن باشلاپ، كان رايونلىرى، قۇدۇق ئاستىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، نۇقتىلىق تەكشۈرۈش، نۇقتىلىق نازارەت قىلىش ـ تىزگىنلەش ئېلىپ بېرىپ، يوشۇرۇن خەۋپلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تۈگىتىپ، ھادىسىلەردىن ئۈنۈملۈك ھالدا ساقلىنىپ، يىلبويى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلدى.

2. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئېيى پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. كان رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، كۆمۈركانلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا ئالاقىدار قانۇن ـ قائىدىلەر تەشۋىق قىلىندى ۋە چۈشەندۈرۈلدى، ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە 89 قارار لېكسىيە سۆزلەش ۋە تەشۋىق قىلىش ـ چۈشەندۈرۈش كۇرسى ئېچىلىپ، بۇنىڭغا كان باشلىقلىرى، قۇرۇلۇش تېخنىكىسى خادىملىرى، باشقۇرغۇچىلار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن 2546 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

3. بىخەتەرلىكتە سۈپەتنى ئۆلچەملەشتۈرۈش چىڭ تۇتۇلدى. ئۆلچەم مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى. «شىنجاڭدىكى كىچىك كۆمۈركانلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ئۆلچىمى» تۈزۈپ چىقىلىپ، 2000 نۇسخىدىن كۆپرەك تارقىتىلدى ھەمدە كىچىك كۆمۈركانلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش بويىچە 2 قارار كۇرس ئېچىلىپ، 221 ئادەم تەربىيىلەندى. نۇقتىلىق دۆلەت كۆمۈر كانلىرىنى يىلدا 2 قېتىم تەكشۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش تۈزۈمى داۋاملاشتۇرۇلدى، ھەرىكەتلىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، نۇقتىلىق دۆلەت كۆمۈركانلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. يىل ئاخىرىدا تەكشۈرۈپ دەرىجىسىنى بېكىتىشتە 4 كان ساھە دەرىجىسىگە، 6 كان ئۆلكە دەرىجىسىگە يەتتى.

4. تەربىيىلەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك تەربىيىلەش ئاپپاراتىدىن بىرى، 3 ـ

دەرىجىلىك تەربىيىلەش ئاپپاراتىدىن 11ى، 4 - دەرىجىلىك تەربىيىلەش ئاپپاراتىدىن 10ى قۇرۇلدى، 2003 - يىلى كان باشلىقلىق سالاھىيىتى بويىچە 369 ئادەم؛ كۆمۈر كانلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىسىدىن 820 ئادەم، كۆمۈر كانلىرىنىڭ بىخەتەرلىك باشقۇرغۇچىسىدىن 242 ئادەم، ئالاھىدە مەشغۇلات خادىمىدىن 10 مىڭ 738 ئادەم تەربىيىلەندى.

جىن يۈڭشياڭ

## مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەشنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ كۆمۈركان بىخەتەرلىكىنى مەمۇرىي تەپتىشلەش ئاپپاراتى ۋە ش ئۇ ئا ر كۆمۈر سانائىتى باشقۇرۇش تارماقلىرى كۆمۈركان بىخەتەرلىكىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەشنى قانات يايدۇردى.

1. ئۆلچەم تۈزۈلۈپ، رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى. يىل بېشىدا «مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەشنى يولغا قويۇش لايىھىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە جايلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تارقىتىپ بېرىلدى. «كۆمۈركانلارنىڭ بىخەتەرلىك قائىدىسى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، «شىنجاڭدىكى كىچىك كۆمۈركانلارنىڭ ئاساسىي بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش نىزامى» تۈزۈپ چىقىلىپ، تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئۆلچىمى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە جايلارنىڭ ھەممىسى تەلەپكە ئاساسەن، مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش سالمىقىنى زورايتتى.

2. كان قۇدۇقلىرىنى تاقاش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، جايلاردىكى كۆمۈر كانلىرىغا بېرىپ ھەيدەكچىلىك قىلىنىپ، تەكشۈرۈلۈپ، ئۆزگەرتىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش كۈچەيتىلىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىي شەرتلىرىنى ھازىرلىمىغان كىچىك كۆمۈركانلىرىنى تاقىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىندى.

3. ئۆلچەم چىڭىتىلىپ، تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىش چىڭ تۇتۇلدى، دۆلەت كۆمۈركان بىخەتەرلىكىنى مەمۇرىي تەپتىشلەش ئىدارىسى تۈزگەن «كۆمۈركانلارنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىي شەرتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»گە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز ۋاقتىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «كۆمۈركانلارنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىي شەرتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»نى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» (28 ماددا) تۈزۈپ چىقىلىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق جايلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تارقىتىپ بېرىلدى.

4. سېلىنما كۆپەيتىلىپ، شارائىت ياخشىلاندى. مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش جەريانىدا جايلار بىخەتەرلىك سېلىنمىسىنى كان قۇدۇقلىرىدىكى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى قىلىپ، سېلىنمىنى يەنىمۇ كۆپەيتتى. بىر يىلدا 400 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ، تۈرلۈك كۆمۈركانلىرىنىڭ بىخەتەرلىك شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

5. ئۆتكەل چىڭ ئىگىلىنىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىلدى. كۆمۈركانلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى مەمۇرىي تەپتىشلەش ئاپپاراتى كۆمۈركانلارنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتكەن كۆمۈركانلارنى قايتا تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلدى. 2003 - يىلى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي شەرتىنى ھازىرلىمىغان 67 كان تاقالدى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە بار بولغان تۈرلۈك كان قۇدۇقى 652. ئاپتونوم رايون بويىچە 652 كان قۇدۇقى كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بويىچە يىللىق تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ 612سى يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، 4 كان قۇدۇق نەق مەيداندا تەكشۈرگەندە شەرتكە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكتىن يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمىدى، 36 كان قۇدۇقى تېخنىكا ئۆزگەرتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يىللىق تەكشۈرۈلمىدى. كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنىڭ مۇددىتىنى ئۇزارتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان 450 كۆمۈركان كارخانىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭدىن 370ى تەكشۈرۈلدى ۋە ئۇلارغا ئىجازەتنامە بېرىلدى. مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش ئارقىلىق، بىخەتەرلىك شەرتى ناچار، قۇرۇلمىلىرى ئاددىي، ھادىسە كۆپ يۈز بەرگەن بىر تۈركۈم كان قۇدۇقلىرى شاللىۋېتىلدى، ساقلىنىپ قالغان كان قۇدۇقلىرى بىخەتەرلىك سېلىنمىسىنى ئۆزلۈكسىز كۆپەيتىپ، بىخەتەرلىك مۇئەسسەسەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالدى.

جىن يۈڭشياڭ

شىنجاڭدىكى كۆمۈركانلارنىڭ 2003 ـ يىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ستاتىستىكىسى

| تۈرى | 2 خىل كىنىشكىسى بار كان قۇدۇقى (دانە) | يىللىق ئەمەلىي مەھسۇلات مىقدارى (تۈمەن توننا) | ئاپتونوم رايون بويىچە يىللىق مەھسۇلاتتا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون (ئۆلكە) بويىچە جەمئىي | 652 | 3289.31 | 100 |
| ئاپتونوم رايون (ئۆلكە) غا قاراشلىق كۆمۈركان<br>ئۇنىڭ ئىچىدىكى نۇقتىلىق دۆلەت كۆمۈركېنى | 13 | 1282.63<br>893.22 | 38.99<br>27.16 |
| ۋىلايەت، ئوبلاستقا قاراشلىق كۆمۈركان | | 130.98 | 3.98 |
| ناھىيىگە قاراشلىق كۆمۈركان | | 400.87 | 12.19 |
| يېزا ـ بازار ۋە باشقىلارغا قاراشلىق كۆمۈركان | | 1474.83 | 44.84 |

ئىزاھ: نۇقتىلىق دۆلەت كۆمۈركېنى: شىنجاڭ ئۈرۈمچى كانچىلىق (گورۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قۇمۇل كۆمۈرچىلىك (گورۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ كوكس كۆمۈر (گورۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن ئىبارەت.

## كۆمۈركان بىخەتەرلىكىنى مەمۇرىي تەپتىشلەش، قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالى

1. كۆمۈركانلارنىڭ بىخەتەرلىك دەرىجىسى ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ بېرىلدى. 2003 ـ يىلى شىنجاڭ كۆمۈركان بىخەتەرلىكىنى مەمۇرىي تەپتىشلەش ئاپپاراتى ئاپتونوم رايون بويىچە 568 كان قۇدۇقىنىڭ بىخەتەرلىك دەرىجىسى ئۈستىدىكى باھالاشنى تاماملىدى، بۇنىڭ ئىچىدە A تۈر بولۇپ باھالانغىنى 35. B تۈر بولۇپ باھالانغىنى 289، C تۈر بولۇپ باھالانغىنى 145، D تۈر بولۇپ باھالانغىنى 99. تۈرگە ئايرىپ قوماندانلىق قىلىش، نۇقتىلىق مەمۇرىي تەپتىشلەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

2. بىخەتەرلىكنى مەمۇرىي تەپتىشلەش قانات يايدۇرۇلدى. بىر يىلدا 4858 ئادەم (قېتىم) ئىشقا سېلىنىپ، كان قۇدۇقلىرى ئۈستىدە 1312 قېتىم مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىندى، يوشۇرۇن خەۋپ ئامىلىدىن 14 مىڭ 621ى تېپىپ چىقىلىپ، 13 مىڭ 692 سى ئۆزگەرتىلدى، ئۆزگەرتىلىش نىسبىتى %94كە يەتتى. مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىش جەريانىدا 13 مىڭ 126 نۇسخا قانۇن ئىجرا قىلىش ھۆججىتى چۈشۈرۈلدى، 492 كان (قېتىم) مەشغۇلاتنى توختىتىش ياكى مۆھلەت بەلگىلەپ ئۆزگەرتىش قارارنامىسى چۈشۈرۈلدى، 166 پارچە مەمۇرىي چارە كۆرۈش ئالدىن ئۇقتۇرۇشنامىسى ۋە مەمۇرىي چارە كۆرۈش قارارنامىسى چۈشۈرۈلدى، 3 مىليون 238 مىڭ 500 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى.

3. ھادىسىلەر قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. 2003 ـ يىلى يۈز بەرگەن 108 قېتىملىق ئۆلۈش ـ يارىلىنىش ھادىسىسىنىڭ ھەممىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، دېلولارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %100 بولدى.

جىن يۇڭشياڭ

## كۆمۈرلۈكلەرنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى كۆمۈرلۈكلەرنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە تۈرلۈك گېئولوگىيىلىك دوكلاتتىن 35ى تاپشۇرۇلدى، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان كۆمۈر بايلىقى مىقدارى 11 مىليارد 555 مىليون تونىنىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تاپشۇرۇلغان «قۇمۇل بوغاز كۆمۈرلۈكىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ گېئولوگىيىلىك دوكلاتى»، «غۇلجا پەنجىم يېزىسى شولساي كۆمۈر كېنىنى تەكشۈرۈشنىڭ گېئولوگىيىلىك دوكلاتى»، «ليۇخۇاڭگۇ 3 ـ قۇدۇقىنى

ئىچمىكلەپ تەكشۈرۈشنىڭ گېئولوگىيىلىك دوكلاتى»، «شىنجاڭ خوتەندىكى بۇپاننىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش»، «شىنجاڭ توقسۇن ناھىيە بۇرجەن كۆمۈر كېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش» قاتارلىق دۆلەت خام چوتى بىلەن باشقۇرۇلىدىغان 5 گېئولوگىيىلىك تۈر بار. شىنجاڭ كۆمۈرچىلىك گېئولوگىيە ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ 1 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى قاتارلىق ئورۇنلار قۇمۇل بوغاز كۆمۈرلۈكىدىكى 80 كۋادرات كىلومېتىرلىق گېئولوگىيىلىك تەپسىلىي تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تاماملاپ بولۇپ، تۈزۈپ يوللىغان «قۇمۇل بوغاز كۆمۈرلۈكى 1 - رايونىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈشنىڭ گېئولوگىيىلىك دوكلاتى» زېمىن بايلىق مىنىستىرلىكىنىڭ زاپاس باھالاش - تەكشۈرۈش مەركىزىنىڭ باھالاپ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى.

2003 - يىلى دۆلەتنىڭ خام چوت بويىچە باشقۇرۇشىغا ئېرىشكەن گېئولوگىيە خىزمىتى تۈرى 16، تەكشۈرۈش خىراجىتى 17 مىليون 410 مىڭ يۈەن؛ ئىمزالانغان ئىجتىمائىي گېئولوگىيىلىك تۈر توختامى 50، توختام سوممىسى 14 مىليون 50 مىڭ يۈەن. گېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ كىرىمى 2002 - يىلدىكىدىن بىر قاتلاندى. مېخانىكىلىق كرېن بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش خىزمەت مىقدارى 31 مىڭ 243 مېتىر ئورۇندالدى، خام چوت بويىچە باشقۇرۇلىدىغان تۈرلەردىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىغان بۇرغىلانغان تۆشۈك 33، ئالاھىدە «ئا» دەرىجىلىك تۆشۈك نىسبىتى %100 بولدى؛ 6326 فىزىكىلىق نۇقتا ئېلېكتىر ماگنىتىزملىق ئۇسۇل بىلەن تەكشۈرۈلدى، 59 كۋادرات كىلومېتىر يەرنىڭ شەكلى ئۆلچەندى، 181 كۋادرات كىلومېتىر يەرنىڭ ئۇنىۋېرسال گېئولوگىيىلىك خەرىتىسى تولۇقلاندى، 5822 كۇب مېتىرلىق ئوقۇرلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى.

جىن يۈڭشياڭ

## كۆمۈركان لايىھىلەش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ كۆمۈرلۈك لايىھىلەش - تەتقىقات يۈرتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 117 تۈرلۈك توختام ئىمزالىدى، بۇنىڭ ئىچىدە چارلاش - لايىھىلەش توختامى 107، نازارەت توختامى 10. توختام سوممىسى 18 مىليون 784 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈر ساھەسىنىڭ 16 مىليون 107 مىڭ يۈەن؛ ئورۇندالغان مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليون 943 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە نازارەت قىلىنغان مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 938 مىڭ يۈەن؛ ئورۇندالغان ھۆججەت لايىھىسى 57، قۇرۇلۇش خەرىتىسى (1 - نومۇرلۇق خەرىتىگە سۈندۈرۈلگىنى) 3087.

جىن يۈڭشياڭ

## كورلا «جىنچۈەن» كۆمۈر كېنى يۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى

2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 16- كۈنى شىنجاڭ ئورۇمچى كانچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ كورلا «جىنچۈەن» كۆمۈر كېنى يۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. بۇ كاننىڭ لايىھەدىكى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 600 مىڭ توننا، ئەمەلىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 200 مىڭ تونناغا يېتىدۇ، بۇ تۈرگە 139 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتىدە دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان، ئۆزئۆن دۋارغا يۈزلەنگەن ئۇنىۋېرسال ماشىنىلاشقان ئۇسۇل بىلەن تورۇس يۆختىلاش، كۆمۈرنى چوڭ يانتۇ بولۇڭلۇق كۆچلۈك ماگنىتلىق تاسما بىلەن ماشىنىغا يوللاش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئوت ئۆچۈرۈش ھۈنەر - سەنئىتىدە ئىلغار بولغان ئازوت گازى بىلەن ئوت ئۆچۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش - كونترول قىلىشتا يۈتۈن جەرياننى كومپيۇتېر بىلەن كۆزىتىش - ئۆلچەش سىستېمىسى ئارقىلىق باشقۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بۇ كان شىنجاڭدىكى مەبلەغ سېلىش ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولغان، زامانىۋىلىشىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان يۇقىرى مەھسۇلات، يۇقىرى ئۈنۈملۈك كان بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئوخشاش تۈردىكى كان قۇدۇق قۇرۇلۇشىدا قۇرۇلۇش مۇددىتى ئەڭ قىسقا بولۇش رېكورتىنى ياراتقان.

جىن يۈڭشياڭ

## ليۇخۋاڭگۇ ئوت رايونىدىكى كۆمۈرلۈكتە ئوت ئۆچۈرۈش ئەھۋالى

ليۇخۋاڭگۇ ئوت رايونى سابىق كۆمۈر سانائىتى مىنىستىرلىكى 1997 - يىلى «شىنجاڭ كۆمۈرلۈكلىرىدىكى ئوت رايونىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش دوكلاتى»نى تەكشۈرگەندە بېكىتكەن ئوت ئۆچۈرۈش تۈرى، شىنجاڭ كۆمۈرلۈكلىرىنىڭ ئوتنى ئۆچۈرۈش ئىچىدىكى ئومۇمىي پىلانى ئەڭ چوڭ ئوت رايونى. ئوت رايونىنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 830 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، ھەر قېتىم يانغاندا 1 مىليون 760 مىڭ توننا كۆمۈر زىيانغا ئۇچرايتتى، ئوت يانغاندا چىققان زىيانلىق گاز ئۈرۈمچىنىڭ ئاتموسفېراسى ۋە تەبىئىي مۇھىتىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزەتتى. ليۇخۋاڭگۇ كۆمۈرلۈكىدە ئوت ئۆچۈرۈش تۈرىنى 1999 - يىلى دۆلەت پىلان كومىتېتى تەستىقلاپ تۇرغۇزغان، ئۇنىڭغا 98 مىليون 720 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 2000 - يىلى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى باشلاندى، قۇرۇلۇش مۇددىتى 4 يىل قىلىپ

پۈتكۈل قۇرۇلۇش 2004 ـ يىلى ئاخىرلىشىدۇ.

بېكىتىلدى. 2003 ـ يىلى ليۇخۋاڭگۇ كۆمۈرلۈكىدىكى ئوت رايونىنىڭ ئوتنى ئۆچۈرۈش قۇرۇلۇشىدىكى ئاچقۇچلۇق يىل بولدى، بۇ يىلدىكى ئوت ئۆچۈرۈش قۇرۇلۇشىدا ـ 8، ـ 9، ـ 10، ـ 11 نومۇرلۇق 4 بالا ئوت رايونىدىكى ئوت ئۆچۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملاش ۋەزىپىسى بېكىتىلگەن. بۇ 4 بالا ئوت رايونى ليۇخۋاڭگۇدىكى 18 بالا ئوت رايونى ئىچىدە دائىرىسى ئەڭ چوڭ، خىزمەت مىقدارى ئەڭ كۆپ، قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ ئېغىر ئوت رايونى. شىنجاڭ كۆمۈرلۈكلىرىدىكى ئوت ئۆچۈرۈش قۇرۇلۇشى باشقارمىسى ئوت ئۆچۈرۈش قۇرۇلۇشىغا قارىتا مىقدارلىق ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويىدى ھەمدە ھۆددىگەرلىك ئاساس سانىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈردى، بۇرغىلاپ تەكشۈرۈپ، توشۇش ۋە ئاجرىتىشتىن ئىبارەت يەككە تۈرلەردە تارىختىكى ئەڭ ياخشى سەۋىيىنى ياراتتى. پۈتكۈل قۇرۇلۇش 2004 ـ يىلى ئاخىرلىشىدۇ.

جىن يۈڭشياڭ

# ئېلېكتر سانائىتى

## ئېلېكتر ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتىنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى توك تارقىتىش كارخانىلىرى ئۈستىدىكى ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 2003 ـ يىلى شىنجاڭدا تارقىتىلغان توك 23 مىليارد 610 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %10 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 19 مىليارد 834 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ %11.6؛ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 3 مىليارد 570 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، %2.3؛ شامال ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 210 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، %9.6 ئاشقان. سىستېمىلار بويىچە قارىغاندا، شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتىگە قاراشلىق ئورۇنلار (پاي كونترول شىركەتلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ تارقاتقان توكى 7 مىليارد 76 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ (ئاپتونوم رايون بويىچە تارقىتىلغان توكنىڭ %29.97نى ئىگىلەپ)، %3.7؛ «خۇادىيەن» گورۇھىنىڭ شىنجاڭدىكى توك تارقىتىش كارخانىلىرى تارقاتقان توك 4 مىليارد 473 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ (%18.95نى ئىگىلەپ)، %14.5؛ دۆلەت توك گورۇھىنىڭ شىنجاڭدىكى توك تارقىتىش كارخانىلىرى تارقاتقان توك 2 مىليارد 747 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ (%11.63نى ئىگىلەپ)، %9.96؛ بىڭتۇەن سىستېمىسى تارقاتقان توك 1 مىليارد 922 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ (%8.14نى ئىگىلەپ)، %14.6؛ نېفىت خىمىيە سانائىتى سىستېمىسى تارقاتقان توك 3 مىليارد 341 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ (%14.15نى ئىگىلەپ)، %12.5؛ يەرلىكتىكى مۇستەقىل ئېلېكتر ئىستانسىلىرى ۋە باشقا كارخانىلار ئۆزى قۇرغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ تارقاتقان توك مىقدارى 4 مىليارد 51 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ (%17.16نى ئىگىلەپ)، %13 ئاشقان.

بىر يىلدا سېتىلغان توك 19 مىليارد 940 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %10.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتىگە قاراشلىق ئورۇنلار (پاي كونترول شىركەتلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ساتقان توك 13 مىليارد 135 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ (ئاپتونوم رايون بويىچە بازار ئۈلۈشىنىڭ %65.9نىنى ئىگىلەپ)، %8.7؛ بىڭتۇەن سىستېمىسىنىڭ ساتقان توكى 2 مىليارد 15 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ (%10.1نى ئىگىلەپ)، %14.7؛ نېفىت ـ نېفىت خىمىيە سانائىتى سىستېمىسىنىڭ ساتقان توكى 3 مىليارد 38 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ (%15.2نى ئىگىلەپ)، %12.6، يەرلىكتىكى مۇستەقىل ئېلېكتر ئىستانسىلىرى ۋە كارخانىلار قۇرغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ ساتقان توكى 1 مىليارد 752 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ (%8.8نى ئىگىلەپ)، %13 ئاشتى.

دېڭ شۇچى

## شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتىنىڭ 2003 ـ يىلى ساتقان توكى 13 مىليارد 102 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %9.63 ئاشتى؛ لىنىيىدىكى ئۈنۈمسىز زىيان نىسبىتى %9.38 بولۇپ، 0.13 پىرسەنت پونكىت تۆۋەنلىدى؛ ئاساسىي كەسىپ كىرىمى 5 مىليارد 380 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.6 ئاشتى؛ تاپشۇرۇلغان باج 622 مىليون يۈەن، ئېلىنغان پايدا سىنۇس 198 مىليون يۈەن بولدى. بىر يىلدا پەۋقۇلئاددە زور ھادىسە، زور ئۆلۈم ـ يېتىم ھادىسىسى، زور ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئېلېكتر تورى ھادىسىسى، زور ئوت ئاپىتى ھادىسىسى ۋە خادىملار جاۋابكار بولىدىغان زور ئۈسكۈنە ھادىسىسى كۆرۈلمىدى، ئادەتتىكى ئۈسكۈنە ھادىسىسى ۋە ئادەتتىكى ئېلېكتر تورى ھادىسىسى 32

قېتىم كۆرۈلۈپ، %25 ئازايدى.

2003 ـ يىلى شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتى يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇشقا ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 174 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 ـ قارارلىق ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى — ناھىيە بازارلىرى ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشكە 39 مىليون 970 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، 1 ـ، 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشقا 7 مىليارد 542 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى.

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى ئاساسىي ئېلېكتر تورى ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قاراماي، كۈيتۇڭ شەھەرلىرى ۋە ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى، بورتالا، سانجى ئوبلاستلىرى، تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى، بايىنغولىن ئوبلاستى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىنى قاپلىدى.

كۇاڭ لۇمىن

## 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتا شەھەر ـ يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن ئوخشاش تورنىڭ توكىغا ئوخشاش باھا قويۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

2003 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى يېزىلاردا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 5 ناھىيە، بىر شەھىرىدە، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق 8 ناھىيە، بىر شەھەردە شەھەر ـ يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن ئوخشاش توردىكى توكنىڭ باھاسى ئوخشاش بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدا ئاھالىلەر تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى 0.49 يۈەن (كۆكتوقاي ناھىيىسىدە 0.492 يۈەن)، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ 0.3 يۈەن، شەھەر ـ يېزىلاردىكى سانائەت، سودىغا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ 0.55 يۈەن (كۆكتوقاي ناھىيىسىدە 0.512 يۈەن) بولدى. ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە ـ شەھەرلەردە ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى 0.55 يۈەن، سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى 0.55 يۈەن، سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ 10 كىلوۋولتتىن يۇقىرى بولسا 0.53 يۈەن، 10 كىلوۋولت ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولسا 0.55 يۈەن، سودىغا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ 0.75 يۈەن، يېزا ئىگىلىكىدە زەي چىقىرىش ۋە سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ 0.316 يۈەن بولدى. 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سانجى ئوبلاستىنىڭ سانجى شەھىرى، قۇتۇبى، ماناس ناھىيىلىرى ۋە بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 6 ـ شىسىغا قاراشلىق فاڭساۋخۇ دېھقانچىلىق مەيدانى، «شىنخۇ» دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىقلاردا شەھەر ـ يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن ئوخشاش تورنىڭ توكىغا ئوخشاش باھا قويۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئائىلىلەرگە يورۇتۇش ئۈچۈن بېرىلگەن ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى 0.65 يۈەندىن 0.592 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى، «بىۋاسىتە تەمىنلەش، بىۋاسىتە باشقۇرۇش، بىۋاسىتە خاتىرىلەش، بىۋاسىتە يىغىش» ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈلمىگەن توكنىڭ باھاسىدا يېڭى توك باھاسى ئەڭ يۇقىرى چەك قىلىنىدىغان بولدى؛ چوڭ سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان توكتا ئەڭ چوڭ ئېھتىياج مىقدارى بويىچە ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ ھەر ئايلىق ئاساسىي باھاسى 22 يۈەن؛ ترانسفورماتور سىغىمچانلىقى بويىچە ھەر كىلوۋولت ئامپېر توكنىڭ ھەر ئايلىق ئاساسىي باھاسى 15 يۈەن بولدى. 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سانجى ئوبلاستىنىڭ مىچۈەن، فۇكاڭ شەھەرلىرى، جىمسار، گۇچۇڭ، مورى ناھىيىلىرى ۋە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 ـ شىسىنىڭ 108 ـ، 109 ـ، 110 ـ تۇەن ـ مەيدانلىرى، گۇچۇڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا شەھەر ـ يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن ئوخشاش تورنىڭ توكىغا ئوخشاش باھا قويۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، تۇرمۇشتا يورۇتۇش ئۈچۈن ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈلگەن ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى 0.626 يۈەندىن 0.084 يۈەن چۈشۈرۈلدى؛ ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈلمىگەن توكنىڭ باھاسى 0.543 يۈەندىن 0.057 يۈەن چۈشۈرۈلدى؛ سودىدا يورۇتۇش ئۈچۈن ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈلگەن ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى 0.866 يۈەندىن 0.064 يۈەن چۈشۈرۈلدى. 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ چەرچەن، چاقىلىق ناھىيىلىرىدىن باشقا ناھىيە، شەھەرلىرىدە شەھەر ـ يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن ئوخشاش تور توكىغا ئوخشاش باھا قويۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاھالىلەرنىڭ يورۇتۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى 0.56 يۈەن، سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ باھاسى 0.54 يۈەن، سودا ۋە مۇلازىمەت كەسپىگە ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ باھاسى 0.78 يۈەن، يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىش ۋە زەي چىقىرىۋېتىشكە ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ باھاسى 0.34 يۈەن بولدى. بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىنىڭ تۇەن ـ مەيدانلىرىدا يېزىلاردىكى تۆۋەن بېسىمنى ئاسراش ھەققى ئېلىنمىدى، ئاھالىلەرنىڭ يورۇتۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى 0.475 يۈەن، سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ 0.515 يۈەن، سودا ۋە مۇلازىمەتكە ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ 0.595 يۈەن، يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ 0.269 يۈەن بويىچە ئاتچوت قىلىنىدىغان بولدى. 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە 57 ناھىيە، شەھەردە (2003ـ يىلى يېڭىدىن كۆپەيگىنى 22) شەھەر ـ يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن

ئوخشاش تور توكىغا ئوخشاش باھا قويۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

كۇاڭ لۇمىن

## شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتىدە تور بىلەن زاۋۇتنى ئايرىۋېتىش ئىسلاھاتى يولغا قويۇلدى

2003 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتىگە قاراشلىق جۇڭگو 2 ـ توك چىقىرىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ۋېيخۇلياڭ توك چىقىرىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (تۇرپان توك چىقىرىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، سانجى ئىېرمو ئېلېكتر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قۇمۇل «تيەنگۇاڭ» توك چىقىرىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (قۇمۇل 2 ـ ئېلېكتر ئىستانسىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، قەشقەر توك چىقىرىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن ئىبارەت 5 توك چىقىرىش كارخانىسى جۇڭگو «خۇادىيەن» گۇرۇھ شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتىگە قاراشلىق جىرىنتاي پەلەمپەيسىمان سۇ ئېلېكتر تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، خۇڭيەنچى 1 ـ توك چىقىرىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (قۇرۇلۇۋاتقان كۇچا توك چىقىرىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، چۆچەك تيېچاڭگۇ توك چىقىرىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (تيېچاڭگۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، جىڭ توك چىقىرىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شامال كۈچى ئارقىلىق توك چىقىرىش شىركىتى («تيەنفېڭ» پاي چەكلىك شىركىتى، شامال ئېلېكتر ئىستانسىسى، داۋانچىڭ شامال ئېلېكترى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، «تيەنشى» يېقىلغۇ گاز بىلەن توك چىقىرىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن ئىبارەت 6 توك چىقىرىش كارخانىسى جۇڭگو «دۆلەت توكى» گۇرۇھى شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

كۇاڭ لۇمىن

## ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلىرى ئارىسىدا «خېرىدارلار توك ئىشلىتىش كىنىشكىسى» بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى

2003 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۈرۈمچى توك ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ خېرىدارلار مۇلازىمەت مەركىزى يىراق مۇساپىلىك ستوتچىك خاتىرىلەشنى يولغا قويغان شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھىنىڭ 2 ـ بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە قاراشلىق ئۆي خوجىلىقى مەھەللىسىگە «خېرىدارلار توك ئىشلىتىش كىنىشكىسى» تارقاتتى. ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلىرى ئارىسىدا «خېرىدارلار توك ئىشلىتىش كىنىشكىسى» بويىچە باشقۇرۇش تۈزۈمى بىرۋاراقى يولغا قويۇلۇپ، ئەنئەنىۋى «توك پۇلى ئۆلچىتۇرۇش قەغىزى» ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى.

كۇاڭ لۇمىن

## شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتى توك ئىشلىتىش ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى

2003 ـ يىل 8 ـ ئايدا شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتى سىستېمىسى توك ئىشلىتىش تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن توك ئىشلىتىش ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قائىدىگە خىلاپ توك ئىشلىتىش، توك ئوغرىلاش قىلمىشىنى ۋە ئۆلچەم قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەرىكەتلەندۈرۈش شۇنىڭدەك قوغۇشۇن پېچەتنى ئىشلىتىشنى قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى، تەكشۈرۈش جەريانىدا 3364 ئورۇننىڭ 9 مىليون 950 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 24 مىليون 630 مىڭ كىلوۋات سائەت توكنى قائىدىگە خىلاپ ئىشلەتكەنلىكى ۋە ئوغرىلىغانلىقى تەكشۈرۈپ تېپىلدى.

كۇاڭ لۇمىن

# پولات ـ تۆمۈر سانائىتى

## شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىشلەپچىقارغان كوكس 575 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %2.83 ئاشتى؛ ئەسلى مىنېرال تۆمۈر رۇدىسى 1 مىليون 129 مىڭ 200 توننا بولۇپ، %21.15؛ ساپ تۆمۈر رۇدىسى 970 مىڭ 400 توننا بولۇپ، %7.39 ؛ كاللەك رۇدا 791 مىڭ توننا بولۇپ، %1.28 ئازايدى؛ كۆيدۈرۈلگەن رۇدا 941 مىڭ توننىغا يېتىپ، %16.26؛ چويۈن 1 مىليون 388 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %18.4؛ پولات 1 مىليون 973 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، %17.87؛ پولات ماتېرىيال 1 مىليون 874 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، %18.5 ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىلغان رېسور 10 مىڭ 500 توننا بولۇپ، %3 ئازايدى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (1990۔ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 3 مىليارد 927 مىليون يۈەنگە

يېتىپ، %33.71؛ ھازىرقى باھا بويىچە 6 مىليارد 943 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %53.02؛ ساتقان مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە) 7 مىليارد 241 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %47.04؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى (ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بويىچە) 1 مىليارد 838 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.42 ئاشتى. مۈلۈك قىممىتى 10 مىليارد 105 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.23 ئاشتى (بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقسىز مۈلۈك 3 مىليارد 822 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %0.53 ئاشتى). ھەر يىلدا سېتىلغان پولات ماتېرىيالى 2 مىليون 5600 تونناغا يېتىپ، %24.25 ئاشتى؛ ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش نىسبىتى %104.3 بولدى؛ مەھسۇلات سېتىش كىرىمى 5 مىليارد 657 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %53.54؛ مەھسۇلات سېتىش خىراجىتى 327 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %53.51؛ باشقۇرۇش خىراجىتى 642 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %49.74 ئاشتى؛ مالىيە خىراجىتى 164 مىليون يۈەن بولۇپ، %8.43 ئازايدى. پايدا - باج سوممىسى 1 مىليارد 33 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %87.7 ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ساپ پايدا 81 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %33.15 ئاشتى.

لو يىڭپىڭ

## ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش پىلانىدا تۇرغۇزۇلغان تۈر 409 (داۋاملاشتۇرۇلىدىغان 10 تۈر شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، سالغان مەبلىغى 1 مىليارد 6 مىليون يۈەن. چوڭ، ئوتتۇرا رېمونت تۈرى 451 بولۇپ، سالغان مەبلىغى 28 مىليون 390 مىڭ يۈەن.

ئاساسلىق تۈرلەرنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى مۇنداق: 3- نومۇرلۇق ئايلانما پېچ پۈتتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتىنىڭ يىلىغا 2 مىليون توننا پولات ئىشلەپچىقىرىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى؛ 3 - نومۇرلۇق كوكس پېچى قۇرۇلۇشى پۈتتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ ئىسسىقلىق بىلەن توكنى بىرلىكتە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىنىڭ پار قازان ۋە ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسى ئىشقا سېلىندى. مېڭكو تۆمۈر رۇدىسى كېنىنىڭ يىلىغا 800 مىڭ توننا رۇدا ئىشلەپچىقىرىش لايىھىسى ئومۇمىي پىلانى تاماملاندى، بۇ كان يىلىغا 417 مىڭ توننا ئەسلى مىنېرال رۇدا ئىشلەپچىقىرىپ، 235 مىڭ توننا ساپ تۆمۈر رۇدىسى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ؛ 4 - نومۇرلۇق دومنا پېچ ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىدا 2003 - يىل 7 - ئايدا ئىش باشلىنىپ، تۈۋا قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسىي گەۋدىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى پۈتتى؛ ئالاتاۋ ئېغىزى تولۇق ئوچىقىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرىدە 2003 - يىل 8 - ئايدا ئىش باشلاندى، يىل ئاخىرىدا ئاساسىي زاۋۇت ئۆيى ۋە قوشۇمچە مۇئەسسەسەلىرى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتۈپ، ئۈسكۈنە قۇراشتۇرۇش باسقۇچىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭغا بىر يىلدا 3 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

لو يىڭپىڭ

## كۆپ مەنبەلىك مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تاختايسىمان بەلۋاغ تۈرى قۇرۇلۇشىنى يادرو قىلىپ، گۇرۇھ شىركىتىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدى. بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش، تىزگىنلەش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، فۇكاڭ رايونىنىڭ مول كۆمۈر بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، 1 مىليون تونىلىق تاش كۆمۈرنى كوكسلاشتۇرۇش تۈرىنى قۇردى، قۇمۇل، پىچان، كۆكتوقاي قاتارلىق جايلاردىكى مول تۆمۈر رۇدىسى بايلىقىغا تايىنىپ 1 مىليون تونىلىق كۇمىلاچ رۇدا تۈرىدىن 2نى قۇرۇشنى پىلانلىدى. قازاقىستاندىن 543 مىڭ 300 توننا كۇمىلاچ رۇدا ئىمپورت قىلدى. شىنجاڭ ئالتۇنچىلىق بىراك ئاپتوموبىللارنى يىغىۋېلىش (جۇۋۇش) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مەبلىغىنى كۆپەيتىپ، پېيىنى كېڭەيتىپ ۋە تىزگىنلەپ، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كېرەكسىز پولات بايلىقى ۋە باشقا كېرەكسىز، كونا ماددىي ئەشيالار بايلىقىنى ئۈنۈملۈك تەڭشەش ۋە كونترول قىلىشنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇردى. شىنجاڭ باجياخۇ «لىڭۋەن» تۈرۋا ياساش چەكلىك شىركىتىنىڭ مەبلىغىنى كۆپەيتىپ، پېيىنى كېڭەيتىپ ۋە نىسپىي تىزگىنلەپ شىنجاڭنىڭ تۈرۋا كەپشەرلەش بازىرىنى پەيدىنپەي ئىگىلىدى ۋە تىزگىنلىدى. قۇمۇل پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ ۋەيران بولغان مال - مۈلكىنى پۈتۈنلەي سېتىۋېلىپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، تۆمۈر قېتىشمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، گۇرۇھ شىركىتىگە يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىسى بەرپا قىلدى. شىخەنزە «تەڭرىتاغ» تۈرۋا كەپشەر چوكىسى زاۋۇتىغا مەبلەغ سېلىپ ۋە ئۇنىڭ پېيىنى تىزگىنلەپ، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئاپتوموبىل زاۋۇتىنىڭ ۋەيران بولغان مال - مۈلكىنى سېتىۋېلىپ ۋە قوبۇل قىلىپ، «تەڭرىتاغ» خۇاڭخې ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتى بىلەن بىرىكتۈرۈپ ئېغىر تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلىنى ئۆزگەرتىش -

قۇراشتۇرۇش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇردى.

لو يىڭپىڭ

### يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە يارىتىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى يېڭى مەھسۇلات يارىتىش تۈرىدىن 3نى، تۈرلۈك پەن - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرىدىن 6نى تاماملىدى. بۇنىڭ ئىچىدە «800MPA دەرىجىلىك تەڭشەلمىگەن پولاتنى تەتقىق قىلىپ ياساش» ئاپتونوم رايوندىكى مۇتەخەسسىلەرنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى، بۇ نېفىت سانائىتىنىڭ كاچالكا پولات دەستىگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بازار ئىستىقبالى ياخشى «پولات - تۆمۈر ياساملىرى بازىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ناتۇرال كەسىپ ياساملىرىنى مېتىش ئىستراتېگىيىسى تەتقىقاتى» «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتىنىڭ ياساملار كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم يېتەكچىلىك ۋە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

لو يىڭپىڭ

## رەڭلىك مېتال سانائىتى

### شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 10 خىل رەڭلىك مېتال مەھسۇلات مىقدارى 15 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن %24 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە مىس 2801 توننا، نىكېل 2050 توننا، ئالىيۇمىن 10 مىڭ 171 توننا، ئالتۇن 1756 كىلوگرام، لىتىيلىق تۇز 5626 توننا. گۇرۇھنىڭ پايدىسى 30 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %85 ئاشتى. ئاساسلىق زاۋۇت، كان ۋە بالا شىركەتلەرنىڭ ھەممىسى پايدا ئالدى.

2003 - يىلى مىس تاۋلاشتا ئومۇمىي يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %96.1 بولۇپ، 2002 - يىلدىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 0.4 پىرسەنت پويىنتى تۆۋەن بولدى. ئالىيۇمىن تاۋلاشتا ئۇنىۋېرسال ئۆزگىرىشچان توك سەرپىياتى 16 مىڭ 31.07 كىلوۋات سائەت / توننا بولۇپ، 2002 - يىلدىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 669.11 كىلوۋات سائەت / توننا يۇقىرى بولدى. ئالىيۇمىننى ئوكسىدلاش يەككە سەرپىياتى 1933.35 كىلوگرام / توننا بولۇپ، 2002 - يىلدىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 11.19 كىلوگرام/توننا ئازايدى. نىكېل تاۋلاشتا ئومۇمىي يىغىۋېلىش نىسبىتى %96 بولۇپ، 7.29 پىرسەنت پويىنتى يۇقىرى بولدى.

2003 - يىلى ئالىيۇمىن ئىشلەش تەننەرخى 10 مىڭ 979 يۈەن /توننا بولۇپ، 2002 - يىلدىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 1216 يۈەن /توننا، مىس ئىشلەش تەننەرخى 18 مىڭ 628 يۈەن/توننا بولۇپ، 2002 - يىلدىكى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 5884 يۈەن/توننا، نىكېل ئىشلەش تەننەرخى 57 مىڭ 621 يۈەن/توننا بولۇپ، 2002 - يىلدىكى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 24 مىڭ 851 يۈەن/توننا يۇقىرى بولدى، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى.

2003 - يىلى رەڭلىك مېتال گۇرۇھىنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلىغى 330 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشتى. رەڭلىك مېتال مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يېڭىدىن 1100 توننا كۆپەيدى.

راۋ ۋېنتيەن

## ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى

### ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ئۈچۈر مەھسۇلاتى ياساش كەسپىدىكى دۆلەت كارخانىلىرى ۋە كۆلەمدىن يۇقىرى دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان 146 سانائەت كارخانىسىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 160 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %6.4 ئاشتى. ئېلىنغان پايدا 13 مىليون يۈەن (يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى مەركەزلەشتۈرۈپ ساتقان ئىلگىرىكى يىللاردىن قېلىپ قالغان پاسسىپ ھېساب 128 مىليون يۈەن) گە، ئېلىنغان پايدا - باج 200 مىليون يۈەنگە، ئومۇمىي خادىملارنىڭ يىللىق ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 45 مىڭ 585 يۈەنگە يەتتى.

جاڭ خەنجىن

### قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئەھۋالى

2003 - يىل 10 - ئايغىچە شىنجاڭ ماشىنىسازلىق -

ئېلېكترون ساھەسىدىكى كۆلەمدىن يۇقىرى كارخانىلار ئىچىدە، دۆلەت كارخانىسى 1998 - يىلدىكى 206دىن 66گە ئازايتىلدى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ شۇ ساھە مال - مۈلكىدە ئىگىلىگەن سالمىقى %80 %4 . 17كە تۆۋەنلىدى، دۆلەت پاي كونترول كارخانىلىرى سىرتىدىكى كۆپ مەنبەلىك مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە كارخانىلار ۋە دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان كارخانىلارنىڭ ساناائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن سالمىقى %2 . 87 بولدى، باج - پايدىكى سالمىقى %95تىن ئاشتى، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىك كارخانىلار ۋە دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان كارخانىلار ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىدە يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى.

2003 - يىلى شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئاپتوموبىل زاۋۇتىنىڭ ۋەيران بولۇش - ھېسابات قىلىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تىببىي دورا خىراجىتى ۋە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى خىراجىتى ھەل قىلىپ بېرىلدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھەقدارلىقى بېكىتىلدى ۋە ئالىدىغان ھەققى بېرىلدى، پاشانغاندا كۈتۈنۈشكە ئاللاقىدار ئىشلار بېجىرىلدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى، باللار باغچىسىنىڭ مال - مۈلكىنى باھالاش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتى تاماملاندى، بىر قىسىم ياتاق بىنالىرىنىڭ قىشلىق ئىسسىتىش ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش مەسىلىسى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىدا يولۇققان مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. مالىيە نازارىتى بىلەن كېڭىشىپ، 22 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى ئاجرىتىپ بېرىش ئىلتىماس قىلىندى. 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 18- كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئاپتوموبىل زاۋۇتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇنى «تەڭرىتاغ خۇاڭخې» ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتى قىلىپ قايتا تەشكىللىشىگە قوشۇلۇپ تەستىق سالدى.

2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مالىيە نازارىتى، دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، شىنجاڭ ئېلېكترون تەتقىقات ئورنى شىنجاڭ ئېلېكترون تەتقىقات ئورنى چەكلىك شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى، شىركەتنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان كاپىتال سوممىسى 1 مىليون 786 مىڭ 650 يۈەن بولۇپ، ئۇنى 12 تەبىئىي شەخس چىقاردى ھەمدە كاپىتالغا ئىگىدارلىق قىلدى، بۇ كاپىتالنىڭ خاراكتېرى خۇسۇسىيلار كاپىتالى بولدى، شىنجاڭ ئېلېكترون تەتقىقات ئورنىنىڭ دۆلەت مال - مۈلكىگە بولغان مۈلۈك ھوقۇقى بىكار قىلىندى.

جاڭ خەنجىن

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىدە ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ «يېڭى ئېنېرگىيە» پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ CAD لايىھىسى ۋە ERP باشقۇرۇش تورىغا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليون يۈەن، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 330 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تورىغا سېلىنغىنى 1 مىليون يۈەن، شىنجاڭ «خۇاكەي» ئېلېكتر چەكلىك شىركىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بېسىملىق ۋىكلىيوچاتېل ئىشكاپى تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 1 مىليون يۈەن، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ بىدە ئورۇش ماشىنىسى تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 1 مىليون يۈەن.

ئۇچۇرچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ئېلېكترون تەرەققىيات فوندىدىن 4 مىليون يۈەن بېرىش ئىلتىماس قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە شىركىتىنىڭ 50 كىلوۋاتلىق قۇياش ئېنېرگىيىسى - ئېلېكتر تورى - دىزېلدىن ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىش، توك بىلەن ئۇنىۋېرسال تەمىنلەشنى كونترول قىلىش ئۈسكۈنىسىنى كەسىپلەشتۈرۈشكە ئىلتىماس قىلىنغىنى 1 مىليون يۈەن. شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئېلېكترونلۇق ترانسفورماتورنىڭ لىنىيىدىكى ھالىتىنى كۆزىتىپ دىئاگنوز قويىدىغان مۇتەخەسسىلەر سىستېمىسىغا ئىلتىماس قىلىنغىنى 1 مىليون يۈەن، شىنجاڭ «جىنفېڭ» پەن - تېخنىكا شىركىتىنىڭ شامال كۈچى گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش سىستېمىسىغا ئىلتىماس قىلىنغىنى 1 مىليون يۈەن، شىنجاڭ «خۇڭلىيەن» يۇمشاق دېتال شىركىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك بېجى يىغىش - باشقۇرۇشقا دائىر ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە ئۇچۇر سىستېمىسىغا ئىلتىماس قىلىنغىنى 1 مىليون يۈەن.

2003 - يىلى تاماملانغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن شىنجاڭ «قىزىلبايراق» ماشىنىسازلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى شىركىتىنىڭ 35 كىلوۋولتلۇق ئۆزگىرىشچان توك كابېل تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى ئۈرۈمچى ئېلېكتر سايمانلىرى ياساش چەكلىك شىركىتىنىڭ 720 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور قېپى تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرىدىن ئىبارەت 3 تۈر تەكشۈرۈلدى.

جاڭ خەنجىن

## يېڭى پەن - تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى

2003 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىنىڭ 47 تۈرلۈك يېڭى مەھسۇلاتى ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ تۆمۈريولدا ئىشلىتىلىدىغان SF9 — QY — 31500/110 تىپلىق تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ سۆرەيدىغان ترانسفورماتورى، شىنجاڭ 3 - ئىستانوك زاۋۇتىنىڭ ئۆزگىرىشچان مومېنتنى يېقىلغۇ گاز ۋە ئېلېكتر قوزغىتىدىن پايدىلىنىپ تەڭشەپ ئېنېرگىيە تېجەيدىغان GYJ12 — 5 — 53HYIIR تىپلىق كاچالكىسى، شىنجاڭ «جىرۇي يېشىلىك» ئائىلە سايمانلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ 3 ئايلانمىلىق كېسەل كۆتۈش كارىۋىتىدىن ئىبارەت 3 تۈرلۈك مەھسۇلاتىنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى مەملىكەت ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىگە، 20 خىل مەھسۇلات مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

2003 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىدە يارىتىلغان يېڭى مەھسۇلاتلار: ISQ5320GYY تىپلىق ماي توشۇش ماشىنىسى، بېكىتىلگەن توك بېسىمى 8:7/10 كىلوۋولتلۇق، كۆمۈركاندا ئىشلىتىلىدىغان بىرىكتۈرۈلگەن پولىۋىنىل خلورىد بىلەن ئىزولياتسىيىلەنگەن پولات تاسما يۆگەلگەن ۋە پولىۋىنىل خلورىد بىلەن قاپلانغان ئېلېكتر كابېلى، بېكىتىلگەن توك بېسىمى 0.38/0.66 كىلوۋولتلۇق، كۆمۈركاندا ئىشلىتىلىدىغان يوشۇرۇن ياندىغان رېزىنكە قاپلىق كۆچمە يۇمشاق كابېل، 0.6/ كىلوۋولتلۇق، كۆمۈركاندا ئىشلىتىلىدىغان پولىۋىنىل خلورىد بىلەن ئىزولياتسىيىلەنگەن پولات تاسما يۆگەلگەن ۋە قورۇلمىلىرى پولىۋىنىل خلورىد بىلەن قاپلانغان ئېلېكتر كابېلى، TSQ5208GYY تىپلىق ماي توشۇش ۋاگونى، EQ4150G تىپلىق يېرىم پرىتسېپلىق سۆرەش ئاپتوموبىلى، مەنشىيادا ئىشلىتىلىدىغان ACSR — 72050 پولات ئۆزەكلىك ئەشمە ئاليۇمىن سىم، تۆمۈريولدا ئىشلىتىلىدىغان SF9—QY—31500/110 تىپلىق تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ سۆرەيدىغان ترانسفورماتور، TSQ1100 تىپلىق يۈك ئاپتوموبىلى، TSQ1101 تىپلىق يۈك ئاپتوموبىلى، TSQ5230GYY تىپلىق ماي توشۇش ۋاگونى، TSQ5194GYY تىپلىق ماي توشۇش ۋاگونى، EQ3195GX24D1 تىپلىق موللاقچى ئاپتوموبىل، EQ1170GX2 تىپلىق يۈك ئاپتوموبىلى، XQD5100ZBS تىپلىق بىلەكلىك ئەخلەت ماشىنىسى، بوغدا ماركىلىق XZC5193TLY تىپلىق ئالاھىدە ساياھەت ئاپتوموبىلى، سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى توشۇيدىغان باكلىق ۋاگون، TSQ9170 تىپلىق يېرىم پرىتسېپلىق يۈك ئاپتوموبىلى، يېقىلغۇ گاز ۋە ئېلېكتر قوزغىتى ئارقىلىق مومېنتنى تەڭشەپ ۋە ئۆزگەرتىپ ئېنېرگىيە تېجەيدىغان GYJ12—5—53HYIIR تىپلىق كاچالكا، SK6928 تىپلىق ئاپتوبۇس، TSQ9230GYY تىپلىق ماي توشۇيدىغان يېرىم پرىتسېپلىق ئاپتوموبىل، TSQ9370GYY تىپلىق ماي توشۇيدىغان يېرىم پرىتسېپلىق ئاپتوموبىل، بېكىتىلگەن توك بېسىمى 1500 ۋولتلۇق سۇلياۋ ئىزولياتورلۇق (يەككە ئۆزەكلىك) تۇراقلىق توك ئېلېكتر كابېلى، بېكىتىلگەن توك بېسىمى 450/750 ۋولتلۇق ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان، پولىۋىنىل خلورىد بىلەن ئىزولياتسىيىلەنگەن فىلون قاپلىق ئېلېكتر سىمى ۋە ئېلېكتر كابېلى، EQ1185GX7AD2 تىپلىق يۈك ئاپتوموبىلى، SQD9140TGC تىپلىق ئاپتوماتىك قاچىلاپ - چۈشۈرىدىغان تۈرۈبا ماتېرىياللىرى ترانسپورت ۋاگونى، يورۇقلۇق تارقىتىدىغان، بىرىكتۈرۈلگەن، ئىسسىق گاز- گالوگېنسىز بولغان ۋە تويۇنمىغان گىدروكاربون بىلەن ئىزولياتسىيىلەنگەن ئوتقا چىدامىلىق، پولات ئۆزەكلىك مۇھەت ئاسراش كابېلى، يورۇقلۇق تارقىتىدىغان، بىرىكتۈرۈلگەن، ئىسسىق گاز - گالوگېنسىز بولغان ۋە تويۇنمىغان گىدروكاربون بىلەن ئىزولياتسىيىلەنگەن، يوشۇرۇن ياندىغان، پولات ئۆزەكلىك مۇھەت ئاسراش كابېلى، بېكىتىلگەن توك بېسىمى 250 ۋولتلۇق پولىۋىنىل خلورىد بىلەن ئىزولياتسىيىلەنگەن پاراخوتتا ئىشلىتىلىدىغان كونترول كابېلى، بېكىتىلگەن توك بېسىمى 0.6/1 ۋولتلۇق بىرىكتۈرۈلگەن پولىۋىنىل خلورىد بىلەن پاراخوتتا ئىشلىتىلىدىغان ئىزولياتسىيىلەنگەن كابېل، تارماق كابېلغا سۇلياۋ بېرىشكە ئىشلىتىلىدىغان 90 گرادۇسلۇق يۇمشاق پولىۋىنىل خلورىدلىق سۇلياۋ، TSQ5382GYY تىپلىق ماي توشۇش ۋاگونى، 3 ئايلانمىلىق كېسەل كۆتۈش كارىۋىتى، XJ6107 تىپلىق ئاپتوبۇس، XZC3262H تىپلىق موللاقچى ئاپتوموبىل، EQ2120GX تىپلىق دالا ئاپتوموبىلى، 4LZY — 4 تىپلىق كومبايىن، NOMAX تىپلىق قەغەز ئورالغان يېسى سىم مەھسۇلاتلىرى، قەغەز ئورالغان يۇمىلاق سىم مەھسۇلاتلىرى، FAC— 2000 تىپلىق رەقەملىك توك تەقسىملەشنىڭ ئاپتوماتىك تېرمىنالى، ئورالغان يۇمىلاق بېسىم مەھسۇلاتلىرى، XNY—DDK50/380 I تىپلىق قۇياش ئېنېرگىيىلىك توك مەنبەسىنى كونترول قىلىش سىستېمىسى، 150KVA قۇياش ئېنېرگىيىلىك توك مەنبەسىنى كونترول قىلىش سىستېمىسى، XNY — TJX تىپلىق قۇياش ئېنېرگىيىلىك يول قاتنىشى سىگنال چىرىغى، XNY — BYK15/3801 تىپلىق قۇياش ئېنېرگىيىلىك ئۆزگىرىشچان چاستوتىلىق سۇ تارتىشنى كونترول قىلغۇچ، XNY — TB10/2201 تىپلىق قۇياش ئېنېرگىيىلىك تورغا ئۇلاپ توك ھاسىل قىلىش سىستېمىسى، XNY—TJB تىپلىق قۇياش ئېنېرگىيىلىك يول قاتنىشى بەلگىسى، XNY — DSZ/12 تىپلىق توك مەنبەسىنى ماسلاشتۇرغۇچ.

جاڭ خەنجىن

شىنجاڭنىڭ ماشىنىسازلىق ـ ئېلېكترون ياسىمچىلىقى كەسپىدىكى دۆلەت كارخانىلىرى ۋە دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان كۆلەمدىن يۇقىرى كارخانىلارنىڭ 2003 ـ يىللىق ئەھۋالى

| نامى | كارخانا (سانى) | سانائەت قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | مەھسۇلات سېتىش بېجى ۋە قوشۇمچە ھەق (تۈمەن يۈەن) | ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى (يۈەن) | مەھسۇلات سېتىش كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | پايدا سوممىسى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 146 | 116188 | 2663.3 | 45585 | 448547 | 1260 |
| يۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرى | 52 | 14791 | 335.3 | 19184 | 54793 | -6038 |
| كوللېكتىپ كارخانا | 11 | 7377 | 456.1 | 29030 | 24858 | 2717 |
| پاي ھەمكارلىق كارخانىسى | 4 | 2613 | 58.9 | 56185 | 11231 | 901 |
| چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 42 | 32881 | 1069.3 | 36409 | 159082 | -13727 |
| پاي چەكلىك شىركىتى | 1 | 44466 | 481.4 | 277913 | 127966 | 12655 |
| خۇسۇسىي كارخانا | 30 | 10355 | 260.1 | 28886 | 57694 | 2507 |
| شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا | 1 | 1287 | 2.2 | 55009 | 2705 | 102 |
| چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا | 5 | 2419 | 0 | 75109 | 10217 | 2144 |
| چوڭ، ئوتتۇرا كارخانا | 10 | 57209 | 780.2 | 74803 | 201694 | -6839 |
| كىچىك كارخانا | 136 | 58979 | 1883.1 | 33060 | 246583 | 8099 |
| ماشىنىسازلىق ياسىمچىلىق كەسپى | 136 | 108211 | 2159.7 | 46016 | 415571 | 1113 |
| دېھقانچىلىق، ماشىنىسازلىق سانائىتى كەسپى | 20 | 2261 | 39.4 | 9116 | 11703 | -18966 |
| قۇرۇلۇش ماشىنىسازلىقى سانائىتى كەسپى | 4 | 1463 | 73.4 | 18735 | 4903 | -261 |
| ئەسۋاب - پرىبورچىلىق سانائىتى كەسپى | 2 | 2298 | 86.1 | 82380 | 6948 | 1710 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| نېفىت خىمىيە ھەممباب ماشىنىساز- لىق سانائىتى كەسپى | 16 | 9606 | 68.7 | 43019 | 33357 | 2611 |
| ئېغىر تىپتىكى كان ماشىنىسازلىق سانائىتى كەسپى | 5 | 711 | 34.3 | 12046 | 5791 | -204 |
| توك ئىشلىرى، ئې- لېكتر سايمانلىرى سانائىتى كەسپى | 33 | 61702 | 814.3 | 95117 | 209430 | 15312 |
| ماشىنىسازلىق ئاساس زاپچاسلىرى سانائىتى كەسپى | 3 | 2048 | 54.9 | 27932 | 6585 | -431 |
| يېمەكلىك ۋە ئوراش - قاچىلاش ماشىنىلىرى كەسپى | 3 | 3515 | 98 | 31470 | 9273 | 656 |
| ئاپتوموبىل سانائىتى كەسپى | 13 | 9068 | 225.9 | 22557 | 70247 | -905 |
| باشقا ئۇششاق كەسپ- لەرنىڭ جەمئىيسى | 37 | 15179 | 664.5 | 32523 | 57336 | 1632 |
| ئېلېكترون ياسىمچىلى- قى كەسپىنىڭ جەمئىيى- سى | 10 | 7977 | 503.6 | 40451 | 32975 | 149 |

جياڭ خەنجىن

شىنجاڭنىڭ ماشىنىسازلىق - ياسىمچىلىق كەسپىدىكى دۆلەت كارخانىلىرى ۋە دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان كۆلەمدىن يۇقىرى كارخانىلارنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ 2003 - يىلدىكى ئىشلەپچىقىرىلىش - سېتىلىش ئەھۋالى

| مەھسۇلات نامى | بىرلىكى | ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى | | سېتىلىش مىقدارى | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | مىقدارى | 2002 - يىلدىكىدىن ±% | مىقدارى | 2002 - يىلدىكىدىن ±% |
| شامال گېنېراتورى | دانە | 46 | 70.4 | 46 | 70.4 |
| يېزا ئىگىلىك ناسوسى | دانە | 1919 | 198.9 | 1853 | 260.5 |
| سانائەت پارقازىنى | پار توننا | 657 | -25.5 | 710 | -12.6 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئۆزگىرىشچان توك دۋىگاتېلى | تۈمەن كىلوۋات | 3.1 | -32.6 | 3.8 | -32.1 |
| ترانسفورماتور | تۈمەن كىلوۋولت ئامپېر | 1159.4 | 0.9 | 993.4 | -5.5 |
| يۇقىرى بېسىملىق ۋىكيۇچاتېل تاختىسى | دانە | 1158 | 52.2 | 1155 | 38.5 |
| تۆۋەن بېسىملىق ۋىكلىيۇچاتېل تاختىسى | دانە | 20828 | 10.8 | 17411 | -17.1 |
| پولات ئۆزەكلىك ئەشمە ئاليۇمىن سىم | توننا | 19717 | -17 | 19121 | -21.5 |
| ئېلېكتر كابېلى | كىلومېتىر | 18152 | 31.4 | 18660 | 42.5 |
| خەۋەرلىشىش كابېلى | كىلومېتىر | 5667 | 82.8 | 4601 | 68.5 |
| ئوتقازان | تۈمەن يۈرۈش | 120.9 | 20.4 | 115.8 | 77.6 |
| ئاپتوموبىل | دانە | 1614 | -58.3 | 1808 | -50.3 |
| ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل | دانە | 1081 | -41.2 | 971 | -45.2 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان موللاقچى ئاپتوموبىل | دانە | 389 | -67.1 | 311 | -72.4 |
| ئاپتوبۇس (قۇراشتۇرۇلغان) | دانە | 165 | -22.5 | 171 | -17.8 |
| ئاپتوموبىل سەپلىمىلىرى | تۈمەن يۈەن | 6434.7 | 21.6 | 6978 | 86.5 |
| كاچالكا | دانە | 1752 | 18 | 1612 | 13.6 |
| ئېلېكترونلۇق ئاليۇمىن ياپراقچە | توننا | 4288 | | 3714 | 29 |
| IC كارتوچكىلىق ستوتچىك | تۈمەن دانە | 11.3 | 865.8 | 11.3 | 3714 |
| ئېلېكترونلۇق مىكروب ئۆلتۈرگۈچ | دانە | 9144 | 1198.9 | 6160 | 568.8 |
| قۇياش ئېنېرگىيىلىك توك ھاسىل قىلىش قۇرۇلمىسى | كىلوۋات | 1716 | 98.5% | 1716 | -98.5 |

جالڭ خەنجىن

# بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى

## بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى پۈتۈن سىستېما بويىچە ھېسابلىغاندا، شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 4 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 11.5% ئاشتى؛ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە) 7 مىليارد يۈەنگە يەتتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.5% ئاشتى. ستاتىستىكا قىلىنغان ئاساسلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتىدىن قارىغاندا، يېتەكچى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتى بولغان سېمونت ۋە ئۆزگىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، يېڭى تىپتىكى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى داۋاملىق ئاشتى، ئايرىملىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى كېمەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە سېمونت 11 مىليون 290 مىڭ توننىغا يېتىپ، 9.6%، گرانىت تاختا ماتېرىيال 2 مىليون 450 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 64.4%، مەرمەر تاختا ماتېرىيال 117 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 2.4 ھەسسە؛ ئەينەك

پولات ياسالمىلىرى 29 مىڭ 520 توننىغا يېتىپ، 25%؛ تاۋار بېتون 2 مىليون 380 مىڭ كۇبادرات مېتىرغا يېتىپ، 25.3%؛ PCCP چولڭ ئېغىزلىق پولات كانايلىق بېسىملىق بېتون تۇرۇبا 4058گە يېتىپ، 2.1 ھەسسە؛ تام ۋە يەرگە چاپلىنىدىغان چاقچۇق 14 مىليون 160 مىڭ كۇبادرات مېتىرغا يېتىپ، 6.4 ھەسسە؛ گەج تاختا 4 مىليون 560 مىڭ كۇبادرات مېتىرغا يېتىپ، 1.8 ھەسسە؛ ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىيال 52 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، 43.1%؛ سېمونت يۇندا تۇرۇبىسى 836 كىلومېتىرغا يېتىپ، 13%؛ بېسىملىق سېمونت تۇرۇبا 15.25 كىلومېتىرغا يېتىپ، 25%؛ خىش (ئۆلچەملىك خىش ھېسابىدا) 8 مىليارد 7800 مىليون دانىگە يېتىپ، 8.1% ئاشتى؛ تاختا ئەينەك 680 مىڭ ساندۇق بولۇپ، 25%؛ سېمونت ستولبا 200 مىڭ 500 دانە بولۇپ، 17.05% تۆۋەنلىدى.

2003 ـ يىلى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى بويىچە يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كارخانىسى 1042، كەسپكارى 72 مىڭ 600. بۇ كارخانىلارنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 4 مىليارد 756 مىليون يۈەن، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە) 6 مىليارد 558 مىليون يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش-سېتىش نىسبىتى 95.6% بولدى.

2003 ـ يىلى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۆلەت كارخانىسى ۋە سېتىش كىرىمى 5 مىليون يۈەندىن يۇقىرى بولغان بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كارخانىسى 125 بولۇپ، بۇ كارخانىلارنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 3 مىليارد 250 مىليون يۈەن، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە) 4 مىليارد 806 مىليون يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش نىسبىتى 97.7%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 622 مىليون يۈەن، سېتىش كىرىمى 4 مىليارد 404 مىليون يۈەن، پايدىسى 793 مىليون يۈەن، پايدا ـ باج سوممىسى 1 مىليارد 87 مىليون يۈەن بولدى.

دۇڭ لياۋيۈەن

شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ 2003 ـ يىلدىكى مىقدارى

| مەھسۇلات نامى | ئۆلچەم بىرلىكى | يىللىق مەھسۇلات مىقدارى |
|---|---|---|
| سېمونت | تۈمەن توننا | 1129 |
| بېسىملىق سېمونت تۇرۇبا | كىلومېتىر | 1015 |
| سېمونت يۇندا تۇرۇبىسى | كىلومېتىر | 836 |
| سېمونت ستولبا | دانە | 200512 |
| سېمونت قۇيۇلما | مېتىر | 388866 |
| خىش (ئۆلچەملىك) | تۈمەن دانە | 877997 |
| مەرمەر تاختا | كۇبادرات مېتىر | 117305 |
| گرانت تاختا | كۇبادرات مېتىر | 2449083 |
| گەج تاختا | كۇبادرات مېتىر | 4559862 |
| فارفور خىش | تۈمەن كۇبادرات مېتىر | 5.39 |
| تامغا، يەرگە چاپلىنىدىغان چاقچۇق | تۈمەن كۇبادرات مېتىر | 1416.3 |
| تازىلىق فارفورلىرى | تۈمەن دانە | 4.72 |
| تاشپاختا ياسالمىلىرى | توننا | 85 |
| گرافىت ۋە كاربون ياسالمىلىرى | توننا | 22474 |

| | | |
|---|---|---|
| تاختا ئەينەك | ساندۇق | 675987 |
| ئەينەك پولات ياسالمىلىرى | توننا | 29500 |
| كۆندىلىك ئەينەك بۇيۇم | توننا | 63075 |
| كۆندىلىك فارفور بۇيۇم | تۈمەن دانە | 391.9 |
| ئوتقا چىداملىق ماتېرىيال ياسالمىلىرى | توننا | 52510 |
| تاشپاختا | توننا | 50100 |
| PCCP بېسىملىق تۇرۇبا | دانە | 4058 |
| تاۋار بېتون | تۈمەن كۇب مېتىر | 238 |
| بىناكارلىق سۇۋاقلىرى | توننا | 12787 |

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدىن 14 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، پىلان بويىچە سېلىنىدىغان مەبلەغ 860 مىليون 570 مىڭ يۈەن، شۇ يىللىق پىلاندا سېلىنىدىغان مەبلەغ 458 مىليون 810 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە سېلىنغىنى 156 مىليون 890 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىغا قەدەر قۇمۇل كۆمۈرچىلىك گۇرۇھى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى شىركىتىنىڭ تاشلىق كۆمۈر سېمونتى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش، شىنجاڭ «رېشېڭ» تۇرۇبىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ تۇرۇبا ماتېرىياللىرى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى، خوتەن دۆۋا سانائەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش، «غەربىي دىيار» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شىخو شۆبە سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئوتتۇرىسى كاۋاك خۇمدىنىنى ئۆزگەرتىپ، خۇمدان سىرتىدا پارچىلاپ كۆيدۈرۈش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت ياسالمىلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ قاتتىق پولىۋىنىل خلورىد (UPVC) لىق سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبىسى ۋە پولى ئېتىلېن (HDPE) لىق قوش دىۋارلىق دولقۇنسىمان سۇ چىقىرىش تۇرۇبىسى تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت 5 تۈر تاماملاندى (بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسى ئىشخانىسى تۈر تۈرغۇزۇپ تەكشۈرۈش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى). بۇنىڭغا 92 مىليون 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

جاڭ يىنكۈي

## سۈپەت باشقۇرۇش خىزمىتى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدىن سۈپەت باشقۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 9 گۇرۇپپا مەملىكەت بويىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپا، 4 گۇرۇپپا ئىشەنچلىك گۇرۇپپا، 2 ئادەم سۈپەت باشقۇرۇش پائالىيىتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبەر، 3 كارخانا سۈپەت باشقۇرۇش پائالىيىتىدىكى مۇنەۋۋەر كارخانا دېگەن نامغا



2003 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ گرانىت تاختا ماتېرىيال مەھسۇلاتى 2 مىليون 450 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 64.4% ئاشتى.

سۈرەتتى گرانىت تاختا ماتېرىيال سودا بازىرى تەمىنلىگەن.

جاۋ جۇنئەن فوتوسى

ئېرىشتى. سۇپەت باشقۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 10 گۇرۇپپا ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپا، بىر كارخانا مۇنەۋۋەر كارخانا دېگەن نامغا ئېرىشتى. سۇپەت باشقۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 7 گۇرۇپپا ئاپتونوم رايوننىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسى بويىچە مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپا، 8 ئادەم سۇپەت باشقۇرۇش پائالىيىتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبەر، 9 ئادەم سۇپەت باشقۇرۇش پائالىيىتىدىكى مۇنەۋۋەر ئالغا سۈرگۈچى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

پىڭ شياۋتيەن

# خىمىيە سانائىتى

## خىمىيە سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ نېفىت، نېفىت خىمىيە ۋە خىمىيە سانائىتى ساھەسىدىكى (نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئېلىش، نېفىت پىششىقلاش ۋە كوكس كۆيدۈرۈش، خىمىيە خام ئەشيالىرى ياساش ۋە كاۋچۇك ياسالمىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) كۆلەمدىن يۇقىرى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانا 122 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا كارخانا 26. بۇ كارخانىلارنىڭ ھازىرقى باھا بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 63 مىليارد 345 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %28.06؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 31 مىليارد 289 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %35.54؛ پايدىسى 12 مىليارد 765 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %96.60؛ پايدا - بېجى 18 مىليارد 477 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %64.17 ئاشتى.

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ خىمىيە سانائىتى سىستېمىسىدىكى كۆلەمدىن يۇقىرى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانا 75 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا كارخانا 14. بۇ كارخانىلارنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 3 مىليارد 715 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %25.72؛ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە) 4 مىليارد 364 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %40.14؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 249 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %23.91 ئاشتى؛ خىمىيە سانائىتى سىستېمىسى بويىچە كۆلەمدىن يۇقىرى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ پايدىسى 264 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1.06 ھەسسە؛ پايدا - باج سوممىسى 502 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %65.13 ئاشتى.

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئاساسلىق خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىدىن فورمالدېگىد ۋە بالون تاش كامېرى مەھسۇلاتى سەل - پەل تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى 2002 - يىلدىكىدىن ئاشتى. جۇڭگو نېفىت پاي چەكلىك شىركىتى مايتاغ نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتىنىڭ ئېتىلېن قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى پۈتتۈشى بىلەن ئېتىلېن ئىشلەش ئىقتىدارى 140 مىڭ توننىدىن 220 مىڭ توننىغا كېڭەيدى. بۇ قۇرۇلمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى پولى ئېتىلېن، پولى پروپىلېن، مالېئات كاۋچۇكى ۋە گلىكول ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى زور ھەجىمدە ئۆستۈردى. بىر يىلدا شىنجاڭدىكى نېفىت خىمىيە ۋە خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان پولى ئېتىلېن 190 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %52.51؛ پولى پروپىلېن 237 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، %77.83؛ پولىۋىنىل خلورىد 105 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، %31.17 ئاشتى.

لى شىجۈن

## تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ خىمىيە سانائىتى سىستېمىسىدىكى كارخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشى داۋاملاشتۇرۇلغان ۋە يېڭىدىن ئىش باشلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى 7 بولۇپ، دەسلەپكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 590 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %53.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇش جەھەتتىكى ئاساسلىق تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 340 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %41.5؛ تېخنىكا ئۆزگەرتىش جەھەتتىكى ئاساسلىق تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 250 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %171.7 ئاشتى. ئاساسلىق تۈرلەر مۇنۇلار: شىنجاڭ «جوڭتەي» خىمىيە پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 50 مىڭ توننىلىق پولىۋىنىل خلورىد ۋە 60 مىڭ توننىلىق ئىئون پەردىلىك كۆيدۈرگۈچى ئىشقار قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش تۈرى يولغا قويۇلماقتا، مۆلچەر بويىچە بۇ قۇرۇلۇش 2004 - يىلى 1 - پەسىلدە پۈتۈپ ئىشقا كىرىشىدۇ، شۇ چاغدا پولىۋىنىل خلورىد ۋە ئىئون پەردىلىك كۆيدۈرگۈچى ئىشقارنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 120 مىڭ توننىغا يېتىدۇ؛ شىنجاڭ «شىنخۇا» خىمىيىۋى ئوغۇت چەكلىك شىركىتىنىڭ 100 مىڭ توننىلىق NPK بىرىكمە ئوغۇت تۈرىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى؛ تۇرپان 3 ئۆلچەملىك كالىي تۇزى شىركىتىنىڭ 50 مىڭ توننىلىق ناترىي نىترات، (كالىي

نىترات) تۈرىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى يىللىق مەھسۇلاتى 15 مىڭ توننىلىق ناترىي نىترات تۈرى 9 - ئاينىڭ ئاخىرى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى؛ لوپنۇر كۆلى كالىي تۇزى پەن - تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتىنىڭ 20 مىڭ توننىلىق كالىي سۇلفات سانائەتلىشىش سىناق تۈرى 8 - ئايدا پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى ۋە لاياقەتلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقاردى؛ شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» شىركىتىنىڭ 500 مىليون كۇب مېتىرلىق تەبىئىي گاز سۇيۇلدۇرۇش (LNG) قۇرۇلۇشى قۇرۇلۇش قىلىش باسقۇچىغا كىردى، كۆپ قىسىم تۇپا - تاش قۇرۇلۇشى ۋە قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تاماملاندى؛ كۇچادىكى 300 مىڭ توننىلىق سىنتېتىك ئاممىياك، 520 مىڭ توننىلىق ئورېيىدىن ئىبارەت چوڭ خىمىيەۋى ئوغۇت تۈرىنىڭ «ئۈچىنى راۋانلاشتۇرۇش، يەرنى تەكشىلەش» خىزمىتى باشلاندى؛ شىنجاڭ «شىنكۇن» شىركىتىنىڭ 300 مىڭ يۈرۈش ئېغىرلىق كۆتۈرۈدىغان مېرىدىئانلىق بالون تۈرىنىڭ ئايلانما باھالاش خىزمىتى ئاخىرلاشتى.

لى شىجۈەن

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ تاماملىغان ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى مەھسۇلات ۋە تېخنىكا نەتىجىلىرىنى باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتكەن تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرلىرى مۇنۇلار: تۇرپان 3 ئۆلچەملىك كالىي تۇزى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ تۇز كۆلىنىڭ گالىگونلۇق سۈيىدىن يىلىغا 10 مىڭ توننا دانىچە ناترىي نىترات ئېلىش تۈرى، شىنجاڭ «تۇنخې» پولى ئېستېر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ چايدان شىشىسىگە ئىشلىتىلىدىغان PET سىمولاسى. 2003 - يىلى شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى تاماملىغان ياكى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىغان تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرلىرى مۇنۇلار: شىنجاڭ «مىندا» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ دىزېلىن قېتىشىمىسىنى يۇمشىتىش دورىسى، قۇمۇل «يېخې» ئالىيۇمىنلىق تۇز چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 3000 توننىلىق ئالىيۇمىن سۇلفات يېڭى مەھسۇلاتىنى يارىتىش تۈرى، شىنجاڭ «دېڭتا - تۇنخې» سۇۋالغۇ چەكلىك شىركىتىنىڭ سىرتقى تامغا ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ پروپىلىنلىق چىدامىلىق سۇۋالغۇ تۈرى، شىنجاڭ «تۇنخې» پولى ئېستېر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ كاربونات كىسلاتا بوتۇلكىسىغا ئىشلىتىلىدىغان PET سىمولاسىنى يارىتىش تۈرى، شىنجاڭ «مىلەن» خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ پولى ئاممىياك ئېستېرلىق نەملىكتىن ساقلايدىغان سۇۋالغۇسى، قۇمۇل شەھەرلىك ئورگانىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئىجاد قىلىپ ئىشلەپچىقارغان ئۆي زىننەتلەشكە ئىشلىتىلىدىغان ھەممىباب يىلىم تۈرى، ئۈرۈمچى «باۋلىتۇڭ» نېفىت خىمىيە ياردەمچى خۇرۇچلىرىنى ياساش چەكلىك شىركىتىنىڭ غەيرىي ھىدروگېنلىق كوتېك ئىزومېرلاشقان كاتالىزاتورىنى يارىتىش-ئىشلىتىش تۈرى، شىنجاڭ «كوئېنلۇن» پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 15 — 8.25 تىپلىق سانائەت بالونى، قۇرۇلۇش بالونى، زاۋۇت - كانلاردا ئېغىرلىق كۆتۈرىدىغان بالون ۋە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان بالون يېڭى مەھسۇلاتلىرى، شىنجاڭ لوپنۇر كۆلى كالىي تۇزى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ گالوگېن ئۆتكۈزۈش ناسوسىنىڭ نەيچىسىدە تۇز قېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۈرى، شىنجاڭ «شىنخۇا» خىمىيەۋى ئوغۇت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ بۇتقا ئېتىلدۇرۇپ دانىچىلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق نىترو NPK بىرىكمە ئوغۇتى ئىشلەش تۈرى.

لى شىجۈەن

شىنجاڭدىكى ئاساسلىق خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ 2003 - يىلدىكى مىقدارى

| مەھسۇلات نامى | بىرلىكى | مىقدارى | 2002 - يىلدىكىدىن ±% |
|---|---|---|---|
| گۈڭگۈرت كىسلاتاسى (100% لىك) | توننا | 85322 | 21.18 |
| تۇز كىسلاتاسى (31%تىن يۇقىرى) | توننا | 87467 | 14.64 |
| كۆيدۈرگۈچى ئىشقار (100%) | توننا | 114110 | 22.22 |
| ساپ ئىشقار | توننا | 95920 | 12.50 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| گۈڭگۈرتلۇك ئىشقار | توننا | 147682 | 13.53 |
| كالتسىي كاربىد (300 لىتىر/كىلوگرام) | توننا | 82057 | 11.37 |
| خروم بىشىلى | توننا | 5429 | 22.62 |
| بىرىكمە ئاممىياك | توننا | 1082602 | 13.16 |
| ئۇرېيە (ناتۇرالىق مىقدار) | توننا | 1785013 | 13.34 |
| دېھقانچىلىق خىمىيىۋى ئوغۇتى (%100لىك) | توننا | 854530 | 11.52 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئازوتلۇق ئوغۇت (%N100 لىك) | توننا | 845828 | 12.99 |
| خىمىيىلىك دېھقانچىلىق دورىسى | توننا | 289 | 5.47 |
| ئېتىلېن | توننا | 235921 | 49.88 |
| پروپىلىن | توننا | 213439 | 42.85 |
| بۇتادىئېن | توننا | 33116 | 82.29 |
| ساپ بېنزول | توننا | 82694 | 31.39 |
| P- دىمېتىل بېنزول | توننا | 55908 | 4.80 |
| چەكلىنىدىغان مېتىل ئالكوگول | توننا | 56385 | 11.3 ھەسسە |
| فورمالدېگىد | توننا | 10305 | -12.45 |
| سىر | توننا | 13416 | 37.63 |
| بىناكارلىق سۇۋالغۇسى | توننا | 12787 | 10.97 |
| پولىۋىنىل خلورىدلىق سىمولا | توننا | 105840 | 31.17 |
| پولى ئېتىلېنلىق سىمولا | توننا | 190327 | 52.51 |
| پولى پروپىلېنلىق سىمولا | توننا | 237367 | 77.83 |
| پولى بۇتادىئېن كاۋچۇك | توننا | 32152 | 92.14 |
| پولى ئېستېر | توننا | 98741 | 8.75 |
| بالون تاش كامىرى | تۈمەن دانە | 69.6 | -7.68 |

لى شچۈەن

# توقۇمىچىلىق سانائىتى

## توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 431 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) بولۇپ، 2002- يىلدىكىدىن %1.64 ئازلاپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە پاختا توقۇمىچىلىقنىڭ 3 مىليارد 494 مىليون يۈەن بولۇپ، %3.4؛ يۇڭ توقۇمىچىلىقنىڭ 164 مىليون يۈەن بولۇپ، %22.27 ئازايدى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 381 مىليون يۈەن بولۇپ، %2.81 ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە پاختا توقۇمىچىلىقنىڭ 1 مىليارد 140 مىليون يۈەن

بولۇپ، %6.33 ئازايدى. سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم 5 مىليارد 116 مىليون يۈەن بولدى، پايدا سوممىسى مىنۇس 380 مىليون يۈەن بولۇپ، زىيان 33 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ پايدىسى مىنۇس 147 مىليون يۈەن بولۇپ، زىيان 101 مىليون يۈەن ئازايدى. پايدا - باج سوممىسى مىنۇس 169 مىليون يۈەن بولۇپ، %39.67 ئازايدى.

2003 - يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ئېكسپورتقا تاپشۇرغان مال قىممىتى 726 مىليون يۈەن خەلق پۇلى بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 39 مىليون يۈەن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 500 مىليون يۈەن بولۇپ، ئېكسپورت سوممىسىنىڭ %68.87نى ئىگىلىدى.

2003 - يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى تۆۋەنلەپ كېتىپ، زىيان ئېغىر بولدى. چوڭ 9 تۈردىكى ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى يېتەكچى مەھسۇلات بولغان پاختا يىپنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 2002- يىلدىكىدىن %7.4 تۆۋەنلىدى. ساھەنىڭ ئىقتىسادىي ھەرىكەت سۈپىتى تۆۋەن، ئۈنۈمى ناچار، پاختا باھاسى مەسىلىسى گەۋدىلىك بولدى، كارخانا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئىسلاھات قەدىمىنىڭ ئاستا، تۈزۈلمە مېخانىزمىنىڭ جانسىز بولۇشى شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنىڭ ئاساسلىق توسالغۇسى بولۇپ قالدى.

گاۋ جياڭ

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

| تۈرى | بىرلىكى | 2003 - يىلى | 2002 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ساھە بويىچە) | 100 مىليون يۈەن | 44.31 | —1.64 |
| سانائەت قوشۇلما قىممىتى | 100 مىليون يۈەن | 13.81 | —2.81 |
| خىمىيىۋى تالا | توننا | 23219 | —2.02 |
| يىپ | توننا | 292713 | —7.40 |
| رەخت | تۈمەن مېتىر | 15239 | —26.31 |
| بۇنىڭ ئىچىدە بويالغان رەخت | تۈمەن مېتىر | 460 | —41.10 |
| يۇڭ توقۇلما | تۈمەن مېتىر | 206 | —28.22 |
| بۇنىڭ ئىچىدە سىپتا ئېگىرىلگىنى | تۈمەن مېتىر | 206 | —28.22 |
| تىۋىت يىپ | توننا | 744 | —14.68 |
| پاختا ئىلمە توقۇلمىسىنىڭ يىپقا سۈندۈرۈلۈشى | توننا | 1132 | —40.23 |
| مەشۇت | توننا | 110 | —45.27 |
| يىپەك توقۇلما | تۈمەن مېتىر | 193 | —5.39 |
| چىگە يىپ | تۈمەن توننا | 762 | —261.14 |
| كىيىم - كېچەك | تۈمەن قۇر | 1168 | —5.96 |
| ئېكسپورتقا تاپشۇرۇلغان مال قىممىتى | 100 مىليون يۈەن | 7.26 | 5.68 |

## تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ بىرلىك توقۇمىچىلىق سانائىتى بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 425 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %32.8 ئاشتى. نۇقتىلىق تۈرلەر: تەڭرىتاغ توقۇمىچىلىق (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى كىرگۈزگەن 36 دانە گاز ئېقىملىق يىپ ئېگىرىش ماشىنىسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، شىنجاڭ «جىنفاڭ»

پاي چەكلىك شىركىتى كىرگۈزگەن 22 دانە تولۇق ئاپتوماتىك گاز ئېقىملىق يىپ ئېگىرىش ماشىنىسى تۈرى، شىنجاڭ پاختا توقۇمىچىلىق گۇرۇھى قەشقەر توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ 70 مىڭ ئۇرچۇقلۇق ئىنچىكە تاراش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، «كېفالى» پاختا توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) سانجى پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى كىرگۈزگەن 50 مىڭ ئۇرچۇقلۇق «كامو» يىپ ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، «زۇڭخېڭ» پاختا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ كېڭەيتىپ قۇرۇلىدىغان 35 مىڭ ئۇرچۇقلۇق تۈرى، «شىبلى» توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 19 مىڭ ئۇرچۇقلۇق ئىنچىكە تاراش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ۋە 2 دانە تولۇق ئاپتوماتىك گاز ئېقىملىق يىپ ئېگىرىش ماشىنىسى، شىنجاڭ «فۇلۇن» يۇقىرى، يېڭى ماتېرىيال پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 2000 توننىلىق ئارال يىپىكى تۈرى، ماناس «ئاۋيالى» پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ يېڭىدىن قۇرغان 30 مىڭ توننىلىق يىپشاق يىلىم ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

«كېفالى» پاختا توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) سانجى پاختا توقۇمىچىلىق شىركىتىنىڭ 50 مىڭ ئۇرچۇقلۇق «كامو» يىپ ئېگىرىش تۈرىدە 10 مىڭ ئۇرچۇقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەندى؛ «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى كىرگۈزگەن 36 دانە تولۇق ئاپتوماتىك گاز ئېقىملىق يىپ ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك قۇراشتۇرۇش، تەڭشەش، سىناش باشلاندى (ئومۇمىي كۆلىمى 50 دانە بولۇپ، ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ تولۇق ئاپتوماتىك گاز ئېقىملىق يىپ ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ھېسابلىنىدۇ).

فەن جىخۇڭ

## تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىدىن ئاپتونوم رايوننىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرىگە 18 تۈر كىرگۈزۈلدى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېڭى مەھسۇلاتلارنى باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتكەنلىرى شىنجاڭ «يىدا» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ «كامو» يورۇشلۇق مەھسۇلاتى، «جىنتا» يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ لوپنۇر كەندىرى، يۇڭ، يىپەك ئارىلاشتۇرۇلغان يىپ مەھسۇلاتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. «جىنتا» يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ لوپنۇر كەندىرى، يۇڭ - يىپەك ئارىلاشتۇرۇلغان يىپى پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. ش ئۇ ئا ر

كارخانىلار تېخنىكا مەركىزىنىڭ باھالىنىشىدىن ئۆتكەنلىرى شىنجاڭ «كېفالى» پاختىچىلىق كارخانىسى تېخنىكا مەركىزى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق گۇرۇھى كارخانا تېخنىكا مەركىزى، شىنجاڭ «تيەنھۇەن» يۇڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى كارخانا تېخنىكا مەركىزى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى كارخانا تېخنىكا مەركىزى ۋە ئۈرۈمچى «يۇڭخۇڭ» ئىلمە توقۇلما باش زاۋۇتى كارخانا تېخنىكا مەركىزىدىن ئىبارەت.

نەھىيە

# يېنىك سانائەت

## يېنىك سانائەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كۆلەمدىن يۇقىرى 316 مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان يېنىك سانائەت كارخانىسىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يېتىپ (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە)، 2002-يىلدىكىدىن 20.1% ؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 354 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.4% ؛ ئېكسپورتقا تاپشۇرۇلغان مال قىممىتى 1 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16% ئاشتى؛ مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش - سېتىلىش نىسبىتى 98.2% بولدى. بىر يىلدا پايدا 554 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 82.2% ؛ پايدا - باج 1 مىليارد 430 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 23.3% ئاشتى.

جياۋ ۋېنخاۋ

## نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېنىك سانائىتىدە سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش، تېخنىكا يېڭىلاش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش خىزمىتى ئارقىلىق، بىر تۈركۈم يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىسى شەكىللەندۈرۈلدى. تەخمىنىي ھېسابلاش ئارقىلىق، 50 نۇقتىلىق تۈر پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ لايىھەدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا يەتسە، يىلىغا يېڭىدىن كۆپىيىدىغان سانائەت قوشۇلما قىممىتى 300 مىليون يۈەنگە يېقىنلىشىدۇ، سېتىش كىرىمى 2 مىليارد 469 مىليون يۈەن، پايدا - باج 576 مىليون يۈەن بولىدۇ. بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى «كەيجىن» قومۇشچىلىق تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 50 مىڭ توننىلىق ئاقارتىلغان قومۇش بوتقا تاختىسى تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرىگە سېلىنىدىغان مەبلەغ 199 مىليون 470 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلى 48 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تۈر پۈتكەندىن كېيىن، يىلىغا يېڭىدىن كۆپىيىدىغان سېتىش

كىرىمى 175 مىليون يۈەن، پايدا - باج 34 مىليون يۈەن بولىدۇ؛ «داخۇا» ئوزۇقچىلىق شىركىتىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 100 مىڭ توننا بولغان سۈيۈق سۈت تۈرىگە تەخمىنەن چوت بويىچە 88 مىليون 480 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، 2003 - يىلى 28 مىليون 480 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تۈر پۈتكەندىن كېيىن، يېڭىدىن سېتىش كىرىمى 97 مىليون يۈەن، پايدا - باج 23 مىليون يۈەن كۆپىيىشى مۇمكىن؛ شىنجاڭ خۇشپۇراق ئۈسۈملۈك ياغ چەكلىك شىركىتىنىڭ ياغنى قويۇق، سۈزۈك پىششىقلاپ ئىشلەش لىنىيىسىنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى، بۇ تۈردە يىلىغا تۈرلۈك خۇشپۇراق ئۈسۈملۈكتىن 40 مىڭ توننا پىششىقلاپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. يىلىغا تۈرلۈك خۇشپۇراق قويۇق مايدىن 172 توننا، سۈزۈك مايدىن 28 توننا، قۇرۇتۇلغان گۈلدىن 10 توننا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، بۇ تۈرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ 134 مىليون 760 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلى 126 مىليون 760 مىڭ يۈەن سېلىندى، تۈر پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، يىلىغا يېڭىدىن كۆپىيىدىغان سېتىش كىرىمى 99 مىليون 760 مىڭ يۈەن، پايدا - باج 32 مىليون 190 مىڭ يۈەن، پايدا 32 مىليون 100 مىڭ يۈەن بولىدۇ؛ شىنجاڭ «تۇنخې» گۇرۇھىنىڭ ئاقسۇدىكى مېۋىچىلىك شىركىتىگە 34 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئىتالىيىنىڭ قويۇق مېۋە مۇرابباسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىدىن 2سى كىرگۈزۈلدى، بۇ، لايىھەدىكى ئىقتىدارى بويىچە كۈنىگە 400 توننا ئۆرۈك بىر تەرەپ قىلالايدۇ؛ ئىلى «ئاۋاگدۇ» يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى غۇلجىنىڭ چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونىغا 45 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يېڭىدىن تەييار چۆپ ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى قۇردى، بۇ زاۋۇت يىلىغا 3 مىليون 300 مىڭ خالتا قۇلايلىق چۆپ ئىشلەپچىقىرىدۇ، بۇنىڭدىن 3 مىليون خالتىسى ئېكسپورت قىلىنىدۇ، سېتىش سوممىسى 7 مىليون 200 مىڭ دوللار بولۇپ، پايدا نىسبىتى %5 بولىدۇ؛ ئىلى «خۇالىن» باغچىلىق شىركىتىنىڭ ئوتتۇراھال پەنىركە ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى تۈرىگە 40 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، ئۇ يىلىغا 80 مىڭ كۇب مېتىر پەنىركە ئىشلەپچىقىرىدۇ، مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون يۈەن بولىدۇ، 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 30 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى. قۇمۇل شەھىرىدىكى «چاڭلىيەن» ئۈچەي شىركىتىنىڭ يىلىغا 1 مىليون دانە خورۇم پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرىگە 60 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، كالا، قوي تېرىسىدىن خورۇم ئىشلەپچىقىرىش سېخى ئىشقا كىرىشتى، بۇنىڭغا 60 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

جيا ۋېنخاۋ

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېنىك سانائەت ساھەسىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى

| مەھسۇلات نامى | مىقدارى (تۈمەن توننا) | 2002 - يىلدىكىدىن %± |
|---|---|---|
| فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنىركە | 24.34 | 7.27 |
| زاۋۇت شېكىرى | 45.4 | —12.42 |
| كونسېرۋا | 47.5 | 14.49 |
| سۈت مەھسۇلاتى | 15.91 | 122.20 |
| ئاق ھاراق (تۈمەن لىتىر) | 5600 | |
| پىۋا (تۈمەن لىتىر) | 22900 | |
| سۇلياۋ ياسالمىلار | 31.50 | 36.54 |
| بۇنىڭ ئىچىدە سۇلياۋ يوپۇق | 9.97 | 11.40 |

جيا ۋېنخاۋ

## مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېنىك سانائەت ساھەسىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 1 مىليارد 27 مىليون 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون خام چوتىدىن سېلىنىدىغان مەبلەغ 12 مىليون 170 مىڭ يۈەن، پىلانغا كىرگۈزۈلگەن تۈر 20 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈر 5، يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈر 13، تەييارلىقتىكى تۈر 2. 2003 - يىلى تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 1 مىليارد 658 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان. پىلانغا كىرگۈزۈلگەن تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى 30 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈر 4، بۇنىڭغا سېلىش پىلانلانغان مەبلەغ 104 مىليون 500 مىڭ يۈەن؛ 1 - تۈركۈمدە ئىش باشلانغان تۈر 17، بۇنىڭغا سېلىش پىلانلانغان مەبلەغ 980 مىليون 40 مىڭ يۈەن؛ 2 - تۈركۈمدىكى تۈر 9. بۇنىڭغا سېلىش پىلانلانغان مەبلەغ 574 مىليون 260 مىڭ يۈەن.

جيا ۋېنخاۋ

### 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېنىك سانائەت ساھەسىدىكى ئاساسلىق كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سېتىش كىرىمى تەرتىپى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| كارخانا نامى | سېتىش كىرىمى |
|---|---|
| «تۈنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى | 107461.4 |
| «جۇڭجى» پەمىدۇر ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتى | 58987.7 |
| ئىلى ئالاھىدە هارىقى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى | 54325.8 |
| «جياڭجۈن» گۇرۇھى شىنجاڭ پاپىروس زاۋۇتى | 52933.6 |
| «شىنتيەن» خەلقئارا ئۇزۇم هاراقچىلىقى چەكلىك شىركىتى | 31151.9 |
| «ماركو» خەلقئارا ئۆي جاهازلىرى چەكلىك پاي شىركىتى | 30450.7 |

جيا ۋېنخاۋ

## پەن - تېخنىكا سۇپىتى خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ يېنىك سانائەت كەسپىي ئىشخانىسى ئاپتونوم رايوننىڭ يېنىك سانائەت تېخنىكا تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ تارقاتتى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ بىر قىسىم يېڭى مەھسۇلات ئۈستىدە دەلىللەش ۋە باھالاش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى، يۇقىرىغا مەلۇم قىلىنغان بىر قىسىم يېنىك سانائەت يېڭى مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش تۈرىنى تەكشۈردى. 40 نەچچە تۈرلۈك كارخانا ئۆلچىمىنى ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى.

جيا ۋېنخاۋ

## شېكەر ئىشلەش كەسپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە شېكەر ئىشلەش سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۈنىگە 32 مىڭ 700 توننا قىزىلچا پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان بولۇپ، يىللىق شېكەر ئىشلەش ئىقتىدارى 600 مىڭ تونىنغا يەتتى. شىنجاڭ «تۈنخې» شېكەرچىلىكى، شىنجاڭ «سىفاڭ» شېكەرچىلىكى ۋە شىنجاڭ ئىلى ئالاھىدە هارىقى شېكەرچىلىكىدىن ئىبارەت 3 چوڭ شېكەرچىلىك گۇرۇھى شەكىللەندى. شېكەر ئىشلەش كارخانىلىرى توغراش، ئۇدا چىلاش، سۈزۈش، ئاجرىتىش قاتارلىق شېكەر ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچلۇق ئىش تەرتىپلىرىنىڭ ھەممىسىگە دۇنيانىڭ ئىلغار ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزدى، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا بىلەن قوراللىنىش جەھەتتىكى ئومۇمىي سەۋىيىسى قىزىلچىدىن شېكەر ئىشلەش جەھەتتە مەملىكەت ئىچىدىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى. 2002 — 2003 - يىللىق شەربەت سىقىپ چىقىرىش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە شېكەر ئىشلەش كەسپىدە 4 مىليون 270 مىڭ توننا قىزىلچا

پىششىقلاپ ئىشلىنىپ، 518 مىڭ توننا شېكەر ئېلىندى، بۇنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 465 مىليون يۈەن. مەھسۇلات مىقدارى مەملىكەت بويىچە قىزىلچىدىن شېكەر ئىشلەيدىغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئارا 1- بولۇپ، مەملىكەت بويىچە قىزىلچا شېكىرى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 42%نى ئىگىلىدى.

جيا ۋېنخاۋ

## كونسېرۋا كەسپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

شىنجاڭنىڭ كونسېرۋاچىلىق كەسپى پەمىدۇر ياسالمىلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى ئاساس قىلىدىغان ئەنئەنىۋى كەسىپ، شىنجاڭ جۇڭگو بويىچە سانائەت پەمىدۇرىنى تېرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش كۆلىمى ئەڭ زور، ئېكسپورتى ئەڭ كۆپ بولغان رايون ھېسابلىنىدۇ. 2003 - يىلغا قەدەر شىنجاڭ 800 مىڭ توننا پەمىدۇر ياسالمىسى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىدى، بۇنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا 51گە يېتىپ، تۈنخې، جۇڭجى، تيەنيېدىن ئىبارەت 3 چوڭ پەمىدۇر پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان كارخانا گۇرۇھى شەكىللەندى. بۇنىڭ ئىچىدە «تۈنخې» بىلەن «جۇڭجى»نىڭ ھەر قايسىسى 300 مىڭ توننىدىن ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا، «تيەنيې» 60 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە. پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى دۇنيا بويىچە ئامېرىكا، ئىتالىيىلەردىن قالسىلا 3- ئورۇندا تۇرىدۇ. 2003 - يىلى 50 مىڭ گېكتار يەرگە پەمىدۇر تېرىلىپ، 3 مىليون 300 مىڭ توننا پەمىدۇر پىششىقلاپ ئىشلەندى، ئىشلەپچىقىرىلغان پەمىدۇر ياسالمىسى 460 مىڭ تونىغا، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 840 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە پەمىدۇر ياسالمىلىرى ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ 92%نى ئىگىلىدى. 340 مىڭ توننا پەمىدۇر قىيامى ئېكسپورت قىلىنىپ، 176 مىليون دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىلىپ، مەملىكەت بويىچە پەمىدۇر قىيامى ئېكسپورت سوممىسىنىڭ 88%نى ئىگىلىدى. شىنجاڭنىڭ پەمىدۇر ياسالمىلىرى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى مەھسۇلات مىقدارى، سۈپىتى، ئېكسپورت مىقدارى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ، قۇراللىنىش سەۋىيىسى خەلقئارانىڭ 90 - يىللاردىكى سەۋىيىسىگە يەتكەن، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق تاشقى پېرېۋوت تاپىدىغان ئۆزگىچە كەسپى بولۇپ قالدى.

شىنجاڭنىڭ قويۇلدۇرۇلغان ئۈرۈك مۇراببىسى پىششىقلاش كەسپىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولۇپ، كونسېرۋا ساھەسىدىكى يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپ بولۇپ قالدى. مەملىكەت ئىچىدىكى چوڭ كۆلەملىك قويۇلدۇرۇلغان ئۈرۈك مۇراببىسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ئاساسلىق شىنجاڭغا مەركەزلەشكەن، ئاساسلىق پىششىقلايدىغان كارخانىلار شىنجاڭ «تۈنخې» مېۋىچىلىك شىركىتى، بۈگۈر ناھىيىلىك «خۇالۇڭ» دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. 2003 - يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان قويۇلدۇرۇلغان ئۈرۈك مۇراببىسى تەخمىنەن 24 مىڭ 500 توننا بولۇپ، مەھسۇلاتىنىڭ ھەممىسى ئېكسپورت قىلىندى.

جيا ۋېنخاۋ

## قەغەز ياساش كەسپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرى ئىچىدە قەغەز ياساش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا 22، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 10 مىڭ توننىدىن يۇقىرى كارخانا 5، ئۇلار شىنجاڭ باغراش قومۇشچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «شاتو» پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنخۇڭ» قەغەزچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» قەغەز زاۋۇتى، شىنجاڭ ئالتاي «مېيلى» قەغەز بوتقىسى چەكلىك شىركىتى، بۇ 5 كارخانىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايون بويىچە بوتقا ئىشلەش - قەغەز ياساش كەسپىنىڭ 80%تىن ئارتۇقىنى ئىگىلەيدۇ. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە مەھسۇلاتى 243 مىڭ 400 تونىغا، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 900 مىليون يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 301 مىليون يۈەنگە يەتتى.

جيا ۋېنخاۋ

## سۇلياۋ كەسپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

شىنجاڭنىڭ سۇلياۋ سانائىتى سۇلياۋ پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ شەكىللەنگەن يېڭى كەسىپ، 2003 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ياسالما پىششىقلاپ ئىشلەش، سىمولا بىرىكتۈرۈش، قوشۇمچە ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش، قېلىپ ۋە ئۈسكۈنە ياساش، پەن تەتقىقاتى ۋە ئىجادىيەت قاتارلىقلار بىرگەۋدە قىلىنغان نىسپىي مۇكەممەل بولغان سۇلياۋ سانائىتى سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ، سۇلياۋ ياسالمىلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە بىرىكمە سىمولا ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. بىرىكمە سىمولا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 540 مىڭ تونىغا، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى 6گە يەتتى. سۇلياۋ ياسالمىلىرىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 500 مىڭ توننىدىن ئېشىپ كەتتى، يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى بولغان سۇلياۋ ياسالمىلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا 268، ئاساسلىق مەھسۇلاتلار يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ



ئاپتونوم رايون 2003 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە شىمالىي شىنجاڭ ئىقتىسادىي خىزمەت نەق مەيدان تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، يىغىن مەزگىلىدە يىغىن ۋەكىللىرى «مىڭنيۇ» سۈتچىلىكى شىنجاڭ «تيەنشۈ» يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.
جاۋ جۇنئەن فوتوسى

ياسالمىلىرى، ئوراش ـ قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ ياسالمىلىرى، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ ياسالمىلىرى، كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ ياسالمىلىرى، سانائەتنى يۇرۇشلەشتۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ ياسالمىلىرىدىن ئىبارەت 5 چوڭ تۈردىن ئىبارەت. 2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان سۇلياۋ ياسالمىلىرى مەھسۇلاتى 315 مىڭ توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇلياۋ يوپۇق 99 مىڭ 700 توننا، تۇرۇبا ماتېرىيالى 136 مىڭ توننا، سۇلياۋ توقۇلما 29 مىڭ 100 توننا، تۈرلۈك ماتېرىيال 32 مىڭ توننا. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 795 مىليون يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 420 مىليون يۈەنگە يەتتى.

جيا ۋېنخاۋ

## سۈت ياسالمىلىرى كەسپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ سۈت مەھسۇلاتى 1 مىليون 71 مىڭ توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كالا سۈتى 948 مىڭ 700 توننا. 159 مىڭ 100 توننا سۈت ياسالمىسى ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۈيۈق سۈت 144 مىڭ توننا. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 586 مىليون يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 157 مىليون يۈەنگە يەتتى. 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە يىلىغا 150 مىڭ توننا سۈت ياسالمىسى (سۈيۈق سۈتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بارلىققا كەلدى. ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار شىنجاڭ «مەيچۇر» گۇرۇھى شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنيۈەن» سۈتچىلىك شىركىتى، شىنجاڭ بايىنغولىن ئوبلاستى «رۇيپۇرۋېچىلىقتا مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ئىلى تائىبۇرا سۈت مەھسۇلاتلىرى گۇرۇھى شىركىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. سۈت ياسالمىلىرى ئىشلەش كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكىلىق قوراللىنىش سەۋىيىسى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇراھال سەۋىيىدە، سۈيۈق سۈت جەھەتتىكى تېخنىكىلىق جابدۇق سەۋىيىسى مەملىكەت ئىچىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى، خەلقئارادىكى ئىلغار سەۋىيىگە ئۇلاشتى.

جيا ۋېنخاۋ

## ئۆي جاھازلىرى كەسپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شىنجاڭ بويىچە ئۆي جاھازلىرى ياساش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى ... كۆلەمدىن يۇقىرى دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان كارخانا 15كە، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 2643كە يەتتى. 2003 ـ يىلى ئۇلارنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى ھازىرقى باھا بويىچە 665 مىليون يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 182 مىليون يۈەنگە، ئېكسپورتقا تاپشۇرۇلغان مال قىممىتى 419 مىليون 747 مىڭ يۈەنگە، مۈلۈك سوممىسى 1 مىليارد 127 مىليون يۈەنگە، مەھسۇلات سېتىش كىرىمى 681 مىليون يۈەنگە، پايدا ـ باج سوممىسى 94 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۆي جاھازلىرى ياساش كەسپىدە 2 مىليون 966 مىڭ دانە ئۆي جاھازى ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ياغاچتىن ياسالغىنى 2 مىليون 422 مىڭ، مېتالدىن ياسالغىنى 441 مىڭ. ئىشلەپچىقىرىلغان سۈنئىي تاختاي 136 مىڭ كۇب مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە پەنەركە 44 مىڭ 500 كۇب مېتىر، تالالىق پەنەركە 48 مىڭ 300 كۇب مېتىر، قىرىندى پەنەركىسى 38 مىڭ كۇب مېتىر. شىنجاڭدىكى ئۆي جاھازلىرى كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلارنىڭ ئوتتۇرىچە مەھسۇلات مىقدارى، مەھسۇلات قىممىتى، سانائەت قوشۇلما قىممىتى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى، كارخانا تۆھپىسى قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ھەممىسى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن يۇقىرى بولدى.

جيا ۋېنخاۋ

## كۆن ـ خۇرۇم كەسپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە كۆن ـ خۇرۇم مەھسۇلاتى 4 مىليون 932 مىڭ كۇب مېتىرغا، خۇرۇم كىيىم ـ كېچەك 37 مىڭ قۇرغا، خۇرۇم ئاياغ 439 مىڭ پارغا يەتتى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 275 مىليون يۈەن، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 47 مىليون يۈەن بولدى. بىر يىلدا شىنجاڭدىكى پورتلاردىن 5 مىليون 620 مىڭ پارچە ئىمدەلگەن تېرە، 2 مىليون 260 مىڭ پارچە خام تېرە ئىمپورت قىلىندى، بۇنىڭ

ئىچىدە، كالا تېرىسى تەخمىنەن 2 مىليون پارچە، قوي تېرىسى تەخمىنەن 4 مىليون 500 مىڭ پارچە. شىمالدا شىنجاڭ ئالتاي كۆن - خۇرۇم گۇرۇھى، غەربتە قورغاس كۆن - خۇرۇم چەكلىك شىركىتى، جەنۇبتا قىزىلسۇ «شىنرۇڭ» كۆن - خۇرۇم چەكلىك شىركىتى، شەرقتە قۇمۇل «چاڭلىيەن» شىركىتىنىڭ «چاڭجۇ» كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىدىن ئىبارەت كۆن - خۇرۇم سانائىتى بېكىتى قۇرۇلمىسى شەكىللەندى، يىلىغا 4 مىليون پارچە كالا تېرىسى، 10 مىليون پارچە قوي تېرىسىنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ھازىرلاندى.

جيا ۋېنخاۋ

## ھاراقچىلىق كەسپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

ھاراقچىلىق كەسپى شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى كەسپلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، يىلىغا 150 مىڭ توننا ئاق ھاراق، 100 مىڭ توننا ئۈزۈم ھارىقى، 400 مىڭ توننا پىۋا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەندى. 113 كارخانا ئۈستىدە قىلىنغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 315 مىڭ 300 توننا تاۋار ھاراق ئىشلەپچىقىرىلغان، ھازىرقى باھا بويىچە مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 530 مىليون يۈەنگە، سېتىش كىرىمى 1 مىليارد 532 مىليون يۈەنگە، تاپشۇرۇلغان باج 450 مىليون يۈەنگە، ئېلىنغان پايدا 54 مىليون يۈەنگە يەتكەن.

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى پىۋا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى 6 بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىلغان پىۋا 229 مىڭ تونىغا، مەھسۇلات قىممىتى 435 مىليون يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 182 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ پىۋا گۇرۇھىنىڭ يىللىق پىۋا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 150 مىڭ توننا، مۇپەتلىك مەھسۇلات بولغان بۇغداي ئۈندۈرمىسى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 40 مىڭ توننا، ئەينەك ياساملىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 20 مىڭ توننا. شىخۇ پىۋا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 200 مىڭ توننا. 2003 - يىلى «لەنبىڭ» ھاراقچىلىق چەكلىك شىركىتى مەبلەغ سېلىپ، يىللىق مەھسۇلاتى 50 مىڭ تونىلىق پىۋا كارخانىسى قۇردى، بۇ كارخانا شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

شىنجاڭ بويىچە ئاق ھاراق ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى 160تىن ئاشىدۇ، ئىلى ئالاھىدە ھارىقى، شىنئەن، ئاق تېرەك، سەنتەي، شوربۇلاقتىن ئىبارەت 5 كارخانىنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 65 مىڭ تونىغا يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاق ھاراق كارخانىلىرى ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ %43نى ئىگىلىدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 56 مىڭ 700 توننا ئاق ھاراق ئىشلەپچىقىرىلىپ، مەھسۇلات قىممىتى 666 مىليون يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 328 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈزۈم ھارىقى مەھسۇلاتى 30 مىڭ 300 توننا، مەھسۇلات قىممىتى 429 مىليون يۈەن، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 84 مىليون يۈەن بولدى. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا قارىغاندا، شىنجاڭدا ھازىر بار بولغان ئۈزۈم ھارىقى زاۋۇتى 40 تىن ئارتۇق بولۇپ، ئاساسلىق كارخانا «شىنتىيەن» خەلقئارا ئۈزۈم ھاراقچىلىقى شىركىتى، «كروران» ھاراقچىلىق شىركىتى، «غەربىي دىيار» ئۈزۈم ھاراقچىلىقى شىركىتى، شىنجاڭ «شياڭدۇ» ھاراقچىلىق شىركىتى، ئىلى ئۈزۈم ھازىرقى زاۋۇتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە «شىنتىيەن» خەلقئارا ئۈزۈم ھاراقچىلىقى شىركىتى فرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كىرگۈزگەن سائىتىگە 7000 ۋە 4000 بوتۇلكا تولۇق ئاپتوماتىك قاچىلايدىغان 2 يۈرۈش لىنىيىگە، 200دىن ئارتۇق 120 كۇب مېتىرلىق زامانىۋىلاشقان ئېچىتىش كومزىكىگە، 10 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق زامانىۋىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش سېخىغا ئىگە، ئۇنىڭ يىللىق ھاراق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 80 مىڭ توننا بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ، ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى بولۇپ قالدى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ھاراق ئىشلەش ئۈچۈن ئۆستۈرۈلگەن ئۈزۈم ئاز كەم 15 مىڭ گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە «شىنتىيەن» خەلقئارا ئۈزۈم ھاراقچىلىقى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۆستۈرگىنى 10 مىڭ گېكتار.

جيا ۋېنخاۋ

## خىمىيە سانائىتى تۇرمۇش بۇيۇملىرى كەسپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە خىمىيە سانائىتى تۇرمۇش بۇيۇملىرى كەسپىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 76 مىليون يۈەن بولدى (4 كارخانا ستاتىستىكا قىلىندى). ئاساسلىق مەھسۇلات مىقدارى: بىرىكمە سوپۇن پاراشوكى 23 مىڭ توننا، بىرىكمە سۇيۇق سوپۇن 26 مىڭ توننا، باتارېيە 28 مىليون دانە، سەرەڭگە 209 مىڭ 900 بولاق، كىر سوپۇنى 865 توننا، گىرىم بۇيۇملىرى مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 530 مىڭ يۈەن. ئاپتونوم رايون بويىچە مۇئەتتەر - پۇراقلىق ماتېرىياللار كەسپىنىڭ باشلامچى كارخانىسى بولغان شىنجاڭ خۇشپۇراق ماتېرىيال پەن - تېخنىكا تەرەققىيات پاي شىركىتى 2000 گېكتار يەرگە خۇشپۇراق ئۆسۈملۈك تېرىدى، ئاساسلىقى ئۆستىقۇددۇس، چۆل رەيھىنى، چۆل يالپۇزى، جەمبىل، مەستانگۈل، غەربىي ئوكيان تاتلىق زەنجىۋىلى، لىمون، دورىلىق تىزىمگۈل قاتارلىق تۈرلەردىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئاپتوماتىك كۆچەت يېتىشتۈرۈش زاۋۇتىدا يىلىغا 15 مىليون تۈپ خۇشپۇراق ئۆسۈملۈك، گۈل - گىياھ، مېۋە

كۆچىتى قاتارلىقلار يېتىشتۈرۈلىدۇ، يەنە تېز سۈرئەتتە كۆچەت كۆپەيتىدىغان قوياش نۇرلۇق پارنىكتىن 156نى ياسىدى. بۇ شىركەتنىڭ قوينۇق ۋە سۈزۈك ماي پىششىقلاپ ئىشلەش لىنىيىسىدە يىلىغا 40 مىڭ تونىنا نۇرلۇك خۇشپۇراق ئۆسۈملۈك بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، يىلىغا خۇشپۇراق قويۇق مايدىن 172 توننا، سۈزۈك مايدىن 28 توننا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، 10 توننا گۈل - چېچەك قۇرۇتۇلىدۇ.

جيا ۋېنخاۋ

# تۆزچىلىق

## تۆزچىلىق كەسپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 520 مىڭ 600 توننا خام تۇز ئىشلەپچىقىرىلدى. پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يودلۇق تۇز 140 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %19.8 ئاشتى، يودلۇق تۇزنىڭ سېتىلىشىدا ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. 484 مىڭ توننا تۇز مەھسۇلاتى سېتىلدى، بۇنىڭدىن ئاپتونوم رايون ئىچىدە سېتىلغىنى 450 مىڭ 700 توننا (سېتىلغان يېمەكلىك تۇزى 105 مىڭ 300 تونىنغا يېتىپ، %13.22، باشقا سانائەت تۇزى 85 مىڭ 300 تونىنغا يېتىپ، %11.07؛ ئاپتونوم رايوندىكى 2 ئىشقار سانائىتىگە ئىشلىتىلىدىغان تۇز 258 مىڭ تونىنغا يېتىپ، %17.09 ئاشتى)، ئاپتونوم رايون سىرتىغا يۆتكەلگەن يېمەكلىك تۇزى 33 مىڭ 300 تونىنغا يېتىپ، %21.01 ئاشتى.

2003 - يىلى ساھە بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 201 مىليون يۈەنگە، مەھسۇلات سېتىش كىرىمى 250 مىليون يۈەنگە، پايدا - باج سوممىسى 50 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە، پايدا 14 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ تۇزچىلىقىدا ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر:

1. پىلاننىڭ ئورۇندىلىشى تەكشى ئەمەس، رايونلار ئارا، كارخانىلار ئارا پەرق كۆرۈنەرلىك، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلار يەنىلا تۆۋەن سەۋىيىدە ئايلىنىپ تۇرماقتا.

2. ئايرىم كارخانىلارنىڭ تەلەپچانلىق ئېڭى تۆۋەن، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم رايونلارنىڭ تۇز پۇلىنى ئوراش - قاچىلاش پۇلىنى كەينىگە سۈرۈش ھادىسىسى يەنىلا بەك گەۋدىلىك.

3. تۇز مەمۇرىيىتىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە باھالاش - تەكشۈرۈش تۈزۈمى ياخشى ئەمەلىيلەشمىگەن، تۇز مەمۇرىيىتىدىكى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ تۇز مەمۇرىيىتىدىكى قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشى يېتەرسىز، بىر قىسىم خادىملارنىڭ تۇز مەمۇرىيىتىدىكى قانۇن - نىزاملارغا بولغان چۈشەنچىسى چوڭقۇر ئەمەس، تونۇشى يېتەرسىز.

4. ساھەنىڭ ئاساسىي باشقۇرۇش سەۋىيىسى تۆۋەن، ئىسلاھات - تەرەققىيات، يول ئېچىش - يېڭىلىق يارىتىشقا بولغان ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

تۇزچىلىق ئىدارىسى

## ساھە باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ تۇزچىلىقىدا نۇقتا قىلىپ بېكىتىلگەن ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا بولغان باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، «شىنجاڭنىڭ تۇزچىلىقىدا نۇقتا قىلىپ بېكىتىلگەن ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» تۈزۈپ چىقىلدى، نۇقتا قىلىپ بېكىتىلگەن ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، يۆتكەش، ساقلاش، ئاساسىي قۇرۇلۇش، سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت، ئوراش - قاچىلاش بەلگىسى، سېتىۋېلىش -

قىسقا ماتېرىيال

### يېنىك سانائەت

يېنىك سانائەت دېگەندە ئاساسلىقى تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان ۋە قول ھۈنەر سايمىنى ياسايدىغان سانائەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنى ئىشلىتىلىدىغان خام ئەشيانىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ مۇنداق 2 چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: (1) يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى خام ئەشيا قىلىنىدىغان يېنىك سانائەت، بۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك ئاساسىي خام ئەشيا قىلىنىدىغان يېنىك سانائەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى يېمەكلىك، ئىچىملىك ئىشلەش، تاماكا پىششىقلاش، توقۇمىچىلىق، تىككۈچىلىك، كۆن - خۇرۇم ۋە يۇڭ - تېرە بۇيۇملىرى ئىشلەش، قەغەز ياساش ۋە باسمىچىلىق قاتارلىق سانائەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (2) يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن باشقا مەھسۇلاتلار خام ئەشيا قىلىنىدىغان يېنىك سانائەت، بۇ سانائەت بۇيۇملىرى خام ئەشيا قىلىنىدىغان يېنىك سانائەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى مەدەنىيەت - مائارىپ - تەنتەربىيە بۇيۇملىرى، خىمىيۋى دورا ئىشلەش، بىرىكمە تالا ئىشلەش، خىمىيۋى تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئەينەك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، مېتال تۇرمۇش بۇيۇملىرى، قول ھۈنەر سايمانلىرى ياساش، داۋالاش سايمانلىرى ياساش، مەدەنىيەت ۋە ئىشخانا ماشىنىلىرى ياساش قاتارلىق سانائەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمەللەش، راسچوت قىلىش، ستاتىستىكىلاش قاتارلىق خىزمەتلىرى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ساھە باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۇز تىجارىتى قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ كۆپ قىسمى سۈپەت دەرىجىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى، بۇنىڭ ئىچىدە AA دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتكىنى 31، A دەرىجىلىكى 39.

تۇزچىلىق ئىدارىسى

## تۇز مەمۇرىيىتىدە قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ تۇز مەمۇرىيىتىدە قانۇن ئىجرا قىلىش خادىملىرى تۇزچىلىق قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 2983نى تەكشۈرۈپ، بۇنىڭدىن 2920نى ئاياغلاشتۇردى، شەخسلەر ئىگىلىۋالغان 2783 توننا تۇز قولغا چۈشۈرۈلۈپ، تۇزچىلىق كەسپىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش-سېتىش تەرتىپى قوغداپ قېلىندى.

تۇزچىلىق ئىدارىسى

# تىببىي دورا سانائىتى

## تىببىي دورا سانائىتىنىڭ ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تىببىي دورا سانائىتىدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 400 مىليون 500 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) بولۇپ، 2002- يىلدىكىدىن %5.8؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 108 مىليون 340 مىڭ يۈەن بولۇپ، %46.8، سېتىش كىرىمى 362 مىليون 330 مىڭ يۈەن بولۇپ، %5.5 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ پايدا سوممىسى 7 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.74 ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش نىسبىتى %91.5كە يېتىپ، 0.4 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى. باج - پايدا 31 مىليون 360 مىڭ يۈەن بولۇپ، %23.99 تۆۋەنلىدى.

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ تىببىي دورا سانائىتىدە ئېكسپورتقا تاپشۇرۇلغان مال قىممىتى 16 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %4.59 تۆۋەنلىدى.

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ تىببىي دورا سانائىتى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر: بىرىنچىدىن، «سارس» نىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئېفېدرىن ۋە چۈچۈكبۇيا ياسالمىلىرىنىڭ ئېكسپورتى تۆۋەنلەپ كەتتى؛ ئىككىنچىدىن، تىببىي دورا سانائىتى كارخانىلىرى GMP گۇۋاھلىقىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن تېخنىكا ئۆزگەرتىش سېلىنمىسىنى زورايتقانلىقتىن، كارخانىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىشىغا تەسىر يەتتى.

ۋاڭ كەيشۈن

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ تىببىي دورا ساھەسىدە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن 9ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭدىن 3ى داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈر، 6 سى يېڭىدىن يولغا قويۇلغان تۈر. يېڭىدىن يولغا قويۇلغان تۈرلەر: شىنجاڭ خەلقئارا ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئېفېدرىن ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنىڭ تېخنىكىسىنى GMP ئۆلچىمى بويىچە ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ شىركان ئۇيغۇر دورىگەرلىكى چەكلىك شىركىتىنىڭ GMP ئۆلچىمى بويىچە باشقا جايدا ئېلىپ بارىدىغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر دورىگەرلىكى چەكلىك شىركىتىنىڭ GMP ئۆلچىمى بويىچە باشقا جايدا ئېلىپ بارىدىغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ ئوسما بىئولوگىيە پەن - تېخنىكىسى شىركىتىنىڭ دورا زاۋۇتىنى GMP ئۆلچىمى بويىچە ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ بىئو - خىمىيە دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ دورا زاۋۇتىنى GMP ئۆلچىمى بويىچە ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ «تيەنكاڭ» چارۋا بىئولوگىيە چەكلىك شىركىتىنىڭ چارۋا دوختۇرلۇقىدا ئىشلىتىلىدىغان بىئولوگىيە ياسالمىلىرى تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى. تۈرلەرگە پىلان بويىچە سېلىنغان مەبلەغ 397 مىليون يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %58.8 ئاشتى، 9 تۈر ئىچىدە 5 تۈر پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

ۋاڭ كەيشۈن

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ تىببىي دورىگەرلىك ساھەسىدە دورىلىق ئۆسۈملۈك ئىشلەپچىقىرىشقا ياردەم بېرىلىدىغان 3 تۈر دۆلەت تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى تەرىپىدىن تەستىقلاندى ھەمدە يولغا قويۇلدى. بۇ تۈرلەر: شىنجاڭ دورىگەرلىك گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭنىڭ خەۋپ ئاستىدا قالغان دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، خوتەن «تيەنلى» قۇملۇقتا ئۆسىدىغان دورىلارنى ئېچىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ توشقان زەدىكىنى تېرىپ ئۆستۈرۈش بازىسى قۇرۇلۇشى، بۇرۇلتوقاي «يېڭى دىيار» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى بولغان چۈچۈكبۇيىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ تېرىش - يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت. بۇ تۈرلەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ 22 مىليون 330 مىڭ يۈەن،

بۇنىڭدىن دۆلەت ئاجرىتىپ بېرىدىغان مەخسۇس مەبلەغ 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن. 2003 - يىلى تىببىي دورا ساھەسىدە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش (يېڭى مەھسۇلات كەشىپ قىلىش، يېڭى تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش) تۈرىدىن 15ى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى مەھسۇلات تۈرى 6. ئۇلار: چۇچۇكبۇيا سىنىك كاربازول جاراھەت ساقايتىش كاپسۇلى، پولى ساخارىدلىق ئالقات تابلېتكىسى ۋە كاپسۇلى، دورا ئارىلىق ماددىسى — شىنجاڭ دورىلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان زاراڭزا ئاجرىتىلمىسىنى كەشىپ قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش، مېتىل بېنزول - كاربوزول كاپسۇلى (قاتتىق ئۈۋاق دورا كاپسۇلى) نى كەشىپ قىلىش، مۇرەككەپ ئازغان - قىزىلمارال شەربىتىنى كەشىپ قىلىش، ئىشەك يىلىمى - ئويتېر قۇلۇلىسى شۇمۇرمىسىنى كەشىپ قىلىش.

ۋاڭ كەيشۈن

## كارخانا تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتى

شىنجاڭ دورىگەرلىك گۇرۇھى شىنجاڭ يېڭى، ئالاھىدە دورا - مىللىيچە دورا شىركىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، گۇرۇھ شىركىتىنىڭ كەسپىي بۆلۈمى، قاراماي شەھەرلىك تىببىي دورا شىركىتى، قەشقەر تىببىي دورا ماتېرىياللىرى گۇرۇھى شىركىتى، بىرلەشمە 2 «دېلوڭ» كەسپىي مەبلەغ باشقۇرۇش چەكلىك شىركىتى، شاڭخەي «جياڭسۇ» مەبلەغ باشقۇرۇش شىركىتى بىلەن بىرلىكتە مەبلەغ سېلىپ، شىنجاڭ يېڭى، ئالاھىدە دورا - مىللىيچە دورا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى تەشكىللىدى ھەمدە سانجى ئوبلاستلىق دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتىنى تولۇق سېتىۋالدى. بايلىقنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشى، ئۈستۈنلۈكنىڭ ئۆز ئارا تولۇقلىنىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ يېڭى، ئالاھىدە دورا- مىللىيچە دورا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارى، مەبلەغ ھەرىكىتى ئىقتىدارى ۋە مەبلەغ باشقۇرۇش ئىقتىدارى كۈچەيدى ۋە ئۆستى. 2003 - يىلى شىنجاڭ يېڭى، ئالاھىدە دورا - مىللىيچە دورا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ سېتىش كىرىمى (باج شۇنىڭ ئىچىدە) 1 مىليارد 68 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %20.79، پايدىسى 31 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %40.1 ئاشتى، سەرپىيات نىسبىتى %5.5 بولۇپ، 1.8 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمى مەملىكەت بويىچە ئوخشاش ساھەلەر ئىچىدە ئالدىنقى 20 - ئورۇنغا تىزىلدى. كورلا تىببىي دورا پونكىتى بىلەن بايىنغولىن ئوبلاستلىق دورا ماتېرىياللىرى شىركىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ دورىگەرلىك گۇرۇھىنىڭ كورلا تىببىي دورا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قىلىپ تەشكىللەندى. شىنجاڭ دورا زاۋۇتى بىلەن شىنجاڭ جۇڭيى دورىسى باش زاۋۇتى بىرلەشتۈرۈلۈپ قايتا تەشكىللەندى، 2 زاۋۇتنىڭ دورا تۈرلىرى، تېخنىكىسى، ئادەم كۈچى، مال - مۈلكى قاتارلىق بايلىقلىرىنىڭ بىرلىشىشى نەتىجىسىدە كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش شەكىللەندى.

ۋاڭ كەيشۈن

# تاماكىچىلىق سانائىتى

## پاپىروس سانائىتىنىڭ ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ پاپىروس زاۋۇتى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق ھالدا «ئەلالىرىغا، كۈچلۈكلىرىگە مەدەت بېرىلىدىغان» 30 كۈچلۈك كارخانا قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 4- ئايدا شاڭخەي سۈپەت سىستېمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش مەركىزىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىنى ئۆزگەرتىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى. ISO9000 ئۆلچىمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش ئارقىلىق، ھەر دەرىجىلىك سۈپەت كاپالەتلىك سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. يېڭىدىن نەشر قىلىنغان «پاپىروس ھۈنەر - سەنئىتى ئۆلچىمى» دىكى تەلەپلەرگە ئاساسەن، ھۈنەر- سەنئەت كۆرسەتكۈچى قۇرۇپ چىقىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتىنى باشقۇرۇش قېلىپلاشتۇرۇلدى، تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەرنى تەكشۈرۈش ۋە تىزگىنلەش كۈچەيتىلدى، ھۈنەر - سەنئەتنى تەكشۈرۈش ۋە سىناش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، مەھسۇلاتنىڭ پەن - تېخنىكا تەركىبى ئۆستۈرۈلدى. يېڭىدىن ياسالغان «ئۈچ يۇلتۇزلۇق قار لەيلىسى» نىڭ يۈزلىنىشى مۇقىم بولۇۋاتىدۇ، ئۆزىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان پاپىروسلارنىڭ قۇرۇلمىسى كۆرۈنەرلىك ئۆزگەردى، 3 - خىلدىن يۇقىرى بولغان ئۆزىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان تاماكىنىڭ نىسبىتى %33كە يەتتى. 2003 - يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان پاپىروس 125 مىڭ يەشىككە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %4.6، سېتىلغان پاپىروس 125 مىڭ يەشىككە يېتىپ، %4.57، باج سوممىسى 250 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.94 ئاشتى.

جاڭ شۇۋېن

# ئۇمۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك

## ئۇمۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ ئۇمۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى خۇسۇسىي كارخانا 36 مىڭ 617 گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %1 .31 كۆپەيدى، كەسىپكار 491 مىڭ 700 گە يېتىپ، %27 كۆپەيدى، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 49 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7 .45؛ يەككە سودا- سانائەت ئورنى 449 مىڭ 911 گە يېتىپ، %2 .4، كەسىپكار 706 مىڭ 600 گە يېتىپ %7 .7 ئاشتى، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 7 مىليارد 989 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1 .13 ئاشتى.

دۇڭ جياڭ

## يېزا - بازارلاردىكى ئۇمۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى يەككە ئىگىلىكتىكىلەر ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سېلىپ قۇرغان يېزا - بازار كارخانىسى 322 مىڭ 700 گە يېتىپ، شىنجاڭدىكى ئۇمۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى كارخانىلار ئۇمۇمىي سانىنىڭ %71 .71 ىنى، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى يېزا - بازار كارخانىسى 11 مىڭ 100 گە يېتىپ، %30 نى ئىگىلىدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئۇمۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 525 مىليون يۈەنگە يېتىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇمۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك مىقدارىنىڭ تەخمىنەن %20 ىنى ئىگىلىدى.

جاڭ جيېنىو

## پۇقراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى پۇقراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىسى 966 گە يەتتى. ستاتىستىكىلىق جەدۋىلى يۇقىرىغا يوللانغان 767 پۇقراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىسىنىڭ ئەھۋالىنى ستاتىستىكا قىلغاندا، دۆلەت كارخانىسى 27 بولۇپ، %5 .3نى، كوللېكتىپ كارخانا 19 بولۇپ، %5 .2 نى، پاي ھەمكارلىق كارخانىسى 5 بولۇپ %7 .0 نى، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 560 بولۇپ، %73نى، پاي چەكلىك شىركىتى 21 بولۇپ، %7 .2 نى، خۇسۇسىي كارخانا 106 بولۇپ، %8 .13 نى، شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك سودىگەرلەر ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانا 9 بولۇپ %2 .1 نى، باشقا ئىگىلىك تىپىدىكى كارخانا 20 بولۇپ %6 .2نى ئىگىلىگەن.

2003 - يىلى پۇقراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ ئۇمۇمىي مۇلكىنىڭ قىممىتى 20 مىليارد 462 مىليون 261 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇلۇك قىممىتى 1 مىليون يۈەندىن تۆۋەن كارخانا 455، 1 مىليون يۈەندىن 10 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 209، 10 مىليون يۈەندىن 100 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 80، 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 23. كارخانىلارنى ئىگىلىك تىپى بويىچە ئايرىغاندا: دۆلەت كارخانىلىرى مۇلكىنىڭ قىممىتى 138 مىليون 358 مىڭ يۈەن بولۇپ كارخانا ئۇمۇمىي مۇلۇك




2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى 30 كۈچلۈك پۇقراۋى كارخانىغا نام بېرىش يىغىنى ئاچتى. سۈرەتتە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى 30 كۈچلۈك پۇقراۋى كارخانىغا تەقدىرنامە بەرمەكتە.

سۈرەتنى سودا - سانائەت ئىدارىسى تەمىنلىگەن.

قىممىتىنىڭ %0.7 نىنى، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ 113 مىليون 849 مىڭ يۈەن بولۇپ %0.6نى، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنىڭ 9 مىليارد 424 مىليون 944 مىڭ يۈەن بولۇپ %46نى، پاي چەكلىك شىركەتلىرىنىڭ 8 مىليارد 87 مىليون 980 مىڭ يۈەن بولۇپ %39.5 نى، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ 2 مىليارد 407 مىليون 197 مىڭ يۈەن بولۇپ %11.8 نى، شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك سودىگەرلەر ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ 211 مىليون 10 مىڭ يۈەن بولۇپ %1 نى، باشقا كارخانىلارنىڭ 78 مىليون 917 مىڭ يۈەن بولۇپ %0.4 نى ئىگىلىدى.

2003 - يىلى پۇقراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ كەسپكارى 32 مىڭ 946 گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %26.9 ئاشتى. كەسپكارلار ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 5166، تەتقىقات ۋە تەجرىبە تەرەققىياتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 2751؛ ئالىي ئۇنۋانى بارلار 1934، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 4273، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 6484؛ ئوقۇش تارىخى بويىچە ئايرىغاندا دوكتور 105، ماگىستىر ئاسپىرانتى 512، ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەنلەر 5660، ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 8358، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 4917، ئۇنۋانى بارلار ئومۇمىي سانىنىڭ %38.5 نىنى، ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر %59.3 نى ئىگىلەيدۇ.

2003 - يىلى پۇقراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 451 مىليون 815 مىڭ يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 907 مىليون 792 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي كىرىم 10 مىليارد 404 مىليون 156 مىڭ يۈەنگە يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكىدىن قىلىنغان كىرىم 577 مىليون 694 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ %5.5 نىنى، مەھسۇلات سېتىش كىرىمى 5 مىليارد 886 مىليون 67 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %56.6 نى، تاۋار سېتىش كىرىمى 2 مىليارد 860 مىليون 317 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %27.5 نى، باشقا كىرىم 1 مىليارد 80 مىليون 78 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.4 نى ئىگىلىدى. بۇ كارخانىلار بىر يىلدا 545 مىليون 37 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى، 1 مىليارد 141 مىليون 899 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى، 140 مىليون 857 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت ياراتتى. كارخانىلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئىگىدارىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتى قىممىتى 9 مىليارد 838 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، كارخانا مۈلكىنىڭ ئوتتۇرىچە قەرزدارلىق نىسبىتى %52 كە يەتتى. تېخنىكا، سودا - سانائەت كىرىمى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانىلار تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭ «گۇاڭشيا» ئۆي-زېمىن سودا تورى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «خوڭجىڭ» مەبلەغ سېلىش شىركىتى، «ماركور» خەلقئارالىق ئۆي جاھازلىرى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ جۇڭگو رەڭلىك پاختا پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «ماركور» ئۆي جاھازلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «مەيچۇر» گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنكاڭ» چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ يېڭى «خۇاليەن» مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قاراماي «تالىن» سانائەت - سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ پىۋا (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قاراماي شەھەرلىك «سەندا» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «ئالتۇن كالا» بىئولوگىيە پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «غەربىي يۇرت» يېزا - ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قاراماي «ئۈمىد» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «جىنشى» ئۆي سېتىۋېلىش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «جىنفېڭ» پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى، قاراماي شەھەرلىك «ئالتۇن كالا» قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «يېڭى ئۈمىد» يەم - خەشەك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «جېرۇيشياڭ» مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ قاراماي «رۇڭجاڭ» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى.

پۇقراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ يىللىق چىقىمى 8 مىليارد 609 مىليون 553 مىڭ يۈەنگە يەتتى، پەن- تېخنىكا پائالىيىتى خىراجىتى 277 مىليون 650 مىڭ يۈەن (پەن تەتقىقاتى تەجرىبە تەرەققىيات خىراجىتى 134 مىليون 414 مىڭ يۈەن) بولدى. پەن - تېخنىكا پائالىيىتى خىراجىتىنى كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي خاراكتېرى بويىچە ئايرىغاندا: دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سېلىنمىسى 18 مىليون 648 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.7 نى، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ 5 مىليون 628 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %2 نى، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنىڭ 164 مىليون 847 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %59.4 نى، پاي چەكلىك شىركەتلىرىنىڭ 68 مىليون 452 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %24.7 نى، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ 11 مىليون 365 مىڭ يۈەنگە يېتىپ %4.1 نى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك سودىگەرلەر، چەت ئەللىك

سودىگەرلەر قۇرغان كارخانىلارنىڭ 8 مىليون 2000 يۈەنگە يېتىپ، 2.9% نى، باشقا كارخانىلارنىڭ 708 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 0.2% نى ئىگىلىدى.

2003 - يىلى يۇقىرىقى يەن - تېخنىكا كارخانىلىرى 111 تۈرلۈك پاتېنتنى قوبۇل قىلىشنى، 89 تۈرلۈك پاتېنتقا ھوقۇق بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى، 94 تۈرلۈك پاتېنت يولغا قويۇلدى.

ئەكپەر

## ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەكلىپ

ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 2003 - يىل 3 - ئايدا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرى ھەمدە بىۋاسىتە قاراشلىق ئەزا كارخانىلارنى تەشكىللەپ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، يىل ئاخىرىغا قەدەر 23 پارچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ ماقالىلەرنىڭ ئىچىدىكى «يالغۇز گۈل ئېچىلسا ئەمەس ئۇ باھار، ئېچىلسا بارچە گۈللەر كېلىدۇ شۇ باھار» ناملىق ماقالە مەملىكەتنىڭ بىرلىك سەپ سىستېمىسىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرى بويىچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ئاپتونوم رايوننىڭ بىرلىك سەپ سىستېمىسىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) «ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ھەققىدە بىرقانچە تەكلىپ»نى ئوتتۇرىغا قويدى، بىرىنچى، ئاپتونوم رايونلۇق ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش. ئىككىنچى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ئائىت سىياسەت جەھەتتە يۆلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكى ئىگىلىك بىلەن ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىككە، تاشقى مەبلەغ بىلەن ئىچكى مەبلەغكە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، ھەممىسىنى خەلق ئىگىلىكى تەمىناتىدىن بەھرىمەن قىلىش. ئۈچىنچى، ئاپتونوم رايوننىڭ شەرەپلىك ئىشلار پائالىيىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى يۇقىرىقى كارخانىچىلارنى شىنجاڭنىڭ شەرەپلىك ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا جەلپ قىلىش. تۆتىنچى، ئاپتونوم رايوندا ھەق ئېلىش ئېنىق كارتوچكىسى تۈزۈمىنى بىر تۇتاش يولغا قويۇپ، كەسىپ ۋە مەبلەغ سىياسىتىنى ئېلان قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش. بەشىنچى، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ قەرز ئېلىش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇش. ئالتىنچى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 2 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا ئالاھىدە يۆلەش سىياسىتى يولغا قويۇش. يەتتىنچى، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش.

دىلى تيېمبي

## 33 يۇقىرىقى كارخانا نۇقتىلىق يۆلىنىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى

ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 - يىل 10 - ئايدا ئېچىلغان نۇقتىلىق يۆلىنىدىغان يۇقىرىقى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش سۆھبەت يىغىنىدا 33 يۇقىرىقى كارخانا 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق يۆلىنىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى ھەمدە ئۇلارغا لەۋھە تارقىتىپ بېرىلدى. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: «تەيچاڭ» ئوقەتچىلىكى، «يەتتە يۇلتۇز» بىناكارلىق گۇرۇھى، «تيەندى» گۇرۇھى، «بەيشاڭ» گۇرۇھى، تەڭرىتاغ ئۈنى (گۇرۇھى)، «تەيكۇن» گۇرۇھى، «جىنتا» مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى، قاراماي يېڭى «كېتاۋ» خىمىيە سانائىتى، «كاگيۇمبي» دادۇرچىلىقى، «يېڭى ئۇمىد» يەم - بوغۇزچىلىقى، كۈيتۈڭ «يۇنسەن» توقۇمىچىلىقى، «جىرۋىشياڭ» مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى، «توفېڭ» پاختىچىلىقى، «جيايۇ» سودا - سانائەت گۇرۇھى، سەنتەي ھاراقچىلىقى، شوربۇلاق ھاراقچىلىقى، شىخۇ چىڭشۇر كۆمۈرچىلىكى، «دېخۇي» ئۆي سېتىۋېلىشى، «خوڭشىڭ» شىركىتى، «تيەنخې» خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، «شياڭدۇ» ھاراقچىلىقى، «تېفېڭ» دورىگەرلىكى، «لۇچى» كارخانىسى، قۇمۇل «چاڭليەن» ئۈچەيچىلىكى، «شىنتېشۇن» ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى، «دامىڭ» ئوقەتچىلىكى، «لۇدادى» پولات ئىلمەكچىلىكى، «جىنشى» ئۆي سېتىۋېلىشى، سىچۈەن توك سايمانلىرى زاۋۇتى، «خۇڭتەي» كانچىلىقى، «بولەن» سېمونتچىلىقى، «سەنۋېي» كانچىلىقى، «ئارمان» ئوقەتچىلىكى.

دىلى تيېمبي

## شىنجاڭدىكى 30 كۈچلۈك يۇقىرىقى كارخانا

ش ئۇ ئا ر يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ماسلاشتۇرۇش

رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 2003 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى 2002 ـ يىلى شىنجاڭدىكى 30 كۈچلۈك يۇقىراۋى كارخانىغا نام بېرىش يىغىنى ئاچتى. شىنجاڭدىكى 30 كۈچلۈك يۇقىراۋى كارخانا تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭ «دېلۇڭ» (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «خۇالىڭ» سودا ـ سانائەت (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ئالتاي ياۋا ئات ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى، «ماركو» خەلقئارا ئۆي جاھازلىرى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ سەنتەي ھاراقچىلىقى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «يەتتە يۇلتۇز» بىناكارلىق (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى «تېلى» تېلېگراف ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى؛ شىنجاڭ «دېخۇي» ئوقەتچىلىك (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ يېڭى «خۇالىيەن» مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تېيفېڭ» دورىگەرلىك پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنلۇڭ» كانچىلىقى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «خۇايۈەن» ئوقەتچىلىكى (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ سانجى شەھىرى «خۇەنيۇ» خوجىلىق تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «توڭخۇي» قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «يۇڭچاڭ» بىرىكمە ماتېرىياللار پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «شىندا» سودا چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «خۇاياڭ» ئوقەتچىلىكى (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «خوڭجىڭ» مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تيەندى» (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «بەيشاڭ» مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، تارباغاتاي ۋىلايىتى «جېڭتا» بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش چەكلىك شىركىتى، ئالاتاۋ پورتى «ياليەن» سودا چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ جۇڭگو رەڭلىك پاختا پەن ـ تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ كورلا شەھىرى «ياڭفەن» ئۆي سېتىۋېلىش تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، ئىلى «يىڭجيەن» ئۆي ـ زېمىن تەرەققىياتى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «خۇڭتەي» بىناكارلىق (گۇرۇھى) شىركىتى، شىنجاڭ كۈيتۇڭ «يۇنسېن» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ئاقسۇ «يۇڭئەن» ئاساسىي قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «ئارمان» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى.

دېڭ تىيىمىي

## 3 يۇقىراۋى كارخانا مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا 500 كۈچلۈك يۇقىراۋى كارخانا قاتارىغا كىردى

2003 ـ يىلى مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى 2002 ـ يىللىق كۆلىمى زور 500 كۈچلۈك يۇقىراۋى ئەزا كارخانىنى باھالاش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى. 500 كارخانىنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ «دېلۇڭ» (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 10 ـ، شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 13 ـ، شىنجاڭ «خۇڭدا» مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى 407 ـ بولدى.

دېڭ تىيىمىي

## 2 يۇقىراۋى كارخانا جۇڭگو خۇسۇسىي كارخانىلىرى ئىچىدىكى 50 كۈچلۈك باج تاپشۇرغۇچى كارخانا قاتارىغا كىردى

دۆلەت باش باج ئىدارىسى پىلان ـ ستاتىستىكا مەھكىمىسى 2003 ـ يىل 10 ـ ئايدا «جۇڭگو باج ئىشلىرى» ژۇرنىلى ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگودىكى خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئىچىدىكى باج تاپشۇرغۇچى 50 كۈچلۈك

شىنجاڭنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدىكى يەككە سودا ـ سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ 2003 ـ يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

| تۈرى | ئورۇن | كەسپكار | تىزىملاتقان مەبلىغى (تۈمەن يۈەن) | مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | تىجارەت كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | پارچە سېتىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 449911 | 706556 | 798906 | 650109 | 6291935 | 2217088 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 62495 | 118814 | 196190 | 19123 | 692666 | 285118 |
| قاراماي شەھىرى | 14328 | 22842 | 61548 | 9528 | 97147 | 65677 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| شىخەنزە شەھىرى | 20648 | 32745 | 47653 | 7943 | 91069 | 67308 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 21269 | 33309 | 25035 | 4190 | 35583 | 25911 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 13547 | 19434 | 32066 | 10073 | 68188 | 57968 |
| سانجى ئوبلاستى | 34574 | 64775 | 70040 | 31683 | 138942 | 82166 |
| ئىلى ئوبلاستى | 91384 | 132248 | 143588 | 33238 | 264462 | 188687 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | 47746 | 75695 | 72564 | 16635 | 124236 | 99581 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 30097 | 38756 | 53667 | 11602 | 92012 | 52270 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 13541 | 17797 | 17357 | 5001 | 48214 | 36836 |
| بورتالا ئوبلاستى | 12902 | 18437 | 22980 | 4755 | 36845 | 23994 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 40092 | 61046 | 89774 | 25523 | 175577 | 135166 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 39304 | 59539 | 44296 | 26762 | 107296 | 73608 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 6371 | 10440 | 5208 | 1361 | 11656 | 7145 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 52906 | 76650 | 40653 | 23854 | 95275 | 86742 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 31091 | 56277 | 19875 | 3424 | 26921 | 22654 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

كارخانىنىڭ رەت تەرتىپىنى تۈرغۇزدى. شىنجاڭ «گۇاڭشيا» ئۆي - زېمىن سودا تورى چەكلىك شىركىتىنىڭ تاپشۇرغان بېجى 23 مىليون 10 مىڭ يۈەن بولۇپ، 16 -؛ شىنجاڭ «خۇالىڭ» گۇرۇھى «خۇالىڭ» ئۇنىۋېرسال بازىرىنىڭ تاپشۇرغان بېجى 10 مىليون 640 مىڭ يۈەن بولۇپ 35 - بولدى.

دېڭ تيېمبې

## ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى جۇڭگونىڭ ماشىنىسازلىق ساھەسىدىكى 500 كۈچلۈك كارخانا قاتارىغا كىردى

2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جۇڭگو ماشىنىسازلىق سانائىتى كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش جەمئىيىتى تەشكىللىگەن، دۆلەتلىك ماشىنىسازلىق تورى ئۆتكۈزگەن جۇڭگونىڭ ماشىنىسازلىق ساھەسىدىكى 500 كۈچلۈك كارخانىنى باھالاش پائالىيىتىدە شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى 83 - بولدى.

دېڭ تيېمبې

## ئالتاي ياۋا ئات ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ تاشقى سودا نەتىجىسى شىنجاڭ بويىچە 1 - بولدى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ ئالتاي ياۋا ئات ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 250 مىليون دوللارغا، ئىمپورت سوممىسى 15 مىليون دوللارغا، تاپشۇرغان بېجى 8 مىليون 800 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا يېتىپ، شىنجاڭدىكى تاشقى سودا كارخانىلىرى ئىچىدە نەتىجىسى 1 - بولدى.

دېڭ تيېمبې

## 2 نەتىجە ئاپتونوم رايوننىڭ بوشلۇقىنى تولدۇردى

شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى تەتقىق قىلىپ ياسىغان ZHSFPTB — 10800 كىلوۋولت/220 كىلوۋولتلۇق چوڭ ھەجىملىك توك توغرىلىغۇچلۇق ترانسفورماتور 2003 - يىل 4 - ئايدا مۇۋەپپەقىيەتلىك سىناق قىلىنىپ، دۆلەتلىك ترانسفورماتور سۈپىتىنى تەكشۈرۈش - سىناش مەركىزىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېلېكترلەشكەن تۆمۈريولدا ئىشلىتىلىدىغان SF9 — QY — 31500/110 تىپلىق سۈرئەتلىدىغان تۈز ترانسفورماتور مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىپ ياسىلىپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. بۇ 2 تۈرلۈك نەتىجە شىنجاڭنىڭ شۇ خىلدىكى مەھسۇلاتلىرى جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى.

دېڭ تيېمبې

## تۇنجى نوۋەتلىك خۇسۇسىي كارخانىلار مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسى

شىنجاڭ 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە تۇنجى نوۋەتلىك خۇسۇسىي كارخانىلار كۆرگەزمىسى ۋە مەھسۇلاتلار يەرمەنكىسى ئۆتكۈزدى. يەرمەنكىدە 208 يايما ئورنى تەسىس قىلىندى، شىنجاڭدىكى 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىككە تەۋە 180 نەچچە كارخانا يەرمەنكىگە قاتناشتى. يەرمەنكىدە ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون، بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى، چارۋىچىلىق، ساياھەتچىلىك ۋە ئۆي - زېمىن قاتارلىق كەسىپلەرگە دائىر تۈرلەر كۆرگەزمە قىلىندى. يەرمەنكىدە 176 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى 19 تۈر ئىمزالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە قىممىتى 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان تۈر 9، 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان تۈر 4.

دىلى تىيىمبى

## ئالاھىدە ترانسفوماتور ئېلېكتر سانائىتى غەربىي شىمال 750 كىلوۋولتلۇق ئۆزگىرىشچان توك يەتكۈزۈش ئۈلگە قۇرۇلۇشىغا خېرىدار بولدى

2003 - يىلى شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي شىركىتىنىڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى خېڭياڭ ترانسفوماتور چەكلىك شىركىتى غەربىي شىمال 750 كىلوۋولتلۇق ئۆزگىرىشچان توك يەتكۈزۈش ئۈلگە قۇرۇلۇشىغا خېرىدار بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 750 كىلوۋولتلۇق رېئاكتىۋ ئۇسكۈنىسى ئىشلەپچىقىرالايدىغان تۇنجى كارخانىغا ئايلاندى.

دىلى تىيىمبى

## «ئالاھىدە ترانسفورماتور» ماركىلىق ئېلېكتر سىم - كابېل مەھسۇلاتلىرى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈشى كەچۈرۈم قىلىش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى

دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش - نازارەت قىلىش باش ئىدارىسى 2003 - يىل 12 - ئايدا ئېيجىڭدا 2003 - يىللىق دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈشنى كەچۈرۈم قىلغان مەھسۇلات ۋە ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «ئالاھىدە ترانسفورماتور» ماركىلىق ئېلېكتر سىم - كابېل مەھسۇلاتلىرى دۆلەتنىڭ سۈپەت تەكشۈرۈشنى كەچۈرۈم قىلىش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى، كەچۈرۈم قىلىش مۇددىتى 2003 - يىل 12 - ئايدىن 2006 - يىل 12 - ئايغىچە بولدى.

دىلى تىيىمبى

## «گۇاڭخۇي» ئېنېرگىيە شىركىتى سۈپەت باشقۇرۇش گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى

2003 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئېنېرگىيە شىركىتى ISO9001،2000 سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسى 3 - تەرەپنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ۋە تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. بۇ كارخانا شىنجاڭنىڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە كەسپىدە تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن تۇنجى كارخانا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «گۇاڭخۇي» ئېنېرگىيە شىركىتىنىڭ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش كۆلىمى ئاز كەم 6 مىليون كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ.

دىلى تىيىمبى

## شىنجاڭ جۇڭگو رەڭلىك پاختا پاي چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى

دۆلەت سودا - سانائەت ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ «تيەنسەي» پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى 2003 - يىل 6 - ئايدا ئۆز نامىنى شىنجاڭ جۇڭگو رەڭلىك پاختا پاي چەكلىك شىركىتى دەپ ئۆزگەرتتى، بۇ شىنجاڭنىڭ يەرلىك سانائەت كارخانىلىرى ئىچىدە تۇنجى شىركەت نامىنىڭ بېشىغا «جۇڭگو» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن كارخانىدۇر. بۇ شىركەت شىنجاڭنىڭ رەڭلىك پاختىچىلىقىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانا بولۇپ، رەڭلىك پاختا تېرىلغۇ كۆلىمى 16 مىڭ 700 گېكتارغا، ساپ پاختا ھوسۇلى 18 مىڭ 150 تونناغا يەتتى، مەھسۇلات مىقدارى دۇنيا مەھسۇلات مىقدارىنىڭ %16 نى، مەملىكىتىمىز مەھسۇلات مىقدارىنىڭ %95 نى ئىگىلىدى، رەڭلىك پاختىنىڭ ئاخىرقى مەھسۇلاتى 9 تۈر 400 نەچچە خىلغا يەتتى ھەمدە تۈركىيىگە رەڭلىك پاختا يىپى ئېكسپورت قىلىپ جۇڭگو رەڭلىك پاختىلىرى ئېكسپورت قىلىنماسلىقتەك تارىخقا خاتىمە بەردى. 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى «تيەنسەي» ماركىلىق رەڭلىك پاختا يىپ جۇڭگونىڭ داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

دىلى تىيىمبى

## «دېلۇڭ» گۇرۇھى «ميۇل» شىركىتىنى سېتىۋالدى

شىنجاڭ «دېلۇڭ» گۇرۇھىنىڭ 80 مىليون دوللار مەبلەغ سېلىپ ئامېرىكىنىڭ «ميۇل» شىركىتىنى سېتىۋېلىش لايىھىسى 2003 - يىل 10 - ئايدا دۆلەت تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى تەرىپىدىن تەستىقلاندى. شىركەت سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن دۇنيادىكى باغۋەنچىلىك ماشىنىلىرىنىڭ 3 - چوڭ مەھسۇلات نامى «دېلۇڭ» گۇرۇھىنىڭ پاي كونترول شىركىتىگە تەۋە. شىنياڭ بىرىكمە مېتال مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ تولۇق

مەبلەغلىنىڭ شىركىتىگە تەۋە بولىدۇ. بۇ جۇڭگو يۇقىراۋى كارخانىلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دىڭ تىيمىي

شىنجاڭدىكى شەھەر - يېزا سودا بازارلىرىنىڭ 2003 - يىلدىكى سودا ئەھۋالى

| كۆرسەتكۈچ | 2003 - يىل | 2002 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى - كېمەيگىنى % |
|---|---|---|
| بازار سانى | 1163 | −0.43 |
| شەھەر | 659 | −0.75 |
| يېزا | 504 | 0 |
| سودا بازىرىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما (تۈمەن يۈەن) | 1977458 | 2.40 |
| شەھەر | 1584550 | 2.50 |
| يېزا، كەنت | 392908 | 2 |
| پۈتتۈشۈلگەن سومما ئىچىدە (تۈمەن يۈەن) | | |
| ئاشلىق تۈرى | 177499 | 38.46 |
| گۆش - تۇخۇم تۈرى | 475692 | 9.13 |
| سۇ مەھسۇلاتلىرى تۈرى | 98837 | 32.46 |
| كۆكتات تۈرى | 266319 | 5.44 |
| ھۆل - قۇرۇق مېۋە تۈرى | 119452 | −1.04 |
| چوڭ چارۋا تۈرى | 48799 | −7.29 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

## شىنجاڭنىڭ يۇقىراۋى كارخانىلىرى مۇكاپاتلاندى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) گە بىۋاسىتە قاراشلىق ئەزا كارخانا — شىنجاڭ «تيەنسەي» پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 - يىللىق شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، شىنجاڭ «تيەنسەي» پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىدىن لى مىن مۇنەۋۋەر ئىشچى - خىزمەتچى دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ «خۇالىڭ» سانائەت - سودا (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى، قۇمۇل «چاڭلىيەن» ئۈچەي زاۋۇتى، قەشقەر ۋىلايىتى «1 - ئاۋغۇست» ئاشلىق - ياغ سانائەت - سودا چەكلىك شىركىتى، قاراماي «ئەنتەي» نېفىت ئايرىش - خىمىيە سانائىتى قۇرۇلۇشى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «تۇنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى «كېلىن» پەمىدۇر قىيامى شىركىتى، شىنجاڭ شىخو پىۋىچىلىقى غۇلجا چەكلىك شىركىتى، ئاقسۇ «شىڭۋېي» گۇرۇھى، تۇرپان «رۇنفېڭ» سانائەت - سودا مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ خوشۇت «دىڭدىڭ» يېمەكلىكلەر چەكلىك شىركىتى، جىڭ ناھىيىسى «روڭخەي» چەكلىك شىركىتى قاتارلىق ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى 10 كارخانا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ 2003 - يىللىق ئىككىنچى سۈيۈش، ئىككىنچى باھالاش پائالىيىتىدە ئىلغار كارخانا دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ «تۇنخې» پاي شىركىتى پەمىدۇر كەسپىي بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى دىڭ شېڭلىن، «خۇالىڭ» سودا بازىرى «تېڭدا» ياغاچچىلىق زاۋۇتىنىڭ باشلىقى جاڭ ۋېن، پەيزاۋات ناھىيىسى قىزىلبويى يېزىسىدىكى دېھقان كارخانىچى مۇللىھاجى سىدىقلار شىنجاڭ ياشلىرى «4- ماي» مېدالىغا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ «دېخۇي» ئوقەتچىلىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئاپتونوم رايون بويىچە سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىشتا ئىلغار ئورۇن بولدى، ئۈرۈمچى

داۋەن ئۆي - زېمىن تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «دوستلۇق» (گۇرۇھى) پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «ئارمان» چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «خۇڭجىلىڭ» ئالاقىلىشىش چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «كاڭپۇ» قۇرۇلۇش تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «جىرۇيشياڭ» گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئاپتونوم رايون بويىچە 2003 — يىللىق ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

دېڭ تېيمېي

## «دېخۇي» ئوقەتچىلىك گۇرۇھى مەملىكەت بويىچە ئىناۋەتلىك كارخانا دېگەن نامغا ئېرىشتى

2003 - يىلى جۇڭگو كارخانىلارنىڭ ئىناۋىتىنى باشقۇرۇش جەمئىيىتى تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئىناۋەتلىك كارخانا، ئىناۋەتلىك كارخانىچىلارنى باھالاش پائالىيىتىنى يولغا قويدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە شىنجاڭ «دېخۇي» ئوقەتچىلىك گۇرۇھى مەملىكەت بويىچە ئىناۋەتلىك كارخانا، گۇرۇھنىڭ باش مۇدىرى قوشۇمچە باش لىدىرى چيەن جىننەي مەملىكەت بويىچە ئىناۋەتلىك كارخانىچى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

دېڭ تېيمېي

## ماركور خەلقئارالىق ئۆي جاھازلىرى پاي چەكلىك شىركىتى توختامغا، ۋەدىگە ئەمەل قىلىدىغان كارخانا دېگەن نامغا ئېرىشتى

2003 - يىلى دۆلەت سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش باش ئىدارىسى توختامغا، ۋەدىگە ئەمەل قىلىدىغان كارخانىلارنى تەقدىرلىدى، ماركور خەلقئارالىق ئۆي جاھازلىرى پاي چەكلىك شىركىتىمۇ شۇ قاتاردا تەقدىرلەندى.

دېڭ تېيمېي

## «مەيچۇر» يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى ئالتۇن ۋىۋىسكىلىق كارخانا دېگەن نامغا ئېرىشتى

جۇڭگو قاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىكلەر، شېكەر ياساملىرى سانائىتى جەمئىيىتى بىلەن جۇڭگو يېمەك - ئىچمەك تەرەققىيات مەركىزى 2003 - يىل 8 - ئايدا مەملىكەت بويىچە خاتىرجەم ئايتوقاچ ئالتۇن ۋىۋىسكىلىق كارخانىلارنى باھالاش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، شىنجاڭ «مەيچۇر» يېمەكلىكلەر شىركىتى ئالتۇن ۋىۋىسكىلىق كارخانا دېگەن نامغا ئېرىشتى.

دېڭ تېيمېي

## 3 كارخانا مەملىكەتلىك ياشلار پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى

كومۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى 2003 - يىل 12 - ئايدا «جۇڭگو ياشلىرىنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكىتى» پائالىيىتىنى يولغا قويۇشتا نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان 84 ئورۇن ۋە كوللېكتىپنى تەقدىرلىدى. شىنجاڭ «دېخۇي» ئوقەتچىلىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «ئارمان» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى شۇ قاتاردا تەقدىرلەندى.

دېڭ تېيمېي

## «گۇاڭخۇي» گۇرۇھى كارخانا مەدەنىيىتى مۇنەۋۋەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو كارخانىلار مەدەنىيىتى يىللىق يىغىنىدا شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» گۇرۇھى جۇڭگو كارخانا مەدەنىيىتى مۇنەۋۋەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

دېڭ تېيمېي

## مى ئېنخۇا جۇڭگو شەرەپلىك ئىشلار مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ «خۇالىڭ» گۇرۇھىنىڭ باش مۇدىرى مى ئېنخۇا جۇڭگو شەرەپلىك ئىشلار مېدالىغا ئېرىشتى.

دېڭ تېيمېي

## چيەن جىننەي جۇڭگو يۇقىراۋى كارخانىچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى

«كارخانا باشقۇرۇش» ژۇرنىلى رېداكسىيىسى، جۇڭگو كارخانىچىلار بىرلەشمىسى، جۇڭگو كارخانىچىلار جەمئىيىتى 2003 - يىل 9 - ئايدا بىرلىكتە يۇقىراۋى كارخانىچىلارنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلىدىن 50 نى باھالاپ چىقتى، جۇڭگودىكى شىنجاڭ «دېخۇي» ئوقەتچىلىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى چيەن جىننەي جۇڭگو يۇقىراۋى كارخانىچىلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى.

دېڭ تېيمېي

## دۇ شۇنگۇاڭ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نەمۇنىچىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى

2003 - يىل 9 - ئايدا شىنخۇ شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنخۇ

شەھىرى ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى قوشۇمچە باش دىرېكتورى دۇ شۇنگۇاڭغا كادىرلار مىنىستىرلىكى، مەملىكەتلىك مېيىپلار بىرلەشمىسى ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نەمۇنىچىسى دەپ نام بەردى.

دىلى تىيىمىي

## ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك كارخانىلىرىدىن چەت ئەلگە چىقىدىغانلارنى سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش ۋە ئۇنۇۋانىنى باھالاش خىزمىتى ئىشلەندى

2003 - يىلى شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك كارخانىلىرىدىن چەت ئەلگە چىقىدىغانلارنىڭ 201 پارچە ھۆججىتىنى، 162 نۇسخا سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش ماتېرىيالىنى، 483 ئادەم (قېتىم) نىڭ چەت ئەلگە چىقىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بەردى. 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ 18 كەسىپ بويىچە كەسپىي تېخنىكا سالاھىيەت ئىمتىھانىغا قاتنىشىش ئىشىنى بېجىردى، 2003 - يىللىق كەسپىي تېخنىكا سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىدىن 300نى، 2003- يىللىق ئالىي، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىدىن 96 نى بېجىردى، 2003 - يىللىق ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى سالاھىيىتىنى باھالاش رەسمىيىتىدىن 120 نى بېجىردى.

دىلى تىيىمىي

## «گۇاڭخۇي» گورۇھى شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش (گورۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مەبلىغى 10 مىليارد 550 مىليون يۈەنگە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 23 مىڭ 276 گە يەتتى، قارمىقىدا 26 مۇستەقىل قانۇنىي ئىگە شىركىتى بار، سۇيۇقلاندۇرۇلغان تەبىئىي گاز، ماددىي ئەشيا ئوبوروتى، ئاپتوموبىل، ئۆي - زېمىن، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت قاتارلىق 7 چوڭ كەسىپنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان زامانىۋى چوڭ كارخانا گورۇھىغا ئايلاندى.

2003 - يىلى «گۇاڭخۇي» گورۇھى شىركىتىنىڭ تىجارەت كىرىمى 9 مىليارد 437 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %17.35 ئاشتى؛ پايدىسى 506 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %20.4 ؛ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 150 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.92؛ خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق كىرىمى 13 مىڭ 376.3 يۈەنگە يېتىپ، %4.1؛ يۇقىرىغا تاپشۇرغان بېجى 341 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %78 ئاشتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئۇدا 4 يىل «باج تاپشۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن كارخانا» دەپ نام بەردى. 2003 - يىلى «گۇاڭخۇي» گورۇھى شىركىتى جۇڭگودىكى 500 كۈچلۈك كارخانىنىڭ 203 - سى، جۇڭگودىكى يېتىلىۋاتقان 100 كۈچلۈك كارخانىنىڭ 86 - سى، جۇڭگو بىناكارلىق ماتېرىياللىقىدىكى 100 كۈچلۈك كارخانىنىڭ 1 - سى، جۇڭگو داڭلىق ئۆي - زېمىن كارخانىلىرى ئىچىدىكى 50 كۈچلۈك كارخانىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. «گۇاڭخۇي پېيى» 2003 - يىلى «يېڭى بايلىق» ژۇرنىلى تەرىپىدىن رەتكە تورغۇزۇلدى، ئۇ پېيى بازارغا سېلىنغان، تېز يېتىلىۋاتقان كارخانىلارنىڭ ئىچىدە 11 - بولۇپ باھالاندى. ئۇنىڭغا دۆلەت باش باج ئىدارىسى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «باج تاپشۇرۇشتىكى ئىناۋەتلىك كارخانا» دەپ نام بېرىلدى، بۇ ئورۇنغا يەنە دۆلەت، ئاپتونوم رايون، ئۈرۈمچى شەھىرى



ئۈرۈمچى «گۇاڭخۇي» شىركىتىنىڭ «ئازادە تۇرالغۇ ئۆي» ئەشيا ئوبوروت باغچىسىدا 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سىناق تەرىقىسىدە تىجارەت باشلاندى. بۇ باغچىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىغا 2 مىليارد 600 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بولۇپ، ھازىر بۇ يەردە 4653 تىجارەتچى تىجارەت قىلىدۇ. سۈرەتتە: «ئازادە تۇرالغۇ ئۆي» ئەشيا ئوبوروت باغچىسىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى.

شىن جيەن فوتوسى

2003 - يىللىق جۇڭگو كارخانا مەدەنىيىتى ئەلا نەتىجە مۇكاپاتى، مەملىكەت بويىچە شەرەپلىك ئىشلار چولپانى، ئاپتونوم رايون بويىچە چولپان كارخانا، شىنجاڭدىكى 10 كۈچلۈك كارخانىنىڭ بىرى، ئاپتونوم رايوندىكى 30 كۈچلۈك سانائەت كارخانىسى (گۇرۇھى) نىڭ بىرى، شىنجاڭدىكى 30 كۈچلۈك يۇقىراۋى كارخانىنىڭ بىرى قاتارلىق 10 نەچچە تۈرلۈك نام بەردى، «گۇاڭخۇي» گۇرۇھى مەبلەغ سېلىپ تەشكىللىگەن شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسى 2002 — 2003 - يىللىق «ئا» دەرىجىلىك كوماندىلارنىڭ بىرلەشمە مۇسابىقىسىنىڭ ئادەتتىكى مۇسابىقىسىدە 4 -، پەسىللىك مۇسابىقىسىدە 5 - بولدى، مەملىكەتلىك ئەرلەر ۋاسكېتبول كۇلۇبى لوڭقىسى بىرلەشمە مۇسابىقىسى ۋە شىنجاڭ خەلقارالىق ۋاسكېتبول تەكلىپ مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولدى.

2003 - يىلى «گۇاڭخۇي» گۇرۇھى شىركىتى سۇيۇقلاندۇرۇلغان تەبىئىي گاز كەسىپى ۋە زامانىۋى ماددىي ئەشيا ئوبوروتى قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، گۇاڭخۇي «ئازادە تۇرالغۇ» ئەشيا ئوبوروت باغچىسىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، سۇيۇقلاندۇرۇلغان تەبىئىي گاز پىششىقلاش زاۋۇتىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ھەمدە قىسمەن ئىككىلەمچى مەھسۇلات بازىرىنى ئېچىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تاماملىدى. ئىككى نۇقتىلىق تۈرگە 3 مىليارد 760 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى.

2003 - يىلى «گۇاڭخۇي» گۇرۇھى شىركىتى سۇيۇقلاندۇرۇلغان تەبىئىي گاز قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 160 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، سۇيۇقلاندۇرۇلغان تەبىئىي گاز زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى، 1 - قارارلىق سۇيۇقلاندۇرۇلغان تەبىئىي گاز قۇرۇلۇشىنىڭ كۈندىلىك بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 1 مىليون 500 مىڭ كۇب مېترغا يەتتى. «گۇاڭخۇي» گۇرۇھى شىركىتى ھايلى كونترول قىلىش، ھاي قوشۇشقا قاتنىشىش، ۋاكالىتەن گاز سېتىش سودىگىرى، ئىككىلەمچى مەھسۇلات بازىرىدىكى ھۆكۈمەت ھەمدە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ، جياڭسۇ، شاڭخەي، ئەنخۇي، جېجياڭ، خۇنەن، گەنسۇ، شىنجاڭ قاتارلىق جايلار بىلەن سۇيۇقلاندۇرۇلغان تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش مۇددىئانامىسى، كېلىشىمى ۋە توختامى ئىمزالىدى، كۈندىلىك گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 5 مىليون كۇب مېترغا يەتتى.

گۇاڭخۇي «ئازادە تۇرالغۇ ئۆيى» ئەشيا ئوبوروت باغچىسى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتلىرىنى ئاساس، ئۈچۈر، ئەشيا، مەبلەغ ئوبوروتى بىر گەۋدە قىلىنغان زامانىۋى ئەشيا ئوبوروتى سۈپىتى بولۇپ ئۇنىڭدا ئۈچۈر تېخنىكىسى ۋە زامانىۋى ماددىي ئەشيا ئوبوروتى تىرەك قىلىنغان مالنى ۋاكالىتەن يەتكۈزۈپ بېرىش، بىۋاسىتە يەتكۈزۈپ بېرىش، ماركىلىق مەھسۇلاتلارنى مەخسۇس سېتىش، ئامباردا ساقلاش-سېتىش، توردا سودا قىلىش ۋە ئېلېكترونلۇق سودا قاتارلىق يېڭى ئوبوروت ئەندىزىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۇ دۆلەتنىڭ «863» پەن - تېخنىكا پىلانىدىكى تۈرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 2003 - يىلى گۇاڭخۇي «ئازادە تۇرالغۇ ئۆيى» ئەشيا ئوبوروت باغچىسى 1 - قارارلىق ئاساسىي سودا رايونىنىڭ 713 مىڭ 600 كۋادرات مېترلىق قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلدى ۋە 4653 دۇكانغا خېرىدار چاقىرىش خىزمىتى تاماملاندى، بازار قۇرۇلمىسى ۋە ئەندىزىسى خەلقئارالىق ئۆلچەمگە تولۇق يەتكۈزۈلدى.

گۇاڭخۇي گۇرۇھى

شىنجاڭنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدىكى يەككە سودا - سانائەت كەسىپىنىڭ 2003 - يىلىدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

| تۈرى | ئورۇن | كەسىپكار | تىزىملاتقان مەبلىغى (تۈمەن يۈەن) | مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | تىجارەت كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | پارچە سېتىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 449911 | 706556 | 798906 | 650109 | 6291935 | 2217088 |
| دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق | 1484 | 2816 | 8229 | 176682 | 220489 | — |
| قازمىچىلىق | 454 | 2116 | 5351 | 27789 | 25150 | |
| ياسىمىچىلىق | 40740 | 75866 | 73850 | 438468 | 396828 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| بىناكارلىق | 180 | 571 | 524 | 7170 | 2619 | |
| قاتناش - ترانسپورت، ساقلاش | 43002 | 58957 | 287847 | | 354791 | |
| توپ، پارچە سېتىش سودىسى، يېمەك - ئىچمەك | 283593 | 438054 | 286301 | | 4813607 | 2217088 |
| بۇنىڭ ئىچىدە توپ، پارچە سېتىش سودىسى | 218978 | 300741 | 2117748 | | 4169426 | 1684643 |
| ئىجتىمائىي مۇلازىمەت | 69335 | 111720 | 109625 | | 413531 | |
| باشقا كەسپلەر | 11123 | 16456 | 27179 | | 64920 | |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

## شىنجاڭنىڭ شەھەر - بازارلىرىدىكى يەككە سودا - سانائەت كەسپىنىڭ 2003 - يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

| تۈرى | ئورۇن | كەسپكار | تىزىملاتقان مەبلىغى (تۈمەن يۈەن) | مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | تىجارەت كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | پارچە سېتىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 327292 | 519813 | 650000 | 139635 | 1504125 | 841770 |
| دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق | 660 | 1436 | 3552 | 3585 | 1401 | 1364 |
| قازمىچىلىق | 183 | 996 | 2878 | 5034 | | 797 |
| ياسىمىچىلىق | 26145 | 48406 | 41519 | 128700 | | 17347 |
| بىناكارلىق | 130 | 416 | 407 | 2315 | | 114 |
| قاتناش - ترانسپورت، ساقلاش | 36239 | 50330 | 261905 | | 136894 | 23571 |
| توپ، پارچە سېتىش سودىسى، يېمەك - ئىچمەك | 204444 | 323062 | 225364 | | 1191348 | 716382 |
| بۇنىڭ ئىچىدە توپ، پارچە سېتىش سودىسى | 161271 | 225827 | 172259 | | 920122 | 363445 |
| ئىجتىمائىي مۇلازىمەت | 51848 | 83983 | 91738 | | 154374 | 75396 |
| باشقا كەسپلەر | 7643 | 11184 | 22636 | | 20107 | 6799 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

# قاتناش، ئۇچۇر كەسپى

## تۆمۈر يول

### تۆمۈريول ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 26 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ساپ قىممىتى 19 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يەتتى. تىجارەت مۇساپىسى 3008.5 كىلومېتىر بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 1.2 كىلومېتىر ئازايدى؛ تۆمۈريول لىنىيە ئۇزۇنلۇقى 5065.1 كىلومېتىرغا يېتىپ، 24.8 كىلومېتىر كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە غول لىنىيە 3979.6 كىلومېتىر بولۇپ، 16.1 كىلومېتىر ئازايدى؛ يول ئېغىزى 324، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەم قارايدىغان يول ئېغىزى 17. ئىدارە بويىچە تىجارەت لىنىيىسى ئىچىدە قوش لىنىيە 985.1 كىلومېتىر بولۇپ، 32.7% نى ئىگىلىدى؛ ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتېللىق پاراۋۇز سۆرەيدىغان لىنىيە 3008.5 كىلومېتىر بولۇپ، 100% نى ئىگىلىدى؛ ئۇلاقسىز لىنىيە 1382.7 كىلومېتىرغا يەتتى. تىجارەت لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلكىلەر بويىچە ئايرىغاندا، گەنسۇ تەۋەسىدىكىسى 235.2 كىلومېتىر، شىنجاڭ تەۋەسىدىكىسى 2773.3 كىلومېتىر. ئىدارە بويىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 59 مىڭ 340.8 مېتىر كېلىدىغان 1620 كۆۋرۈك، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 43 مىڭ 378 مېتىر كېلىدىغان 55 تونېل بار. سىگنال بىلوكى ئۇسكۈنىسى 3060 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوماتىك بىلوك 988 كىلومېتىر، يېرىم ئاپتوماتىك توساق ئۇسكۈنىسى 1993 كىلومېتىر. سەپلەنگەن ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتېللىق پاراۋۇز 487 گە يېتىپ، 23 ى كۆپەيدى. سەپلەنگەن يولۇچىلار ۋاگونى 1347 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قوش قەۋەتلىك ۋاگون 75، يۇمشاق، قاتتىق كارىۋاتلىق ۋاگون 598، يۇمشاق، قاتتىق ئورۇندۇقلۇق ۋاگون 447، ئاشخانا ۋاگونى 72، ھۆكۈمەت ئىشلىرى ۋاگونى 2، تەجرىبە ۋاگونى 9، رېمونت ۋاگونى 37، ھاۋا تەڭشەش ئۈچۈن توك چىقىرىش ۋاگونى 48، ئالاھىدە ۋاگون 14، باشقا ۋاگونلار 45. ۋوگزال 157، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك ۋوگزال 5، 2 - دەرىجىلىك ۋوگزال 5، گورۇپپىلاش ۋوگزالى بىر.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئىدارىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 59 مىڭ 581 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 55 مىڭ 314.

2003 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى بويىچە توشۇلغان يۈك 46 مىليون 16 مىڭ توننىغا، يولۇچى 8 مىليون 788 مىڭغا، ئوبوروت مىقدارى 58 مىليارد 780 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، ترانسپورت كىرىمى 5 مىليارد 520 مىليون يۈەنگە، ئالاتاۋ پورتىدىن ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 7 مىليون 521 مىڭ توننىغا، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 690 مىليون يۈەنگە، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 730 مىليون يۈەنگە، تاشقى ئىقتىساد - سودا تىجارەت كىرىمى 2 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يەتتى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋاقتى 600 كۈندىن ئاشتى.

2003 - يىلى ئىدارە بويىچە كۆپ خىل ئىگىلىك سىستېمىسىنىڭ سېتىش كىرىمى 6 مىليارد 84 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 8.90% ئاشتى، 203 مىليون يۈەن پايدا ئېلىندى. كوللېكتىپ ئىگىلىك بويىچە ئورۇندالغان مەھسۇلات قىممىتى 362 مىليون يۈەنگە، ئېلىنغان پايدا 6 مىليون 527 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى.

لى شياۋۋېن

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ 2003 - يىللىق ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلەرنى ئورۇنداش ئەھۋالى

| تۈرلەر | بىرلىكى | ئورۇندالغىنى | 2002 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى - كەملىكى (%) |
| --- | --- | --- | --- |
| ئوبوروت مىقدارى | 100 مىليون توننا/ كىلومېتىر | 587.8 | 9.3 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| يولۇچى ئوبوروت مىقدارى | 100 مىليون ئادەم - كىلومېتىر | 106.1 | 0.1 |
| يۈك ئوبوروت مىقدارى | 100 مىليون توننا - كىلومېتىر | 475 | 11.7 |
| توشۇلغان يولۇچى | تۈمەن ئادەم | 878.8 | −7.5 |
| توشۇلغان يۈك | تۈمەن توننا | 4601.6 | 11.7 |
| كۈنىگە ئوتتۇرىچە يۈك قاچىلانغان ۋاگون | ۋاگون | 2281 | 10.7 |
| كۈنىگە ئوتتۇرىچە يۈك توشۇلغان ۋاگون | ۋاگون | 15073 | 12.2 |
| يۈك پويىزىنىڭ ئوبوروت كۈن سانى | كۈن | 5.23 | |
| يۈك پاراۋوزى كۈنىگە توشۇغان يۈك | تۈمەن توننا - كىلومېتىر | 96.7 | −0.2 |
| يۈك پاراۋوزىنىڭ ئوتتۇرىچە سۆرەش مىقدارى | توننا | 2342 | 0.5 |
| پاراۋوزغا تۈمەن توننا - كىلومېتىردا سەرپ بولغان ماي | كىلوگرام | 30.5 | −0.3 |
| ترانسپورت كىرىمى | تۈمەن يۈەن | 552881 | 7.5 |
| ترانسپورت بويىچە ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى | سۇندۇرۇپ ھېسابلانغان تۈمەن توننا - كىلومېتىر/ ئادەم / يىل | 18.99 | |
| يولۇچى پويىزىنىڭ ۋاقتىدا يولغا چىقىش نىسبىتى | % | 97.2 | |
| يولۇچى پويىزىنىڭ ۋاقتىدا قاتناش نىسبىتى | % | 97.2 | |
| يۈك پويىزىنىڭ ۋاقتىدا يولغا چىقىش نىسبىتى | % | 98.5 | |
| يۈك پويىزىنىڭ ۋاقتىدا قاتناش نىسبىتى | % | 92 | |
| ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ | 100 مىليون يۈەن | 16.9 | |
| يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ | 100 مىليون يۈەن | 7.3 | |

لى شياۋۋېن

## لەنجۇ - شىنجاڭ لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش، سۇرئەت تېزلىتىش قۇرۇلۇشى

لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ سەنجاپاردىن پارچەساقالغىچە بولغان قىسمىنى ئۆزگەرتىش ۋە بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش، سۇرئەت تېزلىتىش قۇرۇلۇشى ئۆزگەرتىلىدىغان لىنىيە ۋە بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 59.7 كىلومېتىر، بۇ قۇرۇلۇشقا 2003 - يىلى، 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى (تۆمۈريول فوندى).

ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن 18 ئەگرى لىنىيە ياسالدى، ئەڭ كىچىك لىنىيىنىڭ رادىئۇسى 400 مېتىردىن 2200 مېتىرغا ئۆزگەرتىلدى؛ 1538 كىلومېتىر + 153.405 كىلومېتىردىن 1539.87 كىلومېتىرغىچە (پارچەساقال) 682 مېتىرلىق قوش لىنىيىلىك تونېل ياسالدى؛ ئۆزگەرتىلگەن يول بۆلىكى 6 بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 45.56 كىلومېتىر، يېڭىدىن پايدىلىنىلغان لىنىيە 10.65 كىلومېتىر، قىسقارتىلغان لىنىيە 3.54 كىلومېتىر، ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى لىنىيىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى

56.21 كىلومېتىر.

2003 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قۇرۇلۇش باشلىنىپ، يىل ئاخىرىغىچە ۋوگزال مەيدانىنى ئۆزگەرتىش، ۋوگزالدىن باشقا جايدىكى خەۋەرلىشىش، ئېلېكتر قۇۋۋىتى قۇرۇلۇشى ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەش، سۇ چىقىرىۋېتىشنى يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى، بوران توسۇش تېمى قۇرۇلۇشى (1.47 كىلومېتىر) پۈتتۈنلەي تاماملاندى.

لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ شونابۇلاقتىن سەنجاپارغىچە بولغان قىسمىنى ئۆزگەرتىش ۋە بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى ئۆزگەرتىلىدىغان لىنىيە ۋە بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 68.77 كىلومېتىر، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەستىقلىغان، قۇرۇلۇشقا سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 408 مىليون 150 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريول ئاساسىي قۇرۇلۇش فوندى 295 مىليون 30 مىڭ يۈەن، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ھەل قىلىدىغىنى 113 مىليون 120 مىڭ يۈەن.

ھازىرغىچە ئىشلىتىلىۋاتقان لىنىيە 16. 58 كىلومېتىر، قىسقارتىلغان لىنىيە 174.3 كىلومېتىر، ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئۇزۇنلۇقى 68. 54 كىلومېتىر. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن 33 ئورۇندا ئەگرى لىنىيە ياسالدى، ئەڭ كىچىكىنىڭ رادىئوسى 400 مېتىر بولۇپ، 2200 مېتىرغا چوڭايتىلدى.

قۇرۇلۇش 2003 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى باشلىنىپ، يىل ئاخىرىدا پۈتۈن لىنىيە ئۇلاشتۇرۇلدى، يېڭىدىن 31 مىڭ 651.3 مېتىر بوران توسۇش تېمى ياسالدى.

لەنجۇ - شىنجاڭ لىنىيىسىنىڭ 30 چاقىرىملىق بوران ئېغىزىدىكى لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى ئۆزگەرتىلىدىغان لىنىيە ۋە بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3. 40 كىلومېتىر، ئۆزگەرتىلگەن لىنىيە 1. 34 كىلومېتىر.

تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەستىقلىغان ئومۇمىي مەبلەغ 286 مىليون 890 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريول فوندى 200 مىليون 820 مىڭ يۈەن، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ھەل قىلىدىغىنى 86 مىليون 70 مىڭ يۈەن. 2003 - يىلى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى مەبلەغ سېلىش پىلانىدىن چۈشۈرۈپ بېرىدىغىنى 180 مىليون يۈەن (تۆمۈريول فوندى).

قۇرۇلۇش 2003 - يىلى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى باشلىنىپ، يىل ئاخىرىغىچە پۈتۈن لىنىيە پۈتتۈرۈلدى، يېڭىدىن 21 مىڭ 629 مېتىرلىق بوران توسۇش تېمى ياسالدى.

لى شياۋۋېن

## لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى غەربىي بۆلىكىنىڭ ئىقتىدارىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ ئىقتىدارىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدا قارىياغاچ كۆلى، سۇۋان، گەنخېزى، گاۋچۈەن، گۇرتۇ، ساچۈەنزىدىن ئىبارەت 6 يول بېرىش ۋوگزالى قۇرۇلدى، يېڭىدىن 36.78 كىلومېتىر ۋوگزال رېلىسى، 97 گۇرۇپپا ئاچال رېلىسى ياتقۇزۇلدى (يەككە ئاچال 90 گۇرۇپپا، ئالاھىدە ئاچال 7 گۇرۇپپا)؛ يول ئۇلىغا 102 مىڭ 300 كۇب مېتىر شېغىل ياتقۇزۇلدى. كۈيتۇڭ رايونى ۋوگزال بۆلىكى بىلەن ئالاتاۋ ۋوگزال رايونىنىڭ ئىقتىدارىنى كېڭەيتىش ۋە پۈتۈن لىنىيىنىڭ خەۋەرلىشىش، سىگنال چىراغ، ئېلېكتر قۇۋۋىتىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

لى شياۋۋېن

## جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ كورلىدىن قەشقەرگىچە بولغان بۆلىكى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى

ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 58. 969 كىلومېتىر كېلىدىغان جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ كورلىدىن قەشقەرگىچە بولغان بۆلىكى 2003 - يىلى 9 - ئاينىڭ 10 - 12 - كۈنىگىچە دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرى ۋە ئاپتونوم رايوندىن تەركىب تاپقان دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى ھەمدە ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

لى شياۋۋېن

## لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ 100 چاقىرىملىق بوران رايونىدىكى قىسمى تاقالدى

2003 - يىلى 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سائەت 23 تىن 53 مىنۇت ئۆتكەندە بوراننىڭ تەسىرىدە لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ 100 چاقىرىملىق بوران رايونى تاقالدى، بۇنىڭ بىلەن 10 يولۇچىلار پويىزى كېچىكتى، 28 يولۇچىلار پويىزى، 18 مىڭ يولۇچى، 3 يۈك - تاق پويىزى توختاپ قالدى، 4 يولۇچىلار پويىزى توختىتىلدى، 38 يۈك پويىزى ۋاقىتلىق توختىتىلدى، 64 پويىزنىڭ پاسسىل ئالماشتۇرۇش ئېغىزىدا ئالماشتۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتتى، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي زىيان 185 مىڭ 409 يۈەنگە يەتتى.

لى شياۋۋېن، سەي مىن

## لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ غەربىي بۆلىكىدە 6 ۋوگزال يېڭىدىن ياسالدى، 4 ۋوگزال ئۆزارتىلدى

2003 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى لەنجۇ - شىنجاڭ

ئۆمۈربولنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ ئىقتىدارىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدىكى يېڭىدىن ياسالغان 6 ۋوگزال، ئۆزگەرتىلگەن 4 ۋوگزال پۈتۈپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. يېڭىدىن ياسالغان 6 ۋوگزال: شياۋتۇگۇلى ۋوگزالى، كەپكەنچى ۋوگزالى، گەنخېزى ۋوگزالى، گاۋچۈەن ۋوگزالى، گورتو ۋوگزالى، شاچۈەنزى ۋوگزالى. ئۆزگەرتىلگەن 4 ۋوگزال: چىكشور ۋوگزالى، گۇخې ۋوگزالى، توتو ۋوگزالى، بىلشىباڭ ۋوگزالى. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى لەنجۇ - شىنجاڭ ئۆمۈربولىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى 38 ۋوگزالنىڭ ھەممىسى پۈتتى، كۈنىگە ئوتتۇرىچە پويىز ئۆتۈش ئىقتىدارى ئىلگىرىكى 20.5 تونىدىن 27.06 تونىغا ئۆستى، ئالاتاۋ ۋوگزالىنىڭ يىللىق يۈك ئۆتكۈزۈش مىقدارى ئەسلىدىكى 5 مىليون توننىدىن 8 مىليون توننىغا يەتتى.

لى شياۋۋېن، سەي مىن

### K890/K889 - قېتىملىق پويىزنىڭ باش بېكىتى بىلەن ئاخىرقى بېكىتى ئۆزگەردى

2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن باشلاپ ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىدىغان K890 - قېتىملىق پويىزنىڭ ئاخىرقى بېكىتى قۇمۇلدىن دۈنخۇاڭغا ئۆزگەرتىلدى، 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن باشلاپ K889 - قېتىملىق پويىزنىڭ باش بېكىتى قۇمۇلدىن دۈنخۇاڭغا ئۆزگەرتىلدى.

لى شياۋۋېن، سەي مىن

### چوڭ تىپتىكى رېلىس سىلىقلاش پويىزى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى

2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئامېرىكىدىن كىرگۈزۈلگەن، دۇنيا بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن چوڭ تىپتىكى رېلىس سىلىقلاش پويىزى ئۈرۈمچى ئۆمۈربول شۆبە ئىدارىسىنىڭ ماشىنىلاشقان چوڭ رېمونت يول ئاسراش ئۇچاستكىسىدا ئىشلىتىلدى. رېلىس سىلىقلاش پويىزى 3 ۋاگوندىن تەركىب تاپقان بولۇپ، پويىزدا 48 سىلىقلاش بېشى بار، مەشغۇلات ۋاقتىدىكى ئەڭ يۇقىرى سىلىقلاش سۈرئىتى سائىتىگە 12 كىلومېتىرغا يېتىدۇ، سىلىقلاش مەشغۇلاتى پۈتۈنلەي كومپيۇتېر ئارقىلىق تىزگىنلىنىدۇ، بۇ پويىز ئارقىلىق پويىز قاتنىشىغا تەسىر يەتكۈزمىگەن ئەھۋالدا رېلىس يۈزىدىكى دولقۇنسىمان ئۇپرىغان، شەكلى ئۆزگەرگەن جايلارنى ۋە باشقا يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگەتكىلى بولىدۇ، بۇ رېلىس تۈزەشنىڭ ماشىنىلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

لى شياۋۋېن

### كونتېينېردا سوۋۇق جىسىم توشۇش كەسپى

2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىمالىي شىنجاڭ ئۆمۈربول شىركىتى كونتېينېردا سوۋۇق جىسىم توشۇش كەسپىدە تۇنجى قېتىم سوۋۇق جىسىم توشۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئىلى ئۈزۈم ھارىقى زاۋۇتىنىڭ ھارىقى قاچىلىنىپ، 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كۈيتۇڭ ۋوگزالىغا يەتكۈزۈلدى، 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاخىرقى نۇقتا شيەنياڭ ۋوگزالىغا يەتكۈزۈلدى.

لى شياۋۋېن، سەي مىن

### خەلقئارا بىرلەشمە يۈك ترانسپورتى

2003 - يىلى ئالاتاۋ پورتىدىن كىرگۈزۈلگەن يۈك 112 مىڭ 200 ۋاگونغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %29، ئېغىرلىقى 6 مىليون 582 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، %27.7 ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق ماللار پولات - تۆمۈر 3 مىليون 386 مىڭ توننىغا يېتىپ، 148 مىڭ تونna، نېفىت 1 مىليون 497 مىڭ توننىغا يېتىپ، 698 مىڭ توننا، مېتال رۇدىسى 1 مىليون 5000 توننىغا يېتىپ، 400 مىڭ توننا ئاشتى؛ خىمىيۋى ئوغۇت 144 مىڭ توننا بولۇپ، 47 مىڭ توننا ئازايدى؛ ياغاچ ماتېرىيال 99 مىڭ 400 توننا بولۇپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى؛ غەيرىي مېتال رۇدىسى 114 مىڭ توننىغا يېتىپ، 31 مىڭ توننا ئاشتى؛ ئىمپورت قىلىنغان كونتېينېر 5405 (بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇق كونتېينېر 3227، يۈك قاچىلانغان كونتېينېر 1188) كە يېتىپ، 1312 كونتېينېر كۆپەيدى. قازاقىستاندىن كىرگەن يۈك - مال 6 مىليون 98 مىڭ توننا بولۇپ، ئىمپورت قىلىنغان ئومۇمىي مالنىڭ %92.6 نى ئىگىلىدى، 3 - دۆلەتنىڭ قازاقىستان ئارقىلىق جۇڭگوغا كىرگۈزگەن مېلى 484 مىڭ 200 توننا بولۇپ، %7.4 نى ئىگىلىدى. چاق ئالماشتۇرۇلغان پويىز ئارقىلىق ئىمپورت قىلىنغان مال 1 مىليون 118 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %20 نى ئىگىلەپ، %35.5 ئاشتى.

ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق ئېكسپورت قىلىنغان مال 25 مىڭ 62 ۋاگونغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %51.7، يۈك ئېغىرلىقى 938 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %43 ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان ماللار كوكس 395 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، 162 مىڭ توننا، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى 79 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، 14 مىڭ 600 توننا، سانائەت ماشىنىلىرى 66 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، 12 مىڭ 500 توننا، ئېكسپورت كونتېينېرى 16 مىڭ 641 گە يېتىپ، 8005 ى كۆپەيدى. ئېكسپورت قىلىنغان ماللار ئىچىدە جۇڭگودىن قازاقىستانغا توشۇلغىنى 546 مىڭ 900 توننا بولۇپ، ئېكسپورت قىلىنغان ئومۇمىي مالنىڭ %58.3 نى، قازاقىستان ئارقىلىق 3 - دۆلەتكە ئېكسپورت قىلىنغان

مال 392 مىڭ توننا بولۇپ، %41.7 نى ئىگىلىدى.

لى شياۋۋېن

## خەلقئارا بىرلەشمە يولۇچى ترانسپورتى

2003 - يىلى 180 يولۇچىلار پويىزى (قېتىم) قاتناپ، جۇڭگولۇق، چەت ئەللىك ساياھەتچىدىن 27 مىڭ بىرنى توشۇدى، بۇ 2002 - يىلدىكىدىن 6376 ئادەم ئاز، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو تەرەپنىڭ پويىزىدا توشۇلغان يولۇچى 19 مىڭ 179 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، توشۇلغان ئومۇمىي يولۇچىنىڭ %71 نى ئىگىلىدى.

لى شياۋۋېن

## قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى 12 يىل بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى

2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى 12 يىل بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەملىكەت بويىچە تۆمۈريول شۆبە ئىدارىلىرى ئارا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا 3 - بولدى.

لى شياۋۋېن، مەي مىن

## جۇڭگو - قازاقىستان چېگرىسى تۆمۈريولى بىرلەشمە ھەيئىتىنىڭ 12 - يىغىنى ئېچىلدى

جۇڭگو بىلەن قازاقىستان 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 15- كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ئالمۇتىدا چېگرا تۆمۈريولى بىرلەشمە ھەيئىتىنىڭ 12 - يىغىنىنى ئاچتى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياڭ جىگو ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى جۇڭگو تۆمۈريول ۋەكىللەر ئۆمىكى قازاقىستان دۆلەت تۆمۈريول پاي شىركىتىنىڭ لىدېرى ئاتامگۇلوۋ ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى قازاقىستان تۆمۈريول ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن جۇڭگو - قازاقىستاننىڭ 2004 - يىللىق ئالاتاۋ ۋوگزالى - دوستىق پورتى (دروژبا) دىن ئۆتىدىغان تۆمۈريولغا دائىر 4 تۈرلۈك مۇھاكىمە قىلىنىدىغان مەسىلە ئۈستىدە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى.

لى شياۋۋېن

## تۆمۈريول سىستېمىسىدىكى ئىلغارلار

2003 - يىلى جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىغا «1 - ماي» ئەمگەك تەقدىرنامىسى، كۈيتۇڭ پاراۋۇز ئىشلىرى ئۇچاستكىسى پاراۋۇز شوپۇرى ئەن شۈچۈنگە «1 - ماي» ئەمگەك مېدالى بەردى. شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى چى يۈڭشياڭ، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ سەھىيە ۋە تىببىي داۋالاش سۈغۇرتىسىنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇدىرى فەن تيەنيىن، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى تەتقىقات ئورنىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئىنژېنېرى جاڭ شياۋيۇڭ، قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى ترانسپورت شۆبە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لياۋ يۇلۇڭ، ئۈرۈمچى ئىش ئۇچاستكىسى تۇزكۆل يول ئاسراش ئىش رايونىنىڭ باشلىقى، كورلا پاراۋۇز ئۇچاستكىسى يۈئېركۇ پاراۋۇز شۆبە ئۇچاستكىسىنىڭ پاراۋۇز خىزمەتچىسى ما يۇلىن، ئۈرۈمچى ۋوگزالى يولۇچى توشۇش ئىسمېنىسىنىڭ نۆۋەتچىسى گوۋياڭ چياۋيەن، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى يولۇچى ترانسپورت شىركىتى بېيجىڭ پويىز ئەترىتى 8 - يولۇچى ئورنىنى كۆتۈرىگە ئېلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى پېڭ شۇخۇڭ، ليۇيۇەن پاراۋۇز ئۇچاستكىسىنىڭ ئوڭشاپ تەييارلاش ئىشچىسى ۋاڭ ئەيشياڭ، تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش چەكلىك شىركىتى تۈر بۆلۈمىنىڭ باش نازارەتچىسى ۋاڭ كېچىن، ئۈرۈمچى يولۇچى پويىزىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش مەركىزى كورلا تەكشۈرۈش سېخىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ شىنگاڭ، كۈيتۇڭ ئىش ئۇچاستكىسى گۇخې يول ئاسراش ئىش رايونىنىڭ باشلىقى جاڭ فۇجۇن، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) شىركىتى قۇمۇل شۆبە شىركىتىنىڭ دىرېكتورى جاۋ چىڭگۈيلەرگە تۆمۈريول مىنىستىرلىكى پاراۋۇز مېدالى بەردى؛ قۇمۇل پويىز تەكشۈرۈش ئورنى، ئۈرۈمچى توك ئىشلىرى ئۇچاستكىسى خۇڭچىكەن سىگنال ئىش رايونى، قۇمۇل تۆمۈريول دوختۇرخانىسى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە تۆمۈريول مىنىستىرلىكى پاراۋۇز تەقدىرنامىسى بەردى. ئۈرۈمچى توك ئىشلىرى ئۇچاستكىسىدىن جاڭ خۇاغا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى دەپ نام بەردى.

لى شياۋۋېن

## 12 كوللېكتىپ ياشلار مەدەنىي ئورنى دېگەن نامغا ئېرىشتى

2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) تيېچېڭ شۆبە شىركىتىنىڭ 3 - تۈر بۆلۈمى، كۈيتۇڭ پاراۋۇز ئۇچاستكىسىنىڭ «9475» پاراۋۇزىنىڭ يولۇچى ئورنىنى كۆتۈرىگە ئېلىش گۇرۇپپىسىغا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى مەملىكەتلىك ياشلار مەدەنىي ئورنى دەپ نام بەردى. تۇرپان ۋوگزالى ھەرىكەت سېخى 2 - ئىسمېنىسىنىڭ 1 - ئورۇنلاشتۇرۇش ئورنى، قۇمۇل ئىش ئۇچاستكىسى خۇڭگۇاڭ يول ئاسراش ئىش رايونى، كۈيتۇڭ پويىز

ئۆچاستىكىسى ئالاتاۋ پورتى پويىز تەكشۈرۈش ئورنى، قۇمۇل پويىز ئۆچاستىكىسى لىيۇيۈەن پويىز تەكشۈرۈش ئورنى، خېجىڭ پويىز ئۆچاستىكىسى شاڭشىڭگۇاڭ ۋوگزالى، كورلا يولۇچى توشۇش ئۆچاستىكىسى ساياھەت پويىزى ئەترىتى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتى ئالاتاۋ پورتى ئالماشتۇرۇپ قاچىلاش مەشغۇلاتى ئورنى كىران ئىسمېنىسى، قۇمۇل پاراۋوز ئىشلىرى ئۆچاستىكىسى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش سېخى رېمونتنى ھۆددىگە ئېلىش 1 - گۇرۇپپىسى، ترانسپورت شىركىتى T53/54 - قېتىملىق تېز پويىز 8 - پويىز خىزمەتچىلىرى گۇرۇپپىسى، ۋە T69/70 - قېتىملىق تېز پويىز 3 - پويىز خىزمەتچىلىرى گۇرۇپپىسى مەملىكەت بويىچە ياشلار مەدەنىي ئورنى بولدى.

لى شياۋۋېن

## T69/70 - قېتىملىق پويىز «قىزىل بايراقدار پويىز» دېگەن نامغا ئېرىشتى

2003 - يىلى تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ 2002 - يىللىق بېيجىڭ، شاڭخەيلەرگە بىۋاستە قاتنايدىغان يولۇچىلار تېز پويىزلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالىشىدا ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى پويىز مۇلازىمەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالغان ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭ غەربىي ۋوگزالىغا بارىدىغان T69/70 - قېتىملىق پويىز 14 - قېتىم مەملىكەت بويىچە تۆمۈريولدىكى «قىزىل بايراقدار پويىز» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لى شياۋۋېن، سەي مىن

## T53/54 (52/51) - قېتىملىق پويىز «قىزىل بايراقدار پويىز» دېگەن نامغا ئېرىشتى

2003 - يىلى تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ 2002 - يىللىق بېيجىڭ، شاڭخەيلەرگە بىۋاستە قاتنايدىغان يولۇچىلار تېز پويىزلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالىشىدا ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى پويىز مۇلازىمەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالغان ئۈرۈمچىدىن شاڭخەيگە قاتنايدىغان T53/54 (52/53) - قېتىملىق پويىز 7 - قېتىم مەملىكەت بويىچە تۆمۈريولدىكى «قىزىل بايراقدار پويىز» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لى شياۋۋېن، سەي مىن

## 3 ئورۇن مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى

2003 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ۋاقىتلىق باشقارمىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى يولۇچى ترانسپورت شىركىتى شاڭخەي پويىز ئەترىتى مەملىكەتلىك مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا، تۆمۈر يول ترانسپورتى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى مەملىكەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لى شياۋۋېن، سەي مىن

## سۈن يوڭفۇ يۈز چاقىرىملىق بوران رايونىغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

تۆمۈريول مىنىستىرلىكى پارتكوم گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مىنىستىر سۈن يوڭفۇ 2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 22 - 23 - كۈنلىرى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ يۈز چاقىرىملىق بوران رايونىغا كېلىپ، لىنىيىنى ئۆزگەرتىش لايىھىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە ئۈرۈمچى ۋوگزالىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى تەكشۈردى.

لى شياۋۋېن

## لۇ دوڭفۇ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لۇ دوڭفۇ 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ لىنىيىسى، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ غەربىي بۆلىكى قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى، قۇرۇلۇۋاتقان ئۈرۈمچى ۋوگزالىنىڭ يولۇچى توشۇش مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئىش ئورنىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە ئالاتاۋ پورتىغا بېرىپ پورتنى كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

لى شياۋۋېن

## پېڭ كەيجۇ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى پېڭ كەيجۇ 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 — 30 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. پېڭ كەيجۇ قۇمۇل، پىچان، ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالى قاتارلىق رايونلاردىكى بىرقىسىم ئورۇنلاردا ۋە بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش، سۈرئەت تېزلىتىش بويىچە ئۆزگەرتىش ئىش ئورنىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

لى شياۋۋېن

## خېڭ سىچۈەن ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

تۆمۈريول مىنىستىرلىكى پارتكوم گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك تۆمۈريول باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى خېڭ سىچۈەن 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 22 — 27 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق

قىلدى. خېلىڭ سىچۇەن لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ يۈز چاقىرىملىق بوران رايونىدىكى بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش، سۈرئەت تېزلىتىش بويىچە ئۆزگەرتىش نەق مەيدانىدا قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان خادىملاردىن هال سورىدى، ئۈرۈمچى شۆبە ئىدارىسى، ئالاتاۋ پورتى ۋوگزالىغا بېرىپ ئىشلەۋاتقان كادىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن هال سورىدى.

لى شياۋۋېن، سەي مىن

# تاشيول

## تاشيول ترانسپورتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە قاتناش تۇراقلىق مۈلكىگە سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليارد يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە بىكتۇەننىڭ 2 مىليارد يۈەن) گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %53.8 ئاشتى. تاشيول قۇرۇلۇش تۈرىدىن 28 ى تاماملاندى، 2419 كىلومېتىر تاشيول يېڭىدىن ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىلدى (يېزا تاشيولى بۇنىڭ سىرتىدا). يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتوموبىل قاتناۋاتقان تاشيول مۇساپىسى 84 مىڭ 116 كىلومېتىرغا يەتتى (بىكتۇەننىڭ 24 مىڭ 206 كىلومېتىر يولىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول 431 كىلومېتىر، 1 - دەرىجىلىك تاشيول 352 كىلومېتىر، 2 - دەرىجىلىك تاشيول 6163 كىلومېتىر، 3- دەرىجىلىك تاشيول 21 مىڭ 407 كىلومېتىر، 4 - دەرىجىلىك تاشيول 37 مىڭ 535 كىلومېتىر، دەرىجىگە توشمايدىغان تاشيول 18 مىڭ 228 كىلومېتىر. 4622 كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 117 مىڭ 458.6 مېتىر. دۆلەت، ئۆلكە يولى غول لىنىيىسىدىكى تاشيوللارنىڭ ساق تۇرۇش نىسبىتى %77 بولدى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە دەرىجىلىك يولۇچى توشۇش بېكىتىدىن 169 ى قۇرۇلدى، ئاھالىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل 500 مىڭدىن ئاشتى. بىر يىلدا تىجارەت خاراكتېرلىك يول ترانسپورتى بويىچە توشۇلغان يولۇچى 170 مىليون ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 16 مىليارد 130 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا؛ توشۇلغان يۈك 230 مىليون توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 25 مىليارد 390 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە توشۇلغان چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 109 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، چىقىرىلغان - كىرگۈزۈلگەن يۈك 1 مىليون 107 مىڭ توننىغا يەتتى. خەلقئارا يول ترانسپورت لىنىيىسىدىن 61 ى بار.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 مىليارد 480 مىليون يۈەن قاتناش قائىدىسى ھەققى (بېجى) ئېلىندى.

جاڭ پىڭ

## يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى


2003 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى «سىستېمىلار بىلەن بۆلەكلەرنى بىرلەشتۈرۈش، بۆلەكلەرنى ئاساس قىلىش» تىن «سىستېمىلار بىلەن بۆلەكلەرنى بىرلەشتۈرۈش، سىستېمىلارنى ئاساس قىلىش» قا ئۆزگەرتىلدى. ش ئۇ ئا ر تاشيول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان بولدى؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان دۆلەت يولى، ئۆلكە يولىدىكى يول ترانسپورتىنى تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنىڭ ترانسپورت مەمۇرىيىتى، مالىيىسى ۋە كەسپى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ش ئۇ ئا ر يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرتۇتاش باشقۇرىدىغان بولدى.

2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سابىق شىنجاڭ يولۇچى ترانسپورت شىركىتى بىلەن پۇقراۋى كارخانا دېلكىس گۇرۇھى مۈلۈكنى قايتا تەشكىللەپ، دېلكىس گۇرۇھى %70 پاينى كونترول قىلىدىغان دېلكىس شىنجاڭ يولۇچى ترانسپورت گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى قۇردى.

جاڭ پىڭ

## يېزا تاشيولى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە تاشيول ستاتىستىكىسىغا كىرگۈزۈلگەن يېزا تاشيولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 مىڭ 676.4 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك تاشيول 31.9 كىلومېتىر، 2 - دەرىجىلىك تاشيول 366.6 كىلومېتىر، 3 - دەرىجىلىك تاشيول 6134.1 كىلومېتىر، 4 - دەرىجىلىك تاشيول 21 مىڭ 72.3 كىلومېتىر، دەرىجىگە توشمايدىغان تاشيول 13 مىڭ 71.5 كىلومېتىر؛ يول يۈزى مۇساپىسى 33 مىڭ 284.7 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك يول يۈزى 573 كىلومېتىر، 2 - دەرىجىلىك يول يۈزى 12 مىڭ 507.6 كىلومېتىر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك يول يۈزى 8137.7



2003 - يىلى پۈتتۈپ ئاپتوموبىل قاتنىغان قوتۇبى ناھىيىسى دافباڭ بازىرى خۇڭلىيەنشەن تاشيولى.

لى گەنچىڭ فوتوسى

كىلومېتىر، تۆۋەن دەرىجىلىك يول يۈزى 12 مىڭ 66.4 كىلومېتىر، يول يۈزى يوق مۇساپە 7391.6 كىلومېتىر. كۆۋرۈكتىن 1356 سى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 30 مىڭ 784 مېتىر، سۇڭگۈچ 46 مىڭ 522. 2003 - يىلى يېزا تاشيول قۇرۇلۇشىغا 850 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1940 كىلومېتىر يېڭى يول ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 857 يېزا - بازار ئىچىدە تاشيول تۇتاشتۇرۇلغىنى 854 بولۇپ، ئومۇمىي يېزا - بازارنىڭ 99.65% نى ئىگىلىدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاسفالت يول تۇتاشتۇرۇلغان يېزا 798، شېغىل يول تۇتاشتۇرۇلغان يېزا 56)، تاشيول تۇتاشتۇرۇلمىغىنى 3. ئاپتونوم رايون بويىچە 9593 مەمۇرىي كەنت ئىچىدە تاشيول تۇتاشتۇرۇلغىنى 8449 بولۇپ، ئومۇمىي مەمۇرىي كەنتنىڭ 88.1% نى، تاشيول تۇتاشتۇرۇلمىغىنى 1144 بولۇپ، 11.9% نى ئىگىلىدى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى غول لىنىيىسى ئاساس، يېزا تاشيولى تارماق لىنىيە قىلىنغان، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، يېزا - بازار، كەنتلەرگە تۇتاشقان، ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن يېزا تاشيول تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

جياۋ يۈڭ

## ناھىيىلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان ئاسفالت يول قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ناھىيىلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان 4 ئاسفالت يول قۇرۇلۇشىنىڭ چالمىسى پۈتتۈرۈلدى، ياسالغان يول 758 كىلومېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي مۇساپىسى 2228 كىلومېتىر كېلىدىغان ناھىيىلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان 15 ئاسفالت يول پۈتكۈزۈلدى.

جاڭ پىڭ

## تاشقى ترانسپورت

2003 - يىلى شىنجاڭدا چەت ئەلگە چېتىلىدىغان 5 ترانسپورت لىنىيىسى ئېچىلدى، يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى چەت ئەلگە چېتىلىدىغان ترانسپورت لىنىيىسى 61 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يولۇچى ترانسپورت لىنىيىسى 31، يۈك ترانسپورت لىنىيىسى 30. چەت ئەلگە چېتىلىدىغان ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا 32. چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 109 مىڭ 600 گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 7.4% كۆپەيدى، چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ۋە چىقىرىلغان يۈك 1 مىليون 107 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 57.6% ئاشتى.

جاڭ نەن

## خوشۇت - كورلا يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى قۇرۇلۇشى باشلاندى

2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىنىڭ خوشۇتتىن كورلىغىچە بولغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول قۇرۇلۇشى باشلاندى. خوشۇت - كورلا يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى تۇنجى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ھېسابلىنىدۇ. بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 92.4 كىلومېتىر، قۇرۇلۇش مۇددىتى 3 يىل.

جاڭ پىڭ

## چەرچەن - چاقىلىق تاشيولىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى

2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دۆلەت يولى 315 - لىنىيىسىنىڭ چەرچەندىن چاقىلىققىچە بولغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى. چەرچەن - چاقىلىق تاشيولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 309 كىلومېتىر، قۇرۇلۇش قىلىش مۇددىتى 25 ئاي. بۇ قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن ترانسپورت مۇساپىسىنى 70 كىلومېتىر قىسقارتقىلى بولىدۇ

تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى

## پارچە ساقالدىن توقسۇنغىچە بولغان ۋە ئالاقىدار تاشيوللارنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى

2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 — 5 - كۈنلىرى دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىنىڭ پارچەساقالدىن توقسۇنغىچە بولغان ۋە ئالاقىدار تاشيوللارنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. بۇ تاشيولنىڭ دەرىجىسى ئەلا بولدى.

تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى

## تۇرپان - ئۈرۈمچى - داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولى مۇكاپاتقا ئېرىشتى

2003 - يىلى تۇرپان - ئۈرۈمچى - داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولى قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ 2002 - يىللىق تاشيول قۇرۇلۇشى بويىچە «ئۈچتە ئەلا» نى باھالاش پائالىيىتىدە سۈپەتلىك لايىھىلەش بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، سۈپەتلىك قۇرۇلۇش بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شىنجاڭ تاشيول پىلانلاش - لايىھىلەش يۇرتى تەكشۈرۈپ لايىھىلىگەن تۇرپان - ئۈرۈمچى - داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ 10 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇشلارنى لايىھىلەش بويىچە مىس مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى

## تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى تەكشۈرۈلدى

2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قاتناش نازارىتى تەشكىللىگەن ھەيدەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىش ئورنىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. ئۇلار بىر ئورۇنغا قىزىل تاختا بېرىپ، قۇرۇلۇشتىن توختىتىش، بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ تەۋەسىدىكى تاشيول قۇرۇلۇشى بازىرىغا كىرگۈزمەسلىكنى، 7 ئورۇننى سېرىق تاختا بېرىپ ئاگاھلاندۇرۇپ، بۇ ئورۇنلارنى بۇنىڭدىن كېيىنكى 2 يىلدا شىنجاڭ تەۋەسىدىكى تاشيول قۇرۇلۇشى تورىغا خەۋەردار قىلىپ چاقىرماسلىقنى بۇيرۇدى، 35 ئورۇننى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەنقىدلىدى.

جاڭ يىڭ

## ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ قاتناش سىستېمىسىدا 14 قېتىملىق قائىدىگە خىلاپ يولغا چىقىش ھەرىكىتى توسۇپ قېلىندى. تاشيولدا ھەق ئېلىش پونكىت - نۇقتىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، يۈكلىنى ئارتۇق بېسىپ، بولۇپمۇ ئارتۇق سېلىپ يول ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى تۈزەشكە دائىر مەمۇرىي قانۇننىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش تەكشۈرۈش كۈچەيتىلىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشلار قاتتىق بىرتەرەپ قىلىنىپ، تاشيولدىكى «ئۈچ قالايمىقان» مەسىلىسىنىڭ يۈز بېرىشى مەنبەسىدىن توسۇلدى، ئاپتونوم رايوندىكى تاشيوللارنىڭ ھەممىسىدە «ئۈچ قالايمىقان» ئاساسىي جەھەتتىن يوق بولدى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 26 ئاساسىي قاتلام كۆزنەك ئورۇن قاتناش سىستېمىسى بويىچە ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتىدىكى مەدەنىي پونكىت، مەدەنىي ئورۇن ۋە مەدەنىي ئەترەت، 36 كۆزنەك ئورۇن كەسىپ ئىستىلى قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە كۆزنەك ئورۇن، 8 كۆزنەك ئورۇن ئاپتونوم رايون بويىچە كەسىپ ئىستىلى قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە كۆزنەك ئورۇن بولۇپ باھالاندى. مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش ۋە جەرىمانە قويۇش، مۇسادىرە قىلىشتا «كىرىم بىلەن چىقىم ئىككى لىنىيە بىلەن مېڭىش» بەلگىلىمىسى يولغا قويۇلدى. جەمئىيەتنىڭ قاتناش جەھەتتە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش قوشۇنىدىن رازى بولۇش نىسبىتى 89.8% كە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 4.8 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى بولدى.

گاۋ كې

## پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى

**2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ قاتناش سىستېمىسى 3 تەتقىقات تېمىسىنى تاماملىدى.**

ئېگىزلىكتىكى سوغۇق رايون چېگرا مۇداپىئەسىدە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سەييارە ساقچى ئاپتوموبىلىنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە كەشىپ قىلىش بۇ شىنجاڭ ئاپتوبۇس زاۋۇتى ئورۇندىغان، قاتناش مىنىستىرلىكى غەربىي قىسىم قاتناش قۇرۇلۇشى پەن - تېخنىكىسى تۈرى بولۇپ، ئۇ 2003 - يىلى قاتناش مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ تۈر شىنجاڭ ۋە غەربىي قىسىمدىكى ئېگىزلىكلەردە ئوكسىگېن كەمچىل بولۇش، سوغۇق رايون، چۆللۈك، تاغلىق يەر كۆپرەك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن كەشىپ قىلىنغان يېڭى تىپتىكى، ئەرزان مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان چارلاش ئاپتوموبىلى بولۇپ، ئۇنىڭغا خەۋەرلىشىش، يول باشلاش ۋە كۆزىتىش قاتارلىق ئىلغار پەن - تېخنىكا مۇجەسسەملەشكەن، ئاپتوموبىل كەۋدىسى، ئىسسىنىش ۋە ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلەش

سىستېمىسى ئىجادىي لايىھىلەنگەن، بۇ ئاپتوموبىلنىڭ ئىقتىدارى مۇكەممەل، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك.

مۇز (قار) ئېرىتىش خورۇچىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى بۇ تۈرنى شىنجاڭ تاشيول پىلانلاش - تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۈرتى تاماملىدى. شىنجاڭدا قىشتا مۇز توڭلاپ قالغان يوللارنى ئاسراشتا ساقلانغان مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، مۇھىت ئاسراش تىپىدىكى مۇز - قار ئېرىتىش خورۇچىنى كەشىپ قىلىپ ياساش ئىشى قانات يايدۇرۇلدى. شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك شارائىتى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى چىقىش قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىرقىسىم زاۋۇتلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى سېلىشتۇرما قىلىنىپ، ئارتۇقچىلىقلىرى قوبۇل قىلىنىپ، كەمچىلىكلىرى تولۇقلىنىپ، يەرلىك ئالاھىدە ياردەمچى خورۇچنىڭ تەننەرخى تۆۋەنلىتىلىپ ۋە شۇ يەرنىڭ بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىش نۇقتىلىق كۆزدە تۇتۇلۇپ، يېڭى تىپتىكى تەركىبىدە ناتىرىيلىق تۇز بولمىغان مۇھىت ئاسراش تىپىدىكى مۇز - قار ئېرىتىش مەھسۇلاتىنىڭ ئېرىتىش ۋە ئاسان قېتىشىۋېلىشتەك تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىلەر ھەل قىلىنغان.

شىنجاڭ تاشيول قۇرۇلۇشى تېخنىكا سىياستى بۇ تۈرنى شىنجاڭ تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتى تاماملىدى، ئۇ ئومۇمىي پىرىنسىپ، تاشيول قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش، تاشيول ئۆلچەش - لايىھىلەش، يول ئۇلى، يول يۈزى، كۆۋرۈك - سۇئۆتكۈچ، قاتناش قۇرۇلۇشى، ئالاھىدە زىيانداشنى بىرتەرەپ قىلىش، قاتناش مۇھىتىنى ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى قاتارلىق كۆپ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى تاشيول قۇرۇلۇشىغا دائىر ئەمەلىي تەجرىبىلەرنىڭ ئىلغانمىسى ۋە يەكۈنى. بۇ تېخنىكا سىياستى ئەمەلىيەت ئاساسىغا ئىگە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيتىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، مەشغۇلاتچانلىقى كۈچلۈك. ئۇنىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭ تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، قۇرۇلۇشنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشكە پايدىلىق.

لى يۇڭ

## ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

2003 - يىل 7 - ئايدا قاتناش مىنىستىرلىكى شىنجاڭ قاتناش قۇرۇلۇش ئىدارىسى ئۇلامباي باشقارمىسى تۇرپان ھەق ئېلىش پونكىتى، شىنجاڭ تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىلى باش ئۆچاستكىسى زىنكتەي يول ئاسراش پونكىتى، بىڭتۇەن كۈيتۇڭ يولۇچى ترانسپورت شىركىتى پىكاپ رېمونت زاۋۇتى ئالاھىدە مۇلازىمەت پونكىتىغا 2001 - 2002 - يىللىق قاتناش سىستېمىسىدىكى مەملىكەتلىك ياشلار مەدەنىي ئورنى دەپ نام بەردى؛ شىنجاڭ يولۇچى ترانسپورت شىركىتى يولۇچى ترانسپورت بېكىتىدىن ما جۇەن، قۇمۇل تاشيول باش ئۆچاستكىسى باركۆل تاشيول ئۆچاستكىسىنىڭ باشلىقى جى يۈەنجۇن، بىڭتۇەن شىخەنزە ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىنىڭ شوپۇرى لى خۇڭۋېي، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7- شى 2 - بىناكارلىق شىركىتى تاشيول قۇرۇلۇشى بۆلۈمىنىڭ تۈر دىرېكتورى جاڭ تۇڭجيې، بىڭتۇەن «تۇڭلىيەن» ماددىي ئەشيا ئوبوروتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ شوپۇرى جاڭ زېيەنلەرگە قاتناش سىستېمىسىدىكى مەملىكەتلىك ياشلار ئىش ئورنى ماھىرى دەپ نام بەردى.

تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى

## ۋېن مىڭيۇڭ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋېن مىڭيۇڭ 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ غەربىي قىسىم قاتناش قۇرۇلۇشى پەن - تېخنىكا تۈرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە تەكشۈردى.

جاڭ پىڭ

# خەلق ئاۋىئاتسىيىسى

## خەلق ئاۋىئاتسىيىسى خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2003 - يىلى جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى ھەرخىل ئايروپىلانلارنىڭ 84 مىڭ 864 قېتىم قونۇپ - ئۇچۇشىغا، 15 مىڭ 473 قېتىم ئۇچۇپ ئۆتۈشىگە، 80 قېتىم ئۇچۇپ - قونۇشى، 93 قونۇپ - ئۇچقان ئايروپىلاننىڭ مۇھاپىزەت خىزمىتىگە، 41 مىڭ 217 قېتىم ترانسپورت ئايروپىلانىنىڭ قونۇپ - ئۇچۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى، بۇ 2002 - يىلدىكىدىن 79.7% كۆپ؛ ئايروپىلان ئارقىلىق كىرگەن - چىققان يولۇچى 3 مىليون 379 مىڭ 20 گە يېتىپ، 58.4% كۆپەيدى. پوچتا يوللانمىسى 74 مىڭ 569.6 توننىغا يېتىپ، 23.3% ئاشتى. ترانسپورت ھاۋامۇداپىئەسى بويىچە 49 يىل بىخەتەر ئۇچۇش ۋە ھاۋادىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 22 ئاۋىئاتسىيە شىركىتى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە بازىرىغا كىردى. ئۈرۈمچى ئايرودرومىدىن ئۇچقان نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنىڭ نورماللىق نىسبىتى 2002 - يىلدىكىدىن 31.48% ئۆستى، شىنجاڭ رايونىدا ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتى بويىچە ۋاكالىتەن سېتىش كەسپى جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى 10 ئايرودرومنىڭ نورمال

تىجارەت قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىندى. بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە 166 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 114 مىليون 920 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 51 مىليون 400 مىڭ يۈەن. خوتەن ئايرودرومىنىڭ ئۇچۇش رايونىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، تارباغاتاي ئايرودرومىنىڭ ئۇچۇش - قونۇش يولىنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى ئايرودرومىنىڭ قوتقۇزۇش مەركىزى بىناسى قاتارلىق 12 نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى پۈتكۈزۈلدى.

2003 - يىلى جوڭگو جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتىنىڭ ئايروپىلانلىرى 60 مىڭ 390 سائەت ئۇچتى، بۇ 2002 - يىلدىكىدىن 2.2% كۆپ، ئايروپىلانلار 52 مىڭ 392 قېتىم ئۇچتى، بۇ 2002 - يىلدىكىدىن 10.6% كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە ترانسپورت ئۈچۈن ئۇچقىنى 59 مىڭ 981 سائەت بولۇپ، 2.2% كۆپ. بۇنىڭ بىلەن ئۇچۇش دەرىجە ھادىسىسى، ھاۋا مۇداپىئە ھادىسىسى، زور ئاۋىئاتسىيە يەر يۈزى ھادىسىسىنىڭ مۇتلەق ئالدى ئېلىندى، شىركەتنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ھادىسە يۈز بەرمىدى. ترانسپورت ئوبوروت مىقدارى 430 مىليون توننا بولۇپ، 0.4% تۆۋەنلىدى؛ توشۇلغان يولۇچى 2 مىليون 148 مىڭغا يېتىپ، 18% كۆپەيدى، توشۇلغان يۈك ۋە پوچتا يوللانمىسى 21 مىڭ 600 توننا بولۇپ، 19.9% ئازايدى؛ بىر يىلدا رويخەتتىكى ھەرخىل تىپتىكى ئايروپىلانلاردىن پايدىلىنىش نىسبىتى 8.38 سائەت بولدى. ئاساسىي تىجارەت كەسپىي كىرىمى 2 مىليارد 148 مىليون يۈەنگە، ئاساسىي تىجارەت كەسپىي تەننەرخى 1 مىليارد 642 مىليون يۈەنگە، ئېلىنغان پايدا 10 مىليون 397 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 10 مىليون 20 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 22 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يۇقىرىغا 28 مىليون 238 مىڭ 100 يۈەن خەلق ئاۋىئاتسىيىسى فوندى، 73 مىليون 120 مىڭ يۈەن باج تاپشۇرۇلدى.

2003 - يىلى جوڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتى يېقىلغۇ ماي شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شىركىتى 105 مىڭ 404 توننا ئاۋىئاتسىيە كىرسىنى ساتتى، سېتىش كىرىمى 284 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ھەرخىل ئايروپىلانلىرىغا 19 مىڭ 919 قېتىم ماي قاچىلىدى، مەسئۇلىيەت جەھەتتىكى كېچىكتۈرۈش نىسبىتى نۆل، تۈمەن ئايروپىلان (قېتىم) بويىچە مەسئۇلىيەت خاتالىقى نۆل، تۈمەن توننا ماي بويىچە مەسئۇلىيەت خاتالىقى نۆل، ئابونىتلارنىڭ رازى بولۇش نىسبىتى 100%، ماي مەھسۇلاتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100%، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ساقلىق نىسبىتى 95% تىن يۇقىرى بولدى.

2003 - يىلى شىنجاڭ ھەمىباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ھاۋا مەشغۇلاتىغا ماسلىشالايدىغان ئايروپىلاندىن 34 نى چىقىرىپ، 17 ئايروپىلان گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، بۇ گۇرۇپپا 5117.96 سائەت، 22 مىڭ 785 ئايروپىلان (قېتىم) ئۇچتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئۈچۈن ئۇچقىنى 333 سائەت، 147 ئايروپىلان (قېتىم)، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۈچۈن ئۇچقىنى 4213.64 سائەت، 20 مىڭ 30 ئايروپىلان (قېتىم)، بىرتەرەپ قىلىنغان يەر كۆلىمى 305 مىڭ 500 گېكتار (قېتىم)، مەشىق ئۈچۈن ئۇچقىنى 260.48 سائەت، 1868 ئايروپىلان (قېتىم)، ئوتلاق كۆچۈش ئۈچۈن ئۇچقىنى 122.21 سائەت، 69 ئايروپىلان (قېتىم)، سىناق تەرىقىسىدە ئۇچقىنى 78.1 سائەت، 360 ئايروپىلان (قېتىم)، باشقا ئىشلار ئۈچۈن ئۇچقىنى 110.53 سائەت، 311 ئايروپىلان (قېتىم).

2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خەينەن ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى شىركىتى شىنجاڭ رايونى ئىچىدىكى ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتى بازىرىغا كىردى، يىل ئاخىرىغىچە خەينەن ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى شىركىتى شىنجاڭ رايونىدا ترانسپورت ئۈچۈن 2649.58 سائەت ئۇچتى، ترانسپورت ئوبوروت مىقدارى 22 مىليون 496 مىڭ 600 توننا - كىلومېتىرغا يەتتى، نۆۋەتچى ئايروپىلانى 1696 قېتىم ئۇچۇپ، 70 مىڭ 515 ئادەم (قېتىم) يولۇچى، 1283.021 توننا يۈك ۋە پوچتا يوللانمىسى توشۇدى.

فۇ يىڭجى، زېڭ چىچىن، جاڭ جۈنفېڭ، ياۋ شىنگو، خې چۈەنفاڭ

## خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى جوڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك تارمىقلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز تەۋەسىدىكى خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى.

ھاۋا مەشغۇلاتىغا ماسلىشىشنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ھازىر بار بولغان رېمونت ئورۇنلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاپ تەرتىپكە سالدى، يېڭىدىن كۆپەيتىلىدىغان رېمونت تۈرلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. جەنۇب ئاۋىئاتسىيىسى گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتىنىڭ 43 ھاۋا لىنىيىسى ۋە باشقا 14 ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ 14 خىل ئايروپىلان ئۇچىدىغان ھاۋا لىنىيىسىنى رېمونت قىلىشنى تەكشۈردى؛ يېڭىدىن 55 قوشۇمچە دېتال رېمونت تۈرىنى، 6 ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى

رېمونت تۈرىنى تەستىقلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە بوئېن 757 ـ 200 تىپلىق ئايروپىلان سىستېمىسىدىكى 4C تەكشۈرۈشى (چوڭ رېمونتقا تەڭ) ۋە بوئېن 737، بوئېن 757 تىپلىق ئايروپىلانلارنىڭ جىددىي پەيتتە ئىشلىتىلىدىغان سىيرىلغۇچىنى رېمونت قىلىش تۈرى قاتارلىقلار بار.

پۈتۈن ئۇيغۇرنى ئۈتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلىش خادىمىدىن 180 ى يىللىق تەكشۈرۈلدى، يېڭىدىن 3 رېمونتچىغا كىنىشكا تارقىتىلدى، 132 رېمونتچىنىڭ كىنىشكىسىگە ئايروپىلان تىپى بويىچە تەستىق سىيلىندى، بىر رېمونتچىنىڭ كىنىشكىسى تۈزىتىپ قىلىندى؛ ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسى چۈشۈرگەن ئامېرىكا، سىنگاپور قاتارلىق دۆلەتلەردىكى 16 رېمونت ئورنىنىڭ رېمونت ئىجازەتنامىسىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى تاماملاندى؛ يېڭىدىن 9 رېمونت ئورنى تەستىقلاندى، بۇ شىنجاڭ كەييۈەن ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىلەن ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى 8 تارماق لىنىيە ئايرودرومىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەق مەيدانىنى تەكشۈرۈش ۋە ھەرخىل ئۇچۇرلار ئارقىلىق، ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرىنىڭ ئاۋىئاتسىيە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئايلىنىشىنى نازارەت قىلىش كۈچەيتىلدى. 39 ئايروپىلاننى يىللىق تەكشۈرۈش ئىشى تاماملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ترانسپورت ئايروپىلانى 20، ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە ئايروپىلانى 19؛ شىنجاڭ ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ چوڭ رېمونت قىلىنغان ئايروپىلانلىرى پۈتۈن مۇساپە بويىچە نازارەت ۋە كونترول قىلىنىپ، ئايروپىلانلارنىڭ چوڭ رېمونت سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى. ھاۋا مەشغۇلاتىغا ماسلىشىش بۇيرۇقنامىسىدىن 4 نۇسخا تارقىتىلدى، 60 نۇسخا كۆچۈرۈپ تارقىتىلدى.

ئۇچۇش ئۆلچىمى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. ئۇچۇش ئۆلچىمىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى 608 ئۇچقۇچى (قېتىم) غا كىنىشكا (تېخنىكا تەستىقنامىسى) بېجىرىپ بېرىلدى؛ ئۈرۈمچى قاراشلىق رايون تەۋەسىدىكى ئاۋىئاتسىيە باشقۇرۇش خادىملىرى، ئۇچۇشتا قول قويغۇچى ۋە جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتىنىڭ ھەرخىل ئۇچقۇچىلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە كىنىشكا تارقىتىش خىزمىتى تاماملاندى؛ 40 ئۇچقۇچى (قېتىم) نىڭ ئايروپىلان تىپىنى ئۆزگەرتىش ۋە تېخنىكا ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈش رەسمىيىتى بېجىرىلدى، 64 ئۇچقۇچى (قېتىم) ئېنگلىز تىلى بويىچە قوش گۇۋاھنامە ئىمتىھانىغا تەشكىللەندى؛ 78 ئادەم (قېتىم) گە ئېنگلىز تىلى لاياقەتنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى، 26 ئادەم (قېتىم) گە ئۇچۇش سودا ئىشلىرى كىنىشكىسى بېجىرىپ بېرىلدى، 5 ئادەم (قېتىم) دىن ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى كىنىشكىسى بويىچە نەزەرىيە ئىمتىھانى ئېلىندى ھەمدە ئۇلارغا كىنىشكا تارقىتىپ بېرىلدى، 43 ئۇچۇش ئوقۇتقۇچىسى (قېتىم) نەزەرىيە ئىمتىھانىغا تەشكىللەندى ھەمدە ئۇلارغا كىنىشكا تارقىتىپ بېرىلدى؛ 150 ئۇچقۇچى (قېتىم) دىن ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى بويىچە ئېنگلىز تىلى ئارقىلىق سىمسىز خەۋەرلىشىش ئىمتىھانى ئېلىندى ھەمدە ئۇلار تەكشۈرۈلدى.

ھەممىباب ئاۋىئاتسىيىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. شىنجاڭ ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئەتىيازلىق تەربىيىلەشتە ئايروپىلانغا چىقىشنى تەكشۈردى. شىنجاڭ «كەييۈەن» ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ مەشغۇلات قوللانمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى، بىرقىسىم ئاۋىئاتسىيە خادىملىرىنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى.

شىنجاڭنىڭ ئاۋىئاتسىيە بازارلىرى پائال ئېچىلىپ، ئۈرۈمچى قاراشلىق رايون تەۋەسىدىكى ئايرودروملارنىڭ كاپالىتى ۋە مۇلازىمەت ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 2003 ـ يىلى دۆلەت ئىچىدىكى 17 ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ۋە دۆلەت سىرتىدىكى 2 ئاۋىئاتسىيە شىركىتى شىنجاڭنىڭ ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدە تىجارەت قىلدى.

لى ۋېنچيۈ

## ئايرودروم كاپالىتى ئەھۋالى

2003 ـ يىلى جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۈرۈمچى قاراشلىق ئايرودروملارنىڭ ئۇچۇش رايونىنىڭ ئۇچۇشقا مۇۋاپىق كېلىش ئەھۋالىنى بىخەتەرلىك جەھەتتىن كەڭ كۆلەمدە تەكشۈردى، تەكشۈرۈشتە قەشقەر، كۇچا، ئالتاي، غۇلجا ئايرودروملىرى نۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى ھەمدە «ئۈرۈمچى دىۋوپو خەلقئارا ئايرودرومىنىڭ جىددىي پەيتتە قۇتقۇزۇش پىلانى» تۈزۈپ چىقىلدى، ئايرودرومنىڭ ئومۇمىي گەۋدە پىلانى، ئايرودروم ئورنىنى تاللاش، مۇھىت ئاسراش ۋە ئىشلىتىلىدىغان يەرنى بۆلۈش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

دۆلەت ئىچىدىكى ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرى بىلەن يەر يۈزى مۇلازىمىتى بويىچە 10 كاپالەت كېلىشىمى، بىنورمال نۆۋەتچى ئايروپىلان كاپالەت كېلىشىمىدىن 5 ى، ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى رېمونتىنى ھاۋالە قىلىش مۇلازىمىتى كېلىشىمىدىن 5 ى، يولۇچى توشۇش، يۈك توشۇش ۋە سېتىش ۋاكالەت كېلىشىمىدىن بىرى، زاپاس ئايرودروم كېلىشىمىدىن 5 ى ئىمزالاندى. دۆلەت سىرتىدىكى 2 ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بىلەن يەر يۈزى مۇلازىمىتى بويىچە ۋاكالەت كېلىشىمى ئىمزالاندى.

جاڭ چاۋ

مەخسۇس ئايروپىلانغا 15.378 سائەت مۇلازىمەت قىلىندى.

خەۋەرلىشىش تورى سىستېمىسىنىڭ خىزمەت ۋاقتى 156 مىڭ 904 سائەتكە، سىستېمىنىڭ نورمال خىزمەت قىلىش نىسبىتى 99.99% كە، خەۋەرلىشىش تېرمىنالىنىڭ ئابونېنتلارغا خىزمەت قىلىش ۋاقتى 106 مىليون 845 مىڭ 216 سائەتكە، نورمال مەشغۇلات نىسبىتى 99.98% كە؛ ئۈسكۈنىلەرنىڭ مەشغۇلات ۋاقتى 1 مىليون 188 مىڭ 710 سائەتكە، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ساقلىنىش نىسبىتى 99.98% كە يەتتى؛ بىر يىلدا 8 مىليون 573 مىڭ 966 پارچە تېلېگراممىنى قوبۇل قىلىندى ۋە تارقىتىلدى، 8934 خاتا تېلېگرامما بىرتەرەپ قىلىندى؛ پروگراممىلىق تېلېفون ئابونېنتى 5469 غا يېتىپ، 184 ى كۆپەيدى، ADSL ئابونېنتى 395 كە يېتىپ، 308 ى كۆپەيدى، چاقىرىش كەسپىي مىقدارى 710 مىڭ (قېتىم) غا يەتتى، تېلېفوندا 310 مىڭ قېتىم ئىش سورالدى.

چۇ جيەنپىڭ

## ئايرودرومنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇچۇشقا نازارەتچىلىك قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش تارماقلىرى 1 مىليون 297 مىڭ 715 يولۇچىنى تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىم يولۇچى 15 مىڭ 993 ئادەم (قېتىم). 3 مىليون 504 مىڭ 209 بولاق يۈك - تاق، 17 مىڭ 960 توننا يۈك تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈشتە رەسمىيىتى نامۇۋاپىق يولۇچىدىن 406 ئادەم (قېتىم) تېپىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئورنىدا كۆرسەتكەنلەر 48 ئادەم (قېتىم)، كىملىكى ساختا ياسالغان، ئۆزگەرتىلگەنلەر 358 ئادەم (قېتىم). 144 ھەرخىل تاپانچا، 24 مىڭ 778 پاي ھەرخىل ئوق، 205 ساقچى سايمىنى، 21 مىڭ 491 دانە پىچاق، 3419 ئاسان يانىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان بۇيۇم تەكشۈرۈپ تېپىلدى. 29 مىڭ 57 ئايروپىلان (قېتىم) قوغدالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆددە ئېلىنغان يۈك ئايروپىلانى 1334 ئايروپىلان (قېتىم).

چۇ جيەنپىڭ

## ئايروپىلان رېمونت قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى جۇڭگو جەنۇب ئاۋىئاتسىيىسى گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتىنىڭ ئايروپىلان رېمونت قىلىش بازىسى ھەرخىل تىپتىكى ئايروپىلانلارنىڭ 56 مىڭ 481 سائەت 48



2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خەينەن ئاۋىئاتسىيە چەكلىك شىركىتى باشقۇرىدىغان ئۈرۈمچى — غۇلجا ھاۋا لىنىيىسى ئېچىلدى.
خې جۈەنفاڭ فوتوسى

## ئۇچۇشقا مېتېئورولوگىيە جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى جۇڭگو ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئۇچۇش مېتېئورولوگىيىسى تارماقلىرى 84 مىڭ 864 ئايروپىلان (قېتىم) نىڭ ئۇچۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى، باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانلىرىنىڭ نورمال ئۇچۇش نىسبىتى دۆلەت ئىچىدە 85.78%، خەلقئارادا 58.08% بولدى. ئۇچۇش رايونىدا كۈنىگە 215 ئايروپىلان (قېتىم) ئۇچۇشتەك ئۇچۇشقا كاپالەتلىك قىلىش تارىخىي رېكورتى يارىتىلدى. مۇھىم ھاۋارايى مەلۇماتىنىڭ توغرىلىق نىسبىتى 85.3% كە يەتتى، مېتېئورولوگىيىلىك كۆزىتىشنىڭ خاتالىق نىسبىتى 10 مىڭدىن 0.09 بولدى؛ ئاۋىئاتسىيە ئۇقتۇرۇشى، ئاۋىئاتسىيە ئاخباراتى ماتېرىيالىدىن 274 مىڭ 441 پارچە تاپشۇرۇۋېلىندى، تارقىتىلدى ۋە بىرتەرەپ قىلىندى.

چۇ جيەنپىڭ

## خەۋەرلىشىش، يول باشلاش ۋە خەۋەرلىشىش تورىغا كاپالەتلىك قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى خەۋەرلىشىش، يول باشلاش، رادار، كۆزىتىش خىزمىتىنى 110 مىڭ 13.775 سائەت ئىشلىدى، سىستېمىنىڭ نورمال ئايلىنىش نىسبىتى 100%، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ساقلىنىش نىسبىتى 99.59%، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئومۇمىي ئايلىنىش ۋاقتى 578 مىڭ 640 سائەت بولدى. 80 مەخسۇس ئايروپىلان (قېتىم) غا كاپالەتلىك قىلىندى،

مىلوت بىخەتەر ئۇچۇشقا كاپالەتلىك قىلدى، 137 ئايروپلان (قېتىم) نى ئەكشۇرۇپ، 9922 كاشىلىنى تۈگەتتى، 2884 تۈرلۈك رەتكە تۇرغۇزۇش خىزمىتىنى تاماملىدى. 5423 ئايروپلان (قېتىم) نى ئۇچۇشتىن ئاۋۋال ئاسراشقا، 5411 ئايروپلان (قېتىم) نى ئۇچقاندىن كېيىن ئاسراشقا، 5075 ئايروپلان (قېتىم) نى قىسقا ۋاقىت توختىتىپ ئاسراشقا كاپالەتلىك قىلىندى، سىرتتىن كەلگەن 4610 ئايروپلان (قېتىم) ئاسرالدى. ھەرخىل تىپتىكى ئايروپلانلاردىن كۈندىكە ئوتتۇرىچە پايدىلىنىلىش نىسبىتى 7.47 سائەت، ئايروپلانلارنىڭ بىجىرىملىق نىسبىتى 90.18%، نۇۋەتچى ئايروپلاننىڭ نورمالسىزلىق نىسبىتى 7.3‰ بولدى.

زېڭ چىچىن

## ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى جۇڭگو جەنۇب ئاۋىئاتسىيىسى گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتى 66 ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىنى باشقۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىكى لىنىيە 60، خەلقئارا لىنىيە 6. ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 91 مىڭ 735 كىلومېتىر (تەكرارلانمىغان ئارىلىق بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىكى لىنىيە 79 مىڭ 568 كىلومېتىر، خەلقئارا لىنىيە 12 مىڭ 167 كىلومېتىر. ئايروپلان قاتنايدىغان دۆلەت ۋە رايون 4، ئايروپلان قاتنايدىغان شەھەر 51، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىكى ئايروپلان قانايدىغان شەھەر 45، دۆلەت سىرتىدا ئايروپلان قاتنايدىغان شەھەر 6. خېينەن ئاۋىئاتسىيە شىركىتى دۆلەت ئىچىدە باشقۇرغان لىنىيە 6.

زېڭ چىچىن، خې چۈەنفاڭ

## يېڭىدىن ئېچىلغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيىلىرى

2003 - يىلى جۇڭگو جەنۇب ئاۋىئاتسىيىسى گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتى يېڭىدىن 16 يولۇچىلار ترانسپورت ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئاچتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى 12، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى 4.

1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بوئىڭ 700 - 737 تىپلىق ئايروپلان ئىشلىتىلىپ ئۈرۈمچى - شىنىڭ - شاڭخەي - شىنىڭ - ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ ئارىلىقى 3565 كىلومېتىر.

1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بوئىڭ 700 - 737 تىپلىق ئايروپلان ئىشلىتىلىپ شىنىڭ - بېيجىڭ - شىنىڭ ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ ئارىلىقى 1780 كىلومېتىر.

1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بوئىڭ 700 - 737 تىپلىق ئايروپلان ئىشلىتىلىپ شىنىڭ - گۇاڭجۇ - شىنىڭ ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ ئارىلىقى 2150 كىلومېتىر.

3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بوئىڭ 700 - 737 تىپلىق ئايروپلان ئىشلىتىلىپ ئۈرۈمچى - جېڭجۇ - شيامېن - جېڭجۇ - ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ ئارىلىقى 4059 كىلومېتىر.

3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بوئىڭ 200 - 757 تىپلىق ئايروپلان ئىشلىتىلىپ ئۈرۈمچى - لەنجۇ - خاڭجۇ - لەنجۇ - ئۈرۈمچى لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ ئارىلىقى 3533 كىلومېتىر.

3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى بوئىڭ 700 - 737 تىپلىق ئايروپلان ئىشلىتىلىپ ئۈرۈمچى - يىنچۈەن - نەنجىڭ - يىنچۈەن - ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ ئارىلىقى 3389 كىلومېتىر.

3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى بوئىڭ 700 - 737 تىپلىق ئايروپلان ئىشلىتىلىپ ئۈرۈمچى - لەنجۇ - جىنەن - لەنجۇ - ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ ئارىلىقى 3331 كىلومېتىر.

3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى بوئىڭ 200 - 757 تىپلىق ئايروپلان ئىشلىتىلىپ ئۈرۈمچى - شىئەن - ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ ئارىلىقى 2306 كىلومېتىر.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 210A - ATR72 تىپلىق ئايروپلان ئىشلىتىلىپ ئۈرۈمچى - كورلا - ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ ئارىلىقى 373 كىلومېتىر.

4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى بوئىڭ 700 - 737 تىپلىق ئايروپلان ئىشلىتىلىپ ئۈرۈمچى - يىنچۈەن - ۋۇخەن - يىنچۈەن - ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ ئارىلىقى 2988 كىلومېتىر.

4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بوئىڭ 700 - 737 تىپلىق ئايروپلان ئىشلىتىلىپ ئۈرۈمچى - چاڭشا - گۇيلىن - چاڭشا - ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ ئارىلىقى 3723 كىلومېتىر.

6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى بوئىڭ 300 - 737 تىپلىق ئايروپلان ئىشلىتىلىپ شىئەن - ۋۇخەن - شىئەن ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ ئارىلىقى 735 كىلومېتىر.

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بوئىڭ 300 - 737 تىپلىق

ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ شىئەن - گۇيلىن - شىئەن ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ ئارىلىقى 1100 كىلومېتىر.

8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ATR - 72A تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ ئۈرۈمچى - ئالتاي - غۇلجا - ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ ئارىلىقى 1689 كىلومېتىر.

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ATR - 72A تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ ئۈرۈمچى - غۇلجا - ئالتاي - ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ ئارىلىقى 1689 كىلومېتىر.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بوئېڭ 700 - 737 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ ئۈرۈمچى - قەشقەر - غۇلجا - ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ ئارىلىقى 2786 كىلومېتىر.

خەينەن ئاۋىئاتسىيە پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭدىكى بازىسىدا 6 ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئاچتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى لىنىيە 5، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى لىنىيە بىر.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دونىر 300 - 328 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ ئۈرۈمچى - غۇلجا - ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى.

شۇ كۈنى ئۈرۈمچى - ئالتاي - ئۈرۈمچى، ئۈرۈمچى - كۇچا - ئۈرۈمچى، ئۈرۈمچى - ئاقسۇ - ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىلىرى ئېچىلدى.

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى دونىر 300 - 328 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ ئۈرۈمچى - دۇنخۇاڭ - لەنجۇ - شىئەن ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى.

10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى دونىر 300 - 328 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ ئۈرۈمچى - چۆچەك - ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى.

زىڭ چىچىن، شېن خۇڭمېي، خېچۈەنفاڭ

## جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتى شىنجاڭ تەۋەسىدە ئايلانما ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئاچتى

2003 - يىلى جۇڭگو جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتى «كىچىك تىپتىكى ئايروپىلان بىلەن كەڭ دائىرىنى قاپلاش»تىن ئىبارەت رايون ئىچى ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق كورلا، غۇلجا، قەشقەر ئارىلىقىدا ئايلانما نۆۋەتچى ئايروپىلان قاتنىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يولغا قويدى، ئۈرۈمچى - غۇلجا - ئالتاي - ئۈرۈمچى، ئۈرۈمچى - ئالتاي - غۇلجا - ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت شىمالىي شىنجاڭ ئايلانما لىنىيىسى ۋە ئۈرۈمچى - قەشقەر - غۇلجا - ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭ ئايلانما لىنىيىسىنى ئېچىپ، غۇلجا - قەشقەر، قەشقەر - ئالتاي، ئالتاي - غۇلجىدىن ئىبارەت جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ ئارىلىقىدا شۇ ئايروپىلاندا، شۇ كۈندە ئارىلىقتا ئالمىشىدىغان ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىرلەشمە مۇساپىلىك ترانسپورتنى يولغا قويدى.

ۋاڭ چىڭ، شېن خۇڭمېي

## ترانسپورت ئايروپىلانلىرى ئەترىتى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگو جەنۇب ئاۋىئاتسىيىسى گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدە ترانسپورتتا ئاجراتقان ئايروپىلان 20، بۇنىڭ ئىچىدە بوئېڭ 200 - 757 تىپلىق ئايروپىلان 9، بوئېڭ 700 - 737 تىپلىق ئايروپىلان 4، بوئېڭ 300 - 737 تىپلىق ئايروپىلان 2، ATR72 — 210A تىپلىق ئايروپىلان 5. ترانسپورت ئايروپىلانلىرىدىكى ئورۇن 3024، توشۇش تونناژى 352 توننا.

خەينەن ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئۈرۈمچى ئايرودرومىدا توختىتىپ قويغان ئايروپىلان 5، بۇنىڭ ئىچىدە دونىر 300 - 328 تىپلىق ئايروپىلان 4، بوئېڭ 767 تىپلىق ھەشەمەتلىك كەڭ گەۋدىلىك يولۇچىلار ئايروپىلانى بىر.

زىڭ چىچىن، شېن خۇڭمېي، خې چۈەنفاڭ

## جەنۇب ئاۋىئاتسىيىسى گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتى بىلەن جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنىڭ ۋاكالەت نومۇرى، ۋاكالەت رەقىمى ۋە بەلگىسىنى بىرلىككە كەلتۈردى

2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتى جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى شىركىتىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى نۆۋەتچى ئايروپىلانلىرىغا بىرلىككە كەلگەن ۋاكالەت نومۇرى، ۋاكالەت رەقىمى ئىشلىتىشكە باشلىدى؛ 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن باشلاپ جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى شىركىتىنىڭ خەلقئارا نۆۋەتچى ئايروپىلانلىرى بىلەن شياڭگاڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانلىرىغىمۇ بىرلىككە كەلگەن ۋاكالەت نومۇرى، ۋاكالەت رەقىمى ئىشلىتىلدى؛ 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن باشلاپ جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھىنىڭ ئايروپىلانلىرىدىكى «قىزىل رەڭلىك

بومباكس گۈلى» شىنجاڭ شىركىتىنىڭ ئايروپىلانلىرىدىكى «ئاق قۇ، تولۇن ئاي» بەلگىسىنىڭ ئورنىنى ئالدى؛ 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭ شىركىتىنىڭ ئۇچقۇچىلىرى، ئايروپىلان خادىملىرىنىڭ فورمىسىمۇ جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھىنىڭكى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

زېڭ چىچىن

## شىنجاڭ ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىر قېتىم ئادەتتىكى ئۇچۇش ھادىسىسى سادىر قىلدى

2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىر قېتىم ئادەتتىكى ئۇچۇش ھادىسىسى سادىر قىلدى، شىنجاڭ ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ Y11 تىپلىق 3890 - نومۇرلۇق ئايروپىلانى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - شىسىنىڭ فاڭساۋخۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا كېۋەزگە خىمىيىلىك تىزگىنلەش دورىسى چېچىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا ئايروپىلان گورۇپپىسىدا ئېغىر دەرىجىدە قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلغاچقا، مەسئۇلىيەت ھادىسىسى كېلىپ چىقتى، ئايروپىلان يەرگە چۈشۈپ كېرەكتىن چىقتى، خادىملار يارىلاندى.

لىيۇ مىڭسەي

## شىنجاڭ «كەييۈەن» ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قۇرۇلدى

2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىنجاڭ «كەييۈەن» ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى. بۇ شىركەت A خىلدىكى ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بولۇپ، ئاساسەن بوشلۇق ساياھىتى كەسپى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

يىل ئاخىرىغىچە بۇ شىركەت روسىيىدىن كىرگۈزۈلگەن ھەم يولۇچى، ھەم يۈك توشۇشقا بولىدىغان 26 كىشىلىك M - 8T تىپلىق تىك ئۇچاردىن 4 كە ئىگە بولدى. 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بۇ شىركەت مەزكۇر ئايروپىلاننى ئىشلىتىپ ئۈرۈمچى - ئالتاي - قاناس كۆلى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچتى.

لىيۇ مىڭسەي

## قاناس ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە تىك ئۇچار ئايرودرومى

بۇ ئايرودرومنى «كەييۈەن» ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك شىركىتى مەبلەغ سېلىپ قۇردى، ئۇ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ئاساسلىق بوشلۇق ساياھىتى تىجارىتى قىلىدىغان ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە ئايرودرومىدۇر. ئايرودرومنى شىنجاڭ ئايروپورت لايىھىلەش يۇرتى لايىھىلىدى، ئايرودروم 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى پۈتتى ھەمدە خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

لىيۇ مىڭسەي

## جەنۇب ئاۋىئاتسىيىسىيە شىركىتى شىنجاڭ شىركىتى ترانسپورت مۇلازىمىتى بويىچە يېڭى تۈرنى يولغا قويدى

2003 - يىلى جۇڭگو جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتى ساياھەتچىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن، «بۇلۇت ئارىسىدا سەيلە قىلىش»، «ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئۈچۈن بەخت تىلەش بېلىتى»، «كۆك ئاسماندىكى ساھىبجامالالار سەپىرى»، «بوشلۇقتىكى توي مۇراسىمى»، «تۇغۇلغان كۈن ساياھىتى» قاتارلىق ئۆزگىچە مۇلازىمەت تۈرلىرىنى يولغا قويدى. پوچتا ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ يولۇچى، يۈك يەتكۈزۈپ بېرىش كەسپىنى يولغا قويۇپ، ئىشىك ئالدىغىچە بىۋاستە مۇلازىمەتنى ئىشقا ئاشۇردى؛ ئايروپىلان كۈتۈش زالىدا شىركەتنىڭ خېرىدارلارغا مۇلازىمەت قىلىش پونكىتى خېرىدارلار ۋە سىرتتىكى كوللېكتىپ بىلەن زاكاز قىلغۇچىلارنىڭ بېلەت سېتىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. «ھەر كۈنى بىر قەدەم ئىلگىرىلەش، مەڭگۈ سەمىمىي مۇلازىمەت قىلىش» نى مۇلازىمەت شوئارى قىلدى، بېلەت سېتىش زالىدا ئىچىملىك سۇ، كۆزئەينەك، قەلەم، گاس - گاچىلار سۆزلىشىش دەپتىرى، كۆپ تىللىق ئىش ئورنى قاتارلىق يولۇچىلار مەركەز، سۈپەت يادرو قىلىنغان ئىنشائاتلارغا خاس مۇلازىمەتلەرنى يولغا قويدى؛ مىقدارى كۆپ يۈكلەرنى ئىشىك ئالدىغا ئاپىرىپ بېرىش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇچۇرنى بېرىش، قېرى، ئاجىز، كېسەل، مېيىپلارغا ئالدىن مۇلازىمەت قىلىش، 24 سائەت مال ئاپىرىپ بېرىش كەسپىنى يولغا قويدى ھەمدە يېڭى، تىرىك، ئاسان چىرىپ كېتىدىغان يۈك، ھايۋانلارغا قارىتا «يېشىل يول» ۋە «ئارزۇلۇق ھايۋانلار دۇنياسى» قاتارلىق مۇلازىمەتلەرنى يولغا قويدى.

زېڭ چىچىن

## جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتىنىڭ بېلەت سېتىش تورى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى

2003 - يىلى جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتى ئۈرۈمچى بېلەت سېتىش تورى قۇرۇلۇشى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. بىر يىلدا شىركەت 6 بىۋاستە بېلەت سېتىش ئورنىنى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى تاماملىدى. شىركەت يىل ئاخىرىغىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بېيمېن،

قىزىلتاغ، بېيجىڭ يولى، ئىتتىپاق يولى، دوستلۇق يولى، جۇڭشەن يولى، چيەنتاڭجياڭ يولىدا 7 بېلەت سېتىش ئورنى تەسىس قىلدى؛ كورلا، غۇلجا، قەشقەر، ئاقسۇلارغا ماركېتىڭغا مەسئۇل ۋاكالەتچىلەرنى ئەۋەتتى؛ كورلا شەھىرىدە بىۋاسىتە بېلەت سېتىش ئورنى، ۋاكالەتچىلەر كۇلۇبى قۇرۇپ، كۆلىمى كىچىكرەك سېتىش شۆبە، تارماق ئاپپاراتىدىن 15 نى تەسىس قىلدى؛ ئېلېكترونلۇق يولۇچىلار بېلىتى سىستېمىسى رەسمىي ئىشقا كىرىشتى؛ «بانكا ئايروپىلان بېلىتى» جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 97 تىجارەت تور نۇقتىسىدا يولغا قويۇلدى.

2003 - يىلى جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتى ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگىچە، ياۋروپا، ئاسىياغىچە بولغان لىنىيەلەر ۋە جۇڭگو جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى باشقۇرۇۋاتقان شەرقىي - جەنۇبىي ئاسىيا، ئامېرىكا قىتئەسى لىنىيەلىرىدىن پايدىلىنىپ، شىركەتنىڭ ئىچكى ئاۋىئاتسىيە لىنىيەلىرى بىلەن چەت ئەلنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئاۋىئاتسىيە لىنىيەلىرى باغلانغان خەلقئارا بىرلەشمە ترانسپورت كەسپىنى يولغا قويدى ھەمدە ئافغانىستاننىڭ ئاليانا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بىلەن ئۇلارنىڭ بېلىتىنى ۋاكالىتەن سېتىپ بېرىش كەسپىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

گۇرۇھنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ CZ يۈك توشۇش تورىنى بەرپا قىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. 10 - ئايدا گۇاڭجۇ ئۇلىنىش نۇقتىسى قىلىنغان CZ تور ترانسپورتى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئۈرۈمچى باشلىنىش نۇقتىسى، جېڭجۇ، چاڭشا، ۋۇخەن ئارىلىقتىكى ئۇلىنىش نۇقتىسى قىلىنىپ شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي جۇڭگو، شەرقىي جەنۇب قاتارلىق رايون ۋە شەھەرلەرگە CZ تور ترانسپورتى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بىلەن ئىسلامئاباد ئۇلىنىش نۇقتىسى قىلىنغان SPA كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، بىر بېلەت بىلەن ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارىدىغان خەلقئارا يۈك ترانسپورتى مۇلازىمىتى ئىشقا ئاشتى؛ 4 - ئايدا خەلقئارا يۈك ترانسپورت تاموژنىدا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى بىلەن مال ئۈچۈن بۆلمە زاكاز قىلىش، مال باغلاش، توشۇش، تالون ئىشلەش، تاموژنىغا، تەكشۈرۈشكە يوللاش، ئامباردا ساقلاش، ئايروپىلانغا قاچىلاش، توشۇش بىر گەۋدىلەشكەن مۇلازىمەت ئىشقا ئاشتى، بۇنىڭ بىلەن خەلقئارالىق ماللارنىڭ تاموژنىدىن ئۆتۈشى تېزلەشتى، شىركەتنىڭ خەلقئارا يۈك ترانسپورت كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

زېڭ چىچىن

### جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى شىنجاڭ شۆبىسى ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ئاۋىئاتسىيە لىنىيەلىرىگە نام بەردى

2003 - يىل 9 - ئايدا جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتى ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ئۆزى باشقۇرىدىغان 9 ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىگە نام بەردى ھەمدە تىزىمغا ئالدۇرۇشقا ئىلتىماس قىلدى. نام بېرىلگەن ئاۋىئاتسىيە لىنىيەلىرى تۆۋەندىكىچە:

ھاۋادىكى يىپەك يولى (ئۈرۈمچى - قەشقەر ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى)، يۈفۇ ساداسى (ئۈرۈمچى - كۇچا ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى)، ئىلى تېز لىنىيىسى (ئۈرۈمچى - غۇلجا ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى)، قاناس مەخسۇس لىنىيىسى (ئۈرۈمچى- ئالتاي ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى)، خوتەن قاشتېشى ساياھىتى (ئۈرۈمچى - خوتەن ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى)، تارىم دەرياسىدىكى ئۇچار قېيىق (ئۈرۈمچى - ئاقسۇ ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى)، چېگرا شەھەردىكى سېھىرلىك بۈركۈت (ئۈرۈمچى - چۆچەك ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى)، نەشپۈت شەھىرى تېز لىنىيىسى (ئۈرۈمچى - كورلا ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى)، كرورانغا ساياھەت (ئۈرۈمچى - چەرچەن ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى). بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلى تېز لىنىيىسى، قاناس مەخسۇس لىنىيىسى ۋە كرورانغا ساياھەت ئاۋىئاتسىيە لىنىيەلىرى تېخى تەستىقلىنىپ تىزىمغا ئېلىنمىدى.

زېڭ چىچىن، شېن خۇڭبى

## ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى

### ئېلېكترونلۇق مەمۇرىيەت

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى، ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە بارلىق نازارەت - ئىدارىلەر بىلەن ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىنى قەغەزسىز يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇردى، بىرقىسىم پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە 60% ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) لار ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنى باشقۇرۇش، ئارخىپ باشقۇرۇش، ئۇچۇر تەكشۈرۈش قاتارلىقلاردا ئېلېكترونلۇق مەمۇرىيەت قوللانما سىستېمىسىنى كەشىپ قىلدى ۋە قوللاندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت قاتارلىقلار ھۆكۈمەتنىڭ ئونۋېرسال ئۇچۇر تورىنى ئاچتى. ئىلى، بايىنغولىن، سانجى ئوبلاستلىرى، ئۈرۈمچى، قاراماي شەھەرلىرى ۋە قىسمەن

ناھىيە، شەھەرلەرمۇ شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردىن تار دائىرىلىك تورىنى قۇرۇپ چىقتى.

12 ئېلېكترونلۇق مەمۇرىيەت كەسپىي سىستېمىسىدىكى بەزى سىستېمىلار يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ش ئۇ ئا ر دۆلەت باج ئىدارىسى يىلىغا ئوتتۇرىچە 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، تار دائىرىلىك توردىن 133 نى قۇردى، كەڭ دائىرىلىك تور مەخسۇس لىنىيىسىدىن 135 نى ئاچتى، «شىنجاڭ دۆلەت بېجى ئېلىش - باشقۇرۇش ئۇچۇرى سىستېمىسى» دىن پايدىلىنىپ كەسىپ باشقۇردى. ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج ئىدارىسى شىنجاڭ يەرلىك باج باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسىنى كەشىپ قىلىش - قوللىنىشنى يادرو قىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە كەڭ دائىرىلىك تور بىلەن تار دائىرىلىك تورنى ئومۇملاشتۇرۇپ، باش ئىدارە — ئاپتونوم رايونلۇق ئىدارە — ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ئىدارە — ناھىيىلىك ئىدارە — باج پونكىتىدىن ئىبارەت 5 دەرىجىلىك ئۇچۇر تورى سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى تاشقى سودا، تاموژنا، تاۋار تەكشۈرۈش، سودا - سانائەت، باج قاتارلىق تارماقلار ھەمكارلىشىپ، دەسلەپكى قەدەمدە تاشقى سودا ئۇچۇر تورى مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، تاموژنا چولڭ ئۆتكىلى ئۇچۇر سىستېمىسى سۇپىسى قۇرۇپ، تاشقى سودا، تاموژنا، تاۋار تەكشۈرۈش، باج، بانكىلار ئوتتۇرىسىدىكى تور سانلىق مەلۇماتىنى ئالماشتۇرۇشنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇردى. ئالتۇن قالقان قۇرۇلۇشى پۈتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە ج خ خەۋەرلىشىش تورى ۋە سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ ئىچكى تورى ۋە تاشقى تورىنىڭ ئايلىنىش مۇھىتى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈپ، نازارەتنىڭ تار دائىرىلىك تورى 14 ۋىلايەتلىك (ئوبلاستلىق) دېھقانچىلىق ئىدارىسى، ئازكەم 20 ناھىيىلىك (شەھەرلىك) دېھقانچىلىق ئىدارىلىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى سۈنئىي ھەمراھ خەۋەرلىشىش تورى ئارقىلىق دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسى بىلەن ئۇچۇر يەتكۈزۈش مەخسۇس يولىنى ئېچىپ، ئىچكى قىسىمدا كومپيۇتېر تورى قوللىنىش سۇپىسى ۋە مۇھىت ئاسراش ئۇنىۋېرسال تور بېكىتى قۇرۇپ، ئىچكى قىسىمدا ئۇچۇر يەتكۈزۈش ۋە توردا ئىش بېجىرىشنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇردى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمگەك كاپالىتى سىستېمىسى 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە تار دائىرىلىك تور قۇردى، ئىجتىمائىي كاپالەت كومپيۇتېر ئۇچۇرىنى باشقۇرۇش تور سىستېمىسى ۋە ئالاقىدار سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلۇپ ۋە يولغا قويۇلۇپ، ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ۋە داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى كومپيۇتېر ئارقىلىق بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇۋاتىدۇ.

قاتناش نازارىتى تاشيول كەسپىنى باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى، تاشيول، ترانسپورت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ۋە يول مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى، بەلگىلىمە بويىچە ھەق ئېلىش ئۇچۇرى سىستېمىسى يولىنى ئېچىپ، دائىرىسىنى كېڭەيتىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ ماقارىپ سىستېمىسىدا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى باشلاندى، ئىجتىمائىيلاشقان، ئېچىۋېتىلگەن يىراق مۇساپىلىك مائارىپ سىستېمىسى قۇرۇلۇۋاتىدۇ.

جاڭ دېشىن

## كارخانىلارنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى

شىنجاڭدا كارخانىلارنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى كېيىنرەك باشلانغان بولۇپ، سىستېمىلارغا ئايرىپ قوللىنىش باسقۇچىدا تۇرماقتا. 2003 - يىلى كومپيۇتېر ئارقىلىق لايىھىلەش، كومپيۇتېر ئارقىلىق ياساش، ئاپتوماتىك نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش، MIS ، ERP نۇقتىلىق كەسىپ ۋە كارخانىلار تەرىپىدىن قوللىنىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى نۇقتىلىق ۋە يېتىلىشى بىرقەدەر ياخشى كارخانىلارنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھەممىسى مالىيە باشقۇرۇشنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان، %90 كارخانا مالىيە باشقۇرۇشتا تار دائىرىلىك تور، %80 تىن ئارتۇق كارخانا كارخانىنىڭ ئىچكى تورىنى ئاچقان ھەمدە تورنى ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش، بازار ماركېتىڭى، مەھسۇلاتلارنى ئامباردا ساقلاش، خېرىدارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى باشقۇرۇش قاتارلىقلارنى ئىشقا ئاشۇرغان، تەخمىنەن %70 كارخانا ئۆزىنىڭ تور بېكىتىنى قۇرغان ھەمدە ئىنتېرنېت تورى بىلەن تۇتاشتۇرغان، %70 كارخانا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىغا دائىر سانلىق مەلۇمات، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى تىزگىنلەش ۋە كومپيۇتېر ئارقىلىق لايىھىلەشتە توردىن پايدىلانغان. بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، ماشىنىسازلىق، توقۇمىچىلىق، مېتاللورگىيە، نېفىت قاتارلىق ساھەلەردە ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى ئەنئەنىۋى خىزمەت ئۇنۇمىنى كۆرۈنەرلىك ئۆزگەرتتى. CAD نى قوللىنىش جەھەتتە، CAD نى قوللىنىشتىكى ئۈلگە كارخانىدىن 15 ى قۇرۇلدى، CAD نىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %97 كە، ئاساسلىق مەھسۇلاتلاردا CAD ئارقىلىق سىزىپ چىقىرىش نىسبىتى %94 كە يەتتى.

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسى 10 ھەسسىلەنمە پىلان تۈرى ( ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر تېخنىكىسىنى قوللىنىپ ئەنئەنىۋى كەسىپنى ئۆزگەرتىش تۈرى) نى ئۇيۇشتۇرۇپ، مەملىكەتلىك ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر سىستېمىسىنى كېڭەيتىش ئىشخانىسىنىڭ تۈر قىلىپ

تۈرتۈرتكۈزۈشنى يولغا قويۇلدى، بۇ تۈرگە 51 مىليون 660 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسى توپلىغان مەبلەغ 16 مىليون 210 مىڭ يۈەن، قەرز پۇل 35 مىليون 450 مىڭ يۈەن، ھازىر 8 تۈر يولغا قويۇلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندا دۆلەتنىڭ ھەمسىلەنمە پىلانى تۈرىدىن 250 ى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كومپيۇتېر ئارقىلىق تىزگىنلەش تۈرى 95، كومپيۇتېر ئارقىلىق لايىھىلەش (CAD) تۈرى 33، كارخانا ئۇچۇرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى تۈرى 60، تور ئارقىلىق خەۋەرلىشىش تۈرى 35، كومپيۇتېر ئارقىلىق توپلاشتۇرۇپ ياساش سىستېمىسى تۈرى (CIMS) تۈرى ۋە ERP تۈرى 12، باشقا تۈر 15، بۇلارغا 1 مىليارد 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى، پەن-تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش فوندى، «ئۇچقۇن» پىلانى قاتارلىقلار ئارقىلىق، 100 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تۈرىگە ياردەم قىلىنىدۇ.

جاڭ دېشىن

## يۇمشاق دېتال كەسپى ۋە ئۇچۇر مۇلازىمەتچىلىكى

2003 - يىلى شىنجاڭدا شىنجاڭ ئاممىۋى ئۇچۇر كەسپى شىركىتى، شىنجاڭ ئاممىۋى ئۇچۇر كەسپى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنزى» رەقەملىك پەن - تېخنىكا مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «جىنتەيلوڭ» يۇمشاق دېتال پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «شىلىڭ» ئۇچۇر تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتى قاتارلىق يۇمشاق دېتال كارخانىلىرى بارلىققا كەلدى، ئۇلار خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە يۇمشاق دېتال مەھسۇلاتلىرىنى كەشىپ قىلدى.

يۇمشاق دېتال كارخانىلىرى ۋە يۇمشاق دېتال مەھسۇلاتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلدى. 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 7 يۇمشاق دېتال كارخانىسى ئېتىراپ قىلىندى، يىل ئاخىرىغىچە 36 كارخانا ئېتىراپ قىلىندى. يېڭىدىن 14 يۇمشاق دېتال تىزىمغا ئېلىنىپ ئېتىراپ قىلىندى، يىل ئاخىرىغىچە 68 يۇمشاق دېتال تىزىمغا ئېلىنىپ ئېتىراپ قىلىندى. 54 كارخانىنىڭ ئۇچۇر قۇرۇلۇشى سىستېمىسىنى توپلاشتۇرۇپ كەشىپ قىلىدىغان ئورۇنلۇق سالاھىيەت دەرىجىسىنى ئېتىراپ قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى، 195 كارخانا يىللىق تەكشۈرۈلدى. يىل ئاخىرىغىچە 195 كارخانا سالاھىيەت دەرىجە گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە A دەرىجىلىك ئورۇن 11، B دەرىجىلىك ئورۇن 55، C دەرىجىلىك ئورۇن 79، ۋاقىتلىق ئورۇن 23، رۇخسەت قىلىنغان ئورۇن 27.

ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش، تېخنىكىلىق قوللاش ۋە تېخنىكا مۇلازىمىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئۇچۇر مۇلازىمەتچىلىكى تەدرىجىي شەكىللەندى، كومپيۇتېر ئۇچۇر تورى سىستېمىسى ئاساس قىلىنغان سىستېما توپلاشتۇرۇش كەسپى، رادىئو - تېلېۋىزىيە تورىدا قىممەت ئاشۇرۇش مۇلازىمىتى، كومپيۇتېرنى قوللىنىش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش، ئۇچۇر قۇرۇلۇشىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش، ئۇچۇر قۇرۇلۇشى تۈرى تەتقىقاتى ۋە لايىھىلەش ئۇچۇر مۇلازىمەتچىلىكىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلاندى.

جاڭ دېشىن

## ئۇچۇر تېخنىكىسى بويىچە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدا ئۇچۇر جەھەتتە ئەسقاتىدىغان تېخنىكا بويىچە 11 قېتىم مەركەزلىك ئىمتىھان، 70 نەچچە ئادەم (قېتىم) تارقاق ئىمتىھان ئۇيۇشتۇرۇلدى، 47 مىڭ ئادەم تەربىيىلەندى ۋە ئۇلاردىن ئىمتىھان ئېلىندى. ئاز كەم 10 يىلدىن بۇيان 630 مىڭ ئادەم تەربىيىلەندى ۋە ئۇلاردىن ئىمتىھان ئېلىندى. جايلار ۋە ئورۇنلار 269 تەربىيىلەش نۇقتىسى قۇردى، تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچى 460 تىن ئاشتى، كومپيۇتېر تەخمىنەن 15 مىڭغا يەتتى، بۇلارغا ئازكەم 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر دۆلەت باج ئىدارىسى، يەرلىك باج ئىدارىسى، نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى، سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، تاشقى سودا نازارىتى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە يۇمشاق دېتال كارخانىلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرۇش ۋە مالىيە خادىملىرى كۇرسى، ش ئۇ ئا ر ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئەسلى نەشرلىك يۇمشاق دېتالنى قوللىنىش بىلىملىرى كۇرسى، كومپيۇتېر ئۇچۇر سىستېمىسى بويىچە ئۇنىۋېرسال سىم ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى باشقۇرغۇچىلار ۋە تېخنىكا خادىملىرى كۇرسى، ش ئۇ ئا ر تور دېرېكتورلىرى كۇرسى، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى كۇرسى قاتارلىق كۇرسلارنى ئېچىپ، 450 نەچچە ئادەمنى تەربىيىلىدى.

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسى يىللىق مەملىكەتلىك كومپيۇتېر يۇمشاق دېتال كەسپىي سالاھىيەت ۋە سەۋىيە ئىمتىھانى خىزمىتىنى تاماملىدى، ئىمتىھانغا 1250 كىشى قاتناشتى، 208 كىشى ئىمتىھاندىن ئۆتتى. يىل ئاخىرىغىچە 18 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئىمتىھانغا قاتناشتى.

جاڭ دېشىن

## ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىق ئۇچۇر تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش ۋە قوللىنىش

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %60 ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسى شىنجاڭنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم مەزمۇن قىلىنىپ كەلدى، ئۇ مەلۇم دائىرە ۋە تېخنىكا قاتلىمى جەھەتتە كەشىپ قىلىندى ۋە قوللىنىلدى ھەمدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 80 - يىللاردا تۈزۈلگەن ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە يېزىقنىڭ دۆلەتلىك ئۆلچىمى شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىنى كومپيۇتېر ئۇچۇرى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش ۋە قوللىنىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. 2003 - يىلى شىنجاڭدا «Linux ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە مەشغۇلات سىستېمىسى ۋە ئۇنى كەسىپلەشتۈرۈش» ۋە «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش تەتقىقاتى» قاتارلىق تۈرلەر باشلاندى. بۇ تۈرلەر تاماملانغاندىن كېيىن، كود بىرلىككە كەلمەسلىك، سىستېمىلار ئارا قوبۇل قىلماسلىق مەسىلىسى تۈپتىن ھەل قىلىنىپ، يۇمشاق دېتال كەشىپ قىلىش سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇش، تەكرار كەشىپ قىلىنىپ قېلىش قاتارلىق قالاق ئەھۋاللار ئۆزگەرتىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش ۋە قوللىنىش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى.

جاڭ دېشىن

# پوچتا

## شىنجاڭ پوچتىسىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسىنىڭ كەسپىي كىرىمى 760 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %7.8 ئاشتى؛ چىقىم 153 مىليون يۈەن بولۇپ، 15 مىليون يۈەن ئازايدى؛ ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 60 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، %11.4 ئاشتى. جۇڭگو پوچتىسى بويىچە مەخسۇس ئېلان يوللاشتا ئاپتونوم رايون بويىچە تورلىشىش ئىشقا ئاشتى، 18 مىليون 650 مىڭ نۇسخا ئېلان تارقىتىلدى؛ «ئاسىيا كىندىكى مۇنارى - ئۈرۈمچى» قاتارلىق ھەقلىق پوچتا ماركىسىدىن 2 مىليون 40 مىڭ دانە تارقىتىلدى؛ كارخانا ئالتۇن كارتىسى، ئىسىم كارتىسىدىن 5 مىليون 820 مىڭى تاپشۇرۇۋېلىندى؛ تېز يەتكۈزۈلىدىغان پوسۇلكىدىن 480 مىڭى كۆپەيتىلىپ، كىرىم نىسبىتى 7 پىرسەنت پوئېنتى ئاشۇرۇلدى؛ شۇ جايدىكى تېلېگراف تىجارەت ئورۇنلىرى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىپ، 32 بىرلەشمە تىجارەت زالى، 256 تېلېگراف تېلېفونخانىسى ۋە 4 تېلېگراف ھەق تاپشۇرۇش سۇپىسى قۇرۇلدى؛ 8 سۇغۇرتا شىركىتى بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىپ، 20 خىل سۇغۇرتا ۋاكالىتەن بېجىرىلدى؛ ئاۋىئاتسىيە ئارقىلىق مال تاپشۇرۇۋېلىش، مال يوللاش ۋە تەقسىم قىلىش، يەتكۈزۈش، ئايروپىلان بېلىتىنى ۋاكالىتەن سېتىش قاتارلىق كەسىپلەر يولغا قويۇلدى. 2003 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئۈرۈمچى ۋە كورلا مەركىزىي ئىدارىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلاتى ۋە پوچتا ترانسپورتىغا قوماندانلىق قىلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش سىستېمىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، پوچتا يوللانمىلىرىنى ئىچكى قىسىمدا بىر تەرەپ قىلىشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش، تورلاشتۇرۇش مەشغۇلاتى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش ئىشىنى كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى 5 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 42 تور - نۇقتىدا سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى پوچتا ماركىسى توپلاش شىركەتلىرى ۋە 26 تور - نۇقتىدا پوچتا ھەققىگە دائىر تالون سىستېمىسىنىڭ يېڭى يۇمشاق دېتالىنى قۇراشتۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى؛ ئۇنىۋېرسال تور ۋە تار دائىرىلىك تور ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سىغىمىنى كېڭەيتىش ۋە زاپاسلاشتۇرۇش ئىشى تاماملاندى؛ رايونلۇق بىر تەرەپ قىلىش مەركىزى بىلەن بانكا بىرلەشمە كارتىسى قۇرۇلۇشى دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ، 24 سائەتلىك يېشىل كارتا مۇلازىمىتى يولغا قويۇلدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلېكترونلۇق پېرېۋوت تور - نۇقتىسىدىن 40 ى، تورلاشقان پوچتا پۇل ئامانىتى تور - نۇقتىسىدىن 22 سى، POS ئاپپاراتىدىن 60 ى كۆپەيتىلدى. ئۈرۈمچى، كورلا 2 - دەرىجىلىك پوچتا رايونى مەركىزىي ئىدارىسىنىڭ پوچتا يوللانمىلىرىنى توپلاش، تارقىتىش ئىقتىدارى كۈچەيتىلىپ، 3 - دەرىجىلىك پوچتا رايونى مەركىزىي ئىدارىسىنىڭ چىقىرىش، پېچەتلەش - تارقىتىش ئىقتىدارى ئاجىزلاشتۇرۇلدى. ئۈرۈمچى پوچتا رايونى مەركىزىي ئىدارىسىنىڭ 2 - تۈگۈنىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، كورلا مەركىزىي ئىدارىسىنىڭ ھۈنەر - سەنئەت ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

بىر يىلدا 65 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان 28 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر ئۆي كۆپەيتىلدى، ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان 63 ئاپتوموبىل كۆپەيتىلدى ۋە يېڭىلاندى.

كاڭ يەن

## يېڭى پوچتا كەسپى ئېچىلدى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ پوچتىسى يېڭى كەسىپ ئېچىش سالمىقىنى ئاشۇردى. قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە گېزىت ـ ژۇرناللارنى توپ ۋە پارچە سېتىش مەركىزى قۇردى، پارچە سېتىش كىرىمى گېزىت ـ ژۇرنال كىرىمىنىڭ %25.65 نى ئىگىلىدى. ئىككى سائەتتە تېگىدىغان ئېلېكترونلۇق پۇل يېرىۋېت كەسپىنى، ۋاقتىدا تېگىدىغان ئېلېكترونلۇق پۇل يېرىۋېت كەسپىنى يولغا قويۇپ، ئېلېكترونلۇق پېرىۋېت كەسپىنىڭ تۈرىنى كۆپەيتتى، ئىككى يۈرۈش «شىنجاڭغا سەپەر» ناملىق يۈرۈشلۈك ھەقلىق كارتا (قار لەيلىسى ھەقلىق كارتىسى) نى لايىھىلىدى، سوغۇرتا كارتىسى، شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كارتا، يۈرۈشلۈك ۋە خاسلىقتا ئىگە مەخسۇس تېمىدىكى نەپىس كارتىنى كەشىپ قىلدى، ساياھەت ئىشىك بېلىتى كارتىسى كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى، بۇنىڭ بىلەن تۈرلىرى بىرقەدەر تولۇق، ئۆزگىچە خەت ـ چەك كەسپىي تورى شەكىللەندى.

كاڭ يەن

## خەت ـ چەك كەسپى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ پوچتىسى ئورۇندىغان خەت ـ چەك كەسپىي مىقدارى 59 مىليون 872 مىڭ دانە بولۇپ، 2002ـ يىلدىكىدىن %12.1 ئازايدى؛ پوچتا ئارقىلىق ئېلان يەتكۈزۈش كەسپىي مىقدارى 21 مىليون 291 مىڭ دانە بولۇپ، %11.9 تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېلان پوچتا كارتىسى 4 مىليون 680 مىڭ دانە؛ ئىشلەنگەن كارخانا يېڭى يىل تەبرىك كارتىسى 3 مىليون 214 مىڭ دەنە بولۇپ، %13.8 ئازايدى؛ مۇكاپاتلىق يېڭى يىلنى تەبرىكلەش پوچتا كارتىسى 3 مىليون 305 مىڭ دانىگە يېتىپ، %4.6 كۆپەيدى. كىرىم 53 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %0.46 ئاشتى.

كاڭ يەن

## پوچتا خەۋەرلىشىش مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ پوچتىسى قېلىپلاشقان مۇلازىمەت ئۆلگە كۆزنىكىدىن 125 نى ئاچتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى «ياڭزىجياڭ يولى» تارماق ئىدارىسى قاتارلىق 16 كوللېكتىپقا ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا قېلىپلاشتۇرۇپ مۇلازىمەت قىلىشتىكى ئۈلگە كۆزنەك دېگەن نام بېرىلدى. 11 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ مۇلازىمەت مۇئەسسەسىلىرى ئۆزگەرتىلدى، مۇلازىمەت تور ـ نۇقتىسىدىن 157 سى كۆپەيتىلدى. پوچتىنىڭ تېز يەتكۈزۈشتىكى ئومۇمىي مۇلازىمەت سەۋىيىسى سەل ئۆستى، ئالاھىدە تېز پوچتا يوللانمىسىنى يەتكۈزۈش ئۇچۇرىنىڭ قايتىش نىسبىتى %90 تىن ئاشتى، ئابونېنتلارنىڭ پوچتا مۇلازىمىتىدىن رازى بولۇش دەرىجىسى 2002 ـ يىلدىكى 84.5 نومۇردىن 86 نومۇرغا يەتتى.

كاڭ يەن

## پوسۇلكا كەسپى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ پوچتىسى بويىچە پوسۇلكا كەسپىي مىقدارى 1 مىليون 832 مىڭغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %4.69، پوسۇلكا كەسپى كىرىمى 57 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.17 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېز يەتكۈزۈلگەن پوسۇلكا 482 مىڭ دانىگە يېتىپ، %37.32 نى ئىگىلەپ، پوسۇلكا كەسپىي مىقدارىنىڭ %26.3 نى، كىرىم 16 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پوسۇلكا كىرىمىنىڭ %29.2 نى ئىگىلىدى.

كاڭ يەن

## تېز يەتكۈزۈش كەسپى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ پوچتىسىنىڭ تېز يەتكۈزۈش كەسپىي مىقدارى 1 مىليون 988 مىڭ دانىگە يېتىپ، 2002ـ يىلدىكىدىن %22.8، كىرىمى 55 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.33 ئاشتى. دۆلەت ئىچىدىكى شۇ شەھەرلەرنىڭ ئۆزىدە تېز يەتكۈزۈش نىسبىتى %61.7 ئاشتى.

كاڭ يەن

## پوچتا پۇل ئامانىتى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ پوچتا پۇل ئامانىتىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن قالدۇقى 2 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە، جەمئىي ئامانەت پۇل 12 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ ئامانەت كەسپىي كىرىمى 282 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %12.8 ئاشتى، كىرىمىنىڭ تۆھپە نىسبىتى %53.94 بولدى. بىر يىلدا دۆلەت ئىچىدە 5 مىليون 579 مىڭ 400 پوچتا پېرىۋوتى يوللاندى، 7 مىليارد 262 مىليون يۈەنلىك پېرىۋوت تاپشۇرۇۋېلىندى، كەسپىي كىرىم 47 مىليون 82 مىڭ يۈەنگە يەتتى. خەلقئارا پېرىۋوت كەسپىدە غەرب بىلەن بىرلىششكە دائىر پېرىۋوت كەسپى تېز تەرەققىي قىلدى، 1850 پېرىۋوت تالونى تاپشۇرۇۋېلىندى ۋە يوللاندى، بۇنىڭ ئىچىدە دوللار 2 مىليون 4000، خەلق پۇلى 2 مىليون 285 مىڭ يۈەن؛ ئادەتتىكى خەلقئارا پوچتا پېرىۋوت كەسپى

بويىچە 258 پېرېۋوت چېكى تاپشۇرۇۋېلىندى، 179 مىلىڭ دوللار پېرېۋوت قىلىندى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە %99 تىن ئارتۇق ناھىيە، شەھەردە قەرەلسىز پوچتا پۇل ئامانىتىنىڭ خالىغان جايدا پۇل ئامانەت قويۇپ، خالىغان جايدا پۇل ئېلىش تۈرى يولغا قويۇلدى. ئېلېكترونلۇق پېرېۋوت ئەۋەتىش تورى بىرلەشمە تور - نۇقتىسى 562 گە يەتتى. ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ئاپپاراتى (ATM) 118 گە يەتتى، بانكا بىرلەشمە كارتىسى بەلگىسى بار پوچتا يېشىل كارتىسى 129 مىڭ 700 پارچىگە يەتتى. پوچتا پۇل ئامانىتى بويىچە خالىغان جايدا پۇل ئامانەت قويۇپ، خالىغان جايدا ئېلىش سودا سوممىسى 4 مىليارد 572 مىليون يۈەنگە يەتتى، 931 مىڭ 800 قېتىم سودا قىلىندى.

كاڭ يەن

## گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى 8000 خىل گېزىت - ژۇرنال تارقاتتى، تارقىتىلغان گېزىت - ژۇرنال 320 مىليون نۇسخىغا يەتتى، گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 89 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %32.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە گېزىت - ژۇرنالنى پارچە سېتىش كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 22 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.5 ئاشتى. گېزىت- ژۇرنال يەتكۈزۈش مەركىزى ۋە توردىن 5 ى يېڭىدىن قۇرۇلۇپ، گېزىت - ژۇرنال يەتكۈزۈش سۈرئىتى تېزلىتىلدى، خېرىدارلىق گېزىت - ژۇرناللارنى سېتىش تېزلىتىلىپ، پارچە سېتىش كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

كاڭ يەن

## پوچتا ماركىسى توپلاش كەسپى

2003 - يىلى شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسىنىڭ پوچتا ماركىسى توپلاش كەسپىي مىقدارى 31 مىليون 124 مىڭ دانىگە، پوچتا ماركىسى توپلاش بويىچە 1 مىليون 27 مىڭغا يەتتى، كىرىم 91 مىليون 870 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002- يىلدىكىدىن %7.67 تۆۋەنلىدى.

كاڭ يەن

## ۋاكالەتچىلىك كەسپى

2003 - يىلى شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى ۋاكالىتەن يىغقان ھەرخىل سۇغۇرتا ھەققى 69 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %15.6 ئاشتى؛ ياشانغانلار كۈتۈنۈش پۇلىنى ۋاكالىتەن تارقىتىش ۋە باشقا ھەرخىل ۋاكالىتەن يىغىش، ۋاكالىتەن بېرىش كەسپىي كىرىمى مۇقىم ئاشتى. ھەرخىل ۋاكالىتەن باشقۇرۇش تۈرىدىكى كەسپلەردىن قىلىنغان كىرىم 21 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇغۇرتىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش كەسپىي كىرىمى 2 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تېلېگراف كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش كەسپىي كىرىمى 20 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %28.35 ئاشتى. قاتناش بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى، سودىگەر چاقىرىش بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى بىلەن ھەمكارلىشىلىپ تور - نۇقتا، ATM، POS قاتارلىق بايلىقلاردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

كاڭ يەن

## پوچتا ماددىي ئەشيا ئوبوروتى كەسپى

2003 - يىلى شىنجاڭ جۇڭگو پوچتىسى ماددىي ئەشيا ئوبوروتى شىركىتىنىڭ ماددىي ئەشيا ئوبوروتى كەسپىي كىرىمى 29 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %36.86 ئاشتى. پوچتا ماددىي ئەشيا ئوبوروتى ئادەتتىكى تارقاق مەھسۇلات ترانسپورتىدىن، يۇقىرى قوشۇلما قىممەتلىك «ئالىي، خىل، ئېسىل» ۋە داڭلىق مەھسۇلاتلار ترانسپورتىغا كېڭەيدى، بىر تۈركۈم خېلى يۇقىرى قوشۇلما قىممەتكە ۋە پوچتا ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ماددىي ئەشيا ئوبوروتى، ئۇچۇر ئوبوروتى ۋە مەبلەغ ئوبوروت قىلىش بىر گەۋدىلەشكەن «ئۈچ ئوبوروتنى بىرلەشتۈرۈش» كەسپى دەسلەپكى قەدەمدە يولغا قويۇلدى.

كاڭ يەن

## بېيجىڭدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگە يۈك - تاق مەخسۇس پويىزى قاتنىدى

2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان 81207 - قېتىملىق تۇنجى يۈك - تاق مەخسۇس پويىزى توشۇغان 478 خالتا پوچتا يوللانمىسى ئۈرۈمچى شەھىرىگە يېتىپ كەلدى، بۇ بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە يۈك - تاق مەخسۇس پويىزىنىڭ رەسمىي قاتنىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ يۈك - تاق مەخسۇس پويىزىغا پۈتۈن مۇساپىلىك ترانسپورت شەكلى قوللىنىلغان، ئۇ ئاساسەن بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىلىدىغان باسما بۇيۇمى ۋە ئادەتتىكى پوسۇلكىلارنى توشۇيدۇ، كۈن ئارىلاپ بېيجىڭدىن يولغا چىقىدۇ، پۈتۈن مۇساپىگە 114 سائەت ۋاقىت كېتىدۇ، پويىز 1 - دەرىجىلىك پوچتا يولى بويىچە باشقۇرۇلىدۇ.

كاڭ يەن

# تېلېگراف

## شىنجاڭ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تېلېگراف كەسپىي مىقدارى

10 مىليارد 730 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %22.1، تېلېگراف كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 920 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %25.6 ئاشتى.

2003 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە تېلېگراف كەسپىي كىرىمى 6 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە تېلېگراف كەسپىي كىرىمىنىڭ %1.46 نى ئىگىلەپ، 2002ـ يىلدىكىدىن %13.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، كۆچمە خەۋەرلىشىش تورىدىن قىلىنغان كىرىم 3 مىليارد 176 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %26.5 ئېشىپ، تېلېگراف كەسپىي كىرىمىنىڭ %47.1 نى ئىگىلىدى؛ يەرلىك مۇقىم تېلېفون تورىدىن قىلىنغان كىرىم 2 مىليارد 148 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.8 ئېشىپ، %31.9 نى ئىگىلىدى؛ ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون تورىدىن قىلىنغان كىرىم 1 مىليارد 61 مىليون يۈەن بولۇپ، %3 تۆۋەنلەپ، %15.7 نى ئىگىلىدى؛ سانلىق مەلۇمات خەۋەرلىشىش تورىدىن قىلىنغان كىرىم 311 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %48.1 ئېشىپ، %4.6 نى ئىگىلىدى؛ سىمسىز چاقىرىش تورىدىن قىلىنغان كىرىم 44 مىليون يۈەن بولۇپ، %42.9 تۆۋەنلەپ، %0.7 نى ئىگىلىدى.

2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تېلېفون ئابونىتى 8 مىليون 522 مىڭغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 2 مىليون 177 مىڭ كۆپەيدى.

مۇقىم تېلېفون كەسپى مۇقىم كېڭەيدى. 2003 ـ يىلى مۇقىم تېلېفون ئابونىتىدىن 935 مىڭ كۆپەيدى، بۇنىڭ بىلەن مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 4 مىليون 310 مىڭغا يېتىپ، %27.7 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس تېلېگراف تورى ئابونىتى 190 مىڭ؛ يېزا، كەنت تېلېفون ئابونىتىدىن 140 مىڭ كۆپەيدى، بۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي تېلېفون 935 مىڭغا يېتىپ، %17.6 كۆپەيدى؛ شەھەر تېلېفونى ئابونىتىدىن 802 مىڭ كۆپەيدى، بۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي تېلېفون 3 مىليون 185 مىڭغا يېتىپ، %33.7 كۆپەيدى. يېزا، كەنت تېلېفون ئابونىتى مۇقىم تېلېفون ئابونىتىنىڭ %22.7 نى، شەھەر تېلېفونى ئابونىتى %77.3 نى ئىگىلىدى.

كۆچمە خەۋەرلىشىش كەسپىنىڭ ئېشىش ۋەزىيىتى تەدرىجىي مۇقىملاشتى. 2003 ـ يىلى كۆچمە تېلېفون ئابونىتىدىن 1 مىليون 242 مىڭ كۆپەيدى، بۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي ئابونىت 4 مىليون 212 مىڭغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %41.8 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە GSM ئابونىتىدىن 897 مىڭ كۆپەيدى، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئابونىتى 3 مىليون 722 مىڭغا يەتتى، CDMA ئابونىتىدىن 345 مىڭ كۆپەيدى، ئۇنىڭ ئومۇمىي سانى 490 مىڭغا يەتتى.

سانلىق مەلۇمات كەسپى ئابونىتى داۋاملىق تېز كۆپەيدى. 2003 ـ يىلى شىنجاڭ ئىنتېرنېت تورىدا تورغا چىققان ئابونىتتىن 160 مىڭ كۆپىيىپ، ئومۇمىي ئابونىت 608 مىڭغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %35.7 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، كەڭ بەلۋاغ كەسپى ئابونىتىدىن 8800 ى كۆپىيىپ، ئومۇمىي سانى 876 مىڭغا يەتتى.

يېڭى كەسىپ ئاپتونوم رايون تېلېگراف كەسپىي كىرىمىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن كۆچمە خەۋەرلىشىش قىسقا ئۇچۇر كەسپىي مىقدارى 772 مىليون 220 مىڭ بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي قىسقا ئۇچۇر 1 مىليارد 147 مىليون 900 مىڭغا يېتىپ، 2002ـ يىلدىكىدىن %206 كۆپەيدى. شەھەر تېلېفونى سىمسىز ئايلانما يول ئابونىتىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن مۇقىم تېلېفون ئابونىتىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى يەنىمۇ ئۆسۈپ، %45.8 كە يەتتى. كەڭ بەلۋاغ كەسپى ئابونىتى ئېيىغا 6700 دىن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ADSL ئابونىتى ئومۇمىي كەڭ بەلۋاغ ئابونىتىنىڭ %84.6 نى ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭ تېلېگرافى يولغا قويغان «ئالاقە بوشلۇقى»، «IP يېڭىچە سىن يولى»، «جياجيا e»، شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىشى يولغا قويغان «ھېسسىيات بەلۋېغى»، «e غا ئەگىشىپ ھەرىكەت قىلىش»، جۇڭگو بىرلەشمە خەۋەرلىشىشى شىنجاڭ شۆبىسى ئوتتۇرىغا قويغان «گۆھەر سىن يولى»، «چەكسىز بىرلەشمە خەۋەرلىشىش» قاتارلىق يېڭى كەسىپلەر تېلېگراف يېڭى كەسىپ ساھەسىدىكى يورۇق نۇقتىغا ئايلاندى.

2003 ـ يىل 1 ـ ئايدا جۇڭگو تور ئالاقىسى شىنجاڭ خەۋەرلىشىش شىركىتى قۇرۇلدى، 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭ سۈنئىي ھەمراھ ئالاقە شىركىتى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ئاساس تېلېگراف تىجارەت ئورنىدىن 6 سى، 9 چاقىرغۇ ئىستانسىسى، 15 مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان تېلېگراف تورى ئورنى، SP12 ئورنى، CP77 ئورنى، ICP 234 ئورنى، 6 چاقىرغۇ مەركىزى، 7 ئۇچۇر ئىستانسىسى بار بولدى.

يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭ تېلېگراف كەسپى كىرىمىنىڭ بازار ئىگىلەش نىسبىتىدە يېڭى ئۆزگىرىش بولدى. شىنجاڭ تېلېگرافى كەسپىي كىرىمىنىڭ سالمىقى 2002 ـ يىلدىكى %53 تىن %47.1 كە چۈشتى، شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىشىنىڭ %31 تىن %31.6 كە، شىنجاڭ بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شۆبە شىركىتىنىڭ %15 تىن %17.7 كە، شىنجاڭ تۆمۈريول ئالاقە شىركىتى ۋە باشقا شىركەتلەرنىڭ %1 تىن %3.48 كە ئۆرلىدى.

شىنجاڭ تېلېگراف ساھەسى تەرەققىيات جەريانىدا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر: 1) شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى مۇلازىمەت پەرقى يەنىلا خېلى زور، يېزا خەۋەرلىشىشى

كۆرۈنەرلىك ئارقىدا، ئومۇملىشىش نىسبىتى بەك تۆۋەن. 2) يېڭى كەسىپ ئېچىش ھازىرقى بازار شارائىتىدا بازارنىڭ تەمىنلىشى بازار ئېھتىياجىدىن زور بولۇۋاتىدۇ، ئابونېنتلار ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن ئالغاندا پەرق مەۋجۇت، قاراتمىلىقتا لىگە مۇلازىمەت كەمچىل. 3) تېلېگرافنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش يەنىلا ئاجىز.

شىپ نەن

## شىنجاڭدا تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى غەربىي قىسىمدىكى ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلار بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە مۇقىم تېلېفون ئۇلانغان كەنت 6592 گە يەتتى، كۆچمە تېلېفون تورى 85 ناھىيە - شەھەرنى قاپلىدى، سانلىق مەلۇمات ئالاقە تورى پۈتكۈل ناھىيە- شەھەر، زور بىر قىسىم يېزا - بازار، تۈەن مەيدانلارنى قاپلىدى. مۇقىم تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 2002 - يىلدىكى ھەر 100 ئادەمگە 18 دىن توغرا كېلىشتىن 22.32 گە يېتىپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 1.13 پىرسەنت يۇقىرى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 12 - ئورۇندا، غەربىي قىسىمدىكى 12 ئۆلكە - ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى. كۆچمە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 2002 - يىلدىكى 100 ئادەمگە 15.6 دىن توغرا كېلىشتىن 21.88 گە يېتىپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 0.86 پىرسەنت يۇقىرى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 11 - ئورۇندا، غەربىي قىسىمدىكى 12 ئۆلكە - ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى.

شىپ نەن

## سىمسىز رادىئو باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ سىمسىز رادىئو باشقۇرۇش ئىشخانىسى خەلق ئاۋىئاتسىيىسىدە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان چاستوتىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، چاقىرغۇ چاستوتىسىدىن 13 نى قايتۇرۇۋالدى، تارقىتىش ئاپپاراتىدىن 40 نەچچىنى چۈۋۈۋەتتى ۋە ئىشلىتىشتىن توختىتىۋەتتى، 150MHz چاستوتا بۆلىكىنىڭ ئېلېكتر ماگنىتلىق شارائىتىنى خېلى تەپسىلىي ئۆلچىدى. ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى سىمسىز رادىئو باشقۇرۇش تارماقلىرى رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىستانسا (رادىئو ئۈزېلى) لىرىنى تەكشۈرۈپ، قۇۋۋىتى يۇقىرى سىمسىز تېلېفونلارنى ئېنىقلاپ، خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ كاشىلىغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 907 سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇللاش پونكىتى تىزىملىتىش رەسمىيىتىنى بېجىردى. كىرا ئاپتوموبىلى رادىئوسىنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 300 نەچچە كىرا ئاپتوموبىلىغا رادىئو ئورۇنلاشتۇرۇش رەسمىيىتى بېجىرىپ بەردى. رادىئو ئىستانسى كېڭىشكىسىدىن 13 مىڭ 84 نى تەكشۈرۈپ تارقاتتى (قەرەلى توشۇپ ئالماشتۇرۇلغانلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە ھەر خىل سىمسىز رادىئو تارقىتىش ئۈسكۈنىسى 3 مىليون 500 مىڭغا يېتىپ، 2002 - يىلىدىكىدىن 24.6% كۆپەيدى.

شىپ نەن

## ئىنتېرنېت تورى ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىن سىرتقا چىقىرىلغان كەڭ بەلۋاغ تورى M 4475 كە يەتتى.

جۇڭگو ئىنتېرنېت تورىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا دائىر ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، 2004 - يىل 1 - ئايغىچە شىنجاڭدىكى تور ئابونېنتى 1 مىليون 178 مىڭغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 78 مىڭ 500 ئابونېنت كۆپىيىپ، مەملىكەت بويىچە تور ئابونېنتىنىڭ 1.5% نى، ئاپتونوم رايون نوپۇسىنىڭ 6.2% نى ئىگىلىگەن. 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتىدىن 160 مىڭى كۆپىيىپ، ئومۇمىي ئابونېنت 607 مىڭ 600 گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 35.7% كۆپەيگەن، بۇنىڭ ئىچىدە نومۇر بۇراپ تورغا چىقىدىغان ئابونېنت 520 مىڭ، كەڭ بەلۋاغ ئارقىلىق تورغا چىقىدىغا ئابونېنت 87 مىڭ 600 (شىنجاڭ تېلېگرافى 93.60% نى، شىنجاڭ تۆمۈريول خەۋەرلىشىشى 6.39% نى، شىنجاڭ تور ئالاقىسى 0.01% نى ئىگىلەيدۇ)، كەڭ بەلۋاغ ئابونېنتى ئىچىدە ADSL كەسپى ئابونېنتىنىڭ نىسبىتى 84.6% نى ئىگىلىدى.

شىپ نەن

## شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2003 - يىلى شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 3 مىليون 800 مىڭغا يەتتى (سىمسىز تېلېفون ۋە ئاممىۋى تېلېفونمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئاساسىي لىنىيىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 100 ئادەمگە 20 دىن توغرا كەلدى؛ 2003 - يىلى شۇ جاينىڭ ئۆز تېلېفون ئالاقىسى 11 مىليارد 300 مىليون قېتىمغا، سۆزلىشىش ۋاقتى 1 مىليارد 290 مىليون مىنۇتقا، دۆلەت ئىچىدىكى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئالاقىسى 470 مىليون قېتىمغا، سۆزلىشىش ۋاقتى 1 مىليارد 869 مىليون مىنۇتقا يەتتى (17909، 17908 ئارقىلىق بېرىلگەنلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

2003 - يىلى شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى تۇراقلىق

مۇلۇككە 1 مىليارد 760 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. جۇڭگو تېلېگراف گۇرۇھى شىركىتى چۈشۈرگەن لەنجۇ - ئۈرۈمچى، شىنىڭ - گېرمۇ - ئۈرۈمچى 1 - دەرىجىلىك غول لىنىيىسىدە دولقۇن ئايرىپ تەكرار پايدىلىنىش سىستېمىسىنىڭ سىغىمچانلىقىنى كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىش قاتارلىق تايانچ بەتكۈزۈش تورى قۇرۇلۇشى تاماملاندى؛ IP كەلگۈسى ئەۋلاد تورى شەھەر تورىنىڭ سىغىمچانلىقىنى كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ۋە يەرلىك تورلاردىكى سىمسىز تېلېفون تورىنى ياخشىلاش ۋە 36 ناھىيىلىك ئىدارىنى يېڭىدىن قۇرۇش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. پۈتۈن تورنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋەرلىشىش ئىقتىدارى ۋە بىخەتەرلىكى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 1-، 2 - دەرىجىلىك غول لىنىيە ئوپتىك كابېلىنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى %99.97 كە يەتتى، كاشىلا نىسبىتى 0.0873 قېتىم بولدى.

شۆ ليەن

## شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ مەشغۇلاتنى قوغداش كۆرسەتكۈچى

ئوپتىك كابېلنى قوغداش 2003 - يىلى شىنجاڭ تېلېگرافى ئوپتىك كابېلىنىڭ 1 - دەرىجىلىك غول لىنىيىسى 2 قېتىم تولۇق توسۇلۇپ قالدى، توسۇلۇش ۋاقتى 263 مىنۇت، ئوپتىك تالانىڭ ئىشلىتىشكە بولۇش نىسبىتى %99.984 بولدى؛ 2 - دەرىجىلىك ئوپتىك كابېل غول لىنىيىسى 3 قېتىم تولۇق توسۇلۇپ قالدى، توسۇلۇش ۋاقتى 421 مىنۇت، ئوپتىك كابېلىنىڭ راۋانلىق نىسبىتى %99.996 بولدى. يەرلىك توردىكى ئوپتىك كابېل بىر يىلدا 7 قېتىم تولۇق توسۇلۇپ قالدى، توسۇلۇش ۋاقتى 1574 مىنۇت، راۋانلىق نىسبىتى %99.999 بولدى. 1 - دەرىجىلىك غول لىنىيىدىكى سۈنئىي ھەمراھ توك يولىنىڭ راۋانلىق نىسبىتى %99.94 بولدى؛ غول لىنىيىلىك مىكرو دولقۇن ئۈزۈلۈپ قالمىدى.

يەرلىك تور سىم يولى يەرلىك توردىكى شەھەر تېلېفونى سىم يولىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %86، ئابونېنتلارنىڭ توسالغۇنى مەلۇم قىلىش نىسبىتى %1.28، 100 توچكىنىڭ توسۇلۇش ۋاقتى 4.400 مىنۇت، ۋاقتىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى %99.06 بولدى.

ئاسراش مۇلازىمىتى ئۈچتىن ئۈچقا ئۇلانغان توك يولىنىڭ ۋاقتىدا ئېچىلىش نىسبىتى %100، ئۈچتىن ئۈچقا ئۇلانغان توك يولىدىكى توسالغۇنىڭ ۋاقتىدا رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش نىسبىتى %100، ئۈچتىن ئۈچقا ئۇلانغان توك يولىدىكى توسالغۇنىڭ مەلۇم قىلىنىش نىسبىتى %4.45، ئىنتېرنېت توردىكى ۋاقىت ئۆزگىرىشى %98.06، يوقۇپ كېتىش نىسبىتى %0.194 بولدى.

شۆ ليەن

## شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ ئاساسلىق خەۋەرلىشىش ئىقتىدارى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە كوممۇتاتورىنىڭ ئومۇمىي سىغىمى 5 مىليون 375 مىڭ 300 توچكىغا، ئۇلانغان تورنىڭ ئومۇمىي سىغىمى 796 مىڭ 800 توچكىغا، 1 - دەرىجىلىك غول ئوپتىك كابېل 36.3670 كىلومېتىرغا، 2 - دەرىجىلىك غول ئوپتىك كابېل 14.6373 كىلومېتىرغا، يەرلىك توردىكى ئوپتىك كابېل 23 مىڭ 96.208 كىلومېتىرغا، غول لىنىيىدىكى رەقەملىك مىكرو دولقۇننىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.3314 كىلومېتىرغا، يەرلىك توردىكى مىكرو دولقۇن پونكىتى 150 كە، سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى پونكىتى 10 غا، VSAT (ناھايىتى كىچىك ئانتېننىلىق يەر يۈزى پونكىتى) كىچىك پونكىتى 435 كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون توك يولى 2M×18122 گە يەتتى.

شۆ ليەن

## شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ يېڭى كەسپى

2003 - يىلى شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى «ئائىلە e»، تېلېگراف قىممەت تولۇقلاش كارتىسى (بىر كارتا ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ)، كىچىك زېرەككە ئالدىن پۇل تاپشۇرۇش، مۇقىم تېلېفونغا ئالدىن پۇل تاپشۇرۇش، بىر نومۇر بىلەن كۆپ خىل تېلېفون ئىشلىتىش، ئۇچۇرلۇق ئاممىۋى تېلېفون، تېلېفون يۆتكەلمە نومۇر ئۆزگەرتمەسلىك، بىر ئائىلىدىكىلەر ئالاقىسى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئاممىۋى تېلېفون قاتارلىق يېڭى كەسپلەرنى يولغا قويدى. سانلىق مەلۇمات خەۋەرلىشىش ساھەسىدە IP يېڭىچە سىن يولى كەسپى، ئىنتېرنېت بوشلۇق كەسپى، شىنجاڭ ئىنتېرنېت تورى سانلىق مەلۇمات مەركىزى ئاساسىي ئاپپارات ۋاكالىتەن باشقۇرۇش كەسپى (IDC)، يۇلتۇز ھەرىكىتى ئالاھىدە رايونى قاتارلىق يېڭى كەسپلەر يولغا قويۇلدى.

شۆ ليەن

## شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى خېرىدارلار ئۈچۈن 10000 نومۇرلۇق مۇلازىمەت لىنىيىسىنى ئاچتى

2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان بىرتوتاش نومۇر، بىرتوتاش

كۆرۈنمە يۈز، بىرتۇتاش ئىقتىدار، بىرتۇتاش ئۆلچەمدىكى 10000 نومۇرلۇق ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سۇپىسى رەسمىي ئىشقا سېلىندى. بۇ سۇپىدا 180، 189، 112، 170 قاتارلىق ئالاھىدە مۇلازىمەت نومۇرلىرى بىر گەۋدە قىلىنغان، ئادەم مەشغۇلاتى ۋە ئاپتوماتىك مۇلازىمەت بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى خېرىدارلارنى 24 سائەت مەسلىھەت مۇلازىمىتى، كەسىپ قوبۇل قىلىش، كەسىپتىن مەسلىھەت بېرىش، ئەرز قوبۇل قىلىش، توسالغۇنى مەلۇم قىلىش قاتارلىق خەۋەرلىشىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. سۇپا مەشغۇلاتقا كىرىشكەن دەسلەپكى مەزگىلدە ئاپتونوم رايون مەركىزىدە 120 ئورۇن، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە 65 يىراق مۇساپىلىك كەسىپ ئورنى تەسىس قىلىندى.

شۆ لىيەن

## شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئەھۋالى

2003 - يىلى جۇڭگو تېلېگرافىنىڭ تايانچ يەتكۈزۈش تورى لەنجۇ - ۋۇۋېي - ئۈرۈمچى 1 - دەرىجىلىك غول لىنىيىدىن دولقۇن ئايرىپ تەكرار پايدىلىنىش سىستېمىسىنىڭ سىغىمىنى كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى (شىنجاڭ بۆلىكى) تاماملاندى، بۇ قۇرۇلۇشقا 6 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ قۇرۇلۇشتا لەنجۇ- ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا يېڭىدىن بىر يۈرۈش 2.5G—32× لىك دولقۇن ئايرىپ تەكرار پايدىلىنىش (WDM) سىستېمىسى بەرپا قىلىنغان، 2.5Gb/s يولىدىن 5 ى ئېچىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە بىرى قوغداش يولى، يەنە بىرى زاپاس يول.

جۇڭگو تېلېگرافى تايانچ يەتكۈزۈش تورى لەنجۇ - شىنىڭ- گېرمۇ - ئۈرۈمچى 1 - دەرىجىلىك غول لىنىيىسىدىن دولقۇن ئايرىپ تەكرار پايدىلىنىش سىستېمىسىنىڭ سىغىمىنى كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى (شىنجاڭ بۆلىكى) تاماملاندى، بۇ قۇرۇلۇشقا 6 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ گېرمۇ - ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا يېڭىدىن بىر يۈرۈش 32×2.5G لىك WDM سىستېمىسى قۇرۇلدى، بۇ سىستېمىدا 2.5Gb/s يولىدىن 4 ى ئېچىلدى.

جۇڭگو تېلېگرافى تاياچ يەتكۈزۈش تورى لەنجۇ - ئۈرۈمچى ماس قەدەملىك يەتكۈزۈش تورى (SDH) سىستېمىسى قۇرۇلۇشى (شىنجاڭ بۆلىكى) تاماملاندى، بۇ قۇرۇلۇشقا 1 مىليون 570 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ قۇرۇلۇشتا لەنجۇ- ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا پايدىلىنىلىدىغان 32×2.5G لىك WDM سىستېمىسىدىن بىرى، 2.5Gb/s (1 + 1) SDH سىستېمىسىدىن 3 ى قۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە IP كەڭ بەلۋاغلىق شەھەر تورىنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى سانلىق مەلۇمات ئۇلاش (DSLAM) ئۈسكۈنىسىنىڭ سىغىمىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. بۇ قۇرۇلۇشتا يېڭىدىن 110 مىڭ 544 تال ئۇچ ئېغىزى كېڭەيتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ADSL ئاخىرقى ئۇچ ئېغىزى سانى 151.552 لىنىيىگە يەتتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك توردىكى سىمسىز شەھەر تېلېفونى تورىنى ياخشىلاش ۋە 36 ناھىيىلىك ئىدارىنى يېڭىدىن قۇرۇش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، بۇ قۇرۇلۇشقا 480 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ بىلەن يېڭىدىن كۆپەيگەن خەۋەرلىشىش ئىقتىدارى 803 مىڭ لىنىيىگە يەتتى.

تۇرپان - كورلا ئوپتىك كابېل سىم يولى قۇرۇلۇشى تاماملاندى، بۇ قۇرۇلۇشقا 13 مىليون 520 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ قۇرۇلۇشتا 36 ئۆزەكلىك ئوپتىك كابېلدىن 420 كىلومېتىر (15 مىڭ 120 ئۆزەك كىلومېتىر) ياتقۇزۇلدى.

ئۇنىۋېرسال ھەق ھېسابلاش، راسچوت قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى تاماملاندى، بۇ قۇرۇلۇشقا 16 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ سىستېمىدا مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن يۇمشاق دېتال نۇسخىسى قوللىنىلدى، بۇ سىستېما تور ئارىلىقىدىكى، تور ئىچىدىكى كەسپىي راسچوت ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى، تىجارەت ئورۇنلىرى ئارىسىدىكى راسچوت ۋە راسچوت تەھلىلىنى پايدىلىق ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

شۆ لىيەن

## شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى كەڭ بەلۋاغ ئابونىتى تور بېكىتى قۇردى

2003 - يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى يېڭى يىپەك يولى كەڭ چاستوتىلىق تور بېكىتى (http://vod.xj.cnicfo.net) دە ئىگىبو مۇۋەپپەقىيەت كىنوخانىسىنىڭ كەڭ بەلۋاغ سۇپىسى VOD قوللىنىش سىستېمىسىنى كىرگۈزۈش بىلەن بىللە شىنجاڭ ئىنتېرنېت بوشلۇقى تور بېكىتى (http://www.xj.chunawnet.com) نى قۇرۇش خىزمىتىنى تاماملىدى ھەمدە مول تور مەزمۇنلىرىنى كىرگۈزدى. 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە يوقىرىدىكى 2 تور بېكىتى جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، كىنو - تېلېۋىزىيە، مۇزىكا، تېلېۋىزىيە قانىلى، كۆڭۈل ئېچىش مەسلىھىتى، قىسقا ئۇچۇر، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى، يۇمشاق دېتالنى توردىن چۈشۈرۈش، يىراق مۇساپىلىك مائارىپ قاتارلىق سەھىپىلەر بىلەن تەمىنلىدى، تور مەزمۇنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىلدى، ئەمەلىي قوللىنىلىشچانلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى، تور بېكىتىگە كىرىش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز

ئۆرلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شاڭخەي «شىڭدا» شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ «رىۋايەت» تۈسىدىكى ئويۇنلارنى كىرگۈزدى ھەمدە دۆلەت ئىچىدە تونۇلغان شاھمات، قارتا تۈرىدىكى ئويۇن تور بېكىتى - جۇڭگو تور ئويۇنى مەركىزى بىلەن ھەمكارلىشىپ شىنجاڭدا شۆبە بېكەت قۇرۇپ، شىنجاڭ ئويۇن تور بېكىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىقتىدارىنى ئاشۇردى.

شۈ ليەن

## شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

2003 - يىلى شىخەنزە شەھەرلىك تېلېگراف شۆبە شىركىتى مەملىكەتلىك ئۇچۇر كەسپى سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك تېلېگراف شۆبە شىركىتى مارالبېشى ناھىيىلىك تېلېگراف ئۇقەتچىلىك شىركىتىدىن ئەمەت ھاجى، ئىلى ئوبلاستلىق تېلېگراف شۆبە شىركىتىدىن ۋاڭ لى مەملىكەتلىك ئۇچۇر كەسپى سىستېمىسىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. ئىلى ئوبلاستلىق تېلېگراف شۆبە شىركىتى «جەنۇبىي ئازادلىق يولى» تىجارەت زالى ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «1 - ماي مەدەنىي ئۈلگە ئورۇن» بولۇپ باھالاندى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېگراف شۆبە شىركىتى «غالىبىيەت يولى» شۆبە ئىدارىسى، تۇرپان تېلېگراف سودا سارىيى، قاراماي شەھەرلىك تېلېگراف شۆبە شىركىتى تىجارەت زالى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تېلېگراف شۆبە شىركىتى ئارال تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ تىجارەت زالى مەملىكەتلىك ياشلار مەدەنىي ئورنى بولۇپ باھالاندى.

شۈ ليەن

## شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىش گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭ شىركىتى ھەرخىل قۇرۇلۇشلارغا 1 مىليارد 147 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. كىرىمى %16 ئاشتى. دۆلەتكە 140 مىليون يۈەن ھەرخىل باج تاپشۇردى؛ بىر يىلدا 550 مىڭ ئابونېنت ساپ كۆپەيدى، ئومۇمىي ئابونېنت سانى 2 مىليون 330 مىڭغا، تىجارەت تور - نۇقتىسى 612 گە يەتتى.

2003 - يىلى پۈتۈن تورنىڭ كوممۇتاتور سىغىمى 2 مىليون 908 مىڭغا يەتتى. 2 - غول يەتكۈزۈش تورى ئاساسەن پۈتۈپ 14 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شىخەنزە شەھىرىگە تۇتاشتۇرۇلدى، ئوپتىك كابېلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5113 كىلومېتىرغا يېتىپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ قوغداش ئايلانما يولى شەكىللەندى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە 14 شەھەر تورى بەرپا قىلىندى، 15 يەرلىك يەتكۈزۈش تورى بەرپا قىلىندى، ئوپتىك كابېلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8525 كىلومېتىرغا يەتتى.

2003 - يىلى كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتى پروتوكول تور قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ ۋە ياخشىلاپ، تور ياپىلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ۋە تور سۈپىتىنى ئۆستۈردى. GPRS PDP نى ئاكتىپلاشتۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %87.83 تىن %96.67 كە، رەڭلىك ئۇچۇرنىڭ ئۆلىنىش نىسبىتى %85 تىن %90 كە، قىسقا ئۇچۇرنىڭ ئۆلىنىش نىسبىتى %91.91 تىن %97.91 كە، WAP كەسپىنىڭ ئۆلىنىش نىسبىتى %95 تىن %100 كە يەتتى. 2 GPRS، WLAN - قارارلىق سىغىم كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى، نومۇر بۇراپ تورغا چىقىش بويىچە 17200 كەسپىنىڭ دەلىللەنگەن ئۆلىنىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %90 تىن %100 كە، WLAN كەسپىنىڭ دەلىللەنگەن ئۆلىنىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى % 82 تىن %100 كە يەتتى.

شيې نەن

## جۇڭگو بىرلەشمە خەۋەرلىشىش گۇرۇھى شىنجاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2003 - يىلى جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ ئاساسلىق تىجارەت كەسپىي كىرىمى 2002 - يىلدىكىدىن %26.7، پايدىسى %42.7 ئاشتى. بىر يىلدا 670 مىڭ ئابونېنت ساپ كۆپىيىپ، ئومۇمىي ئابونېنت 1 مىليون 860 مىڭغا يەتتى.

2003 - يىلى بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتى خەۋەرلىشىش بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 830 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. شىركەتنىڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش بويىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن تور سىغىمى 1 مىليون 110 مىڭ توچكىغا، يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي سىغىمى 3 مىليون 320 مىڭ توچكىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە C تورىدا يېڭىدىن كۆپەيگىنى 510 مىڭ، سىغىمى 1 مىليون 430 مىڭ توچكا؛ G تورىنىڭ سىغىمى 600 مىڭ توچكا كۆپەيدى، بۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي سىغىمى 1 مىليون 890 مىڭ توچكىغا يەتتى. بىر يىلدا IP كوممۇتاتورىنىڭ ئاخىرقى ئۇچ سانى 936 E1 گە، IP تېلېفون تورىنىڭ كېڭەيتىلگەن سىغىمى 41 E1 گە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە كەڭ بەلۋاغلىق سىنلىق خەۋەرلىشىش تورى ئېچىلدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن يەرلىك يەتكۈزۈش تورىدىكى ئوپتىك كابېلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3700 كىلومېتىردىن ئاشتى، غۇلجا - كورلا 705 كىلومېتىرلىق ئوپتىك كابېل قۇرۇلۇشى پۈتتى. يېڭىدىن 382 كىلومېتىر شەھەر تورۇبا لىنىيىسى كۆپەيدى، بۇنىڭ بىلەن تورۇبا لىنىيىسى 977 كىلومېتىرغا يەتتى.

2003 - يىلى شىركەتنىڭ ئاساسىي توردا يەتكۈزۈش لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 113 مىليون كىلومېتىرغا يەتتى.

شيې نەن

## تۆمۈريول خەۋەرلىشىش گۇرۇھى شىنجاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى تۆمۈريول خەۋەرلىشىش گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتىنىڭ خەۋەرلىشىش جەھەتتىكى ئاساسىي تىجارەت كىرىمى 2002 - يىلدىكىدىن %19.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېلېگراف بازىرى كىرىمى ئومۇمىي كىرىمنىڭ %64 نى ئىگىلەپ، %101 ئاشتى؛ تۆمۈريول راسچوت كىرىمى %36 نى ئىگىلىدى. توردىكى ئاۋاز كەسپىي كىرىمى %70.9، ئاممىۋى تېلېفون كىرىمى %536، ئىنتېرنېت كەسپى كىرىمى %346، شىركەتتىكى كەسپكارلارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى %37.9 ئاشتى.

2003 - يىلى تۆمۈريول خەۋەرلىشىش گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتى كەڭ بەلۋاغلىق سانلىق مەلۇمات كەسپى، ئاممىۋى تېلېفون زەنجىرسىمان دۇكىنى، سىنلىق خەۋەرلىشىش كەسپى، 17991 چاقىرغۇچىنى تېزىملاش كەسپى، قېلىپلاشقان كارتا توردىكى ماركىتنىڭ قاتارلىقلارنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى، تور ئويۇنى، VOD كەسپى، ناخشا تەلەپ قىلىش كارتىسى، ئۇچۇر سۈرۈشتۈرۈش، بىر نومۇر ئارقىلىق ھەرخىل تېلېفون ئىشلىتىش قاتارلىق يېڭى كەسپلەرنى كېڭەيتتى. بىر يىلدا ADSL ئابونېنتىدىن 5422 سى كۆپەيدى، ئاممىۋى تېلېفون زەنجىرسىمان دۇكىنى 1400 گە يەتتى.

2003 - يىلى تۆمۈريول خەۋەرلىشىش شىركىتى 1000 كىلومېتىر يەرلىك تور ئوپتىك كابېل لىنىيىسى بەرپا قىلىپ، لەنجۇ - شىنجاڭ لىنىيىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ لىنىيىسىدىكى ئەسلىدىكى M622 سىستېمىسىنىڭ دەرىجىسىنى G2.5 غا ئۆستۈردى؛ شەھەر تورى قۇرۇلۇشى جەھەتتە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى تورۇبا لىنىيىسى قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئابونېنتلار تورغا كىرىش جەھەتتىكى سەزگۈرلۈكىنى ۋە تېزلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بىرپۈتۈن ئۇلىنىش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى، تورنىڭ قاپلاش سەۋىيىسىنى زور ھەجىمدە ئۆستۈردى؛ ئىنتېرنېت تورى، سىنلىق خەۋەرلىشىش، ئەقلىي ئىقتىدارلىق تور كەسپىگە سالىدىغان مەبلەغنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ ئىشلىتىشكە باشلىدى، ھەق ھېسابلاش سىستېمىسىنىڭ 2 -، 3 - قارارلىق تېخنىكا دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش - ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، سىنلىق خەۋەرلىشىشنىڭ سىغىمىنى كېڭەيتىش ئۆلچىمىنى تاۋارلىشىش تەلىپىگە يەتكۈزدى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تۆمۈريول خەۋەرلىشىش گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتى ئاساسىي يەتكۈزۈش، كەسپىي كۆتۈرۈش ۋە باشقۇرۇش ئاساسىدىن ئىبارەت 3 ئاساسىي تورنىڭ ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تاماملىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۆلكە دەرىجىلىك غول لىنىيىدىكى ئوپتىك كابېلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6400 كىلومېتىرغا، خەۋەرلىشىش تورۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2250 تۈشۈك كىلومېتىرغا يەتتى، تۆمۈريول خەۋەرلىشىشنىڭ تور ئارقىلىق يەتكۈزۈش ئىقتىدارى كۈچىيىپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا تۇتاشقان، شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي رايونلارنى قاپلىغان ئۆلكە دەرىجىلىك غول لىنىيە ئارقىلىق يەتكۈزۈش تورى شەكىللەندى.

تۆمۈريول خەۋەرلىشىش شىركىتى

## جۇڭگو تور ئارقىلىق خەۋەرلىشىش گۇرۇھى شىنجاڭ خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى جۇڭگو تور ئارقىلىق خەۋەرلىشىش گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭ شىركىتى يەرلىك تور، ئۇزۇن يوللۇق تور، ئۇلىنىدىغان تور قاتارلىق قۇرۇلۇش تۈرىدىن 205 نى تۈر قىلىپ تەستىقلىدى، بۇ تۈرلەرگە 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ 589.68 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تورۇبا ياتقۇزى، تۈشۈك ئۇزۇنلۇقىنى 1282 كىلومېتىرغا يەتكۈزدى؛ ئاپتونوم رايوندىكى شۆبە شىركەتلەرنىڭ ئابونېنتى 61 مىڭ 88 گە يەتتى، سانلىق مەلۇمات نۇقتىسىدىن 37 مىڭ 100 ى، ئاۋازلىق خەۋەرلىشىش نۇقتىسىدىن 61 مىڭ 88 ى قۇرۇلدى؛ گۇرۇھ شىركەت تەقسىملەپ بەرگەن تالا ئۆزەكتىن پايدىلىنىپ ئۈرۈمچى - غۇلجا غول لىنىيىسىدىكى زىچ دولقۇننى بۆلۈپ تەكرار پايدىلىنىش سىستېمىسى، ئۈرۈمچى - تۇرپان SDH يەتكۈزۈش سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى؛ باشقا تىجارەت ئورۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ جەنۇبىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭدىكى غول لىنىيىدە يەتكۈزۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ئەقلىي ئىقتىدارلىق تور، ئۇزۇن يوللۇق ئۇنىۋېرسال ئىدارە ۋە 12 ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك ئۇنىۋېرسال ئىدارە، بۆلەك ئىدارە قۇرۇش ئىشىنى تاماملاپ، باشقا تىجارەت ئورۇنلىرىنىڭ يەرلىك تورى بىلەن بىرلىشىشنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇردى؛ مەملىكەتلىك IP تورى، ATM تايانچ تورى شىنجاڭغىچە ئۇزارتىلدى، 11 ۋىلايەت، شەھەرلىك IP شەھەر تورى ئارقا - ئارقىدىن پۈتتى، مەملىكەتلىك ATM تايانچ تورىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئۇلىنىش نۇقتىسىنى ئاخىرقى تەكشۈرۈش ۋە مەملىكەتلىك IP تايانچ تورىنىڭ ئۈرۈمچى، كورلىدىكى ئۇلىنىش نۇقتىلىرىنى دەسلەپكى تەكشۈرۈش تاماملاندى، ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي ئاساس تورى بەرپا قىلىندى.

شيې نەن

# شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى

## شەھەر قۇرۇلۇشى

### شەھەر قۇرۇلۇشىدا تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر قىلىپ تەسىس قىلىنغان شەھەرلەرنىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى جامائەت مۇئەسسەسلىرى قۇرۇلۇشىدا تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 925 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 815 مىليون 460 مىڭ يۈەن ئاشتى. سېلىنغان مەبلەغنى كەسىپلەر بويىچە ئايرىغاندا: شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەشكە 421 مىليون 660 مىڭ يۈەن، شەھەردىكى ئاممىۋى قاتناش ئىشلىرىغا 150 مىليون 720 مىڭ يۈەن، شەھەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىشقا 856 مىليون 980 مىڭ يۈەن، شەھەرنى يېقىلغۇ گاز بىلەن تەمىنلەشكە 714 مىليون 910 مىڭ يۈەن، شەھەرنىڭ يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىغا 2 مىليارد 334 مىليون 820 مىڭ يۈەن، شەھەرلەردە يۇندا چىقىرىۋېتىشكە 422 مىليون 360 مىڭ يۈەن، شەھەرلەردە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە 11 مىليون 60 مىڭ يۈەن، شەھەرلەرنى باغۋارانلاشتۇرۇش - كۆكەرتىشكە 350 مىليون 300 مىڭ يۈەن، شەھەر مۇھىت تازىلىقىغا 246 مىليون 980 مىڭ يۈەن، باشقا ئىشلارغا 415 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئەمەلىيەتتە ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 5 مىليارد 413 مىليون 100 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ ئورۇنلانغان خىزمەت مىقدارىنىڭ 91.1% نى ئىگىلىدى. شۇ يىلى 3 مىليارد 134 مىليون 500 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك كۆپەيدى.

شۇي يۈگجۈن

### شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە شەھەر قىلىپ تەسىس قىلىنغان شەھەرلەرنى كۈنلۈك تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى يېڭىدىن 181 مىڭ كۇب مېتىر ئاشتى، يېڭىدىن كۆپەيگەن سۇ تۇرۇبا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 169.43 كىلومېتىرغا يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال سۇ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۈنىگە 3 مىليون 507 مىڭ 200 كۇب مېتىرغا، سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبا يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3670.19 كىلومېتىرغا، يىللىق سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 766 مىليون 850 مىڭ كۇب مېتىرغا، تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىدىغان ئادەم 4 مىليون 778 مىڭ 700 گە، تۇرۇبا سۈيىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 94.11% كە يەتتى، تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ئوتتۇرىچە كۈنىگە 171.04 لىتىردىن توغرا كەلدى. 66 ناھىيە بازىرىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەشتىكى ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۈنىگە 610 مىڭ 800 كۇب مېتىرغا، سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2964 كىلومېتىرغا يەتتى. يىللىق سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 91 مىليون 570 مىڭ كۇب مېتىرغا، تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىدىغان ئادەم 1 مىليون 795 مىڭ 100 گە، تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 87.83% كە يەتتى. تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ئوتتۇرىچە كۈنىگە 103.14 لىتىردىن توغرا كەلدى.

شۇي يۈگجۈن

### شەھەرلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر قىلىپ تەسىس قىلىنغان شەھەرلەرنىڭ پار بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش ئىقتىدارى سائىتىگە 120 تونىنا، ئىسسىق سۇ بىلەن ئىسسىتىش ئىقتىدارى 614 مېگاۋات ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنىڭ پار بىلەن ئىسسىتىش ئىقتىدارى سائىتىگە 1396 تونىنغا، ئىسسىق سۇ بىلەن ئىسسىتىش ئىقتىدارى 8951 مېگاۋاتقا يەتتى. يىللىق ئىسسىتىش مىقدارى پارنىڭ 8 مىليون 560 مىڭ جوئۇلغا، ئىسسىق سۇنىڭ 86 مىليون جوئۇلغا يەتتى. مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش كۆلىمى 89 مىليون 385 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي 67 مىليون 145 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر. 59 ناھىيە بازىرىدا مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش يولغا قويۇلۇپ، پار بىلەن سائەتلىك ئىسسىتىش ئىقتىدارى 50 تونىنغا، ئىسسىق سۇ بىلەن ئىسسىتىش ئىقتىدارى 2142 مېگاۋاتقا يەتتى، يىللىق پار بىلەن ئىسسىتىش مىقدارى 360 مىڭ جوئۇلغا، ئىسسىق سۇ بىلەن ئىسسىتىش ئىقتىدارى 21 مىليون 110 مىڭ جوئۇلغا يەتتى. مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش كۆلىمى 14 مىليون 402 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي 9 مىليون 220

مىڭ 500 كۋادرات مېتىر.

شۈي يۈگجۈن

## شەھەرلەرنىڭ يېقىلغۇ گازى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر قىلىپ تەسىس قىلىنغان شەھەرلەردە يېڭىدىن 484.9 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلۇپ، تەبىئىي گاز تۇرۇبا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1362.55 كىلومېتىرغا يەتتى. تەبىئىي گاز ساقلاش ئىقتىدارى 276 مىڭ كۇب مېتىرغا، يىللىق تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 167 مىليون 337 مىڭ 100 كۇب مېتىرغا، گاز ئىشلەتكۈچى ئادەم 1 مىليون 360 مىڭ 400 گە يەتتى. سۈنئىي كۆمۈر گاز تۇرۇبا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 61 كىلومېتىرغا، سۈنئىي كۆمۈر گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۈنىگە 6 مىليون 240 مىڭ كۇب مېتىرغا، گاز ساقلاش ئىقتىدارى 90 مىڭ كۇب مېتىرغا، يىللىق گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 406 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىرغا، گاز ئىشلەتكۈچى ئادەم 58 مىڭ 600 گە يەتتى. سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازىنى ساقلاش ئىقتىدارى 13 مىڭ 485 توننىغا، يىللىق گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 171 مىڭ 867 توننىغا، گاز ئىشلەتكۈچى ئادەم 2 مىليون 862 مىڭ 400 گە، گاز ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 87.84% كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە بازارلىرىنىڭ سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازىنى ساقلاش ئىقتىدارى 6556.21 توننىغا، يىللىق گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 30 مىڭ 669 توننىغا، گاز ئىشلەتكۈچى ئادەم 1 مىليون 136 مىڭ 100 گە، گاز ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 62.75% كە يەتتى.

شۈي يۈگجۈن

## شەھەرلەرنىڭ ئاممىۋى قاتناش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر قىلىپ تەسىس قىلىنغان شەھەرلەردە 631 كوچا ئاپتوبۇسى كۆپىيىپ، 6300 گە يېتىپ، ھەر 10 مىڭ ئادەمگە 12.75 تىن كوچا ئاپتوبۇسى توغرا كەلدى. ترانسپورت تىجارەت لىنىيىسى تورىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2283 كىلومېتىرغا، كوچا ئاپتوبۇسلىرىنىڭ يولۇچى توشۇش ئومۇمىي مىقدارى 838 مىليون 810 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، شەھەرلەردىكى كىرا ئاپتوموبىلى (تاكسى) 23 مىڭ 422 گە يەتتى. 56 ناھىيە بازىرىدا ئاممىۋى قاتناش كەسپى يولغا قويۇلۇپ، كوچا ئاپتوبۇسى 1264 كە يېتىپ، ھەر 10 مىڭ ئادەمگە 4.6 دىن توغرا كەلدى، بىر يىلدا 37 مىليون 120 مىڭ يولۇچى (قېتىم) توشۇلدى. 49 ناھىيە بازىرىدىكى كىرا ئاپتوموبىلى (تاكسى) 8902 گە يەتتى.

شۈي يۈگجۈن

## شەھەر يوللىرى ۋە كۆۋرۈكلەر

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر قىلىپ تەسىس قىلىنغان شەھەرلەردە يېڭىدىن كېڭەيتىپ ياسالغان يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 257.09 كىلومېتىرغا، كېڭەيتىپ ياسالغان يول كۆلىمى 5 مىليون 293 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا، شەھەرلەردىكى يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3481.99 كىلومېتىرغا، كۆلىمى 51 مىليون 248 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، ئوتتۇرىچە 10.37 كۋادرات مېتىردىن يول توغرا كەلدى. پۇختا كۆۋرۈكتىن 8 ى كۆپىيىپ 288 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆتنۈشمە كۆۋرۈك 21. ئورنىتىلغان يول چىرىغى 158 مىڭ 580. ناھىيە بازىرىدىكى يوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1705.93 كىلومېتىرغا، كۆلىمى 31 مىليون 413 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، ئوتتۇرىچە 15.37 كۋادرات مېتىردىن يول توغرا كەلدى، كۆۋرۈك 345 كە، يول چىرىغى 65 مىڭ 669 غا يەتتى.

شۈي يۈگجۈن

## شەھەرلەردە يۇندا چىقىرىۋېتىش ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر قىلىپ تەسىس قىلىنغان شەھەرلەردە 96 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۇندا تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى، يۇندا تۇرۇبا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2460.52 كىلومېتىرغا، يۇندا تۇرۇبا يولىنىڭ زىچلىقى 4.36 كىلومېتىر/كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. يۇندا بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى 33 كە، كۈنىگە يۇندا بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 1 مىليون 228 مىڭ 300 كۇب مېتىرغا، يىللىق يۇندا بىر تەرەپ قىلىش مىقدارى 243 مىليون 124 مىڭ 800 كۇب مېتىرغا، يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتى 57.05% كە يەتتى. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش تۈسىمى 169.04 كىلومېتىرغا يەتتى. ناھىيە بازارلىرىدىكى يۇندا تۇرۇبا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1087.91 كىلومېتىرغا، يۇندا تۇرۇبا يولىنىڭ زىچلىقى 2.9 كىلومېتىر/كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. يۇندا بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى 20 گە، يىللىق يۇندا بىر تەرەپ قىلىش مىقدارى 20 مىليون 429 مىڭ 800 كۇب مېتىرغا، يۇندا بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتى 41.52% كە يەتتى. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش تۈسىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 219.69 كىلومېتىرغا يەتتى.

شۈي يۈگجۈن

## شەھەرلەرنى باغۋارانلاشتۇرۇش - كۆكەرتىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر قىلىپ تەسىس

قىلىنغان شەھەرلەرنىڭ پۈتكەن رايونلىرىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى 17 مىڭ 356.4 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %30.73 كە يەتتى؛ پۈتكەن رايونلارنىڭ باغۋاران - كۆكۆلمەيدان كۆلىمى 15 مىڭ 268.6 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %27.03 كە يەتتى؛ ئاممىۋى كۆكۆلمەيدان كۆلىمى 3124.57 گېكتارغا يېتىپ، ئوتتۇرىچە 7.8 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى. ناھىيە بازارلىرىنىڭ پۈتكەن رايونلىرىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى 9141.9 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %24.36 كە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 1.49 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى؛ پۈتكەن رايونلارنىڭ باغۋاران - كۆكۆلمەيدان كۆلىمى 7322.6 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %19.51 كە يېتىپ، 1.66 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى؛ ئاممىۋى كۆكۆلمەيدان كۆلىمى 1487.88 گېكتارغا يېتىپ، ئوتتۇرىچە 7.28 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى.

شۈي يۈگجۈن

## شەھەر ئومۇمىي پىلانى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېڭى بىر نۆۋەتلىك شەھەرلەرنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى. چۆچەك، قەشقەر، فۇكاڭ، تۇرپان، خوتەندىن ئىبارەت 5 شەھەر ۋە بۇرچىن، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي، چىڭگىل، مارالبېشى، قەشقەر يېڭىشەھەر، يېڭىسار، مۇڭغۇلكۈرە، غۇلجا، ئونسۇ، كەلپىن، كېرىيە، قاراقاش، گۇما، چىرا، لوپتىن ئىبارەت 16 ناھىيە بازىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى 16 شەھەر ۋە 39 ناھىيە بازىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانى گوۋۇيۈەن ياكى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق يولغا قويۇلدى.

زو شۈشياڭ

## شەھەرلەرنىڭ مۇھىت تازىلىقى

2003 - يىل شىنجاڭدىكى شەھەر قىلىپ تەسىس قىلىنغان شەھەرلەردىكى تۈرلۈك مۇھىت ئاسراش ماشىنىلىرى 882 گە يەتتى. ئەمەلىيەتتە 47 مىليون 904 مىڭ كۋادرات مېتىر يەر تازىلاپ تۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا بىلەن تازىلانغان كۆلەم 9 مىليون 244 مىڭ كۋادرات مېتىر. بىر يىلدا 3 مىليون 340 مىڭ توننا تۇرمۇش ئەخلىتى، 84 مىڭ توننا گەندە توشۇلدى. ئاممىۋى ھاجەتخانا 2047 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ بىلەن يۇيۇلىدىغان ھاجەتخانا 1393. ناھىيە بازارلىرىدىكى تۈرلۈك مۇھىت تازىلىق ماشىنىسى 343 كە يەتتى. ئەمەلىيەتتە تازىلانغان كۆلەم 21 مىليون 100 مىڭ كۋادرات مېتىر بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا بىلەن تازىلانغان كۆلەم 964 مىڭ كۋادرات مېتىر. بىر يىلدا 1 مىليون 961 مىڭ توننا تۇرمۇش ئەخلىتى، 121 مىڭ توننا گەندە توشۇلدى، ئاممىۋى ھاجەتخانا 944 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ بىلەن يۇيۇلىدىغىنى 655.

شۈي يۈگجۈن

## 2 تۈر «جۇڭگو ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى ئۈلگە مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى

قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان 2003 - يىللىق «جۇڭگو ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى ئۈلگە مۇكاپاتى» نى باھالاش پائالىيىتىدە شىنجاڭدىن 2 تۈر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇلار: قاراماي شەھىرىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ۋە شەھەرنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى، كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ شەھەرنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت.

زو شۈشياڭ

## مۇھىت تازىلىقى سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىت تازىلىقى سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، 20 كىشىگە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىت تازىلىقى سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى دەپ نام بەردى. ئۇلار: جېڭ جيەن (كۈيتۇڭ شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىنىڭ شوپۇرى)، باقسقان (ئايال، قازاق، چاغانتوقاي ناھىيىلىك شەھەر مەمۇرىيىتى مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىنىڭ تازىلىقچىسى)، زو بىڭفېڭ (ئايال، قابا ناھىيىسى شەھەر ئاسراش شىركىتىنىڭ تازىلىقچىسى)، نۇر (بورتالا شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىنىڭ شوپۇرى)، شې يۈڭشېڭ (ماناس ناھىيىلىك مۇھىت تازىلىق باشقارمىسىنىڭ شوپۇرى)، ئەركىن توختىنىياز (لوپ ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى مۇھىت تازىلىق ئەترىتىنىڭ باشلىقى)، مەھەممەت قۇربان (مارالبېشى ناھىيىلىك باغۋاران - تازىلىق ئەترىتىنىڭ باشلىقى)، ئابلىز قۇربان (يەكەن ناھىيىلىك مۇھىت تازىلىقى چوڭ ئەترىتىنىڭ تازىلىقچىسى)، پېڭ جىنلەن (ئايال، ئاتۇش شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى ئىدارىسى تازىلىقچىلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى)، قېيۇم ئەمرۇللا (ئونسۇ ناھىيىلىك مۇھىت تازىلىقى ئەترىتىنىڭ ئىشچىسى)، لۇ جيەنجى (ئاقسۇ شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسى ئاپتوموبىل ئەترىتىنىڭ باشلىقى)، چېن لياڭسەي (كورلا شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى

باشقارمىسىنىڭ شۇيۇرى) ، توختى سېيىت (يەنجى ناھىيىلىك مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىك باشلىقى) ، مەھەممەت ئەلى (قۇمۇل شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىنىڭ تۇكچىسى) ، غېنى (تۇرپان شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىنىڭ شۇيۇرى) ، جۇ جيەنشىن (ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونلۇق مۇھىت تازىلىقى ئەخلەت توشۇش ئەترىتىنىڭ شۇيۇرى) ، ۋاڭ شىن (ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتىنىڭ كەپشەرچىسى) ، ليۇ ۋېي (ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئالاھىدە ئاپتوموبىللار ئەترىتىنىڭ باشلىقى) ، شۇلا (ئايال، موڭغۇل، قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونلۇق زاۋۇت مۇھىتىنى كۆكەرتىش مەركىزىنىڭ ئىشچىسى) ، چېن گويۈ (شىخەنزە شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسى رېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىسپنا باشلىقى) .

زو شۇشياڭ

# كەنت - بازار قۇرۇلۇشى

## كەنت - بازارلارنى پىلانلاش

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە ناھىيە بازىرىدىن باشقا شتاتلىق بازار 163، بازار 628، كەنت 22 مىڭ 187، بۇنىڭ ئىچىدە، كەنت ئاھالە كومىتېتى (مەركىزىي كەنت) 9298. ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت - بازارلاردا تۇرۇشلۇق ئائىلە 2 مىليون 727 مىڭ 300، ئومۇمىي نوپۇس 11 مىليون 667 مىڭ 500، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 10 مىليون 224 مىڭ 100، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 1 مىليون 443 مىڭ 400. شتاتلىق بازارلاردا تۇرۇشلۇق ئائىلە 283 مىڭ 200، نوپۇس 1 مىليون 57 مىڭ 700؛ بازارلاردا تۇرۇشلۇق ئائىلە 360 مىڭ 300، نوپۇس 1 مىليون 545 مىڭ 200؛ كەنتلەردە تۇرۇشلۇق ئائىلە 2 مىليون 83 مىڭ 800، نوپۇس 9 مىليون 64 مىڭ 600. ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت - بازارلارنىڭ ھازىرقى ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 983 مىڭ گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە شتاتلىق بازارلارنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 23 مىڭ 100 گېكتار، بازارلارنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 58 مىڭ 700 گېكتار، كەنتلەرنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 901 مىڭ 200 گېكتار. ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي پىلان تۈزگەن شتاتلىق بازار 155، بۇ ئومۇمىي شتاتلىق بازارنىڭ %95.09 ىنى ئىگىلىدى، ئومۇمىي پىلان تۈزگەن بازار 384، بۇ ئومۇمىي بازارنىڭ %61.15 ىنى ئىگىلىدى؛ كەنت قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزگەن كەنت 7177، بۇ ئومۇمىي كەنتنىڭ %32.35 ىنى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە (شەھەر) لەردە كەنت - بازار قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇدىغان 66 ئاپپارات تەسىس قىلىنىپ، 224 خادىم سەپلەندى؛ يېزا - بازار دەرىجىلىك كەنت - بازار قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇدىغان 466 ئاپپارات تەسىس قىلىنىپ، 1115 خادىم سەپلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت - بازار قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇدىغان خادىمدىن 2368 ى تەربىيىلەندى.

شياۋ چۇنجياڭ

## كەنت - بازار قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدا كەنت - بازار قۇرۇلۇشىغا 3 مىليارد 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 1 مىليارد 744 مىليون يۈەن، بۇ ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %51.29 ىنى ئىگىلىدى، ھەر كۋادرات مېتىرغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 275.95 يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ جامائەت قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 652 مىليون يۈەن، بۇ ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %19.18 ىنى ئىگىلىدى، ھەر كۋادرات مېتىر يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 487.65 يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 424 مىليون يۈەن بولۇپ، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %12.47 ىنى ئىگىلىدى، ھەر كۋادرات مېتىرغا 360.53 يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ جامائەت مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 580 مىليون يۈەن، بۇ ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %17.06 ىنى ئىگىلىدى. جامائەت مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە، تۇرۇبا سۈيى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 200 مىليون يۈەن، يول قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 380 مىليون يۈەن.

شياۋ چۇنجياڭ

## كەنت - بازارلارنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كەنت - بازارلاردىكى ئۆي سالغان ئائىلە 87 مىڭ 600 گە يېتىپ، كەنت - بازارلاردىكى ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ %3.21 ىنى ئىگىلىدى. 6 مىليون 318 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر تۇرالغۇ ئۆي پۈتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىق ۋە خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 5 مىليون 431 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت - بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 188 مىليون 473 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىق ۋە خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق

تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 62 مىليون 749 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر. تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 16.15 كۋادرات مېتىر، ئىشلىتىلىش كۆلىمى 12.65 كۋادرات مېتىر، ئولتۇراقلىشىش كۆلىمى 10.47 كۋادرات مېتىر بولدى.

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كەنت - بازارلاردا يېڭىدىن سېلىنغان جامائەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 336 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىقى 837 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر. جامائەت قۇرۇلۇش ئەمەلىي كۆلىمى 25 مىليون 979 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىقى 10 مىليون 49 مىڭ كۋادرات مېتىر. يېڭىدىن سېلىنغان ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىكى قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 178 مىڭ كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىقى 489 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر. ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىكى ئەمەلىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 14 مىليون 250 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىقى 4 مىليون 619 مىڭ كۋادرات مېتىر.

شياۋ جۇنجياڭ

## كەنت - بازارلارنىڭ جامائەت مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە 7477 كەنت - بازار تۇرۇبا سۈيىدىن بەھرىمەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىتاتلىق بازار 157، بازار 526، كەنت 6794. تۇرۇبا سۈيىدىن بەھرىمەن بولغان نوپۇس 7 مىليون 188 مىڭ 300، تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %61.61 كە يەتتى. توك تارتىلغان كەنت - بازار 14 مىڭ 34 كە يەتتى، شىتاتلىق بازارلارنىڭ ھەممىسىگە، %93.59 بازارغا، %59.9 كەنتكە توك تارتىلدى. كەنت - بازار يوللىرىنىڭ ئەمەلىي ئۇزۇنلۇقى 55 مىڭ 49 كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك، 2 - ئالىي دەرىجىلىك يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7526 كىلومېتىر. ئاپتونوم رايون بويىچە شىتاتلىق بازارلارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش ئەمەلىي كۆلىمى 5505 گېكتارغا، باغۋارانلىق كۆكلەمەيدان كۆلىمى 3186 گېكتارغا، ئاممىۋى كۆكلەمەيدان كۆلىمى 525 گېكتارغا يەتتى، ئوتتۇرىچە 4.96 كۋادرات مېتىردىن ئاممىۋى كۆكلەمەيدان توغرا كەلدى، مۇھىت تازىلىق ماشىنىسى 162 گە، ئاممىۋى ھاجەتخانا 960 قا يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە بازارلارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش ئەمەلىي كۆلىمى 18 مىڭ 664 گېكتارغا، باغۋارانلىق كۆكلەمەيدان كۆلىمى 7237 گېكتارغا يەتتى، ئوتتۇرىچە 3.57 كۋادرات مېتىردىن ئاممىۋى كۆكلەمەيدان توغرا كەلدى، مۇھىت تازىلىق ماشىنىسى 46 گە، ئاممىۋى ھاجەتخانا 1320 گە يەتتى.

شياۋ جۇنجياڭ

# ئۆي - زېمىن كەسپى

## ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا 9 مىليارد 850 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %11 ئاشۇرۇلدى ۋە تارىختىكى ئەڭ يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى. شەھەر - بازار تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 11 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، %10 ئاشتى. ئۆي قۇرۇلۇشىدا قۇرۇلۇش قىلىنغان كۆلەم 13 مىليون 574 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %11 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن ئىش باشلانغان كۆلەم 7 مىليون 742 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %26 ئاشتى؛ پۈتتۈرۈلگەن ئۆي كۆلىمى 6 مىليون 670 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %17 ئاشتى. سېتىلغان تاۋار ئۆي كۆلىمى 5 مىليون 160 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %22 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەخسلەرگە سېتىلغان ئۆي 4 مىليون 897 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %23؛ ئەرزان، قولايلىق ئۆينىڭ سېتىلىش مىقدارى %25، ئىشخانا بىناسىنىڭ %72 ئاشتى.

زو شۇشياڭ

## 2 - دەرىجىلىك تۇرالغۇ ئۆي بازىرى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى 2 - دەرىجىلىك تۇرالغۇ ئۆي بازارلىرى بارغانسېرى ئاۋاتلاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 2- دەرىجىلىك بازارلارنىڭ سودا سوممىسى 3 مىليارد 167 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 1.25 ھەسسە؛ سودىلاشقان ئۆي 65 مىڭ يۈرۈشكە يېتىپ، 1.5 ھەسسە؛ سودىلاشقان كۆلەم 4 مىليون 6700 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 1.31 ھەسسە ئاشتى.

زو شۇشياڭ

## تۇرالغۇ رايونلارنىڭ ئۆي خوجىلىقىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 1407 مەھەللە (تۈر) نىڭ ئۆي خوجىلىقىنى باشقۇرۇش ھاۋالە قىلىندى، بۇ 2002 - يىلدىكىدىن %9 ئاشتى؛ ئۆي خوجىلىقى باشقۇرۇلغان ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 51 مىليون 680 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %28 ئاشتى. قۇرۇلۇش نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆي خوجىلىقىنى باشقۇرۇشتىكى

مۇنەۋۋەر تۇرالغۇ رايون (بىنا، سانائەت رايونى) تۇرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش پائالىيىتىدە، ئىلى «ئەسىر باغچىسى» قاتارلىق 35 مەھەللە (تۇر) ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆي خوجىلىقىنى باشقۇرۇشتىكى مۇنەۋۋەر تۇر بولۇپ باھالاندى. ئۈرۈمچى «شاتلىق باغچىسى»، «لىيۇشەن باغچىسى» ۋە سانجى «ئەسىر باغچىسى» قاتارلىقلارغا قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئۈلگە مەھەللە دەپ نام بەردى. مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئۈلگە مەھەللە بولغان قاراماي شەھىرى جەنۇبىي گۈرمان مەھەللىسى، تۇرپان ـ قۇمۇل نېفت بازىسى تۇرالغۇ مەھەللىسى، كورلا شەھىرى تارىم نېفتلىكى قوماندانلىق شتابى تۇرالغۇ مەھەللىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى «شىخوڭ» يولى تېلېگراف تۇرالغۇ مەھەللىسى قاتارلىق 4 مەھەللە قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ قايتا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى.

زو شۇشياڭ

## تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندىنى باشقۇرۇش مەركىزىدىن 14 ى، تارماق مەركىزىدىن 7 سى، باشقۇرۇش ئورنىدىن 79 ى قۇرۇلدى. قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىن باشقا جايلاردا قۇرۇلمىنى تەڭشەش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، مۇلۇكنى ئېنىقلاش ۋە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك خىزمىتى پۈتۈنلەي تاماملاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %79.5 كە، توپلانغان قالدۇق سومما 8 مىليارد 987 مىليون يۈەنگە يەتتى، بىر يىلدا شەخسلەرگە تارقىتىلغان تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى 1 مىليارد 557 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %48 ئاشتى؛ شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 1 مىليارد 58 مىليون يۈەنگە يېتىپ، توپلانغان قالدۇق سوممىنىڭ %11.78 نى ئىگىلىدى، 66 مىڭ 400 ئائىلىلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ ئۆي سېتىۋېلىش ۋە سېلىشىغا ياردەم بېرىلدى. تۇرالغۇ ئۆي فوندى تۈرىدىن ئېلىنغان قەرز پۇل ۋە ئىگىلىۋېلىنغان، ئىشلىتىۋېلىنغان مەبلەغنى ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش خىزمىتىدە ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، ئاپتونوم رايون بويىچە 56 مىليون 650 مىڭ يۈەن ئىگىلىۋېلىنغان، ئىشلىتىۋېلىنغان مەبلەغ يىغىۋېلىندى.

زو شۇشياڭ

## شەھەر ـ بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدا تۇرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپى بويىچە، تۇرالغۇ ئۆينى پۇللاشتۇرۇش تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى مۇقىم ئىلگىرىلىدى. قاراماي شەھىرى، قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ۋە قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى سىستېمىسىدا تۇرالغۇ ئۆينى پۇللاشتۇرۇپ تەقسىم قىلىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ھەممىدىن بۇرۇن يولغا قويۇلدى. قاراماي شەھىرى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە پۇللاشتۇرۇلغان تۇرالغۇ ئۆي تولۇقلىما مەبلىغىدىن 180 مىليون يۈەن تارقاتتى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شەھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆينى پۇللاشتۇرۇپ تەقسىملەش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش لايىھىسى مۇزاكىرە قىلىنىۋاتىدۇ، ئاپتونوم رايوندىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆينى پۇللاشتۇرۇپ تەقسىملەش تۈزۈمى بويىچە ئېنىقلاش ـ ھېسابلاش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. ئىجارە ھەققى ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلدى. 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر قىلىپ تەسىس قىلىنغان شەھەرلەردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئائىلىسىنىڭ ئايلىق ئىجارە چىقىمى ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسى ئىشلەيدىغان ئائىلىلەر ئايلىق ئوتتۇرىچە مائاشىنىڭ %4.85 نى ئىگىلىدى. تۇرالغۇ ئۆي پۇل مۇئامىلىسى يەنىمۇ راۋاجلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە سودا بانكىسى شەخسلەرگە 18 مىليارد 300 مىليون يۈەن تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى تارقاتتى، 2002 ـ يىلغا سېلىشتۇرغاندا ساپ ئاشقان قەرز پۇل سوممىسى 2 مىليارد يۈەنگە يەتتى.

زو شۇشياڭ

## ئۆي ـ زېمىن بازىرى تەرتىپىنى تۈزەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش

2003 ـ يىلى شىنجاڭدا ئۆي ـ زېمىن بازىرىنى تۈزەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، باسقۇچلۇق نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. قۇرۇلۇش نازارىتى پىلان، مالىيە، يەر بايلىقى، سودا ـ سانائەت، ئىقتىساد ـ سودا، مەمۇرىي تەپتىش قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆي ـ زېمىن بازارلىرىدا قانۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، ئۆي ـ زېمىن بازارلىرىدىكى قانۇن ـ نىزاملارغا خىلاپ قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئۆي ـ زېمىن تەرەققىياتىغا دائىر قانۇن ـ نىزاملارغا خىلاپ دېلودىن 69 نى تەكشۈرۈپ، 47 سىنى بىر تەرەپ قىلدى، دېلو ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %68 كە يەتتى؛ ئۆي خوجىلىقىنى باشقۇرۇش جەھەتتە قانۇن ـ نىزاملارغا خىلاپ دېلودىن 20 نى

تەكشۈرۈپ، 14 نى بىر تەرەپ قىلدى، دېلو ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %70 كە يەتتى؛ ئۆي - زېمىننى باھالاش، كۆچۈرۈش، ئۆلچەش قاتارلىق ۋاستىچىلىك ھالقىلىرىدىكى قانۇن - نىزاملارغا خىلاپ دېلودىن 28 نى تەكشۈرۈپ، 27 نى بىر تەرەپ قىلدى، دېلو ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %96.4 كە يەتتى. ئۆي - زېمىن بازىرى ئىجازىتى تۈزۈمى چىڭىتىلدى، ئۆي - زېمىن تەرەققىيات كارخانىسىدىن 57 سى قانۇن بويىچە رويخەتتىن ئۆچۈرۈۋېتىلدى، 22 سىنىڭ دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلدى؛ مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتمىگەن 5 ئۆي - زېمىن باھالاش كارخانىسىنىڭ سالاھىيىتى بىكار قىلىندى. قۇرۇلۇش نازارىتى ئۆي - زېمىن ئەرزىيەت ئىشخانىسى تەسىس قىلىپ، ئەرز قىلىپ كەلگەن ئاممىدىن 1586 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، پاش قىلىش ئەرزىدىن 176 پارچە قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە %94 ى ماسلاشتۇرۇلۇپ بىر تەرەپ قىلىندى.

زو شۇشياڭ

## سانجى «ئەسىر باغچىسى» مەھەللىسى جۇڭگونىڭ 2003 - يىللىق بىناكارلىق پەن - تېخنىكىسى بويىچە 10 چوڭ مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلەرنى كەسپلەشتۈرۈش خىزمىتى ياخشى باشلاندى. مەملىكەت بويىچە ماكانلاشتۇرۇش ئۈلگە قۇرۇلۇشلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا، سانجى «ئەسىر باغچىسى» مەھەللىسىنىڭ باھالاش ئومۇمىي نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە 1 - بولدى، تېجەشلىك مەھەللە بولۇش جەھەتتىمۇ مەملىكەت بويىچە 1 - بولدى. «ئەسىر باغچىسى» جۇڭگو ئۆي - زېمىن كەسپىدىكى بىردىنبىر تۈر بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگونىڭ 2003 - يىللىق قۇرۇلۇش پەن - تېخنىكىسى بويىچە 10 چوڭ مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

زو شۇشياڭ

# بىناكارلىق

## بىناكارلىق كارخانىلىرى تىجارىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ستاتىستىكىلاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن دەرىجىسى بار 924 قۇرۇلۇش قىلىش كارخانىسىنىڭ بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 35 مىليارد 450 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %19.5، پۈتكەن قۇرۇلۇشنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 26 مىليارد 550 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.07، بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 716 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.6 ئاشتى. شۇ يىلى ئۆي قۇرۇلۇشى قىلىنغان كۆلەم 30 مىليون 710 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلى يېڭىدىن قۇرۇلۇش قىلىنغان كۆلەم 18 مىليون 910 مىڭ كۋادرات مېتىر. پۈتتۈرۈلگەن ئۆي كۆلىمى 16 مىليون 180 مىڭ كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆينىڭ كۆلىمى 8 مىليون 640 مىڭ كۋادرات مېتىر. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 375 مىڭ 700 كەسپكار ئىشلىدى، بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى بويىچە ھېسابلانغان ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى بىر ئادەمگە 94 مىڭ 225 يۈەندىن توغرا كەلدى، يىل ئاخىرىدىكى كەسپكار 282 مىڭ 800 گە يەتتى. 2003 - يىلى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت سوممىسى 38 مىليارد 398 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش راسچوت كىرىمى 34 مىليارد 95 مىليون يۈەن. پايدا سوممىسى 928 مىليون يۈەنگە يەتتى. زىيان تارتقان كارخانا 236 گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 58 ى كۆپەيدى؛ زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى 237 مىليون 930 مىڭ يۈەن، كۆپەيگەن زىيان 164 مىليون 450 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە كېيىنگە سۈرۈلگەن قۇرۇلۇش پۇلى 9 مىليارد 25 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە پۈتتۈرۈلگەن قۇرۇلۇشنىڭ كېيىنگە سۈرۈلگەن پۇلى 5 مىليارد 475 مىليون يۈەن.

زو شۇشياڭ

## قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە قانۇن ئىجراسىنى تەپتىش قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇشقا مەسئۇل مەمۇرىي تارماقلار ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون بويىچە بىناكارلىق بازارلىرىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەپ، تەرتىپكە سېلىپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەپتىش قىلىش خىزمىتىنى گەۋدىلىك تۇتۇپ، باسقۇچلۇق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. قۇرۇلۇش نازارىتى مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى بىلەن بىرلىكتە، ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە قانۇننىڭ ئىجراسىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، قانۇن - نىزامغا خىلاپلىق قىلغان بىر تۈركۈم ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ چىقتى. 270 خىل قۇرۇلۇش تۈرىنى تەكشۈردى، سۈپەت - بىخەتەرلىك مەسىلىسى ساقلانغان ۋە قانۇن - نىزامغا خىلاپلىق قىلىنغان قۇرۇلۇشتىن 82 نى بايقىدى، بۇ

تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ 30.4% ىنى ئىگىلىدى، قۇرۇلۇش قىلىشتا قانۇن - تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسى ساقلانغان 76 ئورۇننى ئومۇمىي ئۈزلۈكسىز ئارقىلىق تەنقىد قىلدى ۋە ئاشكارىلىدى. بۇ يىل جايلار قۇرۇلۇشتىكى 3124 قۇرۇلۇشنى تەكشۈردى، قانۇن - بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان 481 قۇرۇلۇشنى بايقىدى، بۇ تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي قۇرۇلۇش سانىنىڭ 15.4% ىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپنى ئىجرا قىلمىغان قۇرۇلۇش تۈرى 195، مەجبۇرىي ئۆلچەمگە خىلاپلىق قىلغان قۇرۇلۇش تۈرى 181، خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىش جەريانىدا قانۇن- بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشلارنى سادىر قىلغان قۇرۇلۇش تۈرى 48، ھۆددىگەرلىكى قانۇنسىز ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن ۋە قانۇنغا خىلاپ بۆلۈشۈپ ھۆددىلىۋېلىنغان، كۆزىتىشسىز ياكى دەرىجە ئاتلاپ ئۈستىگە ئالغان قۇرۇلۇش تۈرى 57. ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇشقا مەسئۇل مەمۇرىي تارماقلار قانۇن بويىچە مۇددەت بەلگىلەپ تۈزىتىشكە بۇيرىغان تۈر 361، ئىشنى توختىتىپ تۇرۇپ ئۆزگەرتىشكە بۇيرىغان تۈر 14، دېلو تۇرغۇزۇپ بىر تەرەپ قىلغان تۈر 108، بۇلارغا 5 مىليون 703 مىڭ 600 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى. جايلار ئومۇميۈزلۈك ھالدا پاش قىلىش تېلېفونىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي نازارەتچىلىك يوللىرىنى كېڭەيتتى. ئامىنىڭ تۈرلۈك پاش قىلىش خېتىدىن 374 پارچە قوبۇل قىلىپ، 334 نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

زو شۇشياڭ

## شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاپ ۋە ئاشۇرۇپ 105.5% كە يەتكۈزدى، تىجارەت قىممىتىنى 5 مىليارد 108 مىليون يۈەنگە، پايدىسىنى 124 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزدى. يىل ئاخىرىغىچە كارخانىنىڭ ئومۇمىي مەبلىغى 6 مىليارد 642 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن تەرەققىي قىلغان 30 چوڭ، كۈچلۈك كارخانىنىڭ ئىچىدە 6- ئورۇندا تۇردى. بۇ بىر يىلدا دۆلەتكە 142 مىليون يۈەن باج تاپشۇردى.

شۇ خەيرۇڭ

## قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە خېرىدار چاقىرىشقا تېگىشلىك ئۆي ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇش تۈرى 1706 گە يەتتى، خېرىدار چاقىرىلغان قۇرۇلۇش تۈرى 1647 بولۇپ، خېرىدار چاقىرىش نىسبىتى 96.54% كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشكارا خېرىدار چاقىرىلغان قۇرۇلۇش تۈرى 1073 كە، ئاشكارا خېرىدار چاقىرىش نىسبىتى 65.15% كە، تەكلىپ بويىچە خېرىدار چاقىرىلغان قۇرۇلۇش تۈرى 574 كە، تەكلىپ بويىچە خېرىدار چاقىرىش نىسبىتى 34.85% كە يەتتى.

شەكىللىك قۇرۇلۇش بازارلىرىنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلغان 15 شەكىللىك قۇرۇلۇش بازىرىنىڭ 13 ى خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىشنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىشنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىدىن تامامەن ئايرىلىپ چىقتى. كومپيۇتېر سىستېمىسىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، شىنجاڭ قۇرۇلۇش تورى بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، شەكىللىك قۇرۇلۇش بازارلىرى ۋە مۇلازىمەت ئىقتىدارى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

زو شۇشياڭ

## قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش

2003 - يىلى قۇرۇلۇش نازارىتى يېڭى ئۆلچەم، يېڭى قائىدىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، تاۋار بېتون ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتى، قۇرۇلۇشنىڭ سىرتقى تېمى، ئىشىك - دېرىزىلىرىنىڭ ئورنىتىلىشى قاتارلىق ھەر خىل مەخسۇس تۈرلەر بويىچە تەكشۈرۈشنى ئويۇشتۇردى. 4 -، 5 - ئايلاردا قۇرۇلۇش نازارىتى سېلىنىۋاتقان قۇرۇلۇشلارنىڭ سۈپىتىنى مەخسۇس تۈرلەر بويىچە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، بۇ گۇرۇپپا 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 31 ناھىيە (شەھەر) دىكى سېلىنىۋاتقان قۇرۇلۇشلار ئۈستىدە بىر ئاي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 96 قۇرۇلۇش تۈرىنى تەكشۈردى، بۇلارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 552 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر. سۈپەت ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يوشۇرۇن خەۋپتىن 10 نى بايقىدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۈپەت مەسىلىسىنى تۈزەش ۋە ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈلگىنى 3، شۇ يەردىكى سۈپەت نازارەتچىلىكى تارماقلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلغىنى 7. يولغا قويۇلغان «سۈپەت ئېيى» پائالىيىتىدە قۇرۇلۇش نازارىتى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان نەق مەيداندا بىنالارنىڭ ئورنىتىلىۋاتقان ياكى ئورنىتىلىش



شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1 ـ بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈستىگە ئالغان ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىنىڭ يېڭى ئايروپورت بىناسى 2003 ـ يىللىق جۇڭگو بىناكارلىق قۇرۇلۇشى لۇبەن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.
سۈرەتنى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى تەمىنلىگەن.

ئالدىدا تۇرغان ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنىڭ سۈپىتىنى ۋە ئورنىتىلىش، ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى مەخسۇس تۈرلەر بويىچە تەكشۈردى. 64 قۇرۇلۇش تۈرىنى، 58 قۇرۇلۇش قىلىش ئورنىنى، 49 ئىشىك ـ دېرىزە ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىنى، 30 نازارەت قىلىش ئورنىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈپ، تۈزەش ـ ئۆزگەرتىش ئۇقتۇرۇشنامىسىدىن 47 نۇسخا تارقاتتى. پۈتكەن قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئەنگە ئېلىش تۈزۈمىنى پائال يولغا قويدى. پۈتكەن قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئەنگە ئېلىش نىسبىتى %70 كە يەتتى. يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمى ۋە ئۇنى قېلىپلاشتۇرۇش بويىچە كۇرس ئاچتى، قۇرۇلۇش نازارەتچى تەربىيىلىگەن تايانچ تېخنىكا خادىمى 1700 دىن ئاشتى، ئاپتونوم رايون بويىچە تەربىيىلەنگەن باشقۇرغۇچى ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 60 مىڭدىن ئاشتى.

خو لۇڭ

## بىناكارلىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشىنى باشقۇرۇش

2003 ـ يىلى قۇرۇلۇش نازارىتى بىناكارلىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا بولغان نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ۋە مەخسۇس تۈرلەر بويىچە تۈزەش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. ھەر خىل شەكىلدىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشنى 8 قېتىم ئۇيۇشتۇرۇپ، قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان 128 كارخانا، قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان 390 نەق مەيداننى تەكشۈردى، بۇلارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 4 مىليون 187 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، تەكشۈرۈشتە ئىش توختىتىشقا بۇيرۇلغان قۇرۇلۇش تۈرى 10، يوشۇرۇن خەۋپنى تۈگىتىش ئۇقتۇرۇشنامىسى تارقىتىلغىنى 22. كىشىلەر زىچ توپلاشقان ئورۇنلارنىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىك يولى، بىناكارلىق بىخەتەرلىكى مۇھاپىزەت بۇيۇملىرى، كران ماشىنىلىرىنىڭ قوراشتۇرۇلۇش ۋە ئىشلىتىلىش، بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا ئېگىزدىن چۈشۈپ كېتىش ۋە ئۆلاپ كېتىش ھادىسىلىرى، ئىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىقلارنى مەخسۇس تۈزەپ، بىخەتەرلىككە تەھدىت سالىدىغان نۇرغۇن يوشۇرۇن خەۋپلەرنى تۈگەتتى. 2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 22 قېتىم 4 ـ دەرىجىلىك بىناكارلىق بىخەتەرلىك ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %18.5 ئازايدى، 24 ئادەم قازا قىلىپ، %20 ئازايدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي ئىش ئورنى بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 32 قۇرۇلۇش كارخانىسى قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان 49 نەق مەيدان 2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى مەدەنىي قۇرۇلۇش ئورنى بولۇپ باھالاندى. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تەربىيىسى كۈچەيتىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 35 قارار بىخەتەرلىك كۇرسى ئېچىلىپ، 6822 ئادەم تەربىيىلەندى، بىخەتەرلىك تەربىيىسى ئالغان ھەر خىل خادىملارنىڭ قاپلاش نىسبىتى %90 تىن يۇقىرى بولۇپ، پۈتۈن قوشۇننىڭ بىخەتەرلىك ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بىناكارلىق بويىچە كۆتۈلمىگەن زىيان ـ زەخمەت سۇغۇرتىسىنى يېجىرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، 1301 تۈردە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۈچۈن كۆتۈلمىگەن زەخمەت سۇغۇرتىسى يېجىرىپ بېرىلدى، بۇ ئاپتونوم رايوندىكى قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەرنىڭ %35.5 نى ئىگىلىدى، 61 مىڭ 860 ئادەم سۇغۇرتىلاندى، 4 مىليون 240 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا ھەققى يىغىۋېلىنىپ، 1 مىليون 815 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىلدى.

زو شۇشياڭ

## بىناكارلىق كەسپىدە ئەمگەك سۇغۇرتا فوندىنى بىر تۇتاش غەملەش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق كەسپىدە ئەمگەك سۇغۇرتا فوندىنى بىر تۇتاش غەملەيدىغان 31 خىراجەت يىغىش-باشقۇرۇش پونكىتى 284 مىليون يۈەن ئەمگەك سۇغۇرتا فوندى خىراجىتى يىغىپ، يىللىق پىلاننى %118.3 ئورۇندىدى. بىناكارلىق كارخانىلىرىغا 220 مىليون 280 مىڭ يۈەن بۆلۈپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇش

سىستېمىسىدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرىغا 149 مىليون يۈەن، باشقا ئۆلكىلەرنىڭ بىناكارلىق كارخانىلىرىغا 2 مىليون 100 مىڭ يۈەن، باشقا بىناكارلىق كارخانىلىرىغا 69 مىليون 180 مىڭ يۈەن بۆلۈپ بېرىلدى. قۇرۇلۇش نازارىتى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا خىراجىتىنى تاپشۇرۇشتا قىيىنچىلىقى بار 160 تىن ئارتۇق قۇرۇلۇش كارخانىسىغا ئەمگەك سۇغۇرتا خىراجىتىدىن 30 مىليون 710 مىڭ يۈەننى تەڭشەپ تولۇقلاپ بەردى. بىناكارلىق كارخانىلىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا ئىخچاملانغان خادىملارغا 1 مىليون 260 مىڭ يۈەن تۇرمۇش خىراجىتى تارقىتىپ بەردى، بىر يىلدا 31 مىليون 970 مىڭ يۈەن تەڭشەپ - تولۇقلاپ بېرىلدى. 5 بىناكارلىق كارخانىسىدىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 180 نەچچە خادىمغا 620 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى. قىيىنچىلىقى ئېغىر قىسمەن بىناكارلىق كارخانىلىرىدىكى قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە 300 مىڭ يۈەن چاغانلىق، قۇربان ھېيتلىق تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى.

لى شاڭچۈن

## قۇرۇلۇش قىلىش چېرتيوژىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2003 - يىلى قۇرۇلۇش نازارىتى قۇرۇلۇش قىلىش چېرتيوژىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە يولغا قويۇپ، يۇقىرى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش لايىھىسىگە بولغان تەكشۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايوندىكى 17 قۇرۇلۇش چېرتيوژىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتى تەكشۈرگەن قۇرۇلۇش تۈرى 3358 گە، قۇرۇلۇش كۆلىمى 14 مىليون 888 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 11 مىليارد 769 مىليون يۈەنگە يەتتى.

زو شۈشياڭ

## دېھقان ئىشچىلارنىڭ ۋاقتىدا بېرىلمىگەن ئىش ھەققىنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دېھقان ئىشچىلارنىڭ ۋاقتىدا بېرىلمىگەن 938 مىليون 830 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى ئېنىقلاپ چىقىلدى، 714 مىليون 864 مىڭ 300 يۈەن تۆلەندى. تۆلەش نىسبىتى %76.14 بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە 2003 - يىلى دېھقان ئىشچىلارنىڭ ۋاقتىدا بېرىلمىگەن ئىش ھەققى 451 مىليون 306 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، 444 مىليون 116 مىڭ 900 يۈەن تۆلەندى، تۆلەش نىسبىتى %98.41 كە يەتتى، بۇنىڭ بىلەن دېھقان ئىشچىلارنىڭ 2003 - يىلى ۋاقتىدا بېرىلمىگەن ئىش ھەققىنى ھەل قىلىش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

زو شۈشياڭ

## بىناكارلىقتا ئېنېرگىيە تېجەش بويىچە ئۈلگە قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 2 قۇرۇلۇش (مەھەللە) قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ 2003 - يىللىق بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا ئېنېرگىيە تېجەش پەن - تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە قۇرۇلۇشى (مەھەللە) قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. بۇلار: شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور - ئېلېكتر سانائىتى ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتى سالغان سانجى «ئەسىر باغچىسى» تۇرالغۇ مەھەللىسىدىكى 1 ـ 6 - نومۇرلۇق بىنالار، بۇنىڭدا ئېنېرگىيە تېجەشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش كۆلىمى 15 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، بۇ قۇرۇلۇش 2003 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتۈپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە، قاتتىق سوغاق بولىدىغان رايونلار بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى؛ شىنجاڭ «خۇايۈەن» ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتى سالغان ئۈرۈمچى «خۇا مېي. ۋېنشۈەن باغچىسى» تۇرالغۇ مەھەللىسىدىكى 28 ـ 36 - نومۇرلۇق بىنالار، بۇنىڭدا ئېنېرگىيە تېجەشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش كۆلىمى 181 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، 2 بىنادا %65 ئېنېرگىيە تېجەش ئۈلگە قۇرۇلۇشى ئىشلىنىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

لى يىپىڭ

## قۇرۇلۇش پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرلىرى

2003 - يىلى تېخنىكىدا يۆلەنچۈك بولغان 88 تۈرنىڭ 66 تۈرلۈك تېخنىكىسى ش ئۇ ئا ر قۇرۇلۇش پەن - تېخنىكىسى مۇتەخەسسىسلەر ھەيئىتىنىڭ ئالدىن تاللاپ دەلىللىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قۇرۇلۇش نازارىتى بۇ تۈرلەرنى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ساھەسىدە ئومۇملاشتۇرۇلىدىغان 2003 - يىللىق پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى تۈرى دەپ ئېلان قىلدى. بۇلار: پولات چىۋىقنى تۈز رېزبىلىق كىيدۈرمە بىلەن ئۇلاش ئەمەلىي تېخنىكىسى، زىقچا ئايرىۋېتىلىپ دومىلىما پىرىسلانغان تۈز رېزبىنى ئۇلاش ئەمەلىي تېخنىكىسى، پولات چىۋىق بىلەن قىسىپ تۇرۇۋا ئۇلاش ئەمەلىي تېخنىكىسى، C — M بېتوندىن سۇ ئۆتكۈزمەس خورۇچنى قوللىنىش تېخنىكىسى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ ئۆتكۈزمەس خورۇچنى قوللىنىش تېخنىكىسى، پولات - ئاليۇمىن بىرىكمىلىك ئىسسىقلىق تارقاتقۇچنى قوللىنىش تېخنىكىسى،

ئالىيۇمىندىن ياسالغان تۇۋرۇكسىمان ئىسسىقلىق تارقاتقۇچنى قوللىنىش تېخنىكىسى، ئالىيۇمىندىن ياسالغان چىرىتىشكە چىداملىق تۇۋرۇكسىمان ئىسسىقلىق تارقاتقۇچنى قوللىنىش تېخنىكىسى، XPS قىستۇرما سۇلياۋلىق شەكىللىك پولىستىرىن ئىسسىقلىق ساقلاش سىستېمىسىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، STO سىرتقى تامنىڭ سىرتىدا ئىسسىقلىق ساقلاش سىستېمىسىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، EPS تاختا تام سىرتىدىكى ئىسسىقلىق ساقلاش سىستېمىسىدا يېپىشتۇرغۇچى خۇرۇچنى قوللىنىش تېخنىكىسى، EPS تاختا تام سىرتىدىكى ئىسسىقلىق ساقلاش سىستېمىسىدا ئەينەك تالالىق تور رەختنى قوللىنىش تېخنىكىسى، فېنىل تاختىغا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان يېپىشتۇرغۇچى قۇم لاينى قوللىنىش تېخنىكىسى، فېنىل تاختىغا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان يۈزىنى قاپلاپ مۇستەھكەملەيدىغان قۇم لاينى قوللىنىش تېخنىكىسى، GRC يېنىك، كۆپ كاۋاكلىق تاختىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، ئىشىك - دېرىزە رامكىسىغا ئىشلىتىلىدىغان غەيرىي شەكىللىك قاتتىق پولىۋىنىل خلورىد ماتېرىيالىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، فارفور خىش چاپلاش خۇرۇچىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، بېسىمنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق گاز چىقىرىش تۇرۇبىسىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، CYD قىستۇرمىلىق بوش چىقىرىش تۇرۇبىسىنى تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئاشخانا، ھاجەتخانىلىرىدا قوللىنىش تېخنىكىسى، ئىسسىق، سوغاق سۇغا ئىشلىتىلىدىغان 3 تىپلىق پولىپروپىلېنلىق تۇرۇبا ۋە تۇرۇبا سەپلىمىلىرىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، ئىسسىق، سوغاق سۇغا ئىشلىتىلىدىغان ئالىيۇمىن - سۇلياۋ بىرىكمىلىك تۇرۇبىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، بىناكارلىقتا سۇ بىلەن تەمىنلەشكە ئىشلىتىلىدىغان قاتتىق پولىۋىنىل خلورىدلىق تۇرۇبا ماتېرىياللىرى ۋە تۇرۇبا سەپلىمىلىرىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، بىناكارلىقتا يۇندا چىقىرىۋېتىشكە ئىشلىتىلىدىغان پولىپروپىلېنلىق كاۋاك قوش دىۋارلىق تۇرۇبىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، بىناكارلىقتا يۇندا چىقىرىۋېتىشكە ئىشلىتىلىدىغان زىچلىق دەرىجىسى يۇقىرى چوڭ دىئامېتىرلىق قوش دىۋارلىق دولقۇنسىمان پولىئېتىلېن نەيچىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، بىناكارلىقتا يۇندا چىقىرىۋېتىشكە ئىشلىتىلىدىغان قاتتىق پولىۋىنىل خلورىد تۇرۇبا ماتېرىيالى ۋە تۇرۇبا سەپلىمىلىرىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، بىناكارلىقتا يۇندا چىقىرىۋېتىشكە ئىشلىتىلىدىغان قاتتىق پولىۋىنىل خلورىد ئىچكى بۇرىما تۇرۇبا ماتېرىياللىرىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، بىناكارلىقتا يۇندا چىقىرىۋېتىشكە ئىشلىتىلىدىغان قاتتىق پولىۋىنىل خلورىد كاۋاك دىۋارلىق ئىچى بۇرمىلىق تۇرۇبا ماتېرىياللىرىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، بىناكارلىقتا يۇندا چىقىرىۋېتىشكە ئىشلىتىلىدىغان ئۆزەك قەۋىتى كۆپتۈرۈلگەن قاتتىق پولىۋىنىل خلورىد تۇرۇبا ماتېرىياللىرىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، تۆۋەن بېسىملىق سۇيۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان سۇلياۋ ئەستەرلىك ئالىيۇمىن قېتىشمىلىق تۇرۇبا ۋە تۇرۇبا سەپلىمىلىرىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، پولات - سۇلياۋ بىرىكمىلىك سۇ تۇرۇبىسى ۋە تۇرۇبا سەپلىمىلىرىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، ئۆتتۈشتۈرۈپ بىرلەشتۈرۈلگەن پولىئېتىلېنلىق تۇرۇبا ماتېرىياللىرى ۋە تۇرۇبا سەپلىمىلىرىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، تورسىمان پولاتلىق بىرىكمە سۇلياۋ تۇرۇبىنى ئىشلىتىش تېخنىكىسى، سۇ بىلەن تەمىنلەشكە ئىشلىتىلىدىغان پولىئېتىلېنلىق تۇرۇبا ماتېرىياللىرىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، تۆۋەن بېسىملىق سۇيۇقلۇق ھالقا بېسىم شەكىللىك داتلاشماس پولات تۇرۇبا ماتېرىياللىرى ۋە تۇرۇبا سەپلىمىلىرىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، پولات جازا سۇلياۋ بىرىكمىلىك تۇرۇبا ۋە تۇرۇبا سەپلىمىلىرىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، سۇلياۋ تۇرۇبا ماتېرىياللىرىنى ئۇلاشتۇرىدىغان تەڭ دىئامېتىرلىق دېتاللار ۋە كلاپاننى قوللىنىش تېخنىكىسى، ئېلاستىك ئۆزگەرگەن ئاسفالتلىق سۇ ئۆتمەس ئورام ماتېرىيالى، سۇلياۋسىمان ئۆزگەرگەن ئاسفالتلىق سۇ ئۆتمەس ئورام ماتېرىيالى، غەيرىي كوكس مېيىلىق پولىئۇرېتان سۇ ئۆتكۈزمەس سۇۋالغۇنى قوللىنىش تېخنىكىسى، ئېلاستىك سۇ ئۆتمەس سۇۋالغۇنى قوللىنىش تېخنىكىسى، ئاكرىلىك كىسلاتا بىرىكمىلىك سۇ ئۆتمەس سۇۋالغۇنى قوللىنىش تېخنىكىسى، JS بىرىكمىلىك سۇدىن ساقلىغۇچى سىڭىشكە تاقابىلچان ئورام ماتېرىيالىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، كۆپ قاتلاملىق يۇقىرى مولېكۇللۇق بىرىكمە سۇ ئۆتمەس ئورام ماتېرىيالىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، بوتىل كاۋچۇك سۇ ئۆتمەس ئورام ماتېرىيالىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، ئۈچ ئاساسلىق ئېتىل سۇ ئۆتمەس ئورام ماتېرىيالىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، نېئوپرېن سۇ ئۆتمەس ئورام ماتېرىيالىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، SY — PET پولىئېستېرلىق سۇ ئۆتمەس بىرىكمە ماتېرىيالىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، VAS يېپىشقاق كاۋچۇكتىن ياسالغان سۇ ئۆتمەس ئورام ماتېرىيالىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، ئاقارتىش گېپسىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، پولىئېتىلېنلىق يوپۇقنى قوللىنىش تېخنىكىسى، توقۇلمىغان بىرىكمە يوپۇقنى قوللىنىش تېخنىكىسى، ئەينەك تالالىق كۈچەيتىلگەن سۇلياۋدىن ياسالغان (ئەينەك پولات) تىن ئىشلەنگەن قۇدۇق قاپقىقىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا تەكشۈرۈپ ئۆلچەشنى باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى، كىچىك تىپتىكى توك ئۈزگۈچنى قوللىنىش تېخنىكىسى، توك قاچقاندا توك ئۈزگۈچنى قوللىنىش تېخنىكىسى، سۇلياۋ قاپلىق توك

ئۈزگۈچنى قۇللىنىش تېخنىكىسى، ئۈنىۋېرسال تولۇق ئۈزگۈچنى قۇللىنىش تېخنىكىسى، قوش ئېلېكتر مەنبەلىك ئالماشتۇرۇش قۇرۇلمىسىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، يۇقىرى بېسىملىق ۋاكۇئۇم تولۇق ئۈزگۈچنى قوللىنىش تېخنىكىسى، HYP يۇرۇشلۇق مىكرو كومپيۇتېر تولۇق يولىنى ئاسراش قۇرۇلمىسىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، تولۇق ئاپتوماتىك تولۇق بېسىمنى ئۈزۈن ۋاقىت قوغدىغۇچنى قوللىنىش تېخنىكىسى، ئوت ئاپتى ۋە تولۇق قىچىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىز ئۇۋغا ئاپپاراتىنى قوللىنىش تېخنىكىسى، يەككە فازىلىق ئېلېكترونلۇق ئىچوتچىكنى قوللىنىش تېخنىكىسى، ئالدىن ھەق تۆلەيدىغان يەككە فازىلىق ئېلېكترونلۇق ئىچوتچىكنى قوللىنىش تېخنىكىسى، ZR ئېلېكترونلۇق ئىسسىقلىق ئۆلچىگۈچ (DN20) نى قوللىنىش تېخنىكىسى.

لى يىپىڭ

## 7 تۈر قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ پەن - تېخنىكا پىلانى تۈرىگە كىرگۈزۈلدى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ شەھەر سودا ماكانى تەرەققىيات تەتقىقاتى، كۆكلەمزارلارنىڭ جايلىشىش قۇرۇلمىسىنىڭ شەرقىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئوتتۇرا، كىچىك كىلىمات موھىتىغا بولغان تەسىرى، پولىئۇرېتانلىق سۈۋالغۇنى نەق مەيداندا تامنىڭ سىرتىغا پۈركۈپ ئىسسىقلىق ساقلاش ئەمەلىي تېخنىكىسى، شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭ 9 - ترانسپورت شىركىتىدە كوچا - بازار قۇرۇلۇشى پەن - تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش، ئۈرۈمچى «خۇا مېي . ۋېنشەن باغچىسى» 28 — 36 - نومۇرلۇق بىنالاردا ئېنېرگىيە تېجەشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش تۈرى، شىنجاڭ سانجى «ئەسىر باغچىسى» تۇرالغۇ مەھەللىسىدىكى 1 — 6 - نومۇرلۇق بىنالاردا ئېنېرگىيە تېجەشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش تۈرى قاتارلىق 7 تۈر قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ 2003 - يىللىق پەن - تېخنىكا پىلانى تۈرىگە كىرگۈزۈلدى.

لى يىپىڭ

## بىناكارلىق كەسپىدىكى ئىسلاھات

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 1 -، 2 - دەرىجىلىك 144 تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئورنىدىن 100 ئورۇن تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش ياكى تۈزۈلمىسىنى قىسمەن ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى تاماملىدى، تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش دائىرىسى 69.4% كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1293 قۇرۇلۇش كارخانىسىدىن 1116 سىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلدى، تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش دائىرىسى 86.3% كە يەتتى.

زو شۇشياڭ

## مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش كارخانىلىرى، كارخانچىلار ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر دىرېكتورلىرى

جۇڭگو قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش جەمئىيىتى مەملىكەت بويىچە 2003 - يىللىق مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش كارخانىلىرى، مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش كارخانچىلىرى ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر دىرېكتورلىرىنى باھالىدى ۋە تەقدىرلىدى. شىنجاڭدىن مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش كارخانىسى بولۇپ تەقدىرلەنگەن كارخانىلار: شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 4 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «يەتتە يۇلتۇز» قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى. مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش كارخانچىلىرى: ۋاڭ باۋلۇڭ (شىنجاڭ بىڭتۇەن قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1 - بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش - قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى)، جاڭ جيەنچاڭ (شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى «جۇڭجيەن» قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى)، جاڭ يۈەنچىڭ (شىنجاڭ «يوڭشېڭ» قۇرۇلۇش تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى). مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر دىرېكتورلىرى: جۇ جېنجياڭ (شىنجاڭ بىڭتۇەن 6 - بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش - قۇرۇلۇش شىركىتى)، لى مىڭچۈەن (شىنجاڭ «جيۈجۇ» قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى)، گو شياڭياڭ (شىنجاڭ 3 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى)، گاۋ خۇچېڭ (شىنجاڭ «ئۈچ بىرلەشمە» بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى).

زو شۇشياڭ

## مەملىكەت بويىچە بىناكارلىق بازارلىرىنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەر

2003 - يىل 11 - ئايدا قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىناكارلىق بازارلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە نەتىجە ياراتقان 88 ئىلغار ئورۇن، 117 ئىلغار شەخسنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى. شىنجاڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەپتىش قىلىش ئىشخانىسى، قاراماي شەھەرلىك خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىشنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش سودا مەركىزى ۋە نيۇ جۈنمىن (شىنجاڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە

قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەپتىش قىلىش ئىشخانىسى) ، ۋۇ يادۇڭ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇرۇلۇش سودا مەركىزى) ، دىڭ ۋۇجۇن (ئىلى ئوبلاستلىق قۇرۇلۇشتا خەۋەردار چاقىرىش، خەۋەردار چىقىشنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى) ، خۇ جىلياڭ (شىخەنزە شەھەرلىك قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەپتىش قىلىش ئىشخانىسى) مۇشۇ قاتاردىن ئورۇن ئالدى.

زو شۇشياڭ

## مەملىكەت بويىچە بىناكارلىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر

2003 - يىلى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى 2002 — 2003 - يىللىق بىناكارلىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان 118 ئىلغار كوللېكتىپ، 150 ئىلغار خىزمەتچىنى تەقدىرلىدى. شىنجاڭ «يوڭشېڭ» قۇرۇلۇش تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «جيۇجۇ» قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ بىڭتۇەن قۇرۇلۇش ئىدارىسى ۋە جياڭ سەنچېن (شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، دىڭ چېڭچاڭ (شىنجاڭ «ئۈچ يۇلتۇز» بىناكارلىق يېڭى تېخنىكا چەكلىك شىركىتى) ، چېن دېخې (شىنجاڭ قۇرۇلۇش بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش باش پونكىتى) ، گو خۇڭفۇ (شىنجاڭ بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 - شى قۇرۇلۇش سۈپىتى ۋە بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتى) مۇشۇ قاتاردىن

قىسقا ماتېرىيال

## ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - يېزىلىرىدىكى يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى

شەھەر - يېزىلارنىڭ يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى بىر مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشى، ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر - يېزىلارنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، يەر تەۋرەش ئاپىتى پەيدا قىلغان زىياننى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش مەقسەت قىلىنغان.

شەھەر - يېزىلارنىڭ يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي نىشانى 2004- يىلدىن 2008 - يىلغىچە بولغان 5 يىل ئىچىدە، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش يۈزىسىدىن مۇستەھكەملەش، كۆچۈرۈپ قايتىدىن قۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ، ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر - يېزا تۇرالغۇ ئۆيلىرىنىڭ يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىش، يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش سەۋىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت.

شەھەر - يېزىلارنىڭ يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىدا يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى يۇقىرى بولغان يەر تەۋرەش ھەرىكىتى بىرقەدەر كۆپ بولىدىغان رايونلار مۇھىم نۇقتا قىلىنىدۇ ۋە بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى نۇقتىلىق رايونلار: قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، ئۈچتۇرپان، كەلپىن، قاراقاش، گۇما ناھىيىلىرى؛ غەربىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى نۇقتىلىق رايونلار: ئۈرۈمچى شەھىرى، ساۋەن ناھىيىسى، شىخو شەھىرى، ئىلى ئوبلاستى ۋە شىخەنزە شەھىرى قاتارلىق جايلاردىن ئىبارەت.

ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازار ۋە يېزا تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى قايتىدىن سېلىش - ئۆزگەرتىش ئۆلچىمى پرىنسىپ جەھەتتىن ھەر بىر ئائىلىنىڭ 50 كۋادرات مېتىردىن تۆۋەن بولمايدۇ، يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىدۇ، ھۆكۈمەت مەبلىغى ئاساسەن يېزىلاردىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلىلەر ۋە نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئۆي سېلىشىغا ياردەم بېرىدىغان ماتېرىيال پۇلى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. يېزىلاردىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلىلەر ۋە نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئۆي سېلىشىغا ياردەم بېرىشتە ھەر بىر ئائىلىگە 50 كۋادرات مېتىر بويىچە ياردەم بېرىلىدۇ. ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن ھەر يىلى 100 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، دۆلەتتىن ھەر يىلى 100 مىليون يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى قولغا كەلتۈرۈلىدۇ، بۇ پۇل يېزىلاردىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلىلەر ۋە نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئۆي سېلىشىغا مەخسۇس ئىشلىتىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايون يېزىلارنىڭ يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھەر يىلى نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىدىن 67 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

زو شۇشياڭ

# ساياھەتچىلىك

## ئومۇمىي بايان

### ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ۋە ساياھەتچىلىك كىرىمى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن 10 مىليون 285 مىڭ 500 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، 48 مىليون 576 مىڭ 300 دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 9 مىليارد 272 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 0.56% ئاشتى.

ما رۇي، لى فېي

### ساياھەت كوپىراتىپلىرىنىڭ يۈكى يېنىكلىتىلدى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش مەزگىلىدە ساياھەت تىجارەتچىلىرىنىڭ زىيان تارتىش ئەھۋالىنىڭ تەكتىنى ئېنىقلىدى. دۆلەت ساياھەت ئىدارىسى، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «ساياھەت كوپىراتىپلىرىنىڭ بىر قىسىم سۈپەت كاپالەت سوممىسىنى ۋاقىتلىقچە قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»ىغا ئاساسەن ساياھەت كوپىراتىپلىرىنىڭ 20 مىليون يۈەن سۈپەت كاپالەت سوممىسى قايتۇرۇپ بېرىلدى.

ما رۇي، لى فېي

### ساياھەتچىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى

2003 - يىل 7 - ئايدا «سارس» مەزگىلى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، شىنجاڭدا پۈتۈن كۈچ بىلەن ساياھەتچىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تەييارلىق كۆرۈلدى ۋە يېتەكچىلىك قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەتچىلىك بازارلىرى تېز ھەرىكەتكە كەلدى. ساياھەتچىلىكنىڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدىكى تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولدى، شىنجاڭغا كېلىپ ساياھەت قىلىدىغانلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاپتونوم رايون مىقياسىدا «شىنجاڭلىقلارنىڭ شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» پائالىيىتى مۇۋاپىق پەيتتە باشلاندى، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ساياھەتچىلىكنى قانات يايدۇرۇش تەشەببۇس قىلىنىپ، ساياھەت كارخانىلىرىنىڭ تىجارىتىنىڭ بارا - بارا ئەسلىگە كېلىشىگە ئىلھام بېرىلدى.

ما رۇي، لى فېي

### ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەتچىلىك خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىندا دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەت ئىگىلىكىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئورۇن ئالدى.

زو شۈشياڭ

### 2 تۈرلۈك قۇرۇلۇش «لۇبەن مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى

شىنجاڭ بويىچە 2 تۈرلۈك قۇرۇلۇش 2003 - يىللىق جۇڭگو بىناكارلىق قۇرۇلۇشى «لۇبەن مۇكاپاتى» (دۆلەتنىڭ سۈپەتلىك قۇرۇلۇش مۇكاپاتى) غا ئېرىشتى. ئۇلار: شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈستىگە ئالغان ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىنىڭ يېڭى ئايروپورت بىناسى، شىخەنزە شەھەرلىك «تەيشەن» بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان «دۇڭخۇيۈەن جۇنداۋ» باغچىسىنىڭ 1 - باسقۇچلۇق تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى.

زو شۈشياڭ

### شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى «تەڭرىتاغ مۇكاپاتى»

2003 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق جەمئىيىتى شىنجاڭ بويىچە 2003 - يىللىق بىناكارلىق قۇرۇلۇشى «تەڭرىتاغ مۇكاپاتى»نى باھالاش خىزمىتىنى ئۇيۇشتۇردى. ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىش ئۇنىۋېرسال بىناسى (شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1- بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان) قاتارلىق 31 تۈرلۈك قۇرۇلۇش مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

زو شۈشياڭ

كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىرىنچىدىن، ئومۇمىي ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكنى چىقىش قىلىپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئورنى ۋە رولىنى تولۇق تونۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئومۇمىيۇزلۇك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىنى چۆرىدەپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنىڭ يېڭى يولىنى قەدەممۇ قەدەم ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، سالماقنى ئاشۇرۇپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. تۆتىنچىدىن، ساياھەتچىلىك خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى، كەسپىي باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت سۈپىتى ۋە سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

ما رۇي، لى فېي


1113 ئادەم (قېتىم)، گوللاندىيىدىن كەلگىنى 1073 ئادەم (قېتىم)، سىنگاپوردىن كەلگىنى 708 ئادەم (قېتىم)، شۋېيتسارىيىدىن كەلگىنى 556 ئادەم (قېتىم)، تايلاندتىن كەلگىنى 490 ئادەم (قېتىم). كۆتۈۋالغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر بويىچە ئايرىغاندا: ئۈرۈمچى شەھىرى 78 مىڭ 666 ئادەم (قېتىم)، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار 30 مىڭ 263 ئادەم (قېتىم)، قەشقەر ۋىلايىتى 18 مىڭ 975 ئادەم (قېتىم)، ئالتاي ۋىلايىتى 15 مىڭ 732 ئادەم (قېتىم)، تۇرپان ۋىلايىتى 15 مىڭ 203 ئادەم (قېتىم)، بايىنغولىن ئوبلاستى 2898 ئادەم (قېتىم)، ئاقسۇ ۋىلايىتى 2281 ئادەم (قېتىم)، قۇمۇل ۋىلايىتى 2017 ئادەم (قېتىم)، خوتەن ۋىلايىتى 1540 ئادەم (قېتىم)، قىزىلسۇ ئوبلاستى 1365 ئادەم (قېتىم)، سانجى ئوبلاستى 485 ئادەم (قېتىم)، تارباغاتاي ۋىلايىتى 386 ئادەم (قېتىم)، قاراماي شەھىرى 382 ئادەم (قېتىم)، شىخەنزە شەھىرى 245 ئادەم (قېتىم)، بورتالا ئوبلاستى 107 ئادەم (قېتىم).

ما رۇي، لى فېي

# چېگرىدىن كىرىش ساياھەتچىلىكى ئەھۋالى

## چېگرىدىن كىرگەن ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كۈتۈۋېلىنغان چېگرىدىن كىرگەن ساياھەتچى 170 مىڭ 545 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، 2002-يىلدىكىدىن %38، تاشقى پېرېۋوت 48 مىليون 576 مىڭ 300 دوللار بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %51 ئازايدى. چەت ئەللەردىكى ئاساسلىق ساياھەتچى مەنبەسى بولغان دۆلەتلەر بويىچە ئايرىغاندا: مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەردىن كەلگىنى 91 مىڭ 732 ئادەم (قېتىم)، ياپونىيىدىن كەلگىنى 16 مىڭ 309 ئادەم (قېتىم)، پاكىستاندىن كەلگىنى 5932 ئادەم (قېتىم)، ئامېرىكىدىن كەلگىنى 5225 ئادەم (قېتىم)، كورىيىدىن كەلگىنى 3392 ئادەم (قېتىم)، گېرمانىيىدىن كەلگىنى 2757 ئادەم (قېتىم)، ئەنگلىيىدىن كەلگىنى 2150 ئادەم (قېتىم)، ئاۋستىرالىيىدىن كەلگىنى 2134 ئادەم (قېتىم)، فرانسىيىدىن كەلگىنى 1968 ئادەم (قېتىم)، مالايسىيادىن كەلگىنى 1715 ئادەم (قېتىم)، ئىتالىيىدىن كەلگىنى 1236 ئادەم (قېتىم)، كانادادىن كەلگىنى



تەڭرىتاغدىكى سىرلىق چوڭ جىلغا كۇچا ناھىيىسى تەۋەسىدە بولۇپ، كۇچا ناھىيە بازىرىغا 70 كىلومېتىر كېلىدۇ. جىلغىنىڭ جىلغا ئېغىزىدىن ئاخىرقى ئۇچىغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 5000 مېتىر كېلىدۇ. بۇ جىلغا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان كەلكۈننىڭ يالىشى بىلەن يەر يۈزىدە شەكىللەنگەن تېز لەيلەپ كېتىۋاتقان ئەجدىھادەك تەبىئىي مەنزىرىنى ھاسىل قىلغان، جىلغا ئىچىدە تەڭداشسىز جىلغا، سىرلىق يىلان جىلغىسى، پەلەك ئۆڭكۈرى جىلغىسىدىن ئىبارەت 3 تارماق جىلغا بار، بۇنىڭدىن باشقا يەنە خۇددى ھازىرلا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ئېسىلىپ تۇرغان تاش، پىنگۇيىن چوقىسى قاتارلىق داڭلىق مەنزىرە نۇقتىلىرى بار، بۇ خۇددى كىشىگە مەنزىرىلىك جايلار بىلەن ئاسارىئەتىقىلەر گىرەلىشىپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

سۇ خاۋفا فوتوسى

## ساياھەتچى مەنبىيى بازىرىنى ئېچىش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى تەشۋىق قىلىپ سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭدا «كەڭ كۆلەملىك، سىرلىق، ساغلام، بەختەر» ساياھەتچىلىك يېڭى ئوبرازىنى تىكلەپ، تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ساياھەتچىلىك بازىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

1) 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ سۈرەتكە ئېلىنغان چوڭ تىپتىكى ساياھەتچىلىك مەخسۇس فىلىمى «سېھرىي كۈچكە تولغان شىنجاڭ» ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئوبرازى تەشۋىق قىلىندى.

2) 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى بىلەن تۇرپان ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى بىرلىكتە بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ۋاڭفۇجىڭ كوچىسىدا «سېھرىي كۈچكە تولغان شىنجاڭ — تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى پىشتى» ئاساسىي تېما قىلىنغان چوڭ تىپتىكى ساياھەتچىلىك بويىچە تەشۋىق قىلىپ سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، بېيجىڭدىكى ھەر ساھە ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ كەڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى.

3) 9 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئورتاق تەشكىللىگەن «يىپەك يولىدىكى قار ـ مۇز ئۆرپ ـ ئادەت ساياھىتى» سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۆمىكى شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويىدىكى 10 شەھەرگە بېرىپ، تەشۋىقات ئارقىلىق سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، گۇاڭجۇ، شېنجېن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق جايلاردىكى كەڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى، ساياھەت تىجارەتچىلىرى ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ كۈچلۈك قىزىقىشىنى قوزغىدى.

4) 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كۈنمىڭدا ئېچىلغان 2003ـ يىللىق جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت يەرمەنكىسىگە قاتنىشىش ئىشى ئۇيۇشتۇرۇلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، جايلاردىكى ساياھەت كارخانىسى قاتارلىق 20 نەچچە ئورۇندىكى 200 نەچچە ئادەم يەرمەنكىگە قاتناشتى. شىنجاڭ ساياھەت يەرمەنكىسىدە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن سودىگەر ۋە ساياھەتچىدىن 260 مىڭ ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، 420 مىڭ پارچە تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقاتتى، 800 نەچچە نۇسخا مۇددىئانامە خاراكتېرلىك كېلىشىم ئىمزالىدى. تەشكىلىي ھەيئەتنىڭ باھالاپ چىقىشى ئارقىلىق شىنجاڭ بۇ يەرمەنكىدە ئەڭ ياخشى كۆرگەزمە سۇپىسى ۋە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

5) 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئىلى ئوبلاستى ئاز كەم 100 شەددىۋاغلۇق مۇخبىردىن ئۆمەك تەشكىللەپ، ئىلىدا «شەددۇاڭ مۇخبىرلىرىنىڭ نەزىرىدىكى ئىلى» ناملىق زىيارەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ياخشى ساياھەت بايلىقىنى تونۇشتۇردى.

6) ئۈرۈمچى شەھىرى «ئون مەنزىرىلىك جاي» نى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، شەھەر خەلقىنىڭ بۇ پائالىيەتكە كەڭ كۆلەمدە قاتنىشىش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. «ئۆكتەبىر» ئالتۇن ساياھەت ھەپتىلىكى مەزگىلىدە ئۈرۈمچى ئاسىيا مەركىزى مەنزىرە رايونىدا 2003 ـ يىللىق ئاسىيا مەركىزى مەملىكەتلىك پاراشوتتىن سەكرەش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

7) ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلار «2003 ـ يىللىق جۇڭگو ئاشپەز پادىشاھلىقى ساياھىتى» ئاساسىي تېما قىلىنغان يىللىق پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى، داڭلىق، مول يېمەكلىكلىرىنى ساياھەتچىلەرگە نامايەن قىلدى.

ما رۇي، لى فېي

# ئىچكى ساياھەتچىلىك ئەھۋالى

## ئىچكى ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ كۈتۈۋالغان ئىچكى ساياھەتچى 10 مىليون 115 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 4.5% ، ساياھەتچىلىك كىرىمى 8 مىليارد 870 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يېتىپ، 5.7% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 3 مىليون 304 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 887 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 823 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم) ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 798 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم) ، بورتالا ئوبلاستىنىڭ 766 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم) ، سانجى ئوبلاستىنىڭ 747 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم) ، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ 432 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم) ، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ 410 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم) ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 384 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم) ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 372 مىڭ 800 ئادەم (قېتىم) ، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ 283 مىڭ 300 ئادەم (قېتىم) ، قاراماي شەھىرىنىڭ 276 مىڭ 800 ئادەم (قېتىم) ، شىخەنزە



تۇز مەدەنىيىتى، تۇز بىلەن داۋالاش، ساقلىق ساقلاش يادرو قىلىنغان يېڭى ساياھەت تۈرى — تۇزكۆل ساياھەتچىلىكى.

جاۋ جۇنئەن فوتوسى

شەھىرىنىڭ 248 مىڭ ئادەم (قېتىم)، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ 243 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم)، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 134 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم).

ما رۇي، لى فېي

## قىشلىق قار - مۇز ساياھەتچىلىكى

2003 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى قاتارلىق جايلار «قار - مۇز ئۆرپ - ئادەت ساياھەت بايرىمى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە قىشلىق قار - مۇز ساياھەتچىلىكىنى باھار بايرىمىدىكى ئالتۇن ھەپتە مەزگىلىدە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى. ئۈرۈمچى شەھىرى سانجى، فۇكاڭ، مىچۈەن، تۇرپان، قۇمۇل شەھەرلىرى بىلەن بىرلىكتە، تۇنجى نۆۋەتلىك قار - مۇز ئۆرپ - ئادەت ساياھەت بايرىمى ئۆتكۈزۈپ، تومەنلىگەن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى.

ما رۇي، لى فېي

قويۇلۇش باسقۇچىغا كىردى. 17 ساياھەت رايونى (نۇقتىسى) «ئا» دەرىجىلىك مەنزىرە رايون (نۇقتا) قىلىپ بېكىتىلدى. 28 مېھمانخانا يېڭىدىن يۇلتۇز دەرىجىلىك ساياھەت مېھمانخانىسى بولۇپ باھالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈش يۇلتۇز مېھمانخانىسى بىلەن تارىم مېھمانخانىسى دۆلەت ساياھەت ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، دەرىجىسى بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىغا كۆتۈرۈلدى. قەشقەر شەھىرى دۆلەت ساياھەت ئىدارىسىنىڭ جۇڭگونىڭ مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھەرلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتۈپ، شىنجاڭ بويىچە جۇڭگودىكى 4 - مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرىگە ئايلاندى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى تۇرپان، كورلا، ئۈرۈمچى شەھەرلىرىگە جۇڭگونىڭ مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرى دېگەن نام بېرىلگەنىدى.

2003 - يىلى شىنجاڭدا ساياھەت بازارلىرىنىڭ تەرتىپى قەدەممۇ قەدەم تەرتىپكە سېلىنىدى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايوندىكى 233 ساياھەت كوپىراتىپى يىللىق تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 39 خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى، 185 ئىچكى ساياھەت كوپىراتىپى يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، 9 ئىچكى ساياھەت كوپىراتىپى تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمىدى. 43 يېڭى ساياھەت كوپىراتىپى بارلىققا كەلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك ساياھەت سۈپەت تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى ساياھەتكە دائىر ئەرز-شىكايەتتىن 1982 پارچىنى قوبۇل قىلدى، 1820 ئەرز دېلوسىنى ھەل قىلدى، 62 مىڭ 380 يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ما رۇي، لى فېي

## ساياھەتچىلىك بويىچە تەربىيىلەش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كۆپ قاتلاملىق، پۈتۈن كەسىپ بويىچە تەربىيىلەش قانات يايدۇرۇلۇپ، ساياھەتچىلىك مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. يول باشلىغۇچىلارنى، ساياھەت كارخانا دىرېكتورلىرىنى، ساياھەتچىلىكتە قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنى، ساياھەت ئەرز - شىكايىتىنى بىر تەرەپ قىلغۇچىلارنى، مەنزىرە رايوننى باشقۇرغۇچىلارنى تەربىيىلەش بويىچە 26 قارار كۇرس ئېچىلىپ، 4722 ئادەم تەربىيىلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 3180 ئادەم 2003 - يىللىق يول باشلىغۇچىلىق سالاھىيەت ئىمتىھانىغا قاتناشتى، بۇ 2002 - يىلدىكىدىن %15 كۆپ.

ما رۇي، لى فېي

# ساياھەتچىلىكنى باشقۇرۇش

## ساياھەتچىلىكنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدا «ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 - يىلدىن 2020 - يىلغىچە بولغان ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي پىلانى» تاماملاندى. ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت ھاجەتخانىسى سېلىش نۇقتىلىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى ۋە دەلىللەندى. «ھاجەتخانا قۇرۇلۇشى» ئومۇمىيۈزلۈك يولغا

### «ئۈمۈر سۈغۇرتىسى لوڭقىسى» بويىچە ساياھەتچىلىك كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسى

2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق «ئۈمۈر سۈغۇرتىسى لوڭقىسى» بويىچە ساياھەتچىلىك كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 69 مېھمانساراي، 24 ساياھەت كوپېراتىپىدىن 379 ماھىر ئالدىنقى زال مۇلازىمىتى، ياتاق مۇلازىمىتى، جۇڭگوچە تاماملار زىياپىتى مۇلازىمىتى، غەربچە تاماملار زىياپىتى مۇلازىمىتى، ھاراق تەڭشەش ۋە پۇتونگخۇا، ئېنگلىز تىلى، ياپون تىلى بويىچە ساياھەتكە يول باشلاش قاتارلىق 8 تۈر بويىچە مۇسابىقىگە قاتناشتى.

ما رۇي، لى فېي

## ساياھەتچىلىك رايون (نۇقتا) لىرى ۋە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى

### ساياھەتچىلىك ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدا ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش ۋە مەنزىرە رايونلىرىنى قۇرۇش خىزمىتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، نۇقتىلىق ساياھەت تۈرلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېزلەشتى. كانادا «دادۇخۇي» گۇرۇھى، شياڭگاڭ «جۇڭتو» گۇرۇھى ۋە شىنجاڭ «خۇڭجىلى» گۇرۇھى 2 مىليارد يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىپ بىرلىكتە ئاچقان ئۈرۈمچى شەھىرى نەنشەن ئېكولوگىيىلىك باغچىسى ساياھەت تۈرىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى؛ شىنجاڭ «خۇڭجىلى» گۇرۇھى، شىنجاڭ «باۋخېڭ» گۇرۇھى، شىنجاڭ «چۇاڭتيەن» گۇرۇھى قاتارلىق پۇقراۋى كارخانىلار ئاز كەم 1 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازىرى، شىنجاڭ مىللەتلەر كوچىسى، دۆڭكۆۋرۈك ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىش بازىرى ئاقا - ئارقىدىن تىجارەت باشلىدى؛ داۋانچىڭ ئىسسىقچاپ قەدىمىي قورغىنى، تۇزكۆل مەنزىرە رايونى، يامالىق تېغى باغچىسى، قىزىلنۇر تېغى باغچىسى ھەمدە بوغدا تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ياۋايى ھايۋانات باغچىسى قاتارلىق تۈرلەر ئۈرۈمچىنى خەلقئارا مەركىزىي بازار قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا كۈچ تۇس قوشتى؛ قاناس ئايرودرومى قۇرۇلۇشى ۋە جېجياڭ ۋېنجو سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ 450 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشى بىلەن قۇرۇلۇۋاتقان قاناس مەنزىرە رايونى جيادېڭيۈ كۆتۈرۈلۈش بازىسى قاناستا دۇنيا دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى بەرپا قىلىشقا ئاساس سالدى. بايىنغولىن ئوبلاستى تارىم دەرياسى توغراقلىق باغچىسى، بورتۇ ياۋايى ھايۋانات باغچىسى، باغراش كۆلى ئايلانما مەنزىرە رايونى قاتارلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تارىم دەرياسى توغراقلىق باغچىسى تۈرىگە 13 مىليون 500 مىڭ يۈەن زايوم مەبلىغى قولغا كەلتۈرۈلدى. سايرام كۆلى مەنزىرە رايونىنى قۇرۇشقا 12 مىليون يۈەن زايوم مەبلىغى ئىلتىماس قىلىنىدى. ئالاتاۋ پورتى باشقۇرۇش كومىتېتى بىلەن جىڭ ناھىيىسى مەبلەغ سېلىپ ئاچقان ئېبىنۇر كۆلى تۈرى، «كۆلنى كۆزىتىش راۋىقى» پۈتۈپ، ساياھەتچىلەر كۈتۈۋېلىنىشقا باشلىدى. «بوغدا چوققىسى دۆلەت دەرىجىلىك مۇزلۇق باغچىسى» بىلەن بېيجىڭ «جوڭكۇن» مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى مەبلەغ سالغان قىزىلسۇ ئوبلاستى، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەتلەردىكى ساياھەتچىلىك تۈرلىرىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق تەييارلىق خىزمىتى تاماملاندى.

2003 - يىلىنىڭ بېشىدا ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ ساياھەتچىلەر جەمئىيىتى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنى دۆلەت ساياھەت ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت مەبلەغ سېلىش تۈرى يەرمەنكىسىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى، 56 ساياھەت تۈرىدە مۇددىئا خاراكتېرلىك كېلىشىم ھاسىل قىلىندى، پۈتۈشۈش سوممىسى 500 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى. بىر يىلدا 7 تۈرگە مەبلەغ سېلىش ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، بۇنىڭغا 840 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىندى. ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات پىلان كومىتېتى بىرلىشىپ تاماملىغان 2003 - يىللىق ساياھەت زايومى بويىچە مەدەت بېرىلىدىغان 7 تۈر (92 مىليون يۈەن) پۈتۈنلەي ئەمەلىيلەشتى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليارد 197 مىليون يۈەن ساياھەتچىلىك مەبلىغى نەقلەشتى.

ما رۇي، لى فېي

### شىنجاڭدىكى «ئا» دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا 4 «ئا» دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسىدىن 3ى، 3 «ئا» دەرىجىلىكتىن 12سى، 2 «ئا» دەرىجىلىكتىن 22سى، بىر «ئا» دەرىجىلىكتىن 8ى بار بولدى.

4 «ئا» دەرىجىلىكى: شىنجاڭ تەڭرىتاغ بوغدا كۆلى داڭلىق مەنزىرە رايونى، شىنجاڭ تۇرپان ئۈزۈملۈك شادلىق باغچىسى، شىنجاڭ قاناس داڭلىق مەنزىرە رايونى.

3 «ئا» دەرىجىلىكى: شىنجاڭ ئالتۇن ساھىل ساياھەت

ئارامگاھى، شىنجاڭ باغراش كۆلى ئاخۇنكۆل ساياھەت مەنزىرە رايونى، شىنجاڭ بۇرۇلتوقاي ئالتۇن قىرغاق ئارامگاھى، شىنجاڭ نارات يايلىقى ساياھەت رايونى، شىنجاڭ قۇمۇل تەڭرىتاغ داۋلىق مەنزىرە رايونى، ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق باغچىسى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى بېدىلىك ئېكولوگىيىلىك باغچىسى، قۇمۇل ئالتۇن ۋاقىت ئارامگاھى، ئاقسۇ تەڭرىتاغ سىرلىق چوڭ جىلغىسى، ئاقسۇ كۆمۈش ساۋەن ساياھەت ئارامگاھى، قەشقەر يوپۇرغا ناھىيىسى داۋاكۆل قۇملۇق ساياھەت مەنزىرە رايونى، ئۈرۈمچى شىمگۇ باغچىسى.

2 «ئا» دەرىجىلىكى: شىنجاڭ ساۋەن ناھىيىسى ئارىشالڭ ساياھەت رايونى، شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلتاغ باغچىسى، شىنجاڭ كاڭبۇرا ئاقتاش سالقىنداش ئارامگاھى، شىنجاڭ ئىلى نىلقا ئىككىلەمچى ئورمان ئارامگاھى، شىنجاڭ نارات دۆلەت ئورمان باغچىسى، شىنجاڭ بۆگدۇر ئارىشىڭى ئارامگاھى، شىنجاڭ قەشقەر ئىپارخان مەقبەرىسى، شىنجاڭ ئالتاي قىيىن دەرىخى باغچىسى، شىنجاڭ قاراكۆل مەنزىرە رايونى، شىنجاڭ ئونسۇ تەڭرىتاغ سىرلىق ئورمان باغچىسى، شىنجاڭ شىخەنزە شەھىرى شىمالىي كۆل ساياھەت مەنزىرە رايونى، شىنجاڭ شىخەنزە يېزا ئىگىلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا باغچا رايونى، شىنجاڭ شىخەنزە شەھىرى جۇ ئېنلەي خاتىرە سارىيى، ئۈرۈمچى شەھىرى سۇ ئۈستى باغچىسى، شىخەنزە شەھىرى بايىن تاغلىق كەنتى، شىخەنزە شەھىرى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۇنجى سايىنى، ئۈرۈمچى شەھىرى ئۈسۈملۈك باغچىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى كۆمۈش ئاستانە ئارامگاھى، سانجى شەھىرى خەلق باغچىسى، قۇمۇل تەڭرىتاغ يازلىق ئوۋچىلىق مەيدانى، باركۆل ناھىيىسى غەلىتە تاش تېغى ساياھەت ئارامگاھى، قەشقەر پەنتۇ شەھىرى.

بىر «ئا» دەرىجىلىكى: چۆچەك شەھىرى بېلىق تۇتۇش باغچىسى، شىنجاڭ سانجى دۇ جەمەتى ساياھەت ئارامگاھى، شىنجاڭ بورتالا ئوبلاستى غەلىتە تاش جىلغىسى داۋلىق مەنزىرە رايونى، شىنجاڭ بورتالا ئوبلاستى چىڭگىل ساياھەت ئارامگاھى، سانجى ئوبلاستى ماناس ناھىيىسى شىمالىي باغچا، سانجى شەھىرى سۈزۈك بۇلاق ساياھەت ئارامگاھى، ساۋەن ناھىيىسى سەندوخوزا ئورمانچىلىق مەيدانى ئورمان باغچىسى، باركۆل ناھىيىسى قەدىمىي ئاھالە ئولتۇراق رايونى.

ما رۇي، لى فېي

## شىنجاڭدىكى 3 يۇلتۇزلۇقتىن يۇقىرى مېھمانسارايلار

| مېھمانخانا نامى | يۇلتۇز دەرىجىسى | ئادرېسى | تېلېفون نومۇرى | فاكس نومۇرى |
|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى كۆمۈش ئاستانە مېھمانسارىيى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 39 - نومۇر | 0991 — 4536688 | 0991 — 4517166 |
| شىنجاڭ «خەيدې» مېھمانسارىيى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامىلى يولى 1 - نومۇر | 0991 — 2322828 | 0991 — 2321818 |
| شىنجاڭ «خۇڭفۇ» مېھمانسارىيى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى خۇاڭخې يولى 26 - نومۇر | 0991 — 5881588 | 0991 — 5823188 |
| شىنجاڭ «گۈزەل جۇڭخۇا» مېھمانسارىيى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 5 - نومۇر | 0991 — 2825888 | 0991 — 2846666 |
| شىنجاڭ كۆمۈش يۇلتۇز مېھمانسارىيى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى چىتەي يولى 134 - نومۇر | 0991 — 5888888 | |
| تارىم مېھمانسارىيى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 24 - نومۇر | 0991 — 6630101 | 0991 — 6621684 |
| شىنجاڭ يەر شارى مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 2 - نومۇر | 0991 — 3836400 | 0991 — 3836399 |
| شىنجاڭ مەشئەل مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى ئالماس شەھەرچىسى 18 - نومۇر | 0991 — 3836699 | 0991 — 3835999 |
| نۇرباغ يېڭى دەۋر مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق شىمالىي يولى 7 - نومۇر | 0991 — 4818688 | 0991 — 4818088 |
| تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى جياڭسۇ يولى 9 - نومۇر | 0991 — 6610066 | 0991 — 6639519 |
| تۇنخې خۇامېيدا مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجياڭ يولى 52 - نومۇر | 0991 — 5876688 | 0991 — 5876685 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| تارىم نېفىت مېھمانسارىيى | 4 | كورلا شەھىرى نېفىت خىمىيە يولى | 0996 — 2170888 | 0996 — 2173167 |
| شىنجاڭ «خوڭشىن» مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي ئازادلىق يولى 61 - نومۇر | 0991 — 2301688 | |
| شەرق خاندانلىقى مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى جوڭشەن يولى 159 - نومۇر | | |
| كۈيتۇڭ شەرق خەلقئارا مېھمانسارىيى | 4 | كۈيتۇڭ شەھىرى جەنۇبىي ئىتتىپاق يولى 46 - نومۇر | | |
| كورلا كۈمۈش يۇلتۇز مېھمانسارىيى | 4 | كورلا شەھىرى شەرقىي خەلق يولى 36 - نومۇر | | |
| ئىلى گېنېرال شۇاڭچېن مېھمانسارىيى | 4 | غۇلجا شەھىرى ستالىن كوچىسى | | |
| ئىسلام مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى جۇڭشەن يولى 22 - نومۇر | 0991 — 2811017 | 0991 — 2811513 |
| لەييۈەن مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 3 - نومۇر | 0991 — 2828368 | 0991 — 2825109 |
| شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى دېموكراتىيە يولى 57 - نومۇر | 0991 — 2822911 | 0991 — 2826031 |
| شەھەر مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلبايراق يولى 119 - نومۇر | 0991 — 2309911 | 0991 — 2301818 |
| شىنجاڭ يىپەك يولى مېھمانخانىسى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 52 - نومۇر | 0991 — 2558899 | 0991 — 2557788 |
| «لىنخۇا» مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 65 - نومۇر | 0991 — 4539999 | 0991 — 4536222 |
| بەشيۇلتۇز مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى بەشيۇلتۇز يولى 17 - نومۇر | 0991 — 2635555 | 0991 — 2618390 |
| دوستلۇق مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شىمالىي دوستلۇق يولى 14 - نومۇر | 0991 — 4836888 | 0991 — 4826519 |
| «يىلتىز» مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي قاراماي يولى 20 - نومۇر قوشۇمچە 1 - نومۇر | 0991 — 4547788 | 0991 — 4517780 |
| «شىنرولۇڭ» مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق يولى 20 - نومۇر | 0991 — 2841166 | 0991 —2840902 |
| ئۈرۈمچى «ئالتۇن دان» مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 80 - نومۇر | 0991 — 2826788 | 0991 — 2833163 |
| شىنجاڭ «گوتەي» مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى ئالتاي يولى 15 - نومۇر | 0991 — 3831188 | 0991 — 3821998 |
| مايتاغ مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي قاراماي يولى 20 - نومۇر قوشۇمچە 4 - نومۇر | 0991 — 4533116 | 0991 — 4530180 |
| شىخەنزە مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 10 - نومۇر | 0991 — 4524123 | 0991 — 4520742 |
| «خۇادۇ» مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 23 - نومۇر | 0991 — 4529922 | 0991 — 4522708 |
| شىنجاڭ «خۇيىيۈەن» مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 9 - نومۇر | 0991 — 2305678 | 0991 — 2844465 |
| ئۈرۈمچى «ۋېنجۇ» مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى خېيلوڭجياڭ يولى 23 - نومۇر | 0991 — 5836666 | 0991 —5851999 |
| شىنجاڭ «خۇەنتوڭ» مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى لۇيۈەن كوچىسى 100 - نومۇر | 0991 — 5850666 | 0991 — 5815815 |
| ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 1 - نومۇر | 0991 — 3422856 | 0991 — 3815515 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| بوغدا مېھمانخانىسى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى نۇرلۇق يولى 10 - نومۇر | 0991 — 2823910 | 0991 — 2815769 |
| ئىلى مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجىياڭ يولى 80 - نومۇر | 0991 — 5856888 | 0991 — 5852668 |
| خۇارۋي مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى بەشيۈلتۈز يولى 21 - نومۇر | 0991 — 2659999 | 2659999 — 6201 |
| شىنجاڭ جىنشىن مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق يولى 86 - نومۇر | 0991 — 2830808 | |
| شىنجاڭ گۆھەر زېمىن مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قاراماي يولى 3 - نومۇر | 0991 — 4814068 | |
| قۇرۇقلۇق مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 1 - نومۇر | 0991 — 3422856 | |
| يىپەك يولى بوستان مېھمانسارىيى | 3 | تۇرپان شەھىرى ياشلار يولى 41 - نومۇر | 0995 — 8522491 | 0995 — 8523348 |
| تۇرپان مېھمانسارىيى | 3 | تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت يولى 20 - نومۇر | 0995 — 8553888 | 0995 — 8553908 |
| تۇرپان مېھمانسارىيى | 3 | تۇرپان شەھىرى جەنۇبىي ياشلار يولى 2 - نومۇر | 0995 — 8522562 | 0995 — 8523262 |
| قۇمۇل مېھمانخانىسى | 3 | قۇمۇل شەھىرى مەرھابا يولى 4 - نومۇر | 0902 — 2233140 | 0902 — 2234345 |
| قۇمۇل ئېلېكتر مېھمانخانىسى | 3 | قۇمۇل شەھىرى شىمالىي ۋەتەنپەرۋەرلىك يولى 18 - نومۇر | 0902 — 2259581 | 0902 — 2259573 |
| قۇمۇل شەھەرلىك «جاغدا» مېھمانخانىسى | 3 | قۇمۇل شەھىرى شىمالىي ۋەتەنپەرۋەرلىك يولى 8 - نومۇر | 0902 — 2233346 | 0902 — 2235070 |
| بايىنغولىن مېھمانخانىسى | 3 | كورلا شەھىرى شەرقىي خەلق يولى | 0996 —2022248 | 0996 — 2024007 |
| ئاقسۇ مېھمانخانىسى | 3 | ئاقسۇ شەھىرى غەربىي شىنخۇا يولى 9 - نومۇر | 0997 — 2123366 | 0997 — 2141418 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك «دوستلۇق» مېھمانخانىسى | 3 | ئاقسۇ شەھىرى مەرھابا يولى 65 - نومۇر | 0997 — 2513043 | 0997 — 2513511 |
| «باغ» مېھمانخانىسى | 3 | سانجى شەھىرى شەرقىي نىڭبيەن يولى 28 - نومۇر | 0994 — 2339110 | 0994 — 2330666 |
| شىخەنزە مېھمانخانىسى | 3 | شىخەنزە شەھىرى شەرقىي ئايلانما يولى 4 - نومۇر | 0993 — 2012587 | 0993 — 2017177 |
| ئىلى ئالاھىدە ھارىقى مېھمانسارىيى | 3 | غۇلجا شەھىرى غالىبىيەت كوچىسى 98 - نومۇر | 0999 — 8035600 | 0999 — 8021819 |
| كۈيتۇڭ «شەرق» خەلقئارا مېھمانسارىيى | 3 | كۈيتۇڭ شەھىرى جەنۇبىي ئىتتىپاق كوچىسى 46 — 1. نومۇر | 0992 — 3226368 | 0992 — 3222121 |
| كۈيتۇڭ ھەربىيلەر بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش مېھمانخانىسى «مەرۋايىت» بىناسى | 3 | كۈيتۇڭ شەھىرى شەرقىي ئىتتىپاق يولى 12 - نومۇر | 0992 — 3222886 | 0992 — 3222886 |
| كۈيتۇڭ تۆمۈريول مېھمانسارىيى | 3 | كۈيتۇڭ شەھىرى ژۇگزال مەيدانىنىڭ غەربىي تەرىپىدە | 0992 — 3422311 | 0992 — 3423796 |
| ئىلى «شاپتۇللۇق» مېھمانسارىيى | 3 | غۇلجا شەھىرى ئىلى دەرياسى يولى 100 - نومۇر | 0999 — 8325300 | 0999 — 8328317 |
| «ئالتۇن كۆۋرۈك» مېھمانسارىيى | 3 | ئالتاي شەھىرى ئازادلىق يولى 1 - نومۇر | 0906 — 2127588 | 0906 — 2127519 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| «خەيتالىق» مېھمانسارىيى | 3 | قاراماي شەھىرى تارىم دەرياسى يولى 58 - نومۇر | 0990 — 6221919 | 0990 — 6222798 |
| قاراماي مېھمانسارىيى | 3 | قاراماي شەھىرى دوستلۇق يولى 96 - نومۇر | 0990 — 6883597 | 0990 — 6223587 |
| مايتاغ مېھمانخانىسى | 3 | قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونى داچىڭ يولى 15 - نومۇر | 0992 — 3866571 | 0992 — 3872458 |
| ئىلى «گۈل شەھىرى» مېھمانخانىسى | 3 | غۇلجا شەھىرى ئەخمەتجان قاسىمى كوچىسى 7 - كوچا 5- نومۇر | 0999 — 8031800 | 0999 — 8036077 |

## شىنجاڭدىكى خەلقئارالىق ساياھەت كوپىراتىپلىرى

| ساياھەت كوپىراتىپلىرى نامى | تېلېفون نومۇرى | فاكس نومۇرى |
|---|---|---|
| شىنجاڭ تاشقى ساياھەت باش شىركىتى | 0991 — 2821446 | 0991 — 2821445 |
| شىنجاڭ جۇڭگو تەبىئەت خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0991 — 2322251 | 0991 — 2331714 |
| شىنجاڭ جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0991 — 2823176 | 0991 — 2810689 |
| شىنجاڭ جۇڭگو ساياھەت كوپىراتىپى | 0991 — 2866210 | 0991 — 2862131 |
| جۇڭگو ياشلار ساياھەت كوپىراتىپى شىنجاڭ خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 0991 — 2818451 | 0991 — 2817078 |
| شىنجاڭ قەشقەر جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0998 — 2823624 | 0998 — 2823087 |
| شىنجاڭ ئىلى خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0999 — 8023535 | 0999 — 8024939 |
| شىنجاڭ غەربىي دىيار خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | 0991 — 2335197 | 0991 — 2839746 |
| غۇلجا خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0999 — 8121133 | 0999 — 8120298 |
| شىنجاڭ خەلقئارا تەنتەربىيە ساياھەت كوپىراتىپى | 0991 — 3810878 | 0991 — 3810878 |
| شىنجاڭ مەدەنىيەت ساياھەت شىركىتى | 0991 — 2857891 | 0991 — 2854721 |
| ئۈرۈمچى تۆمۈريول خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0991 — 3448693 | 0991 — 3822953 |
| ئۈرۈمچى تەڭرىتاغ خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0991 — 2576268 | 0991 — 2576320 |
| تۇرپان جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0995 — 8532286 | 0995 — 8522786 |
| شىنجاڭ بايىنغولىن خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0996 — 2024341 | 0996 — 2024341 |
| شىنجاڭ خوتەن خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0903 — 2516090 | 0903 — 2512846 |
| شىنجاڭ بوستان جۇڭگو ساياھەت كوپىراتىپى | 0991 — 4522946 | 0991 — 4517401 |
| شىنجاڭ غەربىي قىسىم خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | 0991 — 5833535 | 0991 — 5835727 |
| شىنجاڭ ئالتۇن كۆۋرۈك ئۆرپ - ئادەت خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0991 — 2325221 | 0991 — 2835767 |
| شىنجاڭ كاڭخۇي خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0991 — 8623308 | 0991 — 2818439 |

| | | |
|---|---|---|
| شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0991 — 3804746 | 0991 — 3804746 |
| شىنجاڭ يەر ـ زېمىن خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 0991 — 3840899 | 0991 — 3835939 |
| شىنجاڭ مىللەتلەر خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0991 — 5883356 | 0991 — 5883896 |
| ئۈرۈمچى شىنجاڭ تۆمۈريول خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0991 — 3818135 | 0991 — 3816289 |
| ئۈرۈمچى «شۈندا» خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | 0991 — 2629902 | 0991 — 2630124 |
| قەشقەر جۇڭگو ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | 0998 — 2822262 | 0998 — 2822552 |
| شىنجاڭ شىڭجىڭ خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | 0991 — 3710172 | 0991 — 3719839 |
| شىنجاڭ تەڭرىتاغ بوغدا كۆلى خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0994 — 3233306 | |
| شىنجاڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0901 — 6229796 | 0901 — 6229796 |
| جۇڭگو شىنجاڭ چۆچەك «ياۋروپا ـ ئاسىيا» خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0901 — 6234789 | 0901 — 6223198 |
| شىنجاڭ ئىقتىساد ـ سودا خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0991 — 4550288 | 0991 — 4552208 |
| شىنجاڭ پوچتا ـ تېلېگراف خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0991 — 5825188 | 0991 — 5851898 |
| شىنجاڭ «خۇيتۇڭ تۇلپار» خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | 0991 — 5831247 | 0991 — 5851986 |
| كۇچا خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | 0997 — 7122524 | 0997 — 7122524 |
| شىنجاڭ قاناس خەلقئارا ساياھەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 0906 — 6524934 | 0906 — 6522652 |
| شىنجاڭ «دېڭىز بوغۇزى» ساياھەت كوپىراتىپى چەكلىك شىركىتى | 0991 — 4834741 | 0991 — 4843306 |
| غۇلجا «تۇلپار» خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0999 — 8040329 | 0999 — 8021817 |
| شىنجاڭ ئالاتاۋ خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0909 — 6993422 | 0909 — 6993265 |

# سودا

## ئومۇمىي بايان

### سودىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىنىڭ تاۋارلار بىلەن تەمىنلىنىشى يېتەرلىك، بازاردىكىماللارنىڭ باھاسى مۇقىم، سېتىۋېلىش بىلەن سېتىش ئاساسەن تەڭپۇڭ بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتە بىر قەدەر تېز بولغان تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلاپ كەلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 42 مىليارد 117 مىليون يۈەنگە (يېڭى ئۆلچەم بويىچە ستاتىستىكىلاندى) يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %11.1 ئاشتى.

1. ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىنىڭ ئايلىنىشىدا V شەكىللىك ھالەت شەكىللەندى. بازارنىڭ ئايلىنىش ھالىتىدىن قارىغاندا، ئالدىنقى يېرىم يىلدا «سارس» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، 2003 ـ يىلى شىنجاڭ ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىنىڭ ئۆرلىشىدە V شەكىللىك ھالەت كۆرۈلدى. 1 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسىنىڭ ئۆرلىشى %12.5 لىك يۇقىرى نۇقتىدىن تەدرىجىي تۆۋەنلەپ 5 ـ ئايغا كەلگەندە %9.1 لىك ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشتى، 6 ـ ئايدىن باشلاپ ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىنىڭ ئۆرلەش سۈرئىتى تېزلىشىشكە باشلىدى، كېيىنكى يېرىم يىلنىڭ ھەر ئېيىدا %11 تىن يۇقىرى بولغان ئۆرلەش سۈرئىتى ساقلاپ قېلىندى.

2. باھا سەۋىيىسىدە تەدرىجىي ئۆرلەش ھالىتى كۆرۈلدى. 2003 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھا كۆرسەتكۈچى 2002 ـ يىلدىكىدىن %0.4 ئۆرلىدى. يېمەكلىك بىلەن تۇرالغۇ ئۆي تۈرىدىكى تاۋارلارنىڭ باھاسىنىڭ ئۆرلىشىنىڭ تۈرتكىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شۇنىڭدەك خام ماتېرىياللار باھاسىنىڭ ئۆرلىشىنىڭ تەسىرى بىلەن، 9 ـ ئايدىن كېيىن ئاپتونوم رايون بويىچە بازارلاردىكى تاۋارلارنىڭ باھاسى ئايدىن ئايغا ئازراق ئۆرلىدى، باھانىڭ مۇقىم ئۆرلىشى قۇرۇلمىدىكى تەمىنات ئېھتىياجدىن ئېشىپ كېتىشتەك زىددىيەتنى مەلۇم دەرىجىدە پەسەيتىپ، مەبلەغ سېلىش بىلەن ئىستېمال جەھەتتىكى ئېھتىياجنى ئۈنۈملۈك ئاشۇردى.

3. شەھەر ـ يېزا بازارلىرىنىڭ تەرەققىياتى تەڭپۇڭ بولمىدى. 2003 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە شەھەرلەردە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 31 مىليارد 134 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %12.9 ئېشىپ، داۋاملىق تېز سۈرئەتتە ئۆرلەش ھالىتىنى ساقلىدى؛ دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 10 مىليارد 983 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.5 ئاشتى، بۇ، شەھەر ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىنىڭكىدىن 6.4 پىرسەنت پوئېنتتى تۆۋەن بولدى، شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ قۇرۇلمىدىكى زىددىيىتى يەنىلا گەۋدىلىك بولماقتا.

شىنجاڭدىكى تىجارەت نورمىسى بەلگىلەنگەن نورمىدىن يۇقىرى يېمەك ـ ئىچمەك كارخانىلىرىنىڭ 2003 ـ يىللىق ئاساسلىق مالىيە كۆرسەتكۈچلىرى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| كۆرسەتكۈچلەر | تىجارەت كىرىمى | تىجارەت تەننەرخى | تىجارەت خىراجىتى | تىجارەت بېجى ۋە قوشۇلمىسى | تىجارەت پايدىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 24926 | 12131 | 8771 | 1571 | 2454 |
| دۆلەت كارخانىسى | 1693 | 478 | 844 | 90 | 282 |
| كوللېكتىپ كارخانا | 531 | 369 | 114 | 27 | 21 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| بىرلەشمە كارخانا | 609 | 251 | 229 | 56 | 73 |
| چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 6321 | 2720 | 2340 | 369 | 892 |
| پاي چەكلىك شىركىتى | 757 | 160 | 391 | 41 | 165 |
| خۇسۇسىي كارخانا | 14750 | 8028 | 4540 | 973 | 1209 |
| شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانىلار | 265 | 125 | 313 | 15 | −188 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

4. توپ ۋە پارچە سېتىش كەسپى، يېمەك - ئىچمەك كەسپى بازار تەرەققىياتىنىڭ باشلامچىسى بولدى. كەسپلەر قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، توپ ۋە پارچە سېتىش سودا كەسپى بىلەن يېمەك - ئىچمەك كەسپى يەنىلا ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىنىڭ ئۆرلىشىدىكى ئاساسلىق كۈچ بولدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە توپ ۋە پارچە سېتىش سودا كەسپىنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنى پارچە سېتىش سوممىسى 34 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %3 .11؛ يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ ئىستېمال سوممىسى 6 مىليارد 60 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3 .14 ئاشتى.

5. ئىستېمال قۇرۇلمىسىنىڭ دەرىجىسى ئۆرلەپ يېڭى ئىستېمال قىززىق نۇقتىسى شەكىللەندى. ئىستېمال قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالمىشىپ دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، تۇرالغۇ ئۆي، خەۋەرلىشىش، ئاپتوموبىل، ساياھەتچىلىك، مائارىپ قاتارلىق يېڭىدىن گۈللەنگەن ئىستېمال قىززىق نۇقتىلىرى شەكىللىنىپ، ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تاۋار ئۆيلەرنىڭ سېتىلىش سوممىسى 10 مىليارد 666 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %31 .21 ئاشتى. تۇرالغۇ ئۆي ئىستېمالىنىڭ ئۆرلىشى زىننەتلەش ماتېرىياللىرى، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، ئۆي جاھازلىرى قاتارلىق تاۋارلارنىڭ سېتىلىشىغا مۇناسىپ ھالدا تۈرتكە بولدى. ئائىلە ماشىنىلىرى ئىستېمالى %20 تىن يۇقىرى ئېشىش سۈرئىتىنى ساقلاپ، ئاپتوموبىل مۇلازىمىتى كەسپى، يېقىلغۇ ماي قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك كەسپلەر مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىزچىل ياخشى سېتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. كۆچمە تېلېفون تېز سۈرئەتتە ئومۇملىشىپ، بازار ئىستېمالى كۈنسېرى جانلىنىپ، ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىشتا تەدرىجىي ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىدى. ساياھەت ئىگىلىكى، ئىستىراھەت ئىگىلىكى، يەرمەنكە ئىگىلىكى ئۈزلۈكسىز جانلاندى. 2003 - يىلى باھار بايرىمى، قۇربان ھېيت، ئۆكتەبىر بايرىمى قاتارلىق بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى ئىستېمال پائالىيەتلىرى، قىشلىق قار - مۇز ئۆزگىچە ساياھەت پائالىيىتى، ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى يەرمەنكىسى، ئاپتوموبىل يەرمەنكىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش يەرمەنكە پائالىيەتلىرى، قاتناش، يېمەك - ئىچمەك، ياتاق، سودا، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك كەسپلەرنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

6. يېڭىچە ئوبوروت كەسپىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. تاللا بازار، قولايلىق دۇكان، مەخسۇس سېتىش دۇكىنى قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى زەنجىرسىمان تىجارەتنىڭ تەرەققىياتى خېلى تېز بولدى، زەنجىرلىشىش دائىرىسى تۇرلۇك ماللار، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپىدىن كىتاب، تېببىي دورا، نېفىت خىمىيە، خەلق ئاۋئاتسىيىسى، پوچتا - تېلېگراف قاتارلىق ساھەلەرگىچە كېڭەيدى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە زەنجىرسىمان تىجارەت تور نۇقتىسى 2200 دىن كۆپرەككە يەتتى، سېتىش كىرىمى 7 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرى پارچە سېتىلىش سوممىسىنىڭ %18 ىنى ئىگىلىدى. پىرماست، كەررېفور، پاركسون قاتارلىق دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان پارچە سېتىش سودىگەرلىرى ۋە چوڭ كۆلەملىك مال سېتىۋېلىش مەركەزلىرى شىنجاڭغا كىردى. ماددىي ئەشيا ئوبوروتى تەقسىملەش، يەتكۈزۈش، ئېلېكترونلۇق سودا، كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش، كونا ماللار ئوبوروتى قاتارلىق كۆپ خىل كەسپلەردە تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشتەك ياخشى ۋەزىيەت كۆرۈلدى.

ليۇ بىن

# دۆلەت سودىسى

## گۆش تىجارىتى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر گۇرۇھى يېمەكلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئاپتونوم رايون سىرتىدىن 1459 توننا توڭلىتىلغان گۆش سېتىۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوشقا گۆشى 706 تونىنىغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %11 ئاشتى؛ كالا گۆشى 167 توننا بولۇپ، %44 ئازايدى؛ قوي گۆشى 586 تونىنىغا يېتىپ، %169 ئاشتى. دۆلەتنىڭ زاپاس ساقلايدىغان گۆش تۈرى كالا، قوي گۆشىنى ساقلاشتىن قوي گۆشىنى ساقلاشقا ئۆزگەرگەچكە قوي گۆشى سېتىۋېلىش زور ھەجىمدە ئاشتى.

2003 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ يەرلىك گۆشىنىڭ باھاسى بەك يۇقىرى، تەننەرخى ئۈستۈن بولغاچقا توڭلىتىلغان گۆشلەرنىڭ ھەممىسى گەنسۇ، چىڭخەي، سىچۈەن قاتارلىق جايلاردىن سېتىۋېلىندى، ھەر كىلوگرام گۆشنىڭ كىرگۈزۈلۈش باھاسى چوشقا گۆشىنىڭ 8 يۈەندىن، كالا گۆشىنىڭ 12 يۈەندىن، قوي گۆشىنىڭ 12 يۈەندىن بولدى. يەرلىك گۆشنىڭ كىرگۈزۈلۈش باھاسى سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن كالا، قوي گۆشىنىڭكىدىن %20 يۇقىرى بولدى.

2003 ـ يىلى شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىك گۇرۇھى يېمەكلىك شىركىتى 1807 توننا گۆش ساتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوشقا گۆشى 855 توننا بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %48؛ كالا گۆشى 281 توننا بولۇپ، %51 ئازايدى؛ قوي گۆشى 671 تونىنىغا يېتىپ، %26 ئاشتى.

2003 ـ يىلى سودا مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى بىرلىشىپ دۆلەتنىڭ زاپاس گۆش ساقلاش پىلانىنى چۈشۈردى. شىنجاڭغا 500 توننا توڭلىتىلغان قوي گۆشى، 20 مىڭ تۇياق چوشقا (گۆشكە سۇندۇرغاندا 1000 توننا) زاپاس ساقلاش ۋەزىپىسى تەقسىملەندى، توڭلىتىلغان گۆشنى زاپاس ساقلاش ئامبىرى يەنىلا شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىك گۇرۇھى گۆش پىششىقلاش چەكلىك شىركىتى بولدى؛ بىكتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 ـ شى 132 ـ تۇەن ـ مەيدانىنىڭ چوشقا فېرمىسى (400 توننا) بىلەن ئاقسۇ سەنجياڭ باقمىچىلىق فېرمىسى (600 توننا) چوشقىنى زاپاس ساقلاش بازىسى قىلىندى.

ساۋ شياۋلىڭ

## شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر گۇرۇھىنىڭ تىجارەت ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر گۇرۇھىنىڭ تاۋار سېتىش ۋە تىجارەت كىرىمى 80 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %28.7، گۆش سېتىش كىرىمى 18 مىليون 486 مىڭ يۈەن بولۇپ، %33.2، ھاراق سېتىش كىرىمى 26 مىليون 149 مىڭ يۈەن بولۇپ، %37.4 تۆۋەنلىدى، ماۋتەي، ۋۇلياڭيېدىن ئىبارەت دۆلەتنىڭ داڭلىق ھاراقلىرىنىڭ تۆۋەنلەش ھەجىمى %50 تىن ئېشىپ كەتتى. باشقا قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ سېتىلىشى 17 مىليون 103 مىڭ يۈەن بولۇپ، %32 تۆۋەنلىدى.

ۋاڭ جۈن

## ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى، كىيىم ـ كېچەك تىجارىتى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى، كىيىم ـ كېچەك بازىرىنىڭ سېتىش ۋەزىيىتى مۇقىم، مال مەنبەسى مول، تۈرى كۆپ بولدى. دۆلەت سودىسى داۋاملىق پەسەيدى، يۇقىرىلار، خۇسۇسىيلار سودىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، بازاردىكى رىقابەت كۈنسېرى كەسكىنلەشتى.

2003 ـ يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرىنىڭ ئېھتىياجى مۇقىملىق ئىچىدە ئاشتى، رەختنىڭ سېتىلىشى 2002 ـ يىلدىكىدىن %8.6، پارچە سېتىلىشى %14.75 ئاشتى. ئاساسلىقى ئېنىق كەڭ، گۈللۈك، رەڭلىك، سىزىقلىرى ھەر خىل بولغان ساپ پاختىدىن ئىشلەنگەن كىرلىك قىلىنىدىغان رەختلەرنىڭ سېتىلىشى ياخشى بولدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۆي ئىچىنى «يۇمشاق بېزەش» بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىماقتا. كىيىم ـ كېچەك تاللاش، سۈپەت بىلەن رەڭ تاللاشتىن مودا ۋە ماركا قوغلىشىشقا، پاسون بىلەن مودىغا ئەھمىيەت بېرىشتىن مەدەنىيەت تۈسى ۋە خاس گۈزەللىكنى قوغلىشىشقا ئۆتتى، كىيىم ـ كېچەك تىجارىتى ئازادە كىيىم-كېچەك تىجارىتىگە يۈزلەندى، بۇنداق كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ سېتىلىش نىسبىتى باشقا كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭكىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى، بولۇپمۇ ئازادە ئىچ مايكىنىڭ سېتىلىشى 2002 ـ يىلدىكىدىن %25.62، ئالاستوپكىنىڭ %38.73 ئاشتى. لېكىن ئىستېمال قاتلىمىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن، ئالىي داڭلىق كىيىم ـ كېچەك ئىستېمالچىلار توپى شەھەر ـ بازار ئاھالىسىنىڭ %0.62 ىنى؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كىيىم ـ كېچەك ئىستېمالچىلار توپى شەھەر- بازار ئاھالىسىنىڭ %70 ـ %75 ىنى، يېزا نوپۇسىنىڭ %26ىنى؛ تۆۋەن دەرىجىلىك كىيىم ـ كېچەك ئىستېمالچىلار توپى يېزا نوپۇسىنىڭ %65ىنى ئىگىلىدى. ئايرىلىپ چىققان يۈرۈشلۈك ئازادە كىيىم ـ كېچەكلەر كاستيۇم ـ بۇرۇلكا، كەسپىي فورمىلارنىڭ كۆرۈمسىز

بولۇشىدەك ئەندىزىنى بۇزۇپ تاشلاپ بارغانسېرى بازار تاپتى. يۈرۈشلۈك ئازادە كىيىملەرنىڭ سېتىلىشى كاستيۇم - بۇرۇلكىسىنىڭ %50 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى، باھاسى مۇۋاپىق بولغان ئەرەنچە، ئايالچە پاختا، يۇڭ مايكا - ئىشتان قاتارلىق ئىلمە توقۇلما ئىچ كىيىملەرنىڭ سېتىلىشى 2002 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. كۈز ۋە قىش كىرگەندىن بۇيان، تاش پوپايكا بىر قەدەر ئومۇملاشتى، ماركىلىق ئىنچىكە يۇڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشى 2002 - يىلدىكىدىن %12.62 ئاشتى. باللار كىيىملىرى ئىستېمالى تەدرىجىي دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئېقىمغا قاراپ يۈزلەندى، باللارغا خاس غەيرىيلىككە ئىگە كىيىملەر بىلەن مودا كىيىملەرنى كىيىش ئۇسلۇبىنى قوغلىشىش، باللار كىيىملىرىنىڭ يوشۇرۇن تەرەققىيات يۈزلىنىشى بولۇپ قالدى.

ليۇ شۇدۇڭ

## كىم ئارتۇق سودىسى ساھەسىنىڭ تىجارەت ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كىم ئارتۇق سودىسى ساھەسىدە تىزىمغا ئالدۇرۇلغان كارخانا 53، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكىسى 29، كەسپكار 600 دىن ئارتۇق. بىر يىلدا 700 مەيدان كىم ئارتۇق سودىسى قىلىندى، بۇ 2002- يىلدىكىدىن 146 مەيدان ئارتۇق، پۈتۈشۈش سوممىسى 2 مىليارد 144 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %58.7 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە سەنئەت بۇيۇمىنىڭ 66 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ مۈلكىنىڭ 81 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %22.02؛ ئۆي - زېمىننىڭ 978 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1.72 ھەسسە؛ كارخانا مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ 152 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %40.74 ئاشتى؛ ۋەيران بولغان كارخانىلارنىڭ 450 مىليون يۈەن بولۇپ، %4.66 ئازايدى؛ شەكىلسىز مۈلۈكنىڭ 68 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.92 ھەسسە، باشقىلارنىڭ 348 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %37 ئاشتى.

2003 - يىلى «شىنفا» كىم ئارتۇق سودىسى چەكلىك شىركىتى جۇڭگو كىم ئارتۇق سودىسى ساھەسى «AAA» دەرىجىلىك سالاھىيەتكە ئېرىشتى؛ 5 كىم ئارتۇق سودىسى كارخانىسى «AA» دەرىجىلىك سالاھىيەتكە ئېرىشتى؛ شىنجاڭ بويىچە 8 كىم ئارتۇق سودىسى كارخانىسى «A» دەرىجىلىك سالاھىيەتكە ئېرىشتى. يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كىم ئارتۇق سودىسى كارخانىسى 8 گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 7 سى كۆپەيدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە كىم ئارتۇق سودىسى ئۇستىسى 108 گە يەتتى، 500 نەچچە ئادەم جۇڭگو كىم ئارتۇق سودىسى كەسپكارى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

چېن چاڭئەن

## سودا ساھەسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭ سودا ساھەسىگە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون خام چوت ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلان تۈرىدىن 29 نى تەستىقلاپ چۈشۈردى، بۇلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغ 528 مىليون يۈەن (ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچىلىك خاراكتېرىدىكى مەبلىغى 21 مىليون 60 مىڭ يۈەن)، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 620 مىڭ كۋادرات مېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك تېمپېراتۇرىسى تەڭشىلىدىغان يېڭى پېتى ساقلاش ئامبىرىدىن 4 ى پۈتكۈزۈلدى، كۆلىمى 19 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 96 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ ئورنى بەلگىلەپ بېرىلگەن كالا، قوي قۇشخانىسىدىن 5 ى ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭغا 24 مىليون 630 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ ھەر خىل بازاردىن 17 سى پۈتكۈزۈلدى، كۆلىمى 810 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 450 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ زامانىۋى ماددىي ئەشيا ئوبوروتى تەقسىملەش-يەتكۈزۈش مەركىزى، تاللا بازاردىن 3 ى پۈتكۈزۈلدى، كۆلىمى 810 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 180 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سودا ئوبوروت كەسپىدە زايوم، ياردەم ئۆسۈملۈك تۈردىن 2 سى دۆلەتكە ئىلتىماس قىلىنىپ تەستىقلىتىلدى، يەنى شىنجاڭ «جىيايۇ» سانائەت - سودا (گۇرۇھى) نىڭ 500 قۇلايلىق دۇكىنى ۋە چوڭ كۆلەملىك ماددىي ئەشيا ئوبوروت مەركىزىنىڭ 50 مىليون يۈەنلىك زايوم، ياردەم ئۆسۈملۈك تۈرى بىلەن شىنجاڭ «ياجوڭ» ماشىنا - ئېلېكتر بازىرىنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى زەنجىرسىمان دۇكىنى ۋە تور نۇقتا قۇرۇلۇشىنىڭ 60 مىليون يۈەنلىك زايوم، ياردەم ئۆسۈملۈك قۇرۇلۇش تۈرى.

ئۈرۈمچى شەھىرىنى زامانىۋىلاشقان خەلقئارا سودا شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى چۆرىدەپ، شىنجاڭدا ئوبوروتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلدى، 5000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان ئوبوروت كەسپىگە تەۋە چوڭ، يېڭى تاللا بازار ۋە مال سېتىۋېلىش مەركىزىدىن 34 ى سېلىندى. شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئازادە تۇرالغۇ ئۆي ئەشيا ئوبوروت باغچىسى، «گۇاڭخۇي» ئەسىر مەيدانى،



2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىدا تاۋار تەمىناتى يېتەرلىك، مال باھاسى مۇقىم، سېتىۋېلىش بىلەن سېتىش ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭ بولدى. سۈرەتتە: دوستلۇق سودا سارىيى مال سېتىۋېلىش زالىدىن بىر كۆرۈنۈش.

لى ياڭ فوتوسى

شىنجاڭ «ياجوڭ» ماشىنا - ئېلېكتر ماددىي ئەشيا ئوبوروت باغچىسى، شىنجاڭ «دوستلۇق پاركسون» سودا سارىيى، شىنجاڭ مىللەتلەر كوچىسى «كەررېفور» سودا سارىيى، شىنجاڭ «بەيشاڭ» گۇرۇھى قاتارلىقلار مۇشۇ يىل ئىچىدە پۈتۈپ تىجارەتكە كىرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى تۆرمۇش ۋاستىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بىر گەۋدە قىلىنغان شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ۋاستىلىرى (گۇرۇھى) نىڭ «دېھقانلار شادلىقى» زەنجىرسىمان تىجارەت بازىرىنىڭ تور قۇرۇلۇشى شىنجاڭدىكى 61 ناھىيە، شەھەرگە تارقىلىپ، قۇرۇلغان زەنجىرسىمان تور نۇقتىسى 476 گە (12 تەقسىملەش - يەتكۈزۈش مەركىزى، 270 بىۋاسىتە تىجارەت دۇكىنى، 143 ئەزا دۇكانمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يەتتى.

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەر خىل يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازىرىدىن 17سى قۇرۇلۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %70 ئاشتى. ئاساسلىقلىرىدىن 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 18 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان تۇرپان ئۈزۈم توپ سېتىش بازىرى؛ 22 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 13 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان جىاڭ ناھىيىسى ئالقات توپ سېتىش بازىرى؛ 6 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، 100 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان مارالبېشى ناھىيىسى سېرىقبۇيا يېزا ئىگىلىك سودا ئۇنىۋېرسال بازىرى؛ 70 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 15 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان كورلا شەھەرلىك نەشپۈت توپ سېتىش بازىرى؛ 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 69 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك قوشخانا؛ 150 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 25 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۈرۈمچى شەھىرى بېييۈەنچۈن يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ توپ سېتىش بازىرىدىن ئىبارەت.

جياڭ لىڭ

# تېببىي دورا سودىسى

## تېببىي دورا سودىسى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تېببىي دورا سودىسىنىڭ سېتىش سوممىسى 2 مىليارد 762 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە (باجمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %17.7؛ پارچە سېتىش سوممىسى 1 مىليارد 279 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %0.34؛ سودا پايدىسى 41 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.21 ھەسسە ئاشتى؛ سودىدىكى پايدا - بېجى 46 مىليون 860 مىڭ يۈەن بولۇپ، %37.3 ئازايدى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە تېببىي دورىلارنى پارچە سېتىش كارخانىسى 3385 كە، زەنجىرسىمان دۇكان 657 گە؛ تېببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى 30 غا، توپ سېتىش كارخانىسى 389 غا، پارچە سېتىش كارخانىسى 1570 كە يەتتى.

ژاڭ كەيشۈن

# تاماكا سېتىش

## پاپىروس سېتىش

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 370 مىڭ يەشىك پاپىروس سېتىلىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %3.6؛ سودا پايدىسى 312 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %22.1 ئاشتى؛ سودا - سانائەت كارخانىلىرىنىڭ باج سوممىسى 455 مىليون يۈەنگە يېتىپ،

%51 ئاشتى. 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئاپتونوم رايوندىكى پاپىروس سېتىۋېلىش - سېتىش ئىشلىرىنى مەركەزلىك بىر تۇتاش باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن يۆتكەش باھاسى ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن توپ سېتىش باھاسى تۈزۈپ چىقىلدى ھەمدە توردىكى نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسى ئارقىلىق سودا ئورۇنلىرىنىڭ پاپىروس باھاسى تىزگىنلەندى ۋە تەكشۈرۈلدى، ماكرولۇق تىزگىنلەش ئىقتىدارى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. مال مەنبەسى جەھەتتە تاماكا زاۋۇتلىرى بىلەن پائال ئالاقە ئورنىتىلدى ھەمدە بازار ئېھتىياجى ۋە باھانىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، تاماكىنىڭ بازارغا سېلىنىش قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، مۇۋاپىق بولغان بازارغا سېلىش پەيتى ۋە مىقدارى ئىگىلىنىپ، تاماكا مەنبەسىنىڭ ۋاقتىدا تېز تەقسىملىنىشىگە ۋە تاماكا ترانسپورتىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ئاپتونوم رايون سىرتىدىن تاماكا سېتىۋېلىش ئۆتكىلى قاتتىق تۇتۇلۇپ، داڭلىق تاماكىلارنى بازارغا سېلىش نىسبىتى ئاشۇرۇلۇپ، ، باھا پەرقى بىرقەدەر چوڭ، پايدىسى بىرقەدەر كۆپ بولغان داڭلىق تاماكا يېتىشتۈرۈلۈپ، پايدىنىڭ ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. 2003 - يىللىق مەملىكەت بويىچە توردا مەركەزلىك ھالدا تاماكا سودىسى قىلىش خىزمىتى تاماملاندى. يەرلىك تاماكىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، يەرلىك تاماكىنىڭ بازارنى تەمىنلىشى ۋە بازارغا مۇۋاپىق سېلىنىشى كاپالەتلەندۈرۈلدى.

جاڭ شۇۋېن

## تاماكا ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى

2003 - يىلى شىنجاڭ تاماكا شىركىتى ئېكسپورت قىلغان كۆك تاماكا 4364 توننىغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %37.9 ئاشتى، 103 مىليون 290 مىڭ تال پاپىروس ئېكسپورت قىلىندى، 100 مىليون تال پاپىروس ئىمپورت قىلىندى، 4 مىليون دوللارلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى، 4 مىليون يۈەن پايدا ئېلىندى.

جاڭ شۇۋېن

## مونوپوللۇق سېتىشنى باشقۇرۇش

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون تاماكىنى مونوپوللۇق باشقۇرۇشتا كەسىپنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتتى، كەسىپ ئىچىدە قانۇنلۇق تىجارەت قىلىش ئىدىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، بازارنىڭ تىجارەت تەرتىپى يەنىمۇ ياخشىلاندى. مونوپوللۇق سېتىشتىكى قانۇننى ئىجرا قىلىش ھەرىكىتى بىلەن كەسىپتىكى تىجارەت ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇنغا خىلاپ ھەر خىل دېلودىن 11 مىڭ 270 ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 3637 يۈرۈش قانۇنسىز ھەر خىل پاپىروس، 1602 يۈرۈش ساختا پاپىروس، 79 يۈرۈش ئەتكەس پاپىروس تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلدى. ساختا تاماكا ياسايدىغان 6 گۇرۇپپا تاماكا ماشىنىسى، 13 توننا قانۇنسىز كۆك تاماكا تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلدى. 21 جىنايەت گۇماندارى قانۇن بويىچە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 6 ئادەمنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 2000 دىن ئارتۇق ئادەم مەملىكەت بويىچە تاماكا كەسپىدىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ قانۇن بىلىملىرى بىر تۇتاش ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرۇلدى.

جاڭ شۇۋېن

# تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سودىسى

## تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى سېتىۋالغان تاۋارلارنىڭ سوممىسى 18 مىليارد 319 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %23.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىۋېلىنغان تاۋارلارنىڭ سوممىسى 12 مىليارد 673 مىليون يۈەن (يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سوممىسى 11 مىليارد 132 مىليون يۈەن). سېتىش سوممىسى 22 مىليارد 222 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىلغان تاۋارلارنىڭ سوممىسى 14 مىليارد 61 مىليون يۈەن، دېھقانلارغا سېتىپ بېرىلگەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 935 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدا ئامباردا ساقلانغان تاۋارلارنىڭ سوممىسى 3 مىليارد 781مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.4 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پاختىنىڭ سوممىسى 2 مىليارد 736 مىليون يۈەن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سوممىسى 853 مىليون يۈەن. يارىتقان پايدا 237 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %42.77، دۆلەتكە تاپشۇرغان باج سوممىسى 194 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %41.61 ئاشتى. ش ئۇ ئا ر تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ ھەممىسى پايدا ئالدى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك 15 تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ئىچىدە 2 سى بىر ئاز زىيان تارتقاندىن

سىرت، قالغانلىرى ئاساسەن پايدا ئالدى.

يىل ئاخىرىغىچە سىستېما بويىچە كارخانا قانۇنىي ئىگە ئورۇن 1380 گە، كەسپىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن 5351 گە، كەسپىي ئورۇن 7 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەكتەپ 3. كارخانا قانۇنىي ئىگە ئورۇنلار ئىچىدە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 247، پاي كونترول شىركىتى 121، شېرىكسىز كارخانا 708، پاي قوشقان كارخانا 69؛ يۇلتۇز دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مېھمانخانا 7 (5 يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا 2). سىستېما بويىچە 8 زەنجىرسىمان كارخانا قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ساتىدىغىنى 4، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ساتىدىغىنى 4. زەنجىرسىمان تىجارەت دۇكىنى 1877، بۇنىڭ ئىچىدە بىۋاستە تىجارەت قىلىدىغىنى 459، ئەزا دۇكان 1328. زەنجىرسىمان كارخانا بىلەن زەنجىرسىمان دۇكانلارنىڭ سېتىش سوممىسى 1 مىليارد 780 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدىكى كەسپكار 35 مىڭ 733 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كوپېراتىپنى ئېچىۋېتىش ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان ھەر خىل خادىم 6648. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار 17 مىڭ 166، بۇنىڭ ئىچىدە پاشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش غەملەشكە قاتناشقانلار 16 مىڭ 75.

شيا جيڭباۋ

## تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشقا قاتنىشىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش تۈرىگە 1 مىليارد 137 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئارقىلىق ياراتقان پايدا 79 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە، دۆلەتكە تاپشۇرغان باج سوممىسى 32 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى، پايدىنى قايتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى سۇغۇرتىلاش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق دېھقانلارغا ئۆتۈنگەن ۋە قايتۇرغان پايدا 200 نەچچە مىليون يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى بويىچە تۈرلۈك باشلامچى كارخانا 118 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 13 كارخانا مەملىكەت بويىچە تەمىنات - سودا سىستېمىسىدىكى باشلامچى كارخانا، 4 كارخانا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق باشلامچى كارخانا بولۇپ باھالاندى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق باشلامچى كارخانا — شىنجاڭ مېرىنۇس ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي پەن - تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى پەن - تېخنىكا بويىچە 6 ئۆلكە كۆرسىتىدىغان كۆپەيتىش بازىسى ۋە 8533 گېكتارلىق ئوت-چۆپ، يەم - خەشەك بازىسى قۇرۇپ، ئەلا نەسىللىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي بېقىش كۆلىمىنى 13 مىڭ 200 تۇياققا يەتكۈزۈپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئەلا نەسىللىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي بازىسىغا ئايلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك باشلامچى كارخانا ۋە يۇلتۇز دەرىجىلىك باشلامچى كارخانىلارنى باھالاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك باشلامچى كارخانىدىن 8 ى، يۇلتۇز دەرىجىلىك باشلامچى كارخانىدىن 17 سى باھالاپ چىقىلدى. تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىدىكى باشلامچى كارخانىلار سېتىشتىن 5 مىليارد 336 مىليون يۈەن كىرىم قىلدى، 1 مىليون 187 مىڭ 200 دېھقان ئائىلىسىگە يېتەكچىلىك قىلدى، دېھقانلارنىڭ 4 مىليارد 168 مىليون يۈەن كىرىم قىلىشىغا ياردەم بەردى.

2003 - يىلى سىستېما بويىچە تۈرلۈك كەسپىي كوپېراتىپتىن 168 ى قۇرۇلدى، كوپېراتىپقا 4145 دېھقان ئائىلىسى ئەزا بولدى، 4 مىليون 140 مىڭ يۈەن پۇل پاي قىلىپ قوشۇلدى، بۇ ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى 71 مىليون 340 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىلدى؛ تۈرلۈك تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق تاۋار بازىسىدىن 197 سى قۇرۇلدى، تېرىقچىلىق كۆلىمى 34 مىڭ 800 گېكتارغا، بىرلەشمە دېھقان ئائىلىسى 245 مىڭ 400 گە يەتتى، دېھقانلارنىڭ 99 مىليون 660 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىشىغا ياردەم قىلىندى؛ تۈرلۈك كەسپىي جەمئىيەتتىن 15 ى تەشكىللەندى؛ ناھىيە، يېزا، كەنت دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت پونكىتى (كوپېراتىپى) دىن 1573 ى قۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى ئاساس قىلىنغان تۈرلۈك سودا بازىرىدىن 108 ى قۇرۇلدى، يىللىق تاۋار سودا سوممىسى 1 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شيا جيڭباۋ

## پاختا تىجارىتى

2004/2003 پاختا يىلىدا شىنجاڭنىڭ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 34 مىڭ 600 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 577 مىڭ 100 گېكتار، بىڭتۇەننىڭ 457 مىڭ 500 گېكتار. 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە شىنجاڭ بويىچە 1 مىليون 673 مىڭ 100 توننا پاختا (ساپ پاختا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى سېتىۋالغىنى 690 مىڭ 800 توننا، بىڭتۇەن تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى سېتىۋالغىنى 612 مىڭ توننا، باشقا

تىجارەت يوللىرى ئارقىلىق سېتىۋېلىنغىنى 370 مىڭ 300 توننا. يەرلىك بىلەن بىڭتۈەن تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ پاختا سېتىۋېلىش مىقدارى ئاپتونوم رايون بويىچە پاختا سېتىۋېلىش مىقدارىنىڭ 77.9% نى ئىگىلەپ، ئاساسىي يوللۇق رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇردى. ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۈەننىڭ تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى 865 مىڭ توننا پاختا ساتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ ساتقىنى 461 مىڭ توننا، بىڭتۈەننىڭ ساتقىنى 404 مىڭ توننا. ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنىڭ سىرتىغا 942 مىڭ 500 توننا پاختا توشۇلدى.

مەزكۇر پاختا يىلىدا دۆلەت ئىچى پاختا بازىرىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، جايلارنىڭ پاختا سېتىۋېلىش باھاسى ۋە بازاردىكى پاختا سېتىش باھاسى تۆۋەندىكىدەك 4 باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى: 1 - باسقۇچ، 2003 - يىل 9 - ئايدىن 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان يېڭى پاختا بازارغا سېلىنىشقا باشلىغان مەزگىلدە، پاختا باھاسى تەدرىجىي ئۆرلەش مەزگىلىدە تۇردى، چىگىتلىك پاختىنىڭ باھاسى ئاينىڭ بېشىدىكى 5 يۈەندىن 6.8 يۈەنگە ئۆرلىدى، ھەر بىر توننا پاختىنىڭ بازاردىكى سېتىلىش باھاسى 16 مىڭ يۈەندىن 17 مىڭ 500 يۈەنگە ئۆرلىدى؛ 2 - باسقۇچ، 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە چىگىتلىك پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى مۇقىم بولدى، ھەر كىلوگرامى 6.2 يۈەندىن 6.8 يۈەن ئارىلىقىدا بولدى، ھەر توننا پاختىنىڭ بازاردىكى سېتىلىش باھاسى 16 مىڭ 500 يۈەندىن 17 مىڭ 800 يۈەنگىچە بولدى؛ 3 - باسقۇچ، 2003 - يىل 12 - ئايدىن 2004 - يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، چىگىتلىك پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى سەل تۆۋەنلەپ، ھەر كىلوگرامى 4.5 يۈەندىن 6.5 يۈەنگىچە (ئاساسلىقى 4 - دەرىجىدىن تۆۋەنلىرى) بولدى، ھەر توننا پاختىنىڭ بازاردىكى سېتىلىش باھاسى 16 مىڭ 700 يۈەندىن 17 مىڭ 400 يۈەنگىچە بولدى؛ 4 - باسقۇچ، باھار بايرىمىدىن كېيىنكى ۋاقىتتىن 2 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پاختا سېتىش باھاسى مۇقىم ئۆرلىدى، ئۆلچەملىك ھەر توننا پاختىنىڭ بازاردىكى سېتىلىش باھاسى 17 مىڭ 400 يۈەندىن 17 مىڭ 600 يۈەنگىچە، يۇقىرى دەرىجىلىك پاختىنىڭ 17 مىڭ 900 يۈەندىن 18 مىڭ 300 يۈەنگىچە بولدى، يۇقىرى دەرىجىلىك پاختا بىلەن ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك پاختىنىڭ سېتىلىش باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارغانسېرى چوڭايدى. 3 - ئايدىن باشلاپ خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى پاختىنىڭ بازاردىكى سېتىلىش باھاسىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكى ۋە ئىمپورت قىلىنغان پاختىلارنىڭ پورتلارغا بىراقلا توپلىنىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئاپتونوم رايون بويىچە پاختا سېتىش باھاسى چۈشتى، ھەر توننا پاختىنىڭ بازاردىكى سېتىلىش باھاسى 17 مىڭ 650 يۈەندىن 17 مىڭ 850 يۈەنگىچە بولدى.

لى كەي

## ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى 415 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركىزىي كوپېراتىپ بولۇپ قۇرۇلغىنى 30، بىر ناھىيىدە بىر كوپېراتىپ بولۇش بويىچە قۇرۇلغىنى 17، بىر كوپېراتىپتا 2 خىل تۈزۈم يولغا قويۇلۇۋاتقىنى 34. 2003 - يىلى ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى، كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى، ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت كوپېراتىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تاۋار تىجارىتىنى زەنجىرسىمانلاشتۇرۇش، يەككە ئەمەلىي كارخانا تەشكىللەش مەزمۇن قىلىنغان ئىسلاھات يۈرگۈزۈلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىدا تەشكىل قىلىنغان تۈرلۈك كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى 29 غا، ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت كوپېراتىپى 790 گە، زەنجىرسىمان دۇكان 243 كە، يەككە ئەمەلىي كارخانا 68 گە يەتتى.

مۇھەممەت ئىسھاق

## يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى تەمىناتى ۋە يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەت ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى سىستېمىسى دېھقانلارنى 992 مىڭ توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (بۇنىڭ ئىچىدە ئازوتلۇق ئوغۇت 453 مىڭ توننا، فوسفورلۇق ئوغۇت 523 مىڭ توننا، كالىيلىق ئوغۇت 15 مىڭ توننا)، 25 مىڭ توننا سۇلياۋ يوپۇق، 4900 توننا دېھقانچىلىق دورىسى بىلەن تەمىنلىدى. ئامېرىكا، فىلىپپىن، ۋيېتنام، نېپال، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا 114 مىڭ 200 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئېكسپورت قىلىپ، 18 مىليون دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ خىمىيىۋى ئوغۇتنى ئېكسپورت قىلالماسلىقتەك ھالەتكە خاتىمە بەردى.

2003 - يىلى ئالاقىدار تارماقلارغا پائال ماسلىشىپ، بازار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بازىرىنىڭ تەرتىپىنى رەتكە سالدى ۋە قېلىپلاشتۇردى. يىل ئاخىرىغىچە زىرائەت دوختۇرخانىسىدىن 275 ى قۇرۇلدى، «دېھقانلار شادلىقى» بىر تۇتاش ماركا قىلىنغان زەنجىرسىمان تىجارەت تور - نۇقتىسىدىن 838 ى قۇرۇلدى، «دېھقانلار شادلىقى» ماركىسى دۆلەت سودا -

سانائەت ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ تىزىمغا ئالدۇرۇلدى.

جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىنجاڭ تەقسىملەش مەركىزى 2003 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى قۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى ئالدىن مال زاكاز قىلىش، مالنى يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەن تەڭ، مۇتەخەسسىسلەر تېلېفونى تەسىس قىلىش، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش، سەييارە تەكشۈرۈش ئارقىلىق دېھقانلارنى كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش قاتارلىق ھەر خىل مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلىدى. ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تېخنىكىنى تەجرىبە قىلىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش مۇلازىمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، 1923 گېكتارلىق تەجرىبە ئۈلگە ئېتىزى بەرپا قىلدى، 237 مىڭ 182 ئادەمنى پەن ـ تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش، مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى، توپراقنى ئۆلچەپ 21 مىڭ 257 گېكتار يەرنى نىسبەت بويىچە ئوغۇتلىدى، 20 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق پەن ـ تېخنىكا قىسقا خەۋىرى تارقاتتى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى گۇرۇھى شىركىتى شىخەنزە قوشلۇق قۇرغاقچىلىق تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان «مەنجاڭخوڭ» ماركىلىق ئوغۇت ئۇنۇمنى كۆچەيتىش دورىسى، 2003 ـ يىلىنىڭ بېشىدا دۆلەت دەرىجىلىك «ئۇچقۇن پىلانى» تۈرىگە ۋە پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەزكۇر مىنىستىرلىكنىڭ نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرىگە كىرگۈزۈلدى، 2003 ـ يىل 4 ـ ئايدا بۇ تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى نەتىجىلىرىنى بېكىتىشىدىن ئۆتۈپ شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا تۈرى جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

جاڭ شيۇفاڭ

## تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ زىياننى تۈگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش خىزمىتى

2003 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى 237 مىليون يۈەن پايدا ياراتتى، دۆلەتكە 194 مىليون يۈەن باج تاپشۇردى. 15 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى ئىچىدە 13 ى پايدا ئالدى، 2 سى ئازراق زىيان تارتتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى زىياننى تۈگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش داۋامىدا تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتتى: 1) يېزا ئىگىلىكىنى كەسپىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشقا پائال قاتناشتى. 2) تور قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يېزىلاردىكى ئوبوروتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا يېڭى قەدەم تاشلىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، پاختا، كۆندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى، يوجاڭزا، قايتا ھاسىل بولىدىغان بايلىق ۋە دورىگەرلىكتىن ئىبارەت 6 چوڭ تىجارەت مۇلازىمەت تورى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىندى، زەنجىرسىمان تىجارەت تورىنۇقتىسىدىن 1970 ى قۇرۇلدى. بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى زەنجىرسىمان تىجارىتى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، خىمىيىۋى ئوغۇت بازىرىنىڭ ئىگىلەش نىسبىتى 90% تىن كۆپرەككە يەتتى. 3) مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يادرو قىلىپ، كوپېراتىپنى ئېچىۋېتىپ قۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى. ش ئۇ ئا ر تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىدىكى شۇ دەرىجىلىك كارخانىلارنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئومۇميۈزلۈك ئاخىرلىشىپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك كارخانا ئىچكى قىسمىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا قەدەم قويدى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق (شەھەرلىك) تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىغا قاراشلىق 60% تىن ئارتۇق كارخانىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىپ، كوپېراتىپ قارىمىقىدىكى كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇتۇلدى. يۇقىرىلار كاپىتالى، ئىگىلىك باشقۇرۇش مۇتەخەسسىسلىرى، ئىلغار باشقۇرۇش قارىشى ۋە باشقۇرۇش ئەندىزىسى پائال كىرگۈزۈلۈپ، تىجارەت قىلغۇچىلار چوڭ پايغا ئىگە بولۇش بىلەن يىللىق مائاش تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇپ، كارخانا ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىلدى. 4) كوپېراتىپ مۈلكىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. قائىدە ـ تۈزۈم تۈرغۇزۇش ئارقىلىق، مەبلەغ چىقارغۇچىنىڭ باشقۇرغۇچىلىق ئورنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ كىرىمنى كۆپەيتىپ، چىقىمنى ئازايتىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى، يىللىق چىقىم 1 مىليارد 341 مىليون يۈەن بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 11.25% ئازايدى. 5) كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بوغالتىرلىق تىزگىنلەش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بوغالتىرلىق ئۇچۇرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈردى. 6) مۇپەتتىشلىك، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، خېيىمخەتەردىن ساقلىنىش مېخانىزمىنى تۇرغۇزدى، كارخانىنىڭ قەرز ھوقۇقى قەرز ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئېنىقلاشنى كۈچەيتتى ھەمدە مەبلەغ خېيىمخەتىرىنى تىزگىنلەش مېخانىزمىنى تۇرغۇزدى.

خو لىپىڭ

شىنجاڭ تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىنىڭ 2003 - يىللىق ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرى | سىستېما بويىچە | ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرى |
|---|---|---|
| ئاساسىي تىجارەت كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم | 1659269 | 48693 |
| ئاساسىي تىجارەت كەسپىنىڭ تەننەرخى | 1509286 | 46217 |
| تىجارەت خىراجىتى | 58171 | 1308 |
| باشقۇرۇش خىراجىتى | 57489 | 2621 |
| مالىيە خىراجىتى | 23381 | 148 |
| باشقا كەسپلەرنىڭ پايدىسى | 10813 | 1157 |
| ئومۇمىي پايدا | 23689 | −627 |
| ئومۇمىي مۈلۈك سوممىسى | 2566803 | 55290 |
| ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ هوقۇق - مەنپەئىتى | 265767 | 17932 |
| دۆلەتكە تاپشۇرغان باج | 19450 | 83 |

خو لىپىڭ

# ئاشلىق - ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش

## ئاشلىق - ياغ ئوبوروتى

2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى سېتىۋالغان ئاشلىق 1 مىليون 103 مىڭ توننا بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 394 مىڭ توننا ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 970 مىڭ توننا بولۇپ، 444 مىڭ توننا ئازايدى؛ كۆممىقوناق 103 مىڭ توننىغا يېتىپ، 417 مىڭ توننا ئاشتى. ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار، سانجى، تارباغاتاي، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەندىن ئىبارەت 6 ۋىلايەت، ئوبلاست 761 مىڭ 500 توننا بۇغداي سېتىۋېلىپ، پىلاننىڭ %98.6 نى ئورۇندىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار، سانجى ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى %100 ئورۇندىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەتنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى بازاردىن 341 مىڭ توننا ئاشلىق سېتىۋالدى.

2003 - يىللىق ئاشلىق يىلىدا ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەتنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى ساتقان ئاشلىق 1 مىليون 462 مىڭ توننا بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 92 مىڭ 800 توننا ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 1 مىليون 294 مىڭ توننىغا يېتىپ، 250 مىڭ توننا كۆپەيدى.

2003 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئامباردا ساقلانغان ئوبوروت ئاشلىقى 2 مىليون 675 مىڭ توننا بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 292 مىڭ توننا ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 2 مىليون 564 مىڭ توننا بولۇپ، 274 مىڭ توننا؛ كۆممىقوناق 65 مىڭ 900 توننا بولۇپ، 18 مىڭ 700 توننا؛ گۈرۈچ 8860 توننا بولۇپ، 10 مىڭ 700 توننا ئازايدى. ئامبار زاپىسىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىگە شۇ يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدە سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرىنىڭ ئاشلىق سېتىش مىقدارى سېتىۋېلىش مىقدارىدىن كۆپ بولغانلىقى سەۋەبچى بولدى.

2003 - يىللىق ئاشلىق يىلىدا ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەتنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى سېتىۋالغان سۇ يېغى 32 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2002 - يىللىق ئاشلىق يىلىدىكىدىن 2300 توننا ئاشتى. ساتقان سۇ يېغى 11 مىڭ توننا بولۇپ، 1500 توننا ئازايدى. يىل ئاخىرىغىچە

ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرىنىڭ ئامباردىكى سۇ يېغى زاپىسى 23 مىڭ توننىغا يېتىپ، 14 مىڭ توننا ئاشتى.

لى شياۋ

## ئاشلىقنى بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى

1999 - يىلى كۆممىقوناق قويۇۋېتىلگەن، 2001 - يىلى گۈرۈچ قويۇۋېتىلگەن، 2002 - يىلى ئۈرۈمچى قاتارلىق 6 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە بۇغداي سېتىۋېلىش قويۇۋېتىلگەن ئاساستا، 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون ئاشلىق سېتىۋېلىشنى بازارلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتتى. بىرىنچىدىن، 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن باشلاپ، ئاشلىق سېتىۋېلىشتىكى قوغدىما باھا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش باھاسى بىلەن ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش بازىرى قويۇۋېتىلدى. ئاپتونوم رايون ئاشلىقنى بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسى ۋە قوغدىما باھانى قايتا بېكىتمىدى، ئاشلىق سېتىۋېلىش باھاسى ئومۇمىيۈزلۈك قويۇۋېتىلىپ بازار ئەھۋالى بويىچە بولدى. بەلگىلىك شارائىتنى ھازىرلىغان ھەر خىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئىقتىسادىي گەۋدىلەر، ئاشلىقنى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇدىغان ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تارماقلارغا ئاشلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيىتىنى تەكشۈرتۈپ، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا تىزىمغا ئالدۇرغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانسا بولىدىغان بولدى. دۆلەت ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى بازار باھاسى بويىچە ھەدەپ ئاشلىق سېتىۋېلىپ، ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىپ، پايدا - زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولدى. ئىككىنچىدىن، 2003 - يىلى 772 مىڭ 400 توننا بۇغداي سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى. سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئىچىدىكى بۇغدايغا قارىتا، ئاشلىق سېتىپ بەرگەن دېھقانلارغا سېتىۋېلىش باھاسىدىن سىرت، ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن بىر كىلوگرام بۇغدايغا 0.1 يۈەن ئۆلچەم بويىچە (ئىشلەپچىقىرىلغان رايون، سۈپەت ۋە دەرىجە دەپ ئايرىلمايدۇ) يەنە ياردەم بېرىلدى. بۇ ياردەم دۆلەت ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرىنىڭ تەننەرخىگە كىرگۈزۈلمىدى، بۇ پۇلنى ئاپتونوم رايون مالىيىسى ئاشلىق خەيمىخەتەر فوندىدىن چىقىم قىلدى. ئۈچىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر كىلوگرامغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.1 يۈەندىن (رايونلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ يۇقىرىسىمۇ، تۆۋىنىمۇ بار) «قەرز بېرىش پايدىلىنىش باھاسى» بويىچە، دۆلەت ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرىغا شۇ يىللىق سېتىۋېلىش مەبلىغىنى ئورۇنلاشتۇردى. تۆتىنچىدىن، مۇۋاپىق ئوبوروت قىلىنىدىغان ئامبار زاپىسى ئاساسىي سانىنى تەڭشىدى. دۆلەت ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئىلى ئوبلاستى قاتارلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان 9 ئاساسلىق رايوننىڭ ئامباردىكى كونا بۇغدىيىدىن، 484 مىڭ توننىسىنى تاۋار ئاشلىق قاتارىدا ئوبوروت ئاساسىي سانى قىلىپ، ئارتۇق ساقلانغىنىغا ياردەم بېرىش سىياسىتىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىشنى، 2003 - يىلدىن باشلاپ يېڭىدىن ئامبارغا كىرگۈزۈلگەن ئاشلىقنىڭ ئارتۇق قىسمىغا قوشۇمچە ياردەم بەرمەسلىكنى قارار قىلدى. بەشىنچىدىن، كونا - يېڭى ئاشلىق ۋە كونا - يېڭى ھېساباتلار ئايرىۋېتىلدى. كونا ئاشلىق بىلەن كونا ھېسابات يەنىلا كونا ئۇسۇل بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. 2003 - يىلى يېڭى ئاشلىق سېتىپ بەرگۈچىلەر قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئېلىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولمايدىغان، كارخانا ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىپ، پايدا - زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان بولدى.

لى شياۋ

## ئاشلىق تېرىيدىغان دېھقانلارغا بىۋاستە قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلدى

2003 - يىلى شىنجاڭدا ئاشلىق قوشۇمچە ياردەم سىياسىتى زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىنىپ، ۋاستىلىك ياردەم بېرىش ئاشلىق دېھقانلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىغا بىۋاستە ياردەم بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى، يەنى 772 مىڭ 400 توننا بۇغداي سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئىچىدىكى ھەر كىلوگرام بۇغدايغا 0.10 يۈەن ياردەم بېرىلدى، بۇنى دۆلەت ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى باھا سىرتىدىن ياردەم بېرىش ئۇسۇلى بويىچە نەقلەشتۈردى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى مۇنداق: دېھقان ئاشلىقنى سېتىپ بەرگەندە، ئاشلىق پونكىتى (يىغىپ ساقلاش شىركىتى) سېتىپ بەرگەن بۇغداينىڭ مىقدارى بويىچە سېتىۋالغانلىق راسچوت تالونى ياكى ئامبارغا كىرگۈزگەنلىك تالونى كېسىپ بېرىدۇ، تالوندىكى جەدۋەلدە سېتىۋالغان ئاشلىق مىقدارى ۋە 0.1 يۈەنلىك باھا سىرتىدىكى قوشۇمچە ياردەم پۇلى سانى، سومما كاتەكچىسى بولىدۇ، دېھقانلار بۇ تالوننى راسچوت ئورنىغا ئاپىرىپ ئاشلىق ساتقان پۇلنى ۋە باھا سىرتىدىكى ياردەم پۇلنى ئالىدۇ ھەمدە تالونغا قول قويىدۇ. 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى نەقلەشتۈرگەن قوشۇمچە ياردەم پۇل 76 مىليون 150 مىڭ يۈەن بولدى.

لى شياۋ

### دۆلەت ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كارخانىلىرىنىڭ زىياننى تۈگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى دۆلەت ئاشلىق سېتىۋېلىش-سېتىش كارخانىلىرىنىڭ تارتقان زىيىنى 47 مىليون 780 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %68 ئازايدى. ئىلگىرىكى سىياسەت خاراكتېرلىك كونا ئاشلىق، كونا ھېساباتنىڭ تەسىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، دۆلەت ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كارخانىلىرى يېڭى ئاشلىق بويىچە چۈشۈرۈلگەن پايدا ئېلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 23 مىليون 810 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى، بۇ، 1998 ـ يىلدىكى ئاشلىق ئىسلاھاتىدىن بۇيان ساھە بويىچە تۇنجى قېتىم پايدا ئېلىش بولدى، شۇنىڭ بىلەن مەملىكەت بويىچە زىياننى ئازايتقان 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ بىرى بولدى. سانجى ئوبلاستى، ئۈرۈمچى، قاراماي شەھەرلىرى، بورتالا ئوبلاستى ئۇدا 3 يىل پايدا ئالدى. زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان ئاقسۇ ۋىلايىتى 2002 ـ يىلى بىراقلا پايدا ئالدى. خوتەن ۋىلايىتى زىياننى %82، تارباغاتاي ۋىلايىتى %64، بايىنغولىن ئوبلاستى %53، قىزىلسۇ ئوبلاستى %47، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق جايلار %41، قەشقەر ۋىلايىتى %24، قۇمۇل ۋىلايىتى %10 ئازايتتى.

لى شياۋ

### ئاشلىقنى ماكرولۇق تەڭشەش

2003 ـ يىلى شىنجاڭ ئاشلىقنى ماكرولۇق تەڭشەش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. 1) بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشتا 3 قەدەم بويىچە مېڭىشتىن ئىبارەت خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بېكىتتى. 1 ـ قەدەمدە، 2004 ـ يىلى بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمىنى 533 مىڭ 300 گېكتارغا يەتكۈزۈش ھەمدە كۆپ مەھسۇلات ئېلىش ئۈتكىلىگە ھۇجۇم قىلىپ، 600 مىڭ گېكتارلىق يەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى ئىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش. 2 ـ قەدەمدە، 2005 ـ يىلى بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمىنى 666 مىڭ 700 گېكتاردىن ئاشۇرۇش. 3 ـ قەدەمدە، بىرقانچە يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى تەدرىجىي 1 مىليون 466 مىڭ 700 گېكتارغا يەتكۈزۈش، ئومۇمىي ھوسۇلنى 8 مىليون 500 مىڭ توننىدىن 8 مىليون 600 مىڭ توننا ئارىلىقىدا ساقلاش. 2) ئاشلىق ـ ياغ بازىرىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە ئاشلىقنىڭ تەمىنات بىلەن ئېھتىياج تەڭپۇڭلۇقى ستاتىستىكا قىلىنىپ تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈش دېھقانلار ئائىلىسى، شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرى، ئاشلىق پىششىقلاش كارخانىلىرى، ئاشلىقنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش كارخانىلىرى، ئاشلىق ئوبوروت قىلىش كارخانىلىرى ۋە زىيان بولۇش، خوراشلارغا چېتىلدى. 3) ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۆز ئارا باغلاشنى كۈچەيتتى. ئىشلەپچىقىرىش رايونىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ سېتىش رايونلىرىغا بېرىپ بازار ئېچىشىغا، باشقا جايلاردا ۋاكالىتەن ئاشلىق ساقلاپ، بازار تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىشىغا ئىلھام بەردى؛ سېتىش رايونىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىغا بېرىپ ئاشلىق بازىسى، پىششىقلاش نۇقتىسى، شىركەتلەرنى قۇرۇشىغا، «ئامبار بىلەن زاۋۇت بىرلىشىش»، «زاكاز قىلىش» قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرى بىلەن پايدىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش، خەۋپ-خەتەرنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىشتەك باغلىنىشلىق مېخانىزمنى بەرپا قىلىشقا ئىلھام بەردى. 4) ئاشلىق سېتىشنى تەڭشەش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايون ھەر دەرىجىلىك ئاشلىقنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىدىن دۆلەت ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كارخانىلىرىنىڭ ئاشلىق سېتىشنى تەڭشەشنى كۈچەيتىشنى، سېتىشتىكى يېتەكچى پىلاننى تۈزۈپ چىقىشنى، ئاشلىق سېتىش باھاسىنى مۇۋاپىق تۈزۈشنى، بۇغداينى شىنجاڭنىڭ سىرتىغا يۆتكەشتىكى ئىلتىماس رەسمىيىتىنى چىڭىتىشنى تەلەپ قىلدى. 5) سېتىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش تايانچ كارخانىلىرىنى تەڭشەش، تىزگىنلەش سالمىقىنى ئاشۇردى. بىر تۈركۈم تايانچ پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى نۇقتىلىق تاللاپ چىقىلىپ، دۆلەت پېيىنى كونترول قىلىش ياكى پاي قوشۇش يولىغا قويۇلۇپ، مەھسۇلات ئاشلىقنى ئىشلەپچىقىرىلىپ بازار ئېھتىياجى قامدالدى. 6) ئاشلىق ئاگاھلاندۇرۇش سىستېمىسى ۋە بىخەتەرلىك تەييارلىق لايىھىسى تۈرغۈزۈلدى.

لى شياۋ

## تاشقى ئىقتىساد ـ سودا

### تاشقى ئىقتىساد ـ سودا

2003 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 4 مىليارد 771 مىليون 980 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %3. 77 ئاشتى.

ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليارد 542 مىليون 210 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %3. 94 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %22. 11 نى، مەملىكەت بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي




2003 - يىللىق ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسى 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى يەرمەنكىدە 2 مىليارد 156 مىليون دوللارلىق تاشقى ئىقتىساد - سودا توختامى ئىمزالاندى. سۈرەتتە يەرمەنكە زالىدىن بىر كۆرۈنۈش.

سۇڭ جۈن فوتوسى

قىممىتىنىڭ %0.58 ىنى ئىگىلىدى.

ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى: دەسلەپكى مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 357 مىليون 370 مىڭ دوللار بولۇپ، ئېكسپورت سوممىسىنىڭ %14.1 ىنى؛ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليارد 184 مىليون 840 مىڭ دوللار بولۇپ، ئېكسپورت سوممىسىنىڭ %85.9 ىنى ئىگىلىدى.

ئېكسپورت تاۋارلىرى 135 دۆلەت ۋە رايونغا سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قازاقىستانغا 1 مىليارد 272 مىليون 930 مىڭ دوللارلىق، پاكىستانغا 250 مىليون 670 مىڭ دوللارلىق، قىرغىزىستانغا 162 مىليون 660 مىڭ دوللارلىق، ئەزەربەيجانغا 152 مىليون 220 مىڭ دوللارلىق، ئامېرىكىغا 106 مىليون 760 مىڭ دوللارلىق، ئىتالىيىگە 75 مىليون 400 مىڭ دوللارلىق، شياڭگاڭغا 71 مىليون 940 مىڭ دوللارلىق، روسىيە فېدېراتسىيىسىگە 54 مىليون 600 مىڭ دوللارلىق، ياپونىيىگە 41 مىليون 440 مىڭ دوللارلىق، كورىيىگە 30 مىليون 290 مىڭ دوللارلىق، تۈركمەنىستانغا 23 مىليون 970 مىڭ دوللارلىق، گېرمانىيىگە 23 مىليون 540 مىڭ دوللارلىق، ھىندونېزىيىگە 20 مىليون 910 مىڭ دوللارلىق تاۋار سېتىلدى.

ئىمپورت سوممىسى 2 مىليارد 229 مىليون 770 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %61.2 ئاشتى.

ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنداق بولدى: دەسلەپكى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىمپورت سوممىسى 417 مىليون 280 مىڭ دوللار بولۇپ، ئىمپورت سوممىسىنىڭ %18.71 ىنى؛ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 812 مىليون 470 مىڭ دوللار بولۇپ، ئىمپورت سوممىسىنىڭ %81.29 ىنى ئىگىلىدى.

ئىمپورت تاۋارلىرى 60 دۆلەت ۋە رايوندىن كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قازاقىستاندىن ئىمپورت قىلىنغىنىنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 273 مىليون 100 مىڭ دوللار، روسىيە فېدېراتسىيىسىدىن ئىمپورت قىلىنغىنىنىڭ سوممىسى 219 مىليون 930 مىڭ دوللار، ياپونىيىدىن ئىمپورت قىلىنغىنىنىڭ سوممىسى 109 مىليون 420 مىڭ دوللار، چىلىدىن ئىمپورت قىلىنغىنىنىڭ سوممىسى 91 مىليون 200 مىڭ دوللار، ئامېرىكىدىن ئىمپورت قىلىنغىنىنىڭ سوممىسى 87 مىليون 950 مىڭ دوللار، قىرغىزىستاندىن ئىمپورت قىلىنغىنىنىڭ سوممىسى 68 مىليون 280 مىڭ دوللار، ئىتالىيىدىن ئىمپورت قىلىنغىنىنىڭ سوممىسى 67 مىليون 830 مىڭ دوللار، گېرمانىيىدىن ئىمپورت قىلىنغىنىنىڭ سوممىسى 57 مىليون 700 مىڭ دوللار، ئۆزبېكىستاندىن ئىمپورت قىلىنغىنىنىڭ سوممىسى 29 مىليون 740 مىڭ دوللار، فىلىپپىندىن ئىمپورت قىلىنغىنىنىڭ سوممىسى 22 مىليون 40 مىڭ دوللار.

ژاڭ يۈەنشۈن

## 2003 - يىللىق ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسى

بۇ يەرمەنكە 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. 41 دۆلەت ۋە رايون شۇنىڭدەك دۆلىتىمىزدىكى 17 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەردىن بولۇپ 50 مىڭدىن ئارتۇق جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك سودىگەر، ھۆكۈمەت ئەرباپلىرى يەرمەنكىگە قاتناشتى. يەرمەنكىدە ئىمزالانغان تاشقى ئىقتىساد - سودا توختام سوممىسى 2 مىليارد 156 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى سودا ئېكسپورتى بويىچە پۈتۈشۈش سوممىسى 688 مىليون دوللار، ئىمپورت بويىچە زاكاز قىلىنغان ماللارنىڭ سوممىسى 986 مىليون دوللار، تاشقى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرى بويىچە پۈتۈشۈش سوممىسى 482 مىليون دوللار بولدى. ئىچكى سودا ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرى بويىچە پۈتۈشۈش سوممىسى 51 مىليارد

251 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى سودا پۇتۇشۇش سوممىسى 8 مىليارد 642 مىليون يۈەن خەلق پۇلى، ئىچكى ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىق تۈرلىرى بويىچە پۇتۇشۇش سوممىسى 42 مىليارد 609 مىليون يۈەن خەلق پۇلى بولدى.
ۋاڭ يۈەنشۈن

## چېگرا سودىسى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ چېگرا سودىسى بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليارد 39 مىليون 150 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %96.87 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسىنىڭ %63.69 ىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 604 مىليون 110 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %239.72 ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق مەھسۇلاتلار مۇنۇلار: ئاياغ كىيىم، كىيىم - كېچەك، ھەر خىل قەلەم، ئاشخانا سايمانلىرى، رەڭلىك رەخت، ئائىلە سايمانلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان مېتال سەپلىمە، گرانىت تاش، تېلېۋىزور، چىراغ، كوكس، گۈرۈچ، سۇلياۋ ياسالما، قۇياش كۆزئەينىكى، ئائىلە جاھازلىرى، ئالما، مال ئوراش خالتىسى، سائەت قاتارلىقلار. ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 435 مىليون 40 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %33.92 ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: مىس ماتېرىيال، كېرەكسىز پولات - تۆمۈر، نوكچە سىنىڭ، ئاليۇمىن قېتىشمىسى، نېفىت، پولات ماتېرىيال، مىس رۇدىسى، تۆمۈر رۇدىسى، پولىئېتىلېن، كېرەكسىز ئالىيۇمىن، ئوكسىدلانغان ئالىيۇمىن، خىمىيىۋى ئوغۇت، كېرەكسىز مىس، نىكېل سولفونى، بۇتىل ئالكوگول، يۇڭ، خروم رۇدىسى، قىسقا تىۋىت، قېلىن ياغاچ، ياغاچ بوتقىسى قاتارلىقلار.
ۋاڭ يۈەنشۈن

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ئېكسپورت سوممىسى 20 مىليون دوللاردىن يۇقىرى تاۋارلارنىڭ ئەھۋالى

| سومما تۈرى | تاۋار نامى | ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|
| 100 مىليون دوللاردىن يۇقىرىسى (5 خىل) | كىيىم - كېچەك، ئاياغ كىيىم، ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى، پەمىدۇر قىيامى، توقۇمىچىلىق يىپى ۋە توقۇلما بۇيۇملار | 187823 | 73.88 |
| 60 مىليوندىن 100 مىليون دوللارغىچە (2 خىل) | سۇلياۋ بۇيۇملار، ئۆي جاھازلىرى | 15794 | 6.21 |
| 20 مىليوندىن 60 مىليون دوللارغىچە (3 خىل) | پاختا، يۇقىرى يېڭى تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى، ئالىيۇمىن قېتىشمىسى | 10977 | 4.32 |
| جەمئىي | 10 خىل | 214594 | 84.41 |

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ئىمپورت سوممىسى 20 مىليون دوللاردىن يۇقىرى تاۋارلارنىڭ ئەھۋالى

| سومما تۈرى | تاۋار نامى | ئىمپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|
| 100 مىليون دوللاردىن يۇقىرىسى (4 خىل) | مىس ۋە مىس ماتېرىيال، پولات ماتېرىيال، ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى، كېرەكسىز پولات | 155291 | 69.64 |
| 20 مىليوندىن 60 مىليون دوللارغىچە (5 خىل) | دەسلەپكى سۇلياۋ، نېفىت، يۇقىرى يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلار، مىس رۇدىسى، ئالىيۇمىن ماتېرىيال | 29093 | 13.05 |
| جەمئىي | 9 خىل | 184384 | 82.69 |

ۋاڭ يۈەنشۈن

## قازاقىستان بىلەن بولغان سودا

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ قازاقىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 2 مىليارد 546 مىليون 30 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %86.45 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسىنىڭ %53.35 ىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 272 مىليون 930 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %188.01 ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: كىيىم - كېچەك، ئاياغ كىيىم، ئاشخانا سايمانلىرى، گرانت تاش، تېلېۋىزور، كوكس، چىراغ، رەڭلىك رەخت، سۇلياۋ خىش، بۇرغىلاش ماشىنىسى سايمانلىرى، تام قەغىزى، گۈرۈچ، ئالما. ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 273 مىليون 100 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %37.84 ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: مىس ماتېرىيال، كېرەكسىز پولات - تۆمۈر، نوكچە سىنك، تاختا ماتېرىيال، نېفىت، ئاليۇمىن قېتىشمىسى، مىس رۇدىسى، تۆمۈر رۇدىسى، ئوكسىدلانغان ئاليۇمىن، توك بىلەن ھەل بېرىلگەن تاختا، خروم رۇدىسى قاتارلىقلار.

ژاڭ يۈەنشۈن

## روسىيە بىلەن بولغان سودا

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ روسىيە بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 274 مىليون 530 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %27.45 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسىنىڭ %5.75 ىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت سوممىسى 54 مىليون 600 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %15.73 ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: پەمىدۇر كونسېرۋاسى، ئۆرۈك قىيامى، كۆك ئاماكا، نېفىت كوكسى، پولى ئېتىرىن فتالىك كىسلاتا، كىيىم-كېچەك، ئاياغ كىيىم، ئۆرلىتىش - تۆۋەنلىتىش قوزغۇلمىسى قاتارلىقلار. ئىمپورت سوممىسى 219 مىليون 930 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %30.74 ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: مىس ماتېرىيال، پولىئېتىلېن، سوغۇق پروكاتلانغان تاختا، نىكېل سولفونىي، بۇتىل ئالكوگول، خىمىيىۋى ئوغۇت، ياغاچ بوتقىسى، قېلىن ياغاچ، ئاخبارات قەغىزى قاتارلىقلار.

ژاڭ يۈەنشۈن

## قىرغىزىستان بىلەن بولغان سودا

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ قىرغىزىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 230 مىليون 940 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %50.09 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسىنىڭ %4.84 ىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت سوممىسى 162 مىليون 660 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %63.48 ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: ئاياغ كىيىم، رەڭلىك رەخت، ئۆي جاھازلىرى، خىمىيىۋى تالالىق رەخت، ئاشخانا سايمانلىرى، تېلېۋىزور، گۈرۈچ، كالىي سىئانىت، سائەت قاتارلىقلار. ئىمپورت سوممىسى 68 مىليون 280 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %25.58 ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: كېرەكسىز پولات - تۆمۈر، كېرەكسىز ئاليۇمىن، كېرەكسىز مىس، ئاليۇمىن قېتىشمىسى، يۇڭ، مىس ماتېرىيال قاتارلىقلار.

ژاڭ يۈەنشۈن

## پاكىستان بىلەن بولغان سودا

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ پاكىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 255 مىليون 390 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %268.16 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسىنىڭ %5.35 ىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت سوممىسى 250 مىليون 670 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %276.61 ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: كىيىم - كېچەك، ئاياغ كىيىم، قۇياش كۆزئەينىكى، رەڭلىك رەخت، كۆزئەينەك جازىسى، ھەر خىل قەلەم قاتارلىقلار. ئىمپورت سوممىسى 4 مىليون 720 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %67.97 ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: ئېتىرىن فتالىك كىسلاتا، خورما، بىخەتەر بېرىتنۇۋا، قۇرۇق مېۋە، توڭلىتىلغان بېلىق قاتارلىقلار.

ژاڭ يۈەنشۈن

## موڭغۇلىيە بىلەن بولغان سودا

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ موڭغۇلىيە بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 8 مىليون 780 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %109.04 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسىنىڭ %0.18 ىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت سوممىسى 4 مىليون 830 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %56.82 ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: بېنزىن، كالىي سىئانىت، تاختا ماتېرىيال، ئاسفالت قاتارلىقلار. ئىمپورت سوممىسى 3 مىليون 950 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %249.56 ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: مىس رۇدىسى، كېرەكسىز تۆمۈر، يۇڭ، كېرەكسىز ئاليۇمىن، ئۆچكە تىۋىتى قاتارلىقلار.

ژاڭ يۈەنشۈن

شىنجاڭ بويىچە 2003 - يىللىق ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى ئالدىنقى 10 - ئورۇنغىچە تۇرىدىغان كارخانىلار

| كارخانا نامى | ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) |
|---|---|
| جۇڭچەك شەھەرلىك خەلقئارا چېگرا سودا شەھەرچىسى ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى | 47365 |
| ئالتاي ياۋا ئات ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى | 33097 |
| شىنجاڭ چۆچەك سەنباۋ مىللىي سودا ئوقەتچىلىك ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى | 17858 |
| ئىلى ئوبلاستلىق لوڭخۇا ئىمپورت - ئېكسپورت سودا چەكلىك شىركىتى | 15151 |
| قورغاس تاشقى ئىقتىساد - سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 14827 |
| شىنجاڭ «تۇنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى | 12431 |
| شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ئوقەتچىلىك تەرەققىيات باش شىركىتى | 9516 |
| شىنجاڭ ماشىنىسازلىق ئۈسكۈنىلىرى ئىمپورت - ئېكسپورت چەكلىك شىركىتى | 6528 |
| شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى تاشقى ئىقتىساد - سودا شىركىتى | 5285 |
| قورغاس يىشىن چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 4938 |

ژاڭ يۇەنشۇن

غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 - يىللىق ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

| رايون | ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى | ئېكسپورت سوممىسى | ئىمپورت سوممىسى | 2002 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى، كېمەيگىنى (%) | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | ئىمپورت - ئېكسپورت | ئېكسپورت | ئىمپورت |
| شىنجاڭ | 477198 | 254221 | 222977 | 77.3 | 94.3 | 61.2 |
| شەنشى | 278386 | 173538 | 104848 | 25.2 | 26.1 | 23.6 |
| گەنسۇ | 132758 | 87758 | 45000 | 51.3 | 59.9 | 3 |
| نىڭشىا | 65323 | 51195 | 14128 | 47.5 | 56 | 23.1 |
| چىڭخەي | 33914 | 27388 | 6526 | 72.5 | 81.4 | 43 |

ژاڭ يۇەنشۇن

## جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

1. تاشقى ئالاقە خىزمىتى. 2003 - يىلى شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى لىۋان، سۈرىيە، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ۋە پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلدى ھەمدە ئاۋستىرالىيە - جۇڭگو سودا جەمئىيىتى ۋە پاكىستان لاھور سودا - سانائەت جەمئىيىتى بىلەن ھەمكارلىق ئەسلەتمىسى ئىمزالىدى. شۆبە جەمئىيەت شىنجاڭدىكى 4 پۇقراۋى كارخانىنى تەشكىللەپ، مالايسىيانىڭ كۇئالالۇمپۇردا ئۆتكۈزۈلگەن 10 - نۆۋەتلىك ئىسلام ئىتتىپاقى باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ سودا مۇنبىرى ۋە كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى.

2003 - يىلى شۆبە جەمئىيەت پاكىستان، قازاقىستان، روسىيە، سىنگاپور، ئەنگلىيە، ئۆزبېكىستان، برۇنېي، تۈركىيە قاتارلىق 14 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 29 ئۆمەك-گۇرۇپپىدىكى 133 ئادەم(قېتىم)نى تەكلىپ قىلدى ۋە كۈتۈۋالدى.

2. كۆرگەزمە خىزمىتى. 2003 - يىلى شۆبە جەمئىيەت

ئۆز ئالدىغا پاكىز بىرلىشىپ 4 قېتىم خەلقئارا ۋە ئىچكى كەسىپىي خاراكتېرلىك كۆرگەزمە ئۆتكۈزدى، يەنى 3- نۆۋەتلىك شىنجاڭ خەلقئارا ئاپتوموبىل سانائىتى كۆرگەزمىسى، شىنجاڭ (پېشىل) يېمەكلىك كۆرگەزمىسى ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش تېخنىكىسى - ئۈسكۈنىلىرى كۆرگەزمىسى، 4- نۆۋەتلىك شىنجاڭ خەلقئارا يېزا ئىگىلىكى يۇقىرى يېڭى يېڭى تېخنىكا نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى، 2003- يىللىق ئۈرۈمچى كۈزلۈك سودا ئاپتوموبىللار كۆرگەزمىسى. كۆرگەزمىنىڭ پۈتۈشۈش سوممىسى 350 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا شۆبە جەمئىيەت ئالاقىدار ئورۇنلارغا ياردەملىشىپ جۇڭگو شىنجاڭ خەلقئارا گىلەم ۋە ئۆي ئىچى زىننەتلەش بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسىنى ئۇيۇشتۇردى، ئۈمەك تەشكىللەپ 4- نۆۋەتلىك جۇڭگو غەربىي قىسىم خەلقئارا كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى.

2003- يىلى شۆبە جەمئىيەت پاكىستان، قىرغىزىستان، ئاۋستىرالىيە، قازاقىستان، سىنگاپور قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ 6 ئىقتىساد - سودا ئۆمىكىدىكى 58 سودىگەرنى ئۈرۈمچىنى يەرمەنكىسىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۇلارنى كۈتۈۋالدى.

3. قانۇنچىلىق خىزمىتى. 2003- يىلى شۆبە جەمئىيەت ئەسلى چىققان جاي ئىسپاتىدىن 1667 نى چىقىرىپ بەردى، ئۇلار چېتىشلىق ئېكسپورت سوممىسى 280 مىليون دوللارغا يەتتى؛ سودا تالونى، باھا جەدۋىلى، سۇغۇرتا تالونى قاتارلىق تالونلاردىن 480 نى دەلىللىدى.

شۆبە جەمئىيەت يەنە كارخانىلار ئۈچۈن كونسۇل ئىسپاتى كەسپىنى يولغا قويدى. بىر يىلدا كونسۇل ئىسپاتىدىن 100 نى ۋاكالىتەن بېجىردى، تالون - ئىسپاتلار ئاساسلىقى سودا تالونى، ساغلاملىق كىنىشكىسى، توختام سۇغۇرتا تالونى، رادىئوئاكتىپلىق كىنىشكىسى قاتارلىقلار بولۇپ، ئاساسلىقى مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، ئومان قاتارلىق دۆلەتلەردىكىلەرنىڭ بولدى.

2003- يىلى 7- ئايدا شۆبە جەمئىيەت قەشقەردە ئاپتونوم رايون بويىچە تاشقى ئىقتىساد - سودا سىستېمىسىنىڭ ئىسپات چىقىرىش، دەلىللەش خىزمىتى يىغىنى ۋە ئەسلى چىققان جاينى دەلىللەش كىنىشكىسى كەسپىي بويىچە كۇرس ئاچتى، 60 كارخانىدىن 72 ئادەم كۇرسقا ۋە ياھالاشقا قاتناشتى.

2003- يىلى شۆبە جەمئىيەتنىڭ مۇرەسسە مەركىزى جۇڭگو بىلەن چەت ئەل شېرىكلەشكەن كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ماجىراسىنى مۇرەسسە قىلىش دېلوسىدىن 11نى ھەقسىز قوبۇل قىلىپ بېجىردى. ئۇنىڭدىن باشقا، قاراماي كېڭىش كومىتېتى شىنجاڭ سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ئالاقە باشقارمىسى كېڭىش قىلغان ھەر خىل ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسىدىن 46 نى، تالاش - تارتىش قىلىنغان 2 مىليون 970 مىڭ يۈەننى ھەقسىز قوبۇل قىلىپ بېجىردى.

4. تەشۋىقات - ئۇچۇر خىزمىتى. 2003- يىلى شۆبە جەمئىيەت «شىنجاڭدا سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەھۋالى» دىن 12 ساننى تۈزۈپ تارقاتقاندىن سىرت، يەنە سانجى ئوبلاستلىق تارماق جەمئىيەت بىلەن بىرلىشىپ «سودا كۆۋرۈكى» دېگەن چوڭ ھەجىملىك ھەپتىلىك ئۇچۇر گېزىتىنى چىقاردى، بۇ گېزىت ھەپتىدە بىر سان، يىلىغا 96 مىڭ پارچە تارقىتىلىدۇ.

2003- يىل 9- ئايدا جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىگە ياردەملىشىپ ئۈرۈمچىدە جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش تورى شىنجاڭ سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش سىستېمىسى تورى بويىچە كۇرس ئاچتى، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ تارماق جەمئىيىتى ۋە شۆبە جەمئىيىتى ئورگىنىدىن كەلگەن 30 نەچچە ئادەم كۇرسقا قاتناشتى.

لياڭ جيەنپىڭ

## ما يۆ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

2003- يىل 7- ئاينىڭ 18- كۈنىدىن 26- كۈنىگىچە جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ما يۆ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۈرۈمچى شەھىرى، ئالتاي ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

لياڭ جيەنپىڭ

# ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك

## ماكرولۇق تەڭشەش ۋە تىزگىنلەش

### خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ئالدىن كۆزلىگەن ئاساسلىق نىشان مۇنداق بولدى: ئىقتىسادنى %9 ئاشۇرۇش، بۇنىڭ ئىچىدە 1- كەسىپنىڭكىنى %4، 2 - كەسىپنىڭكىنى %10.3 (بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتنىڭكىنى %10 ئاشۇرۇش)، 3 - كەسىپنىڭكىنى %10 ئاشۇرۇش؛ جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغنى %15 ئاشۇرۇش؛ يەرلىك مالىيە كىرىمىنى %12 ئاشۇرۇش؛ تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسىنى %10 ئاشۇرۇش؛ ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسىنى %9 ئاشۇرۇش؛ ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھا سەۋىيىسىنى %1 ئاشۇرۇش؛ شەھەر - بازارلاردا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئىش ئورنىدىن 350 مىڭنى كۆپەيتىش. شەھەر - بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتىنى %4 ئەتراپىدا تىزگىنلەش، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىنى ‰14.48 ئىچىدە تىزگىنلەش.

2003 - يىلى شىنجاڭ غەربنى كەڭ ئېچىشنى پائال ئىلگىرى سۈردى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشىدى، تۈرلۈك ئىسلاھاتنى سالماق قەدەمدە يولغا قويدى، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئىرچىشىپ كېڭەيتتى، خەلق ئىگىلىكىدە ئېشىش سۈرئىتى تېز بولۇش، قۇرۇلما ياخشىلىنىش، ئۈنۈم ئۆسۈشتەك ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 187 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ (ھازىرقى باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 2002 - يىلدىكىدىن %10.8 ئاشتى، ئېشىش ھەجمى 2.7 پىرسەنت پونكىتى ئۆستى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ %8.2، 2- كەسىپنىڭ %12.3، 3 - كەسىپنىڭ %10.3 ئاشتى؛ جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 100 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %23.2 ئاشتى؛ يەرلىك مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 12 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئوخشاش ئۆلچەم بويىچە %15 ئاشتى؛ تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 4 مىليارد 772 مىليون دوللارغا يېتىپ، %77.3 ئاشتى؛ ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 42 مىليارد 117 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.1 ئاشتى؛ ئاھالىلەر ئىستېمال باھاسىنىڭ كۆرسەتكۈچى 100 : 4 بولدى؛ 370 مىڭ ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتى %3.8 بولدى؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰10.8 بولدى.

ياڭ يىبو، لى ئەنجۈەن

### بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ مەركەزلىك ھالدا ئاپتوموبىل، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى قاتارلىق 7 مەخسۇس تۈر بويىچە تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، «سارس» نىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بۇيۇملار، دورىلارنى ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش، پولات ماتېرىيال بازارلىرىنى تەكشۈردى ۋە يېمەكلىك بىخەتەرلىكى، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بىخەتەرلىك ئاساس قىلىنغان بايرام كۈنلىرىدىكى بازارلارنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش قاتارلىق تۈرلۈك مەخسۇس تۈرلەر بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. چوڭ، مۇھىم دېلولارنى بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش سالمىقى يەنىمۇ ئاشۇرۇلدى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك دېلودىن 51 مىڭى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، دېلو قىممىتى 1 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. يالغان، ساختا بۇيۇم ياسايدىغان نۇقتىدىن 450 ى بىتچىت قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەييار ماي، چېگرىدا سېتىلىدىغان چاي قاتارلىق مۇھىم تاۋار بازارلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى بەلگىلەنگەن نۇقتىدا سويۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

كارخانىلارغا قالايمىقان سېلىق سېلىشنى تىزگىنلەپ ئۇلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتى داۋاملىق ياخشى ئىشلىنىپ، ياخشى ئىگىلىك باشقۇرۇش تەرتىپى يارىتىلدى.

10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون «سارس» نىڭ ئەسىرىگە ئۇچرىغان قىسمەن كەسىپلەردىن ھەق ئېلىش تۈرىدىن 38 نى ئەمەلدىن قالدۇردى ياكى ئېلىنىدىغان ھەقنى كېمەيتتى، بۇنىڭغا چېتىلىدىغان سومما 160 مىليون يۈەن.

دېڭ شۈچې

## كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىيات ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 28 تۈر دۆلەتنىڭ 3 - تۈركۈمدىكى «قوش يۇقىرى، بىر ئەلا» نۇقتىلىق تۈرىنىڭ پىتەكچى پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 14 زايوم تۈردە ئىش باشلىنىپ قۇرۇلۇش قىلىندى، 10 تۈرلۈك زايوم مەبلىغى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەخسۇس مەبلىغى 65 تۈرنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىزمىتىگە ۋە ياردەم ئۆسۈمىگە قوشۇپ بېرىشكە نۇقتىلىق ئىشلىتىلىپ، نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئۇنۇملۇك ئىلگىرى سۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە «تۇنخې» پاي پەمىدۇر پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرى، «دېلوڭ» چارۋا، سۈت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قاتارلىق 17 تۈر پۈتتۈرۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون 2003 - يىللىق تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرىدىن 318 نى تۈزۈپ تۆۋەنگە تارقاتتى. دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرىدىن 32 نى، دۆلەتنىڭ زور تېخنىكا ئۈسكۈنىسى تۈرىدىن 3 نى، دۆلەت دەرىجىلىك يېڭى مەھسۇلات تۈرىدىن 5 نى مەلۇم قىلىش ئىشى ئۇيۇشتۇرۇلدى. «ئۈچ ئوتتۇز» كارخانىنىڭ تېخنىكا مەركىزى قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق تۇتۇلدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانىلارنىڭ تېخنىكا مەركىزى تەكشۈرۈلدى ۋە ئۇلارغا باھا بېرىلدى. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانىلارنىڭ تېخنىكا مەركىزى 60 قا، دۆلەت بېكىتكەن كارخانا تېخنىكا مەركىزى 3 كە يەتتى. بايلىقنى تېجەپ ئۇنىڭدىن ئۈنۈمۋېرسال پايدىلىنىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. 35 كارخانىنىڭ 41 تۈرى (مەھسۇلاتى) ئاپتونوم رايوننىڭ بايلىقتىن ئۈنۈمۋېرسال پايدىلىنىش تۈرى بويىچە بېكىتىشتىن ئۆتتى. بىر تۈركۈم كارخانا دۆلەتنىڭ باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولدى.

دېڭ شۈچې

## ئوبوروتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى

2003 - يىلى شىنجاڭ بېكىتكەن ئوبوروتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىدىغان 10 نۇقتىلىق كارخانا سالماق قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدى. شىنجاڭ «بەيشاڭ» گۇرۇھى قاتارلىق 4 كارخانىنىڭ ئوبوروتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تۈرى دۆلەتنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشتىكى «قوش يۇقىرى، بىر ئەلا» بويىچە نۇقتىلىق يۆلەش تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. جايلار ئوبوروتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى پائال قانات يايدۇردى. ئۈرۈمچى شەھىرى، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار، ئاقسۇ، قەشقەر، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى زەنجىرسىمان تىجارەت تور - نۇقتىسى 50 تىن ئېشىپ كەتتى؛ نېفىت، نېفىت خىمىيە، تۆمۈريول، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، قاتناش، پوچتا - تېلېگراف، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپى قاتارلىق نۇقتىلىق كەسىپلەر زەنجىرسىمان تىجارەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىتتىپاقداش تور - نۇقتىدىن 200 نەچچىسىگە ئالاھىدە ئىجازەت بەردى. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك زەنجىرسىمان تىجارەت تور - نۇقتىسى 1800 دىن كۆپرەككە يەتتى.

2003 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، بىر تۈركۈم ئۆزگىچە سودا كوچا رايونلىرىنى ۋە يېمەك - ئىچمەك تور - نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ، «ئۈچ يېشىل» (يېشىل كۆكتات، يېشىل يول، يېشىل ئىستېمال سورۇنى) قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى تېزلەتتى. يېزا بازارلىرىنى ئېچىپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالار گۇرۇھىنىڭ ناھىيە، يېزا، بازار زەنجىرسىمان تور - نۇقتىلىرىغىچە كېڭىيىپ، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيا تاۋارلىرىنىڭ ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوبوروتىنى جانلاندۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى.

كارخانىلارنىڭ سىرتقا يۈزلىنىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى شىركىتى، «ماركور» شىركىتى، «تەڭرىتاغ» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى گۇرۇھى، شىخۇ پىۋا شىركىتى قاتارلىق كارخانىلارنىڭ چەت ئەللەردە مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇشىغا، بازاردىكى ئۈلۈشىنى كېڭەيتىشكە مەدەت بېرىلدى. سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، 50 نەچچە كارخانا شېنياڭ ياسىمچىلىق كۆرگەزمىسى، شاڭخەي سانائەت كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەندى، توختام 100 مىليون يۈەندىن كۆپرەك خەلق پۇلىغا يەتتى؛ شەرت - شارائىتى يار بەرگەن ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ شەكلى ھەرخىل، ئۆزگىچە بايراملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشىغا مەدەت بېرىلدى. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بازار ئەھۋالىدىن ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمى بەرپا قىلىنىپ،

كارخانىلارنىڭ خەلقئارا رىقابەتكە قاتنىشىش ۋە ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى.

دېڭ شۈچى

## بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، خەتەرلىك خىمىيىۋى بۇيۇملار، غەيرىي كۆمۈركان، جامائەت توپلاشقان سورۇن، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش — ئوت ئۆچۈرۈش بىخەتەرلىكى، يول بىخەتەرلىكى، قاتناش - ترانسپورت، كۆمۈركان بىخەتەرلىكى، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش بىخەتەرلىكى، پۇقراۋى پارتلىتىش ئۈسكۈنە - ماتېرىيال بىخەتەرلىكى، ساليوت - پوجاڭزا بىخەتەرلىكى قاتارلىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى مەخسۇس تۈر بويىچە تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بىر تۈركۈم تەسىرى كەڭ، زىيىنى چوڭ يوشۇرۇن ئاپەت، ھادىسىلەرنى تىزگىنلىدى.

ھېيت، بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە مۇھىم مەزگىللەردىكى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تەشۋىقات - تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى ۋە ئۇيۇشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن بۇ يىل بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن تۇراقلىق بولدى، زور ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشى تىزگىنلەندى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك ئۆلۈم - يېتىم ھادىسىسىدىن 14 مىڭ 412 قېتىم يۈز بېرىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %2.95 ئۆرلىدى؛ 3248 ئادەم ئۆلۈپ، %1.47 كۆپەيدى؛ بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 78 مىليون 711 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، %19 ئازايدى. بىر قېتىمدا 3 — 9 غىچە ئادەم ئۆلگەن زور ھادىسە خېلى زور دەرىجىدە ئازايدى، بىر قېتىمدا 10 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن ھادىسە يۈز بەرمىدى. دېمەك، ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن «ئالاھىدە چوڭ ھادىسىنى تۈگىتىش، زور ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشىنى تىزگىنلەش، ئادەتتىكى ھادىسىلەرنى ئازايتىش» تىن ئىبارەت بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشتى.

دېڭ شۈچى

## شىنجاڭدىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

شىنجاڭ كارخانا تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ۋە مەسئۇل تارماقلار تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان ھەممە يىل ئاخىرىدىكى مۈلكى، تىجارەت كىرىمى 500 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان تۈرلۈك كارخانا گۇرۇھلىرىنى ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىش، ستاتىستىكىلاش، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى كارخانا گۇرۇھى 2002 - يىلدىكى 72 دىن 79 غا يەتكەن. يىل ئاخىرىدىكى مۈلكى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا گۇرۇھى 1998 - يىلدىكى 8 دىن 23 كە، يىللىق سېتىش كىرىمى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا گۇرۇھى 2001 - يىلدىكى 8 دىن 11 گە يەتكەن. چوڭ كارخانا (گۇرۇھ) لارنىڭ باشلامچىلىقىدا شەكىللەنگەن كۆلەملىك ئۈنۈم شىنجاڭدىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەن. كارخانا گۇرۇھلىرىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك، ھالقىش شەكىللىك تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى مەيدانغا كەلگەن.

1. گۇرۇھ ئانا شىركەتنىڭ ئىسلاھات قەدىمى تېزلىتىلدى، دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان پاي كونترول گۇرۇھىنىڭ ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى تۇنجى قېتىم دۆلەت كارخانىسى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي كونترول كارخانىسىدىن ئېشىپ كەتتى، پۇقراۋى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ئاشتى.

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى كارخانا گۇرۇھلىرى ئىچىدە ئانا شىركەتنى ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئارقىلىق شىركەت تۈزۈمىدىكى كارخانا گۇرۇھىغا ئايلاندۇرۇش نىسبىتى داۋاملىق ئۆسۈپ، ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدارى مۇتلەق يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى. ئانا شىركەت شىركەت تۈزۈمىدىكى 74 كارخانا گۇرۇھىغا ئۆزگەرتىلدى، بۇ بارلىق كارخانا گۇرۇھىنىڭ %93.7 نى ئىگىلەپ، 2002 - يىلدىكىدىن 0.7 پىرسەنت پونكىت ئۆستى.

2003 - يىلى دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان پاي كونترول گۇرۇھىنىڭ ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە كارخانا گۇرۇھىدا ئىگىلىگەن ئۈلۈشى تۇنجى قېتىم دۆلەت كارخانىسى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي كونترول كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭكىدىن ئېشىپ، پۇقراۋى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئاشقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى. 2003 - يىلى ئانا شىركەت 35 دۆلەت كارخانىسى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي كونترول كارخانا گۇرۇھىغا ئۆزگەرتىلىپ، بارلىق كارخانا گۇرۇھىنىڭ %44.3 نى ئىگىلەپ، 2002 - يىلدىكىدىن 4.3 پىرسەنت پونكىتى تۆۋەنلىدى. دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان پاي كونترول كارخانىسى %55.7 نى ئىگىلەپ، 7.1 پىرسەنت پونكىتى ئۆستى. كوللېكتىپ، كارخانا گۇرۇھى ۋە كوللېكتىپ باشقا پاي

كونترول كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى مۈلكىنىڭ قىممىتى 60 مىليارد 541 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئىگىلىگەن نىسبىتى 2002 - يىلدىكى 48.3% تىن 55.1% كە ئۆستى؛ تىجارەت كىرىمى 34 مىليارد 568 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئىگىلىگەن نىسبىتى 2002 - يىلدىكى 48% تىن 56.6% كە ئۆستى.

كارخانا گۇرۇھلىرى مەبلەغ سالىدىغان ئاساسىي گەۋدىنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىشى كۈچەيدى. كارخانا گۇرۇھىغا ئەزا كارخانىلار رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلەغ مەنبىيەدىن قارىغاندا، ھەر خىللا مەبلەغ سالىدىغان سوبيېكت گۇرۇھنىڭ كۆپ مەنبەلەشكەن تىجارىتى ئېلىپ كەلگەن كۆلىمى كېڭەيگەن ئېھتىياجىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ قالدى. كۆپ مەنبەلىك مەبلەغ سالىدىغان سوبيېكت تەرەققىيات يۈزلىنىشى بولۇپ قالدى. 2003 - يىلى كارخانا گۇرۇھىغا ئەزا كارخانىلار رويخەتكە ئالدۇرغان كاپىتال ئىچىدە دۆلەت كاپىتالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كارخانا 29 غا، قانۇنىي ئىگە كاپىتالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كارخانا 44 كە، كوللېكتىپ كاپىتالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كارخانا 18 گە، شەخسىي كاپىتالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كارخانا 48 گە، چەت ئەل سودىگەرلىرى كاپىتالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كارخانا 11 گە يەتتى.

2. مۈلۈك قىممىتى 100 مىليارد يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى، كاپىتالنىڭ ئايلىنىش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى؛ ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت ئومۇمىي مىقدارى تېز كۆپەيدى، تەرەققىيات ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

2003 - يىلى 79 كارخانا گۇرۇھىنىڭ مۈلۈك سوممىسى 109 مىليارد 929 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 17.2% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 50 گۇرۇھنىڭ يىل ئاخىرىدىكى مۈلكى 2002 - يىلدىكىدىن ئاشتى. شىنجاڭ «دېلۇڭ» گۇرۇھىدىن كېيىن، شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» كەسپىي مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۈلكى 10 مىليارد يۈەنلىكلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. كارخانا گۇرۇھلىرى تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلەغ 5 مىليارد 299 مىليون يۈەنگە يېتىپ 80.8%؛ سېلىنغان مەبلەغدىن ھاسىل قىلىنغان دارامەت 370 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.2% ئاشتى. 79 كارخانا گۇرۇھى خوجايىنلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى مەبلىغى 35 مىليارد 559 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 14.8% ئاشتى. كاپىتالنىڭ قىممىتى ساقلىنىپ قېلىش، ئېشىش نىسبىتى 114.8% كە يەتتى. مۈلۈكتىن پايدىلىنىش

ئۈنۈمى 2002 - يىلدىكىدىن ياخشى بولدى. ئومۇمىي مۈلۈكتىن ئۈندۈرۈلگەن پايدا نىسبىتى 3.58% كە يېتىپ، 0.21 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى.

2003 - يىلى 79 كارخانا گۇرۇھىنىڭ تىجارەت كىرىمى 61 مىليارد 60 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 27.5% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي تىجارەت كىرىمى 59 مىليارد 436 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 30% ئاشتى. ئېكسپورت قىلىپ سېتىش سوممىسى 7 مىليارد 129 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 61.6% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ياسىمىچىلىقنى ئاساس قىلغان سانائەت كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئېكسپورت قىلىپ سېتىش سوممىسى 6 مىليارد 686 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 51.1%؛ شىركەت تۈزۈمىدىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 7 مىليارد 94 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 64.6% ئاشتى.

3. ئاساسلىق كەسپىنىڭ پايدا ئېلىش سۈرئىتى تېزلەشتى. پايدا ئېلىش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. ئەمگەك كۈچى بايلىقىنى سەرخىللاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش، كارخانا ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت قوش پايدا ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

1) ئاساسلىق كەسپىنىڭ پايدا ئېلىش سۈرئىتى تېزلەشتى. ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. 2003-يىلى 79 كارخانا گۇرۇھى ئالغان پايدا سوممىسى 2 مىليارد 617 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 41.1% ئاشتى. پايدا سوممىسى 100 مىليون يۈەندىن ئاشقان كارخانا 7 گە يېتىپ، 2 سى كۆپەيدى. 56 كارخانا گۇرۇھى پايدا ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە زىيان تارتىشتىن پايدا ئېلىشقا ئۆزگەرگەن كارخانا گۇرۇھى 4، پايدا سوممىسى 2002 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى 40 بولۇپ، بارلىق كارخانا گۇرۇھىنىڭ 50.6% ىنى ئىگىلىدى، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ سېتىش پايدا نىسبىتى 4.29% كە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 0.42 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى، تەننەرخ خىراجىتى نىسبىتى 4.59% كە يېتىپ، 0.38 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى.

كەسىپتىن قارىغاندا، ياسىمىچىلىقنى ئاساسلىق تىجارەت پائالىيىتى قىلغان سانائەت كارخانا گۇرۇھلىرى پايدا ئالغان چوڭ گۇرۇھ بولۇپ، ئالغان پايدىسى 1 مىليارد 719 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بارلىق كارخانا گۇرۇھى پايدىسىنىڭ 65.7% ىنى ئىگىلەپ، 2002 - يىلدىكىدىن 54.9%؛ توپ، پارچە سېتىدىغان يېمەك - ئىچمەك كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ پايدىسى 301 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.50%؛ ئۆي - زېمىن كەسپىي گۇرۇھىنىڭ پايدىسى 529 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 30.3% ئاشتى. «سارس» نىڭ تەسىرىدە، ياتاق ۋە يېمەك-

ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا گۇرۇھلىرى 20 مىليون يۈەن؛ قاتناش - ترانسپورت، ساقلاش ۋە پوچتا كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا گۇرۇھلىرى 5 مىليون 730 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى. رويخەتكە ئالدۇرغان تۈرىدىن قارىغاندا، شىركەت تۈزۈمىدىكى كارخانا گۇرۇھلىرى پايدا ئالغان چوڭ گۇرۇھ بولۇپ، ئالغان پايدىسى 2 مىليارد 689 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 37.1% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە باشقا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرى ئالغان پايدا 2 مىليارد 325 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 65.7% ئاشتى. دۆلەت ئىلكىدىكى شېرىكسىز كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ پايدىسى 274 مىليون يۈەن بولۇپ، 19.3%، پاي چەكلىك شىركەتلىرىنىڭ پايدىسى 89 مىليون 990 مىڭ يۈەن بولۇپ، 59.1% تۆۋەنلىدى. پاي كونترول ئەھۋالىدىن قارىغاندا، دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان پاي كونترول كارخانا گۇرۇھلىرى پايدا ئالىدىغان چوڭ گۇرۇھ بولۇپ، ئۇلار ئالغان پايدا بارلىق كارخانا گۇرۇھى ئالغان پايدىنىڭ 84.4% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ كارخانا ۋە كوللېكتىپ پاي كونترول كارخانا گۇرۇھلىرى ئالغان پايدا سوممىسى 1 مىليارد 239 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 51.3%؛ باشقا كارخانا گۇرۇھلىرى ئالغان پايدا سوممىسى 971 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 41.1%؛ دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پاي كونترول كارخانا گۇرۇھلىرى ياراتقان پايدا سوممىسى 409 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 17.2% ئاشتى.

2) ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. كارخانا گۇرۇھى ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئايرىپ چىقىشتا، ئىلگىرىكى كارخانا گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئاساسلىق يول قىلىدىغان بىرلا خىل ئۇسۇلنى بۇزۇپ تاشلاپ، كۆپ شەكىل، كۆپ يول ئارقىلىق ئايرىپ چىقىشنى يولغا قويدى. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئايرىپ چىقىپ كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئاساس قىلىشى 2002 - يىلدىكىدىن 9.1 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىگەن. ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئايرىپ چىقىپ گۇرۇھ سىرتىدىكى كارخانا ياكى ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشى 2002 - يىلدىكىدىن 11.6 پىرسەنت پوئىنتى ئۆسكەن. بۇ، كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ كەسىپ تاللاش كۆز قارىشىدا تۈپ ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى، كارخانا ئىسلاھاتىنى تېزلىتىشتە ئېلىپ كەلگەن «تولغاق» قا تەدرىجىي ماسلاشقانلىقىنى، ئەمگەكچىلەر ئۆز ئالدىغا ئىش تېپىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى، يېتەكچى، بازار ئارقىلىق تەڭشەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئاساس، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى كارخانىدىكى ئارتۇق خادىملارنىڭ تەدرىجىي تونۇپ يەتكەنلىكىنى ۋە قوبۇل قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەلۇماتقا قارىغاندا، 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا كارخانا گۇرۇھلىرىدىكى كەسىپكار 221 مىڭ 200 گە يېتىپ، 66.1% كۆپەيگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 204 مىڭ 300 بولۇپ، 2.5% كۆپەيگەن، باشقا خادىم 16 مىڭ 900 بولۇپ، 4.75% ئازايغان.

تەكشۈرۈشكە قارىغاندا 97% كارخانا گۇرۇھى ئەمگەك توختامى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويغان؛ 82% كارخانا گۇرۇھى خادىملارنىڭ رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىشىنى يولغا قويغان؛ 80% كارخانا كادىرلار بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سالاھىيەت چەك - چېگرىسىنى تۈگەتكەن؛ 89% كارخانا ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرغۇچى خادىملارنى ئاشكارا تەكلىپ قىلغان؛ 92% كارخانا گۇرۇھى ئىش ئورنى مائاشى ئاساس قىلىنغان مائاش تۈزۈمىنى يولغا قويغان؛ 47% كارخانا يەن - تېخىمۇ خادىملىرىنىڭ مائاش كىرىمىنى تەقسىم قىلىشتا رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى يولغا قويغان؛ 92% كارخانا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى تولۇق تاپشۇرغان. رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى ۋە ھوقۇق - مەنپەئەتنى قوغداش كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت جەھەتتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغىغان. 2003- يىلىنىڭ ئاخىرىدا كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 275 مىڭ 400 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 25.1% ئاشتى. كەسىپكارلارنىڭ ئىش ھەققى 3 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 23.9% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 3 مىليارد 338 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 25.1%، باشقا خادىملارنىڭ 3.2% ئاشتى.

4. بىر تۈركۈم كارخانا گۇرۇھىدىن ئىبارەت «ئاۋئاماتكا» نىڭ قوزغىلىشى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

مەلۇماتقا قارىغاندا، 79 كارخانا گۇرۇھى ئىچىدە، يىل ئاخىرىدىكى مۈلكىنىڭ قىممىتى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغىنى 23 بولۇپ، ئۇلار تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي قاپتىلىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغقا تارقالغان، ئاساسلىقى ئۈرۈمچى، سانجىغا مەركەزلەشكەن، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي كونترول كارخانا گۇرۇھى 13، يۇقىراۋى كارخانا گۇرۇھى 10؛ شىركەت تۈزۈمىدىكى كارخانا

گۇرۇھى 22؛ 2003 ـ يىلى 23 كارخانا گۇرۇھىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى مۈلكىنىڭ قىممىتى 89 مىليارد 588 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 14% ئېشىپ، بارلىق كارخانا گۇرۇھى مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 81.5% نى ئىگىلىدى؛ تىجارەت كىرىمى 50 مىليارد 748 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 29.3% ئېشىپ، 83.1% نى؛ پايدىسى 2 مىليارد 309 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 24.9% ئېشىپ، 88.2% نى ئىگىلىدى. 2003 ـ يىلى 23 كارخانا گۇرۇھىنىڭ مۈلكىنىڭ قىممىتى 3 مىليارد 895 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 79 كارخانا گۇرۇھى ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ 2.8 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى؛ بۇ كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 2 مىليارد 206 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 79 كارخانا گۇرۇھى ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ 2.85 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى؛ بۇ كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ پايدىسى 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ 3.03 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. 79 كارخانا گۇرۇھى ئىچىدە يىل ئاخىرىدىكى مۈلكىنىڭ قىممىتى ۋە تىجارەت كىرىمى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشقىنى 11.

خۇالڭ لىڭتى

## كارخانا گۇرۇھى ئانا شىركەتلەرنىڭ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بەرپا قىلىش قەدىمى تېزلىتىلدى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ كارخانا گۇرۇھىدىكى 74 كارخانا گۇرۇھى ئانا شىركەتنىڭ تۈزۈلمىسى شىركەت تۈزۈمىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىلدى، بۇ كارخانا گۇرۇھىنىڭ 93.7% نى ئىگىلەپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 0.7 پىرسەنت پوئېنتى ئۆستى، بۇنىڭ ئىچىدە ئانا شىركەتتىن دۆلەت ئىلكىدىكى شېرىكسىز شىركەتكە ئۆزگەرتىلگىنى 20 بولۇپ، 27% نى؛ ئانا شىركەتتىن باشقا چەكلىك شىركەتكە ئۆزگەرتىلگىنى 48 بولۇپ، 65% نى ئىگىلىدى.

ئانا ـ بالا شىركەت تۈزۈلمىسى ئورنىتىلىپ، ئانا شىركەتنىڭ فۇنكسىيىسى كۈچەيتىلدى. 91.1% كارخانىدا ئانا ـ بالا شىركەت تۈزۈلمىسى ئورنىتىلىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 3.6 پىرسەنت پوئېنتى ئۆستى. بارلىق گۇرۇھ ئىچىدە 90% تىن يۇقىرى گۇرۇھ ئانا شىركەت گۇرۇھ تەرەققىياتىنىڭ ئىستراتېگىيىسى، چوڭ ـ چوڭ مەبلەغ سېلىش ـ يۈرۈشتۈرۈش تۈرلىرى، مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى قاتارلىق ئىشلاردا بىر تۇتاش تەدبىر تۈزەلەيدىغان بولدى، 70% گۇرۇھ ئانا شىركەت تاشقى سودا ۋە ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق توغرىسىدا بىر تۇتاش تەدبىر تۈزەلەيدىغان بولدى، يەنە 60% تىن كۆپرەك ئانا شىركەت پەن تەتقىقات تەرەققىياتى توغرىسىدا بىر تۇتاش تەدبىر تۈزەلەيدىغان بولدى.

مەبلەغ چىقارغۇچىنىڭ ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولدى. كارخانىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى كېڭەيدى. 98.7% گۇرۇھ ئانا شىركەتنىڭ مەبلەغ چىقارغۇچىسى ئايدىڭلاشتى، 93.7% بالا شىركەتنىڭ مەبلەغ چىقارغۇچىسى تولۇق ئايدىڭلاشتى، 84.8% كارخانا كارخانا ئىگىلىك باشقۇرغۇچىسىنى تاللىيالايدىغان بولدى، بۇ 2002 ـ يىلدىكىدىن 12.6 پىرسەنت پوئېنتى ئۆستى؛ 72.2% ئانا شىركەتنىڭ مەبلەغ چىقارغۇچىسى مۈلۈك دارامىتىنى ئېلىشقا ھوقۇقلۇق بولدى، بۇ 8.3 پىرسەنت پوئېنتى ئۆستى؛ 89.9% ئانا شىركەت مەبلەغ چىقارغۇچىسى كارخانىنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى بەلگىلەشكە قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

ھوقۇق، تەدبىر، ئىجرا قىلىش، نازارەت قىلىشتىن ئىبارەت بىر ـ بىرىنى چەكلەپ تۇرىدىغان قانۇنىي ئىگىنىڭ ئىدارە قىلىش رامكىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. 72.2% گۇرۇھتا پايچىكلار ئۇيۇشمىسى، 96.2% گۇرۇھتا مۇدىرىيەت، 84.8% گۇرۇھتا تەپتىش ھەيئىتى قۇرۇلدى. مۇدىرىيەت ئەزالىرى مەبلەغ چىقارغۇچى ئەۋەتكەنلەرنىڭ 68.1% نى ئىگىلىدى؛ 30.4% كارخانا مۇدىرىيەتتە مۇستەقىل مۇدىر تەيىن قىلدى؛ 65.3% كارخانا شىركەت قانۇنىدىكى تەلەپ بويىچە باش مۇدىر ۋە باش دىرېكتور ۋەزىپىسىنى ئايرىم تەيىن قىلدى. 70% تىن ئارتۇق كارخانا گۇرۇھى پايچىكلار ئۇيۇشمىسى، مۇدىرىيەت ۋە تەپتىش ھەيئىتىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى خېلى ياخشى ئادا قىلالايدىغان بولدى.

خۇالڭ لىڭتى

## كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ كۆپ مەنبەلىك ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى كارخانا گۇرۇھلىرى قوشۇۋېلىش، قايتا تەشكىللەش سالمىقىنى ئاشۇردى، 32 كارخانا قوشۇۋېلىش، قايتا تەشكىللەشنى يولغا قويدى. قوشۇۋېلىش، قايتا تەشكىللەش ئۇسۇلىنى تاللاشتىن قارىغاندا، كارخانا گۇرۇھىدىن ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلغىنى 15 بولۇپ، بۇلار ئاساسلىقى باشقا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىگە مەركەزلەشتى. 60% ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانا گۇرۇھى بۇنىڭغا مايىل بولدى؛ كارخانا ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، ھۆكۈمەت ياردەم بەرگىنى 12، بۇلار ئاساسلىقى دۆلەت ئىلكىدىكى شېرىكسىز كارخانا ۋە چوڭ كارخانا گۇرۇھىدىن

ئىبارەت؛ ھۆكۈمەت مەمۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرۈش شەكلىدىكە- سى 3. باشقا شەكىلدىكىسى 2. مۇلۈك ۋە ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش كۆلىمىنى كېڭەيتىش يولىدىن قارىغاندا، تېخىمۇ كۆپ كارخانا بازار شەكلى بويىچە قوشۇۋېلىش، سېتىۋېلىشنى تاللىدى. بانكىدىن قەرز ئېلىپ، يېڭى تۈرلەرنى تۇرغۇزۇش ئارقىلىق كۆلەمنى كېڭەيتكەن كارخانا گۇرۇھى كۆپەيدى، مۇلۈك ھوقۇقىنى ئايرىپ بېرىش شەكلى بويىچە قوشۇۋېلىش، سېتىۋېلىشنى يولغا قويغان كارخانا كۆپەيدى. قوشۇۋېلىش، سېتىۋېلىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، 65.6% كارخانا مەبلەغ سېلىپ يېڭىدىن بالا شىركەت قۇردى، 28% كارخانا سېتىۋېلىش، قوشۇۋېلىش ئارقىلىق بالا شىركەتنى كۆپەيتتى، 25% كارخانا بالا شىركەتنى قوشۇۋالدى. 79 كارخانا گۇرۇھىغا ئەزا كارخانا 612 گە يېتىپ، ھەربىر كارخانا گۇرۇھىغا ئەزا كارخانا ئوتتۇرىچە 7.7 دىن توغرا كەلدى. 24 كارخانا گۇرۇھىدىكى بالا شىركەت 10 دىن ئېشىپ كەتتى. ئەزا كارخانىلار 3 كەسىپنى قاپلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپكە تارقالغىنى 31، 2 - كەسىپكە تارقالغىنى 229، 3 - كەسىپكە تارقالغىنى 352. 2003 - يىلى 79 كارخانا گۇرۇھى ئىچىدە 54 كارخانا گۇرۇھى 2 خىلدىن يۇقىرى ئوخشاش بولمىغان كەسىپتىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىغا مەبلەغ سېلىپ تىجارەت قىلدى. 2003 - يىلى 34 كارخانا گۇرۇھى يېڭى كەسىپ ساھەسىدىكى كەسىپنى كېڭەيتتى، 17 كارخانا گۇرۇھى مەلۇم كەسىپ ساھەسىدىن چېكىنىپ چىقىشنى تاللىدى.

خۇاڭ لىڭتى

## ھۆكۈمەت كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى قوللىدى

2003 - يىلى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ چوڭ ئىشلارنى قىلىپ ئۆزىنى كۈچەيتىشى ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا داۋاملىق مەدەت بېرىپ، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ مەبلەغىنى كۆپەيتىپ، قەرزنى ئازايتىشنى مەبلەغ جەھەتتىن قوللىدى. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 79 كارخانا گۇرۇھى ئىچىدە 52 كارخانا دۆلەتنىڭ سىياسەت جەھەتتە قوللىشىدىن بەھرىمەن بولۇپ، دۆلەتنىڭ كاپىتال فوندىنى ئۇنۇملۇك كۆپەيتكەن. كاپىتال فوندىنى كۆپەيتىش يوللىرىدىن قارىغاندا، 14 كارخانا تىجارەت خاراكتېرىدىكى فوندىنى ئايرىپ بېرىشتىن، 10 كارخانا قەرز پۇلنى مەبلەغ سېلىشقا ئۆزگەرتىشتىن، 13 كارخانا قەرز ھوقۇقىنى پاي ھوقۇقىغا ئۆزگەرتىشتىن، يەنە 7 كارخانا مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش كىرىمىنى بۇيرۇپ بېرىشىدىن، 8 كارخانا يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش كىرىمىنى بۇيرۇپ بېرىشىدىن بەھرىمەن بولغان.

كارخانا گۇرۇھلىرىغا ئالاقىدار يۈرۈشلەشكەن سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 70 كارخانا مەبلەغ سېلىشتا ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىغا، 58 كارخانا سىرتقا قارىتا كېپىل بولۇش ھوقۇقىغا، 42 كارخانا سىرتقا قارىتا قۇرۇلۇش ھۆددىگە ئېلىش ۋە ئەمگەكتە ھەمكارلىشىش ھوقۇقىغا، يەنە 36 كارخانا ئۆز ئالدىغا ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىش ھوقۇقىغا، 31 كارخانا بىرلىشىپ باج تاپشۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان.

خۇاڭ لىڭتى

## كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش قاتلىمىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ئومۇميۈزلۈك ئۆستى

ماتېرىيالدىن مەلۇم بولۇشىچە، شىنجاڭدىكى 79 كارخانا گۇرۇھى ئىچىدە گۇرۇھ باش دىرېكتورلىرىدىن مۇدىرىيەت تەكلىپ قىلىپ ۋەزىپىگە قويغىنى 61% نى؛ باش دىرېكتورلارنىڭ يېشى 41 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغىنى 57% نى؛ خىزمەت ئىستاژى 20 يىلدىن ئاشقىنى 72.2% نى؛ كارخانا باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقتى 10 يىل ئەتراپىدا بولغىنى 54.4% نى، دوكتور، ماگىستىر 22.8% نى، ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگىنى 32.9% نى ئىگىلىگەن. كارخانا باشقۇرۇش قاتلىمىدىكى خادىملارنىڭ يېشى، بىلىمى، كەسپىي ۋە ئىقتىدار قۇرۇلمىسى خېلى مۇۋاپىق بولغان. باش مۇدىرلار ئىچىدە ئالىي مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتتا ئىگىلەر 51.4% نى، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ دىرېكتور قاتلىمىدا ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىدىن يۇقىرى مەلۇماتتا ئىگىلەر 43% نى، ئالىي مەكتەپنىڭ مەخسۇس كۇرس مەلۇماتىغا ئىگىلەر 55.7% نى؛ دىرېكتورلار قاتلىمىدا خەلقئارا سودا ئىشلىرىنى پىششىق بىلىدىغان سەۋىيىگە يەتكەن 50% تىن كۆپرەك خادىمدىن باشقۇرغۇچى ئىختىساسلىقلار 10% نى ئىگىلىگەن. ئىختىساسلىقلار باسقۇچىنىڭ تەسىس قىلىنىشى مۇۋاپىق بولغان باشقۇرۇش قاتلىمىدىكى توپ كارخانىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستىنى تەقدىم قىلدى ھەمدە كارخانىنىڭ كۆپلەپ ئېتىبار بېرىشىگە ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. 2003 - يىلى شىركەت تۈزۈمىدىكى كارخانا گۇرۇھلىرى رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى يولغا قويۇش سالمىقىنى ئاشۇردى، 32 كارخانا گۇرۇھى ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارغا قارىتا يىللىق مائاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، 24 كارخانا گۇرۇھى ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارغا قارىتا پاي ھوقۇقى، پاي قەرەللىك ھوقۇقىنى تەقسىم قىلىش چارىسىنى يولغا قويۇپ، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ،

كارخانا گۇرۇھىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن كۈچ توپلاپ، باشقۇرۇش سەركىلىرى بىلەن تەمىنلىدى.

خۇاڭ لىگېنى

## كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ چوڭ ئىشلارنى قىلىپ ئۆزىنى كۈچەيتىشتە دۇچ كەلگەن چەكلەش ئامىللىرى

1. ئومۇمىي مۇلۇك كۆلىمى كىچىك، چوڭ كارخانا گۇرۇھى ئاز، مەھسۇلاتلارنىڭ رىقابەت كۈچى ئاجىز، قوشۇۋېلىش، قايتا تەشكىللەشنى بولغا قويۇشتا قىيىنچىلىق زور، ئومۇمىي تەرەققىيات نىشان ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۈشكۈل.

مۇشۇ يىللاردىن بۇيان، يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى كارخانا گۇرۇھلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، لېكىن گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كۆلىمى زورايدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 79 كارخانا گۇرۇھى ئىچىدە، مۈلكىنىڭ قىممىتى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغىنى 23 بولۇپ، %29.1 نى؛ 500 مىليون يۈەندىن 1 مىليارد يۈەنگىچە بولغىنى 18 بولۇپ، %22.8 نى؛ 500 مىليون يۈەندىن تۆۋەن بولغىنى 38 بولۇپ، %48.1 نى ئىگىلىگەن. بارلىق گۇرۇھنىڭ ئوتتۇرىچە مۈلكىنىڭ قىممىتى 1 مىليارد 392 مىليون يۈەن بولۇپ، 21 گۇرۇھنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتكەن؛ ئوتتۇرىچە تىجارەت كىرىمى 772 مىليون يۈەن بولۇپ، 14 گۇرۇھنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتكەن، خېلى بىر قىسىم گۇرۇھنىڭ مۈلۈك كۆلىمى كىچىك، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ئاجىز. كارخانا گۇرۇھلىرى ئىشلەپ كەلگەن چوڭ مەھسۇلات، چوڭ بازارنىڭ ئېففېكتى روشەن ئەمەس، ئاساسلىق مەھسۇلات (مۇلازىمەت تۈرى) نىڭ ئىچكى بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى تۆۋەن، ئازكەم %50 كارخانا گۇرۇھىنىڭ بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى %1 كىمۇ يەتمەيدۇ.

تەرەققىيات جەريانىدا تەدرىجىي ئىسلاھ قىلىش، كۈرۈلۈپ، نۇقتىلىق يېتىشتۈرۈلگەن چوڭ كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئۈنۈمىگە ۋە رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تەسىر يەتتى. شىنجاڭ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، يىللىق سېتىش كىرىمى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغان 30 چوڭ كارخانا (گۇرۇھ) نى نۇقتىلىق يېتىلدۈرۈشنى قارار قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يىللىق سېتىش كىرىمى 10 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغىنى 4 — 5، 3 مىليارد يۈەندىن 10 مىليارد يۈەنگىچە بولغىنى 10، 1 مىليارد يۈەندىن 3 مىليارد يۈەنگىچە بولغىنى 15؛ 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى يىللىق سېتىش كىرىمى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا گۇرۇھى 11 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يىللىق سېتىش كىرىمى 10 مىليارد يۈەندىن ئاشقىنى بىر، 3 مىليارد يۈەندىن 10 مىليارد يۈەنگىچە بولغىنى 4، 1 مىليارد يۈەندىن 3 مىليارد يۈەنگىچە بولغىنى 6، ئومۇمىي نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى پەرق يەنىلا ناھايىتى زور. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، %60 كارخانا دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئارقىدا قالدى دەپ قارىغان؛ %44.3 كارخانا كاپىتال بازىرى، مۈلۈك ھوقۇقى سودا بازىرى مۇكەممەل ئەمەس دەپ قارىغان، %39.9 كارخانا قوشۇۋېلىنغان كارخانىنىڭ بانكىدىن بۇرۇن ئالغان قەرزىنى قايتۇرۇشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئامال يوق دەپ قارىغان. قوشۇۋېلىش، قايتا تەشكىللەشتىكى كۆپ سوممىلىق تەننەرخ تۈپەيلىدىن، كۆلەمنى كېڭەيتمەكچى بولغان بەزى كارخانىلار رېتىمنى ئاستىلىتىشقا مەجبۇر بولدى، بەزى كارخانىلار تەرەققىياتنىڭ ئۇرغۇن ياخشى پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويدى. دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى تېزلىتىش، مۇكەممەل مەبلەغ يۆتكەش يولى بەرپا قىلىش، ئادىل بازار مۇھىتى يارىتىش كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

2. يېڭى تەتقىقات ۋە كەشپىياتقا سېلىنىدىغان سېلىنما ئازىيىپ، ھاسىلات ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كەتتى، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىغا ئۆزى ئىگە بولۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى يېتەرسىز.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 33 كارخانا گۇرۇھى تېخنىكا مەركىزى قۇردى، بۇ بارلىق گۇرۇھنىڭ %41.8 نى ئىگىلەيدۇ، تەتقىقات، كەشىپ قىلىش خىراجىتى 95 مىليون 940 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %21.1 كېمەيدى. يېڭى مەھسۇلات سېتىش كىرىمى 1 مىليارد 347 مىليون يۈەن بولۇپ، %24.6 ئازايدى، تەتقىقات، كەشىپ قىلىش خىراجىتىنىڭ تىجارەت كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %0.2 بولۇپ، 0.1 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. ھالبۇكى، خەلقئارا كارخانا ساھەسى ئومۇمىيۈزلۈك مۇنداق دەپ قارايدۇ: تەتقىقات، كەشىپ قىلىش خىراجىتى تىجارەت كىرىمىنىڭ %5 ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن رىقابەت كۈچىگە ئىگە بولىدۇ، %2 ىنى ئىگىلىسە، پەقەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، %1 كە يەتمىسە، مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەتقىقات، تېخنىكا مەركىزى جارى قىلدۇرغان رولىدىن قارىغاندا، %72.7 كارخانا ھازىر گۇرۇھنىڭ تېخنىكا مەركىزىدىكى يېڭى تەتقىقات، كەشىپ قىلىش مۇئەسسەسەلىرى، تەتقىقات خىراجىتى ۋە تېخنىكا

خادىملىرى ئاساسىي ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ دەپ قارىغان، 24.2% كارخانا ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ دەپ قارىغان، ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرىدۇ دەپ قارايدىغانلار يوق. كارخانىلارنىڭ يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تېخنىكا قاتارلىق پەن-تېخنىكا نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يوللىرىنى تاللىشىدىن قارىغاندا، ئۆز ئالدىغا ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىغا، كەشىپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى ئاجىزراق، ئۆز ئالدىغا كەشىپ قىلىدىغان كارخانا گۇرۇھى 44.3% نى ئىگىلەيدۇ، دۆلەت ئىچىدە پاتېنتنى ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن كارخانا گۇرۇھى ئاران 12، ئاران 27.9% كارخانا گۇرۇھى ئالىي مەكتەپ، تەتقىقات ئاپپاراتلىرى بىلەن تەتقىقات، كەشىپ قىلىش توختامى ئىمزالىدى. مۇتلەق كۆپ سانىدىكى كارخانا گۇرۇھى ئىشلەپچىقىرىش، ئۆگىنىش، تەتقىقاتتىن ئىبارەت بىر يۈرۈش تەتقىقات، كەشىپ قىلىش سىستېمىسىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىدى. ھازىر بار كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تېخنىكا مەركەزلىرى كارخانا پەن تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجىنى ئاران قاندۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات كەشىپ قىلىش دەۋرىنى كېچىكتۈرۈپ قويىدى، پەن تەتقىقات، كەشىپ قىلىش نەتىجىسىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇش ئاستا، كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابەت كۈچى تۆۋەنلەپ كەتتى، 34.2% كارخانا گۇرۇھى مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابەت كۈچى كەمچىل دەپ قارىدى.

3. مەبلەغ قىس، قەرز كۆپ، قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇش كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى.

تەكشۈرۈش جەريانىدا، 82% كارخانا گۇرۇھى مەبلەغنىڭ قىسلىقىنى كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل قاتارىغا كىرگۈزگەن، قەرزنىڭ كۆپلىكىنى 2 - ئورۇنغا قويغانلىرى 36.7% نى ئىگىلىگەن. قەرزنىڭ كۆپلىكىدىن كېلىپ چىققان مەبلەغنىڭ قىس بولۇشى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ مەبلەغ ئوبوروتىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزۈپ، مەبلەغ ئوبوروتى 2002 - يىلدىكىدىن ئاستا بولغان. قىسقا ۋاقىتتا قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز بولغان، تۇراقسىزلىق نىسبىتى (تۇراقسىز مۈلۈك، تۇراقسىز قەرز) 0.89، تېز ھەرىكەتلىنىش نىسبىتى 0.61 بولۇپ، 2002-يىلدىكىدىن 0.03 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىشىنى قامداشقا لازىملىق مەبلەغمۇ جىددىي بولغان. كارخانىنىڭ تىجارەت مەبلىغى (تۇراقسىز مۈلۈك، تۇراقسىز قەرز) 6 مىليارد 636 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 52.9% كېمەيگەن. تۇراقسىز مەبلەغ ئېغىر دەرىجىدە يېتەرسىز بولغان، قىسقا مۇددەتلىك قەرزنى قايتۇرۇش خەۋپى كۆپەيگەن.

كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ قەرزى كۆپەيگەن، ئۇزۇن مۇددەتكىچە قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارى 2002 - يىلدىكىدىن ئاجىز بولغان. مەلۇماتقا قارىغاندا، 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئومۇمىي قەرزى 74 مىليارد 370 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 18.4% كۆپەيگەن؛ مۈلۈكنىڭ قەرزدارلىق نىسبىتى 67.7% بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 0.7 پىرسەنت پوئېنتى ئۆسكەن، مۈلۈك ھوقۇقى نىسبىتى (قەرز ئومۇمىي ئىگىدارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى) 2.09 بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 0.07 پىرسەنت پوئېنتى ئۆسكەن؛ ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرزنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكتە ئىگىلىگەن نىسبىتى 12% كە يېتىپ، 1.24 پىرسەنت پوئېنتى ئۆسكەن.

خۇاڭ لىڭتى

## نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

شىنجاڭ كارخانا تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ دۆلەت 520 نۇقتىلىق ئالاقە باغلايدىغان كارخانا قاتارىغا كىرگۈزگەن 5 كارخانىنىڭ، دۆلەت نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان 2 كارخانىنىڭ، دۆلەت نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان بىر گۇرۇھ ئانا شىركەتنىڭ، ئاپتونوم رايون نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان 14 كارخانىنىڭ ۋە ئالاقىدار تارماقلار بېكىتكەن 56 كارخانىنىڭ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بەرپا قىلىش ئەھۋالىنى ئۇدا 7 يىل ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 2003 - يىلى نۇقتىلىق كارخانىلار مۈلكىنىڭ كۆلىمى داۋاملىق ئاشقان، تىجارەت كىرىمى ئېشىپ، كۆچىيىشكە يۈزلەنگەن، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى زور ھەجىمدە ئۆسۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى ئاشقان، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش قەدىمى تېزلەشكەن.

56 نۇقتىلىق كارخانا خەلق ئىگىلىكىنىڭ 6 چوڭ كەسىپكە مۇناسىۋەتلىك بولغان. كەسىپ بويىچە ئايرىغاندا، 2-كەسىپكە تارقالغان كارخانا 48 (سانائەت كارخانىسى 45، بىناكارلىق كارخانىسى 3) بولۇپ، 85.7% نى؛ 3 - كەسىپكە تارقالغىنى 7 بولۇپ، 12.5% نى؛ 1 - كەسىپكە تارقالغىنى بىر بولۇپ، 1.8% نى ئىگىلىگەن. نۇقتىلىق كارخانىلار يەنىلا دۆلەت مۇتلەق پاي كونترول كارخانىلىرى ۋە نىسپىي پاي كونترول كارخانىلىرىنى ئاساس قىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت مۇتلەق پاي كونترول كارخانىسى 40 بولۇپ، 71.4% نى؛ دۆلەت نىسپىي پاي كونترول كارخانىسى 3 بولۇپ، 5.4% نى؛ كوللېكتىپ مۇتلەق پاي كونترول كارخانىسى 4 بولۇپ، 7.1% نى؛ باشقا پاي كونترول

كارخانىسى 9 بولۇپ، %16.1 نى ئىگىلىگەن. نۇقتىلىق كارخانىلارغا كەلسەك، بۇنىڭدا ئاساسلىقى چوڭ كارخانىلار ئاساس قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ كارخانا 41 بولۇپ، %73.2 نى؛ ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانا 14 بولۇپ، %25 نى؛ كىچىك كارخانا بىر بولۇپ، %1.8 نى ئىگىلىگەن. نۇقتىلىق كارخانىلاردىن تۈزۈلمە ئۆزگەرتىشنى تاماملىغىنى 49 بولۇپ، تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش دائىرىسى %87.5 بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا 23 بولۇپ، %41.1 نى، دۆلەت ئىلكىدىكى شېرىكسىز شىركەت 15 بولۇپ، %26.8 نى، باشقا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 11 بولۇپ، %19.6 نى، دۆلەت كارخانىسى 7 بولۇپ، %12.5 نى ئىگىلىگەن.

چېن كۈي

## نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى

1. كارخانا مۈلكىنىڭ كۆلىمى كېڭەيدى، ئومۇمىي گەۋدە جەھەتتە قىممەتنى ساقلاپ قېلىش، قىممەتنى ئاشۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى 56 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ ئومۇمىي مۈلكى 190 مىليارد 579 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %1.6 ئاشتى، ھەربىرىنىڭ مۈلكىنىڭ قىممىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3 مىليارد 403 مىليون يۈەن بولۇپ، 170 مىليون يۈەن ئاشتى. مۈلۈك كۆلىمى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 35 كە يەتتى، 4 نېفىت كارخانىسىنىڭ مۈلكىنىڭ قىممىتى 13 مىليارد يۈەندىن ئاشتى. پاي كونترول ئەھۋالىدىن قارىغاندا، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي كونترول كارخانىلىرىنىڭ مۈلكىنىڭ قىممىتى 168 مىليارد 694 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 56 نۇقتىلىق كارخانا مۈلۈك قىممىتىنىڭ %88.5 ىنى ئىگىلىگەن، رويخەتكە ئېلىنغان كارخانا تۈرىدىن قارىغاندا، پاي چەكلىك شىركەتلىرىنىڭ مۈلۈك كۆلىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى خېلى تېز بولۇپ، %5.3 كە يەتكەن.

2003 ـ يىلى 56 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ ئومۇمىي قەرزى 96 مىليارد 718 مىليون يۈەن بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %7.5 ئازايدى؛ مۈلكىنىڭ قەرزدارلىق نىسبىتى %50.8 بولۇپ، 5 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. يىل ئاخىرىدا ئىگىدارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتى 93 مىليارد 861 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14 ئاشتى، كاپىتالنىڭ قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، قىممەت ئاشۇرۇش نىسبىتى %114 كە يەتتى. دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي كونترول كارخانىلىرىنىڭ كاپىتال قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، قىممەت ئاشۇرۇش نىسبىتى %112.4 كە، كوللېكتىپ پاي كونترول كارخانىلىرىنىڭ %102.9 كە، باشقا كارخانىلارنىڭ %127.8 كە يەتتى.

2. كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي پايدىسى تېز ئاشتى، پايدا ئېلىش ئىقتىدارى كۈچەيدى.

1) تىجارەت كىرىمى تېز ئاشتى، ئېكسپورت قىلىپ سېتىش سوممىسى كۆپەيدى. 2003 ـ يىلى 56 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ تىجارەت كىرىمى 108 مىليارد 85 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %27.5؛ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 17 مىليارد 20 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %26.6؛ شىركەت تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ تىجارەت كىرىمى 91 مىليارد 65 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %35 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى شېرىكسىز شىركەتنىڭ تىجارەت كىرىمى %80.6، پاي چەكلىك شىركەتنىڭ %33.6 ئاشتى. 2003 ـ يىلى نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئېكسپورت قىلىپ سېتىش سوممىسى 2 مىليارد 130 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %30.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ياسىمىچىلىقنىڭ ئېكسپورت قىلىپ سېتىش سوممىسىنىڭ ئېشىش ھەجمى %30.5 كە يەتتى.

2) پايدا سوممىسى تېز ئاشتى. 2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى 56 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ پايدىسى 14 مىليارد 98 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %82.7 ئاشتى. 43 كارخانا پايدا ئالدى، 12 كارخانىنىڭ پايدىسى 100 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 كارخانىنىڭ پايدىسى 1 مىليارد يۈەندىن يۇقىرى بولدى. جۇڭگو نېفىت، تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى.

3) كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كۆرسەتكۈچ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆستى. 2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى 56 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكنى ئىشلىتىش نىسبىتى %55.2 كە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 11.5 پىرسەنت پوئىنتى؛ مۈلۈكنىڭ پايدا، باج نىسبىتى %12.5 كە يېتىپ، 4.13 پىرسەنت پوئىنتى؛ سېتىش پايدا نىسبىتى %13.04 كە يېتىپ، 9 پىرسەنت پوئىنتى؛ ساپ مۈلۈكنىڭ دارامەت نىسبىتى %3.45 كە يېتىپ، 5.41 پىرسەنت پوئىنتى؛ ئومۇمىي مۈلۈك ھەق نىسبىتى %8.21 كە يېتىپ، 3.08 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى.

3. تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ئۆستى، تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئاشتى.

2003 ـ يىلى 56 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ 36 سىدە

تېخنىكا مەركىزى قۇرۇلۇپ، 64.3% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك دەپ ئېتىراپ قىلىنغىنى 4، ئۆلكە دەرىجىلىك دەپ ئېتىراپ قىلىنغىنى 24، باشقا دەرىجىلىك دەپ ئېتىراپ قىلىنغىنى 8. تېخنىكا مەركىزىنىڭ مۇئەسسەسىلىرى، خىراجىتى ۋە خادىملىرى ئېھتىياجنى تولۇق ياكى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرالايدىغىنى 53.6% نى ئىگىلىدى. نۇقتىلىق كارخانىلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكى يوللار ئارقىلىق يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تېخنىكىغا ئېرىشتى؛ يېڭى تېخنىكىنى كىرگۈزۈپ ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈپ يېڭىلىق يارىتىشنى بارلىق نۇقتىلىق كارخانىنىڭ 75% ىنى؛ ئۆز ئالدىغا كەشىپ قىلغىنى 71.4% نى؛ ئالىي مەكتەپ، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەشىپ قىلىشنى ئاساس قىلغىنى 53.6% نى؛ تېخنىكا نەتىجىسىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆتكۈنۈپ بەرگىنى 39.3% نى؛ ھاۋالە بويىچە كەشىپ قىلغىنى 35.7% نى ئىگىلىدى.

2003 - يىلى نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ تەتقىقات، كەشىپ قىلىش خىراجىتى 494 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 11.4%، شىركەت تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ تەتقىقات كەشىپ قىلىش خىراجىتى 471 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.5% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پاي چەكلىك شىركەتنىڭ تەتقىقات، كەشىپ قىلىش خىراجىتى 429 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 20.2%؛ باشقا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنىڭ 28 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.9% ئاشتى.

4. ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئۆستى، كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ مەنپەئەتى كاپالەتكە ئىگە بولدى.

2003 - يىلى 56 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 2002 - يىلدىكى ئوتتۇرىچە 280 مىڭ يۈەندىن 376 مىڭ يۈەنگە ئۆسۈپ، 34.3% ئاشتى. تىزىملىنىپ رويخەتكە ئېلىنغان كارخانا تۈرلىرىدىن قارىغاندا، پاي چەكلىك شىركەتلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 814 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 34.1%، دۆلەت ئىلكىدىكى شېرىكسىز شىركەتلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 245 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 76.8%، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 192 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.6%، باشقا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 266 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.6% ئاشتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 56 نۇقتىلىق كارخانىدىكى كەسپكار 287 مىڭ 800 بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 5% ئازايدى؛ كەسپكارلارنىڭ ئىش ھەققى 6 مىليارد 10 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2.2% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەتقىقات كەشىپ قىلىش خادىمى 6178 گە يېتىپ، 1.9% كۆپەيدى؛ ئىش ھەققى 150 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئازراق ئاشتى.

چېن كۈي

## نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتى تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتى

1. شىركەت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش قەدىمى تېزلەتتى، قانۇنىي ئىگىلىك ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

2003 - يىلى 56 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش دائىرىسى 85.7% كە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 1.8 پىرسەنت پونكىتى ئۆستى. 55 كارخانا مەبلەغ چىقارغۇچىنى ئايدىڭلاشتۇردى، مەبلەغ چىقارغۇچىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانى 5 تىن يۇقىرى بولغان كارخانا 12 گە، 2 دىن 5 كىچە بولغان كارخانا 20 گە، بىر بولغىنى 23 كە يەتتى. مۇدىرىيەت قۇرۇلغان كارخانا 44 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 17 كارخانا مۇستەقىل مۇدىرىيەت قۇردى. 50% تىن ئارتۇق كارخانىدا پايچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، تەپتىش ھەيئىتى قۇرۇلغان كارخانا 40 قا يەتتى؛ 90% تىن ئارتۇق كارخانا مۇدىرىيەت، پايچىكلار ئۇيۇشمىسى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ فۇنكسىيىسىنى تولۇق يۈرگۈزەلەيدىغان بولدى. بىر - بىرىنى چەكلەپ تۇرىدىغان قانۇنىي ئىگىلىك ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسى شەكىللەندى.

2. كارخانىنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى يەنىمۇ كېڭەيدى، مەمۇرىي كادىرلار تەدرىجىي ئازايدى.

ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ھۆكۈمەتنىڭ كارخانىلارنى ماكرولۇق تەڭشەپ تىزگىنلىشى كۈچەيتىلدى، كارخانىغا مىكرولۇق ئارىلىشىشى تەدرىجىي ئازايتىلدى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: بىرىنچى، ئاپتونوم رايون بويىچە 40% تىن كۆپرەك كارخانىنىڭ باش دىرېكتورىنى مۇدىرىيەت تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتتى. مەسئۇل تارماق ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلات تارماقلىرى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەنلىرى 2002 - يىلدىكى 41.4% تىن 37.5% كە تۆۋەنلىدى. ئىككىنچى، 91.1% كارخانىنىڭ باش دىرېكتورلىرى كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇشىغا رىياسەتچىلىك قىلالايدىغان بولدى، 94.6% ى مەبلەغ سېلىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش لايىھىسىنى بولغا قويۇشنى ئۇيۇشتۇرالايدىغان ۋە شىركەت باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئاپپارات تەسىس قىلىش لايىھىسىنى بېكىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە قارار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. ئۈچىنچى، 30.4% كارخانا باش دىرېكتورلىرىنىڭ ئوتتۇرا قاتلام باشقۇرۇش خادىملىرىنى تاللاپ ئىشلىتىشى شىركەتنى بىر

تۈركۈم ئەخلاق، قابىلىيەتتە تەلەپ يېتىلگەن تاپانچ كۆچكە ئىگە قىلدى.

3. ئەمگەك، كادىرلار ۋە تەقسىمات تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا يېڭى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى.

2003 ـ يىلى 56 ئۇقتىلىق كارخانىنىڭ 55 ىدە ئەمگەك توختامى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 44 كارخانا ھارلىق خادىملار رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىش تۈزۈمىنى، 45 كارخانا ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش خادىملىرىنى ئاشكارا تەكلىپ قىلىشنى يولغا قويدى. كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشىنى تەقسىم قىلىش جەھەتتە، 50 كارخانا ئىش ئورنى مائاشى ئاساس قىلىنغان مائاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 31 كارخانا ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ يىللىق مائاش تۈزۈمىنى، 31 كارخانا پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ كىرىمىنى تەقسىم قىلىشتا رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى، 20 كارخانا مائاشنى كوللېكتىپ كېڭىشىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 52 كارخانا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا خىراجىتىنى ۋاقتىدا، تولۇق تاپشۇرىدىغان بولدى.

4. كارخانىلارنىڭ سۈپەت باشقۇرۇشى كۈچەيتىلدى، خەلقئارا بازار بىلەن ئۇلىنىش قەدىمى تېزلىتىلدى.

2003 ـ يىلى 56 ئۇقتىلىق كارخانىنىڭ 39 ى ISO9000 سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتتى، 15 كارخانا ISO14000 سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتتى. خەلقئارا بازار بىلەن ئۇلىنىش قەدىمىنى تېزلىتىش بىلەن بىللە، ئەقلىي مۈلۈكنى قوغداشنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. دۆلەت ئىچىدە پاتېنتقا ئىلتىماس قىلىپ ھوقۇق بېرىلگەن تۈر 146 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلگەن تۈر 98. ئامېرىكا پاتېنتىغا ئىلتىماس قىلىپ ھوقۇق بېرىلگەن تۈر 2. 56 ئۇقتىلىق كارخانىنىڭ 19 ىدا سودا تور ـ پونكىتى قۇرۇلدى.

چېن كۆي

## ئۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىدا ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر

1. مەبلەغ قىس، خام ئەشيا باھاسى يۇقىرى بولدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 2003 ـ يىلى 56 ئۇقتىلىق كارخانىنىڭ 33 ىدە ئىشلەپچىقىرىش ـ ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ راۋان بولماسلىقى مەبلەغنىڭ قىس بولغانلىقىدىن بولغان. 25 كارخانا خام ئەشيا باھاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ دەپ قارىغان. بۇنىڭدىن سىرت 24 كارخانا بازار ئېھتىياجى تولۇق ئەمەس دەپ قارىغان؛ 13 كارخانا كارخانىدا ئارتۇق خادىملار كۆپ، تېخنىكا، ئۈسكۈنىلەر كونا دەپ قارىغان.

2. كارخانىدا خەلقئارا سودا ئىشلىرىنى پىششىق بىلىدىغان خادىملارنىڭ نىسبىتى تۆۋەنرەك. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ دىرېكتورلۇق قاتلىمىدا خەلقئارا سودا ئىشلىرىنى پىششىق بىلىدىغان خادىملارنىڭ نىسبىتى تۆۋەنرەك بولۇپ، بازارنىڭ يەر شارىلىشىش، رىقابەتنىڭ خەلقئارالىشىش ۋەزىيىتىگە ماسلىشالمىغان بولغاچقا، شىنجاڭدىكى كارخانىلارنىڭ دۆلەت دەرۋازىسىدىن چىقىپ، دۇنياغا يۈزلىنىشىگە قەدەم تاشلىشىغا تەسىر يەتكەن.

3. مەھسۇلاتنىڭ بازار ئىگىلەش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. 2003 ـ يىلى 56 ئۇقتىلىق كارخانا ئىچىدە ئاساسلىق مەھسۇلاتى (مۇلازىمەت) نىڭ ئىچكى بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى %50 كە يەتكىنى ۋە ئۇنىڭدىن ئاشقىنى ئاران 2 گە، ئىگىلەش نىسبىتى %20 — %50 كىچە بولغان كارخانا 22، ئىگىلەش نىسبىتى %10 — %20 كىچە بولغان كارخانا 17 گە، ئىگىلەش نىسبىتى %10 تىن تۆۋەن بولغىنى 15 كە يەتتى.

4. شىركەت تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. پاي ھوقۇقى قۇرۇلمىسى جەھەتتىن قارىغاندا، 56 ئۇقتىلىق كارخانا ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى مۇتلەق پاي كونترول كارخانىسى 40 قا يېتىپ، يەنىلا يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان، 49 شىركەت تۈزۈمىدىكى كارخانىنىڭ 13 ىدە مۇدىرىيەت قۇرۇلمىغان، مۇدىرىيەت قۇرۇلغان 36 كارخانىنىڭ 9 ىدا باش مۇدىرلىق بىلەن باش دىرېكتورلۇقنى بىرلا ئادەم قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان. «شىركەت قانۇنى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى شېرىكسىز شىركەتلەردە پايچىكلار جەمئىيىتى قۇرۇلمايدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەنە 5 كارخانىدا پايچىكلار جەمئىيىتى قۇرۇلمىغان. شىركەت قانۇنىي ئىگىسىنىڭ ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسى قېلىپلاشمىغاچقا، كارخانىنىڭ تىجارەت ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىدا نازارەت قىلىش، چەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇش تەس بولۇپ، مەلۇم دەرىجىدە ئۇقتىلىق كارخانا ئاساسىي گەۋدىسى رولىنىڭ زورىيىشىغا ۋە ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكەن.

چېن كۆي

# دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

### دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى مالىيە تارماقلىرى

كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتى، تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئاكتىپ قوللىدى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى دۆلەت مۈلكى ھوقۇقىنى تىزىملاپ يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى. تىپكى - تەكتى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلەندى. مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى دۆلەت مۈلكى ئاساسىنى ۋە مۈلۈك ھوقۇقىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارغا مۈلۈك ئايرىپ بېرىش، مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىپ تۇرۇشى ۋە سەرخىل ئورۇنلاشتۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى.

جالڭ شۈيخۇا

## دۆلەت مۈلكىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2002 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئىنچالڭ بويىچە دۆلەت مۈلكىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 74 مىليارد 770 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلاردىكى دۆلەت مۈلكى 25 مىليارد 642 مىليون يۈەن بولۇپ، %29. 34 نى؛ مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى دۆلەت مۈلكى 49 مىليارد 128 مىليون يۈەن بولۇپ، %71. 65 نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت مۈلكى ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك دۆلەت مۈلكى 42 مىليارد 678 مىليون يۈەن بولۇپ، %57 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلارنىڭ 18 مىليارد 244 مىليون يۈەن، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ 24 مىليارد 434 مىليون يۈەن؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى دۆلەت مۈلكى 32 مىليارد 92 مىليون يۈەن بولۇپ، %43 نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلارنىڭ 7 مىليارد 398 مىليون يۈەن، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ 24 مىليارد 694 مىليون يۈەن. 2002 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە مۈلۈك ھوقۇقى تىزىملىنىپ يىللىق تەكشۈرۈش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن 1814 دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا ۋە دۆلەت پاي كونترول، پاي قوشقان كارخانىلارنىڭ مۈلۈك سوممىسى 88 مىليارد 751 مىليون يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت مۈلكىنىڭ سوممىسى 25 مىليارد 642 مىليون يۈەن) گە، قەرز سوممىسى 61 مىليارد 644 مىليون يۈەنگە، ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەت سوممىسى 27 مىليارد 106 مىليون يۈەنگە، مۈلۈكنىڭ قەرزدارلىق نىسبىتى %46. 69 كە يەتتى. كارخانىلارنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە ئايرىغاندا، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانا 438 بولۇپ، مۈلۈك سوممىسى 52 مىليارد 225 مىليون يۈەنگە (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت مۈلكى سوممىسى 18 مىليارد 244 مىليون يۈەن)، قەرز سوممىسى 32 مىليارد 966 مىليون يۈەنگە، ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى 19 مىليارد 259 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى كارخانا 1376 بولۇپ، مۈلۈك سوممىسى 36 مىليارد 526 مىليون يۈەنگە (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت مۈلكى 7 مىليارد 398 مىليون يۈەن)، قەرز سوممىسى 28 مىليارد 678 مىليون يۈەنگە، ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى 7 مىليارد 847 مىليون يۈەنگە يەتتى. كارخانا ئىقتىسادىنىڭ تۈرى بويىچە ئايرىغاندا، دۆلەت ئىلكىدىكى شېرىكسىز كارخانا 1569 بولۇپ، مۈلۈك سوممىسى 54 مىليارد 850 مىليون يۈەنگە (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت مۈلكىنىڭ سوممىسى 14 مىليارد 491 مىليون يۈەن)، قەرز سوممىسى 40 مىليارد 729 مىليون يۈەنگە، ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى 14 مىليارد 121 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ دۆلەت ئىلكىدىكى پاي كونترول كارخانىسى 191 بولۇپ، مۈلۈك سوممىسى 32 مىليارد 863 مىليون يۈەنگە (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت مۈلكىنىڭ سوممىسى 10 مىليارد 812 مىليون يۈەن)، قەرز سوممىسى 20 مىليارد 409 مىليون يۈەنگە، ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى 12 مىليارد 454 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ دۆلەت ئىلكىدىكى پاي قوشقان كارخانا 54 بولۇپ، مۈلۈك سوممىسى 1 مىليارد 38 مىليون يۈەنگە (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت مۈلكىنىڭ سوممىسى 339 مىليون يۈەن)، قەرز سوممىسى 506 مىليون يۈەنگە، ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى 531 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2002 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە مۈلۈك ھوقۇقىنى تىزىملاپ يىللىق تەكشۈرۈش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن 9927 مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇننىڭ ئومۇمىي مۈلۈك ئەھۋالى مۇنداق بولدى: مۈلۈك سوممىسى 63 مىليارد 410 مىليون يۈەن، قەرز سوممىسى 14 مىليارد 282 مىليون يۈەن، دۆلەت مۈلكىنىڭ سوممىسى 49 مىليارد 128 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 1122 بولۇپ، مۈلۈك سوممىسى 31 مىليارد 712 مىليون يۈەن، قەرز سوممىسى 7 مىليارد 278 مىليون يۈەن. دۆلەت مۈلكىنىڭ سوممىسى 24 مىليارد 434 مىليون يۈەن؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكىسى 8805 بولۇپ، مۈلۈك سوممىسى 31 مىليارد 698 مىليون يۈەن، قەرز سوممىسى 7 مىليارد 40 مىليون يۈەن، دۆلەت مۈلكىنىڭ سوممىسى 24 مىليارد 694 مىليون يۈەن.

جالڭ شۈيخۇا

# دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

**«سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش مەزگىلىدىكى دورىلارنى نازارەت قىلىش خىزمىتى**

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك دورا




2003 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىك ئىدارىسى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىدىغان خادىملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق مەيدانىدا دورىغا ئائىت قائىدە ـ نىزاملارنى تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

سۈرەتنى دورا نازارەتچىلىك ئىدارىسى تەمىنلىگەن.

نازارەتچىلىك ئىدارىلىرى دورا باھاسىنى ئۆستۈرۈش، يالغان ئېلان تەشۋىقاتىنى تىزگىنلەش، دورا ۋە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى بازىرىنىڭ تەرتىپىنى قوغداشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، باھا، سودا ـ سانائەت، سەھىيە، ج خ قاتارلىق فۇنكسىيىلىك تارماقلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇپ، قانۇننى بىرلىكتە ئىجرا قىلدى. 4 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە دورا ۋە داۋالاش ئۈسكۈنىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىدىن 36 نى، تىجارەت كارخانىسىدىن 2120 نى، داۋالاش ئاپپاراتىدىن 270 نى، يەككە شىپاخانىدىن 1650 نى تەكشۈردى. قانۇنغا خىلاپ ئېلاندىن 38 نى، يالغان، ناچار دورا دېلوسىدىن 78 نى، يالغان، ناچار داۋالاش ئۈسكۈنىسى دېلوسىدىن 45 نى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى. بۇلارنىڭ قىممىتى 870 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش جەريانىدىكى دورا رېتسېپلىرى تۈرلۈك ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىك ئىدارىسى ۋاقتىدا سەھىيە نازارىتى بىلەن بىللە «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش جەريانىدىكى دورا رېتسېپلىرىنى دەلىللەش يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە جۇغراپىيىسى، كىلىمات ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، جامائەتكە باب كېلىدىغان دورا رېتسېپلىرىنى بېكىتتى ھەمدە شىنجاڭ جۇڭيى دورا زاۋۇتى قاتارلىق دورا ئىشلەپچىقىرىدىغان 10 كارخانىنى ۋە 6 داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ دورا ياساش بۆلۈمىنى «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش جەريانىدىكى دورا ئىشلەپچىقىرىپ تەكشۈرىدىغان ئورۇن قىلىپ بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ش ئۇ ئا ر سۈپەت نازارەتچىلىكى ئىدارىسى بىلەن بىللە «داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان مايسىزلاندۇرۇلغان داكا ماسكا ئۆلچىمى» نى ۋاقتىدا تۈزۈپ چىقتى، «يېشىل يول» ئېچىپ، تېز تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان مايسىزلاندۇرۇلغان داكا ماسكا ئىشلەپچىقىرىدىغان 3 كارخانىنى رويخەتكە ئالدى.

لى ۋېيدۇڭ

## يالغان دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ياساپ سېتىش قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىلدى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك دورا نازارەتچىلىكى ئورگانلىرى دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى بازارلىرى تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش، تۈزەشنىڭ سالمىقىنى داۋاملىق ئاشۇردى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، دۆلەت دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ج خ تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە قانۇننى ئىجرا قىلىشنى كۈچەيتىپ، يالغان، ناچار دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى ياسايدىغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بەردى. 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق يىمەكلىك، دورا خاتىرجەم قورۇلۇشى بويىچە تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى بازىرىنىڭ تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش پائالىيىتىنى پىلانلىق قانات يايدۇردى. مەلۇماتقا قارىغاندا 1 ـ ئايدىن 11ـ ئايغىچە سىستېما بويىچە قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان خادىمدىن 46 مىڭ 755 ئادەم (قېتىم) ئىشقا سېلىنىپ، 4912 دېلو بىرتەرەپ قىلىنغان، قىممىتى 14 مىليون 490 مىڭ يۈەنلىك دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىسى قولغا چۈشۈرۈلگەن، 4 مىليون 600 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلغان؛ ساختا دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىسى ياسايدىغان نۇقتىدىن 123 ى بىتچىت قىلىنغان. 13 دېلو ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلگەن. ساختا، ناچار، ۋاقتى ئۆتۈپ كۈچتىن قالغان دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىسىدىن 9403 ى كۆيدۈرۈلگەن، بۇنىڭ قىممىتى 28 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. كىنىشكىسىز تىجارەت قىلغان 490 تىجارەتچىنىڭ تىجارەت قىلىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. يىمەكلىك، دورا خاتىرجەم قورۇلۇشى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، قانۇن ئىجرا قىلىدىغان خادىمدىن 13 مىڭ

287 ئادەم (قېتىم) ئىشقا سېلىنىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 961 ى بىرتەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ سوممىسى 1 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ، 850 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى، يالغان دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىسى ياسايدىغان نۇقتىدىن 10 ى بىتچىت قىلىندى. 3 دېلو ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلدى، يالغان، ناچار، ۋاقتى ئۆتۈپ كۆچتىن قالغان دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىسىدىن 1240 ى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. بۇلارنىڭ قىممىتى 6 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ؛ كىنىشكىسىز تىجارەت قىلغان 107 تىجارەتچىنىڭ تىجارەت قىلىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇنىڭدىن سىرت، ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى قېرىنداش ئۆلكىلەردىكى دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى ۋە ھەمكارلىشىپ دېلو بېجىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن يالغان، ساختا دورىلارنى، شىنجاڭنىڭ ماركىسىنى سۈيىستېمال قىلىپ ئىشلەپچىقىرىلغان 14 خىل دورىنى دۆلەت دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلدى ھەمدە ئالاقىدار ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىلىرى بىلەن بىرلىكتە، ئىچكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىن شىنجاڭغا ئېقىپ كەلگەن 103 خىل يالغان، ناچار دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىسىنى ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ دورا نازارەتچىلىكى سىستېمىسى «دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى بازىرى تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش، بىخەتەر، ساغلام ئىستېمال مۇھىتى يارىتىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان تەشۋىقات، مەسلىھەت بېرىش، مۇلازىمەت قىلىش پائالىيىتىنى تەڭلا قانات يايدۇرۇپ، مەسلىھەت سوراپ كەلگەن ئاممىدىن 800 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى؛ 100 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقاتتى.

لى ۋېيدۇڭ

## يېزىلارنى دورا بىلەن تەمىنلەش، تور قۇرۇلۇشىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك دورا نازارەتچىلىكى ئورگانلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى دورا بىلەن تەمىنلەش تورى، تور قۇرۇلۇشىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يوللىرى ۋە ئۇسۇللىرى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بىرىنچى، دورا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن، قائىدە - نىزام ساۋاتلىرى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلدى، دېھقان، چارۋىچىلارغا دورا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن، قائىدە - نىزام ساۋاتلىرى تەشۋىق قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن بىۋاستە ئەپ ئالغان ئامما 400 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەككە يەتتى. ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە قوغداش ئېڭى كۈچەيتىلدى. ئىككىنچى، دورا سېتىۋېلىش يوللىرى قېلىپلاشتۇرۇلدى. مەركەزلەشتۈرۈپ يەتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق دورا سېتىۋېلىش ھېساب دەپتىرى تۇرغۇزۇلدى ۋە تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاپ تىزىملاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى دورا سېتىۋېلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە خادىملارنىڭ دورا سېتىۋېلىش ھەرىكىتى تەدرىجىي قېلىپلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن دورا سۈپىتىگە ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىندى. ئۈچىنچى، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سالمىقى داۋاملىق ئاشۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پارچە ساتىدىغان دورا دۇكانلىرىنى، يېزا (بازار) لىق شىپاخانىلارنى، كەنت سەھىيە ئۆيلىرىنى ۋە يەككە شىپاخانىلارنى سەييارە تەكشۈردى، بايقالغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بىرتەرەپ قىلدى. يالغان، ناچار دورا سېتىپ ئاممىغا زىيان يەتكۈزگەن سەييارە دوختۇر، دورا ئەتكەسچىلىرىگە زەربە بەردى. بىر يىلدا تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىنغان دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىگە ئائىت دېلونىڭ 33% ى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا مۇناسىۋەتلىك دورا دېلوسىدۇر. نۇرغۇن ناھىيە دەرىجىلىك دورا نازارەتچىلىكى شۆبە ئىدارىلىرى يېزا (بازار) ، كەنت، تۈەن - مەيدانلاردىن دورىلارغا خالىس نازارەت قىلىدىغان بىر تۈركۈم نازارەتچىلەرنى، ھەمكارلىشىپ باشقۇرغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، يالغان، ساختا، ناچار دورىلارغا زەربە بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ياردەملەشتۈردى، 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدا مارالبېشى، پەيزاۋاتتا قاتتىق يەر تەۋرىگەندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنى ئاپەت يۈز بەرگەن رايوندا ئىشلىتىدىغان دورا - داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە تەشكىللىدى. بىر تۈركۈم ۋاقتى ئۆتۈپ كۆچتىن قالغان دورىلارنىڭ ئاپەت يۈز بەرگەن رايونغا ئېقىپ كىرگەنلىكىنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چەكلىدى.

لى ۋېيدۇڭ

## دورا سۈپىتىنى تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش كۈچەيتىلدى

2003 - يىل 1 - ئايدىن 11 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 4914 تۈركۈم (قېتىم) دورىنى ئارىلاپ تەكشۈردى، لاياقەتسىز چىقىش نىسبىتى 15% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت پىلانى بويىچە ئارىلاپ تەكشۈرۈلگىنى

782 تۇركۇم، لاياقەتسىز چىقىش نىسبىتى %10.13، (دۆلەت پىلانىدىكى تۈرى 292 تۈركۈم، لاياقەتسىز چىقىش نىسبىتى %3.08؛ دۆلەت پىلانى بويىچە تەكشۈرگەن دورا تۈرى 197 تۈركۈم، لاياقەتسىز چىقىش نىسبىتى %4.06؛ مەملىكەت بويىچە جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرى كەسپىي بازارلىرى 249 تۈركۈم ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتسىز چىقىش نىسبىتى %24.9؛ دۆلەتنىڭ «سارس» قا تاقابىل تۇرۇش مەخسۇس تۈرى بويىچە ئارىلاپ تەكشۈرۈلگىنى 44 تۈركۈم ھەممىسى لاياقەتلىك بولدى)؛ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پىلان بويىچە ئارىلاپ تەكشۈرۈلگىنى 233، لاياقەتسىز چىقىش نىسبىتى %8.58؛ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نازارەت قىلىنىپ ئارىلاپ تەكشۈرۈلگىنى 375 تۈركۈم، لاياقەتسىز چىقىش نىسبىتى %20؛ ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارىلاپ تەكشۈرگىنى 3524 تۈركۈم، لاياقەتسىز چىقىش نىسبىتى %16.43 بولدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە دورا سۈپىتى توغرىسىدا بىر قېتىم ئېلان چىقىرىلدى، قانۇنغا خىلاپ دېلولار توغرىسىدا 4 قېتىم ئېلان چىقىرىلدى. 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى بويىچە ناچار ھادىسىلەرنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش مەركىزى قۇرۇلدى، «ئاپتونوم رايون بويىچە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى باھالاپ تەكشۈرىدىغان مۇتەخەسسىلەرنى باشقۇرۇش توغرىسىدا بەلگىلىمە» چىقىرىلدى. 46 مۇتەخەسسىس مۇتەخەسسىلەر ئامبىرىنىڭ ئەزالىقىغا تاللاندى. «ئۈچ ئا» دەرىجىلىك 2 دوختۇرخانىنى كىلىنىكىدا تەجرىبە قىلىش بازىسى قىلىش بېكىتىلدى، ناچار ھادىسىلەرنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، دورىلارنىڭ ناچار رېئاكسىيىسىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش مەركىزى دۆلەت دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىغا ناچار رېئاكسىيە توغرىسىدا 27 پارچە دوكلاتنى مەلۇم قىلدى.

لى ۋېيدۇڭ

## ئالاھىدە دورىلارنى ۋە دورىلارنى، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئېلانلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى دورىلارنى توپ سېتىش كارخانىسىدىن 60 نى، دورىلارنى پارچە ساتىدىغان كارخانىلاردىكى 2 - تۈردىكى روھىي دورا تىجارىتى قىلىدىغان ئورۇندىن 154 نى بېكىتتى، ئالاھىدە دورىلارنى سېتىۋېلىش گۇۋاھنامىسىدىن 59 نى تەكشۈرۈپ بېجىردى. قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئېغىدىرىن سېتىش دېلوسىدىن بىرنى تۈرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى؛ دورا ئېلانىدىن 445 نى قوبۇل قىلىپ، 32 ئورۇننى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، 316 ئېلاننى ئەنگە ئالدى، 97 نى قايتۇرۇۋەتتى؛ داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئېلانىدىن 95 نى قوبۇل قىلىپ، 92 نى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، 3 نى قايتۇرۇۋەتتى؛ قانۇنغا خىلاپ دورا ئېلانىدىن 97 نى سودا - سانائەت تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بەردى.

لى ۋېيدۇڭ

## ئىجازەتنامىنى يىللىق تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2003 - يىلنىڭ باشلىرىدا ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان، تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلارنى ۋە داۋالاش ئاپپاراتلىرىدىكى دورا ياسايدىغان ئىشخانىلارنىڭ «ئىجازەتنامىسى» نى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىكى 5 تۈرلۈك خىزمەت تەرتىپىنى ۋە مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مۇلازىمىتى قېلىنامىسىنى تۈزۈپ چىقتى. يىللىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق لاياقەتلىك بولغان دورا ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا 58 گە، داۋالاش ئاپپاراتى 100 گە، دورىلارنى توپ ساتىدىغان كارخانا 97 گە، پارچە ساتىدىغان زەنجىرسىمان كارخانا 27 گە، پارچە ساتىدىغان كارخانا 2033 كە يېتىپ، يىللىق تەكشۈرۈشكە قاتنىشقا تېگىشلىك بولغان كارخانىلارنىڭ %99 نى ئىگىلىدى. 2002 - يىلى داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان 1552 كارخانىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى.

لى ۋېيدۇڭ

## يېڭىدىن قۇرۇلغان كارخانىلارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش يولغا قويۇلدى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى يېڭىدىن قۇرۇلغان دورىلارنى پارچە ساتىدىغان زەنجىرسىمان باش تىجارەت ئورنىدىن 6 نى، پارچە سېتىش دۇكىنىدىن 1250 نى، داۋالاش ئۈسكۈنىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىدىن 9 نى، توپ سېتىش كارخانىسىدىن 97 نى، زەنجىرسىمان ساتىدىغان باش تىجارەت ئورنىدىن 3 نى، پارچە سېتىش كارخانىسىدىن 1062 نى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى.

لى ۋېيدۇڭ

## دورىلارنى رويخەتكە ئالدۇرۇشنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 9 تۈرلۈك يېڭى دورىنى رويخەتكە ئېلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، دۆلەت دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىغا 9 تۈرلۈك يېڭى دورىنى مەلۇم قىلدى؛ ئۆلچىمى

بار دورا توغرىسىدىكى 4 ئىلتىماسنى قوبۇل قىلدى، يۇقىرىغا 3 نى مەلۇم قىلدى، 21 تۈرلۈك تولۇقلىما ئىلتىماسنى قوبۇل قىلدى. دۆلەت 4 تۈرلۈك دورىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 12 تۈرلۈك دورىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى؛ دورا ئوراش ماتېرىيالىدىن 4 ى قوبۇل قىلىندى. ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 3 نى تەستىقلىدى، بىرى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا مەلۇم قىلىندى. دۆلەت دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى يېڭى دورىدىن 4 تۈركۈمنى، كلىنىكىدا تەتقىق قىلىنىدىغان يېڭى دورىدىن 9 تۈركۈمنى تارقاتتى، دۆلەت جۇڭيى دورا تۈرلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش كومىتېتى ئۇيغۇر تىبابىتى دورىلىرىدىكى جۇڭيى دورىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش تۈرىدىن 2 نى تەستىقلىدى.

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ 49 تۈرلۈك دورا ياساشنى رويخەتكە ئېلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ، 27 تۈرلۈكنى تەستىقلىدى. 291 تۈرلۈك دورىنى ئوراش، قاچىلاش، بەلگىسى ۋە چۈشەندۈرۈشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ ئەنگە ئالدى، داۋالاش ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىنى رويخەتكە ئېلىش ماتېرىيالىدىن 18 نى قوبۇل قىلدى، داۋالاش ماشىنا-ئۈسكۈنىلىرىنى رويخەتكە ئېلىش گۇۋاھنامىسىدىن 18 نى تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ تارقاتتى.

لى ۋېيدۇڭ

# ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى

## توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىش ۋە ئىقتىساد-تېخنىكا ھەمكارلىقى

2003 - يىلى شىنجاڭ سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىشتا دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 2221 نى ئىجرا قىلدى. ئىجرا قىلىنغان تۈر سوممىسى 51 مىليارد 887 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە باشقا ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن مەبلەغ 26 مىليارد 539 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئورۇنلار باشقا ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈپ ئەمەلىيلەشتۈرگەن مەبلەغ 19 مىليارد 579 مىليون يۈەن، بىڭتۇەن باشقا ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈپ ئەمەلىيلەشتۈرگەن مەبلەغ 2 مىليارد 620 مىليون يۈەن، باشقا نېفىت، نېفىت خىمىيە كارخانىلىرى باشقا ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈپ ئەمەلىيلەشتۈرگەن مەبلەغ 4 مىليارد 340 مىليون يۈەن.

1. سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىشتىكى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقىدا مۇھىم نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. بىرىنچى، مەبلەغ كىرگۈزۈلۈپ، مەبلەغ سېلىش كېڭەيتىلدى، تۈرلەر يېڭىدىن يولغا قويۇلدى، شىخەنزە شەھىرى كىرگۈزگەن «كالڭ ئۈستام»، «ۋاخاخا»، ئىلى كىرگۈزگەن 88 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان جېجياڭ كاسىن خرومى، تيەنجىندىن كىرگۈزۈلگەن، گۇاڭمىڭ گۇرۇھى 45 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان قولايلىق يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش، بايىنغولىن، سانجى كىرگۈزگەن جياڭسۇنىڭ «ۋېيۇبي»، ئالتاي كىرگۈزگەن فۇجيەننىڭ «زىجىن»، لياۋنىڭ خۇاميەن گۇرۇھى ئاقسۇدا 1 مىليارد يۈەن مەبلەغ سالغان كۆچا يىرىك خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى قاتارلىق بىر تۈركۈم تۈرلەر داۋاملىق قۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە باشقا ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈلۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن مەبلەغ تۇنجى قېتىم 20 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. ئىككىنچى، ئىلغار تېخنىكا كىرگۈزۈلۈپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش تېزلىتىلدى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى، سانائەتلەشتۈرۈش سۈرئىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش ئارقىلىق، كۈيتۇڭ «يۈنسېن» توقۇمىچىلىقى، «دېخۇي» ئۆي سېتىۋېلىش كەسپى، ئىلى «ئالتۇن بۈركۈت» كەندىر توقۇمىچىلىقى قاتارلىق كارخانىلار دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىغا قاتناشتى ھەمدە نەتىجە ھاسىل قىلىندى، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش، مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش، مەھسۇلات دەرىجىسى، سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلدى؛ ئىلى ئوبلاستى قاتارلىق جايلار تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە مەبلەغ سېلىش جەريانىدا، سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىشتا سېلىنغان مەبلەغ %70 تىن ئاشتى، جايلار %70 تىن يۇقىرى يېڭىدىن قۇرۇلغان سانائەت تۈرلىرىنى سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش ئارقىلىق تاماملىدى. سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرى يەرلىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى يېڭى ئۆسۈش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. ئۈچىنچى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر تۈركۈم داڭلىق كارخانىلار شىنجاڭدا ماكانلىشىشقا جەلپ قىلىندى. ئەۋزەل بايلىقنى ئېچىش تېزلىتىلدى، ئۆزگىچە كەسىپنىڭ گۈللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىنى تېزلىتىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى. 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە شىخەنزە 71 تۈرنى كىرگۈزدى، ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 1 مىليارد 925 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىن كىرگۈزۈلۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن مەبلەغ 1 مىليارد 563 مىليون يۈەن بولۇپ، يېشىل

يېمەكلىك، توقۇمىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، نەتىجىدە شىنجاڭ بويىچە باشقا جايلاردىن مەبلەغ كىرگۈزۈشتىكى تېپىك رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. جېجياڭدىكى «ئالتۇن بۇركۇت»، سەندۇڭدىكى «لۇنساڭ»، گۈزەل قەغەزچىلىك، «باپلاقنى گۈللەندۈرۈش» قاتارلىق بىر تۈركۈم كۈچلۈك كارخانىلار شىنجاڭدا ماكانلاشتى. بورتالا، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، سانجى، ئىلى، تۇرپان، تارباغاتاي، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىشىدا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى قىسىمدا بىرلىشىش، سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى ياخشى بولدى.

2. مەبلەغ سېلىش مۇھىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى، سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمەت تەدبىرى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى. جايلار فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىشى، مۇلازىمەتنى كۈچەيتىشى، مەبلەغ سېلىشتىكى يۇمشاق مۇھىتنى ياخشىلىدى، مەبلەغ سالغۇچىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان تەشكىلىي باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلدى، سودىگەرلەرگە يېقىنچىلىق قىلىش، ئېتىبار بېرىش، سودىگەرلەرنى بېيىتىشتەك ياخشى مۇھىت ياراتتى. سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىشنى تەكشۈرۈپ مۇكاپاتلاش تۈزۈمى، چوڭ-چوڭ تۈرلەرگە رەھبەرلىك مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىلىپ، «بىر پونكىت شەكىلدىكى» مۇلازىمەت ۋە «بىر زال شەكىلدىكى» خىزمەت قىلىش يولغا قويۇلدى، ھەق ئېلىنمايدىغان سانائەت باغچە رايونى قۇرۇلدى، مەبلەغ سېلىش مۇھىتى توغرىسىدا ئەرز قىلىدىغان تېلېفون ئورنىتىلدى. سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىشقا ئائىت ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ياخشى مەبلەغ سېلىش مۇھىتى ۋە ئۈنۈملۈك خىزمەت تەدبىرى سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىشتا ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلدى.

3. كارخانىلارنى ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى كۆرگەزمىگە قاتنىشىشقا نۇقتىلىق ئۇيۇشتۇرۇشتا ئىجابىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئۆمەك تەشكىللەپ شىشەن 7 - نۆۋەتلىك جۇڭگونىڭ شەرق، غەرب ھەمكارلىقى ۋە مەبلەغ سېلىش سودا يەرمەنكىسىگە، شيامېن 7 - نۆۋەتلىك جۇڭگو مەبلەغ سېلىش سودا يەرمەنكىسىگە، 10 - نۆۋەتلىك تيەنجىن مەملىكەتلىك ئەتىياز پەسىللىك تاۋار سودا يەرمەنكىسىگە، 2003 - يىللىق گۇاڭجۇ يەرمەنكىسىگە، 2003 - يىللىق (چىڭخەي) جۇڭگونىڭ شەرقىي قىسمىدىكى كارخانىلار قاتناشقان غەربىي قىسىم قۇرۇلما تەڭشەش، مەبلەغ سېلىش سودا يەرمەنكىسىگە، شائخەي خەلقئارا سانائەت كۆرگەزمىسى قاتارلىق دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ - چوڭ ئىقتىساد - سودا يەرمەنكە پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. 7 - نۆۋەتلىك جۇڭگونىڭ شەرق، غەرب قىسىم ھەمكارلىقى ۋە مەبلەغ سېلىش سودا يەرمەنكىسىگە شىنجاڭ داڭلىق، ئالاھىدە يېڭى تاۋاردىن 100 نەچچە خىلنى قاتناشتۇردى، ئۇنىۋېرسال كۆرگەزمە ئورنىدىن 26 نى ئۇيۇشتۇردى. «لىنىيىدىكى غەربىي قىسىم يەرمەنكىسى» تور - پونكىتى ئارقىلىق سودىگەر چاقىرىش مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرىدىن 218 نى ئېلان قىلدى. بۇ تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 38 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇ تۈرلەر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، يېنىك سانائەت، يېمەكلىك، تېببىي دورا، خىمىيە سانائىتى ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، توقۇمىچىلىق، ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون، ساياھەتچىلىك، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى قاتارلىق ساھەلەرگە تارقالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك ھەمكارلىق تۈرىدىن 168 ى ئىمزالاندى، تۈر سوممىسى تەخمىنەن 5 مىليارد 842 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى قىسىمدا بىرلىشىپ ھەمكارلىشىش تۈر توختامى 54، سوممىسى 1 مىليارد 823 مىليون يۈەن، كېلىشىم 81، سوممىسى 2 مىليارد 875 مىليون يۈەن؛ چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش تۈر توختامى كېلىشىمىدىن 6 سى ئىمزالاندى، سوممىسى 50 مىليون 880 مىڭ دوللار. ئۇنىڭدىن يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا نەتىجىسى سودا تۈرى توختامى، كېلىشىمىدىن 3 ى ئىمزالاندى، سوممىسى 38 مىليون يۈەن؛ ئىچكى سودا توختامىدىن 24 ى ئىمزالاندى، پۈتۈشۈلگەن سومما 683 مىليون يۈەن.

ۋۇ ماۋشيۇڭ

## تاشقى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق

قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئېلىش ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى ھەمكارلىقى    2003 - يىلى شىنجاڭ ئىمزالىغان چەت ئەل قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئېلىش ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى ھەمكارلىق توختامىدىكى سومما 153 مىليون 760 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 732.49%؛ ئورۇندالغان تىجارەت سوممىسى 61 مىليون 400 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 55.05% ئاشتى.

چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىش    2003 - يىلى شىنجاڭ قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، روسىيە فېدېراتسىيىسى، قىرغىزىستان، ئافغانىستاندا 11 تۈرنى يولغا قويۇشنى تەستىقلىدى، بۇ تۈرلەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ 15 مىليون 818 مىڭ دوللار، بۇنىڭ ئىچىدە، جۇڭگو تەرەپ سالىدىغان مەبلەغ 14 مىليون 610 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 464.09% ئاشتى.

ۋاڭ يۈەنشۈن

## چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامى بويىچە 59 تۈرنى تەستىقلىدى، سوممىسى 145 مىليون 760 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شېرىك مەبلەغ سالغان كارخانا 28 تۈر، سوممىسى 64 مىليون 760 مىڭ دوللار؛ ھەمكارلاشقان كارخانا 9 تۈر، سوممىسى 50 مىليون 250 مىڭ دوللار؛ چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانا 22 تۈر، سوممىسى 29 مىليون 910 مىڭ دوللار؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان پاي تۈزۈمىدىكى سوممىسى 840 مىڭ دوللار. ئەمەلىيەتتە پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 23 مىليون 260 مىڭ دوللارغا يەتتى.

چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاستە مەبلەغ سالغان 59 تۈر ئىچىدە، ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىكى تۈر 30، ئىشلەپچىقىرىش تىپىدە بولمىغان تۈر 29. كەسپلەر بويىچە ئايرىغاندا، ياسىمىچىلىقنىڭ 30 تۈر، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كەسپىنىڭ 10 تۈر، يېزا ئىگىلىكىنىڭ 9 تۈر، قازمىچىلىقنىڭ 3 تۈر، بىناكارلىق كەسپىنىڭ 2 تۈر، باشقا كەسپىنىڭ 5 تۈر.

چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاستە سالغان مەبلەغ 16 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن. ئاساسلىقى، جۇڭگو شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ 27 تۈر، سوممىسى 73 مىليون 240 مىڭ دوللار؛ ئەنگلىيىگە قاراشلىق ۋىرگىن تاقىم ئارىلىنىڭ 6 تۈر، سوممىسى 36 مىليون 120 مىڭ دوللار؛ كايمان تاقىم ئارىلىنىڭ بىر تۈر، سوممىسى 7 مىليون 400 مىڭ دوللار؛ قازاقىستاننىڭ بىر تۈر، سوممىسى 4 مىليون 600 مىڭ دوللار؛ جۇڭگو تەيۋەن ئۆلكىسىنىڭ بىر تۈر، سوممىسى 3 مىليون 950 مىڭ دوللار؛ سىنگاپورنىڭ بىر تۈر، سوممىسى 3 مىليون 190 مىڭ دوللار؛ جۇڭگو ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ بىر تۈر، سوممىسى 3 مىليون دوللار، گېرمانىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ بىر تۈر، سوممىسى 2 مىليون 760 مىڭ دوللار؛ مالايسىيانىڭ 2 تۈر، سوممىسى 2 مىليون 540 مىڭ دوللار؛ ئەنگلىيىنىڭ بىر تۈر، سوممىسى 2 مىليون 420 مىڭ دوللار؛ ئاۋستىرالىيىنىڭ 2 تۈر، سوممىسى 1 مىليون 600 مىڭ دوللار؛ گوللاندىيىنىڭ بىر تۈر، سوممىسى 1 مىليون 590 مىڭ دوللار؛ ئامېرىكىنىڭ 6 تۈر، سوممىسى 1 مىليون 420 مىڭ دوللار؛ كورېيىنىڭ 2 تۈر، سوممىسى 1 مىليون 20 مىڭ دوللار؛ كانادانىڭ 2 تۈر، سوممىسى 650 مىڭ دوللار؛ تۈركىيىنىڭ 2 تۈر، سوممىسى 170 مىڭ دوللار؛ قىرغىزىستاننىڭ 2 تۈر، سوممىسى 70 مىڭ دوللار؛ ھىندونېزىيىنىڭ كۆپەيتكەن مەبلىغى 20 مىڭ دوللار.

ۋاڭ يۈەنشۈن

## تېخنىكا ئىمپورت - ئېكسپورت ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ ئىمزالىغان تېخنىكا كىرگۈزۈش ۋە ئۈسكۈنە ئىمپورت قىلىش توختام تۈرى 14 كە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 4 تۈر كۆپەيدى، توختامدىكى سوممىسى 7 مىليون 50 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 21.55% ئاشتى. كىرگۈزۈلگەن تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنە ئىسرائىلىيە، ئەرمېنىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ئىتالىيە، ئۇكرائىنا، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىن كەلدى. بۇ تېخنىكىلار چېتىلىدىغان تۈرلەر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئېچىش كەسپى، يېمەكلىك پىششىقلاش سانائىتى، مېتال ياساملىرى كەسپى، ئېلېكتر ئۈسكۈنە - ماشىنىلىرى ۋە ياسىمىچىلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ۋاڭ يۈەنشۈن

# ستاتىستىكا

## ستاتىستىكىلىق ئانالىز خىزمىتى ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ ستاتىستىكا سىستېمىسىدا ستاتىستىكىلىق ئانالىز قىلىش، تەتقىق قىلىش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. «يېتىشىۋېلىش تىپىدىكى ئىستراتېگىيىنى يولغا قويۇپ، ئېشىپ كېتىش شەكلىدىكى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرايلى» دېگەن ماقالە 2003 - يىللىق مەملىكەت بويىچە ستاتىستىكىلىق ئانالىز دوكلاتىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ ماقالىدە يەر شارىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە شىنجاڭنىڭ مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا تۇتقان ئورنى چىقىش قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ساقلانغان ئاجىز ھالقىلىرى ئانالىز قىلىنىپ، ناھايىتى چۈشىنىشلىك ئىستراتېگىيىلىك تەرەققىيات تەسەۋۋۇرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ھۆكۈمەت ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش ۋە ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش ئۈچۈن پايدىلىنىش ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتىلگەن. «ئۆي - زېمىن كەسپىنىڭ تۆۋەنلەش ھادىسىسىگە ئىلمىي مۇئامىلە قىلىپ، ئۆي - زېمىن بازىرىنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتىنى يەكۈنلەش ئۈستىدە ئىزدىنىش» دېگەن ماقالە شىنجاڭنىڭ ئۆي - زېمىن بازىرىغا ئوبيېكتىپ باھا بېرىشتە مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. «چوڭ كەسىپ، چوڭ تۈرلەرنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ يېڭى شەكىلدىكى سانائەتلىشىشنى ئىلگىرى سۈرەيلى» دېگەن ماقالىدە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتى ئاساس قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى يېڭى تىپتىكى سانائەتلىشىش تەرەققىياتىنىڭ

تەجرىبىلىرى قوبۇل قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ سانائەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ پىكىر يولى، سىياسىتى، قەدەم - باسقۇچلىرى ۋە تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇ ماقالە مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەنىڭ شىنجاڭنىڭ ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش مۇساپىسى ۋە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش دەرىجىسىنىڭ ئېھتىياجىنى چۈشىنىشىنى قانائەتلەندۈرۈش، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئومۇمىي پىلانىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈشى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ستاتىستىكىلىق كۆزىتىش كۆرسەتكۈچى سىستېمىسى ۋە ئۇنى ھېسابلاش ئۇسۇلىنى تۈزۈپ چىقىشنى پايدىلىنىش ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، 16 ئاساسىي كۆزىتىش كۆرسەتكۈچى ۋە ھاللىق جەمئىيەتنىڭ كىرىتىك قىممىتى بويىچە، ئۇنىۋېرسال باھالاپ نومۇر قويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، شۇ رايون، شۇ سىستېمىنىڭ 16 خىل كۆرسەتكۈچى ئۈستىدە ھېسابلاش ئېلىپ بېرىلدى.

فېي يۈ

## ستاتىستىكا تۈزۈمى ۋە ئۇسۇلىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى

2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك ستاتىستىكىسىنى ئايرىلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، بۇ، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، ستاتىستىكا ئىدارىسى بىرلىكتە قانات يايدۇرغان بىر تۈرلۈك يەرلىك ستاتىستىكا تەكشۈرۈش خىزمىتى. 2003 - يىلى چېگرا سىرتىدىن جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىغا خىزمەتكە كەلگەن مۇتەخەسسىسلەرنى ستاتىستىكىلىق تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە مۇنتىزىم ستاتىستىكىلىق تەكشۈرۈش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، چېگرا سىرتىدىن جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىغا خىزمەتكە كەلگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەھۋالى قەرەللىك ستاتىستىكىلاندى؛ يېڭى سانائەت تەرەققىياتى سۈرئىتىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى يولغا قويۇلۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى؛ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات سۈرئىتىنى سىناق تەرىقىسىدە ھېسابلاش خىزمىتى ئىشلەندى؛ «جۇڭگو خەلق ئىگىلىكى ھېسابات سىستېمىسى (2002)» 2003 - يىلدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە پەيدىنپەي يولغا قويۇلدى.

فېي يۈ

## ستاتىستىكا ئۇچۇرلىرىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ستاتىستىكا ئۇچۇر تورى تۇتاشتۇرۇلدى ھەمدە ئىچكى تور، OPEN－MALL، تۇتاشتۇرۇلدى؛ شىنجاڭنىڭ ئاھالە، جۇغراپىيە ئۇچۇر سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى قوللىنىش خىزمىتى تاماملاندى؛ «ستاتىستىكا گۇۋاھنامىسىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى» ئىشقا سېلىندى، شىنجاڭدىكى ستاتىستىكا خادىملىرىنىڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلدى.

فېي يۈ

## ستاتىستىكا جەھەتتە قانۇندا ئىجرا قىلىش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ ستاتىستىكا سىستېمىسىدا ستاتىستىكا قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىدىن 750 ى تەكشۈرۈپ تېپىلدى، 311 دېلو تۇرغۇزۇلدى، 271 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى.

فېي يۈ

# ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

## ئىقتىسادىي تەپتىشلىك خىزمىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى 2003 - يىلى 13 مىڭ 90 ئورۇن ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىۋېلىنغان 6 مىليارد 106 مىليون يۈەن پۇلنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنىپ بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، 100 مىليون يۈەن مالىيىگە تاپشۇرۇلدى، 86 مىليون 640 مىڭ يۈەن ئەسلىدىكى مەبلەغ يولىغا قايتۇرۇلدى. يۇقىرىغا مۇھىم ئىقتىسادىي تەپتىشلىك دوكلاتى، ئۇچۇرىدىن 624 ى تاپشۇرۇلدى، بۇنىڭ 392 سى ئىشلىتىلدى. 52 دېلو ئەدلىيە، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ۋە مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىغا يوللاپ بېرىلدى، بۇنىڭدىن 27 سىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسى چىقتى.

لۇ يازۇ، شاڭ يادۇڭ

## مالىيە ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى مالىيە، باج، دۆلەت خەزىنىسى ۋە خام چوت ئىجرا قىلىش قاتارلىق 818 ئورۇن ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئېلىپ بېرىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىلگەن 1 مىليارد 788 مىليون يۈەننى ئېنىقلاپ چىقتى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنىپ بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، 53 مىليون 770 مىڭ يۈەن مالىيىگە تاپشۇرۇلدى، 20 مىليون 350 مىڭ يۈەن ئەسلىدىكى مەبلەغ يولىغا قايتۇرۇلدى. خام

چوت ئىجراسىنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشتا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى يەنە تۆۋەن دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مالىيە نەق چوتى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىكنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، خام چوت كىرىمىنى قالدۇرۇپ قېلىش، يوشۇرۇش، چىقىمنى يالغان يېزىش، مالىيە قىزىل رەقىمىنى يالغان مەلۇم قىلىش، مەخسۇس مەبلەغنى قىسىپ قېلىپ يۆتكەپ ئىشلىتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ چىقتى ۋە تۈزەتتى، مالىيە باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىكنى كۈچەيتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

لۇ يازۇ، شاڭ يادۇڭ

## كارخانىلار ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى 159 دۆلەت كارخانىسى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىپ، قانۇن - بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىلگەن 347 مىليون يۈەننى، زىيانغا ئۇچرىتىلغان، ئىسراپ قىلىنغان 13 مىليون 470 مىڭ يۈەننى ئېنىقلاپ چىقتى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتىنىڭ مۈلۈكنىڭ قەرزدارلىقى بويىچە پايدا-زىيان ئەھۋالى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئېلىپ بېرىپ، ئېنېرگىيە كارخانىلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى مۇھىم تەدبىر ئاساسى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى كارخانىلار ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىكنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە ئۇسۇلىنى پائال ياخشىلاپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىدىغان كارخانىلارنىڭ مال - مۈلۈك كۆلىمى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك يۈزىسىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى مالىيىگە ئالاقىدار ئىشلار ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش جەھەتتىن ئىسپات تەكشۈرۈشى ئېلىپ باردى. دۆلەت مۈلكىنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىدە ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇردى.

لۇ يازۇ، شاڭ يادۇڭ

## مەخسۇس مەبلەغ ۋە ساھەلەر ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئەھۋالى

2003 - يىلى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى بىر قىسىم ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى تەشكىللەپ، يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش مەبلىغى، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش مەبلىغى، «سارس» مەخسۇس مەبلىغى، ئىجتىمائىي كاپالەت مەبلىغى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئېلىپ باردى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنغان مەخسۇس مەبلەغ 6 مىليارد 900 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق تارماقلار، ئورۇنلارنىڭ مەخسۇس مەبلەغنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىنىپ، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى تەقسىم قىلىش، باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش ئەھۋالى ئۈستىدە نۇقتىلىق ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئېلىپ بېرىلىپ، ئايرىم ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى قىسىپ قېلىپ يۆتكەپ ئىشلەتكەنلىكىدەك گەۋدىلىك مەسىلىلەر پاش قىلىندى ۋە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى مائارىپ مەبلىغىنى باشقۇرۇشنى ۋە مائارىپتىكى قالايمىقان ھەق ئېلىش خىزمىتىنى ئېنىقلاشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى بىرتۇتاش تەشكىللەپ، 64 مائارىپنى باشقۇرۇش تارمىقى، 6 ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى ۋە 136 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2002 - يىللىق مائارىپ خىراجىتىنى كىرىم - چىقىم قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالىنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى. مائارىپ سىستېمىسىدىكى بەزى ئورۇنلاردا ساقلانغان خام چوت سىرتىدىكى مالىيە ئىسچوتىغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك مەبلەغنى تاپشۇرماسلىق، ھەق ئېلىش ۋېكسىلىنى قائىدىگە خىلاپ ئىشلىتىش، ھۆكۈمەت ئۈچۈن نەرسە سېتىۋېلىشنى بەلگىلىمە بويىچە ئېلىپ بارماسلىق، ھۆكۈمەت پۇلىنى شەخسىي ئامانەت قويۇش، خۇسۇسىي «كىچىك خەزىنە» تەسىس قىلىش، ئۆز ئالدىغا ھەق ئېلىش ۋە تۇراقلىق مۈلۈكنى باشقۇرۇش ئاجىز بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىمى ۋە باشقۇرۇشتا ساقلانغان مەسىلىلەر شۇنىڭدەك ئۇنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ» نى سۇندى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئالاقىدار تارماقلارنى 10 تۈرلۈك ئۆزگەرتىش تەدبىرى تۈزۈپ چىقىپ، تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشقا بۇيرىدى.

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى دۆلەت ئىقتىسادىي تەپتىشلىك مەھكىمىسىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا

ئاساسەن، 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى ج خ سىستېمىسىنىڭ 2002 - يىللىق مالىيە كىرىم - چىقىمىنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر قىسىم ج خ ئورگانلىرىدا ساقلانغان كىرىمنى ئاز مەلۇم قىلىش، ۋەكىللىنى قائىدىگە خىلاپ ئىشلىتىش ۋە ئاز ساندىكى ئورۇنلار خۇسۇسىي «كىچىك خەزىنە» تەسىس قىلىش، ھېساب سىرتىدا ھېساب بولۇش، دېلو پۇلىنى ئىگىلىۋېلىش، يۆتكەپ ئىشلىتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى پاش قىلدى.

لۇ يازۇ، شاڭ يادۇڭ

## تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى 11 تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرى ئۈستىدە نۇقتىلىق ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇردى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك جەريانىدا بايقالغان تاشيول قۇرۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان تۈر تۇرغۇزۇشنى ۋە تەخمىن چوتنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىتىش قاتتىق بولماسلىق، قۇرۇلۇش مەبلىغىنى تۇتۇپ قېلىش، قۇرۇلۇش راسچوتى ھەقىقىي بولماسلىق، ئايرىم تۈرلەرگە بەلگىلىمە بويىچە خېرىدار چاقىرماسلىق، خېرىدار بولماسلىق قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ۋاقتىدا ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نۇقتىسىدىن دەلىللەش ئېلىپ بېرىشقا ماسلاشتۇرۇلدى ھەمدە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە مەخسۇس تۈر بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش دوكلاتى سۇنۇلۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، قاتناش تارماقلىرىنىڭ ئەستايىدىل ئۆزگەرتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشى تەكلىپ قىلىندى. ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى يەنە ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، شەھەرلەردىكى ئاساسىي مۇئەسسەسە قاتارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشنى قانات يايدۇردى، تۈرلۈك 168 قۇرۇلۇش تۈرى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئېلىپ بېرىلدى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنغان تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 855 مىليون يۈەن، بۇنىڭدىن 339 مىليون يۈەننىڭ قۇرۇلۇش راسچوتى ھەقىقىي بولماسلىق، قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ئىگىلىۋېلىش، يۆتكەپ ئىشلىتىش، زىيانغا ئۇچرىتىش، ئىسراپ قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن قائىدىگە خىلاپ ئىشلىتىلگەنلىكى تەكشۈرۈپ چىقىلدى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنىپ بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇشقا سېلىنىدىغان مەبلەغ 110 مىليون يۈەن، مالىيەدىن ئاجرىتىلىدىغان 2 مىليون 460 مىڭ يۈەن ئازايتىلدى، 1 مىليون 70 مىڭ يۈەن قۇرلۇش مەبلىغى قايتۇرۇۋېلىندى.

لۇ يازۇ، شاڭ يادۇڭ

## چەت ئەل مەبلىغى، پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرى ۋە ھوقۇق بېرىلگەن تۈرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنىش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ 28 ئاپپاراتىنىڭ 2002 - يىللىق مۈلۈك قەرزدارلىقى جەھەتتىكى پايدا - زىيان ئەھۋالىنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشقا بىرتۇتاش ئۇيۇشتۇرۇپ، سۇغۇرتا ھەققىنى باشقۇرۇشتا ساقلانغان مەسىلىلەرنى پاش قىلدى ۋە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى دۆلەت ئىقتىسادىي تەپتىشلىك مەھكىمىسى بەرگەن ھوقۇققا ئاساسەن، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ 9 دۇنيا بانكىسى تۈرى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئېلىپ بېرىشىنى ئۇيۇشتۇردى، ئاپتونوم رايوندىكى ھۆكۈمەت تاشقى قەرز تۈزۈلمىسى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئېلىپ باردى، شىنجاڭدىكى 2 ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئورنىنىڭ چەت ئەل مەبلىغىنى ئىشلىتىش ئەھۋالى ئۈستىدە داۋاملاشما ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئېلىپ باردى. «دۇنيا بانكىسى قەرز بەرگەن تارىم يېزا ئىگىلىك تۈرىنىڭ 2- قارارلىق قۇرۇلۇش» تۈرىنى مەۋسۇم ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش داۋاملىق كۈچەيتىلىپ، دۇنيا بانكىسى تۈرىگە تەكلىپ قىلىنغان ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىدىغان ۋاستىچى ئاپپاراتلارنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش سۈپىتى نازارەت قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلۈپ، تۈر، مەبلەغ ۋە مالىيە باشقۇرۇشتا ساقلىنىۋاتقان قېلىپلاشماسلىق مەسىلىسى ۋە ۋاستىچى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئاپپاراتىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىك دوكلاتى قېلىپلاشماسلىق، توختامنى تولۇق ئادا قىلماسلىق مەسىلىسى پاش قىلىندى، مۇناسىپ ھالدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك تەكلىپى ۋە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

لۇ يازۇ، شاڭ يادۇڭ

## ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

2003 - يىلى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلاردىن ئېرتىش دەرياسى باشقۇرۇش ئىدارىسى، قۇمۇل ۋىلايىتى، ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات

ئىدارىسى، شىنجاڭ مالىيە ئىنستىتۇتىدىن ئىبارەت 4 ئورۇندىكى ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئېلىپ بېرىلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى ناھىيە، شەھەرلەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇش ئاساسىدا، ناھىيىدىن تۆۋەن پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرىدىن 735ى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىلگەن 755 مىليون يۈەن تەكشۈرۈپ تېپىلدى، 33 ئادەمگە چارە كۆرۈلدى، 19 ئادەم ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

لۈ يازۇ، شاڭ يادۇڭ

# باھا خىزمىتى

## باھا خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003- يىلى شىنجاڭنىڭ بازار باھاسى كۆرسەتكۈچى تەدرىجىي تۆۋەن خانىلىق ئايلىنىشتىن قۇتۇلۇپ، ئايمۇ ئاي ئۆرلىدى، ئاھالىلەرنىڭ ھەر ئايلىق ئىستېمال باھاسى ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى (2002- يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا) 1- ئايدا -0.9%، 2- ئايدا -0.5%، 3- ئايدا -0.1%، 4- ئايدا 0.3%، 5- ئايدا -0.1%، 6- ئايدا -0.6%، 7- ئايدا -0.4%، 8- ئايدا 0.4%، 9- ئايدا 0.3%، 10- ئايدا 0.8%، 11- ئايدا 2.7%، 12- ئايدا 3% بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 0.8 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەن بولدى.

(1) ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھاسى سىجىل ئۆرلىدى، باھانىڭ ئېشىش ھەجمى ئىلگىرى تۆۋەن، كېيىن يۇقىرى بولدى، يىل ئاخىرىدا كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى.

(2) ئاساسىي لازىمەتلىكلەر باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى غەيرىي ئاساسىي لازىمەتلىكلەرنىڭ باھاسىدىن چوڭ بولۇپ، يۇقىرى - تۆۋەن كىرىملىك تەبىقىلەرنىڭ تۇرمۇش پەرقى كېڭەيدى. تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمىنىڭ بىرقەدەر چوڭ بولۇشى ئىنتايىن ئېنىق بولغان يۆزلىنىش خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بىر يىلدا يېمەكلىك باھاسى 3% ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى كۆكتات باھاسى 20.5%، گۆش قۇشلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى 2.5% ئۆرلىدى. ئائىلە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ باھاسى 2.6%، قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش قوراللىرىنىڭ باھاسى 2.2%، كىيىم - كېچەك تۈرىدىكى تاۋارلارنىڭ باھاسى 2.3%، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى تۈرىدىكىلەرنىڭ باھاسى 5.9% تۆۋەنلىدى.

(3) يېزىلاردا ئاھالىلەر ئىستېمال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى شەھەرلەردىكىدىن چوڭ بولدى، نەتىجىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش جەھەتتىكى پەرقى كېڭەيدى. يېزا ئاھالىلىرى ئىستېمالىنىڭ باھاسى 1.3%، شەھەر ئاھالىلىرى ئىستېمالىنىڭ باھاسى 0.8% ئۆرلىدى. ئاشلىق، يېڭى كۆكتات، سۇ مەھسۇلاتلىرى ۋە تۇرالغۇ ئۆي باھاسىدىن ئىبارەت 4 تۈردىكى ئىستېمالنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى شەھەرلەردە يېزىلاردىكىدىن يۇقىرى بولغانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا تۈرلۈك ئىستېمال باھاسى كۆرسەتكۈچى يېزىلاردا شەھەرلەردىكىدىن يۇقىرى بولدى.

(4) ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سېتىلىش باھاسى خېلى زور ھەجىمدە ئۆرلىدى. بايلىق مەنبەسى بىلەن تەمىنلەشنىڭ يېتەرسىز بولۇشى پولات ماتېرىيال، خام نېفىت، تەييار نېفىت باھاسىنى ئۆرلىتىۋەتتى، خام نېفىت، تەييار نېفىت باھاسىنىڭ ئۆرلىشى ئاساسلىقى خەلقئارا بازارنىڭ تەسىرىدىن، پولات ماتېرىيال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى ئاساسلىقى ئىچكى مەبلەغ سېلىشنىڭ تەسىرىدىن بولدى.

(5) ئاشلىق، پاختا، ياغنىڭ باھاسى ئۈزلۈكسىز ئۆرلەپ كەتتى، 10- ئايدا 2002- يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا، ئاق بۇغداينىڭ باھاسى 11.54%، ئارىلاش بۇغداينىڭ باھاسى 9.13% ئۆرلىدى، 10- ئايدىن باشلاپ دۆلەت ئىچىدە پاختا باھاسى ئۆرلىدى، يېڭى پاختىنىڭ ھەر توننىسىنىڭ باھاسى 14 مىڭ يۈەندىن 18 مىڭ يۈەنگىچە ئۆرلەپ، 2002- يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 5000 يۈەن ئەتراپىدا يۇقىرى بولدى. پاختا سېتىۋېلىش بازىرىدا باھا چوڭ ئۆرۈشى يۈز بەردى، نۇرغۇن جايلاردا «باھا بار، بازار يوق» بولدى. ئاشلىق، پاختا، ياغ باھاسىنىڭ ئۆرلىشىگە ئاساسلىقى مەھسۇلاتنىڭ كەملەپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولدى، قورۇمچىلىق، ھايانكەشلىكمۇ بۇنىڭدىكى بىر مۇھىم سەۋەب.

(6) مۇلازىمەت باھاسى مۇقىم ئۆرلىدى، كۈندىلىك ساناەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى سىجىل تۆۋەنلەپ، باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئۆرلەش ھېسسىنى يېنىكلەتتى. مۇلازىمەت باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى 2.2% تۆۋەن بولۇپ، باھا

ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى جەھەتتىكى بېسىمنى پەسكەلەتتى. ئاپتوموبىل، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، ئالاقىلىشىش مەھسۇلاتلىرى، كىيىم - كېچەككە ئوخشاش كۈندىلىك سانائەت بۇيۇملىرى قاتارلىق مۇھىم تاۋارلارنىڭ باھاسىدا تۆۋەنلەش يۈزلىنىشى كۆرۈلدى.

باھا

## باھا باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدا باھا شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، باھا پىشاڭى قوللىنىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا مەدەت بېرىلدى. تارباغاتاي، قۇمۇل، ئالتاي ۋىلايەتلىرى، سانجى ئوبلاستىدا شەھەر - بازارلاردا ئوخشاش باھادا توك ئىشلىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 58 ناھىيە، شەھەردە يەرلىك ئېلېكتر تورىدا ئاھالىلەر ئىشلىتىدىغان توك باھاسىنى ئوخشاش قىلىش خىزمىتى تاماملىنىپ، يېزىلاردىكى توك باھاسى تۆۋەنلىتىلدى؛ تۆمۈريولدا ئۆز ۋاگوندا ماي يۆتكەشنىڭ ئىجارە ھەققىنى ھېسابلاپ ئېلىش ۋە باشقۇرۇش چارىسى ئىسلاھ قىلىندى؛ نۇقتىلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش باھاسى تۈزۈپ چىقىلدى ۋە تەڭشەلدى، سۇغىرىش رايونلىرىدا دېھقانچىلىق تەمىنلىنىدىغان سۇنىڭ باھاسى تەڭشەلدى؛ شەھەرلەردە سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە ئەخلەت بىرتەرەپ قىلىش باھاسىنى باشقۇرۇش چارىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. يۇندا بىرتەرەپ قىلىش ھەققى ئېلىش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى، 6 شەھەردە يۇندا بىرتەرەپ قىلىش ھەققىنىڭ ئۆلچىمى تۈزۈپ چىقىلدى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاھالىلەر تۇرمۇش ئەخلىتىنى بىرتەرەپ قىلىش ھەققى ئېلىش يولغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يۇندا ۋە ئەخلەتلەرنى بىرتەرەپ قىلىش قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى؛ دورا باھاسىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، قىسمەن دورىلارنىڭ چاپلىما يۇقىرى باھاسى تۆۋەنلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە باھاسىنى ئاپتونوم رايون بېكىتكەن 543 خىل، 1619 ئۆلچەملىك دورىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 15% چۈشۈرۈلدى، دورىغا خېرىدار چاقىرىش، تاللاپ سېتىۋېلىش ۋە داۋالاش ئورۇنلىرى ئۆزى ياسىغان دورىنىڭ باھاسىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە داۋالاش ئورۇنلىرى ئۆزى ياسىغان دورىغا 17 قېتىم خېرىدار چاقىرىلدى؛ داۋالاش مۇلازىمىتى تۈرلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، بىرلەشتۈرۈش خىزمىتى تاماملىنىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە 3716 تۈرلۈك داۋالاش مۇلازىمىتى باھاسى شەكىللەندۈرۈلدى.

باھا

## باھا ۋە ھەق ئېلىشنى تەرتىپكە سېلىش، تىزگىنلەش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك باھا باشقۇرۇش تارماقلىرى مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەقلەرنى تەرتىپكە سېلىش ۋە «ئىجازەتنامە» نى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 499 تۈرلۈك ھەق تەرتىپكە سېلىنىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ۋە تۆۋەنلىتىلىپ، 91 مىليون 60 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي سېلىق يېنىكلىتىلدى، تۈرلۈك ئۆي قۇرۇلۇشىغا چېتىلىدىغان 11 تۈرلۈك ھەق ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا چېتىلىدىغان تۈرلۈك ھەقلەر، 7 تارماققا چېتىلىدىغان 27 تۈرلۈك مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ۋە ۋاستىچى ئاپپاراتلارغا ئالىدىغان مۇلازىمەت خاراكتېرلىك ھەق ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىندى، ئالاقىدار ئېتىبار بېرىش سىياسىتى تۈزۈلدى ھەمدە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋاكالىتەن ئالىدىغان ھەق، ئوقۇشلۇق ئارىيەت ئېلىش ھەققى نۇقتىلىق تەرتىپكە سېلىندى، يېزىلار، نامرات رايونلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپىدا ھەق ئالماسلىق سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش پۇلى ۋە ياتاق پۇلى ئېلىش ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسى ئالىدىغان مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەقلەر ئېنىقلاندى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئارقا - ئارقىدىن يېزا ئىگىلىك خاراكتېرلىك خىراجەت ۋە دېھقانلاردىن ئېلىنىدىغان ئۆي سېلىش ھەققى، مائارىپ ھەققى، پورت ھەققى، دېھقانلارنىڭ شەھەرگە كىرىپ ئىشلەش ھەققى، شەھەرلەردىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققى، توك باھاسى، كۆمۈر باھاسى قاتارلىقلارنى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى؛ ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ باھا بېكىتىش ھەرىكىتىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش قانات يايدۇرۇلۇپ، ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ باھا بېكىتىشكە دائىر 1029 پارچە ھۆججەت تەكشۈرۈپ تېپىلدى؛ 12358 باھا پاش قىلىش تېلېفونى ئارقىلىق، پاش قىلىش ئەرزىدىن 7650 ى قوبۇل قىلىنىپ، بىر تۈركۈم باھا ئالدامچىلىقى قىلىش، باھا ئارقىلىق كۆپ پايدا ئۈندۈرۈۋېلىش قاتارلىق تۈرلۈك ناتوغرا باھا رىقابىتى ھەرىكەتلىرى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى. يېزىلاردا باھا نازارەتچىلىك تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈلۈپ، دېھقانلارغا چېتىلىدىغان ئاممىغا بىلدۈرۈلىدىغان، ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدىغان ئەھۋاللارنى نازارەت قىلىش،

تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە باھا قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 2395 ى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىنىپ، 22 مىليون 672 مىڭ 700 يۈەن ئىقتىسادىي جازا قوللىنىلدى، بۇنىڭدىن 10 مىليون 612 مىڭ 800 يۈەن مۇئامىلىدارلار ۋە ئىستېمالچىلارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى.

باھا

# سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش

## تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىش ئەھۋالى

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭدا تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىنغان تۈرلۈك ئىچكى مەبلەغلىك كارخانا 47 مىڭ 149 غا، ئۇلارنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغى 151 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىسى 19 مىڭ 485، كوللېكتىپ كارخانا 10 مىڭ 35، بىرلىكتە تىجارەت قىلىدىغان كارخانا 103، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانا 437، شىركەت 15 مىڭ 732. تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىنغان چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 342؛ 2003 ـ يىلى يېڭىدىن تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىنغان تۈرلۈك ئىچكى مەبلەغلىك كارخانا 6733، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 62.

ئاپتونوم رايوندىكى تۈرلۈك بازار 1272، ئۇلارنىڭ پۇتتۇشۇش سوممىسى 29 مىليارد 280 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرى 1163، پۇتتۇشۇش سوممىسى 19 مىليارد 770 مىليون يۈەن؛ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بازىرى 83، پۇتتۇشۇش سوممىسى 4 مىليارد 40 مىليون يۈەن؛ ئىشلەپچىرىش ئامىللىرى بازىرى 26، پۇتتۇشۇش سوممىسى 5 مىليارد 470 مىليون يۈەن.

دۇڭ جياڭ

## مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى تۈرلۈك ساختا تاۋار ئىشلەش، سېتىش، سودا ئالدامچىلىقى قىلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بەردى، ساختا تاۋار ئىشلەش، سېتىش دېلوسىدىن 1236 نى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، دېلو قىممىتى 66 مىليون 790 مىڭ يۈەن، جەرىمانە قويغان، مۇسادىرە قىلغان پۇل 3 مىليون يۈەن، ساختا تاۋار ئىشلەش، سېتىش ئۇۋىسىدىن 88 نى بىتچىت قىلدى. ساقلىق ساقلاش يېمەكلىكى، ئىچىملىكى، دورا، يېزا ئىگىلىك ۋاسىتىلىرى، دېھقانچىلىق دورىسى قاتارلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، تۇرمۇش بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك تاۋارلارنى نۇقتا قىلىپ، مەخسۇس تۈرلەر بويىچە تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تۈرلۈك ساختا تاۋار ئىشلەش، سېتىش ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى. يېڭى يىل، باھار بايرىمى، قۇربان ھېيتلاردا بازارلارنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، «1 ـ ماي»، «1 ـ ئۆكتەبىر» ئالتۇن ھەپتىلىكىدە ساياھەت بازارلىرىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بايرام كۈنلىرىدە بازارلارنىڭ ئاۋات، مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. كۈچلۈك رېتىمنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەشنى قانات يايدۇردى، 11 مىڭ 277 ئادەم (قېتىم) قانۇن ئىجرا قىلغۇچىنى، 2165 ئاپتوموبىل (قېتىم) نى ئىشقا سېلىپ، بازارلاردىكى 1076 ئادەم، 22 مىڭ 95 تىجارەت پايمىسىنى تەكشۈرۈپ، كىنىشكىسىز چاشقان دورىسى تىجارىتى قىلغان 274 پايمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، 315.2 كىلوگرام زەھەر قاتارلىق ئۆتكۈر چاشقان دورىسىنى مۇسادىرە قىلدى. خەرىتە بازارلىرىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەشنى قانات يايدۇردى. ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىگە مەملىكەت بويىچە خەرىتە بازارلىرى تەرتىپىنى تۈزەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بېرىلدى. يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشى، تىجارىتىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يېمەكلىكتىن خاتىرجەم بولۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، كىنىشكىسىز تىجارەت قىلغان 245 ئورۇننى تەكشۈرۈپ تاپتى، كىنىشكىسىز يېمەكلىك تىجارىتى قىلغان 167 پايمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، تۈرلۈك دېلودىن 336 نى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، بۇنىڭ دېلو قىممىتى 5 مىليون 910 مىڭ يۈەن. ئاپتوموبىل بازارلىرىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا تۇتۇش قىلىپ، بۇنىڭغا ئالاقىدار 113 دېلونى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، نەتىجىدە قانۇنسىز يىغىۋېلىنغان كېرەكسىز ئاپتوموبىلدىن 112 نى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ترانسپورت ئاپتوموبىلىدىن 23 نى، موتسىكلىتتىن 34 نى قولغا چۈشۈردى، كېرەكسىز ئاپتوموبىلنى قانۇنسىز سېتىۋېلىپ چۇۋۇپ ـ قۇراشتۇرۇش ئۇۋىسىدىن 12 نى ئەمەلدىن قالدۇردى. ياۋايى ھايۋانلارنى قانۇنسىز تۇتۇش، ئوۋلاش ۋە سېتىشقا مەخسۇس تۈر بويىچە مەركەزلىك زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ياۋايى ھايۋان تىجارىتى قىلىدىغان 269 بازارنى تەكشۈرۈپ تاپتى، 17 دېلونى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، تۈرلۈك ياۋايى ھايۋاندىن

1467 نى قولغا چۈشۈردى.

دۇڭ جيالىڭ

## ئاساسلىق تاۋار بازارلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى ئاشلىق بازارلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇن، ئىنتىزامغا خىلاپ تىجارەت قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، كىنىشكىسىز، دائىرە ھالقىپ تىجارەت قىلغان ئورۇندىن 970 نەچچىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئاشلىق تىجارىتىدە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 467 نى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، 1686 توننا ئاشلىقنى تۇتۇپ قالدى، 900 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق جەرىمانە قويدى ۋە مۇسادىرە قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە پاختا پىششىقلاش كارخانىلىرىنى 2 قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى، بىر قېتىم مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈردى، 585 دېلونى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، قانۇنسىز پىششىقلاش ئۈسكۈنىسىدىن 110 نى، كىنىشكىسىز تىجارەت قىلىش ئورنىدىن 631 نى ئەمەلدىن قالدۇردى، كىچىك پاختا چىقىرىش ماشىنىسىدىن 142 نى، يەرلىك تايلاش ماشىنىسىدىن 29 نى قولغا چۈشۈردى، 4773 توننا چىگىتلىك پاختىنى، 318 توننا ساپ پاختىنى تۇتۇپ قالدى. دېھقانچىلىق ۋاستىلىرى بازىرىنى 100 كۈن مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، دېھقانچىلىق ۋاستىلىرى تىجارىتى قىلىدىغان 7068 ئورۇننى تەكشۈرۈپ، قانۇنسىز تىجارەت قىلىدىغان 224 ئورۇننى ئەمەلدىن قالدۇردى، دېھقانچىلىق ۋاستىلىرىغا چېتىشلىق دېلودىن 302 نى بېجىرىپ، قانۇنسىز تىجارەت قىلىنغان 12 مىڭ 42 توننا خىمىيۋى ئوغۇت، 976 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 18.1 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 175.4 توننا ئۇرۇقنى قولغا چۈشۈردى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ 233 پارچە ئەرزىنى قوبۇل قىلىپ، دېھقانلارنى ئازكەم 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالدى. ماي قاچىلاش پونكىتلىرى نۇقتا قىلىنغان مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 1628 ماي قاچىلاش پونكىتىنى تەكشۈردى، 39 دېلونى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، قانۇنسىز ماي قاچىلايدىغان پونكىتتىن 6 نى، يەرلىك ماي ئايرىش زاۋۇتىدىن 21 نى ئەمەلدىن قالدۇردى، 352 توننا تەييار مايىنى تۇتۇپ قالدى.

دۇڭ جيالىڭ

## چوڭ، مۇھىم دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسى دېلو تۇرغۇزۇپ بىرتەرەپ قىلغان تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسى 28 مىڭ 782 گە، دېلو قىممىتى 1 مىليارد 144 مىليون يۈەنگە، جەرىمانە قويۇلغان، مۇسادىرە قىلىنغان پۇل 44 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، قولغا چۈشۈرۈلگەن قانۇنغا خىلاپ تىجارەت قىلغان ماددىي ئەشيانىڭ نىشان قىممىتى 78 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېلو قىممىتى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان چوڭ، مۇھىم دېلو 4944 بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 57.1% ئېشىپ، ئومۇمىي دېلونىڭ 17.2% نى ئىگىلەپ، 9 پىرسەنت پوئېنتى كۆپەيدى. 14 دېلو 19 ئادەم (قېتىم) ئەدلىيە ئورگانلىرىغا يوللاپ بېرىلدى.

دۇڭ جيالىڭ

## توختام باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى توختامنىڭ ئۈلگە نۇسخىسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، بىر يىلدا كارخانا توختامىدىن 20 مىڭ نۇسخىدىن كۆپرەكنى تەكشۈردى. توختام ماجىراسىنى مەمۇرىي جەھەتتىن مۇرەسسە قىلىش، رەنە بۇيۇملىرىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش، توختامغا كۈۋاھلىق بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. بىر يىلدا توختام قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 131 نى بېجىردى، بۇ دېلولارغا چېتىلىدىغان سومما 9 مىليون 918 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە توختام ئالدامچىلىقى دېلوسى 61، سوممىسى 5 مىليون 972 مىڭ 500 يۈەن) ، جەرىمانە قويۇلغان، مۇسادىرە قىلىنغان پۇل 302 مىڭ 900 يۈەن. توختام ماجىراسىدىن 325 نى مۇرەسسە قىلىپ، تالاش - تارتىشتا قالغان 2 مىليون 401 مىڭ 300 يۈەننى ھەل قىلدى، كارخانىلارنىڭ 602 قېتىملىق رەنە بۇيۇمنى تىزىملىدى، بۇ رەنە بۇيۇملىرىنىڭ قىممىتى 6 مىليارد 189 مىليون 970 مىڭ يۈەن، 52 قېتىملىق رەنە بۇيۇمىنىڭ تىزىمىنى ئۆزگەرتتى، بۇنىڭدىكى رەنە بۇيۇمىنىڭ قىممىتى 1 مىليارد 25 مىليون 67 مىڭ 400 يۈەن. 130 رەنە بۇيۇمىنىڭ تىزىمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، رەنە بۇيۇمىنىڭ قىممىتى 1 مىليارد 637 مىليون 483 مىڭ 600 يۈەن. تۈرلۈك توختامدىن 16 مىڭ 527 سىگە گۇۋاھلىق بەردى، تۈرلۈك توختامدىن 30 مىڭ 488 نى تەكشۈردى، 7899 كارخانىنىڭ توختام ئىمزالاش - ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى؛ 120 قېتىملىق كىمئارتۇق قىلىپ سېتىشنى ئەنگە ئېلىش - تىزىملاشنى بېجىردى، 91 قېتىملىق كىمئارتۇق قىلىپ سېتىشنى نەق مەيداندا نازارەت قىلدى؛ 515 قېتىملىق خېرىدار چاقىرىش - خېرىدار بولۇشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشقا قاتناشتى.

دۇڭ جيالىڭ

## تاۋار ماركىسى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تاۋار ماركىسى قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 786 نى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىپ، 1 مىليون 780 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى، تاۋار ماركىسى ۋە تاۋار بەلگىسىدىن 1 مىليون 958 مىڭ 967 نى يىغىۋالدى ۋە بىكار قىلدى، 2.16 توننا ماددىي بۇيۇمنى كۆيدۈرۈۋەتتى. تاۋار ماركىسى ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، مەشھۇر، داڭلىق تاۋار ماركىلىرىنى پائال يېتىشتۈردى. يىل ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدا جۇڭگو بويىچە 2 داڭلىق تاۋار ماركىسى، مەھسۇلاتنىڭ ئەسلى چىققان يېرىنى ئىسپاتلايدىغان 10 تاۋار ماركىسى، شىنجاڭ بويىچە 67 داڭلىق تاۋار ماركىسى بارلىققا كەلدى، رويخەتكە ئېلىنىپ كۈچكە ئىگە بولغان تاۋار ماركىسى 14 مىڭدىن ئاشتى. 2003- يىلى ئىلتىماس قىلىنغان تاۋار ماركىسى ئازكەم 4000 غا يەتتى.

دۇڭ جياڭ

## ئېلان باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى داۋالاش، دورا، ساغلاملىق يېمەكلىكلىرى ئېلانى بازارلىرى تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، ساختا، قانۇنغا خىلاپ ئېلانلارغا زەربە بەردى، تاۋار (مۇلازىمەت) ئېلانلىرىنى نۇقتىلىق نازارەت قىلىپ، باشقۇرۇپ، قانۇنسىز تىجارەت ئېلانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1718 ئېلان دېلوسى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىنىپ، 3 مىليون 267 مىڭ 500 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى. تۈرلۈك ئېلاندىن 545 مىڭ 988 ى كۆزىتىلىپ، قانۇنغا خىلاپ بولغان ياكى قانۇنغا خىلاپلىقى ھەققىدە گۇمان بولغان ئېلاندىن 9819 ى بايقالدى، بۇ ئومۇمىي ئېلاننىڭ 1.8% نى تەشكىل قىلىدۇ. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلان تىجارىتى قىلىدىغان ئورۇن 1740 قا يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن 8.2%؛ كەسپكار 13 مىڭ 113 كە يېتىپ، 17%؛ ئېلان تىجارىتى سوممىسى 1 مىليارد 140 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 62.7% ئاشتى.

دۇڭ جياڭ

## ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىگىلىكنىڭ، بولۇپمۇ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايوندا سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش بويىچە ھەق ئېلىش سىياسىتى تەڭشىلىپ، خەلققە پايدا يەتكۈزۈلدى، «ئىككى خىل ھەق» ئوتتۇرىچە 30% ئەتراپىدا تۆۋەنلىتىلدى، تۆۋەنلىتىلگەن سومما 100 مىليون يۈەندىن ئاشتى. مۇشۇ ئاساستا، «سارس» نىڭ تەسىرىگە بىر قەدەر ئېغىر ئۇچرىغان ئاشخانا، مېھمانخانا، ساياھەتچىلىك قاتارلىق ساھەلەردىكى يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلاردىن ئېلىنىدىغان ھەق 10% تۆۋەنلىتىلىپ، يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ يۈكى ئۈنۈملۈك يېنىكلىتىلىپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات مۇھىتى يەنىمۇ سەرخىللاشتۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى «ئۆچ قىيىن» ۋە «ئۆچ قالايمىقان» مەسىلىسىنى ماسلاشتۇرۇپ ۋە ھەل قىلىپ، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈردى. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ماسلىشىپ، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل ئېلىشىغا كېپىل بولۇش شىركىتىدىن 22 نى، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك تەرەققىيات باغچا رايونىدىن 46 نى تەشكىللىدى، 1300 دىن ئارتۇق يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك كەسپكارىغا سودا ئىشلىرى يۈزىسىدىن چەت ئەلگە چىقىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بەردى. يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش مەركىزىدىن 132 نى قۇرۇپ، ھال ئېيتىپ كەلگەنلەر ۋە خەت-چەكتىن 4820 نى قوبۇل قىلدى، 1541 ئەرزنى قوبۇل قىلىپ، 1467 نى ماسلاشتۇردى ۋە ھەل قىلدى. «ھەق ئېلىشتا ئېنىق كارتا بولۇش» تۈزۈمىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، پاش قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈردى، «ئۆچ قالايمىقان» نى پائال تۈزەتتى. يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك كەسپكارلىرى ئارىسىدا كەسپىي ئىقتىدار جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋە سىناشنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، بىر يىلدا 23 مىڭ 724 ئادەم تەربىيىلەندى، 11 مىڭ 948 ئادەم كەسپ دەرىجىسى گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى.

دۇڭ جياڭ

## كارخانا ئىناۋىتى سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا -

ساناەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى كارخانا ئىناۋىتى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى پائال يولغا قويۇپ، «ئىناۋەتلىك كارخانا بولۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش»، «ھەممە شەھەر - ھەممە دۇكاندا ساختا مال بولماسلىق»، «ئىستېمالچىلار رازى بولىدىغان رەستە» بەرپا قىلىش، «توختامغا رىئايە قىلىپ، ئىناۋەتنى ساقلاش» قاتارلىق بىر قاتار پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، كارخانىلارنى قانۇن بويىچە تىجارەت قىلىشقا، ئىناۋەت تىكلەشكە يېتەكلىدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 503 كارخانا AA دەرىجىلىك ئىناۋەتلىك كارخانا، 263 كارخانا AAA دەرىجىلىك ئىناۋەتلىك كارخانا بولۇپ باھالاندى. 344 كارخانىغا ۋىلايەت-ئوبلاست دەرىجىلىك «توختامغا رىئايە قىلىپ، ئىناۋەتنى ساقلىغان» كارخانا، 426 كارخانىغا ناھىيە دەرىجىلىك «توختامغا رىئايە قىلىپ، ئىناۋەتنى ساقلىغان» كارخانا دەپ نام بېرىلدى.

دۇلى جيالى

## مەنئۇي ئەخلەتلەرنى تازىلاش، قانۇنسىز نەرسىلەرگە زەربە بېرىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - ساناەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى نەشر بۇيۇملىرى بازىرى تەرتىپىنى مەركەزلىك تۈزىدى، سىستېما بويىچە مەتبەئە كارخانىسىدىن 995 ى، كىتاب، گېزىت - ژۇرنال تىجارىتى تور - نۇقتىسىدىن 1321 ى، ئۈن - سىن تىجارىتى تور - نۇقتىسىدىن 2196 سى، «تورخانا» دىن 3652 سى، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق زالىدىن 2862 سى، ھور مۇنچا - ئۇۋلاش ئورنىدىن 1200 ى تەكشۈرۈلدى. قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 154 ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، تىجارەت مەزمۇنىدا شەھۋانىيلىق، ئىشقى - مۇھەببەت، قىمار بار دەپ گۇمان قىلىنغان 2 «تورخانا» ج خ ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى، دائىرىدىن ھالقىپ تىجارەت قىلغان 102 يەككە سودا - ساناەتچىگە چەكلىمە مۇددەت ئىچىدە ئۆزگەرتىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلدى، كىنىشكىسىز تىجارەت قىلغان 134 ئورۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 78 تىجارەتچىنىڭ تىجارەت كىنىشكىسى بىكار قىلىندى، ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان 29 مىڭ 700 دانە VCD پىلاستىنكىسى، 6470 دانە ئويۇنچۇق يۇمشاق دېتالى، 463 دانە شەھۋانىي مەزمۇندىكى پىلاستىنكا، كومپيۇتېرنىڭ 26 ئاساسىي ماشىنىسى، ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان 4557 پارچە كىتاب، قانۇنسىز نەشر قىلىنغان 158 پارچە سىياسىي كىتاب تەكشۈرۈپ يىغىۋېلىندى.

دۇلى جيالى

## ئادىل سودا ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى سودا - ساناەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى رايونلار قامالى ۋە ساھەلەر مونوپوللۇقىنى بۇزۇپ تاشلاشنى نۇقتا، رىقابەتنى چەكلەش ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، تەقلىد قىلىشقا، خاتا يېتەكلەشكە قارشى تۇرۇش بويىچە مەخسۇس تۈردە قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بانكا، پوچتا، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، تۆمۈريول، سۇ، توك، گاز بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق بازارغا تەئەللۇق مونوپول ساھەلەرنى تۈزەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ناتوغرا رىقابەتلىشىش ھەرىكىتىنى ئۈنۈملۈك چەكلىدى، بازار رىقابىتى تەرتىپىنى يەنىمۇ ياخشىلىدى. بىر يىلدا ناتوغرا رىقابەتلىشىش دېلوسىدىن 511 ى تەكشۈرۈلدى، دېلو قىممىتى 225 مىليون 290 مىڭ يۈەن بولۇپ، 5 مىليون 600 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى.

دۇلى جيالى

## ئەتكەس ماللارنى سېتىشقا زەربە بېرىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - ساناەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى چېگرا پورتلىرى تۇرۇشلۇق جاي، تاشيول، تۆمۈريول، ھاۋا يولى ۋە ئېغىر گۇمان بار چوڭ تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلى، يۈك ساندۇقىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئىمپورت - ئېكسپورتنىڭ ترانسپورت تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئەتكەس ماللارنىڭ ئىچكىرىگە ئېقىش ۋە ئىچكىرىدىكى ئەتكەس ماللارنىڭ شىنجاڭغا كىرىش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. نۇقتىلىق رايون، نۇقتىلىق تاۋارلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، سىستېما بويىچە ئەتكەس مال سېتىش دېلوسىدىن 23 ى تەكشۈرۈلدى، دېلو قىممىتى 2 مىليون 240 مىڭ يۈەن، 160 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى.

دۇلى جيالى

## شاخلىتىپ سېتىشقا زەربە بېرىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - ساناەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى شاخلىتىپ سېتىش ئۇۋىسىدىن 4 نى تارمار قىلدى، 12 قېتىملىق، 180 ئادەم قاتناشقان شاخلىتىپ سېتىش گۇمانى بار «دەرس»، «ئائىلە يىغىلىشى» نى تارقىتىۋەتتى، شاخلىتىپ سېتىش بۇيۇمىدىن 10 خىلىنى قولغا چۈشۈرۈپ، بىر دېلونى ئەدلىيە ئورگىنىغا يوللاپ بەردى. سىستېما بويىچە گېزىتتىن پايدىلىنىپ 32 قېتىم مەخسۇس تەشۋىقات سەھىپىسى ئېچىلىپ، كوچىلاردا 15

مىڭ نۇسخا تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلىپ، شاخلىتىپ سېتىش ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن شاخلىتىپ سېتىشنىڭ ئالدامچىلىق خاراكتېرى ۋە خەتەرلىكلىكى پاش قىلىندى، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن، قائىدە - نىزامى تەشۋىق قىلىنىپ، ئاممىغا قانۇن ئېڭىنى ۋە ئۆز - ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىلىپ، شاخلىتىپ سېتىش ھەرىكىتىنىڭ يامراپ كېتىشى توسۇلدى.

دۆڭ جياڭ

### ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى «12315» پاش قىلىش - ئەرز قىلىش تورى ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ئاساسىي قاتلام تور قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ھوقۇق - مەنپەئەتنى قوغداش، ئالدامچىلىققا قارشى تۇرۇش مەخسۇس تۈرى ھەرىكىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، تاۋار سۈپىتىنى بازاردا نازارەت قىلىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى بولغا قويدى. بىر يىلدا تىجارەت ئورنىدىن 24 مىڭ 500 ى تەكشۈرۈلۈپ، 1619 ى تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرۇلدى، 2949 تۈركۈم (قېتىم) تاۋار تەكشۈرۈلدى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 1016 سى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى. شەكلى ھەرخىل، مەزمۇنى مول بولغان «15 - مارت» يۇرۇشلۇك پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، نىشان قىممىتى 10 مىليون 165 مىڭ 400 يۈەنلىك ساختا، ناچار تاۋارلار بىر تۇتاش كۆيدۈرۈۋېتىلدى. «ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش، يېڭىدىن تۈزىتىپ ئېلان قىلىنغان «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» نى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتىگە ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىلدى. ھەر دەرىجىلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى بىرخەتەر، ساغلام ئىستېمال مۇھىتى يارىتىش ئاساسىي تېمىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇردى. بىر يىلدا ھەر دەرىجىلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى 11 مىڭ 527 پارچە ئەرز قوبۇل قىلىپ، ئىستېمالچىلارنى 8 مىليون 445 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالدى.

دۆڭ جياڭ

## سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى

### سۈپەت باشقۇرۇش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدا شەھەر (ناھىيە) نى، كارخانىنى سۈپەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى. شىخەنزە، كۈيتۇڭ شەھەرلىرىگە دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە شەھەرنى سۈپەت ئارقىلىق گۈللەندۈرگەن ئىلغار شەھەر - ناھىيە دەپ نام بەردى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇلۇك كۆلىمى 1 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان 1291 كارخانىدا سۈپەت ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1239 كارخانىدا مەخسۇس (قوشۇمچە) سۈپەت باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى، ئۇلارنىڭ كەسپكارى 17 مىڭ 398؛ كارخانىلارنىڭ ھەممىسىدە تەكشۈرۈش (تەجرىبە قىلىش) ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى، ئۇلارنىڭ كەسپكارى 8146؛ 351 كارخانا ISO9001 سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى، 83 كارخانا دۆلەت، ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەت باشقۇرۇشتىكى ئىلغار كارخانا بولۇپ باھالاندى؛ 56 كارخانىنىڭ 71 مەھسۇلاتى جۇڭگو ۋە شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى بولۇپ باھالاندى؛ مەھسۇلات سۈپىتىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 92.4% كە يېتىپ، شىنجاڭدىكى بارلىق سانائەت كارخانىلىرى مەھسۇلات سۈپىتىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشتىكى لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتىدىن 13 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ

### داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتلارنى كۆرسىتىش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى 23 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 34 ماركىلىق مەھسۇلات شىنجاڭنىڭ 2003 - يىللىق داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتى قىلىپ بېكىتىلدى («قوشۇمچە» گە قاراڭ). شىنجاڭ جۇڭگو رەڭلىك پاختا پاي چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «تيەنسەي» ماركىلىق رەڭلىك پاختا يىپ، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «تەڭرىتاغ» ماركىلىق پوپايكا دۆلەت تەرىپىدىن جۇڭگونىڭ داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتى قىلىپ بېكىتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى 54 كارخانىنىڭ 69 مەھسۇلاتى شىنجاڭنىڭ داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ

### قوشۇمچە

**شىنجاڭنىڭ 2003 - يىللىق داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتلىرى (كارخانىلىرى)**

«تەڭرىتاغ» ماركىلىق 32.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت، «تەڭرىتاغ» ماركىلىق 42.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي چەكلىك شىركىتى)، «تۇنخې» ماركىلىق 32.5 ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت، «تۇنخې» ماركىلىق 42.5 ئادەتتىكى سىلىكالتىق سېمونت (شىنجاڭ «تۇنخې» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى»، «خۇيچاڭ» ماركىلىق سالات يېغى، «خۇيچاڭ» ماركىلىق ئالىي دەرىجىلىك تەڭشەلمە ياغ (شىخەنزە «خۇيچاڭ» ياغ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، «مىچۈەن» ماركىلىق گۈرۈچ (سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق - ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش گۇرۇھى مىچۈەن چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، «تەڭرىتاغ» ماركىلىق دىزېلىن، «لاچىن» ماركىلىق پولى ئېتىلېن سىمولاسى، «لاچىن» ماركىلىق پولى پروپىلېن سىمولاسى، «لاچىن» ماركىلىق پولى بۇتارئىن كاۋچۇكى (جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى)، «بوغدا» ماركىلىق دىزېلىن (جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى)، «پېترروزاۋر» ماركىلىق نېفىت ئاسفالتى (جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى)، «يېشىل چوققا» ماركىلىق پولى ۋىنىل خلورىد سىمولاسى، «يېشىل چوققا» ماركىلىق ئىئون پەردىلىك كۆيدۈرگۈچى ئىشقار (شىنجاڭ «جۇڭتەي» خىمىيە سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى)، «قىزىلتاغ» ماركىلىق سىر (ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىر زاۋۇتى)، «سىفاڭ» ماركىلىق ئاق شېكەر (شىنجاڭ «سىفاڭ» ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى)، «تيەنيې» ماركىلىق سۇلياۋ سۇ تېجەش سايمىنى (شىخەنزە شەھەرلىك «بوستان» سۇ تېجەپ سۇغىرىش چەكلىك شىركىتى)، «تۇنخې» ماركىلىق تېمىتىپ سۇغىرىش سۇلياۋ تاسمىسى (تۇرۇبىسى)، (شىنجاڭ «تۇنخې» سۇ تېجەش پەن-تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتى)، «شىنجاڭ» ماركىلىق پىۋا (شىنجاڭ پىۋا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى)، «شىخۇ» ماركىلىق پىۋا (شىنجاڭ شىخۇ پىۋا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، «تەڭرىتاغ» ماركىلىق تېتىمىتقۇ (شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» تېتىمىتقۇ چەكلىك شىركىتى)، «خۇلى» ماركىلىق رېسور پۇرژىنى (شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ يېسى پۇرژىنا چەكلىك شىركىتى)، «بولاڭ» ماركىلىق رېزىنكە باسما قەغىزى (شىنجاڭ بافراش قومۇشچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى)، «تەڭرىتاغ» ماركىلىق يۇڭ پوپايكا، «تەڭرىتاغ» ماركىلىق تىۋىت پوپايكا (شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى)، «تيەنسەي» ماركىلىق رەڭلىك پاختا يىپ، «تيەنسەي» ماركىلىق قوڭۇر رەڭلىك پاختىدىن توقۇلغان ئىچ كىيىم، «تيەنسەي» ماركىلىق تەبىئىي رەڭلىك ساپ پاختا (شىنجاڭ جۇڭگو رەڭلىك پاختا پاي چەكلىك شىركىتى)، «شىننۇڭ» ماركىلىق ساپ پاختا (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى پاختا - چىگە شىركىتى)، «ساڭئو» ماركىلىق قۇياش ئېنېرگىيىلىك فوتوۋولت ئېلېكتر ئىستانسىسى، «ساڭئو» ماركىلىق ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان فوتوۋولت ئېلېكتر مەنبەسى سىستېمىسى (شىنجاڭ «يېڭى ئېنېرگىيە» پاي چەكلىك شىركىتى)، «جىنفېڭ» ماركىلىق شامال گېنېراتورى گۇرۇپپىسى (شىنجاڭ «جىنفېڭ» پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى)، «ماركور» ماركىلىق ياغاچ ئۆي جاھازلىرى («ماركور» خەلقئارا ئۆي جاھازلىرى پاي چەكلىك شىركىتى).

### ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىن 33 ئادەم دۆلەتنىڭ رويخەتكە ئېلىنغان تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغۇچىلىق سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە گۇۋاھنامىغا ئېرىشكەن خادىم 113 كە يەتتى. 191 كارخانا مەملىكەت بويىچە سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشتى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 1199 كارخانا دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى تارقاتقان سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشتى. 2003 - يىلى يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى تەكشۈرگۈچىدىن 110 ى، كارخانا باشقۇرغۇچىدىن 117 سى تەربىيىلەندى. دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى تارقىتىش ۋە ئۇنى تەكشۈرۈشنى ئۈستىگە ئالغان 4 ئاپپارات ۋە ھاۋالىلىك تەكشۈرۈشنى ئۈستىگە ئالغان 14 ئاپپارات تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە بۇغداي ئۇنى، گۈرۈچ، سۇ يېغى، جياڭيۇ، ئاچچىقسۇ قاتارلىق 5 تۈرلۈك يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىدىغان 560 كارخانا يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بېرىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، 533 كارخانا دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى تارقاتقان يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشتى. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون

بويىچە دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش ئىدارىسى تارقاتقان يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشكەن كارخانا 581 گە يەتتى.

جاڭ شاۋشۇاڭ

## قەرەللىك نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى 15 مىڭ 328 كارخانىنى قەرەللىك نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى، مەھسۇلاتلارنى 21 مىڭ 144 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈردى، 16 مىڭ 793 تۈركۈم (قېتىم) لاياقەت تەكشۈردى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 79.42% كە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 3.74 پىرسەنت پونكىت ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 83.78%، يېمەكلىكلەرنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 79.70%، يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 66.70%، توقۇلما بۇيۇم، ئاياغ كىيىم مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 51.98%، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 80.06%، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 81.62%، ماشىنا - ئېلېكتر سايمانلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 85.29%، مېتاللورگىيە مەھسۇلاتلىرى، مېتال ياسالمىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 92.25%، ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 83.66%، باشقا مەھسۇلاتلارنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 87.38% بولدى. چوڭ كارخانا مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 96.83%، ئوتتۇرا كارخانا مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 93.62%، كىچىك كارخانا مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 77.12%؛ دۆلەت كارخانىلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 88.95%، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 88.75%، چەكلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىكى كارخانا مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 86.12%، كوللېكتىپ كارخانا مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 79.37%، خۇسۇسىي كارخانا مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 72.76%، يەككە ئىگىلىكتىكى كارخانا مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 61.67% بولدى.

جاڭ شاۋشۇاڭ

## بىرتۇتاش نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئۈزۈشتۈرغان يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق، بىرىكمە ئوغۇت، يوپۇق يېيىپ تېرىش سېيالكىسى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پىرىتسىپ، ئوت توغراش ماشىنىسى، تورت، گۆش ياسالمىلىرى، سۈت ياسالمىلىرى، بالقاق، بوتولكىلىق سۇ، ئىچىملىك، سۈت تالقىنى، توك سىمى - ئوپتىك كابېل، سۇ ئۆتمەس ئورام ماتېرىيال، ئاپتوموبىل دىزېلىنى، سۇلياۋ ئىشىك - دېرىزە، سېمونت، ئاق هاراق، مېۋە هارىقى، بۇغداي ئۇنى، گۈرۈچ، يېمەكلىككە ئىشلىتىلىدىغان سۇ يېغى، جياڭيۇ، ئاچچىقسۇ قاتارلىق 5 تۈردىكى 26 خىل مەھسۇلاتنى بىرتۇتاش نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش تاماملاندى، 2199 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 2604 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلات تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 80.99% بولدى.

جاڭ شاۋشۇاڭ

## سۈپەت نازارەت قىلىش - ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسى ئوبوروت ساھەسىدىكى 67 تۈردىكى تاۋارنى نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى، بۇ تاۋارلار سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 6832 كارخانىغا چېتىلىدۇ، تەكشۈرۈلگەن تاۋارلار 16 مىڭ 908 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 84.6% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوبوروت ساھەسىدىكى 6 تۈر بويىچە 33 خىل تاۋار ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىدى ۋە تەكشۈرۈلدى، بۇ تاۋارلار سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 1893 ئورۇنغا چېتىلىدۇ، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن تاۋارلار 2696 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 72.66% كە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 10.71 پىرسەنت پونكىتى ئۆستى. ھېيت - بايرام مەزگىللىرىدە، غەيرىي يېمەكلىك ماتېرىياللىرىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر، دۆلەت ئاشكارا پەرمان چۈشۈرۈپ مەنئى قىلغان يېمەكلىككە ئىشلىتىلمەيدىغان ماددىي ئەشيا، پاختىلىشىپ قالغان، سۈپىتى ئۆزگەرگەن خام ئەشيا ۋە ۋاقتى ئۆتۈپ سۈپىتى ئۆزگەرگەن يېمەكلىكتىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر،

ئىشلەپچىقىرىلغان ۋاقتىنى ياكى سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋاقتىنى ئۆزگەرتىش، سۈپەت بەلگىسىنى يالغاندىن ياساش، قارىسىغا ئىشلىتىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر ئۈستىدە مەخسۇس قانۇن ئىجرا قىلىنىپ ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 1536 سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلگەن ساختا، يالغان، ناچار يېمەكلىكلەرنىڭ قىممىتى 12 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە، دېھقانچىلىق دورىسى، خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى نازارەت قىلىنىپ، ئارىلاپ تەكشۈرۈلۈپ، بۇ جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 774 ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلگەن ساختا، يالغان، ناچار يېزا ئىگىلىك ۋاستىلىرىنىڭ قىممىتى 16 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

جاۋ شاۋشۇاڭ

## مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش گۇۋاھنامىسىدىن 352 نى، قانۇن ئىجرا قىلىش لاياقەتنامىسىدىن 187 نى تارقاتتى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىك سىستېمىسىدا مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش گۇۋاھنامىسى بارلار 1146 گە، قانۇن ئىجرا قىلىش لاياقەتنامىسى بارلار 1282 گە يەتتى. 2003 - يىلى بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش چۆرىدىلىپ ساختا، يالغان، ناچار مەھسۇلاتلارنى ياساش - سېتىش ھەرىكىتىگە زەربە بېرىش قانات يايدۇرۇلۇپ، يەرلىك پولات تاۋلاش، نېفىت ئايرىش، يېمەكلىك پىششىقلاش خۇرۇچى ياساش قاتارلىق كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە، بىخەتەرلىكىگە چېتىلىدىغان ساختا، يالغان، ناچار مەھسۇلاتلار مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 53 مىڭ 672 ئادەم (قېتىم) قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئىشقا سېلىنىپ، دېلو قىممىتى 196 مىليون يۈەنگە يېتىدىغان ساختا، يالغان، ناچار مەھسۇلات تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلدى. بىر يىلدا دېلو تۇرغۇزۇپ تەرگەۋ قىلىنغان دېلو 9968 بولۇپ، 9400 نگە مەمۇرىي جازا بېرىلدى، 3953 دېلوغا نەق مەيداندا جازا بېرىلدى، 196 دېلو ئۈستىدە سوت مەھكىمىسىنىڭ مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشى ئىلتىماس قىلىندى، بىر دېلو باشقا تارماقلارغا يوللاپ بېرىلدى. 18 مىليون 560 مىڭ 400 يۈەن ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئورنى تولدۇرۇۋېلىندى، 13 مىليون 43 مىڭ 900 يۈەن قىممىتىدىكى مۈلۈك جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى.

جاۋ شاۋشۇاڭ

## تالا تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىك سىستېمىسىدا تىجارەت خاراكتېرلىك پاختىغا گۇۋاھلىق بېرىش ۋە ئۇنى تەكشۈرۈشنى ئۈستىگە ئالغان ئاپپارات 38 بولۇپ، 10 مىڭ 432 تۈركۈم (قېتىم) ياكى 215 مىڭ 99 توننا تىجارەت خاراكتېرلىك پاختىغا گۇۋاھلىق بېرىش ۋە ئۇنى تەكشۈرۈشنى تاماملىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنچىكە تالالىق پاختا 9952 تۈركۈم، 201 مىڭ 580 توننا، ئۇزۇن تالالىق پاختا 480 تۈركۈم، 13 مىڭ 519 توننا؛ ھاۋالە بويىچە تەكشۈرۈلگەن پاختا 1823 تۈركۈم (قېتىم)، 45 مىڭ 609 توننا، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنچىكە تالالىق پاختا 1589 تۈركۈم، 38 مىڭ 354 توننا، ئۇزۇن تالالىق پاختا 234 تۈركۈم، 7255 توننا؛ نازارەت قىلىش ئۈچۈن تەكشۈرۈلگەن پاختا 1699 تۈركۈم، 36 مىڭ 425 توننا (بۇنىڭ ئىچىدە رەڭلىك پاختا 5858 توننا)؛ كېسىم قىلىش ئۈچۈن تەكشۈرۈلگەن پاختا 216 تۈركۈم، 4908 توننا، تەكشۈرۈلگەن پىلە غوزىسى 57 تۈركۈم، 500 توننا. 853 تۈركۈمدە تىۋىت تىپىدىكى 8451 تونىنلىق تالا ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېرىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلدى؛ 130 تۈركۈمدىكى 1908 توننا تالا ھاۋالە بويىچە تەكشۈرۈلدى. 1772 تۈركۈمدە چىگە تىپىدىكى 6334 توننا تالا ھاۋالە بويىچە تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ 1768 تۈركۈمدىكى 6334 تونىنىسى ئوتتۇرا ئاسىيا چىگىسى تالاسى، قالغانلىرى لوپنۇر كەندىرى نۇسخىسى. 14 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ئۈرۈمچى رايونىنىڭ 6 تۈردىكى توقۇلما بۇيۇملىرى قەرەللىك نازارەت قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلدى. 4717 تۈركۈم (قېتىم) دىكى توقۇلما بۇيۇملار ھاۋالە بويىچە تەكشۈرۈشكە قوبۇل قىلىندى؛ پاختا تىجارىتىدە ئىشلىتىلىدىغان 4650 دانە ئۆلچەش سايمىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى. پاختىنى دەرىجىگە ئايرىشنىڭ 3560 يۈرۈش ناتۇرال ئۆلچىمى تەقلىدىي ياسالدى ۋە تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنچىكە تالالىق ھەرە چىشلىق پاختا ئۆلچىمى 2250 يۈرۈش، توزۇندى پاختا ئۆلچىمى 600 يۈرۈش، ئۇزۇن تالالىق پاختا ئۆلچىمى 210 يۈرۈش، رەڭلىك پاختا ئۆلچىمى 100 يۈرۈش، مەملىكەت بويىچە پاختا پېرىيوم قىلىش ئۈستىلىرىنى سىنايدىغان پاختا ئەۋرىشكىسى 400 يۈرۈش، زىغىر ناتۇرال ئۆلچىمىدىن 21 يۈرۈش، يۇڭنىڭ ئىنچىكىلىك ئەۋرىشكىسىدىن 100 يۈرۈش ياسالدى. پاختا سېتىۋېلىپ پىششىقلايدىغان 774 كارخانىنىڭ سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارى تەكشۈرۈلدى. «قارا نىيەتلىك ماتراس» ياساش - سېتىشقا زەربە بېرىشتىن ئىبارەت مەخسۇس تۈر بويىچە ساختىلىققا زەربە بېرىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىدىغان، ساتىدىغان ۋە گۆرۈھلىشىپ

سېتىۋالىدىغان ئورۇندىن 521 ى تەكشۈرۈلۈپ، «قارا نىيەتلىك پاختا» ۋە «قارا نىيەتلىك ماتراس» ياساش ـ سېتىش دېلوسىدىن 56 سى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى. «سارس» تىن مۇداپىئە كۆرۈش مەزگىلىدە، مۇداپىئە ماسكىسى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ئورنىدىن 30 ى تەكشۈرۈلۈپ، 4908 دانە لاياقەتسىز ماسكا مۇسادىرە قىلىندى. ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي تالا تەكشۈرۈش سىستېمىسى سۈپەت جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 587 نى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، جەرىمانە قويۇلغان، مۇسادىر قىلىنغان پۇل 5 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 2003 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە پاختا سۈپىتىنى نازارەت قىلىش يۈزىسىدىن بىرتۇتاش قانات يايدۇرۇلغان تەكشۈرۈشتە، تالا تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىدا ئىچوت ئاچقان بارلىق پاختا پىششىقلاش كارخانىلىرى ۋە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىق بېرىش تەكشۈرۈشىگە قاتناشمىغان پاختا ئىشلىتىدىغان كارخانىلارنىڭ پاختىلىرىنى نازارەت قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېرىش تەكشۈرۈشىگە قاتناشمىغان پاختا ئىشلىتىدىغان 7 كارخانا، تايلاپ قويۇلغان 70 تۆركۆمدىكى 1535 توننا ساپ پاختىنى تەكشۈردى. يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىدا ئىچوت ئاچقان پاختا پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان 52 كارخانا، تايلاپ قويۇلغان 227 تۆركۆمدىكى 4238 توننا پاختا تەكشۈرۈلدى. پاختا سېتىۋېلىش مەزگىلىدە 11 مىڭ 350 ئادەم (قېتىم) قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خادىمى ئىشقا سېلىنىپ، 2822 سېتىۋالىدىغان زاۋۇت، پونكىت تەكشۈرۈلدى، پاختىكارلار ساتقان 3 مىليون 710 مىڭ توننا چىگىتلىك پاختىغا چېتىلىدىغان 5885 كىچىك ئەۋرىشكە ئېلىپ قوغلاپ تەكشۈرۈلدى. 881 چىگىتلىك پاختا دۆۋىسى تەكشۈرۈلدى، سۈپەت جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 339 ى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، مۇھىم دېلو 19. قانۇنسىز سېتىۋېلىپ پىششىقلاپ ئىشلەش ئۆۋىسىدىن 23 ى بىتچىت قىلىندى، «ئىككى كىچىك، بىر يەرلىك» قانۇنسىز پىششىقلاش ئۈسكۈنىسىدىن 27 سى (يۈرۈش) پېچەتلەندى ۋە كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ لىئې

## ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارقازان بېسىم قاچىسىنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش ئورنى ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق شىنجاڭ پارقازان بېسىم قاچىسىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش ئورنى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. بىر يىلدا 8 قارار ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەرنى تەكشۈرۈش خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 500 نەچچە ئادەم تەربىيىلەندى؛ 5 قارار زىيان ـ زەخمەتسىز تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 300 نەچچە ئادەم تەربىيىلەندى. 55 ئادەم بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلغۇچى ـ تەكشۈرگۈچىلىك سالاھىيىتىنى ھازىرلىدى. 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش خادىمى 58 گە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە بېسىملىق تۇرۇبا يولى ئېلېمېنتلىرىنى بىخەتەر رويخەتكە ئېلىش ۋە بېسىملىق تۇرۇبا لايىھىلەش ئورنىغا سالاھىيەت ئىجازەتنامىسى بېرىش خىزمىتى تۇنجى قېتىم قانات يايدۇرۇلۇپ، بېسىملىق تۇرۇبا لايىھىلەيدىغان 6 ئورۇننىڭ لايىھىلەش سالاھىيىتى، بېسىملىق تۇرۇبا دېتاللىرىنى ياسايدىغان 3 ئورۇننىڭ ياساش سالاھىيىتى باھالاپ تەكشۈرۈشكە قوبۇل قىلىندى. ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەرنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش ئېلىپ بېرىلىپ، تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش ئاپپاراتىدىن 6 سىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى ھەمدە ئۇلار خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. بىر يىلدا پارقازان لايىھىلەش چېرتيوژىدىن 103 يۈرۈش، ئۆزگەرتىش لايىھىسىدىن 16 سى، ئىمپورت قىلىنغان بېسىم قاچىسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن 25 ى، بېسىم قاچىسىنى قۇراشتۇرۇش، شارسىمان باكنى نەق مەيداندا قۇراشتۇرۇش لايىھىسىدىن 43 ى، لېفىت، كران، چوڭ تىپتىكى ساياھەت. كۆڭۈل ئېچىش مۇئەسسەسىلىرى، بېسىملىق تۇرۇبا قۇراشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش، رېمونت قىلىش لايىھىسىدىن 986 سى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. پار قازىنى ياسايدىغان 17 ئورۇننىڭ ياساش سالاھىيىتى، خىمىيىلىك تازىلاش، سۇ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 6 ئورۇننىڭ تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش سالاھىيىتى، بېسىم قاچىسى ياسايدىغان 2 ئورۇننىڭ ياساش سالاھىيىتى، بېسىم قاچىسى لايىھىلەيدىغان 3 ئورۇننىڭ لايىھىلەش سالاھىيىتى، 12 يۈرۈش لايىھە چېرتيوژى، سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى، تەبىئىي گاز قاچىلايدىغان 32 ئورۇننىڭ قاچىلاش سالاھىيىتى تەكشۈرۈلۈپ، 49 ئىجازەتنامە يېڭىلىنىپ تارقىتىلدى، 35 ئورۇننىڭ لېفىت، كران قۇراشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش، رېمونت قىلىش سالاھىيىتى، بېسىملىق تۇرۇبا قۇراشتۇرىدىغان 19 ئورۇننىڭ قۇراشتۇرۇش سالاھىيىتى تەكشۈرۈلدى. لېفىت، كران قۇراشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش، رېمونت قىلىش سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىدىن 268 ى، تۆمۈريولدا ھاكلىق ۋاگون ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسىدىن 522 سى، ئاپتوموبىل باكلىق ۋاگونى ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسىدىن 206 سى،

داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن توپۇمىنى ئىشلىتىش كۆۋاھنامىسىدىن 19 ى تەكشۈرۈلدى. قۇرۇلۇش نازارىتى بىلەن بىرلىكتە كران بىخەتەرلىكى بويىچە مەخسۇس تۈزەش قانات يايدۇرۇلۇپ، 4425 دانە كران تەكشۈرۈلدى، ئارىلاپ تەكشۈرۈش نىسبىتى %65 بولدى. گاز تۇڭى، بېسىملىق تۇرۇبىنى مەخسۇس تور بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش - تۈزەش ئېلىپ بېرىلىپ، بېسىملىق تۇرۇبىدىن 200 مىڭ مېتىر، گاز تۇڭىدىن 1 مىليون 380 مىڭ دانە تەكشۈرۈلدى. بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە «1 - ماي» ، «1 - ئۆكتەبىر» ئالتۇن ھەپتە مەزگىللىرىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە 456 دانە ساياھەت - كۆڭۈل ئېچىش مۇئەسسەسەسى دەرىجىگە ئايرىپ تەكشۈرۈلدى. بىر يىلدا ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەر زور ۋەقەسى كۆرۈلمىدى، ئېغىر ۋەقە 4 قېتىم، ئادەتتىكى ۋەقە 3 قېتىم يۈز بەردى، ۋەقە سانى 2002 - يىلدىكىدىن %63 تۆۋەنلىدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ

## ئۆلچەم بېكىتىش (تۈزىتىش كىرگۈزۈش) ۋە ئەنگە ئېلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى «تەبىئىي رەڭلىك ئىنچىكە تالالىق پاختا» ، «ئۇزۇن تالالىق پاختا» ۋە «ئاق كىشمىش ئۈزۈم» دىن ئىبارەت 3 تۈردە دۆلەت ئۆلچىمىنى بېكىتىشنى ئۈستىگە ئالدى. «ئالقات» ، «تۇرپان ئۈزۈمى» ، «تۇرپان قۇرۇق ئۈزۈمى» ۋە «يانۇچان تىپلىق دىۋىگاتېل ماتورنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەملىك ماينىڭ دۆلەت ناتورال ئۆلچىمى ئەۋرىشكىسى» دىن ئىبارەت 4 تۈردە دۆلەت ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە قاتناشتى. «قولماق» ، «ئۇيغۇر يېزىقى، قازاق يېزىقىنىڭ ھەرپ شەكلى» قاتارلىق 38 تۈردە دۆلەت ئۆلچىمىنى مەلۇم قىلىشنى ئۇيۇشتۇردى، دۆلەت «رەڭلىك پاختا ئۇرۇقى» ، «خوتەن قاشتېشىنىڭ ناتورال ئۆلچىمى ئەۋرىشكىسى» ۋە «زاراڭزا» دىن ئىبارەت 3 تۈردە دۆلەت ئۆلچىمىنى تۈزۈش پىلانىنى چۈشۈردى. ئاپتونوم رايون يەرلىك ئۆلچەمدىن 90 نى، ۋىلايەت، ئوبلاستلار 78 نى، ناھىيە، شەھەرلەر 88 نى تۈزدى. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە بار بولغان كۈچكە ئىگە يەرلىك ئۆلچەم 248 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك ئۆلچەم 49، كۆرسىتىش خاراكتېرلىك ئۆلچەم 199. يەرلىك ئۆلچەمدىن ئەنگە ئېلىنغىنى 70، يىل ئاخىرىغىچە يەرلىك ئۆلچەمدىن 228ى ئەنگە ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك ئۆلچەم 41، كۆرسىتىش خاراكتېرلىك ئۆلچەم 187. كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات ئۆلچىمىدىن 1473 ى قوبۇل قىلىنىپ ئەنگە ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر سۈپەت- تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى قوبۇل قىلغىنى 350. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە كارخانىلارنىڭ ئۈنۈملۈك ئۆلچىمىدىن 8957 سى ئەنگە ئېلىندى. پاختا دەرىجىسىنىڭ ناتورال ئۆلچىمىدىن 2908 يۈرۈشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، دۆلەتنىڭ زىغىر پاخلى ناتورال ئۆلچىمىدىن 20 يۈرۈشى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ

## خەلقئارا ئۆلچەمنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى «خەلقئارا ئۆلچەمنى ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار ئۆلچەملىرىنى قوللىنىش بويىچە تەكلىپ مۇندەرىجىسى» نى تۈزۈپ چىقتى، بىر يىلدا 68 كارخانىنىڭ 104 خىل مەھسۇلاتىدا ئۆلچەم قوللىنىشنى باھالاپ بېكىتىش تاماملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 50 كارخانىنىڭ 78 خىل مەھسۇلاتى خەلقئارا ئۆلچەملىك مەھسۇلات بەلگىسىنى ئىشلىتىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىپ، خەلقئارا ئۆلچەملىك مەھسۇلات بەلگىسىنى ئىشلىتىش كۆۋاھنامىسىغا ئېرىشتى («قوشۇمچە» گە قاراڭ). يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 482 خىل مەھسۇلات خەلقئارا ئۆلچەملىك مەھسۇلات بەلگىسىنى ئىشلىتىش كۆۋاھنامىسىغا ئېرىشتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ

### قوشۇمچە

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ خەلقئارا ئۆلچەم بەلگىسىنى ئىشلەتكەن مەھسۇلاتلىرى

ئادەتتىكى تاق ئۆزەكلىك قاتتىق ئۆتكۈزگۈچلۈك ئاسراش قېپى يوق كابېل (بايىنغولىن ئوبلاستلىق «خۇەنلىيەن» توك سىمى - كابېل چەكلىك شىركىتى) ، پولى ۋىنىل خلورىدلىق ئىزولياتورلۇق توك سىمى (كورلا «شۈنتۇڭ سىم كابېل ياساش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن (يەنجى ناھىيە «خۇڭفېڭ» سانائەت - سودا چەكلىك شىركىتى) ، ئېرىتىش ئاتسېتىلېنى (شىنجاڭ كورلا «يۈچياڭ» ئاتسېتىلېن ياساش چەكلىك شىركىتى) ، ۋېرمىكۇلىت (لوپنۇر «شىنلۇڭ» ۋېرمىكۇلىت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، تۆۋەن بېسىملىق توك تەقسىملەش ساندۇقى (بايىنغولىن ئوبلاستلىق «شىنلىي» ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ۋېكلىيۇچاتېل زاۋۇتى) ، گىدروخلورىدلىق ئېفېدرىن، گىدروخلورىدلىق ساختا ئېفېدرىن (خوشۇت ئېفېدرىن ياسالمىلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، CC40 دىزېل ماتور مېيى، CD40 دىزېل ماتور مېيى (ئۈرۈمچى شەھەرلىك «لۈخچېڭ» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى) ، J5. 9tex ساپ پاختا سىپتا يىپ، J7. 3tex ساپ پاختا سىپتا يىپ، J9. 8tex ساپ پاختا

سېپتا يېپ (شىنجاڭ «يىدا» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى)، يۇڭ ئىلمە - توقۇلما بۇيۇملىرى (شىنجاڭ «مەنۋېي» يۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، ئادەتتىكى قاتتىق ئۆتكۈزگۈچلۈك ئاسراش قېپى يوق توك سىمى، ئېلېكتر كابېل (ئۈرۈمچى «رۇڭجياڭ» ماشىنا - ئېلېكتر چەكلىك شىركىتىنىڭ «رۇڭجياڭ» ئېلېكتر سىمى - كابېل زاۋۇتى)، ساناەتتە ئىشلىتىلىدىغان مىلا ئامىن (شىنجاڭ «شىنخۇا» خىمىيۋى ئوغۇت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن، ساناەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 - شى ماشىنىسازلىق - رېمونتچىلىق زاۋۇتى)، 90 - نومۇرلۇق ئاپتوموبىلغا ئىشلىتىلىدىغان قوغۇشۇنسىز بېنزىن (غەربىي - جەنۇبىي تارىم تەكشۈرۈش - ئېچىش شىركىتىنىڭ پوسكام نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى)، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن (قەشقەر شەھەرلىك خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن (قەشقەر «چاڭيۈەن» ئوكسىگېن ئىشلەش چەكلىك شىركىتى)، CD40 دىزېل ماتور مېيى (قاراماي شەھەرلىك «بىدې» خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، 3 - نومۇرلۇق رېئاكتىپ يېقىلغۇ (جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى)، بېنزىن ماتور مېيى SF، بېنزىن ماتور مېيى SD، دىزېل ماتور مېيى CC، دىزېل ماتور مېيى CD (كۈيتۇڭ «جۇيچى» خىمىيە سانائىتى ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتى)، دىزېل ماتور مېيى CC، دىزېل ماتور مېيى CD، بېنزىن ماتور مېيى SC، بېنزىن ماتور مېيى CE، بېنزىن ماتور مېيى SD (كۈيتۇڭ «سەنيىڭ» نېفىت خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتى)، دىزېل ماتور مېيى CC، دىزېل ماتور مېيى CD (كۈيتۇڭ «ۋېيكوت» خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتى)، دىزېل ماتور مېيى CD، دىزېل ماتور مېيى CC، بېنزىن ماتور مېيى SF، بېنزىن ماتور مېيى SD، بېنزىن ماتور مېيى SE، بېنزىن ماتور مېيى SC (كۈيتۇڭ «يۈلى» ئالاھىدە ماي مەھسۇلاتلىرى چەكلىك شىركىتى)، ئېرىتىش ئاتېستىلېنى (غۇلجا ناھىيىلىك «فۇدا» سانائەت - سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، ئوتتۇراھال زېچلىقتىكى تالا تاختا (شىنجاڭ «ئىمام» مەھسۇلات تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى)، ساناەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن (ئىلى «خاۋفېڭ» سانائەت - سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، «جاۋمىڭ» توك تەقسىملەش ساندۇقى (ئىلى بىناكارلىق ۋېكلىيۇچاتېل زاۋۇتى)، «جاۋمىڭ» توك تەقسىملەش ساندۇقى (ئىلى «خۇڭچاڭ» تۆۋەن بېسىملىق ئېلېكتر سايمانلىرى - ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى)، «جاۋمىڭ» توك تەقسىملەش ساندۇقى (ئىلى «جېنچېڭ» ئېلېكتر سايمانلىرى ياساش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، يورۇتۇش توك تەقسىملەش ساندۇقى (ئىلى «نېڭيۈەن» ئېلېكتر كونترول ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى)، ساناەتتە ئىشلىتىلىدىغان ترانسفورماتور، توك كۈچى ترانسفورماتورى (شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ترانسفورماتور زاۋۇتى)، سېپتا يۇڭ توقۇلما تىۋىت يېپى (شىنجاڭ «شۆرۈڭ» يۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى)، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن (ئالتاي شەھەرلىك «دۇڭخۇا» ئوكسىگېن ئىشلەش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، تۆۋەن بېسىملىق يورۇشلەشكەن ۋېكلىيۇچاتېل ئۈسكۈنىسى (شىخەنزە شەھەرلىك «فۇيۇ» ئېلېكتر سايمانلىرى - ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى)، ۋېكلىيۇچاتېل ساندۇقى (شىخەنزە شەھەرلىك «شىنشىڭ» ئېلېكتر سايمانلىرى - ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى)، توك تەقسىملەش ساندۇقى (شىخەنزە تەرەققىيات رايونى «فۇشۇن ئەنفاڭ» ئېلېكتر سايمانلىرى پەن - تېخنىكىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، ئېرىتىش ئاتېستىلېنى (شىخەنزە شەھەرلىك «تيەنگاڭ» ئاتېستىلېن زاۋۇتى)، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن، ساناەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن (شىخەنزە تەرەققىيات رايونى «شىنتەي» گاز ئىشلەپچىقىرىش چەكلىك شىركىتى)، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن (شىخەنزە شەھەرلىك «يىلى» سودا مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن زاۋۇتى)، تۆۋەن بېسىملىق يورۇشلۇك ۋېكلىيۇچاتىل ئۈسكۈنىسى (شىخەنزە شەھەرلىك «ياۋشياڭ» ئىشىك - دېرىزە ياساش چەكلىك شىركىتى)، ساناەتتە ئىشلىتىلىدىغان كالتسىي خلورىد، ساناەتتە ئىشلىتىلىدىغان سۇيۇقلاندۇرۇلغان خلور (شىنجاڭ «تيەنيې» پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ شىخەنزە خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى)، «شۆەنفۇفا» ھەممىباب پولى ۋىنىل خلورىد (شىخەنزە «جۇڭفا» خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، ساناەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن (ئاقسۇ ئېلېكتر قۇۋۋىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى ۋېكلىيۇچاتېل زاۋۇتى)، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن (ئاقسۇ ئېلېكتر قۇۋۋىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى ۋېكلىيۇچاتېل زاۋۇتى)، ساناەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن (ئاقسۇ شەھەرلىك «شېندۇ» ئوكسىگېن ئىشلەش زاۋۇتى)، ساناەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن (كۇچا ناھىيىلىك «ياشى» ئوكسىگېن ئىشلەش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، ساناەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن (قۇمۇل «چاڭخۇڭ» ئوكسىگېن ئىشلەش زاۋۇتى)،

27.8tex ئادەتتىكى ساپ پاختا يىپ، 18.2tex ئادەتتىكى ساپ پاختا يىپ، گاز ئېقىملىق ئېگىرىلگەن ئۇز رەڭلىك پاختا يىپ (شىنجاڭ «شىيلى» توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى)، تۆۋەن بېسىملىق ۋېكلىيۇچاتېلىنىڭ يورۇشلۇق ئۇسكۇنىلىرى (شىنجاڭ «مىڭپاڭ» ئېلېكتىر ئۇسكۇنىلىرى چەكلىك شىركىتى)، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن، ھىدروگېن، ساپ ئىتروگېن، ساپ ھىدروگېن (شىنجاڭ «1-ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئېنېرگىيە مەركىزىدىكى ئوكسىگېن ئىشلەش شۆبە زاۋۇتى)، ئېرىتىش ئاتسېتىلېنى (قۇتۇبى ناھىيىلىك «دۆڭچۈەن» ئاتسېتىلېن زاۋۇتى)، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان بالون (شىنجاڭ «كوئېنلۇن» پاي چەكلىك شىركىتى).

## يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بويىچە سۈپەت بىخەتەرلىك ئۆلچىمى سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئومۇمىي پىلانى» نى تۈزۈپ چىقتى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كاتالوگى» بېسىپ تارقىتىلدى. «يېزا ئىگىلىكنى ئۆلچەملەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە رايونلارنى باشقۇرۇش چارىسى» گە ئاساسەن، تۇرپان ئۈزۈمى، چىڭگىل تېۋىتلىك ئۆچكىسى، جىڭ ئالقىتى، ساۋەن ئېكولوگىيىلىك ئورمىنى، چاپچال «تەڭرىتاغ» بۇغىسى، ئاۋات پاختىسى قاتارلىق يېزا ئىگىلىكنى ئۆلچەملەشتۈرۈش بويىچە 6 ئۈلگە تۈر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. شۇ يىلى يەنە «شىنجاڭ بايىنغولىن ئوبلاستى قوتىزى»، «قۇمۇل چوڭ چىلىنى»، «دۆربىلجىن زاراڭزىسى»، «گۇما ئانىرى»، «پەيزاۋات قوغۇنى» دىن ئىبارەت 5 تۈر جۇڭگو ئۆلچەملەشتۈرۈش كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكنى ئۆلچەملەشتۈرۈشتە ئۈلگە رايون تۈرى قىلىپ بېكىتىلدى. «شىنجاڭ سۈپەتلىك ئىنچىكە قوي يۇڭىنىڭ ئۆلچەم سىستېمىسى»، «شىنجاڭ ئۈزۈن تالالىق پاختىسىنىڭ ئۆلچەم سىستېمىسى»، «تۇرپان ئۈزۈمىنىڭ ئۆلچەم سىستېمىسى»، «كورلا نەشپۈتىنىڭ ئۆلچەم سىستېمىسى» قاتارلىق 19 ئۆلچەم سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

جاۋ شاۋشۇاڭ

## ئۆلچەملەرنىڭ يولغا قويۇلۇش ۋە نازارەت قىلىنىش ئەھۋالى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى «داكىدىن ئىشلەنگەن مۇداپىئە ماسكىسى»، «داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان پاكىزلاندۇرۇلغان داكا ماسكا» دىن ئىبارەت 2 تۈرنىڭ يەرلىك ئۆلچىمىنى بېكىتتى ۋە ئېلان قىلدى. ماسكا، ئاتسېتات پېروكسىد قاتارلىق 10 تۈرنىڭ دۆلەت ئۆلچىمىنى تەشۋىق قىلدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى. ئىلى، بورتالا، تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا «شېكەر قىزىلچىسىنى سېتىۋېلىش ئۆلچىمى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئۇنۇمى نازارەت قىلىش يۈزىسىدىن ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈلۈپ، قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىش يۇقىرى قەنت تەركىبلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق بولۇشقا يېتەكلەندى، كارخانىلارغا قىزىلچا توغراشنىڭ ئۆلچەملىك رەڭدار خەرىتىسى ئىشلەپ بېرىلىپ، سېتىۋېلىشتىكى سۈپەت ماجىراسى ئازايتىلدى. ساياھەتچىلىك ساھەسىدە «ئۇنچە - مەرۋايىتنى تونۇش» ئۆلچىمىنى ئىزچىل يولغا قويۇش كۈچەيتىلىپ، ئۈنچە - مەرۋايىت زىننەت بۇيۇملىرىنى تونۇشتىن ئىبارەت مەخسۇس تۈر بويىچە نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۈنچە - مەرۋايىت زىننەت بۇيۇملىرى بازىرى قېلىپلاشتۇرۇلدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ

## ئۆلچەملەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ ئۆلچەم سىناق تەتقىقات ئورنى ئەلا يۇقىرى ئۆلچەملىك ئۆلچەمدىن بىر تۈرنى يېڭىدىن بەرپا قىلدى. جەمئىيەتتە ئورتاق قوللىنىلىدىغان ئۆلچەملىك ئۆلچەمدىن 22 تۈرنى، تەكشۈرۈپ پېچەتلەپ ساقلاش ئۆلچەملىك ئۆلچىمىدىن 4 تۈرنى، 151 تۈرنى يېڭىدىن تۇرغۇزدى. سىلىشتۇرۇپ توغرىلانغان 238 تۈر دۆلەت تەجرىبە ئىشخانىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتۈپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. بىر يىلدا 942 مىڭ 20 ئۆلچەم ئەسۋابى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇنلۇق ئۆلچىگۈچ 19 مىڭ 331، تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچ 13 مىڭ 984، مېخانىكىلىق ئۆلچىگۈچ 517 مىڭ 270، ئېلېكتىر ماگنىتلىق ئۆلچىگۈچ 341 مىڭ 814، ئوپتىك ئۆلچىگۈچ 9707، ئاكۇستىكىلىق ئۆلچىگۈچ 1199، خىمىيىلىك ئۆلچىگۈچ 3749، ئىئون رادىئاتسىيىسىنى ئۆلچىگۈچ 1096، رادىئو ئۆلچىگۈچ 1718، ۋاقىت چاستوتىسىنى ئۆلچىگۈچ 22 مىڭ 926، باشقىلار 9226. مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئۆلچەملىك ئۆلچەم سايمىنى 4926، مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن خىزمەت ئۆلچىمى سايمىنى 49 تۈر، 94 خىل، 853 مىڭ 878 دانە، بۇنىڭ ئىچىدە سودا راسچوت ئۆلچىمى سايمىنى 736 مىڭ 386، بىخەتەرلىك - مۇداپىئە كۆرۈش ئۆلچەم سايمىنى 88 مىڭ 602، داۋالاش - ساقلىق

ساقلاش ئۆلچەم سايمىنى 27 مىڭ 673، مۇھىت تەكشۈرۈش-ئۆلچەش ئۆلچەم سايمىنى 1217. يىل ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە 1242 ئادەم ئۆلچەم تەكشۈرۈپ بېكىتىش خادىمى گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇندا بېكىتىلگەن ئۆلچەم تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئاپپاراتىدىكىسى 493، ھوقۇق بېرىلگەن ئورۇندىكىسى 749.

جاۋ شاۋشۇاڭ

## ئىجتىمائىي ئادىل ئۆلچەم ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەھۋالى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 158 ئادىل ئۆلچەم تەكشۈرۈش خادىمىدىن ئىمتىھان ئېلىپ، ئۇلارغا كىنىشكا تارقىتىپ بەردى. 21 ئىجتىمائىي ئادىل ئۆلچەم ئورنى (پونكىتى) دا ئۆلچەم گۇۋاھلىقى ئېلىپ باردى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 53 ئىجتىمائىي ئادىل ئۆلچەم ئورنى (پونكىتى) بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىرلىق ئۆلچىمى پونكىتى 49، ئۆي - زېمىن ئادىل ئۆلچەم پونكىتى بىر، مىقدارلىق ئورالما تاۋارلار ئۆلچەم پونكىتى 3.

جاۋ شاۋشۇاڭ

## ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى ئۆلچەم ئەسۋابلىرى ياسايدىغان 7 كارخانىنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ 5 سىگە ئۆلچەم ئەسۋابلىرى ياساش ئىجازەتنامىسى بەردى. يىل ئاخىرىغا قەدەر 28 كارخانا ئۆلچەم ئەسۋابلىرى ياساش گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. 4 كارخانىغا ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى رېمونت قىلىش گۇۋاھنامىسى بېرىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر 23 كارخانا ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى رېمونت قىلىش گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 12 كارخانىنىڭ ئۆلچەم سايمىنى ئەۋرىشكىسىنى سىناپ كۆرۈشنى تاماملىدى ھەمدە ئۇلارغا ئەۋرىشكە سىنىقى لاياقەتنامىسى بەردى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 76 خىل ئۆلچەم ئەسۋابىنىڭ يېڭى مەھسۇلات ئەۋرىشكىسى سىناپ كۆرۈلدى ھەمدە ئۇلار گۇۋاھنامىگە ئېرىشتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ

## كارخانىلارنىڭ ئۆلچەم خىزمىتى ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى ئۆلچەم سىناش سىستېمىسى بويىچە قەرەللىك توشقاندىن كېيىنكى قايتا تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ گۇۋاھنامىسى يەڭگۈشلەپ بېرىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە 18 چوڭ، ئوتتۇرا كارخانا ئۆلچەم سىناش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى؛ 103 كارخانا ئۆلچەمنىڭ لاياقەتلىك بولۇشىنى ئېتىراپ قىلىش گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى؛ 665 كارخانا ئۆلچەمنىڭ لاياقەتلىك بولۇشىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئۆتتى. 2 كارخانا مىقدارلىق ئورىلىدىغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ ئۆلچەمگە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى باھالاشتىن ئۆتتى، بىرىنچى تۈردىكى 16 خىل مىقدارلىق ئورىلىدىغان مەھسۇلاتتا «C» بەلگىسىنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 11 كارخانا سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى باھالاشتىن ئۆتتى، 8 تۈردىكى 59 خىل مىقدارلىق ئورىلىدىغان مەھسۇلاتتا «C» بەلگىسىنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىندى.

جاۋ شاۋشۇاڭ

## تۇرغۇزۇلغان ئۆلچەملەرنى سىناش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ھوقۇق بېرىش ئەھۋالى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 41 ئورۇننىڭ 359 تۈردىكى ئۆلچەملىك ئۆلچىمىنى ئۆلچەملىك ئۆلچەم بويىچە سىناپ كۆردى (قايتا تەكشۈردى). ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ئۆلچەم پونكىتى ئۆلچەمگە ھوقۇق بېرىش يۈزىسىدىن سىناپ كۆرۈلدى. يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا قانۇندا بېكىتىلگەن ئۆلچەم ئاپپاراتلىرىدا جەمئىيەت ئورتاق قوللىنىدىغان ئۆلچەملىك ئۆلچەمدىن 763 تۈر تۇرغۇزۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 151 تۈر، ۋىلايەت دەرىجىلىكى 383 تۈر، ناھىيە دەرىجىلىكى 229 تۈر. جەمئىيەتتە ئورتاق قوللىنىلىدىغان 25 ئۆلچەملىك ئۆلچەمنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا ھوقۇق بېرىلدى. سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرىنىڭ لاياقەت سىنىشىنى تارقىلىق تارماقلار، كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەملىك ئۆلچىمىدىن 1094 تۈر تۇرغۇزۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ 795، ۋىلايەتلەرنىڭ 253، ناھىيىلەرنىڭ 46، قانۇندا بېكىتىلگەن ئۆلچەم تېخنىكىسىنى قوللىنىشقا ھوقۇق بېرىلگەن ئاپپارات 4؛ يەككە تۈر بويىچە ھوقۇق بېرىلگەن ئاپپارات 124، ھوقۇق بېرىلگەن تۈر 331.

جاۋ شاۋشۇاڭ

## ئۆلچەملەرنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2003 - يىل 1 - ئايدا شىنجاڭدىكى سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى 416 سودا بازىرىنى سۈپەت نازارەتچىلىكى يۈزىسىدىن تەكشۈردى، 14 مىڭ 765 ئۆلچىگۈچنى ئارىلاپ تەكشۈردى، ئۇلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 91% كە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 10 پىرسەنت يۇقىرىلاپ ئۆستى. 1 - ئايدىن 3 - ئايغىچە ئۈرۈمچى رايونى نۇقتا قىلىنىپ گۈرۈچ، بۇغداي ئۇنى، سۇ يېغى قاتارلىق 10 خىل

مىقدارلىق ئورۇلىدىغان تاۋارنىڭ ساپ مىقدارى دۆلەتنىڭ مەخسۇس تۈرى بويىچە تەكشۈرۈلدى. 23 ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىنىڭ 70 تۈركۈم (قېتىم) دىكى مەھسۇلاتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %85.7 بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتىدىن 9.5 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولدى. 4 — 5. ئايلاردا ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە گۈرۈچ، يۇغداي ئۇنى، سۇت قاتارلىق 10 خىل مىقدارلىق ئورۇلىدىغان تاۋارنىڭ ساپ مىقدارى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈلدى. 576 ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىنىڭ 843 تۈركۈم (قېتىم) دىكى مەھسۇلاتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %67 بولدى. 9 - ئايدا سودا ئورۇنلىرىنىڭ ئۆلچىگۈچ ئۆلچەملىرى نازارەت قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلدى. سودا سارىيى (دۇكان)، سودا بازىرى، توپ سېتىش بازىرى، مېھمانخانا، مەيخانا قاتارلىق 5005 ئورۇن تەكشۈرۈلدى، سودا ئۆلچىگۈچىدىن 22 مىڭ 22 سى تەكشۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %92.6 كە يەتتى. 10 - ئايدا 14 خىل مىقدارلىق ئورۇلىدىغان يېمەكلىكنىڭ ساپ مىقدارى نازارەت قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلدى، 305 كارخانىنىڭ 462 تۈركۈم (قېتىم) دىكى مىقدارلىق ئورۇلىدىغان تاۋارلىرى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %83.1 بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 280 كۆزەينەك ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش ئورنىنىڭ كۆزنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش، ئەينەك سەپلەشكە ئىشلىتىلىدىغان 1155 ئۆلچەم سايمىنى نازارەت قىلىش يۈزىسىدىن ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈلۈش نىسبىتى %96، تەكشۈرۈپ باھالاشتا لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %99 بولدى. كۆزەينەك ئوپتىكا كۆرسەتكۈچىنىڭ نازارەت قىلىش يۈزىسىدىن ئارىلاپ تەكشۈرۈشتىكى لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %92 بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 18.4 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى.

جاۋ شاۋشۇاڭ

## ئۆلچەم ئۇچۇرى خىزمىتى ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدا يېڭىدىن تەشكىلىي ئاپپاراتلارنىڭ كود كىنىشكىسىدىن 42 مىڭ يۇرۇش بېجىرىلدى، IC كارتوچكىسىدىن 39 مىڭى تارقىتىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇملۇق تەشكىلىي ئاپپارات كود كىنىشكىسى بېجىرگەن ئورۇن 185 مىڭغا يەتتى. 80 كارخانىنىڭ رەت نومۇرىنى ئۆلچەملىك قوللىنىشىغا ياردەم بېرىلدى. تاياق كود تېخنىكىسى بويىچە 5 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 200 نەپەر تاياق كود باشقۇرۇش خادىمى تەربىيىلەندى. يېڭىدىن 250 تاياق كود سىستېمىسى ئەزاسى كۆپەيتىلدى، يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان تاياق كود سىستېمىسى ئەزاسى 1037 گە يەتتى. يەنە 48 كارخانا تاياق كودنى ئۆزگەرتىشتىن ئۆتتى، تاياق كودنىڭ ئۆزگەرتىلىش نىسبىتى %81 بولدى. بىر يىلدا 5945 تۈرلۈك ئۆلچەم يېڭىدىن سېتىۋېلىندى، كېرەكسىز بولغان 16 مىڭ 390 تۈرلۈك ئۆلچەم بىكار قىلىندى، يىل ئاخىرىدا ساقلىنىپ قالغان ئۈنۈملۈك ئۆلچەم 44 مىڭ 255. بىر يىلدا مەسلىھەت سوراپ كەلگەن 5838 كارخانا، 10 مىڭ 530 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، 9999 تۈرلۈك ئۆلچەم مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىلدى، 6750 تۈرلۈك ئۆلچەم تەقلىد قىلىپ ياسالدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ

## گۈۋاھلىق بېرىش ۋە تەكشۈرۈش - ئۆلچەش تەجرىبىخانىلىرىنىڭ باھالاش - باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭدا 814 كارخانا سۈپەت سىستېمىسىنىڭ گۈۋاھلىقىدىن ئۆتتى ھەمدە سۈپەت سىستېمىسىغا گۈۋاھلىق بېرىش گۈۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. 9 تەكشۈرۈش - ئۆلچەش تەجرىبىخانىسى جۇڭگو دۆلەتلىك تەجرىبىخانىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتتى. ئاپتونوم رايون سۈپەتكە گۈۋاھلىق بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئاپپاراتلىرىنى باھالىدى، 51 تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئاپپاراتى سىناشتا لاياقەتلىك بولۇپ، سۈپەتكە گۈۋاھلىق بېرىش لاياقەتنامىسىغا ئېرىشتى ھەمدە ئۇلارنىڭ دۆلەت بىر تۇتاش بەلگىلىگەن سۈپەتكە گۈۋاھلىق بېرىش بەلگىسى CMA نى ۋە رەت نومۇرىنى ئىشلىتىشىگە رۇخسەت قىلىندى («قوشۇمچە - 1» گە قاراڭ). شۇنىڭ بىلەن بىللە 7 تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئاپپاراتىنىڭ سۈپەتكە گۈۋاھلىق بېرىش لاياقەتنامىسى بىكار قىلىندى. يىل ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدا ئۈنۈملۈك گۈۋاھنامىسى بار تەجرىبىخانىدىن 226 سى بار بولدى. 15 مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتى سالاھىيەت تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلىش «تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش» تىن ئۆتۈپ، مۇناسىپ ھالدىكى مەھسۇلات تەكشۈرۈشنى ئۈستىگە ئېلىش سالاھىيىتىنى ھازىرلاپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئورنى (پونكىتى) نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش (ئېتىراپ قىلىش) جەھەتتە لاياقەتنامىسىگە ئېرىشتى، CML شەرتلىك بەلگىسىنى ئىشلىتىشكە ئىجازەت ئالدى («قوشۇمچە - 2» گە قاراڭ).

جاۋ شاۋشۇاڭ

## قوشۇمچە — 1

**ئۆلچەم گۇۋاھلىقىدا لاياقەتنامىگە ئېرىشكەن تەكشۈرۈش- ئۆلچەش ئاپپاراتلىرى**

ئىلى ئوبلاستلىق سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، قاراماي «يۇڭيوەن» تەكشۈرۈش - ئۆلچەش تېخنىكىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، بورتالا ئوبلاستلىق سۈپەت ۋە ئۆلچەم تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئورنى، شىخەنزە سۈپەت ۋە ئۆلچەم تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئورنى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال - گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ سىناش مەركىزى، تۇرپان ۋىلايەتلىك بىناكارلىق- قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش پونكىتىنىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى تەجرىبىخانىسى، ئاتۇش شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش مەركىزى، بىڭتۇەن بىناكارلىق گۇرۇھى 1 - بىناكارلىق مەركىزى تەجرىبىخانىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ مەركىزىي لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تالا تەكشۈرۈش ئورنى، شىخۇ شەھەرلىك تالا پرېيوم قىلىش پونكىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تالا تەكشۈرۈش ئورنى، سانجى ئوبلاستلىق تالا تەكشۈرۈش ئورنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك تالا تەكشۈرۈش ئورنى، ئىلى ئوبلاستلىق تالا تەكشۈرۈش ئورنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تالا تەكشۈرۈش ئورنى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق تالا تەكشۈرۈش ئورنى، ئالتاي ۋىلايەتلىك تالا تەكشۈرۈش ئورنى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يەم - خەشەك نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، ئاقسۇ شەھەرلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش، يۇندا چىقىرىۋېتىش ۋە سۇ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش پونكىتى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى نېفىت ئېلىش ھۈنەر - سەنئەت تەتقىقات ئاكادېمىيىسى نېفىت ئېلىش قۇراللىرى ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش پونكىتى، جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى «ئالتۇن» 8 - تارماق ئەترىتىنىڭ لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، يەنجى ناھىيىلىك «تيەنيۇ» بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش چەكلىك شىركىتى، شىخەنزە شەھەرلىك قۇرۇلۇش مەركىزى تەجرىبە پونكىتى، سانجى ئوبلاستلىق «تيەنلى» قۇرۇلۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش- ئۆلچەش مەركىزى، بورتالا شەھەرلىك قۇرۇلۇش سۈپىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتىنىڭ تەكشۈرۈش - ئۆلچەش تەجرىبىخانىسى، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى خىمىيىلىك تالا مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنى تەكشۈرۈش پونكىتى، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى خىمىيىۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنى تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ سۈت سۈپىتىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزى، قەشقەر ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق دورىلىرى ۋە يەم- خەشەكنى نازارەت قىلىش پونكىتى، بورتالا شەھەرلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، شىنجاڭ «شىنجياڭ» تەكشۈرۈش - ئۆلچەش تېخنىكىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ ئوت - چۆپ ئۇرۇقى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى 2 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتىنىڭ تەجرىبىخانىسى، شىنجاڭ قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى 3 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتىنىڭ تەجرىبىخانىسى، فۇكاڭ شەھەرلىك «جۇنتەي» فىزىكىلىق - خىمىيىلىك زىيانسىز تەكشۈرۈش - ئۆلچەش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «رۇڭدا» ئاپتوموبىل مۇلازىمىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «رۇڭدا» ئاپتوموبىل مۇلازىمىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ يەنجى شۆبە شىركىتى، ئالتاي ۋىلايەتلىك دورا تەكشۈرۈش ئورنى، قاراماي شەھەرلىك مۇھىت تەتقىق قىلىش ۋە تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزى، بورتالا ئوبلاستلىق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش مەركىزى، قاراماي شەھەرلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سۈپەت ۋە ئۆلچەم تەكشۈرۈش- ئۆلچەش ئورنى، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى نېفىت - گاز مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش پونكىتى، سانجى ئوبلاستلىق مۇھىت تەكشۈرۈش - ئۆلچەش پونكىتى، شىنجاڭ نېفىت قۇدۇقى بۇرغىلاشقا ياردەم بەرگۈچى خۇرۇچ مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك دورا تەكشۈرۈش ئورنى، پىچان ناھىيىلىك بىناكارلىق ماتېرىياللىرى تەجرىبىخانىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك سۈپەت ۋە ئۆلچەم تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئورنى، شىنجاڭ قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى 7 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى تەجرىبىخانىسى، قەشقەر شەھەرلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش سۇ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش پونكىتى.

## قوشۇمچە — 2

**تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا (ئېتىراپ قىلىشتا) لاياقەتنامىگە ئېرىشكەن مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى**

تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تالا تەكشۈرۈش ئورنى، شىخۇ شەھەرلىك تالا تەكشۈرۈش پونكىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تالا تەكشۈرۈش ئورنى، سانجى ئوبلاستلىق تالا تەكشۈرۈش ئورنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك تالا تەكشۈرۈش ئورنى، ئىلى ئوبلاستلىق

تالا تەكشۈرۈش گورۇپپىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تالا تەكشۈرۈش گورۇپپىسى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق تالا تەكشۈرۈش گورۇپپىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك تالا تەكشۈرۈش گورۇپپىسى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سۈپەت ۋە ئۆلچەم تەكشۈرۈش - ئۆلچەش گورۇپپىسى، شىخەنزە سۈپەت ۋە ئۆلچەم تەكشۈرۈش - ئۆلچەش گورۇپپىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك سۈپەت ۋە ئۆلچەم تەكشۈرۈش - ئۆلچەش گورۇپپىسى، شىنجاڭ نېفىت قۇدۇقى بۇرغىلاشقا ياردەم بەرگۈچى خۇرۇچ مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ ئوت - چۆپ ئۇرۇقى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى.

## «15 - مارت» تەشۋىقات پائالىيىتى ئەھۋالى

2003 - يىل 3 - ئايدا شىنجاڭدىكى سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسى «سۈپەت، بىخەتەرلىك، ساغلاملىق» نى ئاساسىي تېما قىلىپ، مەجبۇرىي تەكشۈرۈلىدىغان ئۆلچەم ئەسۋابلىرى، مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك ئۆلچەم، ئالاھىدە ئۈسكۈنە، تالا ياسالمىلىرى، تاۋار تاياق كودى ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى، جىسمانىي ساغلاملىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تاۋارلار ئۈستىدە مەخسۇس تۈر بويىچە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈردى. «شىنجاڭ گېزىتى»، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى ئىز قوغلاپ زىيارەت قىلىپ خەۋەر بەردى ۋە مەخسۇس خەۋەر ئىشلىدى، ئۇلار 134 پارچە خەۋەرنى باستى ۋە ئېلان قىلدى. 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى قاتارلىق 8 ئورۇن ئۈرۈمچى شەھىرى شياۋشىمېندىكى «مۇۋەپپەقىيەت» مەيدانىدا «15 - مارت» ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش تەشۋىقات پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، 25 مەسلىھەت بېرىش سۇپىسى، 63 داڭلىق كارخانىلارنى تونۇشتۇرۇش سۇپىسى، 5 راست، ساختا تاۋارلارنى پەرقلەندۈرۈش سۇپىسى، 2 تەكشۈرۈش - ئۆلچەش بويىچە مۇلازىمەت قىلىش، پاش قىلىش ۋە ئەرز - شىكايەت قىلىش سۇپىسى تەسىس قىلىنىپ، ئىستېمالچىلارغا راست، ساختا مەھسۇلات (تاۋار) لار ھەققىدىكى بىلىم تونۇشتۇرۇلدى، نەق مەيداندا ئەرز - شىكايەت قىلىش، تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەسلىھەتچىلىكى، مۆلچەرلەش مۇلازىمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ

## لى چۈەنچىڭ شىنجاڭنىڭ سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى

دۆلەت سۈپەت نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش باش ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لى چۈەنچىڭ قاتارلىق 7 كىشى 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، قەشقەر، قىزىلسۇ قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يوقلىدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ

# پورت خىزمىتى

## شىنجاڭدىكى پورتلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭ بويىچە 2002 - يىلغىچە گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى ئارقىلىق سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن 1 - خىلدىكى پورت 16، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن 2 - خىلدىكى پورت 11.

1 - خىلدىكى پورتلار ئىچىدە ئايروپورت 2، قۇرۇقلۇق چېگرا پورتى 14. ئايروپورتلار ئۈرۈمچى ئايروپورتى، قەشقەر ئايروپورتىدىن ئىبارەت. قۇرۇقلۇق چېگرا پورتى ئىچىدە شىنجاڭ - موڭغۇلىيە چېگرا پورتى 4، يەنى تېمىرتام پورتى (قۇمۇل ۋىلايىتىدە)، ئۇلاستاي پورتى (سانجى ئوبلاستىدا)، تايكېشكېن پورتى (ئالتاي ۋىلايىتىدە) ۋە قىزىلتاغ ئېغىزى پورتى (ئالتاي ۋىلايىتىدە)؛ شىنجاڭ - قازاقىستان چېگرا پورتى 7، يەنى ئاقتۆبەك پورتى (ئالتاي ۋىلايىتىدە)، جېمىنەي پورتى (ئالتاي ۋىلايىتىدە)، باقتۇ پورتى (تارباغاتاي ۋىلايىتىدە)، ئالاتاۋ ئېغىزى پورتى (بورتالا ئوبلاستىدا)، قورغاس پورتى (ئىلى ئوبلاستىدا)، دولاتا پورتى (ئىلى ئوبلاستىدا)، مۇزارت پورتى (ئىلى ئوبلاستىدا)؛ شىنجاڭ - قىرغىزىستان چېگرا پورتى 2، يەنى تورۇغات پورتى (قىزىلسۇ ئوبلاستىدا)، ئەركەشتام پورتى (قىزىلسۇ ئوبلاستىدا)؛ شىنجاڭ - پاكىستان چېگرا پورتى بىر، يەنى خۇنجىراپ پورتى (قەشقەر ۋىلايىتىدە).

2 - خىلدىكى 11 پورت مۇنۇلار: ئۈرۈمچى شەھىرى ئەنزىكۇ يولۇچىلار بېكىتى، چېگرا رايون مېھمانخانىسى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، سودا شەھەرچىسى، «خۇالىڭ» بازىرى، كۈيتۇڭ پويىز ئىستانسىسى، غۇلجا پورتى، ئىلى باياندای پورتى، چۆچەك ئاپتوموبىل - يولۇچىلار بېكىتى، سانجى شەھىرى «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسى ئۇنىۋېرسال توپ سېتىش بازىرى، قەشقەر شىنىيغا 2 - خىل پورتى.

1 - خىلدىكى 16 پورت ئىچىدە ھازىر رەسمىي ئېچىلىپ



2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سائەت 18 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ئالاتاۋ ئېغىزى تۆمۈريول پورتىدىن ئۆتكەن يۈك 7 مىليون توننىلىق چوڭ ئۆتكەلدىن ئۆتتى. سۈرەتتە پورتتا يۈك قاچىلىنىۋاتقان ۋە چۈشۈرۈلمەكتە.

دا. جوركتاي فوتوسى

ئىشلىتىلىۋاتقىنى 12، يەنى ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە پورتى، تېمىرتام، ئۈلاستاي، تايكېشكېن، قىزىلتاغ ئېغىزى، ئالاتاۋ ئېغىزى، قورغاس، باقتۇ، جېمىنەي، تورغات، خونجىراپ، ئەركەشتام پورتلىرى. ۋاقىتلىق مال ئۆتكۈزۈلىدىغىنى دولا پورتى (چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆزئارا بازىرى)، يۇقىرىدىكى پورتلار ئىچىدە قورغاس، ئالاتاۋ ئېغىزى، باقتۇ، خۇنجىراپ، ئەركەشتام پورتلىرى ۋە ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە پورتى 3 - دۆلەتكە ئېچىۋېتىلدى.

ئابباس ئابدۇللا

## پورت خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى پورتلاردا چېگرىدىن كىرگەن-چىققانلاردىن 586 مىڭ 164 ئادەم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، بۇ 2002 - يىلدىكىدىن %9.3 كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە يولۇچى 376 مىڭ 968 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %8.7، ئۆزئارا بازارغا كىرگەن چېگرا ئاھالىسى 29 مىڭ 464 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %144.6، ئىشچىلار ۋە خىزمەتچىلەر 155 مىڭ 679 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %8.3 كۆپەيدى، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغۇچىلار 24 مىڭ 53 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %28.4 ئازايدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە پورتلاردا تەكشۈرۈلگەن چېگرىدىن كىرگەن - چىققان قاتناش ۋاستىسى 105 مىڭ 783 دانە (قېتىم) گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %19 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايروپىلان 2358 قېتىم، پويىز 5982 قېتىم، ئاپتوموبىل 97 مىڭ 443 قېتىم.

ئاپتونوم رايون بويىچە پورتلاردىن ئىمپورت- ئېكسپورت قىلىنغان مال 8 مىليون 525 مىڭ 800 تونناغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %29.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغىنى 6 مىليون 882 مىڭ 200 تونناغا يېتىپ، %28.2، ئېكسپورت قىلىنغىنى 1 مىليون 643 مىڭ 600 توننا (ئادەتتىكى سودا ئېكسپورتى 1 مىليون 416 مىڭ توننا، چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزئارا بازاردا ئېكسپورت قىلغىنى 159 توننا، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىپ ئېكسپورت قىلغىنى 68 مىڭ 600 توننا) غا يېتىپ، %34.3 ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە پورتلاردا قىلىنغان سودا سوممىسى 3 مىليارد 665 مىليون دوللارغا يېتىپ، %70 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 2 مىليارد 114 مىليون دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 551 مىليون دوللار (ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال سوممىسى 97 مىليون 968 مىڭ دوللار، چېگرا ئاھالىلىرى ئۆزئارا سودا- سېتىق قىلغان 180 مىليون دوللارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

ئاپتونوم رايون بويىچە پورتلاردىن ئىمپورت قىلىنغان ماللار ئاساسلىقى: پولات ماتېرىيال، خام نېفىت، يۈك ساندۇقى، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى، غەيرىي مېتال رۇدىسى، ماشىنا سەپلىمىلىرى، ماشىنا - ئۈسكۈنە، ماشىنا- ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، تاختاي، ياغاچ ماتېرىيال، مېتال رۇدىسى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ئىچىملىك، يېمەكلىك ۋە كۆك تاماكا، مىنېرال بىناكارلىق ماتېرىيالى قاتارلىقلار. ئېكسپورت قىلىنغان ماللار: كوكس، نېفىت، پولات ماتېرىيال ۋە رەڭلىك مېتال، مىنېرال بىناكارلىق ماتېرىيالى، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى، سانائەت ماشىنىلىرى، يۈك ساندۇقى، ئىچىملىك، يېمەكلىك ۋە كۆك تاماكا، ئاشلىق، يېگى، تىرىك مال، كىيىم - كېچەك، تۈرلۈك مال، ئاياغ كىيىم، باش كىيىم، بىناكارلىق ماتېرىيالى، ماشىنا - ئۈسكۈنە، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، يېمەكلىك، ئېلېكتر سايمانلىرى، مېۋە - چېۋە، فارفور، توقۇلما بۇيۇم قاتارلىقلار.

هەرقايسى پورتلارنىڭ ئەھۋالى:

ئالاتاۋ ئېغىزى پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان

يولۇچى 28 مىڭ 980 ئادەم - قېتىم، (كىرگىنى 15 مىڭ 13 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 13 مىڭ 967 ئادەم - قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە، تۆمۈريول ئارقىلىق كىرگەن - چىققان يولۇچى 27 مىڭ 762 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 14 مىڭ 330 ئادەم-قېتىم، چىققىنى 13 مىڭ 432 ئادەم - قېتىم)، تاشيول ئارقىلىق كىرگەن - چىققان يولۇچى 1218 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 683 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 535 ئادەم - قېتىم)؛ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 7 مىليون 559 مىڭ 215 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 6 مىليون 582 مىڭ 728 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 976 مىڭ 487 توننا)، بۇنىڭ ئىچىدە، تۆمۈريول ئارقىلىق ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 7 مىليون 521 مىڭ 126 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 6 مىليون 582 مىڭ 194 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 938 مىڭ 932 توننا)، تاشيول ئارقىلىق ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 38 مىڭ 89 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 534 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 37 مىڭ 555 توننا)، سودا سوممىسى 2 مىليارد 267 مىليون دوللار (ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 834 مىليون دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 433 مىليون دوللار).

قورغاس پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 139 مىڭ 147 ئادەم - قېتىم، بۇنىڭ ئىچىدە كىرگىنى 65 مىڭ 994 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 73 مىڭ 153 ئادەم - قېتىم (ئۆزئارا بازارغا كىرگەن 29 مىڭ 139 ئادەم - قېتىم چېگرا ئاھالىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)؛ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 418 مىڭ 514 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 50 مىڭ 698 توننا، ئادەتتىكى ئېكسپورت قىلىنغىنى 196 مىڭ 10 توننا، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىپ ئېكسپورت قىلغىنى 33 مىڭ 380 توننا، چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزئارا بازاردا ئېكسپورت قىلغىنى 138 مىڭ 426 توننا). سودا سوممىسى 638 مىليون دوللار، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 47 مىليون دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 591 مىليون دوللار (ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغان 34 مىليون 391 مىڭ 500 دوللار، چېگرا ئاھالىلىرى بازاردا مال سېتىۋالغان 138 مىليون دوللارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

جىمنەي پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 9658 ئادەم - قېتىم، بۇنىڭ ئىچىدە كىرگىنى 4036 ئادەم-قېتىم، چىققىنى 5622 ئادەم - قېتىم (ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغان 875 ئادەم - قېتىممۇ شۇنىڭ ئىچىدە)؛ ئىمپورت-ئېكسپورت قىلىنغان مال 21 مىڭ 414 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 6010 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 9517 توننا، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىپ ئېكسپورت قىلغىنى 5887 توننا). سودا سوممىسى 16 مىليون 140 مىڭ 900 دوللار (ئىمپورت سوممىسى 2 مىليون 719 مىڭ 400 دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليون 729 مىڭ 900 دوللار، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىپ ئېكسپورت قىلىش سوممىسى 9 مىليون 696 مىڭ 600 دوللار).

باقتۇ پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 11 مىڭ 386 ئادەم - قېتىم، بۇنىڭ ئىچىدە، كىرگىنى 5615 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 5771 ئادەم - قېتىم (ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغان 2531 ئادەم - قېتىممۇ شۇنىڭ ئىچىدە)؛ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 99 مىڭ 244 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 18 مىڭ 872 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 57 مىڭ 879 توننا، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىپ ئېكسپورت قىلغىنى 22 مىڭ 493 توننا). سودا سوممىسى 118 مىليون 835 مىڭ 600 دوللار (ئىمپورت سوممىسى 2 مىليون 556 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 65 مىليون 4600 دوللار، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىپ ئېكسپورت قىلىش سوممىسى 51 مىليون 275 مىڭ دوللار).

دولاتا پورتى چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزئار بازاردا ئېكسپورت قىلغىنى 20 مىڭ 564 توننا، سودا سوممىسى 41 مىليون 865 مىڭ 100 دوللار.

تېمىرتام پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 889 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 469 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 420 ئادەم - قېتىم)؛ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 7073 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 1666 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 5343 توننا، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىپ ئېكسپورت قىلغىنى 64 توننا). سودا سوممىسى 5 مىليون 884 مىڭ دوللار (ئىمپورت سوممىسى 4 مىليون 628 مىڭ 300 دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 226 مىڭ 200 دوللار، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىپ ئېكسپورت قىلىش سوممىسى 29 مىڭ 500 دوللار).

ئۇلاستاي پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 5368 ئادەم - قېتىم، بۇنىڭ ئىچىدە كىرگىنى 2671 ئادەم-قېتىم، چىققىنى 2697 ئادەم - قېتىم؛ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 2031 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 1370 توننا، ئېكسپورت قىلغىنى 661 توننا). سودا سوممىسى 3 مىليون 835 مىڭ 800 دوللار (ئىمپورت سوممىسى 1 مىليون 813 مىڭ 600 دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليون 22 مىڭ 200 دوللار).

تايكېشكېن پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 400 ئادەم - قېتىم، بۇنىڭ ئىچىدە كىرگىنى 220 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 180 ئادەم - قېتىم؛ ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغىنى 20 مىڭ 3 ئادەم - قېتىم. ئىمپورت -

ئېكسپورت قىلىنغان مال 34 مىڭ 977 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 14 مىڭ 728 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 13 مىڭ 491 توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋالغان مال 6758 توننا). سودا سوممىسى 8 مىليون 489 مىڭ 100 دوللار (ئىمپورت سوممىسى 2 مىليون 600 مىڭ 500 دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليون 338 مىڭ 800 دوللار، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋالغان مال سوممىسى 2 مىليون 549 مىڭ 800 دوللار).

قىزىلتاغ ئېغىزى پورتى چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان يولۇچى 14 ئادەم ـ قېتىم، بۇنىڭ ئىچىدە كىرگىنى 9 ئادەم ـ قېتىم، چىققىنى 5 ئادەم ـ قېتىم؛ ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغىنى 557 ئادەم ـ قېتىم، ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنغان مال 66 توننا، سودا سوممىسى 26 مىڭ 100 دوللار.

تورغات پورتى چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان يولۇچى 7965 ئادەم ـ قېتىم (كىرگىنى 3943 ئادەم ـ قېتىم، چىققىنى 4022 ئادەم ـ قېتىم)؛ ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنغان مال 112 مىڭ 918 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 94 مىڭ 681 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 18 مىڭ 237 توننا). سودا سوممىسى 39 مىليون 381 مىڭ 300 دوللار (ئىمپورت سوممىسى 27 مىليون 245 مىڭ 500 دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 12 مىليون 135 مىڭ 800 دوللار).

ئەركەشتام پورتى چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان يولۇچى 4800 ئادەم ـ قېتىم (كىرگىنى 2287 ئادەم ـ قېتىم، چىققىنى 2513 ئادەم ـ قېتىم)؛ ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنغان مال 182 مىڭ 521 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 105 مىڭ 828 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 76 مىڭ 693 توننا). سودا سوممىسى 146 مىليون دوللار (ئىمپورت سوممىسى 34 مىليون دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 112 مىليون دوللار).

خونجىراپ پورتى چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان يولۇچى 11 مىڭ 630 ئادەم ـ قېتىم (كىرگىنى 5360 ئادەم ـ قېتىم، چىققىنى 6270 ئادەم ـ قېتىم)؛ ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنغان مال 44 مىڭ 604 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 2008 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 42 مىڭ 596 توننا). سودا سوممىسى 28 مىليون 231 مىڭ دوللار (ئىمپورت سوممىسى 2 مىليون 104 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 26 مىليون 127 مىڭ دوللار).

ئۈرۈمچى ئايروپورتى چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان يولۇچى 156 مىڭ 731 ئادەم ـ قېتىم (كىرگىنى 75 مىڭ 899 ئادەم ـ قېتىم، چىققىنى 80 مىڭ 832 ئادەم ـ قېتىم)؛ ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنغان مال 22 مىڭ 658 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 3622 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 19 مىڭ 36 توننا). سودا سوممىسى 352 مىليون دوللار (ئىمپورت سوممىسى 155 مىليون دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 197 مىليون دوللار).

ئابباس ئابدۇللا

## ئالاتاۋ ئېغىزىدىكى تۆمۈريول پورتى ئارقىلىق ئۆتكۈزۈلگەن مال 7 مىليون توننىلىق ئۆتكەلدىن ئۆتتى

2003 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سائەت 18 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئالاتاۋ ئېغىزىدىكى تۆمۈريول پورتىدىن ئۆتكۈزۈلگەن مال 7 مىليون توننىلىق چوڭ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ، 2002 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 31% ئېشىپ، يىل بېشىدا تۈزۈلگەن 7 مىليون توننا مال ئۆتكۈزۈش پىلانى مۇددەتتىن 28 كۈن بۇرۇن ئورۇندالدى.

ئابباس ئابدۇللا

## ئالاتاۋ ئېغىزى پورتى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش قىلىنىدىغان ۋە ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان پورت قىلىپ بېكىتىلدى

2003 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلغان 5 ـ قېتىملىق پورتلار ئارا ئالاقىلىشىش ـ ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى بويىچە ئالاقىلىشىش ھەيئىتى يىغىنىدا تاموژنا باش مەھكىمىسى، ج خ مىنىستىرلىكى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى، سودا ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى، خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسى قاتارلىق دۆلەتنىڭ 7 مىنىستىرلىك، كومىتېتى ئالاتاۋ ئېغىزى پورتىنى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش قىلىنىدىغان ۋە ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان پورت قىلىپ كۆپەيتىشنى قارار قىلدى. ئالاتاۋ ئېغىزى پورتى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش قىلىنىدىغان ۋە ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان پورت قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرى سىياسەت، مەبلەغ، تېخنىكا جەھەتلەردە قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرىدۇ.

ئۇنىۋېرسال باشقارما

# تاموژنا

## ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئۈرۈمچى تاموژنىسى دۆلەت شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ئىمپورت-

ئېكسپورت تاموژنا چېگرىسى پائالىيىتىنى نازارەت قىلىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىدىغان ئورگان، ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدىن ئىبارەت. 2003 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسىدا ھەرخىل ئاپپاراتتىن 27 سى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى قىسمىدا تەسىس قىلىنغان ئاپپارات 13، كەسپىي ئورۇن 2، ۋاكالەت ئاپپاراتى 3، قاراشلىق تاموژنا 9.

ۋاڭ چۇەنجيې

## باج ئېلىش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسى تاموژنا رايونىدا ئالغان باج 2 مىليارد 519 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %61.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاموژنا بېجى 408 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %50.6، ئىمپورت ھالقىسى بېجى 2 مىليارد 111 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %63.4 ئاشتى. ئالغان باج سوممىسى ئالدىنقى 5 - ئورۇندا تۇرغان تاموژنا ۋە ئۇلارنىڭ باج سوممىسى تۆۋەندىكىچە: ئالاتاۋ پورتى تاموژنىسى ئالغان باج 2 مىليارد 118 مىليون يۈەن، ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ 182 مىليون يۈەن، قورغاس تاموژنىسىنىڭ 50 مىليون يۈەن، تورغات تاموژنىسىنىڭ 28 مىليون يۈەن، ئەركەشتام تاموژنىسىنىڭ 15 مىليون يۈەن.

2003 - يىلى ئېلىنغان باج سوممىسى ئالدىنقى 5 - لىككىچە بولغان تاۋارلار مۇنۇلار: پولات - تۆمۈرنىڭ 945 مىليون 620 مىڭ يۈەن، مىس ۋە مىس ياساملىرىنىڭ 520 مىليون 810 مىڭ يۈەن، قېزىلما مەھسۇلاتلارنىڭ 356 مىليون 690 مىڭ يۈەن، سىنىك ۋە سىنىك ياساملىرىنىڭ 68 مىليون 680 مىڭ يۈەن، ئاليۇمىن ۋە ئاليۇمىن ياساملىرىنىڭ 54 مىليون 660 مىڭ يۈەن.

سودا شەكلى بويىچە ستاتىستىكىلىغاندا، ئادەتتىكى سودا شەكلى بويىچە ئېلىنغان باج 940 مىليون 680 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئېلىنغان ئومۇمىي باجنىڭ %37.3 ىنى، ئاز سوممىلىق چېگرا سودىسى شەكلى بويىچە ئېلىنغان باج 1 مىليارد 355 مىليون 430 مىڭ يۈەن بولۇپ، %54 نى، ماتېرىيال كىرگۈزۈپ پىششىقلاش ۋە باشقا سودا شەكلى بويىچە ئېلىنغان باج 4 مىليون 620 مىڭ يۈەن بولۇپ، %0.18 نى ئىگىلىدى.

ۋاڭ چۇەنجيې

## باج كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسى تاموژنا رايونىدا باج كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش ئىسپاتىدىن 17 مىڭ 190 نى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان مال قىممىتى 1 مىليارد 902 مىليون 270 مىڭ دوللار بولۇپ، كېمەيتىشكە ۋە كەچۈرۈم قىلىشقا تېگىشلىك تاموژنا بېجى 389 مىليون 450 مىڭ يۈەن، ئىمپورت ھالقىسى بېجى 1 مىليارد 641 مىليون 900 مىڭ يۈەن. ئەمەلىي ئىمپورت قىلىنغان مال قىممىتى 1 مىليارد 613 مىليون 40 مىڭ دوللار، ئەمەلىي كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان تاموژنا بېجى 352 مىليون 370 مىڭ يۈەن، ئىمپورت ھالقىسى بېجى 1 مىليارد 422 مىليون 490 مىڭ يۈەن، 2 تۈرلۈك باجنى قوشقاندا 1 مىليارد 774 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %18 ئاشتى.

ۋاڭ چۇەنجيې

## يۈك ترانسپورتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ تاموژنا رايونىدا ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان يۈك 7 مىليون 982 مىڭ تونناغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %31.7، مال قىممىتى 4 مىليارد 770 مىليون دوللارغا يېتىپ، %77.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغان يۈك 6 مىليون 638 مىڭ 900 تونناغا يېتىپ، %26.2، مال قىممىتى 2 مىليارد 230 مىليون دوللارغا يېتىپ، %61.2 ئاشتى؛ ئېكسپورت قىلىنغان يۈك 1 مىليون 343 مىڭ 100 تونناغا يېتىپ، %67.1، مال قىممىتى 2 مىليارد 540 مىليون دوللارغا يېتىپ، %94.3 ئاشتى. ئالاتاۋ پورتىدىن ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان يۈك 6 مىليون 900 مىڭ تونناغا يېتىپ، تاموژنا رايونىدىكى ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان يۈكنىڭ %86.48 ىنى، ئۈرۈمچى پورتىنىڭ 310 مىڭ تونناغا يېتىپ، %3.88 نى، قورغاس پورتىنىڭ 265 مىڭ 500 تونناغا يېتىپ، %3.33 نى، ئەركەشتام پورتىنىڭ 191 مىڭ 100 تونناغا يېتىپ، %2.39 نى، تورغات پورتىنىڭ 135 مىڭ 600 تونناغا يېتىپ، %1.70 نى ئىگىلىدى.

2003 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ تاموژنا رايونى نازارەت قىلىپ باشقۇرغان ترانسپورت قورالى 337 مىڭ 583 دانە (قېتىم) گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %22.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوموبىل 85 مىڭ 985 (قېتىم) كە يېتىپ، %15.1، پويىز 249 مىڭ 222 (قېتىم) غا يېتىپ، %109.1، ئايروپىلان 2376 (قېتىم) گە يېتىپ، %2.1 كۆپەيدى. نازارەت قىلىنغان ۋە باشقۇرۇلغان

كونتېينېر (ئۆلچەملىك كونتېينېربويىچە ھېسابلاندى) 10 مىڭ 995 كە يېتىپ، %200.7، كونتېينېردا توشۇلغان يۈك 100 مىڭ 305 توننىغا يېتىپ، %228.8 ئاشتى.

2003 - يىلى تاموژنا رايوندا نازارەت قىلىنغان ۋە باشقۇرۇلغان چېگرىدىن كىرگەن - چىققان خادىم 519 مىڭ 619 (قېتىم) غا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %9.6 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچى 378 مىڭ 974 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %5.2، چېگرىدىن كىرگەن - چىققان ترانسپورت قوراللىرى مۇلازىمەتچىسى 140 مىڭ 645 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %23.5 كۆپەيدى.

ۋاڭ چۈەنجيې

## يۈك - تاق ۋە پوچتا يوللانمىلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ تاموژنا رايوندا نازارەت قىلىنغان ۋە باشقۇرۇلغان باسما بۇيۇم ۋە ئۈن - سىن بۇيۇمى 116 مىڭ 553 دانە (قاپ) گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %54.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغىنى 101 مىڭ 444 دانە (قاپ) گە يېتىپ، %62.3، ئېكسپورت قىلىنغىنى 15 مىڭ 109 دانە (قاپ) گە يېتىپ، %18.4 ئاشتى. تۇتۇپ قېلىنغان ۋە قايتۇرۇۋېتىلگەن باسما بۇيۇمى 5549 دانىگە يېتىپ، %21.1 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغىنى 5496 دانىگە يېتىپ، %22.2 ئاشتى، ئېكسپورت قىلىنغىنى 53 دانە بولۇپ، %38.4 ئازايدى. تۇتۇپ قېلىنغان، قايتۇرۇۋېتىلگەن ئۈن - سىن بۇيۇمى 1523 كە يېتىپ، %127.7 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغىنى 1513 دانىگە يېتىپ، %158.6 ئاشتى، ئېكسپورت قىلىنغىنى 10 بولۇپ، %88.1 ئازايدى.

ۋاڭ چۈەنجيې

## پىششىقلاش سودىسى ئەھۋالى

2003 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ تاموژنا رايونىدىكى پىششىقلاش سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا 53 بولۇپ، 165 پىششىقلاش توختامىنى ئەنگە ئالدۇردى، بۇ 2002 - يىلدىكىدىن %37.5 كۆپ، مال قىممىتى 61 مىليون 401 مىڭ 78 دوللارغا يېتىپ، %31.8 ئاشتى. ئىچكى قىسمىدا سېتىلىپ تولۇقلانغان باج 12 مىليون 110 مىڭ 615 يۈەنگە يېتىپ، %115.2 ئاشتى. 169 توختام تەكشۈرۈشكە يوللاندى. باجدىن خالى ئامبار 9 بولۇپ، بۇ ئامبارلارغا 28 مىڭ 864 توننا مال كىرگۈزۈلدى، بۇ %20.4 ئاز، مال قىممىتى 16 مىليون 847 مىڭ 124 دوللارغا يېتىپ، %142.7 ئاشتى. ماتېرىيال كىرگۈزۈلۈپ پىششىقلانغان مال 20 مىڭ 116 توننا بولۇپ، %37.7 ئازايدى، مال قىممىتى 10 مىليون 224 مىڭ 146 دوللارغا يېتىپ، %145 ئاشتى.

ۋاڭ چۈەنجيې

## ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسى ئەتكەسچىلىككە دائىر بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 51 نى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈردى، دېلو قىممىتى 56 مىليون 34 مىڭ 600 يۈەن، جىنايەت گۇماندارىدىن 92 نى قولغا چۈشۈردى، 13 ئادەم قولغا ئېلىشقا تەستىقلاندى. 4641.8 گرام خىروئىن، 268.3 كىلوگرام بۆكەن مۈڭگۈزى، 22 ئەتكەس ئاپتوموبىلنى قولغا چۈشۈردى. بىر يىلدا 17 كارخانىنى تەكشۈردى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 412 مىڭ 224 يۈەن باجنى تولۇقلىدى. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا ياتىدىغان دېلودىن 5 نى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، دېلو قىممىتى 394 مىڭ 296 يۈەن.

ۋاڭ چۈەنجيې

## تاموژنىنىڭ تاموژنا ئۇنۋانى بېرىش مۇراسىمى

2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۈرۈمچى تاموژنىسى تۇنجى قېتىم تاموژنا ئۇنۋانى بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، 505 تاموژنا خادىمىغا تاموژنا ئۇنۋانى بەردى.

ۋاڭ چۈەنجيې

## ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

2003 - يىلى تورغات تاموژنىسى مەملىكەتلىك مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن، ئۈرۈمچى تاموژنىسى ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئىدارىسىنىڭ رازۋېتكا باشقارمىسى مەملىكەتلىك ئەتكەسچىلەرگە زەربە بېرىش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئالاتاۋ پورتى مەملىكەتلىك تاموژنا ساھەسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، تاموژنا باشقارمىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال كەسپىي بۆلۈمى مەملىكەتلىك تاموژنا بېجى ئېلىشنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

تورغات تاموژنىسىدىن چاڭ تى، ئۈرۈمچى تاموژنىسى ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئىدارىسىدىن جۇرگەت جۇڭگونىڭ مۇنەۋۋەر ياش قوغدىغۇچىسى، قورغاس تاموژنىسىدىن سەن ۋېنجۇن، تورغات تاموژنىسى ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش شۆبە

ئىدارىسىدىن قەدەم (تاجىك) مەملىكەتلىك ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس، تورفات تاموژنىسىدىن ئەركىن مەملىكەتلىك تاموژنا ساھەسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى، تاموژنا باشقارمىسىدىن لى يىلەڭ مەملىكەتلىك تاموژنا بېجى ساھەسىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

ۋاڭ چۈەنجيې

## لى كېنۇڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

تاموژنا باش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى كېنۇڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋۇ يىنىڭ خانىم بىلەن 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئالاتاۋ پورتىدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق پورت چوڭ ئۆتكەللىرى بويىچە نەق مەيداندا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى. لى كېنۇڭ 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى نەق مەيدان يىغىنىغا قاتناشتى، ئالاتاۋ، غۇلجا، قورغاس، چۆچەك، ئالتاي پورتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ۋاڭ چۈەنجيې

## ليۇ ۋېنجيې شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

تاموژنا باش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ ۋېنجيې شىنجاڭغا كېلىپ، 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ تاموژنا ئۇنۋانى بېرىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە مەملىكەتلىك تاموژنا قانۇنى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسىنىڭ ئۈرۈمچى مۇسابىقە رايونىدىكى مۇسابىقىنى كۆردى ھەمدە خۇنجىراپ تاموژنىسىنى تەكشۈردى.

ۋاڭ چۈەنجيې

## دۇەن مۇجۇن ئۈرۈمچى تاموژنىسىنى كۆزدىن كەچۈردى

تاموژنا باش مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى دۇەن مۇجۇن 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، دۇەن مۇجۇن باش تاموژنا ئورگىنى، ئالاتاۋ، چۆچەك، ئالتاي پورتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئۆزلۈك مۇددەت ئۈنۈم بېرىدىغان ئىچكى كونترول قىلىش مېخانىزمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشى، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، قانۇن ئىجرا قىلىش مۇھىتىنى ياخشىلاش ۋە خادىملارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بەش تەرەپتىكى خىزمەتنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ ئومۇمىي خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ۋاڭ چۈەنجيې

## ياڭ گوشۇن ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىكى لەردىن ھال سورىدى

تاموژنا باش مەھكىمىسى پاتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى ياڭ گوشۇن 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ھال سوراش ئۆمىكىنى باشلاپ ئۈرۈمچى تاموژنىسىغا كېلىپ تاموژنا خادىملىرىدىن ھال سورىدى، ھال سوراش ئۆمىكىدىكىلەر تاموژنىنىڭ ئىش بېجىرىش سورۇنى ۋە تۇرمۇش مۇئەسسەسەلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئالاتاۋ پورتىغا بېرىپ تاموژنا كەسپىنىڭ 1 - سەپىدە ئىشلەۋاتقان تاموژنا خادىملىرىدىن ھال سورىدى.

ۋاڭ چۈەنجيې

# چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلغان نەرسىلەرنى كارانتىن قىلىش

## تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئەھۋالى

شىنجاڭ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلغان نەرسىلەرنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى 2003-يىلى چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلغان ماللارنى 105 مىڭ 555 تۈركۈم تەكشۈردى ۋە كارانتىن قىلدى، بۇ ماللارنىڭ قىممىتى 3 مىليارد 61 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن چېگرىدىن چىقىرىلغىنى %15.8، چېگرىدىن كىرگۈزۈلگىنى %23.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈلۈپ - كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن چىقىرىلغان مال 15 مىڭ 207 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 602 مىليون 100 مىڭ دوللار؛ تەكشۈرۈلۈپ - كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن مال 90 مىڭ 348 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 2 مىليارد 458 مىليون 790 مىڭ دوللار. چېگرىدىن چىقىرىلىدىغان 382 تۈركۈم لاياقەتسىز مال

تەكشۈرۈپ تېپىلدى، بۇ ماللارنىڭ قىممىتى 10 مىليون 750 مىڭ دوللار؛ چېگرىدىن كىرگۈزۈلـــدىغان 2169 تۈركۈم لاياقەتسىز مال تەكشۈرۈپ تېپىلدى، بۇ ماللارنىڭ قىممىتى 35 مىليون 430 مىڭ دوللار.

كارانتىن قىلىنىـــپ چېگرىدىن كـــىرگۈزۈلگەن ـ چىقىرىلغان هايۋانات ۋە هايۋانات مەھسۇلاتى 1599 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 49 مىليون 110 مىڭ دوللار، بۇنىڭ ئىچىدە كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن چىقىرىلغان هايۋانات ۋە هايۋانات مەھسۇلاتى 161 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 13 مىليون 220 مىڭ دوللار؛ كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن هايۋانات ۋە هايۋانات مەھسۇلاتى 1438 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 35 مىليون 880 مىڭ دوللار.

كارانتىن قىلىنىـــپ چېگرىدىن كـــىرگۈزۈلگەن ـ چىقىرىلغان ئۆسۈملۈك ۋە ئۆسۈملۈك مەھسۇلاتـــى 6999 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 124 مىليون 30 مىڭ دوللار، بۇنىڭ ئىچىدە كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن چىقىـــرىلغان ئۆسۈملۈك ۋە ئۆسۈملۈك مەھسۇلاتى 4030 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 97 مىليون 820 مىڭ دوللار؛ كارانتىـــن قىلىنىپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ئۆسۈملۈك ۋە ئۆسۈملۈك مەھسۇلاتى 2969 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 26 مىليون 210 مىڭ دوللار. 13 تۈركۈم (قېتىم) دىكى 10 خىل زىيانلىق ئۆسۈملۈك تەكشۈرۈپ تېپىلدى.

چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان 42 مـــىڭ 576 ئادەم (قېتىم) نىڭ كۆزنىتىش يۈزىسىدىن كېسەلى تەكشۈرۈلۈپ، تۈرلۈك كېسەللىكتىن 2209 ى تەكشۈرۈپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەيدىس كېسەلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغىنى 31، جىنسىي كېسەللىك 109، ھەرىكەتچان ئۆپكە تۇبېركۇليوزى 2، ئاۋستىرالىيە ئانتىگېنى مۇسبەتى 515، ۋىرۇسلۇق جىگەر ياللۇغى 304، باشقا كېسەللىك 1248؛ 45 مىڭ 288 ئادەم (قېتىم) ئەيدىس كېسەلىنـــى كۆزنىتـــىش يۈزىســـىدىن تەكشۈرۈلدى؛ 41 مىڭ 601 ئادەم (قېتىم) گە مۇداپىئە ۋاكسىنىسى ئەملەندى، بۇنىڭ ئىچىدە خولېرا باكتېرىيىسى ۋاكسىنىسى ئەملەنگىنى 9555 ئادەم (قېتىـــم)، سېرىق قىزىتما كېسىلى ۋاكسىنىسى ئەملەنگىنى 288 ئادەم (قېتىم)، بـــاشقـا ۋاكسىنـا ئـەملـەنـگـىنـى 31 مـــىڭ 758 ئـادەم (قېتىم).

كارانتىـــن قىـــلىنـــىـــپ، تەكشۈرۈلۈپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ـ چىقىرىلغان قاتناش ۋاستىسى 193 مىڭ 104 قېتىم، بۇنىڭ ئىچىدە پويىز 118 مىڭ 741 بۆلەك (قېتىم)، ئاپتوموبىل 72 مىڭ 85 دانە (قېتىم)، ئايروپىلان 2278 دانە (قېتىم). كارانتىن قىلىنغان بۇلغ ساندۇقى 2272 ئۆلچەملىك ساندۇق، چېگرىدىن كىرگۈزۈلگـــــــــى 750 ئۆلچەملىك ساندۇق.

تەكشۈرۈلۈپ ـ كارانتىن قـــىلىـــنـــىـــپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ـ چىقىرىلغان يېمەكلىك ۋە گىرىم بۇيۇمى 2970 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 226 مىليون 50 مىڭ دوللار، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن چىقىرىلغان يېمەكلىك ۋە گىرىم بۇيۇمى 2847 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 222 مـــىليون 950 مـــىڭ دوللار، تـەكشـۈرۈپ تېـپـىـلـغان لاياقەتسىزلىرى 25 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 600 مىڭ دوللار؛ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن يېمەكلىك ۋە گـــىرىم بۇيۇملىرى 123 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 3 مىليون 100 مىڭ دوللار، تەكشۈرۈپ تېپىلغان لاياقەتسىزلىرى بـــىر تۈركۈم.

چېگرىدىن چىقىرىلغان 915 تۈركۈم، 393 مىڭ 565 دانە ياغاچ ئورالمىلـــق مال (ياغاچ پەتنۇس 539، ياغاچ ساندۇق 128 مىڭ 907، باشقىلىرى 264 مىڭ 119) نازارەت قىلىندى ۋە كارانتىن قىلىندى، بۇنىڭغا چېتىشلىـــق مال قىممىتى 88 مـــىليون 290 مـــىڭ دوللار. چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن 1444 تۈركۈم، 25 مىڭ 531 دانە ياغاچ ئورالمىلىق مال نازارەت قىلىندى ۋە كارانتىن قىلىـــندى، بۇنىڭغا چېتىشلىق مال قىممىتى 198 مىليون 770 مىڭ دوللار.

چېگرىدىن چىقىرىشنى تاموژنىغا ئۇقتۇرۇش قىلىـــش تالونىدىن 15 مىڭ 452 پارچە كېسىلدى، بۇنىڭ سوممىسى 415 مىليـــون دوللار بـولـــۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن تـالون %37، سوممـــــــــىسى %47 .37 ئاشتـــى؛ چېگرىدىن كىرگۈزۈشنى تاموژنىغا ئۇقتۇرۇش قىلىش تالونىدىن 87 مىڭ 112 پارچە كېسىلدى، بۇنىڭ سوممىسى 2 مىليارد 133 مـــىليون 310 مـــىڭ دوللار بولۇپ، تالون %84 .16، سوممىسى %68 .47 ئاشتى؛ كېسىلگەن ئادەتتىكى مۇلۇك گۇۋاھنامىسى 1476 پارچە بولۇپ، %37 .52؛ كېسىلگەن ئادەتتىكى ئېتىبارلىق مۇلۇك گۇۋاھنامىســـى 2982 پارچە بولۇپ، %88 .63 ئاشتى.

لى رۇيشىن

## سۇپەتنى تۇتۇپ، ئىمپورت ـ ئېكسپورتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەھۋالى

شىنجاڭ تەكشۈرۈش ـ كارانتىن قىلىش ئىدارىسى 2003ـ يىلى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشنـــى

باشلامچى قىلغان ئېكسپورت تاۋارلىرى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان كارخانىلىرىغا يار - يۆلەك بولۇپ، يەرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىپ، بىخەتەرلىك، سەھىيە ئىشلىرىغا چېتىلىدىغان نۇقتىلىق تاۋارلارنىڭ سۈپىتىنى مەنبەسىدىنلا چىڭ تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، ساقلاشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ يېمەكلىك، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىشنى تېزلەتتى. چەت ئەللەردىكى شىنجاڭنىڭ ئېكسپورت قىلغان پەمىدۇر قىيامى قاتارلىق يېمەكلىكلەرگە قارىتىلغان تېخنىكىلىق ئىستېھكاملىرىنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن، ئېكسپورت قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللىشى ۋە تەكشۈرۈشىگە ياردەم بېرىلدى، ئېكسپورت قىلىنىدىغان پەمىدۇر قىيامىغا قارىتا ئىلمىي تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش ۋە تور بويىچە باشقۇرۇشتىن ئىبارەت تەكشۈرۈش - باشقۇرۇش ئەندىزىسى قوللىنىلىپ، ئېكسپورت قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ ISO9000 سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسى ۋە HACCP بىخەتەرلىك باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى، ئېكسپورت تاۋارلىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىلدى؛ پەمىدۇر قىيامى، سەۋزە مەھسۇلاتى، سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات، ھەسەل قاتارلىق زور تۈركۈمدە ئېكسپورت قىلىنىدىغان يېمەكلىكلەردىكى دېھقانچىلىق دورىسى قالدۇقى، مال دوختۇرلۇق دورىسى قالدۇقى، نىترات، تۆۋەن ۋالېنتلىق نىترات ۋە گېن ئۆزگىرىشىنى نازارەت قىلىش - كونترول قىلىش سىستېمىسى ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى؛ سۈپەت خەۋپ - خەتىرىدىن ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمى ۋە تېز ئىنكاس قايتۇرۇش مېخانىزمى بويىچە شىنجاڭ تاۋارلىرىنىڭ سىرتقا چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ 6 تۈرلۈك تەدبىرى ئورنىتىلدى.

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى شىنجاڭنىڭ ئۈچەي، ھەرە مەھسۇلاتىدىن ئىبارەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قالدۇقلىرىنى ئېكسپورت قىلىشتا بولغان نازارەتچىلىك، تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، خادىملارنى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايون بويىچە مال دوختۇرلۇق دورىلىرى بازىرى ۋە قىسمەن باقمىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ خلورومىتسىن، فۇران تىپىدىكى دورىلارنى ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاقتىدا مەخسۇس دوكلات يېزىپ، خلورومىتسىن، فۇران تىپىدىكى دورىلارنى سېتىش ۋە ئىشلىتىشنى مەنبەسىدىن كونترول قىلىش تەكلىپىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۈچەي ئېكسپورت قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ ئەۋرىشكە ئېلىش نىسبىتى ۋە تەكشۈرۈش دائىرىسىگە قارىتا خلورومىتسىننى تۈركۈملەپ تەكشۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇردى؛ ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭ ئۈچەيلىرىنىڭ راۋان ئېكسپورت قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. بىر يىلدا 63 تۈركۈمدە 3445 تۇڭ، 12 مىليون 250 مىڭ دوللارلىق ئۈچەي ئېكسپورت قىلىندى.

شىنجاڭنىڭ نەسىللىك تۇخۇمى، چۆجىسى قىرغىزىستانغا ئېكسپورت قىلىنىشقا باشلىدى، شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى تۇخۇ فېرمىلىرىنىڭ پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش - باشقۇرۇش جەريانىنى كونترول قىلىپ، ئەنگە ئېلىش تۈزۈمى ۋە فېرمىدا تۇرۇشلۇق مال دوختۇرلىرى ئېتىراپ قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئېكسپورت قىلىنىدىغان نەسىللىك تۇخۇم، چۆجىنىڭ كېسەللىك خەۋپ - خەتىرىنى تۆۋەنلەتتى، كارخانىلارنىڭ خادىملىرىنى تەربىيىلىشىگە، مال دوختۇرلۇق - سەھىيىلىك باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە ياردەم بەردى. قىرغىزىستانغا 270 مىڭ دانە چۆجە، 260 مىڭ دانە نەسىللىك تۇخۇم ئېكسپورت قىلىندى. ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭ كورلا نەشپۈتىنى ئىمپورت قىلماقچى بولۇۋاتقانلىق مۇددىئاسى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى ئىشلەپچىقارغۇچى، ساتقۇچى تەرەپلەرنى پائال ماسلاشتۇرۇپ، مېۋىلىك باغلارغا دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى ئامېرىكا، كانادالارنىڭ دېھقانچىلىق دورىسى قالدۇقىنى ۋە كېسەللىك - ھاشاراتلارنى تىزگىنلەش تەلىپى بويىچە نۇقتىلىق ئىز قوغلاپ خاتىرىلىدى، مېۋىلىك باغلاردىكى كېسەللىك، ھاشاراتلارنى تىزگىنلەشنى 3 قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، كورلا نەشپۈتىنىڭ ئامېرىكىدا بازار تېپىشىغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى.

لى رۇيشىن

## ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئەھۋالى

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى ئىمپورت قىلىنىدىغان نۇقتىلىق، سەزگۈر تاۋارلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، بىخەتەرلىك،

تازىلىق، مۇھىت ئاسراش، ساغلاملىق، ئالدامچىلىققا قارشى تۇرۇشقا چېتىلىدىغان تاۋارلارنى تەكشۈرۈش - كاراتىن قىلىشنى ئۈنۈملۈك ئىشلىدى. خام نېفىت ئىمپورت قىلىشتا ئېغىرلىق، سۈپەت جەھەتتىكى ۋە تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشتە ساقلانغان مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى قوللىنىلدى. بىرىنچىدىن، تۆمۈريول ئېغىزلىرىدىكى كەلمە رېلىستا ئالماشتۇرۇپ قاچىلاشتا «تەكشۈرۈش - كاراتىن قىلىشتىكى تەكشۈرۈش تامغىسى بولۇش» ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، «ئاۋۋال تەكشۈرۈش، ئاندىن مەلۇم قىلىش»، يەنى ئالدى بىلەن تەكشۈرۈش، ئالماشتۇرۇپ قاچىلاش، تۈركۈملەشتۈرۈپ تەكشۈرۈشكە مەلۇم قىلىش خىزمەت تەرتىپى يولغا قويۇلدى. ئىككىنچىدىن، پورتلاردىكى 1 - سەپتە ئىشلەيدىغان تەكشۈرۈش خادىملىرىنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش كۈچەيتىلىپ، ئۇلارغا خام نېفىتنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى ۋە خام نېفىتنىڭ سۈپەت كۆرسەتكۈچىنى تەكشۈرۈش ئۆلچىمى قاتارلىق تېخنىكىلار پىششىق ئىگىلىتىلدى. ئۈچىنچىدىن، پورتلارنىڭ تەكشۈرۈش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلۈپ، تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بىر يىلدا 1274 تۈركۈم، 986 مىڭ 500 توننا خام نېفىت تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ قىممىتى 173 مىليون 363 مىڭ 300 دوللار، بۇ جەرياندا 481 تۈركۈمدە كەم قاچىلانغان 1922 توننا نېفىت تەكشۈرۈپ تېپىلدى، بۇنىڭ قىممىتى 309 مىڭ 400 دوللار بولۇپ، ۋاقتىدا ئېغىرلىق تەكشۈرۈش گۇۋاھنامىسى كېسىپ بېرىلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە پورتلاردىكى تەكشۈرۈش - كاراتىن قىلىش ئاپپاراتلىرى قەتئىي ھالدا كىبرەكسىز نەرسىلەرنى ئىمپورت قىلىش بەلگىلىمىسى ۋە ئۆلچىمى بويىچە، كىبرەكسىز، كونا مېتاللار، رادىئاتسىيىلىك بۇلغىمىلارنى تەكشۈرۈش، ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان، ھەم ئېتىلگەن قاچا قاتارلىق زىيانلىق نەرسىلەرنى تەكشۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇردى. بىر يىلدا ئىمپورت قىلىنىدىغان 30 مىڭ 671 تۈركۈم، 1 مىليون 160 مىڭ توننا كىبرەكسىز، كونا مېتال تەكشۈرۈلدى، بۇ جەرياندا 346 تۈركۈمدىكى رادىئاتسىيىلىنىش ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتكەن، زىيانلىق نەرسىلەر قىستۇرۇلغان 14 مىڭ 708 توننا كىبرەكسىز، كونا مېتال تەكشۈرۈپ تېپىلىپ، ۋاقتىدا چېگرىدىن چىقىرىۋېتىلدى. ئىمپورت قىلىنىدىغان كونا ماشىنا- ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىنى قاچىلاپ توشۇشتىن ئىلگىرى ئالدىن تەكشۈرۈش ۋە مال يېتىپ كەلگەندە تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى، ھەر يىلدا سىرتقا ئىمپورت قىلىنىدىغان كونا ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىنى ئەنگە ئېلىش خىزمىتى بويىچە ئالاقىلىشىش تالونىدىن 9 پارچە چىقىرىلدى؛ كونا ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىدىن 17 تۈركۈمى ئەنگە ئېلىندى، بۇنىڭ مال قىممىتى 9 مىليون 310 مىڭ دوللار؛ 2 تۈركۈمدىكىسى ئەنگە ئېلىنمىدى، بۇنىڭ مال قىممىتى 2 مىليون 840 مىڭ دوللار، شۇنداق قىلىپ كونا ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىنىڭ قارىغۇلارچە ئىمپورت قىلىنىشى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىمپورت قىلىنىدىغان تېرىلەردىكى ئاقسىل كېسىلى ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەش ئۈچۈن، «2003- يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەتتىن ئىمپورت قىلىنىدىغان تېرىلەردىكى ئاقسىل كېسىلى ۋىرۇسىنى تەكشۈرۈش لايىھىسى» تۈزۈپ چىقىلدى، «شىنجاڭنىڭ ئىمپورت قىلىنىدىغان يۇڭلارنىڭ ماي تەركىبىنى تازىلاش نىسبىتىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلىغا ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلىپ، ئىمپورت قىلىنىدىغان يۇڭنىڭ ماي تەركىبىنى تازىلاش نىسبىتىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلگەن كارخانىلارنى سىناش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ تۈزۈم تەرتىپى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر دۆلەت سۈپەت نازارەتچىلىكى باش ئىدارىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق پىششىقلاش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلگەن 2 كارخانا 1 مىليون 400 مىڭ دانە كالا تېرىسى، 560 مىڭ دانە قوي تېرىسى، 680 توننا يۇڭ ئىمپورت قىلدى. موڭغۇلىيە پورتلىرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىنى كاراتىن قىلىشقا قاتتىق تەلەپ قويۇلۇپ، «ئالدىن خەۋەر بېرىش» تۈزۈمى قەتئىي يولغا قويۇلۇپ، تەكشۈرۈش - كاراتىن قىلىش، تاموژنا، چېگرىدا تەكشۈرۈش ئورگانلىرى بىرلىكتە تەكشۈرۈپ گۇۋاھلىق بەرگەن ھەمدە پېكىرىنى يازغاندىن كېيىن، ئاندىن مالنى چېگرىدىن كىرگۈزۈشكە ئۇقتۇرۇش قىلىنىدى. چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ئۇرۇقلار ئىچىدىن گىنېرودېرا يىپچە قۇرتى ئۇرۇقدىشى، يىلتىز تۈگۈنلۈك يىپچە قۇرت ئۇرۇقدىشى، خەنجەرسىمان يىپچە قۇرت ئۇرۇقدىشى، قىزىلچا دات كېسىلى قاتارلىق يوشۇرۇن خەۋپ - خەتەرلىك زىيانلىق جانلىقلار تېپىپ چىقىلىپ، 24 قېتىم ئېتىمزلار بويىچە ئايرىپ كاراتىن قىلىش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، كاراتىن قىلىنغان كۆلەم 1436 گېكتارغا يەتتى.

لى رۇيشىن

## ئوبوروت ساھەسىدىكى ئىمپورت تاۋارلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

شىنجاڭ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلغان ماللارنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى ئىمپورت قىلىنغان گىرىم بۇيۇملىرىنى 3 قېتىم مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈپ، كېمەللىك رايوندىن كەلگەن گىرىم بۇيۇملىرىنى سېتىشقا بىردەك رۇخسەت قىلىمىدى؛ چوڭ - چوڭ بايرام كۈنلىرىدىن بۇرۇن ئۈرۈمچىدىكى ئاساسلىق سودا سارايلىرى، تاللا بازارلىرى، توپ سېتىش بازارلىرى ۋە يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانخانىلار ئىمپورت قىلغان يېمەكلىكلەرنى مەخسۇس تۈر بويىچە نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى، بىلتۇرقى تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئاپپاراتى تەسىس قىلىنمىغان كۈيتۇڭ، مايتاغ رايونلىرىدىكى ئىمپورت قىلىنغان يېمەكلىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈپ، ساختا، يالغان «ئىمپورت قىلىنغان يېمەكلىك بەلگىسىنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش گۇۋاھنامىسى» دىن 19 نى تاپتى، تەكشۈرۈپ تېپىلغان لاياقەتسىز يېمەكلىك ۋە ساختا، يالغان گۇۋاھنامىلەرنى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

2003 - يىلى شۆبە - تارماق ئاپپاراتلار شۇ يەردىكى سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 30 نەچچە گۆش يېمەكلىكلىرىنى سوغۇق ساقلاش ئامبىرىنى مەركەزلىك ھالدا قانۇن ئىجراسى نۇقتىسىدىن مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈردى. ئۈرۈمچى شەھىرى، ئىلى رايونىدا برازىلىيە، كانادالاردىن كىرگۈزۈلگەن، ئاقسىل كېسىلى بار رايونلارغا چېتىلىدىغان، شۇنىڭدەك تەلەپكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان 980 كىلوگرام چوشقا، توخۇ مەھسۇلاتى تەكشۈرۈپ تېپىلىپ، پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

لى رۇيشىن

## مەھسۇلاتلارغا مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك گۇۋاھلىق بېرىش ئەھۋالى

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى 150 چوڭ تىپتىكى سودا سارىيى ۋە مەخسۇس سېتىش دۇكىنىنىڭ 6 خىل مەھسۇلاتىغا گۇۋاھلىق بېرىشنى يولغا قويۇش ئەھۋالى ئۈستىدە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. چوڭ سودا سارايلىرى ساتىدىغان ئىمپورت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسىگە مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك گۇۋاھلىق بېرىش بەلگىسى چاپلاندى. مەھسۇلاتلارغا مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك گۇۋاھلىق بېرىش تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرمىغان سودا سارايلىرى ۋە تىجارەت سورۇنلىرىغا تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىپ بېرىلدى. شىنجاڭدىكى 8 توك سىمى - كابېل، تۆۋەن بېسىملىق ئىشكاپلىق ۋىكلىيۇچاتېل كارخانىسىنىڭ مەھسۇلاتىغا مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتى تەكشۈرۈلۈپ، مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك گۇۋاھلىق بېرىش تۈزۈمى ئاپتونوم رايون مىقياسىدا ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى.

لى رۇيشىن

## گۇۋاھلىق بېرىش - ئېتىراپ قىلىشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى 2003-يىلى گۇۋاھلىق بېرىش - ئېتىراپ قىلىشنى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئېكسپورت قىلىنىدىغان يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىدىغان 48 كارخانىنى تازىلىق جەھەتتىن رويخەتكە ئېلىپ تىزىملىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تازىلىق بويىچە رويخەتكە ئېلىنغىنى 42، تازىلىق بويىچە تىزىملانغىنى 6؛ ئېكسپورت ئورالمىسى كارخانىسىدىن 9 ى ئېكسپورت ئورالمىسى سۈپەت ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەتەرلىك ئورالما كارخانىسى 3، ئادەتتىكى ئورالما كارخانىسى 6؛ 123 كارخانىغا ISO بويىچە گۇۋاھلىق بېرىش ئىشى تاماملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ISO9000 سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسى بويىچە رويخەتكە ئېلىنىپ تەكشۈرۈلگەن كارخانا 84، ISO9000 سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسى قايتا تەكشۈرۈپ گۇۋاھنامىسى يەڭگۈشلەنگەن كارخانا 15، يېمەكلىك بىخەتەرلىكىدە HACCP گۇۋاھلىقى بېرىلگەن كارخانا 10، مۇھىت باشقۇرۇش سىستېمىسى بويىچە ISO14001 گۇۋاھلىقى بېرىلگەن كارخانا 8، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساغلاملىقى، بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى بويىچە OHS18000 گۇۋاھلىقى بېرىلگەن كارخانا 6. قىرغىزىستاندا بىر يېمەكلىك كارخانىسىنىڭ ISO9000، HACCP نى بىرلەشتۈرۈش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش تاماملاندى.

لى رۇيشىن

## ھۆكۈمەت گۆۋاھلىقى ئۆقتىسىدىن باھالاپ بېكىتىش ئەھۋالى

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى 2003 - يىلى 1458 تۈركۈمدىكى 1 مىليون 166 مىڭ 200 توننا ئىمپورت قىلىنغان خام نېفىتنىڭ ئېغىرلىقىنى باھالىدى، 739 تۈركۈمدىكى نېفىتنىڭ ئېغىرلىقىدىن 47 .2658 توننا كەم چىقتى؛ ئىمپورت قىلىنغان 631 مىڭ توننا كان رۇدىسى (شارسىمان تۆمۈر رۇدىسى، ئالىيۇمىن رۇدىسى) نى باھالىدى؛ 1936 تۈركۈمدىكى 116 مىڭ 30 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيالنىڭ ھەجىمىنى باھالىدى؛ 1151 تۈركۈمدىكى 7 مىليون 717 مىڭ 190 ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار ئورالمىسىنى باھالىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئورالما ئىقتىدارى بويىچە باھالانغىنى 992 تۈركۈم، 6 مىليون 536 مىڭ 282 دانە، بۇنىڭدىن 11 تۈركۈمدىكى 81 مىڭ 200 دانىسى لاياقەتسىز بولۇپ چىقتى؛ خەتەرلىك مال ئورالمىسى ئىقتىدارى بويىچە باھالانغىنى 62 تۈركۈم، 1 مىليون 44 مىڭ 29 دانە؛ خەتەرلىك مال ئورالمىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى بويىچە باھالانغىنى 97 تۈركۈم، 136 مىڭ 879 دانە.

لى رۇيشىن

## تەجرىبىخانا قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسىنىڭ پاختا ياسالمىسى تەجرىبىخانىسى بىلەن پەمدۇز ياسالمىسى تەجرىبىخانىسى دۆلەت دەرىجىلىك تەكشۈرۈشتىكى نۇقتىلىق تەجرىبىخانا قىلىپ بېكىتىلدى، خىمىيە كېنى، مېتال ماتېرىيال، ھايۋانات كارانتىن قىلىش، ئۆسۈملۈك كارانتىن قىلىش، ئورالما، ۋاستىچى جانلىقلار ۋە تۇبېركولىيۇز كېسىلى، ئەيدىس كېسىلىدىن ئىبارەت 8 تەجرىبىخانا تېررىتورىيىلىك مەركىزىي تەجرىبىخانا قىلىپ بېكىتىلدى. قەشقەر تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسىدە كۆمۈر تەجرىبىخانىسى، ئالاتاۋ پورتى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسىدە كۆمۈر تەجرىبىخانىسى، ئالاتاۋ پورتى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسىدە خام نېفىت تەجرىبىخانىسى قۇرۇلدى. نۇقتىلىق تەجرىبىخانىلارغا يېڭىدىن گاز سۈيۈقلۇقى تۈتاش ئۆلچەش سايمىنى قاتارلىق 246 دانە (يۈرۈش) تەجرىبىخانا سايمىنى كۆپەيتىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 14 تەجرىبىخانىنىڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش بويىچە ئېتىراپ قىلىش/رويخەتكە ئېلىشنى دۆلەتنىڭ ئۆلچەمگە گۇۋاھلىق بېرىشكە ئۆزگەرتىش ۋە شۇ بويىچە تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملىنىپ، ئۇلار دۆلەت گۇۋاھلىق بېرىشكە نازارەت قىلىش كومىتېتىنىڭ ئۆلچەمگە گۇۋاھلىق بېرىش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

لى رۇيشىن

## «ئىمپورت قىلىنغان كېرەكسىز، كونا ئەرسىلەردىكى رادىئاتسىيىلىك بۇلغىمىلارنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش» دۆلەتنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى بىلەن جۇڭگو سودا تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئورنى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت پىلانى كومىتېتىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى زور پەن تەتقىقات ئۈتكىلىگە مۇجۇم قىلىش تۈرى — «ئىمپورت قىلىنغان كېرەكسىز، كونا ئەرسىلەردىكى رادىئاتسىيىلىك بۇلغىمىلارنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش» 2003 - يىل 2 - ئايدا بېيجىڭدا دۆلەت دەرىجىلىك باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى. بۇ تۈر جۇڭگونىڭ ئىمپورت قىلىنغان كېرەكسىز، كونا ئەرسىلەردىكى رادىئاتسىيىلىك بۇلغىمىلارنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇكەممەل سىستېمىسىنى ئورنىتىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى، دۆلەتنىڭ ئىمپورت قىلىشنى چەكلىگەن خام ئەشيا قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان كېرەكسىز، كونا ئەرسىلەردىكى رادىئاتسىيىلىك بۇلغىمىلارنى چېگرىدىن كىرگەندە پورتتا تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈشنى سىناش كۆرسەتكۈچى، تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى بېكىتىش ۋە باشقۇرۇش تەرتىپى، باشقۇرۇش چەكلىمىسىنى تېخنىكىلىق ئاساس ۋە قوللاش بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ تۈردە بېكىتىلگەن 3 تۈرلۈك سىناش كۆرسەتكۈچى ۋە ئۇنى تەكشۈرۈش - باشقۇرۇش چەكلىمىسى دۆلەت ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان، جۇڭگونىڭ ئىمپورت قىلىنغان كېرەكسىز، كونا ئەرسىلەردىكى رادىئاتسىيىلىك بۇلغىمىلارنى كونترول قىلىشى ۋە بىرتەرەپ قىلىشىنىڭ بىردىنبىر ئاساسى بولۇپ، جۇڭگونىڭ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى، خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە بولدى. 7 يىلدىن بۇيان مەملىكەت بويىچە پورتلاردا قوللىنىلىش ئارقىلىق، ئامېرىكا، ياپونىيە، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن 590 نەچچە مىڭ تۈركۈمدىكى، 10 مىليارد 600 مىليون دوللار قىممىتىگە ئىگە 137 مىليون 680 مىڭ توننا كېرەكسىز خام ئەشيا تەكشۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 845 تۈركۈمدىكى رادىئاتسىيىلىك بۇلغىما كۆرسەتكۈچتىن ئېشىپ كەتكەن 31 مىڭ 208 توننا ماددىي ئەشيا دۆلەت چېگرىسىدىن چىقىرىۋېتىلدى.

لى رۇيشىن

# مالىيە، باج

## مالىيە

### مالىيە كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

1. مالىيە كىرىمىنىڭ ئۇرۇندىلىش ئەھۋالى. 2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ مالىيە كىرىمى 15 مىليارد 771 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوتنىڭ (تەڭشەلگەن خام چوت، تۈزىتىلمىگەن سانلىق) %106.42نى ئىگىلەپ، ئوخشاش ئۆلچەمدە 2002 - يىلدىكىدىن %17.24 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 12 مىليارد 822 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.77؛ فوند خام چوت كىرىمى 2 مىليارد 948 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %24.09 ئاشتى.

2. مەركەزگە يوللىنىدىغان باج كىرىمىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى. 2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ مەركەزگە يوللىنىدىغان باج كىرىمى 10 مىليارد 677 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.21 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە قىممەت ئېشىش بېجى (%75 قىسمى) 7 مىليارد 555 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19 ئاشتى؛ ئىستېمال بېجى 1 مىليارد 389 مىليون 350 مىڭ يۈەن بولۇپ، %6.93 تۆۋەنلىدى؛ مەركەزگە يوللانغان كارخانا تاپاۋەت بېجى 780 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.34؛ مەركەزگە يوللانغان شەخسىي تاپاۋەت بېجى 951 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %0.72 ئاشتى.

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ پۈتۈن ئۆلچەم بويىچە مالىيە كىرىمى 26 مىليارد 448 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %15.15 ئاشتى.

3. مالىيە چىقىمىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى. 2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ مالىيە چىقىمى 39 مىليارد 480 مىليون 80 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە، ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 36 مىليارد 846 مىليون 760 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت چىقىمى 2 مىليارد 633 مىليون 320 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن %2.62 ئاشتى.

4. ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە كىرىم - چىقىمىنىڭ تەڭپۇڭلىشىش ئەھۋالى.

ئادەتتىكى خام چوتنىڭ كىرىم - چىقىم ئەھۋالى ئومۇمىي كىرىم 37 مىليارد 9 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلدىكى كىرىم 12 مىليارد 822 مىليون 180 مىڭ يۈەن، مەركەز قوشۇمچە ياردەم بەرگەن كىرىم 23 مىليارد 777 مىليون 990 مىڭ يۈەن، زايومنى قەرز پۇلغا يۆتكەشتىن قىلىنغان كىرىم 451 مىليون يۈەن، 2002 - يىلى زايومنى قەرزگە يۆتكەشتىن قالغان قالدۇق 57 مىليون 120 مىڭ يۈەن؛ 2002 - يىلدىكىنىڭ قالدۇقىدىن قىلىنغان كىرىم مىنۇس 242 مىليون 420 مىڭ يۈەن، يۆتكەلگەن مەبلەغ 143 مىليون 300 مىڭ يۈەن. چىقىم 37 مىليارد 588 مىليون 230 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىللىق چىقىم 36 مىليارد 846 مىليون 760 مىڭ يۈەن، مەركەزگە تاپشۇرۇلغان چىقىم 228 مىليون 650 مىڭ يۈەن؛ كۆپەيتىلگەن خام چوت ئوبوروت سوممىسى 7 مىليون يۈەن، زايومنى قەرزگە يۆتكەش كىرىمىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان چىقىم

---

### چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن كۆچەتلەردىن 3 خىل يوشۇرۇن خەتەرلىك يېپىشقاق قۇرت تېپىلدى

2003 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭدىكى مەلۇم شىركەت گېرمانىيىدىن 79 خىل مەنزىرە كۆچىتى كىرگۈزۈپ، شىنجاڭدا سىناپ تىكمەكچى، گېرمانىيە شىركىتى ئادەم ئەۋەتىپ يېتەكچىلىك قىلماقچى بولغانىدى. شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى بۇ كۆچەتلەرنى نەق مەيداندا كارانتىن قىلىش ۋە تەجرىبىخانىدا كارانتىن قىلىش ئارقىلىق پىرمە قاتارلىق 18 خىلىدا گىتېرودىرا يېپىشقاق قۇرتى ئۇرۇقدىشى، يىلتىز تۈگۈنلۈك يېپىشقاق قۇرت ئۇرۇقدىشى، خەنجەرسىمان يېپىشقاق قۇرت ئۇرۇقدىشىدىن ئىبارەت 3 خىل يوشۇرۇن خەتەرلىك يېپىشقاق قۇرتنى تېپىپ چىقتى. بۇ، شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسىنىڭ گېرمانىيىدىن كىرگۈزۈلگەن كۆچەتلەردىن بۇنداق زىيانلىق جانلىقلارنى تۇنجى قېتىم تېپىپ چىقىشى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كۆچەتلەر ئىلمان سۇدا يۇيۇش ۋە دورىلاش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىدى ھەمدە قىسمەن ئاجىز كۆچەتلەر كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

لى رۇيشىن

شەھەرلەرنىڭ مالىيە كىرىمى 12 مىليارد 145 مىليون 780 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 11 مىليارد 83 مىليون 480 مىڭ يۈەن، فوند خام چوتى كىرىمى 1 مىليارد 62 مىليون 300 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 15.6% ئاشتى، مالىيە چىقىمى 23 مىليارد 931 مىليون 510 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 23 مىليارد 3 مىليون 280 مىڭ يۈەن، فوند خام چوتى چىقىمى 928 مىليون 230 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ 97.1% ى ئورۇندىلىپ، 16.1% ئاشتى.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مالىيە كىرىمى 4 مىليارد 615 مىليون 480 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 4 مىليارد 91 مىليون 190 مىڭ يۈەن، فوند خام چوتى كىرىمى 524 مىليون 290 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ 101.5% ى ئورۇندىلىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 15.1% ئاشتى؛ مالىيە چىقىمى 3 مىليارد 955 مىليون 140 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 3 مىليارد 495 مىليون 550 مىڭ يۈەن، فوند خام چوتى چىقىمى 459 مىليون 590 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ 95.8% ى ئورۇندىلىپ، 9.2% ئاشتى.

قاراماي شەھىرىنىڭ مالىيە كىرىمى 1 مىليارد 370 مىليون 70 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 1 مىليارد 308 مىليون 350 مىڭ يۈەن، فوند خام چوتى كىرىمى 61 مىليون 720 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ 102% ى ئورۇندىلىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 13.4% ئاشتى؛ مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 477 مىليون 190 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 1 مىليارد 441 مىليون 910 مىڭ يۈەن، فوند خام چوتى چىقىمى 35 مىليون 280 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ 99.9% ى ئورۇندىلىپ، 14.1% ئاشتى.

شىخەنزە شەھىرىنىڭ مالىيە كىرىمى 369 مىليون 20 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 306 مىليون 420 مىڭ يۈەن، فوند خام چوتى كىرىمى 62 مىليون 600 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ 100% ى ئورۇندىلىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 5.6% ئاشتى؛ مالىيە چىقىمى 464 مىليون 830 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 402 مىليون 570 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت چىقىمى 62 مىليون 260 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ 100.1% ى ئورۇندىلىپ، 16.1%



2003 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، دائىمىي مۇئاۋىن رەئىس ۋاڭ جىنشياڭ مالىيە نازارىتىغا بېرىپ غەيرىي باج كىرىمىنى يىغىش ـ باشقۇرۇش ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر سىستېمىسىنى قوللىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.
ۋېن جۇنگۇي فوتوسى

485 مىليون 120 مىڭ يۈەن، زايومنى قەرزگە يۆتكەش كىرىمىنىڭ قالدۇقى 23 مىليون يۈەن. كىرىم ـ چىقىمنى بالانىس قىلغاندا، يىل ئاخىرىدىكى دومىلىما قالدۇق مىنۇس 597 مىليون 60 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە كېيىنكى يىلغا ئاغدۇرۇلغان تۈرلۈك چىقىم 1 مىليارد 267 مىليون 300 مىڭ يۈەن، ساپ قالدۇق 1 مىليارد 864 مىليون 360 مىڭ يۈەن قىزىل رەقەم (2002 ـ يىلى ھېسابتا ئېلىنىپ قالغان قىزىل رەقەم 1 مىليارد 796 مىليون 420 مىڭ يۈەن، شۇ يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن قىزىل رەقەم 49 مىليون 940 مىڭ يۈەن).

فوند خام چوتى كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى كىرىم 3 مىليارد 643 مىليون 870 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىللىق كىرىم 2 مىليارد 948 مىليون 940 مىڭ يۈەن، 2002 ـ يىلىنىڭ قالدۇقىدىن قىلىنغان كىرىم 622 مىليون 450 مىڭ يۈەن، مەركەز قوشۇمچە ياردەم بەرگەن كىرىم 67 مىليون 520 مىڭ يۈەن، يۆتكەپ كىلىنگەن مەبلەغ 4 مىليون 960 مىڭ يۈەن؛ چىقىم 2 مىليارد 641 مىليون 340 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىللىق چىقىم 2 مىليارد 633 مىليون 320 مىڭ يۈەن، يۆتكەپ كېتىلگەن مەبلەغ 8 مىليون 20 مىڭ يۈەن. كىرىم ـ چىقىمنى بالانىس قىلغاندا، يىل ئاخىرىدىكى دومىلىما ئامانەت قالدۇقى 1 مىليارد 2 مىليون 530 مىڭ يۈەن بولدى.

جاڭ شۇخۇا

## ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر مالىيىسىنىڭ كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست،

ئاشتى.

ئىلى ئوبلاستىنىڭ ئوبلاست بويىچە مالىيە كىرىمى 1 مىليارد 440 مىليون 110 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 1مىليارد 306 مىليون 210 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت كىرىمى 133 مىليون 900 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %108.7ى ئورۇندىلىپ، 2002ـ يىلدىكىدىن %20.4 ئاشتى؛ مالىيە چىقىمى 4 مىليارد 975 مىليون 900 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 4 مىليارد 852 مىليون 960 مىڭ يۈەن، فوند خام چوتى چىقىمى 122 مىليون 940 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %96.6ى ئورۇندىلىپ، %16.2 ئاشتى.

ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ مالىيە كىرىمى 752 مىليون 570 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 679 مىليون 620 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت كىرىمى 72 مىليون 950 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %102.7ى ئورۇندىلىپ، %18.5 ئاشتى؛ مالىيە چىقىمى 2 مىليارد 480 مىليون 170 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 2 مىليارد 410 مىليون 770 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت چىقىمى 69 مىليون 400 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %97.1ى ئورۇندىلىپ، %17.6 ئاشتى.

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مالىيە كىرىمى 485 مىليون 680 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 437 مىليون 50 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت كىرىمى 48 مىليون 630 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %121.9ى ئورۇندىلىپ، %24.3 ئاشتى؛ مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 368 مىليون 510 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 1 مىليارد 323 مىليون 690 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت چىقىمى 44 مىليون 820 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %97ى ئورۇندىلىپ، %12.5 ئاشتى.

ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مالىيە كىرىمى 201 مىليون 860 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 189 مىليون 540 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت كىرىمى 12 مىليون 320 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %104 ى ئورۇندىلىپ، %18.5 ئاشتى؛ مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 127 مىليون 220 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 1 مىليارد 118 مىليون 500 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت چىقىمى 8 مىليون 720 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %95.2ى ئورۇندىلىپ، %18 ئاشتى.

بورتالا ئوبلاستىنىڭ مالىيە كىرىمى 201 مىليون 500 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 187 مىليون 400 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت كىرىمى 14 مىليون 100 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %103.2ى ئورۇندىلىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %16.4 ئاشتى؛ مالىيە چىقىمى 609 مىليون 620 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 599 مىليون 430 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت چىقىمى 10 مىليون 190 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %95.9ى ئورۇندىلىپ، %14 ئاشتى.

سانجى ئوبلاستىنىڭ مالىيە كىرىمى 913 مىليون 780 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 874 مىليون 670 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت كىرىمى 39 مىليون 110 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %110.1ى ئورۇندىلىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %22.1 ئاشتى؛ مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 711 مىليون 400 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 1 مىليارد 672 مىليون 620 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت چىقىمى 38 مىليون 780 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %94.5ى ئورۇندىلىپ، %27.3 ئاشتى.

بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ مالىيە كىرىمى 957 مىليون 900 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 942 مىليون 260 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت كىرىمى 15 مىليون 640 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %106ى ئورۇندىلىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %11.3 ئاشتى؛ مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 854 مىليون 740 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 1 مىليارد 841 مىليون 800 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت چىقىمى 12 مىليون 940 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %102.8ى ئورۇندىلىپ، %14.5 ئاشتى.

قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ مالىيە كىرىمى 63 مىليون 120 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 57 مىليون 400 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت كىرىمى 5 مىليون 720 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %103.8ى ئورۇندىلىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %15.3 ئاشتى؛ مالىيە چىقىمى 815 مىليون 740 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 810 مىليون 320 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت چىقىمى 5 مىليون 420 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %98.8ى ئورۇندىلىپ، %9.8 ئاشتى.

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مالىيە كىرىمى 768 مىليون 710 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە، ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 685 مىليون 210 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت كىرىمى 83 مىليون 500 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %109.2ى ئورۇندىلىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %24 ئاشتى؛ مالىيە چىقىمى 2 مىليارد 106 مىليون 620 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 2 مىليارد 29 مىليون

660 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت چىقىمى 76 مىليون 960 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %95.1ى ئورۇندىلىپ، %15.9 ئاشتى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ماليە كىرىمى 524 مىليون 490 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 445 مىليون 840 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت كىرىمى 78 مىليون 650 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %111.4ى ئورۇندىلىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %12.7 ئاشتى؛ ماليە چىقىمى 2 مىليارد 842 مىليون 410 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 2 مىليارد 767 مىليون 340 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت چىقىمى 75 مىليون 70 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %95.1ى ئورۇندىلىپ، %20.5 ئاشتى.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ماليە كىرىمى 181 مىليون 530 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 166 مىليون 150 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت كىرىمى 15 مىليون 380 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %113ى ئورۇندىلىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %16.1 ئاشتى؛ ماليە چىقىمى 1 مىليارد 634 مىليون 710 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 1 مىليارد 618 مىليون 490 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت چىقىمى 16 مىليون 220 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %103.2ى ئورۇندىلىپ، %25.7 ئاشتى.

تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ماليە كىرىمى 475 مىليون 250 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 460 مىليون 790 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت كىرىمى 14 مىليون 460 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %100.5ى ئورۇندىلىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %7.4 ئاشتى؛ ماليە چىقىمى 788 مىليون 740 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 788 مىليون 40 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت چىقىمى 700 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %93.6ى ئورۇندىلىپ، %16.1 ئاشتى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ماليە كىرىمى 264 مىليون 820 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 251 مىليون 590 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت كىرىمى 13 مىليون 230 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %109.7ى ئورۇندىلىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %21.3 ئاشتى؛ ماليە چىقىمى 694 مىليون 470 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 682 مىليون 590 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت چىقىمى 11 مىليون 880 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، خام چوتنىڭ %97.3ى ئورۇندىلىپ، %11.5 ئاشتى.

جاڭ شۆخۋا

## مەخسۇس تۈر بويىچە پۇل ئاجرىتىش ئەھۋالى

1. ماليە سىياسىتى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 2003 - يىلى مەركەز شىنجاڭغا 4 مىليارد 535 مىليون 800 مىڭ يۈەن زايوم مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىپ (بۇنىڭ ئىچىدە زايوم مەخسۇس مەبلىغى 3 مىليارد 945 مىليون 680 مىڭ يۈەن، زايومدىن قەرزگە يۆتكىگەن مەبلەغ 451 مىليون يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىش زايوم مەبلىغى 139 مىليون 120 مىڭ يۈەن)، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

2. يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنى مۇستەھكەملەندى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون ماليىسى 755 مىليون 887 مىڭ يۈەن يېزا ئىگىلىك ماليە چىقىمى مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇپ (مەركەزنىڭ مەبلىغىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساس مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ تىجارەت قىلىشقا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تۈزۈلمىسىنى تەڭشەشكە، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى، تېرىلغۇدىن ئورمان (ئوتلاق) غا قايتۇرۇش قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ۋە تۈرلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا مەدەت بەردى.

2003 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنى ئۈنۈمپەرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن 310 مىليون 510 مىڭ يۈەن ماليە مەبلىغى توپلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە، مەركەز ماليىسىنىڭ مەبلىغى 249 مىليون 530 مىڭ يۈەن، يەرلىك ماليىدىن يۈرۈشلەشتۈرۈپ بەرگەن مەبلەغ 60 مىليون 980 مىڭ يۈەن. ئاپتونوم رايون بويىچە ماليىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى چىقىمى 624 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 190 مىڭ ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

3. كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى. 2003- يىلى ئاپتونوم رايون ماليىسى 60 مىليون يۈەن كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەخسۇس مەبلىغى ئورۇنلاشتۇردى، بۇ 2002 - يىلدىكىدىن %20 ئاشتى؛ 41 مىليون يۈەن پەن - تېخنىكا 3 تۈرلۈك خىراجىتى ئورۇنلاشتۇردى، بۇ ئازكەم %70 ئاشتى. تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئاپتونوم رايون بېكىتكەن نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ماليە كىرىمىنىڭ ئېشىشى ئۈچۈن يېڭى ماليە مەنبەسى يېتىشتۈرۈلدى. پەن - تېخنىكا 3 تۈرلۈك خىراجىتى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش زور تۈرلىرىگە نۇقتىلىق

ئىشلىتىلىپ، شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ تەرەققىي قىلىشى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك تېخنىكا يۆلىكىگە ئىگە قىلدى.

4. مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك مەدەت بەردى، ئاپتونوم رايون بويىچە مائارىپ چىقىمى 6 مىليارد 986 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە، ئىلىم - پەن چىقىمى 429 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، رادىئو كەسپىي خىراجىتى چىقىمى 1 مىليارد 286 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جاڭ شۇخۇا

## ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە «سارس»نىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش مەبلىغى

2003 - يىلى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون قەشقەرگە 428 مىليون يۈەن يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇش مەبلىغى، 196 مىليون يۈەن «سارس»نىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش مەبلىغى ئاجرىتىپ بېرىپ، ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش خىزمىتى ۋە ئاممىۋى تازىلىق مۇلازىمىتى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا مەدەت بەردى.

جاڭ شۇخۇا

## مالىيە ئىسلاھاتى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ تارماقلار خام چوتى، خەزىنە باشقۇرۇش تۈزۈمى، غەيرىي باج كىرىمى، يېزىلارنىڭ باج ھەققى ئىسلاھاتى، ھۆكۈمەتنىڭ مال سېتىۋېلىشى، «ئالتۇن مالىيە قۇرۇلۇشى» قاتارلىق جەھەتلەردىكى مالىيە ئىسلاھاتىدا يېڭى يۈكسىلىش بولدى. 1) تارماقلارنىڭ خام چوت باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش دائىرىسى كېڭەيتىلدى. 2003 - يىلى 15 تارماقنىڭ تارماق خام چوتىنى چۈشۈرۈش ئاساسىدا، 2004 - يىلى تارماقلارنىڭ خام چوتى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلىپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 61 تارماقتا تارماقلارنىڭ خام چوت ئىسلاھاتىنى سىناق قىلىش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلدى، نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان تارماقلارنىڭ خام چوتىنىڭ نورما ئۆلچىمىنى ھېسابلاش خىزمىتى ئورۇندالدى. 2) غەيرىي باج كىرىمىنى باشقۇرۇش ئىسلاھاتى سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 67 تارماقتىكى 220 ئورۇن ۋە بايىنغولىن ئوبلاستىدىن باشقا 13 ۋىلايەت، ئوبلاست شەھەر ۋە شىخەنزە شەھىرىنىڭ شۇ دەرىجىلىك ئورۇنلىرىدا ھۆكۈمەتنىڭ غەيرىي باج كىرىمىنى يىغىش، باشقۇرۇش سىستېمىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىشقا كىرىشىپ، 3 مىليارد 200 مىليون يۈەن يىغىۋېلىندى. 3) يېزىلارنىڭ باج ھەققى ئىسلاھاتى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى. 2003-يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلارنىڭ باج ھەققى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك باشلىنىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقى ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكىدىن %30 دىن ئارتۇق يېنىكلىدى. 4) ھۆكۈمەت مال سېتىۋېلىش تۈزۈمى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، سېتىۋېلىش كۆلىمى ۋە دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە مال سېتىۋېلىش سوممىسى 2 مىليارد 205 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %8.79 تېجەلدى. 5) خەزىنىدىن مەركەزلەشتۈرۈپ چىقىم قىلىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون شۇ دەرىجىلىك 9 تارماقتىكى 32 ئورۇننى خەزىنىدىن مەركەزلەشتۈرۈپ چىقىم قىلىش ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان ئورۇن قىلىپ تاللىۋالدى، مەخسۇس مەبلەغنى بىۋاستە چىقىم قىلىشنى نۇقتىدا نۇقتىلىق سىناق قىلدى. 6) «ئالتۇن مالىيە قۇرۇلۇشى» كۈچەيتىلدى. بايىنغولىن ئوبلاستىدىن باشقا، مالىيە نازارىتى ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلەرلىك مالىيە تارماقلىرىنىڭ IP تېلېفونى ئۇلاندى.

جاڭ شۇخۇا

# يەرلىك باج

## يەرلىك باج كىرىمى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى يەرلىك باج سىستېمىسى ئۇيۇشتۇرغان تۈرلۈك كىرىم 8 مىليارد 551 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %15.64 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، باج كىرىمى 8 مىليارد 10 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15 ئاشتى؛ مائارىپ خىراجىتى قوشۇمچە كىرىمى 359 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %37.94 ئاشتى؛ خەلق مائارىپ فوندى كىرىمى 109 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %18 ئاشتى؛ مەدەنىيەت كەسپىي قۇرۇلۇشى خىراجىتى كىرىمى 68 مىليون 590 مىڭ يۈەن؛ باشقا كىرىم 2 مىليون 840 مىڭ يۈەن.

ما خۇاليالڭ

## باجنى باشقۇرۇش

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ يەرلىك باج سىستېمىسى خەزىنىگە يىلدا 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق تىجارەت بېجى تاپشۇرىدىغان نۇقتىلىق كارخانىلارغا باج مەنبەسى سانلىق

مەلۇماتلىرى ئامبىرى بەرپا قىلدى ھەم ئەھۋالنى نازارەت قىلىپ، تىزگىنلەشنى يولغا قويدى. بىر يىلدا تىجارەت بېجى كىرىمى 3 مىليارد 962 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %21.56 ئاشتى. 2000 (ئائىلە) شەخسى تاپاۋەت بېجى تاپشۇرىدىغان نۇقتىلىق باج تاپشۇرغۇچىغا كومپيۇتېردا نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سىستېمىسى ئورنىتىپ، شەخسلەر شىرىكسىز مەبلەغ سالغان ۋە شېرىكلەشكەن كارخانىلار، ئالىي مەكتەپلەر، دوختۇرخانا قاتارلىق ساھەلەردىكى شەخسى تاپاۋەت بېجى مەخسۇس تەكشۈرۈلدى، قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ باشلاش نۇقتىسى 5000 يۈەنگە، تىجارەت بېجىنىڭ 1000 يۈەنگە تەڭشەلگەنلىكى قاتارلىق باجنى كېمەيتىش ئامىللىرىنىڭ تەسىرىدە، بىر يىلدا شەخسى تاپاۋەت بېجى كىرىمى 1 مىليارد 235 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %3.27 ئاشتى. يەرلىكنىڭ «توققۇز باج، بىر خىراجەت» كۆندىلىك كىرىمىنى تەھلىل قىلىپ، ئالدىن مۆلچەرلەش كۈچەيتىلىپ، يەرلىك باج مەنبەسىدىن باج ئېلىش، باشقۇرۇش چىڭ تۇتۇلۇپ، ئۆي ـ زېمىن بېجى 2002 ـ يىلدىكىدىن 112 مىليون 260 مىڭ يۈەن كۆپ يىغىلىپ، %27.71؛ شەھەر قۇرۇلۇشى بېجى 172 مىليون 250 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، %22.25؛ ماركا بېجى %40.85؛ يەر قوشۇلما قىممەت بېجى 4.9 ھەسسە ئاشتى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن 2003 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، يەر ئىشلىتىش بېجى ئېلىش دائىرىسى بىلەن باج نورمىسى ئۆلچىمى بىر تۇتاش تەڭشەلدى. كېيىنكى يېرىم يىلدا قان بېجى ئېلىش توختىتىلدى. يۇڭ توشۇش ساھەسىنىڭ ئۆزى ھۆججەت يازغان باج تاپشۇرغۇچى، ۋاكالىتەن ھۆججەت يازغان باج تاپشۇرغۇچى ۋە ۋاكالىتەن ھۆججەت يازغان ۋاستىچى ئاپپاراتنى ئېتىراپ قىلىش قانات يايدۇرۇلۇپ، ناھىيە (شەھەر، رايون) لىك دۆلەت بېجى، يەرلىك باج ئىدارىلىرى ئارىسىدا يۈك توشۇش ھۆججىتى ئۈچۈرى سانلىق مەلۇماتلىرىنى توپلاش، جەملەش، يەتكۈزۈش ۋە سېلىشتۇرۇش خىزمىتى ئىشلەندى. تاشيول، سۇچىلىق، نېفىتلىك ـ گازلىقنى ئېچىش قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ باج مەنبەسىنى تىزگىنلەپ، باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، بىر يىلدا باج مەنبەسىنى تىزگىنلەپ، باشقۇرۇش ئارقىلىق 153 مىليون يۈەن باج پۇلى ۋاكالىتەن يىغىۋېلىندى ھەم جايلارغا يۆتكەپ بېرىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش كەسىپلىرىدە مۇكاپاتلىق ھۆججەت يولغا قويۇلۇپ، باجنى ھۆججەت ئارقىلىق باشقۇرۇش يەنىمۇ كۈچەيتىلدى.

ما خۇاليالڭ

## شىنجاڭ يەرلىك باج سىستېمىسىنىڭ 2003 ـ يىلدىكى رايونلار بويىچە باج كىرىمىنى ئورۇنداش ئەھۋالى

| رايونلار | جەمئىي كىرىم (تۈمەن يۈەن) | 2002 ـ يىلدىكىدىن %± |
|---|---|---|
| جەمئىي | 801095 | 15 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 289797 | 15 |
| قاراماي شەھىرى | 81836 | 15.9 |
| شىخەنزە شەھىرى | 20847 | 23.1 |
| سانجى ئوبلاستى | 58624 | 18 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 18200 | 16 |
| ئىلى ئوبلاستى | 89217 | 18 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار | 51811 | 17.6 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 25000 | 17.2 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 12406 | 22 |

| | | |
|---|---|---|
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 68001 | 11.8 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 44557 | 29.5 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 3310 | 18.7 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 28202 | 17.9 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 10801 | 16.2 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 26768 | 4.5 |
| بورتالا ئوبلاستى | 11885 | 23.5 |
| بىۋاسىتە قاراشلىق باج ئىدارىسى | 49000 | 11 |
| تەپتىش ئىدارىسى | 50 | .99.1 |

ما خۇاليالڭ

## باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى

1) ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقانلارغا باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، قوشۇلما قىممەت بېجى (دۆلەت بېجى تارماقلىرىنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، تىجارەت بېجىنىڭ باجنى باشلاش نۇقتىسى ئۆستۈرۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ 2003 - يىلدىكى 150 مىليون يۈەن كىرىمىگە تەسىر كۆرسەتتى.

2) «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاشتا بىر قىسىم ساھەلەرنىڭ بېجىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش سىياستى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، 100 مىليون يۈەن باج كېمەيتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى.

3) غەربنى كەڭ ئېچىشتا باجدا ئېتىبار بېرىش سىياستى داۋاملىق ئىجرا قىلىندى ھەم تاپاۋەت بېجىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، يېڭىدىن تىزىملاپ، ئەنگە ئېلىنغان كارخانا كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كارخانا تاپاۋەت بېجى دۆلەت بېجى ئېلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، 60 مىليون يۈەن كارخانا تاپاۋەت بېجى كېمەيتىپ ئېلىندى.

4) ئۈرۈمچى ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى ئىچىدىكى كارخانىلار بەھرىمەن بولىدىغان ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدە ئەسلىدىكى يىللىق باجنى ئاۋۋال ئېلىپ، كېيىن قايتۇرۇپ بېرىش ئۇسۇلى بىۋاسىتە كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىشقا ئۆزگەرتىلىپ، شۇ يىلى 35 مىليون يۈەن باج كىرىمى كېمەيتىپ ئېلىندى.

يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بېرىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قارىتىلغان ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، يەر ئىشلىتىش بېجى، ئۆي - زېمىن بېجى، ئاپتوموبىل - كېمە بېجى، بايلىق بېجىدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلارنى تەكشۈرۈش تەرتىپى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىدارىلەرگە مەلۇم تەكشۈرۈش ھوقۇقى بېرىلىپ، باج تاپشۇرغۇچىلارغا قۇلايلىق يارىتىلدى. بولۇپمۇ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقانلارغا باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بولغان رەھبەرلىك كۈچەيتىلىپ، مەخسۇس كۆزنەك تەسىس قىلىنىپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچىلارغا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت قىلىندى. 12 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولغان ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى 42 مىڭ 500 گە يەتتى، 181 مىليون يۈەن باج كېمەيتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى.

ما خۇاليالڭ

## باج تەپتىشلىكى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك باج تارماقلىرى شەخسى تاپاۋەت بېجى، بىناكارلىق ساھەسىنىڭ تىجارەت بېجى، كارخانا تاپاۋەت بېجىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، باجغا چېتىشلىق قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە قەتئىي زەربە بەردى. ھۆججەتنى مەخسۇس تەكشۈرۈش ۋە ساختىلىقىقا زەربە بېرىش ھەرىكىتى

ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئادەتتىكى ھۆججەت ۋە ۋاكالەتتەن بېرىلگەن ھۆججەتلەرنى باشقۇرۇش تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك باج تەپتىش تارماقلىرى باج قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان 24 مىڭ 248 قېتىملىق دېلونى تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلىنغىنى 3561، جىنايەت گۇماندارى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلگىنى 5، تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلىنغان سومما 390 مىليون يۈەن.

ما خۇاليالڭ

# دۆلەت بېجى

## دۆلەت بېجىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ دۆلەت بېجى سىستېمىسىنىڭ تۈرلۈك كىرىمى 14 مىليارد 341 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 15.2% ئاشتى. پىلاندىكى سىناق قىلىنغان باج كىرىمى 13 مىليارد 151 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىللىق كىرىم پىلانىنىڭ 108%ىنى ئىگىلەپ، 13.1% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە «ئىككى باج» كىرىمى 11 مىليارد 566 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىللىق كىرىم پىلانىنىڭ 107.9%ىنى ئىگىلەپ، 13.9% ئاشتى.

گۇەن پىڭ، يې ماۋ

## باج باشقۇرۇش ئەھۋالى

1. ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلىپ، باج باشقۇرۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەركىبى كۈچەيتىلدى. 2003 - يىلى شىنجاڭ دۆلەت بېجى سىستېمىسى شىنجاڭنىڭ دۆلەت بېجىنى يىغىش - باشقۇرۇش يۇمشاق دېتالىنى ئەلالاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، كېڭەيتىش خىزمىتىنى تاماملاپ، باج ئېلىش، باشقۇرۇشتا CTAIS نى قوللىنىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى، ئۈرۈمچى، شىخەنزىدىكى ئىككى ئاساسىي قاتلام ئىدارە مۇۋەپپەقىيەتلىك لىنىيىگە چىقىپ، باج ئېلىش، باشقۇرۇش ئەمەلىي يۇمشاق دېتالىنى ئىشلىتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت بېجى سىستېمىسىنىڭ باج ئېلىش، باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. قوشۇلما قىممەت بېجىنى «بىر كۆزنەك شەكىللىك» باشقۇرۇش ئەندىزىسى يولغا قويۇلۇپ، ئادەتتىكى قوشۇلما قىممەت بېجى تاپشۇرغۇچىلارنىڭ باج تاپشۇرۇش مەلۇماتىنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىپ، تىزگىنلەش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

2) باج تاپشۇرغۇچىلارغا ئەلا مۇلازىمەت قىلىندى. باج بېجىرىش رەسمىيىتى قىسقارتىلىپ، ئىش بېجىرىش تەرتىپى ئاددىيلاشتۇرۇلدى؛ ئۇچۇر تورى مۇلازىمەت پۇنكىتى قۇرۇلۇپ، باج تاپشۇرغۇچى تور ئارقىلىق باجنى مەلۇم قىلىش، سىياسەتتىن مەسلىھەت سوراش، سۈرۈشتۈرۈش قاتارلىق باجغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى تۈگىتەلەيدىغان بولدى؛ «12366» مۇلازىمەت لىنىيىسى ئېچىلدى.

3) باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 2003 - يىلى شىنجاڭدىكى دۆلەت بېجى سىستېمىسى قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى ئەڭ يۇقىرى چەك بويىچە ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 160 مىڭ يەككە سودىگەرنى باج سېلىقىدىن خالاس قىلىپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشسىزلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. غەربنى كەڭ ئېچىشتا باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 4385 كارخانا باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولدى، ئازكەم 1 مىليارد 200 مىليون يۈەن كارخانا تاپاۋەت بېجى كېمەيتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى، ئىچكى مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ 88 مىليون يۈەندىن ئارتۇق تاپاۋەت بېجى كەچۈرۈم قىلىندى، چەت ئەللەر بىلەن ئالاقىدار كارخانىلارنىڭ 3 مىليون يۈەندىن ئارتۇق تاپاۋەت بېجى كەچۈرۈم قىلىندى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېكسپورتتىن 944 مىليون يۈەن باج قايتۇرۇلۇپ (كەچۈرۈم قىلىنىپ)، 2002- يىلدىكىدىن (2002 - يىلى ئېكسپورتتىن ئەمەلىي قايتۇرۇلغان ،كەچۈرۈم قىلىنغان، باج 495 مىليون يۈەن) 90.7% ئاشتى.

گۇەن پىڭ، يې ماۋ

# بانكا، سۇغۇرتا، ئاكسىيە

## بانكا

## خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى

### پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى 2003 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ماكرولۇق ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنى ياخشىلاپ، كرېدىت سېلىنمىسىنى زورايتىپ، كرېدىت ماركېتىنى كۈچەيتىپ، پۇل مۇئامىلىدە يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىپ، پۇل مۇئامىلىنىڭ ئىقتىسادنى قوللاش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈردى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ خەلق پۇلى بويىچە تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 26 مىليارد 617 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 18.5% ئاشتى. خەلق پۇلى بويىچە تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 20مىليارد 991 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16.5% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل 7 مىليارد 649 مىليون يۈەن، ئوتتۇرا، ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل 16 مىليارد 798 مىليون يۈەن ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ نەق پۇل كىرىم-چىقىمىنى بالانس قىلغاندىن كېيىنكى، ساپ تارقاتقان پۇلى 8 مىليارد 140 مىليون يۈەنگە يېتىپ ، 2002 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 350 مىليون يۈەن ئاشتى.

1. مۇقىم، ساغلام پۇل سىياسىتى ئىجرا قىلىنىپ ، كۆزنەك يېتەكچىلىكى سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، كرېدىت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئەلالاشتۇرۇپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلدى. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ « شىنجاڭدىكى بانكا كەسپىدە 2003 - يىلى كرېدىتنى ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر» ۋە ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارغا، غەيرىي ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىگىلىككە، قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش قۇرۇلۇشىغا، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق مەدەت بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەر تۈزۈپ چىقىلىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلارغا پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق مەدەت بېرىش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش كۈچەيتىلىپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى سانائەت قەرز پۇلى، چەككە دىسكونت قىلىش قەرز پۇلى، ئىستېمال قەرز پۇلى، ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى قاتارلىقلارنى تارقىتىشقا يېتەكلىنىپ، رايوننىڭ ئەۋزەل كەسىپلىرى، تايانچ كارخانىلار ۋە نۇقتىلىق كەسىپلەر، شۇنداقلا ئاساس مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىغا مەدەت بېرىلدى. 1) ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى، يېشىل يېزا ئىگىلىكى، پەن - تېخنىكا تىپىدىكى يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانىلارغا پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق مەدەت بېرىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل قالدۇقى 12 مىليارد 303 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 858 مىليون يۈەن ئاشتى. 2) غەربنى كەڭ ئېچىش ۋە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە مەدەت بېرىپ، تۇراقلىق مۈلۈك، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە ۋە شەھەر ئاساس مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇل قالدۇقى 36 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8 مىليارد 469 مىليون يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇل قالدۇقى 3 مىليارد 333 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 506 مىليون يۈەن ئاشتى. 3) توقۇمىچىلىق، پولات - تۆمۈر، ماشىنا - ئېلېكتر، نېفىت، خىمىيە سانائىتى قاتارلىق نۇقتىلىق كەسىپلەرگە كرېدىت ئارقىلىق مەدەت بېرىش زورايتىلدى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە قىسقا مۇددەتلىك سانائەت تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى قالدۇقى 31 مىليارد 951 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 843 مىليون يۈەن ئاشتى. 4) پۇل مۇئامىلە مەھسۇلاتلىرى پائال يېڭىلىنىپ، ئىستېمال كرېدىتىنىڭ تۈرى كۆپەيتىلىپ، تۇرالغۇ ئۆي، ئاپتوموبىل قەرز پۇلىنى ئاساس قىلغان ئىستېمال كرېدىتى كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە شەخسىي ئىستېمال قەرز پۇلى قالدۇقى 25 مىليارد 989 مىليون يۈەنگە

يېتىپ، 6 مىليارد 995 مىليون يۈەن ئاشتى. 5) ئىناۋەتلىك، تىجارىتى نورمال، دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنى كرېدىتتە قوللاش كۈچەيتىلدى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلارغا تارقاتقان قەرز پۇل 1 مىليارد 635 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %38.68 ئاشتى.

### شىنجاڭ بويىچە 2003 ـ يىلدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە خادىملار

| تۈرى | جەمئىي | | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | | ۋىلايەت دەرىجىلىك | | ناھىيە دەرىجىلىك | | تىجارەت نۇر ـ نۇقتىلىرى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئاپپارات | خادىم | ئاپپارات | خادىم | ئاپپارات | خادىم | ئاپپارات | خادىم | ئاپپارات | خادىم |
| ئومۇمىي | 3733 | 44633 | 15 | 3186 | 108 | 9486 | 983 | 17208 | 2627 | 14753 |
| خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى | 77 | 3290 | 1 | 338 | 14 | 1402 | 62 | 1550 | | |
| بانكا نازارەتچىلىك كومىتېتى شىنجاڭ نازارەتچىلىك ئىدارىسى | 77 | 853 | 1 | 126 | 14 | 479 | 62 | 248 | | |
| سىياسەت خاراكتېرلىك بانكا | 90 | 1960 | 2 | 164 | 16 | 469 | 72 | 1327 | | |
| يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى | 89 | 1914 | 1 | 118 | 16 | 469 | 72 | 1327 | | |
| تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى | 1 | 46 | 1 | 46 | | | | | | |
| دۆلەت ئىلكىدىكى مۇستەقىل مەبلەغ سودا بانكىسى | 1868 | 25329 | 5 | 2033 | 60 | 6596 | 287 | 7414 | 1517 | 9286 |
| سودا ـ سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى | 476 | 7674 | 1 | 335 | 15 | 2041 | 68 | 1782 | 392 | 3516 |
| يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى | 582 | 6349 | 1 | 342 | 14 | 1340 | 89 | 2597 | 478 | 2070 |
| يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىڭتۇەن شۆبىسى | 315 | 2449 | 1 | 184 | 3 | 207 | 24 | 718 | 287 | 1390 |
| جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى | 179 | 2951 | 1 | 665 | 13 | 828 | 49 | 866 | 116 | 592 |
| قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى | 316 | 5856 | 1 | 507 | 14 | 2180 | 57 | 1451 | 244 | 1718 |
| باشقا سودا بانكىلىرى | 32 | 785 | 3 | 332 | | | 10 | 239 | 19 | 214 |
| قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى | 24 | 465 | 1 | 196 | | | 6 | 114 | 17 | 155 |
| خېرىدار چاقىرىش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى | 6 | 234 | 1 | 77 | | | 4 | 125 | 1 | 32 |
| خۇاشيا بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى | 2 | 86 | 1 | 59 | | | | | 1 | 27 |
| شەھەر سودا بانكىسى | 70 | 1044 | | | 1 | 231 | | | 69 | 813 |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا بانكىسى | 70 | 1044 | | | 1 | 231 | | | 69 | 813 |
| شەھەر ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى | 27 | 496 | | | 1 | 33 | 11 | 318 | 15 | 145 |
| يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى | 904 | 8376 | | | | | 479 | 5522 | 425 | 2854 |
| ئۈرۈمچى ناھىيىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپ | 13 | 464 | | | | | 1 | 37 | 12 | 427 |
| مەبلەغ باشقۇرۇش شىركىتى | 3 | 115 | 3 | 115 | | | | | | |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىندا شىركىتى | 1 | 37 | 1 | 37 | | | | | | |
| خۇارۇڭ شىركىتى | 1 | 41 | 1 | 41 | | | | | | |
| سەددىچىن شىركىتى | 1 | 37 | 1 | 37 | | | | | | |
| ماۋالە مەبلەغ شىركىتى | 2 | 197 | | | 2 | 197 | | | | |
| جىنشىن ماۋالە شىركىتى | 1 | 132 | | | 1 | 132 | | | | |
| خەلقئارا ماۋالە شىركىتى | 1 | 65 | | | 1 | 65 | | | | |
| پۇل مۇئامىلە ئىجارە شىركىتى | 1 | 79 | | | 1 | 79 | | | | |
| پوچتا ئامانەت - پېرېۋوتى | 582 | 2109 | | 78 | | | | 590 | 582 | 1441 |

2. پۇل سىياسىتى قوراللىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىلىپ، قايتا قەرز بېرىش رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، قاراشلىق رايونلاردىكى ئوتتۇرا، كىچىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ كرېدىت ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىگە مەدەت بېرىش ۋە باشقا مۇۋاپىق مەبلەغ ئېھتىياجى ۋاقتىدا تەڭشىلىپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى. بىر يىلدا قايتا بېجىرىلگەن تۈرلۈك قەرز پۇل 4 مىليارد 70 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىگە قايتا بېرىلگەن قەرز پۇل 160 مىليون يۈەن، قىسقا مۇددەتلىك قايتا بېرىلگەن قەرز پۇل 3 مىليارد 730 مىليون يۈەن، قايتا بېرىلگەن جىددىي قەرز پۇل 180 مىليون يۈەن. قايتا دىسكونت قىلىش قورالىدىن پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە مەدەت بېرىلىپ، سودا بانكىسىنىڭ چەك ئارقىلىق مەبلەغنى يۈرۈشتۈرۈشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، كرېدىت مەبلىغىنىڭ سۈپىتى ياخشىلاندى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، بىر يىلدا 1 مىليارد 380 مىليون يۈەن قايتا دىسكونت قىلىندى. قاراشلىق رايونلاردىكى مەملىكەت بويىچە بانكىلار ئارا كەسىپداشلار قەرز ئېلىش بازىرىغا ئەزا بولۇش سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى 5 بولۇپ، بىر يىلدا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى كېچە ئارىلاپ قەرز ئېلىشقان 43 ھېسابتىكى 4 مىليارد 328 مىليون يۈەن تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى.

يەن كەي

## پۇل مۇئامىلىسىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش

2003 - يىلى ھەر دەرىجىلىك بانكا كەسپىنى نازارەت

يەن كەي

قىلىپ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، قاراشلىق رايونلاردىكى بانكا كەسپىنىڭ بىخەتەر، مۇقىم، ساغلام ئايلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1. خېيىمخەتەرنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ناچار قەرز پۇلنى «قوش تۆۋەنلىتىش» چىڭ تۇتۇلدى. 2003 - يىلى قاراشلىق رايونلاردىكى ھەر دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ناچار قەرز پۇللارنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش ۋە نىشانلىق سىناق قىلىش، خېيىمخەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە نەق مەيداندا تەكشۈرۈش قاتارلىق ئۈنۈملۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق قاراشلىق رايونلاردىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ كرېدىت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، يىل بېشىدا بەلگىلەنگەن ناچار قەرز پۇل قالدۇقى ۋە نىسبىتىنى «قوش تۆۋەنلىتىش» نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى بانكا كەسپىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ناچار قەرز پۇل قالدۇقى يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 876 مىليون يۈەن، نىسبىتى 3.61 پىرسەنت پونكىتى ئازلىدى. ناچار قەرز پۇلنىڭ نىسبىتى 13.48% بولدى.

2. نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تىجارەت ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى غەيرىي نەق مەيداندا نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە نەق مەيداندا تەكشۈرۈش داۋاملىق كۈچەيتىلىپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تىجارەت پائالىيىتى، خېيىمخەتەر ئەھۋالى ۋە ئىچكى باشقۇرۇش ئەھۋالى غەيرىي نەق مەيداندا نازارەت قىلىنىپ، پەسىل بويىچە تۈرگە ئايرىپ نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش دوكلاتى يېزىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە نەق مەيداندا تەكشۈرۈش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، بىر

يىلدا قاراشلىق رايونلاردا 23 تۈر بويىچە تۈرلۈك نەق مەيدان تەكشۈرۈلدى، تۈرلۈك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىن 176 سى تەكشۈرۈلدى. سودا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلنى 5 دەرىجە بويىچە تۈرگە ئايرىپ ئىجرا قىلىش ئەھۋالى، يېڭىدىن كۆپەيگەن قەرز پۇلنىڭ سۈپىتى، غەيرىي كىرىمىت مەبلىغىنىڭ زىيىنىنى ۋە جەدۋەل سىرتىدىكى كەسىپىي خەيىمخەتەر، ئىچكى جەھەتتە تىزگىنلەش ئەھۋالى، شۇنىڭدەك غەيرىي بانكا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋاللىرى تەكشۈرۈش مەزمۇنى قىلىندى، بايقالغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش پىكرى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئۇلارنى تۈزىتىش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىندى، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ قانۇن بويىچە قائىدىگە ئۇيغۇن تىجارەت قىلىش ئېڭى كۈچەيتىلدى.

3. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە ئالىي دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلارنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە پۇل مۇئامىلە كەسىپلىرىنىڭ بازارغا كىرىشى ۋە چېكىنىپ چىقىشى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، بىر يىلدا 171 ئاپپاراتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، 9 نىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، 5 ئاپپاراتنى يېڭىدىن قۇرۇش تەستىقلاندى؛ دۆلەت سودا بانكىسىنىڭ 11 تۈرلۈك يېڭى كەسىپنى يولغا قويۇشى تەستىقلاندى؛ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى 80 ئالىي دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتى تەستىقلاندى، 6 كىشىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتى ئېلىۋېتىلدى.

4. تەشكىلىي جەھەتتە ماسلاشتۇرۇش كۈچەيتىلىپ، يېزا ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. غۇلجا، سانجى، كورلا شەھەرلىرى، كۇچا، مارالبېشى، يەكەن ناھىيىلىرىدە يېزا ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ بىر تۇتاش قانۇن ئىگىلىرى ئىسلاھاتى نۇقتىدا سىناق قىلىنىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئەھۋالى ۋاقتىدا ئىگىلىنىپ، ئىسلاھات خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشلىنىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

5. نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ تەشكىلىي سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ۋە ياخشىلاندى. 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جۇڭگو بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتى شىنجاڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ئىلگىرى جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسى ئۈستىگە ئالغان پۇل مۇئامىلە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىش باشقارمىسى بىلەن ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكا ئادا قىلىۋاتقان نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق خىزمەت مەسئۇلىيىتى مۇنداق: دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلە خىزمىتىگە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، بانكا نازارەتچىلىكى كومىتېتى بەرگەن ھوقۇققا ئاساسەن نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش، قانۇن - نىزاملارنى، تۈزۈملەرنى ئىجرا قىلىشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى تۈزۈش، ئالاقىدار بانكا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش، ئۆزگەرتىش، توختىتىش ۋە كەسپىي پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ قانۇن - نىزامغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلىش، ئالىي دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ، تەستىقلاش، ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلارنى ۋە ئۇچۇرلارنى توپلاش، ئىدارە ئورگىنى ۋە سىستېمىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ۋە كادىرلارنى باشقۇرۇش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇش.

دۇەن خېمىڭ

## پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى

1. پۇل مۇئامىلىنى ئېلېكترونلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، بىر قاتار زور قۇرۇلۇش تۈرلىرى تاماملاندى. 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى زامانىۋى چىقىم قىلىش سىستېمىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون ئىچىدە تورلاشتۇرۇش، دەرىجىسىنى كۆتۈرۈش، سىغىمىنى ئاشۇرۇش، مەركىزىي بانكا بوغالتىرىيە ھېساباتى سىستېمىسى، بانكا كىرېدىتىنى تىزىملاشقا مەسلىھەت بېرىش سىستېمىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، پۇل مۇئامىلە قائىدە - نىزاملىرى ئۇنىۋېرسال ئىش بېجىرىش سىستېمىسى، تاشقى پېرېۋوت ھېسابى ئۇچۇرلىرىنى باشقۇرۇش، تاشقى قەرز ستاتىستىكىسىنى نازارەت قىلىش، بانكا كارتىسىنى تورلاشتۇرۇپ بىر تۇتاش ئىشلىتىش، ئېلېكترونلۇق بىرلەشمە بانكا سۇنئىي ھەمراھ كىچىك پونكىتى، دۆلەت خەزىنىسى ھېسابات سىستېمىسى قاتارلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملاندى ۋە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

2. پۇل مۇئامىلە ستاتىستىكا سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، سودا بانكىسىنىڭ ۋاستىچىلىك كەسپى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي قاپتىلىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي، پۇل مۇئامىلە ئەھۋالى ستاتىستىكىسى قاتارلىق تۈرلەر يېڭىدىن كۆپەيتىلدى.

3. تارقىتىلىدىغان فوند مۇۋاپىق تەڭشىلىپ بۆلۈپ بېرىلىپ، نەق پۇل بىلەن نورمال تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە تارقاتقۇچى خەزىنىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش قانات

پايدۇرۇلۇپ، خەزىنىدىكى پۇلنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 13 مىليارد 400 مىليون يۈەن زەخىملەنگەن پۇل كۆيدۈرۈلدى. ساختا پۇلغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا تەشۋىقات قانات يايدۇرۇلۇپ، ساختا پۇل ياساش، سېتىش جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىلدى.

4. دۆلەت خەزىنىسىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت خەزىنىسى بوغالتىرىيە ھېسابات سىستېمىسى (2نۇسخىسى) نى ئىشلىتىش ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، خەزىنە مەبلىغى ھېساباتى ئېنىق بولۇش بىلەن كۆپ سومىلىق چىقىم قىلىش سىستېمىسىنى چېتىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، خام چوت مەبلىغى ۋاقتىدا خەزىنىگە كىرىش ۋە بۇيرۇپ بېرىلگەن، خەزىنىگە قايتۇرۇلىدىغان مەبلەغلەرنىڭ ۋاقتىدا نەقلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. دۆلەت خەزىنىسى بوغالتىرلىق كەسپىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، مالىيە، باج تارماقلىرى بىلەن بولغان ئالاقە، ماسلىشىش كۈچەيتىلىپ، ئالاقىلىشىش يىغىنى تۈزۈمى ئورنىتىلدى، بىرلا خىل ھېسابات ئىسلاھاتى نۇقتىدا سىناق قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك خەزىنىلەر 8 مىليارد 900 مىليون يۈەن مەركەز خام چوتى كىرىمىنى، 12 مىليارد 800 مىليون يۈەن يەرلىك خام چوت كىرىمىنى، 28 مىليارد 600 مىليون يۈەن يەرلىك خام چوت چىقىمىنى بېجىردى. 4 - قارارلىق دوكۇمېنت شەكلىدىكى 4 مىليارد 630 مىليون يۈەنلىك زايوم تارقىتىلدى، 2 مىليون 340 مىڭ يۈەنلىك ناتۇرال زايوم نەقلەشتۈرۈلدى.

يەن كەي

## تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش

2003 - يىلى دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسى شىنجاڭ شۆبىسى دۆلەت ۋە شىنجاڭنىڭ يېڭىدىن ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ خەلقئارا رىقابەتكە قاتنىشىشىغا مەدەت بەردى، خەلقئارا كىرىم - چىقىمدا داۋاملىق ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. تاشقى پېرېۋوتنى غەيرىي نەق مەيداندا ۋە نەق مەيداندا نازارەت قىلىپ، باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 2002 - يىلىدىن 2003 - يىل 11 - ئايغىچە بولغان 120 مىڭغا يېقىن ھېساباتىكى خەلقئارا كىرىم - چىقىمنىڭ ۋاستىلىك يوللانغان سانلىق مەلۇماتلىرى ۋە چېگرا ھالقىغان تاشقى پېرېۋوت چىقىمى مەلۇماتلىرىدىكى ئۆزگىرىش چوڭراق بولغانلىرى ھەم خۇسۇسىي سەۋەب بىلەن چەت ئەللەرگە پۇل تۆلەش قاتارلىق تۈرلەردىكى سانلىق مەلۇماتلار غەيرىي نەق مەيداندا بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈلدى؛ تاشقى پېرېۋوت بېجىرىش بەلگىلەنگەن بانكىلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان خەلقئارا كىرىم - چىقىم ۋاستىلىك مەلۇماتىنى تىلاك يۆنىلىشتە باشقۇرۇش مېخانىزمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ھەم نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش سالمىقى ئېشىمۇ ئاشۇرۇلدى. تاشقى پېرېۋوتنى مەخسۇس تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، كۆپ سوممىلىق ۋە گۇمانلىق تاشقى پېرېۋوت مەبلىغى سودىسىنى دوكلات قىلىش تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، قانۇنسىز تاشقى پېرېۋوت سودىسىغا زەربە بېرىلدى. بىر تۈركۈم كارخانىلارنىڭ قەرزدارلىق مەجبۇرىيىتى قايتىدىن ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ قەرزدارلىق مەجبۇرىيىتى قۇرۇلمىسى ئەلالاشتۇرۇلدى. قاراشلىق رايونلاردىكى چەت ئەللەرگە مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى تۇنجى قېتىم بىرلەشمە يىللىق تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىۋېرسال قەرز ئۆتۈنۈمىنى باھالاش خىزمىتى تاماملاندى. ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ ئېكسپورت سانلىق مەلۇماتلىرى سېلىشتۇرۇپ ئېنىقلىنىپ، كارخانىلارنىڭ ياردەم ئۆسۈملۈك مەبلەغكە ۋاقتىدا ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئاز سوممىلىق چېگرا سودىسى ئېكسپورتىنى تەكشۈرۈپ ھېساباتتىن كۆتۈرۈۋېتىش باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكسپورت سودىسى شىددەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلىدى. تەۋەلىك بويىچە ئىچكى تىزگىنلەش تۈزۈمىنى تەكشۈرۈش ۋە تاشقى مەبلەغ، تاشقى قەرز، چەت ئەللەرگە مەبلەغ سېلىش قاتارلىقلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، كارخانىلارنىڭ دۆلەتنىڭ تاشقى قەرز سىياسىتىدىن تولۇق، ياخشى پايدىلىنىپ، قەرزدارلىق مەجبۇرىيىتىنى قايتىدىن تەشكىللەش ۋە قەرزدارلىق مەجبۇرىيىتىنى ئالماشتۇرۇشنى پائال يولغا قويۇشىغا ياردەم بېرىلدى.

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ھەر خىل تاشقى پېرېۋوت ئامانەت پۇل قالدۇقى 585 مىليون 590 مىڭ دوللارغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 13 مىليون 330 مىڭ دوللار كۆپەيدى. تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل قالدۇقى 624 مىليون 430 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 54 مىليون 300 مىڭ دوللار كۆپەيدى. قاراشلىق بانكىلارنىڭ راسچوت قىلىپ، ساتقان تاشقى پېرېۋوت سوممىسى 5 مىليارد 295 مىليون دوللارغا يېتىپ، 80.16% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، راسچوت قىلىنغىنى 2 مىليارد 966 مىليون دوللارغا يېتىپ، 81.58%؛ سېتىلغان تاشقى پېرېۋوت 2 مىليارد 329 مىليون دوللاغا يېتىپ، 78.39% ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت قەرز قالدۇقى 1 مىليارد 438 مىليون 460 مىڭ 600 دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىۋاسىتە تاشقى قەرز 130 مىليون 13 مىڭ دوللار، تاشقى قەرزدىن كرېدىت

قەرزىگە يۆتكەلگىنى 989 مىليون 256 مىڭ 100 دوللار، شەخسى ئىگىلىكنىڭ تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى 319 مىليون 191 مىڭ 500 دوللار؛ تاشقى قەرزنىڭ 557 مىليون 742 مىڭ 400 دوللار دىرى بىلەن ئۆسۈمى قايتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دىرى 517 مىليون 88 مىڭ 400 دوللار، ئۆسۈمى 40 مىليون 654 مىڭ دوللار.

يەن كەي

# يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى

## جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىشقا 1 مىليارد 83 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىپ، كارخانىلارنىڭ 1 مىليون 135 مىڭ تونna ئاشلىق، 42 مىڭ تونna ياغ سېتىۋېلىشىغا مەدەت بەردى؛ پاختا سېتىۋېلىشقا 4 مىليارد 496 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىپ، كارخانىلارنىڭ 366 مىڭ تونna پاختا سېتىۋېلىشىغا مەدەت بەردى، بۇ مەملىكەت بويىچە %26.5 نى ئىگىلىدى. پاختا بازىرى ئومۇمىيۈزلۈك قويۇۋېتىلگەنلىكى، سېتىۋالغۇچىلار كۆپەيگەنلىكى ئۈچۈن، 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە شىنجاڭدىكى شۆبە بانكا 2003 - يىللىق پاختا سېتىۋېلىش قەرز پۇلىدىن 3 مىليارد 100 مىليون يۈەن تارقاتتى، بۇ 2002 - يىلدىكىدىن %64 تۆۋەنلەپ كەتتى، يېڭى پاختا سېتىۋېلىش قەرز پۇلىنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن ئەڭ تۆۋەن بولدى.

2003 - يىلى بانكا بويىچە قەرز پۇلنى ئونۇۋېرسال يىغىۋېلىش نىسبىتى %100.17 كە، ئۆسۈمنى ئونۇۋېرسال يىغىۋېلىش نىسبىتى %126.98 كە يەتتى، بىر يىلدا ئالغان پايدا 266 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ پايدىسىنىڭ %21 نى ئىگىلىدى.

2003 - يىلى شۆبە بانكا ناھىيە دەرىجىلىك تارماق بانكىلارنى قىلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەركەزلىك ئېلىپ باردى، ناھىيە دەرىجىلىك 58 تارماق بانكا ئۆلچەمگە يەتتى، بۇ ناھىيە دەرىجىلىك تارماق بانكىلار ئومۇمىي سانىنىڭ %78 نى ئىگىلىدى.

سالى شىنگۇاڭ

## ئاشلىق، پاختا سېتىۋېلىش، سېتىش كرېدىتى سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭدا يېڭى ئاشلىق ئىسلاھاتى سىياسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئاشلىق سېتىۋېلىشتىكى قوغدىما باھا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىش بازىرى ۋە سېتىۋېلىش، سېتىش باھاسى قويۇۋېتىلدى، ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىش كارخانىلىرى بازار باھاسى بويىچە ئاشلىق سېتىۋالدى، ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىش بازىرى ئۈزۈل - كېسىل قويۇۋېتىلدى. ئاشلىق ئىسلاھاتى سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ماسلىشىش ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كىلوگىرامىغا 1.1 يۈەندىن قەرز بېرىش پايدىلىنىش باھاسى بويىچە دۆلەت ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرىغا سېتىۋېلىش مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى، سېتىشقا قاراپ، قەرز بېرىشنى بەلگىلەش، ئۈنۈمگە قاراپ، قەرز بېرىشنى بەلگىلەش پرىنسىپى بويىچە كارخانىلارنىڭ سېتىۋېلىشىغا مەدەت بەردى. يۇقىرىقى كرېدىت سىياسىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسىنى بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، سىياسەت خاراكتېرلىك بانكا رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى.

2003 - يىلى مەملىكەت بويىچە پاختا مەنبەسى جىددىي بولۇپ، شىنجاڭدا يېڭى پاختىنىڭ سېتىۋېلىش، سېتىش باھاسى 10 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭغا نىسبەتەن دۆلەت پاختا سېتىۋېلىش، سېتىش بازىرىنى ماكرولۇق تىزگىنلەشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى باش بانكىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، يېڭى پاختىنى سېتىۋېلىش قەرز پۇلىنى تارقىتىشنىڭ «قوش چەكلەش» تىزگىنلەش سىياسىتىنى يولغا قويدى، يەنى، شىمالىي شىنجاڭدا ئۆلچەملىك ساپ پاختىنىڭ ھەر كىلوگىرامىغا ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 8.4 يۈەن سېتىۋېلىش قەرز پۇلى بېرىش، سېتىۋېلىش باھاسىدا ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ھەر كىلوگىرامىغا 9.4 يۈەندىن ئېشىپ كەتمەسلىك؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ھەر كىلوگىرامىغا 8 يۈەن سېتىۋېلىش قەرز پۇلى بېرىش، سېتىۋېلىش باھاسىدا ھەر كىلوگىرامىغا 9 يۈەندىن ئېشىپ كەتمەسلىك؛ باھانىڭ يۇقىرى چېكىدىن ئاشۇرۇپ سېتىۋالغانلارنى، كارخانىنىڭ ئۆزى تەييارلىغان مەبلىغى بولسىمۇ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى قەرز پۇلىدا قوللىماسلىق يولغا قويۇلدى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا «قوش چەكلەش» چېكى ئۆستۈرۈلدى، يەنى،

شىمالىي شىنجاڭدا ھەر كىلوگرامىغا 9.4 يۈەندىن 10.4 يۈەنگىچە؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا 9 يۈەندىن 10 يۈەنگىچە ئۆستۈرۈلدى. بۇ قەرز پۇل سىياسىتى پاختا سېتىۋېلىش قەرز پۇلىنىڭ تارقىتىلىشىنى ئازايتىپ، پاختا باھاسىنىڭ داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلىشىنى تىزگىنلەپ، بازار ئارقىلىق سېتىۋېلىش ھەرىكىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى پائال يېتەكلەپ، شىنجاڭنىڭ پاختا بازىرىنىڭ تەرتىپىنى قوغداپ، سىياسەت خاراكتېرلىك بانكىنىڭ كىرېدىت پىشاڭى ئارقىلىق تەڭشەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى.

ساڭ شىنگۇاڭ

## تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى

### تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى دۆلەت تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى 6 مىليارد 200 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. يىل ئاخىرىدا قەرز پۇل قالدۇقى 15 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 4 مىليارد 400 مىليون يۈەن كۆپەيدى. يېڭىدىن ۋەدە بېرىلگەن تۈر 11 گە، ۋەدە بېرىلگەن قەرز پۇل 26 مىليارد 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىنىڭ 3.52 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى.

شۆبە بانكا قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانى ۋە غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى زىچ چۆرىدەپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، تاشيول، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، تۆمۈر يول، تېلېگراف ۋە شەھەر ئاساس مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى قاتارلىق ساھەلەرنى بۆسۈش نۇقتىسى قىلىپ، تەرەققىيات خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، تەرەققىيات لايىھىسىنى تۈزۈپ، تەرەققىيات مۇھىم نۇقتىلىرىنى بەلگىلىدى. شىنجاڭغا 130 نەچچە تۈرگە تەخمىنەن 37 مىليارد يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. شىنجاڭدىكى 3 چوڭ نېفىتلىكنى ئاساس قىلغان نېفىت بازىسى قۇرۇلۇشىغا، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنى ئاساس قىلغان نېفىت خىمىيە سانائىتى بازىسى قۇرۇلۇشىغا، خوشيەنچى 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسىنى يادرو قىلغان تايانچ ئېلېكتر مەنبەسى قۇرۇلۇشىغا، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىنى كېڭەيتىپ ياساشنى يادرو قىلغان ئاۋىئاتسىيە تۈگۈنى قۇرۇلۇشىغا، دۆلەت يولى 314 -، 312 - لىنىيىلىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشىنى يادرو قىلغان ئاپتونوم رايون بويىچە يول تورى قۇرۇلۇشىغا، شۇنىڭدەك، شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر تورىنى ئوتاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، جىرىنتاي سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى دەرىجە بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاساس مۇئەسسەسەلىرى، شىنجاڭ بىرلەشمە ئالاقە شىركىتىنىڭ GSM 4 - قارارلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم مۇھىم تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا نۇقتىلىق مەدەت بەردى.

تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى 2003 - يىلى ئامانەت - قەرز قۇرۇلمىسى، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئاساسىي گەۋدىسى ۋە ئامانەت - قەرز تۈزۈلمىسى قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئېچىش خاراكتېرلىك پۇل مۇئامىلە ھەمكارلىقىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن «ئېچىش خاراكتېرلىك پۇل مۇئامىلە كېلىشىمى» ئىمزالاپ، بىڭتۈەنگە ۋاقتىدا ئېچىش خاراكتېرلىك پۇل مۇئامىلە نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ، ئېچىش خاراكتېرلىك پۇل مۇئامىلە ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئېچىش خاراكتېرلىك پۇل مۇئامىلە ھەمكارلىقى كېلىشىمى ئىمزالاش ۋە ئۇنى يولغا قويۇشنى بىرلىكتە ئىلگىرى سۈردى.

شۆبە بانكا 2003 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بىرلىكتە ئامانەت - قەرز قۇرۇلۇشى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئامانەت - قەرز قۇرۇلۇشى بويىچە ئالاقىلىشىش يىغىنى تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، «ئامانەت - قەرز ھەمكارلىق كېلىشىمى» ئىمزالىدى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كەلگۈسى 5 يىلدىكى شەھەر ئاساس مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى تۈرلىرىگە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان قەرز پۇل ئارقىلىق مەدەت بەردى.

خاۋ گاڭ

## سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى

### سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ خەلق پۇلى بويىچە تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 63 مىليارد 862 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 5 مىليارد 905 مىليون يۈەن؛ خەلق پۇلى بويىچە تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 40 مىليارد 680 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 3 مىليارد 467 مىليون يۈەن كۆپەيدى. خەلق پۇلى بويىچە يېڭىدىن 34 مىليارد 190

مىليون يۈەن تۇرلۇق قەرز پۇل تارقىتىلىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 9 مىليارد 420 مىليون يۈەن كۆپەيدى. تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن ئامىللارنى چىقىرىۋەتكەندە، تۇرلۇق قەرز پۇل يىل بېشىدىكىدىن 4 مىليارد 299 مىليون يۈەن كۆپەيدى. مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكەن، كېچىكىپ تۇرۇپ قالغان، ھېسابتا ئېسىلىپ قالغان قەرز پۇللارنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسەن، خەلق پۇلى بويىچە 3 تۇرلۇق ناچار قەرز پۇل 4.69 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى. «بەش دەرىجە بويىچە تۈرگە ئايرىش» (بانكىلارنى نەق پۇل مۇئامىلىسى بويىچە تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى) ئۆلچىمى بويىچە تەكشۈرگەندە، 6.24 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى. بىر يىلدا يىغىۋېلىنغان، يۆتكەپ بىر تەرەپ قىلىنغان ناچار قەرز پۇل 2 مىليارد 28 مىليون يۈەن. 5 دەرىجە بويىچە تۈرگە ئايرىلغان ناچار قەرز پۇل قالدۇقى يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 385 مىليون يۈەن ئازىيىپ، 5.45 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلەپ، %18.48 كە چۈشتى. غەيرىي كىرىمدىت خېيىمخەتىرى بار مەبلەغ 232 مىليون يۈەن تۆۋەنلەپ، تۆۋەنلەش نىسبىتى %16.22 بولدى. تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلىنىڭ ناچارلىق نىسبىتى %1.11 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەخسى تۇرالغۇ ئۆي قەرەللىك قەرز پۇلىنىڭ ناچارلىق نىسبىتى %0.11 بولدى. شەخسلەرنىڭ باشقا ئىستېمال قەرز پۇلىنىڭ ناچارلىق نىسبىتى %0.46 بولدى، 1999 - يىلدىن بۇيان شىركەت خېرىدارلىرىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن قەرز پۇلىنىڭ ناچارلىق نىسبىتى %0.9 بولدى. شۇ يىلى بانكا پىرىۋوت چېكىنى نەقلەشتۈرۈپ ئېزلاش نىسبىتى نۆل بولدى، شۇ يىلى ئېچىرىلگەن 228 مىليون يۈەن غەيرىي يۈرۈشلەشتۈرۈش مەبلىغىنىڭ كاپالەت ئالاقىسىدا مەبلەغنى ئېزلاش شەكىللەنمىدى. قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمىنى يىغىش نىسبىتى %78.13 كە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 2.29 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى بولدى.

دۇ خەيتاڭ

## ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھۆكۈمەت پۇل ئامانەت قالدۇقى 27 مىليارد 919 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 791 مىليون يۈەن كۆپەيدى. ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتىنىڭ كۈنلۈك ئوتتۇرىچە قالدۇقى 27 مىليارد 321 مىليون يۈەنگە يېتىپ، كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2 مىليارد 193 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، ۋاقىت نۇقتىسىدا ئېشىش مىقدارىنىڭ %78.57 ىنى ئىگىلىدى.

دۇ خەيتاڭ

## پۇقرالار پۇل ئامانىتى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 34 مىليارد 471 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 3 مىليارد 627 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، %11.76 ئاشتى. پۇقرالار ئامانەت پۇلىنىڭ ئوتتۇرىچە كۈنلۈك قالدۇقى 32 مىليارد 560 مىليون يۈەنگە يېتىپ، كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليارد 716 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، ۋاقىت نۇقتىسىدا ئېشىش مىقدارىنىڭ %47.31 ىنى ئىگىلىدى.

دۇ خەيتاڭ

## كەسىپداشلار ئارا پۇل ئامانەت

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كەسىپداشلار ئارا پۇل ئامانەت قالدۇقى 2 مىليارد 367 مىليون يۈەن بولۇپ، ئامانەت پۇل يىل بېشىدىكىدىن 385 مىليون يۈەن كېمەيدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كەسىپداشلار ئارا پۇل ئامانىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، پاي بازىرى چۈشۈپ كەتتى، زايوم سودىگەرلىرىنىڭ ئامانەت مىقدارى كۈندىن كۈنگە ئازىيىپ كەتتى.

دۇ خەيتاڭ

## شىركەت قەرز پۇلى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ شىركەت قەرز پۇلى قالدۇقى 32 مىليارد 720 مىليون يۈەن (تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى بۇنىڭ سىرتىدا) گە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 520 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى قالدۇقى 22 مىليارد 870 مىليون يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 280 مىليون يۈەن كېمەيدى؛ تۈر قەرز پۇل قالدۇقى 9 مىليارد 850 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 800 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بانكا بويىچە قەرز پۇلىنىڭ مۇددىتى ئۇزاق مۇددەتلىككە يۈزلىنىپ، قەرز پۇلىنىڭ ئوتتۇرىچە كۈنلۈك قالدۇقى 39 مىليارد 52 مىليون يۈەنگە يېتىپ، كۈنىگە 1 مىليارد 964 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، ۋاقىت نۇقتىسى ئېشىش مىقدارىنىڭ %54.74 ىنى ئىگىلىدى، بۇ، قەرز پۇل تارقىتىشنىڭ تەكشىلىكىنىڭ روشەن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

دۇ خەيتاڭ

## تۇرالغۇ ئۆي پۇل مۇئامىلە كەسپى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھاۋالە خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆي ئامانەت پۇلى قالدۇقى 1 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 111 مىليون 230 مىڭ يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى ئامانەت قالدۇقى 962 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 151 مىليون 920

مىڭ يۈەن كۆپەيدى. ھاۋالە خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى قالدۇقى 315 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 141 مىليون 730 مىڭ يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى قەرز پۇلى قالدۇقى 298 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 144 مىليون 440 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. شەخسىي ئىگىلىك خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇل قالدۇقى 5 مىليارد 77 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

دۇ خەيتاڭ

## شەخسىي ئىستېمال قەرز پۇلى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ شەخسىي ئىستېمال قەرز پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 846 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 506 مىليون يۈەن، بىر يىلدا تارقاتقان شەخسىي ئىستېمال قەرز پۇلى 2 مىليارد 853 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %112 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەخسىي ئاپتوموبىل ئىستېمال قەرز پۇلى قالدۇقى 1 مىليارد 104 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 642 مىليون يۈەن، بىر يىلدا تارقاتقان قەرز پۇل 1 مىليارد 82 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %139 ئاشتى.

دۇ خەيتاڭ

## ۋاستىچىلىك كەسپى

2003 - يىلى سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ۋاستىچىلىك كەسپىي كىرىمى 134 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 51 مىليون 150 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، %7 .61 ئاشتى. ۋاستىچىلىك كەسپىي كىرىمى ئومۇمىي كىرىمدە %78 .5نى ئىگىلەپ، 2002 - يىلدىكىدىن 1.82 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى؛ ۋاستىچىلىك كەسپىي كىرىمى ئۆسۈم پەرقى كىرىمىنىڭ %14.42 نى ئىگىلەپ، 2002 - يىلدىكىدىن 3.36 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ۋاستىچىلىك كەسپىي كىرىمى ئوتتۇرىچە 14 مىڭ 600 يۈەندىن توغرا كىلىپ، 6100 يۈەن كۆپەيدى. خەلق پۇلى بويىچە راسچوت قىلىش مىقدارى 152 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 26 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، %20.63 ئاشتى. خەلقئارا راسچوت كەسپىي مىقدارى 1 مىليارد 196 مىليون دوللارغا يېتىپ، 526 مىليون دوللار كۆپىيىپ، %78.51 ئاشتى. راسچوت قىلىپ سېتىلغان تاشقى پېرېۋوت 1 مىليارد 367 مىليون دوللارغا يېتىپ، 800 مىليون دوللار كۆپىيىپ، %141.16 ئاشتى. بانكا كارتىسى ئارقىلىق ۋاستە ئىستېمال قىلىش سوممىسى 429 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %171.2 ئاشتى. 6 مىليارد 367 مىليون يۈەنلىك چەك - ھۆججەت كەسپى بېجىرىلىپ، 2002 - يىلدىكىنىڭ 3.4 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى. ئېلېكترونلۇق بانكا كەسپىي سودا سوممىسى 129 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تور بانكىسى سودا سوممىسى 125 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىنىڭ 6 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى؛ تېلېفون بانكىسى سودا سوممىسى 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىنىڭ 4 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى.

دۇ خەيتاڭ

## مۇدەن كارتىسى كەسپى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇدەن كارتىسى كەسپىي كىرىمى 46 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 19 مىليون 490 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، %2 .73 ئاشتى؛ 31 مىڭ 777 دانە كارتا كۆپەيدى.

دۇ خەيتاڭ

## خەلقئارالىق كەسىپ

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تاشقى پېرېۋوت مەبلەغ سوممىسى 146 مىليون دوللارغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 16 مىليون دوللار كۆپەيدى. تاشقى پېرېۋوت پۇل ئامانىتى قالدۇقى 102 مىليون 890 مىڭ دوللارغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 11 مىليون 500 مىڭ دوللار كۆپەيدى؛ تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل قالدۇقى 55 مىليون 380 مىڭ دوللارغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 15 مىليون 830 مىڭ دوللار كۆپەيدى. بېجىرگەن خەلقئارا راسچوت كەسپى 1 مىليارد 196 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 526 مىليون دوللار كۆپەيدى؛ راسچوت قىلىپ سېتىلغان تاشقى پېرېۋوت 1 مىليارد 367 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %141.16 ئاشتى. بىر يىلدا تاشقى پېرېۋوتتىن 640 مىڭ دوللار پايدا يارىتىلدى.

دۇ خەيتاڭ

# يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى

## يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ خەلق پۇلى ئامانەت قالدۇقى 37 مىليارد 520 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 6 مىليارد 850 مىليون يۈەن كۆپەيدى. خەلق پۇلى بويىچە تۈرلۈك قەرز

پۇل قالدۇقى 29 مىليارد 190 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 2 مىليارد 490 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بانكا بويىچە يارىتىلغان ئەمەلىي پايدا 191 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

دۆلەڭ شياۋجۈەن

## كرېدىت باشقۇرۇش

2003 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى كرېدىت باشقۇرۇش تەرتىپىنى چىڭىتىپ، باشتىنلا كرېدىت خېيىمخەتىرىنىڭ ئالدىنى ئالدى. 1) كرېدىتنى تەكشۈرۈشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، خېرىدارلار ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتتى. كرېدىت تەكشۈرۈش مەركىزى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈرلۈك كرېدىت كەسپىدىن 1369نى بېجىردى، تەييارلىقنى مەلۇم قىلىش كەسپىدىن 527 نى تەكشۈردى، بۇنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 22 مىليون 750 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە رەت قىلىنغىنى 17، سوممىسى 34 مىليون 580 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا AAA دەرىجىلىك خېرىداردىن 87 نى، AA دەرىجىلىك خېرىداردىن 219 نى، +AA دەرىجىلىك خېرىداردىن 2نى باھالاپ بېكىتتى. سوممىسى 13 مىليارد 610 مىليون 320 مىڭ يۈەنلىك 410 ئىشەنچلىك تۈر تەكشۈرۈلدى. 2) قەرز بېرىلگەندىن كېيىنكى تەكشۈرۈش خىزمىتى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى، تەكشۈرۈش ۋە جازالاش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. كرېدىت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ ئىلغار ئۇسۇللىرى قوللىنىلىپ، قەرز بېرىلگەندىن كېيىنكى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، كرېدىت كەسپىنىڭ خېيىمخەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى چىقىرىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى، لىنىيىدە نازارەت قىلىپ، تىزگىنلەش مەركىزى قۇرۇلدى. 18 زور خېيىمخەتەر بايقىلىپ، ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىپ، كرېدىت خەتىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدى ئېلىندى. 3) ناچار قەرز پۇلنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. 2 ـ دەرىجىلىك شۆبە بانكىلارنىڭ ناچار قەرز پۇلنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى ئايمۇ ئاي تەكشۈرۈلۈپ، نازارەت قىلىندى، ھەر ئايدا سىناق قىلىنىپ، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىندى، ناچار قەرز پۇل كۆپىيىپ كەتكەن بانكىلاردىن يازما مۇلاھىزە دوكلاتى يېزىپ، سەۋەبىنى مەلۇم قىلىش، ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش پىلانى ۋە يىغىۋېلىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىش تەلەپ قىلىندى؛ ناچار قەرز پۇلنىڭ كۆپىيىش سالمىقى زور بولغان بانكىلاردىن ناچار قەرز پۇلنىڭ كۆپىيىپ كېتىش سەۋەبى، قەرز پۇلنىڭ تىزىمى، ئاساسلىق مەسئۇل كىشىلەرنىڭ ئىسىملىكى، كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرى، ئېنىقلاپ، يىغىۋېلىش تەدبىرلىرى قاتارلىقلارنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئىزاھلاپ، شۆبە بانكىغا مەلۇم قىلىش تەلەپ قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كرېدىت كەسپىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىغا چەك قويۇش تەدبىرى قوللىنىلدى. 4) قەرز پۇلنىڭ سۈپىتىنى 5 دەرىجە بويىچە تۈرگە ئايرىش سانلىق مەلۇماتلىرىنى يۇقىرىغا يوللاش ۋە تەھلىل قىلىش خىزمىتى ئەتراپلىق ياخشى ئىشلەندى.

دۆلەڭ شياۋجۈەن

## خەتەرلىك مەبلەغنى باشقۇرۇش

2003 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ناچار مەبلەغ تىجارىتىنى باشقۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەسپلەشكەن ئېنىقلاپ، يىغىۋېلىش سالمىقىنى ئاشۇردى. 1) ناچار مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش، ھېسابقا ئايرىپ تىجارەت قىلىشنى ئاساس قىلىش بىلەن ئۆزىگە تەۋە جايدا ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش، مەسئۇلىيەت يۈكلەپ ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش، ئىچكى ـ تاشقى قىسىمدىن خېرىدار چاقىرىپ ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش، ھاۋالە قىلىپ ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش بىرلەشتۈرۈلگەن ناچار قەرز پۇلنى ستروللۇق تىجارەت قىلىپ، باشقۇرۇش ئەندىزىسى ۋە ئېنىقلاپ يىغىۋېلىشتا مۇكاپاتلاش، جازالاش مېخانىزمى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاندى، مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. بانكا بويىچە ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش ئاپپاراتى 71گە، مەخسۇس خادىمى 800 نەچچىگە يەتتى. 2 ـ دەرىجىلىك 13 بانكا خېيىمخەتەرلىك مەبلەغنى تەكشىلەپ باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. 2) نۇقتىلىق خېرىدارلار تۇتۇلۇپ، ئاز سوممىلىق خېرىدارلار ئېنىقلىنىپ، ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش، مەبلەغنى جانلاندۇرۇشنىڭ يېڭى يولى كېڭەيتىلدى. بىر تەرەپتىن كارخانا تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا قاتنىشىپ، قايتا تەشكىللەش شەكلىدىكى، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش شەكلىدىكى مەبلەغنى جانلاندۇرۇش ئۇسۇللىرى ئۈنۈملۈك قوللىنىلىپ، ناچار قەرز پۇل ئازلىتىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلگىرىكى قەرزنى تۆلىمەي تۇرۇۋالغان نۇقتىلىق، قىيىن خېرىدارلارغا قوللانغان جەمئىيەتتىن خېرىدار چاقىرىپ، ھەقلىق، مۇكاپاتلىق، ھاۋالە قىلىپ قەرزنى يىغىۋېلىش ئۇسۇلى ئاساسىدا، ھەقلىق ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش يولى داۋاملىق كېڭەيتىلدى. تىجارەت بۆلۈمى 122 ئاساسلىق قەرزدار، 99 كېپىللىك بەرگۈچى ئۈستىدىكى 322 مىليون 500 مىڭ يۈەن قەرز پۇلنى دېرى، ئۇسۇمى بىلەن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ يىغىۋالدى، تۆلىتىۋالدى، بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. 3) چارە كۆرۈپ، نەقلەشتۈرۈش قەدىمى تېزلىتىلىپ، قەرزگە تۇتۇپ بېرىلگەن مۈلۈكنى باشقۇرۇش قېلىپلاشتۇرۇلدى. بانكا بويىچە قەرزگە تۇتۇپ بەرگەن مۈلكى مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان 10 چوڭ قەرزدار ئورۇن قەرزگە تۇتۇپ بەرگەن 135 مىليون 460 مىڭ يۈەنلىك مۈلۈك

تاپشۇرۇپ ئېلىنىپ، چارە كۆرۈلۈپ، 73 مىليون يۈەن نەق پۇلغا ئايلاندۇرۇلدى. قەرزگە تۇتۇپ بېرىلگەن مۈلۈكنىڭ يەككە تۈر بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى باش بانكا بەلگىلىگەن 40% تىن يۇقىرى بولدى. بىر يىلدا نەقلەشتۈرۈشتىن قىلىنغان كىرىم 68 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، نەقلەشتۈرۈش نىسبىتى 66%كە يەتتى.

دۇڭ شياۋجۈەن

## شىركەت ئاپپاراتى كەسپى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتى قالدۇقى 16 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 2 مىليارد 370 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ كەسپداشلار ئارا ئامانەت پۇل قالدۇقى 770 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى، غۇلجا شەھەرلىك ھۆكۈمەت، سانجى ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت، قەشقەر ۋىلايىتى مەمۇرىي مەھكىمىسى بىلەن ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى ئىمزالىدى، 12 مىليارد يۈەنگە ئۇنىۋېرسال ئىناۋەت بەردى. سىستېما خاراكتېرلىك، گۇرۇھ خاراكتېرلىك، مالىيە خاراكتېرلىك مەبلەغنى پائال ماركېتىڭ قىلىپ، 1 مىليارد يۈەنگە يېقىن ئامانەت پۇل قوبۇل قىلدى. ئاپتونوم رايون مالىيىسىنىڭ غەيرىي باج ئىسلاھاتى كەسپىگە پۈتۈن مۇساپە بويىچە ئەگىشىپ، ش ئۇ ئا ر ھۆكۈمىتىنىڭ غەيرىي باج كىرىمىگە ۋاكالەتلىك قىلغۇچى بانكا سالاھىيىتىگە ئېرىشتى، 2 ئاي ئىچىدە 59 مىليون يۈەن غەيرىي باج كىرىمى قىلدى. ئۈرۈمچى تاموژنىسى بىلەن «تورلاشتۇرۇپ تاموژنىغا مەلۇم قىلىش» ۋە «توردا باج تۆلەش» كېلىشىمى ئىمزالاپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت كارخانىلىرى توردا باج تاپشۇرۇش ۋە تاموژنىغا ئېلېكترونلۇق مەلۇمات يوللاش كەسپىي ساھەسىدە ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. 1 - ئاپتوموبىل سودا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى ۋە ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدىكى 4 سېتىش ئورنى بىلەن «ئاپتوموبىل سېتىشقا پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى قىلىشتا تور ئارقىلىق بېقىنىش كېلىشىمى» ئىمزالىدى. شىنجاڭ ياجۇڭ ماشىنا - ئېلېكتر ماددىي ئەشيا ئوبوروتى باغچىسى چەكلىك شىركىتىنىڭ زەنجىرسىمان تىجارەت قىلىش تېخنىكا ئىسلاھاتى تۈرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، 12 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا پۇل ئامانەت ھېسابى ئېچىپ، ئەتراپلىق كەسپىي ھەمكارلىقنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

دۇڭ شياۋجۈەن

## شەخسىي پۇل ئامانەت كەسپى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانەت قالدۇقى 20 مىليارد 718 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 4 مىليارد 478 مىليون يۈەن كۆپەيدى، پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئېشىش مىقدارى، ئېشىش ھەجمى، بازار ئۈلۈشى جەھەتتە تارىختىكى يېڭى رېكوردنى ياراتتى. شىنجاڭدىكى 5 چوڭ دۆلەت سودا بانكىسىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى بويىچە ئامانەت پۇل مىقدارىنىڭ 20.2% نى، ئېشىش مىقدارىنىڭ 28.17% نى ئىگىلىدى (1 - ئورۇندا تۇردى). بىر يىلدا 2 مىليارد 49 مىليون يۈەن شەخسىي ئىستېمال قەرز پۇلى تارقىتىلدى، 1 مىليارد 202 مىليون يۈەن يىغىۋېلىندى، قالدۇقى 3 مىليارد 203 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 862 مىليون يۈەن كۆپەيدى. 2003 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى يېڭىدىن 3 پۇل مۇئامىلە تاللا بازىرىنى كۆپەيتىپ، 16 پۇل مۇئامىلە تاللا بازىرىنى ئاچتى. شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى، مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلەيدىغان ئاپتوموبىل قەرز پۇلى كەسپى، ئوقۇش ياردەم قەرز پۇلى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاز سوممىلىق كېپىللىك قەرز پۇلى، ئۇنىۋېرسال ئىستېمال قەرز پۇلى، شەخسىي مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش كەسپى قاتارلىقلارنى پائال كېڭەيتتى.

دۇڭ شياۋجۈەن

## يېزا ئىگىلىك كرېدىتى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ساھەسىگە بەرگەن قەرز پۇل قالدۇقى 6 مىليارد 768 مىليون يۈەنگە يەتتى (يېزا ئىگىلىك ئېلېكتر تورى قەرز پۇلى بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى قالدۇقى 2 مىليارد 187 مىليون يۈەن. بىر يىلدا تارقىتىلغان يېزا ئىگىلىكى تۈرىدىكى قەرز پۇل 3 مىليارد 159 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانىلارنىڭ قەرز پۇلى 1 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 330 مىليون يۈەن كۆپەيدى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى 27 باشلامچى كارخانىسى شۆبە بانكا ۋە 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىنىڭ بىۋاستە ماركېتىڭ نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلىپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى. نامراتلارنى يۆلەش ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇلى قالدۇقى يىل بېشىدىكىدىن 310 مىليون يۈەن كۆپەيدى، تارقىتىلغىنى، قالدۇقى ئوخشاشلا ئاشتى. 527 مىليون يۈەن نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 50 مىليون يۈەن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سوممىلىق ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىلگەن

ئامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى 383 مىليون يۈەنگە يەتتى، كرېدىت ئارقىلىق ئامراتلارنى يۆلەش تۈرىدىن 28 تۈر يولغا قويۇلۇپ، 188 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. مەركەز مالىيىسى بىلەن ئاپتونوم رايون مالىيىسى بەرگەن ياردەم ئۆسۈم 42 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %22 ئاشتى.

دۆلەت شياۋجۈەن

## ئۆي ـ زېمىن كرېدىت كەسپى

2003 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى تارقاتقان ئۆي ـ زېمىن تەرەققىياتى قەرز پۇلىنىڭ %90 ىدىن ئارتۇقى AA دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سۈپەتلىك خېرىدارلارغا بېرىلدى. يىل ئاخىرىدا ئۆي ـ زېمىن قەرز پۇلى قالدۇقى 2 مىليارد 913 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى 386 مىليون 200 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

دۆلەت شياۋجۈەن

## ۋاستىچىلىك كەسپى

2003 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى سۇغۇرتىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش، فوندنى ۋاكالىتەن سېتىپ بېرىش قاتارلىق ۋاستىچىلىك كەسپلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. سۇغۇرتىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش كەسپىي سىستېمىسىنىڭ رامكا قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەبلىغىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، سۇغۇرتىلاشتىن ئىلگىرىكى بارلىق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى تاماملىدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تەيكاڭ سۇغۇرتا شىركىتى، تىنچ ئوكيان ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى، تىنچ ئوكيان مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، «كەسپىي ھەمكارلىق كېلىشىمى» ئىمزالىدى؛ باش بانكا يولغا قويغان نەق پۇل باشقۇرۇش سۇپىسى، شەھەر بويىچە قەرز بېجىرىش، كارخانا مالىيىسىنى باشقۇرۇش، ھەممە بانكىدا ئۆتىدىغان كۆمۈش كارتا قاتارلىق مۇلازىمەت تۈرلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرىنى پائال ئومۇملاشتۇردى، شەخسلەر مەبلەغ سالغان مالىيىنى باشقۇرۇش كەسپىنى يادرو قىلىپ، شەخسلەرگە ۋاستىچىلىك قىلىش كەسپىنىڭ مەھسۇلات تۈرلىرىنى يېتىلدۈردى ۋە قازدى، تۈرلۈك فوند، زايوم، شەخسىي نەق ئىشلىتىدىغان تاشقى پېرېۋوت سودىسى قاتارلىق كەسپلەرنى يولغا قويدى.

بىر يىلدا ئېچىۋېتىش شەكلىدىكى 4 فوندنىڭ 51 مىليون 560 مىڭ يۈەن پۇلى ۋاكالىتەن سېتىلدى، فوند سېتىش تۈر نۇقتىسى 290 گە يەتتى؛ 520 مىليون يۈەنلىك زايوم سېتىلدى؛ يىغىلىدىن 7047 ھېساباتتا ئامانەت قويۇپ سۇغۇرتىلاش كەسپى يولغا قويۇلدى، بىر يىلدا ئامانەت سوممىسى 13 مىليون 70 مىڭ يۈەن كۆپەيدى، بىر يىلدا ۋاستىچىلىك كەسپى كىرىمى 40 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

دۆلەت شياۋجۈەن

## بانكا كارتىسى كەسپى

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى 1 مىليون 783 مىڭ پارچە بانكا كارتىسى تارقاتتى، بۇ يىل بېشىدىكىدىن 674 مىڭ پارچە كۆپەيدى؛ بانكا كارتىسىدىن شۇ يىلى ئىستېمال قىلىنغان سومما 320 مىليون يۈەنگە يەتتى. بانكا كارتىسىغا قويۇلغان ئامانەت پۇل قالدۇقى 4 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 2 مىليارد 360 مىليون يۈەن ساپ ئاشتى؛ بانكا كارتىسى رەسمىيەت ھەققىدىن 5 مىليون 290 مىڭ يۈەن ساپ كىرىم قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، تور بانكىسى كەسپىي سودا مىقدارى 1 مىليارد 840 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 38 شۆبە بانكا ئىچىدە 10 ـ ئورۇندا تۇردى ھەم بانكا ئاتلاپ سودا قىلىشتىكى نۆل ھالەت بۇزۇپ تاشلاندى.

دۆلەت شياۋجۈەن

## خەلقئارالىق كەسپ

2003 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھەر خىل تاشقى پېرېۋوت ئامانەت قالدۇقى 18 مىليون 280 مىڭ دوللارغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 7 مىليون 260 مىڭ دوللار كۆپەيدى؛ تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى 17 مىليون 360 مىڭ دوللارغا يەتتى. بانكا بويىچە 1439 خەلقئارا راسچوت كەسپى بېجىرىلىپ، سوممىسى 330 مىليون 970 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 134 مىليون 290 مىڭ دوللار كۆپەيدى. تاشقى پېرېۋوتنى راسچوت قىلىپ سېتىش كەسپىدە 307 مىليون 130 مىڭ دوللار بېجىرىلىپ، 148 مىليون 760 مىڭ دوللار كۆپەيدى. بىر يىلدا 499 مىليون دوللار تاشقى پېرېۋوت مەبلىغى ئېنىقلاندى. تاشقى پېرېۋوتنى ئاشكارا تىزگىنلەش باش بانكا تەكشۈرۈپ بېكىتكەن چەك ئىچىدە بولدى، ئىناۋەتلىك كارتىغا ئىزلاپ بېرىش نىسبىتى نۆل بولدى.

دۆلەت شياۋجۈەن

# جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى

## جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى 2003 ـ يىلى 373 مىليون يۈەن تىجارەت پايدىسى يارىتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن

%22.69 ئاشۇردى.

تەن سۈگلىيۇ

## خېيىمخەتەرنى باشقۇرۇش

جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى 2003 - يىلى مەبلەغ سۈپىتىنى باشقىلاشنى يادرو قىلىپ، تەۋەسىدىكى خېيىمخەتەرنى باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ۋە خېيىمخەتەرنى تىزگىنلەش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدى، سىياسەتنى تەگشەشتە ئىناۋەت بېرىش، ھوقۇق بېرىش سىياسىتىنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھوقۇق بېرىش ئوبيېكتى ۋە دائىرىسىنى مۇۋاپىق كېڭەيتتى، قەرز پۇل تارقىتىش كەسپىدە تۈنجى ئالغان قەرزنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى ۋە بانكا چېكى بىلەن تۈنجى ئالغان قەرزنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق كەڭ قويۇپ بەردى؛ كەسپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىناۋەت بېرىپ تارقىتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىناۋەت بېرىلىدىغان كەسپ تۈرىنى كۆپەيتتى، شەھەر رايونىدىكى تارماق ۋە شۆبە بانكىلارنىڭ تىجارەت بۆلۈملىرىگە شىركەتلەرنىڭ ئىناۋەت بېرىش كەسپىنى بېجىرىش ھوقۇقىنى چۈشۈرۈپ بەردى، بىر قىسىم 2 - دەرىجىلىك شۆبە (تارماق) بانكىلاردا يېڭىتۈەندىن ئىشەنچلىك خېرىدارلارنى كۆپەيتتى.

شۆبە بانكا بۇ يىل خەلق پۇلى ھېسابىدا 32 مىليارد 82 مىليون يۈەنلىك ئىشەنچلىك تۈرنى تەستىقلىدى، بۇ 2002 - يىلدىكىدىن %37. 79 كۆپ. سوممىسى 260 مىليون دوللارلىق 74 تاشقى پېرېۋوت ئىناۋەتلىك تۈرىنى تەستىقلىدى، بۇ %58. 57 كۆپ. يىل ئاخىرىغىچە تەۋەلىك بويىچە خەلق پۇلى ھېسابىدىكى تۈرلۈك ئىناۋەتلىك قالدۇق 19 مىليارد 99 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %84. 24 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە شىركەتلەرنىڭ ئىناۋەتلىك قالدۇقى 12 مىليارد 715 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %79. 20؛ پارچە سېتىش قەرز پۇل قالدۇقى 6 مىليارد 384 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %47. 24 ئاشتى. تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت ئىناۋەتلىك قالدۇقى 482 مىليون دوللارغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن ئازراق تۆۋەنلىدى.

بىر يىلدا تەۋەلىكتىكى شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان 431 خېرىدار شىركەتنىڭ ئىناۋەت دەرىجىسى باھالاندى ۋە خېيىمخەتەر چەك نورمىسى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، دېمەك، 2002 - يىلدىكىدىن 85 شىركەت كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە A دەرىجىلىك شىركەت %68. 39نى ئىگىلەپ، يىل بېشىدىكىدىن 8.18 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى؛ B دەرىجىلىكى %35. 50 نى ئىگىلەپ، 28. 4 پىرسەنت پوئېنتى؛ C دەرىجىلىكى %50. 6نى ئىگىلەپ، 5.64 پىرسەنت پوئېنتى؛ D دەرىجىلىكى %70. 0نى ئىگىلەپ، 1.03 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى؛ دەرىجە باھالاش شەرتىگە

توشمىغانلار %47. 3نى ئىگىلىدى.

بىر يىلدا نەق پۇل شەكلىدە 271 مىليون يۈەن ناچار قەرز پۇل ئېنىقلاپ يىغىۋېلىنىپ، مەملىكەت بويىچە 32 شۆبە بانكا ئىچىدە 2 - بولدى. قەرزگە تۇتۇپ بېرىلگەن 47 مىليون 826 مىڭ 800 يۈەنلىك مۈلۈك بىر تەرەپ قىلىندى؛ تەكشۈرۈپ ھېساپتىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن، ھېساپتا ئېسىپ قويۇلغان ۋە ئىشەنچسىز بولۇپ زىيان سالغان خېرىدار 209، خەلق پۇلى ھېسابىدا زىياننىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمى 227 مىليون يۈەن بولدى. يىل ئاخىرىدا، ناچار، ئىشەنچسىز قەرز پۇل قالدۇقى يىل بېشىدىكىدىن 137 مىليون يۈەن ئازلىدى، ئىشەنچ بېرىش ناچار بولۇش نىسبىتى 5 دەرىجە بويىچە تۈرگە ئايرىش ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلىغاندا يىل بېشىدىكىدىن 1.67 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى، «بىرى ئۆتۈپ كېتىش، ئىككىسى ئېسىلىپ قېلىش» ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلىغاندا 1.12 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى. ئىشەنچ بېرىش ناچار بولۇش نىسبىتى مەملىكەت بويىچە جۇڭگو بانكىسى سىستېمىسىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 17 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەن بولدى.

تەن سۈگلىيۇ

## شىركەت قەرز پۇلى

2003 - يىلى جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى خەلق پۇلى بويىچە شىركەت قەرز پۇلى كەسپىدە خېرىدارلار قۇرۇلمىسىغا قاراپ قەرز بېرىشتە، نۇقتىلىق خېرىدارلارغا قەرز بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، نۇقتىلىق خېرىدارلارنىڭ قەرز پۇلنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. يىل ئاخىرىغىچە A دەرىجىلىك كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 5 مىليارد 704 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن %94. 35 كۆپەيدى. B دەرىجىلىك كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %59. 38 ئاشتى. C دەرىجىلىك كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 377 مىليون يۈەن بولۇپ، %66. 34، D دەرىجىلىك كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 8 مىليون 710 مىڭ يۈەن بولۇپ، %63. 40 تۆۋەنلىدى. يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلار-نىڭ (كەسپىي ئورۇنلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قەرز پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 353 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %93. 48 ئاشتى. ئاخىرىغىچە ئىشەنچ بېرىلىدىغان خېرىدارلارنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 347 مىليون يۈەن بولۇپ، %75. 32 تۆۋەنلىدى. B دەرىجىدىن (يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يۇقىرى كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 10 مىليارد 784 مىليون يۈەنگە يېتىپ، قەرز پۇل ئومۇمىي قالدۇقىنىڭ %64. 93 ىنى ئىگىلەپ، يىل بېشىدىكىدىن 5.68 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى.

رايون ئىچىدە قەرز پۇل تارقىتىشتا مۇھىم نۇقتا

ئىقتىسادى تېز سۈرئەتتە ئېشىۋاتقان رايونلار بىلەن ئىقتىسادى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان رايونلارغا قارىتىلىپ، كرېدىت مەبلىغىنىڭ ئۈنۈملۈك سېلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. يىل ئاخىرىغىچە خەلق پۇلى ھېسابىدىكى شىركەت قەرز پۇلى يىل بېشىدىكىدىن 2 مىليارد 314 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، 90%تىن ئارتۇقى ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، بايىنغولىن، قاراماي، ئاقسۇ، ئىلى، قەشقەر قاتارلىق ئىقتىسادى تېز ئېشىۋاتقان رايونلار ۋە ئىقتىسادى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان رايونلارغا تارقىتىلدى.

كەسىپلەرگە قەرز پۇل تارقىتىشتا، مۇھىم نۇقتا ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك، ئۈنۈمى ياخشى، تەرەققىيات ئىستىقبالى كەڭ بولغان ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، تۆمۈر يول، ئالاقىلىشىش، نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى، خىمىيە سانائىتى قاتارلىق ئاساس كەسىپلەرگە قارىتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە يۇقىرىقى ساھەلەرنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى يىل بېشىدىكىدىن 703 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، 46.13% ئاشتى، بۇ ئوتتۇرىچە ئېشىش سەۋىيىسىدىن ئازكەم 21 پىرسەنت پوئېنتى كۆپىيىپ، بىر يىلدا يېڭىدىن كۆپەيگەن ئومۇمىي سوممىنىڭ 30.38% نى ئىگىلىدى.

يىل ئاخىرىغىچە خەلق پۇلى ھېسابىدىكى شىركەت قەرز پۇلى قالدۇقى 11 مىليارد 517 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 25.14% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 386 مىليون يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 39.02%؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 822 مىليون يۈەن بولۇپ، 6.48% تۆۋەنلىدى.

تەن سۈگلىيۇ

## تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى

2003 ـ يىلى جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى يىلدىن يىلغا زور دەرىجىدە چۈشۈپ كېتىۋاتقان ۋەزىيىتى تىزگىنلەندى. يىل ئاخىرىغىچە تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل قالدۇقى 482 مىليون دوللار بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 1.63% تۆۋەنلىدى. تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى كەسپىنى كېڭەيتىشتە شىنجاڭ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ 2 ھېسابتىكى قەرزگە يۆتكەلگەندىن پۇلىنى ئالماشتۇرۇش كەسپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تاشقى پېرېۋوتنى ئالماشتۇرۇش كەسپىدىكى نۆل ھالەتنى بۇزۇپ تاشلىدى؛ ياپونىيىنىڭ سەنجىن جۇيۇ بانكىسى باشلامچىلىق قىلغان شىنجاڭ شىنمېي تۇرۇبا يولىغا بانكا گورۇھىنىڭ قەرز پۇل بېرىشىگە ئاكتىپ قاتناشتى؛ سانجى ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسى بىلەن 2 مىليون 800 مىڭ ياۋرونى قەرز پۇلغا يۆتكەش كېلىشىمى ئىمزالىدى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق سەھىيە ئىدارىسى، ئىلى ئوبلاستلىق سەھىيە ئىدارىسى، تۇرپان خەلق دوختۇرخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ 9 مىليون 780 مىڭ دوللارنى قەرز پۇلغا يۆتكەش تۈرىنى باھالاش ۋە مەبلەغ توپلاش ھاۋالە ئالاقىسىنى يۇقىرىغا يوللاش خىزمىتىنى ئورۇندىدى.

بىر يىلدا 166 مىليون دوللار تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى تارقىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىگە بېرىلگەن قەرز پۇل 62 مىليون دوللار بولۇپ، تارقىتىلغان پۇلنىڭ 37.35% نى؛ شىنجاڭ گۇاڭخۇي تەبىئىي گاز تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىگە بېرىلگىنى 36 مىليون 970 مىڭ دوللار بولۇپ، 22.27% نى؛ شىنجاڭ شىنتيەن خەلقئارا سودا پاي ھەسسىدارلىق شىركىتىگە بېرىلگىنى 28 مىليون 430 مىڭ دوللار بولۇپ، 17.13%نى؛ شىنجاڭ ماركور خەلقئارا ئۆي جاھازلىرى (تيەنجىن) نى ياساش چەكلىك شىركىتىگە بېرىلگىنى 15 مىليون دوللار بولۇپ، 9.04% نى؛ شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىگە بېرىلگىنى 13 مىليون 580 مىڭ دوللار بولۇپ، 8.18% نى ئىگىلىدى. يىل ئاخىرىدا تاشقى پېرېۋوت ناچار قەرز پۇلى نىسبىتى يىل بېشىدىكىدىن 0.24 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى.

تەن سۈگلىيۇ

## پارچە سېتىش قەرز پۇلى

جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى 2003 ـ يىلى شەخسى تۇرالغۇ ئۆي قەرەللىك قەرز پۇلى، ئاپتوموبىل قەرەللىك قەرز پۇلىنى نۇقتىلىق مەھسۇلات تۈرى قىلغان ئاساستا، شەخسى مەبلەغ سېلىپ تىجارەت قىلىش قەرز پۇلى ۋە شەخسى ئۈنۈۋېرسال ئىستېمال قەرز پۇلى كەسپىنىڭ يېڭى مەھسۇلات تۈرلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى. ئۆز ئالدىغا «شىنجاڭ 3 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا ئاپتوموبىل يەرمەنكىسى ۋە جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئىستېمال كرېدىتىنى تونۇشتۇرۇش يىغىنى» ئاچتى؛ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى يولۇچىلار ئاپتوموبىلى ئىستېمال كرېدىتى كەسپىنى يولغا قويدى؛ تەۋەلىكىدە «خېرىدارلارغا چىن مېھرىمىز بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، بىرلىكتە كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇش يارىتايلى» دېگەن تېمىدا پارچە سېتىش قەرز پۇلى ماركېتىنگى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى؛ كۈزى ئىشلىتىدىغان ئىستېمال خاراكتېرىدىكى ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش قەرز پۇلىدا ۋاقىت چەكلىمىسى، ئۆسۈم نىسبىتى جەھەتتە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. پارچە سېتىش قەرز پۇلى داۋاملىق تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلماقتا.

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پارچە سېتىش قەرز پۇل قالدۇقى 6 مىليارد 384 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 255 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بۇنىڭ

ئىچىدە شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى قالدۇقى 3 مىليارد 566 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 638 مىليون يۈەن؛ ئاپتوموبىل ئىستېمال قەرز پۇلى قالدۇقى 905 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 124 مىليون يۈەن؛ مەبلەغ سېلىپ تىجارەت قىلىش قەرز پۇلى قالدۇقى 1 مىليارد 702 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 346 مىليون يۈەن كۆپەيدى. شەخسىي ئۇنىۋېرسال ئىستېمال قەرز پۇلى 152 مىليون يۈەنگە يەتتى. ناچار قەرز پۇل نىسبىتى 1% ئىچىدە تىزگىنلەندى، مەبلەغ سۈپىتى ياخشى سەۋىيىنى ساقلىدى.

تەن سۈگلىيۇ

## پۇل ئامانىتى كەسپى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تۈرلۈك خەلق پۇلى ئامانەت قالدۇقى 21 مىليارد 44 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 3 مىليارد 14 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، 18.86% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلارنىڭ پۇل ئامانەت قالدۇقى 10 مىليارد 432 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليارد 256 مىليون يۈەن (يىل بېشىدىكى كارخانا پۇل ئامانىتى ئىچىدە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ 680 مىليون يۈەن ئامانەت پۇلىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)؛ ئاھالىلەرنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 9 مىليارد 418 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليارد 583 مىليون يۈەن؛ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ پۇل ئامانەت قالدۇقى 1 مىليارد 194 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 175 مىليون يۈەن ساپ ئاشتى. تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت پۇل ئامانەت قالدۇقى 376 مىليون دوللار بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 32 مىليون 470 مىڭ دوللار (ستاتىستىكا ئۆلچىمى ئۆزگەرگەنلىكتىن، يىل بېشىدىكى پۇل ئامانەت قالدۇقى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ 19مىليون 980 مىڭ يۈەن ئامانەت پۇلى بۇنىڭ سىرتىدا) تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل پۇلى پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 310 مىليون دوللار بولۇپ، 25 مىليون 260 مىڭ دوللار چۈشتى، ئۇ كەسپداشلار ئىچىدە 75.81% نى ئىگىلەپ، يىل بېشىدىكىدىن 0.53 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى.

تەن سۈگلىيۇ

## خەلقئارا راسچوت

2003 - يىلى جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى سودا مەبلىغىنى يۈرۈشتۈرۈش، خەلقئارا، دۆلەت ئىچىدە مالىيىگە كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەت ئىچىدىكى كرېدىت كىنىشكىسى، پاراۋانلىق خىراجىتىنى داۋاملاشتۇرۇش، خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى سۇغۇرتا ئالاقىسى قاتارلىق ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسپ تۈرلىرىنى زوركۈچ بىلەن كېڭەيتتى. بىر يىلدا 2 مىليارد 111 مىليون دوللارلىق پېرېۋوتنى راسچوت قىلىش، سېتىش كەسپىنى بېجىردى، بۇ، يىل بېشىدىكىدىن 39.71% ئاشتى، كەسپداشلار ئارا 39.86%نى ئىگىلىدى. سودا تۈرىدە خەلقئارا راسچوت كەسپى ئومۇمىي مىقدارى 1 مىليارد 740 مىليون دوللارغا يېتىپ 67.95% ئاشتى. خەلقئارا راسچوتنىڭ ئەمەلىي نورمىسى 39.03% (پېششىقلاش سودىسىنىڭ 290 مىليون دوللار چىقىرىۋېتىلدى) كە يېتىپ، 0.55 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت نورمىسى 35.75% (پېششىقلاش سودىسىنىڭ 220 مىليون دوللار چىقىرىۋېتىلدى)، ئىمپورت نورمىسى 42.20% (پېششىقلاش سودىسىنىڭ 70 مىليون دوللار چىقىرىۋېتىلدى).

بىر يىلدا ئىمپورتقا 1172 ھېسابتا 86 مىليون 10 مىڭ دوللار مەسلىھەتلىشىلىپ چىقىم قىلىندى، بۇ 2002 - يىلدىكىدىن 31.19%؛ 356 ھېسابتىكى 41 مىليون 340 مىڭ دوللار ۋاكالىتەن يىغىۋېلىنىپ، 30.43% تۆۋەنلىدى؛ 9940 ھېسابتىكى پېرېۋوت قىلىنىپ كىرگۈزۈلگەن تاشقى پېرېۋوت 468 مىليون دوللارغا يېتىپ، 90.24% ئاشتى؛ ئېكسپورتتىن كىرىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت 740 مىليون دوللارغا يېتىپ، 78.31% ئاشتى. بىر يىلدا 1148 ھېسابتا 726 مىليون دوللارلىق ئىمپورت كۈۋاھنامىسى بېجىرىلىپ، 68.84% ئاشتى؛ 144 ھېسابتا 3 مىليون 290 مىڭ دوللار ۋاكالىتەن تاپشۇرۇۋېلىنىپ، 57.93% تۆۋەنلىدى؛ 2608 ھېسابتا 233 مىليون دوللار پېرېۋوت قىلىنىپ، 95.80%؛ 4176 ھېسابتا ئىمپورتقا 851 مىليون دوللار تاشقى پېرېۋوت چىقىم قىلىنىپ، 98.83% ئاشتى.

بىر يىلدا سوممىسى 15 مىليون 630 مىڭ دوللارلىق 30 تاشقى پېرېۋوت كاپالەت ئالاقىسى چىقىرىلىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 1.26 ھەسسە ئاشتى؛ سوممىسى 329 مىليون يۈەنلىك 411 خەلق پۇلى ھېسابىدىكى كاپالەت ئالاقىسى چىقىرىلدى، بۇ 1.54% ئاشتى. دۆلەت ئىچىدە مالىيىگە كاپالەتلىك قىلىش بويىچە 63 مىليون 940 مىڭ يۈەن بېجىرىلىپ، 37.31% تۆۋەنلىدى؛ خەلقئارا مالىيىگە كاپالەتلىك قىلىش بويىچە 53 مىليون 840 مىڭ دوللار بېجىرىلىپ، 9.14 ھەسسە ئاشتى. دۆلەت ئىچىدە 80 مىليون 490 مىڭ يۈەنلىك كرېدىت كىنىشكىسى بېجىرىلىپ، 12.77 ھەسسە ئاشتى. 8 مىليون 990 مىڭ دوللار پاراۋانلىق خىراجىتى داۋاملىق بېجىرىلىپ، نۆل ھالەت بۇزۇلۇپ تاشلاندى.

بىر يىلدا سودا مەبلىغىنى يۈرۈشتۈرۈش كەسپى سوممىسى 162 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 5.89 ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت رەنە پېرېۋوتى 21 مىليون 430 مىڭ دوللار، ئىمپورت رەنە پېرېۋوتى 141 مىليون دوللار.

تەن سۈگلىيۇ

مىليون يۈەنگە يەتتى. پۈتۈن سىستىما بويىچە پۇل ئامانەت قالدۇقى 56 مىليارد 967 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 7 مىليارد 7 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، %14.03 ئاشتى. ئادەتتىكىچە ئامانەت پۇل قالدۇقى 49 مىليارد 245 مىليون يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىلى 6 مىليارد 336 مىليون يۈەن كۆپەيدى. قەرز پۇل سۈپىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، 5 دەرىجىگە ئاساسەن تۈرگە ئايرىش ئۆلچىمى بويىچە ناچار قەرز پۇلنىڭ مۇتلەق سوممىسى 589 مىليون يۈەن كېمىيىپ، ناچار قەرز پۇل نىسبىتى %6.17 تۆۋەنلەپ، يىل بېشىدىكىدىن 3.24 پىرسەنت پوئېنتى چۈشتى. 2003 - يىلى سىياسەت پۈرسىتى تۇتۇلۇپ، تارىختىن قالغان 928 مىليون يۈەن يۈك ئاكتىپ ھەزىم قىلىندى.

خۇ يۈيجىن

## شىركەت بانكا كەسپى

2003 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى نۇقتىلىق تۈرلەر ۋە سۈپەتلىك خېرىدارلارنىڭ ماركېتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، قەرز پۇل تارقىتىش مۇھىم نۇقتىسىنى نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى، تۆمۈر يول، قاتناش، ئۈچۈر كەسپى، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، نۇقتىلىق شەھەرلەرنىڭ ئاساس مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرگە قاراتتى. ئامانەت مىقدارى، قەرز پۇل قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ياخشى تۇتۇلۇپ، ئاشقان كرېدىت مەنبەسى نۇقتىلىق خېرىدارلار ۋە نۇقتىلىق رايونلارغا مايىللاشتى. تۇراقلىق مۈلۈك قەرز پۇلى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىلارنىڭ باھالاش ھوقۇقى كېڭەيتىلىپ، ئىلتىماس قىلىنىدىغان تۈرلەرنىڭ سۈپىتى ۋە تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈك قەرز پۇلى 3 مىليارد 100 مىليون يۈەن كۆپەيدى، تۇراقلىق مۈلۈك قەرز پۇلىنىڭ نىسبىتى 2002 - يىلدىكىدىن 6 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى. چەك - ھۆججەتلەرنى دىسكونت قىلىش كەسپىي خىزمىتىنىڭ جەريانى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، چەك - ھۆججەت كەسپى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، يېڭى كەسىپ تۈرلىرى سىناق قىلىپ يولغا قويۇلۇپ، بىر قىسىم سۈپەتلىك خېرىدارلارغا ئېتىراپلىق پۇل بېرىلىدىغان پېرېۋوت چېكى تارقىتىپ بېرىلدى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بانكا بويىچە تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 35 مىليارد 540 مىليون يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىلى 5 مىليارد 969 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

خۇ يۈيجىن

## سەددىچىن كرېدىت كارتىسى كەسپى

2003 - يىلى جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى خۇڭفۇ مېھمانسارىيى، كۆمۈش ئاستانە مېھمانسارىيى، گۈزەل جۇڭخۇا مېھمانسارىيى قاتارلىق 3 تاشقى پېرېۋوت كارتىسى سودىگىرىنى تۇنجى BMP كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈش سىناق نۇقتىسى قىلدى. ۋېنجۇ سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى بانكا كارتىسى ئالىي خېرىدارى قىلىپ بېكىتىلدى، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى قاراشلىق كارخانىلار ئالاھىدە توختاملىق سودا خېرىدارى قىلىپ قوبۇل قىلىنىپ، بىرلىكتە قولىدا كارتىسى بار كىشىلەرگە ئېتىبار بىلەن مۇلازىمەت قىلىندى. مۇلازىمەتسىز بانكا، يانفون بانكىسى ۋە شەخسىي تور بانكىسى يولغا قويۇلدى. تەۋەلىكىگە 107 دانە ATM پۇل ئېلىش ماشىنىسى ۋە 4 دانە CDM پۇل ئامانەت قويۇش ماشىنىسى ئورنىتىلدى.

2003 - يىلى جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى 118 مىڭ 200 پارچە بانكىلار ئارا تورلاشقان سەددىچىن كارتىسىنى تارقاتتى، 3479 پارچە خەلقئارالىق كارتا تارقاتتى، دېمەك، يىل بېشىدىكىدىن 2354 ى كۆپەيدى. بانكا كارتىسى ئارقىلىق بىۋاسىتە ئىستېمال قىلىش سودا سوممىسى 245 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %3.38 ئاشتى، بازاردا ئىگىلىگەن نىسبىتى %13.69 بولدى. ۋاكالىتەن بېجىرىلگەن تاشقى پېرېۋوت كارتىسى سودا سوممىسى 21 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، بازاردا ئىگىلىگەن نىسبىتى %72.83 كە يەتتى. ئالاھىدە توختاملىق سودا ئورنى 1407 گە يېتىپ، 241 سودا ئورنى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى پېرېۋوت كارتىسى بار سودا ئورنى 49 غا يېتىپ، يېڭىدىن 10 ى كۆپەيدى. تەۋەلىكتە كرېدىت كارتىسىدىن ئارتۇق چىقىم قىلىنغان سومما 18 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ياخشى نىيەت بىلەن ئارتۇق چىقىم قىلىنغىنى 13 مىليون 910 مىڭ يۈەن، يامان نىيەت بىلەن ئارتۇق چىقىم قىلىنغىنى 4 مىليون 90 مىڭ يۈەن.

تەن سۇڭلىيۇ

# قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى

## جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ پۇل ئاجرىتىشقا تەييارلىق كۆرۈشتىن ئىلگىرىكى پايدىسى 1 مىليارد 20 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %44 ئاشتى، ھېساب يۈزىدىكى پايدىسى 249

### شەخسى بانكا كەسپى

2003 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ خەلق پۇلى ھېساباتىكى پۇقرالار پۇل ئامانەت قالدۇقى 24 مىليارد 418 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 3 مىليارد 50 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

خۇ يۈيجېن

### تۇرالغۇ ئۆي پۇل مۇئامىلە كەسپى

2003 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ شەخسى تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى ۋە يېڭىدىن كۆپەيگەن قەرز پۇلى ئاپتونوم رايوندىكى 4 چوڭ دۆلەت سودا بانكىسى ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇرۇپ، مۇقىم ئاشتى ھەم ياخشى رايون قۇرۇلمىسىنى ساقلىدى. ئۆي - زېمىن شىركىتى تۇرىدىكى قەرز پۇل رايونى قەرز پۇل تەستىقلاش ھوقۇقى بېرىلگەن بانكا بار 5 شەھەرگە مەركەزلىشىپ، قەرز پۇلنىڭ يېڭىدىن ئېشىش كۆلىمى كېڭەيدى، 2002 - يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا %61 ئاشتى. شىركەت قەرز پۇلى بىلەن شەخسى ئىستېمال قەرز پۇلى ماس قەدەمدە ئاشتى. قەرز پۇلنىڭ ناچارلىق نىسبىتى داۋاملىق تۆۋەنلىدى، ھاۋالە خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆي پۇل مۇئامىلىسى كەسپى مۇقىم تەرەققىي قىلدى.

خۇ يۈيجېن

### بانكا كارتىسى كەسپى

2003 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى 3 مىليون 776 مىڭ 500 پارچە «ئەجدىھا كارتىسى» تارقاتتى، بۇ، يىل بېشىدىكىدىن 610 مىڭ 400 پارچە كۆپەيدى؛ بانكا كارتىسىغا قويۇلغان ئامانەت پۇل قالدۇقى 6 مىليارد 432 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليارد 203 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، بانكا بويىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن شەخسى ئامانەت پۇلنىڭ %39.46نى ئىگىلىدى.

خۇ يۈيجېن

### تور بانكىسى كەسپى

2003 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئېلېكترون بانكىسى B2B نىڭ كارخانا سودىسى 120 مىليارد 347 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش بانكىسى سىستېمىسىدا 2 - رەتكە ئۆتۈپ، سودا مىقدارى 100 مىليارد يۈەندىن ئاشقان 2 - بانكا بولۇپ قالدى.

خۇ يۈيجېن

### ۋاستىچىلىك كەسپى

2003 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ۋاستىچىلىك كەسپىدىن 113 مىليارد يۈەن كىرىم قىلىپ، كىرىم ئومۇمىي مىقدارىدا شىنجاڭدىكى 6 چوڭ سودا بانكىسى ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى.

خۇ يۈيجېن

## قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى

### قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى ئومۇمىي مەبلىغى 9 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليارد 384 مىليون يۈەن، تۈرلۈك ئامانەت پۇل 8 مىليارد 796 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليارد 428 مىليون يۈەن، تۈرلۈك قەرز پۇل 5 مىليارد 477 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليارد 88 مىليون يۈەن كۆپەيدى. ئامانەت پۇلنىڭ بازاردا ئىگىلىگەن نىسبىتى %8.68 نى ئىگىلەپ، 0.18 پىرسەنت پونكىتى؛ پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ نىسبىتى %5.64 نى ئىگىلەپ، 0.14 پىرسەنت پونكىتى؛ تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ نىسبىتى %6.04 نى ئىگىلەپ، 0.5 پىرسەنت پونكىتى ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ ئېشىش مىقدارى شەھەر بويىچە ئېشىش مىقدارىنىڭ %9.7 نىنى، پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئېشىش مىقدارى %6.36 نى ئىگىلىدى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بانكا بويىچە ھۆكۈمەتنىڭ خەلق پۇلى ھېساباتىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلى 6 مىليارد 320 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 996 مىليون يۈەن؛ ھۆكۈمەت قەرز پۇلى 5 مىليارد 95 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليارد 38 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بىر يىلدا دىسكونت قىلىش مىقدارى 1 مىليارد 126 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا پۇقرالار پۇل ئامانىتى 2 مىليارد 319 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 434 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بىر يىلدا 332 مىليون دوللار خەلقئارا راسچوت قىلىندى. بانكا بويىچە ۋاستىچىلىك كەسپىي كىرىمى 14 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %11.7 ئاشتى.

بىر يىلدا بانكا بويىچە خەلق پۇلى، چەت ئەل پۇلىدىن 134 مىليون يۈەن پايدا يارىتىلىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 20 مىليون 680 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. پايدا ئوتتۇرىچە 275 مىڭ 300 يۈەندىن توغرا كىلىپ، 51 مىڭ 500 يۈەن كۆپەيدى. خەلق پۇلى، چەت ئەل پۇلى بويىچە يىغىۋېلىنغان ئۆسۈم نىسبىتى %103.45 كە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 5.7 پىرسەنت پونكىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

شۇ شىنيۈي

### شىركەت پۇل مۇئامىلە كەسپى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتىنىڭ ۋاقىت نۇقتىسى

قالدۇقى 6 مىليارد 480 مىليون يۈەن (كەسپداشلار ئامانەت پۇلىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 20 مىليون يۈەن كۆپەيدى. ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتىنىڭ ئوتتۇرىچە كۈندىلىك قالدۇقى 6 مىليارد 100 مىليون يۈەن بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ھۆكۈمەت قەرز پۇلى قالدۇقى 5 مىليارد 90 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 30 مىليون يۈەن كۆپەيدى. 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بانكىنىڭ ئېتىراپلىق پۇل بېرىلمىدىغان پېرېۋوت چېكى قالدۇقى 850 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002-يىلدىكىدىن 340 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ كېپىللىك كەسپى قالدۇقى 410 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 150 مىليون يۈەن كۆپەيدى. ئامانەت بىلەن قەرز پۇل كەسپلىرى تەكشى راۋاجلاندى، ئامانەت بىلەن قەرز پۇلنىڭ نىسبىتى 62.92%، ناچار قەرز پۇلنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 3.21% بولدى.

شۇ شىنيۈي

## شەخسى پۇل مۇئامىلە كەسپى

2003-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ شەخسى پۇل ئامانىتى يىل بېشىدىكىدىن 441 مىليون 590 مىڭ يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە «تىنچ ئوكيان كارتىسى» غا ئامانەت قويۇلغان پۇل 727 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 96 مىليون 740 مىڭ يۈەن، 443 مىڭ دانە «تىنچ ئوكيان كارتىسى» تارقىتىلىپ، يىل بېشىدىكىدىن 83 مىڭ دانە، شەخسى قەرز پۇل 340 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 50 مىليون 260 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. بانكا بويىچە ھەر خىل مۇلازىمەتچىسىز ئۈسكۈنە 403 كە يېتىپ ، يىل بېشىدىكىدىن 110 ى كۆپەيدى، بىر يىلدا «تىنچ ئوكيان كارتىسى» مۇلازىمەتچىسىز ئۈسكۈنىدىن 8 ى كۆپەيدى، «تىنچ ئوكيان كارتىسى» ئالاھىدە توختاملىق سودىگىرى 340 قا يېتىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئوتتۇرا ھال، ئالىي ئىستېمال سورۇنلىرىنى قاپلىدى.

شۇ شىنيۈي

## خەلقئارالىق كەسىپ

2003-يىلىنىڭ بېشىدا قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ خەلقئارا راسچوت مىقدارى مۇددەتتىن 3 ئاي بۇرۇن ئورۇندالدى، تاشقى پېرېۋوت كەسپىنىڭ سودا سوممىسى 37 مىليون 130 مىڭ دوللارغا يەتتى، 15 مىليون 600 مىڭ دوللار تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت پۇل ئامانىتى قوبۇل قىلىندى. دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 2003-يىللىق خەلقئارا كىرىم-چىقىم ۋە تاشقى پېرېۋوتنى ستاتىستىكا قىلىپ، ئانالىز قىلغان سىناق نەتىجىسى توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشىدا 8 بانكا ئىچىدە 2-ئورۇندا تۇردى.

شۇ شىنيۈي

## خېيىمخەتەرلىك مەبلەغنى باشقۇرۇش

2003-يىلى قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى كىرېدىت خېيىمخەتىرىنى باشقۇرۇش، تىزگىنلەش، ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە مېخانىزم قۇرۇلۇشىغا تاقابىل تۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دۇنيا بانكىسى تۈرى مەشغۇلات جەريانىنى چوڭقۇر يولغا قويدى. «شىنجاڭ قۇلماق پېيى» ۋەقەسىدە شۆبە بانكا ئاپتونوم رايون بويىچە نۇرغۇن كەسپداش ھەقدار بانكىلار ئىچىدە تۇنجى بولۇپ نەق مەيدانغا يېتىپ كېلەلىگەن ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، ئەڭ دەسلەپ سودىنىڭ ھۆكۈمىگە ئېرىشىپ، شىركەتنىڭ 140 مىليون يۈەنلىك چەت ئەللەرگە مەبلەغ سالغان پاي ھوقۇقىنى تەكشۈرۈپ پېچەتلەپ، شۆبە بانكىنىڭ 50 مىليون يۈەنلىك كىرېدىت مەبلىغىنىڭ ھەقدارلىقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىپ، قاتناش بانكىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغدىدى.

شۇ شىنيۈي

# سۇغۇرتا

## شىنجاڭنىڭ سۇغۇرتا بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003-يىلى شىنجاڭنىڭ سۇغۇرتا بازىرىدا سۇغۇرتا ئاساسىي گەۋدىسى كۆپىيىپ، تارماق ئاپپاراتلار تېخىمۇ كەڭ تارقالدى. 2003-يىلى تيەنئەن سۇغۇرتا پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچىدە شۆبە شىركەت تەسىس قىلدى. شۇنىڭغىچە شىنجاڭنىڭ سۇغۇرتا بازىرىدا 10 سۇغۇرتا شىركىتى، 72 ۋىلايەت دەرىجىلىك مەركىزىي تارماق شىركەت، 305 ناھىيە دەرىجىلىك تارماق شىركەت، 381 ماركېتنىڭ مۇلازىمەت پونكىتى، ئازكەم 40 مىڭ كەسپكار خادىمى بار بولدى.

2003-يىلى شىنجاڭدىكى سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرىنىڭ سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 6 مىليارد 218 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002-يىلدىكىدىن 20.2% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال-مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ كىرىمى 2 مىليارد 25 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 22.95%؛ جىسمانىي سۇغۇرتا كىرىمى 4 مىليارد 193 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.92%، سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ مەبلىغى 9 مىليارد 895 مىليون يۈەنگە يېتىپ،

%12.61 ئاشتى. تورلۇق تۆلەم ۋە چىقىم قىلىپ بېرىلگىنى 1 مىليارد 745 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىدىن 1 مىليارد 17 مىليون يۈەن تۆلەم بېرىلىپ، تۆلەم نىسبىتى %50.22 بولدى؛ جىسمانىي سۇغۇرتىدىن 728 مىليون يۈەن تۆلەم بېرىلدى ۋە چىقىم قىلىپ بېرىلدى، چىقىم قىلىش نىسبىتى %17.36 بولدى.

2003 - يىلى شىنجاڭدا سۇغۇرتىنىڭ زىچلىقى 323 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 50.02 يۈەن كۆپەيدى؛ سۇغۇرتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى %3.36كە يېتىپ، 0.12 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بازىرىدا، جۇڭگو خەلق مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى %54.68 نى، جۇڭخۇا بىرلەشمە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتى (شىنجاڭ رايونى) %36.41 نى، جۇڭگو تىنچ ئوكيان مال - مۈلۈك سۇغۇرتا پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى %4.43 نى، جۇڭگو ئامانلىق مال - مۈلۈك سۇغۇرتا پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى %2.55 نى، يۇڭئەن مال - مۈلۈك سۇغۇرتا پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى %1.86 نى، تيەنئەن سۇغۇرتا پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى %0.07 نى ئىگىلىدى. ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بازىرىدا، جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى %68.36 نى، جۇڭگو ئامانلىق ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى %19.34 نى، جۇڭگو تىنچ ئوكيان ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى %10.01 نى، شىنخۇا ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى %1.41 نى، جۇڭخۇا بىرلەشمە مال - مۈلۈك شىركىتى (شىنجاڭ رايونى) %0.88 نى ئىگىلىدى.

2003 - يىلى جۇڭگو سۇغۇرتىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن 14 كەسپىي سۇغۇرتا ۋاستىچىلىك شىركىتى كەينى - كەينىدىن ئىش باشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋاكالەتچى شىركەت 12، ھۆكۈمەت مۆلچەرلەش شىركىتى بىر، ۋاستىچىلىك شىركىتى بىر، بىر يىلدا ۋاستىچىلىك كەسپىي كىرىمى 73 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى 13 ۋىلايەت (ئوبلاست) ، شەھەردە سۇغۇرتا جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي جەمئىيەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

شى شياۋجۈن

## جۇڭگو خەلق مال - مۈلۈك سۇغۇرتا پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، نامى جۇڭگو خەلق مال - مۈلۈك سۇغۇرتا پاي چەكلىك شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. شىنجاڭ شۆبىسى بىلەن ۋىلايەتلىك (ئوبلاستلىق) ، شەھەرلىك شۆبە شىركەتلەر پاي شىركىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزدى.

2003 - يىلى جۇڭگو خەلق مال - مۈلۈك سۇغۇرتا پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 307 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 1 مىليارد 107 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.71 ئاشتى. 560 مىليون يۈەن تۆلەم بېرىلدى، ئۇنىۋېرسال تۆلەم نىسبىتى %50.72 كە يەتتى.

بىر يىلدا ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسى ئىسلاھاتى ئوڭۇشلۇق بولدى. كەسپىي مەشغۇلات تەدرىجىي قېلىپلاشتى، پىلان، ستاتىستىكىنى باشقۇرۇشنىڭ ئۇنىۋېرسال يېتەكچىلىك رولى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. كەسىپ تەكشى مۇقىم راۋاجلاندى، سۇغۇرتا تۈرى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە روشەن ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، ئاددىي تۆلەم نىسبىتى 2002 - يىلدىكىدىن بىر ئاز تۆۋەنلىدى.

خۇ خۇارۇي

## جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، نامى جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىگە ئۆزگەرتىلدى ھەم تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

2003 - يىلى جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 2 مىليارد 866 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %20.02 ئاشتى. شىركەتنىڭ ئومۇمىي مەبلەغ كۆلىمى ئازكەم 7 مىليارد يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى باش شىركەت تەرىپىدىن «ئا» تۈردىكى AAA دەرىجىلىك شىركەت بولۇپ باھالاندى. شىنجاڭدىكى 5 مىليون ئادەم (قېتىم) ئۈچۈن 109 مىليارد 100 مىليون يۈەنلىك خېيىم خەتەر مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى. بىر يىلدا 604 مىليون يۈەن تۆلەم بېرىلدى ۋە چىقىم قىلىندى، تۆلەم ۋە چىقىم نىسبىتى %20.9 كە يەتتى.

2003 - يىلى شەخسلەر كەسپىدە سانلىق مەلۇماتلار مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇلۇپ، بىر ئۆتۈش سىناق قىلىنىپ، شىرىنكانە ۋە قوشۇمچە ياردەم ئۆلچىمى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، پىلان بويىچە ئېلىش ۋە تارقىتىش بىرلىككە

كەلتۈرۈلدى، سانلىق مەلۇمات يادرو قىلىنغان تىجارەت نەتىجىسى ۋە ئۈنۈمىنى باھالاش سىستېمىسى بەرپا قىلىندى. كوللېكتىپ سۇغۇرتىلاش كەسپى، قىسقا مۇددەتلىك سۇغۇرتا كەسپىنى سىناق قىلىپ مۇكاپاتلاش چارىسى تۈزۈپ چىقىلدى. بانكا پوچتا ۋاكالەتچىلىكى كەسپى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا چۈشتى.

جەن رۇنتاۋ

## جۇڭخۇا بىرلەشمە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتى (شىنجاڭ رايونى) نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى جۇڭخۇا بىرلەشمە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتى (شىنجاڭ رايونى) نىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 225 مىليارد 170 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 774 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 27.93% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 737 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 49.49% ئاشتى؛ جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ كىرىمى 37 مىليون يۈەن بولۇپ، 66.96% تۆۋەنلىدى. چىقىم قىلىنغان ۋە تۆلەم بېرىلگەن پۇل 392 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۇنىۋېرسال تۆلەم بېرىش نىسبىتى 50.58% بولدى. شىنجاڭدىكى ۋىلايەتلىك (ئوبلاستلىق) شۆبە شىركەتلەرنىڭ يىللىق سۇغۇرتا كىرىمى شىركەتنىڭ بارلىق كەسپىي كىرىمىنىڭ 40.5% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىسى 10 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن شىركەت 5.

جۇڭخۇا سۇغۇرتىسى

## جۇڭگو تىنچ ئوكيان مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى جۇڭگو تىنچ ئوكيان مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 28 مىليارد يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 89 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن 6.01% ئاشتى. تۆلەم پۇل چىقىمى 39 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تۆلەم بېرىش نىسبىتى 43.58% بولدى.

2003 - يىلى شۆبە بانكا جۇڭگو تىنچ ئوكيان سۇغۇرتا گۇرۇھى شىركىتى ئوتتۇرىغا قويغان كەسپىي تۈزۈلمىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشنى يولغا قويۇش بويىچە تەكشۈرۈپ سۇغۇرتىلاش، تەكشۈرۈپ تۆلەم بېرىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، «ئىككىنى تەكشۈرۈش» نىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا، مۇقىم ئاپلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. مۇلازىمەت ئىدىيىسى، مۇلازىمەت ئېڭى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، «ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسىنى باشقا يولغا قويۇپ، پارلاق نۇر چاچقۇزۇش» يۈرۈشلۈك مۇلازىمەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى.

لياۋ خۇڭچيۇڭ

## جۇڭگو تىنچ ئوكيان ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى جۇڭگو تىنچ ئوكيان ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 35 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 420 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 14.05% ئاشتى. 27 مىليون يۈەن تۆلەم بېرىلىپ، تۆلەم (چىقىم) نىسبىتى 6.45% بولدى.

2003 - يىلى شۆبە شىركەت كەسپىي تۈزۈلمىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشنى يولغا قويۇپ، تەكشۈرۈپ سۇغۇرتىلاش، تەكشۈرۈپ تۆلەم بېرىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈردى. سېتىشنى مەركەز قىلىشتىن، خېرىدارلارغا مۇلازىمەت قىلىشنى مەركەز قىلىشقا بۇرالدى، قەرەلى داۋاملاشسا ھەق تاپشۇرۇش، قەرەلى توشسا ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش، ئىشىك ئالدىغا بېرىپ ھەق ئېلىش، خېرىدارلارغا ياردەملىشىپ خېيىمخەتەر چىققاندا دېلو مەلۇم قىلىش، تۆلەم بېرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىش، خېرىدارلارغا ياردەملىشىپ سۇغۇرتىنى ئۆزگەرتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىش، سۇغۇرتا كەسپىدىن مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلىدى.

ۋاڭ چىڭجۇ

## جۇڭگو ئامانلىق مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى جۇڭگو ئامانلىق مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 10 مىليارد 378 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىللىق سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 51 مىليون يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 19% تۆۋەنلىدى. تۆلەم پۇلى چىقىمى 34 مىليون يۈەنگە يېتىپ، تۆلەم بېرىش نىسبىتى 66.7% بولدى.

2003 - يىلى شۆبە شىركەت سۇغۇرتا تۈرى قۇرۇلمىسىنى تەرتىپكە سالدى ھەم زىيان تارتقان خېرىدارلارنى ئېنىقلاپ، كەسپىي ئورۇن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ،

يەنە ئەلىنشتا تىكىشلىكىنى ئېنىقلاش بىلەن كەسپىي خادىملارنىڭ نەتىجە، ئۈنۈمىنى باغلاپ، شىركەتنىڭ يەنە ئەلىنشتا تىكىشلىك نىسبەت كۆرسەتكۈچىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىشىگە داۋاملىق كاپالەتلىك قىلدى. دېلو مەلۇم قىلىش، كەسپىي جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىش بىر گەۋدە قىلىنغان، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن خېرىدارلار مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسى 95512 نى يولغا قويدى.

ۋاڭ دىڭمىي

## جۇڭگو ئامانلىق ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى جۇڭگو ئامانلىق ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 10 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 810 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %38.25 ئاشتى. 78 مىليون يۈەن ھەر خىل تۆلەم بېرىلدى ۋە چىقىم قىلىندى، تۆلەم (چىقىم) بېرىش نىسبىتى %61.9كە يەتتى.

2003 - يىلى شۆبە شىركەت خوڭشىن يۇقىرى ھەسسىلىك كاپالەتلىك جىسمانىي سۇغۇرتا ۋە شىنخوڭشياڭ (2003 - يىل نۇسخىسى) نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سۇغۇرتىلاش سانلىق مەلۇماتلىرى، سۇغۇرتىلاش توختامىنى مۇلازىمەت سۈپىتى، باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، ئەتراپلىق ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى.

ئەي جۈن

## يۇڭئەن مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى يۇڭئەن مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 7 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 37 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002-يىلدىكىدىن %5.135 ئاشتى. تۆلەم چىقىمى 9 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئۇنىۋېرسال تۆلەم نىسبىتى %26.2 بولدى.

2003 - يىلى شۆبە شىركەت قائىدە - تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، كادىرلار خىزمىتى ئىسلاھاتىنى، تەقسىمات تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەكلىپ قىلىش ئۆلچىمىنى قېلىپلاشتۇردى، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

ياڭ لى

## شىنخۇا ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنخۇا ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 200 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 59 مىليون يۈەنگە، تۆلەم بەرگەن، چىقىم قىلىپ بەرگەن سوممىسى 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تۆلەم (چىقىم) نىسبىتى %1.11 بولدى.

2003 - يىلى شۆبە شىركەت ئىلھاملاندۇرۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ، قوشۇننىڭ ساقلىنىش نىسبىتى ۋە مەشغۇلات ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈردى. كەسىپ باشقۇرۇشتا جەمئىيەتكە بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، قوشۇمچە قىممەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى، يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي خادىملار ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خېرىدارلارنى پەرقلىق مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، شىركەت ئوبرازىنى تىكلىدى.

شى لى

## تيەنئەن سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

تيەنئەن سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قۇرۇلغان. يىل ئاخىرىغىچە شۆبە شىركەتنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 800 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتىلاش كىرىمى 1 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم چىقىمى 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى، تۆلەم نىسبىتى %28.7 بولدى.

شۆبە شىركەت ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى مەركەز قىلىپ، ئىشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، قائىدە تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىركەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا خېرىدارلارغا مۇلازىمەت قىلىش ياخشى كۆزقارىشىنى تىكلىدى.

ئىشخانا

# ئاكسىيە

## پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەت 27 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 16، بىڭتۈەننىڭ 11. قاراشلىق رايوندا گۇەنئۆڭ پاي شىركىتى، يېشىل قارىغاي بىناكارلىق خىمىيە سانائىتى شىركىتى، شەھەر

قۇرۇلۇشى پاي شىركىتى، شىنسەي پاي شىركىتىدىن ئىبارەت 4 شىركەت تۇنجى قېتىم پاي تارقاتتى، خۇڭيۈەن ئاكسىيىسى پىيىنى كۆپەيتىپ تارقاتتى (بۇنىڭ ئىچىدە شىنسەي پىيى 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تارقىتىلىپ، 2004- يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بازارغا سېلىنغان). 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پىيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ بازار قىممىتى 58 مىليارد 449 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ GDP سىنىڭ 31.17%نى ئىگىلىدى؛ مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى 58 مىليارد 585 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 21.99%؛ پايچىكلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى 18 مىليارد 612 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.7%؛ ئاساسلىق تىجارەت كەسپىي كىرىمى 27 مىليارد 464 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 27.86% ئاشتى؛ ساپ پايدىسى 204 مىليون يۈەن بولۇپ، 86.71% كېمەيدى؛ تىجارەت پائالىيىتىدىكى نەق پۇل مۇئامىلە مىقدارىنىڭ ساپ سوممىسى 2 مىليارد 393 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 39.54% ئاشتى، ھەر بىر پاينىڭ تىجارەت پائالىيىتىدىكى نەق پۇل مۇئامىلە مىقدارى 0.33 يۈەن بولدى.

خې جېي

## ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئاكسىيە شىركىتى 2، ئۇلارنىڭ تىزىملاتقان كاپىتالى 1 مىليارد 94 مىليون يۈەن، ئومۇمىي مەبلىغى 9 مىليارد 42 مىليون يۈەن، ساپ مەبلىغى 1 مىليارد 345 مىليون يۈەن؛ ئاكسىيە تىجارەت بۆلۈمى 31 (بۇنىڭ ئىچىدە شۆجايدىكى ئاكسىيە سودىگىرىگە قاراشلىق تىجارەت بۆلۈمى 19، باشقا جايلاردىكى ئاكسىيە سودىگىرىگە قاراشلىق تىجارەت بۆلۈمى 12)، ئاكسىيە مۇلازىمەت بۆلۈمى 18، مەبلەغ سېلىشقا مەسلىھەت بېرىش ئاپپاراتى 2. كەسپكار 700 نەچچە. تەۋەلىكىدە ئاكسىيە ھېسابى ئاچقانلار 521 مىڭ، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىن خوتەن ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىندى، ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ سانى غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - ئورۇندا تۇردى، ئاكسىيە سودىسى سوممىسى بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى، بىر يىلدا ئاكسىيە سودىسى سوممىسى 192 مىليارد 952 مىليون يۈەن (B پاينىڭ سودا سوممىسى بۇنىڭ سىرتىدا) گە يەتتى. بارلىق تىجارەت بۆلۈملىرى ئىچىدە 18 ئاكسىيە تىجارەت بۆلۈمى زىيان تارتتى، زىيان سوممىسى 26 مىليون 60 مىڭ 100 يۈەن بولدى، 13 ى پايدا ئالدى، پايدا سوممىسى 22 مىليون 385 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى، پايدا بىلەن زىياننى بالانس قىلغاندا ئومۇمىي زىيان 3 مىليون 674 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن زىيان 2 مىليون 45 مىڭ 400 يۈەن كېمەيدى.

خې جېي

## قەرەللىك مال بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ تەۋەسىدىكى 4 قەرەللىك مال ۋاسىتىچى شىركىتىنىڭ ئومۇمىي سودا سوممىسى 40 مىليارد 822 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن 144% ئېشىپ، غەربىي شىمال بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى. 4 قەرەللىك مال شىركىتىنىڭ ھەممىسى پايدا ئالدى، پايدا ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليون 373 مىڭ 700 يۈەنگە، سودىلىشىش مىقدارى 504 مىڭ 200 قېتىمغا، ھېساب ئاچقان ئادەم 1290 گە يېتىپ، 14.2% ئاشتى.

خې جېي

## ۋاسىتىچىلىك ئاپپاراتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ئاكسىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە ۋاسىتىچىلىك ئاپپاراتى 15 كە، كەسپكار 300 نەچچىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تيەنجىن ۋۇجو بىرلەشمىسى، شاڭخەي لىشىن باش بوغالتىرلار ئىش ئورنى شىنجاڭ شۆبىسىدىن ئىبارەت 2 ئورۇن، 2 مەبلەغنى باھالاش ئاپپاراتى، 3 يەر باھاسىنى مۆلچەرلەش ئورنى، 8 ئادۋوكاتلىق ئورنى بار.

خې جېي

## پىيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنى نازارەت قىلىپ، باشقۇرۇش

1) نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەش. 2003 - يىلى جۇڭگو ئاكسىيە نازارەتچىلىكى جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنچىدىكى ئالاھىدە ئەۋەتلىگەن ئىشخانىسى شىنجاڭ جۇڭخې شىركىتى، «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق گورۇھى، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر شىركىتى، خەلقئارا ئوقەتچىلىك شىركىتى، تيەنفۇ ئىرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى، شىنتيەن خەلقئارا شىركىتى، شىنجۇڭجىدىن ئىبارەت 7 شىركەتكە بېرىپ، شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى نەق مەيداندا ئىگىلەپ، شىركەتنىڭ قائىدە بويىچە ئىشلىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

2) يىللىق دوكلات قىلىنغاندىن كېيىن، ئارقىدىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش. پىيى بازارغا

سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ پايدا قۇرۇلمىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۆزگىرىش سەۋەبى، باغلىنىشلىق سودا قىلىش، چوڭ پايچىكلار ۋە باغلىنىشلىق تەرەپنىڭ پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتنىڭ مەبلىغىنى ئىگىلەش ئەھۋالى، ئۇچۇرنى ئاشكارىلاشنىڭ قېلىپلىشىش ئەھۋالى، پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتنىڭ خېيىمخەتەر ئېھتىمالى، قانۇنىي ئىگىسىنىڭ تۈزۈشى قاتارلىق جەھەتلەردىن نۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى، 238 ئىنكاس پىكىر چۈشۈپ، شىركەتنىڭ ئىزاھات بېرىشى ۋە جاۋاب بېرىشى تەلەپ قىلىندى.

3) مەخسۇس تور بويىچە تەكشۈرۈپ، نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئىگىلەش. 2003 - يىلى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ سىرتقا قارىتا كېپىل بولۇش، باغلىنىشلىق ئورۇنلارنىڭ پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتنىڭ مەبلىغىنى ئىگىلىشى، توپلانغان مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشى، باغلىنىشلىق سودا قىلىش، پايچىكلارنىڭ پاي ھوقۇقىنى رەنىگە قويۇشى، پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتنىڭ دەۋا ئىشلىرى قاتارلىقلار مەخسۇس تەكشۈرۈلدى.

4) پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتنىڭ خېيىمخەتىرىنى تۈرگە ئايرىپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلىدىغان خېيىمخەتەرنى تۆۋەنلىتىش. تەۋەلىكتىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتنىڭ خېيىمخەتىرى قايتىدىن تۈرگە ئايرىلدى ۋە بايان قىلىندى. 5 شىركەت يۇقىرى خېيىمخەتەرلىك شىركەت، 5 شىركەت 2 - دەرىجىلىك خېيىمخەتەرلىك شىركەت، 3 شىركەت دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك شىركەت، 10 شىركەت ئادەتتىكىچە نازارەت قىلىپ، باشقۇرۇلىدىغان شىركەت دەپ ئايرىلدى.

5) تەدبىر قوللىنىپ، قانۇنىي ئىگىسىنىڭ تۈزەش قۇرۇلمىسى قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. «پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتتە مۇستەقىل مۇدىرىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر» دىكى تەلەپكە ئاساسەن، مۇستەقىل مۇدىر سەپلەشتە تەلەپكە يەتمىگەن شىركەتلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش، دىققەت قىلىش توغرىسىدا ئالاقە تارقىتىلدى. دەسلەپكى قەدەمدە مۇستەقىل مۇدىر ئىختىساسلىقلار ئامبىرى بەرپا قىلىندى. پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ مۇدىرى قوش ۋەزىپە ئۆتەش مەسىلىسىگە نىسبەتەن ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىشخانىسى 5 شىركەتكە نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئالاقىسى تارقاتتى.

6) پېينى بازارغا سالماقچى بولغان شىركەتلەرنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. 2003 - يىل ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىشخانىسى پېينى بازارغا سالماقچى بولغان شىركەتلەرنىڭ يېتەكچىلىك قىلىش، ئەنگە ئالدۇرۇش، تىزىملىتىش، يېتەكچىلىك قىلىش باسقۇچى، يېتەكچىلىك ئەق مەيدانىنى باھالاش، يېتەكچىلىك ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى نازارەتچىلىك، باشقۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش خىزمەتلىرى توغرىسىدا بىر قەدەر تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقاردى. غەربىي شىمال قۇرۇلۇشى قاتارلىق پېينى بازارغا سالماقچى بولغان 4 شىركەتنىڭ پېينى بازارغا سېلىش يېتەكچىلىكىنى ئەق مەيداندا باھالىدى؛ تيەنسىي پەن-تېخنىكا شىركىتى قايتىدىن يوللىغان پاي تارقىتىش توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى ئەق مەيداندا تەكشۈردى. شىلۇڭ توپا قۇرۇلۇشى قاتارلىق پېينى بازارغا سالماقچى بولغان 6 شىركەت يوللىغان يېتەكچىلىك دوكلاتىنى تەكشۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر بەردى. پېينى بازارغا سالماقچى بولغان شىركەتلەرنى ئەنگە ئېلىش ئۆتكىلىنى چىڭىتىپ، كۈنشىننۇڭ قاتارلىق 7 شىركەتنى ئەنگە ئېلىشنى قوبۇل قىلدى، تاغ ئېغىزى ياغاچچىلىق كەسپى قاتارلىق 6 شىركەتنىڭ ئەنگە ئالدۇرۇش سالاھىيىتىنى توختاتتى.

خې جيې

## ئاكسىيە تىجارىتى قىلغۇچى ئاپپاراتلارنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش

1) 2003 - يىلى جۇڭگو ئاكسىيە نازارەتچىلىكى جەمئىيىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن ئىشخانىسى تەۋەلىكىدىكى 31 ئاكسىيە تىجارەت بۆلۈمى ۋە 2 ئاكسىيە شىركىتىنىڭ ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنىڭ قائىدىگە ئۇيغۇنلۇقى، خېيىمخەتەر ئەھۋالىنىڭ تەكتىنى ئېنىقلىدى ۋە نەق مەيداندا تەكشۈردى. ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىچكى تىزگىنلەشنى بەلگىلىشى ۋە ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى، خېرىدارلار سودىسىدا راسچوت قىلىنغان مەبلەغ، زايوم، كارخانا زايومى قاتارلىق خېرىدارلار مەبلىغىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئىشلىتىۋېلىش ئەھۋالىنى، ھاۋالىنى قوبۇل قىلغان سېلىنمىنى باشقۇرۇش كەسپى، شەخسى تىجارەت كەسپىنىڭ كۆلىمى، پايدا - زىيان ۋە قائىدە بويىچە ئىش قىلىش ئەھۋالى، شىركەتنىڭ كەسپىي سېلىنما ئەھۋالى، شىركەتنىڭ پايچىكلار بىلەن باغلىنىشى ۋە پايچىكلارنىڭ شىركەت مەبلىغىنى ئىگىلەش ئەھۋالى، ئۆز تەرەپنىڭ نازارەت قىلىپ، باشقۇرۇش كېلىشىمى، ھېساب ئېچىش ۋە خېرىدارلارنىڭ ماتېرىيالىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى، شىركەتنىڭ سىرتقا كېپىل بولۇش ۋە دەۋا قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى ئۇزۇل - كېسىل تەكشۈردى. نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بايقالغان مەسىلىلەر ھەققىدە «بەلگىلەنگەن قەرەل ئىچىدە تەرتىپكە سېلىپ، تۈزىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى ھەم ئاپپاراتلارنىڭ تەرتىپكە سېلىش، تۈزىتىش نەتىجىسىگە ئاساسەن، قايتا

كۆزدىن كۆچۈردى ۋە نەق مەيداندا ئارىلاپ تەكشۈردى.

2) خېرىدارلار كاپالەت سوممىسىنى نازارەت قىلىش، تىزگىنلەش سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ كاپالەت سوممىسى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىنىپ، تىزگىنلىنىپ، خېرىدارلار مەبلىغىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. كاپالەت سوممىسى مەخسۇس ھېسابىنى يوللاش تەييارلىقىنى بېجىرىش، ئېتىراپ قىلىش، ھېساباتىن كۆتۈرۈۋېتىش قاتارلىق ھېساباتنى ئاساس خاراكتېرلىك باشقۇرۇش خىزمىتى تاماملىنىپ، كاپالەت سوممىسىنى نازارەت قىلىپ، تىزگىنلەش سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ، كاپالەت سوممىسى ھەپتىدە تەپتىش قىلىنىپ، نازارەت قىلىپ، تەكشۈرۈلۈپ، خېرىدارلار مەبلىغىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

خې جيې

## قەرەللىك مال ۋاستىچىلىك شىركەتلىرىنى نازارەت قىلىپ، باشقۇرۇش

1) 2003 - يىلى جۇڭگو ئاكسىيە نازارەتچىلىكى جەمئىيىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن ئىشخانىسى تەۋەلىكىدىكى 4 قەرەللىك مال ۋاستىچىلىك شىركىتىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تاماملىدى. جۇڭگو ئاكسىيە نازارەتچىلىكى جەمئىيىتى شىنجاڭ خۇيخې قەرەللىك مال ۋاستىچىلىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ شىنشىن قەرەللىك مال ۋاستىچىلىك چەكلىك شىركىتى، شىنتيەن قەرەللىك مال ۋاستىچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

2) شىنجاڭ تەۋەسىدىكى 4 قەرەللىك مال ۋاستىچىلىك شىركىتى قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى، قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى تارماق بانكىسى بىلەن كاپالەت سوممىسىنى بىكىنمە ھالەتتە باشقۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى ھەم مەخسۇس مەبلەغ ھېسابى ئېچىشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى تاماملىدى، شىركەتلەر كاپالەت سوممىسىنىڭ بىكىنمە چەمبىرىكىنى سىناق شەكلىدە ھېسابلاپ، تەڭپۇڭلاشتۇرۇش باسقۇچىغا كىردى، 4 شىركەت كاپالەت سوممىسىنى بېكىنمە ھالەتتە ئىشلىتىشكە باشلىدى.

خې جيې

## تەپتىشلىك خىزمىتى

2003 - يىلى جۇڭگو ئاكسىيە نازارەتچىلىكى جەمئىيىتىنىڭ ئۈرۈمچى ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن ئىشخانىسى مەخسۇس تەكشۈرۈش دېلوسى ۋە تۈرلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىدىن 12نى تاماملىدى. 55 ئەرزىيەت ئىشىنى قوبۇل قىلىپ، تەكشۈرۈپ تاماملىدى، بۇنىڭ ئىچىدە پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ 2، ئاكسىيە تىجارەت بۆلۈملىرىنىڭ 17، قەرەللىك مال ۋاستىچىلىك شىركەتلىرىنىڭ 14، مەسلىھەت - تەكلىپ 19، قانۇنسىز سودا 3 قېتىم. 2 سان ئەرزىيەت قىسقا خەۋىرى چىقىرىلدى.

2003 - يىلى قاراشلىق رايوندا 4 قېتىملىق قانۇنسىز ئاكسىيە، قەرەللىك مال تىجارىتى پائالىيىتى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە، 2 قېتىملىقى چەت ئەلدە تاشقى پېرېۋوت قەرەللىك مال سودىسى ۋەتاشقى پېرېۋوتنى ئالتۇن بويىچە سودىلىشىش قانۇنسىز پائالىيىتى.

خې جيې

## ئاكسىيە بازىرىنىڭ خېيىمخەتىرىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى پەسەيتىش

2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ قۇلماق پاي چەكلىك شىركىتى (تۈۋەندە قىسقارتىلىپ شىركەت، دەپ ئاتىلىدۇ) نىڭ مۇدىرى ئەكرەم ئەيسايوف رۇخسەتسىز كېتىپ قېلىپ، ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتىپ، شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى ۋە ئاكسىيە بازىرىغا بىر قەدەر كۆچلۈك سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى. ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىشخانىسى تېز ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئۆز ۋاقتىدا خېيىمخەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى پەسەيتىشنىڭ بىر قاتار تەدبىرلىرىنى قوللاندى.

1. تەۋەلىكتىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرگە شىر كەتنىڭ ئىچكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، مالىيە خېيىمخەتىرىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش ئالاقىسى تارقاتتى؛ پېيى بازارغا سېلىنغان 7 شىركەتكە باغلىنىشلىق تەرەپ ئىگىلىگەن مەبلەغنى ۋە سىرتقا كېپىللىك قىلىش مەسىلىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلاپ، ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىپ نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئالاقىسى چۈشۈردى؛ پېيى بازارغا سېلىنغان 5 شىركەتكە مۇدىر قوش ۋەزىپە ئۆتەشنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش، دىققەت قىلىش ئالاقىسى تارقاتتى.

2. تەۋەلىكتىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ئالىي باشقۇرغۇچىلىرىغا ئىبرەت تەربىيىسى بېرىلدى. تەۋەلىكتىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەردىن خېيىمخەتەر نۇقتىسىنى ئۆزى تەكشۈرۈپ، خېيىمخەتەرنى تەدرىجىي پەسەيتىش تەلەپ قىلىندى؛ پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ خېيىمخەتىرى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈلدى، تاللاپ نەق مەيدانغا بېرىپ، مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈلدى.

3. قۇلماق پېيىنى ئالغانلار كۆپرەك بولغان ئاكسىيە

ئاپپاراتلىرىنى نازارەت قىلىپ، باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىشخانىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە بىخەتەرلىكىنى قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تۈزۈكسىز ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

خې جيې

شىنجاڭدىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ 2003 ـ يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

| شىركەت نامى | بازارغا سالغان ۋاقتى | بازارغا سالغان سودا ئورنى | تارقاتقان چاغدىكى پاي دەسمايىسى (تۈمەن پاي) | | تارقىتىپ يىغىلغان مەبلەغ (تۈمەن يۈەن) | 2003 ـ يىل ئاخىرىدىكى پاي دەسمايىسى (تۈمەن پاي) | | 2003 ـ يىلى يەخىلغان جەمئىي مەبلەغ (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئومۇمىي پاي دەسمايىسى | ئوبوروت پاي دەسمايىسى | | ئومۇمىي پاي دەسمايىسى | ئوبوروت قىلىنغان پاي دەسمايىسى | |
| ئومۇمىي جەمئىي | | | 341668 | 125785 | 725288 | 741158 | 289172 | 1043886 |
| خۇڭيۈەن ھاۋالە شىركىتى | 1994 | شېنجېن سودا ئورنى | 17500 | 4500 | 10550 | 60875 | 24246 | 76971 |
| شىنجاڭ جۇڭخې شىركىتى | 1996 | شاڭخەي سودا ئورنى | 7953 | 2025 | 9450 | 10340 | 2925 | 9450 |
| بەيخۇاسوڭ | 1996 | شاڭخەي سودا ئورنى | 6128 | 2700 | 10800 | 9480 | 4650 | 19500 |
| خۇيتوڭ سۇچىلىقى | 1996 | شېنجېن سودا ئورنى | 5000 | 1250 | 7062 | 23318 | 9596 | 17270 |
| دوستلۇق گۇرۇھى | 1996 | شاڭخەي سودا ئورنى | 10700 | 2700 | 10607 | 31149 | 17131 | 51157 |
| شىنجاڭ تۇنخې | 1997 | شاڭخەي سودا ئورنى | 7000 | 1750 | 9400 | 80560 | 40629 | 44400 |
| قۇلماق شىركىتى | 1997 | شاڭخەي سودا ئورنى | 8000 | 3000 | 11523 | 36792 | 17412 | 24877 |
| شىنجاڭ تيەنيې | 1997 | شاڭخەي سودا ئورنى | 6300 | 2430 | 16896 | 22680 | 9720 | 43482 |
| ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى | 1997 | شاڭخەي سودا ئورنى | 8168 | 3000 | 14820 | 25949 | 13043 | 55830 |
| شىنتيەن خەلقئارا شىركىتى | 1997 | شاڭخەي سودا ئورنى | 8600 | 2700 | 24071 | 23518 | 8923 | 32887 |
| تەڭرىتاغ توقۇمىچىلىقى | 1998 | شېنجېن سودا ئورنى | 18782 | 4230 | 20783 | 36346 | 10998 | 40571 |
| تەڭرىتاغ پاي ھەسسىدارلىقى | 1999 | شاڭخەي سودا ئورنى | 12946 | 4500 | 26394 | 17335 | 7800 | 44044 |
| شىنخۇڭ تەرەققىياتى | 1999 | شاڭخەي سودا ئورنى | 29400 | 9000 | 32905 | 32100 | 11700 | 63420 |
| ئىلى ئالاھىدە ھارىقى | 1999 | شاڭخەي سودا ئورنى | 22050 | 7500 | 45375 | 22050 | 7500 | 45375 |
| شىنجۇڭجى | 2000 | شاڭخەي سودا ئورنى | 12459 | 4500 | 21011 | 12459 | 4500 | 21011 |
| گۇاڭخۇي پاي ھەسسىدارلىقى | 2000 | شاڭخەي سودا ئورنى | 35378 | 5000 | 31652 | 72172 | 20400 | 31652 |
| خەلقئارا ئوقەتچىلىك | 2000 | شېنجېن سودا ئورنى | 17179 | 7000 | 39837 | 17179 | 7000 | 39837 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ماركور پاي ھەسسەدارلىقى | 2000 | شائخەي سو-دا ئورنى | 9208 | 4000 | 50923 | 11050 | 4800 | 50923 |
| تيەنلى يۇقىرى تېخنىكىسى | 2000 | شائخەي سو-دا ئورنى | 17000 | 6000 | 42653 | 35700 | 12600 | 42653 |
| شىنجاڭ تيەنخۇڭ شىركىتى | 2001 | شائخەي سو-دا ئورنى | 8016 | 3000 | 16633 | 8016 | 3000 | 16633 |
| نەشپۇت پاي ھەسسەدارلىقى | 2001 | شائخەي سو-دا ئورنى | 16050 | 5000 | 23141 | 16050 | 5000 | 23141 |
| تيەنفۇ تېرمو ئېلېكتر | 2002 | شائخەي سو-دا ئورنى | 16909 | 6000 | 42000 | 25363 | 9000 | 42000 |
| «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر شىركىتى | 2002 | شائخەي سو-دا ئورنى | 40943 | 13000 | 95940 | 49131 | 15600 | 95940 |
| گۇەنئۇڭ پاي ھەسسەدارلىقى | 2003 | شائخەي سو-دا ئورنى | 12000 | 4000 | 21610 | 12000 | 4000 | 21610 |
| يېشىل قارىغاي بىناكارلىق خىمىيە سانائىتى شىركىتى | 2003 | شائخەي سو-دا ئورنى | 18493 | 6000 | 24265 | 18493 | 6000 | 24265 |
| شىنجاڭ شەھەر قۇرۇلۇشى | 2003 | شائخەي سو-دا ئورنى | 16054 | 6000 | 33546 | 16054 | 6000 | 33546 |
| شىنسەي پاي ھەسسەدارلىقى | 2003 | شائخەي سو-دا ئورنى | 15000 | 5000 | 31441 | 15000 | 5000 | 31441 |

خې جيې

# مۇھىت ئاسراش

## مۇھىت باشقۇرۇش

### مۇھىت ئاسراش ھەققىدە ئومۇمىي بايان

ئاپتونوم رايون 2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، ئۆتكەن 5 يىللىق مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى خۇلاسىلىدى؛ چوڭ - چوڭ ئېكولوگىيە تۈرلىرى ئارقىلىق ھەل قىلىنىدىغان گەۋدىلىك مۇھىت مەسىلىلىرىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى 5 يىللىق مۇھىت ئاسراش خىزمىتى ھەققىدىكى پىكىر يولىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ 2003 - يىلى نۇقتىلىق ئىلگىرى سۈرۈلىدىغان 10 تۈرلۈك خىزمەت بىلەن مۇھىت ئاسراشقا دائىر 10 تۈرلۈك تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى بېكىتتى؛ 2002 - يىلى مۇھىت ئاسراش بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەتنامە بولغا قويۇشتا نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان بايىنغولىن ئوبلاستى بىلەن ئاقسۇ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى تەقدىرلىدى. جۇڭگو مۇھىت ئاسراش ئىشلىرىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى 2002 - يىللىق شىنجاڭنىڭ مۇھىت سۈپىتى ئەھۋالىغا دائىر ئاخبارات ئېلان قىلىندى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك مۇھىت ئۆلچەش - تەكشۈرۈش كەسپىگە ئىشلىتىلىدىغان ئۆي قۇرۇلۇشى تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا مەبلەغ سېلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، شۇ يىلى 37 تۈردە قۇرۇلۇش باشلاندى.

مەملىكەتنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، قانۇنسىز بۇلغىما قويۇپ بېرىدىغان كارخانىلارنى ئېنىقلاش ۋە تەرتىپكە سېلىش، ئاممىنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش بويىچە مۇھىت ئاسراش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدا كارخانىلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ بۇلغىما قويۇپ بېرىشىگە دائىر 10 چوڭ تىپىك دېلو ئاشكارىلاندى، رادىئاكتىپ مەنبەسىنى تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، 3 قانۇنسىز كارخانا بىلەن 2 رادىئاكتىپلىق بۇلغاش ھادىسىسى قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىندى. ئورگاننىڭ يېمەكلىك بازىسى بەرپا قىلىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش خىزمىتى يولغا قويۇلدى، شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئىقتىدار رايونى پىلانىنى تۈزۈشكە تەشكىلاتچىلىق قىلىندى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت تەكشۈرۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. پاكىز ئىشلەپچىقىرىش سىناق قىلىنىدىغان كارخانىلاردىن شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) شىركىتى بىلەن «تۇنخې چاڭتۇڭ» شوخلا مەھسۇلاتلىرى شۆبە شىركىتى بۇ جەھەتتە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. جايلار «سارس»نىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئاچقۇچ قىلىپ تۇرۇپ، داۋالاشتىن چىققان بۇلغىما - ئەخلەتلەرنى بىرتەرەپ قىلىشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ۋە يېزىلاردىكى ئىچىملىك سۇ مەنبەسى بىلەن دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى باقمىچىلىقنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى.

ليۇ جىڭ

### مۇھىتقا دائىر سىياسەت تەتقىقاتى ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ گوۋۇيۈەنىڭ ‹بۇلغىما چىقىرىۋېتىش ھەقلىرىنى يىغىش - ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش نىزامى›نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى تەستىقلاپ تارقاتتى، «ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي بايلىقنى ئېچىشتا مۇھىت ئاسراشنى باشقۇرۇش نىزامى» بىلەن «لوپنۇر ياۋا تۆگىسى دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى. شۇ يىلى مۇھىت ئاسراش جەھەتتە مەمۇرىي جازا بېرىلگەن دېلو 872گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 564ى كۆپەيدى؛ جازا بېرىلگەن دېلولارنىڭ جەرىمانە سوممىسى 3 مىليون 196 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليون 784 مىڭ 300 يۈەن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرى بىر تەرەپ قىلغان دېلو 411 بولۇپ، بىرتەرەپ قىلىنغان دېلولارنىڭ 47.1%نى ئىگىلىدى؛ جەرىمانە سوممىسى 1 مىليون 159 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي جەرىمانە سوممىسىنىڭ 36.3%نى ئىگىلىدى. مۇھىت مەمۇرىيىتى جەھەتتە قايتا قاراپ چىقىدىغان دېلودىن 6سى قوبۇل قىلىندى.

ليۇ جىڭ

### قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتىنى باشقۇرۇش

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 2074 قۇرۇلۇش تۈرى

مۇھىت تارماقلىرىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىت تەسىرىگە دائىر دوكلاتنامە تۈزۈلگىنى 100 بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 29.9%، دوكلات جەدۋىلى تۈزۈلگىنى 404 بولۇپ، 52.5%، تىزىملاش جەدۋىلى تولدۇرۇلغىنى 1570 بولۇپ، 74.4% كۆپەيدى. يولغا قويۇلىدىغان تۈرلەردىن مۇھىت ئاسراشقا 1 مىليارد 290 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ 2002 - يىلدىكىدىن 15% كۆپ بولۇپ، مەلۇم قىلىنغان تۈرلەرگە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 68.4% نى ئىگىلىدى.

2003 - يىلى 60 چوڭ، ئوتتۇرا قۇرۇلۇش تۈرى مۇھىت ئاسراش جەھەتتىن ئالدىن تەكشۈرۈلدى، 2 تۈر تەستىقلانمىدى. 85 ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش تۈرى مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىغا مەلۇم قىلىنىپ تەستىقلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دوكلات جەدۋىلى 56، دوكلاتنامە 18، تىزىملاش جەدۋىلى 11. يولغا قويۇلىدىغان تۈرلەرگە 1 مىليارد 908 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، مۇھىت ئاسراشقا 63 مىليون 921 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

دۇڭ يامىڭ، شيې دۇڭچىڭ

## مۇھىت تەپتىشلىكى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتى ش ئۇ ئا ر مۇھىت تەپتىشلىك پونكىتىنىڭ نامىنى ش ئۇ ئا ر مۇھىت تەپتىشلىكى باش ئەترىتى قىلىپ ئۆزگەرتىشنى تەستىقلىدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ شۇ بويىچە ئۆزگەرتتى. بۇ ئەترەت شۇ يىلى غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، تارىم دەرياسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش تۈرى قاتارلىق دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق تۈردىن 4 تۈر، 23 ئاشىيول قۇرۇلۇشى تۈرى ئۈستىدە تەپتىشلىك قىلدى.

لىيۇ خەنفېڭ

## بۇلغىما قويۇپ بېرىشتىن ھەق ئېلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە بۇلغىما قويۇپ بېرىشتىن ئېلىنغان ھەق 120 مىليون 239 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 31% ئاشتى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلار شۇ يىلى بىۋاسىتە ئالغان ھەق 31 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 4 مىليون 880 مىڭ يۈەن ئاشتى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەردەرىجىلىك مالىيىلەر بۇلغىما قويۇپ بېرىش ھەققىدىن 27 مىليون 955 مىڭ 800 يۈەن تۈزەش خىراجىتى ئاجرىتىپ، ئۇنى 98 تۈزەش تۈرىگە ئىشلەتتى.

جىڭ چېن

## مۇھىت تەشۋىقاتى ۋە تەربىيىسى

2003 - يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» شىنجاڭدىكى ئاساسلىق شەھەرلەرنىڭ ھاۋا سۈپەت ئەھۋالىنى كۈن ئارىلاپ مەلۇم قىلدى. مۇھىت تارماقلىرى «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ، «ھويلا - ئارامنى قوغدايلى»، «ھەرلا يەرشارى بار»، «60 مىنۇتلۇق خەۋەردە مۇھىت ئاسراشقا نەزەر»، «مۇھىت ئاسراشقا قاتنىشايلى» قاتارلىق مەخسۇس پروگراممىلارنى يولغا قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك مۇھىت ئاسراش بويىچە ياخشى خەۋەرلەرنى باھالاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، 109 ئەسەر بۇ پائالىيەتكە قاتناشتۇرۇلدى، 34 ى مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۇلاردىن 3 ى مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك «دۇبالڭ لوڭقىسى» مۇھىت ئاسراش بويىچە ياخشى خەۋەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش مەزگىلىدە مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى، دوختۇرخانىلار، يېزا - كەنتلەر ئۈچۈن «ئىككىلەمچى بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش بويىچە مۇھىت ئاسراش ئۆلچىمى تەشۋىقات قوللانمىسى» نى تۈزۈپ، ئاساسىي قاتلامدىكى مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىغا ۋە 50 تىن ئارتۇق كارىۋىتى بار دوختۇرخانىلارغا تارقىتىپ بەردى. «مۇھىت تەسىرىنى باھالاش قانۇنى»، «پاكىزە ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنى» ۋە «بۇلغىما قويۇپ بېرىش ھەققىنى يىغىش ۋە ئۇنى ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش نىزامى» نى تەشۋىق قىلدى. «يېشىل مەكتەپ» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇردى، دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسى بىلەن مائارىپ مىنىستىرلىكى 3 مەكتەپكە «ئىلغار مەكتەپ» دەپ، 3 خىزمەتچىگە «ئىلغار خىزمەتچى» دەپ، 3 ئوقۇتقۇچىغا «باغۋەن» دەپ نام بەردى.

ئايگۈل

## ئىلغار ئورۇنلارنى تەقدىرلەش

2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراش قۇرۇلۇشىدىكى 4 ئىلغار ئورۇن، يەنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە شامالئۆتەڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، قاراماي شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى (ئاھالىلەر تۈرالغۇ رايونىنىڭ مۇھىت قۇرۇلۇشىدا ئىلغار شەھەر) بىلەن مۇھىت ئاسراشتىكى 5 ئىلغار كارخانا، يەنى مايتاغ نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتى، تۈرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى ۋېنمى بىرلەشمە پونكىتى، شىنجاڭ پاپىروس زاۋۇتى، تۇنخې دۆربىلجىن شۆبە سېمونت زاۋۇتى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك

شىركىتىنى تەقدىرلىدى. 2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ۋە تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى جاڭ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى ۋە - تېخىمۇ ئارقىلىق گۈزەللەشتۈرۈشتىكى ئىلغار شەخس بولدى. ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ۋە تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى لى ژېيدۇڭ شياڭگاڭ «يەر شارى دوستى» جەمئىيىتى تارقاتقان 7 - نۆۋەتلىك «يەر شارى مۇكاپاتى» نى ئالىدىغان مۇكاپاتقا، «شەھەر ئىستىمالى سەھەر گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى دەي جياڭنەن «يەر شارى مۇكاپاتى» نىڭ ئاخبارات مۇكاپاتىغا، بىكتۇەن 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ «كىچىك مۇھىت ئاسرىغۇچىلار» ئەترىتى «يەر شارى مۇكاپاتى» نىڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئايگۈل

## مۇھىت ئاسراشقا مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەشكە 4 مىليارد 81 مىليون 407 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ شۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 2.21%نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە كونا سانائەتنىڭ بۇلغىما مەنبەسىنى تۈزەشكە سېلىنغىنى 265 مىليون 88 مىڭ يۈەن، «ئۈچنى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىش» تۈرىدىكى مۇھىت ئاسراشقا سېلىنغىنى 689 مىليون 209 مىڭ يۈەن، بۇ 2 تۈر شۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 0.52%نى ئىگىلىدى؛ شەھەرلەرنىڭ مۇھىت ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 3 مىليارد 127 مىليون 110 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ شۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 1.69%نى ئىگىلەيدۇ. مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەشكە سېلىنغان مەبلەغدىن كىرەكسىز گازنى بىر تەرەپ قىلىشقا سېلىنغىنى 2 مىليارد 598 مىليون 994 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 63.68%نى ئىگىلىدى؛ يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىشقا سېلىنغىنى 784 مىليون 798 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 19.23%نى ئىگىلىدى؛ كېرەكسىز قاتتىق نەرسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا سېلىنغىنى 165 مىليون 450 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 4.05%نى ئىگىلىدى. سانائەت بۇلغىمىلىرىنى تۈزەش مۇئەسسەسەلىرىنى يۈرۈشتۈرۈش خىراجىتى 354 مىليون 305 مىڭ يۈەن بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك مۇھىت ئاسراش ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇھىت باشقۇرۇش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىغا 39 مىليون 167 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

شى شۆبېي

## مۇھىت بۇلغىنىش ھادىسىلىرى

2003 - يىلى شىنجاڭدا 7 قېتىم مۇھىت بۇلغىنىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 1 مىليون 562 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان كۆرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە پەۋقۇلئاددە چوڭ ھادىسە 3، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليون 484 مىڭ يۈەن، چوڭ ھادىسە بىر، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 50 مىڭ يۈەن، چوڭراق ھادىسە بىر، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 20 مىڭ يۈەن؛ ئادەتتىكى بۇلغىنىش ھادىسىسى 2، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 8000 يۈەن. بۇلغىنىش ھادىسىلىرىنى تۈرگە ئايرىغاندا، سۇ بۇلغىنىش ھادىسىسى 4، زىيان 1 مىليون 292 مىڭ يۈەن؛ كېرەكسىز قاتتىق نەرسىلەرنىڭ بۇلغاش ھادىسىسى بىر، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 20 مىڭ يۈەن؛ باشقا بۇلغىنىش ھادىسىسى 2، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 250 مىڭ يۈەن. بۇلغىنىش ھادىسىسىدە زىيانغا ئۇچرىغان زىرائەت كۆلىمى 31 مىليون 888 مىڭ كۋادرات مېتىر، بۇلغانغان بېلىق كۆلچىكى 200 مىڭ كۋادرات مېتىر، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ زىيانغا ئۇچرىغان كۆلىمى 600 كۋادرات مېتىر. بۇلغاش ھادىسىسىگە 20 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى، 100 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

شۇ شىڭ

# تەبىئىي ئېكولوگىيىنى قوغداش

## تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

شىنجاڭ بويىچە 2003 - يىلدىكى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى 26، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 214 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاپتونوم رايون يەر كۆلىمىنىڭ 12.89% نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى 7، يەرلىك دەرىجىلىكى 19. شىنجاڭ لوپنۇر ياۋا تۆگە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى بىلەن تۆمۈر چوققا تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قىلىندى.

يۈەن لېي

شىنجاڭ بويىچە 2003 - يىلدىكى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى

| تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى | تۈرى | كۆلىمى (گېكتار) | ئاساسلىق قوغدىلىدىغان ئوبيېكت | قۇرۇلغان ۋاقتى | دەرىجىسى | كەسپكە مەسئۇل تارماق |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | چاقىلىق ناھىيىسى | 4500000 | ئېگىزلىك چۆل ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1983 | دۆلەت دەرىجىلىك | مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| لوپنۇر ياۋا تۆگە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | بايىنغولىن ئوبلاستى تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى | 7800000 | ياۋا قوش لوككىلىق تۆگە ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1986 | دۆلەت دەرىجىلىك | مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى |
| قاناس تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | بۇرچىن ناھىيىسى | 220162 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1980 | دۆلەت دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| تۆمۈر چوققا تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | ئونسۇ ناھىيىسى | 125637 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1980 | دۆلەت دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| غەربىي تەڭرىتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | توققۇزتارا ناھىيىسى | 31217 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1983 | دۆلەت دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| گەنجاخۇ سۆكسۆك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | شىخۇ شەھىرى، جىڭ ناھىيىسى | 54667 | سۆكسۆك ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1983 | دۆلەت دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| بايىنبۇلاق ئاق قۇ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | خېجىڭ ناھىيىسى | 100000 | نەم يەر ۋە ئاق قۇ | 1986 | دۆلەت دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| ئارشاڭ ناھىيە سالماندىرا تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | ئارشاڭ ناھىيىسى | 694.5 | شىنجاڭ سالماندىراسى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1997 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | مۇھىت ئاسراش تارمىقى |
| بوغدا كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | فۇكاڭ شەھىرى | 38069 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1980 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| ئىلى كىچىك يوپۇرماقلىق ياسىن دەرىخى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | غۇلجا ناھىيىسى | 404.67 | كىچىك يوپۇرماقلىق ياسىن دەرىخى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1983 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| توققۇزتارا ياۋا ياڭاق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | توققۇزتارا ناھىيىسى | 1180 | ياۋا ياڭاق ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1983 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| تارباغاتاي ياۋا بادام تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | چاغانتوقاي ناھىيىسى | 1500 | ياۋا بادام ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1980 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| تارىم توغراق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | لوپنۇر، بۈگۈر ناھىيىلىرى | 395420 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1983 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| قورغاس ناھىيە تۆت پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | قورغاس ناھىيىسى | 27000 | تۆت پەنجىلىك تاشپاقا ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1983 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| قارامايلى تۇياقلىقلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | كۆكتوقاي، گۇچۇڭ ناھىيىلىرى | 1800000 | ياۋايى ھايۋانات قاتارلىقلار | 1986 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| تاشقورغان ئەتىۋارلىق ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | تاشقورغان ناھىيىسى | 1500000 | ياۋايى ھايۋانات قاتارلىقلار | 1986 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| بۆلغۈن قۇندۇز تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | جىڭ ناھىيىسى | 5000 | قۇندۇز ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1980 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| كۆنەس ناھىيە تافلىق يەر چىملىق تۈزلەڭلىكى ئوتلاق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | كۆنەس ناھىيىسى | 65300 | تافلىق يەر چىملىق تۈزلەڭلىكى ئوتلاق ئېكولوگىيىسى | 1986 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | چارۋىچىلىق تارمىقى |
| بۇرژۇلتوقاي ناھىيە جىنتاس تافلىق يايلاق تۈزلەڭلىكلەر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | بۇرژۇلتوقاي ناھىيىسى | 56700 | تافلىق يەر چىملىق تۈزلەڭلىكى ئوتلاق ئېكولوگىيىسى | 1986 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | چارۋىچىلىق تارمىقى |
| گۇچۇڭ ناھىيە چۆل ئوتلىقى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | گۇچۇڭ ناھىيىسى | 38600 | چۆل ئوتلىقى ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1986 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | چارۋىچىلىق تارمىقى |
| ئىلى قاراھەرە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | ئىلى ئوبلاستى | | شىنجاڭ قاراھەرىسى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1980 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | دېھقانچىلىق تارمىقى |
| ئېبىنۇر كۆلى نەم يەر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | بورتالا ئوبلاستى | 267085 | ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك | 2000 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| شارشىل تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | بورتالا ئوبلاستى | 22000 | ئورمان ۋە ياۋايى ھايۋانات | 2000 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| ئالتاي ئىككى دەريا مەنبەسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | ئالتاي ۋىلايىتى | 1130000 | ئېكولوگىيە سىستېمىسى ۋە بوغا | 2001 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| ئالتاي كۆكسۇ نەم يەر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | ئالتاي ۋىلايىتى | 30666. 67 | نەم يەر | 2001 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| ئوتتۇرا كۇئېنلۇن تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | چەرچەن ناھىيىسى | 3200000 | تىبەت بۆكىنى | 2001 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |

يۈەن لىي

## شىنجاڭدىكى دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيە ئۆلگە رايونى

| نامى | تەستىقلانغان ۋاقتى | تۈركۈمى | كۆلىمى (گېكتار) |
|---|---|---|---|
| ساۋەن ناھىيە ئېكولوگىيە ئۆلگە رايونى قۇرۇلۇشى سىناق نۇقتىسى | 1996 | 1 - تۈركۈم | 1311000 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى ئېكولوگىيە ئۆلگە رايونى | 1997 | 2 - تۈركۈم | 10300 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونى ئېكولوگىيە ئۆلگە رايونى قۇرۇلۇشى سىناق نۇقتىسى | 1999 | 4 - تۈركۈم | 12170 |
| قۇمۇل شەھىرى ئېكولوگىيە ئۆلگە رايونى قۇرۇلۇشى سىناق نۇقتىسى | 1999 | 4 - تۈركۈم | 8503500 |
| فۇكاڭ شەھىرى ئېكولوگىيە ئۆلگە رايونى قۇرۇلۇشى سىناق نۇقتىسى | 1999 | 4 - تۈركۈم | 100000 |
| قۇتۇبى ناھىيە ئېكولوگىيە ئۆلگە رايونى قۇرۇلۇشى سىناق نۇقتىسى | 2001 | 6 - تۈركۈم | 64000 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| بۇرچىن ناھىيە ئېكولوگىيە ئۇلگە رايونى قۇرۇلۇشى سىناق نۇقتىسى | 2001 | 6 ـ تۈركۈم | 1054030 |
| شىخەنزە شەھىرى ئېكولوگىيە ئۇلگە رايونى قۇرۇلۇشى سىناق نۇقتىسى | 2002 | 7 ـ تۈركۈم | 4600 |

شيې دۇڭيلاڭ

## ئېكولوگىيىلىك ئۇلگە رايونى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيىلىك ئۇلگە رايونىدىن 8 ى بار بولدى، ئۇلاردىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سايباغ رايونى 1999 ـ يىلى دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتكەن ۋە شۇنداق نام بېرىلگەن. ئاپتونوم رايون بويىچە ئېكولوگىيىلىك ئۇلگە رايونلارنىڭ كۆلىمى 11 مىليون 59 مىڭ 600 گېكتارغا يېتىپ، ئاپتونوم رايون يەر كۆلىمىنىڭ %9 .6نى ئىگىلىدى.

شيې دۇڭيىلىڭ

## ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى

2003 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىغا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون 820 مىليون يۈەن قۇرۇلۇش مەبلىغى سالدى، ئورمان بەرپا قىلىش، كۆكەرتىشكە جەمئىيەتنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق 1 مىليارد 534 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 306 مىڭ 700 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى ۋە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇ 2002 ـ يىلدىكىدىن 69 مىڭ 200 گېكتار كۆپ. ئورمانچىلىقتىكى 5 چوڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ئوڭۇشلۇق ئىشلەندى، 184 مىڭ 700 گېكتار يەر بوشتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىندى. «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنىنىڭ 4. قارارلىق قۇرۇلۇشىدا 178 مىڭ 700 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 524 مىڭ 500 گېكتار ئوتلاقنى قوغداش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى، 426 مىڭ 700 گېكتار يەر چارۋىچىلىقتىن ئوتلاققا قايتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋا بېقىش چەكلەنگەن يەر 266 مىڭ 700 گېكتار، دەم ئالدۇرۇلغان يەر 120 مىڭ گېكتار، رايونغا ئايرىپ نۆۋەتلەشتۈرۈپ مال بېقىلىدىغان يەر 40 مىڭ گېكتار.

2003 ـ يىلى تارىم دەرياسى ۋادىسىنى يېقىنقى مەزگىللىك ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 104 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئېبىنۇر كۆلى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۈكسەك ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىدە ئېبىنۇر كۆلى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى بۇ تۈرگە باشلامچىلىق قىلىشنى ئۈستىگە ئالدى.

شيې دۇڭيىلاڭ

# مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ۋە پەن ـ تېخنىكا

## مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت سۈپىتىگە دائىر ئاخباراتى بىلەن مۇھىت ستاتىستىكىسىغا دائىر ئاخباراتىنى ئېلان قىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇھىت سۈپىتى يىللىق مەلۇماتى، مۇھىت ستاتىستىكا يىللىق مەلۇماتى، رادىئاتسىيىلىك مۇھىت سۈپىتى يىللىق مەلۇماتىنى تۈزدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 17 شەھەردە گۈڭگۈرت ( Ⅳ ) ئوكسىدى، ئازوت ( Ⅳ ) ئوكسىدى، لەيلىمە دانىچە ماددىلار



مەنزىرىسى گۈزەل قاناس تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى.
ما چېن فوتوسى

ئۆلچەپ تەكشۈرۈلدى (ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزە شەھەرلىرىدە ھاۋانى ئاپتوماتىك ئۆلچەپ تەكشۈرۈش سىستېمىسى ئورنىتىلىپ، سۈمۈرۈۋېلىنىدىغان دانىچە ماددىلارنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى). ھاۋا سۈپىتى توغرىسىدا 182 سان كۈن ئارىلاپ مەلۇمات بېرىلدى؛ ئاپتونوم رايوندىكى 20 ئاساسلىق دەريا، 17 شەھەردىكى 26 ئىچىملىك سۇ مەنبەسىنىڭ سۇ سۈپىتى ئۆلچەپ تەكشۈرۈلدى، 17 شەھەرنىڭ ھاۋا سۈپىتى، ئىچىملىك سۇ مەنبەسىنىڭ سۇ سۈپىتى ۋە 20 ئاساسلىق دەريانىڭ سۇ سۈپىتى توغرىسىدا «شىنجاڭنىڭ مۇھىت سۈپىتى ئەھۋالىغا دائىر ئانالىز» ناملىق 12 سان ئايلىق مەلۇمات، 4 سان پەسىللىك مەلۇمات تۈزۈلدى؛ قۇم بوران، چاڭ - توزاننى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، «قۇم بوران ، چاڭ - توزاننى جىددىي پەيتتە تەكشۈرۈپ ئۆلچەش لايىھىسى» تۈزۈپ چىقىلدى، 17 شەھەردە كۆرۈلگەن قۇم - بوران، چاڭ - توزان ئەھۋالى ۋاقتىدا ئۆلچەپ تەكشۈرۈلۈپ، «2003 - يىللىق جىددىي پەيتتە ئۆلچەپ تەكشۈرۈلگەن قۇم - بوران، چاڭ - توزانغا دائىر تېز خەۋەرلەر كېزىتى» 36 سان چىقىرىلدى؛ مەملىكەتنىڭ 1 - قېتىملىق كىسلاتالىق يامغۇرنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئۆلچەش لايىھىسىگە ئاساسەن، 17 شەھەردە كىسلاتالىق يامغۇر ئۆلچەپ تەكشۈرۈلۈپ، دۆلەت مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش باش پونكىتىغا «ئاپتونوم رايوندىكى 17 شەھەردە ياغقان كىسلاتالىق يامغۇرنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈشكە دائىر ستاتىستىكىلىق ئانالىز» دېگەن نامدا 2 سان پەسىللىك مەلۇمات، بىر سان يىللىق مەلۇمات يوللاندى. ئاپتونوم رايوندىكى 16 شەھەرنىڭ شاۋقۇن مۇھىتىنىڭ سۈپىتى ئۆلچەپ تەكشۈرۈلدى. 8 كۆل (سۇ ئامبىرى) ۋە تارىم، ئىلى، ئېرتىش دەريالىرىنىڭ دېھقانچىلىق دورىسى بىلەن بۇلغىنىش ئەھۋالى 2 قارار ئۆلچەپ تەكشۈرۈلدى. ئاپتونوم رايوندىكى نۇقتىلىق بۇلغىما مەنبەلىرى نازارەت قىلىش خاراكتېرىدە ئۆلچەپ تەكشۈرۈلۈپ، 6 سان قوش ئايلىق مەلۇمات تۈزۈلدى. تارىم دەرياسىنى يېقىنقى مەزگىللىك ئۈنىۋېرسال تۈزەش تۈرى بويىچە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۆلچەپ تەكشۈرۈشكە دائىر 4 سان پەسىللىك مەلۇمات ۋە يىللىق مەلۇمات تۈزۈلدى. رادىئاتسىيىلىك بۇلغىما مەنبەسى بىلەن رادىئاتسىيىلىك مۇھىتنىڭ سۈپىتىگە دائىر ئەھۋاللار ئۆلچەپ تەكشۈرۈلدى، شىنجاڭ رۇدا تاۋلاش ئىدارىسىنىڭ سابىق «734» زاۋۇتى ئۆز ئالدىغا قېزىۋالغان يادرو سانائىتىدە ئىشلىتىلگەن تاشلاندۇق تۇرۇبىلارنى ۋە رادىئونوكلىد ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى بازارغا سېلىپ سادىر قىلغان رادىئاكتىپلىق بۇلغاش ھادىسىسىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا، رادىئاتسىيىلىك مۇھىتنى جىددىي پەيتتە ئىنكاس قىلىش سىستېمىسى قوزغىتىلىپ، مۇھىتنىڭ رادىئاكتىپلىق بۇلغىنىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى ياكى ئازايتىلدى.

جاڭ جىڭاڭ

## ئاتموسفېرا مۇھىت سۈپىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدا 3 قېتىم رايون خاراكتېرلىك قۇم - بورانلىق ھاۋارايى، 18 قېتىم دائىرىلىك قۇم - بوران، چاڭ - توزانلىق ھاۋارايى كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بورتالا ئوبلاستىدا كۆرۈلگەن چاڭ - توزانلىق ھاۋارايى بىلەن 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۈرۈمچىدە كۆرۈلگەن قۇم - بوراندىن باشقىلىرى خوتەن، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىدە كۆرۈلدى. قۇم - بوران چىققاندا لەيلىمە دانىچە ماددىلارنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىنىڭ ھەر كۇب مېتىر دائىرىدە 6.46 — 50.65 مىللىگرامغىچە بولغانلىقى ئۆلچەپ چىقىلدى. 2002-يىلىغا قارىغاندا قۇم - بوران، چاڭ - توزانلىق ھاۋارايىنىڭ كۆرۈلۈش قېتىم سانى ئاز، تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى تار، تەسىرى ئاجىز بولدى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ ھاۋاسى يەنىلا چاڭ - توزان ۋە ئىس - تۈتەكتىن بۇلغاندى. شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە ئىس - تۈتەكلىك بۇلغىنىش، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە چاڭ - توزانلىق بۇلغىنىش ئاساسىي ئورۇندا تۇردى. ئاساسلىق بۇلغىمىلار لەيلىمە دانىچە ماددا بىلەن سۈمۈرۈۋېلىنىدىغان دانىچە ماددىلاردىن ئىبارەت.

ئاپتونوم رايوندىكى 16 شەھەردىن ھاۋا سۈپىتى جەھەتتە دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتكىنى 6 بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 3 ى كۆپەيدى، 3 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتكىنى 2، 8 شەھەرنىڭ ھاۋا سۈپىتى دۆلەتنىڭ 3 - دەرىجىلىك ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتتى. ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ ھاۋا سۈپىتى 1 -، 2 - دەرىجىگە يەتكەن كۈن %66.5نى ئىگىلەپ، 2002 - يىلدىكىدىن 8.4 پىرسەنت پوئېنتى كۆپەيدى، كۆپىنچە شەھەرلەرنىڭ ھاۋا سۈپىتىدە كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنىڭ ھاۋا تەركىبىدىكى لەيلىمە دانىچە ماددىلارنىڭ ھەر كۇب مېتىردىكى ئوتتۇرىچە زىچلىقى 0.448 مىللىگرام بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 0.026 مىللىگرام ئازايدى. كۆپىنچە شەھەرلەرنىڭ ھاۋا تەركىبىدىكى لەيلىمە دانىچە ماددىلارنىڭ ئوتتۇرىچە زىچلىقى ئازراق تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، خوتەن، غۇلجا شەھەرلىرىنىڭ ئۆخشىمىغان دەرىجىدە كۆپەيدى.

مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋا سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھاۋا سۈپىتىدىن كۈندىلىك مەلۇمات بېرىشتە 2-دەرىجىلىكتىن ياخشى بولغان كۈن %79.3 نى ئىگىلەپ،

2002 - يىلدىكىدىن 20.1 پىرسەنت پوئىنتى كۆپەيدى؛ 3- دەرىجىلىك بولغان كۈن %16.9نى، 4 - دەرىجىلىك بولغان كۈن %1.6نى، 5 - دەرىجىلىك بولغان كۈن %2.2 نى ئىگىلىدى، 2002 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، 4 -، 5 - دەرىجىلىك بولغان كۈن %7.1 ئازايدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھاۋا تەركىبىدىكى گۈڭگۈرت ( Ⅳ ) ئوكسىدىنىڭ بىر يىلدىكى كۈندىلىك ئوتتۇرىچە قىممىتىنىڭ قويۇقلۇقى 2002 - يىلدىكىگە قارىغاندا ھەر كۇب مېتىردا 0.006 مىللىگرام ئازايدى ( %5.8 تۆۋەنلىدى) ، ئازوت ( Ⅳ ) ئوكسىدىنىڭ بىر يىلدىكى كۈندىلىك ئوتتۇرىچە قىممىتىنىڭ قويۇقلۇقى ھەر كۇب مېتىردا 0.003 مىللىگرام ئازايدى ( %5.2 تۆۋەنلىدى) ، سۈمۈرۈۋېلىنىدىغان دانىچە ماددىلارنىڭ بىر يىلدىكى كۈندىلىك ئوتتۇرىچە قىممىتىنىڭ قويۇقلۇقى ھەر كۇب مېتىردا 0.04 مىللىگرام ئازايدى ( %23.9 تۆۋەنلىدى) . ھاۋا سۈپىتى 2002 - يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، لېكىن سۈمۈرۈۋېلىنىدىغان دانىچە ماددا بىلەن گۈڭگۈرت ( Ⅳ ) ئوكسىدى يەنىلا ئۆلچەمدىن ئارتۇق.

ئەن خەيىەن

## سۇ مۇھىتىنىڭ سۈپىتى

2003 - يىلى 20 دەريا - ئېقىننىڭ 56 كەسمە يۈزىنىڭ سۇ سۈپىتىنى ئايلىق ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ستاتىستىكا نەتىجىسىدىن قارىغاندا، شىنجاڭدىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ سۇ سۈپىتى ئومۇمەن خېلى ياخشى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە 37 كەسمە يۈزنىڭ سۇ سۈپىتى دۆلەتنىڭ 2 - خىل (بىر قەدەر پاكىز) ، 3 - خىل (يېنىك بۇلغانغان) سۇ سۈپىتى ئۆلچىمىگە يەتكەن بولۇپ، بۇلار ئۆلچەپ تەكشۈرۈلگەن كەسمە يۈز سانىنىڭ %66.1 نى ئىگىلەيدۇ؛ 19 كەسمە يۈزنىڭ سۇ سۈپىتى 4 - خىل (ئوتتۇراھال بۇلغانغان) دىن ناچار 5 - خىل (ئېغىر بۇلغانغان) غىچە بولغان سۇ سۈپىتىگە تەۋە بولۇپ، ئۆلچەپ تەكشۈرۈلگەن كەسمە يۈز سانىنىڭ %33.9 نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىق ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن تۈرلەر چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى تۈپى، ئوكسىگېنغا ئېھتىياجلىق بىئوخىمىيىلىك ماددا ۋە ئوكسىگېنغا ئېھتىياجلىق خىمىيىلىك ماددىدىن ئىبارەت. 2002 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا، سۇ سۈپىتى 1 — 3 - خىل ئۆلچەمگە يەتكەن ئۆلچەپ تەكشۈرۈلگەن كەسمە يۈز نىسبىتى %3.6، 4 - خىل سۇ سۈپىتى ئۆلچىمىگە يەتكەن دەريا - ئېقىنلارنىڭ نىسبىتى %7.2 ئۆرلىدى، 5 - خىل ۋە ناچار 5 - خىل سۇ سۈپىتى ئۆلچىمىگە تەۋە دەريا- ئېقىنلارنىڭ كەسمە يۈز نىسبىتى %10.8 تۆۋەنلىدى، دەريا- ئېقىنلارنىڭ سۇ سۈپىتىدە ئومۇمەن ياخشىلىنىش بولدى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 8 كۆل، سۇ ئامبىرىنىڭ 41 تىك سىزىق بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرۈلگەن سۇ سۈپىتى 3 - خىلدىن ناچار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 - خىلدىكى سۇ سۈپىتىنىڭ تىك سىزىقلىق نىسبىتى %24 نى، 5 - خىلدىكى سۇ سۈپىتىنىڭ تىك سىزىقلىق نىسبىتى %27 نى ئىگىلىدى، ناچار 5 - خىلدىكى سۇ سۈپىتىنىڭ تىك سىزىقلىق نىسبىتى كۆپىيىپ %49 كە يەتتى. ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن ئاساسلىق بۇلغىما ماددا ئومۇمىي ئازوت، ئومۇمىي فوسفور ۋە ئوكسىگېنغا ئېھتىياجلىق خىمىيىلىك ماددىدىن ئىبارەت. 2002 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا، 3 - خىلدىكى كۆل، سۇ ئامبىرى سۈيى سۈپىتىنىڭ ئۆلچەپ تەكشۈرۈلگەن تىك سىزىقلىق نىسبىتى %2.5، 4 - خىلدىكىسىنىڭ %9.8 تۆۋەنلىگەن، 5 - خىلدىكىسىنىڭ %2.5، ناچار 5 - خىلدىكىسىنىڭ %9.8 ئۆرلىگەن. ئاساسلىق ئۆزگىرىش ئامىللىرى ئوكسىگېنغا ئېھتىياجلىق خىمىيىلىك ماددا، نېفىت تۈرىدىكىلەر ۋە ئوكسىگېنغا ئېھتىياجلىق بىئوخىمىيىلىك ماددىدىن ئىبارەت. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرۈلگەن كۆل، سۇ ئامبىرى سۈيىنىڭ سۈپىتى ئومۇمەن 2002 - يىلدىكىدىن ناچار بولدى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 17 ئاساسلىق شەھەردىكى 26 مەركەزلەشمە ئىچىملىك سۇ مەنبەسىنىڭ سۈپىتى ھەر ئايدا ئۆلچەپ تەكشۈرۈلدى، ئۇنىڭ نەتىجىسى مۇنداق: ئۈرۈمچىدىكى 3 -، 4 - سۇ زاۋۇتلىرى سۈيىنىڭ ئومۇمىي قاتتىقلىق دەرىجىسى، سولفات كىسلاتالىق تۇزى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن، سۇ سۈپىتى 5 - خىلغا تەۋە بولغان، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەنبەسىدىكى سۇنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى، سولفات كىسلاتالىق تۇزى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن، سۇ سۈپىتى 4 - خىلغا تەۋە بولغاندىن سىرت، قالغان 15 شەھەردىكى 23 سۇ مەنبەسى سۈيىنىڭ سۈپىتى 1 — 3 - خىلغىچە بولغان، بۇ ئاپتونوم رايونىمىز شەھەرلىرىدىكى مەركەزلەشمە ئىچىملىك سۇ مەنبەسى سۈپىتىنىڭ ئومۇمەن ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەن خەيىەن

## شەھەرلەردىكى شاۋقۇن ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر رايونلىرىدا مۇھىت شاۋقۇنىنىڭ تەڭ ئۈنۈملۈك ئاۋاز دەرىجىسى 45.5 — 62.7 دېسىبېل (A) ئارىلىقىدا بولدى، شاۋقۇن مۇھىتى ياخشى بولغان شەھەرلەر %21.4 نى، ياخشىراق بولغان شەھەرلەر %21.4 نى، يېنىك بۇلغانغان شەھەرلەر %50 نى، ئوتتۇراھال بۇلغانغان شەھەرلەر %7.2 نى ئىگىلىدى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، 2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر رايونلىرىنىڭ شاۋقۇن مۇھىتى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى.

2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرۈلگەن قاتناش قول لىنىيىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 704.18 كىلومېتىر، ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن يول بۆلىكى نىسبىتى %31.4 بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر يول قاتنىشىدىكى شاۋقۇننىڭ تەڭ ئۇنۇملۇك دەرىجىسى دائىرىسى 65.3 — 73.1 دېسىبىل (A) ئارىلىقىدا بولدى، يول قاتنىشىدىكى تەڭ ئۇنۇملۇك ئاۋاز دەرىجىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 68.5 دېسىبىل بولۇپ، ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتمىدى. شەھەر يول قاتنىشىدا شاۋقۇن ئاجىز بولغان شەھەر %33.3 نى، ئاجىزراق بولغان شەھەر %53.3 نى، شاۋقۇندىن بىنماك ياكى ئوتتۇراھال بولغانغان شەھەرلەر %6.7 نى ئىگىلىدى. 2002 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا، يول قاتنىشىدا شاۋقۇن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن يول بۆلىكىنىڭ نىسبىتى %8.8 تۆۋەنلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يول قاتنىشىدىكى ئوتتۇرىچە تەڭ ئۇنۇملۇك ئاۋاز دەرىجىسى 0.2 دېسىبىل چۈشتى.

ئەن خەييەن

## ئېكولوگىيىلىك مۇھىت

2003 ـ يىلى ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولۇش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە ئاپتونوم رايوننىڭ قاقاسلىشىش يۈزلىنىشى سەل ـ پەل ئاستىلىدى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى، قىسمەن ياخشىلىنىش كۆرۈلدى. ھۆل ـ يېغىننىڭ كۆپرەك بولۇشى چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ۋە ئۆسۈشىنى تېزلەتتى.

2003 ـ يىلى «تارىم دەرياسى ۋادىسىنى يېقىنقى مەزگىللىك ئۇنۇۋېرسال تۈزەش تۈرى» يولغا قويۇلغان 3 ـ يىل بولۇپ، تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا ئېقىنلىرىدا يېڭى ياسالغان توسمىلار «سۇنى تىزگىنلەپ ئېقىنغا قايتۇرۇش» رولىنى جارى قىلدۇردى، بىر يىلدا تۆۋەن ئېقىندىكى چارا بۆلىكىگە كەلگەن سۇ كۆرۈنەرلىك ئاۋۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 300 مىليون كۇب مېتىرچە ئاشتى. 5ـ قېتىملىق ئېكولوگىيىلىك سۇ قويۇپ بېرىش (ئىلگىرى «جىددىي سۇ قويۇپ بېرىش» دېيىلگەن) يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، داشكۆلدىن 623 مىليون كۇب مېتىر سۇ قويۇپ بېرىلىپ، كونا تارىم دەرياسىدا 30 نەچچە يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم سۇ ماڭدۇرۇلدى، تارىم دەرياسىنىڭ ئايىغىدىكى تېتىما كۆلىگە يەنە نۇرغۇن سۇ قويۇلدى. 5 ـ قېتىملىق ئېكولوگىيىلىك سۇ قويۇپ بېرىش ۋە چەرچەن دەرياسىغا كەلكۈن كېلىش تۈپەيلى تېتىما كۆلىنىڭ سۇ كۆلىمى نۆۋەتتە 200 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپ، يېقىنقى 40 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

ئېبىنۇر كۆلى شىمالىي شىنجاڭدىكى مۇھىم نەم يەر،



گەنجياخۇ سۆكسۆك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى قويۇق ئۆسكەن سۆكسۆك.

سۈرەتنى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى تەمىنلىگەن.

يىراقتىن ئۆلچەش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن ماتېرىياللارنى ئانالىز قىلىشتىن قارىغاندا، بىر مەھەل قۇرۇپ كېتىش گىردابىغا يۈزلەنگەن ئېبىنۇر كۆلىنىڭ سۇ يۈزى كېڭەيمەكتە ئىكەن، 2003 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئېبىنۇر كۆلىنىڭ سۇ يۈزى كۆلىمى 1060 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپ، 1957 ـ يىلدىكى 1070 كۋادرات كىلومېتىر بىلەن تەڭلەشتى. ئېبىنۇر كۆلىنىڭ سۇ يۈزىنىڭ كېڭىيىشى يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يېقىنقى 2 يىلدىن بۇيان ئېبىنۇر كۆلى جايلاشقان بورتالا ئوبلاستىدا ھۆل ـ يېغىن كۆپەيدى. 2002 ـ يىلى ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 322.3 مىللىمېتىرغا يېتىپ، ئالدىنقى يىللارنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %80 ئەتراپىدا كۆپەيدى؛ 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى يىللاردىن بۇيانقى يىللىق ئوتتۇرىچە قىممەتكە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئېبىنۇر كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى 7 دەريا ـ ئېقىندىن كۆلگە قۇيۇلىدىغان سۇمۇ ئۈزۈلۈكسىز كۆپەيدى، كۈيتۈڭ دەرياسىدىنمۇ ئېبىنۇر كۆلىگە سۇ قويۇلۇشقا باشلىدى. ئېبىنۇر كۆلى سۇ يۈزىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن بۇ رايوندىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر سەل ـ پەل ئەسلىگە كەلدى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، قۇم بوران، چاڭ ـ توزانلىق ھاۋارايىنىڭ قېتىم سانى كۆرۈنەرلىك ئازايدى.

ئەن خەييەن

### مۇھىت پەن - تېخنىكىسى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ «شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى يىراقتىن ئۆلچەش ئارقىلىق تەكشۈرۈش ۋە دىنامىكىلىق ئۆلچەپ تەكشۈرۈش سىستېمىسى» تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، مائارىپ نازارىتى، پەن - تېخنىكا نازارىتى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق 18 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا مۇسابىقىسىنى تەشكىللەپ، مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا مۇسابىقىسى تۈرىدىن 102 نى، مۇنەۋۋەر ئىلمىي تەجرىبە پائالىيىتىدىن 17 نى، ئۆسمۈر بالىلارنىڭ ئىلمىي فانتازىيىلىك رەسىمىدىن 144 نى باھالاپ چىقتى.

دىڭ كۈي

### شەھەر مۇھىتىنى ئۈنۈمبەرسال تۈزەش

2003 - يىلى ئۈرۈمچى قاتارلىق 19 شەھەر شەھەر مۇھىتىنى ئۈنۈمبەرسال تۈزەش بويىچە مىقدارلىق تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشتى، ئۇلاردىن ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن قاراماي شەھىرى بىرلا ۋاقىتتا دۆلەت تەكشۈرىدىغان نۇقتىلىق شەھەر قاتارىغا كىردى. 2003 - يىللىق شەھەرلەرنىڭ مۇھىتىنى ئۈنۈمبەرسال تۈزەش بويىچە مىقدارلىق تەكشۈرۈشتە دۆلەتنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىدىكى شەھەرلەرنى تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچ سىستېمىسىنىڭ 20 تۈرلۈك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى ئىجرا قىلىندى. ئاپتونوم رايوندىكى 19 شەھەرنىڭ مۇھىتىنى ئۈنۈمبەرسال تۈزەش بويىچە مىقدارلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇنداق بولدى: ئۈنۈمبەرسال كۆرسەتكۈچ نەتىجىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نومۇرى 43. 73، ئەڭ تۆۋەن نومۇرى 71. 32، ئوتتۇرىچە نومۇرى 85. 54، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىت سۈپىتى كۆرسەتكۈچىنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرى 84. 24، بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچىنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرى 92. 10، مۇھىت ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى كۆرسەتكۈچىنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرى 10. 12، مۇھىت باشقۇرۇش كۆرسەتكۈچىنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرى 7. قاراماي، كورلا، سانجى شەھەرلىرى 19 شەھەر ئىچىدە ئالدىنقى 3 - ئورۇندا تۇردى.

شۇ پەنخۋا

## مۇھىتنى تۈزەش

### سانائەتنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە بۇلغاشنى تۈزەش سالمىقى

ئاشۇرۇلۇپ، دوختۇرخانىلارنىڭ يۇندىسىنى ئۆچەمگە پەتكۈزۈپ قويۇپ بېرىش خىزمىتى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈلدى. «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش مەزگىلىدە، 8 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بارلىق دوختۇرخانىلار، «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش بەلگىلەنگەن دوختۇرخانىلار ۋە قىسمەن يېزا - بازار دوختۇرخانىلىرىنىڭ يۇندا ۋە كېرەكسىز داۋالاش بۇيۇملىرىنى بىرتەرەپ قىلىش، ھەل قىلىش ئەھۋالى نەق مەيداندا ئومۇميۈزلۈك، تەپسىلىي تەكشۈرۈلۈپ مەلۇم قىلىندى ھەم تىزىملاندى، تەلەپ بويىچە تىزگىنلىمىگەن ھەم بىرتەرەپ قىلمىغانلىرىدىن شۇ ھامان ئۆزگەرتىش تەلەپ قىلىندى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دوختۇرخانا (50 كارىۋاتلىق) لارنىڭ 66% ى يۇندىنى تىزگىنلەپ، ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەتتىكى «ئۈچ كېرەكسىز» نى تىزگىنلەش نىسبىتى پۇختا قەدەم بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، سانائەتنىڭ بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 104 ى يولغا قويۇلۇپ، شۇ يىلى 94 ى تاماملاندى، بۇلارنىڭ ئىچىدە يۇندىنى تىزگىنلەش تۈرى 32، كېرەكسىز گازنى تىزگىنلەش تۈرى 48، كېرەكسىز قاتتىق نەرسىلەرنى تىزگىنلەش تۈرى 6، شاۋقۇننى تىزگىنلەش تۈرى بىر، باشقا تۈر 7. بۇ تۈرلەرگە شۇ يىلى 265 مىليون 88 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇندىنى تىزگىنلەشكە ئىشلىتىلگىنى 92 مىليون 977 مىڭ يۈەن، كېرەكسىز گازنى تىزگىنلەشكە ئىشلىتىلگىنى 95 مىليون 143 مىڭ يۈەن، كېرەكسىز قاتتىق ماددىلارنى تىزگىنلەشكە ئىشلىتىلگىنى 48 مىليون 650 مىڭ يۈەن، شاۋقۇننى تىزگىنلەشكە ئىشلىتىلگىنى 210 مىڭ يۈەن، باشقا تۈزەش تۈرلىرىگە ئىشلىتىلگىنى 28 مىليون 108 مىڭ يۈەن.

جاۋ شىنجۇڭ

### ئاساسلىق بۇلغىمىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 559 مىليون توننا يۇندا قويۇپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت يۇندىسى 164 مىليون توننا بولۇپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، شەھەر - بازارلاردىكى تۇرمۇش يۇندىسى 395 مىليون توننا بولۇپ، 4.5% كۆپەيدى. يۇندىدىكى بۇلغىمىنىڭ ئوكسىگېن تەلەپ قىلىدىغان خىمىيىلىك مىقدارىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 228 مىڭ 800 تونىغا يېتىپ، 11.7% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتتىكى ئوكسىگېن تەلەپ قىلىدىغان خىمىيىلىك ماددىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 126 مىڭ 300 توننا

بولۇپ، 19.2%، تۇرمۇش يۇندىسىدىكى ئوكسىگېن تەلەپ قىلىدىغان خىمىيىلىك ماددىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 102 مىڭ 500 توننا بولۇپ، 3.6% كۆپەيدى. كېرەكسىز گاز بۇلغىمىلىرىدىن ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزاڭنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 203 مىڭ 700 توننا بولۇپ، 6.7% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتتىكى ئىس - تۈتەكنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 106 مىڭ 900 توننا بولۇپ، 9.1%، تۇرمۇشتىكى ئىس - تۈتەكلەرنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 96 مىڭ 900 توننا بولۇپ، 4.1% كۆپەيدى. كېرەكسىز گاز بۇلغىمىلىرىدىن گۈڭگۈرت (IV) ئوكسىدىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 329 مىڭ 900 توننا بولۇپ، 11.4% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتتىكى گۈڭگۈرت (IV) ئوكسىدىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 221 مىڭ 800 توننا بولۇپ، 14.9%، تۇرمۇشتىكى گۈڭگۈرت (IV) ئوكسىدىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 108 مىڭ 100 توننا بولۇپ، 4.9% كۆپەيدى. سانائەت پەيدا قىلغان كېرەكسىز قاتتىق نەرسىلەرنىڭ مىقدارى 10 مىليون 874 مىڭ توننا بولۇپ، 7.8% كۆپەيدى، قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 881 مىڭ 900 توننا بولۇپ، 28% كۆپەيدى.

شى شۆمېي

## سانائەت يۇندىسىنى تىزگىنلەش

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى سانائەت كارخانىلىرى يۇندا تىزگىنلەش تۈرىدىن 36 نى يولغا قويدى، بۇ تۈرلەرگە 92 مىليون 977 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 32 تۈر پۈتتى، بۇ ئارقىلىق لايىھەدىكى يۇندا بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى كۈنىگە 52 مىڭ 750 توننا ئاشتى. سانائەتتىكى يۇندىلارنى قويۇپ بېرىشنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 59.7% بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 8.4 پىرسەنت پوئىنتى ئازايدى.

شى شۆمېي

## سانائەتتىكى كېرەكسىز گازنى تىزگىنلەش

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى سانائەت كارخانىلىرى كېرەكسىز گازنى تىزگىنلەش تۈرىدىن 53 نى يولغا قويدى، بۇ تۈرلەرگە 95 مىليون 143 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 48 تۈر پۈتتى، بۇ ئارقىلىق لايىھەدىكى كېرەكسىز گاز بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى سائىتىگە 2 مىليون 33 مىڭ ئۆلچەملىك كۇب مېتىر ئاشتى. سانائەتتىكى كېرەكسىز گاز بۇلغىمىلىرىنى قويۇپ بېرىشنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 61% كە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 5.4 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى.

شى شۆمېي

## سانائەتتىكى كېرەكسىز قاتتىق نەرسىلەرنى تىزگىنلەش

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى سانائەت كارخانىلىرى كېرەكسىز قاتتىق نەرسىلەرنى تىزگىنلەش تۈرىدىن 6 نى يولغا قويدى، بۇ تۈرلەرگە 48 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 6 تۈر پۈتتى، بۇ ئارقىلىق لايىھەدىكى كېرەكسىز قاتتىق نەرسىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى كۈنىگە 116 توننا ئاشتى. سانائەتتىكى كېرەكسىز قاتتىق نەرسىلەرنى ئۈنىۋېرسال تۈزەش نىسبىتى 55.4% بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 10.1 پىسەنت پوئىنتى ئازايدى.

شى شۆمېي

قىسقا ماتېرىيال

## ئۈنىۋېرسال تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ۋە تەبىئىي مەنزىرە مۇھاپىزەت رايونى

ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى نۆۋەتتە جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ ئۈنىۋېرسال تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدۇر، ئۇ شەرقىي قۇرۇمتاغدىكى قۇمكۆل تاغ ئارىسى ئويمانلىقىغا جايلاشقان، تۆت ئەتراپىنى تاغ ئوراپ تۇرىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 — 6000 مېتىر كېلىدۇ. مۇھاپىزەت رايونىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغلار، مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇرغان مۇزلۇقلار، كەڭ كەتكەن يايلاق، زۇمرەتتەك كۆل بار، تاغ بېغىرلاپ ئۆسكەن تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈك زونىسى توپى بىرلا خىل بولۇپ، ئاساسەن ئېگىز تاغ سوغۇق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنى ئاساس قىلىدۇ، بۇ جايدا ئېگىزلىك ئېپتىدائىي ئېكولوگىيە سىستېمىسى خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان. بۇ يەر ئادەملەرنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئازراق ئۇچرىغاچقا، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تەبىئىي باغچىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە ئېگىز تاغ ياۋايى ھايۋانلىرىنىڭ تۈرى بىر قەدەر كۆپ، ھايۋانلارنىڭ زىچلىقى جەھەتتە دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان جايدۇر. ھايۋانلار ۋە ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى ياۋا توشقان، تىبەت بۆكىنى، سۇلەيسۇن، تىبەت قۇلىنى، ياۋا قوتاز، پامىر سېغىن چېچەكى، يەككە باشلىق جوخار، تاتار يۇلتۇزگۈلى، كەڭ يوپۇرماقلىق ياۋا پىياز قاتارلىقلار بار.

قاناس كۆلى، بوغدا كۆلى ۋە تۆمۈر چوققا تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى شىنجاڭدىكى تەبىئىي مەنزىرە مۇھاپىزەت

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى كەسپلەر بويىچە نۇقتىلىق تەكشۈرۈلگەن كارخانىلارنىڭ سانائەت يۇندىسى ۋە بۇلغىما قويۇپ بېرىش مىقدارى

| كەسپلەر | سانائەت يۇندىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (تۈمەن توننا) | ئوكسىگېنغا ئېھتىياجلىق خىمىيىلىك ماددىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | نېفىت تۈرىدىكىلەرنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | زەھەرلىك - زەيانلىق بۇلغىمىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | سانائەت يۇندىسى قويۇپ بېرىشنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش مىقدارى (تۈمەن توننا) |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 14785.29 | 119981.30 | 251.22 | 6.62 | 9644.70 |
| قازمىچىلىق | 1465.63 | 3742.85 | 84.56 | 0.93 | 1122.21 |
| يېمەكلىك، تاماكىچىلىق | 2342.25 | 31741.53 | 1.06 | 0 | 682.02 |
| توقۇمىچىلىق | 766.16 | 2486.91 | 0.77 | 0.05 | 647.653 |
| خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى ۋە خىمىيىۋى ياسالمىلارنى ياساش | 539.94 | 890.20 | 6.61 | 0 | 78.43 |
| نېفىت پىششىقلاش ۋە كوكس تاۋلاش | 2417.81 | 1951.32 | 88.56 | 2.23 | 2378.62 |
| غەيرىي مېتال مىنېراللىرى ياسىمىچىلىقى | 277.61 | 230.80 | 0 | 0 | 251.30 |
| قارا مېتال تاۋلاش ۋە پروكاتلاش كەسپى | 1314.67 | 468.47 | 60.50 | 3.31 | 1181.68 |
| ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، كۆمۈر گازى، سۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش | 2294.40 | 830.40 | 7.90 | 0.05 | 2135.19 |
| باشقا كەسپلەر | 3366.82 | 77638.82 | 1.26 | 0.05 | 867.60 |

شى شۆمبى

رايونلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇ جايلار شىنجاڭغا كەلگەن ساياھەتچىلەر بارمىسا بولمايدىغان جاي ھېسابلىنىدۇ. بۇ جايلارنىڭ مەنزىرىسى، مۇھىتى گۈزەل، دەرەخلىرى ئاسمانغا تاقاشقىدەك ئېگىز، ئوت - چۆپ، چاتقاللىرى قويۇق، تاغ بېغىرلاپ ئۆسىدىغان تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈك زونىسى روشەن، ئۆسۈملۈك تۈپى ئىپتىدائىي ھالەتنى ساقلاپ قالغان، قەدىمكى ۋە ھازىرقى مۇزلۇقلار مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلمىسى مۇقىم. بۇلار دۆلەت ئىچىدە ئېگىز تاغ كۆلى، قارىغايلىق، قارلىق تاغ مەنزىرىسى ئۆزگىچە بولغان ساياھەت، سالقىنداش ئورنى ھېسابلىنىدۇ. بوغدا كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى بىلەن قاناس تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى تەبىئىي مەنزىرە مۇھاپىزەت رايونىغا كىرىدۇ. 1996 - يىلى ب د ت ئىنسانلار ۋە ھاياتلىق چەمبىرىكى تەشكىلاتى بوغدا كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى «بوغدا چوققىسى ئىنسانلار ۋە ھاياتلىق چەمبىرىكى، مۇھاپىزەت رايونى»غا كىرگۈزدى.

ليۇ جىلىڭ

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى كەسىپلەر بويىچە نۇقتىلىق تەكشۈرۈلگەن كارخانىلارنىڭ سانائەتتىكى كېرەكسىز گاز ۋە بۇلغىما قويۇپ بېرىش مىقدارى

| كەسىپلەر | سانائەتتىكى كېرەكسىز گازنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (تۈمەن ئۆلچەملىك كۇب مېتىر) | ئىس ـ تۈتەكنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | گۈڭگۈرت (IV) ئوكسىدنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | چاڭ ـ توزاننىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | سانائەت كېرەكسىز گازى، بۇلغىمىلىرى قويۇپ بېرىشنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش مىقدارى (توننا) |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 29356002 | 98842.84 | 201332.74 | 102289.42 | 253395.47 |
| قازمىچىلىق | 2440435 | 3810.37 | 11577.75 | 2916.85 | 5909.42 |
| يېمەكلىك، تاماكىچىلىق | 1238607 | 4827.81 | 14024.86 | 0.65 | 13536.29 |
| توقۇمىچىلىق | 348135 | 1049.57 | 3244.22 | 124.12 | 3751.21 |
| خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى ۋە خىمىيۋى ياسالمىلارنى ياساش | 818046 | 3565.89 | 8207.31 | 634.53 | 4735.03 |
| نېفىت پىششىقلاش ۋە كوكس تاۋلاش | 2928384 | 9393.81 | 19775.62 | 842.46 | 24197.52 |
| غەيرىي مېتال مىنېراللىرى ياسىمىچىلىقى | 8208879 | 25627.61 | 20541.59 | 93375.55 | 71691.09 |
| قارا مېتال تاۋلاش ۋە پروكاتلاش كەسپى | 2386934 | 5648.94 | 14193.11 | 2968.42 | 8023.42 |
| ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، كۆمۈر گازى، سۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش | 9180870 | 40467.41 | 98521.15 | 0 | 107062.72 |
| باشقا كەسىپلەر | 1805712 | 4451.43 | 11247.07 | 1426.84 | 14447.19 |

شى شۆمېي

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى كەسىپلەر بويىچە نۇقتىلىق تەكشۈرۈلگەن كارخانىلار پەيدا قىلغان كېرەكسىز قاتتىق نەرسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش مىقدارى ۋە ئۇنى بىرتەرەپ قىلىپ پايدىلىنىش ئەھۋالى

| كەسىپلەر | سانائەتتىكى كېرەكسىز قاتتىق نەرسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش مىقدارى (تۈمەن ئۆلچەملىك كۇب مېتىر) | سانائەتتىكى كېرەكسىز قاتتىق نەرسىلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش مىقدارى (تۈمەن توننا) | سانائەتتىكى كېرەكسىز قاتتىق نەرسىلەرنىڭ ساقلىنىش مىقدارى (تۈمەن توننا) | سانائەتتىكى كېرەكسىز قاتتىق نەرسىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش مىقدارى (تۈمەن توننا) | سانائەتتىكى كېرەكسىز قاتتىق نەرسىلەرنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (تۈمەن توننا) |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 1047.26 | 528.73 | 375.40 | 80.56 | 80.83 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| قازمىچىلىق | 535.01 | 161.88 | 177.35 | 39.55 | 66.23 |
| يىمەكلىك، تاماكىچىلىق | 55.38 | 50.65 | 0.55 | 1.55 | 2.63 |
| توقۇمىچىلىق | 4.54 | 2.98 | 0.13 | 1.42 | 0.01 |
| خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى ۋە خىمىيىۋى ياسالمىلارنى ياساش | 28.24 | 15.32 | 2.66 | 7.27 | 3.06 |
| نېفىت پىششىقلاش ۋە كوكس تاۋلاش | 40.43 | 21.25 | 0 | 18.54 | 0.64 |
| غەيرىي مېتال مىنېراللىرى ياسىمىچىلىقى | 57.63 | 58.92 | 8.83 | 0.82 | 6.75 |
| قارا مېتال تاۋلاش ۋە پروكاتلاش كەسپى | 108.23 | 79.08 | 28.04 | 0.71 | 0.40 |
| ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، كۆمۈر گازى، سۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش | 156.33 | 81.98 | 63.90 | 9.48 | 0.98 |
| باشقا كەسپلەر | 61.47 | 56.67 | 93.94 | 1.22 | 0.13 |

شى شۆمبى

# زېمىن بايلىقى

## زېمىن بايلىقى

### يەر بايلىقىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى قوغداش

2003 - يىلى شىنجاڭدا يەرلەردىن پايدىلىنىش - يەرلەرنى رەتكە سېلىش، قايتىدىن ئۆزلەشتۈرۈش ئىشى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى، شىنجاڭ بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4 مىليون 37 مىڭ 200 گېكتارغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 0.21 گېكتار تېرىلغۇ يەر توغرا كەلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 39 مىڭ 400 گېكتار تېرىلغۇ يەر كۆپەيدى، 118 مىڭ 100 گېكتار يەر ئازايدى، ساپ ئازايغىنى 78 مىڭ 700 گېكتار. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي ئېتىز - ئېرىق مۇھاپىزەت رايونى قىلىپ ئايرىلغان يەر كۆلىمى 3 مىليون 380 مىڭ گېكتار (بىڭتۇەننىڭكىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئەتراپىدا تۇراقلاشتۇرۇلۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 85% گە يەتتى. تېرىلغۇ يەرنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى دىنامىكىلىق تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ۋە ئازراق كۆپەيتىشتەك نىشان ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 10 مىڭ 575.34 گېكتار يەر تەستىقلاپ ئىشلىتىلدى (گوۋۇيۈەن، ئۆلكە دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئىشلىتىشكە تەستىقلىغان يەرلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 2754.41 گېكتار. ئاپتونوم رايون بويىچە يىغىمدىن قوشۇلغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنى ھەقلىق ئىشلىتىش ھەققى كىرىمى 32 مىليون 720 مىڭ يۈەن. ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقلىشى بىلەن تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنغان دۆلەت ئىلكىدىكى 9 كارخانىغا ئىلگىرى ئايرىپ بېرىلگەن يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا چېتىشلىق 102 دېلودىكى يەر مۈلكى بىر تەرەپ قىلىندى، ئۇنىڭغا چېتىشلىق يەر كۆلىمى 3 مىليون 784 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر، يەر مۈلكىنىڭ ئومۇمىي باھاسى 995 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ھەممىسى كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلدى.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۇڭخۋا، تاڭ جيەنيۈن

### يەر تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 38 ناھىيە (شەھەر) دە شەھەر - بازارلارنىڭ تەۋەلىكىنى تەكشۈرۈش ئىشى تاماملاندى، 77 شەھەر - ناھىيە (شەھەر) دىكى شەھەر - بازارنىڭ ئۆلچەملىك يەر باھاسىنى ئۆلچەرلەش خىزمىتى تاماملاندى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى؛ 16 ناھىيە (شەھەر) دە شەھەر - بازارنىڭ ئۆلچەملىك يەر باھاسىنى يېڭىلاش خىزمىتى تاماملاندى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى؛ 16 ناھىيە (شەھەر) دە شەھەر - بازارنىڭ ئۆلچەملىك يەر باھاسىنى يېڭىلاش خىزمىتى تاماملاندى؛ 19 ناھىيە (شەھەر) دە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتىش - باھالاش ئىشى تاماملاندى. يېڭى يەر كلاسسىفىكاتسىيىسىگە ئاساسەن 2003 - يىلى يەر تەۋەلىكى ئۆزگەرتىلگەن يەرلەرنى تەكشۈرۈش ۋە ستاتىستىكا قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى؛ لەنجۇ ھەربىي رايوننىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئوپتىكىلىق كابېل كۈچەيتكۈچى پونكىتى، لەنجۇ — شىنجاڭ تۆمۈريول لىنىيىسى قاتارلىق 6 چوڭ تۈردە ۋىلايەت، ئوبلاست ھالقىپ ئىشلىتىلگەن يەرلەرنى تىزىملاپ كىنىشكا تارقىتىش خىزمىتى تاماملاندى. يېڭى يەر كلاسسىفىكاتسىيىسىنى مۇھىم نۇقتا قىلىش ئىشى يولغا قويۇلۇپ، يەرلەرنى تەكشۈرۈپ ستاتىستىكا قىلىش تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. شەھەر - بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنى تىزىملاپ كىنىشكا تارقىتىش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 83 ناھىيە (شەھەر) دە كوللېكتىپ يەرلىرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى تىزىملاپ كىنىشكا تارقىتىش خىزمىتى تاماملاندى. زېمىن بايلىقى نازارىتى 2003 - يىلى مەملىكەت بويىچە يەرلەرنى تىزىملاش تەكشۈرۈشتە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، كۈيتۇڭ شەھىرى، ساۋەن ناھىيىسى 2003 - يىلى مەملىكەت بويىچە يەر تەۋەلىكىنى باشقۇرۇشتىكى 100 كۈچلۈك ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى. 2003 - يىلى زېمىن بايلىقى نازارىتى ئاپتونوم رايون بويىچە يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان تارقىتىلغان پاسىل تەكشۈرۈش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ، 34 ئورۇننىڭ سالاھىيىتىنى ساقلاپ قالدى، 6 ئورۇننىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈردى، 4 ئورۇننىڭ سالاھىيىتىنى يېڭىدىن تەستىقلىدى، 2 ئورۇننى كىچىكتۈرۈپ تىزىملىدى، 7 ئورۇننىڭ سالاھىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۇڭخۋا، تاڭ جيەنيۈن

## يەر بازارلىرىنىڭ تەرتىپى تەرتىپكە سېلىندى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يەر ئىشلىتىشتە قانۇنغا ۋە بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىنغان 10 مىڭ 756 دېلو تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. 9641 دېلو توختىتىپ قويۇلدى ۋە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى ۋە ياكى باشقىدىن تەرتىپكە سېلىندى ھەمدە ئۆزگەرتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە رەھبىرىي ئورگانلار ۋە باشقۇرغۇچى ئورگانلار بەلگىلىمىگە خىلاپ تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان دېلو 1249، چېتىشلىق يەر كۆلىمى 258.7 گېكتار. 1115 دېلو تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىۋاتىدۇ. ئېنىقلانغان ھەر خىل باغچا رايونى 33، بۇنىڭ ئىچىدە گوۋۇيۈەن تەستىقلىغىنى 8، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون تەستىقلىغىنى 8، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر)لەر ھوقۇقىدىن ھالقىپ بەلگىلىمىگە خىلاپ تەستىقلىغىنى 17.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۇڭخۇا، تاڭ جيەنيۇن

## يەر بازىرى قۇرۇلۇشى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە مۇتلەق كۆپ ساندىكى شەھەر، ناھىيە (شەھەر)لەردە تىجارەت خاراكتېرلىك يەرلەرنى ۋەزىپىسى ئېنىق خېرىدار چاقىرىپ كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش - ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، 51 شەھەر، ناھىيە (شەھەر) دە يەر زاپىسى مەركىزى، 42 شەھەر، ناھىيە، 2 پورت - ئېغىزىدا يەر سودىسى زالى قۇرۇلۇپ، كۆزنەك مۇلازىمىتى، ئۇچۇرلاشتۇرۇلغان ئاپتوماتىك سۈرۈشتۈرۈش، «بىر پونكىت» لىق مۇلازىمەت ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلەرنى ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىشتىن كىرگەن پايدا 1 مىليارد 720 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 65.4% ئاشتى، 3561 تۈر بويىچە يەرلەر ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىلدى، ئۇنىڭ كۆلىمى 2458.8 گېكتار، سوممىسى 1 مىليارد 715 مىليون يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە 809 تۈر بويىچە تىجارەت خاراكتېرلىك يەرلەر ۋەزىپىسى ئېنىق خېرىدار چاقىرىپ كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىلدى ۋە ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىلدى، ئۇنىڭ كۆلىمى 328.87 گېكتار، سوممىسى 798 مىليون يۈەن.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۇڭخۇا، تاڭ جيەنيۇن

## زېمىن بايلىقىنى پىلانلاش

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 44 ناھىيە، شەھەردە يەرلەردىن پايدىلىنىش - يەرلەرنى رەتلەش پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتى تاماملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 38 ناھىيە، شەھەر تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، 35 ناھىيە، شەھەرنىڭ يەرلەردىن پايدىلىنىش يەرلەرنى رەتلەش پىلانى تەستىقلاندى. زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق ئاپتونوم رايوننىڭ زېمىن پىلانى رەسمىي يولغا قويۇلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2000 - يىلدىن 2010 - يىلغىچە بولغان قېزىلما بايلىق ئومۇمىي پىلانى» يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۇڭخۇا، تاڭ جيەنيۇن

## قانۇن ئىجراسىنى مەمۇرىي تەپتىش قىلىش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك زېمىن بايلىقى ماجىرالىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش تارماقلىرى يەر، ئوتلاق، ئورمان، قېزىلما بايلىق، سۇ دائىرىسى قاتارلىق ھەر خىل زېمىن بايلىقى ماجىراسىغا دائىر 1077 دېلونى مۇرەسسە ۋە بىر تەرەپ قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى ماجىراسىغا دائىر دېلو 981. ئوتلاقنى ئىشلىتىش ھوقۇقى ماجىراسىغا دائىر دېلو 49. كان ماجىراسىغا دائىر دېلو 5، باشقا ماجىرالارغا دائىر دېلو 42.

2003 - يىلى بىڭتۇەندىكى 6 تۈەن - مەيداننىڭ ئىشلىتىۋاتقان دۆلەت يېرىنىڭ ھوقۇق تەۋەلىكىنى بېكىتىش خىزمىتى تاماملاندى، ھوقۇق تەۋەلىكىنى بېكىتىش خىزمىتى تاماملانغان تۈەن - مەيدان ئومۇمىي سانىنىڭ 83% نى ئىگىلىدى.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۇڭخۇا، تاڭ جيەنيۇن

# كانچىلىقنى باشقۇرۇش

## كانچىلىقنى مەمۇرىي باشقۇرۇش

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەر خىل كانچىلىق كارخانىسى 2922گە، ئېچىپ پايدىلىنىلغان قېزىلما بايلىق 86 خىلغا (نېفىت، تەبىئىي گازمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يەتتى. 21 مىليون 342 مىڭ توننا خام نېفىت، 5 مىليارد 30 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 68 مىليون 138 مىڭ 700 توننا قاتتىق قېزىلما بايلىق رودا مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىلدى. يارىتىلغان كانچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليارد 610 مىليون يۈەن (نېفىت، تەبىئىي گاز 32 مىليارد 577 مىليون يۈەن، قېتىشما كان مەھسۇلاتى 4 مىليارد 33 مىليون يۈەن) گە يەتتى، كانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 28%نى ئىگىلىدى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قېزىلما بايلىق تۆلەم ھەققىنى قوغداشقا دائىر 60 تۈر مەلۇم قىلىندى، ئىلتىماس قىلىنغان تۈر مەبلىغىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 276 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورۇنلار ئۆزلىرى خامىلىگەن مەبلەغ 177 مىليون 580 مىڭ يۈەن، ئىلتىماس قىلىنغان قوشۇمچە مەبلەغ 98 مىليون 540 مىڭ يۈەن. مالىيە نازارىتى، زېمىن بايلىقى نازارىتى، پىلان كومىتېتى ھەمدە ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ دەلىللىشىدىن ئۆتۈپ تەستىقلانغان تۈر 23، ئۇنىڭغا 44 مىليون 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيىدىن 18 مىليون يۈەن ياردەم بېرىلدى. 2004 - يىلى مەلۇم قىلىنىدىغان قېزىلما بايلىق تۆلەم ھەققىنى قوغداشقا دائىر 77 تۈرنىڭ ماتېرىياللىرىنى دەسلەپكى تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى. مۇشۇ بىر يىلدا تەكشۈرۈش ئىجازەتنامىسىدىن 611ى تارقىتىلدى، كانچىلىق ھوقۇقى ئىلتىماسىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش يۈزىسىدىن مەلۇم قىلغان ماتېرىيالدىن 1062 سى قوبۇل قىلىنىپ، بۇنىڭدىن 791 ى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. يېڭىدىن ئېچىلغان كانلارغا 259 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا ھەر خىل گېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن 407 نۇسخا قوبۇل قىلىندى. 2003 - يىلى زېمىن بايلىقى نازارىتى قېزىلما بايلىق تۆلەم ھەققىنى يىغىش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتتى، يىلدا 250 مىليون يۈەن قېزىلما بايلىق تۆلەم ھەققىنى يىغىۋېلىپ خەزىنىلەشتۈردى.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۇڭخۇا، تاڭ جيەنيۈن

## قېزىلما بايلىقلارنى باشقۇرۇش تەرتىپى تىزگىنلەندى ۋە تەرتىپكە سېلىندى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە قېزىلما بايلىقلارنى باشقۇرۇش تەرتىپىنى تىزگىنلەش بىلەن بولغان كان چېگرىسى ماجىراسى خېلى ياخشى ھەل قىلىندى. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە مەنزىرىلىك داڭلىق رايونلارنىڭ ئەتراپلىرى، تاشيول، تۆمۈريول بويلىرىدا كان قېزىش ھەرىكىتى ۋە دەريا يوللىرىدا شېغىل قېزىش ئىشىنى مەخسۇس تېز تىزگىنلەش- تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. زېمىن بايلىقىنى مەمۇرىي باشقۇرغۇچى ھەر قايسى تارماقلار ئۆز جايلىرىنىڭ قېزىلما بايلىقىنى پىلانلاشقا بىرلەشتۈرۈپ، كان قېزىش مەنئى قىلىنىدىغان، قېزىشقا چەك قويۇلىدىغان رايونلارنى ئېنىق بەلگىلەپ چىقتى ھەمدە مۇشۇ دائىرە ئىچىدىكى كانچىلىق كارخانىلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېنىقلاپ چىقىپ تەرتىپكە سالدى ۋە تاقىۋەتتى. تىزگىنلەش - تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كانچىلىق كارخانىلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، مۇشۇ بىر يىلدا كېنىشكىسىز كان قازغان 28 كاننى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، قانۇنسىز قېزىلغان 28 كاننى ئەمەلدىن قالدۇردى، رودا قېزىش ئىجازەتنامىسىدىن 29نى بىكار قىلدى، رودا قېزىش ئىجازەتنامىسىدىن 103نى رويخەتتىن ئۆچۈرۈۋەتتى، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىپ پاسىل ئاتلىغان كاندىن 13نى، بايلىقنى بۇزۇپ چاچقان، ئىسراپ قىلىۋەتكەن كاندىن 4نى بايقىدى، 123 كاننى ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشقا، 129 كاننى مۇددەت ئىچىدە تەرتىپكە سېلىشقا ۋە ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇدى، 648 مىڭ يۈەن قېزىلما بايلىق تۆلەم پۇلىنى تولۇقلاپ تاپشۇرغۇزدى، 108 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى ۋە مۇسادىرە قىلدى، 148 تونىنا رودىنى مۇسادىرە قىلدى. قېزىلما بايلىق مۇپەتتىشلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇردى، مۇشۇ بىر يىلدا 18 تۈركۈم 72 ئادەم (قېتىم) كانلارغا بېرىپ مۇپەتتىشلىك قىلدى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ھەر خىل كانچىلىق ماجىرالىرىغا دائىر 18 دېلونى ھەل قىلىپ، نورمال كانچىلىق تەرتىپىنى ساقلىدى.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۇڭخۇا، تاڭ جيەنيۈن

## كانچىلىق ھوقۇقى بازىرى قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭدا «ئاپتونوم رايوننىڭ كانچىلىق ھوقۇقىنى ۋۇسكا ئېسىپ خەبەردار چاقىرىپ كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» تۈزۈپ چىقىلدى. خوتەن ۋىلايىتى بىلەن قاراماي شەھىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە كان قېزىش ھوقۇقىنى ھەقلىق ئىشلىتىش خىزمىتى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قانات يايدۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە كان قېزىش ھوقۇقىدىن 267 سى ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىلدى، يىغىۋېلىنغان كان قېزىش ھوقۇقى پۇلى 24 مىليون 915 مىڭ 500 يۈەن بولدى. كان قېزىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلانغىنى 12، ئۆتۈنۈپ بېرىش سوممىسى 100 مىليون يۈەن، 13 تۈر بويىچە رودا تەكشۈرۈش ھوقۇقى ئۆتۈنۈپ بېرىلىپ، 1 مىليون 498 مىڭ 500 يۈەن يىغىۋېلىندى. 3 مىليون 140 مىڭ يۈەن كان تەكشۈرۈش ھوقۇقى، كان قېزىش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىش ھەققى يىغىۋېلىندى. كان قېزىش ھوقۇقىنى باھالاشقا دائىر 137 دوكلات تاپشۇرۇۋېلىنىپ، بۇنىڭدىن 150ى (2002 - يىلى قوبۇل قىلىنغان 44 دوكلاتمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئېتىراپ قىلىندى، 486 مىليون يۈەن كان قېزىش ھوقۇقى پۇلى ئېتىراپ قىلىندى.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۇڭخۇا، تاڭ جيەنيۈن

# گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش

## گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغانلار گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقى، كۆمۈرچىلىك، رەڭلىك مېتال، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، ئالتۇنچىلىق، مېتاللورگىيە، يادرو سانائىتى، خىمىيە سانائىتى قاتارلىق ساھە ۋە ئورۇنلاردىن ئىبارەت، نېفىت - گازدىن باشقا تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانلاردىن ئاساسلىقى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى، شىنجاڭ كۆمۈرلۈك گېئولوگىيە ئىدارىسى، جۇڭگو مېتاللورگىيە تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشى باش ئىدارىسى، يادرو سانائىتى 216 - ئەترىتى، ئالتۇنچىلىق قوراللىق ساقچى قىسىم 8 - تارماق ئەترىتى، دۆلەت بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مەركىزى شىنجاڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى باش ئەترىتى، شىنخۇي شىركىتى قاتارلىق 68 گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى بار. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھازىر بار بولغان گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىدىن باشقا، ئىچكى جايلاردىكى 16 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر) نىڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىمۇ بىرلا ۋاقىتتا شىنجاڭدا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغانلار 25 مىڭ 500 كىشىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت - گازدىن باشقا تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغانلار 11 مىڭ 900 (سىرتقى ئۆلكىلەر بۇنىڭ سىرتىدا).

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نېفىت - گازدىن باشقا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرىدىن 681ى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قاتتىق جىسىملىق قېزىلما بايلىق تۈرى 602. سۇ، سانائەت، مۇھىت، كۆمۈر قاتلىمى گازى قاتارلىق تۈرلەر 9، رايون دائىرىلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە گېئوفىزىكىلىق - خىمىيىلىك چارلاپ قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش تۈرى 70، تەكشۈرۈلگەن قاتتىق قېزىلما بايلىق رودا تۈرلىرىدىن ئاساسەن، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن - سىنك، كولومبۇ تەنتالىت، مانگان، مولىبدېن، كالىيلىق تۇز، ۋېرمىكۇلىت، ئازالۇزىت، ھاك، مەرمەرتاش، بېنتونىت، تام يۈزىنى بېزەشكە ئىشلىتىدىغان گرانىت تېشى، زېئولىت قاتارلىق 20 دىن كۆپرەك رودا تۈرى بار. تەكشۈرۈشكە 296 مىليون يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز مەخسۇس مەبلەغ ئاجراتقان تۈرلەرگە سەرپ قىلىنغىنى 35 مىليون 30 مىڭ يۈەن، دۆلەت قېزىلما بايلىق ئۈچۈن تولۇقلاپ بەرگەن تۈرلەرگە سەرپ قىلىنغىنى 24 مىليون 680 مىڭ يۈەن، زېمىن بايلىقىنى تەكشۈرۈش تۈرىگە سەرپ قىلىنغىنى 37 مىليون 430 مىڭ يۈەن، 1:50000 ماسشتاب بويىچە رايون دائىرىلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە سەرپ قىلىنغىنى 32 مىليون 170 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايون قېزىلما بايلىق ئۈچۈن تولۇقلاپ بېرىدىغان تۈرلەرگە سەرپ قىلىنغىنى 40 مىليون 800 مىڭ يۈەن، ئىجتىمائىي مەبلەغ بىلەن تەكشۈرۈلىدىغان تۈرلەرگە سەرپ قىلىنغىنى 89 مىليون 240 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات ۋە باشقا تۈرلەرگە سەرپ قىلىنغىنى 36 مىليون 650 مىڭ يۈەن. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە قېزىلما بايلىق بار 19 جاي يېڭىدىن بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈركان 2، تۆمۈركان بىر، مىس كان 3، نىكېل كېنى بىر، قوغۇشۇن - سىنك كېنى 5، سۈرمە كېنى بىر، ئالتۇن كان 2، كۈمۈش كان 2، كۆپ خىل مېتال كېنى 2. تارىم ئويمانلىقىنىڭ يەر ئاستى سۈيىنى تەكشۈرۈشتە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. شىنجاڭدىكى لوپنۇر كالىيلىق تۇز كېنى، تۇپىدۇڭ مىس كېنىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش بويىچە گىدروگېئولوگىيىلىك تەپسىلىي تەكشۈرۈش خىزمىتىدە تۇپىدۇڭ مىس كېنى ئۈچۈن بىر سۇ مەنبەسى ئورنى دائىرىلەپ چىقىلدى، مۆلچەرلىنىشىچە ئۇنىڭ ئېچىشقا بولىدىغان سۇ مىقدارى كۈنىگە 1373 كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. لوپنۇر كالىيلىق تۇز كېنى ئۈچۈن بىر سۇ مەنبەسى ئورنى دائىرىلەپ چىقىلدى، مۆلچەرلىنىشىچە ئۇنىڭ ئېچىشقا بولىدىغان سۇ مىقدارى كۈنىگە 1536 كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكىلەر مەبلەغ سالغان كانچىلىق كارخانىلىرىنىڭ سانى %65 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. خېرىدار چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقى يەنىمۇ زورايتىلدى. چەت ئەل سودىگەرلىرى ۋە شياڭگاڭلىق سودىگەرلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىشقا دائىر 6 تۈر بويىچە خەلق پۇلى ھېسابىدا 235 مىليون يۈەنلىك مەبلەغ توختامى ۋە كېلىشىمى ئىمزالاندى. ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىشقا دائىر 7 تۈر بويىچە خەلق پۇلى ھېسابىدا 1 مىليارد 584 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈش توختامى ۋە كېلىشىمى ئىمزالاندى.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۇڭخۇا، تاڭ جيەنيۇن

شىنجاڭدا 2003 - يىلى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈلگەن نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ ئەھۋالى

| مەبلەغ مەنبەسى | خىزمەت رايونى | تۈر نامى | تۈرنى ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇن | قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر |
|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايوننىڭ قېزىلما بايلىق تۆلەم ھەققى تۈرى | بورتالا ئوبلاستى | ئارشاڭ ناھىيىسى بېيداباھ مىس كېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش | شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتى | مولىبدېن كان گەۋدىسى يېڭىدىن بايقالدى، خىزمەت ئارقىلىق چىپار جىنسلىق چوڭ تىپتىكى مىس كانغا ئايلىنىشتىن ئۈمىد بار |
| | تۇرپان ۋىلايىتى | تۇرپان شەھىرى چىچان كان رايونىنىڭ شەرقىدىن كۆمۈر تېپىش | شىنجاڭ كۆمۈرچىلىق گېئولوگىيە ئىدارىسى 156 - ئەترەت | 3 - ۋە 4 - سىستېمىنىڭ ياپما قاتلىمى تېگىدىن يېڭىدىن كۆمۈر قاتلىمى بايقالدى، (334) كۆمۈر بايلىقىدىن تەخمىنەن 50 مىليون توننا تاپشۇرۇش مۆلچەرلەندى |
| | قۇمۇل ۋىلايىتى | قۇمۇل شەھىرى بوغاز كۆمۈر كېنىنى گېئولوگىيىلىك ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش | شىنجاڭ كۆمۈرچىلىك گېئولوگىيە ئىدارىسى | كان رايونىنىڭ تۈزۈلمە مورفولوگىيىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاندى، ئومۇمىي كۆمۈر مىقدارى (332+333) 7 مىليارد 346 مىليون 750 مىڭ توننا ئىكەنلىكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. يىلىغا 3 مىليون توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرالايدىغان كۆمۈر قۇدۇقى قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالايدۇ. |
| | ئالتاي ۋىلايىتى | كۆكتوقاي ناھىيىسى قارا تۇڭگى مىس - نىكېل كېنى 2 - نومۇرلۇق غەربىي بۆلىكىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش | شىنجاڭ قارا تۇڭگى مىس - نىكېل كېنى | خىزمەت ئارقىلىق دەسلەپتە مىس - نىكېل رودىسىدىن 3 مىليون 60 مىڭ توننا بارلىقى ھېسابلاپ چىقىلدى |
| | تارباغاتاي ۋىلايىتى | تولى ناھىيىسى خاتۇ ئالتۇن كېنى چى — 1 ئالتۇن كېنىنىڭ غەربىي قىسمىنى ۋە چوڭقۇر قاتلىمىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش | شىنجاڭ رەڭلىك مېتال شىركىتى ئالتۇن - خروم كانچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | (333+334) مېتال مىقدارى 3.3 توننا بولغان جاي دائىرىلەپ چىقىلدى |
| دۆلەت قېزىلما بايلىق تۆلەم ھەققى تۈرى | بايىنغولىن ئوبلاستى | خوشۇت ناھىيىسى بارتۇ مىس كېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش | شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق ئىدارىسى 3 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى | يۈتكۆل كان رايونىدا جەمئىي (333+334) مىس بايلىقى مېتال مىقدارى 49 مىڭ 100 توننا ئىكەنلىكى مۆلچەرلەندى |
| | | كورلا - يەنجى ماڭلاق ئېقىن ئاندالۇزىت كېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەپسىلىي تەكشۈرۈش | شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتى | (334) ئاندالۇزىت مىنېرال بايلىقىدىن 63 مىليون 500 مىڭ توننا تەكشۈرۈپ چىقىلدى |
| | ئاقسۇ ۋىلايىتى | باي ناھىيىسى مىس بۇلاقتىن كۆمۈر تېپىش | شىنجاڭ كۆمۈرچىلىك گېئولوگىيە ئىدارىسى ئۇنىۋېرسال ئەترىتى | ئاز تېپىلىدىغان كۆمۈر تۈرلىرىدىن ئاساسلىق كوكس كۆمۈر بايقالدى، كوكس كۆمۈر بايلىقى (334+333+332) تەخمىنەن 78 مىليون 200 مىڭ توننا |
| | تۇرپان ۋىلايىتى | توقسۇن ناھىيىسى كۆجەي پەنجتاغ كۆمۈرلۈكىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش | شىنجاڭ كۆمۈرچىلىك گېئولوگىيە ئىدارىسى 156 - ئەترىتى | ئەڭ ياخشى ئېنېرگىيە ۋە ئاھالىلەرنىڭ كۆمۈر ئىشلىتىشى ئۈچۈن مۆلچەرلىنىشچە (332+333) كۆمۈر بايلىقىدىن 150 مىليون توننا تاپشۇرۇلىدۇ. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بىلەن مەركەزنىڭ مەخسۇس مەبلىغ تۈرى | ئالتاي ۋىلايىتى | كۆكتوقاي سۇر قۇدۇق مىس كېنىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش | شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق ئىدارىسى رايون دائىرىلىك 2 - گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى | (332+333+334) مىس بايلىقىدىن 330 مىڭ توننا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، بۇ قېتىمقى خىزمەتتە مىس بايلىقى (332) 60 مىڭ توننا مۆلچەرلەندى |
| | | كۆكتوقاي كۆكتال قوغۇشۇن، سىنك كان ياتىقى 39 — 4 لىنىيىسىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش | شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى 706 - ئەترىتى | دەسلەپتە مۆلچەرلەنگەن بايلىق (332+333)؛ قوغۇشۇن - سىنك مېتالى 545 مىڭ 100 توننا. بۇنىڭ ئىچىدە قوغۇشۇن 172 مىڭ 600 توننا، سىنك 372 مىڭ 500 توننا |
| | خوتەن ۋىلايىتى | نىيە ناھىيىسى جەرەنلىك سۆرمە كېنىنى تەكشۈرۈش | شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك قېزىلما بايلىق ئىدارىسى رايون دائىرىلىك 1 - گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى | 6 ئورۇندىن سۆرمە رودىسى توپلانغان بۆلەك بېكىتىپ بايقالدى، خىزمەت رايونىدىن سىرت ۋە ياۋا ئات سايلىقىنىڭ شىمالىدىن سۆرمە تەركىبلىك كۋارتس تومۇرى ۋە جۇلالىق سۆرمە كان - تومۇرى بايقالدى |
| | | خوتەن ناھىيىسى بۇيا كۆمۈركان رايونىنىڭ جەنۇبىنى تەكشۈرۈش | شىنجاڭ كۆمۈرچىلىك گېئولوگىيە ئىدارىسى 156 - ئەترىتى | (334 + 333) كۆمۈر بايلىقىدىن 53 مىليون 130 مىڭ توننا تەكشۈرۈلدى، كۆلىمى ئوتتۇرا تىپقا يېتىدۇ |
| | تۇرپان ۋىلايىتى | پىچان ناھىيىسىنىڭ قىزىل تاش ئالتۇن كېنىنى تەكشۈرۈش | شىنجاڭ گېئولوگىيە قېزىلما بايلىق ئىدارىسى 1 - گېئولوگىيە ئەترىتى | دەسلەپتە مۆلچەرلىنىشىچە ئالتۇن كان ياتىقىنىڭ كۆلىمى ئوتتۇرا تىپقا يېتىدىغانلىقىدىن ئۈمىد بار. |

زېمىن بايلىقى نازارىتى

## گېئولوگىيىلىك مۇھىت

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (تۈزلەڭلىكتىكى بىر شەھەر تەييارلىق لايىھىسىنى تۈزمىدى) ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش تەييارلىق لايىھىسىنى تۈزۈش خىزمىتىنى تاماملىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە مەلۇم كۆلەمدە گۈمۈرۈلۈپ چۆشۈش، سىيرىلىپ چۈشۈش، لاي - تاش ئېقىش، يەر يۈزى ئولتۇرۇشۇپ كېتىشتەك گېئولوگىيىلىك ئاپەت جەمئىي 50 قېتىم يۈز بەردى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 22 مىليون 521 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىگە قارىغاندا 85 مىليون 228 مىڭ 700 يۈەن ئازايدى. گېئولوگىيىلىك ئاپەتتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا 10 قېتىم ئالدىن مەلۇمات بېرىلدى، 125 كىشى ئۆلۈش - يارىلىنىشتىن ۋە ھۆكۈمەت 1 مىليون 590 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىندى. ئىلى ئوبلاستلىق، كۈنەس ناھىيىلىك، توققۇزتارا ناھىيىلىك زېمىن بايلىقى ئىدارىسى زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە گېئولوگىيىلىك ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. گېئولوگىيىلىك قاتما ئىزلارنى قوغداشتا زور ئىلگىرىلەش بولدى. 2003 - يىلى دۆلەتتىن كانلارنى گېئولوگىيىلىك تىزگىنلەش گېئولوگىيىلىك ئاپەتتىن ئالدىن سىگنال بېرىش قۇرۇلۇشى ۋە گېئولوگىيىلىك قاتما ئىزلارنى قوغداش قاتارلىق 10 تۈر قولغا كەلتۈرۈلۈپ 19 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ نەقلەشتۈرۈلدى. گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ تاشقا ئايلانغان ياغاچ - دىنوزاۋۇر دۆلەتلىك گېئولوگىيە باغچىسى بىلەن بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ قاناس كۆلى دۆلەتلىك گېئولوگىيە باغچىسىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە مەلۇم قىلىش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە تاماملاندى.

جاڭ فۇشەن، ۋېي جۇڭخۇا، تاڭجيەنيۇن

## ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق ئىدارىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق چارلاش- ئېچىش ئىدارىسى يېڭىدىن 7 كان تاپتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن كان بىر، سۆرمە كېنى بىر، قوغۇشۇن - سىنك كېنى بىر، ئاندالۇزىت كېنى بىر، بېنتونىت كېنى بىر، سۇ بىلەن تەمىنلەش مەنبەسى ئورنى 2. مۇشۇ بىر يىلدا تاماملىغان خىزمەتلەر: 1:250000 ماسشتاب بويىچە رايون دائىرىلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈلگەن جاي 43 مىڭ كۋادرات

كىلومېتىر، 1:50000 ماسشتاب بويىچە رايون دائىرىلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈلگەن جاي 24 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر، 1:200000 ماسشتاب بويىچە ئېغىرلىق كۈچى ئارقىلىق تەسۋىر يېيىپ تەكشۈرۈلگەن دائىرە 9450 كۋادرات كىلومېتىر، 1:200000 ماسشتاب بويىچە گېئو خىمىيىلىك تەكشۈرۈلگەن دائىرە 13 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر، 1:100000 ماسشتاب بويىچە گېئو خىمىيىلىك تەكشۈرۈلگەن دائىرە 9000 كۋادرات كىلومېتىر، 1:50000 ماسشتاب بويىچە گېئو خىمىيىلىك تەكشۈرۈلگەن دائىرە 7200 كۋادرات كىلومېتىر، بۇرغىلاپ تەكشۈرۈلگەن دائىرە 60 مىڭ 900 مېتىر، ئوقۇر ئېچىپ تەكشۈرۈلگىنى 99 مىڭ كۇب مېتىر. شۇ يىلى تاپشۇرۇلغان ھەر خىل گېئولوگىيىلىك دوكلات 117، بۇنىڭ ئىچىدە قېزىلما بايلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشكە دائىر دوكلات 96، گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈشكە دائىر دوكلات 3، باشقا دوكلاتلار 18. شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق چارلاش ئېچىش ئىدارىسىنىڭ يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 780 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %15.8 ئاشتى؛ ئىشلەپچىقىرىش قوشۇلما قىممىتى 335 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.5 ئاشتى؛ تېجەپ قېلىنغىنى ۋە پايدا 40 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %22.9 ئاشتى.

گو لەنزەي، ۋاڭ جىڭ

## يېڭىدىن بايقالغان كانلار

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق چارلاش ئېچىش ئىدارىسى يېڭىدىن 7 كاننى بايقىدى. بۇلار: نىيە ناھىيىسىدىكى جەرەنلىك سۈرمە كېنى (I تۈردىكى ئوتتۇرا تىپلىق)؛ باركۆل ناھىيىسىدىكى لايغىلەك بېنتونىت كېنى (II تۈردىكى چوڭ تىپلىق)؛ پىچان ناھىيىسىدىكى سەيشياشەن تېغى كۈمۈش، قوغۇشۇن، سىنك كېنى (I تۈردىكى ئوتتۇرا تىپلىق)؛ قۇمۇل شەھىرىدىكى قىزىل چوققا ئالتۇن كېنى (I تۈردىكى كىچىك تىپلىق)؛ كورلا شەھىرى — يەنجى ناھىيىسىدىكى ماڭلاق ئېقىن ئاندالۇزىت كېنى (II تۈردىكى چوڭ تىپلىق)؛ لوپنۇر كالىيلىق تۇز كېنىدىكى يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندى - لاتقا دۆۋىلەنمىسى سۇ مەنبەسى ئورنى (I تۈردىكى چوڭ تىپلىق)، قۇمۇل توپىدۆڭ مىس كېنىدىكى بوغاز - قىزىلبايراق كەنتى سۇ مەنبەسى ئورنى (I تۈردىكى ئوتتۇرا تىپلىق).

جۇاڭ داۋزې

## 1:50000 ماسشتاب بويىچە شىنجاڭنىڭ رايون دائىرىسىدىكى گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلىرى تەكشۈرۈلدى

بۇ تۈر 2003 - يىلى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئالدىنقى باسقۇچتىكى 3 يىلدا 150 مىليون يۈەن (ھەر يىلى 50 مىليون يۈەن) مەبلەغ سېلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى بەلۋاغلىرىدىكى مۇھىم كان ھاسىل بولغان بەلۋاغلاردا 1:50000 ماسشتاب بويىچە رايون دائىرىسىدە گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىق ئاساسى ئېنىقلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ قېزىلما بايلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈش، پىلانلاش، ئىشلىتىش ئۈچۈن ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەندى. 2003 - يىلى 1:50000 ماسشتاب بويىچە رايون دائىرىسىدە گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈشكە دائىر 47 تۈرلۈك 139 ئىسخېما ئىشلەپ چىقىلدى. 10 نەچچە ئورۇندا تاش قاتلاملار يېڭىدىن بايقالدى، 129 ئورۇندا كان (مىنېراللاشقان) نۇقتىسى، مىنېراللاشقان جاي يىپ ئۇچى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە خېلى ياخشى كان (مىنېراللاشقان) نۇقتىسىدىن 9ى بار.

جاۋ شۇمىڭ

## شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدا قوغۇشۇن - سىنك كېنى بايقالدى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق چارلاش ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 1 - گېئولوگىيە ئەترىتى شىنجاڭدىكى شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدا كەلگۈسى كۆلەمگە ئىگە ئوتتۇراھالدىن چوڭراق قوغۇشۇن - سىنك كېنىنى بايقىدى. بۇ قوغۇشۇن - سىنك كېنى جۇڭغار بۆلىكى بىلەن تارىم بۆلىكى سوقۇلۇپ تۇتاشقان قىسمىنىڭ جەنۇبىدىكى تەڭرىتاغ ئارال يايى بەلۋېغىغا جايلاشقان. شىمالىي تەرىپى ئاچچىق قۇدۇق چوڭ ئۈزۈلمىسىگە 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. كان گەۋدىسى يېقىن شەرقتىن غەربكە يېيىلىپ، جەنۇبقا تىك قىيسايغان. كان گەۋدىسىنى بويلاپ يۆرۈش يۆنىلىشىنى شەكىللەندۈرگەن، كان گەۋدىسى ئورنىنىڭ قوتۇبلىشىش نىسبىتى %8. قوغۇشۇننىڭ چېگرا سورتى $0.3\times10^{-2}$گە، سىنكنىڭ چېگرا سورتى $0.5\times10^{-2}$گە باراۋەر كېلىدۇ، دائىرىلەپ چىقىلغان كان گەۋدىسىنىڭ يەككە قۇرۇلۇش قېلىنلىقى 36.3 مېتىردىن 61.3 مېتىرغىچە بولۇپ، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 48.8 مېتىرغا يېتىدۇ، كان گەۋدىسىدىكى قوغۇشۇن+سىنكنىڭ ئوتتۇرىچە سورتى $2.57\times10^{-2}$گە باراۋەر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە سىنك $1.49\times10^{-2}$گە، قوغۇشۇن $1.08\times10^{-2}$گە، تەڭ ھاسىل بولغان كۈمۈش سورتى $1.2-51.5\times10^{-6}$گە باراۋەر كېلىدۇ.

فېڭ جىڭ

شىنجاڭنىڭ 2003 ـ يىلدىكى نېفىت ـ گازدىن باشقا كۆپ مىقداردىكى كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش ۋە ئۈنۈمىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى

| كان تۈرى نامى | كانچىلىق كارخانا سانى | يىللىق مەھسۇلات (رودا، 10 مىڭ توننا) | يىللىق كانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | كانچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە نېفىت ـ گازدىن باشقا كانچىلىق مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|
| كۆمۈر كان | 612 | 2829.83 | 227340.86 | 56.37 |
| تۆمۈر كان | 94 | 299.77 | 31936.56 | 7.92 |
| نىكېل | 15 | 47.96 | 17798.80 | 4.41 |
| ئالتۇن كان | 93 | 81.76 | 25545.42 | 6.33 |
| كۆل تۇزى | 21 | 89.70 | 8941.19 | 2.22 |
| تاشپاختا | 4 | 234.2 | 5324.20 | 1.32 |
| سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان ھاك | 116 | 539.74 | 11498.54 | 2.85 |
| قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان قۇم | 339 | 1003.70 | 10263.08 | 2.54 |
| خىش ـ كاھىش سىغىز توپىسى | 947 | 1171.52 | 38119.58 | 9.45 |
| يۇزلۇك گرانىت تاش | 58 | 23.20 | 5896.59 | 1.46 |

زېمىن بايلىقى نازارىتى

## شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىنى گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش تېخنىكا ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات تاماملاندى

2003 ـ يىل 3 ـ ئايدا «شىنجاڭنىڭ شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىنى گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش تېخنىكىسى ۋە يوشۇرۇن بايلىق كۆچمىگە باھا بېرىش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات» بېيجىڭدا جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باھالىشى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى ھەمدە ئەلا دەرىجىلىك باھاغا ئېرىشتى. بۇ تۈر جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ 2001 ـ يىللىق تېخنىكا ئۇسۇلى تەتقىقات تۈرى بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتى ئۈستىگە ئالدى، جۇڭگو گېئولوگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى گېئو فىزىكىلىق گېئو خىمىيىلىك تەكشۈرۈش تەتقىقات ئورنى قاتناشتى، تەتقىقات خىزمىتى 2001 ـ يىلى باشلىنىپ 2002 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئاخىرلاشتى. بۇ قېتىمقى خىزمەتتە شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ ئالاھىدە مەنزىرىلىك شارائىتى ۋە كان ھاسىل قىلىدىغان گېئولوگىيىلىك مۇھىتى نەزەردە تۇتۇلۇپ، تۇيۇقسىز يەندۇڭ مىس كېنى، كەڭ گۆرتاغ ئالتۇن كېنى، كىچىك ئارشاڭ مىس كېنى ۋە خۇاڭشەن مىس-نىكېل كېنى قاتارلىق 5 تەجرىبە رايونى تاللاپ چىقىلىپ، رايون تەۋەسىدىكى بىر نەچچە يەر يۈزىدە ھاسىل بولغان مۇھىت (شامالدا ھاسىل بولغان قۇم، تۇپراق، سۇ سىستېمىسى چۆكۈندىلىرى قاتارلىقلار) نىڭ دانىچە دەرىجىسى بويىچە تارقىلىشى، ماددا تەركىبى ۋە ئېلېمېنتلارنىڭ يەر يۈزىدە ھاسىل بولۇشى ـ تارقىلىشى، كۆچۈشى، توپلىنىش خۇسۇسىيىتى قاتارلىقلار نۇقتىلىق تەتقىق قىلىنغان. مۇشۇ ئاساستا بۇ رايوننىڭ 1:50000 ماسشتاب بويىچە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىدە تۇپراقنى ئۆلچەشنى ئاساس قىلىش، تېگىدىكى ئۇل جىنسلارنىڭ يېمىرىلگەن قاتلىمىنى ئەۋرىشكە قىسمى قىلىپ تاللاش، ئۇل جىنسلىق ئۆزۈندىلارنى ئەۋرىشكە ماددىسى قىلىپ تاللاش، كۆپ نۇقتىلاردىن بىرىكمە توپلاپ، 20+-5 نىشانلىق دانىچىلارنى كېمەيتىش، ئەۋرىشكە يىغىشتا زىچلىق دەرىجىسىنى ھەر كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدىن 4 نۇقتىنى تاللاش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تۇيۇقسىز مىس كېنى قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق تاللاپ كان گەۋدىسىدىكى بىرلەمچى گەردىشلەرنىڭ بەلۋاغقا ئايرىلىش خۇسۇسىيىتى ۋە باھالاش كۆرسەتكۈچلىرىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغان ھەمدە بۇ ئۇسۇل تېخنىكىسى كان

پائىمىسى بىلەن كان بەلۋېغى (كان مەيدانى) دىكى نورمالسىز ئېلېمېنتلارنىڭ تارقىلىش، بەلۋاغلارغا ئايرىلىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا كېڭەيتىپ قوللىنىلىپ، كان گەۋدىسى - كان پائىمىسى - كان بەلۋېغى (كان مەيدانى) دىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان 3 قاتلاملىق گېئوخىمىيىلىك كان ئىزدەش مودېلى ۋە ئۇنىڭغا ماس ئىزدەش كۆرسەتكۈچى تۇرغۇزۇلغان. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

لىيۇ تو

## سۇ ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولغان نىيە، چىرا قاتارلىق رايونلارنىڭ يەر ئاستى سۈيى تەكشۈرۈلدى

بۇ جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ (غەربىي قىسىم بويىچە سۇ ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولغان رايونلاردىكى ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىچىملىك يەر ئاستى سۈيىنى تەكشۈرۈش) تۈرى بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتى ئۈستىگە ئالدى. 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ۋە باھالىشىدىن ئۆتتى، سۈپەت دەرىجىسى ياخشى بولۇپ باھالاندى. 2002 - يىل 7 - ئايدىن 2003- يىل 6 - ئايغىچە گۇچۇڭ ناھىيىسى (دۇڭگۇەن بازىرى)، نىيە ناھىيىسى (ئەندىر چارۋىچىلىق مەيدانى)، چىرا ناھىيىسى (گۇلاخما، دامىكۇ يېزىسى)، بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 1 - شى 6 - تۇەن - مەيدانى، پەيزاۋات ناھىيىسى (ئۆردەكلىك يېزىسى) دىن ئىبارەت سۇ ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولغان 5 رايوندىكى سۇ تەركىبى تىپى ۋە يەر تۈزۈلۈشى ئوخشاش بولمىغان قىسىملاردا تەكشۈرۈش بىلەن قېزىش بىرلەشتۈرۈلگەن 6 قۇدۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتتۈرۈلۈپ، سۇ كەمچىل بولغان كەنت ۋە بازارلاردىكى تەخمىنەن 20 مىڭ ئادەم ۋە 47 مىڭ چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۈيى مەسىلىسى ھەل بولۇپلا قالماي، بەلكى يەر ئاستى سۇ تىپى ئوخشاش بولمىغان رايونلاردىن سۇ ئىزدەشتە زور بۆسۈش ھاسىل قىلىندى.

لىيۇ بىن، يۇ دېشېڭ

## رايونلۇق گىدروگېئولوگىيە خەرىتىسىنىڭ بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى (شىنجاڭ قىسمى)

بۇ، جۇڭگو گېئولوگىيىلىك مۇھىت ئۆلچەپ تەكشۈرۈش يۈرتى شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتىغا چۈشۈرگەن تۈر بولۇپ، 2003 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، ئومۇمىي نەتىجىسى ياخشى بولدى. 2002 - يىل 5 - ئايدىن بۇيان 1:200000 ماسشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن گىدروگېئولوگىيە خەرىتىسىنىڭ بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا دائىر 8 ئىسخىما ئىشلەندى. ARC/INF، MAPGIS فورماتلىق سانلىق مەلۇمات ھەممە 1:200000 ماسشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن گىدروگېئولو-گىيە خەرىتىسىنىڭ بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى تاپشۇرۇلدى. شىنجاڭنىڭ رايونلۇق گىدروگېئولوگىيە خەرىتىسىنىڭ بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى تاپشۇرۇلدى. شىنجاڭنىڭ رايونلۇق گىدروگېئولوگىيە خەرىتىسى بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى خەرىتىلەشتۈرۈش جەريانىنىڭ ھەممىسىدە كومپيۇتېرنىڭ ياردىمى بىلەن خەرىتە ئىشلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، گرافىكلارنى رەقەملەشتۈرۈش ئاساسىدا، مۇناسىۋەتلىك خاسلىق تۇرغۇزۇلۇپ، GIS بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى بارلىققا كەلتۈرۈلگەن، خەرىتىلەرنى ئىختىيارىي قاتلىنىدىغان ۋە بىرىكىدىغان قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى گىدروگېئولوگىيىلىك ئۇنىۋېرسال تەتقىقات، پەن تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن كۈچلۈك قورال بىلەن تەمىن ئېتىلگەن.

لىيۇ بىن، يۇ دېشېڭ

## ماراكەش پادىشاھلىقىنىڭ گوۋلىمىن، سىمارا رايونى گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈلۈپ خەرىتىگە چۈشۈرۈلدى

2003 - يىلى شىنجاڭ گۆھەر زېمىن كانچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى جۇڭگونىڭ ماراكەشكە ياردەم بېرىدىغان گېئوخىمىيىلىك خەرىتىگە چۈشۈرۈش تۈرىنى ئۈستىگە ئالدى، بۇ، جۇڭگونىڭ چەت ئەلگە ياردەم بەرگەن ئاساسىي خاراكتېرلىك گېئولوگىيىلىك خەرىتىگە چۈشۈرۈشكە دائىر تۇنجى تۈرى ھېسابلىنىدۇ. خىزمەت رايونى ماراكەشنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، گوۋلىمىن، بوۋئىزاكارىن، سىدى ئىفنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 3 پارچە خەرىتە ئىشلەندى، ئۇنىڭغا 7057 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە چۈشۈرۈلدى. جۇڭگو تەرەپ ئەۋەتكەن 21 تېخنىكا مۇتەخەسسىسى 2003 - يىل 4 - ئايدا ماراكەشكە بېرىپ دالادا ئەۋرىشكە يىغىش ئىشىنى قانات يايدۇرۇپ، 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىدى، ھەر خىل ئەۋرىشكىدىن 8340نى يىغدى. دالا خىزمىتى ماراكەش ئېنېرگىيە بايلىق - مەھسۇلات مىنىستىرلىكىنىڭ بىر قېتىمدىلا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، نەتىجىسى 100% لاياقەتلىك بولدى.

جۇاڭ داۋزې

# كارتوگرافىيە

## كارتوگرافىيە سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە كارتوگرافىيە سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئالغان ئورۇنلارنى يىللىق تەكشۈردى، 150 ئورۇن يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، بىر ئورۇننىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە قىسمەن كارتوگرافىيە كەسپىي دائىرىسىنىڭ سالاھىيەت دەرىجىسىنى چۈشۈردى. 5 ئورۇننىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى كېچىكتۈرۈپ تىزىمغا ئالدى، 7 ئورۇننىڭ كارتوگرافىيە سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى كۈچىدىن قالدۇردى. يېڭىدىن ئىلتىماس قىلغان ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلدى. 24 ئورۇننىڭ كارتوگرافىيە سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلدى، بۇلار تۆۋەندىكىچە: B دەرىجىلىك ئورۇنلار: شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى رايون دائىرىسىدە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش 1 - ئەترىتى؛ C دەرىجىلىك ئورۇنلار: ئۈرۈمچى شەھەرلىك سۇچىلىق تەكشۈرۈپ ئۆلچەش- لايىھەلەش يۇرتى، ش ئۇ ئا ر يەرلەرنى تەرتىپكە سېلىش مەركىزى، شىنجاڭ خۇايۈەن ئۆي- زېمىن باھالاش چەكلىك مەسئۇلىيەت ئىش بېجىرىش ئورنى، شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى 11 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى، شىنجاڭ قاتناش نازارىتى تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئالتاي تاشيول باش ئۇچاستكىسى؛ D دەرىجىلىك ئورۇنلار: شىنجاڭ توڭداشىن ئۆي - زېمىن باھالاش - مەسلىھەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئۈرۈمچى خۇاۋېي ئۆي - جاي كارتوگرافىيە چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك شىڭ تيەنچېڭ ئۆي - جاي كارتوگرافىيە چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جىيۇ ئۆي - زېمىن ۋاستىچىلىق مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئۈرۈمچى چۇاڭشىڭ ئۆي - زېمىن باھالاش چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ دېڭۋاڭ ئۆي - زېمىن باھالاش ئىش بېجىرىش ئورنى (چەكلىك شىركىتى)، شىنجاڭ جاۋشىن ئۆي - زېمىن باھالاش - مەسلىھەتچىلىك ئىش بېجىرىش ئورنى (چەكلىك شىركىتى)، شىنجاڭ شىنرۇڭ قۇرۇلۇش مەسلىھەتچىلىك چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك شىنپېڭ ئۆي - زېمىن باھالاش چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ خېيدىيۈەن مەسلىھەتچىلىك چەكلىك شىركىتى، شىخەنزە شەھەرلىك جىياشىن ئۆي - زېمىن ۋاستىچىلىق مۇلازىمەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىخەنزە تەرەققىيات رايونى يۇڭشىن ئۆي - زېمىن كارتوگرافىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قۇمۇل شەھەرلىك زېمىن بايلىقىنى باشقۇرۇش ئورنى، ۋۇجياچۈي جىڭچېڭ ئۆي - زېمىن كارتوگرافىيە چەكلىك شىركىتى، سانجى شەھەرلىك زېمىن بايلىقىنى تەكشۈرۈش ئۆلچەش مەركىزى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك شىنتيەن ئۆي - زېمىن ۋاستىچىلىق مۇلازىمەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىخو شەھەرلىك يۇتوڭ ئۆي - زېمىن كارتوگرافىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ شىنيۈەن چەكلىك مەسئۇلىيەت ئۆي - زېمىن باھالاش ئىش بېجىرىش ئورنى. قىسمەن كارتوگرافىيە كەسپىي دائىرىسى سالاھىيەت دەرىجىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ۋە تۆۋەنلىتىلگەن كارتوگرافىيە ئورۇنلىرى تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭ گېئولوگىيە- قېزىلما بايلىق چارلاش - ئېچىش ئىدارىسى رايون دائىرىلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش 2 - ئەترىتى؛ مۇددىتى 3 ئاي كېچىكتۈرۈلۈپ تىزىمغا ئېلىنغان كارتوگرافىيە ئورۇنلىرى تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭ ئۈرۈمچى كانچىلىق (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى تەكشۈرۈش- لايىھەلەش يۇرتى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلارنى تەكشۈرۈپ پىلانلاش - لايىھەلەش يۇرتى، 6 ئاي كېچىكتۈرۈپ تىزىمغا ئېلىنغان كارتوگرافىيە ئورۇنلىرى تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭ يېڭى سانائەت لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، پوسكام كۆيباغ كوئېنلۈن كارتوگرافىيە تېخنىكا مۇلازىمەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى؛ كارتوگرافىيە سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى كۈچىدىن قالدۇرۇلغان ئورۇنلار تۆۋەندىكىچە: سانجى ئوبلاستلىق سۇچىلىق ۋە سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھەلەش يۇرتى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك سۇچىلىق- ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىدارىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتى، غۇلجا شەھەرلىك پىلانلاش ئىدارىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى پىلانلاش ئىشخانىسى كارتوگرافىيە ئەترىتى، خوشۇت ناھىيىلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى پىلانلاش بۆلۈمچىسى كارتوگرافىيە گۇرۇپپىسى، خېجىڭ ناھىيىلىك شەھەر - يېزا پىلانلاش كارتوگرافىيە ئەترىتى.

شيا يىڭ

## كارتوگرافىيە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كارتوگرافىيە ساھەسىدە يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 172 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كارتوگرافىيە سىستېمىسىنىڭ 15 مىليون 830 مىڭ يۈەن، قۇرۇلۇش سىستېمىسىنىڭ 11



2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ كارتوگرافىيە ئىدارىسىنىڭ رەقەملەشتۈرۈلگەن ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى كۆزدىن كەچۈردى، شىنجاڭنىڭ ئۇل كارتوگرافىيە تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

شى خاڭجىڭ فوتوسى

مىليون 670 مىڭ يۈەن، گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق سىستېمىسىنىڭ 11 مىليون 960 مىڭ يۈەن، سۇ ئېلېكتر سىستېمىسىنىڭ 15 مىليون 140 مىڭ يۈەن، قاتناش سىستېمىسىنىڭ 15 مىليون 490 مىڭ يۈەن، كۆمۈرچىلىك سىستېمىسىنىڭ 2 مىليون 530 مىڭ يۈەن، مېتاللورگىيە سىستېمىسىنىڭ 880 مىڭ يۈەن، نېفىت سىستېمىسىنىڭ 58 مىليون 690 مىڭ يۈەن، رەڭلىك مېتال سىستېمىسىنىڭ 40 مىڭ يۈەن، تۆمۈريول سىستېمىسىنىڭ 3 مىليون 260 مىڭ يۈەن، زېمىن بايلىق سىستېمىسىنىڭ 12 مىليون 810 مىڭ يۈەن، يەر تەۋرەش سىستېمىسىنىڭ 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن، يادرو سانائىتى سىستېمىسىنىڭ 400 مىڭ يۈەن، مائارىپ پەن تەتقىقات سىستېمىسىنىڭ 200 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىق سىستېمىسىنىڭ 7 مىليون 60 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىق سىستېمىسىنىڭ 30 مىڭ يۈەن، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سىستېمىسىنىڭ 500 مىڭ يۈەن، باشقا سىستېمىلارنىڭ 14 مىليون 680 مىڭ.

شيا يىڭ

## ئۇل كارتوگرافىيە خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئۇل كارتوگرافىيە خىزمىتىدە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مەركەز مالىيىسىدىن سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليون 660 مىڭ يۈەن (ئاۋئاتسىيىلىك سۈرەتكە ئېلىش)، ئاپتونوم رايون سالغان مەبلەغ 12 مىليون 500 مىڭ يۈەن، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ يۈرۈشلەشتۈرگەن مەبلىغى 2 مىليون 740 مىڭ يۈەن. شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىدارىسى تۇرپان ۋىلايىتى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستى، بورتالا ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر بىلەن 1:10000 ماسشتابلىق ئۇل كارتوگرافىيە كېلىشىمى ئىمزالىدى. شىنجاڭ 1- كارتوگرافىيە يۈرتى، 2 - كارتوگرافىيە يۈرتى، گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق كارتوگرافىيە يۈرتى بىلەن دۆلەت كارتوگرافىيە ئىدارىسى قارمىقىدىكى خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك كارتوگرافىيە ئىدارىسى، شەنشى ئۆلكىلىك كارتوگرافىيە ئىدارىسى، سىچۈەن ئۆلكىلىك كارتوگرافىيە ئىدارىسى بىرلىكتە ئۇل كارتوگرافىيە خىزمىتىگە قاتناشتى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇل كارتوگرافىيە تورىدە 1:10000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىدىن 1019 نۇسخا ئىشلەندى، ئۆلچەپ سىزىلغان دائىرە تەخمىنەن 25 مىڭ 475 كۋادرات كىلومېتىر؛ 1:10000 ماسشتاب بويىچە ئاساسىي ئۆلچەپ سىزىشتا رەقەملەشتۈرۈلگەن سىزىقلىق خەرىتىدىن (DLG) 1019 نۇسخا، رەقەملەشتۈرۈلگەن ئېگىزلىك ئاتمېتكىسى مودېلىدىن (DEM) 363 نۇسخا، رەقەملىك كارتوگرافىيە تەسۋىر خەرىتىسىدىن (DOM) 1019 نۇسخا ئىشلەندى؛ 159 نۇقتىدا تەكشىلىكتىكى تىزگىنلەش تورى، 33 مىڭ 400 كىلومېتىر دائىرىدە دۆلەتلىك ئېگىزلىكنى تىزگىنلەش تورى، 6 ئورۇندا دۆلەتلىك نازۇكلۇق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئورۇن بەلگىلەپ تىزگىنلەش نۇقتىسى قۇرۇلدى.

شيا يىڭ

## كارتوگرافىيە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىدارىسى قارمىقىدىكى ئورۇنلارنىڭ ئورۇندىغان كارتوگرافىيە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى: گېئودېزىيىلىك ئۆلچەشتە: GPS بويىچە ئۆلچەنگەن C دەرىجىلىك (نۇقتا) 337، D دەرىجىلىك نۇقتا 59، E دەرىجىلىك نۇقتا 84؛ نىۋېلىرلىق ئۆلچەشتە: 3 - دەرىجىلىك 3104 كىلومېتىر، 4 - دەرىجىلىك 3672 كىلومېتىر. رەقەملەشتۈرۈلگەن فوتوگرافىيىلىك ئۆلچەشتە: 1:1000 ماسشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن سىزىقلىق خەرىتىدىن (DLG) 1418 نۇسخا، 1:5000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 30 نۇسخا، 1:2000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 3 نۇسخا،

1:1000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 28 نۇسخا ئىشلەندى، سانلىق مىقدارى (MB) 4502؛ (DEM) 1:10000 ماسشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن ئاتمېتىكا مودېلى خەرىتىسىدىن 1112 نۇسخا ئىشلەندى، سانلىق مىقدارى (MB) 3630؛ MOD (ئايروپىلان بىلەن تارتىلغان سۈرەت) 1:10000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 1300 نۇسخا ئىشلەندى، سانلىق مىقدارى (MB) 17632. دالىدا يەر شەكلى سانلىق مەلۇماتلىرىنى توپلاپ خەرىتە ئىشلەشتە: (DLG) 1:2000 ماسشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن سىزىقلىق خەرىتىدىن 12 نۇسخا، 1:1000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 310 نۇسخا، 1:500 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 192 نۇسخا ئىشلەندى، سانلىق مىقدارى (MB) 609. رەقەملەشتۈرۈلگەن خەرىتە: (DLG) 1:500000 ماسشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن سىزىقلىق خەرىتىدىن 18 نۇسخا، 1:100000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 68 نۇسخا، 1:1000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 603 نۇسخا ئىشلەندى، سانلىق مىقدارى (MB) 18908. تۈزۈلگەن خەرىتە: 1:10000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسى 5 نۇسخا، 1:5000 ماسشتابلىق خەرىتە 24 نۇسخا، 1:2000 ماسشتابلىق خەرىتە 9 نۇسخا. مەخسۇس خەرىتىلەر: بىكىتۈەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىنىڭ يەرلەردىن پايدىلىنىش ئەھۋالى خەرىتىسىدىن 5 نۇسخا، شىنجاڭدىكى كارىزلارنىڭ تارقىلىش خەرىتىسىدىن 6 نۇسخا؛ ئاتلاس: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاتلىسىدىن بىر نۇسخا. مەخسۇس رەقەملىك خەرىتە مەھسۇلاتلىرى: تارىم دەرياسى سىستېمىسى، يېيىنچا ئۆسۈملۈك، يەرلەردىن پايدىلىنىشقا دائىر 1:10000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 221 نۇسخا ئىشلەندى، سانلىق مىقدارى (MB) 17680؛ 1:50000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 15 نۇسخا ئىشلەندى، سانلىق مىقدارى (MB) 1200؛ شىنجاڭنىڭ غەربىدىكى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئاسما خەرىتىسىدىن 86 نۇسخا ئىشلەندى، سانلىق مىقدارى (MB) 15480، سانجى ئوبلاستلىق قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ يوللىرىغا دائىر 1:400000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 9 نۇسخا ئىشلەندى، سانلىق مىقدارى (MB) 30، قۇمۇل ۋىلايەتلىك گىدروگېئولوگىيىلىك 1:100000 ماسشتابلىق خەرىتىسىدىن 8 نۇسخا ئىشلەندى. سانلىق مىقدارى (MB) 40. سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇش جەھەتتە: كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ يەرلەردىن پايدىلىنىش سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا دائىر 1:10000 ماسشتابلىق 74 نۇسخا (MB) 4200 سانلىق مەلۇماتى ئىشلەندى، دۆلەتنىڭ ئاساسلىق ئاۋئاتسىيىلىك سۈرەتكە ئېلىش ماتېرىيال سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن 6000 نۇسخا ئىشلەندى. چېگرا سىزىقىنى ئۆلچەش- سىزىش جەھەتتە: 70 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنىڭ يەر تەۋەلىكى 867 نۇسخا ئۆلچەپ سىزىپ چىقىلدى. قۇرۇلۇشلار 1:5000 ماسشتاب، 1:2000 ماسشتاب، 1:1000 ماسشتاب بويىچە 76 نۇسخا ئۆلچەپ چىقىلدى. ئۆلچەنگەن ئۇزۇنلۇقى 1084 مېتىر، 57 كۋادرات كىلومېتىر. باسمىچىلىق جەھەتتە: كارتوگرافىيە قانۇنىغا دائىر تەشۋىقات ماتېرىياللىرىدىن 2 پارچە (يېرىم تاۋاق) 20 مىڭ نۇسخا باستۇرۇلدى.

شيا يىڭ

## شىنجاڭنىڭ زېمىن بايلىقى - مۇھىت ئۇچۇر سىستېمىسى تورى

شىنجاڭ جۇغراپىيىلىك ئاساسىي ئۇچۇر مەركىزى ئۈستىگە ئالغان شىنجاڭنىڭ زېمىن بايلىقى - مۇھىت ئۇچۇر سىستېمىسى تورى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ تور دەپ ئاتىلىدۇ) 2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاپتونوم رايون بىلەن زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكىنىڭ ئويۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ۋە باھالىشىدىن ئۆتتى. باھالاشتا بۇ تورنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى ئومۇمىي جەھەتتىن شۇ خىلدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىچىدە خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ خۇلاسە چىقىرىلدى. بۇ تورگە «3S» تېخنىكىسى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ زېمىن بايلىقى - مۇھىتىنى تېلېتېخنىكا بىلەن تەكشۈرۈش تورىنىڭ بارلىق نەتىجىلىرى مۇجەسسەملەشكەن، ئۇ 1:1000000 ماسشتابلىق، 1:250000 ماسشتابلىق ئاساسىي چاتما سىخېمىلار ۋە مەخسۇس ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تور بويىچە ئىزاھلانغان نەتىجە سىخېمىسى شۇنىڭدەك شىنجاڭ رايونىنىڭ جۇڭگو - پاكىستان ھەمكارلىقىدىكى بايلىق سۈنئىي ھەمراھ تەسۋىرى سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تور خەلقئارا خەرىتىچىلىكتە ۋە مەمۇرىي رايون ئايرىمىسىنىڭ چېگرا سىزىقىغا ئاساسەن بايلىق - مۇھىت ئامىللىرىنى تېز سۈرئەتتە سۈرۈشتۈرۈش، ئىزدەپ تېپىش، بېكىتلاش، تۈرلەرگە ئايرىش، ئۈستىلەپ قوشۇش ئىقتىدارىغا، كۆپ ئۆلچەم بويىچە ھەر خىل زېمىن بايلىقى - مۇھىت ئۇچۇرلىرىغا دائىر سانلىق مەلۇماتلارنى باشقۇرۇش ۋە ئۇنى بېكىتلاش ئىقتىدارىغا، تېلېتېخنىكا سۈرەتلىرى بىلەن ئۈستىلەپ كىرىشتۈرۈش، كېسىشتۈرۈش ۋە ئۇنىۋېرسال ئانالىز قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە؛ بۇ ئارقىلىق بوشلۇق ئۇچۇرلىرىنى خۇسۇسىيەتلىك ئۇچۇر ھەمدە تۈرلۈك ستاتىستىكا ئۇچۇرلىرى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر، سۇچىلىق، ئورمانچىلىق، قېزىلما بايلىقى، ئوتلاق، مۇھىت، ئاپەت قاتارلىق زېمىن بايلىقى -

مۇھىتىنى تېز، توغرا ئىگىلەپ ئۇنىۋېرسال ئانالىز قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرگىلى بولىدۇ. ئۈچ ئۆلچەملىك سىستېمىسى تېمىسىنى تەتقىق قىلىپ يارلىقىغا كەلتۈرۈشتە، دۇنيا بويىچە ئىلغار بولغان GeoMediaGIS يۇمشاق دېتالىنى تاللاپ قوللىنىلىپ، ئەڭ ئىلغار GISنى ئېچىش ئۇسۇلى — ئوبيېكتلارغا يۈزلەندۈرۈلگەن بىرلەشمە دېتاللارنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، مۇستەقىل GIS سوپېتى بارلىققا كەلتۈرۈلگەن ۋە تۈرغۇزۇلغان. بۇ سىستېمىدا خىزمەت رايونىنى باشقۇرۇش، سېخىملارنىڭ كۆرۈنۈشىنى تىزگىنلەش، سېخىملارنى تەڭشەپ تىزگىنلەش، سېخىما يۈزىنى كونترول قىلىش، سۈرۈشتۈرۈپ ئانالىز قىلىش، سانلىق مەلۇماتلارنى تەھرىرلەش، ستاتىستىكىلىق ئانالىز قىلىش، مەخسۇس تېمىلارنى يۈتكەپ ئىشلىتىش، سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى باشقۇرۇش، بېسىپ چىقىرىش، سىستېما ياردەمچىسى بولۇش قاتارلىق ئىقتىدار ئىشقا ئاشۇرۇلغان. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭنىڭ زېمىن بايلىقى - مۇھىت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى ئۈنۈملۈك باشقۇرغىلى، ناھىيە، ۋىلايەت، ئوبلاستلار بويىچە بايلىق مۇھىتقا ئۇنىۋېرسال باھا بەرگىلى بولىدۇ. بۇ سىستېمىغا شىنجاڭنىڭ 250000 : 1 ماسشتابلىق، 1000000 : 1 ماسشتابلىق ئۇل جۇغراپىيىلىك خەرىتە سانلىق مەلۇماتى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ، يەر، قېزىلما بايلىق، ئورمانچىلىق، چۆللىشىش، قۇملىشىش، ئوتلاق، سۇ بايلىقى ماتېرىياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۇڭگو - پاكىستان بايلىق سۈنئىي ھەمراھىنىڭ سانلىق مەلۇمات مىقدارى ناھايىتى كۆپ، ئىشلىنىشى ئىشەنچلىك، ئىقتىدارى تولۇق، ئىشلىتىش ئاسان. بۇ تۈر شىنجاڭنىڭ زېمىن بايلىقى - مۇھىتىنى تېلېتېخنىكا ئارقىلىق ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئۇچۇرلىرىنى GIS تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇشتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى، ئاپتونوم رايوننىڭ زېمىن بايلىقى - مۇھىتى سانلىق مەلۇماتلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ ئىلمىيلىشىش، ئاپتوماتلىشىش ئىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

شيا يىلڭ

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى غەربىي قىسمىدىكى ناھىيە، شەھەر ئاسما خەرىتىسى تۈرى

شىنجاڭ 2 - كارتوگرافىيە يۈرتى ئۈستىگە ئالغان غەربىي رايوندىكى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئاسما خەرىتىسى قۇرۇلۇشى 2003 - يىل 9 - ئايدا تۈر سۈپىتىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ تۈرنىڭ نىشانى دۆلەت كارتوگرافىيە ئىدارىسىنىڭ ھازىرقى 250000 : 1 ماسشتابلىق جۇغراپىيىلىك ئاساسىي ئۇچۇرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ۋە يەرقىلەندۈرۈش نەتىجىسى يۇقىرى سۈنئىي ھەمراھ تەسۋىرى سانلىق مەلۇماتى ھەمدە پاسىل تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى، يەر ناملىرى ماتېرىياللىرى، قاتناش ماتېرىياللىرى قاتارلىق ماتېرىياللار ۋە باشقا سانلىق مەلۇماتلاردىن پايدىلىنىپ، پۈتكۈل شىنجاڭنى قاپلىغان، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك مەمۇرىي رايونلار بويىچە ئايرىلغان 86 پارچە مەمۇرىي رايون ئايرىمىسى ئاسما خەرىتىسى ۋە 86 پارچە سۈنئىي ھەمراھ تەسۋىرى ئاسما خەرىتىسىنى نەشر قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ تۈر 2003 - يىل 11 - ئايدا دۆلەت كارتوگرافىيە ئىدارىسى غەربىي قىسمىدىكى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئاسما خەرىتىسى قۇرۇلۇش تۈرى بويىچە مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شيا يىلڭ

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دۆلەتنىڭ ئۇل كارتوگرافىيە مۇئەسسەسە تۈرى قۇرۇلۇشى

شىنجاڭ ئۈستىگە ئالغان دۆلەتنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە تۈرى قۇرۇلۇشى 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى رەسمىي تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. 2003 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىدارىسى دۆلەت كارتوگرافىيە ئىدارىسى تەرىپىدىن دۆلەتنىڭ ئۇل كارتوگرافىيە مۇئەسسەسە تۈرى قۇرۇلۇشىنى ئۈستىگە ئالىدىغان B خىل ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى. قۇرۇلۇشقا جەمئىي 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 2 مىليون يۈەن، ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن ۋە نەپ ئالغۇچى ئورۇنلاردىن يۈرۈشلەشتۈرۈلگىنى 2 مىليون يۈەن. بۇ تۈر ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن ياخشى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. شىنجاڭ جۇغراپىيىلىك ئاساسىي ئۇچۇر مەركىزى بىلەن شىنجاڭ 2 - كارتوگرافىيە يۈرتى تۈرنىڭ ئىلغار ئۇسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ، تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنى 10000 : 1 ماسشتاب بويىچە توپ ئاساسىدىن ئۆلچەپ سىزىش، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋېغىنىڭ 10000 : 1 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىنى ئاساسىي ئۆلچەپ سىزىش، جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى 5 - نومۇرلۇق نېفىت - گازلىقنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆلچەش، شىنجاڭنىڭ 1000000 : 1 ماسشتابلىق سۈنئىي ھەمراھ تەسۋىرى خەرىتىسى، 250000 : 1 ماسشتابلىق سانلىق مەلۇماتىنى يېڭىلاش، شىنجاڭنىڭ زېمىن بايلىقى - مۇھىت ئۈچ ئۆلچەملىك سىستېمىسى تۈرى، 50000 : 1 ماسشتاب بويىچە شىنجاڭنىڭ يەر ناملىرى سانلىق مەلۇماتىنى توپلاش، دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ناھىيە، شەھەرلەر شىنجاڭ ئاسما خەرىتىسى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى تاماملىدى.

شيا يىلڭ

## كارتوگرافىيە كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىجازىتى تۈزۈمى

2003 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭ بويىچە 3 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ساھەلەردە، ئۆلچەپ سىزىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زېمىن بايلىقى، سۇچىلىق، ئېنېرگىيە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، قاتناش، شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى، تۇرۇبا يوللىرىنى ئۆلچەش، شەھەرلەرنى پىلانلاش، ئۆي ـ جايلارنى ئۆلچەش سىزىش، پاسىل تەكشۈرۈش، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش قاتارلىق كارتوگرافىيە خىزمىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان كارخانا، كەسپىي ئورۇن، شىركەت، ئىقتىسادىي گەۋدە، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ۋە ھەر خىل كارتوگرافىيە كەسپىي بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارغا قارىتا، كارتوگرافىيىگە خاس ئىش تۈرى ۋە ئىجتىمائىي ھەممىباب ئىش تۈرى بويىچە كەسپىي سالاھىيەت تۈزۈمى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىجازىتى تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئوقۇتۇش تارىخى دىپلومى ۋە كەسپىي سالاھىيىتىدىن ئىبارەت 2 خىل گۇۋاھنامە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش پىلانلانغان. 2003 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن كېيىن، كارتوگرافىيە ساھەسىگە يېڭىدىن قوشۇلۇپ، ئۆلچەش ـ سىزىشتەك ئالاھىدە تېخنىكا ئىش تۈرى بىلەن شۇغۇللانغان خادىملارغا جۈملىدىن سىياسەت خاراكتېرلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە ئىش ئورنى ئالماشتۇرۇلغان، تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان خادىملارغا قارىتا بىردەك ئاۋال تەربىيىلەش، دۆلەتنىڭ كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى ئالغاندىن كېيىن ئالدىن ئىشقا قويۇش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. شىنجاڭ كارتوگرافىيە ساھەسى كەسپىي ماھارىتىنى باھالاشتا يېتەكچىلىك قىلىش مەركىزى كارتوگرافىيە ئىدارىسىدا تەسىس قىلىندى.

شيا يىڭ

## كارتوگرافىيە ساھەسىدىكى ئەلا قۇرۇلۇشلار (تۈرلەر)

2003 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى، شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىكتە ئاپتونوم رايون بويىچە كارتوگرافىيە ساھەسىدىكى ئەلا سۈپەتلىك كارتوگرافىيە قۇرۇلۇشى (تۈرى) نى باھالاش خىزمىتى ئاياغلاشتى، ئاپتونوم رايون بويىچە 10 ئورۇن 18 تۈرنى يوللىدى، 13 قۇرۇلۇش تۈرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 2 تۈر 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يەنى شىنجاڭ 1 ـ كارتوگرافىيە يۈرتى، 2 ـ كارتوگرافىيە يۈرتى ئۈستىگە ئالغان تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ 10000 : 1 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسى فوتوگراممېتىر قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ ئاساس جۇغراپىيىلىك ئاساسىي ئۇچۇر مەركىزى ئۈستىگە ئالغان شىنجاڭنىڭ 1000000 : 1 ماسشتابلىق سىزىقچە ھەمراھ تەسۋىرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى

شيا يىڭ

## كارتوگرافىيە ئىشلىرىنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى

شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىدارىسىنىڭ كارتوگرافىيە ساھەسىنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتى 2003 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نام بېرىلدى، 5 كىشى ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۆھپىكارى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە A دەرىجىلىك 11 كارتوگرافىيە ئورنىدىن 7 سى، B دەرىجىلىك كارتوگرافىيە ئورنىدىن 4 ى ئىلگىرى كېيىن ISO9001 سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتتى.

شيايىڭ

## كارتوگرافىيە قانۇنىنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2003 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خەلچەم ئىسلام، خوجىخان ھاكىمۇف ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ ئۈرۈمچى، ئىلى، بايىنغولىن، قىزىلسۇ، قەشقەر، تۇرپان، تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە 7 شەھەر، 5 ناھىيىنىڭ «كارتوگرافىيە قانۇنى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. كارتوگرافىيە ئىدارىسى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشكە ماسلىشىش ئۈچۈن كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ كارتوگرافىيە مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرى كۇرسى

ئاچتى، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشكە دائىر 4 سان قىسقا خەۋەر تارقاتتى. كارتوگرافىيە ئۆلچىمىنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يەنىلا نىسبىي ھالدا ئۆز ئالدىغا 2 يۈرۈش تەكشى كوئوردىنات سىستېمىسىنى ئىشلەتكەنلىك ئەھۋالىغا قارىتا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ئالاقە ئەۋەتىپ پەيدىنپەي بىرلىككە كەلتۈرۈشنى دەۋەت قىلدى؛ بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى يەنىلا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كوئوردىنات سىستېمىسىنى ئىشلىتىۋاتقانلىقىغا قارىتا، تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. قانۇن بويىچە ئۆلچەش بەلگىلىرىنى قوغداش سالمىقىنى كۈچەيتىپ ئۆلچەش بەلگىلىرىنى يۆتكىۋېتىشنى تەستىقلاشقا دائىر 3 دېلونى قوبۇل قىلدى، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردا يۈز بەرگەن 4 ئۆلچەش بەلگىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش دېلوسىنى تەكشۈرۈپ ئىسپات ئالدى ۋە قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. بايىنغولىن ئوبلاستلىق خۇڭچياۋ ئۆي - زېمىن باھالاش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ رايون ئاتلاپ مەشغۇلات قىلىش دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتىنىڭ بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى تۈەن - مەيدانلىرىدا كېنىشكىسىز ئۆلچەپ سىزىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارغانلىقى توغرىسىدا تەكشۈرۈپ ئىسپات ئالدى. ئالاقىدار نازارەت - ئىدارىلەر بىلەن بىرلىكتە خەرىتە بازارلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئېغىر سىياسىي مەسىلە ساقلانغان 749 گلوبوس 1364 پارچە خەرىتە، 48 خەرىتە توپلىمى، 2 مىس مەتبەلىك دۇنيا خەرىتىسى، 11 قاپ بالىلار جۈپلىمە خەرىتىسى، 30 مىڭ 506 پارچە تەشۋىقات قوللانمىسىنى قانۇن بويىچە مۇسادىرە قىلدى، «چاتاق خەرىتە» كۆرسىتىلگەن 96 ئېلان، بەلگە تاختايلىرىغا قارىتا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن تەرتىپكە سېلىش ۋە ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى، 58 ئورۇننى 274 مىڭ 529 يۈەنلىك تۈزگۈچى ئورۇن بولمىغان، نەشر قىلغۇچى ئورۇن بولمىغان، خەرىتىنى تەستىقلىغانلىق نومۇرى بولمىغان خەرىتە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشنى توختىتىشقا بۇيرىدى.

شيا يىڭ

## كارتوگرافىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىدارىسى كارتوگرافىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى 153 تۈركۈم (قېتىم) نازارەت قىلىپ تەكشۈردى ۋە ھاۋالە بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 31 تۈركۈم (قېتىم) ئۇل كارتوگرافىيە بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. 95 تۈركۈم (قېتىم) ھاۋالە بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى، (بۇنىڭ ئىچىدە 81 تۈركۈم (قېتىم) لاياقەتلىك بولدى، 14 تۈركۈم (قېتىم) لاياقەتسىز بولدى)، ھاۋالە بويىچە تەكشۈرۈلگىنى 8 تۈركۈم (قېتىم)، قايتا تەكشۈرۈلگىنى 19 تۈركۈم (قېتىم). مەملىكەت كارتوگرافىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇردى؛ 2 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى ھەمدە تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى كارتوگرافىيە ئورۇنلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى يىللىق تەكشۈرۈشتىكى ئاساسلىرىنىڭ بىرى قىلدى.

شيا يىڭ

## كارتوگرافىيە كاپالىتى ۋە مۇلازىمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ كارتوگرافىيە ماتېرىياللىرى ئارخىپخانىسى جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنى جۇغراپىيىلىك ئاساسىي ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. رەقەملەشتۈرۈلگەن نەتىجە ماتېرىياللىرى تۆۋەندىكىچە: DEM 1:50000 ماسشتابلىق (MB) 536 سانلىق مەلۇماتتىن 268 نۇسخا، 1:100000 ماسشتابلىق (MB) 60 سانلىق مەلۇماتتىن 30 نۇسخا، DOM 1:10000 ماسشتابلىقتىن چوڭ (1:10000 ماسشتابلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) (MB) 198 سانلىق مەلۇماتتىن 24 نۇسخا، DRG 1:10000 ماسشتابلىقتىن چوڭ (1:10000 ماسشتابلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) (MB) 198 سانلىق مەلۇماتتىن 33 نۇسخا، 1:50000 ماسشتابلىق (MB) 582 سانلىق مەلۇماتتىن 97 نۇسخا، 1:100000 ماسشتابلىق (MB) 144 سانلىق مەلۇماتتىن 24 نۇسخا، DLG 1:10000 ماسشتابلىقتىن چوڭ (1:10000 ماسشتابلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) (MB) 660 سانلىق مەلۇماتتىن 109 نۇسخا، 1:250000 ماسشتابلىق (MB) 120 سانلىق مەلۇماتتىن 24 نۇسخا؛ يەر شەكلى خەرىتىسى 1:10000 ماسشتابلىقتىن 1:1000000 ماسشتابلىققىچە بولغان خەرىتىدىن 3481 نۇسخا 8719 پارچە، ئاسما خەرىتە 210 نۇسخا 526 پارچە، ئاتلاس 146 پارچە؛ ئاۋىئاتسىيىلىك سۈرەتكە ئېلىنغان نەتىجىلەر: نېگاتىۋ 16 مىڭ 988 پارچە، سۈرەت 7013 پارچە؛ گېئودېزىيىلىك نەتىجىلەر: 3 بۇلۇڭ نۇقتىسى 513، نىۋېلىر نۇقتىسى 789؛ سۈنئىي ھەمراھ تېلېتېخنىكا ماتېرىياللىرى: 2 مىليون 713 مىڭ

600 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنىڭ ETM سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن ماتېرىيالى، 7200 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنىڭ SPOT سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن ماتېرىيالىدىن ئىبارەت. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاتلىسى» ئۈچۈن توپلىغان ۋە تەمىنلىگەن ھازىرقى ۋەزىيەتكە دائىر ماتېرىيال 106 پارچە؛ ئۆل كارتوگرافىيە ئۈچۈن تەمىنلىگەن يەر شەكلى خەرىتىسى 887 پارچە، ئاۋىئاتسىيىلىك تارتىلغان سۈرەت نېگاتىۋى 72 قاپ. تىزگىنلەنگەن دائىرە نەتىجىسى 5099 نۇقتا. ئىشلەپچىقىرىلغان «ئاقسۇ — ئارال — خوتەن تاشيولىنىڭ سۈنئىي ھەمراھ تەسۋىرلىك خەرىتىسى» ۋە «G315 لىنىيىدىكى چاقىلىق - چەرچەن بۆلىكىنىڭ سۈنئىي ھەمراھ تەسۋىرى خەرىتىسى»نىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى شىنجاڭنىڭ تاشيوللىرىنى لايىھەلەشتە لىنىيە تاللاش ۋە پىلانلاپ لايىھەلەش ئىشىنى ئاساسىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى ھەمدە بۇ ئارقىلىق تەخمىنەن 20 مىليون يۈەن مەبلەغ تېجەپ قېلىندى.

شيا يىڭ

قىسقا ماتېرىيال

## يەر شارىنى رەقەملەشتۈرۈش

يەر شارىنى رەقەملەشتۈرۈش دېگەندە يەر شارىدىكى ھەر بىر نۇقتا (جۇغراپىيىلىك كوئوردىنات ئارقىلىق ئۆزئۆزلۈكى ۋە كەڭلىكى بېكىتىلگەن) دىكى بارلىق سانلىق ئۇچۇرلارنى توپلاپ، تەشكىللەپ، بىر پۈتۈن يەر شارى ئۇچۇر مودېلىنى ھاسىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئۇچۇرلار ھەممىنى يەنى يەر شەكلى، يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى، گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى، يەر، تاغ - دەريا كىلىمات قاتارلىق تەبىئىي ئۇچۇرلارنى، تارىخىي تەرەققىيات ئۆزگىرىش، تەبىئىي شارائىت ۋە ئۆرپ - ئادەت، مەدەنىيەت - مائارىپ، نوپۇس، قاتناش، ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى قاتارلىق كۆمانتارلىق ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۇچۇرلار بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلسە، ناھايىتى ئاسانلا جۇغراپىيىلىك كوئوردىنات بويىچە ئىزدەپ تاپقىلى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانغىلى بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا كىشىلەر دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدىكى ئەڭ يېڭى مۇكەممەل ئۇچۇرلارنى تېز سۈرئەتتە، ئوبرازلىق، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئىگىلىۋېلىپ، يەر شارى ئۇچۇرلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

يەر شارىنى رەقەملەشتۈرۈش ئۇچۇرچىلىق جەمئىيىتىدە ئۇچۇرلارنى تېز، ئۈنۈملۈك قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى بولۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا غايەت زور قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە. ئەگەر يەر شارى رەقەملەشتۈرۈلسە، ئۇ بىر قىسىم شىركەتلەرنىڭ كۆپ مىقداردىكى جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سۈرەتلىرى ۋە سانلىق مەلۇماتلىرىنى ساتىدىغان، ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىدىغان ئۇچۇرلاشتۇرۇلغان بازارغا ئايلىنىدۇ، ئالىملارنىڭ ھەر خىل پەن تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان «تامسىز تەجرىبىخانا» سىغا ئايلىنالايدۇ، يەنە مېتېئورولوگلارنىڭ ھەر خىل ئاپەت ئەھۋالىدىن ۋە ئۇتتۇرا، ئۇزۇن مۇددەتلىك ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىدىغان، بىئولوگلارنىڭ ھايۋانات، ئۆسۈملۈك تۈرلىرىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىش ئەھۋالىنى كۆزىتىدىغان، ئاگرونوملارنىڭ تۇپراق، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى ھەمدە زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلەيدىغان مۇھىم ئۇچۇر ئامبىرىغىمۇ ئايلىنالايدۇ.

شيا يىڭ

# يەر تەۋرەش، مېتېئورولوگىيە

## يەر تەۋرەش

### شىنجاڭ رايونىدىكى يەر تەۋرەش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ تەۋەسىدە 1130 قېتىم 2 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 — 2.9 بال يەر تەۋرەش 858 قېتىم، 3 — 3.9 بال يەر تەۋرەش 200 قېتىم، 4 — 4.9 بال يەر تەۋرەش 58 قېتىم، 5 — 5.9 بال يەر تەۋرەش 12 قېتىم، 6 — 6.9 بال يەر تەۋرەش 2 قېتىم. 2003 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى مارالبېشى، پەيزاۋاتتا يۈز بەرگەن 6.8 بال يەر تەۋرەش مۇشۇ يىل ئىچىدە شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ.

1. 2003 ـ يىلى شىنجاڭدا يەر تەۋرەش ھەرىكىتى كۆپ بولدى. ئۇنىڭ چاستوتىسى بىلەن كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى 2002 ـ يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى (قوشۇمچە جەدۋەلگە قاراڭ).

قوشۇمچە

شىنجاڭ رايونىدا 2002 — 2003 ـ يىلغىچە بولغان يەر تەۋرەش ھەرىكىتىنىڭ تەكرارلىنىش دەرىجىسى بىلەن كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

| يىللار | 2 — 2.9 | 3 — 3.9 | 4 — 4.9 | 5 — 5.9 | 6 — 6.9 | ئەڭ كۈچلۈك يەر تەۋرەش | تەۋرىگەن ئومۇمىي سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 2002 | 586 | 108 | 16 | 1 | 0 | 5.8 | 711 |
| 2003 | 858 | 200 | 58 | 12 | 2 | 6.8 | 1130 |

2. 2003 ـ يىلى ئالتۇنتاغ يەر تەۋرەش بەلۋېغىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شىنجاڭدىكى يەر تەۋرەش بەلۋاغلىرىدا 4 بال يەر تەۋرەش ھەرىكىتى كۆرۈلدى. ماكانىغا تارقىلىشى جەھەتتە، تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش بەلۋېغى يەنىلا يەر تەۋرەشتىكى ئاساسلىق ھەرىكەتچان رايون بولدى. 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى جەنۇبىي تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش بەلۋېغىنىڭ غەربىي بۆلىكىگە يانداش بولغان پەيزاۋات رايونىدا 5.4 بال يەر تەۋرىدى، 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بۇ رايوندا يەنە بىر قېتىم 6.8 بال يەر تەۋرىدى. 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى جەنۇبىي تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش بەلۋېغىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى ئاتۇش رايونىدا 5.1 بال يەر تەۋرىدى؛ 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى شىمالىي تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش بەلۋېغىدىكى شىخەنزە رايونىدا 5.4 بال يەر تەۋرىدى؛ 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى غەربىي كۇئېنلۇن يەر تەۋرەش بەلۋېغىدىكى ئاقتۇ رايونىدا 5.6 بال يەر تەۋرىدى؛ 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يەر تەۋرەش ھەرىكىتى بىرقەدەر ئاجىز بولغان ئوتتۇرا تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش بەلۋېغىدىكى موڭغۇلكۈرەدە 6 بال يەر تەۋرىدى. بىر يىلدا پەيزاۋات رايونىدا 9 قېتىم 5 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرىدى. 2003 ـ يىلى جەنۇبىي تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش بەلۋېغىنىڭ غەربىي بۆلىكى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايونلار 5 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەشنىڭ ھەرىكەتچان چاستوتىسى بىلەن كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى رايون بولدى.

3. 2003 ـ يىلى شىنجاڭ تەۋەسىدىكى 4 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەشنىڭ زامانغا تارقىلىشى تەكشى بولمىدى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا يەر تەۋرەش چاستوتىسى بىلەن كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى كېيىنكى يېرىم يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى.

4. شىنجاڭ ۋە قوشنا رايونلاردا يۈز بەرگەن 5 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەش ۋاقىت جەھەتتە گۇرۇپپىلىشىش، رايون جەھەتتە توپلىنىشتەك ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈردى. 2002 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۇلۇغچاتتا يۈز بەرگەن 5.7 بال يەر تەۋرەش 1 ـ گۇرۇپپىدىكى يەر تەۋرەش ۋەقەسىگە مەنسۇپ بولۇپ، بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش ۋەقەسى تاكى 2003 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى مارالبېشى، پەيزاۋاتتىكى 6.8 بال يەر تەۋرەش بىلەن ئاخىرلاشتى، 1 ـ قېتىملىق يەر

تەۋرەشتە 4 قېتىم 5 بالدىن يۇقىرى ئاساسلىق يەر تەۋرىدى. 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاقتۇدىكى 5.6 بال يەر تەۋرەشتىن 12 - ئاينىڭ 1 - كۈندىكى موڭغۇلكۈرەدە يۈز بەرگەن 6 بال يەر تەۋرەشكىچە بولغان ۋاقىت 2 - گورۇپپىدىكى يەر تەۋرەش ۋەقەسىدىمۇ 4 قېتىم 5 بالدىن يۇقىرى ئاساسلىق يەر تەۋرىدى (روسىيىدىكى 7.9 بال يەر تەۋرەشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). 2003 - يىلى شىنجاڭ ۋە قوشنا رايونلاردا ئوتتۇراھال ۋە كۈچلۈك يەر تەۋرەشتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە 3 رايون بارلىققا كەلدى، ئۇنىڭ بىرى جەنۇبىي تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش بەلۋېغى بىلەن غەربىي كۇئېنلۇن يەر تەۋرەش بەلۋېغى تۇتاشقان رايونغا جايلاشقان، بۇ رايوندا 2003 - يىلى 11 قېتىم (قالدۇق يەر تەۋرەشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 5 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرىدى؛ يەنە بىرى شىمالىي تەڭرىتاغ بىلەن ئوتتۇرا تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش بەلۋېغىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ رايوندا 2 قېتىم 5 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرىدى؛ ئۈچىنچىسى ئالتاي يەر تەۋرەش بەلۋېغىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ رايوندا 9 قېتىم (قالدۇق تەۋرەشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 5 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرىدى. يۇقىرىقى 3 رايوندا ئالدىنقى ۋە كېيىنكى يېرىم يىلدا 5 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرىدى.

ۋاڭ شياۋرۇڭ، ۋاڭ جىدا

2003 - يىلى شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايونلاردا يۈز بەرگەن M⩾3.5 بال يەر تەۋرەش مۇندەرىجىسى

| رەت نومۇرى | يەر تەۋرىگەن ۋاقىت | | | | | | تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى | | تەۋرەش دەرىجىسى | | H چوڭقۇرلۇقى (1000 مېتىر) | زىچلىقى | پايدىلىنىلغان يەر نامى | ماتېرىيال مەنبەسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | يىل | ئاي | كۈن | سائەت | مىنۇت | سېكۇنت | شىمالىي پاراللېل | شەرقىي مېرىدىئان | ML | M | | | | |
| 1 | 2003 | 1 | 4 | 19 | 7 | 19 | 39°40′ | 77°01′ | 5.7 | 5.4 | 25 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 2 | 2003 | 1 | 4 | 19 | 10 | 40 | 39°42′ | 76°58′ | 4.4 | 3.9 | 37 | 2 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 3 | 2003 | 1 | 4 | 19 | 13 | 27 | 39°24′ | 77°04′ | 4.8 | 4.3 | 4 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 4 | 2003 | 1 | 5 | 1 | 0 | 17 | 39°36′ | 77°02′ | 4 | 3.5 | 17 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 5 | 2003 | 1 | 5 | 1 | 4 | 13 | 39°39′ | 77°01′ | 4.4 | 3.9 | 20 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 6 | 2003 | 1 | 8 | 16 | 50 | 37 | 39°32′ | 72°23′ | 4.4 | 3.9 | | 4 | ئۆزبەل تاغ ئېغىزىنىڭ غەربىي شىمالى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 7 | 2003 | 1 | 12 | 11 | 29 | 16 | 47°16′ | 84°58′ | 4.1 | 3.6 | 31 | 1 | قوبۇقسارنىڭ غەربىي شىمالى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 8 | 2003 | 1 | 22 | 21 | 33 | 4 | 42°13′ | 87°27′ | 4.4 | 3.9 | 36 | 1 | خېجىڭ | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 9 | 2003 | 1 | 29 | 20 | 33 | 46 | 41°29′ | 79°37′ | 4.2 | 3.7 | 23 | 1 | ئۈچتۇرپان | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 10 | 2003 | 2 | 3 | 8 | 10 | 50 | 44°05′ | 85°11′ | 4.4 | 3.9 | 42 | 1 | شىخو | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 11 | 2003 | 2 | 5 | 6 | 3 | 6 | 35°34′ | 76°32′ | 4.6 | 4.1 | | 4 | كەشمىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 12 | 2003 | 2 | 6 | 0 | 38 | 54 | 37°40′ | 78°41′ | 4.4 | 3.9 | 16 | 2 | قاغىلىق | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 13 | 2003 | 2 | 14 | 1 | 32 | 0 | 44°00′ | 85°51′ | 4.5 | 4 | 16 | 1 | شىخەنزە | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 14 | 2003 | 2 | 14 | 1 | 32 | 2 | 43°59′ | 85°51′ | 5.3 | 4.9 | 19 | 1 | شىخەنزە | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 15 | 2003 | 2 | 14 | 1 | 34 | 21 | 44°00′ | 85°52′ | 5.7 | 5.4 | 25 | 1 | شىخەنزە | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 16 | 2003 | 2 | 14 | 2 | 32 | 44 | 41°49′ | 88°14′ | 4.1 | 3.6 | 42 | 1 | توقسۇن | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 17 | 2003 | 2 | 14 | 22 | 54 | 53 | 38°27′ | 74°02′ | 4.2 | 3.7 | 133 | 2 | پامىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 18 | 2003 | 2 | 16 | 18 | 6 | 12 | 40°19′ | 73°08′ | 4.2 | 3.7 | | 4 | ئۇلۇغچاتنىڭ غەربىي شىمالى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 19 | 2003 | 2 | 18 | 9 | 23 | 18 | 36°56′ | 80°35′ | 4.4 | 3.9 | | 4 | خوتەن | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 20 | 2003 | 2 | 19 | 5 | 34 | 46 | 40°43′ | 77°50′ | 4.3 | 3.8 | 13 | 1 | ئاقچى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 21 | 2003 | 2 | 20 | 12 | 9 | 58 | 44°29′ | 81°12′ | 5 | 4.6 | 40 | 1 | ئارشاڭ | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 22 | 2003 | 2 | 21 | 9 | 0 | 56 | 39°51′ | 77°28′ | 4.1 | 3.6 | 13 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 23 | 2003 | 2 | 21 | 18 | 46 | 29 | 35°16′ | 76°44′ | 4.2 | 3.7 | | 4 | كەشمىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 24 | 2003 | 2 | 24 | 6 | 34 | 19 | 43°37′ | 87°42′ | 4.1 | 3.6 | 22 | 1 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 25 | 2003 | 2 | 24 | 10 | 3 | 42 | 39°37′ | 77°16′ | | 6.8 | 27 | 1 | مارالبېشى، پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 26 | 2003 | 2 | 24 | 10 | 14 | 10 | 39°34′ | 77°30′ | 4.9 | 4.5 | 14 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 27 | 2003 | 2 | 24 | 11 | 20 | 0 | 39°44′ | 77°28′ | 4.5 | 4 | 23 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 28 | 4 | 4.5 | 77°11′ | 39°19′ | 35 | 0 | 13 | 24 | 2 | 2003 | 28 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 26 | 4.2 | 4.7 | 77°30′ | 39°33′ | 35 | 22 | 19 | 24 | 2 | 2003 | 29 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 24 | 4.1 | 4.6 | 77°29′ | 39°31′ | 58 | 23 | 22 | 24 | 2 | 2003 | 30 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 14 | 4.2 | 4.7 | 77°41′ | 39°23′ | 4 | 49 | 23 | 24 | 2 | 2003 | 31 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 31 | 4.1 | 4.6 | 77°30′ | 39°33′ | 20 | 33 | 0 | 25 | 2 | 2003 | 32 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 30 | 4.5 | 4.9 | 77°12′ | 39°39′ | 43 | 18 | 5 | 25 | 1 | 2003 | 33 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | مەكىت | 1 | 30 | 4 | 4.5 | 77°34′ | 39°32′ | 18 | 0 | 14 | 25 | 2 | 2003 | 34 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | مەكىت | 1 | 19 | 4 | 4.5 | 77°37′ | 39°27′ | 43 | 54 | 18 | 25 | 2 | 2003 | 35 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 17 | 4.1 | 4.6 | 77°15′ | 39°24′ | 53 | 16 | 20 | 25 | 2 | 2003 | 36 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 23 | 4.3 | 4.8 | 77°15′ | 39°34′ | 48 | 29 | 20 | 26 | 2 | 2003 | 37 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 21 | 4.2 | 4.7 | 77°28′ | 39°33′ | 4 | 38 | 5 | 27 | 2 | 2003 | 38 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 22 | 4.1 | 4.6 | 77°18′ | 39°35′ | 16 | 9 | 19 | 27 | 2 | 2003 | 39 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 21 | 4.3 | 4.8 | 77°16′ | 39°30′ | 56 | 9 | 10 | 1 | 3 | 2003 | 40 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 23 | 4 | 4.5 | 77°12′ | 39°26′ | 24 | 56 | 7 | 5 | 3 | 2003 | 41 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | مەكىت | 1 | 17 | 4.1 | 4.6 | 77°36′ | 39°27′ | 8 | 58 | 7 | 5 | 3 | 2003 | 42 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | مەكىت | 1 | 28 | 4 | 4.5 | 77°34′ | 39°31′ | 51 | 55 | 4 | 7 | 3 | 2003 | 43 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | نىيە | 4 | | 3.8 | 4.3 | 83°13′ | 36°12′ | 0 | 24 | 2 | 10 | 3 | 2003 | 44 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | مەكىت | 1 | 20 | 1.1 | 4.6 | 77°36′ | 39°27′ | 12 | 15 | 12 | 12 | 3 | 2003 | 45 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 24 | 5.8 | 6.1 | 77°26′ | 39°33′ | 53 | 47 | 12 | 12 | 3 | 2003 | 46 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 19 | 4.2 | 4.7 | 77°28′ | 39°35′ | 53 | 50 | 3 | 13 | 3 | 2003 | 47 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 20 | 4 | 4.5 | 77°28′ | 39°35′ | 45 | 36 | 4 | 13 | 3 | 2003 | 48 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | خېجىڭ | 1 | 31 | 3.5 | 4.0 | 87°25′ | 42°21′ | 7 | 9 | 14 | 13 | 3 | 2003 | 49 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | توقسۇن | 1 | 35 | 4.2 | 4.7 | 88°53′ | 41°49′ | 7 | 7 | 23 | 13 | 3 | 2003 | 50 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 27 | 4 | 4.5 | 77°27′ | 39°32′ | 59 | 6 | 5 | 16 | 3 | 2003 | 51 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 27 | 5.1 | 5.5 | 77°16′ | 39°36′ | 26 | 59 | 6 | 16 | 3 | 2003 | 52 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۇزبەل تاغ ئېغىزىنىڭ غەربىي شىمالى | 1 | 10 | 3.9 | 4.4 | 73°02′ | 39°16′ | 32 | 35 | 20 | 17 | 3 | 2003 | 53 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | مەكىت | 1 | 19 | 4 | 4.5 | 77°54′ | 39°23′ | 50 | 56 | 23 | 17 | 3 | 2003 | 54 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۇزبەل تاغ ئېغىزىنىڭ غەربىي شىمالى | 2 | 15 | 4.1 | 4.6 | 73°04′ | 39°23′ | 26 | 33 | 8 | 18 | 3 | 2003 | 55 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۇلۇغچات | 1 | 35 | 3.7 | 4.2 | 75°31′ | 40°01′ | 18 | 43 | 1 | 21 | 3 | 2003 | 56 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | باي | 1 | 65 | 4.1 | 4.6 | 81°40′ | 41°21′ | 53 | 34 | 6 | 24 | 3 | 2003 | 57 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | مەكىت | 1 | 19 | 4.3 | 4.8 | 77°52′ | 39°34′ | 51 | 5 | 22 | 24 | 3 | 2003 | 58 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۇلۇغچاتنىڭ غەربىي شىمالى | 1 | 15 | 3.9 | 4.4 | 74°34′ | 40°18′ | 54 | 25 | 19 | 27 | 3 | 2003 | 59 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 29 | 5.1 | 5.5 | 77°24′ | 39°31′ | 48 | 15 | 7 | 31 | 3 | 2003 | 60 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | لوپنۇر كۆلى | 2 | 7 | 3.6 | 4.1 | 91°03′ | 40°39′ | 24 | 23 | 17 | 1 | 4 | 2003 | 61 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئارشاڭ-ىلاڭ شەرقىي شىمالى | 1 | 23 | 4.3 | 4.8 | 81°04′ | 45°20′ | 24 | 27 | 21 | 1 | 4 | 2003 | 62 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | خوتەن | 1 | 23 | 3.5 | 4 | 79°41′ | 37°21′ | 53 | 52 | 15 | 3 | 4 | 2003 | 63 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۇلۇغچات | 2 | 25 | 3.5 | 4 | 74°21′ | 40°04′ | 3 | 56 | 14 | 6 | 4 | 2003 | 64 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | باركۆل | 1 | 8 | 3.5 | 4 | 93°10′ | 44°48′ | 49 | 45 | 1 | 9 | 4 | 2003 | 65 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | كەلپىن | 1 | 12 | 4.0 | 4.5 | 79°09′ | 40°49′ | 49 | 48 | 3 | 18 | 4 | 2003 | 66 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئاقچى | 1 | 19 | 4.1 | 4.6 | 78°12′ | 40°30′ | 34 | 41 | 22 | 23 | 4 | 2003 | 67 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | مەكىت | 1 | 18 | 4.1 | 4.6 | 77°33′ | 39°28′ | 58 | 5 | 21 | 30 | 4 | 2003 | 68 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزى | 4 | | 3.5 | 4 | 78°20′ | 35°46′ | 36 | 34 | 17 | 2 | 5 | 2003 | 69 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | خوتەن | 4 | | 3.8 | 4.3 | 79°37′ | 36°35′ | 1 | 36 | 18 | 2 | 5 | 2003 | 70 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 29 | 3.7 | 4.2 | 77°29′ | 39°31′ | 19 | 5 | 0 | 3 | 5 | 2003 | 71 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 23 | 3.6 | 4.1 | 77°12′ | 39°25′ | 11. | 28 | 19 | 4 | 5 | 2003 | 72 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 28 | 5.8 | | 77°10′ | 39°24′ | 36 | 44 | 23 | 4 | 5 | 2003 | 73 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 23 | 3.7 | 4.2 | 77°01′ | 39°17′ | 44 | 49 | 23 | 4 | 5 | 2003 | 74 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 24 | 3.5 | 4 | 77°01′ | 39°16′ | 26 | 16 | 0 | 5 | 5 | 2003 | 75 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 21 | 3.5 | 4 | 77°02′ | 39°17′ | 18 | 17 | 0 | 5 | 5 | 2003 | 76 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | خوتەن | 1 | 25 | 3.8 | 4.3 | 79°07′ | 37°30′ | 43 | 44 | 1 | 7 | 5 | 2003 | 77 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئالتاينىڭ شەرقىي شىمالى | 1 | 19 | 5.8 | 6.1 | 89°25′ | 48°28′ | 57 | 57 | 10 | 7 | 5 | 2003 | 78 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 24 | 4.1 | 4.6 | 77°07′ | 39°21′ | 58 | 19 | 19 | 10 | 5 | 2003 | 79 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 80 | 2003 | 5 | 11 | 22 | 56 | 44 | 39°17′ | 77°05′ | 4.1 | 3.6 | 31 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 81 | 2003 | 5 | 12 | 9 | 53 | 40 | 39°22′ | 77°10′ | 4.3 | 3.8 | 23 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 82 | 2003 | 5 | 12 | 11 | 10 | 16 | 37°26′ | 79°02′ | 4.5 | 4.0 | 19 | 1 | خوتەن | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 83 | 2003 | 5 | 14 | 3 | 30 | 42 | 37°20′ | 79°07′ | 4.9 | 4.5 | 22 | 2 | خوتەن | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 84 | 2003 | 5 | 14 | 3 | 58 | 50 | 37°22′ | 79°08′ | 4.3 | 3.8 | 25 | 2 | خوتەن | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 85 | 2003 | 5 | 16 | 8 | 36 | 45 | 39°20′ | 77°41′ | 4.1 | 3.6 | 27 | 1 | مەكىت | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 86 | 2003 | 5 | 16 | 22 | 30 | 1 | 39°20′ | 77°08′ | 5.7 | 5.4 | 31 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 87 | 2003 | 5 | 20 | 3 | 44 | 5 | 42°25′ | 82°27′ | 4.1 | 3.6 | 14 | 1 | كۇچا | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 88 | 2003 | 5 | 20 | 14 | 18 | 20 | 38°37′ | 73°55′ | 4.6 | 4.1 | 122 | 1 | ئۆزبەل تاغ ئېغىزى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 89 | 2003 | 5 | 22 | 19 | 9 | 27 | 35°58′ | 81°06′ | 4.1 | 3.6 | 20 | 2 | كېرىيە | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 90 | 2003 | 5 | 25 | 12 | 31 | 55 | 39°29′ | 77°32′ | 4.9 | 4.5 | 29 | 1 | مەكىت | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 91 | 2003 | 5 | 29 | 22 | 18 | 52 | 36°10′ | 81°00′ | 5.3 | 4.9 | 20 | 1 | كېرىيە | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 92 | 2003 | 5 | 31 | 0 | 21 | 46 | 39°23′ | 77°12′ | 4.6 | 4.1 | 24 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 93 | 2003 | 5 | 31 | 0 | 40 | 7 | 39°20′ | 77°12′ | 4.1 | 3.6 | 25 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 94 | 2003 | 6 | 5 | 0 | 28 | 39 | 39°31′ | 77°37′ | 5.4 | 5 | 21 | 1 | مەكىت | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 95 | 2003 | 6 | 5 | 0 | 31 | 35 | 38°52′ | 78°28′ | 4 | 3.5 | 17 | 2 | مەكىت | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 96 | 2003 | 6 | 5 | 12 | 38 | 13 | 39°27′ | 77°39′ | 4.2 | 3.7 | 22 | 1 | مەكىت | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 97 | 2003 | 6 | 6 | 22 | 7 | 43 | 39°52′ | 74°21′ | 4.2 | 3.7 | 20 | 2 | ئۇلۇغچات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 98 | 2003 | 6 | 6 | 22 | 16 | 58 | 40°07′ | 77°55′ | 4.4 | 3.9 | 26 | 1 | مارالبېشى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 99 | 2003 | 6 | 7 | 5 | 4 | 58 | 38°26′ | 73°23′ | 4.3 | 3.8 | 118 | 2 | پامىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 100 | 2003 | 6 | 7 | 7 | 55 | 6 | 45°48′ | 82°56′ | 4 | 3.5 | 14 | 1 | ئالاتاۋ ئېغىزى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 101 | 2003 | 6 | 8 | 16 | 3 | 38 | 35°42′ | 80°52′ | 4.3 | 3.8 | 25 | 1 | كېرىيە | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 102 | 2003 | 6 | 11 | 14 | 59 | 50 | 48°30′ | 89°28′ | 4.8 | 4.3 | 15 | 1 | ئالتاينىڭ شەرقىي شىمالى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 103 | 2003 | 6 | 19 | 3 | 42 | 5 | 35°34′ | 77°04′ | 4.2 | 3.7 | | 4 | كەشمىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 104 | 2003 | 6 | 20 | 0 | 11 | 29 | 39°30′ | 77°29′ | 4.1 | 3.6 | 26 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 105 | 2003 | 7 | 2 | 0 | 51 | 7 | 35°36′ | 80°09′ | 4 | 3.5 | | 4 | خوتەن | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 106 | 2003 | 7 | 3 | 13 | 53 | 51 | 43°48′ | 86°16′ | 4.8 | 4.3 | 32 | 1 | شىخەنزە | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 107 | 2003 | 7 | 21 | 10 | 10 | 20 | 44°20′ | 81°34′ | 4.1 | 3.6 | 35 | 1 | غۇلجا | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 108 | 2003 | 7 | 23 | 17 | 15 | 18 | 38°24′ | 75°56′ | 4.6 | 4.1 | 155 | 2 | پامىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 109 | 2003 | 7 | 24 | 12 | 29 | 54 | 39°29′ | 76°57′ | 4.6 | 4.1 | 29 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 110 | 2003 | 7 | 25 | 4 | 51 | 20 | 39°47′ | 73°13′ | 4 | 3.5 | 25 | 2 | ئۆزبەل تاغ ئېغىزىنىڭ غەربىي شىمالى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 111 | 2003 | 7 | 28 | 3 | 10 | 40 | 36°45′ | 84°25′ | 4.1 | 3.6 | | 4 | نىيە | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 112 | 2003 | 7 | 28 | 22 | 21 | 38 | 35°54′ | 80°27′ | 4.6 | 4.1 | | 4 | خوتەن | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 113 | 2003 | 8 | 1 | 7 | 25 | 8 | 44°49′ | 80°06′ | 4.2 | 3.7 | 23 | 1 | ئارشاڭ | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 114 | 2003 | 8 | 8 | 2 | 27 | 37 | 43°47′ | 86°56′ | 4.1 | 3.6 | 29 | 1 | قۇتۇبى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 115 | 2003 | 8 | 11 | 17 | 53 | 54 | 43°56′ | 83°57′ | 4 | 3.5 | 30 | 1 | شىخو | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 116 | 2003 | 8 | 16 | 1 | 56 | 49 | 45°04′ | 91°45′ | 4.1 | 3.6 | 26 | 1 | بەيتىك تېغى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 117 | 2003 | 8 | 18 | 23 | 4 | 31 | 37°58′ | 73°19′ | 4.4 | 3.9 | 163 | 2 | پامىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 118 | 2003 | 8 | 21 | 16 | 12 | 37 | 40°03′ | 78°26′ | 4.1 | 3.6 | 8 | 1 | مارالبېشى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 119 | 2003 | 8 | 22 | 3 | 4 | 35 | 39°27′ | 77°13′ | 4.2 | 3.7 | 19 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 120 | 2003 | 8 | 23 | 20 | 5 | 9 | 41°18′ | 78°55′ | 4.6 | 4.1 | 20 | 1 | ئۇچتۇرپان | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 121 | 2003 | 8 | 24 | 4 | 25 | 38 | 36°32′ | 77°55′ | 4.1 | 3.6 | | 4 | قارا - قورۇم تاغ ئېغىزى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 122 | 2003 | 8 | 24 | 16 | 57 | 3 | 37°41′ | 78°50′ | 4 | 3.5 | 12 | 1 | خوتەن | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 123 | 2003 | 8 | 25 | 5 | 54 | 33 | 43°35′ | 86°10′ | 4.2 | 3.7 | 27 | 1 | شىخەنزە | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 124 | 2003 | 8 | 26 | 9 | 32 | 33 | 47°15′ | 89°32′ | 4.5 | 4 | 18 | 1 | كۆكتوقاي | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 125 | 2003 | 8 | 27 | 2 | 58 | 15 | 41°07′ | 74°49′ | 4.3 | 3.8 | 6 | 1 | ئۇلۇغچاتنىڭ غەربىي شىمالى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 126 | 2003 | 8 | 31 | 6 | 26 | 44 | 46°59′ | 91°40′ | 4.5 | 4 | 30 | 1 | كۆكتوقاينىڭ شەرقىي جەنۇبى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 127 | 2003 | 9 | 1 | 4 | 47 | 52 | 43°58′ | 85°57′ | 4.2 | 3.7 | 27 | 1 | شىخەنزە | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 128 | 2003 | 9 | 2 | 7 | 16 | 33 | 38°34′ | 75°08′ | 5.9 | 5.6 | 28 | 1 | قوڭۇر تېغى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 129 | 2003 | 9 | 2 | 7 | 46 | 27 | 38°37′ | 74°56′ | 4.1 | 3.6 | 17 | 1 | قوڭۇر تېغى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 130 | 2003 | 9 | 2 | 8 | 4 | 34 | 38°35′ | 75°12′ | 4.6 | 4.1 | 23 | 1 | قوڭۇر تېغى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 131 | 2003 | 9 | 2 | 15 | 13 | 27 | 38°35′ | 75°06′ | 4.3 | 3.8 | 22 | 1 | قوڭۇر تېغى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 132 | 2003 | 9 | 3 | 9 | 27 | 3 | 38°34′ | 75°09′ | 4.2 | 3.7 | 29 | 1 | قوڭۇر تېغى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 26 | 4.1 | 4.6 | 77°17′ | 39°33′ | 40 | 14 | 14 | 3 | 9 | 2003 | 133 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | كۇنەس | 1 | 1 | 3.8 | 4.3 | 83°26′ | 43°53′ | 44 | 8 | 4 | 4 | 9 | 2003 | 134 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | مەكىت | 1 | 22 | 3.5 | 4 | 77°42′ | 39°23′ | 2 | 12 | 3 | 7 | 9 | 2003 | 135 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئاقچى | 1 | 15 | 4.3 | 4.8 | 77°43′ | 40°22′ | 19 | 34 | 20 | 12 | 9 | 2003 | 136 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئالتاي | 1 | 20 | 4 | 4.5 | 88°40′ | 48°02′ | 42 | 38 | 4 | 16 | 9 | 2003 | 137 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قۇمۇل | 4 | | 3.5 | 4 | 94°48′ | 41°42′ | 47 | 42 | 12 | 16 | 9 | 2003 | 138 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئالاتاۋتاغ ئېغىزى | 1 | 24 | 3.7 | 4.2 | 82°34′ | 45°07′ | 49 | 15 | 13 | 21 | 9 | 2003 | 139 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 18 | 5.1 | 5.5 | 77°12′ | 40°18′ | 33 | 35 | 7 | 27 | 9 | 2003 | 140 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | روسىيە | 4 | | 7.9 | | 88°01′ | 50°09′ | 23 | 33 | 19 | 27 | 9 | 2003 | 141 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | روسىيە | 4 | | 5.8 | 6.1 | 88°01′ | 50°03′ | 5 | 58 | 19 | 27 | 9 | 2003 | 142 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | روسىيە | 4 | | 6.4 | 6.6 | 87°48′ | 50°07′ | 49 | 52 | 2 | 28 | 9 | 2003 | 143 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 29 | 3.7 | 4.2 | 77°05′ | 40°20′ | 53 | 50 | 10 | 28 | 9 | 2003 | 144 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | تارىم ئويمانلىقى | 1 | 35 | 4.3 | 4.8 | 82°23′ | 40°07′ | 36 | 3 | 7 | 30 | 9 | 2003 | 145 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | روسىيە | 4 | | 7.3 | | 88°02′ | 50°16′ | 24 | 3 | 9 | 1 | 10 | 2003 | 146 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | توقسۇن | 1 | 33 | 3.7 | 4.2 | 88°54′ | 41°47′ | 18 | 1 | 17 | 1 | 10 | 2003 | 147 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | توقسۇن | 1 | | 3.6 | 4.1 | 89°01′ | 41°40′ | 56 | 58 | 17 | 1 | 10 | 2003 | 148 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 34 | 3.9 | 4.4 | 77°08′ | 39°24′ | 55 | 58 | 9 | 5 | 10 | 2003 | 149 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئاقچىنىڭ غەربىي شىمالى | 1 | 14 | 3.7 | 4.2 | 76°25′ | 41°15′ | 31 | 51 | 10 | 6 | 10 | 2003 | 150 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 151 | 2003 | 10 | 10 | 21 | 23 | 37 | 40°59′ | 90°39′ | 4.4 | 3.9 | | 4 | لوپنۇر كۆلى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 152 | 2003 | 10 | 11 | 9 | 36 | 4 | 43°05′ | 84°39′ | 5.3 | 4.9 | 36 | 1 | كۇنەس | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 153 | 2003 | 10 | 11 | 16 | 46 | 37 | 43°04′ | 84°37′ | 5 | 4.6 | 27 | 1 | كۇنەس | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 154 | 2003 | 10 | 11 | 18 | 33 | 11 | 43°07′ | 84°39′ | 4.5 | 4 | 35 | 1 | كۇنەس | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 155 | 2003 | 10 | 15 | 8 | 32 | 42 | 43°06′ | 84°37′ | 4.1 | 3.6 | 6 | 1 | كۇنەس | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 156 | 2003 | 10 | 21 | 4 | 11 | 50 | 35°27′ | 81°41′ | 4.3 | 3.8 | | 4 | كېرىيە | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 157 | 2003 | 10 | 24 | 14 | 51 | 48 | 38°37′ | 89°39′ | 4.1 | 3.6 | 25 | 1 | چاقىلىق | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 158 | 2003 | 10 | 25 | 15 | 55 | 13 | 35°37′ | 80°54′ | 4.6 | 4.1 | | 4 | كېرىيە | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 159 | 2003 | 10 | 29 | 0 | 36 | 15 | 39°24′ | 77°42′ | 4.2 | 3.7 | 30 | 1 | مەكىت | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 160 | 2003 | 10 | 31 | 7 | 8 | 33 | 40°20′ | 76°44′ | 4.3 | 3.8 | 30 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 161 | 2003 | 11 | 18 | 14 | 49 | 55 | 41°12′ | 76°26′ | 4 | 3.5 | 20 | 1 | ئاقچىنىڭ غەربىي شىمالى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 162 | 2003 | 11 | 23 | 8 | 16 | 1 | 42°03′ | 82°11′ | 4.9 | 4.5 | 43 | 1 | باي | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 163 | 2003 | 11 | 26 | 21 | 49 | 54 | 42°05′ | 82°07′ | 4.2 | 3.7 | 19 | 1 | باي | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 164 | 2003 | 11 | 29 | 16 | 52 | 25 | 39°36′ | 77°01′ | 4.3 | 3.8 | 19 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 165 | 2003 | 12 | 1 | 9 | 38 | 31 | 42°59′ | 80°28′ | 6.3 | 6.0 | 21 | 1 | موڭغۇلكۈرە | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 166 | 2003 | 12 | 1 | 10 | 6 | 47 | 43°00′ | 80°30′ | 5.2 | 4.8 | 29 | 1 | موڭغۇلكۈرە | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 167 | 2003 | 12 | 1 | 18 | 28 | 55 | 42°58′ | 80°29′ | 5.4 | 5.0 | 26 | 1 | موڭغۇلكۈرە | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 168 | 2003 | 12 | 1 | 22 | 30 | 0 | 42°57′ | 80°28′ | 4.8 | 4.3 | 20 | 1 | موڭغۇلكۈرە | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 169 | 2003 | 12 | 3 | 18 | 15 | 16 | 41°50′ | 80°47′ | 4.4 | 3.9 | 23 | 1 | خانتەڭرى چوققىسى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 170 | 2003 | 12 | 4 | 5 | 50 | 29 | 38°20′ | 74°08′ | 4.1 | 3.6 | 162 | 2 | پامىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 171 | 2003 | 12 | 4 | 10 | 3 | 31 | 38°12′ | 76°44′ | 4.1 | 3.6 | 30 | 1 | قاغىلىق | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 172 | 2003 | 12 | 5 | 14 | 56 | 42 | 39°06′ | 74°15′ | 4 | 3.5 | 24 | 1 | ئۆزبەل تاغ ئېغىزى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 173 | 2003 | 12 | 5 | 14 | 58 | 58 | 39°07′ | 74°17′ | 4.1 | 3.6 | 25 | 1 | ئۆزبەل تاغ ئېغىزى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 174 | 2003 | 12 | 5 | 15 | 2 | 27 | 39°16′ | 73°46′ | 4 | 3.5 | 28 | 1 | ئۆزبەل تاغ ئېغىزى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 175 | 2003 | 12 | 5 | 15 | 56 | 39 | 39°14′ | 73°56′ | 4.6 | 4.1 | 9 | 1 | ئۆزبەل تاغ ئېغىزى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 176 | 2003 | 12 | 13 | 23 | 32 | 27 | 39°40′ | 82°39′ | 4.2 | 3.7 | 32 | 1 | تارىم ئويمانلىقى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 177 | 2003 | 12 | 15 | 12 | 44 | 58 | 36°53′ | 84°59′ | 4.4 | 3.9 | 19 | 1 | چەرچەن | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 178 | 2003 | 12 | 19 | 23 | 1 | 23 | 41°40′ | 88°43′ | 4.4 | 3.9 | 46 | 1 | توقسۇن | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 179 | 2003 | 12 | 24 | 8 | 2 | 3 | 36°56′ | 77°15′ | 4.1 | 3.6 | 88 | 1 | قاغىلىق | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 180 | 2003 | 12 | 25 | 21 | 31 | 28 | 38°32′ | 73°08′ | 4.7 | 4.2 | 14 | 12 | پامىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |

ۋېي لەنلەن

## پەيزاۋاتتا 5.4 بال يەر تەۋرىدى

**يەر تەۋرەشنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى** يەر تەۋرىگەن ۋاقىت: 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سائەت 19 دىن 7 مىنۇت 19 سېكۇنت ئۆتكەندە؛ مىكرولۇق كۆزىتىلگەن تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى: شىمالىي پاراللېل 39°40′، شەرقىي مېرىدىئان 77°01′؛ ماكرولۇق كۆزىتىلگەن تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى: شىمالىي پاراللېل 39°36′، شەرقىي مېرىدىئان 77°58′؛ تەۋرەش دەرىجىسى: Ms=5.4؛ تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى: VI°؛ تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى: 25 كىلومېتىر.

**يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ۋە يەر تەۋرەشتىن بولغان زىيان ئەھۋالى** بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە تەڭ تەۋرىنىش سىزىقىنىڭ ئۇزۇن ئوقى شىمالدىن شەرققە سوزۇلغان، بۇنىڭ ئىچىدە VI° لۇق رايونىنىڭ ئۇزۇن يېرىم ئوقى 22.8 كىلومېتىر، قىسقا يېرىم ئوقى 6.5 كىلومېتىر، دائىرىسى 544.5 كۋادرات كىلومېتىر، پەيزاۋات ناھىيە بازىرىدىكى كۈچلۈك يەر تەۋرەش مۇنداق خاتىرىلەنگەن: شەرقتىن غەربكە بولغان يۆنىلىشى 58.38 سانتىمېتىر/كۋادرات سېكۇنت، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان يۆنىلىشى 66.12 سانتىمېتىر كۋادرات/سېكۇنت، ۋېرتىكاللىق يۆنىلىشى 24.75 سانتىمېتىر كۋادرات/سېكۇنت. V° لۇق رايونىنىڭ ئۇزۇن يېرىم ئوقى 29.9 كىلومېتىر، قىسقا يېرىم ئوقى 23 كىلومېتىر، دائىرىسى 1694.9 كۋادرات كىلومېتىر. ئاپەت رايونىدىكى ئائىلە 16 مىڭ 343، نوپۇس 67 مىڭ 988.

يەر تەۋرەشتە كېسەك ياغاچ قۇرۇلمىلىق 14 مىڭ 135 كۋادرات مېتىر ئۆي بۇزغۇنچىلىققا، 48 مىڭ 115 كۋادرات

مېتىر ئۆي ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا، 150 مىڭ 770 كۋادرات مېتىر ئۆي ئوتتۇراھال بۇزغۇنچىلىققا، 295 مىڭ 829 كۋادرات مېتىر ئۆي يېنىكرەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، پەيزاۋات ناھىيە بازىرىدىكى مۇستەھكەم خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق ئاھىرىم بىنالارغا چاك كەتتى. يەر تەۋرەشتە ئۆلۈم-يېتىم ئەھۋالى كۆرۈلمىدى، ئۆيلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، 1738 ئائىلىدىكى 7437 كىشى سىرتقا چىقىپ پاناھلاندى.

يەر تەۋرەشتە 31 مىليون 217 مىڭ 900 يۈەن بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان بولدى، بۇ يېنىكرەك بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ.

سۇڭ لىجۈن

## شىخەنزىنىڭ جەنۇبىدا 4.9 بال، 5.4 بال يەر تەۋرىدى

يەر تەۋرەشنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى يەر تەۋرىگەن ۋاقىت: 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سائەت بىردىن 32 مىنۇت 2 سېكۇنت ئۆتكەندە؛ مىكرولۇق كۆزىتىلگەن تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى: شىمالىي پاراللېل ′43°59، شەرقىي مېرىدىئان ′85°51، تەۋرەش دەرىجىسى: Ms=4.9؛ تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى: 19 كىلومېتىر، تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى: Ⅵ° .

يەر تەۋرىگەن ۋاقىت: 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سائەت بىردىن 34 مىنۇت 21 سېكۇنت ئۆتكەندە؛ مىكرولۇق كۆزىتىلگەن تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى: شىمالىي پاراللېل ′44°00، شەرقىي مېرىدىئان ′85°52؛ تەۋرەش دەرىجىسى: Ms=5.4؛ تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى: 25 كىلومېتىر؛ تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى: Ⅵ° .

يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ۋە يەر تەۋرەشتىن بولغان زىيان ئەھۋالى يەر تەۋرىگەندە مىكرولۇق كۆزىتىلگەن تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى ماناس رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 4000 — 5000 مېتىر ئېگىز ئادەمزاتسىز ئېگىز تاغلىق رايونغا جايلاشقان، تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى Ⅵ° ، تەۋرەش قۇرۇلمىسى ئېھتىمال ئېرەنقابىرغا يېرىلمىسى بولۇشى مۇمكىن، ئۇ، تولۇق يېگىلىنىش ئېپوخاسىغا تەۋە ھەرىكەتچان ئۆزۈلمىدۇر. تەسىر كۆرسەتكەن Ⅴ° لۇق رايونلار ئاساسەن بىگتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى 151 - تۇەن - مەيدانى قارىمىقىدىكى نەنسەن كۆمۈر كېنى بىلەن ساۋەن ناھىيىسىدىكى كۆمۈركاندىن ئىبارەت، بۇ رايون دېڭىز يۈزىدىن 1000 — 1500 مېتىر ئېگىز بولۇپ، 50 - ۋە 60 - يىللاردا سېلىنغان كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋە خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بەزى ئۆيلەر بەكمۇ كونىراپ كەتكەچكە، بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە تېخىمۇ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، 70 - يىللاردىن كېيىن سېلىنغان خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر ئاساسىي جەھەتتىن ساق قالدى. تاش كان يەر تەۋرەش ئىستانسىسىنىڭ رەقەملىك سېيسموگرافتا خاتىرىلەنگەن نەتىجىسى مۇنداق: 5 بال يەر تەۋرەشتە ئەڭ زور ماكسىمۇم قىممىتى تېزلىكىنىڭ شەرقتىن غەربكە بولغان يۆنىلىشى 36.24 سانتىمېتىر/كۋادرات سېكۇنت، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان يۆنىلىشى 22.90 سانتىمېتىر/كۋادرات سېكۇنت، ۋېرتىكاللىق يۆنىلىشى 17.64 سانتىمېتىر/كۋادرات سېكۇنت؛ 4.5 بال يەر تەۋرەشتە ئەڭ زور ماكسىمۇم قىممىتى تېزلىكىنىڭ شەرقتىن غەربكە بولغان يۆنىلىشى 27.54 سانتىمېتىر/كۋادرات سېكۇنت، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان يۆنىلىشى 30.03 سانتىمېتىر/كۋادرات سېكۇنت، ۋېرتىكاللىق يۆنىلىشى 15.36 سانتىمېتىر/كۋادرات سېكۇنت. شىخەنزە شەھىرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن بولمىدى، شەھەر رايونىدىكى قۇرۇلۇشلار بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىدى. تەسىر كۆرسىتىش دەرىجىسى Ⅳ° قا يەتتى. ئۈرۈمچى شەھەر رايونىدىكى بىنالارنىڭ ئۈستۈنكى قەۋەتىدىكى ئاھالىلەر يەر تەۋرىگەنلىكىنى ئومۇميۈزلۈك سەزگەن، رەقەملىك سېيسموگراف ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن نەتىجىسى مۇنداق: 5 بال يەر تەۋرەشتە ئەڭ زور ماكسىمۇم قىممىتى تېزلىكىنىڭ شەرقتىن غەربكە بولغان يۆنىلىشى 3.4 سانتىمېتىر/سېكۇنت كۋادرات، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان يۆنىلىشى 3.7 سانتىمېتىر/كۋادرات سېكۇنت، ۋېرتىكاللىق يۆنىلىشى 3.4 سانتىمېتىر/كۋادرات سېكۇنت؛ 4.5 بال يەر تەۋرەشتە ئەڭ زور ماكسىمۇم قىممىتى تېزلىكىنىڭ شەرقتىن غەربكە بولغان يۆنىلىشى 1.4 سانتىمېتىر/كۋادرات سېكۇنت، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان يۆنىلىشى 1.6 سانتىمېتىر/كۋادرات سېكۇنت، ۋېرتىكاللىق يۆنىلىشى 2.4 سانتىمېتىر/كۋادرات سېكۇنت، تەسىر قىلغان كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى Ⅱ° .

يەر تەۋرەشتە 500 مىڭ يۈەن بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان بولدى، ئۆلۈم - يېتىم كۆرۈلمىدى.

سۇڭ لىجۈن

## مارالبېشى، پەيزاۋاتتا 6.8 بال يەر تەۋرىدى

يەر تەۋرەشنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى يەر تەۋرىگەن ۋاقىت: 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سائەت 10 دىن 3 مىنۇت 41.8 سېكۇنت ئۆتكەندە؛ مىكرولۇق كۆزىتىلگەن تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى: شىمالىي پاراللېل ′39°37، شەرقىي مېرىدىئان ′77°16؛ ماكرولۇق كۆزىتىلگەن تەۋرەش

مەركىزىنىڭ ئورنى: شىمالىي پاراللېل '20°39، شەرقىي مېرىدىئان '38°77؛ تەۋرەش دەرىجىسى: Ms=6.8؛ تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى: 27 كىلومېتىر، ئېغىر يەر تەۋرىگەن رايونلاردىكى كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى: Ⅸ°

بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش جۇڭگودا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەڭ كۆپ ئادەم قازا قىلغان بىر قېتىملىق يەر تەۋرەش، شۇنداقلا شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيان ئادەم ۋە مال - مۈلۈك ئەڭ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان كۈچلۈك يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ. بۇ، ئاساسلىق تەۋرەش - قالدۇق تەۋرەشكە تەۋە بولغان يەر تەۋرەشتىن ئىبارەت. قالدۇق يەر تەۋرەش 2003- يىل 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سائەت 23 تىن 59 مىنۇت ئۆتكەندە پەسەيدى. مارالبېشى يەر تەۋرەش ئىستانسىسى بىر بالدىن يۇقىرى قالدۇق يەر تەۋرەشنى 9734 قېتىم خاتىرىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 — 1.9 بال يەر تەۋرەش 6066 قېتىم؛ 2 — 2.9 بال يەر تەۋرەش 3067 قېتىم؛ 3 — 3.9 بال يەر تەۋرەش 542 قېتىم؛ 4 — 4.9 بال يەر تەۋرەش 51 قېتىم؛ 5 — 5.9 بال يەر تەۋرەش 8 قېتىم. تەۋرەش مەنبەسىدىكى يېرىقلار بىر يانلىق يېرىلما خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، تەۋرەش مەنبەسىنىڭ ئۈزۈلۈپ ئۆتۈشۈش نەتىجىسىدە قىيسايما تەتۈر ئۈزۈك قاتلام ھاسىل بولغان، ئاساسلىق بېسىم كۈچىنىشىنىڭ P ئوقى شىمالىي غەرب يۆنىلىشىنى ھاسىل قىلغان؛ ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئاساسلىق يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى زور، 5 بال قالدۇق تەۋرەشنىڭ تەكرارلىنىش قېتىمى كۆپ، 5 بال قالدۇق يەر تەۋرەشتىن ئىلگىرى روشەن بىنورمال ئالامەتلەر كۆرۈلمىگەن؛ قالدۇق يەر تەۋرەشنىڭ ماكانغا تارقىلىشى شىمالىي شىمالىي غەرب يۆنىلىشى بىلەن شىمالىي شەرقىي شەرق يۆنىلىشىدىن ئىبارەت ئورتاقلىقنى شەكىللەندۈرگەن.

كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنىڭ تارقىلىشى ئىلمىي تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ئېغىر يەر تەۋرىگەن رايونلار مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسىغا جايلاشقان، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى Ⅸ° قا يەتكەن.

Ⅸ° لۇق رايون: ئۇنىڭ دائىرىسى شىمالىي غەربىي يۆنىلىش بويىچە تار ھەم ئۇزۇن ئېللىپس ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن، ئۇزۇن ئوقى 38 كىلومېتىر، قىسقا ئوقى 14 كىلومېتىر، دائىرىسى تەخمىنەن 421 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. رايون تەۋەسىدىكى كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ياكى ۋەيران بولغان، خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ %60 تىن كۆپرەكى ۋەيران بولغان ياكى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان، %30 تىن كۆپرەكى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن؛ خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ %40 تىن كۆپرەكى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەن، لېكىن ئاساسىي جەھەتتىن ئۆرۈلۈپ چۈشمىگەن؛ كەڭ دائىرىنى سۈيۈق قۇم تولا قاپلاپ كېتىش ۋە قۇم ئارىلاش سۇ ئېتىلىپ چىقىشتەك ھادىسىلەر كۆرۈلگەن. بۇ رايوننىڭ شىمالىدىكى قۇملۇق رايونلاردا يەنە ئومۇمىي سوزۇلما ئۇزۇنلۇقى 5 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان يېرىق بەلۋاغ پەيدا بولغان. بۇ، تەۋرەش قۇرۇلمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەر تەۋرەشتە قازا قىلغانلارمۇ شۇ رايون تەۋەسىگە مەركەزلەشكەن.

Ⅷ° لۇق رايون: بۇ، مارالبېشى ناھىيىسى چوڭقۇرچاق يېزىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى، سېرىقبۇيا بازىرى، ئالاغىر يېزىسى بىلەن يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدىكى قىسمەن كەنتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، Ⅷ° لۇق رايوننىڭ ئۇزۇن ئوقى 59 كىلومېتىر بولۇپ، شىمالدىن غەربكە سوزۇلغان، قىسقا ئوقى 42 كىلومېتىر، دائىرىسى 1573 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. Ⅷ° لۇق رايوندىكى دېھقانلارنىڭ كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلىرى بىلەن چارۋا قوتانلىرىنىڭ %80 ى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، بۇنىڭ ئىچىدە %30 ئۆي - قوتان ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرگە ئومۇميۈزلۈك چاك كەتكەن، %50 ئۆي ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان، لېكىن ئۆرۈلۈپ چۈشمىگەن؛ خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق قىسمەن ئۆيلەرمۇ ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان.

Ⅶ° لۇق رايون: بۇ، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىنى، يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىنى، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى، مەكىت ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمىنى، بىكتۇەن يېزا ئىگىلىك 3- شى 42 - تۇەن - مەيدانى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇزۇن ئوقى 95 كىلومېتىر، شىمالىي شىمالىي شەرق يۆنىلىشىنى ئالغان؛ قىسقا ئوقى 92 كىلومېتىر، دائىرىسى 4999 كۋادرات كىلومېتىر. ئۇنىڭ تارقىلىش يۆنىلىشى شىمالىي شەرقىي شەرق يۆنىلىشىنى ئالغان. Ⅶ° لۇق رايوندىكى كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرگە ئومۇميۈزلۈك چاك كەتكەن، لېكىن يېنىكرەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، ئايرىم ئۆيلەر ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ياكى قىسمەن ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرمۇ يېنىكرەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. تام، بۇلۇڭ، ئىشىك كېشىكىگە چاك كەتكەن، خىش بىلەن قوپۇرۇلغان قىسمەن قورۇق تاملار ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق بىنالارنىڭ بىر قىسمى يېنىكرەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، ئاساسەن ئوقۇرسىمان بېتون تاختىلارنىڭ ئارىلىقلىرىغا چاك كەتكەن.

VI° لۇق رايون: شىمالىي تەرىپى پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى شىكەر كۆلىنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايونلارغىچە، شەرق تەرىپى يوپۇرغا ناھىيىسى، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ غەربىي تەرىپىگىچە ۋە ئاتۇش شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى كاتتايلاق يېزىسىغىچە، شەرق تەرىپى مارالبېشى ناھىيە بازىرىغىچە، جەنۇب تەرىپى مەكىت ناھىيىسىنىڭ غازكۆل يېزىسىغىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ رايون مارالبېشى، يوپۇرغا، پەيزاۋات، مەكىت ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمى، يەكەن ناھىيىسىنىڭ قىسمەن جايلىرى ۋە ئاتۇش شەھىرىنىڭ قىسمەن جايلىرىنى ھەمدە بىگتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 - شىنىڭ قىسمەن تۇەن - مەيدانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇزۇن ئوقى 180 كىلومېتىر، شىمالىي شىمالىي شەرق يۆنىلىشىنى ئالغان؛ قىسقا ئوقى 131 كىلومېتىر، دائىرىسى 11 مىڭ 573 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. VI° لۇق رايوندىكى كېسەك ياغاچ - قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرگە ئاندا - ساندا چاك كەتكەن. قىسمەن چوققاتام، تام بۇلۇڭلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن؛ ياغاچ - خىش قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر ئاساسىي جەھەتتىن ساق قالغان. پەيزاۋات (ناھىيە بازىرى) يەر تەۋرەش ئىستانسىسى بىلەن شىكەركۆل (سۇ ئامبىرى) يەر تەۋرەش ئىستانسىسى ئاساسلىق يەر تەۋرەشنى خاتىرىلەپ چىقىپ، تېزلىك ماكسىمۇم قىممىتىنىڭ 58 سانتىمېتىر / سېكۇنت كۋادرات ۋە 78 سانتىمېتىر / سېكۇنت كۋادرات ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئانالىز قىلدى، بۇ 2 ئىستانسا باھالاپ بېكىتىلگەن VI° لۇق رايون دائىرىسىگە جايلاشقان.

يەر تەۋرەش ئاپىتى  ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوننىڭ دائىرىسى 21 مىڭ 498 كۋادرات كىلومېتىر (مۆلچەرلەنگەن رايون بويىچە ھېسابلاندى). ئاپەتكە ئۇچرىغان دائىرە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مارالبېشى، پەيزاۋات، يوپۇرغا ناھىيىلىرى، مەكىت ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمى، يەكەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمى ھەمدە قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى ئاتۇش شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمى، 6 ناھىيە (شەھەر) دىكى 37 يېزا - بازاردىكى 931 كەنت (مەيدان)، ئاپەت رايوندىكى 148 مىڭ 31 ئائىلە، 659 مىڭ 392 كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەر تەۋرەشتە 268 كىشى ئۆلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مارالبېشى ناھىيىسىدىن ئۆلگىنى 267 كىشى، مەكىت ناھىيىسىدىن ئۆلگىنى بىر كىشى؛ 4853 كىشى يارىلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر يارىلانغىنى 2058 كىشى. ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكى ۋە خېلى زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن 49 مىڭ 656 ئائىلىدىكى تەخمىنەن 205 مىڭ 79 كىشى سىرتتا پاناھلاندى.

يەر تەۋرەشتە ئاپەت رايوندىكى سۇ ئىنشائاتلىرى، قاتناش، ئېلېكتر، تېلېگراف قاتارلىق ھاياتلىق مەنبەسى قۇرۇلۇشلىرى كۆپ بولمىغان دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولغان كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي 2 مىليون 452 مىڭ 193 كۋادرات مېتىر، ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان ئۆي 2 مىليون 119 مىڭ 473 كۋادرات مېتىر، ئوتتۇراھال ۋەيران بولغان ئۆي 2 مىليون 277 مىڭ 530 كۋادرات مېتىر، يېنىك دەرىجىدە ۋەيران بولغان ئۆي 2 مىليون 872 مىڭ 992 كۋادرات مېتىر؛ خىش-ياغاچ، خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆيلەردىن ۋەيران بولغىنى، ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغىنى 212 مىڭ 463 كۋادرات مېتىر؛ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن قوتان 79 مىڭ 880 ئېغىز، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن قورۇق تام 680 مىڭ 321 مېتىر، ئۆلگەن چارۋا 70 مىڭ 958 تۇياق. يەر تەۋرەش كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيان 1 مىليارد 371 مىليون 305 مىڭ 700 يۈەن، بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش ئېغىر بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى يەر تەۋرەشكە كىرىدۇ.

سۇڭ لىجۈن

## پەيزاۋات، يوپۇرغىدا 5.8 بال يەر تەۋرىدى

يەر تەۋرەشنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى  يەر تەۋرىگەن ۋاقىت: 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سائەت 23 تىن 44 مىنۇت 36.4 سېكۇنت ئۆتكەندە؛ مىكرولۇق كۆزىتىلگەن تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى: شىمالىي پاراللېل 39°24′، شەرقىي مېرىدىئان 77°10′؛ ماكرولۇق كۆزىتىلگەن تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى: شىمالىي پاراللېل 39°13′، شەرقىي مېرىدىئان 77°04′؛ تەۋرەش دەرىجىسى: Ms=58؛ تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 28 كىلومېتىر؛ تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى: VII°.

يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ۋە يەر تەۋرەشتىن بولغان زىيان ئەھۋالى  ئىلمىي تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ئېغىرراق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان رايونلار يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تېرىم يېزىسى بىلەن بىگتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 - شى 42 - تۇەن - مەيدانى (يەر ئۈستىدىكى تېزلىكنى خاتىرىلەپ بىرتەرەپ قىلىش نەتىجىسى مۇنداق: N — S يۆنىلىشى 117.01 سانتىمېتىر/سېكۇنت كۋادرات، E — W يۆنىلىشى 106.5 سانتىمېتىر/سېكۇنت كۋادرات، U — D يۆنىلىشى 70.5 سانتىمېتىر/سېكۇنت كۋادراتقا جايلاشقان. كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى VII° بولغان ئېغىر يەر تەۋرىگەن رايونلاردا تەڭ تەۋرىنىش سىزىقىنىڭ ئۇزۇن ئوقى شىمالدىن شەرققە يۆزلەنگەن، بۇنىڭ ئىچىدە VII° لۇق رايوننىڭ ئۇزۇن يېرىم ئوقى 8.7 كىلومېتىر، قىسقا يېرىم ئوقى 5.2 كىلومېتىر، دائىرىسى 153.6 كۋادرات كىلومېتىر. VI° لۇق رايوننىڭ ئۇزۇن يېرىم ئوقى 30.2

كىلومېتىر، قىسقا يېرىم ئوقى 29.7 كىلومېتىر، دائىرىسى 2570.4 كۋادرات كىلومېتىر. V° لۇق رايوننىڭ ئۇزۇن يېرىم ئوقى 50.5 كىلومېتىر، قىسقا يېرىم ئوقى 50.1 كىلومېتىر، دائىرىسى 5125 كۋادرات كىلومېتىر. ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوننىڭ دائىرىسى 4818 كۋادرات كىلومېتىر، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى ئائىلە 32 مىڭ 312، 134 مىڭ 254 كىشى.

يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولغان كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي 157 مىڭ 939 كۋادرات مېتىر، ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئۆي 295 مىڭ 6 كۋادرات مېتىر، ئوتتۇراھال بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئۆي 344 مىڭ 239 كۋادرات مېتىر، يېنىكرەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئۆي 383 مىڭ 229 كۋادرات مېتىر؛ خىش - ياغاچ، خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆيلەردىن ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغىنى 7764 كۋادرات مېتىر، ئوتتۇراھال ۋەيران بولغىنى 43 مىڭ 480 كۋادرات مېتىر، يېنىكرەك ۋەيران بولغىنى 32 مىڭ 455 كۋادرات مېتىر؛ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن قوتان 2500 ئېغىز، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن قورۇق تام 3200 مېتىر، ئۆلگەن چارۋا 1112 تۇياق. يەر تەۋرەشتە بىۋاسىتە ئادەم ئۆلۈش - يارىلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى. ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكتىن ۋە بىرقەدەر زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، 5409 ئائىلىدىكى 22 مىڭ 502 كىشى سىرتتا پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولدى.

يەر تەۋرەشتە 77 مىليون 200 مىڭ 500 يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى، بۇ ئادەتتىكى بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى يەر تەۋرەشكە كىرىدۇ.

سۇڭ لىجۈن

## ئاقتۇدا 5.6 بال يەر تەۋرىدى

يەر تەۋرەشنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى يەر تەۋرىگەن ۋاقىت: 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سائەت 7 دىن 16 مىنۇت 33 سېكۇنت ئۆتكەندە؛ مىكرولۇق كۆزىتىلگەن تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى: شىمالىي پاراللېل 38°34′، شەرقىي مېرىدىئان 75°08′؛ ماكرولۇق كۆزىتىلگەن تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى: شىمالىي پاراللېل 38°41′، شەرقىي مېرىدىئان 75°20′؛ تەۋرەش دەرىجىسى: Ms=5.6؛ تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى: 28 كىلومېتىر؛ تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى: VI°.

يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ۋە يەر تەۋرەشتىن بولغان زىيان يەر تەۋرىگەن نەق مەيداننى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بىرقەدەر ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان رايون ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بۇلۇڭكۆل يېزىسىنىڭ گەز كەنتى، بۇلۇڭكۆل كەنتى، سۇ باش كەنتى ئەتراپلىرىغا جايلاشقان. ماكرولۇق كۆزىتىلگەن تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى گەز كەنتىدىكى قوچقارچى چارۋىچىلىق نۇقتىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. 3 - دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن بۇيان ھىندى بۆلىكى پەيدا قىلغان شىمالىي قىسىش ھەرىكىتى غەربىي كۇئېنلۇننى شىنجاڭ رايونىدىكى يېڭى تۈزۈلمە ھەرىكىتى ئەڭ كۈچلۈك بولغان رايونغا ئايلاندۇرۇپ قويغان، تەۋرەش مەركىزىنىڭ ماكرولۇق كۆزىتىلگەن قېتىم سانىغا قارىغاندا، يەر تەۋرەش قۇرۇلمىسى بۇلۇڭكۆل ئۈزۈلمىسىدىن تەركىب تاپقان. ئېغىر دەرىجىدە يەر تەۋرىگەن رايوندا كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى VII° قا يەتكەن. VI° لۇق رايوندىكى تەڭ تەۋرىنىش سىزىقىنىڭ ئۇزۇن ئوقى شىمالىي شەرققە يۈزلەنگەن. VI° لۇق رايون: ئۇزۇن يېرىم ئوقى 47.4 كىلومېتىر، قىسقا يېرىم ئوقى 30.1 كىلومېتىر، دائىرىسى 4500 كۋادرات كىلومېتىر. V° لۇق رايون: ئۇزۇن يېرىم ئوقى 93.5 كىلومېتىر، قىسقا يېرىم ئوقى 63 كىلومېتىر، دائىرىسى 9500 كۋادرات كىلومېتىر. ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى ئائىلە 1646، نوپۇس 7970.

يەر تەۋرەشتە ئاز ساندىكى كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر ۋەيران بولدى ياكى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، قىسمەنلىرى ئوتتۇراھال ياكى ئازراق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. كۆپ قىسمىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ساق قالدى. خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆيلەردىن ئوتتۇراھال بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغىنى 1060 كۋادرات مېتىر، يەر تەۋرەشتە ئۆلۈش - يارىلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى. ئۆيلەر ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن ياكى ئوتتۇراھال بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، 240 ئائىلىدىكى 1162 كىشى سىرتتا پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولدى.

يەر تەۋرەشتە 8 مىليون 473 مىڭ 700 يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى، بۇ، ئادەتتىكى بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى يەر تەۋرەشكە كىرىدۇ.

سۇڭ لىجۈن

## موڭغۇلكۈرەدە 6 بال يەر تەۋرىدى

يەر تەۋرەشنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى يەر تەۋرىگەن ۋاقىت: 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 9 دىن 38 مىنۇت 31 سېكۇنت ئۆتكەندە؛ مىكرولۇق كۆزىتىلگەن تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى: شىمالىي پاراللېل 42°59′، شەرقىي مېرىدىئان 80°28′ (جۇڭگو ئىستانسا تورى ئۆلچىگەن)؛ ماكرولۇق كۆزىتىلگەن تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى: شىمالىي پاراللېل 42°57′، شەرقىي مېرىدىئان 80°31′ (جۇڭگو — قازاقىستان چېگرىسىنىڭ جۇڭگو تەۋەسىدىكى گېدىڭ كەنتى «بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 4 - شى 76 - تۈەن - مەيدانى 11 - ليەن» نىڭ غەربى)؛ تەۋرەش

دەرىجىسى: Ms=6.0؛ تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى: 21 كىلومېتىر؛ تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى: VI°.

يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ۋە يەر تەۋرەشتىن بولغان زىيان ئەھۋالى   يەر تەۋرەشنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ئېغىر بولغان رايونلار VII° لۇق رايون بولۇپ، ئۇنىڭ ئېلىپىس ئەۋسىدىكى قىسمەن VII° لۇق رايون دائىرىسى تەخمىنەن 38 كۋادرات كىلومېتىر؛ VI° لۇق رايونلارنىڭ دائىرىسى 1110 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇزۇن ئوقى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا يۈزلەنگەن. VI° لۇق رايوندىكى كۈچلۈك ئايلانما ئۇزۇن ئوقى شىمالىي غەربتىن جەنۇبىي شەرققە قاراپ كېڭەيگەن، ئېلىپىس ئەۋسىدىكى دائىرىسى 4448 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاپەتكە ئۇچرىغان دائىرە 4448 كۋادرات كىلومېتىر (مۆلچەرلەنگەن رايونلار بويىچە ھېسابلاندى)، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى ئائىلە 23 مىڭ 543، 92 مىڭ 4 كىشى، ئاپەتكە ئۇچرىغان دائىرە بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 4-شى 74-، 75-، 76-، 77-تۈەن-مەيدانلار، شات قىرغىز يېزىسى، سارقوبۇ يېزىسى، قاراسۇ يېزىسى، ئاقسۇ يېزىسى، قاشاجار يېزىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولغان كېسەك-ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي 30 مىڭ 672 كۋادرات مېتىر، ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغىنى 108 مىڭ 765 كۋادرات مېتىر، ئوتتۇراھال بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغىنى 376 مىڭ 579 كۋادرات مېتىر؛ يېنىكرەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغىنى 454 مىڭ 362 كۋادرات مېتىر؛ خىش-ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەردىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغىنى 4625 كۋادرات مېتىر، ئوتتۇراھال بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغىنى 73 مىڭ 51 كۋادرات مېتىر، يېنىكرەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغىنى 298 مىڭ 489 كۋادرات مېتىر، خىش-بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆيلەردىن ۋەيران بولغىنى 18 مىڭ 311 كۋادرات مېتىر، ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغىنى 8492 كۋادرات مېتىر، ئوتتۇراھال بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغىنى 78 مىڭ 379 كۋادرات مېتىر، يېنىكرەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغىنى 181 مىڭ 749 كۋادرات مېتىر؛ 5480 ئېغىز قوتان ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 1160 تۇياق چارۋا ئۆلدى. 2 ئورۇندىكى دۆلەت دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى (گېيدىن تېغىدىكى ئابىدە، ئەۋلىيا ئىبادەتخانىسى) مەلۇم دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

يەر تەۋرەشتە 10 ئادەم قازا قىلدى، 47 كىشى يارىلاندى، بۇلاردىن 21 كىشى ئېغىر يارىلاندى. ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكى ۋە بىرقەدەر زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن 4717 ئائىلىدىكى 18 مىڭ 443 كىشى سىرتتا پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولدى.

يەر تەۋرەشتە 180 مىليون 257 مىڭ 900 يۈەن (چېگرا مۇداپىئە مۇئەسسەسەلىرىدىن زىيان بولغانلىرى يۈزىسىدىن سىرتىدا، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن زىيان بولغانلىرى ستاتىستىكا قىلىنمىدى) بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى، بۇ، ئادەتتىكى بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ.

سۇڭ لىجۈن، خۇ ۋېيخۇا

## يۇ چۈەن، سۇڭ رۇيشياڭلار ئاپەتكە ئۇچرىغان رايون خەلقىدىن ھال سورىدى

2003-يىل 2-ئاينىڭ 25-كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى يۇ چۈەن بىلەن جۇڭگو يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سۇڭ رۇيشياڭ مارالبېشى، پەيزاۋاتتىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونلارغا بېرىپ دوكلات ئاڭلىدى، ئاپەت ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايون خەلقىدىن ھال سورىدى ۋە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى.

رېن يۈليالڭ

## يەر تەۋرەشكە جىددىي تاقابىل تۇرۇش ئەھۋالى

2003-يىل 12-ئاينىڭ 30-كۈنى يەر تەۋرەشكە جىددىي تاقابىل تۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش، يەن تەتقىقات، ئىش بېجىرىش بىر گەۋدە قىلىنغان شىنجاڭ يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئە كۆرۈش-ئاپەتنى ئازايتىش ئۇنىۋېرسال بىناسى پۈتكۈزۈلدى، يەر تەۋرەشكە جىددىي تاقابىل تۇرۇش ئامبىرىغا قوشۇمچە سانلىق مەلۇمات توپلاش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، شىنجاڭ تەۋەسىنىڭ چوڭ ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسى (يېقىندىن ئۆلچەندى ۋە ناچارلىرىدىن پايدىلىنىلدى) نىڭ ھەممىسى تولۇقلاندى. قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، يېزا (بىڭتۈەننىڭ تۈەن-مەيدانلىرى) لاردا يەر تەۋرەش ئاپىتى ئەھۋالى ئۇچۇر تورى قۇرۇلدى. يەر تەۋرەشكە جىددىي تاقابىل تۇرۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن 2 ماشىنا، 2 خاتىرە كومپيۇتېر، 2 يۆرۈش رەقەملىك فوتو سۈرەت ئاپپاراتى ۋە جىددىي تاقابىل تۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يورۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ھەمدە داۋالاش-جىددىي قۇتقۇزۇش بولاقلىرى سەپلەپ بېرىلدى. 10-ئاينىڭ 22-كۈنى شىنجاڭ تاشقى سودا مەكتىپىدە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش مانېۋىرى ئۆتكۈزۈلدى. بىر يىلدا 2 قارار نەق مەيداندا يەر تەۋرەشتىن قۇتقۇزۇش خىزمەت ئەترىتىدىكى ئەزالارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ 30 نەچچە كىشى تەربىيىلەندى؛ يەرلىك ئورۇنلاردىكى يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش

ئىدارىلىرى، يەر تەۋرەش ئىستانسىلىرى يەر تەۋرەشكە جىددىي تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىر قېتىم تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 40 نەچچە كىشىنى تەربىيىلىدى.

2003 - يىلى نەق مەيداندا يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش بويىچە 8 خىزمەت ئەترىتىدىكى 106 كىشى يەر تەۋرىگەن 8 ئورۇندىكى نەق مەيدانغا بېرىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ئەۋەتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مارالبېشى، پەيزاۋاتتىكى ئېغىر يەر تەۋرىگەن نەق مەيداندا 3 يېرىم ئاي ۋاقىتلىق كۆزىتىش ئىستانسىسى قۇرۇلدى.

لو فۇجۇڭ

## تاشقى ئىشلارغا دائىر پەن تەتقىقات خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسى شىنجاڭغا لىكسىيە سۆزلەشكە ۋە پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن كەلگەن 3 چەت ئەل مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىدىكى 10 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى؛ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى تۈرلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە يەر تەۋرەش مۇتەخەسسىسلىرىنى تەربىيىلەش بويىچە 4 ئۆمەك - گۇرۇپپا تەركىبىدىكى 24 ئادەم (قېتىم) نى چەت ئەلگە ئەۋەتتى.

5 - نۆۋەتلىك جۇڭگو - قازاقىستان ھازىرقى زامان گېئودىنامىكىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەر تەۋرەش خەۋپى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە ئېچىلدى، ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسىدىن 18 مۇتەخەسسىس بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشتى، 30 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى. 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسى بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئىلىم - پەن، مائارىپ مىنىستىرلىكى يەر تەۋرەش تەتقىقات ئورنىنىڭ 2003 - يىلدىن 2007 - يىلغىچە بولغان پەن-تېخنىكا ھەمكارلىقى كېلىشىمى» ئالمۇتىدا ئىمزالاندى.

2003 - يىلى ئۆلكە، ئىدارە دەرىجىلىك پەن تەتقىقات تېمىسىدىن 19 نى ئۈستىگە ئالدى، بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆتكەل تېمىسىدىن بىر تۈرنى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىلىم - پەن فوندى تېمىسىدىن بىر تۈرنى، جۇڭگو يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسىنىڭ «ئۈچ تەرەپ بىرلەشتۈرۈلگەن» تېمىسىدىن 2 تۈرنى، ئۆلكە، ئىدارە دەرىجىلىك ئىلىم - پەن فوندى ياردەم تېمىسىدىن 12 تۈرنى، جۇڭگو يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسىنىڭ بىرلەشمە فوندى ياردەم تېمىسىدىن 3 تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2003 - يىلى شىنجاڭ تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەتقىقات ئورنىنىڭ «يەر تۈزۈلۈشى ۋە يەر تەۋرىگەندە شەكلى ئۆزگەرگەن مەيدانلارنىڭ شەكىلگە ئايرىلىش ۋە تەكرار شەكىلگە ئايرىلىش ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىخەنزە شەھىرىنىڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىنى مۆلچەرلەش تەتقىقات خىزمىتى دوكلاتى» شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، «كورلا يەر تەۋرەش ئىستانسىسىنىڭ 70 — SQ تىپلىق كۋارتسلىق ماياتنىك ئىنكلىنومېتىر بىلەن ئۆلچەنگەن ماتېرىيالى»، «يەر ئاستى سۈ تەتقىقات مەركىزىنىڭ 2001 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە بولغان شىنجاڭنىڭ يەر تەۋرەش يۈزلىنىشى ئۈستىدە تەتقىقات»، «قۇتۇبىنىڭ يەر تەۋرەش ئالامىتى ۋاستىلىرىنى رەقەملەشتۈرۈش ۋە يىراق مۇساپىلىك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى ۋە تەتقىقاتى» شىنجاڭ يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسىنىڭ يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

رېن يۇلياڭ

# مېتېئورولوگىيە

## شىنجاڭنىڭ 2003 - يىللىق كىلىماتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق كىلىمات ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى: يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى، يىللىق ئومۇمىي ھۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا سەل كۆپرەك بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ كۆپرەك بولدى؛ باش ئەتىياز پەسلى شىمالىي شىنجاڭدا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى، جەنۇبىي شىنجاڭدا بالدۇر كەلدى؛ ئاخىرقى قىرو مەزگىلى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئىلگىرى - كېيىنلىكى ئوخشاش بولمىدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا بالدۇرراق كەلدى؛ باش قىرو مەزگىلى شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا بالدۇر كەلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىلگىرى - كېيىنلىكى ئوخشاش بولمىدى. بىر يىلدا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش شارائىتى 2003 - يىلدىكىدىن ناچارراق بولدى، ھۆل - يېغىن سەل كۆپ بولدى، كىلىمات شارائىتى كۆپ ساندىكى زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇردى. ئاپتونوم رايون

بويىچە ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى 2002 - يىلدىكىدىن كۆپ بولدى، قىسمەن كەلكۈن، بوران - قۇم شتورمىسى، سوغۇق ھاۋارايىنىڭ تەسىرى ئېغىرراق بولدى. بىر يىلدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مېتېئورولوگىيىسىنىڭ يىللىق كىلىماتى نورمال بولغان ئادەتتىكى مول - ھوسۇللۇق كىلىمات ھېسابلىنىدۇ.

تېمپېراتۇرا 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا (8 پونكىت ئۆلچىگەن ئوتتۇرىچە سان، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 7℃، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا (8 پونكىت ئۆلچىگەن ئوتتۇرىچە سان، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 11.2℃ بولدى. ئادەتتىكى يىللارنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، شىمالىي شىنجاڭدا 0.1℃ تۆۋەن بولدى، بۇ، شىمالىي شىنجاڭدا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئۇدا يۇقىرى بولغان 9 يىلدىن كېيىن تۇنجى قېتىم تۆۋەن تېمپېراتۇرا كۆرۈلگەن يىل ھېسابلىنىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا 0.1℃ يۇقىرى بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى.

ھۆل - يېغىن 2003 - يىلى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 254.3 مىللىمېتىر، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 98.5 مىللىمېتىر بولدى. ئادەتتىكى يىللاردىكىگە سېلىشتۇرغاندا، شىمالىي شىنجاڭدا 20% كۆپ بولدى، شىخەنزىدە 10% ئازايغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا رايونلاردا 10% — 40% كىچە كۆپ بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا 90% كۆپ بولدى، تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ھالدا 60% تىن 1.5 ھەسسىگىچە كۆپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل، ئاقسۇ، كۇچا، خوتەن ۋە يەنجىلەردە ھۆل - يېغىننىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 - ئورۇندا تۇردى.

يىغىندى قار شىمالىي شىنجاڭدىكى تۈزلەڭلىك رايونلاردا 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ قار جۇغلىنىپ تۇراقلاشتى، قار توپلىنىش ۋاقتى ئادەتتىكى يىللارغا قارىغاندا 10 كۈن ئۆپچۆرىسىدە كېچىكتى. 2 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئالتاي، تارباغاتاي، شىخۇ، موڭغۇلكۈرەدە ئادەتتىكى يىللارغا قارىغاندا 10 سانتىمېتىردىن كۆپرەك قېلىنلىقتا قار توپلاندى، كۆكتوقاي، چاغانتوقاي، بورتالا، جىڭ، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچىدە 2 سانتىمېتىردىن 6 سانتىمېتىرغىچە نېپىز قار توپلاندى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەنجىدە يىغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى 16 سانتىمېتىرغا يېتىپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 12 سانتىمېتىر قېلىن بولۇپ، قىش پەسلىدىكى ئەڭ زور يىغىندى قار قېلىنلىق ئېكستىرېمۇمىدىن ئېشىپ كەتتى.

ئالاھىدە تۈرلەر:

باش باھار پەسلى 2003 - يىلى شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا باش باھار پەسلى ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى ئالتايدا 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، تارباغاتايدا 20 - كۈنى باش باھار كىرىپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 5 كۈن بۇرۇن بولدى؛ غەربىي قىسمىدىكى غۇلجىدا 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى باش باھار كىرىپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 10 كۈن كېچىكتى، شىمالىي شىنجاڭدىكى باشقا رايونلاردا باش باھار پەسلى 3 - ئاينىڭ 20- كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا توغرا كېلىپ، ئادەتتىكى يىللاردىكى بىلەن تەڭلەشتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا باش باھار پەسلى ئومۇميۈزلۈك بالدۇر كەلدى. باش باھار پەسلى خوتەن ۋە قەشقەردە 2 - ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا توغرا كېلىپ، 10 كۈن بۇرۇن كەلدى؛ تۇرپان، كورلا، كۇچادا 2 - ئاينىڭ 20- كۈنلىرىگىچە توغرا كېلىپ، 5 كۈن بۇرۇن كەلدى؛ ئاقسۇ بىلەن چەرچەندە 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرىگە توغرا كېلىپ، 10 كۈن بۇرۇن كەلدى.

ئاخىرقى قىرو مەزگىلى 2003 - يىلى شىمالىي شىنجاڭ رايونىنىڭ غەربىدىكى غۇلجا، كۈنەس، بورتالا ھەمدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدىكى شىخۇ، جىڭ، شىخەنزە، ئۈرۈمچىلەردە 3 — 13 كۈن كېچىككەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا رايونلاردا 7 — 12 كۈن بۇرۇن كەلدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قۇمۇل، يەنجىدە ئاخىرقى قىرو مەزگىلى 5 — 7 كۈن كېچىكتى، باشقا رايونلاردا 2 — 15 كۈن بۇرۇن كەلدى.

باش قىرو مەزگىلى ئاپتونوم رايوندىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن بۇرۇن كەلدى. شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئالتايدا 11 كۈن، موڭغۇلكۈرە، شىخەنزە، بەيتىك تېغىدا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 2 — 6 كۈن كېچىككەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا رايونلاردا 2 — 16 كۈن بۇرۇن كەلدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۇرپان، بارىكۆل، ئاقسۇ، چەرچەن، خوتەنلەردە 1 — 18 كۈن كېچىككەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا رايونلاردا 1 — 16 كۈن بۇرۇن كەلدى.

ئاساسلىق ھاۋارايى كىلىمات ھادىسىلىرى ۋە مېتېئورولوگىيە ئاپىتى:

قار ئاپىتى 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا مۇقىم قار دۆۋىلەنمىسى شەكىللەندى، 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئالتاي رايونىدا يىغىندى قارنىڭ ئەڭ زور قېلىنلىقى 10 — 30

سانتىمېتىرغا يېتىپ، چارۋا ماللارنىڭ ئوت - چۆپ تېپىپ يېيىشى ۋە قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتتى. تۇرپان شەھەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ تاغلىق چارۋىچىلىق رايونىدا ئۈدا 10 كۈن شۇۋرغانلىق، تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق ھاۋارايى كۆرۈلدى، 231 قوي، 8 ئات توڭلاپ ئۆلدى، 46 قوتاز يوقاپ كەتتى.

1 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئۈدا كۆپ قار ياغدى، بولۇپمۇ شىمالىي قىسىمدىكى رايونلاردا بىرقەدەر قېلىن قار ياغدى، قىسمەن رايونلاردا قار مىقدارى شىددەت بىلەن كۆپەيدى. ئالتاي رايونىدا قارنىڭ ئەڭ زور قېلىنلىقى 14 — 68 سانتىمېتىرغا يېتىپ، قېلىن قار دۆۋىلەنمىسى ھاسىل بولدى. چۆچەك شەھىرىدە يىغىندى قارنىڭ ئەڭ زور قېلىنلىقى 50 سانتىمېتىرغا، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى تېرەكتى، قىزبەيت، بازىرباي قاتارلىق جايلاردا 150 سانتىمېتىرغا، ئوتلاقلاردا 80 سانتىمېتىرغا، تولى ناھىيىسىدىكى قىشلاق ئەتراپلىرىدا 40 سانتىمېتىرغا يەتتى. بۇ قېتىمقى قار ئاپىتىدە چۆچەك شەھىرىنىڭ قىشلاقلىرىدىكى 1003 ئائىلە، 5246 كىشى، 160 مىڭ چارۋا مال قاپسىلىپ قالدى. چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى، چارۋا ماللارنىڭ يەم - خەشەكى ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەي قالدى.

جۇدۇن ئاپتونوم رايون 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 18- كۈنگىچە بىر قېتىم جۇدۇننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ئالتاي ۋىلايىتىدە 160 تۇياق ھەرخىل چارۋا مال توڭلاپ ئۆلدى، 1532 تۇياق ھەرخىل چارۋا مال ئۈششۈپ قالدى. 329 قوتان، 106 چېدىر ۋەيران بولدى، 6.7 گېكتار يەردىكى بۇغداي زىيانغا ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1.33 گېكتار بۇغدايدىن پەقەت ھوسۇل چىقمىدى. تارباغاتاي ۋىلايىتىدە ئومۇميۈزلۈك قار ئارىلاش يامغۇرلۇق ھاۋارايى كۆرۈلدى، جەريانلىق يامغۇر مىقدارى ئوتتۇراھالىغا، قىسمەن جايلاردا كۆپ مىقدارغا يەتتى. 8 بال قىيپاش غەرب شامىلى چىقتى، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 17.3℃ - قا چۈشۈپ قالدى، تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلەش دەرىجىسى 10℃ تىن ئېشىپ كەتتى، كۆكلەمگە كۆچۈش مەزگىلىدە 3830 چارۋا ئۆلدى. تولى ناھىيىسىدە چوڭ - كىچىك چارۋىدىن 936 سى ئۆلدى، 3200 تۇياق ھەرخىل چارۋا توڭلاپ قېتىپ قالدى. ساۋەن ناھىيىسىدە 809.93 گېكتار يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى، 1 مىليون 140 مىڭ يۈەن بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. تۇرپان ۋىلايىتىدە 2936.47 گېكتار يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى، 42 مىليون 980 مىڭ يۈەن بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. قار - بوراندا دۆلەت تاشيولى «312» لىنىيىسى، «314» لىنىيىسى، ئۆلكە يولىنىڭ «301» لىنىيىسىدە قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى. تۇرپان تەۋەسىدە تەخمىنەن 800 ئاپتوموبىل، توقسۇن تەۋەسىدە تەخمىنەن 520 ئاپتوموبىل توسۇلۇپ قالدى.

چاڭ تاۋ

## شىنجاڭنىڭ 2003 - يىلدىكى نورمالسىز مېتېئورولوگىيىسى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 101 ئىستانسا - پونكىت نورمالسىز مېتېئورولوگىيىلىك ھادىسە توغرىسىدا يىللىق مەلۇمات يوللىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 85 ئىستانسا - پونكىتنىڭ خاتىرىسىدە نورمالسىز مېتېئورولوگىيىلىك ھادىسە كۆرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 28 تۈردە 320 قېتىم نورمالسىز ھادىسە كۆرۈلۈپ، 2002 - يىلدىكىدىن بىر تۈر كۆپىيىپ 105 قېتىم ئازايدى. ئىستانسىلاردا نورمالسىزلىق قېتىم سانى ئەڭ كۆپ كۆرۈلگەن تۈرلەرنىڭ رەت تەرتىپى مۇنداق: يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن ئەڭ كۆپ ھۆل - يېغىن مىقدارى 40 پونكىت ئىلگىرىكى 30 يىلدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 53 قېتىم ئېشىپ كەتتى؛ يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن كۈن نۇرى ئەڭ ئاز چۈشكەن ۋاقىت 23 پونكىت ئىلگىرىكى 30 يىلدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 44 قېتىم ئېشىپ كەتتى؛ يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن سوتكىلىق ئەڭ كۆپ ھۆل - يېغىن مىقدارى 34 پونكىت ئىلگىرىكى 30 - يىلدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 43 قېتىم ئېشىپ كەتتى؛ ئايلىق مۇتلەق مىنىمۇم تېمپېراتۇرا 25 پونكىت ئىلگىرىكى 30 يىلدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 30 قېتىم ئېشىپ كەتتى. ئەڭ كۆپ يىغىندى قار قېلىنلىقى 21 پونكىت ئىلگىرىكى 30 يىلدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 26 قېتىم ئېشىپ كەتتى.

2003 - يىلى ھۆل - يېغىننىڭ نورمالسىز بولۇشى ئاساسەن ئەڭ كۆپ ھۆل - يېغىن مىقدارى بىلەن كۈندىلىك ئەڭ زور ھۆل - يېغىن مىقدارىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتە ئىپادىلەندى. ھۆل - يېغىن ئەڭ كۆپ نورمالسىز بولغان رايونلار ئاساسەن ئالتاي ۋىلايىتىدىكى بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي، ئالتاي شەھىرى؛ ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق قورغاس، نىلقا، توققۇزتارا، كۈنەس، موڭغۇلكۈرە، تېكەس، غۇلجا ناھىيىلىرى، غۇلجا شىخەنزە شەھەرلىرى، سانجى ئوبلاستىدىكى ماناس، بەيتىك تېغى، سانجى شەھىرى؛ قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى بارىكۆل، خۇڭلىيۇخې، قۇمۇل شەھىرى؛ بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى يەنجى، خوشۇت، چاقىلىق، لوپنۇر، بۈگۈر، چەرچەن ناھىيىلىرى، كورلا شەھىرى؛ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئونسۇ، باي، كۇچا، كەلپىن، ئاۋات

ناھىيىلىرى، ئاقسۇ شەھىرى؛ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى قاغىلىق، تاشقورغانغا تارقالغان. كۆندىلىك ھۆل - يېغىن ئەڭ كۆپ نورمالسىز بولغان رايونلار ئاساسەن ئالتاي ۋىلايىتىدىكى بۇرچىن، چىڭگىل؛ ئىلى ئوبلاستىنىغا قاراشلىق قورغاس، قورغاس بازىرى؛ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى قوبۇقسار، تولى؛ شىخەنزە شەھىرى؛ سانجى ئوبلاستىدىكى ماناس، مىچۈەن، بەيتىك تېغى، سانجى شەھىرى؛ قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى خۇڭلىيۇنخې، قۇمۇل شەھىرى؛ تۇرپان ۋىلايىتىدىكى پىچان؛ بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى يەنجى، بۈگۈر، خوشۇت، چاقىلىق ناھىيىلىرى، كورلا شەھىرى؛ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئونسۇ، كۇچا، كەلپىن، ئاۋات ناھىيىلىرى، ئاقسۇ شەھىرى؛ قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى ئاتۇش، ئاقتۇ؛ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى تورغات، تاشقورغان، قاغىلىق؛ خوتەن ۋىلايىتىدىكى كېرىيىگە تارقالغان. ھۆل - يېغىن كۆپ بولغان ۋاقىت ئاساسەن 2 -، 7 -، 11 - ئايلارغا مەركەزلەشتى، بەزىدە 3 -، 9 -، 11- ئايلاردىمۇ كۆرۈلدى.

2003 - يىلى تېمپېراتۇرىنىڭ نورمالسىز بولۇشى ئاساسەن مۇتلەق مىنىمۇم تېمپېراتۇرىدا ئىپادىلەندى، تېمپېراتۇرا نورمالسىز بولغان رايونلار ئاساسەن، فۇكاڭ، جىمسار، جىڭ، بورتالا، چاپچال، غۇلجا، توققۇزتارا، كۈنەس، تېكەس، نوم، ئاراتۇرۇك، بارىكۆل، يەنجى، خوشۇت، ئۈچتۇرپان، ئارال، تاشقورغان، مەكىت ۋە لوپتىن ئىبارەت.

ئونئۈچ ئېغىز ئۆيدە 216 كۈن قارا بورانلىق ھاۋارايى كۈن كۆرۈلۈپ، تارىختىكى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى. قارا بورانلىق ھاۋارايى ئاساسەن 3 - ئايدىن 9 - ئايغىچە بولغان ۋاقىتلارغا مەركەزلەشتى، بولۇپمۇ 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە قارا بورانلىق ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى، بوراننىڭ مومېنتلىق ئەڭ زور تېزلىكى سېكۇنتىغا 44 مېتىرغا يەتتى، بۇ 1999 - يىلدىن كېيىن 2 - قېتىم چىققان ئەڭ كۈچلۈك بوران ھەمدە قۇم، چاڭ - توزانلىق ھاۋارايى ھېسابلىنىدۇ. بۇ شۇ جايلاردىكى تۆمۈريول قاتنىشىنىڭ ئازكەم 40 سائەت ئۈزۈلۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى، قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىغا ناھايىتى ئېغىر زىيان سالدى.

ۋاڭ شاۋمېي

شىنجاڭدىكى 15 شەھەرنىڭ 2003 - يىللىق مېتېئورولوگىيىسىدىكى مۇھىم ئامىللار

| شەھەر | تۈرى / ئاي | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -10.5 | -8.5 | -2.1 | 7 | 15.5 | 22.8 | 21.1 | 22 | 17.2 | 10.1 | -3.2 | -10.2 | 6.8 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 2.9 | 4.8 | 16.2 | 28.1 | 27.9 | 33.2 | 32.5 | 32.8 | 34.1 | 26.1 | 9.1 | -0.6 | 34.1 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -22.8 | -17 | -12.6 | -10.8 | 4.1 | 12.7 | 8.8 | 13.4 | -0.3 | -1.4 | -16 | -20.3 | -22.8 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 13.3 | 8.3 | 11.6 | 38.1 | 59.2 | 35.2 | 68.7 | 48.3 | 52.1 | 0.1 | 27 | 8.1 | 370 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 9 | 18 | 15 | 16 | 15 | 7 | 18 | 12 | 9 | 3 | 16 | 17 | 155 |
| قاراماي | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -12.8 | -9.4 | -0.1 | 10 | 19.6 | 26.6 | 24.9 | 26 | 20.5 | 11.5 | -1.5 | -12.7 | 8.6 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 4.1 | 1.9 | 20.5 | 30.6 | 32 | 38.3 | 35.5 | 35.6 | 36.3 | 19.9 | 11.3 | -4.8 | 8.3 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -24.3 | -19.5 | -12.7 | -8 | 9.5 | 17 | 13 | 17 | 4.3 | 0.3 | -13.5 | -21.4 | -21.3 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 3.7 | 4.7 | 2.1 | 13.6 | 21.8 | 21.4 | 30.5 | 16.4 | 16.6 | 0 | 1.6 | 2.9 | 135.3 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 15 | 15 | 8 | 10 | 13 | 11 | 21 | 11 | 9 | 2 | 12 | 15 | 142 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىخەنزە | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -14.3 | -9.9 | -0.9 | 9.8 | 18.8 | 25.8 | 23.5 | 23.6 | 18 | 9.9 | -2.2 | -13.7 | 7.4 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 4.4 | 1.5 | 17.9 | 30.9 | 32.6 | 37.6 | 35.5 | 36.7 | 37.4 | 21.8 | 11.6 | -1.9 | 37.6 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -30.4 | -23.5 | -15.9 | -7.4 | 7 | 13.2 | 9.1 | 11.7 | 0.3 | -4.7 | -19.3 | -24.5 | -30.4 |
| | هۆل - يېغىن مىقدارى | 11 | 12 | 9.7 | 19 | 16.1 | 14.6 | 10.8 | 9.7 | 44.1 | 0 | 27.5 | 9.8 | 184.3 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 10 | 15 | 9 | 16 | 14 | 12 | 20 | 16 | 9 | 3 | 20 | 18 | 162 |
| غۇلجا | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -5.1 | -3.7 | 2.4 | 9.4 | 16.8 | 21.9 | 21.2 | 22.3 | 17.9 | 10.4 | 2 | -5.1 | 9.2 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 8.7 | 8.4 | 23.3 | 32.1 | 29.5 | 34 | 32.7 | 35.4 | 36.6 | 27.4 | 16.8 | 7.8 | 36.6 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -21.6 | -16.6 | -15.1 | -4.9 | 4.5 | 10.9 | 8.6 | 9.7 | -0.5 | -2 | -11.2 | -18.9 | -21.6 |
| | هۆل - يېغىن مىقدارى | 18 | 46.6 | 13.8 | 53.6 | 31.5 | 27.5 | 56.4 | 5.4 | 13.3 | 12.6 | 68 | 6.9 | 353.6 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 11 | 13 | 13 | 20 | 13 | 13 | 17 | 5 | 9 | 8 | 17 | 10 | 149 |
| بورتالا | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -12.9 | -10.1 | -1.4 | 8.2 | 17.4 | 23.2 | 22.1 | 22.3 | 17.3 | 8.8 | -2.7 | -12.5 | 6.6 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 3 | 0 | 17.3 | 29.6 | 31 | 35.6 | 33.9 | 34.8 | 36.7 | 22 | 9.6 | 0.5 | 36.7 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -27.7 | -22 | -15.4 | -7.4 | 6.9 | 13.2 | 7.8 | 12.2 | -0.6 | -3.6 | -15.2 | -24.5 | -27.7 |
| | هۆل - يېغىن مىقدارى | 2.9 | 13.2 | 12.9 | 18.9 | 59.4 | 50.2 | 48.4 | 16.7 | 31.5 | 0 | 7.8 | 10.8 | 272.7 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 12 | 15 | 15 | 13 | 12 | 13 | 17 | 11 | 11 | 1 | 14 | 21 | 155 |
| سانجى | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -11.6 | -8 | -0.4 | 9.8 | 18.4 | 25.4 | 23.6 | 24.2 | 18.7 | 11.1 | -2.1 | -11 | 8.2 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 4.7 | 1.2 | 18 | 32 | 22.2 | 37 | 35.7 | 26.2 | 37.8 | 25.7 | 10.5 | 0 | 37.8 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -22.3 | -16.6 | -13.2 | -7.6 | 7.4 | 14.4 | 11 | 13.1 | 0.4 | -2.9 | -13.9 | -18 | -22.3 |
| | هۆل - يېغىن مىقدارى | 7.3 | 4.5 | 7 | 19.5 | 24.5 | 19.6 | 73.3 | 22.9 | 26.1 | 0.3 | 18.1 | 5.9 | 229 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 13 | 16 | 14 | 13 | 14 | 10 | 20 | 10 | 7 | 4 | 14 | 20 | 155 |
| تارباغاتاي | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -29.8 | -7.1 | -1.9 | 6.9 | 16 | 21.7 | 20.3 | 21.1 | 17.2 | 9.8 | -2.7 | -7.5 | 5.3 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 4.9 | 5.6 | 16 | 30.5 | 28.5 | 35.5 | 32.1 | 33.8 | 35.9 | 25.9 | 12.2 | 4.3 | 35.9 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -29.7 | -21.8 | -18.1 | -12 | 5 | 11.5 | 6.5 | 8.9 | -1.1 | -3.7 | -20.6 | -19.6 | -29.7 |
| | هۆل - يېغىن مىقدارى | 36.8 | 21 | 16.2 | 28.9 | 24.4 | 12 | 72.7 | 11.3 | 13.2 | 9.7 | 36.4 | 14.6 | 297.2 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 13 | 10 | 14 | 16 | 11 | 11 | 20 | 7 | 9 | 6 | 20 | 12 | 149 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 4.2 | -14.3 | -5.9 | 7.2 | 14.7 | 18.7 | 19.6 | 21.4 | 15.6 | 5.1 | -6.4 | -12.4 | -12.8 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | ئالتاي |
| 33 | -3.4 | 6.6 | 19.9 | 32.5 | 30.2 | 31 | 33 | 27 | 28.7 | 13.6 | 3.5 | 0.4 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| -33.7 | -27.6 | -25.8 | -6.4 | 0.1 | 4.7 | 8.2 | 8.7 | 1.8 | -14.4 | -25.2 | -28.8 | -33.7 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| 195.2 | 9.4 | 26.3 | 9.3 | 25.2 | 23.9 | 28.3 | 7.7 | 9.1 | 5.1 | 2.8 | 5 | 43.1 | ھۆل - يېغىن مىقدارى | |
| 133 | 9 | 14 | 7 | 10 | 14 | 14 | 10 | 11 | 11 | 12 | 10 | 11 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |
| 14.8 | -4.8 | 4.8 | 13.7 | 24.8 | 30.4 | 31 | 32.6 | 25.7 | 17.1 | 10.7 | 1.4 | 9.5 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | تۇرپان |
| 43.1 | 5.1 | 18.4 | 27.7 | 39.3 | 42.3 | 41.3 | 43.1 | 39.8 | 36.5 | 26.1 | 12.8 | 1.1 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| -17.1 | -11.1 | -3.7 | 2.8 | 8.6 | 19.5 | 18.8 | 21.5 | 12.5 | 4.5 | 0.4 | -10 | -17.1 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| 30.9 | | | 0 | 10.8 | 3.3 | 9.2 | 0.9 | 0.8 | 1 | | 4.9 | | ھۆل - يېغىن مىقدارى | |
| 60 | | | 1 | 5 | 12 | 16 | 9 | 9 | 3 | | 5 | | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |
| 9.4 | -8.3 | -0.2 | 9.4 | 19.1 | 24.2 | 25.8 | 26.7 | 20 | 11.7 | 5.1 | -5.1 | -15.2 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | قۇمۇل |
| 38.2 | 3.5 | 15.7 | 25.7 | 36.2 | 38.1 | 37.6 | 38.2 | 34.6 | 31.7 | 22.7 | 9.2 | -2.1 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| -26 | -16.8 | -12.5 | -6.9 | 0.3 | 9.8 | 11.5 | 13.2 | 5.7 | 2.6 | -8.4 | -19.3 | -26 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| 57.4 | | 0.5 | 0 | 1.6 | 1.6 | 15 | 4.2 | 9.9 | 18.2 | 0 | 3.7 | 2.7 | ھۆل - يېغىن مىقدارى | |
| 74 | | 4 | 1 | 4 | 10 | 15 | 9 | 11 | 8 | 1 | 8 | 3 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |
| 11.7 | -4.7 | 3.3 | 10.8 | 20.3 | 24.8 | 25.6 | 26.9 | 20.4 | 13.2 | 7.7 | 0 | -8.3 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | كورلا |
| 36.6 | 4.2 | 16.3 | 23.5 | 34.3 | 36.6 | 35.2 | 36.2 | 32.9 | 30.9 | 23.9 | 10.4 | 2.4 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| -20.1 | -13.4 | -8.1 | -0.3 | 3.5 | 14.6 | 12.5 | 15.9 | 5.9 | 2.3 | -10.2 | -9.6 | -20.1 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| 77.3 | 0.1 | 0 | 0.2 | 15.8 | 7.3 | 11.8 | 7.3 | 0.5 | 9.3 | 18.9 | 5.9 | 0.2 | ھۆل - يېغىن مىقدارى | |
| 101 | 4 | 2 | 1 | 9 | 8 | 20 | 15 | 9 | 12 | 3 | 14 | 7 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |
| 10.8 | -4.2 | 3.8 | 11.3 | 18.6 | 22.6 | 24.6 | 23.8 | 18.8 | 13 | 7.1 | -0.4 | -9.1 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | ئاقسۇ |
| 35.6 | 4 | 22.4 | 24.7 | 32.6 | 35.2 | 35.6 | 35.3 | 31.9 | 29.3 | 22.5 | 9.4 | 3.4 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| -20.2 | -11.6 | -6.9 | 1 | 3.1 | 13 | 13.6 | 10.7 | 5.4 | 1.1 | -8 | -10.8 | -20.2 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| 141.5 | 0.5 | 3.4 | 27.4 | 18.2 | 15.8 | 5 | 10.7 | 27.5 | 10.8 | 16.4 | 5.2 | 0.6 | ھۆل - يېغىن مىقدارى | |
| 100 | 3 | 7 | 4 | 9 | 12 | 14 | 11 | 13 | 7 | 7 | 6 | 7 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاقسۇ | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -5.1 | 1.7 | 7.9 | 15.3 | 20 | 25.1 | 28.3 | 25.2 | 21.3 | 13.4 | 5.4 | -1.9 | 13.1 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 9 | 12.2 | 22 | 29.2 | 32.8 | 34.5 | 39.1 | 38.4 | 33.6 | 28.8 | 24.9 | 6 | 39.1 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -14.2 | -7.6 | -7.9 | 2 | 7.2 | 12.6 | 19.2 | 14 | 6.5 | 4 | -5.4 | -9 | -14.2 |
| | مۆل - يېغىن مىقدارى | 4.2 | 0 | 38.9 | 5.2 | 55.3 | 37.9 | 4 | 18.6 | 27.2 | 15.1 | 10.8 | 0 | 217.2 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 5 | 5 | 7 | 6 | 13 | 14 | 14 | 12 | 11 | 6 | 7 | 6 | 106 |
| قەشقەر | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -5.1 | 1.7 | 7.8 | 15 | 19.5 | 24.2 | 27.3 | 24.6 | 20.9 | 13.2 | 5.8 | -1.4 | 12.8 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 9.1 | 14.8 | 22.5 | 29.2 | 32.4 | 33.6 | 37.1 | 37 | 32 | 27.7 | 24 | 10.8 | 37.1 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -15.3 | -7.5 | -10 | 1.7 | 6.8 | 11.6 | 17.1 | 15.4 | 6.5 | 3.8 | -4.8 | -8.2 | -15.3 |
| | مۆل - يېغىن مىقدارى | 2 | 0 | 25.9 | 2.2 | 11.2 | 18.1 | 1.5 | 9.2 | 6.2 | 39.7 | 5.1 | 1.4 | 122.5 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 7 | 5 | 7 | 9 | 10 | 16 | 11 | 16 | 9 | 4 | 9 | 8 | 111 |
| خوتەن | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -2.6 | 2.6 | 9.3 | 15.9 | 19.8 | 24.2 | 27.7 | 24.1 | 20.7 | 13.7 | 6.3 | -1.6 | 13.3 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 9.8 | 12.6 | 25 | 30.5 | 33.5 | 34.9 | 38.2 | 35.2 | 33.5 | 26.8 | 24.7 | 12.5 | 38.2 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -13.1 | -6.9 | -3.7 | 3.8 | 6.6 | 13.6 | 18.3 | 14.4 | 8.5 | 3.5 | -3.2 | -9 | -13.1 |
| | مۆل - يېغىن مىقدارى | 0 | 0.5 | 9.4 | 6.2 | 20.7 | 25.6 | 1.2 | 8.3 | 6.6 | 4.9 | 2.7 | | 86.1 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 3 | 2 | 3 | 10 | 4 | 11 | 5 | 10 | 6 | 4 | 6 | | 64 |

جاڭ جىپىڭ

## مېتېئورولوگىيە ئىشلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە كەسىپ سۈپىتى

2003 - يىلى ئاقسۇ رادار پونكىتى بىلەن ئۈرۈمچى رادار پونكىتى جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن كەسپىي ۋە نەق مەيداندا تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. قاراماي رادار پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. ئىلى، شىخەنزە رادار پونكىتلىرىنىڭ ئورنىنى تور قىلىپ تۇرغۇزۇشقا ئىلتىماس قىلىندى ۋە قەشقەر رادار پونكىتىنىڭ ئورنى تەستىقلاندى. ئەسلىدە پىلانلانغان 24 يامغۇر ئۆلچەش - تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ 20 سى قۇرۇلۇپ بولدى ھەمدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ ئاتموسفېرانى ئۆلچەپ تەكشۈرۈشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى تەركىبىدىكى شىنجاڭ تارماق سىستېما قۇرۇلۇشىنىڭ 2003- يىللىق قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى، 54 ئۆلچەملىك، ئاساسىي پونكىت تەركىبىدىكى ئاپتوماتىك پونكىت سىستېمىسىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇش - تەڭشەش ئىشىنى تاماملىدى، كۆپ قىسمى مەلۇمات بېرىشكە باشلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 52 ئۆلچەملىك، ئاساسىي پونكىتنىڭ كۆزىتىش مەيدانى ۋە دېجورنىلىق ئىشخانىسىنى بىرتۇتاش ئۆلچەم بويىچە ئۆزگەرتتى. ئاتموسفېرانى ئۆلچەپ تەكشۈرۈشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش تورى قۇرۇلۇشىدا بايىنغولىن، بورتالا، قۇمۇل، تۇرپان، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىكى مېتېئورولوگىيە ئىدارىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش سۈپىتى ئەلا بولدى.

غەربىي شىمال سۈنئىي ھەمراھ تېلېتېخنىكا بازىسىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرىدە تېلېتېخنىكا مەركىزىنىڭ ئاساسىي گەۋدە بىنا قۇرۇلۇشى پۈتتى، يەرلىك ئورۇنلار سەپلەپ بېرىدىغان مەبلەغنىڭ ھەممىسى نەقلەشتى. EOS/MODIS چۈشتىن كېيىنكى ئاسمان جىسىملىرىنى قوبۇل قىلىپ بىرتەرەپ قىلىش سىستېمىسىنى تەڭشەش خىزمىتى تاماملاندى.



2003 ـ يىل 9 ـ ئايدا قۇرۇلغان ئۈرۈمچى ھاۋارايى رادار پونكىتى.

پەن جىخۇڭ فوتوسى

جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ قۇم ـ بورانني ئۆلچەش تەجرىبە سىستېمىسى تەركىبىدىكى شىنجاڭ تارماق سىستېمىسىغا تەۋە 4 قۇم ـ بورانني تەكشۈرۈپ ئۆلچەش پونكىتىنىڭ ئۆلچەش مەيدانى قۇرۇلۇشى ۋە پىرىبورنى قۇراشتۇرۇش ۋەزىپىسى تاماملاندى، قۇمۇل مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسىنىڭ 20 مېتىرلىق گرادىيېنتلىق مېتېئورولوگىيىلىك كۆزىتىش مۇنارى پۈتتى. MICAPS سىستېمىسىنى 2 ـ قېتىم ئۆزلەشتۈرۈش، كورلا قوتۇپ ئوربىتىسىدىكى سۈنئىي ھەمراھ ماتېرىياللىرىنى قوبۇل قىلىش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە تۇرپان قاتارلىق 3 ئورۇندىكى تۇرغۇن سۈنئىي ھەمراھنىڭ قوبۇل قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

ئاپتونوم رايون بويىچە مېتېئورولوگىيە ئۇچۇر تورى قۇرۇلۇشىنىڭ دەرىجىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 54 ئۆلچەملىك، ئاساسىي پونكىت ۋە 24 دوپلېر رادارى ئارقىلىق يامغۇر ئۆلچەش ـ تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىنىڭ ھەممىسى DDN لىنىيىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە قاراشلىق ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوپتىك كابېللىق ئالاقىلىشىش ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. سۈنئىي ھەمراھ ماتېرىياللىرى، دوپلېر رادار ئۇچۇرى، ھۆكۈمەت ئىشلىرى ئۇچۇرلىرىنى ئەمەلىي ۋاقىت بويىچە يەتكۈزۈپ بېرىش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كومپيۇتېر تورلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى بىخەتەر بولدى، ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى يادرولۇق كەسپىي تورلىرىنىڭ بىخەتەر ھالدا جەددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى، 6 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىگە مۇداپىئە تېمى قاتتىق دېتال سىستېمىسى ئورنىتىپ بەردى. ئىش بېجىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى، ئۆلكە دەرىجىلىك خەت ـ ئالاقىنى قەغەزسىز شىفىرلاشتۇرۇپ يەتكۈزۈش سىستېمىسىنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈشكە باشلىدى، جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ NOTES ئېلېكترونلۇق يوللانما سىستېمىسىنى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق مېتېئورولوگىيە ئىدارىلىرى ۋە قىسمەن ناھىيىلەردىكى مېتېئورولوگىيە ئىدارىلىرىگىچە ئۇزارتىپ، مەملىكەت بويىچە مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىنىڭ مەمۇرىي ئىش بېجىرىشكە دائىر ئېلېكترونلۇق يوللانمىلارنى ئۆز ئارا ئۇتاشتۇرۇش ۋە يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇردى.

2003 ـ يىلى دۆلەت دەرىجىلىك 4 پەن تەتقىقات تۈرى، ئىدارە دەرىجىلىك 17 پەن تەتقىقات تېمىسى قانات يايدۇرۇلدى، 2002 ـ يىلدىكى 5 تۈر داۋاملاشتۇرۇلدى، 8 تۈرلۈك پەن تەتقىقات نەتىجىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، 1 مىليون 740 مىڭ يۈەن خىراجەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ 9 ـ بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق پەن تەتقىقات تۈرى «شىنجاڭنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشى ۋە قىسقا مۇددەتلىك كىلىماتنى مۆلچەرلەش ئۇنۇۋېرسال سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «سۈنئىي ھەمراھ بۇلۇت خەرىتىسى ماتېرىياللىرىنى شىنجاڭدا ھاۋارايىدىن مەلۇمات بېرىش، قوللىنىش ئۈستىدە تەتقىقات» ۋە «شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى تېلېتېخنىكا ئاساسىدىن تەكشۈرۈش ۋە دىنامىكىلىق تەكشۈرۈپ ئۆلچەش سىستېمىسى» ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك ۋە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «شىنجاڭدا سۇ، تۇپراق كىلىمات بايلىقىدىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئېرىقچىلىق جەھەتتىكى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش» تۈرى جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنىدا شىنجاڭ بويىچە پەن ـ تېخنىكىغا دائىر 7 پارچە

ئىلمىي ماقالە ئىشلىتىلدى. «جۇڭگودىكى قۇملۇقلار» (مەخسۇس سان) دا پەن - تېخنىكىغا دائىر 23 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى. ھەرخىل كەسپىي، باشقۇرۇش كۇرسىدىن 12 قارار ئېچىلدى، كۇرسقا 444 كىشى قاتناشتى.

2003 - يىلى ئۆلچەپ مەلۇمات بېرىش كەسپىدە ئۆزگەرتىپ ساختىلىق قىلىشتەك ئېغىر خاتالىق يۈز بېرىشنىڭ ئالدى ئېلىندى. بىر يىلدا يەر ئۈستىدىن ئۆلچەپ بېرىلگەن مەلۇماتنىڭ خاتالىق نىسبىتى %0.3 بولدى، 3 قېتىم ئېغىر خاتالىق كۆرۈلدى؛ قۇياش رادىئاتسىيىسىنى ئۆلچەش مەلۇماتىنىڭ خاتالىق نىسبىتى %0.6 بولدى؛ يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىنى تەكشۈرۈشتە 6 خىل كۆرسەتكۈچ داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى، ھاۋا بوشلۇقىنى تەكشۈرۈش مەلۇماتىنىڭ خاتالىق نىسبىتى %0.4؛ ئاگروكلىماتنى ئۆلچەش مەلۇماتىنىڭ خاتالىق نىسبىتى %0.16 بولدى. بىر يىلدا ئاگرومېتېئورولوگىيە ئاخبارات سۈپىتىنى تەكشۈرۈشتە مەملىكەت بويىچە مېتېئورولوگىيە سىستېمىسىدا ياخشى سەۋىيە داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى؛ كلىماتنى مۆلچەرلەش سۈپىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 76.1 نومۇرغا ئېرىشتى؛ سۇنئىي ھەمراھ ئۇربېتىسى ماتېرىياللىرىنى قوبۇل قىلىشتا توغرىلىق نىسبىتى %97.6 بولدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ئالاقىلىشىش كەسپىي سۈپىتىنىڭ مۇقىملىقى %99.5 تىن يۇقىرى بولدى. يەر ئۈستىدە ۋە يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا تەكشۈرۈپ ئۆلچەشتە 100 ئىسمىنا ئىشلەپ خاتالىق سادىر قىلمىغانلار 479 (قېتىم) غا يەتتى.

چېن لىي

## ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش تورى تۇرغۇزۇلدى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش تورى ئومۇميۈزلۈك تۇرغۇزۇلدى ھەمدە 12 ناھىيە (تۈەن - مەيدان)، 3 يېزىغىچە ئۇزارتىلدى. شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش تورى تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە سىرت بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى، خۇاشيا يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش تور بېكىتى، شىنجاڭ تېلېگراف تارماقلىرى بىلەن ھەمكارلىقنى قانات يايدۇردى.

چېن لىي

## يېڭى بىر ئەۋلاد مېتېئورولوگىيە مەلۇمات مۇلازىمىتى كەسپىي سىستېمىسى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى

شىنجاڭ مۇھىت مېتېئورولوگىيە مەركىزى، ئۈرۈمچى قۇملۇق مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ مۇھىت مېتېئورولوگىيە قۇرۇلۇش مەركىزى بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ بارلىققا كەلتۈرگەن يېڭى بىر ئەۋلاد مېتېئورولوگىيە مەلۇمات مۇلازىمىتى كەسپىي سىستېمىسى 2003 - يىل 11 - ئايدا كەسپىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ۋە نەق مەيداندا ئۇنىۋېرسال ئۆلچەش سىنىقىدىن ئۆتۈپ، شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسىدا كەسپىي جەھەتتىن سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ سىستېما يېڭى تىپتىكى كۆزەتكۈچى - مۇلازىمەتچى مودېلىدىن پايدىلىنىلىپ بارلىققا كەلتۈرۈلگەن، ئۇنىڭدا مېتېئورولوگىيە مەلۇمات ئۇسۇلىنى يىغىنچاقلاش، سانلىق مەلۇمات ئامبىرى تېخنىكىسى، ماتېرىياللارنى سۈرۈشتە قىلىش، مەلۇمات تەرتىپى قاتارلىق جەھەتلەردە زور بۆسۈش ھاسىل قىلىنغان.

چېن لىي

## مېتېئورولوگىيە پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى تەربىيىلەش ۋە تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش ئۈچۈن 9 تۈركۈمدە 18 كىشىنى چەت ئەلگە ئەۋەتتى، پەن - تېخنىكىغا دائىر 13 پارچە ئىلمىي ماقالىنى ئالماشتۇرۇشقا قاتناشتۇردى ۋە ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزدى. چەت ئەللىك (مەملىكەت ئىچىدىكى) مۇتەخەسسىسلەرنى شىنجاڭغا كېلىپ ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇشقا 6 تۈركۈمدە 20 ئادەم (قېتىم) نى تەكلىپ قىلدى. تاشقى جەھەتتە ئىككى تەرەپ ھەمكارلىشىدىغان 10 تۈرنى ئۈنۈپ چىقاردى. ئامېرىكا بىلەن GPS ئاتموسفېراسىنى تەكشۈرۈش پىلانى بويىچە ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. بىلىم كىرگۈزۈش تۈرىدە شىنجاڭغا كېلىپ لېكسىيە سۆزلەش ئۈچۈن كانادالىق بىر مۇتەخەسسىسنى كىرگۈزدى، بىر تۈر بويىچە 5 كىشىنى چەت ئەلگە چىقاردى.

چېن لىي

## گېئولوگىيىلىك ئاپەت توغرىسىدا مېتېئورولوگىيىلىك مەلۇمات تىرېۋوگاسى ئېلان قىلىندى

ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى 2003 - يىلدىن باشلاپ كەلگۈن مەزگىلدە گېئولوگىيىلىك ئاپەت توغرىسىدا مېتېئورولوگىيىلىك مەلۇمات تىرېۋوگاسى ئېلان قىلدى. مۇھىت مېتېئورولوگىيە مەركىزى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى گېئولوگىيىلىك ئاپەت توغرىسىدا مەلۇمات بېرىش، تىرېۋوگا كەسپىي خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى، فىلىم ۋە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئىشلەش ۋە سىرتقا تارقىتىش ئىشلىرىغا مۇھىت مېتېئورولوگىيە قۇرۇلۇش مەركىزى مەسئۇل بولدى. ھەر يىلى 3 - ئايدىن 9 - ئايغىچە سىرتقا تارقاتتى.

چېن لىي

## ئورمان، ئوتلاقلاردىكى ئوت خەۋپىنىڭ مېتېئورولوگىيىلىك شارائىت دەرىجىسى توغرىسىدا مەلۇمات ئېلان قىلىندى

2003 - يىلى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە تارماقلىرى ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق تارماقلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، سۈنئىي ھەمراھ تېلېتېخنىكا ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ ئورمانلىق، ئوتلاقلاردىكى ئوت ئاپىتىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈردى، 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئورمانلىق، ئوتلاقلاردىكى ئوت خەۋپىنىڭ مېتېئورولوگىيىلىك شارائىتى دەرىجىسى توغرىسىدا رەسمىي مەلۇمات بەردى. بىر يىلدا سۈنئىي ھەمراھ تېلېتېخنىكا ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ 40 قېتىم ئوت ئەھۋالىنى بايقاپ، ئۆز ۋاقتىدا ئاپتونوم رايون ۋە شۇ يەردىكى ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئىشخانىلىرىغا مۇلازىمەت قىلدى.

چېن لىي

## كۆچمە تېلېفون ئابونېنتلىرىنى مېتېئورولوگىيىلىك قىسقا ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش مۇلازىمىتى قانات يايدۇرۇلدى

2003 - يىلى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى كۆچمە تېلېفون شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شۆبە شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ كۆچمە تېلېفون ئابونېنتلىرىنى مېتېئورولوگىيىلىك قىسقا ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى، كۆچمە تېلېفون ئارقىلىق مېتېئورولوگىيىلىك ئۇچۇر يەتكۈزۈش مۇلازىمەت سىستېمىسى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى شىنجاڭ تۆمۈريول ئالاقىلىشىش شۆبە شىركىتى بىلەن «121» مېتېئورولوگىيە ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇش قاتارلىقلار ئۈستىدە ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى ھەمدە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلار (ئوبلاست، شەھەرلەر) .دا يولغا قويدى.

چېن جىياشىن، چېن لىي

## ئىلغارلار تەقدىرلەندى

2003 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى بويىچە زور مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، جاۋ جۇڭ (مارالبېشى ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىدىن) ئىلغار شەخس؛ گاۋ مىڭخۇا، ھېسامىدىن، شاۋكەت، لۇ شىنشېڭ، ۋۇ يەن، ۋاڭ شۇ، لو جىڭلار مەملىكەت بويىچە مۆنەۋۋەر دىجورنى مەلۇماتچى؛ جاۋ پىڭ، يۇ چىڭخۇا مەملىكەت بويىچە مېتېئورولوگىيە ئۇچۇر تورىدىكى مۆنەۋۋەر كەسپىي خادىم؛ رېن يىڭ، نۇسرەتلەر مەملىكەت بويىچە مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار خىزمەتچى؛ چېن شياۋېن ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «ئىش ئورنىدىكى ياش پەن - تېخنىكا ماھىرى» بولۇپ باھالاندى؛ شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە كىنو - تېلېۋىزىيە مەركىزى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەدەنىي ياشلار ئورنى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش تورى «شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» بويىچە نامايەندە قۇرۇلۇشى بولۇپ باھالاندى، شىنجاڭدىكى مېتېئورولوگىيىلىك زور ئاپەتتىن مەلۇمات بېرىش مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى، يېزا ئىقتىسادىي ئۇچۇر مۇلازىمەت تورى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش بويىچە مۆنەۋۋەر تۈر بولۇپ باھالاندى، رېن يىيۇڭ، خې چىڭ، ۋاڭ جيەنلەر ئىلغار شەخس، گاۋ يۇشىن، لۇ توڭلار يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

چېن لىي

## مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 7 قېتىم زور ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى، مېتېئورولوگىيىلىك مەلۇمات توغرا ھەم ۋاقتىدا بېرىلدى، مەلۇمات تولۇق بولماسلىق ۋە چۈشۈرۈپ قويۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىدى، مەلۇماتنىڭ ئوتتۇرىچە كۈچكە ئىگە ۋاقتى 60 سائەتتىن ئاشتى، ئومۇمىي خاراكتېرلىك ھۆل - يېغىنلىق ھاۋارايى توغرىسىدا بېرىلگەن 24 سائەتلىك قىسقا مۇددەتلىك مەلۇماتنىڭ توغرىلىق نىسبىتى 58.7%، رايون خاراكتېرلىك 10 كۈنلۈك ئومۇمىي ھۆل - يېغىن مەلۇماتىغا قويۇلغان نومۇر 62.9% بولدى؛ مۇھىم مېتېئورولوگىيىلىك مەلۇماتقا قويۇلغان نومۇر 91.58% بولۇپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلەشتى. ئاپتونوم رايوندىكى مېتېئورولوگىيە تارماقلىرى ئېغىر ئاپەت توغرىسىدا 86 پارچە دوكلات يوللىدى، ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى ئاپتونوم رايوندىكى رەھبىرىي ئورگانلارنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن 58 سان (جۈملىدىن قەشقەردىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونلارغا دائىر مەخسۇس مەلۇماتتىن 18 سان، چاشقان ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش مەلۇمات مۇلازىمىتىگە دائىر 9 سان) مۇلازىمەت ماتېرىيالى يەتكۈزۈپ بەردى.

قەشقەر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، ئىلى مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى مارالبېشى، موڭغۇلكۈرەدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونلاردا كۆزىتىش مەيدانى قۇرۇپ، نەق مەيداندا مېتېئورولوگىيە جەھەتتىن مۇلازىمەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى مارالبېشىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونلاردا كەڭ دائىرە بويىچە قار - يامغۇرلۇق ۋە تۆۋەن تېمپېراتۇرلۇق ھاۋارايى جەريانى توغرىسىدا توغرا مەلۇمات بەردى، ش ئۇ ئا ر



2003 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىدىكى مېتېئورولوگىيە خىزمەتچىلىرى نەق مەيداندا قاراماي نېفىتلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا.
پەن جىيبىڭ فوتوسى

خەلق هۆكۈمىتى بۇنىڭغا ئاساسەن چېدىر قاتارلىق سوغۇقتىن ساقلىنىدىغان كۆپلىگەن ماددىي ئەشيالارنى جىددىي توپلاپ مەخسۇس پويىز بىلەن ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونغا يەتكۈزۈپ بەردى. 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە كۈچلۈك جۇدۇنلۇق هاۋارايى كۆرۈلدى، ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى هاۋارايىغا دائىر مۇھىم ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى شەكلى بىلەن تۇنجى قېتىم جۇدۇن ترېۋوگاسى ئېلان قىلدى. ئالاقىدار تارماقلار «ئاشكارا تېلېگرامما» يوللاش ئارقىلىق سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. شىمالىي شىنجاڭدا كېۋەز تېرىش توختىتىلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا تېرىلغان كېۋەزگە بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلدى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە پار بىلەن تەمىنلەش ۋاقتى 5 كۈن ئۇزارتىلدى، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، تۆمۈريول تارماقلىرىمۇ تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئومۇميۈزلۈك قارا يامغۇر ياغدى، كۆپلىگەن دەريالارغا كەلكۈن كەلدى، ش ئۇ ئا ر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش - قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش قوماندانلىق شتابى مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

«يېزا ئىگىلىكى، يېزا ۋە دېھقانلار» غا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ يىللىق هوسۇلىنى ئانالىز قىلىش مۇھاكىمە يىغىنى، كېۋەزنى مۇۋاپىق پەيتتە تېرىش مەزگىلى توغرىسىدا كېڭەشمە يىغىنى، كېۋەزنىڭ ياز، كۈز پەسلىدىكى ئىسسىقلىق شارائىتىنى ئانالىز قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈشتۈردى. ھەر دەرىجىلىك ئىستانسا - پونكىتلار تۇپراقنىڭ نەملىكى ۋە مايسا ئەھۋالى ھەمدە ياز پەسلىدىكى ئىسسىقلىق شارائىتىغا ئاساسەن، جايلارغا تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ھەمدە باغۇەنچىلىك ئىشلىرى توغرىسىدا نىشانلىق تەكلىپ بەردى. ئىلى، قۇمۇل، ئالتاي، ئارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىلىرى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلاردا مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتىنى پائال قانات يايدۇردى.

ھاۋارايىغا سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىشتە كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. باش قىش مەزگىلىدە شىمالىي شىنجاڭدىكى تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا ئايروپىلان ئارقىلىق ۋە يەر ئۈستىدىن سۈنئىي ئۇسۇلدا قار كۆپەيتىش مەشغۇلاتى قانات يايدۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. بىر يىلدا مۆلدۈردىن سۈنئىي ئۇسۇلدا مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن 2840 قېتىم (بىگتۇەن بۇنىڭ سىرتىدا) مەشغۇلات قىلىنىپ، مۆلدۈر ئاپىتى ئازايتىلدى؛ 107 قېتىم سۈنئىي ئۇسۇلدا يامغۇر كۆپەيتىش مەشغۇلاتى قىلىنىپ، مەشغۇلات رايونىدىكى سۇ مەنبەسى كۆپەيتىلىپ، قىسمەن قۇرغاقچىلىق پەسەيتىلىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ياخشىلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

چېن لىي

## مېتېئورولوگىيە پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى

شىنجاڭدا قۇم - بوراننى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ۋە ئالدىن مەلۇمات بېرىش تەتقىقاتى بۇ تەتقىقات تۈرى شىنجاڭ مۇھىت مېتېئورولوگىيە مەركىزىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن تاماملاندى، 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ئاپتونوم رايوننىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە شىنجاڭنىڭ 1961 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولغان يەر ئۈستى مېتېئورولوگىيە خاتىرىسىدىكى ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلىدىكى قۇم - بورانلىق، قارا بورانلىق ھاۋارايى ھادىسىلىرىگە دائىر ماتېرىياللار رەتلىنىپ ئانالىز قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيىسى قاتارلىق ماتېرىياللارغا بىرلەشتۈرۈلۈپ تۆۋەندىكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن: شىنجاڭدىكى قۇم - بوران كىلىمات جەھەتتىن ئانالىز قىلىنغان ۋە ئاپەت ئەھۋالى

مۆلچەرلىگەن؛ شىنجاڭدىكى قۇم - بوراننىڭ قوزۇپ ئورېتىشىغا دائىر ماتېرىياللار بىلەن تورغۇن سۈنئىي ھەمراھ ماتېرىياللىرىنى ئانالىز قىلىش قانات يايدۇرۇلغان؛ شىنجاڭدىكى قۇم - بوران دىنامىكىسىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرىنى ئانالىز قىلىش بىلەن ئالدىن مەلۇمات بېرىش تەتقىقات خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، قۇم - بوراننى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ۋە ئالدىن مەلۇمات بېرىش سۈپىسىغا ئەڭ ياخشى ئاساس سېلىنغان؛ شىنجاڭدا قۇم - بوراندىن جامائەتكە ئالدىن مەلۇمات بېرىش مۇلازىمىتى خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. تارىم ئويمانلىقىدىكى قۇم - بوراننىڭ ۋاقىت ئۆزگىرىشى ۋە شەكىللىنىش تىپى ھەمدە ئاپەتنى مۆلچەرلەش جەھەتتە يېڭى ئۆلچەم ۋە تونۇش قولغا كەلتۈرۈلۈپ، قۇم ئارىلاش قارا بورانلىق ھاۋارايى كىلىماتىنىڭ خەۋپلىك دەرىجىسىگە باھا بېرىش كۆرسەتكۈچى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. قۇم - بورانغا دائىر مەلۇماتنى دەرىجىگە ئايرىش ئۆلچىمى تۈزگۈزۈلگەن، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قۇم - بوراندىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش مەخسۇس مۇلازىمەت خىزمىتى مەملىكەت بويىچە ئەڭ بالدۇر قانات يايدۇرۇلغان. قۇم - بوراننى سۈنئىي ھەمراھ تېلېتېخنىكىسى ئارقىلىق تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تەتقىقاتى جەھەتتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولغان. تەتقىقات نەتىجىسى ئومۇمىي جەھەتتىن مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە، قىسمەن تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

شىنجاڭنىڭ سۇ، تۇپراق كىلىماتى بايلىقىدىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، كۈزگى بۇغداينى سولياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەز چوڭەكلىرىگە قورلاپ تېرىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات   بۇ تەتقىقات تۈرى جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئۈرۈمچى قوملۇق تەتقىقات ئورنىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن تاماملاندى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. بۇ تۈردە كۈزگى بۇغداينى سولياۋ يوپۇقنىڭ تېگىگە قورلاپ تېرىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكا سىستېمىسى تەتقىق قىلىنغان ھەمدە خوتەن، قەشقەرلەردە كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ھەر مو (0.07 گېكتار) يەرنىڭ بۇغداي ھوسۇلى 60 كىلوگرامدىن 200 كىلوگرامغىچە ئاشۇرۇلۇپ، ئاشلىق بىلەن كېۋەزنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ۋە قۇرغاقچىلىق مەزگىلىدە سۇ يېتىشمەسلىكتەك قىيىن مەسىلە ھەل قىلىنغان؛ سۇ، تۇپراق، كىلىمات بايلىقىدىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتا ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىپ، ئاشلىق، پاختىدىن قوش ھوسۇل ئېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان؛ ئاپتونوم رايوندا سولياۋ يوپۇق يېپىپ بۇغداي تېرىش تېخنىكىسىنىڭ مەزمۇنى بېيىتىلغان؛ تۇرپاندا 10℃ تىن يۇقىرى ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولغان، يىغىندى تېمپېراتۇرا 4500℃ تىن يۇقىرى بولغان يۇقىرى ھارارەتلىك رايونلاردا كۈزگى بۇغداي سولياۋ يوپۇق تېگىگە قورلاپ تېرىلغان، بۇغداي ئورۇۋېلىنغاندىن كېيىن ئېتىزغا كېۋەز تېرىلىپ، تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولغان مەزگىلدە كېۋەزنىڭ چاڭلىنىشى قېلىش، كۆپلەپ تۆكۈلۈپ كېتىشتەك قىيىن مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىلغان. ھەر مو (0.07 گېكتار) يەردىن 80 كىلوگرامدىن ئارتۇق ساپ پاختا ئېلىنىپ، ئاشلىق بىلەن پاختىدىن قوش ھوسۇل ئېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن، بۇ مەملىكەت ئىچىدە تۇنجى قېتىم بارلىققا كەلتۈرۈلگەن.

شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسال ئۇچۇر سىستېمىسى   بۇ تەتقىقات تۈرى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن تاماملاندى. بۇ تېمىدا دېھقانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، يېزىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كۆزدە تۇتۇلۇپ، مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىنىڭ ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە تور ئەۋزەللىكىگە تايىنىلىپ، يېزىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي ئۇچۇر تورى بارلىققا كەلتۈرۈلگەن ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن. بۇ تەتقىقات مەھسۇلات باھاسى ئۇچۇرى ۋە مېتېئورولوگىيە ئۇچۇرلىرىنى ئاپتوماتىك ئايرىم تەكشۈرۈش، يەتكۈزۈش، ئېلان قىلىش تارماق سىستېمىسى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ دىنامىكىلىق يۈزلىنىشىنى تەھلىل قىلىش تارماق سىستېمىسى، مېتېئورولوگىيە ئېلېمېنتلىرىنىڭ دىنامىكىلىق سۇنغان نۇر سىخېمىسىنى كۆرسىتىش تارماق سىستېمىسى، ئۈرۈمچىدىكى چوڭ يېزا ئىگىلىك سودا بازارلىرىنىڭ سۈرۈشتۈرۈش، ئۇچۇر ئېلان قىلىش تارماق سىستېمىسى، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش تورىنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) لاردىكى تارماق تور بېكەتتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەمدە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ئۇچۇر تورى بىلەن ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

شىنجاڭنىڭ ھۆل - يېغىنلىق نورمالسىز ئاتموسفېرا ئايلانما ئېقىمى ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ تىنچ ئوكيان دېڭىز تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئانالىز قىلىش ئۈستىدە تەتقىقات   بۇ، جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ ياشلار پەن تەتقىقات فوندى تۈرى بولۇپ، شىنجاڭ مۇھىت مېتېئورولوگىيە مەركىزىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن تاماملاندى. بۇ تېمىدا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئىلگىرىلەش بولدى: جەنۇبىي ئاسىيا يۇقىرى بېسىمىنىڭ ئايلىق ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكى، تىپ ئايرىمىسى بىلەن شىنجاڭنىڭ ياز پەسلىدىكى ھۆل - يېغىنىنىڭ نورمالسىزلىق مۇناسىۋىتىگە دائىر ئانالىز ئىلگىرىكى شۇ خىلدىكى تەتقىقاتلارغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر ھەم پۇختا

بولغان؛ شىنجاڭنىڭ ياز پەسلىدىكى ھۆل - يېغىن كۆپ بولغان مەزگىلىدىكى جەنۇبىي ئاسىيا يۇقىرى بېسىمىنىڭ كۈندىلىك ئايلانما ئېقىم ئالاھىدىلىكى تەتقىق قىلىنغان؛ ئالدىنقى ئايلانما ئېقىمى شىنجاڭنىڭ ياز ۋە قىش پەسلىدىكى ھۆل - يېغىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ تىنچ ئوكيان دېڭىز تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە شىنجاڭدىكى ھۆل - يېغىننىڭ نورمالسىزلىقى ستاتىستىكىلىق ئانالىز قىلىنغان. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسىنىڭ ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ھاۋارايىدىن مەلۇمات بېرىشىدە قوللىنىلغان، بولۇپمۇ جەنۇبىي ئاسىيا يۇقىرى بېسىمىغا دائىر تەتقىقات يەكۈنى ياز پەسلىدە شىنجاڭدا ھۆل - يېغىندىن ئالدىن مەلۇمات بېرىشتە پايدىلىنىش ئەھمىيىتىگە ئىگە.

ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ئىللىق رايوندا كۆپ قار يېغىش ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى ئالدىن مەلۇمات بېرىشتە قوللىنىش بۇ تەتقىقات تۈرى ئالتاي ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن تاماملاندى. بۇ تېمىدا مانلىق قىممەت مەلۇمات مەھسۇلاتى، سۈنئىي ھەمراھ بۇلۇت خەرىتىسى NCAK ماتېرىياللىرى ھەمدە دېڭىز تېمپېراتۇرا مەيدانلىرىغا دائىر ماتېرىيال قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىلىپ، ئىللىق رايونلاردىكى كۆپ قارلىق ھاۋارايى جەريانى چوڭقۇر تەتقىق قىلىنىپ، ئىللىق رايوندا كۆپ قارلىق ھاۋارايى جەريانىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەرخىل شكالا سىستېمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆز ئارا تەسىرى ھەمدە ئىللىق رايوندا كۆپ قارلىق ھاۋارايى شەكىللىنىشىنىڭ فىزىكىلىق مېخانىزمى بارلىققا كەلتۈرۈلگەن، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىللىق رايونلىرىدا كۆپ قاردىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش كەسپىي سىستېمىسى تۇرغۇزۇلغان ھەمدە كەسپىي جەھەتتە ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، مەلۇمات بېرىشتە ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان؛ 2002 - يىلى سىناق تەرىقىسىدە مەلۇمات بېرىش جەريانىدا، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ئىللىق رايونلاردا كۆرۈلگەن 6 قېتىملىق كۆپ قارلىق ھاۋارايى توغرىسىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئالدىن مەلۇمات بېرىلدى، ئوتتۇرىچە توغرىلىق نىسبىتى Ts=85.7% كە يەتتى.

چېن لىبي

قىسقا ماتېرىيال

## بەدەن سىزىمى تېمپېراتۇرىسى ۋە يۇقىرى تېمپېراتۇرا توغرىسىدا مەلۇمات

ياز پەسلىدە كىشىلەر بەزىدە مېتېئورولوگىيە ئىستانسىلىرىنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىشىدۇ. بۇ مېتېئورولوگىيە ئىستانسىلىرى مۆلچەرلىگەن ئەڭ يۇقىرى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى بولۇپ، تەبىئىي ھالەتتە ئېقىپ يۈرگەن تېمپېراتۇرا ھېسابلىنىدۇ. يەر شارى مېتېئورولوگىيە تەشكىلاتىنىڭ بىر تۇتاش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، تېمپېراتۇرا ئۆلچەش پونكىتلىرى يەر يۈزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1.5 مېتىر كېلىدىغان، كۈن نۇرىنىڭ بىۋاسىتە چۈشۈشىدىن، شامالدىن ساقلايدىغان، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان تەبىئىي ئوتلۇقتا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇ توسالغۇغا ئۇچرىمايدىغان تەبىئىي ھالەتتىكى ئۆلچەملىك ھاۋا تېمپېراتۇرىسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

كىشىلەر يۇقىرى تېمپېراتۇرا توغرىسىدا بېرىلگەن مەلۇماتنىڭ تۆۋەنرەك بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشىدۇ، بۇنى ئادەم بەدىنى سەزگەن تېمپېراتۇرا كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەمنىڭ نورمال بەدەن تېمپېراتۇرىسى 37℃ ئۆپچۆرىسىدە، تېرە يۈزى تېمپېراتۇرىسى تەخمىنەن 32℃ بولىدۇ، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 32℃ تىن ئېشىپ كەتسە بەدەن تەرلەش، ئىسسىقلىق تارقىتىش ئارقىلىق نورمال بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ساقلايدۇ. مۇبادا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى داۋاملىق ئۆرلەۋەرسە، بەدەندە پەيدا بولغان كۆپ مىقداردىكى ئىسسىقلىق تارقىلىپ كېتەلمەي، بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ كېتىدۇ-دە، نەپەس ئېلىش ۋە تومۇر سوقۇش تېزلىشىپ كېتىدۇ، باش قېيىش، كۆز تورلىشىش، كۆڭۈل ئېلىشىش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. يېنىكرەك بولغاندا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئېغىر بولغاندا باش قايىدۇ ھەتتا ئۆلۈپ كېتىدۇ. بەدەن سىزىمى تېمپېراتۇرىسى يەنە ھاۋا نەملىكى، شامال تېزلىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 35℃ بولغان ئوخشاش شارائىتتا ئەگەر ھاۋانىڭ نىسپىي نەملىكى 40% — 50%، ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى سېكۇنتىغا 3 مېتىردىن يۇقىرى بولسا كىشىلەر بەكمۇ ئىسسىق ھېس قىلمايدۇ. ئەمما ئوخشاش تېمپېراتۇرا شارائىتىدا نىسپىي نەملىك 80% تىن يۇقىرى بولغان شامالسىز مۇھىتتا دىمىق ئىسسىق بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بەدەن سىزىمى تېمپېراتۇرىسى يەنىلا شەخسلەرنىڭ تەن ساغلاملىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۇنىڭدىن باشقا بەدەن سىزىمى تېمپېراتۇرىسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن مۇھىت ئامىللىرى بار. تېمپېراتۇرا بىلەن نەملىك ئوخشاش بولغان ئەھۋالدا سېمونت يەردە، ئاسفالت يولدا ۋە چىملىقتا تۇرسا تېمپېراتۇرا سېزىمى ئوخشاش بولمايدۇ. كۈن نۇرىنىڭ بىۋاسىتە چۈشۈشى، شەھەرلەردىكى «ئىسسىقلىق ئېففېكتى» قاتارلىق ئامىللارنىڭ ھەممىسى ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر تەبىئىي ھالدا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى مېتېئورولوگىيە توغرىسىدا ئالدىن مەلۇمات بېرىلگەن تېمپېراتۇرىدىن ئېشىپ كەتكەندەك ھېس قىلىشىدۇ.

چېن لىبي

# پەن - تېخنىكا

## شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش

### ناھىيە، شەھەرلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى

2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 — 23 - كۈنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق 5 - قېتىملىق شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا 2001 — 2002 - يىللىق ناھىيە، شەھەر، رايون پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەر، 2002 - يىللىق ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ئورۇن (نازارەت، ئىدارە) ۋە شەخسلەر، 2001 -، 2002 - يىللىق ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە، شەھەر، رايون ۋە ئىلغار شەخسلەر، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرى بويىچە تۆھپە مۇكاپاتى تارقىتىپ بېرىلدى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن پەن - تېخنىكا نازارىتى تەشكىللىگەن 2 بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ۋە 35 ناھىيە، شەھەر، رايوننىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى باھالاش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «ناھىيە (شەھەر، رايون) پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ 2001 — 2002 - يىللىق پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، كۈيتۇڭ شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى قاتارلىق 21 ناھىيە شەھەر، رايوننىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسىگە 2001 — 2002 - يىللىق ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە، شەھەر، رايون پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىكى ئىلغار ئورۇن دەپ نام بەردى، دىڭ جاڭۇ قاتارلىق ناھىيىلىك، شەھەرلىك، رايونلۇق 38 پارتكوم شۇجىسى، ھاكىم، شەھەر، رايون باشلىقىغا 2001 — 2002- يىللىق ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە، شەھەر، رايون پارتىيە- ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىكى ئىلغار شەخس دەپ نام بەردى.

پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، 4- ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن- تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 2001 — 2002 - يىللىرى شەھەر، ناھىيە، رايونلارنىڭ پەن- تېخنىكا تەرەققىياتىنى سىناپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش يىغىنى ئېچىپ، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان شەھەر، ناھىيە، رايونلارنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچىگە ئاساسەن، 1999 - يىلدىن 2000- يىلغىچە مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئىلغار ناھىيە، شەھەر، رايون بولغان 12 ناھىيە، شەھەر، رايون ۋە 1999 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى تەكشۈرۈشتە تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن 26 ناھىيە، شەھەر، رايون ھەمدە تەكشۈرۈشكە قاتنىشىش ئۈچۈن يېڭىدىن مەلۇم قىلىنغان 4 ناھىيە، شەھەر، رايون ئۈستىدە 2 يىلدا بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى تەكشۈرۈشى ئېلىپ باردى، 41 شەھەر، ناھىيە، رايون (ۋىلايەت دەرىجىلىك 2 شەھەر بار) تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، 13 ناھىيە، شەھەر، رايون 2001 — 2002 - يىللىق مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئىلغار ناھىيە، شەھەر، رايون دېگەن نامغا ئېرىشتى.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن- تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى ئالاقىدار رەھبەر، مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەيئىتىنى تەشكىللەپ، 2002 - يىللىق ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار

ناھىيە (شەھەر، رايون) بولۇشقا مەلۇم قىلىنغان توققۇزتارا، كۈچا، توقسۇ ناھىيىلىرىنى ۋە ئاتۇش شەھىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇھاكىمە قىلىشى ئارقىلىق، كۈچا ناھىيىسى بىلەن توقسۇ ناھىيىسىگە ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) دېگەن شەرەپلىك نام بېرىش قارار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە لى گالڭ قاتارلىق 6 كىشىگە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۆھپە مۇكاپاتى بېرىلدى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوندىكى 54 ناھىيە (شەھەر، رايون) ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر) دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە 1999 — 2000 - يىللىرى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە مەملىكەتلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن 38 ناھىيە، شەھەر، رايوننىڭ 2001 - يىللىق پەن - تېخنىكا 3 خىل خىراجىتى ئومۇمىي سوممىسى 1999 - يىلدىكىدىن %49.6 ئاشقان. ئاپتونوم رايون بويىچە 2001 — 2002 - يىللىرى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە مەملىكەتلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن 41 ناھىيە، شەھەر، رايوننىڭ 2003 - يىللىق پەن- تېخنىكا 3 خىل خىراجىتى 2001 - يىلدىكىدىن %34.4 ئاشقان.

2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، كادىرلار نازارىتى ۋە پەن - تېخنىكا نازارىتى بىرلىكتە ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل 13 - تۈركۈم مۇئاۋىن ھاكىم (شەھەر، رايون باشلىقى) لارنى تاللاپ ئەۋەتىش ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل 3- تۈركۈم مۇنەۋۋەر مۇئاۋىن ھاكىم (شەھەر، رايون باشلىقى) لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، بۇ قېتىمقى تاللاش يىغىنىدا پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم (شەھەر، رايون باشلىقى) دىن 44 كىشى تاللىنىپ تۆۋەنگە ئەۋەتىلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئەتراپلىق تەكشۈرۈشى ۋە كۆرسىتىشى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، كادىرلار نازارىتى، پەن - تېخنىكا نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈشى بىلەن، جالڭ بىن (توقسۇ ناھىيىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئەۋەتكەن)، جالڭ پىڭ (قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەۋەتكەن)، ئالىم نىياز (مىچۈەن ناھىيىسى، قاتناش نازارىتى ئەۋەتكەن)، توختى ھاجى (يوپۇرغا ناھىيىسى، ش ئۇ ئا ر چارۋىچىلىق نازارىتى ئەۋەتكەن)، لى لىپى (قۇتۇبى ناھىيىسى، ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات - پىلان كومىتېتى ئەۋەتكەن)، پالڭ شەن (خوشۇت ناھىيىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەۋەتكەن)، ۋۇ سۇڭلىن (توققۇزتارا ناھىيىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەۋەتكەن)، ۋالڭ بۇتيەن (چاغانتوقاي ناھىيىسى، چارۋىچىلىق نازارىتى ئەۋەتكەن)، جالڭ خۇجۇن (چىڭگىل ناھىيىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئەۋەتكەن)، لى جيې (ئاراتۈرۈك ناھىيىسى، چارۋىچىلىق نازارىتى ئەۋەتكەن) قاتارلىق 10 كىشى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل 12 - تۈركۈمدىكى مۇنەۋۋەر مۇئاۋىن ھاكىم (شەھەر، رايون باشلىقى) بولۇپ باھالاندى.

بىر يىلدا ئوخشاش بولمىغان قاتلام ۋە تىپ بويىچە 8 قارار كۇرس ئېچىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ناھىيە رەھبىرىي كادىرلىرىدىن چەت ئەلدە تەربىيىلەش كۇرسىدىن بىر قارار، ۋىلايەت، ناھىيە، ساھەلەردىكى پەن - تېخنىكا باشقۇرۇش كادىرلىرى كۇرسىدىن 4 قارار، ئىچكى ئۆلكىلەردە تەربىيىلەش كۇرسىدىن 3 قارار ئۇيۇشتۇرۇلدى. بۇنىڭغا 750 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش لېكسىيە ئۆمىكى 11 قېتىم لېكسىيە سۆزلىدى، لېكسىيە ئاڭلىغانلار 800 دىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

جەي شاۋمىن

## ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى قىسمەن ساھەلەردىكى نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى.

4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكى ئاساسلىق رەھبەرلەرنىڭ يېتەكلىشى بىلەن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، پىلان كومىتېتى، ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم يېزا ئىگىلىك ئىشخانىسى، مالىيە نازارىتى، ستاتىستىكا ئىدارىسى قاتارلىق ئالاقىدار ئۇنىۋېرسال تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن تەركىب تاپقان سىناش - تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن- تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇشقا ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلغان كەسپىي نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنى

گۈللەندۈرۈش ھەرىكەت پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىش مۇندەرىجىسىنى بېكىتىش جەھەتتىكى تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەندى، سودىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرىدىغان قىسمەن نۇقتىلىق كارخانىلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىلىپ، ئېكسپورت بازىسى بىلەن ئېكسپورت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى قوللاش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنى پەن- تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرى پىلانىدا، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ چوڭ تىپتىكى ترانسفورماتور تۈرى، شىنجاڭ يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش - سېتىش باش شىركىتىنىڭ ئالاتاۋ ئېغىزى شىركىتىنىڭ تەشكىللىگەن پەمىدۇر قىيامى تۈرى، شىنجاڭ پۇراقلىق ماتېرىياللار پەن - تېخنىكا تەرەققىيات پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ خۇشپۇراق ئۆسۈملۈكلەرنى كەسپلەشتۈرۈش بازىسى قۇرۇلۇشى، قۇمۇل ئۈچەي پىششىقلاش شىركىتىنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى كەسپلەشتۈرۈش تېخنىكىسىغا كاپالەتلىك قىلىش تۈرى قاتارلىق تۈرلەر نۇقتىلىق يۆلەندى ۋە ئۇلارغا مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بېرىلدى.

خۇاڭ جيەن

## يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتى

2001 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرى مۇھىم ۋاستە قىلىنىپ، زور بىر تۈركۈم يارامىلىق ئىلغار تېخنىكىلار ئۆلگە كۆرسىتىلىپ كېڭەيتىلىپ، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە يېزا ئىقتىسادىنى ئاشۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ئىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 3 يىلدىن بۇيان، 30 مىليون يۈەن مەبلەغ، يېزا ئىگىلىك يارامىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكە دائىر 200 دىن كۆپرەك تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تۈرلەرنى ئۈستىگە ئالغان ئالاقىدار ئورۇنلار ھەربىي يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرىنى كېڭەيتكۈچى خادىملاردىن 500 ئادەم (قېتىم) نى تەشكىللەپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، يېزىلاردىكى ئازكەم 20 مىڭ پەن - تېخنىكا خادىمىنىڭ ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكنىڭ 60 خىلدىن كۆپرەك يېڭى سورتىنى كېڭەيتىشكە ھەمكارلاشتى ۋە



2003 - يىل 8 - ئايدا پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لى شۆيۇڭ (سولدىن 2 - كىشى) شىنجاڭدا خىزمەت تەكشۈرگەن مەزگىلدە كارخانىلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

سۈرەتنى پەن - تېخنىكا نازارىتى تەمىنلىگەن.

سىناپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى، كارتوگرافىيە ئىدارىسى، چارۋىچىلىق نازارىتى، قۇرۇلۇش نازارىتى قاتارلىق 4 كەسپىي نازارەت، ئىدارىگە ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ئورۇن دەپ نام بېرىلدى. ئىلغار ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى، ئىلغار كەسپىي نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ نەمۇنىلىك- ئۈرتكىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ساھەلەرنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

يىل بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق سودىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ، 2003 - يىللىق سودىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. تاشقى ئىقتىساد - سودا نازارىتىنىڭ باشچىلىقىدا ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، تاموژنا، دۆلەت باج ئىدارىسى، يەرلىك باج ئىدارىسى، ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى قاتارلىق تارماقلاردىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە خىزمەت مېخانىزمى بەرپا قىلىنىپ، سودىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنىڭ كۈندىلىك خىزمەت بەنزىسى قۇرۇلدى. دۆلەتكە سودىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ھەرىكەت پىلانى تۈرلىرى پائال تۈردە مەلۇم قىلىندى. شىنجاڭ «جىنفېڭ» پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ «600 كىلوۋاتلىق شامال گېنېراتورى گۇرۇپپىسى» تۈرى دۆلەتنىڭ 2003 - يىللىق سودىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق

تۈرتكە بولدى، ئومۇملاشتۇرۇلغان ۋە يېتەكچىلىك قىلىنغان ئۈنۈملۈك يەر كۆلىمىنى 666 مىڭ 700 گېكتارغا يەتكۈزۈپ، 1 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يېزا ئىقتىسادىنى ئاشۇرۇشقا قوشقان تۆھپە نىسبىتى %42 تىن ئاشتى. بىرىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە بولغان تۈرتكىلىك رولى گەۋدىلىك بولدى. 3 يىلدىن بۇيان، مەخسۇس سۈپەتلىك بۇغداي، يەم - خەشەك قىلىنىدىغان كۆممىقوناق، سۈپەتلىك كېۋەز، سۈپەتلىك شال، سۈپەتلىك قىزىلچا، سۈپەتلىك ياغلىق دان زىرائىتى، ئۈزگىچە باغۋەنچىلىك زىرائىتى قاتارلىق يېڭى سورتلارنى كېڭەيتىش ئىشى نۇقتىلىق تۇتۇلدى. يېزىلارغا باب كېلىدىغان بىر تۈركۈم يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى كېڭەيتىپ ئومۇملاشتۇرۇلدى. 2003-يىلى شىنجاڭدا كېۋەزنى ئومۇميۈزلۈك ھالدا مو بېشى (0.07 گېكتار) دىن 150 كىلوگرام ساپ پاختا ئېلىنىدىغان، زىچلىق دەرىجىسى يۇقىرى قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى 447 مىڭ 300 گېكتار يەردە يولغا قويۇلدى، بۇ كۆلەم كېۋەز تېرىلغان يەر كۆلىمىنىڭ %80 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، ساپ پاختىنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 150 كىلوگرامدىن ئاشقان يەر كۆلىمى 66 مىڭ 700 گېكتارغا، 120 — 150 كىلوگرامغىچە بولغان يەر كۆلىمى 300 مىڭ گېكتارغا يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 3 يىلدا 973 مىڭ 700 گېكتار يەرگە سۈپەتلىك مەخسۇس بۇغداي كېڭەيتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇن سىڭىمزى ئوتتۇراھال كۈچلۈك بۇغداي 13 مىڭ 300 گېكتار. پىشش مەزگىلى ھەرخىل بولغان زىرائەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ تېرىش ئەندىزىسى تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، بۇ ئەندىزە كېڭەيتىلگەن يەر كۆلىمى 463 مىڭ 900 گېكتارغا، ئومۇمىي ھوسۇل 16 مىليون 475 مىڭ 100 توننىغا يەتتى. سۈپەتلىك قىزىلچا، «ئىككىدە تۆۋەن» قىچا، پۇرچاق تۈرىدىكى زىرائەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى، چارۋا، ئۆي قۇشلىرى، سۇ مەھسۇلاتى، مېۋە - چېۋە، كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز ۋە باشقا خام ئەشيالاردىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەتلىك بولۇش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئۆزگىچىلىكى ۋە ئەۋزەللىكى تېخىمۇ روشەن بولدى. ئىككىنچىدىن، زامانىۋى چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، يەم - خەشەك بازىسىنى قۇرۇش تۈرلىرى نۇقتىلىق قانات يايدۇرۇلۇپ، كالا - قوي نەسلىنى ياخشىلاش، تولۇقلاشتۇرۇلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش، تۆرەلمە كۆچۈرۈش، چارۋا - ئۆي قۇشلىرىدا بولىدىغان تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش، يەم - خەشەك قىلىنىدىغان ئوت - چۆپلەرنى يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش قاتارلىق تېخنىكىلار نۇقتىلىق كېڭەيتىلدى. 3 يىلدىن بۇيان 666 مىڭ تۇياق كالا ئىنچىكە نەپىز ئارقىلىق تولۇقلاشتۇرۇلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇلدى، ئوتتۇرىچە بوغاز بولۇش نىسبىتى %73.8 كە يەتتى، ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %80 تىن ئاشتى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش نىسبىتى ئۇزۇن تۇرغۇزۇشتىن ئىلگىرىكى %33 تىن ئېشىپ %51 كە يەتتى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ئىنچىكە نەپىز ئارقىلىق تولۇقلاشتۇرۇلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇلۇپ تۇغۇلغان موزاي 467 مىڭ تۇياققا يېتىپ، دانىچىلاپ تولۇقلاشتۇرۇلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇلغانغا قارىغاندا 87 مىڭ موزاي كۆپ تۇغۇلدى، قوشۇلما مەھسۇلات قىممىتى 160 مىليون يۈەندىن ئاشتى. ئەلا نەسىللىك كالىنىڭ 24 مىڭ دانە تۆرەلمىسى كۆچۈرۈلۈپ، كالىنىڭ سۈپەتلىك نەسىل نىسبىتى %90 تىن ئاشۇرۇلدى. 40 مىليون قويىنىڭ نەسلى ياخشىلاندى، 8 مىليون 500 مىڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ نەسلى ياخشىلاندى، ئالاھىدە ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ 1200 دانە تۆرەلمىسى كۆچۈرۈلدى. ئۈچىنچىدىن، پەن - تېخنىكىنىڭ مېۋىزارلىق بازىسى قۇرۇلۇشىغا كۆرسەتكەن رولى بارغانسېرى گەۋدىلىك بولدى. سۈپەتلىك كۆچەتلەرنى كىرگۈزۈپ كېڭەيتىش، مېۋىلىك ئورمان بازىسىنى قۇرۇش، ئۆزگىچە مېۋىلىك ئورمانلارنى پاكار، قويۇق، مول ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى، سۈپەتلىك مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تېز كۆپەيتىش ۋە زاۋۇتلاشتۇرۇپ يېتىشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى يېڭى پېتى ساقلاش قاتارلىق تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش نۇقتىلىق دەۋرىي قىلىنىپ، ئۇلارغا تېخنىكا جەھەتتىن يۆلەك بولۇندى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ زامانىۋى كۆچەت بازىسىنى قۇرۇش تۈرىگە 2 مىليون 300 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ قەشقەر ۋىلايىتىدە 6700 گېكتار بادامزارلىقنى ياخشىلاش ئىشى تاماملاندى، ئانارنىڭ «پىيالما — 1»، «پىيالما — 2» سۈپەتلىك يېڭى سورتى 1200 گېكتار يەرگە كېڭەيتىلىپ، مۇددەتتىن 1 — 2 يىل بۇرۇن مېۋىگە كىرگۈزۈلدى، ئۇنىڭ يەككە تۈپ ھوسۇلى 1 — 2 ھەسسە ئاشتى؛ 28 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئېسىل سورتلۇق ياڭاق تىكىلدى. تۆۋەن ھوسۇللۇق 720 مىڭ تۈپ ياڭاق ئۇلاپ ياخشىلاندى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە مېۋىلىك ئورمان كۆلىمى 500 مىڭ گېكتاردىن كۆپرەكە، مېۋىگە كىرگەن كۆچەت كۆلىمى 233 مىڭ گېكتارغا يەتتى. 266 مىڭ 700 گېكتار يەردىكى مېۋىگە كىرمىگەن ئىقتىسادىي ئورمانلارنىڭ ھەممىسى يېقىنقى 3 — 4 يىل ئىچىدە تىكىلگەن. 1900 گېكتار سۈپەتلىك دەرەخ

سورتى بازىسى بەرپا قىلىنىپ، يىلىغا 400 مىليون تۇپ كۆچەت ئىشلەپچىقىرىلدى. ئۈچىنچىدىن، يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش سىستېما قۇرۇلۇشى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنىڭ بىخەتەرلىك سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايوننىڭ تەشكىللىشى بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ 70 خىلدىن كۆپرەك يەرلىك ئۆلچىمى تۈزۈپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە زىيانسىز كۆكتات تېخنىكىسى قائىدىسى 20 خىل. زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدىن 30 ى ئېتىراپ قىلىندى، ئاپتونوم رايون بويىچە زىيانسىز 40 خىل دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى ئېتىراپ قىلىندى. زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى 515 مىڭ گېكتارغا كېڭەيتىلدى، يىللىق تەكشۈرۈشتە 60 خىلدىن كۆپرەك يېشىل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %99 كە يەتتى. بەشىنچىدىن، سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلدى. «جەنۇبىي ئامېرىكا ئاق پراۋنىنى ئۆلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش»، «تاتلىق سۇدا چېپار بېلىق بېقىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش»، «ئالا چورتان بېلىقىنى بېقىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش»، «خولوتېپىتروس بېلىقىنى سىناق تەرىقىسىدە بېقىش»، «ئوكۇن بېلىقىنى يۇقىرى دەرىجىدە زىچلاشتۇرۇپ بېقىپ كۆپەيتىش» قاتارلىق تۈرلەرنى ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش ئىشى قانات يايدۇرۇلدى. بازارلاردا يېڭى ھەم تىرىك بېلىق تۈرلىرى ئاز، سورتلىرى بىرلا خىل بولۇشتەك ئەھۋال ئۆزگەرتىلدى. سوغۇق سۇ سالمون بېلىقى كىرگۈزۈلۈپ كېڭەيتىلدى، ئۇ تاۋارلىق كۆلەمگە ۋە كەسىپكە ئايلىنىپ، ئۆزگىچە داڭلىق سۇ مەھسۇلاتىغا ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت تۇنجى قېتىم ئېتىراپ قىلغان ئورگانىك يېمەكلىككە ئايلاندى. «ئوكۇن بېلىقىنى يۇقىرى دەرىجىدە زىچلاشتۇرۇپ بېقىپ كۆپەيتىش» تۈرىدە ئوكۇن بېلىق مەھسۇلات مىقدارى زور ھەجىمدە ئېشىپلا قالماي، بەلكى ئوكۇن بېلىق كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى ئۈنۈملۈك تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ زىيانسىز ئالاھىدە سۇ مەھسۇلاتىغا ئايلىنىپ، يەرلىك مەھسۇلات بوشلۇقىنى تولدۇردى. ئالتىنچىدىن، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، مېتېئورولوگىيە، يېزا ئۇچۇرلىرىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش تېخنىكا مۇلازىمىتىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. يېڭى تېخنىكا، يېڭى ماشىنا سايمانلىرىنى كېڭەيتىش بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش، كەڭ ھەجىمدە تەننەرخنى تېجەپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە مۇرەككەپ مەشغۇلات تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش قاتارلىق خىزمەتلەر تېزلىتىلىپ، خىمىيىۋى ئوغۇتتىن پايدىلىنىش نىسبىتى %10 — %15 ئۆستۈرۈلدى، كېۋەزنى مىقدارلاپ تېرىپ ھەر مو (0.07 گېكتار) يەردىن 3 كىلوگرام ئۇرۇق، كۆممىقوناق ئۇرۇقىدىن %50 تېجەپ قېلىندى. مۇرەككەپ مەشغۇلات قىلىنىدىغان ھەر مو (0.07 گېكتار) يەرنىڭ ماشىنا بىلەن تېرىش ھەققىدىن 5 — 10 يۈەن تېجەپ قېلىندى. شىنجاڭدا ئۆلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىلگەن ھەرخىل تىپتىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ماشىنىلىرى 4000 دىن ئاشتى، بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيىسى يىلمۇ يىل مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىدە تۇرۇپ كەلدى، 2003 - يىلى ماشىنا بىلەن يەر ھەيدەش نىسبىتى %95 كە، ماشىنا بىلەن ئۇرۇق سېلىش نىسبىتى %85 كە، ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىش نىسبىتى %30 كە يەتتى. مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ، ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتنى ئازايتىش مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى، شىنجاڭدىكى زور مېتېئورولوگىيىلىك ئاپەتلەردىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش مۇلازىمىتى، يېزا ئىگىلىك مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى، شەھەر مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى، كىلىمات بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە مۇھىت ئاسراش مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتىدىن ئىبارەت زور مېتېئورولوگىيە مۇلازىمەت سىستېمىسىنى قۇرۇشقا مەدەت بېرىلىپ، يېزا ئىگىلىك مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتىنىڭ پەن-تېخنىكىلىق مىقدارى، قوللىنىشچانلىقى، قاراتمىلىقلىقى، ئۈنۈمچانلىقى قاتارلىق تەرەپلەر ئۇچۇن مۇستەھكەم ئاساس سېلىندى. «شىنجاڭنىڭ داڭلىق، ئالاھىدە، سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى كىلىمات رايونلىرىغا ئايرىش، سورت كىرگۈزۈش ۋە بازارلىرىنى مۆلچەرلەش» تۈرىدە، ئۈزۈم، ئۆرۈك، قوغۇن، نەشپۈت، ياڭاق، ئانار، زاراڭزا، پەمىدۇر، چىلان قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارىغا ۋە سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاچقۇچلۇق ئامىل ۋە ئۇنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى. يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشكە يار - يۆلەك بولۇپ كېلىۋاتقان شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا، كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يېڭى تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، «شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش تورى» نىڭ بېتى 3 - قېتىم ئۆزگەرتىلىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش تورىنىڭ تارماق بېكەتلىرىنى قۇرۇش ئىشى تاماملاندى، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىغا دائىر نەچچە مىليون پارچە ئۇچۇر ئېلان قىلىندى. زىيارەت قىلغانلار 400 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئېشىپ كەتتى، يېزا ئىگىلىكىگە چېتىشلىق تارماقلار، يېزا - بازار كارخانىلىرى، كەسپىي دېھقان ئائىلىلىرى قاتارلىقلاردىن

بولۇپ رويخەتكە ئالدۇرغان ئەزا 100 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. يەتتىنچىدىن، پەن - تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش كۈچەيتىلدى. شۇ يەردىكى ناھىيە، يېزا رەھبەرلىرى، تېخنىكا خادىملىرى ۋە دېھقانلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنىپ، «ئۈچ دەرىجىلىك» تېخنىكىلىق تەربىيىلەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، تېرىقچىلىقتا دائىر ئەمەلىي تېخنىكا بىلەن تەربىيىلەش ئىشى نۇقتىلىق ئۈيۈشتۇرۇلدى. ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپى رايونى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇدا 2 يىل زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى ۋە باغۋەنچىلىك تېخنىكىسى جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. 3 يىلدىن بۇيان، دېھقانچىلىق سىستېمىسىدا دېھقانلاردىن 3 مىليون ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلەش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى، ئاساسىي قاتلام تېخنىكا خادىمىدىن 80 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

چېڭ يۈەن، جىن چاڭخۇ

## شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرلىرى پىلانى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىراجىتىدىن 10 مىليون يۈەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. بىر يىلدا شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشكە دائىر 4 تۈركۈم تۈر پىلانى ئېلان قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان 3 تۈركۈم، يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان تەييار ئىلغار ئەمەلىي تېخنىكىنى كۆلەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىش تۈرى 29؛ يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلان بىر تۈركۈم بولۇپ، 15 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ 1 مىليارد 619 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشىغا تۈرتكە بولدى، يېڭىدىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 180 مىليون يۈەنگە، باج - پايدا 1 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يەتتى. تۈرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش - باھالاش يىغىنى 14 قېتىم ئېچىلىپ، 40 تىن كۆپرەك تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2003 - يىلى شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرى پىلانىدا ئاساسلىقى «رايونلارنىڭ تۈۋرۈك كەسىپلىرىنى يېتىلدۈرۈش قۇرۇلۇشى» جەھەتتە «شىنجاڭدا سۈت كالىسىنى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن كۆپەيتىش، بېقىپ باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ۋە كەسىپلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرى نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يۇقىرى ھوسۇللۇق سۈت كالىسىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ بېقىش تېخنىكىسى ئەندىزىسى، سۈت كالىسىنى كۆپەيتىش مەشغۇلات قائىدىسى، سۈت سېغىش ھۈنەر - سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ مەشغۇلاتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، سۈنئىي ئوتلاقلارنى يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ يېتىشتۈرۈش ۋە شاخ - شۇمبىلارنى پىششىقلاپ پايدىلىنىش تېخنىكىسى، سۈت كالىسىنى كۆلەملەشتۈرۈپ بېقىپ كۆپەيتىش - باشقۇرۇش سىستېمىسىنى قوللىنىش، سۈت كالىسىنىڭ يۇقۇمدىن ساقلىنىش سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش قاتارلىق تەرەپلەردە تېخنىكىلىق ئۈلگە كۆرسىتىلدى. بۇ تۈر تاماملانغاندىن كېيىنكى نىشان شۇكى، 500 تۇياقتىن كۆپرەك سۈيەتلىك، ساپ نەسىللىك سۈت كالىسىنى ئۈلگە كۆرسىتىپ باقىدىغان 3 — 4 كىچىك رايون قۇرۇپ چىقىش، سۈت كالىسىنى بېقىپ كۆپەيتىشتە نەسىللىك كالىلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە 100 مىڭ تۇياق كالىنى توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش، تۈر بولغا قويۇلغان رايونلاردا سۈت كالىسىنى كۆلەملەشتۈرۈپ بېقىشتا كومپيۇتېرنىڭ قوشۇمچە باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىش، ئىشلەپچىقىرىش رايونىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەلدىن خالىي رايون بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش.

2003 - يىلى ئۆزگىچە تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك كەسىپلىرىنى يۆلەش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. «يۈگجى» ماركىلىق قار لەيلىسىدىن ئىشلەنگەن دورىنىڭ يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش تۈرىدە، شىنجاڭنىڭ داڭلىق، قىممەتلىك دورا ماتېرىيالى بولغان تەڭرىتاغ قار لەيلىسى خام ئەشيا قىلىنىپ تەييارلانغان جۇڭيى دورىلىرىنىڭ يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتى قار لەيلىسى ئوكۇل سۇيۇقلۇقى قاتارلىقلار يىلىغا 25 مىليون تال ئىشلەپچىقىرىلدى، مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون يۈەنگە، يېڭىدىن ئاشقان پايدا ۋە باج 18 مىليون يۈەنگە يەتتى. «چىكاڭ» ماركىلىق زامانىۋى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دورىسى بارلىققا كەلتۈرۈلدى، ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى GMP بويىچە ئۆزگەرتىلىپ، بىر يۈرۈش زامانىۋى دورا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا سىستېمىسى بارلىققا كەلتۈرۈلدى، يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرى سېتىلىپ 220 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى، 15 مىليون 210 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى. «خۇاشىدەن» ماركىلىق قارا يىلىم يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرىنى كەسىپلەشتۈرۈشتە، ئېشەك بېقىش ۋە جۇڭيى دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىش بازىسى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەۋزەل جۇڭيى دورا بايلىقى قارا يىلىمدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئالدىغا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە «كالتسىيلىق قارا يىلىم» يۈرۈشلۈك يېڭى مەھسۇلاتى بارلىققا كەلتۈرۈلدى ۋە ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇ ئالاقىدار كەسىپلەرنىڭ ۋە يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى، يىلىغا 4 مىليون قاپ ئىشلەپچىقىرىلىپ، 100 مىليون يۈەن مەھسۇلات قىممىتى، 15 مىليون 800 مىڭ يۈەن پايدا ۋە باج يارىتىلدى. ساپا قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. يىل بېشىدا شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق

گۈللەندۈرۈش ساپا قۇرۇلۇشى بويىچە تەربىيىلەش ۋەزىپىسى تەڭشەلدى، تۈر خىراجىتى كۆپەيتىلدى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 9 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى نامايەندە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشى قىلىپ بېكىتىلدى، بۇلار: قۇمۇل «داماۋ» يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق يېزا ئىگىلىكى، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ «گۈەنخۇا» توشقان زەدىكى بازىسى، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ئۈلگە باغچىسى، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئىگەرچى يېزىسى 1000 مو (66.67 گېكتار) لۇق زىيانسىز كۆكتات ئۈلگە بازىسى، شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ يېزا ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي ئۇچۇر تورى، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ چىلان ئىقتىسادىي ئېكولوگىيىلىك ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يامالىق تېغىنى كۆكەرتىش ۋە ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشى، «ئالتۇن كالا» شىركىتىنىڭ نەسىللىك تۆرەلمە پەن تەتقىقات ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدىن ئىبارەت.

خۇاڭ جيەن

# پەن - تېخنىكا پىلانى

## پەن تەتقىقاتى ۋە تېخنىكا تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش ئەھۋالى

1. پەن - تېخنىكا پىلانىنىڭ تۈزۈلۈش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا تەرەققىيات (ئۆتكەل) پىلانىدا پەن - تېخنىكىلىق ئۆتكەل تۈرى ۋە نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 94 ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە 2 تۈركۈمگە بۆلۈپ چۈشۈرۈلدى. شۇ يىلى پەن - تېخنىكا 3 خىل خىراجىتى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا 19 مىليون يۈەن (پىلانىنى باشقۇرۇشقا كېتىدىغان 1 مىليون يۈەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئاجرىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكىلىق ئۆتكەل تۈرى 55، بۇنىڭغا 15 مىليون 30 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى؛ يۇمشاق پەن تۈرى 24، بۇنىڭغا 870 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى؛ خەلقئارا پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 9، بۇنىڭغا 820 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى؛ باشقا تۈرلەر 6، بۇنىڭغا 1 مىليون 280 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي پەن فوندىدىن ياردەم بېرىش پىلانىدا 39 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭغا 1 مىليون يۈەن ئاجرىتىلدى، خىراجەت مەخسۇس تۈرلەر بويىچە چۈشۈرۈپ بېرىلدى.

2. پەن - تېخنىكا پىلانىدىكى تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا تەرەققىياتى (ئۆتكەل) پىلانى بويىچە تاماملىنىشقا تېگىشلىك تۈر 35 ئىدى، ئەمەلىيەتتە 21 تۈر تاماملاندى، كېچىكتۈرۈپ تاماملىنىدىغان تۈر 14، تاماملىنىش نىسبىتى %60 بولدى.

پەن - تېخنىكا ئۆتكەللى پىلانى تۈرىدىكى «شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە سۇپەتلىك زىرائەت ئۇرۇقى قۇرۇلۇشى» دا شۇ يىلى شىنجاڭدا تېرىشقا باب كېلىدىغان يۇقىرى ئاقسىللىق 8 خىل بۇغداي سورتى تاللاپ چىقىلدى، ئۇلارنىڭ ئاقسىل ماددا مىقدارى %15 — %17 كە، ئۇن سىڭىز مىقدارى %35 — %45 كە يەتتى، 66 مىڭ 700 گېكتار سۈپەتلىك بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلدى، ئىشلەپچىقىرىلغان سۈپەتلىك بۇغداينىڭ سۈپىتى ئىمپورت قىلىنغان بۇغداينىڭكىدىن ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى سۈپەتلىك بۇغداي ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. كۆممىقوناق ئۇرۇقىنى پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىدىن 2سى قۇرۇلدى، ئۇرۇقنى پىششىقلاش ئىقتىدارى 50 تونناغا يەتتى؛ كېڭەيتىلگەن يېڭى سورت كۆلىمى 133 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە كۆممىقوناق تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %23 نى ئىگىلىدى؛ كۆممىقوناق ئۇرۇقچىلىق بازىسى، ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، ئۇرۇقنى پىششىقلاش ۋە سېتىش تورى بەرپا قىلىندى، سۈپەتلىكلىرىگە يۇقىرى باھا بەلگىلەش سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ زور ھەجىمدە ئېشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلدى.

«شىنجاڭدا كېۋەز، كۆممىقوناقتا بولىدىغان ئاساسلىق زىيانلىق ھاشاراتلارنى ئېكولوگىيىلىك تەڭشەپ تىزگىنلەش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرىدە، چۆللۈك - بوستانلىقلاردىكى ئۆتكۈنچى بەلۋاغ ۋە قوشنا كېۋەزلىكلەردىكى ھاشارات تۈركۈمى (ھاشارات تۈرلىرى 11 ئەترەت، 58 ئائىلە، 102 تۈر) تەكشۈرۈلدى. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قىزىل كۆز ھەرىنى سۈنئىي كۆپەيتىشنىڭ تېخنولوگىيىلىك تەرتىپى ۋە يورۇشلۇك تېخنىكىسى تەتقىق قىلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، «ساندۇقلاردا تارقاقلاشتۇرۇپ ئارىلاشما بېقىش ئۇسۇلى» يادرو قىلىنغان كۆممىقوناق كېپىنەكىنىڭ قىزىل كۆزلۈك سېرىق ھەرىسىنى كۆپەيتىش تېخنىكىسى ۋە تېخنولوگىيىلىك تەرتىپى بېكىتىلدى، ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلىق ھەرىلەرنىڭ پارازىت نىسبىتى %90 تىن ئاشتى، يەككە ھەرىلەرنىڭ تۇخۇملاش مىقدارى 60 — 90 تال بولۇپ، قاناتلىنىش نىسبىتى %80

تىن ئاشتى. قىزىل كۆز ھەرىنى كۆپەيتىش بويىچە خىزمەت پونكىتى قۇرۇلدى، 8700 گېكتار يەرگە قىزىل كۆز ھەرە قويۇپ بېرىلدى، كۆلىمى 2000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان كۆشەندىلەرنى زاۋۇتلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش مەركىزى بەرپا قىلىندى.

«يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ كۆپ خىل ئېكولوگىيە تىپلىق كېسەلگە چىداملىق، سۈپەتلىك يېڭى قوغۇن - تاۋۇز سورتىنى يېتىشتۈرۈش» تۈرىدە، ئېغىر ئىئونلۇق C13، Ar40 تىن پايدىلىنىپ، قوغۇن ئۇرۇقى بىرتەرەپ قىلىنىپ، قوغۇن - تاۋۇزنىڭ كېسەلگە چىداملىق، سۈپەتلىك يېڭى سورت بىرىكمىسىدىن 10 ى تاللاپ چىقىلدى. تاۋۇزنىڭ يېڭى سورت لىنىيىسى «ئېسىل چىلگە — 3» (3 — 8434) ئازكەم 330 گېكتار يەردە كېڭەيتىلىپ ئۆلگە كۆرسىتىلدى، بۇ سورتنىڭ سۈپىتى ئەلا، كېسەلگە قارشى تۇرۇشچانلىقى كۈچلۈك ئىكەنلىكى، سولۇشۇپ قۇرۇش كېسىلىگە ۋە كۆيدۈرگە كېسىلىگە ئوتتۇراھال قارشى تۇرالايدىغانلىقى، يېرىلىپ كەتمەيدىغانلىقى، ساقلاش - توشۇشقا چىداملىق بولۇپ، ئۇنىۋېرسال خۇسۇسىيىتى ۋە شەكلى «ئېسىل چىلگە — 8424» تىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقى نامايەن بولدى. بۇ دۆلەتنىڭ بىر سورت ھوقۇقىغا ئېرىشتى، تاۋۇزنىڭ 3 سورت ھوقۇقىغا ئىلتىماس قىلىندى. ئاۋىئاتسىيىلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىلغان قوغۇن يېڭى سورت لىنىيىسى (36 — 01) 2003-يىلى پىچاندا ئۆتكۈزۈلگەن قوغۇن بايرىمىدىكى قوغۇننىڭ يېڭى سورت يەرمەنكىسىدە 1 - لىككە ئېرىشتى.

«گۆش، سۈت كالىسى تۆرەلمىسىنى كەسپلەشتۈرۈش ۋە يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن كۆپەيتىش سىستېمىسىنى قۇرۇش» تۈرىدە، كالىنى بەدەن سىرتىدا ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسى، تۆرەلمىنى ئەينەك قاچىدا توڭلىتىش تېخنىكىسى، تۆرەلمىنى پارچىلاش تېخنىكىسى، تۆرەلمىنىڭ جىنسىنى دەسلەپكى مەزگىلدە بېكىتىش، تىرىك بەدەندىن ئۇرۇق ئاجرىتىۋېلىپ بەدەن سىرتىدا تۆرەلمە يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى قاتارلىقلار تەتقىق قىلىندى. ئۇرۇق ئاجرىتىۋېلىنغان كالا 3667 تۇياق (قېتىم) غا يەتتى، نەسىللىك سۈت كالىسى، گۆش كالىسىنىڭ تۆرەلمىسىدىن 20 مىڭ 119 تال ئىشلەپچىقىرىلدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.97 تال تۆرەلمە ئىشلىتىلدى، 13 مىڭ 321 تۇياق (قېتىم) قوبۇل قىلغۇچى كالىغا كۆچۈرۈلدى، ئوتتۇرىچە بوغاز بولۇش نىسبىتى %60 كە يەتتى.

«شىنجاڭ بويىچە گۆش قويىنى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن بېقىپ كۆپەيتىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۆلگە كۆرسىتىش» تۈرىدە، شالغۇت بىرىكمىسىنى تاللاش، قويلارنى پەسىلگە قارىماي كۆپەيتىش تېخنىكىسى، قويلارنىڭ بالدۇر بوغاز بولۇشىغا دىئاگنوز قويۇش، نەسىللىك قوچقارنىڭ نەسىللىك ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، شۇ يىللىق ساغلىق پاقلانلارنى ئۇرۇقلاندۇرۇش، قويلارنى قوتاندا بېقىپ ئۈزۈلدۈرۈش قاتارلىقلار تەتقىق قىلىندى. PVC ئۆلگە قوتاندىن 14 ى ياسالدى، ئۇنىڭ كۆلىمى 12 مىڭ كۋادرات مېتىر. ھازىر قوتاندا بېقىلىۋاتقان ساغلىق 7000غا، مەتىس 2 -، 3 - ئەۋلاد ساغلىق 2150 كە يېتىپ، گۆش قويلىرىنى زاۋۇتلاشتۇرۇپ بېقىش، كۆپەيتىش سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. قوتاندا بېقىلىۋاتقان ھەرخىل نەسىللەردىن كۆپەيتىلگەن ساغلىق 5068 گە، شۇ يىلى مەتىسلاشتۇرۇلغان ساغلىق 1320 گە يەتتى.

«چارۋا ماللارنىڭ ئەمچەك بىئولوگىيىلىك رېئاكتورى ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسىنىڭ سۈپىتىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنى قوللىنىش» تۈرىدە، ترانسكرىپسىيە فاكتورى ئۈنۈمى بىلەن سۈت بېزىنىڭ ئىپادىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش يادرولۇق تېخنىكا قىلىنغان چارۋا ماللارنىڭ ئەمچەك بىئولوگىيىلىك رېئاكتورىنى تەتقىق قىلىش سۈپىتى بەرپا قىلىندى ھەمدە گېن كۆچۈرۈلگەن كلونلۇق چارۋا مال يېتىشتۈرۈلدى؛ تۆرەلمە كالا (2 ئايلىق تۆرەلمە كالا)، يېڭىدىن تۇغۇلغان موزاي (تۇغۇلغىنىغا بىر ئاي بولغان موزاي) نىڭ ئەۋلاد قالدۇرىدىغان تالالىق ھۈجەيرە سىستېمىسى تۇرغۇزۇلۇپ، ئەۋلاد 25 -ئەۋلاد، 21 - ئەۋلادقىچە داۋاملاشتۇرۇلدى. ئەۋلاد قالدۇرۇش قېتىم سانى يۇقىرى بولغانلىرىدىن يېتىلگەن ھۈجەيرىلەرنىڭ مورفولوگىيىسى تىپىك، كۆپىيىش ئاكتىپلىقى ناھايىتى ياخشى بولدى؛ كالىنىڭ — aS1 كازېئىنىنى تەڭشەپ تىزگىنلەش دېتالى ئاساس قىلىنغان ھەممىباب شەكىللىك سۈت بېزىنى ئىپادىلەيدىغان ۋاستىنىڭ قۇرۇلمىسى تاماملاندى؛ كلون جەھەتتە توخونىڭ يۇقۇملۇق فابرىتسى خالتىلىق ۋىرۇسىنىڭ ئاساسلىق مۇھاپىزەت ئانتېگېنى VP2 نىڭ قۇرۇلمىلىق گېنى قولغا كەلتۈرۈلدى، يېشىل يالتىراق ئاقسىل (GFP) نىڭ نوۋۇبىئوتسىن فوسفورىك كىسلاتاسىنى توشۇغۇچى فېرمېنت (neo) گېنىنىڭ قوش ئېلېمېنتىدىن تاللانغان بەلگىلەرنى توشۇغۇچى قۇرۇلما پۈتتۈرۈلدى. بەدەن سىرتىدا ئەمچەكنىڭ ئۈستى تېرە ھۈجەيرىسىنى يېتىلدۈرۈش قىيىن بولۇشتەك توسالغۇلار تۈگىتىلدى.

«ئالاھىدە گېرمپلازما گېنىنىڭ مولېكۇلا بەلگىلىرىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ كېۋىزىنىڭ يېڭى سورتى (لىنىيىسى) نى يېتىشتۈرۈش» تۈرىدە، شىنجاڭنىڭ سۈپەتلىك كېۋەز ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرۈش ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، سۈپەتلىك ئېرسىيەت كالۇنىسى تۇرغۇزۇلۇپ، خۇسۇسىيىتى، شەكلى سۈپەتلىك بولغان مولېكۇلا بەلگىسى، TQL بويىچە ئورۇن

بەلگىلەش ھەمدە سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش، گېرمپلازما توغرىسىدا ئورگان كېزىتى چىقىرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ماددىي ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلدى. شالغۇتلاشتۇرۇش ۋە تەكرار چېتىشتۇرۇش تېخنىكىسى ئارقىلىق 4 گۇرۇپپا تۇرغۇزۇلۇپ، بەلگىلىك ئېرسىيەت كالۇننىسى بىلەن تەمىن ئېتىلدى، 14 دانە ئەسلى نەسلى ماتېرىيالنىڭ DNA سى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاجرىتىۋېلىندى، RAPD جەلپكار ماددىسىدىن 500 جۈپ، SSR جەلپكار ماددىسىدىن 500 جۈپ بىرىكتۈرۈپ تاللىۋېلىندى.

«قىزىلچىنىڭ كېسەلگە چىداملىق يېڭى سورت (لىنىيىسى) نى تاللاش» تېمىسىدا، 3 خىل يېڭى سورت يېتىشتۈرۈلدى، يىلتىز غۇۋزەكلىشىش كېسىلىگە قارشى تۇرالايدىغان تاشقى مەنبەلىك گېننى كىرگۈزۈش ئىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، يۆلەنچۈكسىز گېن تېپىلىق، يۇقىرى تەكرارلىنىش چاستوتىلىق، قايتا پەيدا بولىدىغان، ئاسان تەكرارلىنىدىغان، دەۋرىيلىك مۇددىتى قىسقا بولغان بىرخىل توقۇلما يېتىشتۈرۈش سىستېمىسى بەرپا قىلىندى، 52 مىڭ گېكتار يەردە ئۆلگە كۆرسىتىلدى، يېڭىدىن ئاشقان خام ئەشيا 257 مىڭ 300 توننىغا، يېڭىدىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 111 مىليون 122 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ تۈردە سورتلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش تەتقىقات ئۇسۇلى، مەھسۇلات سەۋىيىسى، كېسەلگە قارشى تۇرۇشچانلىقى، شالغۇتلاشتۇرۇش ئەۋزەللىكى جەھەتلەردىكى سەۋىيە مەملىكەت ئىچىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ.

پەن - تېخنىكا ئۆتكىلى پىلانى تۈردىكى «شىنجاڭنىڭ ياسىمچىلىق كەسپىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى» دا ئۈچ ئۆلچەملىك كومپيۇتېر قوشۇمچە لايىھىسىنىڭ (CAD) مەخسۇس تۈرى يولغا قويۇلدى، «100 كارخانىنىڭ مىڭ يۈرۈش قۇرۇلۇشى» ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، «شەرق شامىلى» شىنجاڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «جىنفېڭ» پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق 36 كارخانا ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۈركۈمدە ئۈچ ئۆلچەملىك CAD نى قوللىنىشتىكى ئۆلگە كاخانىغا ئايلاندى، مەملىكەت ئىچىدە ئىلغار بولغان بىر تۈركۈم ئۈچ ئۆلچەملىك (CAD) يۇمشاق دېتاللىرى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتتا يېڭىلىق يارىتىشىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىدى. ياسىمچىلىق كەسپىنى ئۇچۇرلاشتۇرغان كارخانىلارنىڭ بايلىق پىلانىنى باشقۇرۇش (ERP) تۈرى يولغا قويۇلدى، شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «جۇڭخې» پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق 29 كارخانا ERP نى قوللىنىش بويىچە ئۆلگە كارخانىغا ئايلاندى. چوڭ كارخانىلارنىڭ ئۇچۇرلارنى قوللىنىش ئۆلگە قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشتا، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شىنجاڭ بويىچە ياسىمچىلىق كەسپىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئۆلگە كارخانىغا ئايلاندى.

«30 كىلوئامپېرلىق ئېلېكترون سانائىتىدە ساپ ئاليۇمىن تاۋلاش ئىدىشىنى سانائەتتە سىناق قىلىش ۋە 65 كىلوئامپېرلىق ساپ ئاليۇمىن تاۋلاش ئىدىشىنى تەتقىق قىلىپ ياساش» تۈردە، 65 كىلوئامپېرلىق ساپ ئاليۇمىن ئېلېكترولىز ئىدىشى تەتقىق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى، ئۇنىڭ مەنپىي قۇتۇپلۇق توك ئېقىمى ئۈنۈمى 98% كە، ئالاھىدە دەرىجىلىك تاۋار نىسبىتى 95% كە، ھەر توننا ئاليۇمىننىڭ تۇراقلىق توك سەرپىياتى 14 مىڭ 500 كىلوۋات سائەتكە يەتتى، ھەرخىل كۆرسەتكۈچلەر تۈر توختامنامىسىدىكى تەلەپلەرگە يەتتى ھەمدە پاتېنتقا ئىلتىماس قىلىندى. بۇ تېخنىكا يېڭىدىن قۇرۇلغان يىلىغا 5000 توننا ساپ ئاليۇمىن ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىدە قوللىنىلدى، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 134 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى ھەر توننىسىنىڭ 17 مىڭ 932 يۈەن بولدى، 27 مىليون 351 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلىپ، 18 مىليون 325 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ئېلىندى، باج 26 مىليون 489 مىڭ يۈەن، پايدا، باج 44 مىليون 814 مىڭ يۈەن، ئىمپورتتىن تېجەلگەن تاشقى پېرېۋوت 2 مىليون 25 مىڭ دوللار بولدى.

«شىنجاڭنىڭ پاكىزە ئېنېرگىيە ئۆلگە قۇرۇلۇش» تۈردە، ئەۋرىشىملىك قىستۇرما تەگلىك، غەيرىي كرىستال كرېمنىيلىق تورلاشتۇرۇلغان 100 كىلوۋاتلىق ئوپتىكىلىق ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى، قۇرۇلۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ئوپتىكىلىق توك ھاسىل قىلىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى، قۇرۇلۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن فوتو ئېلېكتر بىرىكمە دېتاللىرى بېكىتىلدى. «باۋلىما كۆچلۈك بىرىكمە خۇرۇچى» تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، كۆيدۈرۈلمەيدىغان خىش، يېنىك ئاراتام تاختىسى ئەۋرىشكىسىنى سىناق قىلىپ ياساش ۋە يۇمشاق توپىلارنى قېتىشتۇرۇپ يول ئۇلى ياساشنى تەجرىبە قىلىش ھەمدە قۇملۇقلاردا ئادەتتىكى تاشيول ياساشنى سىناق قىلىش ئىشى تاماملاندى. «قۇرۇلۇشلارنى ئېنېرگىيە تېجەيدىغان، ئىسسىقلىق ساقلايدىغان تەبىئىي گاز بىلەن ئىسسىتىش» تېخنىكىسى كېڭەيتىپ قوللىنىلىپ، 222 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر دائىرىنى تەبىئىي گاز بىلەن ئىسسىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، بىر تۈر كەشپىيات پاتېنتىغا، 3 تۈر ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنتىغا ئېرىشتى، 3 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى. يىلىغا 200 مىڭ توننا شەكىللىك كۆمۈرنى ئىسكەتكە كىرگۈزۈش تېخنولوگىيىسىنى ياخشىلاش تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشلەپچىقىرىلغان پاكىزە كۆمۈر

مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىسكەتلىنىش نىسبىتى 85% تىن ئاشۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، قۇرۇلۇشلاردا ئېنېرگىيە تېجەش، ئىسسىقلىق ساقلاش قاتارلىقلارغا دائىر يۈرۈشلۈك سىياسەتلەر تەتقىق قىلىنىپ تۈزۈپ چىقىلدى، بۇلغىنىشى ئېغىر يېقىلغۇ ماتېرىياللىرىنى ئىشلىتىش دائىرىسى ۋە ئىشلىتىش مەنئى قىلىنغان رايونلار ئېنىق بېكىتىلدى.

پەن - تېخنىكا ئۆتكىلى پىلانى تۈرىدىكى «بوغاز بايتالنىڭ ئانىلىق ھورمونى چىقارغۇچى بىرىكمە تابلېتنى ئارىلىقتا سىناق قىلىش» تۈرىدە، بىرىكمە ئانىلىق ھورمون خام ئەشيا دورىلىرى ئارىلىقتا تەجرىبە قىلىنىپ، 20 تونىنا بايتال سۈيدۈكىنى بىرتەرەپ قىلىش كۆلىمىگە ئىگە تەجرىبە تاماملاندى، نۆۋەتتە 150 تونىنا بايتال سۈيدۈكىنى بىرتەرەپ قىلالايدىغان چوڭ كۆلەمدىكى تەجرىبە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، 300 مىڭ تالدىن كۆپرەك بىرىكمە ئانىلىق ھورمون چىقىرىش تابلېتى تەجرىبە قىلىنىپ، كلىنىكىلىق تەجرىبىدە قوللىنىدىغان لاياقەتلىك دورىلاردىن 3 تۈركۈمدە 100 مىڭ تال ئىشلەپچىقىرىلدى، نۆۋەتتە بىر قېتىمدىلا 110 كىلوگرام (1 مىليون تال) ماتېرىيال سېلىنىدىغان كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. شىنيالىڭ دورىگەرلىك تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، LC/MS بارماق ئىزى ئاتلاسلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆلچىمىنىڭ دەسلەپكى سىناق دوكلاتى تاماملاندى؛ بىرىكمە ئانىلىق ھورمون خام ئەشيا دورىلىرى ۋە ئۇنىڭ تابلېت، سۇتىسمان مەلھەم دورىلىرىنىڭ ئۆلچىمى بېكىتىلدى، بۇ تۈردە 5 نەپەر ماگىستىر ئاسپىرانت تەربىيىلەندى، ئىلتىماس قىلىنغان 2 تۈرلۈك كەشپىيات پاتېنتى ئېلان قىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ؛ بىرىكمە ئانىلىق ھورمون خام ئەشيا دورىلىرى ۋە ئۇنىڭ چىقارغۇچى تابلېتى، سۇتىسمان مەلھىمى دۆلەت دورا مەھسۇلاتلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ (SFDA) كلىنىكىلىق تەتقىقاتىنىڭ تەستىقلىشىغا ئېرىشتى.

«شىنجاڭدىكى دوغداق ئائىلىسىدىكى قۇشلارنىڭ مۇھاپىزەت بىئولوگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىدە، چوڭ دوغداق، چىپار دوغداق ۋە كىچىك دوغداقنىڭ تارقىلىشى ۋە بايلىق زاپىسىنى تەكشۈرۈش، تۈر تۈركۈملىرىنى دىنامىكىلىق كۆزىتىش ۋە كۆپىيىش ئېكولوگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى، ئىلى ۋىلايىتىدىكى چوڭ دوغداقنىڭ قىشتىن ئۆتكەن جايلىرىغا دائىر سانلىق مەلۇمات ماتېرىياللىرى قولغا كەلتۈرۈلدى، رادىئو ئارقىلىق ئىز قوغلاش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، چىپار دوغداق ياشايدىغان جايلارنى تاللاش، كۆپىيىش ئېكولوگىيىسى ۋە چۈجىلىرىنىڭ يېتىلىش نىسبىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى؛ ئۇنى سۈنئىي كۆپەيتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى؛ ئىلمىي ماقالىلەردىن SCI ئۇنئالغۇدا 2 پارچە، ئىلمىي ژۇرنالدا بىر پارچە، يادرولۇق قەرەللىك ژۇرنالدا بىر پارچە ئېلان قىلىندى.

«جاراھەت پۈتتۈرغۇچى نوكچا دورىنى تەتقىق قىلىپ ياساش» تۈرىدە، مۇرەككەپ بىرىكمە تەركىبىدىن موزىنىڭ ئۈنۈملۈك قىسمىنى ئاجرىتىۋېلىش ۋە پارچىلاش ھەمدە ئۇنى تەييارلاش تېخنولوگىيىسى ۋە ئۇنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى ئۈستىدىكى تەتقىقات تاماملاندى، دەسلەپكى قەدەمدە تۇراقلىق خۇسۇسىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە ھايۋانلارغا بولغان جىددىي خاراكتېرلىك زەھەرلىك خۇسۇسىيىتى ئۈستىدىكى سىناق ھەمدە ئاساسلىق دورىلارنىڭ ئۈنۈملۈك ئىلمى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى؛ بىر تۈر كەشپىيات پاتېنتىغا ئىلتىماس قىلىندى.

«گلوكولىپىد تابلېتكىسىنى كلىنىكىدىن ئىلگىرى تەتقىق قىلىش» تۈرىدە، مەملىكەت ئىچىدىكى جۇڭگو تىبابىتىنىڭ دىئابېتنى داۋالاش رېتسېپلىرى ۋە دىئابېت كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 323 بىمارنىڭ كېسەل تارىخى ماتېرىيالىنى ستاتىستىكا ۋە ئانالىز قىلىپ، يۇقىرى مايلىق قان كېسىلىدىن كېلىپ چىققان دىئابېت كېسىلىگە دائىر ھايۋانات مودېلى تۇرغۇزۇلدى، قۇتۇبلۇق گرادىيېنتلىق ئېرىتمە ياسالمىلىرىنى ئاجرىتىۋېلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، گلىكولىپىد تابلېتىنى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا تەييارلاش تېخنولوگىيىسى ياخشىلاندى، ئۇنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلدى ھەمدە جۇڭگو تىبابىتى ۋە دورىلىرىدىن پايدىلىنىپ دىئابېت كېسىلىنى داۋالاش ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا مۇتەخەسسىسلەر مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى.

«جۇڭيى دورىلىرى ۋە ئۇيغۇر تىبابىتى دورىلىرىنىڭ ۋىرۇسقا قارشى دورىلىرىنى تاللاش ئۈستىدە تەتقىقات» تا جۇڭگو تىبابىتى دورىگەرلىك نەزەرىيىسى ۋە تەجرىبىلىرى قوللىنىلىپ، قۇۋۋەتلىگۈچى دانىچە رېتسېپلار بايان قىلىندى، پارغا ئايلىنىدىغان مايلارنى ئوراش ھۈنەر - سەنئىتى، تەركىبلىرىنى ئاجرىتىش ھۈنەر - سەنئىتى ۋە شەكىلگە كەلتۈرۈش ھۈنەر - سەنئىتى قاتارلىق دورىگەرلىك جەھەتتىكى تەتقىقات خىزمىتى تاماملاندى؛ ۋىرۇسقا قارشى مۇرەككەپ نېلۇپەر قايناتما دورىسىنى تەييارلاش ھۈنەر - سەنئىتى، سۈپەت ئۆلچىمى، دەسلەپكى تۇراقلىق خۇسۇسىيىتىنى سىناق قىلىش قاتارلىق فارماتسىيىلىك تەتقىقات ۋە ئۆتكۈر زەھەرلىك خۇسۇسىيىتى ئۈستىدىكى سىناق تاماملاندى، ئۇنىڭ T، B لىمفا ھۈجەيرىسىنى ئۆستۈرۈشكە بولغان تەسىرى، قورساقتىكى زور يۇتقۇچى ھۈجەيرىگە بولغان تەسىرى قاتارلىق فارماكولوگىيىلىك تەتقىقات مەزمۇنلىرى تاماملاندى.

خەلقئارا پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىكى «پىستىنىڭ سۈپەتلىك سورتىنى يېتىشتۈرۈش» تۈرىدە، چەت ئەلدىن 12 خىل سورت، 4 خىل ئۇلاق تۈۋى كىرگۈزۈلدى؛ ئۇلاق تۈۋى ئوزۇقلۇق ھالىتىدە مايسا يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىلدى ۋە ئۇنىڭ سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى؛ شىنجاڭدا پىستە ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باپ كېلىدىغان رايونلار دەسلەپكى قەدەمدە ئايرىپ چىقىلدى؛ پىستە ئۆستۈرۈش تېخنىكا قائىدىسى تۈزۈپ چىقىلدى؛ 2 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى.

«سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق ئوت - چۆپ شەرق گالېگا چاتقىلىنىڭ ئۇرۇقىنى كۆپەيتىش ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرىدە، گالېگا چاتقىلى ئۇرۇقىنى بىرتەرەپ قىلىش ئۇسۇلى تەجرىبە قىلىنىپ، ئۇرۇقىنى كۆپەيتىش، ھوسۇلىنى مۆلچەرلەش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە تۈپلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق مىقدارى ئانالىز قىلىندى، بۇ ھەقتە بىر ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى، بىر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتلاندى. «ئانار، سېرىق شاپتۇل سورتلىرىنى كىرگۈزۈش ۋە زاۋۇتلاشتۇرۇپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش» تۈرىدە، 3.7 گېكتار كېلىدىغان سورتلۇق ئانار كۆچەتزارلىقى ۋە ئۈلگە باغچىسى قۇرۇلدى؛ تۈر تېپى بېكىتىلدى، ئىراندىن ئەسلى نەسلى كىرگۈزۈلۈپ، 66.7 گېكتار يەرگە ئانار كۆچىتى قويۇلدى.

يۇمشاق پەن تەتقىقات تۈرىدىكى «شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمى مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات» تا، دېھقانلارنىڭ كىرىمىدىن ئىبارەت بۇ ئاچقۇچلۇق مەسىلە ئۈستىدە دەل ۋاقتىدا سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى. بۇ شىنجاڭدا بۇ مەسىلە ئۈستىدە تۇنجى قېتىم ئېلىپ بېرىلغان ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ۋە ھاسىل قىلىنغان ئىلمىي تونۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«جۇڭگو — قىرغىزىستان — ئۆزبېكىستان تۆمۈريولى ۋە ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇق يېڭى كۆۋرۈكىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا بولغان رولى ۋە تەسىرى» تۈرىدە، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا - غەربىي ئاسىيا رايونلىرى ۋە ياۋروپا رايونى بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى ھەمدە ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى ۋە ئۇ ھەقتىكى تەدبىرلەر تەتقىق قىلىندى.

«تەبىئىي پەن فوندى تۈرىدىكى ‹ئىئونلار دەستىسى، تېخنىكىسىنىڭ كۆكتات، مىكرو ئورگانىزىم سورتلىرىنى ياخشىلاشقا بولغان تەسىرى» تەتقىقاتىدا ياخشى ئىلگىرىلەش بولدى، ئىئون كىرگۈزۈلگەن پەمىدور سېلىشتۇرما سورتقا قارىغاندا 20 كۈن بالدۇر پىشتى، ھوسۇلى 25% ئاشتى، لىكوپېن قاتارلىق 7 خىل كۆرسەتكۈچ خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. باشقا زىرائەت ۋە مىكرو ئورگانىزملارغا ئىئونلار دەستىسىنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بۇ تۈرگە دائىر 16 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى، 12 ئاسپىرانت تەربىيىلەندى.

«نوقۇتنىڭ دورىلىق مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىدە، شىنجاڭ نوقۇتىنىڭ قاندىكى شېكەر ماددىسى، خولېستېرىن، تىرى ئىلتىسبىرىدنى تۆۋەنلىتىش رولىغا ئىگە ئىكەنلىكى، ئارتېرىيە قېتىش كۆرسەتكۈچىنى تۆۋەنلىتەلەيدىغانلىقى ئىسپاتلاندى، بۇ تەتقىقات شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى بولغان نوقۇتتىن دىئابىت كېسىلى، يۇقىرى مايلىق قان كېسىلى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدىغان ماددىلارنى ئاجرىتىۋېلىش ئۈچۈن فارماكولوگىيىلىك ئاساس يارىتىپ بەردى. مۇشۇ ئاساستا نوقۇتنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمىنى ئاجرىتىۋېلىپ پىششىقلاپ ئىشلەش سىنىقى ئېلىپ بېرىلىپ، «ۋېي تاڭكاڭ» دېگەن يېڭى مەھسۇلات بارلىققا كەلتۈرۈلدى.

جاڭ يۇ

## يۇقىرى تېخنىكا تەتقىقات - تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكا تەتقىقات - تەرەققىيات پىلانى 2002 - يىل 12 - ئايدا قارار قىلىنىپ تۈزۈلدى ھەمدە يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇ پىلاندا، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى چىقىش قىلىنىپ، پەن تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، بىئوتېخنىكا ۋە زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى، ئۇچۇرچىلىق تېخنىكىسى، ئىلغار ياسىمىچىلىق تېخنىكىسى، يېڭى ئېنېرگىيە تېخنىكىسى، يېڭى ماتېرىيال تېخنىكىسى، بايلىق - مۇھىت تېخنىكىسىدىن ئىبارەت 6 نۇقتىلىق تېخنىكا ساھەسىدە تەتقىقات ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى، بەزى تېخنىكىلار كىرگۈزۈلدى ۋە قوللىنىلدى، نىشانلىق مەھسۇلاتلار بېكىتىلىپ، بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش نەزەردە تۇتۇلۇپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساس قىلىنىپ، تەتقىقات جۇغلانمىسىغا ۋە كەسىپلەشتۈرۈش ئىستىقبالىغا ئىگە تۈرلەر ئاۋۋال ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 2003 - يىلى 25 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ تۈرلەرگە تەخمىنەن 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان، پىلان بويىچە 13 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان بولدى، بىر يىلدا 10 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى.

جاڭ يۇ

## «ئۇچقۇن» پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ «ئۇچقۇن» پىلانى خىزمىتىدە «بەش چولڭ قۇرۇلۇش» يولغا قويۇلدى، بۇلار: «ئۇچقۇن» پەن - تېخنىكا مۇتەخەسسلەر يۈرتىنىڭ مودېلى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى، باشلامچى كارخانىلارنىڭ يېتەكلىق يارىتىش مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى، يېزا كەسپىي تېخنىكا - ئىقتىساد جەمئىيىتىنىڭ تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىك رايونلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش مەركىزىنىڭ تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى ۋە يېزا پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت. شەكلى ھەرخىل بولغان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە مىليون دېھقاننى ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتى جەھەتتىن تەربىيىلەش ئىشى قانات يايدۇرۇلدى. بىر يىلدا ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا ئەمەلىي تېخنىكىغا دائىر 25 خىل كىتاب - ژۇرنال تۈزۈلدى، يېزا ئىگىلىك ئەمەلىي تېخنىكا كۆرسىتىش 80 قارار ئېچىلىپ، «ئۇچقۇن» پەن - تېخنىكا باشلامچىسىدىن 5000 ى، 250 مىڭ دېھقان (قېتىم) تەربىيىلەندى.

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دۆلەت دەرىجىلىك «ئۇچقۇن» پىلانى تۈرىدىن 15 ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭغا 355 مىليون 950 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆز ئالدىغا غەملەنگەن مەبلەغ 235 مىليون 950 مىڭ يۈەن، ئىلتىماس قىلىنغان قەرز پۇل 120 مىليون يۈەن. يېڭىدىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 793 مىليون 170 مىڭ يۈەن، يېڭىدىن ئاشقان پايدا - باج 183 مىليون 980 مىڭ يۈەن، يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت 4 مىليون 300 مىڭ دوللار. ئاپتونوم رايون بويىچە «ئۇچقۇن» پىلانى تۈرىدىن 35 ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭغا 617 مىليون 569 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قەرز پۇل 322 مىليون 670 مىڭ يۈەن، ئۆز ئالدىغا غەملەنگەن مەبلەغ 294 مىليون 899 مىڭ يۈەن. تۈرلەر تاماملانغاندىن كېيىن يېڭىدىن ئاشىدىغان مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 132 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، يېڭىدىن ئاشىدىغان پايدا - باج 267 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، يارىتىلىدىغان تاشقى پېرېۋوت 15 مىليون 380 مىڭ دوللارغا يېتىدۇ.

پەن جىجۇن

## «مەشئەل» پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايون يولغا قويۇۋاتقان «مەشئەل» پىلانى تۈرىدە، 2003 - يىلى يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 140 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، سېتىش كىرىمى 2 مىليارد 343 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە، پايدا 148 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، باج 115 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى، «مەشئەل» پىلانى تۈرىگە بېرىلىدىغان قەرز پۇلدىن 571 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرىدە يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 248 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە، سېتىش كىرىمى 1 مىليارد 211 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە، پايدا 76 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، باج كىرىمى 55 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرىدە يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 892 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، سېتىش كىرىمى 1 مىليارد 132 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، پايدا 72 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، باج كىرىمى 59 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ «مەشئەل» پىلانى تۈرىدە، 2003 - يىلى 24 تۈرلۈك ئىلتىماس قوبۇل قىلىندى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق «كېمىننى زاۋۇتلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش» قاتارلىق 18 تۈر تەستىقلىنىپ تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. مۇشۇ تۈركۈمدىكى تۈرلەرگە 635 مىليون 970 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە بانكىدىن ئېلىنغان قەرز 397 مىليون 150 مىڭ يۈەن، ئۆز ئالدىغا غەملەنگەن مەبلەغ 238 مىليون 820 مىڭ يۈەن. مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ تۈرلەر تاماملانغاندىن كېيىن، يىلىغا يېڭىدىن ئاشىدىغان مەھسۇلات قىممىتى 701 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، يىلىغا يېڭىدىن ئاشىدىغان پايدا - باج 144 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. «لوپنۇر كۆلىنىڭ كالوگېنلىق سۈيىدىن LBP تېخنولوگىيىسى ئارقىلىق يىلىغا 400 مىڭ توننا كالىي سۇلفات ئىشلەپچىقىرىش»، «ئەينەك پولاتتىن ئىشلەنگەن كۆپ قەۋەتلىك چىرىشتىن ساقلىنىش بىرىكمە تۇرۇبا ماتېرىيالى»، «كامو يىپى»، «ئەستەرلىك ياپراقسىمان سۇ تېجەپ سۇغىرىش مەھسۇلاتى»، «باۋلىما PLM كۆچلۈك پولىمېر ياسالمىلىرى» قاتارلىق 5 تۈر 2003 - يىلى دۆلەت دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرى قىلىپ تەستىقلاندى. شۇ يىلى يولغا قويۇلغان دۆلەت دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرى 18، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرى 48. دۆلەتنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىغان 2004 - يىللىق دۆلەت دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرى 13. شۇ يىلى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان «مەشئەل» پىلانى تۈرى 14. ياردەم ئۇسۇملۇك قەرز پۇل بېرىش توغرىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، تۈرلەرنى ئۈستىگە ئالغان ئالاقىدار ئورۇنلارغا ياردەم ئۇسۇم جەھەتتىن قىسمەن ياردەم بېرىلدى.

شۇ يىلى دۆلەت دەرىجىلىك «ئۈچقۇن» پىلانى ئۈچۈن ئاجرىتىپ بېرىلگەن 200 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ «مەشئەل» پىلانى تۈرى ئۈچۈن ياردەم ئۆسۈملۈك مەبلەغتىن 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

شېن لىيەنخەي

## دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش فوندى تۈرى

پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى بىلەن، شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇلىدىغان 5 تۈرى دۆلەتنىڭ مەبلەغ ياردىمىگە ئېرىشتى. بۇلار: ئوزۇقلۇق ئاشلىق ھەم يەم - خەشەك قىلىشقا بولىدىغان كۆممىقوناق «شىنجاڭ كۆممىقونىقى — 12» نىڭ سۇپەتلىك سورتىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇنى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش، ئۇزۇن تالالىق كېۋەز «شىنجاڭ ئارال كېۋىزى — 19» سورتىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك يۈرۈشلۈك تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش، تۇپراق ياخشىلاش - سۇ ساقلاش دورىسىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش، سىلوسقا ئىشلىتىلىدىغان سۇپەتلىك «شىنجاڭ كۆممىقونىقى — 1» نى بىخەتەر، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش، چۆپلۈك ھەم ئوت - چۆپ قىلىنىدىغان يېڭى سورت «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكى — 1» ئىجىرقىنى ئارىلىقتا سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىشتىن ئىبارەت، بۇلارغا 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن خىراجەت ياردەم بېرىلدى. بۇ تۈرلەرنى يولغا قويۇش يىل چەكلىمىسى 2003 - يىلدىن 2005 - يىلغىچە بولۇپ، شۇ يىلى تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇش خىزمىتى تاماملاندى.

خۇاڭ جۈەن

## دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانى تۈرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى بىلەن، ئاپتونوم رايون بويىچە 4 خىل يېڭى مەھسۇلات «2003 - يىلى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانى» غا كىرگۈزۈلۈپ، دۆلەتنىڭ 200 مىڭ يۈەن يېڭى مەھسۇلات قوشۇمچە ياردەم خىراجىتىگە ئېرىشتى. 4 خىل يېڭى مەھسۇلات ۋە ئۇلارنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار تۆۋەندىكىچە: قۇياش ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق سۇ چىقىرىش ۋە يورۇتۇشتا قوللىنىلىدىغان ئۇنىۋېرسال سىستېما (شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتى)، ساپ پاختا كامۇ سىپتا يىپى (شىنجاڭ يىدا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى)، تەبىئىي رەڭلىك تاش سىلىتسىلىق دېۋىرقاي سۇۋالغۇ (شىنجاڭ سانجى شەھەرلىك خوڭفا پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، BKD—10000/220 چاتما دېئاكتور (شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى).

جاڭ يۇ

## ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانى تۈرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى 13 خىل يېڭى مەھسۇلات ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ يىللىق نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ 13 خىل مەھسۇلات ۋە ئۇنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار تۆۋەندىكىچە: يەر تېمپېراتۇرىسىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەنگەن مەركىزىي ھاۋا تەڭشىگۈچ گورۇپپىسى (شىنجاڭ «لەنخۇەن» سۇ بىرتەرەپ قىلىش پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى)، «ئالتۇن تاش» ماركىلىق SBS تىپلىق خۇسۇسىيىتى ئۆزگەرتىلگەن يۈرۈشلۈك يول ئاسفالت مەھسۇلاتلىرى (I—A, I—B, I—C, I—D) (شىنجاڭ «ئالتۇن تاش» ئوقەتچىلىك گورۇھى چەكلىك شىركىتى)، بىرىكمە سىلىكاتلىق زەنجىر تاپانسىمان تورۋا قېپى (ئۈرۈمچى «شىگرۇيدا» ئېنېرگىيە تېجەش ماتېرىياللىرى چەكلىك شىركىتى)، سۇغىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان بېسىملىق ئېقىن مىقدارىنى تۇراقلاندۇرغۇچ (شىنجاڭ كارىز سۇغىرىش تېخنىكىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، CLSG — W0. 02 — 1. 6MW تىپلىق نورمال بېسىملىق، ئىسسىز يېقىلغۇ كۆمۈر ئىشلىتىلىدىغان، ئۆرە شەكىللىك سۇ كاتولى (شىنجاڭ «باھار يامغۇرى» مۇھىت ئاسراش ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك شىركىتى)، سىپتا ئېگىرىلگەن چىلى ساپ پاختا يىپى يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرى (شىنجاڭ يىدا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى)، يەرگە كۆمۈلىدىغان يۇقىرى بېسىملىق ئېلېكتر ئېنېرگىيە كابېلىغا ئىشلىتىلىدىغان خلورىدلىق ۋىنىل خلورىد (PVC—C) قاپلىما تورۋا (شىنجاڭ ئوتتۇرا تارىم نېفىتلىك قۇرۇلۇشى تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى)، يېمەكلىك مايىنى قۇرۇتۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەنگەن ئىشقار ئايرىش دورىسى (شىنجاڭ يېڭى كۆكتات ئالاھىدە خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، لوپنۇر كەندىرى، پاختا، يىپەك ئارىلاشتۇرۇپ ئېگىرىلگەن يىپ (شىنجاڭ «ئالتۇن مۇنار» يۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى)، XY—1 تىپلىق سىرتقى يۈزنى ئاكتىپلاشتۇرغۇچى ئاگېنت ئارقىلىق بېسىم بىلەن قاتلام

بېرىش سۈيۇقلۇقى (قاراماي شەھەرلىك «شىنيى» نېفىتلىك تېخنىكا مۇلازىمەت چەكلىك شىركىتى)، تۆگە سۈت پاراشوكى كاپسۇلى (شىنجاڭ «شىيۇگۇجيەن» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى)، مالىننا چىپىي (شىنجاڭ «يېشىل بايراق» پەن-تېخنىكا چەكلىك شىركىتى)، بىرىكمە نىلوندىن ئىشلەنگەن قۇدۇق تەكشۈرۈش قاپقىقى (مىچۈەن شەھەرلىك «رۇيتاۋ» نىلون بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتى).

جاڭ يۇ

## يۇمشاق پەن تەتقىقاتى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا تەرەققىياتى پىلانىغا 7 خىل يۇمشاق پەن تەتقىقات تۈرى كىرگۈزۈلدى؛ بۇلار: شىنجاڭنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانى ۋە يولى ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ۋاستىچىلىك سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭ يېزىلىرىدا باج ھەققىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا تەتقىقات، شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات پىلانى ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ئاساسىي شارائىت سۇپىسىنى تۇرغۇزۇش پىلانى ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا سىياسىتى، قانۇن - نىزام سىستېمىسىنى قۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى ستاتىستىكا قىلىپ مۆلچەرلەش ۋە ئۇنىڭغا ئۇنىۋېرسال باھا بېرىشتىن ئىبارەت.

2003 - يىلى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان 9 خىل يۇمشاق پەن تەتقىقات تۈرى تۆۋەندىكىچە: B تىپلىق جىگەر ۋىرۇسىنىڭ ئانا ۋە بوۋاقلارغا يۇقۇش سالمىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇش تاكتىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭنىڭ مالىيە فۇنكسىيىسىنىڭ ئورنىنى بېكىتىش ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭدىكى يۇقىراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرى مەسىلىسى توغرىسىدا تەتقىقات، شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ كىرىمى مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات، يېڭى ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئۈستىدە تەتقىقات، غەربنى كەڭ ئېچىشتا يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭدا يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئادەم كۈچى بايلىقى، جۇڭگو - قىرغىزىستان - ئۆزبېكىستان تۆمۈريولى ۋە يېڭى ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا بولغان رولى ۋە تەسىرى، شىنجاڭنىڭ 2000 - يىللىق ئۇنىۋېرسال پەن - تېخنىكا ئەمەلىي كۈچىگە باھا بېرىش ۋە ئۇنىڭ تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقاتتىن ئىبارەت.

جاڭ چۈن

## دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى تۈرى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 40 تۈر دۆلەت تەبىئىي پەن فوندىنىڭ 8 مىليون 260 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە زور تەتقىقات پىلانى تۈرى 2، ئۈز ئالدىغا ئىلتىماس قىلىنغان تۈر 5، رايونلارنىڭ تەبىئىي پەن فوندى تۈرى 32، ئىلمىي بۆلۈم مۇدىرى فوندى تۈرى بىر.

شۆ دېشيۇ

### قوشۇمچە

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دۆلەت تەبىئىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن تۈرلەر

| تەبىئىي پەن فوندىدىن ياردەم بېرىلگەن تۈرلەر | تۈرنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇن |
|---|---|
| ھىدرو گېنلىق شارائىتتا تەڭ ئىئونلۇق جىسىم - كاتالىز تەسىرىدە مېتاننى جۈپ بىرىكتۈرۈپ ئىشلەنگەن ئېتان | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| جۇڭگونىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ رايون سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| ئۆسۈملۈك ئاجرالما تەنچىلىرىنىڭ كۆپىيىدىغان ئىپادىلىك پلاستىنكىلىق مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| كېۋەزنىڭ كالوننىسىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ماشىنا بىلەن پەرقلەندۈرۈش ۋە مايىسىغا دىئاگنوز قويۇش ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| ئۇلاقنىڭ تاۋۇزدا شېكەر جۇغلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىش مېخانىزمى ۋە ئۇنى تەڭشەپ تىزگىنلەش ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |

| | |
|---|---|
| شىنجاڭدىكى ئەشپۈت دەرىخى ۋىرۇسى ۋە شۇ تۈردىكى ۋىرۇس مولېكۇلىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ۋە گېن گورۇپپىسى ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| توخو بىلەن بۆدۈنە ئۇرۇقدىشىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا شالغۇتلاشمايدىغان ھۆجەيرە مولېكۇلىسى مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| ئارسېنغا قارشى كېنلىق كلون ۋە ئۇنىڭ ئارسېن ماددىلىرىنى ئالماشتۇرۇشتىكى رولى ۋە مېخانىزمى ئۈستىدە مۇھاكىمە | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| بېسىملىق يۇمشاق تورۇبا بىلەن ئاز - ئازدىن سۇغىرىش سىستېمىسىنىڭ سۇ كۈچى ئىقتىدارى ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| مۇستەقىل كونترول قىلىنمايدىغان ھەرخىل تۈركۈمدىكى دىنامىكىلىق سىستېمىنىڭ چىداملىقلىقى ۋە تۇراقلىقلىقى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| ئىئون دەستىسىدىن پايدىلىنىپ ۋاستىلىك يېتەكلەنگەن ئېغىدرىن گېن گورۇپپىسى DNA نىڭ ئىرسىيەتلىك ئۆزگىرىشى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭدا ئۈزۈمنى يىغىش - ھۆل پېتى ساقلاش ئەندىزىسى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| سانائەتتە نانومېتىرلىق ئۇششاق پاراشوكلارنى تۆۋەن ھارارەتتە قېتىشتۇرۇپ بىرىكتۈرۈش ۋە ئۇنى تېخنولوگىيىلىك چوڭايتىش ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| ئوتلاق سوكال چاشقىنىنى يورۇق ئورۇندىكى 3 گېنلىق ۋاكسىنا بىلەن ئىممۇنىتېتلاپ كۆپىيىدىغان قىلىش ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدىكى قۇم بىلەن داۋالاشنىڭ بىئولوگىيىلىك ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش مېخانىزمى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى (چاغاتاي يېزىقى) دىكى ھۆججەت - ماتېرىياللارنى رەقەملەشتۈرۈپ رەتلەش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| كۆپ تىللىق، كۆپ ۋاستىلىك تور بىلەن ئوقۇتۇش سىستېمىسىنىڭ يېڭى تېخنىكىسى ۋە يېڭى ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| «3S» تېخنىكىسىنىڭ ياردىمى بىلەن شىنجاڭدا قار ئېرىتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان كەلكۈندىن ئالدىن سىگنال بېرىش تەدبىرى ياردەمچى سىستېمىسى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| سىجىل تەرەققىيات سېلىنمىسى بىلەن ھاسىلاتنىڭ ئەندىزىسىنى كېڭەيتىش — شىنجاڭ مىسال قىلىندى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭنىڭ شىمالىي رايونلىرىدىكى يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋانلارنىڭ رايون سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ ئېكولوگىيىلىك، جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭ ياۋا كۆكسۇلتانىنىڭ كۆپىيىش پلازمىسى بايلىقىنى تولۇقلاپ تەكشۈرۈش - يىغىپ ساقلاش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| جۇڭگو مېرىنوس قويى (شىنجاڭ تىپى) قوزىسى چوڭ قېرىنىنىڭ ھەزىم قىلىش - يېتىلىش قانۇنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولىدىغان زەھەر تەسىرىنىڭ تەڭرىتاغ شەمشادىنىڭ تەبىئىي يېڭىلىنىشىغا بولغان تەسىرى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| XJT9503 تىپلىق يۇقىرى ھارارەتلىك نېيتراللىق پىروتېئىنازا قورۇلۇشى باكتېرىيىسىنى تۇرغۇزۇش | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| بېدىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك يىلتىز تۈگۈنەك قورۇلۇش باكتېرىيىسىنىڭ مۇھىت بىخەتەرلىكى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئاساسىي تەتقىقاتى | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| ئۈچىنى ئۈزۈشنىڭ شىنجاڭ قۇرۇقلۇق كېۋەزنىڭ «بالدۇر چېكىنىش» گە بولغان تەسىرى | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭدىكى شورلۇق تېرىلغۇ تۇپراقتىكى ئازوت ئوغۇتلۇق ئاممىياكنىڭ پارغا ئايلىنىپ زىيان بولۇش خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |

| | |
|---|---|
| غەيرىي نورمال قارا ئۆت نېرۋىسى — ئىچكى ئاجرالمىلار - ئىممۇنىتېت تورى قالايمىقانلىشىشنىڭ ئورتاقلىق خۇسۇسىيىتى مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك تەتقىقات ئورنى |
| يۇرەك ۋېگېتاتىپ نېرۋىسىنىڭ ئۆپكە ۋېناسىنى مەنبە قىلغان تۇتقاقلىق خاراكتېردىكى دالانچە تەۋرىنىش مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى |
| باكتېرىيە يۇققۇچى تەنچە پېيتىدىن تاللانغان پۈۋەكلىك شارسىمان لىچىنكا Em18 نىڭ ئانتىگېنلىق يۈزە ئورنى ۋە ئۇنىڭ ئىممۇنىتېتلىق خۇسۇسىيىتىگە دىئاگنوز قويۇش ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ پەنلەر تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى |
| HPV16 ۋە HLA—DRB1 تەڭ ئورۇنلۇق گېنىنىڭ پولىمېرلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بالىياتقۇ بويىنى راكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى |
| جۇڭگو تىبابەتچىلىكىدىكى «غەربىي شىمالنىڭ قۇرغاق ئاساسى» تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى |
| ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان ئېلېكترونلۇق ماتېرىياللارنىڭ كاللەكلىنىش مودېلى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| جۇڭغار ئويمانلىقى چۆللۈكىدىكى ئۆمرى قىسقا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك ماسلىشىش مېخانىزمى ۋە ئېكولوگىيىلىك تارقىلىش ئۈنۈمى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭنىڭ ئېبنور كۆلى ۋادىسىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ۋە ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەندىزىسى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى |
| خالىغان كەسمە يۈزلۈك ئۆتكۈزگۈچ جىسىم دىۋارىدىكى ھالقىسىمان غەيرىي يۇملاق كەسمە يۈز پلازمىسىنىڭ تۇراقلىق خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| قالدۇق سۇلياۋ يوپۇق تازىلايدىغان يايسىمان كۆتۈرۈلمە چىشلىق تۇلۇقنىڭ گېنىماتىكا قائىدىسى ۋە تېخنولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| ئاچچىق پۇرچاق ئىشقارى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ماددىلارنى بىرىكتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا - خىمىيە تېخنىكا تەتقىقات ئورنى |
| نانومېتىر كرىستاللىق سترونتسىي بارىي تىتانات ماتېرىياللىرىنى، مىكرو دولقۇنلۇق سۇدا بىرىكتۈرۈش مېخانىزمى ۋە تېخنولوگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا - خىمىيە تېخنىكا تەتقىقات ئورنى |
| قۇرغاق رايون بوستانلىقلىرىدىكى مەركىزىي شەھەر چەمبىرىكىنى ماس راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات — ئۈرۈمچى مەركىزىي شەھەر چەمبىرىكى مىسال قىلىندى | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى |

## سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك پاختا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش ئەھۋالى

بۇ تېمىدا جۇڭگونىڭ پاختىچىلىق تەرەققىياتىدا ساقلىنىۋاتقان سورت ۋە سۈپەت قۇرۇلمىسى كۆپ خىل بولماسلىق، سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە كېۋەزلىك ئۆچۈرلىرىنى باشقۇرۇش تېخنىكا سىستېمىسى مۇكەممەل بولماسلىق، كەسىپلىشىش تەرەققىياتى ئاستا بولۇش ھەمدە پاختىچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولماسلىققا ئوخشاش قىيىن مەسىلىلەر نەزەردە تۇتۇلۇپ، مەخسۇس تىپتىكى سورتلارنى تاللاش ئاساس، سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلەپچىقىرىش نىشان قىلىنىپ، پاختىچىلىقنى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرى، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا، ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىن بىر گەۋدىلەشتۈرۈش تېخنىكا سىستېمىسى قۇراشتۇرۇپ چىقىلغان ۋە مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن ھەمدە كەڭ كۆلەمدە ئۈلگە كۆرسىتىش - كېڭەيتىش ئېلىپ بېرىلىپ، جۇڭگونىڭ تاللانغان كېۋەز سورتى، پاختا يىپى ۋە پاختا توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ خەلقئارا بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارى كۈچەيتىلىپ، پاختىچىلىقنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈمى ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆستۈرۈلگەن.

بۇ تۈر يولغا قويۇلغان 3 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا سۈپەتلىك ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك پاختا ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى ئاچقۇچلۇق تېخنىكىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا، ئۈنۈۋېرسال يۈرۈشلەشتۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات قانات يايدۇرۇلغان. سۈپەتلىك، پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى

چەكلەپدىغان ئامىللار ھەمدە ئۇنى تەڭشەپ تىزگىنلەش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان؛ كېۋەزنى مىقدارلاپ سۇغىرىش ۋە يورۇشلەشتۇرۇپ ئوغۇتلاش تېخنىكىسى تەتقىق قىلىنغان؛ GIS ئاساس قىلىنغان كېۋەزلىكتىكى تۇپراقنىڭ ئۇرۇقلۇق تەركىبىنى باشقۇرۇش ۋە تاللانغان ئوغۇتلاش سىستېمىسى تۇرغۇزۇلغان؛ كېۋەزلىكلەردە سۇدىن يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن پايدىلىنىش يېڭى تېخنولوگىيىسى، يېڭى ئۆسكۈنىلەرنى يورۇشلەشتۇرۇش تېخنىكىسى قۇراشتۇرۇلغان؛ پاختىچىلىق رايونلىرىدىكى رايون دائىرىلىك زىيانلىق بىئوئېكولوگىيىنى تەڭشەپ تىزگىنلەش تېخنىكا تەتقىقاتى قانات يايدۇرۇلغان؛ كېۋەزلىكتىكى يەرلەرنى كۆچلەندۈرۈش تۈزۈمى ۋە پاختىنى ئورگانىك ھالدا ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا تەتقىقاتى دەسلەپكى قەدەمدە ئېلىپ بېرىلغان؛ كېۋەز ئۆستۈرۈشنىڭ ئومۇمىي جەريانىنى ماشىنىلاشتۇرۇپ يورۇشلەشتۇرۇش تېخنىكىسى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن؛ توقۇمىچىلىقتا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بىرخىل يىپنى كەسپلەشتۈرۈش تېخنولوگىيە سىستېمىسى تۇرغۇزۇلغان. 3 يىلدىن بۇيان، بۇ تېمىدا كېۋەزنىڭ 13 خىل يېڭى سورتى تەكشۈرۈش (ئېتىراپ قىلىش) تىن ئۆتتى، سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا دائىر 31 خىل (يۈرۈش) تېخنىكا تەتقىق قىلىندى، بارلىققا كەلتۈرۈلدى ۋە مۇجەسسەملەشتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پاختىنى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا قائىدىسى 11 خىل بولۇپ، بۇنىڭدىن 4 تۈر پاتېنتقا ئېرىشتى، 2 تۈر پاتېنتقا مەلۇم قىلىندى. 4 يادرولۇق تەجرىبە رايونى، 4 ئۈلگە رايونى، پاختا توقۇمىچىلىقىنى كەسپلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى بويىچە بىر ئۈلگە بازىسى قۇرۇلدى. 3 يىلدا پاختا موسۇلى 451 مىڭ توننا ئاشتى، 2 مىليارد 930 مىليون يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ۋە ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 98 ئىلمىي ماقالە يېزىلدى ۋە ئېلان قىلىندى، 5 مەخسۇس ئەسەر نەشر قىلىندى.

خۇاڭ جۈەن

## كىچىك شەھەر - بازارلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە ئۈلگە قۇرۇلۇشى

بۇ تۈر 2003 - يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئەنىڭچۇ بازىرى بىلەن قورغاس ناھىيىسىنىڭ چىڭشۇيخوزا بازىرىدا يولغا قويۇلدى. ئەنىڭچۇ بازىرى يېزا ئىگىلىك ئەمەلىي تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، پەن - تېخنىكا ئۈلگە باغچىسى، باقمىچىلىق كىچىك ئۈلگە رايونى، زىيانسىز كۆكتات تېرىش ئاساس قىلىنغان پەن - تېخنىكا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرىنى يولغا قويۇپ، شەھەر ئەتراپى ساياھەت يېزا ئىگىلىك رايونى بەرپا قىلىپ، يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەپ، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇردى. 2003 - يىلى 1999 - يىلدىكىگە قارىغاندا، يېزا ئىقتىسادىي ئومۇمىي كىرىمى %44، يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى %28.8 ئاشتى، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى %36.8 ئېشىپ، 3726 يۈەنگە يەتتى، شەھەر - بازارلىشىش سەۋىيىسى %18 تىن %39 كە يەتتى، شەھەر - بازار رايونلىرىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %25 تىن %30 كە يەتتى. پەن- تېخنىكىنىڭ تۆھپە نىسبىتى %52 بولدى.

قورغاس ناھىيىسىنىڭ چىڭشۇيخوزا بازىرى قورغاس پورتىغا يېقىن بولۇشتەك جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىككە تايىنىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسى بىلەن رايون ئىقتىسادىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش قۇرۇلمىسىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەپ، ھۆل ئۈزۈمچىلىك بازىسى قۇرۇلۇشى، ئۆزگىچە كىچىك باقمىچىلىق ئۈلگە رايونى، 1000 مو (66.67 گېكتار) چىلان، 1000 مو (66.67 گېكتار) پەسىلسىز كۆكتات، 30 مىڭ مو (2000 گېكتار) تاۋۇز ئۇرۇقى بازىسى قۇرۇلۇشى، سۇ تېجەپ سۇغىرىش تۈرى، سەيلى - ساياھەت قاتارلىق تۈرلەرنى يولغا قويدى. شەرق - غەرب ھەمكارلىقى ئۈلگە رايونىنىڭ سانائەت باغچىسىغا 15 چوڭ سانائەت كارخانىسىنى كىرگۈزۈپ ماكانلاشتۇردى. 14 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 3 كەسپىي توپ تارقىتىش بازىرى قۇرۇپ چىقتى؛ 866.67 گېكتار ئۈزۈمچىلىك بازىسى قۇردى ھەمدە 10 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ سىغىمچانلىقى 3100 توننا كېلىدىغان ھۆل يېتى ساقلاش ئامبىرى ياسىدى؛ «يېشىل ساغلاملىق» ماركىلىق زىيانسىز كۆكتاتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئەتراپتىكى شەھەر ۋە قازاقىستاندا ساتتى. 20 نەچچە مىڭ دېھقان - چارۋىچى (قېتىم) بويىچە تەربىيىلەندى. 2003 - يىلى بۇ بازار بويىچە 2 - ۋە 3 - كەسىپنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1999 - يىلدىكىدىن 5 پىرسەنت پوئېنتى ئۆستى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 1999- يىلدىكىدىن %42.8 ئاشتى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3352 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %34.8 ئاشتى. بازارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %32.6 كە يەتتى. مۇشۇ تۈرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن چىڭشۇيخوزا ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى.

خۇاڭ جۈەن

## پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ يېزا ئىگىلىكى كەسپلەشتۈرۈلگەن ئۈلگە شەھەر قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى

1999 - يىلى پەن - تېخنىكا نازارىتى «پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ يېزا ئىگىلىكى كەسپلەشتۈرۈلگەن ئۈلگە شەھەر قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش» تۈرىنى يولغا قويۇشقا تەشكىللەتچىلىق قىلدى، بۇ تۈر سانجى شەھىرىدە يولغا قويۇلدى. يولغا قويۇش مۇددىتى 1999 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە بولۇپ، ئاپتونوم رايون 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن خىراجەت ياردەم بەردى. بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇشى سانجى شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. سانجى شەھىرىنىڭ كەسپلەشكەن چارۋا مال ۋە ئۆي قۇشلىرى كەسپى، ئۇنچىلىق، ئۇرۇقچىلىق، مېۋە - چېۋە، كۆكتات، باغۋەنچىلىك كەسپلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى، بىر تۈركۈم يېزا ئىگىلىك باشلامچى كارخانىلىرى يېتىلدۈرۈلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 2003- يىلى 37 مىڭ 300 گېكتار يەردە ئۇرۇق ئىشلەش كۆلىمى شەكىللەندى، 33 مىڭ 300 گېكتار يەردە سۈپەتلىك بۇغداي، 6700 گېكتار يەردە سۈپەتلىك پەمىدۇر، 3300 گېكتار يەردە هاراق چىقىرىدىغان ئۈزۈم بازىسى ۋە 1300 گېكتار يەردە يېمەكلىك هۆل ئۈزۈم بازىسى قۇرۇلدى ھەمدە مۇناسىپ پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى شەكىللەندى. نۆۋەتتە سانجى شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش سەۋىيىسى شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

خۇاڭ جۈەن

## پەن - تېخنىكا تىپىدىكى ئوتتۇرا - كىچىك كارخانىلارنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش فوندى تۈرىنى ئۈستىگە ئېلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى بىلەن، شىنجاڭ بويىچە 11 تۈر (2002 - يىلدىن ئېشىپ قالغان بىر تۈرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دۆلەتنىڭ مەبلەغ ياردىمىگە ئېرىشتى، ئۇنىڭ ئومۇمىي ياردەم سوممىسى 5 مىليون 900 مىڭ يۈەن. بۇ تۈرلەر ۋە ئۇلارنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار مۇنۇلار: يىلىغا 40 مىليون تال مۇرەككەپ ئەتىرگۈل قىزىلمارال ئىچمىلىكى ئىشلەپچىقىرىش (شىنجاڭ «خۇاشىدەن» دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتى)، يېڭىلىق يارىتىلغان يۇقىرى خىلورلۇق ھېمىن دورىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ خام ئەشيا دورىسىنى ئارىلىقتا سىناق قىلىش (شىنجاڭ «كېلى» بىئوتېخنىكا چەكلىك شىركىتى)، فېرمېنتلىق ئۇسۇل ئارقىلىق يىلىغا 500 توننا ئولىگوساخارىد ئىشلەپچىقىرىش (شىنجاڭ «زۇڭخېڭ» پاي چەكلىك شىركىتى)، غەربىي قۇرۇلمىلىق سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن پايدىلىنىش سۇپىسى — UPHDDB (شىنجاڭ «غەربىي شىمال يۇلتۇزى» ئۇچۇر تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، ئەپەندى ماركىلىق كۆپ ۋاستىلىك يۈرۈشلۈك تەربىيىۋى يۇمشاق دېتال (ش ئۇ ئا ر پەننىي ئەسۋابلار شىركىتى)، فۇخۇا POS — SOFT يۇمشاق دېتال سىستېمىسى (شىنجاڭ «سىتوڭ» فۇخۇا يۇمشاق دېتال تېخنىكا چەكلىك شىركىتى)، WR — 510 قايتا ھاسىل بولىدىغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك يىلىمنى ئاكتىپلاشتۇرغۇچى رېئاكتىپ (تۈرپان «دۆلەت يۇلتۇزى» كاۋچۇك سانائەت - سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، تۇرۇبا يولى سارقىما ماگنىتتىنىڭ نازۇكلۇق دەرىجىسى يۇقىرى لىنىيە تەكشۈرۈش سىستېمىسى (شىنجاڭ «ئۈچ يوپۇرماق» تۇرۇبا تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، تۇپراقنى ياخشىلاپ سۇ ساقلاپ ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش دورىسىنى كەسپلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش (شىنجاڭ «مەنجياڭخۇڭ» دېھقانچىلىق ۋاستىلىرى، خىمىيىۋى ئوغۇت پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى)، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى ھەققى ئېلىشنى باشقۇرۇش سىستېمىسى (شىنجاڭ «بور» پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، ئوپتىك تالا ئارقىلىق سېزىم ئۆتكۈزۈش يولى بىلەن دورىلارنىڭ ئېرىشچانلىق جەريانىنى ئانالىز قىلىش ئەسۋابى (شىنجاڭ «فوكېي» بىئوتېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى).

2003 - يىلى شىنجاڭ «جىنفېڭ» چەكلىك پاي شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «600 كىلوۋاتلىق ئېلىمېنتلىرى ئىشلەنگەن شامال گېنېراتورلار گورۇپپىسىنى كۆلەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش» ۋە شىنجاڭ «تيەنشەن» پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «شىنجاڭ رەڭلىك پاختىسىنىڭ گېنى ئۆزگەرتىلگەن زەمبۇرۇغقا قارشى نەسلىنى يېتىشتۈرۈش» تۈرى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

جاڭ شەنخۇ

## ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش فوندى تۈرىنى ئۈستىگە ئېلىش ئەھۋالى

شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش فوندى 2000 - يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ھەر يىللىق مەبلەغ نورمىسى 5 مىليون يۈەن. 2003-

يەنە 41 تۈر قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭدىن 26 تۈر پەن - تېخنىكا نازارىتى، مالىيە نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. تۈرلەرنىڭ نامى ۋە ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار مۇنۇلار: ئۇچۇر بايلىقىنى ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش ۋە ئېلان قىلىش سىستېمىسى (شىنجاڭ «غەربىي شىمال يۇلتۇزى» ئۇچۇر تېخنىكا شىركىتى)، فوخۇا SOFT — POS يۇمشاق دېتال سىستېمىسى (شىنجاڭ «سىتوڭ» فوخۇا يۇمشاق دېتال تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتى)، پەن - تېخنىكا تىپىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئېلېكترون سودا ئۇچۇر مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (شىنجاڭ پەن- تېخنىكا ئۇچۇرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەركىزى)، فېرمېنتلىق ئۇسۇل ئارقىلىق يىلىغا 3000 توننا تۆۋەن لېۋان ئىشلەپچىقىرىش (شىنجاڭ «زوڭخېڭ» پاي چەكلىك شىركىتى)، ئالىي دەرىجىلىك ئۆزگىچە سۇسىز كۆكتات (شىنجاڭ ھاياتلىق قىزىل يېمەكلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، گىلەمنى تەبىئىي ئۆسۈملۈك رەڭدە بوياش ئارىلىق سىنىقى (شىنجاڭ خوتەن «شەرق» گىلەمچىلىك چەكلىك شىركىتى)، نافتالىن پۈسىن ناترىي تىنچلاندۇرۇش تابلېتكىسى (شىنجاڭ «تېنفېڭ» دورىگەرلىك پاي چەكلىك شىركىتى)، يىلىغا 40 مىليون تال مۇرەككەپ ئەتتىرگۈل، قىزىلمارال ئىچىملىكى ئىشلەپچىقىرىش (شىنجاڭ «خۇاشىدەن» دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتى)، «قار لەيلىسى ئوكۇل سۇيۇقلۇقى» نى كەسپلەشتۈرۈش (شىنجاڭ غەربىي يۇرت دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتى)، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن كالىي چىرىندى كىلاتاسى (شىنجاڭ «قوش ئەجدىھار» چىرىندى كىلاتا چەكلىك شىركىتى»، ئۈچىنچى قېتىم نېفىت ئېلىشقا ياردەم بەرگۈچى مىكرو ئورگانىزم خۇرۇچى ۋە تېخنىكىسى (شىنجاڭ قاراماي شەھەرلىك «جىنشەن» نېفىت خىمىيە سانائىتى پەن- تېخنىكا ئوقەتچىلىك شىركىتى)، يۇقىرى ئىقتىدارلىق لىتىي ئىئونلۇق باتارېيىنىڭ مەنپىي قۇتۇپلۇق ماتېرىيالىنى ئارىلىقتا سىناق قىلىش (شىنجاڭ «شېڭفېي» پەن - تېخنىكا ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى)، ئېلېكتر - ماگنىت ئالماشتۇرۇپ ۋە تولۇقلاپ توك تېجىگۈچى مەھسۇلاتلار (شىنجاڭ ئىسسىقلىقتىن قىسقىرايدىغان ماتېرىياللار چەكلىك شىركىتى)، AS150 ئاۋاز دولقۇنلۇق چاڭ - توزان تازىلىغۇچ قۇرۇلمىسى (ئۈرۈمچى «ئوۋ» پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى)، 750 كىلوۋاتلىق شامال گېنېراتورى گورۇپپىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ «جىنفېڭ» پەن- تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى)، «ئېنېرگىيە تېجەپ مۇھىت ئاسرايدىغان دىزېل مېيى بىلەن تېمپېراتۇرا ئاشۇرۇش قۇرۇلمىسى» نى ئارىلىقتا سىناق قىلىش (شىنجاڭ «بوئاۋ» پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى)، يىلىغا 100 مىڭ تال «قار لەيلىسى چاپلىما دورىسى» ئىشلەش لىنىيىسىنى ئارىلىقتا سىناق قىلىش (ئۈرۈمچى «داۋشى ۋېيياۋ» بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتى)، يېڭى تىپتىكى دورا ماتېرىيالى — تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق تېرمو پىلاستىك تاختاي (شىنجاڭ «رېنفۇ» داۋالاش ئەسۋابلىرى چەكلىك شىركىتى)، يەم-خەشەك قىلىنىدىغان يېشىل مىكرو ئېكولوگىيىلىك ياسالمىلارنى تەييارلاش تېخنولوگىيىسى (ئۈرۈمچى «دېڭىز يۇلتۇزى» بايلىق مۇھىت مىكرو بىئولوگىيە تەتقىقات ئورنى)، يۇقىرى خلورلۇق ھېمىن يېمەكلىكى ۋە خىمىيە سانائىتى دورا ماتېرىياللىرىنى ئارىلىقتا كۆچەيتىش سىنىقى (شىنجاڭ «كېلى» بىئوتېخنىكا چەكلىك شىركىتى)، يېمەكلىك مايىنى قورۇتۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەنگەن ئىشقار ئايرىش دورىسى (شىنجاڭ يېڭى كۆكتات ئالاھىدە خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، قوش پەردىلىك قۇتۇپ بويىچە تاللانغان مومسىزلاندۇرۇش تېخنولوگىيىسىنى ئارىلىقتا سىناق قىلىش (ئۈرۈمچى «خېيياڭشىيا» ماي پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى)، WR — 510 قايتا ھاسىل بولىدىغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك يىلىمنى ئاكتىپلاشتۇرغۇچى رېئاكتىپ (تۇرپان شەھەرلىك «دۆلەت يۇلتۇزى» كاۋچۇك سانائىتى سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، سۇغىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان بېسىملىق ئېقىن مىقدارىنى تۇراقلاندۇرغۇچنىڭ يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (شىنجاڭ كارىز سۇغىرىش تېخنىكىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، تۇرۇبا يولى سارقىما ماگنىتىنىڭ نازۇكلۇق دەرىجىسى يۇقىرى لىنىيە تەكشۈرۈش سىستېمىسى (شىنجاڭ «ئۈچ يوپۇرماق» تۇرۇبا يولى تېخنىكىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، سىرتقى يۈزنى ئاكتىپلاشتۇرغۇچى ئاگېنت ئارقىلىق بېسىم بىلەن قاتلام يېرىش سۇيۇقلۇقىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى قوللىنىش (قاراماي شەھەرلىك «شىنيى» نېفىتلىك تېخنىكا مۇلازىمەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى).

2003 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭىلىق يارىتىش فوندى تۈرىدىن 7 سى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. بۇ تۈرلەر ۋە ئۇلار ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار مۇنۇلار: ئېبىنۇر كۆلى ئارتېمىيە قوڭغۇزىنى تېز توڭلىتىپ سۇسىزلاندۇرۇپ تەييارلاش يېڭى ھۈنەر - سەنئىتىنى ئارىلىقتا سىناق قىلىش (شىنجاڭ ئېبىنۇر كۆلى بىئولوگىيىلىك ياسالمىلار چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، ئاق سالمون بېلىقىنى سۇ يۈزىگە سۇنئىي قويۇپ بېرىش ۋە سۇنئىي كۆپەيتىش (بورتالا ئوبلاستلىق سايرام كۆلى سوغۇق سۇ بېلىقى پەن تەتقىقات تەرەققىيات - باقمىچىلىق مەيدانى)، گاز بىلەن

ھەرىكەتلىنىدىغان، ئېمۇلسىيىلەپ گۆڭگۈرتسىزلەندۈرىدىغان چاڭ ـ توزان تازىلاش قۇرۇلمىسى (شىنجاڭ بايىنغولىن ئوبلاستلىق «شۇرى» مۇھىت ئاسراش قۇرۇلۇشى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، خۇسۇسىيىتى ئۆزگەرتىلگەن سۈزۈكلۈك دەرىجىسى يۇقىرى بوتۇلكىغا ئىشلىتىلىدىغان پولى ئېستېر (شىنجاڭ «تۇنخې» پولى ئېستېر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، 100 مىڭ توننا «ئالتۇنتاش» ماركىلىق خۇسۇسىيىتى ئۆزگەرتىلگەن يول ئاسفالتى (شىنجاڭ «ئالتۇنتاش» كەسپىي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، 50 كىلوگرام بويىچە يۇمىلاقلاپ ئوت باغلاش ماشىنىسى ۋە سوزۇلما پەردىلىك ئوراش ماشىنىسى (شىنجاڭ «ئوۋدې» يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى)، ئېتىز ـ ئېرىقلاردا سۇ تېجەيدىغان مىكرو ماشىنا بىلەن سۇغىرىشنى تىزگىنلەش سىستېمىسى (شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈچۈر تېخنىكىسى تەرەققىيات شىركىتى).

جاۋ شەنخۇ

## پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش مەخسۇس مەبلىغى 2002 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن تەسىس قىلىنغان. 2002 — 2003 ـ يىللىرى 64 تۈر تۇرغۇزۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىققا دائىر تۈر 32، سانائەتكە دائىر تۈر 28، تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك، مەھىيىگە دائىر تۈر 2، باشقىلارغا دائىر تۈر 2. ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، جەمئىيەتتىن 1 مىليارد 127 مىليون يۈەن مەبلەغ جەلپ قىلىندى، ئاپتونوم رايون مالىيىسى مەبلەغ جەھەتتىن يېتەكلەيدىغان، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ سېلىشى ئاساس قىلىنىدىغان، پۈتۈن جەمئىيەت قاتنىشىپ پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش ۋە كەسىپلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى.

شىنجاڭ «ئالتۇن كالا» بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «تۆرەلمە كۆچۈرۈش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ نەسىللىك كالىلارنى تېز كۆپەيتىش» تۈرى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، نەسىللىك سۈت كالىسى 6000 تۇياقتىن كۆپىيىپ 12 مىڭ تۇياقتىن كۆپرەككە يەتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى كانادا، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلىنغان سۈپەتلىك سۈت كالىسىدىن ئىبارەت. 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر نەسىللىك كالا تۆرەلمىسىدىن 15 مىڭ تال ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭدىن 12 مىڭ تال تۆرەلمە ئىچكى ئۆلكىلەرگە سېتىلدى، مۇشۇ بىر تۈردىلا سېتىش كىرىمى 20 مىليون يۈەندىن ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «شىركەت + تېرىقچىلىق بازىسى + دېھقانلار ئائىلىسى + باقمىچىلىق ئائىلىسى» دىن ئىبارەت كەسىپلەشكەن تەشكىللىي شەكىل پەيدىنپەي ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ۋە ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، نەسىللىك كالىلارنى كۆپەيتىشتىكى سۈپەتلىك ئوت ـ چۆپلەرنىڭ سۈپىتىگە ۋە دېھقان ئائىلىسى، باقمىچىلىق ئائىلىسىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىندى. شىركەت شۇ جايدىكى دېھقان ئائىلىسى بىلەن سۈپەتلىك ئوت ـ چۆپ سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالىدى، بۇنىڭ بىلەن باقمىچىلىق رايونىدىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى ھەر يىلى 3 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئاشتى.

سانجى «فېڭگو» يېزا ئىگىلىك يېڭى تېخنىكىسىنى قوللىنىش چەكلىك شىركىتى بىلەن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىكتە ئۈستىگە ئالغان «بىدىنىڭ يېڭى سورتىنى كۆپەيتىش تېخنىكىسىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش» تۈرىدە، 2003 ـ يىلى ئۇرۇقنى كېڭەيتىپ كۆپەيتىش بازىرىنىڭ مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى تاماملاندى، «شىنجاڭ چارۋا ئوت ـ چۆپى — 3» بىدىسىنىڭ ئەسلى ئۇرۇقى 6.67 گېكتار يەرگە تېرىلدى، كېڭەيتىلگەن ئېتىز 133.33 گېكتارغا يەتتى. 5 ئەسلى ئۇرۇق، 60 توننا سۈپەتلىك ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىلىپ، 4000 گېكتار يەرگە كېڭەيتىلدى. شىنجاڭ «شىنشى» سورت يېتىشتۈرۈش چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «ئۆزۈقلۇق ئاشلىق ھەم يەم ـ خەشەك قىلىنىدىغان شالغۇت كۆممىقونىقىنىڭ سورتلىرىنى كەسىپلەشتۈرۈش» تۈرىدە، تۇنجى ئەسلى ئۇرۇق 0.67 گېكتار يەرگە تېرىلىپ، تۇنجى ئەسلى ئۇرۇقتىن 2000 كىلوگرام ئىشلەپچىقىرىلدى، 26.67 گېكتار يەرگە ئەسلى ئۇرۇق تېرىلىپ، 120 مىڭ كىلوگرام ئەسلى ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىلدى. ئەسلى ئۇرۇقنىڭ سۈپىتى دۆلەتنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتتى. 2 يىلدا 200 مىڭ گېكتار يەرگە كېڭەيتىلدى.

شىنجاڭ خۇشپۇراق ئۈسۈملۈك پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «چۆل رەيھىنى»، «زۇفا» قاتارلىق خۇشپۇراق ئۈسۈملۈك سورتلىرىنى كېڭەيتىش تۈرىدە 2003 ـ يىلى خۇشپۇراق ئۈسۈملۈك تېرىلغان يەر كۆلىمى 2000 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خوشۇت ناھىيىسىدە 1200 گېكتار، ئىلى ئوبلاستىدا 800 گېكتار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ ئۈسۈملۈك تېرىلغان رايوندا يول، ئېتىز ـ ئېرىق ئىنشائات ئورمان قۇرۇلۇشى تاماملاندى ھەمدە خۇشپۇراق ئۈسۈملۈك مېيىنى چەككىلەپ پىششىقلاش زاۋۇتىدىن 2سى قۇرۇلدى. لايىھەدىكى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 200 توننا. ھازىر

چەكلەنمىگەن ۋە چەكلەنگەن مايدىن 40 توننا ئىشلەپچىقىرىلدى. خۇشپۇراق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇتۇلغان چېچىكى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى مەھسۇلاتىدىن 30 توننا ئىشلەپچىقىرىلدى. ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا سېتىلدى، بازار ئىستىقبالى ياخشى بولماقتا.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى دانلىق زىرائەت تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان «گۈللۈك سەي پۇرچاق، نوقۇتنىڭ يېڭى سورتلىرىنى ۋە ئۇنى يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تۈرىدە، گۈللۈك سەي پۇرچاقنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقى 9000 كىلوگرام كۆپەيتىلىپ، 148.67 گېكتار ئېتىزدا ئۆلگە كۆرسىتىلىپ، 4600 گېكتار يەرگە كېڭەيتىلدى. نوقۇتنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقى 1000 كىلوگرام كۆپەيتىلىپ، 96.87 گېكتار ئېتىزدا ئۆلگە كۆرسىتىلىپ، 6200 گېكتار يەردە ئومۇملاشتۇرۇلدى. بۇ تۈردە شۇنىڭ بىلەن تەڭ «شىمالىي شىنجاڭدىكى سوغۇق، سالقىن رايونلاردا ئەتىيازدا بىرلىك (0.067 گېكتار) ھوسۇلى 200 كىلوگرامدىن 250 كىلوگرامغىچە بولغان سۈتلۈك، گۈللۈك سەي پۇرچاقنى تېرىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكا قائىدىسى» ۋە «شىمالىي شىنجاڭدىكى سوغۇق - سالقىن رايونلارنىڭ سۇلۇق ھەم قۇرغاق يەرلىرىدە ئەتىيازدا نوقۇت تېرىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى» تاماملاندى.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈستىگە ئالغان ‹شىنجاڭ كۈزگىسى — 18›، قاتارلىق سۈپەتلىك بۇغداي سورتلىرىنى كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى» تۈرىدە، «شىنجاڭ كۈزگىسى — 18»، «شىنجاڭ كۈزگىسى — 20»، «شىنجاڭ يازغىسى — 10» دىن ئىبارەت 3 خىل سورتنىڭ تۈنجى ئەسلى ئۇرۇقىنى 6.67 گېكتار يەرگە تېرىش ۋە 66.67 گېكتار يەرگە ئەسلى ئۇرۇقىنى تېرىش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، سۈپەتلىك بۇغداينىڭ تۈنجى ئەسلى ئۇرۇقىدىن 20 توننا، ئەسلى ئۇرۇقىدىن 350 توننا، سۈپەتلىك سورتتىن 8000 توننا ئىشلەپچىقىرىلدى. 133.33 گېكتار كېلىدىغان يۇقىرى ھوسۇل تېخنىكىسى بويىچە ئۆلگە ئېتىزى بەرپا قىلىندى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سۈپەتلىك بۇغداي سورتى كېڭەيتىپ تېرىلغان يەر كۆلىمى 80 مىڭ گېكتارغا يەتتى.

سانجى ئوبلاستلىق «يېڭى ئەسىر» يېزا ئىگىلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى ئۈستىگە ئالغان «پىششىقلانما پەمىدۇرنىڭ يېڭى سورتى ‹يېڭىدىن كىرگۈزۈلگەن 1 — 98›» تۈرىدە، 2002 — 2003 - يىللىرى 13 توننا سۈپەتلىك سورت ئىشلەپچىقىرىلىپ، 4700 گېكتار يەرگە كېڭەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تۈنجى، جۈگچى، تيەنيېدىن ئىبارەت 3 گۇرۇھنىڭ ئاساسلىق خام ئەشيا بازىسىدا 266.67 گېكتار ئۆلگە ئېتىزى قۇرۇلدى، ئوتتۇرىچە مو (0.07 گېكتار) بېشى ھوسۇلى 6.8 تونىنغا، ئەڭ يۇقىرى مو (0.07 گېكتار) بېشى ھوسۇلى 19 تونىنغا يەتتى.

شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات يۇرتى ئۈستىگە ئالغان «چىلگە ياڭاقنى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن تۈجۈپىلەپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى» تۈرىدە، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن تۈجۈپىلەپ ئۆستۈرۈش ئۆلگە باغچىسىدىكى 6.67 گېكتار يەرگە ياڭاق كۆچىتى تىكىلدى. باغچا كۆچىتىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى %95 تىن ئاشتى. ئۇرۇقتىن ئۈندۈرۈلگەن ياڭاق كۆچىتى 0.53 گېكتار يەرگە قويۇلدى، 5.04 گېكتار يەردىكى تۆۋەن ھوسۇللۇق ياڭاق دەرىخى ئېگىزدىن ئۇلاپ سۈپەتلىك قىلىپ ياخشىلاندى، ئۇلاقنىڭ تۇتۇش نىسبىتى %95 تىن ئاشتى.

جىلىڭ ناھىيىسى ئۈستىگە ئالغان «شىنجاڭدا سۈپەتلىك ئالقات ئۇرۇقلۇق مايسىنى كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈش ۋە مودېللاشتۇرۇپ تېرىش تېخنىكىسى» تۈرىدە، 2002 — 2003 - يىللىرى 13 مىليون تۈپ كۆچەت كۆپەيتىلىپ، 2300 گېكتار يەردىكى ئالقات ئورمىنىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىلدى، 1700 گېكتار يەردىكى ئالقات ئورمىنى ياخشىلاندى. 50 قارار تېخنىكا كۇرسى ئېچىلىپ، 5000 دىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

شىنجاڭ «زۇڭخېڭ» پاي چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «يىلىغا 2000 توننا تۆۋەن پولى كىسلوزا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش» تۈرىدە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى كۆممىقوناق جەۋھىرى بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىلىپ تۆۋەن پولى كىسلوزا ئىشلەپچىقىرىلدى. يىلىغا 500 توننا تۆۋەن پولى كىسلوزا ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇلدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 24 توننا قوناق جەۋھىرى خام ئەشياسىدىن قاتتىق ھالەتتىكى كۆپ خىل ماددىلار %70 تىن ئاشىدىغان بىر تونىنىدىن كۆپرەك شېكەر قىيامى مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى تۆۋەن پولى كىسلوزا مىقدارى %55 تىن ئاشىدۇ. بۇ مەھسۇلاتنىڭ سېتىش سوممىسى 6 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شىنجاڭ «يېشىل بايراق» كارخانا (گۇرۇھى) بىئولوگىيە پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «‹يېشىل بايراق› ماركىلىق زىغىر يېلىمى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش» تۈرىدە، زىغىر بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭدىن زىغىر يېلىمى

ئاجرىتىۋېلىندى. 2003 - يىلى يىلىغا 300 توننا زىغىر يىلىمى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇلدى. 65 توننا زىغىر يىلىمى 516 توننا يىلىمسىزلاندۇرۇلغان زىغىر يىلىمى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىلدى، سېتىش كىرىمى 6 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

كۈيتۇڭ «يېڭى قۇرۇقلۇق» خىمىيە چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «يىلىغا 600 توننا مىكرو كرىستاللىق سېللۇلوزا يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتنى بارلىققا كەلتۈرۈش» تۈرىدە، كېرەكسىز چىگىت تۈكىنى بايلىقتىن تولۇق پايدىلىنىپ، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان مىكرو كرىستاللىق سېللۇلوزا ئىشلەپچىقىرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھۈنەر - سەنئەت تەرتىپى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 2003 - يىلى كەپشەر چوكىسىغا ئىشلىتىلىدىغان مىكرو كرىستاللىق سېللۇلوزىدىن 700 توننا، سۇنئىي خۇرۇمغا ئىشلىتىلىدىغان مىكرو كرىستاللىق سېللۇلوزىدىن 30 توننا ئىشلەپچىقىرىلدى، قۇرۇلۇشتا سۇلياۋغا ئىشلىتىلىدىغان مىكرو كرىستاللىق سېللۇلوزا ئەۋرىشكىسىنى سىناق تەرىقىسىدە ياساش خىزمىتى تاماملاندى.

چۆچەك شەھەرلىك ياۋا قارائۆرۈك بىئولوگىيە چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «قارا ئۆرۈك يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش تېخنىكىسى» تۈرىدە، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مول قارائۆرۈك بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، قارائۆرۈك چاتما مەھسۇلاتلىرى پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىلدى. يىلىغا 3000 توننا قارائۆرۈك پىششىقلىيالايدىغان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن بۇيان، بازارلاردا سېتىلىشى ناھايىتى ياخشى بولۇپلا قالماي، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ قارائۆرۈك تېرىقچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تېخىمۇ تۈرتكە بولدى، بۇنىڭ بىلەن شۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمى 18 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

شىنجاڭ «جىنفېڭ» پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن 600 كىلوۋاتلىق شامال گېنېراتورى گۇرۇپپىسى تېخنىكىسىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش» تۈرىدە، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4700 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان زامانىۋى زاۋۇت بىناسى سېلىندى، يىلىغا چوڭ تىپتىكى 200 يۈرۈش شامال گېنېراتورى گۇرۇپپىسى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەندى. شامال گېنېراتورىنىڭ ئۆزىمىزدە ئىشلىنىش نىسبىتى %96 كە يەتتى. 2002 — 2003 - يىللىرى 99 يۈرۈش شامال گېنېراتورىنى سېتىش توختامى ئىمزالاندى، توختامدىكى پۈتۈشۈش سوممىسى 230 مىليون يۈەن بولدى. شامال گېنېراتورىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى بازارلارنى ئىگىلەش نىسبىتى %50 تىن ئاشتى.

شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان «قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن ھاسىل بولغان توكنى تورغا چېتىپ تور ئالماشتۇرۇش قۇرۇلمىسىنى كەسپلەشتۈرۈپ بارلىققا كەلتۈرۈش» تۈرىدە، بۇ تۈرنى سىناق قىلىپ ياساش خىزمىتى تاماملىنىپ، قۇۋۋىتى 2 كىلوۋاتتىن 5 كىلوۋاتقىچە بولغان تورغا چېتىپ تەتۈر ئالماشتۇرۇش قۇرۇلمىسىدىن 208 يۈرۈش ئىشلەپچىقىرىلدى، ئۇلارنىڭ نەق مەيداندىكى ئايلىنىش ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى بولدى.

جاۋ پېڭ

## زور، ئاچقۇچلۇق سۈتچىلىك تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى كەسپلەشتۈرۈش تېخنىكىسىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش

2003 - يىلى دۆلەتنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىدىكى زور پەن - تېخنىكا تۈرى «زور، ئاچقۇچلۇق سۈتچىلىك تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى كەسپلەشتۈرۈش تېخنىكىسىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش»، «غەربىي شىمال دېھقانچىلىق رايونلىرىدا سۈتچىلىكنىڭ زامانىۋىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈش ۋە ئۇنى كەسپلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تېمىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئوڭۇشلۇق بولدى.

بۇ تېما ئۈرۈمچى، سانجى، قۇتۇبى، ماناس ۋە شىخەنزىدىن ئىبارەت 5 ناھىيە، شەھەردە يولغا قويۇلۇپ، زامانىۋىلاشقان يۇقىرى ھوسۇللۇق سۈت كالىسىنى ئاساسلىق يېتىشتۈرىدىغان 4 بازا قۇرۇلدى. يۇقىرى ھوسۇللۇق سۈت كالىسى يېڭىدىن 2000 تۇياق كۆپەيتىلدى، يۇقىرى ھوسۇللۇق سۈت كالىسىنىڭ قوتاندىكى سانى 10 مىڭ 100 تۇياققا يەتتى. يۇقىرى ھوسۇللۇق، نەسىللىك سۈت كالا تۆرەلمىسىدىن 14 مىڭ تال ئىشلەپچىقىرىلدى، 10 مىڭ 200 تال كۆچۈرۈلدى؛ توڭلىتىلغان ئىسپېرمىدىن 462 مىڭ ئاگېنت ئىشلەپچىقىرىلدى. تۆرەلمىنىڭ دەسلەپكى PCR جىنسىنى باھالاپ بېكىتىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى، ئۇنىڭ توغرىلىق نىسبىتى %100 بولدى. نۆۋەتتە جىنسى باھالاپ بېكىتىلگەن تۆرەلمىدىن 500 تال ئىشلەندى، جىنسى بېكىتىلگەن تۆرەلمىدىن 300 تال كۆچۈرۈلدى. 33.33 گېكتار يەردە بېدىنىڭ ساپ ئۇرۇقچىلىق بازىسى ۋە 33 گېكتار يەردە سىلوس كۆممىقوناقنىڭ ساپ ئۇرۇقچىلىق بازىسى، 300 گېكتار يەردە بېدىنى، 200 گېكتار يەردە كۆممىقوناقنى ئاساسلىق تېرىش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى



2003 - يىلى زور، ئاچقۇچلۇق سۈتچىلىك تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى كەسىپلەشتۈرۈش تېخنىكىسىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى شىنجاڭدا ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلدى. سۈرەتتە تېخنىكا ئۆلچىمى بويىچە بېقىلىۋاتقان خرۇستال سۈت كالىسى.

سۈرەتنى پەن - تېخنىكا نازارىتى تەمىنلىگەن.

قۇرۇلدى. سۈت كالىسىنىڭ جىددىي تارقىلىشچان كېسەللىكى 3 دەرىجە بويىچە (ئاپتونوم رايونلۇق، ئوبلاستلىق ۋە ناھىيىلىك پونكىت) بىرلىشىپ تەكشۈرۈش - قايتا تەكشۈرۈش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. 3 ناھىيە (شەھەر) دە ئاقسىل كېسەللىكى ئىممۇنىتېتلاش ۋە تارقاق بېقىلىۋاتقان كالىلارغا ئىممۇنىتېت بەلگىسى تاقاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، 199 مىڭ 900 تۇياق كۆشىگۈچى ھايۋان ئىممۇنىتېتلاندۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۈت كالىسى 44 مىڭ بولۇپ، ئىممۇنىتېت زىچلىق دەرىجىسى %100 بولدى. سانجى شەھىرى، ماناس ۋە قۇتۇبى ناھىيىلىرىدە تارقاق بېقىلىۋاتقان سۈت كالىسىنىڭ تۇبېركولىيوز، بروتېللىيوز كېسەللىكى، يوشۇرۇن يېلىن ياللۇغىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى.

يىلىغا 45 مىڭ توننا سۈت مەھسۇلاتىنى پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئاساسىدا، 186 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، 2 - قارارلىق زايومدىن پايدىلىنىپ سۈتچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. «مەيچۇر» ساپ كالا سۈتى دۆلەت يېشىل يېمەكلىك تەرەققىيات مەركىزى تەرىپىدىن يېشىل يېمەكلىك دەپ ئېتىراپ قىلىندى، باكتېرىيىسىزلەندۈرۈلگەن سۈت دۆلەت سۈپەت نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئىدارىسى تەرىپىدىن تەكشۈرۈش كەچۈرۈم قىلىنغان مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى.

شىنجاڭ رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يەم-خەشەكتىن تارتىپ كالا سۈتى يىغىش، توشۇش، پىششىقلاپ ئىشلەشكىچە بولغان يېشىل يېمەكلىكنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش تېخنىكا سىستېمىسى تەتبىق قىلىنىپ بارلىققا كەلتۈرۈلدى.

ئەلا نەسىللىك كالا ۋە نەسلى ياخشىلانغان كالا 25 مىڭ 200 تۇياققا يەتتى، مەبلەغ سېلىپ سۈت كالىسىنى بېقىپ كۆپەيتىدىغان 35 كىچىك رايون قۇرۇلدى، ھەر بىر كىچىك رايوندا ھازىر 500 سۈت كالىسى بار، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك سۈت مەھسۇلاتى 6000 كىلوگرامدىن ئاشتى، خام قايماق نىسبىتى %3.5 كە يەتتى، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىگە ساقلاش ۋە توشۇش ئۈسكۈنىلىرى سەپلەپ بېرىلدى، سۈتنى سوغۇق ساقلايدىغان كۆپتىن 64 ى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىلدى، يېڭى سۈتنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ساقلاپ توشۇش ئاپتوموبىلىدىن 13 ى سەپلەپ بېرىلدى. كۆلەملەشكەن باقمىچىلىق ماشىنىلاشتۇرۇلۇپ سۈت سېغىش نىسبىتى %80 تىن ئاشۇرۇلدى. تارقاق ئائىلىلەرنىڭ سۈت پونكىتلىرى سۈت كالىسىنى 14 مىڭ 200 تۇياق ئەتراپىدا تىزگىنلىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك سۈت مەھسۇلاتى 3000 كىلوگرامغا يەتتى، خام قايماق نىسبىتى %3.1 تىن ئاشتى. تارقاق ئائىلە پونكىتلىرىنىڭ سۈت سېغىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش نىسبىتى %30 كە يەتتى. تۈر گورۇپپىسى رايون دائىرىسىدىكى سۈت كالىسىنىڭ نەسلىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە ئۇنى يولغا قويدى.

خۇاڭ جۈەن

## جۇڭگو مېرىنوس قويىنىڭ ئىنتايىن ئىنچىكە يۇڭىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىنچىكە قوي يۇڭىنى كەسىپلەشتۈرۈش تېخنىكىسى بارلىققا كەلتۈرۈلدى

دۆلەتنىڭ 10 - بەش يىللىق پەن - تېخنىكا ئۆتكىلى «غەربنى ئېچىش پەن - تېخنىكا ھەرىكىتى» پىلانىدىكى «جۇڭگو مېرىنوس قويىنىڭ ئىنتايىن ئىنچىكە يۇڭىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىنچىكە قوي يۇڭىنى كەسىپلەشتۈرۈش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش» چوڭ تۈرىدە جۇڭگو قوي يۇڭىنىڭ تۇنجى ئۆلچەم سىستېمىسى تەتقىق قىلىنىپ بارلىققا كەلتۈرۈلدى.

كۇنەس قويچىلىق فېرمىسى بىلەن زىنىچۈەن قويچىلىق فېرمىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنچىكە قوي يۇڭى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدىن 18سى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ تېخنىكىسى ئىنچىكە قوي يۇڭى ئىشلەپچىقىرىش پەن - تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىلىدىغان ئەتراپتىكى 22 يېزىدا ئومۇملاشتۇرۇلدى. جۇڭگو مېرىنوس قويىنىڭ ئىنتايىن ئىنچىكە يۇڭىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان 1430 نەسىللىك قوچقار يېتىشتۈرۈلدى، 4335 ساغلىقتىن تەركىب تاپقان يادرولۇق پادا تەشكىللەندى، 25 مىڭ 560 ساغلىقتىن تەركىب تاپقان نەسىللىك پادا يېتىشتۈرۈلدى. ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي

يېتىشتۈرۈشنى كەسپلەشتۈرۈشنىڭ شىركەت + پەن - تېخنىكا + بازا + بازار» دىن ئىبارەت قۇرۇلمىسى بەرپا قىلىندى. بۇ 2003 - يىل 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، پەن - تېخنىكا نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى، «شىنجاڭ ئىنچىكە قوي يۇڭىنىڭ ئۆلچەم سىستېمىسى» 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى.

خۇاڭ جۈن

## 9QSD—1200 تىپلىق ھەممىباب كۆك ئوت- چۆپ ئورۇش ماشىنىسى ئارىلىق سىنىقى

بۇ دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش فوندى تۈرى بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات يۇرتى تاماملاپ ئارىلىق سىنىقى ئېلىپ باردى. 2003 - يىلى تېما گۇرۇپپىسى مەھسۇلاتلارنى لايىھىلەپ شەكىلگە كەلتۈرۈش ئىشىنى تاماملىدى ھەمدە تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىش تەلىپىگە ئاساسەن، مەھسۇلاتلارنى ياساشتا ئېھتىياجلىق بولغان ئىش تەرتىپى، ھۈنەر - سەنئەت كارتوچكىسى قاتارلىق تېخنىكىلىق ھۆججەتلەرنى يازدى ۋە بېكىتتى؛ 47 يۈرۈش ئىش قۇرۇلمىسى ۋە مودېلىنى لايىھىلىدى ھەم ياسىدى. 1600 كۋادرات مېتىر ئومۇميۈزلۈك قۇراشتۇرۇش سېخىنى يېڭىدىن ياساپ چىقتى؛ كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈردى. بۇ مەھسۇلاتقا دۆلەت بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنت ھوقۇقى بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە پەن- تېخنىكا مىنىستىرلىكى قاتارلىق 5 مىنىستىرلىك ۋە كومىتېت دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات دەپ نام بەردى. تېما گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى دېھقانچىلىق ماشىنا مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىگە ۋە ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى كۆكخوت، باۋتۇ، لىنخې، چىفېڭ قاتارلىق جايلاردىكى نەق مەيدان يەرمەنكىسىگە قاتنىشىپ، ماشىنا سېتىش مەقسىتىدە كېلىشىم ئىمزالىدى. «9QSD — 1200» تىپلىق كۆك (سېرىق) سىلوس قىلىنىدىغان ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى» دىن 200نى ئىشلەپچىقىرىپ ۋە سېتىپ، مەھسۇلات قىممىتىنى 15 مىليون يۈەنگە، پايدا ۋە باجنى 4 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتكۈزدى. بۇ مەھسۇلاتلار ئاساسەن شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، چىڭخەي، نىڭشىيا، سەنشى، خېنەن، شەندۇڭ، ئەنخۇي، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردا سېتىلدى. شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات يۇرتى پاي چېكى (53%) نى كونترول قىلىپ، يېتو شەرق ئوقەتچىلىك شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ لوياڭ «دۇڭفاڭ» دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى 5- ئايدا قۇردى، ئۇنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى مەھسۇلاتلىرى بازارغا سېلىنىدى، 75 يۈرۈش ماشىنىسى سېتىلدى ۋە كېڭەيتىلدى.

خۇاڭ جۈن

## شىنجاڭنىڭ تۇنجى سىجىل تەرەققىيات تەجرىبە رايونى قۇرۇلدى

2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 30- كۈنى فۇكاڭ شەھەرلىك سىجىل تەرەققىيات تەجرىبە رايونى قۇرۇلدى. بۇ، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى سىجىل تەرەققىيات تەجرىبە رايونى ھېسابلىنىدۇ.

بوغدا تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى فۇكاڭ شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغقا جايلاشقان مۇھىم شەھەر بولۇپ، دۆلەت دەرىجىلىك داڭلىق بوغدا مەنزىرىلىك رايونى مۇشۇ شەھەر تەۋەسىگە جايلاشقان.

فۇكاڭ شەھىرىنى پەن - تېخنىكا نازارىتى سىجىل تەرەققىيات تەجرىبە رايونى قىلىپ تەستىقلىدى. بۇ — غەربىي رايوننى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش يولى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان پايدىلىق سىناق، «فۇكاڭ شەھەرلىك سىجىل تەرەققىيات تەجرىبە رايونىنى قۇرۇش پروگراممىسى» غا ئاساسەن، فۇكاڭ شەھىرىدە ئېكولوگىيىلىك ساياھەتچىلىك، ئېنېرگىيە، مېتاللورگىيە، بىناكارلىق ماتېرىياللىرىدىن ئىبارەت ئەۋزەل سانائەت كەسىپى ۋە زامانىۋى ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان كەسىپلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى شەكىللەندۈرۈلىدۇ، نوپۇس، بايلىق، مۇھىت، ئىقتىساد، جەمئىيەتنى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كىشىلەر ئەڭ ياخشى مۇھىتتا ياشايدىغان ئېكولوگىيىلىك ساياھەت شەھىرى بەرپا قىلىنىدۇ، 2010 - يىلى بۇ شەھەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 2000 - يىلدىكىدىن ئىككى قاتلىنىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم 4400 دوللاردىن ئاشىدۇ.

شىڭ جيەن

### ئارقا كۆرۈنۈش ماتېرىيالى

### سىجىل تەرەققىيات تەجرىبە رايونى

سىجىل تەرەققىيات تەجرىبە رايونى «جۇڭگو 21 - ئەسىر قارالمىلىرى»نى يولغا قويۇشتىكى بىر ئىستراتېگىيىلىك تەدبىر شۇنداقلا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ سىجىل تەرەققىيات




2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئاپتونوم رايوننىڭ 2002 - يىللىق پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەرگە گۇۋاھنامە ۋە مۇكاپات پۇلى تارقىتىپ بەردى.
سۈرەتنى پەن - تېخنىكا نازارىتى تەمىنلىگەن.

جەرياننى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى بىر ئىجادىيىتى. 2003 - يىل 5 - ئايغىچە مەملىكەت بويىچە دۆلەت دەرىجىلىك 45 تەجرىبە رايونى، 70 تىن كۆپرەك ئۆلكە دەرىجىلىك تەجرىبە رايونى قۇرۇلدى، 25 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندا ئومۇملاشتۇرۇلدى.

## نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش ئەھۋالى

2003 - يىلى «ئالتايدا ھىڭ موگۇسى چوڭ ئېتىزلاردا ياۋىلاشتۇرۇپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش»، «لوپ ناھىيىسىدە چوڭ يوپۇرماقلىق سۆسۈن چېچەك بېدىنىڭ سۈپەتلىك سورتىنى يېتىشتۈرۈش» تىن ئىبارەت دۆلەت دەرىجىلىك نامراتلارنى يۆلەش تۈرى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. «ھىڭ موگۇسىنى چوڭ ئېتىزلاردا ياۋىلاشتۇرۇپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش» تۈرىدە، سۇيۇقلۇق شتاممىنى پۈركۈپ ئۇرۇقنى سىناق قىلىش، ھىڭ موگۇسى يىلتىزىغا زەمبۇرۇغ يېپچىلىرىنى ئەملەشنى سىناق قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەر تاماملاندى، «چوڭ يوپۇرماقلىق سۆسۈن چېچەك بېدىنىڭ سۈپەتلىك سورتىنى يېتىشتۈرۈش» تۈرىدە، 3.33 گېكتار تاللانغان ئۇرۇقزارلىق بازىسى قۇرۇلدى، مو بېشى (0.07 گېكتار) دىن 26 كىلوگرام ئۇرۇق، چوڭ ئېتىزلارنىڭ مو بېشى (0.07 گېكتار) دىن 650 كىلوگرام قۇرۇق بېدە ئېلىندى، ھۆل ئوت - چۆپ تەركىبىدىكى يىرىك ئاقسىل %16تىن ئاشتى. ئەمەلىي تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەنگەن دېھقان 300 ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەككە يەتتى.

2003 - يىلى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىدىن نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش بويىچە يېڭىدىن 2 تۈر، 250 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇلار: «ئالتاي ۋىلايىتىدە ئۆزگىچە بېلىقلارنىڭ بېلىقچانلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە بېقىپ كۆپەيتىش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش»، «ئاقسۇ ۋىلايىتىدە 5000 مو (333.33 گېكتار) ياڭاقلىق ئۈلگە بازىسى قۇرۇش» تىن ئىبارەت. تۈرلەر بويىچە توختامنامە ئىمزالىنىپ تەشكىللىك تۈردە يولغا قويۇلدى.

مەخمۇت

# پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتى

## شىنجاڭ بويىچە دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈرلەر

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 3 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى دۆلەتنىڭ پەن -تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇلار مۇنۇلار: يۇقىرى دەرىجىلىك بېتون يۈزلۈك تاختاي - شېغىللىق توغاننىڭ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات (نەنجىڭ سۇچىلىق پەن تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ ئۇلۇغئاتا تۇگۈنلۈك سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، چىڭخەي ئۆلكىلىك سۇچىلىق نازارىتى خېيچۈەن سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى ئىدارىسى، سۇچىلىق مىنىستىرلىكى شىنجاڭ سۇ ۋە سۇ ئېلېكتر ئۆلچەپ لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، چىڭخەي ئۆلكىلىك سۇ ۋە سۇ ئېلېكتر ئۆلچەپ لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ سۇ ۋە سۇ ئېلېكتر تەتقىقات يۇرتى؛ چېن شېڭشۈي، ۋاڭ شىجياڭ، شېن چىڭگو، چېن مىڭشى، يۈەن خۈي، فېڭ جياچى، خو جياپىڭ، لى چياڭ، ياڭ چاڭجېڭ، ۋاڭ ياڭ)، ئۆتكۈزۈشچانلىقى تۆۋەن نېفىتلىكنى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئېچىشنىڭ يۈرۈشلۈك تېخنىكىسى (جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى تەكشۈرۈش - ئېچىش تەتقىقات يۇرتى، جۇڭگو نېفىت شىركىتى چاڭچىڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى، جۇڭگو نېفىت شىركىتى جىلىن نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى، جىلىن نېفىت گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە

شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى، شېن پىڭپىڭ، يۈەن شىيى، خۇ ۋېنرۇي، لياڭ چۇنشيۇ، ۋاڭ جياخۇەي، سۇڭ شىنمىن، ۋاڭ داۋفۇ، خې شۇشەن، چيەن گېنباۋ، جياڭ تيەن) . جۇڭگو سېمېنتال كالىسىنىڭ يېڭى نەسلىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش (جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى چارۋىچىلىق تەتقىقات يۇرتى، تۇڭلياۋ شەھەرلىك چارۋا ماللارنى كۆپەيتىشكە يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتى، تۇڭلياۋ شەھەرلىك گاۋلىنتۇن نەسىللىك چارۋا فېرمىسى، شىنجاڭ قۇتۇبى نەسىللىك كالا فېرمىسى، سىچۇەن ئۆلكىلىك ياڭپىڭ نەسىللىك كالا فېرمىسى، سىچۇەن ئۆلكىلىك چارۋىچىلىق پەن تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرىنى كۆپەيتىش - نەسلىنى ياخشىلاش باش پونكىتى، شۇشاڭجۇڭ، چېن يۇچۈن، جيا ئېنتاڭ، لى جۇنيا، ۋاڭ ياچۈن، ۋاڭ خۇەي، سابىر غازى، دۇەن لىجۈن، شاۋ جىۋېن، ۋاڭ شياۋخۇا)

پەن شىن

## 111 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالىشى ئارقىلىق 111 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇلاردىن 8 تۈر 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 34 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 69 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1 - دەرىجىلىك مۇكاپات (8 تۈر)

شورلۇق رايون تاشيولىدا شامال چۆكۈندى قۇمى ئارقىلىق يول ياساش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە قوللىنىش (شىنجاڭ تاشيول پىلانلاش - چارلاش - لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى؛ چېن فامىڭ، جو پېڭخەي، ۋاڭ لىلىن، شۇ خۇيفېن، جو جىنچياڭ، ليۇ يۇپىڭ، ليۇ بىڭ، چېن فېيجيې، ليۇ گوبېي، لى جىيۇەن، يۇ جەنجۈن) ، چۆللۈك رايونلارنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېكولوگىيە كەسپىدە ئۈنىۋېرسال تېخنىكىلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، قاراماي شەھەرلىك يېزا ئىگىلىكىنى ئۈنىۋېرسال ئېچىش ئىشخانىسى، شىنجاڭ غەربىي قىسىم بوستانلىق ئېكولوگىيە تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتلاق تەتقىقات ئورنى؛ چېن ياناڭ، چيۇ چاڭلىن، پەن سۇنديې، لى شۆشېن، چېڭ جېڭمىڭ، لى جياڭ، ۋاڭ ۋېيخەن، خې جياڭچېڭ، لى جۈن، ۋاڭ يى، لى ۋېيخۇڭ، لياۋ كاڭ) ، پىرازولون تۈرىدىكى ئۈردا رەڭگى ئۆزگەرمىشچان خىمىيىۋى بىرىكمىلەرنىڭ بىرىكىشى، قۇرۇلمىسى ۋە خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى؛ جيا دېيەنزېڭ، ليۇ لاڭ، ليۇ گۇاڭفېي، تاڭ شىنسۇن، جى يالى، لياڭ كەي) ، 150 كىلوۋولت ئامپېرلىق قۇياش ئېنېرگىيىلىك توك مەنبەسىنى كونترول قىلىش سىستېمىسى (شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتى؛ لى ۋېيجياڭ، جاڭ جيەنخەي، جاڭ باۋمىن، جاڭ شىنلياڭ) ، نېفىتلىكتە گورىزونتال قۇدۇقنى ئۆلچەش تېخنولوگىيىسى ۋە چۈشەندۈرۈش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ چېن شىنلىن، سۇڭ فەن، جاۋ چيەنفۇ، خەي چۈەن، جۇجىنفاڭ، پېڭ شياۋيۇ، جاڭ دىڭۋېي، ۋاڭ چىڭ، ۋاڭ خۇەنزېڭ، لى خۇاۋېي، جۇ دېڭجاۋ، جياڭ جىڭې) ، جۇڭغار ئويمانلىقى موسۇۋەن كۆتۈرۈلمىسىنىڭ نېفىت گېئولوگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە موسۇۋەن گازلىقىنى بايقاش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ چېن شىنفا، جاڭ يۇچيەن، كۇاڭ لىچۈن، تاڭ جيەنخۇا، جاڭ يىجىي، جاڭ سۇڭجېن، لۇ فۇسۇ، لېي دېۋېن، زېڭ جۈن، ۋاڭ فېڭ، سۇي باۋشېڭ، جاڭ يۇپىڭ) ، كالىنى تالا تەن ھۇجەيرىسىدىن كلونلاش تەتقىقاتى ۋە ئۇنى كۆپەيتىش (شىنجاڭ ئالتۇن كالا بىئولوگىيە چەكلىك پاي شىركىتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھايۋانات تەتقىقات ئورنى؛ چېن دايۇەن، چەن خۇڭجۇ، سۇن چىڭيۇەن، لۇ زىلى، ئۇلان، بى چۈنمىڭ، ما يۇفاڭ، جاڭ لىشېڭ، لى يى، شۇەي جىنچياڭ، پېڭ تاۋ، ۋاڭ شياۋنىڭ) ، «شىنجاڭ تېرىكى»، «روسىيە تېرىكى»نى تېز كۆپەيتىش تېخنىكا سىستېمىسى تەتقىقاتى ۋە ئۇنى شىمالىي شىنجاڭدا قوللىنىش (شىنجاڭ جۇڭغار ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ غەربىي قىسىم بوستانلىق ئېكولوگىيە تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى؛ لى خۇاڭ، لى جۇڭشاۋ، لى پېيجۈن، مېڭ مىن، خۇ جېڭجۈن، خې جياڭچېڭ، دىڭ مىڭ، جياڭ خېڭ، لېي جياڭ، لى گاڭ، ليۇ جىڭ، سۇن شۇۋېن) .

2 - دەرىجىلىك مۇكاپات (34 تۈر)

تولى شامالئۆتەڭدە ئورمان بەرپا قىلىپ، قار، بوراندىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشى (تارباغاتاي ۋىلايەتلىك شامالئۆتەڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش مەركىزى، شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق قىدىرىپ تەكشۈرۈش لايىھىلەش يۇرتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، تاڭ دىڭباڭ، لى چاڭلىن، ليۇ شىگۇاڭ، خۇ

ۋېنجى، شى جېڭ، جيا يەڭمىڭ، شى يۇڭچىڭ، ما لىڭشيا،
لى جىڭلىڭ) . كۆكرەكنى ئاچماي تۇرۇپ Amplatzera
توسقۇچنى كىرگۈزۈپ سولدىن ئوڭغا ئېقىشچان تۇغما يۈرەك
كېسەللىكى داۋالاش تېخنىكىسىنى قوللىنىش (شىنجاڭ تىببىي
ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا؛ ما يىڭتۇڭ، تاڭ
باۋخېڭ، مۇ يۇمىڭ، ياڭ يىنىڭ، چېڭ زۇخېڭ، ۋاڭ
شىجېن، مۇقىت، خۇاڭ دىڭ، زەپەر) . يېقىن ئارىلىقتا تىك
يانتۇ كۆمۈر قاتلىمىنى گورىزونتال بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، يېنىك
تېپتىكى ماي بېسىملىق تىرەك قويۇپ كۆمۈر قېزىش
تېخنىكىسى (شىنجاڭ ئۈرۈمچى كانچىلىق (گۇرۇھى)
چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىئەن پەن - تېخنىكا
ئۇنىۋېرسىتېتى، خۇ كەيجياڭ، ۋاڭ جيەن، شى پىڭزۇ،
لۇجيەن، ۋاڭ نىڭبو، لى شۇجۇن، چى تاۋ، ۋاڭ شۇەنسۇن،
شۈي شىنتيەن) . قورساق بوشلۇقى ئەينىكى ئارقىلىق ئۆتنى
تېلېۋىزوردا كۆرۈپ تۇرۇپ ئوپېراتسىيە قىلىش تېخنىكىسىنى
شىنجاڭدا قوللىنىش ۋە كېڭەيتىش (ش ئۇ ئا ر خەلق
دوختۇرخانىسى؛ ۋاڭ زىلى، كېرەم، يۇ ۋېنچىڭ، ۋاڭ
زوڭبو، ئالىم، نيۇ ۋېيپا، جاڭ چېڭ، قەيسەر، ئازات) .
شىنجاڭنىڭ زېمىن بايلىقىنى تېلېتېخنىكا ئارقىلىق
ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش (ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، زېمىن
بايلىق نازارىتى، شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش
ئىدارىسى 1 - رايون گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش چوڭ
ئەترىتى، شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى تېلېتېخنىكا
مەركىزى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، لى خۇ، شاۋ
جىدۇڭ، خەن شياۋمىڭ، جاڭ يۇڭمىڭ، ليۇ بىن، لى يى، گاۋ
مىنخۇا، مۇ جيەنجۈن، ليۇ ۋېنفېڭ) . ZHSFPTK—108000/220
تېپلىق توك توغرىلاش ترانسفورماتورنى تەتقىق قىلىپ ياساش
(ئالاھىدە ترانسفورماتور شىركىتى شىنجاڭ ترانسفورماتور
زاۋۇتى؛ يۇ بويى، خۇ يۇجيەن، ما شاپىڭ، سۈي لىجۈن،
جۇ جىيۇڭ، ليۇچيۇيەن، جيې جياگۈبي، يۇ جىيۇڭ، مېڭ
جيې) . شىمالىي تارىم نېفىتلىكىنىڭ يەر شەكلىنى تەقلىدلەش
سىستېمىسى (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ
ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو نېفىت
خىمىيە سانائىتى شىركىتى غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى؛
چېن شى، ياڭ لياۋ، ۋاڭ ۋېيشېڭ، سۇ جياڭيۇ، لو خۇڭ،
ياڭ خەنۇ، ۋاڭ شياۋپىڭ، ساۋ جۇن، فاڭ خۇي) .
ئۆزۈمنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئۈنۈملۈك تەركىبى ئۈستىدە
تەتقىقات ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش (شىنجاڭ تىببىي پەنلەر
ئۇنىۋېرسىتېتى؛ ما لۇڭ، دۇ يەنشېڭ، ليۇ تاۋ، تيەن لىتىڭ،
جۇ شاۋخۇي، جاۋ جياڭشيا، جاڭ شۇەن، شياڭ ياڭ) قان
تولۇشچان يۈرەك زەئىپلىشىشنى كۆپ ئورۇندىن قوزغىتىپ
داۋالاش ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى كلىنىكىدا سىناق قىلىش (ش ئۇ
ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى سۈي لىشۇ، ياڭ مىنجۇەن، پەرھات،
ۋۇ جۇڭدۇڭ، جياڭ شۇبىن، سەي شياۋيۇ، ۋاڭ خۇڭمېي،
ليۇ پېڭ) . SBS خۇسۇسىيىتى ئۆزگەرتىلگەن ئاسفالتنى
تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى
قاراماي نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتى؛ لو لەيلۇڭ، لى
جيەنشىن، لىن شىشيۇڭ، ۋاڭ جىنچىن، تاۋ لىشىن، ياڭ
كېخۇڭ، گاۋ خۇا، نيۇ ۋېنجۈن، زۇ خەييەن) . 280، 240
تېپلىق پاراۋوز دىزېل ماتورىنى رېمونت قىلىش مەشغۇلات
لىنىيىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (ئۈرۈمچى تۆمۈريول
ئىدارىسى پەن تەتقىقات ئورنى؛ جاڭ شياۋيۇڭ، يەن ئېرمىڭ،
شى يۇڭكې، جاۋ جىيۇ، گاۋ جۇن) . پىرژىۋالىسكى ياۋا
ئېتىنىڭ كۆپىيىش، ئەي بولۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش
تەتقىقاتى ۋە سىنىقى (ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى ياۋايى
ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش ئىشخانىسى، شىنجاڭ
يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، جاۋ تيەنزۇ، لياڭ گودۇڭ،
شۈي خۇڭئېن، جۇ ۋەنيۇ، ساۋ خۇڭمىڭ، ياۋ شىنكۈي، يۈەن
خۇڭ، شۇ يىشۇەن، ئەنۋەر، پلاستماساسىغا ئىشلىتىدىغان
سوقۇلۇشقا تاقابىلچان پولى پروپىلېن مەخسۇس ماتېرىيالى
يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (جۇڭگو
نېفىت شىركىتى مايتاغ نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتى؛ شۇ
ۋېنچىڭ، ۋۇ شىبو، مىن ۋېنۇ، چېن خۇي، ۋاڭ بىن، جۇ
خاۋ، ليۇ چاۋجۈن، ۋۇ تيەنجۇڭ، جاڭ ۋېي) . توپا
قوزغىلىشقا ئىشلىتىدىغان سالاسون پولى پروپىلېن مەخسۇس
ماتېرىيالىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى
مايتاغ نېفىت شۆبە شىركىتى؛ شۇ ۋېنچىڭ، ماجىن، ۋۇ
شىبو، ۋاڭ يۈنخۇڭ، ۋۇ تيەنجۇڭ، لېي جۇنچىڭ، ليۇ
چېڭلىن، تاڭ لىفاڭ، ليۇ چاۋجۈن) . شىنجاڭ رايونلىرىنىڭ
تېلېتېخنىكىلىق سانلىق مەلۇماتلىرىنى قوللىنىش مۇلازىمەت
سىستېمىسى (شىنجاڭ تېلېتېخنىكا مەركىزى، جۇڭگو بايلىق
سۈنئىي ھەمراھدىن پايدىلىنىش مەركىزى ئۈرۈمچى يەر يۈزى
پونكىتى؛ ليۇ چى، لى جىڭ، جۇ جېڭجۈن، چېن دۇڭچى،
گو جىنچياڭ، ياڭ لياۋ، يەن شيۇخۇڭ، ۋاڭ چېن، ۋۇ
شياۋپىڭ) . ئىجتىمائىي سۇغۇرتىدا كۆپ خىل سۇغۇرتىنى
بىرلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى (ئۈرۈمچى
شەھەرلىك ئىجتىمائىي سوغۇرتا فوندى مەركىزى، بېيجىڭ
چاڭتيەن پەن - تېخنىكا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو
سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تىجارەت
بۆلۈمى؛ رۇي لېي، لۇ ۋېيلى، زېڭ چۇ، ۋاڭ ۋېي، خې
شىنلىڭ، جاڭ يەنتىڭ، ۋۇ جيەنچياڭ، جۇ فېڭ، ليۇ ۋېي) .
قۇدۇق يانتۇ بولۇشى، دىۋارىنى تەسۋىر ھاسىل قىلىپ ئۆلچەش
ماتېرىيالىنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە قوللىنىش تەتقىقاتى
(جۇڭگو نېفىت شىركىتى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى،

نېفىت ئۇنىۋېرسىتېتى ، بېيجىڭ، جياڭ خەن نېفىت ئىنستىتۇتى، ۋاڭ جاۋمىڭ، شاۋ چېڭۋېن، ۋاڭ گويۋېن، چې شىڭجۇڭ، لى جىنفۇ، جاۋ جۇن، جاڭ لى، لى جۇن، جاۋ چيەنفۇ) ، شىنجاڭ ئېلېكتر تورى چاقماقلىششىنى تۈزەش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى قوللىنىش (شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە پەن تەتقىقات يۇرتى؛ لى ياۋجۇڭ، سەي جىڭ، ليۇ لىڭ، ليۇ داشى، جاڭ دىڭگو، ليۇ زېپىڭ، چيۇ جاۋيالڭ، خەن شياۋدى) ، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكى تاغلىق رايونىدىكى نېفىتلىكتە تەۋرىتىپ تەكشۈرۈش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە قوللىنىش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ شياۋ خۇيپىڭ، شاۋ لىشىن، فەن شۇ، جۇ مىڭ، جۇ چىڭخۇا، ۋاڭ بىڭ، جۇ شۇمەي، ۋۇ چيەن، كۇڭ جىيۇڭ) ، لۇ لياڭ نېفىتلىكى 9 - قۇدۇق رايونىدىكى نېفىت زاپىسىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەش ۋە نېفىت ئېلىش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، ۋېن يۇگۇي، ياڭ شېڭجېن، ۋاڭ جاۋفېڭ، تاڭ فۇپىڭ، جاڭ خۇڭبى، خەن لى، جياڭ شياۋخۇي، شى جۇن، ۋېن دۇڭشەن) ، كومپيۇتېردا توپلاشتۇرۇپ ياساش سىستېمىسىنى جۇڭگو نېفىت شىركىتى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە قوللىنىش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتى، بېيجىڭ سەنۋېي تيەندى پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى، لى شىشىن، ۋاڭ يۈڭمىڭ، جىن جېن، ۋاڭ زىجۇن، چاڭ جېڭ، ۋاڭ جاۋجۇن، جۇ لىڭ، جاڭ دۇخۇي، خۇاڭ جېڭ) ، شىنجاڭ بىناكارلىقىدا ئېنېرگىيە تېجەشلىك ئولتۇراق ئۆي سىستېمىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە ئۇنى سىناق قىلىش (شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ بىناكارلىق لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ بىناكارلىق پەن تەتقىقات يۇرتى، دىڭ جىگەن، جېڭ لى، ليۇ كېچىن، جاڭ خېڭيى، جياڭ جېنتۇڭ، يۇ جياڭ، چىن خۇڭ، تاڭ جيېلىن، ۋاڭ يىبىن) ، ئۆگەن دەرياسى سۇغىرىش رايونىدىكى ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات يۇرتى ئىھاتە ئورمان ئارقىلىق قۇم تىزگىنلەش تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتلاق تەتقىقات ئورنى، تيەن چاڭيەن، ليۇ كاڭ، ۋاڭ بو، ياڭ دېگاڭ، ما يىڭجيې، خۇاڭ چياڭ، جاڭ بىن، رەخمىتۇللا، جۇ يۇۋېي) ، زاناتاۋۇل نېفىتلىكىدە گاز بېسىمى ئارقىلىق نېفىت ئېلىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى قوللىنىش (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى يۇرغىلاش - ئېچىش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى، خې شياڭچىڭ، لېي يۇ، ۋاڭ چياڭ، ساۋ شياڭيۈەن، ليۇ دېجې، ۋېن ۋېيخاۋ، ۋاڭ جىنسۇڭ، لو ۋېنيىن، لى جۇڭلىن) ، قاپلىق قۇرت كېسىلىگە ماگنىتلىق روزېنانس ئارقىلىق دىئاگنوز قويۇش سىنىقى (شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا، جياۋ ۋېنشياۋ، مېھرىگۇل، ليۇ ۋېنيا، ۋېن خاۋ، ۋاڭ جيەن، ۋاڭ خاۋ، خۇاڭ رۇنخۇەن، لى چېنۋېي، چېن خۇڭ) ، نېفىت قۇدۇقى ئېغىزىنىڭ ئاددىي قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە ئۇنىڭ يۈرۈشلەشكەن تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى نېفىت ئېلىش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى؛ سەي داڭ، جاڭ شۆلۇ، جۇ يىكەي، خۇاڭ شياۋدۇڭ، جاڭ يۇڭچياڭ، مېڭ يۇڭلى، گو ۋېندې، خۇ چېڭجۇن، شيې بىن) ، تارىم دەرياسى نېفىتلىكى 4 -، 6 - رايون ئوردوۋىك سىستېمىسىنىڭ نېفىت زاپىسىنى ئېچىش تەتقىقاتى (جۇڭگو نېفىت خىمىيە شىركىتى غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى؛ جاڭ شىمىڭ، چېن خۇيچاۋ، تەن جېڭجۇن، جاڭ جىيۈەن، ياڭ چيۇلەي، ۋاڭ يەنۋېي، يەن ۋېنشىن، چېن شۇمېي، جاڭ چۇندۇڭ) ، شىنجاڭنى بۆلەكلەر بويىچە گېئو خىمىيىلىك تەتقىق قىلىش (شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۇرتى؛ ليۇ تو، جېڭ چىپىڭ، ۋاڭ چىڭمىڭ، خۇ جيەنۋېي، ياڭ ۋەنجى، سۇن ۋېيدۇڭ) ، غەربىي شىمال چۆللۈك رايونىنىڭ ئۆسۈملۈك رايون سىستېما جۇغراپىيىسى ۋە بايلىق مەنبەسىدىن پايدىلىنىش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ھەربىي رايون سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش چوڭ ئەترىتى؛ پەن شياۋلىڭ، داڭ رۇڭلى، لۇ گۇاڭخۇي، گۇ فېڭشۆ، جياڭ شياۋچېڭ، ۋۇ گۇاڭخې، شېن گۇەنمىيەن، چاڭ شۇنلى، ۋېي يىڭ) ، سەيىنەن رايونى نېفىتلىكىنى دوملىتىپ تەكشۈرۈش ۋە ئېچىش ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى؛ لى شىڭشۇن، چېن جېنشىڭ، شېن نەن، چېن شۇشېڭ، جاڭ ۋۇ، ئوۋ ياپىڭ، تاڭ دۇڭ، لو شىڭۋاڭ، جاڭ شېڭ) ، چوڭقۇر قۇدۇقنىڭ تۆۋەن بېسىملىق ماي قاتلىمىدا ئېلېكتر ناسوسنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش تېخنولوگىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى، ليۇ جيەنشۇن، شېن جيەنشىن، ۋاڭ كېسۇڭ، يۇ جىنەن، ياڭ يۇڭ، ۋاڭ خۇڭبياۋ، داڭ يۇڭبىڭ، جۇڭ جياۋېي، فۇ داۋمىڭ) ، توختىتىپ ساقلانغان تېرە ئارقىلىق يارىنى ساقايتىش ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى كلىنىكىدا قوللىنىش (لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى، 3 -

1 - ھەربىي تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا، 2 - ھەربىي تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 2 - دوختۇرخانا؛ ۋاڭ شىخۇا، گۇسەيجى، ۋۇ جۈن، جېڭ جياڭخۇڭ، لىن زىخاۋ، لى جىنشى، چېن جۇڭيۇڭ، شيا لەيچى، جۇ جىڭ)، جۇڭغار ئويمانلىقىدا نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈشتە يېقىن يەر يۈستىنىڭ نورمالسىزلىقىنى تونۇش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى؛ لۇ خۇەنتۇڭ، چېن جىڭگاڭ، جېڭ خۇڭمىڭ، شۈ ۋېيپىڭ، لېي دېۋېن، جاۋ فېڭ، ماۋ خەيبو، يىن شياۋلەن، خۇاڭ يى)، نېفىتلىكنى پولىمېرلىق بېسىم بىلەن يېرىش سۇيۇقلۇقى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى قوللىنىش (شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى نېفىت ئېلىش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى لى شۇگۇاڭ، گاۋ چىڭۇ، ۋېن مىڭگاڭ، خۇاڭ گاۋچۈەن، پاڭ دېشىن، جاڭ تيەنشياڭ، ۋاڭ يۇبىن، دىڭ كېباۋ، لى يەنلىن).

3 - دەرىجىلىك مۇكاپات (69 تۈر)

SFP10 — 24000/220 تىپلىق ترانسفورماتورنى تەتقىق قىلىپ ياساش (ئالاھىدە ترانسفورماتور شىركىتى شىنجاڭ ترانسفورماتور زاۋۇتى؛ گاۋ دېمەن، يۈ بويى، سۇن جيەن، لىن يۈنجى، جېي جياڭۋېي، ۋاڭ بىڭگۇاڭ، يى جۇنرۇڭ)، ئالاھىدە ئىنچىكە داكرون - پولىئامىد بىرىكمە تالاسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (شىنجاڭ فۇلۇن يۇقىرى - يېڭى ماتېرىياللار پاي چەكلىك شىركىتى، دالىيەن خۇاياڭ قۇرۇلۇش چەكلىك شىركىتى؛ ۋاڭ يۇڭلەي، ياڭ زەيخۇا، ليۇ شياۋيى، ۋاڭ بىڭخۇڭ، خې جىخۇي، چېڭ يۇڭشېڭ، چېن خوڭۋېي)، تاشيول قاتناش ھادىسە ئۇچۇرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى (شىخەنزە شەھەرلىك ج خ قاتناش پەن تەتقىقات ئورنى؛ جاڭ يەنخۇي، ۋاڭ جيېماۋ، لى جيەنگو، شۇ شياۋجى، ۋاڭ يۇڭ، شى جيەنبياۋ، جاڭ باۋچۈن)، ۋىرۇسلۇق يۈرەك مۇسكۇل ياللۇغىنىڭ يۈرەك مۇسكۇل ئۇلترا مىكرو قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە كلىنىكىلىق دىئاگنوز قويۇپ، داۋالاش (ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى؛ تۇ لياڭجېن، ياڭ شۆلى، ۋاڭ گۇڭلياڭ، ليۇ ۋېنجېي، شيې ياۋيۇن، ۋاڭ فېڭشيۇ، ما ۋېي)، تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقى تەبىئىي چۆكمە نېفىتلىكنى دۆملىتىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش ئۈستىدە تەتقىقات (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى گېئولوگىيە تەتقىقات يۇرتى؛ چېن خۇي، جۇ يۇشىن، لى جىجۈن، جياڭ جىبىڭ، ياڭ بىن، ما ۋېيتىڭ، فەن ۋېيپىڭ)، يۈرەك سوقۇۋاتقان شارائىتتا تاجسىمان ئارتېرىيىسىنى يان يولغا يۆتكەش ئوپېراتسىيە ئۇسۇلىنى شىنجاڭدا قوللىنىش (ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى؛ تاڭ جېنيەن، جاڭ زۇڭگاڭ، گاۋ ۋېي، ۋۇ شياڭيى، گو يۇڭجۇڭ، ئابلاجان، جاڭ شيۇمىن)، نېپىز نېفىت قاتلىمىنى گورىزونتال بۇرغىلاش تېخنىكىسىنى تۇرپان- قۇمۇل نېفىتلىكىدە قوللىنىش (تۇرپان- قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى بۇرغىلاش - ماي ئېلىش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى؛ لۇ جىنگاڭ، يۇ جۇچېڭ، پەن ۋېيمىن، چى ۋەنخۇي، لىن جىڭمىن، ۋاڭ شياۋدۇڭ، جۇ جىچېن)، نېفىتلىكنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا نېفىت ھەيدەش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى؛ ۋېن يۇگۇي، دۇڭ خەنپىڭ، لى شېڭشۈن، گۇ خۇڭجۈن، جۇ شۈيچياۋ، گاۋ شياۋيۇڭ، لى دۇڭۋېن)، ئالاھىدە تىپلىق ئالغاي كۆزنى داۋالاش ئۈستىدە تەتقىقات (ھاۋا ئارمىيە ئۈرۈمچى دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش دوختۇرخانىسى؛ رېن بىڭ، لو يىڭ، گاۋ شياۋۋېي، گو يۇپىڭ، ليۇ شىچىڭ)، يول ئاسفالتى قاچىلىنىدىغان ئېرىشچان خالتىنى تەتقىق قىلىش - ئىشلەپچىقىرىش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى قاراماي نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتى؛ نيۇ چۈنگې، لىن شىشيۇڭ، مېڭ شياڭشېڭ، ئوۋ ياڭبىن، لى لېي، ما جۇڭتىڭ، يۇ شۈيەن)، YZG — 50 — 17 — P تىپلىق نېفىتلىكتە ئىشلىتىلىدىغان، گاز يېقىلغۇ قىلىنىدىغان پار قازىنىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى ماشىنىسازلىق باش شىركىتى، جۇ جيەنپىڭ، گۇڭ جۇنمىن، چېن گۇاڭجيەن، جاۋ جيەنخۇا، جاڭ جىنلى، شاۋ جۇجيې، لياڭ شىنيۇ)، نىيە دەرياسىنىڭ باش، ئوتتۇرا ئېقىن رايونلىرىنى گېئو خىمىيىلىك تەتقىق قىلىش (ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تەتقىقات يۇرتى؛ ياڭ ۋەنجى، گو خەيلۇڭ، ما خەيجۈن، يۈەن فۇشې، لى گاڭ، ۋاڭ چۈەنيۇ، چى ۋەنشيۇ)، جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى تىپىك نېفىت گاز زاپىسىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە قوللىنىش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى؛ ليۇ شۇنشېڭ، خۇاڭ شياۋپىڭ، ليۇ مىڭگاۋ، ۋاڭ جاۋفېڭ، مەي شىن، شى شياۋچۈەن، دەي شيۇڭجۈن)، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىدە بىرىكمە بۇرغىلاشتا يانتۇلۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ تېز قېزىش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە قوللىنىش (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى بۇرغىلاش شىركىتى؛ ۋۇ يۇلۇ، شى شياڭچيەن، زو خېجۈن، دى چىنفېڭ، يۇ جۇچېڭ، لى جىتەي، ليۇ چيەن)، شىنجاڭدا ئادەتتىكى تاشيوللارنى كومپيۇتېردا لايىھىلەش سىستېمىسى (شىنجاڭ تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى؛ يەن گوجوڭ، ما جېنخەي، ۋېي چيەن، شېن جيەنجۈن، تاڭ جىنيۇ، جاڭ خېپىڭ، شۆ

خۇيچېن)، بۇرغىلاشتا ئىشلىتىلىدىغان XQ—1 كاۋچۇك تۇرۇبىسىنى ھەم ئېتىش ئۈزىكىنى ئېلىش ئەسۋابىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇرغىلاش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى؛ ياڭ شۇلىن، ۋاڭ كاڭجۇن، سۇ تاۋ، دۇ ۋېيشاڭ، دۇ گاڭ، شيې يۇڭ، ۋاڭ شيۇڭيىڭ)، لوپنۇر كەندىرىدىن ئارىلاشما يىپ ئېگىرىش تەتقىقاتى (شىنجاڭ لۇكاڭ لوپنۇر كەندىرى چەكلىك شىركىتى؛ بەي لۇ، لى يى، يىن گاڭ، گاۋ داۋشېڭ، يىن لۇچېڭ، ۋاڭ گۇاڭبىن، ۋاڭ مۇجۇن)، يىمەكلىك ۋە يەم - خەشەككە ئىشلىتىلىدىغان كۆممىقوناق يېڭى سورتى «دۇڭدەن— 7» ۋە «شىنجاڭ — 12» نىڭ ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش (شىنجاڭ شىنشى ئەلا سورت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى؛ ماڭ يۇجياڭ، ياڭ خۇي، لۇ لىڭ، گاۋ ۋېنخۇ، گې دۇڭ، جاۋ گوخۇا، چېن گوچياڭ)، قاپقا ۋىناغا يۇقىرى بېسىملىق ئۇنىۋېرسال كىرگۈزۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق جىگەر قېتىشىنى داۋالاش ئۇستىدە تەتقىقات ۋە كلىنىكىدا قوللىنىش (شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا؛ رېن ۋېيشىن، چېن پېڭ، ما جۇن، ۋاڭ چېڭخۇڭ، پەن يىڭ، خې شياۋخۇا، ليۇ شياۋ)، NS—1 تىپلىق چىرىشنى ئاستىلاتقۇچى نېيتراللىق خۇرۇچنى تەتقىق قىلىپ ياساش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى؛ نيۇ چۇنگې، مېڭ شياڭشېڭ، لى لېي، خەن يۈن، لى رۇڭ، ياڭ چىنىڭ، شياڭ ياڭ)، «دىنا - 2» ئۇيۇل گازلىقنىڭ گاز زاپىسى تەمۇرى (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ جۇ شىنيۇەن، ۋاڭ جاۋمىڭ، پى شۆجۇن، ۋاڭ چىڭخۇا، سەي جېنجۇڭ، ما يۇجيې، شيې خۇيۋېن)، قاراماي نېفىتلىكى 9 - رايون نېپىز قاتلام قويۇق نېفىت ئۇۋۇسىنى دومىلىتىپ ئېچىش تەتقىقاتى (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى، ۋېن يۇگۇي، خو جىن، چېن رۇڭشەن، گوۋ ياڭ كېيۇ، پېڭ تۇڭشۇ، ساڭ لىنشياڭ، چېن كې)، يۈرەك ئوپېراتسىيىسىدە يۈرەك مۇسكۇلىنى ئاسراش تەتقىقاتى ۋە كلىنىكىدا قوللىنىش (شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى يۈرەك مۇسكۇلىنى ئاسراش تەتقىقاتى ۋە كلىنىكىدا قوللىنىش (شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا؛ چياۋ جۇن، مۇرات، يۇ شياڭيۇ، ما سۇڭفېڭ، خو چياڭ، ئەسقەر، دۇ جۇنفېڭ)، رەقەملىك ئېلېكترولىز سۇيۇقلۇقى تەڭشەش سىستېمىسىنى قوش كلاپانلىق پار تۇربىناسىدا قوللىنىش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى؛ جۇ ۋەنسۇڭ، رېن ۋېيبىڭ، گۇ زۇڭجۇن، ما جۇنشېڭ، شۇ جىن، جياۋ ۋېيدۇڭ، سۇڭ شياۋجياڭ)، دىئامېتىرى 139.7 مىللىمېتىرلىق قاپلىما تۇرۇبىدا ئوتتۇراھال رادىئوسلۇق ياندىن گورىزونتال بۇرغىلاش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇدۇق قېزىش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇدۇق ئاستى مەشغۇلات باشقارمىسى؛ چىن رۇمىڭ، ياڭ جىيى، لى شياۋجۇن، چېن دېشەن، سۇڭ جاۋخۇي، جاڭ يۇجياڭ، تيەن شياۋشەن)، تارىم نېفىتلىكىدىكى كاربونات قاتلىمىنى مۆلچەرلەش، پەرقلەندۈرۈش ۋە نېفىت گاز تەكشۈرۈلىدىغان نىشانلىق رايونغا باھا بېرىش (جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى؛ ۋاڭ جېشۇن، جەي شياۋشەن، جېڭ شيەنخۇا، ۋاڭ شىچېڭ، ۋاڭ شىمىن، پەن جېڭجۇن، خەن گېخۇا)، «لىۋېيپىڭ» دورىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا؛ شيې خۇيجۇڭ، ماۋ شىنمىن، ۋاڭ يەن، شيې خۇيپىڭ، ۋاڭ لې، جۇ چۇەن، ۋاڭ شىنتاڭ)، شىنجاڭدا قۇم - بورانىنى كۆزىتىش ۋە ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئۇستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ مۇھىت مېتېئورولوگىيە مەركىزى، جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئۈرۈمچى قۇملۇق مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنى؛ خۇ ليېجۇن، جاۋ بىڭكې، خې چىڭ، ۋاڭ شۇي، شياۋ جىدۇڭ، ۋېي رۇڭچىڭ، ما يۇ)، قورامىغا يەتكەنلەرنىڭ يوتا ۋىنا قاپقىقىنىڭ ئىقتىدارى تولۇق بولماسلىق كېسەللىكىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدىكى تەتقىقات (شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 2 - دوختۇرخانا، باۋ ۋېن، دۇەن يۇڭلياڭ، جيا شىن، جېڭ جيەنجۇڭ، ۋاڭ رېنيۇ، ياڭ شۇ، لى گۇيخۇڭ)، جۇڭغار ئويمانلىقى بور سىستېمىسىنىڭ تۆۋەن قارشىلىق نېفىت قاتلىمىدا قۇدۇق ئۆلچەش، باھالاش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، كۇاڭ لىچۇن، سۇن جۇڭچۇن، لۇ فۇسۇ، لو شىڭپىڭ، جۇ شياۋدۇڭ، ماۋ جىنچياڭ، ۋاڭ گۇيۋېن)، شىنجاڭ تاشيوللىرىدا كۆپ ھادىسە يۈز بېرىدىغان نۇقتىلارنى ئايرىش ۋە ئوڭشاش ئۇستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيول قوماندانلىق شتابى تور يولغا قويۇش ئىشخانىسى؛ ليۇ تاۋ، خۇ شىنمىن، مۇ لەن، خۇاڭ يۆتۇڭ، ما لېي، شيې خەيۋېي، جاڭ تيەنخۇا)، ئەلا سورتلۇق ياڭاق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش (شىنجاڭ ئورمانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى؛ مەھەممەت تۇردى، شياۋ شىنخۇا، يۇسۇپ تاھىر، پەرھات مۇسا، مامۇت ئىمىن، گۈزەلنۇر، مەھەممەت توختى)، كېۋەزگە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئوغۇتنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە ئوغۇتلاش، پەرۋىش قىلىش سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇپراق - ئوغۇتچىلىق

تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇپراق - ئوغۇتچىلىق تەتقىقات ئورنى، ئاۋات ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش مەركىزى، مارالبېشى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش مەركىزى، لوپ ناھىيىلىك دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسى، ماۋ دۇەنمىڭ، جياڭ يەن، لى پەن، شۇ ۋەنلى، فۇ مىڭشىن، شۇ يۈڭمېي، فېڭ ياۋزۇ)، ھىناكارلىق قورۇلۇش تىجارىتىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى (شىنجاڭ ھىناكارلىق قورۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شېنياڭ دۇگېرۇۋەن يۇمشاق ماتېرىيال پاي چەكلىك شىركىتى؛ دىڭ جىگەن، سۇ تاۋ، جاڭ شۆلى، ۋاڭ خۋاسۇڭ، دىڭ يەنمىڭ، خۇ لياڭيۇڭ، سۇن فۇچېڭ)، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى تەبىئىي گازنى توپلاپ يەتكۈزۈش ۋە بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى ئېچىش كەسپىي بۆلۈمى؛ جاڭ جىدۇڭ، جياڭ تاۋ، يۇ جىپىڭ، ليۇ سۇڭ، ماۋ يۆلياڭ، ۋاڭ شياۋكاڭ، دۇ ۋېيچياڭ)، KXD تىپلىق خام نېفىتنى پارچىلاش ئىمۇلسىيىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىن كېتاۋ خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، جۇ رۇنخۇا، ۋاڭ گورۇي، ۋاڭ جۈن، جۇ شياۋمىڭ، لى يۈەنپىڭ، ۋېن ۋېيدۇڭ، ياڭ يۇشىن)، تۇرپان- قۇمۇل ئويمانلىقى ۋە ئۈچباستاۋ ئويمانلىقىدىكى نېفىت - گاز بايلىقىنى باھالاش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىك شۆبە شىركىتى قېدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش تەتقىقات يۇرتى؛ يۈەن مىڭشېڭ، لى خۋامىڭ، لياڭ خاۋ، ۋاڭ جىيۇڭ، سۇ چۈەنگو، جىن يىڭ، خې يۇڭخۇڭ)، «ئارمان» يۇرۇشلۇك قۇۋۋەت تالقانلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش (شىنجاڭ ئارمان ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى؛ رادىل ئابلا، ئادىل ئابلا)، لوپنۇر كەندىرى - پاختا - تەبىئىي يىپەك ئارىلاشمىسىدىن يىپ ئېگىرىش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ «ئالتۇن مۇنار» يۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى؛ ما زېڭشۇ، بەي فۇجو، ليۇ خېپىڭ، شۇ يەنسەي، ۋاڭ لى، ليۇ شۇجۇەن، لو جيەنپىڭ)، تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقى غەربىي نېفىتلىكنىڭ كۆپ تىپلىق نېفىت زاپىسى مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش، مۇقىملاشتۇرۇش لايىھىسى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تۇرپان- قۇمۇل نېفىتلىك شۆبە شىركىتى قېدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش تەتقىقات يۇرتى، جۇڭگو نېفىت شىركىتى تۇرپان - قۇمۇل شۆبە شىركىتى تۇرپان نېفىت ئېلىش زاۋۇتى؛ لى يەنمىڭ، جاۋ جيەن، دېڭ گو، ئاۋ لىنبىن، شيې جياشى، ۋېي شاڭزۇ، خاۋ شياۋجۈن)، نېفىتلىكتە ئۇنىۋېرسال قۇدۇق خاتىرىلەش يۇمشاق ماتېرىيال سىستېمىسى (V2.0) نى بارلىققا كەلتۈرۈش (شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى گېئولوگىيىلىك قۇدۇق خاتىرىلەش شىركىتى؛ پۇ گۇچياڭ، ۋېي ياڭئەن، خۇ داۋشيۇڭ، شېن ۋېنشاڭ، جۇ يۇڭ، خې خەيشېڭ، جاۋ يۇجېي)، K-24B تىپلىق ئاپتوموبىل سىلكىنىشنى پەسەيتكۈچ ئەسۋابىنىڭ مېيىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى؛ جېڭ جى، لى خۇڭ، بەي شېڭجۈن، كې يۇشېڭ، لو لەيلۇڭ، جيا يىفېڭ، ياۋ خۇيجياڭ)، جىڭيۇكۆلى - مۇز تاغ رايونىنىڭ گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى ۋە ئۆزگىرىشى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۇرتى؛ ما خۋادۇڭ، ياڭ زىجياڭ، ۋېي شىنچاڭ، لى شيەنياڭ، تاڭ جى، لى ۋېيدۇڭ، لى سۇڭلىڭ)، جىددىي خاراكتېرلىك ئىغىر ئاشقازان ئاستى بېزى ياللۇغىنى داۋالاش تەتقىقاتى ۋە ئۇنى كلىنىكىدا قوللىنىش (ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى؛ سۇن جىمىڭ، ليۇ يۇچۈەن، دولقۇن مەمتىمىن، ناسىر، جىڭ خەيتاۋ، دولقۇن تۇراغازى، چېن شيۇڭ)، چوڭ تىپتىكى ترانسفورماتور ئورامىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ھۆكۈم قىلىش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە پەن تەتقىقات يۇرتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىدارىسى؛ فەن شۇخۇا، سەي جىڭ، ما چىنيۇڭ، شى خەيجىن، چېن يۇڭ، سۇن شىنلىيەن، خۋاڭ ياۋدې)، قاپلىق قۇرت كېسەللى بىمارىنىڭ قان زەردابى ئانتىتېلاسىنىڭ مەنپىيلىك ئىنكاسى مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى كلىنىكىدا قوللىنىش (ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى؛ شۇ مىڭچيەن، جۇ بىڭ، شۆ خەيجۇ، كۇڭ چاڭچىڭ، گې شياۋخۇ، لى شيۇڭ، ۋاڭ لۇڭۋېن)، دوختۇرخانىلاردىكى گىرەلەشمە يۇقۇملىنىشنى ئۇنىۋېرسال باھالاش ۋە كۆزىتىپ كونترول قىلىش سىنىقى (لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى ھەربىي تىببىي ئىنستىتۇتى، لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى؛ ۋاڭ شىڭتەي، جيا چىڭ، لى يىنشېڭ، جاڭ رۇڭ، لى خۇڭبىن، لۇ چاڭمىڭ، چېن جياڭنەن)، شىللىق پەردىنى كېسىپ يوشۇرۇن چىشنى ئۆستۈرۈش ئوپېراتسىيىسى ۋە چىش تۈزەش تېخنىكىسى ئارقىلىق بالىلاردىكى چىش چىقماسلىقنى داۋالاش تەتقىقاتى ۋە ئۇنى قوللىنىش (قاراماي شەھەرلىك مەركىزىي دوختۇرخانىسى؛ خۋاڭ ئەيپىڭ، جاڭ خەيشېڭ، خۋا شۇدۇڭ، ياڭ شىنچياڭ، سۇڭ يۆلىڭ، ليۇ پىڭ، جاڭ ليۇمىن)، غەيرىي شەكىلدىكى بورۇننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەتقىقاتى ۋە كلىنىكىدا قوللىنىش (لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى، جاۋ خۇا، سۇن جياڭخۇڭ، يۇ شۈۋ، جىڭ جيەنجۈن، ماۋ جىپىڭ، ليۇ ۋېنجۇڭ)، HPG-OBC تىپلىق ئورگانىك بورلۇق بىسىم ئارقىلىق قاتلام يېرىش سۈيۇقلۇقى مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق

قىلىپ ياساش ۋە ئۇنى تۈرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىدە قوللىنىش (تۈرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى قۇدۇق بۇرغىلاپ ماي ئېلىش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى؛ ۋاڭ دۇڭمېي، ليۇ جيەنۇېي، ليۇ يەنجۇن، بى گوچياڭ، جاڭ جيەنپىڭ، ليۇ جيا، يەن مىڭفا)، كۆزگى بوغدايىنى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ قورلاپ تېرىش، كېۋەزنى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ چوڭ چۆنەكلەپ تېرىش، ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئۈرۈمچى قۇملۇق مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ مۇھىت مېتېئورولوگىيە مەركىزى، يەكەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك مېتېئورولوگىيە تەجرىبە پونكىتى؛ جېڭ ۋېي، لى شىنجيەن، ليۇ سوجيەن، جيا چۈەنتاڭ، پېي جياڭۋېن، تاڭ فېڭلەن، جاۋ جياڭشى)، «تيەنزې كودلۇق» نېفىتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇچۇرلىرىنى باشقۇرۇش سۇپىسى (شىنجاڭ «تيەنزى كودى» پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى؛ يۈ جيەنجۇن، چېن شىنفا، زېڭ يىڭ، لى چىڭخۇي، سۇڭ جياڭۋېي، جۇ لۇ، چېن يۇڭ)، نېفىت قۇدۇقىدىكى پاتقاقلارنى تازىلاش سىستېمىسىنى ياخشىلاش ۋە قوللىنىش (قاراماي شەھەرلىك رۇڭچاڭ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇرغىلاش شىركىتى؛ لى جۇن، ياڭ شياڭچيەن، ياڭ شياڭلىڭ، لېي چۈەنجۇن، چيەن دېخۇڭ، يۈ گۇاڭيىن)، نېفىتلىكنىڭ توپلاپ يەتكۈزۈش سىستېمىسىدا چىرىش، چۆكمە ھاسىل بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (شىنجاڭ دەۋر نېفىت قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى؛ جاۋ بو، ياڭ شۇمىڭ، ۋېن جۇڭشىن، خو گوشىن، چېن جېنشېڭ، ۋاڭ جېڭسەي، جاڭ جيەنخۇا)، KIO2831 نومۇرلۇق رەڭلىك باسما بوياق ئېرىتكۈچ مېيىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى؛ لو لەيلۇڭ، تاۋ لىشىن، ۋېي چى، چېن شياۋفېن، شيۇڭ لياڭچۈەن، خې يىڭ، چېن بو)، لۇنگو رايونى ئوردوۋىك سىستېمىسى كاربونات كىسلاتا تۇز قاتلىمىلىق نېفىت قۇدۇقلىرىنى ئۆلچەش، زاپاس قاتلىمىنى چۈشەندۈرۈش، باھالاش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، شاۋ جېڭۋېن، چى شىڭجۇڭ، جاڭ چېڭبېن، جاۋ جۇن، گو شيۇلى، بو خەيچېڭ، جاڭ يۇڭجۇڭ)، شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتىنىڭ تەكشۈرۈش - ئېچىش سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلمىسىنى لايىھىلەش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ چېن شىنفا، شېن جيەنلىن، زېڭ يىڭ، لى جۇڭچۈەن، لى پىڭ، ما چىڭجىن، چېڭ شيەنشېڭ)، يۈرەك تاجىسىمان قان تومۇر كېسەللىرىنى نەيچە كىرگۈزۈپ دىئاگنوز قويۇپ داۋالاش تېخنىكىسىنى شىنجاڭدا كېڭەيتىش (ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى؛ لى گوچياڭ، دەي شياۋيەن، ۋۇ گاڭ، ھامۇت، شۇ لىشۇ، ۋاڭ خۇڭمېي، چېن خۇي)، مىكرو ئورگانىزم ئارقىلىق سۇ بىلەن ھەيدەشنى كۈچەيتىپ، خام نېفىت ئېلىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى، جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ئاق بۇلاق نېفىت ئېلىش زاۋۇتى؛ لو لەيلۇڭ، يۈ ۋېن، لى زىشۇ، چېن ئەيخۇا، يۈ جۈەن، سۇڭ يانەن، لەي يەن)، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئۆزۈلمە قاتلام نېفىت گازىنى كونترول قىلىش قانۇنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ جاڭ يىجيې، جىن جىجۇن، تاڭ يۇڭ، دىڭ ۋېنلۇڭ، ۋاڭ شۈلۇڭ، ياۋ شۇپىڭ، لى شىخۇڭ)، تۇپراق مۇنبەتلەشتۈرگۈچ دورىسىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش (شىنجاڭ مەنجياڭخۇڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، خىمىيىۋى ئوغۇت پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى؛ لى بىڭيى، ليۇ شاۋ)، ئامېرىكا كالىفورنىيە ئوكۇن بېلىقىنى شىنجاڭدا ماكانلاشتۇرۇش ۋە كۆپەيتىش سىنىقى (قۇمۇل شەھەرلىك بوغاز سۇ ئامبىرى باشقارمىسى؛ جاۋ جۇن، سۇ دېشۇ، جىن جياپىڭ، ۋۇ يۇشىن، زېڭ چىڭشۇ، سۇڭ دېلىن، جاڭ باۋلىيەن)، خېلات قېتىشمىلىق قۇدۇق بۇرغىلاش سۇيۇقلۇقىنىڭ يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەش (تۈرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى بۇرغىلاپ ماي ئېلىش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى؛ چېن جۇنمىڭ، يۇڭ فۇخۇا، ۋاڭ ۋېيگو، جيابياۋ، ئەن يەندۇڭ، شېڭ شىن، شيا يەنبو)، داۋانچى نېفىتلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا زاپىسىنى كۆپەيتىپ، مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ سۇن لۇڭدې، سۇڭ ۋېنجيې، جاڭ تۇڭۋېن، ليۇ چاڭيۇ، جۇ ۋېيخۇڭ، ۋاڭ رۇجۇن، يۇ دېگيۇ)، نېفىتلىكتە ئىشلىتىلىدىغان ھەرىكەتچان كوللوئىدلارنى تەڭشەپ كېسىش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (قاراماي «شىنكېئاۋ» خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى؛ ۋاڭ گورۇي، جياڭ بياۋ، فاڭ لى، لى چياۋلىڭ، شۇ جيەن، جاۋ خۇڭ، ليۇ زېخو)، پولات تۇرۇبىلىق بېتون قۇرۇلما بىلەن ئالاھىدە چوڭ ئەگمە كۆۋرۈكلەرنى ياساش تېخنىكىسىنى كۆنچى دەرياسى كۆۋرۈكىدە قوللىنىش (شىنجاڭ تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى؛ سەي يىجى، شى يۈەنچى، جاڭ جۇڭجى، خې يۇفېڭ، جاڭ جيەنشىن، خۇاڭ كېچاۋ، ليۇ ۋېنتاۋ)، دىزېل ماتورىنىڭ ئېشىنچا ئىسسىقلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈستىدە

تەتقىقات (جۇڭگو نېفىت شىركىتى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، چېڭداۋ خۇايۇ بىخەتەر مۇھىت ئاسراش تېخنىكا چەكلىك شىركىتى؛ گەن ۋېنخۇا، ئاڭ چېڭجيۇ، مېڭ گوۋېي، لياڭ شېڭرۇڭ، شۇي خۇڭشىن، جاڭ جىخۇي، سۇ يۈنگو)، فورفوراللىق لەپىس يۇيۇملارنى سىلىقلاش مېيى ئارقىلىق چىرىشتىن ساقلاش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى، جەي جىنشەن، كۇڭ چاۋخۇي، خۇاڭ شىنجۇەن، ۋۇ شياۋجياڭ، خاۋ شىنخۇەن، ياڭ خەييەن، جاڭ جىڭياۋ)، قان بەرگەندە ۋىرۇسنىڭ تارقىلىشىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ھەم كلىنىكىلىق ۋە پاتالوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە تەتقىقات (لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 2 - خەلق دوختۇرخانىسى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى، تەن شىنچېڭ، ۋاڭ يۈن، جاڭ شىچېڭ، جاڭ يۈخۇڭ، ۋاڭ لېنۇڭ).

پەن شىن

# بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش

## بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى خىزمىتى سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈردى. ئاقسۇ ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى ۋە شىخەنزە شەھىرىدە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى قۇرۇلدى.

يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (شىخەنزە شەھىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) لەردە ۋە 24 ناھىيە (شەھەر) دە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى قۇرۇلدى، 7 ۋىلايەت، ئوبلاستتا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى خىزمىتى ماسلاشتۇرۇش - يېتەكچىلىك ئاپپاراتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ۋاستىچىلىك مۇلازىمەت ئاپپاراتىدىن 13ى يېڭىدىن قۇرۇلدى، 5 ئاپپارات قۇرۇلۇۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىن يېڭىدىن قۇرۇلغان پاتېنت ۋاكالەتچىلىك ئاپپاراتى بىر، تاۋار ماركىسى ۋاكالەتچىلىك ئاپپاراتى 12. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ۋاستىچىلىك مۇلازىمەت ئاپپاراتى 20گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پاتېنت ۋاكالەتچىلىك ئاپپاراتى 6، تاۋار ماركىسى ۋاكالەتچىلىك ئاپپاراتى 14. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى باشقۇرغۇچى خادىم 120. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋاستىچىلىك قىلىدىغان مۇلازىمەتچى 90 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پاتېنت ۋاكالەتچى خادىم 43، تاۋار ماركىسى ۋاكالەتچى خادىم 45، پاتېنت مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىم 46.

دۆلەت سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش باش ئىدارىسىنىڭ تەستىقى بىلەن، تەبىئىي شەخسلەرنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ئارقىسىدا شىنجاڭ «جۇڭشىن» تاۋار ماركىسى ئىش ئورنى قۇرۇلدى، شىنجاڭ تاۋار ماركىسى ئىش ئورنى ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن كادىرلار، مالىيە، ماددىي مۇناسىۋەتنى ئۈزدى.

ش ئۇ ئار پاتېنت ۋەكالەتچىلىكى تەنبىھ ھەيئىتى قۇرۇلدى. 5 پاتېنت ۋاكالەتچىلىك ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ پاتېنت ۋاكالەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى 9 - ئايدا يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، دۆلەت بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە پاتېنت ۋاكالەتچىلىرىنىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ۋە پاتېنت ۋاكالەتچىلىك كەسپىي گۇۋاھنامىسىنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، 45 كىشى پاتېنت ۋاكالەتچى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى، 16 كىشى پاتېنت كەسپىي گۇۋاھنامىسىنى تىزىمغا ئالدۇردى ھەم ئالماشتۇردى.

2003 - يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە سانجى ئوبلاستىنىڭ پاتېنت ئۇچۇر تور بېكىتى يېڭىدىن قۇرۇلدى ۋە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شىنجاڭ پاتېنت تور بېكىتىگە ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا دائىر ئۇچۇر ۋە ئاخباراتتىن بولۇپ 78 ئۇچۇر قوشۇلۇپ، پاتېنت ئۇچۇر تور بېتىنىڭ مەزمۇنى يېڭىلاندى، ئۇ 4 ستون، 200 خىل مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇ يىلى تور مۇلازىمىتى 20 مىڭ ئادەم - قېتىمدىن كۆپرەككە يەتتى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، پەن - تېخنىكا ۋە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تارماقلىرى بىرلىكتە ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە 3 - قېتىملىق بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتى ۋە شىنجاڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا دائىر ياخشى خەۋەرلەرنى باھالاش، مۇكاپاتلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون پاتېنتقا دائىر يېڭىدىن 7 خىل قانۇن - نىزام ئېلان قىلدى، بىر قانۇن - نىزامنى يېڭىدىن تۈزۈپ چىقتى، تاۋار ماركىسىنى باشقۇرۇشقا دائىر 2 خىل چارىنى يېڭىدىن ئېلان قىلدى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون تۇنجى قېتىم پاتېنت ئىلتىماسى ياردەم مەبلىغى تۇرغۇزدى ھەمدە ئۇنى يولغا قويدى. شۇ يىلى پاتېنت ئىلتىماسى ياردەم مەبلىغى 800 مىڭ يۈەنگە، جەمئىي 1 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 3 خىل پاتېنت ئىلتىماسى 1473 پارچىگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 18.9% ئاشقان، 3 خىل پاتېنت ئىلتىماسى 11

مىڭ 932 پارچىگە يەتكەن.

شۇ يىلى بېرىلگەن پاتېنت هوقۇقى 752 بولۇپ، 2002- يىلدىكىدىن 19.9% ئاشتى؛ جەمئىي بېرىلگەن پاتېنت هوقۇقى 6669غا يەتتى.

**قوشۇمچە**

ئاپتونوم رايون بويىچە 2003 - يىلى قىلىنغان پاتېنت ئىلتىماسى ۋە بېرىلگەن پاتېنت هوقۇقى

| پاتېنت ستاتىستىكىسى | ئىلگىرىكى يىللاردىكى جەمئىي (پارچە) | 2003 - يىلى | 3 خىل پاتېنت (پارچە) | | | ئورۇنلارنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى (پارچە) | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | كەشپىيات | ئەمەلىي يېڭى تىپ | تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى | شەخسلەر | ئالىي مەكتەپ | پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى | زاۋۇت، كان - كارخانىلار | ئورگان، تەشكىلاتلار |
| پاتېنت ئىلتىماسى | 11932 | 1473 | 254 | 938 | 281 | 1122 | 15 | 54 | 278 | 4 |
| پاتېنت هوقۇقى بېرىلگىنى | 6669 | 752 | 75 | 521 | 156 | 554 | 6 | 42 | 149 | 1 |

يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە رويخەتكە ئېلىنىپ كۈچكە ئىگە بولغان تاۋار ماركىسى ئازكەم 4000 غا يېتىپ، تارىختىكى يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە رويخەتكە ئالدۇرغان تاۋار ماركىسى 14 مىڭغا يەتتى؛ مەملىكەت بويىچە داڭلىق تاۋار ماركىسى 2، شىنجاڭ بويىچە داڭلىق تاۋار ماركىسى 67؛ ئەسلى ئىشلەپچىقىرىلغان جاينى ئىسپاتلايدىغان تاۋار ماركىسى 10.

يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوننىڭ بىلىم مۈلۈك هوقۇقىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى پاتېنت هوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش ماجىراسىغا دائىر 45 دېلو تاپشۇرۇپ ئالدى، 23 دېلونى ئاياغلاشتۇردى، 8 دېلونى توختىتىپ قويدى، 14 دېلو (بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە ئاتلاپ تۇرغۇزۇلغان 6 دېلو بار) نى بىر تەرەپ قىلىۋاتىدۇ. ساختا پاتېنت دېلوسىدىن 24نى قوبۇل قىلىپ، 24 دېلونى ئاياغلاشتۇردى؛ 41 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى؛ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق بىلىم مۈلۈك هوقۇقى ئىدارىسىگە پاتېنت هوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىشقا دائىر 8 دېلونى بىر تەرەپ قىلىشنى هاۋالە قىلدى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 11 خىل پاتېنت تېخنىكا تۈرى يولغا قويۇلدى، مەخسۇس تۈرلەرنى يولغا قويۇش ئۈچۈن 1 مىليون يۈەن سەرپ قىلىندى، 1996 - يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايون بويىچە 45 خىل پاتېنت تېخنىكا تۈرى يولغا قويۇلدى، مەخسۇس تۈرلەرنى يولغا قويۇش ئۈچۈن 5 مىليون 450 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى، ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 39 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 117 مىليون يۈەنگە، باج 132 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شى جىشۈن

## پاتېنت خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ 10 - نۆۋەتلىك كەشپىيات كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىش ئىشىغا تەشكىلاتچىلىق قىلىپ، 3 ئورۇندا يايما ئېچىپ، چوڭلارنىڭ كەشپىياتىدىن 22نى، ياشلار- ئۆسمۈرلەرنىڭ كەشپىياتىدىن 3نى كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇپ، 3 ئالتۇن مېدالغا، 6 كۈمۈش مېدالغا، 5 مىس مېدالغا ۋە بىر مەخسۇس تۈر مۇكاپاتىغا، بىر تۈردە كۆرگەزمە ئۆمىكى بويىچە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 1473 پاتېنت ئىلتىماس قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە كەشپىيات پاتېنتى 254، ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنتى 938، تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى پاتېنتى 281؛ شەخسلەرنىڭ پاتېنت ئىلتىماسى 1122، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 15، زاۋۇت، كان - كارخانىلارنىڭ 54، پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ 278، ئىدارە - تەشكىلاتلارنىڭ 4. هوقۇق بېرىلگىنى 752، بۇنىڭ ئىچىدە كەشپىيات پاتېنتى 75، ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنتى 521. تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى پاتېنتى 156؛ شەخسىي پاتېنت 554، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 6، زاۋۇت، كان - كارخانىلارنىڭ 42، پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ 149، ئىدارە، تەشكىلاتلارنىڭ بىر.

بىر يىلدا پاتېنت ماجىراسىغا دائىر 45 دېلو قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنتى 22، تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى پاتېنتى 23. 23 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنتى 14، تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى پاتېنتى 9، 8 دېلو بىر تەرەپ قىلىندى، 15 دېلو مۇرەسسە قىلىندى. ساختا پاتېنت قىلمىشىغا دائىر 25 دېلو بىر تەرەپ قىلىندى. پاتېنتنى يولغا قويۇش تۈرىگە دائىر 40 ئىلتىماس قوبۇل قىلىندى، پاتېنت تېخنىكىسىنى يولغا قويۇش پىلانىدا 11 تۈر يولغا قويۇلدى، پاتېنتنى يولغا قويۇش خىراجىتى ئۈچۈن 1 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پاتېنتنى يولغا قويۇشقا دائىر بىر ئىجازەت توختامى ئەنگە ئېلىندى.

خې يىڭگو

## تېخنىكا بازارلىرى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەر خىل تېخنىكا توختامىدىن 1516 سى ئىمزالاندى، پۈتۈشۈش سوممىسى 1 مىليارد 203 مىليون يۈەنگە يەتتى. تېخنىكا توختاملىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سودا سوممىسى 793 مىڭ 500 يۈەن بولدى. 2002 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، تېخنىكا توختام سانى %12.3، پۈتۈشۈش سوممىسى %19.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا تەرەققىياتى توختامى 401 بولۇپ، پۈتۈشۈش سوممىسى 512 مىليون يۈەن؛ تېخنىكا ئۆتكۈزۈپ بېرىش توختامى 161 بولۇپ، پۈتۈشۈش سوممىسى 299 مىليون يۈەن؛ تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى توختامى 466 بولۇپ، پۈتۈشۈش سوممىسى 71 مىليون يۈەن؛ تېخنىكا مۇلازىمەت توختامى 488 بولۇپ، پۈتۈشۈش سوممىسى 321 مىليون يۈەن.

جاۋ پېڭ

## شىنجاڭنىڭ 2003 - يىلدىكى قىسمەن كەشپىيات ۋە ئىجادىيەت نامى مۇندەرىجىسى

پاتېنت ئىلتىماس قىلىنغان كەشپىيات نامى 330 تۈر: يېڭى سامساق تەركىبىدىن ئاللىشىنازا ئاجرىتىۋېلىپ ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى (03100419.9)، سىيرىلىپ چىقىپ كەتمەيدىغان، كېسەلگە، مىكروبقا قارشى گاندون (03100413)، سىيرىلىپ چىقىپ كەتمەيدىغان، كېسەلگە، مىكروبقا قارشى گاندون (03100414)، ئىستېرلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى ساخاروزا ئالقات كىسلاتالىق مايىنى بىرىكتۈرۈش يېڭى ھۈنەر - سەنئىتى (03101111)، سۇدىن ساقلايدىغان كاللەك گەج (03102804)، قۇۋۋەتلىك يېمەكلىك — سوقماق (03103281)، مەسلىكنى يېشىلدۇرۇپ جىگەرنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان كاپسۇل ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى (03103293)، ئۈزۈم قۇرۇتۇش دورىسى ۋە ئۇنى تەييارلاش (03103627)، تەبىئىي رەڭلىك پاختا بىلەن رەڭلىك پاختىدىن ئېگىرىلگەن يىپنىڭ رەڭ پەرقىنى تىزگىنلەش ھۈنەر - سەنئىتى (03106586)، گۆشگۆرت ئىشقارداشقىلىدىن كىرېمنىلىق ئوغۇت ياساش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش (03106905)، تېلېۋىزورنىڭ رېنتگېن نۇرىنى يوقىتىش قۇرۇلمىسى (03106988)، سوزۇلۇش - قىسقىراش ئەسۋابى ئورنىتىلغان تۇرۇبىنى ھەرىكەتچان چاتقۇچ (03110063)، ئاق سۆكسۆكنى سۇنئىي تېرىش ئۇسۇلى (03116740)، رەيھان شەربىتى ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى (03120320)، بۆلەكلەرگە ئايرىلىدىغان قولۋاق (03120370)، سالامەتلىككە پايدىلىق مېۋە - چېۋە، كۆكتات ئوزۇقلۇق يېمەكلىكى ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى (03121745)، تۆمۈر ماددىلىق ۋارا يىلىم ئىچىملىكى ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى (03122808)، ئۈچەيدە ئېرىيدىغان مۇرەككەپ ئاللىشىن كاپسۇلى (03123854)، بىر خىل بىناكارلىق ماتېرىيالى ۋە ئۇنى قۇراشتۇرۇش ئۇسۇلى (03125047)، بىخەتەر قاپقاق ۋە تېز ئىتتىرىش ھالقىسى (03130815)، ئۆسۈملۈك تالا ماددىسىدىن ئېتان ياساش ئۇسۇلى (03136610)، ھايۋان تاپىدىن سۇنئىي نېفىت ئىشلەش ئۇسۇلى (031136111)، سۆگەل چۈشۈرۈش مەلھىمى (03136965)، ھىدروكاربون مېيىدىن ياسالغان مېتاللىسىزلاندۇرۇش دورىسى ۋە ئۇنى ياساش- ئىشلىتىش ئۇسۇلى (03137117)، ھىدروكاربون مېيى ئارقىلىق مېتاللىسىزلاندۇرۇپ ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلى (03137118)، مۇرەككەپ ياپچان كاپسۇلى (03137902)، جىگەرنى ياخشىلاش كاپسۇلى (03137903)، ئۈزۈم ئۇرۇقىدىن تۆۋەن پولىمېرلىق سىئانىن ئاجرىتىۋېلىش ئۇسۇلى (03137933)، بىر خىل ھالەتتىكى خەنزۇ يېزىقىنىڭ سۆز ھاسىل قىلغۇچى سوزۇق تاۋۇشلىرىغا رەقەم بىلەن نومۇر قويۇش ئۇسۇلى (03140505)، چامغۇر قۇۋۋەت يېمەكلىكى (03149202).

ئەمەلىي يېڭى تىپ نامى (28 تۈر): تىزگىنلىنىدىغان بىر خىل قارماق قۇرۇلمىسى (03200829)، كۆپ ئىقتىدارلىق قول سومكىسى (03201262)، ئاشلىق تازىلاش ماشىنىسى (03201263)، ئۆزگەرتىلگەن چىبىنقىش پۈرژىنىسى (03201297)، مۇز - قار تازىلاش قۇرۇلمىسى (03201307)، پول سۈرتكۈچنىڭ سۈيىنى سىققىدىغان، قۇرۇتىدىغان، سۇ ساقلىيالايدىغان ھەممىباب چېلەك

(03201620)، سۇ تېجەيدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق تاھارەت قاچىسى (03201657)، تازىلىق تاھارەت قاچىسى (03201658)، ئاددىي سۇ بۆلگۈچ (03201661)، توردىن ئىشلەنگەن بىرىكمە سۈزگۈچ (03201667)، قۇراشتۇرۇلما قاچىلاش چېلىكى (03201670)، مەنپىي بېسىملىق ئاپتوماتىك رېئاكتىپنى يۇيۇش سۈزۈش قۇرۇلمىسى (03201696)، ياتما شەكىللىك رېئاكتىپلىق شېغىل يۇيۇپ سۈزگۈچ (03201876)، بىر خىل يۇقىرى ھارارەت يۇقىرى بېسىمغا چىدامىلىق مۇراببا قۇتىسى (03201933)، جۇڭيى دورىسى بىلەن ھوردىتىپ داۋالاش ئەسۋابى (03201988)، ئۆزگەرتىلگەن كۆمۈر يېقىلغۇ قىلىنىدىغان ئىس - تۈتەكسىز ئۆرە پارقازان (03201989)، ئىس - تۈتەكسىز بىرىكمە پار قازان (03201990)، ئۆزگەرتىلگەن ئىچىدىن يانىدىغان خاڭداش ماشىنىسى (03201996)، تەخسىشەكىل بولىدىغان تېرمومېتىرلىق ئوقۇتۇش سايمىنى (03202028)، كۆتۈرۈش - چۈشۈرۈشكە بولىدىغان ئېگىز بوشلۇق ئاسما مەشغۇلات ماشىنىسى (03202040)، كۆپ ئىقتىدارلىق ئەقلىي كارتوچكا (03202074)، بىر خىل كۆتەك ساندۇق تاختىسى (03202183)، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بىر خىل كوتو (03202496)، گاز ئېقىمى ئارقىلىق ئارىلاشمىلارنى تازىلايدىغان مۇنارسىمان قۇرۇتۇش ماشىنىسى (03202579)، كۆپ ئىقتىدارلىق يەم - خەشەك يەنجىش ماشىنىسى (03202653)، شاخسىمان زىرائەتلەرنى ئورۇش ماشىنىسىنىڭ ئۆرە ماتېرىيال كىرگۈزۈش قۇرۇلمىسى (03202693)، تۆشۈك دىۋارلىق چېكىنىشنى توختاتقۇچ (03203136)، بىر خىل توك ئۆتكۈزۈش بېسىم پىلتىسى ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن ئورام گورۇپپىلىق كابېل (03226752).

تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى نامى (55 تۈر): قاچىلاش قۇتىسى (شىنىنىڭ ساقلانما ھارىقىنىڭ) (03300147)، قاچىلاش قۇتىسى (شىنىنىڭ لاۋجاۋ ھارىقىنىڭ) (03300148)، قاچىلاش ساندۇقى (02201258)، قاچىلاش ساندۇقى (ياغاچ گۈللۈك قەغەز ساندۇق) (03301293)، بوتۇلكا (03301383)، قاچىلاش قۇتىسى (قىزغۇچ ئالتۇن گەمە شاھى ھارىقىنىڭ) (03301614)، ئالىيۇمىن قېتىشمىلىق سۇلياۋدىن ئىشلەنگەن تۈز ئېچىلىدىغان دېرىزە شەكىللىك ماتېرىيال (03301663)، ئالىيۇمىن قېتىشمىلىق سۇلياۋدىن ئىشلەنگەن ئىتتىرمە دېرىزە شەكىللىك ماتېرىيال (03301664)، بوتۇلكا بەلگىسى (شېبىننى ئۆسۈملۈك ئىچىملىكىنىڭ) (03301866)، ۋەزىنلىك قەرت (03301889)، ئوراش - قاچىلاش خالتىسى (03302322)، قاچىلاش قۇتىسى (سەنتەي لاۋجاۋ ھارىقى - قومۇلۇق شاھى ھارىقىنىڭ) (03302358)، تاۋار بەلگىسى (لۇجو ئۇندۇرمە سېيىنىنىڭ) (03302401)، ئېلېكترونلۇق سالاھىيەت پەرقلەندۈرۈش بىلەن بۇيۇمنى تۇتاشتۇرۇپ بىرگەۋدىلەشتۈرۈش ماشىنىسى (03302736)، قاچىلاش قۇتىسى (03303550)، بوتۇلكا (1) (03303829)، ئوراش - قاچىلاش خالتىسى (03303842)، ئەرلەرنىڭ كۆپىيىش ئەزاسىنى ئاسرىغۇچ (03303879)، كۆلۈچلۈق ئەتۋىركا (03303880)، كۆپ ئىقتىدارلىق پار قازان (03304665)، مېتىر (كۆپ ئىقتىدارلىق) (03304673)، ھاراق بوتۇلكىسى بېزەك بۇيۇمى (03304690)، بوتۇلكا (2) (03304708)، قاچىلاش ساندۇقى (شىنجاڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى — نەشپۈتنىڭ) (03305439)، 3 چاقلىق ماشىنا (ياز - كۈزدە ئىشلىتىلىدىغان) (03305560)، ئوراش - قاچىلاش خالتىسى (تۇرپان قۇرۇق ئۈزۈمىنىڭ) (03305764)، ئاددىي كۆزەينەك (03306218)، پولات تۇرۇبىلىق 3 قاتار پارۋاي (03306507)، قوش رەتلىك پولات تۇرۇبىلىق پارۋاي (03306518)، ئوراش - قاچىلاش خالتىسى (شەرقىي شىمال ئېپارگورۇچىنىڭ) (03306609)، قاچىلاش قۇتىسى (03306610)، بوغاز بايتال سۈيدۈكىنى يىغىش ئەسۋابى (03306726)، ئوراش - قاچىلاش خالتىسى (تېتىتقۇنىڭ) (03307823)، ترانسفورماتور ماي باكى (0338803)، ترانسفورماتور (03308804)، سوزۇلما - قىسقارما ئەسۋاب ئورنىتىلغان تۇرۇبا چاتقۇچ (03308805)، قاچىلاش ساندۇقى (يېشىل يېمەكلىكنىڭ) (03308839)، قاچىلاش ساندۇقى (ئالاھىدە نەشپۈتنىڭ) (03308840)، تۇرۇبا سوزۇدىغان - قىسقارتىدىغان كەيدۈرمە ئەسۋاب (03309185)، ئوراش - قاچىلاش خالتىسى (شاد - خوراملىق كەمپۈتنىڭ) (03310011)، بوتۇلكا بەلگىسى (شېنىنى ئۈزۈم شەربىتىنىڭ) (03310380)، ئوراش - قاچىلاش خالتىسى (كەھرىۋا بامبۇك نوتىسىنىڭ) (03310747)، سۇرلەنگەن چوشقا سىنى (03313996)، ئوراش - قاچىلاش خالتىسى (1) (03340107)، قاچىلاش ساندۇقى (پەمىدۇر قىيامىنىڭ) (03348317)، ھاراق بوتۇلكىسى (ئىلى ساقلانما ھارىقىنىڭ) (03348635)، قاچىلاش قۇتىسى (ئىلى دەرياسى ساقلانما ھارىقىنىڭ)، (03348769)، قاچىلاش قۇتىسى (قار لەيلىسى ئوكۇلىنىڭ) (03349178)، ئوراش- قاچىلاش خالتىسى (مۇرەككەپ ياپچان دانچە دورىسىنىڭ) (033049179)، قاچىلاش قۇتىسى (مۇرەككەپ ياپچان

دانچە دورىسىنىڭ) ، (03349180) ، كىچىك پۇركۇگۇچكە ئىشلىتىلىدىغان ئاپلانما چاق (03352148) ، قەنت - گېزەك ئوراش قەغىزى (03354944) ، قەنت - گېزەك ئوراش قەغىزى (03354993) ، تاختايغا چاپلانغان رەسىم (كىگىز ئۆي ئىچىگە ئىشلىتىلىدىغان مەنزىرە) (03355113) ، پالما چېيى (ئايسمان) (03355114) .

خې يىڭگو

# پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش - كېڭەيتىش

## پەن - تېخنىكىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتى

2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە پەن - تېخنىكا نازارىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ سۇ ۋە سۇ ئېلېكتر پەن تەتقىقات ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆكتاتچىلىق تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى قاتارلىق 9 ئورۇندىن 22 مۇتەخەسسىسنى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە بېرىپ «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» پەن- تېخنىكا مۇلازىمىتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ئۈمىكىنىڭ پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇردى. ئۇلار ھەر خىل پەن- تېخنىكا ماتېرىيالىدىن 80 مىڭ پارچە تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە 15 مىڭ پارچە، ئۇيغۇرچە 65 مىڭ پارچە، 50 پارچىدىن كۆپرەك رەسىم، كۆرگەزمە تاختىسى، ئاسما خەرىتىنى كۆرگەزمە قىلدى، يېزىلاردا قوللىنىلىدىغان ئەمەلىي پەن - تېخنىكىغا دائىر 100 خىلدىن كۆپرەك 4000 دىن ئارتۇق كىتاب، 150 يۈرۈش سىنئالغۇ لېنتىسى ھەدىيە قىلدى ۋە تارقاتتى، سوپەتلىك كۆكتات ئۇرۇقىدىن 500 نۇسخا ھەدىيە قىلدى، ئۇنىڭ قىممىتى 3000 يۈەندىن ئاشىدۇ، تېخنىكا لېكسىيىسى نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، 2000 دىن ئارتۇق كىشىنى تەربىيىلىدى. زىرائەتلەرنى سوپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاش تېخنىكىسى، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تېخنىكىسى، چارۋىلارنى كۆپەيتىش ۋە بېقىش تېخنىكىسى قاتارلىقلار توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىش ئىشىنى قانات يايدۇردى. مەسلىھەت سوراشقا قاتناشقان ئامما 50 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى. پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ئۈمىكىدىكىلەر 5000 ئادەم (قېتىم) سورىغان ھەر خىل تېخنىكىلىق سوئاللارغا جاۋاب بەردى ھەمدە دېھقانلار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش جەھەتتە دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى بەردى.

خۇاڭ جۈەن

## پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكى

پەن - تېخنىكا نازارىتى 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 17- كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە «ئىلىم- پەنگە تايىنىپ «سارس» نىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكى بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 5 - ئاينىڭ 17- كۈنى توردا 2003 - يىللىق پەن- تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى (شىنجاڭ تارماق يىغىن مەيدانى) ئۆتكۈزدى. 5 - ئاينىڭ 20- كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە پەن - تېخنىكا نازارىتى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، شىخەنزە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە شىنجاڭ بويىچە 2 - نۆۋەتلىك «تيەنيې لوڭقىسى» دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق پەنلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرى بويىچە تېلېۋىزىيە مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى، «شىنجاڭ گېزىتى» ، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» قاتارلىق ئاساسلىق گېزىتلەر ھەمدە «شىنجاڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تورى» ، «غەربىي قىسىمدىكى بېشبالىق» قاتارلىق تور - بېكەتلىرىنىڭ ھەممىسى ھەر كۈنى «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش بىلىملىرى، «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئەھۋالى قاتارلىق پروگرامما ۋە ستونلارنى ئورۇنلاشتۇردى؛ «شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى» 2003 - يىللىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكى توغرىسىدا مەخسۇس بەت ئېچىپ، 8 سانغا بۆلۈپ دېھقانچىلىق ئەمەلىي تېخنىكىسى ۋە «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدى ۋە ئومۇملاشتۇردى. سەھىيە

نازارىتى، پەن - تېخنىكا نازارىتى بىرلىكتە خەلق مەيدانىدا «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاشقا دائىر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش - مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. ش ئۇ ئا ر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنى ئىشخانىسى بىلەن سەھىيە نازارىتى، ش ئۇ ئا ر رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «ئىقتىساد ۋە تۇرمۇش» قاتارلىق پروگراممىلىرىدا 2003 - يىلى «سارس» قا تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا «مۇتەخەسسىسلەرنى زىيارەت قىلىش خاتىرىسى» نى ئىشلەپ چىقىپ، ئاممىغا بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتتى. پائالىيەت ھەيتىلىكى مەزگىلدە، 1 مىليون 500 مىڭ پارچە ھەر خىل تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقاتتى؛ پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى تەشكىللەپ «يېزىلاردا ‹سارس› نىڭ ئالدىنى ئېلىش» قا دائىر ئۇيغۇرچە، قازاقچە تەشۋىقات رەسىمى ۋە تەشۋىقات ۋەرەقىدىن 700 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تەرجىمە قىلىپ باستۇردى.

خۇاڭ جۈن

# پەن - تېخنىكا خىزمىتى

## مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 54 ناھىيە، شەھەر، رايوندا مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر تەشكىلاتى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 44 مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر تەشكىلاتى شىنجاڭنىڭ تەدبىر بەلگىلەش تەتقىقاتى ۋە مەسلىھەتچىلىك تورىغا قاتناشتى. 2003 - يىلى ئاقسۇ شەھىرىدە 2- قېتىملىق يىللىق تور يىغىنى ئېچىلدى.

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تۈزەش ۋە قوغداش، سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىش ۋە سۇ تېجەپ سۇغىرىش، ئۆزگىچە بايلىقلارنى ئېچىش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، ئىختىساسلىقلار ئىستراتېگىيىسى قاتارلىقلارنى تەتقىقات ئۈستىدە قىلدى، ئۇنىڭغا 950 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلدى، 2 تۈركۈمدە تەدبىر بەلگىلەش تەتقىقاتى ۋە مەسلىھەتچىلىككە دائىر 41 تۈرنى يولغا قويدى. 67 مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچى باشلامچى بولۇپ تېمىلارنى تەتقىق قىلىشقا قاتناشتى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشى ۋە مەسلىھەتچىلەر ھەيئىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، «شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىش، ئىستېمال، ئېكسپورت قىلىش (چىقىرىش) نىڭ GDPگە بولغان تەسىرىنى دەلىللەش - ئانالىز قىلىش»، «تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش دوكلاتى»، «چارۋىچىلىقتىكى ئاپەت ۋە ئۇشتۇمتۇت ۋەقەلەرگە جىددىي تاقابىل تۇرالايدىغان يەم - خەشەك زاپاس ئامبىرىنى قۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ»، «ئىلىم - پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئىلىم - پەن ساپا ماھارىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا تەكلىپ» قاتارلىق 16 تۈر ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس- مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ تەدبىر بەلگىلەش تەتقىقاتى ۋە مەسلىھەتچىلىك بويىچە مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر تۈر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 6 تۈر 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 9 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىدىكى 10 نەچچە مۇتەخەسسىس تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تارىمنى ئوراپ تۇرىدىغان رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى تەكشۈرۈپ چىقتى؛ قېزىلما بايلىق ۋە ئېنېرگىيە گۇرۇپپىسىدىكى مۇتەخەسسىس كاڭ يۈجۇ لياۋنىڭ، بېيجىڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، نېفىت - گاز خىمىيە سانائىتىنىڭ ئىككىلەمچى مەھسۇلاتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى؛ قېزىلما بايلىق ۋە ئېنېرگىيە گۇرۇپپىسى شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، 30 دىن كۆپرەك مۇتەخەسسىس - ئالىم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ ۋەكىللىرى شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئومۇمىي جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇش، تەرەققىيات باسقۇچى، تېخنىكا كىرگۈزۈش ۋە مەبلەغ يۈنىلىشى قاتارلىق چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلدى.

ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ئىشخانىسى مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ 2003 - يىللىق (ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات) توغرىسىدا پىكىر ئېلىش سۆھبەت يىغىنى، شىنجاڭنىڭ شەھەرلەشتۈرۈش تەرەققىيات تەدبىرى مۇھاكىمە يىغىنى، شىنجاڭنىڭ تەدبىر بەلگىلەش

تەتقىقاتى ۋە مەسلىھەتچىلىك تورىنىڭ 2 - قېتىملىق يىللىق يىغىنى ۋە ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ 2002 - يىللىق خىزمەتلىرىنى خۇلاسىلاش - تەقدىرلەش يىغىنى قاتارلىق يىغىنلارغا قاتناشتۇردى. «شىنجاڭنىڭ تەدبىر بەلگىلەش تەتقىقاتى ۋە مەسلىھەتچىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن تاللانما (2002 - يىللىق)»، «شىنجاڭنىڭ شەھەرلەشتۈرۈش تەرەققىيات تەدبىرى مۇھاكىمە يىغىنى ئىلمىي ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇردى؛ «تەدبىر بەلگىلەشتە پايدىلىنىش ماتېرىيالى»دىن 29 سان، «قىسقا خەۋەر»دىن 16 سان، «مەسلىھەتچىلىككە دائىر مەخسۇس مۇھاكىمە»دىن بىر سان تۈزۈپ تارقاتتى.

ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى پائال تۈردە ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمىتى قىلدى. «خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئۈزۈم كارىدورىنى ياخشىلاپ ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش»، «خوتەن ۋىلايىتىدە ئۆزگىچە قۇرۇق، ھۆل مېۋە پەن - تېخنىكا ئۈلگە باغچىسى قۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات»، «تۇرپان شەھىرىدىكى كېچىكتە 10 مىڭ مو (666.7 گېكتار) زىيانسىز ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش بويىچە پەن - تېخنىكا ئۈلگە بازىسى قۇرۇش»، «تۇرپان شەھەرلىك كېچىك باغۋەنچىلىك مەيدانىدا ھاۋاسىنى تەڭشىگىلى بولىدىغان ھۆل پېتى ساقلاش ئامبىرى قۇرۇش» ۋە «باغراش ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايوندا 10 مىڭ مو (666.7 گېكتار) پىششىقلىنىدىغان ئۈزۈم ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى» قاتارلىق تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەتقىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇردى؛ مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك نېفىت خىمىيە كەسپىي بازىسىنى قۇرۇش ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇردى؛ ئازكەم 20 مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىنى ئالتاي، بورتالا، سانجى، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا بېرىپ، مەخسۇس تېما بويىچە 42 قېتىم لېكسىيە سۆزلەشكە ئۇيۇشتۇردى. لېكسىيە ئاڭلىغان ئادەم ئاز كەم 20 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

ما شيۇڭيا

## تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ناھىيە ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى تارماقلارغا قاراشلىق مۇستەقىل پەن - تېخنىكا ئاپپاراتى 126 (تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن ئاپپاراتلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، كەسپكار 7298، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تېخنىكا كادىرى 5611 بولۇپ، 76.88%نى ئىگىلەيدۇ، پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 5399 بولۇپ، 73.98%نى ئىگىلەيدۇ.

1. ناھىيىدىن يۇقىرى تارماقلارغا قاراشلىق تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى.

1) تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى. 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 98گە، كەسپكار 6024كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 4338، ئالىي - ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بارلار 3041.

يىللىق ئومۇمىي خىراجەت كىرىمى 481 مىليون 469 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجراتقان پۇل 333 مىليون 979 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 7.26% ئاشتى. تېخنىكىلىق كىرىم 101 مىليون 958 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 25.73% ئاشتى؛ ئومۇمىي خىراجەت چىقىمى 468 مىليون 525 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملارنىڭ خىراجىتى 176 مىليون 302 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 119 مىليون 132 مىڭ يۈەن.

بىر يىلدا 1000 تېما تەتقىق قىلىندى، بۇ تېمىلارغا 2122 كىشى قاتناشتى، 147 مىليون 343 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى. تېمىلارغا سەرپ قىلىنغان خىراجەت ئىچىدە ئاساسىي تەتقىقات خىراجىتى 7.04%نى، ئەمەلىي تەتقىقات خىراجىتى 12.06%نى، تەجرىبە تەرەققىيات خىراجىتى 37.33%نى، تەتقىقات ۋە تەجرىبە تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى قوللىنىش خىراجىتى 31.37%نى، تېخنىكا مۇلازىمىتى خىراجىتى 10.34%نى، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك پائالىيەت خىراجىتى 1.86%نى ئىگىلىدى.

بىر يىلدا تېخنىكا توختامى ئىمزالاشتىن كىرگەن ئەمەلىي كىرىم 6 مىليون 929 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پەن - تېخنىكىغا دائىر 1360 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 34 ماقالە چەت ئەلدە ئېلان قىلىندى، 26 خىل مەخسۇس پەن - تېخنىكا ئەسىرى نەشر قىلىندى، 42 پاتېنت ئىلتىماسى قوبۇل قىلىندى، پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 28، بۇنىڭ ئىچىدە كەشپىيات پاتېنتى 24.

2) ئىجتىمائىي پەن ۋە گۇمانىتار پەن ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى. 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن ۋە گۇمانىتار پەن ساھەسىدىكى تەتقىقات

ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 8گە، كەسپكار 384كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 309.

ئۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي خىراجەت كىرىمى 23 مىليون 276 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 21 مىليون 50 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي خىراجەت چىقىمى 20 مىليون 519 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملارنىڭ خىراجىتى 10 مىليون 687 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 4 مىليون 120 مىڭ يۈەن.

بىر يىلدا 63 تېما تەتقىق قىلىندى، بۇ تېمىلارغا شۇ يىلى 180 كىشى قاتناشتى، 2 مىليون 958 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى. سەرپ قىلىنغان خىراجەت ئىچىدە، ئاساسىي تەتقىقات خىراجىتى %6.78نى، ئەمەلىي تەتقىقات خىراجىتى %65.3نى، تەجرىبە تەرەققىيات خىراجىتى %18.8نى، پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى خىراجىتى %57.9نى ئىگىلىدى.

بىر يىلدا 339 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى؛ 24 خىل مەخسۇس پەن - تېخنىكا ئەسىرى نەشر قىلىندى.

3) پەن - تېخنىكا ئۇچۇرچىلىق ۋە ھۆججەت ئاپپاراتلىرى. 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئاپپاراتى 8گە، كەسپكار 274كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا ئاخباراتىغا دائىر ھۆججەت - ماتېرىيال پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 250.

ئۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي خىراجەت كىرىمى 22 مىليون 836 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 13 مىليون 64 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %7.25 ئاشتى؛ يىللىق خىراجەت چىقىمى 19 مىليون 450 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملارنىڭ خىراجىتى 7 مىليون 656 مىڭ يۈەن، پەن - تېخنىكا كەسپىي خىراجىتى 4 مىليون 299 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا 17 تېما تەتقىق قىلىندى، بۇ تېمىلارغا 36 كىشى قاتناشتى، 1 مىليون 267 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى. شۇ يىلى تېخنىكا توختامى ئىمزالاشتىن كىرگەن ئەمەلىي كىرىم 467 مىڭ يۈەن بولدى. پەن - تېخنىكىغا دائىر 36 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى.

2. تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن پەن تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى.

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 8 تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلدى. كەسپكارى 564، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 458.

ئۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي خىراجەت كىرىمى 82 مىليون 555 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 18 مىليون 92 مىڭ يۈەن، تېخنىكىلىق كىرىمى 15 مىليون 905 مىڭ يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى كىرىمى 35 مىليون 706 مىڭ يۈەن. ئومۇمىي خىراجەت چىقىمى 59 مىليون 439 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملارنىڭ خىراجىتى 21 مىليون 316 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 8 مىليون 749 مىڭ يۈەن.

بىر يىلدا 66 تەتقىقات تېمىسى قانات يايدۇرۇلدى، بۇ تېمىلارغا 198 كىشى قاتناشتى، 13 مىليون 527 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى.

3. ناھىيە دەرىجىلىك تارماقلارغا قاراشلىق تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى.

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك تارماقلارغا قاراشلىق تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 4كە، كەسپكار 52گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 44.

ئۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي خىراجەت كىرىمى 2 مىليون 533 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 2 مىليون 191 مىڭ يۈەن؛ ئومۇمىي خىراجەت چىقىمى 2 مىليون 582 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملارنىڭ خىراجىتى 1 مىليون 463 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 210 مىڭ يۈەن.

بىر يىلدا 13 تەتقىقات تېمىسى قانات يايدۇرۇلدى، بۇ تېمىلارغا 23 كىشى قاتناشتى، 43 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى.

4. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تەتقىقات ۋە تەرەققىيات پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي ئورۇن 2، كەسپكار 26، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 22.

شۇ يىلى پەن - تېخنىكا خىراجىتىدىن 326 مىڭ يۈەن توپلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 50 مىڭ يۈەن، پەن - تېخنىكا خىراجىتى چىقىمى 494 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملارنىڭ خىراجىتى 254 مىڭ يۈەن.

بىر يىلدا 3 تەتقىقات تېمىسى قانات يايدۇرۇلدى، بۇ تېمىلارنى تەتقىق قىلىشقا 7 كىشى قاتناشتى، 31 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى.

ليۇ چيەن

2003 ـ يىلدىكى ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەبىئىي پەن ۋە پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇرچىلىق ھەمدە مۇججەت ـ ماتېرىيال ئاپپاراتلىرى

| ئاكادېمىيە تەتقىقات ئورنى نامى | ئادرېسى | ئاكادېمىيە، تەتقىقات ئورنىنىڭ خاراكتېرى | مەسئۇل تارماق |
|---|---|---|---|
| شىنجاڭ پولات تۆمۈر تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇنخابا رايونى | تېخنىكا تەرەققىياتى | شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھى |
| شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش پەن تەتقىقات يۇرتى | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي باجياخۇ يولى 4 ـ نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | قۇرۇلۇش نازارىتى |
| شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 74 ـ نومۇر | پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى | بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھە ئىشخانىسى |
| شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات يۇرتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 41 ـ نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | ماشىنىسازلىق ئېلېكترو ساھە ئىشخانىسى |
| شىنجاڭ ئېلېكترون تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 49 ـ نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | ماشىنىسازلىق ئېلېكترون ساھە ئىشخانىسى |
| شىنجاڭ كۆمۈرچىلىك پەن تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 28 ـ نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | كۆمۈرچىلىك نازارىتى |
| شىنجاڭ توقۇمىچىلىق پەن تەتقىقات يۇرتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 34 ـ نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | توقۇمىچىلىق ساھە ئىشخانىسى |
| شىنجاڭ رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە نازارىتى پەن تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 84 ـ نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە نازارىتى |
| شىنجاڭ يېنىك سانائەت لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جۇڭشەن يولى 102 ـ نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | يېنىك سانائەت ساھە ئىشخانىسى |
| شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى | ئۈرۈمچى شەھىرى چيەنتاڭ جياڭ يولى 36 ـ نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | نېفىت خىمىيە سانائىتى ساھە ئىشخانىسى |
| شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى جىڭيى يولى 17 ـ نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | قاتناش نازارىتى |
| شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ پەن تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 78 ـ نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | ئاشلىق ئىدارىسى |
| شىنجاڭ شامال ئېنېرگىيەسى تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى خېيلۇڭ جياڭ يولى 19 ـ نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | سۇچىلىق نازارىتى |
| شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 ـ نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | پەن ـ تېخنىكا نازارىتى |
| شىنجاڭ ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش مەركىزى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 ـ نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | پەن ـ تېخنىكا نازارىتى |
| شىنجاڭ رەڭلىك مېتال تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 4 ـ نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | رەڭلىك مېتال باش شىركىتى |
| شىنجاڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى پەن تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجياڭ يولى 106 ـ نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | سۇچىلىق نازارىتى |
| شىنجاڭ نەشرىيات ـ باسمىچىلىق پەن ـ تېخنىكا تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 346 ـ نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| شىنجاڭ مىللىي كىيىم - كېچەك تەتقىقات لايىھەلەش مەركىزى | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 68 - نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | توقۇمىچىلىق ساھە ئىشخانىسى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى مەركىزىي تەجرىبىخانىسى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى زىرائەت سورت بايلىقى تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇپراق - ئوغۇتچىلىق تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى دانلىق زىرائەت تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىكرو بىئولوگىيە ئەمەلىي تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يادرو تېخنىكا - بىئو تېخنىكا تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇ - رۇش تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي نەنچاڭ يولى 1 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇرپان ئۈزۈم تالالىق پاختا تەتقىقات ئورنى | تۇرپان شەھىرى مۇنار يولى 6 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قاراماي يولى 21 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | چارۋىچىلىق نازارىتى |
| شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قاراماي يولى 21 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى يەم - خەشەك تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قاراماي يولى 21 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتلاقچىلىق تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قاراماي يولى 21 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى جۇڭگو - ئاۋستىرالىيە قوي نەسلىنى يېتىشتۈرۈش تەتقىقات مەركىزى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قاراماي يولى 21 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قاراماي يولى 21 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي ساي يولى 60 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | ئورمانچىلىق ئىدارىسى |
| شىنجاڭ سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر پەن تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى جەنۇبىي خۇڭيەنچى يولى 2 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | سۇچىلىق نازارىتى |
| شىنجاڭ قېزىلما بايلىق تەجرىبە تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 35 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق ئىدارىسى |
| شىنجاڭ تەجرىبە ھايۋانات تەتقىقات مەركىزى | ئۈرۈمچى شەھىرى شور بۇلاق 1 - كوچا 4 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | سەھىيە نازارىتى |
| شىنجاڭ دورا تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 9 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | سەھىيە نازارىتى |
| شىنجاڭ جۇڭيى دورا تەتقىقات يۇرتى | ئۈرۈمچى شەھىرى خۇاڭخې يولى 53 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 36 - نومۇر قوشۇمچە 1 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | سەھىيە نازارىتى |
| شىنجاڭ جۇڭيى - مىللىي دورىگەرلىك تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىنمىن يولى 9 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | دورىگەرلىك گۇرۇھى |
| شىنجاڭ ئانالىتىك ئۆلچەش مەركىزى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 - نومۇر قوشۇمچە 2 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | پەن - تېخنىكا نازارىتى |
| شىنجاڭ ئۆلچەم - ئۆلچەش تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 - نومۇر قوشۇمچە 9 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | سۈپەت نازارەتچىلىكى ئىدارىسى |
| شىنجاڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 32 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | سۈپەت نازارەتچىلىكى ئىدارىسى |
| شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش پەن تەتقىقات يۇرتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى |
| شىنجاڭ تەنتەربىيە پەن تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي ئىتتىپاق يولى 91 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | تەنتەربىيە ئىدارىسى |
| شىنجاڭ پىلانلىق تۇغۇت پەن تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى |
| شىنجاڭ ئۈزۈم، قوغۇن - تاۋۇز تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى | پىچان ناھىيىسى قوشتۇڭمەن يولى | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | دېھقانچىلىق نازارىتى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| شىنجاڭ خوتەن يىلپىچىلىك پەن تەتقىقات ئورنى | خوتەن شەھىرى ناۋاغ يولى 10 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | دېھقانچىلىق نازارىتى |
| شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سىياسىتى تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 - نومۇر قوشۇمچە 7 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | پەن - تېخنىكا نازارىتى |
| شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 - نومۇر قوشۇمچە 8 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | پەن - تېخنىكا نازارىتى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى تېخنىكا ئۇچۇرلىرى تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرى تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قاراماي يولى 21 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ سۇيەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئۇچۇر تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 32 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | سۇپەت نازارەتچىلىكى ئىدارىسى |

## تەبىئىي پەن كەسپىي خىراجەت خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە پەن - تېخنىكا سېلىنمىسى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن تەبىئىي پەن كەسپىي خىراجىتى ئۈچۈن 130 مىليون 437 مىڭ 200 يۈەن خام چوت چىقىمى كۆرسەتكۈچى، دەم ئېلىشقا - پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن 38 مىليون 821 مىڭ 500 يۈەن خام چوت چىقىمى كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈلدى، بۇ 2 تۈر ئۈچۈن 169 مىليون 258 مىڭ 700 يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى. بىر يىلدا ئەمەلىي چىقىم قىلىنغان يىللىق تەبىئىي پەن كەسپىي خىراجەت چىقىمى 399 مىليون 521 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي خىراجەت چىقىمى 339 مىليون 556 مىڭ 200 يۈەن، تۈر خىراجىتى چىقىمى 35 مىليون 275 مىڭ 900 يۈەن، تىجارەت چىقىمى 24 مىليون 337 مىڭ 200 يۈەن، قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ قوشۇمچە ياردەم چىقىمى 110 مىڭ يۈەن، ئۆز مەبلىغى بىلەن قىلىنغان ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى 242 مىڭ يۈەن. كەسپىي خىراجەت چىقىمى ئىچىدە خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ چىقىمى 8 مىليون 262 مىڭ يۈەن. يىللىق كىرىم 436 مىليون 936 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيىدىن بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم كىرىمى 130 مىليون 877 مىڭ 300 يۈەن، كەسپىي كىرىم 205 مىليون 6400 يۈەن، يۇقىرىدىن بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم كىرىمى 65 مىليون 971 مىڭ 400 يۈەن، قاراشلىق ئورۇنلار تاپشۇرغان پۇل 300 مىڭ يۈەن، تىجارەت كىرىمى 27 مىليون 139 مىڭ 500 يۈەن، باشقا كىرىم 7 مىليون 641 مىڭ 800 يۈەن. كەسپىي كىرىم ئىچىدە خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ كىرىمى 8 مىليون 256 مىڭ 400 يۈەن. شۇ يىلدىكى كەسپىي خىراجەت قالدۇقى 115 مىليون 717 مىڭ 700 يۈەن.

ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخنىكا تەرەققىياتى تىپىدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىپ كارخانىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تىپىدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنى تۈرلەر بويىچە ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى يولغا قويۇلدى، كېمەيتىلگەن كەسپىي خىراجەت مەبلىغىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا تۈرلەرگە چېتىش شەكلىنى قوللىنىش ئارقىلىق، تېخنىكا تەرەققىياتى تىپىدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىغا ياردەم بېرىلدى. 2003 - يىلى 14 تېخنىكا تەرەققىياتى تىپىدىكى پەن تەتقىقات يۇرتى، تەتقىقات ئورنىغا 21 خىل چاتما تۈر بويىچە ياردەم بېرىلدى، بۇنىڭغا 5 مىليون 610 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

پەن تەتقىقات يۇرتى، ئورۇنلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن 5 مىليون يۈەن مەخسۇس مەبلەغ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. بۇ مەبلەغنى ئىشلىتىش دائىرىسىگە ئاساسەن، پەن - تېخنىكا نازارىتى، مالىيە نازارىتىنىڭ بىرلىكتە تەكشۈرۈشى ئارقىلىق 26 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، تېخنىكا تەرەققىياتى تىپىدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىغا ۋە

قىسمەن ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تىپىدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىغا ياردەم بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، پەن - تېخنىكا خىراجىتى ئۈچۈن پۇل ئاجرىتىپ بېرىش مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، ئىلىم - پەن كەسپىي خىراجىتىنىڭ مەبلەغ يۆنىلىشى ۋە قۇرۇلمىسى سەرخىللاشتۇرۇلدى، كېمەيتىلگەن ئىلىم - پەن كەسپىي خىراجىتىنىڭ مەبلەغ يۆنىلىشى ۋە قۇرۇلمىسى سەرخىللاشتۇرۇلدى، كېمەيتىلگەن ئىلىم - پەن كەسپىي خىراجىتىدىن پايدىلىنىپ، قىسمەن پەن تەتقىقات يۇرتلىرى، ئورۇنلىرىغا مەخسۇس ئەسۋاب - ئۈسكۈنە خىراجىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇلار ئاساسەن، نۇقتىلىق تەتقىقات يۇرتلىرى، ئورۇنلىرىنىڭ پەن تەتقىقات ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، تەجرىبىخانىلىرىنىڭ قوللىنىش سەۋىيىسى ۋە ئارىلىقتىكى سىناق بازىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئىشلىتىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى ئالاھىدە تەربىيىلەش ئۈچۈن ھەر يىلى 1 مىليون يۈەن مەخسۇس مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 2003 - يىلى 32 تۈر يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئالاھىدە تەربىيىلەنگەن ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساسلىقلارنىڭ پەن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قوللاشقا مەخسۇس ئىشلىتىلدى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن 1 مىليون يۈەن ياردەم ئۆسۈملۈك پەن - تېخنىكا قەرز پۇل مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ، پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا قەرز پۇلىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. لېكىن ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان نورمال مەخسۇس خىراجەتنىڭ كۆپ قىسمى ئۇدا 2 يىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىدى، بۇنىڭ بىلەن ئاللىبۇرۇن قانات يايدۇرۇلغان نۇرغۇن پەن - تېخنىكا خىزمىتىگە بىرقەدەر ئېغىر تەسىر يەتتى.

ۋاڭ چيۇڭ

## خەلقئارا پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى

1. پەن - تېخنىكىغا دائىر تاشقى ئىشلار پائالىيەتلىرى. 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 15 تۈردە 39 ئادەم (قېتىم) قاتناشقان پەن - تېخنىكا ئۆمەك - گۇرۇپپىسى چەت ئەلگە چىقتى، چەت ئەلدىن زىيارەتكە كەلگەن ئۆمەك - گۇرۇپپىدىن 25 تۈركۈمدە 70 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى.

قازاقىستان دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەنسۇروۋ 4 - ئاينىڭ 5 — 6 - كۈنلىرى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش، زىيارەتتە بولدى ھەمدە شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى بىلەن «قازاقىستان دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا پەن - تېخنىكا - ئىقتىساد ئۇچۇر مەركىزى ۋە شىنجاڭ ئالاتاۋ (جىنيۇ) سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى» ئىمزالىدى.

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر 4 - ئاينىڭ 16 — 17 - كۈنلىرى جۇڭگو، روسىيە، قازاقىستان، موڭغۇلىيەدىن ئىبارەت 4 دۆلەتنىڭ ئالتاي رايونى خەلقئارا ھەمكارلىقنى ماسلاشتۇرۇش ھەيئىتىنىڭ 1 - قېتىملىق خىزمەت يىغىنى (تور يىغىنى) غا قاتناشتى، ماسلاشتۇرۇش ھەيئىتىنىڭ خىزمەت نىزامنامىسىنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە ماقۇللىدى، ماسلاشتۇرۇش ھەيئىتىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى سايلاپ چىقتى.

پۇ گاۋيۇڭ ئۆمەك باشچىلىقىدىكى كورىيە ھاياتلىق قۇرۇلۇشى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ كورىيە يۇقىرى، يېڭى بىئو پەن - تېخنىكا تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 8 كىشى 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى. تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ دورا تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ «ئالتۇن كالا» بىئولوگىيە پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنكاڭ» چارۋىچىلىق بىئو تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ۋە تەكشۈردى.

روسىيە ئالتاي چېگرا رايونى باش مەمۇرىنىڭ ياردەمچىسى سىرگېي نوشكىن بىلەن روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى سىبىرىيە شۆبە ئاكادېمىيىسىنىڭ ئالىي تەتقىقاتچىسى، داڭلىق ئىقتىسادشۇناس ژالىننا نىروفنا كىۋالىيېۋا 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى. بۇ مەزگىلدە ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نازارىتى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن «جۇڭگو، روسىيە، قازاقىستان، موڭغۇلىيەدىن ئىبارەت 4 دۆلەتنىڭ ئالتاي رايونىنى بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرى ۋە «جۇڭگو، روسىيە، قازاقىستان، موڭغۇلىيەدىن ئىبارەت 4 دۆلەتنىڭ ئالتاي رايونى ھەمكارلىق تورى» قاتارلىق ئىشلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن، جۇڭگونىڭ ھىندىستان، مىسىر، كانادا، ئامېرىكا، كورىيە، فرانسىيە، شۋېتسىيە، روسىيە ۋە پولشادىن ئىبارەت 9 دۆلەتتە تۇرۇشلۇق پەن - تېخنىكا دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 13 كىشى 8 - ئاينىڭ 10 -

كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتتە بولدى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نازارىتى بىلەن مىسىردا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا پەن - تېخنىكا - دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، «سۈپەتلىك ئۈزۈن تالالىق كېۋەزنىڭ گېرمپلازما بايلىقىنى كىرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش» ھەمكارلىق ۋە تېخنىكا ئالماشتۇرۇش تۈرى جۇڭگو بىلەن مىسىر ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەن-تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. جۇڭگونىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ پەن - تېخنىكا باشقارمىسى ھىندىستان شامال ئېنېرگىيىسى تېخنىكا مەركىزى ئاچقان 12 كۈنلۈك «چاقپىلەك تېخنىكىسى ۋە ئۇنى قوللىنىش كۇرسى»غا قاتنىشىش ئۈچۈن شىنجاڭغا 2 سان ھەل قىلىپ بەردى.

شىنجاڭ بويىچە پەن - تېخنىكىدا ئىلغار ناھىيە، شەھەر رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ 7 - قارارلىق تەكشۈرۈش - تەربىيىلەش ئۆمىكىدىكى 16 كىشى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە شىمالىي ياۋروپادىكى 4 دۆلەتكە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە تەربىيىلەندى. ئۇلار ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىق ۋە ئوتتۇرا - كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى تەكشۈردى، مۇتەخەسسىسلەر، پروفېسسورلارنىڭ ۋە تېخنىكا كېڭەيتكۈچى خادىملارنىڭ دەرسلىرىنى ئاڭلاپ كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەندى.

2. جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى JICA يولى تېخنىكا ھەمكارلىقى. 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە JICA (ياپونىيە خەلقئارا ھەمكارلىق ئاپپاراتى) يولىدىن پايدىلىنىپ، ياپونىيىگە بېرىپ تەتقىق قىلىش ۋە بىلىم ئاشۇرۇشقا دائىر 3 تۈر ئىلتىماس قىلىندى، بۇلار: «تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش»، «كالىلارنىڭ بۇلۇتسىمان مېڭە كېسىلىگە دىئاگنوز قويۇش تېخنىكىسى» ۋە «چەت ئەلدىكى ياشلار ھەمكارلىق ئەترىتىنىڭ ياپون تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەكلىپ قىلىش پىلانى»دىن ئىبارەت، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن 3 كىشى ئەۋەتىلدى.

پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى تەكلىپ قىلغان JICA مۇتەخەسسىسى گاڭ تيەنشى بىلەن JICA جۇڭگو ئىش بېجىرىش ئورنىدىكى چېن ۋېي شىنجاڭغا كېلىپ 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە تۈرلەرنى تەكشۈردى. گاڭ تيەنشى جۇڭگو تەرەپ مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن تارىم دەرياسىنى تۈزەش ۋە ھەر تەرەپلىمە ئېچىپ پايدىلىنىش قاتارلىقلار ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى، بىرلىشىپ ئېلىپ بارىدىغان ھەمكارلىق تەتقىقاتىنىڭ مۇمكىنچىلىكى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

JICA نىڭ جۇڭگودىكى ئىش بېجىرىش ئورنىدىن لىنمۇرېي، ياپونىيە چەت ئەل ياشلار ھەمكارلىق ئەترىتى لاۋازىمات ئىدارىسىدىن شياۋلىن جىچى ۋە چەيتيەن جىلىشىدىن ئىبارەت 3 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ، 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ھەمكارلىق ئەترىتىدىكى خادىملارنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئۇلار شىنجاڭ موڭغۇل پېداگوگىكا مەكتىپى بىلەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئەترەت خادىملارنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ياپونىيە ياشلار چەت ئەل ئەترىتىدىكى خادىملارنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلىشىنى ئىلتىماس قىلغان ئالاقىدار مەكتەپلەرنى تەكشۈردى.

JICAنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ باشلىقى يىڭ تيەن شىڭجيۇ قاتارلىق 3 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە «شىنجاڭنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى يەر ئاستى سۈيىدىن سىجىل پايدىلىنىش ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ باشلىقى يىڭ تيەن شىڭجيۇ ياپونىيە خەلقئارا ھەمكارلىق ئاپپاراتى ئەۋەتكەن ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان 6 كىشى بىلەن بىرگە يەنە بىر قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ «شىنجاڭنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى يەر ئاستى سۈيىدىن سىجىل پايدىلىنىش ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىگە ئىمزا قويدى. بۇ تۈر 2003 - يىلى جۇڭگو - ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى JICA يولى تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. 2003 - يىل 12- ئاينىڭ 5 - كۈنى جۇڭگو - ياپونىيە ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى بۇ تۈرگە رەسمىي ئىمزا قويدى، ياپونىيە تەرەپ تۈر خىراجىتى ئۈچۈن 300 مىليون يىن ياردەم بېرىدىغان بولدى.

3. خەلقئارا مۇھىم پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى پىلانى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىكتە يوللىغان «تارىم ئويمانلىقىدىكى مەھەللىلەرنىڭ سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش» تۈرى بۇ پىلانغا كىرگۈزۈلۈپ، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ 400 مىڭ يۈەن تۈر قوشۇمچە ياردەم خىراجىتىگە ئېرىشتى.

ۋاڭ يىڭ

## پەن - تېخنىكا ئاخبارات خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا پەن - تېخنىكا - ئىقتىساد ئۇچۇر مەركىزى «ئوتتۇرا ئاسىيا پەن - تېخنىكا - ئىقتىساد ئۇچۇرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ئىش سۈپىتى»نى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ تۇرغۇزۇپ چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەن - تېخنىكا - ئىقتىساد ئۇچۇر سۈپىتىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىش - بىرلىكتە

پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇردى. قازاقىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان دۆلەتلىرىدىكى ئۇچۇرچىلىق تارماقلىرى بىلەن تۈزۈشكەن ھەمكارلىق كېلىشىمىگە ئاساسەن «ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئۇچۇر توپلاپ باشقۇرۇش سىستېمىسى»، «ئۇچۇرلارنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ باشقۇرۇش سىستېمىسى»نى بارلىققا كەلتۈرۈش، تەڭشەپ سىناش ئىشىنى تاماملىدى ھەمدە ئىشقا كىرىشتۈردى. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ تور تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، قازاقىستان، تاجىكىستاننىڭ 4 ئۇچۇرچىلىق تېخنىكا خادىمى 1 - قارار كۇرسقا قاتناشتى، قازاقىستان دۆلەتلىك ئاخبارات ئورنى بىلەن ھەمكارلىشىپ، قازاقىستاننىڭ ئۇچۇرچىلىق ئۇسكۇنىلىرى، سۈرمە رۇدا بازىرى، ماشىنا ئۇسكۇنىلىرى بازىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىپ، جۇڭگونىڭ 3 شىركىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا بازار ئېچىش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتىلدى. روسىيە ئالتاي چېگرا رايونى ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچۇرچىلىق ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى، جۇڭگو، روسىيە، قازاقىستان، موڭغۇلىيىدىن ئىبارەت 4 دۆلەتنىڭ تور قۇرۇلۇشىغا ئىشتىراك قىلىندى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاخبارات ئىشخانىسى، قازاقىستاننىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋىزا باشقارمىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۈچ تەرەپ بىرلىشىپ، خەنزۇچە، رۇسچە «شىنجاڭنىڭ مەبلەغ سېلىش قىبلىنامىسى» نەشر قىلدۇرۇلدى، بۇ كىتاب قازاقىستاندا نۇقتىلىق سېتىلىپ، جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ ۋە تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنىڭ قازاقىستاندىكى تەسىرى كېڭەيتىلدى. ۋاستىچىلىك مۇلازىمىتىدە قازاقىستان دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 1 - مۇئاۋىن مۇدىرى بىلەن قازاقىستاننىڭ ئوتقا چىداملىق ماتېرىياللىرىنى يېتىشتۈرۈش دورىسىغا دائىر يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلىرىنى كىرگۈزۈش ۋە بارلىققا كەلتۈرۈش مۇددىئانامە كېلىشىمى ئىمزالاندى. شىنجاڭ «تيەنخۇڭ» قەغەزچىلىك پاي شىركىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، قازاقىستان ۋىزا باشقارمىسى ئارقىلىق قازاقىستاننىڭ تەبىئىي قومۇش بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش مۇددىئانامىسى ئىمزالاندى ھەمدە قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانغا بېرىپ تەكشۈرۈش ۋە زىيارەت ئېلىپ بېرىلدى. روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن قازاقىستان دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، پەن تەتقىقات يۇرتى، تەتقىقات ئورنى، شىركەتلەرنىڭ ۋەكىللىرىنى تەكلىپ قىلىپ، سانجى پەن - تېخنىكا يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرۇلدى، ئۇلار ئالغاچ كەلگەن 40 تىن كۆپرەك پەن تەتقىقات نەتىجىسى يەرمەنكىگە قاتناشقان سودىگەرلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. ئۆمەك تەشكىللەپ روسىيىنىڭ موسكۋا ۋە سانكىت - پېتېربۇرگ شەھەرلىرىگە زىيارەتكە چىقىرىلدى، بۇ ئۆمەك روسىيە پەن - تېخنىكا ئۇچۇر مەركىزى، يىراق شەرق تەتقىقات ئورنى، موسكۋا جۇڭگو - روسىيە پەن - تېخنىكا باغچىسى، يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلارنى تەكشۈردى، ھەمدە ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى ئىمزالىدى.

رەتلەپ پىششىقلانغان ئۇچۇرلار ھۆكۈمەت ۋە كارخانىلارنى ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى. شىنجاڭنىڭ 2001 - يىللىق ۋە 2002 - يىللىق ياسىمچىلىق كەسپىنىڭ كۆرسەتكۈچ سانىنى ستاتىستىكا قىلىش خىزمىتى تاماملاندى، كارخانىلارنىڭ سانلىق مەلۇمات توپلاش جەدۋىلىدىن 57 پارچە، مۇھىت سانلىق مەلۇمات توپلاش جەدۋىلىدىن 12 پارچە يىغىۋېلىندى، «شىنجاڭنىڭ ياسىمچىلىق كەسپىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش تېخنولوگىيىسى قۇرۇلۇشىغا دائىر قىسقا خەۋەر»دىن 3 سان تۈزۈلدى. يۇقىراۋى كارخانىلارنىڭ 2002- يىللىق سانلىق مەلۇماتلىرىنى ستاتىستىكىلاپ ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى، 707 يۇقىراۋى كارخانا ستاتىستىكا قىلىندى، شىنجاڭنىڭ 2002 - يىللىق پەن - تېخنىكا ستاتىستىكا خىزمىتى تاماملاندى. 132 پەن تەتقىقات ئاپپاراتى، 146 خىل پىلان تۈرى ستاتىستىكا قىلىندى، «شىنجاڭنىڭ پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنى ستاتىستىكا قىلىش ماتېرىيالى» ۋە «شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكىغا دائىر ستاتىستىكا سانلىق مەلۇماتى» تۈزۈپ باستۇرۇلدى. پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، شىركەت، كارخانىلارغا ئىزدەپ تېپىپ بېرىلگەن ۋە تەكشۈرۈپ بېرىلگەن يېڭى تۈر 526 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈلگەن يېڭى تۈر 441، يېزىپ چىقىلغان يېڭى تۈرگە دائىر دوكلات 441. شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق كەسپى ئۇنىۋېرسال سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى تورغا چىققان يېتەكلەش ئامبىرىغا 26 مىڭ 300 دىن كۆپرەك ئۇچۇر كىرگۈزۈلدى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇر تور بېكىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا 2617 ئۇچۇر كىرگۈزۈلدى، ئۆزگىچە بايلىق سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا 7000 دىن كۆپرەك ئۇچۇر توپلاپ كىرگۈزۈلدى.

جەمئىيەتكە ۋە كارخانىلارغا يۈزلىنىپ مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمىتى قانات يايدۇرۇلدى، تۈر تۇرغۇزۇشقا دائىر 3 پارچە دوكلات يېزىلدى، 50 كارخانا ئادەتتىكى مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەندى. 70 خىلدىن كۆپرەك پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى، 19 خىل «ئۇچقۇن» پىلانى تۈرى تەكشۈرۈلدى، «رويۋېي» نانومېتىر چەكلىك شىركىتى ۋە «شەرق شاملى» ئاپتوموبىل گۇرۇھى شىنجاڭ ئاپتوموبىل زاۋۇتىغا مەخسۇس مەسلىھەتچىلىك دوكلاتى يېزىپ بېرىلدى، «شىگرۇيدا» ئېنېرگىيە تېجەش ماتېرىياللىرى شىركىتىنىڭ پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىگە مەلۇم قىلىدىغان دۆلەتنىڭ «863» پىلانى تۈرى ئېيىل تېپىلىق مۇرەككەپ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئادىئاباتىك ئىسسىقلىق ساقلاش ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىپ بارلىققا كەلتۈرۈش تۈرى مەسلىھەتچىلىك بىلەن تەمىنلەندى، شىنجاڭ كارىز سۇغىرىش تېخنىكا شىركىتىنىڭ

يېڭى مەھسۇلاتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى مەلۇم قىلىش ئىشىغا مەسلىھەتچىلىك قىلىندى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەركىزىنىڭ ۋاستىچىلىك مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ISO9001 سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئىجراپ قىلىش قۇرۇلۇشى خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، 10 - ئايدا لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئېلىندى.

«جۇڭگو - قىرغىزىستان - ئۆزبېكىستان تۆمۈريولى بىلەن يېڭى ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىغا بولغان رولى ۋە تەسىرى»، «شىنجاڭدا تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن 2 تېما تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. يېڭىدىن تۇرغۇزۇلغان تېمىلاردىن «شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ۋاستىچىلىك مۇلازىمەت سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەدبىرى»، «شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ئاساسىي شارائىتى سۈپىسىنى قۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات» قا تەۋە «شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ھۆججەت - ماتېرىيال بايلىقى سۈپىسىنى قۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە بايلىق سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى تۇرغۇزۇش»، «جۇڭگو - روسىيە، قازاقىستان، موڭغۇلىيىنىڭ ئالتاي رايونىنى بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات» تەركىبىدىكى «ئالتاي رايونىنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئانالىز قىلىش ۋە ئۇنىڭ يۈزلىنىش كۈچى» دىن ئىبارەت مەخسۇس تېما قاتارلىقلار يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ.

فۇ جيايى



«150 كىلوۋولت ئامپېرلىق قۇياش ئېنېرگىيىسى ئېلېكتىر مەنبەينى كونترول قىلىش سىستېمىسى» قۇياش ئېنېرگىيىسى بىلەن دىزېلماتور ئېنېرگىيىسىنىڭ بىر - بىرىنى تولۇقلاش فۇنكسىيىسىنى ئىشقا ئاشۇردى. 2003 - يىلى بۇ سىستېما مورى ناھىيىسىنىڭ بەيتىك چارۋىچىلىق فېرمىسىدا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. سۈرەتتە بەيتىك تېغىدا قۇرۇلغان مورىنىڭ بەيتىك تېغىدا قۇرۇلغان قۇياش ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىش قۇرۇلمىسى.

سۈرەتنى پەن - تېخنىكا نازارىتى تەمىنلىگەن.

## جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى بويىچە 2 - قېتىملىق سانجى يەرمەنكىسى

بۇ يىغىن 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە بىڭتۈەننىڭ باشچىلىقىدا، پەن - تېخنىكا نازارىتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى، بىڭتۈەن پەن - تېخنىكا كومىتېتى ۋە سانجى ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئۈستىگە ئېلىشى بىلەن ئېچىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ بولىڭ قاتارلىق رەھبەرلەر ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

بۇ نۆۋەتلىك «تېخنىكا يەرمەنكىسى» گە ئىشتىراك قىلغان ۋە كۆرگەزمىگە قاتناشقانلاردىن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى سىستېمىسىدىكى 42 پەن تەتقىقات يۇرتى، تەتقىقات ئورنى، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى 8 ئۆلكە، شەھەردىكى 8 ئالىي مەكتەپ، 9 پەن تەتقىقات يۇرتى، ئورنى، 17 پەن - تېخنىكا كارخانىسى، ئاپتونوم رايوندىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 7 ئالىي مەكتەپ، 15 پەن تەتقىقات ئورنى، 20 كارخانا ۋە بىڭتۈەننىڭ 14 شىسى ھەمدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى ھەمدە روسىيە، قازاقىستان، كورېيە قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە تەيۋەن ئۆلكىسىدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە كارخانىلار بار، كۆرگەزمىگە قاتناشقان ۋەكىل 1500 دىن ئاشىدۇ. يىغىن مەزگىلىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى پەن - تېخنىكا، ئىقتىساد ساھەسىدىكى 200 دىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس ئالىم 2000 خىلدىن كۆپرەك ئىلغار تېخنىكىنى يىغىنغا قاتناشتۇردى، 4 ئاكادېمىك، مۇتەخەسسىس 3000 دىن كۆپرەك ئادەمگە دوكلات بەردى. ئېكسكۇرسىيە قىلغانلار ئاز كەم 10 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 700 خىلدىن كۆپرەك پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدە نىشانلىق ھەمكارلىشىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، 478 تۈر بويىچە پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالانغان، كېلىشىم سوممىسى 1 مىليارد 610 مىليون يۈەن، 256 تۈر بويىچە ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى ئىمزالانغان. بۇلار دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بىئو تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر، يېڭى ئېنېرگىيە، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق كۆپ خىل تېخنىكا ساھەسىگە چېتىلىدۇ. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن شىنجاڭنىڭ پەن- تېخنىكا ھەمكارلىقى بويىچە 2 - قېتىملىق سانجى يەرمەنكىسىنىڭ «شىنجاڭ تېخنىكا سودا تورى» دا مەخسۇس «تېخنىكا يەرمەنكىسى» تور بېتى تورى ئېچىلدى. «تېخنىكا يەرمەنكىسى» نىڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا 1905 خىل تاللاپ كۆرسىتىلگەن تۈر، 1142 خىل ئېھتىياجلىق تۈر، 790 خىل

نىشانلىق تۈر كىرگۈزۈلدى.

جاۋ پېڭ

## شىنجاڭ بىلەن شەرقىي 10 ئۆلكە، شەھەرنىڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى بويىچە 4 - قېتىملىق بىرلەشمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىلى 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە خاڭجۇ شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق تېمىسى: نۇقتىلىق پىلانلاپ، ئۈنۈملۈك ماسلاشتۇرۇپ، بايلىقنى جانلاندۇرۇپ، شىنجاڭ بىلەن شەرقىي 10 ئۆلكە، شەھەرنىڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى تەرەققىياتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ يىغىنغا شۇ يىللىق بىرلەشمە يىغىننىڭ نۆۋەتچى ئىجرائىيە رەئىسى بولغان ئورۇن جېجياڭ ئۆلكىلىك پەن - تېخنىكا نازارىتى مەسئۇل بولدى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ نازىرى گۇ جيايۇ بىرلەشمە يىغىننىڭ يىللىق خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. بىرلەشمە يىغىنغا ئەزا ئورۇنلار ئۆز ئۆلكە، شەھەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدا مەلۇمات بەردى ۋە خىزمەت ئەھۋاللىرىنى ئالماشتۇردى. شىنجاڭ بىلەن شەرقىي 10 ئۆلكە، شەھەرنىڭ كېلەر يىللىق پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق خىزمىتى پىلانىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتتى. بىرلەشمە يىغىنغا ئەزا ئورۇنلار بىرلىكتە «شىنجاڭ بىلەن شەرقىي 10 ئۆلكە، شەھەر بىرلىشىپ، رايون بويىچە پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى يولغا قويۇش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا كېلىشىم» ئىمزالىدى.

يۇ جيې

# تەبىئىي پەن تەتقىقاتى

## ئېكولوگىيە، بايلىق

### شىمالىي تارىم رايونىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى سۈنئىي ھەمراھ تېلېتېخنىكا سانلىق مەلۇماتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە نېفىتلىك يەر شەكلىنى ئۈچ ئۆلچەملىك مەۋھۇم ئەينەن تەقلىد قىلىش سىستېمىسى

بۇنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. تەتقىقات نەتىجىسى 2003 - يىلى 5 - ئايدا ھاۋالە قىلغان ئورۇن — جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى چەكلىك پاي شىركىتى غەربىي شىمال شىركىتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. يېرىم يىللىق سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈش ئارقىلىق، بۇ تەتقىقات نەتىجىسى 2003 - يىلى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تېلېتېخنىكا تەتقىقات ئورنىدىن ئاكادېمىك لى شياۋۋېن ۋە جۇڭگو نېفىت تەكشۈرۈش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئېلېكترون تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىدىن بولۇپ 9 مۇتەخەسسىس تېمىنىڭ تېخنىكىلىق دوكلاتىنى ئاڭلىدى، سىستېمىنىڭ كۆرسىتىش ئەھۋالىنى كۆردى ھەمدە سوئال سوراش ۋە جاۋاب بېرىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق دەپ قارىدى: تەتقىقات تۈرىدە ئېنىقلىق دەرىجىسى، پەرق ئېتىش نىسبىتى يۇقىرى سۈنئىي ھەمراھ تېلېتېخنىكا سانلىق مەلۇماتلىرى (پەرق ئېتىش نىسبىتى 5.8 مېتىر) دىن پايدىلىنىپ، سۈنئىي ھەمراھنىڭ كەڭ ھەجىمدىكى سانلىق مەلۇماتلىرى بىر تەرەپ قىلىنغان، قىسقا مۇددەت ئىچىدە 1:50000 ماسشتابلىق بوشلۇق سانلىق مەلۇماتلىرىنى يىغىلاپ، پۈتكۈل تەكشۈرۈش رايونىنى سۈنئىي ھەمراھ سانلىق مەلۇماتلىرى ئارقىلىق چاڭ قالدۇرماي نەقىشلەش ۋە ھەقىقىي رەڭ بېرىپ ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېڭى GIS بىلەن بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسى ۋە ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئەڭ يېڭى يەر ئۈستى مۇھىت پارامېتىرلىرىنى توپلاپ، جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سىستېمىسى بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ۋە مەۋھۇم رېئال سىستېمىسى تۇرغۇزۇلغان، يەر شەكلىنى ئۈچ ئۆلچەملىك مەۋھۇم ئەينەن تەقلىد قىلىش سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ ئورنىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، نېفىتلىكنى ئېچىش ۋە قۇرۇلۇش قىلىش، نېفىتلىكنى باشقۇرۇش ۋە كەلكۈن ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن قوشۇمچە تەدبىر ياردىمى بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ تەتقىقات تۈرىدە نېفىت ساھەسىدە تۇنجى قېتىم ئاساسىي مىكرو كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ مەۋھۇم ئەمەلىي تېخنىكىسىنى توپلاشتۇرۇش سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، چوڭ سىغىملىق سانلىق مەلۇماتلارنى ۋاقتىدا تېز يۆتكەپ ئىشلىتىش ۋە كۆپ لىنىيىلىك پروگراما تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن، تېلېتېخنىكا، GIS بىلەن مەۋھۇم رېئاللىقنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتىكى بىر قىسىم ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەر ھەل قىلىنغان، تەتقىقات سەۋىيىسى شۇ خىلدىكى تەتقىقاتلار ئىچىدە خەلقئارا ئالدىنقى سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتكەن ياكى شۇنىڭغا يەتكەن. تەتقىقات سىستېمىسى نېفىت كارخانىلىرىنىڭ

قورۇلۇش باشقۇرۇشنى ئۆچۈرلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوشۇمچە تەدبىر پاردىسى بىلەن تەمىنلىگەن.

يىن جىڭيۇەن

## شىنجاڭنىڭ تېرىلغۇ يەر بايلىقىنى تېلېتېخنىكا ئارقىلىق تەكشۈرۈش

بۇ شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دائىر مۇھىم تۈرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات - پىلان كومىتېتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن باھالاش ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. تەتقىقات تۈردە تېلېتېخنىكا ۋە جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سىستېمىسى تېخنىكىسى ۋە ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىكى شىنجاڭنىڭ تېرىلغۇ يەر بايلىقى (جۈملىدىن يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ۋە زاپاس يەر) سۈنئىي تېلېتېخنىكىسى ئارقىلىق تەكشۈرۈلدى. بۇ تۈردە تۆۋەندىكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى: كۆپ مەزگىللىك فازىلىق تېلېتېخنىكا ئۇچۇرى قوللىنىلىپ، تېلېتېخنىكىلىق تەسۋىر بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتاللىرىنىڭ ياردىمىدە، تىپىك رايونلارنى ئەمەلىي تەكشۈرۈپ دەلىللەش بىلەن GPS نۇقتىسىنى بېكىتىشكە بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلار ۋە زاپاس تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ مىقدارى، سۈپىتى، تارقىلىش، گۈزۈپپىلىشىش قانۇنىيىتى سىستېمىلىق تەكشۈرۈلگەن ۋە ئانالىز قىلىنغان ھەمدە تېرىلغۇ يەر بايلىقىنىڭ ئالاقىدار بايلىق ۋە مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۆرسىتىپ بېرىلگەن، تېرىلغۇ يەرلەرنى مۇۋاپىق ئېچىش ۋە تېرىلغۇ يەر بايلىقىدىن پايدىلىنىش، يەرلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى ئۆستۈرۈش، رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشىنى مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن. شىنجاڭنىڭ تېرىلغۇ يەر بايلىق ئاساسىي ئۇچۇر ئامبىرى قۇرۇلغان، بۇ، تېرىلغۇ يەر بايلىقىنى ئىلمىي، دىنامىكىلىق ئۆلچەش ۋە باشقۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تېرىلغۇ يەرلەردىكى ئاساسلىق توسالغۇ ئامىللار ھەمدە ئۇنىڭ تەسىر كۆرسىتىش دەرىجىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەمدە تېلېتېخنىكىلىق ئىزاھلاش مودېلى تۇرغۇزۇلغان، بۇ، تېرىلغۇ يەر بايلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئانالىز قىلىش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىشتە مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى يەر بايلىقىغا بولۇپمۇ ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارغا دائىر بىر يۈرۈش سانلىق مەلۇماتلار قولغا كەلتۈرۈلگەن.

يىن جىڭيۇەن

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى

بۇنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ، ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار قاتنىشىپ ئورۇندىدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 — 16- كۈنلىرى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى. باھالاش يىغىنىغا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى ۋۇ چۇەنجۈن رىياسەتچىلىك قىلدى.

بۇ پىلان ئۆلكە دەرىجىلىك رايونلارنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى ھېسابلىنىدۇ. پىلاندا شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، 9 چوڭ ساياھەت رايونى، 6 چوڭ ساياھەت تايانچ شەھەر، 10 چوڭ ئېسىل مەنزىرىلىك رايون، 3 غول ساياھەت لىنىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك رايونلىرىنىڭ ھەمكارلىق پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. پىلان دوكلاتى 3 قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، 14 بابتىن تەركىب تاپقان. بۇ پىلاندا ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ شەرت - شارائىتى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى ئانالىز قىلىش، ساياھەت بايلىقىغا ئومۇميۈزلۈك باھا بېرىش، ساياھەتچىلەر مەنبەسى بازىرىنى ئانالىز قىلىش ۋە ئورنىنى بېكىتىش، ساياھەتچىلىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسى، تەرەققىيات نىشانى ۋە قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ساياھەتچىلىكنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن رايونلارنى ھەمكارلاشتۇرۇش، ساياھەت شەھەرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ساياھەت مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى قۇرۇش، ساياھەت ئوبرازىنى پىلانلاش ۋە تەشۋىق قىلىپ جەلپ قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ساياھەتچىلىك كەسپىنى باشقۇرۇش، سىياسەت ۋە ئادەم كۈچى بايلىقى، ساياھەتچىلىك مەبلىغىنى مۆلچەرلەش، پىلاننى يولغا قويۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئومۇميۈزلۈك پىلانلاش ئېلىپ بېرىلغان.

يىن جىڭيۇەن

## ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش - ئورۇنلاشتۇرۇش ئومۇمىي پىلانى

بۇنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ ئاۋات ناھىيىلىك تاشقى ئىشلار - مۇھاجىرلار ئىشلىرى ساياھەت ئىشخانىسى

قاتنىشىپ تاماملىدى. تەتقىقات نەتىجىسى 2003 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. مۇتەخەسسىسلەر باھالاش گۇرۇپپىسى مۇنداق دەپ قارىدى: بۇ تەتقىقات نەتىجىسىدە، ساياھەت بايلىقىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئاساسىدا، سۈپەت بىلەن مىقدارنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى ساياھەت بايلىقى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن، تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ئاسراش، يېقىن مۇددەتلىك قورۇلۇش بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك مەنپەئەت ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەۋزەللىك ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك چىڭ تۇتۇلۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش، سىستېمىلىق باھالاش سىستېمىسى ۋە ئۇسۇلى ئۈستىدە پايدىلىق ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلغان ھەمدە تەرەققىيات تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئاۋات ناھىيىسىنىڭ كېيىنكى قەدەمدىكى ساياھەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈچلۈك تېخنىكا ۋە تەپەككۇر ياردىمى بىلەن تەمىن ئېتىلگەن.

يىن جىڭيۈەن

## شىنجاڭ قوبۇقسار ئارىشاڭ ساياھەت ئىستىراھەت رايونى قۇرۇش پىلانى

بۇنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ، قوبۇقسار ئاپتونوم ناھىيىلىك ساياھەت ئىدارىسى قاتنىشىپ تاماملىدى. تەتقىقات نەتىجىسى 2003 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات ـ پىلان كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. 2003 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات ـ پىلان كومىتېتى «شىنجاڭدا قوبۇقسار ئارىشاڭ ساياھەت ئىستىراھەت رايونى قۇرۇش پىلانى»نى يولغا قويۇشقا قوشۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئەستىق ھۆججەت تارقاتتى.

يىن جىڭيۈەن

## «شىنجاڭنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش»

بۇ ئەسەر شىنجاڭنىڭ پەن ـ تېخنىكا پىلانىغا دائىر يۇمشاق پەن تۈرى بولۇپ پەن ـ تېخنىكا نازارىتىنىڭ ۋە شىنجاڭ بايلىق مۇھىت مەركىزىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. بۇ ئەسەرنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى خەن دېلىن، تەتقىقاتچى فەن زىلى بىلەن شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى گاۋ جىگاڭ قاتارلىقلار يازغان، 2003 ـ يىلى 12 ـ ئايدا سودا كىتابخانىسى نەشر قىلدى، بۇ كىتاب 17 باب، تەخمىنەن 300 مىڭ خەتتىن تەركىب تاپقان.

بۇ ئەسەردە بايلىقشۇناسلىق، ئېكولوگىيە، ئىقتىسادشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەردىن پايدىلىنىپ، ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى بىلەن بايلىقى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە، تەرەققىيات قۇرۇلۇشىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىسى، سۇ بايلىقى ۋە ئۇنى سىجىل ئېچىپ پايدىلىنىش ئىستىقبالى، يېزا ئىگىلىكىگە باب زاپاس يەر بايلىقى ۋە ئۇنى ئېچىپ پايدىلىنىش ئىستىقبالى، كىلىمات بايلىقى ۋە ئۇنى ئېچىپ پايدىلىنىش، ئوتلاق بايلىقى ۋە ئۇنى ئېچىپ پايدىلىنىش قاتارلىق 17 تەرەپ قىسقىچە بايان قىلىنغان. سۈپەت ئانالىزى ۋە مىقدارنى ئانالىز، قىسقا مۇددەتلىك ئانالىز بىلەن ئۇزۇن مۇددەتلىك ئانالىزنى، ستاتىك ھالەت ئانالىزى بىلەن دىنامىكىلىق ھالەت ئانالىزنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تەتقىقات ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، شىنجاڭ بايلىقىنىڭ ئاساسى ئېچىپ بېرىلگەن، بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە ئوبيېكتىپ باھا بېرىلگەن، مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىش تەدبىرلىرى توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلگەن.

يىن جىڭيۈەن

## «بوستانلىق يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات»

بۇ ئەسەر جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ «غەرب نۇرى» تۈر خىراجىتىنىڭ ياردىمىدە تاماملانغان نەتىجە بولۇپ، ئۇنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىكى دوكتور ما يەنلىن يېزىپ چىققان. ئۇنى 2003 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دېڭىز ـ ئوكيان نەشرىياتى نەشر قىلدى. كىتاب 2 قىسىم 10 باب، 30 پاراگراف، تەخمىنەن 211 مىڭ خەتتىن تەركىب تاپقان.

1 ـ قىسىمدا نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت يەكۈنلەنگەن، 2ـ قىسىمدا مىساللار تەتقىق قىلىنغان. نەزەرىيىۋى يەكۈن قىسىمدا ئىچكى ـ تاشقى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات نەزەرىيىسى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق يەكۈنلەنگەن ھەمدە ئېلىمىزنىڭ بوستانلىق يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش تەتقىقاتىغا دائىر ئالاقىدار نەزەرىيىلىرى ۋە ئۇسۇللىرى يەكۈنلەنگەن، بوستانلىق يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي سىستېمىسىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى مۇھاكىمە قىلىنغان ھەمدە شىنجاڭ مىسال قىلىنىپ، بوستانلىق يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ رېئال يولى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىنغان. مىساللارنى

تەتقىق قىلىش قىسمىدا شىنجاڭنىڭ تۇرپان رايونى نىشان قىلىنىپ، بۇ بوستانلىق يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات جەريانى، رولى، مېخانىزمى قاتارلىقلار ئانالىز قىلىنغان ھەمدە تۇرپان بوستانلىقىدىكى رېئال مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ تۇرپان بوستانلىقىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەندىزىسى ۋە تەدبىرلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان.

يىن جىڭيۈەن

## «شىنجاڭدىكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى ۋە تارقىلىشى»

بۇ مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ جۇڭخۇا مەشھۇر ئىختىساسلىقلار فوندى جەمئىيىتىنىڭ نەشرىيات فوندى بىلەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە- جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش ساھەسىدىكى ئالدىنقى قاتار تۈر خىراجىتىدىن ياردەم بېرىلگەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە- جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىكى تەتقىقاتچى ئابلىمىت ئابدۇقادىر يازغان مەخسۇس ئەسەر. بۇنى 2003 - يىل 11 - ئايدا ئىلىم- پەن نەشرىياتى نەشر قىلدى، تەخمىنەن 150 مىڭ خەتلىك.

بۇ كىتابتا شىنجاڭ تەۋەسىدىكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى ۋە تارقىلىشى تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تاكسونومىيىلىك نامى (جۈملىدىن لاتىنچە نامى)، باشقىچە نامى، ئېنگلىزچە نامى، سىنونىمى ھەمدە تارقىلىشى، ئېكولوگىيىسى ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم تونۇشتۇرۇلغان.

يىن جىڭيۈەن

## «ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتقا يۈزلەنگەن سۇ بايلىقى پىلانى ۋە ئۇنى باشقۇرۇش»

بۇ مەخسۇس ئەسەرنى جېجياڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ زىيارەتچى تەتقىقاتچىسى، پروفېسسور زو چىتىڭ بىلەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى چېن شى بىرلىكتە يېزىپ چىقتى. جۇڭگو سۇ ۋە سۇ ئېلېكتر نەشرىياتى 2003- يىل 3 - ئايدا نەشر قىلدى. بۇ كىتاب 4 قىسىم، 17 باب، 64 پاراگرافقا بۆلۈنگەن بولۇپ، تەخمىنەن 356 مىڭ خەتلىك.

بۇ ھازىرقى زاماندا سۇ بايلىقىنى پىلانلاش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان ئىلمىي ئەسەر بولۇپ، ئۇنى گىدرو سۇ بايلىقى، سۇ ۋە سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى، ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى، مۇھىت قۇرۇلۇشى، مۇھىت پەنلىرى، جۇغراپىيە پەنلىرى، سۇ تولۇقلاش - سۇ چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق كەسىپلەردىكى ئاسپىرانتلارنىڭ دەرسلىك ماتېرىيالى قىلىشقا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن سۇچىلىق، مۇھىت، جۇغراپىيە، گېئولوگىيە ھەمدە ئالاقىدار كەسپىي پەن - تېخنىكا خادىملىرى ۋە باشقۇرغۇچى خادىملار پايدىلانسىمۇ بولىدۇ.

يىن جىڭيۈەن

## «شىنجاڭدىكى ياۋايى گۆشخور ھايۋانلار»

بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش بويىچە مۇھىم نىشانلىق تۈرى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش ساھەسىدىكى ئالدىنقى قاتار تۈر خىراجىتىدىن ئالاھىدە ياردەم بېرىلگەن تۈر ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە- جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئابلىمىت ئابدۇقادىر بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھاياتلىق ئىلمى ۋە تېخنىكا ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى مەخمۇت خالىق يازغان. 2003 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ پەن - تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلدى. ئۇيغۇرچە يېزىلغان ئەسەر، ئومۇمىي بايان ۋە قوشۇمچە باياندىن ئىبارەت 2 قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ئومۇمىي بايان قىسمىدا گۆشخور ھايۋانلارغا دائىر زوئولوگىيىلىك ئۇقۇم ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىنغان ھەمدە گۆشخور ھايۋانلارغا دائىر ئومۇمىي ساۋات بېرىلگەن. قوشۇمچە بايان قىسمى ئاساسلىق كىتابنىڭ مەزمۇنى بولۇپ، شىنجاڭدا ئەسلىدىن بار بولغان ئىت ئائىلىسى، ئېيىق ئائىلىسى، ئاغمخان ئائىلىسى ۋە مۈشۈك ئائىلىسى قاتارلىق چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى 25 خىل گۆشخور ھايۋاننى پەرقلەندۈرۈش ئالاھىدىلىكى ۋە تۈرلەرگە ئايرىش ھەمدە ئۇلارنىڭ مورفولوگىيىسى، ئېكولوگىيىسى ۋە خۇسۇسىيىتى، ئېكولوگىيىلىك - جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى، ھەرىكىتى، ئىقتىسادىي ئەھمىيىتى (جۈملىدىن قوغدىلىش دەرىجىسى بىلەن ئوۋلاپ پايدىلىنىش ئەھۋالى) قاتارلىقلار سىستېمىلىق نۇقتىلىق بايان قىلىنغان.

يىن جىڭيۈەن

## «توشقان زەدىكى ۋە ئۇنى تېرىپ ئۆستۈرۈش»

بۇ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ليۇ گوجۈننىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن مەخسۇس ئەسەر بولۇپ، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش

مەجمۇئەسىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى جۇڭگو ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت نەشرىياتى 2003 - يىل 8 - ئايدا نەشر قىلدى. بۇ كىتاب 15 باب، 31 پاراگراف، تەخمىنەن 218 مىڭ خەتتىن تەركىب تاپقان. بۇ كىتابتا ئاساسەن توشقان زەدىكىنىڭ تارىخىنى ئىسپاتلاش، ئۆسىدىغان رايونلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى، پارازىت خوجايىنى ئۆسۈملۈكنىڭ كالونىيە تەركىبى، تۈرلىرى ھەمدە ئۇنىڭ تارقىلىشى، پارازىت خوجايىنى ئۆسۈملۈكنىڭ شەكىللىنىش ئالاھىدىلىكى ۋە تارقىلىشى، ئۇنىڭ بىئولوگىيىلىك - ئېكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى، توقۇلمىلارنى يېتىشتۈرۈش، خىمىيىلىك تەركىبىنى تەتقىق قىلىش، مورفولوگىيىلىك رولى ھەمدە سۈپىتىنى باھالاپ بېكىتىش، كلىنىكىدا قوللىنىش، كۆلەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش بىلەن پىششىقلاش تېخنىكىسى ۋە توشقان زەدىكى بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىش ھەمدە مۇھاپىزەت قىلىش شۇنىڭدەك بازارلارنىڭ كەلگۈسىنى مۆلچەرلەش قاتارلىقلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان ۋە بايان قىلىنغان.

يىن جىڭيۈەن

## فىزىكا، خىمىيە

### ساخاروزا ياغ كىسلاتائېستېرى يۇز ئاكتىپ ئاگېنتى ئارىلىق سىنىقى بارلىققا كەلتۈرۈلدى

بۇ تۈر 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يۇقىرى تېخنىكا تەتقىقات تەرەققىيات ئىدارىسى بىلەن پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ تۈرنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا - خىمىيە تېخنىكا تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى.

بۇ تۈر ساخاروزا ياغ كىسلاتائېستېرى يۇز ئاكتىپ ئاگېنتى، ساخاروزا كۆپ ئېستېرى، تېخنولوگىيە مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەمدە باشقا ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى بىردەك: بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، تۈر ۋەزىپىنامىسىدا بەلگىلەنگەن بارلىق تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچ ۋە ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر تاماملانغان، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى تۆۋەن، ھۈنەر - سەنئىتى ئاددىي ھەم ئىشەنچلىك، سانائەتتە قوللىنىش مۇمكىنچىلىكى يۇقىرى، مەھسۇلات كۆرسەتكۈچى دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتكەن ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكەن، كەسىپلەشتۈرۈش خىزمىتى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىۋېتىپتۇ، دەپ قارىدى. بۇ تۈرنىڭ ياردىمى بىلەن لايىھىلەنگەن ۋە پىلانلانغان تۈرلەر ئىچىدە كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى بولغان، مەسىلەن لىنولېنىك كىسلاتالىق ئېتىل ئېستېرى تۈرى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تېخنىكىنى كارخانىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان، كونيۇگاتلاشقان لىنولېك كىسلاتاسىغا دائىر 7 خىل تۈر پاتېنتقا يوللانغان ھەمدە مەملىكەت ئىچىدىكى نۇرغۇن كارخانىنىڭ قوللىنىشىغا كىرىشكەن، ئارىلىق سىنىقى ئېلىپ بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، تەييار بولغان HLB قىممىتى يۇقىرى ساخاروزا ياغ كىسلاتا ئېستېرى يۇز ئاكتىپ ئاگېنتى دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتتى؛ تەييارلانغان مايلىق دەرىجىسى يۇقىرى ساخاروزا كۆپ ئېستېرى چەت ئەلنىڭ شۇ خىلدىكى مەھسۇلات ئىقتىدارى كۆرسەتكۈچىگە يەتتى.

سۈي پىڭ، فېڭ تاۋ

### «a — لىنولېنىك كىسلاتالىق ئېتىل ئېستېرى ئىشلەپچىقىرىش يېڭى ھۈنەر - سەنئىتى»

بۇ تۈر 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى، بۇ تۈرنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا - خىمىيە تېخنىكا تەتقىقات ئورنى تاللاپ تاماملىدى.

«a - لىنولېنىك كىسلاتالىق ئېتىل ئېستېرى ئىشلەپچىقىرىش يېڭى ھۈنەر - سەنئىتى» تۈرى شىنجاڭ فىزىكا- خىمىيە تېخنىكا تەتقىقات ئورنى قارىمىقىدىكى شىنجاڭ نەپىس خىمىيە سانائىتى تېخنولوگىيە مەركىزى شىنجاڭنىڭ سۈپەتلىك بايلىقى زىغىر مېيى ۋە ئۇنىڭ يوشۇرۇن چوڭ بازىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزلىرى تاللاپ، ئۆزلىرى يولغا قويغان تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۈردە ئالدىنقىلارنىڭ ئورىيا ئۇيۇتۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، a - لىنولېنىك كىسلاتا ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسى ئاساسىدا، ئىلغار نېپىز پەردىلىك پارلاندۇرۇش تېخنىكىسى ۋە مولېكۇدىستىلاش تېخنىكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، a — لىنولېنىك كىسلاتا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يېڭى ھۈنەر - سەنئىتى تەتقىق قىلىنىپ بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. بۇ ھۈنەر - سەنئەتنىڭ تېخنىكىلىق لىنىيىسى مۇۋاپىق، ئىلمىي، تەتقىقات يۆنىلىشى توغرا، كېڭەيتىش قىممىتى زور بولۇپ، تېخنىكا سەۋىيىسى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن. بۇ ھۈنەر - سەنئەتتە مەھسۇلات سۈپىتى يۇقىرى بولۇش تەلىپى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، چەت ئەل مەھسۇلاتىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈلگەن، بۇ تۈردە

شىنجاڭنىڭ ئۆزىگە خاس مول زېمىن مېيى بايلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ، شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم ساقلىق ساقلاش ئىقتىدارىغا ۋە يۇقىرى ئاشۇرما قىممەتكە ئىگە a - لىنولېنىك كىسلاتالىق ئېتىل ئېستېرى بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. بۇ مەھسۇلات داۋالاش، دورىگەرلىك، يېمەكلىك خۇرۇچى ۋە ساقلىق ساقلاش يېمەكلىكلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا بولغىنىش بولمايدۇ.

سۈي پىڭ، فېڭ تاۋ

## ئاسترونومىيە

### 21 سانتىمېتىرلىق رادىئو ئىنتېرفېرومېتىرىيىلىك تىزما ئانتېننا ئورنىنى تاللاش خىزمىتى

2003 - يىلى «21 سانتىمېتىرلىق رادىئو ئىنتېرفېرومېتىرىيىلىك تىزما ئانتېننا» تېما گۇرۇپپىسى غەربىي قىسىمدا ئورۇن تاللاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۆلەت رەسەتخانىسى يولغا قويغان، خەلقئارادا ئالدىنقى قاتارغا قاراپ ھۇجۇم قىلىدىغان نۇقتىلىق تېما ھېسابلىنىدۇ، داڭلىق ياش مەشھۇر ئالىم، پروفېسسور ۋۇ شياڭپىڭ تېما گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدى. تېما گۇرۇپپىسى شىنجاڭ، چىڭخەي قاتارلىق جايلارنى دەسلەپكى تەكشۈرۈش ئاساسىدا، ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىنى بازا قىلىپ، شىنجاڭ تەۋەسىدە پونكىت ئورنىنى تاللاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

«21 سانتىمېتىرلىق رادىئو ئىنتېرفېرومېتىرىيىلىك تىزما ئانتېننا» نىڭ ئىشلەش دولقۇن دائىرىسى 70 مېگا گېرتستىن 200 مېگا گېرتس ئارىلىقىدا بولىدۇ، شۇڭا 70 مىڭ گېرتستىن 200 مېگا گېرتس ئارىلىقىدا رادىئو توسالغۇسى بولماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بوشلۇقنى يېتەرلىك پەرق ئېتىش نىسبىتى (4، ) گە ئېرىش ئۈچۈن ئاساسىي لىنىيىسىنى ئاز دېگەندە 2000 مېتىردىن كۆپرەككە يەتكۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. تېما گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى تۆڭگۈ جىلغىسى، قارا جىلغا ھەمدە جىمسار، كۆمۈش، كوشەگىن داۋىنى قاتارلىق رايونلاردا «21 سانتىمېتىرلىق رادىئو ئىنتېرفېرومېتىرىيىلىك تىزما ئانتېننا» ئورنىتىلغان ئورۇننى تاللاش ئۈچۈن تەكشۈرۈش،

قىسقا ماتېرىيال

### قۇملۇق قارا چايىرى

قۇملۇق قاراچايىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ۋە ئافغانىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ چۆللۈك رايونلىرىدىكى قۇملۇق يەرلەرگە تارقالغان بولۇپ، باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سوپەتلىك قۇم تۇراقلاشتۇرغۇچى چوڭ تىپتىكى ئۆسۈملۈك ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگودا بۇ توغرىلىق ھېچقانداق خاتىرە يوق. 1977 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىكى تەتقىقاتچى ليۇ مىڭتىڭ خوتەن رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، گۇما ناھىيىسىدىكى قۇملۇق رايوندىن قۇملۇق قاراچايىرىنى تۇنجى قېتىم بايقىغان. ئۇ جۇڭگودا تۇنجى قېتىم يېڭىدىن خاتىرىلەنگەن بىر سورت بولۇپ، پەقەت گۇما ناھىيىسى بىلەن خوتەن ناھىيىسىدىكى قۇملۇق رايونلارغىلا تارقالغان. ئۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كىچىك ھەم سانى ناھايىتى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگودا قۇمنى تۇراقلاندۇرغۇچى ئەتىۋارلىق ئۆسۈملۈك تۈرى بولۇپ قالغان.

قۇملۇق قاراچايىرىنىڭ غولى بەكمۇ تۈز بولۇپ، ئۇيۇل، قاتتىق ھەم چىدامىلىق، شەكلى قومۇشقا ئوخشاپراق كېتىدۇ، كۆرۈنۈشى ناھايىتى چىرايلىق. ئۇنى ئۆي ياساشقا ۋە پاختا يېيىپ قۇرۇتۇشقا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ زور رولى بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈپ قۇمنى تۇراقلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. خوتەن رايونىدا 1000 يىلدىن كۆپرەك بولغان قەبرىلەردىن نەملىكتىن ساقلاش ئۈچۈن جەسەت تېگىگە قويۇلغان قۇملۇق قاراچايىرى بايقالغان، ئۇ 1000 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان.

تەتقىقاتچى ليۇ مىڭتىڭ 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت تەتقىق قىلىش ۋە يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق 2003 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ توشقان زەيدىكى ئۆستۈرۈش مەيدانىدىكى قۇملۇق يەردە ئۇنىڭ كىرگۈزۈلگەن سورتىنى كەڭ دائىرىدە كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈپ (600 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا قۇم مۇداپىئە ئورمان بەلۋېغى يېتىشتۈرۈپ) مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇنىڭ سورتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك كىرگۈزۈلۈشى جۇڭگونىڭ بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ قۇم تۇراقلاندۇرغۇچى سوپەتلىك ئۆسۈملۈك سورتىنى كۆپەيتتى.

ليۇ چۇخۇا

ماتېرىيال توپلاپ ئانالىز قىلىش ۋە بېكىتىلگەن نۇقتىدىكى رادىئونى ئۆلچەش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى.

بىر نەچچە ئايلىق ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە رادىئو دولقۇنى مۇھىتىنى ئۆلچەش ئارقىلىق، تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبىي يان تەرىپىدىكى خوشۇت ناھىيىسىنىڭ بالغۇنتاي تەۋەسىگە جايلاشقان ئۇلاستاي رايونى (شىمالىي پاراللېل ′42°56، شەرقىي مېرىدىئان ′86°42) نى بۇ تۈرنىڭ 1 - قارارلىق رادىئو ئىنتېرفېرومېتىرىيىلىك تىزما ئانتېنا ئورنىتىلغان جايى قىلىپ تاللاپ بېكىتتى.

جاڭ جىن، ما لۇ

## جۇڭگونىڭ غەربىدىكى رەسەتخانا ئورنى بايلىقى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى

2003 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۆلەت رەسەتخانىسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان كۆلىمى ئەڭ زور بولغان رەسەتخانىلارنىڭ ئورنى بايلىقىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشىغا تەشكىللاتچىلىق قىلدى. ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى بازا ۋە ھەمكارلاشقۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ تۈرنىڭ شىنجاڭ ۋە ئالاقىدار رايوندىكى خىزمىتىگە ئادەم كۈچى ۋە تېخنىكا ھەمدە باشقا جەھەتلەردىن ياردەم بەردى ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلدى.

2003 - يىلى تېما گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى شىنجاڭدىن چىڭخەيگىچە بولغان لىنىيىنىڭ غەربىي شىمال قۇرغاق رايوندىكى غالىبىيەت داۋىنى، كوشەگىن داۋىنى، چاقىلىق، تاشقورغان ۋە ئالتۇنتاغ رايونىدىكى ئالدىن تاللانغان يەر ئورنىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈش، ماتېرىيال توپلاپ ئانالىز قىلىش، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ كۆزىتىش كەچۈرۈش ۋە بېكىتىلگەن نۇقتىلارنى ئۆلچەش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى.

جاڭ جىن، ما لۇ

# دېھقانچىلىق

## غەربنى كەڭ ئېچىش داۋامىدا شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەدبىرى توغرىسىدا تەتقىقات

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى ۋە پەن - تېخنىكا ئۇچۇر تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

بۇ تەتقىقاتتا شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ئانالىز قىلىش ھەمدە غەربتىكى ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىكى جەھەتتىكى كۈچلۈك ئۆلكىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ئەۋزەللىك ۋە ئۇنى چەكلەپ تۇرغان ئامىللارنى تەتقىق قىلىپ ئانالىز قىلىش ئاساسىدا، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نىشانى، تەرەككۈرى، مۇھىم نۇقتىلار، ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەدبىر توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلگەن. ئاپتونوم رايوننى يېڭى ۋەزىيەتتە شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى تەتقىق قىلىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرلىرىنى ئېنىق بېكىتىش ئۈچۈن ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش ئاساسى بىلەن تەمىنلىگەن. شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت ئىچكى ئامىللىق تەرەققىيات يولىدا مېڭىش لازىملىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن، بۇ، مول يېڭى مەزمۇنغا ئىگە، يۇقىرى سۈپەتلىك يۇمشاق پەن تەتقىقات نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ.

جاۋ شىن

## شىنجاڭنىڭ يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى ۋە پەن - تېخنىكا ئۇچۇر تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

بۇ تۈردە يېزا ئەمگەك كۈچى سانى ۋە سۈپىتىنىڭ يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئەمگەك كۈچىنىڭ سان ئۆزگىرىشى ۋە سۈپەت ئۆزگىرىشىنىڭ يېزا ئىقتىسادىغا بولغان تەسىرى ئىلمىي ئانالىز قىلىنىپ، ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ سۈپىتى ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئاچقۇچلۇق تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىل ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەمدە شىنجاڭدىكى يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ساپاسىغا ئىلمىي باھا بېرىلگەن. بۇ تەتقىقاتتا ئادەم كۈچى بايلىقى ساپاسىنى مىقدارلاشتۇرۇپ ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئادەم كۈچى بايلىقى ساپاسى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەندىزە تۇرغۇزۇلغان، شىنجاڭنى پۈتۈن مەملىكەت بىلەن تەڭ قەدەمدە ھاللىق جەمئىيەتكە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك نىشانغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ يېزا ئەمگەك كۈچى بايلىقى ساپاسىغا بولغان تەلىپى ئۈستىدە ئالدىن مۆلچەرلەش ئېلىپ بېرىلىپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئەمگەك كۈچى

بايلىقى ساپاسىنىڭ 2010 - يىل ۋە 2020 - يىلغىچە يېتىشكە تېگىشلىك بولغان سەۋىيىسى ئۆتتۈرىغا قويۇلغان ھەمدە شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك كۈچى بايلىقى ساپاسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ئانالىز قىلىنىپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان تەدبىر توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلگەن، بۇ، خېلى كۆچلۈك يېتەكچى رولغا ئىگە تەتقىقات.

جاۋ شىن

## «شىنجاڭ ئارال كېۋەزى - 16» سورتىنىڭ ئەڭ سۈپەتلىك، ئەلا دەرىجىلىك ئۇزۇن تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا سىستېمىسىنى تەجرىبە قىلىش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش

بۇ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنىڭ ھالقىما پىلانى تۈرى بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئىلىم - پەن - مائارىپ مەھكىمىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈر يولغا قويۇلغان 3 يىلدىن بۇيان، ئاساسەن تۆۋەندىكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى: بىرىنچى، «شىنجاڭ ئارال كېۋەزى - 16» نىڭ تۇنجى ئەسلى ئۇرۇقى 67. 3 گېكتار يەردە كۆپەيتىلىپ، ئاساسىي ئۇرۇقتىن 7500 كىلوگرام ئىشلەپچىقىرىلىپ پىلاندىكى ۋەزىپە كۆرسەتكۈچى 150% ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. 67. 76 گېكتار يەردە ئەسلى ئۇرۇق يېتىشتۈرۈلۈپ، 138 توننا ئەسلى ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇ، پىلاندىكى ۋەزىپە كۆرسەتكۈچنىڭ 6.9 ھەسسىگە باراۋەر كېلىدۇ؛ 3. 533 گېكتار يەردە سۈپەتلىك ئۇرۇق كۆپەيتىلىپ، 900 توننىدىن كۆپرەك سۈپەتلىك ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇ، پىلاندىكى ۋەزىپىنىڭ 5. 4 ھەسسىگە توغرا كېلىدۇ. ئىككىنچى، شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ئۇزۇن تالالىق پاختىچىلىق رايونى بولغان كورلا شەھىرى بىلەن ئاۋات ناھىيىسىدە 33. 333 گېكتار يەردە مو بېشى (07. 0 گېكتار) ھوسۇلى 100 كىلوگرامدىن ئاشىدىغان يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۈلگە ئېتىزى بەرپا قىلىندى، ھوسۇلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17% تىن كۆپرەك ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 80 گېكتار يەردە مو بېشى (07. 0 گېكتار) ھوسۇلى 120 كىلوگرامدىن يۇقىرى بولغان ئالاھىدە يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۈلگە ئېتىزى بەرپا قىلىندى. ئۈچىنچى، بۇ تۈردە تەشۋىق قىلىش ۋە تېخنىكىلىق تەربىيىلەش، نەق مەيداندا كۆرەك قىلىش ئارقىلىق، ئۇزۇن تالالىق كېۋەزنى يۇرۇۋشلەشتۈرۈپ يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش قاتارلىق خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇلۇپ، 5300 گېكتار يەردە كېڭەيتىلدى، ھەر مو (07. 0 گېكتار) يەرنىڭ ئوتتۇرىچە مەھسۇلات سەۋىيىسى 90 كىلوگرامدىن ئاشتى. ئوتتۇرىچە ئاشقان ھوسۇلى 11% كە يەتتى. يېڭىدىن ئاشقان ساپ پاختا 800 تونىغا، يېڭىدىن ئاشقان ئىقتىسادىي ئۈنۈم 16 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

جاۋ شىن

## گۈڭگۈرتنىڭ پاختا مەھسۇلاتى ۋە ئۈنىڭ سۈپىتىگە بولغان تەسىرى ھەمدە ئۈنىڭ مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكا تايانچ ئىختىساسلىقلىرىنى ئالاھىدە تەربىيىلەش پەن تەتقىقات مەخسۇس مەبلىغى تۈرى بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يادرو تېخنىكا - بىئو تېخنىكا تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، كالىي سۇلفات، سولفۇر، كالتسىي سۇلفات قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان تۈردىكى گۈڭگۈرتلۈك ئوغۇتنىڭ پاختا مەھسۇلاتىغا بولغان تەسىرى تەتقىق قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ كېۋەزلىكلىرىگە ماس كېلىدىغان گۈڭگۈرتلۈك ئوغۇت تۈرلىرى تاللاپ چىقىلغان، ئاساسىي ئوغۇت ئازوت (N33OKG. hm⁻²) ۋە فوسفۇر (P2O5 138KG. hm⁻²) بىلەن ئوغۇتلاش ئاساسىدا يەنە سولفۇر ۋە كالتسىي سۇلفات (S30KG. hm⁻²) نى قوشۇپ ئوغۇتلاپ پاختا مەھسۇلاتى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇلغان، بۇنىڭ بىلەن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش شارائىتىدا گۈڭگۈرتلۈك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىغاندا جەنۇبىي شىنجاڭدا پاختا ھوسۇلىنى 3.1% — 15.7% گىچە ئاشۇرغىلى بولىدۇ دېگەن يەكۈن چىقىرىلغان. تۇراقلىق مىقدار تەتقىقاتى ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، كېۋەزنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە گۈڭگۈرت ئېلېمېنتىنى سۈمۈرۈش، ئايلاندۇرۇش ۋە تارقىتىش قانۇنىيىتى تەتقىق قىلىنىپ، گۈڭگۈرت بىلەن ئوغۇتلىغاندا كېۋەز تۈپىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى ئۆسۈش مەزگىلىدە ئازوتنى سۈمۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىنى كۈچەيتكىلى بولىدىغانلىقى، كېۋەزنىڭ گۈڭگۈرتنى سۈمۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى غۇنچە مەزگىلىدىن غوزا مەزگىلىگىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدىغانلىقى ئېنىقلاپ چىقىلغان ھەمدە كېۋەزنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى ئۆسۈش مەزگىلىدىكى كېۋەز تۈپى تەركىبىدىكى N/S. P/S نىڭ تەركىب نىسبىتىنىڭ مەھسۇلات بىلەن مۇناسىۋەتلىك

ئىگەنلىكى تەتقىق قىلىنغان.

جاۋ شىن

## كېۋەزنى يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىدىغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى قوللىنىش

بۇ تۈرگە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇپراق - ئوغۇتچىلىق تەتقىقات ئورنى بىلەن جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇپراق - ئوغۇتچىلىق تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە رىياسەتچىلىك قىلدى، بۇ تۈر ئاۋات ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى، مارالبېشى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى، لوپ ناھىيىلىك دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسى، خوتەن شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى، ماناس ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى، تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تاماملاندى. تەتقىقات نەتىجىسى 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا باھالاشتىن ئۆتتى. مۇتەخەسسىسلەر بۇ تۈر مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن دەپ ھېسابلىدى.

بۇ تۈردە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر مۇنۇلار: بىرىنچى، تۇپراقنىڭ ئوزۇقلۇق ئەھۋالى سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، شىنجاڭدىكى كېۋەزلىك تۇپرىقىنىڭ ئوزۇقلۇقىغا باھا بېرىش كۆرسەتكۈچى بېكىتىلدى. شىنجاڭدا كېۋەزدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشتا تۇپراق ئوزۇقلۇقىنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئامىللار ۋە ئۇنى ئۈنۈملۈك ياخشىلاش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھەمدە كۆڭگۈرتنىڭ ياختا مەھسۇلاتىغا بولغان تەسىرى ھەمدە شىنجاڭ كېۋەزلىك تۇپرىقى تەركىبىدىكى كالىينىڭ ئۈنۈمى ۋە كالىيلىق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاشنىڭ ئۈنۈمى ئۈستىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە كېۋەزلىكتىكى تۇپراق ئوزۇقلۇقىنى پەرۋىش قىلىش ۋە كېۋەزنى يۇقىرى ھوسۇل بېرىدىغان قىلىپ ئۆستۈرۈشتە تەۋسىيە قىلىنىدىغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش سىستېمىسى تۇرغۇزۇلدى، بۇ سىستېمىنى قوللانغاندا، ياختا مەھسۇلاتىنى %10تىن كۆپرەك ئاشۇرغىلى، خىمىيىۋى ئوغۇتتىن پايدىلىنىش نىسبىتى جەھەتتە ئازوتنىڭكىنى %40تىن كۆپرەككە يەتكۈزگىلى، فوسفورنىڭكىنى %15 — %20كە يەتكۈزگىلى بولىدىغانلىقى ئېنىقلاپ چىقىلدى. ئىككىنچى، كېۋەزگە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ ئاساسىي ئوغۇت، قوشۇمچە ئوغۇت ۋە ئۇنى ئىشلىتىش تېخنىكىسى تەتقىق قىلىنىپ بارلىققا كەلتۈرۈلدى، مو (0.07 گېكتار) بېشى ساپ ياختا ھوسۇلىنى 100 كىلوگرامغا (شىمالىي شىنجاڭ) ۋە 130 كىلوگرامغا (جەنۇبىي شىنجاڭ) يەتكۈزۈش كۆرسەتكۈچى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئۇلگە رايونىدا ئىشلەتكەندە شۇ جايدا ئادەت بولۇپ كەلگەن ئوغۇتلاش ئۇسۇلىغا قارىغاندا مەھسۇلات %14.6 ئاشتى. ئۈچىنچى، 1996 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە مەخسۇس ئوغۇت كارخانىلىرى بۇ تۈرنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ياختىچىلىق رايونلىرىغا ماس كېلىدىغان كېۋەزنىڭ مەخسۇس بىرىكمە ئوغۇتىدىن 286 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىپ ساتتى، 400 مىڭ گېكتار يەردە كېڭەيتىپ قوللىنىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۈنۈم 330 مىليون يۈەن ئاشتى.

جاۋ شىن

## 4JSM — 1800 تىپلىق كېۋەز شادىسىنى تالقانلاپ ئېتىزغا قايتۇرۇش ۋە سۆلياۋ پارچىلىرىنى يىغىۋېلىش بىرلەشمە مەشغۇلات ماشىنىسى تەتقىق قىلىپ ياسالدى

بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا ئۆتكىلى تۈرى ۋە نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭغا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلدى، شىنجاڭ گۇاڭخۇي گۇرۇھى «ئۆكتەبىر» ماشىنىسازلىق چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. تەتقىقات نەتىجىسى 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا باھالاشتىن ئۆتتى.

بۇ ماشىنا كېۋەز شادىلىرىنى تالقانلاپ ئېتىزغا قايتۇرۇش، توپا يۇمشىتىش، سۆلياۋ ئىلغاش، سۆلياۋ ئاجرىتىش، سۆلياۋ دۆۋىلەش قاتارلىق ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، شاخ - شۇمبىلارنى تالقانلاپ ئېتىزغا قايتۇرۇش ۋە قالدۇق سۆلياۋنى يىغىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل مەشغۇلاتنى بىرلا قېتىمدا تاماملايدۇ؛ ئىش ئۈنۈمى، سۆلياۋنى ئادالاش نىسبىتى يۇقىرى، ئىشلىتىش قولايلىق ھەم ئىشەنچلىك، شىنجاڭدىكى ئوخشاشمىغان كېۋەز تېرىش ئەندىزىلىرىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالايدۇ. بۇ ماشىنىنىڭ قالدۇق سۆلياۋنى يىغىۋېلىش تولۇقى ۋە چىش گۇرۇپپىسى ھەمدە سۆلياۋ ئاجرىتىش قۇرۇلمىسى قاتارلىق ئاساسلىق مەشغۇلات بۆلەكلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىش قائىدىلىرىنىڭ تېخنىكىسىدا زور يېڭىلىق يارىتىلغان بولۇپ، 4 تۈر بويىچە پاتېنتقا مەلۇم قىلىندى، بۇ، جۇڭگونىڭ شۇ خىلدىكى ماشىنا. سايمان تىپى تىزىملىكىدىكى

بوشلۇقنى تولدۇردى.

جاۋ شىن

## بۇغداي، كۆممىقوناق ھوسۇلىنى يۇقىرى ئۇنۇم بىلەن تېز ئاشۇرۇش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش

بۇ تۈر شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى دانلىق زىرائەت تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

تۈر گۇرۇپپىسى 5 يىل ۋاقىت ئىچىدە، شىمالىي شىنجاڭدا زىرائەتلەرنى بىر يىلدا 2 قېتىم پىشىدىغان قىلىپ يۇرۇشلەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى، يازغى بۇغدايغا سۇلىياۋ يوپۇق يېپىپ سۇ تېجەش تېخنىكىسى قاتارلىق ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلار ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق، «شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ئويمانلىقى جەنۇبىي چېتىنىڭ غەربىدە يازغى بۇغداي ۋە ئۇنىڭ ئىڭىزىغا كۆممىقوناق تېرىپ مو بېشى (0.07 گېكتار) دىن 900 - 1000 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىش بويىچە يۈرۈشلۈك تېخنىكا سىستېمىسى» قاتارلىق 5 خىل ئۆستۈرۈش تېخنىكا ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى. ئومۇمىي ھوسۇلنى يېڭىدىن 13 مىڭ 860 توننا، ئومۇمىي ئۇنۇمنى يېڭىدىن 9 مىليون 761 مىڭ 500 يۈەن ئاشۇردى؛ ھەمدە يەرنى ھەيدىمەي سانجىپ ئۇرۇق سالىدىغان 2 — 2BMG كۆممىقوناق سېيالكىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ يەرنى ھەيدىمەي سانجىپ ئۇرۇق سالىدىغان سېيالكا جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

جاۋ شىن

## شالنى شالغۇتلاشتۇرۇش ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىش تەتقىقاتى

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى دانلىق زىرائەت تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەن تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە ئاساسلىقى تۆۋەندىكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى: بىرىنچى، 5 يىلدا كۆپلىگەن ئۇرۇق بايلىقىنى كىرگۈزۈش، تەكرار چېتىشتۇرۇپ يېتىشتۈرۈش، نىسبەت بويىچە چېتىشتۈرۈش، بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق، «شىنجاڭ شىبلى — 1»، «شېننۇڭ — 129» ۋە «چيۇتيەن شياۋدىڭ» قاتارلىق ئاتىلىقى يېتىلمەس نەۋ ماتېرىيالىدىن 36 نۇسخا ھەمدە LC4,LC15,6C27 قاتارلىق ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى نەۋ ماتېرىيالىدىن 87 نۇسخا يېتىشتۈرۈلدى؛ ھەمدە «شىنجاڭ يېپىشمايدىغان شالغۇت — 303»، «شىنجاڭ يېپىشمايدىغان شالغۇت — 311»، «شىنجاڭ يېپىشمايدىغان شالغۇت — 2239» قاتارلىق شالغۇت گۇرۇپپىلىرى ئۆلچەپ يېتىشتۈرۈلدى. ئىككىنچى، ئاتىلىقى يېتىلمەس نەۋ، ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى نەۋنىڭ سۈپىتى ئۆستۈرۈلۈپ، ئاتىلىقى يېتىلمەس نەۋ، ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى نەۋنىڭ كۆپىيىش مەزگىلى قىسقارتىلدى. ئۈچىنچى، ئاتىلىقى يېتىلمەس نەۋنىڭ نەسلى يېتىلمىگەن تۈپ نىسبىتى ۋە نەسلى يېتىلمەسلىك دەرىجىسى %99.5تىن ئاشتى، F1 ئەۋلاد ئۇرۇقىدىن يېتىشتۈرۈلگەن مو (0.07 گېكتار) بېشى ئۇرۇق ھوسۇلى 193 كىلوگرامغا يېتىپ، دۆلەتنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېقىنلاشتى. سەپلەنگەن شالغۇت گۇرۇپپىسىنىڭ ھوسۇلى سورت لىنىيىسى مەھسۇلاتلىرىنى سېلىشتۇرۇش سىنىقىدا ئومۇمەن ئادەتتىكى شالغا قارىغاندا %10تىن كۆپرەك ئاشتى. تۆتىنچى، تېما گۇرۇپپىسى 6 قېتىم جەنۇبتا كۆپەيتىپ، 6 قېتىم شىمالدا يېتىشتۈرۈپ تېرىلغان شالغۇت شالنىڭ ھەر خىل ماتېرىيالىدىن 13 مىڭ 410 نۇسخا بارلىققا كەلتۈردى.

جاۋ شىن

## كۆكتات، مېۋە - چېۋە تەركىبىدىكى دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى كۆپ تۈر بويىچە تېز تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تېخنىكىسىنى قوللىنىش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكا تايانچ ئىختىساسلىقلىرىنى ئالاھىدە تەربىيىلەش پەن تەتقىقاتىنىڭ مەخسۇس مەبلەغ تۈرى بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى مەركىزىي تەجرىبىخانىسى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

3 يىلدىن بۇيان تېما گۇرۇپپىسىدىكى ھەر مىللەت پەن-تېخنىكا خادىملىرى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا ھەمدە شىنجاڭغا كىرگەن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازارلىرىدا 400 خىلدىن كۆپرەك ئەۋرىشكىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەپ چىقتى، 5000 دىن كۆپرەك تۈر (قېتىم) ئۆلچەش ئىشىنى تاماملىدى. خىزمەت مەزمۇنى مونۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، دېھقانچىلىق دورا قالدۇقىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تېخنىكىسىغا دائىر خەلقئارا قانۇن (GB/T5009.20 — 1996) نى كۆكتات سۈپىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىشتە قوللىنىش. ئىككىنچى،

دېھقانچىلىق دورا قالدۇقلىرىنى تېز تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تېخنىكىسى (MRSM) نى كۆكتات، مېۋە - چېۋە سۈپىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىشتە قوللىنىش. ئۈچىنچى، ئورگانىك فوسفور ۋە كاربامات تۈرىدىكى دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ قالدۇق زەھىرىنى تېز تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئۇسۇلىنى كۆكتات، مېۋە - چېۋە سۈپىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىشتە قوللىنىش. تۆتىنچى، كۆكتات سۈپىتىنىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتىن ئىبارەت.

جاۋ شىن

## شىنجاڭدىكى كۆكتاتلاردا چېپار چۈمىگەك چىۋىن پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى ۋە ئۇنى تەخشەپ تىزگىنلەش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى بىرلىكتە ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

تېما گۇرۇپپىسى جەنۇبىي - شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆپ جايلاردا چېپار چۈمىگەك چىۋىنىنى تەكشۈرۈپ، شىنجاڭدىكى كۆكتاتلاردا پەيدا بولغان چېپار چۈمىگەك چىۋىن تۈرلىرى، پارازىت خوجايىنى، زىيان سېلىش ئۇسۇلى، قىشتىن ئۆتۈش ئىقتىدارى ۋە كۆشەندە تۈرلىرىنى ئېنىقلاپ چىقتى ھەمدە ئامېرىكا چېپار چۈمىگەك چىۋىنى ئۈستىدە پارازىت خوجايىنىنىڭ ماسلىشىشىنى ئۆلچەپ بېكىتتى، جەنۇبىي ئامېرىكا چېپار چۈمىگەك چىۋىنىدىن ئىبارەت ھەر خىل ھاشاراتلارنىڭ يېتىلىش نۇقتىسى ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈملۈك جۇغلانما تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ بېكىتتى. ئامېرىكا چېپار چۈمىگەك چىۋىنى بىلەن جەنۇبىي ئامېرىكا چېپار چۈمىگەك چىۋىنىنىڭ قۇرت ھالىتىدە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش دورىلىرىنى سىناق قىلىپ، ئۈنۈمى يۇقىرى، زەھىرى تۆۋەن بىر نەچچە خىل خىمىيىلىك دورىلارنى ۋە بۇلغىمايدىغان ئالداپ يوقىتىش ئۇسۇلىنى تاللاپ چىقتى. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سىستېمىلىق تەخشەپ تىزگىنلەش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ، 1998 - يىلدىن 2002 - يىلغىچە بولغان ۋاقىتتىن بۇيان، ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى شەھەر ئەتراپىغا يېقىن كۆكتاتچىلىق رايونلىرىدىكى 66.67 گېكتار پارنىك ۋە چوڭ ئېتىزلاردا ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتتى.

جاۋ شىن

## قىزىلچىنىڭ سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، كېسەلگە چىداملىق يېڭى سورتى — «شىنجاڭ قىزىلچىسى — 8»، «شىنجاڭ قىزىلچىسى — 11» نى تاللاپ يېتىشتۈرۈش

بۇ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. تەتقىقات نەتىجىسى 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا باھالاشتىن ئۆتتى. باھالاشتا بۇ تۈرنىڭ ھەر خىل ئۇنىۋېرسال تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن دەپ قارالدى.

بۇ تۈردە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى، «شىنجاڭ قىزىلچىسى —11» مول ھوسۇللۇق كۆپ دانلىق، ئاتلىقى يېتىلمەيدىغان شالغۇت سورتقا تەۋە بولۇپ، رايونلاشتۇرۇش تەجرىبىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش جەريانىدا، ئۇنىڭ مەھسۇلاتى سېلىشتۇرما سورتقا قارىغاندا 29.6% — 34.4% گىچە ئاشتى. قەنت نىسبىتى 15.68% — 18.01% گىچە بولۇپ، سېلىشتۇرما سورتقا قارىغاندا 0.28 گرادۇستىن 0.29 گرادۇسقىچە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئۇ، قاراداغ كېسەللىكىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان سورتقا تەئەللۇق؛ «شىنجاڭ قىزىلچىسى — 8» مول ھوسۇللۇق يەككە دانلىق ئاتلىقى يېتىلمەيدىغان شالغۇت سورتقا تەۋە بولۇپ، رايونلاشتۇرۇش تەجرىبىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش جەريانىدا، ئۇنىڭ مەھسۇلاتى سېلىشتۇرما سورتقا قارىغاندا، 11.49% — 13.26% گىچە ئاشتى، قەنت نىسبىتى 16.89% — 16.95% گىچە بولۇپ، سېلىشتۇرما سورتقا قارىغاندا 0.46 گرادۇستىن 0.59 گرادۇسقىچە ئاشتى، بۇ سورت قاراداغ كېسەللىكىگە تاقابىل تۇرالايدۇ، يىلتىز چىرىش كېسەللىكىگە چىداملىق. ئىككىنچى، ئايلاندۇرۇپ رېگرېسسىيىلىك سىناق قىلىش ئارقىلىق، قىزىلچىنى يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىپ ئۆستۈرۈشتە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدىغان دېھقانچىلىق تېخنىكا تەدبىرلىرى ئۈستىدە مىقدار ئانالىزى ئېلىپ بېرىلىپ، مو (0.07 گېكتار) بېشى ھوسۇلىنى 4 توننىدىن، ساپ ئۈنۈمىنى 466 يۈەندىن ئاشۇرۇشتەك يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئەندىزە قولغا كەلتۈرۈلدى. زىچلىق دەرىجىسى ھەر مو يەرنىڭ 5260 — 5820 تۈپ بولدى. ھەر مو يەرگە 14.8 — 16.5 كىلوگرام ئۇرۇقلۇق ئوغۇت، 25.5 — 27.2 كىلوگرام قوشۇمچە ئوغۇت بېرىلدى. ئۈچىنچى، بۇ 2 خىل سورت قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئىلى، ئاقسۇ قاتارلىق ئاساسلىق

رايونلاردا كەڭ دائىرىدە كېڭەيتىلدى، 666.67 گېكتار يەردە ئۆلگە كۆرسىتىلدى، ھەر قايسى ھالەتتىكى كۆرۈنۈشى ناھايىتى ياخشى بولدى.

جاۋ شىن

## قىزىلچىنىڭ كېسەلگە قارشى يېڭى سورت (لىنىيىسى) نى تاللاپ يېتىشتۈرۈش

بۇ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

تۈر كۆرۈپىسى 4 يىللىق تەتقىقات خىزمىتى ئارقىلىق، قىزىلچىنىڭ كېسەلگە قارشى 3 خىل يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى ھەمدە قىزىلچىنىڭ يىلتىز غوۋژەكلىشىش كېسىلىگە قارشى تۇرالايدىغان ئۆزگەرتكۈچى گېن، ئاۋشاتسىيىلىك ئالداپ ئۆزگەرتىش ۋە ياز پەسلىدە شالغۇتلاشتۇرۇپ تېرىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى، تاللاپ يېتىشتۈرگەن يېڭى سورتنىڭ مەھسۇلاتى، قەنت مىقدارى مەملىكەت بويىچە شۇ خىلدىكى سورتلار ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. «شىنجاڭ قىزىلچىسى — 11» سورتىنىڭ قارىداغ كېسىلىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى، ھوسۇلى يۇقىرى، قەنت مىقدارى مۇۋاپىق. ئوتتۇرىچە مو (0.07 گېكتار) بېشى ھوسۇلى تەخمىنەن 5000 كىلوگرامغا يېتىپ، سېلىشتۇرما سورت «شىنجاڭ قىزىلچىسى — 6» غا قارىغاندا 29.6% — 34.4% يۇقىرى، قارىداغ كېسىلىگە قارشى تۇرۇشچانلىقى 1.5 دەرىجە يۇقىرى. «شىنجاڭ قىزىلچىسى — 14» سورتى ئاپتونوم رايوندا ئۆزىمىز يېتىشتۈرگەن، يىلتىز غوۋژەكلىشىش كېسىلىگە قارشى تۇرالايدىغان 1 - يېڭى سورت بولۇپ، ھەر مو (0.07 گېكتار) يەرنىڭ ھوسۇلى 4824.7 كىلوگرامغا يەتتى، قەنت مىقدارى سىناقتا قاتناشتۇرغان سورت ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى. ئۇنىڭ ھوسۇلى سېلىشتۇرما سورت «شىنجاڭ قىزىلچىسى — 6» گە قارىغاندا 9.7% ئاشتى، قەنت مىقدارى 0.6 گرادۇس يۇقىرى بولدى. «شىنجاڭ قىزىلچىسى — 15» سورتى قارىداغ كېسىلىگە قارشى تۇرالايدۇ، ھەر مو (0.07 گېكتار) يەردىن 4074.4 كىلوگرام تۈگۈنەك يىلتىز ئېلىندى، قەنت نىسبىتى 17.6% كە يېتىپ، سېلىشتۇرما سورت «شىنجاڭ قىزىلچىسى — 6» گە قارىغاندا 0.66 گرادۇس ئۆرلىدى، كېسەلگە قارشى تۇرۇشچانلىقى سېلىشتۇرما سورتقا قارىغاندا 1.5 دەرىجە ئۈستى. 4 يىلدىن بۇيان قىزىلچىنىڭ كېسەلگە قارشى يېڭى سورتى 52 مىڭ گېكتار يەردە كېڭەيتىلىپ، تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ تېز سۈرئەتتە مەھسۇلاتقا ئايلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

جاۋ شىن

## قوغۇندىكى بەلگە گېنىدىن پايدىلىنىپ، شالغۇت ئۇرۇقنى دەسلەپكى مەزگىلدە باھالاش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەن تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە 3 يىلدا 6 ئەۋلاد قوغۇننىڭ سېرىق غول ۋە قىسقا پېلەكتىكى يوشۇرۇن خاراكتېرلىك تۈكسىز بەلگە گېنىنى چېتىشتۇرۇش، تەكرار چېتىشتۇرۇش ۋە ئۆزىدىن چاڭلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىدىن چاڭلاشتۇرىدىغان سۈپەتلىك نەۋ قولغا كەلتۈرۈلدى ھەمدە بەلگە گېنلىق F1 يېڭى سورت لىنىيىسى تاللاپ چېتىشتۇرۇپ چىقىلدى. بۇ تۈر تېخنىكىسى قوغۇننىڭ يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈشتە قوللىنىلسا نۆۋەتتە قوغۇننىڭ شالغۇت ئۇرۇقىنى جەنۇبتا كۆپەيتىپ باھالاپ بېكىتىش جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان دەۋرى ئۇزۇن، خېيىمخەترى چوڭ بولۇشتەك ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلغىلى بولىدۇ، بۇ، قوغۇننىڭ شالغۇت ئۇرۇقىنىڭ ساپلىقى تېز، توغرا باھالاپ بېكىتىش، ئۇرۇقنى باھالاپ بېكىتىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشتە ناھايىتى يۇقىرى قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە.

جاۋ شىن

## داڭلىق، قىممەتلىك گۈل - گىياھلارنى تېز كۆپەيتىش ۋە زاۋۇتلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى مەركىزىي تەجرىبىخانىسى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2003-يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەن تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە ئاپتونوم رايوندا ئۆزگىچە بولغان، پەن - تېخنىكا تەركىبى خېلى يۇقىرى، يىلىغا 200 مىڭ تۈپ گۈل - گىياھ تۇقۇلمىسى يېتىشتۈرۈش زاۋۇتى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇلدى، زاۋۇتنىڭ تۇقۇلما يېتىشتۈرۈش مەركىزى يىلىغا تەشتەكتە 1 مىليون تۈپ مايسا كۆپەيتىدىغان ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى

شەكىللەندۈردى، تولۇقلىما يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، 3 يىلدا كېپىنەكسىمان ئورخىدىيە، يۇرەكسىمان كەترەن، ۋاندا چېغىرتمىقى، كاتلېيەگۈلى، سەبرە (ئالوي)، گلولىسىنىيە ئوتى، ئافرىقا روخسار گۈلى، گۈلسامساق، كالانەي يۇراقگۈل ۋە تاشگۈل قاتارلىق گۈل - گىياھتىن 170 مىڭ تۈپ كۆپەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كېپىنەكسىمان ئورخىدىيە، دېندروبىئوم ئوتى، قىزىل كاكتۇس، ئاناناس، كۆركۈم گۈلى، لېكوس، يېشىل يەر شاھى قاتارلىق داڭلىق، قىممەتلىك گۈل - گىياھلار كىرگۈزۈلدى، بۇ داڭلىق، قىممەتلىك گۈل - گىياھلارنى كۆپەيتىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكا سىستېمىسى تەتقىق قىلىپ بارلىققا كەلتۈرۈلدى، ھەر خىل سۈپەتلىك ئۈرۈقلۇق مايسىدىن 216 مىڭ تۈپ كۆپەيتىپ ئىشلەپچىقىرىلدى ھەمدە بازاردا سېتىلدى.

جاۋ شىن

## ئالىي سۈپەتلىك گۈل - گىياھلارنى كىرگۈزۈش ۋە كۆپەيتىش

بۇ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەن تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

تېما گۇرۇپپىسى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن يېڭى گۈنىيە خىنىگۈلى، يېپىشقاق ئوت، پاكار ئۆسىدىغان كالانچوي، ئېۋفوربىيە چاتقىلى، پاكار ئۆسىدىغان كاڭنەي يۇراقگۈلى، كۆركەم تاشگۈل قاتارلىق يۇقىرى سۈپەتلىك گۈل-گىياھلارنى كىرگۈزۈپ، بۇ گۈل - گىياھلارنىڭ بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇلارنى كۆپەيتىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ ئىگىلىۋالدى، ھەر خىل سۈپەتلىك ئۈرۈقلۇق مايسىدىن ئاز كەم 100 مىڭ تۈپ كۆپەيتىپ ئىشلەپچىقاردى، ئالىي سۈپەتلىك تەشتەك گۈلدىن 20 مىڭ تەشتەكتىن كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىپ ساتتى. ھەمدە ئاپتونوم رايوندا تۇنجى قېتىم ئېۋفوربىيە چاتقىلىنىڭ فىزىئولوگىيىسى ۋە كۆركەم تاشگۈلى، پاكار ئۆسىدىغان كالانچوينى تېز ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، كۆلەملەشتۈرۈپ تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئاساس سالدى. 2 يىلدا ياراتقان ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جاۋ شىن

## گۈل - گىياھ ئوزۇقلۇق توپىسى، مەخسۇس گۈل - گىياھ چۆپلۈك ئوغۇتى ھەمدە ئۆسۈملۈك ئۆستۈرۈلىدىغان - يېتىلدۈرۈلىدىغان جايلار ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش

بۇ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى چۈشۈرگەن تۈر بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇپراق - ئوغۇتچىلىق تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. تەتقىقات نەتىجىسى 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا باھالاشتىن ئۆتتى. باھالاشتا تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن دەپ قارالدى.

بۇ تېمىدا ئاساسەن تۆۋەندىكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى: موگۇنىڭ كېرەكسىز ماتېرىياللىرى ۋە زىرائەت شاخ - شۇمبىلىرى قاتارلىق ئورگانىك ماددىلاردىن گۈل - گىياھ ئوزۇقلۇق توپىسى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، چۆپلۈكتىكى ئوت - چۆپ ئوزۇقلۇق ئالاھىدىلىكى، دېھقانچىلىق ھۈنەر - سەنئەت رېتسېپى ۋە ئاستا تەسىرلىك خالتىلىق ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، گۈل - گىياھلارنىڭ مەخسۇس يۇرۇشلۇك ئوغۇتلىرى، ئۆسۈملۈك ئۆستۈرۈلىدىغان، يېتىلدۈرۈلىدىغان جايلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۇسۇلى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، مەخسۇس گۈل- گىياھ ئوزۇقلۇق توپىسى، مەنزىرە گۈل - گىياھلىرى مەخسۇس ئوغۇتى، مەنزىرە يوپۇرماقلىق گۈل - گىياھلار مەخسۇس ئوغۇتى، كاكتۇس تىپىدىكى گۈل - گىياھلار مەخسۇس ئوغۇتى، تۇپراقنىڭ كىسلاتالىشىشىنى ئاشۇرۇش دورىسى، ئاستا تەسىرلىك خالتىلىق چىملىق ئوغۇتى قاتارلىق 6 خىل مەھسۇلات بارلىققا كەلتۈرۈلدى.

2000 — 2001 - يىللىرى گۈل - گىياھ ئوزۇقلۇق توپىسى، گۈل - گىياھ ئوغۇتىنى ئارىلىقتا سىناق قىلىش زاۋۇتىدىن بىرى قۇرۇلۇپ، 2 يىلدا مەخسۇس گۈل - گىياھ ئوزۇقلۇق توپىسىدىن 100 مىڭ خالتا يەنى 150 توننا ئىشلەپچىقىرىلىپ سېتىلدى؛ 4 خىل گۈل ئوغۇتىدىن 60 مىڭ قاپ يەنى 6 توننا ئىشلەپچىقىرىلىپ سېتىلدى؛ ئاستا تەسىرلىك خالتىلىق چىملىق ئوغۇتىدىن 20 توننا تەجرىبە قىلىنىدى ۋە ئىشلەپچىقىرىپ سېتىلدى. سېتىش سوممىسى 500 مىڭ يۈەنگە، پايدا - باج 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جاۋ شىن

## قىزىل كۆز ھەرىنى كۆپەيتىش ھۈنەر-سەنئىتى ۋە ئۇ ئارقىلىق غوزا قۇرتى ۋە كۆممىقوناق كېپىنىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا يېڭىلىق يارىتىلغان يۈرۈشلۈك تېخنىكا ئۈستىدە تەتقىقات

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. تەتقىقات نەتىجىسى 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى. مۇتەخەسسىسلەر: بۇ تۈر ئومۇمىي جەھەتتىن مەملىكەت ئىچىدىكى شۇ خىلدىكى تەتقىقات ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە قىزىل كۆزلۈك سېرىق ھەرىنى كۆپەيتىش ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكا تەتقىقاتى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن دەپ ھېسابلىدى.

تېما گۇرۇپپىسى تەكرار تەجرىبە - تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان «ھەرىنى جاۋۇردا تارقاقلاشتۇرۇپ ئارىلاشتۇرۇپ بېقىش ئۇسۇلى» يادرو قىلىنغان كۆممىقوناق كېپىنىكىنىڭ قىزىل كۆزلۈك سېرىق ھەرىسىنى كۆپەيتىش تېخنىكىسى ۋە ھۈنەر - سەنئەت تەرتىپى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ باردى، ئۆزگەرتىلگەن ئۇسكۇنە - سايمانلارنى تاللاش ئارقىلىق كۆممىقوناق كېپىنىكىنىڭ قىزىل كۆزلۈك سېرىق ھەرىسى (M، C) كارتوچكىسىنى ئىشلەپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن پارازىت نىسبىتى 90%تىن ئاشتى. يەككە تۇخۇملاش مىقدارى 60 — 90غا يەتتى؛ ھەمدە گۇخشاش بولمىغان نىشانلىق زىيانلىق ھاشاراتلارنى نەزەردە تۇتۇپ، شىنجاڭدىكى ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، قويۇپ بېرىلىدىغان قىزىل كۆزلۈك ھەرە سانى، ھەرە قويۇپ بېرىش قېتىم سانى، ھەرە قويۇپ بېرىلىدىغان نۇقتىلارنى بەلگىلەش، قويۇپ بېرىش ئارىلىق ۋاقتى قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭىلىق ياراتتى، قىزىل كۆزلۈك ھەرە ئارقىلىق كېيۈەزلىكتىكى 2 - ئەۋلاد غوز قۇرتىنىڭ، پىششىقلىنىدىغان پەمىدۇر ئېتىزلىرىدىكى 2 - ئەۋلاد غوزا قۇرتى ۋە كۆممىقوناق كېپىنىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشنىڭ ۋە ھەرىنى ئېتىزغا قويۇپ بېرىشنىڭ تېخنىكىسى ۋە ئۇنىڭغا ياندىش بىر يۈرۈش تېخنىكىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

تۈر يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، 3 مىليارد 531 مىليون دانە قىزىل كۆزلۈك ھەرە يېتىشتۈرۈلۈپ، 3043.53 گېكتار (11770.5 گېكتار - قېتىم) دائىرىدە تەجرىبە قىلىندى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قىزىل كۆزلۈك ھەرە ئارقىلىق كېيۈەزلىكتىكى 2 - ئەۋلاد غوزا قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش تېخنىكىسى ئۈلگە كۆرسىتىلگەن يەر كۆلىمى 2388.2 گېكتار (4326.5 گېكتار - قېتىم)، قىزىل كۆزلۈك ھەرە ئارقىلىق كۆممىقوناق كېپىنىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەجرىبىسى ئۈلگە كۆرسىتىلگەن يەر كۆلىمى 588 گېكتار (2138.7 گېكتار - قېتىم)، قىزىل كۆزلۈك ھەرە ئارقىلىق پىششىقلىنىدىغان پەمىدۇر ئېتىزلىقلىرىدىكى 2 - ئەۋلاد غوزا قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يوقىتىش تەجرىبىسى ئۈلگە كۆرسىتىلگەن يەر كۆلىمى 67.33 گېكتار (269.3 گېكتار - قېتىم)، يېڭىدىن ئاشقان ئىقتىسادىي ئۈنۈم 4 مىليون 163 مىڭ 900 يۈەن.

جاۋ شىن

## ئېچىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق L— سۈت كىسلاتاسى ئىشلەپچىقىرىش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىكرو بىئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەن تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ۋە باھالىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە ئاساسەن يىلتىز پاختىلاشتۇرغۇچى زەمبۇرۇغنى ئېچىتىش ئارقىلىق L — سۈت كىسلاتاسى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى تەتقىق قىلىندى، شتامما خۇسۇسىيىتى، شتاممىنى ساقلاش، ئاكتىپلاشتۇرۇش ۋە ياشارتىش ئۇسۇلى ئىگىلىۋېلىندى. شتاممىنى تەۋرەنمە بوتۇلكىدا ئېچىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئېنىق بېكىتىلدى ھەمدە 7 لىتىرلىق ئېچىتقۇچ ئىدىشتا ئۈنۈملۈك چوڭايتىلدى. باكتېرىيە تەنچىلىرىنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى بىلەن كىسلاتا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئېچىتقۇ سۇيۇقلۇقىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن كىسلاتا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇناسىۋىتى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. تەۋرەنمە بوتۇلكىدا تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېچىتىپ ئىشلەپچىقىرىلغان كىسلاتانىڭ تۇراقلىقلىقى 100 گرام/لىتىر — 120 گرام/لىتىرغىچە بولدى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 150 گرام/لىتىرغا يەتتى، گلۇكوزىغا ئايلىنىش نىسبىتى 80% — 85% كە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ تۈردە لايىھىلەنگەن قوشۇمچە ماتېرىياللارنى ئېچىتىش ھۈنەر - سەنئىتى پاتېنتقا ئىلتىماس قىلىندى.

جاۋ شىن

## نىكوتىننى ئېلېكترو خىمىيىلىك بىرىكتۈرۈپ نىكوتىن كىسلاتاسى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكا تايانچ ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئالاھىدە تەربىيىلەش مەخسۇس پەن

تەتقىقات مەبلىغى تۈرى بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىكرو بىئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاش ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە سولفات كىسلاتاسىنىڭ قويۇقلۇقى، سېلىنىدىغان نىكوتىن مىقدارى، ئوكسىدلىغۇچى خرومات كىسلاتا ئانگىدرىدىنىڭ قويۇقلۇقى ھەمدە ئېلېكترولىتىك ئېلېكتر قۇتۇپلىرىنى تەييارلاش، توك ئېقىمىنىڭ زىچلىقىنى تاللاش قاتارلىق رېئاكسىيىلەشتۈرۈش شارائىتلىرى ئۈستىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى، نىكوتىن خام ئەشيا قىلىنىپ، نىكوتىن كىسلاتاسىنى بىرىكتۈرۈشنىڭ بىر خىل يېڭى ئۇسۇلى — ۋاستىلىك ئېلېكترو خىمىيىلىك بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، كالىي خرومات بىلەن سولفات كىسلاتاسىدىن پايدىلىنىپ، مۇۋاپىق نىسبەتتە ئارىلاشما ئوكسىد سۇيۇقلۇقى ھاسىل قىلىندى، ئوكسىدلىق نىكوتىندىن نىكوتىن كىسلاتاسى تەييارلاندى، ئەسلىگە قايتمايدىغان ئوكسىدا تورنى ئېلېكترولىزلاپ ئوكسىدلىغاندىن كېيىن قايتىدىن يېڭى ئوكسىداتور ھاسىل قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن ئوكسىداتورنى ئايلاندۇرۇپ ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى، ئوكسىداتوردىن پايدىلىنىش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، كىسلاتا، نىكوتىننىڭ مۇھىتنى بۇلغىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى.

جاۋ شىن

## زىرائەت سورتلىرىنى ئېلېكتروفورېزلىق تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى مەركىزىي تەجرىبىخانىسى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2003- يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەن تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە ئاساسەن تۆۋەندىكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى: بىرىنچى، كېۋەز، كۆممىقوناقنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئاقسىل تەركىبى ئاجرىتىۋېلىنىپ ئانالىز قىلىندى، نەتىجىدە ئۆسۈملۈك ئۇرۇقى ئوتتۇرىسىدا ئاقسىل تىپىنىڭ نىسبىتىدە روشەن پەرق بارلىقى كۆرسىتىپ بېرىلدى، بۇ، سورت بايلىقىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇرۇقنىڭ ساپلىقىنى ئېلېكتروفورېزلىق ئانالىز قىلىشنىڭ نىشانلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئاساس سالدى. ئىككىنچى، كېۋەز ئاقسىلىنى ئىسپىرتتا ئېرىتىپ ئېلېكتروفورېزلاش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئەۋرىشكە ئېلىش، يېلىم ئىشلەش، ئېلېكتروفورېزى، خروموسومىسى، ئاتلاسلىرىنى تەھلىل قىلىش قاتارلىق تېخنىكىلار بارلىققا كەلتۈرۈلدى. ئۈچىنچى، كۆممىقوناق ئاقسىلىنى تۇزدا ئېرىتىپ ئېلېكتروفورېزلاش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئاقسىلىنى تۇزدا ئېرىتىپ ئېلېكتروفورېزلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، Sc704 ۋە «يېدەن— 13» قاتارلىق 5 خىل ماتېرىيال ئۈستىدە ئۆلچەش ۋە ئېلېكتروفورېزلىق ئاتلاس ئانالىزى ئېلىپ بېرىلىپ، ئارقا كۆرۈنۈشى ئېنىق، سپېكتىر بەلۋېغى رەتلىك، پەرقلەندۈرۈش نىسبىتى يۇقىرى بولغان ئېلېكتروفورېزلىق ئاتلاس ئوتتۇرىغا قويۇلدى، كۆممىقوناقنىڭ شالغۇتلاشتۇرۇلغان «ئۆز ئارا تولۇقلاش شەكلى» دىن ئىبارەت سپېكتىر بەلۋېغى ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئانىلىق ۋە ئاتىلىقىنى ھەمدە شالغۇت ئۇرۇقىنىڭ چىنلىقى ۋە ساپلىقىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈش ئىمكانىيىتى يارىتىلدى.

جاۋ شىن

# چارۋىچىلىق

## جۇڭگو مېرىنوس گۆش قويىنى يېتىشتۈرۈش

بۇ شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 24 — 25 - كۈنلىرى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

تېما گۇرۇپپىسى 6 يىل تىرىشىش ئارقىلىق تېمىدىكى كۆرسەتكۈچ ۋەزىپىلەرنى تولۇق تاماملىدى. 2003 - يىلغا قەدەر تاللاپ ئۆستۈرۈش كۆرسەتكۈچ تەلىپىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان جۇڭگو مېرىنوس گۆش قويىنىڭ قوتاندىكى سانىنى 911گە يەتكۈزدى. بۇنىڭ ئىچىدە ساغلىق 900، يېتىلگەن قوچقار 11. بۇ ۋەزىپە كۆرسەتكۈچىنىڭ 128.6%گە توغرا كەلدى. نەسىللىك قوچقاردىن 820نى ئومۇملاشتۇرۇپ، 600 مىڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ نەسلىنى ياخشىلاپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

بۇ تېمىنى يولغا قويۇش ئارقىسىدا، يېتىشتۈرۈلگەن پادىلارنىڭ گۆش سۈپىتى گەۋدىلىك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، گۆش قويىغا خاس بولغان كۆرۈنەرلىك بەدەن شەكلى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولدى، يېتىشتۈرۈلگەن پادىلاردا جۇڭگو مېرىنوس قويىنىڭ ئەسلىدىكى يۇڭ سۈپىتى خۇسۇسىيىتى ئاساسەن ساقلاپ قېلىندى. بۇ تېمىدا بىر تەرەپتىن يولغا

قويۇش، بىر تەرەپتىن كېڭەيتىش يولى تۇتۇلۇپ، گۆشى ئاز ھەم سۈپەتسىز قوينىڭ يۇڭىنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاشتىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. تېما گۇرۇپپىسى ھازىرقى زامان كومپيۇتېر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي نەسلىنى يېتىشتۈرۈش ئۇچۇرلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. قوي يۇڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىرسىيەت بەلگىسىنى تېپىپ چىقتى، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ گۆش تېپىدىكى نەسلىنى تاللاشنىڭ كۆپ خىل ھالىتىنى ئۇنىۋېرسال تاللاش كۆرسەتكۈچى سانىنى بېكىتىش ئۇسۇلىنى تاپتى، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇنلارنىڭ قوي يۇڭى بىلەن قوي گۆشىنى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا تەرتىپى سىخېمىسىنى ئىشلەپ چىقتى.

تېما گۇرۇپپىسى يېتىشتۈرگەن يېڭى تىپ جۇڭگو مېرىنوس قوينىڭ نەسىل قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ بېيىتتى، بۇ جۇڭگو مېرىنوس قوينىڭ نەسلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۆستۈرۈشتە كەلگۈسى ئەھمىيەتكە ئىگە.

گۈلزار

## قوي سۈتى تەركىبىدىكى پرو ئىنسۇلىننى ساپلاشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك بۆلۈمى چارۋا مال دوختۇرلۇق بىئولوگىيە نۇقتىلىق تەرەققىيات تەجرىبىخانىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. 2003 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى پەن ـ تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

ئادەم ئىنسۇلىنى دىئابېت كېسىلىنى داۋالاشتا ئالاھىدە ئۈنۈملۈك دورا شۇنداقلا ئەڭ بالدۇر بازارغا سېلىنغان بىئو تېخنىكىلىق دورىلارنىڭ بىرى، بازارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياجى ناھايىتى زور. بۇ تەتقىقاتتا ئاقسىل ماددىسىنى خىمىيىلىك پارچىلاپ ئانالىز ۋە تەجرىبە قىلىشتىن ئىبارەت زامانىۋى ۋاستە قوللىنىلىپ، قوي سۈتى تەركىبىدىكى پروئىنسۇلىننى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ـ ساپلاشتۇرۇپ باھالاپ بېكىتىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭدا سۈت تەركىبىدىكى پروئىنسۇلىننى ئالاھىدە سەزگۈرلۈك بىلەن ئۆلچەپ چىقالايدىغان بىر يۈرۈش ئۇسۇل ئۈستىدە ئىزدىنىپ قوي سۈتى تەركىبىدىكى پروئىنسۇلىننى تەجرىبىخانىدا تەييارلاشنىڭ مۇۋاپىق ۋە ئەمەلىي تېخنىكا سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش، سۈت بېزىنىڭ بىئولوگىيىلىك رېئاكتورى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان گېن قۇرۇلۇشى مەھسۇلاتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئاساس سېلىش، سۈت تەركىبىدىن ئاشقى جەھەتتە ئىپادىلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئاجرىتىۋېلىش ۋە تەھلىل قىلىشتىن ئىبارەت قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەينەك قىلىشقا بولىدىغان تەجرىبە يارىتىش مەقسەت قىلىندى.

بۇ تۈردە كۆپ يىللىق تەتقىقات ئارقىلىق ئەركىن ئۆلچەپ بېكىتىش، SDS ئېلېكتروفورېز ۋە HPLC ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىنسۇلىننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نازارەت قىلىپ ئۆلچەش ۋە ئىنسۇلىننى ئاجرىتىۋېلىش ـ ساپلاشتۇرۇش جەريانىدا نازارەت قىلىپ ئۆلچەش نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى ھەمدە قوي سۈتى تەركىبىدىكى ئىنسۇلىننى تەجرىبىخانىدا ئاجرىتىۋېلىش ـ ساپلاشتۇرۇشنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇلى بارلىققا كەلتۈرۈلدى، ئېلېكتروفورېزغا ئوخشاش تېخنىكىلار ئارقىلىق ئىنسۇلىننىڭ ساپلىق دەرىجىسىنىڭ خېلى يۇقىرى بولغانلىقى ئىسپاتلاندى.

گۈلزار

# ئورمانچىلىق

## شەمشادنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇرۇق مەنبەسىنى دەسلەپكى سىناق قىلىش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇنى شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات يۇرتى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2003 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى پەن-تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، بۇ تەتقىقاتنىڭ ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. بۇ تەتقىقاتتا شەمشادنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇرۇق مەنبەسىنى سىناق تەرىقىسىدە تەتقىق قىلىش خىزمىتى تۇنجى قېتىم تاماملىنىپ، شىنجاڭنىڭ شەمشاد ئۇرۇقى ۋە ئۇرۇق مەنبەسىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى بوشلۇقى تولدۇرۇلدى، بۇ شەمشاد ئۇرۇقىنى ئىرسىيەتلىك يېتىشتۈرۈشنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ماددىي ئاساس ۋە ئاساسىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى، شىنجاڭنىڭ دەل ـ دەرەخلىرىنى سورتلاشتۇرۇش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

بۇ تۈردە بىر قەدەر پىشقان ئۇرۇق مەنبەسىنى تەجرىبە-تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى: يەنى تۇپلاش ـ تەجرىبە قىلىش ـ ئۆلچەش ـ بېكىتىش ـ تاللاش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، خەلقئارا ئورمانچىلىق بىرلەشمىسى تۈزۈپ چىققان «دەرەخ ئۆسكەن ئورۇندا سىناق قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش» تېخنىكا قائىدىسىدىكى تەلەپلەر بويىچە ئىش كۆرۈلۈپ، جۇڭگودىكى



2003 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنى يېڭىدىن تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان سىلوسلىنىدىغان زىرائەتلەرنى يىغىدىغان 9QSZ—3000 تىپلىق ئۆزى يۈرەر هوسۇل يىغىش ماشىنىسى مەشغۇلات ئۈستىدە.

سۈرەتنى پەن - تېخنىكا نازارىتى تەمىنلىگەن.

ئاساسلىق شەمشاد نەسلىدىن قىزىل پوستلۇق شەمشاد، چىڭخەي شەمشىدى، توم شاخلىق شەمشاد، بىنەپشە مېۋىلىك شەمشاد، شاخ غوللۇق شەمشاد ۋە شىنجاڭدىكى تەڭرىتاغ شەمشىدى، سىبىرىيە شەمشىدىدىن ئىبارەت 7 تۈر بويىچە ئۇرۇق مەنبەسى قىلىنغان 33 خىل شەمشاد توپلاندى ھەمدە بۇلار ئۈستىدە جۇغراپىيىلىك ئۇرۇق مەنبەسى بويىچە دەسلەپكى تەجرىبە ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى. كۆچەت مەزگىلىدىكى سىناقتا كاندۇكچىلارنى پۈتۈنلەي ئۆزلۈلۈق لايىھىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئوخشاش بولمىغان ئۇرۇق مەنبەسىنىڭ بىئولوگىيىسى، كىلىماتولوگىيىسى، ماسلىشىشچانلىقى ۋە يامان شارائىتقا چىدامىلىقلىقى، بىئولوگىيىلىك مىقدارى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئۈستىدە 8 يىل كۆزىتىش ئېلىپ بېرىلدى، كۋادراتلىق پەرق تەھلىلى، LSR تەھلىلى، باغلىنىشلىق خۇسۇسىيىتىنى تەكشۈرۈش، ئېرسىيەتلىك كۆچىيىشىنى ھېسابلاش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىپ، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان، كۆچەتنى ئىنتايىن تېز ئېگىزلەيدىغان سۈپەتلىك شەمشاد ئۇرۇق مەنبەسى دەسلەپكى قەدەمدە تاللاپ چىقىلدى.

لىن شىڭخۇي

## شىنجاڭ ئەلا سورتلۇق ياڭاقنى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش

بۇ — ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش بويىچە نۇقتىلىق تۈرى، ئۇنى شىنجاڭ ئورمانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە پەن - تېخنىكا ۋاسىتىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ياڭاق سورتلىرىنى ئەلالاشتۇرۇش، تەقلىدىي ئۆستۈرۈش، ئۇلاپ ياخشىلاشقا ئوخشاش ئىلغار پىشقان پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى ۋە ئەمەلىي تېخنىكىلار مۇجەسسەملەشتۈرۈلۈپ ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ، ئەلا ياڭاق سورتلىرىنى ئۆستۈرۈشنىڭ «ئەلا سورتلارنى تاللاپ بېكىتىش - كۆچەتزارلىق بەرپا قىلىش — تەقلىدىي ئۆستۈرۈش — بېجىرىم كۆچەت يېتىشتۈرۈش — ياش دەرەخلەرنى ئۇلاش ۋە يېتىلگەن دەرەخلەرنى ئېگىزدىن ئۇلاپ ياخشىلاش — مېۋىسىنى يىغىۋېلىش» تىن ئىبارەت بىر يۈرۈش ئۇنىۋېرسال تېخنىكا سىستېمىسى بارلىققا كەلتۈرۈلدى، 5 يىل كېڭەيتىپ قوللىنىش ئارقىلىق، ياخشى ئىقتىسادىي ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

1. 360.73 گېكتار يەردە ياڭاق ئۈلگە باغچىسى قۇرۇلدى، بۇ 44 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئەلا سورتلۇق كۆچەتلەرنى تىكىشكە، 992 مىڭ تۈپ تۆۋەن ھوسۇللۇق ياڭاقنى ئۇلاپ ياخشىلاشقا تۈرتكە بولدى، دېھقان تېخنىكا خادىملىرىدىن 35 مىڭ 441 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، تۆۋەن ھوسۇللۇق ياڭاق ئۇلاپ ياخشىلانغاندىن كېيىنكى 5 - يىلى ئۇنىڭ يەككە تۈپ ھوسۇلى 12 كىلوگرامدىن 15 كىلوگرامغا يەتتى. يېڭىدىن تىكىلگەن ياڭاقلارغا نوتا ئۇلانغاندىن كېيىنكى 5 - يىلى ئۇنىڭ يەككە تۈپ ھوسۇلى 2.5 كىلوگرامدىن 3.89 كىلوگرامغا يەتتى.

2. بۇ تۈرنى يولغا قويۇش جەريانىدا، ئۆستۈرۈش ئەندىزىسى ئوخشاش بولمىغان 3 خىل سورتنى تەڭشەش، چاڭلاشتۇرۇلىدىغان دەرەخلەرنى سەپلەش نىسبىتى ھەمدە ئۇلاقنىڭ تۇتۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلاش ۋاقتىنى ئۆزارتىش ئۇسۇلى ئېنىق بېكىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن سورتلۇق ياڭاقنىڭ ئۈنۈمى زور كۆلەمدە ئۆستى. بۇ تۈردە 306 مىليون يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلدى.

لىن شىڭخۇي

## تېرەكنى تېز كۆپەيتىش تېخنىكا سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى قوللىنىش

بۇنى شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ

غەربىي رايون بوستانلىق ئېكولوگىيە تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ جۇڭغار ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى بىرلىكتە ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تېخنىكىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

بۇ تۈردە قاراماي «ئورمانچىلىق بىلەن قەغەزچىلىك بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن» ساناھەت خام ئەشيا ئورمان بازىسى قۇرۇلۇشىدىكى ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلارنى ھەل قىلىش مەقسەت قىلىنغان، ئۇنىڭدا ھۆجەيرىدىن كۆپەيتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، زامانىۋى بىئو تېخنىكا ۋاستە قىلىنىپ، روسىيە تېرىكى بىلەن شىنجاڭ تېرىكىنى تېز كۆپەيتىش تېخنىكا سىستېمىسى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىندى. ئاساسەن 2 خىل سورتنى ئىرىكتۈرۈپ تېز كۆپەيتىش تېخنىكىسى، تاق، جۈپ بىخلىق قىلىپ تېز كۆپەيتىش تېخنىكىسى ھەمدە 2 خىل سورتنى تېز كۆپەيتىش تېخنىكىسىنىڭ كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئەت تەرتىپى ۋە ئىش نورمىسىنى بېكىتىش، ئۇرۇقلۇق قاچىسىدا تېز يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەتلەردىن ئورمان بەرپا قىلىش ۋە پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسى، يەككە، جۈپ بىخلىرىنى كۆزدە ئۇچۇقچىلىقتا تىكىش تەجرىبىسى، ئوزۇقلۇق قاچىسىدا يېتىشتۈرۈلگەن يەككە، جۈپ بىخلىق كۆچەتلەردىن ئورمان بەرپا قىلىش بىلەن يېتىلگەن كۆچەتلەردىن ئورمان بەرپا قىلىشنى سېلىشتۇرۇش سىنىقى قاتارلىق تەرەپلەردىكى تەتقىقات تاماملاندى.

تەتقىقات جەريانىدا مايسا يېتىشتۈرۈش، تېز كۆپەيتىش ۋە ئورمان بەرپا قىلىش بويىچە كۆپ تۈردە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىلدى ھەمدە قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئۇسۇل، يېڭى نەزەرىيە كەڭ كۆلەمدە ئورمان بەرپا قىلىش ۋە مايسا يېتىشتۈرۈشتە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىپ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

تۈر گۇرۇپپىسى تەتقىقات نەتىجىسىدىن پايدىلىنىپ، ھەر مو (0.07 گېكتار) يەردە 100 مىڭ تۈپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى، بۇ ئادەتتىكى ئۇسۇلدا كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە قارىغاندا 20 ھەسسە ئېتراپىدا يۇقىرى بولدى، مايسا يېتىشتۈرۈش تەننەرخىنى 54.5% تېجەپ قالدى، ئۆستۈرۈش تەننەرخىنى 94.7% تۆۋەنلەتتى. 2 يىلدا سۈپەتلىك كۆچەتتىن 4 مىليون 500 مىڭ تۈپ ئىشلەپچىقاردى. 6700 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلدى ھەمدە بۇرۇلتوقاي، شىخو، كۈيتۇڭ ۋە ئىلى قاتارلىق جايلاردا كېڭەيتىپ قوللاندى.

بۇ تۈردە بارلىققا كەلتۈرۈلگەن 4 جەھەتتىكى نەتىجە يەنى 2 خىل تېرەك دەرىخىنىڭ توقۇلمىسىنى تېز يېتىشتۈرۈش يولى بىلەن كۆچەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكا سىستېمىسى، ھۈنەر- سەنئەت تەرتىپى ۋە سانىنى تىزگىنلەش تېخنىكىسى، ئىككى خىل تېرەك سورتىنىڭ يەككە، جۈپ بىخلىرىنى تېز كۆپەيتىش تېخنىكا سىستېمىسى ۋە ھۈنەر - سەنئەت تەرتىپى، تېرەكنىڭ سۈپەتلىك سورت توقۇلمىسىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئوزۇقلۇق قاچىسىدا كۆچەتلەرنى كۆلەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى قۇرغاق رايونلاردا دەرەخ تولۇق ئۆسىدىغان پەسىلدە ئورمان يېتىشتۈرۈش (ئادەتتىكىگە قارىغاندا ئورمان يېتىشتۈرۈش ۋاقتىنى 80 — 90 كۈن ئۇزارتقىلى بولىدۇ) تېخنىكىسى مەملىكەت ئىچىدە تۇنجى قېتىم بارلىققا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە ھېسابلىنىدۇ.

لىن شىڭخۇي

# ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى

## شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى

2003 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 5 مىليون 426 مىڭ خەتلىك ھەر خىل ئەسەر ۋە تەرجىمە ئەسەردىن 17نى نەشر قىلدۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئەسەر 13، بۇلار: «شىنجاڭنىڭ 1999 — 2002 - يىللىق ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى توغرىسىدا تەھلىل ۋە مۆلچەر»، «شىنجاڭنىڭ 2003 — 2004 - يىللىق ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى توغرىسىدا تەھلىل ۋە مۆلچەر»، «قازاق ئەدەبىياتى تارىخى» (قازاقچە، 3 - توم)، «پارلاق شىنجاڭ)، «نېفىت - تەبىئىي گازنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىياتى»، «كەشمىر توقۇنۇشىنىڭ باشلىنىشى»، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي مەدەنىيىتى»، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى: تارىخىي ئەھۋالى ۋە ئىستىقبالى»، «ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا - ئاسىيا ئىستراتېگىيىسى ۋە ئوتتۇرا - جەنۇبىي ئاسىيادىكى بەش دۆلەت»، «1000 يىل مابەينىدىكى 1 - ئورۇش توغرىسىدا مۇلاھىزە»، «ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ۋە شىنجاڭ»، «شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى»، «قەدىمكى دەۋردە شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى»، «ئۇيغۇرچە»؛ تۈزگەن ئەسەر بىر: «دۇنيا تىلشۇناسلىقى ۋە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى»؛ تەرجىمە ئەسەر بىر: «جۇڭگونىڭ

تارىخىي كىتابلىرىدىكى قازاق مىللىتىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ تاللانما تەرجىمىسى» (قازاقچە 2 ـ توم)؛ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى بىر: «مەنىۋى مەدەنىيلىكتە يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيىسى ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش»؛ ئامىباب ئوقۇشلۇق بىر: «شىنجاڭنىڭ 100 يىللىقى».
2003 ـ يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئومۇمىي خەت سانى 2 مىليون 92 مىڭ خەتلىك ھەر خىل كەسپىي ئىلمىي ماقالە، نەزەرىيىۋى ماقالە، تەتقىقات دوكلاتى، تەرجىمە ماقالىسىدىن 270 پارچە ئېلان قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 34 پارچە ماقالە يادرولۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

2002 ـ يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۆلەت، شىنجاڭ ۋە ئاكادېمىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرىدىن 13نى تاماملىدى، بۇ نەتىجىلەرنىڭ ئومۇمىي خەت سانى 3 مىليون 230 مىڭ خەت. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى 9، خەت سانى 2 مىليون 530 مىڭ خەت. بۇلار: «شىنجاڭ بۇددا دىنى تارىخى»، «ئەتراپتىكى مىللىي ـ دىنىي توقۇنۇشلار ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى»، «ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلمىسىنىڭ ئىزومورفىزملىق خۇسۇسىيىتى ۋە ئۆز ـ ئارا تولۇقلاش خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، «قازاق ئاقىنلار ئېيتىشىشى ئۈستىدە تەتقىقات»، «جۇڭگودىكى كۆچمە چارۋىچى مىللەتلەرنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭ مىسال قىلىندى»، «چەت ئەللەردىكى شىنجاڭ بۆلگۈنچىلىك كۈچلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدىكى قازاق مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىش تىپى ئۈستىدە تەتقىقات»، «غەربتىكى موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بىلەن خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، «غەربىي يۇرت سەنئىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»؛ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى 2، خەت سانى 280 مىڭ خەت، بۇلار: «يېڭى دەۋردە شىنجاڭدىكى ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشىپ ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللىغان كادىرلارنى باشقۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئۆزگىچە كەسىپلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات»؛ ئاكادېمىيە دەرىجىلىك تۈر 2، خەت سانى 420 مىڭ خەت. بۇلار: «شىنجاڭنىڭ 2002 — 2003 ـ يىللىق ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى توغرىسىدا تەھلىل ۋە مۆلچەر»، «شىنجاڭنىڭ 2003 — 2004 ـ يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى توغرىسىدا تەھلىل ۋە مۆلچەر» دىن ئىبارەت.

2003 ـ يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە ئاكادېمىيە دەرىجىلىك تۈردىن 32نى تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇش تەستىقى ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى 7، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى 11، ئاكادېمىيە دەرىجىلىك تېما 14.

لى شىڭلى

## «غەربىي يۇرت سەنئىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»

بۇ — 2001 ـ يىلى دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن سەنئەت پەنلىرىگە تەۋە ئادەتتىكى تۈر. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژۇرنال تەھرىراتىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى جۇڭ گاۋ ئۈستىگە ئالغان، 2003 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە 1 ـ دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى، ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە مەخسۇس ئەسەر تەييارلاندى. بۇ كىتاب مۇقەددىمە ۋە 10 بابتىن تەركىب تاپقان، 400 مىڭ خەتلىك. بۇ — غەربىي يۇرتنىڭ سەنئىتى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنغان ئومۇمىي بايان خاراكتېرلىك مەخسۇس ئىلمىي ئەسەر. ئۇنىڭ مەزمۇنى غەربىي يۇرت سەنئىتىنىڭ پەيدا بولۇش ئارقا كۆرۈنۈشى، پەيدا بولۇش مېخانىزمى، سەنئەت تىپى، ئۆز ئالاھىدىلىكى، شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ـ سەنئىتى بىلەن بىر قانچە مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتى غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق توشۇغۇچىسى، ئۇنىڭ مەنبەسى، پەيدا بولۇشى، شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ھەممىسى غەربىي يۇرتنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئېستېتىك ئېڭى ھەمدە يىپەك يولىدىكى شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى، دىن تارقىتىشى، مول ئەلئارا مەدەنىيەتنىڭ تۈپ ئاساسىدىن توپلىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، بوستانلىقلاردىكى تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى، يايلاقلاردىكى كۆچمە چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى، خەنزۇلارنىڭ بوز يەر ئېچىش مەدەنىيىتى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت تىپىنى شەكىللەندۈرگەن، بۇ مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى سەنئەت تېمىسى، ئانا تېما، شەكىللەنگەن ئېقىملار، ئېستېتىك ئىنتىلىش قاتارلىقلارنىڭ ئورتاقلىق ۋە خاسلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئىگە. غەربىي يۇرت سەنئىتى شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتى، غەربىي يۇرتتىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ۋە ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى مەدەنىيەت قاتارلىق ھەر خىل ئىچكى ـ تاشقى

ئامىللارنىڭ بىر - بىرىگە تۈرتكە بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

لى شىڭلى

**«ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەتنىڭ خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلمىسىنىڭ ئىزومورفىزملىق خۇسۇسىيىتى ۋە ئۆز ئارا تولۇقلاش خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات»**

بۇ — 2002 - يىلى دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ياشلار فوندى تۈرى. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىدىكى تەتقىقاتچى ۋاڭ خېيەن ئۈستىگە ئالدى. 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ھەمدە 2 - دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى، ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە مەخسۇس ئەسەر تەييارلاندى. پۈتۈن كىتاب 21 باب، 400 مىڭ خەتتىن تەركىب تاپقان. بۇ تەتقىقات نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەتنىڭ جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن بولغان خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى پەرقى ۋە ئوخشاشلىقى ھەمدە ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتي نۇقتىلىق تەھلىل قىلىنىپ، 10 نەچچە يىلدىن بۇيانقى جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەت بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، ئىچكى ئەھۋالى، ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىق جەريانى بىر قەدەر سىستېمىلىق، بىر قەدەر چوڭقۇر تەتقىق قىلىنغان، ئانالىز قىلىنغان، يىغىنچاقلانغان ۋە خۇلاسىلەنگەن. ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىقىدىكى قانۇنىيەتلىك ئالاھىدىلىك ۋە مەسىلىلەر تېپىپ چىقىلغان ھەمدە مۇناسىپ تەدبىر - تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

لى شىڭلى

**«غەربىي قىسىمدىكى موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ- ئادىتى بىلەن خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات»**

بۇ — 2002 - يىلى دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئادەتتىكى تۈر. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىدىكى كاندىدات تەتقىقاتچى نامۇجىلا ئۈستىگە ئالدى، 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە 1 - دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى، ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە مەخسۇس ئەسەر تەييارلاندى. بۇ كىتاب 3 باب 6 پاراگراف ۋە مۇقەددىمە، يەكۈندىن ئىبارەت 8 قىسىمدىن تەركىب تاپقان، 200 مىڭ خەتلىك. بۇ تېمىدا ئۇيرات موڭغۇللىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بىلەن خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى مەخسۇس تەتقىق قىلىنىپ، ئۇيرات موڭغۇللىرىنىڭ بەلگىلىك ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئۇنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلۈش ئەھۋالى، غەربتىكى ئۇيرات موڭغۇللىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بىلەن خەلق ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «ئىتقا چوقۇنۇش» ھادىسىلىرى ۋە روھ قارىشى، غەربتىكى ئۇيرات موڭغۇللىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بىلەن خەلق رىۋايەتلىرى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئاغزاكى شېئىرىيىتىنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتى ۋە ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىق مەزمۇنلار بىر قەدەر مۇكەممەل، سىستېمىلىق بايان قىلىنغان.

لى شىڭلى

**«قازاق ئاقىنلار ئېيتىشىشى ئۈستىدە تەتقىقات»**

بۇ — 2000 - يىلى دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئادەتتىكى تۈر. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىدىكى كاندىدات تەتقىقاتچى بىكسۇلتان قەيسەر ئۈستىگە ئالدى. 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە 1 - دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى، ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە مەخسۇس ئەسەر تەييارلاندى. پۈتۈن كىتاب 6 باب، 21 پاراگراف، 160 مىڭ خەتتىن تەركىب تاپقان. بۇ كىتابتا قازاق ئاقىنلار ئېيتىشىشىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ۋە تۈپ قانۇنىيىتى، 19 - ئەسىردىن بۇيان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ ئاقىنلار ئېيتىشىش سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش ئەھۋالى، ئاقىنلار ئېيتىشىشىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان جۇڭگودىكى قازاق ئاقىنلار ئېيتىشىش سەنئىتى، ئاقىنلار ناخشا تېكىستىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۆزگىرىش خۇسۇسىيىتى، ئاقىنلار ئېيتىشىش سەنئىتىدىكى ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى، ئاقىنلار ئېيتىشىش سەنئىتىنىڭ قازاق ئەدەبىياتى سەنئىتىدىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشى سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان.

لى شىڭلى

**«شىنجاڭدىكى بۇددا دىنى ئۈستىدە تەتقىقات»**

بۇ — 2000 - يىلى دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئادەتتىكى تۈر. 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ھەمدە 2- دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى، ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە مەخسۇس ئەسەر تەييارلاندى. پۈتۈن كىتاب 8 باب، 40 پاراگراف، 300 مىڭ خەتتىن تەركىب تاپقان. بۇ كىتابتا

تىبەت بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ھەمدە شىنجاڭدىكى تەرەققىيات - ئۆزگىرىش تارىخى بىر قەدەر سىستېمىلىق بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ تىبەت بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى موڭغۇل مەدەنىيىتىگە بولغان تەسىرى قاتارلىقلار ئەتراپلىق بايان قىلىنغان، موڭغۇللارنىڭ بىردەنچە چوڭ كېڭەن سىستېمىسى، بۇتخانىلىرىنىڭ ئەھۋالى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. پۈتۈن كىتابتا خەن سۇلالىسى دەۋرى، ۋېي، جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرى، سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى دەۋرى، جۇڭغار خانلىقى دەۋرى، تورغۇت موڭغۇل دەۋرىدە تىبەت بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭدا پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىش تارىخى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە باب - پاراگرافقا ئايرىلىپ بايان قىلىنغان.

لى شىڭلى

## «شىنجاڭدىكى قازاق مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىش تىپى ئۈستىدە تەتقىقات»

بۇ — 2000 - يىلى دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئادەتتىكى تۈر. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى تەتقىقاتچى شارىپقان ئابدال ئۈستىگە ئالدى. 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە 1 - دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى، ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە مەخسۇس ئەسەر تەييارلاندى. پۈتۈن كىتاب 12 باب، 40 پاراگرافتىن تەركىب تاپقان، 250 مىڭ خەتلىك. ئاپتور مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تارىخشۇناسلارنىڭ ئالاقىدار تەتقىقاتىغا ئاساسەن، قازاقلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان، قازاقلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مودېلى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلغان، شىنجاڭدىكى قازاقلارنىڭ دەسلەپكى مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىش تىپى ئۈستىدە تەھلىل ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئاساس خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئاقارتىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش بىلەن مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى ئۆز ئارا باغلىنىشلىق ھەم پەرقلىق بولغان 2 خىل ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ ئەقلىي كۆزىتىش نۇقتىسىدىكى مەدەنىيەت كىرزىسى بىلەن مەدەنىيەت ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش ۋە ئۇنىڭ ئىپادىسى، مۇناسىۋىتى، ئۆز ئارا تەسىرى قاتارلىقلارنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلغان.

لى شىڭلى

## «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئۆزگىچە كەسىپلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات»

بۇ — 2003 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ياشلار تۈرى. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىدىكى ياردەمچى تەتقىقاتچى ئابدۇۋەلى مەخپۇل ئۈستىگە ئالغان. 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە 1 - دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى، ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە تەتقىقات دوكلاتى تەييارلاندى. تەتقىقات دوكلاتى بىر ئومۇمىي دوكلات ۋە 7 مەخسۇس دوكلاتتىن تەركىب تاپقان، 140 مىڭ خەتلىك. ئاساسىي دوكلات: شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئۆزگىچە كەسىپلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات؛ 7 مەخسۇس دوكلات مۇنۇلار: شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەت ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات؛ شىنجاڭدا مۇسۇلمانچە يېمەك - ئىچمەك كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك كەسىپلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت كەسىپلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسىپلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ توقۇمىچىلىق كەسىپلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭدا ئۆزگىچە بازارلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقاتتىن ئىبارەت. دوكلاتتا شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى زور دەپ قارالغان.

لى شىڭلى

## «ئەتراپتىكى مىللىي - دىنىي توقۇنۇش ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى»

بۇ — 2001 - يىلى دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئالاھىدە ھاۋالە تۈر ھېسابلىنىدۇ. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىدىكى تەتقىقاتچى فەن جىپىڭ ئۈستىگە ئالدى. 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە ئىچكى ئۇنىۋېرسال تەتقىقات دوكلاتى تەييارلاندى. تەخمىنەن 40 مىڭ خەتلىك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «ئوتتۇرا - جەنۇبىي ئاسىيادىكى مىللىي - دىنىي توقۇنۇش» ناملىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى، ئۇنىڭغا 18 مەخسۇس ئىلمىي ماقالە كىرگۈزۈلدى، تەخمىنەن 300 مىڭ خەتلىك. تەتقىقات دوكلاتى ئەتراپتىكى مىللىي - دىنىي توقۇنۇش؛ ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە ئىستىقبال؛ مەسىلىلەر ۋە ساۋاق؛ خىزمەت تەپەككۇرى؛ تەدبىر ۋە تەكلىپتىن ئىبارەت 5 قىسىمغا بۆلۈنگەن.

لى شىڭلى

## «چەت ئەللەردىكى شىنجاڭ بۆلگۈنچىلىك كۈچلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»

بۇ — 2002 - يىلى دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئادەتتىكى تۈر. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۈتۈپخانىسىدىكى تەتقىقاتچى لى چى ئۈستىگە ئالدى، 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە 1 - دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى، ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە تەتقىقات دوكلاتى تەييارلاندى. تەتقىقات دوكلاتى بىر ئومۇمىي دوكلات، 7 مەخسۇس دوكلات ۋە قوشۇمچە قىسمىدىكى 5 قوشۇمچە دوكلاتتىن تەركىب تاپقان، 300 مىڭ خەتلىك. دوكلاتتا شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ مەنبەسى ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشى تەكشۈرۈلگەن، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ۋە ئاساسىي خۇسۇسىيىتى بايان قىلىنغان، چەت ئەلدىكى شىنجاڭ بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ رېئال تەسىرى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشى تەھلىل قىلىنغان، ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىشتىكى ئاساسلىق جەڭ مەيدانى ئىكەنلىكى شەرھلەنگەن. «شەرقىي تۈركىستان» تېررورلۇق كۈچلىرىگە زەربە بېرىشنىڭ خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى كۈرەشنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى دەلىللەنگەن، ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە تەدبىر قوللىنىش يۈزلىنىشى مۇھاكىمە قىلىنغان، مۇناسىپ كۆرسەتمە ۋە تەدبىر - تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

لى شىگلى

## شىنجاڭنىڭ 2003 — 2004 - يىللىق ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى ۋە ئەتراپىكى مۇھىت ۋەزىيىتى ئۈستىدە تەھلىل ۋە مۆلچەر

بۇ — شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 2003 - يىللىق نۇقتىلىق تېمىسى، بۇ تېما ئومۇمىي بايان قىسمى ۋە مەخسۇس تېما قىسمىدىن ئىبارەت 2 قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئومۇمىي بايان قىسمى «شىنجاڭنىڭ 2003 — 2004 - يىللىق ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى ئۈستىدە تەھلىل ۋە مۆلچەر» ۋە «شىنجاڭنىڭ 2003 — 2004 - يىللىق ئەتراپىكى ۋەزىيىتى ئۈستىدە تەھلىل ۋە مۆلچەر» قاتارلىق 3 ئۇنىۋېرسال دوكلاتتىن تەركىب تاپقان. مەخسۇس تېما قىسمىدا شىنجاڭنىڭ تۇراقلىق مۆلچەرگە مەبلەغ سېلىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، كارخانىلارنىڭ كۆلىمى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، يوقسۇزلۇقنى يەڭگىللىتىش مەسىلىسى، چارۋىچىلىق ئىقتىسادى، يېڭى تىپتىكى شەھەرلەشتۈرۈش تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى قاتارلىق 14 تەرەپتىن ئىقتىساد - ئىجتىمائىيەت، ئەتراپىكى مۇھىتتىن ئىبارەت 3 چوڭ مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا ۋەزىيەت تەھلىل قىلىنغان ۋە مۆلچەرلەنگەن.

لى شىگلى

## شىنجاڭنىڭ 2002 — 2003 - يىللىق ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ئۈستىدە تەھلىل ۋە مۆلچەر

بۇ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 2002- يىللىق نۇقتىلىق تېمىسى، بۇ تېمىدا شىنجاڭنىڭ 2002 - يىللىق ئىقتىسادىي ھەرىكىتىنىڭ ئەھۋالى، ئىقتىسادىي ھەرىكەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى، ئىقتىسادنى سىجىل، مۇقىم ئاشۇرۇش ئامىللىرى تەھلىل قىلىنغان. بۇ تېمىدا شىنجاڭنىڭ 2003 - يىللىق ئىقتىسادىي ھەرىكىتىنىڭ ئىستىقبالى تەھلىل قىلىنغان ۋە مۆلچەرلەنگەن، 2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە مۇناسىپ تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

لى شىگلى

## جۇڭگودىكى كۆچمە چارۋىچى مىللەتلەرنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭ مىسال قىلىندى

بۇ — 2002 - يىلى دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ياشلار تۈرى. بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىدىكى كانددات تەتقىقاتچى ئادىلقان يىسقان ئۈستىگە ئالدى، 2003- يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە 1 - دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى، ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە تەتقىقات دوكلاتى تەييارلاندى، تەتقىقات دوكلاتى بىر ئومۇمىي دوكلات، 6 مەخسۇس دوكلات، 2 پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن تەركىب تاپقان، 220 مىڭ خەتلىك. تەتقىقات دوكلاتىدا شىنجاڭدىكى كۆچمە چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئالاھىدىلىكى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي مۇھىتى بايان قىلىنغان. شىنجاڭدىكى كۆچمە چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋە ئولتۇراقلىشىش تارىخىنى ئەسلەشتىن قول سېلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، قانۇنىيەتنى مۇھاكىمە قىلىش، چەت ئەللەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەينەك قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى كۆچمە چارۋىچى مىللەتلەر ئولتۇراقلىشىش جەھەتتە تۇرۇۋاتقان باسقۇچ ئۈستىدە ئاساسىي ھۆكۈم چىقىرىلىپ، شىنجاڭدىكى

كۆچمە چارۋىچى مىللەتلەرنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش جەھەتتە كۆچمە چارۋىچىلىقتىن تولۇق ئولتۇراقلىشىشقا ئۆتۈش جەريانىدىكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ دەپ قارالغان. كۆچمە چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ـ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش، چارۋىچىلىقنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ جەمئىيەت ۋە ئىقتىسادىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي تېما دەۋرىي قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى كۆچمە چارۋىچى مىللەتلەرنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش پرىنسىپى، ئەندىزىسى ۋە تەرەققىيات نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، شىنجاڭدىكى كۆچمە چارۋىچى مىللەتلەرنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر نەزەردە تۇتۇلۇپ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش سۈنئىي ئىچىملىك بازىسى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىغا تايىنىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ياخشىلاش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، مۇلازىمەتچىلىكنى ياخشى قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە مەشغۇلاتچانلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان تەدبىر ۋە چارىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

لى شىڭلى

## يېڭى دەۋردە شىنجاڭدىكى ھەربىيدىن كەسىپ ئالمىشىپ ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللىغان كادىرلارنى باشقۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ — 2003 ـ يىللىق شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ ھاۋالە تەتقىقات تۈرى. بۇ تېمىنى ش ئۇ ئا ر ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشقان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى خو يىجۈن بىلەن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەن تەتقىقات ـ تاشقى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى گو تەيشەن ئۈستىگە ئالغان، 2003 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە 1 ـ دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى، ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە تەتقىقات دوكلاتى تەييارلاندى، 138 مىڭ خەتلىك. تەتقىقات دوكلاتى بىر ئۇنىۋېرسال دوكلات ۋە 12 مەخسۇس دوكلاتتىن تەركىب تاپقان. بۇ تەتقىقات تېمىسىدا شىنجاڭدىكى ھەربىيدىن كەسىپ ئالمىشىپ ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللىغان كادىرلارنىڭ رېئال ئەھۋالى ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىنغان، كەسىپ ئالمىشىپ ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللىغان كادىرلارنى باشقۇرۇش ـ مۇلازىمەت خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر سىستېمىلىق يەكۈنلەنگەن، ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللىغانلارنى باشقۇرۇش ـ مۇلازىمەت خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشتە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ۋە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

لى شىڭلى

## جۇڭگو بىلەن ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋەت تارىخى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. بۇ يىغىننى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن جۇڭگو ـ چەت ئەل مۇناسىۋىتى تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى چېگرا رايون تارىخ ـ جۇغراپىيە تەتقىقات مەركىزى، بېيجىڭ چەت ئەل تىلى ئۇنىۋېرسىتېتى، غەربىي شىمال 2 ـ مىللەتلەر ئىنستىتۇتى بىرلىكتە ئۆتكۈزدى. مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن 100 دىن كۆپرەك مۇتەخەسسىس، ئالىم يىغىنغا قاتناشتى.

مۇھاكىمە يىغىنىدا 60 ئىلمىي ماقالە ۋە مەزمۇنى يىغىنچاقلانغان ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى. مۇتەخەسسىس، ئالىملار جۇڭگو بىلەن ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋەت تارىخى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتقا دائىر نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ۋە جۇڭگو بىلەن ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، دىپلوماتىيە، ھەربىي ئىشلار، دىن جەھەتتىكى تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئالماشتۇردى.

ۋاڭ شاۋمېي

## شىنجاڭدىكى تەشۋىقات ـ نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى، نەشرىيات ئىدارىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ بىڭتۈەن پارتكومى تەشۋىقات بۆلۈمى، ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتى قاتارلىق تارماقلار ۋە ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى، مۇتەخەسسىس، ئالىملىرىدىن بولۇپ 60 تىن ئارتۇق كىشى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى، سۆھبەت يىغىنىدا 7 مۇتەخەسسىس سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇتەخەسسىس، ئالىملار ماۋ زېدۇڭنىڭ جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىغا ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىش جەھەتتىكى ئۇلۇغ تۆھپىسىنى ئەسلىدى، شانلىق ھاياتىنى چوڭقۇر ياد ئەتتى.

ۋاڭ شياۋمېي

# مائارىپ

## ئومۇمىي بايان

### ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 ـ 16 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە مۇھىم نۇقتىنى پارتىيىگە كىرىدىغان ئاكتىپلارنى تەربىيىلەشكە قارىتىش، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش لازىملىقى تەكىتلەندى.

يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئاپتونوم رايون بويىچە 2003 - يىلى مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنى 70% كە يەتكۈزۈپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن ئاشۇرۇش لازىم. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچى 32 مىڭ 608 گە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 5541 ئوقۇغۇچى كۆپىيىدۇ. شۇڭلاشقا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، نۇقتىئىنەزەرنى يېتەكچىلىك قىلىشتا ئۆزگەرتىپ، پەن ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە مۇكەممەل ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت سىستېمىسى ئاساسىنى بەرپا قىلىپ، مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك.

ۋاڭ جيەندى

### ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى يىغىنى

ئاپتونوم رايون ئۈرۈمچىدە 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 23-كۈنى 2002 - يىللىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى خۇلاسىلەش ۋە 2003 - يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تارماقلىرى ھەمدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ 150 كىشى قاتناشتى. يىغىندا 2003-يىللىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىدەك بېكىتىلدى: بىرىنچى، تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى پائال مۇۋاپىق يولغا قويۇش كېرەك. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا دائىر پەنلەرنى تەسىس قىلىشتا داۋاملىق X+3 چارىسىنى قوللىنىش كېرەك؛ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ خەنزۇ تىلى ئىمتىھانىدا مائارىپ مىنىستىرلىكى بېكىتكەن «مىللىيلار خەنزۇچە ئىمتىھان بېرىش» بىر تۇتاش ئىمتىھان سوئالىنى ئىشلىتىش كېرەك، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ چەت ئەل تىلى ئىمتىھانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىنى سىناش خىزمىتىنى ۋە توردا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئىككىنچى، تۈرلۈك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سىياسەتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە ئىمتىھاننى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش لازىم. ئۈچىنچى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. تۆتىنچى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى پائال مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، قېلىپلاشتۇرۇپ تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇش لازىم. بەشىنچى، ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ھەق ئېلىش خىزمىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قىيىنچىلىقى ئېغىر ئوقۇغۇچىلارغا مەبلەغ ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

2003 - يىلى چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى داۋاملىق ئىمتىھان ئېلىنىدىغان پەنلەرنى تەسىس قىلىش خىزمىتى ئىسلاھ قىلىندى. ئىسلاھاتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مەخسۇس كۇرستىن تولۇق كۇرسقا ئۆتۈشتە ئېلىنىدىغان بىر تۇتاش ئىمتىھاننىڭ پەن تۈرلىرى دەرسلىك بويىچە تەسىس قىلىنىدۇ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەنبەسىگە ئاساسەن تەسىس قىلىنمايدۇ؛ تولۇق ئوتتۇرىدىن مەخسۇس كۇرس ۋە تولۇق كۇرسقا ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەن بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان پەن تۈرى تەسىس قىلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرستىن مەخسۇس كۇرسقا بىر تۇتاش ئىمتىھان بېرىدىغان

پەنلەر تىل ـ ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، چەت ئەل تىلى، تولۇق ئوتتۇرىدىن تولۇق كۇرسقا تەبىئىي پەن كەسپىگە ئېلىنىدىغان ئىمتىھانغا فىزىكا، خىمىيە ئومۇمىي پەنلىرى قوشۇلىدۇ، ئىجتىمائىي پەن كەسپىگە ئېلىنىدىغان ئىمتىھانغا تارىخ، جۇغراپىيە ئومۇمىي پەنلىرى قوشۇلىدۇ.

ژاڭ جۇيىڭ

## شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئادەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ 2003 ـ يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

بىرلىكى: نەپەر

| | مەكتەپ سانى | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى |
| جەمئىي | 8929 | 983691 | 1131788 | 4272890 | 315337 | 249614 |
| 1. ئاسپىرانت | 9 | 521 | 1664 | 3629 | 1114 | 1114 |
| 1) ئالىي مەكتەپ | 6 | 485 | 1569 | 3414 | | |
| 2) پەن تەتقىقات ئاپپاراتى | 3 | 36 | 95 | 215 | | |
| 2. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق، مەخسۇس كۇرسلىرى | 26 | 25264 | 43069 | 147627 | 22393 | 11237 |
| تولۇق كۇرس مەكتەپلىرى | 11 | 17333 | 30658 | 114588 | 16166 | 7798 |
| مەخسۇس كۇرس مەكتەپلىرى | 15 | 4176 | 9782 | 24680 | 5895 | 3339 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي كەسپىي مەكتەپلەر | 9 | 2444 | 5994 | 13471 | | |
| رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئادەتتىكى سىنىپلىرى | | 3550 | 2629 | 8359 | | |
| باشقا مەكتەپلەر | | 205 | | | | |
| 3. ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى | 2154 | 434523 | 583033 | 1584700 | 127202 | 96929 |
| 1) ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى | 78 | 31304 | 24016 | 71499 | 8839 | 5157 |
| ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى | 58 | 22563 | 20207 | 54992 | | |
| ئوتتۇرا تېخنىكوم پېداگوگىكا مەكتەپلىرى | 20 | 8741 | 3809 | 16507 | 2853 | 1886 |
| 2) تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى | 58 | 8265 | 10652 | 19340 | 6227 | |
| 3) ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر | 1932 | 379269 | 532987 | 1448531 | 108357 | 89332 |
| تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | 500 | 70824 | 126163 | 315178 | | 20976 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | 1432 | 308445 | 406824 | 1133353 | | 68356 |
| 4) كەسپىي مەكتەپ | 86 | 15685 | 15378 | 45330 | 3779 | 2440 |
| تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | 78 | 4291 | 7206 | 15288 | 3383 | 2092 |
| تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | 8 | 11394 | 8172 | 30042 | 396 | 348 |
| 4. باشلانغۇچ مەكتەپ | 5832 | 421443 | 347619 | 2289066 | 148598 | 132284 |
| 5. ئالاھىدە مائارىپ | 8 | 264 | 369 | 1863 | 351 | 237 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە مائارىپ مەكتىپى | 8 | 97 | 139 | 893 | 351 | 237 |
| 6. بالىلار باغچىسى | 909 | 101676 | 156034 | 246005 | 16793 | 8927 |

ئىزاھ: 1. مەكتەپ ئومۇمىي سانى ئاسپىرانت تەربىيىلەش ئورۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. 2. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى ئاسپىرانت يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

جاڭ شۈيجياڭ، نىڭ شياۋجۈي

## مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭ خام چوت ئىچىدە 29 مىليون 600 مىڭ يۈەن مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ نازارىتىگە بىۋاستە قاراشلىق تۈرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 18 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش تۈرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياردەم ئۆسۈملۈك مەبلەغ 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ تۈرلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 6 مىليون 600 مىڭ يۈەن. مەركەز چۈشۈرۈپ بەرگەن تۈرلۈك مەخسۇس خىراجەتلەرنى جەملىگەندە 9 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز يەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىگە قوشۇمچە ياردەم بەرگەن مەخسۇس تۈر مەبلىغى 4 مىليون يۈەن، يەرلىك پېداگوگىكا مائارىپىغا قوشۇمچە ياردەم بەرگەن مەخسۇس تۈر مەبلىغى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن، يەرلىكتىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر ئوقۇغۇچىلارغا قوشۇمچە ياردەم بەرگەن مەخسۇس تۈر مەبلىغى 800 مىڭ يۈەن، يەرلىكتىكى ئالاھىدە مائارىپقا قوشۇمچە ياردەم بەرگەن مەخسۇس تۈر مەبلىغى 300 مىڭ يۈەن، ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىغا قوشۇمچە ياردەم بەرگەن مەبلەغ 1 مىليون يۈەن.

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى 8 تۈركۈم ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ئۆزى ھەل قىلىش پىلانى چۈشۈردى، 371 مىليون 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئورۇنلاشتۇردى، بۇ ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ كۆلىمى 438 مىڭ 435 كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ. يۇقىرىقى مەبلەغ تولۇق نەقلەشتى. بىر يىلدا يۇقىرىدىكى مەخسۇس تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىش پىلانى ۋە تۈر قۇرۇلۇشى تەكلىپنامىسىنى تۈزۈش ۋە يۇقىرىغا يوللاش خىزمىتى تاماملاندى، بەزى تۈرلەردە ئىش باشلاندى.

ژاڭ جۈيپىڭ

## تاشقى مەبلەغ تۈرلىرى

بىرىنچى، ياپونىيىنىڭ قەرز پۇلى ئارقىلىق ئالىي مائارىپ بويىچە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش تۈرى. بۇ تۈر دۆلەت تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى تەشكىللىگەن ياپونىيە خەلقئارالىق ھەمكارلىق بانكىسىنىڭ ھۆكۈمەت قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ ئالىي مائارىپ ئىشلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى بويىچە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەشنى قوللاشتىكى مەملىكەتلىك 2 - تۈر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مالىيە مىنىستىرلىكى 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ياپونىيە خەلقئارا ھەمكارلىق بانكىسى بىلەن قەرز پۇل كېلىشىمى ئىمزالىدى، بۇ كېلىشىم 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كۈچكە ئىگە بولدى. شىنجاڭ تۈرلىرىگە سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 53 مىليون 394 مىڭ 800 دوللار، بۇنىڭ ئىچىدە ياپونىيىدىن ئېلىنىدىغان قەرز پۇل 38 مىليون دوللار، مالىيە نازارىتى سەپلەپ بېرىدىغىنى 10 مىليون دوللار، مەكتەپلەر ئۆزى تەييارلايدىغىنى 5 مىليون 394 مىڭ 800 دوللار. بۇ مەبلەغلەر شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، سانجى ئىنستىتۇتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش

ئۇسكۇنىلىرىنى سېتىۋېلىش، تۇپا - تاش قۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ تۈرلەرنىڭ 2006 - يىلى پۈتۈشى مۆلچەرلەنمەكتە.

ئىككىنچى، جۇڭخۇا ئوقۇغۇچىلىرى تەرەققىيات فوندىنىڭ «كەلگۈسى» باشلانغۇچ مەكتىپىگە پۇل ئىئانە قىلىش تۈرى. 2003 - يىلى جۇڭخۇا ئوقۇغۇچىلىرى تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى شىنجاڭغا 1 مىليون يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى ئوبلاستىغا ئىئانە قىلغىنى 500 مىڭ يۈەن، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، ئاقسۇ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ھەر بىرىگە ئىئانە قىلغىنى 100 مىڭ يۈەن. شىنجاڭدا 10 «كەلگۈسى» باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇش پىلانلاندى، بۇ مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 3443 كۋادرات مېتىر، سېلىنىدىغان مەبلەغ 2 مىليون يۈەن خەلق پۇلى (بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلەر سەپلەيدىغىنى 1 مىليون يۈەن).

ئۈچىنچى، يىدايالىڭ يۈەنلۇڭ فوندى جەمئىيىتىنىڭ پۇل ئىئانە قىلىش تۈرى. 2003 - يىلى شياڭگاڭ يىدايالىڭ يۈەنلۇڭ فوندى جەمئىيىتى شىنجاڭغا 4 مىليون 48 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ئىئانە قىلغىنى 2 مىليون 6000 يۈەن، قەشقەر ۋىلايىتىگە ئىئانە قىلغىنى 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن، خوتەن ۋىلايىتىگە ئىئانە قىلغىنى 694 مىڭ 500 يۈەن، ئىلى ئوبلاستىغا ئىئانە قىلغىنى 47 مىڭ 500 يۈەن. شىنجاڭدا 8 يېڭى باشلانغۇچ مەكتىپى سېلىنىدى، مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ كۆلىمى 3226 كۋادرات مېتىر، 135 مىڭ پارچە كىتاب ئىئانە قىلىنىدى، قىيىنچىلىقى ئېغىر 900 ئوقۇغۇچىغا مەبلەغ ياردەم بېرىلدى.

ما خېپىڭ

## مائارىپ مۇپەتتىشلىكى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ مائارىپ سىستېمىسى بويىچە 733 تۈر مۇپەتتىشلىك قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە مالىيە ئىشلىرى كىرىم - چىقىمى مۇپەتتىشلىك تۈرى 167، خام چوت ئىجراسى ۋە نەق چوت مۇپەتتىشلىكى تۈرى 16، ئاساسىي قۇرۇلۇش مۇپەتتىشلىك تۈرى 57، رېمونت قىلىش مۇپەتتىشلىك تۈرى 373، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت مۇپەتتىشلىك تۈرى 44، ئىقتىسادىي ئۈنۈم مۇپەتتىشلىك تۈرى 2، مەخسۇس تۈر مەبلىغى مۇپەتتىشلىك تۈرى 27، باشقا مۇپەتتىشلىك تۈرى 28، جەمئىيەتكە ھاۋالە قىلىنغان مۇپەتتىشلىك تۈرى 19)، مۇپەتتىشلىك قىلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 343 مىليون 370 مىڭ يۈەن، تەكشۈرۈپ تېپىلغان مەسىلە بار مەبلەغ 26 مىليون 340 مىڭ يۈەن، تۈزىتىلگەن ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 9 مىليون 630 مىڭ يۈەن، كىرىمنى ئاشۇرۇپ چىقىمنى تېجەش ئىلگىرى سۈرۈلگەن مەبلەغ 53 مىليون 490 مىڭ يۈەن، 7 دېلو يىپ ئۇچى بايقىلىپ، ئۇنىڭ 2 سى ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرىغا يوللاپ بېرىلدى، 8 ئادەمگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى. 344 مىليون 160 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش، رېمونت قىلىش تۈرى تەپتىش قىلىشقا يوللاندى، تەپتىش قىلىش ئارقىلىق 41

## قىسقا ماتېرىيال

مەمۇرىي ئىشلارغا ھەيدەكچىلىك قىلىش    مائارىپ مۇپەتتىشلىك تارماقلىرى دۆلەتنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك قانۇن، نىزام، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ مائارىپ خىزمىتىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ۋە مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىدۇ، تەكشۈرۈپ باھالايدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

مائارىپ مۇپەتتىشلىكى    مائارىپ مۇپەتتىشلىك تارماقلىرى دۆلەتنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە ئالاقىدار قانۇن، نىزام، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مائارىپنى نازارەت قىلىدۇ، تەكشۈرىدۇ، باھالايدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئاساسلىقى مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشى، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە رەھبەرلىك بەنزىسى، مائارىپ باشقۇرۇش، ئوقۇتۇش خىزمىتى، مەمۇرىي خىزمەت، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى، مائارىپ سۈپىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلىرىنى ئۇنىۋېرسال باھالايدۇ، مائارىپ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرىدۇ.

دۆلەت مائارىپ مۇپەتتىشلىك ئۆمىكى    دۆلەتنىڭ مائارىپ قانۇنى، نىزام، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، مەملىكەت بويىچە مائارىپ مۇپەتتىشلىكى ۋە باھالاش خىزمىتىنىڭ فاڭجېن، سىياسەت، قانۇن - تۈزۈملىرى ۋە كۆرسەتكۈچ سىستېمىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىدۇ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن تۆۋەن مائارىپنى مۇپەتتىشلىك قىلىش ۋە ئۇنى باھالاشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك مائارىپ ھەم مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ دۆلەتنىڭ مائارىپ قانۇنى، نىزام، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئەھۋالى

مىليون 60 مىڭ يۈەنلىك خىراجەت كېمەيتىلدى، كېمەيتىلىش نىسبىتى %12 بولدى. 79 تۈرنى تەپتىش قىلىش تاماملاندى، 8 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى.

چېن جېنمىن

## مائارىپتىكى قالايمىقان ھەق ئېلىش مەسىلىسى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەر دەرىجىلىك مائارىپ، پىلان، مالىيە، مۇپەتتىشلىك، ئاخبارات - نەشرىيات تارماقلىرى ئۈنۈملۈك ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەشۋىق - تەربىيە سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھەق ئېلىشتا ئاشكارا بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەق ئېلىشنى باشقۇرۇشتا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، قائىدە - تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مائارىپ ھەق ئېلىش تۈرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە مائارىپتا قالايمىقان ھەق ئېلىشقا دائىر 212 دېلو تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، بۇنىڭدىكى ئىنتىزامغا خىلاپ ئېلىنغان سومما 10 مىليون 835 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا 7 مىليون 897 مىڭ 300 يۈەن قايتۇرۇلدى. 38 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى 12، مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ مەسئۇلى 2. مائارىپتا قالايمىقان ھەق ئېلىشقا دائىر 9 تىپىك دېلو ئاشكارىلاندى.

گۇلى گوچېڭ

## مائارىپ تاشقى ئىشلار خىزمىتى

2003 - يىلى دۆلەت چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش فوندىنى باشقۇرۇش كومىتېتى شىنجاڭدىن بىر يىلدا ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغانلارنى 50 قىلىپ بېكىتتى. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگە قەدەر مائارىپ نازارىتى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان، ئىلمىي ئالماشتۇرىدىغان يازلىق لاگېر پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغان 151 ئادەم (قېتىم) نىڭ رەسمىيىتىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى ۋە بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ۋە يەرلىكتىن چەت ئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدىغانلار 50 ئادەم (قېتىم)، چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) چىقىپ ئىلمىي ئالماشتۇرۇش، پەن تەتقىقات، تەكشۈرۈش، زىيارەت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 91 ئادەم (قېتىم)، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يازلىق لاگېر پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغانلار 10 ئادەم (قېتىم).

2003 - يىلى ئەنگلىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، ياپونىيە، موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ھەمكارلىشىش، تەكشۈرۈش، زىيارەت قىلىشقا كەلگەن ئۆمەك - گۇرۇپپىدىن 13 تۈركۈمدە 103 ئادەم كۈتۈۋېلىندى. شىنجاڭدىن 46 ئورۇن چەت ئەللەردىن مەدەنىيەت - مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئورۇن دېگەن سالاھىيەتكە ئېرىشتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 162 چەت ئەللىك مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىندى (تەكلىپ قىلىش مۇددىتى ئۇزارتىلغانلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك مۇتەخەسسىس 87. 2003 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەكلىپ قىلغان ئۇكرائىنالىق ئوقۇتقۇچى ئالىكسانفارا، كىۋالياۋا شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى تەكلىپ قىلغان فىلىپپىنلىق ئوقۇتقۇچى موراكاندىرالارغا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى جۇڭگو تەڭرىتاغ مۇكاپاتى بەردى. 5 مەكتەپ ۋە 2 ئوقۇتقۇچى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەرگەن چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى. 2 مەكتەپ ۋە 2 ئوقۇتقۇچى دۆلەت چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئىدارىسى بەرگەن مەملىكەت بويىچە چەت ئەل مەدەنىيەت - مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالىي مەكتەپلەر 409 چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلدى (ئوقۇش مۇددىتى ئۇزارتىلغانلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇيدىغانلار 89.

2003 - يىلى سانجى كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى ئاۋسترالىيە شىمالىي موربىن ئالىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى بىلەن سودا ئېنگلىز تىلى، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى، ساياھەتچىلىكنى باشقۇرۇش قاتارلىق كەسپلەردە ھەمكارلىشىپ مەكتەپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى،

---

ئۈستىدە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ، باھالايدۇ، مەملىكەت بويىچە مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش، ياش، ئوتتۇرا ياش ساۋاتسىزلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىش ۋە بۇ خىزمەتنى مۇستەھكەملەش، يۇقىرى كۆتۈرۈش خىزمىتىنى مۇپەتتىشلىك قىلىپ تەكشۈرىدۇ ۋە باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ماكرو جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ جايلارنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىپ باھالاش مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇشىغا ماكرو جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ، ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ مەملىكەت بويىچە مۇپەتتىشلىك قىلىش تۈزۈمى، قوشۇن قۇرۇلۇشى ۋە نەزەرىيە قۇرۇلۇشىغا ماكرو جەھەتتىن ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ جۇڭگو - چەت ئەل ھەمكارلىشىپ مەكتەپ باشقۇرۇش تۈرى يۇقىرىغا يوللاندى.

ۋاڭ جۈيپىڭ

## مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا يېتەكچىلىك قىلىش كۈچەيتىلدى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش دەرسى تەسىس قىلىنىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش بويىچە لېكسىيە سۆزلەش، دوكلات بېرىش ئۆمىكى تەشكىللىنىپ، مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردا توغرا كەسىپ تاللاش ئېڭى تۇرغۇزۇلدى. ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۇچۇر تورى بەرپا قىلىنىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۇچۇر يولى پائال ئېچىلدى. پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرى ۋە تېخنىكوملىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئاسپىرانتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىك ۋە باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنى نىشانلىق تەربىيىلەش سىنىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى پىلانلىق تەقسىملەش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر 504 ئاسپىرانت ئوقۇش پۈتتۈردى، ئۇلاردىن 471 ى ئىشقا ئورۇنلاشتى، ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 93.5% كە يەتتى. ئادەتتىكى تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرسلارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 27 مىڭ 37 بولۇپ، ئۇلاردىن 20 مىڭ 462 سى ئىشقا ئورۇنلاشتى، ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 75.5% كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 9702، ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 8277 بولۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 85.3% كە يەتتى؛ مەخسۇس كۇرس(ئالىي كەسپىي مەكتەپلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)نى پۈتتۈرگەنلەر 17 مىڭ 335، ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 12 مىڭ 185 بولۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 70.3% كە يەتتى.

ۋاڭ جيەندى

**600 پىدائىي ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى شىنجاڭغا كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى**

2003 - يىلى غەربىي شىمالغا مۇلازىمەت قىلىش پىلانىدىكى تۇنجى تۈركۈمدىكى 600 پىدائىي ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى شىنجاڭدىكى 12 ناھىيە ۋە بىڭتۇەنگە قاراشلىق 6 شىنىڭ تۇەن - مەيدانلىرىغا بېرىپ پىدائىي مۇلازىمەت بىلەن شۇغۇللاندى.

600 پىدائىينىڭ 501 ى شەندۇڭ، لياۋنىڭ، جياڭسۇ، خۇنەن، خېبېينىڭ قاتارلىق 7 ئۆلكە، شەھەردىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى شۇ يىلى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردۇر. قالغان 99 ى شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردىن كەلگەن. ئۇلار شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ناھىيىلەرنىڭ يېزا - بازارلىرىغا، بىڭتۇەننىڭ قىسمەن تۇەن - مەيدانلىرىغا كېلىپ 1 ـ 2 يىلغىچە مائارىپ، سەھىيە، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى، نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى پىدائىي مۇلازىمەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مۇلازىمەت قەرەلى توشۇپ بىر يىل بولغان ھەمدە سىناقتا لاياقەتلىك بولغانلارغا جۇڭگو ياش پىدائىيلار مۇلازىمىتى مىس مېدالى بېرىلىدۇ؛ مۇلازىمەت قەرەلى توشۇپ 2 يىل بولغان ھەمدە سىناقتا لاياقەتلىك بولغانلارغا جۇڭگو ياش پىدائىيلار مۇلازىمىتى كۈمۈش مېدالى بېرىلىدۇ، مۇلازىمەت قەرەلى توشقاندىن كېيىن شىنجاڭدا دۆلەت مەمۇرلۇقىغا، ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بەرسە بولىدۇ ھەمدە ئالاقىدار ئېتىبار سىياسەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

ۋاڭ جۈيپىڭ

## زامانىۋى يىراق مۇساپىلىك مائارىپ

2003 - يىلى شىنجاڭ ئېلېكترلەشكەن مائارىپ يۇرتى، شىنجاڭ مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ زامانىۋى يىراق مۇساپىلىك مائارىپ قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنى پۇرسەت بىلىپ IP مانلىق مەلۇماتلارنى باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش ۋە پروگرامما تارقىتىش سۈپىتى قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر قاتار خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

1) تور قۇرۇلۇشى. «شىنجاڭ مائارىپ سۈنئىي ھەمراھ كەڭ بەلۋاغلىق تورى»نىڭ تارقىتىش سۈپىتى ئاساسىي پونكىتىنى قۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، بۇ پونكىت يىل ئاخىرىدا سىناق تەرىقىسىدە تارقىتىش، قوبۇل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پروگراممىلارنى ئاڭلىتىش شارائىتى ۋە ئىقتىدارىنى ھازىرلىدى. مائارىپ مىنىستىرلىكى ۋە لى جياچېڭ فوندى جەمئىيىتى غەربىي قىسىمدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ زامانىۋى يىراق مۇساپىلىك مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئۆلكە قۇرۇلۇشىنىڭ 1 -، 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، مائارىپ مىنىستىرلىكى، دۆلەت تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى بىرلىكتە يولغا قويغان «زامانىۋى يىراق مۇساپىلىك مائارىپ قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناش بويىچە ئۆلكە كۆرسىتىش تورى»، «شىنجاڭدىكى زامانىۋى يىراق مۇساپىلىك مائارىپ نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان 100 مەكتەپ» تورى قاتارلىقلار پۈتتى ۋە ھازىر سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇللاش پونكىتىدىن 1286

سى قۇرۇلۇۋاتىدۇ، ئوقۇتۇشقا ئائىت لازېر نۇرلۇق پىلاستىنكىنى قويۇش سىستېمىسىدىن 3080 يۈرۈشى سەپلەندى ۋە سەپلىنىۋاتىدۇ، بۇ سىستېما شىنجاڭ بويىچە 48 ناھىيە، شەھەر، 3066 يېزا - بازار ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنى قاپلىدى.

2) ئاساس مائارىپ بايلىق ئامبىرى قۇرۇلۇشى. مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 3 - يىللىقتىن 6 - يىللىقىچە بولغان «خەنزۇ تىلى» دەرسلىكى بويىچە ماس قەدەملىك ئوقۇتۇش دەرسخانىسى دەرسلىكلىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە سۈرەتكە ئېلىپ ئىشلەش خىزمىتى تاماملاندى. «باللار خەنزۇ تىلى» دەرسلىكىنىڭ 52 قىسىملىق لېنتىسىنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش خىزمىتى تاماملاندى. مەركىزىي ئېلېكترلەشكەن مائارىپ يۈرتىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ 10 «ماتېماتىكا» دەرسى ۋە 19 «تىل - ئەدەبىيات» دەرسىنى قازاقچىغا تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش خىزمىتى تاماملاندى.

3) 1 - سەپتىكى تايانچ ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بىرلىكتە غەربىي قىسىمدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە زامانىۋى يىراق مۇساپىلىك مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە 2 - قارارلىق ئۆلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇش تۈرىدىكى مەكتەپلەرنىڭ 1 - سەپتىكى تايانچ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش يولغا قويۇلۇپ، 700 ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى.

4) جۇڭگو ۋە كانادانىڭ ئوقۇتۇش ھەمكارلىق تۈرى. CIDA تۈرىنىڭ ئاساس لىنىيىسىنى تەكشۈرۈش، تەربىيىلەش، دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش، كەشىپ قىلىش، دەرس تەييارلاش قاتارلىق ۋەزىپىلىرى تاماملاندى. 8 - ئايدا CIDA تۈرىدە ئوقۇغۇچىلارنى مەركەز قىلىپ ئوقۇتۇش بويىچە ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش يولغا قويۇلدى، بۇ قېتىمقى تەربىيىلەشكە سىچۈەن، نىڭشىيا، شىنجاڭ قاتارلىق 3 ئۆلكە - ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن 81 ئوقۇتقۇچى قاتناشتى.

مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىر يىلدا تەخمىنەن 5000 سائەت پروگرامما كۆرسەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇشقا دائىر پروگراممىلار %60 تىن كۆپرەكنى، ئۆزى ئىشلىگەن مائارىپقا ئائىت خەۋەرلەر %85 تىن كۆپرەكنى ئىگىلىدى. جۇڭگو مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى شىنجاڭ مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 112 خەۋىرىنى ئىشلەتتى، خەۋەرلەرنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى %56 كە يەتتى.

جياۋ ۋېن

## مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە، تازلىق ۋە سەنئەت تەربىيىسى خىزمىتى

تەنتەربىيە خىزمىتى 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە «ئالىي مەكتەپ تەنتەربىيە دەرسلىكى»نى تۈزۈش ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئالىي مەكتەپلەردە «ئالىي مەكتەپ تەنتەربىيە دەرسلىكى» بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەن ساپا ساغلاملىق ئۆلچىمى»نى يولغا قويۇش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسقا 200 دىن ئارتۇق كادىر، ئوقۇتقۇچى قاتناشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر پەسلى ئوقۇتقۇچىلىرى ئارىسىدا 2 - يۈرۈش رادىئو گىمناستىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش يۈزىسىدىن ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 200 نەچچە ئادەم تەربىيىلەندى. 2003 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچىلار تەنتەربىيە زېھىن سىناش مۇسابىقە قائىدىسىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى ۋە مۇسابىقە تۈرى ھەققىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈپ تارقىتىلدى. 2003 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى، 2003 ـ 2004ـ يىللىق CUBA ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسى، 2003 — 2004 - يىللىق فىلىپ ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسى، 2003 - يىللىق مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ فىلىپ پۇتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش ئىشى تەشكىللەندى؛ 2004ـ يىللىق مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ 2 - تۈردىكى توپ تۈرىدىكى مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىدىغانلارنى تاللاش خىزمىتى تاماملاندى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى 2003 - يىللىق ھەربىي مەشىققە قاتناشتۇرۇش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

سەھىيە خىزمىتى 2003 - يىلى مەكتەپلەرنىڭ سەھىيە خىزمىتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سەھىيە - ساقلىق ساقلاش پونكىتلىرىنىڭ باشلىقلىرى ۋە تايانچ مەكتەپ دوختۇرلىرىدىن 27 كىشى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىببىي ئوقۇتۇش بۆلۈمى بالىلار، ياش - ئۆسمۈرلەر سەھىيە تەتقىقات ئورنىغا بېرىپ تەربىيىلىنىشكە تەشكىللەندى؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 17 سەھىيە خىزمەتچىسى يۇننەن ئۆلكىسىگە بېرىپ تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. 9 - ئايدا كۈيتۇڭ ۋە غۇلجا شەھەرلىرىدە ئېغىز بوشلۇقى ساغلاملىقى بويىچە 2 قارار ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 360 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى تەربىيىلەندى. ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرگە ئېيدىس، سارىسنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاشقا ئائىت 65 مىڭ نۇسخىدىن كۆپرەك ماتېرىيال تارقىتىپ بېرىلدى.

سەنئەت مائارىپى خىزمىتى 2003 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق گۈزەل سەنئەت تەربىيىسىگە ئائىت ئىلمىي ماقالىلارنى باھالاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 8 ى، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 20 سى، 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 30 ى باھالاپ چىقىلدى. 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر رەسىم، ھۈنەرۋەنچىلىك ئەسەرلىرى مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغانلار تەشكىللەندى، 10 مىڭ 38 كىشى مۇسابىقىگە قاتناشتى، 502 كىشى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 7 رايون ئىلغار تەشكىللەش خىزمىتى مۇكاپاتىغا، 35 مەكتەپ ئىلغار كوللېكتىپ مۇكاپاتىغا، 95 كىشى يېتەكچى ئوقۇتقۇچى مۇكاپاتىغا، 6 كىشى ئىلغار شەخس مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە تەشكىللەش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت كۆرگەزمە كۆرىكى تاللاش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، 300 نەچچە كىشى ئىلمىي ماقالە، سەنئەت ئەسىرى ۋە سەنئەت ئاكتىيورلىقى بويىچە تاللاش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. تاللاش ئارقىلىق رەسىم، ھۈنەرۋەنچىلىك تۈرىدىكى مۇسابىقىگە قاتناشقان 13 كىشى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ،، 2 ،، 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، سەنئەت ئاكتىيورلىقى تۈرىدىكى مۇسابىقىگە قاتناشقان 21 كىشى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ،، 2 ،، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 60 پارچە ئىلمىي ماقالە مەملىكەتلىك ئىلمىي ماقالىلەرنى تاللاش مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇرۇشقا تاللاندى. باي ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تەييارلىغان ناخشا - ئۇسسۇل «سەنەم» بېيجىڭدىكى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇشقا تاللاندى، 7 نومۇر ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەملىكەتلىك مۇزىكا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان ئوقۇتقۇچىلار تەشكىللەندى، ئۇلاردىن بىر كىشى 1 - دەرىجىلىك، 2 كىشى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جياۋ ۋېن

## تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش

2003 - يىلىنىڭ بېشىدا مائارىپ نازارىتى ئوتتۇرا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش بويىچە كارخانا باشقۇرۇش يىللىق خىزمەت يىغىنى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يەن - تېخنىكا كەسپى بويىچە يىللىق خىزمەت يىغىنى، مەكتەپلەرنىڭ كەسىپ باشقۇرۇشى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى ھەمدە سانجى، قەشقەر قاتارلىق 13 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 23 ناھىيە (شەھەر)، 45 مەكتەپ، مەكتەپ باشقۇرغان 16 كارخانا ئوقتىسىدا تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش ئەھۋالىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 6989 مەكتەپ ھەر خىل شەكىلدىكى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇشتىن قىلىنغان كىرىم 230 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 14 مىليون 800 مىڭ يۈەن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەكتەپلەر باشقۇرغان دېھقانچىلىقتىن قىلىنغان كىرىم 39 مىليون 590 مىڭ يۈەن، مەكتەپ باشقۇرغان سانائەت كارخانىسىدىن قىلىنغان كىرىم 8 مىليون 170 مىڭ يۈەن، مەكتەپ باشقۇرغان 3 - كەسىپتىن قىلىنغان كىرىم 27 مىليون 540 مىڭ يۈەن، باشقا كىرىملەر 155 مىليون 270 مىڭ يۈەن. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىقتىن قىلىنغان كىرىمدىن 199 مىليون 540 مىڭ يۈەن مائارىپ خىراجىتىنى تولۇقلاشقا ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن مائارىپ خىراجىتى 13 مىليون 10 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

ۋاڭ جۈيىڭ

## ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش خىزمىتى

2003 - يىلى مائارىپ نازارىتى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىگە ئىلتىماس قىلغان 834 كىشىنىڭ ئوقۇتۇش ئىقتىدارىنى سىنىدى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىدىن 1236كىشىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتى بېكىتىلگەن كىشى 52 مىڭ 869 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ نازارىتى بىۋاسىتە بېكىتكەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 5073.

جياۋ ۋېن

## ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇنۋانىنى باھالاش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدا 946 كىشى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇنۋانىنى باھالاشقا قاتناشتى، ئۇلاردىن 778 ى باھالاشتىن ئۆتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپلەردىكى پروفېسسور 50، دوتسېنت 171، لېكتور 75، ياردەمچى ئوقۇتقۇچى 5؛ ئوتتۇرا تېخنىكومىلاردىكى ئالىي لېكتور 125، لېكتور 65؛ ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئالىي ئوقۇتقۇچى 107، 1 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 42، 2 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 4؛ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئالىي ئوقۇتقۇچى 91، 1 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 13، 2 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى بىر؛ بالىلار باغچىسىدىكى ئالىي ئوقۇتقۇچى 24، 1 - دەرىجىلىك

ئوقۇغۇچى 5.

جياۋ ۋېن

## مەملىكەت بويىچە 2003 - يىللىق ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەر

مائارىپ مىنىستىرلىكى تەقدىرلىگەن مەملىكەت بويىچە مائارىپ مۇپەتتىشلىكى خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار خىزمەتچىلەر بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى مۇپەتتىشلىك ئىشخانىسى، قۇتۇبى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپ مۇپەتتىشلىك ئىشخانىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى مائارىپ مۇپەتتىشلىك ئىشخانىسى.

ئابلىمىت ئېلى، جاۋ شىنمىڭ، ۋېي يۇلوڭ، مەريەم قاسىم، ياڭ شۇيلىن (ئايال).

مەملىكەت بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر:

شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمەت كومىتېتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمەت كومىتېتى

ساتتار ساۋۇت (مائارىپ نازارىتى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمەت كومىتېتىدىن)، جياڭ شىن (مائارىپ نازارىتى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمەت كومىتېتىدىن)، باۋ يۇلىڭ (قۇمۇل كۆمۈرچىلىك گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مائارىپ باشقارمىسىدىن)، جۇ روڭ (ئايال، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمەت كومىتېتىدىن).

4 - نۆۋەتلىك «ئەسىر يۇلتۇزى» مەملىكەتلىك سەنئەت مائارىپى تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر:

مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىدارە رەھبەرلىرى: جاڭ چېڭلى، شېي مىن، جاڭ جۇڭيۈەن، شۇي چېڭبېي، جاڭ سۈيۈن.

مۇنەۋۋەر يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار: لى تېڭفۇ، ياۋ رۇڭفېن.

كوللېكتىپ 1 -، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئورۇنلار: بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى فاڭساۋخۇ 4 - مەيدان مەكتىپى.

مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئورۇنلار ۋە ئالاھىدە ئورۇنلار: ئۈرۈمچى جامائەت مەكتىپى باشلانغۇچ بۆلۈمى، ئۈرۈمچى شەھىرى شياۋ دۇۋيۇ گۇاڭخۇا خۇسۇسىي مەكتىپى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بۆلۈمى، قۇمۇل شەھىرى قۇمۇل - تۇرپان نېفىتلىكى سەنئەت - تەنتەربىيە مەكتىپى.

مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك «ساغلاملىق لوڭقىسى» ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخىكىلىق ساغلاملىق تەربىيىسى بويىچە مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر:

1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى: چېن لىلى.

2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر: ليۇ ۋېي، لى شى، لى چۈنشياڭ، ليۇ جېنرۇڭ، جاۋ جۈنلى، خەن لى، جياڭ جاۋلۇڭ، جيا شاۋجېن، لى لىڭلى، شۈي ياڭ.

جياۋ ۋېن

# ئاساس مائارىپى

## ئاساس مائارىپ ھەققىدە ئومۇمىي بايان

شىنجاڭ بويىچە 2003 - يىلدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 1932 بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 13 ي ئازايدى؛ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1 مىليون 448 مىڭ 531 گە يېتىپ، 109 مىڭ 695 ي؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 89 مىڭ 332 گە يېتىپ، 4618 ي كۆپەيدى؛ مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 9 مىليون 191 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 5.9% ئاشتى؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 67.02% كە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 93.61% كە؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 83.80% كە؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى 40.90% كە يەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپ 5832 بولۇپ، 211 ي؛ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 2 مىليون 289 مىڭ 66 بولۇپ، 70 مىڭ 722 سى؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 132 مىڭ 284 بولۇپ، 151 ي ئازايدى؛ مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 8 مىليون 400 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 0.97% ئاشتى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 98.34% كە؛ باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 98.34% كە يەتتى؛ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى 96.53% كە يېتىپ، 2.14% ئاشتى؛ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 5 يىل ساقلىنىپ قېلىش نىسبىتى 95.73% كە يەتتى. ئالاھىدە مائارىپ مەكتىپى 8 گە يېتىپ، بىرى كۆپەيدى؛ ئوقۇغۇچىسى 1863 بولۇپ، 2013 ي ئازايدى؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 237 بولۇپ، 37 سى كۆپەيدى؛ مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 39 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 8.3% ئاشتى.

بالىلار باغچىسى 909 غا يېتىپ، 143 ي؛ باغچىدىكى بالا 246 مىڭ 5 كە يېتىپ، 17 مىڭ 629 ي؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 8927 گە يېتىپ، 829 ي كۆپەيدى؛ باغچا ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 118 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %9.4 ئاشتى.

ۋاڭ جيەندى

## ھەقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپى

2003 - يىلى مەركەز مالىيىسى ۋە شىنجاڭ مالىيىسىدىن 190 مىليون يۈەن مەخسۇس تۈر مەبلىغى ئاجرىتىلىپ، شىنجاڭدىكى نامرات رايونلاردا ھەقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپى يولغا قويۇلدى. ئاقسۇ، قىزىلسۇ، قەشقەر، خوتەندىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 33 ناھىيە، شەھەرنىڭ يېزىلىرىدىكى بارلىق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن شەھەر - بازار ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى نامرات ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ جەمئىي 1 مىليون 570 مىڭ ئوقۇغۇچى ھەقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپىدىن بەھرىمەن بولدى. 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىن باشقا 9 نامرات ناھىيىنىڭ يېزىلىرىدىكى بارلىق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ناھىيە بازىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى نامرات ئوقۇغۇچىدىن بولۇپ جەمئىي 122 مىڭ ئوقۇغۇچىمۇ ھەقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپىدىن بەھرىمەن بولدى. 14 چېگرا ناھىيىنىڭ ھەممە يېزىسىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ناھىيە بازىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى نامرات ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ جەمئىي 290 مىڭ ئوقۇغۇچى ھەقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپىدىن بەھرىمەن بولدى. ئاپتونوم رايوننىڭ باشقا نامرات يېزىلىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى نامرات ئوقۇغۇچىلار ۋە ئالاھىدە مائارىپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ مۇشۇ تۈردە پىلانلانغان ياردەمگە ئېرىشتى. بۇ تۈر شىنجاڭدىكى 56 ناھىيىدىكى 2 مىليون 50 مىڭ ھەر مىللەت ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا چېتىلىدۇ. بۇ 2 مىليون 50 مىڭ نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ 1 مىليون 130 مىڭى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، 556 مىڭدىن كۆپرەكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ ھەممىسى مىللىي، بۇ ئوقۇغۇچىلار ھەقسىز مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ %82 ىنى ئىگىلەيدۇ.

ۋاڭ جۈيىڭ

## يەسلى مائارىپى ۋە ئالاھىدە مائارىپ

2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوندا 5 - قارارلىق بالىلار باغچىسى باشلىقلىرىنى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش كۇرسى، ئوقۇتقۇچىلارنى داۋاملىق تەربىيىلەش كۇرسى، ئالىي تەربىيىچىلەرنى تەربىيىلەش كۇرسى، غەيرىي پېداگوگىكا تۈرىدىكى پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسقا 500 يەسلى مائارىپى خىزمەتچىسى قاتناشتى. 9 - ئايدا جۇڭگو يەسلى مائارىپىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. 2003 - يىلى ئۈرۈمچى، كورلا، كۈيتۇڭ شەھەرلىرى مەملىكەت بويىچە يەسلى مائارىپىدىكى ئىلغار ناھىيە، شەھەر بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى.

2003 - يىلى ئۇيغۇرچە گاس - گاچىلار لۇغىتى ۋە ئۇيغۇرچە تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكى تۈزۈش خىزمىتى تاماملاندى. گاس - گاچىلار مەكتەپ مۇدىرلىرى مەملىكەتلىك داۋاملىق تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىشقا تەشكىللەندى. ئالاھىدە مائارىپ مەخسۇس تۈرى بويىچە 900 مىڭ يۈەنلىك تۈرنى تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇش خىزمىتى تاماملاندى. تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئالاھىدە مائارىپ ئوقۇغۇچىلىرى گۈزەل سەنئەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىشقا تەشكىللەندى.

جى ۋېن

## تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى

1. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا رەت نومۇرى تۇرغۇزۇلدى. 2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كومىتېتى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»نى تۈزۈپ چىقتى، بەلگىلىمىدە 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تولۇق 1 -، 2 -، 3 - يىللىقلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا دائىر ئۇچۇر توپلاش خىزمىتىنى تاماملاپ، ئېلېكترونلۇق رويخەتكە ئېلىش ھەمدە ئىمتىھانغا تىزىملىتىش رەت نومۇرىنى ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بېرىش تەلەپ قىلىندى.

2. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ خۇلاسە ئىمتىھانى. 2003-يىلى مائارىپ نازارىتى خۇلاسە ئىمتىھان ئىشخانىسى قايتىدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ خۇلاسە ئىمتىھان ئۆلچىمىنى تۈزۈپ، تېما دائىرىسىنى قېلىپلاشتۇردى. بىر يىلدا 300 نەچچە مىڭ ئوقۇغۇچى خۇلاسە ئىمتىھانىغا قاتناشتى. شۇ يىلى خۇلاسە ئىمتىھانىغا قاتناشقان 50 مىڭ ئوقۇغۇچىنىڭ نەتىجىسى تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %85 تىن %88 كىچە بولدى.

3. ئۆلگە خاراكتېرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۆلۈغۋار غايىلىكلەر سىنىپى. 2003 - يىلى 2 - تۈركۈمدىكى ئۆلگە خاراكتېرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى باھالاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن ساۋەن ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ باھالاش

ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈلگە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلدى. ئۇلۇغۇار غايىلىكلەر سىنىپىنىڭ كۆلىمى كېڭەيتىلدى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇلۇغۇار غايىلىكلەر سىنىپى ئېچىلىدىغان مەكتەپ قىلىپ كۆپەيتىلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇلۇغۇار غايىلىكلەر سىنىپىغا 150 يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى تاماملاندى.

جى ۋېن

## ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 3 تۈرلۈك مەخسۇس تەربىيە دەرسى كۆپەيتىلدى

2003 - يىل 6 - ئايدا مائارىپ نازارىتى مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەيدىس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، زەھەردىن ساقلىنىش ۋە مۇھىت تەربىيىسىگە دائىر مەخسۇس تېمىدىكى مائارىپ پروگراممىسىنى تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تارقاتتى. ئەيدىس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيىسى ئاساسلىقى تولۇقسىز 1 - يىللىقتىن تولۇق 2 - يىللىققىچە ئېلىپ بېرىلدى، ھەر مەۋسۇمدە 2 سائەتتىن دەرس ئۆتۈلدى؛ زەھەردىن ساقلىنىش تەربىيىسى ئاساسلىقى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 - يىللىقىدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىغىچە ئېلىپ بېرىلدى، ھەر مەۋسۇمدە 2 سائەتتىن دەرس ئۆتۈلدى، مۇھىت ئاسراش تەربىيىسى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقىدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىغىچە ئېلىپ بېرىلدى، ھەر مەۋسۇمدە 4 سائەتتىن دەرس ئۆتۈلدى.

جى ۋېن

## ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇسابىقە پائالىيىتى تۈرى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇسابىقە پائالىيىتى 21 تۈر بويىچە ئېلىپ بېرىلدى.

1. پەن تۈرى:

مەملىكەتلىك خىمىيە مۇسابىقىسى پائالىيىتى (شىنجاڭ مۇسابىقە رايونى)، مەملىكەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ماتېماتىكا بىرلەشمە مۇسابىقىسى (شىنجاڭ مۇسابىقە رايونى)، شىنجاڭ بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 4 -، 5 -، 6 - يىللىقلىرى ئەمەلىي ماتېماتىكا مۇسابىقىسى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مېخانىكا بىلىملىرى ئەمەلىي مۇسابىقىسى، مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە بىڭتۇەن خىمىيە ساپاسى ۋە تەجرىبە ئىقتىدارى مۇسابىقىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۈچۈر تېخنىكا ئاساسىي بىلىملىرى، ماھارەت ۋە ئەسەر مۇسابىقىسى، 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۈچۈر ئىلمى ئولىمپىك شۆبە رايونى بىرلەشمە مۇسابىقىسى، 2003 - يىللىق مەملىكەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ گۇرۇپپىسى) ماتېماتىكا ئولىمپىك شۆبە رايونى بىرلەشمە مۇسابىقىسى، مەملىكەتلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەمەلىي فىزىكا بىلىملىرى مۇسابىقىسى، مەملىكەتلىك 2003 - يىللىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىئولوگىيە بىرلەشمە مۇسابىقىسى، شىنجاڭ بويىچە 11 - نۆۋەتلىك ياۋايى ھايۋان - ياۋا ئۆسۈملۈك ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش بىلىملىرى مۇسابىقىسى، «دۇنياغا نەزەر» ناملىق جۇغراپىيە بىلىملىرى مۇسابىقىسى.

2. پەن - تېخنىكا، تەنتەربىيە، سەنئەت تۈرى:

6 - نۆۋەتلىك «بېيجىڭغا سەپەر» ناملىق مەملىكەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر پلانېر مۇسابىقىسى (شىنجاڭ مۇسابىقە رايونى)، شىنجاڭ بويىچە 2003 - يىللىق ياشلار - ئۆسمۈرلەر پلانېر لەۋھە تاللىشىش مۇسابىقىسى، 8 - نۆۋەتلىك «ئۇۋدى لوڭقىسى» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر 4 كىشىلىك ۋېلىسىپىت مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى (شىنجاڭ مۇسابىقە رايونى)، ماۋ زېدۇڭنىڭ دېڭىز ئارمىيىسىگە بېغىشلىما يېزىپ بەرگەنلىكىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر پاراخوت مودېلى مۇسابىقىسى (شىنجاڭ مۇسابىقە رايونى)، ئاپتونوم رايونلۇق 18 - نۆۋەتلىك ياشلار-ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسى، ئەيدىس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرى مۇسابىقىسى.

3. سەنئەت تۈرى:

8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ رەسىم، ھۆسنخەت مۇسابىقىسى (شىنجاڭ مۇسابىقە رايونى)، مەملىكەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىنگلىز تىلى مۇسابىقىسى ۋە شىنجاڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىنگلىز تىلى مۇسابىقىسى، مەملىكەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىنگلىز تىلى ئىقتىدار مۇسابىقىسى ۋە شىنجاڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىنگلىز تىلى ئىقتىدار مۇسابىقىسى.

جى ۋېن

## دەرسلىك بىلەن تەمىنلەش

2003 - يىلى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 2003 - يىللىق كۈز پەسىللىك ۋە 2004 - يىللىق ئەتىياز پەسىللىك 141 خىل دەرسلىكنىڭ



2003 ـ يىلى مەركەز مالىيىسى ۋە شىنجاڭ مالىيىسىدىن ئاجرىتىلغان 190 مىليون يۈەن مەخسۇس تۈر مەبلىغى شىنجاڭنىڭ نامرات رايونلىرىدا ھەقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپىنى يولغا قويۇشقا ئىشلىتىلدى، بۇ تۈر شىنجاڭدىكى 56 ناھىيىدىكى 2 مىليون 50 مىڭ ھەر مىللەت ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا چېتىلىدۇ. سۈرەتتە: يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىنىڭ ئوقۇش باشلانغان تۇنجى كۈنىدە يەكەن ناھىيە چارباغ يېزىسىدىكى نامرات ئوقۇغۇچىلار ھەقسىز يېڭى كىتابلارنى قولىغا ئېلىپ شاتلانماقتا.

لى ياڭ فوتوسى

ستراتېگىيىنى ئىجارىگە ئېلىش خىزمىتىنى تاماملىدى ھەم ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 2003 ـ يىللىق كۈز پەسىللىك ۋە 2004 ـ يىللىق ئەتىياز پەسىللىك 423 خىل دەرسلىكىنىڭ نەشر نۇسخىسىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇردى. شۇ يىلى 1627 خىل خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە، موڭغۇلچە، شىبەچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكى، ئۇيغۇرچە، قازاقچە پېداگوگىكا دەرسلىكى تۈزۈلدى ۋە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن نەشر قىلىنغان دەرسلىك 532 خىل، قايتا نەشر قىلىنغىنى 1095 خىل بولۇپ، ئومۇمىي تىراژى ئاز كەم 55 مىليون 690 مىڭ نۇسخىغا، باسما تاۋىقى 38 مىليون 766 مىڭغا، سوممىسى 250 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ھەقسىز دەرسلىكنى بېسىش، تەمىنلەش ۋەزىپىسى تاماملاندى. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە، موڭغۇلچە 5 خىل يېزىقتا، قىممىتى 14 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان 420 نەچچە خىل، 3 مىليون 500 مىڭ پارچە كىتاب بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى ھەمدە 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن بۇرۇن بۇ دەرسلىكلەرنى نامرات رايونلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولىغا يەتكۈزدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ «خەنزۇ تىلى» قاتارلىق 200 خىلدىن ئوشۇق دەرسلىكى ۋە كونسۇلتاتسىيە كىتابى يېڭىدىن تۈزۈلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى.

ۋاڭ جۇيپىڭ

## «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى

1. «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش يىغىنى. 2003 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ 2 ـ كۈنلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەق مەيدان يىغىنى ئاۋات ناھىيىسىدە ئېچىلدى. يىغىندا «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى ئىشقا ئاشۇرغان ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشى كېرەكلىكى تەكىتلەندى. «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنىڭ قاتتىق كۆرسەتكۈچلىرىنى ئورۇندىيالمىغان ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرگە تۇنجى يىلى ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش، ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇش چارىسى ئىجرا قىلىنىدۇ، ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنمۇ كۆرسەتكۈچنى ئورۇندىيالمىسا «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى بويىچە لاياقەتلىك ناھىيە (شەھەر، رايون) دېگەن نامى بىكار قىلىنىدۇ. «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى تېخى ئىشقا ئاشۇرمىغان 28 ناھىيە ئاپتونوم رايوننىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى پىلانى بويىچە ۋەزىپىنى سۈپەتلىك، مىقدارلىق كاپالەتلىك قىلغان ھالدا ئورۇندىشى كېرەك. «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى مۆددەتتىن بۇرۇن ئىشقا ئاشۇرغان ناھىيە (شەھەر) لەرگە بەلگىلىمە بويىچە مۇكاپات بېرىش كېرەك. يىغىندا يەنە مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مائارىپ مۇپەتتىشلىكىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى.

2. «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش. ئاپتونوم رايوننىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكى 2003 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە كۆكتوقاي، شايار، ئاۋات ناھىيىلىرىنىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. ھەر تەرەپلىمە باھالاش ئارقىلىق بۇ 3 ناھىيىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمىگە يېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

يۇقىرىقى 3 ناھىيىنىڭ نوپۇسى 447 مىڭ 589 بولۇپ، ئاپتونوم رايون يەرلىك نوپۇسىنىڭ %2.74 نى ئىگىلەيدۇ.

بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايوندا «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنىڭ تەلىپىگە يەتكەن ناھىيە (شەھەر، رايون) لەر 68 گە يېتىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %34. 70 نى ئىگىلىدى.

ۋاڭ جيەندې

## ئوقۇتۇش سايمانلىرى ۋە ئوقۇتۇش سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى

2003 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساش مەركىزى 5 مىليون 580 مىڭ يۈەنلىك ئوقۇتۇش سايمىنى سېتىپ، يۇقىرىغا 270 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى، يارىتقان پايدىسى470 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنى 2002 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا سېتىش سوممىسى %68، باج سوممىسى %70 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەر خىل پارتا - ئورۇندۇق 2930 يۈرۈش، قىممىتى 652 مىڭ 600 يۈەن؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئەمگەك ماھارەت سۈپىتى 161، قىممىتى 756 مىڭ يۈەن؛ ھەر خىل دوسكا 2716، قىممىتى 669 مىڭ يۈەن؛ ئوقۇغۇچىلار ھېسابلىغۇچى 9000، قىممىتى 540 مىڭ يۈەن.

ئوقۇتۇش سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەشنى باشقۇرۇش باش پونكىتى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 1 مىليون 736 مىڭ يۈەنلىك سايمان ساتتى (باجمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى تاماملاندى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئوقۇتۇش سايمانلىرى ئومۇملاشقان ناھىيە 59 غا يەتتى.

جياۋ ۋېن

## مائارىپتا شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تۈرى

مائارىپ نازارىتى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەرزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتىپى بىلەن بىرلىكتە 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا «ۋەتىنىنىڭ غەربىي قىسمىغا مۇھەببەت - مائارىپتىكى شانلىق نەتىجىلەردىن گۈرتاق بەھرىلىنىش» ناملىق بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەرزەنتلەر مەكتىپىنىڭ مائارىپتا شىنجاڭغا ياردەم بېرىش بويىچە ئىئانە قىلىش، ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەت 2002 - يىلى بۇ مەكتەپ يولغا قويغان «مائارىپتا شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» پائالىيىتىنىڭ داۋامى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭغا يىراق مۇساپىلىك مائارىپ بويىچە 14 ئۈلگە مەكتىپى قۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىنكى غەربىي قىسىمنىڭ مائارىپىغا ياردەم بېرىلگەن يەنە بىر قېتىملىق خالىس ياردەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ قېتىمقى ئىئانە پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى چىڭگىل، كۆكتوقاي ناھىيىلىرىدىكى 2 ئوتتۇرا مەكتەپتە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەرزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ يىراق مۇساپىلىك مائارىپى بويىچە ھەمكارلىشىپ ئۈلگە كۆرسىتىش مەكتىپى قۇرۇش ھەمدە ئىئانە قوبۇل قىلغان ئاشۇ مەكتەپلەر ئېھتىياجلىق بولغان بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەرزەنتلەر مەكتىپىنىڭ يىراق مۇساپىلىك مائارىپى بويىچە مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك نۇسخىسى ۋە تېلېۋىزىيە فىلىملىرى نۇسخىسى بايلىقى بىلەن ۋە يۇقىرىقى بايلىقلارغا ئېھتىياجلىق سۈنئىي ھەمراھ قوبۇللىغۇچ ئۈسكۈنىلىرى بىلەن ھەمدە چېكرا رايوندىكى 300 ئوقۇغۇچىنى يىللىق ئۆگىنىش كارتوچكىسى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شارائىتى بار ئوقۇغۇچىلار ئائىلىسىدە ئولتۇرۇپلا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەرزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ داڭلىق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلالايدۇ.

8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەرزەنتلەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ تور مەكتىپى بىلەن قاراماي شەھەرلىك «چىڭخۇا» خۇسۇسىي مەكتىپى دوستلۇق ئورناتتى، «چىڭخۇا» خۇسۇسىي مەكتىپى قاراماي شەھىرىدىكى «بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەرزەنتلەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ يىراق مۇساپىلىك مائارىپ بويىچە ئۈلگە مەكتىپى» بولۇپ قالدى ھەمدە ۋىۋىسكا بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەرزەنتلەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ يىراق مۇساپىلىك مائارىپىدا ئىلغار سۈنئىي ھەمراھ ۋە ئىنتېرنېت ئارقىلىق يەتكۈزۈش تېخنىكىسى قوللىنىلغان، جايلاردىكى ئۈلگە مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار «ئاسمان تورى» (سۈنئىي ھەمراھ تورى) ئارقىلىق بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەرزەنتلەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتىپى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دەرس ئۆتۈلۈۋاتقان ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرەلەيدۇ، شۇنداقلا يەنە «يەر تورى» (ئىنتېرنېت تورى) ئارقىلىق يازما ئىمتىھان سوئالى، كونسۇلتاتسىيە قىلىش ئەھۋالىنى كۆرەلەيدۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ لېكسىيەسىنى ئاڭلىيالايدۇ ھەمدە ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارالايدۇ، يەنە ئادەم بولمىغان ئەھۋالدىمۇ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەرزەنتلەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن يۈزتۇرانە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارالايدۇ.

ۋاڭ جيەندې

## ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى

2003 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە 150 ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلدى، ئوقۇغۇچىسى 40 مىڭغا يەتتى. 1993 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى جەمئىيەتتىكى ھەر

سائە ئىشلىتىش ئاچقۇچى بولغان تۇرمۇش شارائىتىدىن پەرقلىنىدۇ. ... 

ساھە ئىشانە قىلغان ئاز كەم 50 مىليون يۈەن ئىئانە پۇلىنى توپلىدى. 2003 - يىلى مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردا يەر تەۋرىگەندىن كېيىن پاشلار - ئۆسمۈرلەر فوندى جەمئىيىتىنىڭ ياردىمىدە شۇ جايلاردا 10 ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلدى، نەتىجىدە ئوقۇشىسىز قالغان 1361 بالا مەكتەپ قوينىغا قايتىپ كەلدى. 2003 - يىلىلا شىنجاڭ بويىچە 38 ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلدى ۋە قۇرۇلىۋاتىدۇ.

ۋاڭ جۈيپىڭ

## ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى، شتاتىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ھۆججەت تارقىتىپ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ شتاتىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، مەكتەپ ئىچىدە تەسىس قىلىنغان ئاپپاراتلىرى ۋە رەھبەرلىرىنىڭ سانى، ھەر خىل خادىملارنىڭ شتات نىسبىتىنى تەڭشىدى ھەمدە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ شتاتىنى ھەر خىل شەكىللەر بىلەن ئىگىلىۋېلىش مەسىلىسى ۋە شتاتتا بار ئىش ئورنىدا بولمىغان خادىملار مەسىلىسىنى ئېنىقلاشنى تەلەپ قىلدى. مائارىپ نازارىتى، كادىرلار نازارىتى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ شتاتىنى يېڭىۋاشتىن بېكىتتى، ناھىيە، بازارلاردىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتىنىڭ ئۆلچىمى 1:12، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 1:14، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1:19 بولدى. شتاتى ئېشىپ كەتكەن مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى شتاتى كەم مەكتەپلەرگە يۆتكىۋېتىلدى، خادىملار تەبىئىي يوسۇندا ئازايسا ياكى شتاتنى كۆپەيتىش توغرا كەلسە ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىنىدىغان بولدى. 2003 - يىلى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ شتاتىنى يېڭىۋاشتىن بېكىتىش ۋە ھېسابلاش خىزمىتى تاماملاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە 12 مىڭ 994 شتات كۆپەيتىپ بېرىلدى، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ شتاتىدىن 1765 ى ئازايتىلدى. ئۆلچەش ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ شتاتى 229 مىڭ 317 قىلىپ بېكىتىلدى، يېڭىدىن 9321 شتات كۆپەيتىلدى.

ۋاڭ جۈيپىڭ

## ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ جايلىشىشىنى تەڭشەش ھەققىدىكى پىكىر»نى تارقىتىپ، 2004 - يىلدىن باشلاپ ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى توختىتىشنى قارار قىلدى. 2005 - يىلدىن باشلاپ ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرى ئېچىلمايدىغان بولدى. شىخەنزە پېداگوگىكا مەكتىپى، قۇمۇل پېداگوگىكا مەكتىپى، بورتالا ئوبلاستلىق پېداگوگىكا مەكتىپى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پېداگوگىكا مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەر تەلەپ بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئاچتى ھەمدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى.

شى ۋېن

## ئومۇمىي خادىملارنى تەربىيىلەش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدا مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى بويىچە ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش تۈرى تاماملىنىپ، 6644 كىشى تەربىيىلەندى، 2 - قاراردا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى تايانچ ئوقۇتقۇچىسىدىن 399 ى تەربىيىلەندى، شەندۇڭ ئۆلكىسى شىنجاڭنىڭ مائارىپىغا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن 54 ئوقۇتقۇچىنى تەربىيىلەپ بەردى، نامرات رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش يۈزىسىدىن 80 كىشىنى تەربىيىلىدى، ئاساسىي مائارىپ يېڭى دەرسلىكى بويىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىسىدىن 3160 نى تەربىيىلىدى.

2003 - يىلى 208 ئوقۇتقۇچى مەملىكەت بويىچە 27 پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئاساسىي مائارىپ يېڭى دەرسلىكى بويىچە ئېچىلغان 2 - قارارلىق دۆلەت دەرىجىلىك تايانچ ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا تاللاپ قاتناشتۇرۇلدى. ئاساس مائارىپ تىلىدىكى ئاساس مائارىپ يېڭى دەرسلىكىنى سىناق تەرىقىسىدە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى باشلاش يۈزىسىدىن 5 - ئايدىن 7 - ئايغىچە ئاساس مائارىپ تىلىدىكى يېڭى دەرسلىك پەنلىرى بويىچە مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى، 270 نەپەر ئۇيغۇر، قازاق تايانچ ئوقۇتقۇچى كۇرسقا تاللاپ قاتناشتۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاز سانلىق مىللەت تەربىيىچىلىرى قوشۇنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىندى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېڭى دەرسلىك بويىچە تەربىيىلەش ئۇسۇلى ئىسلاھ قىلىندى، ئاپتونوم رايون بويىچە 154 مۇنەۋۋەر دەرسلىك ئىسلاھاتى مۇتەخەسسىسى قىشلىق، يازلىق تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل تىلىدا سەييارە دەرس ئۆتۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. تاشقى مەبلەغ تۈرلىرى پائال كىرگۈزۈلدى، كوداك شىركىتى ئىئانە قىلغان 100 مىڭ دوللاردىن پايدىلىنىپ ئاساس مائارىپ يېڭى دەرسلىكى مەزمۇن قىلىنغان ئاز سانلىق مىللەت تايانچ ئوقۇتقۇچىلىرىنى

تەربىيىلەش يولغا قويۇلدى، 2200 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى.

ژاڭ جيەندي

# كەسپىي مائارىپ ۋە چوڭلار مائارىپى

## كەسپىي مائارىپ ۋە چوڭلار مائارىپى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

شىنجاڭ بويىچە 2003 - يىلى 2002 - يىلدىكىدىن 9 ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ مەكتىپى، 17.5% ئوقۇغۇچى، 12% مەخسۇس ئوقۇتقۇچى ئازايدى. چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومىدىكى ئوقۇغۇچى 53.2%، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 26.5% ئازايدى. چوڭلار ئوتتۇرا مەكتىپىدىن 8 ى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 113.8% كۆپەيدى، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 36.4% ئازايدى. چوڭلار تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش مەكتىپىدىن 1130 ى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 44.7%، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 11% ئازايدى. چوڭلار باشلانغۇچ مەكتىپىدىن 256 سى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 41.5% ئازايدى، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 56.3% كۆپەيدى.

ژاڭ جيەندي

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك چوڭلار مەكتەپلىرىنىڭ 2003 - يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

بىرلىكى: نەپەر

| | مەكتەپ سانى | مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى |
| جەمئىي | 55 | 45446 | 48111 | 147996 | 11430 | 5560 |
| 1. چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى | 12 | 39057 | 44911 | 132547 | 5659 | 2994 |
| 1) رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى | 2 | 3996 | 1650 | 7971 | 2616 | 1243 |
| 2) ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئالىي مەكتەپلىرى | 3 | 1867 | 2283 | 7724 | 549 | 346 |
| 3) مائارىپ ئىنستىتۇتى | 7 | 7195 | 7837 | 22504 | 2494 | 1405 |
| 4) ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر باشقۇرغىنى | | 25999 | 33141 | 94348 | | |
| ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش بۆلۈمى | | 13647 | 16998 | 51786 | | |
| كەچلىك ئۇنىۋېرسىتېت | | 5840 | 8532 | 23872 | | |
| چوڭلار ئىشتىن ئايرىلىپ ئوقۇش سىنىپى | | 6512 | 7611 | 18690 | | |
| 2. چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى | 43 | 6389 | 3200 | 15449 | 1909 | 1118 |
| 1) چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم كەسپىي مەكتىپى | 28 | 3348 | 3200 | 8152 | 1682 | 1071 |
| پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئوقۇغۇچى | | 958 | 1519 | 3454 | | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدە بولىدىغان ئوقۇغۇچى | | 2390 | 1681 | 4698 | | |
| 2) چوڭلار ئوتتۇرا مەكتىپى | 15 | 3041 | | 7297 | 227 | 47 |
| ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا مەكتىپى | 1 | | | | 7 | 7 |
| دېھقانلار ئوتتۇرا مەكتىپى | 14 | 3041 | | 7297 | 220 | 40 |
| 3. چوڭلار تېخنىكا يېتىشتۈرۈش مەكتىپى | 1226 | 785004 | | 723732 | 2527 | 943 |
| ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تېخنىكا يېتىشتۈرۈش مەكتىپى | 16 | 9098 | | 9059 | 355 | 203 |
| دېھقانلار تېخنىكا يېتىشتۈرۈش مەكتىپى | 1203 | 774985 | | 713644 | 2132 | 709 |
| باشقا يېتىشتۈرۈش ئاپپاراتلىرى | 7 | 921 | | 1029 | 40 | 31 |
| 4. چوڭلار باشلانغۇچ مەكتىپى | 346 | 49949 | | 64858 | 1335 | 505 |
| 1) ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر باشلانغۇچ مەكتىپى | 1 | 92 | | 92 | 12 | 1 |
| 2) دېھقانلار باشلانغۇچ مەكتىپى | 345 | 49827 | | 64766 | 1323 | 504 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ساۋات چىقىرىش سىنىپى | | 33194 | | 35802 | 819 | 315 |

ئىزاھ: مەكتەپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى ئومۇمىي سانى چوڭلار تېخنىكا يېتىشتۈرۈش مەكتىپى، چوڭلار باشلانغۇچ مەكتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

جاڭ شۈيجياڭ، نىڭ شياۋجۈي

## كەسپىي مەكتەپ بىلەن چوڭلار مەكتىپىنىڭ جايلىشىش قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى

2003 ـ يىلى مائارىپ نازارىتى قوشۇۋېتىش، بىرلىكتە قۇرۇش، ، ئۆزگەرتىش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، كەسپىي مائارىپ بايلىقىنى ئەلالاشتۇردى. شىنجاڭ سانائەت تېخنىك مەكتىپى بىلەن شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنى، شىنجاڭ سودا مەكتىپى بىلەن شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنى قوشۇۋېتىش تەكلىپ لايىھىسى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىنىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق يولغا قويۇلدى. ئۆز ئالدىغا قۇرۇلغان 72 ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپنىڭ لاياقەتلىك ئوقۇش باشلاش ئەھۋالىنى باھالاش ئىشى تاماملاندى، 65 مەكتەپ لاياقەتلىك بولۇپ باھالاندى. 9 مەكتەپنى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ قىلىش ئىلتىماسىنى تەڭشەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ باھالاش ئىشى تاماملاندى. مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق ئۆلگە كەسپىي مەكتەپ ـ شىنجاڭ قاتناش مەكتىپى، شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى مەكتىپى ۋە 2 ئۆلگە كەسپ (نۇقتا) قۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈشلەشمە قۇرۇلۇش مەبلىغى ماسلاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەسلىدە بار بولغان 11 دۆلەت دەرىجىلىك ۋە 17 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش خىزمىتى ۋە دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۆلگە تېخنىكا مەكتىپىدىن 2 نى باھالايدىغان مۇتەخەسسىسنى كۆرسىتىش خىزمىتى تاماملاندى. شىنجاڭ كەسپىي مەكتىپى بىلەن شەرقىي رايون كەسپىي مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشىغا ساھەلەر بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، شەندۇڭ ئۆلكىسى بىلەن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى، كەسىپ، مەكتەپ مۇدىرى،

ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش ۋە ئالماشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئالىي كەسپىي مەكتەپلەرگە «ئۈچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى»نى قوبۇل قىلىشتا ئۆز ئالدىغا سوئال چىقىرىپ ئىمتىھان ئېلىش خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، مەملىكەتلىك كەسپىي يېتەكچىلىك خىزمەت تەجرىبىسىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ تەجرىبە ماتېرىياللىرىنى تەييارلاش ۋە كەسپىي يېتەكچىلىك جەھەتتىكى ئىلغار كوللېكتىپلارنى كۆرسىتىش خىزمىتى تاماملاندى. كۆرسىتىلگەن 3 تەجرىبە ماتېرىيالى ۋە 2 ئىلغار كوللېكتىپ مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتلاندى.

چېڭ ۋېن

## كەسپىي مائارىپ ۋە چوڭلار مائارىپى ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى

2003 - يىلى شىنجاڭدا كەسپىي مائارىپ بويىچە 40 نۇقتىلىق ئۈلگىلىك كەسپ (نۇقتا) قۇرۇش خىزمىتى، ياسىمچىلىق ۋە زامانىۋى مۇلازىمەت ماھارىتى تىپىدىكى جىددىي كەمچىل ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى باشلاندى. 6 ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ ۋە 4 ئالىي كەسپىي مەكتەپ مۇناسىۋەتلىك كارخانىلار بىلەن بىرلىكتە سىفىرلىق كونترول قىلىنىدىغان ستانوك، كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى، پەرۋىش قىلىش، ئاپتوموبىل رېمونتچىلىقى قاتارلىق 4 كەسپ بويىچە كەسپىي ماھارەت ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيىلەش بازىسى قۇرۇش ئىشى بېكىتىلدى. 9 - ئايدا سانجى شەھىرىدە ئاپتونوم رايونلۇق كەسپىي مائارىپ بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلدى، ۋەكىللەر شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكا ئىنستىتۇتى، قاتناش مەكتىپى، سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر مەكتىپى ۋە بىرلىشىپ مەكتەپ باشقۇرغان بىر قىسىم كارخانىلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللەندى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ بىلەن ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش كۆچەيتىلدى، «بىۋاسىتە ئاپتوموبىل»نى يولغا قويۇش چارىسى ھەمدە نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى باشلاندى، تۇنجى تۈركۈمدە 4 سىناق نۇقتا مەكتىپى بېكىتىلىپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش باشلاندى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەر كومپيۇتېردا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ئىقتىدار دەرىجىسىنى سىناش خىزمىتى، كومپيۇتېر سىناق تېزىسى ۋە دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتى باشلاندى. كەسپىي مەكتەپ دىپلومى ۋە كەسپىي سالاھىيەت كىنىشكىسىدىن ئىبارەت قوش كىنىشكا تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى، كىنىشكا تامغىسىنى تەكشۈرۈش ۋە مەكتەپ ئالماشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەر داۋاملىق ياخشى ئىشلەندى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن 25 مىڭدىن كۆپرەك ئوقۇغۇچىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ۋە دىپلومىنىڭ تامغىسىنى تەكشۈرۈپ تارقىتىپ بېرىش خىزمىتى تاماملاندى.

چېڭ ۋېن

## شەھەر مائارىپى ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئۈرۈمچى، بايىنغولىن ئوبلاستىنى مەملىكەتلىك مەھەللە مائارىپى ئۈلگە رايونى قىلىشقا كۆرسىتىش ماتېرىيالى يۇقىرىغا يوللاندى، شەرت - شارائىتى بىرقەدەر ياخشى 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 2 مەھەللە باشقارمىسى شىنجاڭ مەھەللە مائارىپى بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى تەجرىبە رايونى قىلىپ بېكىتىلدى ھەمدە مەھەللە مائارىپى تەجرىبە رايونى قۇرۇلۇشى خىزمىتى باشلاندى، كەسىپ، كارخانىلارنىڭ تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇلۇشى زور كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇلدى، 3 ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپ تەربىيىلەش بازىسى قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆگىنىش تىپىدىكى كارخانىلارنىڭ تۆھپىسى گەۋدىلىك ئورۇن قۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىش خىزمىتى تاماملاندى، 3 كارخانا مەملىكەت بويىچە ئۆگىنىش تىپىدىكى كارخانا قىلىپ بېكىتىلدى. شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭ مەھەللىۋى مائارىپ باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، 25 ئورۇندىن كەلگەن 30 كىشى تەربىيىلەشكە قاتناشتى.

جىۋېن

## ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى مائارىپ نازارىتى خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، مەكتەپ باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، باھالاش، تەكشۈرۈش، ستاتىستىكىلاش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلىدى، 66 خەلق باشقۇرۇشىدىكى مائارىپ ئورگىنىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، مائارىپ نازارىتى تەستىقلىغان ھەمدە بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان خەلق باشقۇرۇشىدىكى 20 نەچچە ھەر خىل مائارىپ ئاپپاراتىنى يىللىق تەكشۈردى ۋە مالىيىسىنى مۇپەتتىش قىلدى، «ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ جەمئىيەت ئوقۇشقا ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى، جەمئىيەت ئوقۇشقا ياردەم بېرىش جەھەتتىكى ھەر خىل ئىشلارنى ئېنىقلىدى ۋە تەرتىپكە سالدى،

«خەلق باشقۇرۇشىدىكى مائارىپنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنى» نى جەمئىيەتكە تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى يولغا قويۇشنى كۆچەيتتى.

چېن ۋېن

## كەسپىي مەكتەپلەر «قوش كىنىشكا» تۈزۈمىنى يولغا قويدى

2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭ ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكىسى ۋە كەسپىي سالاھىيەت كىنىشكىسىدىن ئىبارەت «قوش كىنىشكا» تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى.

بەلگىلىمىگە ئاساسەن كەسپىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كەسپىي ماھارىتىنى بېكىتىش سىنىقىغا قاتنىشىپ لاياقەتلىك بولسا ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك كاپالىتى تارماقلىرى مۇناسىپ دۆلەت كەسپىي سالاھىيەت كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىدۇ. ھەمدە ئۇنى خىزمەت تېپىش، ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش سالاھىيەت ئىسپاتى ۋە ئادەم ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىشىدىكى ئاساسى قىلىدۇ. ئاپتونوم رايون ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ دۆلەت كەسپىي سالاھىيەت كىنىشكىسى ئالغان، كەسپىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا كەسىپ تونۇشتۇرۇش مۇلازىمىتى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش يېتەكچىلىك مۇلازىمىتى قىلىشىنى بەلگىلىدى.

ۋاڭ جۈيىڭ

## مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى شىنجاڭ يېنىك سانائەت كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتىنى باھالىدى

مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئالىي كەسپىي مەكتەپ، ئالىي تېخنىكوملارنىڭ ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسىنى باھالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە شىنجاڭ يېنىك سانائەت كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتىنى ئومۇميۈزلۈك باھالىدى.

بۇ مەكتەپ شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم تەستىقلاپ قۇرۇلغان سانائەت پەنلىرىنى ئاساس، ئەدەبىيات، ئىقتىساد، باشقۇرۇش، قانۇن پەنلىرىنى قوشۇمچە قىلىدىغان پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئالىي كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى. بۇ مەكتەپ مەكتەپ بىلەن كارخانىنى بىرلەشتۈرۈش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ مەكتەپ باشقۇرۇش، «زاكازلىق مائارىپ» تىن ئىبارەت مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە يېڭى ئەندىزىسى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى ھەم ئۇنى مۇكەممەللەشتۈردى، مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قېتىمدىلا ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى %70 كە يەتتى.

مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى بۇ مەكتەپنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى ۋە ئوقۇتۇش مۇئەسسەسەلىرىنى تەكشۈردى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈش سۈپىتى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆتنۈېرسال ساپاسىنى خالىغانچە ئۆلگە ئېلىپ تەكشۈردى، ئايرىم كەسىپلەرنى ئىنچىكە تەھلىل قىلدى، نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا مەكتەپنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مەكتەپ باشقۇرۇشغا قارىتا ئىجابىي پىكىرلەرنى بەردى.

ۋاڭ جۈيىڭ

## ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدا 220 مىڭ ئادەمدىن 500 مىڭ پەن (قېتىم) دە ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى ئېلىندى (ئوقۇش تارىخى گۇۋاھنامىسى بولمىغان ئىمتىھانمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). بۇنىڭ ئىچىدە 6872 كىشى كەمبىرىژ ئۆسمۈرلەر ئېنگلىز تىلى ئىمتىھانىغا، 23 مىڭ 925 كىشى مەملىكەتلىك كومپيۇتېر دەرىجە ئىمتىھانىغا، 980 كىشى مەملىكەتلىك ئېنگلىز تىلى دەرىجە ئىمتىھانىغا قاتناشتى. جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كەمبىرىژ كاتىپلىق گۇۋاھنامە ئىمتىھانى ۋە يېمەك - ئىچمەك كەسپى دىرېكتورلار سالاھىيەت گۇۋاھنامە ئىمتىھانى باشلاندى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ساھە ۋە تارماقلارنىڭ ھاۋالە ئىمتىھانى ئۈستىگە ئېلىندى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، تۆمۈريول ترانسپورتى، پاراۋۇز ئاپتوموبىل، تۆمۈريول قۇرۇلۇشى، نېفىت قۇرۇلۇشى، خىمىيە قۇرۇلۇشى، ئېلېكتر بازىرى ماركىتىڭى، زېمىن باشقۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش، ئالاقە قۇرۇلۇشى قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەنلەردىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھان تەسىس قىلىندى.

زى ۋېن

## ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخى بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى

2003 - يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى 15 چوڭلار ئالىي مەكتىپى ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخى بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. ئۇلار: بىڭتۇەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى، بىڭتۇەن مائارىپ ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى، بىڭتۇەن رادىئو - تېلېۋىزىيە

ئۇنىۋېرسىتېتى، قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىلى مائارىپ ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى شىركىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ بىناكارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، ئاقسۇ مائارىپ ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، ش ئۇ ئا ر رادىئو-تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، سەھىيە نازارىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتىدىن ئىبارەت.

جياۋ ۋېن

## چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىگە تور ئارقىلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلدى. 70 مىڭ 112 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس كۇرستىن تولۇق كۇرسقا ئۆرلەيدىغانلار 26 مىڭ 781 (موڭغۇلچە ئوقۇيدىغىنى 107، مىللىي تىلدا ئوقۇيدىغىنى 3628، خەنزۇچە ئوقۇيدىغىنى 23 مىڭ 46)؛ تولۇق ئوتتۇرىدىن تولۇق كۇرسقا ئۆرلەپ ئوقۇيدىغانلار 1849؛ تولۇق ئوتتۇرىدىن مەخسۇس كۇرسقا ئۆرلەپ ئوقۇيدىغانلار 41 مىڭ 482 (مىللىي تىلدا ئوقۇيدىغىنى 10 مىڭ 62، خەنزۇچە ئوقۇيدىغىنى 31 مىڭ 211، موڭغۇلچە ئوقۇيدىغىنى 209).

جى ۋېن

# ئالىي مائارىپ

## ئالىي مائارىپ ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 26 گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 2 سى؛ مەكتەپتىكى ئاسپىرانت 3629 غا يېتىپ، 1134 ى؛ تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىسى 147 مىڭ 627 گە يېتىپ، 15 مىڭ 291 ى؛ ئاسپىرانت يېتەكچىسى 1114 كە يېتىپ، 109 ى؛ تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرستىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 11 مىڭ 237 گە يېتىپ، 868 ى كۆپەيدى. مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 5 مىليون 595 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %48.27 كۆپەيدى. ھەر 10 مىڭ نوپۇس ئىچىدە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 49.77 بولۇپ، 7.45 كىشى كۆپەيدى.

ۋاڭ جيەندى

## پەن قۇرۇلۇشى ۋە كەسىپ تەڭشەش

2003 - يىلى مائارىپ نازارىتى ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى ئالىي مەكتەپلەر يوللىغان 68 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق پەننى باھالاشقا تەشكىللىدى، ئېكولوگىيە ئىلمى قاتارلىق 25 پەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق پەن قىلىپ بېكىتىلدى ھەمدە بۇ پەنلەر ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق يولغا قويۇلدى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كەسىپ تەڭشەش خىزمىتى داۋاملىق كۈچەيتىلدى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى كەسىپلەر بويىچە زور تۈردە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سىناق نۇقتىسى قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پەن قۇرۇلۇشى ۋە كەسىپ تەڭشەش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەر، مۇناسىۋەتلىك نازارەت، ئىدارە ۋە كارخانىلارنىڭ ئىختىساسلىقلارغا بولغان ئېھتىياجى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مائارىپنى ستراتېگىيىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى» (2020 - يىلغىچە بولغان) تۈزۈپ چىقىلدى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭ قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتىنى بىرلەشتۈرۈپ قايتا تەشكىل قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر يوللاندى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يۇمشاق دېتال ئىنستىتۇتى بىلەن شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى «خوبو» ئىنستىتۇتىدىن ئىبارەت 2 - دەرىجىلىك ئىنستىتۇتتىن 2نى قۇرۇش تەستىقلاندى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەربىيىلەش ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپلەرنىڭ قائىدىگە خىلاپ مەكتەپ باشقۇرۇش قىلمىشى ۋە شىنجاڭ «ۋېنۋۇ» ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇنسىز مەكتەپ باشقۇرۇش قىلمىشى بىر تەرەپ قىلىندى.

گاۋ ۋېن

## ئوقۇش تەۋەلىكى ۋە ئوقۇش تارىخىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدا ئوقۇش تارىخى ئىسپاتىنى ئېلېكترونلۇق رويخەتكە ئېلىش يولغا قويۇلدى. رويخەتكە

ئېلىنغان شۇ يىلى مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئاسپىرانت 477، بۇنىڭ ئىچىدە ماگىستىر 458، دوكتور 19؛ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 26 مىڭ 899، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 10 مىڭ 2، ئالىي كەسپىي مەكتەپ ۋە ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 16 مىڭ 897؛ چوڭلار ئالىي مائارىپى بويىچە تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 39 مىڭ 193، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 10 مىڭ 415، مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 28 مىڭ 778.

2003 - يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى مەكتەپ ئالماشقان 140 ئوقۇغۇچىنىڭ، چوڭلار ئالىي مائارىپى بويىچە مەكتەپ ئالماشقان 150 ئوقۇغۇچىنىڭ رەسمىيىتى بېجىرىلدى. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ گۇۋاھنامىسىنى يۈتتۈرۈپ قويغان 180 ئوقۇغۇچىغا، چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرۈپ گۇۋاھنامىسىنى يۈتتۈرۈپ قويغان 350 ئوقۇغۇچىغا ئىسپات بېجىرىپ بېرىلدى.

شۈ ۋېن

## ئۇنۋان خىزمىتى

گوۋۇيۈەن ئۇنۋان كومىتېتى 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭدا دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىدىغان ئورۇندىن بىر (شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى) نى، ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بېرىدىغان ئورۇندىن 2 (قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى) نى يېڭىدىن كۆپەيتىشنى تەستىقلىدى؛ دوكتورلۇق ئۇنۋانى پەنلىرى بويىچە 6 كەسپىي نۇقتا كۆپەيتىلدى. ش ئۇ ئا ر ئۇنۋان كومىتېتى ئۆز ئالدىغا ماگىستىرلىق ئۇنۋانى پەنلىرى بويىچە 53 كەسپىي نۇقتىنى كۆپەيتتى ھەمدە ئەنگە ئالدۇردى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 5128 كىشى چوڭلار ئالىي مائارىپى بويىچە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرۈپ باكلاۋۇرلىق ئۇنۋانى ئېلىش يۈزىسىدىن ئېلىنغان ئىنگلىز، رۇس، ياپون تىلى ئىمتىھانىغا قاتناشتى. 6005 كىشى مەملىكەتلىك تەڭ دەرىجىلىك ئوقۇش تارىخى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئېلىش يۈزىسىدىن ئېلىنغان چەت ئەل تىلى ئىمتىھانى ۋە بىر تۇتاش ئېلىنغان ئۇنىۋېرسال سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىغا قاتناشتى. 1791 كىشى خىزمەتتىكىلەرنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئېلىش يۈزىسىدىن ئېلىنغان مەملىكەتلىك بىرلەشمە ئىمتىھانىغا قاتناشتى.

ئۇنۋان بېرىشتىكى بەلگىلىمە ۋە تەپسىلىي پرىنسىپلارغا ئاساسەن ئۇنۋان بېرىش خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىك سالمىقى ئاشۇرۇلدى. 2003 - يىلى 7655 كىشىگە باكلاۋۇرلىق ئۇنۋانى، 485 كىشىگە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى، 18 كىشىگە دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىلدى.

شۈ ۋېن

قوشۇمچە 1:

2003 - يىلى گوۋۇيۈەن ئۇنۋان كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق يېڭىدىن كۆپەيگەن ئۇنۋان بېرىلىدىغان ئورۇنلار ۋە پەن، كەسپلەر

| يېڭىدىن دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىلىدىغان ئورۇنلار | پەن، كەسپ نامى |
|---|---|
| شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى | زىرائەت ئۆستۈرۈش ئىلمى ۋە تېرىقچىلىق ئىلمى، ھايۋانلارنىڭ ئېرسىيەت خىللىرى ۋە ئۇنى كۆپەيتىش، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش |
| يېڭىدىن ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بېرىلىدىغان ئورۇنلار | پەن، كەسپ نامى |
| قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى | جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى (تىللار بويىچە)، زىرائەت ئۆستۈرۈش ئىلمى ۋە تېرىقچىلىق ئىلمى، مېۋىلىك دەرەخشۇناسلىق |

**قوشۇمچە 2:**

## ش ئۇ ئا ر ئوقۇتۇش كومىتېتى ئۆز ئالدىغا تەستىقلىغان ماگىستىرلىق ئوقۇشى بېرىدىغان نۇقتىلارنىڭ تىزىملىكى

| ئوقۇتۇش بېرىدىغان ئورۇن | پەن، كەسىپ نامى |
|---|---|
| شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى | ئەمگەك ئىقتىسادشۇناسلىقى، قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسى، ماركسىزملىق نەزەرىيە ۋە ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە، خەلقئارا سىياسەت، ئېتنوگرافىيە (جۇڭگو خەلق ئەدەبىياتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، مىللەتشۇناسلىق، ئاخباراتشۇناسلىق، گۈزەل - سەنئەت ئىلمى، ئىشلىتىش - پىلانلاش ئىلمى ۋە كىبېرنېتىكا، قېتىشىش ھالىتى فىزىكىسى، ئوپتىكا، ئانئورگانىك خىمىيە، بىئوخىمىيە ۋە مولېكۇلا بىئولوگىيىسى، قۇرۇلۇش مېخانىكىسى، خىمىيە سانائىتى تەرتىپىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، يادرو تېخنىكىسى ۋە ئۇنى قوللىنىش، يېمەكلىك ئىلمى، ساياھەتچىلىكنى باشقۇرۇش، تېخنىكا ئىقتىسادى ۋە ئۇنى باشقۇرۇش |
| شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى | رايون ئىقتىسادشۇناسلىقى، ج ك پ پارتىيە تارىخى (پارتىيە تەلىماتى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى، دەرسلىك ۋە ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى، تەنتەربىيە - فىزىئولوگىيە سوتسىئولوگىيىسى، خەرىتىشۇناسلىق ۋە جۇغراپىيە ئۇچۇر سىستېمىسى |
| شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنىستىتۇتى | سانائەت ئىقتىسادشۇناسلىقى، خەلقئارا سودا ئىلمى، سانلىق ئىقتىسادشۇناسلىق، ئىقتىسادىي قانۇنشۇناسلىق |
| شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى | ئىممۇنولوگىيە، روھىي كېسەللىك ۋە پىسخوگىگىيىنا، كۆزشۇناسلىق، ناركولوگىيە، تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ۋە سەھىيە ستاتىستىكاشۇناسلىقى، جۇڭگو تىبابىتى خىرۇرگىيە ئىلمى، ئىجتىمائىي تىبابەتچىلىك ۋە سەھىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىلمى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى | ئېكولوگىيە، سۇچىلىق قۇرۇلمىسى قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىك سۇ - تۇپراق قۇرۇلۇشى |
| شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى | سانائەت ئىقتىسادشۇناسلىقى، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە سىياسەت، سۇچىلىق قۇرۇلمىسى قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ساقلاش قۇرۇلۇشى، كلىنىكىلىق مال دوختۇرلۇق ئىلمى، ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى، پەرۋىش قىلىش ئىلمى، تۇغۇت ئىلمى، كۆزشۇناسلىق، ئۆسمىشۇناسلىق، تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ۋە سەھىيە ستاتىستىكاشۇناسلىقى |

## ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر پىلان بويىچە 64 مىڭ 231 يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى.

ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 20 مىڭ 599، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرسقا قوبۇل قىلىنغىنى 13 مىڭ 763، مەخسۇس كۇرسقا قوبۇل قىلىنغىنى 6836. ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 43 مىڭ 632، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرسقا قوبۇل قىلىنغىنى 19 مىڭ 816، مەخسۇس كۇرسقا قوبۇل قىلىنغىنى 23 مىڭ 816.

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە 65 مىڭ 639 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرسقا قوبۇل قىلىنغىنى 37 مىڭ 152، مەخسۇس كۇرسقا قوبۇل قىلىنغىنى 28 مىڭ 487.

جاۋ ۋېن

## شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخى مائارىپى بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر

مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخى مائارىپى بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن 2003 - يىلدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر تۆۋەندىكىچە:

1. تولۇق كۇرس مەكتەپلىرى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، سانجى ئىنىستىتۇتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى، ئىلى پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنىستىتۇتى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنىستىتۇتى.

2. ئالىي كەسپىي مائارىپ مەكتەپلىرى

شىنجاڭ سانائەت ئالىي مەخسۇس كۇرس مەكتىپى، شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى، شىنجاڭ بىڭتۇەن ساقچى - ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومى، شىنجاڭ ساقچى - ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومى، ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ماشىنا - ئېلېكتر كەسپىي تېخنىكا ئىنىستىتۇتى، شىنجاڭ يېنىك سانائەت كەسپىي تېخنىكا ئىنىستىتۇتى، قاراماي كەسپىي تېخنىكا ئىنىستىتۇتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي تېخنىكا ئىنىستىتۇتى، شىنجاڭ قۇرۇلۇش كەسپىي تېخنىكا ئىنىستىتۇتى، سانجى كەسپىي تېخنىكا ئىنىستىتۇتى، بايىنغولىن كەسپىي تېخنىكا ئىنىستىتۇتى، ئاقسۇ كەسپىي تېخنىكا ئىنىستىتۇتى، ئىلى كەسپىي تېخنىكا ئىنىستىتۇتى.

3. شۆبە مەكتەپ، مەكتەپ باشقۇرۇش نۇقتىلىرى

ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپى ئىنىستىتۇتى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتى، شىنجاڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى.

جاۋ ۋېن

## دۆلەت ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قەرز پۇلى ۋە ئوقۇش مۇكاپات پۇلى تارقاتتى

1. ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قەرز پۇلى. 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگە قەدەر بانكىلار شىنجاڭ بويىچە 345 ئوقۇغۇچىنىڭ دۆلەت ئوقۇش ياردەم قەرز پۇلىنى ئىلتىماس قىلىش ئىشىنى تەستىقلىدى، توختام بويىچە تەستىقلانغان سوممىسى 3 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مەلۇماتقا قارىغاندا 2000 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە بانكىلار تارقاتقان قەرز پۇل 16 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

2. ئوقۇش مۇكاپات پۇلى. 2003 - يىلى شىنجاڭدىكى 480 نامرات ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2 مىليون 30 مىڭ يۈەن دۆلەت ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولغان 107 ئوقۇغۇچىنىڭ ھەر بىرى 6000 يۈەنلىك 1 - دەرىجىلىك ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا، قالغانلىرىنىڭ ھەر بىرى 4000 يۈەنلىك 2 - دەرىجىلىك ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشتى.

ۋاڭ جيەندې

## غەربنى ئېچىش بويىچە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى

9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن 2003 - يىللىق غەربنى ئېچىش ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى ئوقۇش ياردەم پۇلىنى تارقىتىش مۇراسىمىدا شىنجاڭدىن يېڭىدىن ئوقۇشقا كىرگەن قىيىنچىلىقى ئېغىر 125 ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋە «ئۇلۇغۋار غايىلىكلەر» سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان قىيىنچىلىقى ئېغىر 150 ئوقۇغۇچى ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشتى.

غەربنى ئېچىش بويىچە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشىنى مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەركىزىي مەدەنىيلىك ئىشخانىسى، مائارىپ مىنىستىرلىكى 2000 - يىلى بىرلىكتە يولغا قويغان. بۇ پۇل ھەر يىلى شىنجاڭدىن 100، بىڭتۇەندىن 80 يېڭى ئوقۇشقا كىرگەن ئەخلاقىي ئەقلىي جەھەتتە ياخشى، ئەمما ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى ئېغىر بولغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا بېرىلىدۇ. ھەر بىر ئوقۇغۇچى 4 يىلدا 20 مىڭ يۈەنلىك ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش 5 - 10 يىلغىچە يولغا قويۇلىدۇ. 2002 - يىلى مەركىزىي مەدەنىيلىك كومىتېتى يەنە شىنجاڭدىكى نامرات ئوقۇغۇچى سانىنى كۆپەيتىپ 125 كە، بىڭتۇەندىكى ئوقۇش ياردەم پۇلى ئالىدىغان قىيىنچىلىقى ئېغىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ 105 كە يەتكۈزدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «ئۇلۇغۋار غايىلىكلەر» سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسىنى 100 دىن 150 كە كۆپەيتتى (ھەر بىر ئوقۇغۇچى ھەر يىلى 2000 يۈەن ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشىدۇ).

ۋاڭ جۇيىڭ

## چوڭلار ئالىي مائارىپى ۋە يىراق مۇساپىلىك مائارىپ ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى

مائارىپ نازارىتى 2003 - يىلى 5 قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە چوڭلار ئالىي مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئارىلاپ

تەكشۈرۈش يۈزىسىدىن ئىمتىھان ئالدى، ئىمتىھانغا قاتناشقانلار 250 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئاپتونوم رايوندا ئۇيۇشتۇرغان يىراق مۇساپىلىك مائارىپ بويىچە مەكتەپ سىرتىدا ئۆگىنىش مەركىزىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى، 7 ئوقۇتۇش مەركىزىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. بەلگىلىمىگە خىلاپ قۇرۇلغان 14 ئوقۇتۇش نۇقتىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئەنگە ئېلىشىغا يوللىدى. رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك 28 ئوقۇتۇش نۇقتىسىنى باھالىدى، باھالاش ئارقىلىق 3 نۇقتا بىكار قىلىندى، 5 نۇقتا چەكلىك مۇددەتتە تۈزىتىشكە بۇيرۇلدى. شىنجاڭ يېڭىك سانائەت كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قاتارلىق تۆنجى تۈركۈمدىكى ئالىي كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى باھالاش خىزمىتى تاماملاندى، 3 ئۆلگىلىك يۇمشاق دېتال كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتىنى دەلىللەش ۋە يۇقىرىغا يوللاش ئىشى تەشكىللەندى.

ۋاڭ جۈيپىڭ

## BTEC مائارىپ تۈرى

2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئەنگلىيە دۆلەتلىك ئالىي مائارىپ دىپلومى HND تۈرى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆلگە كۆرسىتىش كۇرسىدا ئوقۇش باشلاندى، بۇ BTEC تۈرىنىڭ شىنجاڭدا رەسمىي يولغا قويۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

BTEC مائارىپ تۈرى خەلقئارا مائارىپ بويىچە هوقۇقلۇق ئورگان بولغان ئەنگلىيە ئەدىس دۆلەتلىك ئوقۇش تارىخى ۋە كەسپىي سالاھىيەت ئىمتىھانى ھەيئىتىنىڭ كەسپىي مائارىپ تۈرى بولۇپ، ئۇ دۇنيادا ناھايىتى يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە. BTECHND دىپلومى (BTEC نىڭ ئالىي مائارىپ ئوقۇش تارىخى قىسمى) غا ئېرىشكەنلىك ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ شۇ كەسپلىرىدىكى ئالدىنقى 2 يىللىق دەرسىنى ئۆگىنىپ بولغانغا باراۋەر بولۇپ، ئەگەر ئوقۇغۇچىلار ئەنگلىيىدە يەنە بىر يىل داۋاملىق ئوقۇسىلا ئەنگلىيە ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ باكلاۋىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشەلەيدۇ. ھازىر دۇنيا بويىچە 130 نەچچە دۆلەتتىكى 7000 نەچچە مەركەز BTEC دەرسلىرى بويىچە ئوقۇتۇش ۋە تەربىيىلەش ئەندىزىسىنى يولغا قويماقتا.

ۋاڭ جيەندې

## شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتور ئاشتى ئىلمىي تەتقىقات كۆچمە پونكىتىدىن 2 سى قۇرۇلدى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەزەرىيىۋى ئىقتىسادشۇناسلىق، جۇڭگو تىل - ئەدەبىياتى بويىچە دوكتور ئاشتى ئىلمىي تەتقىقات كۆچمە پونكىتى 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قۇرۇلدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 2001 - يىلى ماتېماتىكا پەنلىرى بويىچە دوكتور ئاشتى ئىلمىي تەتقىقات كۆچمە پونكىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان بىر دوكتور ئاشتى تەتقىقاتچىسى ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈردى، ھازىر بۇ پونكىتتا 6 دوكتور ئاشتى تەتقىقاتچىسى خىزمەت قىلماقتا.

ۋاڭ جۈيپىڭ

## سانجى ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى

مائارىپ مىنىستىرلىكى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئەسلىدىكى سانجى پېداگوگىكا كەسپىي مەكتىپى بىلەن سانجى ئوبلاستلىق مائارىپ ئىنستىتۇتىنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا 2001 - يىل 5 - ئايدا سانجى ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى، 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سانجى ئىنستىتۇتىنى قۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ ئىنستىتۇتتا ھازىر 337 ئوقۇتقۇچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانى بارلار 104. ھازىر 5250 ئادەتتىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بار. بۇ ئىنستىتۇتتا جۇڭگو ئەدەبىياتى، ئىگىلىك باشقۇرۇش، چەت ئەل تىلى، خەنزۇ تىلى، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تەنتەربىيە، مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتلىرى، باشلانغۇچ دەرىجىلىك مائارىپ ئىنستىتۇتى، چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى قاتارلىق 15 فاكۇلتېت، 2 ئىنستىتۇت، 36 كەسىپ تەسىس قىلىنغان.

جياۋ ۋېن

## چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچىلار شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇستەقىل دەرس ئۆتتى

2003 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ئامېرىكا - جۇڭگو مائارىپ ئاپپاراتى (ESEC) بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان ئىنگلىز تىلى بويىچە تەربىيىلەش تۈرى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا يولغا قويۇلدى. پىلاندىكى ھەمكارلىشىپ ئوقۇتۇشتا چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچىلار چەت ئەللەرنىڭ دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىغا ئاساسەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇستەقىل دەرس ئۆتىدۇ، بۇ شىنجاڭنىڭ ئالىي مائارىپىدا تۇنجى قېتىملىق ئىش.

جياۋ ۋېن

# مىللىي مائارىپ

## مىللىي مائارىپ ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2003 - يىلى شىنجاڭ دۆلەتنىڭ «شىنجاڭنىڭ خەنزۇ

تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىغا ياردەم بېرىش خىزمىتى لايىھىسى»نى يولغا قويۇپ، 2003 ـ يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان قوش تىل تايانچ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئىچكىرىگە تەربىيىلىنىش، پراكتىكا قىلىشقا ئەۋەتتى. قوش تىل ئوقۇتۇشنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، پائال شەرت ـ شارائىت هازىرلىنىپ، شارائىتى بار جايلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدىن باشلاپ خەنزۇ تىلى دەرسى ئۆتۈشكە مەدەت بېرىلدى. خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى ھەقىقىي كۈچەيتىلىپ، قوش تىلدا دەرس ئۆتۈش تەجرىبە ئوقۇتۇش ئەندىزىسى ئىلگىرى سۈرۈلدى، مىللىي، خەنزۇ مەكتەپلىرىنى قوشۇۋېتىش ۋە ئارىلاش سىنىپ ئېچىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قوش تىللىق مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇشىغا ئىلھام بېرىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە قوش تىلدا دەرس ئۆتۈلىدىغان تەجرىبە سىنىپى ئاز كەم 300 گە، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 733 كە يەتتى. ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرى ياخشى باشقۇرۇلۇپ ئۇلارنى باشقۇرۇش ھەقىقىي كۈچەيتىلىپ، تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىلغان مەكتەپلەرگە تەشۋىقات ـ تەربىيە ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەۋەتىلدى، ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيە كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايون ئىچىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى ئېچىش لايىھىسى تۈزۈلۈپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئۈرۈمچى قاتارلىق 8 شەھەردە تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىش قارار قىلىندى، بۇ سىنىپلارغا 2004 ـ يىلدىن باشلاپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ.

ۋاڭ جيەندى

## ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىشى بويىچە 5 ـ قېتىملىق ھەمكارلىق يىغىنى ئېچىلدى

مائارىپ مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئاچقان ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىشى بويىچە 5 ـ قېتىملىق ھەمكارلىق يىغىنى 2003 ـ يىل 12ـ ئاينىڭ 18 ـ 19 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

بۇ يىغىندا «ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىشى بويىچە 5 ـ قېتىملىق ھەمكارلىشىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئومۇمىي پىلانى» مۇزاكىرە قىلىندى ۋە ماقۇللاندى، 2006 ـ 2010 ـ يىللىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئومۇمىي پىلان ۋەزىپىسى توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالاندى. يىغىندا بۇنىڭدىن كېيىنكى 5 يىلدا شىنجاڭغا 10 مىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىسى تەربىيىلەپ بېرىش پىلانلاندى، بۇ 4 ـ قېتىملىق ھەمكارلىقتا قارىغاندا 5255 ئادەم ئارتۇق. مائارىپ مىنىستىرلىكىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەر ئاساس قىلىنغان 100 ئالىي مەكتەپ بۇ تەربىيىلەش پىلانىنى ئۈستىگە ئالدى.

مائارىپ مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1989 ـ، 1992 ـ، 1995 ـ، 1999 ـ يىللىرى 4 قېتىم بىرلىكتە ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ھەمكارلىق يىغىنى ئېچىپ، ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 4 قېتىملىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش پىلانىنى يولغا قويغانىدى. ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش پىلانى يولغا قويۇلغان 14 يىلدىن بۇيان شىنجاڭغا تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەن ئاز كەم 12 مىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى تەربىيىلەپ بېرىلدى.

ۋاڭ جيەندى

## دۆلەتنىڭ «شىنجاڭنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىغا ياردەم بېرىش لايىھىسى» يولغا قويۇلدى

2003 ـ يىلى دۆلەتنىڭ «شىنجاڭنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىغا ياردەم بېرىش لايىھىسى» يولغا قويۇلدى، بۇنىڭدا 2003 ـ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەت قوش تىل تايانچ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچكىرىگە تەربىيىلىنىش ۋە پراكتىكا قىلىشقا ئەۋەتىلىدۇ. 10 ـ ئايدا 200 ئاز سانلىق مىللەت تەبىئىي پەن ئوقۇتقۇچىسى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ نەنجىڭ شەھىرىگە تەربىيىلىنىش ۋە پراكتىكا قىلىشقا ئەۋەتىلدى. ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا ساھەلەر بويىچە ياردەم بېرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى، 2003 ـ 2004 ـ يىللىرى ئىچكىرىدىن كېلىپ شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا دەرس ئۆتكەن ئوقۇتقۇچى 145 كە يەتتى. «ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى، ئىلى، ئاقسۇ، خوتەن، ئالتاي، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش خىزمىتىنى تەشكىللەپ يولغا قويۇشقا باشلىدى.

ۋاڭ جۈيپىڭ

# مەدەنىيەت

## ئەدەبىيات ـ سەنئەت

### مەدەنىيەت ـ سەنئەت خىزمىتى

شىنجاڭ بويىچە 2003 ـ يىلدىكى سەنئەت ئۆمىكى 88، ئارتىس ۋە خىزمەتچى 3924؛ ھەرخىل ئويۇن قويۇش سورۇنى 26، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 341، تاماشىبىن ئورنى 22 مىڭ 407.

2003 ـ يىلى يېڭىدىن 17 ئويۇن تەييارلىنىپ قويۇلدى، بۇ ئويۇنلار 8988 مەيدان (قېتىم) ئوينالدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردا ئوينالغىنى 4000 مەيدان (قېتىم)، تاماشىبىن 4 مىليون 400 مىڭ ئادەم (قېتىم). بىر يىللىق ئويۇن قويۇش كىرىمى 5 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، كەسپىي چىقىم 10 مىليون 863 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كەسپكارلارنىڭ مائاشى 65 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، رەپتىس قىلىش ۋە ئىشلەش خىراجىتى 3 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، ئويۇن قويۇش خىراجىتى 3 مىليون 397 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

خې جيا، ليۇ شىچىڭ

### «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» يۈزىسىدىن ھال سوراپ ئويۇن قويۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى

مەدەنىيەت نازارىتى 2003 ـ يىل 1 ـ ۋە 11 ـ ئايلاردا ش ئۇ ئا ر «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» سەنئەت ھال سوراش ئۆمىكىنى ئاقسۇ ۋىلايىتى بىلەن بورتالا ئوبلاستىنىڭ ناھىيىلىرىگە ۋە چېگرا پورتلىرىغا بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق بىكتۇەن ئورۇنلىرى ۋە ھەربىي قىسىملارنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرىگە 21 قېتىم ھال سوراش ئويۇنى كۆرسىتىشكە ھەمدە ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلار ۋە تۈەن ـ مەيدانلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق بېيىشقا دائىر كىتابلارنى تەقدىم قىلىشقا تەشكىللىدى.

ليۇ شىچىڭ

### مەركەزنىڭ «مەدەنىيەتنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» ھال سوراش ئۆمىكى ھال سوراش ئويۇنى قويدى

مەركەزنىڭ «مەدەنىيەتنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» ھال سوراش ئۆمىكى (مەركىزىي مىللىي مۇزىكا ئۆمىكى) 2003ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭغا كېلىپ ھال سوراش ئويۇنى قويدى. ھال سوراش ئۆمىكى قۇمۇل، تۇرپان، ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، كۈيتۇڭ، شىخو، بورتالا ۋە ئىلى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە 17 قېتىم ھال سوراش ئويۇنى قويدى.

ليۇ شىچىڭ

### سەنئەت ئۆمەكلىرى نۇقتىلىق قورۇلۇشلارنىڭ 1 ـ سېپىگە بېرىپ ھال سوراش ئويۇنى قويدى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت نازارىتى بىرلىكتە تەشكىللىگەن، شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى

---

### ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا بىر تۇتاش ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش يولغا قويۇلدى

2003 ـ يىلدىن باشلاپ ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىدە بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىش، ئىمتىھان قەغىزىنى بىر تۇتاش تەكشۈرۈش، ئىمتىھان نومۇرىنى بىر تۇتاش ئېلان قىلىش، بىر تۇتاش قوبۇل قىلىش يولغا قويۇلۇپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ ئادىل، ھەققانىي، ئاشكارا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) لار ئىمتىھانغا بىر تۇتاش تەشكىللەيدۇ، ئىمتىھان ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۆز جايىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى ۋە بىر تۇتاش ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانىغا ئاساسەن جايلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن نومۇر چېكى بېكىتىلىدۇ، ئاندىن جەمئىيەتكە ئېلان چىقىرىش ئارقىلىق ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى، سالامەتلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالى، يۇقىرىغا يوللانغان ئارخىپ تىزىملىكى ھەمدە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسمى ئېلان قىلىنىدۇ. 2003 ـ يىلى ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا 1540 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

ۋاڭ جۈيىڭ

ئۆتكۈزۈلىدىغان 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ماي بوياق رەسىملىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇشقا تەۋسىيە بېرىلدى.

ليۇ شىچىڭ

## «تەڭرىتاغدا باهار» ناملىق مىللىي ئوركېستىر كونسېرت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى

مەدەنىيەت نازارىتى بىلەن مالىيە نازارىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «تەڭرىتاغدا باهار» ناملىق 2003 - يىللىق باهار بايرىمىغا بېغىشلانغان مىللىي ئوركېستىر كونسېرت كېچىلىكى 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «خەلق» تىياتىرىدا ئۆتكۈزۈلدى. مىللىي مۇزىكا چوڭ ئوركېستىرى شەكلىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ مەخسۇس كونسېرت كېچىلىكىدە ئەنئەنىۋى مۇقام مۇزىكىلىرى ئورۇنلىنىپلا قالماي، ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن گۇاڭدۇڭ، جياڭسۇ خەلق ناخشىلىرى ھەم دۇنيادىكى داڭلىق تانسا مۇزىكىلىرىدىن تاللانمىلار قاتارلىق كلاسسىك مۇزىكىلارمۇ ئورۇندالدى. بۇ قېتىمقى كونسېرت كېچىلىكى شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر نەغمە - ناۋالىرىنى نوقۇل ھالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەخسۇس كونسېرتىدىن ھەر مىللەت مۇزىكا مەدەنىيەت - سەنئىتى بىلەن ئالماشتۇرۇش ۋە بىرلەشتۈرۈشكە يۈزلىنىشتىكى تۇنجى سىناق ھېسابلىنىدۇ.

ليۇ شىچىڭ

## «قەدىمكى چىراغ ئۇسسۇلى» ناملىق كوللېكتىپ ئۇسسۇل مۇكاپاتقا ئېرىشتى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگو ياشلار - ئۆسمۈرلەر سەنئەت مۇسابىقىسىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك «شاگىرتلار لوڭقىسى» ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىسمىلىكى 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئېلان قىلىندى، شىنجاڭدىن تاللىنىپ ئەۋەتىلگەن «قەدىمكى چىراغ ئۇسسۇلى» ناملىق كوللېكتىپ ئۇسسۇل غەربىي قىسمىنىڭ ئىپتىدائىي ئۇسسۇللىرىنى قوغداش بويىچە 2 - دەرىجىلىك تۆھپە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ليۇ شىچىڭ

## چوڭ تېپتىكى مىلىيچە ناخشا - ئۇسسۇل «تەڭرىتاغ شادلىقى» شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا سەنئەت بايرىمىغا قاتناشتۇرۇلدى

2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 28 -، 29 - كۈنلىرى



شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىدىكى سەنئەتكارلار 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 5- كۈنىگىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مالىيە- ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ ھال سوراش ئويۇنى قويدى. سۈرەتتە: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ھال سوراش ئويۇنىدىن بىر كۆرۈنۈش.
لى يۇڭ فوتوسى

ئاساس قىلىنغان، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سەنئەت ئۆمىكى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك باللار سەنئەت تىياتىرى قاتارلىق سەنئەت ئۆمەكلىرى قاتناشقان سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش - ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 - سېپىگە بېرىپ ھال سوراپ ئويۇن قويۇش ئۆمەكلىرى 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە شىنجاڭ كانچىلىق گۇرۇھى، خۇڭيەنچى 2 - ئېلېكتر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ۋە كۈيتۇڭ - سايرام تاشيولى قۇرۇلۇش ئورنىغا بېرىپ ھال سوراش ئويۇنى قويۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

ليۇ شىچىڭ

## تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ماي بوياق رەسىملىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى

مەدەنىيەت نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان «يېڭى ئەسىردە قولغا قول تۇتۇشايلى — تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ماي بوياق رەسىملىرى كۆرگەزمىسى» 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلدى، كۆرگەزمىگە 167 ئەسەر قاتناشتۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلغان ئەسەرلەر ئىچىدىن 51 ئەسەر تاللىنىپ، بېيجىڭدا

شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن 5 - نۆۋەتلىك خەلقئارا سەنئەت بايرىمىدا شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان چوڭ تىپتىكى مىللىيچە ناخشا - ئۇسسۇل «تەڭرىتاغ شادلىقى» شاڭخەيدىكى ھەر ساھە تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

لىيۇ شىچىڭ

## «ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ھەققىدە تەتقىقات» دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق ئىلمىي تەتقىقات تۈرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى

شىنجاڭ سەنئەت تەتقىقات ئورنى يوللىغان «ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن تېما 2003 - يىل 8 - ئايدا مەملىكەتلىك سەنئەت ئىلمى بويىچە 10 - بەش يىللىق پىلاندىكى 2003 - يىللىق تېمىلارنى باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتۈپ، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق ئىلمىي تەتقىقات تۈرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

لىيۇ شىچىڭ

## شياۋداۋكاڭيۇ شىنجاڭ مەدەنىيەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرىدىكى مۇنەۋۋەرلەر مۇكاپاتى تارقىتىلدى

2003 - يىللىق شياۋداۋكاڭيۇ شىنجاڭ مەدەنىيەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرىدىكى مۇنەۋۋەرلەر مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمى 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئونىۋ ناھىيىلىك ئاتلىق كىنو قويۇش ئەترىتى، بورتالا ئوبلاستلىق ئاممىۋى سەنئەت سارىيى شياۋداۋكاڭيۇ شىنجاڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىدىكى مۇنەۋۋەر كوللېكتىپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ بۈرچىن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى شياۋداۋكاڭيۇ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرىدىكى مۇنەۋۋەر كوللېكتىپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ سەنئەت تەتقىقات ئورنىدىن تەتقىقاتچى جۇ جيەنگو، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سەي شياڭجۇن، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدىن كاندىدات تەتقىقاتچى پېي زوچېڭ، شىخەنزە شەھەرلىك كۈتۈپخانىدىن مەسئۇل باشقۇرغۇچى سۈن خۇڭ، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن 2 - دەرىجىلىك ئۇسسۇل ئىشلىگۈچى ۋە ئۇسسۇل رېژىسسورى ئېلمان قادىر، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن 1 - دەرىجىلىك كومپوزىتور ھېكىم ھەسەن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەنئەت ئىجادىيەت مەركىزىدىن باللار تىياتىرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك تۈزگۈچى ۋە رېژىسسور جۇ مىڭفېڭ، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى «شوغولا» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن كاندىدات ئالىي مۇھەررىر ئاسانباي سىتەمبۇلدىن ئىبارەت 8 كىشى شياۋداۋكاڭيۇ شىنجاڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىدىكى مۇنەۋۋەر شەخسلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ مۇزېيىدىن تەتقىقاتچى ۋاڭ بو، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مۇزېي ئىشلىرىنى مەسئۇل باشقۇرغۇچى نىجات روزى، ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدىن ياردەمچى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى گو جيەنگو، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مۇزېي ئىشلىرىنى مەسئۇل باشقۇرغۇچى ئەزىز، ئىلى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مۇزېي ئىشلىرىنى مەسئۇل باشقۇرغۇچى لى ۋېيۇەن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مۇزېي ئىشلىرىنى مەسئۇل باشقۇرغۇچى لياڭ يۇڭ، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دېڭ زېرۇي، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باش دۇكىنىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مۇزېي ئىشلىرىنى مەسئۇل باشقۇرغۇچى غەيرەت، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مۇزېي ئىشلىرىنى مەسئۇل باشقۇرغۇچى مامۇت ھوشۇردىن ئىبارەت 9 كىشى شياۋداۋكاڭيۇ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرىدىكى مۇنەۋۋەر شەخسلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لىيۇ شىچىڭ

## ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەت مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى قۇرۇلدى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتىدىكى نوپۇزلۇق ئاپپارات — ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەت مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەت مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، بۇ ئەسەرلەرنى بەدىئىي ئېسىل ئەسەرلەرگە ئايلاندۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى ئالاقىدار تەرەپلەردىكى رەھبەرلەر ۋە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىدىكى 80 مۇتەخەسسىس، ئالىمدىن تەركىب تاپتى.

لىيۇ شىچىڭ

## مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇش

2003 - يىلى شىنجاڭدا چەت ئەل ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن،

تەيۈەن رايونى بىلەن 26 تۈردە 154 ئادەم (قېتىم) مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قانات يايدۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 19 ئۆمەك (گۇرۇپپا) تەركىبىدە ئەۋەتىلگەن 117 ئادەم (قېتىم) 11 دۆلەت ۋە رايونغا باردى؛ 6 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 7 ئۆمەك (گۇرۇپپا) تەركىبىدىكى 37 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇ دۇنفۇ يېتەكچىلىكىدىكى شىنجاڭ چەت ئەل مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى 2003 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە فرانسىيە، بېلگىيە، گوللاندىيىلەرگە زىيارەت قىلىپ ئويۇن قويۇش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن بېرىپ، ھەرقايسى ئەللەردىكى تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى، زىيارەت قىلىپ ئويۇن قويۇش تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى 4 ـ ئايدا ئەنگلىيە ۋە بېلگىيىگە زىيارەت قىلىپ ئويۇن قويۇش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن بېرىپ، قىزغىن قارشى ئېلىندى.

خوتەن يېڭى قاشتېشى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى 9 ـ ئايدا كورىيىگە ئويۇن قويۇشقا بېرىپ، تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەنئەت تىياتىرىنىڭ مىللىي ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكى 19 ئادەم كورىيە 2003 ـ يىللىق چىڭجۇ دۇنيا مەدەنىيەت كۆرگەزمىسىنى تەشكىللەش ھەيئىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگىچە كورىيىنىڭ چىڭجۇ دېگەن يېرىدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا مەدەنىيەت كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى ۋە ئويۇن قويدى.

ليۇ شىچىڭ

# ئىجتىمائىي مەدەنىيەت

## ئىجتىمائىي مەدەنىيەت خىزمىتى

شىنجاڭ بويىچە 2003 ـ يىلدىكى ئاممىۋى سەنئەت سارىيى 15، شۇ يىلى 91 قېتىم ھەرخىل كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈلدى، 352 قېتىم ئاممىۋى مەدەنىيەت ـ سەنئەت پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، 223 قېتىم ھەرخىل مەدەنىيەت ـ سەنئەت كۇرسى ئېچىلدى؛ مەدەنىيەت سارىيىدىن 91 ى بولۇپ، 493 مىڭ كىتاب ساقلاندى، شۇ يىلى 376 قېتىم ھەرخىل كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈلدى، 3075 قېتىم ئاممىۋى مەدەنىيەت ـ سەنئەت پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، 380 قېتىم ھەرخىل مەدەنىيەت ـ سەنئەت كۇرسى ئېچىلدى، 1960 قېتىم سىنئالغۇ قويۇلدى؛ مەدەنىيەت پونكىتىدىن 932 سى بولۇپ (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ـ بازارلاردىكى مەدەنىيەت پونكىتى 857)، 1 مىليون 420 مىڭ كىتاب ساقلاندى، شۇ يىلى 1785 قېتىم ھەرخىل كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈلدى، 7910 قېتىم ئاممىۋى مەدەنىيەت ـ سەنئەت پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، 3505 قېتىم ھەرخىل مەدەنىيەت ـ سەنئەت كۇرسى ئېچىلدى، 9132 قېتىم سىنئالغۇ قويۇلدى.

خې جيا، ليۇ شىچىڭ

## مەدەنىيەت مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مەدەنىيەت مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت سارىيى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت مۇئەسسەسىلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇشقا كىرىشتى ۋە پۈتتۈردى. 2003 ـ يىلى پۈتكەن مەدەنىيەت مۇئەسسەسى 9، قۇرۇلۇش باشلانغىنى 5، قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلگىنى 21، مۇئەسسەسەلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 107 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 42 مىليون 970 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى.

ليۇ شىچىڭ

## ئاممىۋى كۇتۇپخانا

شىنجاڭ بويىچە 2003 ـ يىلدىكى ئاممىۋى كۇتۇپخانا 84، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 882، ساقلانغان كىتاب 6 مىليون 492 مىڭ، تارقىتىلغان كىتاب ئارىيەت ئېلىش كىنىشكىسى 99 مىڭ. بىر يىلدا سىرتقا ئارىيەت بېرىلگەن كىتاب، ژۇرنال، ماتېرىيال 1 مىليون 694 مىڭ قېتىمدا 2 مىليون 798 مىڭ نۇسخا (قېتىم). كىتاب سېتىۋېلىشقا 2 مىليون 694 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىنىپ، 175 مىڭ كىتاب سېتىۋېلىندى. ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن 615 قېتىم تۈرلۈك پائالىيەت ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، 1789 تېما ۋاكالىتەن ئىزدەپ تېپىپ بېرىلدى، 512 خىل ماتېرىيال 2 ـ 3 قېتىم تۈزۈپ بېرىلدى.

ليۇ شىچىڭ

## 4 يېزا ـ بازارغا «جۇڭگو خەلق سەنئىتى ماكانى» دەپ نام بېرىلدى

2003 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ فۇجۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو خەلق سەنئىتى ماكانلىرىغا نام بېرىش ھەم ئىش ئورنىدا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا پىچان ناھىيىسىدىكى لۈكچۈن بازىرى (ئون ئىككى مۇقام سەنئەت ماكانى)، ساۋەن ناھىيىسىدىكى سىداۋخوزا بازىرى (يادىكار ئۇسسۇلى، خەلق ئويۇنى سەنئەت ماكانى)،

مەكىت ناھىيىسىدىكى غازكۆل يېزىسى (دولان مۇقامى سەنئەت ماكانى)، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى يۇڭنىڭ بازىرى (خۇائېر ناخشىسى سەنئەت ماكانى) غا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «جۇڭگو خەلق سەنئىتى ماكانى» دەپ نام بېرىلدى.

لىۋ شىچىڭ

## بىر مۇنچە سەنئەت ئەسەرلىرى مەملىكەت بويىچە «يۇلتۇزلار مۇكاپاتى» ۋە «مامكاپ مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى

2003 - يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەت بويىچە 12 - نۆۋەتلىك «يۇلتۇزلار مۇكاپاتى» غا ئەسەر باھالاش پائالىيىتىدە شىنجاڭ ئىلى ئوبلاستىدىن «قەدىمكى يولدىكى مالچىلار ناخشىسى» ناملىق فوتو سۈرەت (لىۋ گۇاڭخۇي تارتقان) فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى بويىچە مىس مېدالغا، قاراماي شەھىرىدىن «مۇساپە» ناملىق فوتو سۈرەت (جۇ جيەنشىن تارتقان) فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى شەھىرىدىن «ئۈن - تىنسىز» ناملىق ماي بوياق رەسىم (لى ۋېيشىن سىزغان)، بايىنغولىن ئوبلاستىدىن «توغراق ئۆستۈرگۈچى» ناملىق ماي بوياق رەسىم (شى دېۋېن سىزغان)، خوتەن ۋىلايىتىدىن «خوتەن قاشتېشى» ناملىق ماي بوياق رەسىم (ۋاڭ يۇڭشېڭ، لۇي چۈنمېيلار سىزغان)، قاراماي شەھىرىدىن «يىپەك يولىدىكى مۇڭلۇق ئاۋاز» ناملىق ماي بوياق رەسىم (لى يۈمىڭ سىزغان)، ئاكرىل رەسىم «ئىز» (سۈن گوشىڭ سىزغان) گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن شىڭشۇ خەت شەكلى «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرى» (يۈ خەيجۇ يازغان)، قاراماي شەھىرىدىن مەسنەۋى (ياڭ خۇا يازغان) خەتتاتلىق ئەسەرلىرى بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىنجاڭدىن گۈزەل سەنئەت، خەتتاتلىق، فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىنىڭ ھەرقايسىدىن 20 دىن ئەسەر تاللاپ ئەۋەتىلگەنىدى.

شىنجاڭدىن 3 - نۆۋەتلىك «مامكاپ مۇكاپاتى» غا ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلارنىڭ 7 ئىلمىي ماقالىسى ئەۋەتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، گاۋ سۇيفاڭنىڭ «چېكرا رايونىدىكى ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلارنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى تەربىيىسى ئىقتىدارى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالىسى ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلارنىڭ مەدەنىيەتكە ئائىت ئىلمىي ماقالىلىرى، مەخسۇس ئەسەرلىرى بويىچە ئالتۇن مېدالغا، تەن فاڭخۇينىڭ «ئۆسمۈرلەر، بالىلاردىكى روھىي ھالەت تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۆسمۈرلەر، بالىلار مەدەنىيىتى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالىسى مىس مېدالغا، رېن جيەنلىنىڭ «بالىلارنىڭ غېجەك چېلىشنى ئۆگىنىشىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالىسى، چېن شياڭلىڭنىڭ «قىزىقىشچانلىق، ئىپادىلەش كۈچى، رېتىم تۇيغۇسى» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالىسى قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەر مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مەدەنىيەت نازارىتى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت سارىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ پىڭ، سانجى ئوبلاستلىق ئاممىۋى سەنئەت سارىيىنىڭ باشلىقى لى يۈجېڭلار شەخسلەر بويىچە تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لىۋ شىچىڭ

## «مەھەللىلەرگە تۆتنى ئېلىپ كىرىش» ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇن قويۇش پائالىيىتىدە مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى

مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 2003 - يىلى ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك «مەھەللىلەرگە تۆتنى ئېلىپ كىرىش» ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇن قويۇش پائالىيىتىدە قاراماي شەھىرىنىڭ مايتاغ رايونىدىن لو چۈنيىڭ ئورۇندىغان يالغۇز كىشىلىك ئايالچە ناخشا «ۋاڭ جاۋجۈن سەددىچىنىنىڭ سىرتىغا سەپەر قىلدى» كۈمۈش مېدالغا، بورتالا ئوبلاستىدىن قاتناشتۇرۇلغان ئەمەلىي خەۋەر قىلىنغان مۇزىكىلىق قىسقا تىياتىر «قەلبىمىز تولدى قۇياش نۇرىغا» مىس مېدالغا ئېرىشتى.

لىۋ شىچىڭ

## ئايگۈل جىڭجۇ تىياتىرى ئارتىس - ھەۋەسكارلىرى مۇسابىقىسىدە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى

شىخەنزە شەھىرىدىن ئايگۈل ئورۇندىغان «ئېسىلزادە خانىشنىڭ مەست بولۇپ قېلىشى» ناملىق جىڭجۇ تىياترى ناخشىسى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 2003 - يىل 10-ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۆتكۈزگەن «دۆڭتې قارا يىلىم لوڭقىسى» بويىچە مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك جىڭجۇ تىياتىرى مەستانىلىرى ئىچىدىكى ئارتىس - ھەۋەسكارلار مۇسابىقىسىدە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.

جانار ئورمانبېك

## مەملىكەتلىك بالىلار ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان «يېڭى مايسا

مۇكاپاتى مەملىكەتلىك بالىلار ئۇسسۇل مۇسابىقىسى» 2003 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭدىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن 12 نومۇر 5 ئالتۇن مېدال، 7 كۈمۈش مېدال، 6 مىس مېدالغا ئېرىشتى. مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت باشقارمىسى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ چېن شياڭلىنىڭ «ئوتتۇرا ياشلىقلار گۈرۈپپىسىدىكى ئون ياخشى بالىلار ئۇسسۇلى مۇتەخەسسىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ قەشقەر ۋىلايىتىدىن گۈلنۇر ئەنۋەر، ئىلى ئوبلاستىدىن گۇ جىچىڭ مەملىكەت بويىچە 10 ياخشى كىچىك ئارتىس مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ليۇ شىچىڭ

## 100 كۈنلۈك مەيدان مەدەنىيىتى مۇسابىقىسى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى

2003 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە شىنجاڭدا 100 كۈنلۈك مەيدان مەدەنىيىتى مۇسابىقىسى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، جايلاردا تەخمىنەن 1 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) بۇ پائالىيەتكە بىۋاسىتە قاتناشتى، ھەرخىل مەيدان مەدەنىيىتى پائالىيىتى ئازكەم 5000 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى، ئويۇننى ئازكەم 10 مىليون ئادەم (قېتىم) كۆردى. بۇ، شىنجاڭدا 2003 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن تەسىرى ھەممىدىن كەڭ، كۆلىمى ھەممىدىن زور، قاتناشقان ئادەم سانى ھەممىدىن كۆپ، داۋاملاشقان ۋاقتى ھەممىدىن ئۇزۇن بولغان نامايەندە خاراكتېرلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

ليۇ شىچىڭ

## مەھەللە مەدەنىيىتى ئويۇن قويۇش پائالىيىتى ئېيى

ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى، مەدەنىيەت نازارىتى 2003 ـ يىل 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاپتونوم رايونلۇق مەھەللە مەدەنىيىتى ئويۇن قويۇش ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ پائالىيەت يېڭى ئەسىردىكى تۇنجى نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق مەھەللە ھۆسنخەت، رەسىم، فوتو سۈرەت مۇسابىقىسى كۆرگەزمىسى، يېڭى ئەسىردىكى تۇنجى نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق مەھەللە ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكى، يېڭى ئەسىردىكى تۇنجى نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق مەھەللە ساغلاملىق ئۇسسۇلى ياڭگېر ئۇسسۇلى مۇسابىقىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەھەللىلەردىكى ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلار ئەمەلىي خەتتاتلىق ۋە رەسىم سىزىش مۇسابىقىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەھەللىلەردىكى ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلارنىڭ ئەمەلىي خەتتاتلىق ۋە رەسىم سىزىش مۇسابىقىسى، كۈتۈپخانا سىزنىڭ ئىختىساسلىق بولۇشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ — ئۆگىنىش تېپىدىكى «جەمئىيەت سىزنى دەۋەت قىلىدۇ» ئوتتۇق سۆزلەش يىغىنى، ئوچۇقچىلىقتىكى كونسېرت قاتارلىق 10 تۈرلۈك ئومۇم مەنپەئەتلىنىدىغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت پائالىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 2 مىليوندىن ئارتۇق ئامما بۇ قېتىمقى مەھەللە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇن قويۇش پائالىيىتى ئېيىدىكى تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە قاتناشتى ۋە بۇ پائالىيەتلەرنى تاماشا قىلدى.

ليۇ شىچىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق (جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە) ئۆسمۈرلەر ـ بالىلارنىڭ ئۇسسۇل مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

شىنجاڭ ئۆسمۈرلەر ـ بالىلار مەدەنىيەت ـ سەنئەت كومىتېتى، مەدەنىيەت نازارىتى ۋە بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن ئاپتونوم رايونلۇق (جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە) «زەپەر ـ ئەخلاق لوڭقىسى» ئۆسمۈرلەر ـ بالىلار ئۇسسۇل مۇسابىقىسى 2003 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە كورلا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر، قىزىلسۇ، قۇمۇل، تۇرپاندىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، 2 ئوبلاستتىكى 12 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ۋەكىللەر كوماندىسىدىن ئازكەم 400 ھەر مىللەت ئۆسمۈر ـ بالا مۇسابىقىگە قاتناشتى. سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئارقىلىق مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلغان 65 نومۇردىن ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىدىغان 10 نومۇر، كۈمۈش مېدالغا ئېرىشىدىغان 15 نومۇر، مىس مېدالغا ئېرىشىدىغان 20 نومۇر، ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشىدىغان 10 نومۇر باھالاپ چىقىلدى، 6 ئورۇن مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ليۇ شىچىڭ

## ئومۇمىي خەلق كىتاب ئوقۇش ئېيى پائالىيىتى

شىنجاڭدا 2003 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە «ئومۇمىي خەلق كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆگىنىش تىپىدىكى مەھەللە، يېزا ـ كەنت، ئورۇن ۋە تەشكىلات بەرپا قىلىش» نى تېما قىلغان، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى يېزا ـ كەنتلەر ۋە شەھەرلەردىكى مەھەللىلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلغان 4 ـ قېتىملىق ئومۇمىي خەلق كىتاب ئوقۇش ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. جايلار ھەرقايسى ساھەلەر، تارماقلار ۋە ئورۇنلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ھەرخىل كىتاب ئوقۇش ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنى پىلانلىق، تەشكىللىك قانات يايدۇردى ھەمدە 21 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى

تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنى تەشكىللەپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى ۋە مىللىي، خەنزۇ كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆز ئارا تىل ـ يېزىق ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

ليۇ شىچىڭ

## يېزىلارغا كىتاب تەقدىم قىلىش قۇرۇلۇشى

2003 ـ يىلى مەركىزىي كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەت ئاخبارات ـ نەشرىيات باش مەھكىمىسىنىڭ تەلىپى بويىچە نامرات ناھىيىلەردىكى كۇتۇپخانىلارغا كىتاب تەقدىم قىلىش تەلىپى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، مەركەز تەرىپىدىن تەقدىم قىلىنغان قىممىتى 1 مىليون 300 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان 100 مىڭ يېڭى كىتاب 48 ناھىيە (شەھەر)، 130 يېزا ـ بازاردىكى كۇتۇپخانىغا ۋاقتىدا تەقسىم قىلىنىپ يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

ليۇ شىچىڭ

## شىنجاڭدا تۇنجى نوۋەتلىك ئەلنەغمە ـ ئېتوت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

يېڭى ئەسىردە شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئەلنەغمە ـ ئېتوت مۇسابىقىسى 2003 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، جايلاردىن ۋە بىڭتۈەن، قوراللىق ساقچى قىسمىدىن ئەۋەتىپ بېرىلگەن خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە 58 نومۇر مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلدى.

ليۇ شىچىڭ

## گاس ـ گاچىلار، زېھنى يېتىلدۇرۇش مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى

شىنجاڭدا گاس ـ گاچىلار، زېھنى يېتىلدۇرۇش مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك سەنئەت كۆرىكى 2003 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. 7 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 11 گاس ـ گاچىلار، زېھنى يېتىلدۇرۇش مەكتىپىنىڭ 360 نەپەر ئوقۇغۇچىسى 5 تۈردىكى 52 نومۇرنى ئورۇنداشقا قاتناشتى.

ليۇ شىچىڭ

# مەدەنىيەت بازىرى

## مەدەنىيەت بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى ھەرخىل مەدەنىيەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن 8888 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق مۇلازىمەت قىلىدىغان تىجارەت سورۇنى 1917، ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى 1402، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانا 465، بىليارتخانا 103، بولىڭ توپى سارىيى (زالى) 12، ئۇنىۋېرسال كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى 102، ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىنى توپ، پارچە سېتىش ئورنى 1061، ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىنى قويۇش ئورنى 310، ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورنى 1610، گۈزەل سەنئەت شىركىتى، رەسىم دۇكىنى، رەسىم كارىدورى 18، كىتابنى توپ، پارچە سېتىش ئورنى 108، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ۋاستىچىلىك ۋە ۋاكالەتچىلىك ئورنى 9، باشقا تىجارەت ئورنى 1761. كەسىپكار 25 مىڭ 968، ئاساسىي تىجارەت كىرىمى 453 مىليون 394 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان تىجارەت بېجى ۋە قوشۇمچە ھەق 40 مىليون 19 مىڭ يۈەن، يارىتىلغان قوشۇلما قىممەت 295 مىليون 794 مىڭ يۈەن. بۇنىڭدىن باشقا، كىيىم ـ كېچەك مودېللىرى ئەترىتى 10، يەككە ئويۇن قويغۇچى 598.

خۇاڭ جۇنفاڭ، ليۇ شىچىڭ

## مەدەنىيەت بازارلىرى تەرتىپكە سېلىندى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى 2003 ـ يىلى مەدەنىيەت بازارلىرى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنى تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مەدەنىيەت بازارلىرىدىكى ناچار مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ۋە قانۇنسىز تىجارەت قىلمىشلىرىنى قەتئىي تۈگىتىپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە، مۇقىملىقى ۋە ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ئويۇن قويۇش بازارلىرى ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ تىجارەت تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلدى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شىنجاڭ ئويۇن قويۇش ۋاستىچىلىك ئاپپاراتلىرى خىزمەت يىغىنى ئېچىلدى، 11 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئويۇن قويۇش ۋاستىچىلىك ئاپپاراتلىرىدىكى ۋاستىچىلەردىن ئىش ئورنىغا چىققان خادىملارنىڭ سالاھىيەت كۇرسى ئېچىلدى ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرخىل ئويۇن قويۇش ۋاستىچىلىك ئاپپاراتلىرى يېڭىۋاشتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، ئويۇن قويۇش تەشكىلاتلىرى ۋە ئويۇن قويۇش ۋاستىچىلىك ئاپپاراتلىرىنىڭ تەرتىپى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى. ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى تەكشۈرۈش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا قانۇنسىز ئويۇن قويۇش تەشكىلاتلىرىنى ئەمەلدىن

قالدۇرۇش، شەھۋەتپەرەسلىك ۋە بەتئەخلاقلىق كۆيۈنلارغا قاتتىق زەربە بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ بەزى مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ ئادەم بەدىنى سەنئىتىنى نىقاب قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان شەھۋەتپەرەسلىك كۆيۈن قويۇش پائالىيەتلىرى تەكشۈرۈلۈپ چارە كۆرۈلدى. كۆيۈن قويۇش بازارلىرىغا رۇخسەت بىلەن كىرىش ئۆتكىلى چىڭ ئېگىلەندى، بىر يىلدا ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن كۆيۈن قويۇش ئۆمەك - ئەترىتىدىن 11 ى كۆزىتىۋېلىندى، 10 نەچچە قېتىم مەخسۇس كونسېرت، 30 نەچچە قېتىم چولپانلار كونسېرتى قويۇلدى.

ئۈن - سىن بازارلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى 2003 - يىلى ئۈن - سىن بازارلىرىنى تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش سالمىقى داۋاملىق ئاشۇرۇلدى. ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى زەنجىرسىمان سېتىش، توپ سېتىش ئورۇنلىرى ۋە قىسمەن تىجارەتچىلەر قاتناشقان خەنزۇچە، مىللىيچە ئۈن-سىن بۇيۇملىرى بازارلىرىنى باشقۇرۇش خىزمەت يىغىنى ئېچىلىپ، ئالاقىدار قانۇن - نىزاملار پائال تەشۋىق قىلىنىپ، تىجارەتچىلەرنىڭ قانۇن بويىچە تىجارەت قىلىش ئاڭلىقلىقى كۈچەيتىلدى. 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوندا «ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغۇچىلارنى سوتقا تارتىش» تېما قىلىنغان 5 - نۆۋەتلىك ئۈن - سىن بازارلىرى قانۇنچىلىق تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. بىر يىلدا ئۈن - سىن بۇيۇملىرى تىجارەت بازارلىرى 900 نەچچە قېتىم تەكشۈرۈلدى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملاردىن 2000 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) ئىشقا سېلىنىپ، 400 مىڭدىن ئارتۇق قانۇنسىز ئۈن - سىن بۇيۇمى يىغىۋېلىندى، قانۇنسىز تىجارەت قىلغان 50 نەچچە سورۇن قانۇن بويىچە تاقىۋېتىلدى، 250 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىللىيچە ئۈن - سىن بازارلىرىنى باشقۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ئېغىر سىياسىي مەسىلە بار ئۈن - سىن بۇيۇمىدىن 13 مىڭدىن كۆپرەكى تەكشۈرۈپ يىغىۋېلىندى.

تورخانىلارنى باشقۇرۇش ئەھۋالى 2003 - يىلى ئىنتېرنېت توردا مۇلازىمەت قىلىش تىجارەت سورۇنلىرىنىڭ زەنجىرسىمان تىجارەت قىلىشىغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى ۋە زەنجىرسىمان تىجارەت راۋاجلاندۇرۇلدى، 6 كارخانىنىڭ شىنجاڭدا ئىنتېرنېت توردا مۇلازىمەت قىلىش تىجارەت سورۇنلىرىنىڭ زەنجىرسىمان تىجارەت قىلىشى كېيىنى - كەينىدىن تەستىقلاندى، ئىتتىپاقلىشىپ زەنجىرسىمان تىجارەت قىلىۋاتقان تورخانىلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى، بورتالا ئوبلاستى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىككە كەلگەن تور مەدەنىيەت بازارلىرىنى كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇش سىستېمىسى كېيىنى - كەينىدىن بەرپا قىلىندى، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيەدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك باشقۇرۇش تورنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىندى. 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدا تورخانىلارنى مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ ۋە قانات يايدۇرۇلۇپ، قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوبۇل قىلىش، ۋاقىت چەكلىمىسىدىن ئاشۇرۇپ تىجارەت قىلىش، گۇۋاھنامىسىز تىجارەت قىلىش قاتارلىق مەسىلەر نۇقتىلىق ھەل قىلىندى، ئاپتونوم رايون بويىچە نىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان 400 دىن ئارتۇق ھەرخىل تورخانا تەكشۈرۈلۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، 240 تىن ئارتۇق كومپيۇتېر، 100 دىن ئارتۇق ئاساسىي ئاپپارات ساندۇقى يىغىۋېلىندى، گۇۋاھنامىسى يوق 40 نەچچە قارا تورخانا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

ليۇ شىچىڭ

## بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى

شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت مەمۇرىي تارماقلىرى 2003 - يىلى ھەرخىل ئاممىۋى مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ۋە تىجارەت سورۇنلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈش سالمىقىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، مەدەنىيەت بازارلىرىغا رۇخسەت بىلەن كىرىش ئۆتكىلىنى چىڭ ئېگىلەپ، ھەرخىل بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تۈرلۈك مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ۋە تىجارەت سورۇنلىرىنى تىجارىتىنى توختىتىپ تەرتىپكە سالدى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تەدبىرى كۈچلۈك بولمىغان 200 مەدەنىيەت تىجارەت سورۇنىنى تاقاپ، مەدەنىيەت تىجارەت سورۇنلىرىنىڭ بىخەتەر مەشغۇلات قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ليۇ شىچىڭ

## شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت كەسپى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ كەسپىي مەھكىمىسى ۋە مەدەنىيەت نازارىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت كەسپى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك مۇھاكىمە يىغىنى 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، مەملىكىتىمىزدىكى 18 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن 110 ۋەكىل بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە شىنجاڭدا كۆيۈن قويۇش، ئۈن - سىن بۇيۇملىرى، مىللىي ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىق مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەش ئۈستىدە كەسپىي جەھەتتىن كېڭەشتى.

ليۇ شىچىڭ

# مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخىپئولوگىيە خىزمىتى

## مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى

شىنجاڭ بويىچە 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاپپاراتى 103، ئىشچى - خىزمەتچىسى 802، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىيەت - يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى 76، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى پەن تەتقىقات ئورنى 2، باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاپپاراتى بىر، مۇزېي 23، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇكىنى بىر. ئاپتونوم رايون بويىچە ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى 116 مىڭ 753، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى 706.

نى يۈشىن، ۋۇ لىجۈن

## مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بويىچە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى

ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بويىچە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى 2003 - يىل 2 - ئايدا ئاياغلاشتى، بۇ جەرياندا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بويىچە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسىدىن 306 سى تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ 19، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 27، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ 39، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 20، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 14، بورتالا ئوبلاستىنىڭ 11، سانجى ئوبلاستىنىڭ 39، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 13، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 47، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ 6، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ 30، شىخەنزە شەھىرىنىڭ 6، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 6، ش ئۇ ئا ر كۆسەن مىڭئۆي تەتقىقات ئورنىنىڭ 12.

نى يۈشىن

## تۇنجى نۆۋەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش تەشۋىقات ھەپتىلىكى ئۆتكۈزۈلدى

ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئېچىلغان 10 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنىدا مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ھەر يىلى 6 - ئاينىڭ 3 - ھەپتىسىنى شىنجاڭ بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش تەشۋىقات ھەپتىلىكى قىلىشنى قارار قىلدى.

جايلاردا 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە داۋام قىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتىدە 32 تەشۋىقات ئاپتوموبىلى 210 قېتىم ئىشقا سېلىندى، 270 پىلاكات ئېسىلدى، 980 لوزۇنكا چاپلاندى، 135 تەشۋىقات تاختىسى ئىشلەندى، رادىئو ئىستانسىلىرى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا رەھبەرلەرنىڭ سۆزى 82 قېتىم ئاڭلىتىلدى ۋە كۆرسىتىلدى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشقا ئائىت جامائەت مەنپەئەتلىنىدىغان ئېلانلار 180 قېتىم ئاڭلىتىلدى ۋە كۆرسىتىلدى، 4 مەخسۇس فىلىم 51 قېتىم كۆرسىتىلدى، رادىئو ئىستانسىلىرىدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئائىت پروگراممىلار 3690 مىنۇت ئاڭلىتىلدى؛ ھەرخىل گېزىت - ژۇرناللارغا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشقا ئائىت 266 ماقالە بېسىلدى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش توغرىسىدىكى تەشۋىقات ۋەرەقىدىن 205 مىڭ 200 ى تارقىتىلدى، 6 قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى، 11 قېتىم مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە سۆزلەندى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا 2 سان مەخسۇس ژۇرنال، 4 چوڭ تەشۋىقات سۈرىتى ئىشلەندى، تەشۋىقات ھەپتىلىكىگە ماسلىشىپ، 5 قېتىم مىللىيچە كونكېرت قويۇلدى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سەيلىگاھلىرى ھەقسىز كۆتۈۋالغان سەيلە قىلغۇچى 50 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتىگە بىۋاسىتە قاتناشقان خادىم 2379 غا يەتتى.

نى يۈشىن

## شىنجاڭ يىپەك يولى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئالاھىدە كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى

جۇڭگو تارىخى مۇزېيى بىلەن شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «تەڭرىتاغ. قەدىمكى يول. شەرق - غەرب ئۇسلۇبى» ناملىق شىنجاڭ يىپەك يولى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئالاھىدە كۆرگەزمىسى 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى. بۇ قېتىمقى ئالاھىدە كۆرگەزمىگە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زاماندىكى يىپەك يولىنىڭ ئۆزگىچە تارىخى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئېسىل كۆرگەزمە بۇيۇمىدىن 145 ى قويۇلدى.

نى يۈشىن

## شىنجاڭدا 5 - تۈركۈمدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقى قوغدىلىدىغان ئورۇنلار ئېلان قىلىندى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2003 - يىل 2 - ئايدا «5 - تۈركۈمدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى قوغدىلىدىغان ئورۇنلارنى ئېلان قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى، بۇ «ئۇقتۇرۇش» تا 64 جايدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقى قوغدىلىدىغان ئورۇن «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى قوغدىلىدىغان ئورۇن» دەپ ئېلان قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 27 سى قەدىمكى خارابىلىك، 20 سى قەدىمكى قەبرە، 13 ى قەدىمكى ئىمارەت، 4 ى تاش ئويما.

نى يۈشىن

### قوشۇمچە:

5 - تۈركۈمدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى قوغدىلىدىغان ئورۇنلار

قەدىمكى خارابىلىكلەر (27 جايدا)

يېڭى، كونا كۆرە قەدىمكى شەھىرى خارابىسى (قورغاس ناھىيىسىدە)، خودۇڭزى قارۇن خارابىسى (چاپچال ناھىيىسىدە)، شايان قارۇن خارابىسى (قورغاس ناھىيىسىدە)، سەكسەن تۆدۆڭ ئوت تۆرى خارابىسى (پىچان ناھىيىسىدە)، چىقتىم قەدىمكى شەھىرى خارابىسى (پىچان ناھىيىسىدە)، لەمجىن دادۇن خارابىسى (پىچان ناھىيىسىدە)، ئاسادۆڭ مۇھاپىزەت قەلئەسى خارابىسى (توقسۇن ناھىيىسىدە)، كۆك تور خارابىسى (توقسۇن ناھىيىسىدە)، ئۈزۈنبۇلاق خارابىسى قەبرىستانلىقى (تۆرپان شەھىرىدە)، چىچانسايدىكى تۆر خارابىسى (تۆرپان شەھىرىدە)، سىڭگىم يېزىسىدىكى تۆر خارابىسى (تۆرپان شەھىرىدە)، قوتانتۆر قەدىمكى شەھىرى خارابىسى (تۆرپان شەھىرىدە)، غازىياندۆڭ ئۆتىڭى I، I خارابىسى (قۇمۇل شەھىرىدە)، ئولاتاي خارابىسى (قۇمۇل شەھىرىدە)، قۇمۇل بەچىر خارابىسى (قۇمۇل شەھىرىدە)، كونا شەھەر سېپىلى (قۇمۇل شەھىرىنىڭ جەنۇبىي ئەتراپىدا)، شىدېقارىن مىكرولىت خارابىسى (قابا ناھىيىسىدە)، بەدەل تۆر (ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدە)، تۆڭگۈزباش قەدىمكى شەھىرى (توقسۇ ناھىيىسىدە)، مورىنتولغاي تاش قەلئە خارابىسى (مورى ناھىيىسىدە)، پوچېڭزى خارابىسى (مورى ناھىيىسىدە)، توققۇز قازناق خانىقا خارابىسى (قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە)، دۆۋىلىك خارابىسى (پوسكام ناھىيىسىدە)، ياۋىلىق خارابىسى (قەشقەر شەھىرىدە)، ياغاچئايۋان خارابىسى (يوپۇرغا ناھىيىسىدە)، ياقوتان مىكرولىت خارابىسى (قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە)، توغراتاغ بۇددا دىنى خارابىسى (مارالبېشى ناھىيىسىدە).

قەدىمكى قەبرىلەر (20 جايدا)

شارغىجىن قەدىمكى قەبرىستانلىقى (توققۇزتارا ناھىيىسىدە)، قوڭىردۆڭ قەدىمكى قەبرىستانلىقى (توققۇزتارا ناھىيىسىدە)، گۈرتۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقى (شىخو شەھىرىدە)، سازدىكى تۆپە قەبرىلەر (تولى ناھىيىسىدە)، يېڭىمازار قەبرىستانلىقى (قاراقاش ناھىيىسىدە)، ئۈسۈتېبىگجېن قەدىمكى قەبرىستانلىقى (ئارشاڭ ناھىيىسىدە)، ئارشات دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىق (ئارشاڭ ناھىيىسىدە)، خۇاڭگۇڭىنىڭ جەنۇبىدىكى تۆپە قەبرىستانلىقى (جىڭ ناھىيىسىدە)، ياڭخې قەدىمكى قەبرىستانلىقى (پىچان ناھىيىسىدە)، كورجەي قەدىمكى قەبرىستانلىقى (توقسۇن ناھىيىسىدە)، ئاداق قەبرىستانلىقى (ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە)، ئاراتۈرۈك بەچىر قەبرىستانلىقى (ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە)، دوگان قەدىمكى قەبرىستانلىقى (باي ناھىيىسىدە)، قۇلانساراق قەدىمكى قەبرىستانلىقى (ئاقچى ناھىيىسىدە)، ھەبىب ئەزىم مازىرى (ئاتۇش شەھىرىدە)، دومۇلاقتۆپە قەدىمكى قەبرىستانلىقى (ماناس ناھىيىسىدە)، خوجا مۇھەممەد شېرىپ مازىرى (يەكەن ناھىيىسىدە)، بەيس ھاكىمبەگ مازىرى (يەكەن ناھىيىسىدە)، ئىسكەندەر ۋاڭ مازىرى (قەشقەر شەھىرىدە)، ھابدىمۇھەممەد مازىرى (يەكەن ناھىيىسىدە).

قەدىمكى ئىمارەتلەر (13 جايدا)

جاقۇچىنىرۇ ئىلاھە ئىبادەتخانىسى (چاپچال ناھىيىسىدە)، سۇنجاچىنىرۇ گۇەندى ئىبادەتخانىسى (چاپچال ناھىيىسىدە)، سۇيدۇڭ شەنشى جامەسى (قورغاس ناھىيىسىدە)، بايانغو چېڭخۇا ئىبادەتخانىسى (شىخو شەھىرىدە)، چاۋيالڭ راۋنقى (ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «خەلق» باغچىسىدا)، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى باش كونسۇلخانىسىنىڭ خىزمەت بىناسى (ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «تەڭرىتاغ» رايونىدا)، لۈكچۈن ۋاڭى ئوردىسى (پىچان ناھىيىسىدە)، شەنشى مەسچىتى (قۇمۇل شەھىرىدە)، يېڭى مەدرىسە (قۇمۇل شەھىرىدە)، كۇچا جامەسى (كۇچا ناھىيىسىدە)، شەنشىلىك كەسپداشلار ئۇيۇشمىسى بىناسى (ماناس ناھىيىسىدە)، ئىنقىلابىي قۇربان لىن جىلۇ خاتىرە ئۆيى (كۇچا ناھىيىسىدە)، خانلىق مەدرىسە (قەشقەر شەھىرىدە).

تاش ئويمىلار (4 جايدا)

بارداقول قىياتاش رەسىملىرى (چاغانتوقاي ناھىيىسىدە)، ئاقتاغ تاش ئويمىلىرى (قۇمۇل شەھىرىدە)، جېياۋگۇ تاش ئويمىلىرى (قۇمۇل شەھىرىدە)، تاتقوشقۇلاس تاش ئويما رەسىملىرى (جېمىنەي ناھىيىسىدە).

## بارىكۆل ناھىيىسى «مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەت مەدەنىيەت

يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باھالاپ تاللىشى ئارقىلىق، تۆنجى تۈركۈمدىكى مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيىلەر 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بېيجىڭدا ئېلان قىلىندى، شىنجاڭدىن بارىكۆل ناھىيىسى بۇ ئىلغار ناھىيىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

نى يۈشىن

## مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قوغدىلىدىغان نۇقتىلىق ئورۇنلارنىڭ قوغداش مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، جىمسار ناھىيىسىدىكى بېشبالىق قەدىمكى شەھىرىنىڭ 1:500، 1:200 ۋە 1:2000 ماسشتابلىق يەر تۈزۈلۈشى خەرىتىسىنى ئۆلچەپ سىزىپ چىقتى، بۇ، مەملىكىتىمىزدە تۇنجى قېتىم ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ئۆلچەش - سىزىش بىلەن يەر تۈزۈلۈشى خەرىتىسىنى ئۆلچەش - سىزىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن چوڭ خارابىلىكنى ئۆلچەش - سىزىش ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بېشبالىق قەدىمكى شەھىرىنى سىم قاشا ئارقىلىق قوغداش تۈرى ئاساسەن تاماملىنىپ، 4800 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا مۇداپىئە قاشاسى ئورنىتىلدى.

كروران قەدىمكى شەھىرىنى قوغداش مۇئەسسەسەسى تۈرى 2003 - يىل 3 - ئايدا ئاساسەن تاماملاندى. بۇ تۈردە كرورانىنى قوغداش پونكىتى، يىڭپەننى قوغداش پونكىتى، ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسى ئورنىتىش، قوغداش قاشاسى ئورنىتىش قاتارلىق تۈرلەر تاماملاندى. قوغداش مۇئەسسەسەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق كروران قەدىمكى شەھىرىگە قانۇنسىز كىرىش ئەھۋالى دەسلەپكى قەدەمدە چەكلەندى.

سۇ باش بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىگە سىم قاشا ئورنىتىش تۈرى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە تولۇق تاماملاندى. سۇ باش بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىگە سىم قاشا ئورنىتىش تۈرى شەرقىي ئىبادەتخانا ۋە غەربىي ئىبادەتخانا ئەتراپىغا سىم قاشا ئورنىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، خارابە ئەتراپى پۈتۈنلەي قامال قىلىنىپ، سۈنئىي بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە قانۇنسىز بۆسۈپ كىرىش ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى.

ب د ت مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى 1 مىليون 250 مىڭ دوللار ياردەم بەرگەن قۇمتۇرا مىڭئۆيىنى ئاسراش ۋە رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىدا يەر تۈزۈلۈشى خەرىتىسىنى ئۆلچەش - سىزىش ۋە ئايروپىلان ئارقىلىق ئۆلچەش (قىزىل مىڭئۆيمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، يېقىن ئارىلىقتىن سۈرەتكە تارتىش، گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ھەم قۇرۇلۇشنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، تاغ جىنىس گەۋدىسىنى سوزۇش - تارتىش سىنىقى، خەتەرلىك ئۆڭكۈرلەرنى تەكشۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەر دەلىللەش، تاغ جىنىس قاتلىمىنى مۇستەھكەملەش ماتېرىياللىرىنى سىناق قىلىش، مىكرو كلىمات مېتېئورولوگىيە پونكىتى قۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەر تاماملاندى.

نى يۈشىن

## تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە ساياھەتچىلىك ئومۇمىي گەۋدە پىلانى ئېلان قىلىندى

جۇڭگو بىناكارلىق تارىخى تەتقىقات ئورنى ۋە جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە تۈزگەن، مەملىكەت بويىچە پىلانلاش كۆلىمى ھەممىدىن كەڭ بولغان «تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە ساياھەتچىلىك ئومۇمىي گەۋدە پىلانى» گوۋۇيۈەن بەرگەن ھوقۇققا بىنائەن دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ ماقۇللاندى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بۇ پىلانىنىڭ يولغا قويۇلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ، گوۋۇيۈەن بەرگەن ھوقۇققا بىنائەن ئالاقىدار تارماق تەرىپىدىن تەشكىللىنىپ تۈزۈلگەن تۇنجى چوڭ تىپتىكى ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى رايونىنى قوغداش ئومۇمىي گەۋدە پىلانى ھېسابلىنىدۇ.

نى يۈشىن

## يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ كۆزىتىش پەشتىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئاسراش - رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى

يارغول قەدىمكى شەھىرى تارىخى 2000 يىلدىن ئاشىدىغان، ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان مەركىزىي شەھەر خارابىسى بولۇپ، قەدىمكى زامان بىناكارلىق سەنئىتىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئەمما، شەھەر ئىچىدىكى كۆزىتىش پەشتىقىنىڭ خارابىسى بورانىنىڭ يالىشى ۋە قۇياش نۇرىنىڭ كۆيدۈرۈشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغانىدى. تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى تەستىقلىغان لايىھە بويىچە ۋە «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مەۋجۇت ھالىتىنى ئۆزگەرتمەسلىك» پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئۇنى مۇستەھكەملەش

ۋە ئاسراش - رېمونت قىلىشنى تەشكىللىدى. مۇستەھكەملەش ۋە ئاسراش - رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى دەسلەپتە (دۆلەتنىڭ) تەتقىقات يۈرتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئېلىشىغا مەركىزى ئۈستىگە ئالدى.

نى يۈشىن

## پوست بەلدىر قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قېزىش ئەھۋالى

پوست بەلدىر ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تاشقورغان ناھىيىسىدىكى پوست بەلدىر سۇچىلىق تۈگۈن قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىش يۈزىسىدىن (2003 ـ، 2004 - يىللىرى سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ ئاستىدا قالىدىغان رايونى ئىچىدە ھازىر بار 13 ئورۇندىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ، 132 قەدىمكى قەبرىنى قۇتقۇزۇش - تازىلاشقا توغرا كېلەتتى، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش كۆلىمى 2000 كۋادرات مېتىرغا يېتەتتى) تاشقورغان دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى I ، I ، II ، IV ، VI نومۇرلۇق قەبرىلەرنى قازدى. بۇ جەرياندا 150 قەبرە قېزىلدى، ئۇلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش كۆلىمى 200 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بىر ئۆينىڭ ئۇلى قېزىلدى، بۇنىڭ 17 سى I نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتا، 118 ى I نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتا، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش كۆلىمى 150 كۋادرات مېتىر، ئۆي ئۇلى بىر، 2 سى II نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتا، 7 سى V نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتا، 6 سى VI نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتا.

كۆپ قىسىم قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە تاش دۆۋىلىنىپ بەلگە قىلىنغان. بەلگە قىلىشتا ئاساسەن، مۇشۇ ئەتراپتىكى تاغدىن ئېلىپ كېلىنگەن قارا قوڭۇر رەڭلىك سلانېتس ئىشلىتىلگەن، بىر قىسمىغا يىرىك شېغىل ئىشلىتىلگەن. بۇنى دەسلەپكى قەدەمدە تاش دۆۋىلەنگەن قەبرە، ئەتراپى تاش بىلەن قورشىلىپ تاش دۆۋىلەنگەن قەبرە ۋە ئەتراپى تاش بىلەن قورشالغان قەبرىدىن ئىبارەت 3 خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ. تاش دۆۋىسى ئادەتتە كىچىكرەك ۋە پەس بولۇپ، چوڭىنىڭ دىئامېتىرى 10 مېتىر، ئېگىزلىكى 0.9 مېتىر، كىچىكىنىڭ دىئامېتىرى 0.5 مېتىر، ئېگىزلىكى 0.3 مېتىر كېلىدۇ. ئەتراپى تاش بىلەن قورشىلىپ تاش دۆۋىلەنگەن قەبرىدىن ئەڭ چوڭ بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 8 مېتىر، ئېگىزلىكى 0.3 مېتىر كېلىدۇ. ئەتراپى تاش بىلەن قورشالغان قەبرىدىن چوڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.3 مېتىر، كەڭلىكى 2.5 مېتىر كېلىدۇ.

قەبرىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكىدە جەسەت يەرگە دەپنە قىلىنغان، لەھەت تاش دۆۋىسىنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشقان. ئاز ساندىكى قەبرىلەردە لەھەت يوق. لەھەت كۆپىنچە يۇمىلاق بۇلۇڭلۇق، تىك تۆت تەرەپلىك بولۇپ، تىك كولانغان. يەنە ئاز ساندا تىك كولانغان لەھەت، تىك تۆت تەرەپلىك تىك كولانغان لەھەت، يۇمىلاق شەكلىدە تىك كولانغان لەھەتلەرمۇ بار. دەپنە قىلىش شەكلىدە يۈت - قولى يىغىلىپ يېنىچە ياتقۇزۇلۇپ دەپنە قىلىش ئاساس قىلىنغان، مېيىتنىڭ كۆپىنچىسى بىر قېتىم، يالغۇز دەپنە قىلىنغان، ئاز ساندىكى قەبرىلەردە جەسەت بىلەن جەسەت كۆلى قوشۇپ دەپنە قىلىنغان. ئاز ساندىكىلىرىگە قورال - سايمان قوشۇپ دەپنە قىلىنغان، لەھەت ئاغزى ۋە تېگىگە بىر قەۋەت پاخال ياتقۇزۇلغان. بەزى گۆرلەرنىڭ ئاغزى تاش ياكى ياغاچ بىلەن يېپىلغان، بەزىلىرىگە ئاددىي تاختىپۇش ياكى ساندۇق شەكلىدىكى ياغاچ ئۆكەك قويۇلغان، جەسەتكە قوشۇپ دەپنە قىلىنغان نەرسىلەر كۆپىنچە جەسەتنىڭ باش تەرىپىگە قويۇلغان، قوشۇپ دەپنە قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمى قوي، ئات قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى ۋە ياغاچ قاتارلىق مېۋىلەر. جەسەت كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىنغان قەبرىلەرنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئاز راق. يەر ئۈستىگە تاش دۆۋىلەنگەن ياكى ئەتراپى تاش بىلەن قورشالغان. جەسەت سۆڭىكى يەر ئۈستىگە قويۇلۇپ ياكى لەھەت ئىچىگە ئېلىپ كىرىلىپ كۆيدۈرۈلگەن، بەزىلىرىدە قوشۇپ دەپنە قىلىنغان نەرسىلەرمۇ بىللە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

قوشۇپ دەپنە قىلىنغان نەرسىلەر بىرقەدەر ئاز، تۈرىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا يەر ئاستىدىن 175 دانە (يۈرۈش) مەدەنىيەت يادىكارلىقى قېزىۋېلىندى (يىغىۋېلىندى)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى ساپال، ياغاچ، مىس، تۆمۈر، تاش قاپاق، توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى، خۇرۇم - پاخال ياسالمىلىرى، ئەينەك سايمانلار قاتارلىقلار بار، بۇلاردىن سىرت، ئىگەر، ساداق قاتارلىق بىرىكمە سايمانلارمۇ بار. بۇنىڭدا ساپال بۇيۇملار ئاساس قىلىنغان، ئاساسلىقى، كومزەك، تەشتەك، جام، ھېجىر، قازان قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ياغاچ سايمانلار ئىچىدە لېگەن، تەشتەك، كومزەك، توقۇش سايمانلىرى قاتارلىقلار بار. مىس بۇيۇملار پۈتۈنلەي زىننەت بۇيۇمىدىن ئىبارەت، بۇنىڭ ئىچىدە بىلەيزۈك، ھالقا، پۈت زەنجىرى، ئۈزۈك قاتارلىقلار بار.

بۇ قەبرىلەر دەپنە قىلىنىش شەكلى ۋە تۈزۈلۈشى، دەپنە قىلىنىش ئورنى ۋە ئۇسۇلى، يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان سايمان - بۇيۇملار قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇنىڭدىن سىرت، مەزكۇر قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان جەسەت سۆڭەكلىرىنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكى روشەن بولۇپ، ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتىدا خېلى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. دەسلەپكى قەدەمدە پەرەز قىلىنىشىچە، بۇ قەبرىلەرنىڭ دەۋرى ئەمىنىيە ۋە يېغىلىق دەۋرلىرىگە توغرا

كېلىدىكەن.

نى يۈشىن

## تېكەس ناھىيىسىدىكى قاپچىغاي سۇ ئامبىرى رايونىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئارخېئولوگىيە فاكۇلتېتى بىلەن بىرلىكتە 2003 ـ يىلى تېكەس ناھىيىسىنىڭ قاپچىغاي سۇ ئامبىرى رايونىدىكى 225 قەبرىنى ئارخېئولوگىيىلىك قازدى، قېزىش داۋامىدا بۇ قەبرىلەرنىڭ ئەھۋالى بىرقەدەر مۇرەككەپ ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. A : چوڭ تېپلىق تۆپە قەبرە. يەر ئۈستىدىكى قاپلىما دۆۋىلەرنىڭ دىئامېتىرى 15 مېتىردىن 50 مېتىرغىچە، ئېگىزلىكى بىر مېتىردىن 6 مېتىرغىچە كېلىدۇ، ئادەتتە قاپلىما دۆۋىلەرنىڭ ئەتراپى 2 قاتار تاش بىلەن قورشالغان، گۆر ئاغزىدا تاش دۆۋىسى بار، يەر ئاستىدا تىك كولانغان توپا گۆر ياكى لەھەت بار؛ B: كىچىك تېپلىق توپا ـ تاش دۆۋىلەنگەن قەبرە. يەر ئۈستىدىكى قاپلىما دۆۋىلەرنىڭ دىئامېتىرى 10 مېتىردىن 15 مېتىرغىچە، ئېگىزلىكى بىر مېتىر كېلىدۇ، يەر ئاستى لەھەتتىن ئىبارەت؛ C: تاش دۆۋىلەنگەن قەبرە. يەر ئۈستىدىكى يۇمىلاق شەكىلدىكى تاش دۆۋىسىنىڭ دىئامېتىرى 10 مېتىر ئەتراپىدا، ئېگىزلىكى 0.5 مېتىر، يەر ئاستىدا لەھەت بار؛ D: تاش دۆۋىلەنگەن تاش ئۆكەكلىك قەبرە. يەر ئۈستىدىكى تاش دۆۋىلىرىنىڭ دىئامېتىرى 10 مېتىر ئەتراپىدا، يەر ئۈستىدىن 0.1 مېتىردىن 0.4 مېتىرغىچە كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، يەر ئاستىدا تىك كولانغان تاش ئۆكەك بار.

جەسەتكە قوشۇپ دەپنە قىلىنغان نەرسىلەر خېلى كۆپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ساپال كومزەك، ساپال جام، ساپال قاچا، ساپال تەشتەكلەر بار. ساپال كومزەكتىن 65 ى قېزىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە گۈللۈك ساپال قاچا 2، رەسىم ـ سىزىق سىزىلغان ساپال قاچا 2. مىس بۇيۇملار ئىچىدە قاچا، بىگىز، ئەينەك، قوشغۇراق، يا ئوقىنىڭ ئۇچى، هالقا قاتارلىقلار بار. بولۇپمۇ بىر مىس ئەينەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ چىقىرىلغان ئارقارنىڭ دۈگىلەك ھەيكىلى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى ئېسىل بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا، تۆمۈر پالتا، تۆمۈر ئۈزەڭگە، تۆمۈر خەنجەرلەرمۇ ياخشى ساقلانغان. تاش قورallar ئىچىدە تۈگمەن تېشى، تاشتىن ئىشلەنگەن گىرىم تاپىقى ۋە گىرىم تاپىقىنىڭ قۇتىسىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. يەنە گۈللۈك سۆڭەك سايمان قاتارلىقلار بار.

قەبرىلەرنىڭ يەر ئۈستىدىكى شەكلى، جايلىشىش قانۇنىيىتى، دەپنە قىلىنىش ئەندىزىسى ۋە جەسەتكە قوشۇپ دەپنە قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ قېتىم قېزىلغان قەبرىلەرنىڭ دەۋرى كۆپىنچە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىردىن مىلادىيە II ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىققا مەركەزلەشكەن، بەزى تاش دۆۋىلەنگەن قەبرىلەرنىڭ دەۋرى مىلادىيە III ـ IV ئەسىرلەرگىچە داۋاملاشقان بولۇشى ئېھتىمال. تارىخىي ھۆججەتلەردە يېزىلىشىچە ۋە ئىگىلەنگەن ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، بۇ قەبرىلەر خەن سۇلالىسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ساكلار ـ ئۇيسۇنلاردىن قالغان بولۇشى مۇمكىن.

نى يۈشىن

## كروران رايونىدىكى ئوغرىلانغان قەبرىلەر رەتلەندى ۋە قېزىلدى

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت ـ يادىكارلىقلىرى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى 2003 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى (ئوغرىلانغان قەبرىلەردىكى) مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى ۋە ھازىرقى ساقلىنىش ئەھۋالىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈش داۋامىدا ئوغرىلانغان گۆرلەرنى نۇقتىلىق ئارخېئولوگىيىلىك رەتلەپ ۋە قېزىپ، كروران رايونىدا ئۇزۇن قەبرە يولىدا تام سىزمىلىرى بار ئۆڭكۈر قەبرىنى تۇنجى قېتىم بايقىدى.

بۇ قەبرە چاقىلىق ناھىيىسىدىكى تىكەنلىك يېزىسىنىڭ 320 كىلومېتىرچە شەرقىگە جايلاشقان، جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شىمالىي پاراللېل 40°41′ قا، شەرقىي مېرىدىئان 90°07′ قا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەتراپ مەشھۇر «ئاق ئەجدىھا چۆللۈكى» دىكى توپىسى يىمىرىلگەن چوڭ تۆپىلىكنىڭ جەنۇبىي چېتىگە توغرا كېلىدۇ، تۆپىلىك شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا يۆنەلگەن بولۇپ، ئېگىزلىكى 10 مېتىردىن 20 مېتىرغىچە كېلىدىغان چوڭ ياردىڭ يەر تۈزۈلۈشى بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن. قەبرىستانلىقنىڭ 23 كىلومېتىرچە جەنۇبىغا كروران قەدىمكى شەھىرى (LA)، 4 كىلومېتىرچە شەرقىي جەنۇبىغا ھازىرغا قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ كەلگەن IE چاسا شەھىرى جايلاشقان.

بۇ قەبرە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 76 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 30 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 20 مېتىر كېلىدىغان تۆپىلىكنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، تۆپىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدۇق ئېگىزلىكى تەخمىنەن 2 مېتىر، تېگىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 2 مېتىر كېلىدىغان مۇنار شەكىللىك كېسەك ئىمارەت ساقلىنىپ قالغان. قەبرە يولىنىڭ ئاغزى تۆپىلىكنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى يانتۇلۇقتىن ئېچىلغان (لەھەت ئىشىكىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن قەبرە

ئوفرىلىرى بىر تۆشۈك ئاچقان)، قەبرە يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدى تەرىپى تار، كەينى تەرىپى كەڭ ئېلىنغان، قەبرە يولىنىڭ ئاستىدىكى خام توپىلىق تۆپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئېچىلغان، لەھەت ئالدىنقى لەھەت، كېيىنكى لەھەتتىن تەركىب تاپقان (ھەر ئىككىلا لەھەت قەبرە ئوفرىلىرى تەرىپىدىن ئېچىۋېتىلگەن). ئالدىنقى لەھەتنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 4 مېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى 3.5 مېتىر، ئېگىزلىكى 1.7 مېتىر، تۆپىسى تەكشىدەك كۆرۈنىدۇ، ئوتتۇرىسىغا يۇمىلاق شەكىلدىكى مەركىزىي تۈۋرۈك چىقىرىلغان، كېيىنكى لەھەت كىچىكرەك بولۇپ، شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرى 2.8 مېتىر، بۇنىڭمۇ تۆپىسى تەكشى، گۈر ئاستى تۈزلەنگەن، يەر ھاك بىلەن سۇۋالغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئالدىنقى لەھەت ۋە كېيىنكى لەھەتنىڭ 4 تەرىپىدىكى تامغا تام سىزمىلىرى سىزىلغان، تام سىزمىلىرى قېلىنلىقى تەخمىنەن 0.5 سانتىمېتىر كېلىدىغان سامانلىق لاي بىلەن سۇۋالغان تامغا سىزىلغان. ئالدىنقى لەھەت ئىشىكىنىڭ سول يېنىغا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان بىر ئادەمنىڭ يېنىچە تۇرغان رەسىمى سىزىلغان، ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا تىزلىنىپ تۇرغان سېغىنغۇچىنىڭ رەسىمى سىزىلغان (باش رەسىمى تۇتۇق چىققان، بۇ، مۇشۇ لەھەتتىكى تام رەسىملىرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى). ئىشىكنىڭ ئوڭ يېنىغا بىر مۆڭگۈزلۈك ھايۋاننىڭ رەسىمى سىزىلغان (كالىغا ئوخشاپ كېتىدۇ). شەرق تەرەپتىكى تامغا 6 ئادەمنىڭ ئوبرازى سىزىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە بەزىسى ئۇزۇن ساقال - بۇرۇت قويغان، بەزىسى قولىدا ئولتۇرغۇچلۇق جام تۇتۇپ تۇرغان، بەزىسى چىنە تۇتۇپ تۇرغان، بەزىسى بىر قولى بىلەن قانداقتۇر بىر نېمىنى تۇتۇۋالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ بار، كىيىۋالغان يۇزۇر كىيىم - كېچەكلىرىدىن قارىغاندا، چارۋىدارنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەندەك قىلىدۇ، ئەمما، بويىقى سويۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەن ياكى بىر قەۋەت لاي چاپلاپ قويۇلغان بولسا كېرەك. بېشى ئېنىق كۆرۈنمەيدۇ. غەرب تەرەپتىكى تامغا بىر ئاق، بىر قىزغۇچ تۆگىنىڭ چىشلىشىۋاتقان رەسىمى سىزىلغان، ئاق تۆگە بىلەن قىزغۇچ تۆگە بىر - بىرىنىڭ كەينى پۇتىنى چىشلەپ تۇرغان، 2 تۆگىنىڭ ئارقىسىدا قولىدىكى ئۇزۇن تاياقنى تۆگىنىڭ ئاغزىغا توغرىلاپ، تۆگىلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان 2 ئادەمنىڭ ئۆرە تۇرغان رەسىمى بار. شىمال تەرەپتىكى تامدىكى ئىشىكنىڭ ئوڭ يېنىغا ئۆرە تۇرغان بىر ئادەمنىڭ رەسىمى سىزىلغان، سول يېنىغا ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرگەن، ئارقا پۇتلىرىنى يەرگە تىرەپ تۇرغان بىر ئاتنىڭ رەسىمى سىزىلغان، ئاتنىڭ ئۇدۇلىغىمۇ بىر ئادەمنىڭ رەسىمى سىزىلغاندەك قىلىدۇ، ئەمما ئادەم ئېنىق كۆرۈنمەيدۇ. مەركىزىي تۈۋرۈكنىڭ دىئامېتىرى 50 سانتىمېتىر بولۇپ، ئاستى تەرىپى چاسا شەكىلدە چىقىرىلغان، تۈۋرۈككە دۈگىلەك شەكىلدە دارما چاكىرانىڭ رەسىمى سىزىلغان.

لەھەت ۋە قەبرە يولىدىكى توپىنى تازىلاش داۋامىدا ئاز ساندىكى جەسەت سۆڭىكى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالدى، جەسەت سۆڭەكلىرىنىڭ ئىچىدە باش سۆڭىكى بايقالدى، بەزى ئۇزۇن سۆڭەكلەردە تېرە - گۆش قالدۇقى ساقلىنىپ قالغان، بۇلاردا يېرىلغان ئىزلار بار. ئۆكەك ياغاچلىرى يۇتۇنلەي ساندۇق شەكلىدىكى ياغاچ ئۆكەكلەر بولۇپ، تۆپىسىگە چېدىر شەكلىدە ياسالغان قاپقاق يېپىلغان بىر ئۆكەك مۇكەممەل ساقلانغاننىڭ سىرتىدا، قالغانلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن، بۇلارنى بىرىكتۈرۈپ ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈش تەس، دەسلەپكى قەدەمدە كۆزىتىلىشىچە، مۇنداق ئۆكەكتىن تەخمىنەن 4 - 5 ى بار ئىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە 2 ئۆكەكنىڭ مۇكەممەل رەڭلىك قاپقىقى بار، بۇنىڭ بىرى چوڭ، بىرى كىچىك، كىچىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئازكەم بىر مېتىر، بۇ، كىچىك بالىنىڭ ئۆكىكىدەك قىلىدۇ، ئۇنىڭغا موكا شەكلىدىكى چوڭ كاتەكچە نەقىش چۈشۈرۈلگەن، شالاڭ بۇلۇت، ئوت - چۆپ يوپۇرماقلىرى سىزىلغان بولۇپ، رەڭگى ئوچۇق بېرىلگەن. بەزى ئۆكەك تاختايلىرىدىكى پاختا رەختكە سىزىلغان ئۇزۇنچاق ئەلەم رەسىمىنىڭ پارچىلىرى ساقلىنىپ قالغان، شايىغا سىزىلغان رەسىم پارچىلىرىمۇ ساقلىنىپ قالغان، بۇلار ئۆكەك ئۈستىگە ئۇششاق مىق بىلەن مىقلانغان. بۇنىڭدىن سىرت، پاختا، يىپەك، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرىمۇ بايقالدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە رەڭلىك يۇڭ ئەديال، شايىغا سىزىلغان رەسىم پارچىلىرى ھەم بۇلۇت شەكلى، ئۆسۈملۈك شەكلى چۈشۈرۈلگەن كەشتىلەر ۋە رومبا شەكلىدىكى كاتەكچە سىزىلىپ توقۇلغان كىمخابلار بار. يەنە ياغاچ ئاياغ، رەڭلىك يا ئوقى، كۆن سومكا، قۇراق ئېگەر (ئاخىرەتلىك بۇيۇم)، پىل چىشىدىن ئىشلەنگەن سۈزگە، ياغاچ تاغاق قاتارلىقلار بار. دەپنە قىلىنىش ئەھۋالى ۋە تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىشتىن قارىغاندا، بۇ قەبرىنىڭ دەۋرى دەشتئاتا ۋە تۇرپان ۋىلايىتىدىن تېپىلغان تام سىزمىلىرى بار قەبرىلەرنىڭكىگە يېقىن كېلىدۇ، تەخمىنەن II ئەسىر بىلەن IV ئەسىرنىڭ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ.

ني يۈشىن

## نىلقا ناھىيىسىدىكى جىرىنتاي سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ ئاستىدا قالىدىغان رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان قېزىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە

دەسلەپكى قەدەمدە تەھلىل قىلىنىشىچە، كىچىك دەريا قەبرىستانلىقىدىكى قوم بارخانى ئۇزاق ۋاقىتلار داۋامىدا جەسەتنى داۋاملىق دەپنە قىلىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن، ئاز دېگەندە 4 قاتلامدىن ئارتۇق قەبرىلەر بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى ئورۇنلاشقان، قوم بارخانىدىكى ياغاچ تۈۋرۈك دەسلەپتە ئالاھىدە دەپنە قىلىنغان قەبرىلەرنىڭ پاسىل بەلگىسى بولسا كېرەك، 2 ياغاچ قاشاتام بولسا، ھەرخىل قەبرە رايونلىرىنىڭ چېگرىسى بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى چاغلاردىكى دەپنە قىلىنىش ئۇسۇلى دەسلەپكى چاغلاردىكى دەپنە قىلىنىش ئۇسۇلىنى بۇزۇپ تاشلىغان، شۇنىڭ بىلەن قەبرىستانلىقتا دەسلەپ دەپنە قىلىنغان جەسەتلەر دەپنە قىلىنىش ئۇسۇلى جەھەتتە بىرمۇنچە ئورتاقلىقلارغا ئىگە قىلىنغان. كاربون 14 ئوكسىدى ئارقىلىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، قەدىمكى قەبرىلەر ئازگىلىدىكى 1 - خىلدىكى قەبرىلەرنىڭ مۇتلەق دەۋرى بۇنىڭدىن 3800 يىل ئەتراپىدا ئىلگىرىگە توغرا كېلىدىكەن، كىچىك دەريا قەبرىستانلىقىدىن يىغىۋېلىنغان يۇڭ توقۇلمىلار (ئەڭ يۇقىرى قاتلامدىن چىققان يادىكارلىقلار) نىڭ كۆپ قىسمى قەدىمكى قەبرىلەر ئازگىلىدىكى ئۇسۇملۇكلەردىن نەپىس ۋە ئىنچىكە ئىكەنلىكى، كەشتە نەقىش تېخنىكىسىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى، يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان پاخالدىن توقۇلغان سېۋەتلەردىكى نەقىشلەرنىڭ قەدىمكى قەبرىلەر ئازگىلىدىكى پاخالدىن توقۇلغان سېۋەتلەردىكى نەقىشلەردىن ئوخشاش ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، كىچىك دەريا قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرقى چېكى قەدىمكى قەبرىلەر ئازگىلىدىكى 1 - خىل قەبرىلەرنىڭ دەۋرىدىن كېيىن ئىكەنلىكى، يۇقىرى چېكىنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشاش بولۇشى ياكى تېخىمۇ بالدۇر بولۇشى ئېھتىمال ئىكەنلىكى دەسلەپكى قەدەمدە ھۆكۈم قىلىندى.

نى يۇشىن

## پىچاندىكى ياڭخى قەبرىستانلىقىنىڭ قېزىلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تەشكىللىگەن ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە پىچان ناھىيىسىدىكى تۇيۇق يېزىسى ياڭخى كەنتىنىڭ 2.5 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدىكى كۆلىمى 55 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان قەدىمكى قەبرىلەرنى تازىلىدى ۋە قازدى، بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي شىمالدىكى ( I نومۇرلۇق قەبرىستانلىق) نىڭ كۆلىمى 16 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى ( I نومۇرلۇق قەبرىستانلىق) نىڭ كۆلىمى 24 مىڭ كۋادرات مېتىر، جەنۇبىي بۆلىكىدىكى ( Ⅲ نومۇرلۇق



سۈرەتتە: ياڭخى قەبرىستانلىقىدىن 1987 - يىلى قېزىۋېلىنغان گۈللۈك ساپال قەدەھ. ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 19.5 سانتىمېتىر، تېگىنىڭ دىئامېتىرى 10.5 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 18.2 سانتىمېتىر، بۇ قەدەھ قوم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپالدىن ئىشلەنگەن، ئاستىغا كاناي شەكىللىك ئېگىز دۈگىلەك پۇت ئورنىتىلغان، سىرتىغا قىزىل رەڭلىك ساپال ئىشلىتىلىپ، قىزىل، قارا رەڭ بىلەن سىزما سىزىلغان. قەدەھ ئىچىگە «+» بەلگىسى سىزىلغان.
سۈرەتنى مەدەنىيەت نازارىتى تەمىنلىگەن.

قەبرىستانلىق) نىڭ كۆلىمى 15 مىڭ كۋادرات مېتىر. بۇلاردىن سىرت، غەرب، شىمال تەرەپلەردە يەنە بەزى لەھەتلىك قەبرىلەر ۋە قەبرە يولى يانتۇ بولغان ئۆڭكۈر قەبرىلەر ئۇ يەر-بۇ يەرگە ئورۇنلاشقان. بۇ قەبرىلەر X X ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا كارىز ئاسراش ۋە رېمونت قىلىش ۋاقتىدا بايقالغان، كېيىن بۇ قەبرىلەر ئۈزلۈكسىز تۈردە ئوغرىلىقچە قېزىلغان. 1981 - يىلى ئەتىيازدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئوغرىلىقچە قېزىش ھەممىدىن ئېغىر بولۇپ، ياڭخى كەنتىدىنلا 240 تىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقى يىغىۋېلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە نەپىس گۈللۈك ساپال قاچىلار ۋە برونزا بۇيۇملار ئاز ئەمەس. 2003 - يىلى ئەتىيازدا يەنە 40 قەدىمكى قەبرە ئوغرىلانغان، تۇتۇلغان قەبرە ئوغرىلىرىنىڭ قولىدىن يىغىۋېلىنغان سايمان-جابدۇقلار ئىچىدە ھايۋان شەكلى چۈشۈرۈلگەن ياغاچ چىلەك، تۆمۈر ئېغىز دۇرۇق، مىس قوڭغۇراق، ئوقيا، ساپال بۇيۇملار قاتارلىق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار. شۇنىڭ بىلەن دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياڭخى قەدىمكى قەبرىستانلىقى قۇتقۇزۇش خاراكتېرىدە تازىلانغان ۋە قېزىلغان.

تازىلاش ۋە قېزىش داۋامىدا 500 قەبرە تازىلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە I نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى قەبرە 220، II نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى قەبرە 200، III نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى قەبرە 80 (بۇ قەبرىلەرنىڭ ھەممىسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان). I نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ شىمالىي قىسمى، II نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان ئازكەم 1000 ئوغرىلانغان قەبرە قېزىلمىغان. ياڭخى قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىلەرنىڭ ئورۇنلىشىشى رەتلىك، زىچلىقى مۇۋاپىق بولۇپ، تۇرپان ئويمانلىقىدا بايقالغان تارىختىن ئىلگىرىكى ئەڭ چوڭ قەبرىستانلىق ھېسابلىنىدۇ. قېزىش داۋامىدا ئىسپاتلىنىشىچە، قەبرىستانلىق I نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ ئالدى قىسمىدىن تارتىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان، I نومۇرلۇق، II نومۇرلۇق قەبرىستانلىقلارمۇ شۇنداق بولغان. قەبرىلەرنىڭ شەكلى ئېللىپس شەكلىدە تىك كولاش، تىك تۆت تەرەپلىك قىلىپ 2 قەۋەت سۇپا چىقىرىش، تىك تۆت تەرەپلىك قىلىپ تىك كولاش، خالتىسىمان كولاشتىن تارتىپ تىك كولاپ ياندىن لەھەت كولاشقىچە بولۇپ، ئۆزئارا چەك باغلانغان، دەۋرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000 - يىلدىن سەل ئىلگىرىدىن تارتىپ مىلادىيىدىن سەل كېيىنكىچە بولۇپ، 1000 يىلدىن ئارتۇق ئىشلىتىلگەن. يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان سايمان - جابدۇقلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، قېزىلغان ۋە ئوغرىلانغان قەبرىلەردىن تېپىلغان گۈللۈك ساپال قاچا 500 دىن ئاشىدۇ، بۇلارنىڭ شەكلى ئۆزگىچە بولۇپ، روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە، ياغاچ جابدۇق، سۆڭەكتىن ياسالغان بۇيۇملار 500 دىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقيا، نەقىشلىك چاق، ئوقيا قېپىنىڭ تىرەك تاختىسى، گۈل ئويۇلغان ياغاچ چىلەك ۋە ئىپتىدائىي ھايۋانلارنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن باشقا ياغاچ جابدۇقلار، ئۇۋچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئەگرى چوماق، يىپەك، پاختا، يۇڭ توقۇلمىلار، كىيىم - كېچەك قاتارلىق نەرسىلەر مۇكەممەل ساقلانغان، بولۇپمۇ شىنجاڭدا ھەممىدىن بۇرۇنقى ئات يۈگىنى، خورۇمدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار ۋە ئىگەر - جابدۇق، تىك غوڭقا، لايدىن ياسالغان ئادەم ھەيكىلى، لايدىن ئىشلەنگەن شامالدۇرغۇچ، ئۈزۈم پىلىكىنىڭ ئەۋرىشكىسى، ئوقيا، خورۇم ۋە سۆڭەك تاختا، قۇرۇپ كەتكەن مۇكەممەل جەسەت قېزىۋېلىنغان.

ياڭخى قەبرىستانلىقىنى قېزىش ۋە كېيىنكى رەتلەش ئىشلىرى تۇرپان ۋىلايىتىدە ئىلمىي ئارخېئولوگىيە مەدەنىيەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشقا ياخشى ئاساس سېلىپ بەردى.

نى يۈشىن

## قەدىمكى زاماندىكى چوڭ تىپتىكى مىس تاۋلاش خارابىسى بايقالدى

2003 - يىل 9 - ئاينىڭ بېشىدا باي ناھىيىسىنىڭ چۆلتاغ تاغ تىزمىسى ئىچىدىكى بىر كىچىك ئويمانلىقتا قەدىمكى زاماندىكى بىر چوڭ تىپتىكى مىس تاۋلاش كېنىنىڭ خارابىسى بايقالدى.

بۇ خارابە باي ناھىيىسىدىكى چاچى بازىرىنىڭ تەخمىنەن 12 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، خارابىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 500 مېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى تەخمىنەن 100 مېتىر. خارابە ياخشى ساقلانغان، بۇزۇلۇش ۋە ئوغرىلىنىش ئىزلىرى يوق.

باي ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا ئۈزۈلمىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، تار ئۇزۇن بەلۋاغ شەكلىدىكى ئويمانلىق ھالىتىنى ئالغان، بۇ جاي قەدىمكى زاماندا كۇسەن بەگلىكىدىكى مەركىزىي رايونلارنىڭ بىرى ئىدى، بۇ ناھىيىنىڭ كان بايلىقى ئىنتايىن مول. ئالاقىدار تارىخ ماتېرىياللىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1000 - يىللار ئۆپچۆرىسىدە مەزكۇر رايون برونزا قورااللار دەۋرىگە قەدەم قويغان، سەل كېيىنكى ۋاقىتلاردا دەسلەپكى تۆمۈر قورااللار دەۋرىگە قەدەم قويغان. 3000 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان رۇدا تاۋلاش پائالىيىتى بۇ رايوندا ئىنتايىن مول رۇدا تاۋلاش خارابىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. 2003 - يىل 9 - ئايغىچە باي ناھىيىسى تەۋەسىدە رۇدا تاۋلاش خارابىسىدىن 11 ى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 6 سى مىس رۇدىسى ئېلىش ۋە تاۋلاش خارابىسى، 2 سى تۆمۈر رۇدىسى ئېلىش ۋە تاۋلاش خارابىسى، 3 ى ھەم مىس، ھەم تۆمۈر تاۋلاش خارابىسى، پۇل قۇيۇش خارابىسى، ئۈستى ئوچۇق نېفىتلىك خارابىسى. يېڭىدىن بايقالغان قەدىمكى زاماندىكى مىس تاۋلاش خارابىسى — شىنجاڭدا بايقالغان قەدىمكى زاماندىكى مىس تاۋلاش خارابىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ خارابىنىڭ بىرى.

خې شىن، يەن فېيفېي

# تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى

## تەزكىرىچىلىك خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدا ناھىيە (شەھەر، رايون) تەزكىرىسىدىن 11 ى، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسىپلەر تەزكىرىسىدىن بىرى نەشر قىلىندى، 3 تەزكىرە كىتابى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنىپ

نەشر قىلىندى، كەسىپلەر تەزكىرىسى، تارماقلار تەزكىرىسىدىن 20 خىلى نەشر قىلىندى؛ ئۆلكە دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال يىلنامىدىن 3 خىلى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال يىلنامىدىن 3 خىلى، ناھىيە (شەھەر، رايون) دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال يىلنامىدىن 3 خىلى، كەسىپلەر، تارماقلار يىلنامىسىدىن 6 خىلى نەشر قىلىندى؛ تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسىگە ئائىت تەتقىقات ماقالىسىدىن 61 ى، يىلنامە نەزەرىيىسىگە ئائىت تەتقىقات ماقالىسىدىن 13 ى ئېلان قىلىندى. 2 خىل تەزكىرە ژۇرنىلى (خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە) چىقىرىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل تىلىۋالدى 2003 - يىل 4- ئاينىڭ 4 - كۈنى ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىدىن قىلىنغان دوكلاتنى ئاڭلىدى ھەمدە تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بەردى. ئۇ يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي جەھەتتە مۇكەممەللىشىشى، خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، نامرات رايونلارنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش خىراجىتىگە ياردەم بېرىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشى لازىملىقىنى تەكىتلىدى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى 4 - ئاينىڭ 12- كۈنى « ‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەزكىرە، يىلنامە تۈزۈشنى باشقۇرۇش چارىسى› نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، جايلار، تارماقلاردىن بۇ باشقۇرۇش چارىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى 4 - ئاينىڭ 16 -، 17 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا، ئاساسەن تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، خىزمەتنى ۋاقتىنى تەتۈر ھېسابلاش ئۇسۇلى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ۋاقتىدا ئورۇنداش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى. يىغىنغا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە قىسمەن ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسىپلەر تەزكىرىسى تەھرىر ئىشخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ 107 كىشى قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، مۇئاۋىن رەئىسى نۇرلان ئابىلمەجىن يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭدا يېڭىچە تەزكىرە خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

2003 - يىلى تەزكىرە خادىملىرىدا ئۆزگىرىش چوڭراق بولدى، ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار تەزكىرە خىزمىتىنىڭ داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش يۈزىسىدىن تەزكىرە خادىملىرىنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە تەزكىرە خادىملىرىنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، شىدىن يۇقىرى ئورۇنلاردىكى تەزكىرە خادىملىرىدىن 60 نەچچىسى كۇرسقا قاتناشتى. شىنجاڭ رەڭلىك مېتال (گۇرۇھى) شىركىتى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى 2 كۈنلۈك تەزكىرە نەزەرىيىسى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى، تەزكىرە خادىملىرىدىن 20 نەچچىسى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى 10 كۈنلۈك تەزكىرىچىلىك ئاساس نەزەرىيىسى كۇرسى ئاچتى، ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەر ۋە ۋىلايەتلىك ئورگانلاردىكى تەزكىرە خادىملىرىدىن 64 كىشى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى 8- ئاينىڭ 27 - كۈنى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مىللەتلەر تەزكىرىسى» نى تۈزگۈچى خادىملارنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كەسىپلەر تەزكىرىسىنى تۈزۈشكە قاتنىشىدىغان 20 نەچچە ئادەم كۇرسقا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە 7 كۈن داۋام قىلغان 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە نەزەرىيىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىكى ۋە نازارەت، ئىدارىلەردىكى تەزكىرە خادىملىرىدىن 87 سى كۇرسقا قاتناشتى. كۇرستا ئاساسلىقى، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە دائىر تارىخىي تەرەققىياتى، مىللەت، دىن، چېگرا قاتارلىق مەسىلىلەرنى بايان قىلىش پرىنسىپى، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشنى تەشكىللەش خىزمىتى ۋە ئاساس نەزەرىيە بىلىملىرى ئۆگىنىلدى.

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى بىلەن ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىكتە تەزكىرىنى دۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەرنى باھالاش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. باھالاشقا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئىلمىي ماقالىدىن 34 ى تاپشۇرۇۋېلىندى، ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەردىن تەشكىل قىلىنغان باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئەستايىدىل باھالىشى ئارقىلىق، مۇكاپاتلىنىدىغان ئىلمىي ماقالىدىن 12 سى تاللاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 ئىلمىي ماقالە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 4 ئىلمىي ماقالە 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 6 ئىلمىي ماقالە 3 - دەرىجىلىك

مۇكاپاتقا ئېرىشتى، مۇكاپاتلانغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ ئاپتورلىرىغا گۇۋاھنامە ۋە مۇكاپات تارقىتىپ بېرىلدى.

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى 2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاشقا ئوبدان تەييارلىق كۆرۈش يۈزىسىدىن 2003 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ، 17 ـ كۈنلىرى 2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى بويىچە نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا تەتقىقاتتا نەتىجىگە ئېرىشكەن تەزكىرە خادىمىدىن 38 ى قاتناشتى. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك تەزكىرە ئىشخانىسى ۋە خۇ بېي ئۆلكىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتنىشىپ تەجرىبە تونۇشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىندى.

ليۇ دېرۇن

## يېقىندىن نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرى

داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلگەن «گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلار تەزكىرىسى» تۈنجى نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلار تەزكىرىسى» 1997 ـ يىلى نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئاخىرقى چېكى 1985 ـ يىلى توختىتىلغانىدى. داۋاملاشتۇرۇلۇپ تۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلار تەزكىرىسى» شىنجاڭدا 2 ـ نۆۋەت تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان تۈنجى تەزكىرە كىتابى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەزكىرە كىتابىنىڭ يۇقىرى چېكى 1986 ـ يىلدىن باشلىنىپ، ئاخىرقى چېكى 2000 ـ يىلى توختايدۇ، بۇ كىتاب 2003 ـ يىل 1 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ كىتاب 1 مىليون 800 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 8 قىسىم، 33 بابتىن تەركىب تاپقان، باش تۈزگۈچى ۋاڭ فۇتۇڭ. كىتابتا، ئاساسلىقى، شىنجاڭنىڭ گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلار ساھەسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، مەزكۇر تەزكىرىنىڭ بازار ئىگىلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ «2 ـ قېتىم ئىگىلىك تىكلەش» داۋامىدا ياراتقان كىشىنى ئىپتىخارلاندۇرارلىق نەتىجىلىرى بايان قىلىنغان.

ليۇ دېرۇن

«بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2003 ـ يىل 7 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، باش تۈزگۈچى سۈي شيەنلى. بۇ كىتاب 1 مىليون 426 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 42 قىسىمدىن تەركىب تاپقان. كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى ئىمكانقەدەر شەيئىلەر بارلىققا كەلگەن ۋاقىتتىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1999 ـ يىلى توختايدۇ. شەيئىلەرنىڭ مۇكەممەللىكىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە ئايرىم باب، پاراگرافلاردىكى بايانلار مۇۋاپىق كېڭىنگە سوزۇلغان. بۇ تەزكىرە كىتابىدا بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى سىستېمىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك، ئىلمىي ئاساستا بايان قىلىنغان. رايون ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش يۈزىسىدىن، تەزكىرە كىتابىدا «ئۇلۇڭگۈر كۆلى»، «بېلىقچىلىق» قىسىملىرى ئالاھىدە تەسىس قىلىنغان، بۇ قىسىملاردا ئۇلۇڭگۈر كۆلىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ھەم ئۇلۇڭگۈر كۆلى رايونى تايانچ قىلىنىپ بەرپا قىلىنغان كەسىپلەر تەپسىلىي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كىتابتا ئىدىيىۋىلىك، ئىلمىيلىك، ماتېرىيالچانلىق بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش يولىدا كۈچ سەرپ قىلىنغان. بىر قەدەر يۇقىرى پايدىلىنىش ۋە ساقلاش قىممىتىگە ئىگە، يەرلىك ئەھۋال ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ چوڭ تىپتىكى قورال كىتاب كىشىلەرنىڭ بۇرۇلتوقاينى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى بىلىش ۋە چۈشىنىشىدە پائال رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

«مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2003 ـ يىل 7 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، باش تۈزگۈچىلەر ۋاڭ شېڭبىڭ، شا يەنچىن. بۇ تەزكىرە كىتابى 950 مىڭ خەتلىك بولۇپ، يۇقىرى چېكى تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا، ئىمكانقەدەر شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىدىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1990 ـ يىلى توختايدۇ. ئاخىرقى چەك بىلەن كىتاب نەشر قىلىنغان ۋاقىت ئارىلىقىدىكى ماتېرىيال جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە تەزكىرە كىتابىدا داۋاملاشتۇرۇلۇپ تۈزۈلگەن قىسمى ئالاھىدە تەسىس قىلىنغان، بۇ قىسىمغا 1991 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە بولغان ماتېرىياللار كىرگۈزۈلگەن. بۇ تەزكىرە كىتابىدا مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق، ئىلمىي بايان قىلىنغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مورى ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان، دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن، بۇ كىتاب يەرلىك ئەھۋال ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قامۇس شەكلىدىكى چوڭ تىپتىكى ماتېرىيال

كىتاب ھېسابلىنىدۇ.

«چاغانتوقاي ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2003 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، باش تۈزگۈچىلەر جىياڭ جىيۇن، لى مىن. بۇ كىتاب 1 مىليون 80 مىڭ خەتلىك بولۇپ، يۇقىرى چېكى ئىمكانقەدەر شەيئىلەر پەيدا بولغان ۋاقىتتىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1990 - يىلى توختايدۇ. كىتابتا قىسىم، باب، پاراگراف، تارماقلار ئاساسىي رامكا، سۈرەت، بايان، تەزكىرە، جەدۋەل، تەرجىمىھال، ئۈزۈندە ئاساسىي بايان قىلىش شەكلى قىلىنىپ، ھازىرقىنى تەپسىلىي، قەدىمكىنى قىسقىچە بايان قىلىش، قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ چىڭ سۇلالىسىدىن بۇيانقى ئازكەم 300 يىل ۋاقىت ئىچىدىكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. كىتابتا ئىدىيىۋىلىك، ئىلمىيلىك ۋە ماتېرىيالچانلىقنى ئورگانىك ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا كۈچ سەرپ قىلىنغان، رايوننىڭ كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىلگەن. پايدىلىنىش قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان بۇ ماتېرىيال خاراكتېرلىك ئەسەر چاغانتوقاينى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش، رايوننىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ئارىشاڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2003 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، باش تۈزگۈچىلەر سۇڭ كېچياڭ، ۋاڭ پىڭ. بۇ كىتاب 1 مىليون 404 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 34 قىسىمدىن تەركىب تاپقان، كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى ئىمكانقەدەر شەيئىلەر پەيدا بولغان ۋاقىتتىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1995 - يىلنىڭ ئاخىرى توختايدۇ. كىتابتا قىسىم، باب، پاراگراف، تارماق قۇرۇلمىسى ئاساسىي رامكا قىلىنىپ، بايان، خاتىرە، تەزكىرە، جەدۋەل، سۈرەت، تەرجىمىھال، ئۈزۈندىلەر ئاساسىي بايان شەكلى قىلىنغان. بۇ تەزكىرە كىتابىدا تەپسىلىي ۋە ئېنىق ماتېرىياللار، ئەقىلگە مۇۋاپىق بەت ئورۇنلاشتۇرۇش، راۋان ئۇسلۇب ئارقىلىق ئارىشاڭ ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي مۇھىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر، جەمئىيەت ئىقتىسادىدىكى گۈللىنىش ۋە چۈشكۈنلىشىش، كۆتۈرۈلۈش ۋە پەسىيىش، تەبىئىي شارائىت ۋە خەلق ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىشلەر، كۈچلۈك مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە كۆرۈنەرلىك يەرلىك ئالاھىدىلىكلەر نامايان قىلىنغان. بۇ كىتاب ئارىشاڭ ناھىيىسىنىڭ يەرلىك ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان چوڭ تىپتىكى ماتېرىيال خاراكتېرلىك قورال كىتاب، شۇنداقلا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى دەرسلىك ھېسابلىنىدۇ.

«مايتاغ رايونى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2003 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، باش تۈزگۈچى فۇ يۈكۈن. بۇ تەزكىرە كىتابى 1 مىليون 200 مىڭ خەتلىك بولۇپ، يۇقىرى چېكى شەيئىلەر پەيدا بولغان ۋاقىتتىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 2000 - يىلنىڭ ئاخىرى توختايدۇ، رەڭلىك سۈرەتلەر 2002 - يىلنىڭ ئاخىرى توختايدۇ. كىتابتا قىسىم، باب، پاراگراف، تارماق ئاساسىي رامكا قىلىنغان، بۇ كىتاب 26 قىسىمدىن تەركىب تاپقان. كىتابتا نېفىت شەھىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش يۈزىسىدىن ئالاھىدە مەخسۇس قىسىم تەسىس قىلىنىپ، نېفىت ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى سىستېمىلىق، نۇقتىلىق بايان قىلىنغان، باشقا ساھەلەردە تارماق، ساھەلەرنىڭ باشقۇرۇش چېگرىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، تۈرلەرگە ئايرىلىپ بايان قىلىنغان. كىتابتا يېڭى تىپتىكى نېفىت شەھىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش يولىدا تىرىشىلىپ، مايتاغ رايونى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىيات جەريانى ئىلمىي ۋە سىستېمىلىق بايان قىلىنغان، سۈرەت ۋە بايان ئارقىلىق ئىپادىلەشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىلگەن بۇ كىتابنىڭ ماتېرىيال خاراكتېرى بىرقەدەر كۈچلۈك.

«كۆكتوقاي ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2003- يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، باش تۈزگۈچىلەر گې ۋېيبىن، ۋاڭ جۈن. بۇ كىتاب 950 مىڭ خەتلىك بولۇپ، يۇقىرى چېكى شەيئىلەر پەيدا بولغان ۋاقىتتىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1998 - يىلنىڭ ئاخىرى توختايدۇ، بايانىنىڭ مۇكەممەللىكىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە ئايرىم قىسىم، بابلارنىڭ ئاخىرقى چېكى مۇۋاپىق كېيىنگە سۈرۈلگەن، ئاخىرقى چەك بىلەن كىتاب نەشر قىلىنغان ۋاقىت ئارىلىقىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە ناھىيىنىڭ 1999 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە بولغان ئۇنىۋېرسال ماتېرىيالى ئالاھىدە كىرگۈزۈلگەن. تەزكىرە كىتابنىڭ بەت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئىلمىي، ماتېرىيال تەپسىلىي ۋە ئېنىق، كىتابتا ئىلمىيلىك بىلەن ماتېرىيالچانلىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تىرىشىلغان. بۇ، ناھىيىنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي ۋە گۇمانىستارلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى سىستېمىلىق، ئومۇميۈزلۈك، ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، يەرلىك ئەھۋال بايان قىلىنغان چوڭ تىپتىكى ماتېرىيال خاراكتېرلىك قورال كىتاب ھېسابلىنىدۇ.

«تۇدۇڭخابا رايونى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2003 -

يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، باش تۈزگۈچى جياۋ جۈگبىاڭ. بۇ كىتاب 1 مىليون 20 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 21 قىسىمدىن تەركىب تاپقان، تەزكىرە كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى ئىمكانقەدەر شەيئىلەر پەيدا بولغان ۋاقىتتىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1999 - يىلنىڭ ئاخىرى توختايدۇ. كىتابتا شەيئىلەرنى بايان قىلىشنىڭ مۇكەممەللىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئايرىم قىسىم، بابلارنىڭ ئاخىرقى چېكى مۇۋاپىق ئۇزارتىلغان، شەھەر رايونى تەزكىرىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەقسىتىدە «پولات - تۆمۈر سانائىتى» قىسمى ئالاھىدە تەسىس قىلىنىپ، رايون تەۋەسىدىكى پولات - تۆمۈر سانائىتى سىستېمىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلىنغان. بۇ تەزكىرە كىتابىدا قەدىمكى زامان بىلەن ھازىرقى زامان بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان، كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماتېرىياللار تەپسىلىي، ئېنىق ۋە توغرا، بەت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئىلمىي بولۇپ، ئىدىيىۋىلىك، ئىلمىيلىك ۋە ماتېرىيالچانلىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تىرىشىلغان. تۇدۇڭخابا رايونى تەزكىرىسىدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇدۇڭخابا رايونىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ياراتقان شانلىق نەتىجىلىرى ۋە كۆرسەتكەن بوشاشماس تىرىشچانلىقلىرى نامايان قىلىنغان.

«چىڭگىل ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2003 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، باش تۈزگۈچى جاڭ ۋېنشۆ، 963 مىڭ خەتلىك بۇ كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى شەيئىلەر پەيدا بولغان ۋاقىتتىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1995 - يىلنىڭ ئاخىرى توختايدۇ. كىتاب ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، كەسپلەر تەزكىرىسى ۋە خاتىرىلەردىن تەركىب تاپقان، خاتىرىلەرگە 1996 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا چىڭگىل ناھىيىسىدە بولۇپ ئۆتكەن چوڭ ئىشلار، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا دائىر ستاتىستىكىلىق جەدۋەلى كىرگۈزۈلگەن، بۇلار كېمىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينىغان. بۇ تەزكىرە كىتابىدا چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى ئومۇمىيۈزلۈك، تەپسىلىي ۋە ئېنىق خاتىرىلەنگەن، ئىدىيىۋىلىك، ئىلمىيلىك ۋە ماتېرىيالچانلىقنى ئورگانىك بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تىرىشىلغان، چىڭگىل ناھىيىسى تەۋەسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئېرىشكەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ كىتاب چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىشتىكى قامۇس ھېسابلىنىدۇ.

«ئۇچتۇرپان ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2003 - يىل 12 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، باش تۈزگۈچى ليۇ پېيشىن. بۇ كىتاب 1 مىليون 200 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 30 بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان. كىتابتا ھازىرقىنى تەپسىلىي، قەدىمكىنى قىسقىچە بايان قىلىش، يېقىنقىسىنى تەپسىلىي، يىراقتىكىسىنى قىسقىچە بايان قىلىش پرىنسىپى بويىچە چوڭ ئىشلار ۋە تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنىڭ يۇقىرى چېكى شەيئىلەر پەيدا بولغان ۋاقىتتىن باشلانغان، باشقا باب، پاراگرافلارنىڭ يۇقىرى چېكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىنگونىڭ بېشىدىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 2001 - يىلى توختايدۇ. كىتابتا ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى، بولۇپمۇ ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. كىتابنىڭ كۆزقارىشى توغرا، ماتېرىيالى تەپسىلىي ۋە ئېنىق، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، تىلى راۋان بولۇپ، ئىجادىي مەنىگە، كۈچلۈك يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ كىتاب ئىدىيىۋىلىك، ئىلمىيلىك، ماتېرىيالچانلىق بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن چوڭ تىپتىكى قورال كىتاب ھېسابلىنىدۇ.

«غۇلجا ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2003 - يىل 12 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، باش تۈزگۈچى جاڭ جېنجيې، بۇ كىتاب 1 مىليون 300 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 26 قىسىم، 108 باب، 425 پاراگرافتىن تەركىب تاپقان. كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىدىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1990 - يىلى توختايدۇ، خاتىرىلەر قىسمىغا 1991 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا غۇلجا ناھىيىسىدە بولۇپ ئۆتكەن چوڭ ئىشلار ھەم ناھىيىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئاساسلىق سانلىق مەلۇماتلار كىرگۈزۈلۈپ، تەزكىرە كىتابنىڭ ئاخىرقى چېكى بىلەن نەشر قىلىنغان ۋاقتى ئارىلىقىدىكى بوشلۇق تولدۇرۇلغان. تەزكىرە كىتابىدىكى ماتېرىياللار ئاساسەن ئارخىپتىن ئېلىنغان، كىتاب، گېزىت، ژۇرناللاردىن ئېلىنغان ماتېرىياللار ۋە تەكشۈرۈش، ئاغزاكى ماتېرىياللار قوشۇمچە قىلىنغان بولۇپ، توغرا ۋە ئىشەنچلىك. بۇ تەزكىرە كىتابىدا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن غۇلجا ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ۋە ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ئوبيېكتىپ ۋە سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، كىتابتىكى بايان

تەپسىلىي، ئېنىق ۋە توغرا، يەرلىك ئالاھىدىلىك كۈچلۈك بولۇپ، قەدىمكىنى ئەينەك قىلىپ، ھازىرقىنى بىلىش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش ۋە يېڭىلىق يارىتىشتا ناھايىتى زور پايدىسى بار.

«سانجى شەھىرى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2003 - يىل 12 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، باش تۈزگۈچى ۋاڭ جىچىڭ. بۇ كىتاب 1 مىليون 200 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 41 قىسىمدىن تەركىب تاپقان. كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى شەيئىلەر پەيدا بولغان ۋاقىتتىن باشلىنىدۇ، ئاخىرقى چېكى 1990 - يىلى توختايدۇ، ئاخىرقى چەك بىلەن كىتاب نەشر قىلىنغان ۋاقىت ئارىلىقىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە قوشۇمچە قىسىمغا 1991 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا سانجى شەھىرىدە بولۇپ ئۆتكەن چوڭ ئىشلار ۋە شەھەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى كىرگۈزۈلگەن. بۇ تەزكىرە كىتابىدا سانجى شەھىرىنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق ۋە ئىلمىي ئاساستا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن سانجى شەھىرىدە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ۋە شەھەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان.

يىن خۇڭبې

# ئارخىپچىلىق

## ئارخىپچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. ئۇل قۇرۇلۇش ئەھۋالى. 2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئارخىپچىلىق خىراجىتى 5 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا)، ئارخىپ ئامبارلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 62 مىڭ 859 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 8969 كۋادرات مېتىر كۆپەيدى. ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل ئارخىپخانىلار (ئارخىپ بۆلۈملىرى) دا 95 كومپيۇتېر، 107 نۇسخىلىغۇ، 67 ھاۋا تەڭشىگۈچ كۆپەيدى. ھەر دەرىجىلىك ئارخىپچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى، ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل ئارخىپخانىلار ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار، چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ئارخىپ تارماقلىرىدا ئىشلەيدىغان كەسپىي خادىملار ئىچىدە ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر ئومۇمىي خادىملارنىڭ 81% نى ئىگىلىدى، ئارخىپچىلىق كەسپىدە ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر ئومۇمىي خادىملارنىڭ 17% نى ئىگىلىدى. شىنجاڭ ئارخىپچىلىق كەسپىي سىستېمىسى باھالاش كومىتېتىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى ئارقىلىق ئارخىپچىلىق كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە 52 ئادەم باھالىنىپ تەكلىپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارخىپ كاندىدات تەتقىقاتچىسى 12، مەسئۇل باشقۇرغۇچى 18.

2. كەسپىي خىزمەت. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئارخىپ تارماقلىرى 2003 - يىلى ئارخىپچىلىق خىزمىتىنىڭ مۇلازىمەت سەۋىيىسى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلىپ، ئارخىپچىلىق خىزمىتىدىكى مۇلازىمەت مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى تۈرلۈك ئىشلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكىنى پائال ئاشۇرۇپ، ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى مۇلازىمەت ۋاسىتىسى، مۇلازىمەت شەكلى، مۇلازىمەت دائىرىسى جەھەتتە يېڭى بۆسۈشكە ئېرىشتۈردى. ش ئۇ ئا ر ئارخىپخانا ۋە سانجى، بايىنغولىن ئوبلاستلىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، مىچۈەن شەھىرى، قۇتۇبى، جىمسار، چەرچەن ناھىيىلىرى قاتارلىق جايلاردىكى ئارخىپخانىلاردا ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان ھۆججەتلەرنى ئوقۇش مەركىزى قۇرۇلۇپ، جەمئىيەتكە، ئاممىغا يۈزلىنىپ، ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئاشكارا ھۆججەتلەر بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، بۇ ئىش جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. ش ئۇ ئا ر ئارخىپخانىسىنىڭ ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان ھۆججەتلەرنى كۆرۈش مەركىزى 7 - ئاينىڭ 9-كۈنى ئېچىلىپ 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئازكەم 300 ئادەم تۇرالغۇ ئىسلاھاتى، دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ تەمىناتى، كارخانىلاردا تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەمىناتى، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئەمگەك سۇغۇرتىسى قاتارلىق مەزمۇنلارغا ئائىت 500 دىن ئارتۇق ھۆججەتنى كۆردى. ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسى 2003 - يىلى مەھەللە قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭدا مەھەللە ئارخىپىنى باشقۇرۇشقا ئائىت بەلگىلىمىلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە تۈزۈپ چىقتى. ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسى 2003 - يىلى «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت-ماتېرىياللارنىڭ تولۇق ۋە مۇكەممەل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش يۈزىسىدىن «ئاپتونوم رايونىمىزدا ‹سارس› نىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاشقا ئائىت ئارخىپلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر» نى ۋاقتىدا تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلاردا «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق ئورۇنلارنىڭ ئالاقىدار ھۆججەت - ماتېرىياللىرىنى توپلاش، رەتلەش،

ئارخىپقا سېلىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە تەكشۈردى. ش ئۇ ئا ر ئارخىپخانىدا ساقلانغان ئارخىپ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق قۇرۇلغان ش ئۇ ئا ر باشلار ۋە ئۇسمۇرلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىش بازىسى 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سىرتقا ئېچىۋېتىلدى، بۇ بازا 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 800 ئادەم (قېتىم) دىن ئارتۇق ئېكسكۇرسىيىچىنى كۈتۈۋالدى. 2003 - يىلى جۇڭگو ئارخىپ ھۆججەت مىراسلىرى قۇرۇلۇشى دۆلەتلىك مەسلىھەت بېرىش كومىتېتىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى ئارقىلىق ش ئۇ ئا ر ئارخىپخانا تەرىپىدىن تاللىنىپ ئەۋەتىلگەن «تۇرپاننىڭ ئۇيغۇر ئىناقچىخانى ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئائىلە شەجەرىسى» 2 - تۈركۈمدىكى جۇڭگو ئارخىپ ھۆججەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر ئارخىپخانا مەلۇم قىلغان «ئاستانە قەبرىستانلىقىنىڭ ئىچكى - تاشقى مۇھىتى ۋە خەت - ئالاقە سۈيىتى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئىلمىي تەتقىقات تېمىسى دۆلەت ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ 2003 - يىللىق ئىلمىي تەتقىقات تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسى 8 - ئايدا دۆلەت ئارخىپ ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە قىسمەن رايونلارنىڭ ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى قانۇن ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈردى ھەمدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئارخىپلارنى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈش چارىسى» گە ئاساسەن، ئۈرۈمچى تۆمۈريول سىستېمىسىنىڭ ئارخىپ قانۇن - تۈزۈملىرىنى تەكشۈردى. ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسى 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 14 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل ئارخىپخانىلار ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار ھەم چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلاردىكى ئارخىپ تارماقلىرى 475 مىڭ 497 توپلام (دانە) ئارخىپ، 1476 قۇتا ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ فىلىم ئارخىپى، 44 مىڭ 447 پارچە سۈرەت ئارخىپى، 112 مىڭ 243 دانە نېگاتىپ، 2358 قاپ (دانە) ئېلېكترونلۇق ئارخىپنى قوبۇل قىلدى.

3. ئارخىپتىن پايدىلىنىش خىزمىتى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئارخىپ تارماقلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە پايدىلىنىشقا تەمىنلىگەن ئارخىپ 235 مىڭ 708 توپلام (قېتىم)، 65 مىڭ 464 ئادەم (قېتىم) گە، ماتېرىيال 21 مىڭ 791 جىلد (قېتىم)، 10 مىڭ 390 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل ئارخىپخانىلار ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى 43 مىڭ 698 توپلام (قېتىم)، خىزمەت تەكشۈرۈشنى 96 مىڭ 506 توپلام (قېتىم)، تارىخ - تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى 47 مىڭ 556 توپلام (قېتىم)، ئىلمىي تەتقىقاتنى 8505 توپلام (قېتىم)، تەشۋىقات - تەربىيىنى 4392 توپلام (قېتىم)، باشقا ئىشلارنى 35 مىڭ 51 توپلام (قېتىم) ئارخىپ بىلەن تەمىنلىدى.

يۈ شياۋنەن

## ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى 12 ئارخىپخانىنىڭ ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە، 64 ئورۇننىڭ ئورگان ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى، 4 كارخانا ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشتا دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك ئورۇن، دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئارخىپخانا دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئارخىپخانىلار: ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئارخىپخانا، سانجى ئوبلاستلىق ئارخىپخانا، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئارخىپخانا، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق ئارخىپخانا، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونلۇق ئارخىپخانا، غۇلجا ناھىيىلىك ئارخىپخانا، ئاقسۇ شەھەرلىك ئارخىپخانا، باي ناھىيىلىك ئارخىپخانا، ئاۋات ناھىيىلىك ئارخىپخانا، ئۆچتۇرپان ناھىيىلىك ئارخىپخانا، ئونسۇ ناھىيىلىك ئارخىپخانا، پىچان ناھىيىلىك ئارخىپخانا.

ئورگان ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشتا ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتكەن ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى، ش ئۇ ئا ر زېمىن بايلىقىنى پىلانلاش تەتقىقات يۇرتى، «جىنشىن» ھاۋالە مەبلەغ سېلىش شىركىتى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئۈرۈمچى شەھىرى «ئىتتىپاق» يولى تارماق بانكىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېپتىش مەھكىمىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدلىيە ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى شىمالىي «شىنخۇا» يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونى «يېڭەنكۆل» يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئىلى ئوبلاستلىق تېپتىش مەھكىمىسى، ئىلى ئوبلاستلىق كۆك تاماكا شىركىتى (ئىدارىسى)، كۈيتۇڭ شەھەرلىك سودا - سانائەت ئىدارىسى، چاپچال ناھىيىلىك سودا - سانائەت ئىدارىسى، غۇلجا ناھىيىلىك سودا - سانائەت ئىدارىسى، تېكەس ناھىيىلىك سودا - سانائەت ئىدارىسى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك سودا - سانائەت ئىدارىسى، نىلقا

ناھىيىلىك سودا - سانائەت ئىدارىسى، كۆنەس ناھىيىلىك سودا- سانائەت ئىدارىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسى كۆنەس ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، كۆنەس تۆرمىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى كۈيتۇڭ شەھەرلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى توققۇزتارا ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمىسى، چۆچەك شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى، شىخو شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى، دۆربىلجىن ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى، چاغانتوقاي ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى، تولى ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى، تولى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، قوبۇقسار ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى، قوبۇقسار ناھىيىسىنىڭ شازغەت يېزىسى، ئالتاي شەھەرلىك زېمىن بايلىقى ئىدارىسى، بورتالا ئوبلاستلىق دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى، بورتالا ئوبلاستلىق كۆك تاماكا مونوپوللۇق سېتىش شۆبە ئىدارىسى، بورتالا ئوبلاستلىق ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىسى، بورتالا ئوبلاستلىق سودا - سانائەت ئىدارىسى ئالاتاۋ ئېغىزى شۆبە ئىدارىسى، ئارشاڭ ناھىيىلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، جىڭ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، جىڭ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، سانجى ئوبلاستلىق تەپتىش مەھكىمىسى، سانجى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى، قۇتۇبى ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى، مورى ناھىيىلىك سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسى، جىمسار ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ماناس ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى، گۇچۇڭ ھاراقچىلىق چەكلىك شىركىتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يەرلىك باج ئىدارىسى نېفىت بېجى ئېلىش-باشقۇرۇش ئىدارىسى، باركۆل ناھىيىلىك تەپتىش ئىدارىسى، باركۆل ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسى، قۇمۇل ۋىلايىتى تارانچى يەرلىك باج ئىدارىسى، خوتەن تۆرمىسى، بۈگۈر ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى كورلا نېفىت تارماق بانكىسى، كورلا شەھەرلىك «خەلق» دوختۇرخانىسى، ئاقسۇ تۆرمىسى، ئونسۇ تۈك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى، قەشقەر تۆرمىسى، مارالبېشى تۆرمىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى قاراماي شەھىرى نېفىت شۆبە بانكىسى، قاراماي شەھەرلىك سودا - سانائەت ئىدارىسى قاراماي رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى، قاراماي شەھەرلىك سودا - سانائەت ئىدارىسى جەرەنبۇلاق رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى، قاراماي شەھەرلىك سودا - سانائەت ئىدارىسى مايتاغ رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى.

كارخانىلار ئارخىپ خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشتا دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك ئورۇن دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر ئۇزۇن يوللۇق يوللاش ئىدارىسى، شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ «يۇڭشىڭ» قۇرۇلۇش - تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى.

ياڭ لۇڭ

# ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق

## ئومۇمىي بايان

### ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭدا 2003 - يىلى نەشر قىلىنغان كىتاب 3720 خىل (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي تىل - يېزىقتىكىسى 1990 خىل) غا، تىراژى 78 مىليون 380 مىڭغا؛ نەشر قىلىنغان گېزىت 87 خىلغا، تىراژى 338 مىليونغا؛ نەشر قىلىنغان ژۇرنال 175 خىلغا، تىراژى 13 مىليون 10 مىڭغا؛ نەشر قىلىنغان ئۈن - سىن بۇيۇمى 48 خىلغا، سانى 129 مىڭ دانىگە؛ ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇمى 69 خىلغا، سانى 300 مىڭغا يەتتى.

شىنخۇا كىتابخانىلىرىنىڭ تور بېكەتلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىگە ماسلىشىپ «‹ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش› مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش پروگراممىسى» قاتارلىق نۇقتىلىق كىتابتىن 600 مىڭ پارچىدىن كۆپرەك تارقاتتى؛ ئاپتونوم رايون ئۇيۇشتۇرغان «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» پائالىيىتىدە بورتالا ئوبلاستىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارغا 58 مىڭ 261 يۈەن قىممىتىدىكى ھەر خىل كىتابتىن 6733 پارچە ئىئانە قىلدى.

«سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش مەزگىلىدە، ئاخبارات - نەشرىيات ئورۇنلىرى «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاشقا دائىر ھەر خىل كىتاب، خەرىتە قاتارلىق تەشۋىقات بۇيۇمىدىن 1 مىليون 300 مىڭ پارچە نەشر قىلدى ۋە بېسىپ تارقاتتى ھەمدە ئىئانە قىلدى.

7 — 8 - ئايلاردا جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ ئاخبارات - نەشرىيات قانۇن - قائىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى مەركەزلىك قانات يايدۇرۇلدى. 11 - ئايدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون بويىچە ئاخبارات - نەشرىيات ئورۇنلىرى يېڭىچە مۇخبىرلىق كىنىشكىسىنى بىر تۇتاش ئالماشتۇرۇشقا باشلىدى. نەشرىيات سىستېمىسى بويىچە ئۇنۇان باھالاشتا، 15 كىشى تۆۋەن دەرىجىلىك سالاھىيەتكە، 62 كىشى ئوتتۇرا دەرىجىلىك سالاھىيەتكە، 59 كىشى ئالىي سالاھىيەتكە ئېرىشتى. ئاخبارات - نەشرىيات تەربىيىلەش مەركىزى 2 قارار كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 234 كىشىنى تەربىيىلىدى. 4 قارار كىتاب تارقىتىش خادىملىرىنى كەسپىي ۋە كەسپىي سالاھىيەت جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 175 كىشىنى تەربىيىلىدى. بىر قارار ئىشچىلارنى تېخنىكا دەرىجىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 51 كىشىنى تەربىيىلىدى. ئاخبارات - نەشرىيات كارخانا، كەسپىي ئورنىدىكى 22 ئىگىلىك باشقۇرغۇچى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون ئۇيۇشتۇرغان تۈرلۈك كەسپىي كۇرسلارغا قاتناشتى.

جاڭ شىنگې

### مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاش ۋە قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىغا زەربە بېرىش ئەھۋالى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىدا نەشر بۇيۇملىرى بازىرىدىكى «مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاش ۋە قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىغا زەربە بېرىش» ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى قۇرۇلدى. 2003 - يىلى «مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاش ۋە قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىغا زەربە بېرىش» خىزمىتىدە سىياسىي خاراكتېرلىك قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىغا داۋاملىق زەربە بېرىش مۇھىمىنىڭ مۇھىمى قىلىنىپ، دىنغا ئائىت قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرى داۋاملىق تەكشۈرۈپ يىغىۋېلىندى، ئوغرىلىقچە نەشر قىلىش، ئوغرىلىقچە بېسىش ۋە دەرسلىك، قوشۇمچە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى قانۇنسىز بېسىشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىلدى، قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىغا بولغان يۇقىرى بېسىملىق ھالەت باشتىن - ئاخىر ساقلاپ قېلىنىپ، نەشر بۇيۇملىرى بازىرى ساپلاشتۇرۇلدى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى. بىر يىلدا تۈرلۈك قانۇنسىز كىتابتىن 115 مىڭى (بۇنىڭ ئىچىدە سىياسىي خاراكتېرلىك، دىنغا ئائىت قانۇنسىز نەشر بۇيۇمى 16 مىڭدىن ئاشىدۇ) ، ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان لازېر نۇرلۇق دىسكىدىن 45 مىڭدىن كۆپرەكى يىغىۋېلىندى، قانۇنسىز كىتابتىن 11 تونىنا، 60 نەچچە مىڭ پارچە، قانۇنسىز لازېر نۇرلۇق دىسكىدىن 130 نەچچە مىڭى يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى. شۇ يىلى خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 2001 ـ 2002 -

يىللىق ئاپتونوم رايون بويىچە «مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاش ۋە قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىغا زەربە بېرىش» خىزمىتىدىكى 23 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 22 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

شىنجاڭ - ئاخبارات نەشرىيات ئىدارىسى تارقىتىش باشقارمىسى

## مەتبەئەچىلىكنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى باسما كارخانىسى 865 كە، كەسپكارى 18 مىڭ 779 غا، خەت بېسىش، نۇسخا كۆپەيتىش ئورنى 2578 گە، كەسپكارى 4521گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە نەشر بۇيۇملىرى مەتبەئە كارخانىسى 164 (دۆلەت كارخانىسى 80، كوللېكتىپ كارخانا 23، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا 45، خۇسۇسىي كارخانا 16)، كەسپكار 7729.

جاڭ شىنگې

## كىتاب تارقىتىشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭ بويىچە 2003 - يىلدىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك شىنخۇا كىتابخانىسى 16، ناھىيىلىك (تۈەن - مەيدان، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى، كان رايونى) شىنخۇا كىتابخانىسى 86، تور - نۇقتا 214. ئاپتونوم رايون بويىچە شىنخۇا كىتابخانىلىرىنىڭ تىجارەت كۆلىمى 75 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا، كەسپكارى 2426 گە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە شىنخۇا كىتابخانىلىرى تارقاتقان ھەر خىل كىتاب 215 مىليونغا، سوممىسى 1 مىليارد 307 مىليون يۈەنگە، تارقىتىلغان ئۈن - سىن بۇيۇمىنىڭ قىممىتى 30 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە پۇقراۋى كىتابخانىدىن تەخمىنەن 1000 ى بار، ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ بويىچە كىتاب، ژۇرناللارنى 2 - دەرىجىلىك توپ سېتىش بازىرىدىن بىرى، نەشر بۇيۇملىرىنى توپ سېتىش ئىجازەتنامىسىغا ئىگە تىجارەت ئورنىدىن 140 ى بار.

جاڭ شىنگې

## ھەقسىز دەرسلىكنى بېسىپ تارقىتىش خىزمىتى

شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە ياخشىلاپ، نامرات رايونلاردىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە شەھەر - بازارلاردىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەركەز مالىيىسىدىن 140 مىليون يۈەن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىلدى، 2003 - يىلى كۈزدىن باشلاپ، شىنجاڭ بويىچە 56 ناھىيىدىكى 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپ باسقۇچىدىكى 2 مىليون 50 مىڭ نامرات ئوقۇغۇچى دەرسلىك كىتاب بىلەن ھەقسىز تەمىنلەندى.

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى قاتارلىق دۆلەت ئىلكىدىكى تايانچ باسما كارخانىلىرى ۋە شىنخۇا كىتابخانىسى سىستېمىسى پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەقسىز ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى بېسىش - تارقىتىش خىزمىتىگە ئاتلاندى. ئۇلار 50 كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 2003 - يىلى كۈزدە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەر خىل يېزىقتىكى 504 خىل، 22 مىليون 300 مىڭ نۇسخا ھەقسىز دەرسلىكنى بېسىپ تارقىتىش خىزمىتىنى تاماملىدى.

شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى تارقىتىش باشقارمىسى

## 11 ئەسەر جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

2003 - يىلى شىنجاڭدىن 11 ئەسەر 13 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 2 ئەسەر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۇلار: «غەربىي قىسىم رادىئو ئىشلىرىنىڭ باھارى» (بىۋاستە ئاڭلىتىش)، ئاپتورى: شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى كوللېكتىپى؛ «ئىسسىق قان بىلەن يۇغۇرۇلغان ساقچى روھى - خەلقنىڭ ياخشى ساقچىسى جاۋ شىنمىن» (تېلېۋىزىيە مەخسۇس پروگراممىسى)، ئاپتورلىرى: خۇ پۇ، شۈي شاۋجۈن، چىن خۇڭتاۋ، سۇن باۋباۋ، تاڭ يۇچى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن. 3 ئەسەر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۇلار: «مەركىزىي شەھەردىكى ھۆكۈمەت پۇلىغا ئۆتكۈزۈلگەن روجېستىۋا بايرىمى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ» (خەۋەر)، ئاپتورى: ليۇ داۋبى، شىنجاڭ گېزىتىدىن؛ «پۇقراۋى كارخانىچىلار پروفېسسورلارنى كەنتلەرگە بېرىپ 16 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىپ، دېھقانلارنىڭ بېيىپ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشىگە ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلدى» (رادىئو خەۋىرى)، ئاپتورلىرى: لى تاۋ، تاۋ شيا، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن؛ «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىي لىنىيە بويىچە ئىش باشلاندى» (تېلېۋىزىيە خەۋىرى)، ئاپتورلىرى: جاڭ رۇيمىن، مىڭ خۇچۈن، ۋاڭ چېڭ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن؛ 6 ئەسەر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۇلار: (چېكىنىش ئارقىلىق ئىلگىرىلەش - بىڭتۇەننىڭ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنى 500 مىڭ مو ئازايتقانلىقى ھەققىدە ئويلىنىش» (تەپسىلىي خەۋەر)، ئاپتورى: گې يۇخۇڭ، بىڭتۇەن گېزىتىدىن؛ «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈپ سەر خىل ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش» (رادىئو مەخسۇس پروگراممىسى)، ئاپتورلىرى: جۇ شياۋلىڭ، ليۇ لى، دىڭ گۇاڭ، شىخەنزە خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن؛ «سەل قاراشقا

بولمايدىغان رۇخسەت سوراش خېتى ـ بالىنىڭ مەكتەپتىن توختاپ قېلىشىغا ئالاقىدار ئاچچىق ساۋاقلىق تېما» (تەپسىلىي خەۋەر)، ئاپتورى: ياڭ جۇنفا، تۇرپان گېزىتىدىن؛ «تارىم دەريا ۋادىسىدىكى ئېكولوگىيىلىك ئاھالە كۆچۈرۈشكە نەزەر» (يۈرۈشلۈك خەۋەر)، ئاپتورلىرى: جاڭ فاڭ، ۋاڭ چىمىڭ، شەھەر ئىستېمال سەھەر گېزىتىدىن؛ «يالغانچىلىقتىن ھەقىقىي قاتىللىققىچە» (رادىئو ئوبزورى)، ئاپتورلىرى: بو شۆچىن، پەن دېڭ، پەرھات، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن، «مەۋقەنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە قويۇپ دەۋر ساداسىنى ياڭرىتىش ـ پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ئوبزور ئۇستۇنلۇكىنى جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدا ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەت (ئاخبارات ئىلمىي ماقالىسى)، ئاپتورى: دۇ شىنگو، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىن.

شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتى

## شىنجاڭ بويىچە 2002 ـ يىللىق 10 ياخشى ئاخبارات خىزمەتچىسى

2003 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئاخبارات خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى شىنجاڭ بويىچە 2002 ـ يىللىق 10 ياخشى ئاخبارات خىزمەتچىسىنى باھالاپ چىقتى، ئۇلار: نيۇ شىنمىن (شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا گېزىتى ئىدارىسىدىن)، ۋاڭ فېڭ (تۇرپان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن)، ئىسمايىل مەھەممەت (شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىدىن)، رۇستەم ئابلىز (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن)، خې شىچىڭ (يەكەن گېزىتى ئىدارىسىدىن)، ۋۇ كۇەنخۇڭ (بايىنغولىن گېزىتى ئىدارىسىدىن)، جېڭگۈل (ئىلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن)، بو شۆچىن (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن)، مۇختەر (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن)، بىر نامزاتنىڭ ئورنى بوش.

شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتى

## 4 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخباراتچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش ـ تەقدىرلەش يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئېچىلدى. بۇ پائالىيەتنى شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى باشقۇردى، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، «شەھەر ئىستېمال سەھەر گېزىتى» ۋە «ياشلار تېز خەۋەرلىرى گېزىتى» ئىدارىسى ئۈستىگە ئالدى، يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ 2002 ـ يىللىق 10 ياخشى ئاخبارات خىزمەتچىسى، 13 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر، مۇنەۋۋەر ئېلان ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر تەقدىرلەندى.

شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتى

## ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىلىرى قۇرۇلدى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق 2003 ـ يىل 4 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتى ھۆججەت تارقىتىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىلىرى (مەدەنىيەت ئىدارىسى) گە ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى (نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى) دېگەن ۋەزىپىنى قوشۇپ بېرىشنى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىلىرى (مەدەنىيەت ئىدارىلىرى) نىڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقنىڭ مەمۇرىي فۇنكسىيىسىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى قارار قىلدى. يىل ئاخىرىغىچە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىلىرى (نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى) دىن 11 ى قۇرۇلدى.

شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى تارقىتىش باشقارمىسى

## شىنجاڭ قەرەللىك ژۇرناللار جەمئىيىتى قۇرۇلدى

2003 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى شىنجاڭ قەرەللىك ژۇرناللار جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ ئەزالار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايدا قەرەللىك ژۇرناللار جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى، جەمئىيەت نىزامنامىسى ۋە تۈرلۈك تۈزۈملەر قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. شىنجاڭ قەرەللىك ژۇرناللار جەمئىيىتى شىنجاڭدىكى قەرەللىك ژۇرناللار رېداكسىيىلىرى ۋە قەرەللىك ژۇرنال كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدىن ئىختىيارىي تەشكىللەنگەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە، كەسپچانلىققا ئىگە، پايدا ئالمايدىغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتتۇر.

شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى گېزىت ـ ژۇرنال باشقارمىسى

## شياڭگاڭ ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ شىنجاڭنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شياڭگاڭ «ۋېنخۇي» گېزىتىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى جاڭ چىڭيۈن باشچىلىقىدىكى 14 كىشىلىك زىيارەت ئۆمىكى 2003 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، ئىلى، سانجى، شىخەنزە، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

25 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى،

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمايىل تىلىۋالدى شىياڭگاڭ ئاخبارات زىيارەت ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە مۇخبىرلارنىڭ كوللېكتىپ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتى

## شى فېڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى

دۆلەت ئاخبارات نەشرىيات باش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شى فېڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 12- كۈنىگىچە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. شىنجاڭنىڭ ئاخبارات - نەشرىياتچىلىقىنى بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاخبارات - نەشرىياتچىلىقىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى، قىيىنچىلىقلارنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ ئىگىلىدى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئاخبارات - نەشرىياتچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدە ئومۇمىي ئىستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرنى ۋە كونكرېت تەدبىر، تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەركەزنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ئىشخانىسى

# مەتبۇئاتچىلىق

## مەتبۇئاتچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭ بويىچە 2003 - يىلىدىكى ئاشكارا تارقىتىلىدىغان گېزىت 87 خىل (ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ئورگانلىرىنىڭ گېزىتى ئومۇمىي گېزىتنىڭ %41 نى ئىگىلەيدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە ۋە شىبەچە گېزىت %42 نى ئىگىلەيدۇ. ئاشكارا نەشر قىلىنىدىغان قەرەللىك ژۇرنال 175 خىل (ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى قەرەللىك ژۇرنال %66 نى، تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى قەرەللىك ژۇرنال %34 نى ئىگىلەيدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە ۋە رۇسچە قەرەللىك ژۇرنال %52 نى ئىگىلەيدۇ. گېزىت، ژۇرنال كەسپكارى 7500 دىن ئاشىدۇ (گېزىت كەسپكارى 5500 نەچچە، ژۇرنال كەسپكارى 2000 نەچچە).

جاڭ شىنگې

## شىنجاڭدا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان گېزىتلەر

«شىنجاڭ گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 7 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 7 سان، قازاقچە ھەپتىدە 7 سان، موڭغۇلچە ھەپتىدە 7 سان)

«شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 7 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان)

«بىڭتۇەن گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 7 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە بىر سان)

«ئىلى گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 5 سان، قازاقچە ھەپتىدە 5 سان)

«سانجى گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان)

«تارباغاتاي گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان، قازاقچە ھەپتىدە 3 سان)

«ئاقسۇ گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان)

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 6 سان)

«قۇمۇل گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 4 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان)

«بايىنغولىن گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان، موڭغۇلچە ھەپتىدە 3 سان)

«ئالتاي گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 4 سان، قازاقچە ھەپتىدە 3 سان)

«قىزىلسۇ گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان، قىرغىزچە ھەپتىدە 3 سان)

«قەشقەر گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 5 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 5 سان)

«بورتالا گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 5 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان، موڭغۇلچە ھەپتىدە 3 سان)

«تۇرپان - قۇمۇل نېفىت گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان)

«تۆرمۈش كەچلىك گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«خوتەن گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان)

«تۇرپان گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 4 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 4 سان)

«ئىلى كەچلىك گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان، قازاقچە ھەپتىدە 3 سان)

«تارىم گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 4 سان)

«بوستان گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان)

«يەكەن گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە بىر سان)

«ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى گېزىتى»

(خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان)

«شىمالىي شىنجاڭنى ئېچىش گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان)

«جۇڭغار ۋاقىت گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان)

«كۈيتۇڭ سەھەر گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 5 سان)

«شىخەنزە گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 5 سان)

«غەربىي چېگرا ۋاقىت گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 2 سان)

«شىنجاڭ بېيتۇن گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 2 سان)

«تەڭرىتاغ قۇرۇلۇش گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«چاپچال گېزىتى» (شىبەچە ھەپتىدە 2 سان)

«كورلا كەچلىك گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان)

«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 4 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 2 سان)

«ئاسىيا كىندىكى گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە بىر سان)

«شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان)

«شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە بىر سان، قازاقچە ھەپتىدە بىر سان)

«شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 2 سان، قازاقچە يېرىم ئايلىق گېزىت)

«سەھەر گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 2 سان)

«مۇلازىمەت تاللا بازىرى گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«شىنجاڭ مەركىزىي شەھەر گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان)

«شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە بىر سان)

«شىنجاڭ تۆمۈريول گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان)

«شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 5 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان)

«غەربىي قىسىم قۇرۇلۇش گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«تارىم نېفىت گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان)

«شىنجاڭ ئۆسمۈرلەر گېزىتى» (ئۇيغۇرچە ھەپتىدە بىر سان)

«ئىلى ئۆسمۈرلەر گېزىتى» (قازاقچە ھەپتىدە 2 سان)

«ئىلى قانۇنچىلىق تۇرمۇش گېزىتى» (قازاقچە ھەپتىدە 3 سان)

«يېڭى ئەسىر سودا گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 2 سان)

«قۇمۇل رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«شىخەنزە رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«قاراماي رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«ئىلى رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«ئاقسۇ رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«ياشانغانلار شاتلىقى گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» (ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 6 سان، قازاقچە ھەپتىدە 6 سان)

«ئاۋئاتسىيە ساياھەتچىلىكى گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«شەھەر ئىستېمال سەھەر گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان)

«شىنجاڭ بازار يېتەكچىسى گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 2 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 2 سان)

«ياشلار تېز خەۋەرلەر گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«قۇمۇل تەرەققىيات گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 2 سان)

«مايتاغ نېفىت گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 2 سان)

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە يېرىم ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە يېرىم ئايلىق گېزىت)

«شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە ئايلىق گېزىت)

«شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت)

«ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت)

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە ئايلىق گېزىت)

«شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە ئايلىق گېزىت)

«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە ئايلىق گېزىت)

«ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت)

«شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە ئايلىق گېزىت)

«شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە يېرىم ئايلىق گېزىت)

«ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق گېزىت، قازاقچە قوش ئايلىق گېزىت)

«تارىم يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت)

«ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى گېزىتى» (ئۇيغۇرچە ئايلىق گېزىت)

«سانجى ئىنستىتۇتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت)

«شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت)

«شىنجاڭ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت)

«شىنجاڭ پارتىيە مەكتىپى گېزىتى» (خەنزۇچە يېرىم ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە ئايلىق گېزىت)

دەي جاۋدىڭ

## شىنجاڭدا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ژۇرناللار

«بۈگۈنكى شىنجاڭ» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە ئايلىق ژۇرنال، موڭغۇلچە ئايلىق ژۇرنال)

«ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«بوستانلىق مەنزىرىسى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«بوستان» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«تارىم» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«تەڭرىتاغ» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«تىل ۋە تەرجىمە» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال، موڭغۇلچە پەسىللىك ژۇرنال، قىرغىزچە پەسىللىك ژۇرنال)

«قىرغىز ئەدەبىياتى» (قىرغىزچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ چارۋىچىلىقى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال، موڭغۇلچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ مائارىپى» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ ياشلىرى» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ مالىيىسى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ سەنئىتى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«تورپان» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«تارباغاتاي» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىسادى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«چولپان» (موڭغۇلچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«شوغىلا» (قازاقچە ئايلىق ژۇرنال)

«ھەمراھ» (خەنزۇچە يېرىم ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئاياللىرى» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«يىپەك يولىغا ساياھەت» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«ئىلى ياشلىرى» (قازاقچە ئايلىق ژۇرنال)

«ئىلى دەرياسى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«قازاق ئۆسمۈر ـ بالىلار ئىلمىي رەسىملىك ژۇرنىلى» (قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ تەنتەربىيىسى» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«تارىم غۇنچىلىرى» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«بۇلاق» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ تەنتەربىيىسى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ جۇڭيى دورىگەرلىكى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«ئالتاي ئاياسىدا» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«جاستۇلەك» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ تىبابەتچىلىكى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«ئۇيۇق» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«دۇنيا ئەدەبىياتى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«يېزىم ئايلىق سۆھبەت» (ئۇيغۇرچە يېرىم ئايلىق ژۇرنال)

«ئۆسمۈرلەر ئىلىم - پېنى» (قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«پەن ۋە تېخنىكا» (تەبىئىي پەن قىسمى، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«تىبابەتچىلىك بىلىملىرى» (تەبىئىي پەن قىسمى، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» (ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«قەشقەر ئەدەبىياتى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«بىلىم - كۈچ» (تەبىئىي پەن قىسمى، ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«پەن ۋە تۇرمۇش» (تەبىئىي پەن قىسمى، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«يېڭى قاشتېشى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«مورا» (قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ گېئولوگىيىسى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەن - تېخنىكىسى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«قۇرغاق رايونلار تەتقىقاتى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«يەرلىك كېسەللىكلەر ئاخباراتى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«قۇرغاق رايونلار جۇغراپىيىسى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«ئوقۇرمەنلەر دوستى» (قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ نېفىت گېئولوگىيىسى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«ئوتخور ئۆي هايۋانلىرى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«ساقلىق ساقلاش ئىشلىرى» (تەبىئىي پەن قىسمى، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«خۇاشيا ئۆسمۈرلىرى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ مېتېئورولوگىيىسى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«ئويرات تەتقىقاتى» (موڭغۇلچە پەسىللىك ژۇرنال)

«قۇرغاق مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«ئىچكى قۇرۇقلۇقتا يەر تەۋرەش» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«غەربىي قىسىم كانچىلىق قۇرۇلۇشى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ يېزىلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇش» (تەبىئىي پەن قىسمى، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«مىراس» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ مۇھىت ئاسرىشى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ رەڭلىك مېتاللىرى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«تەرمىلەر» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» (خەنزۇچە قوش

ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئورمانچىلىقى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ پولات - تۆمۈرچىلىكى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«سەھەر» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«بىڭتۇەن ئىشچىلار ھەرىكىتى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىخەنزە پەن - تېخنىكىسى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسى» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى» (تەبىئىي پەن قىسمى، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئورمانچىلىقى» (تەبىئىي پەن قىسمى، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى» (خەنزۇچە يېرىم ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە يېرىم ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە يېرىم يىللىق ژۇرنال)

«شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تىببىي ئىلمى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئالدىنى ئېلىش تىبابىتى» (تەبىئىي پەن قىسمى، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«تارىم يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«بىڭتۇەن قۇرۇلۇشى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە يېرىم يىللىق ژۇرنال)

«ئىلى مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ نېفىت مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە يېرىم يىللىق ژۇرنال)

«ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە يېرىم يىللىق ژۇرنال)

«بىڭتۇەن مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«خوتەن ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە، پەسىللىك ژۇرنال)

«بىڭتۇەن پارتىيە مەكتىپى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«زامانىمىز ئاخباراتچىلىقى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ يىلنامىسى» (خەنزۇچە يىللىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە يىللىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئىچكى پايدىلىنىش ماتېرىيالى» (خەنزۇچە ھەپتىلىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«ئېكسپېدىتسىيە» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (تەبىئىي پەن قىسمى، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئاياللىرى» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«تەنتەربىيە ئەھۋالى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«خوتەن ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەرجىمىسى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى يىلنامىسى» (خەنزۇچە يىللىق ژۇرنال)

«قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«غەربىي قىسىم» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«قوزام» (خەنزۇچە يېرىم ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يىلنامىسى» (خەنزۇچە يىللىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«سانجى ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«ج ك پ ئىلى ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتىپى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«ج ك پ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«كومپيۇتېر ۋە تورمۇش» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىگە نەزەر» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«تېببىي دورىگەرلىك ساقلىق ساقلاش ژۇرنىلى» (تەبىئىي پەن قىسمى، خەنزۇچە يېرىم ئايلىق ژۇرنال)

«چولپانلار دەۋرى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«ئۆگىنىش ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش» (قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«بىڭتۇەن تىبابەتچىلىكى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىياتچىلىقى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«ئۆسمۈر ھېكايە ئوقۇرمەنلىرى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«پەرۋاز» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«بوشلۇقتىكى ئائىلە» (ئېنگلىزچە ئايلىق ژۇرنال)

دەي جاۋدىڭ

## گېزىت - ژۇرناللارنى تۈزەش ئەھۋالى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ گېزىت - ژۇرناللارنى قالايمىقان تارقىتىش ۋە خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ تارقىتىشنى تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام ۋە دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتتى. تۈزەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى — پارتىيە - ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ گېزىت - ژۇرنال ئومۇمىي سانىنى ئازايتىش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، قالايمىقان تارقىتىش ھادىسىلىرىنى ئۈنۈملۈك تۈزەش؛ گېزىت - ژۇرنال تىجارىتى پائالىيىتى بىلەن ھوقۇقنى ئايرىۋېتىش، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ سېلىق سېلىپ تارقىتىشنى ئۈنۈملۈك چەكلەش؛ ئۆز يېرىنىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، يېزا - بازار، كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارنىڭ گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىنى ۋە پارتىيە گېزىت، ژۇرناللىرىغا مۇشتەرى بولۇش دائىرىسىنى بېكىتىش، پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ قالايمىقان تارقىتىشنى تۈزەش ۋە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ سېلىق سېلىپ تارقىتىش مەسىلىسىنى مەنبەسىدىن ھەل قىلىشتىن ئىبارەت.

تۈزەش ئارقىلىق 3 گېزىت نەشر قىلىشتىن توختىتىلدى، 3 گېزىت باشقا گېزىتلەرگە ئايرىپ بېرىلدى، بىر گېزىت ھەقلىق قوشۇۋېتىلدى؛ 10 خىل قەرەللىك ژۇرنال نەشر قىلىشتىن توختىتىلدى، 5 خىل قەرەللىك ژۇرنال قوشۇۋېتىلدى (بىڭتۇەننىڭ بىر خىل)، 10 خىل قەرەللىك ژۇرنالنى باشقۇرۇش بىلەن نەشر قىلىش ئايرىۋېتىلدى (بىڭتۇەننىڭ بىر خىل)، بىر خىل قەرەللىك ژۇرنال ھەقسىز تەقدىم قىلىنىدىغان بولدى. تەڭشەلگەن گېزىت 7 خىلغا، تەڭشەلگەن قەرەللىك ژۇرنال 26 خىلغا يەتتى.

ئىچكى قىسىمدىكى ماتېرىيال خاراكتېرلىك نەشر بۇيۇملىرىنى تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇلدى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ئىچكى قىسىمدىكى ماتېرىيال خاراكتېرلىك نەشر بۇيۇملىرى يېڭىۋاشتىن تىزىملاندى ۋە ئېنىقلاندى. بۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى — ئىچكى قىسىمدىكى

ماتېرىيال خاراكتېرلىك نەشر بۇيۇملىرىنىڭ ئاشكارا ياكى شەكلى ئۆزگەرگەن ھەق ئېلىش، ئېلان بېسىش قاتارلىق بەلگىلىمىگە خىلاپ تىجارەت قىلمىشىنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت.

شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى

## 2002 - يىللىق شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى (گېزىت قىسمى)

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان 2002 - يىللىق شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاش پائالىيىتىنىڭ گېزىت قىسمىدا 536 پارچە ئەسەر تاپشۇرۇۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىسى 101 پارچە، خەنزۇچىسى 395 پارچە، قازاقچىسى 24 پارچە، موڭغۇلچىسى 13 پارچە، قىرغىزچىسى 3 پارچە. باھالاش ئارقىلىق مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئۇيغۇرچە ئەسەر 41 پارچە، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 4، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 10، 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 27. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن خەنزۇچە ئەسەر 131، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 14، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 38، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 79. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن قازاقچە ئەسەر 9، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 2، 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 6. بىر پارچە موڭغۇلچە ئەسەر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، بىر پارچە قىرغىزچە ئەسەر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتى

### قوشۇمچە

2002 - يىللىق شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتىنىڭ گېزىت قىسمىدا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 140 بوغدا كۆلى كۆپەيدى؛ پاكلىقنى تەبرىكلەش كارتىسى، سەمىگە سەپ قويۇش؛ قومۇلدا تۈمەن ئادەم ھۆكۈمەتكە باھا بەردى؛ جاڭ خۇڭچى كالا بېقىشتا بۈيۈك تۇغنى ئېگىز كۆتەردى؛ يېڭى ئەسىردىكى باشلامچى؛ كەنت ئاھالىلىرى 8 مىليون يۈەن مەبلەغدىن قۇرۇق قالدى؛ قەھرىماننىڭ كارامىتى جاھاننى زىل - زىلىگە سالدى؛ كۆنچى دەريا ۋادىسىدىكى مىللەتلەر مۇھەببىتى؛ غەربىي قىسمىدىكى چۆللۈك ۋە يېشىللىق داستانى؛ كۈتكەن خۇشخەۋەر ئىشقا ئاشتى؛ چوڭ سوقۇلۇش؛ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىدىن يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولايلى؛ قۇتقۇزۇش دورىسى ئىزدەش؛ ئىسلاھات كۈيى ھەممە يەردە ياڭرىدى؛ مومو؛ توختى باقى بوۋاي دۆلىتىمىزنىڭ قەغەزچىلىكىنى دۇنياغا نامايەن قىلدى؛ كۆنچى دەرياسى گۇۋاھ؛ ھەر بىر كادىر بىر بايراق؛ دېھقانلارنىڭ چۈشىدىمۇ كۆرمىگەن ئىش ئۈنيار يېزىسىدا رېئاللىققا ئايلاندى؛ چېڭگىلىغا مەدھىيە؛ يېزا مەدەنىيىتىنىڭ باشلامچىسى.

شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتى

## 14 - نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي مەدەنىيەت، كەسپىي، كارخانا گېزىتلىرىنىڭ باش مۇھەررىرلىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 9 – 10 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، ئاپتونوم رايوندىكى ئاز كەم 40 گېزىتنىڭ 40 نەچچە باش مۇھەررىرى يىغىنغا قاتناشتى، يىغىندا مۇشۇ خىلدىكى گېزىتلەرنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش، سۈپەت ۋە يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى.

شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتى

## 20 - نۆۋەتلىك ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (شى) گېزىتلىرىنىڭ باش مۇھەررىرلىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تۇرپان شەھىرىدە ئېچىلدى، ئاپتونوم رايون، بىڭتۇەندىكى 29 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (شى) گېزىت ئىدارىلىرىنىڭ 40 نەچچە باش مۇھەررىرى، ئىدارە باشلىقى يىغىنغا قاتناشتى، يىغىندا «ئۈچ تۈرلۈك ئۆگىنىش، تەربىيە» پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئاخبارات كەسپ روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە گېزىتىنىڭ جامائەت پىكرىنى يېتەكلەش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتى

## 13 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاش پائالىيىتى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيۇشتۇرغان 13 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاش پائالىيىتى 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمايىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە مەركەز ۋە ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەردىن كەلگەن ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، مۇتەخەسسىس ۋە باھالاش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى.

شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتى

## 2003 - يىلى شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاخبارات فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى، گېزىت - ژۇرناللاردا ئىشلىتىلگەن سۈرەتلەر باھالاندى

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئاخبارات فوتوسۈرەت ئىلمىي جەمئىيىتى باشقۇرغان، «بورتالا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش گېزىتى» ئۈستىگە ئالغان باھالاش پائالىيىتى 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 3. كۈنىگىچە بورتالا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 2 سى، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 6 سى، 3. دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 16 سى باھالاپ چىقىلدى. «تەڭرىتاغدىن ھالقىش - ئۇيغۇر ئاياللىرى كوللېكتىپ سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلدى» (ئاپتورى: جاڭ شىشاۋ)، «2003 - يىلى شىنجاڭدا قاتتىق يەر تەۋرىدى» (ئاپتورى: لى شيۈشىن) 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتى

## «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. تەشۋىقات خەۋەرلىرى. 2003 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى «24 - فېۋرال» دىكى مارالبېشى، پەيزاۋاتتىكى قاتتىق يەر تەۋرەش ۋە يۇرت - ماكانلىرىنى قايتا قۇرۇش، «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش، ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، ھەقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنلىرى، ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى، جەنۇبىي شىنجاڭلىق پاختىچى قىزلار، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر تۈركۈم نۇقتىلىق خەۋەرلەرنى پىلانلاپ ئۇيۇشتۇردى ھەمدە «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتى»، «يېڭى باھارنى كۈتۈۋېلىش»، «قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش»، «ئەتىيازلىق يولۇچى توشۇش»، «يېمەكلىك بىخەتەرلىك مەسىلىسى»، «ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ۋاقتىنى ئالدىغا سۈرگەندىن كېيىنكى ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىسى»، «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش»، «تىپىك شەخسلەر ۋە كوللېكتىپ»، «ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئىگىلەش»، «سېپتىرالار بايرىمى»، «زەھەر چەكلەش»، «‹سارس› قا تاقابىل تۇرۇش»، «نامرات رايونلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپى»، «پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيىسى ئېيى» قاتارلىق مەخسۇس بەت، مەخسۇس سەھىپىلەر ۋە بىر يۈرۈش مۇلاھىزىلەرنى ئېلان قىلدى. پارتىيە گېزىتىنىڭ تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى شىنجاڭ «دېخۇي» كەسپىي چەكلىك شىركىتى بىلەن بىللە «دېخۇي كەسپىي لوڭقىسى» بويىچە پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىش زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە 119 كوللېكتىپ ئورۇن، 15 مىڭدىن ئارتۇق شەخس قاتناشتى؛ 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 8 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى بىلەن بىللە «توختاۋسىز ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزغان نەمۇنىچى» ۋە «چىن قەلبىدىن مېيىپلارغا ياردەم بەرگەن ئەلچى» نى باھالاش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى، توردا قاتناشقانلار 30 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى؛ 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «خۇڭجىلىڭ» گۇرۇھى بىلەن گېزىت ئىدارىسى — كارخانا ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، مۇكاپاتلىق گېزىت ئوقۇش، سوئاللارغا تالىشىپ جاۋاب بېرىش پائالىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى.

2003 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ خەنزۇچىسى ھەر كۈنى رەڭلىك نەشر قىلىندى. خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچىسىنىڭ مۇھىم خەۋەرلەر نۇسخىسىنىڭ ماس قەدەمدە رەڭلىك نەشر قىلىنىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

2. گېزىتچىلىك گۇرۇھىغا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى ھەمدە تاشقى كېڭىيىش، ھەمكارلىق ئارقىلىق ئورتاق تەرەققىي قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىلدى.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» گېزىتچىلىك گۇرۇھىغا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى، 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «بوچېڭ» گۇرۇھى بىلەن بىرلىشىپ قۇرماقچى بولغان شىنجاڭ مەركىزىي شەھەر ئاخبارات ۋاسىتىسىغا مەبلەغ سېلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى؛ 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا كورلا كەچلىك گېزىتى ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە مەبلەغ سېلىپ قۇرغان شىنجاڭ «لىچېڭ» ئاخبارات ۋاسىتىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى كورلا شەھىرىدە رويخەتكە ئالدۇرۇش رەسمىيىتىنى تاماملىدى؛ 11 - ئاينىڭ 5. كۈنى «تۇرپان گېزىتى» شىنجاڭ گېزىتى گېزىتچىلىك گۇرۇھىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، ئىككى تەرەپ ھەمكارلاشقان تۇنجى تور - تۇرپان گېزىتى ئاخبارات بىناسى بىلەن ئاخبارات مېھمانخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن لېنتا كېسىشتىن ئىبارەت بولدى؛ 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاپتونوم رايون يىغىن ئېچىپ، «شىنجاڭ

قانۇنچىلىق گېزىتى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە) نى، «شىنجاڭ بازار يېتەكچىسى گېزىتى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە) نى شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇل بولۇشىغا ۋە ئاساسلىق باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى، «كورلا كەچلىك گېزىتى» نى شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى ھەقلىق قوشۇۋالدى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، 12- ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى بىلەن شائخەي «خېگرۇڭ» مەدەنىيەت ئاخبارات ۋاستىلىرى تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى توختام ئىمزالاپ، «شىنجاڭ سەھەر گېزىتى» نى 2004 - يىلدىن باشلاپ شائخەيدە نەشر قىلىپ تارقىتىدىغان بولدى.

3. ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە نۇسخىلىرىنىڭ مۇخبىرلىق، تەھرىرلىك سىستېمىسى تور قۇرۇلۇشى تامامەن پۈتتۈرۈلدى. قۇرۇلۇش 374 رەقەم نۇقتىسىغا، 341 يۈرۈش خىزمەت ئېكرانىغا تارقالدى. پروگراممىلىق تېلېفون كوممۇتاتورى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ تەقلىدىي تورىغا كىردى.

ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە يېزىقتا نەشر قىلىنىدىغان «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ يىللىق ئەمەلىي ئوتتۇرىچە تارقىتىلىش مىقدارى 116 مىڭ پارچىگە؛ ئۇيغۇرچە، قازاقچە نەشر قىلىنىدىغان «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» نىڭ يىللىق ئەمەلىي ئوتتۇرىچە تارقىتىلىش مىقدارى 10 مىڭ 400 پارچىگە؛ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» نىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تارقىتىلىش مىقدارى 2554 پارچىگە يەتتى. بىر يىلدا «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئېلان كىرىمى 20 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %8 ئاشتى.

ليۇ ۋەنجېن

## شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى

2003 - يىلى گېزىت ئىدارىسىنىڭ ئېلان باشقارمىسى مەملىكەت بويىچە ئېلان كەسپىدە مەنىۋى مەدەنىيلىك بويىچە ئىلغار ئورۇن مۇكاپاتىغا؛ شىنجاڭ گېزىتىنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنى پىلانلاش بۆلۈمى مەملىكەت بويىچە ئاخبارات ساھەسىنىڭ «سارس» قا تاقابىل تۇرۇش خەۋەر تەشۋىقاتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ مۇكاپاتىغا؛ خۇاڭ يۈەنمەي ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى جۇڭگو ياش پىدائىيلار ھەرىكىتىنىڭ 10 يىللىق ئالاھىدە تۆھپە مۇكاپاتىغا؛ يالقۇن مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ «ئەخلاق بىلەن سەنئەتنى قوش گۈللەندۈرۈش» مۇكاپاتىغا؛ ئابدۇشۇكۇر ئابدۇكېرىم مەملىكەت بويىچە ئاخبارات ساھەسىنىڭ «سارس» قا تاقابىل تۇرۇش خەۋەر تەشۋىقاتى بويىچە مۇنەۋۋەر مۇخبىر مۇكاپاتىغا؛ ما شياۋخۇڭ مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئاخبارات كوررېكتورى مۇكاپاتىغا؛ گۇڭ لىجۈن مەملىكەت بويىچە ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتى ئاممىۋى خىزمەت - جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكى بويىچە مۇنەۋۋەر خىزمەتچى مۇكاپاتىغا؛ خەن كائخېي جۇڭگو بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئېلان خادىمى مۇكاپاتىغا؛ ليۇ داۋبىننىڭ «مەركىزىي شەھەردىكى ‹ھۆكۈمەت پۇلىغا ئۆتكۈزۈلگەن روجېستىۋا بايرىمى›، كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ» دېگەن ماقالىسى 13 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ دۇ شىنگونىڭ «مەۋقەنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، دەۋرنىڭ كۈچلۈك سادasىنى ياڭرىتايلى» دېگەن ماقالىسى 13 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ساۋ شىنلىڭ، جاڭ يۈنىڭ «ئىسلاھاتقا ھەممە يەردە مەدھىيە ئوقۇلماقتا» دېگەن ماقالىسى 13 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە قوشۇمچە سان ئەدەبىيات بېتى ئەسەرلىرىنى قايتا باھالاش مۇكاپاتىغا؛ ئەي مىن، جاڭ شىنلى تۈزگەن 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى مۇھىم خەۋەرلەر بېتى 13 - نۆۋەتلىك ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە گېزىت بەتلىرىنى قايتا باھالاشتا مىس مېدال مۇكاپاتىغا، 11 - نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ياخشى خەۋەرلىرىنى باھالاشتا مۇنەۋۋەر بەت مۇكاپاتىغا؛ ۋاڭ ۋېيجۈن، تيەن يەن تۈزگەن 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 19- كۈنىدىكى 4 - بەت 13 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە گېزىت بەتلىرىنى قايتا باھالاشتا مىس مېدال مۇكاپاتىغا؛ «زامانىمىز ئاخباراتچىلىقى» ۋە «غەربنى كەڭ ئېچىش خەۋەرلەر مۇنبىرى» مەخسۇس سەھىپىسى مەملىكەت بويىچە ئاخبارات كەسپىي قەرەللىك ژۇرناللىرىنى باھالاشتا مۇنەۋۋەر سەھىپە مۇكاپاتىغا؛ چېڭ گوفېڭ تۈزگەن 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى «جىگدە چېچىكى» ناملىق مەخسۇس بەت مەملىكەت بويىچە ئاخبارات گېزىت - ژۇرناللىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ھەجۋى سۈرەتلەر مەخسۇس بەتلىرىنى باھالاشتا ئالتۇن مۇكاپاتىغا؛ كاڭ ۋېنخۇا تۈزگەن 2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى خەلقئارا B1 بەت 8 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئاخبارات تەھرىرلىك مۇكاپاتىغا؛ جاۋ خاۋنىڭ «جاڭ خۇڭچى كالا بېقىشتا بۈيۈك تۆھپە ئىگىسى كۆتۈردى»، «لى ياڭنىڭ ‹ئۈچىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش بويىچە ھال سوراش ئۆيۈن قويۇش ئۆمىكىنىڭ ئويۇنىدىن كۆرۈنۈشلەر›» دېگەن ماقالىسى 11 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە 1 - دەرىجىلىك

مۇكاپاتقا؛ ليۇ داۋېي، خۇاڭ پېڭلەرنىڭ «ھاللىق تۇرمۇش ئائىلەمدە»، گېي مىڭنىڭ «تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىش»، ۋاڭ ۋېيجۇن، ياڭ شىنمېينىڭ «ئېبىنۇر كۆلى يېپيېشىل دەم يەرگە سەپەر» دېگەن ماقالىسى 11 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ گۇاڭ يىدەنىنىڭ «50 توننا ئۆلۈك بېلىقنىڭ سۇنىڭ بۇلغىنىشى ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتى»، يەن تىڭنىڭ «ۋەتەن بىزگە كۈچ - قۇدرەت بېغىشلىدى»، ۋاڭ دىڭ، يۈ چاڭفۇ، مەمتىمىن ئوبۇلنىڭ «ئۆيدىن چىقساق جاھان كەڭرى»، ۋاڭ شىڭنىڭ «ئوقۇتقۇچى - جەڭچىلەر شېكەر كۆلنى خەۋپتىن قۇتقۇزۇش مەيدانىدا تىرىشىپ جەڭ قىلدى» دېگەن ماقالىسى 11 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ جىن رۈيىۋڭ، جاڭ شىنلى تۈزگەن 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 26 - كۈندىكى 4 - بەت 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر پارتىيە گېزىتى باش مۇھەررىرلەر كېڭەشلىك ئىسمىنا خىزمەت مۇھاكىمە يىغىنىدا ياخشى بەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ئەن خۇاڭ، جاڭ جيەنپىڭ تۈزگەن 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈندىكى 2 - بەت 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر پارتىيە گېزىتى باش مۇھەررىرلەر كېڭەشلىك ئىسمىنا خىزمەت مۇھاكىمە يىغىنىدا ياخشى بەت بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ما تاۋ، جىن شىمېي تۈزگەن 2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 3 - كۈندىكى 1 - بەت 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر پارتىيە گېزىتى باش مۇھەررىرلىرى كېڭەشلىك ئىسمىنا خىزمەت مۇھاكىمە يىغىنىدا ياخشى بەت بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ لى دۇڭنىڭ «خەلقئارا ئېقىم مەسىلىلىرى بېتىگە بېرىلىدىغان ماقالىلەرنى تەھرىرلەشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە» دېگەن ماقالىسى 9 - نۆۋەتلىك ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر پارتىيە گېزىتى باش مۇھەررىرلىرى كېڭەشلىك ئىسمىنا خىزمەت مۇھاكىمە يىغىنىدا ياخشى ئىلمىي ماقالىلەر بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ۋاڭ دۇڭنىڭ «ئۆتكەلنى سادىقلىق بىلەن ئىگىلەپ، باشقىلارغا خالىس ياردەم قىلىش»، لى جۇنلىڭنىڭ «‹ئۆتكەل› نى پاسسىپ ئىگىلەشنى ئاكتىپ ئىگىلەشكە ئۆتۈش» دېگەن ماقالىسى 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر پارتىيە گېزىتى باش مۇھەررىرلىرى كېڭەشلىك ئىسمىنا خىزمەت مۇھاكىمە يىغىنىدا ياخشى ئىلمىي ماقالىلەر بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ گو فۇشىڭ، ئەن خۇڭنىڭ «رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ‹كىتاب چىقىرىش قىزغىنلىقىنى پەسەيتىش كېرەك›»، خې تاۋنىڭ «ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى يېيىش رەزىللىكتۇر» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ئاممىۋى خىزمەت جەھەتتىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بويىچە ياخشى خەۋەرلەر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا؛ خۇاڭ يەننىڭ «كەسىپ ئەھلىلىرى ناچار رىقابەتنىڭ ئىچكى سىرىنى ئاشكارىلىدى» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ئاممىۋى خىزمەت جەھەتتىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بويىچە ياخشى خەۋەرلەر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا؛ ليۇ داۋېينىڭ «يېرىم كېچىدە يولسىزلارچە خېرىدار تارتىش»، جۇڭ شيۇلىڭ، جاڭ شيۇ، جاۋ جۇنلەر بىرلىشىپ يازغان «شەھەردىكى توساق يول قاچان راۋانلىشىدۇ؟»، ۋاڭ شىنكېنىڭ «ماناس دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكى خەتەر ئىچىدە قالغانلىقتىن ماناس دەرياسى ۋادىسىدىكى 17 رۇدا ئېلىش زاۋۇتى تاقالدى»، جاڭ لېينىڭ «يەنە تازىلىق ئادىتى توغرىسىدا»، يەن جىڭنىڭ «ناچار ئادەت قايتىپ كەلمىسۇن» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ئاممىۋى خىزمەت جەھەتتىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بويىچە ياخشى خەۋەرلەر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا؛ خاۋ شىخۇڭنىڭ «ئەدلىيە ئادىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشتىكى ياخشى خەۋەرلەر بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ دەي شاۋكاڭنىڭ «ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەپ سۈپەتنى ئۆستۈرۈش - يېڭى دەۋردىكى پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ كوررېكتورلىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئۇنىۋېرسال ساپا توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك ئاخبارات كوررېكتورلۇقى مۇھاكىمە يىغىنىدا ئاخبارات ئىلمىي ماقالىلىرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ جاڭ لىشۈننىڭ «جاڭ لېيەنچى ‹ئورمان قانۇنى› نى جان تىكىپ قوغدىدى» دېگەن ماقالىسى 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «دۆباڭ لوڭقىسى» مۇھىتقا دائىر ياخشى خەۋەرلەر بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ۋاڭ بيەننىڭ «‹كاڭتەي› جىددىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ 246 دانە لاياقەتسىز ماشىنىنى قايتۇرۇۋالدى» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك ئاخبارات ساھەسى «سارس» قا تاقابىل تۇرۇش ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا؛ ئۇلاننىڭ «مەڭگۈ تۈزىمايدىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈلى» مەملىكەتلىك موڭغۇلچە گېزىت - ژۇرناللار ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ تومەن، ئوچېرجاپ بىرلىشىپ يازغان «بورتالا ئوبلاستى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى» دېگەن ماقالە مەملىكەتلىك موڭغۇلچە گېزىت - ژۇرناللار ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ تو. باتۇرناسىننىڭ «سودا دېڭىزىدا دولقۇن



2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ باسمىچىلىق نۇقتىسى قەشقەردە قۇرۇلدى. سۈرەتتە: «شىنجاڭ گېزىتى» باسمىچىلىق مەركىزىنىڭ دىرېكتورى نيەن چىڭخەي (ئوڭدا) جەنۇبىي شىنجاڭ باسمىچىلىق نۇقتىسىدا باسما سۈپىتىنى تەكشۈرمەكتە.
لى ياڭ فوتوسى

يارغۇچى»، بات بايىرنىڭ «ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر مارشى»، نامكانىڭ «لاستى يېزىسى ئوت - چۆپ تېرىش، كالا بېقىشتا ئۈنۈم هاسىل قىلدى» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك موڭغۇلچە گېزىت - ژۇرناللار ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ باتۇر بايارنىڭ «پارتىيىگە مۇھەببەت» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك موڭغۇلچە گېزىت - ژۇرناللار ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا؛ سىچىن بايار، باسمالار تۈزگەن 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى موڭغۇلچە «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1 - بېتى مەملىكەتلىك موڭغۇلچە گېزىت - ژۇرناللار بېتى بويىچە ياخشى بەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ليۇ ۋەنجېن

## «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ باسمىچىلىق نۇقتىسى

2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ باسمىچىلىق نۇقتىسى قەشقەر شەھىرىدە قۇرۇلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى. قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا يەنە ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇ دۈنفۇ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ۋە قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، قىزىلسۇدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاست خەلقى شۇ كۈنلۈك «شىنجاڭ گېزىتى»نى شۇ كۈنى كۆرەلمەيدىغان تارىخقا خاتىمە بېرىلدى.

ليۇ ۋەنجېن

## مەملىكەت بويىچە پارتىيە گېزىتى مۇخبىرلىرى تارىمنى ئايلىنىپ زىيارەت قىلدى

2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 25. كۈنىگىچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەردىكى 30 پارتىيە گېزىتىنىڭ 60 مۇخبىرى قاتناشقان تارىمنى ئايلىنىپ زىيارەت قىلىش پائالىيىتىنى ئويۇشتۇردى. ئۇلار ئۈرۈمچى، تۇرپان، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنى بېسىپ ئۆتتى، پائالىيەتنىڭ ۋاقتى 15 كۈن، مۇساپىسى 7000 كىلومېتىردىن ئاشتى. «شىنجاڭ گېزىتى» مۇشۇ پائالىيەت ئۈچۈن مەخسۇس سەھىپە، مەخسۇس بەت ئاچتى، مۇخبىرلارنىڭ قەلەم تەۋرىتىشى ۋە سۈرەتكە تارتىشى ئارقىلىق غەربىي يۇرتتىكى مۇھىم شەھەر ۋە يىپەك يولىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چېگرا رايوننى ئېچىش، گۈللەندۈرۈشتىكى روھىي قىياپىتى ۋە شىنجاڭنىڭ كۈنسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئوبرازى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە نامايەن قىلىندى.

ليۇ ۋەنجېن

## گېزىت - ژۇرناللارنىڭ مۇخبىر - تەھرىرلىرى كەسپىي سالاھىيەت بويىچە تەربىيىلەندى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى 10 قارار ئاخبارات مۇخبىر، تەھرىرلىرىنى كەسپىي سالاھىيەت بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 1693 كىشىنى تەربىيىلىدى. «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى، شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى ئىدارىسىنىڭ 5 قارار كۇرس ئېچىپ، 646 ئادەمنى تەربىيىلىشىگە ياردەم قىلدى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. ئاخبارات مۇخبىر، تەھرىرلىرى كۇرس تاماملانغاندىن كېيىنكى ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن، بىر تۇتاش كەسپىي سالاھىيەت لاياقەتنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى

# نەشرىياتچىلىق

## نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

شىنجاڭ بويىچە 2003 - يىلدىكى نەشرىيات ئىدارىسى

12. بۇنىڭ ئىچىدە كىتاب نەشرىيات ئىدارىسى 10 (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، ئىلى خەلق نەشرىياتى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، قىزىلسۇ قىرغىز نەشرىياتى)، ئۈن - سىن ئېلېكترون نەشرىياتى 2 (شىنجاڭ ئۈن - سىن نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترونلۇق ئۈن - سىن نەشرىياتى). بۇ 12 نەشرىيات ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە، شىبەچە 6 خىل يېزىقتا (تىل تۈرى) بويىچە كىتاب، ئۈن - سىن بۇيۇملىرى ۋە ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىدۇ.

2003 - يىلى كىتاب نەشر قىلىدىغان 10 نەشرىيات ئىدارىسى نەشر قىلغان كىتاب 3720 خىلغا، 78 مىليون 380 مىڭ پارچىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكىسى 1800 خىل، 36 مىليون 500 مىڭ پارچە. 2 ئۈن - سىن ئېلېكترونلۇق نەشرىيات ئىدارىسى نەشر قىلغان نەشر بۇيۇمى 117 خىلغا، 429 مىڭ پارچە (قاپ) قا يەتتى.

2003 - يىلى 12 نەشرىيات ئىدارىسىدىكى كەسپكار 1130 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تەھرىر 683، ئالىي ئۇنۋانلىقلار 221، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 329.

جاڭ شىنگې

## ئەسەر هوقۇقىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر نەشر هوقۇقى ئىدارىسى «ئەسەر هوقۇقى قانۇنى» بويىچە تەشۋىقات - تەربىيە ۋە قانۇننىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ساھەلەرگە «ئەسەر هوقۇقى قانۇنى» ساۋاتلىرىنى تەشۋىق قىلدى، 11 قېتىم لېكسىيە، 2 قېتىم جامائەت پاراۋانلىقى تىپىدىكى تەشۋىقات پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى، ئاساسىي قاتلامدا تەشۋىقات - تەربىيىنى نۇقتىلىق قانات يايدۇردى. قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان كىتابتىن 38 مىڭ پارچىنى، 140 مىڭ پارچە (قاپ) يۇمشاق دېتالنى يىغىۋالدى، ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ئۈن - سىن بازارلىرىدا قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى. مەملىكەت بويىچە ئەتكەس، ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان ئوپتىك لېنتىلارنى كۆيدۈرۈشنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ھەرىكىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ قانات يايدۇردى. بىر يىلدا ئەدەبىيات، گۈزەل سەنئەت، ئېلان، يۇمشاق دېتال قاتارلىق ئەسەرلەردىن 57 نى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تىزىملىتىش تاماملاندى. چەت ئەل كىتابلىرىنى نەشر قىلىش بويىچە نەشر توختامىدىن 36 سى روېيختەكە ئېلىندى، 28 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قەلەم ھەققى ئېلىندى، ئەسەر هوقۇقىغا دائىر ماجىرادىن 20 سى قوبۇل قىلىندى.

شىنجاڭ ئەسەر هوقۇقى ئىدارىسى

## كىتاب - ژۇرناللارنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە 50 خىل كىتابنى نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرى تاللاپ تەكشۈردى. سىياسىيغا، دىنغا دائىر كىتاب ۋە ژۇرنالدىن 200 خىلى، ئۈن - سىن بۇيۇمىدىن 90 خىلى تەكشۈرۈپ ئوقۇلۇپ بېكىتىلدى. 2001 - 2002- يىلى نەشر قىلىنغان كىتابلارنىڭ تەھرىرلىك، كوررېكتورلۇق سۈپىتى تەكشۈرۈلدى، 397 خىل كىتاب ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، بېكىتىش ئارقىلىق بۇنىڭ 39 خىلى سۈپەتلىك، 53 خىلى ياخشى، 221 خىلى لاياقەتلىك، 84 خىلى لاياقەتسىز بولدى.

شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى تەكشۈرۈپ ئوقۇش باشقارمىسى

## باسما سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى 3 قېتىم باسما سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئىشىنى ئۇيۇشتۇردى، ئەتىياز ۋە كۈزدە 1917 خىل دەرسلىكنى، 2002 - يىلى نەشر قىلىنغان كىتابتىن 394 خىلنى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ گېزىتىدىن 51 خىلنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق 243 خىل دەرسلىك سۈپەتلىك، 350 خىلى ياخشى، 1323 خىلى لاياقەتلىك، بىر خىلى لاياقەتسىز بولدى؛ نەشر قىلىنغان كىتابلاردىن 72 خىلى سۈپەتلىك، 170 خىلى ياخشى، 144 خىلى لاياقەتلىك، 8 خىلى لاياقەتسىز بولدى؛ گېزىتنىڭ 17 خىلى لاياقەتلىك، 16 خىلى سۈپەتلىك، 18 خىلى ياخشى بولدى.

شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى مەتبەئەچىلىك باشقارمىسى

## شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان ھەر خىل يېزىقتىكى كىتاب، ژۇرنال 875 خىلغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كىتاب 735 خىل (ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى كىتاب 341 خىل، خەنزۇچە كىتاب 394 خىل).

2003 - يىلى 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە دۆلەت نۇقتىلىق نەشر قىلىدىغان كىتاب - «غەربىي يۇرتنى ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش - سىرلىق مۆھتىقا بىۋاسىتە كىرىش»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ئومۇمىي تارىخى» (3 توم) نەشر قىلىندى. بىر تۈركۈم نۇقتىلىق نادىر كىتابلار بىرلا ۋاقىتتا

# رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە

## رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 6 رادىئو ئىستانسىسى، 16 تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، 24 ناھىيە دەرىجىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بار بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 111 يۈرۈش رادىئو پروگراممىسى يولغا قويۇلۇپ، كۈنىگە 1354 سائەت 57 مىنۇت ئاڭلىتىش بېرىلدى، بىر يىلدا 159 مىڭ 380 سائەتلىك رادىئو پروگراممىسى ئىشلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى رادىئو پروگراممىسى 52 يۈرۈش بولۇپ، كۈنىگە 529 سائەت 2 مىنۇت ئاڭلىتىش بېرىلدى، بىر يىلدا 55 مىڭ 308 سائەتلىك رادىئو پروگراممىسى ئىشلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 166 يۈرۈش تېلېۋىزىيە پروگراممىسى يولغا قويۇلۇپ، ھەپتىسىگە 8886 سائەت 38 مىنۇت كۆرسىتىلدى، بىر يىلدا 79 مىڭ 828 سائەتلىك تېلېۋىزىيە پروگراممىسى ئىشلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى تېلېۋىزىيە پروگراممىسى 64 يۈرۈش بولۇپ، ھەپتىسىگە 3187 سائەت 16 مىنۇت كۆرسىتىلدى، بىر يىلدا 29 مىڭ 180 سائەتلىك پروگرامما ئىشلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 925 مىڭ 100 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە قىسقا دولقۇنلۇق تارقىتىش ئىستانسىسى، ئوتتۇرا دولقۇنلۇق تارقىتىش ئىستانسىسى 40، تارقىتىش ئاپپاراتىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 2332 كىلوۋاتقا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى ئوتتۇرا، قىسقا دولقۇنلۇق تارقىتىش ئاپپاراتىنىڭ قۇۋۋىتى 1423 كىلوۋات؛ تەجرىبە ئىستانسىسى 14، تارقىتىش ئاپپاراتىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 470 كىلوۋات؛ چاستوتىسى تەڭشەلگەن تارقىتىش ئىستانسىسى، ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى 912، تارقىتىش ئاپپاراتىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 213.567 كىلوۋات؛ تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئىستانسىسى، ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى 878، تارقىتىش ئاپپاراتىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 214.356 كىلوۋات،

---

ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىندى، مەسىلەن: «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»، «شىنجاڭنى چۈشىنىش، شىنجاڭنى تونۇش مەجمۇئەسى»، «شەرەپ قۇچقان شىنجاڭ»، «خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى»، «قۇتادغۇبىلىكتىكى ئاچقۇچلۇق سۆزلەر»، «يېڭى غەربىي يۇرت مەدەنىيەت خەزىنىسى - ياۋروپا، ئاسىيا ئىستراتېگىيە مەجمۇئەسى» (5 خىل)، «تارىمغا ساياھەت»، «شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى» قاتارلىقلار. «نېفىت، تەبىئىي گازنى تەكشۈرۈش، ئۆزلەشتۈرۈش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى»، «شىنجاڭنىڭ 2003 - 2004 - يىلدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ئۈستىدە تەھلىل ۋە مۆلچەر»، «شىنجاڭدىكى رايونلار ئىقتىسادىنىڭ پەرقى ۋە ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا تەتقىقات»، «ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات - ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ۋە جۇڭگو شىنجاڭ»، «شىنجاڭ تارباغاتاي شامالئۆتەڭدە بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قار كۆچۈشنى توسۇش ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشىغا باھا ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى توغرىسىدا تەتقىقات»، «شىنجاڭ تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىقتىدارى توغرىسىدا تەتقىقات» قاتارلىق شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، بايلىقنى ئېچىش، مۇھىتنى قوغداشقا ئائىت بىر تۈركۈم كىتابلار نەشر قىلىندى. «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئائىت بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» ۋە «كونسۇلتاتسىيە ئوقۇشلۇقى»، «يولداش خۇ جىنتاۋنىڭ 1 - ئىيۇل نۇتقى»، «كادىرلار ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان 25 نەزەرىيىۋى مەسىلە» قاتارلىق كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىگە ئائىت بىر تۈركۈم كىتابلار كۆپ خىل ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى.

2003 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئىدارىسىنىڭ 21 خىل كىتابى (قەرەللىك ژۇرنىلى) ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كىتاب مۇكاپاتىغا ۋە قەرەللىك ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

شيەن يوڭ

كىلوۋاتتىن يۇقىرى تارقىتىش ئىستانسىسى، ئۈلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى 65، تارقىتىش ئاپپاراتىنىڭ قۇۋۋىتى 319.95 كىلوۋات؛ سۈنئىي ھەمراھ يەر ئۈستى پونكىتى بىر، رادىئو، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق قوبۇل قىلىش - ئۈلاپ تارقىتىش پونكىتى 3458. ئاپتونوم رايون بويىچە رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92.8 كە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 1.19 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %93.04 بولدى؛ تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92.51 كە يېتىپ، 0.86 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %89.68 بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە رادىئو، تېلېۋىزىيە سىستېمىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 12 مىڭ 167، بۇنىڭ ئىچىدە شتاتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 11 مىڭ 568. ئاپتونوم رايون بويىچە رادىئو، تېلېۋىزىيە سىستېمىسىنىڭ كەسپىي كىرىمى 545 مىليون 58 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيىدىن ئاجرىتىلغان پۇل 210 مىليون 626 مىڭ 800 يۈەن، رادىئو، تېلېۋىزىيە سىستېمىسىنىڭ كەسپىي چىقىمى 541 مىليون 911 مىڭ 100 يۈەن، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 889 مىليون 324 مىڭ يۈەن.

2. رادىئو، تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك رادىئو - كىنو- تېلېۋىزىيە تارماقلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ كونكرېت ئۈنۈمى، تىپىك شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرى، قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى تەجرىبىلەرنى گەۋدىلىك تەشۋىق قىلدى. «ئۈچكە يېقىنلىشىش» پرىنسىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاخبارات قىممىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭى مەزمۇنلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يىغىن خەۋەرلىرىنى ئازايتىپ، خەۋەرلەرنىڭ ئۇچۇر مىقدارىنى ئاشۇردى. «سارس»قا تاقابىل تۇرۇش تەشۋىقاتىدا، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى «سارسنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە سۆھبەت»، «‹سارس›قا تاقابىل تۇرۇش ئاخبارات مۇسابىقىسى» قاتارلىق سەھىپىلەرنى ئاچتى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «ھەممە بىر نىيەتتە سارس ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش» قاتارلىق ئاخبارات سەھىپىسىنى ئاچتى. مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردا يەر تەۋرەش يۈز بەرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە يەرلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە تارماقلىرى ئاپەت رايونىغا دەرھال خەۋەر گۇرۇپپىلىرىنى ئەۋەتتى، ئۇلار 300 نەچچە پارچە خەۋەر يازدى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئاپتونوم رايون بويىچە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. ھەر دەرىجىلىك رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى قانال چاستوتىسىنى كەسپىلەشتۇرۇش، سەھىپىلەرنى ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش، پروگراممىلارنى سەرخىللاشتۇرۇشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان تەشۋىقات ئىسلاھاتىنى پائال ئالغا سۈردى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋاقتى ئۇزۇن، سىغىمى كۆپ بۆلەكلىك پروگراممىلارنى ئۈزلۈكسىز يولغا قويۇپ، ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدىكى لېنتىغا ئېلىۋېلىپ ئاڭلىتىشتىن زامانىۋى بىۋاستە ئاڭلىتىشقا، دىكتورلۇق ئۇسۇلىدا يېقىمسىز، قاتمال رىياسەتچىلىكتىن يېقىملىق، جانلىق رىياسەتچىلىككە قاراپ بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇيغۇرچە خەۋەرلەرنى خەنزۇچە خەۋەرلەر بىلەن تەڭ شۇ كۈنى ئاڭلىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس پروگراممىلارنىڭ تولىسىدا رىياسەتچى بىۋاستە ئاڭلىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، تۇنجى قېتىم پروگراممىلارنى تەكرارلىماسلىق رېكورتى يارىتىلدى. قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە رادىئو پروگراممىلىرى ئىسلاھاتىدىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ھەر خىل تىلدىكى قاناللارنى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتتى، «شىنجاڭ خەۋەرلىرى»دىكى «رايونىمىز خەۋەرلىرى» بۆرۈكى 15 مىنۇتتىن 20 مىنۇتقا ئۇزارتىلدى، ئۇيغۇرچە، قازاقچىدىكى ئۇنىۋېرسال پروگراممىلار قىسقارتىلىپ، ئىقتىساد، پەن - مائارىپ، ئۇچۇر ۋە قانۇنچىلىق تۈرىدىكى پروگراممىلار كۆپەيتىلدى، «دۇنيادىكى ئىشلار» پروگراممىسىنى شۇ كۈنى تەرجىمە قىلىپ



2003 - يىل 11 - ئايدا شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە تەرجىمە مەركىزىنىڭ بىناسى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

سۈرەتنى ش ئۇ ئا ر رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەمىنلىگەن.

كۆرسىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئىستانسا بويىچە مىللىي تىلدىكى 5 قانالنىڭ قوبۇللىنىش نىسبىتى مۇقىم ئاشتى. 2003 - يىلى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى مەملىكەت خاراكتېرلىك مۇكاپاتتىن 68 گە ئېرىشتى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 20 ئەسىرى دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 19 قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى «قېرىنداشلار» 9 - نۆۋەتلىك بەش بىر قۇرۇلۇشى بويىچە تاللانغان ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى بىر يىلدا تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىن 2 نى (40 قىسىم) ئىشلىدى، ھېكايە فىلىمىدىن 65 نى، 122 قىسىم تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى تەرجىمە قىلدى. «قۇربان تۇلۇمنىڭ بېيجىڭغا سەپىرى» ناملىق كىنو بەش بىر قۇرۇلۇشى بويىچە تاللانغان ئەسەر مۇكاپاتىغا ۋە جۇڭگو كىنو تاش تۇۋرۇك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بىر يىلدا ھېكايە فىلىم، تېلېۋىزىيە تىياتىرى ۋە تەرجىمە فىلىمىدىن 10 ى «تۇلپار مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 2859 قىسىملىق 340 تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى.

3. رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى

2003 - يىلى شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى دۆلەتنىڭ «شىنزاڭ - شىنجاڭ قۇرۇلۇشى» ۋە تور تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، بىر تۈركۈم مۇھىم قۇرۇلۇشلارنى تاماملىدى. «شىنزاڭ - شىنجاڭ قۇرۇلۇشى»نىڭ 3 - باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى تاماملاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك 90 تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 184 تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئاپپاراتى يېڭىلاندى ھەمدە ئانتېننا ئۆزىتىش يولى سىستېمىسى ۋە توك-بىلەن تەمىنلەش - توك تەقسىملەش سىستېمىسى قاتارلىق قوشۇمچە مۇئەسسەسەلەر مۇناسىپ ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈلدى؛ 40 ئېلېكترونلۇق قارشىلىق ئاپپاراتىنىڭ ئانتېنناسىنى تەڭشەش تورى ئۆزگەرتىلدى؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا كۆچمە كىنو قويۇش ماشىنىسىدىن 50 ى سەپلەپ بېرىلدى. 4 يىل تىرىشىش ئارقىلىق 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 430 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، 4800 كىلومېتىرلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئوپتىكىلىق كابېل لىنىيە تورى ئومۇميۈزلۈك تاماملىنىپ، دۆلەتنىڭ ئوپتىكىلىق كابېل لىنىيىسى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 35 ناھىيە، شەھەر بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى. رەقەملىك تېلېۋىزىيە كەسپى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشكە باشلىدى. 2003-يىل 5 - ئايدا ئۈرۈمچى رايونى مەملىكەت بويىچە رەقەملىك تېلېۋىزىيە سىناق نۇقتىسى قىلىنغان تۇنجى تۈركۈمدىكى رايونلارنىڭ بىرى قىلىندى. رادىئو - تېلېۋىزىيە تورى سانلىق مەلۇمات كەسپىنىڭ ئابونېنتى بىلەن كىرىمى ئۇدا 4 يىل تېز سۈرئەتتە ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - چوڭ سانلىق مەلۇمات تور سۇپىسىغا ئايلاندى. ئاپتونوم رايوننىڭ ھۆكۈمەت تورى ۋە مائارىپ، قاتناش، جامائەت خەۋپسىزلىكى، خەۋپسىزلىك، سودا - سانائەت، پۇل مۇئامىلە - ئاكسىيە، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قاتارلىق كەسپلەر رادىئو - تېلېۋىزىيە توردىكى مۇقىم ئابونېنت توپىغا ئايلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە رادىئو - تېلېۋىزىيە تورىنى بىرلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 2003 - يىلى سانجى، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي، تۇرپان، قۇمۇل، ئاقسۇ، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە كۇنەس، غۇلجا، چاپچال، مارالبېشى، قەشقەر كوناشەھەر قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ رادىئو-تېلېۋىزىيە تورىنى بىرلەشتۈرۈش ۋە شۆبە شىركەتلەرنى قۇرۇش خىزمىتى، ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن، يەكەن، كۇچا قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ تورىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە تەرجىمە مەركىزىنىڭ بىناسى پۈتۈپ ئىشلىتىلدى. بۇ بىناغا 70 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئېگىزلىكى 21 قەۋەت بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 23 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ زامانىۋىلاشقان 10 ئاۋاز ئېلىش زالى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ تەرجىمە مەركىزى ھېسابلىنىدۇ.

جىن خۇڭلى

## مۇنەۋۋەر پروگراممىلار باھالاندى

2002 - يىللىق شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى ۋە رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتىنى باھالاش يىغىنى 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە مالەندە ئۆتكۈزۈلدى. 366 پارچە ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە رادىئو ئەسىرى 158 پارچە (ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 2 پارچە، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 24 پارچە، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 48 پارچە، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 84 پارچە)، تېلېۋىزىيە ئەسىرى 184 پارچە (1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 29 پارچە، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 56 پارچە، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 99 پارچە)، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسىرى 24 پارچە (1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 3 پارچە، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 7 پارچە، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 14 پارچە).

شىنجاڭ 6 - نۆۋەتلىك رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى (خەنزۇچە) نى باھالاش يىغىنى 4 - ئاينىڭ 26 -

27 - كۈنلىرى تۇرپاندا ئۆتكۈزۈلدى. 48 پارچە ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر پارچە ئەسەر ئالاھىدە مۇكاپاتقا، 8 پارچە ئەسەر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 16 پارچە ئەسەر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 23 پارچە ئەسەر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جىن خۇڭلى

## قوشۇمچە (1)

2002 - يىللىق شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى (رادىئو قىسمى) بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ۋە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر: غەربىي قىسىم رادىئو ئىشلىرىنىڭ باھارى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق 7 ئۆلكە - ئاپتونوم رايوننىڭ رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە نەق مەيداندىن بېرىلگەن بىۋاسىتە ئاڭلىتىش)، جۇڭغاردىكى مۇراسىم (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قاراماي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، گۇاڭدۇڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شاڭخەي شەرق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇنىۋېرسال پروگراممىسى).

1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر: تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا تەنتەنە (كوللېكتىپ ئىجادىيەت، خەنزۇچە نەق مەيداندىن بېرىلگەن ئاڭلىتىش)، يۇقىراۋى كارخانىچىلار مۇتەخەسسىسلەرنى كەنتلەرگە بېرىپ 16 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىپ، دېھقانلارنىڭ بېيىپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشىگە ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلدى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن خەۋەر)، تەڭرىتاغ بۈركۈتىنىڭ قانىتى نېمىشقا سۇندى؟ (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئوبزور)، مەن خەلق ۋەكىلى بولىمەن (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە قىسقا خەۋەر)، شىنجاڭدىكى يەر نامىنى تاللىشىپ رويخەتكە ئالدۇرۇۋالغان تۇنجى دېلوغا 1 - سوتتا ھۆكۈم چىقىرىلدى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە قىسقا خەۋەر)، دۆڭكۆۋرۈكتە قەد كۆتۈرگەن يېڭى سودا چەمبىرىكى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە مەخسۇس خەۋەر)، شىنخۇ كەنتىدىكى دېھقانلار ئىناۋەتكە تايىنىپ قەرز پۇل ئالدى (فۇكاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن خەۋەر)، دۆلەت ھالقىپ دورا تېپىپ زەھەرلەنگەنلەرنى قۇتقۇزغان كىشى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن خەۋەر)، ئادىمىيلىكتىن ئايرىلغان ھالاكەت يولى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە مەخسۇس خەۋەر)، مالەنگە مەدھىيە (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، مالەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇنىۋېرسال پروگراممىسى)، ئالتۇن تۇپراقتا ياڭرىغان مەدھىيە ناخشىسى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە دېھقانلار پروگراممىسى)، ماڭا بىر جۈپ كۆز بېرىڭ (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئىشتانلىق پروگراممىسى)، ئوخشاش ماكان، ئوخشاشمىغان مەن - ئەيدىس كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغۇچىنىڭ كۆڭۈل ئىزھارى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئاممىۋى پروگراممىسى)، «قارادۆۋە چىلىنى تاۋار ماركىسى» دېلوسى قۇمۇللۇقلارغا ساۋاق بولدى (قۇمۇل خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە خەۋەر)، پارتىيىنىڭ نۇرى چېكرا شەھەرنى يورۇتتى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە يۈرۈشلۈك خەۋەر)، ئالاقىدىكى ئۆزگىرىش (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە چاتما خەۋەر)، ئەھمىيەتلىك تويلۇق (ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە سۆھبەت پروگراممىسى)، «بوغدا ساداسى» (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئۇنىۋېرسال بۆلەكلىك پروگراممىسى)، چۈشلۈك خەۋەرلەر (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە خەۋەر)، مېيىپلىك ئۈستىدىن غالىپ كەلگۈچى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە مەخسۇس ئۇنئالغۇ زىيارىتى) ئاپەتكە تاقابىل تۇرغان قەھرىمان (ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە مەخسۇس ئۇنئالغۇ زىيارىتى)، خېجىڭ ناھىيىسى بارۇنخارمۇدۇن بازىرى تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ مو بېشى مەھسۇلات قىممىتىنى مىڭ يۈەندىن ئاشۇردى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، موڭغۇلچە خەۋەر)، بالغۇت دەرياسى بويىدىكى ئۆزگىچە سەيلىگاھ (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، موڭغۇلچە ئۇنئالغۇ خەۋىرى)، 16 - قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ تەسىراتى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قىرغىزچە مەخسۇس خەۋەر).

## قوشۇمچە (2)

2002 - يىللىق شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى (تېلېۋىزىيە قىسمى) بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

دوكلات مۇھاكىمە قىلىنىپ، يۈرەك ساداسى ئىزھار قىلىندى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە قىسقا خەۋەر)، ئېلىمىزنىڭ ئېلېكتر ئارقىلىق يېرىش ئىستانوكى تۇنجى قېتىم ئامېرىكا بازىرىغا ئېكسپورت قىلىندى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە قىسقا خەۋەر)، قۇربانتۇڭغۇت قۇملۇقىدا كۆل نەم يېرى پەيدا بولدى (شىخەنزە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە قىسقا خەۋەر)، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىش باشلاندى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن خەۋەر)، قاراۋۇلخانىدىكى كونا ئەسكەرلەر لوپنۇر كۆلىدىن

ئايرىلدى (مالەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۆزۈن خەۋەر)، پۇقراۋى كارخانىلار ئېنېرگىيە كەسپىگە يۈرۈش قىلدى (ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۆزۈن خەۋەر)، ئىشلەمچىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىسا بولمايدۇ (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئوبزور)، 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە پروگراممىا تۈزۈش)، بوشلۇقتىكى مەددىچىن ئارقىلىق پارتىيىنىڭ ساداسى ياخشى يەتكۈزۈلدى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە چاتما خەۋەر)، ياشلىق باھارى ئىزلىرى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە مەخسۇس پروگرامما)، ئون ئىككى مۇقام جەزبدارلىقىنى قايتا نامايان قىلدى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، مەخسۇس پروگرامما)، شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى توغرىسىدىكى تەپەككۇر (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئىقتىساد پروگراممىسى)، قايتىش يولى قانچە ئۇزۇن؟ (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە چاتما فىلىم)، بوغدىلىقلار (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە قىسقا فىلىم)، «بايراق» (ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ئېلېكترلەشكەن مائارىپ مەركىزى، خەنزۇچە 3 قىسىملىق چاتما فىلىم)، ساداقەت (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن فىلىم)، يادرو بومبىسىنىڭ سىرىنى بىلىدىغان ئادەم (مالەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن فىلىم)، يۇلغۇنلۇقتىكى كىشىلىك ھايات (ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ئېلېكترلەشكەن مائارىپ مەركىزى، خەنزۇچە ئۇزۇن فىلىم)، «سوتنىڭ ئىچى - تېشىدا» 300 - سان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە سەھىپە)، «دېھقان - چارۋىچىلار مۇنبىرى» 279 - سان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە سەھىپە)، «ئالتۇن كۆزنەك» 174 - سان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە سەھىپە)، «مۇنبەت تۇپراق» 81 - سان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە سەھىپە)، ئېبىنۇر كۆلى بويىدىكى ياۋايى ھايۋانات - ياۋا ئۆسۈملۈكلەر ئۆتۈملۈك قوغدالدى (بورتالا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە خەۋەر)، ئۆسمۈرلەر يازلىق لاگېر پائالىيىتى خاتىرىلىرى (ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس پروگرامما)، «تەڭرىتاغ گۈلزارى» 37 - سان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە پروگرامما)، سەكرى ئانىنىڭ ئارزۇسى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە مەخسۇس پروگرامما)، «غۇنچىلار» (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە پروگرامما)، ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى (ئىلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە تەنتەربىيە پروگراممىسى)، نادام يايلاق بايرىمى (بورتالا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، موڭغۇلچە قىسقا فىلىم).

## قوشۇمچە (3)

2002 - يىللىق شىنجاڭ رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى (مىللىيچە) بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

يىللار شۇنداق ئۆتكەن (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە رادىئو دراممىسى)، ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىلىق ئەدەبىيات - سەنئەت مەخسۇس پروگراممىسى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس ئەدەبىيات - سەنئەت پروگراممىسى)، دېلى شياۋپىڭ (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە رادىئو دراممىسى).

## قوشۇمچە (4)

2002 - يىللىق شىنجاڭ رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى (خەنزۇچە) بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ۋە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەر: بىزنىڭ شىنجاڭ ئەڭ گۈزەل (شىنجاڭدىكى 13 رادىئو ئىستانسىسى بىرلىكتە بىۋاسىتە ئاڭلاتقان ئۇنىۋېرسال پروگرامما).

1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر: پورەكلەپ ئېچىلغان ئەتىرگۈللەر (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، مۇزىكىلىق مەخسۇس پروگرامما)، تەبىئەت ساداسىغا قۇلاق سېلىڭ (تۇرپان خەلق رادىئو ئىستانسىسى، مۇزىكىلىق مەخسۇس پروگرامما)، يۇرتقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت (سانجى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، مۇزىكىلىق مەخسۇس پروگرامما)، سەن ماڭىنىڭ شىنجاڭغا مۇھەببىتى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، مۇزىكىلىق مەخسۇس پروگرامما)، پارتىيىگە مەدھىيە (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، سەنئەت كېچىلىكىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى)، ئات ئۈستىدىكى جۇمھۇرىيەت (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، رومان، 29 قېتىمدا بۆلۈپ ئاڭلىتىلدى)، تارىختا غەربىي يۇرتقا كەلگەن تۇنجى ئادەم — تەڭداشسىز تالانت ئىگىسى جاڭ چيەن (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، بايىنغولىن خەلق رادىئو ئىستانسىسى، رومان)، تەڭرىتاغقا مۇھەببەت (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، رادىئو دراممىسى).

## مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە مۇنەۋۋەر رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ۋە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە، تەرجىمە ماقالىلىرىنى مۇكاپاتقا باھالاش پائالىيىتى

جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ئاز

سانلىق مىللەتلەر رادىئو - تېلېۋىزىيە تەتقىقات جەمئىيىتى باشقۇرغان، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۈستىگە ئالغان بۇ پائالىيەت 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. 245 ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 37 پارچىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 74 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 134 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جىن خۇيلى

## قوشۇمچە

**مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە مۇنەۋۋەر رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە، تەرجىمە ماقالىلىرىنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر**

تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى يېشىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە چاتما خەۋەر)، شانلىق مۇساپە (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە چاتما مەخسۇس فىلىم)، «ئالتۇن كۆزنەك» 148- سان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە پروگراممىسى)، تارىم خاتىرىلىرى (ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە پروگرامما)، 2002 - يىللىق قۇربان ھېيتلىق سەنئەت كېچىلىكى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە سەنئەت كېچىلىكى)، 2002 - يىللىق قۇربان ھېيتلىق سەنئەت كېچىلىكى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى)، ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مەخسۇس خەۋىرى (ئىلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە ئىجتىمائىي تەربىيە پروگراممىسى)، قوغۇنلۇقتىن باشلانغان يول (قۇمۇل خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس خەۋەر)، ئالاقاغىدىكى ئۆزگىرىش (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە يورۇشلۇق خەۋەر)، بوغدا ساداسى ئالاھىدە پروگراممىسى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە سەھىپە)، ئۈچ تەرەپ سۆھبىتى ئالاھىدە پروگراممىسى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس پروگرامما)، توختىباقى ئېلىمىزنىڭ قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنى دۇنياغا تونۇتتى (قاراقاش ناھىيىلىك رادىئو ئىدارىسى، ئۇيغۇرچە خەۋەر)، يىللار شۇنداق ئۆتكەن (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە كۆپ قىسىملىق رادىئو درامىسى)، چۈشلۈك خەۋەرلەر (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە بىۋاسىتە ئاڭلىتىش)، دىڭ شياۋپىڭ (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە رادىئو درامىسى)، تەرەققىي قىلىۋاتقان قىرغىز تىلىدىكى رادىئو (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قىرغىزچە مەخسۇس پروگرامما)، تۈۋەنگە چۈشكەن مۇخبىرلارنىڭ مۇخبىرلىق سەنئىتى توغرىسىدا (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە)، ماركسىزملىق ئاخبارات قارىشىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، جامائەت پىكرىنى توغرا يېتەكلەش سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرەيلى (شىنجاڭ رادىئو - كىنو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە)، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە)، ئاخبارات ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا (مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە)، لوگىكىلىق ئۇقۇمنىڭ توغرىلىقى ۋە تەرجىمىنىڭ بەدىئىيلىكى توغرىسىدا (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە ئىلمىي ماقالە)، WTO بىلەن پۇرسەت ۋە رىقابەت (شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، قازاقچە ئىلمىي ماقالە)، چۈشلۈك خەۋەرلەر (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش)، ئەدەبىي پروگرامما (قۇمۇل خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئاكلىتىش)، بۇ كېچە سىز تەنھا ئەمەس (ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە رىياسەتچىلىك)، تەڭرىتاغ گۈلزارى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە رىياسەتچىلىك)، قەشقەر سەپىرى (ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش)، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى (خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش)، قازاقلارنىڭ كەلگۈسى - قاراكۆز قىزلار (مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە ئاڭلىتىش)، «ئادەم ۋە تەبىئەت» 2002 - يىللىق 15 - سان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە ئاڭلىتىش)، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئىزچىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭدا رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى ۋە تەرەققىياتىنى تېزلىتەيلى (شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئەسەر)، قۇرۇلتاي روھىنىڭ مېغىزىنى تەشۋىق قىلىش، كۈرەش ئىرادىمىزنى ئۇرغۇتتى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە تەرجىمە ماقالە)، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ۋە قۇرۇلتاي دوكلاتى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە تەرجىمە ماقالە)، «دۇنيادىكى ئىشلار» 171 - سان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە تەرجىمە ماقالە)، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە تەرجىمە ماقالە)، «دۇنيادىكى ئىشلار»

135 ـ سان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە تەرجىمە ماقالە)، 16 ـ قۇرۇلتايدا كۆرسىتىلگەن يۆنىلىش بويىچە ئالغا ئىلگىرىلەيلى (مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە تەرجىمە ماقالە).

## رادىئو دراممىسى ئىشلەش ئەھۋالى

شىنجاڭ رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە سىستېمىسى 2003ـ يىلى 156 قىسىملىق 36 رادىئو دراممىسى ئىشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئىشلىگىنى 32 دراما، 152 قىسىم: «تارىم كۆلدى» (4 قىسىم، خەنزۇچە)، «كىچىك دايچى» (3 قىسىم، خەنزۇچە)، «چېن سەيۈەنگە مۇھەببەت» (23 قىسىم، خەنزۇچە)، «قۇملۇقتىكى ئىسسىق دولقۇن» (7 قىسىم، خەنزۇچە)، «خارابىلىكتىكى تۇي» (5 قىسىم، خەنزۇچە)، «پەۋقۇلئاددە پويىز» (4 قىسىم، خەنزۇچە)، «خارابىلىكتىكى تۇي» (5 قىسىم، ئۇيغۇرچە)، «كىچىككىنە ئېچىلغان گۇل» (8 قىسىم، ئۇيغۇرچە)، «ئەقىدە» (بىر قىسىم، ئۇيغۇرچە)، «ئادەملەر» (بىر قىسىم، ئۇيغۇرچە)، ئازابلىق لەززەت» (10 قىسىم، ئۇيغۇرچە)، «شەھلا كۆز» (8 قىسىم، ئۇيغۇرچە)، «سەرگەردان ئاشىق ـ مەشۇقلار» (10 قىسىم، ئۇيغۇرچە)، «كىم جىنايەتچى؟» (2 قىسىم، ئۇيغۇرچە)، «بىھوش دورىسى» (بىر قىسىم، ئۇيغۇرچە)، «خوشامەتتىن ياقتۇرمايدىغان جاناب» (بىر قىسىم، ئۇيغۇرچە)، «قانىتى تاۋلانغان بۈركۈت» (بىر قىسىم، ئۇيغۇرچە)، «خارابىلىكتىكى تۇي» (5 قىسىم، قازاقچە)، «تەڭرىتاغقا مۇھەببەت» (4 قىسىم، قازاقچە)، «تەر» (3 قىسىم، قازاقچە)، «قەھرىمان» (2 قىسىم، قازاقچە)، «گۈلخەمتىجان» (2 قىسىم، قازاقچە)، «سۇلباي» (2 قىسىم، قازاقچە)، «ئانا يۇرت» (بىر قىسىم، قازاقچە)، «ئاق خىرۇستال» (بىر قىسىم، قازاقچە)، «غەربىي قىسمىدىكى ئالاھىدە ئۆزگىرىشلەر» (8 قىسىم، موڭغۇلچە)، «خارابىلىكتىكى تۇي» (5 قىسىم، موڭغۇلچە)، «يېڭى چارۋىچى» (4 قىسىم، موڭغۇلچە)، «تونۇشۇش» (2 قىسىم موڭغۇلچە)، «خارابىلىكتىكى تۇي» (5 قىسىم، قىرغىزچە)، «سۆيگۈ دالاسى» (8 قىسىم، قىرغىزچە)، «ئاتا» (6 قىسىم، قىرغىزچە)؛ ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئىشلىگىنى 4 قىسىم، 4 دراما: «مەجبۇرىي تەكلىپ قىلىش» (بىر قىسىم، خەنزۇچە)، «بىباھا مۇھەببەت» (بىر قىسىم، خەنزۇچە)، «ئاتا ـ ئانىنىڭ ياققان ئەجرى بىكار كەتتى» (بىر قىسىم، خەنزۇچە)، «باھار» (بىر قىسىم، خەنزۇچە).

جىن خۇڭلى

## كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئاھۋالى

شىنجاڭ رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە سىستېمىسى 2003ـ يىلى 2859 قىسىملىق 340 كىنو ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى تەرجىمە قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرجىمە قىلغىنى 80 فىلىم، 1089 قىسىم (ئۇيغۇرچە 68 فىلىم، 982 قىسىم، قازاقچە 12 فىلىم، 107 قىسىم)؛ تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى تەرجىمە قىلغىنى 148 فىلىم، 296 قىسىم (ئۇيغۇرچە 89 فىلىم، 178 قىسىم، قازاقچە 59 فىلىم، 118 قىسىم)؛ ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرجىمە قىلغىنى 26 فىلىم، 520 قىسىم؛ قاراماي شەھەرلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرجىمە قىلغىنى 7 فىلىم، 88 قىسىم (ئۇيغۇرچە)؛ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرجىمە قىلغىنى 5 فىلىم، 126 قىسىم (ئۇيغۇرچە)؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرجىمە قىلغىنى 19 فىلىم، 163 قىسىم (ئۇيغۇرچە)؛ خوتەن ۋىلايەتلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرجىمە قىلغىنى 16 فىلىم، 180 قىسىم (ئۇيغۇرچە)؛ ئىلى ئوبلاستلىق رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرجىمە قىلغىنى 21 فىلىم، 289 قىسىم (قازاقچە)؛ ئالتاي ۋىلايەتلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرجىمە قىلغىنى 13 فىلىم، 101 قىسىم (قازاقچە)؛ قىزىلسۇ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرجىمە قىلغىنى 5 فىلىم، 7 قىسىم (قىرغىزچە).

جىن خۇڭلى

## تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەش ئەھۋالى

شىنجاڭ رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە سىستېمىسى 2003ـ يىلى 61 قىسىملىق 4 تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تېلېۋىزىيە تىياتىرى بۆلۈمى ئىشلىگىنى: «قېرىنداشلار» (19 قىسىم)، «كۇئېنلۈندىكى مۇھەببەت» (2 قىسىم)؛ تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگىنى: «شىنجاڭ قىزى» (20 قىسىم)، «سىرنىڭ ئاشكارىلىنىشى» (20 قىسىم).

جىن خۇڭلى

## جاڭ خەيتاۋ شىنجاڭغا كېلىپ «شىزاڭ ـ شىنجاڭ قۇرۇلۇشى»نى تەكشۈردى

دۆلەت رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ خەيتاۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭغا كېلىپ 2003 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە «شىزاڭ ـ شىنجاڭ قۇرۇلۇشى» نىڭ 3 ـ باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشىنىڭ 1 ـ قارارلىق ۋەزىپىسىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ۋە 184 تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئاپپاراتىنى يېڭىلاپ ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەكشۈردى.

جاڭ خەيتاۋ دۆلەت رادىئو باش ئىدارىسىغا قاراشلىق 201ـ ئىستانسا، 654 ـ ئىستانسا ۋە ش ئۇ ئا ر رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىغا قاراشلىق ئىستانسىلارنى، شىخەنزە رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنى ھەم قەشقەر «2022» قۇرۇلۇشىنى شۇنداقلا چوڭ رادىئو كانايلارنى كەڭتىلەرگە ئورنىتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە

قورۇلۇش داۋامىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ماسلاشتۇردى.

جىن خۇڭلى

## شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىۋاسىتە ئۇلاپ كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇردى

2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كۆرسىتىش بولۇمىدىكى پروگراممىلارنى تۇنجى قېتىم بىۋاسىتە ئۇلاپ كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇردى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى خەۋەرلەر قانىلىنىڭ رىياسەتچىسى بېيجىڭدىكى كۆرسىتىش بولۇمىدە تۇرۇپ، ئۇلانما لىنىيە ئارقىلىق ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدىنى بىۋاسىتە زىيارەت قىلدى.

جىن خۇڭلى

## مىللىي يېزىقتىكى تۇنجى ئاخبارات تور بېكىتى ئېچىلدى

شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ شىنجاڭ خەۋەرلىرى پروگراممىسىدا ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچە ئاخبارات تورى 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئېچىلدى ھەمدە ئاخبارات مەركىزى، پەن - تېخنىكا، ساياھەت، مائارىپ، تۇرمۇش، داۋالىنىش، ئۇچۇر مۇلازىمىتى قاتارلىق سەھىپىلەر تەسىس قىلىندى.

جىن خۇڭلى

## رادىئو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسى بويىچە دۆلەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭدىن 4 ئورۇن ۋە 3 كىشى مەملىكەت بويىچە رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. ئىلغار كوللېكتىپلار: ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، كۈچا ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى پىلان - مالىيە باشقارمىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئېلان پروگراممىسى مەركىزى. ئىلغار شەخسلەر: گو ۋېندۇن (ماناس ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، ئابلىمىت ئابلەت (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، يەن شىنچۈن (شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى يەتكۈزۈش مەركىزى «632» ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى). مەملىكەت بويىچە 2002 - يىللىق رادىئو - تېلېۋىزىيىنى تېخنىكىلىق ئاسراشتىكى ئىلغار ئىستانسا - پونكىت: پروگرامما يەتكۈزۈش مەركىزى «523» ئىستانسا. مەملىكەت بويىچە 2002 - يىللىق رادىئو - تېلېۋىزىيىنى تېخنىكىلىق ئاسراشتىكى ئىلغار شەخسلەر: ۋاڭ زېڭماۋ («652» ئىستانسىدىن) 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ لى چۈنخې (شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى پەن-تېخنىكا باشقارمىسىدىن) بىلەن ۋاڭ جيەنجۇڭ («694» ئىستانسىسىدىن) 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 2003-يىلى لى چياڭ (رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى پەن تەتقىقات ئورنىدىن)، بەي شيەنفېڭ («652» ئىستانسىسىدىن) مەملىكەت بويىچە رادىئو تېخنىكىسى ماھىرلىرى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جىن خۇڭلى

## كىنو فىلىم تارقىتىش، قويۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدا ھېكايە فىلىم، پەننىي تەربىيىۋى فىلىم ۋە مىللىي تىلدىكى ھېكايە فىلىمدىن 842 سى تارقىتىلدى، 92 مىڭ مەيدان (قېتىم) كىنو قويۇلدى، كىنو كۆرگۈچى 2 مىليون 500 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، كىنو قويۇشتىن قىلىنغان كىرىم 15 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

لىۇ شىچىڭ

### شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسى بويىچە 2003 - يىلى مەملىكەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر (بىر قىسمى)

| ۋاقتى | ئورنى | مۇكاپات نامى | ئەسەر | مۇكاپات دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|
| 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە | بېيجىڭ | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى 2002 - يىللىق جۇڭگو ھەسەن - ھۈسەن مۇكاپاتى (تاشقى تېلېۋىزىيە پروگراممىسى) | شىنجاڭدا يەنە بىر قوملۇق تاشيولى پۈتتۈپ قاتناش باشلاندى | 3 - دەرىجىلىك |
| | | 2002 - يىللىق جۇڭگو ھەسەن-ھۈسەن مۇكاپاتى (تاشقى رادىئو پروگراممىسى) | مالەندىكى لوپنۇر كۆلىنىڭ يېشىللىق ئۈمىدى | 1 - دەرىجىلىك |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى | چېڭداۋ | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى (2002 - يىللىق رادىئو ئىجتىمائىي تەربىيە پروگراممىسى) | ماڭا بىر جۈپ كۆز بېرىڭ<br>شىنجاڭ چارۋىچىلىق كەسپىنىڭ چىقىش يولى نەدە؟<br>ئالتۇن تۇپراقتا ياڭرىغان مەدەنىيە ناخشىسى | 3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |
| 7 - ئاي | شۈندې | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى (2002 - يىللىق رادىئو ئاخبارات پروگراممىسى) | غەربىي قىسىم رادىئو ئىشلىرىنىڭ باھارى<br>شىنجاڭنىڭ ئەتىسى ئۈچۈن ئەتىگەنلىك خەۋەرلەر (2002- يىل 6 - ئاينىڭ 25- كۈنى) | ئالاھىدە مۇكاپات<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |
| 7 - ئاي | خاربىن | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى (2002 - يىللىق تېلېۋىزىيە ئاخبارات پروگراممىسى | «ھالاكەت رايونى» — لوپنۇر كۆلىدە بازار قۇرۇلدى<br>بوشلۇقتىكى سەددىچىن<br>سىپىلى ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ ساداسى ياخشى يەتكۈزۈلدى<br>چۆل - باياۋان تۇرمۇشىمىزدىن يىراق تۇرسۇن<br>ئون ئىككى مۇقام جەزبىدارلىقىنى قايتا نامايەن قىلدى<br>شىنجاڭ خەۋەرلىرى (2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى) | 3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |
| 7 - ئاي | ئىچكى موڭغۇل | 2002 - يىللىق مەملىكەتلىك موڭغۇلچە رادىئو ئاخباراتى، ئىجتىمائىي تەربىيە، دىكتورلۇق ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتى | چارۋىچىلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى<br>ياپونىيىدە ئىگىلىك تىكلىگەن موڭغۇل ئىشچىلار<br>ئائىلە<br>شىخۇ ساداسى (ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى) | 1 - دەرىجىلىك<br>1 - دەرىجىلىك<br>1 - دەرىجىلىك<br>1 - دەرىجىلىك |
| 8 - ئاي | يەنتەي | شىنجاڭ ئاخباراتى داڭلىق مەخسۇس سەھىپە مۇكاپاتى | بۈگۈنكى سۆھبەت (تېلېۋىزىيە) | مەخسۇس سەھىپە مۇكاپاتى |
| 8 - ئاي | ئىچكى موڭغۇل | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى (2002 - يىللىق تېلېۋىزىيە ئىجتىمائىي تەربىيە پروگراممىسى) | بوغدىلىقلار<br>كۆل<br>شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى توغرىسىدىكى تەپەككۇر | 1 - دەرىجىلىك<br>1 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |
| 9 - ئاي | چاڭشا | 21 - نۆۋەتلىك جۇڭگو تېلېۋىزىيە «ئالتۇن بۈركۈت» مۇكاپاتى | قايتىش يولى قانچىلىك ئۇزۇن؟<br>ئاغىدىكى تاش ئۆڭكۈرنىڭ سىرى | مۇنەۋۋەر مۇكاپات<br>مۇنەۋۋەر مۇكاپات |
| 9 - ئاي | بېيجىڭ | 16 -، 17 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تېلېۋىزىيە ئەدەبىيات-سەنئەت «يۇلتۇز مۇكاپاتى» | پارتىيىگە مەدھىيە - غەربىي قىسىمدىكى 7 ئۆلكە - ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش سەنئەت كېچىلىكى | 1 - دەرىجىلىك |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 9 - ئاي | دەندۇڭ | 2002 - يىللىق جۇڭگو رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى جۇڭگو رادىئو درامىسى مۇكاپاتى | سەن ماۋنىڭ شىنجاڭغا مۇھەببىتى<br>بېيجىڭ چاقچىلىرىغا بېغىشلانغان 50 يىللىق شانلىق ھايات | 3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |
| 10 - ئاي | بېيجىڭ | 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تېلېۋىزىيە پروگراممىسى ئالتۇن بالا مۇكاپاتى | «قار لەيلىسى» سەھىپىسى | مۇنەۋۋەر مۇكاپات |
| 10 - ئاي | فۇجيەن | جۇڭگو رادىئو ئىلمىي جەمئىيىتى دېھقانلار پروگراممىسى مۇكاپاتى | يىقىلماس قىزىلبايراق | 1 - دەرىجىلىك |
| 10 - ئاي | ئۈرۈمچى | 13 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى | غەربىي قىسمىنىڭ باھارى<br>يۇقىراۋى كارخانىچىلار مۇتەخەسسىلەرنى كەنتلەرگە بېرىپ 16 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىپ، دېھقانلارنىڭ بېيىپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشىگە ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلدى<br>يالغانچىلىقتىن ھەقىقىي قاتىللىقىچە<br>ئىسسىق قان بىلەن يۇغۇرۇلغان ساقچى روھى (تېلېۋىزىيە)<br>غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىش باشلاندى (تېلېۋىزىيە) | 1 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>1 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك |
| 10 - ئاي | بېيجىڭ | 2002 - يىللىق جۇڭگو دىكتورلۇق ۋە رىياسەتچىلىك ئەسەرلىرى مۇكاپاتى | چىڭقى چۇشتىكى قەشقەر خاتىرىسى<br>«شەھەر تېز يوللانمىسى» (2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، تېلېۋىزىيە) | 3 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك |
| 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى | بېيجىڭ | مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتى | قېرىنداشلار (تېلېۋىزىيە تىياتىرى)<br>قۇربان تۇلۇمنىڭ بېيجىڭغا سەپىرى (كىنو) | تاللانغان ئەسەر مۇكاپاتى<br>تاللانغان ئەسەر مۇكاپاتى |

جىن خۇڭلى

# تېببىي داۋالاش، سەھىيە

## سەھىيە بايلىقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر خىل سەھىيە ئاپپاراتى 9434 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 632، ئامبولاتورىيە 316، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى (ئورنى) 88، مەخسۇس بۆلۈم بويىچە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئورنى (پونكىتى) 17، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى (يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى) 207، تېببىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 3، باشقا سەھىيە كەسپىي ئاپپاراتى 106، ئامبولاتورىيە، شىپاخانا، مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتى 7167، باشقا سەھىيە ئاپپاراتلىرى 898.

ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە ئاپپاراتلىرىدىكى كارىۋات 72 مىڭ 845، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 57 مىڭ 177، ساناتورىيىلەردىكى كارىۋات 702، ئامبولاتورىيىلەردىكى كارىۋات 640، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتىدىكى كارىۋات 865، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىدىكى كارىۋات 106، باشقا سەھىيە ئاپپاراتلىرىدىكى كارىۋات 13 مىڭ 355. دوختۇرخانا، شىپاخانىلاردىكى كارىۋات ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر مىڭ كىشىگە 3.61 دىن توغرا كېلىدۇ.

ئاپتونوم رايون بويىچە 116 مىڭ 572 سەھىيە خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 95 مىڭ 759، باشقا تېخنىكا خادىملىرى 4161، باشقۇرغۇچى 6569، قارا خىزمەتچى 10 مىڭ 83؛ سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى ئىچىدە كەسپ ئىشلەۋاتقان ۋىراچ 31 مىڭ 8، كەسپ ئىشلەۋاتقان ياردەمچى ۋىراچ 9422، رويخەتكە ئېلىنغان سېسترا 30 مىڭ 279، دورىگەر 5893، لابورانت 4953، باشقا خادىملار 14 مىڭ 204. ھەر 1000 كىشىگە 2.09 دوختۇر، 1.57 رويخەتكە ئېلىنغان سېسترا توغرا كېلىدۇ.

ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - بازار شىپاخانىسى 832، ئۇلاردىكى كارىۋات 12 مىڭ 555، سەھىيە خادىمى 17 مىڭ 744، يېزا - بازار شىپاخانىسىنىڭ كارىۋىتى ھەر 1000 يېزا نوپۇسىغا 1.02 دىن، يېزا - بازار سەھىيە خادىمى ھەر 1000 يېزا نوپۇسىغا 1.45 دىن توغرا كېلىدۇ. 2003 - يىلى سەھىيە كەسپىي خىراجىتى 664 مىليون 382 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، مالىيە چىقىمىنىڭ %1.68 ئىنى ئىگىلىدى، سەھىيە سىستېمىسىدىكى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 9 مىليارد 849 مىليون 10 مىڭ 800 يۈەن (ئامبولاتورىيەلەرنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) يەتتى.

لى خۇەيخەي

شىنجاڭ بويىچە 2003 - يىلدىكى سەھىيە ئاپپاراتى، كارىۋات، خادىم

| | ئاپپارات | كارىۋات | ئومۇمىي خادىم | سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى | | | | | | | باشقا تېخنىك خادىملار | باشقۇرغۇچى | قارا خىزمەتچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | كىچىك جەمئىي | كەسپىي ۋراچ | كەسپىي ياردەمچى ۋراچ | رويخەتكە ئېلىنغان سېسترا | دورىگەر | لابورانت | باشقىلار | | | |
| جەمئىي | 9434 | 72845 | 116572 | 95759 | 31008 | 9422 | 30279 | 5893 | 4953 | 14204 | 4161 | 6569 | 10083 |
| دوختۇرخانا | 632 | 57177 | 72730 | 58360 | 18941 | 4267 | 22206 | 4320 | 2734 | 5892 | 2554 | 4742 | 7074 |
| ساناتورىيە | 7 | 702 | 382 | 179 | 69 | 16 | 66 | 9 | 9 | 10 | 40 | 77 | 86 |
| مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى | 22 | 421 | 738 | 661 | 262 | 31 | 249 | 50 | 16 | 53 | 5 | 25 | 47 |
| شىپاخانا | 839 | 12618 | 17922 | 14546 | 3130 | 2461 | 3896 | 732 | 567 | 3760 | 815 | 873 | 1688 |
| ئامبولاتورىيە | 316 | 640 | 1946 | 1695 | 640 | 143 | 481 | 152 | 99 | 180 | 65 | 115 | 71 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇتقۇزۇش مەركىزى (پونكىتى) | 2 | 50 | 75 | 58 | 23 | 12 | 18 | 1 | | 4 | 1 | 3 | 13 |
| قان ئېلىش - تەمىنلەش ئاپپاراتى | 15 | | 372 | 254 | 32 | 7 | 56 | 11 | 88 | 60 | 36 | 32 | 50 |
| ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش دوختۇرخانىسى (ئورنى، پونكىتى) | 88 | 865 | 2973 | 2413 | 864 | 354 | 413 | 102 | 224 | 456 | 151 | 182 | 227 |
| مەخسۇس كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش دوختۇرخانىسى (ئورنى، پونكىتى) | 17 | 127 | 377 | 297 | 96 | 36 | 60 | 10 | 22 | 73 | 14 | 29 | 37 |
| كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى (يۇقۇملۇق كېسەللىكنى ساقلىنىش پونكىتى) | 207 | 106 | 6453 | 4925 | 2136 | 616 | 216 | 58 | 982 | 917 | 404 | 422 | 702 |
| سەھىيە نازارەتچىلىكى ئورنى | 5 | | 80 | 65 | 11 | 4 | 1 | | | 49 | 1 | 4 | 10 |
| سەھىيە نازارەتچىلىكى - تەكشۈرۈش ئورنى (پونكىتى) | 4 | | 101 | 72 | 7 | | | 1 | 15 | 49 | 13 | 3 | 13 |
| تىببىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتى | 3 | | 9 | 7 | 1 | 1 | 1 | | | 4 | 1 | 1 | |
| ساغلاملىق تەربىيىسى ئورنى (پونكىتى، مەركىزى) | 4 | | 34 | 29 | 2 | 1 | | | | 26 | 3 | 1 | 1 |
| ئامبولاتورىيە، شىپاخانا، مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتلىرى | 7167 | | 11731 | 11731 | 4687 | 1437 | 2481 | 431 | 161 | 2534 | | | |
| باشقا سەھىيە ئاپپاراتلىرى | 106 | 139 | 649 | 467 | 107 | 36 | 135 | 16 | 36 | 137 | 58 | 60 | 64 |

شىنجاڭ بويىچە 2003 - يىلدىكى سەھىيە ئاپپاراتى، كارىۋات، خادىم

| | ئاپپارات | كارىۋات | ئومۇمىي خادىم | سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى | | | | | | | باشقا تېخنىك خادىملار | باشقۇرغۇچى | قارا خىزمەتچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | كىچىك جەمئىي | كەسپىي ۋراچ | كەسپىي ياردەمچى ۋراچ | رويخەتكە ئېلىنغان سېستىرا | دورىگەر | لابورانت | باشقىلار | | | |
| جەمئىي | 9434 | 72845 | 116572 | 95759 | 31008 | 9422 | 30279 | 5893 | 4953 | 14204 | 4161 | 6569 | 10083 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 1085 | 15254 | 22602 | 18488 | 7377 | 574 | 6700 | 1194 | 950 | 1693 | 981 | 1194 | 1939 |
| قاراماي شەھىرى | 89 | 1593 | 3021 | 2283 | 942 | 60 | 966 | 150 | 96 | 69 | 120 | 180 | 438 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىخەنزە شەھىرى | 890 | 3956 | 6493 | 5383 | 1733 | 791 | 1725 | 311 | 226 | 597 | 208 | 371 | 531 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 223 | 2071 | 3540 | 2922 | 975 | 254 | 908 | 195 | 187 | 403 | 155 | 197 | 266 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 347 | 2360 | 4454 | 3806 | 1193 | 370 | 1147 | 234 | 206 | 656 | 99 | 227 | 322 |
| سانجى ئوبلاستى | 1461 | 5949 | 10256 | 8693 | 2526 | 935 | 2668 | 657 | 420 | 1487 | 84 | 686 | 793 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار | 1944 | 8574 | 14824 | 12330 | 3749 | 1184 | 3595 | 712 | 653 | 2437 | 540 | 1019 | 935 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 749 | 2948 | 5889 | 4967 | 1595 | 700 | 1394 | 251 | 244 | 783 | 263 | 172 | 487 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 191 | 2033 | 3925 | 3301 | 1127 | 470 | 898 | 169 | 181 | 456 | 135 | 270 | 219 |
| بۆرتالا ئوبلاستى | 276 | 1691 | 3254 | 2691 | 925 | 326 | 755 | 172 | 141 | 372 | 60 | 246 | 257 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 400 | 5061 | 7927 | 6642 | 2178 | 595 | 1960 | 408 | 394 | 1107 | 304 | 401 | 580 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 292 | 6816 | 9179 | 7450 | 1980 | 839 | 2502 | 442 | 434 | 1253 | 478 | 418 | 833 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 92 | 1477 | 2861 | 2301 | 524 | 355 | 720 | 120 | 108 | 474 | 170 | 112 | 278 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 1079 | 8225 | 11895 | 9927 | 2804 | 1379 | 3184 | 534 | 483 | 1543 | 237 | 832 | 899 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 316 | 4837 | 6452 | 4575 | 1380 | 590 | 1157 | 344 | 230 | 874 | 327 | 244 | 1306 |

## تىببىي داۋالاش مۇلازىمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سەھىيە ئاپپاراتلىرى جەمئىي 41 مىليون 53 مىڭ 300 ئادەم (قېتىم) نىڭ كېسىلىنى دىئاگنوز قويۇپ داۋالىدى، 1 مىليون 484 مىڭ 100 ئادەم (قېتىم) دوختۇرخانىدا ياتتى. دوختۇرخانا كارىۋىتىنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى 80.42% گە يەتتى. ئامبۇلاتورىيىدە داۋالانغان ھەر بىر ئادەم (قېتىم) نىڭ ئوتتۇرىچە داۋالىنىش خىراجىتى 73.8 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دورا خىراجىتى 12.6 يۈەن. دوختۇرخانىدىن چىققان ھەر بىر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىچە داۋالىنىش خىراجىتى 2860.1 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دورا خىراجىتى 1356.5 يۈەن.

لى خۇيخەي

## كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش

2003 ـ يىلى شىنجاڭدا 55 مىڭ 128 ئادەمنىڭ «ئا»، «ب» تۈردىكى يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئاغرىغانلىقى، 82 ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكى مەلۇم قىلىندى. 100 مىڭ ئادەم ئىچىدە كېسەل بولۇش نىسبىتى 296.32، ئۆلۈش نىسبىتى 0.44 بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 0.42% تۆۋەنلىدى، ئۆلۈش نىسبىتى 16.24% ئۆرلىدى. ئىچ سۈرۈش كېسەللىكىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈچەي كېسەللىكلىرى ئامبۇلاتورىيىسىدىن 1886 سى تەسىس قىلىنىپ، 111 مىڭ 92 ئۈچەي كېسەللىكى تىزىملىتىلدى، 91 مىڭ 951 چوڭ تەرەت ئۈسخىسى يىغىپ تەكشۈرۈلدى، ئاپتونوم رايوندىكى كىشىلەر ئارىسىدا چۇما كېسىلى بايقالمىدى. 8 خولېرا كېسىلى بايقالدى.

2003 ـ يىلى 11 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 82 ناھىيە ـ شەھەردە 2 نۆۋەت يۇلۇن سۇر ماددىسى ياللۇغى كېسەللىكىنى ئىممۇنىتېتلاشنى كۈچەيتىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى، ئەمەلىي ئەملىنىش نىسبىتى 1 ـ نۆۋەتتە 99.23%، 2 ـ نۆۋەتتە 99.29% كە يېتىپ، ئىممۇنىتېتلاشنى كۈچەيتىش تەلىپىگە ئاساسىي جەھەتتىن يېتىلدى. «ب» تىپلىق جىگەر ياللۇغى ۋاكسىنىسىنى بالىلارنى پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش خىزمىتىگە كىرگۈزۈش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. ئۆپكە تىبىركىلىيوز كېسىلىنى بايقاش ۋە داۋالاشنى باشقۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەركەتچان ئۆپكە تىبىركىلىيوز كېسەللىكىدىن 13 مىڭ 347 سى بايقالدى. بارلىق مۇسبەت خاراكتېردىكى كېسەل بىلەن مەنپىي خاراكتېردىكى كېسەللەرنى ھەقسىز داۋالاش خىزمىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. مارالبېشى، موڭغۇلكۈرەلەردىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن كېيىن يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، «زور ئاپەتتىن كېيىن زور يۇقۇملۇق كېسەللىك بولماسلىق» نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. يود كەملىك كېسەللىكى، ماخاۋ كېسەللىكى، كالا ئازار كېسىلى، يەرلىك فتوردىن زەھەرلىنىش، يەرلىك ئارسېنىدىن زەھەرلىنىش قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى.

لى خۇيخەي

## ئەيدىس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش

شىنجاڭدا 1995 ـ يىلى تۇنجى ئەيدىس ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى بايقالغاندىن بۇيان بۇ كېسەل تېز كۆپەيدى.

2003 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 8153 ئادەمنىڭ ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقى مەلۇم بولدى، بۇ مەملىكەت بويىچە يۇقۇملانغان ئادەم سانىنىڭ

13% نى ئىگىللەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز مەملىكەت بويىچە 4 - ئورۇندا بولۇپ (ئالدىنقى 3 ى يۈننەن، خېنەن، گۇاڭشى) . يۇقۇملانغان ئادەم 180، ئۆلگەن ئادەم 60. كېسەللىك 74 ناھىيە، شەھەر، رايونغا تارقالغان. ئەمما ئاپتونوم رايوندا بۇ كېسەل بىلەن يۇقۇملانغانلار 60 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. «ئەيدس» كېسىلىنىڭ تارقىلىشىدا ئاساسلىقى زەھەرنى تومۇرغا ئۇكۇل قىلىپ ئۇرۇشتىن ئىبارەت، بۇ، يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ 90.8% نى ئىگىلەيدۇ. جىنسىي يول ئارقىلىق يۇقۇش، ئانىدىن بالىغا يۇقۇش ۋە سەۋەبى ئېنىق بولمىغان يۇقۇش نىسبىتى ئىنچىكە كۆپىيىۋاتىدۇ. «ئەيدس» كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى 20 - 40 ياشتىكى ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەر بولۇپ، ئۇلار 94.6% نى ئىگىلەيدۇ.

كۆندىن كۆنگە ئېغىرلىشىۋاتقان «ئەيدس» كېسىلىگە قارىتا ش ئۇ ئا ر «ئەيدس» كېسىلى - جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى رەھبەرلىك ۋە ماسلاشتۇرۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە نۇرغۇن تارماق ھەمكارلاشقان «ئەيدس» كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمەت سىستېمىسىنى تۇنجى قەدەمدە بەرپا قىلدى، كۆپ شەكىللىك «ئەيدس» كېسىلى تەشۋىقاتى ۋە ساغلاملىق تەربىيىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

ئاپتونوم رايون «ئەيدس» كېسىلىنى كۆزىتىش تورى قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، «ئەيدس» كېسىلىنى دەسلەپكى ئايرىش تەجرىبىخانىسى ۋە كۆزىتىش قاراۋۇل نۇقتىلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى. 2003 - يىلدىكى قۇرۇلۇش مىقدارى ئالدىنقى 7 يىلدىكىنىڭ 5 ھەسسىگە توغرا كېلىدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە 89 «ئەيدس» كېسىلىنى دەسلەپكى ئايرىش تەجرىبىخانىسى، 21 دۆلەت دەرىجىلىك كۆزىتىش قاراۋۇل نۇقتىسى، 40 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كۆزىتىش قاراۋۇل نۇقتىسى قۇرۇلدى. زەھەر چەككۈچىلەر، يوشۇرۇن پاھىشىلەر، جىنسىي كېسەللەر ۋە ئۇزۇن يوللۇق يۈك ئاپتوموبىل شوپۇرلىرى، ھامىلىدار ئاياللار ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللار، ئۆپكە تۇبېركۇليوز بىمارلىرى، دوختۇرخانا بىلەن ئالاقە قىلمىغان كېسەللەر قاتارلىق 7 تۈردىكى كىشىلەر توپى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۆزىتىلدى.

دۇنيا بانكىسى قەرز بەرگەن سەھىيە IX تۈرى «ئەيدس» كېسىلى - جىنسىي كېسەل تۈرى، جۇڭگو - ئاۋستىرالىيە شىنجاڭدىكى «ئەيدس» كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىش تۈرى قاتارلىق خەلقئارا ھەمكارلىق تۈرلىرى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلدى، دۆلەت سىرتىدا بىر قەدەر مۇۋاپىقىيەت قازانغان «ئەيدس» كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى باشقۇرۇش ئەندىزىسى ئىنچىكە كىرگۈزۈلدى، كۆپ تارماقلارنىڭ ھەمكارلىشىشى، «ئەيدس» كېسىلى بىلىملىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى، كېسەللىكنىڭ كۆزىتىلىشى ۋە زەھەر چەككۈچى قاتارلىق يۇقىرى خەتەرلىك كىشىلەر توپىغا ئارىلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قەدەر زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى.

لى خۇەيخەي

## «سارس»قا تاقابىل تۇرۇش

2002 - يىلى 11 - ئايدىن 2003 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە جۇڭگونىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا «سارس» كېسەللىكى بايقالدى. شىنجاڭدىكى بارلىق سەھىيە خادىملىرى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چوڭ كېسەللەرگە تاقابىل تۇرۇش، قاتتىق كۈرەش قىلىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «سارس»قا قانۇن بويىچە، ئىلمىي، قېلىپلاشقان ئاساستا تاقابىل تۇردى. جايلار ۋە ئورۇنلار جىددىي لاھىيە ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، قاتناش ۋاستىلىرى، مەكتەپ، ۋوگزال، ئايروپىلان ئىستانسىسى، ئاممىۋى سورۇنلار، سىرتتىن كەلگەن كىشىلەر توپىنى نازارەت قىلىشنى نۇقتىلىق كۈچەيتتى، سىرتتىن كەلگەن ئاھالىلارغا ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى ئەستايىدىل توپلاپ، ساغلاملىق ئەھۋالىنى تىزىملاشنى چىڭ تۇتتى. كېسەللىك ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش تورى ئاپتونوم رايوننى قاپلاپ، ئۈنۈملۈك قاتتىق ئىگىلەندى. جىددىي داۋالاش - قۇتقۇزۇش سىستېمىسى قۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، 27 دوختۇرخانا «سارس»نى نۇقتىلىق داۋالايدىغان دوختۇرخانا قىلىپ بېكىتىلدى، 359 قىزىتما ئامبۇلاتورىيىسى تەسىس قىلىندى، پەلەمپەيسىمان داۋالاش - قۇتقۇزۇش ئەترىتى ۋە مۇتەخەسسىسلەر دىئاگنوز قويۇش گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش كەڭ تەشۋىق قىلىندى، ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش، كوللېكتىپ تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، يۇقۇملىنىش مەنبىيى قەتئىي ئۈزۈپ تاشلاندى، ئاپتونوم رايون بويىچە كىلىنىكىلىق دىئاگنوز قويۇلغان «سارس» كېسىلىدىن بىرسىمۇ بايقالمىدى. 5 گۇمانلىق كېسەل گۇماندىن ساقىت قىلىندى.

لى خۇەيخەي

## ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆلۈش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە كېسەل ۋە

زەخىملىنىش بىلەن ئۆلگەنلەر 3745، ئۆلۈش نىسبىتى ‰2.16 بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن سەل تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە كېسەل، زەخىملىنىش بىلەن ئۆلگەن ئەر 2387، ئۆلۈش نىسبىتى ‰2.66، كېسەل ، زەخىملىنىش بىلەن ئۆلگەن ئايال 1358، ئۆلۈش نىسبىتى ‰1.62. كېسەللەر ئىچىدە ئالدىنقى 10 ـ لىككىچە بولغان كېسەللەرنىڭ

ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ 2003 ـ يىلدىكى 10 خىل ئاساسلىق كېسەللىك بىلەن ئۆلۈش سەۋەبى، ئۆلۈش نىسبىتى

| ئۆلۈش سەۋەبى | ئۆلگەنلەر (ئادەم) | ئۆلگەنلەر نىسبىتى (1/10 مىڭ) | ئۆلگەنلەر ئىچىدە ئىگىلىگەن%ى |
|---|---|---|---|
| ئايلىنىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى | 1578 | 91.06 | 42.14 |
| ئۆسمە | 862 | 49.74 | 23.02 |
| نەپەس يولى سىستېمىسى كېسەللىكلىرى | 346 | 19.97 | 9.24 |
| زەخىملىنىش ۋە زەھەرلىنىش سەۋەبى | 301 | 17.37 | 8.04 |
| ھەزىم قىلىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى | 177 | 10.21 | 4.73 |
| ئىچكى ئاجراتمىلار ۋە ئوزۇقلۇق ئالماشتۇرۇش كېسەللىكلىرى | 129 | 7.44 | 3.44 |
| سۈيدۈك، كۆپىيىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى | 75 | 4.33 | 2 |
| يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە پارازىت قۇرت كېسەللىكلىرى | 63 | 3.64 | 1.68 |
| تۇغۇت مەزگىلىدىكى كېسەللەر | 57 | 3.29 | 1.52 |
| نېرۋا سىستېمىسى كېسەللىكلىرى | 45 | 2.6 | 1.2 |

ئۆلۈش نىسبىتى (100 مىڭدىن بىر) رەت تەرتىپى مۇنداق بولدى: ئايلىنىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 91.06، ئۆسمە كېسەللىكلىرى 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 49.74، نەپەس يولى سىستېمىسى 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 19.97، زەخىملىنىش ۋە زەھەرلىنىش كېسەللىكلىرى 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 17.37، ھەزىم قىلىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 10.21، ئىچكى ئاجراتمىلار، ئوزۇقلۇق ئالماشتۇرۇش كېسەللىكلىرى 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 7.44، سۈيدۈك، كۆپىيىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 4.33، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە پارازىت قۇرۇت كېسەللىكلىرى 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 3.64، تۇغۇت مەزگىلىدىكى كېسەللىكلەر 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 3.29، نېرۋا سىستېمىسى كېسەللىكلىرى 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 2.6.

لى خۇەيخەي

## تېببىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدا تېببىي داۋالاش مۇلازىمەت بازىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش، قانۇنسىز سەييارە دوختۇرلۇقتا، قانۇنسىز جىنايى پائالىيەتلەرگە زەربە بېرىشتىن ئىبارەت مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش مەركەزلىك قانات يايدۇرۇلدى. 872 قانۇن ئىجرا قىلىش خادىمى چىقىرىلىپ، 2728 ئاپپارات ئىش ئورنىدا تەكشۈرۈلدى، قانۇنغا ۋە بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان 664 ئادەم، 438 بەلگىلىمىگە خىلاپ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش دېلوسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، مەمۇرىي جەھەتتىن جازالاش بويىچە 380 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى. 33 تېببىي داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ ئىجازەتنامىسى بىكار قىلىندى، 278 قانۇنسىز سەيياره دوختۇر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بىر دېلو ئەدلىيە تارماقلىرىغا يوللاندى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تېببىي داۋالاش ـ ھۆسىن تۈزەش بويىچە يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» ۋە «يولغا قويۇش پىكرى» تۈزۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ تېببىي داۋالاش- ھۆسىن تۈزەش مۇلازىمەت بازىرى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى. 2002 ـ يىلى ۋراچلىق سالاھىيەت

ئىمتاھانىغا قاتنىشىپ لاياقەتلىك بولغان 2965 ئادەمگە گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلدى ۋە ۋراچلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشنى تىزىملاش خىزمىتى تاماملاندى. تىببىي داۋالاش سۈپىتىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. 9 كىلىنىكىلىق كەسپىي سۈپەت كونتىرول قىلىش مەركىزىگە ۋىۋېسكا بېرىلدى، شۇنداقلا سۈپەت كونتىرول قىلىش مەركىزىگە مۇدىر تەكلىپ قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە تىببىي داۋالاش ئۇچۇرلىرىنى ئاشكارىلاش خىزمىتى تەشكىللەندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۈرۈمچى رايونىدىكى 2 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىلار ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى دوختۇرخانىلارنىڭ بىر قىسىم داۋالاش ئۇچۇرلىرىمۇ ئېلان قىلىندى.

ھەقسىز قان تەقدىم قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەككە قان سېتىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، كىلىنىكىدا ئىشلىتىلىدىغان قاننىڭ 100% ى ھەقسىز قان تەقدىم قىلىشتىن كېلىش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

لى خۇيخەي

## جۇڭگو تىبابىتى، مىللىي تىبابەت دورىلىرى خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك جۇڭگو تىبابىتى، مىللىي تىبابەت داۋالاش ئاپپاراتلىرى ئىسلاھات سالمىقىنى زورايتىپ، مەخسۇس كېسەل - مەخسۇس بۆلۈم قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەردى، ئەنئەنىۋى دورىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كۆپ خىل داۋالاشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇردى. مەملىكەتلىك يېزا جۇڭگو تىبابىتى خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە ۋە مەملىكەتلىك ئۈلگىلىك جۇڭگو تىبابىتى (ئۇيغۇر تىبابىتى) ، مىللىي تىبابەت دوختۇرخانىلىرى ئارا ئۈلگىلىك ئورۇن بەرپا قىلىشتا يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. جۇڭگو تىبابىتى بويىچە ئۈلگىلىك دوختۇرخانا بەرپا قىلىش ۋە 3 - تۈركۈمدىكى پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش جۇڭگو (مىللىي) تىبابىتى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتىغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى. 2003 - يىللىق خەلقئارا ئۇيغۇر تىبابىتى ئىلمىي تەتقىقات يىغىنى ئېچىلدى.

لى خۇيخەي

## ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىلىرى قۇرۇلۇشى

2002 - 2003 - يىللىرى دۆلەت شىنجاڭغا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تېزگىنلەش ئاپپاراتى قۇرۇلۇش تۈرىدىن 73 نى ئورۇنلاشتۇردى، ئىككى يىلدا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 163 مىليون 308 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە زايوم مەبلىغى 151 مىليون 108 مىڭ يۈەن، يۆرۈشلەشتۈرۈلگەن مەبلەغ 12 مىليون 200 مىڭ يۈەن. قۇرۇلۇش كۆلىمى 94 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى بىر تۈر بولۇپ، بۇنىڭغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 30 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە زايوم مەبلىغى 23 مىليون يۈەن، يەرلىك يۆرۈشلەشتۈرگىنى 7 مىليون يۈەن؛ ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك كېسەللىكنى تىزگىنلەش مەركىزى 12 بولۇپ، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 48 مىليون 500 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە زايوم مەبلىغى 44 مىليون 300 مىڭ يۈەن، يەرلىك يۆرۈشلەشتۈرگىنى 4 مىليون 200 مىڭ يۈەن؛ ناھىيە دەرىجىلىك كېسەللىكنى تىزگىنلەش مەركىزى 60 بولۇپ، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 77 مىليون 300 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە زايوم مەبلىغى 76 مىليون 300 مىڭ يۈەن، يەرلىك يۆرۈشلەشتۈرگىنى 1 مىليون يۈەن، تولۇقلاپ بېرىلگەن ئۈسكۈنە مەبلىغى 7 مىليون 508 مىڭ يۈەن. 2003 - يىللىق پىلان ئىچىدىكى 7 ۋىلايەت، ئوبلاست بىلەن 44 ناھىيە «سارس» كېسەللىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن پەقەت ئالدىنقى قارارلىق تەييارلىق خىزمىتى، چېرتيوژ سىزىش، لايىھىلەش، قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىش، «ئۈچنى راۋانلاشتۇرۇش، بىرنى تەكشىلەش» خىزمىتىنىلا تاماملىيالىدى.

لى خۇيخەي

## يېزا سەھىيىسى ۋە ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش

2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى « ‹ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېزىلارنىڭ سەھىيە خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار› نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» نى تارقاتتى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سەھىيە ئىسلاھاتى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. مۇشۇ يىلى يېزا - بازارلىق شىپاخانىلار ناھىيە دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى، كادىرلارنى تەقسىملەش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى مۇقىم ئىلگىرى سۈرۈلدى. كېرىيە، مەكىت، ئۈرۈمچى، ماناس، كۆكتوقاي ناھىيىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە 2003 - يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ناھىيە قاتارىغا كىردى.

يىل ئاخىرىغىچە سىناق نۇقتىسى قىلىنغان 5 ناھىيىدىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى بويىچە يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشقان ئادەم 390 مىڭغا، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنىڭ ئوتتۇرىچە قاپلاش نىسبىتى

%67.82 كە يەتتى، 7 مىليون 50 مىڭ ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش مەبلىغى (بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز مالىيىسى ياردەم بەرگىنى 3 مىليون 130 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايون مالىيىسى تولۇقلاپ ياردەم بەرگىنى 3 مىليون 920 مىڭ يۈەن) سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ناھىيىلەرگە ئاجرىتىپ بېرىلدى. ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش كەسپى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ھامىلىدار ئاياللارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 100 مىڭ ئادەم ئىچىدە 11. 163، بوۋاق بالىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى %‰48. 27 بولدى.

لى خۇيخەي

## ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «مارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، مەھەللىلەردە ساغلاملىق سەپىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق زەربىدارلار ئېيى بەرپا قىلىشقا كېلىشىش قاتارلىق كۆپ شەكىلدىكى ساغلاملىق تەربىيىسى پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى، سەھىيە - كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ تازىلىق قارشى ئۆستۈرۈلدى. پاكىز شەھەر ۋە ئۆلگىلىك پاكىز كەنت - بازار بەرپا قىلىش نەتىجىلىرى داۋاملىق مۇستەھكەملەندى، يېزىلاردا سۇنى ياخشىلاش، ھاجەتخانىلىرى-نى ئۆزگەرتىش ۋە مۇھىت تازىلىقىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش خىزمىتى ئەستايىدىل ئىشلىنىپ، بازار - يېزىلارنىڭ تازىلىق قىياپىتىدە يېڭىچە ئۆزگىرىش بولدى.

لى خۇيخەي

## سەھىيە بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ئەھۋالى

2003 - يىلى سەھىيە نازارىتى نامراتلارغا ياردەم بېرىدىغان 2 دوختۇرخانا قۇرۇش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتىنى تاماملىدى، ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلارغا ياردەم بېرىش - قوشقوزۇشقا قاتناشقان تىببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى 398، نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان كېسەل كارۋىتى 1190، سىستېما بويىچە ياردەم بېرىلگەن كارخانا ۋە ئورۇن 454، ئەۋەتىلگەن تىببىي خادىم 5813 (ئادەم - قېتىم). قىيىنچىلىقى ئېغىر 31 كارخانا مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتى - نۇقتىسىغا ئومۇمىي قىممىتى 800 مىڭ يۈەنلىك 112 تىببىي داۋالاش ئۈسكۈنىسى سەپلەپ بېرىلدى. 6 مىليون 50 مىڭ يۈەن پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىندى، بۇنىڭدىن شەھەر - يېزىلاردىكى 1 مىليون 167 مىڭ نامرات (قېتىم) نەپ ئالدى. نۇقتىلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ سالمىقى كۈچەيتىلىپ، خوتەن ناھىيىسىدىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر 2684 ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئوقۇش پۇلى، كىتاب پۇلى، 182 ئائىلىلىك دېھقانىنىڭ ئېلىېكتىر ھەققى، 312 قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلىدىن ھال سوراش پۇلى بولۇپ 137 مىڭ يۈەن ھەل قىلىپ بېرىلدى. 10 كەنتتە سەھىيە ئۆيى سېلىشنىڭ ئالدىنقى قارارلىق تەييارلىق خىزمىتى تاماملاندى

لى خۇيخەي

## سەھىيە قانۇنچىلىقى ۋە نازارەتچىلىك خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سەھىيە تارماقلىرى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بويىچە قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش، خاتىرجەم يېمەكلىك قۇرۇلۇشى، تىببىي داۋالاش مۇلازىمەت بازارلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىق مەخسۇس پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ يولغا قويدى. مەكتەپ تازىلىقى، ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ تازىلىقى، كەسپىي كېسەل تازىلىقى ۋە تىببىي داۋالاش بازىرىغا كىرىش قاتارلىق كۈندىلىك نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقى زورايتىلىپ مەمۇرىي ئىشلار قەتئىي قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈلدى، قانۇن ئىجرا قىلىش چىڭىتىلدى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە جەھەتتە قانۇن ئىجرا قىلىش خادىمىدىن 9800 نەچچە ئادەم (قېتىم) ئاجرىتىلىپ، 564 بازار تەكشۈرۈلدى، 800 توننىدىن ئارتۇق ساختا، يالغان، ناچار يېمەكلىك، گىرىم بۇيۇملىرى شۇنداقلا ساغلاملىققا مۇناسىۋەتلىك باشقا مەھسۇلاتلار تەكشۈرۈپ تېپىلدى، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆلچەملىك قىممىتى 6 مىليون 800 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق. ساختا بۇيۇم ياساش ئۇۋىسىدىن 87 سى بىتچىت قىلىندى، 89 سەھىيە ئىجازەتنامىسى بىكار قىلىندى؛ 5 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى بىر تۈركۈم ساختا، ناچار ۋە ۋاقتى ئۆتكەن داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئېنىقلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى؛ قائىدىگە خىلاپ 439 دېلو قىلمىشى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، ، 517 قانۇنسىز ئامبولاتورىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، سەييارە تېۋىپلىق ۋە سەييارە دوختۇرلۇق قىلىشقا دائىر جىنسىي كېسەل ئۇۋىسىدىن 119 ى تۈزىتىلدى؛ قانۇنغا، قائىدىگە خىلاپ 50 تىن ئارتۇق تىببىي داۋالاش ئېلانى تەكشۈرۈپ تېپىلدى، 52 ئېلان رادىئودا ئاڭلىتىش، ژۇرنالدا ئېلان قىلىشنى توختىتىشقا بۇيرۇلدى.

تىببىي داۋالاش ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلدى، تىببىي داۋالاش ماجىراسىدىن 69 ى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 43 ى تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇرۇلدى، 15ى تىببىي داۋالاش ھادىسىسى دەپ بېكىتىلدى.

لى خۇيخەي

## سەھىيە ئىسلاھاتى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تېببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرى كېسەللەر ئۆز ئالدىغا دوختۇر تاللاش، كېسەلخانىدا يېتىش خىراجەت تىزىملىكى، دورا باھاسىنى تەكشۈرۈش ۋە تېببىي داۋالاش مۇلازىمەت ئۆچۈرلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمىنى داۋاملىق يولغا قويدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە يۈرگۈزۈش مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىپ، داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋە داۋالاش ئاپپاراتلىرى ئارىسىدىكى ئادىل، مۇۋاپىق رىقابەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئادەمنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت مۇلازىمەت قارىشىنى گەۋدىلەندۈردى. ناھىيەدىن يۇقىرى 86% ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىدا كېسەللەر ئۆز ئالدىغا دوختۇر تاللاش تۈزۈمى، 88% دوختۇرخانىدا كېسەلخانىدا يېتىش خىراجىتى تىزىملىكى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بارلىق دوختۇرخانىدا بىمارلار ئەرز قىلىش ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى، دورا ۋە تۈرلۈك مۇلازىمەت باھاسىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. سەھىيە نازارىتى 2 - دەرىجىلىك 18 دوختۇرخانا بىلەن 3 - دەرىجىلىك 9 دوختۇرخانىنىڭ 11 خىل كېسەلنى داۋالاش ئۆچۈرىنى ئېلان قىلدى.

مەركەزلىك خېرىدار چاقىرىپ دورا سېتىۋېلىش خىزمىتى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈلدى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى، ناھىيەدىن يۇقىرى 90% ھۆكۈمەت داۋالاش ئاپپاراتى مەركەزلىك خېرىدار چاقىرىپ دورا سېتىۋېلىشقا قاتناشتى، خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىنغان دورىنىڭ قىممىتى 570 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇ ئارقىلىق ئاممىغا 107 مىليون يۈەن پايدا ئۆتۈنۈپ بېرىلدى. دۆلەتنىڭ دورا باھاسىنى تەڭشەش سىياسىتى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنىپ، 2 تۈردە ئاممىنىڭ دورا سېتىۋېلىش يۈكى 147 مىليون يۈەن يېنىكلىتىلدى. مەھەللە سەھىيە مۇلازىمىتى خىزمىتىنىڭ قاپلاش كۆلىمى يەنىمۇ كېڭەيدى، ئاپتونوم رايون بويىچە مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى 74 كە، مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتى 230 غا يەتتى.

كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. رەھبىرىي كادىرلارنى تاللاپ ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمى، خادىملارنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىش تۈزۈمى، تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق رىقابەت مېخانىزمى ھەر دەرىجىلىك سەھىيە تارماقلىرى ۋە داۋالاش ئاپپاراتلىرىدا ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك كېسەللىكنى تىزگىنلەش ۋە سەھىيە نازارەتچىلىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مۇقىم ئىلگىرى سۈرۈلدى.

لى خۇيخەي

## تېببىي پەن - تېخنىكا مائارىپى

2003 - يىلى شىنجاڭدا «ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي مائارىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى پىكرى» ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، تېببىي مائارىپ بازىرى تەرتىپكە سېلىندى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى، تېببىي مائارىپ قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى. «ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سەھىيە ئىختىساسلىرىنى تەربىيىلەش ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى يولغا قويۇش لايىھىسى» تۈزۈپ تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 252 تېببىي مائارىپ تۈرى ئېلان قىلىندى، يىراق مۇساپىلىق داۋاملىق تېببىي مائارىپ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى، كلىنىكا كېسەلخانا ۋراچىنى قېلىپلاشتۇرۇپ تەربىيىلەش خىزمىتى باشلاندى ، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش سالمىقى يەنىمۇ زورايتىلىپ، سەھىيە قوشۇنىنىڭ ساپاسى خېلى ئۆستۈرۈلدى.

لى خۇيخەي

## ئىستېمال تۈزىتىش خىزمىتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى سەھىيە نازارىتىنى تېببىي دورا سېتىۋېلىش - سېتىشتىكى ناتوغرا ئىستېماللارنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش خىزمىتىدىكى باشلامچى ئورۇن قىلىپ بېكىتتى. يىل بېشىدا سەھىيە نازارىتى جايلاردىكى سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن «ئىستېمال تۈزىتىش نىشان مەسئۇلىيەتنامىسى» ئىمزالاپ، دورا سېتىۋېلىش - سېتىشتىكى ناتوغرا ئىستېماللار ۋە قىزىل بولاق، شېرىنكانە ئېلىشنى تۈزىتىشنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قاتارىغا كىرگۈزدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 23 داۋالاش - سەھىيە ئورنى نۇقتىلىق تۈزىتىلىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى. 22 ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا كېسەلخانىدىن چىققان بىمارلارنىڭ داۋالاش مۇلازىمىتى سۈپىتىگە دائىر ئۆچۈرلارنى ئىنكاس قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، «ئاپتونوم رايون بويىچە تېببىي خادىملارنىڭ ئۈننى قىلماسلىقى توغرىسىدا بەلگىلىمە» تارقىتىلدى، 4 - قېتىملىق سەھىيە ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە تېببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرىدا باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلدى ۋە 934 تۈر (قېتىم) خەلققە قولايلىق يارىتىپ بېرىش تەدبىرى يولغا قويۇلدى. 1144 تېببىي خادىم ۋە رەھبىرىي كادىر 350 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى قىزىل بولاق، شېرىنكانە ۋە سوۋغا - سالامنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. كېسەلخانىدىن چىققان بىمارلارنىڭ داۋالاش

مۇلازىمىتىگە بولغان رازىلىقى ئوتتۇرىچە 93.6% بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە كەسپىي ئىستىلىغا دائىر 721 ئەرز قوبۇل قىلىندى، 678 دىلو ئاخىرلاشتۇرۇلدى، 9 ي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 5 ئادەمگە مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى.

لى خۇەيخەي

## خەلقئارا ئۇيغۇر تىبابىتى ئىلمى يىغىنى، ئۇيغۇر دورىگەرلىكىگە دائىر مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

خەلقئارا ئۇيغۇر تىبابىتى ئىلمى يىغىنى، ئۇيغۇر دورىگەرلىكىگە دائىر مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمە پائالىيىتى 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئامېرىكا، ياپونىيە، ئاۋستىرىيە، روسىيە، ھىندىستان قاتارلىق 50 نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن 200 دىن ئارتۇق جۇڭگولۇق - چەت ئەللىك تىببىي دورا مۇتەخەسسىسلىرى يىغىنغا قاتناشتى. جۇڭگو جۇڭيى دورىگەرلىكى، مىللىي تىبابەت دورىگەرلىكىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ داڭلىق تىببىي ئاكادېمىكى يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

ئۇيغۇر تىبابىتى دورىگەرلىكىگە دائىر مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسىدە قەدىمقى زامان ۋە يېقىنقى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىببىي دورىگەرلىكىدىكى مەشھۇر شەخسلەر، قەدىمقى كىتاب مۇندەرىجىسى، تىببىي مائارىپ ۋە تىببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانى، تارقىلىشى، تىببىي دورا تەتقىقاتى ۋە مۇۋاپپەقىيەتلەر، دورىلىق ئۆسۈملۈك بايلىقى ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق 8 كۆرگەزمە رايونى تەسىس قىلىندى. شىنجاڭدىكى دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئۇيغۇر تىبابىتى دورىلىق ئۆسۈملۈكلىرىدىن 1000 نەچچە خىلى، قۇرۇق، ھۆل دورىلىق ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىسىدىن 300 نەچچە خىلى كۆرگەزمىگە قويۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 41 ئۇيغۇر تىببىي دورىگەرلىك ئاپپاراتى (ئالىي مەكتەپلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 12 دورا زاۋۇتى ۋە ئوقۇتۇش ئىلمىي تەتقىقات ئورنىنىڭ 100 خىلدىن ئارتۇق تەييار دورىسى كۆرگەزمىگە قويۇلدى.

جانار ئورمانبېك

## شىنجاڭ بويىچە تۇنجى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش دوختۇرخانىسى پۈتتى

شىنجاڭ بويىچە تۇنجى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش دوختۇرخانىسى - ئۈرۈمچى شىمالىي شەھەر ئەتراپى رايونى دوختۇرخانىسىنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەملىكەت بويىچە «سارس»قا تاقابىل تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە يەنى 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ تۇرنىڭ تۇپا - تاش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى قارالىق تەييارلىقى 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى باشلانغاندى، 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قۇرۇلۇش باشلىندى، 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى پۈتتى، قۇرۇلۇش قىلىشقا 25 كۈن كەتتى. بۇ دوختۇرخانىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 16 مىڭ كۋادرات مېتىر، تۇپا - تاش قۇرۇلۇشىغا 32 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 270 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 11 مىڭ 230 كۋادرات مېتىر.

لى خۇەيخەي

## شىنجاڭ يۈرەك، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى تىجارەت باشلىدى

2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ يۈرەك، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى تىجارەت باشلىدى. بۇ دوختۇرخانا 3 - دەرىجىلىك چوڭ تىپتىكى يۈرەك، قان تومۇر مەخسۇس كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىدۇر. دوختۇرخانىغا 250 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىندى، ئاساسلىق بىناسى 22 قەۋەت (2 قەۋەت يەر ئاستى ئۆيىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، قۇرۇلۇش كۆلىمى 36 مىڭ كۋادرات مېتىر. شتاتتىكى كارىۋات 400، دوختۇرخانىدا يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى رايونى، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى رايونى، ئۇنىۋېرسال ئىچكى - تاشقى كېسەللىكلەر رايونى، قۇتقۇزۇش مەركىزى، مەخسۇس ۋە ئۇنىۋېرسال ئامبولاتورىيە، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزى، تەتقىقات مەركىزى تەسىس قىلىندى. دوختۇرخانىدا يۈرەك قان تومۇرلىرى كېسەللىكلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرتكىلى بولىدۇ، دوختۇرخانىدا PTCA + تىرەك سېلىش ئوپېراتسىيىسى، تاجسىمان ئارتېرىيىنى كۆچۈرۈش يان يول ئوپېراتسىيىسى (CABG)، رادىئو چاستوتىسى ئارقىلىق ئېرىتىش ئوپېراتسىيىسى، يۈرەككە قوزغاتقۇچ ئورنىتىش ۋە باشقا تۈردىكى يۈرەك قان تومۇر تاشقى كېسەللىكلىرى ئوپېراتسىيىلىرى يولغا قويۇلغان. دوختۇرخانىدا دۆلەت بېكىتكەن داۋالىنىش بويىچە ھەق ئېلىش باھاسى كەڭ خەلق ئاممىسىغا يۈزلەنگەن، بۇ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تىببىي داۋالاش سۇغۇرتىسى بويىچە نۇقتىلىق دوختۇرخانا ھېسابلىنىدۇ.

لى خۇەيخەي

# تەنتەربىيە

## تەنتەربىيە خىزمىتى

### تەنتەربىيە مەيدان، سارايلىرى قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزىدىكى تەنتەربىيە سارىيىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشىغا بېتون قۇيۇش قۇرۇلۇشى، پولات قۇرۇلمىلىق تاختا ئالىيۇمىن يالىتىلغان سۇلياۋ تاختا بىلەن قاپلاش، تورۇسىنى، سىرتقى تېمىنى ئەينەك بىلەن قاپلاش قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، گاز يېقىلغۇ قىلىنىدىغان پارقازان ئۆيى پۈتتى. شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزىنىڭ مۇشۇ بىر يىللىق قۇرۇلۇشىغا 158 مىليون 870 مىڭ يۈەن، پۈتۈن قۇرۇلۇشنى تاماملاشقا 350 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

25 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان قىزىلسۇ ئوبلاستلىق تەنتەربىيە سارىيىنىڭ قۇرۇلۇشىغا 2003 - يىل 6 - ئايدا ئۇل سېلىندى. 7 - ئايدا ئۈرۈمچى قىزىلتاغ تەنتەربىيە سارىيى پۈتتى، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 8566.55 كۋادرات مېتىر، مەيدانغا 400 مېتىرلىق پلاستماسسىلىق ئۆلچەملىك يۈگۈرۈش يولى، چىم ياتقۇزۇلغان پۇتبول مەيدانى ياسالدى. 9 - ئايدا بۆرتالا بەيگە مەيدانى ۋە ئارىشاڭ ناھىيىسىنىڭ بۆگدۆر بەيگە مەيدانى پۈتتى ھەم ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. 10 - ئايدا بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ 25 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تەنتەربىيە سارىيىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. 11 - ئايدا بۆرتالا ئوبلاستى 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان ياشانغانلار ۋە ياش - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە پائالىيەت مەركىزى پۈتتى، مەركىزىي پائالىيەت مەيدانىنىڭ كۆلىمى 9000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

خۇ خۇا

### ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى

«ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى» - جۇڭگو تەنتەربىيە لاتارېيىسى جامائەت پاراۋانلىق فوندىدىن پايدىلىنىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ۋە نامرات چەت - ياقا رايونلارنىڭ ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى ۋە ماھارەت تەنتەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت. ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى «ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندا «ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى» خىزمىتىنى پائال تەشكىللەپ يولغا قويدى.

2003 - يىل 12 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى «ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى» ياردەم بەرگەن قەشقەر تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ ئۇنىۋېرسال مەشق مەيدانى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى (غۇلجا مەشق سارىيى 2002 - يىل 9 - ئايدا پۈتكەن). 2 - تۈركۈمدىكى «ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى» تۇرپان تەنتەربىيە سارىيى قۇرۇلۇشى 2003 - يىل 5 - ئايدا، فۇكاڭ مەشق سارىيى قۇرۇلۇشى 10 - ئايدا باشلاندى. تۇرپان تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ ئومۇمىي پۈتۈش باھاسى 5 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى تەنتەربىيە لاتارېيىسى جامائەت پاراۋانلىقى فوندىدىن ئاجرىتىپ بەرگىنى 2 مىليون يۈەن، قۇرۇلۇش تەرەققىياتىغا ئاساسەن ئاجرىتىپ بېرىلگىنى 1 مىليون يۈەن. فۇكاڭ مەشق سارىيىنىڭ ئومۇمىي پۈتۈش باھاسى 8 مىليون يۈەن، دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى تەنتەربىيە لاتارېيىسى جامائەت فوندىدىن ئاجرىتىپ بەرگىنى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن.

جاڭ سىلۇن

### ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش ۋە تەقدىرلەش

2003 - يىل 3 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تۇدۇڭخابا رايونى غەربىي ۋوگزال مەھەللە باشقارمىسى، يېڭى شەھەر رايونى سەنگۇڭ مەھەللە باشقارمىسى، تەڭرىتاغ رايونى دۇڭمېن مەھەللە باشقارمىسى، سايباغ رايونى شىمالىي دوستلۇق يولى مەھەللە باشقارمىسىغا دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە 3 - تۈركۈمدىكى شەھەر تەنتەربىيىسىدىكى ئىلغار مەھەللە دەپ نام بېرىلدى.

3 - ئايدا شىنجاڭ ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭى شەھەر رايونى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى، سانجى ئوبلاستلىق ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى باشقۇرۇش

مەركىزى قاتارلىق 5 ئورۇن مەملىكەت بويىچە ياشانغانلار تەنتەربىيىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى؛ شىنجاڭ ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتىدىن لى گۇاڭخۇي، ليۇ ۋېيجيەن، لى شاۋلۇڭ مەملىكەت بويىچە ياشانغانلار تەنتەربىيىسىدىكى ئاچقۇچىلار دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ ئاۋ جىيى، جاڭ بىڭ، چېڭ شەنيۇ، لى جىچياڭ، خې شىبىڭ، لېي جىنپىڭ (ئايال)، ۋاڭ فايۈەن، لى رىنبىڭ، لى شاۋلۇڭ، لۇ چۇنيۇڭ، لى پىڭ (ئايال)، ما يەنيۈەن، خەن لىنيۇ، ئەن خۇيرۇڭ (ئايال)، فېڭ ليۇچىڭ مەملىكەت بويىچە ياشانغانلار تەنتەربىيىسىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسىغا «ئىتتىپاقلىشىپ جان تىكىپ ئېلىشقان، مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلغان، بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈپ، باتۇرلۇق بىلەن يۇقىرى پەللىگە ئۆرلىگەن مۇنەۋۋەر كوماندا» دەپ؛ شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسىنىڭ باش تېرېنېرى جاڭ شىنچۈەنگە «غەربنى ئېچىشتا ئۆزىنى بېغىشلاپ، كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان مۇنەۋۋەر تېرېنېر» دەپ؛ شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى مۇدىرىيەت ئىدارىسىنىڭ رەئىسى سۇن گۇاڭشىنغا «تەنتەربىيە ئىشلىرىنى بەجانىدىللىق بىلەن قوللىغان مۇنەۋۋەر كارخانىچى» دەپ نام بەردى.

9 - ئايدا دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى مەدەنىيەت - تارىخ كومىتېتى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسىغا مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيە - مەدەنىيەت - تارىخ خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ دەپ؛ يۇ جىنخۇاغا مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيە - مەدەنىيەت - تارىخ خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس دەپ نام بەردى؛ چى جۇباڭغا مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيە - مەدەنىيەت- تارىخ خىزمىتىدىكى تۆھپىكار مۇكاپاتى بەردى.

12 - ئايدا دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى «مەملىكەت بويىچە مىڭ مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي تەنتەربىيە يېتەكچىسىنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» تارقاتتى، شىنجاڭ بويىچە 19 ئادەم مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي تەنتەربىيە يېتەكچىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۇلار: جاۋ كۈن، كېرەم، جۇ لى، ليۇ يۇشىڭ، جەي لەنچاۋ، پېڭ خېبىڭ، خەن چۈنيىڭ، ۋاڭ بىڭ، لىن يۇڭچاڭ، تۇرسۇنگۈل، جى كاڭشىڭ، چېن گۇاڭلى، ئەنۋەر ھوشۇر، دۇڭ گوشىن، كېرەم ياسىن، ۋاڭ ۋېيدۇڭ، ئالىم كېرەم، لى شۇۋېي قاتارلىقلار.

2003 - يىلى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى ھەپتىلىكى پائالىيىتىدە بارلىققا كەلگەن مۇنەۋۋەر تەشكىللىگۈچى ئورۇنلار ۋە ئىلغار ئورۇنلارنى تەقدىرلىدى. مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئورۇنلار: ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەنتەربىيە ئىدارىسى، غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق تەنتەربىيە ئىدارىسى، سانجى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت- تەنتەربىيە ئىدارىسى، قاراماي شەھەرلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى. ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشكەن ئورۇنلار: قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرى تەڭرىتاغ رايونلۇق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، سانجى ئوبلاستلىق مالىيە ئىدارىسى، باي ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، شىخەنزە شەھەرلىك تيەنفۇ تېرمو ئېلېكتر ھەمىسسىدارلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى، شىنجاڭ ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى، شىنجاڭ تەيجى گۇڭپۇسى جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر تاغقا چىقىشنى باشقۇرۇش مەركىزى، شىنجاڭ تىك-تاك توپ جەمئىيىتى، مالىيە نازارىتى، ج خ نازارىتى، شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تۆمۈريول ئىدارىسى.

يۇجىنخۇا

# ماھارەت تەنتەربىيىسى

## خەلقئارالىق مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىن 11 تەنھەرىكەتچى يېنىك ئاتلېتىكا، قۇملۇق ۋالىبولى، بوكس، ئوقيا ئېتىش، پلانېر قاتارلىق تۈرلەر بويىچە خەلقئارالىق مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، 3 تۈردە 1 -، 5 تۈردە 2 -، 4 تۈردە 3 -، بىر تۈردە 4-، بىر تۈردە 5 -، بىر تۈردە 7 -، 2 تۈردە 8 - بولدى.

5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئوقيا ئېتىش تەنھەرىكەتچىسى شۆ خەيفېڭ فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ياۋروپا ئوقيا ئېتىش مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىدا 104 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن ئەرلەرنىڭ ئوقيا ئېتىش يەككە تۈرىدە 2 - لىككە، كوماندا ئەزالىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ 242 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن كوللېكتىپ بويىچە 2 - لىككە ئېرىشتى.

6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قۇملۇق ۋالىبولى تەنھەرىكەتچىسى ۋاڭ جيې دۇنيا قۇملۇق ۋالىبولى سەييارە مۇسابىقىسىنىڭ

گىرىتسىيە بېكىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە شاڭخەيلىك تەنھەرىكەتچى لى لىنجۈن بىلەن ھەمكارلىشىپ ئاياللار قۇملۇق ۋالىبولى مۇسابىقىسىدە 5 ـ لىككە ئېرىشتى.

7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە پلانېر تەنھەرىكەتچىسى ياڭ فېڭ ۋېنگرىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئەركىن ئۇچۇرۇش پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە 2370 نومۇرلۇق نەتىجە بىلەن يەككىلەرنىڭ رېزىنكا يىپ بىلەن تېزگىنلىنىدىغان ماتورلۇق پلانېر ئۇچۇرۇش مۇسابىقىسىدە 2 ـ، كوماندىدىكى سەپدىشى ياڭ شىنگۇاڭ (سەنشىدىن)، جاۋ لىفۇ (تيەنجىندىن) بىلەن ھەمكارلىشىپ، كوللېكتىپ مۇسابىقىدە 8 ـ لىككە ئېرىشتى.

9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە بوكس تەنھەرىكەتچىسى ئابدۇرۇسۇل روزى 64 كىلوگراملىقلار بويىچە، قانات ئىسلام 69 كىلوگراملىقلار بويىچە، تۇلەۋقان سىتبىقان 91 كىلوگراملىقلار بويىچە ئۆرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ خەلقئارا بوكس ئاشكارا مۇسابىقىسىدا 1 ـ؛ ئابدۇراخمان 81 كىلوگراملىقلار بويىچە 2 ـ؛ ئابدۇنەبى سەيدۇللا 64 كىلوگراملىقلار بويىچە، ئەخمەت رېھىمزا 75 كىلوگراملىقلار بويىچە، كۈلەش ئۆركەش 91 كىلوگراملىقلار بويىچە 3 ـ بولدى.

2003 ـ يىلى شىنجاڭ تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ مەملىكەتلىك رەسمىي مۇسابىقىلەردە ئالدىنقى 8 ـ لىككىچە ئېرىشىش ئەھۋالى

| ئىسىم ـ فامىلىسى | جىنسى | مۇسابىقە نامى | ۋاقتى | ئورنى | مۇسابىقە تۈرى | نەتىجىسى | دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چېن شياۋفاڭ | ئايال | مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى | شاڭخەي | 3000 مېتىر توساقتىن ئاتلاش | 9′50″88 | 1 |
| ياڭ فېڭ<br>خې خەيجياڭ<br>ما تېڭ | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ 30 ـ كۈنىگىچە | خېنەن | F1B كوللېكتىپ مۇسابىقىسى | 3818 نومۇر | 1 |
| خەن شىنپىڭ | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ 30 ـ كۈنىگىچە | خېنەن | F2B يەككىلەر مۇسابىقىسى | 6416 .5 نومۇر | 1 |
| شۆ خەيفېڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ 23 ـ كۈنىگىچە | سىچۈەن | 70 مېتىر ئومۇمىي ماھارەت | 1323 ھالقا | 1 |
| شۆ خەيفېڭ | ئەر | مەملىكەتلىك تالادا ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش شاللاش مۇسابىقىسى | 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ 20 ـ كۈنىگىچە | گۇاڭشى | يەككە 90 مېتىر | 331 ھالقا | 1 |
| شۆ خەيفېڭ | ئەر | مەملىكەتلىك تالادا ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش شاللاش مۇسابىقىسى | 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ 20 ـ كۈنىگىچە | گۇاڭشى | يەككە 50 مېتىر | 336 ھالقا | 1 |
| شۆ خەيفېڭ | ئەر | مەملىكەتلىك تالادا ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش شاللاش مۇسابىقىسى | 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ 20 ـ كۈنىگىچە | گۇاڭشى | يەككە 30 مېتىر | 326 ھالقا | 1 |
| شۆ خەيفېڭ | ئەر | مەملىكەتلىك تالادا ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش شاللاش مۇسابىقىسى | 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ 20 ـ كۈنىگىچە | گۇاڭشى | يەككە، ئومۇمىي ماھارەت | 1329 ھالقا | 1 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شۆ خەيفېڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش ئولىمپىك تۈرى لەۋھا تالىشىش مۇسابىقىسى | 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە | جېڭجۇ | يەككىلەر شاللاش مۇسابىقىسى | 109 هالقا | 1 |
| ئەلى ئەركىن | ئەر | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى | چوڭچىڭ | 125CCB گۇرۇپپىسى | 136 نومۇر | 2 |
| خەمىت | ئەر | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى | چوڭچىڭ | 125CCA گۇرۇپپىسى | 136 نومۇر | 2 |
| توك دې | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 21 - 30 - كۈنىگىچە | خېنەن | F1A يەككىلەر مۇسابىقىسى | 1275 نومۇر | 2 |
| ياڭ فېڭ | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 21 - 30 - كۈنىگىچە | خېنەن | F1B يەككىلەر مۇسابىقىسى | 1290 نومۇر | 2 |
| شۆ خەيفېڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 17 - 23 - كۈنىگىچە | سىچۈەن | يەككە 70 مېتىر | 334 هالقا | 2 |
| قانات ئىسلام | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە | شىئەن | 69 كىلوگراملىقلار | | 2 |
| قانات ئىسلام | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى | 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە | چوڭچىڭ | 69 كىلوگراملىقلار | | 2 |
| ئابدۇرۇسۇل روزى | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 8 - ئاينىڭ 14 - 24 - كۈنىگىچە | جىڭجياڭ | 64 كىلوگراملىقلار | | 2 |
| ئالىپېك | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلار چېلىشىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 7 - ئاينىڭ 20 - 23 - كۈنىگىچە | جياڭشى | 66 كىلوگراملىقلار | | 2 |
| خې خەيجياڭ | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 21 - 30 - كۈنىگىچە | خېنەن | F1B يەككىلەر مۇسابىقىسى | 1290 نومۇر | 3 |
| تاۋ جۇن | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 21 - 30 - كۈنىگىچە | خېنەن | S6B يەككىلەر مۇسابىقىسى | 430 نومۇر | 3 |
| تۆلەۋقان سىئىتقان | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 8 - ئاينىڭ 14 - 24 - كۈنىگىچە | جىڭجياڭ | 91 كىلوگراملىقلار | | 3 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئېلىجان ماموت | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلار رۇداۋچە چېلىشىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ 11 ـ كۈنىگىچە | جياڭشى | 90 كىلوگراملىقلار | | 3 |
| ئورالبېك | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلار چېلىشىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ 23 ـ كۈنىگىچە | جياڭشى | 74 كىلوگراملىقلار | | 3 |
| داۋۇت نۇر | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلار چېلىشىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ 23 ـ كۈنىگىچە | جياڭشى | 55 كىلوگراملىقلار | | 4 |
| ئەلى نۇر | ئەر | مەملىكەتلىك لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە دۇنيا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىنى تاللاش مۇسابىقىسى | 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ 14 ـ كۈنىگىچە | ئەنخۇي | 60 كىلوگراملىقلار | | 4 |
| خەمىت زايىر<br>پەرھات | ئەر | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى | چوڭچىڭ | 125CCA گۇرۇپپىسى | 62 نومۇر | 4 |
| گۈمىڭ | ئەر | 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك شەھەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ 27 ـ كۈنىگىچە | خۇنەن | 1500 مېتىر | 3′43″90 | 4 |
| گۈمىڭ | ئەر | مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ 14 ـ كۈنىگىچە | شاڭخەي | 1500 مېتىر | 3′47″38 | 4 |
| ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسى | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلار ۋاسكېتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسى | 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ 10 ـ كۈنىگىچە | چوڭچىڭ | ۋاسكېتبول | | 4 |
| نۇرمەمەت | ئەر | مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ 14 ـ كۈنىگىچە | شاڭخەي | دىسكا | 56.51 مېتىر | 4 |
| لى ۋېنكۆي | ئەر | مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ 14 ـ كۈنىگىچە | شاڭخەي | چويۇن توپ | 18.26 مېتىر | 4 |
| جېڭمىس<br>دولقۇن<br>سۇن گۇاڭلياڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئات ئۇينىتىپ توساقتىن ئۆتۈش كوللېكتىپ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ 16 ـ كۈنىگىچە | بېيجىڭ | توساقتىن ئۆتۈش | 527.08 نومۇر | 4 |
| ۋاڭ جيې<br>رەناگۈل | ئايال | مەملىكەتلىك قۇملۇق ۋالىبولى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ 31 ـ كۈنىگىچە | شاڭخەي | قۇملۇق ۋالىبولى | | 5 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سۇن گۇاڭلىيالىڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئات ئويۇنتىپ توساقتىن ئۆتۈش كوللېكتىپ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 13 ـ 16 - كۈنىگىچە | بېيجىڭ | كوللېكتىپ مۇسابىقە | 13 نومۇر | 5 |
| شۆ خەيفېڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 17 ـ 23 - كۈنىگىچە | سىچۈەن | شەخسلەر شاللاش مۇسابىقىسى | 111 هالقا | 5 |
| ۋىن لىجيالىڭ | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 21 — 30 - كۈنىگىچە | خېنەن | FIC شەخسلەر مۇسابىقىسى | 1296 نومۇر | 5 |
| قايىمجان | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلار چېلىشىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە | سىچۈەن | 51 كىلوگراملىقلار | | 5 |
| ئەكرەم بارات | ئەر | مەملىكەتلىك لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە | شىئەن | 60 كىلوگراملىقلار | | 5 |
| باقىتبېك | ئەر | مەملىكەتلىك لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە | شىئەن | 81 كىلوگراملىقلار | | 5 |
| ئابدۇنەبى | ئەر | مەملىكەتلىك لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 8 - ئاينىڭ 14 ـ 24- كۈنىگىچە | جېجياڭ | 64 كىلوگراملىقلار | | 5 |
| ياشلار چېلىشىش كوماندىسى | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلار چېلىشىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 7 - ئاينىڭ 20 ـ 23 - كۈنىگىچە | جياڭشى | كوللېكتىپ مۇسابىقە | | 5 |
| زۇ ۋېنخۇڭ | ئايال | مەملىكەتلىك قارىغا ئېتىش يورۇشلۇق مۇسابىقىسى يەككىلەر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 8 - ئاينىڭ 25 ـ 30 - كۈنىگىچە | ئۈرۈمچى | گاز مىلتىق بىلەن 40 پاي ئېتىش | 499.3 هالقا | 6 |
| چۇ يۇڭ<br>شۆ خەيفېڭ<br>لۇڭ لىنچاۋ | ئەر | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش چېمپىيونلۇق كوللېكتىپ مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 17 ـ 23- كۈنىگىچە | سىچۈەن | يەككە ئومۇمىي ماھارەت | 3792 هالقا | 6 |
| چۇ يۇڭ<br>تاۋ فېڭگاڭ<br>شۆ خەيفېڭ<br>جۇ ۋۇجىن | ئەر | مەملىكەتلىك تالادا ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىنىڭ شاللاش مۇسابىقىسى | 11 - ئاينىڭ 14 ـ 20 - كۈنىگىچە | گۇاڭشى | يەككە ئومۇمىي ماھارەت كوللېكتىپ مۇسابىقە | 3827 هالقا | 6 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ جيەنبو | ئەر | مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9 - ئاينىڭ 11 _ 15 - كۈنىگىچە | شاڭخەي | 10 تۈر بويىچە ئومۇمىي ماھارەت | 7022 نومۇر | 6 |
| شۆ خەيفىڭ | ئەر | مەملىكەتلىك تالا قارىغا ئېتىش لەۋھە تالىشىش شاللاش مۇسابىقە-سى | 11 - ئاينىڭ 14 _ 20- كۈنىگىچە | گۇاڭشى | يەككە ئايلانما 70 مېتىر | 356 ھالقا | 7 |
| جاۋ ۋېيخۇا<br>فۇ چىنچىن<br>گو فاپىڭ | ئايال | مەملىكەتلىك ئولىمپىك تۈرى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە | جېجياڭ | كوللېكتىپ شاللاش مۇسابىقىسى | 234 ھالقا | 7 |
| زۇ ۋېنخۇڭ | ئايال | مەملىكەتلىك قارىغا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 7 - ئاينىڭ 15 _ 25 - كۈنىگىچە | شىجياجۇاڭ | گاز مىلتىق بىلەن 40 پاي ئېتىش | 499.2 ھالقا | 7 |
| جاۋ ۋېيخۇا<br>فۇ چىنچىن<br>گو فاپىڭ | ئايال | مەملىكەتلىك تالادا ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش شاللاش مۇسابىقىسى | 11 - ئاينىڭ 14 _ 20 - كۈنلىرى | گۇاڭشى | ئوقيا ئېتىش كوللېكتىپ شاللاش مۇسابىقىسى | 220 ھالقا | 8 |
| جاۋ ۋېيخۇا | ئايال | مەملىكەتلىك تالادا ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش شاللاش مۇسابىقىسى | 11 - ئاينىڭ 14 _ 20 - كۈنىگىچە | گۇاڭشى | ئوقيا ئېتىش يەككە 30 مېتىر | 348 ھالقا | 8 |
| جۇن جۇاڭ<br>چۇ يۇڭ<br>شۆ خەيفىڭ<br>لۇڭ لىنچاۋ | ئەر | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 17 _ 23 - كۈنىگىچە | سىچۇەن | ئوقيا ئېتىش كوللېكتىپ شاللاش مۇسابىقىسى | 228 ھالقا | 8 |
| ئەنۋەر | ئەر | مەملىكەتلىك تاغلىق يەر دالا ۋېلسىپىتى چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 9 _ 10 - كۈنلىرى | سۇجۇ | تاغلىق يەر دالا مۇسابىقىسى | 1:46′04″ | 8 |
| پەرھات | ئەر | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىتى لەۋھە تالىشىش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى | چوڭچىڭ | 125CCA گۇرۇپپىسى | 65 نومۇر | 8 |

9 - ئاينىڭ 20 _ 24 - كۈنىگىچە يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەتچىسى نۇرمەھەممەت فىلىپپىندە ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدا 59.48 مېترلىق نەتىجە بىلەن ئەرلەرنىڭ دېسكا ئېتىش تۈرىدە 4 - بولدى.

10 - ئاينىڭ 24 _ 29 - كۈنىگىچە بوكس تەنھەرىكەتچىسى نىجات ھۆسەن قازاقىستاننىڭ تالدىقورغان ئوبلاستىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئالما - ئاتا خەلقئارالىق ياشلار لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدا 91 كىلوگراملىقلار بويىچە 2 - بولدى.

11 - ئاينىڭ 4 _ 8 - كۈنىگىچە ئوقيا ئېتىش تەنھەرىكەتچىسى شۆ خەيفىڭ بىرمىدا ئۆتكۈزۈلگەن 13 - نۆۋەتلىك ئاسىيا ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدا كوماندا ئەزالىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ 249 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن ئەرلەر كوللېكتىپى بويىچە 3 -؛ 103 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن شاللاش مۇسابىقىسىدە 7 -؛ 1316 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن يەككە ئايلانما بويىچە ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىشتە 8 - بولدى.

يۇ جىنخۇا

## مەملىكەتلىك رەسمىي مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەت كوماندىلىرى ۋە تەنھەرىكەتچىلەر مەملىكەتلىك رەسمىي مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ 9 تۈردە 1 -، 9 تۈردە 2 -، 5 تۈردە

3 ـ، 9 تۇردە 4 ـ، 9 تۇردە 5 ـ، 4 تۇردە 6 ـ، 3 تۇردە 7 ـ، 5 تۇردە 8 ـ بولدى. بىر ئادەم ئاسىيە رېكورتىنى، بىر ئادەم 2 قېتىم مەملىكەت رېكورتىنى، 2 كوماندا، 5 ئادەم 15 قېتىم 14 تۈردە ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەتچىسى چېن شاۋفالڭ مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە 9′50″88 لۇق نەتىجە بىلەن ئاياللارنىڭ 3000 مېتىرلىق توساقتىن ئاتلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە ئاسىيا رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئوقيا ئېتىش تەنھەرىكەتچىسى شۆ خەيفېڭ دۆلەتلىك يىغىپ تەربىيىلەش ـ تاللاش مۇسابىقىسىدا 322 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن ئەرلەرنىڭ 90 مېتىرلىق يەككە ئايلانمىلىق مۇسابىقىدىكى 321 ھالقىلىق مەملىكەت رېكورتىنى؛ يەنە دۆلەت كوماندىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرىنى تاللاش مۇسابىقىسىدا 674 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن ئەرلەرنىڭ ئوقيا ئېتىش ـ رەتكە تىزىش مۇسابىقىسىدىكى 669 ھالقىلىق مەملىكەت رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. شىنجاڭ ئاياللار ئوقيا ئېتىش كوماندىسى 2 قېتىم 2 تۈردە؛ شۆ خەيفېڭ 4 قېتىم 3 تۈردە ئەرلەرنىڭ ئوقيا ئېتىشى بويىچە؛ جاۋ ۋېيخۇا 6 قېتىم 6 تۈردە ئاياللارنىڭ ئوقيا ئېتىشى بويىچە؛ گۇ مىڭ، چېن شاۋفالڭ 2 قېتىم 2 تۈردە ئەرلەر، ئاياللار يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە؛ زو ۋېنخۇڭ ئاياللارنىڭ قارىغا ئېتىشى بويىچە بىر تۈردە ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزدى.

يۇ جىنخۇا

## ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2003 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 15 — 19 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر گورۇپپىلىرىدىن تەشكىللەنگەن 16 ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە ساھەلەر گورۇپپىسىدىن تەشكىللەنگەن 7 ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن 2600 دىن كۆپ تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر گورۇپپىلىرىدا يېنىك ئاتلېتىكا، قارىغا ئېتىش، ئوقيا ئېتىش، تېز مۇز تېيىلىش، سۇ ئۈزۈش، ۋاسكېتبول، ۋالىبول، قۇملۇق ۋالىبولى، پۇتبول، تېكتاك توپ، خەلقئاراچە چېلىشىش، ئاياللارنىڭ ئەركىن چېلىشىشى، رۇداۋچە چېلىشىش، بوكس، تەيچۇەنداۋ، چامباشچىلىق قاتارلىق 16 تۈر؛ ساھەلەر گورۇپپىسىدا جۇڭگوچە شاھمات، پەي توپ، سۇ ئۈزۈش، گۈزەللىك ـ ساغلاملىق گىمناستىكىسى، چۆيلا توپ، تېكتاك توپ، يېنىك ئاتلېتىكا قاتارلىق 7 تۈر تەسىس قىلىندى. ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، ئىلى ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر گورۇپپىلىرى بويىچە ئۇنىۋېرسال نەتىجە، ئومۇمىي نومۇر بويىچە ئالدىنقى 3 ـ لىككە، ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەنلەر بويىچە ئالدىنقى 3 ـ لىككە؛ تۆمۈر يول، نېفىت، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى تەنتەربىيە جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى ساھەلەر گورۇپپىلىرى بويىچە ئومۇمىي نومۇردا ئالدىنقى 3 ـ لىككە ئېرىشتى. 37 كوماندىدىكى، 119 تەنھەرىكەتچى 102 تۈردە 255 قېتىم ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 5 تەنھەرىكەتچى ماھىر تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە، 64 تەنھەرىكەتچى دۆلەتنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى. 44 كوماندا، 307 تەنھەرىكەتچى، 57 رېپىر تەنتەربىيە ئەخلاق پەزىلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ۋە ئاپتونوم رايون، دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى، بىڭتۈەن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ۋاڭ لېچۈەن ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمايىل تىلىۋالدى ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى، ئېچىلىش مۇراسىمىدا چوڭ تىپتىكى كوللېكتىپ گىمناستىكا «ئەسىر ئۇچرىشىشى» ئوينالدى.

يۇ جىنخۇا

## شىنجاڭ خەلقئارا ئەرلەر ۋاسكېتبول تەكلىپ مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2003 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قازاقىستان دۆلەت كوماندىسى، قىرغىزىستان دۆلەت كوماندىسى، جياڭسۇ نەنگاڭ ئەجدىرھا كوماندىسى، شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئۇچار يولۋاس كوماندىسى مۇسابىقىگە قاتناشتى. شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئۇچار يولۋاس كوماندىسى 3 مەيدان مۇسابىقىنىڭ ھەممىسىدە ئۇتۇپ چېمپىيون بولدى، قازاقىستان دۆلەت كوماندىسى 2 ـ، جياڭسۇ نەنگاڭ ئەجدىھا كوماندىسى 3 ـ بولدى. مۇسابىقىنى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەنتەربىيە ئىدارىسى بىرلىشىپ باشقۇردى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ۋاسكېتبول جەمئىيىتى ئۈستىگە ئالدى، مۇسابىقىدە يەككە ئايلانما تۈزۈمى قوللىنىلدى.

شياۋ يۇ

## مەملىكەتلىك ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسى ئا گورۇپپىسىنىڭ شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان A دەرىجىلىكلەر بىرلەشمە مۇسابىقىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

بۇ مۇسابىقە 2002 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 8 كۈنىدىن ـ

2003 - يىل 3 - ئايغىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىدە ساھىپخان ۋە مېھمان مەيدان تۈزۈمى قوللىنىلدى، 14 ۋاسكېتبول كوماندىسى مۇسابىقىگە قاتناشتى، مۇسابىقە 15 مەيدان ئوينالدى، تاماشىبىن 60 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى. تۇنجى قېتىم ئا گۇرۇپپا A دەرىجىلىكلەر بىرلەشمە مۇسابىقىسىگە كىرگەن شىنجاڭ گۇاڭخۇي كوماندىسى ئادەتتىكى مۇسابىقىدە 4 -، پەسىللىك مۇسابىقىدە 5 - بولدى. بۇنىڭ بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى گۇاڭخۇي كوماندىسىغا «باتۇرلۇق بىلەن چوققىغا ئۆرلىگەن كوماندا» دەپ نام بەردى.

يۇ شېڭۇبى

## شىنجاڭ خەلقئارا پۇتبول قارشىلىشىش مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئەنگلىيە ستوك پورتى ياشلار پۇتبول كوماندىسى شىنجاڭ ياشلار پۇتبول كوماندىسى بىلەن قارشىلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، ئەنگلىيە ستوك پورتى ياشلار پۇتبول كوماندىسى 1 : 3 نەتىجە بىلەن شىنجاڭ پۇتبول كوماندىسىنى يەڭدى. 20 - كۈنى ئەنگلىيە ستوك پورتى ياشلار پۇتبول كوماندىسى ئۈرۈمچى ياشلار پۇتپول كوماندىسى بىلەن دوستلۇق مۇسابىقىسى ئوينىدى.

خۇ خۇا

## شىنجاڭ خەلقئارا بوكس ئاشكارا مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 9 - ئاينىڭ 17 _ 21 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، موڭغۇلىيە، ياپونىيە، كورىيە، تايلاند، پاكىستان، فىلىپپىن، جۇڭگو قاتارلىق 9 دۆلەتنىڭ كوماندىلىرى ۋە شىنجاڭ، شەنشى، بېيجىڭ، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق 4 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوننىڭ كوماندىلىرىدىكى 97 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. جۇڭگو كوماندىسى 6 ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى، زۇ شىمىن، ليۇ يۈەن، ئابدۇرۇسۇل روزى، قانات ئىسلام، ساۋ شىنيوڭ، تۆلەۋقان سىتبىنقان قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھەر قايسى دەرىجىلىكلەر ئايرىمىسى بويىچە چېمپىيون بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ تەنھەرىكەتچىسى 3. كورىيە، موڭغۇلىيە، قازاقىستان ماھىرلىرى 5 ئالتۇن مېدال ئالدى.

جىڭ خۇا

## مەملىكەتلىك قارىغا ئېتىش يۈرۈشلۈك مۇسابىقىسى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلدى

بۇ مۇسابىقا 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 25 _ 30 كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر، ھەربىي قىسىمدىن كەلگەن 34 كوماندىدىكى 122 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. شىنجاڭنىڭ تەنھەرىكەتچىسى زو ۋېنخۇڭ 3. 499 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن ئاياللارنىڭ يەل مىلتىق بىلەن 10 مېتىرغا 40 پاي ئېتىش تۈرىدە 6 - بولدى، شۇنداقلا 10- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى.

ۋاڭ يەن

## مەملىكەتلىك پاراشوتتىن سەكرەش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلدى

بۇ مۇسابىقە 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن _ 6 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىنى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ئاۋىئاتسىيە سىمىز مودېل ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش مەركىزى، شىنجاڭ تەنتەربىيە ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت باشقۇردى ، شىنجاڭ شۈدې مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ بوستان خەلقئارا ساياھەت (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈستىگە ئالدى. بېيجىڭ، سەنشى، شەنشى، جياڭشى، نەنجىڭ 513 - زاۋۇتى، سەندۇڭ، خېنەن، خۇبېي، خۇنەن، سىچۈەن، سىچۈەن پاراشوتتىن سەكرەش كۇلۇبى، ھاۋا ئارمىيىسى، يۈننەن، شياڭ فەن 520 - ئەترىتىدىن 126 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى.

جەي لەنچاۋ

## 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك شەھەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

بۇ مۇسابىقە 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە چاڭشادا ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن 56 تەنھەرىكەتچى يېنىك ئاتلېتىكا، چېلىشىش، رۇداۋچە چېلىشىش، تەيچۈەنداۋ، چامباشچىلىق قاتارلىق 8 تۈر بويىچە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ بىر تۈردە 2 -، 3 تۈردە 3 -، 3 تۈردە 4 -، 3 تۈردە 5 -، 7تۈردە 6 -، بىر تۈردە 8 - بولدى. ئەرلەر چامباشچىلىق كوماندىسى 41 نومۇرلۇق نەتىجە بىلەن كوللېكتىپ بويىچە ئومۇمىي نومۇردا 2 - لىككە، رۇداۋچە چېلىشىش تەنھەرىكەتچىسى جى جۇڭشيا 100 كىلوگراملىقلار دەرىجىسى بويىچە، ۋاڭ چىن ئاياللارنىڭ 57 كىلوگراملىقلار دەرىجىسى بويىچە 3 - بولدى. سەي جۈپىڭ 1.84 مېتىرلىق نەتىجە بىلەن ئاياللارنىڭ ئېگىزگە سەكرەش تۈرىدە 3 - بولدى.

شىخەنزە شەھىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن 14 تەنھەرىكەتچى رۇداۋچە چېلىشىش، تەيچۈەنداۋ، يېنىك ئاتلېتىكا قاتارلىق



ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە: تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا كوللېكتىپ گىمناستىكا ئويۇنالماقتا.

قەيسەر فوتوسى

تۈرلەر بويىچە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ بىر مىس مېدالغا، بىر كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى، بىر تۈردە 5 -، بىر تۈردە 8 - بولدى. رۇداۋچە چېلىشىش تەنھەرىكەتچىسى لى يۈلياڭ ئەرلەرنىڭ 100 كىلوگراملىقلار تۈرىدە 2 -، تەيچۇەنداۋ تەنھەرىكەتچىسى چېن فېڭ ئاياللارنىڭ 47 كىلوگراملىقلار تۈرىدە 3 - بولدى. شىخەنزە شەھىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يۈ جىنخۇا

## ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى 6 تەنتەربىيە مەكتىپىگە 1040 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ماھارەت تەنتەربىيە مەكتىپىگە 540، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەنتەربىيە مەكتىپىگە 200، قەشقەر تەنتەربىيە مەكتىپىگە 120، ئاقسۇ تەنتەربىيە مەكتىپىگە 44، ئېلى تەنتەربىيە مەكتىپىگە 74، سانجى تەنتەربىيە مەكتىپىگە 62 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. شىنجاڭنىڭ ياش - ئۆسمۈر تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەردە 5 تۈردە 1 -، 4 تۈردە 2 -، 6 تۈردە 3 -، 18 تۈردە 4 - لىكتىن 8 - لىككىچە ئېرىشتى، 20 ئادەم دۆلەتنىڭ 1 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى.

2003 - يىلى بىر تېرېنېر دۆلەت دەرىجىلىك تېرېنېرلار مۇھاكىمە كۇرسىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىلدى، 5 تېرېنېر يېنىك ئاتلېتىكا، سۇ ئۈزۈش تۈرلىرى بويىچە ئالىي تېرېنېرلارنى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش كۇرسىدا تەربىيىلەندى، ئوقىيا ئېتىش تېرېنېرىدىن 10 ى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېرېنېرلارنى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتى. ئات يۈگرىتىش، رۇداۋچە چېلىشىش، چېلىشىش، قاتارلىق تۈرلەرنىڭ رېپېرلىرىدىن 20 ئادەم مەملىكەتلىك ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىشقا؛ 19 رېپېر مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەردە رېپېرلىق خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا؛ 8 رېپېر رۇداۋچە چېلىشىش، يېنىك ئاتلېتىكا، سۇ ئۈزۈش، ۋاسكېتبول، تېنىس توپ تۈرلىرى بويىچە دۆلەت دەرىجىلىك ئۆرلەپ ئوقۇش كۇرسى ۋە ئىمتاھانىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىلدى؛ 4 رېپېر تەيچۇەنداۋ، ۋاراتا توپ، يېنىك ئاتلېتىكا تۈرلىرى بويىچە دۆلەت دەرىجىلىك رېپېرلىققا ئۆستۈرۈلدى؛ ۋاڭ يىمىن، جاڭ ۋېي مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر مۇسابىقە كادىرى بولۇپ باھالاندى؛ جاڭ شىنخۇا جۇڭگو قارىغا ئېتىش جەمئىيىتى تېرېنېرلار كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تاللاندى. ۋاڭ جيې (قومۇلۇق ۋالىبولى) تەنھەرىكەت ماھىرى قىلىپ يېتىشتۈرۈلدى.

خو چۇنجياڭ

## ياش - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبلىرى

2003 - يىلى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭىدىن قۇرۇلغان مەملىكەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبىدىن 10 نى تەكشۈرۈپ بېكىتتى. ئۇلار: قەشقەر شەھەرلىك 10 - ئوتتۇرا مەكتەپ، يەنجى ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، توقسۇن ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، گۇچۇڭ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى پەرزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتىپى، بۇگۇر ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى، پوسكام ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى، قورغاس ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى، قابا ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى، قاراقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندا مەملىكەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبىدىن 50 ى قۇرۇلدى، كۇلۇبقا تەخمىنەن 50 مىڭ ياش - ئۆسمۈر قوبۇل قىلىندى.

ۋاڭ كېجەن

# ئاممىۋى تەنتەربىيە

## مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

بۇ مۇسابىقە 2003 -يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 13-

كۈنىگىچە نىڭشيانىڭ يىنچۈەن شەھىرى بىلەن شىزۈيشەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ كوماندىسىدىن 73 تەنھەرىكەتچى ئات يورغىلىتىش، مىللىيچە چېلىشىش، ئىلەڭگۈچ، چامباشچىلىق، قىسماق، مەرۋايىت توپ ئويناش قاتارلىق 6 مۇسابىقە تۈرى ۋە دارۋازلىق، ئوغلاق تارتىشىش، ئات ئۈستىدە كۈچ سىنىشىش، قىز قوۋاردىن ئىبارەت 4 ئويۇن تۈرىگە قاتناشتى. شىنجاڭ ئۆمىكى 3 ئالتۇن مېدال، 8 كۈمۈش مېدال، 5 مىس مېدالغا ئېرىشتى، 5 تۈردە 4 -، 5 تۈردە 5 -، 6 تۈردە 6 -، 4 تۈردە 7 -، 5 تۈردە 8 -؛ ئويۇن تۈرىدە 2 تۈردە 1 -، 2 تۈردە 2 - بولدى. شىنجاڭ ئۆمىكى تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلەت مۇكاپاتىغا، 4 تارماق كوماندىدىن 11 تەنھەرىكەتچى تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مىللىيچە چېلىشىش مۇسابىقىسىدە ئابلىمىت، تۇرسۇن جۇمە 52 كىلوگراملىقلار ۋە 90 كىلوگراملىقلار بويىچە يۇدۇپ يىقىتىشتا چېمپىيون، تۇرسۇن مەھەممەت چېلىشىشتا 52 كىلوگراملىقلار بويىچە چېمپىيون، تۇرسۇن مامۇت يۇدۇپ يىقىتىشتا 74 كىلوگراملىقلار بويىچە 2 -، ھوشۇر يۇدۇپ يىقىتىشتا 62 كىلوگراملىقلار بويىچە 3- بولدى؛ ئات ئويۇنى مۇسابىقىسىدە ئېربولات 5000 مېترلىق ئات بەيگىسىدە 2 -، 10 مىڭ مېترلىقىدا 3 -، ئابلەت، دورزا 5000 مېترغا ئات يورغىلىتىشتا 2 - ۋە 3 - بولدى. ئاقات ئات ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىدىغان 3 تۈرنىڭ ئات چاپتۇرۇپ خادا تېرىۋېلىش تۈرىدە 2 - بولدى؛ ئىلەڭگۈچ مۇسابىقىسىدە گۈلزىرە شەخسلەرنىڭ قوڭغۇراقلا تەككۈزۈشى بويىچە، خەيرىنگۈل، سۈبھىنۇر قوش كىشىلىك قوڭغۇراقلا تەككۈزۈش بويىچە 2 -، قوش كىشىلىك ئېگىزگە ئۇچۇش بويىچە 3 -، شىنجاڭ ئىلەڭگۈچ كوماندىسى كوللېكتىپ بويىچە 2 - بولدى؛ ياجيا مۇسابىقىسىدا جېلىل 80 كىلوگراملىقلار بويىچە 2 - بولدى. تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى جەريانىدا دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت- تەنتەربىيە ئىدارىسى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 4 - شىسىنىڭ تەنتەربىيە كومىتېتى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا، لوپ ناھىيىسى چارباغ يېزىسىنىڭ باشلىقى مۇختار داۋۇت، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى مائارىپ - تەتقىقات ئىشخانىسى تەنتەربىيە كافېدراسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى توختاربېك، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇرغۇن ئابدۇراخمانلار ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى.

جاڭ خۇا

## مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش ئەھۋالى

بۇ مۇسابىقە 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تيەنجىندا ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ تەنتەربىيە كوماندىسىدىن 27 تەنھەرىكەتچى يېنىك ئاتلېتىكا، ئوقيا ئېتىش، ئەمالارنىڭ رۇداۋچە چېلىشىشى قاتارلىق 3 چوڭ تۈر بويىچە مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، 12 ئالتۇن مېدال، 10 كۈمۈش مېدال، 12 مىس مېدالغا ئېرىشتى. ئېرىشكەن مېدالنىڭ سانى ئالدىنقى نۆۋەتلىكتىكىدىن 17 سى كۆپ بولدى. 35 ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىچىدە 15 - ئورۇندا، ئومۇمىي نومۇردا 21 - ئورۇندا تۇردى. مۇسابىقىدە شىنجاڭنىڭ مېيىپ تەنھەرىكەتچىلىرى 3 تۈردە دۇنيا رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى، بىر تۈردە دۇنيا رېكورتى بىلەن تەڭلەشتى، 7 تۈردە مەملىكەت رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 10 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ ئوقيا ئېتىش تەنھەرىكەتچىسى ۋاڭ يەنخۇڭ، جاڭ نەن 2003 - يىللىق دۇنيا مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. ۋاڭ يەنخۇڭ ئاياللارنىڭ ئوقيا ئېتىش تۇرۇش قىياپىتى بويىچە شاللاش مۇسابىقىسىدە يەككىلەر ئارا چېمپىيون بولدى، شۇنداقلا ئاياللارنىڭ 30 مېتىر، 70 مېتىرلىق دۇنيا رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى؛ جاڭ نەن ئەرلەرنىڭ ئوقيا ئېتىش تۈرىدە يەككىلەر بويىچە ئولتۇرۇش قىياپىتى شاللاش مۇسابىقىسىدە 3 - لىككە ئېرىشتى، ھەمدە كوللېكتىپ بويىچە 3 - لىكتىن ئىبارەت ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.

ۋاڭ گوساڭ

## مەملىكەتلىك قورشاۋ شاھمات A دەرىجىلىكلەر بىرلەشمە مۇسابىقىسى (ئۈرۈمچى شۆبە بېكىتى)

بۇ مۇسابىقە 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. 12 كوماندا مۇسابىقىگە قاتناشتى. مۇسابىقىنىڭ ئومۇمىي بەلگىلىمىسى بويىچە جۈپلىشىپ 6 مەيدان كوللېكتىپ مۇسابىقە ئويناش، ھەر بىر كوماندا 4 ئادىمىنى مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇش، بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئادەم تېز سۈرئەتلىك قورشاۋ شاھمات ئويناش بېكىتىلدى. نى ۋېيپىڭ، جاڭ ۋېندۇڭ، چېن لىڭشىن، چاڭ خاۋ، ساۋ دايۈەن، لو شىخې، جۇ خېياڭ قاتارلىق 7 توققۇز بۆلەك ماھىرى بىلەن كورىيىنىڭ توققۇز بۆلەك ماھىرى يۇ گېنجىشۇ مۇشۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقىگە قاتناشتى. بۇ مۇسابىقە 2003 - يىلى مەملىكەتلىك قورشاۋ شاھمات بىرلەشمە مۇسابىقىسىنىڭ 14 - شۆبە بېكىتىدىكى مۇسابىقە بولۇپ، مۇسابىقە نەتىجىسى ئومۇمىي مۇسابىقە نەتىجىسىگە كىرگۈزۈلدى.

جېي لەنچاۋ

## 3 - نۆۋەتلىك ئوتتۇرا غەرب قىسمىدىكى 7 ئۆلكە - ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى تەنىس - تاك توپ مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 4- كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. سەنشى، ئىچكى موڭغۇل، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، شىنجاڭدىن ئىبارەت 7 ئۆلكە - ئاپتونوم رايوننىڭ 20 دىن ئارتۇق ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبىرى، ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك 160 نەچچە رەھبەر مۇسابىقىگە قاتناشتى. شىنجاڭ كوماندىسى ئۆلكە دەرىجىلىك گورۇپپىلار بويىچە كوللېكتىپ مۇسابىقىدە چېمپىيون، سەنشى كوماندىسى ۋىلايەت - نازارەت گورۇپپىلىرى بويىچە كوللېكتىپ مۇسابىقىدە چېمپىيون بولدى. مۇسابىقىنى جۇڭگو تەنىس - تاك توپ جەمئىيىتى باشقۇردى، شىنجاڭ تەنىس - تاك توپ جەمئىيىتى ئۆتكۈزدى.

يۈ شىڭۋېي

## ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ 5 - نۆۋەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2003 - يىل 6- ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 7- ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردىن 105 نازارەت، ئىدارە، كومىتېت، ئىشخانىلەرنىڭ 2400 دىن ئارتۇق كادىر، ئىشچى- خىزمەتچىسى 5000 مېترغا ئۈمەك كوماندا بويىچە ئۈزۈنغا يۈگۈرۈش، كۆچ ئۇلاپ سۇ ئۈزۈش قاتارلىق 2 تۈرلۈك مۇسابىقىگە قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش - باشقۇرۇش ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر ئۇچۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گورۇپپىسى ئىشخانىسى 5000 مېترغا ئۈمەك كوماندا بويىچە ئۈزۈنغا يۈگۈرۈشتە A B C گورۇپپىلىرى بويىچە 1 -؛ ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ، ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر كارتوگرافىيە ئىدارىسى كۆچ ئۇلاپ سۇ ئۈزۈشتە A B C گورۇپپىلىرى بويىچە 1 - بولدى. بۇ مۇسابىقىنى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى بىلەن ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇردى.

جاۋ پىڭ

## ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق پائالىيىتى

ئۈرۈمچى، سانجى قاتارلىق جايلاردىكى ئاز كەم 1000 غا يېقىن تاغقا چىقىش ھەۋەسكارى 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى بويىچە يامالىق تېغىغا چىقىش، ئۈملۈك ھەممىنى بېكىدۇ دېيىشكەن روھ بىلەن «سارس» قا تاقابىل تۇرۇش پائالىيىتىگە قاتناشتى. 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتى بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچىدە ھەممە بىر نىيەتتە «سارس» قا تاقابىل تۇرۇش بويىچە 5000 مېترغا يورغىلاپ مېڭىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. 3000 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىسى پائالىيەتكە قاتناشتى. 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «سارس» قا تاقابىل تۇرۇپ 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى كۈتىۋېلىش» ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقىنى نامايەن قىلىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. 1000 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت بالا، ياش ۋە ياشانغانلار ئۆسمۈرلەر گىمناستىكىسى، ساغلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى، تەنتەربىيە ئۇسۇلى، تەيجۇەنداۋ، 3 كىشىلىك ۋاسكېتبول ئويناش قاتارلىق ئويۇن كۆرسىتىش تۈرى ۋە مۇسابىقىگە قاتناشتى. 2003 - يىلى ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى پائالىيىتىگە قاتناشقان ئادەم 10 مىليون ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ساغلاملىق تەكشۈرۈش پونكىتى (نۇقتىسى) دىن 64ى، يەككە تۈرلەر، ئاممىۋى تەنتەربىيە تەشكىلاتىدىن 800 نەچچىسى قۇرۇلدى، ئىجتىمائىي تەنتەربىيە يېتەكچىسىدىن 5000 دىن كۆپرەكى بار بولدى.

شياۋ يۈ

## مەھەللە تەنتەربىيىسى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىكۆل ماكانلاشتۇرۇش ئولتۇراق رايونى (2 - قارارلىق) نىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاز كەم 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى گۈللۈكى قۇردى؛ ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ تەنتەربىيە باغچىسى ياسىدى، 2 چويلا توپ مەيدانى، 2 ۋاسكېتبول مەيدانى، 2 پەي توپ مەيدانى ياسىدى، يول بويىغا 70 يۈرۈش چېنىقىش ئۈسكۈنىسى ئورناتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 29 يۈرۈش ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى ئۈسكۈنىسى ئورنىتىلدى، 442 ئىجتىمائىي تەنتەربىيە يېتەكچىسى تەربىيىلەندى، 8 -ئايدا ئۈرۈمچىدە «مەھەللىلەرگىچە كىرىش» بويىچە ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلار تەنتەربىيە ئۇسۇلى، كىيىم مودىلى، ئاممىۋى ساغلاملىق گىمناستىكىسى مۇسابىقىسى قاتارلىق 9 مەيدان مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى، ھەر مەيدان مۇسابىقىگە ئاز - كەم 100 ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغان كىشى قاتناشتى.

2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ 2 - نۆۋەتلىك مەھەللە ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى،

ئۈرۈمچى، قاراماي، سانجى، شىخەنزە، قۇمۇل، غۇلجا قاتارلىق 41 كوماندىدىن 420 تەنھەرىكەتچى تىك تاق توپ، بولۇڭ توپ، جۇڭگوچە شاھمات، خەلقئاراچە شاھمات، 3 كىشىلىك ۋاسكېتبول، ساغلاملىق يولى مۇسابىقىسى قاتارلىق مۇسابىقە تۈرلىرىگە قاتناشتى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى 129 مەھەللە باشقارمىسىدا مەھەللە تەنتەربىيە تەشكىلاتىدىن 101 ى قۇرۇلدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ئەتىسىگەنلىك، كەچلىك چېنىقىش نۇقتىسىدىن 5000 دىن كۆپرەكى بولۇپ، 300 مىڭ ئادەم چېنىقىشقا قاتناشتى؛ مەھەللە تەنتەربىيە چېنىقىش مەيدان مۇئەسسەسىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش كۆلىمى ئازكەم 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 4200 قېتىمدىن كۆپرەك تۈرلۈك مەھەللە تەنتەربىيىسى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

خەي يەن، جاۋ كۈن

## يېزا - بازار تەنتەربىيىسى

2003 - يىلى ئۈرۈمچى، ئالتاي، بۆرتالا، تۇرپان، قۇمۇل، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، قەشقەر، سانجى قاتارلىق 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە شىخەنزە شەھىرىنىڭ يېزا - بازار، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ۋاسكېتبول، ۋالېبول، پۇتبول، تىكتاك توپ، چېلىشىش، ئارغامچا تارتىشىش، ساغلاملىق گىمناستىكىسى، ئات بەيگىسى، ئۈزۈنغا يۈگرەش، ياڭگېر ئويناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، 1834 قېتىم تۈرلۈك مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 3 مىليون 460 مىڭدىن كۆپ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتاي، بۆرتالا، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 431 قېتىم ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، ئوقيا ئېتىش، ئىلەڭگۈچ، توخۇ سوقۇشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش، ئات ئۈستىدە كۈچ سىنىشىش قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ پائالىيەتلەرگە 470 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

2003 - يىلى قىزىلسۇ ئوغلاق تارتىشىش كوماندىسى قىرغىزىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسىدە 5 - بولدى. ئاتۇش شەھىرىنىڭ سۇنتاغ، ئازاق، ئۈستۈن ئاتۇش، ئاغۇ يېزىلىرىدا 16 قېتىم، ئاز - كەم 180 مەيدانغا يېقىن پۇتبول، ۋاسكېتبول، چېلىشىش، يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلدى، تاماشىبىن 50 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. ئۈرۈمچى ناھىيىسى «ساياھەت بايرىمى» ، «ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى» ، «خەلقئارالىق كىيىم - كېچەك بايرىمى» قاتارلىق بايراملاردا ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، قىز قوغلاش قاتارلىق ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئويۇن قويۇش كوماندىلىرىنى تەشكىللەپ ئويۇن قويدى.

2003 - يىلى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى قۇرۇلۇشىدا شىنجاڭدىكى بىر قىسىم يېزا - بازارلارغا 180 گار، 88 تىك تاق توپ ئۈستىلى ئىئانە قىلىندى.

جىن خۇا

## مەكتەپ تەنتەربىيىسى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەن ساغلاملىقى ئۆلچىمى» نى يولغا قويۇش بويىچە ئۆگىنىش كۇرسى ئويۇشتۇرۇلدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، بىڭتۈەن، ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە تايانچلىرى، تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 200 نەچچە ئادەم ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلغان ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش ئورۇنلىرى مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەن ساغلاملىقىنى تەكشۈرۈش پونكىتى قىلىپ بېكىتىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ، 23 - ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق 10 مەكتەپ مەملىكەت بويىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئۆلچەپ تەكشۈرىدىغان نۇقتىلىق مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسى بىلەن شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى قىزلار ۋاسكېتبول كوماندىسى 6 - نۆۋەتلىك CUBA جۇڭگو ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋاسكېتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسى ۋە 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ شىنجاڭ ۋاسكېتبول تاللاش مۇسابىقىسىدا چېمپىيون بولۇپ، 6 - نۆۋەتلىك CUBA جۇڭگو ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋاسكېتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسى غەربىي شىمال مۇسابىقە رايونى ئومۇمىي ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىگە ۋە 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پۇتبول كوماندىسى PHILIP جۇڭگو ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پۇتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسى (ئوغۇللار) غەربىي رايون ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئومۇمىي ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە كىردى. 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە 37 - نۆۋەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، 56 ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئاز كەم 1500 تەنھەرىكەتچى 64 تۈر بويىچە مۇسابىقىگە قاتناشتى. 3 كوماندا،

24 ئوقۇغۇچى 17 تۈردە مەزكۇر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى رېكورتىنى 31 قېتىم، 2 ئوقۇغۇچى 2 تۈردە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى رېكورتىنى 2 قېتىم بۇزدى، بىر ئوقۇغۇچى دۆلەتنىڭ 1 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە، 65 ئوقۇغۇچى دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى. 10- ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، 14 ئالىي مەكتەپتىن 300 دىن كۆپ تەنھەرىكەتچى A، B گۇرۇپپىلىرى ئايرىمىسى بويىچە 79 تۈردە مۇسابىقىگە قاتنىشىپ 14 ئوقۇغۇچى، 12 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

خۇ خۇا

## ياشانغانلار تەنتەربىيىسى

ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار تەنتەربىيە خىزمىتى يىغىنى 2003- يىل 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە كورلا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ساھە، ئالىي مەكتەپ، بىڭتۇەننىڭ ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن 100 ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا مەملىكەتلىك ياشانغانلار تەنتەربىيە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى، مەملىكەتلىك ياشانغانلار تەنتەربىيىسى خىزمىتىدىكى ئاچقۇچىلار، ئىلغار كوللېكتىپلار ۋە ئىلغار شەخسلەر؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ياشانغانلار تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر، مۇنەۋۋەر مۇسابىقە رايونلىرى تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. 2003 - يىلى شىنجاڭ ياشانغانلار تەنتەربىيىسى جەمئىيىتى 6 قارار تەيجى ئەۋرىشىم توپ گىمپىسى، ۋاراتا توپ، ساغلاملىق ياڭگار ئۇسۇلى، ساغلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى قاتارلىق تۈرلەر بويىچە تېرېنېرلار ۋە يېتەكچىلەرنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرۇسقا 164 ئادەم قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 18 ئادەم دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك ۋاراتا توپ تېرېنېرى سالاھىيىتىگە، 13 ئادەم دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك تېرېنېر، 7 ئادەم دۆلەتلىك 3 - دەرىجىلىك تېرېنېر سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. شىنجاڭ ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى بىلەن شاڭخەي ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى دوست بولدى.

2003 - يىلى شاڭخەي شەھىرىنىڭ لۇۋەن، مىنشىڭ، پۇدۇڭ، جىادىڭ رايونلىرى شىنجاڭغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 277 چېنىقىش ئۈسكۈنىسى سوۋغا قىلدى. 2003- يىلى ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى ساغلاملىق توپى ساقلاش گىمناستىكىسى، ساغلاملىق ياڭگار ئۇسۇلى، چەمبىرەك قاتارلىق 3 تۈر بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە 3000 دىن كۆپرەك ئادەم قاتناشتى؛ ئۈرۈمچى شەھىرىدە شەنبىلىك يامالىق تېغىغا چىقىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ پائالىيەتكە 50 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ۋاراتا توپ، رەڭدار ساقا، تىكتاك توپ ۋە ۋېلسىپىت مىنىپ ساياھەت قىلىش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 1000 ئادەم قاتناشتى. 9- ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە سەندۇڭ بىنجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك يېزا - بازار ۋاراتا توپ مۇسابىقىسىدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ 3 تەنھەرىكەتچىسى تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە شاڭخەي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «مېيىۋەن لوڭقىسى» مەملىكەتلىك ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلار ساغلاملىق ياڭگار ئۇسۇلى مۇسابىقىسىدا كروران سەنئەت ئۆمىكى كوماندىسى بەلگىلەنگەن ھەرىكەت بويىچە ياڭگار ئويناش ۋە ئۆز ئالدىغا تاللىغان ھەرىكەت بويىچە ياڭگار ئويناشتا 2 - بولدى. قۇتۇبى ناھىيىلىك پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى كوماندىسى بەلگىلەنگەن ھەرىكەت بويىچە ياڭگار ئويناش ۋە ئۆز ئالدىغا تاللىغان ھەرىكەت بويىچە ياڭگار ئويناشتا 3 - بولدى. 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 12- ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە شاڭخەي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تەيجى ئەۋرىشىم توپ گىمپىسى مۇسابىقىسىدا ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسى كوماندىسى 1 - يۈرۈش بەلگىلەنگەن ھەرىكەت بويىچە ئويناشتا غەلىبە مۇكاپاتىغا، 2 - يۈرۈش بەلگىلەنگەن ھەرىكەت، ئۆز ئالدىغا تاللىغان ھەرىكەت بويىچە ئويناشتا ئەلا مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 1 - يۈرۈش ، 2 - يۈرۈش بەلگىلەنگەن ھەرىكەت بويىچە ئويناشتا ۋە 1 - يۈرۈش ئۆز ئالدىغا تاللىغان ھەرىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە نەننىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 2003 - يىللىق غەربىي رايون ياشانغانلار ۋاراتا توپ مۇسابىقىسىدا شىنجاڭ كوماندىسى ئاياللارنىڭ B گۇرۇپپىسى بويىچە قوش كىشىلىك ئۇرۇشتا 6 - بولدى.

لى گۋاڭخۇي

## تۆت مويسىپىت ۋېلسىپىت مىنىپ شىزاڭغا باردى

شىنجاڭ ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى ۋېلسىپىت بىلەن ساياھەت قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرىدىن لى يو قاتارلىق 4 مويسىپىت 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قاغىلىقتىن

بولغا چىقىپ، 219 - دۆلەت يولى بىلەن شىنجاڭغا باردى، ئۇلار «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دەپ ئاتىلىدىغان ئالىي ئېگىزلىكتىن ھالقىپ، دېڭىز يۈزىدىن 5250 مېتىر ئېگىز پاسىلتاغ داۋىنىدىن ئۆتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن 2 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 7000 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى بېسىپ، لىخاسا شەھىرىگە يېتىپ باردى، 4 موتسىكلىتنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 60 ياش، ئەڭ چوڭىنىڭ يېشى 66 ياش.

لى گۇاڭخۇي

## تەنتەربىيە باش ئويۇشمىسى خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ تەنتەربىيە باش ئويۇشمىسى تۈر تەنتەربىيە يەككە تۈر جەمئىيەتلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تاماملىدى، 34 يەككە تۈر جەمئىيىتى يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى، ۋېلسىپىت، بىليارت، تەيچۈەنداۋ قاتارلىق تەنتەربىيە يەككە تۈر جەمئىيىتى قۇرۇلدى. 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە شىنجاڭ قارتا جەمئىيىتى ئۈرۈمچىدىكى 15 ئادەم تەيۆەنگە بېرىپ دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى قېرىنداشلارنىڭ قارتا دوستلۇق مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. بىر يىلدا ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە باش جەمئىيىتى 12 قېتىم ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى پائالىيىتى ئويۇشتۇردى ۋە ئۆمەك تەشكىللەپ بۇ پائالىيەتكە قاتناشتۇردى، 2 قېتىم تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ 280 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. 2003 - يىلى تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرى، يەككە تۈر جەمئىيەتلىرى دۇنياۋى چوڭ مۇسابىقىلاردە بىر ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى، بىر ئادەم 2 قېتىم دۇنيا رېكورتىنى بۇزدى. ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى، مېيىپلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى ۋە قارىغا ئېتىش، چويلا توپ، بوكس، پىلانېر، تېنىس توپ، موتسىكلىت، ساغلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى قاتارلىق تەنتەربىيە يەككە تۈر جەمئىيەتلىرى كوماندا تەشكىللەپ مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەرگە قاتناشتۇردى، جەمئىي 28 ئالتۇن مېدال، 31 كۈمۈش مېدال (2 - دەرىجىلىك شۇنىڭ ئىچىدە)، 20 مىس مېدال (3 - دەرىجىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئالدى، 21 تۈردە 4 - لىكتىن 7 - لىككىچە ئېرىشتى.

جەي لەنچاۋ

# تەنتەربىيە كەسپى

## تەنتەربىيە لاتارىيىسى

2003 - يىلى شىنجاڭدا 155 مىليون يۈەنلىك جۇڭگو تەنتەربىيە لاتارىيىسى سېتىلدى، يىللىق سېتىلىش مىقدارى تۇنجى قېتىم 100 مىليون يۈەنلىك ئۆتكەلدىن ئۆتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كومپيۇتېردا سېتىلىدىغان تەنتەربىيە لاتارىيىسى 139 مىليون 190 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 93 مىليون 610 مىڭ يۈەن؛ نەق مەيداندىلا ئاچىدىغان تەنتەربىيە لاتارىيىسى 15 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 8 مىليون 900 مىڭ يۈەن ئاشتى، بىر يىلدا ساپ ئاشقىنى 102 مىليون 510 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكى سېتىلىش مىقدارىنىڭ %295 ئىگە توغرا كەلدى. كومپيۇتېردا سېتىلىدىغان تەنتەربىيە لاتارىيىسى سېتىلىش مىقدارى 2002-يىلدىكىنىڭ %305 ئىگە؛ نەق مەيداندىلا ئاچىدىغان لاتارىيىسىنىڭ سېتىلىش مىقدارى 2002 - يىلدىكىنىڭ %226 ئىگە توغرا كەلدى، دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى لاتارىيە مەركىزى چۈشۈرگەن 90 مىليون يۈەنلىك لاتارىيە سېتىش ۋەزىپىسى %72، ش ئۇ ئا رتەنتەربىيە ئىدارىسى چۈشۈرگەن يىلىغا 100 مىليون يۈەنلىك لاتارىيە سېتىش ۋەزىپىسى %55 ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. كومپيۇتېردا سېتىلىدىغان تەنتەربىيە لاتارىيىسىنىڭ سېتىلىش مىقدارى ئىچىدە پۇتبول لاتارىيىسى 82 مىليون 305 مىڭ يۈەن ، لېتو لاتارىيىسى 56 مىليون 885 مىڭ يۈەنلىك سېتىلدى. 536 قارار مۇكاپات ئېچىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پۇتبول لاتارىيىسىدە 43 قارار مۇكاپات ئېچىلدى. شىنجاڭ تەنتەربىيە لاتارىيە مەركىزى 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 40 شەھەر، ناھىيىدە ۋە بىڭتۇەننىڭ 3 شىسىدە 52 قېتىم سېتىش ۋە نەق مەيداندىلا ئېچىشنى ئويۇشتۇردى، دېمەك 2003 - يىلى تارىختا سېتىلىشى ئەڭ ياخشى بولغان بىر يىل بولدى. بىر يىلدا 5 مىليون يۈەنگە ئېرىشكۈچىدىن بىرى، 1 مىليون يۈەنگە ئېرىشكۈچىدىن 5 ى، 100 مىڭ يۈەندىن 1 مىليون يۈەنگىچە ئېرىشكۈچىدىن 39 ى، 10 مىڭ يۈەندىن 100 مىڭ يۈەنگىچە ئېرىشكۈچىدىن 600 نەچچىسى بارلىققا كەلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ جاي - جايلىرىغا تارقالغان كومپيۇتېر ئارقىلىق تەنتەربىيە لاتارىيىسى سېتىش تېرمىنالى 700 دىن ئېشىپ، 1300 دىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى. 2003 - يىلى يىغىلغان جامائەت پاراۋانلىق فوندى 54 مىليون 300 نەچچە مىڭ يۈەنگە، شەخسلەر تاپشۇرىدىغان باج 7 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، شىنجاڭ، سەنشى قاتارلىق 6 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندا جۇڭگو تەنتەربىيە لاتارىسىنى سېتىش تورلاشتۇرۇلدى. 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مۇكاپات ئېچىلدى شۇنداقلا غەربىي شىمال رايوندا لاتارىيە سېتىشنى تورلاشتۇرۇش تۇنجى مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

شيې يابىن



2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىكۆل ئولتۇراق رايونىدا ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق باغچىسى قۇردى. سۈرەتتە: ھەر مىللەت ئامما ساغلاملىق باغچىسىدا بەدەن چېنىقتۇرماقتا.

يۈجىنخۇا فوتوسى

## تاغقا چىقىش ساياھىتى

2003 - يىلى شىنجاڭ تاغقا چىقىش جەمئىيىتى، شىنجاڭ خەلقئارا تەنتەربىيە ساياھەتچىلىك كوپېراتىپى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە، ئىسپانىيە، ئاۋسترىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، روسسىيە، قازاقىستان، پولشا، لاتۋىيە، كورىيە ۋە جۇڭگو تەيۋەن، شياڭگاڭ قاتارلىق 17 دۆلەت، رايوننىڭ 28 تاغقا چىقىش كوماندىسى بىلەن 25 ئالاھىدە ساياھەت ئۆمىكىدىن جەمئىي 382 ئادەمنى كۈتۈۋېلىپ، 3 مىليون 980 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى، مەملىكەتتىكى 3 تاغقا چىقىش كوماندىسى شىنجاڭدا تاغقا چىقىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

جىن يىڭجيې

## شىنجاڭ تۈنجى نۆۋەتلىك تەكلىماكان چۆلىنى دالا ئاپتوموبىلى بىلەن ئايلىنىپ يېغىلىش مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقىنى جۇڭگو ئاپتوموبىل بىرلەشمە ئۇيۇشمىسى تەستىقلىغان، شىنجاڭ ئاپتوموبىل تەنھەرىكەت ئۇيۇشمىسى باشقۇردى، شىنجاڭ دالا ئېكسپېدىتسىيە ئاپتوموبىل تەنھەرىكىتى كۇلۇبى ئۇيۇشتۇردى. 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مۇسابىقىگە قاتناشقان 20 دالا ئاپتوموبىلى، 5 خىزمەت ئاپتوموبىلى، ئاخبارات - زىيارەت ئاپتوموبىلى ۋە 40 ماھىر ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، كورلا، چاقىلىق، لوپنۇر، چەرچەن، نىيە، خوتەن، قەشقەر، قاراكۆل ، تاشقورغان، ئاقسۇ، كۇچالارنى بېسىپ، 4000 كىلومېتىر يول يۈردى، مۇسابىقە داۋامىدا ۋاقىت ھېسابلاش مۇسابىقىسى، يېغىلىش مۇسابىقىسى، 3000 كىلومېتىر يولدا تېز مېڭىش مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزدى، بۇ شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن كۆلىمى ئەڭ چوڭ، مۇسابىقە يول بۆلەكلىرى ئەڭ جاپالىق بولغان ئاپتوموبىل مۇسابىقە پائالىيىتىدۇر.

جىن يىڭجيې

## چوگىر چوققىسىنى پىيادە ئېكسپېدىتسىيە قىلىش پائالىيىتى

بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، شياڭگاڭ قاتارلىق 10 شەھەردىن كەلگەن 30 ئېكسپېدىتسىيە ھەۋەسكارى پىيادە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللەپ، 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگولۇقلارنىڭ دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئېگىز چوققا چوگىر چوققىسىنى 16 كۈنلۈك پىيادە ئېكسپېدىتسىيە قىلىش پائالىيىتىنى باشلىدى. بۇ 1982 - يىلى چوگىر چوققىسى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بېرى تۇنجى بولۇپ جۇڭگولۇقلاردىن تەشكىللەنگەن پىيادە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى. ئېكسپېدىتسىيەچىلەر 5 كۈن پىيادە يول يۈرۈش ئارقىلىق 4900 مېتىرلىق ئاغراداۋاندىن ئۆتۈپ، چوگىر چوققىسى گازارمىسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى شىنجاڭ تاغقا چىقىش جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى تاغقا چىقىش - ئېكسپېدىتسىيە جەمئىيىتى تەشكىللىدى.

جىن يىڭجيې

## جۇڭگو شىنجاڭ تەنتەربىيە بۇيۇملىرى (تاشقى سودا) كۆرگەزمىسى

بۇ كۆرگەزمە 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈندىن 6 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. كۆرگەزمىدە ئاز - كەم 300 گە يېقىن كۆرگەزمە ئورنى بولۇپ، كۆرگەزمىگە ئاز - كەم 100 كارخانا قاتناشتى. كۆرگەزمىنى جۇڭگو تەنتەربىيە بۇيۇملىرى بىرلەشمە ئۇيۇشمىسى بىلەن شىنجاڭ تەنتەربىيە ئىدارىسى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇردى، شىنجاڭ تەنتەربىيە ئىدارىسى تەنتەربىيە ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇش مەركىزى ئۆتكۈزدى.

چيۇ يۇنبىڭ

# مىللەت، دىن

## مىللەتلەر ئىشلىرى

### مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئىتتىپاقلىشىش - ئالغا بېسىش، گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى چىڭ تۇتۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۈرلەرگە بۆلۈپ يېتەكچىلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى.

1. سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى. 21 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى مەزگىلىدە، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچى ۋەكىللەر سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىتتىپاقلىق - كۈچ دېگەن تېمىنى ئاساسىي تېما قىلغان «چىن يۈرەكتىن چىن سۆزلەر» پروگراممىسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردىكى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جەريانىدا كېلىپ چىققان نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلدى، كومپارتىيە ياخشى، ئازادلىق ئارمىيە ياخشى، سوتسىيالىزم ياخشى دېگەننى تەشۋىق قىلدى. جايلار تېلېۋىزور، رادىئو، گېزىت - ژۇرنال ۋە سۆھبەت يىغىنى قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىق - تەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

2. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، بىر تۈركۈم ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى. ئاپتونومىيىلىك جايلار مەدەنىيەت ئۆگىنىش، كەسپىي جەھەتتە بىلىم ئاشۇرۇش ۋە ئەمەلىي خىزمەتتە چېنىقتۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىل ۋە يوللار ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش سالمىقىنى ئاشۇردى.

3. چېگرا جايلارنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش پائالىيىتىنى چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلدۇردى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ 1 - نۆۋەتلىك چېگرا جايلارنى گۈللەندۈرۈش - خەلقنى بېيىتىش پائالىيىتىنى سىناق قىلغان ناھىيىلەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە 2. نۆۋەت سىناق قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان ناھىيىلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە ئەھۋال ئىگىلىدى. 2003 - يىلى چېگرىغا جايلاشقان ناھىيە، شەھەرلەر ئۆزۈن يىللىق پىلانىنى تۈزۈش ۋە نۇقتىلىق تۈرلەر ئامبىرىنى قۇرۇش ئىشىنى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتۈردى، ئاپتونوم رايوننىڭ چېگرا جايلارنى گۈللەندۈرۈش - خەلقنى بېيىتىش پائالىيىتىنىڭ ئومۇمىي پىلانىنىڭ رامكىسى پۈتتى. چېگرىغا جايلاشقان دۆلەت نۇقتىلىق يۆلەيدىغان نامرات ناھىيە ۋە يېزا، مەيدانلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش تەكلىپىنى دەسلەپكى قەدەمدە تۈزۈپ چىقتى. سىناق قىلىنىدىغان تۈرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، مىللىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى پائال ئىلگىرى سۈردى.

4. مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى ئىشلىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەت، دىن ئىشلىرىنى چەت ئەللەرگە تەشۋىق قىلىش قوللانمىلىرى ۋە ماتېرىياللىرى توپلىمىنى پۈتتۈردى. مىللەت ۋە دىنغا چېتىلىدىغان مەتبۇئات بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈش چارىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قېلىپلاشتۇردى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كېلىپ ئىمتىھان بەرگۈچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېيلە ئىشلىتىپ ئىمتىھان بېرىشكە ئۆزىنى مەلۇم قىلىش، ئىمتىھان بەرگۈچىلەر مىللەت تەركىبىنى ئۆزگەرتىشتەك ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سىياسىتىگە خىلاپ قىلمىشلارنى قەتئىي توسۇپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ نورمال ئىشلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بەرگۈچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللەت تەركىبىنى ئېنىقلاش خىزمىتىدىكى سانلىق مەلۇماتلار ستاتىستىكا قىلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەم ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمەتلىرىگە پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى.

ۋاڭ پىڭ

### نوپۇسى ئازراق مىللەتلەرنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش پىلانى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون نوپۇسى ئازراق مىللەتلەرنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى بويىچە 60 نۇقتىلىق كەنتنى يۆلەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ئاپتونوم رايون بويىچە نوپۇسى ئازراق 4 مىللەت بار، ئۇلار: تاجىك (39 مىڭ 642)، ئۆزبېك (13 مىڭ 198)، رۇس (10 مىڭ 598)، تاتار (4695). پىلاننى يولغا قويۇش ئۈچۈن، 2003 — 2005 - يىللىرى 132 مىليون 271 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ھەرخىل تۈرلەردىن 660 ى يولغا قويۇلماقچى، تۈرلەرنىڭ مەزمۇنى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى، توك يەتكۈزۈش، تاشيوللارنى راۋانلاشتۇرۇش، رادىئو يەتكۈزۈش، چارۋا ماللارنىڭ ۋە ئادەملەرنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى، يېزا - كەنتلەرنىڭ داۋالاش - سەھىيە قۇرۇلۇشى، ئاساسىي قاتلامنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

مۇيەسسەر

### مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچىلەر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېكسكۇرسىيىگە باردى

دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 6 - تۈركۈمدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېكسكۇرسىيىگە بارىدىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچىلەر ۋەكىللەر ئۆمىكى 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يولغا چىقىپ جۇڭچىڭ، گۈيجۇ، يۈننەن، سىچۈەن قاتارلىق جايلاردا بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىش قىلدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە بىڭتۇەندىن كەلگەن 25 كىشىدىن تەركىب تاپقان.

ما شىنچىڭ

### ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، رەتلەش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى

ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەت قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى 2003 - يىل 6 - ئايدىن باشلاپ ساقلىنىپ ياتقان ئارخىپ، قەدىمكى ئەسەرلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا ۋە رەتلەشكە باشلىدى. مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىدىن 4447 نى تىزىملىدى، بۇلار چاغاتاي، پارس، ئەرەب، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، مانجۇ، تاتار تىللىرىدىكى ئەسەرلەردۇر. ھازىرقى زامان ماتېرىياللىرىدىن 1252 سى رەتلەپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇچىسى 402 پارچە، ئۇيغۇرچىسى 448 پارچە، قازاقچىسى 144 پارچە، موڭغۇلچىسى 110 پارچە، قىرغىزچىسى 54 پارچە، شىبەچىسى 94 پارچە.

ما شىنچىڭ

### ئۇيغۇر مۇقامىنى مىللەت - خەلق مەدەنىيىتىنى قوغداش قۇرۇلۇشىغا كىرگۈزۈش بېكىتىلدى

جۇڭگو مىللەت - خەلق مەدەنىيىتىنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى يىغىنى 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى گۈيياڭ شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىن مەملىكەت بويىچە 10 مىللەت، خەلق مەدەنىيىتىنى قوغداش قۇرۇلۇشىنىڭ سىناق نۇقتىسى تىزىملىكىنى بېكىتتى، شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر مۇقامى بۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈلدى.

جانار ئورمانبېك

### شىنجاڭ ماھىرلىرى مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك «قۇرئان» تەبلىغ مۇسابىقىسىگە قاتناشتى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك «قۇرئان» تەبلىغ مۇسابىقىسى 2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭدىن 14 ماھىر مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. تۇرپاندىن بارغان ئېلى نىياز ئەرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، قەشقەر ۋىلايىتىدىن بارغان ئابدۇرېشىت روزى ئەرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، خوتەن ۋىلايىتىدىن بارغان ئابدۇقادىر ئاۋۇت ئەرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئىلى ئوبلاستىدىن بارغان جاۋ جىنفۇ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن بارغان ئابدۇللا ئابدۇقادىر رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن بارغان شازادەم مەينىك ئاياللار گۇرۇپپىسى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

مۇيەسسەر

### تۇۋالارنىڭ ئۆرپ - ئادەت كۆرگەزمىخانىسى قۇرۇلدى

مەملىكەت بويىچە تۇنجى تۇۋالارنىڭ ئۆرپ - ئادەت كۆرگەزمىخانىسى قانا ناھىيىسىنىڭ تېرەكتى يېزىسى ئاققابا كەنتىدە ياسىلىپ 2003 - يىل 10 - ئايدا ساياھەتچىلەرگە رەسمىي ئېچىۋېتىلدى. «غەربىي شىمال بويىچە 1 - كەنت» دەپ نام ئالغان ئاققابا كەنتىدە چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا

قېپقالغان موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى دەپ رىۋايەت قىلىنىدىغان تۇۋالار ئولتۇراقلاشقان. تۇۋالار جۇڭگونىڭ بىر قەدىمكى خەلق توپى. ئۇلار مىللەتلەر ئارا بولغان ئالاقىلەردە ئۆزلىرىنى موڭغۇل دەپ ئاتايدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئالاقىلىرىدە يەنە Duba ياكى Duva دەپ ئاتايدۇ. تۇۋالارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز، يەنە كېلىپ نىسپىي يېكىنمە ھالەتتە تۇرىدۇ. ھازىرغىچە ئۆزلىرىگە خاس سىرلىق ئىپتىدائىي مىللىي تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە، ئۇلار ئاساسلىقى شامان دىنىغا، ئاندىن قالسا لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

جانار ئورمانبېك

## 5 ئەسەر 6 - نۆۋەتلىك جۇڭگو مىللىي كىتابلار مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

ئاخبارات - نەشرىيات باش مەھكىمىسى بىلەن دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن 6 - نۆۋەتلىك جۇڭگو مىللىي كىتابلار مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمى 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى گۇاڭشىنىڭ نەننىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «جۇڭگو خەلق چۆچەكلىرى مەجمۇئەسى» (شىنجاڭ تومى. قازاقلار قىسمى) 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى»، شىنجاڭ سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «مىزانىي تىببىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان قازاق تىلى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «قىرغىزلارنىڭ ئەنئەنىۋى پەن - تېخنىكا مەدەنىيىتى» قاتارلىق كىتابلار 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جانار ئورمانبېك

## «‹مۇقەددەس كىمە› نى ئۇچۇرۇش — جۇڭگونىڭ تۇنجى ئادەملىك ئالەم كېمىسى قۇرۇلۇشى توغرىسىدا» دېگەن كىتاب 4 خىل ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىندى

2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «‹مۇقەددەس كىمە› نى ئۇچۇرۇش — جۇڭگونىڭ تۇنجى ئادەملىك ئالەم كېمىسى قۇرۇلۇشى توغرىسىدا» دېگەن كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە نۇسخىسىنى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ كىتاب شىنجاڭ نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتىكى كىتابنىڭ بىر ۋاقىتتا 4 خىل ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا نەشر قىلىنىش رېكورتى بولدى.

جانار ئورمانبېك

## قىرغىزچە «قۇرئان كەرىم» نەشر قىلىندى

دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى، قىزىلسۇ مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، قىرغىزلارنىڭ ئاتاقلىق دىنىي ئەربابى ھۈسەيىن ھاجى قاتارلىقلارنىڭ 4 يىل تەرجىمە قىلىپ رەتلىشى نەتىجىسىدە قىرغىز مىللىتىنىڭ تارىخىدىكى «قۇرئان كەرىم» نىڭ تۇنجى تەرجىمە نۇسخىسى 2003 - يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىلدى.

جانار ئورمانبېك

# مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى

## ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا، تەلەپپۇز قائىدىسى بويىچە سەۋىيە سىناش تېزىسى

370 مىڭ خەتلىك بۇ تېزىس 2003 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. ئاساسىي مەزمۇنى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنىڭ ئەھۋالى، فونېتىكىلىق تەھلىل، ئىملا ئەھۋالى، تەلەپپۇز ئەھۋالى، ئىنتوناتسىيە، ئاكسېنت، تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش قائىدىسى، دېكلاماتسىيە قىلىش (100 پارچە)، سۆز - ئىبارە جەدۋىلى (6000 سۆزلۈك) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، تېزىستىن باشقا يەنە 70 يۈرۈش ئۇنىۋېرسال سىناق سوئالى، 6000 تېما چىقىرىلغان.

تۇڭجيا. چىڭفۇ

## شىبە تىل - يېزىقىنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 — 13 - كۈنلىرى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تەشكىللىگەن بۇ يىغىنغا 25 كىشى قاتناشتى. يىغىندا مۇھاكىمە ئارقىلىق يېڭى بىر نۆۋەتلىك ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق سۆز - ئاتالغۇلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش - تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتى شىبە تىلى مەخسۇس گۇرۇپپىسى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلدى. شىبە تىل - يېزىقىنى قوغداش ۋە

راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

چى چېشەن

## ئاپتونوم رايوننىڭ 1 - خىلدىكى شەھەرلىرىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتىنى باھالاش - كۆرەك قىلىش يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىلى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى. مائارىپ مىنىستىرلىكى، دۆلەت تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى، تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى، تىل - يېزىق خىزمىتى خادىملىرى بولۇپ 120 نەچچە كىشى يىغىنغا قاتناشتى. باھالاش - كۆرەك قىلىش يىغىنى 3 كۈن داۋام قىلىپ، 4 باھالاش - كۆرەك قىلىش گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنۈپ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتىنى باھالىدى ۋە كۆرەك قىلدى. باھالاش ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى «1 - خىلدىكى شەھەرنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتىنى باھالاش ئۆلچىمى» گە يەتكەن، باھالاشتا لاياقەتلىك دەپ قارالدى.

لى خېبىڭ

## ئاپتونوم رايونىمىز ئوقۇغۇچىلىرى «سەككىز ئارغىماق لوڭقىسى» موڭغۇل ئەدەبىي ئەسەرلىرى مۇسابىقىسىگە قاتناشتى

2003 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ مىللىي تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئاپتونوم رايون بويىچە موڭغۇل تىلىدا دەرس ئوقۇيدىغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئويۇشتۇرۇپ 8 ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق موڭغۇل تىلى خىزمىتى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، ئىچكى موڭغۇل مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئىچكى موڭغۇل ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن «سەككىز ئارغىماق لوڭقىسى» موڭغۇل ئەدەبىي ئەسەرلىرى مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. تاللاپ ئەۋەتىلگەن 166 ئەسەر ئاخىرقى باھالاشقا قاتناشتى. شىنجاڭدىن بىر كىشى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 22 كىشى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 59 كىشى مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بالجا

# دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

## دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر دىن ئىشلىرى تارماقلىرى «قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى توسۇش، ئىگدۇرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش، جىنايى ئىشلارغا زەربە بېرىش» تىن ئىبارەت باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلىدى.

1. دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش چىڭ تۇتۇلدى. يىل بېشىدا 4000 ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتنى تەربىيىلەش پىلانى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تەپسىر قىلىش، ۋەز ئېيتىشنى قېلىپلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، جايلار 6223 ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتنى تەربىيىلىدى. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ تالىپ تەربىيىلەش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، يىل ئاخىرىغا قەدەر 203 دىنىي زات تەربىيىلىگەن تالىپ ئوقۇشنى تاماملىدى. 1-قارارلىق تىبەت بۇددا دىنى بويىچە دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈلدى.

2. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى، دىنىي زاتلارنى «قوش بەشتە ياخشى» ئۆلچىمى بويىچە باھالاش، تەقدىرلەش پائالىيىتى ۋاستە قىلىنىپ، دىنىي زاتلارنى، دىنىي پائالىيەتلەرنى ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش تۈزۈملىرى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۇرۇلدى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي زاتلارغا، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا قارىتىلغان سىياسەتلىرى، قانۇن، نىزام ۋە تۈرلۈك باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، ھەرخىل قائىدە - تۈزۈملەر ۋاقتىدا تولۇقلاندى ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇلدى.

3. قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر قەتئىي توسالدى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر (قانۇنسىز تەبلىغ)، باشقىلارنى دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىشقا زورلاش، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قانۇنسىز سېلىش، خۇسۇسىي مەدرىسە ئېچىش، خۇسۇسىي «تالىپ» قوبۇل قىلىشقا ئوخشاش قىلمىشلار قاتتىق بىرتەرەپ قىلىندى. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا قانۇن، نىزاملار رۇخسەت قىلغان دائىرىدە دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ھەققىدە تەربىيە بېرىلدى. دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ ۋە غەرب ئەللىرىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىن جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشىگە قارىتا، قانۇنسىز دىنىي تەشۋىقات بۇيۇملىرى ۋە ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى.

4. ھەج - تاۋاب خىزمىتى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى. تۈزۈملەر يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۇرۇلۇپ، ھەج - تاۋاب قىلىدىغانلارنىڭ سانىنى تەقسىم قىلىش، پۇل ئېلىش، سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، پاسپورت بېجىرىش قاتارلىق ھالقىلاردىكى ئاشكارىلىق ئاشۇرۇلدى. ھەج -

تاۋاب قىلىش خىزمىتىنىڭ تەشكىلىي رەھبەرلىكى كۈچەيتىلدى، ھەج - تاۋاب قىلغۇچىلارغا قارىتىلغان سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇلدى. ھەج - تاۋاب قىلغۇچىلار «شەرقىي تۈركىستان»چىلارنىڭ زوراۋانلىقلىرىدىن ئېلىنغان ماتېرىيال فىلىمىنى كۆرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ياخشى تەربىيە ئۈنۈمى ھاسىل قىلىندى.

5. دىنىي تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. ش ئۇ ئا ر ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، جەمئىيەتنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى.

6. دىن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشقا يېتەكلەندى. 9 - ئايدا دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ئۈرۈمچىدە تەپسىر قىلىش ۋە يېڭىچە ۋەز ئېيتىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا شىنجاڭنىڭ تەپسىر قىلىش خىزمىتى تەجرىبىلىرى تونۇشتۇرۇلدى، قىسمەن ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى سۆز قىلدى.

ۋاڭ يىڭ

## ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئىچكى ئۆلكىلەردە ئېكىسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى

ئاپتونوم رايون 2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ۋە 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە 10 - ۋە 11 - قارارلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى تەشكىللىدى، بۇ ئۆمەكلەر بېيجىڭ، شاڭخەي، شەندۇڭ، جياڭسۇ، جېجياڭ قاتارلىق جايلاردا ئېكىسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى. ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) لىرىدىكى ۋە بىڭتۇەندىكى ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، دۇڭشياڭ قاتارلىق 5 مىللەتتىن بولغان 83 ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتتىن تەركىب تاپتى. بۇ دىنىي زاتلار ئېكىسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىستىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىگە ئىگە بولدى.

ئابلىز توختى

## ش ئۇ ئا ر ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ۋەكىل سانى 263 بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەندى، 263 قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتتىن 20 كىشى كۆپەيتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 6 - نۆۋەتتىكىدىن 102 كىشى ساقلاپ قېلىنىپ، يېڭىدىن 161 كىشى سايلاندى. 159 ئەزا بولۇش بەلگىلەنگەندى، 159 ئەزا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 6 - نۆۋەتتىكىدىن 6 ئەزا كۆپەيتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 6 - نۆۋەتتىكىدىن 76 ئەزا ساقلاپ قېلىنىپ، 83 ئەزا يېڭىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دائىمىي كومىتېت ئەزاسى 65 بولىدۇ دەپ بەلگىلەندى، 65 قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 6 - نۆۋەتتىكىدىن 10 ئەزا ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 6 - نۆۋەتتىكىدىن 43 ئەزا ساقلاپ قېلىنىپ، 22 ئەزا يېڭىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ش ئۇ ئا ر 7 - نۆۋەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بىر كىشى، مۇئاۋىن باشلىقى 11 كىشى بولدى. 6 - نۆۋەتتىكىگە قارىغاندا، مۇئاۋىن باشلىقتىن بىرى كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە 6 - نۆۋەتتىكىدىن 8 كىشى ساقلاپ قېلىنىپ، 4 كىشى يېڭىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ نۆۋەتتىكى دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ مىللىي تەركىبى مۇنداق بولدى: ئۇيغۇردىن 43 كىشى، قازاقتىن 7 كىشى، خۇيزۇدىن 11 كىشى، قىرغىزدىن 2 كىشى، ئۆزبېكتىن بىر كىشى، تاجىكتىن بىر كىشى، ئايال 2. بۇ نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ياش قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى، 50 ياشتىن تۆۋىنى 24، 51 — 59 ياشقىچە بولغىنى 27 نەپەر، 70 ياشتىن يۇقىرىلار 14.

تاڭ چاۋ

## ئىسلام دىنى بويىچە تۇنجى قارارلىق ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار تايانچلىرى كۇرسى ئېچىلدى

بۇ كۇرس 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئوقۇش باشلىدى، بۇ قېتىمقى كۇرسنىڭ ۋاقتى يېرىم يىل بولۇپ 50 كىشى تەربىيىلەندى.

مۇيەسسەر

## ھەج - تاۋاب خىزمىتى

شىنجاڭدىن ھەج - تاۋاب قىلىشقا بارىدىغانلار 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن باشلاپ 5 تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ چېگرىدىن ئۆتۈپ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ ھەج - تاۋاب پائالىيىتىنى باشلىدى. ھەج - تاۋاب قىلغۇچىلار 1025 بولۇپ، 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ھەممىيلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.

مۇيەسسەر

## بۇددا دىنى پائالىيەتلىرى

ش ئۇ ئا ر بۇددا دىنى جەمئىيىتى 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بورتالا ئوبلاستىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە بورتالا شەھىرىنىڭ تۇبۇشىنتى بۇتخانىسىدا بۇددا گىراماتىكىسى قىرائەت مۇراسىمى ۋە «بۇددا

نوملىرى» مەرھابا مۇراسىمى قاتارلىق بۇددا دىنىي پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مۇراسىمغا باھىنغولىن، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن 30 لاما ۋە شۇ يەردىكى بۇددىستلاردىن بولۇپ 100 دىن ئوشۇق كىشى قاتناشتى.

ساۋ سەيرىن

## ئاۋالوكتېسۋارانىڭ ئەۋلىيالىققا يەتكەن كۈننى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى

7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بۇددا دىنىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئاۋالوكتېسۋارانىڭ ئەۋلىيالىققا يەتكەن كۈنى، 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى جايلاردىن 6000 غا يېقىن بۇددىست ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شىمگۇ سۇزۇكبۇلاق بۇتخانىسىغا، ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى بەنفاڭگۇ فامىگى بۇتخانىسىغا يىغىلىپ، ئاۋالوكتېسۋارانىڭ ئەۋلىيالىققا يەتكەن كۈننى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

ما شىنچىڭ

شىنجاڭدىكى مىللىي يېزىلارنىڭ 2003 - يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

| مىللىي يېزا نامى | يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى | يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | بۇنىڭ ئىچىدە: سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | يىل ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ يەر (گېكتار) | ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پىچان ناھىيىسى دۈگىبازار خۇيزۇ يېزىسى | 3733 | 3536 | 68 | 56 | 105 | 318.60 | 1448.46 | 165 | 138 | 3484 |
| قۇمۇل شەھىرى دەۋلەدۇرۇك قازاق يېزىسى | 2449 | 2350 | | | 152.93 | 152.93 | 382.30 | 98.88 | | |
| قۇمۇل شەھىرى ئۇلاتاي قازاق يېزىسى | 710 | 710 | | | 139.33 | 107 | 92.18 | 47.97 | | |
| ئاراتۇرۇك ناھىيىسى نېرىنكىر قازاق يېزىسى | 3443 | 3094 | 104 | | 1009 | 429 | 51 | 16 | 191 | 1561 |
| سانجى شەھىرى ئاشلى قازاق يېزىسى | 7840 | 7340 | 1190 | 410 | 8223 | 1330 | 1350 | 30 | 234 | 3138 |
| فۇكاڭ شەھىرى سەنگۇڭخې قازاق يېزىسى | 3920 | 2870 | 4102 | 1255 | 1329 | 380 | 1693.7 | 194.2 | 194.2 | 4331 |
| فۇكاڭ شەھىرى شاڭخوگو قازاق يېزىسى | 11500 | 7479 | 5580 | 3940 | 4903.6 | 45079 | 12171 | 459.72 | 446.05 | 3800 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 3022 | 180 | 180 | 654 | 833.33 | 2458 | 3725 | 7641 | 3368 | 4014 | مىچۈەن شەھىرى بەيياڭخې قازاق يېزىسى |
| 3948 | 38.8 | 33.99 | 413.01 | 2440.5 | 6237 | 1854 | 4394 | 4882 | 6876 | قۇتۇبى ناھىيىسى تاش پەلەمپەي قازاق يېزىسى |
| 2617 | 585.2 | 578.3 | 2986 | 1200 | 4965 | 686 | 738 | 5523 | 6753 | ماناس ناھىيىسى چىڭشۇيخې قازاق يېزىسى |
| 2638 | 300 | 75 | 1979 | 890 | 4207 | 1040 | 1460 | 4187 | 4387 | ماناس ناھىيىسى تاسىرقاي دەرياسى قازاق يېزىسى |
| 2686 | 240 | 41 | 2881 | | 2521.4 | 531 | 875 | 3052 | 4760 | ماناس ناھىيىسى خەنكازىتەن قازاق يېزىسى |
| | 3080 | 79.33 | 79.33 | 8400 | 4467 | 3890 | | 5860 | 7354 | گۇچۇڭ ناھىيىسى ژۇماچاڭ قازاق يېزىسى |
| 2713 | 254 | 254 | 4200 | 1000 | 1624 | 253 | 904 | 2474 | 3046 | گۇچۇڭ ناھىيىسى چورىن قازاق يېزىسى |
| 2995 | 277 | 277 | 5000 | 1450.1 | 3102 | 163 | 821 | 3215 | 4117 | گۇچۇڭ ناھىيىسى داچۈەن تاتار يېزىسى |
| 2439 | 851.3 | 851.3 | 1307 | 593.3 | 1873 | | 112 | 3055 | 3093 | مورى ناھىيىسى دانەنگۇ ئۆزبېك يېزىسى |
| 3933 | 561.35 | 561.35 | 5023 | 3040 | 8083 | 242 | 2797 | 5940 | 10070 | خوشۇت ناھىيىسى ئۇشتاقتال خۇيزۇ يېزىسى |
| 1750.68 | 295 | 295 | 3233 | 1176 | 932 | 187 | 507 | 4371 | 4384 | ئونسۇ ناھىيىسى بوزدۇڭ قىرغىز يېزىسى |
| 1386 | 127.26 | 127.04 | 5806.93 | 1156 | 1768.9 | | | 8506 | 8543 | ئۇچتۇرپان ناھىيىسى يامانسۇ قىرغىز يېزىسى |
| 585 | 107.4 | | 667 | 116.5 | 57.8 | | 12 | 3299 | 3299 | ئاقتۇ ناھىيىسى تار تاجىك يېزىسى |
| 902 | 11 | 9.7 | 2600 | 657.6 | 1142.52 | | | 2291 | 3092 | پوسكام ناھىيىسى بۇيلۇق تاجىك يېزىسى |
| 1039.9 | 28.9 | 28.9 | 7800 | 1800 | 147 | 51 | 242 | 1322 | 7693 | يەكەن ناھىيىسى زەرەپشان تاجىك يېزىسى |
| 980 | | | 157 | 113 | | | | 920 | 930 | تاشقورغان ناھىيىسى كۆكيار قىرغىز يېزىسى |
| 1135 | 25.96 | 26.75 | 45 | 144 | 152.3 | | | 833 | 835 | گۇما ناھىيىسى نەۋئابات تاجىك يېزىسى |
| 794 | 164 | 54 | 468 | 130 | 274.3 | | | 604 | 604 | گۇما ناھىيىسى كەڭقىر قىرغىز يېزىسى |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| غۇلجا ناھىيىسى ئۇچىئون خۇيزۇ يېزىسى | 43517 | 40423 | 17300 | 5320 | 165556.8 | 7623 | 65514 | 137.89 | 137.89 | 3014 |
| چاپچال ناھىيىسى مىلياڭجۇەن خۇيزۇ يېزىسى | 4730 | 4099 | 3245 | 1222 | 1792 | 933 | 3818 | 23.55 | 20.90 | 2672 |
| قورغاس ناھىيىسى ئىچكاشەن شىبە يېزىسى | 14500 | 4350 | 720 | 213 | 4909 | 4047.1 | 23240 | 108 | 305 | 2352 |
| قورغاس ناھىيىسى سەنگۇڭ خۇيزۇ يېزىسى | 13312 | 11909 | 3000 | 1200 | 3021.57 | 1784.48 | 8226 | 477 | 477 | 1689 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى چاغانئۇسۇ موڭغۇل يېزىسى | 11700 | 9810 | 4900 | 1815 | 2429 | 4087.93 | 3277 | 150.84 | 150.84 | 2596.1 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى شات قىرغىز يېزىسى | 12294 | 10992 | 144.5 | 730 | 2460 | 4493 | 2586 | 794 | 517 | 2575.73 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى خۇسۇمتۇخارسۇن موڭغۇل يېزىسى | 8900 | 6675 | 2000 | 915 | 2234.59 | 46580 | 2264 | 42.65 | 23.05 | 2700.68 |
| تېكەس ناھىيىسى خۇجىرتى موڭغۇل يېزىسى | 3674 | | 2368 | 374 | 1238 | 970 | 738.4 | 484.3 | 513.3 | 2357 |
| تېكەس ناھىيىسى كۆكتېرەك قىرغىز يېزىسى | 11569 | 9669 | | | 2134.66 | 2160 | 2326.9 | 60.82 | | 1306 |
| نىلقا ناھىيىسى كۆكخوتخور موڭغۇل يېزىسى | 14128 | 8859 | 8052 | 1132 | 3782.98 | 25046 | 3676 | 419 | 419 | 226320 |
| چۆچەك شەھىرى ئاشىلى داغۇر يېزىسى | 10550 | 4688 | 4779 | 1902 | 7842.94 | 9300 | 41850 | 692 | 587 | 3823.64 |
| شىخۇ شەھىرى جىرغىلتغۇلىن موڭغۇل يېزىسى | 5200 | 1800 | 2500 | 2500 | 3523.79 | 22049 | 3342.95 | 2630 | 2630 | 4267 |
| شىخۇ شەھىرى تابۇلخات موڭغۇل يېزىسى | 2193 | 2020 | | | 1100 | 600 | | 18.5 | 18.5 | 3814 |
| دۆربىلجىن ناھىيىسى ئىمالغۇلىن موڭغۇل يېزىسى | 4580 | 2748 | 284 | 207 | 2927 | 1913 | 4819 | 35 | 307 | 2100 |
| دۆربىلجىن ناھىيىسى خۇجىرت موڭغۇل يېزىسى | 3151 | 2302 | 792 | 150 | 1567.49 | 1454.67 | 390 | 348 | 348 | 1929 |
| ئالتاي شەھىرى قاندىغايتى موڭغۇل يېزىسى | 3895 | 2910 | 1952.5 | 812.1 | 1943.71 | 562.67 | 945 | 483.8 | 483.8 | 2895 |
| بۇرچىن ناھىيىسى قۇمقاناس موڭغۇل يېزىسى | 1947 | 1419 | 120 | 20 | 180 | 133 | | 25 | 33 | 1349 |

ئىزاھ: قۇتۇبى ناھىيىسى مايتاغ قازاق يېزىسىنىڭ ماتېرىيالى كەم.

ش ئۇ ئا ر خەلق ئىشلىرى كومىتېتى

# نوپۇس، پىلانلىق تۇغۇت

## نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنى 19 مىليون 400 مىڭ ئىچىدە كونترول قىلىش پىلانلانغانىدى، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.01‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.78‰ بولۇپ، يىللىق نوپۇس پىلانى ئورۇندالدى. ئاپتونوم رايون «نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى»نى ئىجرا قىلىپ يولغا قويدى، «مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش چارىسى»، «تۇغۇت مۇلازىمەت كىنىشكىسى»نى تارقىتىش چارىسى»، «قايتا تۇغۇشنى باشقۇرۇش چارىسى»، «دېھقان - چارۋىچىلارنى پىلانلىق تۇغۇت بويىچە مۇكاپاتلاش ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىش توغرىسىدا يېتەكچى پىكىر»، «دېھقان - چارۋىچىلارغا قارىتىلغان ئاساسىي مۇلازىمەت تۈرلىرىنى ھەقسىز يولغا قويۇش چارىسى»، «ئىجتىمائىي بېقىۋېلىش راسخوتىنى يىغىش تەرتىپى» ۋە تېخنىكا مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇش قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن قائىدە - تۈزۈم ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ تارقاتتى. پىلانلىق تۇغۇتنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى نىگىزلىك خىزمەتلىرى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىلدى، ئاساسىي قاتلامنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە ئاممىۋى خىزمەتتىن ئىبارەت «ئۈچنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈش» بويىچە باشقۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. دېھقان - چارۋىچىلارغا پىلانلىق تۇغۇت بويىچە ئاساسىي جەھەتتىن ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىش تۈرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئاساسىي قاتلامدىكى تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ ئۈچۈرلىشىش قۇرۇلۇشى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى. مالىيە سېلىنمىسى زور دەرىجىدە ئاشتى، پىلانلىق تۇغۇت سەييارە مۇلازىمەت ئاپتوموبىلىدىن 97 سى سەپلەپ بېرىلدى. نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. 5 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر «قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، كەنت (مەھەللە) ئاھالىلىرى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش، ئەلا مۇلازىمەت قىلىش، سىياسەت ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈش، ئۇنىۋېرسال تۈزەش»تىن ئىبارەت يېڭى مېخانىزم بەرپا قىلىشنى ئاساسىي نىشان قىلغان نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھ قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى باشلىدى. جايلار ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. شەھەر مەھەللىلىرى، يېزا كەنت - گۇرۇپپىلارنى تۇتۇشتەك كەنت - مەھەللە ئاھالىلىرى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان خىزمەت ئەندىزىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. بۇ، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان ئائىلىلەرگە قارىتىلغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي سىياسەتلەر ۋە تەدبىرلەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، مۇكاپاتلاش، ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ۋە كاپالەت تەدبىرلىرىنى كۆپ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پايدىلىق. نىكاھ، پەرزەنت كۆرۈش يېڭى ئۇسۇلىنى ھەممە ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش پائالىيىتى شەھەر، يېزىلاردا قانات يايدۇرۇلدى. ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۇسۇلىدا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تاللاش ۋە ئەلا مۇلازىمەت قىلىش ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى. پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى بىرلەشتۈرۈش»، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان دېھقانلار، چارۋىچىلارنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن بېيىشىغا ياردەم بېرىش، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنى قۇتقۇزۇش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. ئەلا مۇلازىمەت قىلىش بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش ۋە نىكاھ، پەرزەنت كۆرۈش يېڭى ئۇسۇلىنى ھەممە ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش بويىچە ئۈلگە ناھىيە قۇرۇش پائالىيىتى ئۇچقۇشلۇق قانات يايدۇرۇلدى.

قەشقەر شەھىرى كۆپىيىش ئەزالىرى ساغلاملىقى بويىچە 5 - مەزگىللىك تۈر خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك باشلىدى. جۇڭگو پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى شىنجاڭدا يولغا قويغان ئەيدىس كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئائىت 5 تۈر، ئاياللار خىزمىتىگە ئائىت 2 تۈر ۋە مۇسۇلمانلار كۆپىيىش ئەزاسى ساغلاملىقى تۈرى ئۇچقۇشلۇق يولغا قويۇلدى.

بەي يۈلىڭ

## نوپۇس كۆپەيدى، تۇغۇلۇش نىسبىتى تۆۋەنلىدى

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىشىنى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشكە دائىر سانلىق

مەلۇماتىغا ئاساسەن قىياس قىلىنغاندا، 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 19 مىليون 339 مىڭ 500 گە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 287 مىڭ 600 ئادەم كۆپىيىپ، %1.51 ئۆرلىگەن، نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتى يىلدىن ـ يىلغا تۆۋەنلەشكە باشلىغان. ماتېرىياللارغا قارىغاندا، 1998 ـ يىلدىن 2003 ـ يىلغىچە بولغان 6 يىل ئىچىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ئازكەم 4 پروپوئىنت تۆۋەنلىگەن. 2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 307 مىڭ 100 ئادەم تۇغۇلغان، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16.01، ئۆلۈش نىسبىتى ‰5.2، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰10.78 بولغان. 2002 ـ يىلغا سېلىشتۇرغاندا تۇغۇلۇش نىسبىتى 0.29 پروپوئېنت، ئۆلۈش نىسبىتى 0.23 پروپوئېنت تۆۋەنلىگەن.

لى يالى

## نىكاھلانغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار كۆپەيدى، تۇغۇت سەۋىيىسى داۋاملىق تۆۋەنلىدى

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە نىكاھلانغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار 3 مىليون 505 مىڭ 500 گە يېتىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %18.13 نى ئىگىلىگەن. 1990 ـ يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئىگىلىگەن نىسبىتى 0.13 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى. كۆپەيگەن نىكاھلانغان تۇغۇت يېشىدىكى ئايال 777 مىڭ 400 گە يېتىپ، ئېشىش نىسبىتى %28.5، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %1.95 بولدى. تۇغۇش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايون بويىچە تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ تۇغۇش ئومۇمىي نىسبىتى 1.18 تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى: 3 ياكى 3 تىن ئارتۇق پەرزەنتلىك بولۇش ئومۇمىي نىسبىتى تېز تۆۋەنلىدى. نوپۇسنى 4 ـ قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە 5 ـ قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشكە دائىر ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە: 2 پەرزەنتلىك بولۇش نوپۇسنى 5 ـ قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش مەزگىلىدە 4 ـ قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش مەزگىلىدىكى 0.61 دىن 0.51 گە تۆۋەنلىگەن؛ شۇنىڭ بىلەن تەڭ 3 ياكى 3 تىن ئارتۇق پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى نوپۇسنى 5 ـ قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش مەزگىلىدە 4 ـ قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش مەزگىلىدىكى 1.71 دىن 0.34 كە تۆۋەنلىگەن. بۇ پىلاندىن سىرت كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش سەۋىيىسىنىڭ خېلى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىگەنلىكىدىن، نىكاھلانغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ تۇغۇت ئەندىزىسىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

لى يالى

## نوپۇسنىڭ ياش قۇرۇلمىسى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 0 ياشتىن 14 ياشقىچە بولغانلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %24.79 نى، 15 ياشتىن 64 ياشقىچە بولغانلار %69.09 نى، 65 ياشتىن يۇقىرىلار %6.12 نى ئىگىلىدى. 1990 ـ يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 0 ياشتىن 14 ياشقىچە بولغانلار 8.26 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى، 15 ياشتىن 64 ياشقىچە بولغانلار 6.05 پىرسەنت پوئېنتى، 65 ياشتىن يۇقىرىلار 2.21 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە نوپۇسنىڭ ياش قۇرۇلمىسى ياشلار تىپىدىن چوڭلار تىپىغا ئۆتتى.

لى يالى

## ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى كۆپەيدى، ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى تۆۋەنلىدى

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 11 مىليون 628 مىڭ 500 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %60.13 نى ئىگىلىدى. 1990 ـ يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 2 مىليون 167 مىڭ كۆپىيىپ، %22.9 ئاشتى؛ ئىگىلىگەن نىسبىتى 2.29 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى، بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنىڭ نىسبىي مۇقىم باسقۇچقا كىرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.

لى يالى

## نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ۋە گۇۋاھنامە ئېلىش نىسبىتى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدا تۇغۇلغان نوپۇسنىڭ سىياسەتكە ئۇيغۇن كېلىش نىسبىتى تەخمىنەن %90 بولدى. بىر پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى %56.64، 2 پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى %28.27، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى %15.09 بولدى، 2002 ـ يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا بىر پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى 1.18 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى، 2 پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى 0.77 پىرسەنت پوئېنتى، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى 0.41 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 508 مىڭ 800 ئەر ـ خوتۇن «يالغۇز پەرزەنتلىك ئاتا ـ ئانىلار شەرەپ گۇۋاھنامىسى»، ئاز سانلىق مىللەتتىن 138 مىڭ ئەر-خوتۇن «پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان ئاتا ـ ئانىلار شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالدى، كىنىشكا ئېلىش نىسبىتى %18.45 كە



2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ گوچياڭ ئۈچىنچى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش، ھال سوراش ئۆمىكىنى باشلاپ قەشقەرنىڭ يېزىلىرىدا تۇغۇت يېشىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنى زىيارەت قىلدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

ما شۈيىڭ فوتوسى

يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 1.25 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. نىكاھلانغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللاردىن 2 مىليون 876 مىڭ 400 ى ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرى قوللانغان بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش نىسبىتى %82.05 بولدى.

لى يالى

## ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 19 — 20 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا 2002 - يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى ۋە 2003 - يىللىق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ كادىرلار مىنىستىرلىكى، دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرگە مۇكاپات تارقىتىپ بېرىلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر بىلەن 2003 - يىللىق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاندى.

بايىر

## ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئەزا ئورۇنلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا 2003 - يىللىق مەركەزنىڭ نوپۇس، بايلىق، مۇھىت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. مالىيە نازارىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، سەھىيە نازارىتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، پىلان كومىتېتىدىكى ئالاقىدار خادىملار يىغىندا مەخسۇس تېمىدا سۆزگە چىقتى. قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان 21 ئەزا ئورۇننىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئالاقىچىلىرى يىغىنغا قاتناشتى.

بايىر

## ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنى

بۇ يىغىن (شىمالىي شىنجاڭ بۆلىكى) 2003- يىل 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە سانجى ئوبلاستى، قاراماي شەھىرىدە، (جەنۇبىي شىنجاڭ بۆلىكى) 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 26- كۈنىگىچە بايىنغولىن ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا سانجى شەھىرىنىڭ كەنت (مەھەللە) ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىش، جىمسار ناھىيىسىنىڭ كادىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ تېخنىكىلىق مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ماناس ناھىيىسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان ئائىلىلەرنى مۇكاپاتلاش ۋە ئۇلارغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، قاراماي شەھىرىنىڭ شەھەر باشقۇرۇش ئەندىزىسى قاتارلىق ھەمدە بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ نىكاھ، پەرزەنت كۆرۈش يېڭى ئىستىلىنى ھەممە ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش پائالىيىتى، شايار ناھىيىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھاتتا مەنپەئەتكە توغرىلاش مېخانىزمى ئورنىتىش ئەھۋالى، كۇچا، باي ناھىيىلىرىنىڭ تېخنىكىلىق مۇلازىمەت قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىزدىنىشى نەق مەيداندا كۆزدىن كەچۈرۈلدى. ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھ قىلىشتا سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ مەسئۇل رەھبەرلىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر) لىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئەزا ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

بايىر

## ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى نوپۇس، بايلىق، مۇھىت خىزمىتى توغرىسىدىكى مەخسۇس دوكلاتنى ئاڭلىدى

2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم 44 - قېتىملىق دائىمىي ئەزالار يىغىنى (دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى، رەئىسلەر بىرلەشمە يىغىنى) نى ئېچىپ، نوپۇس،

بايلىق، مۇھىت خىزمىتى توغرىسىدىكى خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى. يىغىندا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت، زېمىن بايلىقى، مۇھىت ئاسراش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتلار ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ھەمدە دۆلەتنىڭ 3 تۈرلۈك تۈپ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇش ھەققىدە مۇھاكىمە ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى.

يىغىندا نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە بولغان تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى: بىرىنچى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك. جايلار كۆپ تەرەپلەپ مەبلەغ غەملەش پرىنسىپى بويىچە، ھەر دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت پونكىتلىرىنى رېمونت قىلىش، كېڭەيتىپ قۇرۇش خىراجىتىنى پائال توپلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدىكى 2 مىليون يۈەن ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتىنى ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن ھەل قىلىپ، مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئىككىنچى، جايلار ئاپتونوم رايون بېكىتكەن ئاز پەرزەنتلىك بولغان دېھقان - چارۋىچىلار ئائىلىسىنى بىر قېتىمدىلا 2000 يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاش سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ۋە نەقلەشتۈرۈشى كېرەك. ئۈچىنچى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى بۈگۈندىن كېيىن نوپۇس، بايلىق، مۇھىت توغرىسىدىكى 3 چوڭ دۆلەت سىياسىتى تەربىيىسىنى پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ زۆرۈرىي دەرسلىكى قاتارىغا كىرگۈزۈشى كېرەك.

بايىر

## ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 30- 31 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا مەملىكەتلىك نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، مەملىكەتلىك نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت سىستېمىسى بويىچە «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرگە، مەملىكەت بويىچە نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرگە مۇكاپات تارقىتىپ بېرىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇتتا ئەلا مۇلازىمەت قىلىشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لار ئېلان قىلىندى ھەمدە ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەر بىلەن 2004 - يىللىق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاندى.

بايىر

## مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى

دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ گوچياڭ قاتارلىق 5 كىشىدىن تەشكىللەنگەن «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش» ھال سوراش ئۆمىكى 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە بايىنغولىن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 25 دانە تېلېۋىزور، DVD ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر كىتاب (پلاستىنكا) قاتارلىقلارنى تەقدىم قىلدى ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى تەكشۈردى.

بەي يۈلىڭ

## پىلانلىق تۇغۇت سەييارە مۇلازىمەت ئاپتوموبىلى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى

دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، پىلان كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا 50 دانە پىلانلىق تۇغۇت سەييارە مۇلازىمەت ئاپتوموبىلى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ



2003 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر بۈگۈر ناھىيىسىدە پىلانلىق تۇغۇت ئائىلىسى قىرائەتخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلماقتا.

چېڭ خۇي فوتوسى

23 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ گوچاڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۈرەش مەخسۇتلار ئاپتوموبىل تەقدىم قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى، مۇلازىمەت ئاپتوموبىلى قوبۇل قىلغان ناھىيىلەرنىڭ ۋەكىللىرىمۇ مۇراسىمغا قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 97 ۋىلايەت، ناھىيىگە پىلانلىق تۇغۇت سەييارە مۇلازىمەت ئاپتوموبىلى سەپلەپ بېرىلدى.

بەي يۇلىڭ

## شىنجاڭنىڭ 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى تەرەققىيات پىلانىنى ئوتتۇرا مەزگىللىك باھالاش

باھالاش 2003 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئېلىپ بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى 3 باھالاش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ قۇتۇبى، مورى ناھىيىلىرى، تۇرپان شەھىرى، توقسۇن، يېڭىسار، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىرىدىكى 12 يېزا، 12 كەنتتە، نىكاھلانغان تۇغۇت يېشىدىكى 600 ئايال ئارىسىدا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا نەق مەيداندا ئەھۋال ئىگىلەش ۋە سوئال ـ جاۋاب قەغىزى ئارقىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى تەرەققىيات پىلانىنى ئوتتۇرا مەزگىللىك باھالاش دوكلاتى» يېزىپ چىقىلىپ، دۆلەت نوپۇس، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ۋە ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات ـ پىلان كومىتېتىغا يوللاندى.

بەي يۇلىڭ

## كۆچمە نوپۇسلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇش كېلىشىمى

2003 ـ يىل 3 ـ ئايدا گەنسۇ ئۆلكىلىك ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرى «كۆچمە نوپۇسلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇش كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. ئىككى تەرەپ كۆچۈپ چىققانلارغا قانۇن بويىچە كۆچمە نوپۇسلارنىڭ نىكاھ، تۇغۇت گۇۋاھنامىسىنى بېجىرىپ بېرىش، كۆچمە نوپۇسلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئۇچۇرلىرىدىن ئىككى تەرەپ ئورتاق بەھرىمان بولۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ئۆز ئارا ئەھۋال مەلۇم قىلىش، قەرەللىك بىرلەشمە يىغىن ئېچىش، كۆچمە نوپۇسنى دائىمىي نوپۇس باشقۇرۇشنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈش، كۆچمە نوپۇسلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى كۆندىلىك باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت خىزمىتىنى ئورتاق ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

بەي يۇلىڭ

## پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى باھالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى

ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ 2003 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك باھالىدى. سۆھبەت يىغىنى ئېچىش ۋە كەنت، ئائىلىلەرگىچە بېرىپ سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق 12 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 24 دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ناھىيىسى (شەھىرى)، 46 يېزا، بازار، 49 كەنت پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتىدە تەكشۈرۈپ باھالاشنى قانات يايدۇردى، يېزا، بازار رەھبەرلىرى، كەنت پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى، مۇدىرىيەت ئەزالىرى، دىنىي زاتلاردىن بولۇپ 677 ئادەم قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

ياڭ يىپىڭ

## ئەلا مۇلازىمەت قىلىش بويىچە ئىلغار ناھىيىلەر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى

ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى 2003 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بېكىتكەن ئاقسۇ، قۇمۇل شەھەرلىرى، قۇتۇبى، باغراش ناھىيىلىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى دۆڭشەن رايونى، قاراماي شەھىرى قاراماي رايونى قاتارلىق ئەلا مۇلازىمەت قىلىش بويىچە سىناق نۇقتىسى قىلىنغان 6 ناھىيە (شەھەر، رايون) نى ئومۇمىيۈزلۈك باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. ئاقسۇ شەھىرى، باغراش ناھىيىسى، قاراماي رايونى ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانلىق تۇغۇتتا ئەلا مۇلازىمەت قىلىشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) ئۆلچىمىگە يەتتى ھەمدە 11 ـ ئايدا دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ ئەلا مۇلازىمەت قىلىش بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) قۇرۇش تۈرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن پىلانلىق تۇغۇت بويىچە ئەلا مۇلازىمەت قىلىشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

بەي يۇلىڭ

## نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى نىشانلىق باشقۇرۇش يىللىق تەكشۈرۈلدى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2003 ـ يىل 10 ـ ئايدا 5 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ جايلارغا تەكشۈرۈشكە

بايلىق، مۇھىت خىزمىتى تۇغرىسىدىكى خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى. يىغىنغا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت، زېمىن بايلىقى، مۇھىت ئاسراش خىزمىتى تۇغرىسىدىكى دوكلاتلار ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ھەمدە دۆلەتنىڭ 3 تۈرلۈك تۈپ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇش ھەققىدە مۇھاكىمە ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى.

يىغىندا نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە بولغان تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى: بىرىنچى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك. جايلار كۆپ تەرەپلەپ مەبلەغ غەملەش پرىنسىپى بويىچە، ھەر دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت پونكىتلىرىنى رېمونت قىلىش، كېڭەيتىپ قۇرۇش خىراجىتىنى پائال توپلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدىكى 2 مىليون يۈەن ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتىنى ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن ھەل قىلىپ، مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئىككىنچى، جايلار ئاپتونوم رايون بېكىتكەن ئاز پەرزەنتلىك بولغان دېھقان - چارۋىچىلار ئائىلىسىنى بىر قېتىملىقلا 2000 يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاش سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ۋە نەقلەشتۈرۈشى كېرەك. ئۈچىنچى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى بۇنىڭدىن كېيىن نوپۇس، بايلىق، مۇھىت تۇغرىسىدىكى 3 چوڭ دۆلەت سىياسىتى تەربىيىسىنى پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ زۆرۈرىي دەرسلىكى قاتارىغا كىرگۈزۈشى كېرەك.

بايىر

### ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 30- 31 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا مەملىكەتلىك نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، مەملىكەتلىك نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت سىستېمىسى بويىچە «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرگە، مەملىكەت بويىچە نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرگە مۇكاپات تارقىتىپ بېرىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇتتا ئەلا مۇلازىمەت قىلىشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لار ئېلان قىلىندى ھەمدە ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەر بىلەن 2004 - يىللىق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاندى.

بايىر

### مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى «ئۈچنى يېزىلارغا يۆزلەندۈرۈش، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى

دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ گوچاڭ قاتارلىق 5 كىشىدىن تەشكىللەنگەن «ئۈچنى يېزىلارغا يۆزلەندۈرۈش، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش» ھال سوراش ئۆمىكى 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە بايىنغولىن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا «ئۈچنى يېزىلارغا يۆزلەندۈرۈش، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 25 دانە تېلېۋىزور، DVD ۋە يەنە ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر كىتاب (پلاستىنكا) قاتارلىقلارنى تەقدىم قىلدى ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى تەكشۈردى.

بەي يۈلىڭ

### پىلانلىق تۇغۇت سەييارە مۇلازىمەت ئاپتوموبىلى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى

دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، پىلان كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا 50 دانە پىلانلىق تۇغۇت سەييارە مۇلازىمەت ئاپتوموبىلى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ



2003 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر بۈگۈر ناھىيىسىدە پىلانلىق تۇغۇت ئائىلە ۋە قىرائەتخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلماقتا.

چېڭ خۈي فوتوسى

23 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ گوچياڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۈرەش مەخسۇتلار ئاپتونومىيىل تەقدىم قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى، مۇلازىمەت ئاپتونومىيىلى قوبۇل قىلغان ناھىيىلەرنىڭ ۋەكىللىرىمۇ مۇراسىمغا قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 97 ۋىلايەت، ناھىيىگە پىلانلىق تۇغۇت سەييارە مۇلازىمەت ئاپتونومىيىلى سەپلەپ بېرىلدى.

بەي يۇلىڭ

## شىنجاڭنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى تەرەققىيات پىلانىنى ئوتتۇرا مەزگىللىك باھالاش

باھالاش 2003 - يىل 4 - ئايدا ئېلىپ بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى 3 باھالاش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ قۇتۇبى، مورى ناھىيىلىرى، تۇرپان شەھىرى، توقسۇن، يېڭىسار، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىرىدىكى 12 يېزا، 12 كەنتتە، نىكاھلانغان تۇغۇت يېشىدىكى 600 ئايال ئارىسىدا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا نەق مەيداندا ئەھۋال ئىگىلەش ۋە سوئال - جاۋاب قەغىزى ئارقىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى تەرەققىيات پىلانىنى ئوتتۇرا مەزگىللىك باھالاش دوكلاتى» يېزىپ چىقىلىپ، دۆلەت نوپۇس، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ۋە ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات-پىلان كومىتېتىغا يوللاندى.

بەي يۇلىڭ

## كۆچمە نوپۇسلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇش كېلىشىمى

2003 - يىل 3 - ئايدا گەنسۇ ئۆلكىلىك ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرى «كۆچمە نوپۇسلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇش كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. ئىككى تەرەپ كۆچۈپ چىققانلارغا قانۇن بويىچە كۆچمە نوپۇسلارنىڭ نىكاھ، تۇغۇت گۇۋاھنامىسىنى بېجىرىپ بېرىش، كۆچمە نوپۇسلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئۇچۇرلىرىدىن ئىككى تەرەپ ئورتاق بەھرىمان بولۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ئۆز ئارا ئەھۋال مەلۇم قىلىش، قەرەللىك بىرلەشمە يىغىن ئېچىش، كۆچمە نوپۇسنى دائىمىي نوپۇس باشقۇرۇشنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈش، كۆچمە نوپۇسلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى كۈندىلىك باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت خىزمىتىنى ئورتاق ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

بەي يۇلىڭ

## پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى باھالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى

ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ 2003 - يىل 6 - ئايدىن 8- ئايغىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك باھالىدى. سۆھبەت يىغىنى ئېچىش ۋە كەنت، ئائىلىلەرگىچە بېرىپ سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق 12 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 24 دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ناھىيىسى (شەھىرى)، 46 يېزا، بازار، 49 كەنت پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتىدە تەكشۈرۈپ باھالاشنى قانات يايدۇردى، يېزا، بازار رەھبەرلىرى، كەنت پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى، مۇدىرىيەت ئەزالىرى، دىنىي زاتلاردىن بولۇپ 677 ئادەم قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

ياڭ يىپىڭ

## ئەلا مۇلازىمەت قىلىش بويىچە ئىلغار ناھىيىلەر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى

ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى 2003 - يىل 9- ئايدا ئاپتونوم رايون بېكىتكەن ئاقسۇ، قۇمۇل شەھەرلىرى، قۇتۇبى، باغراش ناھىيىلىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى دۆڭكەن رايونى، قاراماي شەھىرى قاراماي رايونى قاتارلىق ئەلا مۇلازىمەت قىلىش بويىچە سىناق نۇقتىسى قىلىنغان 6 ناھىيە (شەھەر، رايون) نى ئومۇمىيۈزلۈك باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. ئاقسۇ شەھىرى، باغراش ناھىيىسى، قاراماي رايونى ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانلىق تۇغۇتتا ئەلا مۇلازىمەت قىلىشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) ئۆلچىمىگە يەتتى ھەمدە 11 - ئايدا دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ ئەلا مۇلازىمەت قىلىش بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) قۇرۇش تىزىمى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن پىلانلىق تۇغۇت بويىچە ئەلا مۇلازىمەت قىلىشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

بەي يۇلىڭ

## نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى نىشانلىق باشقۇرۇش يىللىق تەكشۈرۈلدى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2003 - يىل 10 - ئايدا 5 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ جايلارغا تەكشۈرۈشكە

ئەۋەتتى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بايىنغولىن ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قاراماي شەھىرى يول ئېچىپ يېتەكلىق يارىتىش مۇكاپاتىغا؛ سانجى ئوبلاستى، قۇمۇل ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات مۇكاپاتىغا؛ بورتالا ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، شىخەنزە شەھىرى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، خوتەن، تۇرپان، ئالتاي، قەشقەر ۋىلايەتلىرى، كۈيتۇڭ شەھىرى ئۆلچەمگە يەتكەن مۇنەۋۋەر ئورۇن مۇكاپاتىغا؛ ئىلى ئوبلاستى ئۆلچەمگە يېتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

بەي يۇلىڭ

## پىلانلىق تۇغۇت دورا - ئەسۋابلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى 2003 - يىل 4- ئايدا خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇدىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - ئەسۋابلىرىنى باشقۇرۇش خىزمەت ئەھۋالى، بالىياتقۇدا تۇغۇت چەكلەش ئەسۋابىنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە ئىشلىتىلىشى، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - ئەسۋابلىرى بويىچە «ئۈچىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» پائالىيىتىنىڭ ئەھۋاللىرىنى تەكشۈردى ۋە تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويدى.

2003 - يىل 5 - ئايدىن 9 - ئايغىچە دورا - ئەسۋابلارنىڭ ئامباردا ساقلىنىش ئەھۋالىنى زور كۆلەمدە ئېنىقلاپ - تىزىملاش خىزمىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. «شىنجاڭ پىلانلىق تۇغۇت دورا، ئەسۋابلىرى خىزمىتىنى باشقۇرۇش چارىسى»، «ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - ئەسۋابلىرىنى قىلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش خىزمەت نىزامى»، «ئاپتونوم رايون بويىچە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - ئەسۋابلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»، «ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - ئەسۋابلىرىنى قوشۇپ بېرىش ئېھتىياج پىلانىنى يۇقىرىغا يوللاش تەرتىپى»، «كېرەكسىز قىلىنغان دورا، ئەسۋابلارنى تەستىقلاش تەرتىپى» قاتارلىق قىلىپلاشتۇرۇلغان خىزمەتلەر توغرىسىدىكى ھۆججەتلەر تارقىتىلىپ ئاساسىي قاتلام خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

بەي يۇلىڭ

## پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك ئورنى (پونكىتى) نى باھالاش ۋە ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى تەستىقلاش

ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى 2003 - يىل 5 — 6 - ئايلاردا ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت پەن تەتقىقات ئورنى ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك 14 پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت ئاپپاراتىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيىتىنى باھالىدى، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە جايلاردىكى ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك تېخنىكا مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىنى باھالاش خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى.

بەي يۇلىڭ

## پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ھەقسىز كوپېراتسىيە خىراجىتىنىڭ باشقۇرۇلۇش، ئىشلىتىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى بىلەن مالىيە نازارىتى 2 تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ ئالتاي، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىگە ئەۋەتىپ، پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمىتى ھەقسىز كوپېراتسىيە خىراجىتىنىڭ باشقۇرۇلۇش، ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان دېھقان - چارۋىچىلار ھەقسىز كوپېراتسىيە خىراجىتىنى باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزۈش ئۈچۈن ئاساس سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەكشۈرۈش جەدۋىلى تۈزۈپ رايونىمىز بويىچە ھامىلىدىن ساقلىنىش، تۇغۇت چەكلەش جەھەتتە ھەقسىز تېخنىكىلىق مۇلازىمەت قىلىشنىڭ يېزىلاردىكى ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە تەھلىل قىلدى.

بەي يۇلىڭ

## «〈نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى〉 دا بەلگىلەنگەن گۇۋاھنامە ئالغان ئەر - خوتۇنلارنىڭ پېنسىيە مۇكاپاتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى

بۇ ئۇقتۇرۇشنى ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى بىلەن كادىرلار نازارىتى بىرلىكتە تۈزۈپ، 2003 - يىل 7- ئاينىڭ 22 - كۈنى تارقاتتى. «نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى» نىڭ 4 - باب 28 - ماددا 2 - تارمىقىدا «ئەر - خوتۇنلار پېنسىيىگە چىققاندا ئۇلار تۇرۇشلۇق ئورۇن ھەرقايسىسىغا مائاشىنىڭ %5 ى بويىچە مۇكاپات پۇلى قوشۇپ بېرىدۇ ياكى ھەر قايسىسىغا بىر قېتىمدىلا 2000 يۈەندىن يۇقىرى مۇكاپات بېرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

بۇ بەلگىلىمىگە قارىتا «ئۇقتۇرۇش» تا مۇنداق تولۇقلىما چۈشەنچە بېرىلگەن: ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانلىق تۇغۇتقا

ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە «يالغۇز پەرزەنتلىك ئاتا - ئانىلار شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ۋە «پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان ئاتا - ئانىلار شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغان ئەر - خوتۇنلار قايسى ۋاقىتتا پېنسىيىگە چىقىشتىن قەتئىينەزەر يۇقىرىقى ماددىدا بەلگىلەنگەن مۇكاپاتتىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ. دۆلەتنىڭ سىياسەت خاراكتېرلىك بەلگىلىمىسى بويىچە مۇددەتتىن بۇرۇن پېنسىيىگە چىققانلار (مۇددەتتىن بۇرۇن ئىش ئورنىدىن ئايرىلغان، دەم ئېلىۋاتقانلار بۇنىڭ سىرتىدا)، خىزمەتتىن چېكىنگەن، كېسەل سەۋەبىدىن خىزمەتتىن چېكىنگەن ئەر - خوتۇنلار يۇقىرىقى ماددىدا بەلگىلەنگەن مۇكاپاتتىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ.

بەي يۇلىڭ

### 2002 — 2003 - يىللاردىكى «ئىككى گۇۋاھنامە» ئېلىش ئەھۋالى

| يىللار | جەمئىي | «يالغۇز پەرزەنتلىك ئاتا - ئانىلار شەرەپ گۇۋاھنامىسى» | «پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى» | گۇۋاھنامە ئېلىش نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|
| 2000 | 564461 | 454251 | 110210 | 17.20 |
| 2001 | 565785 | 451355 | 114430 | 16.97 |
| 2002 | 586155 | 467612 | 118543 | 17.20 |
| 2003 | 646723 | 508755 | 137968 | 18.45 |

### 2002 — 2003 - يىللاردىكى پىلانلىق تۇغۇت ئەھۋالى

| يىللار | نىكاھلانغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار | تۇغۇت چەكلەش تەدبىرى قوللانغانلار | ئۇنىۋېرسال تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى (%) | كېچىكىپ نىكاھلىنىش نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|
| 2000 | 3282337 | 2714695 | 82.71 | 83.94 |
| 2001 | 3335050 | 2750286 | 82.47 | 82.61 |
| 2002 | 3408436 | 2800945 | 82.18 | 80.59 |
| 2003 | 3505538 | 2876426 | 82.05 | 77.79 |

بەي يۇلىڭ

## ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋە شتات باشقۇرۇش

### ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتىنىڭ يىغىنى

بۇ يىغىن 2003 - يىلى 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئاپپارات شتاتى خىزمىتىدە مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش باشقۇرۇش ۋە دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەقىقىي ئاقىدىغان تەدبىر ۋە چارىلارنى قوللىنىپ، ئاپپارات شتاتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش كېرەك. ئاپپارات شتاتىنى باشقۇرۇش بىلەن مالىيە خام چوتىنى باشقۇرۇشنى ئۆزئارا يۇرۇشلەشتۈرۈش ۋە ماسلاشتۇرۇشنىڭ چەكلەش مېخانىزمى ئۈستىدە ئىزدىنىش، ئاپپارات شتاتىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك. يىغىندا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىن مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەلىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتىنى باشتىن - ئاخىر ياخشى ئىشلەش تەلەپ قىلىندى. يېزا - بازار ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتىنى تاماملاپ بولمىغان ۋىلايەت، ئوبلاستلار سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋەزىپىسىنى ئىمكانقەدەر تېز ئورۇندىشى، ش ئۇ ئا ر شتات ئىشخانىسى يېتەكچىلىك، نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خادىملارنى تارقاقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، 2005 - يىلى خادىملارنى تارقاقلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، دەپ تەكىتلەندى.

شيې گۇاڭدې، لەي شىڭ

### ئاپپارات شتاتىنى باشقۇرۇش

2003 - يىل 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ئىشخانىسى مالىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى تارقاتقان [2003] 51 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ روھىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا دائىر ئىشلار توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. «ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: بىرىنچى، ئاپپارات شتاتىنى باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، مالىيەدىن بىر تۇتاش مائاش تارقىتىلىدىغان ئورۇنلاردىكى خادىملارنىڭ ئېشىپ كېتىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش لازىم. ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىن بىر تۇتاش مائاش بېرىلىدىغانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلىدىغان يېڭىدىن كۆپەيگەن خادىملارنى شتات ئىچىدە قاتتىق تىزگىنلەش لازىم. شتاتى تولۇق، شتاتى ئېشىپ كەتكەن ئورۇنلارنىڭ ئادەم ئېلىشىغا بىردەك رۇخسەت قىلىنمايدۇ. جايلار ۋە تارماقلار ئۆز ئالدىغا شتاتنى كۆپەيتىۋالغان، ئورۇننىڭ خاراكتېرىنى ۋە پۇل ئاجرىتىش شەكلىنى ئۆزگەرتىۋالغان، شتاتتىن ئاشۇرۇپ يېڭىدىن ئادەم ئالغان بولسا، ئۇنى ئاپتونوم رايون بىردەك ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئىككىنچى، جايلار ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىن بىر تۇتاش مائاش تارقىتىلىدىغانلار دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن خادىملارنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش ۋە تەستىقلىتىش تەرتىپىنى قاتتىق ئۆلچەملەشتۈرۈشى كېرەك. ئومۇمەن جايلار مالىيەدىن بىر تۇتاش مائاش تارقىتىلىدىغان يېڭىدىن كۆپەيگەن خادىملارنى ئاپتونوم رايونغا مەلۇم قىلىشتا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى تارقاتقان [2003] 51 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە بەلگىلەنگەن تەلەپ ۋە ۋاقىت بويىچە مەلۇم قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئاپپارات شتاتى تارماقلىرى ئاپپارات شتاتى ۋە ئەمەلىي ئادەم سانىنى ھەقىقىي تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ھەمدە مالىيە، كادىرلار ئىشلىرى تارماقلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر دەرىجە يۇقىرى ئاپپارات شتاتى، مالىيە، كادىرلار ئىشلىرى تارماقلىرىغا مەخسۇس دوكلات يېزىشى، يېڭىدىن كۆپەيگەن خادىملار ئەھۋالى تىزىملانغان جەدۋەلنى ھەمدە ئالاقىدار ھۆججەت، ماتېرىياللارنى قوشۇپ يوللىشى كېرەك. ئۈچىنچى، جايلار، تارماقلارنىڭ ئاپپارات شتاتى ۋە ئەمەلىي ئادەم سانىدىكى ئۆزگىرىشنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردا «ئاپپارات شتاتىنى باشقۇرۇش كىنىشكىسى» مەشغۇلات ھېسابات دەپتىرى تۇرغۇزۇش، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئاپپارات شتاتىنى

بىرىم يىلدا بىر مەلۇم قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك. ئۈچىنچى، «ئاپپارات شتاتىنى باشقۇرۇش كىنىشكىسى» تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئالاقىدار مۇجەجەتلەردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن بىر تۇتاش مائاش تارقىتىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلسۇن ياكى كىرگۈزۈلمىسۇن، «ئاپپارات شتاتىنى باشقۇرۇش كىنىشكىسى»نى بېجىرمىگەن بولسا، ئاپپارات شتاتى تارماقلىرى ئۇلارغا ئالاقىدار ئاپپارات شتاتى كەسپىنى بېجىرىپ بەرمەيدۇ، مالىيە تارماقلىرى خادىملار مائاشى ۋە ئىش خىراجىتى تارقاتمايدۇ.

شيې گۇاڭدې، لەي شىڭ

## كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىسلاھاتى

ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ئىشخانىسى ئاپپارات ۋە كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى بويىچە سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 12 كەسپىي ئورۇننىڭ ئىسلاھات ئەھۋالىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، 2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سانجى شەھىرىدە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. سانجى ئوبلاستى بىلەن بايىنغولىن ئوبلاستى ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى سىناق نۇقتىسى قىلىندى.

شيې گۇاڭدې، لەي شىڭ

## كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتى

2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي ئورۇن 27 مىڭ 479غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇنىي ئىگىسى تىزىملاش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئورۇن 13 مىڭ 150، تىزىملانغىنى 11 مىڭ 925، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 548، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىكى 11 مىڭ 377، تىزىملىتىش نىسبىتى %90.6 بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تىزىملانغان 2 - تۈردىكى كەسپىي ئورۇن 11. 2003 - يىل 4 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ قانۇنىي ئىگىلىرىنى 2002 - يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن بۇرۇن تەستىقلىتىپ تىزىملاتقان كەسپىي ئورۇننىڭ قانۇنىي ئىگىسى 9793، بۇنىڭ ئىچىدە يىللىق تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغان ئورۇن 9364 بولۇپ، يىللىق تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي سانىنىڭ %95.6 ىنى؛ لاياقەتسىز ئورۇن 238 بولۇپ، %2.4 نى ئىگىلىدى؛ قوشۇۋېتىشكە، ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا، باشقا ئورۇنلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە، رويخەتتىن ئۆچۈرۈشكە تېگىشلىك بولۇپ يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمىگەن ئورۇن 191؛ بۇنىڭ ئىچىدە يىللىق تەكشۈرۈلىدىغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇن 419، يىللىق تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغان ئورۇن 402، يىللىق تەكشۈرۈش نىسبىتى %95.6. لاياقەتسىز ئورۇن 6، بۇنىڭ ئىچىدە قوشۇۋېتىشكە، ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا، ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە، رويخەتتىن ئۆچۈرۈۋېتىشكە تېگىشلىك بولۇپ، يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمىگەن ئورۇن 11، يىللىق تەكشۈرۈشتە لاياقەتسىز بولغان ئورۇنلار ئۈستىدە بىر تەرەپ قىلىش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دۆلەت كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئىدارىسىغا يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ خۇلاسىسى يوللاندى.

شيې گۇاڭدې، لەي شىڭ

## ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ شتاتىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتى

2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئاپپارات شتاتىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»نى تارقاتتى. مائارىپ نازارىتى، كادىرلار نازارىتى، ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ئىشخانىسى مالىيە نازارىتى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى بىرلىكتە «ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى يېڭىدىن كۆپەيگەن ئوقۇتقۇچىلارنى توختام بويىچە تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ باشقۇرۇش ھەققىدىكى پىكىر» (سىناق نۇسخا) نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە يېڭىدىن كۆپەيگەن بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى توختام بويىچە تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان ئوبيېكتلار تەكلىپ قىلىنىشتىن ئىلگىرى، تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش مەزگىلىدە ۋە خىزمەتتىن بوشىتىلغاندىن كېيىن سالاھىيەت چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ ھەم سالاھىيەت بىلەن باغلانمايدۇ. ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ئىشخانىسى مالىيە، مائارىپ قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە قەشقەر، كورلىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئاپپارات شتاتىنى باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ۋىلايەتلەرنىڭ كېيىنكى قەدەمدە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ

مەكتەپلەرنىڭ ئاپپارات شتاتىنى باشقۇرۇشنى كونكرېت تەشكىللەش يولغا قويۇش خىزمىتىنى يولغا قويۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

شيې گۇاڭدې، لەي شىڭ

# كادىرلار خىزمىتى

## ئىختىساسلىقلارنىڭ يېتىشتۈرۈلۈشى ۋە ئىختىساسلىقلار بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

2003 ـ يىلى كادىرلار نازارىتى ئاپتونوم رايون بويىچە چوڭ تىپتىكى ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى 2 قېتىم ئاچتى، يىغىنغا 446 ئورۇن قاتنىشىپ، 10 مىڭ 950 ئورۇن بىلەن تەمىنلىدى، خىزمەت ئىزدىگۈچىلەر 23 مىڭ 851 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. 81 قېتىم مەخسۇس تەكلىپ قىلىش يىغىنى ۋە ئىختىساسلىقلار بازىرى ئۆتكۈزۈشتۈردى، بۇنىڭغا خادىم تەكلىپ قىلىدىغان 4665 ئورۇن قاتنىشىپ 36 مىڭ 32 ئورۇن بىلەن تەمىنلىدى، خىزمەت ئىزدىگۈچىلەر 88 مىڭ 521 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. بىر يىلدا 1023 ۋاكالەتچى كۆپەيدى، كەسپىي ئىچىدىكى ۋەزىپىسى بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش سالاھىيىتىنى ۋە كەسپىي سالاھىيىتىنى باھالاشقا 1600 كىشى يوللاندى ۋە ئۇلاردىن كەسپىي سالاھىيەت، ئىنگلىز تىلى، كومپيۇتېردىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى سىناش ئىمتىھانى ئېلىندى، 30 ئادەمنىڭ چەت ئەلگە چىقىش يۈزىسىدىن سىياسىي تەكشۈرۈش رەسمىيىتى بېجىرىلدى. ئىختىساسلىقلار ۋاستىچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيىتى، ماركىتىنىڭ باشقۇرۇش، تىجارەت باشقۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك كەسپلەر بويىچە 17 قارار كۇرس ئېچىلىپ، 760 كىشى تەربىيىلەندى. ئۈچ تۈرى قۇرۇلۇشنىڭ قەدىمى تېزلەشتى، تور بېكىتىگە ئەزا ئورۇندىن 534ى، شەخسىي ئەزادىن 15 مىڭى كۆپەيدى، تور ئارقىلىق ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى 2 قېتىم ئېچىلىپ، 4786 تەكلىپ قىلىش ئۇچۇرى ئېلان قىلىندى. قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى تىجارەت ئورنى قاتارلىق 5 پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىغا 257 ئىختىساسلىق خادىم ئەۋەتىلدى. ئىختىساسلىقلار ۋاستىچىلىك كەسپىي سالاھىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، 390 كىشى ئىختىساسلىقلار ۋاستىچىسى ياكى مەسئۇل ۋاستىچى كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئالدى. كادىرلار نازارىتى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، كارخانا خىزمىتى كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ش ئۇ ئا ر تىجارەت باشقۇرغۇچىلارنى باھالاپ تونۇشتۇرۇش مەركىزى قۇردى، شىمالىي شىنجاڭ ئىقتىسادىي رايونى مەركىزىي ئىختىساسلىقلار بازىرى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ئىقتىسادىي رايونى مەركىزىي ئىختىساسلىقلار بازىرى قۇرۇشنى پىلانلىدى. شىنجاڭ ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، ساھەلەرنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

چې يۇڭفۇ

## يۇقىرى قاتلام ئىختىساسلىقلار ۋە جىددىي ئېھتىياجلىق ئىختىساسلىقلار مەنبىيىنى ئېچىش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى كادىرلار نازارىتى يۇقىرى قاتلاملىق ئىختىساسلىقلار ۋە جىددىي ئېھتىياجلىق ئىختىساسلىقلار مەنبىيىنى ئېچىش سالمىقىنى ئاشۇردى. يېڭىدىن 4 پوستدوكتور كۆچمە پونكىتى، 2 پوستدوكتور خىزمەت پونكىتى كۆپەيتىپ قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە پوستدوكتور كۆچمە پونكىتى ۋە خىزمەت پونكىتى 21گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پوستدوكتور كۆچمە پونكىتى 7، بۇلار: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا كەسپى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى چارۋىچىلىق ئىلمى كەسپى، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى كىلىنىكىلىق تىببىي ئىلمى كەسپى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ھازىرقى زامان ئىقتىساد ئىلمى كەسپى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات كەسپى، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاممىۋى گىگىنا ۋە مۇداپىئە تىبابەتچىلىكى كەسپى، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دورىگەرلىك كەسپى؛ پوستدوكتور خىزمەت پونكىتى 14، بۇلار: شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى، شىنجاڭ نېفىت شىركىتى، شىنجاڭ ۋېيشىدا بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ تارىم نېفىتلىكى شىركىتى، شىنجاڭ «تۇنخې» مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «جىنشىن» ھاۋالە مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ كورلا نەشپۈتى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ جۇڭگو رەڭلىك پاختا (گۇرۇھى) پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ تەڭرىتاغ سېمونتى پاي چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو نېفىت خىمىيە شىنشىڭ غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، شىنجاڭ «تۇنخې» سانائەت - سودا چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسپلەر تەرەققىيات رايونى. پونكىتتىكى پەن تەتقىقات خادىمى 42. 2002 - يىللىق ھۆكۈمەت ئالاھىدە ياردەم بېرىدىغان مۇتەخەسسىسلەرگە

ۋە «يېڭى ئەسىردىكى مىليونلىغان ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشى»غا بىرىنچى ۋە ئىككىنچى باسقۇچلۇق نامزات تاللاپ تونۇشتۇرۇش خىزمىتى تەشكىللىك قانات يايدۇرۇلدى، 2003- يىلى شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى خالمۇرات غوپۇر مەملىكەت بويىچە چەت ئەلدە ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. 2 - تۈركۈمدىكى 2. قارارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا ياش، ياش پەن - تېخنىكا تالانتلىرىنى ئالاھىدە تەربىيىلەش خىزمىتى داۋاملىق ياخشى ئىشلەندى، تەربىيىلەش ئورۇنلىرى كەمەلىيلىشىپ، ئالاھىدە تەربىيىلەش يوللىرى كېڭەيتىلدى. مەملىكەت بويىچە چەت ئەلدە ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن خادىملارنىڭ پەن تەتقىقات ئىشىغا مەبلەغ ياردەم بېرىش تۈرىدىن 15ى يوللاندى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقتا دائىر تۈر 6، چارۋىچىلىقتا دائىر تۈر 2، ماشىنىسازلىقتا دائىر تۈر 2، تېبابەتچىلىككە دائىر تۈر 4، مۇھىت ئاسراشقا دائىر تۈر بىر. ۋىلايەت، ساھەلەرنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كەسپىي تەربىيىلەش ماھارەت كۇرسلىرىغا 2000 كىشى قوبۇل قىلىندى.

چى يۇڭفۇ

## داۋاملىق تەربىيە

2003 - يىل 2 - ئايدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەش بەلگىلىمىسى» تارقىتىلىپ يولغا قويۇلدى، كادىرلار نازارىتى يۈرۈشلەشمە چارىدىن 5 نى تۈزۈپ چىقىپ، «ئاپتونوم رايونىنىڭ 2003 - يىلدىن 2005 - يىلغىچە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەش پىلانى پروگراممىسى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. بىر يىلدا كەسپىي تېخنىكا خادىمدىن 40 مىڭ ئادەم (قېتىم) داۋاملىق تەربىيىلىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

چى يۇڭفۇ

## مەمۇرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى كادىرلار نازارىتى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ناھىيىدىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا كىرىشتە بېرىدىغان مەمۇرلار سالاھىيەت ئىمتىھانىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئاپتونوم رايونىنىڭ سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، ج خ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى، دۆلەت بېجى سىستېمىسى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىگە مەمۇرلارنى جەمئىيەتتىن ئاشكارا ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئۇيۇشتۇردى، ناھىيىدىن تۆۋەن ئاساسىي قاتلام سودا - سانائەت تارماقلىرىغا 434 مەمۇر قوبۇل قىلىندى. ئاپتونوم رايونىنىڭ تىببىي دورا نازارەتچىلىك سىستېمىسى، سۇپەت نازارەتچىلىك سىستېمىسىغا يۆتكەلگەن 137 كىشىنىڭ مەمۇرلۇققا قوبۇل قىلىنىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايونىنىڭ دورا نازارەتچىلىك سىستېمىسى ۋە سۇچىلىق نازارىتى، تىل-يېزىق كومىتېتى قاتارلىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار قارمىقىدىكى مەمۇرلار تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلىدىغان كەسپىي ئورۇنلارنىڭ خادىملىرىغا مەمۇرلۇققا ئۆتۈشنى تەستىقلاش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە ئاقسۇ، سانجى، قۇمۇل قاتارلىق 6 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى مەمۇرلار تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلىدىغان كەسپىي ئورۇنلار ئېنىقلاپ تەكشۈرۈلدى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك، شەھەرلىك كادىرلار ئىدارىسىنىڭ 100 باشلىقى شەرقىي، غەربىي قىسىم مەمۇرلىرىنى سىستېمىلار بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتۇرۇلدى؛ مەمۇرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش بويىچە 4 قارار كۇرس ئېچىلىپ، 160 كىشى تەربىيىلەندى؛ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلاردىكى كادىرلار ئىشلىرىغا مەسئۇل كادىرلارنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسىدىن بىر قارار ئېچىلىپ، 71 كىشى تەربىيىلەندى. كادىرلار خىزمىتى ئىشلەيدىغان 44 كادىر كادىرلار مىنىستىرلىكى ئالىي مەمۇرلارنى تەربىيىلەش مەركىزى شىنجاڭ، چىڭداۋدا ئاچقان كادىرلار خىزمىتى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار كومىتېتى قاتارلىق ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ ۋە تىببىي دورا نازارەتچىلىك سىستېمىسىنىڭ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىدارىلىرىنىڭ غەيرىي رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى تەسىس قىلىش لايىھىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ باشقارما دەرىجىلىكتىن تۆۋەن غەيرىي رەھبەرلىك ۋەزىپىسىدىكىلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى، ئاپتونوم رايونىنىڭ تۈرمە، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش سىستېمىسىنىڭ غەيرىي رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى تەسىس قىلىش نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونىنىڭ مالىيە، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئورمانچىلىق قاتارلىق سىستېمىلىرى بىلەن بىرلىكتە، مەمۇرلارنى تەقدىرلەش - مۇكاپاتلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئۆلكە - مىنىستىرلىك دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان 16 كىشىنىڭ مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن مائاشىنى ئۆستۈرۈش رەسمىيىتى بېجىرىلدى.

چى يۇڭفۇ

## كادىرلار ئىشلىرى بويىچە ئىمتىھان ئېلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى كادىرلار نازارىتى تۈرلۈك كادىرلار

ئىشلىرى بويىچە 29 مەيدان ئىمتىھان تەشكىللىدى، ئىمتىھانغا 91 مىڭ 560 ئادەم (قېتىم) تىزىملاتتى، ئىسپاتلاش سوئالى ۋە ھۆكۈم قىلىش سوئالى 71 يۈرۈش، تەرجىمە قىلىنغان ئىمتىھان قەغىزى 4 يۈرۈش، ھەر خىل ئىمتىھان قەغىزىدىن 47 مىڭ 420 نۇسخا باستۇرۇلدى، 17 مىڭ 185 نۇسخا ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرۈلدى، 65 مىڭ ۋاراق كارتا ئوقۇلدى. كۆچ تەشكىللەپ كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بويىچە خەنزۇ تىلى ئىمتىھانىنىڭ كونسۇلتاتسىيە دەرسلىكىدىن 1500 نۇسخا تەرجىمە قىلىپ باستۇرۇلدى. «ئۇچتە ئاشكارا بولۇش، بىرنى نازارەت قىلىش» تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، ئىمتىھانىنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسى ئاشۇرۇلدى، 168 ئۇچۇر سۈرۈشتۈرۈش ئىستانسىسى ئارقىلىق ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىندى، تور، گېزىت قاتارلىق ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، كادىرلار ئىشلىرى ئىمتىھانىنىڭ ئۇچۇرلىرى ئېلان قىلىنىپ، توردا مۇلازىمەت قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

چې يۈگىڭ

## ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومىلارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 65 مىڭ. پېداگوگىكا تۈرىدىن باشقا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 44 مىڭ 519، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى6987، مەخسۇس كۇرسىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 7411، ئالىي كەسپىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 5021، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 19 مىڭ 500، ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 5600. كادىرلار نازارىتى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ۋە يېزا-ئىگىلىك كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىشىغا ئىلھام بەردى؛ مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئاساسىي قاتلامغا ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 - سېپىگە يۈزلىنىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكلىدى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىشىگە ياكى جانلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ئىلھام بەردى؛ ئۆلكە ئاتلاپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا يول قويدى. كەسىپ تاللاش مۇددىتى 3 يىلغا ئۇزارتىلدى، مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا كوللېكتىپ نوپۇسى تۇرغۇزۇلدى، مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار كادىرلار ئارخىپىنى باشقۇرۇش، ئىستاژىنى قوشۇپ ھېسابلاش، ئىختىساسلىقلارنى باھالاش قاتارلىق ئىجتىمائىيلاشقان كادىرلار ئىشلىرى ۋاكالەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەندى. يىل بېشىدا ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە مەخسۇس تەكلىپ قىلىش يىغىنى ھەمدە 6 قېتىم كىچىك تىپتىكى كەسىپلەشكەن تەكلىپ قىلىش يىغىنى ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر دەرىجىلىك ئىختىساسلىقلار بازىرىدا مەخسۇس كۆزنەك تەسىس قىلىندى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇچۇرلىرىنى توپلاش ۋە ئېلان قىلىش تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئىختىساسلىقلار بازىرى تەمىنلىگەن ئىش ئورنى ئۇچۇرلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، قەرەللىك ھالدا تۈرلۈك ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدا ئېلان قىلىندى؛ ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئىقتىدار جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋە بىكىتۈەنگە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى پائال ياخشى ئىشلەندى؛ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، «ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى يېتەكچى» ناملىق كىتاب تەھرىرلەندى.

چې يۈگىڭ

## كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى كادىرلار نازارىتى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بويىچە ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى ئۆلچەملەشتۈردى، باھالاش بىلەن تەكلىپ قىلىشنى ئايرىۋېتىش يادرو قىلىنغان ئۇنۋان باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تۇرغۇزدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، ئالىي كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىگە تەيىنلەش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغانلارنى ئېلان قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈردى. رويخەتكە ئېلىنغان ئېلېكتر ئىنژېنېرى، رويخەتكە ئېلىنغان جامائەت ئۈسكۈنىلىرى ئىنژېنېرى، رويخەتكە ئېلىنغان خىمىيە سانائىتى ئىنژېنېرلىرىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيىتى تۈزۈمىنى پائال يولغا قويدى. مۇناسىۋەتلىك نازارەت، ئىدارىلەر بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى، ئادۋوكاتلىق، نەشرىياتچىلىق، سەھىيە، بوغالتىرلىق قاتارلىق 24 سىستېما (كەسىپ) بويىچە كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىش سالاھىيىتىنى باھالاش شەرتلىرى تۈزۈتۈپ چىقىلدى. ستاتىستىكا، تەنتەربىيە، سەنئەت قاتارلىق 22 سىستېمىنىڭ ئىش ئورنى قۇرۇلما نىسبىتى تۈزۈتۈپ چىقىلدى. دۆلەتنىڭ 2003 - يىللىق چەت ئەل تىلى لاياقەت ئۆلچىمىنى ئېلان قىلىش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى

سىستېمىلىرىدىكى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بويىچە چەت ئەل (خەنزۇ) تىلى ئىمتىھان نەتىجىسىنى باھالاشنىڭ لاياقەت ئۆلچىمى تۈزۈپ چىقىلدى. كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ كومپيۇتېر ئىشلىتىش ئىقتىدارى ئىمتىھانى يولغا قويۇلدى.

چى يۈڭفۇ

## ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچىلارنى دەرىجە بويىچە سىناپ باشقۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى كادىرلار نازارىتى ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىكى 10 مىڭ 601 تېخنىك ئىشچىنى تەربىيىلەپ سىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئىشچى 3137، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىشچى 4110، ئالىي دەرىجىلىك ئىشچى 2993، تېخنىك 361. ئاپتونوم رايون بويىچە ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىكى 12 مىڭ 922 تېخنىك ئىشچى كەسپىي ئەخلاقتىن ئېلىنغان بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ تىلىدا ئىمتىھان بەرگەنلەر 8503، ئۇيغۇر تىلىدا ئىمتىھان بەرگەنلەر 4419.

چى يۈڭفۇ

## چەت ئەللەردىن ئەقلىي بايلىق كىرگۈزۈش ئەھۋالى

2003 - يىلى كادىرلار نازارىتى پىلان ئىچىدىكى مۇتەخەسسىسلەر تۈرىدىن 50 (71 ئادەم - قېتىم) نى، يېزا ئىگىلىكىدە ئەقلىي بايلىق كىرگۈزۈپ كېڭەيتىش تۈرىدىن 3نى، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى تۈرىدىن 6 (26 ئادەم- قېتىم) نى، يۇمشاق دېتال تولۇقلاشتۇرۇلغان توك يولى تۈرىدىن 2 (4 ئادەم - قېتىم) نى، مەدەنىيەت، مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرى تۈرىدىن 2 (14 ئادەم - قېتىم) نى، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق تۈرىدىن 2 (14 ئادەم - قېتىم) نى ئىجرا قىلدى. چەت ئەلگە چىقىرىپ تەربىيىلەش تۈرىدىن 32 (248 ئادەم - قېتىم) نى ئىجرا قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي رايون يېزا - بازار باشلىقلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا 70 ئادەم (قېتىم)، تەستىقلاش تۈرىگە 42 ئادەم (قېتىم)، تەكشۈرۈپ بېكىتىش تۈرىگە 83 ئادەم (قېتىم)، ئەنگە ئېلىش تۈرىگە 40 ئادەم (قېتىم)، باشقا تۈرلەرگە 13 ئادەم (قېتىم) چىقىرىلدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەقلىي بايلىق كىرگۈزۈش ئۈلگە بازىسىدىن 13ى قۇرۇلدى. سايرام كۆلى سوغاق سۇدا بېلىق بېقىش بازىسى دۆلەت دەرىجىلىك ئەقلىي بايلىق كىرگۈزۈش ئۈلگە بازىسى قىلىندى ھەمدە قۇرۇلدى. ئىچكىرى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن پىششىق تېخنىكا ۋە يېڭى تۈرلەردىن پايدىلىنىپ، «ئىككىلەمچى كىرگۈزۈش» خىزمىتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، كىرگۈزۈپ كېڭەيتىلىدىغان يېڭى تېخنىكا، يېڭى سورت كىرگۈزۈپ كېڭەيتىش تۈرىدىن 15ى تاللاندى. ئېلېكتىرونلۇق ھۆكۈمەت ئىشلىرى ئۇچۇر قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى، 6 - ئايدا شىنجاڭ خەلقئارا ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ مۇلازىمەتچى تور بېكىتى قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. سانجى، ئىلى، قەشقەردە ئەقلىي بايلىق كىرگۈزۈش كادىرلىرىنىڭ كەسپىي كۇرسى ئېچىلىپ، 170 كىشى تەربىيىلەندى.

چى يۈڭفۇ

## كادىرلارنى پىلانلىق باشقۇرۇش

2003 - يىلى كادىرلار نازارىتى ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردا خادىملارنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق ۋە چىڭ تىزگىنلىدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 860 نەچچە ئورگان، كەسپىي ئورۇن ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ 2002 - يىللىق «مائاش فوندىنى باشقۇرۇش قوللانمىسى»نى ئالماشتۇرۇپ تارقىتىش خىزمىتىنى تاماملىدى ھەمدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگان، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مائاش فوندىنى پەسىل، ئاي بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ قۇردى، 9 ۋىلايەت، ئوبلاست يۇقىرىغا مەلۇم قىلغان 6023 يېڭىدىن كۆپەيگەن خادىمنىڭ ماتېرىيالىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. مالىيە نازارىتى، شتات تارمىقى بىلەن بىرلىكتە خادىملار پىلانىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى، ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. مالىيە نازارىتى، ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ئىشخانىسى، سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى بىلەن بىرلىكتە «مالىيەدىن بىر تۇتاش تارقىتىلىدىغان مائاشنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمە»نى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە بۇنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى ئارقىلىق تۆۋەنگە تارقاتتى. مالىيە نازارىتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ياشانغان كادىرلار ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە ئىلى ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى مەكتەپ، دوختۇرخانىلاردىن يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن (دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئازكەم 6000 كىشىنىڭ سالاھىيىتى، ئىستاژى، ئارخىپىنى تەكشۈردى.

چى يۈڭفۇ

## كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى

2003 - يىلى كادىرلار نازارىتى كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پائال پۇختا ئىلگىرى سۈردى. سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ئورۇنلار ۋە خەلقئارا كۆرگەزمە

مەركىزى، ياشانغانلار ساغلاملىق گېزىتى، بوغالتىر تەربىيىلەش مەركىزى، تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى ئۆسمە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، تەكلىپ قىلىنمىغان خادىملارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى ئاشۇردى. سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ئورۇنلارنىڭ ئىچكى كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئىلھام بەردى ھەمدە نۇقتىدا سىناق قىلىش دائىرىسىنى تەدرىجىي كېڭەيتتى. ماائارىپ نازارىتى بىلەن بىرلىكتە «ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە يېڭىدىن كۆپەيگەن ئوقۇتقۇچىلارنى توختام بويىچە تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ باشقۇرۇش ھەققىدىكى پىكىر (سىناق نۇسخا)»نى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە يولغا قويدى. «ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمى ھەققىدىكى بەلگىلىمىسى» قاتارلىق ئىسلاھاتنىڭ يۈرۈشلەشمە قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقتى، «ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش پىكرى» ۋە «كەسپىي ئورۇنلاردا خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش چارىسى»، «كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تەقسىمات تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا دائىر يېتەكچى خاراكتېرلىك پىكىر» قاتارلىق يۈرۈشلەشمە سىياسەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈردى، بۇلار ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 15 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنىدا قاراپ چىقىلىپ پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللاندى.

چى يۈڭفۇ

## ماائاش، پاراۋانلىق خىزمىتى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىرىش خىزمىتى

2003 - يىلى كادىرلار نازارىتى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ خىزمەتتىكى خادىملىرىنىڭ ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ ماائاشىنى 2 يىلدا بىر قېتىم نورمال ئۆستۈرۈش ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى مەمۇرلارنىڭ دەرىجە ماائاشىنى 5 يىلدا بىر قېتىم ئۆستۈرۈشنى ئەستىقلاش، نەقلەشتۈرۈش خىزمىتىنى تاماملىدى. ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە جايلاردىكى يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىستانسا - پونكىتلىرىنىڭ جاپالىق تۇر ئايرىمىسى ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە يېڭىدىن قۇرۇلغان يەرلىك يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىستانسا - پونكىتلىرىنىڭ جاپالىق تۇر ئايرىمىسى توغرىسىدا تەستىق چۈشۈردى. ماائاش باشقۇرۇش يۇمشاق دېتالى كەڭ قوللىنىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ئورگان، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ 2002 - يىللىق ماائاشىنى ستاتىستىكىلاش خىزمىتى تاماملاندى. 2003 - يىلى ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خادىملارنىڭ ماائاش ئۆلچىمىنى تەڭشەش ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ دەم ئېلىش، پېنسىيە خىراجىتىنى كۆپەيتىش خىزمىتى تاماملاندى. ئاپتونوم رايوندىكى ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خادىملارنىڭ نورمال پېنسىيىگە چىقىشى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئورگان خادىملىرىنىڭ مۇددەتتىن ئىلگىرى ئىش ئورنىدىن ئايرىلىشى، پېنسىيىگە چىقىشى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. ئاپتونوم رايوندىكى ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق تەمىناتى ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. كېسەل سەۋەبى بىلەن پېنسىيىگە چىققان، خىزمىتىدىن چېكىنگەن 289 كىشىنىڭ ماتېرىيالى باھالاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋاكالىتەن باھالىغان 105 ماتېرىيال تەكشۈرۈلدى، 201 كىشىنىڭ پېنسىيىگە چىقىشى، 11 كىشىنىڭ خىزمەتتىن چېكىنىشى تەستىقلاندى. ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن (ئىش ئۈستىدە) يارىلانغان 25 كىشىنىڭ ماتېرىيالى باھالاپ بېكىتىلدى، ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن (ئىش ئۈستىدە) ئۆلگەن بىر كىشى ئېتىراپ قىلىندى.

چى يۈڭفۇ

## ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى كادىرلار نازارىتى ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپ 2 - تۈركۈمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستىكى يېزا - بازارلارغا خىزمەتكە تاللانغان 592 ئوقۇغۇچىنى، 5 خىل ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 226 ئوقۇغۇچىنى ۋە 2002 - يىلى ھەربىيلىكتىن بوشىغان، چېكىنگەن 450 مۇنەۋۋەر جەڭچىنى تەربىيىلەش، تەقسىم قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. تاللانغان خادىملار شۇ يىلى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستىكى يېزا - بازارلارغا بېرىپ بولدى. ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن 3 - تۈركۈمدىكى 490 ئوقۇغۇچىنى، 5 خىل ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 200 ئوقۇغۇچىنى تاللاش خىزمىتىنى تاماملىدى. 2003 - يىلى ھەربىيلىكتىن بوشىغان 450 مۇنەۋۋەر جەڭچىنى تاللاش ۋە تەربىيىلەش خىزمىتىنى تاماملىدى. 2003 - يىلى

## كادىرلار ئۇچۇرچىلىقى

2003 ـ يىلى كادىرلار نازارىتى شىنجاڭ كادىرلار ـ ئىختىساسلىقلار ئۇچۇر تورىنى 3 ـ قېتىم ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى تاماملىدى، بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم كادىرلار كەسپىنى ۋە جەمئىيەتكە يۈزلەنگەن مۇلازىمەت تورىنى توردا بېجىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شىنجاڭ كادىرلار ـ ئىختىساسلىقلار ئۇچۇر تورىدا خىزمەت ئىزدەش ئۇچۇرىدىن 3600ى، تەكلىپ قىلىش ئۇچۇرىدىن 1140ى ئېلان قىلىندى، زىيارەت مىقدارى 760 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. دۆلەتنىڭ ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كەسپىي، كارخانا ئورۇنلىرىدىكى باشقۇرغۇچىلار، كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ستاتىستىكىلاش خىزمىتى تاماملاندى. كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى باشقۇرۇش يۇمشاق دېتالى، كومپيۇتېرنى قوللىنىش ئىقتىدارى ئىمتىھان سىستېمىسى، ھەربىيلىكتىن كەسپ ئالماشتۇرۇپ ئۆزلىرى كەسپ تاللايدىغان كادىرلارنى باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى ۋە بىر بېكەتلىك مۇلازىمەت تور سىستېمىسى ئېچىلدى. مائاش فوندىنى باشقۇرۇش يۇمشاق دېتالى بويىچە 18 قارار كۇرس ئېچىلىپ، 600 كىشى تەربىيىلەندى؛ كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى باشقۇرۇش يۇمشاق دېتالى بويىچە 3 قارار كۇرس ئېچىلىپ، 77 كىشى تەربىيىلەندى.

چى يۇڭفۇ




جۇڭگو شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار بازىرى 2003 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ۋۇسۇسكا يوپۇقىنى ئېچىپ ئىشقا كىرىشتى. سۈرەتتە كادىرلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى خۇ جيەنلياڭ يوپۇق ئېچىش مۇراسىمىدا تەبرىك سۆزى سۆزلىمەكتە.

سۈرەتنى كادىرلار نازارىتى تەمىنلىگەن.

## جۇڭگو شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار بازىرى قۇرۇلدى

كادىرلار مىنىستىرلىكى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە قۇرغان دۆلەت دەرىجىلىك جۇڭگو شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار بازىرى 2003 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ۋۇسۇسكا يوپۇقىنى ئېچىپ ئىشقا كىرىشتى. كادىرلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى خۇ جيەنلياڭ، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار بازىرى يېتەكچىلىك كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ جىنشياڭلار تەبرىك سۆزى قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى جۇڭگو شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار بازىرى يېتەكچىلىك كومىتېتى 1 ـ قېتىملىق يىغىن ئاچتى، يىغىندا «جۇڭگو شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار بازىرىنىڭ نىزامنامىسى» ۋە «جۇڭگو شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار بازىرىنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى.

چى يۇڭفۇ

## كادىرلار ئىشلىرى تالاش ـ تارتىشلىرىنى كېسىم قىلىش ئەھۋالى

2003 ـ يىل 4 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ش ئۇ ئا ر كادىرلار ئىشلىرى تالاش ـ تارتىشلىرىنى كېسىم قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى. بىر يىلدا كادىرلار ئىشلىرى تالاش ـ تارتىشلىرىنى كېسىم قىلغۇچىلارنىڭ 4 قارار كۇرسى ئېچىلىپ، 160 كىشى تەربىيىلەندى.

چى يۇڭفۇ

# ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت

## ئەمگەك ئىشلىرى

### ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك - كاپالەت تارماقلىرى 370 مىڭ 900 كىشىنى (يەرلىك 289 مىڭ 400 كىشىنى، بىڭتۇەن 81 مىڭ 500 كىشىنى) ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ ئىشسىز بولۇپ قالغان 176 مىڭ 500 كىشى (بىڭتۇەننىڭ 54 مىڭ ئادىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، بۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار سانىنىڭ %47.58 نى تەشكىل قىلىدۇ. شەھەر - بازارلاردا ئىشسىز دەپ روييخەتكە ئېلىنغانلارنىڭ نىسبىتى %3.8 بولدى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلارنى تۈرلەرگە ئايرىغاندا، ئاپتونوم رايون شەھەر - بازارلىرىدا يېڭىدىن ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەمگەك كۈچلىرىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 38 مىڭ 900، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشسىزلاردىن ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 176 مىڭ 500، ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 42 مىڭ 700، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 12 مىڭ 800، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىي سەپتىن قايتقانلاردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 6800، كارخانىلاردىن تارقاقلاشتۇرۇلغان خادىملار ئىچىدە ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئېشىپ قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 18 مىڭ 700، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىشسىز بولۇپ قالغانلاردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 74 مىڭ 500. ئىقتىسادىي تۈر بويىچە ئايرىغاندا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادىي ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 30 مىڭ 400، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 37 مىڭ 600، يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىك ھەم ئۈچ تەرەپ مەبلەغ سالغان ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 185 مىڭ 900، باشقا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 117 مىڭ، كەسىپلەر بويىچە ئايرىغاندا، 1 - كەسىپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 39 مىڭ 600، 2 - كەسىپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 84 مىڭ 800، 3 - كەسىپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 246 مىڭ 500. كەسىپكە ئورۇنلاشتۇرۇش شەكلىدىن ئايرىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 138 مىڭ 700، جانلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 232 مىڭ 200. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئەمگەك كۈچلىرىدىن سىرتلارغا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 356 مىڭ 965، سىرتتىن كەلگەن ئەمگەك كۈچلىرىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 571 مىڭ 576، چەت ئەللەرگە چىقىپ ئىشقا ئورۇنلاشقىنى 2614.

خۇاڭ يۈەن

### دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندا «قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئېتىبار بېرىش گۇۋاھنامىسى» نى ئېلىش شەرتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشسىز 217 مىڭ (بىڭتۇەندىكى 50 مىڭ كىشىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، گۇۋاھنامە ئالغىنى 201 مىڭ 800 (بىڭتۇەندىكى 34 مىڭ 800 كىشىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، گۇۋاھنامە تارقىتىش نىسبىتى %93 كە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ گۇۋاھنامە تارقىتىش نىسبىتى %100 كە يەتتى). ئاپتونوم رايون بويىچە مەھەللىلىك (يېزا - بازارلىق)، ئولتۇراق رايونلۇق ئەمگەك كاپالەت ئاپپاراتىدىن 2140 ى قۇرۇلدى، مەھەللە باشقارمىسى (نۇقتىلىق بازار)، مەھەللىلەردە قۇرۇش نىسبىتى %100 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەھەللىلىك ئەمگەك كاپالەت خىزمەت ئاپپاراتى 135، يېزا - بازارلىق ئەمگەك كاپالەت خىزمەت ئاپپاراتى 331، مەھەللە ئەمگەك كاپالەت خىزمەت پونكىتى 1674. بۇلارغا مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان 3131 خادىم سەپلەپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەيدىغىنى %87 نى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە كاپالەت فوندى تەسىس قىلىنىپ، 116 مىليون يۈەن كاپالەت فوندى يىغىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۇەننىڭ يىغقىنى 15 مىليون يۈەن. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئاز

مىقدارلىق كاپالەت قەرز پۇلى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 2452 خادىم ئاز مىقدارلىق كاپالەت قەرز پۇلى ئالدى، قەرز بېرىلگەن پۇل 38 مىليون 582 مىڭ يۈەن. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان 40 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشسىز 33 مىڭ 600 ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكتىكى ئىشسىز 19 مىڭ 800 بولۇپ، 18 مىڭ 500 ى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىسبىتى %93.3 كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئۈچۈن 9 مىليون 394 مىڭ يۈەن، ئىش ئورنى قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئۈچۈن 30 مىليون 13 مىڭ يۈەن، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن تەربىيىلەش قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئۈچۈن 37 مىليون 229 مىڭ يۈەن، ئىشقا تونۇشتۇرۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئۈچۈن 7 مىليون 764 مىڭ يۈەن، ئەمگەك كۈچى بازىرى قۇرۇلۇش پۇلى ئۈچۈن 33 مىليون 634 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئاممىۋى ئىشقا تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى 124 مىڭ 300 كىشىنى ھەقسىز ئىشقا تونۇشتۇردى، 240 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە كەسىپلەر بويىچە يېتەكچىلىك قىلدى.

خۇاڭ يۈەن

## كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتى 249 غا، خىزمەتچى 815 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەمگەك كاپالەت تارماقلىرىغا قارايدىغىنى 127. بىر يىل ئىچىدە رويخەتكە ئېلىپ تەكلىپ قىلىنغان ئادەم 247 مىڭ 650، خىزمەت تەلەپ قىلىپ تىزىملاتقىنى 315 مىڭ 370، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 111 مىڭ 642، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچى 22 مىڭ 666. كەسپىي سالاھىيەتكە ئىگە بولغىنى 35 مىڭ 536، كەسپىي يېتەكچىلىكنى قوبۇل قىلغىنى 172 مىڭ 644، تونۇشتۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغىنى 139 مىڭ 193 ئادەم (قېتىم).

خۇاڭ يۈەن

## كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 972 مىڭ 300 كىشى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشكە قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەنگەنلەر 413 مىڭ 800، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن تەربىيىلەنگەنلەر 441 مىڭ 100، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ باشقا كەسىپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بويىچە تەربىيىلەنگىنى 105 مىڭ 700، ئىگىلىك يارىتىش بويىچە تەربىيىلەنگىنى 11 مىڭ 700. 300 مىڭ 300 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىسبىتى %75 كە يەتتى؛ 6400 كىشىنىڭ ئىگىلىك يارىتىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %54.7 كە يەتتى، 13 مىڭ 300 كىشى بىۋاسىتە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

خۇاڭ يۈەن

## كەسپىي ماھارەتنى باھالاش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭ قۇرۇلۇش، مۇلازىمەت قاتارلىق 10 كەسىپتە كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا رۇخسەت قىلىش تۈزۈمىنى داۋاملىق يولغا قويدى، يىلدا 69 مىڭ 515 كىشى كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي ئىنستىتۇت، مەكتەپلەرنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئەنئەنىۋى كەسپىي ماھارەت بويىچە بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىنىپ، 22 مەكتەپنىڭ 27 خىل كەسىپتە ئوقۇغان 3919 ئوقۇغۇچىنىڭ كەسپىي ماھارىتى باھالاپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ تېخنىك ئىشچىلىق سالاھىيىتى بېكىتىلگىنى 708، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچىلىق سالاھىيىتى بېكىتىلگىنى 3211 بولۇپ، لاياقەتلىك نىسبىتى %98 كە يەتتى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي ماھارەتنى باھالاپ بېكىتىش مەركىزى 15 كە، كەسىپلەر بويىچە كەسپىي ماھارەتنى باھالاپ بېكىتىش، يېتەكچىلىك مەركىزى 20 گە، ئورنى 85 كە، پونكىتى 90 گە يەتتى ھەمدە ئارخىپ ئامبىرى قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە تېخنىكىلىق ئورنى بويىچە كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بارلار 490 مىڭ 800 گە يېتىپ كەسىپكارلارنىڭ تەخمىنەن %20.8 نى ئىگىلىدى.

خۇاڭ يۈەن

## يۇقىرى ماھارەتلىك خادىملارنى تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى شىنجاڭ نېفىت، خىمىيە سانائىتى، ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى، توقۇمىچىلىق، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، قاتناش، بىناكارلىققا ئوخشاش 7 تايانچ كەسىپ ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە كەسىپلەردە يۇقىرى ماھارەتلىك خادىملارنى تەربىيىلەش قۇرۇلۇشىنى باشلىدى،

يۇقىرى ماھارەتلىك خادىملارنى تەربىيىلەيدىغان 18 نۇقتىلىق ئاپپاراتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، 85 قارار يۇقىرى ماھارەتلىك كىشىلەرنى تەربىيىلەش تورىنى تەشكىللەپ ۋە يولغا قويۇپ، يېڭىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىدىن يۇقىرى ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلاردىن 12 مىڭنى تەربىيىلىدى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە تېخنىكا ماھارىتى تەلەپ قىلىدىغان ئورۇنلاردىكى كەسىپكار ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بار خادىم 80 مىڭدىن ئارتۇق، ئۇلار تېخنىكا ماھارىتى تەلەپ قىلىدىغان ئورۇندىكى كەسىپكارلارنىڭ %5.1 نى تەشكىل قىلىدۇ.

خۇاڭ يۈەن

## كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون كەپشەرلەش، ئاشپەزلىك، كومپيۇتېر قاتارلىق 16 ئىش تۈرى بويىچە 21 مىڭ كىشى قاتناشقان ئاپتونوم رايونلۇق كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسىنى ئۇيۇشتۇردى. خەن لىڭ، جاڭ جۈننى تاللاپ مەملىكەتلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتناشتۇردى، 2 ماھىر موم بىلەن گۈل بېسىش، جۇڭگوچە ئاشپەزلىك تۈرىدە مەملىكەتلىك مۇسابىقىدە 1 - لىككە ئېرىشتى ھەمدە مەملىكەتلىك تېخنىكا ماھىرى دېگەن نامغا ئېرىشتى. خەن لىڭ يەنە جۇڭگو كوماندىسىغا ۋەكىل بولۇپ ھىندىستانغا بېرىپ 6 - نۆۋەتلىك دۇنيا مېيىپلار كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ مۇنەۋۋەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. تاۋار تىجارەت خادىمى، توقۇمىچىلىق، ساياھەت، ياش ئىشچى، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش، سۇچىلىق، تۆمۈريول، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى رېمونتى قاتارلىق 10 مۇسابىقە رايونى، 86 ئىش تۈرى بويىچە 146 مىڭ كىشى قاتناشقان ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇسابىقىنى ئۇيۇشتۇردى. ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قومۇل، سانجى، بايىنغولىن، ئالتايدىن ئىبارەت 6 ۋىلايەت، ئوبلاست بويىچە 15 كەسپىي ئىش تۈرى بويىچە ئازكەم 30 مىڭ كىشى قاتناشقان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك مۇسابىقىنى ئۆتكۈزدى. بىر يىلدا 117 كەسپىي ئىش تۈرى بويىچە 197 مىڭ كىشى قاتناشقان كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى.

خۇاڭ يۈەن

## كارخانىلارنىڭ مائاش باشقۇرۇش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدا كارخانىلارنىڭ مائاش كىرىمى تەقسىمات تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1. كارخانىلاردا مائاش كىرىمى تەقسىماتىنى ماكرولۇق تەڭشەش سىستېمىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بەرپا قىلىندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون كارخانىلارنىڭ 2003 - يىللىق مائاش يېتەكچىلىك سىزىقىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە ئېلان قىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزە شەھەرلىرى، سانجى ئوبلاستى، تۇرپان ۋىلايىتى، بايىنغولىن، بورتالا ئوبلاستلىرى، خوتەن، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتى كارخانىلارنىڭ مائاش يېتەكچىلىك سىزىقى تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقتى؛ ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزە شەھەرلىرى، سانجى ئوبلاستى، تۇرپان، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى، بايىنغولىن، بورتالا، قىزىلسۇ ئوبلاستلىرى، قەشقەر ۋىلايىتى، كۈيتۇڭ شەھىرى ئەمگەك كۈچى بازىرى مائاش يېتەكچى باھا تۈزۈمىنى بەرپا قىلدى.

2. ئەڭ تۆۋەن مائاش كاپالەت تۈزۈمى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. 2003 - يىل 9 - ئايدا جەمئىيەتكە ئاپتونوم رايوننىڭ غەيرىي پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمى بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان خادىملارنىڭ سائەتلىك ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمى ئېلان قىلىندى. ئۈرۈمچىنىڭ ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمى ئېيىغا 400 يۈەن بولدى.

مائاشنى كوللېكتىپ مەسلىھەتلىشىش تۈزۈمى قۇرۇلۇشى پائال ئالغا سۈرۈلۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىدا مائاش تەقسىماتى جەھەتتىكى ھەل قىلغۇچ تەدبىر بەلگىلەشكە قاتنىشىش ھوقۇقى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلۈپ، كارخانىلارنىڭ مائاش تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى دېموكراتىك ئۇسۇلدا بەلگىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

خۇاڭ يۈەن

## ئەمگەك توختامى ۋە كوللېكتىپ توختام

2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك كاپالەت تارماقلىرى كوللېكتىپ مەسلىھەتلىشىش ۋە كوللېكتىپ توختام تۈزۈمىنى پائال يولغا قويۇپ، ئەمگەك مۇناسىۋىتىگە دائىر ئۈچ تەرەپ مەسلىھەتلىشىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈردى. ئەمگەك توختامىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، ئەمگەك توختامىنى باشقۇرۇشنىڭ قانۇنىيلاشتۇرۇلۇشى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك توختامىنى تۈزۈش نىسبىتى %91 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ %98.5 كە، يېزا - بازارلاردىكى كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ %97.6 كە يەتتى. كوللېكتىپ توختام تۈزگەن كارخانىلار 3978 بولۇپ، كوللېكتىپ توختام تۈزۈش نىسبىتى %38.7 بولدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا (ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك) ئەمگەك مۇناسىۋىتى بويىچە ئۈچ تەرەپ مەسلىھەتلىشىش مېخانىزمى ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەللەشتى.

خۇاڭ يۈەن

### ئۈنۈان باھالاش خىزمىتى

2003 ـ يىلى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئەمگەك ئىقتىسادىي كەسپىي تېخنىكا خادىمى بولۇپ 140 كىشىنى داۋاملىق تەربىيىلەش بويىچە تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىدىن ئىبارەت كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 110ى، ئەمگەك ئىقتىسادىي كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 30ى بار. باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالىشى ئارقىلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ 55 ئوقۇتقۇچىسى ئالىي ئۈنۈانغا تەكلىپ قىلىش سالاھىيىتىگە، 19 ئوقۇتقۇچىسى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۈنۈانغا تەكلىپ قىلىش سالاھىيىتىگە؛ 26 ئوقۇتقۇچىسى ئەمگەك ئىقتىسادىي كەسپى بويىچە ئالىي ئۈنۈانغا تەكلىپ قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولدى.

خۇاڭ يۈەن

## ئەمگەك مەمۇرىي تەپتىشلىكى

### قانۇن ئىجراسى مەمۇرىي تەپتىشلىكى

2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك كاپالەت مەمۇرىي تەپتىشلىك ئاپپاراتلىرى ئادەم ئىشلىتىدىغان 18 مىڭ 700 ئورۇننى يىللىق تەكشۈرۈپ، ئادەم ئىشلىتىدىغان 4012 ئورۇنغا 24 مىڭ 100 دىن كۆپرەك تەرتىپكە سېلىش ـ ياخشىلاش پىكرىنى بەردى، 74 مىڭ كىشىنىڭ ئەمگەك توختامىنى تولۇقلاپ ئىمزالاتقۇزدى؛ 85 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پۇلىنى تولۇقلاپ تاپشۇرتقۇزدى؛ بىر يىلدا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ بېرىلمەي كېلىۋاتقان 298 مىليون يۈەن مائاشىنى تولۇقلاپ تاپشۇرتقۇزدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ بېرىلمەي كېلىۋاتقان 257 مىليون يۈەن ئىش ھەققى بار. پاش قىلىنغان 4618 دېلو تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلو 4412 بولۇپ، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 95.5% كە يەتتى. 3760 يەككە سودا ـ سانائەتچى بىر- بىرلەپ تەكشۈرۈلۈپ، قانۇنسىز بالا ئىشچى ئىشلەتكەن 293 بالا ئىشچىغا چېتىلىدىغان 214 دېلو تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى. كەسپىي ۋاستىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 262 تەشكىلات تەكشۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ 98 ىگە بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە تەرتىپكە سېلىپ ياخشىلاش بۇيرۇقنامىسى ۋە مەمۇرىي چارە كۆرۈش قارارى چۈشۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر ئەمگەك مەمۇرىي تەپتىش چوڭ ئەترىتى 1065 ھەرخىل ئادەم ئىشلىتىدىغان ئورۇننى تەكشۈردى، ئەرز قىلىنغان، پاش قىلىنغان دېلودىن 674 نى بىرتەرەپ قىلدى، دېلو تۇرغۇزۇلغىنى 60 بولۇپ، 57 دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلدى. دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 95% كە يەتتى؛ ئادەم ئىشلىتىدىغان 1634 ئورۇننى يىللىق تەكشۈردى، لاياقەتلىك نىسبىتى 2002 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا 30% ئۆستى. ئىش ھەققىنى بېرىشنى بەك سۆرەپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇشتۇمتۇت كېلىپ چىققان 11 ۋەقە بىرتەرەپ قىلىندى (دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)؛ 17 مىڭ 706 پارچە ئەمگەك توختامى تولۇقلاپ ئىمزالاندى، 3 مىليون 650 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پۇلى تولۇقلاپ تاپشۇرتقۇزۇلدى، 63 ئورۇنغا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا رويخەت رەسمىيىتىنى تولۇقلاپ ئۆتەش بۇيرۇلدى. 34 كەسپىي ۋاستىچى ئورۇن تەكشۈرۈلدى، 13 پارچە ئەمگەك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ـ سوراش ئۇقتۇرۇشنامىسى، 5 پارچە ئەمگەك ئەھۋالىنى مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىپ جازا بېرىش قارارنامىسى چۈشۈرۈلدى، 7 قانۇنسىز كەسپىي ۋاستىچى ئاپپارات ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

خۇاڭ يۈەن




2003 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوندا «خەلق سۇغۇرتا لوڭقىسى» بويىچە ساياھەتچىلىك ساھەسىدە كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە: غەربچە زىياپەت تەييارلاش، هاراق تەڭشەش مۇسابىقە مەيدانىدىن بىر كۆرۈنۈش.

سۈرەتنى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى تەمىنلىگەن.

## ئەمگەك ماجىرالىرىنى بىرتەرەپ قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك ماجىرالىرىنى كېسىم قىلىش كومىتېتلىرى ئەمگەك ماجىراسىغا ئائىت 2933 دېلو، 2002 - يىلى ئاخىرلاشتۇرۇلماي قېلىپ قالغان 148 دېلو بولۇپ، 5110 ئەمگەكچىگە چېتىلىدىغان 3081 دېلونى بىرتەرەپ قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپنىڭ تالاش - تارتىشى 135 پارچە بولۇپ، 1710 كىشىگە چېتىلىدۇ.

2003 - يىلى 2826 دېلو قاراپ چىقىپ بىرتەرەپ قىلىندى، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى %91.7 كە يەتتى. ش ئۇ ئا ر ئەمگەك ماجىرالىرىنى كېسىم قىلىش كومىتېتى 201 ئەمگەك ماجىراسى دېلوسى، 2002 - يىلىدىن قېلىپ قالغان 4 دېلو بولۇپ 205 دېلونى قاراپ چىقىپ بىرتەرەپ قىلدى، بۇنىڭدىن 189 دېلونى ئاخىرلاشتۇردى، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى %92.2 كە يەتتى.

خۇاڭ يۈەن

# ئىجتىمائىي كاپالەت

## ئىككىگە كاپالەتلىك قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك كاپالەت تارماقلىرى «ئىككىگە كاپالەتلىك قىلىش» (بىرى — كارخانىلاردىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش سوممىسىنىڭ ۋاقتىدا، تولۇق بېرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، يەنە بىرى — دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ تارقىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش) نى خىزمەتلەر ئىچىدە 1 - ئورۇنغا قويدى. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، تۈرلۈك چارە - ئامىللار بىلەن مەبلەغ جۇغلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جايلارنىڭ ئاساسىي ياشانغاندا كۈتۈنۈش فوندىنى تەڭشەشنى كۈچەيتىپ، ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىش نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەپ، كارخانىلاردا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى ۋە كارخانىلاردا دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش سوممىسىنىڭ ۋاقتىدا تولۇق بېرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 202 مىليون يۈەن ئاساسىي تۇرمۇش كاپالەت پۇلىنى بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋاكالىتەن تاپشۇرۇلغان ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پۇلى 93 مىليون يۈەن. كارخانىلاردىكى 394 مىڭ دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان خادىملار ئۈچۈن 3 مىليارد 600 مىليون يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىش نىسبىتى %100 كە يەتتى.

خۇاڭ يۈەن

## ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى

2003 - يىلى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا دائىر سىياسەت، قائىدە - تۈزۈملەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سىياسەت خاراكتېرلىك بىرقاتار ھۆججەتلەرنى چىقاردى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان خادىم 1 مىليون 588 مىڭغا يېتىپ (دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، يىللىق پىلاننىڭ %97.6 ى ئورۇندالدى. بىر يىلدا يىغىشقا تېگىشلىك ياشانغاندا كۈتۈنۈش سوممىسى 3 مىليارد 227 مىليون يۈەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 3 مىليارد 156 مىليون يۈەن يىغىلدى. فوندنىڭ يىغىلىش نىسبىتى %97.8 كە يەتتى. دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان خادىم 376 مىڭ 300 بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 6100 ى كۆپەيدى، پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ ئېشىش نىسبىتى %40 تۆۋەنلىدى. بىر يىلدا 3 مىليارد 700 مىليون يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش سوممىسى چىقىم قىلىندى، ياشانغاندا كۈتۈنۈش سوممىسىنىڭ تارقىتىلىش نىسبىتى %100 كە يەتتى. ياشانغاندا كۈتۈنۈش سوممىسىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىشقا قاتناشقان ئادەم 374 مىڭ 400 گە، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىش نىسبىتى %99.5 كە يەتتى. 2003 - يىلى كارخانىلاردىن پېنسىيىگە چىققانلارنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش نىشانى 280 مىڭ كىشى ئىدى، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش مۇلازىمىتى ئىشقا ئاشۇرۇلغان پېنسىيىگە چىققان خادىم 286 مىڭغا يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش مۇلازىمەت نىسبىتى %78.2 كە يەتتى.

خۇاڭ يۈەن

## ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئادەم 1 مىليون 351 مىڭ 300 گە يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن %2.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئورۇنلاردىن سۇغۇرتىغا قاتناشقانلار 2002 - يىلدىكىدىن 46 مىڭ 400 كىشى كۆپەيدى، كارخانىلاردىن 6100 كىشى، باشقا ئورۇنلاردىن 2600 كىشى ئازايدى. ئاپتونوم رايون بويىچە

ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار كارخانىلاردا %63.1 نى، كەسپىي ئورۇنلاردا %36.5 نى، باشقا ئورۇنلاردا %0.4 نى ئىگىلەيدۇ. 2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يىغىلدىن كۆپەيگەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتا سوممىسىنى ئالىدىغان كىشى 52 مىڭ 500 بولۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىدىن ئىشسىزلىق سۇغۇرتا سوممىسى ئالىدىغانلار يىغىلدىن كۆپەيگەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتا سوممىسى ئالىدىغانلارنىڭ %98 ىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 2002 ـ يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئىشسىزلىق سۇغۇرتا سوممىسى ئالىدىغان، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ئىشسىز بولۇپ قالغان خادىمدىن 1298 ى كۆپەيدى، كۆپىيىش نىسبىتى %12 كە يەتتى.

بىر يىلدا 79 مىڭ 700 ئىشسىزغا 157 مىليون يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتا سوممىسى تارقىتىلدى ۋە باشقا سۇغۇرتا تەمىناتى سوممىسى بېرىلدى، 40 مىڭ 200 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتا سوممىسى ئېلىشنى توختاتتى. 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتا فوندى كىرىمى 485 مىليون 164 مىڭ 700 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلى كىرىمى 471 مىليون 914 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 59 مىليون 883 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، %14.5 ئاشتى. بىر يىلدا يىغىشقا تېگىشلىك ئىشسىزلىق سۇغۇرتا سوممىسى 473 مىليون 290 مىڭ 500 يۈەن ئىدى، ئەمەلىيەتتە 447 مىليون 384 مىڭ 200 يۈەن يىغىلدى، يىغىۋېلىش نىسبىتى %94.5 بولدى. بۇرۇنقى يىللاردىن قالغان كەم تاپشۇرۇلغان پۇلدىن تولۇقلاپ يىغىلغان پۇل 24 مىليون 530 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، قەرز تۆلىتىۋېلىش نىسبىتى %54 كە يەتتى. 2003ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتا سوممىسىدىن چىقىم قىلىنغىنى 205 مىليون 140 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، 79 مىڭ 700 ئىشسىزغا چىقىم قىلىنغان ئىشسىزلىق سۇغۇرتا سوممىسى 122 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002ـ يىلدىكىدىن 32 مىليون 925 مىڭ 100 يۈەن كۆپ چىقىم قىلىندى؛ داۋالاش قوشۇمچە ياردەم سوممىسى ئۈچۈن 22 مىليون 760 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىنىپ 2002 ـ يىلدىكىدىن %57.1 كۆپ چىقىم قىلىندى؛ ئۆلۈم ـ يېتىم نەپىقە ئىشلىرى قوشۇمچە ياردەم چىقىمى 140 مىڭ يۈەن؛ كەسپىي تەلىم ـ تەربىيە ۋە كەسپكە تونۇشتۇرۇش چىقىمى 8 مىليون 80 مىڭ يۈەن؛ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى قوشۇمچە ياردەم چىقىمى 38 مىليون 980 مىڭ يۈەن؛ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش چىقىمى 12 مىليون 510 مىڭ يۈەن؛ باشقا چىقىملار 210 مىڭ يۈەن. 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە سانجى ئوبلاستى بىلەن تۇرپان ۋىلايىتىدىن باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنى ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇندا بىر تۇتاش غەملەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

خۇاڭ يۈەن

## داۋالىنىش سۇغۇرتىسى

2003 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە (شىخەنزە شەھىرى بۇنىڭ سىرتىدا) ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 1 مىليون 761 مىڭ 800 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 1 مىليون 310 مىڭ 500، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى ـ خىزمەتچى 451 مىڭ 300. بۇ سۇغۇرتىغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانىنىڭ %86.86 نى تەشكىل قىلىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 281 مىڭ 400 كىشى كۆپەيدى. 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بويىچە نۇقتىلىق داۋالاش ئورگىنى 1414كە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بويىچە پارچە دورا سېتىش دۇكىنى 303 كە يەتتى.

خۇاڭ يۈەن

## ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى ئەھۋالى

2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 318 مىڭ 300 گە يېتىپ، 2002ـ يىلدىكىدىن 238 مىڭ كىشى كۆپىيىپ، يىللىق پىلانىنىڭ %22.23 ى ئورۇندالدى. ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش فوندى ئۈچۈن 22 مىليون 480 مىڭ يۈەن يىغىلدى، 11 مىليون 610 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، فوندنىڭ قالدۇقى 72 مىليون 900 مىڭ يۈەن. ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغۇچىلار 593 كە يەتتى. ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاقسۇ، ئىلى ۋىلايەتلىرىدە ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسىنى ۋىلايەت بويىچە بىر تۇتاش غەملەپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى.

خۇاڭ يۈەن

## تۇغۇت سۇغۇرتىسى

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇرپان، ئاقسۇ، ئالتاي، قەشقەر ۋىلايەتلىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ شەھەر ـ بازارلىرىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تۇغۇت سۇغۇرتىسى يولغا قويۇلدى. بىر يىلدا تۇغۇت سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 321 مىڭ 400 گە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 24 مىڭ 200 ى كۆپەيدى، كۆپىيىش ھەجمى %8.15 بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتى تۇغۇت سۇغۇرتىسىنى ۋىلايەت بويىچە بىرتۇتاش غەملەپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى.

خۇاڭ يۈەن

# ئىجتىمائىي تۇرمۇش

## ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەك- شۈرۈش ئەھۋالى

### شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ يېمەكلىك ئىستېمال سۈپىتى ئۆستى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2003 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يېمەكلىك ئىستېمال چىقىمى 2031.67 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 5.62% ئاشقان. ئوتتۇرىچە ئاشلىق ئىستېمال چىقىمىنىڭ يېمەكلىك ئىستېمالىدا ئىگىلىگەن سالمىقى 9.4% بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 0.4 پىرسەنت پوئېنتى ئازايغان؛ ئوتتۇرىچە ئىستېمال قىلىنغان كۆكتات 95.45 كىلوگرام، چوشقا گۆشى 8.07 كىلوگرام، ئۆي قۇشلىرى گۆشى 7.81 كىلوگرام، كالا - قوي گۆشى 11.87 كىلوگرام، تۇخۇم 8.86 كىلوگرام، سۇ مەھسۇلاتلىرى 5.31 كىلوگرام، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە 66.03 كىلوگرام، سۈت 30.76 كىلوگرام بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن ھەر خىل دەرىجىدە ئاشقان. 2003 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىنىڭ يېمەكلىك ئىستېمالىنىڭ پۈتكۈل ئىستېمال چىقىمىدا ئىگىلىگەن سالمىقى 36.2% بولغان.

لى جىن

### شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مال - مۈلۈكنى سېتىشتىن قىلغان كىرىمى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2003 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مال - مۈلۈكنى سېتىشتىن قىلغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 12.76 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 1.4% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇنى سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم 8.46 يۈەن بولۇپ، 9.7% ئاشقان؛ باشقا نەرسىلەرنى سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم 4.3 يۈەن بولۇپ، 11.9% ئازايغان.

لى جىن

### شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئاشلىق ئىستېمالى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2003 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئاشلىق ئىستېمال مىقدارى 71.77 كىلوگرامغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 2.5% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە گۈرۈچ 21.15 كىلوگرام بولۇپ، 5.9%؛ قارا ئاشلىق 1.85 كىلوگرام بولۇپ، 39.1%؛ ئاشلىق ياسالمىلىرى 20.97 كىلوگرام بولۇپ، 5.9% ئاشقان؛ ئۇن 27.79 كىلوگرام بولۇپ، 3.8% ئازايغان.

تەي جۇخەي

### شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كالا، قوي گۆشى ئىستېمالى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئۈرۈمچى قاتارلىق 8 شەھەرنى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 2003 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىنىڭ يېمەكلىكلەر ئىستېمالىدا كالا، قوي گۆشى قاتارلىق ئاساسلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئىستېمالى كۆرۈنەرلىك ئاشقان. شەھەر ئاھالىلىرى ئوتتۇرىچە ئىستېمال قىلغان قوي گۆشى 9.19 كىلوگرامغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 5.1%؛ كالا گۆشى 2.68 كىلوگرامغا يېتىپ، 14.8% ئاشقان.

رىنژۈان

### شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىستېمال چىقىمى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2003 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىستېمال چىقىمى 53.16 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 0.8% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە راكنىڭ ئىستېمال چىقىمى 10.51 يۈەن بولۇپ، 18.6%؛ سۇ مەھسۇلاتلىرى ياسالمىلىرىنىڭ ئىستېمال چىقىمى 4.09 يۈەن بولۇپ، 18.9% ئاشقان.

پاڭ يەن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سۈت ۋە سۈت ياسالمىلىرى ئىستېمالى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2003 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سۈت ۋە سۈت ياسالمىلىرى ئىستېمالى تېز سۈرئەتتە ئاشقان، ئوتتۇرىچە سۈت ۋە سۈت ياسالمىلىرى ئىستېمال چىقىمى 117.23 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %32.6 ئاشقان. 2003 - يىلى ئوتتۇرىچە سۈت سەرپىياتى 30.76 كىلوگرام بولۇپ، %15.7؛ قېتىق سەرپىياتى 1.75 كىلوگرام بولۇپ، %60.6 ئاشقان؛ سۈت پاراشوكى سەرپىياتى 0.18 كىلوگرام بولۇپ، %10 ئازايغان.

پاڭ يەن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قەنت - گېزەك، تاماكا، ھاراق - پىۋا ئىستېمال ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2003 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قەنت - گېزەك ۋە تاماكا ئىستېمالى ئاشقان، ھاراق - پىۋا ئىستېمالى ئازايغان، ئاساسلىقى، ئاق ھاراق ئىستېمالى تۆۋەنلەپ كەتكەن. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە قەنت - گېزەك ئىستېمال چىقىمى 29.68 يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %5.7؛ تاماكا ئىستېمال چىقىمى 68.53 يۈەن بولۇپ، %7.1 ئاشقان؛ ھاراق - پىۋا ئىستېمال چىقىمى 47.47 يۈەن بولۇپ، %5.1 ئازايغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئاق ھاراقنىڭ 31.5 يۈەن بولۇپ، %7؛ قىزىل ھاراقنىڭ 6.84 يۈەن بولۇپ، %6.2 ئازايغان؛ پىۋىنىڭ 8.56 يۈەن بولۇپ، %2 ئاشقان.

پاڭ يەن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سىرتتا غىزالىنىش ئىستېمالى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2003 - يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سىرتتا غىزالىنىش چىقىمى 416.19 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %10.3 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشخانىلاردا قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 34.36 يۈەن بولۇپ، %18.9؛ يېمەك - ئىچمەك كەسپىدە قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 381.27 يۈەن بولۇپ، %9.6 ئاشقان.

پاڭ يەن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىيىم - كېچەك ئىستېمال دەرىجىسى ئۆستى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2003 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىيىم - كېچەك ئىستېمال چىقىمى 790.77 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %1.2 ئاشقان. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.7 قۇر ھەر خىل كىيىم - كېچەك، 2.9 پار ئاياغ كىيىمى سېتىۋېلىنغان. شۇ يىلقى كىيىم - كېچەك ئىستېمالى ئومۇمىي چىقىمنىڭ %70.3 نى، ئاياغ كىيىم ئىستېمالى ئومۇمىي چىقىمنىڭ %21.3 نى، باشقا كىيىم - كېچەك لازىمەتلىكلىرى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش، مۇلازىمەت خىراجىتى ئومۇمىي چىقىمنىڭ %8.4 نى ئىگىلىگەن.

لى جىن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ شارائىتى ياخشىلاندى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزە، قەشقەر، خوتەن، غۇلجا، چۆچەك، كۈيتۇڭدىن ئىبارەت 8 شەھەرنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشىچە، 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئىلكىدىكى تۇرالغۇ نىسبىتى %83.2 كە يېتىپ، 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 6.6 پىرسەنت پونكىتى؛ ھاجەتخانا، مۇنچا بار ئائىلىلەر %55.8 كە يېتىپ، 1.8 پىرسەنت پونكىتى؛ تۇرۇبىلىق گاز ئىشلەتكەن ئائىلىلەر %12.7 كە يېتىپ، 2.2 پىرسەنت پونكىتى ئاشقان؛ تېلېفون ئورناتقان ئائىلىلەرنىڭ نىسبىتى %92.3 كە يەتكەن، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن شەھەر ئاھالىلىرى ئىچىدىكى ھەر 100 ئائىلىدىن 7 سى كەڭ بەلۋاغلىق تور ياكى نومۇر بېسىپ تورغا چىقىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئالاقە تورىدىن پايدىلانغان، مۇنداق ئائىلىلەر %40 ئاشقان.

ساۋ جياڭيەن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ چىقىمى ئازايدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2003 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىنىڭ تۇرالغۇ چىقىمى كۆرۈنەرلىك ئازايغان. بىر يىلدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ماكانلىشىش چىقىمى 484.88 يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %1.6 ئازايغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ

چىقىمى 108.53 يۈەن بولۇپ، %40.7 ئازايغان. تۇرالغۇ چىقىمىدا تۇرالغۇنى بېزەش، زىننەتلەشكە قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 73.73 يۈەن بولۇپ، %45.9 ئازايغان.

پالق يەن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ مۇلۇك ھوقۇقى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئارىسىدا شەخسلەرنىڭ تۇرالغۇ سېتىۋېلىش نىسبىتى داۋاملىق ئاشقان، مۈلۈك ھوقۇقى قاتلىمى تېخىمۇ ئېنىق بولغان، ئۆي ـ مۈلۈك ھوقۇقى يەنىمۇ خۇسۇسىيلاشقان. 2003 ـ يىلى ئۆي ـ مۈلۈك ھوقۇقى تەركىبىدە تۇرالغۇ ئىسلاھاتىدا سېتىۋېلىنغان خۇسۇسىي ئۆي تەكشۈرۈلگەن ئائىلىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %59.23نى، تاۋار ئۆي %13.31نى، ئەسلىدىكى خۇسۇسىي ئۆي %4.55نى، ئىجارىگە ئېلىنغان خۇسۇسىي ئۆي %2.16نى، ئىجارىگە ئېلىنغان دۆلەت ئىلكىدىكى ئۆي %14.68نى، باشقا ئۆي %6.08نى تەشكىل قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار ئۆي 2002ـ يىلدىكىدىن 2.12 پىرسەنت پوئېنتى ئاشقان.

پالق يەن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قاتناش چىقىمى كۆرۈنەرلىك ئازايدى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق قاتناش چىقىمى 193.03 يۈەن بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %19.4 ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇش چىقىمى %34.3، پويىزغا ئولتۇرۇش چىقىمى %34، ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇش چىقىمى %25.9، شەھەر ئىچىدىكى ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇش چىقىمى %2.5، تاكسىغا ئولتۇرۇش چىقىمى %4.7 ئازايدى.

ساۋ جياڭيەن

## شەھەر ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىدىكى ئاساسلىق چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ مىقدارى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىدە ھەر 100 ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 113.2 رەڭلىك تېلېۋىزور، 91.9 كىر ئالغۇ، 85.1 توڭلاتقۇ، 56.2 VCD، DVD قاتارلىق لازېر نۇرلۇق سىنئالغۇ، 42.9 فوتو ئاپپارات، 19.4 ھەرىكەتچان ئاۋاز ياڭراتقۇ توغرا كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان توك قازان ـ قومۇچ 84.8گە، ئىچىملىك سۇ ماشىنىسى 27.1گە، مىكرو دولقۇنلۇق دوخوپكا 13.6گە يەتكەن.

لى جىن

## شەھەر ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىدىكى ئاشخانا سايمانلىرى ئېلېكترلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىدە ھەر 100 ئائىلىگە 79.6 يۇس تارتقۇ، 84.8 ھەر خىل توك قازان، دوخوپكا قاتارلىق توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان قازان ـ قومۇچ، 13.6 مىكرو دولقۇنلۇق دوخوپكا، 4.1 دېزىنفېكسىيە ئىشكاپى، 0.2 چىنە ـ قاچا يۇيۇش ماشىنىسى توغرا كەلگەن.

لى جىن

## شەھەر ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىدە ئاپتوموبىل، يانفون، كومپيۇتېرلارنىڭ ئېشىشى بىر قەدەر تېز بولدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىدە، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كەلگەن يانفون 74.12گە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %38.3 ئاشقان؛ كومپيۇتېر 17.01گە يېتىپ، %16.9 ئاشقان؛ ئاپتوموبىل 0.57 بولۇپ، %9.6 ئاشقان.

پالق يەن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مائارىپ خىراجىتى چىقىمى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مائارىپ خىراجىتى چىقىمى 521.79 يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %5.3 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە دەرسلىك ۋە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى، ھەر خىل مائارىپ يۈمشاق ماتېرىياللىرى ۋە باشقا ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارغا كەتكەن ئوتتۇرىچە خىراجەت 37.54 يۈەن بولۇپ، %10.6 ئاشقان؛ مەجبۇرىيەت مائارىپى ۋە غەيرىي مەجبۇرىيەت مائارىپىغا سەرپ قىلىنغان ئوقۇش پۇلى ۋە ھەرخىل پارچە ـ پۇرات خىراجەتلەر، چوڭلار مائارىپى

خىراجىتى، ئائىلە تەربىيىسى خىراجىتى ھەم تەربىيىلەش خىراجىتى، پەسلى، باشقا خىراجىتى قاتارلىق مائارىپ خىراجەتلىرىگە قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 484.25 يۈەن بولۇپ، 4.9% ئاشقان.

لى جىن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ، مۇلازىمەت چىقىمى ئازايدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2003 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ، مۇلازىمەت چىقىمى 831.44 يۈەن بولۇپ، 2002- يىلدىكىدىن 5.8% ئازايغان. بۇنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش، مۇلازىمەت چىقىمى كۆپرەك ئازايغان، ئوتتۇرىچە چىقىم 91.96 يۈەن بولۇپ، 35.7% ئازايغان. ئوتتۇرىچە مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى چىقىمى 217.68 يۈەن بولۇپ، 10.9% ئازايغان.

پالڭ يەن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئالاقىلىشىش چىقىمى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2003 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئالاقىلىشىش چىقىمى 369.72 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 8.3% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرىچە ئالاقىلىشىش مۇلازىمەت چىقىمى 301.86 يۈەن بولۇپ، 13.5% ئاشقان. ئالاقىلىشىش مۇلازىمەت چىقىمىدا ئاساسلىق چىقىم تېلېگراف خىراجىتى بولغان، ئوتتۇرىچە تېلېگراف چىقىمى 295.07 يۈەن بولۇپ، 13.9% ئاشقان.

پالڭ يەن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ساياھەت ئىستېمال چىقىمى ئازايدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2003 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساياھەت چىقىمى 55.6 يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 24.8% ئازايغان؛ ئەمما، ساياھەتچىلەر ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.29 ئادەم (قېتىم) غا يېتىپ، 188.2% ئاشقان.

پالڭ يەن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ھەدىيە كىرىمى كۆرۈنەرلىك ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2003 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ھەدىيە كىرىمى 104.56 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 16% ئاشقان، ئاھالىلەر ئىلكىدىكى كىرىمدە ئىگىلىگەن سالمىقى 1.4% بولۇپ، شەھەرلەردىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاش كىرىمىنىڭ 11%ىگە توغرا كەلگەن.

لى جىن

## ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلىرى ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم مەملىكىتىمىزدىكى 36 چوڭ، ئوتتۇرا شەھەر ئىچىدە 20 - ئورۇندا تۇردى

مەملىكىتىمىزدىكى 36 چوڭ، ئوتتۇرا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2003 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلىرى ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 8370.19 يۈەن بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى 36 چوڭ، ئوتتۇرا شەھەر ئىچىدە 20 - ئورۇنغا ئۆتكەن، رەت تەرتىپى 2002 - يىلدىكىدىن 3 ئورۇن ئارقىغا سۈرۈلگەن. بۇ، 36 چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 19.9% تۆۋەن بولۇپ، 1 - ئورۇندا تۇرىدىغان شېنجېن شەھىرى ئاھالىلىرى ئىلكىدىكى كىرىمنىڭ 3تىن بىر قىسمىغىلا توغرا كەلگەن.

2003 - يىلى بۇ 36 چوڭ، ئوتتۇرا شەھەر ئىچىدە ئاھالىلەر ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 1 - ئورۇندىن 5 - ئورۇنغىچە تۇرىدىغان شەھەرلەرنىڭ رەت تەرتىپى تۆۋەندىكىچە ئىكەن: شېنجېن 23 مىڭ 905.89 يۈەن، گۇاڭجۇ 15 مىڭ 2.58 يۈەن، شاڭخەي 14 مىڭ 867.49 يۈەن، نىڭبو 14 مىڭ 277.27 يۈەن، بېيجىڭ 13 مىڭ 882.62 يۈەن. غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەر ئىچىدە ئاھالىلەر ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم رەت تەرتىپى تۆۋەندىكىچە ئىكەن: ئۈرۈمچى 8370.19 يۈەن، شىنىڭ 7749.49 يۈەن، يىنچۈەن 7246.58 يۈەن، لەنجۇ 7094.29 يۈەن، شىئەن 7040.24 يۈەن.

ساۋ جياڭيەن

## ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى مەملىكىتىمىزدىكى 36 چوڭ، ئوتتۇرا شەھەر ئىچىدە 26 - ئورۇندا تۇردى

مەملىكىتىمىزدىكى 36 چوڭ، ئوتتۇرا شەھەر

تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىشتا تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەر كۆرۈلگەن: 1. دېھقانلار سالغان مەبلەغنىڭ مۇقىم ئېشىشى يەنىلا يېزىلاردا تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىشتىكى ئاساسىي گەۋدە ھېسابلىنىدۇ. دېھقانلار سالغان مەبلەغ 4 مىليارد 808 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يېزىلاردا تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %51. 59نى ئىگىلىگەن، بۇ، 2002 - يىلدىكىدىن 775 مىليون يۈەن، يەنى %22. 19 ئاشقان. 2. يېزىلاردا دېھقانلاردىن باشقىلارنىڭ سالغان مەبلىغى روشەن ھالدا ئاشقان. يېزىلاردا دېھقانلاردىن باشقىلارنىڭ سالغان مەبلىغى 3 مىليارد 271 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يېزىلاردا تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %49. 40نى ئىگىلىگەن، بۇ، 742 مىليون يۈەن، يەنى %33. 29 ئاشقان. 3. دۆلەت مەبلىغى ۋە يېزىلار ئۆزلىرى غەملىگەن مەبلەغ يەنىلا مەبلەغ سېلىشتىكى ئاساسىي مەنبە ھېسابلىنىدۇ. سېلىنغان مەبلەغنىڭ مەنبەسى بويىچە ئايرىغاندا، دۆلەت مەبلىغى 1 مىليارد 183 مىليون يۈەن بولۇپ، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %64. 14نى ئىگىلىگەن، يېزىلار ئۆزلىرى غەملىگەن مەبلەغ 5 مىليارد 818 مىليون يۈەن بولۇپ، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %72نى ئىگىلىگەن.

چېن شياۋرۇڭ

## يېزىلاردىكى دېھقان ئائىلىلىرى زور كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدۇ

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 30 ناھىيە (شەھەر) نى ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 2003 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىم نىسبىتىدە دېھقان ئائىلىلىرى %9. 57نى ئىگىلەپ، 2002 - يىلدىكىدىن 5. 10 پىرسەنت پونكىت ئۆسكەن؛ دېھقانچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىغانلار %8. 36نى ئىگىلەپ، 6. 10 پىرسەنت پونكىت ئازايغان، دېھقانچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللانمايدىغانلار %3. 5نى ئىگىلەپ، 1. 0 پىرسەنت پونكىت ئۆسكەن؛ دېھقان ئەمەسلەر ناھايىتى ئاز ئىكەن.

يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ شۇغۇللانغان كەسىپتە ئىگىلىگەن نىسبىتىدىن قارىغاندا، 2003 - يىلى دېھقانلار %7. 94نى ئىگىلەپ، 2002 - يىلدىكىدىن 9 پىرسەنت پونكىت؛ دېھقانچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىغانلار %3. 5نى ئىگىلەپ، 5. 0 پىرسەنت پونكىت ئۆسكەن؛ دېھقانچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللانمايدىغانلار ۋە دېھقان ئەمەسلەر ناھايىتى ئاز ئىكەن.

تۆڭ دېفۇ

## دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق مۈلۈك ئەسلى قىممىتى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 30 ناھىيە (شەھەر) نى ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى ئوتتۇرىچە تۇراقلىق مۈلۈك ئەسلى قىممىتى 1909 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %4. 12 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپتىكىسى 1742 يۈەن بولۇپ، %9. 16 ئاشقان، ئۈچ كەسىپتىكى تۇراقلىق مۈلۈك ئەسلى قىممىتىنىڭ %3. 91نى ئىگىلەپ، 6. 3 پىرسەنت پونكىت ئاشقان؛ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدە بولمىغان ئوتتۇرىچە تۇراقلىق مۈلۈك ئەسلى قىممىتى 167 يۈەن بولۇپ، %1. 20 ئازايغان، ئۈچ كەسىپتىكى تۇراقلىق مۈلۈك ئەسلى قىممىتىنىڭ %7. 8نى ئىگىلەپ، مۇناسىپ ھالدا 6. 3 پىرسەنت پونكىت ئازايغان.

تۆڭ دېفۇ

## كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچ كۆرسەتكۈچى 1 - پەسلىدە 4. 121، 2 - پەسلىدە 7. 111، 3 - پەسلىدە 1. 125، 4 - پەسلىدە 6. 124 بولدى، كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسى 1 - پەسلىدە 3. 113، 2 - پەسلىدە 3. 106، 3 - پەسلىدە 6. 125، 4 - پەسلىدە 5. 122 بولدى، بۇ ئىككى جەھەتتە 125تىن ئىبارەت تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن پەرق كىچىكلىتىلدى. كۆزىتىلگەن 8 چوڭ ساھە ئىچىدە سانائەت ساھەسى، ترانسپورت، پوچتا ۋە ئامباردا ساقلاش ساھەسى، توپ ۋە پارچە سودا ساھەسى، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ساھەسى، ئۇچۇر يەتكۈزۈش ساھەسىدىن ئىبارەت 5 چوڭ ساھەنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسىدە يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

ۋاڭ شۈەن

## سانائەتنىڭ گۈللىنىشىدە تارىختىكى ئەڭ يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ گۈللىنىشى تۇز سىزىق بويىچە ئۆرلەش يولى بىلەن مېڭىپ، 1 - پەسلىدىكى 8. 116دىن 4 - پەسلىدە 5. 127كە يەتتى، بۇ سەۋىيە تارىختىكى 5. 124لىك رېكورتتىن 3 نۇقتا يۇقىرى.

ساناائەت يەنىلا تەڭپۇڭ ئېشىش ھالىتىنى ساقلاپ قالغان بىردىنبىر ساھە بولدى. گۈللىنىش سەۋىيىسى ھەر پەسىلدە ئوخشاش ھالەتتە ئۆرلەپ، بىر قەدەر كۈچلۈك مۇقىملىق ئىپادىلەندى. كارخانىلار مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابەتلىشىش كۈچى كۈچەيگەچكە، 14 كۆرسەتكۈچتىن 6 سى 2002 - يىلدىكىدىن يۇقىرى بولدى ۋە بۇ جەھەتتىكى رېكورت يېڭىلاندى. كارخانىلارنىڭ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېڭىلىق يارىتىشتىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى ئۆرلىدى، بىر يىلدا 2 پەسىلدە 120دىن ئېشىپ كەتتى ھەمدە 126.7دىن ئىبارەت تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى؛ تۇراقلىق مۇلۇككە مەبلەغ سېلىش جەھەتتىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى ئۆستى، يىل بويى گۈللىنىش دائىرىسىدە تورۇش تۇنجى قېتىم ساقلاپ قېلىندى ھەمدە 125.3 سەۋىيە ئارقىلىق رېكورت يېڭىلاندى؛ كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىش جەھەتتىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى داۋاملىق ئۆستى ھەمدە كاساتچىلىق دائىرىسى (100دىن تۆۋەن) دىن تۇنجى قېتىم بۆسۈپ چىقىلىپ، 103تىن ئىبارەت تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى؛ كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بۇيرۇتۇش، مەھسۇلات سېتىش ۋە مەھسۇلاتلارنى ئامباردا ساقلاشتىن ئىبارەت 3 كۆرسەتكۈچ تارىختىن بېرى تۇنجى قېتىم يىل بويى گۈللىنىش دائىرىسىدە يۈرۈشتى ھەمدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 120، 131.1 ۋە 124.4تىن ئىبارەت تارىختىكى يېڭى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. مەبلەغ ئۈستۈنلۈكى ساناائەت ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 33 ساھە ئىچىدىكى 14 ساھە يىل بويى گۈللىنىش دائىرىسىدە بولۇپ كەلدى، بۇ، 42.4%نى ئىگىلىدى. بۇ ساھەلەردە بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش، پىششىقلاش، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ئاساس قىلىندى، كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان 11 ساھە مۇنۇلار: نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئۆزلەشتۈرۈش - ئېلىش ساھەسى (151.7دىن 200 گىچە)، غەيرىي مېتال مىنېراللارنى ئېلىش - تاللاش ساھەسى (111.9دىن 145.3كىچە)، قارا مېتال تاۋلاش ۋە پىششىقلاش ساھەسى (166.7دىن 200گىچە)، ئۆي جاھازلىرى ئىشلەش ساھەسى (120دىن 180گىچە)، رەڭلىك مېتال تاۋلاش ۋە پىششىقلاش ساھەسى (100دىن 150كىچە)، قەغەز ياساش ۋە قەغەز ياسالمىلىرى ساھەسى (117.6دىن 167.1گىچە)، تاماكا ياسالمىلىرى ساھەسى (يىل بويى 200)، يېمەكلىك ئىشلەش ساھەسى (125تىن 150كىچە)، ئىچىملىك ئىشلەش ساھەسى (131.9دىن 139.7گىچە)، خىمىيە خام ئەشيالىرى ۋە خىمىيە ياسالمىلىرى ئىشلەش ساھەسى (128.6دىن 135.7گىچە)، سۇ چىقىرىش ۋە تەمىنلەش ساھەسى (100دىن 150كىچە).

ۋاڭ شۈەن

## بىناكارلىق ساھەسىدىكى گۈللىنىش مۇقىم يۈرۈشتى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق ساھەسىدىكى گۈللىنىش مۇقىم يۈرۈشۈش باسقۇچىغا قەدەم قويدى، يىل بويى 90.1دىن 118.3كىچە بولغان ئارىلىقتا تۇردى، 1 - پەسىلدىن باشقا 3 پەسىلدىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى 2002- يىلدىكىدىن تۆۋەن بولدى. 1 - پەسىل بىناكارلىق ساھەسىدىكى كاسات پەسىل، 3 - پەسىل بىناكارلىق ساھەسىدىكى ئاۋات پەسىل ئىدى، ئەمما، 2003 - يىلى كاسات پەسىلدىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى 2002 - يىلدىكىدىن 17.9 نۇقتا يۇقىرى بولدى، ئاۋات پەسىلدىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى 2002- يىلدىكىدىن 3.3 نۇقتا تۆۋەن بولدى. پەسىللەر ئارىسىدىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى پەرقى كىچىكلىدى، 2002- يىلدىكى 49.1 نۇقتىدىن 28.2 نۇقتىغا چۈشتى. كارخانىلارنىڭ سېلىنمىسى ئاشتى، ئىشلەپچىقىرىش تۆۋەنلىدى، ئۇنۇم تۆۋەنلىدى، 6 تۈرلۈك ئاساسلىق گۈللىنىش كۆرسەتكۈچىدىن 2سى ئۆستى، 4ى تۆۋەنلىدى. كارخانىلارنىڭ تۇراقلىق مۇلۇك سېلىنمىسى ئاشتى، گۈللىنىش سەۋىيىسى 2002 - يىلدىكى 67.8 دىن 111.4 كىچە بولغان ھالەتتىن 64.8 دىن 123.4 كىچە بولغان ھالەتكە يەتتى؛ ئىشلىتىلگەن ئىشچى كۆپەيدى، گۈللىنىش سەۋىيىسى 2002 - يىلدىكى 59.1 دىن 140.6 گىچە بولغان ھالەتتىن 69.5 تىن 150 كىچە بولغان ھالەتكە يەتتى؛ ئىشلەپچىقىرىش تۆۋەنلىدى، گۈللىنىش سەۋىيىسى 76.9 دىن 153.1 گىچە بولغان ھالەتتىن 61.9 دىن 145.8 گىچە بولغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى؛ ئۇنۇم تۆۋەنلىدى، پايدا جەھەتتىكى گۈللىنىش 58.4 تىن 136.5 كىچە بولغان ھالەتتىن 65.9 دىن 116.3 كىچە بولغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى؛ كارخانىلاردا مال ئۈچۈن تۆلىنىدىغان پۇلنى ئارقىغا سۈرەش جەھەتتىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى 2002 - يىلدىكى 61.3 تىن 106 گىچە بولغان ھالەتتىن 54.7 دىن 101.5 كىچە بولغان ھالەتكە چۈشۈپ، ھەر قايسى ساھەلەر ئىچىدە ئەڭ تۆۋەن سەۋىيە بولۇپ قالدى؛ تۇراقسىز مەبلەغ جەھەتتىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى 2002 - يىلدىكى 56.2 دىن 62.8 گىچە بولغان ھالەتتىن 41 دىن 51.5 كىچە بولغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

ۋاڭ شۈەن

## ئۈچۈر يەتكۈزۈش ساھەسى كارخانىلارنىڭ گۈللىنىشكە باشلامچى بولدى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئۈچۈر يەتكۈزۈش ساھەسىدىكى

گۇللىنىش سەۋىيىسى 8 چوڭ ساھە ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى، بىر يىلدا 2. 148دىن 7. 165گىچە بولغان ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى، بۇ ساھەنىڭ گۇللىنىش سەۋىيىسى بارلىق كارخانىلارنىڭ گۇللىنىش سەۋىيىسىدىن 1 ـ پەسىلدە 9. 34 نۇقتا، 2 ـ پەسىلدە 6. 47 نۇقتا، 3 ـ پەسىلدە 1. 40 نۇقتا، 4 ـ پەسىلدە 1. 31 نۇقتا يۇقىرى بولدى.

ژاڭ شۈەن

## قاتناش ـ ترانسپورت ساھەسىدىكى گۇللىنىش يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى

2003 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ قاتناش ـ ترانسپورت ساھەسىدىكى گۇللىنىش زور دەرىجىدە يۈكسەلدى، بىر يىلنىڭ 3 پەسلىدە 120دىن ئېشىپ، ئۆسۈش ھەممىدىن تېز بولغان ساھەگە ئايلاندى. 6 خىل ئاساسلىق گۇللىنىش كۆرسەتكۈچىدە تارىختىكى رېكورت يېڭىلاندى. ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە گۇللىنىش سەۋىيىسى 5. 11 نۇقتا ئۆسۈپ، 8. 150 دىن ئىبارەت يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى؛ پايدا جەھەتتىكى گۇللىنىش سەۋىيىسى 5. 23 نۇقتا ئۆسۈپ، 9. 134دىن ئىبارەت يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى؛ تۇراقسىز مەبلەغ جەھەتتىكى گۇللىنىش سەۋىيىسى 3. 16 نۇقتا ئۆسۈپ، 1. 63 دىن ئىبارەت يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى؛ مال ئۆچۈن تۆلىنىدىغان پۇلنى ئارقىغا سۈرۈش جەھەتتىكى گۇللىنىش سەۋىيىسى 4. 11 نۇقتا ئۆسۈپ، 2. 116دىن ئىبارەت يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى؛ كارخانىلاردا ئىشچى ئىشلىتىش جەھەتتىكى گۇللىنىش سەۋىيىسى 1. 9 نۇقتا ئۆسۈپ، 1. 95دىن ئىبارەت يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى؛ تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش جەھەتتىكى گۇللىنىش سەۋىيىسى 5. 9 نۇقتا ئۆسۈپ، 4. 131تىن ئىبارەت يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. بىر يىلدا كارخانىلارنىڭ گۇللىنىش يۈزلىنىشى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەر تۆۋەندىكىچە:
1. گۇللىنىش سەۋىيىسى يۇقىرى بولدى. يىلنىڭ بېشىدىلا 5. 7 نۇقتا ئۆسۈپ، 2. 120دىن ئىبارەت يېڭى يۈكسەكلىككە ئۆرلىدى، 3 ـ، 4 ـ پەسىللەردە يەنە ئۆسۈپ، 8. 129 ۋە 6. 126گە يەتتى. 2. گۇللىنىش سەۋىيىسىدە داۋالغۇش زور بولدى. 2ـ پەسىلدە كارخانىلارنىڭ گۇللىنىش سەۋىيىسى تېزلىكتە 3. 52 نۇقتا چۈشۈپ، 2. 120دىن ئىبارەت بىر قەدەر يۇقىرى گۇللىنىش دائىرىسىدىن كاساتچىلىق دائىرىسىگە سىيرىلىپ كەتتى، گۇللىنىش سەۋىيىسى ئاران 9. 67 بولدى. 3 ـ پەسىلدە كارخانىلارنىڭ گۇللىنىش سەۋىيىسى تېزلىكتە 9. 61 نۇقتا ئۆسۈپ، بىر يىلدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە (8. 129) گە يەتتى، بىر يىلدا گۇللىنىش سەۋىيىسى جەھەتتىكى داۋالغۇش دەرىجىسى 2002 ـ يىلدىكى 1. 15دىن 9. 61غا كېڭەيدى.

ژاڭ شۈەن

## ئۆي ـ زېمىن ساھەسىدىكى گۇللىنىش سەۋىيىسى ئايلىنىش داۋامىدا قايتا ئۆرلىدى

2003 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئۆي ـ زېمىن ساھەسىدىكى گۇللىنىش سەۋىيىسى داۋاملىق تۇردە ئايلىنىش داۋامىدا يۇقىرى ئۆرلىدى، گۇللىنىش سەۋىيىسى تېز ئەسلىگە كېلىپ، 2002 ـ يىلدىكى 3. 102تىن 6. 112گىچە بولغان ھالەتتىن 2. 126دىن 9. 135غىچە بولغان ھالەتكە ئۆستى، ستاتىستىكا قىلىنغان 13 خىل كۆرسەتكۈچ ئىچىدىكى 9 خىل كۆرسەتكۈچتە گۇللىنىش سەۋىيىسى ئۆستى. تاۋار ئۆيلەرنىڭ ئالدىن سېتىلىشى جەھەتتىكى گۇللىنىش سەۋىيىسى 8. 4 نۇقتىدىن 2. 20 نۇقتىغىچە ئۆستى، كاساتچىلىق دائىرىسىدىن بۆسۈپ چىقىلىپ، شۇ يىلنىڭ 3 پەسلىدە گۇللىنىش سەۋىيىسىگە يېتىلدى؛ تاۋار ئۆيلەرنىڭ سېتىلىشى جەھەتتىكى گۇللىنىش سەۋىيىسى 8. 73 دىن 3. 133كىچە بولغان ھالەتكە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 7. 11 نۇقتىدىن 4. 28 نۇقتىغىچە ئۆستى؛ بوش تۇرغان تاۋار ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى جەھەتتىكى گۇللىنىش سەۋىيىسى 3. 151تىن 1. 164گىچە بولغان ھالەتكە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 5. 13 نۇقتىدىن 8. 35 نۇقتىغىچە ئۆستى. كارخانىلارنىڭ پايدىسى جەھەتتىكى گۇللىنىش سەۋىيىسى 2. 69دىن 5. 99كىچە بولغان ھالەتتىن 8. 91دىن 3. 114كىچە بولغان ھالەتكە يەتتى؛ تۇراقسىز مەبلەغ جەھەتتىكى گۇللىنىش سەۋىيىسى 5. 58تىن 4. 75كىچە بولغان ھالەتتىن 5. 83تىن 3. 96كىچە بولغان ھالەتكە يېتىپ، بارلىق كارخانىلارنىڭكىدىن روشەن ھالدا يۇقىرى بولدى؛ مال ئۆچۈن تۆلىنىدىغان پۇلنى ئارقىغا سۈرۈش جەھەتتىكى گۇللىنىش سەۋىيىسى 1. 92دىن 6. 121گىچە بولغان ھالەتتىن 3. 112تىن 2. 128گىچە بولغان ھالەتكە يەتتى، بۇ سەۋىيىمۇ بارلىق كارخانىلارنىڭكىدىن روشەن ھالدا يۇقىرى بولدى.

ژاڭ شۈەن

## ئىجتىمائىي مۇلازىمەت، مېھمانساراي ۋە يېمەك ـ ئىچمەك ساھەلىرىدىكى گۇللىنىش سەۋىيىسى يۇقىرى ئۆرلىدى

2003 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ مۇلازىمەت ساھەسىدىكى گۇللىنىشتە يىلنىڭ بېشىدىلا ئېگىزگە سەكرەش ۋەزىيىتى شەكىللىنىپ، 2002 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 7. 41 نۇقتا ئۆستى، كارخانىلارنىڭ گۇللىنىش سەۋىيىسى كاساتچىلىق دائىرىسىدىن بىر قەدەر يۇقىرى بولغان گۇللىنىش دائىرىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئىلگىرىكى يىللارنىڭ 1 ـ پەسلىدە كۆرۈلۈپ

باقمىغان 125.7لىك يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى، 2 - پەسىلدە «سارس»نىڭ تەسىرى بىلەن ساياھەتچىلىك، كۆڭۈل ئېچىش ساھەلىرىنى باشلامچى قىلغان مۇلازىمەت ساھەسى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى، كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسى 46.5 نۇقتا تۆۋەنلەپ، 79.2دىن ئىبارەت كاساتلاشقان تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشۈپ قالدى. كېيىنكى يېرىم يىلغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسى ئەسلىگە كېلىپ، گۈللىنىش دائىرىسىگە كىردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يىل بېشىدىكى ۋە ئىلگىرىكى يىللاردىكى سەۋىيىدىن يۇقىرى بولدى. 3 - پەسىلدە 146.8دىن ئىبارەت تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى، 4 - پەسىلدە بىر قەدەر يۇقىرى گۈللىنىش ھالىتى (141.7) ساقلاپ قېلىندى. مېھمانساراي ۋە يېمەك - ئىچمەك ساھەسىنىڭ مۇلازىمەت ساھەسى بىلەن چېتىشلىقى يۇقىرى بولىدۇ. 2003 - يىلى كارخانىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى 86.1دىن 132.6گىچە بولغان ھالەتتە تۇردى، ئومۇمىي سەۋىيە 2002- يىلدىكىدىن يۇقىرى بولدى، 2 - پەسىلنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۇراقلىق دەرىجىدە ئۆستى، ئۆسۈش دەرىجىسى 0.2دىن 22.4كىچە بولغان ئارىلىقتا بولدى. مېھمانساراي ۋە يېمەك - ئىچمەك ساھەسىدىكى گۈللىنىش جەھەتتە داۋالغۇش كەسكىن بولدى، بۇ ساھە كۆتۈرۈلۈش - پەسىيىش ھەممىدىن زور بولغان ساھەگە ئايلاندى. 1 - پەسىلدىكى باشلىنىش نۇقتىسى يۇقىرىراق بولدى، 2 - پەسىلدە «سارس»نىڭ تەسىرى بىلەن گۈللىنىش سەۋىيىسى 69.8 نۇقتا تۆۋەنلىدى، 3 - پەسىلدە يەنە تېز سۈرئەتتە 107 نۇقتا ئۆستى.

ۋاڭ شۈەن

## توپ سېتىش، پارچە سېتىش ساھەسىدىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى مەزمۇت قەدەم بىلەن ئۆستى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ توپ سېتىش، پارچە سېتىش ساھەسىدىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى مەزمۇت قەدەم تاشلاپ ئۆسۈش ھالىتىنى ساقلاپ قالدى، بۇ جەھەتتە يېڭى باسقۇچقا يۈرۈش قىلىنىپ، 110دىن 123.6گىچە بولغان سەۋىيىگە يېتىلىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىن 11.6 نۇقتا ئېشىپ كېتىلدى. 4 پەسىلدىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى 2002 - يىلدىكىدىن يۇقىرى بولدى. 2003 - يىلى كارخانىلارنىڭ پايدا جەھەتتىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى روشەن ھالدا ئۆسۈپ، 2002 - يىلدىكى 92دىن 116.8گىچە بولغان ھالەتتىن 102.4تىن 125كىچە بولغان ھالەتكە يەتتى ھەمدە بارلىق كارخانىلارنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 - پەسىلدە 24.5 نۇقتا يۇقىرى بولدى. توپ سېتىش، پارچە سېتىش ساھەسىنىڭ مەبلەغ ھالىتى باشقا ساھەلەرنىڭكىدىن روشەن ھالدا ئەۋزەل بولدى. كارخانىلاردا مال ئۈچۈن تۆلىنىدىغان پۇلنى ئارقىغا سۈرەش جەھەتتىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى 114.9دىن 139غىچە بولغان ھالەتكە يەتتى، گۈللىنىش سەۋىيىسى ھەرساھە، ھەر كەسىپ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 20.1 نۇقتىدىن 26.8 نۇقتىغىچە يۇقىرى بولدى؛ تۇراقسىز مەبلەغ جەھەتتىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى 70.2دىن 78.4كىچە بولغان ھالەتتە بولۇپ، كارخانىلارنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 4 نۇقتىدىن 11.8 نۇقتىغىچە ئۆستى.

ۋاڭ شۈەن

# پاراۋانلىق ئىشلىرى

## پاراۋانلىق ئىشلىرى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى بېقىۋېلىش خاراكتېرىدىكى ياشانغانلار پاراۋانلىق ئاپپاراتى 50 (ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسى 22، دۆلەت، كوللېكتىپ تەرىپىدىن قۇرۇلغان ياشانغانلار ياتاق بىناسى 14، خەلق تەرىپىدىن قۇرۇلغان ياشانغانلار ياتاق بىناسى 14)؛ ئىشچى - خىزمەتچىسى 567، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر، سېستىرا 199؛ كارىۋات 3556. بۇ ساناتورىيىلەردىكى يىل ئاخىرىدىكى ئادەم 2919، بۇنىڭ ئىچىدە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتى 37، «ئۈچى يوق» ئوبيېكت 1052، ئۆزى پۇل تۆلەيدىغىنى 1830. قۇرۇلغان روھىي كېسەللىكلەر پاراۋانلىق دوختۇرخانىسى 7، ئىشچى - خىزمەتچىسى 452، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر، سېستىرا 204، كارىۋات 1477. بۇ روھىي كېسەللىكلەر پاراۋانلىق دوختۇرخانىلىرىدىكى يىل ئاخىرىدىكى ئادەم 1148، بۇنىڭ ئىچىدە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتى 9، «ئۈچى يوق» ئوبيېكت 745، ئۆزى پۇل تۆلەيدىغىنى 394. قۇرۇلغان بالىلار ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسى 36، كارىۋات 2943، شۇ يىلى ساناتورىيىدىكى ئومۇمىي ئادەم (كۈن) سانى 902 مىڭ 319 ئادەم (كۈن).

سۇن خېيۇ

## ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىسى 178، يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 4981، بۇنىڭ ئىچىدە مېيىپ ئىشچى - خىزمەتچى 2401.

ئومۇمىي مۇلۇك قىممىتى 749 مىليون 736 مىڭ يۈەن، قەرزى 407 مىليون 633 مىڭ يۈەن.

سۇن خەيىۋ

### شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر 580 مىڭ ئاھالە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولدى. بىر يىلدا 490 مىليون يۈەن كاپالەت سوممىسى چىقىم قىلىنىپ، 6 مىليون 850 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە تارقىتىپ بېرىلدى، ھەر ئادەمگە ئېيىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 71 يۈەندىن تولۇقلاپ بېرىلدى. ھەر دەرىجىلىك مالىيە ئورۇنلىرى 492 مىليون يۈەن خام چوت ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز مالىيەسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنى 275 مىليون يۈەن، ئاپتونوم رايون مالىيەسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنى 123 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت، ناھىيەلەر مالىيەسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنى 93 مىليون 500 مىڭ يۈەن.

جاڭ زىدى

### يىغىۋېلىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇش خىزمىتى

2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن تىلەمچىلەردىن 12 مىڭ 150 ئادەم يىغىۋېلىندى، بۇنىڭدىن 1280ى ئۆز جايىغا قايتۇرۇلدى، گۇاڭجۇدىن شىنجاڭلىق «ئۆچى يوق» ئادەمدىن 3 تۈركۈمدە قايتۇرۇلغان 78 ئادەم قوبۇل قىلىنىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇلدى.

تۇرسۇن لېتىپ

### سەرگەردان بالىلارنى قۇتقۇزۇش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى ئاسراش خىزمىتى

2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدىكى قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش، باشقۇرۇش پونكىتلىرى ھەم سەرگەردان بالىلارنى قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش، ئاسراش مەركەزلىرى 789 ئۆسمۈر، بالىنى قۇتقۇزدى ۋە ئۇلارغا ياردەم بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇتقۇزۇلغان ۋە ياردەم بېرىلگەن مىللىي بالا 540، خەنزۇ بالا 249؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بالا 662، باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن كەلگەن بالا 127؛ قىز بالا 124، ئوغۇل بالا 665. بۇلاردىن 560ى ئائىلىسىگە ئاپىرىپ قويۇلدى.

تۇرسۇن لېتىپ

### بېقىۋېلىشنى تىزىملاش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدا بېقىۋېلىشنى تىزىملاش رەسمىيىتىدىن 828ى بېجىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو پۇقرالىرى بېجىرگەن بېقىۋېلىشنى تىزىملاش رەسمىيىتى 779، چەتكە چېتىشلىق بولغان بېقىۋېلىشنى تىزىملاش رەسمىيىتى 49. بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش يۈزىسىدىن كېلىشىم ھاسىل قىلىنغانلىقى توغرىسىدا 3 تىزىملاش رەسمىيىتى بېجىرىلدى (ھەممىسى دۆلەت ئىچىدىكى پۇقرالارنىڭ).

بې چى

### قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش، باشقۇرۇش خىزمىتى

2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «شەھەرلەردىكى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتى يوق سەرگەردان تىلەمچىلەرنى قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش، باشقۇرۇش چارىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەسلىدىكى 18 يىغىۋېلىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇش پونكىتىنىڭ نامىنى «قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش، باشقۇرۇش پونكىتى» دەپ ئۆزگەرتىش، قاراماي، كۈيتۈڭ، ئالتاي (بېيتۈن بازىرى)، شىخو، چۆچەك شەھەرلىرى، ساۋەن، قورغاس، كۈنەس ناھىيەلىرى، فۇكاڭ شەھىرى، پىچان، مارالبېشى ناھىيەلىرى، ئاتۇش شەھىرىدە يېڭىدىن 12 قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش، باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇش، مالىيە نازارىتىدە قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش، باشقۇرۇش ئىشخانىسى تەسىس قىلىش قارار قىلىندى.

يىل ئاخىرىغىچە 18 قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش، باشقۇرۇش پونكىتى ياردەمگە مۇھتاج ھەر خىل ئادەمدىن 2146نى كۈتۈۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش شەرتىگە ئاساسەن ئۇيغۇن كېلىدىغىنى 1675؛ ئەر 1321، ئايال 354، بالا 652، ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار 726، ياشانغانلار 297؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىكىسى 1057، باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن كەلگىنى 618؛ پۇت - قولىدا كېسىلى بارلار 130، گاس، روھىي كېسەل 86، ئېغىر كېسىلى بارلار 42. خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 7، ئۆلۈپ كەتكىنى 4. يىل ئاخىرىدا پونكىتتا قالغىنى 63.

تۇرسۇن لېتىپ

### مەھەللىلەردىكى ياشانغانلار پاراۋانلىق مۇلازىمىتى «يۇلتۇز پىلانى»

شىنجاڭدا خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ «مەھەللىلەردىكى ياشانغانلار پاراۋانلىق مۇلازىمىتى يۇلتۇز پىلانىنى يولغا قويۇش لايىھەسى» دىكى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە

2001 - يىل 9 - ئايدىن 2003 - يىل 12 - ئايغىچە پاراۋانلىق پۇلى ئارقىلىق ياردەم بېرىش ۋاستە قىلىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى قولغا كەلتۈرۈلۈپ، جەمئىيەتتىكى كۈچلەر قانتىششقا سەپەرۋەر قىلىنىپ، مەھەللىلەردىكى ياشانغانلار پاراۋانلىق مۇلازىمىتى مۇئەسسەسىلىرىدىن بىر تورگۇمى قۇرۇلدى. 1 - توركۇمدە 107 تور ئۈرۈمچى شەھىرىدە يولغا قويۇلدى ۋە تاماملاندى.

2 - توركۇمدىكى «يۇلتۇز پىلانى»نىڭ مۇھىم نۇقتىسى شىخەنزە، قاراماي، سانجى، مىچۈەن، فۇكاڭ، چۆچەك، شىخو، غۇلجا، كۈيتۇڭ، ئالتاي، تۇرپان، قۇمۇل، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، ئاتۇش، بورتالادىن ئىبارەت 18 شەھەرگە قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پىچان، كۆكتوقاي، ساۋەن، توققۇزتارا، نىلقا، قورغاس، خوشۇت، يەكەن، چىرا، كۇچادىن ئىبارەت ئىقتىسادىي شارائىتى بىر قەدەر ياخشى 10 ناھىيە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 2 - توركۇمدىكى «يۇلتۇز پىلانى»دا 102 تور تاماملاندى. 3 - توركۇمدىكى «يۇلتۇز پىلانى» قالغان 57 ناھىيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 295 تور تاماملاندى.

3 - توركۇمدىكى «يۇلتۇز پىلانى»دا تاماملىنىدىغان تور 504 بولۇپ، بۇنىڭغا 310 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى مۇشۇ دەرىجىلىك پاراۋانلىق لاتارىيە بېلىتى مەبلىغىنىڭ %80نى «يۇلتۇز پىلانى» تورىدىكى قۇرۇلۇشلارغا سەرپ قىلىشنى تەلەپ قىلغاندىن سىرت، جايلاردىن 1:1دىن تۆۋەن بولمىغان يۈرۈشلەشكەن مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 3 يىلدىن بېرى، مەركەزنىڭ 57 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇشۇ دەرىجىلىك پاراۋانلىق پۇلىدىن 59 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشى بىلەن مۆۋقە مەھەللىلەرگە قويۇلغان، جەمئىيەتكە يۈزلەنگەن، كىچىك تىپتا ۋە خىلمۇ خىل بولغان، قۇلايلىق ۋە ئەمەلىي بولغان تورگۇم - توركۇملىگەن «يۇلتۇز ياشانغانلار ئائىلىسى» بەرپا قىلىندى.

جاڭ لەيرۇڭ

شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ 2003 - يىلدىكى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئەھۋالى

| رايونلار | ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى دائىرىسىدىكى ئائىلە سانى | ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى دائىرىسىدىكى ئادەم | | | | | | | | ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى مەبلىغىدىن قىلىنغان چىقىم (تۈمەن يۈەن) | ئايلىق ئوتتۇرىچە تولۇقلانغان كىشى (يۈەن) | ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئۆلچىمى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى | «مەركەز»دىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچى | ئىش ئورنىدىن ئايرىلغان خادىم | دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىم | ئىشسىزلار | «ئۈچ يوق» خادىم | باشقا خادىم | يىغىندىسى | | | |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 11413 | 518 | 2048 | 6740 | 611 | 4287 | 1972 | 11446 | 27628 | 3074.71 | 93 | 156 |
| قاراماي شەھىرى | 623 | 17 | 1 | 532 | 9 | 17 | 593 | 281 | 1450 | 215.23 | 126 | 195 |
| شىخەنزە شەھىرى | 1653 | 408 | 748 | 532 | 214 | 969 | 143 | 447 | 3461 | 378 | 86 | 143 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار | 27701 | 475 | 6223 | 18958 | 1315 | 21486 | 3773 | 35515 | 87745 | 6867.77 | 59 | 119 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 15359 | 191 | 3965 | 7818 | 504 | 6074 | 4847 | 19211 | 42610 | 2483.3 | 68 | 122 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 13612 | 340 | 4208 | 9499 | 598 | 6710 | 1229 | 16759 | 39343 | 3582.68 | 80 | 117 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 4725 | 128 | 2930 | 1493 | 219 | 5585 | 564 | 3139 | 14058 | 1079.02 | 80 | 130 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 7773 | 744 | 2820 | 1266 | 361 | 1328 | 375 | 14422 | 21316 | 2038.9 | 80 | 124 |
| سانجى ئوبلاستى | 6322 | 224 | 1088 | 3032 | 557 | 1729 | 982 | 7069 | 14681 | 1007.92 | 59 | 125 |
| بورتالا ئوبلاستى | 7024 | 440 | 2519 | 4150 | 120 | 3407 | 784 | 5554 | 16974 | 1308.18 | 78 | 117 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 12646 | 888 | 2250 | 5978 | 1030 | 3785 | 2812 | 14353 | 31096 | 2745 | 75 | 123 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 24416 | 880 | 6787 | 12944 | 747 | 22813 | 4194 | 17236 | 65601 | 5192.72 | 65 | 123 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 7422 | 795 | 2581 | 1379 | 1212 | 2444 | 778 | 12154 | 21343 | 1694 | 67 | 117 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 53004 | 5486 | 3638 | 25301 | 2816 | 16906 | 7795 | 72016 | 133958 | 11788.1 | 70 | 119 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 26818 | 3501 | 5756 | 7309 | 1681 | 12268 | 4014 | 22198 | 56727 | 5204.77 | 80 | 117 |
| جەمئىي | 220511 | 15035 | 47562 | 106937 | 11994 | 109808 | 34855 | 251800 | 577991 | 48660.3 | | |

## شىنجاڭدىكى بالىلار ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىلىرىنىڭ 2003 - يىلدىكى ئەھۋالى

| تۈرى / رايون نامى | پاراۋانلىق ساناتورىيىسى سانى | ئىشچى - خىزمەتچى | | كارىۋات | ساناتورىيىدىكى يىل ئاخىرىدىكى ئادەم (ئادەم - كۈن) |
|---|---|---|---|---|---|
| | | دوختۇر، سېستىرا | باشقا ئىشچى - خىزمەتچى | | |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 1 | 15 | 69 | 128 | 59760 |
| «SOS» بالىلار كەنتى | 1 | 1 | 6 | 112 | 37440 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1 | 8 | 12 | 100 | 32040 |
| كۇچا ناھىيىسى | 1 | 1 | 18 | 87 | 31320 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 1 | 9 | 13 | 120 | 43200 |
| پوسكام ناھىيىسى | 1 | 8 | 4 | 100 | 35044 |
| قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 1 | 2 | 17 | 105 | 36360 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 1 | 6 | 7 | 60 | 21600 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 1 | 1 | 7 | 100 | 27375 |
| قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 1 | 3 | 5 | 66 | 23760 |
| مەكىت ناھىيىسى | 1 | 4 | 4 | 60 | 1980 |
| پەيزاۋات ناھىيىسى | 1 | 2 | 4 | 96 | 25550 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 1 | 2 | 12 | 100 | 36000 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 1 | 4 | 6 | 130 | 32850 |
| يەكەن ناھىيىسى | 1 | 2 | 4 | 100 | 21900 |
| تاشقورغان ناھىيىسى | 1 | 3 | 4 | 55 | 16500 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| خوتەن شەھىرى | 1 | 0 | 11 | 101 | 28835 |
| خوتەن ناھىيىسى | 1 | 0 | 11 | 110 | 40150 |
| گۇما ناھىيىسى | 1 | 1 | 12 | 98 | 27900 |
| قاراقاش ناھىيىسى | 1 | 0 | 24 | 180 | 62050 |
| لوپ ناھىيىسى | 1 | 0 | 8 | 80 | 28480 |
| چىرا ناھىيىسى | 1 | 1 | 10 | 118 | 40880 |
| كېرىيە ناھىيىسى | 1 | 0 | 20 | 109 | 29200 |
| نىيە ناھىيىسى | 1 | 0 | 5 | 16 | 5840 |
| ئاتۇش شەھىرى | 1 | 1 | 5 | 96 | 28800 |
| ئاقتۇ ناھىيىسى | 1 | 2 | 13 | 77 | 25200 |
| ئۇلۇغچات ناھىيىسى | 1 | 1 | 14 | 46 | 14890 |
| ئاقچى ناھىيىسى | 1 | 1 | 7 | 48 | 6935 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 1 | 1 | 10 | 80 | 20440 |
| پىچان ناھىيىسى | 1 | 1 | 9 | 20 | 7200 |
| توقسۇن ناھىيىسى | 1 | 1 | 3 | 50 | 16060 |
| بورتالا شەھىرى | 1 | 0 | 5 | 12 | 3650 |
| سانجى شەھىرى | 1 | 1 | 17 | 28 | 9530 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار | 1 | 10 | 12 | 65 | 2000 |
| شىخەنزە شەھىرى | 1 | 4 | 13 | 80 | 18000 |
| قاراماي شەھىرى | 1 | 2 | 4 | 10 | 3600 |
| جەمئىي | 36 | 98 | 405 | 2943 | 902319 |

### نەپىقە ۋە ياردەم

2003 - يىلى مالىيە مىنىستىرلىكى 12 مىليون 930 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايون مالىيىسى 8 مىليون 450 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ئاز كەم 20 مىڭ نۆۋەتلىك نەپىقە بېرىش ئوبيېكتىغا نەپىقە ۋە قەرەللىك، نورمىلىق ياردەم بەردى ھەمدە يېزىلاردىكى ھەربىي سەپتىن بوشىغان بىر قىسىم پېشقەدەم ھەربىيلەرنىڭ تۇرالغۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

ئىلى ئوبلاستلىق، بورتا ئوبلاستلىق شان - شەرەپ ساناتورىيىلىرىدىكى نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ تۇرالغۇ، تىببىي داۋالىنىش ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا دۆلەت 800 مىڭ يۈەن مەخسۇس پۇل ئاجراتتى (بۇنىڭ 600 مىڭ يۈەنى ئىلى ئوبلاستىغا، 200 مىڭ يۈەنى بورتالا ئوبلاستىغا بېرىلدى)، بۇ پۇل ئۆزگەرتىپ ياساش، رېمونت قىلىشقا ئىشلىتىلدى.

پەن جې

### نەپىقە، ياردەم ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلدى

2003 - يىلى خەلق ئىشلىرى نازارىتى، مالىيە نازارىتى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن نۆۋەتلىك نەپىقە بېرىش، ياردەم بېرىش ئوبيېكتلىرىغا بېرىلىدىغان نەپىقە، ياردەم ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى. بۇ قارار شۇ چاغدىن باشلاپ ئىجرا قىلىندى.

پەن جې

### ياشانغانلار ساناتورىيىسى ۋە يېزىلاردىكى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدا يېزىلاردىكى

ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈشتىكى ئىلغار كوللېكتىپتىن 3000دىن كۆپرەكى، نەمۇنىچى شەخستىن 9800دىن كۆپرەكى تەقدىرلەندى. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 2003 - يىلى جايلاردا ئىككىنى ھىمايە قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك چوڭراق ئىجتىمائىي تەسىر كۆرسىتىدىغان 1140تىن ئارتۇق ئەمەلىي ئىش پۈتكۈزۈلگەن. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئارمىيە (ساقچى ئورۇنلىرى) - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش نۇقتىسى 5200دىن كۆپرەككە يەتتى، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش مۇلازىمەت تەشكىلاتىدىن 12 مىڭدىن كۆپرەكى، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش گۇرۇپپىسىدىن 3600دىن كۆپرەكى قۇرۇلدى، 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يىل بويى ئاساسىي قاتلامدا ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. جايلار دوكلات بېرىش، ئەنئەنىنى ئەسلەش، ھەربىي قىسىملارنىڭ تارىخ سارىيىنى ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، «دۆلەت مۇداپىئەسى قانۇنى» توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلەش، ئارمىيە - خەلق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش، دۆلەت مۇداپىئەسى بىلىملىرى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ھەربىيلەر ۋە خەلق ئاممىسىغا، بولۇپمۇ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە كەڭ دائىرىدە دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى ۋە ئىككىنى ھىمايە قىلىش تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا - بازاردىن يۇقىرى 1000دىن ئارتۇق پارتىيە مەكتىپىدە كادىرلارنى تەربىيىلەش داۋامىدا دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى دەرسى تەسىس قىلىندى، %90تىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپتە ۋە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە، %95تىن ئارتۇق ئوتتۇرا تېخنىكومدا ۋە تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىدە دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى، %75تىن ئارتۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتە ھەربىي تەلىم - تەربىيە دەرسى تەسىس قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى ئېڭى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ئېڭى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرخىل گېزىت - ژۇرنال، رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا ئىككىنى ھىمايە قىلىشقا ئائىت ئاز كەم 1000 خەۋەر - ماقالە ئېلان قىلىندى، ئاڭلىتىلدى ۋە كۆرسىتىلدى، 9 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىدىكى ئىش - ئىزلىرى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىدا كۆرسىتىلدى.

مۇلازىمەت ساھەلىرى، كۆزنەك ئورۇنلار، شەھەر - يېزىلاردىكى ئاممىۋى سورۇنلار، مۇھىم قاتناش يوللىرى قاتارلىق جايلاردا 3000دىن ئارتۇق ئورۇنغا ئىككىنى ھىمايە قىلىش شوئار تاختىسى ئورنىتىلدى، 180 نەچچە ئورۇندىكى تەشۋىقات - تەربىيە سېپى ۋە ئىككىنى ھىمايە قىلىش كۆرگەزمىخانىسى تولۇقلاندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. قۇمۇل، شىخەنزە، كورلا، قەشقەر، غۇلجا شەھەرلىرىدە 64 ئۆسمۈر ھەربىيلەر (ساقچىلار) مەكتىپى قۇرۇلدى، تەربىيىلەنگەنلەر 150 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. ئونسۇ، قاغىلىق، بۇرۇلتوقاي، باركۆل ناھىيىلىرىدە دۆلەت مۇداپىئەسى تەلىم - تەربىيە مەركىزى قۇرۇلدى، تۇرپان، كۇيتۇن، سانجى شەھەرلىرى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى قاتارلىق 30 نەچچە ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىدا ئىككىنى ھىمايە قىلىشقا ئائىت تەشۋىقات بەلگىسى ۋە چىراغ ساندۇقى ئورنىتىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يېڭەنكۆل مەھەللىسىدە ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى ئىككىنى ھىمايە قىلىش تور بېكىتى بەرپا قىلىندى. باھار بايرىمى ۋە «1 - ئاۋغۇست» مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى تۈرلۈك شەكىلدىكى ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش - ھال سوراش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى باشلاپ ماڭغان ئۆمەكلەر ھەربىي قىسىم ئورگانلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى روتا - ئەترەتلەر ۋە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىدىن ھال سوراپ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملار ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلىشىگە ئېرىشتى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە ھەربىي قىسىملارغا 120دىن ئارتۇق تېلېۋىزور، 70تىن ئارتۇق VCD ئاپپاراتى، 190دىن ئارتۇق كومپيۇتېر، 60تىن ئارتۇق كىرئالغۇ، 400دىن ئارتۇق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە سايمىنى، 10 مىڭدىن ئارتۇق كىتاب تەقدىم قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر، كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلار، يېزا - كەنتلەر ۋە ھەر مىللەت ئامما ھەربىي قىسىملار ۋە نەپىقە ئوبيېكتلىرىدىن ھال سوراشقا سەرپ قىلغان خىراجەت 32 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە قۇرغان پارتىيە ياچېيكىسى 550دىن كۆپرەككە، بىرلىكتە قۇرۇلغان مەدەنىي كەنت - بازار 700دىن كۆپرەككە، مەدەنىي كۆزنەك 1300دىن كۆپرەككە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 450تىن ئارتۇق ئارمىيە (ساقچى ئورۇنلىرى) - خەلق بىرلەشمە مۇداپىئە تەشكىلاتى مۇقىملىقنى قوغداش داۋامىدا مۇھىم رول ئويناپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. جايلار تەشكىللىگەن 60تىن ئارتۇق تەكشۈرۈش ئۆمىكى (گۇرۇپپىسى) تۈرلۈك نەپىقە بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش

سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، نۇقتىلىق نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىغا بېرىلىدىغان نەپىقە، ياردەمنىڭ ۋاقتىدا، تولۇق بېرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون يېزىلاردىكى پېشقەدەم ھەربىي سەپتىن بوشىغان ھەربىيلەرگە بېرىلىدىغان ياردەم ئۆلچىمىنى ئۆستۈردى. %80تىن ئارتۇق ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ يېزىلىرىدىكى مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بېرىلىدىغان غەمخورلۇق پۇلى شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ 2002- يىلدىكى ساپ كىرىم سەۋىيىسىگە يەتتى، غەمخورلۇق قىلىش دائىرىسى %100كە يەتتى. جايلار ئورۇنلاشتۇرۇش سىياستىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 5000دىن ئارتۇق ئارمىيىدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىر، دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان كادىر، كەسىپ ئالماشتۇرغان كەنجى ئوفىتسېر ۋە ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى ۋە 2000دىن ئارتۇق ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇنلار بىر قەدەر مەركەزلەشكەن ئۈرۈمچى، كورلا شەھەرلىرى، كۇچا، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىرى ھەربىي قىسىملار بىلەن تەشەببۇسكارانە ئالاقە باغلاپ، ئىنقىلابىي قۇربانلار، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، ھەربىيلەرنىڭ شەرتكە مۇۋاپىق كېلىدىغان 300دىن ئارتۇق ئائىلە تاۋابىئاتىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايوندا ھەربىيلەرنىڭ 3000دىن ئارتۇق پەرزەنتىنىڭ مەكتەپكە، يەسلىگە كىرىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 2200 نەچچە ئائىلىگە تۇرالغۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىلدى، 4500دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىش تۈرى ۋە ئىسمېنا نۆۋىتى تەڭشەپ بېرىلدى. 1 مىليون 800 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق باشقا جايدا ئوقۇش خىراجىتى كېمەيتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى.

2003 - يىلى جايلار ھەربىي قىسىملارغا يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن 1300 گېكتار، ھەربىي تەلىم - تەربىيە بازىسى قىلىش ئۈچۈن 800 گېكتار يەر ئاجرىتىپ بەردى، ھەربىي قىسىملارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن 30 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، بىر يىلدا شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملار ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرى 1 مىليون 400 مىڭدىن ئارتۇق ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىپ، 12 مىڭ دانە (قېتىم) دىن ئارتۇق ماشىنا - ئاپتوموبىلنى ئىشقا سېلىپ، 30 نەچچە خىل نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ۋە 480 نەچچە خىل ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى؛ «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق قۇرۇلۇشى، كۆكيار ئىھاتە ئورمانلىقى قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ بويىچە ئالاقىلىشىش ئوپتىك كابېل قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارغا تۆھپە قوشتى. ھەربىي رايونغا قاراشلىق ھەربىي قىسىملار قانات يايدۇرغان «100 كەنتتە نامراتلارنى يۆلەپ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىدا دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، 670تىن ئارتۇق نامراتلارنى يۆلەش نۇقتىسىدا 4300دىن ئارتۇق نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تېخنىكا خادىمىدىن 32 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، ھەر مىللەت ئاممىدىن 260 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نىڭ كېسىلى داۋالاندى ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدى ئېلىندى، 2 مىليون تۈپتىن ئارتۇق مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملار خەۋپ - خەتەردىن ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا 130 نەچچە قېتىم قاتنىشىپ، خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىغان ئاممىدىن 963 ئادەم (قېتىم) نى قۇتقۇزدى، دۆلەت ۋە خەلقنى ئاز كەم 200 مىليون يۈەنلىك زىياندىن ساقلاپ قالدى؛ «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» غا 1 مىليون 650 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلىپ، 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق قىممەتتىكى ماددىي ئەشيا ياردەم قىلىپ، ئوقۇشتىن قېلىپ قالغان 1100دىن ئارتۇق بالىنى مەكتەپ قوينىغا قايتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملاردا تۈركۈم - تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپلار ۋە نەمۇنىچى شەخسلەر مەيدانغا كەلدى. شۇ يىلى 43 ئىلغار كوللېكتىپ، 126 ئىلغار شەخس 4 باش شتاب تەرىپىدىن تەقدىرلەندى؛ 128 ئىلغار كوللېكتىپ، 216 ئىلغار شەخس لەنجۇ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى؛ 1350 نەچچە ئىلغار كوللېكتىپ، 12 مىڭدىن ئارتۇق ئىلغار شەخس شىنجاڭ ھەربىي رايونى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسمى، باش قورال - ياراغ بۆلۈمىنىڭ 21 - بازىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

جاڭ جۇخۇي

## ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدا ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان 1374 كادىر قوبۇل قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پىلان بويىچە تەقسىم قىلىنغىنى 424 (تۇەن دەرىجىلىك كادىر 31)، ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللىغىنى 950 (تۇەن دەرىجىلىك كادىر 415)؛ ئۇلار بىلەن

بىللە يۈتكىلىپ (كۆچۈپ) كەلگەن ئائىلە تاۋابىئات، پەرزەنت 190. شۇ يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىي سەپتىن بوشىغان، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنى تەربىيىلەش، باشقۇرۇش، ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى» تۈزۈپ چىقىلدى. ناھىيە (شەھەر، رايون)، كوچا (يېزا - بازار)، مەھەللە (كەنت) ئاساس قىلىنغان ئۈز ئالدىغا كەسىپ تاللايدىغان ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى باشقۇرۇش ۋە ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىش بويىچە 3 دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئەندىزىسى بەرپا قىلىندى. 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ۋە 10 - ئاينىڭ 16 — 17- كۈنلىرى گوۋۇيۈەنىنىڭ ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشخانىسى شىنجاڭدا مەملىكەت بويىچە ئۈز ئالدىغا كەسىپ تاللايدىغان ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى باشقۇرۇش ۋە ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى 2 قېتىم يىغىن ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە 2000 - يىلى ناھىيە (شەھەر) لەرگە ۋە يېزا- بازارلارغا ۋەزىپە ئۆتىگىلى بارغان ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان 20 كادىرنىڭ ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى.

چى يۇڭفۇ

## ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنى، پېنسىيىگە چىققان كەنجى ئوفىتسېرلارنى ۋە پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ھەربىي سالاھىيىتى بولمىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى

1. دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، 2003 - يىلى شىنجاڭدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىدىن ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە، ئوت ئۆچۈرۈش قىسمىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىردىن 136سى قوبۇل قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2. ئاپتونوم رايوندىن 2003 - يىلى ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار، پېنسىيىگە چىققان كەنجى ئوفىتسېرلار ۋە پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ھەربىي سالاھىيىتى بولمىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ھەم باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن 79 مىليون 540 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى.

3. ش ئۇ ئا ر ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار 2 - ساناتورىيىسى 2003 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى تەرىپىدىن مەدەنىي ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ش ئۇ ئا ر ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار 1 - ساناتورىيىسى ئۈرۈمچى شەھىرى «تەڭرىتاغ» رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى تەرىپىدىن مەدەنىي ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

4. خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 2003 - يىلى جايلارغا 2002 - يىلى چۈشۈرۈپ بېرىلگەن ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنىڭ خىراجىتى قانۇنىنى ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن تەپتىش قىلىندى.

چېن بۈدۈڭ

## ھەربىيلىكتىن چېكىنگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى

ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ ھەربىيلىكتىن چېكىنگەنلەرنى قوبۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى 2002 - يىلى قىشتىن 2003 - يىلى ئەتىيازغىچە شىنجاڭدا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ ھەربىيلىكتىن چېكىنگەنلەردىن 4311ى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن ئەسكەر 3165، ھەربىي سەپتىن بوشىغان كەنجى ئوفىتسېر 819، كەسىپ ئالماشتۇرغان كەنجى ئوفىتسېر 327؛ شەھەر- بازارلاردىن ھەربىي سەپكە كىرگەنلەر 2554، يېزىلاردىن ھەربىي سەپكە كىرگەنلەر 1757. ئورۇنلاشتۇرۇش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان 3306 ئادەم ئىچىدە شەھەر - بازارلاردىكى مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن ئەسكەر 2145، ھەربىي سەپتىن بوشىغان كەنجى ئوفىتسېر 297، كەسىپ ئالماشتۇرغان كەنجى ئوفىتسېر 327، باشقىلار (جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىن تاللانغان 450 كادىر شۇنىڭ ئىچىدە) 537. يىل ئاخىرىغىچە بۇلاردىن 1758 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار ئورۇنلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ئادەم سانىنىڭ %53نى تەشكىل قىلدى.

ھەربىي سەپتىن بوشىغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى 2003 - يىلى كۈزدە شىنجاڭدا ئارمىيىدىن ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىدىن ھەربىي سەپتىن بوشىغان كادىردىن 73ى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئازادلىق ئارمىيە سىستېمىسىدىكىسى 33، قوراللىق ساقچى باش ئەترىتى سىستېمىسىدىكىسى 15، قوراللىق ساقچى ج خ سىستېمىسىدىكىسى 25؛ شەھەر - بازارلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 40، يېزىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 33.

شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ھەربىي سەپتىن بوشىغان كادىرلارنىڭ %90ى جايلاردا ئوپيوس گورۇنلاشتۇرۇش رەسمىيىتىنى ئۆتىدى.

**ھەربىي تەمىنات پونكىتلىرىنىڭ كۈتۈۋېلىش ۋە يۆتكەش-توشۇش ئەھۋالى** 2003 ـ يىلى ئۈرۈمچى، قۇمۇل، تۇرپان، كورلىدىن ئىبارەت 4 ھەربىي تەمىنات پونكىتى يولدىن ئۆتكەن ھەربىي قىسىملاردىن 42 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى ۋە يۆتكەپ توشۇدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى ـ كونا ئەسكەردىن 40 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى ۋە يۆتكەپ توشۇلدى.

**ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى بويىچە ھەقلىق يۆتكەش كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى** 2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر-بازارلاردىكى ھەربىي خىزمەتتىن بوشىغان ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى بويىچە ھەقلىق يۆتكەش خىراجىتىدىن 2 مىليون 922 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى، بۇنىڭدىن 278 مىڭ يۈەنى ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاپىدىغان (10 ئادەم ـ قېتىم) گە ياردەم بېرىشكە سەرپ قىلىندى، 1 مىليون 816 مىڭ يۈەنى ھەقلىق يۆتكەشكە چىقىم قىلىندى.

جاڭ كۈيخەي

# قىزىل كرېست جەمئىيىتى خىزمىتى

## تەشكىلىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 14 قىزىل كرېست جەمئىيىتى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى راۋانلاشتۇردى، ناھىيە دەرىجىلىك 48 قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئاپپاراتى مۇستەقىل تەسىس قىلىندى. ئاساسىي قاتلامدىكى تەشكىلات 1210، قوراممىغا يەتكەن ئەزا 333 مىڭ، ياش ۋە ئۆسمۈر ئەزا 62 مىڭ.

نىڭ يىڭسو

## مەبلەغ توپلاش ۋە تەشۋىقات ئەھۋالى

2003 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلارغا خەلق پۇلى ھېسابىدا قىممىتى 26 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە ياردەم بېرىش پۇلى ھەم ماددىي نەرسە توپلاپ بەردى. «سارس» قا تاقابىل تۇرۇش مەزگىلىدە قىممىتى 1 مىليون 25 مىڭ يۈەنلىك پۇل ۋە ماددىي نەرسە قوبۇل قىلىندى ۋە ئالاقىدار جايلارغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى. 2003 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ خەنزۇچە نامى توردا تىزىملاندى، قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ 16821999 نومۇرلۇق مەسلىھەت بېرىش مەخسۇس لىنىيىسى ئېچىلدى، قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ تەشۋىقات ئاتكرىتكىسىدىن 5000 نۇسخا ئىشلىنىپ تارقىتىلدى، خەلقئارا ئىنسانپەرۋەرلىك قانۇنى ۋە قىزىل كرېست ھەرىكىتىگە ئائىت ئاساسىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدا 20 قارار كۇرس ئېچىلدى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دۇ چېنرۇي مەملىكەتلىك تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلدى، ش ئۇ ئا ر قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئاپتونوم رايون مىقياسىدا قىزىل كرېست جەمئىيىتى قانۇنىغا ئائىت بىلىملەردىن مۇكاپاتلىق زېھىن سىناش مۇسابىقىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «قىزىل كرېست روھى» دېگەن تېمىدا مەخسۇس پروگرامما كۆرسەتتى.

نىڭ يىڭسو

## ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش ئەھۋالى

2003 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى مارالبېشى، پەيزاۋات ناھىيىلىرىدە 6.8 بال قاتتىق يەر تەۋرىدى، يەر تەۋرەشتە 268 ئادەم ئۆلدى، 4000دىن ئوشۇق ئادەم يارىلاندى، ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يەتتى. ش ئۇ ئا ر قىزىل كرېست جەمئىيىتى 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئىئانە توپلاپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى قۇتقۇزۇش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئاپەتتىن كېيىن يۇرت-ماكانىنى قايتا قۇرۇشقا سەرپ قىلدى، بۇ ئىئانىدىن 500 مىڭ ئادەم نەپ ئالدى. ئاپەت يۈز بەرگەن رايون مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزىلىق شىپاخانا، چوڭقۇرچاق يېزىسى، ئالاغىر يېزىسى، سېرىقبۇيا بازىرىدىكى 69 كەنت داۋالاش ئورنى، مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرى يېڭىمەھەللە باشلانغۇچ مەكتىپى، مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرى قورامتوغراق باشلانغۇچ مەكتىپى ھەم ئوقۇتۇش نۇقتىسى، مارالبېشى ناھىيە ئالاغىر يېزىسى دۆڭقوتان باشلانغۇچ مەكتىپى، قەشقەر ۋىلايەتلىك قىزىل كرېست



ش ئۇ ئا ر قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئەۋەتكەن تىببىي داۋالاش ئەترىتى يىل بويى ئاساسىي قاتلامدا خەلق ئۈچۈن سەييارە مۇلازىمەت قىلدى. سۈرەتتە: تىببىي داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭدا ھەر مىللەت ئاممىنى داۋالىماقتا.
سۈرەتنى قەشقەر ۋىلايەتلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتى تەمىنلىگەن.

جەمئىيىتى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەركىزى، مارالبېشى ناھىيىلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا بۇ ئورۇن ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ قاتارىدا تەقدىرلەندى.

7 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا توققۇزتارا، نىلقا ناھىيىلىرىدە سۇ ئاپىتى يۈز بەردى، ش ئۇ ئا ر قىزىل كرېست جەمئىيىتى قىممىتى 160 مىڭ يۈەنلىك ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشياسى ئەۋەتىپ بەردى. 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدە 6.1 بال يەر تەۋرىدى، بۇ ناھىيىگە قىممىتى 470 مىڭ يۈەنلىك ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى ۋە ماددىي نەرسە ئەۋەتىپ بېرىلدى.

بىر يىلدا ھەر دەرىجىلىك قىزىل كرېست جەمئىيەتلىرى 281 تىببىي داۋالاش - قۇتقۇزۇش ئەترىتى ئەۋەتىپ، 77 مىڭ ئادەمنى قۇتقۇزدى ۋە داۋالىدى.

نىڭ يىڭسو

## ساقلىق ساقلاش - قۇتقۇزۇش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر قىزىل كرېست جەمئىيىتى 2003 - يىلى 50 مىڭ 82 ئادەمنى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 41 مىڭ 389 ئادەم ساقلىق ساقلاش - قۇتقۇزۇشتا لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. 8693 ئادەمگە دەسلەپكى ساقلىق ساقلاش - قۇتقۇزۇش بىلىملىرى ئۆگىتىلدى. باش جەمئىيەتنىڭ لاتارىيە بېلىتى جامائەت پاراۋانلىق فوندى تۇرى مەبلىغى ئارقىلىق ساقلىق ساقلاش - قۇتقۇزۇش ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدىن 3 قارار ئېچىلىپ، 105 ئادەم تەربىيىلەندى.

نىڭ يىڭسو

## مەھەللە مۇلازىمىتى

ش ئۇ ئا ر قىزىل كرېست جەمئىيىتى 2003 - يىلى «قىزىل كرېست مېھرىبانلىقنى ھەممە ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش» پائالىيىتى داۋامىدا 2500 ئائىلىدىن ھال سورىدى، ھال سوراشقا ئىشلىتىلگەن ماددىي ئەشيانىڭ قىممىتى 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئىجتىمائىي كۈچلەرنى ياشانغانلار ساناتورىيىسى، بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىسىگە ياردەم بېرىشكە، راك كېسىلىگە تاقابىل تۇرۇش شادلىق بېغى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا پائال ئۇيۇشتۇردى. مەھەللىلەردە ئاجىزلار توپىدىكى ئائىلىلەرنىڭ ئارخىپى تۇرغۇزۇلۇپ، «بىرى بىرىگە ياردەم بېرىش»تىن ئىبارەت قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش پائالىيىتى يولغا قويۇلدى. قۇمۇل شەھەرلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتى دوختۇرخانىسى 4 ئورۇندا مەھەللە تىببىي داۋالاش مۇلازىمەت پونكىتى قۇردى.

نىڭ يىڭسو

## ئەيدىس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر قىزىل كرېست جەمئىيىتى 2003 - يىلى ئەيدىس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ياش ھەمراھلار تەربىيىسى، ئەيدىس كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارغا غەمخورلۇق قىلىش قاتارلىق تۈرلەردىكى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. بىر يىلدا ھەر خىل تۈرلەر بويىچە 123 قارار كۇرس ئېچىلىپ، 2387 ئادەم تەربىيىلەندى، 6100 ئادەم ئالاقىدار بىلىملەردىن خەۋەردار قىلىندى. تۈر خىزمىتى ئىلى ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتىگىچە كېڭەيتىلدى. خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، ئېنگلىزچە يېزىقلاردا «قىزىل كرېست ھەرىكەتتە» ناملىق سۈرەتلەر توپلىمى 5000 نۇسخا، ش ئۇ ئا ر قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئەيدىس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ۋە ياردەم بېرىش فوندىنىڭ تەشۋىقات رەسىمى 3000 نۇسخا نەشر قىلىندى، «ئەيدىس كېسىلىگە جىددىي

قارايلى، ھەممەيلەن خەۋەر تاپسۇن» ناملىق تەشۋىقات رەسىمىدىن 5000 نۇسخا بېسىپ تارقىتىلدى. ئەيدىس كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دائىر تەشۋىقات تاختىسىدىن 20 نەچچىسى ئىشلەندى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى دۇنيا ئەيدىس كېسەللىكى كۈنى (12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) ش ئۇ ئا ر قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ئەيدىس كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۈرىنى قانات يايدۇرغانلىقى توغرىسىدىكى مەخسۇس فىلىمنى كۆرسەتتى. ئەيدىس كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۈرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئەھۋالى چەت ئەللەردىكى ئالاقىدار تەشكىلاتلار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئۇزۇنمۇددەتلىك ھالدا ئېتىراپ ئېرىشتى.

8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ئەيدىس كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىلدى.

نىڭ يىڭىو

## ئالماشتۇرۇش ۋە تۈر ھەمكارلىقى

ش ئۇ ئا ر قىزىل كرېست جەمئىيىتى 2003 - يىلى سىرت بىلەن ئالماشتۇرۇش ۋە تۈر ھەمكارلىقىنى داۋاملىق كۈچەيتتى. كانادا قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى 3 يېزا - بازارلىق شىپاخانىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرىگە ھەقسىز ياردەم قىلىش پىلانىنىڭ 1 - يىلىدىكى خىزمىتى تاماملاندى. شياڭگاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭغا فاكس ئاپپاراتى ياردەم قىلىش تۈرىدە ناھىيە دەرىجىلىك 51 قىزىل كرېست جەمئىيىتىگە فاكس ئاپپاراتى سەپلەپ بېرىلدى. شياڭگاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ 5 يىل ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭدىكى 6 يېزىدا ئاساسىي قاتلامدىكى دېھقان، چارۋىچىلارغا ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرى تەربىيىسى بېرىش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش تۈرى ئىشقا كىرىشتى، بۇنىڭغا 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونلىرىنى يېڭىۋاشتىن گۈللەندۈرۈش تۈرىدىن 4ى تاماملاندى، بۇنىڭغا 3 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

نىڭ يىڭىو

# ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى

## پەۋقۇلئاددە ئېغىر تەبىئىي ئاپەتلەر

1. تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەش، قاتتىق سوغۇق، بوران، چاڭ - توزان ئاپەتلىرى. 2003 - يىل ئىمتىيازدا ئاپتونوم رايون مىقياسىدىكى بوران، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەش، قاتتىق سوغۇق ئاپەتلىرى ھەم قىسمەن رايونلاردىكى شورمەل ئاشقىنى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدىكى كېۋەز ئۆستۈرۈلىدىغان رايونلاردا ئازراقتىن ئوتتۇراھالغىچە قار، يامغۇر يېغىپ، ھاۋا قاتتىق سوۋۇپ كەتكەن ھاۋارايى كۆرۈلدى، تارباغاتاي، بورتالا، ئىلى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمى، ئاقسۇنىڭ ئايرىم رايونلىرىدا ھۆل - يېغىن ئېغىر بولدى، كۆنەس ناھىيىسىدە ئىنتايىن ئېغىر بولدى ھەمدە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا 6 بال غەربىي شىمال شامىلى چىقتى، شامال ئېغىزلىرىدا بوران 10 بالدىن 12 بالغا يەتتى. شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا تېمپېراتۇرا 10℃ تىن 18℃ قىچە تۆۋەنلىدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا تېمپېراتۇرا 9℃ تىن 14℃ قىچە تۆۋەنلىدى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 0℃ ئەتراپىغا چۈشۈپ قالدى. بۇ قېتىمقى قاتتىق سوغۇق ھاۋارايى كۆپ قىسىم رايونلاردا 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولۇش ھالىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تارىختا مۇشۇ مەزگىلدە كۆرۈلىدىغان يۇقىرى پەللە قىممىتىدىن بۇسۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

تېمپېراتۇرا داۋاملىق تۆۋەنلىگەن ھاۋارايى شىمالىي شىنجاڭنىڭ كېۋەز ئۆستۈرۈلىدىغان رايونلىرىدا تېرىلغۇ ۋاقتىنى قايتا - قايتا كەينىگە سۈرۈۋېلا قالماي، جەنۇبىي شىنجاڭدا بالدۇر تېرىلغان قىسمەن كېۋەزلەرنىمۇ زىيانغا ئۇچراتتى ھەمدە جايلاردا چارۋىلارنىڭ كۆپلەپ قىرىلىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا تۈرلۈك دەرىجىدىكى چاڭ - توزان كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ، تۇرپان - پىچان - توقسۇن ئويمانلىقى ھەم جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدىكى ئەڭ يۇقىرى بوران كۈچى 10 بالدىن 12 بالغا يەتتى، شامال سۈرئىتى سېكۇنتىغا 30 مېتىرغا يەتتى. بوران، چاڭ - توزان يازغى بۇغداي، زىرە، بېدە قاتارلىق زىرائەتلەرگە ھەم چېچەكلەۋاتقان ئۆرۈك، نەشپۈت، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرگە خېلى قاتتىق زىيان يەتكۈزدى؛ تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەش، چاڭ - توزان كۆپ قىسىم رايونلاردىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلىش ۋاقتىنى ئاز كەم بىر ئاي كېچىكتۈرۈۋەتتى، 666.67 گېكتار يەردىكى چوڭ كۆكتات پارنىكى ئاپەتكە ئۇچرىدى.

7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 8 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەش جەريانى يەنە بىر قېتىم كۆرۈلدى.

بولۇپمۇ 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ۋە كۈندىلىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا تارىختا 7 - ئاينىڭ شۇ مەزگىلىدىكى قىممەتتىن بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتتى. تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىگەن ھاۋارايى شىمالىي شىنجاڭدىكى كېۋەز ئۆستۈرۈلىدىغان ئاساسلىق رايونلارغا (مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتى جەھەتتە) چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

2. كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرى. ياز كىرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بويىچە ھۆل - يېغىنلىق ھاۋارايى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن روشەن ھالدا كۆپ بولدى، قىسمەن كونۇپكىسىلىك قاتتىق ھۆل - يېغىنلىق ھاۋارايى جەريانى پات - پات كۆرۈلۈپ تۇردى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى جايلىرىدا كەلكۈن ۋە مۆلدۈر ئاپەتلىرى يۈز بەردى. 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى تاغلىق رايونلاردا تۇيۇقسىز قارا يامغۇر ياغدى، تارىختا ئاز كۆرۈلگەن پەۋقۇلئاددە ئېغىر كەلكۈن نىلقا، توققۇزتارا ناھىيىلىرىنىڭ ئاھالە بىر قەدەر زىچ جايلاشقان قىسمەن يېزا - بازارلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، 26 ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى، 4 ئادەمنىڭ زەخىملىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 7 - ئايدىن كېيىن قىسمەن دەريا - ئېقىنلاردا ئاگاھلاندۇرۇش سىزىقىدىن ئېشىپ كەتكەن كەلكۈن يۈز بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ساۋەن ناھىيىسىدىكى قورغاس دەرياسىدا 100 يىلدا بىر قېتىم كۆرۈلىدىغان پەۋقۇلئاددە ئېغىر كەلكۈن يۈز بەردى، ئىلىدىكى قاش دەرياسىدا تارىختا 3 - ئورۇندا تۇرىدىغان ئېغىر كەلكۈن يۈز بەردى، بىر مۇنچە جىلغىلاردا تۈرلۈك دەرىجىدىكى قارا يامغۇر تۈپەيلىدىن كەلكۈن ۋە لاتقا - شېغىللىق ئېقىن كەلدى، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، سانجى، قەشقەر، بورتالا، قۇمۇل، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا يازدا يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدىكى تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشى ئاستا بولغانلىقى ھەمدە داۋاملىق تۆۋەن بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئېرىگەن قار سۈيى بىلەن تەمىنلىنىشنى ئاساس قىلىدىغان كۆپ قىسىم دەريا - ئېقىنلارنىڭ سۈيى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن %20تىن %40كىچە ئازىيىپ كەتتى. 2003 - يىلى پەۋقۇلئاددە قاتتىق قارا يامغۇر، كەلكۈن ۋە مۆلدۈر ئاپەتلىرىدە 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 45 ناھىيە (شەھەر) دىكى 206 يېزا (بازار) دا 1 مىليون 800 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، 36 ئادەم ئاپەتتە ئۆلۈپ كەتتى، 11 مىڭ ئائىلىنىڭ ئۆيى ئۆرۈلۈپ كەتتى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليارد 393 مىليون يۈەنگە يەتتى.

3. يەر تەۋرەش ئاپىتى. 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مارالبېشى، پەيزاۋات ناھىيىلىرىدە 6.8 بال قاتتىق يەر تەۋرىگەندىن كېيىن، ئارتۇش، يوپۇرغا، مارالبېشى، قەشقەر يېڭىشەھەر، ساۋەن، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق جايلاردا 60 نەچچە قېتىم 5 بالدىن 3.7 بالغىچە قاتتىق يەر تەۋرىدى، يەر تەۋرەش ئاپىتىدە 657 مىڭ 300 ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، 269 ئادەم ئۆلدى، 147 مىڭ 800 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 76 مىڭ 423 تۇياق چارۋا ئۆلدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 2 مىليارد 74 مىليون يۈەنگە يەتتى.



قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ خادىملىرى 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايوندا ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا پاختىلىق كىيىم، يوتقان-كۆرپە قاتارلىق ماددىي نەرسىلەرنى تارقىتىپ بەرمەكتە.
ئەكبەر فوتوسى

4. تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈش ئاپىتى. 2003 - يىلى شىنجاڭدا كۆرۈلگەن گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرنىڭ ۋەزىيىتى ئېغىر بولۇپ، بەلگىلىك كۆلەمدىكى گۈمۈرۈلۈش، غۇلاپ چۈشۈش، لاتقا - شېغىللىق ئېقىن كېلىش قاتارلىق گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەر 50 قېتىم يۈز بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە گۈمۈرۈلۈش 26 قېتىم، غۇلاپ چۈشۈش 5 قېتىم، لاتقا - شېغىللىق ئېقىن 15 قېتىم، يەر ئولتۇرۇشۇپ كېتىش 4 قېتىم يۈز بەردى، ئاپەتتە 23 ئادەم ئۆلۈپ (ياكى يوقاپ) كەتتى، 4 ئادەم زەخىملەندى. گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەر، ئاقسۇ، كۇنەس، توققۇزتارا، قورغاس قاتارلىق ناھىيىلەرگە مەركەزلەشتى، 50 قېتىملىق گېئولوگىيىلىك ئاپەتتىن 25 قېتىملىقى ئىلى ئوبلاستىدا يۈز بەردى. ئاپەت يۈز بېرىش ۋاقتىدىن قارىغاندا، 4 - ئايدىن 7 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگىنى 46 قېتىم بولۇپ، شۇ يىلى كۆرۈلگەن گېئولوگىيىلىك ئاپەتنىڭ %92نى ئىگىلىدى.

ئىسھاق

## ئاپەتتىن ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇشقا مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى شىنجاڭدا تەبىئىي ئاپەتلەردىن قۇتقۇزۇشقا

بېرىلگەن 325 مىليون 449 مىڭ يۈەن ياردەم خىراجىتى تارقىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزدىن ھەۋقۇلئاددە ئېغىر تەبىئىي ئاپەتلەردىن قۇتقۇزۇشقا بېرىلگەن ياردەم خىراجىتى 162 مىليون 952 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك مالىيە تارماقلىرىنىڭ تەبىئىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئاجراتقان ياردەم خىراجىتى 162 مىليون 497 مىڭ يۈەن.

ئىسھاق

## دائىملىق ئىجتىمائىي ئىئانە خىزمىتى

2003 ـ يىل 1 ـ ئايدا ۋە 10 ـ ئايدا شىنجاڭدىكى 780 ئىجتىمائىي ياردەم پونكىتىدا دائىملىق ياردەم قىلىش پائالىيىتى مەركەزلىك قانات يايدۇرۇلدى. بىر يىلدا ئىئانە قىلىنغان 153 مىليون 253 مىڭ 100 يۈەن پۇل، قىممىتى 18 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان ئىئانە قىلىنغان ماددىي نەرسە قوبۇل قىلىندى.

ئىسھاق

## «جۇڭخې» شىركىتى مېھرىبانلىق ياردەم مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

2003 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي ياردەم قىلىش پائالىيىتىدىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا شىنجاڭ «جۇڭخې» پاي چەكلىك شىركىتى مېھرىبانلىق ياردەم مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇ، شىنجاڭدىن بۇ ئالاھىدە شان ـ شەرەپكە ئېرىشكەن بىردىنبىر ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. بۇ شىركەت 1996 ـ يىلدىن بېرى ئىئانە قىلغان پۇل ۋە ماددىي نەرسە خەلق پۇلى ھېسابىدا، 2 مىليون 115 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

سۇ جيەنگاڭ

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تەبىئىي ئاپەتنىڭ زىيىنىغا ئۇچراش ئەھۋالى

| تۈرلەر / ۋىلايەت، ئوبلاستلار | ئاپەتكە ئۇچرىغان زىرائەت كۆلىمى (گېكتار) | ئاپەت بولغان زىرائەت كۆلىمى (گېكتار) | ھوسۇل چىقمىغان يەر كۆلىمى (گېكتار) | زىيان بولغان، كېمەيگەن ئاشلىق (توننا) | ئۆلگەن چارۋا | ئۆرۈلگەن جۇنشكەن ئۆي (ئېغىز) | ئاپەتكە ئۇچرىغان نوپۇس (ئادەم) | ئاپەت ئىچىدە قالغان نوپۇس (ئادەم) | ئاپەتتە ئۆلگەن ئادەم | ئاپەتتە زەخىملەنگەن، ئاغرىغان ئادەم | بىۋا ئىگىلىككە يەتكەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 439133 | 365283 | 155135 | 230990 | 195643 | 164069 | 2031607 | 1465440 | 326 | 18270 | 78926 |
| ئېلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار | 199411 | 175075 | 67474 | 80022 | 93109 | 9903 | 386795 | 269198 | 50 | 2044 | 6183 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 52068 | 35308 | 7889 | 14255 | 7252 | 436 | 176937 | 91405 | 1 | | 10697 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 2983 | 1895 | 689 | 1725 | | | 47329 | 38923 | | | 293 |
| بورتالا ئوبلاستى | 23442 | 15222 | 6214 | 9562 | 13 | 72 | 27037 | 21688 | | | 4633 |
| سانجى ئوبلاستى | 50230 | 44840 | 21230 | 75550 | 2054 | 338 | 61387 | 49382 | 2 | 2819 | 5049 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 14831 | 11199 | 5647 | 15051 | 1890 | 454 | 89673 | 64971 | | | 2534 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 17255 | 13412 | 8840 | 321 | 33891 | 822 | 123116 | 113676 | 1 | | 5667 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 43848 | 43003 | 22906 | | 1031 | 1049 | 140508 | 114673 | | | 18740 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 1374 | 1200 | 1200 | 12302 | 30184 | 4483 | 114957 | 114957 | 2 | 8280 | 976 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قەشقەر ۋىلايىتى | 2092 | 884 | 110 | 4734 | 2464 | 142291 | 280133 | 180745 | 268 | 4857 | 2516 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 18229 | 16149 | 11231 | 17468 | 23421 | 4209 | 478487 | 383406 | 2 | 270 | 4563 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 13370 | 7096 | 1705 | | 334 | 12 | 105248 | 22416 | | | 17075 |

ئىسھاق

# ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

## ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئەھۋالى

خەلق ئىشلىرى نازارىتى 2003 - يىل 3 - ئايدىن 6 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى يىللىق تەكشۈردى، يىللىق تەكشۈرۈشكە ئېگىشلىك 450 ئىجتىمائىي تەشكىلاتتىن 407سى يىللىق تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇپ چىقتى، يىللىق تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %89كە يەتتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي ئىجتىمائىي تەشكىلات 2250، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي تەشكىلات 492، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە قاراشلىق ئىجتىمائىي تەشكىلات 856، ناھىيە (شەھەر) گە قاراشلىق ئىجتىمائىي تەشكىلات 902. شۇ يىلى 283 ئىجتىمائىي تەشكىلات قۇرۇلدى، 97 ئىجتىمائىي تەشكىلات ھېسابتىن ئۆچۈرۈلدى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

گۈلگىنە

## يېڭىدىن رويخەتكە ئېلىنغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار

خەلق ئىشلىرى نازارىتى 2003 - يىلى رويخەتكە ئېلىشنى تەستىقلىغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭ نەشر ھوقۇقىنى قوغداش جەمئىيىتى (ئۇيغۇرلىقچە نەشر قىلىشقا قارشى تۇرۇش ئىتتىپاقى) (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى)، شىنجاڭ كىر يۇيۇش، كۆندىلىك پەرداز بۇيۇملىرى كارخانىلىرى جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى)، شىنجاڭ ئاۋئاتسىيە ترانسپورتى سېتىش ۋاكالەتچىلىكى جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: خەلق ئاۋئاتسىيە باشقۇرۇش ئىدارىسى)، شىنجاڭ كرۇران ئىلمىي جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى)، شىنجاڭ يەر باھالىغۇچىلار جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: زېمىن بايلىق نازارىتى)، شىنجاڭ بىليارت جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى)، شىنجاڭ تور باشقۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى)، شىنجاڭ تەيچۇەن گۇمپىسى جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى).

گۈلگىنە

## خەلق باشقۇرۇشىدىكى غەيرىي كارخانا ئورۇنلىرىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئەھۋالى

خەلق ئىشلىرى نازارىتى 2003 - يىل 3 - ئايدىن 6 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خەلق باشقۇرۇشىدىكى غەيرىي كارخانا ئورۇنلىرىنى يىللىق تەكشۈردى، يىللىق تەكشۈرۈشكە 684 ئورۇن قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 601 ئورۇن «ئا» دەرىجىلىك ئورۇن، 43 ئورۇن «ب» دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ باھالاندى، 5 ئورۇن ھېسابتىن ئۆچۈرۈلۈش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشنى ئىلتىماس قىلدى، بىر ئورۇننى يىللىق تەكشۈرۈش ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈلدى، يىللىق تەكشۈرۈش خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ %99.8ى ئورۇندالدى.

يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق باشقۇرۇشىدىكى ھەر خىل غەيرىي كارخانا ئورنىدىن 1140ى تىزىملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ تۈرىدىكىسى 819، ئەمگەك تۈرىدىكىسى 105، مەدەنىيەت تۈرىدىكىسى 33، تەنتەربىيە تۈرىدىكىسى 29، پەن - تېخنىكا تۈرىدىكىسى 27، سەھىيە تۈرىدىكىسى 86، خەلق ئىشلىرى تۈرىدىكىسى 33، باشقا تۈرىدىكىسى 8؛ 5 كىشى ھېسابتىن ئۆچۈرۈلدى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق باشقۇرۇشىدىكى غەيرىي كارخانا ئورۇنلىرىدىكى كەسپكار 11 مىڭ 857، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 6834.

2003 - يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر، رايون) لەردىكى تىزىملاپ باشقۇرۇش خادىمىدىن 110ى، خەلق باشقۇرۇشىدىكى غەيرىي كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى ياكى مەسئۇلىدىن 243ى تەربىيەلەندى.

خەلق ئىشلىرى نازارىتى 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مالىيە نازارىتى، ش ئۇ ئا ر بەرلىك باج ئىدارىسى، مەدەنىيەت نازارىتى، مائارىپ نازارىتى، پەن - تېخنىكا نازارىتى، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە ھۆججەت تارقىتىپ، خەلق باشقۇرۇشىدىكى غەيرىي كارخانا ئورۇنلىرىدا باج ئېلىش، ۋەكىلىدىن پايدىلىنىش ۋە خەلق باشقۇرۇشىدىكى غەيرىي كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ نامىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى مۇكاپاتنى يولغا قويۇش قاتارلىق ئىشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

لى يىنشىن

## 2003 - يىلى تىزىملانغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خەلق باشقۇرۇشىدىكى غەيرىي كارخانا ئورۇنلىرى

شىنجاڭ «دۇڭچۇەن» يېزا ئىگىلىك ئەمەلىي تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش مەكتىپى، شىنجاڭ «جىيۇەن» كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى، شىنجاڭ «جېڭخې» چاي مەدەنىيىتى بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى، شىنجاڭ «يىڭكې» كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش مەكتىپى، شىنجاڭ «بويۇەن» كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش مەكتىپى، شىنجاڭ «شىنپېڭدا» ئاپتوموبىل يېڭى تېخنىكىسى كەسپىي ماھارىتى بويىچە تەربىيىلەش مەكتىپى، شىنجاڭ غەربىي شىمال كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش مەكتىپى، شىنجاڭ مىللىي كىيىم - كېچەكلىرىنى تەتقىق قىلىش - لايىھىلەش بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى، شىنجاڭ «چيەنخۇي» كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش مەكتىپى، شىنجاڭ «شىنجيەن» كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش مەكتىپى، شىنجاڭ «شۆبەيجېن» كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش مەكتىپى، شىنجاڭ «يۇڭجى» كەپشەرلەش كەسپىي ماھارىتى بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى، شىنجاڭ «كاڭيىن» سىيرىپ داۋالاش ئارقىلىق پۇتنى داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ماھارىتى بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى، شىنجاڭ «فېڭشيەن» ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش مەكتىپى، شىنجاڭ «جۇڭشىن» كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش مەكتىپى، شىنجاڭ «فېڭخۇا» كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش مەكتىپى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر كەسپىي ماھارىتى بويىچە ئۆگىتىش - تەربىيىلەش مەركىزى، شىنجاڭ «مىنجۇڭ» كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى، شىنجاڭ «شىنيى» كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى، شىنجاڭ «جۇڭجى» بازار ماركېتىڭى بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى، شىنجاڭ «خۇاخۇي» كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش مەكتىپى، شىنجاڭ «ۋەنجۇڭ» كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش مەكتىپى، شىنجاڭ «جىنشۈي» كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش مەكتىپى، شىنجاڭ «شاۋرەن» كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش مەكتىپى، شىنجاڭ دۆلەت جەمئىيەت سېرىق - قوڭۇر داغ (دانىخورەك) جۇڭگو تىبابەتچىلىكى دورىلىرى تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ «جىنما» جۇغراپىيە ئۇچۇرلىرى مۇلازىمەت مەركىزى، شىنجاڭ «ئالتۇن ئاچقۇچ» مىللىي مائارىپ تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ شىخەنزە كۆكتات تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكى تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ يۇقىرى - يېڭى بىئولوگىيە تېخنىكىسى تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ «يادۇڭ» ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ «چوڭ ئەنقا» پەرزەنتلەر تەربىيىسى تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ «خۇيبو» كارخانا تەرەققىياتى تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ «بوۋاڭ» ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر مەسلىھەت بېرىش - مۇلازىمەت مەركىزى، شىنجاڭ «داجۇڭ» تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ۋاسكېتبول كۇلۇبى، شىنجاڭ «پاراۋۇز» ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبى، شىنجاڭ خەلق ئىشلىرى ياشانغانلار ياتاق بىناسى، شىنجاڭ «شىڭچيۇ» چەت ئەل تىلى مەكتىپى، شىنجاڭ غەربىي شىمال «يىڭلۇن» مائارىپى بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى، شىنجاڭ «يېڭى ئەسىر» چەت ئەل تىلى مەكتىپى، شىنجاڭ «جۇڭگۇەن» يىراق مۇساپىلىك تور مائارىپى بويىچە يېتەكچىلىك قىلىش مەكتىپى، شىنجاڭ «يۇەندا» كەسپىي تەربىيىلەش مەكتىپى، شىنجاڭ «لىنكولىن» چەت ئەل تىلى مەكتىپى، شىنجاڭ «كىچىك بۇلبۇل» ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلار سەنئەت ئۆمىكى، شىنجاڭ شەرق مەدەنىيەت - سەنئىتى تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ «جىندىڭدىڭ» مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەركىزى، شىنجاڭ «يىپەك يولى» ھۆسنخەت ۋە رەسىم ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ «يۈيۈ» سەنئەت بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى، شىنجاڭ «باۋخېڭ» غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزى، شىنجاڭ «مېيىۇەن» مەدەنىيەت - سەنئەت تارقىتىش مەركىزى، شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلار سەنئەت ئۆمىكى، شىنجاڭ تۆمۈر يول ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيى مەدەنىيەت - سەنئەت بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى، شىنجاڭ «شىيۇەن» مودېللار سەنئەت مەركىزى، شىنجاڭ «يىپەك يولى» مۇزېيى، شىنجاڭ ئاسىيا - ياۋروپا مۇزىكا سەنئىتى مەخسۇس مەكتىپى، شىنجاڭ «غۇنچىلار» سەنئەت بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى، شىنجاڭ «تيەنلەي» مۇزىكا سەنئىتى مەخسۇس مەكتىپى، شىنجاڭ «يۈرۈڭقاش خوتەن قاشتېشى» مەدەنىيەت - سەنئەت تەتقىقات يۇرتى.

لى يىنشىن

# ياشانغانلار خىزمىتى

## ياشانغانلار خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ياشانغانلار نوپۇسى 1 مىليون 645 مىڭ 800 بولۇپ، ياشانغانلار نوپۇسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %8.4 نى ئىگىلىدى، ياشانغانلار نوپۇسىنىڭ يىللىق ئېشىش سۈرئىتى %4.36 بولدى.

ئۈرۈمچى، قاراماي شەھەرلىرى، قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە شىخەنزە شەھىرىدە ياشانغانلار نوپۇسى شۇ جايدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %10 ىگە يەتتى ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى، بۇ جايلار نوپۇسى قېرىلاشقان جەمئىيەتكە ئالدى بىلەن قەدەم قويدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدا ياشانغانلار جەمئىيىتىدىن 1679 ى بار ئىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ـ بازارلاردىكىسى 507، يېزىلاردىكىسى 1172 ئىكەن. ياشانغانلار ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدىكى بىر مۇھىم كۈچ بولۇپ قالدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ياشانغانلار خىزمىتى ئاپپاراتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن رەتكە سېلىنىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ بولۇندى، 96 ناھىيە (شەھەر، رايون) ئىچىدە 75 ناھىيە (شەھەر، رايون) دە ياشانغانلار خىزمىتى ئاپپاراتى قۇرۇلدى. 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ياشانغانلار خىزمىتى خادىملىرىنىڭ شتاتى 359 (مەمۇرىي شتات 22، كەسپىي شتات 337)، ئەمەلىيەتتە نەقلەشكىنى 288 (ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىكىدىكىسى 78، ناھىيە دەرىجىلىكىدىكىسى 189).

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى «ياشانغانلار خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ياشانغانلار خىزمىتىدىكى يېتەكچى ئىدىيە، پرىنسىپ ۋە نىشانلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى، ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش، ياشانغانلار ئىشلىرىغا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتىش، ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ياشانغانلار خىزمىتى توغرىسىدىكى تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇش، ياشانغانلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش، ياشانغانلار خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

لى جيەنرۇڭ

## ياشانغانلار توغرىسىدىكى تەشۋىقات خىزمىتى

2003 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ياشانغانلار توغرىسىدىكى تەشۋىقات خىزمىتىدە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتى ئاچقۇچ قىلىنىپ، ياشانغانلارغا مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش ئاساسىي تېما قىلىنغان تەشۋىقات ـ تەربىيە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، پۈتۈن جەمئىيەتكە تەشەببۇسنامە چىقىرىلىپ، ياشانغانلار خىزمىتىدە ئىجتىمائىي كەيپىيات يارىتىلدى. «ياشانغانلار شادلىقى گېزىتى» نىڭ يىللىق تىراژى 120 مىڭغا يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پوچتىخانا ئارقىلىق تارقىتىلىدىغان گېزىت ـ ژۇرناللار ئىچىدە ئۇدا 8 يىل ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ياشانغانلارغا ئائىت ياخشى خەۋەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن تاللانغان 6 ياخشى خەۋەر ۋە بىر ياخشى ستون، بىر ياخشى پروگرامما مەملىكەتلىك ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇرغان سېلىشتۇرۇپ باھالاشقا قاتناشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 ياخشى خەۋەر ۋە بىر ياخشى ستون تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

لى جيەنرۇڭ

## ياشانغانلار مائارىپى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتلىرى 170 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باش مەكتىپىدە 50 سىنىپ، 5000 دىن ئارتۇق كۇرسانت (1 ـ، 2 ـ مەۋسۇملەردە) بار، 14 شۆبە مەكتەپتە 2000 كۇرسانت بار. شىنجاڭ ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتلىرى جەمئىيىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى تەكشۈردى، مەكتەپ باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى ۋە ئىلغارلارنى تەقدىرلىدى، جەمئىيەت 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېت 2 ـ قېتىملىق كېڭەشنىڭ يىغىنىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قېلىپلاشقان ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى بولۇشقا ئىلتىماس قىلغان مەكتەپلەرنى باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە بورتالا شەھەرلىك ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قېلىپلاشقان ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى بولۇپ باھالاندى.

لى جيەنرۇڭ

## ياشانغانلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش خىزمىتى

2003 ـ يىلى شىنجاڭدا جايلاردىكى ياشانغاندا كۈتۈنۈش



2003 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات-تۆمۈر (گورۇھى) شىركىتى ياشانغانلار سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى ئاپتونوم رايوندا ئۆتكۈزۈلگەن «پالۋان لوخۇسى» بويىچە 100 ساغلام بوۋاي-مومايني تەقدىرلەش يىغىنىدا تالالانغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇنلىرىنى كۆرسەتتى.

سۈرەتنى ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى تەمىنلىگەن.

ئاساسىي سۇغۇرتا فوندىنى تەڭشەش كۈچەيتىلدى، ياشانغانلار خىزمىتىگە ئالاقىدار ھەر دەرىجىلىك تارماقلار ئۆز ئارا ماسلىشىپ، پېنسىيە پۇلىنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان تارقىتىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ پېنسىيە پۇلىنىڭ ۋاقتىدا ۋە تولۇق تارقىتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

2003 ـ يىلى كارخانىلاردىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارغا 3 مىليارد 700 مىليون يۈەن پېنسىيە پۇلى تارقىتىلدى، كارخانىلاردىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملار پېنسىيە پۇلىنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان تارقىتىلىش نىسبىتى 100%كە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەمئىيەتتىن سۇغۇرتا ھەققى يىغىۋېلىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئادەم 1 مىليون 206 مىڭغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم كۆپەيدى، تۈرلۈك ئاساسىي سۇغۇرتا ھەقلىرىنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 90%تىن ئاشتى، كارخانىلاردىن پېنسىيىگە چىققان 286 مىڭ كىشىگە ئىجتىمائىيلاشقان باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت يولغا قويۇلدى، ئىجتىمائىيلاشقان باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت نىسبىتى 78.2%كە يەتتى. 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە تىببىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى ۋىلايەت دەرىجىلىك غەملەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. جايلار يەنە يېزىلاردىكى 3 پېشقەدەم (پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى، پېشقەدەم كادىرلار، پېشقەدەم ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى)گە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، يېزىلاردىكى 3 پېشقەدەمگە بېرىلىدىغان ياردەم پۇلىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

لى جيەنرۇڭ

## ياشانغانلار خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى

2003 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى ئۈستىگە ئالغان «شىنجاڭ نوپۇسىدا ياشانغانلار كۆپىيىشنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى، تەسىرى ۋە تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن تېما بويىچە تەتقىقات خىزمىتىدە 1207 بوۋاي - موماينىڭ ئاساسىي ئەھۋالى سوئال قەغىزى ئارقىلىق تەكشۈرۈلدى، 3 قېتىم يىغىن ئېچىلىپ، تېما ئۈستىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ يولغا قويۇش چارىسى تۈزۈپ چىقىلدى، تەكشۈرۈش سوئال قەغىزى لايىھىلەندى، 3 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 7 ناھىيە (شەھەر، رايون) دە تېما ئۈستىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، تەتقىقات خىزمىتى ئاخىرقى تەھلىل، تەتقىق قىلىش باسقۇچىغا كىردى.

ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى 2003 ـ يىلى مەملىكەتلىك ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىغا ياردەملىشىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ياشانغانلار جەمئىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىق خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئاساسىي قاتلام ياشانغانلار جەمئىيەتلىرىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يوللىدى، شۇنىڭدەك خەلق ئىشلىرى نازارىتى شىمالىي شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 8 ۋىلايەت، ئوبلاستتا ئېلىپ بارغان يېزىلاردىكى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرنىڭ بېقىلىش ئەھۋالى ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى، «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش» ، ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا چىقىش مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ئۈستىدىكى قانۇننى ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قاتناشتى ھەمدە «يۈلتۇز نۇرى پىلانى» نىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

لى جيەنرۇڭ

## ئائىلىدە بېقىش كېلىشىمى ئىمزالاش سىناق قىلىندى

ئائىلىدە بېقىش كېلىشىمى ئىمزالاش قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ھۆكۈمەتنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە يېتەكلىشى ئارقىسىدا يولغا قويۇلغان ئائىلىۋى ئەخلاق بىلەن ئىجتىمائىي نازارەت ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن يېزىلاردىكى ياشانغانلارنى كۈتۈش كاپالىتى تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ.

ياشانغانلار ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان تېزىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، يېزىلاردىكى ھەر مىللەت بوۋاي - مومايلارنى ئائىلىدە بېقىشتىن ئىبارەت ئاساسىي يول ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ياشانغانلارنى ئائىلىدە بېقىشنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون سانجى ئوبلاستى ۋە ئاقسۇ، تورپان ۋىلايەتلىرىدىن بىردىن ناھىيىنى تاللاپ، ئائىلىدە بېقىش كېلىشىمى ئىمزالاشنى سىناق قىلدى. سىناق خىزمىتى 2003 - يىل 1 - ئايدا باشلاندى. ئاپتونوم رايون 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قاراتال بازىرىدا ئائىلىدە بېقىش كېلىشىمى ئىمزالاشنى سىناق قىلىش خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئائىلىدە بېقىش كېلىشىمى ئىمزالاشنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى.

لى جيەنرۇڭ

## ساغلام بوۋاي - مومايلارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى 2003 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئىلغار كادىرلار ئىدارىسى ۋە سەھىيە نازارىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە «پالۋان لوڭقىسى» بويىچە 100 ساغلام بوۋاي - مومايىنى تاللاپ تەقدىرلەش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى. تاللىنىپ تەقدىرلەنگەن 100 ساغلام بوۋاي - موماي ئىچىدە ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى ئىلغار رەھبەرلەر، ئىلغار كادىرلار، ئىلغار ئىشچىلار، ئىلغار مۇتەخەسسىسلەر ۋە دېھقان، چارۋىچىلار بار، 80 ياشتىن ئاشقان بوۋاي - موماي %20نى ئىگىلەيدۇ، ئەڭ چوڭى 102 ياشتا. ئۇلار سىياسىي - ئىدىيىۋى جەھەتتە قەتئىي، ئىلىم - پەننى قەدىرلەيدىغان، جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيىدىغان، جەمئىيەتكە داۋاملىق تۈردە تۆھپە قوشۇشقا ئىنتىلىدىغان، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىدىغان، مەكتەپ، مەيدان، مەھەللە، كەنت - بازارلاردىكى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدە تايانچلىق رول ئوينايدىغان، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئىناق ئۆتىدىغان، قوشنىلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىدىغان بوۋاي - مومايلار.

لى جيەنرۇڭ

## ئاق چاچلىقلار ھەرىكىتى نۇقتىدا سىناق قىلىندى

2003 - يىل 4 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك «ئاق چاچلىقلار ھەرىكىتى»نى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا شەرقىي قىسىمدىكى ياشانغان ئىختىساسلىقلار غەربىي قىسىمنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش، شاڭخەي بىلەن شىنجاڭ، لياۋنىڭ ئۆلكىسى بىلەن چىڭخەي ئۆلكىسى بىر جۈپ بولۇپ «ئاق چاچلىقلار ھەرىكىتى»نى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇش بەلگىلەندى.

6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شاڭخەي شەھەرلىك ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇرغان بۇ شەھەرلىك سەھىيە خادىملىرى جەمئىيىتىدىكى 10 ئادەم 10 كۈن ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ۋە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلدى. بۇ جەرياندا «شاڭخەي بىلەن شىنجاڭنىڭ ‹ئاق چاچلىقلار ھەرىكىتى› بويىچە 1 - قارارلىق ھەمكارلىقنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مۇددىئانامىسى» ئىمزالىنىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە 3 ئاي سىناق قىلىش ھەمدە مەملىكەتلىك ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى بەلگىلىگەن «جامائەتكە قاراش، ئىختىيارىي بولۇش، مۇلازىمەت ۋە بەختەرلىككە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش، ھەمكەسىپ ئورۇنلار ياردەم بېرىش، قوش



شىنجاڭ ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فوتو سۈرەت سىنىپى 2003-يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «خەلق» مەيدانىدا فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى.

ۋاڭ يۈيى فوتوسى

يۈزلىنىشلىك تاللاش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىش» خىزمەت پرىنسىپى بويىچە شاڭخەيدىكى ياشانغان زىيالىيلار (1 - قاراردا تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئورۇنلىرىدىكى زىيالىيلار ئاساس قىلىنىدۇ) نى ياشانغان پېدائىيلار سۈپىتىدە شىنجاڭغا بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش بەلگىلەندى.

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شاڭخەيدىن 1 - تۈركۈمدە كەلگەن تېببىي داۋالاش ساھەسىدىكى 31 پېشقەدەم مۇتەخەسسىس ئاقسۇ ۋىلايىتىدە «ئاق چاچلىقلار ھەرىكىتى» نى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. پېشقەدەم مۇتەخەسسىسلەر 3 ئايلىق سىناق قىلىش خىزمىتى داۋامىدا ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ناھىيە (شەھەر) لەردە 14 مىڭ 683 ئادەمنىڭ كېسىلىنى كۆردى، كېسەلخانىنى 756 قېتىم تەكشۈردى، 538 بىمارنىڭ كېسىلىگەن كوللېكتىپ دىئاگنوز قويدى، كېسىلى ئېغىر 329 بىمارنى قۇتقۇزدى، 405 قېتىملىق داۋالاش تەس بولغان كېسەللىكنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى، 79 تۈردە 197 قېتىم ھەر خىل ئوپېراتسىيە قىلدى، ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكى 23 خىل بوشلۇقنى تولدۇردى، تېببىي خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسىدىن 80 قارار ئېچىپ، تېببىي تايانچلاردىن 2744 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى، 113 قارار ئىلمىي لېكسىيە ئۆتكۈزدى.

لى جيەنرۇڭ

## مەھەللە مۇلازىمىتى ۋە كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى

### مەھەللە قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى خەلق ئىشلىرى نازارىتى، جۇڭگو تېلېگرافى ئۇرۇمچى شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ گېزىتچىلىك گۇرۇھى بىرلىكتە «مەھەللە ھەپتىلىك گېزىتى» ناملىق يېڭى ئەتىگەنلىك گېزىت، «96121» مەھەللە مۇلازىمىتى مەخسۇس لىنىيىسىنى چىقىرىپ ۋە ئېچىپ، مەھەللە قۇرۇلۇشىنى تەشۋىق قىلىش، مەھەللە مۇلازىمەتچىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ئاھالىلەر تۇرمۇشىغا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشكە زېمىن ھازىرلاپ بەردى. مەھەللىلەردىكى تەربىيىلەش مەركىزىدىن پايدىلىنىپ، مەھەللە خادىملىرىدىن 5 قاراردا (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى سىنىپ 3) 330 كۇرسانت تەربىيىلەندى.

ئاپتونوم رايون بويىچە مەھەللە قۇرۇلۇشى خىزمەت يىغىنى 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىخەنزە شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىندا 2001 - يىلى ئېچىلغان ئاپتونوم رايون بويىچە مەھەللە قۇرۇلۇشى خىزمەت يىغىنىدىن بۇيانقى يېڭى تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى مەھەللە قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگىلىك شەھەر، رايونلار ۋە مۇنەۋۋەر مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە نام بېرىلدى ۋە ئۇلار تەقدىرلەندى، شىخەنزە شەھىرىنىڭ مەھەللە قۇرۇلۇشى خىزمىتى كۆرەك قىلىندى. 2003 - يىلى جايلار مەھەللە قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، يۇمشاق ماتېرىيال، قاتتىق ماتېرىيال شارائىتىنى خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى؛ مەھەللىلەردىكى پارتىيە تەشكىلاتى ۋە ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى

### ياشانغانلار فوندى

ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار فوندى جەمئىيىتى 2003 - يىلى «ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى» نى ۋاسىتە قىلىپ، ئىئانە توپلاش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، 700 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياشانغانلار ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك مەدەت بېرىلىپ، ياشانغانلار ئىلمىي تەتقىقاتى، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلار سەنئەت ئۆمىكى ۋە پاناھسىز قېرى - چۆرىلەرگە 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ياشانغانلار فوندىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 6 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

لى جيەنرۇڭ

قىسقا ماتېرىيال

### ئاق چاچلىقلار ھەرىكىتى

«ئاق چاچلىقلار ھەرىكىتى» دېگەندە شەرقىي قىسمىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلاردىكى ياشانغان زىيالىيلارنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىشقا ياردەم بېرىش ھەرىكىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ھەرىكەتتە شەرقىي قىسمىدىكى رايونلار ئاساس قىلىنغان مەملىكىتىمىزدىكى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردىكى دەم ئېلىشقا چىققان ياشانغان زىيالىيلارنىڭ پېدائىيلىق سالاھىيىتى بىلەن غەربىي قىسمىدىكى رايونلاردا كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق زېھنىي قابىلىيەت جەھەتتىن ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، غەربنى كەڭ ئېچىش قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشنى تەشەببۇس قىلىنىدۇ ۋە ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. «ياشانغانلار» دېگەندە ئادەتتە 60 ياشتىن ئاشقان ئادەملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ياشانغان زىيالىيلارنىڭ كۆپىنچىسى چېچى ئاقارغان بولغاچقا، بۇ ھەرىكەت «ئاق چاچلىقلار ھەرىكىتى» دەپ ئاتالغان.

لى جيەنرۇڭ

كۆچەيتىپ، يېڭىچە مەھەللە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلدى؛ مەھەللىلەرنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۆچەيتىپ، مەھەللە پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇردى. مەھەللە پارتىيە تەشكىلاتى يادرو قىلىنغان، پارتىيە ئەزالىرى تايانچ قىلىنغان، ئامما پائال قاتناشقان، مەھەللىلەردىكى ھەر ساھەدىكىلەر زور كۈچ بىلەن قوللىغان، مەھەللىلەردىكى ئورۇنلار بىر نىيەتتە ئورتاق بەرپا قىلىدىغان ۋەزىيەت ئاساسەن شەكىللەندى.

2003 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «تەڭرىتاغ»، يېڭىشەھەر، سايباغ رايونلىرى، قاراماي شەھىرىدىكى قاراماي، چەرەنبۇلاق، مايتاغ رايونلىرى، شىخەنزە، سانجى، ئاقسۇ شەھەرلىرىدىن ئىبارەت 9 شەھەر، رايونغا «ئاپتونوم رايون بويىچە مەھەللە قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە شەھەر (رايون)» دەپ نام بېرىلدى. شاشىن قاتارلىق 30 مۇنەۋۋەر مەھەللە خىزمەتچىسى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە 10 مۇنەۋۋەر مەھەللە خىزمەتچىسىگە ج ك پ مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر مەھەللە خىزمەتچىسى» دەپ نام بېرىلدى. 3 ئورۇن، 8 ئادەمگە جۇڭگو ئىجتىمائىي خىزمەت جەمئىيىتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر مەھەللە پىدائىيلىرى ئىلغار كوللېكتىپى» ۋە «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر مەھەللە پىدائىيسى» دەپ نام بېرىلدى.

ياڭ زوچىڭ

## يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ دېموكراتىيە، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش قۇرۇلۇشى

شىنجاڭدىكى 5 - نۆۋەتلىك كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاساسەن ئاياغلاشتى، ئاپتونوم رايوندا 16 ئىلغار ناھىيە (شەھەر) باھالاپ چىقىلدى.

2003 - يىلى كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش پائالىيىتى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سۈرۈلدى. جايلار خىلمۇ خىل شەكىللەر ئارقىلىق «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 5 يىللىقىنى خاتىرىلىدى. سانجى ئوبلاستىنىڭ «دېموكراتىيە كۈنى» پائالىيىتى ئاپتونوم رايونىمىزدا تىپىك ئۈلگە كۆرسىتىش رولىنى ئوينىدى ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە كېڭەيتىلدى. كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش پائالىيىتى داۋامىدا تۈركۈم - تۈركۈملىگەن ئىلغار تىپلار بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ماناس، يەنجى، ساۋەن، ئۈرۈمچى، ئاۋات ناھىيىلىرىگە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىدىكى نەمۇنە ناھىيە» دەپ نام بېرىلدى. كەنتلەرنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى يەنىمۇ قېلىپلاشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى، دېھقانچىلىق نازارىتى بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەنت دەرىجىلىك تەشكىلىي خىزمەت قائىدىسى (سىناق نۇسخا)»نى بېسىپ تارقىتىپ، كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ۋەزىپىسى، دېموكراتىك سايلام، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش، مالىيە ئىشلىرى ۋە تامغا باشقۇرۇش قاتارلىق مەزمۇنلار ئۈستىدە ئېنىق تەلەپ ۋە بەلگىلىمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جاڭ زىجۇن

# نىكاھ، دەپنە ئىشلىرى

## نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

خەلق ئىشلىرى نازارىتى يېڭى «نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش نىزامى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش يۈزىسىدىن 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 — 24 - كۈنلىرى ئاقسۇ شەھىرىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملىغۇچىدىن 127نى تەربىيىلىدى؛ 9 - ئاينىڭ 26 — 27 - كۈنلىرى غۇلجا شەھىرىدە شىمالىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملىغۇچىدىن 97نى تەربىيىلىدى.

شىنجاڭدىكى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى 2003 - يىلى 152 مىڭ 382 جۈپ ئەر - ئايالنىڭ نىكاھ رەسمىيىتىنى بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەت ئىچىدە نىكاھلانغانلار 152 مىڭ 180 جۈپ، چەتكە چېتىشلىق نىكاھلانغانلار 202 جۈپ. شۇ يىلى 31 مىڭ 561 جۈپ ئەر - ئايالنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيىتى بېجىرىلدى.

يې چى

## دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

2003 - يىلى شىنجاڭدىكى 7 دەپنىخانىدا 17 مىڭ 391 جەسەت كۆيدۈرۈلدى، 2002 - يىلدىكىدىن 957 جەسەت كۆپ كۆيدۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھەرلىك دەپنىخانىدا كۆيدۈرۈلگىنى 8117، شىخەنزە شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 3268، كۈيتۇڭ شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 1342، كورلا شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 1693، ئاقسۇ شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 1350، قۇمۇل شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 903، غۇلجا شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 718. سانجى شەھەرلىك، يەنجى ناھىيىلىك كۆيدۈرۈش زاۋۇتى ۋە دەپنىخانا، كۆنەس ناھىيىلىك تىجارەت خاراكتېرىدىكى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى ۋە يەكەن ناھىيىلىك تىجارەت خاراكتېرىدىكى خەنزۇلار قەبرىستانلىقى تەكشۈرۈلۈپ تەستىقلاندى.

تۇرسۇن لېتىپ

# ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى

## ئۈرۈمچى شەھىرى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ گاڭ (قوشۇمچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى)؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: شۆھرەت زاكىر، چېن شۇچېن (ئايال)، گو ليەنشەن، خەمىت ئىسمائىل، خې يىمىن، ما سەيمىن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: رىشات ئىنايىتۇللا (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مۇرات يۇنۇس (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جۇ ئىبنلياڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ رۇي (خۇيزۇ، 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مۇرات يۇنۇس (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئەبەي سەكەي (قازاق، 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، يۇ داۋخۇ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چېڭ لىشيەن (ئايال)، گو يىكۇن (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، سۇن ۋېنچى (2- ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مەھەممەت ئەلى (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، خەن شۇ (خۇيزۇ، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، بايمۇرات مۇقان (قازاق، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

شەھەر باشلىقى: شۆھرەت زاكىر؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: گو ليەنشەن، ۋاڭ جۇڭشياۋ (خۇيزۇ، 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، سۈي جىپىڭ، گو يىكۇن (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، سۇن ۋېنچى (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، دۇ چىنرۇي (ئايال، 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ خۇڭ، ۋاڭ شىنخۇا (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋاڭ جيەنلىڭ (ئايال، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ليۇ جىيۇڭ (خۇيزۇ، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ يۇنخې (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ما سەيمىن (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ماناپقان نۇرقوجا (قازاق، 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، كاملجان ئىرغالى (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جياۋ سۇيچېڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ رۇي (خۇيزۇ، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، زەينەپ ماخمۇت، لى جۇنفېڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مۇرات ئەزىزيارى (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، دۇڭ شىنگۇاڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مى ئېنخۇا (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، تەلئەت مۇيدىن (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شېرىپجان داموللا، جاڭ كەيخۇا (2- ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ليۇ جۈن (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى. 2003 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق رايون 7، ناھىيە بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 1 مىليون 815 مىڭ 300 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 487 مىڭ 800)، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 1 مىليون 429 مىڭ 400؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰7.62، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰4.45. شەھەر بويىچە يىل ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ يەر 50 مىڭ 650 گېكتار بولۇپ، 43 مىڭ 610 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى 11 مىڭ

ئىزاھ: 1. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (رايون) لەرنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مەيدانلىرى، چارۋىچىلىق فېرمىسى، بېلىقچىلىق مەيدانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، لېكىن تورلۇق ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلار ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتتا ئەسكەرتىلگەندىن باشقىلىرى رايون خاراكتېرلىك سانلاردۇر. 3. ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ مۇتلەق سانى ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان باھا بويىچە، ئېشىش نىسبىتى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى. 4. ئۈرۈمچى ناشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسى قىسقارتىلىپ ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى دېيىلدى. 5. مۇقىم تېلېفون ئابونىتى دۆلەتنىڭ ئاممىۋى تېلېفون تورىدىكى ئابونىتنى كۆرسىتىدۇ.

990 گېكتار، ئىقتىسادىي زىرائەت كۆلىمى 18 مىڭ 380 گېكتار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ. 2003 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 40 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 600 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 28.2%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 14 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.1%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 25 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.2% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 243 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 36.58% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 664 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 22 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 535 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 22 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 71 مىڭ 805 توننا ئاشلىق، 2088 توننا ياغلىق دان، 4914 توننا قىزىلچا، 892 مىڭ 24 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 719 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 19 مىڭ 442.31 توننا گۆش، 50 مىڭ 317.17 توننا سۈت، 4127.25 توننا تۇخۇم، 3072 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. بىر يىلدا 2000 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 776 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 309 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 198 مىڭ 211 كىلوۋاتقا يەتتى. بىر يىلدا ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 60 مىليون 210 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يېزىلاردا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۇنى ياخشىلاش تۈرىدىن 8 ى تاماملاندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 34 مىليارد 691 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 3.24%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 9 مىليارد 990 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.62% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 7 مىليارد 800 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 7 مىليون 760 مىڭ توننا كۆمۈر، 2 مىليون 260 مىڭ توننا سېمونت، 2 مىليون توننا تەييار پولات ماتېرىيال، 830 مىڭ توننا بىرىكمە ئاممىياك ئىشلەپچىقىرىلدى، 3 مىليون 610 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاندى، 71 مىڭ 205 توننا سۇلياۋ ياسالما، 26 مىليون 210 مىڭ مېتىر رەخت، 7443 توننا سىر، 107 مىڭ 573 توننا ئىچىملىك - ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. بىر يىلدا قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 11 مىليون 594 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 6 مىليون 337 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 18 مىليارد 52 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 9 مىليارد 381 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 982 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليارد 616 مىليون يۈەن، باشقا تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 73 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 957 مىڭ 400 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 1 مىليون 415 مىڭغا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 17 مىليارد 214 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 957 مىليون 380 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 537 مىليون 700 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 419 مىليون 680 مىڭ دوللار. بىر يىلدا 3 مىليون 913 مىڭ 400 ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك ۋە مال سېتىۋېلىشتىن قىلىنغان كىرىم 4 مىليارد 607 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 4 مىليارد 615 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 15.06%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 3 مىليارد 955 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.31% ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 42 مىليارد 30 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلى شەھەر بويىچە 64 شەھەر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا پىلانى تۈرى يولغا قويۇلدى. 3 تۈر دۆلەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2 تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 3 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ 3 تۈر شەھەر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 8 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 11 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شەھەر بويىچە 26 مىڭ 812 ھەرخىل پەن - تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 9146. شەھەردىكى ئالىي مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 86 مىڭ 107؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 139، ئوقۇغۇچىسى 121 مىڭ 404 (مىللىي 41 مىڭ 173)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 179، ئوقۇغۇچىسى 159 مىڭ 58 (مىللىي 33 مىڭ 178)؛ ئەما، گاس - گاچىلار مەكتىپى 2، ئوقۇغۇچىسى 440 (مىللىي

96)؛ باللار باغچىسى 184، باغچىدىكى بالا 34 مىڭ 47، ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 26 مىڭ 83. شەھەر بويىچە مائارىپ ئىشلىرىغا 540 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 2003 - يىلى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ لازېر نۇرلۇق پلاستىنكىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، ئۇنىڭ مەزمۇنى 21 يۈرۈش چوڭ تىپتىكى مۇزىكا، 360 كىچىك مۇزىكا، 4492 مىسرا قوشاق - بېيىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئون ئىككى مۇقام دۇنيا مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

شەھەر بويىچە 1066 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 18 مىڭ 486 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 15 مىڭ 254 كارىۋات بار.

ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى كوماندىسى 496 مېدال ئالدى، ئومۇمىي نەتىجىدە 1 - لىكنى، ئالتۇن مېدال سانى جەھەتتە 1 - لىكنى، ئومۇمىي نومۇردا 1 - لىكنى قولغا كەلتۈردى.

2003 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 9087 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 6336 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4154 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 16 مىڭ 509 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 393 مىڭ 700 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 322 مىڭ 500 ئىشچى- خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 365 مىڭ 400 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## ئۈرۈمچى ئىقتىساد چەمبىرىكى

2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۈرۈمچى، فۇكاڭ، مىچۈەن، شىخەنزە، تۇرپان، ۋۇجياچۈ، سانجى شەھەرلىرىدىن تەركىب تاپقان ئۈرۈمچى شەھەر ئىقتىساد چەمبىرىكى ھەمكارلىق كومىتېتى قۇرۇلدى. ئۈرۈمچى شەھەر ئىقتىساد چەمبىرىكىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ش ئۇ ئا ر پارتكوم 6 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. ئاپتونوم رايون مەملىكەت بىلەن تەڭ قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشنىڭ نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئالدى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاپتونوم رايوننىڭ غەربىي يۇرتنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، شۇنىڭدەك ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. ئالدى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چوقۇم شەھەرلەرنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ۋە تۈرتكە بولۇش رولىنى ياخشى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم، ئۈرۈمچى، سانجى، فۇكاڭ، مىچۈەن، شىخەنزە، تۇرپان، ۋۇجياچۈ شەھەرلىرى ئوخشاشلا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ ئالتۇن رايونىغا جايلاشقان، ئۇلار ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى باشقا شەھەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ 7 شەھەرنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى مۇكەممەل، قاتناش، خەۋەرلىشىش ئىشلىرى قۇلايلىق، بازارلارنىڭ يېتىلىشى ياخشى، كەسپلەرنىڭ بىرلىشىش دەرىجىسى كۈچلۈك، ئىقتىسادىي ئامىللار جانلىق، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان، شەھەرلەرنىڭ ئورۇنلىشىشى مەركەزلەشكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرى بىرىگە يۆلەك بولغان، بۇ ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش، سىرتقا تەسىر كۆرسىتىش، 7 شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، 7 شەھەرنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ باشلامچىلىق ئورنىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش، تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

★ 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭدىكى تۇنجى كېلون موزاي «ئالتۇن كالا» بىئولوگىيە پاي شىركىتىدە دۇنياغا كەلدى.

★ 2003 - يىلى شىنجاڭ «شىچېڭ» كەسپىي شىركىتى 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان، 16.67 گېكتار يەرنى ئىگىلىگەن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئەخلەتلەرنى زىيانسىزلاندۇرۇپ بىئولوگىيىلىك بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى شىمگۇ رايونىنىڭ باداۋان رايونىدا قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ غەربىي شىمالدىكى بىئوتېخنىكىدىن پايدىلىنىپ تۇرمۇش ئەخلىتىنى زىيانسىزلاندۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىدىغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراش بويىچە تۇنجى ئۈلگە قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ.

ئايشەم

# تەڭرىتاغ رايونى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تەڭرىتاغ رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جۇ خېڭ.

14 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمتىمىن سادىق.

رايون باشلىقى: ئەخمەتجان ئاقنىياز.

سىياسىي كېڭەش 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ فېڭلىن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

تەڭرىتاغ رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. 2003 ـ يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 13، يېزا بىر، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى 124، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 481 مىڭ 681 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 163 مىڭ 20)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰88.5، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰35.5. رايون بويىچە 2408 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 914 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 ـ يىلى تەڭرىتاغ رايونى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 8 مىليارد 516 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 14 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %1.5، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 70 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.2، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 432 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.16 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 33 مىليون 937 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %24.7 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 827 مىڭ 900 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 330 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 19 مىليون 766 مىڭ 600 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 5 مىليون 909 مىڭ 800 يۈەن. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 2170 توننا ئاشلىق، 8527 توننا كۆكتات، 72. 135 توننا گۆش، 1500 تونىدىن ئارتۇق سۈت، 140 توننا يۇڭ، 3.2 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 6. 539 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. بىر يىلدا 86 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 42. 6281 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 635 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: تارقىتىلغان توك 4 مىليارد 321 مىليون 570 مىڭ كىلوۋات سائەت، ئۆي جاھازىسى 47 مىڭ 431. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 13 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 2 مىليون 242 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 61 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە 5 مىليارد 517 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليارد 217 مىليون يۈەن، ئۆي ـ مۈلۈك تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 878 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 338 مىليون يۈەن. رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 4 مىليارد 681 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 452 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 161 مىليون دوللار، ئىمپورت سوممىسى 291 مىليون دوللار. بىر يىلدا يەرلىك مالىيە كىرىمى 310 مىليون يۈەنگە، يەرلىك مالىيە چىقىمى 299 مىليون يۈەنگە يەتتى.

رايوندىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 2764، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 272؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 33، ئوقۇغۇچىسى 33 مىڭ 674، ئوقۇتقۇچىسى 2270؛ باللار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 730، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 66.

رايون بويىچە تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتىدىن 314 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 34، يەككە ئامبۇلاتورىيە 170، كارخانا، كەسپىي ئورۇن، زاۋۇت، كانلاردىكى تىببىي پونكىت 110، ھەرخىل كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 5419، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 4747.

2003 ـ يىلى تەڭرىتاغ رايونى بويىچە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 6277 يۈەنگە، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3013 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 17 مىڭ 5. 791 يۈەنگە يەتتى.

## شەھەر رايونى كۆنسېرى يېڭى تۈس ئالدى

2003 ـ يىلى تەڭرىتاغ رايونى شەھەر يوللىرىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تاشقى ئايلانما يولى، جەنۇبىي ئازادلىق يولى، غالىبىيەت يولى قاتارلىق بىر تۈركۈم شەھەر يولى قۇرۇلۇش تۈرىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى. مەھەللە يوللىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى باشلىدى، 50 مىليون يۈەن قەرز ئېلىپ، بوغدا كوچىسى، لوڭچۈەن كوچىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك كوچىسى قاتارلىق 290 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان 92 كوچىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ باردى، 11 كىلومېتىر ئۆزۈنلۇقتىكى ئۇلامبايىنىڭ يېزا ـ كەنتلىرىگە بارىدىغان يول قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى. «باغچىلاشقان شەھەر رايونى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، باغچە

شەكىللىك ئورۇندىن 10 نى بەرپا قىلدى، 10 ئورۇن كۆكەرتىشتە لاياقەتلىك بولدى، يېڭىدىن 26 گېكتار ھويلا - ئارام كۆكەرتىلدى، 68 گېكتار قاقاس تاغ كۆكەرتىلدى، بىر گېكتار «ئۈچ كىچىك» كۆكلەمزارلىق بەرپا قىلىندى. شەرق شامىلى يولىنى كۆكەرتىش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملاندى. مۇھىت ئاسراش - سەھىيە مۇئەسسەسەلىرى بويىچە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى داۋاملىق ئاشۇرۇلۇپ، مۇھىت ئاسراش تىپىدىكى ھاجەتخانىدىن 17 سى يېڭىدىن سېلىندى، 6 قۇرۇق ھاجەتخانا سۇ بىلەن يۇيۇلىدىغان ھاجەتخانىغا ئۆزگەرتىلدى، خالتىلىق ئەخلەت پونكىتىدىن 15 ى قۇرۇلدى، شۆپەك ساندۇقىدىن 400 نەچچىسى كۆپەيتىلدى، بۇنىڭ بىلەن شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت شارائىتى كۆزنىسىن ياخشىلاندى.

«كۆك ئاسمان» قۇرۇلۇشى داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، پاكىزە ئېنېرگىيە ئىشلىتىش يەنىمۇ كېڭەيتىلدى. بىر يىلدا 3 پارقازان، تىك شەكىللىك 210 چاي (مۇنچا) قازىنى چۇۋۇۋېتىلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى. 18.42 كۋادرات كىلومېتىر ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايون بەرپا قىلىندى، شاۋقۇننى تىزگىنلەشتە ئۆلچەمگە يەتكەن رايوننىڭ كۆلىمى 19.1 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. رايون تەۋەسىدە پاكىزە ئېنېرگىيە ئىشلىتىش نىسبىتى 98% تىن ئاشتى.

## تەنتەربىيە باغچىسى قۇرۇلۇشى

تەنتەربىيە باغچىسى قۇرۇش تەڭرىتاغ رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2003 - يىلى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بەرگەن ئەمەلىي ئىشلىرىنىڭ بىرى. ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى تەنتەربىيە لاتارىيە بېلىتىنىڭ پايدىسىدىن 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، بەخت يولىدىكى بالىلار باغچىسىنى تەنتەربىيە باغچىسىغا ئۆزگەرتتى، بۇ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تۇنجى تەنتەربىيە باغچىسىدۇر. بۇ باغچا شەرقىي ئايلانما يولى (تەڭرىتاغ رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي يان تەرىپىدە) غا جايلاشقان، بۇ باغچىغا تىكتاك توپ تاختىسىدىن 10 ى، ۋاسكېتبول مەيدانىدىن 2 سى، چويلا توپ مەيدانىدىن 2 سى، پەي توپ مەيدانىدىن 2 سى، ساغلاملىق تەنتەربىيىسى مۇئەسسەسىدىن 85 ى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، مەھەللىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىشىغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىلگەن.

يۇ شۈي، ياڭ چىن

# سايباغ رايونى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ سايباغ رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋېي بى.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: چيەن يۈجۈ (ئايال).

رايون باشلىقى: ئابدۇسالام ئۆمەرباقى.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: خۇاڭ جىسۇڭ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

سايباغ رايونى ئۈرۈمچىدىكى ساي يولىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. 2003 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 10، مەمۇرىي كەنت 2، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى 114. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 444 مىڭ 254 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 101 مىڭ 261)، بۇنىڭ ئىچىدە غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 368 مىڭ 446؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 6.92‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 3.74‰. رايون بويىچە 5422 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 190.2 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتى، 2310.4 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى سايباغ رايونى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 8 مىليارد 225 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 47 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 14.56% ، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 903 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.12%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 275 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.76% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 101 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 19.56% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 50 مىليون 210 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 5 مىليون 210 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 44 مىليون 600 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 887 توننا ئاشلىق، 64 توننا پۇرچاق، 476 توننا ياغلىق دان، 31 مىڭ 787 توننا كۆكتات، 37 مىڭ 411 توننا ياڭيۇ ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 105 مىڭ 628 تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 2565 توننا گۆش، 4584 توننا سۈت، 363 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 297.87 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 12 مىڭ 103 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 328 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 5.6%،

سانائەت قوشۇلما قىممىتى 718 مىليون 258 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %31.27 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: تارقىتىلغان توك 437 مىليون 758 مىڭ 200 كىلوۋات سائەت، كۆمۈر 396 مىڭ 100 تونا، بۇغداي ئۇنى 5800 تونا، كىيىم - كېچەك 97 مىڭ 300 قۇر، تۇز كىسلاتاسى 63 مىڭ 251 تونا، ناترىي گىدروكسىد 63 مىڭ 155 تونا، ناترىي كاربىد 82 مىڭ 57 تونا، سۇلياۋ يىلىم ۋە ئورتاق پولىمېرلىنىدىغان ماددا 55 مىڭ 811 تونا، سېمونت 1 مىليون 360 مىڭ 200 تونا، نېفىت بۇرغىلاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سەپلىمىسى 10 مىڭ 30 تونا، ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل 694، ترانسفورماتور 187 مىڭ 601 كىلوۋولت ئامپېر، ئەسلى باتارېيە (قۇرۇق باتارېيە) 28 مىليون 997 مىڭ 800 دانە، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 8 مىليون 869 مىڭ 600 كىلوجوئۇل، تۇرۇبا سۈيى 140 مىليون 381 مىڭ 900 تونا. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 71 مىليون يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 196 مىڭ 349 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 527 مىڭ 624 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليارد 623 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليارد 251 مىليون 560 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 116 مىليون 640 مىڭ يۈەن، ئۆي - مۈلۈك تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 106 مىليون 250 مىڭ يۈەن. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 4 مىليارد 686 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 103 مىليون 640 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 88 مىليون 910 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 14 مىليون 730 مىڭ دوللار. بىر يىلدا 1 مىليون 819 مىڭ 600 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 545 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 235 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %79.13، يەرلىك مالىيە چىقىمى 249 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.14 ئاشتى.

رايون بويىچە 1831 ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 526. رايوندىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 9491 (مىللىي 2680)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 872 (مىللىي 3746). مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ 27 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 5)، ئوقۇغۇچىسى 32 مىڭ 451 (مىللىي 8107). باللار باغچىسى 42، باغچىدىكى بالا 7980. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 3719 (مىللىي 1109). شۇ يىلى رايونلۇق ھۆكۈمەت مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 72 مىليون 690 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى.

2003 - يىلى 230 نەچچە قېتىم ھەرخىل مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، 44 قېتىم ئاممىۋى مەيدان مەدەنىيىتى پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، 27 «يۇلتۇز پىلانى» قۇرۇلۇشىدا مەدەنىيەت پائالىيىتى بويىچە كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى، قىرائەتخانا تەسىس قىلىندى، ساقلىنىۋاتقان كىتاب 7460 نۇسخىغا يەتتى.

2003 - يىلى سايباغ رايونىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 9087 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە يىللىق ئىستېمال چىقىمى 6636 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 965 يۈەنگە يەتتى.

## مەمۇرلار رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقتى

2003 - يىل 3 - ئايدا سايباغ رايونى تۇنجى قېتىم پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئورگىنى ۋە مەھەللە باشقارمىلىرىدىكى مەمۇرلارنىڭ رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، بۇ خىزمەت 4 ئاي داۋاملاشتى. رايون بويىچە 36 تارماق ۋە 10 مەھەللە باشقارمىسىدىكى بۆلۈم دەرىجىلىكتىن تۆۋەن 46 ئورۇندا 3 تۈركۈم (قېتىم) بويىچە رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىش خىزمىتى ئىشلەندى. مەمۇرلار ئورنىدىن 458 ي ئېلان قىلىندى، 1049 كادىر رىقابەتلىشىشكە قاتناشتى. ئومۇمىي پەندىن، كومپيۇتېردىن ئىمتىھان ئېلىش، نۇتۇق سۆزلىتىش، دىسسېرتاتسىيە ياقلىتىش، دېموكراتىك باھالاش، تەشكىل تەكشۈرۈش قاتارلىق 6 ھالقا ئارقىلىق، ئاخىرىدا 442 ئادەم مەمۇرلۇققا تاللاندى.

## مەھەللە قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى سايباغ رايونىنىڭ مەھەللە قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك يېڭى باسقۇچقا كىردى. 8 - ئايدا سايباغ رايونىغا ئاپتونوم رايون بويىچە مەھەللە قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە رايون دەپ نام بېرىلدى. بىر يىلدا 27 «يۇلتۇز پىلانى» تۈرىنىڭ ھەممىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شەرقىي لۈيۈەن كوچىسى مەھەللىسى، نۇرباغ رەڭلىك مېتال مەھەللىسى شەھەر بويىچە «10 ياخشى» مەھەللە بولۇپ تاللاندى. مەھەللە يۆلەك قىلىنىپ 4500 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 2 مىليون

270 مىڭ يۈەن پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى ئىش ئورنى ياردەم پۇلى تارقىتىلدى، 3 مىليون 490 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى ۋە ھەرخىل ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلى ۋاقتىدا تارقىتىلدى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇندىن 13 ى، شەھەر دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇندىن 15 ى بەرپا قىلىندى، يېڭىدىن شەھەر دەرىجىلىك 47 مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىندى، رايون بويىچە مەدەنىي مەھەللىنىڭ قاپلاش نىسبىتى 79.82% كە يەتتى.

«مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ياخشى مەھەللە مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي ميلودىيىسىنى ياڭرىتىش» قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. رايون بويىچە 114 مەھەللىدە مەدەنىيەت پائالىيىتى بويىچە كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى، قىرائەتخانا تەسىس قىلىندى. بىر يىلدا 163 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ رايونغا قاراشلىق 6 بېكىتىلگەن نۇقتىدا ئۈرۈمچىنىڭ ياز پەسلىدىكى سايباغ رايونىنىڭ ھەپتە ئاخىرىدىكى 100 قېتىملىق مەيدان مەدەنىيىتى بويىچە ئويۇن قويۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، پائالىيەتتە 108 مەيدان (قېتىم) ئويۇن قويۇلدى، ئويۇن قويۇشقا 9735 ئادەم قاتناشتى، 1200 نومۇر ئويۇن قويۇشقا قاتناشتۇرۇلدى، ئويۇننى 140 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۆردى.

62 مەھەللە VCD قاتارلىق پارتىيە ئەزالىرى ئېلېكترلەشكەن تەربىيىسى ئۈسكۈنىلىرىنى سەپلىدى، ھازىر رايون، مەھەللە باشقارمىسى، مەھەللىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك تور تەڭ ھەرىكەتكە كەلگەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش خىزمەت ئەندىزىسى شەكىللەنمەكتە.

## يامالىق تېغىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى

يامالىق تېغى سايباغ رايونىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 12 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 800 مېتىر، تاغ باغرىدىكى يەر كۆلىمى تەخمىنەن 40 كۇۋادرات كىلومېتىر، كۆكەرتىشكە بولىدىغان كۆلەم 4000 گېكتار. 2003 - يىلى رايون بويىچە 200 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئورمان بەرپا قىلىپ كۆكەرتىش خىزمىتىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىندى. يېڭىدىن ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەم 266.66 گېكتار كۆپەيتىلدى، 138 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى 92% كە، ساقلىنىپ قېلىش نىسبىتى 90% كە يەتتى. كۆكەرتىشكە ئىشلىتىلىدىغان 266.66 گېكتار يەر تۈزلەندى، 266.66 گېكتار يەرگە پۈركۈپ سۇغىرىش ئۈسكۈنىسى ئورنىتىلدى، 22 مىڭ مېتىر سۇغىرىش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ش ئۇ ئا ر قاتناش تارمىقىنىڭ قوللىشىنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، يامالىق تېغىنى ئېچىش ۋە ئۆزگەرتىشكە 8 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، تاغنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان 6 كىلومېتىر تاشيول ياسىدى، كۆكەرتىش رايونىغا ئومۇميۈزلۈك ئاپتوموبىل قاتنىدى، 0.42 گېكتار يەردە «ئېسىل باغچا» قۇرۇلدى، يېڭىدىن بىر مۇزىكىلىق فونتان، 4 سەيلە راۋىقى، بىر سۈنئىي شاقىراتما، 10 گورۇپپا ھەيكەل ياسالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يامالىق تېغىنى كېچىلىك يورۇتۇش قۇرۇلۇشى دەسلەپكى قەدەمدە تاماملاندى، ئازادە مەيدان، سەيلە سۇپىسى شۇنىڭدەك مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل، كاۋاپ، پىۋا مەيدانى قاتارلىق ئۆزگىچە نۇقتىلار قۇرۇلدى. 5 - ئايدا 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يۇندا بىرتەرەپ قىلىش زاۋۇتى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇ زاۋۇت كۈنىگە 15 مىڭ كۇب مېتىر يۇندىنى بىرتەرەپ قىلىپ، يامالىق تېغىدا قۇرۇلۇش قىلىشقا كېرەكلىك سۇ بىلەن تولۇق تەمىنلىيەلەيدۇ. بىر يىلدا 151 مىڭ يۈەن سەرىپ قىلىنىپ، يامالىق تېغىدىكى مىللىيلارنىڭ 3500 قەبرىسى گۈلساي مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا كۆچۈرۈلدى. يىل ئاخىرىغىچە يامالىق تېغىنى كۆكەرتىش ۋە ئېچىش قۇرۇلۇشىغا 158 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 706 گېكتار يەر كۆكەرتىلدى، 398 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، دەرەخ تۈرى 48 خىلغا يېتىدۇ. 3000 كۇب مېتىر سۇ ساقلىغىلى بولىدىغان كۆلچەكتىن 2 سى، 122 كۇب مېتىر سۇ ساقلىغىلى بولىدىغان كۆلچەكتىن بىرى (ھازىر ئاساسەن ئىشلىتىلمىدى)، 5000 كۇب مېتىر سۇ ساقلىغىلى بولىدىغان كۆلچەكتىن بىرى ياسالدى. 5.28 كىلومېتىر سۇ باشلاش تۇرۇبىسى، 100 گېكتار يەرگە تېمىتىپ سۇغىرىش تۇرۇبىسى، 446 گېكتار يەرگە پۈركۈپ سۇغىرىش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى يامالىق تېغىنى كۆكەرتىش - ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنىۋېرسال ئېچىش قۇرۇلۇشىغا ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى نامايەندە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش دەپ نام بەردى.

ما لىكۈن

# يېڭىشەھەر رايونى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يېڭىشەھەر رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى گۇاڭخۇي.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ليۇ جىنجىڭ.

رايون باشلىقى: لى يۈەن.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇغېنى توختى.

## ئاساسىي ئەھۋالى

يېڭىشەھەر رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. 2003 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 11، يېزا 2، كەنت كومىتېتى 8، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى 89. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 376 مىڭ 600 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 76 مىڭ 247)، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 317 مىڭ 496. نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰4.77. يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي تېرىلغۇ يەر 2930 گېكتار بولۇپ، 2330 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى يېڭىشەھەر رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 6 مىليارد 260 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %12.85 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 33 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 279 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.9، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 948 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15.1 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 70 مىليون 419 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن %11.52 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 33 مىليون 604 مىڭ 900 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 2 مىليون 163 مىڭ 700 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 34 مىليون 650 مىڭ 600 يۈەن. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 6918 توننا دانلىق ئاشلىق، 120 توننا ياغلىق دان، 368 توننا قىزىلچا، 43 مىڭ 549 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 9400 تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 52.1517 توننا گۆش، 1265 توننا سۈت، 1064 توننا تۇخۇم ئېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 206 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 175 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 16 مىڭ 44.34 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 841 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %22.42، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.86 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: كۆمۈر 77 مىڭ 43 توننا، تەمىنلەنگەن توك 4 مىليارد 880 مىليون 90 مىڭ كىلوۋات سائەت، تەييار پولات ماتېرىيال 21 مىڭ 424 توننا، تاختا ئەينەك 49 مىڭ 134 ساندۇق، ئاليۇمىن 20 مىڭ 696 توننا. بىناكارلىق كارخانىلىرى ئورۇندىغان مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 812 مىليون يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 4 مىليون 835 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 2 مىليون 41 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 267 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 929 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 600 مىليون يۈەن. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 3 مىليارد 10 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 161 مىليون 470 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 34 مىليون 430 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 127 مىليون 30 مىڭ دوللار. بىر يىلدا 26 مىڭ 337 ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 54 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 165 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %20.87، يەرلىك مالىيە چىقىمى 139 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.03 ئاشتى.

رايوندىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 16، ئوقۇغۇچىسى 7011 (مىللىي 1192)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 19، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 241 (مىللىي 2565)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 24، ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭ 502 (مىللىي 5287)؛ بالىلار باغچىسى 57، باغچىدىكى بالا 8633. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 3911 (مىللىي 598).

رايوندىكى ھەرخىل تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى 274، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 18 مىڭ 486، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 13 مىڭ 901.

شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 9087 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 6336 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4154 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 4062.6 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 16 مىڭ 774 يۈەنگە يەتتى.

ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە ئىمزالانغان كېلىشىمدىكى سومما ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن كۆپ بولدى.

2003 - يىلى يېڭىشەھەر رايونى «شىنجاڭ بويىچە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسىپلەر بازىسى، شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش سودا بازىسى ۋە زامانىۋى مەدەنىي يېڭى رايون» بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى زىچ چۆرىدەپ، ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە 6 تۈردە كېلىشىم ئىمزالىدى، كېلىشىمدىكى سومما 2 مىليارد 330 مىليون يۈەنگە يەتتى، دېمەك بۇ قېتىم يېڭىشەھەر رايونى

تارىخىدا ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە ئىمزالانغان كېلىشىمدىكى سومما ئەڭ كۆپ بولدى.

بۇنىڭ ئىچىدە شەنشى «كەيچۇاڭ» ئۈي - زېمىن تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى بىلەن شىنجاڭ «خۇئېدا» مەبلەغ سېلىش گۇرۇپپىسى 700 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان «شىنجاڭ سەيبوتې ئاپتوموبىل شەھەرچىسى» تۈرى غەربىي شىمال رايونى بويىچە كۆلىمى ئەڭ زور، ئىقتىدارى ئەڭ مۇكەممەل بولغان ئاپتوموبىل سودا مەركىزى بولۇش ئالدىدا تۇرماقتا؛ يېڭىشەھەر رايونلۇق ھۆكۈمەت بىلەن شىنجاڭ «شىنتەي» مەبلەغ سېلىش گۇرۇپپىسى «ئۈمۈچۈك تېغىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش» تۈرى توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى، 1 - قارداردا 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، مۆلچەرلىنىشىچە 2006- يىلى 12 - ئايدا ئۈمۈچۈك تېغىدىكى قاقاسلىقنى كۆكەرتىش، مەنزىرە بەرپا قىلىش، ئاساس مۇئەسسەسىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملىنىدۇ؛ شىنجاڭ «فۇرۇندې» ئۆي - زېمىن تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «شىنجىنيۈەن» ئۆي-زېمىن تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى دۆلەت ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ پارچە سېتىش كارخانىسى بېيجىڭ «خۇالىيەن» كارخانىسى بىلەن تەخمىنەن 190 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان «جىنفۇ ئەسىر سودا مەيدانى» تۈرى توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى، بۇ تۈردە «بېيجىڭ» يولىدا ئۈرۈمچىدىكى «چاڭئەن كوچىسى» بەرپا قىلىنىپ، يورۇق نۇقتا كۆپەيتىلىدۇ؛ بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى سېتىش كارخانىسى «شەرق» گۇرۇپپىسى 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سالىدىغان «شەرق ئائىلىلىكلەر باغچىسى» تۈرى «چاڭئەن كوچىسى» نىڭ قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىشكە كۈچلۈك مەدەتكار بولىدۇ؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك «جىبيۈن» سودا چەكلىك شىركىتى 600 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرىدىغان «شىنجاڭ جىبيۈن خەلقئارا ساقلاش - ماددىي ئەشيا ئوبوروت مەركىزى» تۈرى يېڭىشەھەر رايونىنىڭ شىنجاڭ بويىچە ماددىي ئەشيا ئوبوروت مەركىزى قۇرۇشنى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## مەھەللە سەھىيە مۇلازىمىتى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يېڭىشەھەر رايونىدا 26 مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى (پونكىتى) تەسىس قىلىندى، ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش، ساقلىق ساقلاش، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ساغلاملىق تەربىيىسى، پىلانلىق تۇغۇتقا يېتەكچىلىك قىلىش مەزمۇن قىلىنغان «ئالتىنى بىرلەشتۈرۈش» مەھەللە سەھىيە مۇلازىمىتى سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ، مەھەللە ئاھالىسى ئۇنىۋېرسال، ئۇدا، قولايلىق، تېجەشلىك مەھەللە سەھىيە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىلدى. بىرىنچى، ساغلاملىقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، 14 مىڭ 400 ئادەم (ئائىلە)گە ئائىلە ساغلاملىق ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى. ئىككىنچى، 2 ئائىلە ساغلاملىقى قوللانمىسى (14 مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق تارقىتىلدى)، ئۆل ياشتىن 7 ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ ساقلىق ساقلاش كارتىسى (3500 دىن ئارتۇق كارتا تۇرغۇزۇلدى)، 60 ياشتىن ئاشقان ياشانغانلارنى ساغلاملىق بويىچە باشقۇرۇش كارتىسى (70 مىڭدىن ئارتۇق ياشانغان كىشى كارتا تۇرغۇزۇپ باشقۇرۇلدى)، 8 خىل كېسەللىكنى باشقۇرۇش كارتىسى (7000 دىن ئارتۇق كارتا تۇرغۇزۇلدى) ئائىلە ساغلاملىقى بويىچە ساقلىق ساقلاش توختامى (1500 دىن ئارتۇق توختام ئىمزالاندى) دىن ئىبارەت «ئىككى قوللانما، ئۈچ كارتا، بىر توختام» بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. ئۈچىنچى، ساغلاملىق بويىچە مەسلىھەت سوراش قىزىق لىنىيىلىك تېلېفونى تەسىس قىلىندى. تۆتىنچى، كېسەللىكنى كۆزىتىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. بەشىنچى، ياشانغانلارغا قارىتا ئالدى بىلەن كېسىلىنى كۆرۈش، سىرتقا چىقىپ كېسەل كۆرۈش، ئائىلە كېسەل كارىۋىتى تەسىس قىلىپ مۇلازىمەت قىلىش يولغا قويۇلدى، ئېتىبار بېرىش - نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرى، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە تۆۋەن ھەقلىق ۋە ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىندى. ئالتىنچى، ئالاقىدار دوختۇرخانىلار پائال ماسلاشتۇرۇلۇپ، قوش يۆنىلىشلىك ئايلانما كېسەل كۆرۈش تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

چېن يەن

# شىمىگۇ رايونى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شىمىگۇ رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گاۋ شاڭچېڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: فېڭ شىنرۇڭ (ئايال).

رايون باشلىقى: يۈەن باۋشىن.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شاۋ مېي (ئايال).

## ئاساسىي ئەھۋالى

شىمىگۇ رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. 2002 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش بىشقارمىسى 7، يېزا بىر، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى 61، مەمۇرىي كەنت 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 163 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 34 مىڭ 900)، يېزا

نوپۇسى 9262؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.21‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.97‰. رايون بويىچە 407.27 گېكتار تېرىلغۇ يەر (بىنام بۇنىڭ سىرتىدا) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 65 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 550.93 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز ئورۇنغا تېرىلغان كۆكتات كۆلىمى 237.33 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 ـ يىلى شىمكۆ رايونى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 824 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 11 مىليون يۈەن بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 25.1% تۆۋەنلىدى؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 947 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 28.8%، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 866 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.4% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 640 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 2.35% تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 130 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 6 مىليون 100 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 314 توننا ئاشلىق، 33 توننا ياغلىق دان، 28 مىڭ 460 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 2978 تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 712 توننا گۆش، 102 توننا سۈت، 37 توننا تۇخۇم ئېلىندى. بىر يىلدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان لاياقەتلىك ئورمان كۆلىمى 13.67 گېكتارغا يەتتى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 312 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، كىرىمى 1 مىليارد 121 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى. رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 5989 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 52 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 3.17%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 518 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3.54% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 68 مىڭ 300 توننا كۆمۈر (كۆمۈركان ئىدارىسىغا قاراشلىق كۆمۈر كان بۇنىڭ سىرتىدا)، 1 مىليارد 318 مىليون 780 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 115 مىڭ 500 توننا تۇرۇبا سۈيى، 25 مىڭ 329 توننا يىپ، 26 مىليون 210 مىڭ مېتىر رەخت، 26 مىڭ 321 توننا قەغەز بوتقىسى، 11 مىڭ 768 توننا فابرىكا قەغىزى، 3645 توننا سۇلياۋ ياسالما، 27 مىڭ 742 ساندۇق تاختا ئەينەك، 82 مىليون 550 مىڭ دانە (ئۆلچەملىك) خىش، 4305 توننا سىر، 82 مىڭ 459 دانە ياغاچ ئۆي جاھازىسى، 1539 دانە شامالدۇرغۇچ، 8101 دانە يۇقىرى، تۆۋەن بېسىملىق ۋېكلىيۇچاتېل ئىشلەپچىقىرىلدى. بىر يىلدا بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 263 مىليون يۈەنگە يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 723 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 127 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليون 380 مىڭ يۈەن، ئۆي ـ زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 236 مىليون يۈەن. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 3 مىليارد 58 مىليون يۈەن. بىر يىلدا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا سوممىسى 49 مىليون 30 مىڭ دوللارغا يەتتى (ھەممىسى ئېكسپورت). بىر يىلدا 811 مىڭ 100 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 43 مىليون 125 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 160 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 26.46%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 167 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 26.7% ئاشتى.

رايونغا قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 909، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 405. رايونغا قاراشلىق مەكتەپلەر ئىچىدە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 2167 (مىللىي 631)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 11 (شۇ يىلى بىرى كۆپەيدى)، ئوقۇغۇچىسى 5450 (مىللىي 1207)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 12 (شۇ يىلى 2 سى كۆپەيدى)، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 31 (مىللىي 2567)؛ باللار باغچىسى 29، باغچىدىكى بالا 3712. مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1738 (مىللىي 415). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 688 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە يەتتى.

رايون بويىچە 173 سەھىيە ئاپپاراتى، 33 دۆلەت، كوللېكتىپ ئىلكىدىكى دوختۇرخانا، 140 خۇسۇسىي ئامبۇلاتورىيە، 1092 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 1331 كارىۋات بار.

2003 ـ يىلى شىمكۆ رايونى بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 9087 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 6336 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 6855 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق پۇل مائاشى 13 مىڭ 195 يۈەنگە يەتتى.

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 37 مىليون 568 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 29 مىڭ 413 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 44 مىڭ 277 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى

2003 ـ يىلى شىمكۇ رايونى رايونلۇق قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى، ئەمگەك كۈچى بازىرى بويىچە «ئۇچلەشتۈرۈش» ئۇچۇر تورى ۋە ئادەم كۈچى بايلىقى ئامبىرى قۇردى، 14 مىڭدىن ئارتۇق ئىش ئىزدەش ئۇچۇرى ۋە 3000 دىن ئارتۇق ئىشچى ئىشلىتىش ئۇچۇرى ئامبارغا كىرگۈزۈلۈپ، ئىشتىن قالدۇرۇلغان ۋە ئىشسىز خادىملارنى كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بىر يىلدا ئىشتىن قالدۇرۇلغان ۋە ئىشسىز خادىمدىن 730 ى تەربىيىلەندى. بىر يىلدا 7 مەھەللە باشقارمىسىدا ئەمگەك كاپالىتى ئورنى، 57 مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتىدا ئەمگەك كاپالىتى خىزمەت پونكىتى قۇرۇلۇپ، رايون، مەھەللە باشقارمىسى، مەھەللىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك ئەمگەك كاپالىتى خىزمىتى مۇلازىمەت سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. كىچىك بىرلەشمە مۇداپىئە، كۆكەرتىشكە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى مەھەللە مۇلازىمىتى ئورنى تەسىس قىلىندى. يىل ئاخىرىغىچە رايون بويىچە 12 يۈرۈشلۈك مەھەللە مۇلازىمەت تورى كۆپەيدى، 980 نەچچە مەھەللە مۇلازىمەت تور نۇقتىسى قۇرۇلدى.

بىر يىلدا قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە 2 مىليون يۈەن مەخسۇس سېلىنما سېلىندى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان، ئىشسىز خادىملارنىڭ سالاھىيىتى دەلىللىنىپ 1 مىليون 670 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېجىرىپ بېرىلدى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورنىدىن 4500 ى ھەل قىلىنىپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان، ئىشسىز خادىمدىن 3700 ى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 2003 ـ يىلى شىمكۇ رايونى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ئورۇن قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

## شىمكۇ رايونىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيە ئۆلگە رايونى قۇرۇلۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى

2003 ـ يىلى 11 ـ ئايدا دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسى ئېكولوگىيە ئۆلگە رايونىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى شىمكۇ رايونىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيە ئۆلگە رايونى قۇرۇلۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق شىمكۇ رايونىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيە ئۆلگە رايونى 4 تۈرلۈك ئاساسىي شەرت (ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، رايون خاراكتېرلىك ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراش، يېزىلاردا مۇھىت ئاسراش، شەھەردە مۇھىت ئاسراش) كە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى، 26 تۈرلۈك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچىدە مەملىكەتلىك ئېكولوگىيە ئۆلگە رايونى قۇرۇلۇشى ئۆلچىمىگە يەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۆلگە ئېلىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئېكولوگىيە ئۆلگە رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ تونۇلۇش نىسبىتى 100% كە، ئېكولوگىيە سىياسىتىدىن رازى بولۇش نىسبىتى 86.7% كە يەتكەنلىكى، تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەرنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيە ئۆلگە رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە يەتكەنلىكى مەلۇم بولدى.

★ 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شىمكۇ رايونلۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئىگىلىك تىكلەش باغچا رايونى (چىداۋان، باداۋان باغچا رايونىدىن تەركىب تاپقان، چىداۋان باغچا رايونى 286.67 گېكتار، باداۋان باغچا رايونى 253.33 گېكتار يەرنى ئىگىلىگەن) نىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتتى. ئىگىلىك تىكلەش باغچىسىنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 4.3 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، چىداۋان بۆلەك رايونىغا جايلاشقان، قۇرۇلۇش پۈتتۈنلەي پۈتكەندىن كېيىن 6000 — 8000 غىچە ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەيدۇ. 60 كارخانا بۇ باغچا رايونىغا كىرىپ ئورۇنلىشىش مۇددىئانامىسىنى تىزىمغا ئالدۇردى.

جۇ جىيڭ

# تۇدۇڭخابا رايونى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تۇدۇڭخابا رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى جيەنگو.

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لۇ خەيلياڭ.

رايون باشلىقى: جاڭ خۇڭيەن.

سىياسىي كېڭەش 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇراخمان قادىر.

## ئاساسىي ئەھۋالى

تۇدۇڭخابا رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. 2003 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، دېھقانچىلىق مەيدانى 3، كەنت بىر، چارۋىچىلىق فېرمىسى بىر، مەھەللە كومىتېتى 38. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 132 مىڭ 18 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 32 مىڭ 562)، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 86 مىڭ 413؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰7.84، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰3.52. رايون بويىچە 436.6 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 166 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 270.6 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى تۇدۇڭخابا رايونى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 مىليارد 39 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 112 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %11.1، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 8 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17.3، 3- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 847 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 305 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %18.31 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 205 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 13 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 88 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 107 مىڭ توننا ئاشلىق، 1.77 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 78 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 4474 توننا گۆش، 13 مىڭ 964 توننا سۈت ئېلىندى. 118 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 35 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 449 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %14.12، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 780 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.8 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 973 مىڭ توننا پولات، 1 مىليون 940 مىڭ 300 توننا پولات ماتېرىيال، 450 مىڭ توننا سېمونت، 34 مىڭ ساندۇق تاختا ئەينەك، 18 مىڭ 100 توننا سىلىقلاش مېيى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىر يىلدا بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 307 مىليون يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 392 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 247 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 144 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 253 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 614 مىليون يۈەن. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 210 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 11 مىليون 200 مىڭ دوللارغا يەتتى (ھەممىسى ئىمپورت). يەرلىك مالىيە كىرىمى 100 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %42.37، يەرلىك مالىيە چىقىمى 109 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %61.73 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 985 مىليون يۈەنگە، سوغۇرتا ھەققى كىرىمى 55 مىليون يۈەنگە يەتتى.

رايون بويىچە ھەرخىل پەن - تېخنىكا خادىمىدىن 5300 ى بار. رايوندىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 6، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1548 (مىللىي 499)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 3406 (مىللىي 656)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 7649 (مىللىي 1490)؛ بالىلار باغچىسى 4، باغچىدىكى بالا 1671. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1129 (مىللىي 170). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 620 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

رايون بويىچە 58 سەھىيە ئاپپاراتى، 918 ھەرخىل سەھىيە كەسپىي تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 727 كارىۋات بار.

2003 - يىلى تۇدۇڭخابا رايونى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 17 مىڭ 191 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 27 مىڭ 522 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سوغۇرتىسىغا، 28 مىڭ 505 ئىشچى- خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سوغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## تۇدۇڭخابا سانائەت باغچا رايونى قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى تۇدۇڭخابا سانائەت باغچا رايونى يېڭىدىن 13 كارخانىنى، 528 مىليون يۈەن مەبلەغ جەلپ قىلدى. 2003- يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە 8 تۈرلۈك توختام ئىمزالىدى؛ بىر تۈرلۈك مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى ئىمزالىدى، كېلىشىمدىكى سومما 100 مىليون يۈەن.

كىرگۈزۈلگەن تۈرلەر ئىچىدە، ئۈرۈمچى «كېدى» رەڭلىك ياسىما ئوراش - بېزەش شىركىتى، شىنجاڭ «خۇيجېڭ» ماشىنا ياساش چەكلىك شىركىتى پۈتتۈپ ئىشقا كىرىشتى؛ شىنجاڭ «داسېڭ» خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «جاستې» تېببىي دورا چەكلىك شىركىتى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇش قىلىش باسقۇچىغا كىردى؛ «يېڭى دەۋر» تېببىي دورا چەكلىك شىركىتى، «دالى» يېنىك رەڭلىك پولات تاختا چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «يول دوستى» قاتناش مۇئەسسەسىلىرى ياساش شىركىتى، شىنجاڭ «مېڭئېرجيەن» يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق ماتېرىيال چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» مېتال ياسالما چەكلىك شىركىتىنىڭ تۈرلىرىدە ئىش باشلاندى. شىنجاڭ «تاغ چوققىسى» پولات تۈرۈبا ياساس چەكلىك شىركىتىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى بىلەن «تيەنكاڭ» چارۋىچىلىق بىئولوگىيە تېخنىكىسى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق رەسمىيتى بېجىرىلمۋاتىدۇ؛ 1 - باسقۇچتا 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان «جۇڭگو نېفتى» خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىنچكە خىمىيە سانائىتى تۈرى قۇرۇلۇۋاتىدۇ؛ شەندۇڭ «لەييالى» ماشىنا ياساش چەكلىك شىركىتى 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان ماشىنا ياساس تۈرىدە مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى ھاسىل قىلىندى. يىل ئاخىرىغىچە سانائەت باغچا رايونىغا كىرگەن كارخانا 44 كە، كېلىشىم بويىچە سېلىنىدىغان مەبلەغ 2 مىليارد يۈەنگە، تۈراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 800 مىليون يۈەنگە يەتتى. دېمەك، ھازىر بىئوخىمىيىلىك دورا ياساش، نېفىت خىمىيە سانائىتى، يېڭىچە بىناكارلىق ماتېرىيالى، ماشىنا ياساش، مېتال تاۋلاش، يېمەكلىك پىششىقلاش ۋەكىللىكىدىكى 6 چوڭ يېتەكچى كەسىپ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

2003 - يىلى سانائەت باغچا رايونىغا 46 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ يول، سۇ بىلەن تەمىنلەش تۈرۈبا تورى، يۇندا چىقىرىۋېتىش تۈرۈبا تورى، ئېلېكتىر تورى، خەۋەرلىشىش، تەبىئىي گاز تۈرۈبا تورى، كۆكەرتىش ۋە بەزى ئاممىۋى مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى. تەخمىنەن 1.1 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 8 يول ياسالدى. تەخمىنەن 6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش تۈرۈبا تورى، يۇندا چىقىرىۋېتىش تۈرۈبا تورى قۇرۇلۇشى تاماملاندى. مۇشۇ ئاساستا پۈتكەن يول بويى كۆكەرتىلدى.

★ 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تۇدۇڭخابا رايونى «نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش» بويىچە ئىمزا قويۇش يىغىنى ئاچتى، 6 يۇقىراۋى كارخانا، 44 ئورۇن ۋە شەخس 96 نامرات ئوقۇغۇچى بىلەن جۈپ بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن ھەربىر نامرات ئوقۇغۇچى 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى تۈگەتكىچە ھەر يىلى 400 — 500 يۈەنگىچە ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشەلەيدۇ.

جاۋ جيەنفاڭ

# داۋانچىڭ رايونى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ داۋانچىڭ رايونلۇق 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ جيەنلىڭ (ئايال، 3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لىي مىن (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ما يۇڭفېڭ (ئايال، خۇيزۇ).

رايون باشلىقى: ياڭ جىشىن.

سىياسىي كېڭەش 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چياۋ شياڭجىن (خۇيزۇ).

## ئاساسىي ئەھۋالى

داۋانچىڭ رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ رايوننىڭ مەمۇرىي مەركىزى داۋانچىڭ بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 86 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، بازار بىر، يېزا 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 44 مىڭ 854 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 22 مىڭ 779)؛ يېزا نوپۇسى 22 مىڭ 694؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.9، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰33.6. رايون بويىچە 11.4768 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 33.825 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى 93.2290 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇسى 67.90 گېكتار). كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 - يىلى داۋانچىڭ رايونى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 351 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 55 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %6، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 274 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.16، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 22 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %51 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە بۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 86 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن

6% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 28 مىليون 540 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 120 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 55 مىليون 570 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 880 مىڭ يۈەن، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ 30 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 3053 توننا ئاشلىق، 6295 توننا ياغيۇ، 11 مىڭ 374 توننا كۆكتات، 6900 توننا يەم - خەشەك، 4437 توننا پۇرچاق ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 170 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 2720 توننا گۆش، 139 توننا يۇڭ، 22.8 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 102 توننا تۇخۇم، 1249 توننا سۈت، 8 .11 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. بىر يىلدا 123.3 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 77 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 19 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 26 مىڭ 16. 322 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 631 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 2%. 16، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 274 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2%. 16 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 300 مىڭ توننا كۆمۈر، 90 مىڭ توننا كوكس، 640 مىڭ توننا يۇيۇلغان كۆمۈر، 180 مىڭ توننا بىرىكمە ئاممىياك، 177 مىڭ توننا ناترىي سولفىد، 100 مىڭ توننا ئورېيە، 19 مىڭ توننا بىرىكمە سوپۇن پاراشوكى، 100 مىڭ توننا تۇز، 1 مىليون 600 مىڭ توننا هاك تېشى، 121 مىليون كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىر يىلدا بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 258 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۈراقلىق مۈلۈككە 110 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 47% ئاشتى. يىل ئاخىرىدا مۇقىم شەھەر تېلېفونى ئابونېنتى 450 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 431 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 18 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 100 مىڭدىن ئارتۇق ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 2 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 16 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 7%. 54، يەرلىك مالىيە چىقىمى 55 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7%. 44 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 53 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە، ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 77 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

رايوندىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1179، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 605. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 578 (مىللىي 83)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 1812 (مىللىي 840)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 20، ئوقۇغۇچىسى 3814 (مىللىي 999)؛ باللار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 472. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 618 (مىللىي 394). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 97% كە يەتتى.

رايون بويىچە 11 سەھىيە ئاپپاراتى، 300 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 310 كارىۋات بار.

2003 - يىلى داۋانچىڭ رايونىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7180 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2794 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 43 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە رايون بويىچە 135 ئىشچى-خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 31 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 191 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## سايئوپا باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى

ئۈرۈمچى شەھىرى سايئوپا باشقۇرۇش كومىتېتى داۋانچىڭ رايونىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك فۇنكسىيىگە ئىگە تارماق بولۇپ، 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قۇرۇلدى. سايئوپا يېزىسى، تەڭرىتاغ چارۋىچىلىق فېرمىسى سايئوپا باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش باشقۇرۇشىغا قارايدۇ. باشقۇرۇش كومىتېتى سايئوپا رايونىنىڭ بايلىقىنى بىرىكتۈرۈپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇپ، سايئوپا رايونىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى كۈچەيتىپ، ساياھەتچىلىكنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، رايون ئىقتىسادىنى تېز، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان.

باشقۇرۇش كومىتېتىغا قاراشلىق رايون ئۇلامبايدىن داۋانچىڭغىچە بولغان ئالتۇن ساياھەت لىنىيىسىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىغا جايلاشقان. دائىرىسى شەرقتە تۇزكۆل خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىدىكى ئوت توسۇش سۇپىسىغىچە، غەربتە ئېۋۇرغول تاشيولىدىكى ئۇلانباي سۇ ئامبىرىغىچە بولغان يول ئېغىزىچە، شىمالدا بوغدا چوققىسىدىكى كەلكۈن چوققىسىغىچە، جەنۇبتا سايئوپا كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى تاشيولغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، كۆلىمى 1300 كۋادرات كىلومېتىر. لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى،

دۆلەت يولى «312» لىنىيىسى، تۇرپان ـ ئۈرۈمچى ـ داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولى شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ يەردە مول ئورمان بايلىقى، سۇ بايلىقى، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك بايلىقى، يېلىق بايلىقى، قېزىلما بايلىق ۋە ساياھەتچىلىك بايلىقى بار، بولۇپمۇ ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۆزگىچە ئەۋزەللىككە ئىگە.

باشقۇرۇش رايونى تەۋەسىدە ئاسىيا قىتئەسى بويىچە ئەڭ چوڭ شامال ئېلېكتر ئىستانسىسى، شىنجاڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق «تەڭرىتاغ قىسقۇچپاقىسى»، «سايئوپا توخۇ نارىنى» بار، دېمەك بۇ جاي ساياھەت، ئارام ئېلىش، يېمەك-ئىچمەك بىر گەۋدىلەشكەن، شەھەر رايونىغا يېقىن چوڭ كۆل رايونى ساياھەتچىلىك سورۇنى ھېسابلىنىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئەڭ چوڭ ئورتۇ ياۋايى ھايۋان مۇھاپىزەت باغچىسى جىددىي قۇرۇلۇۋاتىدۇ.

ۋېي چياڭ

## دۇڭشەن رايونى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ دۇڭشەن رايونلۇق 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ خۇيشيەن.

4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بەكرى قادىر.

رايون باشلىقى: گۇەن فېڭ.

سىياسىي كېڭەش 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جۇ جىڭگۇ.

### ئاساسىي ئەھۋالى

دۇڭشەن رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. 2003 ـ يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە باشقارمىسى 3، يېزا بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 94 مىڭ 495 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 19 مىڭ 462)، يېزا نوپۇسى 11 مىڭ 432؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 7.16‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 3.76‰. رايون بويىچە 2490 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 701 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى، 785 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 ـ يىلى دۇڭشەن رايونى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىلياد 415 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 22 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 8.7%، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 129 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.9%، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 264 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 62.6% ئاشتى.

---

قىسقا ماتېرىيال

## تارىخى ئۇزۇن داۋانچىڭ

داۋانچىڭنىڭ تارىخى ئۇزۇن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن 14 ـ يىلى قۇجۇدا ئىدىقۇت خانلىقى قۇرۇلغان، داۋانچىڭ ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى ۋۇ زېتيەننىڭ چاڭئەن 2 ـ يىلى بوغدا تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى موخېي شەھىرىدە بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 27 ـ يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى يېڭى شەھەر بەرپا قىلىپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن ۋە بۇ جاينى جىيادې شەھىرى دەپ ئاتىغان. داۋانچىڭ ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. مىنگونىڭ 23 ـ يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، داقىال، شائىيۇ تۈزۈمى ئورنىتىلغان، داۋانچىڭدا بازار تەسىس قىلىنغان، بازار قارىمىقىدا باۋ، جىيا تەسىس قىلىنغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا داۋانچىڭ رايونى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ 7 ـ رايونى قىلىندى، ئۇنىڭغا داۋانچىڭ، شىگۇ، دۇڭگۇ، سايئوپا يېزىلىرى قارىدى.

داۋانچىڭ قەدىمى يىپەك يولى مەدەنىيىتى بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىرىكىشىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان جاي. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مىلادىيىدىن ئىلگىرى شىگۇ ۋە سايئوپا رايونىدا ئەجدادلىرىمىز تىرىكچىلىك قىلغان، بۇنىڭغا قىياتاش رەسىملىرى ئىسپات بولالايدۇ. تاڭ دەۋرىدىكى قوۋۇق شائىرى سەنسەن سۇ ئارىسىدىكى يوللارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ يارقىن، كىشىگە ھوزۇر بەخش ئېتىدىغان شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا غەربىي يۇرت ناخشا پادىشاھى ۋاڭ لوبىڭ ئىجاد قىلغان مۇزىكا «داۋانچىڭ قىزى» داۋانچىڭنى دۇنياغا تونۇتتى.

ۋېي ئې

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 40 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %11.85 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 23 مىليون 900 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 590 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 15 مىليون 720 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 60 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 2602 توننا ئاشلىق، 309 توننا پۇرچاق، 287 توننا ياغلىق دان، 29 مىڭ 877 توننا كۆكتات، 110 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 31 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 1369 توننا گۆش، 5 توننا چۈپۈر، 25 توننا يۇڭ، 3.5 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 295 توننا سۈت، 46 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 24 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليارد 673 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %6.66 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 4 مىليون 510 مىڭ توننا كۆمۈر، 884 مىليون 330 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 128 مىڭ 900 توننا سېمونت، 20 مىڭ 869 توننا خىمىيىۋى تالا، 525 مىڭ 502 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت، 642 مىڭ 258 توننا بىرىكمە ئاممىياك، 8782 توننا سۇلياۋ ياسالما، 2647 توننا سىر، 3 مىليون 588 مىڭ 659 توننا پىششىقلانغان نېفىت، 885 مىڭ 467 توننا بېنزىن، 90 مىڭ 172 توننا كىرسىن، 1 مىليون 465 مىڭ 856 توننا دىزېلىن، 154 مىليون 190 مىڭ دانە خىش، 15 مىڭ 889 توننا ئاليۇمىن قېتىشمىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 524 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 520 مىڭ 953 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 289 مىڭ 847 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

رايون بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 679 مىليون 920 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 224 مىليون 280 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 276 مىليون 950 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم ئېلېفون 33 مىڭ 631 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 122 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 30 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 640 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. بىر يىلدا يەرلىك مالىيە كىرىمى 90 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %29.55، يەرلىك مالىيە چىقىمى 107 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.74 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 826 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى 340 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

رايون بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن - تېخنىكا خادىمى 2156 (بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىمى 1213، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىقلارغا تەۋەسى 943). رايوندىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 5570، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 193؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 2، ئوقۇغۇچىسى 1822، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 139؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 9، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1327، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2228، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 277؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 6062 (مىللىي 315)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 417 (مىللىي 77)؛ بالىلار باغچىسى 7، باغچىدىكى بالا 1372. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90 كە يەتتى.

رايون بويىچە 43 سەھىيە ئاپپاراتى (دوختۇرخانا 6)، 500 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (دوختۇر 245)، دوختۇرخانىلاردا 524 كارىۋات بار.

2003 - يىلى دۇشەن رايونى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 15 مىڭ 473 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %7.51؛ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4344 يۈەنگە يېتىپ، 311 يۈەن ساپ ئاشتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە رايون بويىچە 25 مىڭ 484 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 23 مىڭ 331 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 6996 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## دۇشەن رايونى سانائەت باغچىسى قۇرۇلۇشى

دۇشەن رايونى سانائەت باغچىسى دۇشەن رايونى لۇساۋگۇ يېزىسى خەلق كەنتىنىڭ 5-، 8 - ئەترەتلىرىگە جايلاشقان، ئۇ ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش رايونى، تۇرمۇش رايونى بىلەن پەقەت بىر يول ئارقىلىقلا ئايرىلىپ تۇرىدۇ. 2002 - يىلى دۇشەن رايونلۇق ھۆكۈمەت 87.65 گېكتار كېلىدىغان بۇ سۇ كەمچىل قاقاسلىقنى 20 نەچچە يىللىق مۇددەت بىلەن پۈتۈنلەي سېتىۋالغانىدى. ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى

باش زاۋۇتىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرىنى يۆلەپ قىلىپ، شۇ يىلى 6 - ئايدا باغچا قۇرۇلۇشىنى باشلىدى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە باغچا رايونىغا 20 كارخانا ئورۇنلاشتى، تۈرلەرگە 350 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 6 كارخانا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى، ستاتىستىكا دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن 4 كارخانا ياراتقان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 182 مىليون يۈەنگە، ياراتقان سانائەت قوشۇلما قىممىتى 30 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 1 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دۇڭشەن رايونى سانائەت باغچىسى دەسلەپكى قەدەمدە يېڭى تىپتىكى بىناكارلىق ماتېرىيالى بېتەكچى كەسىپ قىلىنغان سانائەت باغچا رايونى بولۇپ شەكىللەندى.

لىيۇ سۇيخۇا

# ئۈرۈمچى ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۈرۈمچى ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇ بىن.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇن قادىربېك (قازاق).

ھاكىم: مالىفۇ (خۇيزۇ).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: خەن فۇشىن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي، غەربىي، شىمالىي قىسىملارغا تارقالغان. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 82 مىڭ 349 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 45 مىڭ 504)، يېزا نوپۇسى 73 مىڭ 276؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.05، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.13. ناھىيە بويىچە 19 مىڭ 25.6 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 5996.7 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 11 مىڭ 890.2 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 586 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 245 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %17.49 ئاشتى، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 79 مىليون 570 مىڭ يۈەن بولۇپ، %3.87 تۆۋەنلىدى، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 260 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %16.37 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 368 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %21.42 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 227 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 7 مىليون 560 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 121 مىليون 90 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 12 مىليون 810 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 27 مىڭ 817 توننا ئاشلىق، 560 توننا ياغلىق دان، 193 مىڭ 151 توننا كۆكتات، 3860 توننا مېۋە - چېۋە (بۆلجۈرگەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئېلىندى. بىر يىلدا 2.988 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلغان كۆلەم 670 گېكتار. يىل ئاخىرىدا قولدا 275 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 7738 توننا گۆش، 6627 توننا سۈت، 1049 توننا تۇخۇم، 2500 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 262 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 19 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 79 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يەتتى.

2003 - يىلى ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى مەزگىلىدە ئۈرۈمچى ناھىيىسى 25 تۈردە كېلىشىم ئىمزالىدى، كېلىشىم بويىچە سېلىنىدىغان مەبلەغ 1 مىليارد 795 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە توختام ئىمزالانغان تۈر 22، سېلىنىدىغان مەبلەغ 565 مىليون يۈەن؛ كېلىشىم ھاسىل قىلىنغان تۈر بىر، سېلىنىدىغان مەبلەغ 300 مىليون يۈەن؛ مۇددىئانامە ئىمزالانغان تۈر 2، سېلىنىدىغان مەبلەغ 1 مىليارد 200 مىليون يۈەن.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 181 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %0.03 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 58 مىليون 810 مىڭ يۈەن بولۇپ، %7.2 كېمەيدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 520 مىڭ توننا كۆمۈر، 223 مىليون 800 مىڭ دانە خىش، 12 مىڭ توننا فابرىكا قەغىزى، 144 مىڭ 600 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 50 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق

كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 52 مىڭ 401 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 44 مىڭ 191 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 155 مىليون 490 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 95 مىليون 820 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 25 مىڭ 5 كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 80 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 471 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 490 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 278 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 42 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 27.79%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 167 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.84% ئاشتى. يېزا ـ بازار ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 134 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 21 مىليون يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 9 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2003 ـ يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىسى ھەرخىل پەن ـ تېخنىكا پىلانى تۈرىدىن 26 نى تەشكىللەپ يولغا قويدى، 3 مىليون 790 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى، بۇنىڭ بىلەن مەھسۇلات قىممىتى 54 مىليون 700 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كۆپەيدى. 23 تۈرلۈك چارۋا باقمىچىلىقى، زىيانسىز دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىش ۋە يېڭى پېتى ساقلاش قاتارلىق ئىلغار، ئەسقاتىدىغان تېخنىكا، 27 يېڭى سورت كېڭەيتىلدى، بۇنىڭدىن 2370 دېھقان، چارۋىچى نەپ ئالدى. ئۈرۈمچى شەھىرى مەملىكەت بويىچە پەن ـ تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە دېگەن نامنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى.

ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 77 (مىللىي 44)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 3353 (مىللىي 1939)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 343. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1228 (مىللىي 678).

ناھىيە بويىچە 12 سەھىيە ئاپپاراتى، 121 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى؛ دوختۇرخانىلاردا 70 كارىۋات بار.

2003 ـ يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ يېزا ـ بازارلىرىدىكى خىزمەتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 6116 بولۇپ، ئومۇمىي مائاشى 84 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3284 يۈەنگە يەتتى. ئۈرۈمچى ناھىيىسى خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشتىكى نەمۇنە ناھىيە دېگەن نامغا ۋە 5 ـ قېتىم مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنە شەھەر دېگەن نامغا ئېرىشتى.

## فاڭجىياجۇاڭ كەنتى ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىلدى

2003 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شۇشىگۇ بازىرى فاڭجىياجۇاڭ كەنتى داغدۇغىلىق ھالدا فاڭجىياجۇاڭ كەنتىنى ئۆز يېرىدە ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتتۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

فاڭجىياجۇاڭ كەنتى ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسى شۇشىگۇ مەنزىرە رايونىغا كىرىشتە ئۆتىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان. 2003 ـ يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى فاڭجىياجۇاڭ كەنتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىش ئومۇمىي پىلانىنى تۈزدى، پىلانلانغان رايوننىڭ كۆلىمى 30.6 گېكتار، بۇ يەرگە 182 ئائىلىنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش پىلانلاندى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇش شەكلى كاتەكچە تور شەكلىدە بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشتا 149 ئائىلە، 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشتا 33 ئائىلە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى 2003 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئومۇميۈزلۈك باشلىنىدۇ. 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 11 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرلىق كونا ئۆي چېقىلىدۇ، 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشتا 149 كورپۇس قىزىل ئۆگزىلىك، خىش ـ بېتون قۇرۇلمىلىق يېڭى تىپتىكى دېھقان ئۆيى سېلىنىدۇ. ھەربىر كورپۇس ئۆيىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 183.25 كۋادرات مېتىر، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 27 مىڭ 304.25 كۋادرات مېتىر، بۇ قۇرۇلۇشقا 25 مىليون 967 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆيىنىڭ يېرىمى ئادەتتە پۇقرالارنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن، قالغان يېرىمى «دېھقانلار شاتلىقى» ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مېھمانخانا قىلىنىدۇ. تۇرالغۇ ھويلىسىنىڭ قورۇق تېمى تۆمۈر رىشاتكا بىلەن چۆرۈلىدۇ، مەركىزىي رايوندىكى ئاساسلىق يولنىڭ كەڭلىكى 40 مېتىر بولۇپ، قوش لىنىيە بويىچە 4 ئاپتوموبىل يولى بار، خالتا كوچىلارنىڭ كەڭلىكى 12 مېتىر؛ كىچىك باقمىچىلىق رايونى ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 16.67 گېكتار بولۇپ، 100 باقمىچى ئائىلىسى سىغىدۇ. فاڭجىياجۇاڭ كەنتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا كونا ئۆيلەر پۈتۈنلەي چېقىۋېتىلىپ، ئەسلى ئورۇن بىرتۇتاش پىلانلىنىپ، بىرتۇتاش لايىھىلىنىپ، بىرتۇتاش قۇرۇلۇش قىلىنىدۇ.

★ 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بەنفاڭگۇ يېزىسى چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ 1 ـ كۆمۈر كېنىدا ئازوت چالا ئوكسىدىدىن

زەھەرلىنىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 6 ئادەم ئۆلدى، 2 ئادەم يارىلاندى.

★ ئاسىيا كىندىكى ئاۋتوماتىك ئۆلچەم نۇقتىسى ئورنىتىش بايرىمى ۋە مەملىكەتلىك پاراشوتتىن سەكرەش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە يۈكسەك يېزىسىدىكى ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلدى. بېيجىڭ، سەنشى، شەندۇڭ، سىچۈەن قاتارلىق 13 ئۆلكە، شەھەردىن كەلگەن 63 تەنھەرىكەتچى 10 تۈر بويىچە مۇسابىقىغا قاتناشتى.

★ 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى 64 مىليون 108 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، 7 مىليون 532 مىڭ كۇب مېتىر سۇ سىغىدىغان جاۋبىشەن سۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى.

★ 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ بېدە سۇيىسى ئېكولوگىيىلىك باغچىسى دۆلەت ساياھەت ئىدارىسى تەرىپىدىن دۆلەتلىك AAA دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى قىلىپ بېكىتىلگەن، كۆمۈش ئاستانە ئارامگاھى دۆلەتلىك AA دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى قىلىپ تەستىقلاندى.

يۈ شىنخۇا

# قاراماي شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاراماي شەھەرلىك، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ يىلىن؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: تاڭ جيەن، ھېزىم ئابدىلىم، جاڭ دېنيۇن.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ يىلىن؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ جۇنشېڭ، شاۋ چاڭدەن، چېن جۈەن (ئايال)، ئىبراھىم مۇقىيىت، نۇرمۇھەممەت ئامان، شى يۇڭچۈن.

شەھەر باشلىقى: تاڭ جيەن؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: ۋاڭ شىنمىڭ، لىي خۇڭشيا (ئايال)، جاۋ ۋۇشېڭ، ياڭ شياۋۋېي، ئابدۇراخمان كېرىم.

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: يۈسۈپجان ئابدۇرېشىت؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جۇ سوڭگۈن، ليۇ شىنرۇڭ، ۋاڭ باۋيۈ، دېڭ گولياڭ، قاباش خاۋائېن (قازاق)، ۋېن يۇگۈي.

### ئاساسىي ئەھۋالى

قاراماي شەھىرى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - شىمالىي چېتىگە جايلاشقان، غەربىي - شىمالىي تەرىپى جايىر تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە، جەنۇب تەرىپى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، شەرق تەرىپى قۇربانتۇڭغۇت قۇملۇقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا تۇتىشىدۇ. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 313 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق رايون 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 306 مىڭ 42 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 64 مىڭ 412)، يېزا نوپۇسى 3379؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 6.49‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.49‰. شەھەر بويىچە 370 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلدى، 2890 گېكتار يەرگە كېۋەز، 297 گېكتار يەرگە جۇڭيى دورىلىق ئۆسۈملۈكى تېرىلدى. يېرىك يېزا ئىگىلىكى تەرەققىيات رايونىدا 4927 گېكتار يەرگە ھەرخىل زىرائەت تېرىلدى. كىلماتى تېپىك قۇرۇقلۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى قاراماي شەھىرى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 21 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 80 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 17.3% ، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 18 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.3%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 20 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10.5% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 323 مىليون 812 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 2365 توننا ئاشلىق، 3266 توننا پاختا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 88 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 3656 توننا گۆش، 3060 توننا سۈت، 8100 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. تەرەققىيات رايونىدا يېرىك يېزا ئىگىلىكىنى ئۈنۈملۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشىنىڭ سۈرئىتى تېزلىتىلدى، ئورمان قەغەز بازىسىدا 4300 گېكتاردىن ئارتۇق يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى.

شەھەر بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 40 مىليارد 70 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 15.8% ئاشتى. بىر يىلدا نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليارد 830 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 17.3% ئاشتى. 10 مىليون 601 مىڭ توننا خام نېفىت، 2 مىليارد 210 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىلدى. 9 مىليارد 480 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى، پايدا 1 مىليارد 500 مىليون يۈەندىن ئاشتى. 6 مىليون 507 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەندى، 4 چوڭ تۈردىكى مەھسۇلات مىقدارى 4 مىليون 160 مىڭ تونىنغا يەتتى، 236 مىڭ توننا ئېتىلېن ئىشلەپچىقىرىلدى. شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ياراتقان تىجارەت كىرىمى 6 مىليارد 850 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي تىجارەت كەسپىي كىرىمى 6 مىليارد 680 مىليون يۈەن.

يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى يەرلىك سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 360 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %4 ئاشتى. بىر يىلدا 20 مىڭ توننا يۇغداي ئۇنى، 14 مىڭ 114 توننا بوتۇلكىلىق سۇ، 14 مىڭ 486 توننا بوتۇلكىلىق ئىچىملىك، 17 مىڭ 100 توننا سۇلياۋ ياسالما، 78 مىڭ 700 توننا سۇلياۋ يىلىم، 2444 دانە پومپا، 2200 كىلوۋولت ئامپېر سائەت ئاككۇمۇلياتور، 34 مىليون 110 مىڭ دانە خىش، ئىشلەپچىقىرىلدى. قاراماي شەھىرى بويىچە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 950 مىليون يۈەنگە يەتتى، پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 360 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %26.2 ئاشتى.

بىر يىلدا جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 9 مىليارد 80 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت سانائىتىگە سېلىنغىنى 7 مىليارد 860 مىليون يۈەن، شەھەر مەمۇرىيىتىگە ۋە ئۆي - مۈلۈككە سېلىنغىنى 1 مىليارد 210 مىليون يۈەن. شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى 6 مىليارد 420 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇ %16.8 كۆپ. يېڭىدىن يىلىغا 1 مىليون 656 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، يىلىغا 445 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۆپەيتىلدى. قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ پروپاندىن ئاسفالت ئايرىش تۈرى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن يىلىغا 500 مىڭ توننا ئالىي دەرىجىلىك يول ئاسفالتى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ، بۇ غەربىي شىمال رايونىدا ئالىي دەرىجىلىك ئاسفالت ئىشلەپچىقارغىلى بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇردى. مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ يىلىغا 450 مىڭ توننا بېنزىن ۋە دىزېلىنىغا ھىدروگېن قوشۇپ پارچىلاش قۇرۇلمىسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ بىر يىلدا سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرىدىن 64 ى ئەمەلىيلەشتى، توختامدىكى سومما 940 مىليون يۈەنگە يەتتى، 590 مىليون يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى. بىر يىلدا ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا 460 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 366 مىڭ كۋادرات مېتىر ئۆي - ئىمارەت پۈتتى. 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ شىنجاڭ بويىچە باش بولۇپ ئەرزان ئىجارىلىك ئۆي قۇرۇلۇشى باشلاندى، 200 يۈرۈش ئەرزان ئىجارىلىك ئۆي پۈتكۈزۈلدى.

بىر يىلدا يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 400 مىليون ئادەم-كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 500 توننا-كىلومېتىرغا، پوچتىنىڭ كەسپىي تىجارەت سوممىسى 31 مىليون 203 مىڭ يۈەنگە، تېلېگرافنىڭ كەسپىي تىجارەت سوممىسى 140 مىليون يۈەنگە يەتتى. كۆچمە خەۋەرلىشىش، سۇغۇرتا، ئۆي - زېمىن، ساياھەتچىلىك قاتارلىق يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەر تېز ئاشتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر بويىچە مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 173 مىڭ 500 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 160 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 25 مىڭ 500 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 490 مىليون يۈەنگە يەتتى (يېڭى ئۆلچەم بويىچە ھېسابلاندى)، ئاھالىلەر ئىستېمالىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى %2.8 ئۆرلىدى. بىر يىلدا 167 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 108 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 1 مىليارد 370 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %13.4، يەرلىك مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 480 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.1 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 17 مىليارد 120 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 8 مىليارد 980 مىليون يۈەن؛ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 447 مىليون 337 مىڭ يۈەنگە، ھەرخىل تۆلەم سوممىسى 75 مىليون 89 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

بىر يىلدا جەمئىيەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىراجىتىگە 380 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 223 تۈر پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە - مىنىستىرلىك دەرىجىلىك تۈر 43. پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ قوللىنىلىش دەرىجىسى %95 تىن ئاشتى. 7 كارخانا ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانا دەپ، 16 مەھسۇلات يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلات دەپ ئېتىراپ قىلىندى. شەھەر مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكىدا ئىلغار شەھەرلەرنى سىناشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، شىنجاڭ بويىچە ئۈنجى تۈركۈمدە سىناقتىن ئۆتكەن ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر بولۇپ قالدى.

شەھەر - ئىدارە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 3047 (مىللىي 583)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 19، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 480 (مىللىي 5406)؛ ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 31، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 795 (مىللىي 6369)؛ باللار باغچىسى 26، باغچىدىكى بالا 7390؛ گاس - گاچىلار مەكتىپى بىر.

يىل ئاخىرىدا شەھەر بويىچە 5 ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا، يېزا دەرىجىلىك 2 شىپاخانا، 4 سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى، دوختۇرخانىلاردا 1593 كارىۋات بار بولدى؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 2183، بۇنىڭ ئىچىدە ۋراچ 881، ياردەمچى ۋراچ 57، تىزىملانغان سېسترا 946، فارماتسېيىت 147، تەكشۈرگۈچى ۋە باشقا خادىم 152. شەھەر-

ئىدارە بويىچە 13 مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى، 21 مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتى بار.

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا 24 مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى. ياشلار - ئۆسمۈرلەر پۇتبول كوماندىسى ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا چېمپىيون بولدى، مېيىپ تەنھەرىكەتچىلەر 2 تۈردە دۇنيا رېكوردىنى، 4 تۈردە مەملىكەت رېكوردىنى بۇزۇپ تاشلىدى، 3 ئالتۇن مېدال ئالدى. ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر گۇرۇپپىلىرى بويىچە 4 ئالتۇن مېدال، 3 كۈمۈش مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى.

بىر يىلدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 3. 9818 يۈەنگە يەتتى، شەھەر ئاھالىسى ئائىلىسىنىڭ ئېنگېل كوئېففىتسېنتى %1. 36 بولدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4356 يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە 115 مىڭ 67 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 107 مىڭ 488 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 148 مىڭ 32 كىشى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. بىر يىلدا ھاۋا مۇھىتى سۈپىتى دۆلەتنىڭ I ، II دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتكەن كۈن %100 كە، مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوننىڭ قاپلاش كۆلىمى %100 كە، ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايوننىڭ قاپلاش نىسبىتى %100 كە يەتتى. بىر يىلدا 1 مىليون 758 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، يېڭىدىن 43. 253 گېكتار كۆكلەمزارلىق كۆپەيتىلدى، شەھەر رايونىنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى %31.73 كە يەتتى. قاراماي شەھىرى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەھەر دېگەن نامغا ۋە قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تارقاتقان جۇڭگولۇقلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى قۇرۇلۇشى بويىچە ئۆلگە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## جۇڭگو ھەيكەلتىراشلىق نەپىس ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى نېفىت شەھىرىنى يورۇتتى

2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «جۇڭگو بېيجىڭ خەلقئارا گۈزەل سەنئەت قوش يىل كۆرگەزمىسى - جۇڭگو ھەيكەلتىراشلىق نەپىس ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى - غەربىي قىسىمغا يۈرۈش قىلىش: قاراماي ھەيكەلتىراشلىق ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى» پائالىيىتى باشلاندى، بۇ «جۇڭگو بېيجىڭ خەلقئارا گۈزەل سەنئەت قوش يىل كۆرگەزمىسى» دېگىنى يۇرۇشلۇك كۆرگەزمىلەرنىڭ بىرى. 2003 - يىللىق خەلقئارا گۈزەل سەنئەت يىللىق كۆرگەزمىسىنىڭ ئاساسىي تېمىسى «يېڭىلىق يارىتىش، يېڭى دەۋر ۋە رايون خاراكتېرىگە ئىگە بولۇش» تىن ئىبارەت بولدى. خەلقئارالىق 70 نەچچە ھەيكەلتىراشلىق ئەسىرى ۋە دۆلىتىمىز ئىچىدىكى 36 ھەيكەلتىراشلىق ئەسىرى كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلدى. دۆلىتىمىز ئىچىدىن كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلغان ئەسەرلەر ئىچىدە ھەيكەلتىراش پەن خې ئەپەندىنىڭ «سۇ كەلدى» ناملىق ئەسىرى «غەربىي قىسىمغا يۈرۈش قىلىش» تىكى ئاساسلىق ئەسەر بولۇپ قالدى، ئەسەردە خۇشخۇي بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق قارامايلىقلارنىڭ سۇ مەنبەسى ئىزدەشتىكى ئۈگۈنۈشى ۋە خۇشاللىقى ئىپادىلەنگەن، ئۇ قارامايىنىڭ ھاياتىي كۈچكە تولغان كەلگۈسىگە سىمۋول قىلىنغان. «سۇ كەلدى»، «قارامايدا باھار»، «قاراماي سىمپونىيىسى» «تەڭرىتاغ باغرىدىكى يېڭى كۈي»، «ئۈزۈم پىشتى»، «قايناق ھېسسىياتقا تولغان يىللار» قاتارلىق 6 ئەسەر ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان كۆرگەزمە ئەسىرى بولۇپ قالدى.

★ 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قاراماي شەھەرلىك سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلدى.

★ 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قاراماي شەھىرى مەملىكەتلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى




2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جۇڭگو ھەيكەلتىراشلىق نەپىس ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى «غەربكە يۈرۈش قىلىش» - قاراماي ھەيكەلتىراشلىق كۆرگەزمىسى ۋە قاراماي مەدەنىيە قاپارتما ھەيكەللەر تېمى ئۇچۇن لېنتا كېسىش - يوپۇق ئېچىش مۇراسىمى قاراماي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

گاۋ يۈەن فوتوسى

تەرىپىدىن دۆلەتلىك پاكىزە شەھەر دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ياڭ يۈەنجىن، چېن پېيلىڭ

# مايتاغ رايونى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مايتاغ رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: فۇ دېشىن.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: نۇرمەھەممەت ئامان.

رايون باشلىقى: شۈي فۇگۈي.

سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جاڭ دېشىن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

مايتاغ رايونى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 250 كىلومېتىر، قاراماي شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىقى 150 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى 12. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 65 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 14 مىڭ 500)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰7.1، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰5.71. رايوننىڭ قۇرۇلۇش قىلىنغان كۆلىمى 20 نەچچە كۋادرات كىلومېتىر. رايون بويىچە 133.7 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى (ئېگىز تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). 74 گېكتار يەردە ئىقتىسادىي ئورمان بەرپا قىلىندى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى مايتاغ رايونى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 401 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 184 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %58.4 ئاشتى، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 213 مىليون يۈەن بولۇپ، %14.3 كېمەيدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 68 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 935 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %85.5 ئاشتى. بىر يىلدا 4 مىليون 50 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاندى (ئىمپورت قىلىنغان 650 مىڭ توننا نېفىتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 236 مىڭ توننا ئېتىلېن، 190 مىڭ پروپىلېن يىلىمى، 25 مىڭ 200 توننا سۇلياۋ پاسالما، 59 مىڭ 500 توننا گلىكول، 33 مىڭ توننا بۇتادىئېن، 32 مىڭ 200 توننا بىرىكمە رېزىنكا، 5700 توننا كرىستاللىق مېتىل ئالكوگول، 73 مىڭ 470 توننا ھەرخىل ئاسفالت ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %99.26 كە يەتتى. بىر يىلدا 20 مىڭ توننا خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى، 41 مىڭ 359 توننا كوكس ئېكسپورت قىلىندى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 539 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 180 مىليون يۈەن. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 263 مىليون يۈەنگە يەتتى. تېلېگراف كەسپىي كىرىمى 55 مىليون 16 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %77.4 ئاشتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 142 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %27.9، يەرلىك مالىيە چىقىمى 142 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %21.7 ئاشتى. يەرلىك باج كىرىمى 64 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ھەرخىل قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 693 مىليون يۈەنگە، ھەرخىل ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 2 مىليارد 679 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 120 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 59 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 13 مىليون 612 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى يەككە سودا- سانائەت ئورنى 2519، خۇسۇسىي كارخانا 146، يەككە ۋە خۇسۇسىي سودا - سانائەت كارخانىلىرى تاپشۇرغان باج 23 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %21.4 ئاشتى.

2003 - يىلى مايتاغدىكى نېفىت خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى دۆلەتكە 9 تۈرلۈك پاتېنتنى ئىلتىماس قىلدى. سىرىلىشتىن ساقلىنىدىغان رېزىنكىنى تەتقىق قىلىپ ياساش، پارافىنلىق مىكرو ئورگانىزمنى گۈڭگۈرتسىزلەندۈرۈش زەمبۇرۇغى قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنى قوللىنىش قاتارلىق دۆلەت دەرىجىلىك «863» تۈر تەتقىقاتى قانات يايدۇرۇلدى. 6 تۈرلۈك پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكىلىق باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى. نېفىت چەككىلەش، خىمىيە سانائىتى كەسپى ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆلچەمگە يەتتى، 1 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۆلچەمگە يەتكەن قۇرۇلما %69 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت چەككىلەشتە ئىشلىتىلىدىغان I دىستىللەش قۇرۇلمىسى، I كاتالىزلاش قۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت 2 يۈرۈش قۇرۇلما ئالاھىدە دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى. «كومپيۇتېرسىز تۈرۋىسىنىڭ

سىلكىنىشىنى ئازايتىپ، قوغداش پروپان قۇرۇلمىسىنى بىخەتەر، مۇقىم، ئۆزلۈكسىز ھەرىكەتلەندۈرۈش» QS مۇۋەپپەقىيىتى دۆلەتنىڭ سۈپەت جەھەتتە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «تيەنلى» يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىسى ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ۋە باھالىشىدىن ئومۇميۈزلۈك ئۆتۈپ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىلارنىڭ سالاھىيىتىنى سىناش لاياقەتنامىسىگە ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە نۇقتىلىق يېتىلدۈرىدىغان 30 نۇقتىلىق كارخانا قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. يۇقىرى ئالتىراق پولى پروپىلېن، سۈزۈك پولى پروپىلېن، يۇقىرى ئىشقارلىق سىكلو ئالكان كالتسىي، بىناكارلىق ئاسفالتى، ترېلىن تالاسىدىن ئىشلەنگەن توقۇقسىز رەختتىن ئىبارەت 5 خىل مەھسۇلات ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى.

رايوندىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 2908 (مىللىي 1174)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 2502 (مىللىي 752)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 6، ئوقۇغۇچىسى 3993 (مىللىي 609)؛ باللار باغچىسى 9، باغچىدىكى بالا 2511. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1180 (مىللىي 171). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 40 مىليون 860 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %100 كە يەتتى. شىنجاڭ نېفىت ئۇنىۋېرسىتېتى مايتاغ نېفىت خىمىيە ئاسپىرانتلىرىنى تەربىيىلەش خىزمەت پونكىتى قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە يەتتى.

رايون بويىچە يىل ئاخىرىدا بىر ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا (2 ئا دەرىجىلىك)، 2 سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، بىر ساغلاملىق مەركىزى، 8 مەھەللە داۋالاش - ساقلىق ساقلاش مەركىزى، 46 يەككە ئامبۇلاتورىيە ۋە ئىدارە- ئورۇنلارنىڭ شىپاخانىسى، 459 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 88)، دوختۇرخانىلاردا 392 كارىۋات بار.

2003 - يىلى مايتاغ رايونىنىڭ كوماندىسى شىنجاڭ نېفىت تەنتەربىيە جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايونلۇق 10- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، 7 تۈردە 1- لىككە، 6 - تۈردە 2 - لىككە، 4 تۈردە 3 - لىككە ئېرىشتى. يېڭى ئەسىردىكى تۇنجى نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق مەھەللە ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىدە بىر ئالتۇن مېدال، 2 كۈمۈش مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى. مايتاغ تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەدەنىيەت، تەنتەربىيە مۇسابىقىسىغا 12 قېتىم قاتنىشىپ، دۆلەت دەرىجىلىك بىر كۈمۈش مېدال، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 5 ئالتۇن مېدال، 7 كۈمۈش مېدال ئالدى، 10 تۈردە چېمپىيون بولدى. «مايتاغ رايونى تەزكىرىسى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. «مايتاغ نېفىت خىمىيە گېزىتى» مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كارخانا گېزىتى بولدى.

2003 - يىلى مايتاغ رايونى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 23 مىڭ 865 يۈەنگە، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى 19.2 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

بىر يىلدا خۇسۇسىي كارخانىدىكى 298 خادىم، 196 يەككە تىجارەتچى ۋە ئەركىن كەسىپكار ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتناشتى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 2425 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا (دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 2998 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

رايوننىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %36.85 كە، يېشىل يەر نىسبىتى %34.37 كە يېتىپ، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن باغچىلاشقان شەھەرلەر ئارا ئىلغار كوللېكتىپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## مەھەللە قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

2003 - يىلى مايتاغ رايونى بىخەتەر، مەدەنىي مەھەللە، زەھەرسىز مەھەللە، ئۆگىنىش تىپىدىكى مەھەللە بەرپا قىلىشنى پۇرسەت بىلىپ، پەن - مائارىپ، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە، قانۇن، سەھىيەنى مەھەللىلەرگە كىرگۈزۈش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مەھەللە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈردى ۋە چوڭقۇرلاشتۇردى. مەھەللە باشقارمىسىدا ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا كارخانىلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلەشمىسى، ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمەت كومىتېتى، مەھەللە باشقارمىسى تەنتەربىيە جەمئىيىتى، مەھەللە باشقارمىسى ئەمگەك كاپالىتى ئىش ئورنى قاتارلىق ئاپپاراتلار قۇرۇلۇپ، مەھەللىلەرنىڭ فۇنكسىيىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. «مەملىكەتلىك مەھەللە مائارىپى تەجرىبە رايونى» خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلۇپ، مەھەللە مائارىپى پىدائىيلىرى قوشۇنى زورايتىلىپ، مەھەللە ئاھالىسىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ۋە ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش نىشان قىلىنىپ، مەڭگۈلۈك ئۆگىنىش ۋە مائارىپ سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىندى. 45 قارار ھەرخىل كۇرس ئېچىلدى، ئۆگىنىش تىپىدىكى ئورۇندىن 16 سى، ئۆگىنىش تىپىدىكى ئائىلىدىن 113 ى بارلىققا كەلدى. «21 - ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئېلىمىز نېفىت شەھەر رايونىدىكى مەھەللە مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە تەتقىقات — قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونى مىسال قىلىندى» ناملىق تەتقىقات تېمىسىنى تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسى جەھەتتە باسقۇچ

خاراكتېرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى؛ «مايتاغ رايونىنى ئۆگىنىش تېپىدىكى مەھەللە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش تەسەۋۋۇرى ۋە ئەمەلىيەت» ناملىق دوكلات مائارىپ مىنىستىرلىكىگە تاپشۇرۇلدى. مايتاغنىڭ سىملىق رەقەملىك كۆتۈپخانىسى دۆلەت بويىچە تۇنجى مەھەللە رەقەملىك كۆتۈپخانىسى ئالاھىدە خاتىرە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاممۋى مەيدان مەدەنىيىتى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەرخىل مەخسۇس سەنئەت كېچىلىكى، ئۈسمۈر - باللار مەدەنىيەت - تەنتەربىيە مۇسابىقىسى، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى، ئائىلە قىزىقارلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، مەھەللە تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى قاتارلىقلار 80 نەچچە قېتىم ئۆتكۈزۈلدى. ئادۋوكاتلىق ئورنى بىلەن مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى قانۇننى مەھەللىلەرگە كىرگۈزۈش مۇلازىمىتى بويىچە كېلىشىم ئىمزالاشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى، بىر يىلدا ئاجىزلاردىن 6 ئادەم (قېتىم) ھەقسىز قانۇن ياردىمى بىلەن تەمىنلەندى. ھەممە ئادەم تۆۋەن دەرىجىلىك تىببىي داۋالاش - سەھىيە - ساقلىق ساقلاشتىن بەھرىمەن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىشان قىلىنىپ، تىببىي داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش، ساغلاملىق مۇلازىمىتى، ساغلاملىق كاپالىتى بىلەن سەھىيە بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش بىر گەۋدە قىلىنغان مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت سىستېمىسى تەدرىجىي بەرپا قىلىندى. 2003 - يىل 8 - ئايدا مايتاغ رايونى ئاپتونوم رايون بويىچە مەھەللە قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە رايون قىلىپ تەستىقلاندى ھەمدە مەھەللە قۇرۇلۇشىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغارلار قاتارىغا كىردى.

★ 2003 - يىلى «جۇڭگونىڭ غەربىدىكى قۇرغاق رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنى تەكشۈرۈش - تىزگىنلەش تەتقىقاتى تۈرى» (دۆلەتنىڭ «435 تۈرى» نىڭ بىرى) - مايتاغنىڭ ئېكولوگىيە كەسپى بويىچە تەجرىبە قىلىش - ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشتا 40 مىڭ كۋادرات مېتىر يەرگە يەم - خەشەك ئۆجمىسى تېرىلدى. بۇ شىنجاڭ تۇنجى قېتىم ئۈستىگە ئالغان دۆلەتنىڭ زور ئاساس تەتقىقات تۈرى بولۇپ، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى تۈر قىلىپ تۇرغۇزغان دۆلەت دەرىجىلىك 87 زور پەن تەتقىقات تۈرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى جۇڭگونىڭ غەربىدىكى 2 مىليون 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق قۇرغاق رايوندىن ئىبارەت.

★ 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى مايتاغدىكى 500 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان، يىلىغا دىستىللەنگەن مايغا ھىدروگېن قوشۇپ پارچىلاش سائىتىگە 20 مىڭ ئۆلچەملىك كۇب مېتىر ھىدروگېن ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى باشلاندى، بۇ مايتاغنىڭ نېفىت ئايرىش يادرو يۈرۈشلۈك قۇرۇلۇشىنىڭ كۈندىن كۈنگە مۇكەممەللىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

★ 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مايتاغدىكى يىلىغا 220 مىڭ توننا ئېتىلېن ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ مۇھىت ئاسراش بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى.

باڭ يەنشۈن

# قاراماي رايونى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاراماي رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاۋ ۋېيدۇڭ.

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ما ۋېنخۇ.

رايون باشلىقى: تيەن چىڭشېڭ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

قاراماي رايونى قاراماي شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. 2003 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 6، يېزا بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 148 مىڭ 992 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 35 مىڭ 161)؛ يېزا نوپۇسى 1850؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰34. 6، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰65. 4. رايون بويىچە 995 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 71 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 924 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى تىپىك قۇرغاقلىق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى قاراماي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 7 مىليارد 850 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 38 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %15، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 832 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 980 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16 ئاشتى.

قاراماي رايونى شوگەي يېزىسىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 23 مىليون 931 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %27 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 512 مىڭ 300 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 2 مىليون 218 مىڭ 900 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 9. 316 توننا ئاشلىق، 5. 2402 توننا پاختا، 5. 2422 توننا باشقا ئىقتىسادىي زىرائەت ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 18 مىڭ 645 تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 87. 267 توننا

گۆش، 207.51 توننا يۇڭ، 9121 توننا سۈت، 3.5 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 4.71 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يەرلىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 40 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %4، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 140 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.6 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 10 مىڭ توننا بۇغداي ئۇنى، 29 مىڭ 21 توننا ئۈزۈم ھارىقى، 11 مىڭ 374 توننا مىنېرال سۇ، 95 مىڭ 847 توننا سىلىقلاش مېيى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 151 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 818 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

2003 - يىلى قاراماي رايونىدىكى يەككە سودا - سانائەت ئورنى 7988 گە، خۇسۇسىي كارخانا 597 گە يەتتى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ قوشۇلما قىممىتى 730 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %17 ئاشتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 800 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 670 مىليون يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 9 مىليون 970 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا شەھەردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 68 مىڭ 300 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 2700 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 93 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 7262 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 89 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. 167 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 108 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 227 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %11.8، يەرلىك مالىيە چىقىمى 345 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.99 ئاشتى. شەھەر ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 5 مىليارد 304 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 264 مىليون يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 42 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

رايون بويىچە 9325 ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار. 2003 - يىلى قاراماي شەھىرى مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئىلغار شەھەر رايونلىرىنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. رايوندىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 106 (مىللىي 54)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1429 (مىللىي 13)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 8787 (مىللىي 2134)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 16، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 929 (مىللىي 3133)؛ بالىلار باغچىسى 12، باغچىدىكى بالا 3528. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2061 (مىللىي 644). يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100 كە يەتتى.

رايون بويىچە 15 سەھىيە ئاپپاراتى، 1454 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 949 كارىۋات بار.

2003 - يىلى قاراماي رايونى مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا 3 ئالتۇن مېدال، 5 كۈمۈش مېدال، 2 مىس مېدال ئالدى ھەمدە 2 تۈردە دۇنيا رېكوردىنى بۇزدى.

2003 - يىلى قاراماي رايونىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىرىمى 9818 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 7629 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4480 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پۇل مائاشى 16 مىڭ 525 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە رايون بويىچە 3887 ئىشچى-خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 1145 ئىشچى-خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1055 كىشى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش

2003 - يىلى قاراماي رايونى كېنتاكتى، ھامبۇرگ، ئابلاجان نانلىرى قاتارلىق خەلقئارادا، دۆلەت ئىچىدە ۋە شىنجاڭدا تونۇلغان تېز تاماق زەنجىرسىمان دۇكانلىرىنى، سىنگاپورنىڭ «خۇاشيا» خەلقئارا مېھمانخانا گۇرۇھى قاتارلىق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلغان كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئىلغار باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى ۋە كارخانا ئىگىلىك باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزدى. «سەنلىيەن»، «يۈڭشىڭ» شۇنىڭدەك «خۇڭجىڭ» گۇرۇھى مەبلەغ سالغان قۇملۇق گولۇفتوپ مەيدانىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتتى، كۇيتۇڭ «داخۇا» شىركىتى مەبلەغ سالغان شاڭخەي داجۇڭ ئاپتوموبىل ئالاھىدە ئىجازەت بېرىلگەن سېتىش دۇكىنىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتتى، «قۇياش نۇرى» مال سېتىۋېلىش مەيدانىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتتى. شىئەن يەرمەنكىسىدە 18 مىليون يۈەنلىك مەبلەغ سېلىش مۇددىئانامىسى، ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە 152 مىليون يۈەنلىك مەبلەغ سېلىش مۇددىئانامىسى، 30 مىليون يۈەنلىك سېتىش توختامى ئىمزالاندى. 2003 - يىلى قاراماي

رايونى سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈردىن 31 نى ئەمەلىيلەشتۈردى، سېلىنىدىغان مەبلەغ 720 مىليون يۈەن، بىر يىلدا 360 مىليون يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى.

### مەھەللە قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

2003 - يىلى قاراماي رايونى مەملىكەتلىك مەھەللە قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە شەھەر رايونىنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا مەھەللە مۇلازىمىتىنى مۇھىم نۇقتا، مەھەللە ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىنى مەۋقە قىلىپ، پەن - مائارىپ، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە، قانۇن، سەھىيەنى مەھەللىگە كىرگۈزۈش خىزمىتىنىڭ شەكلى ۋە ئۇسۇلىنى توغرىسىدا پائال ئىزدىنىپ، مەھەللىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى ئۇمۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈردى. مەھەللە مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، رايون، مەھەللە باشقارمىسى، مەھەللىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك مەھەللە پىدائىيلىرى مۇلازىمەت تورىنى بەرپا قىلىپ، 10 قارار پىشىقكا جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىش، ماھارەت يېتىشتۈرۈش، خەلق ھۈنەر - سەنئىتى بويىچە تەربىيىلەش قاتارلىق كۇرسلارنى ئېچىپ، 800 نەپەر ئادەمنى تەربىيىلىدى. مەھەللە مۇلازىمىتى ساھەسى ۋە مۇلازىمەت تورىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، مەھەللە مۇلازىمىتى تىرەك سىستېمىسىنىڭ زورىيىشىغا يۈلەك بولدى، 4 ئائىلە مەمۇرىيىتى شىركىتى 308 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. مەھەللە مائارىپىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رايون، مەھەللە باشقارمىسى، مەھەللىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك مەھەللە مائارىپى بازىسىنى بەرپا قىلدى، نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان مەھەللىلەردە مەھەللە توردا تېلېۋىزىيە قانىلى مائارىپ سۇپىسى بەرپا قىلىپ، ئاھالىلەرنى كۆپ مەزمۇنلۇق، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ يوللۇق، كۆپ شەكىللىك مەھەللە مائارىپى مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. 2003 - يىلى قاراماي رايونى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مەھەللە مائارىپىدىكى تەجرىبە رايونى قىلىپ بېكىتىلدى. ساغلاملىق مائارىپىنى مەھەللىگە كىرگۈزۈش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، سەھىيە - ساقلىق ساقلاش، ساغلاملىق مائارىپى بىلىملىرى قاتارلىق مەخسۇس تېمىلاردا لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق، ئاھالىلەرنىڭ ساغلاملىق ئېڭىنى ئۆستۈردى. قانۇن مۇلازىمىتىنى مەھەللىلەرگە كىرگۈزۈش خىزمىتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، مەھەللىلەردە قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش، قانۇنچىلىق لېكسىيىسى، قانۇن جەھەتتە ياردەم بېرىش، تەقلىدىي سوت قاتارلىق يۈرۈشلۈك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، مەھەللە ئاھالىلىرىنىڭ قانۇن ئۆگىنىش، قانۇننى بىلىش، قانۇننى چۈشىنىش، قانۇننى ئىشلىتىش ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى، «قىزىل نۇر» مەھەللىسىگە مەملىكەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر قانۇن مەكتىپى دەپ نام بېرىلدى. مەھەللە ئوت مۇداپىئەسىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈردى. مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش خىزمىتى غەلىبىلىك تاماملىنىپ، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى ئەزاسىدىن 268 ى سايلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە بىۋاسىتە سايلاش ئۇسۇلى قوللىنىلغان 11 مەھەللىدە 10 مىڭ 435 ۋەكىل بىۋاسىتە سايلامغا قاتناشتى، سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتى %84.74 بولدى؛ ۋاستىلىك سايلاش ئۇسۇلى قوللىنىلغان 37 مەھەللىدە 6238 ۋەكىل ۋاستىلىك سايلامغا قاتناشتى، سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتى %87.6 بولدى.

★ 2003 - يىلى قاراماي رايونى مەملىكەتلىك مەھەللە مېيىپلار خىزمىتىدىكى ئۈلگە رايون، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇتتا ئەلا مۇلازىمەت قىلىشتىكى ئىلغار رايون بولۇپ باھالاندى.

ۋاڭ يۈپىڭ، خاۋ يەن

## جەرەنبۇلاق رايونى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جەرەنبۇلاق رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۈي نەيخۇا.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جاڭ شاڭلياڭ.

رايون باشلىقى: سۈن جىنجياڭ.

### ئاساسىي ئەھۋالى

جەرەنبۇلاق رايونى قاراماي شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 360 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 61 مىڭ 810 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 13 مىڭ 190)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %4.97، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %3.23. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى جەرەنبۇلاق رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 6 مىليارد 698 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %5، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 168 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 529 مىليون يۈەنگە

بېتىپ، %9 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %10 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 800 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 220 مىڭ يۈەن.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليارد 40 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %7.5، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 140 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 2 مىليون 509 مىڭ 600 توننا خام نېفت، 1 مىليارد 7 مىليون 543 مىڭ 100 كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى، 132 قەۋەت ماي قاتلىمى تەجرىبە قىلىندى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 400 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 12 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 12 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 80 مىليون يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 3 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدا شەھەر تېلېفونى ئابونېنتى 31 مىڭ 610 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى تەخمىنەن 40 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 6500 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 312 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 133 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002-يىلدىكىدىن %27، يەرلىك مالىيە چىقىمى 131 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %27 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 521 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 34 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا تۆلەم سوممىسى 6 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلى ئازكەم 50 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، شەھەر رايونىنىڭ كۆكەرتىلىش كۆلىمى 124.5 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى 151.5 گېكتارغا، يېشىل يەر نىسبىتى %32.22 كە، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %39.15 كە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يېشىل يەر كۆلىمى 27.68 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

رايوندىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 5343، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 2530. رايوندىكى كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 177؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 3، مەكتەپتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1029 (مىللىي 121)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2011 (مىللىي 234)؛ ئادەتتىكى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 498 (ھەممىسى مىللىي)، مەكتەپتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 535، مەكتەپتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 770؛ ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 3843 (مىللىي 533)؛ بالىلار باغچىسى 5، باغچىدىكى بالا 1212 (مىللىي 204)؛ 12 يىللىق تۈزۈمدىكى ياتاقلىق خۇسۇسىي مەكتەپ بىر، مەكتەپتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 107 (مىللىي 12)، مەكتەپتىكى تولۇقسىز مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 82 (مىللىي 4)، مەكتەپتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 69 (مىللىي 5)؛ ئادەتتىكى خۇسۇسىي باشلانغۇچ مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 209؛ خۇسۇسىي بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 218 (مىللىي 19). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1097 (مىللىي 270). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 935 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100 كە يەتتى.

جەرەنبۇلاق رايونى بويىچە 8 سەھىيە ئاپپاراتى، 422 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 280 كارىۋات بار.

2003 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە جەرەنبۇلاق رايونى بويىچە 18 مىڭ 622 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 20 مىڭ 226 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا (بۇنىڭ ئىچىدە يەككە تىجارەتچى تەخمىنەن 1500)، 18 مىڭ 952 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 2003 - يىلى جەرەنبۇلاق رايونى يەنە بىر قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيىلىك، شەھەرلىك، رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا نىشان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى، مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئىلغار رايون دېگەن نامنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە مەھەللە قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە رايونلار قاتارىغا كىردى.

★ 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى جەرەنبۇلاق رايونى يەرلىك ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى ۋە رايوننى پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا 2003 - يىللىق يەرلىك ئىقتىساد ۋە رايوننى پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىدە بارلىققا كەلگەن 10 ياخشى چولپان كارخانا، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئىلغار كارخانا،

رايوننى پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئادىر ئىختىساسلىق خادىم، پەن ـ مائارىپنى باشقۇرۇش ئىلغارى، 10 ياخشى يەككە سودا ـ سانائەت ئورنى تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. 14 كارخانىغا جەرەنبۇلاق رايونىدىكى ئىشەنچلىك كارخانا دەپ، 10 تۈرلۈك مەھسۇلاتقا يەرلىك ئورۇننىڭ داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتى ۋە پەن ـ تېخنىكىلىق ئەلا يېڭى مەھسۇلات دەپ نام بېرىلدى.

★ 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جەرەنبۇلاق رايونىنىڭ پونكىت شەكلىدىكى مۇلازىمەت زالىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، مۇلازىمەت زالىدا تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، مۇلازىمەت تۈرىدىن چوڭ 16 تۈر بويىچە 100 نەچچە كىچىك تۈر يولغا قويۇلۇپ، ھەرخىل ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە ۋە كەڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار پائال، تەشەببۇسكار، ئالغا كەتكەن مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىنىدۇ.

بەي يىڭ

# ئۇرقۇ رايونى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۇرقۇ رايونلۇق 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چيەن خېيجياڭ.

5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: چيەن خېيجياڭ

رايون باشلىقى: ياڭ شۆۋېن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئۇرقۇ رايونى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، قاراماي شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 400 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 ـ يىلى ئۇرقۇ رايونىغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى بىر، يېزا بىر؛ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۈەننىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 8337 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 2517)، يېزا نوپۇسى 1388؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %11.03، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %8.76. رايون بويىچە 334 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ (بىڭتۈەننىڭ يېرى بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 143 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 160 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 ـ يىلى ئۇرقۇ رايونى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 155 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 20 مىليون يۈەن بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %10.9 كېمەيدى؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 119 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.4، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 34 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.5 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 698 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %11.3 تۆۋەنلىدى. 626.5 توننا ئاشلىق، 679.5 توننا پاختا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 12 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 1 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

نېفىت ـ گاز مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 979 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 1 مىليون 292 مىڭ توننا نېفىت، 179 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىلدى. يەرلىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 55 مىليون يۈەنگە يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بىر يىلدا 14 مىليون يۈەن مەبلەغ جەلپ قىلىندى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ـ بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 3200 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 2700 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 300 گە يەتتى. بىر يىلدا 87 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 1 مىليون 115 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 21 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %11، يەرلىك مالىيە چىقىمى 21 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 170 مىليون يۈەنگە، ھەرخىل قەرز پۇل قالدۇقى 38 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئۇرقۇ رايونىدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 204، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 70. رايوندىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 2، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 600 (مىللىي 107)؛ باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 200، ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 101 (مىللىي 49). بىر يىلدا مائارىپ ئىشلىرىغا 8 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90 كە يەتتى.

رايون بويىچە 3 تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، بىر سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، 140 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 100 كارىۋات بار.

2003 ـ يىلى ئۇرقۇ رايونى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ

ئوتتۇرىچە كىرىمى 4135 يۈەنگە، كىشى بېشىغا ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 27 مىڭ 621 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە رايون بويىچە 81 ئىشچى- خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 23 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 162 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 2003 - يىلى ئورقۇ رايونى خوبىن كەنتىنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى، شەپتانكەرىش ساھەت ئاساسىي مۇئەسسەسلەر قۇرۇلۇشى (سۇ، توك بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى)، ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ‌ۋۇر تورى قۇرۇلۇشى، مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىنى كۆچۈرۈش ۋە يېزىلاردا ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

ماۋ يىجى

# تۇرپان ۋىلايىتى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تۇرپان ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇڭ ئەيرۇڭ (ئايال)، مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئابلا قاسىم، سۇن چاڭخۇا، لى مىڭ، كېرەم ئىبراھىم.

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمەت يۈسۈپ، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: مەمەت روزى، دۇڭ خېمىڭ.

ۋالىي: ئابلا قاسىم، مۇئاۋىن ۋالىيلار: ليۇ شىنمىن، خۇاڭ ليۇچۈەن (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لىن ئەندى، خۇاڭ جىجۇڭ، جۇرئەت ئىمىن، جاپپار ئىبراھىم.

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خاۋ چاڭشۇن، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شىن رۇيشېڭ، توختى روزى، باھادىر ئابدۇلھېلىم.

## ئاساسىي ئەھۋالى

تۇرپان ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە تۇرپان شەھىرىدە. 2003 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 2. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 571 مىڭ 711 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 438 مىڭ 652)، يېزا نوپۇسى 419 مىڭ 489. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.86، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰10.34. ۋىلايەت بويىچە 51 مىڭ 500 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 20 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 30 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى قۇرغاقلىق، تېپىدىكى چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 8 مىليارد 656 مىليون يۈەن (يەرلىككە تەۋەسى 4 مىليارد 375 مىليون يۈەن) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 954 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %5.8، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 766 مىليون يۈەن (يەرلىككە تەۋەسى 1 مىليارد 390 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، %15.6 (يەرلىككە تەۋەسى %44.23 ئاشتى)؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 936 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.2 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلاردا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 637 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %7 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 213 مىليون يۈەنگە، چارۋىچىلىقنىڭ 367 مىليون يۈەنگە، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 86 مىڭ 952 توننا ئاشلىق، 12 مىڭ 711 توننا پاختا، 929 توننا ياغلىق دان، 675 توننا خاسىڭ، 504 مىڭ 500 توننا ئۈزۈم، 121 مىڭ 100 توننا كۆكتات، 102 مىڭ 500 توننا قوغۇن، 5608 توننا زىرە، 31 مىڭ 715 توننا بېدە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 88 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 35 مىڭ 235 توننا گۆش، 2059 توننا يۇڭ، 16 مىڭ 246 توننا سۈت، 412 توننا تۇخۇم، 291 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4700 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ۋىلايەت بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 349 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 152 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 485 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 872 مىليون يۈەن (يەرلىككە تەۋەسى 1 مىليارد 804 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %15.4 (يەرلىككە تەۋەسى %20.59 ئاشتى)؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 330 مىليون يۈەن (يەرلىككە تەۋەسى 587 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، %10 ئاشتى (يەرلىككە تەۋەسى %22.75 ئاشتى). ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 613 مىڭ 100 توننا كۆمۈر، 2 مىليون 350 مىڭ 100 توننا نېفىت، 1 مىليارد 234 مىليون 430 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 198 مىڭ 700 توننا تۆمۈر رۇدىسى ئىشلەپچىقىرىلدى، 42 مىليون 580 مىڭ كىلوۋات

سائەت توك تارقىتىلدى، 847 مىليون 510 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 930 مىڭ كىلوجوئۇل ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەندى، 20 مىليون 620 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 50 مىڭ توننا ئۇن، 16 مىڭ 209 توننا سۇ يېغى، 8785 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 2949 توننا ئاق ھاراق، 5232 توننا ئۈزۈم ھارىقى، 765 توننا ئىچىملىك، 2070 توننا مىس، 14 مىڭ 525 توننا پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىلدى، 78 مىڭ 409 توننا نېفىت پىششىقلاندى، 11 مىڭ 310 توننا ئېرىتكۈچى رېئاكتىپ ماي، 34 مىڭ 952 توننا گۈڭگۈرت كىسلاتاسى، 20 مىڭ 288 توننا ئىشقارىي سۇلفىد، 44 مىڭ 543 توننا ساپ ياغاچ ئىسپىرتى، 480 مىڭ توننا سېمونت ياسالمىسى، 320 مىڭ توننا سېمونت، 30 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر مەرمەر تاش پاختا، 1 مىليون 417 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر گرانىت تاش تاختا، 416 كىلوگرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 167 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 305 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، ساپ پايدىسى 3 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 3 مىليارد 425 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى (يەرلىكنىڭ سالغىنى 1 مىليارد 813 مىليون يۈەن)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 2 مىليارد 571 مىليون يۈەن (يەرلىكنىڭ سالغىنى 1 مىليارد 342 مىليون يۈەن). ئۆزگەرتىش، يېڭىلاشقا سېلىنغىنى 604 مىليون يۈەن (يەرلىكنىڭ سالغىنى 216 مىليون يۈەن). يىل ئاخىرىدا شەھەر - يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 120 مىڭ 156 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 114 مىڭ 976 گە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 957 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 3 مىليون 569 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليون 384 مىڭ 600 دوللار. بىر يىلدا 2 مىليون 200 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 440 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 475 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %7.42، يەرلىك مالىيە چىقىمى 789 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.09 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 966 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 162 مىليون يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 53 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 15 مىڭ 622. ھەر خىل ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، ئوقۇغۇچىسى 1319 (مىللىي 971)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 97، ئوقۇغۇچىسى 45 مىڭ 310 (مىللىي 37 مىڭ 872)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 129، ئوقۇغۇچىسى 57 مىڭ 76 (مىللىي 43 مىڭ 535)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 222 (مىللىي 211)؛ بالىلار باغچىسى 13، باغچىدىكى بالا 995. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 8692 (مىللىي 6785). يىل ئاخىرىدا ۋىلايەت بويىچە رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96.6كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95.49كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 222 سەھىيە ئاپپاراتى، 2922 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 2071 كارىۋات بار.

2003 - يىلى ۋىلايەت تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 17 ئالتۇن مېدال، 20 كۈمۈش مېدال، 16 مىس مېدال ئالدى.

2003 - يىلى ۋىلايەت بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 6634 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 3958.88 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3119 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 16 مىڭ 587 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 18 مىڭ 765 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 47 مىڭ 907 كىشى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## تۇرپان ۋىلايىتى ئۈزۈمچىلىكتە 3 - قېتىملىق ھالقىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى

2003 - يىلى تۇرپان ۋىلايىتى ئۈزۈم كۆچىتىنى ئۆلچەملىك تىكىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، تۇپراقنى نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاشنى يولغا قويۇش بىلەن بىرگە ئۈزۈم چېچىكى، مېۋىسى شالاڭ بولۇش، ئۈزۈملۈكتە ھاشارات زىيانداشلىقى بولۇش ئەھۋاللىرىغا قارىتا بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئومۇملاشتۇردى. زىيانسىز مەھسۇلات بەرپا قىلىش تونۇشى ئۈزۈمچىلىك بازىسى قۇرۇلۇشىدا ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئۈزۈم ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىدا 3 - قېتىملىق ھالقىش ئەمەلىيلەشتى.

تۇرپاندا ئۈزۈمچىلىك 1000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. بىراق تېخنىكا قالاق، باشقۇرۇش قوپال، مەھسۇلاتى تۆۋەن، سورتى ناچار ئىدى. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ تۇرپاندا ئۈزۈمنى باراڭغا ئېلىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىپ، ئۈزۈمنىڭ بىرلىك ھوسۇلى ئەسلىدىكى نەچچە يۈز كىلوگرامدىن بىر توننىدىن كۆپرەككە ئۆستۈرۈلدى. سۈپىتىمۇ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، ئۈزۈم ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىدا 1 - قېتىملىق ھالقىش بولغانىدى. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا ئۈزۈمنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىدىغان

بىئولوگىيىلىك تەڭشىگۈچى دورىلار ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلىپ، ئۈزۈم دانچىسى چوڭايتىلىپ ھەم رەڭلىك ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ، ئۈزۈم ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىدا 2 - قېتىملىق ھالقىش بولدى.

## تۇرپان ۋىلايىتى ئۆلچەملىك يېزا ئىگىلىكىنى پائال تەرەققىي قىلدۇردى

تۇرپان ۋىلايىتى ئۆلچەملىك يېزا ئىگىلىكىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈزۈم، قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ ئەسلى ئىشلەپچىقىرىلىش رايونلىرىنى قوغداشنى يولغا قويدى ھەمدە قوغۇن، زىرىلەرنىڭ ئەسلى ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنى قوغداشنى مەلۇم قىلىش خىزمىتىنى باشلىدى. 2003 - يىل 7 - ئايدا «تۇرپان ئۈزۈمى، قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ دۆلەت ئۆلچىمى» ئېلان قىلىندى، ئۈزۈم، قۇرۇق ئۈزۈم، قوغۇن، كۆكتات، سۈت، گۆش ئىشلەپچىقىرىشتا خەلقئارا بىلەن بىردەك بولغان بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئۆلچىمى تۈزۈپ چىقىلدى ۋە يولغا قويۇلدى. ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەردىكى كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرى، خىمىيىلىك ئوغۇت قاتارلىق يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنما قىلىپ سېلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئۇنىۋېرسال تەرتىپكە سېلىشنى كۈچەيتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى. ۋىلايەت بويىچە 2666.67 گېكتار يەردە ئۈزۈم ئۆستۈرۈلدى. قوغۇننى ئۆلچەملىك ئىشلەپچىقىرىش يولغا قويۇلدى. 16 مىڭ 700 گېكتار يەردىكى ئۈزۈم، 4000 گېكتار يەردىكى قوغۇن، 2666.67 گېكتار يەردىكى كۆكتات بويىچە زىيانسىز بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويدى. باشلامچى كارخانىلارنى يېتىشتۈرۈشنى ۋە كىرگۈزۈشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. «مەيجۇر»، «تەيۈەن كېمەي»، «دېخۇي»، «دېلۇڭ» قاتارلىق گۇرۇھلار بىرلىكتە ئۈزۈمچىلىك كەسپى، گۆش، سۈت كەسپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش جەھەتتە تۆۋەن ھالەتتىن يۇقىرى ھالەتكە قەدەم تاشلاشنى تېزلەتتى. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرى سىستېمىسى بەرپا قىلىش تېزلىتىلىپ، داڭلىق ماركا ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلدى. ۋىلايەت مەبلەغ چىقىرىپ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا يەرلىك ئۆزگىچە مەھسۇلاتلىرىنى تەشۋىق قىلدى. ئۆزگىچە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بويىچە 17 ماركىنى تىزىمغا ئالدۇردى. قۇرۇق ئۈزۈم، قوغۇنلارنى توپ سېتىش بازىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تور سودا بازىرى قاتارلىق شەكىلسىز بازارلار قۇرۇلدى. دېھقان ۋاستىچىلەرنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازاردىكى ئورنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈلدى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ھۆل يېتى ساقلاش ئامبىرىدىن 60ى قۇرۇلدى، بۇ ئامبارلارنىڭ ھۆل ساقلاش ئىقتىدارى 3500 توننىغا يېتىدۇ.

## تۇرپان ۋىلايىتى دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 21 يۈەن كېمەيتتى

2003 - يىلى تۇرپان ۋىلايىتى تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى كېمەيتتى، سېلىقنى كېمەيتىشكە رەھبەرلىك مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، نازارەت قىلىش، چەكلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈردى. ۋىلايەت بويىچە كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش دائىرىسى %100كە، ئائىلىلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش نىسبىتى %100كە يەتتى، سۇ ھەققى %28 چۈشۈرۈلدى. توك جەھەتتە شەھەر بىلەن يېزىلار تورلاشتۇرۇلۇپ، ئوخشاش باھا يولغا قويۇلدى. ۋىلايەت بويىچە دېھقانلارنىڭ سېلىقى 7 مىليون 40 مىڭ يۈەن كېمەيتىلدى، بۇ كىشى بېشىغا 21 يۈەندىن توغرا كەلدى.

## تۇرپان ۋىلايىتى ئۆمۈرۋايەت تەربىيىلەش سىستېمىسى بەرپا قىلدى

2003 - يىلىنىڭ بېشىدا تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئۆگىنىش، ئۆگىنىش يەنە ئۆگىنىش ۋە ئۆمۈرۋايەت ئۆگىنىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، ئۆگىنىش تىپىدىكى ۋىلايەت بەرپا قىلىشنى قارار قىلدى. قاراردا ئادەمنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەركەز، ئادەمنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، تۇرپان ۋىلايىتىنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىن ھاللىق جەمئىيەتكە كىرگۈزۈشنى نىشان قىلىپ، ئۆمۈرۋايەت تەربىيىلەش، ئۆمۈرۋايەت ئۆگىنىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش، ھازىر بار بولغان مائارىپ بايلىقىنى تولۇق بىرىكتۈرۈش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش، كۆپ قاتلاملىق، ئېچىۋېتىلگەن، سىستېمىلاشقان ئۆمۈرۋايەت تەربىيىلەش سىستېمىسى ۋە تورىنى بەرپا قىلىش، كەڭ كۆلەملىك ئۆگىنىش كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈپ، تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ۋە سىجىل تەرەققىيات جەھەتتىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى كۈچەيتىش، تۇرپان روھىنى جارى قىلدۇرۇپ ۋە يېتىلدۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئۈستۈنلۈكىنى شەكىللەندۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋىلايىتىمىزنىڭ «ئۆگىنىش بايرىمى» قىلىپ بېكىتىلدى. مۇشۇ بىر كۈندە ۋىلايىتىمىزدىكى بارلىق ئاممىۋى مائارىپ مۇئەسسەسەلىرى ۋە مەدەنىيەت سورۇن - يۇرتلىرى جەمئىيەتكە ھەقسىز ئېچىۋېتىلدى ھەمدە

تۇرلۇك لېكسىيە، دوكلات بېرىش، كىتاب ئوقۇش، زېھىن سىناش قاتارلىق مەدەنىيەت ـ مائارىپ پائالىيەتلىرى تەشكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كومپيۇتېر ئۆگىنىش، قوش تىل ئۆگىنىش، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش، پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇش، ھەپتە ئاخىرىدىكى دەرسخانا، شەنبە، يەكشەنبىلىك لېكسىيە قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئومۇمىي خەلقنىڭساپاسىنى ئۆستۈرۈش تەلەپ قىلىندى.

★ 2003 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى يالقۇنتاغدىكى خىسلەتلىك بۇلاق مەنزىرىسىنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى، بۇ قۇرۇلۇشقا مۆلچەر بويىچە 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ مەنزىرە رايونى ئېچىشتا يالقۇنتاغنىڭ يەر ئۈستى تەبىئىي قىياپىتى ساقلاپ قېلىنىدۇ، يەنە تاغ گەۋدىسى ۋە تاغ ئالدى مەنزىرىسىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلى ھالىتىدە ساقلاپ قېلىنىدۇ.

★ 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى دۆلەت سودا ۋە ئىقتىساد تەكشۈرۈش ـ كارانتىن باش ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تۇرپان ئۈزۈمى ۋە قۇرۇق ئۈزۈمىنىڭ ئەسلى ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنى قوغداش يولغا قويۇلدى. بۇ شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ ئەسلى ئىشلەپچىقىرىش رايونى قوغدىلىشقا ئېرىشكەن مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ.

بەي شياۋ

## تۇرپان شەھىرى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تۇرپان شەھەرلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ جيەنيۇڭ.

6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: نۇرىدىن نىياز.

شەھەر باشلىقى: پەرھات ئىبراھىم.

سىياسىي كېڭەش 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قادىر قۇربان.

### ئاساسىي ئەھۋالى

تۇرپان شەھىرى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەڭرىتاغنىڭ تارماق تىزمىسىدىكى بوغدا چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 182 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 143 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 ـ يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 2، بازار 2، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 254 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 200 مىڭ 700)، يېزا نوپۇسى 177 مىڭ 400. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.79‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.92‰. شەھەر بويىچە 10 مىڭ 910 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 5066.67 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 3550 گېكتار)، 134 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئۈزۈملۈك كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 ـ يىلى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 794 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 418 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 7.59%، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 517 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 6.76%، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 859 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16.43% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلاردا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 696 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 ـ يىلدىكىدىن 10.3% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 539 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە، ئورمانچىلىقنىڭ 9 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، چارۋىچىلىقنىڭ 131 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ 14 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 23 مىڭ 979 توننا ئاشلىق، 4361 توننا پاختا، 62 مىڭ 318 توننا كۆكتات، 2432 توننا زىرە، 257 مىڭ 440 توننا مېۋە، 82 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 385 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 19 مىڭ توننا گۆش، 5937 توننا سۈت، 500 توننا يۇڭ، 11 توننا تىۋىت، 217 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3980 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇدىن ئورمانغا، ئوتلاققا قايتۇرۇلغان ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش كۆلىمى 3200 گېكتار). سۇنى ياخشىلاپ كېمەيتىلمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق 302 مىڭ ئادەم ۋە 4000 چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 32 مىليون كۇب مېتىر سۇ كۆپەيتىلدى ۋە تېجەپ قېلىندى، سۇغىرىش كۆلىمى 3.333 گېكتار كۆپەيتىلدى. 13 مىڭ 300 گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى، 14 مىڭ 600 گېكتار يەر سۇ تېجەش ئۇسۇلى ئارقىلىق سۇغىرىلدى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 353 مىليون 760 مىڭ

يۈەنگە، ساپ پايدىسى 30 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 142 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 763 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 19.31% ئاشتى. كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 221 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 535 مىڭ توننا كۆمۈر، 3100 توننا خام مىس، 171 مىڭ توننا سېمونت، 4406 توننا پاختا يىپ، 3945 توننا ئىچىملىك ھاراق (بۇنىڭ ئىچىدە ئۈزۈم ھارىقى 3320 توننا)، 20 مىڭ 288 توننا ئىشقارىي سۇلفىد، 64 مىليون 720 مىڭ دانە خىش، 10 مىڭ 114 توننا ئەينەك بۇيۇم، 1607 توننا تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 51 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 75 مىڭ 588 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 14 مىڭ 345 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 716 مىليون 930 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 504 مىليون 850 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 95 مىليون 540 مىڭ يۈەن، ئۆي-زېمىن قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 25 مىليون 750 مىڭ يۈەن، يېزىلارغا سېلىنغىنى 59 مىليون 280 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 57 مىڭ 627 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 40 مىڭ 610 غا، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 10 مىڭ 571 گە يەتتى. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 566 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليون 564 مىڭ 500 دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليون 384 مىڭ 500 دوللار. 1 مىليون 800 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 330 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 123 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 4.2%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 213 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 651 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 912 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 1 مىليارد 288 مىليون 560 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 101 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 12 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 5107، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1424. شەھەر بويىچە تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسال مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 1170 (مىللىي 260)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 2، ئوقۇغۇچىسى 1660 (مىللىي 1000)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 41، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 522 (مىللىي 11 مىڭ 35)؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 3667 (مىللىي 2860)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 41، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 481 (مىللىي 8755)؛ بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 3119. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 3565 (مىللىي 2805). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە، تېلېۋىزىيەنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85%كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 76 سەھىيە ئاپپاراتى (ئامبۇلاتورىيە، شىپاخانا، مەھەللە مۇلازىمەت پونكىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 1484 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 1169 كارىۋات بار.

2003 - يىلى شەھەر تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا 2 ئالتۇن مېدال، 3 كۈمۈش مېدال ئالدى.

2003 - يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3184 يۈەنگە، شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 6634 يۈەنگە، خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 599 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 14 مىڭ 986 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 18 مىڭ 765 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 47 مىڭ 905 كىشى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## تۇرپان شەھىرىدە ئۆزگىچە ئىقتىسادىي كەسىپ بەرپا قىلىش ئەھۋالى

تۇرپان داڭلىق ئۈزۈم ماكانى، ئۈزۈم ئۆستۈرۈشتە 1000 يىلدىن كۆپرەك تارىخى بار، ئۈزۈمنىڭ 120 دىن ئارتۇق سورتى بار. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئورۇقسىز ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىدىغان رايون ۋە يېشىل قۇرۇق ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىدىغان بازا ھېسابلىنىدۇ. 1979 - يىلى دۆلەت تۇرپاننى مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلدى. 1998 - يىلى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى تۇرپانغا «ئۈزۈم ماكانى» دەپ نام بەردى. 2003-

يىلى «مەملىكەت بويىچە زىيانسىز دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگە بازىسى» قىلىپ بەلگىلەندى، ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش زىيانسىز مەھسۇلات گۈزۈاھلىقىغا ئېرىشتى.

تۇرپان شەھىرى «ئۈزۈمچىلىكنى تۆۋرۈك كەسىپ قىلىش، 1 ـ كەسىپنى ئەلالاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش» تەك يېڭى پىكىر يولىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى بۆسۈش ئېغىزى قىلدى. «ياخشى» لىرىنى ئەلالاشتۇرۇش، «ئەلا» لىرىنى كۈچەيتىش، «كۈچلۈك» لىرىنى زورايتىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۈزۈمچىلىكتىن ئىبارەت ئۆزگىچە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ يېزا ئىگىلىكنى كەسپلەشتۇرۇشكە ئاساس سالدى.

تۇرپان شەھىرى ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىشنى باشلامچى قىلىپ، ئۈزۈمنىڭ كەسپلىشىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقىنى ئاشۇردى. كۆلەملەشتۇرۇپ ئۆستۇرۇشكە تۇتۇش قىلىپ، ھۆل، قۇرۇق ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنى ئايرىدى. «ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇش ئۆلچىمى» ۋە «زىيانسىز دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇش لايىھىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ئۈزۈمنىڭ بازاردىكى رىقابەت كۈچىنى ئەڭ زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى. 2003 ـ يىلى شەھەر بويىچە ئۈزۈمچىلىك كۆلىمى 13 مىڭ 900 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 4700 گېكتار زىيانسىز سۈپەتلىك تاۋار ئۈزۈم بازىسى بىلەن 333 گېكتار سۈپەتلىك ئۈزۈملۈكنىڭ ھەممىسىدە ئۆلچەملەشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش يولغا قويۇلدى. بىر يىلدا 60 مىڭ 200 توننا سۈپەتلىك ھۆل تاۋار ئۈزۈم سېتىلدى، 6000 توننا قۇرۇق ئۈزۈم ئىنچىكە پىششىقلاندى. ئۈزۈم مەھسۇلات قىممىتى 389 مىليون يۈەنگە، ئۈزۈمدىنلا قىلىنغان ئوتتۇرىچە كىرىم 6. 1532 يۈەنگە يەتتى.

ھۆكۈمەت يەنە ئاكتىپلىق بىلەن ئۈزۈمنىڭ سېتىلىشىنى بازار ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلىدى ۋە خېرىدار مەنبەسىنى تەشكىللىدى. 2003 ـ يىلى شەھەر بويىچە 300 توننا ھۆل ئۈزۈم روسىيە ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە سېتىلىپ دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

ئۈزۈمنى يېڭى پېتى ساقلاش كەسپى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئۈزۈكچىلىك پەسىلدە سېتىش يولغا قويۇلدى. 2003 ـ يىلى ئۈزۈمنى يېڭى پېتىچە ساقلاش ئامبىرى 43كە يەتتى. ئۇلارنىڭ سىغىمچانلىقى 2800 تونىغا يېتىدۇ، يىلىغا 300 توننىدىن ئارتۇق يېڭى ئۈزۈم ساقلىنىدۇ. مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

كۈچلۈكلەر ھەمكارلىقىدا ئۈزۈمچىلىك چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى. 2003 ـ يىل 8 ـ ئايدا تۇرپان كېچىلىك باغۇەنچىلىك مەيدانى شىنجاڭ «دېخۇي» كەسپىي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق 4 ئورۇن بىلەن بىرلىكتە ئۈزۈمچىلىك چەكلىك شىركىتى قۇرۇپ، «شىركەت + دېھقان ئائىلىسى» دىن ئىبارەت تىجارەت شەكلىنى قوللاندى. دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى كارخانىلار بىلەن بىرلىكتە تىجارەت قىلىپ، ئۈزۈم پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. كارخانىلار ئىچىدە ئۈزۈم ھارىقى زاۋۇتى 20 دىن ئاشىدۇ. ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ساياھەتچىلىك تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ 150 مىليون يۈەن مەبلىغى كىرگۈزۈلۈپ، بۈيلۈق، كارىز مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت باغچىسى، يالقۇنتاغ، ئاستانە قەبرىستانلىقى قاتارلىق مەنزىرە رايونلىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى، ئۈجمىلىك باغ، يېشىل ئارامگاھ، «168» ئارامگاھ قاتارلىق ساياھەت تۈرلىرى يولغا قويۇلدى. 2003 ـ يىلى شەھەر بويىچە ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى زىيارەت نۇقتىسى 78گە، ئۈزۈم بارىڭى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ئائىلە زىيارەت نۇقتىسى 42گە، ھويلا ئارام زىيارەت نۇقتىسى 36گە، كەسپكار 3500گە يەتتى.

## تۇرپان شەھىرىنىڭ ئورمان بەرپا قىلىپ قۇمنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇش تۈرى

بۇ تۈر جۇڭگو ـ كورىيە ھەمكارلىقىدا يولغا قويۇلدى. تۈر رايونى تۇرپان شەھىرىدىكى قۇم ـ بوران ئاپىتى ئەڭ ئېغىر بولىدىغان ئايدىڭكۆل، چاتقال، يار يېزىلىرىغا جايلاشقان. قۇم-بوران رايونىنىڭ كۆلىمى 4000 گېكتار كېلىدۇ. تىزگىنلەش رايونىنىڭ يەر شەكلى تېپىك يالاڭغان يەر شەكلى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ يەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ناھايىتى ئاجىز. بۇ تۈرگە 14 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە كورىيە ئىئانە قىلغىنى 1 مىليون دوللار. قۇرۇلۇش مۇددىتى 4 يىل بولۇپ، 1200 گېكتار يەرگە بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئورمىنى بەرپا قىلىش پىلانلاندى. 2003 — 2005 ـ يىلغىچە ھەر يىلى 400 گېكتار يەرگە بوراندىن مۇداپىئەلىنىش قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئورمىنى بەرپا قىلىنىدۇ.

★ 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتى تۇرپان شەھىرىگە «مەدەنىي شەھەر» دەپ نام بەردى.

★ 3 ـ ئاينىڭ 24 ـكۈنى تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو مېۋە-چېۋە كۆكتات كەسپىي مۇنبىرىدە تۇرپان شەھىرى جۇڭگو

بويىچە مېۋە - كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر) بولۇپ باھالاندى.

★ 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تۇرپان شەھىرى بىلەن خېنەن ئۆلكىسىنىڭ رۇجۇ شەھىرى دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ئورناتتى.

★ 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تۇرپاننىڭ ئۈزۈم بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈشتە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى تۈرى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

يالڭ لىخۇا

## پىچان ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ پىچان ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇ يۇ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئاسىيە سېيىت.

ھاكىم: پەرھات توختى.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرېشىت ئەخمەت.

### ئاساسىي ئەھۋالى

پىچان ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى بوغدا چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 287 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 5.283 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 5، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 209 مىڭ 43 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 147 مىڭ 440)، يېزا نوپۇسى 140 مىڭ 979. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16.11، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12.9. ناھىيە بويىچە 10 مىڭ 710 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 5210 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېتىز تېرىلغۇ كۆلىمى 3060 گېكتار)، 3330 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. 11 مىڭ 11 گېكتار يەرگە ئۈزۈم تىكىلدى. 3200 گېكتار يەرگە قوغۇن - تاۋۇز تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 5 مىليارد 787 مىليون يۈەنگە يەتتى (ناھىيىگە تەۋەسى 1 مىليارد 428 مىليون يۈەن). بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %5.5، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 822 مىليون يۈەن (ناھىيىگە تەۋەسى 460 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، %7.11 (ناھىيىگە تەۋەسى %5.21)، 3- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 616 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.8 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 609 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %1.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 469 مىليون 900 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 7 مىليون 930 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 123 مىليون 260 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 170 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 21 مىڭ 516 توننا ئاشلىق، 3437 توننا پاختا، 235 مىڭ 833 توننا ئۈزۈم، 77 مىڭ 760 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 45 مىڭ توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 383 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 8841 توننا گۆش، 1220 توننا سۈت، 789 توننا يۇڭ، 26 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1080 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 729 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 100 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 235 مىڭ 389 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 883 مىليون يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ 5 مىليارد 67 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %9.14، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 990 مىليون يۈەن (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ 3 مىليارد 743 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، %29.8 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 2 مىليون 350 مىڭ توننا نېفىت، 1 مىليارد 230 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 177 مىڭ توننا كۆمۈر، 44 مىڭ 543 توننا ياغاچ ئىسپىرت، 8005 توننا ئانھىدرىد، 414 كىلوگرام ئالتۇن، 53 مىڭ 859 كۇب مېتىر ئۈنۈمسىز سېرىق گرانىت ماتېرىيالى، 1 مىليون 402 مىڭ كۋادرات مېتىر گرانىت تاش تاختا، 311 مىڭ توننا ساپ تۆمۈر ئۇۋۇندىسى، 197 مىڭ توننا تۆمۈر رۇدىسى، 2089 توننا ساپ مىس ئۇۋۇندىسى، 25 توننا شارچە، 2478 توننا كالىي نىترات، 3882 توننا ناترىي نىترات ئېلىندى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 94 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 192 مىڭ 300

كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 64 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 389 مىليون 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 886 مىليون 970 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 410 مىليون 190 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 12 مىڭ 668 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 24 مىڭ 284 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 29 مىڭ 426 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 2563كە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 255 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 230 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. ساياھەتچىلىكتىن 45 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 230 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002ـ يىلدىكىدىن 6.3%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 251 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 6.2% ئاشتى. ھەر خىل ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 633 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاھالىلەر بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 1 مىليارد 306 مىليون 280 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 67 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 18 مىليون 290 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 5092، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 887. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم 2، ئوقۇغۇچىسى 418 (مىللىي 105)؛ مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 35، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 734 (مىللىي 13 مىڭ 218)؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1382 (مىللىي 1102)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 546 (ھەممىسى مىللىي)، ئوقۇتقۇچىسى 51 (ھەممىسى مىللىي)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 43، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 781 (مىللىي 14 مىڭ 538)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1466 (مىللىي 1047)؛ بالىلار باغچىسى 10 (بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ بىلەن كوللېكتىپ باشقۇرۇشىدىكى باغچا 2، ئىجتىمائىي كۈچلەر باشقۇرۇشىدىكى باغچا 8). باغچىدىكى بالا 2435 (مىللىي 937)، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 64 (مىللىي 24). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە يەتتى، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 11 مىڭدىن ئاشتى.

ناھىيە بويىچە 19 داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتى، 826 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 365 كارىۋات بار.

2003 ـ يىلى پەيزىۋات ناھىيىسىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3272 يۈەنگە، يەرلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 252 يۈەنگە يەتتى.

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 8014 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 5052 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 12 مىڭ 142 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 2003 ـ يىل 8 ـ ئايدا پەيزىۋات ناھىيىسى دۆلەتنىڭ تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش تۈرىنى شەرقىي شىنجاڭ رايونىدا يولغا قويۇشتا ئۈلگە كۆرسەتكەن ناھىيە بولدى. بۇ تۈردە كۆپ خىل ئىلمىي ئانالىز ئۇسۇلى ۋە يىراقتىن سېزىش GIS تېخنىكا ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، «پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش» ئىشى ئومۇمىي جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلدى. تېرىلغۇ يەر قۇرۇلۇشى بىلەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتى تەھلىل قىلىنىپ، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش جەھەتتىكى نىشان ۋە ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش ئەندىزىسى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلدى. بۇ تۈر تەدرىجىي پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيتىلىدۇ. بۇ تۈر 2003 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 2005 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە يولغا قويۇلىدۇ.

★ 2003 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنلۇ كىچىك قۇيرۇقلۇق خەنىلاڭ قوينى كۆپەيتىش مەركىزى پەيزىۋات ناھىيىسىدە قۇرۇلدى. بۇ مەركەز شىنجاڭدىكى بىردىن بىر ۋاكالىتەن سېتىش ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن سەندۇڭ كىچىك قۇيرۇقلۇق خەنىلاڭ قوينى كۆپەيتىش، كېڭەيتىش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ.

جاڭ يۈمېي

# توقسۇن ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ توقسۇن ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋۇ ۋېنىۋۇ.

14 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: پىدايى مۇنۇپ.

ھاكىم: ئۆمەر ئېلى.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابلىتىپ روزى.

## ئاساسىي ئەھۋالى

توقسۇن ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 162 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 107 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 90 مىڭ 500)، يېزا نوپۇسى 87 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.9‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.24‰. ناھىيە بويىچە 11 مىڭ 10 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 10 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 5100 گېكتار). 8480 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 2650 گېكتار). كىلىماتى ئىنتايىن قۇرغاق ئىچكى قۇرۇقلۇق چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 738 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 178 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 6.03%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 305 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 29.99%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 254 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7.95% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 331 مىليون 232 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 1.97% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 204 مىليون 90 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 3 مىليون 997 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 111 مىليون 707 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 408 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 41 مىڭ 443 توننا ئاشلىق، 4913 توننا پاختا، 822 توننا ياغلىق دان، 11 مىڭ 680 توننا ئۈزۈم، 9540 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 2250 توننا چىلان، ئانار، شاپتۇل، 3770 توننا كۆكتات، 3161 توننا زىرە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 354 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 7620 توننا گۆش، 720 توننا يۇڭ، 9250 توننا سۈت، 145 توننا تۇخۇم، 48 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 962 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 265 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 21 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 114 مىڭ 600 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 366 مىليون 295 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 18.95%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 143 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 21.5% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 822 مىڭ 900 توننا كۆمۈر، 7577 توننا پاختا يىپ، 19 توننا ئېيىدىرىن، 34 مىڭ 952 توننا گۈڭگۈرت كىسلاتاسى، 1837 توننا ساپ مىس ئۆزىنندىسى، 2841 توننا ئاق هاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 37 مىڭ 175 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 33 مىڭ 299 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 319 مىليون 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 189 مىليون 680 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 98 مىليون 100 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 18 مىڭ 153كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 9900گە، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 10 مىڭ 816 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 200گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 135 مىليون 594 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 38 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 27.22%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 145 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 27.43% ئاشتى. بازار ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 371 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سوغۇرتا ھەققى كىرىمى 20 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە، سوغۇرتا تۆلىمى 6 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3327، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1018. ناھىيە بويىچە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 52 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 21، ئوقۇغۇچىسى 8142 (مىللىي 4655)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 27، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 61 (مىللىي 8387)؛ باللار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 1154. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2075 (مىللىي 1477). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90%كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 12 سەھىيە ئاپپاراتى، 413 كەسپىي

سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 172)، 370 كارىۋات بار.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك ياشلار-ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا توقسۇن ناھىيىسى تەنھەرىكەتچىلىرى 7 تۈردە 1 -، 4 تۈردە 2 -، 5 تۈردە 3-بولدى.

2003 - يىلى توقسۇن ناھىيىسىدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2727 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مۇئاشى 12 مىڭ 43 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 5231 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2764 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 8268 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 9 - ئاينىڭ 11 -كۈنى توقسۇن ناھىيىسى ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە 21 تۈردە كېلىشىم ھاسىل قىلدى، پۈتۈشۈش سوممىسى 1 مىليارد 90 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىمزالانغان توختام 14، توختام سوممىسى 110 مىليون يۈەن. شۇ يىلى 45 مىليون 460 مىڭ يۈەن نەقلەشتى.

★ 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى توقسۇن ناھىيىسىدىكى شىچاڭ يولىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى. بۇ قۇرۇلۇشنى شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» گۇرۇھى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىناكارلىق لايىھىلەش يۈرتى لايىھىلەپ، شىنجاڭ «تۇڭخۇي» گۇرۇھى يول - كۆۋرۈك شىركىتى ھۆددىگە ئالدى. بۇ ناھىيە بازىرىنى ئۇزۇنسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان ئاساسلىق غول يول بولۇپ، ناھىيىدىكى يول قۇرۇلۇشى بىلەن ئاساسىي مۇئەسسەسىلەر قۇرۇلۇشى تەڭ پىلانلىنىپ، تەڭ ئىشلىنىپ، تەڭ پۈتكۈزۈلگەن تۇنجى يول ھېسابلىنىدۇ.

چېن خۇيچىن

# قۇمۇل ۋىلايىتى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: بەي جىجيې؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: كۇرەش مەخسۇت (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئابلاجان ئىمىن (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جاڭ شېڭدى، جاڭ چۈنخۇا، گۇ خېيۇ، لىن گوشيەن.

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختىخان ئىسمائىل؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: بەكرى ئىلياس، چېن پېيرۇڭ، لى گويۈن.

ۋالىي: كۇرەش مەخسۇس (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئابلاجان ئىمىن (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: جاڭ شېڭدى، زەكەن قايسا (قازاق)، ۋې تيەنجې، يۈسۈپ ياقۇپ، شېن يۈگشى.

سىياسىي كېڭەش قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: فېڭ شىجۇن؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ھىمىت ئىسمائىل، ۋاڭ سۇنلۇ، توختىمەمەت ئالىمقان (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

قۇمۇل ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە قۇمۇل شەھىرىدە. 2003 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 524 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 157 مىڭ 200)، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا نوپۇسى 66 مىڭ 400. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.4، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.1. ۋىلايەت بويىچە 46 مىڭ 600 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 15 مىڭ 360 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 24 مىڭ 220 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تېپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 4 مىليارد 771 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 867 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %8.2، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 804 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.4، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.8 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 940 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %10.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 538 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 342 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 34 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 6 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 61 مىڭ 800 توننا ئاشلىق، 10 مىڭ 900 توننا پاختا، 1900 توننا ياغلىق دان، 59 مىڭ 400 توننا كۆكتات، 115 مىڭ توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 205 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 24 مىڭ 800 توننا گۆش، 1100 توننا يۇڭ، 13 مىڭ 400 توننا سۈت، 2100 توننا تۇخۇم، 700 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 7568 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا

قىلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 510 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %16.4 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 14 مىڭ 900 توننا پاختا يىپ، 2 مىليون 310 مىڭ دانە ئۈچەي، 4 مىليون 35 مىڭ توننا كۆمۈر، 1 مىليون 636 مىڭ توننا تۆمۈر رۇدىسى، 1 مىليارد 70 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 265 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 454 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 484 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 338 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 760 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 927 مىليون يۈەن، ئۆزگەرتىش - يېڭىلاشقا سېلىنغىنى 261 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدا مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 166 مىڭ 31گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 14 مىڭ 300گە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 458 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 15 مىليون 820 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 10 مىليون 780 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 5 مىليون 40 مىڭ دوللار. 540 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 100 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى، يەرلىك مالىيە كىرىمى 265 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %21.3، يەرلىك مالىيە چىقىمى 694 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.5 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 5 مىليارد 847 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 176 مىليون يۈەنگە يەتتى، 15 مىليون يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ۋىلايەت بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 14 مىڭ 800، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 5200. ۋىلايەت بويىچە چوڭلار ئالىي مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 42؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 4، ئوقۇغۇچىسى 752؛ دارىلمۇئەللىمىن بىر، ئوقۇغۇچىسى 532؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 265؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 62، ئوقۇغۇچىسى 39 مىڭ 600، ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 65، ئوقۇغۇچىسى 33 مىڭ 500. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 80 سەھىيە ئاپپاراتى، 3268 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 2550 كارىۋات بار.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا قۇمۇل ۋىلايىتى تەنھەرىكەتچىلىرى 5 ئالتۇن مېدال، 4 كۈمۈش مېدال، 4 مىس مېدال ئالدى.

2003 - يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2445 يۈەنگە، خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 771 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە 45 مىڭ 500 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 35 مىڭ 500 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 53 مىڭ 400 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## قۇمۇل چىلان ئىشلەپچىقىرىش كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى

قۇمۇل چىلىنى قۇمۇل تۇزلەڭلىكىدىكى چۆللۈككە خاس ئىقلىم ۋە تۇپراق شارائىتىدا ئۇزۇن مەزگىل پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن سۈپەتلىك سورت. ئۇنىڭ دانىسى چوڭ، ئېتى قېلىن، پوستى نېپىز، شېكەر تەركىبى يۇقىرى، سىنك ۋە ۋىتامىن مول، رەڭگى جىگەر رەڭدە بولۇپ پارقىراق، تاتلىق، يېيىشلىك، ئەسلى قارا دۆۋە چىلىنى دەپ ئاتىلاتتى، 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا «قۇمۇل چىلىنى» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

قۇمۇل چىلىنى سۈپىتى ياخشى بولغاچقا كۆپ قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1994 - يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك پالەك لىڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسىدە جى جىنشيالىڭ مۇكاپاتىغا ۋە مەملىكەتلىك ئورمان ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسىدە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى؛ 1995 - يىلى 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى؛ 1996 - يىلى دۆلەتنىڭ «ئۈچقۇن» تۇرى كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. 1999- يىلى كۇنمىڭ دۇنيا كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى ھەمدە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى داڭلىق مەھسۇلات دەپ بەلگىلەندى؛ 2001 - يىلى جۇڭگو خەلقئارا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسىدە داڭلىق مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى.

قۇمۇل ۋىلايىتى ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، قۇمۇل چىلىنىنى يېزا ئىگىلىكىدىكى ئېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتىكى مۇھىم نۇقتا ۋە يېزا ئىقتىسادىدىكى

مۇھىم كەسىپ قاتارىدا تۇتتى. ھەمدە ئاپتونوم رايونىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاپ تۇر قىلىپ تۇرغۇزۇپ، شىنجاڭدىكى 10 چوڭ ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ بىرى قاتارىغا كىرگۈزدى. ۋىلايەت شۇ ۋەجىدىن قۇمۇل چىلىنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەركىزىنى قۇرۇپ، سۇپەتلىك كۆچەت بىلەن تەمىنلەش، تېخنىكىلىق يېتەكلەشنى قانات يايدۇرۇش، بازار ئېچىش، پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق جەھەتلەرگە تۇتۇش قىلدى. دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا بازارنى نىشان قىلىپ، قۇمۇل چىلىنىنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈردى. كۆپ يىل تىرىشىش ئارقىلىق چىلان كۆلەملەشتۈرۈش ۋە ئۆلچەملىك باشقۇرۇشنى دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، چىلاننى كەسىپلەشتۈرۈشكە ياخشى ئاساس سالدى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 3.3333 گېكتار يەردە چىلانلىق باغ بەرپا قىلىندى. يېڭى چىلان مەھسۇلاتى ئازكەم 10 مىڭ توننىغا يېقىنلاشتى.

ما يۇنشىن

# قۇمۇل شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قۇمۇل شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گۇەن پىڭ.

7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ شىزەن (خۇيزۇ).

شەھەر باشلىقى: ئابدۇرېھىم ئابلىز.

سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەخمەت پەيزۇللا.

## ئاساسىي ئەھۋالى

قۇمۇل شەھىرى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 595 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 574 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، بازار 4، يېزا 14. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 403 مىڭ 600 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 115 مىڭ 300)، يېزا نوپۇسى 143 مىڭ 100؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %18.9، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %6.04. شەھەر بويىچە 14 مىڭ 510 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 5280 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 10 مىڭ 440 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 4 مىليارد 120 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 560 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %8.8، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 590 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.1، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 970 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.1 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 510 مىليون 183 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %10.05 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 375 مىليون 946 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 8 مىليون 665 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 107 مىليون 936 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 5 مىليون 271 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 24 مىڭ 771 توننا ئاشلىق، 10 مىڭ 799 توننا پاختا، 1685 توننا ياغلىق دان، 55 مىڭ 803 توننا كۆكتات، 35 مىڭ 500 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 74 مىڭ 372 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 463 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 12 مىڭ 951 توننا گۆش، 1386 توننا تۇخۇم، 4862 توننا سۈت، 680 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2452 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 418 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 29 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 102 مىڭ 244 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 266 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %16.1 ئاشتى. كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 819 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 3 مىليون 828 مىڭ توننا كۆمۈر، 15 مىڭ توننا پاختا يىپ، 1 مىليون 437 مىڭ توننا تۆمۈر رۇدىسى، 1 مىليارد 60 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 265 مىڭ توننا سېمونت، 69 مىڭ كۋادرات مېتىر گرانت تاش تاختا، 96 مىڭ توننا شور، 160 مىڭ توننا تۇز، 14 مىڭ توننا تۆمۈر قېتىشمىسى ئىشلەپچىقىرىلدى، بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 429 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 447 مىڭ 858 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 308 مىڭ 620 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 253 مىليون 690 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 816 مىليون 220 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 127 مىليون 380 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 14 مىڭ 851گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 136 مىڭ 55كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 13 مىڭ 938گە يەتتى. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 334 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 10 مىليون 220 مىڭ دوللارغا (ھەممىسى ئېكسپورت سودىسىنىڭ) يەتتى. 540 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. ساياھەتچىلىكتىن 100 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 174 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %12.6، يەرلىك مالىيە چىقىمى 278 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.2 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 584 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 166 مىليون 332 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا تۆلەم سوممىسى 13 مىليون 894 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 8004، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 2077. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 250 (مىللىي 35)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 6، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 3، 9 يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ 24، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 366 (مىللىي 3948)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 3513 (مىللىي 1752)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 18، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 30 (مىللىي 7653)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 522 (مىللىي 56). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 3533 (مىللىي 1990). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 111 سەھىيە ئاپپاراتى (كەنتلەردىكى سەھىيە ئۆيىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 640 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 275 كارىۋات بار.

2003 - يىلى قۇمۇل شەھىرىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7116 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5175 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2828 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 143 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە 9819 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 5291 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 15 مىڭ 284 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

ئىزاھ: قۇمۇل شەھىرىنىڭ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى بىلەن نوپۇس جەھەتتە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 13 - شىنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، باشقا تۈرلەردە ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

★ 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 20 مىليون يۈەن ياردەم قىلىشى بىلەن قۇمۇل شەھىرىدىكى جەنۇبىي تەڭرىتاغ يولى ياسىلىپ قاتناش باشلاندى. بۇ قۇمۇل شەھىرىنىڭ غول قاتناش يولى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 2.3 كىلومېتىر كېلىدۇ، 6 ئاپتوموبىل يولى بار، كەڭلىكى 50 مېتىر.

ئايشەم ياقۇپ

# بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يۇ جۇڭلياڭ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: باچاۋ خەمىت (قازاق).

ھاكىم: نۇرشارىپ (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: توقان ماشايى (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، شەرقىي شىنجاڭنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 570 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 101 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 34 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى 79 مىڭ 700؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰15.08، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰4.57. ناھىيە بويىچە 27 مىڭ 620 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 8693

گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1100 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 542 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 222 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %3، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 156 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %20.2، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 164 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %11.9 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 307 مىليون 898 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %23.9 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 108 مىليون 888 مىڭ 800 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 17 مىليون 304 مىڭ 900 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 178 مىليون 165 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 145 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 39 مىڭ 429 توننا ئاشلىق، 50 توننا پاختا، 130 توننا ياغلىق دان، 27 مىڭ 62 توننا ياڭيۇ، 3325 توننا كۆكتات، 1304 توننا قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، 45 مىڭ 720 توننا بىدە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 550 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 9459 توننا گۆش، 518 توننا يۇڭ، 41 توننا تىۋىت، 8943 توننا سۈت، 660 توننا تۇخۇم، 65 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3740 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلغان كۆلەم 2000 گېكتار). يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 187 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 6 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 110 مىڭ 208 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 183 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %14.16، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 75 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.05 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 196 مىڭ 500 توننا كۆمۈر، 8370 توننا كوكس، 90 مىڭ 200 توننا ئىشقارىي سۇلفىد، 14 مىڭ توننا ئۇن، 358 توننا سۇ يېغى، 350 مىڭ توننا شور، 60 كىلوگرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 93 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 24 مىڭ 695 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 14 مىڭ 815 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 131 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 81 مىليون 940 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش-ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 8 مىليون 280 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 4919 غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 6756 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 5100 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 178 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 98 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 115 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. ساياھەتچىلىكتىن 16 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 15 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %28.13، يەرلىك مالىيە چىقىمى 134 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %3.36 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 389 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 8 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 370 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3173، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1017. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 15؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 993 (مىللىي 488)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 6، ئوقۇغۇچىسى 5145 (مىللىي 2705)، باشلانغۇچ مەكتەپ 40، ئوقۇغۇچىسى 7194 (مىللىي 3453)؛ بالىلار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 263. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1726 (مىللىي 741). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 663 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %94 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 17 سەھىيە ئاپپاراتى، 348 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 124)، دوختۇرخانىلاردا 178 كارىۋات بار.

2003 - يىلى بارىكۆل ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1968 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 912 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 4422 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2587 ئىشچى-خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا 6427 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا

ئاتاشتى.

## دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كەنتلەرنىڭ قىياپىتى يېڭى تۈس ئالدى

2003 - يىلى بارىكۆل ناھىيىسى «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ناھىيە بويىچە كەنتلەرنىڭ قىياپىتىنى ئوڭشىدى. ناھىيە بويىچە قالايمىقان سېلىنغان 104 مىڭ 691 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش بۇزۇپ تاشلاندى، 217 مىڭ 797 كۇب مېتىر ئەخلەت توشۇلدى، بۇلار ئۈچۈن 206 مىڭ 177 ئىش كۈنى سەرپ قىلىندى. 73 مىڭ 806 كىچىك ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىلىپ، 1 مىليون 555 مىڭ 500 دانە خىش، 224 توننا سېمونت يۆتكەلدى. 127.6 توننا ھاك تارقىتىلدى. 90.45 كىلومېتىر ھويلا تېمى رېمونت قىلىندى. 34.37 كىلومېتىر ھويلا تېمى ياسالدى. 158.1 كىلومېتىر يول يۈزى رېمونت قىلىندى، 28 مىڭ 663 كۇب مېتىر قۇم - شېغىل توشۇلدى.

★ 2003 - يىلى بارىكۆل ناھىيىسىنىڭ يىلىغا 20 مىڭ توننا پىششىقلانغان ئىشقارىي سۇلفىد ئىشلەپچىقىرىش تۈرى بىلەن غول پىياز، مۇچ قاتارلىق ياۋا كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش تۈرى پەن - تېخنىكا نازارىتى تەرىپىدىن «ئۇچقۇن پىلانى» تۈرىگە كىرگۈزۈلدى.

★ 2003 - يىلى بارىكۆل ناھىيىسى ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، سۈپەتلىك يۇقىرى مەھسۇلاتلىق يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنىڭ كۆلىمىنى 8267 گېكتارغا كېڭەيتتى.

چى چېڭجى

# ئاراتۇرۇك ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گاۋ فاشۈي.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئايمۇھەممەت ھېيتنىياز.

ھاكىم: ياسىن سىدىق

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئېلى مامۇت.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاراتۇرۇك ناھىيىسى شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 761 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003- يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 18 مىڭ 200 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 13 مىڭ 600)، يېزا نوپۇسى 12 مىڭ 400؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.93‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.28‰. ناھىيە بويىچە 3733 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 1253 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 2347 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 186 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 72 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 6.4%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 52 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 56.6%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 61 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 26.1% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 121 مىليون 902 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 25.84% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 53 مىليون 69 مىڭ 300 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 7 مىليون 747 مىڭ 400 يۈەن؛ چارۋىچىلىقنىڭ 56 مىليون 95 مىڭ 500 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 50 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 3915 توننا ئاشلىق، 50 توننا پاختا، 90 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 192 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 2293 توننا گۆش، 256 توننا يۇڭ، 930 توننا سۈت، 5 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1376 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 26 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 1 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 13 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 57 مىليون 848 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 113.5%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 24 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 104.9% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 198 مىڭ توننا تۆمۈر رۇدىسى، 10 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، 7 مىليون 30 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 28 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 63 مىڭ 322 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 90 مىليون 880 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 90 مىليون 210 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 4766 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 2100گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 3700گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 103كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 24 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 19 مىڭ 80 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون 170 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 6 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %46. 97، يەرلىك مالىيە چىقىمى 80 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13. 2 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 78 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1395. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 286. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر. ئوقۇغۇچىسى 464 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 836 (مىللىي 654)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1511 (مىللىي 993)؛ باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 425. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 524 (مىللىي 407). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 9 سەھىيە ئاپپاراتى، 94 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 79)، دوختۇرخانىلاردا 120 كارىۋات بار.

2003 - يىلى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2032 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 555 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 1751 ئىشچى-خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 958 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 3382 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ئارگېنتىنا «گوشىڭ» ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى شىمالىي تاغ ئالتۇن كېنىنى ئېچىش توردە رەسمىي كېلىشىم ھاسىل قىلدى. بۇ توردە پۈتۈشۈلگەن مەبلەغ سوممىسى تەخمىنەن 200 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ، بۇ تۈر ئارقىلىق چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ ئاراتۇرۇك ناھىيىسىگە ماكانلىشىش مۇقەددىمىسى ئېچىلدى.

★ 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شېنجېن شەھىرى باۋئەن رايونىنىڭ 4 مىليون يۈەن ئىئانە قىلىشى بىلەن ياسالغان ناھىيىلىك باۋئەن باللار مائارىپ مەركىزى پۈتتى.

دۇ باۋگۇاڭ، يۈ بىڭ

# سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چيەن جى؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: لى فۇيۈەن (خۇيزۇ، 1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ما مىڭچېڭ (خۇيزۇ)، پېڭ جيارۇي، مۇ جېنجياڭ، يەن چىن، ۋۇ يۇخۇي، چېڭ پىڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جۇ جيەنخۇا (خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ شۇگېن، ۋاڭ خۇاڭ، مۇراتقارى ئىمانقات (قازاق)، جاڭ شيۇجېن (ئايال، خۇيزۇ)، ئابلەت مەخسۇت، ۋېن سىچىڭ (خۇيزۇ).

ئوبلاست باشلىقى: لى فۇيۈەن (خۇيزۇ، 1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ما مىڭچېڭ (خۇيزۇ، 1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: پېڭ جيارۇي، مەممەت داۋۇت، قانىدات سابىرقاي (قازاق، 7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، سۇن خېيفېڭ (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مېڭ شاۋتاڭ، ما دېڭفېڭ (خۇيزۇ)، قابىل (قازاق، 1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، شى يەنلىڭ (ئايال، 1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ياڭ جۈنفېڭ (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چېن چىڭيۇڭ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لۇ خېڭزۇ، ئابدۇرېشىت، رۇڭ چىڭشۈەن، سەلىم (قازاق)، خەي چېڭزۇ (خۇيزۇ)، لى چېڭيۈەن (خۇيزۇ)، شۇ فۇچىڭ، ۋېي مىڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

### ئاساسىي ئەھۋالى

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت سانجى شەھىرىدە. 2003 - يىلى ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر 3، ناھىيە 5. يىل ئاخىرىدىكى

نوپۇس 1 مىليون 543 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 517 مىڭ 600)، يېزا نوپۇسى 917 مىڭ 600؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.71‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.51‰. ئوبلاست بويىچە 302 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 122 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 143 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ئوبلاست بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 17 مىليارد 817 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 610 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 9.3%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 182 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 19.7%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 25 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.3% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 461 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 8.3% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 990 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 167 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 3 مىليارد 128 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 76 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 738 مىڭ توننا ئاشلىق، 92 مىڭ 100 توننا پاختا، 37 مىڭ 400 توننا ياغلىق دان، 409 مىڭ 300 توننا قىزىلچا، 267 مىڭ 100 توننا مېۋە - چېۋە، 1 مىليون 422 مىڭ 700 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 4 مىليون 155 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 189 مىڭ توننا گۆش، 7815 توننا يۇڭ، 281 مىڭ 100 توننا سۈت، 38 مىڭ 200 توننا تۇخۇم، 12 مىڭ 100 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 27 مىڭ 800 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 11 مىليارد 608 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 736 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 1 مىليون 333 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليارد 817 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 18.9%؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 597 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 7 مىليون 95 مىڭ توننا كۆمۈر، 66 مىڭ 800 توننا سۈزۈلگەن سۈت، 519 مىڭ 700 توننا بۇغداي ئۇنى، 344 مىڭ 400 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 42 مىڭ توننا شېكەر، 83 مىڭ 800 توننا سۇ يېغى، 75 مىڭ 500 توننا شوخلا كونسېرۋاسى، 19 مىڭ 700 توننا ئىچىملىك هاراق، 26 مىڭ 300 توننا يىپ، 57 مىڭ 800 توننا قەغەز پەدەركە، 1 مىليون 680 مىڭ 500 توننا سېمونت، 11 مىليون 294 مىڭ 300 كىلوۋولت - ئامپېرلىق ترانسفورماتور، 33 مىڭ 752 كىلومېتىر ئېلېكتر كابېلى، 46 مىڭ توننا پولىئېتىلېن، 425 مىڭ 900 كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 620 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 2 مىليون 56 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 200 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 5 مىليارد 280 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 2 مىليارد 665 مىليون يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 1 مىليارد 62 مىليون يۈەن. ئوبلاست بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 256 مىڭغا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 143 مىڭ 100گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 375 مىڭ 200گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 48 مىڭغا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 3 مىليارد 636 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئېكسپورت - ئىمپورت سودا سوممىسى 116 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 107 مىليون دوللار. بىر يىلدا 2 مىليون 955 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 560 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 914 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 22.1%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 707 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 26.9% ئاشتى. شەھەر - بازار ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 11 مىليارد 426 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 679 مىليون يۈەنگە يەتتى، 193 مىليون يۈەن چىقىم قىلىندى ۋە تۆلەم تۆلەندى.

ئوبلاست بويىچە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 28 مىڭ 244، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 22 مىڭ 854. ئوبلاست بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 6064 (مىللىي 1948)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 3488 (مىللىي 1633)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 2928 (مىللىي 716)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 34، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 841 (مىللىي 6819)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 89، ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭ 999 (مىللىي 19 مىڭ 878)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 287، ئوقۇغۇچىسى 109 مىڭ 733 (مىللىي 35 مىڭ 52). باللار باغچىسى 127،

باغچىدىكى بالا 24 مىڭ 980. تۇرلۇك ئوقۇتقۇچى 18 مىڭ 296 (مىللىي 5630) . شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 270 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98.19% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96.39% كە يەتتى.

ئوبلاست بويىچە 1151 سەھىيە ئاپپاراتى، 8689 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 6549 كارىۋات بار.

2003 - يىلى ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى خەلقئارا، مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە 45 تۈردە 1 - لىككە، 29 تۈردە 2 - لىككە، 22 تۈردە 3 - لىككە ئېرىشتى.

2003 - يىلى ئوبلاست بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4256 يۈەنگە، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 356 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 76 مىڭ 129 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 81 مىڭ 387 ئىشچى- خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 138 مىڭ 219 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## تۈنخې گۇرۇھىنىڭ يىللىق شوخلا قىيامى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 350 مىڭ تونىنغا يەتتى

شىنجاڭ تۈنخې مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى قوشۇۋېلىش، پاي قوشۇش، ئىجارىگە بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق يىلىغا 350 مىڭ توننا شوخلا قىيامى ئىشلەپچىقىرالايدىغان كارخانىغا ئايلاندى.

2003 - يىلى سانجى ئوبلاستى بويىچە 12 مىڭ گېكتار يەرگە پىششىقلىنىدىغان شوخلا، 1100 گېكتار يەرگە يېمەكلىك شوخلىسى تېرىلدى، بۇ 2002 - يىلدىكىدىن 3100 گېكتار كۆپ؛ ھوسۇلى 630 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 200 مىڭ توننا كۆپەيدى؛ ھەر گېكتار يەرنىڭ ھوسۇلى 51.9 تونىنغا يېتىپ، 4.5 توننا كۆپەيدى. 2003- يىلى ئوبلاست بويىچە شوخلا پىششىقلاشتىن قىلىنغان كىرىم 177 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 70 مىليون يۈەن ئاشتى، شوخلا پىششىقلاش دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم يوللارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

تۈنخې گۇرۇھىنىڭ شوخلا قىيامى شىمالىي ئامېرىكا، ياۋروپا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، ياپونىيە، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا سېتىلىدۇ، شوخلا قىيامى ئېكسپورتى دۇنيا شوخلا قىيامى سودىسىنىڭ 17%نى ئىگىلەيدۇ. 2003 - يىلى تۈنخې گۇرۇھى شوخلا قىيامى ئېكسپورتىدىن 100 مىليون دوللار پېرېۋوت ياراتتى.

## بانكا بىلەن ھۆكۈمەت ھەمكارلىقىدا يېڭى ئەندىزە بەرپا قىلىندى

2003 - يىلى سانجى ئوبلاستى پۈتۈن كۈچى بىلەن بانكا- ھۆكۈمەت ھەمكارلىقىدىكى ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم ۋە ماركا يارىتىپ، ھۆكۈمەت بانكىغا كارخانىنى نازارەت قىلىش ھوقۇقى بېرىش، بانكا ھۆكۈمەتنىڭ ھەرتەرەپلىمە مەبلەغ بىلەن قوللاش ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يېڭىچە بانكا - ھۆكۈمەت ھەمكارلىقى ئەندىزىسىنى بەرپا قىلدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە سانجى ئوبلاستى دۆلەت تەرەققىيات بانكىسى، سودا - سانائەت بانكىسى، جۇڭگو بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 16 مىليارد 500 مىليون يۈەن ئىشەنچ سوممىسىغا ئېرىشتى.

## ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ترانسفورماتور ياساش كارخانىسىغا ئايلاندى

2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭ ئالاھىدە تراسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى شېنياڭ ترانسفورماتور چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ پېيىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تىزگىنلىدى. ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى شېنياڭ ترانسفورماتور چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ پېيىنى تىزگىنلىگەندىن كېيىن، مەملىكەت بويىچە ترانسفورماتور كەسپىدە ئەڭ مۇنەۋۋەر تېخنىكا ئىختىساسلىرىغا ۋە ئەڭ مەشھۇر ماركىغا ئىگە بولدى، بۇ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ سىچۈەن دېياڭ كابېلى، تيەنجىن تارنسفورماتور زاۋۇتى، خۇنەن خېڭياڭ تارنسفورماتور زاۋۇتى، شەندۇڭ لۇنېڭ ترانسفورماتور - كابېل زاۋۇتىنى قايتا تەشكىللىگەندىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىمقى چوڭ قايتا تەشكىللەش تەدبىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق شىركەت غەربىي شىمال — غەربىي جەنۇب — جەنۇبىي جۇڭگو — شىمالىي جۇڭگو — شەرقىي شىمال تەۋەسىدە ياساش بازىسى بار ئالاھىدە ترانسفورماتور ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرۈپ، ترانسفورماتور ئىقتىدارىنى 30 مىليون كىلوئامپېردىن 600 مىليون كىلوئامپېرغا يەتكۈزۈپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ترانسفورماتور ياساش كارخانىسىغا ئايلاندى.

★ 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سانجى ئىنستىتۇتى قۇرۇلۇش

مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بۇ ئىنستىتۇت سانجى پېداگوگىكا تېخنىكومى بىلەن سانجى ماائارىپ ئىنستىتۇتىنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا قۇرۇلغان.

★ 2003 - يىلى سانجى ئوبلاستى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى يوشۇرۇن كۈچنى قېزىشقا كۈچ چىقارغاچقا، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىدا داۋاملىق ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتى ساقلاپ قېلىندى. ئوبلاست بويىچە دېقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4256 يۈەنگە يېتىپ، ئوتتۇرىچە كىرىم 505 يۈەن كۆپەيدى.

فەن چۈەنفۇ

## سانجى شەھىرى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ سانجى شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يەن كېيبېي.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خەن شېڭلۇ (خۇيزۇ).

شەھەر باشلىقى: ما شيۇچېڭ (خۇيزۇ).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: فېڭ خەيمىڭ.

### ئاساسىي ئەھۋالى

سانجى شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىق مۇساپىسى 35 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، بازار 6، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 383 مىڭ 600 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 84 مىڭ 756)، يېزا نوپۇسى 158 مىڭ 52؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰9.93، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.28. شەھەر بويىچە 45 مىڭ 300 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 15 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىزغا تېرىلغىنى 10 مىڭ 500 گېكتار)، 26 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 4 مىليارد 534 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 977 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %10.1؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 73 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %16.6؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 483 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.3 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 123 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %25.34 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 262 مىليون 140 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 54 مىليون 880 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 673 مىليون 150 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 51 مىليون 430 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 84 مىڭ 430 توننا ئاشلىق، 14 مىڭ 775 توننا پاختا، 3639 توننا ياغلىق دان، 72 مىڭ 812 توننا قىزىلچا، 37 مىڭ 423 توننا مېۋە (ئۈزۈم 36 مىڭ 817 توننا)، 423 مىڭ 98 توننا كۆكتات (قىيام شوخلىسى 236 مىڭ 499 توننا)، 583 توننا قۇلماق، 133 مىڭ 89 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 224 توننا قارا گازىر، 14 مىڭ 707 توننا ياڭيۇ ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 544 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 32 مىڭ 764 توننا گۆش، 995 توننا يۇڭ، 71 مىڭ 443 توننا سۈت، 4977 توننا تۇخۇم، 7139 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2493 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 921 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 144 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 176 مىڭ 736 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 993 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %16.18، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 134 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.84 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 940 مىڭ توننا كۆمۈر، 27 مىڭ 58 توننا سۇزۇلگەن سۈت، 74 مىڭ توننا بۇغداي ئۇنى، 235 مىڭ 428 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 27 مىڭ 586 توننا شېكەر، 25 مىڭ 951 توننا سۇ يېغى، 37 مىڭ 283 توننا كونسېرۋا، 9722 توننا ئىچىملىك - هاراق، 432 مىڭ 390 دانە ئۆي جاھازىسى، 924 مىڭ توننا سېمونت، 11 مىليون 290 مىڭ كىلوۋولت ئامپېرلىق ترانسفورماتور، 45 مىڭ 988 توننا پولات ئېرىتمە ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 640 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 892 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 528 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 931 مىليون 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە

ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 992 مىليون 250 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 486 مىليون 910 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 166 مىڭ 700 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 163 مىڭ 974 كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 15 مىڭ 227 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 990 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت. ئېكسپورت سودا سوممىسى 154 مىليون 700 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 51 مىليون 890 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 102 مىليون 810 مىڭ دوللار. بىر يىلدا 600 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 54 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 265 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %22.6 ئاشتى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 300 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %50.9 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 3 مىليارد 541 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 214 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 49 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4032، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1635. شەھەر بويىچە كەسپىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 513 (مىللىي 163)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 2068 (مىللىي 689)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 9584 (مىللىي 2852)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 20، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 956 (مىللىي 6124)؛ بالىلار باغچىسى 32، باغچىدىكى بالا 5274 (مىللىي 574). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2525 (مىللىي 728). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 16 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە يەتتى.

شەھەر بويىچە شەھەرگە تەۋە 56 سەھىيە ئاپپاراتى، 2525 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 2340 كارىۋات بار.

2003 - يىلى شەھەر بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 7464 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5915 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 4704 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 986 يۈەنگە يەتتى.

يىل ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە 6481 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 9000 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 17 مىڭ ئىشچى. خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

دۇ خۇيپەن

# فۇكاڭ شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ فۇكاڭ شەھەرلىك 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جېندى.

3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يىن گۇاڭلىڭ.

شەھەر باشلىقى: جاڭ خۇڭۋېي.

سىياسىي كېڭەش 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: گو چېڭخۇا (ئايال).

## ئاساسىي ئەھۋالى

فۇكاڭ شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشىيول مۇساپىسى 57 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، بازار 4، يېزا 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 157 مىڭ 266 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 42 مىڭ 636)، يېزا نوپۇسى 81 مىڭ 91؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰9.07، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰5.88. شەھەر بويىچە 18 مىڭ 400 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 12 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 8800 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 - يىلى شەھەرگە تەۋە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 144 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 298 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %7.9؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 468 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %23.05؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 377 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %16.52 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 523 مىليون 844 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %5.78 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق

مەھسۇلات قىممىتى 260 مىليون 310 مىڭ 200 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 17 مىليون 135 مىڭ 500 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 241 مىليون 110 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 339 مىڭ يۈەن. 71 مىڭ 961 توننا ئاشلىق، 2194 توننا پاختا، 3599 توننا ياغلىق دان، 157 مىڭ 796 توننا كۆكتات، 15 مىڭ 456 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 367 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 16 مىڭ 267 توننا گۆش، 561 توننا يۇڭ، 7147 توننا سۈت، 2100 توننا تۇخۇم، 208 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3171 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 340 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 11 مىليون 218 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 113 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 62 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 27.46%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 19.54% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 341 مىليون 840 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 470 مىڭ توننا كۆمۈر، 37 مىڭ 100 توننا بۇغداي ئۇنى، 16 مىڭ 900 توننا سۇ يېغى، 6037 توننا تەكشىلەنگەن ئارىلاشما يەم - خەشەك، 2050 توننا ئېلېكترولىزلانغان نىكېل، 2801 توننا ئېلېكترولىزلانغان مىس، 19 مىڭ 284 توننا ئېلېكترولىزلانغان ئاليۇمىن ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 89 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 158 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 46 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 633 مىليون 110 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 473 مىليون 660 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 107 مىليون 470 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا شەھەر بويىچە مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 46 مىڭ 100 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 41 مىڭ 900گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 4221گە يەتتى. 2003 - يىلى خېرىدار چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش بويىچە 42 توختام ئىمزالاندى، توختامدىكى تۈرلەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ 771 مىليون يۈەن، شۇ يىلى 618 مىليون يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 559 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1 مىليون 142 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 202 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 152 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 30.4%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 146 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 21.9% ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 989 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 38 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 2003 - يىلدىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2824، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 980. شۇ يىلى ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بىر پەن تەتقىقات تۈرى تاماملاندى. شەھەردىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1670 (مىللىي 238)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 2765 (مىللىي 579)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 6070 (مىللىي 1764)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 37، ئوقۇغۇچىسى 9991 (مىللىي 2948)؛ بالىلار باغچىسى 7، باغچىدىكى بالا 1517. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1926 (مىللىي 615). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 34 مىليون 610 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 17 تۈر داۋاملىق ئىشلىنىۋاتىدۇ ياكى يېڭىدىن ئىشلەندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98% كە يەتتى.

شەھەردىكى تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 12؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 475 (مىللىي 43)، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 408.

2003 - يىلى شەھەر بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 11 مىڭ 421 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4388 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە 8810 ئىشچى- خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3611 ئىشچى- خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 9927 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## ساياھەت شەھىرى بەرپا قىلىش

فۇكاڭ شەھىرى 2003 - يىلى «فۇكاڭ شەھىرىنىڭ يېقىنقى مەزگىللىك قۇرۇلۇش ئومۇمىي پىلانى (2003 — 2005)»نى تۈزۈپ، ساياھەت شەھىرى قۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، شەھەرنى يېشىللاشتقان، گۈزەل، يورۇق، پاكىز شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. شۇ يىلى شەھەر رايونىدا تەبىئىي گازنى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش، يۇندا چىقىرىۋېتىش تورى قۇرۇلۇشلىرى پۈتتى. مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش قۇرۇلۇشىغا 78 مىليون يۈەن

مەبلەغ سېلىندى، ئىسسىتىش دائىرىسى 800 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشتى؛ تەبىئىي گازنى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىغا 68 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 7560 تىن ئارتۇق ئائىلىگە تۇرۇبا ئورنىتىلدى، 1200 دىن ئارتۇق ئائىلە تۇرۇبىلىق گاز ئىشلىتىۋاتىدۇ؛ شەھەردە يۇندا چىقىرىۋېتىش تۇرۇبا تورى قۇرۇلۇشىغا 26 مىليون 720 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 3900 مېتىر تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى. مەھەللەتلەر پىيادىلەر كوچىسىنى قۇرۇش تۈرىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق چىقىش، كۆچۈرۈش خىزمىتى باشلىنىپ، 260 ئائىلىلىك كۆچۈرۈلدى، 37 مىڭ كۋادرات مېتىر دائىرىدىكى ئۆي - ئىمارەت چېقىلدى ۋە كۆچۈرۈلدى.

«فۇكاڭ شەھىرىنى كۆكەرتىش يىلى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، «ئۈچ يول، ئىككى ساي» (تۇرپان - ئۈرۈمچى - داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولى، دۆلەت يولى «216» لىنىيىسى، شەھەر رايونىدىن شەرقىي جۇڭغار بازىسىغا بارىدىغان تاشيول، شەھەرنىڭ شەرقى، غەربىدىكى سايلار) نى كەڭ كۆلەمدە كۆكەرتىش خىزمىتى ئىشلەندى. شۇ يىلى كۆكەرتىلگەن كۆلەم 86 مىڭ 210 كۋادرات مېتىر كۆپەيتىلدى، يېشىللىق بىلەن قاپلانغان كۆلەم 89 مىڭ 182 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شەھەر رايونىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %12. 30كە، كۆكەرتىلىش نىسبىتى %17. 29كە يەتتى. يېشىللىقنى ئاسراش تەدبىرى قوللىنىلىپ يېشىللىق ئاسرالدى، شەھەر بويىچە 29 ئورۇن 18 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر يېشىللىقنى ئاسرىدى.

جەنۇبىي تاغلىق رايوندىكى ئىپتىدائىي ئورماننى ئاسراش كۈچەيتىلىپ، سەنگۇڭ دەرياسى ۋادىسىنى ئۇزۇن ۋەرسال تىزگىنلەش تۈرى يولغا قويۇلدى. 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 4.4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سەنگۇڭ دەرياسى جىلغىسىدىكى 340 تۈپ قېرى قارىياغاچ قوغدالدى؛ سەنگۇڭ دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى شىتەيزىدە تۈمەن مو (7. 666 گېكتار) پۈركۈپ سۇغىرىلىدىغان، قاشالانغان ئوتلاق بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتتى. شىمالدىكى قاقاسلىقتا 50 مىڭ گېكتار چۆللۈك چاتقىلىنى قوغداش خىزمىتى ئىشلەندى، 27 مىڭ 700 گېكتار تەبىئىي قاشالانغان ئوتلاق بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى تۈرى يولغا قويۇلدى.

29 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، زىنچۈەنزى بىلەن جيۈيۈنجيېلەردە كىچىك بازار قۇرۇش تۈرى يولغا قويۇلدى. زىنچۈەنزى بازىرىدا چارۋا مال بازىرى، يېزا ئىگىلىك سودا تۈپ سېتىش بازىرى، سۇ بىلەن تەمىنلەش - يۇندا چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى ۋە يول قۇرۇلۇشى پۈتتى؛ جيۈيۈنجيې بازىرى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن مەملىكەت بويىچە يەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىدىغان 16 يېزا - بازار قاتارىغا كىردى، بۇ بازارنىڭ ئومۇمىي پىلانى تۈزۈلۈپ بولدى.

★ 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سانجى تۇنجى نۆۋەتلىك بوغدا كۆلى قار - مۇز بايرىمى بوغدا كۆلىدە ئۆتكۈزۈلدى، بايرام مەزگىلىدە مۇز ئويما كۆرگەزمىسى، «تەڭرىتاغ شەمشىرى» قاتارلىق قار - مۇز تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «AAAA» دەرىجىلىك تەڭرىتاغ بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىنىڭ خەلقئارا ISO9001، ISO14000 سۈپەت نازارەتچىلىك سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكەنلىك يوپۇقى ئېچىلدى.

★ 2003 - يىلى فۇكاڭ شەھىرى ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى تەرىپىدىن مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئىلغار شەھەر بولۇپ باھالاندى.

دۇەن جيافېن، جۇ جيەننەن

## مىچۈەن شەھىرى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مىچۈەن شەھەرلىك 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى فېڭچېڭ (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يې جىلىن (خۇيزۇ).

شەھەر باشلىقى: جاڭ چېڭيى (خۇيزۇ).

سىياسىي كېڭەش 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ساڭ فېڭجۈن.

### ئاساسىي ئەھۋالى

مىچۈەن شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 17 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە باشقارمىسى 3، بازار 5، يېزا بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 164 مىڭ 696 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 65 مىڭ 998)، يېزا نوپۇسى 93 مىڭ 502؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.52، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.8. شەھەر بويىچە 13 مىڭ 843 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 7232 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 6611 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى (ئېگىزغا تېرىلغىنى 972 گېكتار). كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 ـ يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 983 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 314 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 6.7%، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 87 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 22.7%، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 580 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.3% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 543 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 6.77% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 258 مىليون 530 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 4 مىليون 270 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 272 مىليون 620 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 7 مىليون 250 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 47 مىڭ 362 توننا ئاشلىق، 911 توننا پاختا، 1390 توننا ياغلىق دان، 3544 توننا قىزىلچا، 5229 توننا مېۋە ـ چېۋە، 208 توننا ياڭيۇ ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 223 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 24 مىڭ 34 توننا گۆش، 362 توننا يۇڭ، 11 توننا تىۋىت، 16 مىڭ 111 توننا سۈت، 5875 توننا تۇخۇم، 1225 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 777 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 735 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 19 مىليون يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 115 مىڭ 300 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 406 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 24.65%؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 868 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 23.7% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 2 مىليون 486 مىڭ 400 توننا كۆمۈر، 344 مىڭ 665 توننا سېمونت، 12 مىليون 920 مىڭ كۋادرات مېتىر چاقچۇق، 20 مىڭ 719 توننا بىرىكمە ئوغۇت، 58 مىڭ 258 توننا تەڭشەلگەن ئارىلاشما يەم ـ خەشەك، 23 مىڭ 164 توننا ئەينەك بۇيۇم، 1730 توننا بىرىكمە سۈيۈق سوپۇن، 35 مىڭ 532 توننا پولىپروپىلېن، 60 مىڭ 373 توننا تەييار پولات ماتېرىيال، 5322 توننا ئاليۇمىن ماتېرىيال، 1 مىليون 411 مىڭ دانە ئىسسىق ساقلايدىغان ئەينەك قاچا ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 613 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 550 مىڭ 897 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 391 مىڭ 266 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

شۇ يىلى تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 390 مىليون 740 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 274 مىليون 840 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 37 مىڭ 230غا (يېزىلاردىكىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، كىچىك زىيرەك ئابونىتى 9000غا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 24 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 4000غا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 689 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 476 مىڭ 900 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 40 مىليون 745 مىڭ 400 يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 108 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 21.92%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 158 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 25.98% ئاشتى. بازار ـ يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 540 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 68 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 13 مىليون 170 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى ۋە چىقىم قىلىندى

2003 ـ يىلى شەھەردىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4257، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 2237. شەھەر بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 4364 (مىللىي 1071)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 9689 (مىللىي 3333)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 45، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 129 (مىللىي 6651)؛ بالىلار باغچىسى 21، باغچىدىكى بالا 2524. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2145 (مىللىي 719). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 25 مىليون 269 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95% كە يەتتى.

شەھەر بويىچە سەھىيە ئاپپاراتى 11، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 623، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 368.

2003 ـ يىلى شەھەر ئوقۇغۇچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پلانىر مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، بىر كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى. مەملىكەتلىك ئۆسمۈر ئوغۇللار رۇداۋچە چېلىشىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە 100 كىلوگراملىقلار بويىچە بىر تۈردە 2 ـ لىكنى قولغا كەلتۈردى.

2003 ـ يىلى مىچۈەن شەھىرىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 932 يۈەنگە، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7607 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 6169 يۈەنگە، يېزا

ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4295 يۈەنگە يەتتى.

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، 6045 كىشى ـ خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 4608 كىشى ـ خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 13 مىڭ 907 كىشى ـ خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## دېھقانلار شاتلىقى ساياھەتچىلىكى

مىچۈەن شەھىرىنىڭ شيامېنزى دېھقانلار شادلىقى سەيلىگاھى مىچۈەن شەھىرىنىڭ تىبچاڭگۇ بازىرىغا جايلاشقان، مىچۈەن شەھىرىگە 18 كىلومېتىر، ئۈرۈمچى شەھىرىگە 28 كىلومېتىر كېلىدۇ، ساياھەت تاشيولى دۆلەت يولى «216» لىنىيىسىگە تۇتىشىدۇ، قاتناش قولايلىق. شيامېنزى ساياھەت رايونى تاغ ئالدى تەتۈر تېمپېراتۇرىلىق بەلۋاغقا جايلاشقان بولغاچقا، قىشتا ئىللىق، يازدا سالقىن بولىدۇ، ھاۋاسى ئادەمگە ياقىدۇ، خىلۋەت، ئارام ئېلىش، سالقىنداش، سەيلە قىلىشتىكى كۆڭۈلدىكىدەك جاي. بۇ ساياھەت رايونىدا دېھقانلار شادلىقى سەيلىگاھىدىن 53ى بار. يازدا تاغقا چىقىش، بېلىق تۇتۇش، چۆپ تېيىلىش، قىشتا قار تېيىلىش، تېيىلغاق ماشىنا ھەيدەش، ئوقيا ئېتىش پائالىيەتلىرى بولىدۇ. بۇ رايون 2001 ـ يىلى دۆلەت ساياھەت ئىدارىسى تەرىپىدىن شىنجاڭدىكى بىردىنبىر يېزا ساياھىتىدىكى ئۈلگە نۇقتا بولۇپ باھالاندى.

★ 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شىنجاڭ يۈكچاڭ بىرىكمە ماتېرىيال چەكلىك شىركىتى كۆۋەيتتىكى ئاھالىلەر ئىشلىتىدىغان تۇرۇبا تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا خەلقئارادىن خېرىدار چاقىرىشتا بىر نۆۋەتتىلا خېرىدارلىققا چاقىرىلدى، توختام سوممىسى 150 مىليون يۈەن، قۇرۇلۇش مۇددىتى 2 يىل بولىدى. بۇ شىركەت غەربىي شىمال رايونىدىكى ئەڭ چوڭ ئېنەك پولات تۇرۇبا ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتتۇر.

ليۇ باۋ، جاڭ دېڭخوا

# قۇتۇبى ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قۇتۇبى ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇ بياۋ.

14 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ياۋ ۋېنبىن.

ھاكىم: چيۇ شۇخۇا (ئايال).

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ياڭ ۋېيجۇڭ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

قۇتۇبى ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 76 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 6، يېزا بىر. يىل ئاخىرىدىكى ناھىيىگە تەۋە نوپۇس 130 مىڭ 104 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 44 مىڭ 800)، يېزا نوپۇسى 86 مىڭ 100؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.86‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.72‰. ناھىيە بويىچە 43 مىڭ 119 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 9083 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 23 مىڭ 717 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى (ئېگىزغا تېرىلغىنى 98 گېكتار). كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 687 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 703 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 12.11%، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 459 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 22.03%، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 524 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.25% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 210 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 9.39% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 655 مىليون 380 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 18 مىليون 210 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 491 مىليون 40 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 15 مىليون 610 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مۇلازىمەت كەسپىنىڭ 29 مىليون 800 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 58 مىڭ 117 توننا ئاشلىق، 29 مىڭ 331 توننا پاختا، 775 توننا ياغلىق دان، 89 مىڭ 471 توننا قىزىلچا، 4265 توننا مېۋە، 387 توننا كۆك تاماكا، 226 توننا دورا ماتېرىياللى، 8525 توننا ياڭيۇ، 125 مىڭ 572 توننا كۆكتات، 25 مىڭ 540 توننا قوغۇن ـ تاۋۇز، 110 توننا قارا گازىر، 1002 توننا قولماق ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 555 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 21 مىڭ 523 توننا گۆش، 1089 توننا يۇڭ، 77 مىڭ 903 توننا سۈت، 804 توننا تۇخۇم، 2300 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1400 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 523 مىليون

يۈەنگە، ساپ پايدىسى 86 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 191 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 51 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %17.24، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 292 مىليون 985 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %23 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 920 مىڭ توننا كۆمۈر، 32 مىڭ 400 توننا بۇغداي ئۇنى، 7063 توننا سۇ يېغى، 19 مىڭ 58 توننا تەڭشەلگەن ئارىلاشما يەم - خەشەك، 19 مىڭ 131 توننا پاختا يىپ، 33 مىڭ 307 توننا سۈت ياسالمىسى، 4294 توننا ئاق ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 74 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 113 مىڭ 443 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 85 مىڭ 127 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 600 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 261 مىليون 90 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 130 مىليون 450 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 42 مىڭ 798 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 3138گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 374 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 408 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 51 مىليون 820 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 90 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %18.73؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 144 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.16 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 31 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 35 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 21 مىليون 510 مىڭ 700 يۈەن تۆلەم تۆلەندى ۋە چىقىم قىلىندى.

ناھىيە بويىچە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2573، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1159. چوڭلار كەسپىي تەربىيىلەش مەركىزى بىر، ئوقۇغۇچىسى 266 (مىللىي 49)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 2178 (مىللىي 518)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 6645 (مىللىي 2283)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 41، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 498 (مىللىي 4284)؛ بالىلار باغچىسى 9، باغچىدىكى بالا 2378. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1809 (مىللىي 623). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سەھىيە ئاپپاراتى 26، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 785، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 712.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پلانىر مۇسابىقىسىدە ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى 3 تۈردە 1 - لىككە، 3 تۈردە 2 - لىككە، 2 تۈردە 3 - لىككە ئېرىشتى.

2003 - يىلى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 5055 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 127 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 4892 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 6914 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 13 مىڭ 584 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## تەييار چوڭ كۆمۈرلۈك بايقالدى

2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى بىلەن 8 - ئايدا قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي تاغلىق رايوندىكى چۆرگۈل بازىرىنىڭ كۆەنگۇ دېگەن يېرىدىن تېپىلغان كۆمۈرلۈك تەييار چوڭ كۆمۈرلۈك بولۇپ بېكىتىلدى، بۇ كۆمۈرلۈكنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 1 مىليارد توننىغا يېتىدۇ. كۆمۈرلۈكتىكى كان بەلۋېغىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 8.5 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 2.5 كىلومېتىر، كۆلىمى 20 كۋادرات كىلومېتىرچە كېلىدۇ. گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى ئاددىي، يانتۇلۇقى 12 — 18 گرادۇسقىچە، 4 قەۋەت قازغىلى بولىدۇ.

## يورۇتۇش قۇرۇلۇشى

جۇڭگو بىلەن گوللاندىيە ھەمكارلىقىدىكى «يىپەك يولى يورۇتۇش قۇرۇلۇشى» تۈرى دۆلەت شىنجاڭنىڭ توك يوق رايونلىرىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىلىك يورۇتۇش، تېلېۋىزور كۆرۈش، رادىئو ئاڭلاش قاتارلىق تۇرمۇشتا توك ئىشلىتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يولغا قويغان بىر تۈرلۈك ئەلرايى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇنىڭدا قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش ئاساس قىلىنىدۇ. قۇتۇبى ناھىيىسىدە 896 ئائىلىدىكى ئازكەم 5000 ئاھالە توك يوق ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ %99تىن كۆپرەكى قازاق دېھقان، چارۋىچىلار. بۇ قۇرۇلۇشقا قۇتۇبى ناھىيىسى 2 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە گوللاندىيە ھۆكۈمىتى تەمىنلىگەن ئۈسكۈنىلەرنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن بولىدۇ، ئوبلاست مالىيىسى 400 مىڭ يۈەن تولۇقلىما ياردەم بەردى. ھەر بىر قۇياش ئېنېرگىيىسى سىستېمىسىنى دېھقان، چارۋىچىلار 500 يۈەن تەييارلىسىلا

ئورنىتالايدۇ. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە بۇ ئۈسكۈنىدىن 800 يۈرۈش ئورنىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن 800 ئائىلىدىكى 4000 قازاق دېھقان، چارۋىچىنىڭ تۇرمۇشتا توك ئىشلىتىش مەسىلىسى ھەل بولدى.

جۇ دۇڭمېي، سۇڭ جېندى

# ماناس ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ماناس ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ ۋېي.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يې جىنجى.

ھاكىم: جۇ بىڭۋېن.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لى جىشىڭ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ماناس ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 134 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 7، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 167 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 29 مىڭ 900)، يېزا نوپۇسى 51 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %10.33، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %7.75. ناھىيە بويىچە 46 مىڭ 700 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 8273 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتتى (ئېگىزغا تېرىلغىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 32 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى (ئېگىزغا تېرىلغىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (ناھىيىگە تەۋەسى) 2 مىليارد 193 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 889 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %6.2؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 625 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %42.6؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 679 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.6 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 513 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %5.43 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 964 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 35 مىليون 20 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 480 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 5 مىليون 230 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 61 مىڭ 500 توننا ئاشلىق، 43 مىڭ 800 توننا پاختا، 508 توننا ياغلىق دان، 50 مىڭ 300 توننا ئۈزۈم، 281 مىڭ 200 توننا شوخلا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 460 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 23 مىڭ 300 توننا گۆش، 843 توننا يۇڭ، 41 مىڭ 200 توننا سۈت، 14 مىڭ 600 توننا تۇخۇم، 750 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4179 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلغان كۆلەم 2516 گېكتار. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 135 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 128 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 194 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 160 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %21.4، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 352 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %51.9 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 556 مىڭ توننا كۆمۈر، 3 مىليارد 613 مىليون 360 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 46 مىڭ 400 توننا ئۇن، 11 مىڭ 481 توننا سۇ يېغى، 28 مىڭ 793 توننا شوخلا قىيامى، 325 توننا ئاق ھاراق، 15 مىڭ 880 توننا ئۈزۈم ھارىقى، 21 مىڭ 771 توننا پاختا تىرىپى، 2355 توننا پاختا يىپ، 1991 توننا سۇلياۋ ياسالما، 12 مىڭ 930 توننا تەڭشەلگەن ئارىلاشما يەم - خەشەك، 22 مىڭ 25 سېمونت ستولبا، 2051 توننا سۇرمە ۋە كاربون ياسالمىسى، 8066 توننا سۇزۇلگەن سۈت ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 61 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 193 مىڭ 168 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 115 مىڭ 73 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 742 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 211 مىليون يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 101 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 24 مىڭ 500گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 13 مىڭ 800 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 35 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 2499 غا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش

سوممىسى 371 مىليون يۈەنگە يەتتى. ھەر يىلدا 230 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 17 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 104 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %23.5، يەرلىك مالىيە چىقىمى 147 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %20.9 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 390 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 61 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 12 مىليون 860 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى ۋە چىقىم قىلىندى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2308، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1046. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 2443 (مىللىي 604)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 106؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 6267 (مىللىي 1644)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 6، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 634 (مىللىي 2878)؛ بالىلار باغچىسى 14، باغچىدىكى بالا 710. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 3395 (مىللىي 1094). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 27 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 25 سەھىيە ئاپپاراتى، 98 يەككە ئامبۇلاتورىيە، 577 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 328 كارىۋات بار.

2003 - يىلى ناھىيىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 6186 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 634 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 7116 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 4178 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 12 مىڭ 986 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## ماناس ناھىيىسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى ئۇدا 14 يىل شىنجاڭ بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى

2003 - يىلى ماناس ناھىيىسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 6186 يۈەنگە يېتىپ، 1990- يىلدىن بۇيان ئۇدا 14 يىل شىنجاڭدىكى ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ ئالدىدا تۇردى. ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەرنى قوللاندى:

1. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشىدى. 1990- يىلدىن ئىلگىرى ماناس ناھىيىسىدە ئاشلىقتىن مۇقىم، يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى ئاساسلىق مەنبە ئىدى. 1990 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1229 يۈەنگە يېتىپ، شىنجاڭدىكى ناھىيە، شەھەرلەر ئارىسىدا 1 - ئورۇندا تۇردى. 7 - بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئاشلىق بىلەن ئىقتىسادىي زىرائەتنىڭ نىسبىتى 45 : 55 بولدى. 10 نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا تەرەققىيات ۋەزىيىتى پىشىپ يېتىلدى. 1998 - يىلدىن باشلاپ ھاراق ئۈزۈمى تىكىلدى، 2000 - يىلى سانائەت شوخلىسى تېرىلغان كۆلەم 4527 گېكتارغا، ھاراق ئۈزۈمى تىكىلگەن كۆلەم 3333 گېكتارغا يەتتى. 9 - بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئاشلىق بىلەن ئىقتىسادىي زىرائەتنىڭ نىسبىتى 80 : 20 بولدى. يېقىنقى 3 يىلدىن بېرى ماناس ناھىيىسى چارۋىچىلىقنى ھازىرقى زامان يېزا ئىگىلىكىدىكى باشلامچى كەسىپ قاتارىدا تۇتتى، 2003 - يىلى ئاشلىق بىلەن ئىقتىسادىي زىرائەت، ئوت - چۆپنىڭ نىسبىتى 17:76:7 بولدى، 3 قېتىملىق كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ نىسبىتى 40:29:31 بولدى.

2. چوڭ باشلامچى كارخانىلارنى يېتىشتۈردى. ماناس ناھىيىسى يېقىنقى 5 يىلدىن بۇيان خەبەردار چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش جەھەتتىكى ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 1 مىليارد 464 مىليون يۈەن مەبلەغ جەلپ قىلدى. يېتەكچى كەسىپلەر ئارقىلىق باشلامچى كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى چۆرىدەپ، يېزا ئىگىلىكىدە كەسىپلەشكەن تىجارەت سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلەتتى. 1998 - يىلى ماناس ناھىيىلىك فار فور زاۋۇتى ۋەيران بولغاندىن كېيىنكى قالدۇق مەبلەغدىن پايدىلىنىپ، 60 مىڭ توننا ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە شىنتيەن خەلقئارا ئۈزۈم ھارىقى چەكلىك شىركىتىنى جەلپ قىلدى. 2000 - يىلى ماناس ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئۇرۇقچىلىق شىركىتى ھەممە مۈلكى بىلەنلا سېتىۋېتىلىپ، ماناس «خۇاشى» چىگىت چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى؛ ماناس ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئۇن زاۋۇتى ھەممە مۈلكى بىلەنلا سېتىۋېتىلىپ، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئۇنچىلىق گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ماناس شۆبىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 20 مىڭ توننىدىن 40 مىڭ توننىغا يەتتى؛ ماناس «شىنفۇ» شوخلا ياسالمىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى رەتكە سېلىپ، شىنجاڭ

«تۆنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ماناس شوخلا ياسالمىسى شۆبە شىركىتىنى قۇردى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 26 مىڭ توننىدىن 50 مىڭ تونناغا يەتتى؛ ماناس ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا قاراشلىق كارخانىلارنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى ئىسلاھ قىلىپ، مەبلىغىنى رەتكە سېلىپ، شىنما ئوقەتچىلىك (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى قۇرۇپ چىقتى. 2003 - يىلى كۈنىگە 200 توننا يېڭى سۈتنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان تەڭرىتاغ چارۋىچىلىقى ماناس سۈت ياسالمىلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى كىرگۈزۈپ ئىشقا كىرىشتۈردى؛ شىنجاڭ «تۆنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى 250 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان، يىلىغا 400 مىڭ توننا ياغلىق داننى بىر تەرەپ قىلالايدىغان ياغ ئىشلەپچىقىرىش تۈرىنىڭ شۇ يىلى باشلىنىپ شۇ يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 2003 - يىلى 20 مىڭ توننا پاختا بوتقىسى تىرىپى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ماناس ناھىيىلىك پاختا بوتقىسى تىرىپى زاۋۇتى جياڭسۇ ئۇۋيالڭ پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، 30 مىڭ توننا يىلىملىق قىسقا تالا ئىشلەپچىقىرىدىغان ماناس ئۇۋيالڭ پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بولۇپ قۇرۇلدى؛ شىنجاڭ ۋەنيۈەن مېيىگې بىئوخىمىيە قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتى 110 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، زال ئىچى دېڭىز مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقى تۈرىنى يولغا قويدى.

3. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. ماناس ناھىيىسى يىل بويى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ۋە تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇردى؛ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىكى تەتقىقات، ئېچىش، ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئۈزۈلدۈرمەي ئىشلىدى؛ پەن - تېخنىكا قىشى، «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش»، يېشىل گۇۋاھنامە ئېلىش، كەنت كادىرلىرىنى ئوقۇش تارىخى بويىچە تەربىيىلەش، دېھقانچىلىقتىن مەسلىھەت بېرىدىغان تېلېۋىزىيە مەخسۇس پروگراممىلىرىنى ئىشلەش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇردى؛ ماناس پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرى تور بېكىتىنى قۇردى، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك ئۇچۇر مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. 1997 - يىلىدىن بۇيان، ماناس ناھىيىسىنىڭ پەن - تېخنىكا 3 خىل خىراجىتى مالىيە خام چوت چىقىمىنىڭ 1%ىدىن ئارتۇقراق بولدى، 2003 - يىلى 1 مىليون 170 مىڭ يۈەن بولدى.

4. يېتەكچى مەھسۇلات بازىسى بەرپا قىلىندى. شىنما ئوقەتچىلىك (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىلەن ماناس ئۇۋيالڭ پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى تايانچ قىلىنىپ، 18 مىڭ دېھقان ئائىلىسى 26 مىڭ 700 گېكتار يەردە سۇيەتلىك پاختا بازىسى بەرپا قىلىشقا يېتەكلەندى؛ «شىنتيەن» خەلقئارا ئۈزۈم ھارىقى چەكلىك شىركىتى تايانچ قىلىنىپ، 1100 دېھقان ئائىلىسى 3333 گېكتار يەردە سۇيەتلىك ھاراق ئۈزۈمى بازىسى بەرپا قىلىشقا يېتەكلەندى؛ شىنجاڭ «تۆنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى ماناس شوخلا ياسالمىسى شۆبە شىركىتى بىلەن شىنجاڭ «سەنجۇڭ» يېمەكلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تايانچ قىلىنىپ، 4500 دېھقان ئائىلىسى 4666.7 گېكتار يەردە سۇيەتلىك سانائەت شوخلىسى بازىسى بەرپا قىلىشقا يېتەكلەندى؛ «دېلۇڭ» چارۋىچىلىقى ماناس سۈت مەھسۇلاتلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تايانچ قىلىنىپ، 5 چوڭ ئىنەك باقمىچىلىقى ئۈلگە رايونى، 12 ئىنەك باقمىچىلىقى كەسپىي كەنتى، 1725 باقمىچىلىق ئائىلىسى 10 مىڭ تۇياق ئىنەك بازىسى، 1 مىليون تۇياق چارۋا باقمىچىلىق بازىسى، 4 مىليون ئۆي قۇشى باقمىچىلىق بازىسى، 8000 گېكتار يەم - خەشەك بازىسى بەرپا قىلىشقا يېتەكلەندى؛ شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئۈنچىلىق گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ماناس شۆبە شىركىتى بىلەن شىنجاڭ «تۆنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ياغ تۈرى تايانچ قىلىنىپ، 6700 گېكتار يەردە سۇيەتلىك ئاشلىق، ياغلىق دان بازىسى بەرپا قىلىندى؛ ماناس «خۇاشى» چىگىت چەكلىك شىركىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش بازىسى تۈرى تايانچ قىلىنىپ، 5000 گېكتار يەردە كېۋەز، كۆممىقوناق، كۆكتات ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش بازىسى بەرپا قىلىندى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ماناس ناھىيىسىدە ئىشلەپچىقىرىلغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ 90%تىن كۆپرەكى زاكاز بويىچە ئىشلەپچىقىرىلدى. 2000 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4500 يۈەن بولغانىدى، بۇنىڭ ئىچىدە پاختىدىن قىلغان كىرىمى 3500 يۈەننى ئىگىلىدى. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىدە چارۋىچىلىق كىرىمى 2002 - يىلى 1006 يۈەن، 2003 - يىلى 1316 يۈەن بولدى.

## تەبىئىي ئوتلاقلارنى ئاسراش

ماناس ناھىيىسىدە 580 مىڭ 400 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار، 533 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاقتىن پايدىلانغىلى بولىدۇ. ئۇزۇن مۇددەت چارۋا بېقىش، چېكەتكە، چاشقان ئاپىتى بولۇپ تۇرۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى قىسمەن ئوتلاقلاردا چېكىنىش، قۇملىشىش، ئوت چىقماسلىق ئالامىتى كۆرۈلگەنىدى. 2001 - يىلى ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى تەبىئىي ئوتلاقلاردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قوغداش تۈرىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ماناس ناھىيىسى 8 مىليون 660 مىڭ يۈەن دۆلەت مەبلىغىدىن ئوبدان پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى ئوبدان باشقۇرۇپ، چارۋىچىلارنى ئەمگەك قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، 1 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ تەييارلاپ، تاغلىق رايوندا 6700 گېكتار ئوتلاقنى قاشالىدى،

دېھقانچىلىق رايونىدا 2000 گېكتار يەم - خەشەك بازىسى بەرپا قىلدى. 2003 - يىلى ماناس ناھىيىسى دېھقان - چارۋىچىلارنى 8000 گېكتار يەردە سۇپەتلىك ئوت - چۆپ تېرىشقا يېتەكلىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، تاغلىق رايونلاردىكى ئورتلاقلاردا ھالرەڭ قارىغۇجىنى جەلپ قىلىپ، چېكەتكىنىڭ زىيىنىنى تىزگىنلەش بىئوخىمىيە سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى، بۇنىڭدا ئاساسلىقى چېكەتكە مىكروسپورىداسى، چېكەتكە چېچەك ۋىرۇسى، ئۆردەك قويۇپ بېرىش قاتارلىق بىئوخىمىيىلىك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى قوللىنىلىپ، 3 يىلدا 86 مىڭ 700 گېكتار يەردىكى چېكەتكە تىزگىنلەندى، خىمىيىلىك ئۇسۇل بىلەن 10 مىڭ گېكتار يەردىكى چېكەتكە ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە ئۇ يوقىتىلدى؛ 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، چۆللۈكتىكى ئوتلاقتا چاشقان ئاپىتىسىز ئۈلگە رايون تۈز يولغا قويۇلدى، بۇنىڭدا 500 ئادەم (قېتىم) ئەمگەك كۈچى سەرپ قىلىنىپ، 20 توننا زەھەرلىك يەم چېچىلدى، 1500 تاختا مۈشۈك قويۇلدى. 2003 - يىلى 40 مىڭ گېكتار ئوتلاقتا چاشقان يوقىتىلدى.

يۇ بىڭخې

## گۈچۈڭ ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ گۈچۈڭ ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى تېيمىڭ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جىن ۋېنچاۋ.

ھاكىم: جۇ شۈيۈڭ.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شۇ ۋېنجيەن.

### ئاساسىي ئەھۋالى

گۈچۈڭ ناھىيىسى تەڭرىتاغدىكى بوغدا تېغى تىزمىسىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 207 كىلومېتىر. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 6، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 192 مىڭ 874 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 49 مىڭ 727)، يېزا نوپۇسى 144 مىڭ 180؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.4‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.69‰. ناھىيە بويىچە 71 مىڭ 258 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 38 مىڭ 4 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 33 مىڭ 860 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 104 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 556 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 8.78% ؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 199 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 14.57% ؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 347 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 16.06% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 81 مىليون 852 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 5.86% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 579 مىليون 720 مىڭ 500 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 22 مىليون 500 مىڭ 500 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 478 مىليون 781 مىڭ 400 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 260 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 252 مىڭ 205 توننا ئاشلىق، 14 مىڭ 409 توننا ياغلىق دان، 217 مىڭ 311 توننا قىزىلچا، 1186 توننا مېۋە، 2019 توننا چىگە، 81 مىڭ 901 توننا ياڭيۇ، 106 مىڭ 534 توننا كۆكتات، 26 مىڭ 86 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 8544 توننا قارا گازىر، 48 مىڭ 737 توننا بېدە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 731 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 32 مىڭ 443 توننا گۆش، 1384 توننا يۇڭ، 17 مىڭ 788 توننا سۈت، 3782 توننا تۇخۇم، 42 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 6748 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 625 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 57 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 314 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 459 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 5.91%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 130 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 4.88% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 6 مىليون 230 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 2 مىليون 970 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 243 مىڭ 615 توننا كۆمۈر، 2450 توننا تۇز، 62 مىڭ 400 توننا ئۇن، 3452 توننا سۇ يېغى، 14 مىڭ 428 توننا شېكەر، 2540 توننا ئاق ھاراق، 4400 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 100 مىڭ توننا سېمونت، 71 مىليون 500 مىڭ دانە خىش، 22 مىڭ 131 توننا ئارپا ئۈندۈرمىسى، 175 توننا قەغەز بوتقىسى، 145 توننا قەغەز پەنەركە ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 83 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 124 مىڭ 964 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 92 مىڭ 498 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 201 مىليون 110 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 170 مىليون 600 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 21 مىڭ 250 (كىچىك زىرەك ئابونېنتى 4500) كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 15 مىڭ 607 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 34 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 1300 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 282 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 187 مىڭ 400 دوللارغا يەتتى (ھەممىسى ئىمپورت سوممىسى). 210 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 16 مىليون 800 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 38 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 11.33% ؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 167 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 23.89% ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 794 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 52 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 6 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 5315، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 2611. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 588 (مىللىي 56) ؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 4638 (مىللىي 1131) ؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 26، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 61 (مىللىي 3105) ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 55، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 569 (مىللىي 4566) ؛ باللار باغچىسى 17، باغچىدىكى بالا 4050. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2980 (مىللىي 955). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 99% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 18 سەھىيە ئاپپاراتى، 546 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 102)، دوختۇرخانىلاردا 379 كارىۋات بار.

ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تەيچۇەنداۋ تۈرى بويىچە بىر تۈردە 1 - لىككە ئېرىشتى.

2003 - يىلى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3466 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 127 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 5778 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 4613 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 13 مىڭ 452 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

ئىزاھ: يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى ناھىيىگە تەۋە.

شۆ ۋېيلىڭ

## گۇچۇڭ شىنخەي چۆللۈك ئېكولوگىيە باغچىسى

بۇ باغچا گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 65 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 3 — 5 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 20 مىڭ گېكتار. بۇ باغچا مەركىزىي كۈتۈۋېلىش بازىسى، ئىتالغا بېقىش - كۆپەيتىش بازىسى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك چۆللۈك ئېكولوگىيە كەسىپلىرىدىن ھوزۇرلىنىش رايونى، ئۆزگىچە باقمىچىلىقتىن ھوزۇرلىنىش رايونى، قۇملۇقتا تاماشا قىلىش - ئارام ئېلىش رايونى، چۆللۈك ئېكسپېدىتسىيە رايونى، چۆللۈك مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنىش رايونىدىن ئىبارەت 7 رايونغا ئايرىلغان، ئۇ يەردە بېلىق تۇتۇش كۆلى، سۇ ئۈزۈش كۆلى، ئىتالغا ھوزۇرى، ئۇرۇقچىلىق باغچىسى، ئۆزگىچە باقمىچىلىق، قۇم مۇنچا، ئېزىتقۇ، قۇملۇق تۈلكىسى قاتارلىق 21 مەنزىرە نۇقتىسى بار. بۇ باغچىدا سۆكسۆككە تۇشقان زەدىكىنى ئۇلاش يەن تەتقىقات تېمىسى ئىشلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. قۇملۇقتا ئۆسىدىغان دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چاكاندا، ھىلى، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق يېشىل يېمەكلىكلەرنى ئۆستۈرۈش تەجرىبىسى باشلاندى. زايوم مەبلىغى بىلەن ئىشلىنىدىغان، دۆلەت بويىچە بىردىنبىر ئىتالغا بېقىش - كۆپەيتىش بازىسى — گۇچۇڭ ئىتالغا كۆپەيتىش - ئاسراش تۈرى 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئوڭۇشلۇق باشلىنىپ، كۆلىمى 2250 كۋادرات مېتىر، ئېگىزلىكى 22 مېتىر كېلىدىغان پولات قۇرۇلمىلىق تور باغ، قەپەز، يېمەكلىك بازىسى ۋە يوروشلەشكەن قوشۇمچە مۇئەسسەلەر پۈتكۈزۈلدى. بۇ ئېكولوگىيە باغچىسىنى 10 يىلدا پۈتتۈرۈش پىلانلاندى.

## گۇچۇڭ نەنسەن ئورمان باغچىسى

بۇ باغچا 2003 - يىل 12 - ئايدا دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلدى.

ئۇ تەڭرىتاغنىڭ شەرقىدىكى شىمالىي ئېگىزلىككە جايلاشقان گۈچۈڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى دۆلەت ئورمانچىلىق رايونىدا، 1993 - يىلى قۇرۇلغان، ئەسلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك باغچا ئىدى، پىلانلانغان كۆلىمى 29 مىڭ 306 گېكتار بولۇپ، چوڭ شەرقىي جىلغا ھوزۇرلىنىش رايونى، ماگۇلىيالىڭ كۈتۈۋېلىش - مۇلازىمەت رايونى، تاڭفاڭپېن سەيلە رايونى، داۋان دەرياسى سەيلە رايونىدىن ئىبارەت 4 ئاساسلىق مەنزىرە رايونىغا ئايرىلغان. بۇ رايونلاردا جۇخار گۈل تەكچىسى، ياڭۋاتەن يايلىقى، قىيىنزارلىق، شەرقىي غول شاقىراتمىسى، ئاقسالا كۆلى، بەيخوايۈەن گۈللۈكى، يايلاق داچىسى، ئېگىزتاغ ياۋا ئۆسۈملۈك باغچىسى، تەڭرىتاغ چارۋىچىلىق فېرمىسى، شىنخۇ دەريا ساھىلى، ئۆرپ - ئادەت باغچىسى، يايلاقتىكى يېڭىچە تۇرالغۇ، ئېگىزتاغ ئېكولوگىيە باغچىسى، تاڭفاڭپېن يايلىقى، جىنخۇا يانتولۇقى، كۆەنگۇ چارۋىچىلىق فېرمىسى، تېرەكلىك، داۋان دەرياسى ئوتلىقى، جىلغا ئورمىنىدىن ئىبارەت 19 مەشھۇر سەيلىگاھ بار. سەيلە قىلىشقا بولىدىغان كۆلەم 7.7 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. باغچا ئىچىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىك پەرقى چوڭ، تاغ بېغىرلاپ ئۆسىدىغان يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تارقىلىشى گەۋدىلىك، ھازىرغىچە 28 ئائىلىدىكى 88 خىل ياۋا ئۆسۈملۈك، 3 سىنىپ 12 تۈر 30 ئائىلىدىكى 88 خىل ياۋايى ھايۋان بارلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، قۇماي، قىرغاۋۇل، تاغ ئۆچكىسى، ئاق بوغۇز بۆكەن، يىلپىز، قوڭۇر ئېيىق، قىزىل لاچىن، كىچىك بۈركۈتلەر دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ۋە قۇشلاردۇر، شۇڭا بۇ يەر جانلىقلارنىڭ تەبىئىي گېن ئامبىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. گۈچۈڭ ئورمانچىلىق مەيدانىدا شىنجاڭ تەڭرىتاغ بۇغىسىنىڭ ئەسلى نەسلىنى قوغداش ۋە كۆپەيتىش بازىسى قۇرۇلدى.

بۇ تۈرنىڭ قۇرۇلۇش مۇددىتى 3 يىل بولۇپ، 37 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ تۈر پۈتكەندىن كېيىن، كۈنىگە 1067 ساياھەتچىنى كۈتۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ ھوزۇرلىنىش، ساياھەتچىلىك، تەنتەربىيە - بەدەن چېنىقتۇرۇش، ئارام ئېلىش، كۆتۈنۈش، سالقىنداش، دالادا يېتىپ قوپۇش - غىزالىنىش، مەنزىرە سۈرىتى تارتىش، تاغ ئېكىسپېدىتسىيىسى، مىللىي ئۆرپ - ئادەت، پەن تەتقىقات - پەننى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىقلار بىر گەۋدىلەشكەن سەيلىگاھ ھېسابلىنىدۇ.

## شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ئاغدۇرماي تېرىش تەجرىبىسى گۈچۈڭ ناھىيىسىدە ئىشلەندى

2003 - يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە گۈچۈڭ ناھىيىسىنىڭ جىبكى بازىرى داۋانخې كەنتىدىكى 66.7 گېكتار يەردە يەرنى ئاغدۇرماي تېرىش تەجرىبىسى تۈرى ئىشلەندى. يەرنى ئاغدۇرماي تېرىشتا زىرائەت ئېگىزى قالدۇرۇلۇپ، تۇپراقتىكى ئورگانىك قۇرۇلمىلارنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىپ قالغىلى بولىدۇ، تۇپراقنى شامال ئۇچۇرۇپ كېتىش ۋە سۇ يالاپ كېتىش ئەھۋالىنى يېنىكلىتىشكە پايدىلىق. تۇپراقنى ئاغدۇرماي تېرىغاندا ھەر گېكتار يەردىن 300 يۈەن ئەتراپىدا يەر ئاغدۇرۇش ھەققىنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ. يەرنى ئاغدۇرماي تېرىش ئۇسۇلى چەت ئەلدە ئاللىبۇرۇن ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلمەكتە، مەملىكىتىمىزدە بولسا، خېنەن، شەنشى قاتارلىق ئۆلكىلەردە قوللىنىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. شىنجاڭ شامالنىڭ تۇپراقنى ئۇچۇرۇپ كېتىش ئەھۋالى ئېغىرراق كۆرۈلىدىغان رايون، شۇڭا شىنجاڭدا بۇ ئۇسۇلنى كېڭەيتىشنىڭ قىممىتى زور.

لىيۇ ۋېنچۈەن

# جىمسار ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جىمسار ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ فېڭشەن.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جاڭ فېڭشەن.

ھاكىم: جۇ فالىن.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: خۇ دۇڭشېڭ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

جىمسار ناھىيىسى تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 165 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003- يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۈەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 115 مىڭ 864 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 37 مىڭ 119)، يېزا نوپۇسى 96 مىڭ 684؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.74‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.5‰. ناھىيە بويىچە 31 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 13 مىڭ 100 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 21 مىڭ 100 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى (ئېگىزگە تېرىلغىنى 6540 گېكتار). كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 891 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 -

كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 405 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %8.25؛ 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 222 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17.8؛ 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 263 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.27 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 346 مىليون 156 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %7.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 172 مىليون 519 مىڭ 300 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 10 مىليون 50 مىڭ 900 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 154 مىليون 325 مىڭ 100 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 759 مىڭ 200 يۈەن. 73 مىڭ 900 توننا ئاشلىق، 1048 توننا پاختا، 11 مىڭ 300 توننا ياغلىق دان، 18 مىڭ 482 توننا قىزىلچا، 16 مىڭ 478 توننا سەۋزە، 11 مىڭ 781 توننا ساماق، 4200 توننا شوخلا، 67 مىڭ 900 توننا ياڭيۇ ئېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 531 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 17 مىڭ 32 توننا گۆش، 950 توننا يۇڭ، 10 مىڭ 560 توننا سۈت، 423 توننا سۇ مەھسۇلاتى، 5184 توننا تۇخۇم ئېلىنىدى. 4936 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 3502گە، مەھسۇلات قىممىتى 391 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 100 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 131 مىڭ 795 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 402 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %9.3، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 128 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 665 توننا ئاق ھاراق، 765 مىڭ 400 توننا كۆمۈر، 36 مىليون 960 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 13 مىڭ 156 توننا سۇ يېغى، 4000 توننا ئەينەك بۇيۇم، 8667 توننا شوخلا قىيامى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 34 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 162 مىڭ 463 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 78 مىڭ 420 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 240 مىليون 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 170 مىليون 870 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 20 مىليون 590 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 10 مىڭ 616گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 11 مىڭ 809 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 13 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 932گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 243 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 225 مىڭ 600 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 42 مىليون 864 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 58 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %6.06؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 131 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.2 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 548 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 31 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە، تۆرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان پۇل 5 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2609، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 801. ناھىيە بويىچە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 269 (مىللىي 31)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 2221 (مىللىي 261)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 7408 (مىللىي 2042)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 48، ئوقۇغۇچىسى 9464 (مىللىي 3597)؛ باللار باغچىسى 10، باغچىدىكى بالا 1109. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1890 (مىللىي 577). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 36 مىليون 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 13، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 510 (مىللىي 49)، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 316.

2003 - يىلى ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا بىر تۈردە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

2003 - يىلى ناھىيە ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4524 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3363 يۈەنگە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 2343 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 939 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ناھىيە بويىچە 3592 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3040 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 7260 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## ماركىلىق توخۇ دېھقانلارنى بېيىتتى

جىمسار ناھىيىسى 2000 - يىلدىن بۇيان، ئۆزىنىڭ تاغلىق رايونغا جايلاشقانلىقىدەك ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك

مۇھىتى ۋە بازىلىق ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، يەرلىك توخو باقمىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇردى. توخو سۈپىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ۋە باقمىچىلىق كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن دۆلەت ماركا ئىدارىسىغا «جىيەنسىبىن قۇرۇت - چۆپ توخۇسى» دېگەن ماركىنى ئەنگە ئالدۇردى. بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت دەرىجىدىن ئەنگە ئېلىنغان تۇنجى ئۆي قۇشلىرى مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيە بويىچە 8 مىليون يەرلىك توخو بېقىلدى، مۇشۇ تۈردىلا دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 120 يۈەن ئاشتى.

ناھىيە بازىرى ئەتراپىغا جايلاشقان خۇڭچى كەنتىدە 124 ئائىلە 478 نوپۇس بار ئىدى، 2003 - يىلى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3009 يۈەنگە يەتتى. 2003 - يىلى كەنت بويىچە توخو باقمىچىلىق ئائىلىسى 23كە يەتتى، ئۇلار 300 مىڭدىن ئارتۇق توخو بېقىپ، 200 مىڭدىن كۆپرەكىنى قولدىن چىقاردى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 900 يۈەندىن ئاشتى.

### دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا يېڭى تەدبىر قوللىنىلدى

2003 - يىلى جىمسار ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچىنى يۆتكەش خىزمىتىنى ناھىيىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئالاقىدار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ، يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ غەيرىي يېزا ئىگىلىك كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ۋە بازارلارغا يۆتكىلىشىگە پائال ئىلھام بەردى. بىر يىلدا 2408 دېھقان ئائىلىسى، 5235 دېھقان بازارغا كىردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارتۇق ئەمگەك كۈچى 3310. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ نوپۇسى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا يۆتكەپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار يەنە كەسپىي ماھارەت جەھەتتىن تەربىيىلەندى، تۇرالغۇ ئۆي، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۆچۈرى ۋە ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەندى، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

نىڭ گوفۇ

# موری قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ موری قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇ فۇچىڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جانىس (قازاق).

ھاكىم: سىدىق (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شۇ يۇڭچۈەن.

### ئاساسىي ئەھۋالى

موری قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىنىڭ شەرقىي ئۇچىغا، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 270 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003- يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 85 مىڭ 469 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 26 مىڭ 870)، يېزا نوپۇسى 64 مىڭ 847؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 3.64‰. ناھىيە بويىچە 32 مىڭ 540.8 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 33 مىڭ 790 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1092.7 گېكتار يەرگە ياغلىق دان تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 490 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 256 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 13%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 78 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 25.4%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 155 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 14.3% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 500 مىليون 963 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 13% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 144 مىليون 630 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 10 مىليون 790 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 322 مىليون 890 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 135 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 12 مىڭ 499 توننا ئاشلىق، 1827 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 745 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 21 مىڭ 479 توننا گۆش، 1452 توننا يۇڭ، 244 مىڭ 700 پارچە قوي، كالا تېرىسى، 4334 توننا سۈت، 1790 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 2841 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 47 مىليون 730 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 2907 گە، مەھسۇلات قىممىتى 200 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 24 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە

يەتتى. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 101 مىڭ 879 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 130 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %12.9 ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 37 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 210 مىڭ توننا كۆمۈر، 500 توننا تۇز، 5059 توننا ئۇن، 593 توننا ئاق هاراق، 30 مىڭ قۇر يۇڭ پوپايكا، 64 مىڭ پار لاتا خەي ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 23 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 30 مىڭ 665 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 16 مىڭ 915 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 113 مىليون 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 76 مىليون 360 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 7139غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 5667 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 4200 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 1185 كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 124 مىليون 44 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 37 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون 580 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 14 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %28.8 ؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 125 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.7 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 401 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇلىنىڭ قالدۇقى 338 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 15 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك تۆلەنگەن ۋە چىقىم قىلىنغان سومما 1 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1426، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 523. شۇ يىلى ۋىلايەت - ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 4ى تاماملاندى. مورى ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتە ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 1571 (مىللىي 526) ؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 5115 (مىللىي 1983) ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 37، ئوقۇغۇچىسى 7187 (مىللىي 2851). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1476 (مىللىي 590). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتى 4000 غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە سەھىيە ئاپپاراتى 14، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 283 (مىللىي 80)، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 140. يېزا - كەنتلەردىكى داۋالاش تور - نۇقتىسى 138.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2991 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 647 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 6767 كىشى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا، 6767 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 3810 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## ھەسەل موگۇسى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

بۇ موگۇ قۇملۇقتىكى ھەسەل دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكتە ئۆسىدىغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. ئۇنىڭ رەڭگى ئاق بولىدۇ، ئۇنۇپ چىققاندىكى ھالىتى مېھرىگىياھقا ئوخشاپ كەتكەچكە يەنە ئاق مېھرىگىياھ دەپمۇ ئاتىلىدۇ، خەلق ئارىسىدا «ھىندىستان ئاق مېھرىگىياھى» دەيدىغان گۈزەل نامى بار. نۆۋەتتە دۇنيادا يېمەكلىككە ۋە دورىغا ئىشلىتىلىدىغان ئەتىۋارلىق ھەم ئاز ئۇچرايدىغان زەمبۇرۇغ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ قالپىقى قېلىن، غولى توم، رەڭگى ئاق، ئېتى سىلىق ھەم تەملىك كېلىدۇ، ھەر 100 گرام مېۋە تەنچىدە 15.72 گرام ئاقسىل، 11.06 گرام يىرىك ماي، 5.63 گرام كۇل، 3.54 گرام يىرىك تالا بار. ئوزۇقلۇق تەركىبى ئىنتايىن يۇقىرى، موگۇلار ئىچىدىكى ئالىي دەرىجىلىك ساغلاملىق قۇۋۋەت تولۇقلىغۇچى مەھسۇلاتتۇر.

مورى ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ھۆكۈمەت ئۆز جايىنىڭ ئۆزگىچە بايلىق ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ياۋا ھەسەل موگۇسىنى يەرلەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە تۇتۇپ بازارغا يۈزلەندۈردى. 1998 - يىلى تۇنجى گورۇھى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئېكولوگىيە - تۇپراق - چۆللۈك تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىشىش ئارقىلىق مورى ناھىيىلىك ھەسەل موگۇسى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى، بۇ شىركەت موگۇنىڭ 10 نەچچە خىل سورتىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى، مەھسۇلاتى ياپونىيە، سىنگاپور، ئاۋستىرالىيە ۋە كانادالارغىچە سېتىلدى. 2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەسەل موگۇسى لاپىسى 1000دىن ئاشتى، ھوسۇلى 2000 تونناغا يەتتى، بۇ ناھىيىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشكە ئاساس سالدى.

چېن گەيچىن

# بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى جى؛ مۇئاۋىن شۇجىلار: چاۋجىپ (موڭغۇل)، ئەركىن ئابدۇقادىر، شى شاۋلىن، جۇ گوشياڭ (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، فۇ لىمىن، گو يىڭخۇا (ئايال، 3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋۇ لىدې (موڭغۇل، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلار: شى گۇاڭفۇ، شى ئېندې، ئابدۇراخمان ھەسەن، گۇلۇ يۇمېي (ئايال، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئۇمارقازى (قازاق، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، گارشا (موڭغۇل، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ئوبلاست باشلىقى: چاۋجىپ (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: شى شاۋلىن، بايىنغولىن (موڭغۇل، 7 - ئايدا ۋاپات بولدى)، خۇاڭ سەنپىڭ، ئىنام نەسىردىن، پەرىدە ئادىرقان (ئايال، قازاق، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، چېڭ پېڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جۇ گوشياڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ما يۇگۈي، سەي مۇق (موڭغۇل، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مۇساجان ھۈسەيىن (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، گو چاۋشۇن (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئەمەيدۇللا ھېسامىدىن قارىھاجى (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## ئاساسىي ئەھۋالى

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت بورتالا شەھىرىدە. 2003 - يىلى ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 439 مىڭ 600 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 141 مىڭ 600)، يېزا نوپۇسى 303 مىڭ، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.85‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.92‰. ناھىيە بويىچە 70 مىڭ 900 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 18 مىڭ 900 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 28 مىڭ 800 گېكتار يەرگە كېۋەز، 15 مىڭ گېكتار يەرگە باشقا ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى بورتالا ئوبلاستى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 مىليارد 365 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 386 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 6.94%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 754 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.27%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 225 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.51% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 699 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 6.94% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 140 مىليون 490 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 28 مىليون 100 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 526 مىليون 190 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 5 مىليون 70 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 178 مىڭ تونna ئاشلىق، 51 مىڭ 200 توننا پاختا، 20 مىڭ 400 توننا ياغلىق دان، 163 مىڭ 900 توننا قىزىلچا، 4600 توننا مېۋە - چېۋە، 9200 توننا ئالقات، 356 توننا قارا گازىر ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 283 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 23 مىڭ 300 توننا گۆش، 2309 توننا يۇڭ، 518 مىڭ 400 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 34 مىڭ 800 توننا سۈت، 14 مىڭ 900 توننا تۇخۇم، 762 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 5008 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 2224 گېكتار تېرىلغۇ يەر ئورمانغا قايتۇرۇلدى. يېزا - بازا كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 256 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 281 مىليون يۈەنگە، پاراتقان پايدىسى 53 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 267 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 882 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 2.88% تۆۋەنلىدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 135 مىليون 840 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 342 مىليون 680 مىڭ دانە خىش، 10 مىڭ 321 توننا پاختا يىپ، 23 مىڭ 173 توننا ماشىنا شېكىرى، 793 توننا ئىچىملىك ھاراق، 5165 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 38 مىڭ 750 توننا تۇز، 108 مىڭ 100 توننا سېمونت، 30 مىڭ 777 توننا مۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 199 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش

قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 313 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 129 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 88 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 615 مىليون يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 178 مىليون يۈەن، ئۆي - مۈلۈك تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 138 مىليون يۈەن، باشقىلارغا سېلىنغىنى 115 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدا ئوبلاست بويىچە مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 115 مىڭغا (يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 49 مىڭغا)، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 118 مىڭغا يەتتى. شۇ يىلى جەمئىيەت بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 709 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەردىكى ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 400 مىليون يۈەن، يېزىلاردىكى ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 309 مىليون يۈەن. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 281 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 240 مىليون دوللار. 2003 - يىلى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق توختامىدىن 62 سى ئىمزالاندى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، نەقلەشتۈرۈلگەن مەبلەغ 864 مىليون يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 270 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 30 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 336 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن 8.58% (يەرلىكنىڭ 202 مىليون يۈەن)، يەرلىك مالىيە چىقىمى 610 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 14.02% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 3 مىليارد 481 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 5 مىليارد 422 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 3 مىليارد 156 مىليون يۈەن، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 88 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە، بېرىلگەن تۆلەم 15 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلى ئوبلاست بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 8499 (ئۆزى قوبۇل قىلىدىغان، ئۆزى چىقىم قىلىدىغانلار ۋە كارخانا ئورۇنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 3209. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر (رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى)، ئوقۇغۇچىسى 2800؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى 2، ئوقۇغۇچىسى 415 (مىللىي 343)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1700 (مىللىي 241)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 41، بۇنىڭ ئىچىدە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 6، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 4، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 17، 9 يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ 14، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 7534 (مىللىي 3049)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 538 (مىللىي 7219)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 96، ئوقۇغۇچىسى 32 مىڭ 973 (مىللىي 13 مىڭ 237)؛ بالىلار باغچىسى 10، باغچىدىكى بالا 5788. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 5639 (مىللىي 2763). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 92% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90% كە يەتتى.

ئوبلاست بويىچە 76 سەھىيە ئاپپاراتى، 2384 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 1691 كارىۋات بار.

2003 - يىلى مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى ئاياللارنىڭ يېرىم مۇساپىلىك مارافونچە يۈگۈرۈش، ئاياللارنىڭ 30 مېتىرلىق قارىغا ئېتىش، 10 مىڭ مېتىرلىق ئۆزۈنغا يۈگۈرۈش تۈرلىرىدە 3 ئالتۇن مېدال ئالدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئۆزۈنغا يۈگۈرۈش، قەدىمچە چېلىشىش قاتارلىق تۈرلىرىدە ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى 3 ئالتۇن مېدال، 2 كۈمۈش مېدال ئالدى.

2003 - يىلى ئوبلاست بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3522 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 251 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوبلاست بويىچە 25 مىڭ 200 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 16 مىڭ 300 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 37 مىڭ 200 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم ئوبلاست بويىچە تۇنجى موڭغۇلچە مىللىي كلاسسىك ناخشا - مۇزىكا پلاستىنكىسى — «سايرام كۆلى بويىدىكى مەڭگۈلۈك قەلب ناخشىسى» نىڭ تۇنجى تارقىتىلىش مۇراسىمى بورتالا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

★ 3 - ئايدا ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى مەملىكەتلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى سىستېمىسى تەرىپىدىن ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئوبلاستلىق 3 - نۆۋەتلىك

مەيدان مەدەنىيەتتى بايرىمى بورتالا شەھىرىنىڭ غەربىدىكى مەدەنىيەت مەيدانىدا داغدۇغىلىق باشلاندى. بۇ مەيدان مەدەنىيەتتى بايرىمىنىڭ ۋاقتى 73 كۈن، پائالىيەتتە بورتالا شەھىرى، جىڭ، ئارشاڭ ناھىيىلىرى، ئالاتاۋ پورتى پارتكومى، يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى، ئوبلاستقا قاراشلىق ئورۇنلاردىن 39 تارماق كوماندا ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى. 44 مەيدان ئويۇن قويۇلدى، 698 نومۇر كۆرسىتىلدى، ئويۇن قويۇشقا قاتناشقان ئارتىس 3000 دىن ئاشتى، بۇنى 300 مىڭدىن ئارتۇق تاماشىبىن (قېتىم) كۆردى.

★ 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك پاختا تورى يەرمەنكىسىدە «شىمالىي شىنجاڭ ماركىلىق» پاختا مەملىكەتلىك 10 چوڭ ماركىلىق پاختا ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا، مەملىكەتلىك سۈپەتلىك پاختا ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا، مەملىكەتلىك ئېكولوگىيىلىك پاختا ئالتۇن مېدال مۇكاپاتى بويىچە 1 - لىككە ئېرىشتى.

يۈەن جۈن

# بورتالا شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بورتالا شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چى جۈڭيۈەن.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇنئاي ئەبەيدۇللا.

شەھەر باشلىقى: بادمارا (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سايرا قابداش (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

بورتالا شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 524 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۈرۈمچىدىن ئالاتاۋ ئېغىزىغا بارىدىغان شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى شەھەر تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. 2003 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، بازار 3، يېزا 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 151 مىڭ 200 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 64 مىڭ 400)، يېزا نوپۇسى 90 مىڭ 800؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.63‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.46‰. رايونغا قاراشلىق نوپۇس 237 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 74 مىڭ 600)، يېزا نوپۇسى 155 مىڭ 800. شەھەر بويىچە 28 مىڭ 57 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 9936 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 16 مىڭ 455 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ چۆل، يېرىم چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 928 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 374 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 6.8%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 159 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.89%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 395 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.47% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 725 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 25.35% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 447 مىليون 790 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 22 مىليون 10 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 239 مىليون 840 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 3 مىليون 160 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 94 مىڭ 530 توننا ئاشلىق، 23 مىڭ 113 توننا پاختا، 3455 توننا ياغلىق دان، 101 مىڭ 239 توننا قىزىلچا، 3372 توننا مېۋە - چېۋە، 101 توننا قارا گازىر، 8183 توننا بېدە، 132 توننا ئالقات، 132 توننا دورا ماتېرىيالى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 503 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 11 مىڭ 13 توننا گۆش، 964 توننا يۇڭ، 15 مىڭ 38 توننا سۈت، 12 مىڭ 413 توننا تۇخۇم، 419 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 304 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. شەھەر بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 704 مىليون يۈەنگە، ياراتقان ساپ پايدىسى 20 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 99 مىڭ 507 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 399 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 3.43%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 51 مىليون 75 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.17% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 20 مىڭ توننا بۇغداي ئۇنى، 110 مىڭ توننا سېمونت، 8218 توننا سۇ يېغى، 5741 توننا سۇلياۋ ياسالما، 276 مىليون 300 مىڭ دانە خىش، 4 مىليون 410 مىڭ توننا تورۇبا سۈيى، 738 توننا ئاق ھاراق، 3500 توننا گۈرۈچ، 21 مىڭ 407 توننا ساپ پاختا، 50

مىڭ قۇر كىيىم - كېچەك، 387 توننا قەغەز ياسالما، 12 مىڭ 272 دانە ئۆي جاھازىسى ئىشلەپچىقىرىلدى، 270 مىڭ كىلوجوئۇل ئىسسىقلىق، 390 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 82 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 148 مىڭ 87 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 67 مىڭ 337 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 273 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 146 مىليون 370 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا شەھەردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 68 مىڭ 400 گە (كىچىك زىرەك ئابونتىنى شۇنىڭ ئىچىدە)، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 47 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 82 مىڭ 729 غا، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 6800 گە يەتتى. جەمئىيەت بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 457 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 2 مىليون دوللارغا (ھەممىسى ئېكسپورت) يەتتى. 126 مىڭ 900 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 16 مىليون 500 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 93 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 15.58% ئاشتى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 197 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 19.11% ئاشتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 812 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 87 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە، بېرىلگەن تۆلەم 26 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4141، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1068. كەسپىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 219 (ھەممىسى مىللىي)؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 2212 (مىللىي 362)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1398 (مىللىي 1392)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 63 (مىللىي 5485)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 43، ئوقۇغۇچىسى 24 مىڭ 138 (مىللىي 10 مىڭ 807)؛ بالىلار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 1317. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2512 (مىللىي 1349). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96% كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 86% كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 124 سەھىيە ئاپپاراتى، 502 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 227)، دوختۇرخانىلاردا 133 كارىۋات بار.

2003 - يىلى بورتالا شەھىرى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3820 يۈەنگە، ئىشچى، خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 10 مىڭ 415 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە 11 مىڭ 560 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 9738 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 16 مىڭ 200 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە بورتالا شەھىرىدە 1 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى.

★ 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بورتالا شەھەرلىك بېيگە مەيدانى پۈتتى. بۇ قۇرۇلۇشقا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، كۆلىمى 28 گېكتار، بۇ مەيدانغا 50 مىڭ تاماشىبىن سىغىدۇ.

★ 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بورتالا شەھىرىدىكى «ئاسىيا مەركىزى خەلقئارا سودا شەھەرچىسى» ئومۇمىيۈزلۈك پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇ سودا شەھەرچىسىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 25 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، قۇرۇلۇشقا 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇيەردە 700 ئادەم ئىشقا ئورۇنلىشالايدۇ.

★ 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بورتالا شەھىرىدىكى سودا پىيادىلەر كوچىسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن يەر 23 مىڭ كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 28 مىڭ كۋادرات مېتىر، بۇ قۇرۇلۇشقا 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ يەردە 1500 ئادەم ئىشقا ئورۇنلىشالايدۇ.

★ 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بورتالا شەھىرىدىكى «بورتالا 5 - تاشيولى يېشىل كارىدورى» دا ئومۇمىيۈزلۈك قاتناش باشلاندى، بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر كېلىدۇ، قۇرۇلۇشقا 6 يىل كەتتى، 21 مىليون 780 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

بەي شىنخۇا

## جىڭ ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جىڭ ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ

شۇجىسى: گو شياڭيى.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ساڭۇۋچۇر (موڭغۇل).

ھاكىم: ئەسىرجان ھېيتقازى (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئۇيەش ئاقۇپ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

جىڭ ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە، تەڭرىتاغنىڭ تارماق تىزمىسى بولغان بولخىنۇر تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 423 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 412 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 104 مىڭ 100 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 37 مىڭ 600)، يېزا نوپۇسى 81 مىڭ 289؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.29، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰23.10. ناھىيە بويىچە 22 مىڭ 481 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 1726 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 19 مىڭ 623 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى تىپىك قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 724 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 356 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %7؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 94 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %91.9؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 273 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %66.12 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 692 مىليون 764 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %9.8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 536 مىليون 479 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 920 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 152 مىليون 573 مىڭ 600 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 540 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 21 مىڭ 462 توننا ئاشلىق، 28 مىڭ 114 توننا پاختا، 8803 توننا ئالقات، 226 توننا ياغلىق دان، 2273 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 360 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 6340 توننا گۆش، 685 توننا يۇڭ، 114 مىڭ 607 پارچە قوي تېرىسى، 14 مىڭ 390 توننا سۈت، 1510 توننا تۇخۇم، 320 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 310 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 356 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، باراۋەتلىك ساپ پايدىسى 14 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 99 مىڭ 9 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 134 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %4، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 28 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %16.6 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 38 مىڭ 750 توننا تۇز، 917 توننا تۇرۇبا سۈيى، 19 مىليون 340 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 5894 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى، 137 مىڭ 900 كىلوجوئۇل ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەندى، 27 مىڭ 515 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 21 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 17 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 177 مىليون 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 121 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 9281گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 17 مىڭ 624 كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 1372 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 133 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئېكسپورت سوممىسى 69 مىڭ 200 دوللارغا يەتتى. شۇ يىلى 31 مىڭ 700 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 4 مىليون 110 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 42 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %28.16؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 147 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %41.16 ئاشتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 21 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، بېرىلگەن تۆلەم سوممىسى 6 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 1730 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 492. كەسپىي تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 430؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1442 (مىللىي 425)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 7106 (مىللىي1397)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 461 (مىللىي 2550)؛ بالىلار باغچىسى 6، باغچىدىكى بالا 2056. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2061 (مىللىي 819). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ

# تەرەققىياتنى 1 - مۇھىم ئامىل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنى ئاساس قىلىپ، ناھىيىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا تىرىشىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش مۇساپىسىنى تېزلىتەيلى

ج ك پ جىڭ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گو شياڭيى، جىڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى: ئەسىرجان ئايتقازى





جىڭ ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىغا، تەڭرىتاغنىڭ تارماق تىزمىسى بولغان بولخىنۇر تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدۇ. جىڭ ناھىيىسىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئۇ قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ شىمالىي يولىدىكى مۇھىم قورغان. ئۇ جىڭ دەرياسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. جىڭ ناھىيىسى كۆپ مىللەت تۇپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، شىمالىي

---

نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 11 سەھىيە ئاپپاراتى، 314 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 166)، دوختۇرخانىلاردا 248 كارىۋات بار.

2003 - يىلى جىڭ ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3605 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8110 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 6471 ئىشچى- خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3750 ئىشچى- خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 8765 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

يۈەن يۈن

## ئالقات ئۈستۈرۈشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى

ئالقات جىڭ ناھىيىسىنىڭ ئالاھىدە ۋە ئۆزگىچە ئەۋزەللىككە ئىگە تۈۋرۈك كەسپى. 1990 - يىلدىن باشلاپ جىڭ ناھىيىسىنىڭ ئالقىتى ئۈستۈرۈش كۆلىمى، ئومۇمىي ھوسۇلى، ئېكسپورت مىقدارى ۋە ئۈنۈملۈك ئۇزۇقلۇق مىقدارى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 5 چوڭ ئالقات ئىشلەپچىقىرىش رايونىنىڭ ئالدىدا تۇردى. 1998 - يىلى جىڭ ناھىيىسىگە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن جۇڭگودىكى ئالقات ماكانى دېگەن نام بېرىلدى. 2003 - يىلى جىڭ ناھىيىسىنىڭ ئالقات ئۈستۈرۈش كۆلىمى 4400 گېكتارغا يەتتى، يىللىق قۇرۇق مېۋە ھوسۇلى 7700 توننىدىن كۆپرەككە يەتتى، كىرىمى 70 مىليون يۈەنگە يېتىپ،

شىنجاڭدىكى مۇھىم قاتناش ئۆتكىلىگە جايلاشقان، دۆلەت يولى «312» لىنىيىسى ۋە ئاسىيا 2 - قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ناھىيە تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، ناھىيە دۆلەتلىك 1 - خىل پورت ئالاتاۋ پورتى بىلەن قورغاس پورتى تۇتاشقان جايغا جايلاشقان، ھازىر ياسىلىۋاتقان كۈيتۇڭ - سايرام ئالىي تاشيولى بىلەن پات ئارىدا ئىش باشلىنىدىغان جىڭ - غۇلجا تۆمۈريولى پۈتكەندىن كېيىن جىڭ «شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش، غەربتىن جەلپ قىلىش - شەرقتىن كىرگۈزۈش»نىڭ ئالتۇن تۈگۈنىگە ئايلىنىدۇ.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بولۇپمۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى تەرەققىيات ئارقىلىق، جىڭ ناھىيىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، تەرەققىيات پىكىر يولى كۈنسايىن روشەنلەشتى، كەڭ كۆلەملىك تەرەققىياتنىڭ تۈرلۈك ئاساسىي شارائىتى ھازىرلاندى. 2004 - يىلى جىڭ ناھىيىسى «بەشنى بىرتۇتاش غەملەش» ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى مۇۋاپىق كۆلەملەشتۈرۈش، كەسپلەشتۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش، سانائەتلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېزلىتىش، بازارلىشىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئومۇمىي نىشاننى چۆرىدەپ، سۈتچىلىك ئارقىلىق ناھىينى روناق تاپقۇزۇش، سانائەتتە كۈچلۈك، يېزا ئىگىلىكىدە مۇقىم، مۇلازىمەتچىلىكتە جانلىق ناھىيە بەرپا قىلىش ۋە ناھىينى مەدەنىيەتلىك ناھىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، ناھىينى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، «بىر قىزىل (ئالقات)، ئىككى ئاق (پاختا، تۇز)، بىر يېشىل (قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، كۆكتات، دورىلىق ئۆسۈملۈك)» ۋە سۈت كالىسى باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت تەرەققىيات فاڭجېننى چۆرىدەپ، «بىر سانائەت باغچىسىنى ياخشى قۇرۇش، ئىككى يوللۇق ئىقتىسادنى ياخشى تۇتۇش، سۈت كالىچىلىقنى زورايتىش ۋە كۈچەيتىش، پاختا، ئالقات، ئۈزۈم، كۆكتات، دورىلىق ئۆسۈملۈك قاتارلىق 6 يىرىك كەسىپنى ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ مۇھىم باشلامچىسى قىلىپ تۇتۇپ، يېڭى نۇقتىئىينەزەر، يېڭى نىشان، يېڭى تەلەپ ئارقىلىق يېڭى تەرەققىيات پىكىر يولىنى پىلانلاپ، يېڭى تەرەققىيات تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، تىرىشىپ تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىيات مەزگىلىگە قەدەم قويۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالىدۇ.

1. سانائەتتە كۈچلۈك ناھىيە بەرپا قىلىش ئىستراتېگىيىسى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، سانائەتلەشتۈرۈش مۇساپىسى تېزلىتىلىدۇ

سانائەتنى پۈتكۈل ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى باشلامچى كەسىپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەش تېزلىتىلىپ، مىقدارنى ئاشۇرۇش ۋە قالدۇقنى كېڭەيتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىنىپ، مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئەلالىرى، كۈچلۈكلىرى يۆلىنىپ، سانائەتنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمى ۋە بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلۈپ، سانائەت بىلەن ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ بىر بىرىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

1) بايلىق ئەۋزەللىكىگە تايىنىلىپ، يېتەكچى كەسىپ ۋە تۈۋرۈك كەسىپلەر زورايتىلىدۇ ۋە كۈچەيتىلىدۇ. بىرىنچىدىن، سۈت ياساملىرىنى پىششىقلاش سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى زور كۈچ بىلەن تېزلىتىلىپ، چارۋىچىلىقنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تېزلىتىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ سەۋىيىسى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلۈپ، مەھسۇلات قىممىتىنى 2000 - يىلدىكىدىن بىر قاتلاش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئالقاتچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇساپىسى تېزلىتىلىپ، «قىزىل كەسىپنىڭ ھالقىش شەكلىدىكى تەرەققىياتى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. تۆتىنچىدىن، ئوزۇقلۇق ۋە ساقلىق ساقلاش تۇزى قاتارلىق يېتەكچى مەھسۇلاتلارنىڭ ئۈستۈنلۈكى يەنىمۇ زورايتىلىپ، تۇز خىمىيە سانائىتى كەسپىنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلىدۇ. بەشىنچىدىن، قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىش سالمىقى ئاشۇرۇلىدۇ. ئالتىنچىدىن، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كەسپى تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ.

2) پاي تۈزۈمىدىكى ئىقتىساد بىلەن ئومۇمىي مۈلۈكچى-

---

يېزا ئىگىلىك كىرىمىنىڭ 16.72% نى ئىگىلىدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى تەركىبىدە ئالقات 8.9% نى ئىگىلىدى. جىڭ ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق ئالقات ئىشلەپچىقىرىدىغان رايون تولى يېزىسى بولۇپ، يېزا بويىچە ئالقات كۆلىمى 2670 گېكتارغا يېتىپ، ئوتتۇرىچە 0.19 گېكتاردىن توغرا كەلدى. 2003 - يىلى مەزكۇر يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3736 يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە دېھقانلار ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىدىن 131 يۈەن يۇقىرى بولدى.

لۇ دېگاڭ

## ئارشاڭ ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئارشاڭ ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك كومىتېت-

لىكتە بولمىغان ئىگىلىك زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ. ئىدىيە يەنىمۇ ئازاد قىلىنىپ، پاي تۈزۈمىدىكى ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈنىدۇ ۋە غەمخورلۇق قىلىنىدۇ. 3 يىلدىن 5 يىلغىچە ناھىيە بويىچە سانائەت ئىقتىسادىدىكى پاي تۈزۈمىدىكى ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەركىبى 40% تىن ئاشۇرۇلىدۇ.

2. تەرەققىيات مۇھىتى ھەقىقىي ياخشىلىنىپ، سانائەت باغچا رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە زور بۆسۈش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ

«تەرەققىيات مۇھىتىنى ياخشىلاش يىلى»، «سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش يىلى» پائالىيىتى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. «ناھىيىنى مۇھىت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» ئېڭى كۈچەيتىلىپ، ئىزچىل ياخشى تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىلىپ، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە يېڭى ئوبراز يارىتىلىپ، سۈرئەت كەڭ ئېچىۋېتىش ئارقىلىق تېزلىتىلىپ، ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ سىجىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. تۈر ئامبىرى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، پاختا، ئالقات، تۇز خىمىيە، چارۋىچىلىق، قېزىلما بايلىق، ساياھەتچىلىك قاتارلىق ئۆزگىچە بايلىق نۇقتىلىق چۆرىدىلىپ، يېڭى تىپتىكى مەبلەغ سېلىش تەرەققىيات سالمىقى ھەقىقىي ئاشۇرۇلىدۇ. بىر تۈركۈم قۇرۇلۇشلارنى ئىشقا كىرىشتۈرۈش، بىر تۈركۈم قۇرۇلۇشلاردا ئىش باشلاش، بىر تۈركۈم قۇرۇلۇشلارنى يۇقىرىغا يوللاپ قولغا كەلتۈرۈش، بىر تۈركۈم زاپاس ساقلاش قۇرۇلۇشلىرىنى پىلانلاشتىن ئىبارەت ئىلگىرى سۈرۈش ئەندىزىسى ئىزچىل شەكىللەندۈرۈلىدۇ. ئىشىك ئالدىغا بېرىپ سودىگەر چاقىرىش، سەمىمىيلىك بىلەن سودىگەر چاقىرىش، سودىگەر ئارقىلىق سودىگەر چاقىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، 300 مىليون يۈەنلىك سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش ۋەزىپىسى ئىزچىل ئورۇندىلىدۇ. جىڭ ناھىيىسىنىڭ سانائەت ئىقتىساد باغچا رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، «ئالتىنى راۋانلاشتۇرۇش، بىرنى تەكشىلەش» تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئۈستۈنلۈككە ئىگە كارخانا توپلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇشقا جەلپ قىلىنىپ، چوڭ تۈرلەر، چوڭ كارخانىلار جىڭغا ماكانلاشتۇرۇلۇپ، ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي ئەمەلىي كۈچى ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش تېزلىتىلىدۇ. «تەشەببۇسكار، قىزغىن، تېز، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، جانلىق، قولايلىق، ئومۇمىي كۈچ بىلەن ماسلاشتۇرۇش» تىن ئىبارەت سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىشقا مۇلازىمەت قىلىش فاڭجېنىغا ئاساسەن، ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسى ئۆزگەرتىلىپ ئورگان ئىستىلى ياخشىلىنىپ جىڭ ناھىيىسىگە ماس كېلىدىغان جامائەت پىكرى مۇھىتى، ئازادە سىياسەت مۇھىتى، مۇكەممەل مۇلازىمەت مۇھىتى، مەدەنىي ئىناۋەت مۇھىتى ۋە قاتتىق قانۇنچىلىق مۇھىتى ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلىنىپ، «سودىگەرلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش، سودىگەرلەرگە يېقىن تۇرۇش، سودىگەرلەرگە ئېتىبار بېرىش، سودىگەرلەرنى خاتىرجەم قىلىش، سودىگەرلەرنى بېيىتىش» ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، مەبلەغ سالغۇچىلار رازى قىلىنىدۇ، خەلق نەپكە ئېرىشتۈرۈلىدۇ.

---

نىڭ شۇجىسى: ليۇ زىجۇڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قەھرىمان (قازاق).

ھاكىم: دا. گاڭبۇ (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: نىي شيەنچاڭ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئارشاڭ ناھىيىسى بورتالا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 625 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۈەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 63 مىڭ 200 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 27 مىڭ 300)، يېزا نوپۇسى 46 مىڭ 900؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.82، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9. ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 460 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 8040 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 344 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 163 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %9.28؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 66 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.23 ؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 114 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.23 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 297 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن

3. سۈتچىلىك ئارقىلىق ناھىيىنى بېيىتىش ئىستراتېگىيىسى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، سۈتچىلىكنى يېرىك يېزا ئىگىلىكىدىكى تۈۋرۈك كەسىپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئۇ زورايتىلدى ۋە كۈچەيتىلدى.

2004 - يىلى سۈت كالىچىلىقى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان زامانىۋى چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىيات قەدىمى تېزلىتىلدى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 405 مىڭ تۇياققا يەتكۈزۈلۈپ، 2002 - يىلدىكىدىن 12.28% كۆپەيتىلدى؛ 17 مىڭ 300 نەسىللىك سۈت كالىسى كۆپەيتىش ۋەزىپىسى ئورۇندىلىپ، چارۋىچىلىقنىڭ يېرىك يېزا ئىگىلىكىدە ئىگىلەيدىغان سالمىقى 32% تىن ئاشۇرۇلدى. سۈت كالىسى باقمىچىلىقى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، «ھەر بىر كەنتتە ھەر يىلى بىر چوڭ باقمىچى چوڭ ئائىلىنى، 10 كىچىك باقمىچى ئائىلىنى كۆپەيتىش» ۋەزىپىسى داۋاملىق ياخشى ئورۇندىلىپ، بىر تۈركۈم باقمىچى چوڭ ئائىلىلەر ۋە ئائىلە چارۋىچىلىق فېرمىلىرى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇلۇپ، چارۋىچىلىقنى تۈجۈپىلەشتۈرۈش، كۆلەملەشتۈرۈش ۋە كەسىپلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. خۇرۇستال سۈت كالىسىنى نۇقتىلىق كۆپەيتىشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، بىر يىلدا 15 مىڭ يەرلىك كالىنىڭ نەسلى ياخشىلىنىدۇ، سۈپەتلىك يەم - خەشەك كۆلىمى كۆپەيتىلىپ، ئوتلاقچىلىق ئىگىلىكى زورايتىلدى ۋە كۈچەيتىلدى. چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكا قوشۇنى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، 1000 دېھقان - چارۋىچىنى زامانىۋى چارۋىچىلىق بويىچە تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى ۋە ئىلمىي بېقىش تېخنىكىسى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، باقمىچىلىقنى باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى.

4. يېزا ئىگىلىكىدە مۇقىم ناھىيە ئىستراتېگىيىسى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش چۆرىدىلىپ، يېزا ئىگىلىكى قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش تېزلىتىلدى.

ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، يېشىل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، تىرىشىپ سۈپەتلىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بەرپا قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىكى ئومۇمىي پىكىر يولى مۇنداق: «بىر قىزىل، ئىككى ئاق، بىر يېشىل» زىچ چۆرىدىلىپ، سىرتقا يۈزلەنگەن يېزا ئىگىلىكى، يۇقىرى پەن-تېخنىكىلىق يېزا ئىگىلىكى، سەر خىل يېزا ئىگىلىكى، مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىكى، ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى، سەيلى - ساياھەت يېزا ئىگىلىكى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، رايونلاشقان ئورۇنلاشتۇرۇش، كەسىپلەش-كەن ئىش تەقسىماتى، ئۆلچەملاشكەن ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈلىدۇ، ئاشلىق بىخەتەرلىكى مەسىلىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىلىپ، كىچىك رايونلار بويىچە ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىشقا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. كۆممىقوناقنى ئېگىزغا تېرىش كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش سۈرئىتى تېزلىتىلىپ، سۈپەتلىك ئاشلىق، تىجارەت خاراكتېرىدىكى ئوت - چۆپ تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى تەڭشىلىدۇ.

1) پاختىچىلىق، ئالقاتچىلىق، ئۈزۈمچىلىك، كۆكتاتچىلىق، دورىلىق ئۆسۈملۈك كەسپى زورايتىلىدۇ ۋە كۈچەيتىلىدۇ.

2) «باشلامچى كارخانا + دېھقانلار جەمئىيىتى»، «بازار + بازا + دېھقان ئائىلىسى» قاتارلىق مەشغۇلات ئەندىزىسىدىن جانلىق پايدىلىنىلىپ، كېۋەز، سۈت كالىسى، ئالقات قاتارلىق ئۆزگىچە مەھسۇلاتلارنى كەسىپلەشتۈرۈپ تىجارەت قىلىش قەدىمى تېزلىتىلىدۇ.

3) ئەمگەك كۈچلىرى ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلدى. 2004 - يىلى يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش بويىچە يۆتكىلىدىغان ئادەم 10 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشۇرۇلۇپ، ئەمگەك مۇلازىمىتى تېپىدىكى كىرىم ئارقىلىق ناھىيىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنى 30 يۈەن ئاشۇرۇش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

4) «يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق

---

19.1% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 156 مىليون 220 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 4 مىليون 170 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 133 مىليون 780 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 120 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 62 مىڭ 5 توننا ئاشلىق، 72 مىڭ 484 توننا قىزىلچا، 470 توننا مېۋە - چېۋە، 16 مىڭ 678 توننا ياغلىق دان، 4609 توننا كەندىر ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 418 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 5956 توننا گۆش، 5797 توننا سۈت، 699 توننا يۇڭ، 660 توننا تۇخۇم، 22 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1043 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 65 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 1410 غا، مەھسۇلات قىممىتى 170 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 31 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 106 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 6.7%، قوشۇلما قىممىتى 22 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە

گۈللەندۈرۈش» خىزمىتىنىڭ سالمىقى ھەقىقىي ئاشۇرۇلىدۇ.

5) يېزا، كەنت دەرىجىلىك كوللېكتىپ ئىقتىسادىنىڭ ئەمەلىي كۈچى زورايتىلىدۇ. «ئالتە بىر» قۇرۇلۇشى يەنى بىر سۈپەتلىك سۈت كالىسى بازىسى قۇرۇش، بىر پاختا بازىسى قۇرۇش، بىر ئالقات بازىسى قۇرۇش، بىر ئۈزۈم بازىسى قۇرۇش، بىر لاپاستا كۆكتات يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇش، بىر دورىلىق ئۆسۈملۈك بازىسى قۇرۇش زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، يېزا مالىيىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچى تېز زورايتىلىدۇ. كەنت كوللېكتىپى «ئالتە بىر» قۇرۇلۇشىنى تاللاپ يولغا قويىدۇ، تەخمىنەن 3 يىلدا مۇتلەق كۆپ ساندىكى كەنتلەر ھەر يىللىق كوللېكتىپ ئىقتىسادىي جۇغلانمىنى 50 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىدۇ، بىرىدىن كۆپرەك كەنت تەخمىنەن 100 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزىدۇ.

5. شەھەرلەشتۈرۈش - بازارلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ۋە مۇلازىمەتچىلىكتە جانلىق ناھىيە بولۇشقا تەلەپ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، شەھەر - يېزا ئىقتىسادى ۋە رايون ئىقتىسادىنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش بىر تۇتاش پىلانلىنىدۇ.

شەھەرلەشتۈرۈش - بازارلاشتۇرۇش ۋە مۇلازىمەتچىلىكنى جانلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، شەھەر - يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىر تۇتاش پىلانلاشنىڭ مۇھىم بۆسۈش ئېغىزى قىلىنىدۇ. بىرىنچىدىن، شەھەر بىلەن يېزا ئايرىلغان تۈزۈلمە ئىستىھكامى يەنىمۇ بۇزۇپ تاشلىنىپ، شەھەرلىشىش مۇساپىسى تېزلىتىلىپ، 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن جىڭ ناھىيىسى ئىلى، بورتالا، ئالاتاۋ پورتى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي قاپتىلىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ تۇتاشقان جايغا جايلاشقانلىق ئەۋزەللىكى بىلەن شەھەر ئىقتىسادىنى تېز كېڭەيتىپ، مۇشۇ ئىقتىسادىي بەلۋاغ، ئىقتىسادىي رايوننىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىللە ئەلاق كەلك بېرىكىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

يېتىپ، %6.8 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 14 مىليون 990 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 20 مىڭ توننا ئۇن، 6665 توننا سۇ يېغى، 336 مىڭ 200 توننا تۇرۇبا سۇيى، 3960 دانە ئۆي جاھازىسى، 30 مىليون 500 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 13 مىڭ 413 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 6036 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 79 مىليون 950 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 78 مىليون 330 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 3690 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 8675 كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 310 غا يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 97 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 12 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %7.88 ؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 98 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.93 ئاشتى. شۇ يىلى سەيلى - ساياھەتكە كەلگەنلەر 70 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا، ساياھەتچىلىكتىن قىلغان كىرىم 3 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 219 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە، بېرىلگەن تۆلەم سوممىسى 1 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2128، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 558. شۇ يىلى ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 6 سى تاماملاندى. ناھىيە بويىچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 853 (مىللىي 338)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 6 (بۇنىڭ ئىچىدە 9 يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ 2)، ئوقۇغۇچىسى 3431 (مىللىي 1360)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 22، ئوقۇغۇچىسى 4990 (مىللىي 2550)؛ بالىلار باغچىسى بىر (ئىجتىمائىي كۈچلەر ئاچقان بالىلار باغچىسى بۇنىڭ سىرتىدا)، باغچىدىكى بالا 352. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1210 (مىللىي 611). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %93.4 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 تىببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى، 286 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 175)، دوختۇرخانىلاردا 176 كارىۋات بار.

مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ئارشاڭ ناھىيىسىدىن 3 ماھىر مارافونچە يۈگۈرۈش، ئوقيا ئېتىش، 1000 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە چېمپىيون بولدى.

2003 - يىلى ئارشاڭ ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2671 يۈەنگە، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7331 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 1751 ئىشچى-خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 5447

ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 2543 ئادەم ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «ئارشاڭ ناھىيىسى» تەزكىرىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

★ 8 - ئايدا مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پىداگىيلارچە مۇلازىمەت قىلىش غەربىي قىسىم پىلانىغا ئاساسەن، شەندۇڭ تېبابەت ئۇنىۋېرسىتېتى، شەندۇڭ چىڭداۋ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 40 ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئارشاڭ ناھىيىسىگە كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى.

★ 9 - ئايدا ئارشاڭ ناھىيىسىدە ناھىيە بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا تور بېتى ئارقىلىق تارقىتىش سىستېمىسى يولغا قويۇلدى.

★ 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئارشاڭ ناھىيىسى بويىچە تۇنجى يەرلىك داڭلىق ناخشىلار مەخسۇس VCD پلاستىنكىسى — «ئارشاڭ دەرياسىغا مۇھەببەت» نى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى.

★ 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئارشاڭ ناھىيىسى مەبلەغ كىرگۈزۈپ قۇرغان تور «جىنشاڭ» زىغىر تالاسى زاۋۇتى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شۇنىڭغا قەدەر بۇ زاۋۇتقا 13 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 2003 - يىلى ئارشاڭ ناھىيىسى ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

★ 2003 - يىلى ئارشاڭ ناھىيىسى ئاڭگىلىڭ يېزىسى ئاڭگىلىڭ كەنتىدىن جاڭ گۇچىڭ مەملىكەت بويىچە ئاشلىق چوڭ ئائىلىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

جاڭ فەن، لى شجيې

# باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

## پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جىنبياۋ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: بادەي (موڭغۇل)، موجۇەن (ئايال)، جۇ چاڭجيې، جاڭ بو، شېن جەنخۇا.

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بۇلگا (ئايال، موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لى جۆيىڭ، مۇسا كېرەم، خې لىشياۋ، گاردى (موڭغۇل)، ياڭ فاڭزاڭ (خۇيزۇ)، ليۇ كېيى، توختى نۇر.

ئوبلاست باشلىقى: بادەي (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: جاڭ خەندۇڭ، چېن شىنيۇ (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شۇ جېنچۇەن (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مەمەت ئېزىز (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ليۇ جىيۇڭ (خۇيزۇ، 12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، باۋرې (موڭغۇل)، جاڭ شاۋۋېي، سەي فېڭلەن، ئەركىن تۇرسۇن.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شەن گوجۇ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: سۇن يۇنشۇەن، ئوسمان ئۆمەر، دا مىڭچاڭ (خۇيزۇ)، ۋاڭ چۇەن، لى زۇڭتاڭ، باتەي (موڭغۇل)، جاۋ دېشەن، بارات تاھىرھاجى داموللا، ئو . زوڭگۇلۇپ (موڭغۇل).

## ئاساسىي ئەھۋالى

باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت كورلا شەھىرىدە. 2003 - يىلى ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 1 مىليون 126 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 476 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 676 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.34‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.45‰. ئوبلاست بويىچە 221 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 43 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 155 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ ۋە ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى باينغولىن ئوبلاستىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 18 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 11.5% ; 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 11 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12% ; 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 762 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 12.9% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 846 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 147 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 1 مىليارد 400 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 42 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 267 مىڭ 800 توننا ئاشلىق، 173 مىڭ توننا پاختا، 8100 توننا ياغلىق دان، 622 مىڭ 500 توننا قىزىلچا، 194 مىڭ 600 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل

ئاخىرىدا قولدا 3 مىليون 722 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 93 مىڭ توننا گۆش، 5300 توننا يۇڭ، 61 مىڭ 600 توننا سۈت، 13 مىڭ 600 توننا تۇخۇم، 8891 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 19 مىڭ 852.8 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 290 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 263 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 822 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليارد 799 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 11.5%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 8 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 961 مىڭ 800 توننا كۆمۈر، 1 مىليارد 893 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 5 مىليون 462 مىڭ 800 توننا نېفىت، 1 مىليارد 135 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 1 مىليون 156 مىڭ 900 توننا سېمونت، 33 مىڭ 270 توننا پاختا يىپ، 19 مىليون 230 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 46 مىڭ 59 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە، 47 مىڭ 481 توننا قەغەز بوتقىسى، 45 مىڭ 61 توننا شېكەر، 86 مىڭ 894 توننا كونسېرۋا، 8140 توننا سۈت ياسالمىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 367 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 2 مىليون 788 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 462 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 11 مىليارد 520 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 8 مىليارد 220 مىليون يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 920 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 154 مىڭغا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 105 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 377 مىڭغا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 3 مىليارد 830 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 48 مىليون 323 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 43 مىليون 893 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 4 مىليون 430 مىڭ دوللار. 1 مىليون 415 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 162 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 958 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 11.3%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 855 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.5% ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 11 مىليارد 169 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىللىق سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 540 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا تۆلىمى 120 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئوبلاست بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 5000؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 5؛ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىر؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 26، ئوقۇغۇچىسى 24 مىڭ؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 61، ئوقۇغۇچىسى 181 مىڭ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 330، ئوقۇغۇچىسى 118 مىڭ؛ باللار باغچىسى 66، باغچىدىكى بالا 20 مىڭ. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 17 مىڭ 800 (مىللىي 9000). يىل ئاخىرىدا رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 98% كە يەتتى.

ئوبلاست بويىچە 170 سەھىيە ئاپپاراتى، 5991 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 5061 كارىۋات بار.

2003 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا 37 ئالتۇن مېدال، 23 كۈمۈش مېدال، 4 مىس مېدال ئالدى.

2003 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 8000 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 8017 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3518 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 3229 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 983 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئوبلاست بويىچە 89 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 71 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 108 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ئاندالۇزىتى

بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ئاندالۇزىتى ئاساسلىقى كورلا شەھىرىنىڭ غەربىي - شىمالىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونغا جايلاشقان سوقىتاغنىڭ ئېقىنى، مەڭلىك ئېقىن ۋە يەنجى ناھىيىسىدىكى خوروغول ئېقىنىنىڭ يۇقىرى تاشقوتان ئاندالۇزىت كان ياتىقىغا جايلاشقان. ھازىر سوقىتاغنىڭ ئېقىنى ۋە مەڭلىك ئېقىن كان رايونىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئاخىرلىشىپ ئاندالۇزىتنىڭ C+D دەرىجىلىك 11 مىليون 765 مىڭ 500 توننا زاپىسى تىزگىنلەندى، ئاندالۇزىتنىڭ بايلىق مىقدارىنىڭ 401 مىليون توننا ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. مەڭلىك رايونىدىكى ئاندالۇزىت كان زاپىسى بىلەن بايلىق

مىقدارىلا نۆۋەتتە مەملىكەت بويىچە ئېنىقلانغان ئاندالۇزىت زاپىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىگە تەڭ كېلىدۇ. بايىنغولىن ئاندالۇزىتىنىڭ سۈپىتى ئەلا، دانىسى چوڭ. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 2 كانچىلىق كارخانىسى بۇ يەردە سىناق تەرىقىسىدە قېزىشنى باشلىدى. بايىنغولىن ئوبلاستلىق «سەنۋېي» لوپنۇر كانچىلىق مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتى 121 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاندالۇزىت ئېچىش تۈرى قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

★ شىنجاڭ بويىچە سۇدا پاشايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى قۇتقۇزىدىغان تۇنجى ئورگان — باغراش كۆلى سۇدا پاشايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇش مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشى 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى باغراش ناھىيىسىنىڭ چاغاننۇر يېزىسىدا باشلاندى. باغراش كۆلى گۈزەل سۇدا پاشايدىغان ياۋايى ھايۋان بايلىقىغا ئىگە بولۇپ، بۇ يەردە 30 نەچچە خىل بېلىق بار، قۇتقۇزۇش مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشى باغراش كۆلىنىڭ بېلىقچىلىق بايلىقىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

★ تارىم دەرياسىنى يېقىنقى مەزگىللىك ئۇنىۋېرسال تۈزەشتىكى مۇھىم قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى بولغان باغراش كۆلى شەرقىي ناسوس پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى باشلاندى، بۇ تۈرگە 148 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ باغراش كۆلىدىن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا ھەر يىلى 350 مىليون كۇب مېتىر ئېكولوگىيىلىك سۇ يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش قۇرۇلۇشى بولۇپ، 2 يىلدا پۈتتۈرۈش پىلانلاندى.

★ بايىنغولىن ئوبلاستى «كەيجىن» قومۇشچىلىق تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 50 مىڭ توننا ئاقارتىلغان قومۇش بوتقىسى ئىشلەش قۇرۇلۇشىدا 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ماشىنىلار مۇۋەپپەقىيەتلىك سىناق قىلىندى، بۇ مەملىكەت بويىچە تۇنجى ئۆسۈملۈك بوتقىسى تازىلاپ ئاقارتىش لىنىيىسىنىڭ پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

لى شىتاڭ

## كورلا شەھىرى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كورلا شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن جيەنشىن.

7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمەت يۈسۈپ.

شەھەر باشلىقى: مۇتەللىپ يۈسۈپ.

سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جاڭ شىمو.

### ئاساسىي ئەھۋالى

كورلا شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 471 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 603.55 كىلومېتىر، ئاۋىئاتسىيە مۇساپىسى 347 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، بازار 2، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 407 مىڭ 621 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 122 مىڭ 194)، يېزا نوپۇسى 169 مىڭ 867؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.28‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.92‰. شەھەر بويىچە 30 مىڭ 47.67 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 5506.6 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنىغا تېرىلغىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 18 مىڭ 415.07 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ ۋە ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى كورلا شەھىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 14 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 145 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 11.9%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 10 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10.9%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 585 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11% ئاشتى.

شەھەرگە تەۋە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 363 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 43.51% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 973 مىليون 200 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 19 مىليون 950 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 309 مىليون 10 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 6 مىليون 140 مىڭ يۈەن، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ 54 مىليون 800 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 27 مىڭ 737 توننا ئاشلىق، 30 مىڭ 119 توننا پاختا، 54 مىڭ 948 توننا مېۋە - چېۋە (بۇنىڭ ئىچىدە نەشپۈت 54 مىڭ 4 توننا)، 102 مىڭ 884 توننا كۆكتات، 17 مىڭ 969 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 330 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 22 مىڭ 349 توننا گۆش، 843 توننا

يۇڭ، 3484 كىلوگرام ئۆچكە تىۋىتى، 10 مىڭ 727 توننا سۈت، 195 مىڭ 431 پارچە قوي - كالا تېرىسى، 3554 كىلوگرام بۇغا مۈڭگۈزى، 5702 توننا تۇخۇم، 6 توننا ھەسەل، 804 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2787 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلغان يەر 1054 گېكتارغا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 672 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 58 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 185 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى.

شەھەرگە تەۋە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 707 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 32.6%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 280 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.3% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليارد 850 مىليون 740 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 1 مىليارد 606 مىليون 530 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 2 مىليون 300 مىڭ كىلوجوئۇل ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەندى، 546 مىڭ 722 توننا كۆمۈر، 5 مىليون 252 مىڭ 815 توننا نېفىت، 1 مىليارد 88 مىليون 900 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 14 مىليون 960 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 5161 توننا سۇ يېغى، 9907 توننا تەڭشەلگەن ئارىلاشما يەم - بوغۇز، 6803 توننا سۈت ياسالمىسى، 1889 توننا پەمىدۇر كونسېرۋاسى، 19 مىڭ 952 توننا خىمىيىۋى تالا بوتقىسى، 1841 توننا بىرىكمە تالا ، 33 مىڭ 270 توننا يىپ، 19 مىليون 230 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 367 مىڭ قۇر كىيىم - كېچەك، 20 مىڭ پار خۇرۇم ئاياغ، 5000 كۇب مېتىر تىلىنغان ياغاچ ماتېرىيال، 20 مىڭ 458 دانە ئۆي جاھازىسى، 47 مىڭ 481 توننا قەغەز بوتقىسى، 30 مىڭ 655 توننا فابرىكا قەغىزى، 2467 توننا مەتبەئە قەغىزى، 5297 توننا قەغەز پەنەركە، 13 مىڭ 160 توننا قەغەز بۇيۇم، 13 مىڭ 94 توننا قەغەز يەشىك، 322 مىڭ 299 توننا چەكلەنگەن نېفىت، 118 مىڭ 120 توننا بېنزىن، 164 مىڭ 516 توننا دىزېلىن، 83 مىڭ 946 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى، 11 مىڭ 400 توننا تەييار جۇڭيى دورىسى، 696 مىڭ 26 دانە بالون تاش كامىرى، 6550 توننا سۇلياۋ بۇيۇم، 922 توننا سۇلياۋ تاختا ماتېرىيالى، 1379 توننا سۇلياۋ تۇرۇبا ماتېرىيالى، 318 مىڭ 800 توننا تەييار سېمونت خورۇچى، 526 مىڭ 900 توننا سېمونت، 10 مىڭ 18 مېتىر سېمونت يۇندا تۇرۇبىسى، 6893 كۇب مېتىر سېمونت ياسالما، 44 مىليون 660 مىڭ دانە خىش، 1284 كۋادرات مېتىر مەرمەر تاش تاختا، 5535 كۋادرات مېتىر گرانىت تاشتاختا، 212 مىڭ ساندۇق تاختا ئەينەك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 382 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 597 مىڭ 310 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 923 مىڭ 398 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە شەھەرگە تەۋە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 186 مىليون 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 656 مىليون 310 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى107 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 106 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 13 مىڭ 300گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 2 مىليارد 250 مىليون يۈەن (يېڭى ئۆلچەم بويىچە ھېسابلاندى) گە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 33 مىليون 625 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 33 مىليون 238 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 387 مىڭ دوللار. 1 مىليون 38 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىنىپ، ساياھەتچىلىكتىن 100 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 606 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 22.45%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 604 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.17% ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 6 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كىرىمى 428 مىليون يۈەنگە يەتتى، 179 مىليون 870 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

2003 - يىلى شەھەر بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 6680 (مىللىي 4107)، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 2213. شەھەر بويىچە 52 نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا تۈرى يولغا قويۇلدى، كورلا شەھىرى ئۇدا 3 - قېتىم مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر) دېگەن نامغا ئېرىشتى. شەھەر تەۋەسىدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 8210 (مىللىي 2530)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 2، ئوقۇغۇچىسى 2733 (مىللىي 734)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 47، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 159 (مىللىي 1399)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 714 (مىللىي 7814)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 80، ئوقۇغۇچىسى 42 مىڭ 312؛ باللار باغچىسى 21، باغچىدىكى بالا 8364. شەھەرگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 33، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 4295 (مىللىي 839)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 300 (مىللىي 6258)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 66، ئوقۇتۇش نۇقتىسى

4. ئوقۇغۇچىسى 32 مىڭ 283 (مىللىي 10 مىڭ 263)؛ باللار باغچىسى 16، باغچىدىكى بالا 6731. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 4642 (مىللىي 2208)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 4063 (مىللىي 2057). مائارىپقا 72 مىليون 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، شەھەر - بازارلاردا تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، يېزىلاردا تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98% كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 53 سەھىيە ئاپپاراتى، 2849 سەھىيە كەسپىي تېخنىكا خادىمى (مىللىي 894)، دوختۇرخانىلاردا 2221 كارىۋات بار.

2003 - يىلى شەھەر بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4068 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 682 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 41 مىڭ 800 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 43 مىڭ 400 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 22 مىڭ 677 كىشى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## كورلا شەھىرى مەملىكەت بويىچە 100 كۈچلۈك ناھىيە (شەھەر) قاتارىغا كىردى

دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ يېزا ئىقتىسادىنى تەكشۈرۈش باش ئەترىتى 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى جۇڭگو ناھىيىلىرىنىڭ 2002 - يىللىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات كۆرسەتكۈچىنى ئېلان قىلدى. كورلا شەھىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات كۆرسەتكۈچى مەملىكەت بويىچە 100 كۈچلۈك ناھىيە (شەھەر، رايون) قاتارىغا تىزىلدى، مەملىكەت بويىچە 2073 ناھىيە (شەھەر، رايون) نىڭ 87 - سى بولۇپ، 2001 - يىلدىكىگە قارىغاندا 6 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلۈپ، غەربىي رايون بويىچە 5 -، شىنجاڭ بويىچە 1 - بولدى.

★ كورلا ئايرودرومىنى كۆچۈرۈش قۇرۇلۇشىدا 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئىش باشلاندى. بۇ تۈرگە 457 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش 2005 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پۈتۈپ سىناق تەرىقىسىدە ئايروپىلان قاتنايدۇ.

★ كورلا شەھىرى 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى جۇڭگو ئولتۇراق مۇھىت ئۈلگە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شەھەر باشلىقى مۇتەللىپ يۈسۈپ مەملىكەت بويىچە باغۋارانلاشتۇرۇش، كۆكەرتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

★ 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كورلا «جىنچۈەن» كانچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ تاشدەن 2 - كۆمۈركان قۇدۇقىدا سىناق تەرىقىسىدە كۆمۈر قېزىلدى. بۇ كانغا 139 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بولۇپ، لايىھەدىكى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 600 مىڭ توننا، يىللىق ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 200 مىڭ توننا بولۇپ، شىنجاڭدىكى زامانىۋىلىشىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى كۆمۈر كان ھېسابلىنىدۇ.

تېمۈر قاشىياڭ

# بۈگۈر ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بۈگۈر ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ جىنفېڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاۋ چىڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھوشۇر ئەمەت.

ھاكىم: مەمتىمىن قادىر.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چىن جيەنشې.

### ئاساسىي ئەھۋالى

بۈگۈر ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 633 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 645 كىلومېتىر كېلىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 104 مىڭ 23 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 80 مىڭ 44)، يېزا نوپۇسى 70 مىڭ 189؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.4‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.93‰. ناھىيە بويىچە 17 مىڭ 900 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 7373 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 11 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 - يىلى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 766 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 354 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 9.86%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 231 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 100.75%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 181 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.41% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 449 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ،

2002 ـ يىلدىكىدىن %9.1 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 348 مىليون 960 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 5 مىليون 130 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 94 مىليون 650 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 640 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 44 مىڭ 488 توننا ئاشلىق، 17 مىڭ 914 توننا پاختا، 48 توننا ياغلىق دان، 38 مىڭ 351 توننا مېۋە-چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 345 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 6132 توننا گۆش، 21 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 241 مىڭ پارچە كالا ـ قوي تېرىسى، 80 توننا سۈت مەھسۇلاتى ئېلىندى. 16 مىڭ 758 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 128 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 3 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 74 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 489 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %208.2، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 193 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %149.26 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 330 مىڭ توننا كۆمۈر، 9284 توننا تۇز، 5181 توننا ئىنچىكە ئىشلەنگەن تۇز، 1952 توننا قۇرۇم، 49 مىڭ 938 توننا دىزېلىن، 166 مىڭ 461 توننا چەكلەنگەن ماي، 998 مىليون 770 مىڭ توننا ئاسفالت، 1 مىليون 401 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 13 مىليون 110 مىڭ دانە خىش، 2800 توننا ساپ پاختا، 7530 توننا ئۇن، 100 توننا سۈت يېغى، 172 توننا بالىقاق ئېلىندى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەتلەردىن 101 مىڭ 909 كۋادرات مېتىرى پۈتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 259 مىليون 520 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 158 مىليون 670 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش-ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 47 مىليون 380 مىڭ يۈەن. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 127 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 130 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 3 مىليون 800 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 132 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %12؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 158 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %25 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تۈرلۈك قەرز پۇلىنىڭ يىل ئەخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 73 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 979 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاھالىلەر بانكىغا ئامانەت قويغان پۇل 524 مىليون 450 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 14 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 4 مىليون 460 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيىدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2676، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 700. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 6958 (مىللىي 5535)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 55، ئوقۇغۇچىسى 9214 (مىللىي 6981)؛ باللار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 460. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1399 (مىللىي 1156). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 13 سەھىيە ئاپپاراتى، 296 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 224)، دوختۇرخانىلاردا 313 كارىۋات بار.

2003 ـ يىلى بۈگۈر ناھىيىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 274 يۈەنگە؛ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ساپ كىرىمى 3329 يۈەنگە يەتتى.

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 4808 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3586 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 5722 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

جاۋ شىنچېڭ

# لوپنۇر ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يىن مەيفا.

14 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھاۋاخان سۇلايمان.

ھاكىم: ئەركىن قاسىم.

سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چۈ جىڭگو.

## ئاساسىي ئەھۋالى

لوپنۇر ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 530 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 109 مىڭ 400 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 30 مىڭ)، يېزا نوپۇسى

85 مىڭ 400؛ يەرلىك نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.33‰ ، يەرلىك نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.78‰ . ناھىيە بويىچە 26 مىڭ 790 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 240 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 70 گېكتار)، 21 مىڭ 800 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى چۆل قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 90 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 739 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %13.26؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 109 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %0.73؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 241 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %11.32 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 627 مىليون 402 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %11.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 517 مىليون 79 مىڭ 600 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 5 مىليون 196 مىڭ 700 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 61 مىليون 876 مىڭ 300 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 705 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1207 توننا ئاشلىق، 39 مىڭ 153 توننا پاختا، 8593 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 335 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 5330 توننا گۆش، 130 توننا يۇڭ، 1048 توننا سۈت، 210 توننا تۇخۇم، 120 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1076 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 905 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 45 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، ناھىيىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 68 مىڭ 779 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 95 مىليون 810 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %34.1، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 22 مىليون 290 مىڭ يۈەن بولۇپ، %23.8 ئازايدى؛ ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 19 مىليون دانە خىش، 65 مىڭ 973.7 توننا ۋېرمىكۇلىت، 62 توننا چۈچۈكبۇيا تالقىنى، 393 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق، 350.9 توننا بىرىكمە ئوغۇت، 1887 توننا سۇ يېغى، 36 مىڭ دانە تور پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 88 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 82 مىڭ 458 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 53 مىڭ 241 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 126 مىليون 730 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 65 مىليون 760 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 4 مىليون 370 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 5000 غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 4000 غا ، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 7620 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 250 كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 62 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 4 مىليون 200 مىڭ دوللار (ھەممىسى ئېكسپورت سوممىسى) غا يەتتى. 131 مىڭ 500 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 3 مىليون 858 مىڭ 300 يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 44 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %13.03؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 121 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.4 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 610 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 14 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 4 مىليون 349 مىڭ 900 يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2102، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 454. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 878 (مىللىي 566)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 3588 (مىللىي 1936)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 27، ئوقۇغۇچىسى 6941 (مىللىي 2822)؛ بالىلار باغچىسى 6، باغچىدىكى بالا 1734. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 971 (مىللىي 543). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 سەھىيە ئاپپاراتى، 246 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 99)، دوختۇرخانىلاردا 22 كارىۋات بار.

2003 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3832 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 912 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 3446 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3098 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 5082 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ لوپنۇر ناھىيىلىك 1 ـ، 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەر قوشۇۋېتىلىپ، مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ قىلىندى، 2 مەكتەپ قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئايرىلدى.

جۇ خۇڭلياڭ، لى گورۇڭ

# چاقىلىق ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ ياپىڭ.

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: گايىت ئەخمەت (4 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مەلىكەم جۇمە (4 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ھاكىم: ياسىن ئابدۇرېھىم.

سىياسىي كېڭەش 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۇن شۆدۇڭ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

چاقىلىق ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەكلىماكان چۆلىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 894 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە بىر، بازار 3، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 30 مىڭ 612 (مىللىي 12 مىڭ 549)، يېزا نوپۇسى 12 مىڭ 29؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.12، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.76. ناھىيە بويىچە 3250 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 1292.89 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇسى كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 1400 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تېرىلدى، كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى چۆللۈك قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 278 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 94 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %11.7؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 82 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %4.5؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 101 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.2 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 101 مىليون 874 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %37.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 58 مىليون 202 مىڭ 100 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 13 مىليون 804 مىڭ 300 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 26 مىليون 670 مىڭ 500 يۈەن، مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ 3 مىليون 198 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 7849 توننا ئاشلىق، 2413.6 توننا پاختا، 1153 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 120 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 1769.2 توننا گۆش، 119 توننا يۇڭ، 12 توننا سۈت، 98 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 507 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 1 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، ناھىيىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 20 مىڭ 746 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 42 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %54 ئاشتى، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 15 مىليون 372 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %26.4 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 12 مىڭ 500 توننا تاشپاختا، 85 توننا تاشپاختا ياسالمىسى، 3095 توننا شېغىل، 59 توننا قاشتېشى، 760 مىڭ كۇب مېتىر تۇرۇبا سۈيى، 9927 توننا كالىيلىق ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 48 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 13 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 140 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 103 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازار ـ يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 8687 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 300 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 210 غا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 49 مىليون 558 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 17 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 560 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 17 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %30؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 79 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10 ئاشتى. بازار ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 193 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن تۈرلۈك تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيىدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 619، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 191. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1584؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 2224؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 189 (تەييارلىق سىنىپتىكى بالىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 436 (مىللىي 241). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96.3% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 99.4% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 9 سەھىيە ئاپپاراتى، 134 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 71)، دوختۇرخانىلاردا 77 كارىۋات بار.

2003 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3139.88 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 16 مىڭ 361 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 1673 ئىشچى-خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 715 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 2862 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

### چىلانچىلىق كەسپى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر چاقىلىق ناھىيىسىدىكى چىلانلىقنىڭ كۆلىمى 3733.33 گېكتارغا يەتتى (6 مىليون تۈپ چىلان بار)، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلغان يەر 200 گېكتاردىن ئاشىدۇ. 2001 - يىلى تىكىلگەن 760 مىڭ تۈپ چىلان كۆچىتى مول مېۋە بەرمەكتە. 2003 - يىلى 533.33 گېكتار يەردىكى چىلان كۆچىتى مېۋىگە كىردى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 133.33 گېكتار يەردىكى چىلان كۆچىتى مول ھوسۇل دەۋرىگە قەدەم قويدى. چاقىلىق ناھىيىسى چىلان جەھەتتە «كروران» تاۋار ماركىسىنى تىزىملاتقاندىن سىرت، يەنە «كروران چىلىنىنىڭ ئەسلى ماكانى» دېگەن نامغا ۋە «يېشىل يېمەكلىك» گۇۋاھلىقىغا ئېرىشتى، ھەمدە كروران چىلانچىلىق كەسپىي تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنى قۇردى. 2003 - يىلى چاقىلىقنىڭ «كروران» ماركىلىق چىلىنى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە 2003 - يىللىق داڭلىق مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى.

### لوپنۇر كۆلىدىكى كالىيلىق تۇزنى ئېچىش

چاقىلىق ناھىيىسىدىكى لوپنۇر كۆلىدە كالىيلىق تۇزنىڭ زاپىسى ئاز كەم 500 مىليون تونىنغا يېتىدۇ، يوشۇرۇن قىممىتى 800 مىليارد يۈەندىن ئاشىدۇ. چاقىلىق ناھىيىسى 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە كالىيلىق تۇزنى ئېچىشقا 180 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 21.6 كۋادرات كىلومېتىرلىق تۇزلۇق، 12 كىلومېتىرلىق تۇز ئېقىتىش ئېرىقى، 5 كىلومېتىرلىق تۇز ئېلىش ئېرىقى بەرپا قىلدى. 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يىلىغا 20 مىڭ تونا كالىي سۇلفات ئىشلەپچىقىرالايدىغان تەجرىبە زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇ زاۋۇت كۈنىگە 80 نەچچە تونا، يىلىغا 9927 تونا كالىيلىق ئوغۇت ئىشلەپچىقىرالايدۇ. چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ كالىيلىق تۇزنى ئېچىپ يىلىغا 1 مىليون 200 مىڭ تونا كالىي سۇلفات ئىشلەپچىقىرالايدىغان زاۋۇت قۇرۇش تۈرىنىڭ مۇھىت باھالاش دوكلاتى دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتتى، تۈرنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى مۇھاكىمە دوكلاتىمۇ جۇڭگو خەلقئارا قۇرۇلۇش مەسلىھەتچىلىكى شىركىتىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتتى.

★ 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ چىلان ئىقتىسادىي ئېكولوگىيە ئورمىنى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىغا ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن شىنجاڭنى پەن-تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى سىمۋوللۇق قۇرۇلۇش دەپ نام بېرىلدى، بۇ قۇرۇلۇش شىنجاڭ بويىچە 7 -، بايىنغولىن ئوبلاستى بويىچە تۇنجى شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى سىمۋوللۇق قۇرۇلۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شى خۇڭمېي

## چەرچەن ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چەرچەن ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى تيەنيۇ (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇن ئابدۇۋېلى.

ھاكىم: مۇختار زىكرىيا.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋۇ شۇ.

### ئاساسىي ئەھۋالى

چەرچەن ناھىيىسى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى

1200 كىلومېتىر، ئاۋتىئاتسىيە مۇساپىسى 740 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە بىر، بازار بىر، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 56 مىڭ 627 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 41 مىڭ 691)، يېزا نوپۇسى 37 مىڭ 400؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.97‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.74‰. ناھىيە بويىچە 10 مىڭ 148 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 4355 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 1361 گېكتار)، 6 . 6880 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 195 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى ئىنتايىن قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 ـ يىلى چەرچەن ناھىيىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 327 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 152 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %41 . 12 ئاشتى؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 46 مىليون 900 مىڭ يۈەن بولۇپ، %1 . 6 ئازايدى؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 128 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14 . 15 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 267 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %84 . 14 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 200 مىليون 680 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 11 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 55 مىليون 120 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 860 مىڭ يۈەن، ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 22 مىڭ 336 توننا ئاشلىق، 11 مىڭ 856 توننا پاختا، 339 توننا ياغلىق دان، 3007 توننا مېۋە ـ چېۋە، 56 توننا چىلان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 363 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 6201 توننا گۆش، 355 توننا يۇڭ، 1517 توننا سۈت، 250 توننا تۇخۇم، 102 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 590 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 33 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 4 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە، ناھىيىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 360 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 37 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %34 . 23 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 12 مىليون 850 مىڭ يۈەن بولۇپ، 15.92% تۆۋەنلىدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 15 مىليون 390 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 5648 توننا سېمونت، 744 توننا كۆمۈر، 70 توننا قاشتېشى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 71 مىڭ 106 . 23 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 57 مىڭ 28 . 328 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 130 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 125 مىليون 580 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 5981 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 4650 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 9445 كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 250 كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 88 مىليون 831 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 33 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 3 مىليون 300 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 116 مىليون 720 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %3 . 7 تۆۋەنلىدى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 181 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %20 ئاشتى. بازار ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 156 مىليون 995 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 2 مىليون 110 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيىدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2021، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 330. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 13، بۇنىڭ ئىچىدە مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 4، 9 يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 4586 (مىللىي 3418)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 18، ئوقۇغۇچىسى 6941 (مىللىي 5069)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 753. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 17 سەھىيە ئاپپاراتى، 361 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 294 كارىۋات بار.

2003 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدىكى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 8 . 7345 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 73 . 5480 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3092 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 5 . 1938 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 3960 كىشى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2709 كىشى- خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 5592 كىشى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## چەرچەن خەلق ئاۋىئاتسىيە ئايرودرومىدا قاتناش ئەسلىگە كەلدى

چەرچەن خەلق ئاۋىئاتسىيە ئايرودرومى مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) دىن تارتىپ قۇرۇلۇشقا باشلىغان بولۇپ، مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) غا كەلگەندە دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولغان. 1964 - يىلى ئەسلىدىكى ئايرودروم ئاساسىدا ئاددىي ئايرودروم ياسالدى، ئەمما مەبلەغ قىس بولغانلىقى ئۈچۈن 1200 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۇچۇش- قونۇش يولى ۋە يەر بەلگىسى قاتارلىق پارچە - پۇرات مۇئەسسەسەلەرلا ياسالدى. 1978 - يىلى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون 420 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئايرودرومنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، «ئىل - 14» تىن تۆۋەن تىپلىق ئايروپىلانلار ئۇچۇپ - قونالايدىغان بولدى. 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ خەلق ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئايروپىلانلارنى يېڭىلىغانلىقتىن، «ATR - 72» تىپلىق ئايروپىلانلار چەرچەن ئايرودرومىغا قونۇپ ئۇچالمايدىغان بولۇپ قالدى، نەتىجىدە قاتناش ئامالسىز توختىتىلىپ ئايرودروم كېڭەيتىلدى.

چەرچەن ئايرودرومىنى كېڭەيتىش ئىشى دۆلەت خەلق ئاۋىئاتسىيىسى باش ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1999 - يىل 3 - ئايدا تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى، بۇ قۇرۇلۇشقا شىنجاڭ ۋە خەلق ئاۋىئاتسىيىسى باش ئىدارىسى 11 مىليون 930 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. قۇرۇلۇش 2003 - يىل 11 - ئايدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئۇچۇش - قونۇش يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1700 مېتىرغا، كەڭلىكى 30 مېتىرغا يەتتى، بۇ ئايرودرومغا ھازىر «ATR - 72» تىپلىق ئايروپىلانلار بىمالال قونۇپ ئۇچالايدۇ. چەرچەن ئايرودرومىدا 2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاۋىئاتسىيە قاتنىشى ئەسلىگە كەلدى.

## تەبىئىي ئورمان قايتا كۆكەردى

چەرچەن ناھىيىسىنىڭ ئۈچ تەرىپىنى قۇم ئوراپ تۇرىدۇ، تەبىئىي شارائىتى ئىنتايىن ناچار، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ناھايىتى ئاجىز، شۇڭا «ئورمان بەرپا قىلىش، بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش» چەرچەندىكى ھەر نۆۋەتلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم خىزمىتى بولۇپ كەلدى. چەرچەن ناھىيىسى 1986 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستى بويىچە ئېتىزلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى ھەممىدىن بۇرۇن ئىشقا ئاشۇردى، 1991 - يىلى تۈزلەڭلىكلەرنى كۆكەرتىشنى ئىشقا ئاشۇردى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە ئورمان كۆلىمى 141 مىڭ 400 گېكتارغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 0.8% كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، تەبىئىي ئورمان 129 مىڭ 300 گېكتار، بەرپا قىلىنغان ئورمان 12 مىڭ 100 گېكتار.

دەريانىڭ شەرقىدىكى بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈپ قۇمنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى  بۇ قۇرۇلۇش چەرچەن ناھىيىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئىقتىساد تىپىدىكى ئىھاتە ئورمان سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 24 كىلومېتىر، پىلاندىكى كۆلىمى 534 گېكتار كېلىدۇ. بۇ تۈرگە سېلىنغان مەبلەغ 18 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، قۇرۇلۇش مۇددىتى 1994 — 2007 - يىلغىچە قىلىپ بەلگىلەندى. بۇ يەرگە يۇلغۇن، توغراق، جۈزغۈن ئاساس قىلىنغان بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈپ قۇمنى تىزگىنلەش ئورمىنى بەرپا قىلىنىدۇ، ئارىلىقلارغا ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە دورىلىق ئۆسۈملۈك بولغان توشقان زەدىكى تېرىلىدۇ. سۇغىرىشتا بورۋاي قۇدۇقنىڭ سۈيى بىلەن تامچىلىتىپ سۇغىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش 2 قاراردا پۈتتۈرۈلىدۇ، 2003 - يىلغىچە 240 گېكتار يەردە ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىندى، بۇنىڭغا 3 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

دەريانىڭ غەربىدىكى ئېكولوگىيىلىك ئىقتىساد تىپىدىكى ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشى  بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 24 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 555.6 مېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 1334 گېكتار كېلىدۇ. بۇ يەردە كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، 334 گېكتار يەردىكى ئورمان تامچىلىتىپ سۇغىرىش ئۇسۇلى بىلەن، 1000 گېكتار يەردىكى ئورمان ئادەتتىكى سۇغىرىش ئۇسۇلى بىلەن سۇغىرىلىدۇ، سېلىنغان مەبلەغ 16 مىليون 500 مىڭ يۈەن. تامچىلىتىپ سۇغىرىش رايونىدىكى ئىھاتە ئورمان كۆلىمى 60% نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يۇلغۇن 10% نى، توغراق 50% نى ئىگىلەيدۇ، ئىقتىسادىي ئورمان كۆلىمى 40% بولۇپ، پۈتۈنلەي چىلان تىكىلگەن، ئادەتتىكى سۇغىرىش رايونىغا قويۇلغىنىنىڭ ھەممىسى ئىھاتە ئورمان بولۇپ، ھەممىسى توغراق، يۇلغۇن. بۇ قۇرۇلۇش 2001 - يىلى يولغا قويۇلغاندىن تارتىپ 2003 - يىلغا قەدەر 385 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 334 گېكتار ئورمان يېرى تۈزلەندى، 9 كىلومېتىر ئورمان يولى ياسالدى، بۇ قۇرۇلۇشقا ناھىيە مالىيەسىدىن 1 مىليون 620 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چەرچەن ناھىيىسىنىڭ ئاچچان چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى 3 يېزا، 2 مەيدانغا توك يەتكۈزۈلۈپ، توك بولماسلىقتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى.

★ 2003 - يىلى چەرچەن ناھىيىسىدە ئېقىم مىقدارى ئۆلچەملىك بولغان غول، تارماق، ئوق ئېرىقتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك سۇ سىڭمەس ئېرىقتىن 800 نەچچە كىلومېتىر

ياسالدى.

زېڭ جاۋمىڭ، شيې سەيشيۇ

# يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى مىڭخۇي.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خې شيۇفاڭ (ئايال، خۇيزۇ).

ھاكىم: ما شۆفېڭ (خۇيزۇ).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ھېزىز سايىت (5 - ئايدا ۋاپات بولدى).

## ئاساسىي ئەھۋالى

يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تاغ ئارىسى ئويمانلىقى بولغان يەنجى ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 423 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 4، يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 124 مىڭ 724 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 68 مىڭ 316)، يېزا نوپۇسى 81 مىڭ 918. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.49‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.42‰. ناھىيە بويىچە 17 مىڭ 380 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 6091 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمى 1333 گېكتار)، 11 مىڭ 333 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 987 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 326 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %15.7؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 397 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.6؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 262 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.9 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 534 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %12.8 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 322 مىليون 130 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 12 مىليون 550 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 171 مىليون 350 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 4 مىليون 810 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 35 مىڭ 805 توننا ئاشلىق، 239 توننا پاختا، 2700 توننا ياغلىق دان، 106 مىڭ 54 توننا قىزىلچا، 5978 توننا مېۋە - چېۋە، 5455 توننا ئاق گازىر، 158 مىڭ 550 توننا پەمىدۇر، 5. 1970 توننا زىرە، 2084 توننا قارا گازىر، 210 مىڭ 330 توننا كۆكتات، 6253 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 307 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 10 مىڭ 605 توننا گۆش، 776 توننا يۇڭ، 33 مىڭ 291 توننا سۈت، 2571 توننا تۇخۇم، 550 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2061 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 189 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 14 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 77 مىڭ 704 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 531 مىليون 780 مىڭ يۈەن (ناھىيىگە تەۋەسى 199 مىليون 350 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %6.2 (ناھىيىگە تەۋەسى %7.9 ئاشتى)، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 243 مىليون 800 مىڭ يۈەن (ناھىيىگە تەۋەسى 52 مىليون 860 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، %19.1 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 210 مىڭ توننا نېفىت، 45 مىليون 50 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 24 مىڭ 292 توننا ئاق شېكەر، 1155 توننا سۈت ياسالمىسى، 2825 كىلومېتىر ئىسپىرت، 180 توننا ئۈزۈم ھارىقى، 7 مىليون 460 مىڭ دانە قۇرۇق باتارېيە، 10 مىڭ 53 توننا پەمىدۇر قىيامى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 22 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، ھەممىسى شۇ يىلى پۈتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 505 مىليون 410 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 360 مىليون 170 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 103 مىليون 650 مىڭ يۈەن. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 182 مىليون 344 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 87 مىڭ 800 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 5 مىليون 50 مىڭ 400 يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 53 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %15.4؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 137 مىليون

870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.8 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 710 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 30 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 7 مىليون 110 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2958، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 909. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 132 (مىللىي 72)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1805 (مىللىي 1017)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 6034 (مىللىي 3975)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 37، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 45 (مىللىي 6184)؛ بالىلار باغچىسى 5، باغچىدىكى بالا 1281. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1682 (مىللىي 1027). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 344 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 11 سەھىيە ئاپپاراتى (يەككە ۋە كەنت دەرىجىلىك داۋالاش ئاپپاراتلىرى بۇنىڭ سىرتىدا)، 329 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 171)، دوختۇرخانىلاردا 289 كارىۋات بار.

2003 - يىلى يەنجى ناھىيىسىدىكى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6195 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4907.4 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3910 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 703 يۈەنگە يەتتى.

يىل ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 5307 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3952 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 7068 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## يەنجى ناھىيىسى «مەملىكەت بويىچە پاكىز ناھىيە بازىرى» دېگەن نامغا ئېرىشتى

مەملىكەتلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يەنجى ناھىيىسىگە «مەملىكەت بويىچە پاكىزە ناھىيە بازىرى» دەپ نام بەردى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 23 ئورۇن ئاپتونوم رايون بويىچە تازىلىقتا قىزىلبايراقدار ئورۇن، 7 ئورۇن ئىس-تۈتەكسىز ئورۇن، بىر رايون ئۈلگىلىك پاكىز رايون، 3 كەنت ئۈلگىلىك پاكىز كەنت بولدى.

ناھىيە بويىچە تەبىئىي گازنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %80 كە، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %35.1 كە، كۆكەرتىلىش نىسبىتى %30 كە يەتتى، كىشى بېشىغا 8.2 كۋادرات مېتىردىن كۆكلەمزارلىق توغرا كەلدى.

## ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش

2003 - يىلى يەنجى ناھىيىسى ئومۇمىي ئىگىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ناھىيىنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشتىكى مۇھىم خىزمەت قاتارىدا تۇتتى. قائىدە - تۈزۈملەرنى قېلىپلاشتۇرۇش، مۇلازىمەت ئېڭىنى كۈچەيتىش، سىياسەت ۋە مۇلازىمەت مۇھىتىنى ياخشىلاش ئارقىلىق ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات ياراتتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە يەككە سودا - سانائەت ئورنى 5197 گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %6.1، خۇسۇسىي كارخانا 147 گە يېتىپ، %25.6، تىزىملانغان مەبلەغ 121 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.9 ئاشتى. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىن يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 23 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە مالىيە كىرىمىنىڭ %44.65 نى ئىگىلىدى.

## ئۈرۈقچىلىق مەيدانى مەملىكەت بويىچە ئۆزگىچە كۆچەتلىك بازىسى قىلىپ بېكىتىلدى

سوخاي ئۇرۇقچىلىق مەيدانى يەنجى ناھىيە بازىرىنىڭ 17 كىلومېتىر غەربىگە جايلاشقان، ئومۇمىي كۆلىمى 48 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، 1333 گېكتار تېرىلغۇ يەر، 266.7 گېكتار ئورمانلىق بار. بۇ مەيدان 1964 - يىلى قۇرۇلغان، بايىنغولىن ئوبلاستى ۋە پۈتۈن شىنجاڭغا ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، 2000 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش بازىسى قىلىپ بېكىتىلدى.

مەيداندىكى تۇپراقنىڭ سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى ياخشى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى تۆۋەن، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.9℃. بۇ يەرنىڭ ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتى ھەر خىل كۆچەت ۋە گۈل - گىياھ مايسىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە تولىمۇ باب كېلىدۇ. بۇ يەردە مىرزا تېرەك، شىنجاڭ تېرىكى، تېز ئۆسىدىغان تېرەك، جىگدە، قارىياغاچ، ياۋا ئامۇت قاتارلىق 20 نەچچە خىل دەرەخنىڭ كۆچىتى يېتىشتۈرۈلۈپلا قالماي، يەنە قارىياغاچ، سۆگەت، ئىرەن، مەنزىرە دەرىخى ۋە قەلەمپۇر، ئەتىرگۈل، قىزىلگۈل، تۇخۇمەك، گوللاندىيە يۇلتۇز گۈلى قاتارلىق گۈل - گىياھلارمۇ يېتىشتۈرۈلىدۇ. 2003 - يىلى كۆچەت يېتىشتۈرۈلگەن كۆلەم 80 گېكتارغا

يەتتى، 5 مىليون 500 مىڭ تۈپ گۈل ـ گىياھ ۋە كۆچەت قولدىن چىقىرىلدى. دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى 2002 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بۇ يەرنى ئۆزگىچە كۆچەتلىك بازىسى قىلىپ بېكىتتى.

لى چېنخۇي

# خېجىڭ ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خېجىڭ ناھىيىلىك 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇ چاڭفېڭ.

14 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: با. چاخان (ئايال، موڭغۇل).

ھاكىم: سارىن لاجاپ (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جۇ جيەنشى.

## ئاساسىي ئەھۋالى

خېجىڭ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى دۆلەت يولى 216 ـ لىنىيىسى بويىچە 270 كىلومېتىر، دۆلەت يولى 314 ـ لىنىيىسى بويىچە 421 كىلومېتىر، تۆمۈر يول مۇساپىسى 512 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە بىر، بازار 4، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 133 مىڭ 134 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 73 مىڭ 331)، يېزا نوپۇسى 88 مىڭ 881، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.6‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.84‰. ناھىيە بويىچە 12 مىڭ 323 گېكتار تېرىلغۇ يەر (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 2735 گېكتار) بولۇپ، 8018.8 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 1177.1 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 151 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 512 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 6.74%؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 226 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 19.72%؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 425 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.06% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 580 مىليون 772 مىڭ 200 يۈەن (ئۇلاستاي دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 9.08% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 229 مىليون 426 مىڭ 400 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 310 مىليون 895 مىڭ 200 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 21 مىليون 614 مىڭ 600 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 78 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 24 مىڭ 544.3 توننا ئاشلىق، 1440.6 توننا پاختا، 61 مىڭ 865.8 توننا قىزىلچا، 14 مىڭ 26 توننا مېۋە ـ چېۋە، 3915 توننا ئۇچلۇق مۇچ، 797 توننا زىرە، 2402.4 توننا قارا كازىر، 24 مىڭ 640.8 توننا سانائەت پەمىدورى ئىشلەپچىقىرىلدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 40 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 22 مىڭ توننا گۆش، 1271 توننا يۇڭ، 412 مىڭ 409 پارچە تېرە، 5520 توننا سۈت، 1128 توننا تۇخۇم، 30 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4267 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 162 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 20 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 97 مىڭ 236 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 280 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 12.3%، ناھىيىگە تەۋە سانائەتنىڭ 78 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.44% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 525 مىڭ 100 توننا سېمونت، 3 مىليون 590 مىڭ دانە پارۋاي پاپىراقچىسى، 1000 توننا ئاق ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 39 مىليون 26 مىڭ 900 يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 64 مىڭ 671.22 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 55 مىڭ 4 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 161 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 70 مىليون 660 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش ـ ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 25 مىليون 300 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 8061 (تۆمۈريول تېلېفونى بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 10 مىڭ 34 كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 400 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 152

مىليون يۈەنگە يەتتى. 87 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 11 مىليون 430 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، يەرلىك مالىيە كىرىمى 43 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %11.3 ئاشتى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 156 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.2 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ھەر خىل ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 614 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كىرىمى 32 مىليون 815 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 5 مىليون 629 مىڭ يۈەن ھەر خىل تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3763، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1090. ناھىيىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 2824 (مىللىي 878)؛ مۇستەقىل تەسىس قىلىنغان ئاز سانلىق مىللەتلەر پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 878، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 227؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 7040 (مىللىي 3918)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 39، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 612 (مىللىي 7300)؛ باللار باغچىسى 9 (ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باغچا 3)، باغچىدىكى بالا 1389 (مىللىي 546). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2921 (مىللىي 1925). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 950 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %98 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 18 سەھىيە ئاپپاراتى، 416 كەسپىي تېخنىكا خادىمى (مىللىي 206)، دوختۇرخانىلاردا 460 كارىۋات بار.

ناھىيە بويىچە بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7875 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3179 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9072 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 6801 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 5715 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 11 مىڭ 281 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## شىنجاڭنىڭ «سەنشيا قۇرۇلۇشى» باشلاندى

دۆلەت ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئىدارىسى قاراشەھەر دەريا ۋادىسى سۇ ئېلېكتر تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 20- كۈنى كورلىدا قۇرۇلدى، بۇ خېجىڭ رايونىدىكى قاراشەھەر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا قۇرۇلىدىغان شىنجاڭنىڭ «سەنشيا قۇرۇلۇشى» دەپ ئاتالغان، سۇ - ئېلېكتر قۇرۇلۇشىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن باشلاپ تەكشۈرۈش - لايىھىلەش باسقۇچىغا كىرگەن، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر بۇ قۇرۇلۇشنى مۇھىت ئاسرايدىغان ئەرزان ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى بولىدۇ دەپ قاراشقان، بىراق ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلۇش قىلىنمىغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكەت بويىچە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىدە جىددىيلىك كۆرۈلگەنلىكتىن، ئاپتونوم رايون، ئوبلاستنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم خېجىڭ ناھىيىسىگە كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ھەمدە دۆلەت ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىدارىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى خېجىڭ ناھىيىسىگە كېلىپ قاراشەھەر دەرياسىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، قاراشەھەر دەرياسىنىڭ سۇ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى ئېچىشنى قارار قىلدى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ لايىھىدىكى گېنېراتور سىغىمچانلىقى 1 مىليون 510 مىڭ كىلوۋاتقا، سېلىنىدىغان مەبلەغ 10 مىليارد يۈەندىن كۆپرەككە يېتىدۇ، بۇنىڭدا دەريا بويلاپ 2 سۇ ئامبىرى، 9 سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلىدۇ. بۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن تۆۋەن تەرىپىگە قاراپ تىزغاندا تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە بولىدۇ: ئارساغتوقاي ئېلېكتر ئىستانسىسى، ماركەت ئېلېكتر ئىستانسىسى، قاراغول ئېلېكتر ئىستانسىسى، خورغوت ئېلېكتر ئىستانسىسى، قۇنخابۇچىل 2 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى، چاغانئۇس ئېلېكتر ئىستانسىسى (چاغانئۇس سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى)، لۇشىگۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، تاغ ئېغىزى ئېلېكتر ئىستانسىسى. بۇنىڭ ئىچىدىكى قاراشەھەر دەرياسى چاغانئۇس سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى تۈرىنى تەستىقلاش، نەق مەيداندا «بەشنى راۋانلاشتۇرۇش، بىرنى تەكشىلەش» قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشىنى باشلاشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لۇشىگۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ ئۆلچەش، لايىھە تۈزۈش ئىشلىرى تاماملىنىپ بولدى، بۇ 2 ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەڭلا باشلاش قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىچىدىكى 1 - سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى 2008 - يىلى پۈتتۈرۈپ توك ھاسىل قىلىش پىلانلاندى، بۇ مەزگىلدە قاراشەھەر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى باشقا سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىمۇ بىر - بىرلەپ پۈتۈپ توك بېرىشكە باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن قاراشەھەر دەرياسى ۋادىسى شىنجاڭ ھەتتا غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئەڭ چوڭ يېشىل ئېنېرگىيە بازىسى بولۇپ قالىدۇ. تاغ ئېغىزى ئېلېكتر ئىستانسىسى 1992 - يىلى پۈتۈپ توك چىقىرىلغان.

قۇرۇلۇشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا 200 مىليون يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ باشلىنىشى بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تېزلىتىش جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

★ گۇلجىتئۆل يېزىسىنىڭ گىگىن تاكىلغان كەنتىدىكى قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ توك ھاسىل قىلىش ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىدا 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىش باشلاندى، بۇ خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ ئېگىز تاغلىقتا جايلاشقان چارۋىچىلىق رايونىدا قۇرۇلغان تۇنجى قۇياش ئېنېرگىيىسى ئېلېكتر ئىستانسىسى ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئىستانسىغا 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 5.4 كىلوۋات.

يالڭ يۇفېڭ

# خوشۇت ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوشۇت ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى چۈن (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جيا چۈنلىن (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بادمان (موڭغۇل).

ھاكىم: جامساي (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ما شىنتەن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

خوشۇت ناھىيىسى ئوتتۇرا تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 384 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 43 مىڭ 778 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 18 مىڭ 369)، يېزا نوپۇسى 27 مىڭ 102؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰9.4، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.55. ناھىيە بويىچە 12 مىڭ 520 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2527 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 8290 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 575 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 267 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %15.4؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 94 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.4؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 212 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.4 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 326 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %17.73 ئاشتى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 24 مىڭ 238 توننا ئاشلىق، 7801 توننا پاختا، 443 توننا ياغلىق دان، 11 مىڭ 96 توننا قىزىلچا، 32 مىڭ 415 توننا كۆكتات، 32 مىڭ 746 توننا سانائەت پەمىدۇرى ۋە مۇچى، 4921 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىنىدى. ناھىيىنىڭ ئۆزگىچە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭىيىپ، 1226.7 گېكتار يەرگە چاكاندا، 153 گېكتار يەرگە چۈچۈكبۇيا، 293 گېكتار يەرگە ئەڭلىكئوت، 1020 گېكتار يەرگە بېدە تېرىلدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 211 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 2985 توننا گۆش، 249 توننا يۇڭ، 10.68 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 562 توننا سۈت، 806 توننا تۇخۇم ئېلىنىدى. 3580 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلغان يەر 405 گېكتار). يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 270 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 6 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 50 مىڭ 105 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 169 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %19.8، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 51 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.2 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 50 توننا ئېغىدرىن، 176 مىڭ 119 كۋادرات مېتىر گرانىت تاش تاختا ماتېرىيال، 23 مىليون 680 مىڭ دانە خىش، 15 مىڭ 289 توننا پەمىدۇر قىيامى، 3000 توننا مۇچ قىيامى، 204 توننا ئاق ھاراق، 327 توننا چۈچۈكبۇيا پاسالمىسى، 300 توننا گۇرۇچ، 8900 توننا بۇغداي ئۇنى، 870 كۇب مېتىر پەنەركە، 850 توننا فورمالدېگىد ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 35 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىنغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 21 مىڭ 567 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 5049 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 154 مىليون 70

مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 38 مىليون 430 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 13 مىليون 320 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 14 مىليون 850 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 15 مىڭغا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 9800 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 17 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 550 كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 91 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 110 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 20 مىليون 80 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 26 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %32.3؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 94 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 242 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 10 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 3 مىليون 100 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1472، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 439. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 3269؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 6448؛ باللار باغچىسى 4. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 994. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 9 سەھىيە ئاپپاراتى، 147 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 125 كارىۋات بار.

2003 - يىلى خوشۇت ناھىيىسى 11 قېتىم ناھىيە - يېزا تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىلەرگە 4244 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ قوملۇق ۋالىبول مۇسابىقىسى ئالتۇن ساھىلدا ئۆتكۈزۈلدى. 2003 - يىللىق ئالتۇن ساھىل قار - مۇز بايرىمى ۋە 4 - نۆۋەتلىك ئالتۇن ساھىل ساياھەتچىلىك بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى.

2003 - يىلى خوشۇت ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3741 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 248 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 2855 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 2449 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3134 ئىشچى-خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

شۈي خەيفاڭ

# باغراش ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ باغراش ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جيا چۇنلىن (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، پۇ يۇدۇڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: باشىڭ (موڭغۇل).

ھاكىم: گەرىنچارا (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۇن جاۋجۇن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

باغراش ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا، قاراشەھەر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 447 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003- يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 47 مىڭ 686 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 18 مىڭ 99)، يېزا نوپۇسى 37 مىڭ 527؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.42، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.66. ناھىيە بويىچە 9933.33 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2733.33 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 5373.33 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت، 1166.67 گېكتار يەرگە ئوت - چۆپ تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

باغراش ناھىيىسىدە مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تاتلىق سۇ كۆلى — باغراش كۆلى بار، سۇ يۈزى 1646 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ناھىيە ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %43.2 نى ئىگىلەيدۇ.

2003 - يىلى باغراش ناھىيىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 439 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %11.1 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 165 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.7؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 105 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %18.5؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 168 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.8 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى

221 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 11.9% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 160 مىليون 480 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 4 مىليون 360 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 40 مىليون 110 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 13 مىليون 940 مىڭ يۈەن، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ 2 مىليون 700 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 17 مىڭ توننا ئاشلىق، 1300 توننا ياغلىق دان، 71 مىڭ 900 توننا قىزىلچا، 158 مىڭ توننا سانائەت پەمىدۇرى، 14 مىڭ توننا سانائەت مۇچى، 1272 توننا پاختا، 99 مىڭ توننا قومۇش ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 175 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 2463 توننا گۆش، 339 توننا يۇڭ، 589 توننا سۈت، 755 توننا تۇخۇم، 4900 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 866.67 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا- بازار كارخانىلىرى 1363 كە، مەھسۇلات قىممىتى 130 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 11 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 72 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 219 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 14.2%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 69 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 24.5% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 31 مىڭ 400 توننا پەمىدۇر قىيامى، 1600 توننا مۈچ قىيامى، 26 مىڭ 900 كۇب مېتىر سۇنئىي پەنەركە، 4449 توننا ئۇن، 6 مىليون 300 مىڭ كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 1100 توننا پىششىقلانغان سۇ مەھسۇلاتى، 613 توننا پولات ئۆزەكلىك ئاليۇمىن سىم ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 35 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە، پۈتكەن سېلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 30 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ناھىيە بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 142 مىليون 880 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 70 مىليون 170 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 13 مىليون 100 مىڭ يۈەن. مۇقىم تېلېفون ئابونتى 15 مىڭغا يەتتى. جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك 190 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 3 مىليون 900 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 95 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 3.5% ئاشتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 22 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 5.6%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 83 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.1% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 318 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇل 219 مىليون 220 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 282 مىليون 149 مىڭ يۈەن.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 519 (ئالىي ئۇنۋانى بارلار 31). ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 3962 (مىللىي 443)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 4732 (مىللىي 883)؛ بالىلار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 529. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 1096 (مىللىي 435). يىل ئاخىرىدا رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتى 3600 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 13 سەھىيە ئاپپاراتى، 216 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 106)، دوختۇرخانىلاردا 189 كارىۋات بار.

2003 - يىلى ناھىيىلىك ئوقيا ئېتىش كوماندىسى بايىنغولىن ئوبلاستىغا ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، 2 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ ئوقيا ئېتىش رېكورتىنى بۇزۇپ، 5 ئالتۇن مېدال، 3 كۈمۈش مېدال ئالدى.

2003 - يىلى باغراش ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3201 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 345 يۈەن كۆپىيىپ، 12.1% ئاشتى. ناھىيە بويىچە خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 911 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 3976 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3157 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 3934 كىشى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## باغراش كۆلىدىكى جانلىقلارنى قوغداش مۇقىم تۇسمىسى قۇرۇلۇشى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باغراش ناھىيىسى باغراش كۆلىدىكى سۇ ئورنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى تۇسمىلارنى، قاراشەھەر دەرياسى بويىدىكى كەلكۈن تۇسمىلىرىنى پۇختىلىدى، باغراش كۆلىدىكى چوڭ - كىچىك كۆللەرنى ئايرىش تۇسمىلىرىنى ياسىدى، شۇنىڭ بىلەن كەلكۈن ئەندىشىسى كۆرۈنەرلىك ھالدا پەسەيتىلدى.

2003 - يىل 4 - ئايدا باغراش ناھىيىسى باغراش كۆلى رايونىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، «قاراشەھەر دەرياسىدا كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئومۇمىي پىلانى» دىكى تەلەپكە ئاساسەن، قاراشەھەر دەرياسى بويىدىكى كەلكۈن تۇسمىلىرىنى ۋە چوڭ-

كىچىك كۆللەرنى ئايرىش توسمىلىرىنى پۇختىلاپ، باغراش كۆلى رايونىدا جانلىقلارنى قوغداش توسمىسىنى پۇختىلاش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە قاراشەھەر دەرياسى بويىدىكى جانلىقلارنى قوغداش توسمىسىنىڭ كۆكەرتىلگەن قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 92.5 كىلومېتىر، كۆل بويىدىكى جانلىقلارنى قوغداش توسمىسىنىڭ كۆكەرتىلگەن قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 85.5 كىلومېتىر. بۇ قۇرۇلۇشتا «كۆچەتنى كىم تىكسە شۇ باشقۇرۇش، شۇ مەنپەئەتلىنىش» پرىنسىپى يولغا قويۇلدى، كەلگۈن توسمىسىنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىگە مەسئۇل بولغان ئورۇنلار كونكرېت تەلەپكە ئاساسەن، كەلگۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە ئەسىر يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا توسمىنىڭ ئىچى تەرىپىگە سۆگەت، سىرتقى تەرىپىگە تېرەك كۆچىتى تىكتى. بۇ قۇرۇلۇش توسمىنى پۇختىلاش رولىنى ئويناپلا قالماي يەنە مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا باغراش كۆلى رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشىلاش رولىنى ئوينىدى.

★ 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى باغراش ناھىيىسى تۇنجى قېتىم يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى جەمئىيەتكە ئاشكارا ئۆتۈنۈپ بەردى.

★ 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى 11 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنغان باغراش ناھىيىسى «غەربىي دېڭىز» پىيادىلەر كوچىسى ئېچىلدى. بۇ كوچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر، ئاساسىي قىسمىنىڭ كەڭلىكى 20 مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 10 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر بولۇپ، كۆڭۈل ئېچىش، يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمىتى بىر گەۋدىلەشكەن ئۇنىۋېرسال سودا كوچىسىدۇر.

★ 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە باغراش ناھىيىسى دۆلەت بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن «باغراش كۆلىدە ناخشا ئېيتىش» ناملىق چوڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، بۇ پائالىيەتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى قوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش، «100 ياخشى پۇقرا»نى تەقدىرلەش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش، ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈش، كالا، قوي بەيگىسى ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

★ 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى باغراش ناھىيىسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «بىرلەشمە خەۋەرلىشىش لوگىكىسى»نى تاللىشىش بويىچە ساياھەت - مەدەنىيەت پائالىيىتى ئۇرقارلىق مەنزىرە رايونىنىڭ ئالتۇن قولتۇق كىچىك رايونىدا ئۆتكۈزۈلدى.

★ 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى باغراش ناھىيىسىگە «پىلانلىق تۇغۇت ئەلا مۇلازىمىتىدىكى دۆلەت دەرىجىلىك ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بېرىلدى.

خەن خۇڭۋېي

# ئاقسۇ ۋىلايىتى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇ چاڭئەن؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئۆمەرجان مىرزائەخمەت، ئېزىز قېيۇم (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ياڭ دېخەي، گاۋ لىبىچىن، لى چيەننەن، جىن شىخۇا، ئەكبەر غوپۇر (3- ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلا ئاپپاق؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ جىنشيەن، خۇ ۋەندې، مەھەممەت ھۇسەن، جاۋ مىڭلىن (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋالىي: ئۆمەرجان مىرزائەخمەت؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: لۇ فاجېڭ، ليۇ جىنشى (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چېن چۇەنجىن، ئابلىز ئابدۇرېھىم، دىلەيسەم رېشىت، جۇ جېڭ، فۇ جىنكۈي.

سىياسىي كېڭەش ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: (ئورنى بوش)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جىن شيۇڭەن، راخمان ۋاھاپ، چېن گوچۈەن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقسۇ ۋىلايىتى تەڭرىتاغ تىزمىسى ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە ئاقسۇ شەھىرىدە. 2003 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 2 مىليون 193 مىڭ 400 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 621 مىڭ 700)، يېزا نوپۇسى 826 مىڭ 900؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.1‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.02‰. ۋىلايەت بويىچە 336 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 167 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 49 مىڭ 400 گېكتار)، 169 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 9900 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 16 مىليارد 677 مىليون يۈەن (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى، نېفىت ئېلىش مەشغۇلات رايونىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئورۇنلارنىڭ 10

مىليارد 257 مىليون يۈەن. بەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 821 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %5.69، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 485 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %21.62، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 951 مىليون يۈەنگە يېتىپ، % 15.19 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 812 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %6.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 302 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 309 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 1 مىليارد 156 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 43 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 125 مىڭ 118 توننا ئاشلىق، 257 مىڭ 708 توننا پاختا، 19 مىڭ 870 توننا ياغلىق دان، 311 مىڭ 679 توننا كۆكتات، 180 مىڭ 626 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 306 مىڭ 171 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 5 مىليون 115 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 99 مىڭ 202 توننا گۆش، 5211 توننا يۇڭ، 630 توننا چۇپۇر، 24 مىڭ 653 توننا سۈت، 13 مىڭ 789 توننا تۇخۇم، 20.92 توننا پىلە غوزىكى، 4998 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 27 مىڭ 637 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 897 مىڭ 100 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 76 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %19.45، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 709 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.81 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 3 مىليون 6400 توننا كۆمۈر، 144 مىڭ 100 توننا كوكس، 850 مىليون 970 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 51 مىڭ 300 توننا سۇ يېغى، 303 مىڭ 300 توننا بۇغداي ئۇنى، 48 مىڭ توننا ئارىلاشما يەم - بوغۇز، 11 مىڭ 600 توننا تۇز، 25 مىڭ 500 توننا ماشىنا شېكىرى، 17 مىڭ 200 توننا ئىچىملىك هاراق، 6 مىليون 920 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 16 مىڭ 200 توننا پاختا يىپ، 676 مىڭ 600 توننا پىششىقلانغان نېفىت، 337 مىڭ 500 توننا نېفىت ئاسفالتى، 7900 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى، 5000 توننا سۇلياۋ ياسالما ، 900 مىڭ توننا سېمونت، 517 مىليون دانە خىش، 33 مىڭ 700 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 11 مىڭ 400 توننا تۆمۈر قېتىشمىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىر يىلدا بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 117 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 307 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 725 مىڭ 827 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 3 مىليارد 596 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 2 مىليارد 509 مىليون يۈەن، يېڭىلاش- ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 280 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدا شەھەرلەردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 157 مىڭ 600 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 84 مىڭ 700 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 224 مىڭ 500 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 19 مىڭ 900 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 2 مىليارد 488 مىليون يۈەنگە يەتتى. 872 مىڭ 200 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 58 مىليون 107 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. بەرلىك مالىيە كىرىمى 768 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %23.99؛ بەرلىك مالىيە چىقىمى 2 مىليارد 106 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.86 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 18 مىليارد 430 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 9 مىليارد 210 مىليون يۈەنگە، شەھەر، يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 10 مىليارد 990 مىليون يۈەنگە يەتتى.

پەن تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 2، پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىدىن 63ى قۇرۇلدى، پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 35ى يولغا قويۇلدى، دۆلەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 8 ى قولغا كەلتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۈر 7. ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈر 20، بىر تۈر ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ۋىلايەت بويىچە ھەر خىل مەكتەپ 1156، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر، ئادەتتىكى چوڭلار ئالىي مەكتىپى 2، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 2، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 143، ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 982، بالىلار باغچىسى 16. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 449 مىڭ 300 (مىللىي 355 مىڭ 300)، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 25 مىڭ 900، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئوقۇتقۇچى 23 مىڭ 100. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 123 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98.5 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96.38 كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 164 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە

دوختۇرخانا، شىپاخانا 133، 7177 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 6816 كارىۋات بار.

2003 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ 60.5 ئالتۇن مېدال، 45 كۈمۈش مېدال، 43 مىس مېدال ئالدى، كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 2 - بولدى. 3 قېتىم ۋىلايەت دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، 92 قېتىم ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

2003 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئورگانلاردا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق مائاشى 11 مىڭ 764 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2508 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 70 مىڭ 5 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 64 مىڭ 565 ئىشچى-خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 110 مىڭ 682 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## شاڭخەي شەھىرى ياردەم قىلغان تۈر

2003 - يىلى شاڭخەي شەھىرى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 97 تۈرىگە 23 مىليون 198 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش تۈرى 10، سېلىنغان مەبلەغ 11 مىليون 50 مىڭ يۈەن؛ ئىشخانا بىناسى تۈرى 16، سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليون 837 مىڭ 100 يۈەن؛ رادىئو - تېلېۋىزىيە تۈرى 4، سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليون 951 مىڭ 400 يۈەن؛ ئوقۇتۇش تۈرى 8، سېلىنغان مەبلەغ 860 مىڭ يۈەن؛ تىببىي داۋالاش تۈرى 16، سېلىنغان مەبلەغ 22 مىليون 241 مىڭ يۈەن؛ تەربىيىلەش تۈرى 30، سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليون 176 مىڭ 500 يۈەن؛ ئىشلەپچىقىرىش تۈرى 5، سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليون 462 مىڭ 800 يۈەن؛ ئۇنىۋېرسال تۈر (ئىككىنى ھىمايە قىلىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، نامراتلارنى يۆلەش) 8، سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليون 636 مىڭ 100 يۈەن.

## سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرىدىن 142 سى ئىمزالاندى، بۇنىڭ 119 ى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى ۋە يولغا قويۇلدى، بۇ تۈرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى تەخمىنەن 84% كە يەتتى. ئىمزالانغان توختام (كېلىشىم) دىكى سومما 6 مىليارد 690 مىليون يۈەن ئىدى، ئەمەلىي نەقلەشكىنى 1 مىليارد 412 مىليون 340 مىڭ يۈەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە سانائەت بويىچە سودىگەر چاقىرىلىپ مەبلەغ كىرگۈزۈلگەن تۈر 62، سېلىنغان مەبلەغ 773 مىليون 730 مىڭ يۈەن.

★ 7 - ئاينىڭ 21 — 22 - كۈنلىرى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تۇنجى قۇرۇلتىيى ئاقسۇدا ئۆتكۈزۈلدى.

ما شىنجۇن

# ئاقسۇ شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقسۇ شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يۈ شيۇچېڭ.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يالقۇن ھەلىمىدىن.

شەھەر باشلىقى: مۇھەممەتجان ئابلا.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: يەن مىڭيىڭ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقسۇ شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىدىكى يەلپۈگۈچسىمان تىنما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1010 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 1126 كىلومېتىر، ئاۋىئاتسىيە يولى 1010 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، بازار 2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 572 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 232 مىڭ 600)، يېزا نوپۇسى 316 مىڭ 200؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.19‰. شەھەر بويىچە 40 مىڭ 720 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 15 مىڭ 900 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 18.3 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 804 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 630 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 6.1%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 667 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 506 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 16.9% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1

مىليارد 167 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلىدىكىدىن %6.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 938 مىليون 190 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 24 مىليون 770 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 190 مىليون 260 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 14 مىليون 350 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 107 مىڭ 254 توننا ئاشلىق، 44 مىڭ 745 توننا پاختا، 585 توننا ياغلىق دان، 24 مىڭ 341 توننا قىزىلچا، 33 مىڭ 839 توننا قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە- چېۋە، 166 مىڭ 287 توننا كۆكتات، 51.6 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 501 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 21 مىڭ 2 توننا گۆش، 550 توننا يۇڭ، 3420 توننا سۈت، 4763 توننا تۇخۇم، 1332 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 5100 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 116 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى. خۇسۇسىي كارخانا 601 گە، يەككە سودا ـ سانائەت ئورنى 10 مىڭ 864 گە، ئۇلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 311 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 245 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلىدىكىدىن %23، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 286 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %23 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 68 مىليون 740 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 40 مىڭ توننا بۇغداي ئۇنى، 28 مىڭ 268 توننا سۇ يېغى، 25 مىڭ 534 توننا ماشىنا شېكىرى، 20 مىڭ 901 توننا ئارىلاشما يەم ـ خەشەك، 5391 توننا يىپ، 8 مىليون 940 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 42 توننا يىپەك، 10 مىڭ قۇر كىيىم ـ كېچەك، 3744 توننا ئازوتلۇق ئوغۇت، 1256 توننا سۇلياۋ ياسالما، 640 مىڭ توننا سېمونت، 16 مىڭ 36 تال سېمونت ستولبا، 35 مىڭ 944 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 210 مىليون 160 مىڭ دانە خىش، 15 مىليون 160 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. شەھەر بويىچە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا 160 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 500 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 400 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 507 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 927 مىليون 530 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 77 مىليون 160 مىڭ يۈەن. شەھەر بويىچە مۇقىم تېلېفون ئابونتى 59 مىڭ 274 كە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 32 مىليون يۈەنگە، ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا سوممىسى 1 مىليون دوللارغا يەتتى. 201 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 21 مىليون 134 مىڭ 500 يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 276 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلىدىكىدىن %16.07؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 333 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %16.78 ئاشتى. شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 8 مىليارد 891 مىليون يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 91 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 11 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 5581، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 926. شەھەردىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 4087 (مىللىي 1599)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 965 (مىللىي 15 مىڭ 108)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 84، ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭ 957 (مىللىي 23 مىڭ 850). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2650 (مىللىي 2093). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97 كە يەتتى.

شەھەر بويىچە تىببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى 134، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 464.

بىر يىلدا ئاقسۇ شەھىرى 27 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇشى بويىچە قىشلىق ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش پائالىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى ئۇيۇشتۇرغان خەلقئاراچە چېلىشىش (ئەركىن چېلىشىش) مۇسابىقىسىنىڭ ئەركىن مىللىيچە چېلىشىش تاللاش مۇسابىقىسىدە ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ماھىرلىرى 1 ـ لىككە ئېرىشتى ھەمدە 10 يىل ئۇدا چېمپىيون بولدى.

2003 ـ يىلى ئاقسۇ شەھىرى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3099.86 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 12 مىڭ 338 يۈەنگە يەتتى.

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە 9267 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 17 مىڭ 268 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 12 مىڭ 500 ئىشچى ـ خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## كالا باقمىچىلىقى چارۋىچىلىق كىرىمىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈردى

2003 - يىلى ئاقسۇ شەھىرى نەسىللىك كالا تۈپ سانىنى كۆپەيتىپ، ئىگەرچى يېزىسى، ئۇزۇقچىلىق مەيدانى ۋە كونا دەريا سۈغىرىش رايونىنى ئاساس قىلغان، خۇرۇستال سۈت كالىسى باقمىچىلىق رايونى ۋە دولان سۈغىرىش رايونى ئاساس قىلىنغان سىمېنتال كالىسى باقمىچىلىق رايونىنى بەرپا قىلدى. نەسىل ياخشىلاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، چارۋىچىلىق مەخسۇس تۈر قەرز پۇلىدىن 15 مىليون يۈەننى ماسلاشتۇرۇپ، 722 نەسىللىك كالا، 3000 تۇياقتىن ئارتۇق دولان قويى، 1076 تۇياق نەسىللىك قوچقار سېتىۋالدى، 12 مىڭ 100 تۇياق يەرلىك كالىنى توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇردى، 3888 بوقىنى پىچىۋەتتى. ئۆلگە بازا قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، 19 كالا باقمىچىلىق كەنتى (بۇنىڭ ئىچىدە 3 سۈت كالىسى كەنتىمۇ بار) ۋە 8 ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىق كەنتى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق چىڭ تۇتتى. ھايۋانات كارانتىن قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، 654 مىڭ تۇياق چارۋا بويىچە يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدى ئېلىندى، ئالدىنى ئېلىش زىچلىقى %97.7 بولدى. بىر يىلدا چارۋىچىلىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 487.24 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلىدىكىدىن %23.6 ئاشتى، بۇ دېھقانلار ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ %15.7 نى ئىگىلىدى.

## سىرتقا ئەمگەك كۈچى چىقىرىش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئاقسۇ شەھىرىدە شەھەر، يېزىدىن ئىبارەت 2 دەرىجىلىك يېزا ئەمگەك كۈچىنى سىرتقا چىقىرىشنى ماسلاشتۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇلدى، كۆپ تەرەپتىن شارائىت يارىتىلىپ، دېھقانلارنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلىشىگە ئىلھام بېرىلدى. شەھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار ئەمگەك كۈچىنى سىرتقا چىقىرىشنى بىر قېتىم، يېزا (بازار)، مەيدانلار 19 قېتىم ئۇيۇشتۇردى، سىرتقا چىققان ئەمگەكچى 20 مىڭ 400 گە يەتتى، ياراتقان ساپ پايدىسى 7 مىليون 943 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، ھەر بىر ئەمگەكچىگە 18.60 يۈەندىن توغرا كېلىپ، ئاقسۇ شەھىرىدىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرىدىغان يېڭى يورۇق نۇقتىغا ئايلاندى.

## سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش ئەھۋالى

سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش — ئاقسۇ شەھىرىنىڭ 1 - نومۇرلۇق قۇرۇلۇشى. 2003 - يىلى شىئەن يەرمەنكىسىدە ئاقسۇ شەھىرى سودىگەر چاقىرىش تۈرىدىن 6 نى ئىمزالىدى، كېلىشىمدىكى سومما 225 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرىدىن 15 نى ئىمزالىدى، كېلىشىمدىكى سومما 1 مىليارد 20 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 13 تۈردە مەبلەغ كىرگۈزۈلدى، كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ سوممىسى 350 مىليون يۈەنگە يەتتى. سودىگەر چاقىرىلغان - مەبلەغ جەلپ قىلىنغان ئاساسلىق تۈرلەر مۇنۇلار: جياڭشى جىندو ئۆي - مۈلۈك تەرەققىيات شىركىتى 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان ئاقسۇ شەھىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئاچقان ئۆي - مۈلۈك ۋە زامانىۋى ئازادە كۆڭۈل ئېچىش مەيدانى قۇرۇش تۈرى، خېنەن دەنياڭ ئالتۇن تۇپراق يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات شىركىتى ئاقسۇ شەھىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ قۇرغان ئالتۇن تۇپراق سودا شەھەرچىسى تۈرى، شىنجاڭ گودا ئۆي - مۈلۈك تەرەققىيات شىركىتى ئاقسۇ شەھىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ قۇرغان پىيادىلەر كوچىسىنىڭ 1 -، 2 - قارارلىق قۇرۇلۇش تۈرى.

## شەھەرنى باغۋارانلاشتۇرۇش ۋە كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى ئاقسۇ شەھىرى بويىچە كۆپەيتىلگەن ئاممىۋى كۆكۈلمەيدان كۆلىمى 4.2 گېكتارغا، كۆكەرتىلگەن يول كۆلىمى بىر گېكتارغا، ھويلا - قورۇلاردىكى كۆكەرتىلگەن كۆلەم 13.55 گېكتارغا، ئاممىۋى كۆكۈلمەيدان 185.15 گېكتارغا، ئوتتۇرىچە ئاممىۋى كۆكۈلمەيدان كۆلىمى 8.6 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، كۆكەرتىلىش نىسبىتى %35.8 كە، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %37.7 كە يەتتى. شەھەر بويىچە باغچىلاشقان ئورۇن 86 گە يېتىپ، شەھەردىكى ئورۇنلارنىڭ %26.4 نى، كۆكەرتىشتە لاياقەتلىك بولغان ئورۇن 183 كە يېتىپ، %56.8 نى ئىگىلىدى. شۇ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى مەملىكەت بويىچە باغۋارانلاشتۇرۇشتىكى ئىلغار شەھەر دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ 8 - ئايدا ئاقسۇ شەھىرىگە ئاپتونوم رايون بويىچە مەھەللە قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە شەھەر (رايون) دېگەن نام بېرىلدى.

★ 10 - ئايدا شەنشى ئۆلكىسى يۈمى دېڭزېجۇ مۇھەت ئاسراش كەسپىي چەكلىك شىركىتى 30 نەچچە مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كۈنىگە 300 توننا ئەخلەتنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئاقسۇ تۇرمۇش ئەخلىتىنى زىيانسىزلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇ زاۋۇتنىڭ ئەخلەتنى بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتى %100 كە يەتتى.

★ 11 - ئايدا ئاقسۇ شەھىرى بىلەن جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شياڭشەن ناھىيىسى دوست ناھىيە (شەھەر) بولدى.

★ 12 - ئايدا ئاقسۇ شەھىرى 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىقتىسادتا 100 كۈچلۈك ناھىيە (شەھەر)

نى باھالاشتا 22 ـ ئورۇندا تۇردى. 2001 ـ يىلى 1 ـ نويابىرلىك غەربىي قىسمىدىكى 100 كۈچلۈك ناھىيە (شەھەر) نــى باھالاشتا ئاقسۇ شەھىرى 36 ـ ئورۇندا، 2002 ـ يىلى 24ـ ئورۇندا تۇرغاندى. ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئىشلەپچىقىــرىش قىممىتى ئۇدا 3 يىل %13.5 تىن ئېشىپ باردى.

★ ئاقسۇ شەھىرىدىكى ئەسىر سودا سارىيى 4 ـ تۈركۈمدە مەملىكەتلىك «ساختا مالدىن خالىي دۇكان ـساراي» بويىچە ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە مەملىكەت بويىچە 58 ئورۇن تەقدىرلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىن 3 ئورۇن بار.

لو شىنلىڭ

# ئونسۇ ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىــرىنىــڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئونسۇ ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ فېڭ.

10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلا تاۋار.

ھاكىم: ئەنۋەر ئايمەت.

سىياسىي كېڭەش 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ فېڭ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئونسۇ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى تۆمۈر چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1019 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 5، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 192 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 165 مىڭ 300)، يېزا نوپۇسى 152 مىڭ 600؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.75، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.47. ناھىيە بويىچە 45 مىڭ 380 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 19 مىڭ 110 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 3840 گېكتار)، 25 مىڭ 480 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 935 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 498 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %4.38؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 215 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.6؛ 3ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 222 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.9 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 664 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %7.51 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىــــق مەھسۇلات قىممىتى 482 مىليون 990 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 17 مىليون 260 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 75 مىليون 280 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون 510 مىــڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىــــقدارى مۇنداق بولدى: 153 مىڭ 21 توننا ئاشلىق (شال 74 مىڭ 512 توننا)، 40 مىڭ 80 توننا پاختا، 760 توننا ياغلىق دان، 27 مىڭ 820 توننا قىزىلچا، 22 مىڭ توننا مېۋە ـ چېۋە، 85 توننا ياڭاق ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 648 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 10 مىڭ 27 توننا گۆش، 713 توننا يۇڭ، 5988 توننا سۈت، 829 توننا تۇخۇم، 590 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. شۇ يىلـــى 2666 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 162 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان ساپ پايدىسى 15 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلــــىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 139 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 280 مىليون 20 مىــڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %18، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 98 مىليون 396 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %38 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 454 مىڭ 299 توننا كۆمۈر، 10 مىڭ 85 توننا تۇز، 85 مىليون 360 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1311 توننا سۇ يېغى، 16 مىڭ 190 توننا پىۋا، 378 توننا ئاق هاراق، 3934 توننا يىپ، 1280 كۋادرات مېتىر مەرمەر ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 92 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 75 مىڭ 58.960 كۋادرات مېتىــرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 27 مىڭ 85.549 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 225 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىـــدە ئاساســـىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 180 مىليون 700 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 12 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىغىچە ناھىيە بازىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 17 مىڭ 500 گە،

يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 7344 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 11 مىڭ 212 كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 697 كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 17 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 80 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون 200 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 38 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %75. 14؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 186 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17. 25 ئاشتى. بازار، يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 705 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 13 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا بويىچە بېرىلگەن تۆلەم 2 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 3730 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 742. ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 196 (ھەممىسى مىللىي)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 338 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 3106 (مىللىي 2590)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 20، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 779 (مىللىي 13 مىڭ 37)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 126، ئوقۇغۇچىسى 25 مىڭ 128 (مىللىي 20 مىڭ 933)؛ ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2394 (مىللىي 2040). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 735 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 31 سەھىيە ئاپپاراتى، 492 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 202)، دوختۇرخانىلاردا 316 كارىۋات بار.

ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى 23 ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال، 2 مىس مېدال ئالدى.

2003 ـ يىلى ئومۇمىي ناھىيە بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2694 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8575 يۈەنگە يەتتى.

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 4167

قىسقا ماتېرىيال

## تەڭرىتاغ سىرلىق ئورمان باغچىسى

قىرمىشئاتام مازىرى دۆلەتلىك AA دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورمان باغچىسى، بۇ يەردە ئۆزگىچە تەبىئىي مەنزىرە ۋە ئۇزاق تارىختا ئىگە گۇمانىستارلىق مەنزىرە مۇجەسسەملەنگەن. بۇ يەردىكى دەل ـ دەرەخلەر ئاجايىپ ـ غارايىپ تۈس ئالغان بولۇپ، ئالەمدە تەڭدىشى يوق، بەزى دەرەخلەرنىڭ ئېگىزلىكى 2. 96 مېتىرغا، يېشى 1400 يىلغا يېتىدۇ. قوش دەرەخ، يىلتىزسىز دەرەخ، ئالەمنىڭ دەرۋازىسى، مىڭ يىللىق مىرزا تېرەك، توقۇز ئەجدىھانىڭ ئالەمنى مالىمان قىلىشى، تىمساقنىڭ سۇدىن چىقىشى، روھى قايتقان تاللىق قاتارلىق 10 نەچچە مەنزىرىلىك جاي بار. بۇ يەردە ئاجايىپ ـ غارايىپ دەرەخلەر، خىلۋەت ئورمانلار، سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرى بىلەن داڭق چىقارغان. باغچىدا 1000 يىللىق خىسلەتلىك بۇلاق، 10 نەچچە قەدىمىي قەبرە بار. بۇ جاي مۇسۇلمانلارنىڭ تاۋاب قىلىدىغان مۇقەددەس جايى ھېسابلىنىدۇ.

## تەڭرىتاغ ئورمان باغچىسى

بۇ باغچا دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى — تۆمۈر چوققىسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا جايلاشقان. بۇ يەردە مۇز تاغ، قارىغاي، يايلاق، دەريا ـ ئېقىن، ئاسمان ئۆز ئارا تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، كىشىگە ناھايىتى گۈزەل، ھەيۋەتلىك، ئارامبەخش تۇيغۇ بېرىدۇ. بۇ يەردىكى ياغاچ ئۆيلەر، قاشا، شىغىل يوللار ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، تەبىئىي مەنزىرە بىلەن سىڭىشىپ كەتكەن. 500 نەچچە ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان بۇ يەردە ياشاپ كۆپىيىدۇ، بۇ ھايۋاناتلار بەكمۇ ئەتىۋارلىق. تاغلارنى ئوراپ تۇرغان تاغلاق تۈزلەڭلىكى خۇددى ئىللىق، راھەتبەخش بۆشۈككە ئوخشايدۇ، تاغ ئارىسى جىلغىلار، ياپيېشىل ئوتلاقلار، ھەر خىل گۈللەرگە پۈركەنگەن.

سۇن زىچياڭ

ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 4136 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 10 مىڭ 34 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## ئونسۇ ناھىيىلىك شالچىلىق مەيدانى

ئونسۇ ناھىيىلىك شالچىلىق مەيدانى ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا، قۇمئېرىق دەرياسىنىڭ تىنما تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 114.3 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، تېرىلغۇ كۆلىمى 2540 گېكتار، سۇ، تۇپراق بايلىقى مول، ھاۋاسى ئىللىق. ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش تارمىقى بۇ جاينىڭ سۇ، تۇپراق، ھاۋاسى قاتارلىق ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئۆلگە ئېلىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق زىيانلىق تەركىبلەرنىڭ يوقلۇقىنى، شالچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەۋزەل شارائىتقا ۋە كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بېكىتتى. بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا شال تېرىش ئاساس قىلىنىدۇ، باشقا ئاشلىق زىرائەتتى، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىش، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق قاتارلىقلار قوشۇمچە قىلىنىدۇ. دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى شال تېرىلغۇ كۆلىمى 1506.67 گېكتارغا، بىر يىلدا ئېلىنغان سۈپەتلىك شال 14 مىڭ 900 تونىنغا يەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دېھقانچىلىق مەيدانى دۆلەتنىڭ زىيانسىز دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىش قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، «چيۇتيەن شياۋدىڭ»، «يۈگۇاڭ»، ئېپار گۈرۈچ، قارا گۈرۈچ قاتارلىق بازىرى ئىتتىك سورتلارنى كەسىپ قىلدى، بۇ مەھسۇلاتلار يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى بەرگەن يېشىل يېمەكلىك گۇۋاھنامىسى بىلەن يېشىل يېمەكلىك بەلگىسىگە ئېرىشتى، بۇ مەيدان دۆلەتنىڭ يېشىل يېمەكلىك سۈپەتلىك شالچىلىق بازىسىغا ئايلاندى.

## ئاتلىق كىنو قويۇش ئەترىتى

ئونسۇ ناھىيىلىك ئاتلىق كىنو قويۇش ئەترىتىنىڭ ئەكتى كىنو قويۇش 4 - ئەترىتى بولۇپ، 1965 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلغانىدى. 1966 - يىل 5 - ئايدا تۇنجى قېتىم تاغقا كىنو قويغىلى بارغان. تاغلىق رايوننىڭ كىنو قويۇش دائىرىسى شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 120 كىلومېتىر، كەڭلىكى 60 كىلومېتىر، بۇ جايدا يول يوق بولۇپ، پەقەت كۆچ يولىلا بار ئىدى، سەييارە كىنو قويغاندا ئاپپارات ئات، تۆگە، قوتازلارغا ئارتىلىپ ئېلىپ بېرىلاتتى. ئەينى ۋاقىتتا كىنو قويۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر يۈرۈش ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئېغىرلىقى 300 كىلوگرامدىن ئاشاتتى، ھەر يىلى تاغقا 2، 3 قېتىم كىنو قويۇشقا باراتتى، سەييارە ئويۇن قويۇش ۋاقتى بىر ئاي بولاتتى، بۇ جەرياندا 600 نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى مۇساپە بېسىلاتتى. 1966 - يىل 5 - ئايدا بۇ ئەترەت تۇنجى قېتىم تاغقا بېرىپ، تاغ جىلغىلىرىدا، كىگىز ئۆيلەردە كىنو قويدى، بۇنىڭ بىلەن تاغلىق رايوندىكى ئەزەلدىن كىنو كۆرەلمەيدىغان چارۋىچىلار كىنو كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

ھۆكۈمەتنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى بىلەن ئاتلىق كىنو قويۇش ئەترىتىنىڭ كىنو قويۇش ئۈسكۈنىلىرى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاندى، ئىشلىتىلىدىغان كىنو قويۇش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئېغىرلىقى بۇرۇنقى 300 نەچچە كىلوگرامدىن 100 كىلوگرامغا يېنىكلىتىلدى. قاتناش ئۈزلۈكسىز ياخشىلانغانلىقى، دۆلەت كۆچمە كىنو قويۇش ئاپتوموبىلى ھەدىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن كىنو تاغلىق رايوندىكى كىنو قويۇش نۇقتىلىرىغا بىۋاسىتە يەتكۈزۈلىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئۈسكۈنىلەرنى ئات بىلەن توشۇپ كىنو قويۇش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى. 38 يىلدىن بېرى 3 ئەۋلاد كىنو قويۇش ئەترىتىدىكى 11 خىزمەتچى خادىم ئاتلىق كىنو قويۇش ئەترىتىدە خىزمەت قىلىپ، تاغلىق رايوندىكى 12 كىنو قويۇش نۇقتىسىدا 1000 قىسىم كىنونى 4000 نەچچە مەيدان قويدى، كىنونى 200 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم) كۆردى، بۇ جەرياندا ئۇلار 250 نەچچە مىڭ كىلومېتىر يول يۈردى. 2003 - يىلى شىنجاڭ بويىچە شياۋداۋكاڭيۇ مۇكاپاتى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە «ئون بىر يۈرۈق نۇقتا قۇرۇلۇشى» دېگەن ئىلغار كوللېكتىپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

سۇن زىچياڭ

# كۇچا ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۇچا ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى گاڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇرېھىم ئايۇپ.

ھاكىم: ئېزىز مۇسا.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ليۇ چۈەنشەن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

كۇچا ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 9، يېزا 6.



ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ۋاڭ لېچۈەن 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە كۇچانى كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە: ۋاڭ لېچۈەن كۆكتات لاپىسىدا شۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ كۆكتات تېرىش ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكتە.

سۈرەتنى كۇچا ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.

يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 405 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 350 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 260 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.92، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.75. 34 مىڭ 360 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 15 مىڭ 340 گېكتار)، 33 مىڭ 360 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى كۇچا ناھىيىسى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 599 مىليون (نېفىتلىكنىڭ بىر قىسمى بۇنىڭ سىرتىدا) يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 642 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %4.9؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 936 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %44.3؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 21 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.7 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 196 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %18.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 698 مىليون يۈەن، باغۋەنچىلىك 135 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 249 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 214 مىڭ 100 توننا ئاشلىق، 44 مىڭ 200 توننا پاختا، 1285 توننا ياغلىق دان، 102 مىڭ 100 توننا مېۋە - چېۋە، 34 مىڭ 880 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 950 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 25 مىڭ توننا گۆش، 20 مىڭ توننا سۈت، 385 توننا تىۋىت، 80 توننا تۇخۇم 170 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1500 قۇتا پىلە بېقىلدى، 27.8 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. 9800 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلغان يەر 2500 گېكتارغا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 295 مىليون يۈەنگە، يارانقان ساپ پايدىسى 12 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 132 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 562 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %2.35 ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 420 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %43.4 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 187 مىڭ 200 توننا دىزېلىن، 7900 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز، 333 مىڭ 200 توننا ئاسفالت، 15 مىڭ 500 توننا پارتلاتقۇچ دورا، 1 مىليون 250 مىڭ توننا كۆمۈر، 189 مىڭ توننا سېمونت، 6500 توننا سۇ يېغى، 12 مىڭ توننا تەييار ماگنىي رۇدىسى، 46 مىليون 160 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 5 مىليون 260 مىڭ توننا تورۇبا سۇيى، 69 مىڭ توننا بۇغداي ئۇنى، 2 توننا پېچىنە - پىرەنىك، 123 توننا ئىچىملىك - هاراق، 235 مىليون دانە خىش، 7199 توننا كۆمۈر قارىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 31 مىڭ 597 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 45 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 39 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 621 مىليون 430 مىڭ يۈەن، ئۆزگەرتىش - يېڭىلاشقا سېلىنغىنى 132 مىليون 960 مىڭ يۈەن. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 415 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 35 مىڭ 503 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 13 مىڭ 296 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 27 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 1391 گە يەتتى. 194 مىڭ 800 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 15 مىليون 200

مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 213 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %28 ئاشتى، يەرلىك مالىيە چىقىمى 358 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 220 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار، يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 1 مىليارد 420 مىليون 810 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 140 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 22 مىليون 324 مىڭ يۈەنگە، بېرىلگەن تۆلەم 8 مىليون 526 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 7629، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1335. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 147؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 16، ئوقۇغۇچىسى 34 مىڭ 700 (مىللىي 30 مىڭ 960)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 34 مىڭ 700 (مىللىي 30 مىڭ 960)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 204، ئوقۇغۇچىسى 56 مىڭ 300 (مىللىي 51 مىڭ 218)؛ بالىلار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 684. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 5190 (مىللىي 4652). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 20 سەھىيە ئاپپاراتى، 1005 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 914 كارىۋات بار.

2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى 2 تۈردە 1 ـ لىككە، بىر تۈردە 2 ـ لىككە، 2 تۈردە 3 ـ لىككە ئېرىشتى.

2003 ـ يىلى كۇچا ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2772.8 يۈەنگە، ئورۇنلاردىكى كەسپكارلارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق پۇل مائاشى 11 مىڭ 640 يۈەنگە يەتتى.

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 11 مىڭ 465 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 13 مىڭ 251 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 14 مىڭ 594 ئىشچى ـ خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى لياۋنىڭ خىمىيۋى ئوغۇت كارخانىسى «خۇاجىڭ» گۇرۇھى 1 مىليارد 16 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان يىرىك خىمىيۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش تۈرىگە كۇچا سانائەت باغچە رايونىدا داغدۇغىلىق ئۇل سېلىندى.

★ 11 ـ ئايدا كۇچا ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىنجاقىنى پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» ئىلغار ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ 1 مىليارد 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، يىلىغا 500 مىڭ توننا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان «يېشىل قارىغاي» بىناكارلىق سانائىتى كۇچا سېمونت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىندى. مەزكۇر تۈر كۇچا بىلەن بىكتۇەن ئىقتىسادىنىڭ بىرىككەنلىكىنىڭ مۇھىم نەتىجىسى.

★ 2003 ـ يىلى كۇچا ناھىيىسى تۇنجى بولۇپ جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى 100 كۈچلۈك ناھىيە، شەھەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، كۇچا ناھىيىسى 99 ـ ئورۇندا تۇردى.

كۇچا ناھىيىلىك پارتكوم تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى.

# شايار ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شايار ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۈن شىڭجيې (1 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، فەن زوڭمىن (1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختى بەكرى.

ھاكىم: مۇتەللىپ روزى.

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئوسمان ساماق.

## ئاساسىي ئەھۋالى

شايار ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىغا، ئۆگەن دەرياسى بوستانلىقى تۈزلەڭلىكىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 832 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىكتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 207 مىڭ 160 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 173 مىڭ 140)، يېزا نوپۇسى 165 مىڭ 925؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰19.4، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰16.7. ناھىيە بويىچە 47 مىڭ 400 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 23 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 10 مىڭ 700 گېكتار)، 30 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 1070 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 19 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 523 مىليون 850 مىڭ

يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 6.1%؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 115 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.4%؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 380 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 21.7% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 944 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 5.64% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 757 مىليون 230 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 25 مىليون 160 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 138 مىليون 60 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 4 مىليون 160 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 151 مىڭ 428 توننا ئاشلىق، 53 مىڭ 600 توننا پاختا، 621 توننا ياغلىق دان، 10 مىڭ 545 توننا كۆكتات، 30 مىڭ 400 توننا مېۋە-چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 662 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 9200 توننا گۆش، 605 توننا يۇڭ، 2700 توننا سۈت، 2442 توننا تۇخۇم، 500 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1860 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا، بازار كارخانىسى 3843 كە، مەھسۇلات قىممىتى 256 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 65 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان ساپ پايدىسى 8 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 107 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 199 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 1.7%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 61 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.3% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 3730 توننا پاختا يىپ، 38 مىڭ 400 توننا ساپ پاختا، 10 مىڭ 505 توننا سۇ يېغى، 298 توننا چۈچۈكبۇيا، 633 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 24 مىڭ توننا ئۇن، 1 مىليون 440 مىڭ توننا تورۇبا سۈيى، 700 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 49 مىليون 362 مىڭ 800 كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 35 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 71 مىڭ 63 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 54 مىڭ 903 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 194 مىليون 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 24 مىليون 530 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 8135 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 5097گە، كىچىك زېرەك ئابونېنتى 1638 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 17 مىڭ 5 كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 420 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 234 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 898 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار، يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 605 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ قالدۇق 736 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 72 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 55.6%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 220 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 41.8% ئاشتى. ناھىيە بويىچە سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 17 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3503، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانى بارلار 36، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 638. ناھىيە بويىچە ھەر خىل مەكتەپ 153، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 136. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1778 (مىللىي 1161)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 400 (مىللىي 12 مىڭ 838)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 29 مىڭ 397 (مىللىي 25 مىڭ 251). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2188 (مىللىي 1738). بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 489. ناھىيە بويىچە مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98.3% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 97.5% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 تىببىي سەھىيە ئاپپاراتى، 284 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 366 كارىۋات بار.

2003 ـ يىلى شايار ناھىيىسى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2690.56 يۈەنگە، ئىدارە ـ ئورگانلاردىكى كەسىپكارلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 227 يۈەنگە يەتتى.

2003 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 5484 ئىشچى- خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 4350 ئىشچى- خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 9852 ئىشچى ـ خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شايار ناھىيىسى تەۋەسىدە بىر ئادەم ئۆلۈش، 27 ئادەم ئېغىر يارىلىنىشتەك زور قاتناش ۋەقەسى يۈز بەردى.

★ 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ناھىيە مائارىپىنىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

ۋاڭ شىندۇڭ

# «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، شايار خەلقى ئۈچۈن بەخت يارىتايلى

ج ك پ شايار ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: فەن زوڭمىن



شايار ناھىيىسى چەت جايغا جايلاشقان بولۇپ، قاتتىق يېپىق ھالەتتە تۇرىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 200 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقان، چارۋىچىلار %80 تىن كۆپرەكنى ئىگىلەيدۇ. يېزا ئىگىلىكىدە چوڭ ناھىيە، سانائەتتە كىچىك ناھىيە، مالىيىدە نامرات ناھىيە.

1993 - يىلى شايار ناھىيىلىك پارتكوم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا، شايار ناھىيىسىنىڭ 90 - يىللاردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي پىكىر يولىنى تۈزۈپ چىقتى؛ ئۇ يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس، بازارنى يېتەكچى، ئۆز يېرىنىڭ بايلىقىنى يۆلەك، نېفىت ئۆزلەشتۈرۈشنى پۇرسەت قىلىپ، ئىختىساسلىقلار، مەبلەغ، تېخنىكىنى پائال كىرگۈزۈش؛ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرىكى، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى، ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت تۈرلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش؛ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش؛ نېفىتلىككە ياردەم بېرىش تۈرلىرى ۋە ئىككى باش سىرتتا بولغان (يەنى خام ئەشيا، بازار سىرتتا بولغان) تۈرلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەت، كوللېكتىپ، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەڭ

يۈكسەلدۈرۈشتەك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ، شايارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات يولىدا مېڭىشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق يېتەكچى ئىدىيە، ئاساسىي پىكىر يولىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يولغا قويۇلۇشى شايار ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ئەڭ ياخشى تەرەققىيات ئاساسى سالدى. 2003 - يىلى شايار ناھىيىسى «بىر ئاق، بىر قارا، بىر يېشىل» دىن ئىبارەت ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويدى.

بىر ئاق: بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش، پاختىچىلىق كەسپىنى سەرخىللاشتۇرۇش ۋە كۈچەيتىش. بىرىنچىدىن، پاختىچىلىق كەسپىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، بازار رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىپ، پاختىچىلىق كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش؛ ئۈچىنچىدىن، پاختىچىلىق قۇرۇلۇشنى تېزلىتىپ، ماركا ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت.

بىر قارا: مول نېفىت - گاز بايلىقىنى ئېچىشقا تايىنىپ، 2 - ۋە 3 - كەسىپنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. بىرىنچىدىن، دۆلەتنىڭ سىياسىتىدىن تولۇق ھەم جانلىق پايدىلىنىپ، يەرلىك مالىيە كىرىمىنىڭ تېز ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئىككىنچىدىن، نېفىت - تەبىئىي گاز بايلىقىغا تايىنىپ، نېفىت - تەبىئىي گاز خىمىيە سانائىتىنىڭ ئىككىلەمچى مەھسۇلاتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە دائىر تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى تېزلىتىش؛ ئۈچىنچىدىن، نېفىت ئېلىشنى زىچ چۆرىدەپ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىنى تېزلىتىپ، 3 - كەسىپنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش.

بىر يېشىل: «يېشىل ئېكولوگىيە، يېشىل ساياھەت، يېشىل يېمەكلىك» نى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى چۆرىدەپ، «يېشىل ماركا» بەرپا قىلىش، «ئۆزگىچە يولدا» مېڭىشتا چىڭ تۇرۇش. بىرىنچىدىن، تارىم دەرياسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى جەھەتتىكى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىك ئۇل مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشنى

كۆچەيتىش؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزگىچە ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، ساياھەتچىلىكنىڭ زور تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، 3 - كەسىپنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش؛ ئۈچىنچىدىن، ئاساسلىق ھۇجۇمنى چارۋىچىلىققا قارىتىپ، چارۋىچىلىقنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى ئومۇمىي مىقدارىدىكى سالمىقىنى ئۆستۈرۈش؛ تۆتىنچىدىن، باغۋەنچىلىك كەسپىنى ئىمكانقەدەر تېز يېتىلدۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى يېزا ئىگىلىك ئۇنۇمى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرىدىغان يەنە بىر يېتەكچى كەسىپكە ئايلاندۇرۇش؛ بەشىنچىدىن، بازا بەرپا قىلىپ، ماركا يارىتىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، باشلامچى كارخانىلارنى يېتىلدۈرۈپ، ئاشلىق كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش.

ئاساسلىق ئۇسۇللىرىمىز مۇنۇلار:

1. ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سىجىل تەرەققىيات ئاساسىنى پۇختىلىدۇق.

ئىختىساسلىقلار كەمچىل، يېزا - كەنت كادىرلىرىنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولۇش شايارنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى. شايار ناھىيىسى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاۋۋال «كەنت كادىرلىرى ئارىسىدا ئوتتۇرا تېخنىكوم ساپا مائارىپى قۇرۇلۇش»نى يولغا قويۇپ، يۈزدىن كۆپرەك كەنت دەرىجىلىك كادىرنى ئۆگىنىشكە قاتناشتۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈردى. 2003 - يىلى شايار ناھىيىسى سىياسىي، مەدەنىيەت ساپاسى ياخشى 50 مۇنەۋۋەر ياش دېھقاننى تاللاپ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپىگە 2 يىللىق ئەمەلىي تېخنىكا بويىچە تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتتى، پەن-تېخنىكا بويىچە تېرىقچىلىق قىلىدىغان بىر تۈركۈم ماھىرلارنى نۇقتىلىق تەربىيىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار دېھقان-چارۋىچىلارنى بېيىتىدىغان باشلامچىلاردىن بولۇپ قالدى.

شايار ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى 2003-يىلدىن باشلاپ، ھەر يىلى ناھىيە مالىيىسىدىن 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، كەنت ئاھالە كومىتېتى ۋە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلارغا بىر تۇتاش مائاش تارقىتىپ بەردى. ناھىيىلىك پارتكوم يەنە خىزمەت نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان 9 كەنت دەرىجىلىك كادىرنى دەرىجە ئاتلىتىپ يېزا رەھبىرى قىلىپ ئۆستۈردى. بۇ تەدبىر كەنت كادىرلىرىنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى، قىسمەن يېزا - بازارلاردا ھېچكىم «كەنت ئەمەلدارى» بولۇشنى خالىماسلىقتەك ۋەزىيەت ئۆزگەرتىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شايار ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى يېزا - بازارلارنىڭ «بەش كىچىك قۇرۇلۇشى»نى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزدى. 2003 - يىلى 2 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، يېزا - بازارلاردا كىچىك ياتاق، كىچىك ئورگان ئاشخانىسى، كىچىك مونچا، كىچىك قىرائەتخانا، كىچىك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەت سورۇنى قۇردى. ئازادە خىزمەت، ئۆگىنىش، تۇرمۇش مۇھىتى يېزا-بازار كادىرلىرىنىڭ كۆپ يىللىق «قاتناپ ئوقۇش» تەك جاھىل كېسىلىنى تۈپتىن ساقايتتى.

ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «4211» خىزمەت مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە يولغا قويۇپ، چەت يىراق يېزا - بازار كادىرلىرىنى نۆۋەت بىلەن ئىشقا قويۇش، نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىنىش، نۆۋەت بىلەن دەم ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەم ئىش ئورنىدا چېنىقتى ھەم نەزەرىيىۋى بىلىمىنى بېيىتتى ۋە جىسمانىي كۈچىنى ئاشۇردى. ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى مۇددەت ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ يېزا پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى باشلاپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۆز قارىشى كۆچەيدى، پىكىر يوللىرى كېڭەيدى.

2003 - يىلى شايار ناھىيىلىك پارتكوم تەلىم - تەربىيە يىلىنى بېكىتتى. شايار ناھىيىسى ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك ئورۇننىڭ تەلىم - تەربىيىسىگە تەخمىنەن 26 مىليون 660 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇ ئالدىنقى 10 يىلدا سالغان مەبلەغنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىغا تەڭ كېلىدۇ. ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىدە يىراق مۇساپىلىك تەلىم - تەربىيە بازىسى قۇردى. ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش بىناسى سالدى، قىسمەن يېزا - كەنتلەردىكى مەكتەپلەرگە كومپيۇتېر سەپلەندى. شايار ناھىيىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىككى ئاساسەن» تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى.

2003 - يىلى شايار ناھىيىسى 2 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، سىملىق تېلېۋىزىيە تورىنى يېڭىلاپ، رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش كۆلىمىنى كېڭەيتتى.

2003 - يىلى «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، يۇقۇملۇق كېسەللىك كېسەلخانىسىنى ئۆزگەرتتى ۋە ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش مۇئەسسەسەلىرىنى يېڭىلىدى، يېزا-بازار شىپاخانىلىرىدىكى داۋالاش تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ۋە شەھەر - بازار تازىلىق ئىشچىلىرىنىڭ مائاشىنى ئۆستۈردى.

2. يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى،

يېزىلارنىڭ ئىقتىسادى تېز ئاشتى.

2003 - يىلى شايار ناھىيىسى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتا ياخشى سورتلارنى كېڭەيتىش، سورت ياخشىلاش، ئاشلىقنى باشقا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىشنى چىڭ تۇتۇش، پاختىچىلىقتا سورت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، بىرلىك ھوسۇلىنى ئۆستۈرۈش، تەننەرخىنى تېجەپ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلدى، ناھىيە بويىچە 30 مىڭ گېكتار يەردىكى كېۋەزنىڭ ھەممىسىدە كەڭ ئەنلىك يوپۇق يېيىپ تېخىمۇ زىچ ئۆستۈرۈش ئەندىزىسى قوللىنىلدى، زاكاز قىلىنغان يەر كۆلىمى 20 مىڭ گېكتارغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 26.67 گېكتار يەردە يېڭىدىن لاپاس ۋە پارنىك ياسالدى. ناھىيە بويىچە 13 مىڭ 300 گېكتار يەرگە زىرە، قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات، ياغلىق دان قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆز يېرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ كىرىشتۈرۈپ تېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ تېرىقچىلىق كۆلىمى كۆپەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شايار ناھىيىسى چارۋىچىلىقنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىشنى يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، چارۋىچىلىق بىلەن باغۋەنچىلىك كەسپىنى توغرا ئورۇنغا قويدى.

2003 - يىلى شايار ناھىيىسى باشلامچى كارخانىلارنى يېتىلدۈرۈش ۋە كىرگۈزۈشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسپلىشىش تەرەققىياتىنى تېزلەتتى. ئاشلىق، پاختا، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك كەسپى بويىچە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرىكى، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى، ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتنى چۆرىدەپ يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت باشلامچى كارخانىلارنى يۆلىدى، دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىن 9 نى قۇردى، دېھقانچىلىق ماھسۇلاتلىرىنى ساتىدىغان چوڭ ئورۇندىن 20 نى كۆپەيتتى، بۇ ئورۇنلار تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، باقمىچىلىق يېزىلاردىكى 2 - ۋە 3 - كەسپلەرگە تەسىر كۆرسەتتى. ماركا ئېڭى ئۆستۈرۈلۈپ، «يېشىل تارىم» ماركىلىق زىرە، «ئاقبەل» ماركىلىق قوغۇن، «يافېڭ» ماركىلىق ئۇرۇق، «گۈزەل ھەسەن - ھۈسەن» ماركىلىق پاختا يىپتىن ئىبارەت 4 خىل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنىڭ تاۋار ماركىسىنى رويخەتكە ئالدۇردى، «تەڭرىتاغ قارى» ماركىلىق تۈۋت، «تەكلىماكان» قوي گۆشى، «شايار قىزىلى» ماركىلىق ئۈزۈمنى رويخەتكە ئالدۇرۇش ئىشى پائال تۈردە يۇقىرىغا يوللاندى.

2003 - يىلى شايار ناھىيىسى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇردى، توقسۇ - شايار، كۈچا - شايار تاشيولىنىڭ ئىككى ياقىسى ۋە غول ئۆستەڭنىڭ ئىككى ياقىسىدا يېشىل كارىدور قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلدى.

2003 - يىلى شايار ناھىيىسى يېزا ئىگىلىك ئۇل مۇئەسسەسە ۋە نۇقتىلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا تارىم دەرياسىنى تۈزەش تۈرىدىكى 24 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان سۇ سىڭمەس قۇرۇلۇش تۈرىنى تەكشۈرۈپ، تەستىقلاش ۋە 84 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان چاۋرىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوتلاقلارنىڭ سۇ مەنبەسىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق پىلانلاش خىزمىتىنى تاماملىدى. 7 مىليون 860 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ 9 ئورۇندا يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى ياخشىلاپ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى؛ 6 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ 86.116 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى ياسىدى. 80 نەچچە مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ داجەي سۇ ئامبىرىنى سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، داجەي سۇ ئامبىرىدىن سۇغىرىلىدىغان رايونلارنى سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىن توسمىسى قۇرۇلۇشى ۋە 10 ئېكولوگىيىلىك توما قۇرۇلۇشى يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالدى.

3. سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، بازارلارنىڭ ئىقتىسادى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى.

2003 - يىلى شايار ناھىيىسى «مەھەللىۋى ئۇسۇلدا بايلىق يارىتىش، سىياسەت جەھەتتە سودىگەر چاقىرىش» يولىدا مېڭىپ، سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمىتىنى «بىرىنچى نومۇرلۇق قۇرۇلۇش» قاتارىدا تۇتۇپ، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلىدى. «ئەھۋالغا قاراپ سودىگەر چاقىرىش، سودىغا قاراپ خېرىدار چاقىرىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىشتىن ئىبارەت يېڭى ساھەنى تىرىشىپ ئاشتى. پاختا توقۇمىچىلىق، ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش، مېۋە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى ئاساس قىلىنغان بازارلارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەسىگە مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ئاشۇردى. كۆممىقوناق كىراخمال زاۋۇتى، پار بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش زاۋۇتى، مۇقىم قۇشخانا، «ئالتۇن كۆۋرۈك» دېھقانچىلىق سودا بازىرى، «كۈمۈش بۇغا» رېستورانى، تارىم دەرياسى سودا شەھەرچىسى قاتارلىق 13 تۈرنى كىرگۈزدى، پۈتتۈشۈش سوممىسى 158 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بولۇپمۇ شىنجاڭ «توڭلىيۈەن»

يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان 60 مىڭ تونىلىق كۆمۈسقوناق كراخمال زاۋۇتى ئوۋۇتقا شىنجاڭ بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ كراخمال زاۋۇتى ھېسابلىنىدۇ.

«نېفىتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولى بىلەن ناھىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ناھىيە نېفىت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش» تىن ئىبارەت خىزمەت پىكىر يولىدا چىڭ تۇرۇپ، نېفىتلىك رايوننى باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، نېفىتلىك بىلەن يەرلىك ئورۇن بىرلىكتە بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە نېفىت ئۆزلەشتۈرگۈچى ئورۇنلار شايار ناھىيىسى تەۋەسىدە ھەر خىل نېفىت - گاز تەكشۈرۈش - ئېچىش قۇدۇقىدىن 156 نى، نېفىت قۇدۇقىدىن 49 نى قېزىپ، بىر يىلدا 1 مىليون 250 مىڭ توننىدىن ئارتۇق خام نېفىت ئىشلەپچىقاردى. 2003 - يىلى 7 ئورۇن شايارغا كېلىپ گېئو فىزىكىلىق تەكشۈرۈش مەشغۇلاتى ئېلىپ باردى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىلمىي دەلىللىشى ئارقىلىق 5 قۇدۇق باھالاپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 قۇدۇقتا ئارقا - ئارقىدىن زور بۆسۈش بولدى، خادى نېفىتلىكىنىڭ تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ تۇنجى 100 مىليون تونىلىق چوڭ نېفىتلىكى بولۇپ قېلىشىدىن ئۈمىد بار. نېفىت ئۆزلەشتۈرۈش شايار ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى، شايار ناھىيىسى ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

2003 - يىلى شايار ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ باسقۇچلۇق نىشانىنى بېكىتىپ چىقتى: ئۇ بولسىمۇ 2005 - يىلىغا بارغاندا ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 1 مىليارد 293 مىليون يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنى 3182 يۈەنگە يەتكۈزۈش؛ 2010 - يىلىغا بارغاندا ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 2 مىليارد 277 مىليون يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنى 5000 يۈەنگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت.

شايار ناھىيىسىنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول بولۇپ، ھەر خىل ئىشلار تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرماقتا، كەڭ دائىرىدە ئېچىۋېتىش، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت غايەت زور كۈچ يوشۇرۇنۇپ ياتماقتا، شايارنىڭ كەلگۈسى جەزمەن تېخىمۇ گۈزەل بولغۇسى.

# توقسۇ ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ باۋشېڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەخمەت رەخمەت.

ھاكىم: ئەنۋەر مۆمىن.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: بارات ھەسەن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

توقسۇ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، ئۆگەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 794 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 799 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 142 مىڭ 822 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 133 مىڭ 781)، يېزا نوپۇسى 109 مىڭ 403؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 19.54‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.48‰. ناھىيە بويىچە 29 مىڭ 640 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 14 مىڭ 840 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 6510 گېكتار)، 14 مىڭ 800 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 350 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى توقسۇ ناھىيىسى بويىچە (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 598 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 382 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 9.6%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 81 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.8%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 134 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.7% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 643 مىليون 731 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 10.8% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 485 مىليون 630 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 73 مىليون 490 مىڭ 600 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 83 مىليون 880 مىڭ 600 يۈەن،

بېلىقچىلىقنىڭ 730 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 93 مىڭ 56 توننا ئاشلىق، 1012 توننا ياغلىق دان، 24 مىڭ 200 توننا پاختا، 22 مىڭ 702 توننا مېۋە - چېۋە، 2567 توننا بېدە ئېلىندى. 5100 توننا گۆش، 365 توننا يۇڭ، 1502 توننا سۈت، 918 توننا تۇخۇم، 90 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4847 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 123 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان ساپ پايدىسى 25 مىليون 928 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 62 مىڭ 900 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 116 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 24.3% ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 36 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.2% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 4374 توننا سۇ يېغى، 15 مىڭ توننا بۇغداي ئۇنى، 6.5 توننا ئاق ھاراق، 1 مىليون 616 مىڭ توننا تورۇبا سۈيى، 185 توننا جياڭيۇ ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 31 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 37 مىڭ 958 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 20 مىڭ 800.5 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 114 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 46 مىليون 820 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 5 مىليون 500 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 8219 غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 7843 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 9983 كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 401 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 150 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 39 مىڭ 600 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 2 مىليون 452 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 18 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 8.9% ، يەرلىك مالىيە چىقىمى 124 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 4.6% ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 487 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، بېرىلگەن تۆلەم سوممىسى 3 مىليون 108 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3989، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 533، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ 94، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 849 (مىللىي 10 مىڭ 307)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 871 (مىللىي 17 مىڭ 895)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 280. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2129 (مىللىي 1944). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 97% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 سەھىيە ئاپپاراتى، 401 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 334)، دوختۇرخانىلاردا 365 كارىۋات بار.

2003 - يىلى تۇقسۇ ناھىيىسى بويىچە بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 2254 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1991 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2254 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1927 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پۇل مائاشى 12 مىڭ 139 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 5022 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2236 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 8016 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تۇقسۇ ناھىيىسى بىلەن «دېلكىس» شىنجاڭ دېخۇي گۇرۇھى شىركىتى تۇر ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، توقسۇ ناھىيىسىدە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە يېمەكلىك ئۈزۈمى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇردى.

ليۇ جىنمىڭ، سۇ ۋېي

## باي ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ باي ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جياڭ خۇي.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەمەت يۈسۈپ.

ھاكىم: دىلشات كېرەم.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرۇسۇل گايىت.

### ئاساسىي ئەھۋالى

باي ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي

ئېتىكىگە، چۆلتاغنىڭ شىمالىي چېتىدىكى تاغ ئارىسى ئويمانلىقىغا، ئۆگەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىم ۋادىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 860 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 10. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 204 مىڭ 473 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 178 مىڭ 39)، يېزا نوپۇسى 167 مىڭ 85؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.86، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.25. ناھىيە بويىچە 43 مىڭ 370 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 24 مىڭ 690 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېتىز تېرىلغۇ كۆلىمى 300 گېكتار)، 16 مىڭ 540 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېتىز تېرىلغۇ كۆلىمى 1690 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 921 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 336 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %4.63؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 303 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %27.41؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 282 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.67 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 589 مىليون 61 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %4.6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 377 مىليون 967 مىڭ 500 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 37 مىليون 809 مىڭ 500 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 155 مىليون 570 مىڭ 800 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 17 مىليون 714 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 181 مىڭ 937 توننا ئاشلىق، 3900 توننا پاختا، 9576 توننا ياغلىق دان، 96 مىڭ توننا قىزىلچا، 17 مىڭ 500 توننا مېۋە - چېۋە، 37 مىڭ 425 توننا كۆكتات، 20 مىڭ 880 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 825 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 12 مىڭ 710 توننا گۆش، 1104 توننا يۇڭ، 123 مىڭ 600 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 424 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 4351 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 377 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، تىجارەت كىرىمى 325 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 107 مىڭ 636 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 521 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %27.79، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 208 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %25.01 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 300 مىڭ توننا كۆمۈر، 120 مىڭ توننا كوكس، 660 مىليون 530 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 850 توننا يېقىلغۇ ماي، 2032 توننا دىزېلىن، 3000 توننا سۇ يېغى، 30 مىڭ توننا بۇغداي ئۇنى، 402 توننا گۈرۈچ، 11 مىڭ 432 توننا تۆمۈر قېتىشمىسى، 1732 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 960 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 29 مىڭ 200 توننا سېمونت، 16 مىليون 600 مىڭ دانە خىش، 2462 كۇب مېتىر سېمونت ستولبا، 1508 توننا تۇز ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 50 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان تۈر 33، خەبەردار بولۇپ ھۆددىگە ئېلىنغان كۆلەم 469 مىليون 300 مىڭ كۋادرات مېتىر، پۈتكەن تۈر 21.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 265 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 220 مىليون 620 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 18 مىليون 650 مىڭ يۈەن. بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 8789 غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 4380 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 226 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 86 مىڭ 304 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 3 مىليون 600 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 40 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %13.8؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 197 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.5 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 605 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ سۇغۇرتا كەسپىدىن قىلغان كىرىمى 13 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا بويىچە بېرىلگەن ھەر خىل تۆلەم ۋە چىقىم 3 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 4944 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى (تەكلىپ قىلىنمىغان 932 خادىممۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 48، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 873. ناھىيە بويىچە ھەر خىل مەكتەپ 178، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى 2، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 21، ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 150، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 5؛ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 46 مىڭ 745، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1946 (مىللىي 1498)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 797 (مىللىي 15 مىڭ 80)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 28 مىڭ 2 (مىللىي

23 مىڭ 984)؛ تەييارلىق سىنىپىدىكى بالا 956 (مىللىي 492)؛ بالىلار باغچىسى 5، باغچىدىكى بالا 320. مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2451. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %87 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 19 سەھىيە ئاپپاراتى، 447 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 296)، دوختۇرخانىلاردا 425 كارىۋات بار.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرىدىن 15 ئادەم (قېتىم) مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۆيۈشتۇرغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى چېلىشىش مۇسابىقىسىدا باي ناھىيىسى كوماندىسى 3- لىككە ئېرىشتى؛ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 4 - نۆۋەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسىدە باي ناھىيىسى كوماندىسى 1 - بولدى.

2003 - يىلى باي ناھىيىسى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1. 2145 يۈەنگە، ئىدارە - ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 847 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 6427 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 6905 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 11 مىڭ 761 كىشى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## كۆممىقوناق ئۇرۇقى ئىچكى ئۆلكىلەرگە سېتىلدى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باي ناھىيىسى «شىركەت + دېھقانلار ئائىلىسى + بازا ۋە بازار» دىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، ئۇرۇقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇردى. 2002 - يىلى ناھىيە بويىچە 33. 233 گېكتار يەردە 1200 توننا كۆممىقوناق ئۇرۇقى ئېلىندى، 1 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پايدا يارىتىپ، 500 دىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئۇرۇق تەييارلاش ئارقىلىق كىرىمىنى ئاشۇردى. بۇ ناھىيە ئىشلەپچىقارغان «تيەنباۋ ماركىلىق» SC704، نوڭدا P01، جىڭزاۋ - 8، شيۇ، شېندەن - 16 قاتارلىق 10 خىلدىن ئارتۇق بالدۇر، ئارا، كېيىن پىشار كۆممىقوناق سورتلىرىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 6 ۋىلايەت، شەھەر، ئوبلاستقا ساتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە خېبېي، شەنشى، خېيلۇڭجياڭ، جىلىن، لياۋنىڭ، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردىن كەلگەن سودىگەرلەر باي ناھىيىسى بىلەن 2003- يىلى 1500 توننىدىن ئارتۇق كۆممىقوناق ئىشلەپچىقىرىش- سېتىش توختامى تۈزدى، شۇنىڭدىن باشلاپ باي ناھىيىسى 2003 - يىلدا پۈتۈنلەي زاكاز بويىچە ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە تېرىلغان كۆممىقوناق كۆلىمى كېڭىيىپ 1000 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە لياۋنىڭ، شەنشى، خېبېي قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ۋاكالىتەن يېتىشتۈرگەن كۆممىقوناق شالغۇت سورتى تېرىلغان كۆلەم 3 تىن 2 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. كۆممىقوناق ئۇرۇقچىلىق بازىسى ناھىيىدىكى 4 يېزا، 20 كەنتتىكى 3500 دىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسىگە چېتىلدى.

2003 - يىلغىچە باي ناھىيىسى شىنجاڭدىكى شالغۇت كۆممىقوناق ئۇرۇقى بازىسىغا ئايلاندى. ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتىگە ش ئۇ ئا ر ئۇرۇق باشقۇرۇش باش پونكىتى شىنجاڭدىكى ئۇرۇق سۈپىتى بويىچە ئىشەنچلىك 10 ياخشى كارخانا دېگەن نامنى بەردى. بۇ كارخانا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە كۆممىقوناق ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش بازىسى بولۇپ قالدى.

## يۈز يىللىق قەدىمىي دەرەخلەرگە نوپۇس تۇرغۇزۇلدى

2003 - يىل 7 - ئايدا باي ناھىيىسى ناھىيە تەۋەسىدىكى يېشى 100 يىلدىن ئاشقان دەرەخلەردىن قارىياغاچ، ئۈژمە، ياڭاق، سۆگەت، قارا تېرەك قاتارلىق دەرەخلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، تىزىملاپ، نومۇر قويۇپ، رەسىمگە تارتىپ، ئۇلارغا «نوپۇس» تۇرغۇزدى، ئېلېكترلەشكەن باشقۇرۇشنى يولغا قويدى ھەمدە قەدىمىي دەرەخ، داڭلىق دەرەخلەرنى قوغدايدىغان ئورۇن ۋە خادىملارنى بېكىتتى. تاغلىق رايونلاردىكى ئىپتىدائىي ئورمانلاردىن سىرت باي ناھىيىسىدىكى قەدىمىي دەرەخ، داڭلىق دەرەخلەر ئارىسىدا يېشى 150 تىن ئاشقانلىرى 100 نەچچە تۈپكە يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە سايرام بازىرىدىكى بىر تۈپ ياڭاق دەرىخى، باي ناھىيىسى بازىرىدىكى بىر تۈپ سۆگەت دەرىخىنىڭ يېشى 400 يىلدىن ئاشىدۇ.

## مىليون توننىلىق كۆمۈرنى كوكسلاشتۇرۇش تۈرىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى

2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى باي ناھىيىسى شىنجاڭ «توڭباۋ» مۇلۇك مەبلەغ سېلىش باشقۇرۇش «گۇرۇھى» شىركىتى، شىنجاڭ خەلقئارا ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى بىلەن 1 مىليون 500 مىڭ توننا كۆمۈرنى كوكسلاشتۇرۇش كەسپىي ئېكسپورت بازىسىغا مەبلەغ سېلىش قۇرۇلۇشى تۈرى بويىچە كېلىشىمنامە ئىمزالىدى.

بۇ تۈرگە تەخمىنەن 500 مىليون يۈەن مەبلەغ

سېلىنىدۇ، بۇ تۈر 3 قارارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ: 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشقا 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 500 مىڭ توننىغا يېتىدۇ، بۇ قۇرۇلۇش 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا باشلاندى، 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. 2 -، 3 - قارارلىق قۇرۇلۇشقا 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، كوكس زاۋۇتىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 500 مىڭ توننىدىن ئاشىدۇ، پاي كونترول، پاي قوشۇش ۋە باشقا يۇغۇرۇلما مەبلەغ ئۇسۇلى ئارقىلىق بىر تۈركۈم كوكس ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى ۋە كانلار ئۆزگەرتىلىدۇ ۋە يېڭىدىن قۇرۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ناھىيىنىڭ كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارىنى «10 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى ئاساستا بىر قاتلاشقا تۈرتكە بولىنىدۇ، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 3 مىليون توننىغا يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ تۈرگە مەبلەغ سېلىش پىلانى 2006 - يىلى ئاساسەن تاماملىنىدۇ.

## جۇڭگودىكى ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ماكانى

باي ناھىيىسى ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۆزگىچە تەبىئىي شارائىت ۋە ئوتلاق بايلىقى ئەۋزەللىكىگە ئىگە. ناھىيە بويىچە 2003 - يىلدىكى تەبىئىي ئوتلاق كۆلىمى 700 مىڭ گېكتار. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا باي ناھىيىلىك قوي فېرمىسى ئاۋستىرالىيە - ئامېرىكا قويى قان تېپىنى كىرگۈزۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا باشلامچى بولۇپ جۇڭگو مېرىنوس (جەنۇبىي شىنجاڭ تىپى) ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي نەسلىنى يېتىشتۈردى ھەمدە ناھىيە بويىچە كۆپەيتتى ۋە ئومۇملاشتۇردى. 2000 - يىلى باي ناھىيىسىدە سۈپەتلىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ئىشلەپچىقىرىش جەمئىيىتى قۇرۇلدى ھەمدە ش ئۇ ئا ر «ساپالى» ماركىلىق ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى ئىشلەپچىقىرىش جەمئىيىتىگە ئەزا بولدى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيىلىك قوي فېرمىسى باشلامچى، 13 يېزا - بازار چارۋىچىلىق فېرمىسى بازا، دېھقانچىلىق رايونىدىكى 1000 نەچچە باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىسى تور قىلىنغان «باشلامچى+ بازا + دېھقان ئائىلىسى» دىن ئىبارەت كەسىپلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى شەكىللەندى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە باي ناھىيىسى بويىچە قولدا قالغان جۇڭگو مېرىنوس (جەنۇبىي شىنجاڭ تىپىدىكى) ئادەتتىكى ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى 472 مىڭ 900 تۇياققا يېتىپ، ئومۇمىي چارۋىنىڭ %58 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۈپەتلىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي 76 مىڭ 800 تۇياق؛ بۇنىڭدىن 1104 توننا يۇڭ ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە «ساپالى» ماركىلىق سۈپەتلىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يۇڭى 174 توننا. شۇنىڭدىن باشلاپ باي ناھىيىسى جۇڭگو مېرىنوس قويى ئەسلى نەسلىدىكى ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي بازىسى ۋە شىنجاڭ «ساپالى» سۈپەتلىك ئىنچىكە قوي يۇڭى ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئۆلگە ناھىيە بولدى.

1999 - يىلدىن باشلاپ باي ناھىيىسىنىڭ قوي يۇڭى ئەنجىگەندىكى قوي يۇڭى سودا بازىرىدا كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش بازىرىغا قاتناشتۇرۇلدى، 2003 - يىلى سۈپەتلىك قوي يۇڭىدىن 256 توننا كىمئارتۇق قىلىپ سېتىلدى، بۇ شىنجاڭنىڭ مەزكۇر بازاردا سېتىلىدىغان قوي يۇڭى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ بەشتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ. 2003 - يىلى ئەنجىگەندىكى قوي يۇڭى سودا بازىرىدىكى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىشتا باي ناھىيىسى 169 توننا سۈپەتلىك «ساپالى» قويى يۇڭىنى ساتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك قوي فېرمىسىنىڭ 55 توننا سۈپەتلىك «ساپالى» قوي يۇڭىنىڭ ھەر كىلوگرامى ئەڭ يۇقىرى باھادا سېتىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى قوي يۇڭىنى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش رېكورتىنى ياراتتى. مەزكۇر فېرما ئىشلەپچىقارغان 6 توننا «ساپالى» سۈپەتلىك قوي يۇڭى گېرمانىيە بازىرىغا كىردى، بۇ شىنجاڭ سۈپەتلىك قوي يۇڭىنىڭ تۇنجى قېتىم خەلقئارا بازارغا كىرىشىدۇر. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى باي ناھىيىسىگە جۇڭگودىكى ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ماكانى دەپ نام بەردى.

★ 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى باي ناھىيىسىدىكى سودا پىيادىلەر كوچىسىدا تىجارەت باشلاندى. بۇ تۈرگە 16 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 10 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، بۇ سودا بازىرى، ئازادە ئارامگاھ، مال سېتىۋېلىش بىر گەۋدە قىلىنغان كۆپ ئىقتىدارلىق سودا رايونىدۇر.

★ 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندىن چۈشتىن كېيىن سائەت 20 گىچە باي ناھىيىسىدە تۇيۇقسىز 11 بال يەۋقۇلئاددە كۈچلۈك بوران چىقتى، بوراننىڭ سۈرئىتى سېكۇنتىغا 32 مېتىرغا يەتتى، بوران 7 سائەت داۋاملاشتى. بۇ قېتىمقى بوراندا 6 مىليون 297 مىڭ 900 يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

★ 5 - ئايدا شىنجاڭ بېلىقچىلىق مەمۇرىيىتى باش پونكىتى باي ناھىيىسى 5 دەريا ئېقىنىنى شىنجاڭدىكى خاپانباش بېلىق مۇھاپىزەت رايونى قاتارىغا كىرگۈزدى.

خې شىن، يەن فېيفېي

# ئۈچتۇرپان ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇ مىڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ

مۇدىرى: تۇرسۇن ئىسلام.

ھاكىم: ئابلىز تۇنىياز.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋۇ چىڭخەي.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئۇچتۇرپان ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1111 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 188 مىڭ 100 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 173 مىڭ 900)، يېزا نوپۇسى 154 مىڭ 100؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16.48، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰11.21. 35 مىڭ 580 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى، 16 مىڭ 810 گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 4421 گېكتار) ئاشلىق زىرائىتى، 7850 گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 600 گېكتار) ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 443 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 257 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %3.78؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 50 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %29.99؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 136 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.92 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 438 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %1.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 290 مىليون 910 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 21 مىليون 120 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 105 مىليون 510 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 600 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 109 مىڭ 300 توننا ئاشلىق، 3319 توننا پاختا، 24 مىڭ 800 توننا بېدە، 6370 توننا ياغلىق دان، 70 مىڭ توننا قىزىلچا، 21 مىڭ توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 556 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 9500 توننا گۆش، 395 توننا يۇڭ، 2698 توننا سۈت، 360 توننا تۇخۇم، 50 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3855 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 106 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە، پارانتان پايدىسى 11 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 64 مىڭ 100 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 44 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %6، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 15 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.67 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 45 مىڭ توننا ئۇن، 18 مىليون دانە خىش، 1600 توننا سۇ يېغى، 3 توننا مېۋە ئىچىملىكى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 35 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 22 مىڭ 530 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 20 مىڭ 225 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 104 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 95 مىليون 850 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 7200 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 2400 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 2600 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 75 كە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 64 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 40 مىڭ 300 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون 20 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 10 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %11.21؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 129 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.5 ئاشتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون يۈەنگە، بېرىلگەن تۆلەم سوممىسى 1 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 3039 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 565. ناھىيە بويىچە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 75 (ھەممىسى مىللىي)، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ (مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ) 2، ئوقۇغۇچىسى 957 (مىللىي 835)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 925 (مىللىي 12 مىڭ 307)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 102، ئوقۇغۇچىسى 23 مىڭ 846 (مىللىي 22 مىڭ 566)؛ بالىلار باغچىسى 5 (يۇقىرىلار باشقۇرۇشىدىكى بالىلار باغچىسى 3)، باغچىدىكى بالا 426 (مىللىي 326). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2047 (مىللىي 1897). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99.8 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش

نىسبىتى %92.2 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 سەھىيە ئاپپاراتى، 321 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 366 كارىۋات بار.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىن بىر نەپەر يېنىك ئاتلېتىكا ماھىرى 2 تۈردە چېمپىيون بولدى ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاياللارنىڭ 100 مېتىرلىق رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

2003 - يىلى ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1473 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 883 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 3974 ئىشچى- خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1625 ئىشچى-خىزمەتچى ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 5617 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۈچتۇرپان ناھىيىسى ئاقتوقاي يېزىسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت كادىرى سائەتقىز تۇختىغا ئىنقىلابىي قۇربان دەپ نام بەردى.

★ 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىكى يەككىلەر مەبلەغ سالغان تىجارەت كارخانىسى «شىخلوڭ» ئۇن زاۋۇتى ناھىيە بويىچە تۇنجى دۆلەتنىڭ SQ سۈپەت ئۆلچىمى ئېتىراپنامىسىدىن ئۆتكەن يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى بولۇپ قالدى.

★ 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئۈچتۇرپان ناھىيىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پاكىز ناھىيە بازىرى بەرپا قىلىش بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

★ 2003 - يىلى ئۈچتۇرپان ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە يەرنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتىكى نەمۇنە ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ 2003 - يىلى ئۈچتۇرپان ناھىيىسى بويىچە دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ 4 مىليون 236 مىڭ 700 يۈەن مىبلىغى يېنىكلىتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى، بۇ كىشى بېشىغا 27.7 يۈەندىن توغرا كەلدى. يېزىلاردىكى تولۇق پۇلىدىن 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن، نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب پۇلىدىن 2 مىليون 89 مىڭ يۈەن كەچۈرۈم قىلىندى.

★ 2003 - يىلى ئۈچتۇرپان ناھىيىسى نامراتلارنى يۆلەش بويىچە 3 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، قىيىنچىلىقى بار 657 ئائىلىگە ئۆي سېلىپ بەردى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار 196 ئائىلىدىكى 923 نامرات نوپۇس قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدى، قايتا نامراتلىشىش كۆرۈلمىدى.

ئەن خۇڭلى، جۇ شىنخۇا

# ئاۋات ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاۋات ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لىيۇ بىن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرەك ئىسمائىل.

ھاكىم: ئەنۋەر سېيىت.

سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مۇھەممەت شەمشى.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاۋات ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1077 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 211 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 160 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى 156 مىڭ 500؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰15.29، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.6. ناھىيە بويىچە 53 مىڭ 300 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 14 مىڭ 100 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمى 5500 گېكتار)، 28 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمى 700 گېكتار) تېرىلدى. ئاۋات ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ، 2001 - يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن جۇڭگودىكى ئۇزۇن تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش ماكانى دېگەن نامغا ئېرىشتى. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ئاۋات ناھىيىسى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 965 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %10.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 510 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.6؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 189 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %16.3؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 265 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %16.5

ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 865 مىليون 724 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 10.33% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 750 مىليون 451 مىڭ 200 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 11 مىليون 203 مىڭ 600 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 103 مىليون 160 مىڭ 100 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 906 مىڭ 500 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 88 مىڭ 546 توننا ئاشلىق، 41 مىڭ 77 توننا پاختا، 16 توننا ياغلىق دان، 27 مىڭ 803 توننا مېۋە-چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 486 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 848 توننا گۆش، 524 توننا يۇڭ، 3242 توننا سۈت، 1118 توننا تۇخۇم، 116 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2201 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 170 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان ساپ پايدىسى 5 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 132 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 276 مىليون 31 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 11.7%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 88 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3.8% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 8432 توننا سۇ يېغى، 1 مىليون 280 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 1129 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 1 مىليون 88 مىڭ توننا تورۋا سۈيى، 3500 توننا بۇغداي ئۇنى، 3113 توننا پاختا يىپ، 7 مىليون 850 مىڭ پارچە قوم خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 127 مىڭ 423 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 101 مىڭ 156 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 253 مىليون 340 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 178 مىليون 130 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 24 مىليون 270 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 7471 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 7821 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 13 مىڭ 455 كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 158 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 172 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 35 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 8.3%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 181 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 25.4% ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 675 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 21 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە، بېرىلگەن تۆلەم 8 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4046، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 864. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 1076 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1276 (مىللىي 954)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 914 (مىللىي 12 مىڭ 991)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 95، ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 745 (مىللىي 24 مىڭ 348)؛ باللار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 560. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2745 (مىللىي 2275). 2003 - يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 16 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 99.6% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 99.5% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 11 سەھىيە ئاپپاراتى، 471 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 337)، دوختۇرخانىلاردا 449 كارىۋات بار.

2003 - يىلى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6050 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4006 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2738 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1762 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 342 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 7067 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2567 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 10 مىڭ 672 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش ئەھۋالى

2003 - يىلى ئاۋات ناھىيىسى سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش بويىچە كىرگۈزگەن تۈر 35 كە يەتتى، ئەمەلىيلەشكەن تۈر 33، تۈرنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى 94.3%، تۈردە ئىمزالانغان سومما 746 مىليون 980 مىڭ يۈەن، ئەمەلىيلەشكەن سومما 176 مىليون 430 مىڭ يۈەن.

بۇنىڭ ئىچىدە، ئاۋات ناھىيىسى شەندۇڭ لۇتەي پايچىلىقى،

شىنجاڭ زوڭخېڭ پايچىلىقى، شياڭگاڭ جېنتيەن، شەندۇڭ جىنگۇەن قاتارلىق شىركەتلەر بىلەن سوممىسى تەخمىنەن 453 مىليون يۈەنلىك پاختا توقۇمىچىلىق، توقۇمىچىلىق تۈرىنى ئىمزالىدى، ئەمەلىيلەشكەن سومما تەخمىنەن 44 مىليون 200 مىڭ يۈەن.

شەھەر قۇرۇلۇشى بويىچە 135 مىليون 970 مىڭ يۈەنلىك تۈر ئىمزالاندى، ئەمەلىيلەشكەن تۈر سوممىسى تەخمىنەن 56 مىليون 700 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىنىڭ سىرتىدىكى كارخانىلارنى مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىش بويىچە 23 مىليون يۈەن ئەمەلىيلەشتى؛ ناھىيە بويىچە جەمئىيەتتىكى چېچىلىپ بىكار تۇرغان مەبلەغدىن پايدىلىنىلىپ مەبلەغ سېلىش بويىچە 33 مىليون 700 مىڭ يۈەن ئەمەلىيلەشتى.

ئىممۇۋى قاتناش، مۇقىم قۇشخانا ۋە ئۈزگىچە باقمىچىلىق، ئېكولوگىيىلىك ئورمان قۇرۇلۇشى، دولان ئاق هاراق زاۋۇتى قۇرۇلۇشى، مۈلۈك هوقۇقى سودىسى قاتارلىق تۈرلەر كىرگۈزۈلدى، ئەمەلىيلەشكەن سومما 75 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

★ 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى گوۋۇيۈەن ئاۋات ناھىيىسىنى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ناھىيە دەپ تەستىقلىدى.

★ 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ناھىيىنىڭ «ئىككى ئاساسەن» مائارىپى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

زېڭ شى

# كەلپىن ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: نيۇ خەنشىن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سەمەت داۋۇت.

ھاكىم: ئەخمەت مەھەممەت.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: فېڭ جىخې.

## ئاساسىي ئەھۋالى

كەلپىن ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، قۇرۇقتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1146 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 40 مىڭ 537 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 39 مىڭ 118)، يېزا نوپۇسى 32 مىڭ 600؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.54‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.42‰. ناھىيە بويىچە 6670 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 4440 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 713 گېكتار)، 2930 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 40 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 110 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 41 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 20.38%؛ 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 14 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 55.84%؛ 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 55 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 6.2% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 84 مىليون 412 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 50.4% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 58 مىليون 167 مىڭ 900 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 853 مىڭ 300 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 18 مىليون 288 مىڭ 600 يۈەن، ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 26 مىڭ 412 توننا ئاشلىق، 2593 توننا پاختا، 170 توننا ياغلىق دان، 2000 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى، بۇنىڭدىن باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 2593 توننىغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا قولدا 182 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 2300 توننا گۆش، 156 توننا يۇڭ، 16.46 توننا تىۋىت، 138 توننا سۈت، 70 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 879 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 698 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 15.3% ئاشتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 24 مىڭ 915 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 11 مىڭ 210 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 51 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 44 مىليون 710 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 2474 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 513 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 100 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 104 كە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش

# ئىشەنچنى چىڭىتىپ ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ئاتلىنايلى

ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى: نيۇ خەنشىن، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى: ئەخمەت مەھەممەت





كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئۇزاقتىن بۇيان، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، مەۋقەنى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ جاپالىق تەبىئىي مۇھىتى ۋە ناچار ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئۆزگەرتىشكە قارىتىپ، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت كادىر ۋە ئاممىنى قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش جەھەتتە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، نامراتلارنى تەرەققىيات ئارقىلىق يۆلەش يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەپ، نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن باغۋەنچىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش، ھويلا - ئارام ئىگىلىكى، ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىش، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشنى چىڭ تۇتۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپ خىل يوللار بىلەن ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئۈنۈمى ئاشقان، دېھقانلارنىڭ كىرىمى كۆپەيگەن، يېزىلار مۇقىم بولغان ياخشى ۋەزىيەتنى قولغا كەلتۈردى. ناھىيىنىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم بولماقتا، تۈرلۈك ئىشلار پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلماقتا.

سوممىسى 22 مىليون 590 يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 4 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %59.1؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 73 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.3 ئاشتى.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 822، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 273. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 594 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 3006 (مىللىي 2776)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 6455 (مىللىي 6341)؛ باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 45. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 769 (مىللىي 738). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 6 سەھىيە ئاپپاراتى، 124 كەسپىي تېخنىكا خادىمى (مىللىي 95)، دوختۇرخانىلاردا 128 كارىۋات بار.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن

2003 - يىلى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 110 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %16.71 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 41 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %38.20؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 14 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %55.8؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 55 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.2 ئاشتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1571.38 يۈەنگە، ئاشقان كىرىمى 251.1 يۈەنگە يېتىپ، %12 ئاشتى.

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارنى تۈپ ئاساستىن تەرەققىي قىلدۇرۇش پىكىر يولى ۋە خىزمەت ۋەزىپىسى شۇكى، يېزا ئىگىلىك ئۈنۈمى بىلەن دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئاساسىي تىما، بازارنى يېتەكچى، ئۈنۈمنى مەركەز قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئاساسلىق ھۆججەتنى چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىككە قارىتىش؛ ئىچكى جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچنى چوڭقۇر قېزىپ، بىرلىك ھوسۇلنى ئۆستۈرۈپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، يەرلەرنىڭ مول بېشى ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش؛ ھويلا - ئارام ئىگىلىكىنى چىڭ تۇتۇش، سىرتقا ئەمگەك كۈچى چىقىرىش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش، 2 - ۋە 3 - كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق شەھەر ئىقتىسادىنىڭ ھالقىش شەكلىدە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش قەدىمىنى ئۈزلۈكسىز تېزلىتىشتىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى پىكىر يولىغا ئاساسەن، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي نىشانى شۇكى، 5 يىلدا كەلپىن ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنى 3000 يۈەندىن كۆپرەككە يەتكۈزۈش، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 300 يۈەندىن كۆپرەك ئاشۇرۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق كىرىمى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ساپ كىرىمىنىڭ تەخمىنەن %35 ىگە، باغۋەنچىلىك كىرىمى تەخمىنەن %20 كە، يېزىلارنىڭ 2 - ۋە 3 - كەسىپ كىرىمى تەخمىنەن %20 كە يەتكۈزۈلىدۇ.

يۇقىرىقى نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەلپىن ناھىيىسى بۇنىڭدىن كېيىن تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ: بىرىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسى تەڭشىلىدۇ ۋە ياخشىلىنىدۇ. ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئاشلىق، پاختىنى مەركەز قىلىشتىن ئىبارەت تەپەككۇر شەكلى ۋە تېرىقچىلىق ئادىتى دادىل بۇزۇپ تاشلىنىپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىلىپ، ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى تېرىقچىلىقتىن چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك يۆلىنىشىگە قاراپ تەڭشىلىدۇ، تېرىقچىلىق تەڭشەپ سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك كەڭ كۆلەمدە زورايتىلىدۇ ۋە كۈچەيتىلىدۇ. 2 يىلدىن 3 يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا پۈتۈن ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق، ئىقتىصاد ۋە يەم - خەشەك نىسبىتىنى 1:1:1 كە يەتكۈزۈشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، مۇۋاپىق بولغان 3 مەنبەلىك قۇرۇلما ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە تېزدىن شەكىللەندۈرۈلىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانىنى چارۋىچىلىققا قارىتىلىدۇ. ئائىلىلەر ئاساس قىلىنغان كىچىك كۆلەم، چوڭ تۈپ دېھقانچىلىق رايونى چارۋىچىلىقنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى ئاشۇرۇشنىڭ تەرەققىيات يولى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىنىپ، 2 يىلدىن 3 يىلغىچە دېھقان ئائىلىلىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 قوي، 2 دىن ئارتۇق كالا بېقىش، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان چارۋا مالنى 6 دىن 8 گىچە، يىللىق قولدىن چىقىش نىسبىتىنى %50 تىن كۆپرەككە يەتكۈزۈش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. چارۋىچىلىق كىرىمىنىڭ دېھقانلار كىرىمىدە ئىگىلەيدىغان نىسبىتى %35 تىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى باغۋەنچىلىككە قارىتىلىدۇ. باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يەنىلا داڭلىق كەلپىن ئۆرۈكىنى پۈتۈن ناھىيىنىڭ باغ - ئورمان كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئاساسلىق سورت ۋە يېتەكچى كەسىپ قىلىپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ، پارچە - پۇرات يەرلەرنى تولۇقلاشتۇرۇپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ، سورتىنى، ئۇلاشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاشلىق زىرائەتنى مېۋىلىك دەرەخ ئارىسىغا كىرىشتۈرۈپ

تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا كەلپىن ناھىيىسى كوماندىسى بىر تۈردە 1 - لىككە، 2 تۈردە 2 - لىككە، 4 تۈردە 3 - لىككە ئېرىشتى.

2003 - يىلى كەلپىن ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1571.38 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 58 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 1678 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 506 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 3606 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

تېرىش، قۇر ئارىسىغا تېرىش قاتارلىق ئەندىزىلەرنى قوللىنىپ، ئۆرۈكچىلىك كەسپى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىش جەھەتتە باشلىنىش نۇقتىسى يۇقىرى بولۇش، يەرلەرنى تاللاش، كۆلىمى چوڭ بولۇش، سۈپىتى ئەلا بولۇش، كەسپلەشكەن بولۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، 4 يېزا، بىر بازاردا 5 چوڭ مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت كۆلەملەشكەن ئەۋزەللىك پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈلىدۇ. 2008 - يىلغا بارغاندا ناھىيە بويىچە سۈپەتلىك ئۆرۈكلۈك باغ كۆلىمى 3333.33 گېكتاردىن ئاشۇرۇلىدۇ. كىشى بېشىغا 0.1 گېكتاردىن سۈپەتلىك ئۆرۈكلۈك باغ توغرا كەلتۈرۈلۈپ، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى مۇشۇ بىر تۈردىلا 262 يۈەن ئاشۇرۇلىدۇ. 2010 - يىلغا بارغاندا مۇشۇ بىر تۈردىلا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم 1000 يۈەندىن ئاشۇرۇلىدۇ. تۆتىنچىدىن، ھويلا - ئارام ئىگىلىكى چىڭ تۇتۇلىدۇ. «تۆت بىر» نى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەندىزىسىدە چىڭ تۇرۇلىدۇ، يەنى بىر توپ چارۋا مال، بىر توپ ئۆي قۇشلىرى، بىر پارچە باغ، بىر پارچە مېۋە - چېۋە، كۆكتاتلىق ھويلا - ئارام ئىگىلىكى ئەندىزىسىدە چىڭ تۇرۇلىدۇ. ھويلا - ئاراملاردا بېقىلىدىغان كالا، قوي، توخو، كەپتەرنىڭ سانى يىلمۇ يىل كۆپەيتىلىپ، 15% تىن ئاشۇرۇلىدۇ. 2007 - يىلغا بارغاندا بېقىلىدىغان توخو، كەپتەرنىڭ سانى 200 مىڭغا يەتكۈزۈلىدۇ، بۇ ئارقىلىق ھويلا - ئارام ئىگىلىكى ئاشلىق، باغچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىكتىن قالسىلا دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرىدىغان ئۈنۈملۈك تولۇقلىما قىسمىغا ئايلىنىدۇ، ھويلا - ئارام ئىگىلىكى كىرىمىنىڭ دېھقانلارنىڭ كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 20% كە يەتكۈزۈلىدۇ.

بەشىنچى، سىرتقا ئەمگەك كۈچى چىقىرىش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى كۆپ يوللار ئارقىلىق ئاشۇرۇلىدۇ. قىسمەن دېھقانلارنىڭ سىرتتا ۋە ئۆز يېرىدە ئوقەت قىلىشتا ماھىر بولۇش، ئۇچۇر يەتكۈزۈشكە ماھىر بولۇش ئالاھىدىلىكىدىن تولۇق پايدىلىنىلىپ، يېزا - بازار ھالقىغان دېھقان ۋاستىچى قوشۇنى تەشكىللىنىپ، زاكازچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، ئەمگەك كۈچىنى سىرتقا چىقىرىش سالمىقى يەنىمۇ ئاشۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە ئۈچتىن بىر دېھقان سىرتقا چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنىدۇ. ئەمگەك كۈچلىرىنى ھەرخىل يوللار بىلەن سىرتقا چىقىرىش ئارقىلىق، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ تاپقان يىللىق كىرىمىنى 700 يۈەندىن كۆپرەككە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 200 يۈەن ئاشۇرۇلىدۇ. ئالتىنچى، ئىچكى جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچ تولۇق قېزىلىپ، تۈجۈپىلەپ تېرىقچىلىق قىلىنىپ، زىرائەتلەرنىڭ بىرلىك كۆلەم ئۈنۈمى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ. شۇجۈملىدىن ۋالڭ لىچۈەن ئوتتۇرىغا قويغان «ئىككىدە يۇقىرى بولۇش» تەلىپىگە ئاساسەن، دېھقانلار يېزا ئىگىلىكىدە پەن - تېخنىكا، فىزىكا،

قىسقا ماتېرىيال

## چامغۇر

چامغۇر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەدىمدىن بېرى ياقتۇرۇپ يەيدىغان ئاساسلىق كۆكتاتلىرىدىن بىرى. چامغۇر گەرچە شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلسىمۇ بىراق كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاچال يېزىسىنىڭ ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ۋە سۇ، تۇپراق، ئىسسىقلىق شارائىتى شۇنداقلا بۇلغانمىغان، خىمىيىۋى ئوغۇت قوشماي تېرىغان چامغۇرنىڭ تەمى ياخشى، تاتلىق، ئېتى يۇمشاق، ئوزۇقلۇق قۇۋۋىتى مول بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە مول ۋىتامىن $B_1$، $B_2$، ۋىتامىن C ۋە ئادەم بەدىنى ئېھتىياجلىق بولغان تۆمۈر، كالتسىي، فوسفور قاتارلىق تەركىبلەر مول، ئۇنىڭ يەنە زەھەرنى ھەيدەش، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش، ئۆپكىنى تازىلاش، ئىششىق يوقىتىش، قاندىكى ماي ماددىسىنى چۈشۈرۈش، راك كېسىلىگە قارشى تۇرۇش رولى بار، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «كىچىك ئادەمگىياھ» دەپ ئاتىشىدۇ. دۆلەتنىڭ غەربنى ئېچىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، كەلپىن ناھىيىسى چامغۇرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇردى ھەمدە 1999 - يىلى «ئاچال» ماركىلىق چامغۇر تاۋار ماركىسىنى ئەنگە ئالدۇردى، بۇنىڭ بىلەن چامغۇر تېرىقچىلىق كۆلىمى يەنىمۇ كېڭەيدى. 2000 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە چامغۇرنىڭ 4 يىلدىكى مەھسۇلات مىقدارى ئۇدا 4000 توننىدىن ئاشتى، ھەر كىلوگرام چامغۇرنى 0.5 يۈەن ھېسابلىغاندا چامغۇر تېرىغان دېھقانلار مۇشۇ تۈردىلا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەخمىنەن 180 يۈەن كىرىم قىلدى. چامغۇر بىر خىل ئۆزگىچە مەھسۇلات بولۇش سۈپىتى بىلەن بازارغا يۈزلەندى. 2003 - يىلى خۇسۇسىي كارخانا مەبلەغ سالغان چامغۇر پىششىقلاش زاۋۇتى 52 توننا مەھسۇلات ئىشلەپچىقاردى.

ئابدۇساتتار ھامىدىن، مەريەم قادىر

ـمىيە جەھەتتە سېلىنما سېلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇشقا، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا يېتەكلىنىپ، ئاشلىق زىرائىتى، كېۋەز ۋە ھەرخىل ئۆزگىچە زىرائەتلەرنىڭ سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېڭى سورتلىرىنى، يېڭى تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش، تەجرىبە قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش، كېڭەيتىش ياخشى تۇتۇلۇپ، سورت ياخشىلاش، ئىلمىي ئۆستۈرۈش ۋە پەرۋىش قىلىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، سۇ تېجەپ سۇغىرىش، سۇنى ئائىلىلەرگىچە تەمىنلەش قاتارلىق تەدبىرلەرنى تېجەش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش چىڭ تۇتۇلىدۇ، 3 يىلدىن 5 يىلغىچە ئاشلىقنىڭ بىرلىك ھوسۇلىنى 400 كىلوگرامدىن كۆپرەككە، پاختىنىڭ بىرلىك ھوسۇلىنى ھازىرقى 80 كىلوگرامدىن 120 كىلوگرامدىن كۆپرەككە يەتكۈزۈش تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئېگىزغا تېرىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە %80 تىن كۆپرەك بوغداي ئورنىغا ئېگىز ئورنىغا تېرىلىدىغان زىرائەتلەر تېرىلىپ، يەرلەرنىڭ بىرلىك كۆلەم ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشىلىدۇ. يەتتىنچىسى، ئۆرۈك، چامغۇر، قوي گۆشى، تۆگە يۇڭى قاتارلىق ئۈستۈنلۈككە ئىگە مەھسۇلاتلارغا تايىنىپ، سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش سالمىقى يەنىمۇ ئاشۇرۇلۇپ، بىر تۈركۈم باشلامچى كارخانىلار يېتىلدۈرۈلىدۇ. دېھقان ئائىلىسى ـ بازا ـ كارخانا ـ بازارنى ئۈنۈملۈك تۇتاشتۇرۇش ھالىتى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈلۈپ، ناھىيىنىڭ كەسىپلەشكەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

## چىلان يېزىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات رايونى قۇرۇلۇشى

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ چىلان يېزىسى ئەسلىدىكى كونا چىلان سۇ چىقىرىش ـ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى ئاساسىدا تۈز قىلىپ تۇرغۇزۇلدى، بۇ تۈرنىڭ قۇرۇلۇشى 1996 ـ يىل 8 ـ ئايدا باشلانغان بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ئاھالە كۆچۈرۈش، يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات قۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ تۈردە 2100 ئائىلىلىك، 11 مىڭ نوپۇسنى كۆچۈرۈش پىلانلاندى. قۇرۇلۇشقا 54 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە نەقلەشكەن مەبلەغ 48 مىليون يۈەن. بۇ تۈر رايونى ئاساسلىقى سۇچىلىق، ئېلېكتر ئېنېرگىيە، بوز يەر ئېچىش ۋە ئاھالە كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت 4 چوڭ قۇرۇلۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1997 ـ يىل 12 ـ ئايدا خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن چىلان يېزىسى قۇرۇلدى. يېزىغا قاراشلىق مەمۇرىي كەنت 9، تۇراقلىق نوپۇسى 4713، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 4333، خەنزۇ 380، يېزا نوپۇسى 4413.

6 يىلدىن بۇيان كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىدىكى ھەر مىللەت كادىر، ئاممىسىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەپ، 1998 ـ ۋە 1999 ـ يىلى 2 قېتىم چوڭ كۆلەمدە ئاھالە كۆچۈردى، بۇ قېتىمقى كۆچۈرۈشتە 1234 ئائىلىدىكى 4139 ئادەم كۆچۈرۈلدى. ناھىيە، يېزا ئورگانلىرىدىن 90 نەچچە ئادەم چىلان يېزىسىغا بېرىپ خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتىلدى، ناھىيىگە تەقسىم قىلىنغان ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن 65 ئوقۇغۇچى چىلان يېزىسىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى. 2003 ـ يىلى چىلان يېزىلىق يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات رايونىدا 1017 گېكتار بوغداي، 186 گېكتار قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات تېرىلدى، كىرىم كىشى بېشىغا 2038.87 يۈەندىن توغرا كەلدى. چىلان يېزىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشى ناھىيە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى بىر ھەسسە، ئوتتۇرىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى 0.1 گېكتار ئاشۇردى.

## كەلپىن ـ مازار ئېقىن 10 مىڭ مولۇق مەجبۇرىيەت كۆچەتى تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 10 مىڭ مولۇق (666.7 گېكتار) مەجبۇرىيەت كۆچەتى تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش بازىسى كەلپىن ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىگە توغرا كېلىدۇ، بۇ قۇرۇلۇشنى 5 يىلدا پۈتكۈزۈش پىلانلاندى. 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 3 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 306.7 گېكتار يەردە ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىندى.

كەلپىن ـ مازار ئېقىن كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى 1986 ـ يىلى باشلانغاندىن تارتىپ، 1999 ـ يىلغىچە 40 گېكتاردىن ئارتۇق يەردە ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىندى. 2000 ـ يىلدىن باشلاپ ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى كەلپىن ـ مازارئېقىن 10 مىڭ مولۇق مەجبۇرىيەت كۆچەتى تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش بازىسى تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە ئورمان بەرپا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇردى، ھەر يىلى ناھىيە بويىچە كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ۋاقتىنىڭ 40 كۈندىن كەم بولماسلىقىنى بېكىتتى. 2003 ـ يىلى ئەتىيازدا 1 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ 3.5 كىلومېتىر سۇغىرىش ئۆستىڭى چېپىلدى، 3 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، ھەر خىل كۆكەرتىش ئورمىنى كۆچىتىدىن 180 مىڭ تۈپ

سېتىۋېلىندى، ناھىيىدىكى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر 32 كۈن كۈرەش قىلىپ، 80 گېكتار كۆلەمدە ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلدى. كەلپىن - مازارتېغىنىڭ تۇپراق ۋە يەر ئاستى سۈيىنىڭ تۇز مىقدارى ناھايىتى يۇقىرى. 2003 - يىلى يەر ئەھۋالىغا قاراپ كۆچەت تاللاش، تېمەن كۆچەتلەرنى تاللاش، ۋاقتىدا سۇغىرىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت ئورمان بەرپا قىلىش خاھىجىنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى %87.5 كە يەتتى.

ئابدۇساتتار ھامىدىن، مەريەم قادىر

# قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ شىنخۇەي. مۇئاۋىن شۇجىلىرى: مەمەت ھەسەن توختالى (قىرغىز)، مەمەت نۇر، ليۇ باۋجيەن، ۋاڭ گوشىن، ياڭ جيەنگو.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ شىنخۇەي؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: پېڭ ئەيمىن، جاڭ رۇڭيەن، تاشمەمەت يۇنۇس (قىرغىز)، خېلىل ئېزىز، ئاتاۋۇللا ئىسمايىل.

ئوبلاست باشلىقى: مەمەت ھەسەن توختالى (قىرغىز)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: شياۋ چىڭخۇا، لى رۇڭخۇا (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ليۇ جاڭجۇن، ۋاڭ شيەنپىي (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئىمام نەمەت، دۇڭ شياڭجۇن، پەرھات تۇردى (قىرغىز، 1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئامىنە ئابدۇراخمان؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جۇ شىنمىن، جۇماق قادىر (قىرغىز)، خې رىنيۇ، نىياز قارى (قىرغىز)، مولليار ھەسەن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت ئاتۇش شەھىرىدە. 2003 - يىلى ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 458 مىڭ 449 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 429 مىڭ 350)، يېزا نوپۇسى 348 مىڭ 756؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰15.4، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰11.71. ناھىيە بويىچە 44 مىڭ 900 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 33 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 252 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 397 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %8؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 234 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %25.1؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 621 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.77 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 756 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %10.1 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 424 مىليون 790 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 19 مىليون 840 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 310 مىليون 680 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 430 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 176 مىڭ 500 توننا ئاشلىق، 6184 توننا پاختا، 41 مىڭ 411 توننا مېۋە - چېۋە، 1033 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 535 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 22 مىڭ 352 توننا گۆش، 1698 توننا يۇڭ، 861 مىڭ 800 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 15 مىڭ 852 توننا سۈت، 576 توننا تۇخۇم، 156 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 6547 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 211 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 131 مىڭ 358 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 218 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %9.3 ئاشتى. ئوبلاستقا قاراشلىق سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 215 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.9 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 37 مىڭ 200 توننا بۇغداي ئۇنى، 9857 توننا تاللانغان قوغۇشۇن - سىنك رۇدىسى، 136 توننا سۇلياۋ ياسالما، 82 مىڭ 300 توننا كۆمۈر، 13 مىڭ 296 توننا تۇز، 164 مىڭ 200 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 137 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 187 مىڭ 931 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 148 مىڭ 642 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ئابدۇساتتار ھامىدىن، مەريەم قادىر

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 456 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 397 مىليون 10 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 930 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 82 مىڭ 190گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 14 مىڭ 618 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 35 مىڭ 160قا يەتتى. ئوبلاست بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 298 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 19 مىليون 350 مىڭ دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 210 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 18 مىليون 140 مىڭ دوللار. 102 مىڭ 400 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 19 مىليون 200 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 63 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %15.31؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 815 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.83 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 73 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 28 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئوبلاست بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 15 مىڭ 634، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 5763. ئوبلاستتىكى شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قىزىلسۇ ئوبلاستلىق شۆبىسى بىر، ئوقۇغۇچىسى 412 (مىللىي 295)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، ئوقۇغۇچىسى 1261 (مىللىي 1152)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (ئوبلاستلىق تېخنىكوم بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى)، ئوقۇغۇچىسى 350 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 65، ئوقۇغۇچىسى 44 مىڭ 360 (مىللىي 31 مىڭ 530)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 229، ئوقۇغۇچىسى 61 مىڭ 438 (مىللىي 57 مىڭ 433)؛ بالىلار باغچىسى 9 (خۇسۇسلار ئاچقان بالىلار باغچىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، باغچىدىكى بالا 2752. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 7690. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 970 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %91.5 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %88.5 كە يەتتى.

ئوبلاست بويىچە 63 سەھىيە ئاپپاراتى، 2231 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 1477 كارىۋات بار.

شۇ يىلى ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەت ئىچىدىكى تۈرلۈك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە 31 تۈردە مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 10 تۈردە 1 -، 9 تۈردە 2 -، 12 تۈردە 3 - بولدى.

2003 - يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلىكىدىكى ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4900 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1320 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پۇل مائاشى 14 مىڭ 562 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئوبلاست بويىچە 16 مىڭ 449 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 4989 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغانلاردا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 38 مىڭ 716 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## ئوتلاقنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئورنىنى ئالماشتۇرۇش قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستى ئېكولوگىيىلىك ئورۇن ئالماشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چارۋىچىلىقنى تېز تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بىر يىلدا يېڭىدىن 2000 گېكتار يەرگە ئوت - چۆپ تېرىدى، 2267 گېكتار يەردە يۇرۇشلەشكەن يەم - خەشەك بازىسى بەرپا قىلدى. 3000 ئىسسىق قوتان ياسىدى. 1500 ئائىلىلىك چارۋىچىنى ئولتۇراقلاشتۇردى. ئوتلاق ئېكولوگىيىسىنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، 52 مىڭ گېكتار يەردە چارۋا مالنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ بېقىش، كېمەيتىپ بېقىش، دەم ئالدۇرۇپ بېقىشنى ئىشقا ئاشۇردى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، 14 مىڭ 300 مو يەرگە سىلوسلىنىدىغان ۋە يەم - خەشەك قىلىنىدىغان كۆممىقوناق تېرىدى. 201 مىڭ 800 كۇب مېتىرلىق چوڭ - ئوتتۇرا تىپتىكى پۇختا سىلوسلاش ئورىسى ياساپ، 192 مىڭ 600 تونىنا سىلوس ياسىدى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىسى ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويدى. ھازىر باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىسىدىن 6347 سى، توخو باقمىچىلىقى ئائىلىسىدىن (توخۇسى 500 دىن ئاشىدىغان) 35 ى، ئائىلە خۇسۇسىي چارۋىچىلىق فېرمىسىدىن 10 دىن كۆپرەكى بارلىققا كەلدى. نەسىل ياخشىلاش، يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، 650 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ نەسلىنى ياخشىلىدى. بىر يىلدا 946 مىڭ تۇياق تۆل ئېلىندى، تۆللەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى %97 كە يەتتى. چارۋا مالنىڭ ئەڭ كۆپ بېقىلىش مىقدارى 2 مىليون 402 مىڭ تۇياققا يەتتى، 837 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قولدىن چىقىرىلدى، تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى %50.5 بولدى.

## خېرىدار چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش

2003 - يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستى 36 تۈر بويىچە خېرىدار چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلدى. بۇ تۈرلەرگە 1 مىليارد 380 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى، بېيجىڭ «جۇڭكېن»

گۇرۇھى 2 باسقۇچقا بۆلۈپ، ساياھەتچىلىك بايلىقىنى ئېچىشقا 1 مىليارد 300 مىليون يۈەن، ئۆلۈغچات تۆمۈر زاۋۇتىغا 500 مىليون يۈەن، جۇڭگىشىن خەلقئارا گۇرۇھى ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا 250 مىليون يۈەن، شىنخۇي شىركىتى قوغۇشۇن - سىنك رۇدىسى تاللاش تۈرىگە 150 مىليون يۈەن مەبلەغ سالىدىغان، جىجياڭ كاسىن، سىچۈەن خېڭيۈەن شىركەتلىرى 150 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ شىنرۇڭ كۆن-خۇرۇم چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرىدىغان، گۇيشىن كاڭيى شىركىتى 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سالىدىغان، شىڭباڭ كۆن - خۇرۇمچىلىقى 10 نەچچە مىليون يۈەن مەبلەغ سالىدىغان، شەندۇڭ داچېڭ گۇرۇھى 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سالىدىغان، ئۈرۈمچى ئىزچىلار شىركىتى 18 مىليون يۈەن مەبلەغ سالىدىغان بولدى. ئەمەلىيەتتە 265 مىليون يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى، كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى تۈرى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

### خەلقئارا سودا داغدام يولى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى

قىزىلسۇ ئوبلاستى تەۋەسىدە تورۇغات ۋە ئىسمخانىدىن ئىبارەت 2 سودا پورتى بار. جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى ئىنتايىن ئۆزگىچە بولۇپ، ئەزەلدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەتكە بارىدىغان مۇھىم يول بولۇپ كەلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلەت ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت پورتنى گۈللەندۈرۈشكە ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، پورتنىڭ سودا ئىشلىرىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى، مۇئەسسەسەلىرىنى تولۇقلىدى. 2003 - يىلى ئاپتونوم ئوبلاست سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىشتە چىڭ تۇرۇپ، «چوڭ ئۆتكەل» ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن پورتنىڭ مال ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. بىر يىلدا 2 پورتتىن ئېكسپورت ۋە ئىمپورت قىلىنغان مال 277 مىڭ توننىغا، مال قىممىتى 170 مىليون دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوبلاستنىڭ چېگرا سودىسى ئېكسپورت - ئىمپورت سوممىسى 18 مىليون دوللار (ئىمپورت قىلىنغان مال سوممىسى 17 مىليون 100 مىڭ دوللار، ئېكسپورت قىلىنغان مال سوممىسى 900 مىليون دوللار) غا يەتتى. قىرغىزىستاندا جۇڭگونىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ۋە ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە تاشقى سودىغا دائىر 29 ئېكسپورت - ئىمپورت توختامى ئىمزالاندى، ئۇنىڭ سوممىسى 109 مىليون 300 مىڭ دوللارغا، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش توختامى ۋە كېلىشىمى 23 پارچىگە، سوممىسى 777 مىليون 541 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

سۇ جىڭبو

## ئاتۇش شەھىرى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاتۇش شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جيا لىشىن.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇراخمان ھاجى.

شەھەر باشلىقى: پەيزۇللا مەمەت.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختى ئېزىز.

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئاتۇش شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1430 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 1553 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 12، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 204 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 187 مىڭ 100)، يېزا نوپۇسى 145 مىڭ 900؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.73‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.38‰. ناھىيە بويىچە 15 مىڭ 933 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 11 مىڭ 705 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 599 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 175 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 10.1%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 99 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.6%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 323 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.2% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 314 مىليون 13 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 16.24% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 198 مىليون 862 مىڭ 400 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 7 مىليون 907 مىڭ 800 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 105 مىليون 854 مىڭ 700 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 388 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق

دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 61 مىڭ 500 توننا ئاشلىق، 1536 توننا پاختا، 127 توننا ياغلىق دان، 37 مىڭ 956 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 425 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 6967 توننا گۆش، 510 توننا يۇڭ، 9280 توننا سۈت، 300 توننا تۇخۇم، 152 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. بىر يىلدا 2173 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 48 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 17 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 54 مىڭ 116 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 107 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 11.78%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 32 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.59% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 12 مىڭ 639 توننا تۇز، 4 مىليون 800 مىڭ توننا تورۇبا سۈيى، 15 مىڭ 800 توننا بۇغداي ئۇنى، 1900 توننا تۆمۈر رۇدىسى ، 1345 توننا ئىنچىكە تاللانغان قوغۇشۇن رۇدىسى، 4478 توننا ئىنچىكە تاللانغان سىنىك رۇدىسى ئېلىندى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 77 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 120 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 3.10 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 225 مىليون 610 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 175 مىليون 170 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 24 مىڭ 540 قا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 28 مىڭ 901 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 1262 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 179 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 19 مىليون 350 مىڭ دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 210 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 1814 دوللار. يەرلىك مالىيە كىرىمى 30 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 25.7%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 224 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 25.44% ئاشتى.

شەھەر بويىچە 2003 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 6630، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 829. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 18، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 774 (مىللىي 14 مىڭ 762)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 84، ئوقۇغۇچىسى 40 مىڭ 791 (مىللىي 38 مىڭ 721)؛ باللار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 783، ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 3076 (مىللىي 2775). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95% كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 11 سەھىيە ئاپپاراتى، 569 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 498)، دوختۇرخانىلاردا 347 كارىۋات بار.

2003 - يىلى ئاتۇش شەھىرىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەتلىك چېلىشىش ۋە بوكس مۇسابىقىسىدا 2 ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال، 3 مىس مېدال ئالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چېلىشىش ۋە بوكس مۇسابىقىلىرىدا 5 ئالتۇن مېدال، 6 كۈمۈش مېدال، 4 مىس مېدال ئالدى.

2003 - يىلى ئاتۇش شەھىرىدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 3066 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1537 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1056 يۈەنگە يەتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 765 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە 7285 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 839 ئىشچى- خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 11 مىڭ 372 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

جۇ چياڭ

# ئاقتۇ ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقتۇ ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇ فېڭدې.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى : ئابلىكىم ئابدۇراخمان (قىرغىز).

ھاكىم: مۇختار ھېيت.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرسۇن قۇربان.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقتۇ ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 13. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس

172 مىڭ 31 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 169 مىڭ 335)، يېزا نوپۇسى 151 مىڭ 885. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 18.55‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.6‰. ناھىيە بويىچە 16 مىڭ 670.8 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 18 مىڭ 313.3 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 813.4 گېكتار)، 3600 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 285.6 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 327 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 139 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 8.2%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 56 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 32%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 144 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.9% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 304 مىليون 912 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 14% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 192 مىليون 238 مىڭ 700 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 7 مىليون 204 مىڭ 500 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 105 مىليون 429 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 40 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 103 مىڭ 970 توننا ئاشلىق، 4643 توننا پاختا، 290 توننا ياغلىق دان، 12 مىڭ 979 توننا مېۋە-چېۋە، 6187 توننا كۆكتات، 5207 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 10 مىڭ 312 توننا بېدە، 10 مىڭ 25 توننا يەم - خەشەك، 12 توننا زىرە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 556 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 8028 توننا گۆش، 476 توننا يۇڭ، 4476 توننا سۈت، 180 توننا تۇخۇم، 4 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 6066.7 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 41 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 5 مىليون يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 53 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 53 مىليون 306 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 4.3%؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 15 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.2% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 22 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 8000 توننا سېمونت، 31 مىڭ 990 توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 35 مىڭ 714.28 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 35 مىڭ 714.28 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 155 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 153 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 4900 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 1900 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 5400 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 2360 قا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 57 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 40 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون 70 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 13 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 14.05%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 150 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 16.29% ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 160 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3220، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 395. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1242 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 22، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 113 (مىللىي 13 مىڭ 765)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 100، ئوقۇغۇچىسى 25 مىڭ 502 (مىللىي 24 مىڭ 915)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 190. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1620 (مىللىي 1583). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 86% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 19 سەھىيە ئاپپاراتى، 326 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 291)، دوختۇرخانىلاردا 318 كارىۋات بار.

2003 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1155 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 576 يۈەنگە يەتتى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 3781 ئىشچى- خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 736 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 6849 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى

2003 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىسىدە نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش تۈرىدىن 105 ى يولغا قويۇلدى، بۇ تۈرلەرگە 21 مىليون 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كەنت، ئائىلىلەرگە كىرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق قىيىنچىلىقى ئېغىر 4156 ئائىلىدىكى 19 مىڭ 125 ئادەمنىڭ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى، 2303 ئائىلىدىكى 10 مىڭ 774 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى 11 مىڭ 138 ئادەم (قېتىم) يۆتكەپ ئىشلىتىلىپ، 8 مىليون 380 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئەمگەك مۇلازىمىتىدىن قىلغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 61.6 يۈەنگە يەتتى.

كەنت ئىشلىرىدا، مالىيە ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش تۈزۈمى داۋاملىق يولغا قويۇلدى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش كارتىسىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %100كە يەتتى، ئوتتۇرىچە سېلىق 2002 - يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ %3.2ى ئىچىدە تىزگىنلەندى.

## «بىر يېزىدا بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇش» تىن ئىبارەت ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇش پىلانى يولغا قويۇلدى

2003 - يىلدىن ئېتىبارەن ئاقتۇ ناھىيىسى 10 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ناھىيە بويىچە 106 مەمۇرىي يېزىنىڭ ھەر بىرىگە ئاز دېگەندىمۇ بىردىن ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەرنى سەپلىدى، كەنتتە مۇھىم ۋەزىپىگە قويدى، كەنت كادىرلىرىنىڭ ياش، بىلىم قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، رەھبەرلىك بەنزىسىدە كونىلارنىڭ ئورنىغا يېڭىلارنى قويۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

★ 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سائەت 17 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندىن 19 دىن 15 مىنۇت ئۆتكىچە بولغان ئارىلىقتا ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسى قارا يامغۇر ۋە مۆلدۈرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 9 مىليون 139 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

★ 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سائەت 7 دىن 16 مىنۇت ئۆتكەندە ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بۇلۇڭكۆل يېزىسىدا 5.9 بال يەر تەۋرىدى، تەۋرەش مەركىزى شەرقىي مېرىدىئان 74°49′، شىمالىي پاراللېل 38°33′ ئارىلىقىغا توغرا كەلدى. يەر تەۋرەشتىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي زىيان 10 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

★ 2003 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىسى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى دوست رايون - ناھىيە بولدى.

★ 2003 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىسى 2305 (قېتىم) ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى سىرتقا يۆتكىدى، مۇشۇ تۈردە ھەر بىر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 520 يۈەنگە يەتتى، ناھىيە بويىچە 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن كىرىم كۆپەيدى.

★ 2003 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىسى دۇنيا بانكىسىدىن قەرز بەرگەن تۈرلەردىن پايدىلىنىپ، 2 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغنى «يورۇقلۇق قۇرۇلۇشى»غا ئىشلىتىپ، ئېگىز تاغلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 5 يېزا - بازارغا 1300 يۈرۈش قۇياش ئېنېرگىيىسى ئۈسكۈنىسى ۋە شامال ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق توك چىقىرىش ئۈسكۈنىسى قوراشتۇرۇپ بېرىپ، ھەممە يېزىدا توك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

گۈلھەسەل قادىر

# ئاقچى ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقچى ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: باۋ گۇاڭتۇ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بەختىيار مەمەت قازى (قىرغىز).

ھاكىم : ئەسەت مەمەتسىدىق.

سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: توقا ئىگەمبەردى (قىرغىز).

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقچى ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، توشقان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1180 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 35 مىڭ 410 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 32 مىڭ 987)، يېزا نوپۇسى 25 مىڭ 178؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16.13، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12.99. ناھىيە بويىچە 2699.33 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 1240 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئاق يەر ۋە ئېگىزغا تېرىلغىنى)، 406.47 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئاق يەر ۋە ئېگىزغا تېرىلغىنى) تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 123 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 -

كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 37 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %4.6؛ 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 24 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %36.9؛ 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 61 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.8 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 65 مىليون 923 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %1 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 305 مىڭ 100 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 950 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 52 مىليون 668 مىڭ 500 يۈەن. 4487 تونna ئاشلىق، 400 توننا ياغلىق دان، 128 توننا كۆكتات، 179 توننا مېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 244 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 4000 توننا گۆش، 3801 توننا سۈت، 462 توننا يۇڭ، 22 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 70 توننا تۇخۇم، 155 مىڭ پارچە كالا - قوي تېرىسى ئېلىندى. 464.73 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 27 مىليون 415 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 1 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 7718 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 69 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %5 كېمەيدى. 3 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 5020 توننا ئۇن، 366 توننا سۇ يېغى، 1450 توننا بارىت، 0.5 كىلوگرام ئالتۇن، 15 توننا پولات دېرىزە، 12 مىڭ كۇب مېتىر قۇم - شېغىل، 400 لىڭ باسما بۇيۇم، 5 مىليون 500 مىڭ دانە خىش، 4 توننا بالىق، 10 مىڭ قۇر كىيىم - كېچەك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 21 مىڭ 67 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 8819 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 58 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 12 مىليون 116 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 2209 غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 508 گە، كۆچمە تېلفون ئابونېنتى 1200 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 138 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 27 مىليون 597 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 21 مىليون 250 مىڭ يۈەن. يەرلىك مالىيە كىرىمى 3 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %13.2؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 81 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.08 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 55 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 115 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە، بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 46 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2003 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1513، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 227. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 7 (تولۇق ئوتتۇرا ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئوقۇغۇچىسى 2498 (مىللىي 2767)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 24، ئوقۇغۇچىسى 4461 (مىللىي 3914). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 786 (مىللىي 712). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %45 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %86.76 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2 دوختۇرخانا، 8 شىپاخانا، بىر يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى، بىر ئانا - بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى، دوختۇرخانىلاردا 185 كارىۋات، 230 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 140.

2003 - يىلى ئاقچى ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1046 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 769.86 يۈەنگە يەتتى. 2003 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 2127 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 658 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا، 3708 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

★ 2003 - يىلى ئاقچى ناھىيىسى 1460.13 گېكتار يەردە تەبىئىي چىلان يېتىشتۈردى.

★ 2003 - يىلى ناھىيە بازىرىنىڭ كۆكەرتىلىش كۆلىمى 76 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى 34 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا، كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە كۆكەرتىلگەن كۆلەم 8.3 كۋادرات مېتىرغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %45.39 كە يەتتى.

★ 2003 - يىلى 133.63 كۋادرات مېتىرلىق قۇشخانا سېلىنىپ خالىغان يەردە مال سويۇش ئەھۋالى ئۆزگەرتىلدى.

پېڭ جۇن

# ئۇلۇغچات ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لىۋ چۇەنشەن.

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇربانئاخۇن ھەسەن (قىرغىز).

ھاكىم: مۇرزىبېك مۇقاش (قىرغىز).

سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ماۋ جىنجۈەن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئۇلۇغچات ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى بىلەن كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تاغ تىزمىسىنىڭ تۇتاشقان يېرىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1500 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 46 مىڭ 76 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 41 مىڭ 428)، يېزا نوپۇسى 25 مىڭ 748؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 20.42‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 14.71‰. ناھىيە بويىچە 13.1888 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 33.963 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 70 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 171 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 42 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002ـ يىلدىكىدىن 5.82%؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 44 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.36%، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 83 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 13.75% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 47 مىليون 554 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 19.16% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 260 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 16 مىليون 190 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 21 مىليون 80 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 24 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 4042 توننا ئاشلىق، 160 توننا ياغلىق دان، 674 توننا مېۋە ـ چېۋە، 116 توننا باشقا ئىقتىسادىي زىرائەت ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 287 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 3583 توننا گۆش، 370 توننا يۇڭ، 1860 توننا سۈت، 6 توننا تۇخۇم، 2.5 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 806 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 992 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 5 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 10 مىڭ 939 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 769 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 39.8%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 5 مىليون 665 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 66.3% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 15 كىلوگىرام ئالتۇن، 50 مىڭ 313 توننا كۆمۈر، 43 مىليون كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 2521 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ھەممىسى پۈتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 65 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 55 مىليون 630 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 4502 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 1094 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 2527 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 48 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 33 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 902 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 70 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 6 مىليون 150 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 7.4% كېمەيدى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 116 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.3% ئاشتى. بازار ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 72 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كىرىمى 1 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2003 ـ يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3052، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 273. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 1013 (مىللىي 799)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 2193 (مىللىي 1872)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 25، ئوقۇغۇچىسى 4961 (مىللىي 4506)؛

باللار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 238. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 821 (مىللىي 674). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 87% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 سەھىيە ئاپپاراتى، 245 كەسپىي ساھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 183)، دوختۇرخانىلاردا 177 كارىۋات بار.

قىزىلسۇ ئوبلاستى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ۋاسكىتبولدا 2 تۈردە 2 -، 3 تۈردە 3 -؛ مىللىيچە چېلىشىش مۇسابىقىسىدا بىر تۈردە 2 -، 3 تۈردە 3 - بولدى.

2003 - يىلى ئۇلۇغچات ناھىيە بازىرى ئاھالىلىرىنىڭ ئىلگىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 3728 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 1800 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1211 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 810 يۈەنگە يەتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 280 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 1501 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1137 ئىشچى-خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 5424 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۇلۇغچات ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىكتىكى ئىلغار ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۇلۇغچات ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنە ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

لى چياڭ

# قەشقەر ۋىلايىتى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ يۇڭفېڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شى داگاڭ (1-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: كامىل ئابدۇللا، زىننەت ئۆمەر، زۇڭ جيەن (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ليۇ شۆخۇ (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، گۇڭ شىن، جاڭ شۇنمو (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ليۇ يەن، چېن جۇاڭۋېي (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: زىننەت ئۆمەر؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: تيەن ۋېيگو، ئابدۇكېرىم سەلەي، ئېلى مەھەممەت، شياۋ مىڭداۋ.

ۋالىي: كامىل ئابدۇللا؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: بەن فېنشىن، ياڭ گۇيشىن، مەمتىمىن پىردەۋس، جەرۇللا ھېبامىدىن، ۋۇ دىمىڭ، گاۋ جيەنجۇن، ئابدۇقېيۇم مەھەممەت.

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمتىمىن ئوسمان؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ياڭ شيېچۇ، ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم، ۋۇ شىچىڭ، مەھەممەت ئېزىز، لى سۈنيەن (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ غەربىگە جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر شەھىرىدە. 2003 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 3 مىليون 501 مىڭ 200؛ يېزا نوپۇسى 2 مىليون 681 مىڭ 700؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰32. 16، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰43. 10. ۋىلايەت بويىچە 307 مىڭ 100 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتى، 243 مىڭ 100 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 10 مىليارد 51 مىليون يۈەنگە يەتتى (بىڭتۇەننىڭ ۋە نېفىت كارخانىلىرىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %4 .6، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 850 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %20، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 650 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد 792 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %92 .12 ئاشتى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 582 مىڭ 900 تونna ئاشلىق، 225 مىڭ 300 توننا پاختا، 13 مىڭ 900 توننا ياغلىق دان، 610 مىڭ توننا كۆكتات، 398 مىڭ توننا مېۋە - چېۋە، 570 مىڭ توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 7 مىليون 93 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 185 مىڭ توننا گۆش، 113 مىڭ 600 توننا سۈت، 30 مىڭ توننا تۇخۇم، 4 مىليون توننا سىلوسلانغان

يەم - خەشەك ئېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 238 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 861 مىڭ 100 كىلوۋاتقا يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى ساناەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 414 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 7.3% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆلەمدىن يۇقىرى ساناەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 321 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.9% ئاشتى. ئاساسلىق ساناەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 110 مىڭ 500 تونna كۆمۈر، 970 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 709 مىڭ 600 توننا سېمونت، 10 مىڭ 700 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 17 مىڭ 100 توننا پاختا يىپ، 15 مىليون 313 مىڭ 400 مېتىر پاختا رەخت ئىشلەپچىقىرىلدى. بىر يىلدا بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 291 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 2 مىليون 63 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 18 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 4 مىليارد 408 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 3 مىليارد 154 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 254 مىليون يۈەن. ۋىلايەت بويىچە يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 238 مىڭ 200 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 256 مىڭ 200 گە يەتتى؛ بىر يىلدا 1 مىليون 24 مىڭ 700 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 102 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 524 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 12.71% ، مالىيە چىقىمى 2 مىليارد 837 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 21.11% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 16 مىليارد 692 مىليون يۈەنگە، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 10 مىليارد 116 مىليون يۈەنگە، سودا ئومۇمىي پارچە سېتىلىشىنى 320 مىليون يۈەنگە يەتتى. .

ۋىلايەتتىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 9177 (مىللىي 6223)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 17، ئوقۇغۇچىسى 7001؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 27 مىڭ 600؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 37، ئوقۇغۇچىسى 25 مىڭ 800؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 236 مىڭ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 528 مىڭ 800. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95.4% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 94.1% كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 1079 سەھىيە ئاپپاراتى (يەككىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 9927 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 8225 كارىۋات بار.

2003 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ئېرىشكەن ئالتۇن مېدالنىڭ ئومۇمىي سانى جەھەتتە شىنجاڭ بويىچە 2 - بولدى، 67.5 ئالتۇن مېدال، 24 كۈمۈش مېدال، 4 مىس مېدال ئالدى، 2 تەنھەرىكەتچى دۆلەتنىڭ 1 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى، 8 كىشى 12 قېتىم 11 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ رېكوردىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

2003 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6480 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1482 يۈەنگە، خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 607 يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 100 مىڭ 400 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 44 مىڭ 600 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 43 مىڭ 600 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 165 مىڭ 700 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## قەشقەر ۋىلايىتى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ شتاتىنى كۆپەيتتى

2003 - يىل 11 - ئايدا ئاپتونوم رايون قەشقەر ۋىلايىتىگە 13 مىڭ 914 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى شتاتىنى كۆپەيتىپ بېرىشنى، بۇ ئوقۇتقۇچىلارنى 3 يىلغا بۆلۈپ جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ بىرتۇتاش تاللاپ، ۋىلايەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ كېلىۋاتقان ئوقۇتقۇچى شتاتى كەمچىل بولۇش ۋە ئوقۇتقۇچى ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى قارار قىلدى. تولۇقلىنىدىغان ئوقۇتقۇچىلار چوقۇم ۋىلايەتنىڭ بىرتۇتاش ئىمتىھانىغا قاتنىشىدۇ، ئەلالىرى تاللاپ قوبۇل قىلىنىدۇ، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇتقۇچىلار پۈتۈنلەي توختام بويىچە تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلىدۇ. بۇ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن قەشقەر يېڭىشەھەر، قەشقەر كوناشەھەر، يېڭىسار، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، پەيزاۋات، مارالبېشى ناھىيىلىرىنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى تولۇقلىنىدۇ، سىناپ ئىشلىتىش ۋاقتى بىر يىل، لاياقەتلىك بولغانلار تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

### قەشقەر ۋىلايىتى تۇنجى قېتىم قەدىمىي دەرەخلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئارخىپ تۇرغۇزدى

2000 - يىل 5 - ئايدىن باشلاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك كۆكەرتىش كومىتېتى يېڭىسار، تاشقورغان ناھىيىلىرىدىن باشقا 10 ناھىيە (شەھەر) دائىرىسىدە 100 يىللىقتىن يۇقىرى قەدىمىي دەرەخلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئارخىپ تۇرغۇزدى. تەكشۈرۈشتە ۋىلايەت بويىچە 100 يىللىقتىن يۇقىرى 100 تۈپ قەدىمىي دەرەخ بارلىقى مەلۇم بولدى. بۇ قەدىمىي دەرەخلەرنىڭ سورتلىرى يۇمىلاق تاجلىق قارىياغاچ، توغراق، چىنار، ئاق تېرەكنى ئاساس قىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 500 يىللىقتىن يۇقىرى، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قەدىمىي دەرەخ 13 تۈپ، 300 يىللىقتىن 499 يىللىققىچە بولغان دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قەدىمىي دەرەخ 5 تۈپ، 100 يىللىقتىن 299 يىللىققىچە بولغان دۆلەتلىك 3 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قەدىمىي دەرەخ 82، تۈپ شەھەر - بازارلاردىكى قەدىمىي دەرەخ 26 تۈپ، يېزىلارغا تارقالغان داڭلىق دەرەخ 74 تۈپ، بۇنىڭ ئىچىدە مارالبېشى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ئەڭ كۆپ.

تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ناھىيە (شەھەر) لىك كۆكەرتىش كومىتېتلىرى قەدىمىي دەرەخلەرنى باشقۇرۇش ۋە قوغداش تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ، باشقۇرۇش ۋە قوغداشقا مەخسۇس ئادەم قويدى.

★ 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 10 دىن 3 مىنۇت 42 سېكۇنت ئۆتكەندە مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردا 6.8 بال كۈچلۈك يەر تەۋرىدى. 268 ئادەم ئۆلدى، 4000 دىن ئارتۇق ئادەم يارىلاندى، 8 كەنتتىكى 36 مىڭ 562 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 38 مىڭ 259 تۇياق چارۋا ئۆلدى. يەر تەۋرەش كەلتۈرۈپ چىقارغان بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليارد 371 مىليون يۈەنگە يەتتى.

★ 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىنىڭ ئاتۇش - قەشقەر بۆلىكىنى 2 - قارار ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 29 كىلومېتىر، قوش يۆنىلىشلىك ئاپتوموبىل يولى قىلىپ لايىھىلەنگەن، ئۇ ئالىي تاشيول، بۇ قۇرۇلۇشقا 200 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىش مۆلچەرلەندى.

★ 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەر بىناكارلىق گۇرۇھى 260 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرىدىغان ئاق گازلىقى - قەشقەر، ئاتۇش، تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبا لىنىيىسى ۋە قەشقەر شەھىرى - قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى - قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرى تۇرۇبا تورى قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 120 كىلومېتىر، ئەڭ كۆپ بولغاندا يىلىغا 600 مىليون كۇب مېتىر گاز يەتكۈزەلەيدۇ.

★ 9 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ چوڭ تىپتىكى مىللىي ناخشا - ئۇسسۇلى «قەشقەر» دۆلەت ئۇسسۇل سەنئىتى بويىچە سەرخىل قۇرۇلۇش بولۇپ تاللاندى.

★ 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باسمىچىلىق نۇقتىسى قەشقەردە پۈتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ھەرمىللەت خەلقى «شىنجاڭ گېزىتى» نى شۇ كۈنى كۆرەلەيدىغان بولدى.

★ 2003 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى 200 مىڭ دېھقاننى سىرتقا چىقاردى، ئۇلار 150 مىليون يۈەن كىرىم قىلدى، ئوتتۇرىچە كىرىم 30 يۈەن كۆپەيدى.

يالڭ جىجۇن، ليۇ خەييەن

## قەشقەر شەھىرى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جيەن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھامۇت جېلىل.

شەھەر باشلىقى: پەرھات خالىق.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇللا ھامۇت.

### ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر ۋىلايىتى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن دۆلەت يولى «314» لىنىيىسى ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1473 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 1588 كىلومېتىر كېلىدۇ؛ ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاۋىئاتسىيە مۇساپىسى 1311 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 4، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 351 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 276 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 101 مىڭ 300؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.2‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.8‰. شەھەر بويىچە 6066.6 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 3613 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 260 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 ـ يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 914 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 126 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %10.4، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 530 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %25.6، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 258 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.1 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (شەھەرگە تەۋەسى) 255 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %3.4 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 82 مىليون 570 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 4 مىليون 280 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 64 مىليون 640 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون 430 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 28 مىڭ 600 توننا ئاشلىق، 250 توننا پاختا، 153 مىڭ توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 202 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 9200 توننا گۆش، 3500 توننا تۇخۇم، 4000 توننا سۈت، 501 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 212.6 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 855 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 87 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 19 مىڭ 867 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 30 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %25 ئاشتى (شەھەرگە تەۋەسى 488 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %35.2 ئاشتى)، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 330 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %38.1 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 6587 توننا پاختا يىپ، 11 مىليون 10 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 797 مىليون 470 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 363 مىڭ 400 توننا سېمونت، 13 مىليون 990 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 10 مىڭ 73 توننا پىۋا ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىقنىڭ قوشۇلما قىممىتى 200 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 644 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 689 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 570 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى (شەھەرگە تەۋەسى 990 مىليون يۈەن)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 771 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 250 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدا شەھەر ـ بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 131 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 80 مىڭغا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 10 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا سوممىسى 26 مىليون 710 مىڭ دوللارغا يەتتى (شەھەرگە تەۋەسى 2 مىليون 820 مىڭ دوللار)، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 21 مىليون 730 مىڭ دوللار (شەھەرگە تەۋەسى 1 مىليون 740 مىڭ دوللار)، ئىمپورت سوممىسى 4 مىليون 980 مىڭ دوللار (شەھەرگە تەۋەسى 1 مىليون 80 مىڭ دوللار). بىر يىلدا 287 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 95 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 213 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %17.5، يەرلىك مالىيە چىقىمى 335 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.9 ئاشتى. شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 6 مىليارد 43 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە (شەھەرگە تەۋەسى) ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 7901 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1786. شەھەردىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 7223؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى 8، ئوقۇغۇچىسى 6830؛ شەھەرگە تەۋە كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 6، ئوقۇغۇچىسى 193 (ھەممىسى مىللىي)، كەسپىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 116 (ھەممىسى مىللىي)؛ شەھەرگە قاراشلىق ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 21 (بۇنىڭ ئىچىدە مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 7، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 13، 9 يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ بىر)، مەكتەپتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 3038 (مىللىي 2748)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 566 (مىللىي 15 مىڭ 836)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 68، ئوقۇغۇچىسى 39 مىڭ 879 (مىللىي 35 مىڭ 450)؛ بالىلار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 814. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 3398 (بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 241، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1105، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 2047، كەسپىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 5). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىيو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100 كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 35 سەھىيە ئاپپاراتى، 2618 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 2312 كارىۋات بار.

2003 ـ يىلى قەشقەر شەھىرى ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىرىمى 6480 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە يىللىق ئىستېمال چىقىمى

5099 يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ساپ كىرىمى 2354 يۈەنگە، دۆلەت ئىلكىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 897 يۈەنگە، كوللېكتىپ ئورۇنلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 8202 يۈەنگە، باشقا ئىگىلىكتىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 10 مىڭ 871 يۈەنگە يەتتى.

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 10 مىڭ 572 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 5427 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 16 مىڭ 442 ئىشچى ـ خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## قەشقەر شەھىرى جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھەرلىرى قاتارىغا كىردى

قەشقەر شەھىرى 1999 ـ يىلى جۇڭگونىڭ مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرى بولۇشنى تاللاشقاندىن باشلاپ ساياھەتچىلىككە دائىر قاتتىق دېتال ۋە يۇمشاق دېتال قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇردى. بىرىنچىدىن، ئاپپاق خوجا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى، ھېيتگاھ جامەسى قاتارلىق ئەسلى ساياھەت بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىش بىلەن بىللە، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئېكىزلىكتىكى تۇرالغۇ ساياھىتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك كوچىسى قاتارلىق يېڭى ساياھەت تۈرلىرىنى ئېچىپ، ساياھەت بايلىقىنى بېيىتتى. ئوخشاش بولمىغان ساياھەت مەقسىتى، ئوخشاش بولمىغان ساياھەت رايونى، ئوخشاش بولمىغان ياش، ئوخشاش بولمىغان كەسىپتىكى ساياھەتچىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ ھەرخىل ساياھەت تاۋارلىرىنى لايىھىلەپ، ساياھەت تاۋارلىرى سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈپ، شەھەر رايونى ۋە ئاساسلىق ساياھەت نۇقتىلىرىدا ساياھەت تاۋارلىرىنى سېتىۋېلىش كوچىسى ۋە مەخسۇس سېتىش دۇكانلىرىنى تەسىس قىلدى. ئىككىنچىدىن، جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ مەيلى ـ ساياھەت جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش ۋە بازار تىجارىتى ئارقىلىق بىر تۈركۈم ساياھەتچىلىك مۇلازىمىتى قاتتىق دېتال مۇئەسسەسەلىرى ۋە كۈتۈۋېلىش مۇئەسسەسەلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇردى ۋە ئۆزگەرتتى. 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قەشقەردىكى يۇلتۇز دەرىجىلىك ساياھەت مېھمانخانا 10 غا (3 يۇلتۇزلۇقتىن يۇقىرى مېھمانخانا 3، 2 يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا 7)، جەمئىيەتتىكى مېھمانخانا 71 گە، جەمئىي مېھمانخانا ئۆيى 3880 ئېغىزغا، كارىۋات 6500 گە يېتىپ، يىلىغا 1 مىليوندىن ئارتۇق ساياھەتچى (قېتىم) نى كۈتۈۋېلىش ئىقتىدارى ھازىرلاندى. ئۈچىنچىدىن، مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، قاتناش، خەۋەرلىشىش، ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە مۇلازىمەت مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايوننىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، قەشقەر شەھىرى دۆلەت يولىنىڭ شەھەرنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان «314»، «315» لىنىيىلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى، بۇنىڭ بىلەن بىر شەھەر، ئىككى ناھىيىنىڭ ساياھەت قاتناش تورى شەكىللەندى. ئايرودروم، ۋوگزال، چەت ئەلگە چېتىلىدىغان ساياھەت مېھمانخانىسى، ساياھەت كوپېراتىپى ۋە مەنزىرە رايونى، مەنزىرە نۇقتىلىرىدا ساياھەتچىلىكتىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمەت مەركىزى تەسىس قىلىپ، ساياھەت ئۇچۇر تورىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى.

شەھەر تېلېگرافىدا 160، 168 ساياھەتچىلىك ئۇچۇرى مەسلىھەت مۇلازىمىتى تورىنى ئاچتى. دۆلەت ئۆلچىمىگە ئاساسەن ھەرخىل بەلگە ۋە ئاممىۋى ئۇچۇر سىخېمىلىق بەلگىلىرىنى تەسىس قىلدى، يېڭىلىدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە قەشقەر شەھىرى يەنە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە جۇڭگونىڭ مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرىنى بەرپا قىلىش خىزمىتىگە سىڭدۈرۈپ، شەھەر ئاھالىلىرى ۋە مۇلازىمەت ساھەسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيلىك سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، «ھەممە ئادەمدە ساياھەتچىلىك ئوبرازى بولۇش، ھەممە يەردە ساياھەتچىلىك مۇھىتى بولۇش» نى كەيپىياتقا ئايلاندۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئاددىي ۋە تەبىئىي ساياھەت مۇھىتى شەكىللەندى.

2003 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 3 ـ كۈنىگىچە دۆلەت ساياھەت ئىدارىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى قەشقەر شەھىرىنىڭ ساياھەتچىلىك خىزمىتى ۋە مۇئەسسەسە، مۇھىت، شارائىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، قەشقەر شەھىرى تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ، جۇڭگونىڭ مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھەرلىرى قاتارىغا كىردى.

## كونا شەھەر رايونىنى يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ پۇختىلاش - ئۆزگەرتىش بويىچە كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى

2003 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەر شەھەرلىك 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا «قەشقەر شەھىرى كوناشەھەر رايونىدىكى ئۆيلەرنى چېقىپ كۆچۈرۈشنىڭ ئاساسىي باھاسى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش چارىسى»

ماقۇللاندى، بۇنىڭ بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ كوناشەھەر رايونىنى يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ پۇختىلاش - ئۆزگەرتىش بويىچە كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ماھىيەتلىك يولغا قويۇش باسقۇچىغا كىردى.

2001 - يىل 7 - ئايدا دۆلەت پىلان كومىتېتى، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى «تارىخى، مەدەنىيىتى داڭلىق شەھەر - قەشقەر شەھىرىنىڭ شەھەر رايونىنى قوغداش ۋە كوناشەھەر رايونىنى يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىش ۋە ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش لايىھىسى» دىكى قۇرۇلۇش كۆلىمى ۋە مەبلەغ سېلىش پىلانىنى تەستىقلىدى. «لايىھە» گە ئاساسەن، قەشقەر شەھىرى كوناشەھەر رايونىنى يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ پۇختىلاش - ئۆزگەرتىش بويىچە كۆچۈرۈش - ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، 5000 ئائىلىدىكى تەخمىنەن 22 مىڭ ئادەمنى (كوناشەھەر رايونىدىكى نوپۇسنىڭ 35% ىنى ئىگىلەيدۇ) تارقاقلاشتۇرۇپ، كونا شەھەر رايونىنى يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ پۇختىلاش قۇرۇلۇشى ۋە بىرقىسىم ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنى يۆتكەشلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئاساس سېلىش؛ ئىككىنچى، ئۆزگەرتىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ ۋە يېڭىدىن 320 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق تارقاقلاشتۇرۇش مەيدانى قۇرۇپ، 39 كىلومېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەش، يۇندا چىقىرىۋېتىش تورۇبىسىنى ئۆزگەرتىش، 4 ئورۇندا ئاممىۋى كۆكلەمزار بەرپا قىلىش، 30 ھاجەتخانا سېلىش شۇنىڭدەك خەۋەرلىشىش، گاز، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش؛ ئۈچىنچى، پۇختا ئىمارەت، ياخشى ئەنئەنىۋى ئاھالىلەر تۇرالغۇلىرىنى پۇختىلاپ، يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش؛ تۆتىنچى، يەر ئاستى يولى ۋە توپا ئۆڭكۈرلەرنى تىندۇرۇپ، تەبىئىي ئاپەت جەھەتتىكى يوشۇرۇن خەۋپنى تۈگىتىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ بەشىنچى، كوناشەھەر رايونىدىكى نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىمارەتلىرىنى پۇختىلاپ، ئۇلارنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ساقلاش، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان تارىخىي ئىزلارنى قۇتقۇزۇپ ۋە رېمونت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئورۇنلاشتۇرۇش كىچىك رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ 3 باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشىدا 220 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق قۇرۇلۇش پۈتكۈزۈلدى، بۇ قۇرۇلۇشقا 2500 دىن ئارتۇق ئائىلىنى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ، 1 - تۈركۈمدىكى كۆچۈرۈلىدىغان ئائىلىلەر كىچىك رايونغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

قەشقەر شەھىرى كوناشەھەر رايونىنى يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ پۇختىلاش - ئۆزگەرتىش بويىچە كۆچۈرۈش - ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تەخمىنەن 660 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، بۇ مەبلەغنىڭ كۆپ قىسمى مەركەز مالىيىسىدىن ئاجرىتىلىدۇ، ئاز بىر قىسمىنى يەرلىك يۈرۈشتۈرۈپ ھەل قىلىدۇ.

★ 1 - ئايدا قەشقەر شەھىرى كوناشەھەر رايونىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش تورۇبىسىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. بۇ قۇرۇلۇشقا 16 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سۇ بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسى يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن 7 قۇدۇقنى، 5000 كۇب مېتىرلىق بىر سۈزۈك سۇ كۆلچىكىنى، 2 يۈرۈش ئۆزگەرتىلگەن 2 - دەرىجىلىك يۇقىرى، تۆۋەن بېسىملىق توك تەقسىملەش ئۈسكۈنىسىنى، ئالماشتۇرۇلغان 6 سۇ ناسوسى ۋە باشقا ئۈسكۈنىلەرنى، ئۆزگەرتىلگەن ۋە يېڭىدىن ياسالغان دىئامېتىرى 300 - 500 مىللىمېتىرغىچە بولغان 10 مىڭ 500 مېتىرلىق ئاساسىي سۇ بىلەن تەمىنلەش تورۇبىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۈنىگە سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى ئىلگىرىكى 14 مىڭ كۇب مېتىردىن 50 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتتى.

ئابدۇرېشىت ھاجى

# قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاۋ شىنۋېي.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇربان سۇلايمان.

ھاكىم: تۇرسۇن توختى.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەھەممەت ئابدۇللا.

## ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1482 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 16. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 365 مىڭ 783 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 358 مىڭ 524)، يېزا نوپۇسى 335 مىڭ 159؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.17‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.61‰. ناھىيە بويىچە 37 مىڭ 700 گېكتار

تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 33 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 11 مىڭ 300 گېكتار)، 8190 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 50 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 801 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 470 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %8.99، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 116 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %46.21، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 213 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.94 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 19 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %14.1 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 673 مىليون 800 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 12 مىليون 920 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 316 مىليون 210 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 3 مىليون 70 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 191 مىڭ 951 توننا ئاشلىق، 10 مىڭ 500 توننا پاختا، 1500 توننا ياغلىق دان، 73 مىڭ توننا كۆكتات، 97 مىڭ 352 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى، 3340 گېكتار يەرگە بېدە تېرىلدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 952 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 24 مىڭ توننا گۆش، 1121 توننا يۇڭ، 12 مىڭ 700 توننا سۈت، 5200 توننا تۇخۇم، 350 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2763 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 80 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە، ئالغان ساپ پايدىسى 5 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 13 مىڭ 410 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 127 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %15.7، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 40 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %0.3 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 154.54 توننا پاختا رەخت، 1060 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 1166 توننا پاختا يىپ، 779.2 توننا سانائەت تۇزى، 137 مىليون 52 مىڭ دانە خىش، 65.4 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 710 مىڭ توننا تورۇبا سۈيى، 25 مىليون 760 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى، 156 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر دائىرە ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەندى، 31 مىليون 820 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلەندى. 2003 - يىلى بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 40 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 32 مىڭ 974 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 13 مىڭ 37 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 404 مىليون 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 336 مىليون 790 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 21 مىليون 600 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 6005 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 9577 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 3200 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 374 كە يەتتى. ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 22 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون 596 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 27 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %21.7، يەرلىك مالىيە چىقىمى 207 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %1 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 218 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 333 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 13 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 4 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 5565، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 895. ناھىيىدىكى كەسپىي تېخنىكوم بىر؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 465 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1407 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 317 (مىللىي 29 مىڭ 959)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 179، ئوقۇغۇچىسى 55 مىڭ 413 (مىللىي 54 مىڭ 495)، بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 160. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 4520 (مىللىي 4411). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 913 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %64 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 3400 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 19 سەھىيە ئاپپاراتى، 523 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 476)، دوختۇرخانىلاردا 490 كارىۋات بار.

2003 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون ئۆتكۈزگەن چېلىشىش

مۇسابىقىسىدا 2 تۈردە 1 -، 2 تۈردە 2 -، بىر تۈردە 3 - بولدى. 2003 - يىلى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 5500 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1468 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 8476 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 7410 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 13 مىڭ ئىشچى- خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى سودىگەر چاقىرىش ئىدارىسى قۇردى

2003 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمەت مېخانىزمىنى يېڭىلاپ، سودىگەر چاقىرىش ئىدارىسى قۇرغاندىن كېيىن، سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىشتا مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بىر يىلدا 15 تۈرنى كىرگۈزدى، سوممىسى 250 مىليون يۈەنگە يەتتى، نەقلەشكەن مەبلەغ 110 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %46 ئاشتى.

★ 2003 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى سىرتقا 210 مىڭ ئەمگەكچى چىقىرىپ، 287 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە سىرتقا ئەمگەكچى چىقىرىشتىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

لىيۇ چۈن

## قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاۋ گاڭ.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئىممەت بارات.

ھاكىم: مۇتەللىپ توختى.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سېيىت سادىر.

### ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، قەشقەر بوستانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1484 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 12. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 292 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 274 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 245 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰18.65، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰13.04. ناھىيە بويىچە 35 مىڭ 640 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 26 مىڭ 900 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 11 مىڭ 150 گېكتار)، 15 مىڭ 720 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 655 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 382 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %3؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 74 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %28.7؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 199 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %35.2 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 470 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %8.8 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 346 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە، ئورمانچىلىقنىڭ 9 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە، چارۋىچىلىقنىڭ 106 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 134 مىڭ 984 توننا ئاشلىق، 26 مىڭ توننا پاختا، 509 توننا ياغلىق دان، 59 مىڭ 172 توننا قىزىلچا، 74 مىڭ 992 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 677 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 15 مىڭ 400 توننا گۆش، 800 توننا يۇڭ، 9300 توننا سۈت، 2100 توننا تۇخۇم، 438 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. بىر يىلدا 1365 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 80 مىڭ 155 كىلوۋاتقا يەتتى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 150 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %26، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 59 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %51 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 620 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 120 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 17 مىڭ 200 توننا بۇغداي ئۇنى، 2225 توننا سۇ يېغى، 3970 توننا ئارىلاشما يەم - بوغۇز، 225 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 192 توننا ئاق ھاراق، 7287 توننا يۇمشاق ئىچىملىك، 4547 توننا يىپ، 4817 كۇب مېتىر سۇنئىي تاختاي (چاپلىما تاختا)، 900 دانە ئۆي

جاھازىسى، 1349 توننا سۇلياۋ ياسالما (دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق)، 4 توننا سۇلياۋ تاختا، 71 توننا سۇلياۋ يىپەك ۋە توقۇش بۇيۇمى، 43 توننا كۆپتۈرمە سۇلياۋ، 112 مىڭ توننا سېمونت، 50 مىليون 90 مىڭ دانە خىش (ئۆلچەملىك خىش)، 17 توننا بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مېتال بۇيۇم، 44 مىڭ 340 كىلوۋولت ئامپېر تىرانسفورماتور، 1723 توننا پولات ئۈزەكلىك ئاليۇمىن سىم ئىشلەپچىقىرىلدى. بىر يىلدا بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 37 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 37 مىڭ 990 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 6292 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 104 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىندى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 8250 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 2850 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 6898 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 350 كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 142 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 20 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002ـ يىلدىكىدىن %2.10، يەرلىك مالىيە چىقىمى 162 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %4.14 ئاشتى. بازار- يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 13 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 7 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە (مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسى)، تۆلەم سوممىسى 3 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى (مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى)، بىر يىلدا ئېلىنغان قەرز پۇل 568 مىليون 490 مىڭ يۈەن بولۇپ، %9 ئازايدى.

ناھىيە بويىچە 4124 كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1700. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 408 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 2074 (مىللىي 1744)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 314 (مىللىي 20 مىڭ 370)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 93، ئوقۇغۇچىسى 45 مىڭ 226 (مىللىي 43 مىڭ 266)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 332 (مىللىي 170)؛ ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2976 (مىللىي 2791). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 662 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %8.91 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 18 سەھىيە ئاپپاراتى، 334 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 420 كارىۋات بار.

ناھىيە بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1450 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پۇل مائاشى 11 مىڭ 539 يۈەنگە يەتتى.

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 7165 ئىشچى- خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3130 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 10 مىڭ 13 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## يېڭىشەھەر يېزىسى زىرائەتنى 4 قېتىم پىشۇرۇش تۈزۈمىنى كېڭەيتتى

2003 ـ يىلى يېڭىشەھەر يېزىسى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش جەريانىدا ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، «زىرائەتنى تۆت قېتىم پىشۇرۇش تۈزۈمى» نى كېڭەيتىپ، ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرى ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى كىرگۈزۈپ تېرىش ئۇسۇلىدا ئىزدىنىپ، ئېكىن تېرىلغۇسى كۆرسەتكۈچى ۋە ھازىر بار يەرنىڭ ھاسىلات نىسبىتىنى ئاشۇرۇپ، سۇپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، يۇقىرى ھوسۇللۇق تېرىقچىلىق يولىغا قەدەم قويدى.

بۇ يېزا «نۇر، ئىسسىقلىق، سۇ، تۇپراق» قاتارلىق تەبىئىي بايلىق مول بولۇشتەك ئەۋزەللىكتىن تولۇق پايدىلىنىپ، تۆۋەنكى ھويلا، باخشىلا، زۇلال، ئوبۇلئېرىق كەنتلىرى 7.8 گېكتار يەرنى تەجرىبە ئېتىزى قىلىپ ئايرىپ، «كۆزگى بۇغداي + قوش يوپۇرماقلىق تاۋۇز + كەنجى تاۋۇز+ كۆزلۈك يېسىۋىلەك» تېرىش ئەندىزىسىنى كېڭەيتىپ، ھەر مو (0.07 گېكتار) يەرنىڭ ساپ كىرىمىنى 1480 يۈەنگە يەتكۈزدى (بۇنىڭ ئىچىدە بۇغدايدىن قىلىنغان كىرىم 161 يۈەن، قوش پەردىلىك قوغۇندىن قىلىنغان كىرىم 663 يۈەن، كېيىن پىشار قوغۇندىن قىلىنغان كىرىم 488 يۈەن، كۆزلۈك ئۇششاق يېسىۋىلەكتىن قىلىنغان كىرىم 168 يۈەن).

يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ «زىرائەتنى تۆت قېتىم پىشۇرۇش تۈزۈمى» نى كېڭەيتىشكە بولغان ئىشەنچىسى ھەسسىلەپ ئاشتى، 2004 ـ يىلى 66.7 گېكتار يەرگە كېڭەيتىش، 2007 ـ يىلغا بارغاندا تېرىلغۇ كۆلىمىنى 666.7 گېكتارغا يەتكۈزۈش پىلانلاندى.

★ 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 2001 ـ 2002 ـ يىللىق ناھىيە (شەھەر) پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى نىشان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. جياۋ گاڭ، ئەختەر سېيىت ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

ۋاڭ لۇ

# يېڭىسار ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يېڭىسار ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ تيېمىن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: غۇلام ئابلىكىم.

ھاكىم: مۇتەللىپ ئابدۇرېشىت.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەھەممەت جۇرۇپ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

يېڭىسار ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، كۇئېنلۇن تاغ سىستېمىسىدىكى قوڭغۇر چوققىسىنىڭ شەرقىي-شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1514 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 13. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 228 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 223 مىڭ 300)، يېزا نوپۇسى 195 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.18، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰11.44. ناھىيە بويىچە 24 مىڭ 620 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 19 مىڭ 40 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 9000 گېكتار)، 10 مىڭ 550 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 1800 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 543 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 329 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %15، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 65 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %11، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 148 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.2 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 475 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %8 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 315 مىليون 780 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 24 مىليون 490 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 135 مىليون 40 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 510 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 120 مىڭ 450 توننا ئاشلىق، 5000 توننا پاختا، 3600 توننا ياغلىق دان، 64 مىڭ 123 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 368 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 11 مىڭ 100 توننا گۆش، 2400 توننا يۇڭ، 8400 توننا سۈت، 1100 توننا تۇخۇم، 60 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3521 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 89 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 6 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 45 مىڭ 368 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %26، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 18 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %0.9 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 7218 توننا كۆمۈر، 20 مىليون 140 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى، 26 مىليون 200 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن، 1 مىليون توننا سۇ بىلەن تەمىنلەندى، 124 مىڭ 100 توننا سېمونت، 55 مىليون 530 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 22 مىڭ 869 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 17 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 95 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 83 مىليون 670 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 5244 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 2174 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 13 مىڭ 451 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 34 كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 78 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يەرلىك مالىيە كىرىمى 12 مىليون 920 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %14 تۆۋەنلەپ كەتتى، يەرلىك مالىيە چىقىمى 127 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %3 ئاشتى. يېزا - بازار ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 203 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون 37 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 3 مىليون 199 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 3061 ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 530. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 743 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق

ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1138 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 392 (مىللىي 17 مىڭ 981)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 71، ئوقۇغۇچىسى 38 مىڭ 366 (مىللىي 37 مىڭ 901)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 121، ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1871 (مىللىي 1773). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 18 سەھىيە ئاپپاراتى، 377 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 300)، دوختۇرخانىلاردا 364 كارىۋات بار.

2003 - يىلى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 4000 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 2500 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1094 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 500 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 4414 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1174 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 7243 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## 509 قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى

2003 - يىلى يېڭىسار ناھىيىسى نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدىن 34 نى يولغا قويدى، بۇنىڭ ئۈچۈن 13 مىليون 430 مىڭ يۈەن سەرپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كەنت ۋە ئائىلەرگە 8 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلۈپ، نامرات يېزا، كەنتلەرگە 24 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياساپ بېرىلدى، 7 قۇدۇق قېزىپ بېرىلدى، 182 ئوت - چۆپ توغراش ماشىنىسى ئېلىپ بېرىلدى، نامرات ئائىلىلەرگە 196 كالا، 3300 تۇياق قوي، 60 مىڭ توخو ئېلىپ بېرىلدى، 285 نامرات ئائىلىنىڭ ئۆيى ئۆزگەرتىلدى، 100 پارنىك ۋە لاپاس ياسالدى. بىر يىلدا تىزىملانغان 509 ئائىلىنىڭ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى، تۆۋەن كىرىملىك 1881 ئائىلىنىڭ كىرىمى تۆۋەن كىرىم سىزىقىدىن ئاشۇرۇلدى.

## باغ كۆلىمى 20 مىڭ گېكتارغا يەتتى

2003 - يىلى يېڭىسار ناھىيىسى سەمەت ئۆرۈكى ۋە بادامنى زور كۈچ بىلەن كۆپەيتىپ، ئاساسىي ھۆجۇمنى بىرلىك ھوسۇل ۋە سۈپەتكە قارىتىپ، ئۆستۈرۈش كۆلىمىنى كېڭەيتتى. باغ كۆلىمىنى 20 مىڭ گېكتارغا يەتكۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆرۈك كۆلىمى 18 مىڭ گېكتار، ئۆرۈك دەرىخى 5 مىليون 400 مىڭ تۈپ بولۇپ، كىشى بېشىغا 30 تۈپتىن توغرا كەلدى.

★ 2003 - يىلى يېڭىسار ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ۋاڭ يىلى

# پوسكام ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ پوسكام ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: زېڭ سۇن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قادىر سايىم.

ھاكىم: يالقۇن مەخمۇت.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابلەت سايىت.

## ئاساسىي ئەھۋالى

پوسكام ناھىيىسى كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، يەكەن دەرياسىدىن ھاسىل بولغان لاتقا قاناتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1692 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق، بازار 2، يېزا 10. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 175 مىڭ 723 (كۆيباغ بازىرىدا تۇرۇشلۇق غەربىي - جەنۇبىي تارىم نېفىت تەكشۈرۈش تەرەققىيات شىركىتىگە قاراشلىق 21 مىڭ 54 نوپۇسمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 134 مىڭ 979، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 98 مىڭ 424؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰49 .4، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰5. ناھىيە بويىچە 24 مىڭ 70 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 12 مىڭ 440 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 4020 گېكتار)، 12 مىڭ 110 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 10 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 640 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 271 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە

يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %10.1، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 102 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.26، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 266 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.45 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 582 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %12 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 409 مىليون 240 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 15 مىليون 100 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 150 مىليون 970 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 7 مىليون 380 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 88 مىڭ 760 توننا ئاشلىق، 18 مىڭ توننا پاختا، 160 توننا ياغلىق دان، 152.9 توننا قىزىلچا، 20 مىڭ 108.7 توننا مېۋە - چېۋە، 28 مىڭ توننا كۆكتات، 225 توننا ياڭيۇ، 90 توننا زىرە، 34 مىڭ 114 توننا بېدە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 343 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 11 مىڭ 200 توننا گۆش، 272 توننا يۇڭ، 5800 توننا سۈت، 1900 توننا تۇخۇم، 1000 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. بىر يىلدا 2329.5 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 119 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 13 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 59 مىڭ 589 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 95 مىليون 55 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %71.39، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 48 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.55 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 14 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، 55 مىليون 780 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى، 64 مىليون 110 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلەندى، 2800 توننا سېمونت، 1 مىليون 850 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 67 توننا سۇلياۋ ياسالما، 259 توننا سۇ يېغى، 3915 توننا كۈنجۈرە، 10 مىڭ توننا پاختا، 879 توننا (#40 لىق) پاختا يىپ، 4710 توننا ئۇن، 21 مىڭ 350 دانە بورا، 58 مىڭ 100 كۇب مېتىر قۇم - شېغىل، 161 مىليون دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 24 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 13 مىڭ 831 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 131 مىليون 440 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ مەبلەغنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىندى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 7984 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 3466 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 362 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 108 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 3000 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 77 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 66 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %26.24، يەرلىك مالىيە چىقىمى 145 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %29.76 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 996 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 28 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 3 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 3327 كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 514 (ئالىي ئۇنۋانى بارلار 25). ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 323 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1600 (مىللىي 1037)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 490 (مىللىي 14 مىڭ 517)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 56، ئوقۇغۇچىسى 24 مىڭ 351 (مىللىي 20 مىڭ 163). بالىلار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 918. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2630 (مىللىي 2440). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 830 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 سەھىيە ئاپپاراتى، 372 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 310)، دوختۇرخانىلاردا 391 كارىۋات بار.

ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەتلىك مۇسابىقىلاردا بىر ئالتۇن مېدال (مەملىكەتلىك ئۆسمۈرلەر ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىدا) ئالدى، ئاپتونوم رايونلۇق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا بىر تۈردە 1 - بولدى (ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بوكسيورلۇق مۇسابىقىسىدا).

ناھىيە بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2232 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 225 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 6614 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2836 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 5831 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 2003 ـ يىلى پوسكام ناھىيىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يەر قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتىكى ئەمۇنە ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى پوسكام ناھىيىلىك پاختا توقۇمىچىلىق باش شىركىتى 27 مىليون يۈەنلىك باھا بىلەن شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھىغا كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىپ بېرىلدى. بۇ كارخانىنىڭ مەبلىغى قەرزىنى قاپلىيالمىغاچقا 2001 ـ يىل 11 ـ ئايدا قانۇن بويىچە ۋەيران قىلىنغانىدى.

## جۇڭگو پوسكام جىنخۇيالڭ دۆلەت ئورمان باغچىسى

ئورمان باغچىسى ئەسلىدىكى پوسكام جىنخۇيالڭ مەنزىرە ساياھەت رايونى ئاساسىدا قۇرۇلغان. 2003 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورمان باغچىسى قىلىپ بېكىتىلدى، شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى دۆلەت دەرىجىلىك ئورمان باغچىلىرىنى تەكشۈرۈپ باھالاشتىن ئۆتۈپ، نامى جۇڭگو پوسكام جىنخۇيالڭ دۆلەت ئورمان باغچىسى دەپ بېكىتىلدى. باغچىنىڭ پىلانلانغان كۆلىمى 16 كۋادرات كىلومېتىر، پىلانلانغان تىزگىنلىنىدىغان كۆلىمى 19.5 كۋادرات كىلومېتىر، باغچىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى 4 چوڭ بۆلەك رايون، 2 ئوق لىنىيىدىن تەركىب تاپقان. ئۇ ئۆزگىچە تەبىئىي، گۈمانىستارلىق مەنزىرىگە ئىگە، ئۆسۈملۈك مەنزىرىلىرىدىن خېلى مۇكەممەل قوغدالغان تەبىئىي توغراقلىق (6.4 كۋادرات كىلومېتىر)، يۇلغۇنلۇق ساھىل (12 گېكتار)، توغراق ئاساس قىلىنغان بەرپا قىلىنغان ئورمان، سېرىق يۈگەي، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، ئالقات، ئىت ياڭىقى قاتارلىق تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن دورىلىق ئۆسۈملۈك، «قۇملۇق ئادەمگىياھى» دەپ نام ئالغان بۆرە سامسىقى بار. ئاساسلىق ياۋايى ھايۋان ۋە قۇشلاردىن ياۋا ئۆردەك (دۆلەتلىك 3 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇش)، يىڭنە قۇيرۇقلۇق ئۆردەك (ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 2 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇش)، يۇمىلاق بويۇن قىرغاۋۇل، ياۋا توشقان، قارلىغاچ، قاغا، قارا قۇشقاچ، ھۆپۈپ (ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇش)، تۆمۈر تۇمشۇق (دۆلەتلىك 2 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇش)، سېرىق چايكا، قارا بۇلبۇل (ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇش)، مۇشۇك ياپىلاق (دۆلەتلىك 2 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇش)، جاغالماي (دۆلەتلىك 2 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇش)، كۆلرەڭ تۇمشۇق لاچىن (دۆلەتلىك 2ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇش) قاتارلىقلار بار. گۈمانىستارلىق مەنزىرىلەردىن تامئالدى قەدىمكى قەبرىستانلىقى (بۇنىڭدىن 1200 يىل ئىلگىرىكى قەبرىستانلىق، ھازىر 100 نەچچە قەبرە ساقلىنىپ قالغان، ئۇ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى)، ياسىدۇڭ مازىرى، توغراق پادىشاھى (ئاتلىق تېپىشقا مەنسۇپ دەپ بېكىتىلدى، ئېگىزلىكى 10.05 مېتىر، دەرەخ غولىنىڭ ئايلانمىسى 3.6 مېتىر، ئازكەم مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە)، مۇقەددەس دەرەخ (ئۇ تېرەك بولۇپ، غولىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ ئايلانمىسى 6.2 مېتىر، ئاستىنقى قىسمىنىڭ ئايلانمىسى 9.2 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 30 مېتىر، تەخمىنەن 150 — 200 يىللىق تارىخقا ئىگە)، يەكەن دەرياسى كاچۇڭ سۇ باشلاش تۇگۈنلۈك قۇرۇلۇشى («شىنجاڭدىكى دۇجياڭ توسمىسى» دەپ ئاتىلىدۇ) بار.

تيەن فامىڭ

# يەكەن ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يەكەن ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۈي يۈەنجى.

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇدرەت ئېزىز.

ھاكىم: ئابدۇغېنى ئىگەمبەردى.

سىياسىي كېڭەش 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ھۆسىيىن يۈسۈپ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

يەكەن ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ باغرىغا، تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن بۆگرى قۇملۇقىنىڭ ئارىسىدىكى يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى لاتقا تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1666 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 7، يېزا 22. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 644 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 618 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى 472 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.46‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.16‰. ناھىيە بويىچە 80 مىڭ 111 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 44 مىڭ 971 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 35 مىڭ 140 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغىنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 261 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە

1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 784 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %5، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 112 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.6، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 363 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %23.4 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 501 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %12.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 145 مىليون 930 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 92 مىليون 690 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 253 مىليون 950 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 8 مىليون 830 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 348 مىڭ 800 توننا ئاشلىق، 45 مىڭ توننا پاختا، 800 توننا ياغلىق دان، 103 مىڭ 400 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 195 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 28 مىڭ 700 توننا گۆش، 12 مىڭ 700 توننا سۈت، 6200 توننا تۇخۇم، 1375 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4700 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 150 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 257 مىليون 83 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %7.6، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 38 مىليون 214 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %1.2 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 197 مىليون 370 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 63 مىڭ 618 توننا كۆمۈر، 6049 توننا بىرىكمە ئوغۇت، 2140 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 2282 توننا پاختا يىپ، 110 مىڭ توننا ئۇن، 98 مىليون دانە خىش، 7111 توننا سۇ يېغى، 60 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 66 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 56 مىڭ 902 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 390 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 252 مىليون 40 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 17 مىڭ 571 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 7263 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 21 مىڭ 186 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 1115 كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 222 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 41 مىليون 660 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %11.8 تۆۋەنلىدى، يەرلىك مالىيە چىقىمى 314 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.07 ئاشتى. بازار ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 230 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 40 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 21 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 7568 ھەرخىل تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1560. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 80 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 2986 (مىللىي 2432)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 33، ئوقۇغۇچىسى 55 مىڭ 495 (مىللىي 53 مىڭ 887)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 210، ئوقۇغۇچىسى 107 مىڭ 283 (مىللىي 103 مىڭ 340)، بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 875. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 6466 (مىللىي 6054). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 520 مىليون 192 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 35 سەھىيە ئاپپاراتى، 1001 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 1112 كارىۋات بار.

2003 ـ يىلى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1549 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 876 يۈەنگە يەتتى.

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 13 مىڭ 22 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 4946 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 18 مىڭ 891 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 2003 ـ يىلى يەكەن ناسىيىسىدىكى 31 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان پىيادىلەر كوچىسى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

لىۋ جېن

## قاغىلىق ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاغىلىق ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لىۋ كاشېڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خۇدابەردى ئىسمائىل.

ھاكىم: ئوسمان داۋۇت.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدىرېشىت توختى.

## ئاساسىي ئەھۋالى

قاغىلىق ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1513 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 17. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 373 مىڭ 492 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 349 مىڭ 530)، يېزا نوپۇسى 307 مىڭ 312؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 20.47‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.89‰. ناھىيە بويىچە 47 مىڭ 300 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 35 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 12 مىڭ 600 گېكتار)، 10 مىڭ 900 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 833 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 559 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 12.11%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 62 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 0.61%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 211 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 16.87% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 92 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 10.95% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 612 مىليون 680 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 88 مىليون 630 مىڭ 600 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 386 مىليون 740 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 4 مىليون 150 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 217 مىڭ توننا ئاشلىق، 13 مىڭ توننا پاختا، 2525 توننا ياغلىق دان، 35 مىڭ 777 توننا مېۋە - چېۋە، 71 مىڭ توننا كۆكتات، 12 مىڭ 784 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 2704 توننا زىرە، 213 توننا يۇرچاق ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 83 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 47 مىڭ 300 توننا گۆش، 1300 توننا يۇڭ، 153 مىڭ 845 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 4890 توننا تۇخۇم، 415 توننا سۈت مەھسۇلاتى ئېلىندى. 6300 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 19 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 3 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 92 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 97 مىليون 161 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 19.96% ئاشتى، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 24 مىليون 370 مىڭ يۈەن بولۇپ، 39.63% كېمەيدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 51 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 248 توننا قەغەز، 45 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 96 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 156 مىڭ 154 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 149 مىڭ 154 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 142 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 141 مىليون 610 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 12 مىڭ 11گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 2010 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 15 مىڭ 500 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 250 كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 189 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يەرلىك مالىيە كىرىمى 42 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 12.21%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 212 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2.97% ئاشتى. ھەرخىل ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 880 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 638 مىليون 170 مىڭ يۈەن؛ ھەرخىل قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى 562 مىليون 430 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 15 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، ھەرخىل تۆلەم سوممىسى 10 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 5266 ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 856. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 233 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 27، ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 450 (مىللىي 26 مىڭ 857)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 147، ئوقۇغۇچىسى 72 مىڭ 78 (مىللىي 67 مىڭ 990)؛ بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 440. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 3986 (مىللىي 3620). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ

نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %89 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 32 سەھىيە ئاپپاراتى، 598 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 474)، دوختۇرخانىلاردا 476 كارىۋات بار.

2003 - يىلى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1427 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پۇل مائاشى 12 مىڭ 858 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 7294 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2696 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 13 مىڭ 284 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقى

2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تيەنجىن جىڭتيەن گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش بويىچە تۈمەن مو (666.67 گېكتار) لۇق سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقى تورىنى ئىمزالىدى، 1 - قارارىدا توختام بويىچە 58 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تورنىڭ قۇرۇلۇشى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى باشلاندى، 5 - ئاينىڭ بېشىدا يەم - بوغۇز پىششىقلاش زاۋۇتى پۈتتى ھەمدە 200 گېكتارلىق باقمىچىلىققا ئىشلىتىلىدىغان سۇ يۈزى بەرپا قىلىندى، بۇ سۇغا 40 تونىنا يەنى 300 مىليوندىن ئارتۇق بېلىجان، 10 تونىنا تەخمىنەن 7 مىليون دانە قىسقۇچ پاقا قويۇپ بېرىلدى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 6 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا 400 تونىنا بېلىق، 100 تونىنا تۆكلۈك قىسقۇچ پاقا ئېلىنىدى، يىل ئاخىرىدا مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون يۈەنگە يەتتى. تۆكلۈك قىسقۇچپاقىنى بېقىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى قاغىلىق ناھىيىسىدىكى سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

★ 1 - ئايدا قاغىلىق ناھىيىسى «جۇڭگو ياڭاق ماكانى» تور بېكىتىنى ھەمكارلىشىپ باشقۇردى. بۇ تور بېكىتى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى «جۇڭگو ياڭاق ماكانى» دېگەن نامنى تىزىمغا ئالدۇرغان ناھىيە دەرىجىلىك تور بېكىتى شۇنىڭدەك مەڭگۈلۈك رايون نامى ھوقۇقىغا ئىگە مەۋھۇم ئۇچۇر تور بېكىتىدىن ئىبارەت.

ۋۇ جاۋخۇي

# مەكىت ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مەكىت ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يەن جيەن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەكبەر ئەدىر (ئۆزبېك).

ھاكىم: ئابدۇكېرىم ئابدۇۋايىت.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: نامان ئەيسا.

## ئاساسىي ئەھۋالى

مەكىت ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمى ۋە تىزناپ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1410 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 173 مىڭ 58 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 155 مىڭ 431)، يېزا نوپۇسى 120 مىڭ 356؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.59، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.36. ناھىيە بويىچە 35 مىڭ 450 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 17 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى شۇنىڭ ئىچىدە)، 29 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى شۇنىڭ ئىچىدە) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

مەكىت ناھىيىسى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ كېۋەز تېرىش بازىسى. 2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 550 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 400 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %12.08، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 41 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %0.92، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 108 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %1.9 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 725 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %0.06 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 506 مىليون 150 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 10 مىليون 810 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 176 مىليون 330 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 440 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 91 مىڭ 300 تونىنا ئاشلىق، 30 مىڭ تونىنا پاختا، 22 مىڭ 500 تونىنا مېۋە - چېۋە ئېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 558 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 11 مىڭ 900 تونىنا گۆش، 653 تونىنا يۇڭ، 6500 تونىنا سۈت، 1600 تونىنا تۇخۇم، 50 تونىنا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىنىدى. 1669 گېكتار

پەردە ئورمان بەرپا قىلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 66 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 16 مىليون 720 مىڭ يۈەن بولۇپ، 14.95% تۆۋەنلىدى. ئاساسلىق ساناڭەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 230 توننا سۈلياۋ يوپۇق، 19 مىڭ توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 37 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 46 مىڭ 977 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 23 مىڭ 488 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 170 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 150 مىليون 640 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 43 مىليون 800 مىڭ ئادەم كىلومېتىرغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 15 مىڭ 552 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 8158 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 19 مىڭ 500 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 308 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 121 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يەرلىك مالىيە كىرىمى 23 مىليون 450 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 10.6% كېمەيدى، يەرلىك مالىيە چىقىمى 159 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 30.7% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ھەرخىل قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 187 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 561 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 3938 ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 963. پەن - تېخنىكا تەجرىبە تۈرىدىن 96 سى يولغا قويۇلدى. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 430 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1210 (مىللىي 850)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 20، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 811 (مىللىي 13 مىڭ 451)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 82، ئوقۇغۇچىسى 27 مىڭ 860 (مىللىي 24 مىڭ 246). بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 543؛ ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2432 (مىللىي 2122). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 23 مىليون 242 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 97.6% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96.3% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 سەھىيە ئاپپاراتى، 403 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 310)، دوختۇرخانىلاردا 427 كارىۋات بار.

2003 - يىلى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 4113 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 3329 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1960 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 489 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 4994 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1834 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 7852 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★2003 - يىلى مەكىت ناھىيىسى 28 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىدىكى ئاۋات بەلۋاغقا «ۋەنشىڭ» سودا سارىيى سالدى، بۇ سودا سارايىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 17 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ سودا سارايىنىڭ قۇرۇلۇشى شۇ يىلى باشلىنىپ، شۇ يىلى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. سودا سارايىغا 310 سودىگەر قوبۇل قىلىندى، 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ جەلپ قىلىندى.

چېن چىيىن

## يوپۇرغا ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يوپۇرغا ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خې خەييەن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇنىسا تۇرادىن.

ھاكىم: غۇلامجان ئابدۇررۇسۇل.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەخمۇت ئەخمەت.

### ئاساسىي ئەھۋالى

يوپۇرغا ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە، كەز دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1560 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 135 مىڭ 876 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 128 مىڭ 170)، يېزا نوپۇسى 118 مىڭ 520؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش

نىسبىتى ‰13.04، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.3. ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 210 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 12 مىڭ 40 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 4930 گېكتار)، 14 مىڭ 240 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 1990 گېتار) تېرىلدى. كىلىماتى تېپىك قۇرغاقلىق تېپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 339 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 201 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %5.75، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 55 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %35.95، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 142 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.39 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 334 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %12.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 272 مىليون 800 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 7 مىليون 250 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 54 مىليون 229 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 430 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 64 مىڭ 243 توننا ئاشلىق، 11 مىڭ 500 توننا پاختا، 1400 توننا ياغلىق دان، 9025 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 276 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 6200 توننا گۆش، 600 توننا يۇڭ، 3500 توننا سۈت، 500 توننا تۇخۇم، 70 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1298 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 8 مىليون يۈەنگە، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 39 مىڭ 339 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %13.64 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 790 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 1260 توننا سۇ يېغى، 6600 توننا ئۇن، 203 توننا چۈچۈكبۇيا كىسلاتاسى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىر يىلدا بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 227 مىڭ 597 كۋادرات مېتىرغا (يەر تەۋرىگەندىن كېيىن يۇرت - ماكانىنى قايتا قۇرۇشقا تەۋەسى 205 مىڭ كۋادرات مېتىر)، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 205 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 124 مىليون 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 120 مىليون 680 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 3 مىليون 570 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 4587 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 2428 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 244 كە يەتتى. ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 68 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 75 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 6 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 13 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %42.58، يەرلىك مالىيە چىقىمى 127 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.02 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 193 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 2 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2003 - يىلدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3081، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 465. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 65 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 367 (مىللىي 9971)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 78، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 800 (مىللىي 19 مىڭ 963)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 150. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1840 (مىللىي 1523). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 797 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 12 سەھىيە ئاپپاراتى، 340 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 330 كارىۋات بار.

2003 - يىلى يوپۇرغا ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1544.71 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 844 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 3305 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 959 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 6752 ئىشچى - خىزمەتچى (دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مارالبېشىدا 6.8 بال يەر تەۋرىگەندە يوپۇرغا ناھىيىسىمۇ ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى. يەر تەۋرەشتە يوپۇرغا ناھىيىسىدە 7 ئادەم يارىلاندى، 914 ئائىلىنىڭ

2744 ئېغىز ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى؛ 2219 ئائىلىنىڭ 7558 ئېغىز ئۆيى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى؛ 3125 ئېغىز قوتان ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 896 تۇياق چارۋا ئۆلدى.

★ 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كېچىلىك ۋاقىت سائەت 23 تىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە يوپۇرغا ناھىيىسىدە 5.8 بال يەر تەۋرىدى (تەۋرەش مەركىزى شەرقىي مېرىدىئان 77°09′، شىمالىي پاراللېل 39°06′ ئارىلىقىغا توغرا كەلدى)، بىر ئادەم ئۆلدى، 3 ئادەم يارىلاندى، ئىقتىسادىي زىيان 70 مىليون 63 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

★ 11 - ئايدا يوپۇرغا ناھىيىسى داۋاقۇم قۇملۇق ساياھەتچى مەنزىرە رايونى ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى تەرىپىدىن «AAA» دەرىجىلىك ساياھەت رايونى (قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى «AAA» دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى) بولۇپ باھالاندى.

يۇ جىبىن

# پەيزاۋات ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ پەيزاۋات ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ جىمىڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: داۋۇت ئاۋۇت.

ھاكىم: مۇتەللىپ ئوبۇل.

سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇكېرىم ئەمەت.

## ئاساسىي ئەھۋالى

پەيزاۋات ناھىيىسى قەشقەر دەرياسىدىن ھاسىل بولغان لاتقا تۈزلەڭلىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1338 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 314 مىڭ 200 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 310 مىڭ 600)، يېزا نوپۇسى 283 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 20.87‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.91‰. ناھىيە بويىچە 40 مىڭ 680 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 30 مىڭ 330 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 12 مىڭ 63 گېكتار)، 12 مىڭ 50 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 2882 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 888 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 556 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 7.3%، 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 64 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 16.6%، 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 266 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 25 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 10% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 750 مىليون 150 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 22 مىليون 200 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 251 مىليون 30 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 770 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 169 مىڭ 33 توننا ئاشلىق، 19 مىڭ توننا پاختا، 3425 توننا ياغلىق دان، 18 مىڭ 345 توننا مېۋە-چېۋە، 207 مىڭ 500 توننا قوغۇن ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 852 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 20 مىڭ 300 توننا گۆش، 1090 توننا يۇڭ، 7300 توننا سۈت، 1880 توننا تۇخۇم، 400 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3845 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 144 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 13 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 91 مىڭ 93 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 48.9%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 19 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 5200 توننا ئۇن، 24 مىليون 960 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى، 455 مىڭ توننا سۇ بىلەن تەمىنلەندى، 4.5 توننا قارائۆرۈك ئېلىندى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 19 مىڭ 606 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 11 مىڭ 267 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 165 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 141 مىليون يۈەن، تېخنىكا

ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 24 مىليون 900 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 1499 غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 1162 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 6500 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 79 غا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 120 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 19 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %6. 10 ئاشتى، يەرلىك مالىيە چىقىمى 135 مىليون 700 مىڭ يۈەن بولۇپ، %1. 15 كېمەيدى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 367 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 1 مىليون 859 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 4016 كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 818. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 400 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1454 (مىللىي 1377)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 23 مىڭ 249 (مىللىي 23 مىڭ 41)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 123، ئوقۇغۇچىسى 50 مىڭ 418 (مىللىي 49 مىڭ 839)؛ بالىلار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 110. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 3388 (مىللىي 3322). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 14 مىليون 340 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %94 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 16 سەھىيە ئاپپاراتى، 538 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 488)، دوختۇرخانىلاردا 552 كارىۋات بار.

2003 - يىلى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ چېلىشىش، يېنىك ئاتلېتىكا، ئەركىن مۇشتلىشىش تۈرلىرىدە 2 ئالتۇن مېدال، 4 كۈمۈش مېدال، 8 مىس مېدال ئالدى.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 65. 1414 يۈەنگە، تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1121 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 998 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 5863 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1439 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 9236 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 2003 - يىلى مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردا يەر تەۋرىگەندىن كېيىن، پەيزاۋات ناھىيىسى يەر تەۋرەشتىن كېيىن قايتا قۇرۇشقا تەۋە 2452 ئائىلىنىڭ ئۆيى پۈتتۈنلەي پۈتتى، بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى 50 كۋادرات مېتىرلىقتىن ئارتۇق بولۇپ، قېتىغا رەڭلىك پولات ئىشلىتىلگەن يېڭىچە قۇرۇلمىلىق ئۆيلەردىن ئىبارەت.

75 مەكتەپ، 11 يېزىلىق شىپاخانا، 1 - تۈركۈمدىكى 47 كەنت كومىتېتىنى قايتا قۇرۇش خىزمىتىمۇ قەرەلىدە تاماملاندى ھەمدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، 2 - تۈركۈمدىكى 40 كەنت كومىتېتىنى قايتا قۇرۇش خىزمىتىمۇ ئارقا - ئارقىدىن باشلاندى.

★ 2003 - يىلى پەيزاۋات ناھىيىسىدە 33. 5533 گېكتار يەرگە قوغۇن تېرىلىپ، 207 مىڭ 500 توننا قوغۇن ئېلىندى. يەرلىك ئۇسۇلدا قوغۇن ساقلاش ئامبىرىدىن 1000 ى سېلىنىپ، 20 مىڭ توننا قوغۇن ساقلاندى. باشقا جايدا 2 قوغۇن سودا بازىرى قۇرۇلۇپ، ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

★ 2003 - يىلى پەيزاۋات ناھىيىسى سىرتقا 25 مىڭ ئەمگەك كۈچى (قېتىم) چىقىرىپ، 16 مىليون 450 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى.

★ 2003 - يىلى پەيزاۋات ناھىيىسى نامراتلارنى سىستېما بويىچە كەنتلەرگىچە يۆلەش، ئورگان كادىرلىرى ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئېلىش ۋە «مىڭ كىشىلىك نامراتلارنى يۆلەش قۇرۇلۇشى» خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇردى، نامراتلارنى يۆلەش تۈرى 182 مەمۇرىي كەنتنى قاپلىدى. بىر يىلدا 4127 ئائىلىدىكى 18 مىڭ 990 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

جيا شياۋجياڭ

# مارالبېشى ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مارالبېشى ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ مىڭگۇڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھەسەن قاسىم.

ھاكىم: مەردان مۇقەيت.

سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەمتىمىن توختى.

## ئاساسىي ئەھۋالى

مارالبېشى ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي -

شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1255 كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ناھىيە بازىرىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 264 مىڭ 515 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 251 مىڭ 566)، يېزا نوپۇسى 204 مىڭ 374؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰9.92، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰5.2. ناھىيە بويىچە 47 مىڭ 460 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 23 مىڭ 90 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 9740 گېكتار)، 30 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بولۇاغىنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 67 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 584 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %4.81، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 167 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %32.86، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 315 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.93 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 20 مىليون 339 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %9.63 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 726 مىليون 945 مىڭ 700 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 119 مىليون 564 مىڭ 100 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 149 مىليون 470 مىڭ 900 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 474 مىڭ يۈەن، باشقا كەسىپلەرنىڭ 22 مىليون 885 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 127 مىڭ 43 توننا ئاشلىق، 50 مىڭ توننا پاختا، 7066 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 526 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 15 مىڭ 100 توننا گۆش، 933 توننا يۇڭ، 5800 توننا سۈت، 252 توننا تۇخۇم، 170 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4823 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 110 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 21 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 2003 - يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 72 مىڭ 407 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 94 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %16.32 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 31 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 20 مىڭ 520 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 14 مىڭ 738 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 441 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 349 مىليون 520 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 8186 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 9681 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 5100 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 561 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 170 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 33 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %7.8، يەرلىك مالىيە چىقىمى 196 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %1.14 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 854 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 16 مىليون يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 7 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 4622 ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 780. ناھىيىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 172؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1642 (مىللىي 1156)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 554 (مىللىي 21 مىڭ 454)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 121، ئوقۇغۇچىسى 45 مىڭ 498 (مىللىي 41 مىڭ 912)؛ باللار باغچىسى 8 (مىللىي باغچا 7)؛ ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2443. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 76 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 16 سەھىيە ئاپپاراتى، 789 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 603)، دوختۇرخانىلاردا 651 كارىۋات بار.

2003 - يىلى مارالبېشى ناھىيىسىدىن 29 ياش - ئۆسمۈر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك ياش - ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، 13 ئالتۇن مېدال، 11 كۈمۈش مېدال، 5 مىس مېدال ئالدى.

2003 - يىلى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1580 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق

ئوتتۇرىچە يىل مائاشى 13 مىڭ 634 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 7036 كىشى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3044 كىشى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 12 مىڭ 224 كىشى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## كۆك ئاسمان باھار غۇنچىسى باشلانغۇچ مەكتىپى

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھاۋا ئارمىيىسى قۇرۇپ بەرگەن مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازارلىق كۆك ئاسمان باھار غۇنچىسى باشلانغۇچ مەكتىپى 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

2003 - يىل 2 - ئايدا مارالبېشى ناھىيىسىدە كۈچلۈك يەر تەۋرەپ، مەكتەپلەر خارابىلىككە ئايلاندى. لەنجۇ ھەربىي قىسىم ھاۋا ئارمىيىسى بىلەن مارالبېشىدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسى قىسمى ئاپەت رايونىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن تېزراق ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاپەتكە ئەڭ ئېغىر ئۇچرىغان مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرى، پەيزاۋات ناھىيە قىزىلبويى يېزىسىغا بىردىن كۆك ئاسمان باھار غۇنچىسى باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇپ بېرىشنى قارار قىلدى. مارالبېشى كۆك ئاسمان باھار غۇنچىسى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشى 390 ئوقۇغۇچىنى مەكتەپ قوينىغا قايتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

★ 2 - ئاينىڭ 24 كۈنى مارالبېشى ناھىيىسى تەۋەسىدە (تەۋرەش مەركىزى شىمالىي پاراللېل 39°5′، شەرقىي مېرىدىئان 77°2′ ئارىلىقىغا توغرا كەلدى) 6.8 بال كۈچلۈك يەر تەۋرىدى. ناھىيە بويىچە 119 مىڭ 899 نوپۇس، 26 مىڭ 746 ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىدى، 267 ئادەم، 65 مىڭ 84 تۇياق چارۋا ئۆلدى، 2 مىليون 430 مىڭ 193 كۋادرات مېتىرلىق كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق، 731 مىڭ 415 كۋادرات مېتىر خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق، 53 مىڭ 872 كۋادرات مېتىرلىق بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆي، 1 مىليون 553 مىڭ 597

---

قىسقا ماتېرىيال

## مارالبېشى چۈچۈكبۇيىسى

مارالبېشىدىكى ياۋا چۈچۈكبۇيا بايلىقى كۆلىمى 100 مىڭ گېكتارغا يېتىدۇ، ئۇ مەملىكىتىمىز بويىچە چۈچۈكبۇيا ئەڭ كۆپ چىقىدىغان ناھىيە. بۇ يەردە چۈچۈكبۇيىنىڭ تۈرى كۆپ. چۈچۈكبۇيا كۆپ يىل ئۆسىدىغان پۇرچاق ئائىلىسىگە تەۋە ئۆسۈملۈك بولۇپ، تەبىئىي شارائىتقا بولغان تەلىپى يۇقىرى ئەمەس، ئۇ قۇرغاقچىلىققا، سوغۇققا چىداملىق، ئىسسىقخۇمار، شورىدىن قورقمايدۇ. ئۇ قاقاسلىقنىڭ ياخشى يېپىنچىسى بولۇپ، سۇ - تۇپراقنى ساقلايدىغان، قۇمنى تۇراقلاشتۇرىدىغان، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدىغان ياخشى يېپىنچا ئۆسۈملۈك، شۇنىڭدەك مۇھىم دورىلىق ئۆسۈملۈك بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. «چۈچۈكبۇيا مۇندەرىجىسى»دە «بەش ئەزاغا شىپا بولىدۇ، سوغۇقنى ۋە ئىسسىقنى ئالىدۇ، پەيلى ۋە سۆڭەكنى چىڭىتىدۇ، مۇسكۇل ئۆستۈرىدۇ، قۇۋۋەت بولىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، ئۇزۇن مۇددەت ئىچسە بەدەننى يېنىكلىتىپ، ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. چۈچۈكبۇيا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى جۇڭيى تېبابىتىنىڭ ئاساسلىق دورىسى. ئۇنىڭ ئاساسلىق فارماكولوگىيىسى زەھەر قايتۇرۇش، تەم تەڭشەش، دورىغا ئارىلاشتۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، شۇڭا «ئون رېتسېپنىڭ توققۇزىدا چۈچۈكبۇيا بار» دېگەن گەپ بار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چۈچۈكبۇيىنىڭ ياللۇغ قايتۇرۇش، يارىنى ساقايتىش، راكقا، ئەيدىس كېسەللىكىگە قارشى تۇرۇش قاتارلىق ئىقتىدارى بايقالدى، شۇڭا ئۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا. چۈچۈكبۇيىنى دورىغا ئىشلىتىشتىن باشقا يەنە ئۇنىڭدىن ئېلىنغان چۈچۈكبۇيا كىسلاتاسى (چۈچۈكبۇيا تاتلىق تەم پىگمېنتى) خەلقئارادا ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان تەبىئىي تەمخۇرۇچلارنىڭ بىرى، يېمەكلىك، تاماكا، گىرىم بۇيۇمى، يېنىك سانائەت، خىمىيە سانائىتى قاتارلىق سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا كەڭ قوللىنىلىدۇ.

مارالبېشى مۇھىم چۈچۈكبۇيا چىقىدىغان رايون، چۈچۈكبۇيىنىڭ سۈپىتى ياخشى، مال بىلەن تەمىنلىشى مۇقىم بولۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا مۇئەييەن شۆھرەت قازاندى. مارالبېشى ناھىيىسى چۈچۈكبۇيا بايلىقىنى قوغداپ، ئۇنىڭدىن مەڭگۈ پايدىلىنىش ئۈچۈن، كەڭ كۆلەمدە چۈچۈكبۇيا تېرىشنى تەجرىبە قىلىشنى قانات يايدۇردى ھەمدە بۇ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. چۈچۈكبۇيا تېرىش ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 100 كىلومېتىر چۈچۈكبۇيا يېشىل كارىدورى بەرپا قىلىپ، مارالبېشىنى مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ چۈچۈكبۇيا تېرىش بازىسىغا ئايلاندۇرۇشنى قارار قىلدى.

ياڭ شىدۇڭ

كۋادرات مېتىرلىق قوتان، 536 مىڭ 238 مېتىر قورۇق تام، 66 مىڭ 687 كۋادرات مېتىر ئالاھىدە قۇرۇلۇش زىيانغا ئۇچرىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يەتتى.

★ 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مارالبېشى تەۋەسىدە 5.8 بال كۈچلۈك يەر تەۋرىدى، بۇ «24 - فېۋرال» دىكى يەر تەۋرەشتىن بۇيانقى ناھىيە تەۋەسىدە يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئەڭ كۈچلۈك قالدۇق يەر تەۋرەشتۇر.

★ 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مارالبېشى ناھىيىسى ناھىيىلىك يۇرت - ماكانىنى قايتا قۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتى، ئاپەتتىن كېيىنكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات گۇرۇپپىسى قاتارلىق بىرقانچە گۇرۇپپا قۇردى. ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئاپەت رايونىغا ئورۇنلىشىپ ئورۇنلار نۇقتىدا تۇرۇپ كەنتلەرنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، پۈتكۈل قايتا قۇرۇش داۋامىدا بىر نەپەر مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر ۋە 3 نەپەر ئادەتتىكى كادىر ئۇزۇن مۇددەت خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى.

★ 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ناھىيىلىك «دوستلۇق دوختۇرخانىسى» دا ناھىيە بويىچە تۇنجى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانا پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى.

ياڭ شىدۇڭ

# تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خو جىۋېي.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئىمىنجان ئابدۇراخمان (تاجىك).

ھاكىم: روزى گۈلباي (تاجىك).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مۇنى تابىلدى (تاجىك، 1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## ئاساسىي ئەھۋالى

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1765 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 33 مىڭ 204 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 30 مىڭ 916)، يېزا نوپۇسى 23 مىڭ 885؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16.07، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12.3. ناھىيە بويىچە 4720 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 3020 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلدى. كىلىماتى سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 156 مىليون 549 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 27 مىليون 740 مىڭ يۈەن، 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 70 مىليون 863 مىڭ يۈەن، 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 57 مىليون 946 مىڭ يۈەن.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، مەھسۇلات قىممىتى 53 مىليون 106 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن 11% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 660 مىڭ 400 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 568 مىڭ 200 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 41 مىليون 878 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 5586 توننا ئاشلىق، 69 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 177 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 3080 توننا گۆش، 116 توننا يۇڭ، 3200 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 3300 توننا سۈت ئېلىندى. بىر يىلدا 203 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئېتىز- ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 163 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 4871 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 785 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 0.9% تۆۋەنلىدى، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 54.6% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 60 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 6 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 150 توننا مىنېرال سۇ، 200 توننا قاشتېشى، 1 مىليون 60 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 6081 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 24 مىڭ 586 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 124 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىندى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم

تېلېفون ئابونېنتى 1754 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 169 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 700 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 17 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 83 مىڭ 500 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 35 مىليون 160 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 4 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %60، يەرلىك مالىيە چىقىمى 91 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %3.1 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ھەرخىل قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 28 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە، ھەر خىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 71 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 867 ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 315. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1159 (مىللىي 452)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1152 (مىللىي 1101)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 5502 (مىللىي 5309). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 402 (مىللىي 365). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 20 مىليون 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %80 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 204 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 193)؛ دوختۇرخانىلاردا 168 كارىۋات؛ يېزا، كەنتلەردە 18 داۋالاش نۇقتىسى بار.

ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى 3 ئالتۇن مېدال،

قىسقا ماتېرىيال

## مۇزتاغ مۇزلۇق باغچىسى

مۇزتاغ مۇزلۇق باغچىسى تاشقورغان ناھىيىسىگە، دۇنياغا داڭلىق «مۇزتاغ ئاتا» — 7546 مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇزتاغ چوققىسىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان. باغچىنىڭ ئايلانمىسى 20 كىلومېتىر، ناھىيە بازىرىغا 72 كىلومېتىر، دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىگە 12 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5000 مېتىر كېلىدۇ، يا شەكىللىك «يېشىل گۈزەل كۆل» مۇشۇ يەرگە جايلاشقان. سىز بۇ يەردە مۇزلۇقلارنىڭ ھەيۋەتلىك قىياپىتىنى، يىلانسىمان مۇزلارنىڭ كۆركەم ھالىتىنى، مۇز مۇنار، مۇز غار، مۇز كۆللەرنىڭ خىلمۇ خىل مەنزىرىسىنى، تۆت قاتلاملىق مۇز كۆلنىڭ يارقىن ۋە ئېگىز ھالىتىنى كۆرەلەيسىز، يەنە تېخى ئاجايىپ - غارايىپ تاغ - تاش ۋە گۈل - گىياھلارنى، قىممەتلىك ياۋايى ھايۋانلارنى تاماشا قىلالايسىز. مۇزتاغ مۇزلۇق باغچىسى دۆلەت دەرىجىلىك مۇزلۇق باغچىسى بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە قۇرۇلىدىغان نۇقتىلىق ساياھەت تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

## تاش قەلئە

تاش قەلئە تاشقورغان ناھىيە بازىرىغا جايلاشقان، ئۇ دۇنيادىكى تۆت چوڭ قەدىمىي تاش قەلئەنىڭ بىرى، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى كۆك ئارت دائىرىسىدىكى مۇھىم يول، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى. تاش قەلئەنىڭ ئۇلى چوڭ تاشلاردىن، سېپىلى كىچىك تاشتىن قوپۇرۇلغان، شۇڭا ئۇ تاش قەلئە دەپ ئاتالغان. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، تاش قەلئە جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەردىكى لياڭ دەۋرىدىن بۇرۇن ياسالغان، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە رېمونت قىلىنغان. ھازىر بىز كۆرۈۋاتقان چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە رېمونت قىلىنغان قەلئەنى كىشىلەر مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا تاجىكلارنىڭ ئەجدادى قۇرغان «كاۋانتا بەگلىكى» نىڭ پايتەختى دەپ قارىماقتا. بۇ قەلئە ئىچكى قەلئە ۋە تاشقى قەلئە دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، تاشقى قەلئەنىڭ دائىرىسى 3600 مېتىر بولۇپ، بۇزۇلۇپ كەتكەن، ھازىر بىز بۇ قەلئەنىڭ سېپىلىنى، زەمبىرەك سۇپىسىنى ۋە ئاھالىلەر تۇرالغۇ ئۆيلىرى خارابىسىنىڭ ئىزناسىنى كۆرەلەيمىز، ئىچكى قەلئەنىڭ دائىرىسى 1300 مېتىر بولۇپ، خېلى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان، ئۇنىڭدىن قەدىمكى قەلئەنىڭ ھەيۋىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئىچكى قەلئە ئاساسەن خان ئوردىسى بولۇپ، ئۇ ئوردا مەھكىمىسى، ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ قورۇ جايلىرى ۋە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىن تەركىب تاپقان، ئۇ ئاساسەن دۆڭلۈكلەرنىڭ ئايىغىدا دۆڭلۈكلەر بىلەن ئوخشاش ئېگىزلىكتە قوپۇرۇلۇپ ياسالغان بولۇپ، ھەيۋەتلىك قەلئە راۋىقىنى شەكىللەندۈرگەن.

2 كۈمۈش مېدال ئالدى. ناھىيە بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 930 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 17 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 1378 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 302 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 3366 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

قەيسەر دۆلەتبېك، قۇربانباي سەيتقادام

# خوتەن ۋىلايىتى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ جىنچيەن (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جۇ خەيلۇن (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئۆمەر ئابدۇللا، چېڭ جىنشەن (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ليۇ شىنشېڭ، لى گوجياڭ، جۇ خەيلۇن (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شېن جىنجاۋ (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، زەينەپ ئابدۇللا، چېن جىنبياۋ.

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇراخمان قۇربان؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ياڭ گۇاڭياۋ، جاپپار مەمەت، لى شىڭجېڭ، ھەمدۇللا مامۇت.

ۋالىي: ئۆمەر ئابدۇللا؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: لى سۈنيەن (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چېڭ جىنشەن (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ليۇ چاڭلى، ياقۇپ قادىر، ۋاڭ شاۋۋېن، مەمەت ئەيسا، لۇ پىڭ.

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جاۋ شۇمىڭ؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ئەھەدۇللا ھاشىم، تۇرسۇنتوختى ياسىن، زى شىلەن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمى قاراقۇرۇم، كۇئېنلۇن تاغلىرى ئارقىلىق شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي جەنۇب تەرىپى ھىندىستان - پاكىستان ئەمەلىي كونتروللۇقىدىكى كەشمىر رايونى بىلەن قوشنا، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ. مەمۇرىي مەھكىمە خوتەن شەھىرىدە. 2003 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 1 مىليون 743 مىڭ 813 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 689 مىڭ 487)، يېزا نوپۇسى 1 مىليون 503 مىڭ 881؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰28.17، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰4.11. ناھىيە بويىچە 204 مىڭ 600 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 139 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 65 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (18 مىڭ 400 گېكتار يەرگە كېۋەز، 46 مىڭ 900 گېكتار يەرگە بېدە) تېرىلدى. كىلىماتى روشەن ۋېرتىكال شەكىلدە تارقالغان بولۇپ، جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلار مۆتىدىل بەلۋاغ ياكى سوغاق مۆتىدىل بەلۋاغقا، بوستانلىق، تۈزلەڭ رايونلار ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ، شىمالىي قىسمىدىكى قۇملۇق تىپىك قۇرۇقلۇق چۆل

### مەلىكە قورغىنى

مەلىكە قورغىنى خەلق ئارىسىدا قىز قورغىنى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تاشقورغان ناھىيە بازىرىغا 60 كىلومېتىر، دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىگە 8 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىر كېلىدۇ، سەككىز پامىرنىڭ بىرى بولغان تاغدۇنباش پامىرنىڭ قاپتىلىغا جايلاشقان. ئۇ ئېلىمىزدە ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئەڭ ئېگىز قەدىمىي قەلئەلەرنىڭ بىرى.

مەلىكە قورغىنى قونجىراپ دەرياسى بىلەن قاراكۆل دەرياسى قوشۇلغان يەرگە جايلاشقان بولۇپ، دائىرىسى 2000 مېتىردىن ئاشىدۇ، ئېگىز تاغقا يانداپ سېلىنغان، ئۇنىڭ ئارقا تەرىپى كۆككە تاقاشقان پەس داۋىنىغا تۇتىشىدۇ، سېپىل، قوۋۇق، ئۆگزۈر ۋە تاش ئۆيلەر بار، ئۆدۇل تەرىپى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان يانتۇ تام، غەربىي تېمى سېرىق توپا بىلەن قوپۇرۇلغان. جەنۇبىي ۋە شىمالىي تەرىپىدە راۋاقنىڭ ئۈستىگە چىققىلى بولىدىغان شېغىل يانتۇلۇق، شەرق ۋە غەرب تەرىپىدە ئۈچار قۇشلارمۇ ئاسانلىقچە ئۆتەلمەيدىغان تىك قىيا بار. قورغان غەرب - شەرق يۆنىلىشى بويىچە ئېگىزدىن تۆۋەنگە پەسىيىپ بارىدۇ، شىمالىي تەرەپتىكى چۈشىدىغان جايدا «مەلىكە قورغىنى جىلغىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جىلغا بار. قورغان ئىچىنىڭ كۆپ قىسمى خارابىلىككە ئايلانغان، لېكىن شەرقتىن غەربكە پەلەمپەيسىمان ياسالغان ئۆيلەرنىڭ خارابىنى ۋە تام ئىزنالىرىنى ھېلىھەم كۆرگىلى بولىدۇ، قەلئە ئىچىدە بىر تۈپ يالغۇز ئارچا دەرىخى بار بولۇپ مەلىكە ئارچىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەلىكە قورغىنىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇ قەدىمكى پامىردىكى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي يوللىرىنى تولۇق كونترول قىلاتتى.

قەيسەر دۆلەتبېك، قۇربانباي سايىتقادام

كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 890 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %2.7؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 520 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.8؛ 3- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.4 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 696 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %9.29 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 661 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 230 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 734 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 7 مىليون 500 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 879 مىڭ توننا ئاشلىق، 27 مىڭ 100 توننا پاختا، 190 مىڭ 300 توننا مېۋە - چېۋە، 415 مىڭ 400 توننا بېدە، 755 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 4 مىليون 96 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 44 مىڭ 208 توننا گۆش، 5895 توننا يۇڭ، 11 مىڭ 16 توننا سۈت، 6767 توننا تۇخۇم، 883 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 23 مىڭ 300 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 136 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 60 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 382 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 438 مىليون 852 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %15.06 ئازايدى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 184 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.75 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 318 توننا تەييار جۇڭيى دورىسى، 1033 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 230 مىڭ توننا سېمونت، 1 مىليون 930 مىڭ مېتىر يىپەك توقۇلما، 1096 توننا سۇ يېغى، 1577 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 348 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 385 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 290 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 170 مىليون 770 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (بىكىتۈەنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) ، مەبلەغ ئاساسەن يېزا ئىگىلىك، سۇچىلىق، ئېلېكتىر قۇۋۋىتى، قاتناش - ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف، مائارىپ قاتارلىق كەسىپلەرگە ئىشلىتىلدى، بۇلارغا 700 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %60 نى ئىگىلىدى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 54 مىڭ 300 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 25 مىڭ 400 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 94 مىڭ 700 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 3706 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 568 مىليون 307 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 225 مىڭ 400 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 16 مىليون 800 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 166 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %16.48؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 618 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %25.73 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 419 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 75 مىليون 224 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم 27 مىليون 699 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 14 مىڭ 587 (كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى باھالانمىغانلار بۇنىڭ سىرتىدا) ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 4522. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 4996 (ھەممىسى مىللىي) ؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 4، ئوقۇغۇچىسى 2188 (ھەممىسى مىللىي) ؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 4473 (ھەممىسى مىللىي) ؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 149، ئوقۇغۇچىسى 105 مىڭ 605 (مىللىي 93 مىڭ 935) ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 864، ئوقۇغۇچىسى 240 مىڭ 367 (مىللىي 234 مىڭ 978) ؛ بالىلار باغچىسى 8، باغچىدىكى بالا 5719 ( مىللىي 4041) . ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 16 مىڭ 471 (مىللىي 15 مىڭ 736) . مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 24 مىليون 823 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %94.18 كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 169 سەھىيە ئاپپاراتى، 4172 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 3463) ، دوختۇرخانىلاردا 4862 كارىۋات بار.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا خوتەن ۋىلايىتى تەنھەرىكەتچىلىرى رۇداۋچە چېلىشىش تۈرىدە 2 كۈمۈش مېدال، بوكس تۈرىدە

2 مىس مېدال ئالدى.

2003 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6580.2 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5352 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1018 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 3 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە 55 مىڭ 344 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 22 مىڭ 665 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 71 مىڭ 724 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۇلۇغئاتا سۇچىلىق تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

★ 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «زېمىنغا مۇھەببەت - ئانا سۇ غارى» خوتەن قۇدۇق قۇرۇلۇشى بويىچە قۇرۇلۇش تاماملاش، يوپۇق ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

★ 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچى - خوتەن ئاۋئاتسىيە لىنىيىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

★ 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «خوتەن خەلق ناخشىلىرى توپلىمى» نەشردىن چىقتى ۋە تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

يۈەن لىشىن

## خوتەن شەھىرى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوتەن شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى بىن.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەتنىياز توختى.

شەھەر باشلىقى: سادىر نۇرمۇھەممەت.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مۇھەممەتتوختى تۇرسۇنتوختى.

### ئاساسىي ئەھۋالى

خوتەن شەھىرى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىدىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان تىنما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. خوتەن شەھىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1513 كىلومېتىر، ئاۋئاتسىيە لىنىيىسى 1050 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 4، بازار بىر، يېزا 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 184 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 152 مىڭ 300)، يېزا نوپۇسى 85 مىڭ 600؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 71.29‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 16.04‰. ناھىيە بويىچە 5000 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 4390 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 595 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 78 مىليون 480 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 13.27% ئازايدى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 172 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 27.03%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 344 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7.06% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 176 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 9.35% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 111 مىليون 240 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 6 مىليون 560 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 52 مىليون 450 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 3 مىليون 770 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 34 مىڭ 517 توننا ئاشلىق، 61 توننا ياغلىق دان، 38 مىڭ 346 توننا كۆكتات، 8970 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 126 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 3690 توننا گۆش، 149 توننا يۇڭ، 810 توننا سۈت، 466 توننا تۇخۇم، 444 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 585 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 315 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 23 مىڭ 546 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 192 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 20.42% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 58 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.24% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 318 توننا تەييار جۇڭيى دورىسى، 1285 توننا سۇلياۋ ياسالما، 391 سېمونت ستولبا، 777 توننا تۇرۇبا سۈيى، 42 مىليون 960 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 4492 توننا پاختا يىپ، 3 مىليون 740 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 193 توننا يىپەك توقۇلما، 232 توننا ئۈزۈم ھارىقى



2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ قۇربان تۇلۇمنى قوبۇل قىلغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مىس ھەيكەل خوتەن شەھىرى «ئىتتىپاق» مەيدانىغا ئورنىتىلدى.

سۈرەتنى خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.

ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 167 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 100 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 261 مىليون 830 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 68 مىليون 840 مىڭ يۈەن، تېخنىكا يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 125 مىليون 210 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 35 مىڭ 200 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 5660 قا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 94 مىڭ 716 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 3528گە يەتتى. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 296 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 16 مىليون 480 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 16 مىليون 800 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. بىر يىلدا يەرلىك مالىيە كىرىمى 70 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %22.71؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 491 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %45.09 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 962 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 45 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم 18 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 25 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 5100. شەھەرگە قاراشلىق رايونلاردىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 4894 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 5، ئوقۇغۇچىسى 226 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 900 (مىللىي 8379)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 50، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 900 (مىللىي 17 مىڭ 692)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 300. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2607 (مىللىي 2175). شۇ يىللىق مائارىپ خىراجىتى چىقىمى 62 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 8 سەھىيە ئاپپاراتى، 371 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 287)، دوختۇرخانىلاردا 254 كارىۋات بار.

2003 - يىلى خوتەن شەھىرى بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6580 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5352 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1443 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 466 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە 17 مىڭ 971 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 11 مىڭ 759 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 19 مىڭ 369 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى خوتەن شەھىرىدە «كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەدەنىي كوچىسى»، «قىزىل گالستۇكلۇقلار مەدەنىي كوچىسى» قۇرۇلۇپ، «مەدەنىي يېڭى ئىستىل تىكلەش، مەدەنىي ياشلاردىن بولۇش، مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش تەشەببۇس قىلىندى.

★ 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ماۋزېدۇڭنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، ئېگىزلىكى 20.6 مېتىر، ئېغىرلىقى 6 توننا كېلىدىغان، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ كېرىيىلىك دېھقان قۇربان تۇلۇمنى قوبۇل قىلغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مىس ھەيكەل خوتەن شەھىرىنىڭ ئىتتىپاق مەيدانىغا ئورنىتىلدى.

مياۋ يۇنبو، جاڭ يۈخۇا

## خوتەن ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوتەن ناھىيىلىك 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى شىنچېن.

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇرېھىم ساۋۇت.

ھاكىم: تۇرغۇن ئىبراھىم (10 ـ ئايدا ۋاپات بولدى).

سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەزىز نۇر.

### ئاساسىي ئەھۋالى

خوتەن ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خوتەن شەھىرىدە. 2003 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 276 مىڭ 295 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 275 مىڭ 7)، يېزا نوپۇسى 273 مىڭ 245؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰21.09، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰14.72. ناھىيە بويىچە 25 مىڭ 534 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 25 مىڭ 993 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 7941 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 ـ يىلى خوتەن ناھىيىسى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 584 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 382 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %0.22؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 74 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17.59؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 127 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %29.22 ئاشتى.

**قىسقا ماتېرىيال**

### خوتەن شەھىرىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى

مەلىكە ئاۋات خارابىلىكى بۇ خارابىلىك خوتەن شەھىرىنىڭ 27 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدىكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان، ئۇ خەن، تاڭ دەۋرلىرىگە مەنسۇپ قەدىمكى شەھەر بولۇپ، 1957 ـ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن. خارابىلىكنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 2 كىلومېتىر كېلىدۇ.

خارابىلىكنىڭ ئىچىدە قەدىمكى قەبرە، قەدىمكى ئۆي ـ ئىمارەت تۈپى بار، غەربىي تەرىپىدىكى قۇم تاغنىڭ ئارقىسىدا سىرلىق تۈس ئالغان 3 غار بار. بۇ يەردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن مىس بۇددا ھەيكەللىرى، قاشتېشى سايمانلىرى، لايدىن ياسالغان بۇددا ھەيكەللىرىنىڭ پارچىلىرى، تۆيۈق ئەگرى سىزىقلىق نەقىش چىقىرىلغان تام بېزەكلىرى، تام سۈرەتلىرىنىڭ قالدۇقلىرى، ساپال قاچا ـ قۇچىلار ۋە نۇرغۇن قەدىمكى پۇللار قېزىۋېلىندى. پۇللارنىڭ ئىچىدە خەن دەۋرىدىكى 5 جۇلۇق يارماق، ۋېي، جىن دەۋرى ۋە جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قايچا پۇل، تاڭ دەۋرىدىكى كەييۈەن تۇڭباۋ قاتارلىق پۇللار بار.

1900 ـ يىلى ستەيىن بۇ يەرنى 2 قېتىم قېزىپ، خەن، تاڭ دەۋرىگە ئائىت نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئېرىشكەن؛ 1929 ـ يىلى، 1957 ـ يىلى ئېلىمىز ئالىمى پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبى 2 قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ يەرنى خوتەن دۆلىتىنىڭ ئاستانىسى دەپ قارىغان، لېكىن كۆپ ساندىكى ئالىملار بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىزى دەپ قارايدۇ.

يوتقان خارابىلىكى بۇ خارابىلىك خوتەن شەھىرىنىڭ 13 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، خەن، تاڭ دەۋرلىرىگە ئائىت بۇددا دۆلىتى خارابىلىكى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنىدۇر. يوتقان خارابىلىكىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 10 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ ھەممىسى 3 مېتىردىن 6 مېتىرغىچە بولغان چوڭقۇرلۇقتىكى لاي ـ لاتقا قاتلىمى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان.

بۇ يەردىن ئاساسەن قاشتېشى، مېتالدىن ياسالغان بۇددا ھەيكىلى ۋە كۆپ مىقداردىكى پۇل قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قېزىۋېلىنغان، قېزىۋېلىنغان پۇللارنىڭ داۋام قىلغان ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن. ئەڭ بۇرۇنقىسى خەن دەۋرىگە ئائىت 5 جۇلۇق يارماق، ۋاڭ ماڭ دەۋرىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان «خەنزۇچە ـ كارۇشتى يېزىقلىق يارماق»، ئەڭ كېيىنكى پۇل قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مۇھەممەت ئارسلانخان دەۋرىدىكى

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 679 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %7.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 476 مىليون 250 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 84 مىليون 990 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 106 مىليون 910 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 425 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 161 مىڭ 609 توننا ئاشلىق، 4141 توننا پاختا، 103 توننا ياغلىق دان، 42 مىڭ 941 توننا مېۋە-چېۋە، 14 مىڭ 542 توننا كۆكتات، 31 مىڭ 414 توننا بېدە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 735 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 6305 توننا گۆش، 1002 توننا يۇڭ، 1809 توننا سۈت، 1028 توننا تۇخۇم، 50 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. بىر يىلدا 6504 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 198 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 10 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 75 مىڭ 739 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 81 مىليون 640 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %9.97؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 15 مىليون 350 مىڭ يۈەن بولۇپ، %7.8 ئازايدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 446 مىڭ 535 توننا كۆمۈر، 16 مىڭ 494 كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 42 مىڭ 824 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 37 مىڭ 30 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 16 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 10 مىليون 500 مىڭ يۈەن، تېخنىكا يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 5 مىليون 500 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 965 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 6691 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 89 غا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 51 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 75 مىڭ 300 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 600 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 20 مىليون 206 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %8.07؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 179 مىليون 633 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، %20.1 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 96 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3569، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1715. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 715 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 454؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 159، ئوقۇغۇچىسى 46 مىڭ 225 (مىللىي 45 مىڭ 633). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2725 (مىللىي 2645). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 8 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99.8 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 18 سەھىيە ئاپپاراتى، 560 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 490)، دوختۇرخانىلاردا 550 كارىۋات بار.

2003 - يىلى خوتەن ناھىيىسى تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چېلىشىش مۇسابىقىسىدا بىر تۈردە 1 -، بىر تۈردە 2 - بولدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا بىر تۈردە 3 - بولدى.

2003 - يىلى خوتەن ناھىيىسى بويىچە بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6398 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5857 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1087 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 909 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14

---

پۇلدىن ئىبارەت. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تارماقلىرى بۇ يەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا يەنە بىر كىچىك مىتال ئۆردەك، بىر دانە «چيەنيۈەن خۇاڭباۋ» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن يارماقتىن بىرنى قېزىۋالغان ھەمدە ھەر خىل بىزەك رەسىملىرى ۋە ئادەم، ھايۋان سۈرەتلىرى سىزىلغان بەزى ساپال سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغىۋالغان.

1896 - يىلى سۋېن ھېدىن بۇ يەرگە كېلىپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قازغان. 1901 - يىل 10 - ئايدىن 1906 - يىل 4 - ئايغىچە ستەيىن بۇ يەرگە 2 قېتىم كېلىپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قازغان. 1929 - يىلى پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبىي بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە خاتىرە قالدۇرغان.

مياۋ يۈنبەي، جاڭ يۈخۇا

مىڭ 631 يۈەنگە يەتتى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 5877 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1324 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 7554 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 2003 - يىلى خوتەن ناھىيىسىدە تەۋەككۇل يېزىسىدىكى تۈز يايلاق ۋە ئىسلامئاۋات يېزىسىدىكى قاغا تۈزدىن ئىبارەت ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر كېلىدىغان تۇمەن مولۇق ئاساسىي ئىھاتە ئورمانلىق قۇرۇلۇشى پۈتتى.

★ 2003 - يىلى خوتەن ناھىيىسى ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە 14 تۈردە كېلىشىم ئىمزالاپ، 107 مىليون 480 مىڭ يۈەن مەبلەغ جەلپ قىلدى، ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 33 مىليون 800 مىڭ يۈەن.

باۋ نەيۋېن، لى جىنشىڭ، فۇ خۇڭيۇ

# قاراقاش ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاراقاش ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن جېنشياۋ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇباقى ئېلىمەتشاھ.

ھاكىم: ئەركىن ئابدۇرازاق.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابابەكرى جۇمە.

## ئاساسىي ئەھۋالى

قاراقاش ناھىيىسى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي چېتىگە، قاراقاش دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1440 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 15. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 421 مىڭ 269 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 413 مىڭ 927)، يېزا نوپۇسى 390 مىڭ 525؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.3‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.7‰. ناھىيە بويىچە 34 مىڭ 680 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 36 مىڭ 440 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 754 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 461 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 5.3% ؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 76 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 87.73% ؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 216 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 22.5% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 886 مىليون 484 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 6.65% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 673 مىليون 393 مىڭ 200 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 35 مىليون 111 مىڭ 200 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 163 مىليون 878 مىڭ 900 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 807 مىڭ 500 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 226 مىڭ 90 توننا ئاشلىق، 1194 توننا ياغلىق دان، 5230 توننا پاختا، 37 مىڭ 55 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 881 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 9755 توننا گۆش، 1362 توننا يۇڭ، 2869 توننا سۈت، 1465 توننا تۇخۇم، 95 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 5035.5 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 191 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 14 مىليون يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 78 مىڭ 884 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 51 مىليون 520 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 19.58% ئازايدى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 12 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 0.6% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 17 مىليون 930 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 17 مىليون 190 مىڭ كىلوۋات توك بىلەن تەمىنلەندى، 1 مىليون 30 مىڭ كۇب مېتىر تۇرۇبا سۈيى، 270 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 29 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 11 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 148 مىليون 630 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 112 مىليون 780 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 5843 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 4886 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 7400 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 158 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 58 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 22



2003 - يىلىنىڭ ئاخىرى يەككە تىجارەتچىلەر بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ قۇرغان قاراقاش ناھىيىلىك «ئۈمىد» ئۇنىۋېرسال سودا شەھەرچىسى (قاينا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت بىناسى) پۈتتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.
دالى ۋاڭخەي فوتوسى

مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 8.08%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 258 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 26.33% ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 539 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 9 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 3 مىليون 870 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3322، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1402 (ئالىي ئۇنۋانى بارلار 135). كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 550 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1263 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 24 مىڭ 120 (مىللىي 24 مىڭ 14)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 186، ئوقۇغۇچىسى 58 مىڭ 5 (مىللىي 57 مىڭ 675)؛ بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 549. ناھىيە بويىچە ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 4064 (مىللىي 3976). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 20 سەھىيە ئاپپاراتى، 1119 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 986 كارىۋات بار.

2003 - يىلى قاراقاش ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 905.8 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 420 يۈەنگە يەتتى.

يىل ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 7782 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1904 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 12 مىڭ 551 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

جياڭ دۇڭۋېي

## گۇما ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ گۇما ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋېي شىنخۇي.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تاش ئوسمان.

ھاكىم: دولقۇن ئابدۇرېھىم.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابباس يۇسۇپ.

### ئاساسىي ئەھۋالى

گۇما ناھىيىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1811.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 13. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 202 مىڭ 428 (مىللىي 199 مىڭ 964)، يېزا نوپۇسى 158 مىڭ 724؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.08‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.11‰. ناھىيە بويىچە 30 مىڭ 67.222 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 16 مىڭ 249.93 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 4297.53 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 381 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 200 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 3.32%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 41 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 0.23%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 138 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 25.58% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق

ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 377 مىليون 947 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %10.8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 272 مىليون 650 مىڭ 400 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 23 مىليون 872 مىڭ 800 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 66 مىليون 543 مىڭ 900 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 212 مىڭ 500 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 105 مىڭ 918.14 توننا ئاشلىق، 3160 توننا پاختا، 1176.64 توننا ياغلىق دان، 48 مىڭ توننا مېۋە - چېۋە، 210.86 توننا پۇرچاق، 13.8 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 439 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 384 توننا گۆش، 548 توننا يۇڭ، 470 توننا سۈت، 19 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1134.73 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 68 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 4 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 39 مىڭ 600 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 45 مىليون 25 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %27.73 ئازايدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 210 كۋادرات مېتىر گىلەم، 360 توننا سۇ يېغى، 16 مىليون 610 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 26 مىليون 920 مىڭ دانە خىش، 1400 توننا ساپ پاختا، 107 مىڭ 53 توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 84 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 14 مىڭ 330 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 9555 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 66 مىليون 480 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىندى. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 3000 غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 3600 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 7000 غا يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 26 مىليون 975 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 13 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %7.4؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 159 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.3 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 201 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم 4 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2512، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 586. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 186 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 987 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 19، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 273 (مىللىي 12 مىڭ 16)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 137، ئوقۇغۇچىسى 28 مىڭ 54 (مىللىي 27 مىڭ 525). ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2103 (مىللىي 2016). بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 187. 2 مىليون 934 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، كۆلىمى 3811 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان سىنىپ، تەجرىبىخانا سېلىندى. 39 مىڭ 177 ئوقۇغۇچىدىن 1 مىليون 697 مىڭ يۈەن ئوقۇش ھەققى ئېلىنمىدى ياكى ئازايتىلدى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %91.5 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92.3 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 19 داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 368 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 265)، دوختۇرخانىلاردا 499 كارىۋات بار.

بىر يىلدا ناھىيە بويىچە 107 مەيدان (قېتىم) ھەر خىل تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، پائالىيەتكە 32 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

2003 - يىلى گۇما ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1009 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پۇل مائاشى 14 مىڭ 118 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 4701 ئادەم ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1208 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 5343 ئادەم داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 2003 - يىلىنىڭ بېشىدا گۇما ناھىيىسىدە ئارقا - ئارقىدىن ناھىيە، يېزىلىق ئەمگەك مۇلازىمەت شىركەتلىرى قۇرۇلۇپ، 16 مىڭ 476 دېھقان - چارۋىچىنى سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە تەشكىللىدى، قىلىنغان كىرىم 14 مىليون 482 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مۇشۇ تۈردىن قىلغان ئوتتۇرىچە ئەمگەك كىرىمى 91.2 يۈەنگە يەتتى.

جىن كېخۇا

# لوپ ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ لوپ ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جىنبياۋ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەخمەتتوختى مەتتوختى.

ھاكىم: ئوسمان بۇرھان.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابلا تۇردى.

## ئاساسىي ئەھۋالى

لوپ ناھىيىسى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1489 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 241 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 238 مىڭ 700)، يېزا نوپۇسى 218 مىڭ 800؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰18.8، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰11.58. ناھىيە بويىچە 25 مىڭ 586 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 22 مىڭ 886 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 5716 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى، ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 326 گېكتار. كىلىماتى قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 512 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 255 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %7.1؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 85 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.2؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 151 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.04 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 550 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %2.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 418 مىليون 810 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 20 مىليون 390 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 103 مىليون 390 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 170 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 138 مىڭ 174 توننا ئاشلىق، 8010 توننا پاختا، 206 توننا ياغلىق دان، 15 مىڭ 275 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 504 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 6209 توننا گۆش، 700 توننا يۇڭ، 272 مىڭ پارچە كالا - قوي تېرىسى، 2668 توننا سۈت، 749 توننا تۇخۇم، 138 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2700 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 21 مىليون 864 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 16 مىليون 922 مىڭ يۈەن.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 23 مىڭ 756 يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 5873 يۈەنگە، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 45 مىڭ 166 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 79 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %3.2؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 42 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %4.99 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 188 مىڭ 100 توننا سېمونت، 16 مىليون 40 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 880 مىڭ توننا تۇرۇبا سۇيى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 72 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 51 مىڭ 973 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 51 مىڭ 973 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 109 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 93 مىليون 560 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىنتى 4832 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىنتى 2704 كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىنتى 24 كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 34 مىليون 137 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تۇرلۇك سودا بازىرىدىن 7 سى بار بولۇپ، يىللىق پۇتۇشۇش سوممىسى 48 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 15 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %14.44؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 181 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %23.65 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 252 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 9 مىليون 686 مىڭ 800 يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم 3 مىليون 415 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3480، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 799. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 485 (مىللىي 231)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 20، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 232 (مىللىي 16 مىڭ 10)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 127، ئوقۇغۇچىسى 35 مىڭ 98 (مىللىي 34 مىڭ 647)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 506. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2441 (مىللىي 2352). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 910 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98.5 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى

%96 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 428 كەسىپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 375) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 150 (مىللىي 99)، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 460. يېزا ـ بازار شىپاخانىسى 10، يېزا ـ كەنت دوختۇرى ۋە سەھىيە خادىمى 334، يېزا ـ كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 11.

بىر يىلدا يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1085.5 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 271 يۈەنگە يەتتى.

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 1819 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 5907 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 9056 ئىشچى ـ خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## ئوتلاقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش

چارۋىچىلىق لوپ ناھىيىسىنىڭ ئەنئەنىۋى كەسپى بولۇپ، ھازىر دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى يېتەكچى كەسىپكە ئايلاندى. 2003 ـ يىلى لوپ ناھىيىسى «قۇرۇلمىنى ياخشىلاش، ئۆزگىچىلىكنى يېگىلاش، دېھقانلارنى بېيىتىش» نى نىشان، تېرىلغۇدىن ئوتلاقتا قايتۇرۇشنى يېتەكچى قىلىپ، ئوتلاقچىلىقنى يۇقىرى سۈپەت، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى، نەتىجىدە چارۋىچىلىق ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشتەك تەرەققىيات ئىزىغا سېلىندى.

ئوتلاقچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىلدى لوپ ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئوتلاقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئوتلاقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ھەرقايسى ھالقىلاردىكى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتتى، نەتىجىدە ئوتلاقچىلىق قېلىپلاشقان تەرەققىيات يولىغا سېلىندى. ناھىيىلىك ئوتلاق پونكىتى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى بۆرۈنقى تەبىئىي ئوتلاقلارنى باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىشتىن، ئوت ـ چۆپ تېرىشنى باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىشقا قارىتىش بىلەن بىللە تەبىئىي ئوتلاقلارنى باشقۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇردى. ئوت ـ چۆپ تېرىشتا بۆرۈنقى نوقۇل سان، كۆلەمنى قوغلىشىشنى ئاساس قىلىشنى، سۈپەت ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشنى ئاساس قىلىشقا ئۆزگەرتتى. 976.5 گېكتار يەرگە ئوت ـ چۆپ تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمانلىقتا تېرىلغىنى 70.6 گېكتار، سالا ئېتىزنىڭ ئىككى تەرىپىگە تېرىلغىنى 38.4 گېكتار، قاقاس يەرلەرگە تېرىلغىنى 261.2 گېكتار، يېڭى ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەرلەرگە تېرىلغىنى 389.5 گېكتار، تېرىلغۇدىن ئورمان (ئوتلاقتا) غا قايتۇرۇلغان يەرگە تېرىلغىنى 216.8 گېكتار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 200 گېكتار يەرگە چۈچۈكبۇيا تېرىلدى. تېرىلغان ئوت ئۇرۇقىنىڭ ھەممىسى خوتەن چوڭ يوپۇرماقلىق بېدىسىنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، ئۈنۈپ چىقىش نىسبىتى %100، ئۈنۈش نىسبىتى %99 بولدى.

تەبىئىي ئوتلاق ۋە ئوت ـ چۆپ تېرىشنى باشقۇرۇش خىزمىتى قانۇن بويىچە كۈچەيتىلدى، يېڭى «ئوتلاق قانۇنى» نىڭ تەشۋىقات سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ قانۇن-تۈزۈم ئېڭى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى. تەبىئىي ئوتلاقلارنىڭ ئۈسۈملۈك يېپىنچىسىنى قوغداشنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە، ئوتلاقتا ئاساسەن چارۋا بېقىلىپ، چارۋا سانىنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىشى قاتتىق تىزگىنلەندى. بىرىنچى، ئوتلاقنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن توختام تۈزۈلدى؛ ئىككىنچى، قويلار تامغا قويۇپ بېرىلگەندە سانى دەلىللەندى؛ ئۈچىنچى، تاققا چىقىپ قويلارنىڭ سانى ئېنىقلىنىپ، چارۋىسىنىڭ سانى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن چارۋا ئىگىلىرىگە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە جەرىمانە قويۇلدى؛ تۆتىنچى، ئوتلاقتا دائىر تالاش ـ تارتىشلار ۋە ماجىرالار ۋاقتىدا ھەل قىلىنىپ، ئوتلاقتا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قىلمىشلار ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك توسۇلدى. ئوتلاقلاردىكى بىدە تېرىلغان يەرلەر قەرەلسىز تەكشۈرۈپ تۇرۇلدى، ئوتلاقلار ئۈنۈملۈك قوغدالدى.

2003 ـ يىلى ناھىيە 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ تەييارلاپ، دېھقانلاردىن 31 تونىنا لاياقەتلىك بىدە ئۇرۇقى سېتىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئېشىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

جۇ چېڭزۇ

# چىرا ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چىرا ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: رەن چىڭگاڭ.

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇغېنى ئىبراھىم.

ھاكىم: ئابدۇللا قۇربان.

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۇلايمان ئىبراھىم.

## ئاساسىي ئەھۋالى

چىرا ناھىيىسى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە

بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى (قۇملۇق تاشيولى ئارقىلىق) 1415 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 135 مىڭ 400 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 133 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى 119 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰2.19، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰2.12. ناھىيە بويىچە 16 مىڭ 59.8 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 12 مىڭ 3.5 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتتى، 1591.9 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى چۆل قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 302 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 147 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %77.3؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 33 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %53.12؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 121 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %56.5 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 290 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %33.10 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 190 مىليون 660 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 15 مىليون 500 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 79 مىليون 940 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 4 مىليون 430 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 75 مىڭ 72 توننا ئاشلىق، 1812 توننا پاختا، 402 توننا ياغلىق دان، 8945 توننا مېۋە - چېۋە، 3486 توننا كۆكتات، 462 توننا ياڭاق ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 480 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 4755 توننا گۆش، 588 توننا يۇڭ، 545 توننا تۇخۇم، 10 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2533.4 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 33 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 2 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 34 مىڭ 72 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 400 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %31.63، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليون 390 مىڭ يۈەن بولۇپ، %24.18 ئازايدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 6000 توننا بۇغداي ئۇنى، 420 توننا سۇ يېغى، 1752 توننا ساپ پاختا، 3600 قۇر كىيىم - كېچەك ئىشلەپچىقىرىلدى، 2 مىليون 480 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 2 مىليون 100 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلەندى، 72 توننا تورۋا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 29 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 19 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 85 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 4603 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 2202 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 229 غا يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 9 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن %42.15، يەرلىك مالىيە چىقىمى 119 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %91.12 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 138 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سوغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2773، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 780. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 305 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 575 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 92 (مىللىي 10 مىڭ 5)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 83، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 593 (مىللىي 16 مىڭ 437)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 60 (مىللىي 41). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1896 (مىللىي 1851). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 981 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 12 سەھىيە ئاپپاراتى، 328 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 396 كارىۋات بار.

2003 - يىلى چىرا ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 905 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 861 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 3836 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1245 ئىشچى-خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 4516 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 2003 - يىلى 12 - ئايدا چىرا ناھىيىسىدىكى «قالىبىيەت» سۇ ئامبىرى پۈتتى. بۇ قۇرۇلۇشقا 54 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، سۇ ئامبىرىنىڭ سىغىمى 9 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىر، ساقلانغان سۇ 3 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر.

سۇن شىنماۋ، گو خەيجۈن

# كېرىيە ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كېرىيە ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ شيۇچېڭ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: رېھىم نىياز.

ھاكىم: مەتسەيدى خۇدابەردى.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەمەتجان غوپۇر.

## ئاساسىي ئەھۋالى

كېرىيە ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرقتە نىيە ناھىيىسىدىن چىقىپ قۇملۇق تاشيولى ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1300 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 13، كوناشەھەر رايونلۇق مەھەللە ئىش باشقارمىسى بار. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 221 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 218 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى 199 مىڭ 300؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.89‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.84‰. ناھىيە بويىچە 26 مىڭ 483.8 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 18 مىڭ 560 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 7000 گېكتار)، 15 مىڭ 199.8 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۇتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 428 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 250 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 5.83%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 50 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 33.74%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 127 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.67% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 590 مىليون 267 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 13.53% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 419 مىليون 113 مىڭ 700 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 32 مىليون 50 مىڭ 800 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 129 مىليون 313 مىڭ 800 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 858 مىڭ 500 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 118 مىڭ 452 توننا ئاشلىق، 2757 توننا پاختا، 838 توننا ياغلىق دان، 57 مىڭ 425 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 708 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 7592.7 توننا گۆش، 1066.63 توننا يۇڭ، 1422 توننا سۈت، 1822.75 توننا تۇخۇم، 101 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4686 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 103 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 2 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 54 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 53.4%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 4 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 6.02% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 16 مىليون 830 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 3300 توننا ساپ پاختا، 2 توننا قاشتېشى، 18 مىليون دانە خىش، 307 توننا تۇز، 4860 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 147 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 38 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 36 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 78 مىليون 690 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 62 مىليون 820 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 8000 غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 2700 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 7000 غا، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 300 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 68 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 13 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 772 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 11 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن 12.33%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 160 مىليون

530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 16.97% ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 158 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم 2 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3386، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 882. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 360 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1032 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 20، ئوقۇغۇچىسى 8032 (مىللىي 7932)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 103، ئوقۇغۇچىسى 32 مىڭ 134 (مىللىي 31 مىڭ 833)؛ باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 845. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2159 (مىللىي 2102). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 950 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 86% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 66% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 16 سەھىيە ئاپپاراتى، 478 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 432)، دوختۇرخانىلاردا 238 كارىۋات بار.

2003 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 959.2 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 18 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 5378 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1124 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 8300 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## كېرىيە ناھىيىسىدە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمىي ئىمارەتلەرنىڭ خارابىسى بايقالدى

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى شىنجاڭ خىزمەت ئەترىتىدىكى ئارخېئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى 2003 - يىل 7 - ئايدا كېرىيە ناھىيىسى تەۋەسىدىكى كونلۇن ئۈستىگىنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقان كېرىيە دەرياسى قىرغىقىدا 7 - 8 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى يەر ئاستىدىن خىش قۇرۇلمىلىق قەدىمىي ئىمارەتلەر تۈپىنى قېزىپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2000 يىل بۇرۇنقى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەدىمىي ئىمارەت ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇ چۆل - جەزىرىگە چوڭقۇر كۆمۈلگەن قەدىمىي خارابىلىكنىڭ شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم بايقىلىشى. ئارخېئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى مۇنداق دەپ پەرەز قىلىشماقتا: بىر خىل ئېھتىماللىق - كونلۇن تېغىنىڭ يانار تاغ ھەرىكىتىدىن پەيدا بولغان لاتقا - شېغىللار تەرىپىدىن ياكى ھەر يىلدىكى پەسىل خاراكتېرلىك كەلكۈن ئېقىتىپ كەلگەن چۆل قۇمى تەرىپىدىن كۆمۈۋېتىلگەن؛ يەنە بىر خىل ئېھتىماللىق - قۇرۇلۇش ئورنى بىرقەدەر تۆۋەن بولغانلىقتىن يىلدىن يىلغا كۆمۈلۈپ تاشلىنىپ قالغان.

كېرىيە ناھىيىسىنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولغان مىرەن دۆلىتىگە تەۋە ئىدى. بۇ قېتىمقى قېزىپ چىقىرىلغان ئىمارەتنىڭ شەكلى، قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيەت ئۇسلۇبىغا ئىگە، خىشنىڭ پىشۇرۇلۇشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇسلۇبىدىكى خەن دەۋرىگە ئائىت خىشلارنىڭ پىشۇرۇلۇشىغا ئوخشاش، دېمەك ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنى ۋەكىل قىلغان ھالدا ئادەم كۆچى ئارقىلىق ياسالغان. يەرگە چوڭقۇر كۆمۈلگەن خىشنىڭ ئۆلچىمى ھەمدە ئىمارەتنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، بۇ بىرقەدەر يۇقىرى تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە قەدىمىي ئىمارەت ھېسابلىنىدۇ.

## كېرىيە ناھىيىسىدە زىيانسىز مېۋە - چېۋە، كۆكتات بازىرى قۇرۇلدى

كېرىيە ناھىيىسىدە 2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كۆكتاتچىلىق تەرەققىيات مەركىزى ۋە مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات شىركىتى ۋە مۇئەسسەسە يېزا ئىگىلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. كۆكتاتچىلىق تەرەققىيات مەركىزى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەندۇڭدىن 13 تېخنىك تەكلىپ قىلىندى، بۇ تېخنىكلار يېزا - بازارلارنىڭ لاپاس ياساش ۋە تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ناھىيىدىكى ئالاقىدار تارماقلار يېزا - بازار رەھبەرلىرى ۋە تېخنىكلاردىن 21 كىشىنى شەندۇڭنىڭ شۇگۇاڭ شەھىرىگە ئۆگىنىشكە ۋە كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىپ، «زىيانسىز» مېۋە-چېۋە، كۆكتات بازىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش قۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سالدى.

2003 - يىل 10 - ئايدا ناھىيە بويىچە ئۆلچەملىك لاپاستىن 2256 سى ياسالدى، بۇنىڭغا 7 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە لاپاس 2472گە، كۆلىمى 330 نەچچە گېكتارغا يەتتى، بۇ لاپاسلار شۇ يىلى پۈتۈنلەي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. كۆكتات يېتىشتۈرۈش لاپىسى 1671گە يەتتى، ئۇنىڭغا ئادەتتىكى

كۆكتات ۋە ئالاھىدە، داڭلىق، ئەلا سورتلۇق كۆكتاتلار تېرىلدى، 585 لاپاسقا پەسىلسىز مېۋە - چېۋە مايسىسى كۆچۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزىنىڭ تەكشۈرۈپ، ئۆلچىشى ئارقىلىق 7 خىل كۆكتات سورتى، 2 خىل قوغۇن - تاۋۇز سورتى، 5 خىل مېۋە - چېۋە سورتى زىيانسىز مەھسۇلات بولۇپ بېكىتىلدى، دېمەك بۇ يەر ئاپتونوم رايوندىكى زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى.

## 35 ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۆز ئىختىيارى بىلەن كېرىيىگە بېرىپ خىزمەت قىلدى

2003 - يىلى 35 ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۆز ئىختىيارى بىلەن كېرىيىگە بېرىپ خىزمەت قىلدى، ئۇلار ئۆزلۈكىدىن تىزىمغا ئالدۇرۇپ، تەشكىلات تارماقلىرىنىڭ تاللىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، جاپالىق كېرىيە ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىغا بېرىپ بىر يىلدىن 2 يىلغىچە پىدائىيلارچە مۇلازىمەت قىلىدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى مائارىپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى، داۋالاش - سەھىيە ۋە يېزا - بازار كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى شەندۇڭ، خېبېي قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 28، ئۇيغۇر 7، قىز 12. ئۇلار مەركەز ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنى چېنىقتۇرۇپ، غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسىنى قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ۋېي يۇڭلۇڭ

# نىيە ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ نىيە ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: تۇڭ ۋېيدۇڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توقسۇن مەتيۈسۈپ.

ھاكىم: ئالىمجان مەمتىمىن.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۇلايمان تۇردى.

## ئاساسىي ئەھۋالى

نىيە ناھىيىسى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى (قۇملۇق تاشيولى ئارقىلىق) 1230 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 34 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 30 مىڭ 700)؛ يېزا نوپۇسى 24 مىڭ 900؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 18.26‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.8‰. ناھىيە بويىچە 5592 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2890 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 1119 گېكتار)، 4380 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى نىيە ناھىيىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 119 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 58 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 4.82%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 18 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 64.8%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 43 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 27.4% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 145 مىليون 62 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 26.81% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 99 مىليون 421 مىڭ 600 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 11 مىليون 770 مىڭ 400 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 30 مىليون 888 مىڭ 200 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 170 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 19 مىڭ 209 توننا ئاشلىق، 1445 توننا پاختا، 1522 توننا كۆكتات، 21 مىڭ 70 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 220 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 1769.9 توننا گۆش، 276.25 توننا يۇڭ، 288 توننا سۈت، 232 توننا تۇخۇم، 20 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 7978 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 57 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 4 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 12 مىڭ 630 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 47 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 283.98%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 11 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 36.15% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 955 توننا ساپ پاختا، 269 مىڭ كىلوۋات سائەت

تولۇق، 263 مىڭ تونىنا تۆرۈبا سۇيى، 251 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 2 مىليون 100 مىڭ پارچە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 5208 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 3782 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 49 مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 47 مىليون 650 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 2600 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 600 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 2500 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 150 كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 17 مىليون 697 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. 4800 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 184 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 7 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %46.65؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 68 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.44 ئاشتى. يىل ئاخىرىدا بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 93 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1431، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 305. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 70 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 292 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 2594 (مىللىي 2400)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 25، ئوقۇغۇچىسى 3334 (مىللىي 2995)؛ بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 123. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 663 (مىللىي 621). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 سەھىيە ئاپپاراتى، 259 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 227)، دوختۇرخانىلاردا 168 كارىۋات بار.

2003 - يىلى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7225 يۈەنگە، دېھقان ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1441.68 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 269 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 2175 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 539 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 2885 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

چېن بو

---

قىسقا ماتېرىيال

## نىيە قەدىمكى خارابىلىكى

نىيە قەدىمكى خارابىلىكى نىيە ناھىيە بازىرىدىن 140 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، خەن، جىن دەۋرلىرىدىكى نىيە دۆلىتى مۇشۇ يەردە قۇرۇلغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى، شامال، يامغۇرنىڭ يالىشى، قۇملارنىڭ كۆچۈشى، دەريا - ئېقىنلارنىڭ يۆتكىلىشى بىلەن نىيە دۆلىتى ئاللىقاچان قۇم ئاستىدا قالغان. تاڭ دەۋرىدە نوم ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن غەربكە سەپەر قىلغان راھىب شۈەن زاڭ بۇ يەردە نىيە شەھىرىنىڭ بولغانلىقىنى ئېيتقان. كېيىن بۇ شەھەر بىرنەچچە قېتىم يۆتكىلىپ ھازىرقى ئورنىغا كەلگەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە نىيە دەپ، مىنگو دەۋرىدە نىيە قورۇقى دەپ ئاتالغان، 1944-يىلى ناھىيە تەسىس قىلىنىپ، نامى نىيە ناھىيىسى دەپ ئاتالغان. نىيە خارابىسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ، قەدىمكى قەبرە ئۆيلىرى ھازىرغىچە بىجىرىم ساقلانغان، خارابىلىكنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 22 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 6 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ شىنجاڭدا ھازىر ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى خارابىلىكلەر ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ چوڭ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەڭ كۆپ بولغان دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مەملىكىتىمىز ئىچىدە ساقلانغاندىن باشقا، ئەنگلىيە، روسىيە، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەتىۋارلىق بۇيۇملار كۆرگەزمىخانىلىرىدا كۆرگەزمە قىلىنىدى. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قەدىمكى غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

چېن بو

# ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لىن تيەنشى (12 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ گولياڭ (12 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: نۇرلان ئەبىلمەجىن (قازاق، 1 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، قىزايجان سالىخوجا (قازاق، 1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جاڭ گولياڭ (12 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، توقتار ئەلىباتىر (قازاق)، يۈ گوجى (4 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، زوردۇن خوجا (3 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋۇ چېڭدې، يۈ مىڭ، ليۇ شۆخۇ (3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

11 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇقاتىبېك ئادىلبېك (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: يى گوچۈەن، زوردۇن خوجا، گۈەن يىمىي (شىبە، ئايال)، تۇرسۇن تۇردى، توختاسىن ئاۋالبېك (قازاق)، جاڭ جىنخۇا، ناجات نازاربېك (قازاق)، ما مېڭشياڭ (خۇيزۇ).

ئوبلاست باشلىقى: نۇرلان ئەبىلمەجىن (قازاق، 1 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، قىزايجان سالىخوجا (قازاق، 3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: ياڭ يۇجۇن، گەن زاڭچۈن، سەۋىردىن ئۆمەر، تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت (قازاق، 1 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ساۋۇتبېك نۇرلان (قازاق)، ۋەن شۇي (3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋاڭ جيەنجۇڭ (3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، گۈلزىرە نۇرئادىل (ئايال، قازاق، 3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قۇربانجان مەمەت؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: دۇڭ چاڭمىڭ، ئابدۇۋەلى ئىبراھىم، قاجىئەكبەر قوگەر (قازاق)، ئابدۇكېرىم ئەيسايوف، داباي نۇراكىن (قازاق)، دارجالا (موڭغۇل)، جاۋ فۇيىڭ (ئايال).

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت غۇلجا شەھىرىدە. 2003 ـ يىلى ئوبلاستقا قاراشلىق ۋىلايەت 2، شەھەر 5، ناھىيە 19. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 4 مىليون 83 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 2 مىليون 238 مىڭ 700)، بۇنىڭ ئىچىدە ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ نوپۇسى 2 مىليون 517 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 493 مىڭ 400). ئوبلاست بويىچە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 2 مىليون 575 مىڭ. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.95، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰10.08. ئوبلاست بويىچە 693 مىڭ 300 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 273 مىڭ 500 گېكتار)، 287 مىڭ 800 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 162 مىڭ 300 گېكتار)، 69 مىڭ 300 گېكتار يەرگە كېۋەز (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 5100 گېكتار)، 111 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ياغلىق دان (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 57 مىڭ 900 گېكتار)، 28 مىڭ گېكتار يەرگە قىزىلچا (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 19 مىڭ 400 گېكتار)، 19 مىڭ 500 گېكتار يەرگە چىگە (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 19 مىڭ 500 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 ـ يىلى ئوبلاست بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 27 مىليارد 704 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 11 مىليارد 525 مىليون يۈەن) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 10 مىليارد 23 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 3 مىليارد 849 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %5.4 (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ %3.9)؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 8 مىليارد 96 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 3 مىليارد 755 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، %18.3؛ 3 ـ كەسىپنىڭ 9 مىليارد 585 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 3 مىليارد 921 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، %13.1 (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ %10.9) ئاشتى.

ئوبلاست بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليارد 658 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 5 مىليارد 380 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %3.5 (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ %4.9) ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 780 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 2 مىليارد 264 مىليون يۈەن)، ئورمانچىلىقنىڭ 360 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 149 مىليون

يۈەن)، چارۋىچىلىقنىڭ 5 مىليارد 183 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 2 مىليارد 435 مىليون يۈەن)، بېلىقچىلىقنىڭ 96 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 49 مىليون يۈەن). ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 767 مىڭ 500 توننا ئاشلىق (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 1 مىليون 9300 توننا)، 95 مىڭ 200 توننا پاختا (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 4700 توننا)، 222 مىڭ توننا ياغلىق دان (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 127 مىڭ توننا)، 1 مىليون 544 مىڭ توننا قىزىلچا (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 1 مىليون 80 مىڭ 700 توننا)، 94 مىڭ 100 توننا چىگە (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 94 مىڭ 100 توننا)، 103 مىڭ 700 توننا مېۋە - چېۋە (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 89 مىڭ 300 توننا) ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 14 مىليون 506 مىڭ 200 تۇياق چارۋا (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 6 مىليون 297 مىڭ 800 تۇياق) قالدى. 323 مىڭ 200 توننا گۆش (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 152 مىڭ 700 توننا)، 27 مىڭ 700 توننا يۇڭ (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 13 مىڭ 700 توننا)، 496 مىڭ توننا سۈت (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 318 مىڭ 900 توننا)، 77 مىڭ 400 توننا تۇخۇم (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 55 مىڭ 500 توننا)، 12 مىڭ 600 توننا سۇ مەھسۇلاتى (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 8500 توننا) ئېلىندى. 67 مىڭ 70 گېكتار يەرگە ئورمان بەرپا قىلىندى. (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 6 مىڭ 330 گېكتار). يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليارد 805 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 87 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 2 مىليون 122 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى.

ئوبلاست بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليارد 350 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 5 مىليارد 551 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %7. 17 (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ %65. 17)؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 819 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 1 مىليارد 902 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، %8. 17 (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ %7. 17) ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 20 مىڭ 800 توننا يىپ (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 11 مىڭ 600 توننا) 1 مىليون 198 مىڭ توننا شېكەر (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 151 مىڭ 100 توننا)، 93 مىڭ 600 توننا ئىچىملىك - هاراق (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 39 مىڭ 700 توننا)، 125 مىڭ ساندۇق پاپىروس، (ھەممىسى ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ)، 177 مىڭ 500 توننا سۇ يېغى (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 96 مىڭ 100 توننا)، 6 مىليون 552 مىڭ توننا كۆمۈر (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 2 مىليون 283 مىڭ 800 توننا)، 1 مىليارد 779 مىليون 660 مىڭ كىلوۋات سائەت توك (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 839 مىليون 10 مىڭ كىلوۋات سائەت توك)، 1 مىليون 350 مىڭ توننا سېمونت (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 280 مىڭ توننا)، 50 مىڭ 15 توننا چويۇن (ھەممىسى ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ) ئىشلەپچىقىرىلدى. يەرلىكنىڭ بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 601 مىليون (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 972 مىليون يۈەن) گە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان قۇرۇلۇش 1117 (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 686) گە، قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 2 مىليون 90 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 1 مىليون 261 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر) غا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 81 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 663 مىڭ كۋادرات مېتىر) غا يەتتى.

ئوبلاست بويىچە يەرلىك ئورۇنلار تۇراقلىق مۈلۈككە 9 مىليارد 168 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 4 مىليارد 485 مىليون يۈەن) مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 5 مىليارد 778 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 2 مىليارد 964 مىليون يۈەن)، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 1 مىليارد 57 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 473 مىليون يۈەن)، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 847 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 550 مىليون يۈەن). ئوبلاست بويىچە مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 739 مىڭ 900 (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 411 مىڭ 600) گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 856 مىڭ 900 (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 520 مىڭ) گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 6 مىليارد 383 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 3 مىليارد 325 مىليون يۈەن) گە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 1 مىليارد 312 مىليون 280 دوللار (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن قاراشلىق جايلارنىڭ 404 مىليون 780 مىڭ دوللار) غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 784 مىليون 470 مىڭ دوللار (ئوبلاستقا بۆلۈنگەن

قاراشلىق جايلارنىڭ 355 مىليون 920 مىڭ دوللار). 3 مىليون 508 مىڭ 800 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 2 مىليون 148 مىڭ 800)، ساياھەتچىلىكتىن 601 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 181 مىليون يۈەن). يەرلىك مالىيە كىرىمى 1 مىليارد 306 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 680 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %18.3 (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ %15.3)؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 4 مىليارد 853 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 2 مىليارد 411 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، %15.3 (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ %16.4) ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 20 مىليارد 46 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 11 مىليارد 521 مىليون يۈەن) گە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 960 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 606 مىليون يۈەن) گە، تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 180 مىليون يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 137 مىليون يۈەن) گە يەتتى.

2003 - يىلى يەرلىك ئورۇنلار بويىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا پىلانى تۈرىدىن 53 ى (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 32)، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا پىلانى تۈرىدىن 64 ى (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 46) ئورۇنلاشتۇرۇلدى، پەن- تېخنىكا خىراجىتىدىن 327 مىليون 780 مىڭ يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 47 مىليون 80 مىڭ يۈەن) چىقىم قىلىندى. بىر يىلدا 59 پەن - تېخنىكا نەتىجىسى (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 50) روبىخەتكە ئېلىندى، 187 تۈر (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 54) پاتېنتقا ئىلتىماس قىلىندى، دۆلەت 72 تۈر (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 35) نى تەستىقلىدى. ئوبلاست بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 7722؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 12، ئوقۇغۇچىسى 5916 (مىللىي 4243)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 1342 (مىللىي 378)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 117، ئوقۇغۇچىسى 73 مىڭ 500 (مىللىي 36 مىڭ 600)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 354، ئوقۇغۇچىسى 196 مىڭ 600 (مىللىي 121 مىڭ)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 1059، ئوقۇغۇچىسى 401 مىڭ 800 (مىللىي 270 مىڭ 800)؛ بالىلار باغچىسى 174، باغچىدىكى بالا 24 مىڭ 42 (مىللىي 17 مىڭ 352). بۇنىڭ ئىچىدە ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلاردىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 73، ئوقۇغۇچىسى 43 مىڭ؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 183، ئوقۇغۇچىسى 113 مىڭ 200؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 573، ئوقۇغۇچىسى 256 مىڭ 700. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 51 مىڭ 600. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92 (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ %88) كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92 (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ %92) كە يەتتى.

ئوبلاست بويىچە 596 سەھىيە ئاپپاراتى (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 297)، 20 مىڭ 600 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 12 مىڭ 300). دوختۇرخانىلاردا 12 مىڭ 400 كارىۋات (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 8700) بار.

ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا 99 ئالتۇن مېدال (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 51)، 53 كۈمۈش مېدال (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 35)، 78 مىس مېدال (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلارنىڭ 48) ئالدى.

ئوبلاست بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6374 يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق 5951) گە؛ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5192 يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلاردىكىلەرنىڭ 5037) گە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3020 يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلاردىكىلەرنىڭ 2683) گە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 343 يۈەن (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلاردىكىلەرنىڭ 11 مىڭ 910) گە يەتتى.

يىل ئاخىرىغا قەدەر 201 مىڭ 900 ئىشچى - خىزمەتچى (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلاردىكى 99 مىڭ) ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 142 مىڭ 200 ئىشچى - خىزمەتچى (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلاردىكى 74 مىڭ 100) ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 332 مىڭ 300 ئىشچى - خىزمەتچى (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلاردىكى 176 مىڭ) ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

لىۇ ئەيجۈن

## ئىلى ئوبلاستى چارۋىچىلىق كەسپىنى كۈچەيتتى

2003 - يىلى ئىلى ئوبلاستى 5 چوڭ بازا قۇرۇشنى، 6 چوڭ قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىپ، چارۋىچىلىق كەسپىنى تىرىشىپ زورايتتى ۋە كۈچەيتتى.

ئىلى دەريا ۋادىسى شىنجاڭدىكى ئاساسلىق چارۋىچىلىق بازىسى، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۆزگىچە تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە، پايدىلىنىشقا بولىدىغان 3 مىليون

100 مىڭ گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار.

بۇ يەردە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، گۆشلۈك ھەم يۇڭلۇق شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي، ئىلى چوشقىسى، ئىلى ئېتى، شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى ۋە جۇڭگو مېرىنوس قويى (شىنجاڭ تىپى) يېتىشتۈرۈلگەن. 2003 - يىلى ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلاردا قولدا قالغان ھەر خىل چارۋا 6 مىليون 300 مىڭ تۇياققا، قولدىن چىققان چارۋا 3 مىليون 633 مىڭ 800 تۇياققا، قولدىن چىقىش نىسبىتى %58.07 كە يەتتى. چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %45.5 ىنى ئىگىلىدى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئاشقان كىرىمى ئىچىدە چارۋىچىلىقتىن قىلىنغان كىرىم %60 نى ئىگىلىدى.

ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 2010 - يىلىغا بارغاندا ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا 1 مىليون تۇياقلىق سۈت كالىسى بازىسى، 1 مىليون تۇياقلىق گۆش كالىسى بازىسى، 3 مىليون تۇياقلىق ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي بازىسى، 300 مىڭ تۇياقلىق گۆش ئېتى بازىسى، 30 مىليون ئۆي قۇشى يېتىشتۈرۈش بازىسى، 133 مىڭ 300 گېكتار سۈنئىي يەم - خەشەك بازىسى قۇرۇشنى پىلانلىدى. قولدا قالدۇرغان ھەر خىل چارۋا 8 مىليون 500 مىڭ تۇياققا يەتكۈزۈلىدۇ، ئاساسلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى زور دەرىجىدە كۆپىيىدۇ. چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %55 كە يەتكۈزۈلىدۇ. چارۋىچىلىقنىڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا قوشقان تۆھپە نىسبىتى %65 تىن ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىلى ئوبلاستى (بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار) 6 چوڭ قۇرۇلۇشنى يولغا قويدى: بىرىنچى، چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى. ئوبلاست بويىچە كالا، قوي نەسلىنى ياخشىلاش ئاساس قىلىنىپ، سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش، توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش، تۆرەلمە كۆچۈرۈش قاتارلىق تېخنىكىلار پائال كېڭەيتىلىپ، سۈپەتلىك نەسىللەرنى كۆپەيتىش سىستېمىسى تۇرغۇزۇلىدۇ. 2010 - يىلىغا بارغاندا ئوبلاست بويىچە كالىنىڭ سۈپەتلىك نەسىل بولۇش نىسبىتى %80 كە، قوينىڭ %60 كە يەتكۈزۈلىدۇ. ئىككىنچى، كۆلەملىك باقمىچىلىق قۇرۇلۇشى. 2010 - يىلىغا بارغاندا 10 رايوندا 10 مىڭ تۇياقلىق يۇقىرى ھوسۇللۇق سۈت كالىسى بازىسى قۇرۇلۇپ، يىلىغا 500 مىڭ توننا تاۋار سۈت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ؛ 5 گۆش كالىسى بازىسى قۇرۇلۇپ، يىلىغا 100 مىڭ توننا سۈپەتلىك كالا گۆشى ئېلىش ئىقتىدارى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئۈچىنچى، چارۋىچىلىقنى كەسىپلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى. 2010 -يىلىغا بارغاندا ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا سۈتچىلىك، يۇڭ - تىۋىت، خۇرۇم، بىئولوگىيىلىك دورا، تۇخۇم، يەم - خەشەك، ئوتلاقچىلىق قاتارلىق 8 خىل كەسىپ زەنجىرى بارلىققا كەلتۈرۈلۈپ، تەسىرى بار، داڭلىق 2، 3 باشلامچى كارخانا قۇرۇش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. تۆتىنچى، ئوتلاق قۇرۇلۇشى. بۇ قۇرۇلۇش ئارقىلىق چارۋىچىلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىدۇ. بەشىنچى، ھايۋانلاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى، بۇ قۇرۇلۇش ئارقىلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. ئالتىنچى، چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش قۇرۇلۇشى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلىق ئىشلىرىدا «قوتاندا بېقىش»، شەھەر ئەتراپىدا چارۋىچىلىقنى «زاۋۇتلاشتۇرۇش» ۋە ئوتلاق چارۋىچىلىقىدا «ئىللىق پەسىللەردە يايلىتىپ بېقىش، سوغۇق پەسىللەردە قوتاندا بېقىش» تىن ئىبارەت قېلىپلاشقان باقمىچىلىق نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇلىدۇ. ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار)، كەنتتىن ئىبارەت 4 دەرىجىلىك قېلىپلاشقان باقمىچىلىق ئۈلگە تورى تۇرغۇزۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دېھقان، چارۋىچىلارنى تەربىيىلەش سالمىقى زورايتىلىپ، سۈپەتلىك نەسىل، سۈپەتلىك قوتان، سۈپەتلىك يەم - خەشەك، ياخشى ئۇسۇلدىن ئىبارەت ئۇنىۋېرسال گەۋدىگە ۋە تېخنىكا ئورالمىسىغا تايىنىپ، چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

جاڭ لىشۆ

## ئىلى ئوبلاستى قازاقىستاندا تاۋار يەرمەنكىسى ئۆتكۈزدى

ئىلى ئوبلاستى 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 16 — 18 - كۈنىگىچە قازاقىستاننىڭ ئالمائاتا شەھىرىدە ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرى يەرمەنكىسى ئۆتكۈزدى.

يەرمەنكە 16 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئالمائاتا ئوبلاستىنىڭ ئالتۇنئوردا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى توپ سېتىش بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، كۆرگەزمىگە مېۋە - چېۋە، ئاشلىق، كۆكتات، ياغ، قۇرۇق مېۋە، ئائىلە ئېلېكتر



ئىلى ئوبلاستى 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە قازاقىستاننىڭ ئالماتا شەھىرىدە ئىمپورت - ئېكسپورت ماۋارلىرى يەرمەنكىسى ئۆتكۈزدى. سۈرەتتە: يەرمەنكىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى. فەن شۇۋېن فوتوسى

سايمانلىرى، كىيىم - كېچەك، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئاياغ - دوپپا قاتارلىق نەچچە ئون خىل بۇيۇم قويۇلدى. 3 كۈنلۈك كۆرگەزمىدە 91 مىليون 885 مىڭ 400 دوللارلىق توختام ۋە كېلىشىم ئىمزالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە توختام سوممىسى 84 مىليون 992 مىڭ 400 دوللار (ئىمپورت سوممىسى 67 مىليون 491 مىڭ 100 دوللار).

## ئىلى بوغىچىلىقى

ئىلى دەرياسى ۋادىسى تەڭرىتاغ بوغىسى ماكانىدۇر. تەڭرىتاغ بوغىسى دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان، بوغا مۈڭگۈزىنىڭ مەھسۇلاتى يۇقىرى، يۇمران ۋە يېڭىلىقى، ئوزۇقلۇق مىقدارىنىڭ موللۇقى بىلەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا داڭلىق.

ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى بوغا باقمىچىلىقىدا ئائىلە باقمىچىلىقى ئاساس قىلىنىدۇ. بازاردىكى لەيلىمە باھانىڭ تەسىرى، مەبلەغ سېلىش خەتىرى چوڭراق، بوغا مەنبەسىنىڭ كەمچىل بولۇشى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدىن بوغا باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چوڭ ئائىلىلەر بىر قەدەر ئاز. بوغا باقمىچىلىقى ئاساسلىقى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى، غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى، قورغاس ناھىيىسىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، بوغا باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بارلىق ئائىلىنىڭ 80% نى ئىگىللەيدۇ. ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن يىلىغا 20 توننا يۇمران بوغا مۈڭگۈزى، 400 تۇياق بوغا بالىسى ئېلىنىدۇ. بوغا مۈڭگۈزىنى پىششىقلاشتا ئەنئەنىۋى دۆملەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، 90% بوغا مۈڭگۈزى خام ئەشيا شەكلىدە بىۋاسىتە كورىيىگە سېتىلىدۇ.

1996 - يىلىدىن باشلاپ ۋادىدىكى بوغا مۈڭگۈزى دەسلەپكى باسقۇچتا ئىچكىكە پىششىقلاپ ئىشلەندى، يەنجىيەن ماركىلىق ساپ بوغا قېنى ھارىقى بىلەن گۇەنشيۇەن ماركىلىق بوغا قېنى ھارىقى ئىشلىنىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بىر قىسىم ئۆلكە، شەھەرلەرگە سېتىلدى.

1998 - يىلى تەڭرىتاغ بوغىچىلىق كەسپى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى تەرەققىياتى تېزلىتىلىدىغان 10 زەنجىرسىمان كەسىپ قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 1999 - يىلى بوغا باقمىچىلىقى جەمئىيەتلىرى كەينى - كەينىدىن قۇرۇلۇپ، بوغا باقمىچىلىقى كەسپىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق 8 ناھىيە، 2 شەھەر بويىچە بېقىلغان تەڭرىتاغ بوغىسى 9098 گە، (بۇنىڭ ئىچىدە چىشى بوغا 3764)، باقمىچىلىق ئائىلىسى 2798 گە يەتتى.

★ 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى گېزىت تور بېكىتى - «ئىلى ئاخباراتچىلىقى تورى» رەسمىي ئېچىلدى. بۇ ئىلى ئوبلاستىنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرى ۋە «ئىلى گېزىتى»نىڭ ئاخباراتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تور دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

★ 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى مەركىزىي مىللەتلەر ئوركېستىرى مەدەنىيەتنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش يۈزىسىدىن ئىلى مېھمانخانىسىنىڭ زالىدا ئويۇن قويدى.

★ 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئىلى مائارىپ ئىنستىتۇتى بىلەن ئىلى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت - سەنئەت مەكتىپى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش مەكتىپى، ئىشچىلار تېخنىكومىدىن ئىبارەت 4 مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈش خىزمىتى ئاساسەن تاماملاندى. بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن ئىلى مائارىپ ئىنستىتۇتىدىكى 6 فاكۇلتېت 8 گە كۆپەيدى. مەكتەپتە پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 5000 گە يەتتى.

★ 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدا ئىلى ئوبلاستى كوماندىسى ئارغىماق ئويىنىتىش مۇسابىقىسىدە بىر ئالتۇن مېدال، 5 كۈمۈش مېدال، 2 مىس مېدال ئالدى.

ليۇ ئەيجۈن

# كۈيتۇڭ شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۈيتۇڭ شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ شىنچېڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، نيۇ جېڭفۇ (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يۈ گاۋ.

شەھەر باشلىقى: تاڭئاتار كەلىماخۇن (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ليۇ داۋخۇا.

## ئاساسىي ئەھۋالى

كۈيتۇڭ شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 253 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 247 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، يېزا بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 136 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 10 مىڭ 639)، يېزا نوپۇسى 15 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰7.79، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰5.25. شەھەر بويىچە 10 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بار. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 570 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 110 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %7.1؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 740 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 720 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.7 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 227 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %8.7 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 165 مىليون 370 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 2 مىليون 470 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 47 مىليون 400 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 240 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 4118 توننا ئاشلىق، 8348 توننا پاختا، 2158 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 42 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 1168 توننا گۆش، 4782 توننا سۈت، 1714 توننا تۇخۇم ئېلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 620 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %15.5، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 556 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 125 مىڭ ساندۇق تاماكا، 302 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 2438 توننا سۇ سىڭمەس سۇلياۋ يوپۇق، 21 مىڭ توننا پەمىدۇر قىيامى، 16 مىڭ 800 توننا شېكەر، 24 مىڭ 600 توننا پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 647 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 318 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 236 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 728 مىليون 860 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 446 مىليون 950 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش- ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 104 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 81 مىڭغا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 24 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 96 مىڭ 200 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 10 مىڭغا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 704 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 264 مىڭ 585 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 20 مىليون 997 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 179 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %22.8؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 162 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %26.6 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 320 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 151 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 26 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 8701، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 2871. شەھەر بويىچە 33 مەكتەپ (مەمۇرىي رايونغا تەۋە)، 28 مىڭ ئوقۇغۇچى بار. چوڭلار ئالىي مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 940؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 4، ئوقۇغۇچىسى 434؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 899؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 915؛ بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 1067، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 132. كارخانىلار قۇرغان بالىلار باغچىسى 3، خەلق باشقۇرۇشىدىكى بالىلار باغچىسى 10. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2055. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100

كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 23 سەھىيە ئاپپاراتى، 1470 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 1247 كارىۋات بار.

2003 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا كۈيتۇڭ شەھىرى كوماندىسىدىن 3 ئادەم 3 تۈردە ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى، جەمئىي 11 ئالتۇن مېدال، 19 كۈمۈش مېدال، 27 مىس مېدال ئالدى.

شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 6526 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5286 يۈەنگە؛ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1798 يۈەنگە يەتتى. ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 683 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 32 مىڭ 341 ئىشچى-خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 36 مىڭ 886 ئىشچى-خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 45 مىڭ 604 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ئاۋازلىق باج تاپشۇرۇش - سۈرۈشتە قىلىش مۇلازىمەت سىستېمىسى

2003 - يىل 3 - ئايدا كۈيتۇڭ شەھەرلىك يەرلىك باج ئىدارىسى 12366 نومۇرلۇق باج تاپشۇرۇش - سۈرۈشتە قىلىش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى ئاچتى. بۇ سىستېما ئاساسلىقى باج تاپشۇرغۇچىغا قارىتىلغان بولۇپ، باج تاپشۇرۇش تەرتىپى، سىياسەت، قانۇن - تۈزۈم مۇلازىمىتى ياكى ئەرز شىكايەت قىلىش، پاش قىلىش جەھەتلەردە، 12366 نومۇرلۇق ئاۋازلىق مۇلازىمەت ئارقىلىق جاۋاپقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ ئورۇن شىنجاڭ بويىچە ئاۋازلىق باج تاپشۇرۇش - سۈرۈشتە قىلىش سىستېمىسىنى تۇنجى بولۇپ يولغا قويغان ئورۇن ھېسابلىنىدۇ.

★ 2003 - يىلى كۈيتۇڭ شەھىرى مەملىكەت بويىچە باغۋارانلاشتۇرۇش ۋە كۆكەرتىشتىكى ئىلغار ناھىيە، مەملىكەت بويىچە شەھەرنى سۈپەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى، شۇنداقلا جۇڭگولۇقلارنىڭ تۇرالغۇ مۇھىتى ئۈلگە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لىيۇ دۇڭگو

# غۇلجا شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ غۇلجا شەھەرلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جياڭ ياۋخوا.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھەسەن ئىبراھىم.

شەھەر باشلىقى: تۇرغان پىدا.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لىن سۇڭنيەن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

غۇلجا شەھىرى ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، جەنۇب تەرىپى ئىلى دەرياسىغا يېقىن، شىمال تەرىپى غەربىي تەڭرىتاغنىڭ تارماق تىزمىسى بولغان كۆكسىرچىن تېغىغا تۇتىشىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاۋىئاتسىيە مۇساپىسى 509 كىلومېتىر، تاشيول مۇساپىسى 702 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 8، بازار بىر، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 373 مىڭ 100 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 230 مىڭ 100)، يېزا نوپۇسى 105 مىڭ 200؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰7.11، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰1.9. شەھەر بويىچە 9770 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 5940 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 5870 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمى 2109 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 295 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 212 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %3.9؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 890 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.3، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 193 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.8 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 362 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %2.51 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 199 مىليون 560 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 5 مىليون 960 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 137 مىليون 300 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 10 مىليون 670 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 45 مىڭ 385 توننا ئاشلىق، 2100 توننا ياغلىق دان، 47 مىڭ 960 توننا قىزىلچا، 14 مىڭ 887 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 203 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 6946 توننا گۆش، 508 توننا قوي يۇڭى، 27 مىڭ 640 توننا سۈت، 1784 توننا تۇخۇم، 2485 توننا مۇ

مەھسۇلاتى ئېلىندى. 535 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 499 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 34 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 31 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 599 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %11.99، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 308 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.69 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 97 مىڭ 100 توننا كۆمۈر، 15 مىليون 180 مىڭ توننا تۇرۇبىا سۈيى، 261 مىليون دانە خىش، 65 مىڭ 500 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 142 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 27 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 16 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 405 مىليون يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 3 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىنتى 94 مىڭ 400 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىنتى 85 مىڭ 500 گە يەتتى. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 702 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئېكسپورت - ئىمپورت سودا سوممىسى 438 مىليون 230 مىڭ دوللار (شەھەرگە تەۋەسى 33 مىليون 450 مىڭ دوللار، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 33 مىليون 360 مىڭ دوللار) غا يەتتى. سایاھەتچىلىكتىن 98 مىليون 780 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 205 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %14.74؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 358 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %29.33 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 3 مىليارد 769 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 187 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 66 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلى شەھەر بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 16 مىڭ 208، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 6281. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 2533؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 22 (8 مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ، 2 تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، 9 تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، 9 يىللىق تۈزۈمدىكى 3 ئوتتۇرا مەكتەپمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 9366، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 884؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 62، ئوقۇغۇچىسى 38 مىڭ 415 (مىللىي 24 مىڭ 604)؛ بالىلار باغچىسى 43، باغچىدىكى بالا 5964. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 481. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 21 سەھىيە ئاپپاراتى (شەھەردە تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، 2362 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 2299 كارىۋات بار.

2003 - يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 5696 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4922 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە چىقىمى 2982 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 179 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شەھەر بويىچە 11 مىڭ 513 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 12 مىڭ 866 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 18 مىڭ 457 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## 250 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقئار سودا شەھەرچىسى غۇلجا شەھىرىدىن ئورۇن ئالدى

2003 - يىل 5 - ئايدا ئاز كەم 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئىلى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقئارا سودا شەھەرچىسى غۇلجا شەھىرىنىڭ چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ سودا شەھەرچىسىنىڭ كۆلىمى 5.25 گېكتار، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 60 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، ئۇ ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ماشىنا ئېلېكتر سايمانلىرى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، كىيىم - كېچەك، تۈرلۈك ماللار، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ئەڭ چوڭ ئۇنىۋېرسال سودا بازىرى قىلىنماقچى. يەنە بىر مەبلەغ سېلىنغان تۇر شىنجىبن شىرۇڭ مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتى بىلەن ئىلى مىللىي مەھسۇلاتلار دوستلۇق چەكلىك شىركىتى بىرلىشىپ 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرىدىغان شۇفېڭ دورا زاۋۇتى بىلەن دورا ماتېرىياللىرى بازىرى تۇرىدۇر.

## ئىلىدا ئىشلەپچىقىرىلغان ئەينەك بوتۇلكا تۇنجى بولۇپ قازاقىستانغا ئېكسپورت قىلىندى

2003 - يىلى ئىلى جىڭيىنىڭ ئەينەك بۇيۇملىرى شىركىتى ئىشلەپچىقارغان 110 مىڭ ئەينەك بوتۇلكا ئىلى چېگرا

تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدە لاياقەتلىك بولۇپ قازاقىستانغا ئېكسپورت قىلىندى، بۇ ئىلى ئوبلاستىنىڭ قازاقىستانغا تۇنجى قېتىم ئېنەك بوتۇلكا ئېكسپورت قىلىشىدۇر. ئىلى جىڭيىڭ ئېنەك بۇيۇملىرى شىركىتى قازاقىستان تەرەپنى 1 مىليون 700 مىڭ ئېنەك بوتۇلكا بىلەن تەمىنلەشكە توختاملاشتى.

## زەھەرلىك بۇيۇملارنىڭ خەتىرىنى پەسەيتىش ۋە ئەيدىز بىمارلىرىغا غەمخورلۇق قىلىش ئۈنىۋېرسال تۈرى يولغا قويۇلدى

ئىلى شەھىرىنىڭ زەھەرلىك بۇيۇملارنىڭ خەتىرىنى پەسەيتىش ۋە ئەيدىز بىمارلىرىغا غەمخورلۇق قىلىش، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئۈنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تۈرى جۇڭگو بىلەن ئاۋسترالىيە ھۆكۈمىتى ئىككى تەرەپ تۇنجى قېتىم ھەمكارلاشقان تۈرلەرنىڭ بىرى، بۇ تۈرنىڭ مۇددىتى 18 ئاي (2003 - يىل 10 - ئايدىن 2005 - يىل 4 - ئايغىچە) بولۇپ، بۇ تۈر زەھەرلىك بۇيۇملارنىڭ خەتىرىنى ئازايتىش ۋە ئەيدىز بىمارلىرىغا غەمخورلۇق قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ.

## دۆلەت دەرىجىلىك سۇ مەھسۇلاتلىرى سورتىنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى قۇرۇلدى

غۇلجا شەھىرىنىڭ بايانداي بازىرى شەندۇڭ جىنەن شەھەرلىك سۇ مەھسۇلاتلىرى تەتقىقات ئورنىدىن مەبلەغ ۋە تېخنىكا كىرگۈزۈپ، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا دۆلەت دەرىجىلىك سۇ مەھسۇلاتلىرى سورتى يېتىشتۈرۈش مەركىزى قۇردى. بۇ مەركەزگە 8 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش مۆلچەرلەنگەنىدى، 4 مىليون 330 مىڭ يۈەن نەقلەشتى. 2003 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلۇش باشلىنىپ، 2004 - يىل 6 - ئايدا پۈتكۈزۈلىدۇ. بۇ مەركەز پۈتكەندىن كېيىن، ئىلى دەرياسىدىكى ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىدىغان ئۆزگىچە بېلىقلاردىن يالىڭاچ ئاتسىيېنسىر بېلىقى، ياۋروپاسوم بېلىقى، قىزىل ئۈچلۇق بېلىق قاتارلىق ئاز ئۇچرايدىغان بېلىقلارنى بېقىپ كۆپەيتىش، بېلىقلاردا بولىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش، بېلىق يېتىشتۈرۈش قاتارلىق تېخنىكىلىق مەسىلىلەر قەدەممۇ قەدەم ھەل قىلىنىدۇ ھەمدە ئېھتىياجلىق ئورۇنلار سۈپەتلىك بېلىق سورتلىرى بىلەن تەمىنلىنىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ئۆزگىچە سۇ مەھسۇلاتلىرى كەسپى يېتىشتۈرۈلىدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ.

★ 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدىكى پىلىچى دەرياسىغا سېكونتلۇق تېزلىكى 191 كۇپ مېتىر بولغان، تارىختىن بۇيان 3 - قېتىم كۆرۈلگەن چوڭ كەلكۈن كېلىپ، 4 مىليون 227 مىڭ 600 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈردى.

يەن شۈرۈي

# غۇلجا ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ غۇلجا ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى نىڭپىڭ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى : ھاكىمجان مەخمۇت.

ھاكىم: نۇرمەمەت ئىبراھىم.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدىلىم بىشىر.

## ئاساسىي ئەھۋالى

غۇلجا ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 730 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 18. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 405 مىڭ 51 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 329 مىڭ 476)، يېزا نوپۇسى 348 مىڭ 793؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.62‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.64‰. ناھىيە بويىچە 65 مىڭ 833.33 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 53 مىڭ 773.3 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 4920 گېكتار)، 21 مىڭ 266.73 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 2310 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 674 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 676 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 3.5% ؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 556 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 19.6%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 442 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.1% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 401 مىليون 108 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2003 - يىلدىكىدىن 4.5% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق

لوگۇقىسى» مۇسابىقىسىدا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جاڭ شۇ

# چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇ شىڭخۇي.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يۇڭ دېڭگواڭ (شىبە).

ھاكىم: تۇڭ رۇيچىڭ.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەمەت قاناتبېك (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا، دىملوك تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 695 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 132 مىڭ 200 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 92 مىڭ 400)، يېزا نوپۇسى 106 مىڭ 500؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰8.2، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.56. ناھىيە بويىچە 32 مىڭ 220 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 18 مىڭ 850 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 1080 گېكتار)، 10 مىڭ 260 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 590 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 613 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 297 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %40؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 135 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17.6، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 181 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 390 مىليون 845 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %2.7 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 222 مىليون 293 مىڭ 400 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 12 مىليون 994 مىڭ 200 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 143 مىليون 380 مىڭ 800 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون 141 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق: 104 مىڭ 400 توننا ئاشلىق، 1700 توننا پاختا، 4500 توننا ياغلىق دان، 34 مىڭ 200 توننا قىزىلچا، 4667 توننا مېۋە - چېۋە، 13 مىڭ 300 توننا چىگە، 914 توننا تاۋۇز گازىرى، 19 مىڭ 500 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 430 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 8603 توننا گۆش، 1050 توننا يۇڭ، 19 مىڭ 873 توننا سۈت، 1177 توننا تۇخۇم، 524 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 8487 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەر بوشتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان يەر 3333 گېكتار). يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 518 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 35 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 72 مىڭ 587 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 219 مىليون 986 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %12.9، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 73 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 756 مىڭ 900 توننا كۆمۈر، 172 مىليون 860 مىڭ دانە خىش، 46 مىڭ 200 توننا بۇغداي ئۇنى، 2124 توننا سۇ يېغى، 31 مىڭ 200 توننا يەم - خەشەك، 26 مىڭ 600 توننا گۈرۈچ، 332 توننا ئالدۇنلۇك، 1613 توننا سۈت ياسالمىسى، 18 مىڭ 532 كۇب مېتىر تېلىنغان تاختاي، 9062 كۇب مېتىر سۇنئىي تاختاي، 382 توننا سۇلياۋ ياسالما ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 29 مىڭ 403 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 18 مىڭ 353 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۇلۇككە 266 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 192 مىليون 440 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 22 مىليون 80 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 26 مىڭ 519 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 20 مىڭغا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 67 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 45 مىليون 122 مىڭ دوللارغا يەتتى.

303 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 10 مىليون 480 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 22 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 17.1% ؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 159 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.5% ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 151 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 10 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 4 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3604، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 803. مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 3531 (مىللىي 2464) ؛ 9 يىللىق تولۇقسىز مەكتەپ 20، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 233 (مىللىي 7342) ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 41، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 760 (مىللىي 13 مىڭ 272) ؛ بالىلار باغچىسى 8، باغچىدىكى بالا 566. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2742 (مىللىي 2268). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 92% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 43 سەھىيە ئاپپاراتى، 476 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 279 كارىۋات بار.

ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا 13 تۈردە 1 -، بىر تۈردە 2 -، 4 تۈردە 3 - بولدى.

ناھىيە بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2168 يۈەنگە، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 688 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 5603 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2297 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 8734 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## تۆت چوڭ ئىگىلىك تىكلەش باغچا رايون قۇرۇلۇشى

2003 - يىلى چاپچال ناھىيىسىدە 4 چوڭ ئىگىلىك تىكلەش باغچا رايونىنىڭ دەسلەپكى كۆلىمى شەكىللەندى. بىرىنچى، ئۆلكە يولى «313» لىنىيىسى بويى ئاساس قىلىنغان «شىلىيەن» سانائەت باغچا رايونى. بۇ باغچا رايونىنىڭ پىلانلانغان كۆلىمى 200 گېكتار كېلىدۇ، 4 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى يولغا جايلاشقان «شىلىيەن» سانائەت رايونىدىكى

قىسقا ماتېرىيال

### جىڭيۈەن ئىبادەتخانىسى

جىڭيۈەن ئىبادەتخانىسى چاپچال ناھىيىسىنىڭ سۇنجاچىنىرۇ (بەشسۇمۇل) يېزىسى تەۋەسىگە جايلاشقان، ئادەتتە «لاماسۇم» دەپ ئاتىلىدۇ، گۇاڭشۇ 18 - يىلى (1892 - يىلى) سېلىنغان، ئۇ ئىلىدىكى 9 چوڭ ئىبادەتخانىنىڭ بىرى. 1990 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

جىڭيۈەن ئىبادەتخانىسى شىمالدىن جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان، خېلى روشەن بولغان بىر ئوتتۇرا ئوق سىزىقنى بويلاپ ئىككى ياقىسى سىممېترىك ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن، 12 قۇرۇلۇشتىن يەنى شەرق تەرەپتىكى سائەرام قوۋۇقى، تۆت چوڭ تەڭرىشاھ قەسرى، مەھاۋىرە بۇددساتۋا سارىيى، شەرق ۋە غەربتىكى يان قەسىر، ئۈچ ئەۋلاد بۇددساتۋا قەسرى، قوڭغۇراق راۋىقى، دۇمباق راۋىقى، ۋە غەرب تەرەپتىكى مەھەللە ئىلاھى، ئەۋلىيا ئىبادەتخانىسى، مەبۇدە ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. تۆت ئەتراپى ئېگىز قورۇق تام بىلەن قورشالغان، ھەيۋەتلىك، تاملىرى قات - قات، مۇستەھكەم، پۈتكۈل قۇرۇلۇشقا خىش ۋە ياغاچتىن ئويما نەقىش چىقىرىلغان. شەرق تەرەپتىكى قۇرۇلۇشلار بىلەن ئېتىقادقا ئائىت رەسىملەر شىبە مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، يولنىڭ غەربىدىكى قۇرۇلۇشلار خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. شەرق ۋە غەرب تەرەپتىكى ئىككى بۆلەك قۇرۇلۇشلار قوشۇلۇپ بىر گەۋدە ھاسىل قىلىپ، جىڭيۈەن ئىبادەتخانىسىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى نامايەن قىلغان.

2003 - يىلى 31 مىليون 295 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان چاپچال شىبە ئۆرپ - ئادەت مۇزېيى باغچىسى پۈتكۈزۈلدى. ئۇ جىڭيۈەن ئىبادەتخانىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا جىڭيۈەن ئىبادەتخانىسى بىلەن قوشۇلۇپ، بىر گەۋدە ھاسىل قىلىپ كىشىلەرنىڭ جىڭيۈەن ئىبادەتخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش جەھەتتىكى مەدەنىيەت مەزمۇنلىرىنى تېخىمۇ بېيىتتى.

ۋۇ يۇلى

3 كوچا يولىنى قاتتىقلاشتۇرۇش، باغچا رايونىنىڭ سۇ، توك، يول قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ئىشى تاماملاندى، ھازىر باغچا رايونىغا 18 كارخانا ئورۇنلاشتى. ئىككىنچى، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئىككىلەمچى ئورمان بەلۋىغى بىلەن جىگدىزەن ئىبادەتخانىسى ئاساس قىلىنغان ساياھەتچىلىك ئىگىلىك تىكلەش باغچا رايونى. بۇ باغچا رايونىغا خەبەردار چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش ئارقىلىق، دەريا ۋادىسىدىكى ئىككىلەمچى ئورمانلىقتا 8 ساياھەت كارخانىسى ماكانلاشتى. 11 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ باغچا رايونىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلىرى خېلى ياخشىلاندى، مەنزىرە رايونىدا 10.1 كىلومېتىر غول يول، 4.6 كىلومېتىر تارماق يول، كۆۋرۈكسىمان 18 سۆڭكۈچ ياسالدى، 2.1 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى. ئۈچىنچى، جاقۇچىنىرۇ (سەككىز سۇمۇل) يېزىسى تەرەققىيات رايونى، سۇنجاچىنىرۇ (بەشسۇمۇل) يېزىسى، دۈيچىنىرۇ (تۆتسۇمۇل) يېزىسىنىڭ دۆلەت زېمىنىنى رەتلەش رايونى ئاساس قىلىنغان ئۆزگىچە ئىقتىسادىي زىرائەت رايونى. بۇ رايون ناھىيىنىڭ ئاساسلىق پاختىچىلىق رايونىغا ئايلىنىپ قالدى ھەمدە شىنجاڭ ئالاھىدە دورا شىركىتى بىلەن توختام تۈزدى. 10 مىڭ مو (666.67 گېكتار) يەرگە جۇڭگو دورا ماتېرىياللىرى بازىسى قۇرۇش پىلانلاندى. تۆتىنچى، چاپچال جەنۇبىي ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان يەرلەر ئاساس قىلىنغان باقمىچىلىق ئارقىلىق ئىگىلىك تىكلەش باغچا رايونى. بۇ باغچا رايونىدا شىنجاڭ «جۇڭجۇ» شىركىتى باشلامچى بولۇپ، ئەتراپتىكى باقمىچىلىق ئائىلىلىرىنى يېتەكلىدى. ھازىر «باكوۋشياڭ» ئوقەتچىلىك شىركىتىنىڭ 1000 تۇياق كالا بورداقچىلىق بازىسى، بېيجىڭ «جىيايىڭ» مەبلەغ سېلىش شىركىتىنىڭ مىڭ تۇياقلىق كالا فېرمىسى، «تيەنشى ۋېينوڭ» مىڭ تۇياق كالىچىلىق فېرمىسى ھەمدە ئەتراپتىكى 10 نەچچە ئائىلىلىك چارۋىچىلىق فېرمىسى بۇ باغچا رايونىغا ماكانلاشتى. بۇ رايون ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكلەش كۈچى كۈچلۈك بولغان نەسىللىك كالىچىلىق رايونىغا ئايلانماقتا.

★ 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چاپچال ناھىيە بازىرىنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىدا 1 - يول ئاپتوبۇسى قاتنىدى، لىنىيىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر كېلىدۇ.

★ 6 - ئايدا چاپچال ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىگە سېلىنغان قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بازىرىغا 6 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى، ئۇنىڭ كۆلىمى 17 مىڭ 260 كۋادرات مېتىر بولۇپ، كۆكتات، يېمەك - ئىچمەك ۋە ساناھەت مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلار بار، «4050» گە دائىر ئادەمدىن 64ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ۋۇ يۈلى

# قورغاس ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قورغاس ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شياڭ شۇلوڭ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەخەت ماخمۇت.

ھاكىم: راشىدىن زېكرىيار (5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ھېيتەم ئەزىزى (5 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ليۇ جىجى.

## ئاساسىي ئەھۋالى

قورغاس ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىگە، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 655 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 5، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 357 مىڭ 657 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 192 مىڭ 866)، يېزا نوپۇسى 277 مىڭ 630؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.36‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.82‰. ناھىيە بويىچە 31 مىڭ 500 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 18 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 19 مىڭ 800 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 470 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 3%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 340 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 22.5%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 430 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 741 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 2.7% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 391 مىليون 690 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 27 مىليون 190 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 296 مىليون 680 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون 130 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق

بولدى: 134 مىڭ 163 توننا ئاشلىق، 2337 توننا پاختا، 11 مىڭ 11 توننا ياغلىق دان، 288 مىڭ 967 توننا قىزىلچا، 3337 توننا ئالما، 7620 توننا ئۈزۈم، 2800 توننا ياۋا قارا ئۆرۈك ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 705 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 20 مىڭ 895 توننا گۆش، 1960 توننا يۇڭ، 31 مىڭ توننا سۈت، 9000 توننا تۇخۇم، 430 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2780 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 447 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 72 مىليون يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 120 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 436 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 11.7% ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 133 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 265 مىڭ توننا كۆمۈر، 89 مىڭ توننا سېمونت، 54 مىڭ 300 توننا ئۇن، 8500 توننا سۇ يېغى، 976 مىڭ 900 توننا تورۇبا سۈيى، 7 مىليون 200 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 327 مىليون 100 مىڭ دانە خىش، 8691 توننا پىۋە، 400 توننا ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 24 مىليون 239 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 83 مىڭ 688 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 38 مىڭ 889 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 244 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 121 مىليون 390 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 58 مىڭ 609 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازارلاردىكىسى 9875، يېزىلاردىكىسى 48 مىڭ 734. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 176 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 290 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 6 مىليون 60 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 46 مىليون 220 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 9.1% ئازايدى، يەرلىك مالىيە چىقىمى 176 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.2% ئاشتى. بازار-يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 119 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 34 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 4 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4680. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1101. ناھىيە بويىچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 4104 (مىللىي 1822)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 25، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 102 (مىللىي 6775)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 71، ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 145 (مىللىي 21 مىڭ 128)؛ ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 3013 (مىللىي 1069). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 5 ناھىيە دەرىجىلىك سەھىيە ئاپپاراتى، 12 يېزا - بازار شىپاخانىسى، 106 كەنت دەرىجىلىك شىپاخانا، 132 يەككە ئامبۇلاتورىيە، 587 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 218)، دوختۇرخانىلاردا 495 كارىۋات بار.

2003 - يىلى ناھىيىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2720 يۈەنگە، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 26 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 7569 ئادەم ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3621 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 12 مىڭ 188 ئادەم داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

يەن شۆبېي

## قورغاسنىڭ يۇمىلاق موگۇسى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېكسپورت قىلىندى

قورغاس ناھىيىلىك سورت يېتىشتۈرۈش مەركىزىنىڭ دېھقانلىرى يېتىشتۈرگەن يۇمىلاق موگۇ قورغاس پورتى ئارقىلىق قازاقىستانغا ئېكسپورت قىلىندى، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرى ئىستېمالچىلىرىنىڭ تالىشىپ ئالىدىغان مېلىغا ئايلاندى.

قورغاس ناھىيىسى 10 نەچچە يىللىق يېمەكلىك زەمبۇرۇغى ئىشلەپچىقىرىش تارىخىغا ئىگە، ئادەتتىكى موگۇ، پۇراقلىق موگۇ، يۇمىلاق موگۇ، يېگىنىسمان موگۇ قاتارلىق يېمەكلىك زەمبۇرۇغلىرىنىڭ ئىلى بازارلىرىدا خېلىلا بازىرى بار ئىدى. 2 يىلنىڭ ئالدىدا سورت يېتىشتۈرۈش مەركىزىدىن دېھقان جاڭ جىشىن سىچۈەندىن يۇقىرى مائاش بىلەن تېخنىكا خادىملىرىنى تەكلىپ قىلدى، شاڭخەي شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن يۇمىلاق موگۇ زەمبۇرۇغى سورتىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى كېڭەيتىپ سىناق تەرىقىسىدە ئۆستۈرۈپ شۇ يىلىلا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

يۇمىلاق موگۇنىڭ قازاقىستاندىكى بازىرى ناھايىتى

ياغىشى، ئالمائاتادا بىر كىلوگىرام يۇمىلاق موگۇنىڭ توپ سېتىلىش باھاسى 15 يۈەن، پارچە سېتىلىش باھاسى 20 يۈەندىن يۇقىرى بولدى. جاڭ جىشىننىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن سورت يېتىشتۈرۈش مەركىزىدىكى دېھقانلار بەس ـ بەستە يۇمىلاق موگۇ تېرىدى.

قورغاس چېگرا ئېغىزىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتسىلا كۈنىگە 300 كىلوگرامدىن 500 كىلوگرامغىچە يۇمىلاق موگۇ ئېكسپورت قىلىنىدۇ.

جاڭ تيې

★ 8 ـ ئايدا قورغاس ناھىيىسى كۆرە قەدىمىي شەھىرى ساياھەت مەنزىرە رايونىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى باشلىدى. بۇ تۈرگە 18 مىليون 930 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، قۇرۇلۇش مۇددىتى بىر يىل بولدى.

يەن شۈمېي

# توققۇزتارا ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ توققۇزتارا ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى : گاۋ جياڭخۇەي (3 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، يەن شىڭكې (3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

14 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئاقىنبېك قاناپىيا (قازاق).

ھاكىم: ساپاربېك ئورالبېك (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: زەينەپ ئۆمەرجان.

## ئاساسىي ئەھۋالى

توققۇزتارا ناھىيىسى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ جەنۇبىغا، تېكەس دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىن ۋادىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 816 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 152 مىڭ 765 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 109 مىڭ 555)، يېزا نوپۇسى 132 مىڭ 799؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.46‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 14.2‰. ناھىيە بويىچە 22 مىڭ 273.3 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 30 مىڭ 720 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 6100 گېكتار)، 7620 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 633 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 266 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 3.9%؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 208 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 44.1%؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 159 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 6% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 504 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 5.41% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 240 مىليون 420 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 8 مىليون 910 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 253 مىليون 290 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 900 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 106 مىڭ 225 توننا ئاشلىق، 9598 توننا ياغلىق دان، 70 مىڭ 506 توننا قىزىلچا، 6472 توننا چىگە، 24 مىڭ 379 توننا كۆكتات ئېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 600 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 17 مىڭ 9 توننا گۆش، 1486 توننا يۇڭ، 29 مىڭ 256 توننا سۈت، 2433 توننا تۇخۇم ئېلىنىدى. 1947 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىنىدى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 429 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 40 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 75 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 213 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 28.1%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 78 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 39.5% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 115 مىڭ 300 توننا سېمونت، 3450 توننا سۇ يېغى، 32 مىڭ 600 توننا بۇغداي ئۇنى، 55 مىڭ توننا كۆمۈر، 29 مىليون 930 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 410 مىڭ توننا تورۇبىا سۈيى، 3097 توننا تەييار چىگە، 4000 كۇب مېتىر تىلىنغان تاختاي ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 405 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 132 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 89 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 624 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 549 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 6389 غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 9096 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 22



شىنجاڭ غەربىي تەڭرىتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ يىراقتىن كۆرۈنۈشى.

چېلىك دېبو فوتوسى

مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 950 كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 82 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 46 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 4 مىليون 400 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 25 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 15.43% ؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 147 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11% ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 403 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 13 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، ھەر خىل تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3010، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 623. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 1838 (مىللىي 1182)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 8070 (مىللىي 5722)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 50، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 756 (مىللىي 14 مىڭ 313)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 272. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2168 (مىللىي 1498). شۇ يىلى ماتارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 129 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 94% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 سەھىيە ئاپپاراتى، 455 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 334 كارىۋات بار.

2003 - يىلى توققۇزتارا ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2589 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 5121 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2227 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 8936 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## توققۇزتارا ناھىيىسىدە 2 - نۆۋەتلىك چاشى ساياھەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى

توققۇزتارا ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك ئېكىئولوگىيىلىك ساياھەت بايرىمى 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كۆلدېبىنىڭ مەنزىرە رايونىدا ئۆتكۈزۈلدى. بايرامغا گۇاڭجۇ قاتارلىق ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن سودىگەرلەر، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى چوڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە ساياھەتچىلەردىن بولۇپ 5000 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. ساياھەت بايرىمىدا ئاقىن ئېيتىشىش، ئوغلاق تارتىشىش، قىز قوغلاش قاتارلىق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە پائالىيەتلەر، مىللىي سەنئەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى، توققۇزتارا مەنزىرىلىرى رەسىم كۆرگەزمىسى، خېرىدار چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرلىرى بويىچە يەرمەنكە ئۆتكۈزۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە توققۇزتارا چاشى ئېكىئولوگىيىلىك ساياھەت رايونى ئۈچۈن 3 ئالتۇن لىنىيە ئېچىلدى.

★ 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ مۇخۇر يېزىسىدىكى كۆلسايدا كەلكۈن كەلگەچكە تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ، 4 ئائىلىلىك چارۋىچىنىڭ ئۆيى كۆمۈلۈپ قالدى. 4 ئادەم ئۆلدى، 4 ئادەم، 161 تۇياق چارۋا ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتتى، 8 گېكتاردىن كۆپرەك، 3500 تۈپتىن ئارتۇق ياۋا مېۋىلىك دەرەخ كۆمۈلۈپ قالدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

★ 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 22 ئەتراپىدا توققۇزتارا ناھىيىسىدە تۇيۇقسىز قارا يامغۇر ياغدى، يامغۇر مىقدارى 20.8 مىللىمېتىرغا يەتتى. بىر قىسىم يېزا - مەيدانلار مۆلدۈر ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. قارا يامغۇر ئاقتۇبەك يېزىسىدىكى جىنارسايدا نەچچە ئون يىلدىن بېرى كۆرۈلمىگەن كەلكۈن پەيدا قىلدى، 7 ئادەم ئۆلدى، ئىقتىسادىي زىيان 14 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

چېلىك دېبو، تاڭ كەي

# كۇنەس ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۇنەس ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: دېڭ جاڭۋۇ.

14 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇرمان دەۋكېن (قازاق).

ھاكىم: نۇرۇم سمايىلقان (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: كۆبېكبېن ئاسىلجان (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

كۇنەس ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ غەربىگە، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى غەربىي لىنىيىنىڭ 900 كىلومېتىر، شەرقىي لىنىيىنىڭ 500 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 6، يېزا 5. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 296 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 176 مىڭ 500)، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىگە تەۋە نوپۇس 256 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 167 مىڭ 300)، ناھىيىگە تەۋە يېزا نوپۇسى 73 مىڭ 900؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.61‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.33‰. ناھىيە بويىچە 37 مىڭ 197.5 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 18 مىڭ 490 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 17 مىڭ 630 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 794 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 664 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 6.11% ؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 589 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.87%؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 541 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.1% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 886 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 4.62% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 429 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 24 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 417 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 104 مىڭ توننا ئاشلىق، 15 مىڭ 100 توننا ياغلىق دان، 22 مىڭ 800 توننا چىگە، 373 مىڭ 700 توننا قىزىلچا، 116 مىڭ 800 توننا ياڭيۇ ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 52 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 23 مىڭ 500 توننا گۆش، 23 مىڭ توننا يۇڭ، 45 مىڭ 600 توننا سۈت، 2900 توننا تۇخۇم ئېلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 896 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 61 مىليون يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 65 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 248 مىليون يۈەن (ناھىيىگە تەۋەسى 667 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 7.81% (ناھىيىگە تەۋەسى 7.24%)، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 519 مىليون يۈەن (ناھىيىگە تەۋەسى 192 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 15.87% (ناھىيىگە تەۋەسى 27.57%) ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 64 مىڭ 200 توننا شېكەر، 39 مىڭ 300 توننا بۇغداي ئۇنى، 17 مىڭ 300 توننا سۇ يېغى، 68 مىڭ توننا ئارىلاشما يەم ـ خەشەك، 11 مىڭ 700 توننا ئىچىملىك ـ هاراق، 44 مىڭ توننا ئېچىتىلغان ئىسپىرت، 12 مىڭ 400 كۇب مېتىر تاختا، 55 مىليون 150 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 30 مىڭ 700 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 26 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 209 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 99 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 220 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 104 مىليون يۈەن. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 337 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 12 مىڭ 100 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 22 مىڭ 700 گە، كىچىك زىرەك ئابونىتى 2300گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 41 مىڭ 400 گە يەتتى. 133 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 27 مىليون 50 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 53 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 2.14% ئازايدى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 204 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.3%

ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 689 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۇمۇر سۇغۇرتىسى كىرىمى 24 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 8254، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 2415. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم 2، ئوقۇغۇچىسى 1344 (مىللىي 1091)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 6325 (مىللىي 2697)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 28، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 361 (مىللىي 9164)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 75، ئوقۇغۇچىسى 33 مىڭ 807 (مىللىي 23 مىڭ 634)؛ باللار باغچىسى 12، باغچىدىكى بالا 776. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 3655 (مىللىي 1970). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 950 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 97% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 سەھىيە ئاپپاراتى، 703 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 187)، دوختۇرخانىلاردا 475 كارىۋات بار.

2003 - يىلى كۆنەس ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2630 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 1812 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 692 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 7801 ئىشچى-خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 4143 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 13 مىڭ 647 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنجاڭ نارات ساياھەت رايونى تارماق لىنىيە ئايرودرومى تۈرى گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. ئايرودروم كۆنەس ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە 12 كىلومېتىر كېلىدىغان كوردۆڭ دېگەن جايغا ياسىلىدۇ، ئايرودرومغا جەمئىي 164 مىليون 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى دۆلەت 270 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان كۆنەس ناھىيىسىنىڭ بەشتۆپە يېزا قاراسۇ كەنتى (مەملىكەت بويىچە ئۈلگىلىك ئائىلىۋى چارۋىچىلىق فېرمىسى نۇقتىسى) دىكى 418 گېكتار سۇپەتلىك ئوتلاقنى سۇ تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇش تۈرى باشلاندى.

★ 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كۆنەس ناھىيىسىنىڭ ئارالتۆپە بازىرى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن شىنجاڭ بويىچە «گۈزەل ئەخلاق دېھقانلار ئائىلىسىدە» پائالىيىتىدىكى بىردىنبىر ئۈلگە نۇقتا قىلىپ بېكىتىلدى، بۇ پائالىيەتنىڭ داۋاملاشقانلىقىغا 3 يىلچە بولدى.

★ 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كۆنەس ناھىيىسىنىڭ 3333 گېكتارلىق جۇڭگو تىيانشەن دورا ئۆسۈملۈكلىرى بازىسى ۋە ئۇنى كەسپلەشتۈرۈش تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ 2002 - يىللىق «ئۇچقۇن پىلانى»غا كىرگۈزۈلدى، بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇش مۇددىتى 3 يىل.

★ 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كۆنەس پەن - تېخنىكا چارۋىچىلىقى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت دەرىجىلىك «ئۇچقۇن پىلانى» — نەسىللىك ئىنەكنى بوغاز قىلىش بىئولوگىيىلىك قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى كەسپلەشتۈرۈش تۈرىگە رەسمىي ئۇل سېلىنىپ ئىش باشلاندى. بۇ تۈرگە 187 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، كۆلىمى 106.6 گېكتار. ئاساسلىقى بىر مەركەز (نەسىللىك ئىنەكنى بوغاز قىلىش بىئولوگىيىلىك قۇرۇلۇشى)، ئۈچ بازا (سۈت كالىسى، گۆش كالىسى بېقىش بازىسى، بوغۇز، يەم-خەشەك ماتېرىيالى ئۆستۈرۈش بازىسى، يەم - خەشەك، سۈت ياسالمىلىرى، گۆش پىششىقلاپ ئىشلەش بازىسى) قۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇش مۇددىتى 3 يىل.

گې چاڭ

# موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇ ياشېڭ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ماخمۇتجان غېنى (قازاق).

ھاكىم: باقتىيوف غىنايات (قازاق، 4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، تالاقات تالىم (قازاق، 4 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تاڭسەھەر باكېن (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى تېكەس دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 879 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق

بولدى: 20 مىڭ 29 توننا ئاشلىق، 40 مىڭ 760 توننا ياغلىق دان، 102 توننا مېۋە - چېۋە، 7333 توننا چىگە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 868 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 13 مىڭ 498 توننا گۆش، 1181 توننا يۇڭ، 22 مىڭ 216 توننا سۈت، 324 توننا تۇخۇم، 45 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 963 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 340 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 14 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 51 مىڭ 450 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 191 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %31.78، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 51 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %34.34 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 99 مىڭ 700 توننا كۆمۈر، 60 مىڭ توننا ئوتۇن، 11 مىڭ 865 توننا سۇ يېغى، 60 مىليون 120 مىڭ دانە خىش، 22 مىليون 70 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 280 مىڭ كۇب مېتىر تۇرۇبا سۈيى، 318 توننا سۈت پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 23 مىليون 764 مىڭ 700 يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 20 مىڭ 996.31 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 8756.09 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 164 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 128 مىليون 860 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 34 مىليون 390 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 7000 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 5000 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 24 مىڭ 200 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 100 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 160 مىليون يۈەنگە يەتتى. 47 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون 750 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 17 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %14.97؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 134 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.44 ئاشتى. بازار - يېزا



2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدە 1.6 بال يەر تەۋرىدى. سۈرەتتە: قىسمدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى ۋە ئۇلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى قۇتقۇزماقتا.

سۈرەتنى موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك پارتكوم تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.

بازار بىر، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 116 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 90 مىڭ 700)، يېزا نوپۇسى 92 مىڭ 200؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰15.89، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12.68. ناھىيە بويىچە 35 مىڭ 60 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 6911 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 24 مىڭ 824 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ تاغلىق رايون قۇرغاق، يېرىم نەم، سوغۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 669 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 341 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %10.11؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 97 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %29.60؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 230 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.02 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 216 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %5.17 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 94 مىليون 715 مىڭ 700 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 518 مىڭ 500 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 117 مىليون 186 مىڭ 400 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 183 مىڭ 200 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق

ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 341 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 9 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 55 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2003 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3386، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 673. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 2071 (مىللىي 1314)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 28، ئوقۇغۇچىسى 7749 (مىللىي 5981)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 18، ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 985 (مىللىي 14 مىڭ 886)؛ باللار باغچىسى 4، باغچىدىكى بالا 1065. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2208 (مىللىي 1717). شۇ يىلى ماغارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 15 سەھىيە ئاپپاراتى، 308 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 380 كارىۋات بار.

2003 - يىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك ئارغامچا ئوينىتىش كوماندىسى 7 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا 2 ئالتۇن مېدال ئالدى.

2003 - يىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2448 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال ساپ چىقىمى 1257 يۈەنگە،

قىسقا ماتېرىيال

## ئەۋلىيا ئىبادەتخانىسى

بۇ ئىبادەتخانا موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى تەۋەسىگە جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1890 مېتىر كېلىدۇ، سول قانات ئۇيراتلار سالغان لاما ئىبادەتخانىسى. ئەۋلىيا ئىبادەتخانىسى موڭغۇل تىلىدا «بۇغدا شىگسۇم» دەپ ئاتىلىدۇ، 1889 - يىلى سېلىنىشقا باشلانغان بولۇپ، 4 يىلدا پۈتكەن، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، 8 قەسىر بار.

ئىبادەتخانا شىمالدىن جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان بولۇپ، 8 قەسىر تەرتىپلىك، روبۇرو ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئوتتۇرا ئوق سىزىقنى بويلاپ رەسىملىك تام، تاغ قوۋۇقى، ئالدىنقى قەسىر، چوڭ قەسىر، ئارقا قەسىر، ئوڭ - سول تەرىپىدە قوشۇمچە قەسىرلەر ۋە ئالتە قىرلىق، قوش قەۋەتلىك پېشايۋان بار. پېشايۋاننىڭ ھەر قايسى بۇرجەكلىرى پەرۋاز قىلىۋاتقان شەكىلدە. تاغ قوۋۇقى، ئالدى ۋە كەينى قەسىرلەرنىڭ ئۆگزىسى ئۈچلۈق قىلىپ ياسالغان، چوڭ قەسىردىكى 7 ئېغىز ئۆي توز كۋادرات شەكىلدە بولۇپ، تاغقا يۆلەپ ئىككى قەۋەت قىلىپ سېلىنغان.

1962 - يىلى ئەۋلىيا ئىبادەتخانىسى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قاتارىغا، 2001 - يىلى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇ شىنجاڭ تەۋەسىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئىبادەتخانىلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ سېرىق دىن ئىبادەتخانىسى ھېسابلىنىدۇ.

## گېدىلىڭ تېغىدىكى ئابىدە

بۇ ئابىدە موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 1960 مېتىر ئېگىز جايدا. بۇ ئابىدىنىڭ تولۇق نامى جۇڭغارلارنى تىنچىتىش گېدىلىڭ ئابىدىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئابىدە پۈتۈكى چيەنلۇڭ خان تەرىپىدىن 1760 - يىلى پۈتۈلگەن، ئابىدىنىڭ ئېگىزلىكى 2.95 مېتىر، كەڭلىكى 0.83 مېتىر، قېلىنلىقى 0.27 مېتىر، ئۇنىڭ ئالدى يۈز بېشىغا تۈگۈلۈپ ياتقان ئەجدىرھانىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن، ئالدى تەرىپىگە «چىڭ سۇلالىسى شاھى» دېگەن خەت، ئارقىسىغا «مەڭگۈ ياشىغاي» دېگەن خەت ئويۇلغان، تەگلىكىگە شەرقىي دېڭىزدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن. ئابىدىنىڭ ئالدى تەرىپىگە مانجۇ، خەنزۇ يېزىقلىرى، كەينى تەرىپىگە موڭغۇل، تىبەت يېزىقلىرى تىك شەكىلدە ئويۇلغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى خەنزۇچە خەتنىڭ سانى 210 دىن ئاشىدۇ، بۇ ئابىدىگە ئاساسلىقى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ جۇڭغارلارنىڭ ئاقساقلى داۋاچ قوزغىغان توپىلاڭنى تىنچىتىش جەريانىدىكى نەتىجىلىرى خاتىرىلەنگەن.

2001 - يىلى گېدىلىڭ ئابىدىسى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

لى شۆلىڭ

ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 65 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 5520 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 4112 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 9820 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## موڭغۇلكۈرەدە يەر تەۋرىدى

2003 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 9 دىن 38 مىنۇت 28 سېكۇنت ئۆتكەندە موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ غەربىگە 80 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىكى جۇڭگو - قازاقىستان چېگرىلىنىدىغان جايدا 6.1 بال يەر تەۋرىدى، تەۋرەش مەركىزى شىمالىي پاراللېل 43°06′، شەرقىي مېرىدىئان 80°06′ قا توغرا كېلىدۇ. شۇ كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 18 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە 5.2 بال قالدۇق يەر تەۋرىدى، 22 دىن 36 مىنۇت ئۆتراپىدا يەنە 4.9 بال قالدۇق يەر تەۋرىدى.

بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 4 - شى 76 - تۇەننىڭ 1 - ليەنى ۋە شات، خۇسۇمتۇ خارسۇن، چاغانئۇسۇ، قاراسۇ يېزىلىرى ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى. 10 ئادەم ئۆلدى، 47 ئادەم يارىلاندى (27 ئادەم ئېغىر يارىلاندى، 20 ئادەم يېنىك يارىلاندى)، ناھىيە بويىچە 1579 ئائىلىلىك 6634 ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، 1395 ئائىلىلىك 5859 ئادەم ئاپەت زىيىنىغا ئۇچرىدى؛ 16 مىڭ 306 مال - چارۋا ئۆلدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 4076، ئۇششاق چارۋا 12 مىڭ 230؛ ئاممىنىڭ ئۆيى، يېزا- كەنت ئىشخانىلىرى، مەكتەپ بىناسى، يېزا - بازارلىق شىپاخانىلار بولۇپ جەمئىي 948 ئېغىز ئۆي، 208 قوتان، ئۆرۈۋقلاندۇرۇش پونكىتى، دورىلاش كۆلچىكى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇنلاردىن گېدىلىڭ تېغىدىكى ئابىدە، ئەۋلىيا ئىبادەتخانىسى ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى، گېدىلىڭ تېغىدىكى ئابىدە راۋىقى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، نەقىشلىك لەمپە بىلەن ئابىدە گەۋدىسى ئورنىدىن يۆتكىلىپ كەتتى، ئەۋلىيا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالدى قەسىر، كەينى قەسىر ۋە بىر قىسىم تاملىرى، چوڭ قەسىرنىڭ پەشتاقلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. يەر تەۋرەش ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 83 مىليون 236 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى.

ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، ئاپتونوم رايون ۋە ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى ئاپەت ئەھۋالىغا يۈكسەك ئېتىبار بەردى شۇنداقلا غەمخورلۇق قىلدى، 76 - تۇەن - مەيداندىكى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا نۇقتىلىق ياردەم قىلىپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇلدۇردى. جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەر 670 مىڭ يۈەن نەق پۇل، قىممىتى 730 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قۇتقۇزۇش بۇيۇمى ئىئانە قىلدى.

★ 2003 -يىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدە تۇنجى سانائەت باغچا رايونى بەرپا قىلىندى، تۇنجى قارارلىق قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى 40 گېكتار كېلىدۇ، ھازىر خېڭچېڭ مېتال بۇيۇملار، قاتناش، ئېلېكتىر سايمانلىرى، قۇيمىچىلىق زاۋۇتى بىلەن شىئەن بىخەتەر پوجاڭزا ياساش زاۋۇتى بۇ رايونغا ماكانلاشتى.

★ 2003 -يىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى خىرىدار چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقىنى زورايتىپ، بۇ بىر يىلدا 45 توختام ئىمزالىدى، 141 مىليون 215 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى، 100 مىليون 663 مىڭ 700 يۈەن نەقلەشتى. دۆلەتلىك تۈردىن 23 نى قولغا كەلتۈردى، ئۇلارغا 177 مىليون 562 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش باشلانغان تۈر 14.

لى شۆلىڭ

# تېكەس ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تېكەس ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ما يۈڭچىن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلاي قادىر قوجا (قازاق).

ھاكىم: ئۇلۇنتاي تۇرسۇنباي (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرسۇن ئەخمەت.

## ئاساسىي ئەھۋالى

تېكەس ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تېكەس - موڭغۇلكۈرە ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 852 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 155 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 144 مىڭ 900)، يېزا نوپۇسى 109 مىڭ 400؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.95‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.27‰. ناھىيە بويىچە 16 مىڭ 930 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 6740 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 6070 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى قۇرغاقلىق تېپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا

كىرىدۇ.

2003 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 496 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 243 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %2.91؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 90 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %18.94؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 162 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.71 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 356 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %2.78 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 133 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 13 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 210 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 290 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 48 مىڭ 507 توننا ئاشلىق، 15 مىڭ 496 توننا ياغلىق دان، 3324 توننا قىزىلچا، 5481 توننا مېۋە ـ چېۋە، 47 مىڭ 190 توننا باشقا ئىقتىسادىي زىرائەت ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 701 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 12 مىڭ 806 توننا گۆش، 1691 توننا يۇڭ، 23 مىڭ 979 توننا سۈت، 2975 توننا تۇخۇم، 29 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4000 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 389 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 17 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 45 مىڭ 960 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 160 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %17.9، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 48 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.13 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 12 مىليون 830 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 8 مىليون 490 مىڭ دانە خىش، 70 مىڭ توننا ئۇن، 3000 توننا ئارىلاشما يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 27 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 24 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 158 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 35 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 11 مىڭ 915 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 4837 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 6000 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 197 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 180 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 14 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %18.6؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 141 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %1.1 ئاشتى. بازار ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 345 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كىرىمى 4 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، تۇرلۇك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 4 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2003 ـ يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2946، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 665. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 43 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 2089 (مىللىي 1291)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 20، ئوقۇغۇچىسى 9628 (مىللىي 5322). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2277 (مىللىي 2503). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 12 تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى، 571 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 208 كارىۋات بار.

2003 ـ يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2375 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 51 يۈەنگە يەتتى.

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 6343 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2763 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 10 مىڭ 599 ئىشچى ـ خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 2003 ـ يىلى ناھىيىدە خىرىدار چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرى بويىچە 18 تۈختام ئىمزالاندى، توختام ئومۇمىي سوممىسى 130 مىليون يۈەن.

★ 2003 ـ يىلى تېكەس ناھىيىسى «ئاپتونوم رايون بويىچە يەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتە ئىلغار ناھىيە» دېگەن نامغا، مۇئاۋىن ھاكىم جياڭ شىجيەن يەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش تۆھپە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ۋاڭ يەن

# نىلقا ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ نىلقا ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى شىنجۇن.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: كېرىنبېك جۇربېك (قازاق).

ھاكىم: ئەبىلمەجىت جۇنۇسئاقىن (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مۇقاش خۇدابېرگېن (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

نىلقا ناھىيىسى ئوتتۇرا تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىگە، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي شىمالىي كىندىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى غەربىي لىنىيىنىڭ 816 كىلومېتىر، شەرقىي لىنىيىنىڭ 516 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 10. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 152 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 108 مىڭ 300)، يېزا نوپۇسى 133 مىڭ 900؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.37‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.63‰. ناھىيە بويىچە 21 مىڭ 333 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 18 مىڭ 493 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 9797 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 553 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 220 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 2.7%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 151 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 58.3%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 181 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7.7% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 362 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 4.88% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 120 مىليون 110 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 9 مىليون 950 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 215 مىليون 560 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 34 مىڭ 410 توننا ئاشلىق، 5451 توننا ياغلىق دان، 13 مىڭ 934 توننا قىزىلچا، 1750 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. باشقا ئاساسلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن 30 مىڭ 974 توننا ھوسۇل ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 809 مىڭ 80 تۇياق چارۋا قالدى. 14 مىڭ 51 توننا گۆش، 1746 توننا يۇڭ، 49 مىڭ 920 توننا سۈت، 997 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 2693 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 431 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 43 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 54 مىڭ 300 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 145 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 3.7%؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 40 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2.6% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 210 مىڭ توننا كۆمۈر، 12 مىڭ 500 توننا سېمونت، 653 توننا سۈت ياسالمىسى، 56 مىليون دانە خىش، 2199 توننا پارتلىتىش دورىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 46 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 61 مىڭ 396 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 31 مىڭ 505 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 671 مىليون 690 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 618 مىليون 820 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 16 مىليون 790 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 18 مىڭ 379 غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 8804 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 3100 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 500 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 123 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 38 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 3 مىليون 800 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 22 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 29.72%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 143 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.97% ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 353 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 241 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 35.37% ئاشتى، 4 مىليون 120 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 11 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.75% ئاشتى.

ناھىيە بويىچە 2003 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي

تېخنىكا خادىمى 2511. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانلىقى بارلار 707. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 1912 (مىللىي 964)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 32، ئوقۇغۇچىسى 8994 (مىللىي 6593)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 49، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 762 (مىللىي 15 مىڭ 582)؛ باللار باغچىسى 7، باغچىدىكى بالا 476. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 42 (مىللىي 18). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 977 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 88.5% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90.5% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 18 سەھىيە ئاپپاراتى، 288 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 448 كارىۋات بار.

2003 ـ يىلى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2243 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 285 يۈەنگە يەتتى.

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 4896 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3564 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 10 مىڭ 35 ئىشچى ـ خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى 22 لەردە نىلقا ناھىيىسىنىڭ كېمىڭ يېزىسى، نىلقا بازىرىدا تۇيۇقسىز قارا يامغۇر يېغىپ، ئاز ئۇچرايدىغان قىيان كۆرۈلدى، قىياننىڭ ئەڭ چوڭ ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 100 كۇب مېتىر بولۇپ، 19 ئادەم ئۆلدى (چوڭلار 12، باللار 7)، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 59 مىليون 693 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

دەي ياۋېن

# تارباغاتاي ۋىلايىتى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: تاڭ دىڭباڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: قىزايجان سېرقوجا (قازاق، 3 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، تىلمۇالدى ئابدۇرېشىت (قازاق، 3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئالىم كارامەت (قازاق)، لۇ يوڭمىن (1 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لياۋ يۇنجيەن، جاڭ چىجۇ، جاڭ يانەن، يۈ شېڭدې (1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ئىلى ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بايغوجا مىركىتباي (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جېن جاۋدې، قاۋكېن ئالىم (قازاق).

ۋالىي: قىزايجان سېرقوجا (قازاق، 4 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، تىلمۇالدى ئابدۇرېشىت (قازاق، 4 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: يۈ شېڭدې، ئابلاجان ئىمىن (12 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جوڭگو دورجالا (موڭغۇل، 5 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چېن گۇاڭمىڭ، ۋاڭ جيەنشىن (1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شۇ جيابىن؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: كۈلەن مامۇربېك (ئايال، قازاق)، زۇ دېشى (10 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ ياجۇن، لى يۇڭ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

تارباغاتاي ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە چۆچەك شەھىرىدە. 2003 ـ يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر 2، ناھىيە 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 878 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 396 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 370 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.08‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.55‰. ۋىلايەت بويىچە 285 مىڭ 600 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 83 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 202 مىڭ 500 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كېلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق كېلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 8 مىليارد 779 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 933 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 5.4% ؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 230 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10.6%؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 616 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.1% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 127 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 0.17% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 370 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 109 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 1 مىليارد 462 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 17 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 554 مىڭ تونىنا

ئاشلىق، 90 مىڭ 500 توننا پاختا، 64 مىڭ توننا ياغلىق دان، 360 مىڭ توننا قىزىلچا، 17 مىڭ توننا زاراڭزا، 27 مىڭ توننا قارا گازىر، 463 مىڭ توننا پەمىدۇر، 1 مىليون 519 مىڭ 100 توننا باشقا ئىقتىسادىي زىرائەت ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 4 مىليون 814 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 102 مىڭ توننا گۆش، 8900 توننا يۇڭ، 139 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 96 مىڭ 300 توننا سۈت، 19 مىڭ 600 توننا تۇخۇم، 2729 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 17 مىڭ 800 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 671 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 319 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە، ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 1 مىليون 112 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 205 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %16.3؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 305 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15.82 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 4 مىليون 126 مىڭ توننا كۆمۈر، 517 مىليون 504 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 791 مىڭ 500 توننا سېمونت، 415 مىليون 20 مىڭ دانە خىش، 1452.7 توننا ئاق ھاراق، 50 مىڭ 463 توننا پىۋا، 225 مىڭ 400 توننا ئۇن، 41 مىڭ 900 توننا پەمىدۇر قىيامى، 172 مىڭ توننا تۇز، 30 مىڭ 700 توننا شېكەر، 76 مىڭ 900 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 925 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 534 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 277 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 583 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 984 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 450 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدا ۋىلايەت بويىچە مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 215 مىڭ 600گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 6250 كە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 615 مىليون يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 600 مىليون 740 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 134 مىليون 10 مىڭ دوللار. 790 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 99 مىليون 800 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 486 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %24.3؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 370 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15.93 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 7 مىليارد 938 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازار ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 5 مىليارد 608 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 211 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 27 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم 4، ئوقۇغۇچىسى 701 (مىللىي 421)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 355؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 85، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 255 (مىللىي 7017)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 85، ئوقۇغۇچىسى 48 مىڭ 201 (مىللىي 22 مىڭ 246)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 309، ئوقۇغۇچىسى 90 مىڭ 744 (مىللىي 44 مىڭ 135)، بالىلار باغچىسى 10، باغچىدىكى بالا 8149. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 13 مىڭ 779 (مىللىي 6778). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %94 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92 كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 183 سەھىيە ئاپپاراتى؛ 4252 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 2877 كارىۋات بار.

2003 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تېز مۇز تېيىلىش، تەيچۈەنداۋ گۇمپىسى، رۇداۋچە چېلىشىش، چېلىشىش، يېنىك ئاتلېتىكا، بوكسيورلۇق قاتارلىق مۇسابىقىلەردە 15 تۈردە 1 -، 10 تۈردە 2 -، 13 تۈردە 3 - بولدى.

تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4007 يۈەنگە، خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 513.98 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە 59 مىڭ 685 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 38 مىڭ 623 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 87 مىڭ 96 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ يىل بېشىدا تارباغاتاي ۋىلايەتلىك «سەنباۋ» شىركىتى قازاقىستان بىلەن ئاقجۇبىنىسكى نېفىتلىكىدە 1 - قاراردا 30 نېفىت قۇدۇقى قېزىش توختامى ئىمزالىدى. توختام ۋاقتى بىر يىل، تۈرلەرنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 10 مىليون دوللاردىن ئاشىدۇ.

★ 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ نۇقتىلىق مەبلەغ سېلىش تۈرى — شىخۇ چىڭگشۇر كۆمۈرچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ 8 - نومۇرلۇق

قۇدۇقنىڭ قۇدۇق بولى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. قۇرۇلۇش تۈرىگە سېلىنىدىغان مەبلەغ 120 مىليون يۈەن، يىللىق كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 600 مىڭ توننا، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش يىل چېكى 51 يىل. قۇدۇق بولى قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان مەبلەغ 24 مىليون 274 مىڭ 400 يۈەن، قۇرۇلۇش قىلىش مۇددىتى 18 ئاي.

گۈلزار نىياز

# چۆچەك شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

جكپ چۆچەك شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ كېلىن.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سايرامقان بەيسەنباي (قازاق).

شەھەر باشلىقى: نۇرلان سەيىت (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جىن كېتەي (داغۇر).

## ئاساسىي ئەھۋالى

چۆچەك شەھىرى چۆچەك ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، تارباغاتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 637 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، بازار بىر، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى شەھەرگە قاراشلىق نوپۇس 156 مىڭ 922، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 56 مىڭ 470، يېزا نوپۇسى 74 مىڭ 333؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.49‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.81‰. شەھەر بويىچە 70 مىڭ 936 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 30 مىڭ 713.33 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 26 مىڭ 113.33 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 481 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 376 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 5.3%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 317 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 788 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.6% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 350 مىليون 587 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 2.17% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 224 مىليون 77 مىڭ 400 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 5 مىليون 550 مىڭ 900 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 114 مىليون 458 مىڭ 700 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون 890 مىڭ 800 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 171 مىڭ 286 توننا ئاشلىق، 19 مىڭ 169 توننا ياغلىق دان، 39 مىڭ 581 توننا قىزىلچا، 3796 توننا مېۋە - چېۋە، 12 مىڭ 364 توننا قارا گازىر ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 785 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 10 مىڭ 572 توننا گۆش، 1489 توننا يۇڭ، 13 مىڭ 657 توننا سۈت، 4750 توننا تۇخۇم، 620 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2434.53 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 555 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان ساپ پايدىسى 42 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 196 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 189 مىليون 907 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 11.6%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 19 مىليون 864 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 25 مىڭ 100 توننا سېمونت، 53 مىڭ 430 توننا ئۇن، 10 مىڭ 720 توننا سۇ يېغى، 450 توننا ئاق ھاراق، 374 توننا تۇرۇبا سۇيى، 80 مىليون 500 مىڭ دانە خىش، 4230 توننا يەم - خەشەك، 42 مىڭ 700 قۇر كىيىم-كېچەك، 1106 توننا سۇلياۋ ياسالما، 7100 دانە ئۆي جاھازىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 142 مىڭ 650 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 47 مىڭ 68 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 525 مىليون 970 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 278 مىليون 780 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 65 مىليون 800 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا شەھەردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 23 مىڭ 400گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 9460قا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 40 مىڭ 53 كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 6215 كە يەتتى. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 540

مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 481 مىليون 427 مىڭ 700 دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 479 مىليون 630 مىڭ 400 دوللار. 205 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 11 مىليون 100 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. شەھەر بويىچە يەرلىك مالىيە كىرىمى 77 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %14.94؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 177 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.48 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 129 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 39 مىليون 687 مىڭ 300 يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 6 مىليون 993 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3324، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 981. شەھەر بويىچە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 215 (مىللىي 58)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 2879 (مىللىي 545)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 6457 (مىللىي 2298)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 68، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 154 (مىللىي 5536)؛ بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 870؛ ئالاھىدە ئوقۇتۇش ئورنى بىر، ئوقۇغۇچىسى 33 (مىللىي 3). شەھەر بويىچە ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1883 (مىللىي 804). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %95كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 93 سەھىيە ئاپپاراتى، 1321 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 660 كارىۋات بار.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا، ئەركىن چېلىشىش، ئەركىن مۇشتلىشىش تۈرلىرىدە چۆچەك شەھىرىنىڭ ۋەكىللەر كوماندىسى 4 تۈردە 1 -، بىر تۈردە 2 - بولدى.

2003 - يىلى چۆچەك شەھىرىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6324.72 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5056 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3720.69 يۈەنگە؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 851 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە 5398 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3600 ئىشچى- خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 11 مىڭ 79 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## تاشقى سودا ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقتا يېڭى يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى

2003 - يىلى چۆچەك شەھىرىنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت- ئېكسپورت سوممىسى 480 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن %282.9 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 469 مىليون دوللارغا يېتىپ، %283.9؛ ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 797 مىڭ 300 دوللارغا يېتىپ %125.4 ئاشتى. زىيارەتكە كەلگەن 138 ئۆمەك - گۇرۇپپا كۈتۈۋېلىندى، 16 ئۆمەك - گۇرۇپپا زىيارەتكە چىقتى. 2003 - يىلى چۆچەك شەھىرى 70 تۈرلۈك توختام- كېلىشىم ئىمزالىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق توختامى 42، بۇ توختاملارغا چېتىلىدىغان مەبلەغ 417 مىليون يۈەن، ئىجرا قىلىنغان تۈر 32، نەقلەشكەن مەبلەغ 147 مىليون يۈەن. ئىچكى سودا توختامى 12. ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى شىنجاڭ «لوڭشياڭ» شىركىتى، شىنجاڭ «دېلوڭ» چارۋىچىلىقى، بېيجىڭ «جوڭيەن» شىركىتى، «جوڭلياڭ» گۇرۇھى، بېيجىڭ «يىنىيڭ» شىركىتى قاتارلىق چوڭ شىركەتلەر جەلپ قىلىنىپ، چۆچەك شەھىرىگە ھەر خىل پىششىقلاپ ئىشلەش لىنىيىلىرىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلدى.

## 3 چوڭ بازا قۇرۇلۇشى

10 مىڭ تۇياقلىق كالا فېرمىسى، قارائۆرۈك بازىسى ۋە زىيانسىز كۆكتات ئۆستۈرۈش بازىسى چۆچەك شەھىرىدىكى 3 چوڭ بازىدىن ئىبارەت. 2003 - يىلى چۆچەك شەھىرى چارۋىچىلىقىنىڭ يىرىك يېزا ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 2002 - يىلدىكى %30.2تىن %32.6كە ئۆرلىدى. يىل ئاخىرى قولدا 785 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قېلىپ، 2002- يىلدىكىدىن %5.35 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كالا 77 مىڭ 400گە يېتىپ، %0.78 كۆپەيدى. يېڭىدىن قۇرۇلغان يۇقىرى ئۆلچەملىك 3 ئائىلىۋى فېرمىنىڭ باقمىچىلىق رايونىدا، شۇ يىلى چارۋىلار كېسەل بىلەن يۇقۇملانمىدى. شەھەر بويىچە 2762 تۇياق نەسىللىك كالا كەلتۈرۈلدى، 5535 يەرلىك كالا توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇلدى، 2548 سۈپەتسىز بۇقا پىچىۋېتىلدى. 2003 - يىلى 313.33 گېكتار يەرگە قارائۆرۈك كۆچىتى تىكىلدى، شەھەر بويىچە يىلدا 580 گېكتار يەرگە قارائۆرۈك كۆچىتى تىكىشكە كاپالەتلىك قىلىندى. «توڭتا» يېشىل يېمەكلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى باشلامچىلىقىدا شەھەرلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونىدا زىيانسىز كۆكتات ئۆستۈرۈش ئۈلگە رايونى قۇرۇلۇپ، ئەرگۈلۈڭ بازىرى ئاساس

قىلىنغان شەھەر ئەتراپىدا كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش بېتەكلەندى، 113 كۆكتات لاپىسى ياسالدى، كۆكتاتلارنى خەلقئارا بازار سۈپەت ئۆلچىمىگە ماسلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىنغان ئاساستا، زىيانسىز كۆكتاتلار مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېكسپورت قىلىندى.

جىياۋ زېخەن

# شىخو شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شىخو شەھەرلىك 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋۇ چېڭيۈەن.

2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇن ئاۋۇت.

شەھەر باشلىقى: توقمۇقامەت ئىسرائىل (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ ۋۇشۇ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

شىخو شەھىرى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 268 كىلومېتىر. 2003 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، بازار 10، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 206 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 76 مىڭ 500)، يېزا نوپۇسى 147 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.32، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.23. شەھەر بويىچە 49 مىڭ 174 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 9657.4 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 245 گېكتار)، 40 مىڭ 440.6 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 46 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 158 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %13.7 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 803 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %6.4؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 626 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %25؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 728 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.5 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 262 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %6.4 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 19 مىليون 540 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 14 مىليون 20 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 222 مىليون 540 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 6 مىليون 100 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 96 مىڭ 218 توننا ئاشلىق، 42 مىڭ 449 توننا پاختا، 3158 توننا ياغلىق دان، 1078 توننا قىزىلچا، 7764 توننا مېۋە - چېۋە، 172 مىڭ توننا پەمىدۇر ئېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 795 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 19 مىڭ 484 توننا گۆش، 1421 توننا يۇڭ، 9450 توننا سۈت، 2206 توننا تۇخۇم، 999 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىنىدى. 13.961 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 207 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، يارىتقان ساپ پايدىسى 97 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە، شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 270 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 878 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %15.9، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 331 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 179 مىڭ توننا كۆمۈر، 48 مىڭ 991 توننا پىۋا، 132 مىليون 390 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 44 مىڭ توننا سېمونت، 4652 توننا پاختا يىپ، 16 مىڭ 244 توننا پەمىدۇر قىيامى، 154 مىڭ 991 ساندۇق تاختا ئەينەك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 870 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 55 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 40 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 700 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 118 مىليون 520 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 114 مىليون 430 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 27 مىڭ 510 غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 30 مىڭ 115 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 21 مىڭ 952 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 2518 گە يەتتى. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 728 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 205 مىڭ

ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 19 مىليون 580 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 197 مىليوم 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 26.7% ؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 207 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 24.7% ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 715 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 47 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 7 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 7668، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1279. شەھەر بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 4950 (مىللىي 1304)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 24، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 141 (مىللىي 4920)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 55، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 679 (مىللىي 7250)؛ بالىلار باغچىسى 6 (شەخسىيلەرنىڭ قۇرغىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، باغچىدىكى بالا 630. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 3232 (مىللىي 153). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 998 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 92% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90% كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 24 سەھىيە ئاپپاراتى، 797 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 190)، دوختۇرخانىلاردا 529 كارىۋات بار.

2003 - يىلى شىخۇ شەھىرىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4698 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 392 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 12 مىڭ 292 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 9553 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 20 مىڭ 57 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 2003 - يىلى خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش سىياسىي بۆلۈمى تەرىپىدىن شىخۇ شەھىرىگە مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنە شەھەر دېپ نام بېرىلدى.

گېڭ چۈەنفېڭ

# دۆربىلجىن ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ دۆربىلجىن ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: فەن جۈن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدېش تورقۇش (قازاق).

ھاكىم: ئازات شەكەي (قازاق).


سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرابېك ئاكبار (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

دۆربىلجىن ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، چۆچەك - دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 580 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 10. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 144 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 86 مىڭ 300)، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ نوپۇسى 60 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.57‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.41‰. ناھىيە بويىچە 60 مىڭ 146 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 7433 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 32 مىڭ 53 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 121 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 454 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 3.5% ؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 234 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 18.5% ؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 433 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.7% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 770 مىليون 785 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 4.68% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 317 مىليون 59 مىڭ 700 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 25 مىليون 244 مىڭ 500 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 425 مىليون 270 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 3 مىليون 211 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق



دۆربىلجىن غېزى

شىاجۇغخۋا فوتوسى

دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 65 مىڭ 233 توننا ئاشلىق، 21 مىڭ 502 توننا ياغلىق دان، 258 مىڭ 243 توننا قىزىلچا، 10 مىڭ 841 توننا قارا گازىر ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 812 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 22 مىڭ 5 . 941 توننا گۆش، 2220 توننا يۇڭ، 20 مىڭ 720 توننا سۈت، 4567 توننا تۇخۇم، 381 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 5275 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 473 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 28 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 170 مىڭ 242 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 434 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %8 . 8، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 124 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %1 . 9 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 99 مىڭ توننا كۆمۈر، 131 مىڭ 400 توننا سېمونت، 107 توننا ئاق هاراق، 30 مىڭ 700 توننا شېكەر ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 35 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 45 مىڭ 599 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 59 مىڭ 8 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 316 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 124 مىليون 560 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 22 مىليون 160 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 17 مىڭ 741 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 14 مىڭ 238 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 28 مىڭ 163كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 929 غا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 309 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 48 مىليون 680 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %77 . 1؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 160 مىليون 730 مىڭ يۈەن بولۇپ، %52 . 0 تۆۋەنلىدى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 38 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 35 مىليون 714 مىڭ 600 يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 840 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2003 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4449، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 821. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 27 (5 مەكتەپنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى بار)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2217 (مىللىي 967)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 9358 (مىللىي 4844)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 66، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 62 (مىللىي 8361). باللار باغچىسى 23، باغچىدىكى بالا 2000. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2468 (مىللىي 1642). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 845 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %80 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 18 سەھىيە ئاپپاراتى، 501 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 326)، دوختۇرخانىلاردا 225 كارىۋات بار.

2003 - يىلى دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3188 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1939 يۈەنگە يەتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 327 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 6667 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 5111 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 11 مىڭ 251 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا

قاتناشتى.

## زاراڭزىچىلىق

زاراڭزىچىلىق دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ تۈۋرۈك كەسپى. 2003 - يىلى دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ زاراڭزا تېرىلغۇ كۆلىمى 2113.3 گېكتارغا، زاراڭزا ھوسۇلى 5587 توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 581 مىڭ يۈەنگە يەتتى. زاراڭزىچىلىق دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئوتتۇرىچە 28.77 يۈەن ئاشۇردى. زاراڭزىچىلىقتىكى باشلامچى كارخانا — تايۈەن زاراڭزىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 2003 - يىلى 914 توننا زاراڭزا يىغىپ سېتىپ، سېتىش كىرىمىنى 13 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، پايدىنى 1 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى.

★ 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە دۆربىلجىن ناھىيىسىدە شىۋىرغان چىقىپ، يايلاقتا كۆچۈۋاتقان 160 مىڭ تۇياق چارۋا قاپسىلىپ قالدى. ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت دەرھال ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللىدى. ئاپەت رايونىغا 336 توننا يەم - خەشەك، 1029 توننا ئوت - چۆپ، 40 توننا ئۇن توشۇدى، كادىرلار ۋە ئامما 105 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلىپ، ئۆلەي دەپ قالغان 154 مىڭ 700 تۇياق چارۋىنى قۇتقۇزۇۋېلىپ، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈردى، لېكىن بۇ قېتىملىق ھاۋا ئۆزگىرىش جەريانى تارىختا ناھايىتى كەم كۆرۈلگەچكە، يەنىلا 5232 تۇياق چارۋا ئۆلدى.

★ 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سۇچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن 3 - قېتىملىق خەتەرلىك سۇ ئامبىرى دەپ بېكىتىلگەن دۆربىلجىن سۇ ئامبىرىنى مۇستەھكەملەپ خەتىرىنى تۈگىتىش قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك ئاياغلاشتى. بۇ قۇرۇلۇشتا 607 مىڭ كۇب مېتىر توپا، 257 مىڭ كۇب مېتىر تاش، 23 مىڭ 200 كۇب مېتىر بېتون ۋە پولات چىۋىقلىق بېتون، 84 مىڭ ئىش كۈنى سەرپ قىلىندى، 23 مىليون 72 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

ئاقسۇ سۇ ئامبىرىنى مۇستەھكەملەپ خەتىرىنى تۈگىتىش قۇرۇلۇشى 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى باشلاندى، قۇرۇلۇشتا 20 مىليون 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش مۆلچەرلەندى، دۆلەت 13 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالىدىغان، يەرلىك 6 مىليون 730 مىڭ يۈەن تەييارلايدىغان بولدى.

جاڭ ياڭيۈ

# ساۋەن ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ساۋەن ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۈي جىجياڭ (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ دۇڭشياڭ (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇردىقان تۇرسىنبەك (قازاق).

ھاكىم: قادىربېك قامزا (قازاق، 6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جاڭ باۋلىن.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ساۋەن ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، جەنۇبىتا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى بىلەن، شىمالدا قوربانتۇڭغۇت قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىدۇ. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 185 كىلومېتىر، تۆمۈر يول مۇساپىسى 185 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 9، يېزا 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 201 مىڭ 800 (بىڭتۇەن نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 62 مىڭ 552)، يېزا نوپۇسى 144 مىڭ 400؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.34‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.37‰. ناھىيە بويىچە 66 مىڭ 866 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار (ئېكىنزورنى تېرىلغۇسى 2856 گېكتار) بولۇپ، 16 مىڭ 415 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 45 مىڭ 925 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 714 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 38 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 8.7%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 769 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 8.2%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 906 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 13.2% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 757 مىليون 920 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 4.3% تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق



2003 - يىلى ساۋەن ناھىيىسى 4220 گېكتار يەردىكى شوخلىدىن مول ھوسۇل ئالدى. سۈرەتتە: دېھقانلار «تۇنخې» ساۋەن شوخلا ياسالمىسى شىركىتىگە شوخلا سېتىپ بەرمەكتە.
سۈرەتنى ساۋەن ناھىيىلىك پارتكوم تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.

مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 336مىليون 140 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 16 مىليون 140 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 399 مىليون 120 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 6 مىليون 520 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 140 مىڭ 710 توننا ئاشلىق، 53 مىڭ 285 توننا پاختا، 6211 توننا ياغلىق دان، 60 مىڭ 679 توننا قىزىلچا، 9110 توننا مېۋە، 291 مىڭ 434 توننا پەمىدۇر ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 799 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 29 مىڭ 986 توننا گۆش، 1835 توننا يۇڭ، 37 مىڭ 301 توننا سۈت، 7922 توننا تۇخۇم، 1049 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2773.8 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 39 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 118 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 317 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 843 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %17.8، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 520 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.3 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 30 مىڭ توننا كۆمۈر، 151 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 355 مىڭ توننا سېمونت، 65 مىڭ 759 توننا ئۇن، 39 مىڭ 909 توننا سۇ يېغى، 4161 توننا پاختا يىپ، 4 مىليون 413 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 25 مىڭ 612 توننا پەمىدۇر قىيامى، 515 توننا ئاق ھاراق، 1552 توننا پىۋا، 3348 توننا سۇلياۋ يا- سالما، 632 مىڭ A مېتىر ئۈچ قىرلىق كاۋچۇك تاسما، 160 مىليون 750 مىڭ دانە خىش، 438 مىڭ توننا ھاك تېشى ئىشلەپچىقىرىلدى. سالاھىيىتى 4 - دەرىجىدىن يۇقىرى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 62 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 98 مىڭ 722 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 86 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 684 مىليون 210 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 136 مىليون 590 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 170 مىليون 10 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 20 مىڭ 65 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 23 مىڭ 520 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 52 مىڭ 66 غا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 2044 كە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 370 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 96 مىليون 27 مىڭ يۈەنگە (ھەممىسى ئېكسپورت سوممىسى) يەتتى. 272 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 40 مىليون 300 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 99 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %11؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 215 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.4 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 426 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 50 مىليون 647 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 6 مىليون 886 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 5275، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 671. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم 2، ئوقۇغۇچىسى 145 (مىللىي 21)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 128 (مىللىي 64)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 5814 (مىللىي 1264)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 9134 (مىللىي 2762)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 49، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 777 (مىللىي 5861)، بالىلار باغچىسى 16، باغچىدىكى بالا 2500. ھەر

خىل ئوقۇتقۇچى 3276 (مىللىي 1028). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 18 سەھىيە ئاپپاراتى؛ 969 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 139)، دوختۇرخانىلاردا 510 كارىۋات بار.

بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 8132 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 6262 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 5419 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 4228 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 228 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 10 مىڭ 852 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 7622 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 14 مىڭ 272 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## ساۋەن ناھىيىسى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتىكى تۆت تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈردى

2003 - يىلى ساۋەن ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ «تۆت تەرەققىيات جەريانى» نى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنى: 1. ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىگە ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىش، يۇقىرى ھوسۇللۇق كېۋەز، باقمىچىلىق، پەمىدۇر پىششىقلاش، كۆكتات - باغۋەنچىلىك، سۇپەتلىك ئاشلىق - ياغدىن ئىبارەت ناھىيىنىڭ ئەۋزەل، ئۆزگىچە 5 چوڭ كەسپىنى گەۋدىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى مۇۋاپىق كۆلەملەشتۈرۈش، كەسپلەشتۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سۈرۈش؛ 2. يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كەسپى ۋە قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىش كەسپىنى زورايتىپ، سانائەتلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ 3. شەھەر (ناھىيە بازىرى) نى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شەھەر (ناھىيە بازىرى) نى باشقۇرۇش كۆزقارىشىدا چىڭ تۇرۇش، كىچىك بازار قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، شەھەرنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك بىلەن ساياھەتچىلىك باشلامچى قىلىنغان ھازىرقى زامان مۇلازىمەتچىلىكىنى ئەركىن تەرەققىي قىلدۇرۇش، بازارلاشتۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش؛ 4. تەرەققىيات مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، پۈتۈن كۈچ بىلەن سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش، يۇقىرى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ ھالقىش شەكلىدىكى تەرەققىياتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە 31 مىڭ 700 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى ھوسۇللۇق كېۋەز %86.03نى ئىگىلىدى، پاختىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %50تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىپ، دېھقان - چارۋىچىلار ئوتتۇرىچە 2669 يۈەن كىرىمگە ئىگە قىلىندى، بۇ 2002 - يىلدىكىدىن 850 يۈەن ئاشتى؛ 4200 گېكتار يەرگە پەمىدۇر تېرىلىپ، %180.2 ئېشىپ، دېھقان - چارۋىچىلار ئوتتۇرىچە 345 يۈەن كىرىمگە ئىگە قىلىندى، بۇ 2002 - يىلدىكىدىن 850 يۈەن ئاشتى.

10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ساۋەن ناھىيىسىدە «خېگېۋەن»، «باۋيىڭ»، «بايې»، «خېگلى» ئىسىملىق ئېنېرگىيە قۇراشتۇرۇش، «خوڭيې»، «دۇڭرۇڭ»، «تۈنخې»، «شىن-چۈەن» دىن ئىبارەت 8 چوڭ كۆمۈرچىلىك شىركىتى قۇرۇلدى، بۇ، ناھىيە بويىچە كۆمۈرچىلىك كەسپىدىكى مەبلەغ سېلىش ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ كۆپ خىللاشقانلىقى، كۆمۈرچىلىك سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋاپىقلاشقانلىقى، كۆمۈرچىلىك كارخانىلىرى تىجارىتىنىڭ قېلىپلاشقانلىقىدەك ۋەزىيەتنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

2003 - يىلى ساۋەن ناھىيىسىنىڭ سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرلىرىدە 425 مىليون يۈەن نەقلەشتى، «جۇڭلياڭ» گۇرۇھى، «تۈنخې» سېمونت كارخانىسى، «تۈنخې» پەمىدۇر كارخانىسى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى گۇرۇھى، ش ئۇ ئا ر پاختا - چىگە شىركىتى، ساۋەن «ئالتۇن كالا» شىركىتى، شەندۇڭ يۇقىرى زىچلىق خىمىيىلىك تالا شىركىتى، شەنشى «چىنلىڭ» توقۇمىچىلىق شىركىتى قاتارلىق بىر تۈركۈم چوڭ كارخانا، چوڭ گۇرۇھلار كىرگۈزۈلۈپ، ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇلدى.

★ 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى «دېھقانلار پەن - تېخنىكا كىتابخانىسى» ساۋەن ناھىيىسى قورغاس بازىرى ئەردۇۋەن كەنتىدە قۇرۇلدى.

★ 2003 - يىلى ساۋەن ناھىيىسىگە ئاپتونوم رايون بويىچە 2001 — 2002 - يىللىق ناھىيە (شەھەر)، رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات نىشان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىكى ئىلغار ئورۇن، مەملىكەت

بويىچە كەدت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىدىكى ئەمۇنە ناھىيە، ئاپتونوم رايون بويىچە يەر ئىشلىرىدا قانۇننى ئىجرا قىلىشتىكى ئەمۇنە ناھىيە، مەملىكەت بويىچە يەرلەرنى تىزىملاش ۋە يەرلەرنى تەكشۈرۈشتىكى ئىلغار ئورۇن، مەملىكەت بويىچە يەر تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى 100 كۈچلۈك ناھىيىنىڭ بىرى دېگەنناملار بېرىلدى.

يالڭ گۈي

# تولى ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تولى ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: دۇ ۋېنگۈي

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇۋانبېك چاقايدۇللا (قازاق).

ھاكىم: ئەدىلقان ئابدۇللا (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قىزايدۇللا بولىقباي (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

تولى ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي تەرىپىگە، چۆچەك ـ دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 512 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 85 مىڭ 700 (بىڭتۇەننىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 61 مىڭ 800)، يېزا نوپۇسى 54 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰14.17، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12.09. ناھىيە بويىچە 16 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 7193 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 2810 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 436 مىلىيون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 100 مىلىيون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %10.2؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 154 مىلىيون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ %16.7؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 182 مىلىيون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ %10.2 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 186 مىلىيون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %12.9 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 59 مىلىيون 140 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 7 مىلىيون 300 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 120 مىلىيون 180 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 27 مىڭ 782 توننا ئاشلىق، 150 توننا پاختا، 1411 توننا ياغلىق دان، 310 توننا مېۋە ـ چېۋە، 643 توننا زاراڭزا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 639 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 8063 توننا گۆش، 839 توننا يۇڭ، 10 مىڭ 305 توننا سۈت، 170 توننا تۇخۇم، بىر توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3133 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 159 مىلىيون 300 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 17 مىلىيون 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 53 مىڭ 314 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 220 مىلىيون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %19.2، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 81 مىلىيون يۈەنگە يېتىپ، %26.6 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 758 مىڭ توننا كۆمۈر، 373 كىلوگرام ئالتۇن، 20 مىڭ توننا خروم رۇدىسى، 6000 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 157 مىڭ كۋادرات مېتىر گرانىت تاش تاختا ماتېرىيال، 17 مىڭ كۇب مېتىر گرانىت تاش ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 187 مىلىيون 830 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 58 مىڭ 284 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، يىل ئاخىرى بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى پۈتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 167 مىلىيون 830 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 103 مىلىيون 720 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 19 مىلىيون 580 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 4427 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 2405 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 6285 كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 173 كە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 105 مىلىيون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 26 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 1 مىلىيون 30 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 20 مىلىيون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %30.8 ئاشتى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 127 مىلىيون 390 مىڭ يۈەن بولۇپ، %6.59 تۆۋەنلىدى.

ئىلگىرىكى يىللاردا قەرز قالغان 14 مىليون 660 مىڭ يۈەن ماڭاشنى چىقىرىۋەتكەندە، 5% ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 255 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 425 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 843 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2703، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 487. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 807 (مىللىي 555)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 5087 (مىللىي 3612)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 46، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 961 (مىللىي 8648)، بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 200. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2031 (مىللىي 1643). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 87.4% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 86.5% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 11 سەھىيە ئاپپاراتى، 286 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 211)، دوختۇرخانىلاردا 201 كارىۋات بار.

2003 - يىلى تولى ناھىيىسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1858 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 922 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 4250 ئىشچى- خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2597 ئىشچى-خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 7563 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 2003 - يىلى تولى ناھىيىسىدىكى ساز توپىدۇڭ قەبرىستانلىقىدىكى قىياتاش رەسىملىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئاسار ئەتىقىلەرنى قوغداش ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

★ 2003 - يىلى تولى ناھىيىسىنىڭ 16 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغان تېرىلغۇدىن ئوتلاققا قايتۇرۇلىدىغان 80 مىڭ گېكتار تەبىئىي ئوتلاقنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. 40 مىڭ گېكتار ئوتلاق ئارام ئالدۇرۇلدى، قايتۇرۇلىدىغان تەبىئىي ئوتلاقنىڭ 26 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاقتا نۆۋەت بىلەن چارۋا بېقىلدى، 13 مىڭ 300 گېكتار ئوتلاقتا چارۋا بېقىش مەنئى قىلىندى.

★ 4 - ئاينىڭ 8 — 9 - كۈنلىرى تولى ناھىيىسى شىۋىرغاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، بىر قىسىم رايونلاردا شامال كۈچى ئەڭ كۈچلۈك بولغاندا 9 بالغا يەتتى، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 12℃- قا چۈشتى، ئۆرشۆلت، دولاتى يېزىلىرى، ئۈت بازىرى قاتارلىق 5 يېزا، بازارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئاپەتكە ئۇچراپ، 260 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان كۆرۈلدى.

★ 2003 - يىلى تولى ناھىيىسىدە 2 مىليون 500 مىڭ تونىلىق خىروم رۇدىسى زاپىسى بايقالدى، بۇ مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، تولى ناھىيىسىدىكى قېزىلما مەھسۇلاتلار كەسپىنىڭ تۈۋرۈك كەسپىگە ئايلاندى.

گاۋ گومېي

# چاغانتوقاي ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چاغانتوقاي ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ كېخۋا.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋۇ زۇنىڭ.

ھاكىم: مۇختار قامقان (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: باقىتقان نۇرخەمىت (ئايال، قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

چاغانتوقاي ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، چۆچەك - دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 589 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 47 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 19 مىڭ 500)، يېزا نوپۇسى 30 مىڭ 700؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.5‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.4‰. ناھىيە بويىچە 28 مىڭ 510 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 8847 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 14 مىڭ 939 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 274 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 112 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 4.6%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 38 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 21.4%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 96 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 13.4% ئاشتى.



ياۋا بادام قەدىمى ئەنئۋارلىق ئۆسۈملۈك بايلىقى بولۇپ، «ئۆسۈملۈك تاش قاتمىسى» دېگەن نامى بار. چاغانتوقاي ناھىيىسىدىكى ياۋا بادام مۇھاپىزەت رايونى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ياۋا بادام مۇلاپىزەت رايونلىرىنىڭ بىرى. سۈرەتتە: شاختىكى سانجاق ـ سانجاق بادام مېۋىسى.

لى مىن فوتوسى

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 268 مىليون 878 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %19.8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 149 مىليون 602 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 13 مىليون 580 مىڭ 700 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 102 مىليون 194 مىڭ 500 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 210 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 48 مىڭ 698 تونna ئاشلىق، 12 مىڭ 9 تونna ياغلىق دان، 3639 تونna قارا گازىر، 35 مىڭ 92 تونna بېدە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 451 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 5254 تونna گۆش، 877 تونna يۇڭ، 3270 تونna سۈت، 265 تونna تۇخۇم ئېلىندى. 2760 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 121 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 35 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 82 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 71 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %3.2، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 24 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.4 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 32 مىليون 300 مىڭ دانە خىش، 15 مىڭ 255 تونna ئۇن، 1 مىليون 20 مىڭ تونna سۇ يېغى، 1214 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 320 تونna ئارىلاشما يەم ـ بوغۇز، 623 تونna فابرىكا قەغىزى، 200 تونna ئاق ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 33 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 20 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 67 مىليون 420 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 31 مىليون 270 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 9 مىليون 950 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 8620 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 3800 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 6283 كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 430 غا يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 60 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 25 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 12 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %20.8؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 104 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12 ئاشتى. بازار ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 173 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە، سوغۇرتا ھەققى كىرىمى 9 مىليون 844 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 712 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1434، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 369. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ 28، بۇنىڭ ئىچىدە مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 2، 9 يىللىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 3، باشلانغۇچ مەكتەپ 23، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش نۇقتىسى 9؛ يىل ئاخىرىدىكى ئوقۇغۇچى 8894 (مىللىي 4413)؛ باللار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 824. ناھىيە بويىچە ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1020 (مىللىي 464). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 830 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 50 سەھىيە ئاپپاراتى؛ 235 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 132)، دوختۇرخانىلاردا 118 كارىۋات بار.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا، ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى يىراقلىقا سەكرەشنىڭ

بىر تۈردە 1 -، ئېگىزلىككە سەكرەشنىڭ بىر تۈردە 2 - بولدى.

2003 - يىلى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 5346 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4856 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2265.67 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1800 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 311 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 3958 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2298 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 5367 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## «ناھىيىنى چارۋىچىلىق ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى

چاغانتوقاي ناھىيىسى چارۋىچىلىقنى بىرىنچى تۈۋرۈك كەسىپ قىلىپ، تېز تەرەققىياتقا ئېرىشتى. 2003 - يىلى چارۋىچىلىققا 83 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، تارىختىكى يېڭى رېكورتنى يارىتىپ، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شارائىتىنى تۈپتىن ياخشىلىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 451 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قېلىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %5.9 كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە باسباي قوي 223 مىڭ تۇياق. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى ئىچىدە چارۋىچىلىقنىڭ 785 يۈەن بولۇپ، %35نى ئىگىلەپ، 2002 - يىلدىكىدىن 280 يۈەن ئاشتى.

## زاراڭزا بازىسى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى

2003 - يىلى چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ زاراڭزا تېرىلغۇ كۆلىمى 11 مىڭ 900 گېكتارغا، ھەر بىر گېكتار يەرنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 960 كىلوگىرامغا، ئومۇمىي ھوسۇلى 11 مىڭ يۈەنگە يەتتى. «تايۈەن»، بوستانلىق مېۋىچىلىكى قاتارلىق كارخانىلار بىلەن 6500 توننىلىق زاراڭزا سېتىۋېلىش زاكاز تالونى ئىمزالاندى. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى ئىچىدە زاراڭزىچىلىقتىن قىلىنغان كىرىم 593 يۈەن بولۇپ، ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ %26نى ئىگىلىدى.

★ 9 - ئايدا چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. ناھىيە بويىچە تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش ئۈچۈن يۇقىرىغا يوللانغان يەر كۆلىمى 6676.1 گېكتار، ۋىلايەتنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ نەقلەشكىنى 6666.67 گېكتار.

★ مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىسى جۇ يۈشىن ئىجاد قىلغان «قاراۋۇلخانىغا مۇھەببەت» دېگەن ناخشا جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن جۇڭگو باھارى نامىلىق 4 - نۆۋەتلىك مىللىيچە ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىدا 100 نادىر ناخشا ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

★ 7 - ئايدا «چاغانتوقاي ناھىيىسى تەزكىرىسى»

قىسقا ماتېرىيال

## بارداقۇل قىياتاش رەسىملىرى

بارداقۇل قىياتاش رەسىملىرى خارابىلىكى چاغانتوقاي ناھىيە بازىرىنىڭ 18 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدىكى بارداقۇل تېغىنىڭ داۋىنىغا جايلاشقان. بۇ يەردە دۆڭلۈكلەر ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن، ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن، تاغ ئۈستىدە قىيا تاشلار چوقچىيىپ تۇرىدۇ، تاغ باغرىدا جىلغىلار ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن. ئەتراپتىكى پاكار تۆپىلىكلەردىن سەل ئېگىزدە كۆرۈنۈپ تۇرغان قوڭۇررەڭ قورام تاشتا كەڭلىكى 100 مېتىرچە، ئېگىزلىكى 50 مېتىرچە كېلىدىغان قىياتاش رەسىملىرى بار، تاشقا ئويۇلغان بۇ رەسىملەر 300 پارچىدىن ئاشىدۇ، رەسىم ئويۇلغان تاش قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، ناھايىتى قاتتىق، نەپىس ۋە پارقىراق، سىرتى سىلىق.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ دەلىللىشىچە، بۇ قىياتاش رەسىملىرى 3600 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە بولۇپ، قەدىمكى دەۋرلەردە مۇشۇ دەۋرلەردە ئولتۇراقلاشقان تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلار ئىكەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئات، كالا، قوي، بۇغا، ئېيىق قاتارلىق ھايۋاناتلارنىڭ رەسىمىدىن ئىبارەت، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە چارۋا بېقىشقا ئائىت رەسىملەر ۋە كۆپىيىش ئەزالىرىغا چوقۇنۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىملەرمۇ بار، ئۇنىڭدا شۇ دەۋردىكى ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان ئىپتىدائىي چارۋىچىلىق جەمئىيىتىنىڭ تۇرمۇش كارتىنىسى جانلىق كۆرسىتىلىپ، قەدىمكى زاماندىكى شۇ جايدا ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ كۆپىيىش ئەزالىرىغا چوقۇنىدىغانلىقى، قەبىلە ئاھالىلىرىنىڭ شۇ يەرگە ماكانلىشىپ گۈللىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. 2003 - يىلى بارداقۇل قىياتاش رەسىملىرى ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

ۋېن لىمىڭ

(خەنزۇچە) نەشىردىن چىقتى.

★ 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە چاپانتوقاي ناھىيىسى پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى، 10 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان كۆرۈلدى.

ۋېن لىمىڭ

# قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن يەنجې.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سامۇتۇڭ (موڭغۇل).

ھاكىم: پ. تۇغجىجاپ (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سەگىزباي خارغابات (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 495 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 49 مىڭ 521 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 32 مىڭ 584)، يېزا نوپۇسى 26 مىڭ 190؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.2، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.9. ناھىيە بويىچە 9546 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 1880 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 4480 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 391 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %16.87 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 125 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.04؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 142 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %34.8؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 124 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.32 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 228 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %8.04 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 78 مىليون 914 مىڭ 500 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 232 مىڭ 500 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 147 مىليون 681 مىڭ 800 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 88 مىڭ 200 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 4369 تونna ئاشلىق، 2440 توننا پاختا، 564 توننا ياغلىق دان، 290 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 530 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 7851 توننا گۆش، 598 توننا يۇڭ، 30.96 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 103 مىڭ 300 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 9720 توننا سۈت، 135 توننا تۇخۇم، 9 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 118.5 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 31 مىليون 979 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 111 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 12 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بويىچە چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 20 مىڭ 748 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 246 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %21.42، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 90 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %21.42 ئاشتى. 39 مىليون 410 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 60 مىڭ توننا كۆمۈر، 172 مىڭ توننا تاشتۇز، 240 مىڭ توننا سېمونت، 30 مىليون دانە خىش، 300 مىڭ توننا ھاك تېشى، 2500 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 28 مىڭ 760 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 9364 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 179 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 82 مىليون 800 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 7205 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 3763 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 6200 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 530 غا يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 46 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 34 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

يەرلىك مالىيە كىرىمى 98 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 37.52% ؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 161 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 30.89% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ھەر خىل قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 218 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە؛ تۇرلۇك ئامانەت پۇل قالدۇقى 361 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 236 مىليون 630 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 11 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1920، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 241. ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، باشلانغۇچ مەكتەپ تايانچ ئوقۇتقۇچىلىرى قازاقچە كۇرسى 2، موڭغۇلچە كۇرسى بىر، كۇرسانت 106؛ چوڭلار ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇيدىغان تولۇق كۇرس سىنىپى بىر، ئالىي تېخنىكوم سىنىپى 2 (ئۇيغۇرچە سىنىپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 34؛ يېزىلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە مەكتىپى بىر، شۇ يىلى تەربىيىلەنگەنلەر 800 نەچچە ئادەم (قېتىم) (مىللىي 380 ئادەم - قېتىم)؛ چوڭلار ماتارىيىنىڭ ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇيدىغان ئالىي تېخنىكوم سىنىپى 2، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 112 (مىللىي 54). ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 836 (مىللىي 691)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 3186 (مىللىي 2400)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 24، ئوقۇغۇچىسى 4861 (مىللىي 3244)، بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 208. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1292 (مىللىي 969). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 18 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئو بىلەن، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 95% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 28 سەھىيە ئاپپاراتى؛ 336 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 256)، دوختۇرخانىلاردا 208 كارىۋات بار.

2003 - يىلى خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9748 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2927 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 5421 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 4166 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، كارخانىدىن دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان 1029 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 7269 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 2003 - يىلى قوبۇقسار ناھىيىسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. 395 كىشى تۇۋەن كىرىملىك نامراتلىق سىزىقىدىن ھالقىپ ئۆتتى، نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1190 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 8.6% ئاشتى.

ئورۇمسەن باتىر

# ئالتاي ۋىلايىتى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئالتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جىشۇن؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: مۇقاتبېك ئادىلبېك (قازاق، 4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ماۋكەن سېيىتقامزا (قازاق)، چېن يۇمىڭ، تيەن شۈيىڭ (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى جىدۇڭ، جۇ خۇيلىن، جاڭ يۈن (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ئىلى ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئالتاي ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئۆلالقان ئىماش (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لى بىنرۇي، يۇ جياخې (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئاقات قابۇسەمەت (قازاق).

ۋالىي: مۇقاتبېك ئادىلبېك (قازاق، 4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ماۋكەن سېيىتقامزا (قازاق، 5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: ۋاڭ يۇچىڭ، ۋەن شۇ، جۇمابېك باتال (قازاق)، دەي جيەنشىن، ماۋلىتبېك ئالىمباي (قازاق)، ۋاڭ گوشىن (5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قادىر ئاراپات (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ دېشىڭ، ئابىقان قاجىكەي (قازاق)، ياڭ ۋېنلياڭ.

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي تاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، شىنجاڭنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە ئالتاي شەھىرىدە. 2003 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 612 مىڭ 600 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 346 مىڭ 100)، يېزا نوپۇسى 341 مىڭ 900؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.29%، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.23%. ۋىلايەت بويىچە 105 مىڭ 300 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 43 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 15 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت



ئالتاي شەھەر ئاھالىسى 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خەلق ئويۇنى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 54 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

جېڭشىقان قادى فوتوسى

تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ سوغۇق رايونىنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 4 مىليارد 280 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 392 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %8؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 332 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %20.5؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 457 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.1 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 99 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %9.25 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 790 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 87 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 1 مىليارد 120 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 25 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 203 مىڭ 817 توننا ئاشلىق، 60 مىڭ 100 توننا پۇرچاق، 103 مىڭ 200 توننا قىزىلچا، 38 مىڭ 300 توننا ياغلىق ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 3 مىليون 394 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 69 مىڭ 225 توننا گۆش، 80 مىڭ 844 توننا سۈت، 2.155 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 2258 توننا تۇخۇم، 4100 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 23 مىڭ گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ياراتقان ساپ پايدىسى 120 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 315 مىڭ 519 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 149 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %13.34، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 398 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %20.17 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 91 مىڭ 400 توننا كۆمۈر، 725 مىڭ 700 توننا ئەسلى تۆمۈر رۇدىسى، 268 مىڭ 600 توننا سېمونت، 423 مىليون 690 مىڭ 900 كىلوۋات سائەت توك، 1381.73 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 594.58 كىلوگرام ئالتۇن، 20 مىڭ 500 توننا قېغىز بوتقىسى، 1113.78 توننا سۈت ياسالمىسى، 8834.2 توننا سۇ يېغى، 16 مىڭ 100 توننا شېكەر ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 226 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 291 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 171 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 866 مىليون 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 551 مىليون 360 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 111 مىليون 360 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 80 مىڭ 235 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 31 مىڭ 639 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 39 مىڭ 818 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 442 مىليون يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 307 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 295 مىليون دوللار، ئىمپورت سوممىسى 12 مىليون دوللار. 600 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 350 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 201 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %18.5؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 127 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %18.03 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 4 مىليارد 714 مىليون يۈەنگە، سوغۇرتا ھەققى كىرىمى 143 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 15 مىليون 130 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ۋىلايەت بويىچە 23 مىڭ 784 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا

خادىمى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 6182. جۇڭغار ئالىي مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 1940 (مىللىي 619)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، ئوقۇغۇچىسى 573 (مىللىي 429)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 488 (مىللىي 130)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 18، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 263 (مىللىي 5945)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 86، ئوقۇغۇچىسى 35 مىڭ 161 (مىللىي 24 مىڭ 897)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 117، ئوقۇغۇچىسى 54 مىڭ 393 (مىللىي 39 مىڭ 363)؛ بالىلار باغچىسى 22، باغچىدىكى بالا 6122. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 9463 (مىللىي 6374). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 24 مىليون 163 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %65. 95 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %24. 92 كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 116 سەھىيە ئاپپاراتى، 3175 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 2033 كارىۋات بار.

2003 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتى تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا 33 تۈردە 1 -، 7 تۈردە 2 -، 15 تۈردە 3 - بولدى.

2003 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2908 يۈەنگە، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 408 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 29 مىڭ 403 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 70 مىڭ 41 كىشى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## ئالتاي ۋىلايىتى 4 چوڭ كەسىپنى بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويدى

1. چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، 1 - كەسىپنى تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلاندۇرۇشتا چىڭ تۇردى. 2003 - يىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىقنى زامانىۋى چارۋىچىلىققا ئۆزگەرتىش پىكىر يولىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۆۋەندىكى 6 جەھەتتىكى خىزمەتنى گەۋدىلىك چىڭ تۇتتى: بىرىنچى، چارۋىچىلىق رايونى سۇچىلىق قۇرۇلۇشى مەركەز قىلىنغان چارۋىچىلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى. ئىككىنچى، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش قەدىمىنى تېزلەتتى. ئۈچىنچى، چارۋىچىلىق كەسپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمىنى تېزلەتتى. تۆتىنچى، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشىدى. بەشىنچى، باشلامچى كارخانىلارنى پائال كىرگۈزدى، يېتىشتۈردى ۋە زورايتتى، باقمىچى چوڭ ئائىلىلەرنى، سۇ يۈزى باقمىچىلىق كۆلىمىنى، ئائىلىۋى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى كەسىپلەشتۈرۈش قەدىمىنى تېزلەتتى. ئالتىنچى، چارۋىچىلىقنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، چارۋىچىلىق ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

2. كانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ 2 - كەسىپنىڭ تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلاندۇرۇشتا چىڭ تۇردى. بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك 3 تۈرلۈك خىزمەتنى چىڭ تۇتتى: بىرىنچى، ۋىلايەتنىڭ كانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «رەڭلىك مېتال ئېچىشنى باشلامچى قىلىش، قارا مېتال ئېچىشنى كۆلەملەشتۈرۈش، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، غەيرىي مېتال ۋە ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللارنى ئېچىشنى كېڭەيتىش، ئالتۇن، ياقۇت، نېفىت گازى ئېچىشتا تىرىشىپ يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش» تىن ئىبارەت تەرەققىيات فاڭجېنىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىستراتېگىيىلىك ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇردى. ئىككىنچى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ھەقىقىي ئاشۇردى. كانچىلىق خەتىرىنى تەكشۈرۈش مېخانىزمىنى بەرپا قىلدى، «كىم مەبلەغ سالسا شۇ تەكشۈرۈش، شۇ مەنپەئەتلىنىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى چوڭ كانچىلىق گورۇھلىرىنى ئالتايغا كېلىپ كانچىلىق خەتىرىنى تەكشۈرۈش ۋە كان ئېچىشقا جەلپ قىلدى، بىر تۈركۈمنى تەكشۈرۈپ، بىر تۈركۈمگە خېرىدار چاقىرىشنى، بىر تۈركۈمنى ئېچىپ، بىر تۈركۈمنى زاپاس ساقلاشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇردى، شۇ ئارقىلىق كانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ياخشى تەرەققىياتىنى شەكىللەندۈردى. ئۈچىنچى، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، كۈچلۈك كەسىپلەرنى يۆلەش ئارقىلىق چوڭ، تايانچ كارخانىلارنى يېتىشتۈرۈش قەدىمىنى تېزلەتتى. 2007 - يىلغا بارغاندا ئاشىلى مىس كېنى، قاراتۇڭكى مىس - نىكېل كېنى، كۆكتوقاي ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار كېنىنى يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغان چوڭ كارخانىغا، مىڭكۇ تۆمۈر كېنى رۇدا تاللاش شىركىتى، «جىنباۋ» كانچىلىق چەكلىك شىركىتى، ئۇنخې سېمونتچىلىق ئالتاي شىركىتى، «خۇڭتەي» كانچىلىق چەكلىك شىركىتى،

كۆكتال فۇگۇي مىس - نىكېل كېنى قاتارلىق 5 كارخانىنى مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانىغا ئايلاندۇرۇش تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

3. ساياھەتچىلىكنى 3 - كەسىپنىڭ تۈۋرۈك كەسپىگە ئايلاندۇرۇشتا چىڭ تۇردى. ئالتاي ۋىلايىتى پۈتۈن ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئېچىش قۇرۇلۇشى بىلەن ئېكولوگىيىنى قوغداشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ساياھەتچىلىك كەسپىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، تۆۋەندىكى 4 تۈرلۈك خىزمەتنى نۇقتىلىق ئىشلىدى: بىرىنچى، قاناس سەر خىل ساياھەتچىلىكنى بەرپا قىلىشنى چۆرىدەپ ساياھەتچىلىك ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، پىلاننىڭ ئىلمىيلىكى، نوپۇزلۇقىنى ھەقىقىي كۈچەيتتى. ئىككىنچى، ساياھەت يولى، ئالاقە ۋە ئېلېكتر قۇۋۋىتى قاتارلىق نۇقتىلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئومۇمىي گەۋدە ئىقتىدارىنى مۇكەممەللەشتۈردى. ئۈچىنچى، جىيادېڭيۇ ساياھەتچىلىك كۈتۈۋېلىش بازىسى قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش قەدىمىنى تېزلەتتى. تۆتىنچى، يېڭى ساياھەت تۈرلىرى ۋە ساياھەت ئورۇنلىرىنى پائال ئاچتى.

4. سۇ ئېنېرگىيىسى كەسپىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سۇ بايلىقىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش ۋە پايدىلىنىش قەدىمىنى ھەقىقىي يوسۇندا تېزلەتتى. ئېلېكتر كەسپىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، چوڭ، ئوتتۇرا سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىغا تايىنىپ، توك، سۇ ئاساس قىلىنغان ئېلېكتر مەنبەيى قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلەتتى، توكنى يېتەرلىك تارقىتىشنى ئىمكانقەدەر تېز ئىشقا ئاشۇرۇپ، توك بىلەن تەمىنلەش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ئەرزان توك بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق توك سەرپىياتى يۇقىرى كارخانىلارنى ئالتايغا كېلىپ مەبلەغ سېلىشقا پائال جەلپ قىلدى. سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇنى مۇۋاپىق تەڭشەپ سۇ ساياھەتچىلىكى تۈرىنى تەرەققىي قىلدۇردى، ئۆزگىچە، سۈپىتى ياخشى، سېتىلىش يوللىرى راۋان بولغان سوغۇق سۇ باقمىچىلىقىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈردى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى، ئىچكى موڭغۇل يايلاق گۈللەندۈرۈش شىركىتىنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ سوغۇق سۇ بېلىقى بېقىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش خىزمىتىگە قاتنىشىشىنى پائال قوللىدى، سوغۇق سۇ باقمىچىلىق كەسپىنى يېتىلدۈرۈشنى ۋىلايەت ئىقتىسادىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى قىلىشقا تىرىشتى.

مارات ئىنايەت

# ئالتاي شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

جكپ ئالتاي شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن جيەنگو

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ماۋۇتقان قاسىم (قازاق).

شەھەر باشلىقى: قادىم راقىمباي (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەخمەت ھەيدەر (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئالتاي شەھىرى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان. شەھەر رايوندىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 216 - لىنىيە بويىچە 666 كىلومېتىر، 217 - لىنىيە بويىچە 705 كىلومېتىر؛ ئاۋىئاتسىيە مۇساپىسى 450 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 190 مىڭ 600 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 85 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى 85 مىڭ 200؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰98 .11، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰29 .7. شەھەر بويىچە 20 مىڭ 230 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 6530 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 4680 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ئالتاي شەھىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 391 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 350 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %6 .6؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 298 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %43 .12؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 742 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %04 .13 ئاشتى.

شەھەرگە تەۋە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 223 مىليون 969 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %2 .10 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 89 مىليون 201 مىڭ 600 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 14 مىليون 106 مىڭ 800 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 111 مىليون 365 مىڭ

يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 250 مىڭ 600 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 32 مىڭ 125 توننا ئاشلىق، 7844 توننا ياغلىق دان، 79 مىڭ 897 توننا قىزىلچا، 65 توننا مېۋە - چېۋە، 20 مىڭ 843 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 633 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 13 مىڭ 294.7 توننا گۆش، 1183 توننا يۇڭ، 25 مىڭ 960 توننا سۈت، 474 توننا تۇخۇم، 308 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3908 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 428 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە، يارىتقان ساپ پايدىسى 18 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 750 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

شەھەرگە تەۋە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 232 مىليون 677 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 14.9%؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 85 مىليون 629 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.37% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 44 مىڭ 200 توننا سېمونت، 617.3 توننا مۇز ياسالمىسى، 20 مىڭ 268 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە، 112 مىڭ توننا تۆمۈر رۇدىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 126 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 103 مىڭ 213 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 65 مىڭ 808 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 425 مىليون 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 290 مىليون 100 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 37 مىليون 130 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 28 مىڭ 438 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 5976 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 35 مىڭ 929 غا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 432 مىليون 656 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 167 مىڭ 500 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 16 مىليون 850 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 44 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 12.19%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 214 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.78% ئاشتى. شەھەر - بازار ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 295 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 77 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 7 مىليون 200 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

شەھەر بويىچە 9338 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 2370. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 883؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 7971 (مىللىي 5350)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 62، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 645 (مىللىي 7746)؛ شەھەرگە تەۋە بالىلار باغچىسى 2، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 56. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 375 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98.7% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96% كە يەتتى.

شەھەرگە تەۋە 15 سەھىيە ئاپپاراتى، 496 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 235 كارىۋات بار.

2003 - يىلى ئالتاي شەھىرى تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا بوكسيورلۇق، تېز مۇز تېيىلىش، چېلىشىش تۈرلىرى بويىچە 7 تۈردە 1 -، 4 تۈردە 2 -، 4 تۈردە 3- بولدى.

2003 - يىلى ئالتاي شەھىرىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2930 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 245 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 25 مىڭ 416 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 22 مىڭ 544 ئىشچى-خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 52 مىڭ 50 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## مەملىكەت بويىچە تۇنجى شەھەر چاڭغا مەيدانى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى

2003 - يىلى كىشىلەر تەرىپىدىن چاڭغا ماكانى دەپ تەرىپلىنىدىغان ئالتاي شەھىرىدە مەملىكەت بويىچە تۇنجى شەھەر چاڭغا مەيدانى - گېنېرال تېغى چاڭغا مەيدانى قۇرۇلدى. بۇ مەيدان 2003 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە كېلىشىمگە ئىمزا قويغۇچى ئۇرۇن - شىنجاڭ بوچىڭ گۇرۇھ شىركىتىنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن قۇرۇلدى. بۇ چاڭغا مەيدانىغا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، تۇنجى قارارلىق قۇرۇلۇشقا 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

بۇ مەيداندا تۆۋەن، ئوتتۇرا، يۇقىرى سەۋىيىدىكى چاڭغا ھەۋەسكارلىرىغا ماس كېلىدىغان چاڭغا يولى ۋە غالتەكلىك

تېپىلىش مەيدانى قۇرۇلدى، 220 مېتىر ئارقان تارتىلدى، 300 نەچچە جۇپ چاڭغا تاختىسى، 100 نەچچە غالتەك تەييارلاندى، 190 كۋادرات مېتىر ئۆي سېلىندى، دەم ئېلىش ئۆيى ۋە تېز تاماقخانا تەسىس قىلىندى، بۇ چاڭغا مەيدانى كۈنىگە 1000 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالالايدۇ.

تيەن يىڭلى

## بۇرچىن ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بۇرچىن ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جيەن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مىزان نۇكەي (قازاق).

ھاكىم: جۇماش شاخىدات (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرسىنبېك سادىقان (قازاق).

### ئاساسىي ئەھۋالى

بۇرچىن ناھىيىسى ئالتاي تاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 620 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 65 مىڭ 217 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 44 مىڭ 272)، يېزا نوپۇسى 43 مىڭ 868؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰17.12، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12.61. ناھىيە بويىچە 19 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 10 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (8746.7 گېكتار يەرگە سېرىق پۇرچاق)، 6760 گېكتار يەرگە يەم - خەشەك، 1693.3 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى سوغۇق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 522 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 165 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %7.1؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 192 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.7؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 165 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %29.2 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 284 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %19.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 120 مىليون 60 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 15 مىليون 520 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 140 مىليون 530 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 570 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 40 مىڭ 626 توننا ئاشلىق (ماش - پۇرچاق 26 مىڭ 410 توننا)، 3962 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 392 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 9886 توننا گۆش، 605 توننا يۇڭ، 234 مىڭ 600 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 5 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 8660 توننا سۈت، 288 توننا تۇخۇم ئېلىندى، 205 توننا بېلىق تۇتۇلدى. 215 بۇغا بېقىلدى، 797 كىلوگرام بۇغا مۈڭگۈزى ئېلىندى. 3743.7 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇدىن ئورمان قايتۇرۇلغان يەر 1403.30 گېكتار، قاقاس تاغ، بوز يەرلەردە ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەم 1337.7 گېكتار. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 205 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، يارالتقان ساپ پايدىسى 8 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 47 مىڭ 252 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 182 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %15، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 48 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 11 مىليون 650 مىڭ دانە خىش، 1165 توننا تۆمۈر قېتىشمىسى، 2670 توننا ئۆلچەملىك ئۇن، 52 مىليون 230 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 110 توننا سۇ يېغى، 4453 توننا تالك تالقىنى، 581 توننا ساپ سۇ، 561 توننا ئاق ھاراق، 4200 پار خۇرۇم ئاياغ، 98 مىڭ توننا سېمونت، 235 توننا سۈت پاراشوكى، 387 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 23 مىڭ 416 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 18 مىڭ 156 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 341 مىليون 520 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 314 مىليون 800 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 5500 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 3000غا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 5800 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 520

گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 262 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 328 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 250 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 24 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 18.4%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 114 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 19.02% ئاشتى. يېزا ـ بازار ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 221 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 1821 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 594. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 30 (مىللىي 20)؛ ئالتاي ۋىلايەتلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى خىزمەت پونكىتى بىر، ئوقۇغۇچىسى 371؛ مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 2 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ 9، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1080 (مىللىي 475)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 4381 (مىللىي 3257)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 6968 (مىللىي 5305)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 90. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1046 (مىللىي 682). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 سەھىيە ئاپپاراتى، 229 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 168)، دوختۇرخانىلاردا 198 كارىۋات بار.

2003 ـ يىلى بۇرچىن ناھىيىسى ئەۋەتكەن تەنھەرىكەتچىلەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 10 ـ نۆۋەتلىك ياشلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا 500 مېتىر، 1000 مېتىر، 1500 مېتىر، 3000 مېتىرلىق تېز مۇز تېيىلىشتا ئومۇمىي ماھارەت رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى ھەمدە 5 ئالتۇن مېدال ئالدى. يەنە 2 تەنھەرىكەتچى ئالتاي ۋىلايەتلىك چېلىشىش كوماندىسىغا ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك ياشلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا 75 كىلوگراملىقلار بويىچە 1 ـ، 63 كىلوگراملىقلار بويىچە 3 ـ بولدى.

2003 ـ يىلى بۇرچىن ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3033 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 46.66 يۈەنگە يەتتى.

2003 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 4199 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3199 ئىشچى ـ خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 6497 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## شىنجاڭدا تۇنجى قەدىمكى دەۋردىكى رەڭلىك تاش مېيىت ساندۇقى بايقالدى

شىنجاڭدا تۇنجى قەدىمكى دەۋردىكى رەڭلىك تاش مېيىت ساندۇقى 2003 ـ يىل 5 ـ ئايدا بايقالدى. بۇ مېيىت ساندۇقى بۇرچىن ناھىيە ئويماق يېزا ئاقجەر كەنتىگە قاراشلىق قوبا جىلغىسىدىن تېپىلدى. قەبرە شەرق تەرەپكە قىيپاش قېزىلغان. مېيىت ساندۇقى قولدا ئويۇلغان گرانىت تاختا بىلەن قورشىلىپ ئوقۇرسىمان قىلىپ ياسالغان، مېيىت ساندۇقىنىڭ ئاغزى يەر يۈزىدىن سەل تۆۋەن، تېگى تۇپراق قاتلىمىغا كۆمۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.56 مېتىر، كەڭلىكى 1.14 مېتىر، ئېگىزلىكى 1.32 مېتىر، تاش تاختىنىڭ قېلىنلىقى 0.12 ـ 0.13 مېتىر كېلىدۇ. مېيىت ساندۇقىنىڭ تۆت تەرىپىگە قىزىل مىنېرال بوياق بىلەن قىيسىق كاتەكچە نەقىش سىزىلغان، كاتەكچىنىڭ ئىچىگە يۇمىلاق چېكىت سىزىلغان، تۆت تەرىپىنىڭ رەڭگىنىڭ قېنىق، سۇزۇلۇقى بىردەك ئەمەس، غەرب، جەنۇب تەرىپىنىڭ رەڭگى خېلى ئوچۇق، شەرق تەرىپىنىڭ سەل تۇتۇق، شىمال تەرىپىنىڭ غۇۋا. مېيىت ساندۇقىنىڭ يىل دەۋرىنى يەنىمۇ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. مېيىت ساندۇقى بىلەن بىللە يەنە بىر زەيتۇنسىمان ساپال قاچا، ساپال چىراغ ۋە بىر تال خەنجەر تېپىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رەڭلىك تاشتىن ياسالغان مېيىت ساندۇقى قويۇلغان قەبرىنىڭ 3 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدا ناھايىتى ياخشى ساقلانغان تاش بىلەن قاشالانغان بىر تاش مېيىت ساندۇقى قەبرىسى ۋە تاش دۆۋىلەنگەن قەبرىدىن 3 ى، 2 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا مىكرولىت ۋە ئوستراكون خارابىلىكى بايقالدى.

## قاناس مەنزىرە رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇرچىن ناھىيىسى قاناسنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش ۋە ساياھەتچىلىكنى ئېچىشنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش پرىنسىپىدا ئۇدا چىڭ تۇرۇپ، بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىش ـ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش شەكلىنى قوللىنىپ، پائال مەبلەغ كىرگۈزۈپ قاناس مەنزىرە رايونىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. مەنزىرە رايونىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە تىجارەت خاراكتېرلىك مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. 2003 ـ يىلى قاناس مەنزىرە رايونىنىڭ قۇرۇلۇشىغا 390 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 130 مىليون يۈەن،

كۆتۈرۈلۈش مۇئەسسەسىگە سېلىنغىنى 260 مىليون يۈەن. جىيادىڭيۇدىن قۇم مەنزىرە رايونىغىچە، قاناستىن ئاق قاباغىچە بولغان يول قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى، چوڭقۇردىن جىيادىڭيۇغىچە ئوپتىكىلىق كابېل ياتقۇزۇلدى ۋە ئۆزگىرىشچان توك يەتكۈزۈش سىمى تارتىلدى، قاناس 2 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتكۈزۈلدى، جىيادىڭيۇ ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت رايونىنىڭ يول، ئالاقە، سۇ بىلەن تەمىنلەش، يۇندا چىقىرىۋېتىش، باشقۇرۇش مەركىزى قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى پۈتكۈزۈلدى؛ جىيادىڭيۇ ئۇنىۋېرسال كۆتۈرۈلۈش بازىسى 1-، 2-، 3 - رايونىنىڭ كۆتۈرۈلۈش مۇئەسسەسىلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى؛ مەنزىرە رايونى يولىنى سىستېمىلىق ئۆزگەرتىش، كۆل پىرىستانىنى ئۆزگەرتىش، مېھمان كۈتۈش بىناسىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى ۋە مەنزىرە رايونى ئەتراپىدىكى ئاز كەم 40 مىڭ كۋادرات مېتىر يەردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

★ 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى بۇرچىن ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىم خەلق قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى. مىللىي زىبۇزىننەت، قازاق كەشتىچىلىكى، سۆڭەك ئويمىچىلىقى قاتارلىقلار ئاساس قىلىنغان خەلق قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمىدىن 280 نەچچىسى كۆرگەزمە قىلىندى.

★ 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سائەت 18 دىن 30 مىنۇتلار ئۆتكەندە بۇرچىن ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆسۈن تاغلىق رايونىدا مۆلدۈر يېغىپ 30 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى، كەلكۈن سۈيىنىڭ ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 56 كۇب مېتىرغا، ئېقىش سۈرئىتى سېكۇنتىغا 4.5 مېتىرغا يەتتى، كەلكۈن سۈيى شىددەت بىلەن تۆۋەنگە قاراپ ئېقىپ، ئېرتىش دەرياسىدىكى چوڭ كۆۋرۈككە بىۋاسىتە قىستاپ كېلىپ، كۆۋرۈكنىڭ ئىككى يېنىدىكى دەريا دامبىسىنىڭ قىسمەن جايلىرىنى بۇزۇۋەتتى، كۆۋرۈكنىڭ ئىككى يېنىدىكى يول ئۇلىنى كەلكۈن بۇزۇۋەتكەنلىكتىن كۆۋرۈكنىڭ ئىككى يېنى بېسىپ چۈشتى. بۇ قېتىمقى كەلكۈن كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

★ 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 12 دە قاناس تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ يادرو بەلۋېغىدا ئېگىزلىكى تەخمىنەن بىر مېتىر كېلىدىغان بىر ئاق ئېيىق پەيدا بولدى. ئاق ئېيىق دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان بولۇپ، ئادەتتە ئېگىز سوغۇق بەلۋاغدا ياشايدۇ، ئەمما شىمالىي پاراللېل °48 لۇق يادرو بەلۋاغدا بۇ ئاق ئېيىقنىڭ پەيدا بولۇشى ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋال.

★ 8 - ئايدا بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ جادېڭيۇ رايونى دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن دۆلەت دەرىجىلىك ئورمان باغچىسى قىلىپ تەستىقلىنىپ، شىنجاڭدىكى دۆلەت دەرىجىلىك 6 - ئورمان باغچىسى بولۇپ قالدى. جادېڭيۇ كۆچەتخانىسىغا دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە كارانتىن ئوبيېكتى قىلىنمايدىغان كۆچەتخانا دېگەن نام بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن بۇ كۆچەتخانا شىنجاڭدىكى مۇشۇنداق شەرەپكە ئېرىشكەن 8 - كۆچەتخانا بولۇپ قالدى.

★ 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جۇڭگو فوتوگرافلار جەمئىيىتى قاناس مەنزىرە رايونىدىكى بۇرچىن ناھىيە قۇمقاناس يېزا قاناس كەنتىگە جۇڭگو فوتوگرافلار ئىجادىيەت بازىسى دەپ نام بەردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ مەنزىرە رايونى ئېلىمىز بويىچە مۇشۇنداق شەرەپكە ئېرىشكەن 8 - مەنزىرە رايونى بولۇپ قالدى.

★ 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئالتاي سۈتچىلىك ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى بۇرچىن قاناس سۈتچىلىك زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «قاناس» ماركىلىق قايماقلىق سۈت پاراشوكى يېشىل يېمەكلىك دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

★ 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قاناس مەنزىرە رايونى جۇڭگو بويىچە 3 - تۈركۈمدە دۆلەت دەرىجىلىك گېئولوگىيە باغچىسى قاتارىغا كىردى.

ۋاڭ جىڭجەن

# كۆكتوقاي ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۆكتوقاي ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۈي چېڭجى.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئوقاز تاپان (قازاق).

ھاكىم: سارقات ئاقان (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: رامزان ئىساق (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

كۆكتوقاي ناھىيىسى ئالتاي تېغىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 480 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 82 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 62 مىڭ

500) ، يېزا نوپۇسى 56 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 20.37‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 14.7‰. ناھىيە بويىچە 15 مىڭ 130 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 7370 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1684 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى قۇرۇقلۇق تېپىدىكى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ سوغۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 854 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 268 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 7.8%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 347 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 24.8%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 238 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 21.2% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 397 مىليون 114 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 12.79% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 102 مىليون 530 مىڭ 700 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 7 مىليون 459 مىڭ 900 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 276 مىليون 19 مىڭ 400 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 264 مىڭ 400 يۈەن، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 840 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 35 مىڭ 636 تونna ئاشلىق، 1856 توننا ياغلىق دان، 20 توننا مېۋە - چېۋە، 1856 توننا ئاپتاپپەرەس، 4647 توننا كۆكتات، 18 مىڭ 959 توننا ياڭيۇ ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 740 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 14 مىڭ 862.8 توننا گۆش، 1177 توننا يۇڭ، 21 مىڭ 790 توننا سۈت، 377 توننا تۇخۇم، 42 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2249 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 324 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 71 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 37 مىڭ 761 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 422 مىليون 246 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 21.28%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 164 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 23.34% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 623 مىڭ 615 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 20 مىڭ 500 توننا ئۇن، 214.6 توننا ئاق هاراق، 49 مىڭ 700 توننا سېمونت، 14 مىليون 600 مىڭ دانە خىش، 3702 توننا نوكچە ئاليۇمىن، 105 مىليون 583 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 16 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 13 مىڭ 174 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 332 مىليون 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 212 مىليون 60 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 51 مىليون 230 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 6320 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 5222 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 7568 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 641 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 218 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 197 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 11 مىليون 273 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 38 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 37.07%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 133 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.38% ئاشتى. بازار-يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 277 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 830 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە 2619 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 776. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 1191 (مىللىي 727)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 5918 (مىللىي 4829)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 9958 (مىللىي 8181)؛ بالىلار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 777. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1643 (مىللىي 1222). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 710 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98.63% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95.27% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 تىببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى، 274 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 200)، دوختۇرخانىلاردا 186 كارىۋات بار.

2003 - يىلى كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2783 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 24 يۈەنگە يەتتى.

# ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ جەڭگىۋارلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرەيلى

ج ك پ كۆكتوقاي ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۈي چېڭجى



2003 - يىلى كۆكتوقاي ناھىيىسى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش تەلىپىگە ئاساسەن، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ تۇرلۇك ئىشلىرىنىڭ ئۇدا، ساغلام، تېز تەرەققىي قىلىشىدەك ياخشى ۋەزىيەتنى بەرپا قىلدى.

1. ناھىيىنىڭ ئىقتىسادى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى. 2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 855 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %25.4 ئېشىپ، ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. 3 قېتىملىق مەھسۇلاتنىڭ نىسبىتى تېخىمۇ تەڭشىلىپ ۋە ئەلالاشتۇرۇلۇپ 25 : 43 : 32 قىلىندى، 2 -، 3 - كەسىپتە تېز ئېشىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى، 2 - كەسىپتە ئۇدا 3 يىل %20 تىن يۇقىرى ئېشىش سۈرئىتى ساقلاپ قېلىندى. ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى تۇنجى قېتىم 10 مىڭ يۈەنلىك ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ %35 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

2. ناھىيە، يېزا مالىيىسى ماس قەدەمدە ئاشتى. 2003- يىلى ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە كىرىمى 38 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %37.06 ئاشتى، ئېشىش سۈرئىتى ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ، 3 يىلدا بىر قاتلاش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. يېزا دەرىجىلىك مالىيە ئۇدا 4 يىل %50 تىن يۇقىرى سۈرئەتتە ئاشتى، 2003- يىلى 2 مىليون 870 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىنىپ، 4 يىلدا 2 قاتلاش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

3. خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. 2003 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3164

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 4648 ئىشچى- خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3212 ئىشچى- خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 7109 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## مىڭ كادىر كەنتلەرگە ماكانلىشىپ ئائىلىلەردە «يېڭى ئۈچ ئىشتا بىللە بولۇش پائالىيىتى» بىلەن شۇغۇللاندى

2003 - يىلى كۆكتوقاي ناھىيىسىدە مىڭ كادىر كەنتلەرگە ماكانلىشىپ ئائىلىلەردە «يېڭى ئۈچ ئىشتا بىللە بولۇش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىيىتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت.

«يېڭى ئۈچ ئىشتا بىللە بولۇش» - دېھقان، چارۋىچىلار بىلەن بىللە ئۆگىنىش، بىللە ئەمگەك قىلىش، بىللە بازار ئايلىنىشتىن ئىبارەت. بىللە ئۆگىنىش دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش، سىياسەت - قانۇن ئۆگىنىش، بازار ئىگىلىكىگە دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىش، پەن - تېخنىكا ئۆگىنىش، مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىشنى كۆرسىتىدۇ؛ بىللە ئەمگەك قىلىش دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتنىشىپ، ئۇلارغا ياخشى ئىش، ئەمەلىي

يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 382 يۈەن ساپ ئېشىپ، ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدىن 6 سى يولغا قويۇلۇپ، 414 ئائىلىدىكى 2138 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلدى. ئىش ئورنىغا چىقىش بويىچە تەربىيىلەشتىن كېيىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىسبىتى 75% تىن ئاشتى، 2979 كىشى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يېزىلاردىكى 2055 ئارتۇق ئەمگەك كۈچى يۆتكەلدى. بازارلاشتۇرۇش تەرەققىياتى تېزلەشتى، بازار نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى 36% كە يەتتى.

4. ئىجتىمائىي ئىشلار ماس تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. مەملىكەتلىك «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» تىكى نەمۇنە ناھىيىلەرنىڭ ئۇدا 2 قېتىم چېمپىيون بولۇشىنى، مەملىكەت بويىچە پەن ـ تېخنىكىدا ئىلغار ناھىيىلەرنىڭ ئۇدا 3 قېتىم چېمپىيون بولۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا ناھىيە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. مەملىكەت بويىچە پاكىزە ناھىيە ـ شەھەر بەرپا قىلىش دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. «ئىككى ئاساسەن» مائارىپى مۇددەتتىن 2 يىل بۇرۇن ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا لاياقەتلىك بولدى. چارۋىلارنى ھەمكارلىشىپ يۇقۇمدىن ساقلاش سىستېمىسى ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلىنىپ، يېڭى مۇلازىمەت تورى قۇرۇلدى. 30 مىڭ كىشىلىك يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمى جەھەتتە شىنجاڭ بويىچە مۇستەقىل ئەندىزە بەرپا قىلىشتا باشلامچى بولۇش يولغا قويۇلۇپ، سەھىيە سىستېمىسىدىكى ئىسلاھاتقا يېتەكچىلىك قىلىنىپ، يېڭى مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىندى.

2004 ـ يىلى كۆكتوقاي ناھىيىسى «بەشنى بىر تۇتاش پىلانلاش» ۋە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش تەلىپىگە ئاساسەن، تۈرلۈك ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سىرتقا ئىشىكنى كەڭ ئېچىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى

ئۆزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، سانائەت، كانچىلىقتا باشلامچى بولۇپ يۈكسىلىش ھاسىل قىلىندى، ھالقىما تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلدى ھەمدە سانائەت، كانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق 2 ـ كەسىپنىڭ ئەندىزىسىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ چوڭ دائىرىدە قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى مۇۋاپىق كۆلەملەشتۈرۈش ۋە تىجارەتنى كەسىپلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇنۇپ، سانائەتلەشتۈرۈش، بازارلاشتۇرۇش جەريانى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

2004 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 320 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 50% ئاشتى. 10 ـ بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە بارغاندا ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، يىلىغا 23.6% ئاشۇرۇلىدۇ؛ 2007 ـ يىلغا بارغاندا ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، ئىككى قاتلاش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، يىلىغا 21.22% ئاشۇرۇلىدۇ؛ 2010 ـ يىلغا بارغاندا 3 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈلىدۇ؛ 2020 ـ يىلغا بارغاندا 2010 ـ يىلدىكى مەھسۇلات قىممىتى ئاساسىدا يەنە بىر قاتلىنىپ، 6 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 8 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈش تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلىدۇ؛ مالىيە كىرىمى 154 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلىدۇ. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەپ ئەلالاشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئاساسىدا، چارۋا، قىزىلما بايلىقتىن ئىبارەت 2 چوڭ تۈۋرۈك كەسىپ تېز تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ساياھەتچىلىك، سۇ ئېنېرگىيە كەسپىدە يۈكسىلىش خاراكتېرلىك تەرەققىيات قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئۇل مۇئەسسەسەلەر بىر قەدەر مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى خېلى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

---

ئىش قىلىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ؛ بىللە بازار ئايلىنىش يېزا كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە ياردەم بېرىپ، دېھقان، چارۋىچىلار بىلەن بىرلىكتە ئۆي ـ يېمەكنى بىرلەشتۈرۈپ، بېيىش يولىنى توغرا تېپىپ، مۇلازىمەتنى ياخشىلاپ، بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ناھىيىلىك پارتكوم كادىرلارنى تۆركۈم بويىچە كەنتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش چارىسىنى قوللىنىپ، ھەر بىر كەنتتە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، يازدىكى ئالدىراشلىق، كۈزلۈك يىغىم، قىشتىكى بوش ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە كادىرلار بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، كادىرلارنىڭ ئايىغىنى ئۈزۈپ قويماسلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى، كادىرلارنىڭ دېھقان، چارۋىچىلار بىلەن بىللە تاماق يېيىشىنى، بىللە يېتىپ ـ قوپۇشىنى قاتتىق چەكلىدى، كادىرلار ئۆزلىرى يۈك ـ تاق ئېلىپ باردى، ئۆزلىرى تاماق ئېتىپ يېدى، ئۇلار كەنت مەدەنىيەت ئۆيى ياكى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى قاتارلىق غەيرىي دېھقان ئائىلىلىرىدە تۇردى.

★ 2003 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ 439 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا 7.9 بال يەر تەۋرىدى، ئىقتىسادىي زىيان 61 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

★ 2003 ـ يىلى كۆكتوقاي ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە قىزىلبايراقدار پاكىزە ناھىيە بازىرى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ 2003 ـ يىلى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا باج

ئىسلاھ قىلىنىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ 2 مىليون 970 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك يۈكى يېنىكلىتىلدى.

★ 2003 - يىلى كۆكتوقاي ناھىيىسى مەۋقەنى قېزىلما بايلىق ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، قاراتۇڭكى رەڭلىك مېتال سانائىتى باغچا رايونى، كۆكتوقايدىكى گاز ئۆچرايدىغان مېتال سانائىتى باغچا رايونى، مىڭكۇ قارا مېتال سانائىتى باغچا رايونى، ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى سانائەت باغچا رايونى، قاماستى غەربىي مېتال سانائىتى باغچا رايونى ۋە سۇمۇرزۇغ چاكۇرتۇ تاش ماتېرىيال سانائىتى باغچا رايونىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك تېزلىتىپ، كانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى سۈپىتىنى پائال بەرپا قىلدى.

جاۋ خۇڭخەي

## بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇ جىدۇڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ياڭ جېنخەي (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بازاب قۇمار (قازاق).

ھاكىم: مۇراتبېك نۇرغالى (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئىسلامقان ئابلاق (قازاق).

### ئاساسىي ئەھۋالى

بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، ئالتاي بايلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 637 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 94 مىڭ 414 (ناھىيىگە تەۋە نوپۇس 62 مىڭ 200، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 30 مىڭ 973)، يېزا نوپۇسى 31 مىڭ 472 (ناھىيىگە تەۋە)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.9‰ (ناھىيىگە تەۋە)، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.68‰ (ناھىيىگە تەۋە). ناھىيە بويىچە 21 مىڭ 350 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 2273.3 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 11 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 803 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 30 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 10.27% ؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 242 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 28.48% ؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 256 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7.59% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 387 مىليون 150 مىڭ يۈەن (ناھىيىگە تەۋە) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 123 مىليون 830 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 21 مىليون 520 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 190 مىليون 390 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 20 مىليون 830 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 19 مىڭ 151 توننا ئاشلىق، 6658 توننا ياغلىق دان، 23 مىڭ 350 توننا قىزىلچا، 95 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 483 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 9637.4 توننا گۆش، 1029 توننا يۇڭ، 205 مىڭ 800 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 5077 توننا سۈت، 537 توننا تۇخۇم، 3120 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3289 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 400 مىليون 980 مىڭ يۈەن (ناھىيىگە تەۋە) گە، ياراتقان ساپ پايدىسى 20 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 52 مىڭ 160 كىلوۋاتقا يەتتى.

ناھىيىگە تەۋە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 137 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 6.98%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 37 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.98% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 112 مىليون 100 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 28 مىڭ 100 توننا سېمونت، 2085 توننا تۇز، 11 مىليون 700 مىڭ دانە خىش، 16 مىڭ 140 توننا شېكەر ئىشلەپچىقىرىلدى، 199 مىڭ 800 كىلوجوئۇل ئىسسىقلىق بىلەن، 510 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى. بىناكارلىق كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 23 مىليون 400 مىڭ يۈەن (ناھىيىگە تەۋە) گە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 37 مىڭ 954 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 22 مىڭ 790 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 123 مىليون 110 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (ناھىيىگە تەۋە)، بۇنىڭ ئىچىدە

ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 92 مىليون 110 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 2 مىليون 70 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 6210 غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 3526 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 6724 كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 1305 كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 239 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 40 مىڭ دوللارغا يەتتى (ھەممىسى ئىمپورت قىلىنغىنى). 65 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 9 مىليون 750 مىڭ كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 36 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %13.28؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 125 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.19 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 262 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 8 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 236 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

بۈرۈلتوقاي ناھىيىسىدە 2332 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 554. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 399 (مىللىي 90)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 952 (مىللىي 422)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 3857 (مىللىي 1830)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 3309 (مىللىي 1992)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 190. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1065 (مىللىي 561). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95.5 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %89.95 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 12 سەھىيە ئاپپاراتى، 325 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 190)، دوختۇرخانىلاردا 171 كارىۋات بار.

2003 - يىلى مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدا بىر كىشى 1500 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە 4 - لىككە ئېرىشتى. 5 - نۆۋەتلىك شەھەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا بىر كىشى 1500 مېتىر يۈگۈرۈشتە مىس مېدال ئالدى. مەملىكەتلىك ئەركىن چېلىشىش مۇسابىقىسىدا بىر كىشى 74 كىلوگراملىقلار بويىچە مىس مېدال ئالدى.

2003 - يىلى بۈرۈلتوقاي ناھىيىسىدىكى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6699.72 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5522.76 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3056 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 1543.32 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 3646 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3333 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 780 كىشى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 5742 كىشى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## بەش ئائىلىنى بىرلىك قىلىپ قەرز پۇل تارقىتىش يولغا قويۇلدى

بۈرۈلتوقاي ناھىيىسىدە بىر بازار، 5 يېزا بولۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ نوپۇسى %80 نى ئىگىلەيدۇ. بۈرۈلتوقاي ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىقتىسادىدا ئاساسلىق چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىققا تايىنىلىدۇ.

ئۇزۇندىن بۇيان، بۈرۈلتوقاي ناھىيىسىنىڭ قەرز پۇل بېرىش مەسىلىسىدە ئىككى قىيىن مەسىلە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنىدى، يەنى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قەرز پۇل ئېلىشى ۋە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ قەرز پۇل تارقىتىشى قىيىن بولدى. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاستا بولغانلىقى، دېھقان، چارۋىچىلار كىرىمىنىڭ تۆۋەن بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى كىشىلەر تازا ئىشەنچلىك بولمىغانلىقى، پەقەت قەرز ئېلىپ قايتۇرماسلىق ياكى كۆپ قەرز ئېلىپ ئاز قايتۇرغانلىقى ئۈچۈن، بازار قانۇنىيىتى بويىچە ئايلىنىدىغان يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ ئۇنۇمى تۆۋەنلەپ كېتىپ، قەرز تارقىتىش قىيىنلاشتى.

2002 - يىلى بۈرۈلتوقاي ناھىيىلىك ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى زامانىۋى چارۋىچىلىق قەدىمىنى تېزلىتىش، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش نىشانىنى چۆرىدەپ، بەش ئائىلىنى بىرلىك قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنى نوپۇزى يۇقىرى، ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك بەش دېھقان، چارۋىچى ئائىلىسىنى بىر بىرلىك قىلىپ، قەرز پۇل بېرىش كەسپىنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەتتە قەرز ئېلىپ قايتۇرمايدىغان، نوپۇزى تۆۋەن دېھقان ئائىلىلىرى «قارشى ئېلىنمايدىغان كىشى» گە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ناھىيىلىك، يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئالاقىسى كۈچەيتىلىپ، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئارخىپى پائال تۇرغۇزۇلدى. ھەمدە ئۇز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىشەنچلىك يېزا، كەنت ئائىلىلەر بېكىتىلىپ، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش قەرز پۇلى جانلىق ئىشلىتىلدى. دېھقانلار قايسى ۋاقىتتا

پۇلغا ئېھتىياجلىق بولسا شۇ ۋاقىتتا قەرز پۇل بېرىلدى. قەرز قايتۇرۇش ۋاقتىمۇ بۇرۇنقى بىر يىلدىن 3 يىلدىن 5 يىلغىچە ئۇزارتىلدى. بۇرۇنقى ھەر ئائىلىگە پەقەت 3000 يۈەندىن 5000 يۈەنگىچىلا قەرز پۇل بېرىش ئەھۋالى ئۆزگەرتىلىپ، ھەر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر قېتىمدا 10 مىڭ يۈەن، ئەڭ كۆپ بولغاندا 150 مىڭ يۈەن قەرز بېرىلىدىغان بولدى.

2003 - يىلى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدە تارقىتىلغان قەرز پۇل 61 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 5 ئائىلە بىرلىك قىلىنىپ تارقىتىلغان قەرز پۇل ئومۇمىي قەرز پۇلنىڭ %88.6 نى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قەرز پۇلىنىڭ %90 نى ئىگىلىدى.

★ 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قاراقۇيۇن سۇ ئامبىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىپ پۇختىلاش قۇرۇلۇشىغا شىنجاڭ سۇچىلىق-سۇ ئېلېكتىر قۇرۇلۇش ئىدارىسى بىلەن «جاڭخې» قۇرۇلۇش قىلىش باش ئەترىتى خېرىدار بولدى. بۇ قېتىمقى سۇ ئامبىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىپ پۇختىلاش قۇرۇلۇشىغا 30 مىليون 648 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئاجراتقىنى 21 مىليون 453 مىڭ 700 يۈەن، ۋىلايەت، ناھىيە ئۆزى توپلىغىنى 9 مىليون 194 مىڭ 500 يۈەن). قۇرۇلۇش تاماملانغاندىن كېيىن، سۇ ئامبىرىدا ساقلىنىدىغان سۇ 59 مىليون كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈلۈپ لايىھەدىكى ئامبار سىغىمچانلىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ، سۇغىرىش رايونىدىكى تېرىلغۇ كۆلىمى 6666.67 گېكتارغا يەتكۈزۈلىدۇ، بۇنىڭدىن 17 مەمۇرىي كەنتتىكى 5300 نەچچە دېھقان، چارۋىچى مەنپەئەتلىنىدۇ.

★ 10 - ئايدا بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدىكى تەبىئىي ئوتلاقنى قاشالاش تور قۇرۇلۇشى 2 يىلدا تولۇق تاماملاندى، تور قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 26 مىڭ 400 گېكتار. بۇ قۇرۇلۇشقا مەركەزنىڭ خام چوت ئىچىدىكى مەخسۇس تور فوندىدىن ئاجرىتىلغىنى 10 مىليون يۈەن، يەرلىكنىڭ سەپلىگىنى 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن.

سەي يۈڭجۈەن

# قابا ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قابا ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جىنيۇ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: كېرىموڭ نۇرغالى (قازاق).

ھاكىم: قابدۇل ماكسۇن (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: نۇغمار سانسىزباي (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

قابا ناھىيىسى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 673 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 76 مىڭ، يېزا نوپۇسى 53 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.1، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.6. ناھىيە بويىچە 18 مىڭ 550 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 10 مىڭ 530 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 6480 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق سوغۇق كىلىماتقا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 454 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 199 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %8.9؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 136 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %41.9؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 119 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.7 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 289 مىليون 745 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %10 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 134 مىليون 99 مىڭ 800 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 17 مىليون 916 مىڭ 700 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 129 مىليون 663 مىڭ 500 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 288 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 46 مىڭ 439 توننا ئاشلىق، 4678 توننا ياغلىق دان، 18 مىڭ 846 توننا ماش-پۇرچاق ئېلىندى، يىل ئاخىرىدا قولدا 458 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 11 مىڭ 196 توننا گۆش، 730 توننا يۇڭ، 13 مىڭ 449 توننا سۈت، 338 توننا تۇخۇم، 50 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3733 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 125 مىليون 335 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %9.07، سانائەت

قوشۇلما قىممىتى 46 مىليون 874 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 14 مىڭ توننا سېمونت، 316.22 كىلوگرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 32 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 48 مىڭ 591 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 19 مىڭ 430 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 318 مىليون 630 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 306 مىليون 220 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 6 مىليون 340 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 4600 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 2500 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 310 غا يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 131 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 42 مىڭ 100 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 5 مىليون 52 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 19 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %12.18؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 121 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.32 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 190 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 10 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 810 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە 2581 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 680. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1294 (مىللىي 804)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 6، ئوقۇغۇچىسى 4844 (مىللىي 3455)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 44، ئوقۇغۇچىسى 8174 (مىللىي 5852)؛ باللار باغچىسى 11، باغچىدىكى باللا 1668. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1408 (مىللىي 993). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 4 مىليون 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %86 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 سەھىيە ئاپپاراتى، 388 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 301)، دوختۇرخانىلاردا 156 كارىۋات بار.

ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا قابا ناھىيىسىنىڭ ئىشتىن سىرتقى بوكسيورلۇق كوماندىسى بىر تۈردە 1 -، 3 تۈردە 2 -، 6 تۈردە 3 - بولدى.

2003 - يىلى قابا ناھىيىسىدىكى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 5622.87 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4084.68 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3039 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 216 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 5920 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2908 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 6360 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## ئاشىلى مىس كېنى

ئاشىلى مىس كېنى قابا ناھىيىسىگە جايلاشقان، ئۇ دۆلەتنىڭ 7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شىنجاڭ گېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان كان بولۇپ، زېجىشەن مىس كېنى بىلەن تەڭ دۆلەت ئىچىدىكى داڭلىق ئالاھىدە چوڭ مىس كېنى بولۇپ قالدى.

كان ياتقىسى بايلىقى شارائىتى ئەۋزەل بولۇپ، ناھايىتى ياخشى ئېچىش ئىستىقبالىغا ئىگە. ئاشىلى مىس كېنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا 548 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رۇدا زاپىسى 38 مىليون توننىغا، مىس زاپىسى 1 مىليون 100 مىڭ توننىغا، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان مىس سانائىتى زاپىسى 919 مىڭ 454 توننىغا، ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە دەرىجىسى %2.5 كە يېتىدۇ، بىللە ھاسىل بولغان ئالتۇن، كۈمۈش، سىنىك قاتارلىقلارنىڭ ئىچىدە، سىنىكنىڭ مىقدارى تەخمىنەن 410 مىڭ توننىغا يېتىدۇ.

ئاشىلى مىس كېنى ئىچىدە زاپىسى ئەڭ چوڭ 1 - نومۇرلۇق كاللەك رۇدا يۈنىلىشىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 800 نەچچە مېتىر، يانتۇ چوڭقۇرلۇقى 700 مېتىر، شەرق تەرەپتىكى قاناتنىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 36 مېتىر، غەرب تەرەپتىكى قاناتنىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 20 مېتىر كېلىدۇ، كاللەك رۇدا كۆپ قاتلاملىق مىنېراللاردىن تەركىب تاپقان، ئاساسلىق مېتاللاردىن پىرىت، مېرىق مىس رۇدىسى، تېتراگىدرىت، سفالېرىت، گالېنىت، خالكوتسىت، بورنىت قاتارلىقلار، ئاساسلىق قالدۇق رۇدىلاردىن كۋارتس، سېرىتسىت قاتارلىقلار بار، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان مىسنىڭ B + C + D دەرىجىلىكىنىڭ مىقدارى 919 مىڭ توننىغا، ئوتتۇرىچە دەرىجىسى %2.43 كە، بىللە ھاسىل بولغان سىنكنىڭ مىقدارى 408 مىڭ توننىغا، ئوتتۇرىچە دەرىجىسى %1.08 كە، بىللە ھاسىل بولغان ئالتۇن 18 توننىغا، ئوتتۇرىچە دەرىجىسى %0.48 كە، كۈمۈش 1174 توننىغا، ئوتتۇرىچە

دەرىجىسى 31.08 گرام/توننىغا يېتىدۇ.

2003 - يىلى ئاشلىق مىس كېنىغا 280 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 11 - ئايدا تاماملانغان سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 7000 مېتىردىن ئاشىدۇ. قۇدۇق تۈرى قۇرۇلۇشى قىش پەسلىدە ئىش باشلاش باسقۇچىغا كىردى، يەر ئۈستى قۇرۇلۇشىنىڭ چالىسى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتۈرۈلدى. ئومۇمىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پىلان بويىچە تاماملاندى، قىسمەن قۇرۇلۇشلار پىلاندىن ئاشۇرۇپ تاماملاندى، ماشىنا ئېلېكتر قۇرۇلۇشى ئۆي ئىچىدە قۇراشتۇرۇش باسقۇچىغا كىردى.

★ 3 - ئايدا جايلىما يېزىسىدىكى 5 دېھقان پاي تۈزۈمىدىكى «شىنكۇي» يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇپ، قابا ناھىيىسىدىكى دېھقانلارنىڭ بىرلىكتە شىركەت قۇرۇشىنىڭ باشلامچىسى بولدى.

★ 3 - ئايدا قابا ناھىيىسىگە مەملىكەتلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى تەرىپىدىن دۆلەت دەرىجىلىك پاكىزە ناھىيە بازىرى دېگەن نام بېرىلدى.

★ 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك خۇسۇسىي كارخانا ۋە مەھسۇلات يەرمەنكىسىنىڭ كېلىشىم ئىمزالاش مۇراسىمىدا، قابا ناھىيىسى بىلەن جۇڭگو مېتاللورگىيە گېئولوگىيە تەكشۈرۈش قۇرۇلۇش باش ئىدارىسى شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرۈتى 2 تۈرلۈك توختام ئىمزالىدى، توختام سوممىسى 21 مىليون يۈەن.

★ 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كانادا تىنچ ئوكيانى ئايلىنىش بايلىق چەكلىك شىركىتى بىلەن قابا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قابا ناھىيىسى دولانساي رايونىنىڭ 21 كۋادرات كىلومېتىرلىق قىسمىنى تەكشۈرۈپ ئېچىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى ھەمدە داۋاملىق تەكشۈرۈشكە 17 مىليون 100 مىڭ دوللار مەبلەغ سالماقچى بولدى.

★ 2003 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە قابا ناھىيىسى سودىگەر چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىش توختامىدىن 8 نى ئىمزالىدى، توختام سوممىسى 710 مىليون يۈەنگە يەتتى.

★ 10 - ئاينىڭ ئاخىرى ئاشلىق مىس كېنى سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي لىنىيىسى تۇتاشتۇرۇلدى. سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 7000 مېتىردىن ئاشىدۇ، تۈز خالىڭ يولى قۇرۇلۇشى 5671.6 مېتىر بولۇپ، سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ %81 نى ئىگىلەيدۇ. سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

جاڭ دۇڭلىيەن

# چىڭگىل ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چىڭگىل ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ يۇچىڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇرمانبېك نايمانبېك (قازاق).

ھاكىم: بايموڭغۇل رىيىسقان (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئوڭغاربېك قاشلەن (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

چىڭگىل ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىگە، ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 530 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 55 مىڭ 100 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 45 مىڭ 814)، يېزا نوپۇسى 44 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰45.15، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12.36. ناھىيە بويىچە 11 مىڭ 60 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 4453 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 6041 گېكتار يەرگە يەم - خەشەك، 293 گېكتار يەرگە كۆكتات، 273 گېكتار يەرگە باشقا ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى سوغۇق قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 311 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 126 مىليون 120 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %0.64 تۆۋەنلىدى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 62 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %21.24؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 122 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %23.19 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 171 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %10.26 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 50 مىليون 310 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 6

مىليون 630 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 107 مىليون 880 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 120 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 21 مىڭ 422 توننا ئاشلىق، 225 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 399 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 6675 توننا گۆش، 404 توننا يۇڭ، 3860 توننا سۈت، 41 توننا تۇخۇم، 17 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2506 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 167 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان ساپ پايدىسى 14 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 28 مىڭ 538 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 64 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 10.1% ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 12 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.73% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 16 مىڭ توننا كۆمۈر، 7000 توننا كوكس، 62 مىڭ 86 توننا تاش تاختا ماتېرىيال، 10 مىليون 460 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 41.5 كىلوگرام ئالتۇن، 3200 توننا بۇغداي ئۇنى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 17 مىڭ 888 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 14 مىڭ 34 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 160 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 122 مىليون 200 مىڭ يۈەن، خۇسۇسىي، يەككىلەر سالغىنى 20 مىليون 760 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 6426 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 1919 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 5370 كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 220 گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 86 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 46 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 24 مىليون 670 مىڭ يۈەن، ئىمپورت سوممىسى 21 مىليون 770 مىڭ يۈەن. 20 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 9 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 6 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن 10.15%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 94 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 8.15% ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى

قالدۇقى 85 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 7 مىليون 477 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 694 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە 1747 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 569. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 915 (مىللىي 619)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 4583 (مىللىي 3886)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 6886 (مىللىي 6030)، باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 360. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1234 (مىللىي 742). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 790 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95% كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 سەھىيە ئاپپاراتى، 323 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 218)، دوختۇرخانىلاردا 160 كارىۋات بار.

2003 - يىلى چىڭگىل ناھىيىسىدىكى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 3570 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال خاراكتېرلىك چىقىمى 3161 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2480 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال خاراكتېرلىك چىقىمى 2025 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 260 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 3020 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2102 ئىشچى- خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 4975 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 11 - ئايدا جۇڭگو ئۆزگىچە يېزىلارنى باھالاش كومىتېتىنىڭ ئۇنۋېرسال باھالىشى ئارقىلىق، چىڭگىل ناھىيىسىگە جۇڭگودىكى ھىڭ موگۇسى ماكانى ۋە جۇڭگودىكى تىۋىتلىك ئۈچكە ماكانى دەپ نام بېرىلدى.

★ 11 - ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتى، يېزا ئىگىلىك مۇھىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش پونكىتى چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ 4133 گېكتار تېرىلغۇ يېرى (ئاساسلىق بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش بازىسى) دىكى زىيانسىز دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنىڭ مۇھىت سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ سىناق قىلغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق نازارىتى چىڭگىل ناھىيىسىگە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى زىيانسىز دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىسى گېتىراپنامىسى بەردى،

ئىناۋەتلىك ۋاقتى 3 يىل.

★ 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گۇرۇھ شىركىتىنىڭ 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان سارتوقاي يېزىسىدىكى جۇڭگو نېفىت «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپى پۈتتى، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 770 كۋادرات مېتىر.

شۆ شياڭرۇي

# جېمىنەي ناھىيىسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جېمىنەي ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋۇ خەيبۇ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇقاماتقان ئاقتاي (قازاق).

ھاكىم: پولات بېكدۇللا (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جۇمان ئەبىلمەجىن (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

جېمىنەي ناھىيىسى ساۋۇر تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 628 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 34 مىڭ 264 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 23 مىڭ 295)، يېزا نوپۇسى 19 مىڭ 307؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰14.12، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰96.8. ناھىيە بويىچە 16 مىڭ 5.44 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 1775 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 2685 گېكتار يەرگە ياغلىق دان، 3859 گېكتار يەرگە باشقا ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى سوغۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى جېمىنەي ناھىيىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 190 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 71 مىليون 940 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 45 مىليون 570 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 72 مىليون 940 مىڭ يۈەن.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 121 مىليون 913 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %1 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 45 مىليون 267 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 3 مىليون 496 مىڭ 900 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 68 مىليون 473 مىڭ 800 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 163 مىڭ 500 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 8418 توننا ئاشلىق، 5743 توننا ياغلىق دان، 46 توننا كۆكتات، 26 توننا قارا گازىر ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 282 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 3682 توننا گۆش، 360 توننا يۇڭ، 136 مىڭ 600 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 2781 توننا سۈت، 179 توننا تۇخۇم ئېلىندى، 23 توننا بېلىق تۇتۇلدى. 4464 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 87 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، باراتقان ساپ پايدىسى 3 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 14 مىڭ 670 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 41 مىليون 189 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %3.0، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 12 مىليون 432 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.10 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 12 مىليون 10 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 50 مىڭ 409 توننا (نوخاي كۆمۈر كېنىنىڭ كۆمۈرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 30 مىڭ 200 توننا سېمونت، 4 مىليون 900 مىڭ دانە خىش، 350 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 25 توننا ئاق ھاراق، 2500 توننا ئوتۇن، 2.101 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 109 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 23 مىڭ 89.627 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 21 مىڭ 78.664 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 109 مىليون 110 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 83 مىليون 690 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 950 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 4700 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 2000 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 5150 كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 110 غا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 71 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 629 مىڭ دوللارغا يەتتى. 13 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 6 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 -

يىلدىكىدىن %11؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 88 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %73.3 ئاشتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 74 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 648 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە 1890 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 515. مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 2 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 2125 (مىللىي 1081)؛ مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ 7 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 4، مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 1332 (مىللىي 578)؛ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئارىلاش مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 2650 (مىللىي 2545)؛ باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى باللا 376. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 802 (مىللىي 584). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %95 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 سەھىيە ئاپپاراتى، 210 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 165)، دوختۇرخانىلاردا 85 كارىۋات بار.

2003 - يىلى جېمىنەي ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2186 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9577 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 3111 ئىشچى-خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1667 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 4718 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئۆلكە يولى 229 - لىنىيىسىنىڭ جېمىنەيدىن قۇۋرايتىغىچە بولغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ 3 توختام بۆلىكىدە ئارقا-ئارقىدىن ئىش باشلاندى. بۇ 3 - دەرىجىلىك تاشيول بولۇپ، قۇرۇلۇش مۇساپىسى 84.7 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭغا 71 مىليون 490 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش مۇددىتى 16 ئاي.

★ 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جېمىنەي ناھىيىسى بىلەن قازاقىستاننىڭ شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستى ئىككى تەرەپ جېمىنەي پورتى بىلەن مايقاپچىغاي پورتىدا سودا بازىرى قۇرۇش، ۋىزىنى كەچۈرۈم قىلىش، سودىدا ھەمكارلىشىش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئىش تۈرلىرى ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

ۋاڭ لىڭا

# شىخەنزە شەھىرى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شىخەنزە شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ما رۇڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، سۇڭ جىگو (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سۇڭ جىگو.

شەھەر باشلىقى: سۇڭ جىگو (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، يۇ جىجى (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرسۇنبېك كەنجىبېك (قازاق).

## ئاساسىي ئەھۋالى

شىخەنزە شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ماناس دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 150 كىلومېتىر، تۆمۈر يول مۇساپىسى 145 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2003 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق ئىش باشقارمىسى 5، بازار بىر، يېزا بىر. شەھەر رايونىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 309 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 22 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى 58 مىڭ 500؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰7.5، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰4.3.

ناھىيە بويىچە 32 مىڭ 700 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 3300 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 17 مىڭ 800 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

2003 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 مىليارد 834 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 459 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %2.98؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 558 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.5؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 817 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.7 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 717 مىليون يۈەن بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %6.2 تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق

مەھسۇلات قىممىتى 569 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 8 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 110 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 11 مىليون يۈەن، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ 19 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 22 مىڭ توننا ئاشلىق، 27 مىڭ 300 توننا پاختا، 1214 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 91 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 6766 توننا گۆش، 9443 توننا سۈت، 2053 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 680 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 261 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە، پاراتقان ساپ پايدىسى 117 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 84 مىڭ 112 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 637 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 14.9%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 132 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.5% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 484 مىڭ توننا كۆمۈر، 1 مىليارد 70 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 39 مىڭ توننا يىپ، 42 مىليون 510 مىڭ توننا رەخت، 2615 توننا تېتىتقۇ، 41 مىڭ توننا پەمدۇر قىيامى، 5899 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 64 مىڭ توننا سۇ يېغى، 71 مىڭ توننا بۇغداي ئۇنى، 24 مىڭ توننا يەم - خەشەك، 46 مىڭ توننا سۇلياۋ ياسالما، 230 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 380 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 357 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 940 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 266 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 104 مىليون يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 99 مىليون 200 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا شەھەردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 145 مىڭ 500 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 84 مىڭ 800 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 151 مىڭ 600 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 22 مىڭ 100 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 238 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 125 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 27 مىليون 960 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 96 مىليون 760 مىڭ دوللار. يەرلىك مالىيە كىرىمى 310 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 24.4%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 401 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 28.6% ئاشتى. 1 مىليون 62 مىڭ 400 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 99 مىليون 797 مىڭ 200 يۈەن كىرىم قىلىندى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 7 مىليارد 305 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 260 مىليون يۈەنگە يەتتى، 68 مىليون يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

شەھەر بويىچە 18 مىڭ 600 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 8045. يىل ئاخىرىدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 400؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 6، ئوقۇغۇچىسى 4546؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 600؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 24 مىڭ 400؛ بالىلار باغچىسى 27، باغچىدىكى بالا 10 مىڭ 100؛ چوڭلار ئالىي مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچى 14 مىڭ 100. يىل ئاخىرىدا رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 100% كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 37 دوختۇرخانا، 6 ئامبۇلاتورىيە، 3965 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 3956 كارىۋات بار.

2003 - يىلى شىخەنزە شەھىرىدە 36 قېتىم ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىغا 20 مىڭ تەنھەرىكەتچى (قېتىم) قاتناشتى. شىخەنزە شەھىرىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى دۆلەت، ئاپتونوم رايون، بىڭتۇەن بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلاردا 30 ئالتۇن مېدال، 18 كۈمۈش مېدال، 17 مىس مېدال ئالدى. 9 كىشى دۆلەتنىڭ 1 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەتچى تېخنىكا دەرىجە ئۆلچىمىگە، 48 كىشى دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەتچى تېخنىكا دەرىجە ئۆلچىمىگە، 62 كىشى دۆلەتنىڭ 3 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى تېخنىكا دەرىجە ئۆلچىمىگە يەتتى.

2003 - يىلى شىخەنزە شەھىرى رايونىدىكى ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 303 يۈەنگە، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6701 يۈەنگە، شىخەنزە يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4982 يۈەنگە يەتتى.

2003 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە 44 مىڭ 300 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 139 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 239 مىڭ كىشى ئاساسىي داۋالىنىش

سۇغۇرۇشقا قاتناشتى.

## سۇ تېجەپ سۇغىرىش ئەھۋالى

2003 ـ يىلى شىخەنزە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا سۇ تېجەپ سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 12 مىڭ گېكتار كۆپەيتىلدى.

2003 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بوز يەر رايونى بويىچە سۇ تېجەپ سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 83 مىڭ گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇلىياۋ يوپۇق ئاستىدىن تامچىلىتىپ سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 63 مىڭ 700 گېكتار، سۇلىياۋ يوپۇق ئاستىدىن يۇمشاق تۇرۇبا ئارقىلىق سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 19 مىڭ 300 گېكتار. يىلىغا تېجەلگەن سۇ مىقدارى 170 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، سۇ تېجەش ئۈنۈمى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولدى.

1998 ـ يىلى شىخەنزە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى كېۋەزنى سۇلىياۋ يوپۇق ئاستىدىن تامچىلىتىپ سۇغىرىش يېڭى تېخنىكىسىنى تەجرىبە قىلىشقا باشلىدى، 6 يىل جەريانىدا شىخەنزىدە تامچىلىتىپ سۇغىرىلغان كۆلەم دەسلەپكى 1.5 گېكتاردىن تېزلا 65 مىڭ گېكتارغا كېڭەيتىلدى. مۇشۇنداق كېڭەيتىپ قوللىنىش چوڭ ئېتىزلاردا سۇلىياۋ يوپۇق ئاستىدىن تامچىلىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ تېخنىكىنى قوللانغاندا ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدىكى يەر سۇغىرىشنى زىرائەت سۇغىرىشقا ئۆزگەرتىپ، ھەر گېكتار يەردىن ئادەتتىكى سۇغىرىشقا قارىغاندا%50 تىن كۆپرەك سۇنى تېجىگىلى، ئادەتتە ھوسۇلنى %15 تىن %37 كىچە ئاشۇرغىلى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنىڭ ھوسۇلىنى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا %40 ئاشۇرغىلى، ئوغۇتتىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى %30 تىن %40 كىچە يۇقىرى كۆتۈرگىلى، ئوغۇتنى %34 تىن %40 كىچە تېجىگىلى، ھەر گېكتار يەرگە كېتىدىغان سېلىنمىنى 3750 يۈەندىن 4200 يۈەنگىچە تېجىگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا زەيىنى تۆگىتىپ يەرنى ياخشىلىغىلى، ئادەم كۈچى ۋە ماشىنا كۈچىنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

## شىخەنزە شەھىرى تۇنجى قېتىم جۇڭگودىكى 100 كۈچلۈك ناھىيە، شەھەر بىرى بولۇپ تاللاندى

2003 ـ يىلى دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ناھىيىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات كۆرسەتكۈچىنى ئۆلچەپ باھالاشتىكى ئەڭ يېڭى

قىسقا ماتېرىيال

## زۇڭلى جۇ ئېنلەي خاتىرە تېشى

زۇڭلى جۇ ئېنلەي خاتىرە تېشى شىخەنزە شەھىرى شىمالىي شەھەر ئەتراپى رايونى بېيچۈەن بازىرىدىكى باغچىغا جايلاشقان، خاتىرە تېشى پولات چىۋىقلىق بېتوندىن قۇيۇلغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 12.8 مېتىر كېلىدۇ؛ خاتىرە تېشى تەگلىكى چاسا شەكىللىك بولۇپ، ئېگىزلىكى 7.8 مېتىر كېلىدۇ، ئۇ زوڭلى جۇ ئېنلەينىڭ 78 ياشقا كىرگەنلىكىگە سىمۋول قىلىنغان؛ خاتىرە تاش پۈتۈكىنىڭ ئېگىزلىكى 6.7 مېتىر بولۇپ، ئۇ زۇڭلى جۇ ئېنلەينىڭ بۇ يەرگە تەكشۈرۈشكە كەلگەندە 67 ياشقا كىرگەنلىكىگە سىمۋول قىلىنغان. خاتىرە تېشىغا مەرمەرتاش چاپلانغان، تاشنىڭ ئالدى تەرىپىگە «قەدىردان زۇڭلى جۇ ئېنلەي مەڭگۈ هايات» دېگەن ئالتۇن ھەل بېرىلگەن مىس خەت ئورنىتىلغان، ئارقا تەرىپىگە بىكتۈەن يېزا ئىگىلىك 8 ـ شى 145 ـ تۈەن ـ مەيدان پارتكومى يازغان ئابىدە خاتىرىسى ئويۇلغان، ئىككى تەرىپىگە زۇڭلى جۇ ئېنلەينىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرىگە يېزىپ بەرگەن بېغىشلىمىسى ئويۇلغان.

زۇڭلى جۇ ئېنلەي خاتىرە تېشىنىڭ ئارقا تەرىپىدە خاتىرە سارىيى بولۇپ، ئالدىنقى زال، كۆرگەزمە زالى ۋە فىلىم قويۇش زالى تەسىس قىلىنغان. ئالدىنقى زالنىڭ شىمال تېمىغا چوڭ تىپتىكى ماي بوياق رەسىم «شىنجاڭ مەنزىرىسى» ئېسىلغان، رەسىم ئاستىغا زۇڭلى جۇ ئېنلەينىڭ يېرىم مىس ھەيكىلى قويۇلغان، 3 كۆرگەزمە زالىدا 230 نەچچە سۈرەت ۋە بىر قىسىم ماددىي نەرسىلەر كۆرگەزمە قىلىنىدۇ. خاتىرە تاشنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە خاتىرە سارىيى بولۇپ، ئۇدۇل تامغا «زۇڭلى جۇ ئېنلەي، مۇئاۋىن زۇڭلى چېن يىلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىللە»ناملىق چوڭ تىپتىكى قاپارتما رەسىم ئورنىتىلغان.

زۇڭلى جۇ ئېنلەي خاتىرە تېشى زۇڭلى جۇئېنلەينىڭ شىخەنزىنى تەكشۈرۈشكە كەلگەنلىكىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ياسالغان. ئۇ 1977 ـ يىلى ياسىلىشقا باشلىغان، 1991 — 1994 ـ يىلغىچە كېڭەيتىلگەن. پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى، دۆلەت ئىچى ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ساياھەتچىلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ بۇ خاتىرە تېشىغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ، زۇڭلى جۇ ئېنلەينىڭ ئۇلاغۇار تۆھپىلىرىنى ياد ئېتىشىدۇ.

گاۋ يۇتاۋ

# شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى

## شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ مەسئۇللىرى

پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى: ۋاڭ لېچۈەن (قوشۇمچە)

شۇجى: چېن دېمىن

مۇئاۋىن شۇجى: جاڭ چىڭلى

دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى: ۋاڭ لېچۈەن، چېن دېمىن، جاڭ چىڭلى، قۇربان ئەرشىدىن، جۇ جيەنفەن، خۇ جاۋجاڭ، كاڭ كېجيەن، مەمتىمىن ئابدۇرېھىم، خۇا شىفېي، جياڭ شيەن (ئايال، 7 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، خۇاشى، ئالپىسباي راقىم (قازاق)، ليۇ شىنچى، سۇيشياۋخېڭ، ۋاڭ سوڭجيۇ، ما رۇڭ

قوماندان: جاڭ چىڭلى

1 ـ سىياسىي كومىسسار: ۋاڭ لېچۈەن (قوشۇمچە)

سىياسىي كومىسسار: چېن دېمىن

مۇئاۋىن قوماندانلار: قۇربان ئەرشىدىن، جۇ جيەنفەن، خۇ جاۋجاڭ، كاڭ كېجيەن، خۇا شى، ئالپىسباي راقىم (قازاق)، ليۇ شىنچى

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: مەمتىمىن ئابدۇرېھىم، خۇا شىفېي، جياڭ شەن (ئايال، 7 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)

ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىڭتۇەن شۆبىسىنىڭ باشلىقى: سۇن شۆچى (رۇس)

مۇئاۋىن باشلىقلىرى: ئىسمائىل قۇربان، لى چىڭ (10 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، خې لىجياڭ

بىڭتۇەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: لۇ ۋېندې (5 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شياۋ مىڭشېڭ (5 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)

مۇئاۋىن باش تەپتىشلەر: ئوراز قالى (قازاق، 5 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ياڭ زوڭۋېن (5 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، چاڭ جيەنگو، لى دورېن (5 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)

## بىڭتۇەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2003 ـ يىلى بىڭتۇەن بويىچە تۇغۇلغان بوۋاق 17 مىڭ 200 بولۇپ، تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰6.8 بولدى؛ ئۆلگەنلەر 9900 بولۇپ، ئۆلۈش نىسبىتى ‰3.9؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰2.9 بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 2 مىليون 542 مىڭ 200 گە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ئىش ئورنىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 975 مىڭ 500 گە يەتتى. بىر يىلدا 80 مىڭ ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ياكى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، شەھەر ـ بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلار نىسبىتى %3 بولدى.

يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 26 مىليارد 870 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %12.9 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ 10 مىليارد 910 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.4؛ 2 ـ كەسىپنىڭ 7 مىليارد 70 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.3 (سانائەتنىڭ 4 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15.2؛ بىناكارلىق كەسىپنىڭ 2 مىليارد 720 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.2 ئاشتى)؛ 3 ـ

نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، شىخەنزە شەھىرى 2002 ـ يىلى جۇڭگودىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان 100 ناھىيە (شەھەر، رايون) نىڭ بىرى بولۇپ تاللىنىپ، 93 ـ ئورۇندا تۇرغان، بۇ شىخەنزىنىڭ تۇنجى قېتىم مەملىكەت بويىچە 100 كۈچلۈك ناھىيە (شەھەر، رايون) بولۇپ باھالىنىشى ھېسابلىنىدۇ. مەملىكەت بويىچە 2073 ناھىيە (شەھەر، رايون) ئىچىدە، شىخەنزە ئۇنىۋېرسال ئورۇن جەھەتتە 93 ـ ئورۇندا تۇردى، ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچى 51.03 نومۇر بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە تەرەققىيات سەۋىيىسى 111 ـ ئورۇندا تۇردى، كۆرسەتكۈچى 46.28 نومۇر بولدى؛ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچى 45 ـ ئورۇندا تۇردى، كۆرسەتكۈچى 73.89 نومۇر بولدى؛ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچى 186 ـ ئورۇندا تۇردى، كۆرسەتكۈچى 62.95 نومۇر بولدى.

★ 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شىخەنزە شەھىرى دۆلەت بويىچە باغۋارانلاشقان شەھەر دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ 12 ـ ئايدا شىخەنزە شەھىرى تۇنجى تۈركۈمدە جۇڭگودىكى مەبلەغ سېلىش مۇھىتى ئىشەنچلىك، بىخەتەر 50 رايوننىڭ بىرى دېگەن نامغا ۋە مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنە شەھەر دېگەن نامغا ئېرىشتى.

جۇ مېيلىڭ

كەسپىنىڭ 8 مىليارد 890 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17.9 ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى %40.6، 2 - كەسپىنىڭ %26.3، 3 - كەسپىنىڭ %33.1 بولدى. ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 10 مىڭ 655 يۈەن بولۇپ، %10.9 ئاشتى.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتى، شىلار تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى، 250 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ئائىلىسىنىڭ ئىشلىتىشىگە يەر ئايرىپ بېرىلدى، لىيەندۈيلەرنىڭ %85ىدە لىيەندۈي رەھبىرىي كادىرلىرى دېموكراتىك يول بىلەن سايلاپ چىقىلدى، تۇەن - مەيدان ۋە لىيەندۈيلەردە ھۆكۈمەت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق، سودا كارخانىلىرىدا مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چۆرىدەپ، مۈلۈكنى قايتا تەشكىللەش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش سالمىقى يەنىمۇ زورايتىلدى، تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش دائىرىسى %70 كە يەتكۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە كىچىك كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى دائىرىسى %80تىن ئاشۇرۇلدى. «گۇەننوڭ گورۇڭ»، «چىڭسوڭ جيەنخۇا»، «شىنسەي» پايلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بازارغا سېلىنىپ، 700 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلاندى. يىل ئاخىرىدا بىڭتۇەن بويىچە پېيى كونترول قىلىنىدىغان، پاينى بازارغا سالغان شىركەت 11 گە، ئومۇمىي پاي دىرى 2 مىليارد 11 مىليون پايغا، توپلانغان ئومۇمىي مەبلەغ 3 مىليارد 672 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىڭتۇەندە دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى، بىڭتۇەن دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش شىركىتىنىڭ يىللىق پايدا ئومۇمىي سوممىسى 150 مىليون يۈەنگە يەتتى.

خام چوت ئىچىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ يىللىق ساپ پايدىسى 795 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 125 مىليون يۈەن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ پايدا سوممىسى 404 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 55 مىليون يۈەن ئاشتى.

ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى %0.4 ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ئاھالىسىنىڭ %0.5؛ يېزا ئاھالىسىنىڭ %0.2 ئۆرلىدى. ھەرقايسى تۈرلەردىكى ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچ سانى شۇنى كۆرسەتتىكى، يېمەكلىك ۋە تۇرالغۇ ئۆي باھاسىنىڭ ئۆرلىشى، ئىستېمال باھاسى ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئۆرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسىي ئامىل بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى %2.5، تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ باھاسى %4.2 ئۆرلىدى، ھاراق - تاماكا ۋە باشقا بۇيۇملارنىڭ باھاسى %0.2 كېيىم - كېچەكلەرنىڭ باھاسى %0.8، ئائىلە ئۈسكۈنىلىرى ۋە تۈرلۈك مۇلازىمەتلەرنىڭ باھاسى %1.1، كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى باھاسى ۋە بۇ جەھەتتىكى مۇلازىمەت باھاسى %0.9 تۆۋەنلىدى. تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى %0.8 تۆۋەنلىدى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى %15.1، خام ئەشيا ماتېرىيال، يېقىلغۇ، ئېنېرگىيە قاتارلىقلارنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى %14.8، تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش باھاسى %3.4، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى %1.1 ئۆرلىدى.

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى ئاساسلىق مەسىلىلەر: ئىقتىسادىي قۇرۇلما دېگەندەك مۇۋاپىق ئەمەس، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساس بولۇش ئورنى تازا مۇقىم ئەمەس، كەسپلەشكەن باشقۇرۇش سەۋىيىسى يۇقىرى ئەمەس، سانائەتلىشىش سۈرئىتى ئاستا، مەبلەغ سېلىش ۋە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يوللىرى تار، دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئاستا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

1. يېزا ئىگىلىكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليارد 242 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %6.4 ئاشتى.

تېرىقچىلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 912 مىڭ گېكتار بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %1.4 كېمەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 177 مىڭ 200 گېكتار بولۇپ، %19.8 كېمەيدى. كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 453 مىڭ 600 گېكتارغا يېتىپ، %3.7 ؛ ياغلىق دان زىرائەتلىرىنىڭ 69 مىڭ 100 گېكتارغا يېتىپ، %20 ئاشتى؛ قىزىلچىنىڭ 19 مىڭ 400 گېكتار بولۇپ، %21.6 ؛ كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمى 46 مىڭ 300 گېكتار بولۇپ، %1.2 كېمەيدى. ئېلىنغان ئاشلىق 1 مىليون 49 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %19.8 كېمەيدى. پاختا 811 مىڭ 700 تونىنغا يېتىپ، %2، ياغلىق دان 172 مىڭ 100 تونىنغا يېتىپ، %30.7 ئاشتى؛ قىزىلچا 1 مىليون 191 مىڭ 600 توننا بولۇپ، %18.7 كېمەيدى؛ كۆكتات 2 مىليون 650 مىڭ 300 تونىنغا يېتىپ، %18.6 ئاشتى.

باغ - ئورمانچىلىق بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 83 مىڭ 700 گېكتارغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %71

ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەم 49 مىڭ 100 گېكتارغا يېتىپ، 86%، مېۋە - چېۋە ئومۇمىي مەھسۇلاتى 321 مىڭ توننىغا يېتىپ، 5.8% ئاشتى.

چارۋىچىلىق يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 6 مىليون 227 مىڭ 300 تۇياققا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 10.9% ئاشتى؛ قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 4 مىليون 301 مىڭ 500 تۇياققا يېتىپ، 15.5% ئاشتى؛ گۆش 175 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، 11.7%؛ يۇڭ 11 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، 10.4%؛ سۈت 133 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، 19.9%؛ تۇخۇم 36 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، 14.6% ئاشتى.

بېلىقچىلىق سۇ مەھسۇلاتى 16 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 1.9% ئاشتى.

يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 2 مىليارد 210 مىليون كىلوۋاتقا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 8.9% ئاشتى. چوڭ ۋە ئوتتۇرا دېھقانچىلىق تراكتورلىرى 19 مىڭ 500 گە يېتىپ، 4.1% ئاشتى؛ كىچىك تراكتور ۋە قول تراكتورى 30 مىڭ 400 گە يېتىپ، 12%؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى 10 مىڭ 316 گە يېتىپ، 16.9%؛ مەيدانلاردا ئىشلىتىلگەن توك 1 مىليارد 264 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 6.3% ئاشتى؛ يىل ئاخىرىدا ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 971 مىڭ 100 گېكتارغا يەتتى.

بىڭتۈەنگە قاراشلىق شىنجاڭ ھەممىباپ ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئايروپىلانى 34 كە يەتتى، بىر يىلدا 5118 سائەت ئۇچتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۈچۈن ئۇچقىنى 4214 سائەت بولدى. 22 مىڭ 800 ئايروپىلان (قېتىم) ئۇچۇپ قوندى؛ مەشغۇلات كۆلىمى 305 مىڭ 500 گېكتارغا يەتتى.

سۇچىلىق ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 2 مىليارد 213 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 175 مىليون يۈەن. 113 سۇ ئامبىرى بولۇپ، سىغىمچانلىقى 3 مىليارد 147 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ؛ ماشىنىلاشقان قۇدۇق 9954 كە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 183 ى كۆپەيدى، بۇلارنىڭ سۇ چىقىرىش ئىقتىدارى سېكۇنتىغا 345.03 كۇب مېتىر بولدى؛ سۇ باشلاش چۈشۈرگىسىدىن 88 ى قۇرۇلۇپ، 3 چۈشۈرگە كۆپەيدى؛ توسما قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1869 كىلومېتىرغا يېتىپ، 308 كىلومېتىر ئاشتى. سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 12 مىليارد 363 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، 747 مىليون كۇب مېتىر ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىگە بېرىلگەن سۇ 12 مىليارد 89 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى. سۇغىرىش ئۆستەڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 98 مىڭ 530 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ سىڭمەس ئۆستەڭلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مىڭ 631 كىلومېتىرغا يەتتى.

2. سانائەت سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليارد 183 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 15% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 7 مىليارد 585 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16.3%. ئېغىر سانائەتنىڭ 4 مىليارد 598 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.9%؛ دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ 6 مىليارد 577 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10.8% ئاشتى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ 300 مىليون يۈەن بولۇپ، 26.5% كېمەيدى؛ خۇسۇسىي ئىگىلىكىنىڭ 1 مىليارد 7 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.6%؛ باشقا ئىگىلىكىنىڭ 4 مىليارد 299 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 28.3% ئاشتى.

ئاساسلىق مەھسۇلاتلار: كۆمۈر 3 مىليون 827 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، 3.1%؛ توك 2 مىليارد 116 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 10.3%؛ سۇ يېغى 170 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، 8.4%؛ شېكەر 141 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، 4.3%؛ يىپ 113 مىڭ توننىغا يېتىپ، 6.3% ئاشتى؛ رەخت 80 مىليون مېتىر بولۇپ، 7.6% كېمەيدى؛ يۇڭ يىپ 132 توننىغا يېتىپ، 119.2%؛ فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز تاختا 65 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، 41.6%؛ كوكس 212 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، 22%؛ جۇڭيى دورىسى 2706 توننىغا يېتىپ، 102%؛ سېمونت 2 مىليون 536 مىڭ توننىغا يېتىپ، 11.1% ئاشتى.

قانۇنىي ئىگىلىك سانائەت ئورۇنلىرى ۋە سانائەت كەسپىي پائالىيىتى ئورۇنلىرىنىڭ سېتىش مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن 16.5% ، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 96.8% كە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن بىر پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى.

كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچ سانى 76.6% كە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 1.7 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى. 7 تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرسەتكۈچى تۆۋەندىكىچە: پۈتۈن خادىملار بويىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى كىشى بېشىغا 28 مىڭ 104 يۈەن؛ مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 96.8%؛ ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ تۆھپە نىسبىتى 3.3%؛ مال - مۈلۈكلەر

قىممىتىنىڭ ساقلىنىش ۋە ئېشىش نىسبىتى 108.7%؛ ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى 68.8%؛ تۇراقسىز مۈلۈكنىڭ ئوبوروت نىسبىتى 0.7 قېتىم، تەننەرخ خىراجىتىنىڭ پايدا نىسبىتى 2.5%. كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرى ئىچىدە 46 كارخانا زىيان تارتتى، زىيان تارتىش دائىرىسى 33.1% بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن 3.6 پىرسەنت پوئىنتى كېمەيدى؛ پايدا بىلەن زىياننى بالانس قىلغاندىن كېيىنكى ساپ پايدا 180 مىليون يۈەن بولۇپ، ساپ پايدا 2002 - يىلدىكىدىن 80 مىليون يۈەن ئاشتى. چوڭ ۋە ئوتتۇرا سانائەت كارخانىلىرىدىن 20 سى زىيان تارتتى، زىيان تارتىش دائىرىسى 48.8% بولدى، پايدا بىلەن زىياننى بالانس قىلغاندىن كېيىنكى ساپ پايدا 100 مىليون يۈەن بولۇپ، ساپ پايدا 2002 - يىلدىكىدىن 60 مىليون يۈەن ئاشتى. مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى بىرئاز ياخشىلاندى. بىڭتۈەن بويىچە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش كىرىمى 7 مىليارد 374 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 21.8%؛ يىل ئاخىرىدا ئىگىلەنگەن تەييار مەھسۇلات مەبلىغى 1 مىليارد 621 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 19.6%؛ يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك ھېساباتىكى ساپ سومما 1 مىليارد 946 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.6% ئاشتى؛ بۇ 2 تۈردىكى ئىگىلىگەن مەبلەغ جەمئىي 3 مىليارد 567 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16.3% ئېشىپ، تۇراقسىز مەبلەغنىڭ ئوتتۇرىچە قالدۇق سوممىسىنىڭ 34.3% نى ئىگىلىدى.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 63 مىڭ 928گە يەتتى، بۇلارغا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 118 مىڭغا يېتىپ، 4.7%، بۇلارنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 960 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.4% ئاشتى؛ باج ۋە پايدىسى 875 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5% ئاشتى.

3. قاتناش - ترانسپورت بىڭتۈەن بويىچە پۇقراۋى ئاپتوموبىل 38 مىڭ 896 گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 4.6% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يولۇچى ئاپتوموبىلى 18 مىڭ 483كە يېتىپ، 8.9%؛ يۈك ئاپتوموبىلى 19 مىڭ 500گە يېتىپ، 2.3%، بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى 66 مىليون 233 مىڭغا يېتىپ، 5.1%، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 2 مىليارد 858 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، 1.5% ئاشتى. توشۇلغان يۈك 61 مىليون 279 مىڭ توننا بولۇپ، 15.2% كېمەيدى، يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليارد 848 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، 15.6% ئاشتى.

تاشيول ترانسپورت كىرىمى 1 مىليارد 935 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.2%. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ 14.9%، يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ 9.6% ئاشتى، پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنىڭ ترانسپورت تىجارەت كىرىمى 92 مىليون 213 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2.1% كېمەيدى.

يەككە تاشيول ترانسپورت كەسپىنىڭ توشۇغان يولۇچىسى 53 مىليون 714 مىڭ كىشىگە يېتىپ، 5.7% ئاشتى، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 654 مىليون ئادەم - كىلومېتىر بولۇپ، 4.7% كېمەيدى. بۇ بىڭتۈەن بويىچە يولۇچى ئوبوروت مىقدارىنىڭ 57.9%نى ئىگىلىدى. توشۇلغان يۈك مىقدارى 54 مىليون 461 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 32%؛ يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليارد 100 مىليون توننا- كىلومېتىرغا يېتىپ، 7.8% ئاشتى؛ بۇ بىڭتۈەن بويىچە يۈك ئوبوروت مىقدارىنىڭ 80.6%نى ئىگىلىدى. ترانسپورت تىجارەت كىرىمى 1 مىليارد 649 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.6% ئاشتى؛ ساپ كىرىمى 640 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 17.7% ئاشتى.

4. تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى ۋە بىناكارلىق ئىشلىرى تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 12 مىليارد 122 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 15.9% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 8 مىليارد 99 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 17.9% ئاشتى، يېڭىلاش ۋە ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 404 مىليون يۈەن بولۇپ، 2% كېمەيدى؛ ئۆي - زېمىن كەسپىگە سېلىنغان مەبلەغ 587 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 6.9% . سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىگە سېلىنغىنى 9 مىليارد 467 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15%؛ كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە سېلىنغىنى 6 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2.4 ھەسسە؛ يەككە ئىگىلىككە سېلىنغىنى 671 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.2%؛ باشقا تىپتىكى ئىگىلىكلەرگە سېلىنغىنى 1 مىليارد 978 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 23.3% ئاشتى.

تاشيول قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 425 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2.4% ئاشتى. يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 770 مىليون يۈەن بولۇپ، 0.6% كېمەيدى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 1 مىليارد 482 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16.2%. مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە سەھىيە قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 596 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 40.6%، سودا - سېتىق قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 820 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 177.5% ئاشتى.

مەبلەغلەرنىڭ نەقلىنىش ئەھۋالى ياخشى بولدى. بىر يىلدىكى قۇرۇلۇش مەبلىغى 11 مىليارد 712 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت خامچوتى ئىچىدىكىسى 2 مىليارد

828 مىليون يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 24.15% نى ئىگىلىدى؛ دۆلەت ئىچىدىن ئېلىنغان قەرز 1 مىليارد 715 مىليون يۈەن بولۇپ، 14.64% نى ئىگىلىدى؛ پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 120 مىليون يۈەن بولۇپ، 1.02% نى ئىگىلىدى؛ ئۆزلىرى توپلىغان مەبلەغ 5 مىليارد 94 مىليون يۈەن بولۇپ، 43.5% نى ئىگىلىدى؛ باشقا مەبلەغ 1 مىليارد 955 مىليون يۈەن بولۇپ، 16.69% نى ئىگىلىدى.

نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولدى. تارىم دەرياسىنى ئۈنۈملۈك تۈزەش قۇرۇلۇشىنىڭ بىڭتۇەن قىسمى ئومۇمیۈزلۈك باشلاندى. چوڭ سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈش ۋە سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەل قىلىندى؛ بۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىدىغانلارنىڭ قاتارىغا يەنە 100 مىڭ ئادەم قوشۇلدى؛ ھەر خىل خەتەرلىك سۇ ئامبارلىرىنى خەتەرسىزلەندۈرۈش ۋە پۇختىلاش قۇرۇلۇشلىرى داۋاملىق ئىشلەندى؛ گۇما - قاراقاش بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ سۇ- تۇپراقنى ئېچىش ۋە بوستانلىق ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى باشلاندى؛ 266 مىڭ 700 گېكتارلىق زامانىۋى سۇغىرىش قۇرۇلۇشى باسقۇچلۇق نەتىجىگە ئېرىشىپ، مىكرو سۇغىرىش كۆلىمى يېڭىدىن 54 مىڭ گېكتار كۆپەيدى. يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى داۋاملاشتۇرۇلدى، يېزىلارغا توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدا چەت- ياقا رايونلار ۋە تارقاق چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 3000 ئائىلىلىك ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ توك ئىشلىتىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى؛ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ خەتەرلىك، كونا ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى، يەنە 25 مىڭ ئائىلىلىك ئىشچى- خىزمەتچى يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى؛ شىخەنزە تەرەققىيات رايونىدىكى بىر تۈركۈم ئىچكىرىدىن كىرگۈزۈش، سىرت بىلەن بىرلىشىش قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئارقا - ئارقىدىن ئىش باشلاندى. تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ بەدىلىگە يېڭىدىن ئاشقان ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: كۆمۈر قېزىش يىلىغا 1 مىليون توننا، نىكېل رودىسى قېزىش يىلىغا 150 مىڭ توننا، پاختا توقۇمىچىلىق ئۇرچۇقى 120 مىڭ 362، گېنېراتورلار گورۇپپىسىنىڭ سىغىمچانلىقى 9816 كىلوۋات، توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى 8421 كىلومېتىر، تېلېفون لىنىيىسى 183 كىلومېتىر، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 2139، كۆلىمى 40 مىڭ كۋادرات مېتىر، مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى ئورنى 31 مىڭ 182، كۆلىمى 15.1 كۋادرات مېتىر، تاشيول 1976 كىلومېتىر. بىناكارلىق كەسپىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد 286 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13%، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ۋە دۆلەت پاي كونترول قىلغان دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ 5 مىليارد 935 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.3%، ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلۇش قىلىنغان كۆلىمى 7 مىليون 740 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 15.2%؛ پۈتكەن كۆلىمى 5 مىليون 130 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 11.1%؛ بىناكارلىق كارخانىلىرىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تېخنىكا جەھەتتىن قوراللىنىش نىسبىتى كىشى بېشىغا 6631 يۈەنگە يېتىپ، 21.1%؛ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى كىشى بېشىغا 76 مىڭ 502 يۈەنگە يېتىپ، 19.7%؛ ئېنېرگىيە جەھەتتىن قوراللىنىش نىسبىتى كىشى بېشىغا 4.14 كىلوۋاتقا يېتىپ، 19%؛ خېرىدار چاقىرىلغان ۋە كۆتۈرە ئېلىنغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 6 مىليون 4 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 32.2%؛ مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بارلىق بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ياراتقان پايدىسى 142 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10.1% ئاشتى.

5. سودا ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 7 مىليارد 239 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 14.5%، مال باھاسى ئامىللىرىنى چىقىرىۋەتكەندە ئەمەلىي ئاشقىنى 15.4% بولدى. توپ ۋە پارچە سېتىش سودا كەسپىنىڭ 5 مىليارد 794 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.2%؛ يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ 885 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 17.9% ئاشتى؛ باشقا كەسپلەرنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 560 مىليون يۈەن بولۇپ، 16.2% كېمەيدى.

بىڭتۇەن بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ يىللىق سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى 26 مىليارد 232 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 24.6%؛ تاۋارلارنىڭ سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 27 مىليارد 666 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.6%؛ تاۋارلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامبار زاپىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 6 مىليارد 291 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 20.6%. چەك سوممىسىدىن يۇقىرى توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىنىڭ تاۋار سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى 19 مىليارد 787 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 25%؛ تاۋارلارنىڭ سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 21 مىليارد 44 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 20.5%؛ تاۋارلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامبار زاپىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 4 مىليارد 711 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 20.1% ئاشتى.

ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 618 مىليون دوللارغا يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭكىنىڭ

%33.9 نى ئىگىلەپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %34.2 (تاموژنىنىڭ ستاتىستىكا ئۆلچىمى بويىچە %29.6) ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورتنىڭ 865 مىليون دوللارغا يېتىپ %62.6 (تاموژنىنىڭ ستاتىستىكا ئۆلچىمى بويىچە %56.5)، ئىمپورتنىڭ 753 مىليون دوللارغا يېتىپ، %11.8 (تاموژنىنىڭ ستاتىستىكا ئۆلچىمى بويىچە %8.2). پۈتۈن ساھە بويىچە يارىتىلغان پايدا 354 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %47.4 ئاشتى. ئادەتتىكى سودىنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 644 مىليون دوللارغا يېتىپ، %37.9 ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورتنىڭ 315 مىليون دوللار بولۇپ، %12.7 كېمەيدى. چېگرا سودىسىنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 974 مىليون دوللارغا يېتىپ، %24.6؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورتنىڭ 550 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1.9 ھەسسە ئاشتى. پاختا ئېكسپورتى 36 مىڭ 200 توننا بولۇپ، 52 مىڭ 700 توننا كېمىيىپ كەتتى؛ ئېكسپورت سوممىسى 43 مىليون دوللار بولۇپ، %59 كېمىيىپ كەتتى. پەمىدۇر قىيامىنىڭ ئېكسپورتى 207 مىڭ 500 تونىنغا يېتىپ، 57 مىڭ 700 توننا؛ ئېكسپورت سوممىسى 113 مىليون دوللارغا يېتىپ، %53.3 ئاشتى. بىڭتۇەن بويىچە تاشقى ھەمكارلىق تۈرى توختامىدىن 493ى ئىجرا قىلىندى، توختام سوممىسى 14 مىليارد 932 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن ئىمزالىنىپ ئىجرا قىلىنغان توختام 445، توختام سوممىسى 14 مىليارد 41 مىليون يۈەن، 2002 ـ يىلدىن سۆرۈلگەن توختام 48، توختام سوممىسى 891 مىليون يۈەن بولدى.

بىڭتۇەن بويىچە ساياھەت كارخانىسى 75 كە يېتىپ 2002ـ يىلدىكىدىن %15.4، ساياھەتتىن قىلىنغان ئومۇمىي كىرىم 951 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يېتىپ، %53.9؛ ساياھەتتىن يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت 280 مىليون دوللارغا يېتىپ، %154.6 ئاشتى. مەملىكەت ئىچىدىكى ساياھەتچىدىن 1 مىليون 994 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىنىپ، %60.6؛ چەت ئەللىك ساياھەتچىدىن 76 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىنىپ، %9؛ چەت ئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلىشقا تەشكىللەنگەن جۇڭگو پۇقرالىرى 7002 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %75.9 ئاشتى. بىڭتۇەن بويىچە يۇلتۇز دەرىجىلىك ساياھەت مېھمانخانىسىدىن 26سى بار، ئۆلارنىڭ 3211 ئېغىز ياتىقى، 6352 كارىۋىتى بار، بۇ مېھمانخانىلاردا 3930 خادىم ئىشلەيدۇ.

6. پەن ـ تېخنىكا 2003 ـ يىلى بىڭتۇەندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار دۆلەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى، «863» پىلانى، «ئۇچقۇن» پىلانى، يېڭى مەھسۇلات پىلانى ۋە مەشئەل پىلانى قاتارلىقلارغا دائىر تۈرلەرنى ئىلتىماس قىلىش ۋە يولغا قويۇشقا پائال تەشكىللاتچىلىق قىلدى، يېڭىدىن 22 تۈرنى يولغا قويۇپ، دۆلەت پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ 12 مىليون 725 مىڭ يۈەن مەبلەغ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى. بىڭتۇەننىڭ مەشئەل پىلانى تۈرى 34كە يېتىپ، بۇنىڭغا 303 مىليون 480 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 23 تۈرلۈك چوڭ پەن ـ تېخنىكا تۈرى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى ۋە باھالاندى. بۇنىڭ ئىچىدە 10 تۈر دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشاش تۈردىكى تەتقىقاتتا ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى؛ بىر تۈر خەلقئارادىكى ئوخشاش تۈردىكى تەتقىقاتتا ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. 39 تۈرلۈك يېڭى سورت، يېڭى تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇلدى، بۇنىڭغا 1 مىليون 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مەھسۇلات قىممىتى يېڭىدىن 156 مىليون يۈەن ئاشۇرۇلدى.

57 تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى بىڭتۇەننىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 3 تۈر 1 ـ دەرىجىلىك، 21 تۈر 2ـ دەرىجىلىك، 33 تۈر 3ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 7 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقىرى يېڭى تېخنىكا مەھسۇلاتى، 3 تۈر دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلاتى بولۇپ باھالاندى.

7. مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى 2003 ـ يىلى بىڭتۇەندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپ 867 (189 يەسلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 3، چوڭلار ئالىي مەكتىپى 3، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ 38 (تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى بۇنىڭ سىرتىدا)، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 284، باشلانغۇچ مەكتەپ 350. ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 582 مىڭ 679 (يەسلىدىكى بالىلار 51 مىڭ 454)، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 42 مىڭ 549 (مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 31 مىڭ 451، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس يەسلى ئوقۇتقۇچىسى 1610). ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق ۋە مەخسۇس كۇرسلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 22 مىڭ 907 گە يېتىپ، %17.6 ئاشتى؛ قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 6786 بولۇپ، %3.99 كېمەيدى؛ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 3463 كە يېتىپ، %32.7 ئاشتى. ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 7349غا يېتىپ، %7.2؛ قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 3246گە يېتىپ، %26.3 ئاشتى؛ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 2395 بولۇپ، %2.7 كېمەيدى؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 188 مىڭ 104كە يېتىپ، %10.7؛ قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 70 مىڭ 17گە يېتىپ، %6.9؛ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 45 مىڭ 126گە يېتىپ، %16.5 ئاشتى. باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 284 مىڭ 769 بولۇپ،

2.5% كېمەيدى؛ قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 43 مىڭ 57 بولۇپ، 4.9% كېمەيدى، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 50 مىڭ 18گە يېتىپ، 6.2% ئاشتى. بىڭتۇەن ئالىي مەكتەپى تۈنجى قېتىم دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىش نوقتىسىغا ئىگە بولدى. «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 148 تۇەن مەيدانىنىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى 91.2% كە، ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.2% كە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ يېشىدىكىلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 88.2%كە يەتتى.

بىڭتۇەن بويىچە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاڭلىتىش - كۆرسىتىش ئاپپاراتىدىن 201ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۇەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى (سىملىق) بىر، شى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 10، شى رادىئو ئىستانسىسى 2 (چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن)، تۇەن مەيدانلاردىكى رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى (ئۆزبېلى) 188. بۇ ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقانلار 1800گە يېتىدۇ. رادىئونىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى 90.3%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى 94.1%كە يەتتى. سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. تۇەن - مەيداندىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە سىملىق تېلېۋىزىيە بەرپا قىلىندى. 9 شىدا شى دائىرىلىك تور بەرپا قىلىندى، 90گە يېقىن تۇەن - مەيداندا تۇەن دائىرىلىك تور بەرپا قىلىندى، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 60%كە يېقىنلاشتى. 45 مىليون 500 مىڭ نۇسخا ھەر خىل گېزىت، 750 مىڭ نۇسخا ژۇرنال نەشر قىلىندى. مەركەز ۋە دۆلەت دەرىجىلىك گېزىت، رادىئو ۋە تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدا بىڭتۇەننىڭ 2200 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى تەشۋىق قىلىندى ۋە خەۋەر قىلىندى. سەھىيە ئىشلىرى پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدى، يىل ئاخىرىدىكى ھەر خىل سەھىيە ئاپپاراتى 677گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 235، ساقلىق ساقلاش - كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى كونترول قىلىش مەركىزى (پونكىتلىرى) 79. كارىۋات 16 مىڭ 235، سەھىيە خادىمى 24 مىڭ 139، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 20 مىڭ 329. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 1000 كىشىگە 7 كارىۋات ۋە 8 نەپەر سەھىيە تېخنىكا خادىمى توغرا كەلدى. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە دائىر يىللىق مەلۇماتتا ھەر 100 مىڭ ئادەم ئىچىدە يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى 165.1 بولدى. بۇ تارىختىكى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيە. بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى 13.39% بولدى، ھامىلدار ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى يۈز مىڭدە 90.75 بولدى. داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش شارائىتى داۋاملىق ياخشىلاندى، ئاممىۋى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى.

ماھارەت تەنتەربىيىسى بىلەن ئاممىۋى تەنتەربىيە ماس تەرەققىي قىلدى. بىڭتۇەن تەنھەرىكەت ئەزىمەتلىرى خۇنەندە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك شەھەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا بىر كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى؛ لياۋنىڭ ئۆلكىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن 2003- يىللىق «فېڭشىياڭ لوڭقىسى» مەملىكەتلىك ئەنئەنىۋى چامباشچىلىق ھۈنەر ئالماشتۇرۇش مۇسابىقىسىدا 6 ئالتۇن مېدالغا ۋە تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ جاڭسۇ ئۆلكىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مېيىپلار تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدا بىر ئالتۇن مېدال، 2 كۈمۈش مېدالغا، بىر مىس مېدال ئالدى. نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدا 2 مىس مېدال ۋە تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلەت مۇكاپاتى ئالدى. دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى غەربىي رايوندا قانات يايدۇرغان «شىپا قۇرۇلۇشى»، «ئومۇمخەلق ساغلاملىق يولى قۇرۇلۇشى» ئاساسىي قاتلاملارنىڭ ئومۇمخەلق ساغلاملىق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى ئاكتىپلىقىغا راسا تۈرتكە بولدى. ھەر قايسى شىلار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، «ئومۇمخەلق ساغلاملىق پىلانى پوگراممىسى»نى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئوبدان ئاساس سالدى، 12 ئورۇن دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ياشانغانلارنىڭ تەنتەربىيە ھەرىكىتى تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. خۇنەن ئۆلكىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن 5- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئالقان توپ مۇسابىقىسىدا بىڭتۇەن كوماندىسى ئەلا مۇكاپاتقا ۋە سۈپەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

8. *مۇھىت ئاسراش* مۇھىت ئاسراش خىزمىتىدە بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىلەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، نۇقتىلىق بۇلغاش مەنبەلىرىنى تۈزەش سالمىقى زورايتىلىپ، سانائەت يۇندىسىنى چىقىرىشنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 60% بولدى.

يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەرنىڭ مۇھىتنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاش ۋە «ئۈچ ئىشنى تەڭ تۇتۇش» تۈزۈمى چىڭىتىلىپ، يېڭى بۇلغىنىشنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىندى. 2003 - يىلى تۈرلۈك قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتقا كۆرسەتكەن تەسىرىنى باھالاش دوكلاتنامىسى (جەدۋىلى) ۋە تىزىملىكىدىن 237سى تەستىقلاندى، مۇھىت باھالاشنىڭ ئىجرا قىلىنىش

نىسبىتى %90 تىن ئاشتى، «ئۈچ ئىشنى تەڭ تۇتۇش» تۈزۈمىنىڭ ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى %85كە يەتتى.

**9. پۇل مۇئامىلە ۋە سۇغۇرتا كەسپى** 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ھەر خىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 26 مىليارد 844 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %19.1 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇلى 5 مىليارد 92 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.2؛ ئاھالىلارنىڭ ئامانەت پۇلى 13 مىليارد 960 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %28.4. ھەر خىل قەرز پۇل قالدۇقى 16 مىليارد 418 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.6. بۇنىڭ ئىچىدە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل 9 مىليارد 624 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.2، ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل 5 مىليارد 234 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.4 ئاشتى. تۇەن - مەيدانلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تارقىتىلغان قەرز پۇل 9 ھەسسە ئاشتى.

سۇغۇرتا كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ھەر دەرىجىلىك سۇغۇرتا تارماق ئاپپاراتى 458 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شۆبە شىركەت 25. بىر يىلدا سۇغۇرتا كەسپىنىڭ كىرىمى 1 مىليارد 918 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %205.6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسىنىڭ كەسپىي كىرىمى 218 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.4؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ كەسپىي كىرىمى 1 مىليارد 485 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %366.3؛ جىسمانىي سۇغۇرتىسىنىڭ كەسپىي كىرىمى 512 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %92.1 ئاشتى. تۈرلۈك سۇغۇرتىلار بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 525 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۇنىۋېرسال تۆلەم تۆلەش (بېرىش) نىسبىتى %47.18 بولدى.

**10. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى** 2003 - يىلى ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى 7 مىليارد 888 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %32.7، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ 7 مىليارد 30 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %34. ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 10 مىڭ 781 يۈەنگە يېتىپ، %33.2 ، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە ئەمەلىيەتتە %32.5 ئاشتى.

يىل ئاخىرىدا ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 657 مىڭ 300 كىشى بولۇپ، 12 مىڭ 300 ئادەم ئازايدى. يىل ئاخىرىغىچە ئەمگەك كاپالىتى مۇلازىمەت پونكىتىدىن 366سى قۇرۇلدى، كارخانىلاردىن پېنسىيىگە چىققانلاردىن ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگەنلەر 359 مىڭ بولۇپ، قاپلاش دائىرىسى %87 بولدى. ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 1 مىليون 3300گە يېتىپ، 127 مىڭ 100 ئادەم كۆپەيدى؛ ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 535 مىڭ 700 گە يەتتى؛ تۇغۇت سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 535 مىڭ 300گە يەتتى. يېزا ئىگىلىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئەھۋالدا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى نىسبەتتە يىغىلىشىغا، ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنىڭ ئىككىلا تۈرىنىڭ %100 بىر تۇتاش غەملىنىشىگە داۋاملىق كاپالەتلىك قىلىندى.

(بىڭتۇەن ستاتىستىكا ئىدارىسىدىن)

# يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: خۇ چاڭئەن (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: ۋاڭ يىڭخەي؛ سىياسىي كومىسسار: ليۇ جيەنشىن؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: لى زەيكاڭ (10 - ئايدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى بولدى)، جۇ شىنجۈن، چىڭ شياۋشەن، چۇڭ يۈخيى، كۇڭ جۈن (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)

شى شتابى ئاقسۇ شەھىرىدە. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانى 16، پاي چېكى بازارغا سېلىنغان شىركەت بىر، سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق، سودا كارخانىسى 18، كەسپىي ئورۇن 56. شىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 279 مىڭ 400 بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %1.42 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 128 مىڭ، ئاز سانلىق مىللەت 18 مىڭ 500. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰5.64، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰2.07 بولدى. يىل ئاخىرىدىكى كەسپكار 108 مىڭ 400، بۇنىڭ ئىچىدە ئىدارىلەردە ئىشلەۋاتقانلار 79 مىڭ 500، يەككە ئەمگەكچى 11 مىڭ 300، يېزىدىكىلەر ۋە باشقا خادىملار 17 مىڭ 600 كىشى.

ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 31 مىليارد 169 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن %10.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 751 مىليون 750 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 645 مىليون 230 مىڭ يۈەن (سانائەتنىڭ 407 مىليون 800 مىڭ يۈەن، بىناكارلىقنىڭ 237 مىليون 430 مىڭ يۈەن)، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 772 مىليون 370 مىڭ يۈەن بولدى. شى بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدە بولمىغان ئىگىلىكتە 726 مىليون 300 مىڭ يۈەن قوشۇلما

قىممەت يارىتىلىپ، %3.15 ئاشتى. شى بويىچە ئېلىنغان پايدا 150 مىليون 490 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 602 مىليون 140 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ 3 مىليارد 101 مىليون 870 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 26 مىليون 390 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 200 مىليون 30 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 11 مىليون 840 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىكى مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 262 مىليون 10 مىڭ يۈەن بولدى. يىل ئاخىرىدا ئەمەلىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 134 مىڭ 100 گېكتار بولۇپ، زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 123 مىڭ 200 گېكتار بولدى. 152 مىڭ توننا ئاشلىق، 183 مىڭ توننا پاختا ئېلىندى. 2750 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 1609 گېكتار يەر تېرىقچىلىقتىن بوشىتىلىپ، ئورمان بەرپا قىلىندى. يېڭىدىن يېتىشتۈرۈلگەن باغ 2374 گېكتار بولۇپ، بۇنىڭدىن 50 مىڭ توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 120 باقمىچىلىق رايونى قۇرۇلدى، باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلىسى 2815كە يەتتى. يىل ئاخىرىدا قولدا 509 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى، 140 مىليون 850 مىڭ توننا گۆش، 733 توننا يۇڭ، 2779 توننا سۈت، 1782 توننا تۇخۇم، 1860 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. شى بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 264 مىڭ 900 كىلوۋاتقا يەتتى. 68 مىڭ 700 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 1361 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 8584 توننا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلدى. ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 131 مىڭ 700 گېكتار بولدى. دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا 136 مىليون 359 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 170 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر سانائەتنىڭ 610 مىليون يۈەنگە، يېنىك سانائەتنىڭ 560 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەتنىڭ 1 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە، كوللېكتىپ سانائىتىنىڭ 77 مىليون يۈەنگە يەتتى. سانائەت كەسپىنىڭ سېتىش قىممىتى 1 مىليارد 160 مىليون يۈەن، سېتىش نىسبىتى %5.99 بولدى. 129 مىڭ 900 توننا كۆمۈر، 235 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 780 مىڭ توننا سېمونت، 16 مىڭ 400 توننا پاختا يىپ، 5 مىليون 518 مىڭ مېتىر رەخت، 17 مىڭ 100 توننا سۇلياۋ ياسالما، 10 مىڭ 300 توننا گۈڭگۈرت كىسلاتاسى، 160 مىليون دانە خىش، 889 توننا ئاق هاراق، 48 مىڭ 500 توننا گۆرۈچ، 3700 توننا ئۇن، 16 مىڭ 300 توننا سۇ يېغى، 37 مىڭ 300 توننا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى.

يېزا - بازار كارخانىلىرىدا 6243 ئىشلەپچىقىرىش ئورنى بار، بۇنىڭدا 12 مىڭ 274 ئادەم ئىشلەيدۇ. بۇ كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي مەھسۇلات قىممىتى 977 مىليون 620 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتنىڭ 320 مىليون 350 مىڭ يۈەن بولدى. يىللىق ئومۇمىي كىرىم 1 مىليارد 18 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممەت 386 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىناكارلىق- قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ يىللىق قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى 821 مىليون 320 مىڭ يۈەن، پۈتكەن قۇرۇلۇش قىممىتى 679 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولدى. قۇرۇلۇش قىلىنغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 851 مىڭ كۋادرات مېتىر، پۈتكەن كۆلەم 576 مىڭ كۋادرات مېتىر بولدى. پۈتۈن كەسىپ بويىچە ئېلىنغان پايدا 9 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 498 مىليون 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىككە سېلىنغىنى 1 مىليارد 370 مىليون 380 مىڭ يۈەن. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 350 مىليون 470 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش ۋە ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 147 مىليون 110 مىڭ يۈەن بولدى. بۇ يىل يېڭىدىن كۆپەيگەن ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 205 مىليون 700 كۋادرات مېتىر، يېڭىدىن كۆپەيگەن تاشيول 25 كىلومېتىر، كېڭەيتىپ ئۆزگەرتىپ ياسالغان تاشيول 165 كىلومېتىر، بەرپا قىلىنغان ئورمان 1827 گېكتار، يېڭىدىن چېپىلغان سۇغىرىش ئۆستىڭى 14 كىلومېتىر، زەيكەش 197 كىلومېتىر، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ 106 كىلومېتىر، يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈك 1 مىليارد 342 مىليون 50 مىڭ يۈەن بولدى. ئارال شەھىرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 869 مىليون يۈەن. يېڭىدىن ياسالغان شەھەر يولى 19.89 كىلومېتىر، يېڭىدىن قوشۇلغان سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە سۇ چىقىرىۋېتىش تۇرۇبا تورى 54.98 كىلومېتىر. شەھەرنى توك بىلەن تەمىنلەش لىنىيىسى 2.4 كىلومېتىر، خەۋەرلىشىش لىنىيىسى 26.4 كىلومېتىر، كۆكەرتىش كۆلىمى 880 مىڭ كۋادرات مېتىر بولدى. قۇرۇلغان ۋە ئىش باشلانغان سانائەت باغچىسى 12 بولۇپ، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 480 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىدا تاماملانغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 267 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر، سودا ئوبوروت مۇلازىمەت كەسپى قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 126 مىڭ كۋادرات مېتىر، شەھەر بويىچە ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش كۆلىمى 550 مىڭ كۋادرات مېتىر بولدى.

تاشيول ترانسپورت كەسپىدە يەنىلا يەككە ئىگىلىك ئاساسىي ئورۇندا تۇردى. ھەر خىل ئاپتوموبىللاردىن 2628ى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ 1117، يەككىلەرنىڭ 1511؛ يۈك ئاپتوموبىلى 1001، يولۇچى

ئاپتوموبىلى 1587. ترانسپورت كەسپىنىڭ يىللىق قوشۇلما قىممىتى 59 مىليون 740 مىڭ يۈەن بولدى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 393 مىليون 108 مىڭ 400 توننا كىلومېتىر، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 187 مىليون 668 مىڭ ئادەم - كىلومېتىر بولدى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 421 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 342 مىليون يۈەن، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 72 مىليون يۈەن. باشقا كەسىپلەرنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 7 مىليون يۈەن بولدى. مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئوبوروت كارخانىلىرىنىڭ تاۋار سېتىش سوممىسى 2 مىليارد 58 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئېكسپورت - ئىمپورت سوممىسى 560 مىڭ دوللار بولدى. «يىنخەي» ساياھەت كوپېراتىپى بىلەن «كېلۈي» ساياھەت كوپېراتىپى قۇرۇلۇپ، 20 مىليون يۈەن مەبلەغ جەلپ قىلىندى، 58 مىڭ ئادەم - قېتىم ساياھەتچى كۈتۈۋالدى، ساياھەت كىرىمى 3 مىليون يۈەنگە يەتتى.

پەن تەتقىقات تېمىسىدىن 16سى تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكى ۋە بىئولوگىيە تېمىسى 6 تۈر، سانائەت تېمىسى 2 تۈر، داۋالاش تېمىسى 2 تۈر، باشقا تېمىلار 6 تۈر. بىڭتۈەننىڭ تەستىقى بىلەن تۇرغۇزۇلغىنى 5 تۈر، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى بىلەن تۇرغۇزۇلغىنى بىر تۈر، چۈشۈرۈپ بېرىلگەن پەن - تېخنىكا خىراجىتى 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن. ئۇزۇن تالالىق پاختا - «شىنخەي 23- نومۇر»، شال «شىنجاڭ شىلى 10 - نومۇر» ئاپتونوم رايونلۇق سورت تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. شى بويىچە مۇكاپاتلانغان پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى 30 تۈر، بۇنىڭ ئىچىدە 10 تۈر پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 20 تۈر پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش ، يېڭىلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 4 تۈر بىڭتۈەن بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شى بويىچە ھەر خىل مەكتەپ 87، ئوقۇغۇچىسى 69 مىڭ 384 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ 34، ئوقۇغۇچىسى 26 مىڭ 969، باشلانغۇچ مەكتەپ 51، ئوقۇغۇچىسى 42 مىڭ 81، ئوتتۇرا تېخنىكوم 2، ئوقۇغۇچىسى 334). ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 4025. شى بويىچە بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، 2 تېلېۋىزىيە ئۈزىلى، بىر سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، بىر رادىئو ئىستانسىسى، 16 رادىئو ئۈزىلى بار. «تارىم» گېزىتى بۇ يىل 200 سان نەشر قىلىنىپ، 2 مىليون 520 مىڭ پارچە تارقىتىلدى. ئىچكى ژۇرنال «تارىم خوجايىنلىرى» 36 سان چىقىرىلىپ 160 مىڭ پارچە تارقىتىلدى. داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتى 487، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا 20، مەخسۇس دوختۇرخانا بىر، سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش - ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى 18، ئاساسىي قاتلامدىكى شىپاخانا 419، يەككە سەھىيە ئاپپاراتى 29. سەھىيە تېخنىكا خادىمى 2396، كارىۋات 2018. ھەر مىڭ ئادەمگە 8.4 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 7.2 كارىۋات توغرا كەلدى.

ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 395 يۈەنگە يەتتى. كەسپكارلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2361 يۈەن بولدى. پۈتۈن يىللىق ياشانغاندا كۈتۈنۈش، داۋالىنىش، ئىش ئورنىدا يارىلىنىش، تۇغۇت، ئىشسىزلىق سۇغۇرتا فوندلىرىنىڭ پۇلى تولۇق يىغىۋېلىندى. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارغا 357 مىليون 650 مىڭ يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى بېرىلدى، تارقىتىلىش نىسبىتى %100كە يەتتى؛ داۋالىنىش ، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش، تۇغۇت ۋە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىلىرىنىڭ چىقىمى 98 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولدى.

ۋاڭ گۈەنچۈەن

## يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: جاڭ جىخىڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: شى شىنمىن؛ سىياسىي كومىسسار: سۇڭ جيەنيې؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: گو شياڭگوڭ، لى جاڭجاڭ، زۇ يۆۋۇ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: جۇ دېچېن، راخمان كېرەم

شى شتابى كورلا شەھرىدە. 2003 - يىلى شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى 17، دۆلەت ئىلكىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق، سودا كارخانىسى 19. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 198 مىڭ 600، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 53 مىڭ 800، ئىش ئورنىدىن ئايرىلغان، ئەمما ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئۈزۈلمىگەن ئىشچى - خىزمەتچى 2600، شەھەر - بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتى %3.

2003 - يىلى شى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليارد 127 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 958 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 473 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 696 مىليون يۈەن بولدى. پايدا 51 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 824 مىليون يۈەنگە يەتتى. زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 63 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى. 55 مىڭ 600 توننا ئاشلىق، 55 مىڭ 700 توننا پاختا، 334 مىڭ 200 توننا قىزىلچا، 534 مىڭ 500 توننا پەمىدۇر، 58 مىڭ 700 توننا قىزىلمۇچ ئېلىندى.

شى بويىچە 5100 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 4590 گېكتار يەر تېرىلغۇدىن بوشىتىلىپ ئورمان قىلىندى. 55 مىڭ 500 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 271 مىڭ 100 تۇياق چارۋا سېتىلىپ، قولدا 390 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 11 مىڭ 744 توننا گۆش، 617 توننا يۇڭ، 6660 توننا سۈت، 1454 توننا تۇخۇم ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 29 مىڭ 600 تۇياق بۇغا قالدى، 21.84 توننا بۇغا مۈڭگۈزى ئېلىندى. سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى 20 مىڭ 88 تونىنغا يەتتى.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 169 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يەتتى. 1629 چوڭ - ئوتتۇرا تراكتور، 1650 كىچىك تراكتور بار بولدى. دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇغىرىش ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 17 مىڭ 400 كىلوۋاتقا، دېھقانچىلىق ترانسپورت ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 10 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. 29 مىڭ 800 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇت ھېسابىدا)، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا 98 مىليون كىلوۋات توك ئىشلىتىلدى.

سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 336 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 193 ئۆلچەم كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى. 10 مىڭ 900 گېكتار يەردىكى زىرائەت پۈركۈپ ياكى تېمىتىپ سۇغىرىلدى. 12 قۇدۇق قېزىلىپ، سۇ تېجەش ئىقتىدارى 34 مىليون كۇب مېتىر ئاشۇرۇلدى. 10 مىڭ 107 مېتىر سۇغىرىش ئۆستىڭى، 136.2 كىلومېتىر زەيكەش يېڭىدىن چېپىلدى، 1050.2 كىلومېتىر ئۆستەڭ لايدالدى. 808 جايدىكى ئۆستەڭ ئىنشائاتى يېڭىدىن ياسالدى ۋە رېمونت قىلىندى.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 449 مىليون يۈەن بولۇپ، تىجارەت كىرىمى 428 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 187 مىليون يۈەنگە، پايدا-باج 76 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شى بويىچە دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 456 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى پۇختا قەدەم بىلەن ئاشتى. يىللىق سانائەت قوشۇلما قىممىتى 266 مىليون يۈەنگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 505 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 387 مىليون يۈەنگە، ئېغىر سانائەتنىڭ 118 مىليون يۈەنگە يەتتى. 230 مىڭ 300 توننا كۆمۈر، 54 مىڭ توننا تاشپاختا، 7201 توننا سۇ يېغى، 20 مىڭ 800 توننا شېكەر، 5213 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 17 مىڭ 300 توننا پەمىدۇر قىيامى، 8777 توننا پاختا يىپ، 13 مىليون 50 مىڭ مېتىر رەخت، 148 مىڭ 400 توننا سېمونت، 6 مىليون 714 مىڭ 800 كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش قىممىتى 487 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 96.4% بولدى.

بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 207 مىليون يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى 466 مىليون يۈەنگە يەتتى. قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 391 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 281 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 104 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 946 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تارىم دەرياسى ئېقىنىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش، يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش، خۇاشەن ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا بۆلۈمى قۇرۇلۇشى، «ئالتۇن بۇغا» شىركىتىنىڭ يۈرۈشلۈك بۇغا مەھسۇلاتلىرىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش قۇرۇلۇشىنىڭ داۋامى قاتارلىق بىر تۈركۈم نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولدى.

تاشيول ترانسپورت كەسپىنىڭ يىللىق يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 123 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 284 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، تىجارەت كىرىمى 146 مىليون يۈەنگە يەتتى.

بۇ يىللىق ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 596 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىنىڭ 481 مىليون يۈەنگە، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ 55 مىليون يۈەنگە يەتتى. توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسى بويىچە تاۋارلارنىڭ سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 112 مىليون يۈەنگە يەتتى.

بۇ يىل 7 تۈرگە سودىگەر چاقىرىلىپ، جەلپ قىلىنغان مەبلەغ 202 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى. «گۈەننوڭ» شىركىتىنىڭ 40 مىليون يۈەنلىك A پاي چېكى 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شاڭخەي ئاكسىيە بازىرىدا مۇۋەپپىقىيەتلىك بازارغا سېلىندى، بۇنىڭ بىلەن 217 مىليون يۈەن مەبلەغ يىغىلدى، ئومۇمىي پاي دىرى 120 مىليون پايغا يەتتى.

شى بويىچە كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 9292سى بار، تۈرلۈك پەن تەتقىقات ئورگانلىرىدىن 24ى بار، پەن - تېخنىكا

پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 1269، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تېخنىكا خادىم 806. تۇرلۇك پەن تەتقىقات، ئېچىش، ئومۇملاشتۇرۇش تۈرىدىن 76سى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك تۈر 3، بىڭتۇەن تۈرى 9، شى بېكىتكەن تۈر 64. بۇ تۈرلەرنىڭ ئىجرا نىسبىتى 100% بولدى. 23- تۇەن - مەيدان ئۆزى تەتقىق قىلىپ ياراتقان «دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئاق - قارا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى» دۆلەتنىڭ تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىلەش پاتېنتىغا؛ 2 تۈرلۈك مۇۋاپىقىيەت بىڭتۇەننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، 12 تۈرلۈك مۇۋەپپىقىيەت شىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ يىل 12 تۈرلۈك مۇۋەپپىقىيەت ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلدى. شى بويىچە چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومىدىن 2سى، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكومىدىن بىرسى، كەسپىي تېخنىكومىدىن بىرى، مۇكەممەل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن 4ى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن 17سى، 9 يىللىق بىر تۇتاش تۈزۈمىدىكى مەكتەپتىن 5ى، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەكتىپىدىن بىرى بار؛ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 24 مىڭ 188، تولۇقسىز ئوتتۇردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 13 مىڭ 757، تولۇق ئوتتۇردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 4483؛ ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچى 2968، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2529؛ يەسلىدىكى بالا 3795 (تەييارلىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

2 تۇەن - مەيداننىڭ «ئىككى ئاسمەن» خىزمىتى بىڭتۇەننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. شى بويىچە ياشلار ۋە قىرانلار ئارىسىدىكى قايتا ساۋاتسىزلىنىش نىسبىتى 5%تىن تۆۋەن دائىرىدە كونترول قىلىندى.

«بوستانلىق گېزىتى» 151 سان چىقىرىلدى، 1 مىليون 774 مىڭ 700 پارچە تارقىتىلدى، مەركەز دەرىجىلىك ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك ئاخبارات ۋاستىلىرىدا 1980 پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى. ئۇلاپ تارقىتىدىغان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن 24ى، چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن ۋە سىملىق رادىئو ئۆزېلىدىن 17سى بار، تېلېۋىزىيەنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 99%، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 93.7% بولدى.

شى بويىچە ھەر خىل سەھىيە ئاپپاراتى 41، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 21، شىپاخانا 17، سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىر، كارىۋات 1427، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 1907. ھەر مىڭ نوپۇسقا 7.19 كارىۋات، 9.61 سەھىيە تېخنىكا خادىمى توغرا كەلدى.

ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 802 يۈەن، ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىقتىسادىي ساپ كىرىمى 1698 يۈەن بولدى. شى بويىچە ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا ئەمەلىي تاپشۇرۇلغان پۇل 112 مىليون 900 مىڭ يۈەن، ئىش ئورنىدا يارىلىنىش سۇغۇرتىسىغا تاپشۇرۇلغىنى 3 مىليون 190 مىڭ يۈەن، تۇغۇت سۇغۇرتىسىغا تاپشۇرۇلغىنى 1 مىليون 850 مىڭ يۈەن، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا تاپشۇرۇلغىنى 11 مىليون 610 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 100%كە يەتتى. دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققانلارغا 336 مىليون 390 مىڭ يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى ئاجرىتىلدى، ئاجرىتىلىش نىسبىتى 100% كە يەتتى، دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققانلارنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ۋە مەھەللە ئەمگەك كاپالىتى سۈپىتى بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنىڭ ۋاقتىدا، تولۇق تارقىتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. مەمۇرلارنىڭ داۋالىنىش ياردەم پۇلى، كۆپ سوممىلىق داۋالىنىش سۇغۇرتا كەسپى ۋە ئالاھىدە ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللەرنى ئامبۇلاتورىيىسىدە داۋالاش كەسپى بىرلا ۋاقىتتا يولغا قويۇلدى. ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى خىراجىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3373 ئائىلىدىكى 7961 كىشىگە 460 مىڭ 100 يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى تارقىتىلدى. 993 ئائىلىدىكى 3393 كىشىگە جەمئىي 260 مىڭ 300 يۈەن ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى.

شى ئىشخانىسى

# يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: شى داگاڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: ليۇ دېڭباڭ؛ سىياسىي كومىسسار: ۋۇ جىندوڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: يەن شيۇيې، خې ۋېي (5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى جىنروڭ (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ سۇيجىن (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، سوڭ گۇاڭجيې، پەرھات سەيدى؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: جېن لىپىڭ (ئايال، 9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، زۇنۇن ياسىن، سوڭ زۇدې، فۇ گەيچىڭ (ئايال، 9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

شى شىتابى قەشقەر شەھىرىدە. 2003 - يىلى شى قارىمىقىدىكى ئورۇن 195، بۇنىڭ ئىچىدە 18 تۇەن - مەيدان بار. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 189 مىڭ 480، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 89 مىڭ 191، ئاز سانلىق مىللەت 94 مىڭ

129. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.89‰، تەبىئىي كۆپىيىشى 5‰ بولدى. يىل ئاخىرىدىكى كەسىپكار 73 مىڭ 314، بۇنىڭ ئىچىدە ئىدارە ئورگانلاردىكىلەر 36 مىڭ 684، يەككە ئىگىلىكچى 8105، يېزا - كەنتتىكىلەر ۋە باشقىلار 28 مىڭ 525.

يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 585 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 1 مىليارد 57 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 211 مىليون يۈەن (سانائەتنىڭ 62 مىليون يۈەن، بىناكارلىقنىڭ 149 مىليون يۈەن)، 3 - كەسىپنىڭ 317 مىليون يۈەن بولدى. شى بويىچە ئېلىنغان پايدا 55 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يىل ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 72 مىڭ 100 گېكتار. زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 69 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، 25 مىڭ 160 توننا بۇغداي، 37 مىڭ 250 توننا قوناق، شال 2067 توننا، 86 مىڭ 26 توننا پاختا (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن تالالىق پاختا 3110 گېكتار، 4151 توننا)، 95 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدىكى باغ كۆلىمى 5166 گېكتار بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 45 مىڭ 176 توننىغا يەتتى. بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 2307 گېكتار، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلغان كۆلەم 1502 گېكتار بولدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 710 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى، 15 مىڭ 34 توننا گۆش، 690 توننا يۇڭ، 6228 توننا كالا سۈتى، 1571 توننا قوي سۈتى، 1965 توننا تۇخۇم ئېلىندى. يىل ئاخىرىغىچە 379 تۇياق بۇغا بېقىلىپ 240 كىلوگرام بۇغا مۈڭگۈزى ئېلىندى.

بېلىقچىلىق كۆلىمى 6999 گېكتارغا يېتىپ، 890 توننا بېلىق تۇتۇلدى.

شى بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 125 مىڭ 100 كىلوۋاتقا يەتتى. چوڭ ۋە ئوتتۇرا تراكتور 1143كە، دېھقانچىلىقتا سۇغىرىشقا، زەي چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا 1066گە، ئۆسۈملۈك ئاسراشقا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا 397 گە يەتتى. 3779 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 64 مىڭ 700 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى. يېزىلاردا 60 مىليون 803 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى.

شى بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 168 مىليون 270 مىڭ يۈەن بولدى. 1 مىليون 350 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 15 مىڭ 300 توننا ئۇن، 11 مىڭ 803 توننا سۇ يېغى، 99 مىڭ 250 توننا ساپ پاختا، 177 توننا ئىچىملىك ۋە ھاراق، 132 مىليون 440 مىڭ دانە خىش، سېمونت 35 مىڭ 500 توننا، 1871 توننا سۇلياۋ ياسالما، 950 توننا چۈچۈكبۇيا مەلھىمى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش قىممىتى 460 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 418 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قۇرۇلۇش قىلىش كۆلىمى 405 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر بولدى، قىلىنغان قۇرۇلۇش تۈرى 71 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 66 تۈر مۇشۇ يىلى يېڭىدىن باشلاندى. بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ مالىيە كىرىمى 7 مىليون 330 مىڭ يۈەن بولدى.

تاشيول ترانسپورتىنىڭ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 58 مىليون 961 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 162 مىليون 434 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، تىجارەت كەسپىي كىرىمى 91 مىليون 328 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ يۈك ئوبوروت مىقدارى 74 مىليون 380 مىڭ يۈەن، تىجارەت كەسپىي كىرىمى 48 مىليون 170 مىڭ يۈەن، كارخانىنىڭ مالىيە كىرىمى 87 مىڭ يۈەن بولدى. يەككە ترانسپورت كەسپىنىڭ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 58 مىليون 961 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 159 مىليون 834 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، تىجارەت كىرىمى 65 مىليون 718 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 554 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 509 مىليون يۈەن، ئۆزگەرتىش - يېڭىلاشقا سېلىنغىنى 19 مىليون يۈەن، باشقىلارغا سېلىنغىنى 25 مىليون يۈەن بولدى. مەبلەغ سېلىش ساھەسى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا: دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىق كەسىپلىرىگە 157 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 82.8% ئاشتى؛ سانائەت ۋە بىناكارلىق كەسىپلىرىگە 46 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپكە 351 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 313 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەككە پارچە سېتىش سودىسى كەسپىنىڭ تور نۇقتىلىرى 1536گە، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ تور نۇقتىلىرى 470كە يەتتى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 5 مىليون 680 مىڭ دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 1 مىليون 830 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليون 850 مىڭ دوللار.

شى بويىچە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپتىن 92سى بار. بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ 62، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 30. ئوقۇتۇش نۇقتىسى 58. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 3424. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 49 مىڭ 486، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

4316، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 248، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 29 مىڭ 922، 15 يەسلى بار، بۇنىڭدا 107 ئادەم ئىشلەيدۇ. بۇ يەسلىلەردە 1530 بالا بار. كەسپىي تېخنىكا خادىم 6655كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىكى 85، ئوتتۇرا دەرىجىلىكى 918، تۆۋەن دەرىجىلىكى 4676. دۆلەتنىڭ پەن تەتقىقات تېمىسىدىن 2سى تاماملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكىغا ھۇجۇم قىلىش تۈرى بولغان «شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئۆزگىچە باغ - ئورمان بايلىقىدىن يۇقىرى ئۈنۈمدە پايدىلىنىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش» تۈرى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. بادام كۆلىمى 667 گېكتارغا، ئامۇت كۆلىمى 1333 گېكتارغا يەتتى؛ «جەنۇبىي ئامېرىكا ئاق راكىنى كەسپلەشتۈرۈپ بېقىش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش»، «ئۆزگىچە كۆممىقوناقنى كەسپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش تەتقىقاتى» بىڭتۈەننىڭ 2003 - يىللىق ئۇچقۇن پىلانى ۋە مەشئەل پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

«زەرەپشان گېزىتى»نىڭ ئۇيغۇرچىسى چىقىرىلىپ، مەملىكەت ئىچىدە ئاشكارا تارقىتىلدى. شى بويىچە كۇتۇپخانىدىن 86سى بار، بۇنىڭدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 180 مىڭ پارچىگە يەتتى. سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسىدىن 19ى، تېلېۋىزىيە كۆرسىتىش ئىستانسىسىدىن 10ى بار، چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، ئوچۇق يوللۇق تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85 كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %40كە يەتتى. شى بويىچە ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىدىن 18ى، شىپاخانىدىن 6سى، كارىۋاتتىن 909ى، سەھىيە تېخنىكا خادىمىدىن 886سى بار. بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 325.

ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 10 مىڭ 734 يۈەن. كەسپكارلارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى 12 مىڭ 111 يۈەن، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 4100 يۈەن بولدى.

ۋاڭ جيەنشى

# يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: جاڭ گولياڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: لۇ شياۋفېڭ؛ سىياسىي كومىسسار: خۇاڭ چىلۇڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: رېن مىنمىن، جاڭ يۇڭ، جاڭ چېڭلۇڭ، جاۋ ياخوڭ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: بايدۆلەت نۇسىپبېك (قازاق، شى دەرىجىلىك)، لى ۋېنيى

شى شتابى غۇلجا شەھىرىدە. 2003 - يىلى شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى 21، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانا 24. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 218 مىڭ 938. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 39 مىڭ 525. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 7.07‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 2.62‰ بولدى. دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلاردا ۋە پېيى كونترول قىلىنىدىغان دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان كەسپكارلار 73 مىڭ 991، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىكىلەر 73 مىڭ 911.

شى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 995 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 822 مىليون 740 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 646 مىليون 250 مىڭ يۈەن (سانائەتنىڭ 508 مىليون 810 مىڭ يۈەن، بىناكارلىقنىڭ 137 مىليون 440 مىڭ يۈەن)، 3 - كەسىپنىڭ 526 مىليون 270 مىڭ يۈەن بولدى. شى بويىچە تاپشۇرۇلغان تورلۇك باج 208 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە، ئۇنىۋېرسال پايدا 43 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 100 مىڭ گېكتارغا يەتتى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىق كەسىپلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 650 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 1 مىليارد 49 مىليون 420 مىڭ يۈەن. چارۋىچىلىقنىڭ 369 مىليون 190 مىڭ يۈەن بولدى. 235 مىڭ 97 توننا ئاشلىق، 7674 توننا پاختا، 79 مىڭ 845 توننا ياغلىق دان، 177 مىڭ 616 توننا قىزىلچا، 34 مىڭ 296 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 9257 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇدىن بوشىغان يەر 4894 گېكتار. 20 مىڭ 294 توننا گۆش، 22 مىڭ 103 توننا سۈت، 2239 توننا يۇڭ، 6868 توننا تۇخۇم ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 943 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە قوي 825 مىڭ 200 تۇياق. بېلىق مەھسۇلاتى 2226 تونىنغا يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 189 مىڭ 700 كىلوۋات، چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 1695، كىچىك تراكتور 2235، كومبايىن 360.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 535 مىليون 990 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ 429 مىليون 20 مىڭ يۈەن بولدى، قوشۇلما قىممەت 214 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، يىللىق ئومۇمىي كىرىم 623 مىليون 490 مىڭ

يۈەنگە، ھەر خىل باج سوممىسى 77 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ساناەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 10 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك ساناەتنىڭ 698 مىليون 840 مىڭ يۈەن، ئېغىر ساناەتنىڭ 312 مىليون 40 مىڭ يۈەن بولدى. دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ۋە پاي چېكىنى كونترول قىلغان دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ ساناەت مەھسۇلات قىممىتى 900 مىليون 430 مىڭ يۈەن بولدى. 625 مىڭ 900 توننا كۆمۈر، 165 مىليون 190 مىڭ كىلوۋات- سائەت توك، 623 مىڭ توننا سېمونت، 55 مىڭ 500 توننا كوكس، 3 مىليون 661 مىڭ دانە كۆندىلىك فارفور بۇيۇملار، 11 مىڭ 300 توننا كۆندىلىك ئەينەك بۇيۇملار، 21 مىڭ 300 جۈپ خۇرۇم ئاياغ، 62 مىڭ 400 توننا شېكەر، 15 مىڭ 608 توننا ئىچىملىك ۋە هاراق، 4819 توننا سۇ يېغى، 903 توننا سۈت مەھسۇلاتى، 40 مىڭ 600 توننا ئۇن، 6722 توننا ئىسپىرت ئىشلەپچىقىرىلدى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 730 مىليون 570 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 472 مىليون 980 مىڭ يۈەن، ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاشقا سېلىنغىنى 164 مىليون 690 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 3 مىليون 650 مىڭ يۈەن. قۇرۇلۇش قىلىنغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 691 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر، پۈتكەن كۆلەم 582 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر بولدى. دۆلەت ئىلكىدىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 353 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شى بويىچە يەككە تۇپ ۋە پارچە سېتىش سودا كەسپىنىڭ تور نۇقتىسى 2995كە، كەسپكار 4118گە يەتتى. يەككە يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ تور نۇقتىسى 787گە، كەسپكار 1999غا يەتتى. بۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 364 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 990 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە، تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 103 مىليون 310 مىڭ دوللارغا يەتتى.

شى بويىچە تۇرلۇك ئاپتوموبىل 2981گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلارنىڭ 608، يەككىلەرنىڭ 2373. يىللىق يۈك ئوبوروت مىقدارى 404 مىليون 230 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 248 مىليون 900 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

ياشانغاندا كۈتۈنۈش، داۋالىنىش، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش، تۇغۇت، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى فوندلىرىنىڭ تاپشۇرۇلۇش نىسبىتى %99كە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققانلار 43 مىڭ 933كە يەتتى، ئۇلارغا كۈتۈنۈش پۇلىدىن 334 مىليون 90 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى، تارقىتىلىش نىسبىتى %100 بولدى. داۋالاش سۇغۇرتىسىدىن 45 مىليون 650 مىڭ يۈەن، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىدىن 1 مىليون 330 مىڭ يۈەن، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسىدىن 770 مىڭ يۈەن، تۇغۇت سۇغۇرتىسىدىن 1 مىليون 320 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى.

شى بويىچە 7145 ئىش ئورنى ئېچىلىپ، 6645 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىش ئورنىدىن قالغان، ئىشسىزلاردىن 3539 كىشى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 3106 نەپەر ياش ئىش ئورنىغا چىقتى. شى بويىچە 24 مەھەللە ئەمگەك كاپالىتى خىزمەت پونكىتى قۇرۇلدى.

شى بويىچە ئەمگەك تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئوبيېكتىدىن 4662 ئائىلە، 11 مىڭ 53 ئادەم بولۇپ، بۇلارغا 6 مىليون 160 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى تارقىتىلدى. يىللىق سۇغۇرتا كىرىمى 70 مىليون 410 مىڭ يۈەن(مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 5 مىليون 820 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ 19 مىليون 470 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. بىر يىلدا تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 31 مىليون 430 مىڭ يۈەن(مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىدىن تۆلەنگەن پۇل 770 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتىدىن بېرىلگەن پۇل 6 مىليون 640 مىڭ يۈەن) بولدى.

شى بويىچە پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتىگە قاتناشقان پەن- تېخنىكا خادىمى 1516، ئۈلگە كۆرسىتىش تۈەنى 4، ئۈلگە كۆرسىتىش لىيەنى 102، ئۈلگە كۆرسىتىش بەنى 1352، ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسى 3317. يىل ئىچىدە تۈرلۈك پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كۇرسىدىن 931 قارار ئېچىلدى، 123 مىڭ ئادەم - قېتىم قاتناشتى. 709 مەيدان پەن - تېخنىكا سىن فىلىمى قويۇلدى، پەن - تېخنىكا زېمىن سىناش مۇسابىقىسىدىن 52 مەيدان ئۆتكۈزۈلدى، بۇلارغا 6100 ئادەم- قېتىم قاتناشتى. پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرنىلى - «ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەن - تېخنىكىسى» 14 مىڭ نۇسخا نەشر قىلىندى.

شى بويىچە مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپتىن 9ى، 9 يىللىق بىر تۇتاش تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتىن 18ى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن 6سى، باشلانغۇچ مەكتەپتىن 26سى، كەسپىي تېخنىكومدىن 2 سى بار. ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچى 3072. بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2393. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 23 مىڭ 440، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 25، ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %99.7. شۇ يىلى

باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 4076، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 3384. مەملىكەتلىك 18 - نۆۋەتلىك ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسىدە بىر ئوقۇغۇچى 1 - دەرىجىلىك، بىر ئوقۇغۇچى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات ئالدى. شى بويىچە «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 93.8% بولدى. مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇراقلىشىش نىسبىتى باشلانغۇچنىڭ 98.2%، تولۇقسىزنىڭ 97.2% بولدى. ياشلار ۋە قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 1.1% بولدى.

شى بويىچە داۋالاش ئاپپاراتىدىن 85ى، دوختۇرخانا، شىپاخانىدىن 24ى، كارىۋاتتىن 1387ى، سەھىيە تېخنىكا خادىمىدىن 1726سى بار.

مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى مول مېۋە بەردى. شىغا قاراشلىق «خۇاچىڭ» مېھمانخانىسى مەملىكەت بويىچە مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى دېگەن نامغا، بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش مەركىزى ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى دېگەن نامغا، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىڭتۇەن بويىچە مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى دېگەن نامغا، بىر ياش بىڭتۇەن بويىچە «كۆزگە كۆرۈنگەن ياش ئىش ئورنى ماھىرى» دېگەن نامغا، 5 نەپەر ياش بىڭتۇەن بويىچە «مۇنەۋۋەر ئىش ئورنى ماھىرى» دېگەن نامغا، بىر كىشى غەربىي شىمال بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «گۈل» ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىدا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، شى تەنتەربىيە كومىتېتى مەملىكەت بويىچە مىللىي تەنتەربىيىدە ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى. شى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى بىڭتۇەن بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. «ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى گېزىتى» ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر گېزىت بولۇپ باھالاندى.

دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلار ۋە يېيى كونترول قىلىنغان دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلاردىكى كەسىپكارلارنىڭ ئەمگەك ئىش ھەققى 545 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پۇل مائاشى 544 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 8558 يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە مائاش خاراكتېرىدىكى كىرىم 7301 يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4691 يۈەنگە، كەسىپكارلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 7870 يۈەنگە يەتتى.

شىياۋ يىڭمىڭ

# يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: لى جى (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: يۇ جىجى (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ يوڭلى (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ سىياسىي كومىسسار: جياڭ جيەنشۇن؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: چېرنا (موڭغۇل)، گو چاۋشۈن، لى گۇاڭشىن، ليۇ جىندې؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: لى چۈەنشيۇ (ئايال)، لۇ زېڭشۇ

شى شتابى بورتالا شەھىرىدە. 2003 - يىلى شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق تۈەن - مەيدانى 11، سانائەت كارخانىسى 8، سودا كارخانىسى 6، قاتناش، بىناكارلىق ئورنى 3، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئورنى 12. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 106 مىڭ 703، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 50 مىڭ 904، ئاز سانلىق مىللەت 11 مىڭ 261، يېزا نوپۇسى 64 مىڭ 379. تۇغۇلغان بوۋاق 849، تۇغۇلۇش نىسبىتى 8‰، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.2‰ بولدى.

2003 - يىلى شى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 36 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 566 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 204 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 266 مىليون يۈەن بولدى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 9744 يۈەن بولدى. ئۈنۈمىسال پايدا 33 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتنىڭ پايدىسى 20 مىليون 480 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىكىدە پاختىچىلىق، قىزىل ئۈزۈمچىلىك، چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىقتىن ئىبارەت «4 چوڭ تۈۋرۈك كەسىپ»نى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇلدى. 5000 توننا قىزىل ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىلىپ، بېيجىڭ، گۇاڭجۇ، شاڭخەي قاتارلىق شەھەرلەرگە سېتىلدى. «ئالتۇن بورتالا» تېرىقچىلىقى مەملىكىتىمىز تېرىقچىلىق كەسپىدىكى 50 كۈچلۈكلەر قاتارىغا كىردى. شى بويىچە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 130 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ 935 مىليون يۈەنگە، ئورمانچىلىقنىڭ 22 مىليون يۈەنگە، چارۋىچىلىقنىڭ 102 مىليون يۈەنگە، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، مۇلازىمەت كەسىپلىرىنىڭ 68 مىليون يۈەنگە يەتتى.

يىل ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 50 مىڭ 200 گېكتار، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 48 مىڭ 400 گېكتار. 51 مىڭ 394 توننا ئاشلىق، 50 مىڭ 690

تونna پاختا، 4220 توننا پاقلىق دان، 69 مىڭ 130 توننا قىزىلچا، 5846 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 4518 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقتىن بوشىتىلغان يەر 3731 گېكتار. قولدا 330 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 6470 توننا گۆش، 1876 توننا سۈت، 3255 توننا تۇخۇم، 692 توننا يۇڭ، 553 توننا بېلىق ئېلىندى.

شى بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 133 مىڭ كىلوۋات، چوڭ - ئوتتۇرا تراكتور 712، كىچىك تراكتور 2790، كومبايىن 32. تۈەن - مەيدانلار مۇشۇ يىلدا 120 مىليون 140 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 21 مىڭ 67 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 419 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 2496 توننا سولياۋ يوپۇق ئىشلەتتى. سۇ قۇرۇلۇشىغا 72 مىليون 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 51 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى. 1260 گېكتار يۇركۈپ سۇغىرىش كۆلىمى، 2580 گېكتار تېمىتىپ سۇغىرىش كۆلىمى يېڭىدىن بەرپا قىلىندى، تۆۋەن بېسىملىق تورۇبىدا 500 گېكتار يەر، كىچىك تۆشۈكلۈك يۇمشاق تورۇبىدا 6627 گېكتار يەر سۇغىرىلدى. ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن 40ى قېزىلدى، 14 مىڭ 500 ئادەمنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى، 24 مىليون 730 مىڭ كۇب مېتىر سۇ كۆپەيتىلدى، 15 مىليون 40 مىڭ كۇب مېتىر سۇ تېجەلدى.

سانائەت قوشۇلما قىممىتى 125 مىليون يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 415 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 316 مىليون 850 مىڭ يۈەن، يەككە سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 570 مىڭ يۈەن بولدى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 226 مىليون 880 مىڭ يۈەن، ئېغىر سانائەتنىڭ 188 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولدى، 192 مىليون 700 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 122 مىڭ 300 توننا سېمونت، 4014 توننا پاختا يىپ، 19 مىڭ 328 توننا سۇ يېغى، 9042 توننا بۇغداي ئۇنى، 3849 توننا سولياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىلدى.

شى بويىچە 1326 ئاپتوموبىل بار، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكىسى 391، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ 168، يەككىلەرنىڭ 767. بىر يىلدىكى يۈك ئوبوروت مىقدارى 78 مىليون 920 مىڭ توننا - كىلومېتىر، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 102 مىليون ئادەم - كىلومېتىر. مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ يىللىق ترانسپورت تىجارىتى كىرىمى 12 مىليون 940 مىڭ يۈەن، يىللىق پايدىسى 210 مىڭ يۈەن بولدى.

شى بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 435 مىليون 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 279 مىليون 520 مىڭ يۈەن، ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاشقا 136 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 5327 گېكتار ئورمان بەرپا قىلىندى، يۇركۈپ سۇغىرىش كۆلىمى يېڭىدىن 2533 گېكتار ئاشۇرۇلدى، 235 كېمەل كارىۋىتى يېڭىدىن كۆپەيتىلدى.

يىللىق قۇرۇلۇش قىلىش قىممىتى 236 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ 97 مىليون 390 مىڭ يۈەن بولدى. قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 236 مىڭ كۋادرات مېتىر، پۈتكەن كۆلەم 218 مىڭ كۋادرات مېتىر بولدى.

يىللىق توپ ۋە پارچە سېتىش سودا كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 50 مىليون 820 مىڭ يۈەن، تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 99 مىليون 690 مىڭ يۈەن، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 278 مىليون 820 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ 243 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولدى.

يىللىق تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 101 مىليون 526 مىڭ 900 دوللارغا، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورتنىڭ 79 مىليون 142 مىڭ 500 دوللارغا، ئېكسپورتنىڭ 22 مىليون 384 مىڭ 400 دوللارغا يەتتى.

«يېڭى قۇرۇلۇق شال 12 - نومۇرلۇق سورتىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش»، «1 مىليون مو (66 مىڭ 700 گېكتار) يەردە زىرائەت سورتىنى كاپسۇللاپ قوللىنىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش»، «ئاساسىي قاتلام دوختۇرخانىلىرىدا يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىنى داۋالاشنىڭ يېڭى تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە قوللىنىشقا ئالاقىدار تەتقىقات» بىڭتۈەننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى پەن - تېخنىكىسى» دىن ئۈچ سان 2100 نۇسخا تۈزۈپ تارقىتىلدى. مەملىكەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسىدە 4 ئەسەر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، بىر ئورۇن تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يىل ئاخىرىدىكى سەھىيە ئاپپاراتى 157، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا 13، شىپاخانا 144، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 928، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 440، كارىۋات 773.

شى بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكومدىن 2سى، تېخنىكا مەكتىپىدىن بىرى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن بىرى، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپتىن 3ى، تولۇقسىز ئوتتۇرا

مەكتەپتىن 11ى، باشلانغۇچ مەكتەپتىن 14ى، يەسلىدىن 12سى بار. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىسى 1838، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1258. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 25 مىڭ 648، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 14 مىڭ 667، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 7859، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3122. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە سېلىنغان مائارىپ سېلىنمىسى 48 مىليون 950 مىڭ يۈەن، ئاساسىي قۇرۇلۇش سېلىنمىسى 20 مىليون 640 مىڭ يۈەن. شى بويىچە 11 تۈەن - مەيداننىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى ئۆلچەمگە يەتتى، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى 98% بولدى.

«يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى ۋە بورتالا ئوبلاستىغا ئورۇنلاشقانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش» بويىچە يۈرۈشلۈك مەدەنىيەت پائالىيىتى ئۆيۈشتۇرۇلدى، 3 - نۆۋەتلىك مەيدان مەدەنىيىتى - سەنئەت بايرىمى، خەتتاتلىق، رەسساملىق ۋە گۈلخان كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى گېزىت-ژۇرناللاردا 5973 پارچە ئاخبارات ماقالىسى ئېلان قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز دەرىجىلىك گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغىنى 1174 پارچە. «بورتالا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش گېزىتى» 4 فورماتلىق ھەپتىدە 2 سان چىقىرىلىشتىن 2 فورماتلىق ھەپتىدە 3 سان چىقىرىشقا ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭ نامى «شىمالىي شىنجاڭ تەرەققىيات گېزىتى»گە ئۆزگەرتىلدى. شى بويىچە 11 تۈەن - مەيداندا چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن رادىئو ئۆزىبلى قۇرۇلدى، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98%كە يەتتى، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%تىن ئاشتى.

شى بويىچە ياشانغاندا كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق، داۋالىنىش، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش، تۇغۇت سۇغۇرتىسى بىر گەۋدە قىلىنغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. «ئۈچ كاپالەت لىنىيىسى»گە ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 128 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشسىزلاردىن 611ى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ياشانغاندا كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئورۇن 106گە، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقىنى 65كە، تۇغۇت سۇغۇرتىسىغا قاتناشقىنى 66گە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقىنى 126گە يەتتى، ئورۇنلارنىڭ سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى 100% بولدى. تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىنىڭ يىغىلىش نىسبىتى 100% بولدى. ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 33 مىڭ 55كە يەتتى، 17 مىڭ 732 كىشىگە ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىلدى، تارقىتىلىش نىسبىتى 100% بولدى. داۋالىنىش، ئىشسىزلىق، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش، تۇغۇت سۇغۇرتىلىرىدىن پۇل تۆلەش نىسبىتى 100% كە يەتتى. 2003 - يىلى ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 603 يۈەن بولدى.

شۈ فۇلەي

# يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: چيەن جى (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: لى يوڭشيەن؛ سىياسىي كومىسسار: ۋاڭ جىلياڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: چېن پىڭ (ئايال، 11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەندى)، جاڭ لىنزې سۈن چىڭيۈەن، چېن شياۋلىيەن، ياۋ شىنمىن (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: شۇ يىڭجۇ (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ يولڭ، ساۋ ليەنيىڭ (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)

شى شتابى ۋۇجياچۇ شەھىرىدە. 2003 - يىلى شى بويىچە ئومۇمىي نوپۇس 288 مىڭ 600گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 136 مىڭ 800، ئاز سانلىق مىللەت 21 مىڭ 800، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 171 مىڭ. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 5.69‰، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 2.09‰ بولدى. شى بويىچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئادەم 99 مىڭ 500، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپتىكىلەر 62 مىڭ 900، 2 - كەسىپتىكىلەر 13 مىڭ 200، 3 - كەسىپتىكىلەر 23 مىڭ 300. كەسىپكارلار ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغىنى 65 مىڭ 100، يەككە ئەمگەكچى 20 مىڭ 500، باشقا ئەمگەكچى 13 مىڭ 800.

شى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 522 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 308 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 496 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 718 مىليون يۈەن بولدى. شى بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 8787 يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 893 مىليون يۈەنگە يەتتى. زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 114 مىڭ

گېكتار بولدى، 89 مىڭ 500 توننا بۇغداي، 46 مىڭ 800 توننا قوناق، 17 مىڭ 400 توننا ئارپا، 98 مىڭ 400 توننا پاختا، 14 مىڭ 800 توننا ياغلىق دان، 45 مىڭ 300 توننا قىزىلچا، 565 مىڭ توننا سانائەت پەمىدۇرى ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىر يىلدا بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 14 مىڭ 151 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقتىن بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان ۋە ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈلگەن كۆلەم 4860 گېكتار. يىللىق مېۋە مەھسۇلاتى 11 مىڭ توننا.

يىل ئاخىرىدا قولدا 787 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 29 مىڭ 200 توننا گۆش، 10 مىڭ 860 توننا سۈت، 1498 توننا يۇڭ، 2710 توننا تۇخۇم، 1883 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى.

شى بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 360 مىڭ 300 كىلوۋات. چوڭ - ئوتتۇرا تراكتور 2558، كىچىك تراكتور 7400، تۈرلۈك ماشىنا، دېھقانچىلىق سايمىنى 13 مىڭ 700. 5668 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 37 مىڭ توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 18 مىڭ 200 توننا دىزېل مېيى، 882 توننا (ناتۇرال مىقدارى) دېھقانچىلىق دورىسى، 253 مىليون 280 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 160 مىڭ 800 گېكتارغا يەتتى.

دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرى ئۆزلىرى باشقۇرىدىغان ئىگىلىك (ئائىلە ئىگىلىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ يىللىق ساپ كىرىمى 355 مىليون يۈەنگە، ئائىلە بويىچە ئوتتۇرىچە كىرىمى 4739 يۈەنگە، كىشى بېشى ساپ كىرىمى 1486 يۈەنگە يەتتى.

سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 311 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەتنىڭ 182 مىليون يۈەن، خۇسۇسىي سانائەتنىڭ 129 مىليون 280 مىڭ يۈەن بولدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 99.2% بولدى. 1 مىليون 350 مىڭ توننا كۆمۈر، 157 مىڭ توننا كوكس، 10 مىڭ 700 توننا پاختا يىپ، 20 مىڭ توننا ئۇن، 22 مىڭ 900 توننا سۇ يېغى، 3856 توننا پەمىدۇر قىيامى، 1189 توننا بىرىكمە سۇيۇق سوپۇن، 1540 دانە دېھقانچىلىق سۇ پومپىسى، 20 مىڭ توننا سېمونت، 1990 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز تاختا، 195 مىليون 380 مىڭ دانە خىش، 6259 توننا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 185 مىليون يۈەنگە يەتتى، قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى 423 مىليون يۈەنگە، پۈتكەن مەھسۇلات قىممىتى 384 مىليون يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 543 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن كۆلەم 444 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 450 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 470 مىليون يۈەن، ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاشقا 408 مىليون يۈەن، باشقا ئىشلارغا 267 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

تاشيول ترانسپورتىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 89 مىليون يۈەنگە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 498 مىليون 650 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 369 مىليون 510 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. شى بويىچە 3807 ئاپتوموبىل بار، بۇنىڭ ئىچىدە يولۇچى ئاپتوموبىلى 1632، يۈك ئاپتوموبىلى 2150، شەخسى ئاپتوموبىل 3098. يىللىق توپ ۋە پارچە سېتىش سودا كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 162 مىليون يۈەن، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 46 مىليون يۈەن، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 2 مىليارد 245 مىليون يۈەن، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 820 مىليون يۈەن بولدى.

شى بويىچە 11 مىڭ 555 كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانلىقلار 402، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 3450، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 7325. 67 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى ئىشلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت تۈرىدىن 2سى، بىڭتۇەن تۈرىدىن 13ى، شى بېكىتكەن تۈردىن 52سى بار. پەن - تېخنىكا راسخوتىدىن 760 مىڭ يۈەن، شى دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا راسخوتىدىن 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن قولغا كەلتۈرۈلدى. بىر تۈر بىڭتۇەننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 4 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شى بويىچە چوڭلار ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپىدىن 8ى بار، ئوقۇغۇچىسى 1576، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتىن 35ى بار، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1743، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 5016، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 471. باشلانغۇچ مەكتەپتىن 44ى بار، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1819، ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭ 486؛ يەسلىدىن 23ى بار، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 247، يەسلىدىكى بالا 3107.

يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن «جۇڭغار گېزىتى» دە «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشتىكى 50 يىللىق شانلىق نەتىجە»، «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ ئىگىلىك يارىتىش تارىخى» دېگەندەك سەھىپىلەر ئېچىلدى. ۋۇجياچۈ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «ھەربىي بوز يەر ئاچقۇچىلار سەلتەنىتى»، «50 يىللىق ئۆزگىرىشلەر» دېگەن

سەھىپىلەرنى ئاچتى؛ «ھەربىي بوز يەر ئاچقۇچىلارغا مەدھىيە» دېگەن تېمىدا ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتى ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەنزىرىلىرىگە دائىر «رەڭگارەڭ جۇڭغار» ناملىق فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى. بىر يىلدا 110 مەيدان - قېتىم ھەر خىل شەكىلدىكى سەنئەت نومۇرلىرى قويۇلدى، كۆرۈرمەن 250 مىڭ ئادەم - قېتىمغا يەتتى. شى بويىچە سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى (پونكىتى) دىن 20سى، ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى (پونكىتى) دىن 3ى، چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن رادىئو تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن 20سى بار. سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 43 مىڭ 300 گە، سىملىق تېلېۋىزىيە تورىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4051 كىلومېتىرغا، رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %98كە يەتتى. «جۇڭغار گېزىتى» دىن 1 مىليون 950 مىڭ پارچە تارقىتىلدى.

شى بويىچە 47 داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 25، سەھىيە يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى 21، 1503 كارىۋات، 1898 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار. ھەر 10 مىڭ نوپۇسقا 20 كەسپىي دوختۇر، 9 ياردەمچى دوختۇر توغرا كېلىدۇ.

ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9755 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مائاش كىرىمى 7509 يۈەن، ئائىلە كىرىمى 2247 يۈەن. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 9292 يۈەن (ئائىلە ئىقتىسادى ساپ كىرىمى 2305 يۈەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئوتتۇرىچە ئەمگەك ساپ كىرىمى 8749 يۈەن، كىشى بېشى ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4135 يۈەن بولدى.

ژېن دىڭئوۋ

# يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى

شىجاڭ: لى جىنگۇاڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ چۈەنشېڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ سىياسىي كومىسسار: ۋەن ۋېيپىڭ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: دىڭ خەيساڭ، دۈسەن توقجا (قازاق)، ليۇ گېيۇ (ئايال، 12-ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جىڭ جيەنيىڭ (ئايال، 12-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: چۇ كەيپىڭ، چېن جىنكۇي، گوجۇڭلىن.

شى شتابى كۈيتۇڭ شەھىرىدە. شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى 10، سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق، سودا، مۇلازىمەت ۋە مائارىپ، پەن-مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق كەسىپىي ئورۇن، كارخانا 43. شى بويىچە يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 212 مىڭ 108، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسى %3نى ئىگىلەيدۇ. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 7.02‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 3.28‰ بولدى. شى بويىچە ئىش ئورنىدا 55 مىڭ 486 ئىشچى - خىزمەتچى بار.

يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 501 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 1 مىليارد 243 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 567 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 692 مىليون يۈەن بولدى. ئەمەلىي مالىيە كىرىمى 100 مىليون يۈەنگە يەتتى.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 456 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ 1 مىليارد 961 مىليون 940 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 32 مىليون 630 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 289 مىليون 860 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 5 مىليون 740 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مۇلازىمەت كەسىپلىرىنىڭ 166 مىليون 610 مىڭ يۈەن بولدى. زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 82 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى. 37 مىڭ 315 توننا ئاشلىق، 110 مىڭ 116 توننا پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 10 مىڭ 680 گېكتار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇدىن بوشىتىلغان يەر 9170 گېكتار. بۇ شى 2003 - يىلى بىڭتۇەن تەرىپىدىن ئورمان بىنا قىلىپ كۆكەرتىش خىزمىتىدە ۋە تېرىلغۇدىن بوشىتىلغان يەرلەرگە ئورمان بەرپا قىلىشتا ئەلا ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. يىل ئاخىرىدا قولدا 436 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى، 16 مىڭ 367 توننا گۆش، 1284 توننا يۇڭ، 25 مىڭ 633 توننا سۈت، 4196 توننا تۇخۇم ئېلىندى، 1027 توننا بېلىق تۇتۇلدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 210 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 710 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 723 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 111 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 287 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 848 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى. خام چوت ئىچىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرى 1 مىليون 620 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى.

بىناكارلىق كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 279 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە، مەھسۇلات قىممىتى 729 مىليون 200

مىڭ يۈەنگە يەتتى. خام چوت ئىچىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى 18 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

قاتناش ترانسپورتىدا 5 مىليون 190 مىڭ يولۇچى قېتىم توشۇلدى، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 402 مىليون 280 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك مىقدارى 4 مىليون 400 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 438 مىليون 710 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. يولۇچى ۋە يۈك توشۇشتىن قىلىنغان كىرىم 246 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممەت 109 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 854 مىليون 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 768 مىليون 210 مىڭ يۈەن، ئۆزگەرتىش - يېڭىلاشقا سېلىنغىنى 16 مىليون 150 مىڭ يۈەن، ئۆيشاق پارچە - پۇرات تۈرلەرگە سېلىنغىنى 5 مىليون 680 مىڭ يۈەن، باشقا ئىشلارغا سېلىنغىنى 64 مىليون 420 مىڭ يۈەن. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 428 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 2 مىليارد 86 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە، ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 13 مىليون 360 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سودىسىنىڭ 3 مىليون 189 مىڭ دوللارغا، ئېكسپورت سودىسىنىڭ 10 مىليون 171 مىڭ دوللارغا يەتتى. خام چوت ئىچىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سودا كارخانىلىرى 38 مىليون 580 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى.

شى بويىچە 4 ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى بار، ئوقۇغۇچىسى 566، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 90. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتىن 67سى بار، ئوقۇغۇچىسى 34 مىڭ 305، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2053. باللار باغچىسى 15، باغچىدىكى بالا 5395، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 210.

شى بويىچە 456 داۋالاش ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 2 - دەرىجىدىكى A دوختۇرخانىدىن بىرى، ناھىيىلىك 2 - دەرىجىلىك A دوختۇرخانىدىن 9ى، ئۇنىۋېرسال ئامبۇلاتورىيىدىن 2سى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش سىستېمىسىنىڭ داۋالاش ئورنىدىن 12سى، تۇەن-مەيدان ليەندۈيلەرنىڭ داۋالاش ئورنىدىن 299ى، سەھىيە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىن 12سى بار.

2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 11 — 12 - كۈنلىرى يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى پارتكومى مەدەنىيەتلىك شى بەرپا قىلىش خىزمەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا «مەدەنىيەتلىك شى بەرپا قىلىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە 10 ئىلغار شەخس، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە 10 داڭلىق شەخس مۇكاپاتلاندى.

ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9401.8 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە كىرىمى 11 مىڭ 590 يۈەنگە يەتتى. ئىش ئورنىدىن قالغانلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش پۇلى، دەم ئېلىشتا، پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى قاتارلىقلارنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىش 100% بولدى. 8541 كىشىگە 5 مىليون 750 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. بەش چوڭ ئىجتىمائىي كاپالەت دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيدى.

شى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى

# يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى

شىجاڭ: يۈ جىجى؛ سىياسىي كومىسسار: سوڭ جىگو؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: ساۋ شەنمىن، جاڭ زۇشۇ، ما شىنپىڭ، تەن جيەنشىن، لى لىپىڭ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: چېڭ كېچياڭ، ليۇ شىن، ۋاڭ شىكې.

شى شىتابى شىخەنزە شەھىرىدە. 2003 - يىل ئاخىرىدىكى شىغا قاراشلىق مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئورۇن 394، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۇەن-مەيدانى 18، سانائەت كارخانىسى 66، بىناكارلىق كارخانىسى 15، قاتناش ترانسپورت، پوچتا كارخانىسى 8، توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسى، يېمەك - ئىچمەك كارخانىسى 45. شى بويىچە ئومۇمىي نوپۇس 622 مىڭ 700، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 301 مىڭ 800، ئاز سانلىق مىللەتنىڭ نوپۇسى 32 مىڭ 600. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 7.27‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 3.15‰ بولدى. شى بويىچە ئىجتىمائىي ئەمگەكچى 231 مىڭ 400، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 147 مىڭ (كارخانا ئورۇنلىرىدىكى 124 مىڭ، كەسپىي ئورۇنلاردىكى 18 مىڭ 400، ئىدارە - ئورگانلاردىكى 4600).

شى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 6 مىليارد 352 مىليون يۈەنگە يەتتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 11 مىڭ 289 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 2 مىليارد 101 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 1 مىليارد 920 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 2 مىليارد 331 مىليون يۈەن بولدى.

شى بويىچە 156 مىڭ 900 گېكتار زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى بار بولۇپ، 131 مىڭ 300 توننا ئاشلىق، 190 مىڭ

300 توننا پاختا، 2400 توننا ياغلىق دان، 432 مىڭ 900 توننا كۆكتات ئېلىندى، 13 مىڭ 500 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقتىن بوشىتىلغان يەرگە بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 5500 گېكتار. 11 مىڭ 100 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 594 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 28 مىڭ 100 توننا گۆش، 29 مىڭ 700 توننا سۈت، 1200 توننا يۇڭ، 7900 توننا تۇخۇم، 3100 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. شۇ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 402 مىڭ كىلوۋات. چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 4217، كىچىك تراكتور 6137، پاختا تېرىش ماشىنىسى 32. 8922 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 1262 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 54 مىڭ 900 توننا خىمىيۋى ئوغۇت، 304 مىليون كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 262 مىليون يۈەنگە، پايدا 154 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ۋە پاي كونترول قىلغان دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ 2 مىليارد 950 مىليون يۈەنگە؛ يېنىك سانائەتنىڭ 2 مىليارد 170 مىڭ يۈەنگە، ئېغىر سانائەتنىڭ 1 مىليارد 830 مىليون يۈەنگە يەتتى. 484 مىڭ توننا كۆمۈر، 1 مىليارد 70 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 39 مىڭ توننا پاختا يىپ، 42 مىليون 510 مىڭ مېتىر رەخت، 2615 توننا تېتىتقۇ، 41 مىڭ توننا پەمدۇر قىيامى، 5899 توننا ئىچىملىك ۋە ھاراق، 64 مىڭ توننا سۇ يېغى، 71 مىڭ توننا بۇغداي ئۇنى، 24 مىڭ توننا يەم - خەشەك، 54 مىڭ توننا فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز تاختاي، 46 مىڭ توننا سۇلياۋ ياسالما، 230 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %99.2 بولدى.

بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 470 مىليون يۈەنگە، سالاھىيەتلىك بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 380 مىليون يۈەنگە، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 158 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا، قۇرۇلۇشلارنىڭ 1 - قېتىملىق تەكشۈرۈشتىلا لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %69كە يەتتى.

ئۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 988 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 2 مىليارد 366 مىليون يۈەن، ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاشقا 210 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئۆي- زېمىن تەرەققىيات شىركەتلىرى ئۆي- زېمىن تەرەققىياتىغا 427 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. 1- كەسىپكە 491 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپكە 1 مىليارد 175 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپكە 1 مىليارد 322 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

قاتناش - ترانسپورت، پوچتا كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 358 مىليون يۈەنگە يەتتى. تاشيولدىكى يۈك ئوبوروت مىقدارى 813 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 713 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. شۇ بويىچە پۇقراۋى ئاپتوموبىل 10 مىڭ 776. يىل ئاخىرىغىچە يەرلىك توردىن تېلېفون ئۇلىغان ئائىلە 230 مىڭ 300گە، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆي تېلېفونى ئورناتقان ئائىلە 155 مىڭ 500 گە، يانفون ئابونېنتى 151 مىڭ 600گە يەتتى، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 22 مىڭ 100گە يەتتى. پوچتا - تېلېگرافنىڭ يىللىق كەسپىي كىرىمى 184 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ بىر يىلدىكى پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 560 مىليون يۈەنگە، توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىنىڭ تاۋار سېتىش سوممىسى 4 مىليارد 623 مىليون يۈەنگە يەتتى. چەكلەنگەن ئۆلۈش سىرتىدىكى توپ ۋە پارچە سېتىش كەسپىدە سېتىۋېلىنغان تاۋار سوممىسى 3 مىليارد 554 مىليون يۈەنگە يەتتى، سېتىلغان تاۋار سوممىسى 3 مىليارد 436 مىليون يۈەنگە يەتتى. تاۋارلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامبار زاپىسى 1 مىليارد 99 مىليون يۈەن بولدى. ئېلىنغان پايدا 65 مىليون 930 مىڭ يۈەن بولدى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 125 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورتنىڭ 27 مىليون 960 دوللارغا، ئىمپورتنىڭ 96 مىليون 760 دوللارغا يەتتى.

يىللىق مالىيە كىرىمى 306 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا - سانائەت باج كىرىمى 188 مىليون 580 مىڭ يۈەن بولدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 10 مىليارد 829 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇلى 7 مىليارد 305 مىليون يۈەن، تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 6 مىليارد 997 مىليون يۈەن. يىللىق سۇغۇرتىلاش سوممىسى 2 مىليارد 90 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 259 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شۇ بويىچە 29 مىڭ 400 كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، 95 تۈر پاتېنتقا ئىلتىماس قىلىندى. دۆلەت ئىچى (دۆلەت ئىچىدىكى ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى) ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي ژۇرناللاردا پەن - تېخنىكىغا ئائىت 394 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى. 101 ھەر خىل مەكتەپ بار، ئادەتتىكى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 112 مىڭ 300، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 400، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 4800، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 37 مىڭ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 54

مىڭ 100. 27 بالىلار باغچىسى بار، باغچىدىكى بالا 10 مىڭ 100. مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تۈرلۈك مۇسابىقە پائالىيەتلىرىدە ھەر دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلار 205 تۈرلۈك مۇكاپاتقا، ئوقۇغۇچىلار 2046 تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

427 مەيدان - قېتىم ھەر خىل شەكىلدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنى قويۇلدى، ئويۇننى 141 مىڭ ئادەم - قېتىم كۆردى، 1813 مەيدان - قېتىم كىنو قويۇلدى، كىنونى 250 مىڭ ئادەم - قېتىم كۆردى. تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %89 بولدى. شى بويىچە 37 دوختۇرخانا، 6 ئامبۇلاتورىيە، دوختۇرخانىلاردا 3956 كېسەل كارىۋىتى، 3965 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن 6 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى، بۇنىڭغا 20 مىڭ تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون، بىڭتۈەن بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك مۇسابىقىلەردە شى كوماندىسى 30 ئالتۇن مېدال، 18 كۈمۈش مېدال، 17 مىس مېدال ئالدى.

ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 262 يۈەنگە، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4756 يۈەنگە يەتتى. ياشانغاندا كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق، داۋالىنىش، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش ۋە تۇغۇت قاتارلىق 5 تۈرلۈك سۇغۇرتا فوندىغا پۇل تاپشۇرۇش نىسبىتى %98.7كە يەتتى. ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى ۋە ئىشسىزلىق پۇلىنىڭ ۋاقتىدا تارقىتىلىش نىسبىتى %100 بولدى؛ ئىش ئورنىدىكى 139 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 90 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىدىن 370 مىليون يۈەن تاپشۇرۇلدى، 68 مىليون يۈەن چىقىم قىلىندى؛ 239 مىڭ ئادەم داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا، 116 مىڭ ئادەم ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش ۋە تۇغۇت سۇغۇرتىسىغا، 44 مىڭ 300 ئادەم ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

شى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى

## يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: ئاڭ دىڭباڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: دىڭ سۇڭگو؛ سىياسىي كومىسسار: چىڭ جىياجۇ (4- ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جىياۋ مىڭچى (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: ياڭ خېڭ (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ لىگۇي (10 - ئايدا مۇئاۋىن شى دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى بولۇپ تەيىنلەندى)، ليۇ مىڭفۇ، ۋاڭ چۈن، چېن شىچاۋ (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، لى چۈنخۇا (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: جاڭ ئەيمىن، تۇرسۇنبېك كەنجىبېك (قازاق، 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

شى شتابى دۆربىلجىن ناھىيىسىدە. شى بويىچە 2003- يىلدىكى نوپۇس 70 مىڭ 868، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 34 مىڭ 190. مۇشۇ يىلى تۇغۇلغان بوۋاق 467، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰6.68؛ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰2.59.

ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 627 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 8984 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 248 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 126 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 252 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، ئۈنۈۋېرسال زىيان شى بويىچە 9 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شى بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 533 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 338 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، ئورمانچىلىقنىڭ 21 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە، چارۋىچىلىقنىڭ 146 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تېرىلغۇ كۆلىمى 53 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى. 70 مىڭ توننا ئاشلىق، 21 مىڭ توننا ياغلىق دان، 429 مىڭ توننا قىچا ئېلىندى. 6734 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. پارچە - پۇرات يەرلەرگە 450 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 462 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 8343 توننا گۆش، 925 توننا يۇڭ، 2940 توننا كالا سۈتى ، 1089 توننا تۇخۇم ئېلىندى.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 128 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 62 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىم 266 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، پايدا باج 8 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شى بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 98 مىڭ 100 كىلوۋاتقا، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تراكتور 489غا، كىچىك تراكتور 1281گە، كومبايىن 124كە يەتتى. 16 مىڭ 21 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 80.7 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 20 مىليون 460 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 26 مىليون 490 مىڭ

يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن پۈركۈپ - تېمىتىپ سۇغىرىش كۆلىمى 667 گېكتارغا يەتتى. 13 قۇدۇق قېزىلدى، 667 كىلومېتىر سۇ سىڭەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسىلىپ، 860 مىڭ كۇب مېتىر سۇ تېجەپ قېلىندى. يىل ئاخىرىدىكى ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 39 مىڭ گېكتارغا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 272 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 86 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە، سېتىلىش قىممىتى 228 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 58 مىڭ 179 توننا شېكەر، 4851 كىلولېتىر ئىسپىرت، 19 مىڭ 900 توننا بۇغداي ئۇنى، 3469 توننا سۇ يېغى، 55 مىليون 300 مىڭ كىلوۋات - سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 39 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 135 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 178 مىڭ 348 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ئىمارەت كۆلىمى 145 مىڭ 607 كۋادرات مېتىرغا، پۈتۈش نىسبىتى %81.6كە يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 353 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 258 مىليون 670 مىڭ يۈەن، ئۆزگەرتىش - يېڭىلاشقا 72 مىليون 610 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، شەخسلەر، خۇسۇسىيلار 21 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. مۇشۇ يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈك 335 مىليون 320 مىڭ يۈەن، تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى %95 بولدى.

ترانسپورت كەسپىنىڭ يۈك ئوبوروت مىقدارى 138 مىليون 620 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 130 مىليون 830 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. يەككە ترانسپورت كەسپىنىڭ يىللىق يۈك ئوبوروت مىقدارى 103 مىليون 760 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 49 مىليون 540 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 207 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ 5 مىليون 490 مىڭ يۈەن، دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ 201 مىليون 570 مىڭ يۈەن بولدى. شى بويىچە توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىنىڭ سېتىش سوممىسى 363 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 8 مىليون 699 مىڭ دوللارغا، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورتنىڭ 4 مىليون 517 مىڭ دوللارغا، ئىمپورتنىڭ 4 مىليون 182 مىڭ دوللارغا يەتتى.

سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش ئومۇمىي سوممىسى 10 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى ئومۇمىي كىرىمى 30 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 16 مىليون 220 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىلدى ۋە چىقىم قىلىندى.

شى بويىچە پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە ليەندىن 49ى، پەن تېخنىكىدا ئۈلگە ئائىلىدىن 1892سى بار، ئۈلگە كۆرسىتىشكە 3487 ئادەم قاتناشتى.

شى بويىچە يىل ئاخىرىدىكى چوڭلار ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى بىر، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى 3، يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپى بىر، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 16، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا مەكتىپى بىر، باشلانغۇچ مەكتەپ 18. ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇۋاتقان تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى 112، ئوچۇق مائارىپتىكى ئالىي تېخنىكوم ۋە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى 571، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىشتىن سىرت ئوقۇۋاتقان ۋە بىرلەشمە سىنىپ ئېچىپ ئوقۇۋاتقان تولۇق كۇرس، ئالىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 466، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 89، يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ئالىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 167، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 212، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 115، باغچىدىكى بالا 2162. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %99.3، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %98.1، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %79.6 بولدى.

«زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ، ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا يۈرۈش قىلىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان بىر قاتار مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرى ۋە كىنو فىلىملىرىنى ئاساسىي قاتلاملارغا يەتكۈزۈش يۈزىسىدىن 36 مەيدان ئويۇن، 29 مەيدان كىنو قويۇلدى؛ ناخشىچىلارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك تېلېۋىزىيە ناخشا مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى. مۇسابىقىگە 272 ناخشىچى قاتناشتى. شى بويىچە 7222 پارچە ئاخبارات ماقالىسى ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز ۋە دۆلەت دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا بېسىلغىنى 1103 پارچە، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا بېسىلغىنى 6096 پارچە.

شى بويىچە يىل ئاخىرىدىكى سەھىيە ئاپپاراتى 45، بۇنىڭ ئىچىدە داۋالاش ئاپپاراتى 33، سەھىيە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتى 12؛ كارىۋات 637، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 792. ھەر مىڭ ئادەمگە 11.2 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 5.6 كەسپىي دوختۇر، 3.8 رويخەتلىك سېستىرا،

8.9 كارىۋات توغرا كەلدى.

يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 22 مىڭ 151، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىكىلەر 19 مىڭ 255. ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 7096 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن-مەيدانلىرىدا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 5792 يۈەن بولدى. شى بويىچە 21 مىڭ 710 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش خىراجىتىنى بىر تۇتاش غەملەش سۇغۇرتىسىغا؛ 19 مىڭ 948 ئادەم ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى؛ يىغىلغان ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى 35 مىليون 730 مىڭ يۈەن بولدى. 104 مىليون 510 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىنىپ، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنىڭ ۋاقتىدا، تولۇق تارقىتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. چىقىم قىلىش نىسبىتى 100% بولدى. ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىش نىسبىتى 100% بولدى.

ۋاڭ يۈڭچىڭ

## يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: جاڭ جىشۈن (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: خې جيەنمىڭ؛ سىياسىي كومىسسار: ليۇ شياڭخۇڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: لى ۋېنيىڭ، ۋۇ شىجۈن، ۋېي شۇچىڭ، ياڭ جىڭشېڭ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: تيەن چۈنشى (ئايال، 10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مىزەمقان ساتباي (قازاق).

شى شتابى ئالتاي شەھىرىنىڭ بېيتۈن بازىرىدا. 2003-يىلى شىغا قاراشلىق تۈەن - مەيدان 11، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت، قاتناش، سودا، بىناكارلىق مۇلازىمەت كارخانىسى 22. شى بويىچە ئومۇمىي نوپۇس 78 مىڭ 857، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 5.9‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 2.5‰. شى بويىچە 28 مىڭ 984 كەسپكار بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 24 مىڭ 110.

ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 637 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ موشۇلما قىممىتى 219 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، 2 - كەسىپنىڭ 171 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە، 3 - كەسىپنىڭ 246 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 8107 يۈەن بولدى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق كەسىپلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 777 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق كەسپىنىڭ 476 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە، ئورمانچىلىق كەسپىنىڭ 70 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، چارۋىچىلىق كەسپىنىڭ 166 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە، بېلىقچىلىق كەسپىنىڭ 13 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق مۇلازىمىتى كەسپىنىڭ 50 مىليون 320 يۈەنگە يەتتى. شى بويىچە زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 52 مىڭ 400 گېكتار بولۇپ، 42 مىڭ 186 توننا ئاشلىق (بۇغداي 22 مىڭ 865 توننا، قوناق 15 مىڭ 880 توننا، شال 90 توننا، پۇرچاق تۈرىدىكىلەر 3351 توننا)، 44 مىڭ 667 توننا ياغلىق دان، 3428 توننا پاختا، 42 مىڭ 692 توننا قوغۇن، 9873 توننا قارا گازىر، 1900 توننا باشقا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. تېرىلغۇدىن بوشىتىلغان يەرلەرگە دەرەخ تىكىش ۋە ئوت - چۆپ تېرىش قۇرۇلۇشى داۋاملاشتۇرۇلۇپ، 10 مىڭ 776 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇدىن بوشىتىلغان يەر 5335 گېكتار.

يىل ئاخىرىدا قولدا 391 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 9259 توننا گۆش، 2436 توننا سۈت، 665 توننا يۇڭ، 2930 توننا تۇخۇم ئېلىندى. يىللىق سۇ مەھسۇلاتى 2031 تونىنغا يەتتى، ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئالاھىدە سورتلۇق بېلىقلىرىنى سۈنئىي كۆپەيتىشتە 2 مىليون 190 مىڭ بېلىجان بېقىلىپ، 1 مىليون 690 مىڭ بېلىجان سېتىلىپ، 2 مىليون 100 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

شى بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 92 مىڭ 400 كىلوۋاتقا، چوڭ - ئوتتۇرا تراكتور 632گە، كىچىك قول تراكتورى 1511گە يەتتى. 10 مىڭ 788 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ مىقدار)، 651 توننا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلدى.

سانائەت قوشۇلما قىممىتى 110 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 337 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 163 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، ئېغىر سانائەتنىڭ 173 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 381 مىڭ توننا كۆمۈر، 36 توننا سانائەتكە خام ئەشيا قىلىنىدىغان چىرىمتال، 36 مىڭ 113 توننا بېنتونىت توپا، 4976 توننا ئاكتىپلاشتۇرۇلغان ئاق توپا، 43 مىڭ 900 توننا ئۇن، 10 مىڭ 200 توننا سۇ يېغى، 240 توننا ئاق ھاراق، 750 توننا فابرىكا قەغىزى، 48 مىڭ 400 توننا سېمونت، 57 مىليون 650 مىڭ دانە خىش، 5218 كىلوۋات - سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى. يىللىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ

سېتىلىش نىسبىتى 92.1% بولدى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 471 مىليون 210 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلارنىڭ سالغىنى 436 مىليون 570 مىڭ يۈەن، باشقا ئىگىلىكتىكىلەرنىڭ ۋە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ شەخسىي سالغان مەبلىغى 43 مىليون 640 مىڭ يۈەن.

بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 259 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىش كۆلىمى 215 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 203 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكى ماشىنا - ئۈسكۈنە 201 گە، ئومۇمىي قۇۋۋىتى 20 مىڭ 140 كىلوۋاتقا يەتتى.

تاشيول ترانسپورت كەسپىنىڭ يىللىق يۈك توشۇش مىقدارى 1 مىليون 296 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 221 مىليون 58 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى توشۇش مىقدارى 3 مىليون 446 مىڭ ئادەمگە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 78 مىليون 273 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، ترانسپورت كىرىمى 94 مىليون 34 مىڭ يۈەنگە، مۇستەقىل ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 366 مىليون 1000 يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە توپ ۋە پارچە سېتىش كەسپىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 312 مىليون 259 مىڭ يۈەنگە، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 41 مىليون 343 مىڭ يۈەنگە، باشقا كەسىپلەرنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 12 مىليون 399 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليون 980 مىڭ دوللارغا، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورتنىڭ 1 مىليون 700 مىڭ دوللارغا يەتتى.

شى بويىچە پەن تەتقىقاتىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرىدىن 32سى، پەن تەتقىقات تېمىسىدىن 36سى چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭغا 200 مىڭ يۈەن پەن تەتقىقات ياردەم پۇلى بېرىلدى. بىڭتۇەننىڭ نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن 3 تۈرگە 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 4 تۈرگە سانائەت پەن - تېخنىكا قەرز پۇلى ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە «ئۇچقۇن» پىلانىدىكى تۈر 2 بولۇپ، 8 مىليون 480 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىڭتۇەننىڭ مەشئەل پىلانىدىكى 2 تۈرگە 10 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يەنە يېزا ئىگىلىكى ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى تۈرىدىن 2سى، مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىدىكى تۈردىن بىرى بار.

شى بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئوقۇغۇچى 19 مىڭ 824، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 7970، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 133، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 721. شى بويىچە 45 داۋالاش ئاپپاراتى، 831 سەھىيە خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 213، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 560.

ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 8805 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئائىلە ئىگىلىكى كىرىمى 1000 يۈەنگە يەتتى. دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان ئىشچى خىزمەتچىلەرگە بېرىلىدىغان پېنسىيە پۇلى ۋاقتىدا تولۇق تارقىتىلدى. خەتەرلىك، كونا ئۆيلەر داۋاملىق ئۆزگەرتىلدى، ھەر يىلى ئىچىدە 134 مىڭ كۋادرات مېتىر يېڭى تۇرالغۇ ئۆي سېلىنىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى.

جاۋ جيېمىن

# بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىسى

شىجاڭ: ۋاڭ جياڭشىڭ؛ سىياسىي كومىسسار: يۈ يۇتاڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: جېن جىنسۇن، گۇ جىچىڭ، ۋاڭ ۋېيجۇن؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار: خاۋ لەيخۇ.

شى شىتابى ئۈرۈمچى شەھىرىدە. شى بويىچە 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 63 مىڭ 603، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 31 مىڭ 284، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 5323، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 7.62‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 2.65‰. يىل ئاخىرىدىكى ئىش ئورنىدىكى كەسپكار 32 مىڭ 100، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپتىكىسى 2200، 2 - كەسپتىكىسى 24 مىڭ 500، 3 - كەسپتىكىسى 5400.

ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات مىقدارى 910 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 47 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، 2 - كەسىپنىڭ 773 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە، 3 - كەسىپنىڭ 89 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 12 مىڭ 927 يۈەن. پۈتۈن خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ھەر ئادەم بويىچە 26 مىڭ 803 يۈەن، خام چوت ئىچىدىكى دۆلەت كارخانىلىرى ياراتقان پايدا 15 مىليون 158 مىڭ يۈەن بولدى.

بىناكارلىق مەھسۇلات قوشۇلما قىممىتى 631 مىليون يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 520 مىليون يۈەنگە يەتتى. قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت

كۆلىمى 1 مىليون 532 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، قۇرۇلۇش قىلىش شىركەتلىرىنىڭ خېرىدار چاقىرىش كۆلىمى 1 مىليون 242 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 681 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شى بويىچە 1 - قېتىمدا تەكشۈرۈشكە تاپشۇرۇلغاندىلا لاياقەتلىك بولغان قۇرۇلۇش سانى 326 بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %98 بولدى. يىل ئاخىرىدىكى قۇرۇلۇش ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سانى 4282گە، قۇرۇلۇش ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 122 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى، تېخنىكىلىق قوراللىنىش نىسبىتى ئوتتۇرىچە 8. 7203 يۈەندىن، ئېنېرگىيە بىلەن قوراللىنىش نىسبىتى ئوتتۇرىچە 92. 3 كىلوۋاتتىن توغرا كەلدى. شۇ يىلى 260 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 810 مىڭ كىلوۋات كېلىدىغان پاكىستان ماراكەنت 3 - قارارلىق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى كۆتىرە ئېلىنىدى. دۆلەت ئىچىدە چىڭخەي - شىزاڭ تۆمۈريولىنىڭ 21 بۆلىكىدىن 42 كىلومېتىر، ئىچكى موڭغۇلدىكى خادىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى، گۇاڭدوڭدىكى يۈجەن غول تاشيولى، جاڭشىدىكى گەندىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى قاتارلىق 8 يولنىڭ 30 كىلومېتىردىن ئارتۇق بۆلىكى كۆتىرە ئېلىنىدى.

سانائەت قوشۇلما قىممىتى 39 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 119 مىليون يۈەنگە يەتتى. 154 مىڭ كۇب مېتىر بېتون، 68 مىليون 300 مىڭ دانە خىش، 70 مىڭ توننا سېمونت، 3015 توننا پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىلدى.

مۇشۇ يىلى تۇەن - مەيدانلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى 7 كىچىك دېھقانچىلىق مەيدانى قايتا تەشكىللىنىپ، شىغا بىۋاستە قارشلىق 4 دېھقانچىلىق تۇەن - مەيدانى (201 -، 202 -، 203 -، 204 - تۇەن - مەيدان) قىلىندى. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 119 مىليون يۈەنگە يەتتى. زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 5820 گېكتارغا يەتتى، 2612 توننا ئاشلىق، 5490 توننا پاختا، 909 توننا ياغلىق دان، 5460 توننا قىزىلچا ئېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 24 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى، 712 توننا گۆش ئېلىنىدى.

ترانسپورت كەسپىدە يەككە ئىگىلىك ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شى بويىچە 1617 ئاپتوموبىل بار، بۇنىڭ ئىچىدە يەككىلەرنىڭ 718. يىللىق يۈك توشۇش مىقدارى 2 مىليون 680 مىڭ تونىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 40 مىليون 470 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 43 مىليون 860 مىڭ ئادەم كىلومېتىرغا يەتتى.

شى بويىچە يىللىق ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 82 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى. توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىنىڭ تاۋار سېتىش سوممىسى 117 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ سېتىش كىرىمى 13 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 297 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە خەتەرلىك - كونا ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىشكە 87 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 114 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر خەتەرلىك كونا ئۆيلەر ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭ بىلەن 1- سەپتە ئىشلەيدىغان 2000 ئائىلىنىڭ ئۆي قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى. قۇرۇلۇش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش ۋە يېڭىلاشقا 67 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئاسفالتلىق بېتون ياتقۇزۇش ماشىنىسىدىن 2سى، تەكشىلەش ماشىنىسىدىن 5ى، ئاسفالت بىلەن بېتوننى ئارىلاشتۇرۇش پونكىتىدىن بىرى، يول چېگداش ماشىنىسىدىن 6سى، ئاپتوماتىك موللاقچى ماشىنىدىن 8ى، چوڭ تراكتوردىن بىرى سېتىۋېلىندى. شى بويىچە تۈرلۈك پەن - تېخنىكا خادىمىدىن 6125ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 62. شى پەن تەتقىقات ئورنىنىڭ 4 تۈرلۈك تەتقىقات تېمىسى بىڭتۇەن پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ سانائەت پەن تەتقىقاتى پىلانى ۋە مەشئەل پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، 5 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى «كوئېنلون لوڭقىسى» قۇرۇلۇشى پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شى پەن تەتقىقات ئورنى قۇرۇلۇش نازارىتى تەرىپىدىن شىنجاڭ قۇرۇلۇش سىستېمىسى بويىچە مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى.

شىدا ھەر خىل مەكتەپتىن 19ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە مەكتىپى بىر، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىر، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 4، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 9، باشلانغۇچ مەكتەپ 4. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 577، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 5532. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 1146. بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 930. شى بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى ۋە تۇراقلىشىش نىسبىتى %100كە يەتتى.

«بىناكارلىق قۇرۇلۇش 1 - شىسىنىڭ رەسىملىك تەزكىرىسى» قۇرۇلۇش شىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئاشكارا نەشر قىلىنغان، قۇرۇلۇش شىسىنىڭ 50 يىلدىن بۇيانقى قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەڭ ئەتراپلىق، ئەڭ سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، تەشۋىقات، ماتېرىيال، خاتىرە خاراكتېرلىك ھۆججەت - ئەسەر تېپىغا كىرىدىغان نوپۇزلۇق، ھەم كاتتا تارىخىي كىتاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «تەڭرىتاغ قۇرۇلۇش

گېزىتى» مۇشۇ يىلدا 49 سان نەشر قىلىندى، تەخمىنەن 2 مىليون خەتلىك. شى بويىچە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۆزىكىدىن 9ى بار، تېلېۋىزىيەنىڭ قاپلاش نىسبىتى %90تىن ئاشتى.

شى بويىچە 9 دوختۇرخانا بار، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك A دوختۇرخانىدىن 7سى، مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتىدىن بىرى بار، كارىۋاتتىن 280ى، تۈرلۈك سەھىيە تېخنىكا خادىمىدىن 386سى بار.

2003 - يىلى ئىش ئورنىدىكى ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 11 مىڭ 680 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا 3500 ئىشچى - خىزمەتچى ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىپ ئۆز ئورنىدىن ئايرىلدى. بۇلارغا 4 مىليون 130 مىڭ يۈەن تۇرمۇش پۇلى تارقىتىلدى؛ ياشانغانلارغا 112 مىليون 980 مىڭ يۈەن كۈتۈنۈش پۇلى ۋاقتىدا، تولۇق تارقىتىلدى؛ 16 مىڭ 326 ئادەم ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلار دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى كاپالەتلەندۈرۈش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

جاڭ زۆڭمىڭ

## يېزا ئىگىلىك 12 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: ياڭ گاڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: ۋۇ شىلىڭ؛ سىياسىي كومىسسار: ليۇ جىنشياڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: خۇاڭ جىنجوڭ، ما شىڭخەي، لى جىڭۋېي، جاۋ يىپىڭ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: خې ۋاڭيۇ، جاڭ لىخوڭ (ئايال).

شى شتابى ئۈرۈمچى شەھىرىدە. 2003 - يىلى شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانى 6، شىغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇن 13، يەر كۆلىمى 261 مىڭ 600 گېكتار، تېرىلغۇ يېرى 18 مىڭ 700 گېكتار. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 61 مىڭ 800، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 19 مىڭ 500، تۇغۇلغان نوپۇس 360، تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰5.71، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰2.06 بولدى.

يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 544 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 164 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، 2 - كەسىپنىڭ 163 مىليون 310 مىڭ يۈەن (سانائەتنىڭ 128 مىليون 650 مىڭ يۈەن، بىناكارلىق كەسىپنىڭ 34 مىليون 660 مىڭ يۈەن) گە؛ 3 - كەسىپنىڭ 216 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سېتىش كىرىمى 245 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە، پايدا باج سوممىسى 31 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە پايدا سوممىسى 19 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى، پايدا 9 مىليون 40 مىڭ يۈەن ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 479 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 15 مىڭ 340 گېكتار بولدى، 11 مىڭ 251 توننا ئاشلىق، 583 توننا ياغلىق دان، 2226 توننا قۇلماق، 464 مىڭ 300 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىغىچە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ تېرىلغۇدىن بوشىتىلىپ ئورمانلاشتۇرۇلغان، ئوتلاقلاشتۇرۇلغان كۆلىمى 3734 گېكتارغا، ئورمان بىنا قىلىنغان كۆلىمى 812 گېكتارغا، كېسىلگەن دەرەخ 175 كۇب مېتىرغا يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي ئورمان كۆلىمى 3480 گېكتار، باغ كۆلىمى 1926 گېكتار، ئېلىنغان مېۋە 18 مىڭ 331 توننا بولدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 181 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 7494 توننا گۆش، 18 مىڭ 352 توننا سۈت، 176 توننا قوي يۇڭى، 1796 توننا تۇخۇم ئېلىندى. بېلىق باقمىچىلىق كۆلىمى 158 گېكتار بولۇپ، 500 توننا بېلىق تۇتۇلدى. شى بويىچە ماشىنىلارنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 48 مىڭ 600 كىلوۋات، چوڭ - ئوتتۇرا تراكتور 134، كىچىك تراكتور 638. 4996 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، يېزىلاردا 34 مىليون 660 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 451 توننا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلدى، سۇلياۋ يوپۇقنىڭ قاپلاش كۆلىمى 6611 گېكتارغا يەتتى.

يىللىق سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 403 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەتنىڭ 226 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە، يېزا - بازار كارخانىلىرى (خۇسۇسىي كارخانىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ 176 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 346 مىڭ 800 توننا كۆمۈر، 6145 توننا ئۇن، 1208 توننا سۇ يېغى، 9436 توننا سۈت، 7461 توننا پاختا يىپ، 4353 توننا سۇلياۋ ياسالمىلىرى، 80 مىليون 50 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 134 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ 115 مىليون 260 مىڭ يۈەن.

تاشيول ترانسپورت كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 68 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىللىق يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 139 مىليون 40 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 223 مىليون 20 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، ترانسپورت مىقدارى 183 مىليون 50 مىڭ

يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىسى 4943، بۇنىڭ ئىچىدە يەڭكىلەرنىڭ 2773. توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىنىڭ ھەمدە يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 52 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 375 مىليون يۈەنگە، ئۆي - زېمىن كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 19 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە، ئىجارىچىلىك ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 13 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 244 مىليون 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكى بىلەن كوللېكتىپ ئىگىلىك 204 مىليون 620 مىڭ يۈەن، خۇسۇسىي ئىگىلىك بىلەن يەككە ئىگىلىك 39 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى.

22 تۈرلۈك پەن تەتقىقات تېمىسى ئىشلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنى پەن تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش مەخسۇس تۈرىگە كىرگۈزۈلگىنى بىر، بىڭتۈەننىڭ تەتقىقات - تەرەققىيات بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىپ ئومۇملاشتۇرۇش تۈرىگە كىرگۈزۈلگىنى 3، يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاش مەخسۇس تۈرىگە كىرگۈزۈلگىنى 2، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش بويىچە مۇھىم پەن - تېخنىكا تۈرىگە كىرگۈزۈلگىنى 4، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېشىل يېمەكلىك مەخسۇس تۈرىگە كىرگۈزۈلگىنى بىر. تۇدۇڭخابا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ «ئۈرۈمچى تۇدۇڭخابا يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى بويىچە يۇقىرى ئۈنۈملۈك مېۋە باغچىسى بەرپا قىلىش جەھەتتە ئۆلگە كۆرسىتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش» تۈرى ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە 2 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شى تەۋەسىدە 14 مەكتەپ بار، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ ئالىي مەكتەپ بىر، ئوتتۇرا مەكتەپ 7، باشلانغۇچ مەكتەپ 6. 854 ئوقۇتقۇچى - ئىشچى - خىزمەتچى بار؛ بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 629؛ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 11 مىڭ 582؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 4584؛ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 6998؛ بىر بالىلار باغچىسى بار.

شى بويىچە داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتىدىن 56سى بار، بۇنىڭ ئىچىدە مەيدان دەرىجىلىك دوختۇرخانا 6؛ بۇلاردا 241 كارىۋات بار، ھەر ئادەمگە 39دىن كارىۋات توغرا كەلدى؛ دوختۇر - سېستىرا 10 مىڭ.

رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 94.8% كە يەتتى. دۆلەت ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا 551 پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە «بىڭتۈەن گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغىنى 182 پارچە، بىڭتۈەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا بېرىلگىنى 127 پارچە.

ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 14 مىڭ 349؛ ئەمەلىي تارقىتىلغان مائاش 115 مىليون 550 مىڭ يۈەن بولدى، ھويلا - ئارام ئىگىلىكىنىڭ ساپ كىرىمى 25 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 9816 يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 64 مىليون 550 مىڭ يۈەن ئاساسىي پېنسىيە سوممىسى تارقىتىلدى؛ 2685 ئادەم ئىشتا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ياكى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 425 ئەمگەك كۈچى يېڭىدىن قوشۇلدى، ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى سىزىقىغا يەتمىگەن 1318 ئائىلىدىكى 33 مىڭ 191 ئادەمگە 2 مىليون 279 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى تارقىتىلدى.

چېڭ ۋېنجۇڭ

# يېزا ئىگىلىك 13 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: بەي جىجيې (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: كولڭ شىڭلۇڭ؛ سىياسىي كومىسسار: ۋۇ خۇيچۈەن؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: ئىسھاق ياقۇپ، خې بىنشيەن، ماشىجيې، گې چاڭجياڭ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: ياڭ يۇڭجياڭ، ياڭ پۇبىڭ (ئايال)

شى شىتابى قۇمۇل شەھىرىدە. 2003 - يىلى شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى 12، سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق، سودا ۋە مۇلازىمەت كارخانىسى 11، كەسپىي ئورۇن 24ى، يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 82 مىڭ 293، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 16 مىڭ 583، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.4‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.68‰ بولدى. يىل ئاخىرىدىكى كەسىپكار 32 مىڭ 150.

ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 655 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 325 مىليون يۈەنگە، 2 - كەسىپنىڭ 166 مىليون يۈەنگە، 3 - كەسىپنىڭ 164 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 7912 يۈەن بولدى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 647 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى. زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 19 مىڭ 320 گېكتار بولۇپ، 27 مىڭ 671 تونناا ئاشلىق، 759 توننا ياغلىق دان، 17 مىڭ 319 توننا پاختا، 56 مىڭ 294 توننا

مېۋە - چېۋە ئېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈزۈم 56 مىڭ 33 توننا. 1521 گېكتار ئورمان كۆپەيدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 334 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 6306 توننا گۆش، 496 توننا يۇڭ، 668 توننا تۇخۇم ئېلىندى. شۇ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 83 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يەتتى، چوڭ - ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن 334ى، كىچىك تراكتوردىن 1245ى، چوڭ كىچىك يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمىنىدىن 1371ى، كىچىك تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمىنىدىن 806سى، كومبايىندىن 10ى بار بولدى. بىر يىلدا 9096 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇت ھېسابىدا)، 12.8 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 650 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 2955 توننا سەلەركە ئىشلىتىلدى.

يىللىق سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 269 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 143 مىڭ 650 توننا كۆمۈر، 5 مىليون 430 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 17 مىڭ 529 توننا پاختا، 4581 توننا ئۇن، 1967 توننا سۇ يېغى، 3191 توننا ئىچىملىك ھاراق (بۇنىڭ ئىچىدە ئاق ھاراق 793 توننا)، 1871 توننا كونسېرۋا، 2798 توننا قۇرۇتۇلغان كۆكتات، 53 مىڭ 400 توننا سېمونت، 2798 توننا سۇلياۋ ياسالمىلىرى، 33 مىڭ 152 توننا گۈڭگۈرتلۈك ئىشقار ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 188 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ترانسپورت كەسپىنىڭ يۈك ئوبوروت مىقدارى 102 مىليون 530 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 63 مىليون 220 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يەككە ترانسپورت كەسپىنىڭ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى %3. 91نى، يۈك ئوبوروت مىقدارى %8. 93نى ئىگىلىدى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 360 مىليون 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپكە 84 مىليون 680 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپكە 90 مىليون 900 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپكە 184 مىليون 790 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 193 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە، توپ ۋە پارچە سېتىش سودا كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 38 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سۇغۇرتا كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 21 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 10 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شى بويىچە پەن تەتقىقات ئورنى ۋە ئاپپاراتىدىن 5ى، پەن-تېخنىكا خادىمىدىن 77سى (كەسپىي تېخنىكا خادىمى 53) بار، پەن تەتقىقاتىغا 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى. شى تەۋەسىدە باشلانغۇچ مەكتەپتىن 17سى، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتىن 13ى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپ مەركىزىدىن بىرى، پارتىيە مەكتىپىدىن بىرى، يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپىدىن بىرى، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بىرى بار، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 16 مىڭ 959 (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1492)، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 1224 (مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1005). رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى (ئۆزبېلى) 12، رادىئو - تېلېۋىزىيىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال قاپلاش نىسبىتى %94. شى بويىچە داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتىدىن 20سى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 14، 954 كارىۋات، 821 داۋالاش - سەھىيە خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 327.

ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 11 مىڭ 268 يۈەنگە يەتتى. تۈەن - مەيدانلاردىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 13 مىڭ 355 يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىم 5423 يۈەنگە يەتتى.

جاڭ نىڭبو

# يېزا ئىگىلىك 14 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: ۋاڭ جىڭچيەن (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ خې ۋېي؛ سىياسىي كومىسسار: ياڭ فۇلىن (خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: ئەبەي، لى گوجېڭ، ۋېن جىڭيۈەن، لى يىڭلياڭ، نى جيەن (ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشتا)؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: چېن چياڭ، جاۋ جۇنشياڭ.

شى شىتابى خوتەن شەھىرىدە. شى بويىچە 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 26 مىڭ 900، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 22 مىڭ 115، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰27. 18، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰24. 13 بولدى. شى قارمىقىدا 3 دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى، 11 سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق، سودا ۋە مۇلازىمەت كارخانىسى، 8879 ئىشچى - خىزمەتچى بار.

شى بويىچە يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 150 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 53 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، 2 - كەسىپنىڭ 31 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، 3 - كەسىپنىڭ 66 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مالىيە پايدىسى 3 مىليون 430 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ تارتقان زىيىنى 6 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولدى، قاتناش - ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى 620 مىڭ يۈەن، بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى 690 مىڭ يۈەن، سودا

ئوبوروت كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى 9 مىليون 220 مىڭ يۈەن بولدى.

شى بويىچە يېزا ئىگىلىكىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 53 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ 32 مىليون 870 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 570 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 17 مىليون 880 مىڭ يۈەن بولدى. زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 3650 گېكتار بولۇپ، 11 مىڭ 316 توننا ئاشلىق، 1876 توننا پاختا ئېلىندى. يېڭىدىن 240 گېكتار ئورمان بەرپا قىلىندى، 10 مىڭ 366 توننا مېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 119 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 1712 توننا گۆش، 178 توننا قوي يۇڭى، 186 توننا تۇخۇم ئېلىندى.

سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 12 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1779 توننا بۇغداي ئۇنى، 256 توننا سوغۇق ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 19 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 79 مىڭ 402 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ترانسپورت كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، يۈك ئوبوروت مىقدارى 9 مىليون 641 مىڭ 600 توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى7 مىليون 959 مىڭ 800 ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پۇقراۋى ئاپتوموبىل 1180گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يۈك ئاپتوموبىلى 50. يىللىق ترانسپورت تىجارىتى كىرىمى 5 مىليون 93 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ترانسپورت كەسپىنىڭ تىجارەت كىرىمى 4 مىليون 433 مىڭ يۈەن بولۇپ، %87.04نى ئىگىلىدى.

سودا كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 37 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى سودىنىڭ 28 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، ئىچكى سودىنىڭ 9 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يېمەك ئىچمەك كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليون 180 مىڭ يۈەن بولدى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 37 مىليون يۈەنگە يەتتى. «ياشىن» ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 220 مىليون 640 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 51 مىليون 180 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 169 مىليون 460 مىڭ دوللار؛ پايدىسى 11 مىليون 632 مىڭ 300 يۈەن بولدى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 398 مىليون 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 377 مىليون 360 مىڭ يۈەن، ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاشقا سېلىنغىنى 20 مىليون 830 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنغىنى 254 مىليون 730 مىڭ يۈەن، سانائەتكە سېلىنغىنى 11 مىليون 330 مىڭ يۈەن. يېڭىدىن 381 مىليون 900 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك كۆپەيدى.

شى تەۋەسىدە 7 مەكتەپ، 5464 ئوقۇغۇچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1626، باشلانغۇچ مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 3838. ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسىدىن 3ى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىن 3ى، كېسەل كارىۋىتىدىن 145ى، سەھىيە تېخنىكا خادىمىدىن 93ى، ئاساسىي قاتلام لىيەندۈي داۋالاش ئۆيىدىن 21ى بار.

شى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش ئومۇمىي سوممىسى 59 مىليون 266 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىرىمى 7121 يۈەن بولدى.

جاڭ لياڭخۇا

## شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ھەرقايسى شىلىرىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق تۈەن - مەيدانلار

| ئورۇن | تۇرۇشلۇق ئورنى | قارمىقىدىكى تۈەن - مەيدانلار |
|---|---|---|
| يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى | ئاقسۇ شەھىرى | 1 -، 2 -، 3 -، 4 -، 5 -، 6 -، 7 -، 8 -، 9 -، 10 -، 11 -، 12 -، 13 -، 14 -، 15 -، 16 - تۈەن - مەيدانلار |
| يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى | كورلا شەھىرى | 21 -، 22 -، 23 -، 24 -، 25 -، 26 -، 27 -، 28 -، 29 -، 30 -، 31 -، 32 -، 33 -، 34 -، 35 -، 36 -، 223 - تۈەن - مەيدانلار |
| يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى | قەشقەر شەھىرى | 41 -، 42 -، 43 -، 44 -، 45 -، 46 -، 47 -، 48 -، 49 -، 50 -، 51 -، 52 -، 53 - تۈەن - مەيدانلار، پەيزاۋات باش مەيدانى، شەرق شامىلى باش مەيدانى، قىزىل بايراق دېھقانچىلىق مەيدانى، يەكەن دېھقانچىلىق مەيدانى، قاغىلىق 2 - فېرمىسى، تويۇن فېرمىسى |

| | | |
|---|---|---|
| يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى | غۇلجا شەھىرى | 61-، 62-، 63-، 64-، 65-، 66-، 67-، 68-، 69-، 70-، 71-، 72-، 73-، 74-، 75-، 76-، 77-، 78-، 79- تۇەن - مەيدانلار، بەشدۆڭ دېھقانچىلىق مەيدانى، سورت يېتىشتۈرۈش مەيدانى |
| يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى | بورتالا شەھىرى | 81-، 82-، 83-، 84-، 85-، 86-، 87-، 88-، 89-، 90-، 91 - تۇەن - مەيدانلار |
| يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى | ۋۇجياچۇ شەھىرى | 101-، 102-، 103-، 105-، 106-، 107-، 108-، 109-، 110-، 111 - تۇەن - مەيدانلار، فاڭساۋخۇ، شىنخۇ، جۇنخۇ، ياشلار ئىتتىپاقى، ليۇيۇنخۇ، تۇدۇنتزى، قىزىل بايراق، گوچۇڭ، بېيتاشەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، بېيتاشەن فېرمىسى |
| يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى | كۇيتۇڭ شەھىرى | 123-، 124-، 125-، 126-، 127-، 128-، 129-، 130-، 131-، 137-، تۇەن - مەيدانلار |
| يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى | شىخەنزە شەھىرى | 121-، 122-، 132-، 133-، 134-، 135-، 136-، 141-، 142-، 143-، 144 - تۇەن - مەيدانلار، شىخەنزە باش مەيدانى، 147-، 148-، 149-، 150 - تۇەن - مەيدانلار، زىنىجۇەن نەسىللىك قوي فېرمىسى، 152 - تۇەن - مەيدان |
| يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى | دۆربىلجىن ناھىيىسى | 161-، 162-، 163-، 164-، 165-، 166-، 167-، 168-، 169-، 170 - تۇەن - مەيدانلار، ئىتتىپاق دېھقانچىلىق مەيدانى |
| يېزا ئىگىلىك 10- شىسى | ئالتاي شەھىرى بېيتۈن بازىرى | 181-، 182-، 183-، 184-، 185-، 186-، 187-، 188-، 189-، 190 - تۇەن - مەيدانلار، چىڭگىل دېھقانچىلىق مەيدانى |
| بىناكارلىق قۇرۇ-لۇش شىسى | ئۈرۈمچى شەھىرى | 1 - تۇەن (بىڭتۇەن يول - كۆۋرۈك باش شىركىتى)، 2 - تۇەن (بىڭتۇەن 8- بىناكارلىق شىركىتى)، 3 - تۇەن (بىڭتۇەن 3 - بىناكارلىق شىركىتى)، 4- تۇەن (بىڭتۇەن 4 - بىناكارلىق شىركىتى)، 5 - تۇەن (بىڭتۇەن 5 - بىناكارلىق شىركىتى)، 6 - تۇەن (بىڭتۇەن 6 - بىناكارلىق شىركىتى)، 7 - تۇەن (بىڭتۇەن 1 - بىناكارلىق شىركىتى)، 8 - تۇەن (بىڭتۇەن 9 - بىناكارلىق شىركىتى)، بېيشىن يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى چەكلىك پاي شىركىتى |
| يېزا ئىگىلىك 12- شىسى | ئۈرۈمچى شەھىرى | 104 - تۇەن - مەيدان، سەنپىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى، 1 - ماي دېھقانچىلىق مەيدانى، تۇدۇنخابا دېھقانچىلىق مەيدانى، شىسەن دېھقانچىلىق مەيدانى، ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىق مەيدانى |
| يېزا ئىگىلىك 13- شىسى | قۇمۇل شەھىرى | قىزىل يۇلتۇز 1 -، قىزىل يۇلتۇز 2 -، قىزىل يۇلتۇز 3 -، قىزىل يۇلتۇز 4 - دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، ساقا، راكىتا، ليۇشۇچۇەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، قىزىل يۇلتۇز 1 -، قىزىل يۇلتۇز 2 - چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، نوم دېھقانچىلىق مەيدانى، 221 - تۇەن - مەيدان، قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانى |
| يېزا ئىگىلىك 14- شىسى | خوتەن شەھىرى | 47 - تۇەن - مەيدانى، گوما دېھقانچىلىق مەيدانى، 1 - فېرما |

# شەخسلەر

## ئىلغار شەخسلەر

2003 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ قىسقىچە ئىش - پائالىيەتلىرى

**سۇن لىمىن** ئايال، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 4- باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئالىي ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ ئىلغار مائارىپ ئىدىيىسىگە



ۋە بىر قەدەر يۇقىرى ئوقۇتۇش نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىگە ئىگە، ئۇ دەرسلىكنىڭ چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىك دەرىجىسىنى توغرا ئىگىلەپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىجادىي ۋە جانلىق قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مەنزىرىلىك ئوقۇتۇش، نىشانلىق ئوقۇتۇش، بۆلەكلەرنى گۇرۇپپىلاش تەجرىبىسى قاتارلىق ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ئەمەلىيىتىنى پائال ئېلىپ باردى. 1998- يىلى ۋە 2000 - يىلى «تەڭرىتاغ رايونىدا ساپا مائارىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بويىچە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ئەندىزىسى — سۇن لىمىننىڭ ئوقۇتۇش ئالاھىدىلىكى مۇھاكىمە كۆرىكى» ئۆتكۈزۈلۈپ، ئوقۇتۇش مۇتەخەسسىسلىرى، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ «ئوقۇتقۇچىنى يېتەكچى، ئوقۇغۇچىنى ئاساس» قىلىدىغان «ھەمراھلارچە ئۆگىنىش ئۇسۇلى» ئاساسىدىكى ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى يارىتىپ، دېموكراتىيە كەيپىيات بەرپا قىلدى ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرىنى قوزغاتتى، ئۇنىڭ بۇ ئەندىزىسى تەڭرىتاغ رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن كېڭەيتىلدى ۋە ئۆگىنىشكە تونۇشتۇرۇلدى. ئۇ 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 2001 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە تايانچ ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالاندى، 2002 - يىلى دۆلەت دەرىجىلىك ئېسىل ھالقىغان باغۋەنلەر قۇرۇلۇشى بويىچە تەربىيىلىنىش لاياقەتنامىسىگە، ئۈرۈمچى 9 - بەش يىللىق ئوقۇتۇش پەن تەتقىقاتى نەتىجىسى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 2003 - يىلى مەملىكەتلىك 1- ماي ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.

**لى جىنچاڭ** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، ئۈرۈمچى داۋان ئۆي - زېمىن تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ ئالىي



ئىقتىسادچىسى. ئۇ 1992 - يىلى داۋان ئۆي - زېمىن شىركىتىگە تەكلىپ قىلىنغاندىن بۇيان، شىركەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، ئىلمىي كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كارخانىنىڭ ئۈنۈملۈك ھەرىكەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، ئەلا مەھسۇلات ۋە ئەلا مۇلازىمەت سۈپىتى ئارقىلىق ئۆزگىچە ماركىنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بازار ئاچتى. شىركەتنىڭ ئومۇمىي مۈلكى شىركەت يېڭى قۇرۇلغان چاغدىكى 20 مىڭ يۈەندىن 100 مىليون يۈەنگە يەتتى، شىركەت ئۇدا بىر نەچچە يىل ھەر يىلى 8 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پايدا ۋە باج يارىتىپ، شەھەرلەرنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش بويىچە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك كارخانا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. دۆلەت دەرىجىلىك «ئىشەنچلىك ئورۇن»، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىدىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن ناملارغا ئېرىشتى. لى جىنچاڭ باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، خۇشاللىق بىلەن تۆھپە قوشۇپ، ھەممىلا ئىشتا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلاندى، 1999 - يىلى «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر باشقۇرغۇچى خادىم» دېگەن نامغا ئېرىشتى، 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى. 2003 - يىلى مەملىكەتلىك 1 - ماي ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.

## ۋاڭ گوچۈەن

كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى



مۇھىت گىگىيېنىسى كافېدراسىنىڭ پروفېسسورى. ئۇ چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، ئالدىنى ئېلىش مېدىتسىناسىغا ئۆزىنى بېغىشلاپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتتى. 1993 - يىلى شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي شىمال رايونلىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ مۇھىت گىگىيېنىسى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىشكە ھوقۇقلۇق نۇقتا تەسىس قىلىندى. 1980 - يىلى جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدا تۇنجى يەرلىك ئارسېن بىلەن زەھەرلىنىش بايقالدى، ۋاڭ گوچۈەن مۇتەخەسسىسلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، ئارسېن بىلەن زەھەرلىنىشنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى سىستېمىلىق شەرھلەپ، ئارسېن بىلەن زەھەرلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشنىڭ مۇكەممەل لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە يولغا قويۇپ، جۇڭگونى مۇشۇ ساھەدە دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيىگە يېتىشكە مۇۋەپپەق قىلدى، ئۇنىڭ «شىنجاڭدىكى يەرلىك فىتور، ئارسېن ۋە ئۇلار ئارقىلىق بىرلەشمە زەھەرلىنىش ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى دۆلەت دەرىجىلىك، ئۆلكە - مىنىستىرلىك دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى بويىچە 13 تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ 1994 - يىلى دۆلەت ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ «مۇھىت - گېن تەجرىبىخانىسى» قۇرۇپ، ئارسېننىڭ رولىغا ئالاقىدار گېندىن 35نى تېپىپ چىقتى. ئۇ ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بىمارلارنى ئەلا بىلىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئۈچۈن تەر ئاققۇزدى. 1992 - يىلى ئۇنىڭغا گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ياردەم تەمىناتى بېرىلدى، 1995- يىلى دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە مۇھىت تەربىيىسىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن نام بېرىلدى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 1995 — 1999 - يىللىق ۋە 2000 — 2004 - يىللىق مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس دېگەن نام بېرىلدى. 2003 - يىلى مەملىكەتلىك 1- ماي ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.

## دۇڭ جاۋۋۇ

كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى



ژۇرناللار تەھرىراتىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە باش مۇھەررىرى، تەتقىقاتچى. ئۇ كەسپىي ئىقتىساد نەزەرىيىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى. شەخسىي ئەسەردىن بىرنى نەشر قىلدۇردى، كوللېكتىپ ئىلمىي ئەسەردىن 10نى يېزىش، تەھرىرلەشكە قاتناشتى، تەخمىنەن 900 مىڭ خەتلىك 110 پارچە ئىلمىي ماقالە ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتى ئېلان قىلدى. ئۇ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا باشتىن - ئاخىر ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلدى، 1980 - يىلدىن بۇيان ھەكتۈەن ئىسلاھاتى، نېفىت - تەبىئىي گاز بايلىقىنى ئېچىش، چارۋىچىلىقنى تەكشۈرۈش قاتارلىق ساھەلەرگە دائىر تۈرلۈك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيەتلىرىگە كۆپ قېتىم قاتناشتى. 1990 - يىلى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ژۇرناللار تەھرىراتىغا يۆتكەلگەندىن بۇيان، ژۇرنال چىقىرىشنىڭ توغرا فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلدى، ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى 3 خىل ژۇرنال ئۇدا 2 يىل ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرنىلى بولۇپ باھالاندى. ئۇ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، لەنجۇ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى تەرىپىدىن 30 نەچچە قېتىم ئىلمىي دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى. ئۇ 1996 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى بولۇپ باھالاندى، 2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار خىزمەتچى دېگەن نام بېرىلدى، 2001 - يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ياردەم تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان مۇتەخەسسىس دېگەن نام بېرىلدى. 2003- يىلى مەملىكەتلىك 1 - ماي ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.

## رابىگۈل ئىمىن

كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، ش ئۇ ئا ر تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى قاغىلىق تاشيول باش ئۆچاستكىسى ئاچاز تاشيول ئۆچاستكىسى بەشتېرەك يول ئاسراش پونكىتىنىڭ باشلىقى، ئالىي يول ئاسراش ئىشچىسى. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان 15 يىلدىن بۇيان، 20 دىن ئارتۇق ئاچا -



سىڭىلغا باشلامچىلىق قىلىپ، يول ئاسراش خىزمىتىنى كارامەت ياخشى ئورۇنداش بىلەن بىرگە، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، خەلققە قولايلىق يارىتىش، «مېھىر - شەپقەت» يەتكۈزۈپ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشقا ئوخشاش پائالىيەتلەرنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ياخشى باھاسىغا ۋە ئالاھىدە ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلدى. ئۇ تاشيول باش ئۇچاستكىسىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئىچكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يول ئەھۋالىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يول ئاسراش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تاشيول ئاسراشتىكى تۈرلۈك كۆرسەتكۈچ تەلەپلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇندىدى ھەمدە تاشيول ئاسراشتا خەبەردار چاقىرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. «كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىش، ئاز ئىشلىگەنلەر ئاز ئېلىش» تەك تەقسىمات پرىنسىپىغا ئاساسەن، مىقدارغا قاراپ بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ۋەزىپىنى ئورۇنداش بىلەن مائاشنى ئۆزئارا باغلاپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلدى. 1994 - يىلى شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشتى، 1998- يىلى قاتناش مىنىستىرلىكى، كادىرلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە قاتناش سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى. 1999 - يىلى شىنجاڭدىكى 10 نادىر ياشنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. 2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن ئون كەسىپتىكى 100 نادىر ئايالنىڭ بىرى 8- مارت» قىزىل بايراقدارى بولۇپ باھالاندى. 2003 - يىلى مەملىكەتلىك «1- ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.

**ياڭ بىڭشىڭ** كومپارتىيە ئەزاسى، ئاسپىرانتلىق مەلۇماتىغا ئىگە، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ باشلىقى، پارتكوم شۇجىسى، ئالىي مەسئۇل سىياسىي خادىم. 1976 - يىلى ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىغا خىزمەتكە



تەقسىم قىلىنغان. ئۇ 28 يىلدىن بۇيان بېرىلىپ خىزمەت ئىشلەپ، ئىش ئورنىنى سۆيۈپ كەسپىنى قەدىرلەپ، ئۆز خىزمىتىگە سادىق بولۇپ، تىرىشىپ تۆھپە يارىتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ۋە يۇقىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن. ئۇ 1999 - يىلى زاۋۇت باشلىقى، پارتكوم شۇجىسى بولۇپ، كارخانا قايتىدىن تەشكىللەنگەن ۋە تۈزۈم ئۆزگەرتكەندىن كېيىنكى بىرىنچى نۆۋەتلىك زاۋۇت باشلىقى بولدى. ئۇ «قايتا ئىگىلىك تىكلەش» تەرەققىيات تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، 5 يىل تىرىشىش ئارقىلىق كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتتى. 2001 — 2002 - يىللىرى زىيان بىلەن پايدىنى تەڭلەشتۈرۈپ ۋە ئازراق پايدا ئېلىپ، جۇڭگو نېفىت گورۇھىنى چۈشۈرگەن پايدىنى سىناش كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداپ زىيان تارتىش قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىدى، باش زاۋۇتنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئورنى، تەرەققىيات پىكىر يولى، كاپالەت تەدبىرلىرى كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇ 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى ئېچىش- گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشتى. 2002- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جان- دىل بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تايانغان ياخشى رەھبەر بولۇپ باھالاندى. 2003 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.


**لو رېنچۈەن** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، شىنجاڭ 3 - ئىستانوك زاۋۇتىنىڭ ئالىي



ئىنژېنېرى. 1990 - يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ 24 كەشپىياتى پاتېنتقا، 2003 - يىلى بىر كەشپىياتى ئامېرىكا پاتېنتىغا، 2 كەشپىياتى بېلگىيە برويۇسسېل خەلقئارا كەشپىيات كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ 19 پاتېنتى يولغا قويۇلۇپ، يولغا قويۇلۇش نىسبىتى 83% كە يەتتى. ئۇ 1997 - يىلى پىژغىرىم ئىسسىق ۋە قاتتىق سوغۇققا قارىماي، كۆپ قېتىم قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى نېفىتلىككە كىرىپ، قايتا- قايتا سىناق ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، كاچالكىدا ئېنېرگىيە تېجەشنىڭ يېڭى تېخنىكىسىنى ياراتتى، دىئامېتىرنى تەڭشەپ، ئارىلىقنى ئۆزگەرتىش يولى بىلەن ئېنېرگىيە تېجەش يېڭى

نەزەرىيىسىنى دۆلەت ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇپ، كاچالكىنى ئېنېرگىيە تېجەيدىغان قىلىشتا مۇرەككەپ قۇرۇلما ۋە تېخنىكىدىن پايدىلىنىشتىن باشقا يول يوق دەيدىغان نەزەرىيىۋى خاتالىقنى بۇزۇپ تاشلىدى ھەمدە كاچالكا لايىھەلەشنىڭ ماتېماتىكىلىق مودېلىنى تۇرغۇزۇپ، يېڭى بىر ئەۋلاد ئېنېرگىيە تېجەيدىغان كاچالكىنى ياساپ چىقىش ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس ياراتتى. شىنجاڭ 3 - ئىستانوك زاۋۇتى ئوتتۇنۇپ بېرىلگەن باشقا زاۋۇت بىلەن بىللە 1999 - يىلدىن تارتىپ 6000 دىن ئارتۇق ئېنېرگىيە تېجەيدىغان كاچالكا ئىشلەپچىقىرىپ، 910 مىليون يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى، يۇقىرىغا 76 مىليون 400 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى، نېفىتلىك ئۈچۈن 280 مىليون يۈەنلىك توك تېجەپ بەردى. ئۇ 1999 — 2000 - يىللىرى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر كەشپىياتچى بولۇپ باھالاندى، 2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالاندى. 2003 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.

**روشەنگۈل مامۇت** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، شىنجاڭ «1 - ئىيۇل» توقۇمىچىلىق فابرىكىسى 2 - فابرىكىسى ئالدىنقى يىپ ئېگىرىش سېخى 4 - سېمېنىسىنىڭ ئىشچىسى. ئۇ خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەپ، كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، تىل جەھەتتىكى توسالغۇنى يېڭىپ، مەشغۇلات تېخنىكىسى ۋە ماھارىتىنى ناھايىتى تېزلا ئىگىلىۋالدى. ئۇ زاۋۇتقا ئىشقا چۈشۈپ 3 ئايدىلا ئۆز ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن مۇستەقىل چىقالايدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئۇ باشقىلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلدى، ھەممە يەردە باشقىلارغا ياردەم قىلدى، خىزمەتدىشىنىڭ بالىسى قان راكى بولۇپ قالغاندا، ئۇزاق يىللاردىن بېرى يىغقان پۇلىنى ئىئانە قىلدى. 2002 - يىلى زاۋۇتتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندا، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلدى، لېكىن ئۇ كەيپىياتىنى تېز ئوڭشىۋېلىپ، ئالدىنقى ئېگىرىش سېخىنىڭ يىرىك يىپ ئېگىرىش ئۇچاستكىسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، مەشغۇلات تېخنىكىسىنى ناھايىتى تېز ئىگىلەپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ۋاقتىدا ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلدى. ئۇ 1991 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشتى. 1992 - يىلى ئايال ماھىرلار ئۈلگىسى، 1994 -، 1995 - يىللىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ئايال ئىشچى - خىزمەتچى، 1995 - يىلى مەملىكەت بويىچە توقۇمىچىلىق سانائىتىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى. 2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «‹8 - مارت› قىزىل بايراقدارى» ۋە 10 كەسىپتىكى 100 نادىر ئايالنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. 2003 - يىلى مەملىكەتلىك «1- ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.



**ياڭ جيەنلى** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، شىخەنزە تيەنفۇ سۇچىلىق ئېلېكتر قۇرۇلۇشى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە مۇئاۋىن بەنجاڭ، ياردەمچى ئىنژېنېر. ئۇ خىزمەتنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەپ، غەربىي شىمال رايونى،



دۆلەت ئېلېكتر شىركىتى، مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كەپشەرلەش تېخنىكىسى مۇسابىقىلىرىدە شىنجاڭ ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ كەپشەرلەش تېخنىكىسى مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەردە ئارقىدا قالغان ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇ ھازىرغا قەدەر كەپشەر ئىشچىلىرىنى تەربىيىلەش بويىچە ئېچىلغان 7 قارار كۇرستا ئوقۇتقۇچى بولۇپ، پارقازان بېسىملىق قاچىلىرىنى كەپشەرلەشتە لاياقەتلىك بولغان 450 تىن ئارتۇق ئىشچىنى تەربىيىلىدى، ئۇلاردىن 400 دىن ئارتۇقى ئىش ئورنىغا چىقتى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە كەپشەرلەش تايانچلىرىدىن بولۇپ قالدى، بىرمۇنچىسى تېخنىكا يېتەكچىسى ۋە ئاساسىي قاتلام باشقۇرغۇچى كادىرى بولدى. ئۇ شىنجاڭ تيەنفۇ تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ نەچچە 10 مىليون يۈەنلىك قىممەتتىكى 130 توننىلىق پار قازىنىدىن 3نى قۇراشتۇرۇپ كەپشەرلەش ئىشىغا قاتنىشىپ، پار قازىنىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ يېرىمىغا يېقىن قىسمىنى كەپشەرلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، ئۇ كەپشەرلىگەن 5000 دىن ئارتۇق ئورۇننىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى %100 كە يەتتى. 1989 — 2002 - يىلغىچە شىركەت بويىچە ئۇدا ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى، 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى. 2002 - يىلى مەملىكەت بويىچە تېخنىكا ماھىرى

دېگەن نامغا ئېرىشتى، 2003 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.

**دىڭ جيەنخۋا** كومپارتىيە ئەزاسى، ئاسپىرانتلىق مەلۇماتىغا ئىگە، قەشقەر شەھەرلىك شەھەر مەمۇرىي قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇدىر ئىنژېنېرى. ئۇ



قۇرۇلۇش قىلىشنىڭ تېخنىكىلىق خىزمىتىگە مەسئۇل ئىدى، ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ لايىھىلىشى بىلەن، شىركەت قەشقەر شەھەرلىك غەربىي دىيار يولى، كوئېنلۇن يولى، پويىز ئىستانسىسى مەيدانى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ئۈستىگە ئالدى، قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ، قۇرۇلۇشلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى، ئەلالىق نىسبىتى %100 كە يېتىپ، شىركەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى، ئەلالىق نىسبىتىدە تارىختىكى يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. 2000 — 2002 - يىلىغىچە قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى 180 مىليون يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان پايدا - باج 5 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدا 650 مىڭ يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ قوشۇلما قىممىتى 18 مىليون يۈەنگە يېتىپ، شىركەت زىيان تارتىدىغان ھالەتتىن پايدا ئالىدىغان ھالەتكە ئۆتتى. دىڭ جيەنخۋا ئىشلىگەن مۇمكىنچىلىك دوكلاتى تېخنىكىلىق گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، شىركەت بېتون تۇرۇبا ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىدىن 2نى كىرگۈزۈپ، قەشقەر ۋىلايىتىدە بېتون تۇرۇبا ئىشلەپچىقىرالماي كەلگەن تارىخىي بوشلۇقنى تولدۇردى. شىركەت دىڭ جيەنخۋانىڭ باشلامچىلىقىدا، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە شەھەر مەمۇرىي قۇرۇلۇشى كەسپىدە بىرىنچى بولۇپ ISO9002 سۈپەت سىستېمىسى گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى. دىڭ جيەنخۋا قائىدە- تۈزۈملەرنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «ئۈچنى تەكشۈرۈشنى نەقلەشتۈرۈش، بىرنى نازارەت قىلىشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش، تۈرلەر بويىچە ئۆتكەلنى ئىگىلەش، بىر قېتىمدىلا ئەلا دەرىجىگە يەتكۈزۈش» نى ئىشقا ئاشۇردى. دىڭ جيەنخۋا 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى، 2002 - يىلى قەشقەر شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. 2003 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.

**سۈي دېڭشيەن** كومپارتىيە ئەزاسى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات- تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتى يامانسۇ كانچىلىق شىركىتى قېزىش - ئېچىش مەشغۇلات رايونىنىڭ باش شوپۇرى، ئۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، ئۈسكۈنە باشقۇرۇش، تەننەرخنى



كونترول قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىشلارنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 10 - نومۇرلۇق بۇرغىلاش ئىستانوكى ئىشچى - خىزمەتچىلىرى قوشۇنىنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان يۇقىرى ساپالىق قوشۇنغا ئايلاندۇرۇپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تالىشىپ ياخشى ئورۇنداپ، قوشۇننىڭ خىزمىتىنى ئىلغار خىزمەت ھالىتىگە كىرگۈزدى. ئۇ تەجرىبىلەرنى ماھىرلىق بىلەن يەكۈنلەپ، ئۈسكۈنىلەرنى كۈندىلىك ئاسراشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ساق بولۇش نىسبىتىنى %98.38 كە يەتكۈزۈپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى %187.5 ئورۇنداپ، يەككە ماشىنىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدا يېڭى سەۋىيە يارىتىپ، كارخانىنى كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلدى. ئۇ تەننەرخ ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلەپ، كونىلىرىنى رېمونت قىلىش، كېرەكسىزلىرىدىن پايدىلىنىش پائالىيىتىنى ئىزچىل قانات يايدۇردى، تۆشۈك تەشكۈچى ئاساسلىق ئىستانوك بۆلەكلىرىنى تېخنىكا جەھەتتىن يېڭىلاپ، پەقەت مۇشۇ تۈردىلا تەننەرخنى 38 مىڭ 544 يۈەن تېجەپ قالدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتىنى %99 تىن يۇقىرى سەۋىيىدە ساقلاپ، 7 يىل ھادىسىدىن خالىي بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇ 1997 — 1999 - يىللىرى «1 - ئاۋغۇست» پولات- تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگىسى بولۇپ باھالاندى، 2000 — 2002 - يىللىرى گۇرۇھ شىركىتى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ بىۋاسىتە قاراشلىق دۆلەت كارخانىلىرى بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشتى. 2003 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.

**بۇخەلىچە روزىمەت** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، خوتەن توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ مۇئاۋىن باش ئىنژېنېرى. ئۇ خېلى كۈچلۈك رەھبەرلىك ئىقتىدارىغا ئىگە



بولۇپ، ئۆگىنىشكە ماھىر، يول ئىچىشقا جۈرئەتلىك، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ياخشى ئىش ۋە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى، ئۇ باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بويىچە سىناش سالمىقىنى ئاشۇردى. مەھسۇلات سۈپىتىنى، مەشغۇلاتىنى، ھۈنەر - سەنئەتنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى مەھسۇلات يارىتىشقا پائال تەشكىللەتچىلىق قىلىپ ۋە قاتنىشىپ، فابرىكىنىڭ «65111» جارجات مەھسۇلا- تىنىڭ سۈپىتىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكۈزدى، ئىشلەپچىقارغان «10206» مەشۇت، «12102» گىرىپىستىن، «10152» گىرىپىستىنىنىڭ سۈپىتى دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتتى. ئۇ 1994 - يىلى قاتناشقان «56 — 44» رەخت توقۇش ئىستانوكىنىڭ ئىنىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1996 - يىلى قاتناشقان SGD652 تىپلىق دۇخاۋا توقۇش ئىستانوكىنى كېڭەيتىپ قوللىنىش تۈرى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ 2002 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە «(8 - مارت) قىزىل بايراقدارى»، مەملىكەت بويىچە توقۇمىچىلىق ساھەسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى. 2003 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.

**سۇڭ شىشىڭ** كومپارتىيە ئەزاسى، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، سۇچىلىق نازارىتى ماناس دەرياسى



ۋادىسى باشقارمىسى شەرقىي قىرغاق 1 - پونكىتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئىشچىسى. ئۇ نەچچە 10 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، كەسپىي بىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، كۆپ خىل تېخنىكىنى ئىگىلىدى. قولدا ئايلاندۇرۇلىدىغان كونىچە توما تاقىقىنى توك بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان توما تاقىقىغا ئۆزگەرتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك سىجىللىقىنى يەڭگىللىتىپ، كەلكۈن سۈيىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى، يېرىم ئاپتوماتىك ئېقىم ئۆلچەش ئەسۋابى نورمال ئىشلىمەس بولۇپ قالغاندا، مۇقىم سىيرىلما غالتەك بىلەن بوشىتىش - چىڭىتىش خادىسىنى ئۇلاش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، سۈركىلىشنى كۆچەيتىش ئارقىلىق سىيرىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، سۇ ئۆلچەشنىڭ توغرىلىق نىسبىتىنى ئاشۇردى. 2000 - يىلى باش غول ئۆستەڭ ۋە قۇم چىقىرىۋېتىش يولىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا كۆرۈلگەن ۋىنتا ئېگىلىپ كېتىش، توما سۈپىسىدىكى ئورنى يۆتكىلىشكە ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، تاقاقىغا مۇساپە ۋىكلىيۇچاتېلى ئورنىتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، خەتەر كوئېففىتسېنتىنى تۆۋەنلەتتى. ئۇ 1989 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى، 1996 — 2002 - يىللىرى ئۇدا 7 يىل باشقارما بويىچە ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى بولۇپ باھالاندى، 2002 - يىلى مەملىكەت بويىچە سۇچىلىق سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. 2003 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.

**ئىسمايىل ساۋۇت** كومپارتىيە ئەزاسى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، چەرچەن ناھىيىلىك كۆمۈر كېنى كان قۇدۇقى ئىسمېنىسى-



نىڭ باشلىقى. ئۇ كۆمۈر كان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 - سېپىدە 20 يىلدىن ئارتۇق ئىشلىدى، ئۇ باشتىن - ئاخىر كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنى قوغدىدى، كەسكىن تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دۇچ كەلگەن خەتەرلەرنى بىر- بىرلەپ تۈگىتىپ، كارخانا مال - مۈلكىنىڭ ۋە كان ئىشچىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئۇ جاپادا ئالدىدا، ھالاۋەتتە كەينىدە تۇرۇپ، جاپا - مۇشەققەتتىن باش تارتماي، كاننىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئۈن - تىنسىز تۆھپە قوشتى، ئۇ مەن كان بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىمەن، كان گۈللەنسە مەن گۈللىنىمەن دېگەن روھ بىلەن بارلىقىنى كارخانىغا بېغىشلىدى. ئىش بېجىرىشتە ئىنچىكە ئادىل بولۇپ، كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلدى. ئۇ ئومۇمىيلىققا ئەھمىيەت

بېرىپ مۇقىملىقنى قوغداپ، كەسىپ ئەخلاقىغا ھۆرمەت قىلىپ، دۆلەتنىڭ قانۇن ۋە قائىدە - نىزاملىرىغا، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تەلىپىگە رىئايە قىلىپ، كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تۈرلۈك ئىشلار ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. 1999 -، 2000 -، 2001 - يىللىرى ناھىيە دەرىجىلىك، ئوبلاست دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى. 2003 - يىلى مەملىكەتلىك «1- ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.

**ئامىنە سابىت** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، ئاۋات ناھىيىلىك باش ئىشچىلار



ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى. ئۇ كۆپ يىل ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا، سىياسىي ئىدىيىۋى جەھەتتە ئالدىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈردى؛ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىدە يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، جاسارەت بىلەن نى - نى ئىشلارنى قىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىدى؛ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ «مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە قوغداشنى تۇتۇش، ئۆزىنى كۈچەيتىشتە قۇرۇلۇشنى تۇتۇش» تىن ئىبارەت پىكىر يولىنى شەكىللەندۈردى. 2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش نىسبىتىنى 100% كە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا كىرىش نىسبىتىنى 98% كە يەتكۈزدى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە پائال قاتنىشىپ، كارخانىلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئەمگەك، سەھىيىگە ئالاقىدار قانۇن - نىزاملىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈپ تۇردى؛ كارخانىنى دېموكراتىك يول بىلەن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كارخانا ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇشنى يولغا قويۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭ تۇتتى. 1994 - يىلدىن 2002 - يىلغىچە ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۇدا مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەتچىسى بولۇپ باھالاندى. 1998 - يىلى ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەتچىسى بولۇپ باھالاندى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشتى، 2003 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.

**ئەركىن يۇسۇپ** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى



«دوستلۇق» دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇدىر ۋراچ، ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، تېببىي داۋالاش تېخنىكىسىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، دوختۇرخانىنىڭ مىكروفىزىئولوگىيە بۆلۈمى، شەكىل تۈزەش فىزىئولوگىيىسى بۆلۈمى، يارىلىنىش، ئوپېراتسىيە بۆلۈمى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تېخنىكىغا دائىر 11 تۈرلۈك بوشلۇقنى تولدۇردى. ئۇ سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاڭلىق قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇردى. 1997 - يىلدىكى «5 - فېۋرال ۋەقەسى» دە نەق مەيداندا تېببىي خادىملارنىڭ ھەر مىللەت يارىدارلىرىنى قۇتقۇزۇشىغا قوماندانلىق ۋە تەشكىللەتچىلىك قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. ئۇ داۋالاش ماجىرالىرىدا مىللەت ئايرىماي، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، دوختۇرلارنىڭمۇ، بىمارلارنىڭمۇ مەنپەئىتىنى قوغدىدى. ئۇ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى سۆزى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قايىل قىلىپ، جاپادىن ۋە تاپا - تەنىلەردىن قورقماي ئىشلەپ، ياخشى كەسپىي ئەخلاقنى ۋە كەسىپنى قەدىرلەش روھىنى نامايەن قىلدى. ئۇ 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. 2003 - يىلى مەملىكەتلىك «1- ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.

**لىۇ گوشەن** كومپارتىيە ئەزاسى، ئاسپىرانتلىق مەلۇماتىغا ئىگە، شىنجاڭ تۈنخې گۇرۇھى چەكلىك



مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش ئىنژېنېرى، ئالىي ئىنژېنېر. ئۇ تۈنخې

گۈرۈھى يولغا قويغان ئەۋزەل بايلىقلارنى بىرلەشتۈرۈش، كەسپلەشتۈرۈپ ئېچىشنى يولغا قويۇش ئىستراتېگىيىسىدە كارخانىنىڭ لايىھىلىگۈچىسى بولۇشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، پەن تەتقىقات كۈچىگە تايىنىپ، كارخانىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. 1999 - يىلى زامانىۋى پەمىدۇر ياسالمىسى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىدىن 12 نى، ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىدىن 27نى قۇرۇپ، 240 مىڭ توننا پەمىدۇر ياسالمىسى كونترول قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاسىيا بويىچە 1 - ئورۇندا، دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان پەمىدۇر قىيامى ئىشلەپچىقىرىش سودىگىرىگە ئايلىنىپ، ئېكسپورت ئارقىلىق 40 مىليون دوللار تاشقى پېرېۋوت ياراتتى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنىڭ تېز راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوراش - قاچىلاش كەسپىنى گۇرۇھ شىركىتىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك كەسپى قىلىپ تاللىدى. ئۇ مەسئۇل بولغان ئالىي دەرىجىلىك پاختا بوتقىسى ئاقارتىش تاختىسى تۈرى 2002 - يىلى دۆلەت زايومىدىن ياردەم ئۆسۈملۈك تۈر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇ پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەشكىللاتچىلىق قىلىپ، ھىڭ موگۇسىنى سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۆستۈرۈشنى زاۋۇتلاشتۇرۇپ، شۇ يىلىلا 25 مىليون يۈەنلىك مەھسۇلات سېتىپ، كارخانىنى شىنجاڭ بويىچە يېمەكلىك زەمبۇرۇغى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەڭ چوڭ كارخانىغا ھەم مورى ناھىيىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بېيىتىدىغان تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلاندۇردى. ئۇ 1995- يىلى شىنجاڭ بويىچە «ئون نادىر ياش» نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. 2002 - يىلى شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشتى. 2003 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.

**چى يىڭچېڭ** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، شىخو شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر ۋراچ. ئۇ 1979 -



يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىگە ياردەملىشىپ، شىخو شەھىرىنىڭ چىگىشور بازىرىنى كالا ئازار كېسىلىنىڭ تەبىئىي تارقىلىش مەنبەسى دەپ تۇنجى قېتىم باھالاپ مۇئەييەنلەشتۈردى. مەملىكەت بويىچە كۆمۈتىنىڭ يېڭى كەنجى تۈرىنى تۇنجى قېتىم بايقىدى. 1986 - يىلدىن 2002 - يىلغىچە دۆلەت دەرىجىلىك تېببىي ژۇرناللاردا 35 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. تۈرلۈك پەن تەتقىقات تۈرىدىن 100 نى ئېلىپ باردى، ئۇنىڭ ئالاقىدار ئىلمىي نەتىجىلىرى ئارقا- ئارقىدىن قوللىنىلدى. «جەينەك بوغۇمىنىڭ ھەقىقىي تېرىسىنى شەكىلگە كىرگۈزۈش ئوپېراتسىيىسى»، «يۇقىرى قان بېسىمى تۈپەيلىدىن مېڭىگە چۈشكەن قاننى CT نىڭ كۆرسەتمىسى ئاستىدا مېڭىدىن تۆشۈك ئېچىپ تارتىۋېلىش ئوپېراتسىيىسى» قاتارلىق 60 نەچچە يېڭى كەسىپ تۈرى ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشتى، 2 تۈر دۆلەت پاتېنتىغا ئېرىشتى، ئۇ سەھىيە مىنىستىرلىكى موشادۇڭ پەن تەتقىقات فوندى ئۇيۇشتۇرغان «شىنجاڭدا بىرلەمچى سۆڭەك شالاڭلىشىش كېسىلىنى ئېپىدېمىئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش» پائالىيىتىگە مەسئۇل بولدى. ئۇ 1995 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر تېببىي پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى بولۇپ باھالاندى. 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشتى. 2003 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.

## ئىنقىلابىي قۇربانلار

**ۋاڭ يىچېڭ** شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شيەنياڭ شەھىرىدىن. 1940 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تۇغۇلغان، 1958 - يىل 11 - ئايدا ھەربىي سەپكە قاتناشقان، 1960 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، 1965 - يىلى ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، شىنجاڭ كۆمۈر خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىدا ئىشلىگەن، 1976 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكەلگەن، ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ج خ باشقارمىسى ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى ئىدى. ئۇ 2000 - يىل 7- ئاينىڭ 29 - كۈنى ئامانلىق ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقاندا، جىنايەتچى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. 2003 - يىل 3- ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق



ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**قاسىم مەشىر** غۇلجا ناھىيىسىدىن. 1953 ـ يىل 3 ـ ئايدا



تۇغۇلغان، 1986 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ھايات ۋاقتىدا غۇلجا ناھىيىسى پەنجىم يېزىسى يېڭىمەھەللە كەنتىنىڭ ئامانلىق قوغداش مۇدىرى بولغان. ئۇ 1997 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغانلىقتىن، ئۆز ئۆيىدە مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. 2003 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**ياسىن ماموت** پوسكام ناھىيىسىدىن. 1967 ـ يىل 8 ـ ئايدا



تۇغۇلغان، 1987 ـ يىل 9 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1998 ـ يىل 7 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، ھايات ۋاقتىدا پوسكام ناھىيىسى يىما يېزىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ج خ ساقچىخانىسىنىڭ يېتەكچىسى بولغان. ئۇ 2002 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بىر دىنىي ژۇرنال سېتىش پايىسىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، 2 زوراۋاننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، نەق مەيداندا قۇربان بولغان. 2003 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**يۈسۈپقادىر ئىدرىس** پوسكام ناھىيىسىدىن. 1973 ـ يىل 3 ـ ئايدا تۇغۇلغان. 1993 ـ يىل 12 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1999 ـ يىل 7 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە



كىرگەن، ھايات ۋاقتىدا پوسكام ناھىيىسى يىما يېزىسى قوراللىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 2002 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۇ زوراۋان تېررورچى ئۇنسۇرلار بىلەن كۈرەش قىلىپ، يېزا كادىرىنى قوغداش يولىدا چېپىلىپ ئېغىر يارىلىنىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. 2003 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**مەمەتجان ياقۇپ** 1963 ـ يىل 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىن. 1984 ـ يىل 7 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، 1988 ـ يىل 10 ـ



ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. ھايات ۋاقتىدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ كوللېگىيىسىنىڭ سوتچىسى بولغان. ئۇ دېلو بېجىرىشتە ئادىل بولغانلىقتىن، 2001 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۆيىدە قارا نىيەتلەرنىڭ ئۆچ ئېلىشى بىلەن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. 2003 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**ئاسىم ئابدۇللا** خوتەن ناھىيىسىدىن. 1967 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تۇغۇلغان، 2003 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كوممۇنىستىك



پارتىيىنىڭ ئەزاسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. 1988 ـ يىل 9 ـ ئايدا تۈرمە خەلق ساقچىلىقىغا قوبۇل قىلىنغان. ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ كېرىيە ناھىيىلىك تۈرمە ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، 2 ـ دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچى ئۇنۋانىغا ئىگە. ئۇ 2003 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى جىنايەتچىگە تەربىيە بېرىۋاتقاندا، جىنايەتچى تەرىپىدىن بېشى

چېپىلغان، قوتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان. 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**سائەتقىز توختى** ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىن. 1976 - يىل 4 - ئايدا تۇغۇلغان. 1992 - يىل 8 - ئايدا



خىزمەتكە قاتناشقان، ھايات ۋاقتىدا ئۇچتۇرپان ناھىيىسى ئاقتوقاي يېزىسى پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ ياردەمچى خادىمى بولغان. ئۇ 2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بىر ھامىلدار ئايال ئۈستىدە تۇغۇت تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، ئۇ ئايالنىڭ يولدىشى تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن. 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**يۈ جيەنمىن** خېنەننىڭ فاڭچېڭ ناھىيىسىدىن. 1968 - يىل 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تۇغۇلغان، 1990 -



يىل 3 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 11- كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان، ھايات ۋاقتىدا بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 2 - شى 28 - تۈەن 5 - لىيەنىنىڭ مۇئاۋىن لىيەنجاڭى بولغان. ئۇ 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى 28 - تۈەن 5 - لىيەندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تاماق ئاپىرىپ بېرىش يولىدا، پىچاقلىق بىر قارا نىيەتنىڭ بىر تاكسى شوپۇرىغا تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شوپۇرنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش يولىدا، قارانىيەت بىلەن ئېلىشىپ، بەدىنىنىڭ نەچچە يېرىگە پىچاق يەپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

# ۋاپات بولغانلار

**يۈەن شىن** (1918 — 2003) سىچۈەننىڭ يۆچى ناھىيىسىدىن. 1938 - يىل 2 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1938 - يىل 5 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئاكادېمىيە باشلىقى بولغان. 1987 - يىل 8 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**خەن جيى** (1919 — 2003) سەنشىنىڭ شېنچى ناھىيىسىدىن. 1937 - يىل 10 - ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتناشقان، 1938 - يىل 4 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. كۆرسانت، پراكتىكانت شتاب ئوفىتسېرى، تېلېگرامما تەرجىمە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، بۆلۈمچە باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، باشقارما باشلىقى، شىنجاڭ



ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، يۈز تۈەن ئۇرۇشى، نەنىۋەندىكى كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى ۋە جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، شىمالغا قايتىش قاتارلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. ئازادلىق ئۇرۇشى، يۈنچېڭ، باۋجى، ۋازىجيېبلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 2- دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنىغا، 3 - دەرىجىلىك مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنىغا ئېرىشكەن، 1988 - يىلى مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1981 - يىل 9 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**شېن شيەنخې** (1934 — 2003) سەنشىنىڭ گۇشەن ناھىيىسىدىن. 1948 - يىل 6 - ئايدا ئازادلىق ئارمىيىگە قاتناشقان. 1951 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە



كىرگەن. جەڭچى، بەنجاڭ، كۆرسانت، پەيجاڭ، شتاب ئوفىتسېرى، يېتەكچى، لىيەنجاڭ، مۇئاۋىن يىڭجاڭ، ئەترەت باشلىقى، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، تۇەنجاڭ، شىنجاڭ تورپان شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان، جىنچىڭ، فۇيىڭ، چيەنجۇ، چۈنخوا، شىندىيەن، فۇفېڭ، لەنجۇ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئازادلىق مېدالىغا، غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1987 - يىل 2 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ليۇ جىنخۇ** (1926 — 2003) شەندۇڭنىڭ يەنتەي شەھىرىدىن. 1951 - يىلى شەندۇڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىببىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. شۇ يىلى بېيجىڭدىكى شېخې تىببىي ئىنستىتۇتىغا ئەۋەتىلىپ، پاتالوگىيە كەسپىدە بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان. 1952- يىلى شىنجاڭ 4 - ھەربىي تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلىگەن. 1957 - يىلى شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ كېلىپ ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئاساسىي تىببىي ئىنستىتۇتى پاتولوگىيىلىك ئاناتومىيە كافېدراسىدا پروفېسسور بولغان. 1987- يىلى پېنسىيىگە چىققان، 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**گې مىڭۋاڭ** (1921 — 2003) ئەنخۇينىڭ جىنجەي ناھىيىسىدىن. 1931 - يىلى 5 - ئايدا جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسىگە



قاتناشقان، 1937 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. جەڭچى، تەشۋىقاتچى، ياشلار كادىرى، تەشكىلات كادىرى، مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى، سىياسىي يېتەكچى، تەشكىلات بۆلۈمچە باشلىقى، تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى، تۇەن سىياسىي كومىسسارى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى ياشلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ جۈن دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. قىزىل ئارمىيىدىكى مەزگىلىدە 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، سەنشىدىكى قورشاپ يوقىتىشقا قارشى ئۇرۇش ۋە گۇيېيېرجېندىكى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، يۈلىن، يىچۇەن، ۋازىجيې، لوچۇەن، شىخۇ، تۇنزىجېن، لىبيې، فۇفېڭ، شىشەن، لەنجۇ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 3 - دەرىجىلىك «1 - ئاۋغۇست» ئوردېنىغا، 3 - دەرىجىلىك مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك ئوردېنىغا، 3 - دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1988 - يىلى 2 - دەرىجىلىك قىزىل يۇلتۇز تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنى بېرىلگەن. 1985 - يىل 5 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كېسەل بىلەن بېيجىڭدا ۋاپات بولدى.

**شۈ چۈخۇا** (1920 — 2003) شەنشىنىڭ سۈيدې ناھىيىسىدىن. 1935 - يىل 6 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1936 - يىل 7 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1935 — 1936 - يىللىرى شەنشى سۈيدې ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ۋۇباۋ ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىدا بۆلۈم باشلىقى، ج ك پ سۈيدې - ۋۇباۋ پارتىزانلار چوڭ ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان، 1937 - يىلى شىمالىي شەنشى ياشلار ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شەنشى — گەنسۇ — نىڭشيا چېگرا رايونى سۈيدې ياشلار ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى بولغان، 1938 - يىلى ج ك پ سۈيدې ناھىيە يىخې رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، شەنشى — گەنسۇ — نىڭشيا چېگرا رايونى ياشلار ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ياچېيكا شۇجىسى بولغان. 1939 - يىلى شەنشى — گەنسۇ — نىڭشيا چېگرا رايونى پارتىيە مەكتىپىدە سىنىپ مۇدىرى بولغان. 1940 - يىلدىن 1943 - يىلغىچە شەنشى — گەنسۇ — نىڭشيا چېگرا رايونى لوڭدۇڭ ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ياشلار ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى، غەربىي شىمال پارتىيە مەكتىپىدە سىنىپ مۇدىرى، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1944 - يىلى مەركىزىي كومىتېت غەربىي شىمال بيۇروسى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ كادىرى، غەربىي شىمال

مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ كادىرى بولغان. 1945 ـ يىلى شەنشى — گەنسۇ — نىڭشىيا چېگرا رايونى لوڭدۇڭ شۆبە رايونى سودا شىركىتى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1946 ـ يىلى سۈيدې ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ كادىرلارنى تەربىيلەش كۇرسىنىڭ مۇدىرى بولغان، 1947 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلغىچە شەنشى — گەنسۇ — نىڭشىيا چېگرا رايونى يۈخېڭ شۆبە رايونى پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1947 ـ يىلدىن 1950ـ يىلغىچە شەنشى — گەنسۇ — نىڭشىيا چېگرا رايونى پوچتا ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە مەمۇرىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شىمالىي شەنشى پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان، 1950 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1952ـ يىل 6 ـ ئايغىچە شىنجاڭ پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى بولغان. 1982ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. 2003ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كېسەل بىلەن شىئەندە ۋاپات بولدى.

## گوڭ كې (1924 — 2003)

خېبېينىڭ باشيەن ناھىيىسىدىن. 1938 ـ يىل 8 ـ ئايدا 8 ـ ئارمىيىگە قاتناشقان، 1945 ـ يىل 5 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن.



جەڭچى، رادىست، كۇرسانت، يېتەكچى، سىياسىي كومىسسار، تۈەن سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، بۆلۈم باشلىقى، باشقارما باشلىقى، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ ـ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 3 ـ دەرىجىلىك مۇستەقىللىق ئوردېنىغا، 3 ـ دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنىغا ۋە مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1980 ـ يىل 5 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كېسەل بىلەن شىجياجۇاڭدا ۋاپات بولدى.

## چېن مىڭچى (1915 — 2003)

خۇبېينىڭ ماچېڭ ناھىيىسىدىن. 1929 ـ يىل 7 ـ ئايدا جۇڭگو ئىشچى ـ



دېھقان قىزىل ئارمىيىسىگە قاتناشقان، 1932 ـ يىل 7 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. خۇبېي — خېنەن — ئەنخۇي ئىنقىلابىي تايانچ بازىسىنىڭ 1 ـ قېتىمدىن 4 ـ قېتىمغىچە بولغان قورشاپ يوقىتىشقا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشلىرىغا، غەربكە يۈرۈش ئۇرۇشىغا، 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە، يۈز تۈەن ئۇرۇشىغا، «4 ـ ماي» قورشاپ يوقىتىشقا قارشى تۇرۇش ۋە يەنئەن، فۇمېي، لەنجۇلارنى قوغداشقا ئوخشاش مەشھۇر ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئارمىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ھەمكارلىق باش كوپېراتىپىنىڭ باش دىرېكتورى، ئارقا سەپ ـ تەمىنات بۆلۈمى ماددىي ئەشيا باشقارمىسى ۋە ئارمىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كوپېراتىپتا باشقارما باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىڭتۈەن ئارقا سەپ ـ تەمىنات بۆلۈمى ماددىي ئەشيا باشقارمىسى ۋە بىڭتۈەن ھەمكارلىق باش كوپېراتىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىڭتۈەن سودا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى، بىڭتۈەن تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى، سودا نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە ـ سودا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 2003 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## جاڭ ياڭ (1926 — 2003)

خۇبېينىڭ شياڭياڭ ناھىيىسىدىن. 1944 ـ يىلى ئىنقىلابىي خىزمەتكە



قاتناشقان، 1946 ـ يىل 11 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش ئۇرۇشى ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان ھەم كۆپ قېتىم يارىلانغان. خۇبېينىڭ زاۋياڭ ناھىيىسىدە يېزا باشلىقى، 359 ـ لۈەننىڭ سىياسىي بۆلۈمىدە مۇزىكا گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، تۈەن مەدەنىيەت ئوقۇتقۇچىسى، بۆلۈمچە باشلىقى، ئەترەت باشلىقى، سىياسىي يېتەكچى، تۈەن سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار، شىنجاڭ ھەربىي رايونى رۇس تىلى مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1952 ـ يىلى

موسكۋا ستالىن كانچىلىق ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن شىنجاڭ كانچىلىق - تاۋلاش ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، پەن - مائارىپ - مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1993 - يىل 9 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ياڭ خۇيىڭ** (1935 — 2003) خۇبېينىڭ ۋۇچاڭ ناھىيىسىدىن. 1958 - يىل 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. 1980 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1995 - يىل 7 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان، 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كېسەل بىلەن شاڭخەيدە ۋاپات بولدى.

**فۇ شىباۋ** (1929 — 2003) خېنەننىڭ گۇڭشيەن ناھىيىسىدىن. 1950 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. 1953 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ش ئۇ ئا ر شتات



كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىلىك مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1991 - يىلى پېنسىيىگە چىققان، 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ۋاڭ زىجېن** (1916 — 2003) شەنشىنىڭ ئىنسەي ناھىيىسىدىن. 1934 - يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1936 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ش ئۇ ئا ر كۆن - خورۇم شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى بولغان. 1976 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. 2003 - يىل 3 - ئايدا كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**جاڭ شۇكەي** (1954 — 2003) شەنشىنىڭ فېڭشياڭ ناھىيىسىدىن. 1972 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان.



1973 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. فېڭشياڭ ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى، فېڭشياڭ ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە مەكتىپىدە دوتسېنت، ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىدا كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، ئالىي مۇھەررىر بولغان. 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ليۇ خۇڭلياڭ** (1954 — 2003) شەندۇڭنىڭ لياڭشەن ناھىيىسىدىن. 1976 - يىل 7 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1992 - يىل 11 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1976 - يىل 7 - ئايدا سىچۈەن ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى ئارخېئولوگىيە كەسپىنى پۈتتۈرگەن. تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق-



لىرىنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مەركىزىنىڭ مۇدىرى، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. 1994 - يىل 3 - ئايدا مەدەنىيەت يادىكارلىقى - مۇزېي كاندىدات تەتقىقاتچىسى بولۇپ باھالانغان، 1999 - يىل 4 - ئايدا مەدەنىيەت يادىكارلىقى - مۇزېي تەتقىقاتچىسى بولغان، ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئالغان، 2 قېتىم ۋىلايەت دەرىجىلىك سەرخىل كەسپىي تېخنىكا ئىختىساسلىق خادىمى دېگەن نامغا ئېرىشكەن، 2 قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالانغان، گوۋۇيۈەنىنىڭ ئالاھىدە ياردەم تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان مۇتەخەسسىس بولغان، 2002 - يىلى مەملىكەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سىستېمىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى دېگەن نامغا ئېرىشكەن. 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئومۇمنىڭ ئىشى بىلەن قازا قىلدى.

**ما مىيسۇن** (1917 — 2003) جېجياڭنىڭ شياۋشىڭ شەھىرىدىن. 1946 - يىلى دۆلەتلىك جۇڭجېڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىئولوگىيە

فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، كېيىن دېڭىز - ئوكيان بىلىملىرى تەتقىقاتى بىلەن



شۇغۇللانغان. 1950 - يىلى دالىيەن تېببىي ئىنستىتۇتىدا ياردەمچى ئوقۇتقۇچى، لېكتور بولغان. 1956 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقىغا كىرگەن. شۇ يىلى 9 - ئايدا چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئارزۇسىدا شىنجاڭغا كېلىپ، سابىق شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى بىئولوگىيە كافېدراسىدا مۇدىر، پروفېسسور، ماگىستىر يېتەكچىسى بولۇپ، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە ياردەم تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغان. جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ رايونلۇق 1 -، 2 -، 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرى، 4 -، 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتلىرىنىڭ پەخرىي مۇدىرى، سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 7 -، 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 5 -، 6 -، 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، شىنجاڭ پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى 2 - نۆۋەتلىك كېڭىشىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، جۇڭگو ھايۋانات ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو ئېرسىيەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، شىنجاڭ ھايۋانات ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئېرسىيەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش باشلىقى، شىنجاڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1999 - يىل 10 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان، 2003 - يىل 3- ئاينىڭ 31 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## لىيۇ پىنجۇڭ (1912 — 2003)

سىچۈەننىڭ باجۇڭ ناھىيىسىدىن. 1933 - يىل 8 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1940 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ئارمىيىگە قاتناشقاندىن كېيىن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 4 - تەرەپ ئارمىيىسى 9 - جۈن 19 - تۈەنىدە جەڭچى، تېلېفونىست، شتاب ئوفىتسېرى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان، شاجىيادىيەن، ۋازىجىيې، فۇفېڭدىكى جەڭلەرگە ۋە لەنجۇ ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1953 - يىل 4 - ئايدا ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ شىنجاڭغا كەلگەن. يېزا ئىگىلىك 6 - شى ئورگىنى، شىنجاڭ قوتۇبى نەسىللىك كالا فېرمىسى، شىنجاڭ بىئولوگىيىلىك دورا زاۋۇتى، شىنجاڭ موڭغۇلكۈرە ئات فېرمىسىدا ئىشلىگەن، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن فېرما باشلىقى (زاۋۇت باشلىقى) قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1980 - يىل 7 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2003- يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كېسەل بىلەن ۋۇجياچۈدە ۋاپات بولدى.

## لىيۇ فاشيۇ (1916 — 2003)

جياڭشىنىڭ يوڭشىن ناھىيىسىدىن. 1932 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو



ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسىگە قاتناشقان. 1934 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. قىزىل ئارمىيىدىكى مەزگىلىدە، لاۋازىم، خەۋەرچى، مۇھاپىزەتچى، خەۋەرچىلەر بەنجاڭى، مۇئاۋىن يېتەكچى، يېتەكچى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان، 2 -، 3 -، 4 -، 5 - قېتىملىق قورشاپ يوقىتىشقا قارشى كۆرەشكە ۋە 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، يېتەكچى، تەشكىلات بۆلۈمچە باشلىقى، سىياسىي يېتەكچى، تۈەن سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان، شەنشىنىڭ چۈنشيەن ناھىيىسى تيەنجياجۋاڭدا بولغان جەڭگە، يۇقىرى شياۋجيەن ۋە تۆۋەنكى شياۋجيەنلەردە بولغان جەڭگە، نەنىنىۋەندىكى كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىگە، جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش - شىمالغا قايتىش ھەرىكىتى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، 359 - لۈي 718 - تۈەنىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى 5 - شى 14 - تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان، قوشۇن باشلاپ، يەنئەن مۇداپىئە ئۇرۇشى، چىڭخۋابيەن، ياڭماخې، پەنلوڭ، يۈلىن، شاجيادىيەن ئۇرۇشلىرى، يۈنچېڭنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى، ۋازىجيې، شىئەن، شىفۇ، فۇمېي ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 1949 - يىلدىن كېيىن مۇئاۋىن شىجاڭ، نەنجىڭ ھەربىي ئىنستىتۇتىنىڭ كۇرسانتى، شىجاڭ، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، قوماندانى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مەسلىھەتچىسى مۇئاۋىن

قوماندانى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان. 1955 - يىلى داشياۋ ئۇنۋانى بېرىلگەن. 1961 - يىلى شاۋجياڭلىققا ئۆستۈرۈلگەن. 3 - دەرىجىلىك «1 - ئاۋغۇست» ئوردېنى، 2- دەرىجىلىك مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنى، 2 - دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1988 - يىلى 1 - دەرىجىلىك قىزىل يۇلتۇز تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنى بېرىلگەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەتلىك 9- قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. 1981- يىل 3 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003- يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

### سەيدەخمەتوف تۇرسۇن

(1925 — 2003) ئۆزبېك، غۇلجا شەھىرىدىن. 1944 - يىلى 11 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1950 - يىلى 5 -



ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. پەيجاڭ، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى، مۇئاۋىن لىيەنجاڭ، مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، 3- دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنىغا ئېرىشكەن، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنى بېرىلگەن. 1983 - يىلى 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

### خۇي فېن

(1919 — 2003) شەنشىنىڭ گاۋلىڭ ناھىيىسىدىن. 1937 - يىلى 10 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1938 - يىلى 3 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات - پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1985 - يىلى 6- ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 17- كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

### لى يىخۇا

(1927 — 2003) سەنشىنىڭ شىنشيەن ناھىيىسىدىن. 1944 - يىلى 8 - ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتناشقان، 1945 - يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە



كىرگەن. كادىر، يېتەكچى، ياردەمچى خادىم، تەلىم - تەربىيە چوڭ ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، تارباغاتاي شۆبە ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان. لەنجۇ، فۇمىي ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 3 - دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنىغا ئېرىشكەن، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنى بېرىلگەن. 1978 - يىلى 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كېسەل بىلەن شيەنياڭدا ۋاپات بولدى.

### تيەن فېڭ

(1923 — 2003) خېبېينىڭ ئەنگو ناھىيىسىدىن. 1943 - يىلى 5 - ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتناشقان، 1946 - يىلى 5 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. كۇرسانت، كادىر، ئەترەت باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، سەنئەت



ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، ئۈرۈمچى قورۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپى تەلىم - تەربىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان. مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك مېدالىغا ئېرىشكەن، ئازادلىق مېدالى، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنى بېرىلگەن. 1981 - يىلى 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

### ۋاڭ يۇچى

(1924 — 2003) خېبېينىڭ شېشيەن ناھىيىسىدىن. 1945 - يىلى 7 - ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتناشقان، 1953 - يىلى 1 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە



كىرگەن، جەڭچى، پەيجاڭ، لىيەنجاڭ، يىڭجاڭ، تۇەن شتاب باشلىقى، تۇەنجاڭ، مۇئاۋىن شىجاڭ بولغان. ئەنياڭ، خەندەن، ياڭشەن، تاڭيىن، دابيېشەن، گاۋشەنباۋ، خۇيخەي، دۇجياڭ، چيۇڭلەي ئۇرۇشلىرىغا ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىرىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1981 - يىلى 4 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 24- كۈنى كېسەل بىلەن

جىنىدە ۋاپات بولغان.

**ۋاڭ جىشياڭ** (1925 — 2003) شەندۇڭنىڭ دۇڭخې ناھىيىسىدىن. 1945 - يىلى 8 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1945 - يىلى 6 - ئايدا



جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. سىياسىي خىزمەت كادىرى، يېتەكچى، ناھىيىلىك بىرلەشمە مۇداپىئە چوڭ ئەترىتىدە لىيەنجاڭ، يىڭجاڭ، رايونلۇق خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، تيەنجىن شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى خىزمەت ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ساقچىخانا باشلىقى، تيەنجىن بىناكارلىق شىركىتى ۋە شىنجاڭ بىناكارلىق شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى، مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان. 1986 - يىلى 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 - يىلى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**شۆ جيەن** (1946 — 2003) شەنشىنىڭ خۇاشيەن ناھىيىسىدىن. 1969 - يىلى 8 - ئايدا خىزمەتكە



قاتناشقان، 1978 - يىلى 6 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، سابىق شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئىنستىتۇت پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، باشقارما باشلىقى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپلەر خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مائارىپ نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر، ش ئۇ ئا ر مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 2003 - يىلى 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى خوتەن ۋىلايىتىگە كېتىۋېتىپ، خىزمەت ئۈستىدە ۋاپات بولدى.

**جاڭ يۈ** (1916 — 2003) سىچۇەننىڭ لاڭجۇڭ ناھىيىسىدىن. 1938 - يىلى 5 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1938 - يىلى 6 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. يەنئەن مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ كۇرسانتى، شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا



چېگرا رايونى ياشلار ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىپى، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا ياشلار ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ مۇدىرى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، يەنئەن شەھەرلىك مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھەربىي رايونى تۈەن سىياسىي بۆلۈمىدە مۇئاۋىن بۆلۈمچە باشلىقى، شەندۇڭ بوخەي ئوقۇتۇش لۈيىدە يىڭنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسىدە شى سىياسىي بۆلۈم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، دايۈەن، ماۋپىڭ، دايۇنشەن، پىڭجياڭ جەڭلىرىگە قاتناشقان. ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش ئۇرۇشى ۋە ئەنيۈەن، سائىلۇڭ، ۋازىجيې، يۇڭفېڭ، لىبېي، چىڭخې، باۋجى ئۇرۇشلىرى قاتارلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي كومىتېتى تارقاتقان خەلق تۆھپىكارى مېدالىغا ئېرىشكەن، 1949 - يىلى قوشۇن بىلەن شىنجاڭغا كىرگەن. ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە تۈەن سىياسىي كومىسسارى، شى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، كورلا ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ ئەزاسى، لوپنۇر ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ج ك پ ساۋەن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1953 - يىلى ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، يەرلىكتە ئىشلەپ، شىنجاڭ سۇچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئېلېكتر مىنىستىرلىكى سۇ ئېلېكتر باش ئىدارىسى شىنجاڭ تەكشۈرۈش - ئۆلچەش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ سۇچىلىق نازارىتى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش - لايىھەلەش يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سۇچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئورمانچىلىق نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىرى، ش ئۇ ئا ر مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1983 - يىلى 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا

چىققان، 2003 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ
كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ماۋ مىنشياڭ** (1945 — 2003) شەنشىنىڭ جۇجى ناھىيىسىدىن. 1963 ـ يىل 12 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1967 ـ يىل 8 ـ ئايدا



جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئالى تارماق ئەترىتى 9 ـ ليەنىدە جەڭچى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابىنىڭ تېلېگرامما تەرجىمە خادىمى، مەخپىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ شتاب ئوفىتسېرى، ھەربىي مەمۇرىي كادىرلار مەكتىپىنىڭ كاتىپى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپى سىياسىي نەزەرىيە كافېدراسىنىڭ سىياسىي نەزەرىيە ئوقۇتقۇچىسى، مۇئاۋىن تۈەنجاڭ دەرىجىلىك سىياسىي نەزەرىيە ئوقۇتقۇچىسى، لەنجۇ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى 2 ـ تېخنىكىلىق رازۋېتكا ئىدارىسى 4 ـ باشقارمىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، 3 ـ باشقارمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەربىيە ئىشخانىسىنىڭ باشقارما باشلىقى، تەكشۈرگۈچىسى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى تەشۋىقات ـ تەربىيە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى تەپتىشلىك ئۇنىۋېرسال ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان. 2003 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ئۇراخۇن جامال** (1926 — 2003) جىڭ ناھىيىسىدىن. 1952 ـ يىل 6 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1945 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان.



باج كادىرى، خەلق ئىشلىرى كادىرى، شىنجاڭ كادىرلار مەكتىپى شۆبە ئەترىتىنىڭ باشلىقى، بورتالا ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، بورتالا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، بورتالا ئوبلاستلىق يېزا خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1993 ـ يىل 4 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كېسەل بىلەن بورتالا شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**جاڭ يۈۋېن** (1926 — 2003) سەنشىنىڭ چىنشيەن ناھىيىسىدىن. 1942 ـ يىل 12 ـ ئايدا 8 ـ ئارمىيىگە قاتناشقان، 1944 ـ يىل 5 ـ



ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. جەڭچى، بەنجاڭ، پەيجاڭ، مۇئاۋىن يېتەكچى، يېتەكچى، مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى، بۆلۈم باشلىقى، سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، تۈەننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، سىياسىي كومىسسارى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىغا بىۋاستە قاراشلىق سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. پەنۋۇ، لىنىن، لىيبي، پەنلۇڭ، شىخۇ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك ئوردېنى، ئازادلىق ئوردېنىغا ئېرىشكەن، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنى بېرىلگەن. 1984 ـ يىل 9 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**سەي جۇڭچيۇڭ** (1935 — 2003) ئايال، چۇڭچىڭ شەھىرىدىن. 1959 ـ يىلى بېيجىڭ گېئولوگىيە ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى گېئولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىغا تەقسىم قىلىنغان. 1970 ـ يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئەترىتى، شىنجاڭ يەر تەۋرەشنى



كۆزىتىش چوڭ ئەترىتى، ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسىدا ئىشلىگەن. تەتقىقاتچى پراكتىكانت، ياردەمچى تەتقىقاتچى، كانددات تەتقىقاتچى، تەتقىقاتچى بولغان. 1980 ـ يىل 2 ـ ئايدا

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1983 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» ۋە مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىمى بولۇپ باھالانغان. ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزاسى بولغان. 1995 - يىل 4 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان. 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى.

**چاڭ پىنىڭ** (1924 — 2003) خېبېينىڭ گاۋياڭ ناھىيىسىدىن. 1938 - يىل 7 - ئايدا ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان، 1941 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە



كىرگەن. 8 - ئارمىيە 120 - شى 359 - لۈي ئۆگەنچى ئەسكەرلەر يىڭى، سەنشى 9 - لۈي كۈرەش تىياتىر ئۆمىكى، شىمالىي شەنشى سۈي زېدۇڭ كادىرلار مەكتىپى، جىنپېيگۇەندىكى 359 - لۈينىڭ ئوقۇتۇش يىڭىدا كۈرسانت، تەشۋىقات خادىمى بولغان. 1943 - يىلى 359 - لۈيگە ئەگىشىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ ئۇرۇش قىلغان، ماتېرىيال تارقاتقۇچى، تۇەن شتاب ئوفىتسېرى، سىياسىي يېتەكچى بولغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، نەنىنۇەندىكى كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىگە، زاۋياڭ، دايۇەن، شيۇشۇي جەڭلىرىگە قاتناشقان. ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش ئۇرۇشى ۋە يەنئەننى قوغداش ئۇرۇشى، ۋازىجيې، يۇڭفىڭ، خۇتشەن، لىبېي، فۇمېي ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 1949 - يىلى قوشۇنغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا كىرىپ، يىڭنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچىسى، سىياسىي يېتەكچىسى، تۇەن سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 9 - شى سىياسىي بۆلۈم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 26 - تۇەننىڭ مۇۋەققەت سىياسىي كومىسسارى، بىڭتۇەن سۇچىلىق باشقارمىسى بىناكارلىق - قۇرۇلۇش 7 - تۇەنىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى 5 - مەيداننىڭ سىياسىي كومىسسارى، كۈيتۇڭ باش مەيدانىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، 1 - مەيداننىڭ باشلىقى، شامېنزى دېھقانچىلىق مەيداننىڭ سىياسىي كومىسسارى، گاۋچۇەن باش مەيداننىڭ سىياسىي كومىسسارى، 1 - باشقارمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، يېزا ئىگىلىك 7 - شىنىڭ شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن شىجاڭى بولغان. 1975 - يىلى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئورمانچىلىق نازارىتى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىرى، مەسلىھەتچىسى بولغان. 1985 - يىل 10 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**جۇ خۇۋېن** (1922 — 2003) شەندۇڭنىڭ رۇڭچىڭ شەھىرىدىن، 1949 - يىل 9 - ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتناشقان. 1942 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە



كىرگەن. جەڭچى، بەنجاڭ، پەيجاڭ، شتاب ئوفىتسېرى، ليەنجاڭ، يېتەكچى، يىڭجاڭ، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، تۇەن شتاب باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، باشقارما باشلىقى، شۆبە ھەربىي رايون شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن قوماندان، شىنجاڭ قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى بولغان. لياۋنىڭ - شېنياڭ، بېيپىڭ - تيەنجىن ئۇرۇشلىرىغا، جەنۇبىي مانجۇرىيىنى قايتۇرۇۋېلىش، لىنجاڭنى 4 قېتىم قوغداش ئۇرۇشىغا، تاشەندە توسۇپ زەربە بېرىش، گۇاڭشىدا باندىت تازىلاش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنى، ئازادلىق ئوردېنىغا ئېرىشكەن، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنى بېرىلگەن. 1983 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ۋاڭ سەنيۇ** (1922 — 2003) سەنشىنىڭ ۋۇشياڭ ناھىيىسىدىن، 1938 - يىل 7 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1946 - يىل 5 - ئايدا جۇڭگو



كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، تەيخاڭ 3 - ۋالىي مەھكىمە خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ ئەزاسى، سودا - سانائەت ئىدارىسىدە ئامبارچى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىداكارلار 1 - زۇڭدۈينىڭ 8 - قورال - ياراغ ئورنىدا كادىر، تەيخاڭ قەغەز زاۋۇتىدا كاتىپ، بۆلۈم باشلىقى، مەركىزىي كومىتېت مالىيە بۆلۈمى مالىيە باسما زاۋۇتىنىڭ باشلىقى، سۇغۇرتا باش شىركىتى كادىرلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تېكەس ناھىيىلىك،

توققۇزتارا ناھىيىلىك، نىلقا ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇۋەققەت شۇجىسى قوشۇمچە ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، ئىلى ئوبلاستلىق خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، باش كاتىپى بولغان. 1986 - يىل 5 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كېسەل بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**بايىنغولىن** (1954 — 2003) موڭغۇل، ئارشاڭ ناھىيىسىدىن. 1970 - يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. 1984 - يىل 4 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن.



بورتالا ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى تېخنىكا بۆلۈمچىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سۇلياۋ زاۋۇتىنىڭ باشلىقى، سۈت ياسالما زاۋۇتىنىڭ باشلىقى، ئوبلاستلىق ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئارشاڭ ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ناھىيىنىڭ ھاكىمى، بورتالا ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى بولغان. 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كېسەل بىلەن بورتالا شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**لياڭ سەي** (1917 — 2003) خېبېينىڭ خېجيەن ناھىيىسىدىن. 1938 - يىل 3 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1939 - يىل 11 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. سانىتار، بەنجاڭ، كانۋايلار



باشقارمىسىنىڭ كاتىپى، مەدەنىيەت كۇرسىنىڭ كۇرسانتى، مەدەنىيەت ئوقۇتقۇچىسى، مۇئاۋىن يېتەكچى، ليەن يېتەكچىسى، تەشكىلات كادىرى، مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى، ئارقا سەپ دوختۇرخانىسىنىڭ ياردەمچى باشقۇرغۇچىسى، شىنجاڭ شايار ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىلى ئوبلاستلىق پەن-تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىلى يېزا ئىگىلىك - قۇرۇلۇش مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، بورتالا ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1983 - يىل 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**باتۇش دۆلەتوف** (1927 — 2003) تاتار، جىمنەي ناھىيىسىدىن. 1944 - يىل 11 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1954 - يىل 11 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ئالتاي ۋىلايەتلىك مالىيە



باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئىلى ئوبلاستلىق مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم مەمۇرىي سودا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئىلى ئوبلاستلىق پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1991 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**گاۋ چىڭفېڭ** (1926 — 2003) سەنشىنىڭ ليۇلىن ناھىيىسىدىن. 1940 - يىل 2 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1842 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن.



ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، تۈەن شتاب ئوفىتسېرى، سىياسىي يېتەكچى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەشكىلات بۆلۈمچە باشلىقى، مېھمانخانا باشلىقى، بىڭتۇەندە مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، يېزا ئىگىلىك 7 - شى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى،

سىياسىي كومىسسارى، بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى خوجىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئورگان خوجىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1985 - يىل 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## دۇڭ ۋاڭشەن

(1929 — 2003) سەنشىنىڭ جياڭشيەن ناھىيىسىدىن. 1947 - يىل 4 - ئايدا ئازادلىق ئارمىيىگە قاتناشقان، 1948 - يىل 8 -



ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. جەڭچى، كادىر، يېتەكچى، تۈەن سىياسىي كومىسسارى، شى مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان. يۈلىن، خېشۈي، فۇمېي، باۋجى، يۈنچېڭ، شىفۇ، يىچۈەن، ۋازىجېي ئۇرۇشلىرىغا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا باندىت تازىلاشقا، شىزاڭدىكى توپىلاڭنى تىنجىتىشقا جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىدىكى قوغدىنىش - قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئازادلىق ئوردېنىغا، خەلق تۆھپىكارى مېدالىغا ئېرىشكەن، غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنى بېرىلگەن. 1980 - يىل 5 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كېسەل بىلەن شىئەندە ۋاپات بولدى.

## ئابدۇراخمان ھەسەن

(1924 — 2003) غۇلجا شەھىرىدىن، 1947 - يىل 5 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان، 1956 - يىل 4 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە



كىرگەن، ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرس ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، ئالىي چارۋىچىلىق تېخنىكى. 1951 - يىلدىن باشلاپ، ئىلى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق باش مەيدانى، موڭغۇلكۈرە نەسىللىك ئات فېرمىسى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ بىئولوگىيىلىك دورا زاۋۇتى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، چارۋىچىلىق نازارىتىدە ئىشلىگەن، فېرما (زاۋۇت باشلىقى) باشلىقى، ئالىي چارۋىچىلىق تېخنىكى، باش ئىنژېنېر بولغان. 1986 - يىل 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## ۋۇ شۇشەن

(1920 — 2003) خېبېينىڭ خەندەن شەھىرىدىن. 1949 - يىل 8 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان. شەنشى يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى، دۆلەتلىك غەربىي



شىمال يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدا مال دوختۇرلۇق ياردەمچى ئوقۇتقۇچىسى، شىئەن چارۋىچىلىق مەكتىپىدە ئىلمىي مۇدىر، ئىلى چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ چارۋىچىلىق ئىنژېنېرى، ئاگرونومى، ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەكتىپى، چارۋىچىلىق مەكتىپى، دېھقانچىلىق مەكتىپىدە ئىلمىي مۇدىر، مەكتەپ مەسئۇلى، ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىسى، ئىلى ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئىلى ئوبلاستلىق چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى، پەخرىي كېڭەش باشلىقى، ش ئۇ ئا ر چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، ئىلى ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم يېزا - بازار كارخانىلىرى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1988 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى.

## ئىسمائىل توختى

(1928 — 2003) قۇمۇل شەھىرىدىن. 1950 - يىل 4 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1953 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك



پارتىيىسىگە كىرگەن. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 5 -، 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1993 - يىل 4 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان، 2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كېسەل بىلەن قۇمۇلدا

ۋاپات بولدى.

**يەن شۇدۇن** (1939 — 2003) گەنسۇنىڭ كاۋتەي ناھىيىسىدىن. 1963 - يىلى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست»



يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزۈپ، شۇ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، چارۋىچىلىق نازارىتىدە ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىدىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مال دوختۇرى، ئالىي مال دوختۇرى، تەتقىقاتچى بولغان. 1981 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ ئۆي ھايۋانلىرىدىكى برۇتسېللىيوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش تەتقىقاتى جەھەتتە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن، 1985 - يىلى گوۋۇيۈەن ۋە ش ئۇ ئا ر يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاشتىكى ئىلغار خىزمەتچى دېگەن نام بېرىلگەن، 1989 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالانغان ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە 2 -، 3 -، 4 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن. 2000 - يىل 4- ئايدا پېنسىيىگە چىققان. 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**رېن باڭكۇن** (1940 — 2003) خېنەننىڭ جېنپىڭ ناھىيىسىدىن. 1963 - يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە




قاتناشقان، 1960 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1963 - يىل 9 - ئايدا گەنسۇ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى (ھازىرقى غەربىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى) نىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. مائارىپ نازارىتى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر ئېلېكترلەشكەن مائارىپ سارىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ساراي باشلىقى بولغان. 1985 - يىل 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1986 - يىل 11 - ئايدا شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى، پارتكومىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1991 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بولغان. 1993 - يىل 3 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بولغان. 1994 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى بولغان. 2001 - يىل 1 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان، 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**جىڭ شاڭشېڭ** (1939 — 2003) شەنشىنىڭ چىشەن ناھىيىسىدىن. 1964 - يىل 7 - ئايدا غەربىي شىمال سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى يۇڭ توقۇمىچىلىق كەسپىنى پۈتتۈرگەن، 1971 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىس-



تىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1975 - يىل 8 - ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ ئىلى يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا سېخ مۇدىرى، زاۋۇت پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، زاۋۇت باشلىقى، پارتكوم شۇجىسى قوشۇمچە زاۋۇت باشلىقى، ئالىي ئىنژېنېر بولغان. 1991 - يىل 3 - ئايدا ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم ئىقتىسادىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، 1992 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، فابرىكا باشلىقى بولغان، 1993 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر توقۇمىچىلىق سانائىتى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، 1995 - يىل 2- ئايدا ش ئۇ ئا ر توقۇمىچىلىق سانائىتى نازارىتىنىڭ پارتكوم شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىرى بولغان. ش ئۇ ئا ر 7 -، 8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان. 2003 - يىل 4 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان، 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 12- كۈنى كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى.

**توختى روزى** (1948 — 2003) قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىن. 1968 - يىل 12 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1977 - يىل 11 - ئايدا



جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن.

1968 - يىل 12 - ئايدىن 1971 - يىل 9 - ئايغىچە قۇتۇبى ناھىيىلىك پارتكوم، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدە تەرجىمانلىق قىلغان. 1984 - يىل 12- ئايدىن باشلاپ، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى مەدەنىيەت - تارىخ كافېدراسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، پارتكومىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، مەكتەپ ئىشلىرى ئەزاسى بولغان. 2000 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## كېرەم سەلەي (1934 — 2003)

غۇلجا شەھىرىدىن. 1953 - يىل 7 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1980 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. شىنجاڭ ئىنستىتۇتى



چارۋىچىلىق فاكۇلتېتى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى چارۋىچىلىق فاكۇلتېتى، چارۋىچىلىق نازارىتى كادىرلار كۇرسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، چارۋىچىلىق نازارىتى چارۋىچىلىق باشقارمىسى، پەن - مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، چارۋىچىلىق نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر، چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، 1990 - يىل 10 - ئايدا چارۋىچىلىق نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، باش چارۋىچىلىق تېخنىكى بولغان، 1997 - يىل 7 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان. 2003- يىل 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## قۇربان مەمەتنىياز (1931 — 2003)

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىن. 1955 - يىل 6 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1954 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى، گۇما ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى مەدەنىيەت - مائارىپ گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، مەدەنىيەت ئىشخانىسىدا مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، پىلان كومىتېتىدا مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، مەدەنىيەت ئىشخانىسىدا باشقارما باشلىقى، ش ئۇ ئا ر تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1983 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان، 1986 - يىل 7 - ئايدا پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئىنستىتۇتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## تۇرسۇن توختى (1943 — 2003)

ئاقسۇ شەھىرىدىن. 1958 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، 1966 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ئاقسۇ ناھىيە ئايكۆل يېزىلىق



ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئاقسۇ ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ كادىرى، ئېگەرچى يېزىلىق پارتكومىنىڭ ئەزاسى، بىۋاسىتە قاراشلىق 1 - چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1971 - يىلدىن كېيىن ئاقسۇ ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تەشكىلات گۇرۇپپىسىنىڭ 1 - مۇئاۋىن باشلىقى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ئىشخانا مۇدىرى، ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ ئەزاسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، سۇچىلىق نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، پارتگۇرۇپپىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر، نازىر بولغان، 2003 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى.

## زەپەن قارمانوف (1924 — 2003)

قازاق، چۆچەكتىن. 1945 - يىل 9 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان، 1950 - يىل 5 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن.



ش ئۇ ئا ر بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دۇڭچۇەن «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، باش ئىشچىلار

ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 4 ـ ، 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1986 ـ يىل 6 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2003 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**سابىقان غۇلامقار** (1936 — 2003) قازاق، ئالتاي شەھىرىدىن. 1956 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بولغان. 1998 ـ يىل 3 ـ ئايدا پېنسىيىگە چىققان، 2003 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**چېن جىچىڭ** (1918 — 2003) سىچۇەننىڭ پىڭچاڭ ناھىيىسىدىن. 1933 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1942 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇ-



نىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان، ئالاقىچى، جەڭچى بولغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئالاقىچى، بەنجاڭ، رازۋېتچىك بولغان، ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، پەيجاڭ، ليەنجاڭ، مۇئاۋىن يىڭجاڭ، 2 ـ جۇن مالىيە مەكتىپىدە مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقاسەپ. تەمىنات بۆلۈمى ئاپتوموبىل چوڭ ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، شىنخۇ قاتناش ترانسپورت باش بېكىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 10 ـ شى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى، يېزا ئىگىلىك 7 ـ شى 2 ـ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، 3 ـ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، يېزا ئىگىلىك 7 ـ شىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى، يېزا ئىگىلىك 9 ـ شىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى، يېزا ئىگىلىك 5 ـ شىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى، ئاشلىق نازارىتى پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ئاشلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان. 1981 ـ يىل 8 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**لى بىڭجېن** (1952 — 2003) شەنشىنىڭ فۇفېڭ ناھىيىسىدىن. 1969 ـ يىل 9 ـ ئايدا ھەربىي سەپكە قاتناشقان. 1970 ـ يىل 5 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن،



داشياۋ ئۇنىۋانىغا ئىگە، جەڭچى، بەنجاڭ، پەيجاڭ، مەشىق شتاب ئوفىتسېرى، مەشىق بۆلۈمچە باشلىقى، تۇەن شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، ئارشاڭ ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، بورتالا شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، تۇەنجاڭ، بورتالا شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ شتاب باشلىقى، سانجى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان. 2003 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى جىڭ ناھىيىسىدىن بورتالا شەھىرىگە قايتىش يولىدا ماشىنا ۋەقەسىدە ۋاپات بولدى.

**يې شو** (1927 — 2003) جياڭسۇنىڭ تەيشىڭ شەھىرىدىن. 1946 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئازادلىق ئارمىيىگە قاتناشقان، 1943 ـ يىل 3 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، كۇرسانت، كارتوگراف، كادىر، مۇئاۋىن مۇدىر، شىنجاڭ سانجى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان، مۇستەقىللىق ـ ئەركىنلىك ئوردېنىغا، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 ـ



يىل 6 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، كېسەل بىلەن جياڭسۇنىڭ جېنجياڭ شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**ۋاڭ گېڭشاۋ** (1923 — 2003) خېنەننىڭ يىچۇەن ناھىيىسىدىن، 1939 ـ يىل 6 ـ ئايدا 8 ـ ئارمىيىگە قاتناشقان، 1938 ـ يىل 5 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. تەشۋىقاتچى، مەخپىي تېلېگرامما تەرجىمە قىلغۇچى، مەخپىي ئىشلار بۆلۈمچىسى-نىڭ باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، مەخپىي

ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى،



باشلىقى، ئىدارە باشلىقى، شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مەسلىھەتچىسى، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ - تەمىنات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە كۆپ قېتىم ئۇرۇش ۋە جەڭلەرگە قاتناشقان، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 - يىل 9 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كېسەل بىلەن شىخەندە ۋاپات بولدى.

**سەيپىدىن ئەزىزى** (1915 — 2003) ئاتۇش شەھىرىدىن. 1935 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا بارغان، 1944 - يىلى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە پارتلىغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»غا قاتناشقان، 1945 - يىلى



ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. 1947 - يىلى شىنجاڭدا تىنچلىق دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋە «ئالغا» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان، كېيىن ئىتتىپاقنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى، رەئىسى بولغان. 1949 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، 1951 - يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مىللەتلەر ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1952 - يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ 4- شۇجىسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشقا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1953 - يىلى غەربىي شىمال مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ 3 - شۇجىسى بولغان. 1954 - يىل 9 - ئايدا 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا سايلانغان، شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ 2 - شۇجىسى بولغان. 1955- يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى بولغان، شۇ يىلى 10- ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 3 - شۇجىسى بولغان. 1958 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 2 - شۇجىسى بولغان. 1968 - يىلدىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىنقىلابىي كومىتېت يادرو رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 2 - شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇۋەققەت 1 - شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 1 - سىياسىي كومىسسارى، پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ 1- سىياسىي كومىسسارى بولغان. ج ك پ 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، 9 -، 10 -، 11 -، 12 -، 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، 10 -، 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزاسى؛ 1 -، 2 -، 3 -، 4 -، 5 -، 6 -، 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى؛ 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، 1 -، 2 -، 3 - نۆۋەتلىك دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى بولغان. 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كېسەل بىلەن بېيجىڭدا ۋاپات بولدى.

**ما مىڭشياڭ** (1947 — 2003) خۇيزۇ، غەنشىنىڭ جىڭياڭ ناھىيىسىدىن. 1968 - يىل 9 - ئايدا



خىزمەتكە قاتناشقان، 1971 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. غۇلجا ناھىيىسى غالىبىيەت گۆڭشېسى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، گۆڭشې پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئىلى ۋىلايەتلىك ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، غۇلجا شەھىرىنىڭ

مۇئاۋىن باشلىقى، ئىلى ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئىلى ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىلى ئوبلاستلىق 9 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئىلى ئوبلاستلىق 11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كېسەل بىلەن ئىلىدا ۋاپات بولدى.

**جاڭ جۇڭخاۋ** (1916 — 2003) شەنشىنىڭ لىنتوڭ ناھىيىسىدىن. 1938 - يىل 1 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1938 - يىل 4 - ئايدا



جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. لىنتوڭ يوشۇرۇن پارتىيە مەركىزىي ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، يەنئەن مەركىزىي كومىتېت غەربىي شىمال خىزمەت كومىتېتى، مەركىزىي كومىتېت غەربىي شىمال بيۇروسى ئاممۇۋى ھەرىكەت بۆلۈمىنىڭ كادىرى، لىنتوڭ يوشۇرۇن پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇلى، يوشۇرۇن پارتىيە تەشكىلاتى شەنشى جېڭيۈەن خىزمەت كومىتېتى، سەنيۈەن، خىزمەت كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ۋېيبېي خىزمەت كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، لىنتوڭ ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، گۇەنجۇڭ ۋىلايەتلىك پارتكوم خىزمەت كومىتېتى يوشۇرۇن پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇلى، شەنشى ئۆلكىسى سەنيۈەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ باش كاتىپى، شىنجاڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، شىنجاڭ ئىلى رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ قاتناش ئىدارىسى پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ 1 - مۇئاۋىن شۇجىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 1983 - يىل 4 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كېسەل بىلەن شىئەندە ۋاپات بولدى.

**شېن جىجياڭ** (1913 — 2003) سەنشىنىڭ لىنشيەن ناھىيىسىدىن. 1945 - يىل 3 - ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتناشقان، 1938 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە



كىرگەن. قوغدىنىش چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى، باج ئىدارىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى، ياردەمچى دىرېكتور، مۇئاۋىن كاتىپ مۇدىر، بۆلۈم باشلىقى، باشقارما باشلىقى، لەنجۇ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ قۇرۇلۇش باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان. ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى كۆپ قېتىملىق ئۇرۇش ۋە جەڭلەرگە قاتناشقان. ئازادلىق ئوردېنىغا ئېرىشكەن، مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك مېدالى، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنى بېرىلگەن. 1965 - يىل 1 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كېسەل بىلەن شىئەندە ۋاپات بولدى.

**ليۇ پېيچېڭ** (1930 — 2003) خېنەننىڭ ۋېيشى ناھىيىسىدىن. 1947 - يىل 2 - ئايدا ئازادلىق ئارمىيىگە قاتناشقان، 1948 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو



كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ئالاقىچى، مۇھاپىزەتچى، تۈرمە باشلىقى، سوتچى، مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى، كوللېگىيە باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، بىڭتۇەن خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان. غالىبىيەت ئوردېنى شەرەپ مېدالىغا ئېرىشكەن. 1988 - يىل 1 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**لى ستاڭ** (1914 — 2003) كومپارتىيە ئەزاسى، سەنشىنىڭ ۋۇجەي ناھىيىسىدىن. 1937 - يىل 10 - ئايدا ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. سەنشى ئۆلكىسى ۋۇجەي ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى، ناھىيىنىڭ ھاكىمى، چىشەن ناھىيىسى، چۈنشەن ناھىيىسى، نىڭشەن ناھىيىسى، جىڭشەن ناھىيىسى، سىشەن ناھىيىسى ئىش باشقارمىلىرىنىڭ كاتىپى، سەنشى ئۆلكىسى جىڭلې ناھىيىسى، جىنسۈي 3 - ۋالىي مەھكىمىسى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، كاتىپى، مۇدىرى، سەنشى ئۆلكىسى لىڭشەن ناھىيىسى، جىنسۈي 3 - ۋىلايىتى ئەپيۈنى مەنئى

قىلىشنى نازارەت قىلىش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تۈزچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، سەنشى ئۆلكىسى فاڭشەن ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، لىڭشى ناھىيىسىنىڭ، يۈڭخې ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، گەنسۇ ئۆلكىسى لىشەن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ناھىيىلىك چولۇڭ ئەترەتنىڭ سىياسىي كومىسسارى، گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇدۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، باش كاتىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بىيۇروسى بەنگۇڭتىڭى ئاساسىي قۇرۇلۇش گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى، ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە ئىدارىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، پارتكومىنىڭ ئەزاسى، نازارەت قىلىش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر كۆمۈر سانائىتى ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئېغىر سانائەت ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1983 - يىل 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 22- كۈنى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ۋاڭ ياتىڭ** (1931 — 2003) ئەنخۇينىڭ توڭچېڭ ناھىيىسىدىن. 1943 - يىل 3 - ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتناشقان، 1948 - يىل 4 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە



كىرگەن، جەڭچى، مۇئاۋىن پەيجاڭ، پەيجاڭ، يېتەكچى، ئەترەت باشلىقى، ياردەمچى باشقۇرغۇچى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، ئۈرۈمچى غەربىي رايونى ئارقا سەپ - تەمىنات بۆلۈمى ئاساسىي قۇرۇلۇش - گازارما بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى بولغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش ئۇرۇشى، ۋازىجېي ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇش ۋە جەڭلەرگە قاتناشقان، مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنىغا، ئازادلىق مېدالىغا ئېرىشكەن، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنى بېرىلگەن. 1988 - يىل 1 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

ئىزاھ: ۋاپات بولغان ئايرىم شەخسلەرنىڭ سۈرىتىنى ئالالماي قالدۇق.

# يەرلىك نىزاملار

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىش نىزامى

(2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا ماقۇللاندى، 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىندى)

### I باب

### ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام يەرلىك نىزام چىقىرىش پائالىيىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، يەرلىك نىزامنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، دۆلەت قانۇنچىلىقىنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇن چىقىرىش قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزاملارنى چىقىرىش، تۈزىتىش، بىكار قىلىشتا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى (تۆۋەندە دائىمىي كومىتېت دېيىلىدۇ) يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزاملارنى تەستىقلاشتا بۇ نىزامنى تەتبىقلايدۇ.

قائىدىلەرنى ئەنگە ئالدۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش مۇشۇ نىزامدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە بولىدۇ.

**3 - ماددا** يەرلىك نىزام چىقىرىشتا قانۇن چىقىرىش قانۇنىدا بېكىتىلگەن ئاساسىي پرىنسىپقا، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش كېرەك.

يەرلىك نىزام چىقىرىشتا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىش، يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش، تەتبىقلاشقا قولايلىق قىلىش، يەرلىك قورۇقچىلىق ۋە تارماق مەنپەئەتپەرەسلىكتىن ساقلىنىش كېرەك.

### II باب

### نىزام چىقىرىش ھوقۇق دائىرىسى

**4 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزام چىقىرىشقا ھوقۇقلۇق، ئۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

**5 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە، تۆۋەندىكى ئىشلاردا يەرلىك نىزام چىقارسا بولىدۇ.

(1) قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىش مەقسىتىدە، ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىشقا تېگىشلىك ئىشلار؛

(2) دۆلەتنىڭ مەخسۇس قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى دائىرىسى سىرتىدىكى قانۇن، مەمۇرىي نىزام چىقىرىلمىغان ئىشلار؛

(3) يەرلىك نىزام چىقىرىشقا تېگىشلىك بولغان يەرلىككە تەۋە ئىشلار؛

(4) قانۇندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ياكى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يەرلىك نىزام چىقىرىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن ئىشلار؛

(5) يەرلىك نىزام چىقىرىلىدىغان باشقا ئىشلار.

قانۇندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يەرلىك نىزام چىقىرىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن ئىشلار، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى ۋە ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ پەۋقۇلئاددە چوڭ ئىشلىرىغا چېتىلىدىغان، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ئۆزى يەرلىك نىزام چىقىرىش كېرەك دەپ قارىغان ئىشلار ھەققىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يەرلىك نىزام چىقىرىشى كېرەك.

**6 - ماددا** دائىمىي كومىتېت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى چىقارغان يەرلىك نىزاملارنى قىسمەن تولۇقلىسا، ئۆزگەرتسە بولىدۇ، لېكىن ئۇ شۇ نىزامنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىغا زىت كەلسە بولمايدۇ.

## II باب

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نىزام چىقىرىش تەرتىپى

**7 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا يەرلىك نىزام تەكلىپى بەرسە بولىدۇ، بۇنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى قاراپ چىقىدۇ.

دائىمىي كومىتېت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەخسۇس كومىتېتلىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا يەرلىك نىزام تەكلىپى بەرسە بولىدۇ، ئۇنى يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈشنى ھەيئەت رىياسىتى قارار قىلىدۇ.

**8 - ماددا** ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن بىر ياكى ئوندىن ئارتۇق ۋەكىل بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا يەرلىك نىزام تەكلىپى بەرسە بولىدۇ، ئۇنى يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈش - كىرگۈزمەسلىكنى ھەيئەت رىياسىتى قارار قىلىدۇ ياكى ئاۋۋال ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ قاراپ چىقىپ، يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈش - كىرگۈزمەسلىك ھەققىدە پىكرىنى قويۇشقا تاپشۇرىدۇ، ئاندىن يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈش - كىرگۈزمەسلىكنى قارار قىلىدۇ.

مەخسۇس كومىتېتلار نىزام تەكلىپىنى قاراپ چىقىدىغان چاغدا، تەكلىپ بەرگۈچىنى يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىپ پىكرىنى بايان قىلىشقا تەكلىپ قىلسا بولىدۇ.

**9 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا سۇنۇلىدىغان يەرلىك نىزام تەكلىپى ۋە ئاپتونومىيە نىزامى، يەككە نىزام تەكلىپى ئاۋۋال دائىمىي كومىتېتقا بېرىلسە بولىدۇ، ئۇ دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا مۇشۇ نىزامنىڭ 4 - بابىدا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە قاراپ چىقىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا قاراپ چىقىشقا سۇنۇشنى قارار قىلىدۇ، دائىمىي كومىتېت ياكى تەكلىپ بەرگۈچى قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىدا ئىزاھات بېرىدۇ.

**10 - ماددا** دائىمىي كومىتېتنىڭ قارارى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا قاراپ چىقىشقا سۇنۇلىدىغان يەرلىك نىزام تەكلىپىنى يىغىن ئېچىلىشتىن بۇرۇن ۋەكىللەرگە تارقىتىپ بېرىش كېرەك.

**11 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا كىرگۈزۈلگەن يەرلىك نىزام تەكلىپىنى قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىدا تەكلىپ بەرگۈچى ئىزاھات بەرگەندىن كېيىن ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى قاراپ چىقىدۇ.

**12 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا كىرگۈزۈلگەن يەرلىك نىزام تەكلىپىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى قانۇنچىلىق كومىتېتى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ قاراپ چىقىش پىكرىگە ئاساسەن بىر تۇتاش قاراپ چىقىپ، ھەيئەت رىياسىتىگە قاراپ چىققانلىق نەتىجىسى ھەققىدىكى دوكلاتنى ۋە نىزام لايىھىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى سۇنۇپ، ھەيئەت رىياسىتى ماقۇللىغاندىن كېيىن يىغىندىكىلەرگە تارقىتىدۇ. ئوخشاش بولمىغان مۇھىم پىكىرلەر ھەققىدە قاراپ چىققانلىق نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتتا ئىزاھات بېرىش كېرەك.

**13 - ماددا** ھەيئەت رىياسىتىنىڭ دائىمىي رەئىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقلىرى يىغىنىنى چاقىرىپ، ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ يەرلىك نىزام تەكلىپىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى قاراپ چىقىش پىكرىنى ئاڭلىسا بولىدۇ، ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى كۆرسەتكەن ئالاقىدار ۋەكىللەرنى يىغىنغا چاقىرىپ، يەرلىك نىزام تەكلىپىدىكى چوڭ - چوڭ مەخسۇس مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشمۇ بولىدۇ ھەمدە مۇزاكىرە

ئەھۋالى ۋە مۇزاكىرىدە چۈشكەن پىكىرلەرنى ھەيئەت رىياسىتىگە دوكلات قىلىدۇ.

**14 - ماددا** پەرلىك نىزام تەكلىپىنى قاراپ چىقىش جەريانىدا پەيدا بولغان ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ - چوڭ مەسىلە بولۇپ قالسا، ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشى، قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىدا قارار قىلىنىشى بىلەن، دائىمىي كومىتېتنىڭ ۋەكىللەرنىڭ پىكرىگە ئاساسەن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قاراپ چىقىپ قارار قىلىشىغا ھەمدە قارار قىلىش ئەھۋالىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كېيىنكى يىغىنىدىكىلەرگە دوكلات قىلىشىغا ھوقۇق بېرىلسە بولىدۇ. دائىمىي كومىتېتنىڭ ۋەكىللەرنىڭ پىكرىگە ئاساسەن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قاراپ چىقىپ، تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كېيىنكى يىغىنىدىكىلەرنىڭ قاراپ چىقىپ قارار قىلىشىغا سۇنۇشىغا ھوقۇق بېرىلىشمۇ بولىدۇ.

**15 - ماددا** پەرلىك نىزام لايىھەسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى قاراپ چىققان ۋە قانۇنچىلىق كومىتېتى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ قاراپ چىقىش پىكرىگە ئاساسەن تۈزەتكەندىن كېيىن، پەرلىك نىزام لايىھەسىنىڭ ئاۋازغا قويۇلىدىغان نۇسخىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئۇنى ھەيئەت رىياسىتى قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىدا ئاۋازغا قويىدۇ.

**16 - ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزاملىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، قاراپ چىقىش ۋە ئاۋازغا قويۇش تەرتىپى مۇشۇ بابتىكى بەلگىلىمىلەر ۋە مۇشۇ نىزامنىڭ 7 - بابىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

## IV باب

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇل- تىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىش تەرتىپى

**17 - ماددا** دائىمىي كومىتېت مۇدىرلار يىغىنىدا دائىمىي كومىتېتقا پەرلىك نىزام تەكلىپى بەرسە بولىدۇ، ئۇنىڭغا دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا قاراپ چىقىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەخسۇس كومىتېتلىرى دائىمىي كومىتېتقا پەرلىك نىزام تەكلىپى بەرسە بولىدۇ، ئۇنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا كىرگۈزۈشنى دائىمىي كومىتېت مۇدىرلار يىغىنىدا قارار قىلىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى دائىمىي كومىتېتقا پەرلىك نىزام تەكلىپى بەرسە بولىدۇ، ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېت ياكى دائىمىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار خىزمەت كومىتېتلىرى قاراپ چىقىش، تەكشۈرۈش پىكرى ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا كىرگۈزۈشنى دائىمىي كومىتېت مۇدىرلار يىغىنىدا قارار قىلىدۇ. مۇدىرلار يىغىنىدا شۇ پەرلىك نىزام تەكلىپىدە ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ - چوڭ مەسىلە بار دەپ قارالسا، تەكلىپ بەرگۈچىنىڭ تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈرگەندىن كېيىن دائىمىي كومىتېتقا قايتا سۇنۇشى تەكلىپ قىلىنسا بولىدۇ.

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن بەشتىن ئارتۇق كىشى بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ، دائىمىي كومىتېتقا پەرلىك نىزام تەكلىپى بەرسە بولىدۇ، دائىمىي كومىتېت مۇدىرلار يىغىنىدا ئۇنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا كىرگۈزۈش - كىرگۈزمەسلىكنى قارار قىلىدۇ ياكى ئاۋۋال ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ ياكى دائىمىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ، يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈش - كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدا پىكىر بېرىشىگە تاپشۇرىدۇ، ئاندىن يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈش-كىرگۈزمەسلىكنى قارار قىلىدۇ؛ يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈلمەيدىغان بولسا، دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا دوكلات قىلىشى ھەمدە تەكلىپ بەرگۈچىگە چۈشەندۈرۈشى كېرەك.

ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلار ۋە دائىمىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار خىزمەت كومىتېتلىرى پەرلىك نىزام تەكلىپىنىڭ زۆرۈرلۈكى، قانۇنىيلىقى، مۇمكىنلىكىنى تەكشۈرۈشى كېرەك. نىزام تەكلىپى مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قارارى بىلەن دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا كىرگۈزۈلگەن بولسا، ئۇنى قاراپ چىقىش، تەكشۈرۈش پىكرى ھەققىدىكى دوكلاتنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا تارقىتىپ بېرىش كېرەك.

**18 - ماددا** دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان پەرلىك نىزام تەكلىپىدىكى نىزام لايىھەسىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى يىغىن ئېچىلىشتىن يەتتە كۈن ئىلگىرى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرگە تارقىتىپ بېرىش كېرەك. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر پەرلىك نىزام تەكلىپىنى مۇھاكىمە قىلىپ، قاراپ چىقىش پىكرى تەييارلىشى كېرەك.

**19 - ماددا** دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ

قارالمىسىغا كىرگۈزۈلگەن يەرلىك نىزام تەكلىپى ئادەتتە ئىككى قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا قاراپ چىقىلغاندىن كېيىن ئاۋازغا قويۇلۇشى كېرەك. نىزام لايىھىسى ئىككى قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا قاراپ چىقىلغاندىن كېيىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ - چوڭ مەسىلە بولۇپ قالسا، مۇدىرلار يىغىنىدا قارار قىلىنىپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ ئۈچ قېتىملىق يىغىنىدا قاراپ چىقىلغاندىن كېيىن ئاۋازغا قويۇلسا بولىدۇ؛ مەزمۇنى ئاددىي ياكى قىسمەن تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدىغان نىزام تەكلىپلىرىدىن ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرى بىردەك بولغانلىرى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا بىر قېتىم قاراپ چىقىلغاندىن كېيىن ئاۋازغا قويۇلسا بولىدۇ.

**20 - ماددا** دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا يەرلىك نىزام تەكلىپى 1 - قېتىم قاراپ چىقىلغاندا، تەكلىپ بەرگۈچىنىڭ ئىزاھاتى ئومۇمىي يىغىندا ئاڭلاپ ئۆتۈلىدۇ، گۇرۇپپا يىغىنىدا قاراپ چىقىلىدۇ.

**21 - ماددا** نىزام تەكلىپى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا 1 - قېتىم قاراپ چىقىلغاندىن كېيىن، قانۇنچىلىق كومىتېتى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر، ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلار، دائىمىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار خىزمەت كومىتېتلىرى ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىرلىرىگە ئاساسەن بىر تۇتاش قاراپ چىقىپ، قاراپ چىقىش نەتىجىسى ھەققىدىكى دوكلات ۋە نىزام لايىھىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. نىزام تەكلىپى ھەققىدىكى مۇھىم پىكىرلەر بىردەك بولمىغاندا، مۇدىرلار يىغىنىدا دوكلات قىلىش كېرەك. ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلار ۋە دائىمىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ مۇھىم پىكىرلىرى قوبۇل قىلىنمىغان بولسا، قايتا ئىنكاس قىلىش كېرەك.

**22 - ماددا** دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا يەرلىك نىزام تەكلىپى 2 - قېتىم قاراپ چىقىلغاندا، قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ يەرلىك نىزام لايىھىسىنى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئومۇمىي يىغىندا ئاڭلاپ ئۆتۈلىدۇ، نىزام لايىھىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى گۇرۇپپا يىغىنىدا قاراپ چىقىلىدۇ.

**23 - ماددا** نىزام تەكلىپى دائىمىي كومىتېتنىڭ ئىككى قېتىملىق يىغىنىدا قاراپ چىقىلغاندىن كېيىن يەنىمۇ مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ - چوڭ مەسىلە بار دەپ قارالسا، مۇدىرلار يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنى ياكى ئومۇمىي يىغىندا ماقۇللانغاندىن كېيىن، ۋاقتىنچە ئاۋازغا قويۇلماي، قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قاراپ چىقىشىغا ھەمدە ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتنىڭ قاراپ چىقىشىغا ياكى دائىمىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇھاكىمە قىلىشىغا تاپشۇرۇلسا بولىدۇ.

دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا نىزام تەكلىپىنى 3 - قېتىم قاراپ چىقىش بۇ نىزامنىڭ 22 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

**24 - ماددا** دائىمىي كومىتېتنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا قاراپ چىقىپ ئاۋازغا قويۇلىدىغان نىزام تەكلىپى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ گۇرۇپپا يىغىنىدا قاراپ چىقىلغاندىن كېيىن، قانۇنچىلىق كومىتېتى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىگە ئاساسەن بىر تۇتاش قاراپ چىقىپ، قاراپ چىققانلىق نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ۋە نىزام لايىھىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتا بەلگىلەنگەن نىزام تەكلىپىنى قاراپ چىقىش جەريانىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ - چوڭ مەسىلە بار دەپ قارالسا، مۇشۇ نىزامنىڭ 23 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**25 - ماددا** دائىمىي كومىتېت ئېھتىياجغا ئاساسەن نىزام تەكلىپىنى بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنى ياكى ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ قاراپ چىقسا بولىدۇ. قانۇنچىلىق كومىتېتى، ئالاقىداز مەخسۇس كومىتېتلار يەرلىك نىزام تەكلىپىنى ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ قاراپ چىقىشى كېرەك. ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلارنىڭئەزالىرى، دائىمىي كومىتېت خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىپ پىكىر بېرىشكە تەكلىپ قىلسا بولىدۇ؛ ئېھتىياجغا ئاساسەن ئالاقىدار ئورگان، تەشكىلاتلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرىنىڭ يىغىنغا كېلىپ ئەھۋال چۈشەندۈرۈشىنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

**26 - ماددا** دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا كىرگۈزۈلگەن يەرلىك نىزام تەكلىپى ھەققىدە قانۇنچىلىق كومىتېتى، ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلار ياكى دائىمىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار خىزمەت كومىتېتلىرى ھەرقايسى تەرەپنىڭ پىكرىنى ئېلىشى ھەمدە نىزام لايىھىسىنى ئالاقىدار ئورگان، تەشكىلاتلارغا ئەۋەتىپ پىكىر ئېلىشى كېرەك. پىكىر ئېلىشتا سۆھبەت يىغىنى، دەلىللەش يىغىنى، ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلسا بولىدۇ.

**27 - ماددا** دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا نىزام تەكلىپىنى قاراپ چىققاندا، مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قارارى

بىلەن، يۇقىرىلار يىغىنى سىرتتىن قاتنىشىپ ئاڭلىسا بولىدۇ، سىرتتىن قاتنىشىپ ئاڭلاشنىڭ كونكرېت چارىسى مۇدىرلار يىغىنىدا بېكىتىلىدۇ.

28 ـ ماددا دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا كىرگۈزۈلگەن نىزام تەكلىپىدىكى نىزام لايىھىسى مۇدىرلار يىغىنىدىكى قارارغا ئاساسەن «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە باشقا ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدا ئېلان قىلىنىپ، پىكىر ئېلىنسا بولىدۇ.

29 ـ ماددا دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا قاراپ چىقىلىدىغان يەرلىك نىزام تەكلىپلىرىدىن چوڭراق پىكىر ئىختىلاپى بولغاچقا، قاراپ چىقىشنى توختىتىپ تۇرغىلى ئىككى يىل بولغان ياكى ۋاقتىنچە ئاۋازغا قويۇلمىغان، ئىككى يىلدىن كېيىنمۇ دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا كىرگۈزۈلمىگەنلىرى توغرىسىدا مۇدىرلار دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا دوكلات قىلغاندىن كېيىن، شۇ نىزام تەكلىپىنى قاراپ چىقىش توختىتىلىدۇ.

30 ـ ماددا نىزام لايىھىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا قاراپ چىقىلىپ مۇدىرلار يىغىنىدا ئاۋازغا قويۇش قارار قىلىنغان بولسا، قانۇنچىلىق كومىتېتى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ قاراپ چىقىش پىكرىگە ئاساسەن تۈزەتكەندىن كېيىن، نىزام لايىھىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى تۈزىتىش ئەھۋالى ھەققىدە دوكلات بېرىدۇ ۋە نىزام لايىھىسىنىڭ ئاۋازغا قويۇلىدىغان نۇسخىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئۇنى مۇدىرلار دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا ئاۋازغا قويىدۇ.

31 ـ ماددا تەكلىپ بەرگۈچى دائىمىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللانمىغان نىزام تەكلىپىنى زۆرۈر دەپ قارىسا، بۇ بابتا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە قايتا تەكلىپ بەرسە بولىدۇ.

# V باب

## يەرلىك نىزامنى ئىزاھلاش

32 ـ ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى چىقارغان يەرلىك نىزاملاردا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى بولسا، ئۇنى دائىمىي كومىتېت ئىزاھلايدۇ:

(1) يەرلىك نىزامدىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش زۆرۈر بولسا؛

(2) يەرلىك نىزام يولغا قويۇلغاندىن كېيىن يېڭى ئەھۋال يۈز بېرىپ، تەتبىقلاش ئاساسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش زۆرۈر بولسا.

33 ـ ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەخسۇس كومىتېتلىرى، شۇنىڭدەك ئوبلاستلىق (شەھەرلىك) خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتلىرى دائىمىي كومىتېتتىن يەرلىك نىزاملارنى ئىزاھلاشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

34 ـ ماددا نىزامنى ئىزاھلاش لايىھىسىنى دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرى مۇھاكىمە قىلىپ تەييارلايدۇ. ئاندىن مۇدىرلار يىغىنىدا دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدۇ.

35 ـ ماددا يەرلىك نىزامنى ئىزاھلاش لايىھىسى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا قاراپ چىقىلىدۇ، قانۇنچىلىق كومىتېتى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ قاراپ چىقىش پىكرىگە ئاساسەن قاراپ چىقىپ ۋە تۈزىتىپ، يەرلىك نىزامنى ئىزاھلاش لايىھىسىنىڭ ئاۋازغا قويۇلىدىغان نۇسخىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

36 ـ ماددا دائىمىي كومىتېتنىڭ يەرلىك نىزام ھەققىدىكى ئىزاھاتى يەرلىك نىزام بىلەن ئوخشاش كۈچكە ئىگە.

37 ـ ماددا دائىمىي كومىتېتنىڭ قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتى باشقا ئالاقىدار خىزمەت كومىتېتلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى چىقارغان نىزاملارغا ئالاقىدار كونكرېت مەسىلىلەر توغرىسىدىكى سوئاللارغا مۇھاكىمە قىلىپ جاۋاب بەرسە ھەمدە دائىمىي كومىتېتقا ئەنگە ئالدۇرسا بولىدۇ.

38 ـ ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى چىقارغان مەمۇرىي باشقۇرۇش مەزمۇنىغا چېتىلىدىغان نىزاملاردىن يولغا قويۇش جەريانىدا كونكرېت تەتبىقلاش مەسىلىسى كۆرۈلگەنلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىزاھلايدۇ ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى كونكرېت تەتبىقلاش ھەققىدىكى ئىزاھات مۇۋاپىق بولماپتۇ دەپ

قارىسا، ئەسلى ئىزاھلىغۇچى ئورگاننى تۈزىتىشكە بۇيرۇشى ياكى قانۇن بويىچە بىكار قىلىشى كېرەك.

## VI باب

## يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزامنى تەستىقلاش تەرتىپى

**39 ـ ماددا** يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزامنى تەستىقلاشقا يوللاشتا، يوللىغۇچى ئورگان دائىمىي كومىتېتقا شۇ يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزامنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى يازما دوكلاتنى تاپشۇرۇشى ھەمدە يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزام نۇسخىسى، ئىزاھاتى ۋە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى قوشۇمچە قىلىشى كېرەك.

**40 ـ ماددا** تەستىقلاشقا يوللانغان يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزام ھەققىدە قانۇنچىلىق كومىتېتى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، دائىمىي كومىتېت مۇدىرلار يىغىنىدا قارار قىلىنىشى بىلەن دائىمىي كومىتېت يىغىنىدىكىلەرنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدۇ.

تەستىقلاشقا يوللانغان يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزام دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا كىرگۈزۈلۈشتىن بۇرۇن، دائىمىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار خىزمەت كومىتېتلىرى پىكىر ئېلىشقا تەشكىللىشى لازىم.

**41 ـ ماددا** دائىمىي كومىتېت تەستىقلاشقا يوللانغان يەرلىك نىزامنىڭ قانۇنلۇق بولغان ـ بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشى؛ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، مەمۇرىي نىزاملار ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك نىزامىغا زىت بولمىغانلىرىنى تەستىقلاشقا يوللانغان شۇ يەرلىك نىزام ھەققىدىكى يازما دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ تۆت ئاي ئىچىدە تەستىقلىشى كېرەك.

دائىمىي كومىتېت تەستىقلاشقا يوللانغان ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزاملارنىڭ قانۇن ياكى مەمۇرىي نىزاملاردىكى ئاساسىي پرىنسىپقا خىلاپ بولغان ـ بولمىغانلىقىنى، ئاساسىي قانۇن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر ۋە باشقا قانۇنلار، مەمۇرىي نىزاملاردىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ھەققىدىكى مەخسۇس بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ بولغان ـ بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشى كېرەك.

**42 ـ ماددا** دائىمىي كومىتېت بەنگۈتتىكى

دائىمىي كومىتېتنىڭ يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزامنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى ماقۇللانغان كۈندىن باشلاپ يەتتە كۈن ئىچىدە، تەستىقلاشقا سۇنغان ئورگانغا يازما ئۇقتۇرۇش قىلىشى؛ تەستىقلانمىغانلىرىنى تەستىقلاشقا سۇنغان ئورگانغا ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇشى كېرەك.

## VII باب

## باشقا بەلگىلىمىلەر

**43 ـ ماددا** دائىمىي كومىتېت ئۆز مەمۇرىي رايوننىڭ كونكرېت ئەھۋالى ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك نىزام چىقىرىش يىرىك پىلانى ۋە يىللىق نىزام چىقىرىش پىلانىنى تۈزىدۇ ھەمدە دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا تارقىتىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ۋە ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ نىزام چىقىرىش يىرىك پىلانى ۋە يىللىق نىزام چىقىرىش پىلانى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.

**44 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا سۇنۇلىدىغان يەرلىك نىزام تەكلىپى نىزام لايىھىسى ۋە ئۇنىڭ ئىزاھاتىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى؛ ئىزاھات شۇ نىزامنى چىقىرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، تەييارلاش جەريانى، ئاساسىي مەزمۇنى، شۇنىڭدەك مۇھىم مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ بىرتەرەپ قىلىش ئەھۋالىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

**45 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدىكىلەر يەرلىك نىزام تەكلىپىنى ۋە دائىمىي كومىتېت يىغىنىدىكىلەرنىڭ تەستىقلىشىغا يوللانغان يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزامنى قاراپ چىقىشتا، تەكلىپ بەرگۈچى ياكى يوللىغۇچى ئورگان ئادەم ئەۋەتىپ پىكىر ئاڭلىشى، سوئاللارغا جاۋاب بېرىشى كېرەك. ئالاقىدار ئورگان، تەشكىلاتلار ئېھتىياجىغا قاراپ ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشى كېرەك.

**46 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا كىرگۈزۈلگەن نىزام تەكلىپى ۋە دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا كىرگۈزۈلۈپ تەستىقلاشقا سۇنۇلغان يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزام ئاۋازغا قويۇلۇشتىن

ئىلگىرى تەكلىپ بەرگۈچى ياكى يوللىغۇچى ئورگانلاردىن قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغانلىرى سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشى، ھەيئەت رىياسىتى ۋە مۇدىرلار يىغىنىدىكىلەرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى ھەمدە قۇرۇلتايغا، دائىمىي كومىتېت يىغىنىدىكىلەرگە دوكلات قىلىشى كېرەك. شۇ يەرلىك نىزام تەكلىپى ۋە تەستىقلاشقا سۇنۇلغان يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزامنى قاراپ چىقىش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

**47 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا ئاۋازغا قويۇلىدىغان نىزام تەكلىپى، دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا ئاۋازغا قويۇلىدىغان يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزامنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارار بارلىق ۋەكىللەر، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ماقۇللىنىدۇ.

**48 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىغان يەرلىك نىزامنى يىغىننىڭ ھەيئەت رىياسىتى ۋە دائىمىي كومىتېت ئېلان قىلىپ جاكارلايدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا ماقۇللانغان ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزامنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئېلان قىلىپ جاكارلايدۇ. يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزام ماقۇللانغان ياكى تەستىق قارارى تاپشۇرۇۋېلىنغان كۈندىن باشلاپ يەتتە كۈن ئىچىدە «شىنجاڭ گېزىتى»دە تولۇق تېكىستى بىلەن ئېلان قىلىنىشى ھەمدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاخباراتى»دا ۋاقتىدا ئېلان قىلىنىشى كېرەك. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاخباراتى»دا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسى ئۆلچەملىك نۇسخا بولىدۇ.

دائىمىي كومىتېت تەستىقلىغان يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزامنى تەستىقلاشقا يوللىغان ئورگان ئېلان قىلىپ جاكارلايدۇ ھەمدە تەستىقلىغان ئورگان ۋە تەستىقلانغان ۋاقىتنى ئېلاندا ئەسكەرتىدۇ.

**49 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى چىقارغان يەرلىك نىزام، دائىمىي كومىتېت تەستىقلىغان يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزامنى ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە دائىمىي كومىتېت مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنگە ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قائىدىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قائىدىسىنى ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرۇش كېرەك.

**50 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى چىقارغان يەرلىك نىزاملارنى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، مەمۇرىي نىزاملار ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك نىزاملىرىغا زىت دەپ قارىسا، شۇنىڭدەك ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەر چىقارغان ئاپتونومىيە نىزامى، يەككە نىزاملارنى قانۇن ياكى مەمۇرىي نىزاملاردىكى ئاساسىي پرىنسىپقا، ئاساسىي قانۇن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە، شۇنىڭدەك باشقا قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ئائىت مەخسۇس بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ دەپ قارىسا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تەكشۈرۈپ كۆرۈش توغرىسىدا يازما تەلەپ قويسا بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق (شەھەرلىك)، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قائىدىلىرىنى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، مەمۇرىي نىزاملار، ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك نىزاملىرىغا زىت دەپ قارىسا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تەكشۈرۈش توغرىسىدا يازما تەلەپ قويسا بولىدۇ.

باشقا دۆلەت ئورگانلىرى، تەشكىلاتلار ۋە پۇقرالار بۇ ماددىنىڭ 1 ـ، 2 ـ تارمىقىدا كۆرسىتىلگەن نىزام، قائىدە، ئاپتونومىيە نىزامى، يەككە نىزاملارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش ھەققىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا يازما تەكلىپ بەرسە بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى تەلەپ ۋە تەكلىپلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئالاقىدار خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇھاكىمە قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ پىكىر بېرىشىگە تاپشۇرىدۇ.

**51 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى چىقارغان يەرلىك نىزاملاردىكى ئالاھىدە بەلگىلىمە بىلەن ئادەتتىكى بەلگىلىمە بىردەك

بولمىسا، ئالاھىدە بەلگىلىمە تەتبىقلىنىدۇ؛ يېڭى بەلگىلىمە بىلەن كونا بەلگىلىمە بىردەك بولمىسا، يېڭى بەلگىلىمە تەتبىقلىنىدۇ؛ بىر ئىشقا يېڭىدىن چىقىرىلغان ئادەتتىكى بەلگىلىمە بىلەن كونا ئالاھىدە بەلگىلىمە بىردەك بولمىغانلىقتىن، قايسىسىنى تەتبىقلاشنى بېكىتەلمىگەندە، دائىمىي كومىتېت قارار چىقىرىدۇ.

**52 - ماددا** يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزام، قائىدىلەردە بۇرۇنقى ئىشلار سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ، لېكىن پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى ئۈنۈملۈك قوغداش مەقسىتىدە چىقىرىلغان ئالاھىدە بەلگىلىمىلەر بۇنىڭ سىرتىدا.

## باب VIII

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**53 - ماددا** بۇ نىزام 2003 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

1985 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 - يىغىنىدا ماقۇللانغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك نىزام تۈزۈش تەرتىپى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» بىرلا ۋاقىتتا بىكار قىلىنىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايو- نىنىڭ سۈتچىلىك نىزامى

(2003 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## باب I

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام سۈتچىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، سۈتچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تىجارىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، خەلقنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مەقسىتىدە، ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 - ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان سۈتچىلىك ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدىكى سۈت بازىسى قۇرۇش، سىيىر بېقىش، ئوت - چۆپ تېرىش ۋە سۈت ئىشلەپچىقىرىش، سېتىۋېلىش، پىششىقلاش شۇنىڭدەك سېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدىكى سۈت ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش پائالىيىتىدە مۇشۇ نىزامغا رىئايە قىلىش كېرەك.

**3 - ماددا** سۈتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا بازارنى يېتەكچى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا، خەلقنىڭ تەن ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ، سىيىرلارنى سەمىرتىپ، سۈت مەھسۇلاتلىرى پىششىقلاش سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش؛ كۆپ مەنبەلىك مەبلەغ سېلىش يوللىرىنى ئېچىپ، شىركەت، بازا (دېھقان ئائىلىلىرى) ۋە بازار ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغان تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، سۈتچىلىكتە ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش ۋە سېتىش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

**4 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ جاينىڭ بايلىق شارائىتىغا ئاساسەن، سۈتچىلىك تەرەققىياتىنىڭ يىرىك پىلانىنى مۇۋاپىق تۈزۈپ چىقىشى ھەمدە ئۇنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈشى كېرەك. دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تەشكىلات ۋە شەخسلەرنى سۈتچىلىك پەن تەتقىقاتى، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش ۋە تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنى سۈت ياسالمىلىرىنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشقا يېتەكلەپ، سۈتچىلىكنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**5 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە، سۈتچىلىك تەرەققىياتىنى يۆلەش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىپ، يېزىلاردىكى سىيىر باقىمچىلىق يېرى بىلەن دېھقانچىلىق يېرىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشى ھەمدە باج - ھەق قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىشى، سۈتچىلىك تەرەققىيات

مەبلەغ ۋە كرېدىت سېلىنمىسىنى ئاۋۋال ئورۇنلاشتۇرۇشى؛ سۈتچىلىك تەرەققىياتىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلىشى كېرەك.

**6 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى شۇ مەمۇرىي رايونىنىڭ سۈتچىلىك كەسپىگە مەسئۇل تارماق بولۇپ، ئۆز رايونىنىڭ خام سۈت ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىشىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە سۈتچىلىك تەرەققىياتىنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىگە كونكرېت مەسئۇل بولىدۇ.

سەھىيە، سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ۋە سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى قاتارلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى سۈتچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تىجارىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە مەسئۇل بولىدۇ.

## II باب

## سۈت بازىسى قۇرۇلۇشى

**7 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەدبىر قوللىنىپ، كارخانا ۋە شەخسلەرنىڭ مەبلەغ سېلىپ سۈت بازىسى قۇرۇشىنى قوللىشى؛ سۈت پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ كالا باقىدىغان ئائىلىلەرگە پۇل قەرز ئېلىشتا كېپىل بولۇپ ۋە كالا باققۇچى ئائىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ كېپىل بولۇپ، بىخەتەر، ئۈنۈملۈك ئىناۋەت كېپىل سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشىغا ئىلھام بېرىشى؛ سۈت پىششىقلاش كارخانىلىرىنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت تەشكىلاتلىرى ۋە دېھقان ئائىلىلىرى، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە مەبلەغ، يەر، تېخنىكا قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىدىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى سۈت بازىسى بىرلەشمە گەۋدىسىنى قۇرۇپ، سۈتچىلىكتە كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىلھام بېرىشى كېرەك.

**8 ـ ماددا** سۈت بازىسى قۇرۇلۇشىدا، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، بايلىق تەقسىملەشنى سەرخىللاشتۇرۇش، كۆلەملىك ئىگىلىك بىلەن تارقاق ئىگىلىكنى تەڭ يولغا قويۇش، سىيىر باقمىچىلىق كەسپىي رايونى، كەسپىي كەنتى، كەسپىي يېزىسى (بازىرى) نى تەدرىجىي بارلىققا كەلتۈرۈش، سۈت سېغىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش، ئىلمىي ئۇسۇلدا سىيىر بېقىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش، كۆلەملىك باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىش، سىيىر بېقىشنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە كۆلەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش لازىم.

**9 ـ ماددا** سىيىر فېرمىلىرى، كەسپىي ئائىلىلەر سىيىر بېقىشتا تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك:

(1) مۇستەقىل سىيىر بېقىش مەيدانى (قوتىنى) بولۇش؛

(2) مۇناسىپ ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلات قائىدىسى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى بولۇش؛

(3) قوتان، سىيىر ۋە سېغىش سايمانلىرى پاكىز بولۇش، ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە شەرتىگە ۋە تازىلىق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇش؛

كۆلەملىك باقمىچىلىقنى يولغا قويغانلارنىڭ يۇرۇلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش، يۇقۇم مۇداپىئە ئۈسكۈنىلىرى، ئەسلىھەلىرى ۋە مۇناسىپ كەسپىي تېخنىكلىرىمۇ بولۇشى كېرەك.

**10 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى نەسىللىك سىيىرنى كۆپەيتىش سىستېما قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سىيىر فېرمىلىرى (باققۇچى ئائىلە) نى سۈپەتلىك نەسىل كىرگۈزۈپ، سۈپەتلىك نەسىل كۆپەيتىش، مېتىسلاشتۇرۇپ نەسىل ياخشىلاش ھەمدە سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ۋە تۆرەلمە كۆچۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، نەسىللىك سىيىرنى كۆپەيتىشنى تېزلىتىپ، سۈتلۈك سىيىرنىڭ سانىنى ۋە نىسبىتىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلىشى كېرەك.

**11 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى سىيىر فېرمىلىرى (باققۇچى ئائىلىلەر) نىڭ سىيىر ئارخىپىنى تۇرغۇزۇشىغا، نەسىللىك سىيىرلارنىڭ نەسەبنى خاتىرىلەپ ۋە ئىقتىدارىنى باھالاپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا نەسىل تاللاپ ۋە كالا پادىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، سىيىرلارنىڭ ئومۇمىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم.

**12 ـ ماددا** سىيىر فېرمىلىرى (باققۇچى ئائىلىلەر) دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسى بويىچە سىيىرلارنى ئىممۇنىتېتلاش ۋە بېقىش ئورنىنى دېزىنفېكسىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە ـ نازارەتچىلىك ئاپپاراتلىرىنىڭ يۇقۇم ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىشىنى قوبۇل قىلىشى، يۇقۇم ئەھۋالىنى بايقىغان ھامان يۇقىرىغا دوكلات قىلىشى ھەمدە مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇم تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

**13-ماددا** ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە-نازارەتچىلىك ئاپپاراتلىرى سېمىز فېرمىلىرى (باققۇچى ئائىلىلەر) دىكى برۇتسېللىيوز، تۇبېركۇليوز ۋە باشقا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ، سالامەتلىك تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىرىگە ساغلام سېمىز ئىسپاتى بېرىشى كېرەك.

**14-ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يېزا ئىگىلىكىنى ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلدۇرۇش، تېرىقچىلىق (چارۋىچىلىق) تىن بوشىتىلغان يەرلەردە ئوت-چۆپ ئۆستۈرۈش قاتارلىق تۈرلەرنى يولغا قويۇش ۋە دۆلەت ئىچى-سىرتىدىن سۈپەتلىك ئوت-چۆپ سورتى كىرگۈزۈش ئارقىلىق، سۈپەتلىك يەم-چۆپ ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇپ، يەم-خەشەك ئىشلەش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئۈنۈملۈك، بىخەتەر سېمىز يەم-خەشەك سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشى كېرەك.

سېمىز باقمىچىلىقتا يەم-خەشەك ۋە يەم-خەشەك خۇرۇچىنى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئىشلىتىش كېرەك.

## III باب

## سۈت ئىشلەش ۋە سېتىۋېلىش

**15-ماددا** سېمىز فېرمىلىرى (باققۇچى ئائىلىلەر) ۋە سۈت پىششىقلاش كارخانىلىرى مۇقىم راۋاجلاندۇرۇش، ئادىل رىقابەتلىشىش، توختام بويىچە سېتىۋېلىش، سۈپىتىگە قاراپ باھا قويۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، مەنپەئەتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان، خەۋپ-خەتەرنى تەڭ ئۈستىگە ئالىدىغان، ئۆزئارا پايدا يەتكۈزىدىغان ھەمكارلىق مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشى لازىم.

**16-ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە شۇ جايدا ئىشلەنگەن كالا سۈتىنىڭ زىيانسىز سۈت، يېشىل سۈت ۋە ئورگانىك سۈت ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتىنى يولغا قويۇپ، كالا سۈتى ئىشلەپچىقىرىش، ئۆلچەش سىستېمىسى ۋە كالا سۈتىنىڭ بىخەتەرلىكى، تازىلىق سۈپىتىنى ئىز قوغلاپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كالا سۈتىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

**17-ماددا** تۆۋەندىكى خام سۈتلەرنى سېتىش مەنئى قىلىنىدۇ:

(1) ساغلاملىق ئىسپاتى بولمىغان سېمىزنىڭ سۈتى؛

(2) سېمىزنىڭ تۇغۇشىغا 15 كۈن قالغان چاغدىكى سۈتى؛

(3) ئانتىبىئوتىك دورىلار ئىشلىتىلگەن سېمىزنىڭ دورا ئىشلىتىلىۋاتقان مەزگىلىدىكى ياكى دورا توختىتىلغاندىن كېيىنكى بەش كۈن ئىچىدىكى سۈتى؛

(4) يېلىن ياللۇغى، تۇبېركۇليوز، برۇتسېللىيوز ۋە باشقا يۇقۇملۇق كېسەل بولغان سېمىزنىڭ سۈتى؛

(5) سېتىشقا بولمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن باشقا خام سۈتلەر.

**18-ماددا** سېمىز فېرمىلىرى (باققۇچى ئائىلىلەر) پىششىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان خام سۈتنى سېغىۋالغاندىن كېيىن تۆت سائەت ئىچىدە 4 — 0 سېلسىيە گرادۇستا سوغۇق ساقلىشى، سوغۇق ساقلاش شارائىتى يوقلىرى خام سۈتنى خام سۈت سېتىۋېلىش پونكىتلىرىغا ۋاقتىدا سېتىپ بېرىشى شەرت.

خام سۈتنى ساقلاش ۋە توشۇشتا داتلاشماس پولات قاتارلىقلاردىن ئىشلەنگەن، سۈت ئاسانلىقچە بۇلغانمايدىغان قاچىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

**19-ماددا** سېمىز فېرمىلىرى (باققۇچى ئائىلىلەر) خام سۈتنى سېتىشتا، سېتىۋالغۇچى ئورۇن بىلەن سېتىۋېلىش-سېتىش توختامى تۈزۈپ، خام سۈتنىڭ سۈپىتى، مىقدارى، باھاسى، خىلاپلىق جاۋابكارلىقى ۋە تالاش-تارتىشنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى لازىم. خام سۈت سۈپىتىگە باشقىچە پىكرى بارلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەكشۈرۈش ئاپپاراتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ھاۋالە قىلسا بولىدۇ.

**20-ماددا** خام سۈت سېتىۋېلىشتا، تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك:

(1) سوۋۇتۇش، سوغۇق ساقلاش ۋە يېڭى پېتى ساقلاش ئەسلىھەلىرى بولۇش؛

(2) خام سۈتنىڭ ماي تەركىبى، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى ۋە كىسلاتالىق دەرىجىسىنى ئۆلچەش ئەسۋابى ۋە خادىملىرى بولۇش؛

(3) مۇناسىپ تازىلىق، بىخەتەرلىك، سۈپەت باشقۇرۇش تەدبىرى بولۇش.

سېتىۋېلىنىدىغان خام سۈت دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن يېڭى سۈت سېتىۋېلىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم.

**21-ماددا** يامان غەرەزدە تىل بىرىكتۈرۈپ

ياكى باشقا نامۇۋاپىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ خام سۈتنىڭ دەرىجىسى ۋە باھاسىنى تۆۋەنلىتىپ سېتىۋېلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

## IV باب

## پىششىقلاش ۋە سېتىش

**22 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى سۈت پىششىقلاش كارخانىلىرىنى قوشۇۋېتىش، قايتا تەشكىللەشكە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ، كارخانىلارنىڭ بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بايلىق تەقسىملەشنى سەرخىللاشتۇرۇپ، سۈت پىششىقلاش كارخانىلىرىنى كۆلەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم.

**23 ـ ماددا** سۈت پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ ۋە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ، سۈتچىلىك تېخنىكىسى تەتقىقات ـ تەرەققىيات ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ياساش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشىغا، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ھۈنىرىنى كىرگۈزۈپ، سۈپەتلىك سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپ، ئوخشاشمىغان ئىستېمال قاتلىمىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشىغا ئىلھام بېرىدۇ.

**24 ـ ماددا** سۈت پىششىقلاش كارخانىلىرى تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك:

(1) سۈت پىششىقلاش زاۋۇت بىناسى (سېخ) ئورنىنى تاللاش ۋە لايىھىلەش دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن بولۇش؛

(2) ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتى ۋە ھۈنىرىگە مۇناسىپ كېلىدىغان پىششىقلاش، تازىلىق، ئوراش ـ قاچىلاش ۋە ئۆلچەش ئەسلىھەلىرى بولۇش؛

(3) مۇناسىپ كەسپىي تېخنىكلىرى ۋە تەربىيىلىنىپ لاياقەتلىك بولغان سۈپەت تەكشۈرگۈچىلىرى بولۇش؛

(4) قانۇن بويىچە مۇناسىۋەتلىك گۇۋاھنامىلەرنى ئالغان بولۇش.

**25 ـ ماددا** سۈت پىششىقلاش كارخانىلىرى خەلقئارالىق سۈپەت باشقۇرۇش گۇۋاھلىق سىستېمىسىنىڭ تەلىپى بويىچە، مۇناسىپ باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى كونترول قىلىپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.

**26 ـ ماددا** سۈت پىششىقلاشتا دۆلەت ئۆلچىمى ياكى ساھە ئۆلچىمىگە ئەمەل قىلىش لازىم. دۆلەت ئۆلچىمى ياكى ساھە ئۆلچىمى بولمىغانلىرىدا كارخانا مەھسۇلات ئۆلچىمىنى بېكىتىش كېرەك. كارخانا مەھسۇلات سۈپەت ئۆلچىمىنى سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇش لازىم.

**27 ـ ماددا** سۈت پىششىقلاش كارخانىلىرىدا مەھسۇلات زاۋۇتتىن چىقىشتىن ئاۋۋال تەكشۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. سۈتنىڭ سېزىم كۆرسەتكۈچى، فىزىكىلىق ـ خىمىيىلىك كۆرسەتكۈچى، تازىلىق كۆرسەتكۈچى ۋە سۈتكە قوشۇلغان خورۇچ، تۇراقلاشتۇرغۇچ ھەمدە قېتىق، سۈت ئىچىملىكلىرىگە ئىشلىتىلگەن باكتېرىيە قاتارلىقلار دۆلەتنىڭ يېمەكلىك تازىلىقى ئۆلچىمى ۋە مۇناسىپ سۈت مەھسۇلاتلىرى ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم.

**28 ـ ماددا** سۈتنى ئوراش دۆلەتنىڭ مەھسۇلات ئىشلەش ۋە ھۈنەرگە مۇناسىپ تازىلىق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى، زەھەرسىز ۋە زىيانسىز ئوراش ماتېرىيالى ئىشلىتىلىشى، ئوراش بەلگىسى دۆلەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن يېمەكلىك تازىلىقى ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىشى شەرت. سۈت پاراشوكى، سېرىقماي ۋە سۈت ئاقسىل پاراشوكى قاتارلىقلارنى خام ئەشيا قىلىپ سۇيۇقلاندۇرۇپ تەييارلانغان سۈتلەرنىڭ ئورالمىسىغا يۇقىرىقىلارنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەك.

**29 ـ ماددا** سۈتنى ئاشكارا باھا قويۇپ سېتىش كېرەك؛ پاستېرىزاتسىيىلەنگەن سۈتنى سېتىشتا، زۆرۈر بولغان سوغۇق ساقلاش ئەسلىھەلىرىنى سەپلەش ياكى زۆرۈر بولغان سوغۇق ساقلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

تازىلىق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان سۈتنى ۋە گۇۋاھنامىسى يوق تۇرۇپ پىششىقلانغان خالتىلىق سۈتلەرنى بازاردا سېتىشقا يول قويۇلمايدۇ.

## V باب

## مۇلازىمەت ۋە نازارەتچىلىك

**30 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ئۇچۇر تورى بەرپا قىلىپ، سۈت ئىشلەش ـ تىجارەت قىلىش ئۇچۇرلىرىنى قەرەللىك ھالدا جەمئىيەتكە ئېلان قىلىپ، سىيىر فېرمىلىرى (باققۇچى ئائىلىلەر) ۋە سۈت پىششىقلاش كارخانىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتنى بازار ئېھتىياجى بويىچە تەشكىللەشكە يېتەكلىشى كېرەك. كارخانا، كەسپىي

ئورۇنلار ۋە شەخسلەر سۈتچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا مەبلەغ، تېخنىكا، بازار جەھەتلەردە ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ.

**31 ـ ماددا** سىيىر فېرمىلىرى (باققۇچى ئائىلىلەر) ۋە سۈت پىششىقلاش كارخانىلىرى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە سۈتچىلىك جەمئىيىتى قۇرسا بولىدۇ. سۈتچىلىك جەمئىيىتى ماسلاشتۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەزالىرىغا ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش، ئۇچۇر، تېخنىكا ۋە تەربىيىلەش جەھەتلەردە مۇلازىمەت قىلىشى؛ سۈت ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغدىشى؛ ساھە ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، تەرتىپسىز رىقابەتتىن ساقلىنىشى لازىم.

**32 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋىچىلىق، سەھىيە، سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى مەسئۇلىيىتىگە ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش، سېتىۋېلىش، پىششىقلاش، سېتىش ھالقىلىرىدا سۈت سۈپىتىنى قانۇن بويىچە قەرەللىك ئارىلاپ تەكشۈرۈشى، ئارىلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىشى كېرەك. ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى ئوخشاش تارماقنىڭ بىر كاراتتىن مەزگىلدە بىرلا مەھسۇلاتنى تەكرار ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ.

**33 ـ ماددا** سۈت ئىشلەپچىقىرىش، سېتىۋېلىش، پىششىقلاش ۋە سېتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ھەر يىلى سالامەتلىكىنى تەكشۈرتۈپ، ساغلاملىق ئىسپاتى ئالغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى شەرت.

**34 ـ ماددا** ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخس بۇ نىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا پاش قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

**35 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى نازارەتچىلىك خەت ساندۇقى ئورنىتىپ، نازارەتچىلىك تېلېفون نومۇرىنى ئېلان قىلسا بولىدۇ. ئىشلەپچىقارغۇچى، ساتقۇچىلار ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ئەرز ـ شىكايىتىنى قوبۇل قىلسا ھەمدە قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلسا بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىشىغا تېگىشلىك ئىشلارنى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىغا ۋاقتىدا يوللاش لازىم.

## VI باب

## قانۇنىي جاۋابكارلىق

**36 ـ ماددا** بۇ نىزامنىڭ 17 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ خام سۈت ساتقانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى سېتىشنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ. قىلمىش ئېغىرلىرىغا 500 يۈەندىن يۇقىرى، مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ.

**37 ـ ماددا** بۇ نىزامنىڭ 20 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، خام سۈت سېتىۋېلىش شەرتىنى ھازىرلىماي تۇرۇپ خام سۈت سېتىۋالغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ سۈرۈك ئۆتسىمۇ تۈزەتمىگەنلىرىگە 500 يۈەندىن يۇقىرى، 2000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ.

**38 ـ ماددا** بۇ نىزامنىڭ 24 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، سۈت پىششىقلاش شەرتىنى ھازىرلىماي تۇرۇپ سۈت پىششىقلىغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ سۈرۈك ئۆتسىمۇ تۈزەتمىگەنلىرىنى مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

**39 ـ ماددا** بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، سەھىيە، سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇشقا ئائىت قانۇن، نىزاملارغا چېتىلىپ قالغانلارنى مۇناسىۋەتلىك باشقۇرۇش تارمىقى قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە جازالايدۇ.

لاياقەتسىز سۈتنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، سېتىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزگەنلەر مۇناسىپ قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**40 ـ ماددا** مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار-دىن ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلانغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلغان، خىزمەتتە بېپەرۋالىق قىلغانلىرىغا ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورگان مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنائىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

## VII باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**41 ـ ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان كالا سۈتى — پىششىقلانمىغان خام سۈت ۋە يېڭى خام سۈتنى ئاساسلىق خام ئەشيا قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن دېزىنفېكسىيەلەنگەن (پاستېرىزاتسىيەلەنگەن) سۈت، مىكروبسىزلاندۇرۇلغان سۈت، قېتىق، قۇۋۋەتلىك سۈت، سۈت ئىچىملىكى قاتارلىق سۈت ياساملىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**42 ـ ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان كەسپىي ئائىلە خام سۈت سېتىش كىرىمىنى ئاساسلىق تۇرمۇش مەنبەسى قىلىدىغان سېيىر باققۇچى ئائىلىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**43 ـ ماددا** ئوقۇغۇچىلار سۈتى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش ۋە سېتىشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مۇشۇ نىزام بويىچە بولغاندىن باشقا، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسى بولغانلىرى شۇ بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

**44 ـ ماددا** بۇ نىزام 2003 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى

(1994 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان، 2003 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 ـ يىغىنىدا تۈزىتىلدى)

**1 ـ ماددا** بۇ چارە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى» (تۆۋەندە «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى» دېيىلىدۇ) نى يولغا قويۇش مەقسىتىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى «ئاساسىي قانۇن» نى تۈپ پائالىيەت مىزانى قىلىپ، «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى» ۋە «جۇڭگو ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نىزامنامىسى» بويىچە خىزمىتىنى ئۆز ئالدىغا قانات يايدۇرىدۇ. ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزىدۇ ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈشىگە يول قويۇلمايدۇ. ھەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارماقلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتىنى قانۇن بويىچە ئىشلىشىنى قوللىشى كېرەك.

**3 ـ ماددا** بۇ چارىدە ئېيتىلغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەرخىل كارخانا، كەسپىي ئورۇن، ئورگاندىكى مائاش كىرىمى ياكى باشقا قانۇنلۇق ئەمگەك كىرىمىنى ئاساسلىق تۇرمۇش مەنبەسى قىلىدىغان جىسمانىي ئەمگەكچىلەر ۋە ئەقلىي ئەمگەكچىلەر، جۈملىدىن ئەمگەك توختامى تۈزگەن ئەمگەكچىلەر ۋە ئەمگەك توختامى تۈزمىگەن بولسىمۇ، ھەقىقىي ئەمگەك مۇناسىۋىتى شەكىللەندۈرگەن ئەمگەكچىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**4 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى تۆۋەندىكى مەسئۇلىيەتنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىدۇ:

(1) ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ پىكىر، تەلەپلىرىنى ئاڭلاش ۋە ئىنكاس قىلىش، تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش، جان ـ دىل بىلەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش؛

(2) قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ياكى يىغىنى ئېچىش، زاۋۇت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئۆز ئورنىنىڭ دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك نازارەت قىلىش ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا، دېموكراتىيە ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشكە تەشكىللەش؛

(3) ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، سوتسىيالىزم تەربىيىسى ۋە دېموكراتىيە ـ

قانۇنچىلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى بېرىش، ئۇلارنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىشقا تەشكىللەش؛

(4) ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش ۋە تەشكىللەش، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ قانۇن بويىچە باشقۇرۇشى، قانۇنلۇق ئىشلەپچىقىرىش - تىجارىتىنى قوللاش؛

(5) خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىگە ھەمكارلىشىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخس ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە تەربىيە بېرىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش؛

(6) ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك توختامى تۈزۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىش، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار بىلەن قانۇن بويىچە، باراۋەرلىك ئاساسىدا كېڭىشىپ، كوللېكتىپ توختام تۈزۈمى ۋە مائاشنى كوللېكتىپ كېڭىشىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش؛

(7) كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئەمگەككە دائىر قانۇن، نىزاملارنى ئىجرا قىلىشىنى نازارەت قىلىپ، ئەمگەك تالاش - تارتىشىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئارىلىشىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق.

**5 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، چەت ئەل ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى بىلەن دوستلۇق - ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ.

**6 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى جايلاردا يەرلىك ھەر دەرىجىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلىدۇ. يەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شۇ جايدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى ۋە ساھە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرىي ئورگىنىدۇر.

ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋىلايەتلەردە خىزمەت ئاپپاراتى تەسىس قىلىدۇ، كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىسى كۆپرەك يېزا (بازار) لار ۋە شەھەر مەھەللىلىرىدە ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى قۇرۇلسا بولىدۇ.

**7 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئورگانلاردا قانۇن بويىچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش كېرەك.

كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئىش باشلىغان ياكى قۇرۇلغاندىن باشلاپ ئالتە ئاي ئىچىدە قانۇن بويىچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇشى كېرەك؛ سۈرۈك ئىچىدە قۇرمىغانلار 7 - ئېيىدىن باشلاپ ھەر ئايدا بىر دەرىجە يۇقىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىغا ئۆز ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائاش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 2% ى بويىچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەييارلىق پۇلى تاپشۇرىدۇ، شۇ ئورۇننىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەييارلىق پۇلى ئالغان بىر دەرىجە يۇقىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى بەلگىلىمە بويىچە قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك، يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھەمدە ياردەم بېرىدىغان ئادەم ئەۋەتىشكە ھوقۇقلۇق، ئالاقىدار ئورۇنلار قوللىشى لازىم. كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇشتا قانۇن بويىچە تەييارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئەزا قوبۇل قىلىپ، ئەزالار قۇرۇلتىيى ياكى يىغىنى ئېچىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومىتېتىنى دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشى كېرەك.

**8 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى، ساھە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى قانۇن بويىچە قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ ئىجتىمائىي تەشكىلات تىپىدىكى قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىدىن «ھەق - تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى» دە بەلگىلەنگەن قانۇنىي ئىگىلىك شەرتىنى ھازىرلىغانلىرىنى بىر دەرىجە يۇقىرى يەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇن بويىچە ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، ئىجتىمائىي تەشكىلات تىپىدىكى قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ.

**9 - ماددا** ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنى قۇرۇش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە قوشۇۋېتىشتە، ئەزالار قۇرۇلتىيى ياكى يىغىنىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈش ھەمدە بىر دەرىجە يۇقىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا تەستىقلىتىش لازىم. ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى بار كارخانىلار تاقالسا ياكى ئۇلار بار كەسپىي ئورۇن، ئورگانلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، شۇ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ ھەمدە بىر دەرىجە يۇقىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.

ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى قانۇن بويىچە قۇرۇشىغا ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشىغا، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىغا،

قوشۇۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنىڭ ئىش ئاپپاراتىنى باشقا خىزمەت تارمىقىغا قوشۇۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

**10 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئاپال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كومىتېتى تەسىس قىلىدۇ، ئاپال ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 25 كە يەتمەيدىغان ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئاپال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن كومىتېت ئەزاسى قويۇپ، ئاپال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ۋە ئالاھىدە مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغدايدۇ.

**11 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى، ساھە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى ئۈچۈن قانۇن مۇلازىمىتى قىلىدىغان قانۇن خىزمىتى ئاپپاراتى قۇرۇلسا ياكى مەخسۇس ئادەم قويۇلسا بولىدۇ.

**12 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومىتېتلىرى «جۇڭگو ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نىزامنامىسى» گە ئاساسەن، ئەزالار قۇرۇلتىيى ياكى يىغىنىدا دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ ھەمدە بىر دەرىجە يۇقىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا تەستىقلىتىلىدۇ.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومىتېتىدا ۋاكالەت مۇددىتى تۈزۈمى قانۇن بويىچە يولغا قويۇلىدۇ.

**13 ـ ماددا** ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى شۇ كارخانا، كەسپىي ئورۇننىڭ قانۇنىي ۋەكىلى ۋە ئەمگەك، مائاش، كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل كىشى قوشۇمچە ئۆتەشكە بولمايدۇ.

كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنى شۇ ئورۇندىكى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومىتېتىنىڭ ئەزا نامزاتلىقىغا كۆرسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

**14 ـ ماددا** كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئورگانلار دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنى مەخسۇس، قوشۇمچە ئىشلەيدىغان ئادەم قويۇپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خادىملىرىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىشى، ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاپال ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خادىملىرىنى تەربىيىلەش ۋە ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

**15 ـ ماددا** كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەخسۇس رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋەزىپە مۇددىتىدە شۇ ئورۇننىڭ مەمۇرىي مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكىلىرى، ئوتتۇرا قاتلام باشقۇرغۇچىلىرى ئىچىدىكى باش ۋەزىپىدىكىلەر بىلەن ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

يېزا ـ بازار، مەھەللىلەردىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەخسۇس رەئىسلىرى ۋەزىپە مۇددىتىدە يېزا ـ بازار، مەھەللىلەرنىڭ مەمۇرىي مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكىلىرى بىلەن ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاپال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ياكى مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە ئۆتىمىگەن بولسا، ۋەزىپە مۇددىتىدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بىلەن ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەخسۇس خادىملىرىنىڭ مائاشى، مۇكاپاتى، ياردەم پۇلىنى ئىشلەيدىغان ئورنى بېرىدۇ ھەمدە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ۋە باشقا پاراۋانلىق تەمىناتىدىن شۇ ئورۇندىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن ئوخشاش بەھرىمەن بولىدۇ.

**16 ـ ماددا** ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى لازىم. ئۇيۇشما ئەزالىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكى رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەر مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىدى، دەپ قارىسا، ئەزالار قۇرۇلتىيى ياكى يىغىنىغا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىش تەكلىپى سۇنۇشقا ھوقۇقلۇق، ئەزالار قۇرۇلتىيى ياكى يىغىنىنىڭ ماقۇللۇقى ھەمدە بىر دەرىجە يۇقىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قانۇن بويىچە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدۇ.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا بەلگىلىمە بويىچە ئىقتىسادىي جاۋابكارلىقى تەپتىش قىلىنىدۇ.

**17 ـ ماددا** كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە ۋە باشقا دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق قىلسا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تۈزىتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ھوقۇقلۇق.

دۆلەت كارخانىلىرى، پېيى كونترول قىلىنىدىغان دۆلەت كارخانىلىرى، كوللېكتىپ كارخانىلار ۋە كەسپىي ئورۇنلار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ياكى يىغىنىنىڭ ھوقۇقلىرىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىشى

كېرەك. شۇ ئورۇننىڭ تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش، قوشۇۋېتىش، ۋەيران بولۇش لايىھەلىرىنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ياكى يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىپ ماقۇللىشىغا سۇنۇشى لازىم؛ ئادەم قىسقارتىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تارقاقلاشتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە مۇكاپاتلاش - جازالاش قاتارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان ئىشلارنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ياكى يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىپ قارار قىلىشىغا سۇنۇشى ھەمدە بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئاشكارىلىشى كېرەك. يۇقىرىقى ئىشلاردىن ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ياكى يىغىنىدا قاراپ چىقىپ ماقۇللانمىغان، بېكىتىلمىگەنلىرىنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تۈزىتىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق، ئالاقىدار كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ياكى يىغىنىنى ئېچىشى ھەمدە قاراپ چىقىشقا سۇنۇشى كېرەك.

ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانا، غەيرىي پۇقراۋى كارخانا ئورۇنلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ياكى يىغىنى ئېچىش ياكى كوللېكتىپ كېڭىشىش، زاۋۇت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كېڭىشى ۋە خوجايىنلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىرلىكتە كېڭىشىش قاتارلىق ئۆز ئورنىغا لايىق دېموكراتىك باشقۇرۇش شەكلى ئارقىلىق، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرسە بولىدۇ.

**18 - ماددا** ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەمگەك تالاش- تارتىشنى مۇرەسسە قىلىش خىزمىتىگە قانۇن بويىچە قاتنىشىدۇ. ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇندىكى ئەمگەك تالاش - تارتىشى مۇرەسسە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەكىلى ئۈستىگە ئالىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى جايلاردىكى قانۇن بويىچە تەسىس قىلىنغان ئەمگەك تالاش - تارتىش كېسىم كومىتېتى ئەمگەك مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ ۋەكىلى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەكىلى، ھۆكۈمەت بېكىتكەن ئىقتىسادىي ئومۇملاشتۇرۇپ باشقۇرغۇچى تارماقنىڭ ۋەكىلىدىن تەركىب تېپىشى لازىم. ئەمگەك تالاش - تارتىش دېلولىرىنى كېسىم قىلىشقا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەمگەك تالاش - تارتىش كېسىمچىسى قاتنىشىشى لازىم.

**19 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئەمگەككە دائىر قانۇن نازارەتچىلىكى تەشكىلاتى قۇرۇپ، ئەمگەككە دائىر قانۇن نازارەتچىلىرىنى قويۇپ، كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئەمگەككە دائىر قانۇن، نىزاملارغا رىئايە قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشى لازىم.

**20 - ماددا** ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەرنى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار بىلەن كېڭىشىپ ھەل قىلىدۇ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانا، كەسپىي ئورۇن بىلەن ئەمگەك توختامى تۈزۈشىگە ياردەم بېرىدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ئەمگەك توختامىنى تۈزۈش، ئىجرا قىلىش، ئۆزگەرتىش، بىكار قىلىش، ئاخىرلاشتۇرۇش ھەمدە داۋاملىق تۈزۈش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىدۇ؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ۋاكالىتەن ئەمگەك ھەققى، خىزمەت ۋاقتى، دەم ئېلىش - ئوتپۇسكا ۋاقتى، ئەمگەككە دائىر بىخەتەرلىك ۋە ساقلىق ساقلاش، سۇغۇرتا، پاراۋانلىق قاتارلىق ئىشلار ھەققىدە كارخانا، كەسپىي ئورۇن بىلەن كوللېكتىپ توختام ياكى باشقا كېلىشىملەرنى تۈزىدۇ ھەمدە قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىدۇ.

**21 - ماددا** كارخانىلار ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئىشتا تالاپەتكە ئۇچرىغاندا ۋە كەسپىي كېسەل خەۋپىگە ئۇچرىغاندا، ئالاقىدار تارماقلارغا دەرھال مەلۇم قىلىشى ھەمدە تەڭ دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا خەۋەر قىلىشى؛ زور تالاپەت ھادىسىسىنى بىر دەرىجە يۇقىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىغىمۇ مەلۇم قىلىشى لازىم. يوشۇرغان، يالغان مەلۇم قىلغان ياكى مەلۇم قىلىشنى كېچىكتۈرگەنلەرنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەمگەككە دائىر بىخەتەرلىك ۋە ساقلىق ساقلاش مەمۇرىي تەپتىش تارمىقىنىڭ قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى ھەققىدە تەكلىپ بېرىشكە ھوقۇقلۇق.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئەمگەك مۇھاپىزەت تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ئەمگەك مۇھاپىزەت خىراجىتىنى ئاجرىتىش ۋە ئىشلىتىشنى نازارەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

**22 - ماددا** كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا ئەمگەككە دائىر قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى ئىشچىلارغا ۋاكالىتەن كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلاردىن تەدبىر قوللىنىپ تۈزىتىشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك؛ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار مۇزاكىرە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشى ھەمدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا جاۋاب بېرىشى كېرەك؛ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار سۈرۈك ئۆتسىمۇ جاۋاب بەرمىسە ھەم تۈزەتمىسە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى ياكى ئەمگەككە دائىر بىخەتەرلىك ۋە ساقلىق ساقلاش مەمۇرىي تەپتىش تارمىقىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشى ھەققىدە تەكلىپ بېرىشكە ھوقۇقلۇق:

(1) ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن كوللېكتىپ توختام، ئەمگەك توختامى تۈزۈشتە بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلماسلىق، توختامنى قانۇنسىز ئۆزگەرتىش، بىكار قىلىش ياكى توختامدىكى پۈتۈمگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي مەنپەئىتىگە زىيان سېلىش ياكى توختام مەزمۇنىدا قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىش؛

(2) ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن قانۇنسىز ھالدا كاپالەت پۇلى، خەۋپ - خەتەر رەنە پۇلى، تەربىيىلەش پۇلى ئېلىش ياكى ئۇلارنىڭ ماتاشىدىن تۇتۇۋېلىش ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى پاي قوشۇشقا زورلاش؛

(3) ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىملىكى ۋە باشقا سالاھىيەت ئىسپاتىنى قانۇنسىز تۇتۇپ قېلىش ياكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئارخىپىنى يوشۇرۇپ، يوقىتىپ قويۇپ، تاشلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ يېتىپ - قوپۇش، يول يۈرۈش، خىزمەت ئىزدەش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە پېنسىيىگە چىقىش، خىزمەتتىن چېكىنىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشىگە قىيىنچىلىق پەيدا قىلىش؛

(4) ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ماتاشىنى قانۇنسىز تۇتۇۋېلىش ياكى ئۇلارغا شۇ جايدا بەلگىلەنگەن ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمىدىن تۆۋەن مائاش بېرىش ۋە ياكى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە قارىماي ئەمگەك ۋاقتىنى خالىغانچە ئۇزارتىش ۋە ياكى ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەش ھەققى بېرىشتە قانۇنغا ئەمەل قىلماسلىق؛

(5) بەلگىلىمىنى قارىتىپ قويۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، ئۆي فوندى رەسمىيەتلىرىنى سەۋەبسىز بېجىرىپ بەرمەسلىك ياكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسى، ئۆي فوندى قاتارلىق پاراۋانلىق چىقىمىنى بېرىشنى رەت قىلىش، كەم بېرىش، ئىشلىتىۋېلىش ۋە ئىگىلىۋېلىش؛

(6) ئەمگەككە دائىر بىخەتەرلىك ۋە ساقلىق ساقلاش شارائىتى ھازىرلىماسلىق ياكى ئەمگەك شارائىتى، بىخەتەرلىك ۋە ساقلىق ساقلاش ئەسلىھەلىرىنى بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە يەتكۈزمەسلىك، قائىدىگە خىلاپ ھالدا قوماندانلىق قىلىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى خەتەرلىك مەشغۇلاتقا مەجبۇرلاش ياكى ئىشتا يارىلىنىش ھادىسىسىنى تەرتىپ بويىچە مەلۇم قىلماسلىق، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشتا يارىلىنىش ھادىسىسىنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىشقا قاتنىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتا پاراۋانلىق تەمىناتىنى بەلگىلەنگىنى بويىچە بەرمەسلىك؛

(7) ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ھاقارەتلەش، يېنىنى ئاختۇرۇش، قاماپ قويۇش، ئۇرۇش، تەن جازاسى بېرىش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش؛

(8) ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياكى قۇرامىغا يەتمىگەن ئىشچىلارنىڭ قانۇن، نىزاملاردا بەلگىلەنگەن ئالاھىدە ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش؛

(9) قانۇن، نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ئېغىر دەرىجىدە دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان باشقا قىلمىشلار.

**23 - ماددا** ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىشى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ياردەملىشىشى، ھەر خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەملىشىشى لازىم.

**24 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى تەڭ دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ھۆكۈمەتكە قاراشلىق تارماقلار مۇناسىپ تەڭ دەرىجىلىك ساھە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن بىرلەشمە يىغىن تۈزۈمىنى ئورنىتىشى كېرەك. بىرلەشمە يىغىن ئاز دېگەندە يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدۇ، يىغىندا ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مۇھىم خىزمەت ئەھۋالى يەتكۈزۈلىدۇ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىنكاس قىلغان پىكىر، تەلەپلىرى مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىنىدۇ.

**25 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى تەڭ دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە كارخانىنىڭ ۋەكىلى بىلەن بىرلىكتە ئەمگەك مۇناسىۋىتىدىكى ئۈچ تەرەپ كېڭىشىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، قەرەللىك ھالدا ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، ئەمگەك مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدىغان چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ئورتاق مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىشى كېرەك. ئۈچ تەرەپ ھاسىل قىلغان كېلىشىم، قارارلارنى ھەممە تەرەپ تەشكىللەپ يولغا قويۇشى لازىم.

**26 - ماددا** دۆلەت كارخانىلىرى، پۈتۈنلەي دۆلەت كونترول قىلىدىغان كارخانىلار، كوللېكتىپ كارخانىلار ۋە كەسپىي ئورۇنلار ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ياكى يىغىنى تۈزۈمىنى قانۇن بويىچە ئورنىتىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى لازىم. ئىشچى - خىزمەتچىلەر

قۇرۇلتىيى ياكى يىغىنى خىزمەت ھوقۇقىنى ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە يۈرگۈزىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ياكى يىغىنى ئاز دېگەندە يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدۇ، يىغىن يېپىق مەزگىلدە دەمال ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەر بولسا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومىتېتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللەر ئۆمىكى (گورۇپپىسى) نىڭ باشلىقى ۋە مەخسۇس كومىتېت (گورۇپپا) لار مەسئۇللىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنىنى ئېچىپ كېڭىشىپ ھەل قىلىدۇ ھەمدە كېيىنكى قېتىملىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ياكى يىغىنىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە دوكلات قىلىدۇ.

كارخانا مۇدىرىيىتى ۋە نازارەتچىلىك ھەيئىتىدە قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىلى بولۇشى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىلىنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كۆرسىتىشى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ياكى يىغىنىدا سايلىنىشى كېرەك.

**27 - ماددا** ئورگانلار قانۇن بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ياكى يىغىنى تۈزۈمى ئورنىتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەرنى دېموكراتىك باشقۇرىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ. ئورگان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومىتېتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ياكى يىغىنىنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئورگان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۆز ئورنىدىكى رەھبەرلەرنىڭ دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىگە ھەمكارلىشىشى، كادىرلارنى دېموكراتىك باھالاشقا قاتنىشىشى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، پىكىر، تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىشى، قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىشى لازىم.

**28 - ماددا** ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى قۇرۇلغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئورگانلار ئۆز ئورنىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا شۇ ئايلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىراجىتىنى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھەر ئايلىق ئومۇمىي مائاش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %2 ى بويىچە قەرەللىك ئاجرىتىپ بېرىشى، ئۆز ئورنىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بۇنىڭ ئىچىدىكى بەلگىلىمە بويىچە يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدىغان قىسمىنى ۋاقتىدا يەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا تاپشۇرۇشى كېرەك. بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش ئومۇمىي سوممىسى دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ بىر تۇتاش بەلگىلىمىسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

خىراجىتى مالىيەدىن بېرىلىدىغان ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرغانلىرىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىراجىتىنى مالىيە تارمىقى بەلگىلىمە بويىچە يىللىق مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈشى كېرەك. خىراجىتى مالىيەدىن بېرىلىدىغان ئورۇنلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىراجىتىنى سۈيلىسىمۇ يولسىز سەۋەب بىلەن تاپشۇرمىسا، يەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماسلاشتۇرۇشىنى تەكلىپ قىلسا بولىدۇ.

**29 - ماددا** كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە باشقا تەشكىلاتلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىراجىتى تاپشۇرۇشنى يولسىز سەۋەب بىلەن كېچىكتۈرسە، ئاز تاپشۇرسا ياكى تاپشۇرماي تۇرۇۋالسا، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى سۈيلىشى لازىم. سۈيلىسىمۇ تاپشۇرمىسا، خەلق سوت مەھكىمىسىگە بېرىم بۇيرۇقى چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى قانۇن بويىچە دەۋا قىلسا بولىدۇ.

**30 - ماددا** ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە داۋالىنىش (ئارام ئېلىش) ئەسلىھەلىرى شۇ جاينىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلۈشى لازىم. بۇ ئەسلىھەلەرگە دۆلەت بەلگىلىمىسى بويىچە شۇ خىلدىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى ئەسلىھەلىرىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ، ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ خالىغانچە ئىگىلىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. شەھەر قۇرۇلۇشى ئېھتىياجى بىلەن كۆچۈرۈش، باشقا جايدا قۇرۇشقا توغرا كەلسە، ھۆكۈمەت ياكى ئالاقىدار ئورۇنلار كۆچۈرۈش، سېلىشقا كېتىدىغان يەر ۋە تولۇقلىما مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**31 - ماددا** ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى قوشۇۋېتىلسە، ئۇلارنىڭ مۈلكى ۋە خىراجىتى قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىنكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ؛ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى ئايرىۋېتىلگەن بولسا، ئۇنىڭ مۈلكى ۋە خىراجىتىنى ئەسلىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىدۇ. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا ياكى تارقىتىۋېتىلسە، ئۇنىڭ مۈلكى ۋە خىراجىتى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

ۋەيران بولغان كارخانىنىڭ نېسى قالغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىراجىتىنى كارخانىنىڭ ۋەيران ھېساباتىغا كىرگۈزۈش كېرەك.

**32 - ماددا** ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مال - مۈلكى ۋە خىراجىتىنى خىراجەتنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش پىرىنسىپىغا بىنائەن قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇشى كېرەك.

ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئىگىلىۋېلىشىغا، ئىشلىتىۋېلىشىغا ۋە خالىغانچە يوتكىۋېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىدا خىراجەت تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلىدۇ. تۆۋەن دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىراجەت تەكشۈرۈش كومىتېتى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىراجەت تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكىنى ۋە نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كىرىم - چىقىم ئەھۋالىنى ئەزالار قۇرۇلتىيى ياكى يىغىنىغا قەرەللىك دوكلات قىلىپ، ئەزالار قۇرۇلتىيى ياكى يىغىنىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

**33 - ماددا** «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى» ۋە بۇ چارىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارنى ئالاقىدار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ئالاقىدار تارماقنىڭ تۈزىتىشكە بۇيرۇشى ھەققىدە تەكلىپ بېرىدۇ؛ تۈزەتمەي تۇرۇۋالغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىنى ئالاقىدار تارماقنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشى ھەققىدە تەكلىپ بېرىدۇ:

(1) قانۇننى قايرىپ قويۇپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرماسلىق ياكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇن بويىچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇشىغا ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ۋە ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇشىغا ياردەملىشىشىگە، يېتەكچىلىك قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش؛

(2) ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ ئىش ئاپپاراتىنى قانۇنسىز ھالدا ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە قوشۇۋېتىش؛

(3) مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خادىملىرىنى يولسىز سەۋەب بىلەن خىزمەت ئورنىدىن يۆتكىۋېتىش، ئۆچ ئېلىش ياكى ھاقارەتلەش، تۆھمەت قىلىش ۋە ياكى جىسمانىي زىيانغا ئۇچرىتىش؛

(4) بەلگىلىمىنى قايرىپ قويۇپ ئالاقىدار ئىشلارنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ياكى يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىپ قارار قىلىشىغا سۇنماسلىق ياكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن پىكىر ئالماسلىق، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئاشكارىلىماسلىق ياكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىش؛

(5) ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەتچىلىرىنى قويۇش ۋە مۇناسىپ تەمىناتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلماسلىق ياكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى خالىغانچە تەيىنلەش، قالدۇرۇش، يۆتكەش؛

(6) ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن باراۋەر كېڭىشىش، كوللېكتىپ توختام تۈزۈش ۋە مائاشنى كوللېكتىپ كېڭىشىش تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى يولسىز سەۋەب بىلەن رەت قىلىش ياكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك توختامى تۈزۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىش، ياردەم قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش؛

(7) ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشقا قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش.

**34 - ماددا** ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مال - مۈلكى ۋە خىراجىتىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئىشلىتىۋېلىپ ياكى خالىغانچە بۆلۈشۈۋېلىپ، يۆتكىۋېتىپ قايتۇرۇپ بەرمىگەنلەر ئۈستىدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىپ قايتۇرغۇزۇشنى ھەمدە زىياننى تۆلىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

**35 - ماددا** ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشقانلىقى ياكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خادىملىرى مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمگەك توختامى بىكار قىلىنغان بولسا، ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى شۇ ئورۇننى ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، ئەمگەك توختامى بىكار قىلىنغان مەزگىلدىكى تېگىشلىك ئەمگەك ھەققى ۋە پاراۋانلىق تەمىناتىنى تولۇقلاپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەمگەك توختامى بىكار قىلىنىپ، خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىگەن بولسا، ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى شۇ كىشى ئىشلەيدىغان ئورۇننى شۇ كىشىنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ ئىككى ھەسسىگە باراۋەر تۆلەم بېرىشكە بۇيرۇيدۇ.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خادىملىرىنىڭ ئەمگەك ھەققى ۋە باشقا پاراۋانلىق تەمىناتىنى بەلگىلىمە بويىچە بەرمىگەن ئورۇننى ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى بەلگىلىمە بويىچە بېرىشكە بۇيرۇيدۇ.

**36 - ماددا** ئالاقىدار مەسئۇل تارماقنىڭ خادىملىرى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خادىملىرىدىن «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى» ۋە مۇشۇ چارىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلماي، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچراتقانلىرىنى شۇ ئورۇن ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ ياكى ئۇلارغا

مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ زىيان سالغانلىرى قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**37 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلارغا بۇ چارە تەتبىقلىنىدۇ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نىزامى» دا ئالاھىدە بەلگىلىمە بولغانلىرى شۇ بويىچە بولىدۇ.

**38 ـ ماددا** بۇ چارە 2003 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى

(1994 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان، 2003 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن تۈزىتىلدى)

**1 ـ ماددا** بۇ چارە ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ چىقىرىلدى.

**2 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مۇھاجىرلار خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك.

**3 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇنىڭ مۇھاجىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتى ئالاقىدار تارماقلارنى ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە تەشكىللەيدۇ ۋە ماسلاشتۇرىدۇ.

جامائەت خەۋپسىزلىكى، خەلق ئىشلىرى، ئەمگەك ـ ئىجتىمائىي كاپالەت، مائارىپ، قۇرۇلۇش تارماقلىرى مەسئۇلىيىتى بويىچە، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداشقا دائىر خىزمەتكە مەسئۇل بولىدۇ.

**4 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار بىرلەشمىلىرى ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قانۇن بويىچە قۇرغان خەلق تەشكىلاتى بولۇپ، نىزامنامىسى بويىچە پائالىيەت قىلىدۇ، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ.

**5 ـ ماددا** ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان پۇقرالىق ھوقۇقىغا ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈشىگە يول قويۇلمايدۇ. ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك.

**6 ـ ماددا** ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى نوپۇسقا ئېلىنغان جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھاجىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتى قانۇن بويىچە بېكىتىدۇ.

قانۇن بويىچە بېكىتىلگەن مۇھاجىر ئائىلە تاۋابىئاتلىق سالاھىيىتى جۇڭگو مۇھاجىرى ۋە ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرنىڭ

ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن يوقالمايدۇ. جۈڭگو مۇھاجىرلىرى، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، شۇنىڭدەك جۈڭگو مۇھاجىرلىرى ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار پەرزەنتى بىلەن نىكاھ مۇناسىۋىتى بولغانلىقى ياكى جۈڭگو مۇھاجىرى ۋە ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىر بىلەن بېقىش مۇناسىۋىتى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇھاجىر ئائىلە تاۋابىئاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ مۇھاجىر ئائىلە تاۋابىئاتلىق سالاھىيىتى نىكاھ مۇناسىۋىتى ياكى بېقىش مۇناسىۋىتى قانۇن بويىچە بىكار قىلىنغاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن يوقايدۇ.

جۈڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار بىلەن بولغان بېقىش مۇناسىۋىتى بەش يىلدىن ئاشقان ھەمدە مۇھاجىر ئائىلە تاۋابىئاتلىق سالاھىيىتىنى بېكىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان چاغدىمۇ بېقىش مۇناسىۋىتى بولغانلارنىڭ مۇھاجىر ئائىلە تاۋابىئاتلىق سالاھىيىتى گۇۋاھلىق ئورگىنى بېقىش گۇۋاھلىقى بەرگەندىن كېيىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلىدۇ.

**7 - ماددا** ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىق سالاھىيىتىنى بېكىتىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىلار تۆۋەندىكى ماتېرىياللارنى تاپشۇرۇشى كېرەك:

(1) ئۆزىنىڭ يازما ئىلتىماسى؛

(2) ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ج خ ئورگىنى بەرگەن مۇھاجىرلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ ئولتۇراقلىشىش ئىسپاتىنى ياكى ۋەتەنگە قايتقان شۇ مۇھاجىرنىڭ سالاھىيىتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان ئالاقىدار ماتېرىياللارنى تاپشۇرۇشى، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى دۆلىتىمىزنىڭ چەت ئەلدىكى ئەلچىخانا، كونسۇلخانىلىرى ئېتىراپ قىلغان چەت ئەلدىكى ئۇرۇق - تۇغقىنىنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئىسپاتى ۋە دۆلىتىمىزدىكى ئالاقىدار تەرەپلەر بەرگەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئائىت ئىسپاتنى تاپشۇرۇشى كېرەك؛

(3) بەلگىلىمە بويىچە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باشقا ماتېرىياللار.

مۇھاجىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپارات ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ ئون ئىش كۈنى ئىچىدە شەرتكە توشىدىغانلارنى بېكىتىشى؛ شەرتكە توشمايدىغانلارغا يازما ئۇقتۇرۇش قىلىشى لازىم.

**8 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىدا ۋە ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى كۆپرەك ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك (رايونلۇق)، يېزىلىق (بازارلىق) خەلق قۇرۇلتايلىرىدا ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ مۇۋاپىق ساندا ۋەكىلى بولۇشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىلىرى تەڭ دەرىجىلىك ياكى بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ۋەكىل نامزاتى كۆرسىتە بولىدۇ.

**9 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ چېگرا سىرتىدىكى تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا قانۇن بويىچە مەبلەغ سېلىپ كارخانا قۇرۇشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ.

ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ئاپتونوم رايونىمىزغا مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساسلىقلار، ئۈسكۈنە كىرگۈزۈش شۇنىڭدەك تاۋار ئېكسپورتى، ئەمگەك كۈچلىرىنى چىقىرىش جەھەتلەردە گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقانلىرىنى شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشى لازىم.

**10 - ماددا** ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ چېگرا سىرتىدىكى تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرى ھەدىيە قىلغان پۇل - مالنى قانۇن بويىچە قوبۇل قىلىشى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ.

ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا چېگرا سىرتىدىكى ئۇرۇق - تۇغقان، دوستلىرى ھەدىيە قىلغان ئەشيا دۆلەت ئىچىدىكى جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان بولسا، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مۇھاجىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتى چېگرىدىن كىرگۈزۈش رەسمىيىتىنى ئۆتەشكە ھەمكارلىشىشى، ھەدىيە قىلغۇچىنىڭ ھەدىيە قىلىش ئىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك ھەمدە ھەدىيە قىلىنغان مال - مۈلكنى ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇشنى نازارەت قىلىشقا ئارىلاشسا بولىدۇ.

چېگرا سىرتىدىكى ھەدىيە قىلغۇچى ھەدىيە قىلىنغۇچىغا ھەقسىز ھەدىيە قىلغان نامراتلارنى يۆلەش، خەير - ساخاۋەت ئىشلىرى، مائارىپ ئىشلىرىغا بىۋاسىتە ئىشلىتىلىدىغان ئەشيالارغا ئېلىنىدىغان ئىمپورت تاموژنا بېجى ۋە ئىمپورت ھالقىسىدىكى قوشۇلما قىممەت بېجى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

**11 - ماددا** ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلار، ۋەتەنگە قايتقان نامرات مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان كارخانىلارنى شۇنىڭدەك ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن قانۇن بويىچە مەبلەغ

سېلىپ، قاقاس تاغ، قاقاس يەر، قاقاس ساھىل، قاقاس لاتقىلىق ئاچقانلىرىنى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىدە ئالاقىدار ئېتىبار سىياسىتى تۈزۈپ يولەيدۇ.

**12 - ماددا** ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ دۆلىتىمىزدىكى خۇسۇسىي ئۆيلىرىگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ئۇنى ئىگىلىۋېلىشىغا، بۇزۇۋېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ. ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بەلگىلىمە بويىچە ھۆكۈمەتتىن سېتىۋالغان ئۆيلىرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇق تەۋەلىكى ئۇلارنىڭ چېكرا سىرتتىدا ئولتۇراقلىشىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدۇ.

ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ شەخسىي ئۆيلىرىنى قانۇن بويىچە ئېلىپ ئىشلىتىش، چېقىشتا قورۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە تۆلەم بېرىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ تارىختا قېپقالغان شەخسىي ئۆي مەسىلىسى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىملىرى بويىچە بىرتەرەپ قىلىنىدۇ.

**13 - ماددا** ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى چېگرا سىرتىدىكى تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىشتا، ھەدىيەسىنى قوبۇل قىلىشتا، چېگرا سىرتىدىكى مال - مۈلكىنى بىرتەرەپ قىلىشتا ھوقۇقلۇق.

**14 - ماددا** ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىر ئوقۇغۇچىلار، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ دۆلىتىمىزدىكى پەرزەنتلىرىدىن ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ۋە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بەرگەنلىرىگە ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئېتىبار بېرىلىدۇ.

مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئۆزلەپ ئوقۇيدىغانلىرى ئوخشاش شەرت ئاستىدا ئاۋۋال قوبۇل قىلىنىدۇ.

**15 - ماددا** دۆلەت ئورگىنى ۋە دۆلەت كارخانىسى، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن بولغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر چەت ئەلدە ئولتۇراقلاشقان جورىسى، ئاتا - ئانىسى، پەرزەنتلىرىنى يوقلىسا شۇنىڭدەك ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىر ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىر تۇغقان ئاغا - ئىنى، ئاچا - سىڭىللىرىنى يوقلىسا، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن تۇغقان يوقلاش تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتا ئېيتىلغان ئورۇنلاردىن باشقا ئورۇنلاردىكى ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن بولغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ چېگرىدىن چىقىپ تۇغقان يوقلاش تەمىناتى ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمىدىن پايدىلىنىپ بېرىلسە بولىدۇ.

ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى چېگرىدىن چىقىپ باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يوقلىماقچى بولسا، ئىشلەيدىغان ئورنى رۇخسەت بەرسە بولىدۇ.

ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلاردىن ياشانغانلىرى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يوقلىماقچى بولسا، ئۇلارغا تۇغقان يوقلاش تەمىناتى جەھەتتە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىلسە بولىدۇ. ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن بولغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر دۆلەت سىرتىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يوقلاشقا بارالمىسا، ئۇلارنىڭ جورىسى، پەرزەنتلىرى ياكى ئاتا - ئانىسى ۋەتەنگە قايتىپ ئۇلارنى يوقلىيالمىسا، ئۇنىڭ ئورنىغا دۆلەت ئىچىدىكى باققۇچىسىنى، جورىسىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى يوقلىسا بولىدۇ ياكى چەت ئەلدىن تۇغقان يوقلاشقا كەلگەن ئاغا - ئىنى، ئاچا - سىڭىللىرى بىلەن كۆرۈشسىمۇ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان تۇغقان يوقلاش تەمىناتى ئۆزگەرمەيدۇ. جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋەتەنگە قايتىپ تۇغقان يوقلىغاندا، ئۇلارنىڭ بىۋاسىتە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ھەمراھلىق ئارامىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**16 - ماددا** تەستىق ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە چېگرىدىن چىقىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن چەت ئەل تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن بولغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققانلىرى، خىزمەتتىن چېكىنگەنلىرىگە دەم ئېلىش پۇلى، پېنسىيە پۇلى، خىزمەتتىن چېكىنىش پۇلى، ياشانغانلار كۈتۈنۈش پۇلى داۋاملىق بېرىلىدۇ. بەلگىلىمە بويىچە خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىش رەسمىيىتى بېجىرگەنلىرىگە دۆلەت ياكى ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە ئىستېپا پۇلى بىر يولىلا بېرىلسە بولىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتا ئېيتىلغان پۇل دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە تاشقى پېرېۋوتقا ئايرىۋاشلىنىپ پېرېۋوت قىلىنسا ياكى چېگرا سىرتىغا ئېلىپ چىقىلسا بولىدۇ.

چېگرىدىن چىقىپ ئولتۇراقلاشقان ۋەتەنگە قايتقان

مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن بولغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر دەم ئېلىش پۇلى، پېنسىيە پۇلى، خىزمەتتىن چېكىنىش پۇلى بېرىۋاتقان ئەسلى ئورنىغا ياكى ياشانغانلار كۈتۈنۈش پۇلى بېرىۋاتقان ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئاپپاراتىغا چەت ئەلدىكى ئەلچىخانىمىز ۋە كونسۇلخانىمىز ئۆزىنىڭ ھايات تۇرۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا يېزىپ بەرگەن ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن ئىسپاتنى ھەر يېرىم يىلدا تاپشۇرۇشى كېرەك. شۇ كىشى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، دەم ئېلىش پۇلى، پېنسىيە پۇلى، خىزمەتتىن چېكىنىش پۇلى بېرىدىغان ئورۇن ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىنىڭ ھازىرقى بەلگىلىمىسى بويىچە، دەپنە پۇلى، بىۋاستە تۇغقانلىرىنى بېقىش نەپىقە پۇلى ياكى قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىشى كېرەك.

تەستىق ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىپ ئولتۇراقلاشقان پېنسىيەگە چىققان ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن چېگرىدىن چىقىشتىن بۇرۇن شۇ جايدا ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلىرى ۋەتەنگە قايتىپ داۋالانسا، شۇ جايدىكى داۋالاش سۇغۇرتىسىغا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتا تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ دەم ئېلىشقا چىققانلاردىن ۋەتەنگە قايتىپ داۋالىنىدىغانلىرى دۆلەت بەلگىلىگەن داۋالىنىش كاپالىتى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**17 - ماددا** ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى شەخسىي ئىش بىلەن چېگرىدىن چىقىشتا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالارنىڭ چېگرىدىن چىقىش - كىرىشىنى باشقۇرۇش قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار خىزمىتى ئاپپاراتى بەرگەن ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلىق، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىق سالاھىيەت ئىسپاتىنى ئېلىپ نوپۇسقا ئېلىنغان جايدىكى شەھەرلىك، ناھىيىلىك (رايونلۇق) ج خ ئورگىنىغا ئىلتىماس قىلىشى كېرەك. ج خ ئورگىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا قانۇن بويىچە بېجىرىپ بېرىشى كېرەك.

ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى چېگرا سىرتىدىكى بىۋاستە تۇغقىنى ھەقىقەتەن سەكراتتا چۈشۈپ قېلىش، ئۆلۈپ كېتىش ياكى چېگرا سىرتىدىكى مال - مۈلكىنى سۈرۈك ئىچىدە بىرتەرەپ قىلىش قاتارلىق ئالاھىدە سەۋەب بىلەن دەرھال چېگرىدىن چىقىشقا توغرا كەلسە، ج خ ئورگىنى ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئۆتۈنۈملۈك ئىسپاتىغا قاراپ، چېگرىدىن چىقىش رەسمىيىتىنى ئاۋۋال، دەرھال بېجىرىپ بېرىشى كېرەك.

**18 - ماددا** تەستىق ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ نوپۇس رەسمىيىتىنى ئولتۇراقلاشقان جايدىكى ج خ تارمىقى ۋاقتىدا بېجىرىپ بېرىشى كېرەك.

**19 - ماددا** ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئارىسىدىكى ئۆز پۇلى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى ئىلتىماس قىلغانلاردىن بەلگىلىمىدىكى شەرتكە توشىدىغانلىرىنىڭ ئالاقىدار رەسمىيەتلىرىنى ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئىشلەيدىغان ئورنى ۋاقتىدا بېجىرىپ بېرىشى لازىم.

ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ چەت ئەلدە ئوقۇشنى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئىشلىشى ۋە كارخانا ئېچىشى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ چەت ئەلدە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئىشلەش، ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشكە ئائىت بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

**20 - ماددا** ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن بولغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىشنى ياكى تۇغقانلىرى، دوستلىرى تۇرۇۋاتقان قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىشنى تەلەپ قىلسا، ئىشلەيدىغان ئورنى ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئالاقىدار رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشكە ياردەملىشىشى كېرەك.

**21 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋەتەنگە قايتقان نامرات مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش خىزمىتىنى شۇ جاينىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ يۆلىشى كېرەك.

ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان ھەم ئىقتىسادىي مەنبەسى بولمىغانلىرىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش؛ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بارلىرىغا قۇتقۇزۇش بېرىش؛ ئەمگەك ئىقتىدارى بار ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن بولغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشسىز قالغانلىرىنى ئوخشاش شەرت ئاستىدا قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ئاۋۋال تونۇشتۇرۇش كېرەك.

**22 - ماددا** ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان ئورۇن ۋە

شەخسلەرنى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى، ئورۇنلار تەقدىرلىشى ياكى مۇكاپاتلىشى كېرەك.

**23 - ماددا** مۇشۇ چارىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزگەنلەرنى ئالاقىدار مەمۇرىي مەسئۇل تارماق «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى» قاتارلىق ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازالايدۇ.

**24 - ماددا** ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىغاندا، ئالاقىدار مەسئۇل تارماقلاردىن قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

**25 - ماددا** شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ئاھالىلىرى ۋە چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئولتۇراقلاشقان ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشتا مۇشۇ چارىدىن پايدىلىنىلىدۇ.

**26 - ماددا** بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى

(2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 5 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

**1 - ماددا** بۇ چارە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش قانۇنى» نى يولغا قويۇش، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، مۇھىتنى ئاسراش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش مەقسىتىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ئېنېرگىيە ئىچىش، پايدىلىنىش، باشقۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر بۇ چارىگە ئەمەل قىلىشى شەرت.

**3 - ماددا** ئېنېرگىيە تېجەش خىزمىتىدە تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، مۇھىتنى ئاسراش، ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش، ئېنېرگىيىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

**4 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ئېنېرگىيە تېجەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئېنېرگىيە تېجەش يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشى، ئېنېرگىيە تېجەش خىزمىتىنى شۇ جاينىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانىغا كىرگۈزۈشى ھەمدە ئېنېرگىيە تېجەش تەدبىرىنى تۈزۈپ، كەسىپ قۇرۇلمىسى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ۋە ئېنېرگىيە ئىستېمال قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، ئېنېرگىيە تېجەش تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېنېرگىيىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك.

يېڭى ئېنېرگىيە ۋە ھاسىلىي ئېنېرگىيىنى ئېچىپ پايدىلىنىشقا ئىلھام بېرىپ، كۆپ ئېنېرگىيىدە بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، پاكىز ئېنېرگىيە ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىش ۋە كېڭەيتىش كېرەك.

**5 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېنېرگىيە تېجەشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

ئوبلاستلىق (ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك)، ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئۆز دائىرىسىدىكى ئېنېرگىيە تېجەش خىزمىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا

ئالاقىدار تارماقلىرى ئېنېرگىيە تېجەشكە ئالاقىدار خىزمەتلەرگە مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە مەسئۇل بولىدۇ.

**6 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلار ئېنېرگىيە تېجەش تەشۋىقاتى ۋە تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئېنېرگىيە تېجەش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش ئېڭىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئاخبارات ۋاستىلىرى ئېنېرگىيە تېجەش خىزمىتىگە بولغان جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكى ۋە نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىشى، ئېنېرگىيە تېجەشكە دائىر قانۇن ـ نىزاملارنى تەشۋىق قىلىشى، ئېنېرگىيە تېجەش يېڭى خىسلىتىنى تەشەببۇس قىلىشى كېرەك.

**7 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھەر يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە پەن تەتقىقات مەبلىغىدىن ئېنېرگىيە تېجەشكە مەلۇم نىسبەتتە مەخسۇس مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. ئوبلاستلىق (ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك)، ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) خەلق ھۆكۈمىتى ئېنېرگىيە تېجەش مەبلىغىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئېنېرگىيىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، شۇنىڭدەك يېڭى ئېنېرگىيە، ھاسىلىي ئېنېرگىيە ۋە پاكىز ئېنېرگىيىنى تەتقىق قىلىش، ئېچىش، كېڭەيتىش ۋە ئىشلىتىشكە مەدەت بېرىشى كېرەك.

**8 ـ ماددا** ئېنېرگىيە سەرپىياتى يۇقىرى كەسىپلەرنى قوشۇلما قىممىتى يۇقىرى ۋە ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش نىشانىغا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ ھەمدە دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتىگە ئاساسەن، قۇرۇلما پىلانلىق ھالدا تەڭشىلىپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەدىمى تېزلىتىلىدۇ، ئېنېرگىيە سەرپىياتى تۆۋەنلىتىلىپ، ئۈنۈمى ئاشۇرۇلىدۇ.

دۆلەت ئىشلىتىشنى ئېلان قىلغان تېخنىكىسى قالاق، ئېنېرگىيە سەرپىياتى بەك يۇقىرى، ئېنېرگىيىنى زىيادە ئىسراپ قىلىدىغان سانائەت تۈرلىرىنى يېڭىدىن باشلاش ۋە كېڭەيتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**9 ـ ماددا** تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش تۈرىنىڭ مۇمكىنلىك تەتقىقات دوكلاتى ئېنېرگىيىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ھەققىدىكى مەخسۇس دەلىل ياكى ئېنېرگىيە تېجەش ھەققىدىكى بابنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. يىللىق ئېنېرگىيە ئومۇمىي سەرپىياتى 3000 توننا ئۆلچەملىك كۆمۈردىن ئاشىدىغان تۈرلەردە ئېنېرگىيىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ھەققىدىكى مەخسۇس دەلىل ياكى ئېنېرگىيە تېجەش ھەققىدىكى قىسمىنى سايا ھازىرلىغان ئاپپاراتنىڭ باھالىشىغا ھاۋالە قىلىش كېرەك.

ئېنېرگىيىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ھەققىدىكى مەخسۇس دەلىل ياكى ئېنېرگىيە تېجەش ھەققىدىكى قىسمىنى تۈرنىڭ خاراكتېرى ۋە باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ئالاقىدار تارماقنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاش كېرەك. تەكشۈرتىلمىگەن ياكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمىگەن تۈرلەرنى تەستىقلىغۇچى تارماقنىڭ تەستىقلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، ئۆتكۈزۈۋالغۇچى ئورۇن تەكشۈرۈش سالاھىيىتى ھازىرلىغان ئاپپاراتقا ئېنېرگىيە ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى ھاۋالە قىلىشى كېرەك. ئېنېرگىيىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ئۆلچىمى ۋە ئېنېرگىيە تېجەش لايىھىسىدىكى تەلەپكە يەتمىگەنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بولمايدۇ.

**10 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ ئېنېرگىيە تېجەش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بېكىتكەن يىللىق ئومۇمىي ئېنېرگىيە سەرپىياتى ئۆلچەملىك كۆمۈر بويىچە 5000 توننىدىن ئاشىدىغان، 10 مىڭ توننىغا يەتمەيدىغان ئورۇنلار ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق ئېنېرگىيە ئىشلەتكۈچى ئورنى ھېسابلىنىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ، نۇقتىلىق ئېنېرگىيە ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنى ئېنېرگىيە سەرپىياتى ئۆلچىمى بويىچە باسقۇچلۇق باشقۇرۇشى ھەمدە قەرەللىك باھالىشى كېرەك.

**11 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ستاتىستىكا تارمىقى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ئېنېرگىيە سەرپ قىلىش ۋە ئىشلىتىش ئەھۋالى ھەققىدىكى ستاتىستىكا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ئېنېرگىيە سەرپ قىلىدىغان ئاساسلىق مەھسۇلاتنىڭ بىرلىك سەرپىياتى ۋە ئېنېرگىيە ئىشلىتىدىغان نۇقتىلىق ئورۇننىڭ ئېنېرگىيە ئىشلىتىش ئەھۋالىنى يىلىغا ئاز دېگەندە بىر قېتىم ئېلان قىلىشى كېرەك.

ئېنېرگىيە ئىشلەتكۈچى ئورۇن مۇناسىۋەتلىك مەلۇمات جەدۋىلىنى ستاتىستىكا تارمىقىغا ۋاقتىدا يوللىشى، تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغىمۇ يوللىشى كېرەك.

**12 ـ ماددا** ئېنېرگىيە ئىشلەيدىغان، تىجارەت قىلىدىغان ۋە ئېنېرگىيە ئىشلىتىدىغان ئورۇن ئېنېرگىيىنى ئۆلچەم بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى ھەمدە ئېنېرگىيە ئېھتىماللىغا قاراپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئېنېرگىيە تەكشۈرۈش ـ

ئۆلچەش ئەسۋابىنى سەپلىشى كېرەك.

13 - ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئېنېرگىيە سەرپىياتى يۇقىرىراق بولغان مەھسۇلاتلارنىڭ بىرلىك سەرپىيات نورمىسىنى بېكىتىشى ھەمدە ئېلان قىلىشى كېرەك.

ئېنېرگىيىنى كۆپرەك سەرپ قىلىدىغان مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇن دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تۈزۈپ چىققان بىرلىك مەھسۇلات ئېنېرگىيە سەرپىيات نورمىسىغا قەتئىي ئەمەل قىلىشى كېرەك.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، بىرلىك مەھسۇلات ئېنېرگىيە سەرپىيات نورمىسىنىڭ ئىجراسىنى قەرەللىك تەكشۈرۈشى ھەمدە تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىشى كېرەك.

14 - ماددا ئېنېرگىيە ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئېنېرگىيىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش پرىنسىپى بويىچە ئېنېرگىيە تېجەش، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە مۇھىت ئاسراشقا پايدىلىق خىزمەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئېنېرگىيە تېجەش تېخنىكا تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئېنېرگىيە تېجەش خىزمىتىدە ئىلمىي ئۇسۇل ۋە ئىلغار تېخنىكىنى قوللىنىشى، ئېنېرگىيە تېجەش ئەھۋالىنى باھالىشى، مۇكاپاتلاش، جازالاش تۈزۈمىنى ئورنىتىشى، ئېنېرگىيە تېجەشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان كوللېكتىپ ياكى شەخسلەرنى مۇكاپاتلىشى كېرەك.

ئېنېرگىيە ئىشلەتكۈچى نۇقتىلىق ئورۇنلار ئېنېرگىيە باشقۇرۇش ئىش ئورنى تەسىس قىلىشى، ئېنېرگىيە باشقۇرۇشقا شەرتى توشىدىغان مەخسۇس (قوشۇمچە) ئادەم قويۇشى ھەمدە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا ئەنگە ئالدۇرۇشى كېرەك.

15 - ماددا ئېنېرگىيە ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئېنېرگىيە سەرپ قىلىدىغان نۇقتىلىق ئۈسكۈنىلەر ئارخىپى تۇرغۇزۇشى لازىم. يېڭىدىن كۆپەيتىلىدىغان ياكى ئۆزگەرتىلىدىغان، يېڭىلىنىدىغان پار قازان ۋە ئوچاق قاتارلىق ئېنېرگىيە سەرپ قىلىدىغان چوڭ ئۈسكۈنىلەرنى بەلگىلەنگەن ئېنېرگىيە تېجەش ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈشى، ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ ئېنېرگىيە سەرپ قىلىدىغان ئۈسكۈنىلەرنى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە ئۆزگەرتىشى، شاللىۋېتىشى كېرەك.

16 - ماددا قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى، لايىھىلىگۈچى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلار قۇرۇلۇش قىلدۇرۇش، لايىھىلەش، قۇرۇلۇش قىلىش ۋە مەھسۇلات ئىشلىتىش، لايىھىلەش، ئىشلەشتە، دۆلەت بۇيرۇق بىلەن شاللىۋەتكەن ئېنېرگىيە سەرپ قىلىدىغان مەھسۇلات ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەتمەي، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان ئىلغار مەھسۇلات ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىشى كېرەك.

17 - ماددا ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقارغۇچى، تىجارەت قىلغۇچى ئورۇنلار ئېنېرگىيە تېجەش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىلغار ئېنېرگىيە تېجەش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ ئېنېرگىيە ئىشلەش، توشۇش قاتارلىق ھالقىلاردىكى زىيان ۋە ئىسراپچىلىقنى ئازايتىشى، ئېنېرگىيىنىڭ ئايلىنىش ئۈنۈمى ۋە يەتكۈزۈلۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى ھەمدە ئېنېرگىيە ئىشلەتكۈچى ئورۇن ۋە شەخسلەرنى قانۇن - نىزام ۋە توختامدىكى بەلگىلىمە بويىچە لاياقەتلىك ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلىشى لازىم.

ئېنېرگىيە تېجەش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقارغۇچى، تىجارەت قىلغۇچى ئورۇنلار تەمىنلىگەن ئېنېرگىيىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرسە بولىدۇ.

18 - ماددا كارخانىلار دۆلەتنىڭ مەھسۇلات سۈپىتى ئىسپاتىغا ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئىسپات بېرىش ئاپپاراتىغا ئېنېرگىيە كېتىدىغان مەھسۇلاتنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش سۈپىتىگە ئىسپات بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ لاياقەتلىكلىكى ئىسپاتلانغان، ئېنېرگىيە تېجەش سۈپىتى ئىسپاتنامىسى ئالغاندىن كېيىن، ئېنېرگىيە كېتىدىغان مەھسۇلات ياكى ئۇنىڭ ئورالمىسىغا ئېنېرگىيە تېجەش سۈپىتى ئىسپات بەلگىسىنى ئىشلەتسە بولىدۇ. لاياقەتلىكلىكى ئىسپاتلانغان ئېنېرگىيە تېجەيدىغان مەھسۇلاتلار ئالدىن كېڭەيتىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ.

ئېنېرگىيە كېتىدىغان مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقارغۇچى، تىجارەت قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزى ياسىۋالغان ئېنېرگىيە تېجەش سۈپىتى ئىسپات بەلگىسىنى ئىشلىتىشىگە ياكى باشقىلارنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش سۈپىتى ئىسپات بەلگىسىنى ئىشلىتىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

19 - ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئېنېرگىيە ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك ھەمدە ساپا ھازىرلىغان تەكشۈرۈش ئاپپاراتىغا ئېنېرگىيە ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى ھاۋالە قىلسا بولىدۇ، تەكشۈرگۈچى

ئورۇننىڭ رەت قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**20 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئۆز جايىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش خىزمىتى ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ئىلغار ئېنېرگىيە تېجەش تېخنىكىسىنى يارىتىش، كېڭەيتىش ۋە قوللىنىش مۇھىم نۇقتىسىنى بېكىتىپ ھەمدە مۇندەرىجىسىنى ئېلان قىلىپ، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان چوڭ ـ چوڭ ئۈلگە قۇرۇلۇشى ۋە ئېنېرگىيە تېجەش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكە دائىر نۇقتىلىق تۈرلەرنى يولغا قويۇشقا تەشكىللەپ، ئېنېرگىيە ئىشلەتكۈچى ئورۇن، شەخسلەرنى ئېنېرگىيە تېجەيدىغان يېڭى ھۈنەر، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئۈسكۈنە ۋە يېڭى ماتېرىياللارنى قوللىنىشقا يېتەكلىشى لازىم.

مالىيە، باج، پەن ـ تېخنىكا تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار ئېتىبار سىياسەتلىرى بويىچە، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان ئۈلگە قۇرۇلۇشى ۋە ئېنېرگىيە تېجەش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكە دائىر نۇقتىلىق تۈرلەرنى قوللىشى كېرەك.

**21 ـ ماددا** پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ ئېنېرگىيە تېجەيدىغان يېڭى تېخنىكىنى تەتقىق قىلىپ يارىتىشىغا، خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئېنېرگىيە تېجەش ئۇچۇرى ۋە تېخنىكىسىنى ئالماشتۇرۇش ۋە بۇ جەھەتتە ھەمكارلىشىشىغا، ئېنېرگىيە تېجەش تېخنىكا مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ.

**22 ـ ماددا** ئىمارەتلەرنى لايىھەلەش، سېلىش، ئۆزگەرتىش ۋە بېزەشتە ئېنېرگىيە تېجەشكە ئالاقىدار ئۆلچەم بويىچە، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان بىناكارلىق قۇرۇلمىسى، يېڭىچە تام ماتېرىيالى، ئېنېرگىيە تېجەش ئۈسكۈنىسى ۋە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلىتىپ، ھارارەت ساقلاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئىسسىتىش، سوۋۇتۇش، يورۇتۇش، ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى ئازايتىش لازىم.

**23 ـ ماددا** دۆلەت ئورگىنى، ئىجتىمائىي تەشكىلات، مەكتەپ، دوختۇرخانا قاتارلىق ئورۇنلار ۋە پاراۋانلىق، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ئېنېرگىيە تېجەيدىغان مەھسۇلات ۋە تېخنىكا ئىشلىتىلگەن ئەسلىھەلەرنى ئىشلىتىپ ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

**24 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېڭى، ئۈنۈملۈك، پاكىز يېقىلغۇ شۇنىڭدەك ئوتۇن ۋە كۆمۈر تېجەيدىغان ئوچاق قاتارلىق يېزا ـ قىشلاقلارغا ماس ئېنېرگىيە تېجەيدىغان ئىلغار تېخنىكا ۋە مەھسۇلاتلارنى كېڭەيتىپ، ئوتۇن سەرپىياتىنى ئازايتىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسرىشى كېرەك.

**25 ـ ماددا** ئورۇنلار ۋە شەخسلەر ئىشلىتىدىغان ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى دۆلەت بەلگىلىگەن ئېنېرگىيە سەرپىيات ئۆلچىمىگە يېتىشى كېرەك، ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەنلىرىنى ئېنېرگىيە تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش ياكى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بىراك قىلىش لازىم.

**26 ـ ماددا** تۆۋەندىكى ھەممىباب ئېنېرگىيە تېجەش تېخنىكىسى ۋە يېڭى ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكە ئىلھام بېرىلىدۇ:

(1) پار بىلەن توكنى بىرلىكتە ئىشلەپچىقىرىش، پار بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ ۋە ئارتۇق پار، ئارتۇق بېسىم، قويۇۋېتىلگەن كۆيگۈچى گاز، كۆمۈر تېشى، كۆمۈر لېيى قاتارلىق ئىسسىقلىق قىممىتى تۆۋەن يېقىلغۇلاردىن پايدىلىنىپ توك ۋە ئىسسىقلىق ھاسىل قىلىش؛

(2) چوڭ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك شامال ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇياش ئېنېرگىيىسى ئىستانسىسى، ئائىلە شامال ئېلېكتر ئىستانسىسى، يورۇقلۇق ۋولت ئىستانسىسى ۋە شامال ـ نۇر ئۆزئارا تولۇقلاش ئىستانسىسى، قۇياش ئېنېرگىيىسى ئىسسىقلىقىدىن، پاتقاق گازىدىن ۋە يېڭى ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىدىغان باشقا يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلار؛

(3) ئايلانما ئاقما ئوقۇرلۇق كۆيدۈرۈش، كۆمۈرنى ئىسسىز كۆيدۈرۈش ۋە گازلاشتۇرۇش، سۇيۇقلاندۇرۇش قاتارلىق پاكىزە كۆيدۈرۈش تېخنىكىسى شۇنىڭدەك قۇيما كۆمۈر، ئېنېرگىيە تېجەش ئوچاقلىرى؛

(4) ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدە قوللىنىشقا باب كېلىدىغان پىشقان، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك باشقا ھەممىباب ئېنېرگىيە تېجەش تېخنىكىلىرى.

**27 ـ ماددا** قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى، لايىھىلىگۈچى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلاردىن بۇ چارىنىڭ 16 ـ ماددىسىغا خىلاپلىق قىلغانلىرىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قوشۇمچە 5000 يۈەندىن يۇقىرى، 30 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇشقا بولىدۇ.

**28 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىدىن بۇ چارىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق

قىلىپ، ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلانغان، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلغان ۋە ئەپسانىيەتچىلىك قىلغانلىرىغا يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق ياكى ئالاقىدار تارماق مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**29 - ماددا** بۇ چارىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتىن جازا بېرىلىدىغان باشقا قىلمىشلارغا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىنبېرگىيە تېجەش قانۇنى» قاتارلىق ئالاقىدار قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**30 - ماددا** بۇ چارە 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى

(1996 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21 - يىغىنىدا ماقۇللانغان، 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 5 - يىغىنىدا تۈزىتىلدى)

### I باب

### ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ چارە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 - ماددا** تۇرمۇش ئىستېمالى ئۈچۈن تاۋار سېتىۋالغان، ئىشلەتكەن ياكى مۇلازىمەت قىلدۇرغان ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى ئالاقىدار قانۇن، نىزاملار ۋە مۇشۇ چارە بويىچە قوغدىلىدۇ.

تىجارەتچىلەر ئىستېمالچىلارغا تاۋار سېتىش ياكى مۇلازىمەت قىلىشتا، ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ۋە مۇشۇ چارىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك.

**3 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنى ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە تەشكىللىشى، ماسلاشتۇرۇشى ۋە ئۇلارغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى، ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ فۇنكسىيىسىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى قوللىشى، ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىگە كېرەكلىك خىراجەتنى شۇ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈشى لازىم.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى، باھا، سەھىيە، قۇرۇلۇش، ئۆي - جاي باشقۇرۇش، قاتناش، ساياھەت، دورا نازارەتچىلىكى قاتارلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تىجارەتچىلەرنى ئۆز مەسئۇلىيىتىگە ئاساسەن نازارەت قىلىشى ۋە باشقۇرۇشى كېرەك.

**4 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان سۇ، توك، گاز، پار، تېلېگراف، سىملىق تېلېۋىزىيە، قاتناش، داۋالاش ئىشلىرىغا دائىر چوڭ - چوڭ سىياسەت، باھا ئۆلچىمى، مۇلازىمەت ئۆلچىمىنى بېكىتكەندە سۆھبەت يىغىنى، ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى ۋە ئىستېمالچىلار ۋەكىللىرىدىن پىكىر ئېلىشى كېرەك.

### II باب

### ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇقى ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى

**5 - ماددا** ئىستېمالچىلار «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى» قاتارلىق ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئىستېمالچىلار تىجارەتچىلەرنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىشى، ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى لازىم.

تىجارەتچىلەر مەجبۇرىيىتىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى» قاتارلىق ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە ئادا قىلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك.

**6 ـ ماددا** تىجارەتچىلەرنىڭ تاۋىرى، مۇلازىمىتى ۋە مۇناسىپ ئەسلىھەسى، سورۇنىنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكى تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

تىجارەتچىلەر جىسمانىي بىخەتەرلىك ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان تاۋارلارنى سېتىش ۋە مۇلازىمەت قىلىشتا، ئىستېمالچىلارغا ئەينەن چۈشەندۈرۈشى ۋە ئېنىق ئەسكەرتىشى ھەم تاۋارنى توغرا ئىشلىتىش ياكى مۇلازىمەت ئۇسۇلى، خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلىنى چۈشەندۈرۈشى، خەتىرى بار ئەسلىھە، سورۇنلارغا ئاگاھ بەلگىسى ئورنىتىشى لازىم.

**7 ـ ماددا** تىجارەتچىلەر سورۇننىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىگە ھەقىقىي نامى ۋە بەلگىسىنى يېزىشى ھەم تىجارەت كىنىشكىسىنى ئېسىشى لازىم.

تاۋار بازىرى ئاچقۇچىلار، يەرمەنكە ئۇيۇشتۇرغۇچىلار، سورۇن، پوكەيلەرنى ئىجارىگە بەرگۈچىلەر سودا سورۇنلىرىدا نازارەت قىلغۇچى، ئەرز قوبۇل قىلغۇچى ئاپپاراتنىڭ تېلېفون نومۇرى ۋە ئادرېسىنى ئېلان قىلىشى، تاۋار بازىرىدىكى تىجارەتچىلەر، يەرمەنكىگە قاتناشقۇچىلار ۋە مەيدان، پوكەي ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ھەقىقىي نامى ۋە بەلگىسىنى تىجارەت سورۇننىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىگە يېزىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشى لازىم.

**8 ـ ماددا** تىجارەتچىلەرنىڭ تاۋار سېتىش ۋە مۇلازىمەت قىلىشتا يالغىنىنى راست، ناچىرىنى ياخشى قىلىپ كۆرسىتىش، باشقا نەرسە ۋە يالغان نەرسە ئارىلاشتۇرۇشتەك ئالدامچىلىق ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**9 ـ ماددا** تىجارەتچىلەر تاۋار سېتىش ياكى مۇلازىمەت قىلىشتا، باھانى ئېنىق يېزىشى لازىم. ئېنىق يېزىلمىغان ھەرقانداق ھەقنى ئېلىشقا يول قويۇلمايدۇ. مۇلازىمەت قىلغۇچىلار تىجارەت سورۇنى ياكى ھەق ئېلىش ئورنىنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىگە مۇلازىمەت تۈرى، مەزمۇنى ۋە ھەق ئۆلچىمىنى ئېنىق يېزىپ قويۇشى كېرەك.

**10 ـ ماددا** تىجارەتچىلەر مىقدارلىق تاۋار سېتىشتا، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بىرلىكىنى ئىشلىتىشى لازىم.

تىجارەتچىلەرنىڭ ئورالمىنىڭ ئېغىرلىقىنى تاۋار ئېغىرلىقىغا قوشۇپ ھېسابلىشىغا، كەم بېرىشكە، ئىستېمالچىلارنىڭ قايتا ئۆلچەش تەلىپىنى رەت قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**11 ـ ماددا** تىجارەتچىلەرنىڭ ئىستېمالچىلارنى تاۋار سېتىۋېلىشقا ياكى مۇلازىمەت قىلىشقا زورلىشىغا، ئىستېمالچىلارنىڭ رايىغا خىلاپ ھالدا تاۋار قوشۇپ سېتىشىغا، مۇلازىمەت قىلىشقا ياكى باشقا قوشۇمچە شەرت قويۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**12 ـ ماددا** تىجارەتچىلەر تاۋار سېتىش ياكى مۇلازىمەت قىلىشتا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدە ئىشلەنگەن ۋە سېتىلىدىغان تاۋارنىڭ نامى ۋە چۈشەندۈرمىسى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلىشى لازىم.

تىجارەتچىلەرنىڭ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرىغا مەسئۇل تارماقلىرىغا تەستىقلاتماي تۇرۇپ، تىجارەت سورۇنلىرىدا «مۇسۇلمانچە» دېگەن بەلگىنى ئېسىشىغا، يېمەكلىكنىڭ ئورالمىسىغا «مۇسۇلمانچە» دېگەن سۆزنى يېزىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**13 ـ ماددا** دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسى ياكى تىجارەتچى بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ پۈتۈمى بويىچە رېمونت قىلىپ، ئالماشتۇرۇپ، قايتۇرۇپ بېرىلىدىغان تاۋارلارنىڭ سۈپىتىدىن چاتاق چىقسا، تىجارەتچى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى ياكى ئىستېمالچىلار بىلەن پۈتۈشكىنى بويىچە تاۋارنى رېمونت قىلىپ بېرىشى، ئالماشتۇرۇپ بېرىشى، قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم.

تىجارەتچىلەرنىڭ رېمونت قىلىش، ئالماشتۇرۇش، قايتۇرۇش جاۋابكارلىق مۇددىتى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى ياكى ئىستېمالچىلار بىلەن پۈتۈشكىنى بويىچە بولىدۇ؛ بەلگىلىمىمۇ ياكى پۈتۈممۇ يوقلىرىدا تىجارەتچىلەرنىڭ رېمونت قىلىش، ئالماشتۇرۇش، قايتۇرۇش جاۋابكارلىق مۇددىتى ئالتە ئاي بولىدۇ.

**14 ـ ماددا** رېمونت قىلىپ، ئالماشتۇرۇپ، قايتۇرۇپ بېرىلىدىغان تاۋارلارنىڭ سۈپىتىدىن كاپالەت مۇددىتىدە چاتاق چىقسا ھەم تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، ئىستېمالچىلار ئالماشتۇرۇپ بېرىش ياكى قايتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

(1) رېمونت كاپالەت ئورنى بولمىسا؛

(2) تاۋار سېتىلىپ 15 كۈن ئىچىدە ئىقتىدارىدىن چاتاق چىقسا؛

(3) ئىككى قېتىم رېمونت قىلىنغان بولسىمۇ نورمال ئىشلەتكىلى بولمىسا؛

(4) رېمونتقا بېرىلگەن كۈندىن باشلاپ بىر ئاي ئىچىدە ئوڭشىغىلى بولمىسا.

**15 - ماددا** قايتۇرۇش جاۋابكارلىقى بار تىجارەتچىلەر سېتىۋېلىش دوكۇمېنتىغا يېزىلغان باھاسى بويىچە بىراقلا قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم، ئامورتىزاتسىيە ھەققى ئېلىشقا بولمايدۇ.

تىجارەتچىلەر ئالماشتۇرۇپ بېرىش جاۋابكارلىقى بار تاۋارلاردا، ئىستېمالچىلارغا شۇ تىپ ۋە ئۆلچەمدىكى تاۋارنى ھەقسىز ئالماشتۇرۇپ بېرىشى؛ تىپى ۋە ئۆلچىمى ئوخشاش تاۋار بولمىسا، ئىستېمالچىلارنىڭ تەلىپى بويىچە قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم. ئامورتىزاتسىيە ھەققى ئېلىشقا بولمايدۇ.

رېمونت جاۋابكارلىقى بار تىجارەتچىلەرنىڭ رېمونت ھەققى ۋە باشقا ھەق ئېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**16 - ماددا** تىجارەتچىلەر مۇكاپاتلاش، ھەدىيە قىلىش، باھاسىنى چۈشۈرۈش ئۇسۇللىرى بىلەن ئىستېمالچىلارغا ساتىدىغان تاۋار ياكى قىلىدىغان مۇلازىمەت سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك، ئۈستىگە ئالىدىغان رېمونت قىلىش، ئالماشتۇرۇش، قايتۇرۇش جاۋابكارلىقى ۋە باشقا ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى كەچۈرۈم قىلىشقا بولمايدۇ.

**17 - ماددا** رېمونت قىلىنىدىغان، ئالماشتۇرۇلىدىغان، قايتۇرۇلىدىغان تاۋارلاردا تىجارەتچىلەر ئىستېمالچىلارنىڭ تەلىپى بويىچە، ئالدىغا بېرىپ ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىشى ياكى ئاپىرىپ بېرىشكە مەسئۇل بولۇشى لازىم؛ تىجارەتچىلەر ئىستېمالچىلارنىڭ تاۋارنى ئەكىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان بولسا، كىرا پۇلى، ئىش دەخلى پۇلى، كاماندىروپكا پۇلى قاتارلىق ئورۇنلۇق خىراجەتنى تىجارەتچى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

**18 - ماددا** يولۇچى توشۇغۇچىلار يولۇچىلارنى بېلەتكە يېزىلغان ۋاقتى ۋە نۆۋىتى بويىچە توشۇشى كېرەك، توشۇشنى كېچىكتۈرۈپ قويسا، يولۇچىلارنىڭ تەلىپى بويىچە باشقا نۆۋەتتىكىگە ئورۇنلاشتۇرۇشى ياكى بېلەتنى قايتۇرۇشى ھەم يولۇچىلارنىڭ تاماق - ياتاقنى ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك؛ يولۇچىلار بېلەتنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، ھەق ئېلىشقا بولمايدۇ.

تىجارەتچى كىراغا ماڭغاندا ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىشكە، قەستەن ئايلىنىپ مېڭىشقا، نورمىدىن ئاشۇرۇپ توشۇشقا، توشۇشنى رەت قىلىشقا، سەپەر ئۈستىدە توختىتىۋېلىشقا، تاماق يەيدىغان، مال سېتىۋالىدىغان ئورۇننى بەلگىلەپ بېرىشكە ياكى ئالماشتۇرۇشقا، يول ئۈستىدە باھانى ئۆستۈرۈۋېلىشقا،

تاكسىئومېتىرنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن تەڭشەشكە بولمايدۇ؛ تىجارەتچى ئىستېمالچىنىڭ جىسمانىي ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك، ئىستېمالچىغا جىسمانىي ۋە مال - مۈلۈك جەھەتتىن زىيان سالسا، قانۇن بويىچە ھەق - تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

**19 - ماددا** ساياھەت تىجارەتچىلىرى ئىستېمالچىلار بىلەن يازما ساياھەت توختامى ئىمزالاپ، ساياھەت لىنىيىسى، كۈنتەرتىپى، تاماق - ياتاق ئۆلچىمى، قاتناش ۋاستىسى، باھاسى ۋە خىلاپلىق جاۋابكارلىقى قاتارلىقلارنى ئېنىق بېكىتىشى لازىم. ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىشنى ئورۇنلاشتۇرغۇچىلار توختامدا مال سېتىۋالىدىغان ئورۇن، قېتىم سانى ۋە ۋاقتىنى ئېنىق بەلگىلىشى، ئىستېمالچىلارنى مال سېتىۋېلىشقا زورلىماسلىقى كېرەك.

تىجارەتچىلەردىن توختامدا پۈتۈشكىنىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، سەيلە قىلىش، كۆڭۈل ئېچىش، داۋالىنىش، ساقلىنىش ساقلاش، مال سېتىۋېلىش تۈرلىرىنى كۆپەيتكەن ياكى تاماق - ياتاق، قاتناش ۋاستىلىرى ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىش بولسا، ئۆستۈرگەنلىرى ئېشىپ كەتكەن بارلىق خىراجەتنى ۋە خىلاپلىق جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ يوقىرىقى تۈرلەرنى خالىغانچە ئازايتقان ياكى ئۆلچەمنى تۆۋەنلەتكەنلىرى مۇناسىپ ھەققىنى قايتۇرۇشى ھەم خىلاپلىق جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

يازما ساياھەت توختامى تۈزمىگەن، لېكىن ھەقىقىي ساياھەت توختام مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن بولسا، مۇشۇ ماددىنىڭ 1 -، 2 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

**20 - ماددا** كارخانا تىجارەتچىلىرى يۇيىدىغان، دەزماللايدىغان كىيىمنىڭ سۈپىتى، ئۆلچىمى، رەڭگى، قىممىتى ۋە نۇقسىنىنى تالونغا ئېنىق يېزىشى؛ كىيىمنى يۇيۇش، دەزماللاش، بوياش، پاتلاشتا كىيىم شەكلىنى ئۆزگەرتىۋەتسە، بوزۇپ قويسا، رەڭ يۇقتۇرۇپ قويسا، قانۇن بويىچە ھەق - تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

**21 - ماددا** پەردازخانا، ساتىراشخانا تىجارەتچىلىرى دۆلەتنىڭ سۈپەت، تازىلىق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن ماتېرىيال ۋە بۇيۇملارنى ئىشلىتىشى، مۇلازىمەت تۈرى، ئۆلچىمى ۋە باھاسىنى كۆزگە چېلىقىدىغان جايغا يېزىشى ھەم ئىستېمالچىلارغا ئۇنۇمى ۋە دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى ئالدىن ئېيتىپ قويۇشى كېرەك. پەرداز قىلىش، چاچ ياساشتا دېگىنىدەك قىلالمىسا، ئىستېمالچىلارنىڭ تەلىپى بويىچە قايتا ياسىشى ياكى پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىشى؛ ئىستېمالچىلارغا جىسمانىي زىيان سالغان ۋە باشقا يامان ئاقىۋەت كەلتۈرگەنلىرى

قانۇن بويىچە ھەق - تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

22 - ماددا يېمەك - ئىچمەك تىجارەتچىلىرى دۆلەتنىڭ تازىلىق، سۈپەت ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىشى، ئۆزى يازغان ياكى ئىستېمالچىلار بىلەن پۈتۈشكەن مەزمۇن، ئۆلچەم، باھا بويىچە مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك. يېمەكلىكى تازىلىق تەلىپىگە يەتمىگەن بولسا ئالماشتۇرۇپ بېرىشى ياكى پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىشى؛ ئىستېمالچىلارنىڭ ساغلاملىقىنى زىيانغا ئۇچراتقانلىرى قانۇن بويىچە ھەق - تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

23 - ماددا خەتەرلىك ئويۇن تىجارەتچىلىرى ئىستېمالچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى، كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرىنى دۆلەت ياكى ساھەنىڭ بىخەتەرلىك تەلىپىگە يەتكۈزۈشى ھەم قۇتقۇزۇشتا زۆرۈر ئەسلىھە ۋە خادىم ھازىرلىشى، مۇناسىپ جىددىي قۇتقۇزۇش، قوغداش تەدبىرلىرىنى تۈزۈشى لازىم. ئەسلىھەسى بىخەتەرلىك تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەي ياكى ۋاقتىدا قۇتقۇزماي ئىستېمالچىلارنى جىسمانىي زىيانغا ئۇچراتقانلىرى قانۇن بويىچە ھەق - تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

24 - ماددا رېمونت قىلىش، پىششىقلاش تىجارەتچىلىرى رېمونت قىلىش ۋە پىششىقلاشقا كېتىدىغان زاپچاس، ماتېرىيال، مۆھلەت، ھەق ۋە ئۇنىڭ سۈپىتى قاتارلىقلارنى ئىستېمالچىلار بىلەن پۈتۈشۈشى كېرەك. تىجارەتچىلەردىن زاپچاسلارنى ئوغرىلىقچە ئالماشتۇرۇۋالغان ياكى ئالماشتۇرمىسىمۇ بولىدىغان زاپچاسلارنى ئالماشتۇرغان، ئىش ھالقىلىرىنى قىسقارتقان، ماتېرىيالنى كەم ئىشلەتكەنلىرى ياكى ئىش ۋە ماتېرىيالنى يالغان مەلۇم قىلغانلىرى خىلاپلىق جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى؛ زىيان سالغانلىرى قانۇن بويىچە ھەق - تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

25 - ماددا سۈرەتچىلىك تىجارەتچىلىرى تارتقان، يۇيغان سۈرەتنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى؛ تارتقان ۋە يۇيغان سۈرەتنى سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتكۈزمىگەنلىرى پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىشى ياكى سۈرەتنى قايتىدىن ھەقسىز تارتىپ قويۇشى ۋە يۇيۇپ بېرىشى لازىم.

سۈرەتچىلىك تىجارەتچىلىرى پۈتۈشكىنى بويىچە مۇلازىمەت قىلغاندىن كېيىن، بارلىق سۈرەت، نېگاتىپ (جۈملىدىن رەقەملىك فوتو ئاپپاراتتىكى رەقەملىك ماتېرىيال) نى ئىستېمالچىغا بېرىشى، ئېلىپ قالماسلىقى ياكى باشقا ئىشقا ئىشلەتمەسلىكى كېرەك. تىجارەتچىلەر ئىستېمالچىلارنىڭ سۈرەت لېنتىسى ۋە نېگاتىپىنى بۇزۇپ قويسا ياكى يوقىتىپ قويسا يۇيدۇرۇش پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىشى ھەم سۈرەت لېنتىسى باھاسىنىڭ ئون ھەسسىسى بويىچە تۆلەم بېرىشى كېرەك. توي - تۆكۈن، ساياھەت قاتارلىق ئالاھىدە قىممىتى بار سۈرەت بولسا، ئىستېمالچىلار تىجارەتچىلەر بىلەن ئاۋۋال قىممەت كاپالىتى بويىچە يۇيۇپ بېرىشنى پۈتۈشسە بولىدۇ، قىممەت كاپالەت ھەققى قىممەت كاپالەت سوممىسىنىڭ 3% دىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ.

26 - ماددا ئۆي جاھازلىرى تىجارەتچىلىرى ئۆي جاھازلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئىستېمالچىلار سېتىۋالغان ئۆي جاھازلىرىدا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلۈپ، سېتىلغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە سۈپىتىدىن چاتاق چىقسا، ئىستېمالچى قايتۇرۇۋەتسە بولىدۇ؛ 90 كۈن ئىچىدە سۈپىتىدىن چاتاق چىقسا، ئىستېمالچى ئالماشتۇرسا ياكى رېمونت قىلدۇرسا بولىدۇ؛ بىر قېتىم رېمونت قىلدۇرغاندىن كېيىن، يەنىلا نورمال ئىشلەتكىلى بولمىسا، قايتۇرۇۋەتسە بولىدۇ.

(1) ياغاچ ئۆي جاھازلىرى سۇنۇپ، قېيىپ، بوشاپ كەتسە، قۇرت چۈشسە؛

(2) مېتال ئۆي جاھازلىرىنىڭ كەپشەرلەنگەن يېرى ئاجراپ كەتسە؛

(3) بامبۇك، چىۋىق ئۆي جاھازلىرى يېرىلىپ كەتسە؛

(4) كارنۋات سېلىنچىسىنىڭ پۇرژىنى تېشىپ چىقسا، بېسىلىپ كەتسە، ئۈزۈلۈپ كەتسە؛

(5) سافانىڭ چېتىقى بوشاپ، سۇنۇپ، پۇرژىنى بېسىلىپ، ماتېرىيالغا قۇرت چۈشۈپ، غورىمى يېرىلىپ، يىرتىلىپ كەتسە.

27 - ماددا سۇ، توك، گاز، پار، پوچتا - تېلېگراف، سىملىق تېلېۋىزىيە قاتارلىق جامائەت كارخانىلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ۋە قانۇن بويىچە مونوپول ئورۇنغا ئىگە باشقا تىجارەتچىلەر تاۋىرى ۋە مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. تىجارەتچىلەر ھەق ئالغاندىن كېيىن، پۈتۈشكەن ۋاقىت ۋە ۋەدە قىلغان مۆھلەتتە تاۋار ۋە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىمىسە ياكى تاۋىرى ۋە مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتى دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە ياكى پۈتۈمگە ئۇيغۇن كەلمەي، ئىستېمالچىغا جىسمانىي مال - مۈلۈك جەھەتتە زىيان سالسا، ھەق - تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

سۇ، توك، تورۇبىلىق گاز تىجارەتچىلىرى خېرىدارلارنىڭ كۆرسەتكۈچ ئەسۋابىدىكى بويىچە ھەق ئېلىشى كېرەك. تىجارەتچىلەرنىڭ ھەق ئۆلچىمىنى خالىغانچە ئۆستۈرۈۋېلىشىغا ياكى ھەق تۈرى (جۈملىدىن رەنە پۇلى،

كاپالەت پۇلى، ھاۋالە بىلەن ھەق يىغىش ھەققى قاتارلىقلار) نى كۆپەيتىۋېلىشقا يول قويۇلمايدۇ. ھەق ئالغاندا، بىرلىك باھاسىنى ۋە تەپسىلاتىنى كۆرسىتىشى كېرەك. تىجارەتچى تەپسىلىي ھەق تىزىملىكىنى بىرىشتە بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلماي، ھەق ئۆلچىمىنى خالىغانچە ئۆستۈرۈۋالسا ياكى ھەق تۈرىنى كۆپەيتىۋالسا، ئىستېمالچى ھەق تاپشۇرۇشنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق، تىجارەتچى بۇنىڭلىق بىلەن مۇلازىمەتنى توختاتسا بولمايدۇ.

تىجارەتچى ئۈسكۈنىلەرنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىپ، سۇ، توك، پار، تۇرۇبىلىق گاز بىلەن نورمال تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئىستېمالچىلاردىن باشقىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى تۈپەيلىدىن مىقدار ئېشىپ كەتسە، شۇ سەۋەبتىن ئېشىپ كەتكەن ھەققى ئىستېمالچىدىن تۆلەشنى تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ.

تېلېگراف تىجارەتچىلىرى پۈتتۈشكەن ۋاقىت ياكى ۋەدە قىلغان مۆھلەتتە تېلېگراف مۇلازىمىتى قىلىشى ھەم ئىستېمالچىغا ھەق تۈرى ۋە ئۆلچىمىنى ئېيتىشى كېرەك. ھەق ھېسابلاشقا دائىر سانلىق مەلۇماتنى ساقلاش مۇددىتىدە، ئىستېمالچى تېلېگراف ھەق تىزىملىكىنى سۈرۈشتۈرۈش، كۆپەيتىۋېلىشقا ھوقۇقلۇق.

**28 ـ ماددا** پار تەمىنلەش تىجارەتچىلىرى پار تەمىنلەش مۇددىتىدە ئاھالىلەر ئۆي تېمپېراتۇرىسىنىڭ بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە يېتىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى؛ تېمپېراتۇرا ئۆلچەمگە يەتمىسە، خېرىدارنىڭ ئىنكاسىنى قوبۇل قىلىپ 24 سائەت ئىچىدە سەۋەبىنى تەكشۈرۈشى ھەم ھەل قىلىپ بېرىشى كېرەك. تىجارەتچىنىڭ سەۋەبىدىن ۋاقتىدا پار بېرىلمەي، مۇددەتتىن بۇرۇن توختىتىلىپ ياكى تېمپېراتۇرا ئۆلچەمگە يەتمەي ئىستېمالچىنىڭ سالامەتلىكى، مال ـ مۈلكىگە زىيان يەتسە، تىجارەتچى ھەق ـ تەلەپ جاۋابكارلىقىنى قانۇن بويىچە ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

**29 ـ ماددا** ئۆي ـ زېمىن تىجارەتچىلىرى تاۋار ئۆي سېتىشقا دائىر قانۇن، نىزاملارنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى، ئىستېمالچى بىلەن تۈزگەن ئۆي سېتىش توختامىغا ئەمەل قىلىشى لازىم. تىجارەتچىدە تۆۋەندىكى ئەھۋالنىڭ بىرى كۆرۈلسە، ئىستېمالچى توختامنى بىكار قىلىشنى، ئۆي پۇلىنى قايتۇرۇشنى، زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ

(1) تاۋار ئۆينى ئالدىن سېتىش ئىجازەتنامىسى ئالمىغانلىقىنى قەستەن يوشۇرۇپ، تاۋار ئۆي سېتىۋېلىش ـ سېتىش توختامى تۈزۈش؛

(2) ساتىدىغان ئۆينى رەنە قويغانلىقى ياكى سېتىۋەتكەنلىكىنى قەستەن يوشۇرۇپ تاۋار ئۆي سېتىۋېلىش ـ سېتىش توختامى تۈزۈش؛

(3) تاۋار ئۆي سېتىۋېلىش ـ سېتىش توختامى تۈزگەندىن كېيىن، شۇ ئۆينى يەنە رەنە قويۇش ياكى سېتىۋېتىش؛

(4) پۈتمىگەن ياكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمىگەن تاۋار ئۆينى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇش؛

(5) توختامدىكى پۈتۈمگە خىلاپلىق قىلىپ، تاپشۇرۇشنى كېچىكتۈرۈش، تاپشۇرماسلىق، سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۈچ ئايلىق مۇۋاپىق مۆھلەتتىمۇ تاپشۇرماسلىق؛

(6) گەۋدە قۇرۇلمىسىنىڭ سۈپىتى لاياقەتسىز بولغانلىق ياكى سۈپىتىدە باشقا چوڭ چاتاق بولغانلىق تۈپەيلىدىن ئۆينى نورمال ئىشلەتكىلى بولماسلىق؛

(7) ئۆينىڭ ئەمەلىي كۆلىمىدىكى پەرق %3 تىن ئېشىپ كېتىش؛

(8) تىجارەتچىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆينىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىنى توختامدا پۈتۈشكەن مۇددەتتە ئالالماسلىق.

تىجارەتچىدە ئالدىنقى تارماقنىڭ (1)، (2)، (3) تارماقچىلىرىدا كۆرسىتىلگەن ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، ئۆينى ئالالمىغان ئىستېمالچى تىجارەتچىدىن تۆلىگەن ئۆي پۇلىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن ئاشمىغان تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

تىجارەتچىلەردىن توختامدىكى پۈتۈم ياكى ۋەدىسىگە، جۇملىدىن چاقىرىق ھېسابلىنىدىغان ئۆي سېتىش ئېلانى ۋە تەشۋىقات ماتېرىيالىدا قىلغان ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىستېمالچىغا زىيان سېلىشتەك باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلىرى قانۇن بويىچە ھەق ـ تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

**30 ـ ماددا** ئۆي بېزەش تىجارەتچىلىرى ئىستېمالچىلار بىلەن بېزەش مۇددىتى، ھەققى، سۈپىتى، رېمونت كاپالەت مۇددىتى، خىلاپلىق جاۋابكارلىقى قاتارلىقلارنى يازما پۈتۈشۈشى؛ بېزەك ماتېرىياللىرىنى تىجارەتچى تەمىنلىسە، ئۇ دۆلەت بەلگىلىگەن بىخەتەرلىك كۆرسەتكۈچىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. بېزەش سۈپىتىدىكى چاتاق ياكى تىجارەتچى تەمىنلىگەن بېزەك ماتېرىيالىنىڭ سۈپىتىدىكى چاتاق تۈپەيلىدىن ئىستېمالچىلار جىسمانىي ۋە مال ـ مۈلۈك جەھەتتە زىيانغا ئۇچرىسا، تىجارەتچى قانۇن بويىچە ھەق ـ تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**31 ـ ماددا** ئۆي ـ زېمىن خوجىلىق كارخانىسى قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمە ۋە خوجايىن بىلەن پۈتۈشكىنى بويىچە ياخشى باشقۇرۇشى ۋە مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك.

باشقۇرۇشى ۋە مۇلازىمىتى توختامدىكى ئۆلچەمگە يەتمىسە، قانۇن بويىچە ھەق - تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

**32 - ماددا** داۋالاش ئاپپاراتى كېسەللەرنىڭ كېسىلى، دىئاگنوزى، داۋالاش ئەھۋالىنى بىلىش ھوقۇقى، تاللاپ داۋالىنىش ھوقۇقى ۋە شەخسىيەت ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. كېسەللەر ياكى ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى ئامبۇلاتورىيەدىكى كېسەل تارىخى، كېسەلخانىدا يېتىش خاتىرىسى، دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى، تەكشۈرۈش دوكلاتى، ئوپېراتسىيە ۋە ناركوز خاتىرىسى، ھەق تىزىمى قاتارلىق ماتېرىياللارنى كۆرۈش، كۆپەيتىۋېلىشقا ھوقۇقلۇق؛ داۋالاش ئاپپاراتى رەت قىلماسلىقى ھەمدە قولايلىق يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

داۋالاش ئاپپاراتلىرى داۋالاش ھەققىنى بەلگىلىمە بويىچە ئېلىشى، ھەق تىزىملىكىنى قەرەللىك كۆرسىتىپ تۇرۇشى كېرەك. داۋالاش ئاپپاراتى ئېغىر كېسەلنى قۇتقۇزۇش ئېھتىياجىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئالاھىدە داۋالاش سايمىنى ۋە قىممەت دورىلارنى ئىشلىتىشتە كېسەل ياكى ئائىلە تاۋابىئاتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەك، بولمىسا كېسەل ئالاقىدار ھەققىنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلسا بولىدۇ.

**33 - ماددا** داۋالاش ئاپپاراتلىرىدىن قانۇن، نىزام، قائىدىگە ۋە دىئاگنوز، داۋالاش، كۈتۈش قائىدىسى شۇنىڭدەك دائىملىق قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلىش قاتارلىق سەۋەنلىك سەۋەبىدىن كېسەلگە جىسمانىي زەخىم يەتكۈزۈپ، داۋالاش ھادىسىسى پەيدا قىلغانلىرى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. داۋالاش ھادىسىسى پەيدا قىلمىغان بولسىمۇ دىئاگنوز قويۇش، داۋالاش، كۈتۈشتە ھەقىقەتەن سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ، كېسەلنىڭ داۋالىنىش ۋاقتىنى ئۇزارتىۋەتكەن ياكى داۋالىنىش خىراجىتىنى كۆپەيتىۋەتكەنلىرى ئېشىپ كەتكەن خىراجەتنى ئۈستىگە ئېلىشى ھەمدە شۇ سەۋەبتىن كېسەلگە سالغان باشقا زىياننى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

**34 - ماددا** تىجارەتچىلەردىن تاۋارنى پوچتا، تېلېۋىزىيە ۋە تور ئارقىلىق ساتىدىغانلىرى تاۋارنىڭ سۈپىتى، ئىقتىدارى قاتارلىقلارنىڭ ئېلاندىكىسى بىلەن بىردەك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى ھەمدە تاۋارنى ۋەدە قىلغان مۆھلەتتە يەتكۈزۈپ بېرىشى، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ ئىستېمالچىلارنى زىيانغا ئۇچراتقانلىرى قانۇن بويىچە ھەق - تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

**35 - ماددا** تىجارەتچىلەر ساتقان تاۋارنىڭ سۈپىتىدە زور نۇقسان ياكى خەۋپ بارلىقىنى بايقىغاندا، تاۋارنى سېتىشنى ئۆزلۈكىدىن توختىتىشى ھەمدە ئېلان چىقىرىپ يىغىۋېلىشى؛ ئالاقىدار ساھە جەمئىيەتلىرى تاۋار يىغىۋېلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە تەدبىر قوللىنىپ، خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىشى؛ ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرغۇچى تارماقلار ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن تىجارەتچىنى شۇ تاۋارنى سېتىشنى دەرھال توختىتىشقا بۇيرۇشى ياكى ئۇنىڭدىن تاۋارنى يىغىۋېلىشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك.

تىجارەتچىلەر تاۋارنى يىغىۋالغان بولسا، پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىشى، ئىستېمالچىلارغا زىيان سالغان بولسا، قانۇن بويىچە ھەق - تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

## III باب

## ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى

**36 - ماددا** ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى تاۋار ۋە مۇلازىمەتنى قانۇن بويىچە ئىجتىمائىي نازارەت قىلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ.

ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى يېزا - بازار، كوچا ۋە سودا سارىيى، تاۋار بازىرىدا نازارەتچىلىك ئالاقە ئاپپاراتى قۇرسا بولىدۇ.

**37 - ماددا** ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى تۆۋەندىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىدۇ:

(1) ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەت تارماقلىرىغا ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ھەققىدە تەكلىپ بېرىش، تىجارەتچىلەرگە ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش تەدبىرلىرىنى ياخشىلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەققىدە پىكىر- تەكلىپ بېرىش؛

(2) ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشقا ئائىت قانۇن، نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش، ئىستېمال ساۋاتلىرى ھەققىدە تەربىيە بېرىش؛

(3) تاۋار ۋە مۇلازىمەتنىڭ سۈپىتى، باھاسى، سېتىلغاندىن كېيىنكى مۇلازىمەت ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ پىكرىنى تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇش، تەھلىل قىلىش ۋە ئىستېمالچىلارغا مەسلىھەت بېرىش؛

(4) ئىستېمالچىلارنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلىش، ئەرز قىلىنغان ئىشلارنى تەكشۈرۈش، مۇرەسسە قىلىش، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاپپاراتنىڭ باھالىشىغا سۇنۇش ياكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئالاقىدار تارماق ۋە ئورۇننىڭ بىر تەرەپ

قىلىشقا ئەۋەتىپ بېرىش؛

(5) ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى، ساھە جەمئىيىتىنىڭ تاۋار، مۇلازىمەتنىڭ سۈپىتى، باھاسى، بىخەتەرلىكى، تازىلىقى، ئۆلچىمىنى نازارەت قىلىپ، تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەپ بېكىتىشىگە قاتنىشىش؛

(6) ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان قىلمىشلارنى ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا ۋە ساھە جەمئىيەتلىرىگە ئىنكاس قىلىش، سۈرۈشتۈرۈش ھەم بۇ ھەقتە تەكلىپ بېرىش؛

(7) ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان قىلمىشلارنى ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرىدە ئاشكارىلاش ۋە تەنقىد قىلىش؛

(8) ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇن بويىچە دەۋا قىلىشى ياكى كېسىم ئىلتىماسى سۇنۇشىنى قوللاش؛

(9) ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشقا ئالاقىدار باشقا خىزمەتلەر.

**38 - ماددا** ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى تىجارەتچىنى ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان قانۇنغا خىلاپ تىجارەت قىلدى، دەپ قارىسا، ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا يازما شەكىلدە ئۇقتۇرۇش قىلىشى كېرەك. ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ئۇنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشى ھەمدە بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىنى ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىگە يازما ئۇقتۇرۇشى كېرەك. ئۇقتۇرۇش قىلىنمىغانلارنى ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئاشكارىلىسا بولىدۇ.

## IV باب

## تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىش

**39 - ماددا** ئىستېمالچىلار زىيانغا ئۇچرىغاندا ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىگە ئەرز قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى ئىستېمالچىلارنىڭ ئەرز قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىپ ۋە ئەرزىنى ۋاقتىدا قوبۇل قىلىپ، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشى؛ قوبۇل قىلىش دائىرىسىگە كىرمەيدىغانلىرىنىڭ سەۋەبىنى ئىستېمالچىلارغا چۈشەندۈرۈشى ھەمدە بىر تەرەپ قىلىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك. قانۇن ياردىمى شەرتىگە توشىدىغانلارغا ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ قانۇن ياردىمى بېرىشى لازىم.

**40 - ماددا** تىجارەتچىلەر بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ تالاش - تارتىشنى كېڭىشىۋېلىش يولى بىلەن ھەل قىلىشقا مەدەت بېرىلىدۇ، مۇرەسسە، ئەرز، كېسىم، دەۋا يوللىرى بىلەن ھەل قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

**41 - ماددا** ئىستېمال تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىستېمالچىلاردا مال سېتىۋېلىش ئىسپاتى، مۇلازىمەت تالونى ياكى شۇ مەھسۇلات ۋە ياكى مۇلازىمەت قىلغۇچىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان دەلىل-ئىسپات بولۇشى لازىم.

**42 - ماددا** ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى ئىستېمالچىلارنىڭ ئەرزىنى تاپشۇرۇۋېلىپ 15 ئىش كۈنى ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

**43 - ماددا** ئىستېمالچىلار ئىستېمال تالاش - تارتىشى ھەققىدە ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرغۇچى تارماققا ئەرز قىلسا بولىدۇ. ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرغۇچى تارماق ئىستېمالچىلارنىڭ ئەرزىنى تاپشۇرۇۋېلىپ بەش ئىش كۈنى ئىچىدە قوبۇل قىلىش - قىلماسلىق ھەققىدە قارار چىقىرىشى؛ مەمۇرىي باشقۇرغۇچى تارماقنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكىلىرىنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

مەمۇرىي باشقۇرغۇچى تارماق ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈش دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، تۆلىتىپ بولۇپ جازالاش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشى كېرەك.

**44 - ماددا** ئىستېمالچىلار ئىستېمال تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، كېسىم كېلىشىمنامىسىگە ئاساسەن كېسىم قىلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى قانۇن بويىچە دەۋا قىلسا بولىدۇ.

**45 - ماددا** ئىستېمالچىلار بىلەن تىجارەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا ماجىرا يۈز بېرىپ، تاۋار ياكى مۇلازىمەت سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، باھالاشقا توغرا كەلسە، ئىككى تەرەپ پۈتۈشكەن تەكشۈرۈش ئاپپاراتى تەكشۈرىدۇ ۋە باھالايدۇ؛ ئىككى تەرەپ پۈتۈشمىگەن بولسا، ماجىرانى قوبۇل قىلغان ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى ياكى مەمۇرىي باشقۇرغۇچى تارماق بېكىتكەن تەكشۈرۈش ئاپپاراتى تەكشۈرىدۇ ۋە باھالايدۇ.

تەكشۈرۈش، باھالاش ھەققىنى جاۋابكار ئۈستىگە ئالىدۇ، جاۋابكارلىق ھەر ئىككى تەرەپتە بولسا، ئىككى تەرەپ تېگىشلىك جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**46 - ماددا** پرىيوم ئاپپاراتى ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى، مەمۇرىي باشقۇرغۇچى تارماق ۋە ئالاقىدارلارنىڭ تاپشۇرۇقى ياكى ھاۋالىسىگە بىنائەن ۋاقتىدا تەكشۈرۈشى ۋە

باھالىشى ھەمدە تەكشۈرۈش، باھالاش دوكلاتىنى ئەينەن يېزىپ بېرىشى؛ تەكشۈرگىلى ۋە باھالىغىلى بولمايدىغانلىرىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشى لازىم.

## V باب

# قانۇنىي جاۋابكارلىق

**47 - ماددا** تىجارەتچىلەردىن تاۋار ياكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشتە تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلىرى ئالاقىدار قانۇن، نىزام بويىچە جازاغا تارتىلغاندىن سىرت، ئىستېمالچىلار سېتىۋالغان تاۋارنىڭ باھاسى ياكى قوبۇل قىلغان مۇلازىمەت باھاسىنىڭ ئىككى ھەسسىسى بويىچە تۆلەم بېرىدۇ:

(1) باشقا نەرسە، يالغان نەرسە ئارىلاشتۇرۇلغان ياكى يالغىنىنى راست، ناچىرىنى ياخشى قىلىپ كۆرسىتىپ تاۋار ساتقانلار ياكى لاياقەتسىز تاۋارنى لاياقەتلىك تاۋار قىلىپ كۆرسەتكەن، دۆلەت بۇيرۇق بىلەن شاللىۋەتكەن ياكى مۇددىتى ئۆتۈپ كۈچىدىن قالغان، سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن، بۇلغانغان تاۋارلارنى ساتقانلار؛

(2) پرىيوم - كارانتىن قىلىپ ساتىدىغان تاۋارنى پرىيوم - كارانتىن قىلدۇرمىغانلار ياكى تاۋارنىڭ پرىيوم - كارانتىن نەتىجىسىنى ئويدۇرۇپ چىققانلار؛

(3) ئىشلەنگەن جايى، كارخانا نامى ۋە ئىسپات بەلگىسى ياسىۋېلىنغان ياكى سۈيىئىستېمال قىلىنغان تاۋارنى ساتقانلار؛

(4) باشقىلار رويخەتكە ئالدۇرغان تاۋار ماركىسى ئىشلىتىۋېلىنغان تاۋارنى ساتقانلار؛

(5) ساتقان تاۋىرىنىڭ مىقدارى (ئېغىرلىقى) ۋە ئۆلچىمى كەم چىققانلار؛

(6) يالغان ئېلان، چۈشەندۈرۈش، ئۆلچەم، ئەۋرىشكە بېرىش، كۆرسىتىش ئارقىلىق تاۋار ۋە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگەنلەر؛

(7) تاۋار ياكى مۇلازىمەت ئۈچۈن يېزىلمىغان ھەققى ئالغانلار ياكى باھادا ساختىلىق قىلغانلار؛

(8) مۇلازىمەت قىلىشتا ئىستېمالچىلارغا ساختا، ناچار بۇيۇم ئىشلەتكەنلەر؛

(9) تاۋار ياكى مۇلازىمەتتە باشقا ئالدامچىلىق قىلمىشى سادىر قىلغانلار.

**48 - ماددا** تىجارەتچىلەردىن تاۋار ياكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشتە تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلىرى زىيان سېلىش قىلمىشىنى توختىتىشى، نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، تەسىرىنى تۈگىتىشى، ئەپۇ سورىشى ھەمدە 5000 يۈەندىن يۇقىرى روھىي زىيان تۆلىمى بېرىشى كېرەك:

(1) ئىستېمالچىلارغا ھاقارەت قىلغان ياكى تۆھمەت چاپلىغانلار؛

(2) ئىستېمالچىلارنىڭ بېدىنى ياكى يېنىدىكى نەرسىلىرىنى ئاختۇرغانلار؛

(3) ئىستېمالچىلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى قانۇنسىز چەكلىگەنلەر؛

(4) قانۇن، نىزاملاردا روھىي زىياننى تۆلەش بەلگىلەنگەن باشقا ئەھۋاللار؛

تىجارەتچىلەر مەھسۇلات ياكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشتە ئىستېمالچىلارغا جىسمانىي زەخىم يەتكۈزسە ياكى ئىستېمالچىلارنىڭ شەخسىيەت ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلسا، ئىستېمالچىلار ماددىي تۆلەم تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە روھىي تۆلەم تەلەپ قىلىشقىمۇ ھوقۇقلۇق.

**49 - ماددا** تىجارەتچىلەردىن تاۋار ياكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشتە ئىستېمالچىلار ياكى باشقىلار (تۆۋەندە زىيانغا ئۇچرىغۇچى دېيىلىدۇ) نىڭ زەخىملىنىشى ياكى ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغانلار تۆۋەندىكى تارماقچىلار ۋە ئۆلچەم بويىچە جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك:

(1) داۋالىنىش ھەققى دوختۇرخانىنىڭ زىيانغا ئۇچرىغۇچىنى داۋالىشىغا كەتكەن زۆرۈر داۋالاش ھەققى، تەكشۈرۈش ھەققى، دورا ھەققى، ئوپېراتسىيە ھەققى، كېسەلخانىدا يېتىش ھەققى قاتارلىقلار بويىچە ھېسابلىنىدۇ؛

(2) ئىش دەخلى ھەققى زىيانغا ئۇچرىغۇچىلاردىن مۇقىم كىرىمى بولغانلىرىنىڭ ئىشقا دەخلى يەتكەنلىكتىن ئازىيىپ كەتكەن مۇقىم كىرىمى بويىچە ھېسابلىنىدۇ، مۇقىم كىرىمى بولمىغانلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرىغۇچى تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئالدىنقى يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى بويىچە ھېسابلىنىدۇ؛

(3) قاراش ھەققى تۇرمۇشتا ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان زىيانغا ئۇچرىغۇچى ياللىغان بىر قارىغۇچىنىڭ قاراش ھەققى دوختۇرخانا بار جايدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئالدىنقى يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى بويىچە ھېسابلىنىدۇ؛

(4) قاتناش ھەققى ئەمەلىي كەتكەن زۆرۈر خىراجەت بويىچە ھېسابلىنىپ تالونغا قاراپ چىقىم قىلىنىدۇ؛

(5) بالنىستا ياردەم پۇلى دوختۇرخانا بار جايدىكى دۆلەت ئورگىنىدا ئىشلەيدىغان ئادەتتىكى خادىملارنىڭ كاماندىروپكا تاماق ياردەم پۇلى ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلىنىدۇ؛

(6) مېيىپلار سايمىنى ھەققى مېيىپلارغا سالىدىغان

سايمانىنىڭ ئەمەلىي ھەققى بويىچە ھېسابلىنىدۇ؛

(7) دەپنە پۇلى دەپنە ئورۇنلىرىنىڭ ئاساسىي مۇلازىمەت تۈرى بويىچە ئالىدىغان ھەق ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلىنىدۇ؛

(8) بېقىلغۇچىنىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلى زىيانغا ئۇچرىغۇچى تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئالدىنقى يىللىق ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلىنىدۇ، 18 ياشقا توشمىغانلىرىنىڭ 18 ياشقا توشقىچە بېقىش بويىچە ھېسابلىنىدۇ، ئەمگەك ئىقتىدارى يوقلىرىنىڭ 20 يىلغىچە بېقىش بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

(9) مېيىپلار تۇرمۇش ياردەم پۇلى مېيىپلىك دەرىجىسىگە ئاساسەن، زىيانغا ئۇچرىغۇچى تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئالدىنقى يىللىق ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئۆلچىمىگە قاراپ، 20 يىلغىچە ياردەم پۇلى بېرىش بويىچە ھېسابلىنىدۇ؛

(10) مېيىپلىك تۆلەم پۇلى مېيىپلىك دەرىجىسىگە ئاساسەن، زىيانغا ئۇچرىغۇچى تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئالدىنقى يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى ئۆلچىمىنىڭ بەش ھەسسىسىدىن ئون ھەسسىسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

(11) ئۆلۈم تۆلەم پۇلى زىيانغا ئۇچرىغۇچى تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئالدىنقى يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ 20 ھەسسىسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

ئالدىنقى تارماقچىدا بەلگىلەنگەن پۇلنى بىر يولىلا بېرىش كېرەك، زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن مۇددەتكە بۆلۈپ بەرسىمۇ بولىدۇ.

**50 ـ ماددا** تىجارەتچىلەردىن بۇ چارىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزگەنلىرى ھەققىدە قانۇن، نىزاملاردا جازا بېرىلىدىغان بەلگىلىمە بولسا، شۇ بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؛ قانۇن، نىزاملاردا بەلگىلىمە بولمىسا، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئەھۋالغا قاراپ ئايرىم ياكى قوشۇمچە ئاگاھلاندۇرۇش، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەتنى مۇسادىرە قىلىش جازاسى بەرسە، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەتنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى بولمىغانلىرىغا ئون مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ.

## VI باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**51 ـ ماددا** دېھقانلار ئېلىپ ئىشلەتكەن ئۇرۇق، ئۇرۇقلۇق كۆچەت، ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى، چارۋا دورىسى، يەم ـ خەشەك، نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرى ياكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سۈپىتىدىكى چاتاق تۈپەيلىدىن ھوسۇل ئالالمىسا ۋە ھوسۇلى كېمىيىپ كەتسە، چارۋا، ئۆي قۇشلىرى ئۆلۈپ كەتسە ياكى باشقا زىيانغا ئۇچرىسا، ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، قانۇن، نىزاملاردا بەلگىلىمە بولمىسا، مۇشۇ چارىدىن پايدىلىنىپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

**52 ـ ماددا** بۇ چارە 2004 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش، نازارەت قىلىش نىزامى

(2003 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 6 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

**1 ـ ماددا** بۇ نىزام دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش، دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش، مەبلەغ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش قانۇنىنى يولغا قويۇش نىزامى» ۋە باشقا ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 ـ ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرى دۆلەت مۈلكى مەبلەغ قىلىنغان ياكى دۆلەت مۈلكىنىڭ پېيى كونترول قىلىنغان ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىنى كۆرسىتىدۇ.

**3 ـ ماددا** دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرى شۇنىڭدەك شۇ قۇرۇلۇش تۈرىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى، چارلىغۇچى، لايىھىلىگۈچى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى، نازارەت قىلغۇچى، مال سېتىۋالغۇچى،

تەسىلىگۈچى ئورۇنلار ئالاقىدار مالىيە كىرىم - چىقىمىدا تەپتىش قىلىش ۋە نازارەت قىلىشنى قانۇن بويىچە قوبۇل قىلىشى كېرەك.

**4 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرىنى تەپتىش قىلىش، نازارەت قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئوبلاستلىق، شەھەرلىك (ۋىلايەتلىك)، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمەتلىرى (مەمۇرىي مەھكىمىلەر) نىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرىنى تەپتىش قىلىش، نازارەت قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەرەققىيات - پىلان، مالىيە، قۇرۇلۇش، ئىقتىساد - سودا، زېمىن بايلىقى، مۇھىت ئاسراش تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىنىڭ تەپتىش قىلىش، نازارەت قىلىشتا ئالاقىدار خىزمىتىگە مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە ھەمكارلىشىشى لازىم.

**5 - ماددا** دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرىنى تەستىقلىغۇچى تارماق شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرى ۋە تۈر پىلانىنى تەڭ دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىغا قوشۇمچە ئەۋەتىشى كېرەك.

ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرىنى تەپتىش قىلىش، نازارەت قىلىش پىلانىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرى ۋە تۈر پىلانىغا، شۇنىڭدەك يۇقىرى دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى بېكىتكەن ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا ئاساسەن تۈزۈشى كېرەك. ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرىنى تەپتىش قىلىش، نازارەت قىلىش پىلانىنى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن ۋە ئالاقىدار مەمۇرىي مەسئۇل تارماققا ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك.

ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرىنى تەپتىش قىلىش، نازارەت قىلىش پىلانىغا ئاساسەن، دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرى ئومۇمىي خام چوتى ۋە تەخمىنىي چوتىنىڭ ئىجراسىنى، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىنكى نەق چوتىنىڭ چىن، قانۇنلۇق ۋە ئۈنۈملۈك بولغان - بولمىغانلىقىنى تەپتىش قىلىدۇ، نازارەت قىلىدۇ.

**6 - ماددا** ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرىنى قانۇن بويىچە تەپتىش قىلىش، نازارەت قىلىشتا ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بىۋاستە تەپتىش قىلسا، تەپتىش قىلىنىغىنىنى ئاربلاپ تەكشۈرسە ياكى تەپتىش قىلىشنى قانۇندا بەلگىلەنگەن ساپاغا ئىگە ئىجتىمائىي ۋاستىچى ئاپپاراتقا ھاۋالە قىلسا بولىدۇ. ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى دۆلەتنىڭ چوڭ قۇرۇلۇش تۈرىنى ئىز قوغلاپ تەپتىش قىلىدۇ ياكى تەپتىش قىلىپ تەكشۈرىدۇ.

دۆلەت قۇرۇلۇشى قىلدۇرغۇچى ئورۇن ۋە باشقا ئالاقىدار ئورۇنلار ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى بەلگىلىگەن مۆھلەت ۋە تەلەپ بويىچە، ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىغا دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرىگە ئالاقىدار ماتېرىيالنى بېرىشى كېرەك.

**7 - ماددا** يۇقىرى دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرىنى تەپتىش قىلىش ھوقۇقىنى تۆۋەن دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىغا بەرسە بولىدۇ، تۆۋەن دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرىنى بىۋاستە تەپتىش قىلىسىمۇ بولىدۇ.

**8 - ماددا** دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرى مەسئۇل تارمىقى ۋە قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشنى قانۇندا بەلگىلەنگەن ساپاغا ئىگە ئىجتىمائىي ۋاستىچى ئاپپاراتقا ھاۋالە قىلسا بولىدۇ، مەسئۇل تارماق ۋە قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن ئىقتىسادىي تەپتىش نەتىجىسىنى ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىغا يوللىشى كېرەك.

ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى ئىجتىمائىي ۋاستىچى ئاپپاراتلارنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش سۈپىتىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىدۇ.

**9 - ماددا** دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشنى قانۇندا بەلگىلەنگەن ساپاغا ئىگە ئىجتىمائىي ۋاستىچى ئاپپاراتقا ھاۋالە قىلىشتا خەۋەردار چاقىرىش، خەۋەردار چىقىش شەكلىنى قوللىنىش كېرەك.

**10 - ماددا** ئىجتىمائىي ۋاستىچى ئاپپاراتلار ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش جەريانىدا قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇننىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى بايقىسا، ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى ۋە ئالاقىدار مەمۇرىي مەسئۇل تارماققا مەلۇم قىلىشى لازىم.

**11 - ماددا** دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرى خام چوتى ياكى تەخمىنىي چوتىنىڭ ئىجراسىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى:

(1) تەخمىنىي چوتنى تەستىقلاش ۋە تەڭشەش ئەھۋالى؛

(2) مەبلەغ مەنبەسى، مەبلەغنى نەقلەشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىش ئەھۋالى؛

(3) تەننەرخ ۋە باشقا مالىيە كىرىم - چىقىم ئەھۋالى؛

(4) ئۈسكۈنە، ماتېرىيال سېتىۋېلىش ۋە باشقۇرۇش

ئەھۋالى؛

(5) باج ـ ھەق تاپشۇرۇش ئەھۋالى؛

(6) چارلاش، لايىھىلەش خىراجىتى ۋە مەسلىھەت خىراجىتىنى چىقىم قىلىش ئەھۋالى؛

(7) قۇرۇلۇش قىلىش ۋە قۇرۇلۇش پۇلىنىڭ راسچوت ئەھۋالى؛

(8) قانۇن، نىزاملاردا تەپتىش قىلىش بەلگىلەنگەن باشقا ئىشلار.

**12 ـ ماددا** پۈتكەن دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ نەق چوتىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى:

(1) پۈتكەن قۇرۇلۇش نەق چوتىنىڭ مەلۇمات جەدۋىلى ۋە پۈتكەن قۇرۇلۇش نەق چوتىنىڭ چۈشەندۈرۈشى؛

(2) قۇرۇلۇش كۆلىمى ۋە ئومۇمىي سېلىنمىسىنى تىزگىنلەش ئەھۋالى؛

(3) بىناكارلىق ـ قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ھېساباتى، ئۈسكۈنە مەبلىغى ھېساباتى، چىقىرىدىغان مەبلەغنىڭ چىقىم مەزمۇنى ۋە چىقارغان مەبلەغ ۋە باشقا مەبلەغنىڭ چىقىم ئەھۋالى؛

(4) ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغان مۈلۈك ئەھۋالى؛

(5) ئاساسىي قۇرۇلۇش كىرىمىنىڭ مەنبەسى، ئۇنى تەقسىملەش، تاپشۇرۇش ۋە پىرسەنت بويىچە قالدۇرۇلغان ئۈلۈشىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى؛

(6) باج ـ ھەق تاپشۇرۇش ئەھۋالى؛

(7) قويۇق قۇرۇلۇشنىڭ پۈتمىگەن مىقدارى ۋە مەبلەغ قالدۇرۇلۇش ئەھۋالى؛

(8) قانۇن، نىزاملاردا تەپتىش قىلىش بەلگىلەنگەن باشقا ئىشلار.

**13 ـ ماددا** دۆلەت قۇرۇلۇشىنى قىلدۇرغۇچى ئورۇن قۇرۇلۇش پۈتۈپ ئۈچ ئاي ئىچىدە، ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە، قۇرۇلۇش نەق چوتىنى يوللىشى ھەمدە قۇرۇلۇشنىڭ نەق چوتىنى ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىنىڭ تەپتىش قىلىشىغا سۇنۇشى لازىم.

ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن سۇنغان پۈتكەن قۇرۇلۇشنىڭ نەق چوتىنى تەپتىش قىلىش ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۈچ ئاي ئىچىدە تەپتىش قىلىپ بولۇشى كېرەك. دۆلەتنىڭ چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن قۇرۇلۇش مۇددىتى ئۇزاقراق، سېلىنغان مەبلەغ كۆپرەك بولغانلىرى ياكى ئالاھىدە ئەھۋال تۈپەيلىدىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تەپتىش قىلىپ بولغىلى بولمايدىغانلىرىنىڭ تەپتىش قىلىش ۋاقتى ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى مەسئۇلىنىڭ تەستىقى بىلەن مۇۋاپىق ئۇزارتىلسا بولىدۇ، لېكىن ئۇزارتىلىدىغان ۋاقىتتى ئۈچ ئايدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ تەپتىش نەتىجىسىنى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇننىڭ قۇرۇلۇش راسچوت ئاساسى قىلىش كېرەك.

**14 ـ ماددا** ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرىنى تەپتىش قىلغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنغا تەپتىش پىكرى بېرىشى، قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىش ۋە جازالاشقا تېگىشلىك بولسا، تەپتىش قارارى چىقىرىشى كېرەك؛ ئالاقىدار مەمۇرىي مەسئۇل تارماق بىرتەرەپ قىلىش ۋە جازالاشقا تېگىشلىك بولسا، تەپتىش تەكلىپنامىسى تەييارلاپ، ئالاقىدار مەمۇرىي مەسئۇل تارماققا بىرتەرەپ قىلىش ۋە جازالاش ھەققىدە تەكلىپ بېرىشى كېرەك؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىش كېرەك.

**15 ـ ماددا** دۆلەت قۇرۇلۇشىنى قىلدۇرغۇچى ئورۇن ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىنىڭ تەپتىش پىكرى ۋە تەپتىش قارارىنى ئىجرا قىلىشى كېرەك. ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىنىڭ تەپتىش تەكلىپىنى ئالاقىدار مەمۇرىي مەسئۇل تارماق قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىشى ھەمدە نەتىجىسىنى ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىغا يازما ئۇقتۇرۇشى لازىم.

**16 ـ ماددا** ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ تەپتىش نەتىجىسىنى دوكلات قىلىشى كېرەك.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرىنى تەپتىش قىلىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىشىنى زۆرۈر تاپقاندا شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىن تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى دۆلەت قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ تەپتىش نەتىجىسىنى جەمئىيەتكە قانۇن بويىچە ئېلان قىلىشتا، دۆلەت مەخپىيىتى ۋە قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇننىڭ سودا مەخپىيىتىنى ساقلىشى لازىم.

**17 ـ ماددا** بۇ نىزامنىڭ 6 ـ ماددىسىنىڭ 2. تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىنىدىغان ئىشقا ئالاقىدار ماتېرىيالنى بەرمىگەن ياكى كېچىكتۈرگەنلەرنى ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش قانۇنى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش قانۇنىنى يولغا قويۇش نىزامى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە جازالايدۇ.

**18 - ماددا** بۇ نىزامنىڭ 13 - ماددىسىنىڭ 1 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىغا يۆتكەن قوزغۇلۇشنىڭ دەق چوتىنى تەپتىش قىلىشنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىلتىماس قىلمىغانلارنى ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، سۈرۈك ئۆتكىچە تۈزەتمىسە، بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل كىشى ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلارنى قانۇن بويىچە مەمۇرىي جاۋابكارلىققا تارتىدۇ.

**19 - ماددا** ئىجتىمائىي ۋاستىچى ئاپپارات ياكى ئۇنىڭ خادىملىرىدىن دۆلەت قوزغۇلۇش تورىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش پائالىيىتىدە ساختىپەزلىك قىلىپ، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشتا بايقالغان قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ ئەھۋاللارنى يوشۇرغانلىرىنى ئالاقىدار مەسئۇل تارماق تۆۋەندىكىدەك بىرتەرەپ قىلىدۇ:

(1) ئىجتىمائىي ۋاستىچى ئاپپاراتقا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولسا، تىجارىتىنى ۋاقىتىنچە توختاتسا ياكى ئەمەلدىن قالدۇرسا بولىدۇ؛

(2) ئىجتىمائىي ۋاستىچى ئاپپاراتنىڭ ئادەملىرىگە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولسا، كەسپىنى ۋاقىتىنچە توختاتسا ياكى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى بىكار قىلسا بولىدۇ؛

(3) جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنائىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**20 - ماددا** ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىدىن ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتىدە تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلىرىغا ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى ئالاقىدار ئورگان قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنائىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) ساختا ئىقتىسادىي تەپتىش دوكلاتى يېزىپ بەرگەنلەر؛

(2) ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشتا بايقالغان قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ زور مەسىلىلەرنى يوشۇرغانلار؛

(3) ۋەزىپىسىدىن پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇندىن پۇل - مال سورىغان ياكى ئالغان ۋە باشقا نامۇۋاپىق نەپ ئېلىۋالغانلار؛

(4) بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا پۇل، جەرىمانە ئالغانلار؛

(5) ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلانغان، دەپسەندىچىلىك قىلغان، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلغان ۋە قانۇن، نىزامغا خىلاپ كېلىدىغان باشقا قىلمىشلار.

**21 - ماددا** بۇ نىزام 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كوللېكتىپ توختام نىزامى

(2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 7 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام كارخانىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بىلەن كوللېكتىپ توختام تۈزۈش ۋە توختامنى ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش، كارخانا ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى»، شۇنىڭدەك باشقا ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 - ماددا** بۇ نىزام ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى كارخانىلارغا تەتبىقلىنىدۇ.

**3 - ماددا** كارخانىلار باراۋەر كېڭىشىش ۋە كوللېكتىپ توختام تۈزۈش تۈزۈمىنى قانۇن بويىچە ئورنىتىشى كېرەك.

كوللېكتىپ توختام كارخانا بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە ئەمگەك ھەققى، ئىش ۋاقتى، ئارام - ئۆتەپۇسكا، ئەمگەككە دائىر بىخەتەرلىك ۋە ساقلىق ساقلاش، سۇغۇرتا، پاراۋانلىق قاتارلىق ئىشلار ھەققىدە تۈزگەن يازما كېلىشىمنى كۆرسىتىدۇ.

**4 - ماددا** كوللېكتىپ توختام تۈزۈشتە، قانۇن،

ئىزاملاردىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلىنىش، باراۋەر ھەمكارلىشىش، كېڭىشىپ بىرلىككە كېلىش، كارخانىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداشقا پايدىلىق بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش كېرەك.

قانۇن بويىچە تۈزۈلگەن كوللېكتىپ توختام كارخانا ۋە بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى چەكلەش كۈچىگە ئىگە، ئىككى تەرەپ ئۇنى ئاڭلىق ئادا قىلىشى كېرەك.

**5 - ماددا** كارخانىنىڭ ئەمگەككە دائىر قائىدە-تۈزۈملىرى كوللېكتىپ توختامدىكى بەلگىلىمىگە زىت بولۇپ قالسا بولمايدۇ. كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن تۈزگەن ئەمگەك توختامىدا بەلگىلەنگەن ئەمگەك شارائىتى ۋە ئەمگەك ھەققى قاتارلىقلارنىڭ ئۆلچىمى كوللېكتىپ توختامدا بەلگىلەنگىنىدىن تۆۋەن بولسا بولمايدۇ.

**6 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت مەمۇرىي تارمىقى كوللېكتىپ توختامنى تۈزۈش، ئادا قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ئۇنى ماسلاشتۇرىدۇ، نازارەت قىلىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ؛ تەڭ دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە كارخانىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تەشكىلات بىلەن بىرلىكتە ئەمگەك مۇناسىۋىتى بولغان ئۈچ تەرەپ كېڭىشىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، باراۋەر كېڭىشىش ۋە كوللېكتىپ توختام تۈزۈش قاتارلىقلارغا چېتىلىدىغان ئەمگەك مۇناسىۋىتى جەھەتتىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىدۇ.

## I باب

## كوللېكتىپ توختام تۈزۈش

**7 - ماددا** كوللېكتىپ توختام تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك:

(1) ئەمگەك ھەققى؛

(2) ئىش ۋاقتى؛

(3) ئارام - ئوتپۇسكا؛

(4) ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ۋە پاراۋانلىق؛

(5) ئەمگەككە دائىر بىخەتەرلىك ۋە ساقلىق ساقلاش؛

(6) كەسپىي ماھارەت تەربىيىسى؛

(7) ئەمگەك ئىنتىزامى؛

(8) ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە قۇرامىغا يەتمىگەن ئىشچىلار ئالاھىدە مۇھاپىزىتى؛

(9) كارخانىنىڭ ئىقتىساد سەۋەبىدىن ئادەم قىسقارتىش شەرتى ۋە تەرتىپى؛

(10) ئىككى تەرەپنىڭ كوللېكتىپ توختامنى ئادا قىلىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى؛

(11) كوللېكتىپ توختامنىڭ مۆھلىتى؛

(12) كوللېكتىپ توختامنى ئۆزگەرتىش، بىكار قىلىش، ئاخىرلاشتۇرۇش شەرتى ۋە تەرتىپى؛

(13) كوللېكتىپ توختامنى ئادا قىلىشتا كۆرۈلگەن تالاش - تارتىشنى بىرتەرەپ قىلىش؛

(14) خىلاپلىق جاۋابكارلىقى؛

(15) ئىككى تەرەپ پۈتۈشكەن باشقا ئىشلار.

**8 - ماددا** كوللېكتىپ توختامنى كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ۋاكالىتەن كارخانا بىلەن تۈزىدۇ. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى قۇرۇلمىغان كارخانىلاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەر كۆرسەتكەن ۋەكىل كارخانا بىلەن تۈزىدۇ.

كوللېكتىپ توختامنىڭ مۆھلىتى ئادەتتە، بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە بولىدۇ.

**9 - ماددا** كارخانا ياكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىلى كوللېكتىپ توختام تۈزۈشنى يازما تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق، بىر تەرەپنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن، ئىككى تەرەپ كوللېكتىپ توختام تۈزۈشكە ئالاقىدار ئىشلارنى 15 كۈن ئىچىدە باراۋەر ئاساستا كېڭىشىپ بولۇشى، كېچىككەندىمۇ 30 كۈندىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكى كېرەك.

ئىككى تەرەپ تۇنجى قېتىم كېڭەشكەندىن باشلاپ كوللېكتىپ توختام تۈزگەنگە قەدەر بولغان ۋاقىت ئۇزاق بولغاندا 60 كۈندىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ.

**10 - ماددا** ئىككى تەرەپتىن باراۋەر كېڭەشىشكە قاتنىشىدىغان ۋەكىل تەڭ بولۇشى، ھەربىر تەرەپتىن ئۈچتىن ئونغىچە ئادەم قاتناشتۇرۇلۇشى ھەمدە ھەر بىر تەرەپ بىردىن ۋەكىلنى كېڭەشكۈچى باش ۋەكىل قىلىپ بېكىتىشى كېرەك.

كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ۋە كارخانىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەكىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە كارخانىنىڭ كېڭەشكۈچى باش ۋەكىلى بولىدۇ، ئۇلار مەلۇم سەۋەب بىلەن كېڭەشكۈچى باش ۋەكىل بولالمايدىغان بولسا، بىر ۋەكىلگە يازما ھاۋالە قىلىشى كېرەك.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى قۇرۇلغان كارخانىلاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كېڭەشكۈچى باشقا ۋەكىلى ئىشچى-خىزمەتچىلەر كېڭىشى (قۇرۇلتىيى) دا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى قۇرۇلمىغان كارخانىلاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ

كېڭەشكۈچى ۋەكىللىنى شۇ جايدىكى يەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ياكى ساھە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كارخانا ئىشچى- خىزمەتچىلىرىنىڭ دېموكراتىك ئاساستا كۆرسىتىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ھەمدە بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، كېڭەشكۈچى باش ۋەكىلنى بارلىق ۋەكىللەر كۆرسىتىدۇ.

كۆپ مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدىن تەركىب تاپقان كارخانىلار ۋە ئايال ئىشچى - خىزمەتچىسى كۆپرەك كارخانىلاردا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كېڭەشكۈچى ۋەكىللىرى ئىچىدە مۇناسىپ مىللەت ۋەكىلى ۋە ئايال ۋەكىل بولۇشى كېرەك.

كارخانىنىڭ كېڭەشكۈچى ۋەكىلىنى كارخانا بېكىتىدۇ.

كېڭەشكۈچى ۋەكىلنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى كوللېكتىپ توختام مۆھلىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. كېڭەشكۈچى ۋەكىل ۋۇجۇدقا كەلگەن ھامان مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىسا، ئالاقىدار تەرەپ يېڭى ۋەكىلنى كۆرسىتىش ياكى بېكىتىش ھەمدە يەنە بىر تەرەپكە ئۇقتۇرۇشى كېرەك.

**11 - ماددا** كېڭىشىشكە قاتنىشىدىغان ئىككى تەرەپ ۋەكىلىنىڭ قارشى تەرەپنى كوللېكتىپ توختام تۈزۈشكە ئالاقىدار ھەقىقىي ئەھۋال ۋە كېرەكلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ، ئالاقىدار مەزمۇنلار دۆلەت مەخپىيىتى ۋە سودا مەخپىيىتىگە چېتىلسا، ئىككى تەرەپ ۋەكىلى مەخپىيەتلىكنى ساقلىشى كېرەك.

**12 - ماددا** كارخانا ئىككى تەرەپنىڭ كېڭەشكۈچى ۋەكىللىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى ھەمدە خىزمىتىگە زۆرۈر شارائىت يارىتىپ بېرىشى ۋە ۋاقىت ئاجرىتىپ بېرىشى كېرەك. كېڭەشكۈچى ۋەكىللەردىن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئىش ۋاقتىنى ئىگىلىگەنلىرىنىڭ مائاشى ۋە باشقا تەمىناتى تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ.

ئەمگەك ئىنتىزامىغا، كارخانىنىڭ قائىدە، تۈزۈملىرىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىپ ۋە ئېغىر دەرىجىدە مەسئۇلىيەتسىزلىك، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ كارخانا مەنپەئىتىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقان، شۇنىڭدەك جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كارخانىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كېڭەشكۈچى ۋەكىلىنىڭ تۈزۈشكەن ئەمگەك توختامىنى ئەمگەك توختامى مۆھلىتىدە بىكار قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كېڭەشكۈچى ۋەكىللىرىدىن ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدە ئەمگەك توختامى مۆھلىتى توشقانلىرى بىلەن ئەمگەك توختامىنى داۋاملىق تۈزۈشى كېرەك.

**13 - ماددا** ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ تەييارلىغان كوللېكتىپ توختام لايىھىسىنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر كېڭىشى (قۇرۇلتىيى) نىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇش كېرەك. ئۇ بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ياكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ماقۇللىنىدۇ. كوللېكتىپ توختام لايىھىسى ماقۇللانمىسا، ئىككى تەرەپ قايتا كېڭىشىپ تۈزەتكەندىن كېيىن مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاشقا سۇنىدۇ.

**14 - ماددا** كوللېكتىپ توختام لايىھىسى ماقۇللانغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ كېڭەشكۈچى باش ۋەكىلى ئىمزا قويىدۇ. كارخانا يەتتە كۈن ئىچىدە كوللېكتىپ توختامنىڭ رەسمىي نۇسخىسى، شۇنىڭدەك قوشۇمچىسىدىن بەشنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بار ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت مەمۇرىي تارمىقىغا يوللىشى كېرەك؛ كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى توختامنىڭ رەسمىي نۇسخىسىنى بىر دەرىجە يۇقىرى يەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغىمۇ يوللىشى كېرەك.

### III باب

## كوللېكتىپ توختامنى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش

**15 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت مەمۇرىي تارمىقى كوللېكتىپ توختامنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ.

كوللېكتىپ توختاملاردىن ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت مەمۇرىي تارمىقىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلمىگەنلىرى ياكى تەكشۈرۈشتە باشقىچە پىكىر قويۇلغانلىرىنىڭ قانۇن جەھەتتە چەكلەش كۈچى بولمايدۇ.

**16 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت مەمۇرىي تارمىقى كوللېكتىپ توختامنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قانۇن بويىچە تەكشۈرۈشى ھەمدە 15 كۈن ئىچىدە تەكشۈرۈپ بولۇشى كېرەك. سۈرۈك ئۆتسىمۇ باشقىچە پىكىر قويۇلمىسا، كوللېكتىپ توختام دەرھال كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

كوللېكتىپ توختامنى تەكشۈرۈشتە ھەق ئېلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

**17 - ماددا** كوللېكتىپ توختام كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، كارخانا ئۇنى ئون كۈن ئىچىدە بارلىق

ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئېلان قىلىنىشى كېرەك.

**18 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت مەمۇرىي تارمىقى كوللېكتىپ توختام تۈزۈش تەرتىپى، مەزمۇنى ۋە كېلىشكۈچى ۋەكىللەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىنىپتۇ دەپ قارىسا، پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەمدە «كوللېكتىپ توختامنى تەكشۈرۈش پىكرى» نى تەييارلاپ، كوللېكتىپ توختام تۈزگەن ئىككى تەرەپكە يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك.

كوللېكتىپ توختام تۈزگەن ئىككى تەرەپ «كوللېكتىپ توختامنى تەكشۈرۈش پىكرى» نى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پىكىر بېرىلگەن ماددىلارنى تۈزىتىشى ھەمدە ئۇنى 15 كۈن ئىچىدە ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت مەمۇرىي تارمىقىنىڭ قايتا تەكشۈرۈشىگە يوللىشى كېرەك.

**19 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت مەمۇرىي تارمىقى كوللېكتىپ توختامنىڭ ئادا قىلىنىش ئەھۋالىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشى كېرەك.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ساھە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كوللېكتىپ توختامنى تۈزۈش، ئادا قىلىشقا يېتەكچىلىك ۋە نازارەتچىلىك قىلىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ، كوللېكتىپ توختامنى قانۇن بويىچە تۈزمىگەندە ياكى كوللېكتىپ توختامغا خىلاپلىق قىلغاندا، تەڭ دەرىجىلىك ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت مەمۇرىي تارمىقىغا پىكىر ۋە تەكلىپ بەرسە بولىدۇ.

**20 - ماددا** كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كارخانا بىلەن كېڭىشىپ، كوللېكتىپ توختامنى ئادا قىلىش ئەھۋالىنى بىرلىشىپ نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش تۈزۈمى ئورنىتىپ، كوللېكتىپ توختامنى ئادا قىلىش ئەھۋالىنى قەرەللىك ياكى قەرەلسىز نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشى كېرەك.

**21 - ماددا** كوللېكتىپ توختام تۈزگەن ئىككى تەرەپنىڭ باش ۋەكىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەر كېڭىشى (قۇرۇلتىيى) گە كوللېكتىپ توختامنىڭ ئادا قىلىنىش ئەھۋالىنى يىلدا ئاز دېگەندە بىر قېتىم دوكلات قىلىپ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

## IV باب

## كوللېكتىپ توختامنى ئۆزگەرتىش، بىكار قىلىش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش

**22 - ماددا** تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلگەندە، كوللېكتىپ توختام ئۆزگەرتىلسە ياكى بىكار قىلىنسا بولىدۇ:

(1) كوللېكتىپ توختام تۈزۈشتە ئاساسلانغان قانۇن نىزام تۈزىتىلگەن ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسا؛

(2) كارخانىنىڭ قوشۇۋېتىلىش، قايتا تەشكىل قىلىنىش، تارقىتىۋېتىلىش، ۋەيران بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارىتىدە زور ئۆزگىرىش بولۇش سەۋەبىدىن كوللېكتىپ توختامنى قىسمەن ياكى تولۇق ئادا قىلغىلى بولمىسا؛

(3) يەڭگىلى بولمايدىغان سەۋەب تۈپەيلىدىن كوللېكتىپ توختامنى قىسمەن ياكى تولۇق ئادا قىلغىلى بولمىسا؛

(4) كوللېكتىپ توختامدا پۈتۈشكەن ئۆزگەرتىش ياكى بىكار قىلىش شەرتىگە توشسا؛

(5) ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ بىرلىككە كەلگەن باشقا ئەھۋاللار.

**23 - ماددا** كوللېكتىپ توختامنى ئۆزگەرتىشتە مۇشۇ نىزامدا بەلگىلەنگەن كوللېكتىپ توختام تۈزۈش تەرتىپىگە ئەمەل قىلىش كېرەك.

كوللېكتىپ توختامنى بىكار قىلىشتا، كارخانا شۇ كوللېكتىپ توختامنى تەكشۈرگەن ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت مەمۇرىي تارمىقىغا يەتتە كۈن بۇرۇن دوكلات قىلىشى ھەمدە يازما ئىزاھات بېرىشى كېرەك.

**24 - ماددا** كوللېكتىپ توختاملاردىن مۆھلىتى توشقان ياكى ئىككى تەرەپ پۈتۈشكەن ئاخىرلاشتۇرۇش شەرتىگە توشقانلىرى دەرھال ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ.

## V باب

## كوللېكتىپ توختامغا دائىر تالاش - تارتىشنى بىر تەرەپ قىلىش

**25 - ماددا** كارخانا بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر كوللېكتىپ توختام تۈزۈشتە كۆرۈلگەن تالاش - تارتىشنى كېڭىشىپ ھەل قىلىش كېرەك. ھەل قىلالمىسا باشقۇرۇش ھوقۇقى بار ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت مەمۇرىي تارمىقى تەڭ دەرىجىلىك يەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ياكى ساھە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كارخانىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تەشكىلات ۋە ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ۋەكىللىرىنى ماسلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.

**26 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت مەمۇرىي تارمىقى

كوللېكتىپ توختام تۈزۈشتە كۆرۈلگەن تالاش - تارتىشنى قوبۇل قىلغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىپ بولۇشى كېرەك؛ تالاش - تارتىش مۇرەككەپ بولۇپ مۆھلەتنى ئۇزارتىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇزارتىلغان مۆھلەت 15 كۈندىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ.

ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت مەمۇرىي تارمىقى كوللېكتىپ توختام تۈزۈشتە كۆرۈلگەن تالاش - تارتىشنى ماسلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشتا، «ماسلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش كېلىشىمنامىسى» تەييارلىشى ھەمدە بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىشى كېرەك.

**27 - ماددا** كارخانا بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا كوللېكتىپ توختامنى ئادا قىلىشتا تالاش - تارتىش كۆرۈلگەندە ئىككى تەرەپ كېلىشەلمىسە، ئەمگەك - كاپالەت تارمىقىنىڭ تالاش - تارتىش كېسىم ئاپپاراتىغا كېسىم قىلىشنى قانۇن بويىچە ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ كېسىم ئاپپاراتى قوبۇل قىلمىسا ياكى ئىلتىماس قىلغۇچى كېسىم قارارىغا قايىل بولمىسا، قوبۇل قىلماسلىقنى ئۇقتۇرسا ياكى كېسىم قارارىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈنىدىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە خەلق سوت مەھكىمىسىگە قانۇن بويىچە دەۋا قىلسا بولىدۇ.

**28 - ماددا** كارخانا بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر كوللېكتىپ توختامنى تۈزۈش ۋە ئادا قىلىشتا تالاش - تارتىش كۆرۈلسە، ئىككى تەرەپ كارخانىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ۋە خىزمەت تەرتىپىنى ساقلىشى كېرەك.

## VI باب

# قانۇنىي جاۋابكارلىق

**29 - ماددا** كارخانىلاردىن مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلىرىنى ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت مەمۇرىي تارمىقى سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، سۈرۈك ئۆتسىمۇ تۈزەتمىگەنلىرىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىدلەيدۇ ياكى 2000 يۈەندىن يۇقىرى، 20 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ كارخانىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەكىلىگە قوشۇمچە مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 5000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ:

(1) يوللۇق سەۋەب يوق تۇرۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پۈتۈشۈش تەلىپىنى رەت قىلغان ياكى باراۋەر كېڭىشىشنى قەستەن كەينىگە سۈرۈپ، كوللېكتىپ توختامنىڭ بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە تۈزۈلمەسلىكىگە سەۋەبچى بولغانلار؛

(2) كوللېكتىپ توختام تۈزۈش جەريانىدا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ھەقىقىي ئەھۋال ۋە كېرەكلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىمەي ياكى ئەينەن تەمىنلىمەي، كوللېكتىپ توختامنىڭ قانۇن بويىچە تۈزۈلمەسلىكىگە سەۋەبچى بولغانلار؛

(3) كېڭەشكۈچى ۋەكىلنىڭ ئەمگەك توختامىنى ناموۋاپىق ئۆزگەرتكەن ياكى بىكار قىلغانلار؛

(4) كارخانا بىلەن ئىشچى - خىزمەتچى تۈزگەن ئەمگەك توختامىدىكى ئەمگەك شەرتى، ئەمگەك ھەققى ئۆلچىمى قاتارلىقلارنى كوللېكتىپ توختامدا بەلگىلەنگىنىدىن تۆۋەن قىلىپ قويۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كېڭەشكۈچى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويسىمۇ تۈزەتمىگەنلەر؛

(5) كوللېكتىپ توختامنى يوللاش، ئېلان قىلىشتا بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلمىغانلار؛

(6) مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ باشقا ئەھۋاللار.

**30 - ماددا** بىر تەرەپنىڭ خاتالىقى بىلەن كوللېكتىپ توختام ئادا قىلىنمىسا ياكى تولۇق ئادا قىلىنمىسا، خاتالىقى بار تەرەپ كوللېكتىپ توختامنى ئادا قىلغاندىن سىرت، خىلاپلىق جاۋابكارلىقىنىمۇ قانۇن بويىچە ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

**31 - ماددا** كارخانىلاردىن كوللېكتىپ توختامغا خىلاپلىق قىلغانلىرىغا ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت مەمۇرىي تارمىقى ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىدۇ، سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە زىيان سالغانلىرى قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**32 - ماددا** كوللېكتىپ توختام تۈزگۈچىلەر ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت مەمۇرىي تارمىقىنىڭ مەمۇرىي جازا قارارىغا قايىل بولمىسا، قانۇن بويىچە مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى مەمۇرىي دەۋا قىلسا بولىدۇ.

**33 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت مەمۇرىي تارمىقىنىڭ خادىملىرىدىن مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغانلىرىغا ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى مەسئۇل تارماق مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

## VII باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**34 - ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى كارخانا بىلەن ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئورناتقان ياكى كارخانا بىلەن ئەمگەك مۇناسىۋىتى ھاسىل قىلغان بارلىق ئەمگەكچىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**35 - ماددا** كارخانىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇلىدىغان كەسپىي ئورۇنلار ۋە خەلق باشقۇرۇشىدىكى غەيرىي كارخانا ئورۇنلىرىدىن كوللېكتىپ توختام ۋە ساھە، رايون كوللېكتىپ توختامى تۈزىدىغانلىرى مۇشۇ نىزامدىن پايدىلىنىدۇ.

**36 - ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ كوللېكتىپ توختام نۇسخىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىرتۇتاش تەييارلايدۇ.

**37 - ماددا** بۇ نىزام 2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇ قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى

**(1992 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 26 - يىغىنىدا ماقۇللانغان، 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 7 - يىغىنىدا تۈزىتىلدى)**

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ چارە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇ قانۇنى» (تۆۋەندە «سۇ قانۇنى» دېيىلىدۇ) غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدە سۇ بايلىقىنى ئېچىش، ئىشلىتىش، تېجەش، قوغداش، باشقۇرۇش، سۇ ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتە «سۇ قانۇنى» غا ۋە مۇشۇ چارىگە ئەمەل قىلىش شەرت.

بۇ چارىدە ئېيتىلغان سۇ بايلىقى يەر ئۈستى سۈيى ۋە يەر ئاستى سۈيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**3 - ماددا** سۇ بايلىقى دۆلەت ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ.

سۇ بايلىقىنى ئېچىش، ئىشلىتىشتە سۇ ئېلىش ئىجازەت تۈزۈمى ۋە سۇنى ھەقلىق ئىشلىتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردا ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرى شۇ بويىچە بولىدۇ.

**4 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى سۇچىلىق ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇنى شۇ دەرىجىلىك خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈشى ھەمدە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، سۇ بايلىقىنى تېجەپ ۋە قوغداپ، سۇ بايلىقىدىن ئىمكانىيەتلىك سىجىل پايدىلىنىشى كېرەك.

**5 - ماددا** ئاپتونوم رايون سۇ بايلىقىنى ۋادا بويىچە باشقۇرۇش بىلەن مەمۇرىي رايون بويىچە باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇپ، ۋادا سۇ بايلىقىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ۋە ئىلمىي تەقسىملەشنى كۈچەيتىدۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ بايلىقىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئوبلاستلىق، شەھەرلىك (ۋىلايەتلىك)، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ سۇ بايلىقىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش خىزمىتىگە بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە مەسئۇل بولىدۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايون بېكىتكەن مۇھىم دەريا، كۆللەر ۋە ئوبلاست، شەھەر (ۋىلايەت) ھالقىغان دەريا، كۆللەردە ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلسا بولىدۇ؛ ئوبلاستلىق، شەھەرلىك (ۋىلايەتلىك) سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ناھىيە (شەھەر) ھالقىغان دەريا، كۆللەردە ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلسا بولىدۇ. ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتى باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە سۇ بايلىقىنى ئۆز مەسئۇلىيىتى بويىچە بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ ۋە

نازارەت قىلىدۇ.

**6 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشقا ئالاقىدار تارماقلىرى شۇ مەمۇرىي رايوندىكى سۇ بايلىقىنى ئېچىش، ئىشلىتىش، تېجەش ۋە قوغداشقا دائىر خىزمەتلەرگە ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولىدۇ.

**7 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتى سۇ تەپتىشلىكى تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، سۇ مەمۇرىيىتى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى، سۇچىلىق پائالىيىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، سۇچىلىق تەرتىپىنى ساقلىشى كېرەك.

## II باب

## سۇ بايلىقىنى پىلانلاش ۋە ئېچىپ پايدىلىنىش

**8 - ماددا** ئاپتونوم رايون پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ بايلىقى ئۇنىۋېرسال پىلانىنى تۈزىدۇ.

ئاپتونوم رايون بېكىتكەن مۇھىم دەريا، كۆللەرنىڭ ۋە ئوبلاست، شەھەر (ۋىلايەت) ھالقىغان دەريا، كۆللەرنىڭ ۋادا ئۇنىۋېرسال پىلانىنى ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەڭ دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئالاقىدار ئوبلاستلىق، شەھەرلىك (ۋىلايەتلىك) خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىكتە تۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىدۇ.

باشقا دەريا، كۆللەرنىڭ ۋادا ئۇنىۋېرسال يىرىك پىلانى ۋە رايون ئۇنىۋېرسال پىلانىنى ئوبلاست، شەھەر (ۋىلايەت)، ناھىيە (شەھەر) نىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەڭ دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئالاقىدار يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىلەن بىرلىكتە تۈزۈپ، بىر دەرىجە يۇقىرى سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا دەلىللىتىپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىدۇ.

كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، سۇغىرىش، سۇ بىلەن تەمىنلەش، سۇ كۈچى بىلەن توك چىقىرىش، بېلىقچىلىق، سۇ بايلىقىنى قوغداش، سۇ تېجەپ ئىشلىتىش، سۇ - تۇپراقنى ساقلاش، قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە قۇم تىزگىنلەش قاتارلىق مەخسۇس يىرىك پىلانى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى تۈزۈپ، تەڭ دەرىجىلىك باشقا ئالاقىدار تارماقلاردىن پىكىر ئېلىپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تۈزگەن مەخسۇس يىرىك پىلانىنى تەستىقلىتىشتىن بۇرۇن بىر دەرىجە يۇقىرى سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا دەلىللىتىش كېرەك.

ۋادا دائىرىسىدىكى رايون يىرىك پىلانىنى ۋادا پىلانىغا بويسۇندۇرۇش، مەخسۇس يىرىك پىلانىنى ئۇنىۋېرسال پىلانغا بويسۇندۇرۇش كېرەك.

تەستىقلانغان سۇ بايلىقى پىلانىنى بىر دەرىجە يۇقىرى سۇ مەمۇرىي تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇش كېرەك.

**9 - ماددا** سۇ بايلىقى يىرىك پىلانىنى مۇۋاپىق پەيتتە تۈزىتىش ھەمدە بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تەستىقلىتىش كېرەك. يىرىك پىلان تەستىقلىتىلغان ھامان قاتتىق ئىجرا قىلىش شەرت، ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ خىلاپلىق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**10 - ماددا** سۇ بايلىقى يىرىك پىلانىنى تۈزۈش، سۇ بايلىقىدىن ئېچىپ پايدىلىنىشتا، ۋادا ياكى رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئەھۋالى ۋە ئېكولوگىيىگە سۇ ئىشلىتىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئېكولوگىيىگە سۇ ئىشلىتىش نىسبىتىنى بېكىتىپ، دەريالارنىڭ مۇۋاپىق ئېقىم مىقدارىنى ۋە كۆل، يەر ئاستى سۈيىنىڭ مۇۋاپىق ئورنىنى ساقلاپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش لازىم.

ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى نازۇك رايونلاردا ۋە دەريا ئېقىنى ئۈزۈلۈپ قېلىش، كۆللەر كىچىكلەپ كېتىش قاتارلىق ئېكولوگىيە مەسىلىسى كۆرۈلگەن ۋادا ياكى رايونلاردا كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئېكولوگىيىدىن باشقا ئىشلارغا سۇ ئىشلىتىشنى قاتتىق تىزگىنلەپ، ئېكولوگىيىگە سۇ ئىشلىتىشنى كۆپەيتىش، بوز يەر ئېچىشنى چەكلەش كېرەك.

**11 - ماددا** دەريا، كۆللەردە سۇ قۇرۇلۇشى قىلىشتا، قۇرۇلۇشنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتىنى تەستىقلىتىشتىن ئىلگىرى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى ئالاقىدار ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتى سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ سۇ بايلىقى يىرىك پىلانىغا ئۇيغۇن بولغان - بولمىغانلىقىنى ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە تەكشۈرىدۇ ھەمدە پىكرىنى يازىدۇ.

ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈلمىگەن ياكى تەكشۈرۈشتە سۇ بايلىقى يىرىك پىلانىغا ئۇيغۇن كەلمىگەن قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەستىقلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**12 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق

ھۆكۈمەتلىرى ئېلىنىمىنى كۆپەيتىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، سۇغىرىش، تۇك چىقىرىش، ئادەم ۋە چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۈيىنى ھەل قىلىش ۋە ئېكولوگىيىگە سۇ ئىشلىتىش سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

شورلىشىش، زەيلىشىش ئاپىتى يۈز بەرگەن ۋە ئاسان يۈز بېرىدىغان سۇغىرىش رايونلىرىدا سۇغىرىش، زەي چىقىرىۋېتىش ئۈسكۈنىسىنى ياخشىلاپ، يەر ئاستى سۈ ئورنىنى تىزگىنلەپ، تۇپراقنىڭ شورلىشىشى ۋە زەيلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش كېرەك.

**13 ـ ماددا** ئاپتونوم رايون ئورۇن ۋە شەخسلەرنى مەبلەغ سېلىپ سۇ قۇرۇلۇشى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. سۇ قۇرۇلۇشىنى قىلىش ۋە باشقۇرۇشتا كىم مەبلەغ سالسا شۇ مەنپەئەتلىنىش پرىنسىپىنى يولغا قويىدۇ. ھەممە مەبلەغ سالغۇچىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغدايدۇ.

سۇ ئېنېرگىيىسى، سۇ دائىرىسى قاتارلىق سۇ بايلىقىدىن ئېچىپ پايدىلىنىشتا، باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى سۇ بايلىقى يىرىك پىلانى ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش پىلانىغا بويسۇنۇپ تۇرۇپ خېرىدار چاقىرىش، كىمئارتۇق سودىسى قىلىش، ۋۇئسكا ئېسىپ سودا قىلىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئېچىش ھوقۇقى ئىگىسىنى بېكىتسە بولىدۇ، بۇنىڭدىن قىلىنغان كىرىم مالىيىگە تاپشۇرۇلىدۇ.

**14 ـ ماددا** سۇ باشلاش، يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش، سۇ توسۇش (يىغىش)، سۇ چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى ۋە سۇ بايلىقىدىن ئېچىپ پايدىلىنىدىغان باشقا قۇرۇلۇشلاردا، يۇقىرى ـ تۆۋەن ئېقىندىكىلەرنىڭ، ئوڭ ـ سول قىرغاقتىكىلەرنىڭ ۋە ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىش كېرەك.

ئوخشاش بولمىغان مەمۇرىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پاسىل دەريا، پاسىل ھالقىغان دەريالاردىكى سۇ بايلىقىدىن ئېچىپ پايدىلىنىدىغان قۇرۇلۇشلاردا، ئالاقىدار تەرەپلەر كېڭىشىپ بىرلىككە كەلمەي ھەممە ئۆزلىرىگە ئورتاق بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى ئالاقىدار ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا تەستىقلاتماي تۇرۇپ، ھەرقانداق بىر تەرەپنىڭ سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئالدىغا قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

## III باب

## سۇ بايلىقى، سۇ دائىرىسى ۋە سۇ قۇرۇلۇشىنى قوغداش

**15 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى باشقۇرۇش تەۋەسىدىكى دەريا، كۆللەرنىڭ سۇ رولى رايونىنى تەڭ دەرىجىلىك مۇھىت ئاسراش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئايرىپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىشى ھەمدە بىر دەرىجە يۇقىرى سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە مۇھىت ئاسراش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇشى كېرەك.

سۇنى رولىغا قاراپ سۇ مەنبە مۇھاپىزەت رايونى، ساناھەت سۇ رايونى، يېزا ئىگىلىك سۇ رايونى، بېلىقچىلىق سۇ رايونى، مەنزىرە ـ ساياھەتچىلىك سۇ رايونى ۋە ئېكولوگىيە سۇ رايونلىرىغا ئايرىش كېرەك.

سۇ رولىنى رايونلارغا ئايرىش تەستىقلانغاندىن كېيىن، سۇ رولى رايونىنىڭ پاسىلىنى بېكىتىش ۋە بەلگە ئورنىتىش كېرەك.

سۇ بايلىقى ۋە سۇ دائىرىسىدىن ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە سۇغا بۇلغىما چىقىرىش تەستىقلانغان سۇ رولىنى رايونلارغا ئايرىش تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

**16 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يەر ئاستى سۈيىدىن ئېچىپ پايدىلىنىشنى بىر تۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، يەر ئاستى سۈيىدىن مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىشنى ھەمدە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە يەر ئاستى سۈيى ئارتۇق ئېچىلغان رايون ۋە ئېچىش مەنئى قىلىنغان رايوننى بېكىتىپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىپ ئېلان قىلىشى كېرەك.

ئالاقىدار يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەر ئاستى سۈيى ئارتۇق ئېچىلغان رايوندا ئېچىش مىقدارىنى ئازايتىپ، ئېچىش بىلەن تولۇقلاشنى تەدرىجىي تەڭپۇڭلاشتۇرۇشى؛ يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش مەنئى قىلىنغان رايوندا يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش قۇرۇلۇشى قىلىشنى بەلگىلەنگەن مۇھلەتتە چەكلەپ، ئەسلىدىكى سۇ ئېلىش قۇرۇلۇشىنى توختىتىش لايىھىسى ۋە سۇ مەنبەسىنى ئالماشتۇرۇش لايىھىسىنى تۈزۈشى كېرەك.

**17 ـ ماددا** دەريا، كۆللەرگە بۇلغىما چىقىرىش

ئېغىزىنى قويۇش، ئۆزگەرتىش ۋە كېڭەيتىشتە، باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش كېرەك، مۇھىت ئاسراش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى شۇ قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىت تەسىرى دوكلاتىنى تەستىقلايدۇ.

دەريا، كۆل قاتارلىق سۇ دائىرىسىگە قويۇپ بېرىلىدىغان كېرەكسىز سۇ، پاسكىنا سۇلار سۇ رولىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىش تەلىپى ۋە بەلگىلەنگەن قويۇپ بېرىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئۇنى كۆزىتىپ ئۆلچىشى ۋە نازارەت قىلىشى لازىم.

**18 - ماددا** ئىچىملىك سۇ مەنبەسىنى قوغداش رايونىدا بۇلغىما چىقىرىش ئېغىزى قويۇش، سۇ بايلىقىنى قوغداشقا مۇناسىۋەتسىز قۇرۇلۇشلارنى قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ، ئىچىملىك سۇ مەنبەسىنىڭ مىقدارىغا، سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان ساياھەتچىلىك، تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىشقا ئوخشاش باشقا پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش مەنئى قىلىنىدۇ. بۇرۇن قويۇلغان بۇلغىما چىقىرىش ئېغىزى ۋە تەلەپكە ئۇيغۇن كەلمىگەن مۇئەسسەسەلەرنى ئالاقىدار ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى سۈرۈك ئىچىدە چۈۋۈۋېتىشقا بۇيرۇشى كېرەك.

ئىچىملىك سۇ مەنبەسى مۇھاپىزەت رايونىنى بېكىتىشتە ئوبلاستلىق، شەھەرلىك (ۋىلايەتلىك)، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمىتى ئالاقىدار تارماقلارنى تەشكىللەپ لايىھە تۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىپ، جەمئىيەتكە ئېلان قىلىدۇ.

**19 - ماددا** دەريا، كۆل، سۇ ئامبىرى ۋە ئۆستەڭگە ئەخلەت قاتارلىق قاتتىق تاشلاندۇقلارنى تۆكۈش مەنئى قىلىنىدۇ.

**20 - ماددا** دەريا، كۆل ۋە سۇ قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ۋە قوغداش دائىرىسى تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە بېكىتىلىدۇ:

(1) مۇداپىئە قىرى يوق دەريالارنى باشقۇرۇش دائىرىسى: قېشى بارلىرىنىڭ ئىككى قاش ئارىلىقىدىكى دائىرە؛ قېشى يوقلىرىنىڭ لايىھىدىكى كەلكۈن سۇ ئورنى ياكى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى كەلكۈن سۇ ئورنى ئىچىدىكى دائىرىسى؛

(2) مۇداپىئە قىرى بار دەريالارنى باشقۇرۇش دائىرىسى: ئىككى مۇداپىئە قىرى ئارىلىقىدىكى سۇ دائىرىسى، قۇملۇق، سايلىق (جۇملىدىن تېرىلغىلى بولىدىغان يەر)، كەلكۈن ئاققۇزۇش رايونى، مۇداپىئە قىرى ۋە قىر ئاسراش يېرى. قىر ئاسراش يېرىنىڭ كەڭلىكى سىرتقى لىۋىدىن تېشىغا قاراپ ھېسابلىغاندا، يىللىق ئېقىن مىقدارى 100 مىليون كۇب مېتىردىن يۇقىرى بولغانلىرىنىڭ 20 — 50 مېتىرغىچە؛ يىللىق ئېقىن مىقدارى 100 مىليون كۇب مېتىردىن تۆۋەن بولغانلىرىنىڭ 15 — 30 مېتىرغىچە دائىرىدە بولىدۇ.

(3) سۇ ئامبىرى، توسما، كەلكۈن يولى، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، ئۆستەڭ، سۇ تۇغۇنى قاتارلىق سۇ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنى باشقۇرۇش ۋە قوغداش دائىرىسى ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بىلەن زېمىن بايلىقى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تۈزگەن كونكرېت ئۆلچەم بويىچە بېكىتىلىدۇ.

دەريا، كۆل ۋە سۇ قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ۋە قوغداش دائىرىسى، ئالاقىدار سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتى ۋە سۇ قۇرۇلۇشىنى باشقۇرغۇچى ئورۇننىڭ تەكشۈرۈشى ھەمدە لايىھە قويۇشى بىلەن ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىدۇ.

**21 - ماددا** دەريا باشقۇرۇش دائىرىسىدە كۆۋرۈك، پىرىستان، توما ۋە دەريا توسىدىغان، دەريادىن ئۆتىدىغان، دەريادىن، قاشتىن تېشىپ ئۆتىدىغان ئىنشائاتلار، دەرياغا يېقىن ئىنشائاتلار، قۇرۇلما، دەريا ئاستى تۇرۇبىسى، كابېلى قاتارلىق باشقا قۇرۇلۇشلار دۆلەت بەلگىلىگەن كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ئۆلچىمى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تەلەپلەرگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قانۇنىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن، باشقا تەستىق رەسمىيىتىنى بېجىرىشكە بولىدۇ.

**22 - ماددا** دەريا، كۆل قاتارلىق سۇ دائىرىسىدىن پايدىلىنىپ ساياھەتچىلىك ۋە باقمىچىلىق تىجارەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتا باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتى بەلگىلىگەن دائىرىدە يولغا قويۇش ھەمدە تەدبىر قوللىنىپ كېرەكسىز سۇ، قاتتىق تاشلاندۇق قاتارلىق بۇلغىمىلارنى بىرتەرەپ قىلىپ، سۇ رولىنى رايونلارغا ئايرىش ۋە سۇ بايلىقىنى قوغداش تەلىپىگە يەتكۈزۈپ، سۇ بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

**23 - ماددا** دەريادىن شېغىل ئېلىشتا شېغىل ئېلىش ئىجازەتنامىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ.

سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتى دەريادىكى كەلكۈن يولى ۋە مۇداپىئە قىرىنىڭ بىخەتەرلىك ئېھتىياجىغا ئاساسەن، دەريادىن شېغىل ئېلىش

يېرىك پىلانىنى تۈزۈپ، شېغىل ئېلىش رايونى ۋە شېغىل ئېلىش مەنئى قىلىنغان رايوننى ئايرىپ، شېغىل ئېلىش مەزگىلى، شېغىل ئېلىش مەنئى قىلىنىدىغان مەزگىلنى بېكىتىشى ھەمدە ئېلان قىلىشى لازىم.

دەريا باشقۇرۇش دائىرىسىدە شېغىل، توپا، تاش ئېلىش ۋە ئالتۇن چايقاش ئىشلىرىدا يېرىك پىلانغا ئەمەل قىلىش ھەمدە باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا قانۇن بويىچە ئىلتىماس قىلىپ ئىجازەت ئېلىش؛ باشقا تارماقلا چېتىلىدىغانلىرىنى شۇ تارماق بىلەن قانۇن بويىچە بىرلىكتە بېجىرىش كېرەك.

## IV باب

# سۇ بايلىقىنى تەقسىملەش ۋە تېجەپ ئىشلىتىش

**24 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ تەرەققىيات ـ پىلان مەسئۇل تارمىقى ۋە سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ بايلىقىنى ماكرولۇق تەقسىملەشكە مەسئۇل بولىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە ئوبلاست، شەھەر (ۋىلايەت) ھالقىغان سۇنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك تەمىنات ـ تەلەپ يېرىك پىلانىنى ئاپتونوم رايونلۇق سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە تۈزىدۇ، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ـ پىلان مەسئۇل تارمىقى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدۇ.

ئوبلاست، شەھەر (ۋىلايەت) ۋە ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك سۇ تەمىنات ـ تەلەپ يېرىك پىلانىنى شۇ جايدىكى سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەڭ دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە بىر دەرىجە يۇقىرى ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك تەمىنات ـ تەلەپ يېرىك پىلانى ۋە شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ تۈزىدۇ، ئۇ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەرەققىيات ـ پىلان مەسئۇل تارمىقى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدۇ.

**25 ـ ماددا** ئېقىم مىقدارىنى تەڭشەش، يىغىش ۋە سۇ تەقسىملەشتە، ۋادا يېرىك پىلانى ۋە ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك تەمىنات ـ تەلەپ يېرىك پىلانىغا ئاساسەن، سۇ تەقسىمات لايىھەسىنى ۋادىنى بىرلىك قىلىپ تۈزۈش كېرەك.

سۇ تەقسىمات لايىھەسىدە ئېكولوگىيىگە سۇنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. ئېكولوگىيىنى ياخشىلاش ئېھتىياجى بىلەن سۇ ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، ئىلگىرىكى سۇ تەقسىمات لايىھەسىنى ئەسلىدىكى تەستىق تەرتىپى بويىچە تەڭشەشكە بولىدۇ.

رايون ھالقىغان دەريالارنىڭ سۇ تەقسىمات لايىھەسى بىلەن قۇرغاقچىلىق ئېغىر ئەھۋالدىكى سۇ تەڭشەش لايىھەسىنى ئۇلارغا ئورتاق بولغان بىر دەرىجە يۇقىرى سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى ئالاقىدار ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئالاقىدار يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىكتە تۈزۈپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىدۇ.

**26 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي تارمىقى ياكى ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەستىقلانغان سۇ تەقسىمات لايىھەسى ۋە يىللىق مۆلچەرىي سۇ مىقدارىغا قاراپ، يىللىق سۇ تەقسىمات لايىھەسى ۋە تەڭشەش پىلانىنى تۈزۈپ، بىر تۇتاش تەقسىملەيدۇ ھەمدە سىناپ تەكشۈرىدۇ؛ سۇنى پىلاندىن ئارتۇق ئىشلەتكەنلەرنىڭ سۈيىنى ھەسسىلەپ تۇتۇپ قالىدۇ.

سۇ ئىشلەتكۈچى ئالاقىدار ئورۇنلار ۋادىنىڭ يىللىق سۇ تەقسىمات لايىھەسى ۋە تەڭشەش پىلانىنى ئىجرا قىلىشى شەرت.

رايوننىڭ يىللىق سۇ تەقسىمات لايىھەسى ۋە تەڭشەش پىلانىنى ۋادىنىڭ سۇ تەقسىمات لايىھەسى ۋە تەڭشەش پىلانى بويىچە تۈزۈش كېرەك.

**27 ـ ماددا** دەريا، كۆللەر ياكى يەر ئاستىدىن بىۋاسىتە سۇ ئېلىپ ئىشلىتىدىغانلار (جۈملىدىن سۇ ئېلېكتر، ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىغا سۇ ئېلىپ ئىشلىتىدىغانلار) ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا قانۇن بويىچە ئىلتىماس قىلىپ سۇ ئېلىش ئىجازىتى ئېلىشى ھەمدە سۇ بايلىقى ھەققى تاپشۇرۇشى كېرەك.

**28 ـ ماددا** قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلاردىن يېڭى قۇرىدىغان، ئۆزگەرتىدىغان، كېڭەيتىدىغان قۇرۇلۇشلارغا سۇ ئېلىش ئىجازىتى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغانلىرى سۇ بايلىقىنى دەلىللەش دوكلاتىنىمۇ تاپشۇرۇشى كېرەك.

**29 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى سۇ تەمىنات ـ تەلەپ ئۆزگىرىشى، تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئاساسەن، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان مەزگىلدىكى سۇ تېجەش نىشانىنى بېكىتىپ، سۇ تېجەش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سۇ تېجەش خىزمىتىگە بولغان

رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، سۇ تېجەلمىدىغان يېزا ئىگىلىكى، سانائەت ۋە مۇلازىمەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، سۇ تېجەيدىغان جەمئىيەت قۇرۇشى كېرەك.

**30 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تېجەپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ شۇ جاينىڭ شارائىتىغا قاراپ كېڭەيتىپ، ھازىرقى ئىنشائاتلارنى تېزدىن سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىشى كېرەك. سۇ ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ۋە شەخسلەر تېجەپ سۇغىرىش تېخنىكىسى ۋە سۇ تېجەپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى پائال قوللىنىپ، سۇ تېجەلمىدىغان ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكى ۋە ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى پائال راۋاجلاندۇرۇشى لازىم.

سانائەت كارخانىلىرى سۇ تېجەش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىپ، قالاق ھۈنەر ۋە ئۈسكۈنىلەرنى شاللىۋېتىپ، سۇ سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىپ، سۇدىن تەكرار پايدىلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى سۇ ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنى سۇ تەڭپۇڭلۇق سىنىقى قىلىشقا تەشكىللەپ، كارخانىنىڭ سۇ ئىشلىتىش سەۋىيىسىنى سىناپ تەكشۈرۈپ، كارخانىنىڭ سۇ تېجەش يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىشى لازىم.

شەھەر جامائەت ئەسلىھەسى ۋە يۇقىراۋى قۇرۇلۇشتا سۇ تېجەيدىغان سايمان ۋە ئۈسكۈنە ئىشلىتىش لازىم. شەھەردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەدبىر قوللىنىپ، تازىلانغان يۇندا ئىشلىتىش چارىسىنى يولغا قويۇپ، پاسكىنا سۇدىن قايتا پايدىلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

**31 - ماددا** يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان، ئۆزگەرتىلىدىغان، كېڭەيتىلىدىغان قۇرۇلۇشلاردىن سۇ ئېلىپ ئىشلىتىدىغانلىرىدا، سۇ تېجەش ئەسلىھەلىرىنى يۇرۇشلەشتۈرۈپ، سۇ تېجەش يېڭى تېخنىكىسى، يېڭى ئۈسكۈنىسى، يېڭى ھۈنىرى ۋە يېڭى مەھسۇلاتى ئىشلىتىش كېرەك. سۇ تېجەش ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇلۇش بىلەن تەڭ لايىھىلەش، تەڭ ئورنىتىش ۋە تەڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈش كېرەك.

**32 - ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئالاقىدار مەسئۇل تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ساھەلەرنىڭ سۇ ئىشلىتىش نورمىسىنى بېكىتىشى كېرەك. ئۇنى، سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ماقۇللىغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلىدۇ.

ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ سۇ ئىشلىتىش پىلانىنى نورمىسىغا قاراپ بېكىتىش كېرەك، نورمىدىن ياكى پىلاندىن ئاشۇرۇپ سۇ ئىشلىتىلسە، باھا قوشۇپ ھەق ئېلىنىدۇ.

**33 - ماددا** سۇ ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ۋە شەخسلەر بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن ئۆلچەش ئەسلىھەسى ئورنىتىشى ھەمدە ئۆلچەش ئەسلىھەسىنىڭ نورمال ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئۆلچەش ئەسلىھەسى يوق ياكى ئەسلىھەسىنىڭ ئىشلىشى نورمال بولمىغانلىرىنىڭ سۇ ئىشلىتىش مىقدارى سۇ ئىشلىتىش ئەسلىھەسىنىڭ لايىھىلەنگەن ئەڭ چوڭ مىقدارى بويىچە ھېسابلانسا بولىدۇ.

**34 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى سۇ بايلىقىنى تېجەش ۋە مۇھەببەت ئاسراشقا پايدىلىق سۇ باھا سىياسىتى تۈزۈشى كېرەك.

يېزا ئىگىلىك سۇيى شەھەرگە ۋە سانائەتكە بېرىلسە، سۇ باھاسىغا يېزا ئىگىلىكىدە سۇ تېجەش تولۇقلىمىسى قوشۇش، ئۇنى يېزا ئىگىلىكىدە سۇ تېجەشكىلا ئىشلىتىش كېرەك. كونكرېت بەلگىلىمىسىنى ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە، باھا ۋە سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى چىقىرىدۇ.

يېزا ئىگىلىك سۇ تەمىناتىدا، سۇنى ئائىلىلەرگىچە تەقسىملەش، ئائىلىلەرگىچە ئۆلچەش، كۆپ مېتىر بويىچە ھەق ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ.

**35 - ماددا** سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ سۈيىنى ئىشلىتىدىغانلار سۇ بەرگۈچى ئورۇنغا سۇ ھەققى تاپشۇرۇشى كېرەك. سۇ ھەققى تاپشۇرۇشنى سەۋەبسىز رەت قىلغان ۋە كېچىكتۈرگەنلەرنىڭ سۈيىنى سۇ بەرگۈچى ئورۇن توختاتسا بولىدۇ.

سۇ بەرگۈچى ئورۇن ئالىدىغان سۇ پۇلىنى قەرەللىك ئېلان قىلىشى كېرەك. ھەرقانداق تەشكىلات، ئورۇن ۋە شەخسنىڭ سۇ باھاسىغا قوشۇپ باشقا ھەرقانداق ھەق ئېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

سۇ پۇلىنى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە، ئاساسلىقى سۇ قۇرۇلۇشىنى ئاسراش ۋە باشقۇرۇشقا ئىشلىتىش كېرەك. باشقا ئىشقا ئىشلىتىۋېلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

## V باب

## قانۇنىي جاۋابكارلىق

**36 - ماددا** سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى باشقا ئالاقىدار تارماقلار شۇنىڭدەك سۇ قۇرۇلۇشىنى باشقۇرغۇچى ئورۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ خادىملىرى تۆۋەندىكى

قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلسا، بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىم ۋە باشقا جاۋابكارلارغا مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولۇپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەر قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرتكە توشمايدىغان ئورۇنلارغا ۋە شەخسلەرگە ئىجازەتنامە بېرىش، تەكشۈرۈپ قوشۇلۇش پىكرى يېزىش ياكى ئۇنى تەستىقلاش؛

(2) سۇ بايلىقى ھەققى قاتارلىق ھەقلەرنى ئېلىشتا بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلماسلىق؛

(3) بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ بوز يەر ئېچىش مەنئى قىلىنغان رايوندا بوز يەر ئېچىشنى تەستىقلاش؛

(4) سۇ تەقسىملەشتە تەقسىمات لايىھىسىگە ئەمەل قىلماسلىق ياكى بەلگىلىمىگە خىلاپ ئېچىلغان بوز يەرگە سۇ بېرىش؛

(5) نازارەت قىلىش خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماسلىق ياكى بايقىغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى بىرتەرەپ قىلماسلىق؛

(6) خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلىنىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلىشتەك باشقا قىلمىشلار.

**37 ـ ماددا** مۇشۇ چارىنىڭ 17 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، پاسكىنا سۇ، كىرەكسىز سۇ چىقارغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ؛ سۈرۈك ئۆتسىمۇ تۈزەتمىگەنلەرنى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن بۇلغىما چىقىرىش ئېغىزىنى چۇۋۇۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ سۈرۈك ئىچىدە چۇۋۇۋەتمىسە مەجبۇرىي چۇۋۇۋېتىدۇ، چۇۋۇۋېتىش خىراجىتىنى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان جاۋابكار ئۈستىگە ئالىدۇ.

پاسكىنا سۇ، كىرەكسىز سۇ چىقىرىپ مۇھىتنى بۇلغىغانلارغا سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتى شۇ جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى مۇھىت مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ قانۇن بويىچە جازا بېرىدۇ.

**38 ـ ماددا** مۇشۇ چارىنىڭ 19 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، دەريا، كۆل، سۇ ئامبىرى، ئۆستەڭگە ئەخلەت تۆككەنلەرنى سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتى چەكلەيدۇ، تازىلاشقا بۇيرۇيدۇ، قىلمىشى ئېغىر بولۇپ كەلكۈن ئاققۇزۇشقا توسقۇنلۇق قىلغانلارغا 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ سۇنى بۇلغىغانلارنى قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدا مۇھىت مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا تەكلىپ بېرىدۇ.

**39 ـ ماددا** مۇشۇ چارىنىڭ 22 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، بەلگىلەنگەن سۇ دائىرىسى ئىچىدە ساياھەتچىلىك ۋە باقمىچىلىق قاتارلىق تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتى خىزمەت ھوقۇقى بويىچە سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ. سۈرۈك ئۆتسىمۇ تۈزەتمىگەنلەرگە 20 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ، سۇنى بۇلغىغانلارنى شۇ جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىت مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىدۇ.

**40 ـ ماددا** مۇشۇ چارىنىڭ 27 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، دەريا، كۆللەردە ئىجازەتسىز ئېغىز ئېچىپ، سۇ ناسوسى ئورنىتىپ ياكى ۋاقىتلىق ئەسلىھە ياساپ خالىغانچە سۇ ئالغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىش، ئوڭشاش تەدبىرى قوللىنىشقا بۇيرۇيدۇ، 20 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ.

**41 ـ ماددا** مۇشۇ چارىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، مەمۇرىي جازا بېرىشكە تېگىشلىك باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلارغا «سۇ قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

## VI باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**42 ـ ماددا** بۇ چارە 2004 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# ئالاھىدە ماقالىلەر

## ھەممە بىر نىيەتتە «سارس» قا تاقابىل تۇرۇش

### 2003 - يىلى شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشقا دائىر چوڭ ئىشلار

4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، «سارس» نى نازارەت قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى، ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىپ، ئومۇملاشتۇرۇپ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتىنى ئەتراپلىق، كۆپ قاتلاملىق، نۇقتىلىق قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سەھىيە نازارىتى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن 1 - قېتىم ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش توغرىسىدىكى خىزمەتلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ئېلان قىلدى. سەھىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ش ئۇ ئا ر «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ شاۋخۇا شىنجاڭدا «سارس» كېسەللىكى توغرىسىدا مەلۇمات يوق دېدى.

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، جايلاردىن ۋە سەھىيە، قاتناش، تۆمۈريول، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى تارماقلىرى (ئورۇنلىرى) دىن تەدبىر قوللىنىپ، «سارس» نىڭ قاتناش قوراللىرى ئارقىلىق تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلدى.

4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سەھىيە نازارىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇملۇق سارس كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشنىڭ دەسلەپكى لايىھىسى» نى ئېلان قىلدى ھەمدە ش ئۇ ئا ر كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش مەركىزىگە قاراشلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىنى «سارس» كېسىلىنى مەركەزلەشتۈرۈپ داۋالايدىغان دوختۇرخانا قىلىپ بېكىتتى.

4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى بويىچە تېلېۋىزىيە تېلېفون يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى سەھىيە نازارىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭدا «سارس» بىلەن يۇقۇملانغان بىر گۇمانلىق ئادەمنىڭ بايقالغانلىقىنى ئېلان قىلدى. 20 - كۈنى بېيجىڭدىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلگەن بېيجىڭدىكى مەلۇم ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسىنى شىنجاڭدىكى «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرى «سارس» كېسىلى بار دەپ گۇمانلاندى. بىمار ۋە ئۇنىڭ بىلەن زىچ ئالاقىدە بولغانلار ئايرىۋېتىلدى.

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش ئىدارىسى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، پىلان كومىتېتى بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىپ، «سارس» نى يوقىتىشقا ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ باھاسىنى يامان نىيەتتە ئۆستۈرۈپ بازارنى قالايمىقانلاشتۇرۇش قىلمىشىنى تەرتىپكە سالدى.

4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر سەھىيە نازارىتى «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، ئورۇنلارنىڭ ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمىتىنى يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ياخشى ئىشلەشنى سەمىگە سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ «سارس» توغرىسىدىكى دىجورنىلىق تېلېفون نومۇرلىرىنى ئېلان قىلدى.

4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ش ئۇ ئا ر سارسنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئېلىشنى قارار قىلدى.

4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تۇنجى قېتىم يىغىن ئاچتى. يىغىندا ھەممە بىر نىيەتكە كېلىپ، «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش جېڭىنى ياخشى

قىلىش تەكىتلەندى.

4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى گۇۋۇيۇەننىڭ «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشنى نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە بىڭتۇەننىڭ «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش توغرىسىدىكى خىزمەت ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايون رەھبىرىي كادىرلار يىغىنى ئاچتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن كىرىش ئېغىزلىرىنى چىڭ ئېتىلەپ، «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشتا ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشنى تەكىتلىدى.

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سەھىيە نازارىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭدا ھازىرغىچە «سارس» كېسىلىگە دائىر بىرمۇ ئېنىق دىئاگنوز قويۇلمىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى تۆمۈريول، خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاپتونوم رايون ش ئۇ ئا ر كېسەللىكنى كونترول قىلىش مەركىزىگە قاراشلىق يۇقۇملۇق كېسەللىك دوختۇرخانىسى، ش ئۇ ئا ر ئۆپكە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ كۆمۈركان دوختۇرخانىسىنى «سارس» نى داۋالايدىغان دوختۇرخانا قىلىپ بېكىتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە 3 ئورۇننى گۇمانلىق «سارس» كېسىلىنى كۆزىتىش ئورنى قىلىپ بېكىتتى.

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭدا يەنە بىر گۇمانلىق بىمار مەلۇم قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى دۆلەت شىنجاڭغا «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشقا ئاجرىتىپ بەرگەن 10 مىليون يۈەن مەخسۇس مەبلەغ نەقلەشتى.

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايون ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم شۇجىلىرى يىغىنى ئېچىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭدا «سارس» كېسىلى دەپ گۇمان قىلىنغان تۇنجى بىمار دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۆيىگە قايتتى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە تور بېتىش شەكلىدىكى سالامەتلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى.

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن تاللانغان 34 دوختۇر، سېسترا «سارس» قا تاقابىل تۇرۇشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتى.

5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى «شىنجاڭ گېزىتى» دە «بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئىلمىي تاقابىل تۇرۇپ، «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشتىن ئىبارەت بۇ قاتتىق جەڭدە قەتئىي غەلىبە قىلايلى» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلدى.

5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئىسمائىل تىلىۋالدى، خۇ جيايەنلەر «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شىنجاڭدا گۇمانلىق «سارس» كېسىلى بىمارىدىن يەنە بىرى كۆپەيدى. ھازىرغىچە شىنجاڭدا 3 گۇمانىي «سارس» كېسىلى بايقالدى، 2 سى گۇماندىن ساقىت قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، ش ئۇ ئا ر «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يېقىنقى مەزگىللىك «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە 5 تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى.



2003 - يىلى شىنجاڭدا «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش مەزگىلىدە شىنجاڭ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلغان نەرسىلەرنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى كىرگەن - چىققان يولۇچىلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىمەكتە.

جاڭ يۇخۇي فوتوسى

5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىنجاڭ بېيجىڭغا 100 مىڭ دانە ماسكىنى جىددىي ياردەم قىلدى. تۇنجى تۈركۈمدىكى 45 مىڭى بېيجىڭغا يېتىپ باردى.

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا بىر قولدا

«سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى تۇتۇش، بىر قولدا تەرەققىياتنى تۇتۇش تەكىتلەندى.

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شىنجاڭدىكى 3 گۇمانىي «سارس» كېسەللى بىمارى گۇماندىن ساقىت قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى تېلېۋىزىيە تېلېفون يىغىنىدا ئالدىنى ئېلىشنى چىڭ تۇتۇپ، سارسنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا تارقىلىپ كېتىشىنى توسۇشنى تەكىتلىدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خۇ جيايەن ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئوقۇۋاتقان باللىرىنى شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كەلمەسلىكىنى تەلەپ قىلدى.

5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭنىڭ «سارس» نىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورا ۋە ئالاقىدار تاۋار مەنبەسى تولۇقلاندى، باھاسى، توشۇش مۇقىم بولدى.

5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خۇ جيايەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مەخسۇس زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، شىنجاڭنىڭ «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى ئۈستىدە توختالدى.

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ش ئۇ ئا ر «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 3- قېتىم يىغىن ئېچىپ، ئەزا ئورۇنلارنىڭ «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇھىم نۇقتىسىنى ئورۇنلاشتۇردى.

5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋاڭ لېچۇەن بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى «سارس» نىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە ئۇنى داۋالايدىغان نۇقتىلىق دوختۇرخانىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، «سارس» نىڭ يېزا - قىشلاقلارغا تارقىلىپ كېتىش يوللىرىنى قەتئىي ئۈزۈۋېتىشنى تەكىتلىدى.

5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى خۇ جيايەن ئالاھىدە قۇمۇل شىڭشىڭشيادىكى دېزىنفېكسىيە قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتىغا مەخسۇس بېرىپ، «سارس» نىڭ ئالدىنى ئالىدىغان خادىملاردىن قىزغىن ھال سورىدى.

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى «سارس» باھانىسىدە بېيىغان 4 ئورۇنغا ئېغىر جەرىمانە قويدى. ئۇلار شىنجاڭ «ياخشى ماكان» تاللا بازىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ «ياشلار» يولى ماگىزىنى، شىنجاڭ «پۇ جىتاڭ» تىببىي دورا پارچە سېتىش زەنجىرسىمان چەكلىك شىركىتىنىڭ 2 - شۆبە دۇكىنى، «گو تەي» دورىخانىسىنىڭ «قىزىلتاغ» دۇكىنى، «تولۇئاي» راۋىقى توپ سېتىش بازىرىنىڭ 47 - نومۇرلۇق دۇكىنى.

5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە بېرىپ، «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى نازارەت قىلىشقا تەشكىللىدى.

5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭدا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش مەزگىلىدە «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا جىددىي تاقابىل تۇرۇشنىڭ دەسلەپكى لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى شىنجاڭ كۆمۈركان باش دوختۇرخانىسىنى ئەمدى «سارس» نى داۋالايدىغان نۇقتىلىق دوختۇرخانا قىلماسلىقنى، يېڭىدىن قۇرۇلغان ئۈرۈمچى شىمالىي شەھەر ئەتراپى رايونى دوختۇرخانىسى «سارس» بىمارلىرىنى قوبۇل قىلىپ داۋالاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدىغانلىقىنى قارار قىلدى. شىمالىي شەھەر ئەتراپى رايونى دوختۇرخانىسى مۆلچەر بويىچە 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پۈتىدۇ، ئۇنىڭغا 120 بىمار سىغىدۇ.

5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇ جيايەن ئاپتونوم رايوندىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، بوشىشىپ كېتىش كەيپىياتىنى تۈگىتىپ، ئىلمىي ھالدا «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش لازىم دەپ كۆرسەتتى.

5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىنجاڭدا گۇمانىي «سارس» كېسەللى بىمارىدىن بىرى بايقالدى، ئۇ ھازىر قۇتۇبى ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىدۇ.

5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 4 - قېتىملىق يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا مەملىكەت بويىچە كېسەللىك ئەھۋالى مۇجىمەللا بولىدىكەن، ھەرگىز ئالدىنى ئېلىش، داۋالاشنى بوشاشتۇرۇپ قويماي، داۋاملىق كۈرەش قىلىشىمىز، يۇقۇم مەنبەسىنى قەتئىي ئۈزۈپ تاشلىشىمىز كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قىسمەن مەمۇرىي، كەسپىي ھەق تۈرلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى ۋاقىتنچە ئالماسلىقنى ھەمدە «سارس» نىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغان ئاشخانا، مېھمانساراي، ساياھەتچىلىك، كۆڭۈل ئېچىش كەسىپلىرى ۋە تاشقى ئىقتىساد - سودا كارخانىسى، ئاۋىئاتسىيە، تۆمۈريول،

تاشيوللاردا يولۇچى، يۈك توشۇش كەسپلىرى قاتارلىقلاردىن ئېلىنىدىغان مەمۇرىي، كەسپىي ھەقلەرنى ۋاقىتىنچە كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىشنى قارار قىلغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى سانجىدىكى مەلۇم بىر مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسىغا گۇمانىي «سارس» كېسەللىكى دەپ دىئاگنوز قويۇلدى. ھازىرغىچە شىنجاڭدا گۇمانىي «سارس» كېسەللىكىدىن 5 ى بايقالدى، بۇنىڭ 3 ىدىن گۇمان ساقىت قىلىندى. ھەقىقىي «سارس» كېسەللىكى دەپ دىئاگنوز قويۇلغىنى يوق.

5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سەھىيە نازارىتى شىنجاڭدىكى 5 - گۇمانىي «سارس» كېسەللىكى بىمارىنىڭ داۋالاش ئۇنۇم بەرمەي، 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سائەت 20 دىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سەھىيە مىنىستىرلىكى 3 نەپەر مۇتەخەسسىنى بىمارنى تەكشۈرۈشكە ۋە قايتا دىئاگنوز قويۇشقا ئەۋەتتى. مۇتەخەسسىلەر ئۆلگۈچى سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ يۇقۇملۇق گۇمانىي «سارس» كېسەللىكىگە دىئاگنوز قويۇش ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلگۈچىنى گۇمانىي يۇقۇملۇق «سارس» كېسەللىكى بىلەن ئۆلگەن دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ دەپ قارىدى.

6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭدا 4 - گۇمانىي «سارس» كېسەللىكى بىمارى گۇماندىن ساقىت قىلىندى. شۇ ۋاقىتقىچە، شىنجاڭدا گۇمانىي «سارس» كېسەللىكى بىمارىدىن 5 ى بايقىلىپ، 4 ى گۇماندىن ساقىت قىلىندى، بىرى ئۆلۈپ كەتتى. ھەقىقەتەن «سارس» دەپ دىئاگنوز قويۇلغىنى يوق.

6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ش ئۇ ئا ر «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 5 - قېتىم يىغىن ئاچتى. يىغىندا «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش تەرتىپىنى ساقلاش كۆرسىتىلدى.

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ 1 - سەپىدە سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش، داۋالاش - كۈتۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملارغا ھال سوراش خېتى ئېلان قىلىپ، ئۇلارنىڭ غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق جەڭدە غەلىبە قىلىشىغا ئىلھام بەردى.

6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭدىكى تۇنجى يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە ئۇنى داۋالايدىغان دوختۇرخانا — ئۈرۈمچى شىمالىي شەھەر ئەتراپى رايونى دوختۇرخانىسى پۈتتى. دوختۇرخانىنىڭ ئومۇمىي پىلاندىكى ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 270 مىڭ كۋادرات مېتىر، 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 81 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر، ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 10 مىڭ 808 كۋادرات مېتىر، تەخمىنەن چوت بويىچە سېلىنىدىغان مەبلەغ 26 مىليون 860 مىڭ يۈەن. كېسەل رايونىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 6009 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 120 كارىۋات قويۇلغان، جىددىي ئەھۋال كۆرۈلگەندە 228 كارىۋات سىغدۇرغىلى بولىدۇ.

6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى كاتتا يىغىن ئېچىپ، بېيجىڭغا «سارس» قا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بېرىپ شەرەپ قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن داۋالاش ئەترىتىنى كۈتۈۋالدى.

6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 6 - قېتىم يىغىن ئاچتى. يىغىندا، مەملىكەت بويىچە «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشتا باسقۇچ خاراكتېرلىك غەلىبە قولغا كەلگەن ھازىرقى ئەھۋالدا، ئىدىيەدە بوشىشىپ كەتمەسلىك، رەھبەرلىك ئاجىزلىشىپ كەتمەسلىكنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، قانۇن بويىچە، ئىلمىي، قېلىپلاشقان، تەرتىپلىك بولغان ئۇزاق مۇددەتكىچە كۈچكە ئىگە مېخانىزم ئورنىتىپ، «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى جىددىي ئەھۋالدىن دائىمىي ھالەتكە ئۆزگەرتىشى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى يامالىق تېغى مەھەللە باشقارمىسى جەنۇبىي پويىز ئىستانسىسى مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىببىي ئىنستىتۇتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا پارتكومى، قومۇل ۋىلايەتلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى پارتىيە باش ياچېيكىسى مەملىكەت بويىچە «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشتىكى ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى دېگەن نامغا؛ ياڭ شاۋخۇڭ (ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى نەپەس يولى كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، كاندىدات مۇدىر ۋراچ)، ئابدۇرېھىم ئۆمەر (قومۇل ۋىلايەتلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى يەرلىك كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، ۋاڭ شيۇشياڭ بىگتۈەن يېزا ئىگىلىك 13 - شى «قىزىل يۇلتۇز» دوختۇرخانىسى قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇل ۋراچى) مەملىكەتلىك «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىدىكى مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى دېگەن نامغا ئېرىشىپ، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشنى نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ، «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىدىكى 50 ئىلغار پارتىيە تەشكىلاتى ۋە 100 مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسىنى تەقدىرلەشنى قارار قىلدى (ئىسمىلىك ئاخىرىدا قوشۇمچە قىلىندى).

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايون «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىدىكى ئىلغار پارتىيە تەشكىلاتى ۋە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرىنى تەقدىرلەش تېلېۋىزىيە، تېلېفون يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا ۋاڭ لېچۈەن قاتناشتى، ئىسمائىل تىلىۋالدى سۆز قىلدى. يىغىندا ئىلى ئوبلاستلىق «دوستلۇق» دوختۇرخانىسىنىڭ ئامبۇلاتورىيە پارتىيە ياچېيكىسى قاتارلىق 50 ئىلغار پارتىيە تەشكىلاتى ۋە جاڭ خۇي قاتارلىق 100 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى تەقدىرلەندى.

## قوشۇمچە 1

ئاپتونوم رايون بويىچە «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىدىكى ئىلغار پارتىيە تەشكىلاتلىرى (50)

ئىلى «دوستلۇق» دوختۇرخانىسى ئامبۇلاتورىيىسى پارتىيە ياچېيكىسى، تولى ناھىيىسى تېمىرتام بازىرى «سارس» نىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە تەكشۈرۈش - كۆزىتىش پونكىتى ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى پارتكومى، بورتالا شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسى پارتىيە باش ياچېيكىسى، قاراماي شەھەرلىك مەركىزىي دوختۇرخانا قۇتقۇزۇش مەركىزى پارتىيە ياچېيكىسى، سانجى ئوبلاستلىق ترانسپورت باشقۇرۇش باش پونكىتى پارتىيە باش ياچېيكىسى، سانجى شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى پارتىيە باش ياچېيكىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى ياماللىق تېغى مەھەللە باشقارمىسى جەنۇبىي ۋوگزال مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسى، ئۈرۈمچى قىزىل كرېست قۇتقۇزۇش مەركىزى پارتىيە ياچېيكىسى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى چىڭگېداخۇ يېزىلىق پارتكوم، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تاشيولدا يولۇچى - يۈك توشۇش مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ جەنۇبىي شەھەر ئەتراپى يولۇچى توشۇش بېكىتى پارتىيە ياچېيكىسى، توقسۇن ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابىتى دوختۇرخانىسى پارتىيە ياچېيكىسى، تۇرپان شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى پارتىيە ياچېيكىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى پارتىيە باش ياچېيكىسى، قۇمۇل ۋىلايىتى شىڭشىڭشيا «سارس» قا تاقابىل تۇرۇش بويىچە دېزىنفېكسىيە قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى پارتكومى، كورلا شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسى - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى پارتىيە ياچېيكىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى پارتىيە ياچېيكىسى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سەھىيە ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسى، قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى پارتىيە باش ياچېيكىسى، نىيە ناھىيىلىك پارتكوم، ش ئۇ ئا ر پوچتا ئىدارىسى ئۈرۈمچى پوچتا رايونى مەركىزىي ئىدارىسى پويىزدا يالاپ توشۇش بۆلۈمى پارتىيە ياچېيكىسى، ش ئۇ ئا ر ئاياللار تۈرمىسى پارتكومى، شىنجاڭ بىناكارلىق (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتكومى، شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى گۇرۇھى «جۇڭتەي» خىمىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتكومى، ماكارىپ نازارىتى ئاساسىي ماكارىپ باشقارمىسى پارتىيە ياچېيكىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئارقا سەپ مۇلازىمىتى گۇرۇھى پارتىيە باش ياچېيكىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومى، شىنجاڭ «كېپىنەك شاھى» ئىلمە توقۇلما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتكومى، ش ئۇ ئا ر ماشىنا - ئېلېكتر ساھەسى ئىشخانىسى ئورگىنى 1 - پارتىيە ياچېيكىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى پارتكومى، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا پارتكومى، ش ئۇ ئا ر كېسەللىكلەر مۇداپىئەلىنىش - كونترول قىلىش مەركىزى پارتكومى، ش ئۇ ئا ر ئۆپكە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى پارتكومى، شىنجاڭ كۆمۈركان باش دوختۇرخانىسى پارتكومى، ش ئۇ ئا ر كېسەللىكلەر مۇداپىئەلىنىش كونترول قىلىش مەركىزى قارمىقىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى پارتىيە باش ياچېيكىسى، شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى ئاخبارات پىلانلاش بىرلەشمە پارتىيە ياچېيكىسى، ج خ نازارىتى قاتناش ساقچىلىرى باش ئەترىتى ئالىي تاشيول تارماق ئەترىتى داۋانچىڭ چولڭ ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسى، قاتناش نازارىتى يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتكومى، ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسى ئۆلچەم سىناش تەتقىقات ئورنى پارتىيە ياچېيكىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا- سانائەت ئىدارىسى تەڭرىتاغ رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسى، قۇتۇبى ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى پارتىيە ياچېيكىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى سەھىيە - تىببىي داۋالاش سۇغۇرتا باشقۇرۇش مەركىزى پارتكومى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى يولۇچى ترانسپورت شىركىتى پارتكومى، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى غۇلجا ئايرودرومى پارتىيە ياچېيكىسى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 23 - دوختۇرخانىسى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بۆلۈمى پارتىيە ياچېيكىسى، قوراللىق ساقچى شىنجاڭ باش ئەترىتى دوختۇرخانىسى ياللۇغ بۆلۈمى پارتىيە ياچېيكىسى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى تىببىي ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى 1- دوختۇرخانا پارتكومى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شى

سەھىيە- يوقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى پارتىيە ياچېيكىسى، جۇڭخۇا بىرلەشمە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتى بېيجىڭ شۆبە شىركىتى پارتىيە ياچېيكىسى.

## قوشۇمچە 2

ئاپتونوم رايونلۇق سارىسىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىدىكى مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى (100 نەپەر)

سۇن خۇي (ئايال، قورغاس ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، لى يې (ئايال، كۈيتۇن شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، ئالىيە يۈسۈپ (غۇلجا شەھىرى دۆلەتباغ مەھەللە باشقارمىسى يوقۇمدىن ساقلىنىش - ساقلىق ساقلاش پونكىتىنىڭ باشلىقى)، ليۇ پېيفۇ (چۆچەك شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى)، ليۇ گۈيئەن (شىخو شەھەرلىك سەھىيە - يوقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتىنىڭ باشلىقى)، نيۇ چۇنگو (تولى ناھىيىسى مياۋئېرگۇ بازارلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى)، لى شىنلىن (ئالتاي ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسى سەھىيە نازارەتچىلىك پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، مانىنا قاجىمەن (ئايال، قازاق، ئالتاي ۋىلايەتلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - كونترول قىلىش مەركىزى يوقۇمدىن ساقلىنىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، جاۋ لىمىن (ئايال، بۇرچىن ناھىيە بۇرچىن بازىرى جەنۇبىي ئايلانما شەرقىي يولى مەھەللە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، زاڭدېلى (ئايال، موڭغۇل، بورتالا ئوبلاستلىق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - كونترول قىلىش مەركىزى تارقىلىشچان كېسەللىكلەر كاندىدات مۇدىر ۋراچى)، تەي شىڭفۇ (جىڭ ناھىيىلىك قاتناش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، جاڭ مىڭ (قاراماي شەھەرلىك شەھەر باشقۇرۇش- مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئىدارىسى ئۇنىۋېرسال بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، شى جىنفاڭ (ئايال، سانجى ئوبلاستلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - كونترول قىلىش مەركىزى كېسەللىكنى كونترول قىلىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، سۇن لېي (سانجى ئىنىستىتۇتى ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىنىڭ كادىرى)، شى رۇي (سانجى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى چارلاش ساقچىسى چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى)، ليۇ ۋەنلىن (ئايال، موڭغۇل، سانجى ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسى تىبابەتچىلىك بويىچە تەربىيىلەش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى)، سۇن لى (ئايال، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ سېستراسى)، گۈلشات كونەسبېك (ئايال، قازاق، ئۈرۈمچى شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى نەپەس كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، سۇن مېيپىڭ (ئايال، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەھىيە - يوقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى يوقۇمدىن ساقلىنىش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى)، ۋاڭ كېنلىن (ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونى سەنگۇڭ مەھەللە ئىش باشقارمىسى «بەييۈەن» كوچىسى مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر)، ليۇ جىڭۋاڭ (ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونى ۋېيخۇلياڭ مەھەللە ئىش باشقارمىسى فايۈەن مەھەللە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، فاڭ جياڭزېڭ (ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى دۆڭمەن مەھەللە باشقارمىسى جەنۇبىي دۆلەت قورۇش يولى شىمالىي مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، چېن گو (ئۈرۈمچى شەھىرى بىناكارلىق بازارلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى)، لىن ئەندى (تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ۋالىي)، سۇڭ يەن (ئايال، مانجۇ، تۇرپان ۋىلايەتلىك سەھىيە- يوقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى)، ياقۇپ ئابدۇراخمان (پىچان ناھىيىلىك مىللىي تىبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، ئابدۇرېھىم (قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەھىيە - يوقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى يەرلىك كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، پۇ يۇڭۋېي (قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى)، تاڭ مېي (ئايال، قۇمۇل شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، ساۋ جيې (قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، شى شيۇپىڭ (ئايال، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي دوختۇرخانا تەكشۈرۈش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى)، ۋاڭ جۈن (ئايال، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇدىر)، جاڭ چېڭجىن (بايىنغولىن ئوبلاستلىق سەھىيە - يوقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى يوقۇمدىن ساقلىنىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، ليۇ فېڭ (خېيزۇ، خوشۇت ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى قاتناش چوڭ ئەترىتى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى)، جاڭ شيا (ئايال، ئاقسۇ شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، خې گۈيشياڭ (ئايال، كۇچا ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى پەرۋىش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى)، مەريەم قاسىم (توقسۇ ناھىيىلىك سەھىيە - يوقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، جېڭ ۋېنبياۋ (قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، مەھەممەت زۇنۇن ئابدۇراخمان (ئاتۇش شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - كونترول قىلىش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، ئابدۇللا ھامۇت (قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى)، جۇ جۇڭيى (قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى)، ئابلەت ئابباس (مارالبېشى ناھىيە ئاناركۆل يېزىلىق شىپاخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، ۋۇ شاۋخۇا (خوتەن ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى)، يالقۇن قۇربان (گۇما ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى)،

مەتتىمىن مۇسا (خوتەن ۋىلايەتلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، پونكىت باشلىقى)، ئېلىيار (ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات. پىلان كومىتېتى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق - يېنىك سانائەت باھا باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى)، تالڭ گۈيفاڭ (ئاپال، ش ئۇ ئا ر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئىدارىسى ئۈرۈمچى ئاياللارنى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى تۈزمۇش - سەھىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، جاڭ يۇيپىڭ (شىنجاڭ «تيەنچۈەن» يۇڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى «غەربىي يۇرت» يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى نۇر بىلەن داۋالاش بۆلۈمىنىڭ ۋراچى)، جۇ مەنيىڭ (شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قوغداش بۆلۈمىنىڭ ئىقتىساد ساقچىسى)، جۇ جۇمىڭ (شىنجاڭ «لىيەنچياڭ» گۇرۇھى ئاراتۇرۇك ئات فېرمىسى سۇمقاغا باشقارمىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، ماۋ ۋېنشىن (مائارىپ نازارىتى تەنتەربىيە - سەھىيە - سەنئەت - مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)، ما مىڭ (خۇيزۇ، مائارىپ نازارىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە چوڭلار مائارىپى باشقارمىسىنىڭ مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى)، دىلشات بارات (شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتەپ ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، خې جيەنگو (شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، ۋۇ گوبىن (ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد كومىتېتى ئىقتىسادىي ئايلىنىش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، لۇ گوخۇي (شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى مەكتىپى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى)، ۋاڭ جۈن (خۇيزۇ، شىنجاڭ يېنىك سانائەت كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قوغداش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، ياڭ شياۋخۇڭ (ئايال، ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى ئۆپكە كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى)، لى جۇيا (ئايال، ش ئۇ ئا ر ئۆپكە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىنىڭ مۇدىر ۋراچى)، جاڭ مىڭلى (سەھىيە نازارىتى سەھىيە نازارەتچىلىك ئورنى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، ۋېي مىڭيۇەن (ش ئۇ ئا ر سەھىيە نازارەتچىلىكى ئورنى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر سەھىيە نازارەتچىلىكى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، ياڭ خۇەن (ئايال، ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلەك رايونىنىڭ سېستىرالار باشلىقى)، لى فەن (ش ئۇ ئا ر كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - كونترول قىلىش مەركىزى جىنسىي كېسەل — ئەيدىس كېسەلى مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، ئەزىز مۇھەممەت (ش ئۇ ئا ر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - كونترول قىلىش مەركىزى چۇمانىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، ۋاڭ پېيلياڭ (ش ئۇ ئا ر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - كونترول قىلىش مەركىزى قارىمىقىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىنىڭ كادىرى)، ۋاڭ شياۋچۈەن (ئايال، ش ئۇ ئا ر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - كونترول قىلىش مەركىزى ئۇچۇر مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، دىڭ شيۇگېي (خۇيزۇ، ش ئۇ ئا ر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - كونترول قىلىش مەركىزى دورا ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلەش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، خۇاڭ شۆخۇەن (شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا نەپەس يوللىرى كېسەللىكى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، دۇڭ جېڭخۇي (ئايال، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا نەپەس يولى كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ سېستراسى)، فۇ لىپىڭ (ئايال، سەھىيە نازارىتى كېسەللىكنى كونترول قىلىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)، جاۋ شياۋلى (ئايال، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاخبارات مەركىزى مۇخبىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، خې فېي (ئايال، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى خەنزۇ ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ پىراكتىكانت مۇخبىرى)، ۋۇ خۇڭمىڭ (شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى مۇخبىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى)، لياڭ ياۋجېن (خ ج نازارىتى ئورگىنى مۇلازىمەت باشقارمىسى سەھىيە - ساقلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، شى جىمىن (قاتناش نازارىتى تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇمۇل تاشيول باش ئۇچاستىكىسى ھەق ئېلىش پونكىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، پونكىت باشلىقى)، لى تيەنپىڭ (ئايال، دېلكىس شىنجاڭ يولۇچى ترانسپورتى گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى نيەنزىنگۇ ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتى نۆۋەتچىلەر پونكىتىنىڭ باشلىقى)، جىن مىڭ (قاتناش نازارىتى يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر چەتكە چېتىلىدىغان يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، شيۇ تيېمىن (قۇرۇلۇش نازارىتى قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، جاڭ ماۋجياڭ (ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئۆلچەملەشتۈرۈش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)، جاڭ پېيجۈڭ (قۇمۇل شەھەرلىك سودا - سانائەت ئىدارىسى شەرقىي دەريا رايونى سودا - سانائەت پونكىتىنىڭ باشلىقى)، مۇختەر ھېيت (مارالبېشى ناھىيىلىك سودا - سانائەت ئىدارىسى ئىقتىساد تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ كادىرى)، ما شياۋكاڭ (ش ئۇ ئا ر دورا تەكشۈرۈش پونكىتى بىئولوگىيىلىك ئۆلچەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، فېڭ مىن (ئايال، يېچاڭ ناھىيە پويىز ئىستانسىسى بازىرى پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا يېتەكچىلىك پونكىتىنىڭ باشلىقى)، ۋاڭ شيا

(ئايال، موڭغۇل، باركۆل ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت، تەشۋىقات - تېخنىكا يېتەكچىلىك پونكىتىنىڭ باشلىقى»، ۋاڭ يۇڭ (ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى كورلا يولۇچى توشۇش ئۇچاستكىسى غەربىي 2 - گۇرۇپپا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، پويىز باشلىقى)، خۇي لى (ئايال، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قۇمۇل ۋوگزالى يولۇچى ترانسپورت سېخى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، يۈ جېن (ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ج خ باشقارمىسى پويىز ساقچىسى تارماق ئەترىتىنىڭ مۇدىر كادىرى)، ياڭ شياۋچىن (ئايال، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قۇمۇل تۆمۈريول كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - كونترول قىلىش مەركىزىنىڭ مۇدىرى، سەھىيە نازارەتچىلىكى پونكىتىنىڭ باشلىقى)، شيۇڭ خەيتاۋ (خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى سەھىيە باشقارمىسى ئايرودروم قۇتقۇزۇش مەركىزى قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى)، خې يى (خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش باشقارمىسى ئىچكى بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش بۆلۈمى 1 - تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى)، جاڭ تاۋ (جەنۇب ئاۋىئاتسىيىسى گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتى خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، ۋاڭ يۈەن (ئايال، لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى پەرۋىش بۆلۈمى تاشقى كېسەللىكلەر باش سېستىرالار باشلىقى)، يەن لىچى (جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 12 - دوختۇرخانىسى ئىچكى كېسەللىكلەر 3 - بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، خۇاڭ مۇ (ئايال، قۇراللىق ساقچى شىنجاڭ باش ئەترىتى دوختۇرخانىسى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بۆلۈمى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر)، شى لىپىڭ (ئايال، قۇراللىق ساقچى شىنجاڭ باش ئەترىتى دوختۇرخانىسى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بۆلۈمى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سېستىرالار باشلىقى)، ۋاڭ شيۇشياڭ (ئايال، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 13 - شى «قىزىل يۇلتۇز» دوختۇرخانىسى قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ مۇدىر ۋراچى)، خۇ جېنيۇ (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شى يەنجى دوختۇرخانىسى ئىچكى كېسەللىكلەر - بەش ئەزا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى)، دۇڭ خەنكۈي (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - شى دوختۇرخانىسى ئىچكى كېسەللىكلەر 1 - بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچى)، جاڭ گوجېن (ئايال، شىخەنزە شەھىرى «شياڭياڭ» مەھەللە باشقارمىسىنىڭ بۆلۈم ئەزاسى)، لى فەنكا (بىڭتۇەن كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - كونترول قىلىش مەركىزى يۇقۇمدىن ساقلىنىش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى).

# مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردىكى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدىكى خاتىرىلەر

## 1

2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 10 دىن 03 مىنۇت ئۆتكەندە شىنجاڭنىڭ مارالبېشى، پەيزاۋات ناھىيىلىرىدە 6.8 بال قاتتىق يەر تەۋرىدى. يەر تەۋرەش قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مارالبېشى، پەيزاۋات، يوپۇرغا، مەكىت، يەكەندىن ئىبارەت 5 ناھىيىسى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش شەھىرىدىكى 37 يېزا - بازار، 931 كەنت (مەيدان) غا تەسىر كۆرسەتتى، ئاپەتكە ئۇچرىغان كۆلەم 21 مىڭ 498 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. يەر قاتتىق تەۋرىگەن رايوندا تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى 9 گرادۇسقا يەتتى، 9 گرادۇسلۇق رايون كۆلىمى 268 كۋادرات كىلومېتىر، 8 گرادۇسلۇق رايون كۆلىمى 1200 كۋادرات كىلومېتىر، 7 گرادۇسلۇق رايون كۆلىمى 4300 كۋادرات كىلومېتىر. يەر تەۋرەش مەركىزىي رايونىدىكى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسى، ئالاغىر يېزىسى، سېرىقبۇيا بازىرى قاتارلىق 6 يېزا - بازار ۋەيران بولۇش خاراكتېرلىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

يەر تەۋرىگەن رايوندا 510 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە ئاپەتكە ئۇچرىدى. يەر تەۋرەشتە 268 ئادەم ئۆلدى، 4852 ئادەم يارىلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر يارىلانغىنى 2058؛ ئاھالىلەرنىڭ 19 مىڭ 899 ئېغىز ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 22 مىڭ 101 ئېغىز ئۆي ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى؛ 70 مىڭ 958 تۇياق چارۋا ئۆلدى. 423 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يەر تەۋرەش ئاپىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 103 مەكتەپكە ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتتى، 32 مىڭ كۋادرات مېتىر مەكتەپ بىناسى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، رېمونت قىلىسمۇ پايدىلانغىلى بولمايدىغان خەتەرلىك ئۆي 92 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى؛ 34 يېزا - بازار دوختۇرخانىسى زىيانغا ئۇچرىدى، زىيانغا ئۇچرىغان كۆلەم 24 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى؛ يېزا - بازارلىق ھۆكۈمەت، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، تۈرلۈك پونكىت قاتارلىق ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ 116 مىڭ

كۋادرات مېتىر ئۆيى زىيانغا ئۇچرىدى. ئاپەت رايونىدىكى سۇ، توك بىلەن تەمىنلەش، خەۋەرلىشىش، كۆۋرۈك، تاشيول، سۇچىلىق قاتارلىق ئاممىۋى ئۇل مۇئەسسەسەلىرىمۇ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. دۆلەت يەر تەۋرەش ئاپىتىنى مۆلچەرلەش كومىتېتىنىڭ مۆلچەرلىشىگە قارىغاندا، يەر تەۋرەشتىن كېلىپ چىققان بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليارد 371 مىليون يۈەنگە يەتكەن.

بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش يېرىم ئەسىردىن بۇيان شىنجاڭ تەۋەسىدە يۈز بەرگەن ئەڭ قاتتىق يەر تەۋرەش، شۇنداقلا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ بىر قېتىملىق تەبىئىي ئاپەت ھېسابلىنىدۇ.

## 2

يەر تەۋرەش يۈز بەرگەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قەيسەرانە رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئارمىيە ـ خەلق بىر نىيەتكە كېلىپ، جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ-خەتەردىن قورقماي، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، غەلىبە قىلىشقا جۈرئەتلىك بولۇپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ غايەت زور غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غايەت زور تەبىئىي ئاپەت ئالدىدا ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى يېزىپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش تارىخىدا شانلىق بىر بەت قالدۇردى.

1. سەمىمىي غەمخورلۇق

2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى يەر تەۋرىگەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن بۇ ئىشقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، دەرھال ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ئاپەت رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرگە ۋە ئاپەت رايوندىكى ھەر مىللەت كادىر، ئاممىسىغا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر ـ جەڭچىلىرىگە ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئاپەت رايوندىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىدىغان ئىنقىلابىي روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاسارەت بىلەن كۈچىنىپ ئىشلەپ، يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، يەر تەۋرەش كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى، يۇرت ـ ماكانىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشنى ئۈمىد قىلدى. خۇ جىنتاۋ، جياڭ زېمىن، جۇ رۇڭجى، ۋېن جياباۋ قاتارلىق رەھبەرلەر ۋاقتىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، شەخسەن ئۆزلىرى تېلېفون ئارقىلىق ئاپەت ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىدىن سەمىمىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ، يارىلانغانلارنى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن قۇتۇلدۇرۇشنى، ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاپەت رايوندىكى ئاممىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىگە يەتكەن زىياننى ئازايتىشنى، ئاپەت رايوندىكى ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. گوۋۇيۈەننىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش مەبلىغىنى دەرھال ئاجرىتىشنى، يەر تەۋرەشنى كۆزىتىشنى كۈچەيتىپ، قالدۇق يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىنى تەلەپ قىلدى. يەر تەۋرىگەن كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئاپەت ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقتىن ھال سورىدى؛ دۆلەتنىڭ يەر تەۋرەش زىيىنىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئەترىتى كېچىلەپ ئاپەت رايونىغا يېتىپ كېلىپ، ئىزدەش ـ قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى؛ دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى تېزلىكتە ۋۇخەن، جىڭجۇ قاتارلىق جايلاردىن 13 مىڭ دانە چېدىر ۋە دورا قاتارلىق ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش بۇيۇمىنى جىددىي يۆتكەپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىگە ياردەم بەردى.

3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى ۋېن جياباۋ يېڭى بىر نۆۋەتلىك گوۋۇيۈەن تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىنكى تۇنجى سەپىرىدە شىنجاڭنىڭ يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونغا كېلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ھەر مىللەت ئاممىسىنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىنى يەتكۈزدى، ئاپەت رايونىنى قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى. زۇڭلى مارالبېشى ناھىيە چوقۇرچاق يېزىسىنىڭ تۈگمەنبېشى كەنتىدە، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى داۋۇت ھاشىمنىڭ مۆرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: «مەن سىزنىڭ ئىش

ئىزلىرىڭىزنى ئاڭلىدىم، سىز ياخشى پارتىيە ئەزاسى، ياخشى ياچېيكا شۇجىسى ئىكەنسىز، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار سىزدىن ئۆگىنىشى كېرەك. گەرچە يەر كۈچلۈك تەۋرىگەن بولسىمۇ، لېكىن كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ، كادىر، ئاممىنىڭ قەددىنى پۈكەلمەيدۇ، پارتىيىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى، ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشى بولسىلا، ئاپەت رايونىدىكى خەلق چوقۇم قاتمۇقات قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ! يەر تەۋرەش سىزنى تۇغقانلىرىڭىزدىن ئايرىۋەتتى، ھازىر پۈتۈن مەملىكەت خەلقى سىزنىڭ تۇغقىنىڭىز، مەنمۇ سىزنىڭ تۇغقىنىڭىز!» دېدى. ۋېن جىاباۋ بىر چېدىر سىنىپقا كىرىپ قارا دوسكا ئالدىدا تۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ماھارەت ئىگىلەپ، چوڭ بولغاندا يۇرتنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا سەمىمىي ئىلھاملاندۇردى. ۋېن جىاباۋ ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق دېدى: «كۆپچىلىك ماڭا ئەگىشىپ ئوقۇڭلار — بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپ، يۇرت - ماكانىمىزنى قايتا قۇرۇپ چىقىمىز! كومپارتىيە ياخشى، سوتسىيالىزم ياخشى، بىز يۇرت - ماكىنىمىز چوقۇم ياخشى قۇرۇپ چىقىمىز!». ۋېن جىاباۋ يەنە دوختۇرخانىغا بېرىپ يەر تەۋرەشتە يارىلىنىپ، دوختۇرخانىغا كىرىپ داۋالىنىۋاتقان بىر قىسىم ئاممىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ھەر مىللەت كادىر ۋە ئاممىسىنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش، يۇرت - ماكانىنى قايتا قۇرۇپ چىقىش ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسىنى مۇستەھكەملىدى.

### 2. كۈچلۈك قوماندانلىق

24 - كۈنى يەر تەۋرىگەندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى دەرھال جىددىي يىغىن ئېچىپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم ھەرگىز بىرمۇ ئادەمنى توڭلىتىپ قويماسلىق، ھەرگىز بىرمۇ ئادەمنى ئاچ قويماسلىق، يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش، داۋالاشنى ھەرگىز كېچىكتۈرۈپ قويماسلىقنى تەلەپ قىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇش قارار قىلىندى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جېنشياڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ۋاڭ جېنشياڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرلان ئابىلمەجىنلەر خەلق ئىشلىرى، سەھىيە، يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش قاتارلىق تارماقلاردىكى يولداشلارنى باشلاپ ئايروپىلان بىلەن ئاپەت رايونىغا يۈرۈپ كەتتى. كەچ سائەت 10 دىن 35 مىنۇت ئۆتكەندە ئايروپىلان قەشقەر ئايرودرومىغا قوندى، ۋاڭ جېنشياڭ قەشقەردە جىددىي يىغىن ئېچىپ دوكلات ئاڭلىدى.

25 - كۈنى سائەت بىر ئەتراپىدا يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن، نۇرلان ئابىلمەجىن دۆلەت يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يۈ مىڭشېڭ باشچىلىقىدىكى يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ئاپەت ئەھۋالى ئېغىر رايونغا باردى.

25 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 3 تە بېيجىڭدا يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن بىلەن ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، دەرھال يىغىن ئېچىپ دوكلات ئاڭلىدى، مەركەزنىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزدى، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئەمدىلا تاڭ يورۇشىغا ۋاڭ لېچۈەن قاتارلىقلار ئاپەت ئەھۋالى ئېغىر رايونغا كېلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقتىن سەمىمىي ھال سورىدى، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش خادىملىرىنى يوقلىدى. ۋاڭ لېچۈەن ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىدىن ئاممىغا بولغان ئىدىيىۋى خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، يارىدارلارنى قۇتقۇزۇشقا بار كۈچى بىلەن ئاتلىنىشنى، ھەر مىللەت ئاممىسىنى يېتەكلەپ يۇرت-ماكانىنى قايتا قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

27 - كۈنى شۇجى ۋاڭ لېچۈەن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە دوكلات يىغىنىنى ئاچتى. ئىسمائىل تىلىۋالدى، نۇرلان ئابىلمەجىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. شۇجى ۋاڭ لېچۈەن يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا بولغان رەھبەرلىكنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىپ، ھەرقايسى باسقۇچلاردىكى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى تەشكىللەش، ياخشى يولغا قويۇشنى، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ داۋالىنىش، ئوزۇقلىنىش، تۇرالغۇ جاي ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس باشلىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى يەنىمۇ ياخشى ھەل قىلىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە تېرىلغۇ تەييارلىقىغا، يۇرت - ماكانىنى قايتا قۇرۇشنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە تۇتۇش قىلىشنى تەكىتلىدى. ئىسمائىل تىلىۋالدى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مۇقىملىقىنى

ساقلاش قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم خىزمىتى. ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئاپەت رايونىنى قايتا قۇرۇشتا بىرتۇتاش ئومۇمىي پىلان بولۇشى، تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى لازىم. ئاپەت رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىپ، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى، مەبلەغلىرىنىڭ ۋاقتىدا مۇۋاپىق تارقىتىلىشى ۋە ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، ئاپەت رايونىدىكى خەلقنى قىيىنچىلىق ئۈستىدىن تېزلىكتە غەلىبە قىلىپ، نورمال تۇرمۇش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، يۇرت - ماكانىنى بالدۇرراق قايتا قۇرۇپ چىقىشقا يېتەكلىشى لازىم.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شۇجى ۋاڭ لىچۈەن مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھۆكۈمەت يەر تەۋرەش كەلتۈرۈپ چىقارغان يېتىم بالا، تول خوتۇن، قېرىلار ۋە ئەمگەك ئىقتىداردىن قالغان مېيىپلارنىڭ تۇرلۇك مەسىلىلىرىنى چارە - ئۇسۇل تېپىپ ھەل قىلىشى، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش فوندى تەسىس قىلىپ، ئۇلارغا ئۇزاق مۇددەت يار - يۆلەك بولۇشى، يەر تەۋرەش ئاپىتىدە يارىلانغان بىمارلارنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەت ھەل قىلىشى، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ھەربىرىگە 50 كۋادرات مېتىرلىق ئۆي ھەل قىلىپ بېرىپ، تىرىشىپ مۇشۇ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا 18 مىڭ ئائىلىنىڭ يېڭى ئۆيىنى پۈتتۈرۈپ، ئاپەت رايونىدىكى خەلققە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش لازىم.

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى نۇرلان ئەبىلمەجىن يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان يېزا- كەنتلىرىگە بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئامممىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق قەشقەر يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى خۇ جيايەن يەر تەۋرىگەن ئاپەت رايونىغا بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئامممىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ئامممىنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يۇرت - ماكانىنى قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى پەنمۇ ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونلاردىكى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت، مارالبېشى، پەيزىۋات قاتارلىق ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر قىلچە ھودۇقماستىن، دەرھال يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش قوماندانلىق شتابلىرىنى قۇرۇپ، ھەممە كۈچنى سەپەرۋەر قىلىپ، يەرلىك كۈچلەرنى تەشكىللەپ، ئۆزىنى خەۋپ - خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشىنى تەشكىللىدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە مارالبېشى ناھىيىسىدىكى ئاپەت ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، خەلق ئامممىسىنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇشنى 1 - ئورۇنغا قويۇپ، تېزلىكتە شۇ يەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى ۋە بىگتۇەن قاتارلىقلاردىن 4000 دىن ئارتۇق كىشىنى تەشكىللەپ، ئاپەت يۈز بېرىپ 2 سائەتمۇ بولمىغان ۋاقىتتا ئاپەت ئېغىر بولغان رايونلارغا تەرەپ - تەرەپتىن يېتىپ كېلىپ، ئاپەت رايونىدىكى كادىر ۋە ئامما بىلەن بىرلىكتە مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي خارابىلىك ئىچىدىن يارىدار بولغانلارنى ۋە بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلارنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. قوماندانلىق كۈچلۈك، قۇتقۇزۇش دەل ۋاقتىدا بولغاچقا، يەر تەۋرەشتە خارابىلىك ئىچىگە كۆمۈلۈپ قالغان 6000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى 2 - 3 سائەت ئىچىدىلا قۇتۇلدۇرۇپ چىقىلدى. ئەتىسى كەچتە بارلىق يارىدار بولغان ئامما ۋە بەختسىزلىككە ئۇچرىغان 268 ئادەمنىڭ ھەممىسى خارابىلىك ئىچىدىن تېپىپ چىقىلدى، بىرەرسىمۇ قېپقالمىدى. يارىدار بولغانلارنىڭ ھەممىسى ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك داۋالاندى، ئۆلۈم - يېتىم ۋە مېيىپ بولۇش نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈلدى.

خەلق ئامممىسىنىڭ ھاياتىنى بار كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇش بىلەن بىللە، ئاپەت رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرگە كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، تېزلىكتە ئەتراپتىكى ئورۇنلار ۋە تارماقلارنى ئاپەت رايونىغا ئاشلىق، كىيىم - كېچەك، ئىچىملىك سۇ، كۆمۈر قاتارلىق بۇيۇملارنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە تەشكىللىدى. يەر تەۋرىگەن كۈنى ئاخشىمى ئاپەت رايونىدىكى ئامممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشى ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يارىدار بولغانلار ۋاقتىدا داۋالاندى، بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلار مىللىي ئۆرپ - ئادەت بويىچە دەپنە قىلىندى.

ئاپتونوم رايون ۋە ئاپەت بولغان رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر مۇستەھكەم، كۈچلۈك تەشكىللىگەنلىكى ۋە رەھبەرلىك قىلغانلىقى، سەممىي - ساداقەتلىك بىلەن خەلق ئامممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ غەم ئەندىشىسىنى تۈگەتكەنلىكى ئۈچۈن، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشتا زور غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى.

3. مۇستەھكەم ئۇل تاش

ئۈشتۈمتۇت يۈز بەرگەن غايەت زور بالايىئاپەت ئالدىدا،

ئاپەت رايونىدىكى يېزا، كەنت ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى، رەھبىرىي كادىرلار ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى تېزلىكتە خارابىلىك ئىچىدىن دەس تۇرۇپ، ئۆزلىرى مەھرۇم بولغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىنى يۈرەك قاتلىمىغا پۈكۈپ قويۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتكومىنىڭ رەھبەرلىك يادروسىلىق، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى ۋە پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئاۋانگارتلىق - نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۆز ئالدىدىكى خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھايات قالغانلارنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەشكىللىدى. يەر تەۋرىگەندە، چوڭقۇرچاق يېزىلىق پارتكوم تېزلىكتە ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئاپەت ئەھۋالىنى دەرھال ناھىيىلىك پارتكومغا مەلۇم قىلدى، ئورگان كادىرلىرىنى تېزلىكتە يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تەشكىللەش بىلەن بىللە، يېزا رەھبەرلىرى ۋە بارلىق كادىرلارنى كەنتلەرگە بېرىپ ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتتى، يېزىلىق ساقچىخانا، قوراللىق قىسىم كادىرلىرىنى يولدىن ئۆتكەن ئاپتوموبىللارنى توسۇپ، ئېغىر يارىدارلارنى مارالبېشى ناھىيە بازىرىدىكى، قەشقەر شەھىرىدىكى دوختۇرخانىلارغا داۋالىنىشقا ماڭدۇرۇشقا تەشكىللىدى.



ج ك پ سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى 2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يەر تەۋرەشتە 5 تۇغقىنىدىن ئايرىلغان چوڭقۇرچاق يېزا تۇگمەنبېشى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى داۋۇت ھاشىمنى يوقلىدى.

لىيۇ يۈڭخۇڭ فوتوسى

چوڭ بالا - قازا باشقا كەلگەندە، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئۆز ئۆيىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدەك چوڭ قايغۇ - ھەسرەتكە سەۋر قىلىپ، كىچىك ئائىلىگە بېرىلمەي، چوڭ ئائىلىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزى بىلەن ھېسابلاشماي، ئاممىنى دەرت - ئەلەمدىن خالاس قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ چاكارلىق خىسلىتىنى ۋە روھىي پەزىلىتىنى نامايەن قىلدى.

مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزا تۇگمەنبېشى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى داۋۇت ھاشىم يەر تەۋرەشتە 5 تۇغقىنىدىن ئايرىلىپ قالدى، يەنە تۇغقانلىرىدىن 4 كىشى يارىدار بولدى، ئەمما ئۇ قەلبىدىكى بۇ قايغۇ - ھەسرەتكە قاتتىق سەۋرى قىلىپ، تېزلىكتە كەنتتىكى كادىرلار، پارتىيە ئەزالىرىنى تەشكىللەپ ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ ئىزدەپ تېپىش، قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە كەنت بويىچە 53 ئادەم ئۆلۈپ كەتتى، زىيان - زەخمەت بەك ئېغىر بولغان، ئەمما كەنت پارتىيە ياچېيكىسى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش جەريانىدا ئېغىر سىناقلارغا بەرداشلىق بەردى. داۋۇت ھاشىم ئېغىر بالايىئاپەت ئالدىدا قەتئىي تىز پۈكمەي، يۇرتداشلىرىغا يۈكسەك ئۈلگە تىكلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 2003 - يىللىق «جۇڭگونى لەرزىگە سالغان» 10 چوڭ شەخسنىڭ بىرى بولۇپ سايلاندى.

ھوشۇر مامۇت قىزىلقۇم كەنتى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى. يەر تەۋرىگەندە ئۇ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپ قورۇسىدا دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە تەشكىللەۋاتقانىدى. يەر تەۋرەش سىنىپلارنى، قورۇق تاملارنى تۈپتۈز قىلىۋەتكەندە، ئوقۇغۇچىلار پاتپاراق بولۇپ يىغلىشىپ كەتتى، ھوشۇر مامۇت تەمكىنلىك بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىپ، كۆيۈمچانلىقتا ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى قاراشنى ئېيتتى ھەمدە كەنت پارتىيە ياچېيكىسىغا ئەھۋال مەلۇم قىلىشقا ئادەم ئەۋەتتى. مەكتەپ تەنتەربىيە مەيدانىدىن بىرقەدەممۇ ئايرىلماي، ئانا توخۇ چۈجىلىرىنى قانات ئاستىغا ئالغاندەك 165 ئوقۇغۇچىغا 8 - 9 سائەت قارىدى. بۇ جەرياندا نۆۋەت بىلەن ئائىلىسىنى كۆرۈپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭمۇ ئائىلىسىنى كۆرۈپ كېلىشىنى ئېيتسا، ئۇ باشتىن - ئاخىر: مەن پارتىيە ئەزاسى، مەن مەكتەپ مۇدىرى دېگەن سۆزنىلا قىلدى.

چوڭقۇرچاق يېزىلىق شىپاخانىنىڭ باشلىقى باتۇر رۇسۇلنىڭ ئايالى يەر تەۋرەشتە ئېغىر زەخمىلەندى، ئۇنىڭ كەسمە پالەچ بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئەمما ئۇ يۈزلىگەن - مىڭلىغان ئامما ئالدىدا ئۆزىنىڭ بىر كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماي، ئۆز زىممىسىدىكى

مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىپ، ئائىلىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قۇتقۇزۇشقىمۇ ۋاقىت چىقىراماي، دوختۇر - سېستىرالارنى ئىقتىدارىنىڭ يېتىشىچە، مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي يارىلانغان ئاممىنى قۇتۇلدۇرۇشقا تەشكىللىدى.

ليۇ شىنپىڭ مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى. «24 - فېۋرال» دېگەن چوڭ يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى ئۈنجى ۋاقىتتا، ليۇ شىنپىڭ ناھىيىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋىلايەتكە يىغىنغا كېتىپ ۋاقىتىنچە ناھىيىدە بولمىغان ئەھۋالدا، ئادەملەرنى دەرھال ئاپەت بولغان رايونلارغا بېرىشقا تەشكىللىدى، ئۇ تەيشەن تېغىدىنمۇ ئېغىر قىيىنچىلىق، خەۋپ - خەتەر ئالدىدا تەمتىرەپ قالماي، تېزلىكتە 1 - نەق مەيداندا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، داۋالاش - كۈتۈش، بىخەتەرلىكنى قوغداش، ماددىي ئەشيا تەقسىم قىلىش گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللىدى، ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدى. يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش-ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى جاپا - مۇشەققەتلىك كۈن ۋە تۈنلەردە، ليۇ شىنپىڭ ئالدىنقى سەپ بازىسىدىن ئايرىلمىدى. ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكتىن، ليۇ شىنپىڭ ئاغرىپ قالدى. ئۇ قىزىتمىسى ئۆرلەپ 39 گرادۇسقا يەتكەندىمۇ 4 كېچە - كۈندۈز بەرداشلىق بەردى. تاكى مىكرافوننى قولىغا ئېلىپ گەپ قىلىشمۇ قىيىن بولغاندا، ئاندىن ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ بۇيرۇقى، ھەيدەكچىلىك قىلىشى بىلەن دوختۇرخانىغا بېرىپ ئوكۇل سالدۇردى.

يەر تەۋرەشتە، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرىدىكى 5400 ئائىلىنىڭ ئۆيلىرى يەر بىلەن يەكسان بولدى. شۇ چاغدا، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان بازارلىق پارتكوم شۇجىسى جىيا تىڭيى دەرھال يىغىننى توختىتىپ، ئادەملەرنى باشلاپ ئاپەت رايونىغا بېرىپ ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈردى، ئەڭ تېز سۈرئەت بىلەن ئاپەت ئېغىر بولغان 6 كەنتنى ئايلىنىپ چىقتى، ئۇ ھەر بىر ئورۇنغا بارغاندا، بىر تەرەپتىن ئۆيمۇ ئۆي بېرىپ ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، كەنت كادىرلىرىنى ئاممىنى يېتەكلەپ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشقا تېزدىن تەشكىللىدى ھەمدە ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئۆيلەرگە كىرىپ يارىدارلارنى ئىزدىدى ۋە قۇتۇلدۇردى، مال - مۈلۈكلەرنى كولاپ چىقاردى. بۇ بىر تۈرلۈك كۈچ بولۇپ ئۈلگىلىك رول ئوينىدى. چوڭ ئاپەت بولغان مەزگىلدە، سېرىقبۇيا بازىرىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار ئۈلگىلىك رول ئويناپ، باشلامچىلىق قىلىپ، بازار بويىچە ھەر مىللەت ئاممىسى ئىچىدە غايەت زور تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچى ھاسىل قىلدى، كەنت، گۇرۇپپا، ئائىلىلەر كومىتېتلىرىدا كەنت كەنتكە ياردەملەشكەن، ئائىلە ئائىلىگە ياردەملەشكەن، ئاپەتكە ئۇچرىمىغانلار ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەملەشكەن، ئاپەتكە يېنىك ئۇچرىغانلار ئېغىر ئۇچرىغانلارغا ياردەملەشكەن كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

دېڭىز سۈيى داۋالغۇپ تۇرىدۇ، قەھرىمانلارنىڭ خىسلىتى ھەر تەرەپتىن نامايان بولىدۇ. يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن ئىبارەت ئېغىر سىناق ئالدىدا ھەممىلا پارتىيە ياچېيكىلىرى گوياكى مۇستەھكەم ئۇل تاشقا ئوخشاش يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبە ئابىدىسىنى تىكلىدى؛ نۇرغۇن پارتىيە ئەزالىرى قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان، بارلىق قىيىنچىلىق، توسالغۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغان قەھرىمانە پەزىلىتى بىلەن، كۈرەش قىلىشتا ئالدىدا تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئېقىمدىكىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ لاياقەتلىك جاۋابىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق تاپشۇرۇپ، خەلق ئاممىسى ئىچىدە ياخشى ئوبراز تىكلىدى.

4. ئاتاكىغا ئۆتۈشتە ئالدىدا تۇرۇش

ئاپەت بۇيرۇق، ئاپەت رايونى جەڭ مەيدانى، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق تۇغقاندۇر. يەر تەۋرىگەندىن كېيىنكى ئۈنجى ۋاقىتتا ھەرقايسى لىنىيىلەردىكى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش قوشۇنى دەرھال جىددىي ھەرىكەتكە كەلدى.

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سائەت 12 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە مارالبېشى ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمى ئىشلەپچىقىرىش لىيەننىڭ 32 ئوفىتسېر - ئەسكىرى تېزلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ، ئاپەت ئېغىر رايونغا ئالدى بىلەن يېتىپ باردى. ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر قالدۇق يەر تەۋرەش داۋاملىشىۋاتقان خەۋپ - خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، خارابىلىك ئىچىدىن 34 يارىدارنى ۋە قاپسىلىپ قالغان نەچچە يۈز ئاممىنى ۋاقتىدا قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى.

24 - كۈنى سائەت 14 تىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى 3 - تارماق ئەترىتىدىكى 100 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر - ئەسكەر ۋە 12 تىببىي خادىمدىن تەركىب تاپقان زەربىدارلار ئەترىتى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزا رېزات كەنتىگە يېتىپ بېرىپ، بىر سائەتتىلا ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق ۋە يارىداردىن 60 نەچچىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى.

24 - كۈنى سائەت 17 دىن 54 مىنۇت ئۆتكەندە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى ئاپەت

ئېغىر بولغان رايون — چوڭقۇرچاق يېزىسىغا يېتىپ بېرىپ، ئالدىنقى سەپتىكى بازىدا قوماندانلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە قوماندانلىق گۇرۇپپىسى باشلاپ كەلگەن ئالاقىلىشىش يىگىت ۋە 2 تېببىي داۋالاش ئەترىتى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش جەڭگاھىغا كىرىپ تېزلىكتە خەۋەرلىشىش - ئالاقىلىشىشقا، يارىدارلارنى قۇتۇلدۇرۇش - داۋالاشقا كاپالەتلىك قىلدى.

بېيجىڭدا يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى جۇڭجياڭ چيۇ يەنخەن كۆپ قېتىم تېلېفون قىلىپ ئاپەت ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇردى ھەمدە قىسىملارنىڭ ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا خىزمەت تەكشۈرۈۋاتقان شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى جۇڭجياڭ يۈ لىنشياڭ يەر تەۋرىگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ئاپەت رايونىغا بېرىپ، نەق مەيداندا ئاپەت ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ئاممىنى ۋە يارىدارلارنى يوقلىدى ھەمدە ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا قاتناشقان قىسىملارغا «خەلقنىڭ ئۆيلىرىگە ئۆز مەيلىچە كىرىشكە رۇخسەت قىلماسلىق، يەككە ھەرىكەت قىلىشقا رۇخسەت قىلماسلىق، مىللىي، دىنىي سىياسەتكە خىلاپلىق قىلىشقا رۇخسەت قىلماسلىق، ئاممىنىڭ بىر تال يىپ - يىڭنىسىنى ئېلىشقا رۇخسەت قىلماسلىق، ۋاقتىدا قۇتقۇزماي ئۆلۈپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا رۇخسەت قىلماسلىق، بىرمۇ ئادەمنى ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشقا رۇخسەت قىلماسلىق، بىرمۇ ئادەمنى توڭلىتىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشقا رۇخسەت قىلماسلىق» تىن ئىبارەت «يەتتە رۇخسەت قىلماسلىق» تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

لەنجۇ ھەربىي رايونى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار، قوراللىق ساقچى قىسىم 3800 دىن ئارتۇق ئادەم، 6200 دىن ئارتۇق زاپاس خەلق ئەسكىرى، 420 ئاپتوموبىلنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشتۇردى. ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش قىسىملىرى ئاپەت رايونىغا كىرگەندىن كېيىن دەم ئالمايلا دەرھال ئومۇمىيۈزلۈك ئىزدەپ تېپىش ۋە قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى. ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولغان قورۇلارغا كىرىپ تېزلىكتە ياغاچ - لىملارنى يۆتكەپ، بېسىلىپ قالغان ئاممىنى قۇتۇلدۇردى، ھايات - ماماتلىق سېپىدە يارىلانغان ئاممىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى ساقلاپ قالدى؛ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى ئۈستىدە ئويلاشماي، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆيلەرگە كىرىپ، تېزلىكتە خىش - كېسەكلەرنى يۆتكەپ، ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغان بالىلارنى ئەزرائىلنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدى، ئاخىرقى بىر تىنىقى قالغان بوۋايلارنى يۆدۈپ چىقتى. نۇرغۇنلىغان خەتەر ئالدىدا تۇرغان ئېغىر يارىدارلارنى قۇتۇلدۇردى.

ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر قۇتۇلدۇرۇش جەريانىدا قورال - جابدۇق ئىشلىتىپ ئادەملەرنى يارىلاندۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، توپىنى قولى بىلەن كولىغاچقا، نۇرغۇن جەڭچىلەرنىڭ قوللىرى قاپىرىپ ۋە قاناپ كەتتى، نۇرغۇن جەڭچىلەرنىڭ باش، پۇتلىرى يارىلاندى، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار قۇتۇلدۇرۇشنى ئاقسىتىپ قويمىدى، ھەر كۈنى ئۇدا 12 سائەتتىن ئارتۇق كۈرەش قىلدى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەشكىللىگەن 300 دىن ئارتۇق ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش گۇرۇپپىسى چوڭ ئېلىشىشنى قانات يايدۇرۇپ، بوران - چاپقۇن، قاتتىق سوغۇققا پىسەنت قىلماي، كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ زەربىدارلىق بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ياردەم بېرىلمىگەن يېزا - كەنتلەردىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ ھەممىسىنى چېدىر ئۆيلەرگە كىرگۈزدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر باشلامچىلىق، نەمۇنىلىك رول ئوينىدى، شى، تۇەن دەرىجىلىك 80 نەچچە كادىر باشتىن - ئاياغ ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ 1 - سېپىدە جاپالىق كۈرەش قىلدى، كەڭ كومپارتىيە ئەزالىرى قايەر ئەڭ خەتەرلىك بولسا شۇ يەرگە ئېتىلىپ كىردى، قايەر ئەڭ جاپالىق بولسا، شۇ يەردە كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇردى، ئۇلار ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى بىر ئەۋلاد ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىنى قان - تەرلىرى بىلەن نامايان قىلدى. يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش قىسىملىرى ئۇدا 13 كۈن كۈرەش قىلىپ، كۆمۈلۈپ قالغان ئاممىدىن 800 نەچچىنى قۇتۇلدۇردى، 11 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نى سەييارە داۋالىدى، 26 مىڭ ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆينى تازىلىدى، 15 مىڭ 214 چېدىر تىكىپ، دۆلەت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ زىيىنىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ ھەممىسىنىڭ تۇرىدىغان چېدىرى بولۇش، يەيدىغان تامىقى، ئىچىدىغان سۈيى بولۇش، ئاچ قالماسلىق، توڭلاپ ئۆلۈپ قالماسلىق ۋە يارىدارلار ۋاقتىدا داۋالىنىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇردى. يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش بىلەن بىللە، قىسىملار يەنە شۇ يەردىكى ج خ تارماقلىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغدىشىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ، ئاپەت رايونىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مارالبېشى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مارالبېشىدىكى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا قاتناشقان ئازادلىق

ئارمىيىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىمنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى، زاپاس خەلق ئەسكەرلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىغا رەھمەت خېتى تارقاتتى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «سىلەر ئەمەلىي ھەرىكىتىڭلار ئارقىلىق ،ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش، مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزدۈڭلار، ئىنتايىن زىچ بولغان ئارمىيە - ھۆكۈمەت، ئارمىيە - خەلق، ساقچى - خەلق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملىدىڭلار ۋە راۋاجلاندۇردۇڭلار، ھەر مىللەت خەلقى ئالدىدا كۈچ - قۇدرەت ئۈلگىسى، مەدەنىي ئۈلگە، خەلقنى سۆيۈش ئۈلگىسى، غەلىبە قىلىش ئۈلگىسىدىن ئىبارەت شانلىق ئوبرازىڭلارنى تولۇق نامايان قىلدىڭلار. ئاپەت رايونىدىكى كادىرلار ۋە ئاممىا شۇنى تولۇق ھېس قىلدىكى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىمنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى ۋە زاپاس خەلق ئەسكەرلىرى خەلق ئاممىسى ئىشىنىدىغان پەرزەنت ئەسكەر بولۇشقا، ۋەتەننى قوغدايدىغان، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرىدىغان پولات ئىستىھكام بولۇشقا، يېڭى دەۋردىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى بولۇشقا مۇناسىپ»... «سىلەرنىڭ جىددىي پەيتتە بىزگە بەخش ئەتكەن ھەقىقىي ھېسسىيات، قويۇق مۇھەببىتىڭلار ۋە شەخسىيەتسىز ياردىمىڭلار ئاپەت رايونىدىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ».

4 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئازادلىق ئارمىيىنىڭ باش شتاپ بۆلۈمى، باش سىياسىي بۆلۈمى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، شىنجاڭ مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردىكى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا قاتناشقان ئازادلىق ئارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسىم ۋە زاپاس خەلق ئەسكەر-



تېببىي خادىملار ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرمەكتە.

جاۋ جۈنئەن فوتوسى

لىرىنى تەقدىرلىدى، پۈتۈن ئارمىيىدىكى قىسىملاردىن ئۆزلىرى ئۈلگە بولۇپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى دائىم ئەستە تۇتۇپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئاڭلىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ ياردەم بېرىپ، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنداشنى تەلەپ قىلدى.

5. كىشىلەر ئارىسىغا تارقالغان مۇھەببەت

«بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ھەممە تەرەپ ياردەم بېرىش» شىنجاڭدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى دۆلەت ئىچى - سىرتىنىڭ ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ كەڭ دىققىتىنى تارتتى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ جاي جايلىرىغىچە، چاچلىرى ئاپئاق بوۋاي - مومايلاردىن مەكتەپ، باغچىلاردىكى بالىلارغىچە، ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىدىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارغىچە ھەممە ئادەمنىڭ تۆھپە قوشىدىغان مۇھەببەتلىك قەلبى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قىيىنچىلىق بولسا تەڭ كۆرىدىغان، راھەت - پاراغەتنى تەڭ كۆرىدىغان ئېسىل پەزىلىتىنى ۋە ھەممە بىر نىيەتتە بولىدىغان، خەۋپ - خەتەرگە تەڭ ئاتلىنىدىغان ئېسىل ئەنئەنىسىنى ئىپادىلىدى.

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يەر تەۋرىگەندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى دەرھال ئاپەتتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى لايىھىسىنى يولغا قويۇپ، مەركەزنىڭ جېڭجۇ، ۋۇخەندىكى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش زاپاس ئەشيا ئامبىرىدىن ئىنتايىن تېزلىكتە 13 مىڭ دانە پاختىلىق چېدىرنى يۆتكەپ شىنجاڭدىكى ئاپەت بولغان رايونلارغا ئەۋەتىپ بەردى. تۆمۈريول مىنىستىرلىكى، خېنەن ئۆلكىسى، خۇبېي ئۆلكىسىدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ زىچ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، جېڭجۇدىن يولغا چىققان 6000 دانە چېدىر بېسىلغان ئالاھىدە تېز پويىز 27 - كۈنى سائەت 23 تە مارالبېشى پويىز ئىستانسىسىغا كىردى. ۋۇخەندىن يولغا چىققان 7000 دانە ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش چېدىرى بېسىلغان پويىز 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 9 دا ئوڭۇشلۇق مارالبېشىغا يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى ئاجراتقان 8 مىليون يۈەن ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش جىددىي مەبلىغى 25 - كۈنى نەقلەشتى، 2 - كۈنى پۈتۈنلەي ئاپەت رايونىنىڭ ئىشلىتىشىگە تارقىتىپ بېرىلدى.

25 - كۈنى مەملىكەت بويىچە جايلاردىكى قىزىل كرېست جەمئىيەتلىرى ئاپەت رايونىغا ئىئانە بەردى. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى ئاخبارات

ۋاستىلىرى ئارقىلىق يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايوندىكى باللارغا ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن جىددىي چاقىرىق چىقاردى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ئاپەت رايونىغا باشلامچىلىق بىلەن پۇل ئىئانە قىلىپ، ئاپەت رايونىدىكى خەلققە بولغان مېھرى - مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى.

26 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاپتونوم رايون كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارە ۋە كارخانا، كەسىپىي ئورۇن رەھبەرلىرى يىغىنى ئېچىپ، مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردىكى يەر تەۋرەش ئەھۋالىنى ئۇقتۇردى، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش-ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىئانە توپلاش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇردى. 30 نەچچە ئورۇن شۇ مەيداندىلا 11 مىليون يۈەندىن كۆپرەك پۇل ئىئانە قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپەت رايونىغا ھېسداشلىق قىلىش، مۇھەببەت ئىزھار قىلىش ئىللىق ئېقىمى چىڭجياڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا، سەددىچىننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا مەۋج ئۇردى. شىنجاڭدىكى بارلىق ئىدارە، مەكتەپ، كارخانا، مەھەللىلەردىكى كادىر، ئامما ئاپەت رايونىغا ياردەم بېرىشنى باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ھېسابلاپ، بەس - بەستە پۇل ۋە ئەشيا ئىئانە قىلدى. مەركەزدىكى ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلار ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر، مەملىكەتنىڭ جاي-جايلىرىدىكى كادىر، ئامما ئارقا - ئارقىدىن ئاپەت رايونىغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ، غەمخورلۇقى ۋە ئىللىقلىقىنى يەتكۈزدى. بۇ قىممەتلىك شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتىدە كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بارلىققا كەلدى.

26 - كۈنى ئىسپانىيىنىڭ بارسېلونا شەھىرىدە ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچى جىن خۇا 3 ئاچا - سىڭىل ئىنتېرنېت تورىدىن شىنجاڭدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال ئۈرۈمچىدىكى تۇغقانلىرىغا تېلېفون قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزلىرى تەتىل مەزگىلىدە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇپ تاپقان 10 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىنى ئاپەت رايونىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا ھەدىيە قىلىشنى ھاۋالە قىلدى.

شىنياڭدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان بىر ئايال ئىشچى ئاپەت ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆز ئائىلىسىدە بولۇۋاتقان قىيىنچىلىققا قارىماي، يەر تەۋرىگەندىن كېيىنكى 3 - كۈنى يۈك - تاقىنى كۆتۈرۈپ مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسىغا كېلىپ، دەرھال 3000 يۈەن ئىئانە قىلدى، ئارقىدىنلا دوختۇرخانىدا ئىختىيارىي كۆتكۈچىلىك قىلىپ، يارىلانغان ئاممىغا 10 نەچچە كۈن قارىدى، ياتاق - تاماق مەسىلىسىنى ئۆزى ھەل قىلدى، كېتىدىغان چاغدا ئىسمى - فامىلىسىنىمۇ قالدۇرمىدى.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ «تەڭرىتاغ» رايونىدىكى خېلىلا ياشىنىپ قالغان بىر ئۇيغۇر بوۋاي ئادەتتىكى چاغلاردا ئۆزى تېجەپ يىغقان 20 مىڭ يۈەن پۇلىغا 6 توننا ئۇن سېتىۋېلىپ، ئاپتوموبىل كىرا قىلىپ، ئاپەت رايونىغا ئۆزى ئاپىرىپ بەردى.

دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن نەنجىڭگە قايتىپ ئولتۇراقلاشقان شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مەشھۇر كومپوزىتورى تيەن گې 5000 يۈەن ئىئانە قىلدى ھەمدە:

شىنجاڭ بەرگەن ماڭا سۆيگۈ،
خەلق بەرگەن ماڭا سەنئەت.
ھېسسىياتىم ئاشتى ھەسسىلەپ،
بۈگۈن بولغاندا ئۇ يەردە ئاپەت.
قوبۇل قىلغىن پەرزەنت قەلبىنى،
ئىزھار قىلدىم جەڭچىچە مۇھەببەت.

دېگەن مىسرالارنى يېزىپ، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ تۇپراققا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باللار فوندى جەمئىيىتىنىڭ خەلقئارا ياش ئالاھىدە ئەلچىسى، مەشھۇر ناخشا چولپىنى لى مىڭ بۇ فوند جەمئىيىتىنىڭ شياڭگاڭ كومىتېتى ئىئانە قىلغان 2 مىليون دوللار شياڭگاڭ پۇلى ۋە ئۆزى ئىئانە قىلغان قىممىتى 100 مىڭ يۈەنلىك ئەشيانى ئېلىپ، جۇدۇن-چاپقۇنغا قارىماي ئاپەت رايونىغا كەلدى.

يەر تەۋرەش ئاپىتى بولغان رايون، ئەتراپىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ھەر مىللەت كادىر ۋە ئاممىمۇ ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق مۇھەببەتلىك قەلبىنى ئىزھار قىلىشتى. يەر تەۋرىگەن كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى بارلىق كادىرلار ئىچىدە «ھەر بىر ئادەم بىر يوتقان ئىئانە قىلىپ شەپقەت يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. شۇ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ناھىيە، شەھەر ۋە خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى، قىزىلسۇ ئوبلاستى ئاپەت رايونىغا 12 مىڭ يۇرۇشتىن كۆپ يوتقان - كۆرپە، نەچچە ئون مىڭ نان ۋە باشقا ئەشيالارنى يەتكۈزۈپ بەردى. يەر تەۋرىگەن كېيىنكى 2 - كۈنىدىن باشلاپ، ئاپەت رايونىغا قوشنا يېزا، ناھىيىلەردىكى دېھقانلار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، ئارقا - ئارقىدىن ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا ئۆزلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ۋە ئورۇقلىرىنى تەقدىم قىلدى، ئىختىيارىي ھالدا ئۇلارنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى چۇۋۇپ، خارابىلەرنى رەتلەپ، مال - مۈلۈكلىرىنى قۇتقۇزدى.

مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردىكى يەر تەۋرەش دۇنيانىڭمۇ دىققىتىنى ۋە تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېندىكى قېرىنداشلار، چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە غەمخورلۇقىنى قوزغىدى.

يەر تەۋرىگەن كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ئاننان دەرھال ئۆزىنىڭ ياپاناتچىسى ئېكخارد ئارقىلىق جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە ئاپەت رايونىدىكى خەلقتىن چوڭقۇر ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپەت رايونىنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ھەرقاچان زۆرۈر ياردەم بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

گرېتسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى گرېتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونىنى 200 مىڭ ياۋرولۇق سىمۋول خاراكتېرلىك ئادەمگەرچىلىك ياردىمى بىلەن تەمىنلەشنى قارار قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، بەزى دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردا يەر تەۋرىگەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن دۆلىتىمىز رەھبەرلىرىگە ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جۇشتىن بۇرۇن تەيۋەن قىزىل كرېست جەمئىيىتى جۇڭگو قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئارقىلىق ھال سوراش خېتى ئەۋەتتى ھەمدە 100 مىڭ دوللار ئىئانە قىلدى.

شياڭگاڭ، ئاۋمېنلاردىكى خەير ـ ساخاۋەت ئاپپاراتلىرى خەلقئارا زاتلار ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنى بەس ـ بەستە پۇل ئىئانە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ يەر تەۋرەش ئاپىتى كۆرۈلگەن رايونىدىكى قۇتقۇلدۇرۇش، ياردەم بېرىش خىزمىتىنى قوللاشقا چاقىردى ھەمدە تۈرلۈك ئىئانە توپلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. 3 ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى شياڭگاڭدىكى مەشھۇر كىنو چولپىنى چېڭ لوڭ «شىنجاڭغا چەكسىز بەخت تىلەش» ئىئانە توپلاش مۇراسىمغا قاتنىشىپ، قىممىتى 1 مىليون شياڭگاڭ دوللىرىلىق 1600 دانە ماموق كىيىم ۋە يوڭ ئەديالنى ئاپەت رايونىدىكى ئاممىغا تەقدىم قىلدى.

بۇ قېتىمقى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەسىگە چېتىلىدىغان چوڭ ئىئانە قىلىشتا، شىنجاڭنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇلدۇرۇش بويىچە ئىئانە توپلاش ئىشخانىسى، قىزىل كرېست جەمئىيىتى، خەير ـ ساخاۋەت باش ئۇيۇشمىسى ئىئانە قىلىنغان 130 مىليون يۈەن پۇل ۋە قىممىتى 27 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان ماددىي بۇيۇمنى قوبۇل قىلدى. بۇ ھازىرغىچە شىنجاڭدا قوبۇل قىلىنغان سوممىسى ئەڭ كۆپ بىر قېتىملىق ئىئانە بولۇپ، ئۇ ئاپەتتىن قۇتقۇلدۇرۇش ۋە ئاپەتتىن كېيىنكى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قايتا قۇرۇش خىزمىتىگە كۈچلۈك مەدەت بەردى.

يەر تەۋرەش رەھىمسىز، ئادەملەر رەھىمدىل. كەڭ كادىرلار، ئاممىا ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى ئىئانە توپلاش پائالىيىتىدە ئىپادىلىگەن خالىس قەلبى ۋە يۈكسەك پەزىلىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ دوستلۇقى، ئۆزئارا ھەمكارلىقىدىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇردى، سوتسىيالىستىك ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى گەۋدىلەندۈردى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۈچلۈك ئۇيۇشۇشچانلىقىنى نامايان قىلدى، بۇ ھال ئاپەت رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان ئالغۇسى.

6. يۇرت ـ ماكانىنى قايتا قۇرۇش

رەھىمسىز يەر تەۋرەش ئازكەم 20 مىڭ ئائىلىلىك ئاممىنىڭ ئۆيلىرىنى خارابىلىككە ئايلاندۇردى، مەكتەپ، دوختۇرخانا، يېزا ـ كەنتلەردىكى ئومۇمنىڭ ئۆيلىرى ۋە تاشيول، كۆۋرۈك، سۇ بىلەن تەمىنلەش، توك بىلەن تەمىنلەش، ئالاقىلىشىش قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. تەبىئىي ئاپەت رەھىمسىز بولسىمۇ ئادەملەر رەھىمدىل، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قەلبى ئاپەت رايونىدىكى ئاممىا بىلەن تۇتاش بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، يۇرت ـ ماكانىنى قايتا قۇرۇشىغا ياردەم بەردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئاپەت رايونىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قايتا قۇرۇش خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، خۇ جىنتاۋ، ۋېن جىاباۋ قاتارلىق يولداشلار كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇق بەردى، ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەر تەۋرەپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، گوۋۇيۈەن دۆلەتلىك يەر تەۋرەپ ئاپەت بولغان رايونلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، يەر تەۋرىگەن رايونىنى نەق مەيداندا ئومۇميۈزلۈك تەپسىلىي تەكشۈرگەندىن كېيىن، 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئاپەت رايونىدىكى ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرىنى قايتا قۇرۇش، ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە ئاممىۋى مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. دۆلەت ئاپەتتىن كېيىنكى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قايتا قۇرۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن 110 مىليون يۈەن مالىيە خاراكتېرلىك مەبلەغ، 190 مىليون يۈەن قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى.

ئاپتونوم رايون يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ـ ئاپەتتىن قۇتقۇلدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى ۋە ئورۇنلاشتۇردى. ۋاڭ لېچۈەن، ئىسمائىل تىلىۋالدىلار كۆپ قېتىم ئېنىق يوليورۇق بەردى. ئاپتونوم رايون 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت بىرلەشمە يىغىنى ئاچتى. ۋاڭ لېچۈەن چەكلىك مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپەت رايونىنى قايتا قۇرۇش مەبلىغىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى، مۇھىم نۇقتىنى

گەۋدىلەندۈرۈپ، مارالبېشى، پەيزىۋاتنىڭ يەر تەۋرەشتە ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلىرىنى قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى تېزلىتىپ، ئاپەت بولغان رايونلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۈزدە يېڭى مەكتەپ بىناسىغا كىرىپ دەرس باشلىشىغا، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاھالىلەرنىڭ قىش كىرىشتىن بۇرۇن يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرىشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەكىتلىدى. 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر 10 ـ نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت 4 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىپ، يەر تەۋرەشتە ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارنى قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشتە ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارنى قايتا قۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلغانلىقى، رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولغانلىقى ئېلان قىلىندى. ئاپتونوم رايون پەن ـ تېخنىكا سارىيى، شىنجاڭ مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى دوختۇرخانىنىڭ كېسەلخانىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى كېچىكتۈردى، مۇشۇ يىل ئىچىدە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مالىيە مەبلىغىنى يۈتكەپ ئىشلىتىپ پىكاپ سېتىۋالماسلىقنى، پەۋقۇلئاددە سەۋەب بولمىسا چەت ئەلگە تەكشۈرۈشكە چىقماسلىقنى، تۈرلۈك يوللار بىلەن 130 مىليون يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، ئاپەت بولغان رايوننى قايتا قۇرۇش خىزمىتىگە ياردەم بېرىشنى بەلگىلىدى. ئاپەت بولغان رايوننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۆيى پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئائىلىدىن ھەربىرىگە 10 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا قۇرۇلۇش مەبلىغى ياردەم بېرىلىپ، 8 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ياغاچ قۇرۇلمىلىق تاختاي ئۆي سېلىپ بېرىلدى؛ ئولتۇراق ئۆيى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىغانلارغا ھەر بىر ئېغىز ئۆي ئۈچۈن 500 يۈەن ياردەم بېرىلىپ، ئۆيلىرى مۇستەھكەملەندى، رېمونت قىلىپ بېرىلدى. يېڭىدىن سېلىنغان مەكتەپ، دوختۇرخانا ۋە يېزا، كەنتتىن ئىبارەت 2 دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ئىشخانىلىرى پۈتۈنلەي يۇقىرى ئۆلچەملىك سۇلىياۋ، پولات قۇرۇلمىلىق قىلىنىپ، مۇستەھكەم چىداملىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى، قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت ئۈستىگە ئالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەر تەۋرەشتە مېيىپ بولۇپ قالغان، ئەمگەك ئىقتىدارىدىن ئايرىلغان ئادەمنى ئۇزاق مۇددەتلىك قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن 10 مىليون يۈەنلىك مەخسۇس فوند تەسىس قىلىندى. 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى قەشقەردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھازىر شىنجاڭنىڭ مارالبېشىدىكى يەر تەۋرەشتە ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوننى قايتا قۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق 540 مىليون يۈەن جۇغلاندى.

قەشقەر ۋىلايىتى ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش خىزمىتى ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا، 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى، ئامىنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى پۈتۈنلەي پۈتتۈرۈلۈپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ھەر بىر ئائىلىلىك ئامىنىڭ قىش كىرىشتىن بۇرۇن ئولتۇرىدىغان ئۆيى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. ھەممە يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدە دەرس باشلىنىشتىن بۇرۇن ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەھكەم سىنىپلارغا كۆچۈپ كىرىشىگە، قىش كىرىشتىن بۇرۇن بارلىق يېزا ـ بازار شىپاخانىلىرىنىڭ يېڭىدىن سېلىنىپ ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

تويۇقسىز يۈز بەرگەن زور بالايىئاپەت ئادەملەرنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈشى ۋە مال ـ مۈلۈكنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغىمۇ بىۋاستە تەسىر يەتكۈزدى. ئاپەت رايونىدىكى كادىر ۋە ئامما قىيىنچىلىق ئالدىدا چىشىنى چىشلەپ، ھايات ـ ماماتلىق جېڭى قىلدى. ئاپەت بولغان رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ئامما ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، ئامما ئېھتىياجلىق ئىشلارغا ياردەم بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى يېتەكلەپ قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى تېز ئەسلىگە كەلتۈردى. 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى ئامما تۇنجى قېتىملىق ئەتىيازلىق تېرىلغۇ قەرز پۇلىنى ئوڭۇشلۇق ئالدى. 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مارالبېشى ناھىيىلىك يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى تېگى ـ تەكتىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن تۈزۈپ چىققان 100 مىليون يۈەنلىك يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش قەرز پۇلى لايىھىسىنى ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى جاڭ مىڭگۇڭنىڭ قولىغا تاپشۇردى. 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى مارالبېشى ناھىيىسى چوڭقۇرچاق يېزىسىنىڭ ئاپەت رايوندىكى چېدىردا ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا سەپەرۋەر قىلىش قەسەمىيات يىغىنى ئاچتى.

كادىرلار ياخشى باشلامچىلىق قىلسا، ئامما غەيرەتكە كېلىدۇ. چوڭقۇرچاق يېزىسىدىكى ئامما يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى جۇ جۇنپىڭ قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ يېتەكلىشى بىلەن 3667 گېكتار يەرگە كېۋەزنى ۋاقتىدا تېرىدى، 1933 گېكتار يەردىكى بۇغدايىنى قەرەلىدە سۇغاردى، باغۋەنچىلىكتە يەر تەۋرەشتىن بۇرۇن تۈزۈلگەن تۈپ قالدۇرۇش نىشانى ئېشقا ئاشۇرۇلدى، ئېغىر جاراھەتلەنگەن چارۋىچىلىقمۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ قايتا ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى. جۇ جۇنپىڭ جۇڭگودىكى 14 ـ نۆۋەتلىك 10 مەشھۇر ياش بولۇپ باھالاندى.

پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ

ھەمكورلۇقى ۋە ياردىمىدە، ئاپەت رايونىدىكى ئامما 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن يۇتۇنلەي يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى قىش كىرىشتىن بۇرۇن پۈتۈنلەيلا يېڭى ئۆيلەرگە كىرگۈزۈش پىلانى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندالدى. ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن قايتا سېلىنغان 89 مەكتەپ 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن بۇرۇن پۈتتى، ئاپەت رايونىدىكى 41 مىڭ ئوقۇغۇچى يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلانغاندىن كېيىن پۈتۈنلەي يېڭى سىنىپلارغا كىردى ھەممە ھەقسىز يېڭى دەرسلىكلەردىن پايدىلاندى. شىياڭگاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ياردىمى بىلەن سېلىنغان 1200 كۆادرات مېتىرلىق چوڭقۇرچاق يېزىلىق شىپاخانا 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن باشلاپ ئېچىلدى، مارالبېشى ناھىيىسىدىكى كەنت دەرىجىلىك 88 شىپاخانا 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە قايتا قۇرۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن 88 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن پۈتتى.

# 3

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. «قارار» دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سائەت 10 دىن 3 مىنۇت ئۆتكەندە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مارالبېشى، پەيزاۋات ئەتراپلىرىدا 6.8 بال كۈچلۈك يەر تەۋرەپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن رەھبەرلىرى ئاپەت رايونىنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدا بىرقاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى، مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلار ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى؛ ئاپتونوم رايون جىددىي سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئاپەت رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر تېز ھەرىكەتكە كېلىپ، دەرھال يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئاتلاندى؛ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچى قىسىمىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى، ج خ كادىر - ساقچىلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى ئاپەت رايونىنىڭ 1 - سېپىگە بېرىپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتنى پائال قانات يايدۇرۇپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنى بار كۈچى بىلەن قوللىدى؛ ئاپەت رايونىدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت كادىر، ئامما جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، ئىتتىپاقلىشىش - ياردەملىشىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىغا كۈچ چىقاردى، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرلەر، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئاپەت رايونىغا ئارقا - ئارقىدىن ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئاپەت رايونىدىكى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قايتا قۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىپ، ئاپەت رايونىدىكى خەلققە ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش جەريانىدا، زور بىر تۈركۈم تىللاردا داستان بولغىدەك تىپىك شەخسلەر ۋە ئىلغار ئىش - ئىزلار بارلىققا كېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غايەت زور تەبىئىي ئاپەت ئالدىدا ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش يېڭى سەھىپىسى يېزىپ چىقىلدى.

ھەممە بىر نىيەتكە كېلىپ، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماسلىق، بىرتەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ھەممە تەرەپ ياردەم بېرىش، ئىتتىپاقلىشىپ تۆھپە قوشۇش، غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلىشتەك يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش روھىنى جارى قىلدۇرۇش، ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت كادىر، ئاممىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا جەمئىيەت بەرپا قىلىش قىزغىنلىقى ۋە ئاكتىپلىقىنى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇش، ھەر مىللەت كادىر، ئاممىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە تەلپۈنۈشىنى كۈچەيتىش، ھەر مىللەت كادىر، ئاممىنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان مارالبېشى ناھىيىسى قاتارلىق 62 ئىلغار كوللېكتىپ، ئەركىن ئەھمەد قاتارلىق 113 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلەشنى قارار قىلدى.

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر

يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش روھىنى تەشۋىق قىلىشنى ئاپتونوم رايوننىڭ 21 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيىنىڭ ئاساسىي تېمىسى قىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپەت رايونىدىكى خەلقنىڭ ، كومپارتىيە ياخشى، سوتسىيالىزم ياخشى، ۋەتەن چوڭ ئائىلىسى ياخشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشى، ئازادلىق ئارمىيە ياخشى، دەيدىغان يۈرەك ساداسىنى تېخىمۇ جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنى ئاپەت رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ جاپالىق كۈرەش قىلىشى، يۇرت - ماكانىنى قايتا قۇرۇشىغا ئىلھام بېرىدىغان كۈچ مەنبەسىگە ئايلاندۇرۇشى، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشىغا ئىلھام بېرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇشى لازىم. ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ھەر مىللەت ئاممىسى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ئىلغار تىپلارنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەمەلدە كۆرسىتىش، ئاپەت رايونىنى، ئاممىنى كۆڭۈلگە پۈكۈش، رەھبەرلىك يادروسلىق، جەڭگىۋار قورغانلىق ۋە ئىلغار - نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش روھىنى ئۆگىنىشى؛ ئۇلارنىڭ خەتەرلىك پەيتتە كىچىك ئائىلىگە بېرىلمەي چوڭ ئائىلىنى كۆزدە تۇتۇش، خالىس تۆھپە قوشۇش روھىنى ئۆگىنىشى؛ ئۇلارنىڭ ئاپەت رايونى ئالدىرىغانغا ئالدىراش، ئاپەت رايونىنىڭ ئېھتىياجىغا ياردەم بېرىش، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تۆھپە قوشۇش روھىنى ئۆگىنىشى لازىم».

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە خۇلاسىلەش، تەقدىرلەش يىغىنى خەلق سارىيىدا تەنتەنىلىك ئېچىلدى. يىغىندا بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىدە قولغا كەلگەن ئۇلۇغ غەلىبىلەر يەكۈنلەندى، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن 62 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 113 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى (ئىسىملىك قوشۇمچە قىلىندى). ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن «يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ھەممە بىر نىيەتتە ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

تەقدىرلەش يىغىنىدىن كېيىن، «يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش» پائالىيىتى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا جۇش ئۇرۇپ قانات يايدى، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش روھى چوقۇم غايەت زور مەنىۋى كۈچ ۋە ماددىي كۈچكە ئايلىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھەممە بىر نىيەتكە كېلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشىگە ئىلھام بەرگۈسى.

## قوشۇمچە 1

يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپلار

مارالبېشى ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىسى چوڭقۇرچاق يېزىسى، مارالبېشى ناھىيىسى سېرىقبۇيا بازىرى، مارالبېشى ناھىيىسى ئالاغىر يېزىسى، مارالبېشى ناھىيىسى چوڭقۇرچاق يېزىسى ئەشلىك كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى، مارالبېشى ناھىيىسى يېڭىئۆستەڭ يېزىسى كونا ئۆستەڭ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى، مارالبېشى ناھىيىسى ئاۋات بازىرى بوز كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى، مارالبېشى ناھىيىسى ئاقساقمارال يېزىسى تاڭباز كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى، مارالبېشى ناھىيىسى سەھىيە ئىستېمىسى پارتكومى، مارالبېشى ناھىيىسى چوڭقۇرچاق يېزىسى ئۆستەڭبويى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى، قەشقەر شەھىرى، پەيزاۋات ناھىيىسى غولتوغراق يېزىسى، مەكىت ناھىيىسى قۇرما يېزىسى چاسا كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى، يەكەن ناھىيىلىك يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش تىببىي داۋالاش ئەترىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك 2- خەلق دوختۇرخانىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسى، مارالبېشى ناھىيىلىك دوختۇرخانا، مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزىلىق شىپاخانا، قەشقەر «شىنشىڭ» توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قەشقەر كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتى، قەشقەر گېزىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ئاخبارات مەركىزى، قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «69210» قىسىم، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «69216» قىسىم، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «69213» قىسىم 44 - تارماق ئەترىتى، مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى، جۇڭگو خەلق

ئازادلىق ئارمىيىسى 12 - دوختۇرخانىسى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «69241» قىسىم، قوراللىق ساقچى بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى 3 - تارماق ئەترىتى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 3 - شى خەلق ئەسكەرلىرى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش بېگى، يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى شوركۆل سۇ باشقارمىسى، يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى پەيزاۋات باش مەيدانى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «69313» قىسىم، ئاتۇش شەھىرى كاتتايلاق يېزىسى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «93926» قىسىم، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى 4 - تارماق ئەترەت 2 - ئوتتۇرا ئەترىتى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى 6 - تارماق ئەترەت 1- ئوتتۇرا ئەترىتى، مارالبېشى ناھىيىلىك ئوت ئۆچۈرۈش چوڭ ئەترىتى، مارالبېشى - پەيزاۋات 6.8 بال يەر تەۋرەش نەق مەيدان خىزمەت ئەترىتى، شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى زاپاس خەۋەرلىشىش ئىدارىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مارالبېشىغا بېرىپ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش تىببىي داۋالاش ئەترىتى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول ۋاقىتلىق باشقارمىسى، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى يۈك ترانسپورت باشقارمىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش باشقارمىسى، ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئىئانە توپلاش ئىشخانىسى، شىنجاڭ خەيرىيەت باش جەمئىيىتى، شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى شىنجاڭ شۆبىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، بورتالا ئوبلاستلىق ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتى، قابا ناھىيىسى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «63658» قىسىم، خوتەن ناھىيىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى، كۇچا ناھىيىسى، قاراماي شەھەرلىك نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى.

## قوشۇمچە 2

### يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى ئىلغار شەخسلەر

ئەركىن ئەمەت (مارالبېشى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)، لى ۋېنگې (مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى)، جۇ جۇنپىڭ (مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى)، ئەمەر سايىت (مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزىسىنىڭ باشلىقى)، ئابدۇرېھىم روزى (مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرىنىڭ باشلىقى)، ئەمەت جېلىل (مارالبېشى ناھىيە ئالاغىر يېزىسىنىڭ باشلىقى)، لى شى (مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى)، لى گەيشېڭ (مارالبېشى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، ئوبۇل ئوسمان (مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى)، ئەخەت ئىسمائىل (مارالبېشى ناھىيىلىك سۇچىلىق ئىدارىسىنىڭ كادىرى)، ئەخەت ھېزىم (مارالبېشى ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى شەھەر باشقۇرۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى)، داۋۇت ھاشىم (مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزا تۈگمەنبېشى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، ئۇرايىم قادىر (مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزا قىزىلقۇم كەنتىدىكى «ئۈچ پېشقەدەم» خادىم)، ئابدۇكېرىم ياقۇپ (مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرى خانىقا كەنتىدىن، دېھقان)، ئوبۇلقاسىم ئەخەت (مارالبېشى ناھىيە ئالاغىر يېزا ساغانئۆستەڭ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، قارى ئەخمەت (مارالبېشى ناھىيە يېڭىئۆستەڭ يېزا يېڭىئۆستەڭ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، ياقۇپ خىزمەت (مارالبېشى ناھىيە يېڭىئۆستەڭ يېزا قۇمۇشكۆل كەنتىدىن، دېھقان)، داۋۇت قادىر (مارالبېشى ناھىيە ئاۋات بازىرى ياقىلىق كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، غوپۇر قادىر (مارالبېشى ناھىيە چارمەيدان كەنتىدىن، دېھقان)، ئابدۇۋايىت سىدىق (مارالبېشى ناھىيە ئاقساقمارال يېزا ئاقتۇممازار كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، سەمەت جېلىل (مارالبېشى ناھىيە ئاقساقمارال يېزا مازاربېشى كەنتىدىن، دېھقان)، ئابدۇراخمان ئوسمان (مارالبېشى ناھىيە مارالبېشى بازىرىدىن، يەككە تىجارەتچى)، ئابدۇغېنى قۇربان (مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازارلىق دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى)، لو تيەنجۈن (مارالبېشى ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، لى رۇڭلى (مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازارلىق شىپاخانىنىڭ سېستىراسى)، تىللا مامۇت (مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزا باغتوغراق كەنتى ئاياللار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇدىرى)، ھەسەن قاسىم (مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، ئەمەت تۇردىھاجى (مارالبېشى ناھىيىلىك تېلېگراف ئوقەتچىلىك شۆبە شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى)، ئوبۇلقاسىم سۇلايمان (مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزا قىزىلقۇم كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، ئەركىن مەھەممەت (مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزىلىق رادىئو ئۆزېلىنىڭ كادىرى)،

تۇرسۇن ئەيسا (قەشقەر شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، شى شىفۇ (قەشقەر شەھەرلىك «جىڭدا» ئۆي - زېمىن چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى)، چاڭ شۇرۇڭ (قەشقەر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، لى ۋېيپىڭ (پەيزاۋات ناھىيە گۈللۈك يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى)، ئابابەكرى ئابدۇللا (پەيزاۋات ناھىيە قىزىلسۇ يېزا باشئوتاق كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، ئوبۇل ھېيت (مەكىت ناھىيە مار يېزىسى چاسا كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، ئەمەت تۇراپ (مەكىت ناھىيە شېھىتدۆڭ يېزا شېھىتدۆڭ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، جاڭ بىنجيې (يوپۇرغا ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى)، ئابدۇقادىر ئابدۇغوپۇر (يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزىلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)، تۇرغۇن مەھەممەت (يەكەن ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، ئابلىكىم (قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، جۇ شياۋگۇاڭ (قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 - خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، روزى مەھەممەت (غەربىي - جەنۇبىي تارىم نېفىتلىك دوختۇرخانىسىنىڭ مۇدىر ۋراچى)، چى مىنيىڭ (قەشقەر ۋىلايەتلىك مەركىزىي قان پونكىتىنىڭ باشلىقى)، سۈي شياۋلوڭ (قەشقەر تۆمۈريول دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى)، لى يۇخۇڭ (قەشقەر شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى)، روزى مەھەممەت (قەشقەر ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسى تىبابەتچىلىك مەمۇرىيىتى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، ئەخمەت خۇدابەردى (قەشقەر ۋىلايەتلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى)، شۆەن شيا (قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ پەرۋىشچىسى)، ئەكبەر ئابلەت (قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 - خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ مۇدىر ۋراچى)، باتۇر رەسۇل (مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزىلىق شىپاخانىنىڭ باشلىقى)، ۋاڭ لىبي (قەشقەر ۋىلايەتلىك تېلېگراف شىركىتىنىڭ ئاپپارات خادىمى)، ليۇ باۋ (قەشقەر يەكەن دەرياسى ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىنىڭ دىرېكتورى)، ئابلىكىم كېرىم (قەشقەر ۋىلايەتلىك پاختا - چىگە شىركىتىدە بۆلۈم باشلىقى)، دىڭ چاڭنيەن (مارالبېشى ناھىيىلىك يولۇچى توشۇش بېكىتىنىڭ باشلىقى)، جاڭ خۇي (قەشقەر «شىنشىڭ» توقۇمىچىلىق شىركىتىدە بۆلۈم باشلىقى)، ليۇ شياۋبي (قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، گەن رۇڭگۇي (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتىدە شتاب باشلىقى)، دىڭ جېجۇن (قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش چوڭ ئەترىتى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى)، مەھەممەت زۇنۇن (قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش چوڭ ئەترىتىنىڭ ئەزاسى)، جاۋ فېڭچى (قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ قوراللاندۇرۇش بۆلۈمىنىڭ ئەزاسى)، ئابدۇسالام (قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش تارماق ئەترىتىنىڭ ئەزاسى)، تيەن چېڭ (قەشقەر شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى)، لى جياڭ (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتى مارالبېشى شۆبە ئەترىتىدە بەنجاڭ)، بەختىيار ئابلىز (قەشقەر گېزىتىنىڭ مۇخبىرى)، ليۇ يېبىڭ (قەشقەر گېزىتىنىڭ مۇخبىرى)، خالىدە ئابلىز (قەشقەر ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى)، جاڭ لىگېن (قەشقەر ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى)، چېن لى (قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، كېرىم ناسىر (مارالبېشى ناھىيە ئالاغىر يېزا شەمبە بازار باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)، مەھەممەت ئابلىز (مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازار ماجارتوغراق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ۋاكالىتەن دەرس بېرىش ئوقۇتقۇچىسى)، ئەكپەر ئۆمەر (قەشقەر يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى)، دۇ يەن (قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، زۇنۇن ئېلى (قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)، قۇندۇز ھاجى (قەشقەر «قۇندۇز» تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى زاۋۇتىنىڭ دىرېكتورى)، ئابلىكىم داۋۇت (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق باش شىركىتىنىڭ ئىشتىن قالدۇرۇلغان ئىشچىسى)، ۋاڭ رۇڭ (ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، لى پېيفېڭ (شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى باش تەھرىر ئىشخانىسى فوتوگراف گۇرۇپپىسىنىڭ مۇخبىرى)، چېن كۇنلۇن («شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى)، دەي يەنكۇن (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاخبارات مەركىزى مۇخبىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇخبىرى)، يۈەن مىڭگۇي (ئۇلۇغچات ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)، ئابلىكىم ئىسھاق (ئاتۇش شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، جۇ خۇڭتاۋ (جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «69210» قىسمىنىڭ باشلىقى)، ليۇ زېڭشياڭ (جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «69210» قىسمىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى)، مو جىنخۇا (جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «69216» قىسىم 22 - شۆبە ئەترىتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى)، لۇ چاڭگاڭ (جۇڭگو خەلق ئازادلىق

ئارمىيىسى «69213» قىسىم 33 ـ شۆبە ئەترەتتە بەنجاڭ)، ليۇ يۇچاڭ (مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، گو جۇنتاڭ (قەشقەر زاپاس ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۇەنى قورالландۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)، سۇڭ شياڭچۇەن (جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «69322» قىسىم 61 ـ شۆبە ئەترەتنىڭ باشلىقى)، جاڭ لى (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 ـ شى خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، ۋاڭ ئەيلىن (شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى تېلېۋىزىيە مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن يىلك دەرىجىلىك كادىرى)، گۇەن يۇچېڭ (لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى زەخىملىنىش تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ كاندىدات مۇدىر ۋراچى)، لو شىڭشاڭ (قوراللىق ساقچى شىنجاڭ باش ئەترىتى 6 ـ تارماق ئەترىتى 2 ـ ئوتتۇرا ئەترەتتە بەنجاڭ)، لى جيەنخۇا (قوراللىق ساقچى شىنجاڭ باش ئەترىتى 4 ـ تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى)، بەي مى (قوراللىق ساقچى شىنجاڭ باش ئەترىتى 4 ـ تارماق ئەترىتى 1 ـ ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى)، فەن شېندې (قوراللىق ساقچى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى جەنۇبىي شىنجاڭ قوماندانلىق شتابى زاپاس ئوتتۇرا ئەترەتتە مۇئاۋىن بەنجاڭ)، ئابلىمىت سەمەت (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 ـ شى پەيزاۋات باش مەيدانى 6 ـ لىيەنىنىڭ يېتەكچىسى)، جاڭ جياڭيىن (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 ـ شى 48 ـ تۇەن ـ مەيدان خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، شېن كەيجياڭ (بىڭتۇەن ھەربىي ئىشلار قوماندانلىق شتابى مەشىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)، لى جيەنيۇڭ (قوراللىق ساقچى بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى 3 ـ تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى)، سۇڭ لىجۇن (شىنجاڭ يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسىدا مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى)، گاۋ گويىڭ (شىنجاڭ يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسى ئالدىن مەلۇمات بېرىش مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى)، يۇ چېڭجياڭ (جۇڭگو بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىنجاڭ شۆبە شىركىتى ئاساسىي تور بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى)، خاۋ مىن (شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتى تور باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇدىرى)، ما يۇەن (شىنجاڭ بىناكارلىق دوختۇرخانىسىنىڭ كاندىدات مۇدىر ۋراچى)، ئۆمەرجان قۇربان (ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ مۇدىر ۋراچى)، سەلىمجان (شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا كۆيۈك ـ شەكىل تۈزەش بۆلۈمىنىڭ كاندىدات مۇدىر ۋراچى)، تيەن بې (شىخەنزە «1 ـ ئاۋغۇست» يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ پېنسىيىگە چىققان خىزمەتچىسى)، چيەن جىنچۈن (سانجى خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ پېنسىيىگە چىققان خىزمەتچىسى، ئالىي ئىنژېنېر)، زو خۇڭجۇەن (ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يەككە تىجارەتچى)، ئابلا مەتتوختى (ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يەككە تىجارەتچى)، تاۋ چۇنلېي (چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، شۇكرەم غوپۇر (تورپان ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى).

ئالاقىدار ئاخبارات خەۋەرلىرىگە ئاساسەن رەتلەندى.

## قوشۇمچە

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2003 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ستاتىستىكا ئاخباراتى

2003 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ھەمدە پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى، 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتتىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى تىرىشىپ يېڭىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ زەرب بىلەن ئېشىش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي كەسىپلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىتىپ، سۈرئەت بىلەن ئۈنۈم، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تەلەپ، ئىقتىساد بىلەن جەمئىيەت بىر قەدەر تەڭكەش تەرەققىي قىلغان ياخشى ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى.

### 1. ئومۇمىي ئەھۋال

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى تېزلىتىلىپ، ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلەر پىلاندىكىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. دەسلەپكى مۆلچەرىي ھېسابلاشقا قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 187 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %10.8 ئاشقان، ئېشىش ھەجمى 2.7 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. 3 كەسىپكە ئايرىپ قارىغاندا، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 41 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.2؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 79 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.1 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 57 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.2، بىناكارلىق كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 22 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.5؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 66 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.5 ئاشقان. ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 9686 يۈەنگە يېتىپ، %9.1 ئاشقان. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 90 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12 ئاشقان، بۇ ئاپتونوم رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %51.2نى ئىگىلىگەن.

بىر يىلدا ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھاسى ئومۇمىي سەۋىيىسى %0.4 ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرنىڭ %0.5، يېزىنىڭ %0.2 ئۆرلىدى. ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچىنى تۈرلەرگە ئايرىپ قارىغاندا، يېمەكلىك باھاسىنىڭ ئۆرلىشى ئىستېمال باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئۆرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسلىق ئامىل بولدى، ئاساسلىق سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى مۇقىملىق ئاساسىدا تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېمەكلىك باھاسى %2.5، ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ %4.2 ئۆرلىدى، ھاراق - تاماكا ۋە ئۇنىڭغا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملارنىڭ %0.2، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ %0.8، ئۆي جاھازلىرى لازىمەتلىكلىرى ۋە مۇلازىمەتنىڭ %1.1، كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ۋە ئۇلارغا دائىر مۇلازىمەتنىڭ %0.9، تېببىي داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ۋە شەخسلەر ئىشلىتىدىغان بۇيۇملارنىڭ %5.2، قاتناش ۋە ئالاقىنىڭ %0.9 تۆۋەنلىدى. يېمەكلىك باھاسى ئىچىدە، ياغنىڭ %14.8، يېڭى كۆكتاتلارنىڭ %31.2، قۇرۇق - ھۆل مېۋە - چېۋىنىڭ %4.8 ئۆرلىدى، ئاشلىقنىڭ %3.3، گۆش، قۇش ۋە ئۇلاردىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ %1.9، تۇخۇمنىڭ %2.2، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ %7 تۆۋەنلىدى. تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى %0.8 تۆۋەنلىدى، سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى %15.1 ئۆرلىدى، خام ئەشيا - ماتېرىيال، يېقىلغۇ، ئېنېرگىيىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى %14.8، تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش باھاسى %3.4، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھاسى %1.1 ئۆرلىدى.

يىل ئاخىرىدا ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 2 مىليون 379 مىڭ 400 بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %1.8 ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلارنىڭ 1

مىليون 840 مىڭ 200 بولۇپ، 2.8%؛ كوللېكتىپ ئورۇنلارنىڭ 75 مىڭ 500 بولۇپ، 18.9% ئازايدى؛ باشقا ئورۇنلارنىڭ 463 مىڭ 700 گە يېتىپ، 6.1% ئاشتى. ئەمگەك تارماقلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، يىل ئاخىرىدا دۆلەت كارخانىلىرىدىن ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچى 41 مىڭ 500، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلاردىن قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 12 مىڭ 500، يىل ئاخىرىدا ئەمەلىي تىزىملانغان ئىشسىز 127 مىڭ 500، شەھەر - بازارلاردىكى تىزىملانغان ئىشسىزلارنىڭ نىسبىتى 3.8% بولغان. بىر يىلدا 370 مىڭ 900 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلارغا ئورۇنلاشقىنى 30 مىڭ 400، شەھەر- بازارلاردىكى كوللېكتىپ ئورۇنلارغا ئورۇنلاشقىنى 37 مىڭ 600، خۇسۇسىي، يەككە ئىگىلىكتىكى ۋە ئۈچ تەرەپ مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا ئورۇنلاشقىنى 185 مىڭ 900، باشقا ئورۇنلارغا ئورۇنلاشقىنى 117 مىڭ.

ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى ئاساسلىق مەسىلىلەر: يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنى يەنىلا مۇستەھكەم ئەمەس، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تىجارىتىدىكى پايدىسىز ئامىللار بىر قەدەر كۆپ، مەبلەغ سېلىشتىكى قۇرۇلما خاراكتېرلىك زىددىيەت بىر قەدەر كۆرۈنەرلىك، يېزا بازىرىنىڭ تەرەققىياتى ئارقىدا ۋاھاكازا.

## 2. يېزا ئىگىلىكى

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم ئاشتى، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 68 مىليارد 832 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 6.3% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 48 مىليارد 276 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5.2%؛ چارۋىچىلىقنىڭ 16 مىليارد 198 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.7%؛ ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليارد 369 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 20.7%؛ بېلىقچىلىقنىڭ 321 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1.7% ئاشتى. ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 307 مىڭ گېكتار بولۇپ 12.5% ئازايدى؛ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 37 مىڭ 100 گېكتارغا يېتىپ، 9.9%؛ ياغلىق دان زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 226 مىڭ 400 گېكتارغا يېتىپ، 5.3% ئاشتى؛ قىزىلچا تېرىلغۇ كۆلىمى 67 مىڭ 300 گېكتار بولۇپ، 21.1%؛ كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمى 163 مىڭ 800 گېكتار بولۇپ، 0.2% ئازايدى؛ باغ كۆلىمى 344 مىڭ 200 گېكتارغا يېتىپ، 17.8%؛ بېدە تېرىلغۇ كۆلىمى 294 مىڭ 100 گېكتارغا يېتىپ، 25.1% ئاشتى. بىر يىلدا ئېلىنغان ئاشلىق 8 مىليون 16 مىڭ 400 توننا بولۇپ، 8.5% ئازايدى؛ ئېلىنغان پاختا 1 مىليون 600 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 6.7%؛ ياغلىق دان 501 مىڭ 300 تونىنغا يېتىپ، 13% ئاشتى؛ قىزىلچا 3 مىليون 816 مىڭ 500 توننا بولۇپ، 18.2% ئازايدى؛ كۆكتات 7 مىليون 610 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 12.8%؛ مېۋە - چېۋە 2 مىليون 183 مىڭ 400 تونىنغا يېتىپ، 10.2% ئاشتى.

يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 50 مىليون 265 مىڭ 400 تۇياققا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 5.1%؛ قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 32 مىليون 19 مىڭ 900 تۇياققا يېتىپ، 11.2% ئاشتى؛ ئېلىنغان گۆش 1 مىليون 150 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 9.1%؛ يۇڭ 78 مىڭ 400 تونىنغا يېتىپ، 5.4%؛ سۈت 1 مىليون 130 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 19.1%؛ تۇخۇم 236 مىڭ 200 تونىنغا يېتىپ، 4.3%؛ سۇ مەھسۇلاتى 67 مىڭ 300 تونىنغا يېتىپ، 5.3% ئاشتى؛ 286 مىڭ 400 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىنىپ، 33.1% كۆپەيدى.

يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 9 مىليون 727 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يېتىپ، 2002- يىلدىكىدىن 5.8% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 76 مىڭ 300 گە يېتىپ، 8%؛ كىچىك تراكتور 310 مىڭ 500 گە يېتىپ، 6.8%؛ ئىشلىتىلگەن خىمىيۋى ئوغۇت 907 مىڭ 400 توننا(ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى) غا يېتىپ، 7.6%، يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن توك 2 مىليارد 995 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 6% ئاشتى؛ يىل ئاخىرىدا ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 3 مىليون 51 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى.

## 3. سانائەت ۋە بىناكارلىق كەسپى

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى تېز ئېشىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم داۋاملىق ياخشى بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت قوشۇلما قىممىتى 57 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 11.2% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 8 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.1%؛ ئېغىر سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 48 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12% ئاشتى.

بىر يىلدا پىششىقلانغان نېفىت 11 مىليون 339 مىڭ 200 تونىنغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 7.1%؛ ئىشلەپچىقىرىلغان كۆمۈر 34 مىليون 828 مىڭ 600 توننا كۆمۈر 12.4%؛ نېفىت 21 مىليون 413 مىڭ 900 تونىنغا يېتىپ، 5.2%؛ تەبىئىي گاز 5 مىليارد 29 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، 3.6%؛ تارقىتىلغان توك 23 مىليارد 462 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 10.5%؛ يىرىك پولات 2

مىليون 41 مىڭ 200 تونناغا يېتىپ، %3.16؛ پولات ماتېرىيال 2 مىليون 31 مىڭ تونناغا يېتىپ، %4.17؛ سېمونت 11 مىليون 282 مىڭ 900 تونناغا يېتىپ، %6.9؛ ئېتىلېن 235 مىڭ 900 تونناغا يېتىپ، %9.49؛ خىمىيۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى) 854 مىڭ 500 تونناغا يېتىپ، %5.11 ئاشتى؛ ترانسفورماتور 11 مىليون 738 مىڭ 700 كىلوۋولت ـ ئامپېر بولۇپ، %9.1 ئازايدى؛ كونسېرۋا 474 مىڭ 800 تونناغا يېتىپ، %4.14؛ فابرىكا قەغىزى 133 مىڭ تونناغا يېتىپ، %2.8 ئاشتى؛ يىپ 292 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %4.7؛ شېكەر 454 مىڭ 300 توننا بولۇپ، %4.12 ئازايدى.

بىر يىلدا كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچى 172.72 گە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 35.6 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ تۆھپە نىسبىتى 3.2 پىرسەنت پوئېنتى، مۈلۈك قىممىتىنىڭ ساقلىنىش، ئېشىش نىسبىتى 9.4 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى، مۈلۈكنىڭ ئاكتىپ ـ پاسسىپ نىسبىتى 7.4 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى، تۇراقسىز مۈلۈكنىڭ ئوبوروت نىسبىتى 0.3 قېتىم تېزلەشتى، تەننەرخ خىراجىتىنىڭ پايدا نىسبىتى 5.5 پىرسەنت پوئېنتى ئۆستى، ئومۇمىي خادىملارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 8203.43 يۈەنگە يەتتى. سانائەت كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى 13 مىليارد 971 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.81 ئېشىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

بىر يىلدا بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 27 مىليون 192 مىڭ 200 كۋادرات مېترغا يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %7.5 ئاشتى؛ پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 14 مىليون 508 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، %3.1 ئازايدى.

## 4. تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش تېز سۈرئەتتە ئاشتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 100 مىليارد 213 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %3.23 ئاشتى. تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە ئايرىغاندا، يەرلىك تۈرلەرگە سېلىنغىنى 62 مىليارد 913 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.26؛ مەركەزنىڭ تۈرلىرىگە سېلىنغىنى 37 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1.18 ئاشتى. رويخەتكە ئالدۇرۇلغان تۈرلەر بويىچە ئايرىغاندا، دۆلەت ئىگىلىكىگە سېلىنغىنى 67 مىليارد 126 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.19؛ كوللېكتىپ ئىگىلىككە سېلىنغىنى 936 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1.19؛ پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىككە سېلىنغىنى 17 مىليارد 342 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.42؛ خۇسۇسىي ۋە يەككە ئىگىلىككە سېلىنغىنى 12 مىليارد 845 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.32 ئاشتى؛ باشقا ئىگىلىككە سېلىنغىنى 1 مىليارد 963 مىليون يۈەن بولۇپ، %1.19 تۆۋەنلىدى. باشقۇرۇش يوللىرى بويىچە ئايرىغاندا، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 64 مىليارد 764 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.28؛ يېڭىلاش ـ ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 12 مىليارد 743 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.10؛ ئۆي ـ زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 10 مىليارد 249 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.16؛ باشقىلارغا سېلىنغىنى 12 مىليارد 457 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.17 ئاشتى. كەسىپ بويىچە ئايرىغاندا، 1 ـ كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليارد 594 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.67؛ 2 ـ كەسىپكە سېلىنغىنى 35 مىليارد 887 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1.15 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت سانائىتىنىڭ %9.27 ئاشتى، توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ %3.6، ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتىنىڭ %40 تۆۋەنلىدى؛ 3 ـ كەسىپكە سېلىنغىنى 53 مىليارد 732 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.22 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش ـ ترانسپورت كەسپىنىڭ %2.29، سۇچىلىق كەسپىنىڭ %9.22، ئۆي-زېمىن كەسپىنىڭ %7.13 ئاشتى.

بىر يىلدا قىلىنغان ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تۈرى 5482 گە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 947سى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلى ئىش باشلانغان تۈر 4464 بولۇپ، 880 تۈر كۆپەيدى.

## 5. ئىچكى سودا

بازار ئېھتىياجى ئۆرلەپ، ئىستېمال قىزىق نۇقتىسى گەۋدىلەندى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 42 مىليارد 116 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %1.11 ئاشتى. شەھەر ـ يېزا بويىچە ئايرىغاندا شەھەر ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 31 مىليارد 133 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.12؛ يېزا ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 10 مىليارد 983 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.6 ئاشتى، شەھەرنىڭ يېزىنىڭكىدىن 4.6 پىرسەنت پوئېنتى تېز بولدى. كەسىپلەر بويىچە قارىغاندا، يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىدە پارچە سېتىلىش سوممىسى 6 مىليارد 64 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.14؛ توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىدا پارچە سېتىلىش سوممىسى 34 مىليارد 190 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.11؛ باشقىلاردا پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 862 مىليون

يۈەنگە يېتىپ، 0.1% ئاشتى. ئاپتوموبىل، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ۋە ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلارنىڭ سېتىلىشى ياخشى بولدى، تۇرالغۇ ئۆي، زىننەتلەش، دەم ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش ۋە مائارىپ خاراكتېرلىك ئىستېمال بازىرى جانلاندى.

## 6. تاشقى ئىقتىساد

تاشقى سودىنىڭ ئېشىشى كۈچلۈك بولدى. بىر يىلدا تاموژنىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 4 مىليارد 772 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 77.3% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليارد 542 مىليون دوللارغا يېتىپ، 94.3%؛ ئىمپورت سوممىسى 2 مىليارد 230 مىليون دوللارغا يېتىپ، 61.2% ئاشتى. ئېكسپورت سوممىسى ئىچىدە ئادەتتىكى سودىنىڭ 711 مىليون دوللارغا يېتىپ، 30.7%؛ پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىنىڭ 202 مىليون دوللارغا يېتىپ، 30.3%؛ ئاز سوممىلىق چېگرا سودىسىنىڭ 1 مىليارد 604 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2.4% ھەسسە ئاشتى. ئىمپورت سوممىسى ئىچىدە ئادەتتىكى سودىنىڭ 725 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1.8 ھەسسە؛ پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىنىڭ 31 مىليون دوللارغا يېتىپ، 8.1%؛ ئاز سوممىلىق چېگرا سودىسىنىڭ 1 مىليارد 435 مىليون دوللارغا يېتىپ، 33.9% ئاشتى. بىر يىلدا 344 مىليون دوللارلىق ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون مەھسۇلاتى ئېكسپورت قىلىنىپ، 1.1 ھەسسە؛ 28 مىليون دوللارلىق يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا مەھسۇلاتى ئېكسپورت قىلىنىپ، 1.9 ھەسسە ئاشتى.

بىر يىلدا ئىمزالانغان چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىشىغا دائىر توختام سوممىسى 161 مىليون 470 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 4.6% ئاشتى؛ تاشقى ھۆددىگەرلىك قۇرۇلۇشى ۋە ئەمگەك ھەمكارلىقى توختامىنىڭ سوممىسى 189 مىليون 100 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 9.2 ھەسسە كۆپەيدى؛ تىجارەت سوممىسى 67 مىليون 420 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 70.3% ئاشتى.

## 7. قاتناش، پوچتا - تېلېگراف ۋە ساياھەتچىلىك

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۆمۈريولنىڭ تىجارەت مۇساپىسى 3009 كىلومېتىرغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى؛ ئاپتوموبىل قاتنايدىغان تاشيول مۇساپىسى 59 مىڭ 900 كىلومېتىرغا يېتىپ، 0.7%؛ خەلق ئاۋىئاتسىيىسى قاتناش مۇساپىسى 141 مىڭ 500 كىلومېتىرغا يېتىپ، 6.8% كۆپەيدى. بىر يىلدا ھەر خىل قاتناش قورالى توشۇغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 83 مىليارد 704 مىليون تونna - كىلومېتىرغا يېتىپ، 10.2% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولنىڭ 47 مىليارد 500 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، 11.7%؛ تاشيولنىڭ 32 مىليارد 500 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، 9.1%؛ خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ 64 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، 22%؛ تۇرۇبىنىڭ 3 مىليارد 640 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، 2.5% ئاشتى. يولۇچى توشۇش ئوبوروت مىقدارى 34 مىليارد 200 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، 3.4% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 10 مىليارد 610 مىليون ئادەم- كىلومېتىر بولۇپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى؛ تاشيولدا توشۇلغىنى 19 مىليارد 500 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، 5.1%؛ ئايروپىلاندا توشۇلغىنى 4 مىليارد 90 مىليون ئادەم- كىلومېتىرغا يېتىپ، 4.3% ئاشتى.

بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 11 مىليارد 448 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 20.9% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تېلېگراف كەسپىنىڭ 10 مىليارد 728 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 22%؛ پوچتا كەسپىنىڭ 720 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5.9% ئاشتى. يىل ئاخىرىدا مۇقىم تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 21.3%كە، كۆچمە تېلېفوننىڭ 21.8%كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 607 مىڭ 900 گە يەتتى.

بىر يىلدا كۈتۈۋېلىنغان ئىچكى ساياھەتچى 10 مىليون 115 مىڭغا يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 4.5% كۆپەيدى؛ ئىچكى ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 8 مىليارد 869 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5.7% ئاشتى. 170 مىڭ 500 خەلقئارا ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى، بۇ 38.1% ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار 20 مىڭ 600 بولۇپ، 50.4% ؛ خەلقئارا ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 48 مىليون 576 مىڭ 300 دوللار بولۇپ، 51.1% تۆۋەنلىدى.

## 8. مالىيە، پۇل مۇئامىلە ۋە سۇغۇرتا كەسپى

بىر يىلدا يەرلىك مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 12 مىليارد 822 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن 10.1%؛ يەرلىك مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى 36 مىليارد 847 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2% ئاشتى.

پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 266 مىليارد 165 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 41 مىليارد 579 مىليون يۈەن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 76

مىليارد 349 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5 مىليارد 766 مىليون يۈەن؛ شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ 137 مىليارد 159 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 23 مىليارد 381 مىليون يۈەن ئاشتى. تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 209 مىليارد 909 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 29 مىليارد 648 مىليون يۈەن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ۋە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل 7 مىليارد 649 مىليون يۈەن، ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك قەرز پۇل 16 مىليارد 798 مىليون يۈەن ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەت 27گە، بازارغا سېلىنغان پاي قىممىتى 58 مىليارد 449 مىليون يۈەنگە، ئومۇمىي پاي دەسمايىسى 7 مىليارد 412 مىليون پايغا، توپلانغان جەمئىي مەبلىغى 10 مىليارد 439 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليارد 218 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %20.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 1 مىليارد 912 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16؛ جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ 4 مىليارد 306 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %22.2 ئاشتى. تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليارد 746 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 1 مىليارد 36 مىليون يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ 710 مىليون يۈەن.

## 9. مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكا

ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 26، تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرسقا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 43 مىڭ 100گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %3.3؛ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 147 مىڭ 600گە يېتىپ، %11.6 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 65 مىڭ 100گە يېتىپ، %6 كۆپەيدى. ئاسپىرانت يېتىشتۈرۈش ئورنى 9، قوبۇل قىلىنغان ئاسپىرانت 1664كە يېتىپ، %50.7؛ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 3629غا يېتىپ، %45.5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 332 بولۇپ، %42.5 ئاشتى. ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 78، ئوقۇغۇچىسى 71 مىڭ 500 بولۇپ، %14.8؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 45 مىڭ 300 بولۇپ، %10.7 ئازايدى. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 500، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 126 مىڭ 200گە يېتىپ، %11.3؛ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 315 مىڭ 200 گە يېتىپ، %15.7؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى 1 مىليون 133 مىڭ 400 گە يېتىپ، %6.3 كۆپەيدى؛ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى 2 مىليون 289 مىڭ 100 بولۇپ، %2.9 ئازايدى.

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %98.3، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى %96.5، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %83.8، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش نىسبىتى %2.9، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى %40.9 بولدى.

چوڭلار ئالىي مائارىپىنىڭ تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرسلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 87 مىڭ 800 بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %31.3؛ چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 8200 بولۇپ، %53.2 ئازايدى. بىر يىلدا ياشلار، قىرانلار ئىچىدە 33 مىڭ ئادەم ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 385 مىڭ 700 بولۇپ، 2002 - يىلدىكىدىن %0.5 ئازايدى. تىزىملانغان زور پەن - تېخنىكا نەتىجىسى 232، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساس نەزەرىيە نەتىجىسى 9، ئەمەلىي تېخنىكا نەتىجىسى 214، يۇمشاق پەن نەتىجىسى 9؛ 1472 تۈرلۈك پاتېنت ئىلتىماسى قوبۇل قىلىندى، 751 تۈرگە پاتېنت ھوقۇقى بېرىلدى. ئىمزالانغان تېخنىكا توختامى 1516گە يېتىپ، %12.3؛ پۈتۈشۈش سوممىسى 1 مىليارد 204 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.6 ئاشتى.

## 10. مەدەنىيەت، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە

ئاپتونوم رايون بويىچە 88 سەنئەت ئۆمىكى، 91 مەدەنىيەت يۇرتى، 84 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 23 مۇزېي، 135 ئارخىپخانا بار، ئېچىۋېتىلگەن تۈرلۈك ئارخىپ 423 مىڭ 300 توم. رادىئو ئىستانسىسى 6، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 16، ئوتتۇرا ۋە قىسقا دولقۇنلۇق رادىئو تارقىتىش ئىستانسىسى ۋە ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسى 40، 1000 ۋاتتىن يۇقىرى تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئىستانسىسى ۋە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى 64. ئاپتونوم رايون بويىچە رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92.8 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92.5 كە؛ سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 1 مىليون 302 مىڭ 700 گە يەتتى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ھېكايە فىلىم 70؛ نەشر قىلىنغان ھەر خىل گېزىت 338 مىليون نۇسخا، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكىسى %38نى ئىگىلەيدۇ؛ ھەر خىل ژۇرنال 14 مىليون 180 مىڭ نۇسخا، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكىسى %35نى ئىگىلەيدۇ؛ كىتاپ 78 مىليون 380 مىڭ نۇسخا، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق

مىللەتلەر يېزىقىدىكىسى %40نى ئىگىلەيدۇ.

ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە ئاپپاراتى 9434، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 1471، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 88؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 72 مىڭ 800، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانىلاردىكىسى 69 مىڭ 800. سەھىيە تېخنىكا خادىمى 95 مىڭ 800. يېزا - بازار شىپاخانىسى 832، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 14 مىڭ 383، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىدىكى سەھىيە تېخنىكا خادىمى 12 مىڭ 55.

ئاپتونوم رايون تەنھەرىكەتچىلىرى خەلقئارالىق، قىتئەلەر ئارا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلاردا 3 تۈردە چېمپىيونلۇققا (جۇڭگو شىنجاڭ خەلقئارا بوكسىيورلۇق ئاشكارا مۇسابىقىسىنىڭ 64 كىلوگراملىقلار گۈرۈپپىسى بويىچە، 69 كىلوگراملىقلار گۈرۈپپىسى بويىچە ۋە 91 كىلوگراملىقلار گۈرۈپپىسى بويىچە)، 4 تۈردە 2 - لىككە، 4 تۈردە 3 - لىككە ئېرىشتى. مەملىكەتلىك مۇسابىقىلاردا 12 تۈردە چېمپىيونلۇققا، 12 تۈردە 2 - لىككە ئېرىشتى.

## 11. مۇھىت ئاسراش

مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، بىر يىلدا گۈڭگۈرت تۆت ئوكسىدىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 223 مىڭ 300 توننا ئىچىدە تىزگىنلىنىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %7.15؛ ئىس - تۈتەك قويۇپ بېرىش مىقدارى 109 مىڭ 500 توننا ئىچىدە تىزگىنلىنىپ، %7.11؛ سانائەت چاڭ - توزاڭلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 158 مىڭ توننا ئىچىدە تىزگىنلىنىپ، %6.68؛ كېرەكسىز سانائەت قاتتىق جىسىملىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 881 مىڭ 900 توننا ئىچىدە تىزگىنلىنىپ، %28؛ يۇندىدىكى كىسلارودقا ئېھتىياجلىق خىمىيىلىك ماددىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 230 مىڭ 300 توننا ئىچىدە تىزگىنلىنىپ، %3.12 ئاشتى. ئاساسلىق بۇلغىمىلار ئىچىدە تۇرمۇش بۇلغىمىلىرىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 2002 - يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھاۋا سۈپىتى 1 -، 2 - دەرىجىلىك بولغان كۈنلەر %4.63نى ئىگىلەپ، 2002 - يىلدىكىدىن 3.5 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى؛ 3 - دەرىجىلىك بولغان كۈنلەر %8.17نى ئىگىلەپ، 9.3 پىرسەنت پوئېنتى؛ 4 -، 5 - دەرىجىلىك بولغان كۈنلەر %8.18نى ئىگىلەپ، 4.1 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلغان تۈرلۈك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى 26، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى 7، يەنى شىنجاڭ ئالتۇن تاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، شىنجاڭ بايىنبۇلاق ئاق قۇ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، شىنجاڭ قاناس تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، شىنجاڭ غەربىي تەڭرىتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، شىنجاڭ گەنجىياخۇ سۆكسۆك ئورمىنى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، شىنجاڭ تۆمۈر چوققىسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ۋە شىنجاڭ لوپنۇر ياۋا تۆگە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن ئىبارەت. تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 204 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ؛ تەستىقلانغان دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيىلىك ئۈلگە رايونى 8، ئېكولوگىيىلىك ئۈلگە رايونى قۇرۇلۇشى نۇقتىدا سىناق قىلىنغان رايون ۋە ئورۇن 8؛ ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايون 58، كۆلىمى 9.351 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپ، %2.0 ئاشتى؛ مۇھىت شاۋقۇنى ئۆلچەمگە يەتكەن رايون 39، كۆلىمى 2.315 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپ، %5 كۆپەيدى.

## 12. نوپۇس

2003 - يىللىق نوپۇس ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسەن ھېسابلىغاندا: ئاپتونوم رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 19 مىليون 339 مىڭ 500 گە يېتىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %1.5 ئاشقان. شەھەر- يېزا بويىچە ئايرىپ قارىغاندا، شەھەر - بازار نوپۇسى 6 مىليون 651 مىڭ 100گە يېتىپ، %3.2 ئاشقان، شەھەر- بازارلىشىش نىسبىتى %34.4 كە يېتىپ، 0.6 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىگەن؛ يېزا نوپۇسى 12 مىليون 688 مىڭ 400 گە يېتىپ، %0.7 ئاشقان. جىنس ئايرىمىسىدىن قارىغاندا، ئەرلەر 9 مىليون 942 مىڭ 400 بولۇپ، %51.4نى؛ ئاياللار 9 مىليون 397 مىڭ 100 بولۇپ، %48.6نى ئىگىلىگەن. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16، ئۆلۈش نىسبىتى ‰5.2، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰10.8 بولغان.

## 13. خەلق تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئەھۋالى

نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشكە ئاساسەن ھېسابلىغاندا، شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7220.61 يۈەنگە يەتتى، ئۆزگەرمەس ئامىلنى چىقىرىۋەتكەندە، 2002 - يىلدىكىدىن %6.9 ئاشتى؛ يېزا ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2106.19 يۈەنگە يېتىپ، %13 ئاشتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي ئىشلىتىش كۆلىمى 17.77 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 2002- يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى؛ يېزا ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 18.62 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %0.3 ئاشتى. ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 255 يۈەنگە

مىليارد 349 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5 مىليارد 766 مىليون يۈەن؛ شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ 137 مىليارد 159 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 23 مىليارد 381 مىليون يۈەن ئاشتى. تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 209 مىليارد 909 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 29 مىليارد 648 مىليون يۈەن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ۋە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل 7 مىليارد 649 مىليون يۈەن، ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك قەرز پۇل 16 مىليارد 798 مىليون يۈەن ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەت 27گە، بازارغا سېلىنغان پاي قىممىتى 58 مىليارد 449 مىليون يۈەنگە، ئومۇمىي پاي دەسمايىسى 7 مىليارد 412 مىليون پايغا، توپلانغان جەمئىي مەبلىغى 10 مىليارد 439 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليارد 218 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %20.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 1 مىليارد 912 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16؛ جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ 4 مىليارد 306 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %22.2 ئاشتى. تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليارد 746 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 1 مىليارد 36 مىليون يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ 710 مىليون يۈەن.

## 9. مائارىپ ۋە پەن ـ تېخنىكا

ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 26، تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرسقا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 43 مىڭ 100گە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %3.3؛ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 147 مىڭ 600گە يېتىپ، %11.6 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 65 مىڭ 100گە يېتىپ، %6 كۆپەيدى. ئاسپىرانت يېتىشتۈرۈش ئورنى 9، قوبۇل قىلىنغان ئاسپىرانت 1664كە يېتىپ، %50.7؛ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 3629غا يېتىپ، %45.5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 332 بولۇپ، %42.5 ئاشتى. ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 78، ئوقۇغۇچىسى 71 مىڭ 500 بولۇپ، %14.8؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 45 مىڭ 300 بولۇپ، %10.7 ئازايدى. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 500، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 126 مىڭ 200گە يېتىپ، %11.3؛ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 315 مىڭ 200 گە يېتىپ، %15.7؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى 1 مىليون 133 مىڭ 400 گە يېتىپ، %6.3 كۆپەيدى؛ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى 2 مىليون 289 مىڭ 100 بولۇپ، %2.9 ئازايدى.

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %98.3، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى %96.5؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %83.8، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش نىسبىتى %2.9، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى %40.9 بولدى.

چوڭلار ئالىي مائارىپىنىڭ تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرسلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 87 مىڭ 800 بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %31.3؛ چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 8200 بولۇپ، %53.2 ئازايدى. بىر يىلدا ياشلار، قىرانلار ئىچىدە 33 مىڭ ئادەم ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 385 مىڭ 700 بولۇپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %0.5 ئازايدى. تىزىملانغان زور پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى 232، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساس نەزەرىيە نەتىجىسى 9، ئەمەلىي تېخنىكا نەتىجىسى 214، يۇمشاق پەن نەتىجىسى 9؛ 1472 تۈرلۈك پاتېنت ئىلتىماسى قوبۇل قىلىندى، 751 تۈرگە پاتېنت ھوقۇقى بېرىلدى. ئىمزالانغان تېخنىكا توختىمى 1516گە يېتىپ، %12.3؛ پۇتۇشۇش سوممىسى 1 مىليارد 204 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.6 ئاشتى.

## 10. مەدەنىيەت، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە

ئاپتونوم رايون بويىچە 88 سەنئەت ئۆمىكى، 91 مەدەنىيەت يۇرتى، 84 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 23 مۇزېي، 135 ئارخىپخانا بار، ئېچىۋېتىلگەن تۈرلۈك ئارخىپ 423 مىڭ 300 توم. رادىئو ئىستانسىسى 6، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 16، ئوتتۇرا ۋە قىسقا دولقۇنلۇق رادىئو تارقىتىش ئىستانسىسى ۋە ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسى 40، 1000 ۋاتتىن يۇقىرى تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئىستانسىسى ۋە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى 64. ئاپتونوم رايون بويىچە رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92.8 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92.5 كە؛ سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 1 مىليون 302 مىڭ 700 گە يەتتى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ھېكايە فىلىم 70؛ نەشر قىلىنغان ھەر خىل گېزىت 338 مىليون نۇسخا، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكىسى %38نى ئىگىلەيدۇ؛ ھەر خىل ژۇرنال 14 مىليون 180 مىڭ نۇسخا، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكىسى %35نى ئىگىلەيدۇ؛ كىتاب 78 مىليون 380 مىڭ نۇسخا، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق

مىللەتلەر يېزىلىرىدىكىسى %40نى ئىگىلەيدۇ.

ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە ئاپپاراتى 9434، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 1471، ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 88؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 72 مىڭ 800، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانىلاردىكىسى 69 مىڭ 800. سەھىيە تېخنىكا خادىمى 95 مىڭ 800. يېزا ـ بازار شىپاخانىسى 832، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 14 مىڭ 383، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىدىكى سەھىيە تېخنىكا خادىمى 12 مىڭ 55.

ئاپتونوم رايون تەنھەرىكەتچىلىرى خەلقئارالىق، قىتئەلەر ئارا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلاردا 3 تۈردە چېمپىيونلۇقنا (جۇڭگو شىنجاڭ خەلقئارا بوكسيورلۇق ئاشكارا مۇسابىقىسىنىڭ 64 كىلوگراملىقلار گۇرۇپپىسى بويىچە، 69 كىلوگراملىقلار گۇرۇپپىسى بويىچە ۋە 91 كىلوگراملىقلار گۇرۇپپىسى بويىچە)، 4 تۈردە 2 ـ لىككە، 4 تۈردە 3 ـ لىككە ئېرىشتى. مەملىكەتلىك مۇسابىقىلاردا 12 تۈردە چېمپىيونلۇقنا، 12 تۈردە 2 ـ لىككە ئېرىشتى.

## 11. مۇھىت ئاسراش

مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، بىر يىلدا گۈڭگۈرت تۆت ئوكسىدىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 223 مىڭ 300 توننا ئىچىدە تىزگىنلىنىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %15.7؛ ئىس ـ تۈتەك قويۇپ بېرىش مىقدارى 109 مىڭ 500 توننا ئىچىدە تىزگىنلىنىپ، %11.7؛ سانائەت چاڭ ـ توزاڭلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 158 مىڭ توننا ئىچىدە تىزگىنلىنىپ، %68.6؛ كېرەكسىز سانائەت قاتتىق جىسىملىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 881 مىڭ 900 توننا ئىچىدە تىزگىنلىنىپ، %28؛ يۇندىدىكى كىسلارودقا ئېھتىياجلىق خىمىيىلىك ماددىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 230 مىڭ 300 توننا ئىچىدە تىزگىنلىنىپ، %12.3 ئاشتى. ئاساسلىق بۇلغىنىلار ئىچىدە تۈرمۇش بۇلغىمىلىرىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 2002 ـ يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ هاۋا سۈپىتى 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك بولغان كۈنلەر %63.4نى ئىگىلەپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن 5.3 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى؛ 3 ـ دەرىجىلىك بولغان كۈنلەر %17.8نى ئىگىلەپ، 3.9 پىرسەنت پوئېنتى؛ 4 ـ، 5 ـ دەرىجىلىك بولغان كۈنلەر %18.8نى ئىگىلەپ، 1.4 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلغان تۈرلۈك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى 26، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى 7، يەنى شىنجاڭ ئالتۇن تاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، شىنجاڭ بايىنبۇلاق ئاق قۇ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، شىنجاڭ قاناس تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، شىنجاڭ غەربىي تەڭرىتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، شىنجاڭ گەنجىياخۇ سۆكسۆك ئورمىنى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، شىنجاڭ تۆمۈر چوققىسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ۋە شىنجاڭ لوپنۇر ياۋا تۆگە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن ئىبارەت، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 204 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ؛ تەستىقلانغان دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيىلىك ئۈلگە رايونى 8، ئېكولوگىيىلىك ئۈلگە رايونى قۇرۇلۇشى نۇقتىدا سىناق قىلىنغان رايون ۋە ئورۇن 8؛ ئىس ـ تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايون 58، كۆلىمى 351.9 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپ، %0.2 ئاشتى؛ مۇھىت شاۋقۇنى ئۆلچەمگە يەتكەن رايون 39، كۆلىمى 315.2 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپ، %5 كۆپەيدى.

## 12. نوپۇس

2003 ـ يىللىق نوپۇس ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئۆسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسەن ھېسابلىغاندا: ئاپتونوم رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 19 مىليون 339 مىڭ 500 گە يېتىپ، 2002 ـ يىلدىكىدىن %1.5 ئاشقان. شەھەر- يېزا بويىچە ئايرىپ قارىغاندا، شەھەر ـ بازار نوپۇسى 6 مىليون 651 مىڭ 100گە يېتىپ، %3.2 ئاشقان، شەھەر- بازارلىشىش نىسبىتى %34.4 كە يېتىپ، 0.6 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىگەن؛ يېزا نوپۇسى 12 مىليون 688 مىڭ 400 گە يېتىپ، %0.7 ئاشقان. جىنس ئايرىمىسىدىن قارىغاندا، ئەرلەر 9 مىليون 942 مىڭ 400 بولۇپ، %51.4نى؛ ئاياللار 9 مىليون 397 مىڭ 100 بولۇپ، %48.6نى ئىگىلىگەن. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16، ئۆلۈش نىسبىتى ‰5.2، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰10.8 بولغان.

## 13. خەلق تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئەھۋالى

ئۆسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشكە ئاساسەن ھېسابلىغاندا، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7220.61 يۈەنگە يەتتى، ئۆزگەرمەس ئامىلنى چىقىرىۋەتكەندە، 2002 ـ يىلدىكىدىن %6.9 ئاشتى؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2106.19 يۈەنگە يېتىپ، %13 ئاشتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي ئىشلىتىش كۆلىمى 17.77 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 2002- يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 18.62 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %0.3 ئاشتى. ئىش ئورنىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 255 يۈەنگە

يېتىپ، %14.2 ئاشتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە ئەمەلىيەتتە %13.6 ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليون 351 مىڭ 200 ئىشچى-خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىپ، 2002 - يىلدىكىدىن %2.9؛ 1 مىليون 580 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىپ، %3.6؛ دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان 380 مىڭ ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىپ، %2.7؛ 1 مىليون 760 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىپ، %18.8 ئاشتى. شەھەر-بازارلارنىڭ ئىجتىمائىي رايونلىرىدىكى ھەر خىل ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت مەركىزى 150. شەھەر - يېزىلاردىكى ئەلگە تۈۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ۋە قۇتقۇزۇشقا ئېرىشكەنلەر 578 مىڭ، دۆلەتنىڭ نەپىقىسىگە ۋە قوشۇمچە ياردىمىگە ئېرىشكەنلەر 35 مىڭ 800. ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورنى 508، ئۇلارنىڭ 12 مىڭ 950 كارىۋىتى بولۇپ، 9799 ئادەم بېقىلىۋاتىدۇ. جەمئىيەتكە 615 مىليون يۈەنلىك پاراۋانلىق لاتارىيە بېلىتى سېتىلىپ، 215 مىليون يۈەن ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مەبلىغى توپلاندى. جەمئىيەتتىن 160 مىليون يۈەن ئىئانە قوبۇل قىلىندى.

*ئىزاھ:* 1. ئاخباراتتىكى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ قوشۇلما قىممىتى ۋە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى كۆرسەتكۈچىدىكى مۇتلەق سان ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلاندى، ئېشىش سۈرئىتى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى. سانائەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرسەتكۈچىنى ستاتىستىكا قىلىشتا مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان دۆلەت سانائىتى ۋە يىللىق سېتىش كىرىمى 5 مىليون يۈەندىن يۇقىرى بولغان دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان سانائەت ئۆلچەم قىلىندى.

2. ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى دائىملىق نوپۇس بويىچە ھېسابلاندى.

3. مەزكۇر ئاخبارات يىللىق مەلۇمات ستاتىستىكىسىدىن ئىبارەت.

# شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە تۇتقان ئورنى

2003 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەر خىل ئاساسلىق ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە تۇتقان ئورنى بەزىلىرىنىڭ ئۆستى، بەزىلىرىنىڭ تۆۋەنلىدى. بىر يىلدا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 19 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. 2 - كەسىپ ئىچىدە سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ بىناكارلىقنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 19 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. 3 - كەسىپ ئىچىدە قاتناش - ترانسپورت، ساقلاش، پوچتا-تېلېگراف، خەۋەرلىشىش كەسىپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسى، يېمەك - ئىچمەك كەسىپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ئاپتونوم رايون ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى مەملىكەت بويىچە 18 - ئورۇندا تۇرۇپ، 11 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 12 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ تەركىبىنى 3 كەسىپ بويىچە ئايرىغاندا: 1 - كەسىپنىڭ %22نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 3 - ئورۇندا تۇرۇپ، 9 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ 2-كەسىپنىڭ %42.4نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 23 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. 2 - كەسىپ ئىچىدە سانائەتنىڭ %30.4نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، بىناكارلىقنىڭ %12نى ئىگىلەپ، مەملىكە بويىچە 6 - ئورۇندا تۇرۇپ، 4 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ 3 - كەسىپنىڭ %35.6نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 19 - ئورۇندا تۇرۇپ، 4 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش - ترانسپورت، ساقلاش، پوچتا - تېلېگراف، خەۋەرلىشىش كەسىپىنىڭ %7.2نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 16 - ئورۇندا تۇرۇپ، 5 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى، توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسى، يېمەك - ئىچمەك كەسىپىنىڭ %8.1نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى.

يېزا ئىگىلىكى بىر يىلدا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى

مەملىكەت بويىچە 18 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. ئېشىش سۈرئىتى %6.3 بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 7 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 9 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 14 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 4 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 25 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 20 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 26 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە ئاشلىق مەملىكەت بويىچە 21 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ پاختا مەملىكەت بويىچە پاختىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلەپ، پاختا ئومۇمىي ھوسۇلى، بىرلىك ھوسۇلى، ئوتتۇرىچە ھوسۇلى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇردى؛ ياغلىق دان مەملىكەت بويىچە 16 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ شېكەر مەملىكەت بويىچە 5 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ مېۋە ـ چېۋە مەملىكەت بويىچە 14ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ گۆش مەملىكەت بويىچە 21 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوشقا گۆشى مەملىكەت بويىچە 28 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 4 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى، كالا گۆشى مەملىكەت بويىچە 8 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، قوي گۆشى مەملىكەت بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ سۈت مەملىكەت بويىچە 5 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ سۇ مەھسۇلاتلىرى مەملىكەت بويىچە 25 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى.

سانائەت ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە كۆمۈر مەملىكەت بويىچە 11 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 6 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ نېفىت مەملىكەت بويىچە 3 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ توك مەملىكەت بويىچە 25 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ پولات مەملىكەت بويىچە 25 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ چويۇن مەملىكەت بويىچە 26 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ تەييار پولات ماتېرىيال مەملىكەت بويىچە 24 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ سېمونت مەملىكەت بويىچە 22 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 8 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ رەخت مەملىكەت بويىچە 19 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇت) مەملىكەت بويىچە 16 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. دۆلەت كارخانىلىرى ۋە كۆلەمدىن يۇقىرى دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچى ئىچىدە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 23 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ ئېشىش سۈرئىتى %10.8 بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 29 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ ئومۇمىي پايدا مەملىكەت بويىچە 17 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى مەملىكەت بويىچە 19 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ سانائەت ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچى مەملىكەت بويىچە 3 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 6 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ تۆھپە نىسبىتى %12.5 بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 6 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 7 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ ئاكتىپ ـ پاسسىپ نىسبىتى %53.6 بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 27 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 10 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ تۇراقسىز مۈلۈكنىڭ ئوبوروت قېتىم سانى 1.8 قېتىم بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 10 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 4 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ تەننەرخ خىراجىتىنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى %14.9 بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 2ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى مەملىكەت بويىچە 17 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى مەملىكەت بويىچە 9 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 6 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى.

تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ۋە بىناكارلىق بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش مەملىكەت بويىچە 18ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش مەملىكەت بويىچە 12 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە مەبلەغ سېلىش مەملىكەت بويىچە 26 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ ئۆي ـ زېمىن تەرەققىياتىغا مەبلەغ سېلىش مەملىكەت بويىچە 24 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ تاۋار ئۆي سېتىش سوممىسى مەملىكەت بويىچە 18 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ ئۆي ـ زېمىن تەرەققىيات كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 9 مىليون 629 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 27 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ پۈتكەن ئۆي كۆلىمى 6 مىليون 265 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 20 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ سېتىش كۆلىمى 5 مىليون 160 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 21 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى.

بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى مەملىكەت بويىچە 23 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 27 مىليون 192 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 14 مىليون 508 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 22 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى.

**قاتناش - ترانسپورت** بىر يىلدا ھەر خىل قاتناش ۋاسىتىلىرى توشۇغان يۈك ئوبوروت مىقدارى مەملىكەت بويىچە 19 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى مەملىكەت بويىچە 16 - ئورۇندا تۇرۇپ، 4 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ تاشيولدا توشۇلغىنى مەملىكەت بويىچە 9 - ئورۇندا تۇرۇپ، 5 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. بىر يىلدا يولۇچى ئوبوروت مىقدارى مەملىكەت بويىچە 16 - ئورۇندا تۇرۇپ، 9 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى مەملىكەت بويىچە 18 - ئورۇندا تۇرۇپ، 12 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ تاشيولدا توشۇلغىنى مەملىكەت بويىچە 14 - ئورۇندا تۇرۇپ، 11 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى.

**مالىيە، سودا ۋە باھا** ئاپتونوم رايون بويىچە يىللىق مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى مەملىكەت بويىچە 23 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ يىللىق پارچە سېتىلىش سوممىسى مەملىكەت بويىچە 27 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھا كۆرسەتكۈچىنىڭ ئۆرلىشى 0.4% بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 0.8 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەن بولدى، مەملىكەت بويىچە 28 - ئورۇندا تۇرۇپ، 11 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى.

**تاشقى سودا ۋە ساياھەتچىلىك** يىللىق ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى مەملىكەت بويىچە 16 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى مەملىكەت بويىچە 16 - ئورۇندا تۇرۇپ، 6 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ ئىمپورت سوممىسى مەملىكەت بويىچە 16 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. چەت ئەل سودىگەرلىرى ئەمەلىي مەبلەغ سالغان تۈر مەملىكەت بويىچە 27 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ توختام بويىچە سالغان مەبلەغ سوممىسى مەملىكەت بويىچە 30 - ئورۇندا تۇرۇپ، 4 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى ئەمەلىي سالغان مەبلەغ مەملىكەت بويىچە 27 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى مەملىكەت بويىچە 27 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئېكسپورت سوممىسى مەملىكەت بويىچە 28 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئىمپورت سوممىسى مەملىكەت بويىچە 27 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ساياھەتچى سانى مەملىكەت بويىچە 23 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۈتۈۋېلىنغان چەت ئەللىك ساياھەتچى مەملىكەت بويىچە 21 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ ساياھەتچىلىكتىن يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت مەملىكەت بويىچە 21 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى.

**نوپۇس، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى** ئاپتونوم رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 19 مىليون 340 مىڭ بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.01‰ بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 4 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ ئۆلۈش نىسبىتى 5.23‰ بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 28 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.78‰ بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 4 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 7 مىليون 212 مىڭ 700 بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 26 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەر 2 مىليون 379 مىڭ 400 بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 23 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 13 مىڭ 255 يۈەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 10 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى.

**خەلق تۇرمۇشى** ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى مەملىكەت بويىچە 18 - ئورۇندا تۇرۇپ، 4 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى مەملىكەت بويىچە 18 - ئورۇندا تۇرۇپ، 5 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. ئېنگېل كوئېففىتسېنتى 36.2% بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 19 - ئورۇندا تۇرۇپ، 8 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى مەملىكەت بويىچە 23 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى مەملىكەت بويىچە

24 - ئورۇندا تۇرۇپ، 10 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. ئېنگېل كوئېففىتسىيېنتى %45.5 بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 15 - ئورۇندا تۇرۇپ، 4 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە نەق پۇل كىرىمى مەملىكەت بويىچە 14 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە نەق پۇل چىقىمى مەملىكەت بويىچە 14 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2002 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى.

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى ئۇنىۋېرسال باشقارمىسى

## شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىق ئەھۋالى

| كۆرسەتكۈچلەر | 2003 - يىلى |
|---|---|
| تەبىئىي ئەھۋالى | |
| مېرىدىئان ۋە پاراللېل | |
| شەرقىي مېرىدىئان | 73°40′ — 96°23′ |
| شىمالىي پاراللېل | 34°25′ — 49°10′ |
| كىلىماتى | |
| يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى (℃) | 9.3 |
| شىمالىي شىنجاڭ | 7 |
| جەنۇبىي شىنجاڭ | 12.3 |
| شەرقىي شىنجاڭ | 12.1 |
| يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى (مىللىمېتىر) | 171 |
| شىمالىي شىنجاڭ | 222.6 |
| جەنۇبىي شىنجاڭ | 128.9 |
| شەرقىي شىنجاڭ | 44.2 |
| قۇياشنىڭ ئوتتۇرىچە يورۇتۇش ۋاقتى (سائەت) | 2747.4 |
| شىمالىي شىنجاڭ | 2682 |
| جەنۇبىي شىنجاڭ | 2698.9 |
| شەرقىي شىنجاڭ | 3163 |
| تەبىئىي بايلىقى | |
| يەر بايلىقى | |
| ئومۇمىي يەر كۆلىمى (تومەن كۋادرات كىلومېتىر) | 166.49 |
| يېزا ئىگىلىك يېرى (تومەن گېكتار) | 6301.53 |
| تېرىلغۇ يەر كۆلىمى | 403.72 |
| باغ كۆلىمى | 29.57 |
| ئورمان كۆلىمى | 668.58 |
| ئوتلاق كۆلىمى | 5131.49 |
| باشقا يېزا ئىگىلىك يېرى | 68.17 |
| قۇرۇلۇش يېرى (تومەن گېكتار) | 119.95 |

| | |
|---|---|
| پايدىلىنىلمىغان يەر (تۈمەن گېكتار) | 10227.48 |
| ئورمان بايلىقى | |
| ئۆرە دەرەخنىڭ ئومۇمىي زاپىسى (100 مىليون كۇب مېتىر) | 3.14 |
| زاپاس ئورمان مىقدارى (100 مىليون كۇب مېتىر) | 2.8 |
| ئورمان بار يەر كۆلىمى (تۈمەن گېكتار) | 227.8 |
| چاتقاللىق كۆلىمى (تۈمەن گېكتار) | 109.7 |
| شەخسىي دەرەخ (تۈمەن گېكتار) | 11.6 |
| ئورماننىڭ قاپلاش نىسبىتى (%) | 2.1 |
| سۇ بايلىقى | |
| يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئومۇمىي سەرغىم مىقدارى (100 مىليون كۇب مېتىر) | 1119.9 |
| سۇ بايلىقىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى | 1068.6 |
| يەر ئۈستى سۈيى بايلىقىنىڭ مىقدارى | 1006 |
| يەر ئاستى سۈيى بايلىقىنىڭ مىقدارى | 724.85 |
| تەكرار ھېسابلانغان مىقدارى | 662.21 |
| ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلارنىڭ كاپالەت زاپىسى | |
| تۆمۈر رۇدىسى (تۈمەن توننا) | 77853 |
| خروم رۇدىسى (تۈمەن توننا) | 170 |
| مىس رۇدىسى (تۈمەن توننا) | 2298873 |
| قوغۇشۇن رۇدىسى (توننا) | 659276 |
| سىنك رۇدىسى (توننا) | 1387577 |
| ئاليۇمىن رۇدىسى (تۈمەن توننا) | 57 |
| نىكېل رۇدىسى (توننا) | 972771 |
| كۆمۈر (تۈمەن توننا) | 9816428 |
| ئوتقا چىدامىلىق سېغىز (تۈمەن توننا) | 703 |
| ناترىيلىق سېلىترا (تۈمەن توننا) | 6188 |
| شور (تۈمەن توننا) | 182139 |
| تۇز (تۈمەن توننا) | 597862 |
| تاشپاختا (تۈمەن توننا) | 849 |
| چىرىمتال (توننا) | 50297 |

| | |
|---|---|
| ۋېرمىكۇلىت (تۈمەن توننا) | 1771 |
| سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان ھاك تاش (تۈمەن توننا) | 166078 |
| بېنتونىت (تۈمەن توننا) | 52079 |
| بىزەكچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان گرانىت تاش (تۈمەن كۇب مېتىر) | 10670 |

ئىزاھ: بۇ جەدۋەلدىكى ماتېرىياللاردىن يەر بايلىقى بىلەن قېزىلما بايلىققا دائىر مەلۇماتلارنى دۆلەت زېمىن - بايلىق نازارىتى، ئورمان بايلىقىغا دائىر مەلۇماتلارنى ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى، سۇ بايلىقىغا دائىر مەلۇماتلارنى سۇچىلىق نازارىتى تەمىنلىدى.

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

## شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ بىر قىسىم يىللاردىكى نوپۇسى

بىرلىكى: تۈمەن ئادەم

| يىل | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقا مىللەتلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 555.53 | 512.9 | 82.10 | 53.12 | 10.40 | 10.74 | 2.55 | 0.06 | 2.28 | 0.77 | 0.31 | 0.42 | 0.41 | 1.42 |
| 1980 | 576.46 | 531.03 | 87.68 | 56.56 | 10.89 | 11.32 | 2.59 | 0.06 | 2.41 | 0.79 | 0.31 | 0.5 | 0.4 | 2.24 |
| 1985 | 629.44 | 534.92 | 98.72 | 59.96 | 12.35 | 12.33 | 2.93 | 0.43 | 2.89 | 0.93 | 0.33 | 0.95 | 0.48 | 4.49 |
| 1990 | 724.95 | 574.66 | 113.92 | 68.89 | 14.44 | 14.28 | 3.42 | 0.75 | 3.44 | 1.14 | 0.4 | 1.66 | 0.56 | 6.65 |
| 1991 | 736.28 | 584.21 | 116.13 | 70.37 | 14.69 | 14.47 | 3.51 | 0.8 | 3.45 | 1.17 | 0.44 | 1.75 | 0.55 | 6.75 |
| 1992 | 747.41 | 594 | 118.2 | 72.18 | 15.09 | 14.76 | 3.58 | 0.85 | 3.60 | 1.21 | 0.42 | 1.84 | 0.57 | 6.92 |
| 1993 | 758.95 | 603.67 | 119.64 | 73.23 | 15.42 | 14.92 | 3.68 | 0.86 | 3.61 | 1.28 | 0.44 | 1.89 | 0.58 | 7.09 |
| 1994 | 769.73 | 616.48 | 121.70 | 74.04 | 15.62 | 15.2 | 3.74 | 0.86 | 3.68 | 1.29 | 0.43 | 1.93 | 0.59 | 7.41 |
| 1995 | 780 | 631.81 | 123.77 | 74.76 | 15.78 | 15.28 | 3.82 | 0.9 | 3.82 | 1.33 | 0.47 | 1.99 | 0.62 | 7 |
| 1996 | 791.6 | 643.28 | 125.7 | 76.02 | 16.05 | 15.54 | 3.89 | 0.92 | 3.89 | 1.35 | 0.47 | 2.05 | 0.63 | 7.9 |
| 1997 | 802 | 660.13 | 127.08 | 77.06 | 16.27 | 15.75 | 3.9 | 0.92 | 3.9 | 1.35 | 0.46 | 2.06 | 0.63 | 6.56 |
| 1998 | 813.95 | 674.11 | 128.7 | 78.2 | 16.41 | 15.91 | 3.95 | 0.93 | 3.96 | 1.37 | 0.47 | 2.09 | 0.64 | 6.66 |
| 1999 | 825.03 | 687.15 | 130.45 | 79.26 | 16.64 | 16.13 | 4 | 0.94 | 4.01 | 1.39 | 0.48 | 2.12 | 0.65 | 6.75 |
| 2000 | 852.33 | 725.08 | 131.87 | 83.93 | 16.47 | 16.2 | 4.05 | 1.09 | 4.09 | 1.36 | 0.48 | 2.31 | 0.66 | 9.48 |
| 2001 | 860.56 | 742.20 | 131.92 | 84.42 | 17.01 | 16.19 | 4.13 | 1.08 | 4.12 | 1.37 | 0.47 | 2.30 | 0.67 | 9.75 |
| 2002 | 869.23 | 759.57 | 133.35 | 85.46 | 17.13 | 16.38 | 4.1 | 1.12 | 4.07 | 1.39 | 0.48 | 2.35 | 0.67 | 9.89 |
| 2003 | 882.35 | 771.1 | 135.21 | 86.67 | 17.37 | 16.69 | 4.03 | 1.11 | 4.09 | 1.46 | 0.49 | 2.39 | 0.67 | 10.32 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

## شىنجاڭنىڭ 2003 ـ يىلدىكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئوتتۇرىچە ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| كۆرسەتكۈچلەر | 2003 ـ يىلى |
|---|---|
| ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (يۈەن) | 9700 |
| سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | 10515 |
| سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | 6929 |
| دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | 3586 |
| تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ (يۈەن) | 5221 |
| دۆلەت ئىلكىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ (يۈەن) | 2921 |
| يەرلىك مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى (يۈەن) | 668 |
| يەرلىك مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى (يۈەن) | 1920 |
| تېرىلغۇ يەر كۆلىمى (گېكتار) | 0.17 |
| ئاشلىق ھوسۇلى (كىلوگرام) | 417.6 |
| پاختا ھوسۇلى (كىلوگرام) | 83.4 |
| ياغلىق دان ھوسۇلى (كىلوگرام) | 26.1 |
| قىزىلچا ھوسۇلى (كىلوگرام) | 198.8 |
| چوشقا، كالا، قوي گۆشى (كىلوگرام) | 50.4 |
| سۇ مەھسۇلاتى (كىلوگرام) | 3.5 |
| مېۋە ھوسۇلى (كىلوگرام) | 113.7 |
| قوغۇن ـ تاۋۇز (كىلوگرام) | 798.9 |
| ماشىنا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە (كىلوگرام) | 12.2 |
| يىپ (كىلوگرام) | 15.25 |
| كۆمۈر (كىلوگرام) | 1814 |
| نېفىت (كىلوگرام) | 1116 |
| توك (كىلوۋات سائەت) | 1222 |
| سېمونت (كىلوگرام) | 588 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (يۈەن) | 2194 |
| تاموژنا ئېكسپورت سوممىسى (دوللار) | 132.4 |
| ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى (تۈمەن ئادەم/ئادەم) | 76.3 |
| ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى (تۈمەن ئادەم/ئادەم) | 819 |
| ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى (تۈمەن ئادەم/ئادەم) | 749 |

| | |
|---|---|
| دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات (تۈمەن ئادەم/ئادەم) | 36.1 |
| سەھىيە تېخنىكا خادىمى (تۈمەن ئادەم/ئادەم) | 49.5 |
| دوختۇر (تۈمەن ئادەم/ئادەم) | 20.9 |
| شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ پۇل ئامانەت قالدۇقى (يۈەن) | 7092 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

## شىنجاڭ خەلقىنىڭ 2003 ـ يىلدىكى ماددىي ـ مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ ئەھۋالى

| تۈرلەر | 2003 ـ يىلى |
|---|---|
| ئىشقا ئورۇنلىشىش | |
| يېزىلاردىكى ھەر بىر ئەمگەك كۈچى باقىدىغان ئادەم | 1.64 |
| شەھەر ـ بازارلاردىكى ھەر بىر ئىشقا ئورۇنلاشقۇچى باقىدىغان ئادەم | 1.88 |
| شەھەر ـ بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتى (%) | 3.8 |
| كىرىم | |
| يېزا ئاھالىسى ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى (يۈەن) | 2106.19 |
| يېزا ئاھالىسى ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم كۆرسەتكۈچى(100=1978) | 1768.3 |
| شەھەر ـ بازار ئاھالىسى ئائىلىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى (يۈەن) | 7220.61 |
| شەھەھەر ـ بازار ئاھالىسى ئائىلىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم كۆرسەتكۈچى (100=1978) | 2263.3 |
| ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى(يۈەن) | 13255 |
| ئىستېمال سەۋىيىسى(يۈەن) | |
| ئاپتونوم رايون بويىچە ئاھالىلەرنىڭ | 3237 |
| يېزا ئاھالىلىرىنىڭ | 1619 |
| شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ | 6330 |
| پۇل ئامانىتى | |
| شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى پۇل ئامانەت قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | 1371.59 |
| ھەر بىر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل ئامانەت قالدۇقى (يۈەن) | 7092 |
| تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | |
| يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى | 18.6 |
| شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش كۆلىمى | 17.8 |
| قاتناش | |
| شەھەر ـ بازارلاردىكى ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كېلىدىغان ۋېلىسىپىت | 136.4 |
| شەھەرلەردىكى تۈمەن ئادەمگە توغرا كېلىدىغان تىجارەت ماشىنىسى | 15.4 |

| | |
|---|---|
| شەھەرلەرنىڭ جامائەت كەسىپلىرى | |
| سۇ ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىشى (%) | 96.7 |
| گاز ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىشى (%) | 87.8 |
| تۈمەن ئادەمگە توغرا كېلىدىغان يېشىللىزارلىق (گېكتار) | 41.7 |
| مەدەنىيەت | |
| شەھەر - بازارلاردىكى 100 ئائىلىگە توغرا كېلىدىغان رەڭلىك تېلېۋىزور | 113.17 |
| يېزىلاردىكى 100 ئائىلىگە توغرا كېلىدىغان تېلېۋىزور | 99.36 |
| رادىئونىڭ نوپۇسنى ئۇنىۋېرسال قاپلاش نىسبىتى (%) | 92.8 |
| تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى ئۇنىۋېرسال قاپلاش نىسبىتى (%) | 92.51 |
| مائارىپ | |
| ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى (%) | 98.34 |
| تۈمەن نوپۇس ئىچىدىكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى (ئادەم) | 76.33 |
| سەھىيە | |
| تۈمەن ئادەمگە توغرا كېلىدىغان دوختۇرخانا، شىپاخانىلاردىكى كارىۋات | 36.1 |
| تۈمەن ئادەمگە توغرا كېلىدىغان دوختۇر | 20.9 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

## شىنجاڭ قاتناش ترانسپورت كەسپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

| كۆرسەتكۈچلەر | 1995 | 2000 | 2003 |
|---|---|---|---|
| قاتناش - ترانسپورت لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) | 101665 | 190070 | 204375 |
| دۆلەت تۆمۈر يولىنىڭ تىجارەت مۇساپىسى | 1578 | 2544 | 3009 |
| تاشيول | 30298 | 34585 | 59910 |
| خەلق ئاۋىئاتسىيىسى | 69789 | 152941 | 141456 |
| يولۇچى توشۇش مىقدارى (تۈمەن ئادەم) | 17533 | 23191 | 26972 |
| تۆمۈر يولنىڭ | 672 | 1147 | 879 |
| تاشيولنىڭ | 16739 | 21877 | 25878 |
| خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ | 122 | 167 | 215 |
| يولۇچى ئوبوروت مىقدارى (100 مىليون ئادەم - كىلومېتىر) | 204.89 | 292.8 | 342 |
| تۆمۈر يولنىڭ | 58 | 97.40 | 106.1 |
| تاشيولنىڭ | 117.17 | 158.2 | 195 |
| خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ | 29.68 | 37.2 | 40.9 |
| يۈك توشۇش مىقدارى (تۈمەن توننا) | 25406 | 33091 | 37485 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| تۆمۈر يولنىڭ | 2733 | 4199 | 4602 |
| تاشيولنىڭ | 21754 | 27048 | 30881 |
| خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ | 2 | 4 | 2 |
| تۇرۇبىنىڭ | 917 | 1840 | 2000 |
| يۈك ئوبوروت مىقدارى (100 مىليون تونна ـ كىلومېتىر) | 474.39 | 660.9 | 837.04 |
| تۆمۈر يولنىڭ | 240.88 | 355 | 475 |
| تاشيولنىڭ | 219.72 | 272.9 | 325 |
| خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ | 0.57 | 0.98 | 0.64 |
| تۇرۇبىنىڭ | 13.22 | 32 | 36.4 |
| پۇقراۋى ئاپتوموبىللارنىڭ مىقدارى (تۈمەن) | 24.7 | 37 | 46.8 |
| يولۇچى ئاپتوموبىلى | 9.4 | 18 | 25.6 |
| يۈك ئاپتوموبىلى | 14.3 | 17.5 | 19 |
| ئادەتتىكى يۈك ئاپتوموبىلى | 12.5 | 16.5 | 13.1 |
| شەخسىي ئاپتوموبىل | 5.6 | 13.9 | 19.2 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرنىڭ 2003 ـ يىللىق ئىستېمال باھا تۈر كۆرسەتكۈچلىرى (2002 ـ يىلى=100)

| تۈرلەر | ئاپتونوم رايون بويىچە | شەھەرنىڭ | يېزىنىڭ |
|---|---|---|---|
| ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھا كۆرسەتكۈچى | 100.4 | 100.5 | 100.2 |
| يېمەكلىك | 102.5 | 103.4 | 99.5 |
| ئاشلىق | 96.7 | 98.9 | 91.1 |
| گۈرۈچ | 99.2 | 102.6 | 91.3 |
| ئۇن | 94.3 | 96.4 | 89.9 |
| ئاشلىقتىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار | 99.1 | 99.8 | 96.1 |
| باشقىلار | 98.8 | 101.7 | 91 |
| كراخمال ۋە ياڭيۇ تۈرىدىكىلەر | 101 | 100.9 | 100.7 |
| قۇرۇق پۇرچاق تۈرىدىكىلەر ۋە پۇرچاق ياسالمىلىرى | 107.8 | 111.6 | 97.5 |
| ياغ | 114.8 | 114.4 | 115.7 |
| گۆش، قۇش ۋە ئۇلاردىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار | 98.1 | 98.1 | 98.1 |
| تۇخۇم | 97.8 | 97.1 | 100 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| سۇ مەھسۇلاتى | 93 | 93.8 | 89.9 |
| كۆكتات | 129.1 | 139.5 | 102.2 |
| يېڭى كۆكتات | 131.2 | 142.4 | 102.4 |
| قۇرۇتۇلغان كۆكتات ۋە كۆكتات ياسالمىلىرى | 97.7 | 97.2 | 99.1 |
| تەم خۇرۇچ | 97.6 | 96.8 | 99.6 |
| قەنت | 100.2 | 100.7 | 99 |
| شېكەر | 96.6 | 96.6 | 96.7 |
| كەمپۈت | 101.8 | 102.7 | 100.1 |
| شاكىلات ياسالمىلىرى | 100.1 | 100 | 100.6 |
| شېكەردىن ياسالغان ئۇششاق يېمەكلىك | 102.4 | 103 | 100.8 |
| چاي ۋە ئىچىملىك | 99.4 | 99.6 | 98.7 |
| قۇرۇق ۋە يېڭى قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە | 104.8 | 104.5 | 105.5 |
| يېڭى مېۋە | 104.5 | 104.1 | 105.5 |
| قۇرۇق مېۋە ۋە قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە ياسالمىلىرى | 105.7 | 105.5 | 105.8 |
| تورت، پېچىنە، بولكا | 99.5 | 99.4 | 100.2 |
| سۈت ۋە سۈت ياسالمىلىرى | 99.9 | 99.9 | 99.3 |
| سىرتتا ئىستېمال قىلىنىدىغان تاماق، يېمەكلىك | 103 | 100.1 | 101.1 |
| تاماق | 100.2 | 99.7 | 101.9 |
| قورۇما | 100 | 99.8 | 100.7 |
| يەرلىك ئۇششاق - چۈششەك يېمەكلىك | 101 | 101.3 | 99.9 |
| باشقا يېمەكلىكلەر ۋە يېمەكلىك پىششىقلاش مۇلازىمىتى | 98.6 | 98.1 | 99.5 |
| هاراق - تاماكا ۋە ئۇلارغا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملار | 99.8 | 99.7 | 99.9 |
| كۆك تاماكا | 99.7 | 99.7 | 99.8 |
| هاراق | 99.8 | 99.7 | 100 |
| تاماكا چېكىش ۋە هاراق ئىچىشتە ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملار | 99.8 | 99.9 | 99.5 |
| يېپىنچا | 99.2 | 99.1 | 99.7 |
| كىيىم - كېچەك | 99.2 | 99.2 | 99.3 |
| يېپىنچا ماتېرىيالى | 99.5 | 99.5 | 99.6 |
| پاختا رەخت | 100 | 100 | 100.4 |
| پاختا - خىمىيىۋى تالا ئارىلاش رەخت | 99.4 | 99.6 | 99 |
| خىمىيىۋى تالالىق رەخت | 98.3 | 97.5 | 99.1 |
| يۇڭ توقۇلما | 99.5 | 99.5 | 99.7 |
| يىپەك توقۇلما | 99.6 | 99.5 | 99.6 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| يۇڭ يىپ | 100.9 | 101.6 | 100.5 |
| باشقىلار | 99.6 | 99.5 | 100.3 |
| ئاياغ كىيىم، پايپاق، باش كىيىم | 99.1 | 98.6 | 100.4 |
| ئاياغ كىيىم | 98.9 | 98.3 | 100.8 |
| پايپاق | 99.5 | 99.5 | 99.6 |
| باش كىيىم | 99.4 | 100.3 | 98 |
| يىپىنچا پىششىقلاش مۇلازىمىتى | 100.4 | 100.4 | 99.8 |
| ئائىلە ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئائىلە لازىمەتلىكلىرى | 98.9 | 98.9 | 98.7 |
| چىداملىق ئىستېمال بۇيۇملىرى | 98.3 | 98.3 | 98.4 |
| ئۆي جاھازىلىرى | 97.2 | 96.7 | 98.6 |
| ئائىلە ئۈسكۈنىلىرى | 99.1 | 99.2 | 98.1 |
| ئۆي بېزەكلىرى | 98.5 | 98.7 | 97.7 |
| كارىۋات بۇيۇملىرى | 99.4 | 99.7 | 98.1 |
| كۈندىلىك ئائىلە مىلىچ ماللىرى | 99.5 | 99.5 | 99.4 |
| ئائىلە مۇلازىمىتى ۋە پىششىقلاش، رېمونت مۇلازىمىتى | 99.9 | 100.1 | 99 |
| داۋالىنىش، ساقلىق ساقلاش ۋە شەخسىي لازىمەتلىك | 94.8 | 93.1 | 100.5 |
| داۋالىنىش ـ ساقلىق ساقلاش | 92.3 | 89.6 | 100.8 |
| داۋالىنىش سايمانلىرى ۋە بۇيۇملىرى | 100.9 | 101.4 | 99.3 |
| جۇڭيى دورا ماتېرىيالى ۋە تەييار جۇڭيى دورىلىرى | 100.2 | 97.4 | 110.5 |
| غەربچە دورا | 82.7 | 78.5 | 95.8 |
| ساقلىق ساقلاش سايمانلىرى ۋە بۇيۇملىرى | 91.8 | 90.4 | 98.5 |
| داۋالىنىش ـ ساقلىق ساقلاش مۇلازىمىتى | 101.6 | 101.2 | 101.8 |
| شەخسىي لازىمەتلىك ۋە مۇلازىمەت | 100.2 | 100.4 | 99.7 |
| قاتناش ۋە ئالاقە | 99.1 | 99.1 | 99.3 |
| قاتناش | 100.2 | 100.1 | 100.8 |
| ئالاقە | 97.8 | 98 | 97.1 |
| كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ۋە مۇلازىمىتى | 99.1 | 98.5 | 101 |
| مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىشتا ئىشلىتىلىدىغان چىداملىق ئىستېمال بۇيۇملىرى | 95.8 | 95.4 | 97.1 |
| مائارىپ | 100.6 | 100.2 | 101.5 |
| مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى | 100.7 | 100.7 | 101 |
| مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش | 99.5 | 99.6 | 98.5 |
| كىتاب، گېزىت، ژۇرنال | 100.6 | 100.6 | 100.4 |
| مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش خىراجىتى | 101.9 | 101.7 | 104.1 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ساياھەت ۋە سىرتقا چىقىش | 93.3 | 90.7 | 103.7 |
| ئولتۇراقلىشىش | 104.2 | 104.8 | 102.7 |
| ئۆي سېلىش ۋە زىننەتلەش ماتېرىيالى | 101.1 | 100.8 | 101.5 |
| ئۆي ئىجارە ئېلىش | 98.7 | 100.2 | 89.9 |
| ئۆزىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى | 98.9 | 98.7 | 100 |
| سۇ، توك، يېقىلغۇ | 112.3 | 114.2 | 107 |
| مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى | 99.9 | 99.5 | 101 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

## شىنجاڭدىكى چوڭ سۇ ئامبارلىرى

| سۇ ئامبىرى نامى | تۇرۇشلۇق دەريا سىستېمىسى | ياسالغان ئورنى ناھىيە (شەھەر) | سۇ ئامبىرىنىڭ شەكلى | پۈتكەن يىلى | لايىھەدىكى سىغىمى (تۈمەن كۇب مېتىر) | توسما تىپى | ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ گېنېراتورلار سىغىمى (تۈمەن كىلوۋات) | سۇغىرىش كۆلىمى (تۈمەن گېكتار) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۇلۇغئاتا | قاراقاش دەرياسى | خوتەن | دەريانى توسقان | 2002 | 34700 | بېتون تاختا، شېغىل تاشلىق توسما | 6 | 13 |
| شېكەر كۆل | گەز دەرياسى | پەيزاۋات | تۈزلەڭلىكتە | 1959 | 10000 | توپا توسما | | 1.3 |
| شوركۆل | يەكەن دەرياسى | مارالبېشى | تۈزلەڭلىكتە | 1983 | 50000 | توپا توسما | | 5.33 |
| يۇڭخەنبا جەنۇبىي ئامبىرى | يەكەن دەرياسى | مارالبېشى | تۈزلەڭلىكتە | 1983 | 11000 | توپا توسما | | |
| سوغۇچاق | يەكەن دەرياسى | يەكەن | تۈزلەڭلىكتە | 1986 | 16000 | سېغىز توپىلىق ئۆزەك تام توسما | | 4.7 |
| قىزىل | ئۆگەن دەرياسى | باي | دەريانى توسقان | 1995 | 64000 | سېغىز توپىلىق ئۆزەك تاملىق شېغىل تاش توسما | 2.6 | 16.7 |
| يۇقىرى ئېقىم سۇ ئامبىرى | ئاقسۇ، يەكەن دەريالىرى | ئاۋات | تۈزلەڭلىكتە | 1966 | 19113 | سېغىز توپىلىق ئۆزەك تاملىق توسما | | 3.2 |
| دولان | ئاقسۇ دەرياسى | ئاقسۇ | تۈزلەڭلىكتە | 1965 | 12000 | توپا توسما | | 3 |
| غالىبىيەت | خوتەن، ئاقسۇ دەريالىرى | ئاقسۇ | تۈزلەڭلىكتە | 1970 | 10800 | توپا توسما | | 2.2 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| داشكۆل | تارىم دەرياسى | لوپنۇر | تۈزلەڭلىكتە | 1972 | 18600 | توپا توسما | | 0.87 |
| قارا | كۆنچى، تارىم دەريالىرى | لوپنۇر | تۈزلەڭلىكتە | 1967 | 13790 | توپا توسما | | 2 |
| تاغباكۆل | قىران دەرياسى | ئالتاي | تۈزلەڭلىكتە | 1979 | 30000 | توپا توسما | | 1 |
| بۇرۇلتوقاي | ئۇلۇڭگۇر دەرياسى | بۇرۇلتوقاي | تۈزلەڭلىكتە | 1979 | 22000 | سىغىمز توپىلىق ئۆزەك تاملىق توسما | | 2.2 |
| كۆكتوقاي | ئېرتىش دەرياسى | كۆكتوقاي | تۈزلەڭلىكتە | 1967 | 11300 | كۆچىنىشلىك بېتون كاللەك | 1.9 | 0.06 |
| 635 تۈگۈنلۈك سۇ ئامبىرى | ئېرتىش دەرياسى | ئالتاي | دەريانى توسقان | 2000 | 28200 | سىغىمز توپىلىق ئۆزەك تاملىق شېغىل تاش توسما | 3.2 | 6.67 |
| شەيتانكەرش | ئېرتىش دەرياسى | قاراماي | تۈزلەڭلىكتە | 2000 | 10000 | ئۆزەك تاملىق توسما | | |
| تالساي | گۇرت، چىڭشۇر دەريالىرى | شىخۇ | تۈزلەڭلىكتە | 1970 | 10200 | توپا توسما | | 1.4 |
| موگۇخۇ | ساۋەن، ماناس دەريالىرى | شىخەنزە | تۈزلەڭلىكتە | 1959 | 18000 | توپا توسما | | 2.66 |
| يۈجىن | ماناس دەرياسى | ماناس | تۈزلەڭلىكتە | 1959 | 10970 | توپا توسما | | 4.27 |
| جاغىزا | ماناس دەرياسى | ماناس | تۈزلەڭلىكتە | 1967 | 10000 | توپا توسما | | 3.73 |

سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئامبار سىغىمى(ئۆلۈك سىغىمى، پايدىلىق سىغىمى، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش سىغىمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 100 مىليون كۇب مېتىر ۋە ئۇنىڭدىن چوڭ بولغان سۇ ئامبىرى چوڭ سۇ ئامبىرى قىلىپ ئايرىلدى.

لىۇ ۋېنفېن

## شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ 2002 — 2003 - يىللىرى چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان مەبلەغدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى

| رايون | 2002 | | | 2003 | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | تۈزۈلگەن توختام | توختام سوممىسى (تۈمەن دوللار) | ئەمەلىي پايدىلىنىلغان مەبلەغ (تۈمەن دوللار) | تۈزۈلگەن توختام | توختام سوممىسى (تۈمەن دوللار) | ئەمەلىي پايدىلىنىلغان مەبلەغ (تۈمەن دوللار) |
| جەمئىي | 61 | 15443 | 4334 | 65 | 16147 | 4005 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 28 | 5303 | 1550 | 37 | 5662 | 759 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 60 | 85 | 1 | | 60 | 1 | قاراماي شەھىرى |
| 125 | 684 | 3 | 2270 | 2826 | 5 | شىخەنزە شەھىرى |
| 114 | 18 | 1 | 111 | 110 | 2 | تۇرپان ۋىلايىتى |
| 8 | 80 | 3 | 14 | 368 | 1 | قۇمۇل ۋىلايىتى |
| 829 | 1481 | 5 | 11 | 3464 | 7 | سانجى ئوبلاستى |
| 15 | 1530 | 2 | 73 | 1343 | 8 | ئىلى ئوبلاستى |
| 15 | 242 | 1 | | 834 | 6 | ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەر |
| | 1288 | 1 | | | | تارباغاتاي ۋىلايىتى |
| | | | 73 | 509 | 2 | ئالتاي ۋىلايىتى |
| 2 | 30 | 2 | | 40 | 1 | بورتالا ئوبلاستى |
| 655 | 4371 | 5 | 278 | 593 | 5 | بايىنغولىن ئوبلاستى |
| 1358 | 1240 | 3 | 12 | 336 | 2 | ئاقسۇ ۋىلايىتى |
| | 2 | 1 | | | | قىزىلسۇ ئوبلاستى |
| 80 | 664 | 1 | 15 | 1000 | 1 | قەشقەر ۋىلايىتى |
| | 300 | 1 | | | | خوتەن ۋىلايىتى |

## شىنجاڭدىكى ترانسپورت لىنىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئەھۋالى

| 2003 | 2000 | 1995 | كۆرسەتكۈچلەر |
|---|---|---|---|
| 3009 | 3010 | 2038 | تۆمۈريول تىجارەت مۇساپىسى (كىلومېتىر) |
| 986 | 986 | | قوش لىنىيە مۇساپىسى |
| 988 | 685 | 273 | ئاپتوماتىك يېپىق مۇساپە |
| 59910 | 34585 | 30298 | تاشيول لىنىيىسىنىڭ مۇساپىسى (كىلومېتىر) |
| 51092 | 33035 | 27982 | سېمونت، ئاسفالت ياتقۇزۇلغان تاشيول مۇساپىسى |
| 85 | 96 | 92 | سېمونت، ئاسفالت ياتقۇزۇلغان تاشيول مۇساپىسىنىڭ نىسبىتى (%) |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

## ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەت ۋە روسىيىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي سانلىق مەلۇماتلىرى

| | قازاقىستان | ئۆزبېكىستان | قىرغىزىستان | تاجىكىستان | تۈركمەنىستان | روسىيە فېدېراتسىيىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| يەر كۆلىمى (تۈمەن كۋادرات كىلومېتىر) | 272.49 | 44.89 | 19.99 | 14.31 | 49.12 | 1707.54 |
| نوپۇسى (تۈمەن ئادەم) | 1482.6 | 2510 | 501.2 | 646.4 | 537 | 14330 |
| مىللىي دارامەت (100 مىليون دوللار) | 223 | 115 | 15 | 11 | 122.7 | 3079 |
| ئوتتۇرىچە (دوللار) | 1510 | 450 | 290 | 180 | 2285 | 2140 |
| تاشقى سودا (100 مىليون دوللار) | 162 | 62 | 11 | | 47.3 | 1920 |
| توك مىقدارى (100 مىليون كىلوۋات سائەت) | 585 | 469 | 119 | 152 | 98 | 8890 |
| ئوتتۇرىچە (كىلوۋات سائەت) | 3944 | 1893 | 2384 | 2358 | 1825 | 6206 |
| نېفىت (تۈمەن توننا) | 4720 | 750 | 10 | 2 | 900 | 37900 |
| ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) | 3186 | 298.8 | 20 | 3 | 1676 | 2645 |
| تەبىئىي گاز (100 مىليون كۇب مېتىر) | 131 | 564 | 0.3 | 0.3 | 535 | 5950 |
| ئوتتۇرىچە (كۇب مېتىر) | 886 | 2279 | 6 | 4.6 | 9963 | 4151 |
| كۆمۈر (تۈمەن توننا) | 7320 | 250 | 50 | 4 | | 25300 |
| ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) | 4939 | 101 | 99.7 | 5.5 | | 1768 |
| پولات ماتېرىيال (تۈمەن توننا) | 400 | 40 | | | | 4870 |
| ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) | 271 | 15 | | | | 340 |
| تراكتور | 100 | 1000 | | | | 9000 |
| ئېغىر تىپتىكى ئاپتوموبىل | 300 | | | | | 173000 |
| خىمىيىۋى ئوغۇت (تۈمەن توننا) | 10 | 80 | | 1 | | 1360 |
| قەغەز (تۈمەن توننا) | | 0.97 | | | | 352.4 |
| سېمونت (تۈمەن توننا) | 210 | 330 | 50 | 10 | | 3770 |
| ھەر خىل توقۇلما (تۈمەن كۋادرات مېتىر) | 1860 | 40000 | 850 | 2080 | 4020 | 284900 |
| ئوتتۇرىچە (كۋادرات مېتىر) | 1.3 | 16.2 | 1.7 | 3.2 | 8.7 | 19.9 |
| ئاياغ كىيىم (تۈمەن پار) | 70 | 440 | 20 | 7 | 150 | 4130 |
| ئوتتۇرىچە (پار) | 0.04 | 0.2 | 0.03 | 0.01 | 0.3 | 0.3 |
| تېلېۋىزور (تۈمەن دانە) | 32.9 | 2.84 | 0.61 | | | 182.2 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| توڭلاتقۇ ۋە سوغۇق ساقلاش ساندۇقى (تۈمەن دانە) | 0.16 | 1.6 | | 0.14 | | 193.3 |
| كىر ئالغۇ (تۈمەن دانە) | 1.72 | 0.54 | 0.01 | | | 135.7 |
| شېكەر (تۈمەن توننا) | 39.5 | | 5.1 | | | 619.7 |
| ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) | 26.6 | | 10.2 | | | 43.2 |
| ئاشلىق (تۈمەن توننا) | 1586.9 | 579 | 195.3 | 68.4 | 230 | 8648.9 |
| ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) | 1070 | 231 | 391 | 106 | 428 | 604 |
| چىگىتلىك پاختا (تۈمەن توننا) | 19.8 | 328.2 | 8.79 | 51.5 | 130 | |
| ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) | 12.5 | 130.8 | 17.5 | 79.7 | 242 | |
| كۆكتات (تۈمەن توننا) | 185.8 | 277.8 | 82.8 | 47.4 | 35 | 1302 |
| ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) | 125 | 112 | 166 | 73 | 65 | 91 |
| مېۋە(تۈمەن توننا، سىترۇس ئۆسۈملۈكلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) | 18.6 | 80.1 | 15.4 | 14.6 | 3.8 | 335 |
| ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) | 13 | 32 | 31 | 23 | 7 | 23 |
| گۆش (سويۇلغىنى، تۈمەن توننا) | 67.2 | 50.8 | 20.1 | 3.3 | 11.1 | 464.5 |
| ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) | 45 | 20 | 40 | 5 | 24 | 32 |
| سۈت (تۈمەن توننا) | 406.8 | 366.5 | 117.3 | 41.2 | 72.7 | 3346.7 |
| ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) | 247 | 147 | 235 | 64 | 158 | 234 |
| تۇخۇم (1 مىليون دانە) | 2102 | 1288 | 243 | 46 | 270 | 36206 |
| ئوتتۇرىچە (دانە) | 142 | 52 | 49 | 7 | 59 | 253 |
| تۆمۈريول لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) | 13500 | 3461 | 372 | 918 | 2312 | 86000 |
| تاشيول لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (تۈمەن كىلومېتىر، روسىيىنىڭ سېمونت يول) | 14.3 | 4.5 | 2.34 | 1.325 | 1.36 | 75.2 |
| ئىچكى دەريا قاتناش لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (تۈمەن كىلومېتىر) | 6200 | — | 576 | — | 654 | 89000 |
| تۆمۈر يولدا توشۇلغان يۈك (تۈمەن توننا) | 17200 | 4240 | 9.8 | 80 | 10000 | 83500 |
| تاشيولدا توشۇلغان يۈك (تۈمەن توننا) | 91630 | 69140 | 364 | 281.5 | 46700 | 521000 |
| ئىچكى دەريادا توشۇلغان يۈك (تۈمەن توننا) | 34.3 | | | | 0.017 | 9400 |
| ئادەتتىكى مائارىپ مەكتەپلىرى | 8300 | 9700 | 2100 | 3700 | 1931 | 65700 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئوقۇغۇچىسى (تۈمەن ئادەم) | 311.5 | 605.8 | 116.7 | 161.9 | 92.7 | 1840 |
| ئوتتۇرا تېخنىكوم | 335 | 181 | 66 | 50 | 18 | 2635 |
| ئوقۇغۇچىسى (تۈمەن ئادەم) | 21.13 | 21.19 | 2.6 | 2.51 | 1.37 | 250 |
| ئالىي مەكتەپ | 177 | 61 | 46 | 33 | 16 | 1047 |
| ئوقۇغۇچىسى (تۈمەن ئادەم) | 59.75 | 20.72 | 19.91 | 9.66 | 3.24 | 590 |
| ھەرقايسى بۆلۈم دوختۇرلىرى (تۈمەن ئادەم) | 5.13 | 8.14 | 1.29 | 1.34 | 1.42 | 67.8 |
| تۈمەن ئاھالىگە توغرا كېلىدىغان دوختۇر سانى | 34.6 | 32.4 | 26 | 21 | 31.4 | 47.3 |
| دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات (تۈمەن دانە) | 11 | 14 | 2.64 | 4.04 | 4.6 | 165.3 |
| تۈمەن ئاھالىگە توغرا كېلىدىغان كارىۋات | 74.4 | 55.8 | 53.1 | 63.4 | 102 | 115 |
| ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | 16.2 | 13 | 12.8 | 9.1 | 10.9 | 18.5 |
| 100 مىڭ ئاھالىگە توغرا كېلىدىغان جىنايى ئىشلار دېلوسى | 1026 | 283 | 748 | 223 | 312 | 2056 |

ئىزاھ: بۇ جەدۋەل «2002 - يىلدىكى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى» (رۇسچە) گە ئاساسەن رەتلەندى، بۇنىڭ ئىچىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنىڭ كۆپىنچىسى 2002 - يىللىق مەلۇماتلار. تۈركمەنىستان بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ بىر قىسىم سانلىق مەلۇماتلىرى 2001 - يىل، 2000 - يىللارنىڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى يىللارنىڭ ماتېرىياللىرى.

يۈكېيوف

# «2004، شىنجاڭ يىلنامىسى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىر - تەرجىمىسىگە قاتناشقۇچىلار

باش مۇھەررىر: دىلمۇرات مۇسا

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئابدۇرۇپ ئېلى

مەسئۇل مۇھەررىرلەر: جەمىلە ئابلا، ئابدۇرېھىم ياقۇپ

تەھرىر - تەرجىمە خادىملىرى: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى). ئابدۇرېھىم ياقۇپ، ئابدۇسەمەت تۇردى، ئاسىيە غوجى، ئەخمەت روزى، ئەخمەت ئىمىن ھاجى جۇبەيرى، باتۇر ئابدۇللا، بىلقىز مۇھەممەت، پولات ھەمىت، تۇرسۇنئاي دۆلەتى، جەمىلە ئابلا، خالىدە قادىر، غوجائەخمەت يۇنۇس، سابىر ئەلى، كۈرەش تۇرسۇن، كېرەم يۈسۈپ، مەردان ئەخمەت، مەرھابا شاۋۇدۇن، مەمتىمىن ھاشىم، مۇھەممەت ھەسەن، نۇرمۇھەممەت دۆلەتى، نۇرنىسا مۇقىت، ئىسلام ھۇسەيىن.

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى، خەتتات: مۇرادىل ئابىت

مەسئۇل كوررېكتورلار:
جەمىلە ئابلا
بىلقىز مۇھەممەت
مەرھابا شاۋۇدۇن
خالىدە قادىر

# 《新疆年鉴(2004)》维吾尔文版
## 编　译　人　员

**主　　审**:迪木拉提·木沙

**副 主 审**:阿不都肉甫·艾力

**责任编辑**:加米拉·阿不拉、阿不都热依木·亚库甫

**编译人员**:(姓氏以维吾尔文字母为序)

阿不都热依木·亚库甫、阿不都赛买提·吐尔地、阿斯娅·霍加、艾合买提·肉孜、艾合买提·依明阿吉·菊拜日、巴图尔·阿不都拉、贝丽克孜·穆罕穆德、甫拉提·依米提、吐尔逊阿依·多莱提、加米拉·阿不拉、哈丽达·卡德尔、霍加阿合买提·优努斯、沙比尔·艾力、库热西·吐尔逊、克热木·玉素甫、买尔旦·艾合买提、玛尔哈巴·夏吾东、买买提明·阿西木、买买提·艾山、努尔穆罕穆德·多莱提、努尔尼沙·木克依提、斯拉木·玉赛音

**封面设计**:穆拉丁·阿比提

**责任校对**:加米拉·阿不拉、贝丽克孜·穆罕穆德、

玛尔哈巴·夏吾东、哈丽达·卡德尔

«شىنجاڭ يىلنامىسى» (2004،) شىنجاڭ يىلنامە تەھرىراتىنىڭ 2004 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى،
2004 - يىل 9 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى
《新疆年鉴》(2004 年刊)根据新疆年鉴社 2004 年 9 月第一版，2004 年 9 月第一次印刷版本翻译出版

ISSN 1009-072X
01>
9 771009 072008

# «2004، شىنجاڭ يىلنامىسى»

## (ئومۇمىي 20 - توم)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى
تۈزگۈچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
شىنجاڭ يىلنامىسى تەھرىراتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭەنكۆل يولى غەربىي 1 - كوچا 12 - نومۇر)
تېلېفون نومۇرى: 4637126، پوچتا نومۇرى: 830063
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى كومپيۇتېر مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى
شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
رەڭلىك بېتى شېنجېن مونتاژ لايىھىلەش - ياساش چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/16
باسما تاۋىقى: 80.25، قىستۇرما ۋارىقى: 4
2004 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 500
ISSN 1009—072X
CN65—4001/Z—W
دۆلەت ئىچىدىكى باھاسى: 160.00 يۈەن
چەت ئەلگە سېتىلىش باھاسى: 60.00 دوللار

# 新疆年鉴2004

（维吾尔文总第20部）

新疆维吾尔自治区人民政府主办

新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会编

新疆年鉴社

（乌鲁木齐市南湖路西一巷12号）

电话：(0991)4637126　邮编：830063

新疆维吾尔自治区地方志编委会激光照排中心照排

新疆金版印务有限公司印刷

彩页印刷：深圳蒙太奇设计制作有限公司

787×1092毫米　16开本　80.25印张　4插页　1500千字

2004年12月第1版　2004年12月第1次印刷

ISSN 1009－072X

CN65－4001/Z－W

国内定价：160.00元　国外定价：60.00美元